# هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

# 2

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

2

Abdulcelil TURAN
Y... ...gan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# ف

**ف** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئون ئالتىنچى ھەرپى.

**فا** [ر<لات] <مۇز> مۇزىكا گاممىسىنىڭ 4-تاۋۇشى ۋە ئۇنىڭ نوتا بەلگىسى.

**فابرىكا** ئى [ر<لات] <سانا> خام ئەشيادىن توقۇلما مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان سانائەت كارخانىسى: فابرىكا ئىشچىسى. توقۇمىچىلىق فابرىكىسى.

**فابرىكانت** ئى [ر] <سانا> فابرىكا خوجايىنى، فابرىكا ئىگىسى.

**فابى** ئى [خەن] ئېلىمىزدە 1935 - يىلىدىن كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تارقىتىلغان قەغەز پۇل.

**فارادا** مىق [ر<ئىنگ] <فىز> ئېلېكتىر سىغىمى بىرلىكى. بىر دانە كوندېنساتورغا بىر كۇلون زەرەت قاچىلانغاندا، ئېلېكتىر پوتېنسىيالى بىر ۋولت ئۆرلەيدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېلېكتىر سىغىمى بىر فارادا بولىدۇ. ئەمەلىي ئىشلىتىشتە، ھەمىشە1/1000000 فارادا (مىكرو فارادا) ياكى تېخىمۇ كىچىك بىرلىك قوللىنىلىدۇ. بۇ نام ئەنگلىيە فىزىكا ئالىمى فارادېي (Michael Faraday) نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن.

**فارفۇر** ئى [پ] گاۋلىڭ توپىسى قاتارلىقلارنى قىزدۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان ماتېرىيال. قاتتىق ۋە چۈرۈك، ئاق ياكى سېرىق كېلىدۇ، ساپالغا قارىغاندا سىلىقراق بولىدۇ: فارفۇر خىش. فارفۇر بۇيۇملار.

**فارماكوپىيە** ئى [ر<گىرېك] <تېب> دۆلەتنىڭ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ھەمدە دورىلارنىڭ نامى، خاراكتېرى، شەكلى، تەركىبى، ئىشلىتىش مىقدارى ۋە تەكشۈرۈش، ساقلاش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن كىتاب، قامۇس.

**فارېنگېيت** ئى. گېرمانىيە فىزىكا ئالىمى (Gabriel Daniel Fahrenheit) نىڭ نامى. ئۇ فارېنگېيت تېمپېراتۇرا ئىشكالىسىنى كەشىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خىل ئىشكالا ياكى تېرمومېتىرمۇ ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**فارېنگېيت تېرمومېتىرى** <مېتېئور> تېرمومېتىرنىڭ بىر خىلى. ئۇنىڭدا فارېنگېيت تېمپېراتۇرا ئىشكالىسى قوللىنىلىدۇ.

**فارېنگېيت تېمپېراتۇرا ئىشكالىسى** <مېتېئور> فارېنگېيت تېرمومېتىرىدا قوللىنىلىدىغان ھەمدە ئاتموسفېرا بېسىمى ئاستىدا سۇنىڭ مۇزلاش نۇقتىسى 32 گىرادۇس، قايناش نۇقتىسى 212 گىرادۇس قىلىپ بەلگىلەنگەن بىر خىل ئىشكالا، ئۇ جەمئىي 180 تەڭ بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەربىر بۆلەك بىر گىرادۇسقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئىشكالا ئادەتتە «F» ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ.

**فازا** ئى [ر<گىرېك] <فىز> ئۆزگىرىشچان ئېلېكتىر يولىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، مەسىلەن، ئۈچ فازىلىق ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنىڭ ئۈچ دانە ئورامى بولۇپ، ھەربىر ئورام بىر فازا دېيىلىدۇ.

**فازىلىق** سۈپ. فازىسى بار. فازا قىلىنغان: فازىلىق بېسىم. كۆپ فازىلىق.

**فاسسىيولا** ئى [ر<لات] <زوئول> بىر خىل پارازىت قۇرت. رەڭگى قىزىل، شەكلى زەنجىۋىلگە ئوخشاپ كېتىدۇ، شورىغۇچ تەخسىسى بولىدۇ. يېتىلگەنلىرى ئادەمنىڭ ئىنچىكە ئۈچەيدە پارازىت ياشايدۇ، تۇخۇملىرى ئادەمنىڭ چوڭ تەرەتى بىلەن سىرتقا چىقىدۇ. لىچىنكىسى يېپىسى بۇرمىلىق قۇلۇلە تېنىدە يېتىلىپ، سۇ ياڭىقى، بېجىك قاتارلىق سۇ ئۆسۈملۈكلىرىگە يېپىشىۋالىدۇ. ئادەم ئىچىدە ياشىغاندا، قورساق ئاغرىش، كۆپۈش ۋە ئىچ سۈرۈش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**فاشىزم** ئى [ر<ئىتال] <پەلس> ئەڭ ئەكسىيەتچىل بولغان مۇستەبىتلىك تۈزۈم ھەم شۇ خىل ئىدېئولوگىيە سىستېمىسى. ئۇ مەملىكەت ئىچىدە «دېموكراتىيە» شەكلىنى بىكار قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويىدۇ؛ سىرتقا قارىتا قوراللىق تاجاۋۇزچىلىق ۋە مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى يۈرگۈزىدۇ. ئۇ ئىتالىيە مۇستەبىتى مۇسسولىنىنىڭ فاشىستلار پارتىيەسىدىن باشلانغان.

**فاشىزمچى** ئى. فاشىزم تەرەپدارى، فاشىزم ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلغان كىشى.

**فاشىست** ئى [ر] فاشىستلار پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى؛ فاشىزمنى ھىمايە قىلغۇچى، فاشىزم تەرەپدارى؛ ھاكىممۇتلەقلىق ياكى فاشىزمغا خاس ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: گېرمانىيە فاشىستلىرى. فاشىستلارنى يوقاتماق.

**فاشىستلارچە** رەۋ. فاشىستلاردەك، فاشىستلارغا خاس ھالدا.

**فاشىستلاشماق** پ. فاشىزمنىڭ تۈزۈم - تەرتىپلىرى ئورنىتىلماق، فاشىزم ئىدىيەسى بويىچە ئۆز بېشىمچىلىق قىلماق.

**فاشىستلىق** سۈپ. ھەددىدىن ئاشقان زوراۋانلىق، ئۆز بېشىمچىلىق: فاشىستلىق قىلماق.

**فاكتور** ئى [ر<لات] <سودا> سېتىلىدىغان ماللارنىڭ رويخېتى، مىقدارى ۋە نەرخى قاتارلىقلار كۆرسىتىلگەن ھۆججەت.

**فاكس** ئى[ئىنگ] فوتو ئېلېكتىر ئېففېكتىدىن پايدىلىنىپ، سىملىق ياكى سىمسىز ئېلېكتىر قۇرۇلمىلىرى ئارقىلىق سۈرەت، جەدۋەل، خەت - چەك، ھۆججەت قاتارلىقلارنىڭ ھەقىقىي تەسۋىرىنى يىراقلارغا يوللايدىغان بىر خىل خەۋەرلىشىش شەكلى: فاكس يوللىماق. فاكس نومۇرى.

**فاكۇلتېت** ئى [ر] <مائار> ئالىي مەكتەپلەردىكى پەنلەر بويىچە بۆلۈنگەن ئوقۇتۇش بۆلۈملىرى: پەلسەپە فاكۇلتېتى. تىل فاكۇلتېتى.

**فاگاۋ** ئى [خەن] گۈرۈچ ئۇنى، ئاق ئۇن قاتارلىقلاردىن ئېچىتىپ تەييارلىنىدىغان يېمەكلىك، بەزىدە شېكەر، چىلان، ئۈزۈم قاتارلىقلارمۇ قوشۇلىدۇ.

**فاگوت** ئى [ر<ئىتال] <مۇز> ياغاچتىن ياسالغان بىر خىل يەللىك چالغۇ ئەسۋابى.

**فاڭجېن** ئى [خەن] ئىش - ھەرىكەتنى يېتەكلەيدىغان يۆنىلىش ۋە نىشان: مائارىپ فاڭجېنى. * تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىساد قىلىش بىزنىڭ تۈپ فاڭجېنىمىز.

**فامىلە** ئى [ر<لات] شەخس ئىسمىغا قوشۇلۇپ كېلىپ، شۇ شەخسنىڭ نەسلىنى، يەنى ئاتىسىنى ياكى بوۋىسىنى بىلدۈرىدىغان ئائىلىۋى نام: ئەخمەتجان سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئوقۇشقا كىرگەن ۋاقتىدا، ئانا تەرەپ بوۋىسى قاسىمئاخۇننىڭ ئىسمىنى ئۆزىگە فامىلە قىلىپ تىزىمغا ئالدۇرغان.

**فامىلىلىك** ئى. فامىلىسى بار، فامىلە قوللىنىلغان، فامىلىگە ئىگە.

**فانتازىيە** ئى [ر<گىرېك] ① <پىسخول> جەمئىيەت تەلىپى ياكى شەخسىي ئارزۇلار ئاساسىدا، كەلگۈسى شەيئىلەر ئۈستىدە قىلىنغان ئىجادىي تەسەۋۋۇر، پەرەز؛ خىيال: ئىلمىي فانتازىيە. فانتازىيە فىلىم. ② ئەمەلگە ئېشىشى قىيىن بولغان ياكى مۇمكىن بولمايدىغان خىيالىي ئارزۇ، خام خىيال: فانتازىيە بولسا بولغاي سۆزلىگىنىم، لېكىن ئىشقا ئاشار يازغان كۆزلىگىنىم.

**فانتازىيەلىك** سۈپ. ئەمەلىيەتتە بولمايدىغان ياكى بولۇپ باقمىغان، ئويلاپ، توقۇپ چىقىرىلغان، خىيالىي، ئويدۇرما: فانتازىيەلىك رومان. فانتازىيەلىك ھېكايە.

**فەرد** ئى [ ئە ] <ئەد> پەقەت بىرلا بېيىتتىن ئىبارەت بولغان كىچىك تىپتىكى مۇستەقىل شېئىر.

**فوتو** [ر<گىرېك] ① ئى «فوتوگرافىيە» سۆزىنىڭ قىسقارتىلغان شەكلى: فوتو ئاپپارات. ② سۈپ. يورۇقلۇق ھادىسىلىرى بىلەن باغلانغان، يورۇقلۇققا ئائىت: فوتو بىيولوگىيە. فوتو قارشىلىق. فوتو ئېلېكتىر ئېففېكتى. فوتو ئېلېمېنت.

**فوتو ئاپپارات** سۈرەت تارتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل مېخانىزم. ئادەتتە كۆز، لېنتا قاپچۇقى، زاتۋور، دالنومېتىر، مەنزىرە رامكىسى ۋە فوتومېتىر قاتارلىق بۆلەكلەردىن تەركىب تاپىدۇ.

**فوتو باسما** <مەت> سۈرەتكە ئېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بەت ياسىلىدىغان باسما. كۆپىنچە ئۇ كىتاب، جەدۋەل (گىرافىك) لارنى كۆچۈرۈپ ياكى كۆپەيتىپ بېسىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**فوتو تېلېگراف** <فىز> فوتو ئېلېكتىر ئېففېكتىدىن پايدىلىنىپ، سىملىق ياكى سىمسىز رادىيو قۇرۇلمىسى ئارقىلىق رەسىم، جەدۋەل، خەت - چەك، ھۆججەت قاتارلىقلارنى بىۋاسىتە يىراق جايلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بىر خىل ئالاقە شەكلى ياكى شۇنداق قۇرۇلما، فاكس.

**فوتو تېلېگراما** فوتوتېلېگراف ئارقىلىق يوللانغان تېلېگراما.

**فوتو سۈرەت** فوتوئاپپارات ئارقىلىق تارتىلغان سۈرەت. بۇ خىل سۈرەت ئادەتتە نۇر سەزگۈچ قەغەزنى سۈرەت ئېلىنغان نېگاتىپ ئاستىغا قويۇپ، نېگاتىپنى نۇرلاندۇرۇپ، چۈشكەن كۆلەڭگىنى ئۇنىڭدا مۇقىملاشتۇرۇش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ.

**فوتوسىنتېز** ئى [ر<گىرېك] <بوت> يېشىل ئۆسۈملۈكلەر خلوروفىلىنىڭ كۈن نۇرىدا سۇ بىلەن كاربون (Ⅳ) ئوكسىدنى سىنتېزلاپ، ئورگانىك ماددىلارنى ھاسىل قىلىش ھەم ئوكسىگېننى چىقىرىۋېتىش جەريانى.

**فوتوگراف** ئى [ر] <كىنو> فوتوئاپپارات بىلەن سۈرەت تارتقۇچى مۇتەخەسسىس، فوتوگرافىيە مۇتەخەسسىسى: ئۇ ئىشتىن چۈشۈپ بولغۇچە، تەشۋىقات كادىرى فوتوگرافنى ئالاھىدە كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن مەخسۇس راسلانغان ئۆيگە باشلاپ كەتكەنىدى.

**فوتوگرافىيە** ئى [ر<گىرېك] فوتوئاپپاراتلار ئارقىلىق ئوبيېكتىپ تارقىتىدىغان ھەم قايتۇرىدىغان نۇرلىنىشلار تەسىرىدە نۇر سەزگۈچى قاتلاملاردا يۈز بېرىدىغان فىزىكىلىق ھەم خىمىيەلىك ئۆزگىرىشلەرنى مۇقىملاشتۇرۇش يولى بىلەن، جىسىملار ۋە ئوپتىك سىگناللارنىڭ تۇرغۇن تەسۋىرىنى ھاسىل قىلىش ئۇسۇللىرى ۋە جەريانلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**فوتومېتىر** ئى [فوتو + مېتىر] <فىز> نۇرنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**فوتون** ئى [ر<گىرېك] <فىز> نۇرنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي زەررىچە. ئۇ بەلگىلىك ئېنېرگىيەگە ئىگە بولۇپ، يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسىنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئېنېرگىيەسى نۇرنىڭ دولقۇن ئۇزۇنلۇقىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، دولقۇن ئۇزۇنلۇقى قانچە قىسقا بولسا، فوتوننىڭ ئېنېرگىيەسى شۇنچە چوڭ بولىدۇ.

**فورامىنىفېرا** ئى [ ر<لات] <زوئول> بىر ھۈجەيرىلىك ھايۋان. قېپىدا كۆپلىگەن تۆشۈكچىلەر، تېنىدە نۇرغۇنلىغان يىپسىمان يالغان پۇتلىرى بولىدۇ. دېڭىز - ئوكيانلاردا ياشايدۇ. قاپلىرى دېڭىز ئاستىدا دۆۋىلىنىپ تاغ جىنسلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. فورامىنىفېرانىڭ تاشقا ئايلانغان قالدۇقىدىن تاغ جىنسلىرىنىڭ گېئولوگىيەلىك يېشىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا بولىدۇ.

**فورما** ئى [ر<لات] ① بىرەر نەرسىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى، شەكلى، نۇسخىسى، پاسونى: ئۇ شەھەر فورمىسىدا سېلىنغان كۆك دەرۋازىلىق يوغان ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ② مەلۇم بىر

ساھەدىكى كىشىلەر ئۈچۈن مەخسۇس تىكىلگەن ، تىكىلىش ئالاھىدىلىكى ۋە بەلگىلىرى ئوخشاش بولغان كىيىم: جەڭچىنىڭ ھەربىي فورمىسىغا ئىچى كۆيەتتى.

**فورمات** ئى [ر<لات] <مەت> كىتاب ، گېزىت ـ ژۇرنال قاتارلىقلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىك ئۆلچىمى. ئادەتتە ئۇ بىر پۈتۈن باسما قەغىزنىڭ تەڭ ھالەتتە بۆلۈنگەن بۆلەكلىرىنىڭ سانى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن ، بىر پۈتۈن قەغەز 16 تەڭ بۆلەككە بۆلۈنسە ، بۇ باسما بۇيۇمىنىڭ ئۆلچىمى 16 فورمات؛ ئەگەر 32 تەڭ بۆلەككە بۆلۈنسە ، بۇ باسما بۇيۇمىنىڭ ئۆلچىمى 32 فورمات بولىدۇ.

**فورماتسىيە** ئى [ر<لات] <پەلس> ① ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئەييەن ئىقتىسادىي بازىس ۋە ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۈستقۇرۇلما بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچلىرى: ئىجتىمائىي فورماتسىيە. ② شەيئىلەرنىڭ شەكلى ياكى ئىپادىسى: ئەخلاق ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيەسىنىڭ بىرى.

**فورماتلاشماق** پ. فورمات ئۆلچىمىگە لايىقلاشماق؛ فورمات ھالىتىگە كەلمەك.

**فورمال** سۈپ [ر] فورما ياكى شەكىلگە ئاساسلانغان، نەرسە ۋە ھادىسىلەرنىڭ ھەقىقىي ھالىتىگە زىت، شەكلەن: فورمال لوگىكا.

**فورمال لوگىكا** <لوگ> تەپەككۇر شەكلى ۋە قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى پەن. ئۇ تەپەككۇرنىڭ ئۇقۇم، ھۆكۈم ۋە ئەقلىي خۇلاسە قاتارلىق ئاساسىي شەكىللىرىنى ۋە ئەينىيەت قانۇنى ، زىددىيەت قانۇنى ، ئۈچىنچىسى مۇستەسنا قانۇنى قاتارلىق تەپەككۇر قانۇنلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**فورمالدېگىد** ئى [ر<لات] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. رەڭسىز گاز جىسىم بولۇپ ، غىدىقلىغۇچى سېسىق پۇراقى ئىگە. ئادەتتە سولياۋ ، پارتلاتقۇچ دورا ۋە بوياق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**فورمالىزم** ئى [ر] <لوگ> لوگىكا ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قاتارلىق پەنلەردە ئاساسىي مەزمۇنغا سەل قاراپ شەكىل ، فورمىغا ئارتۇقچە ئەھمىيەت بېرىدىغان ، رېئالىزمغا قارىمۇ ـ قارشى بولغان بىر خىل ئىدېئالىستىك ئۇقۇم؛ شەكىلۋازلىق ، رەسمىيەتچىلىك.

**فورمالىزمچى** ئى. فورمالىزم تەرەپدارى ، فورمالىزمنى قوبۇل قىلغان ۋە شۇ بويىچە ئىش قىلىدىغان كىشى.

**فورمالىن** ئى [ر] فورمالدېگىدنىڭ سۇلۇق ئېرىتمىسى. ئۇ دېزىنفېكسىيە ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**فورمۇلا** ئى [ر<لات] ① <مات> بىرقانچە مىقدارلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شەرتلىك بەلگىلەر ئارقىلىق يېزىلغان ئىپادە. مەسىلەن ، ئىككى ساننىڭ يىغىندىسى s ، ئايرىمىسى d بولسا ، بۇ ئىككى ساننى تېپىش فورمۇلاسى مۇنداق بولىدۇ: چوڭ سان (s+d) ياكى كىچىك سان (s−d). ② <خىم> ماددىلار سوستاۋىنىڭ خىمىيەۋى بەلگە ياكى كوئېففىتسېنتلار ئارقىلىق يېزىلغان ئىپادىسى: سۇنىڭ فورمۇلاسى. سۇلفات كىسلاتاسىنىڭ فورمۇلاسى.

**فورمۇلالاشتۇرماق** «فورمۇلالاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**فورمۇلالاشتۇرۇلماق** «فورمۇلالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاۋېنار ئوسنىڭ بىيومېخانىكىسى زادىلا ھېچقانداق يېڭى كۆزىتىشنى ئاساس قىلغان ئەمەس ، ئۇنىڭ بەلگىسى ساپ فورمۇلالاشتۇرۇلغان ئۇقۇملار تۈزۈملىرىدىن ئىبارەت.

**فورمۇلالاشماق** پ. فورمۇلا ھالىتىگە كەلمەك ، فورمۇلاغا ئايلانماق: ئۆز ئىچىدىن قايناپ چىققان بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆزى يوق، قانداقتۇر فورمۇلالاشقان، قېلىپلاشقان، تەكرارلانغان لاۋزا سۆز ـ جۈملىلەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ، سۆزلەۋاتقان ئادەمنىڭ ھەقىقىي ئادەملىكىدىن گۇمانلىنىپ قالىسىز.

**فورمىيات** ئى [ر<لات] <خىم> ← **فورمىيات كىسلاتا.**

**فورمىيات كىسلاتا** <خىم> ئەڭ ئاددىي بولغان بىر خىل ئورگانىك كىسلاتا. رەڭسىز سۇيۇقلۇق بولۇپ ، غىدىقلىغۇچى سېسىق پۇراقى ئىگە. ئادەتتە ئۇنىڭدىن ئوكسالات كىسلاتاسى ئىشلىنىدۇ. ئۇ يەنە بوياقچىلىق ۋە كۆنچىلىك سانائىتىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**فورمىلاشتۇرماق** «فورمىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**فورمىلاشتۇرۇشماق** «فورمىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**فورمىلاشتۇرۇلماق** «فورمىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**فورمىلاشماق** پ. فورما شەكلىدە بىرلىككە كەلمەك؛ شەكىللەنمەك: ئۇلارنىڭ كىيىملىرى فورمىلاشتى. * رەسسام گۈزەل ياكى رەزىل دېگەندەك كاتېگورىيەلەشكەن خاراكتېرلەرنى يارىتىشقا ئۆزىنى ئىسراپ قىلمىغان، ئۇ بۇنداق فورمىلاشقان سەنئەتتىن ئاللىبۇرۇنلا چىقىپ كەتكەن.

**فورېنت** ئى. ۋېنگرىيەنىڭ پۇل بىرلىكى.

**فوسفات** ئى [ر<گرېك] <خىم> ← **فوسفاتلار.**

**فوسفات كىسلاتا** <خىم> ئانورگانىك بىرىكمە، سۈزۈك كىرىستال جىسىم ، ھاۋادا ئاسانلا ئېرىپ پارچىلىنىپ ، كىسلاتالىق خۇسۇسىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ. ئۇنىڭ قويۇقراق ئېرىتمىسى كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. كۆپىنچە ئۇ رېئاكتىپ تەجرىبە دورىسى قىلىنىدۇ ، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن ئوغۇت ، تېببىي دورا، بوياش دورىسى قاتارلىقلارنى ياسىغىلى بولىدۇ.

**فوسفاتلار** ئى <خىم> فوسفات كىسلاتاسىنىڭ مېتاللار بىلەن ھاسىل قىلغان تۇزلىرى. فوسفات كىسلاتاسى ئۈچ نېگىزلىك كىسلاتا بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۈچ خىل تۇز ھاسىل قىلىدۇ. ئادەتتە ئۇلار ئوغۇت ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**فوسفاتلىق** سۈپ. تەركىبىدە فوسفات بولغان: فوسفاتلىق ماي.

**فوسفاتلىق ماي** <خىم> ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنىڭ ھۈجەيرىسىدىكى تەركىبىدە فوسفور بىلەن ئازوت بولغان ماي.

**فوسفور** ئى [ر<گرېك] <خىم> مېتاللوئىد ئېلېمېنت. بەلگىسى P(Phosphorum). رەڭگىگە قاراپ ئاق فوسفور (سېرىق فوسفور)، قىزىل فوسفور ۋە قارا فوسفور قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. ئۇ مۇھىم بىر خىل ئوغۇت ھېسابلىنىدۇ. ئادەم ۋە

ھايۋانلارنىڭ نېرۋا، مېڭە (باش) ۋە سۆڭەك توقۇلمىلىرىنىڭ ھەممىسىدىلا فوسفور بولىدۇ.

**فوسفورلۇق** سۈپ. تەركىبىدە فوسفور بار، فوسفور ئارىلاشقان: فوسفورلۇق ئوغۇت. فوسفورلۇق سائەت.

**فوسفورىت** ئى [ر] <گېئول> يوشۇرۇن كىرىستاللىق ئاپاتىتلار گۇرۇپپىسىدىكى مىنېراللار بىلەن ھەر خىل قوشۇلمىلاردىن تەشكىل تاپقان چۆكۈندى جىنس. مۇتلەق كۆپچىلىكى خىمىيەلىك يول بىلەن دېڭىز ئاستىغا چۆكۈپ پەيدا بولغان. دېھقانچىلىقتا ئوغۇت قىلىنىدۇ.

**فوسفىن** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ بىر تۈرى. ھىدرو فوسفىد تەركىبىدىكى ھىدروگېن ئاتومىنىڭ بىر قىسمى ياكى ھەممىسى ھىدرو كاربون رادىكالى بىلەن ئالماشقاندىن كېيىن ھاسىل بولىدۇ.

**فوسگېن** ئى [ر<گىرېك] <خىم> بىر خىل ئورگانىك بىرىكمە، رەڭسىز، زەھەرلىك گاز، ئۇنىڭدىن بوياق ۋە ئۇپا ـ ئەڭلىك، ئەتىر قاتارلىق پۇراقلىق بۇيۇملار ئىشلىنىدۇ. نەپەس ئېلىش ئورگانلىرىنى ئاسان زەھەرلەيدۇ. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا جاھانگىرلار ئۇنى زەھەرلىك گاز ئورنىدا ئىشلەتكەنىدى.

**فوكستروت** ئى [ر<ئىنگ] <ئۇس> كىچىك قەدەملەر بىلەن ئاياغنى سۆرەپ يۇرۇپ ئوينىلىدىغان، رىتىمى 4/4 تاكتلىق تانسا ۋە شۇ تانسىنىڭ مۇزىكىسى.

**فوكۇس** I ئى [ر<لات] ① <فىز> سۇنغان ياكى قايتقان پاراللېل نۇرلارنىڭ ئۆز ئارا كېسىشكەن ياكى توپلانغان نۇقتىسى: پېتىنغۇ لىنزىنىڭ فوكۇسى. ② <مات> ئېللىپس، ھېپېربولا ياكى پارابولالار بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋەتكە ئىگە بولغان نۇقتا. مەسىلەن، ئېللىپسنىڭ ئىككى فوكۇسىدىن ئېللىپسنىڭ ئۈستىدىكى خالىغان بىر نۇقتىغىچە بولغان ئارىلىقلارنىڭ يىغىندىسى بىر تۇراقلىق سان بولىدۇ.

**فوكۇس ئارىلىقى** <فىز> سېپىرلىق ئەينەك ياكى لىنزىنىڭ مەركىزىدىن باش فوكۇسقىچە بولغان ئارىلىق.

**فوكۇس** II ئى [ر<نېم] ياڭزا، شەكىل: فوكۇس چىقارماق.

**فولكلور** ئى [ر<ئىنگ] <ئەد> خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى.

**فونتان (فونتانى)** ئى [ر<ئىتال] ① كۈچلۈك بېسىم بىلەن يەر ئۈستىگە ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدىغان سۇ، گاز، نېفىت قاتارلىقلار: ئۇرغۇپ يەر قېتىدىن چىققان سۈزۈك سۇ، بولۇپتۇ بېھىساب مەرۋايىت جالا. كۈمۈشتەك ھەر جالا قايرىلىپ چۈشۈپ، ياساپ زور بىر فونتان تۇرار باغ ئارا. ② مەنزىرىنى گۈزەللەشتۈرۈش ياكى باشقا ئېھتىياجلار تۈپەيلىدىن كۆل ياكى مۇناسىۋەتلىك جايلارغا ئورنىتىلىدىغان، ئېغىزىدىن يۇقىرىغا سۇ ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدىغان تۇرۇبا نەيچىسى، شۇنداق قۇرۇلما: تۈن پەردىسى چۈشۈشكە باشلىغاندا، يىغىن بىناسىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ چىراغلار تەڭلا نۇر چېچىشقا باشلاپ، فونتاندىن ئېتىلىپ چىققان سۈزۈك سۇلارغا ئاجايىپ چىرايلىق ھۆسن كىرگۈزگەنىدى.

**فونتانگۈل** ئى [فونتان + گۈل] <بوت> ئەرمۇدۇن ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى تۆمۇنە ياكى تۇخۇمسىمان تۆمۇنە شەكلىدە بولۇپ، پارقىرايدۇ. گۈلى ئاق ۋە خۇشبۇي پۇرايدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**فونتانلىق** سۈپ. فونتانى بار، فونتان ئورۇنلاشقان: پەلەمپەينىڭ يېنىدا تاشلاپ قويۇلغان بىر يۇمىلاق فونتانلىق كۆل بار ئىدى.

**فوند** I ئى [ر<لات] ① دۆلەت ياكى خەلقنىڭ مەلۇم بىرەر ئىش ئۈچۈن ئاجراتقان پۇلى، مەبلىغى: جامائەت فوندى. پاراۋانلىق فوندى. ② غەملەپ، توپلاپ قويۇلغان بايلىق ياكى مەۋجۇت بار نەرسە: لۇغەت فوندى. ئۇرۇقلۇق فوندى.

**فوند** II ئى [لات] مىسىر، سۇدان، لىۋانلارنىڭ پۇل بىرلىكى.

**فوندستېرلىڭ** ئى [لات + ئىنگ] ئەنگلىيەنىڭ پۇل بىرلىكى.

**فونوگراف** ئى [ر<گىرېك] <تىل> تاۋۇش، ئاھاڭ قاتارلىقلارنى يېزىۋالىدىغان ۋە ئاڭلىتالايدىغان مەخسۇس ئاپپارات.

**فونوگرافىيە** ئى [ر<گىرېك] <تىل> تاۋۇش، ئاھاڭلارنى تەتقىق قىلىدىغان مەخسۇس پەن.

**فونوگرافىيەلىك** سۈپ. فونوگرافىيەگە ئائىت، فونوگرافىيەگە ئاساسلانغان: فونوگرافىيەلىك ۋارىيانت.

**فونولوگىيە** ئى [ر<گىرېك] <تىل> تىلشۇناسلىقنىڭ فونېمىلار سىستېمىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**فونولىت** ئى [ئىنگ] <گېئول> يانار تاغلارنى شەكىللەندۈرىدىغان ئاچ رەڭلىك، يوشۇرۇن كىرىستاللىق جىنس. تەركىبىدە كۆپ ئىشقارلىق دالا شپاتى، دالا شپاتسىمانلار ۋە ئاز مىقداردا ماگنىي-تۆمۈرلۈك مىنېراللار بولىدۇ.

**فونون** ئى [ر<گىرېك] <فىز> كىرىستالدىكى ئاۋاز تېزلىكى بىلەن تارقىلىدىغان ئاتوم تەۋرىنىش دولقۇنىنىڭ ئېنېرگىيە كىۋانتى.

**فونېتىكا** ئى [ر<گىرېك] <تىل> ① تىلشۇناسلىقنىڭ بىر تارمىقى. تىلنىڭ تاۋۇش سىستېمىسى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. ② تىلنىڭ تاۋۇش سوستاۋى: ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى.

**فونېتىكىلىق** سۈپ. فونېتىكىغا خاس، فونېتىكىغا دائىر: فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش. فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەت.

**فونېما** ئى [ر<گىرېك] <تىل> بىر تىلنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىدىكى مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە بولغان ئەڭ كىچىك بىرلىك.

**فونىزم** ئى [فىران] <گ سەن> فىرانسىيە ھازىرقى زامان رەسساملىق ئېقىملىرىدىن بىرى. بۇ ئېقىمدىكىلەر سۇبيېكتىپ تەسىراتنى تەكىتلەيدۇ، چوڭ رەڭ پارچىلىرى ۋە سىزىقلار بىلەن مۇبالىغە قىلىپ، شەكلى ئۆزگەرگەن ئوبرازلار ئارقىلىق «ساپلاشتۇرۇلغان» زىننەتلىك ئۈنۈمنى قوغلىشىدۇ.

**فۇداۋ (فۇداۋى)** ئى [خەن] بىرەر ئۆگىنىش، مۇھاكىمىگە قىلىنىدىغان يېتەكچىلىك: فۇداۋ قىلماق.

**فۇداۋيۈەن** ئى [خەن] بىرەر ئۆگىنىش، مۇھاكىمىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان كىشى.

**فۇراتسىلىن** ئى [لات] <تېب> بىر خىل دورا، يەنى ئورگانىك بىرىكمە. ئاچ سېرىق رەڭلىك پاراشوكسىمان ماددا بولۇپ، كۆپ خىل باكتېرىيەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى

ئۇنى يوقىتىش رولىنى ئوينايدۇ ، تېرە ۋە شىللىق پەردىلەرگە سىرتتىن سۈرتۈپ دېزىنفېكسىيە دورىسى قىلىشقا بولىدۇ.

**فۇران** ئى [ر<ئىنگ] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە ، ئۇ رەڭسىز سۇيۇقلۇق بولۇپ ، دورا ياساشتا پايدىلىنىلىدۇ ھەمدە خىمىيە سانائىتىنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ.

**فۇرفۇرول** ئى [ر<لات] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. بىر خىل رەڭسىز سۇيۇقلۇق بولۇپ، شال پاخىلى ، مەدەك ، خاسىڭ شاكىلى قاتارلىقلارنى خام ئەشيا قىلىپ ھىدرولىزلاش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. ئادەتتە ئۇ سولياۋ ، سىنتېتىك تالا ، سىنتېتىك كاۋچۇك ۋە دورا قاتارلىقلارنىڭ خام ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

**فۇگا** ئى [لات] <مۇز> مۇرەككەپ كوپلۇك مۇزىكا شەكىللىرىدىن بىرى. بىر تېپىلىقى «يەككە فۇگا»،ئىككى تېپىلىقى «قوش فۇگا»،ئۈچ تېپىلىقى «ئۈچ فۇگا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنى ئۆز ئالدىغا ئەسەر قىلىپ پايدىلىنىشقىمۇ ، مۇقەددىمە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يۈرۈشلۈك ئاھاڭ قىلىپ پايدىلىنىشقىمۇ بولىدۇ.

**فۇگۇەن** ئى [خەن] <ھەرب> ① بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكى ئارمىيە ئىچىدە مەمۇرىي خىزمەت ئۆتەيدىغان ئوفىتسېر. ② ئوفىتسېرلارنىڭ ئاماللىقىغا مەسئۇل ھەربىي ـ خادىم ، كانۋوي: ئۇنىڭ ھەربىي خىزمەت قىلغىنىغا توپتوغرا تۆت يىل بولغان بولۇپ ، ئىككى يىل ئالاھىدە خىزمەت ليەنىدە، ئىككى يىل باتالىيون كوماندىرىنىڭ فۇگۇەنى بولۇپ ئىشلىدى.

**فۇلمىنات** ئى [ر] <خىم> ← **فۇلمىنات كىسلاتا.**

**فۇلمىنات كىسلاتا** <خىم> ئورگانىك كىسلاتا. مولېكۇلا فورمۇلاسى HONC . ئۇچۇشچان ، تۇراقسىز ماددا بولۇپ ، ئادەتتىكى تېمپېراتۇرىدا ناھايىتى ئاسان پولىمېرلىنىدۇ، سۇدا ئاز ئېرىيدۇ، سىركە كىسلاتاسى ۋە ئېفىردا ياخشى ئېرىيدۇ ، زەھەرلىك.

**فۇندامېنت** ئى [ر<لات] <بىن> بىنا ـ ئۆيلەرنىڭ ئۇلى، ئۇل.

**فۇنستاتۇس** ئى [ لات ] <زوئول> بىر خىل بېلىق. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 16 ــ 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ياپىلاق كېلىدۇ. دۈمبە قىسمى بوز يېشىل، ئىككى يان تەرىپى ئاق كۈمۈش رەڭدە بولىدۇ. دۈمبە پالاقچىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تېلى ناھايىتى ئۇزۇن. دۆلىتىمىزنىڭ دېڭىز ياقىلىرىدا ياشايدۇ.

**فۇنكسىيونال** سۈپ [ر] فۇنكسىيەگە ئائىت ، فۇنكسىيەگە باغلىق بولغان: فۇنكسىيونال پسىخولوگىيە.

**فۇنكسىيە** ئى [ر<لات ] ① <مات> باشقا مىقدارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئۆزگىرىشچان مىقدار ، يەنى ئۆزگەرگۈچى مىقدار x نىڭ مەلۇم بىر دائىرىدىكى ھەربىر قىممىتىگە نىسبەتەن ، ئىككىنچى بىر ئۆزگەرگۈچى مىقدار y ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان بىر ياكى بىرنەچچە قىممەتكە ئىگە بولسا ، ئۇ ھالدا y نى x نىڭ فۇنكسىيەسى دېيىمىز. بۇ خىل مۇناسىۋەت ئادەتتە $y = f(x)$ بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ② <بىيول> ھۈجەيرە توقۇلمىلىرى ياكى ئەزا قاتارلىقلارنىڭ رولى ۋە پائالىيەت ئىقتىدارى: ماتېرىيالىستلار پسىخىكىلىق پائالىيەت ئادەم تېنىنىڭ بىر خىل فۇنكسىيەسى، پسىخىكا بەدەنگە تايىنىدۇ دەپ قارايدۇ. ③ كۆچمە. ئادەم ، شەيئىلەر ۋە ئورگان قاتارلىقلارنىڭ بولۇشقا تېگىشلىك رولى؛ ۋەزىپىسى ياكى پائالىيەت دائىرىسى: پۇلنىڭ فۇنكسىيەسى.

**فۇنكسىيەلىك** سۈپ ① فۇنكسىيەگە يەنى مۇئەييەن ۋەزىپىگە ئىگە ، بەلگىلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان ، ھوقۇقلۇق: سىياسىي قانۇن تارماقلىرى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدىغان فۇنكسىيەلىك ئورگانلاردۇر. ② فۇنكسىيەگە ئائىت ، فۇنكسىيەگە ئالاقىدار بولغان: فۇنكسىيەلىك ئۆزگىرىش. فۇنكسىيەلىك باغلىنىش. فۇنكسىيەلىك تەقسىمات.

**فېتىشىزم** ئى [ر] <دىن> ئىپتىدائىي قەبىلىلەرنىڭ نەرسىلەرگە سەجدە قىلىشى. بۇنىڭدا مەلۇم نەرسە ئىلاھ دەپ قارىلىپ ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بەلگىلىك تەشكىلىي شەكلىمۇ بولمايدۇ.

**فېدېراتسىيە** ئى [ر<لات] ① ئايرىم جەمئىيەتلەر ياكى تەشكىلاتلارنىڭ ئۇيۇشمىسى؛ ئىتتىپاق: دۇنيا دېموكراتىك ياشلار فېدېراتسىيەسى. ② مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ بىرلەشمىسى؛ بىرلەشمە دۆلەت.

**فېدېراتىپ** سۈپ [ر<لات] فېدېراتسىيە ئاساسىدا تۈزۈلگەن ، فېدېراتسىيە پىرىنسىپى بويىچە بىرلىككە كەلگەن: فېدېراتىپ دۆلەت.

**فېدېرال** سۈپ [ ر<لات] بىرلەشكەن، قاتناشقان، بىرلەشمە: فېدېرال كومىسسىيە.

**فېرما** ئى [ر<فىران] چارۋىچىلىقنىڭ مەلۇم بىر تارمىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ، ئالاھىدە ئىختىساسلاشقان ئىگىلىك؛ مەيدان: توخۇ فېرمىسى. سۈت فېرمىسى.

**فېرمېنت** ئى [ر<لات] <بىيول> جانلىقلار تېنىدىكى ھۈجەيرىلەر ھاسىل قىلىدىغان يېلىمسىمان ئورگانىك ماددا. ئاقسىلدىن تۈزۈلىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئورگانىزملار ئىچىدىكى خىمىيەۋى ئۆزگىرىشنى تېزلىتىش، يەنى تەن ئىچىدىكى ئوكسىدلىنىش ، ھەزىم قىلىش ۋە ئىچىتىش رولى قاتارلىقلارنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. بىر خىل فېرمېنت پەقەت مەلۇم بىر تۈر ياكى مەلۇم بىر خىل خىمىيەۋى ئۆزگىرىشكە قارىتا كاتالىزاتورلۇق رولىنى ئوينىيالايدۇ.

**فېرمى** ئى <فىز> ئاتوم يادرو فىزىكىسىدىكى ئۇزۇنلۇق بىرلىكى. 10 سانتىمېتىرغا تەڭ. بۇ نام ئىتالىيە فىزىكا ئالىمى فېرمى (Enrico Fermi ) نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن.

**فېرمىيون** ئى <فىز> ئۆزلۈكىدىن ئايلىنىش ھەرىكەت مىقدارى $\frac{1}{2}\ \frac{h}{2x}$ نىڭ تاق سانلىق ھەسسىسىگە باراۋەر بولغان مىكرو زەررىچە.

**فېرمىي** ئى [ئىنگ <لات] <خىم> رادىيوئاكتىپ ئېلېمېنت. بەلگىسى Fm(Fermium) . سۈنئىي ئېلىنىدۇ. ئەڭ

تۇراقلىق ئىزوتوپىنىڭ يېرىم يېمىرىلىش دەۋرى ئۈچ كۈن.

**فېستىۋال** ئى [ر<فىران] سەنئەتنىڭ مەلۇم بىر تۈرى ياكى ھەممە تۈرلىرى بويىچە قەرەللىك ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان ئومۇمىي كۆرەك ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بولىدىغان بايرام، تەنتەنە.

**فېشىر** ئى [لات] <بوت> ← **فېشىر سۆتلۈكئوتى.**

**فېشىر سۆتلۈكئوتى** <بوت> سۆتلۈكئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇزۇنچاق بولۇپ ئايلىنىپ ئۆسىدۇ، گۈلى تاق جىنسلىق، غوزىلىق مېۋە تۇتىدۇ. مېۋىسى ياپىلاق كېلىدۇ. يىلتىزى زەھەرلىك بولۇپ دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، بەلغەم بوشىتىش، ئاغرىق توختىتىش رولىغا ئىگە.

**فېلدشېر** ئى [ر<نېم] <تېب> ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېببىي داۋالاش سەۋىيەسىگە ئىگە بولغان تېببىي خادىم، ۋىراچنىڭ ياردەمچىسى.

**فېلدشېرلىق** ئى. فېلدشېرنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپە، ئىش: فېلدشېرلىق قىلماق.

**فېلزىت** ئى [ر] <گېئول> سىپتا دالا ئىشپاتى: بۇ بۇيۇملار كىرېمنىي، كىۋارتس، ئاگات، فېلزىت، پورفىر قاتارلىق مىنېراللاردىن ياسالغان.

**فېلىيەتون** ئى [ر<فىران] <ئەد> كۈندىلىك تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن سەلبىي ھادىسىلەرنى ئۆتكۈر تىل بىلەن مەسخىرە ۋە تەنقىد قىلىپ يېزىلغان ئاكتۇئال تېمىدىكى تەنقىدىي ماقالە.

**فېلىيەتونچى** ئى. فېلىيەتون يازىدىغان كىشى: جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ جاپاكەش ئوبرازى يېقىنقى يىللاردىن بېرى فېلىيەتونچىلار ۋە مۇھاكىمىچىلەر بېرىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈۋاتقان بىر رېئاللىق.

**فېنانترېن** ئى [ئىنگ <گىرېك] <خىم> ھىدروكاربون بىرىكمىلىرىنىڭ بىر تۈرى. ئۇ ئانتراتسېننىڭ ئىزومېرى بولۇپ، رەڭسىز، پارقىراق كىرىستالدۇر. ئادەتتە كوكۇس مېيىنى دىستىللەش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. بوياق ۋە پارتلاتقۇچ دورا قاتارلىقلارنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**فېندۇي** ئى [خەن] <ھەرب> شۆبە ئەترەت.

**فېنوكرىست** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> ماگما جىنسلارنىڭ ئۇششاق دانچىلىق ئۇللۇق ماددىسىدىكى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان كىرىستال. ھەمىشە بىر پۈتۈن كىرىستال ھالىتىدە ئۇچرايدۇ.

**فېنول** ئى [ر<لات + گىرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. بېنزولدىكى بىر ھىدروگېن ئاتومى ھىدروكسىل رادىكالى بىلەن ئالماشقاندىن كېيىن ھاسىل بولىدۇ. ساپ فېنول رەڭسىز كىرىستال بولۇپ، يورۇقلۇققا يولۇقسا، ھال قىزىل رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. ئۆتكۈر پۇراققا ئىگە، زەھەرلىك، ئادەتتە ئۇ چىرىتىشنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى ۋە ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورا سۈپىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سانائەتكىمۇ خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**فېنولفتالېئىن** ئى [ئىنگ <لات] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. رەڭسىز كىرىستال بولۇپ، ئىسپىرتتىكى ئېرىتمىسى نېيترال ياكى كىسلاتالىق ئېرىتمىدە رەڭسىز، ئاساسلىق ئېرىتمىلەردە بولسا قىزىل بولىدۇ. خىمىيەلىك ئانالىزدا ئىندىكاتور قىلىنىدۇ.

**فېنوللۇق** سۈپ. تەركىبىدە فېنول بار، فېنولغا ئىگە: ئانار شەربەتلىرىنىڭ تەركىبىدە كۆپ خىل ئوكسىدلىنىشقا قارشى ماددىلار بولۇپ، بۇ ماددىلاردىكى كۆپ فېنوللۇق ۋە باشقا تەبىئىي ماددىلار قان تومۇرى دىۋارىدا ياغلارنىڭ توپلىنىشىنى ئازايتىپ، قان تومۇرنىڭ قېتىششىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**فېنولوگىيە** ئى [ر<گىرېك] <بىيول> بىيولوگىيەنىڭ ئۆسۈملۈكلەر ۋە ھايۋاناتلارنىڭ پەسىل ئۆزگىرىشلىرىگە باغلىق ئۆزگىرىشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**فېنىلئامىن** ئى [لات] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. رەڭسىز سۇيۇقلۇق بولۇپ، زەھەرلىك. بوياق ۋە دورا ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**فېنىلېتىلىن** ئى [لات] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. رەڭسىز ھەم پۇراقلىق سۇيۇقلۇق. سىنتېتىك كاۋچۇك، سولياۋ قاتارلىقلارنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**فېئودال** [ر<لات] ① ئى <پەلس> فېئودالىزم جەمئىيىتىدىكى ئىقتىسادىي جەھەتتە يەر ئىگىلەپ دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان، سىياسىي جەھەتتە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ يەر ئىگىلىرى، پومېشچىكلار. ② سۈپ. فېئودالار تەبىقىسىگە، سىنىپىغا مەنسۇپ، خاس، تەۋە، ئالاقىدار بولغان: فېئودال كۈچلەر. فېئودال پومېشچىكلار. فېئودال ئېكسپىلاتاتسىيە. ③ سۈپ. فېئوداللىق جەمئىيەتنى، تۈزۈمنى ياقلايدىغان ياكى ئۇنىڭ تەسىرى سىڭگەن: ئۇلارغا فېئودال ئائىلە باشلىقلىرىغا خاس بېسىم ئىشلىتىش ۋە تەربىيە بېرىش ئۇسۇلى بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

**فېئوداللىق** سۈپ ① فېئودالىزمغا مەنسۇپ، خاس، ئالاقىدار: فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر. فېئوداللىق جەمئىيەت. ② فېئودالىزم قائىدە ـ پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغان: فېئوداللىق تۈزۈم. فېئوداللىق تەرتىپ.

**فېئوداللىق جەمئىيەت** <پەلس> جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخىدىكى بەش خىل ئىجتىمائىي فورماتسىيەنىڭ بىرى. ئۇنىڭ بەلگىسى، پومېشچىكلار يەرلەرنى ئىگىلىۋالغان، دېھقانلارنىڭ يېرى ناھايىتى ئاز ياكى زادىلا يېرى يوق بولۇپ، پەقەت پومېشچىكلارنىڭ يېرىنى تېرىيدۇ، ئەمما مەھسۇلاتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى پومېشچىكلار تارتىۋالىدۇ. فېئوداللىق جەمئىيەت قۇللۇق جەمئىيەتكە قارىغاندا بىرقەدەر ئىلغار بولۇپ، دېھقانلارنىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىكى بولىدۇ. بىراق، ئۇلار ئۆمۈر بويى يەرگە تايانغانلىقتىن، ئەمەلىيەتتە يەنىلا جىسمانىي ئەركىنلىككە ئىگە بولالمايدۇ.

**فېئودالىزم** ئى [ر] <پەلس> بىر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم. ئۇنىڭ ئاساسى پومېشچىكلار يەر ئىگىلەپ، دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتىن ئىبارەت.

**فېۋرال** ئى [ر<لات] مىلادىيەنىڭ ئىككىنچى ئېيى، 28 كۈن ياكى 29 كۈن بولىدۇ.

**فتور** ئى [ر<گىرېك] <خىم> گاز ئېلېمېنت. بەلگىسى F(Fluorum). ئاچ سېرىق، يېشىل رەڭلىك، سېسىق پۇراقلىق. خىمىيەلىك خۇسۇسىيىتى ناھايىتى ئاكتىپ

بولۇپ، ھىدروگېن بىلەن بىۋاسىتە بىرىكسە پارتلايدۇ. نۇرغۇنلىغان مېتاللار فتور گازىدا كۆيىدۇ.

**فتورلۇق** سۈپ. تەركىبىدە فتور بولغان، فتورغا ئىگە: فتورلۇق كاۋچۇك. فتورلۇق سولياۋ.

**فرازىيولوگىيە** ئى [ر<گرېك] ① <تىل> تىلشۇناسلىقنىڭ تۇراقلىق بىرىكمىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى، مەنىسى ۋە ئۇلارنىڭ تىلدىكى قوللىنىلىشى، تەرەققىياتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى. ② تەركىبىدىكى سۆزلەرنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغان، پەقەت پۈتۈن بىرىكمە شەكلىدىلا ئىشلىتىلىدىغان ھەم ئادەتتىكى سۆز ياساش قائىدىسى بىلەن تەھلىل قىلىشقا بولمايدىغان تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى: ئۇيغۇر تىلى فرازىيولوگىيەسى.

**فرازىيولوگىيەلىك** سۈپ. فرازىيولوگىيىگە ئائىت: فرازىيولوگىيەلىك بىرىكمە.

**فرانسۇز** ئى <ئىرىق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار فرانسىيەنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بېلگىيە، شىۋېتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ فرانسۇزلار ياشايدۇ.

**فرانسۇز تىلى** فرانسۇزلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل خەلقئارادا كەڭ ئىشلىتىلىدىغان تىللارنىڭ بىرى بولۇپ، ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ رىم تىلى تۈركۈمىگە كىرىدۇ.

**فرانسۇزچە** ① سۈپ. فرانسۇزلارغا خاس، فرانسۇز تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: فرانسۇزچە ئادەت. فرانسۇزچە كىتاب. ② ئى. فرانسۇز تىلى: فرانسۇزچە ئۆگەنمەك. ③ رەۋ. فرانسۇز تىلىنى ئىشلىتىپ، فرانسۇز تىلى بىلەن: فرانسۇزچە سۆزلىمەك.

**فرانسىي** ئى [ر<لات] <خىم> رادىيوئاكتىپلىق ئېلېمېنت. بەلگىسى Fr(Francium). ئەڭ تۇراقلىق ئىزوتوپلىرىنىڭ يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى 21 مىنۇت.

**فرانك** ئى [ر<فران] فرانسىيە، بېلگىيە، شىۋېتسارىيە، گىۋىنېيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پۇل بىرلىكى.

**فرونت** ئى [(ر<نېم] ① <ھەرب> ئۇرۇش ۋاقتىدا دۈشمەن قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىدىغان جاي، جەڭ مەيدانى؛ ئالدىنقى سەپ: شۇ كەچتە پۈتۈن شەھەر خەلقى فرونتتا كېتىۋاتقان ئوغۇل-قىز جەڭچىلەر بىلەن قىيقاس - چۇقانلار ئىچىدە خوشلاشتى. ② <مېتېئور> ئاتموسفېرادىكى سوغۇق ھاۋا ماسسىسى بىلەن ئىللىق ھاۋا ماسسىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان تار، ئۆتكۈنچى بەلباغ.

**فرۇزە** ئى [ئە <پ] ① < گېئول> بىر خىل مىنېرال. يېرىم سۈزۈك بولۇپ، ھاۋا رەڭ، كۆك يېشىل، ئاچ يېشىل ياكى ئازراق يېشىل ئارىلاش كۆل رەڭ قاتارلىق رەڭلەردە ئۇچرايدۇ. كىرىستاللىرى ئۈچ ياقلىق كىرىستال سىستېمىسىدا. ئادەتتە قىممەت باھالىق مۇھىم مىنېرال ھېسابلىنىدۇ. كۆپىنچە بېزەك بۇيۇملىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ: فىرۇزە كۆزلۈك ئۈزۈك. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**فرۇكتوزا** ئى [ر<لات] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، يەنى ساخاروزا، شېكەر قاتارلىقلارنى تەشكىل قىلغۇچى ماددا. مولېكولا فورمۇلاسى $C_6H_{12}O_6$. ئاق رەڭلىك كىرىستال ھالىتىدە بولۇپ، تاتلىق كېلىدۇ، مېۋە - چېۋە، ھەسەل قاتارلىقلار تەركىبىدە بولىدۇ.

**فرېئىد** ئى [<نېم] ئاۋستىرىيە پسىخولوگىيە ئالىمى.

**فرېئىدچىلىق** ئى <پسىخول> فرېئىدىزم.

**فرېئىدىزم** ئى[<نېم] <پسىخول> ئاۋستىرىيە پسىخولوگىيە ئالىمى فرېئىد تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان بىر روھىي تەھلىلچىلىك ئېقىمى. ئۇنىڭدا ئادەم پسىخىكىسى ئاڭ ۋە يوشۇرۇن ئاڭدىن ئىبارەت بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، يوشۇرۇن ئاڭدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئاتالمىش جىنسىي ئىقتىدار ئادەم پسىخىكىسىنىڭ ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، شەخسنىڭ تەقدىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى بەلگىلەيدىغان كۈچ دەپ قارىلىدۇ.

**فرېئىدىزمچى** ئى. فرېئىدىزمنى ياقلىغۇچى، فرېئىدىزم تەرەپدارى: شائىر ئادىل پەقەتلا شائىر ئىدى، تەنقىدچى ئادىل بىزگە خېلى روشەن فرېئىدىزمچى سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ.

**فىزىك** ئى [ر] <فىز> فىزىكا مۇتەخەسسىسى، فىزىكا ئالىمى: بۇ مەسىلىلەر كەلگۈسى فىزىكلىرىمىزنىڭ تەتقىق قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

**فىزىكا** ئى [ر<گرېك] تەبىئىي پەنلەر ئىچىدىكى ئاساسلىق بىر پەن. ماددىلارنىڭ خۇسۇسىيىتى، تۈزۈلۈشى ۋە ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ مېخانىكا، ئاكۇستىكا، ئىسسىقلىق ئىلمى، ماگنىتىزم، ئوپتىكا ۋە ئاتوم فىزىكىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**فىزىكىلىق** سۈپ. فىزىكىغا دائىر، فىزىكىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان: فىزىكىلىق ھادىسە. فىزىكىلىق قانۇنىيەت. فىزىكىلىق خۇسۇسىيەت.

**فىزىكىلىق مىقدار** <فىز> فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتنى ئىپادىلەيدىغان مىقدار. مەسىلەن، ئېغىرلىق، ماسسا، تېزلىك، ۋاقىت، تېمپېراتۇرا، ئىش، ئېنېرگىيە، توك بېسىمى، توك ئېقىمى قاتارلىقلار.

**فىزىكىلىق ئۆزگىرىش** <فىز> ماددىلارنىڭ پەقەت شەكلىدىلا ئۆزگىرىش بولۇپ، خىمىيەلىك تەركىبىدە ئۆزگىرىش بولمايدىغان ئۆزگىرىش. مەسىلەن، سۇيۇقلۇقلارنىڭ ھورغا ئايلىنىشى ياكى قېتىشى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**فىزىيولوگ** ئى [ر] فىزىيولوگىيە ئىلمىنىڭ مۇتەخەسسىسى، فىزىيولوگىيە ئالىمى.

**فىزىيولوگىيە** ئى [ر<گرېك] جانلىقلارنىڭ فۇنكسىيەسىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئادەتتە ئۇ ئادەم فىزىيولوگىيەسى، ھايۋانات فىزىيولوگىيەسى ۋە ئۆسۈملۈكلەر فىزىيولوگىيەسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**فىزىيولوگىيىلىك** سۈپ. فىزىئولوگىيىگە ئائىت، فىزىيولوگىيەگە ئالاقىدار بولغان: فىزىيولوگىيەلىك فۇنكسىيە. فىزىيو-

لوگىيەلىك جەريان.

**فىكۇس** ئى [ر<لات] <بوت> ئۈجمە ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، ئۇچى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن، گۈل تەگلىكى شارغا يېقىنراق شەكىلدە، گۈلى ئۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. مېۋىسى ياپىلاق، پىشقاندا قارا قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. ئەسلىي ماكا-نى ئاسىيادىكى ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدۇر. قوۋزىقىدىن ئېلىنغان سۈتسىمان سۇيۇقلۇقتىن قاتتىق دەرەخ يېلىمى ئىشلىگىلى بولىدۇ.

**فىگۇرا** ئى [ر<لات] گەۋدىنىڭ تۇزۇلۇشى، پىچىمى، قەد-دى ـ قامەت: فىگۇرىسى چىرايلىق. فىگۇرىسى قاملاشقان.

**فىگۇرا چىقىرىپ مۇز تېيىلىش** <تەن> مۇز ئۈستى تەنھە-رىكەت تۈرلىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا، مۇز تېيىلىش بىلەن بىرگە ھەر خىل قىياپەتتە سەكرەش ۋە پىرقىراش ھەرىكەتلىرى ئورۇنلى-نىدۇ.

**فىگۇرا كانكىسى** <تەن> كانكىنىڭ بىر خىلى. ئۇ فىگۇرا چىقىرىپ مۇز تېيىلىش ئايىغىنىڭ ئاستىغا ئورنىتىلىدۇ. بىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېرىقچىسى بولىدۇ. باش قىسمى ئەگمەچ بولۇپ چىشلىرى بولىدۇ، قۇيرۇق قىسمى تۈز ھەم قىسقا كېلىدۇ.

**فىلادېلفۇن** ئى [لات] <بوت> تاشيارغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ۋە ئېللىپس شەكىلدە بولۇپ ئۇدۇل ئۆسىدۇ، گۈلى ئومۇمىي گۈل رېتىدە، گۈل تاجى سۈت رەڭگىدە كېلىدۇ. گۈل كاسىسى سارغۇچ يېشىل بولۇپ، خۇشبۇي پۇرايدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**فىلاگېللار** ئى [ر<لات] <زوئول> بىر ياكى بىرنەچچە تال قامچا تۈكىنى ھەرىكەت ئورگىنى قىلىدىغان ئاددىي ھايۋان. تاتلىق سۇ ياكى تۇزلۇق سۇلاردا ياشايدۇ. بەزىلىرى ھايۋان تېنىدە پارازىت ياشايدۇ. مەسىلەن، ئېۋگلېنا، قارا بەزگەكنى پەيدا قىلغۇچى قۇرت ۋە تامچىقۇرت قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**فىلانگې** ئى [ئىنگ] <ماشىن> ← **فىلانگې تەخسە**.

**فىلانگې تەخسە** <ماشىن> مېتال تۇرۇبىلارنى ئۇلاش ياكى چىڭىتىشتا ئىشلىتىلىدىغان تەخسە شەكىللىك دېتال.

**فىلانېل** ئى [ئىنگ] كۆز ۋە ئەتىيازلىق كىيىملەرنى تىكىشكە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، يۇڭدىن ياكى يۇڭ بىلەن پاختى-دىن ئارىلاش توقۇلغان گەزلىمە، رەخت.

**فىلاۋون** ئى[ ر<لات] <خىم> نۇرغۇنلىغان پىرىمۇلا ئوتلىرىنىڭ يوپۇرمىقى، غولى ۋە ئىسپورا خالتىسىدا پاراشوك ھالىتىدە ساقلىنىدىغان بىر خىل رەڭسىز كىرىستال كېتون. سىنتېزلاش ئارقىلىق ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. ئۇ يەنە سېرىق كېتون دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**فىلاۋونول** ئى [ ر<لات ] <خىم> فىلاۋوننىڭ ھەرخىل ھىدروكسىل تۇغۇندىلىرىدىن بىرى.

**فىلاۋىن** ئى [ ر<لات ] <خىم> ① دۇب دەرىخىنىڭ قوۋزىقىدىن ئېكستراكتلاش ئارقىلىق ئېلىنىدىغان سېرىق بوياق. ② سېرىق ئاكرىدىن بويىقىنىڭ خالىغان بىر خىلى. چىرىتىشكە قارشى رولى بولغاچقا، تېببىي دورىگەرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ. ③ سۇدا ئېرىيدىغان ۋە تەركىبىدە ئازوت بولغان خالىغان بىر سېرىق بوياق. ئىزو ئاللوكسازىندىن ئېلىنىدۇ. نۇكلېئوتىد شەكلىدە، يەنى فىلاۋىن ئاقسىلىنىڭ ياردەمچى فېرمېنتى شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ

**فىلوت** ئى [ر<نېم] <ھەرب> ① مەلۇم ئىستراتېگىيەلىك دېڭىز رايونلىرىدا جەڭ قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان دېڭىز ئارمىيە كۈچى. ئادەتتە ئۇ سۇ ئۈستى ھەربىي پاراخوتى، سۇ ئاستى پاراخوتى، دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئاۋىياتسىيە قىسمى، دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسمى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ② ئۇرۇش قىلىش ياكى مەلۇم ۋەزىپىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن نۇرغۇن پاراخوتلاردىن ۋاقىتلىق قۇرۇلغان سەپ: بىز قۇدرەتلىك قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىگىلا ئەمەس، بەلكى قۇدرەتلىك ھاۋا ۋە دېڭىز فىلوتىغىمۇ ئىگە بولۇشىمىز كېرەك.

**فىلورېن** ئى [ر<لات] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولې-كۇلا فورمۇلاسى $C_{10}H_{13}$ . ئاق رەڭلىك تارىشسىمان كىرىستال جىسىم. تاشكۆمۈر يېغى تەركىبىدە بولىدۇ.

**فىلورىن** ئى. گوللاندىيەنىڭ پۇل بىرلىكى.

**فىلتېر** ئى [ ر <لات ] <خىم> سۇيۇقلۇق ياكى گازلارنى كېرەكسىز ئارىلاشمىلاردىن تازىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب، سۈزگۈچ: فىلتېر بىلەن سۈزمەك. // فىلتېر قەغەز.

**فىلتېرلاتماق** «فىلتېرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**فىلتېرلانماق** «فىلتېرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرى-جىسى: ئېرىتمىلەر فىلتېرلاندى.

**فىلتېرلىماق** پ. فىلتېردىن ئۆتكۈزمەك، سۈزمەك: دەل-دەرەخلەرنىڭ مىكروب ئۆلتۈرۈش، ھاۋانى فىلتېرلاش رولى بار.

**فىللىت** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> بىر خىل مېتامور-فىلىق جىنس. نېپىز تارىشسىمان تۈزۈلمىگە ئىگە. ئاساسلىق تەركىبى چىرىمتال، كىۋارتس، خلورىد قاتارلىقلار بولۇپ، قىزىل، كۆل رەڭ، سېرىق، يېشىل، قارا قاتارلىق رەڭلەردە ئۇچرايدۇ. يىپەك پارقىراقلىقىغا ئىگە.

**فىلولوگ** ئى [ر] فىلولوگىيە ئىلمىنىڭ مۇتەخەسسىسى، فىلولوگىيە ئالىمى.

**فىلولوگىيە** ئى [ر<گىرېك] تىل ـ يېزىق، ئەدەبىيات مەسىلىلىرىنى، ئاساسەن يازما يادىكارلىقلاردىن پايدىلىنىپ تەتقىق قىلىدىغان پەنلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. كەڭ مەنىدىكى فىلولوگىيە تىلشۇناسلىق، يېزىقشۇناسلىق، فونېتىكا ئىلمى ۋە شۇ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھازىرقى ۋاقىتتا، كۆپىنچە ئۇ تىلشۇناسلىقنىڭ بىر تارمىقى ھېسابلانماقتا.

**فىلىم** ئى [ر<ئىنگ] <كىنو> ① كىنو قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان لېنتا، كىنو لېنتىسى: فىلىم بېسىش ئاپپارا-تى. * فىلىم ئۈزۈلۈپ قېلىپ، خېلى كۈتۈشكە توغرا كەلدى. ② كىنو: رەڭلىك فىلىم. رەڭسىز فىلىم. ھېكايە فىلىم. ھۆججەتلىك فىلىم.

**فىلىيتا** ئى [ر<ئىتال] <مۇز> يەللىك چالغۇ ئەسۋابى. كۆپىنچە مېتالدىن ياسىلىدۇ، نەيگە ئوخشايدۇ. ئۈستىدە

تۆشۈكلىرى بولۇپ ، بۇ تۆشۈكلەر ئۈستىدە تىللىرى بولىدۇ.

**فىليۇگېر** ئى [ر<نېم] <مېتېئور> شامال يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەسۋاب. ئادەتتە ئېگىز تۇۋرۇكنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان بىر تال يا ئوقسىمان تۆمۈر بولۇپ ، شامالغا ئەگىشىپ ئايلىنىدۇ ، ئىستىرېلكا داۋاملىق شامال كەلگەن تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

**فىليۇئورىت** ئى [ر<لات] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيەلىك تەركىبى كالتسىي فتورىد بولۇپ ، ئاق يېشىل، بىنەپشە رەڭلەردە ئۇچرايدۇ ، ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە، ھەمىشە يالتىراپ تۇرىدۇ. ئادەتتە ئۇ تەركىبىدە فتور بولغان مۇھىم مىنېرال ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن فتورىد كىسلاتاسى ۋە فتورلۇق سېمونت ئىشلىگىلى بولىدۇ، مېتاللورگىيە سانائىتىدە ئېرىتكۈچ قىلىنىدۇ.

**فىن** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى . ئۇلار فىنلاندىيەنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**فىنچە** ① سۈپ. فىن خەلقىگە ، ئۇنىڭ تىلى ، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: فىنچە ئۆي. فىنچە كىيىم. ② ئى. فىن تىلى ۋە يېزىقى: فىنچىنى بىلمەك. ③ رەۋ. فىن تىلىنى ئىشلىتىپ ، فىن تىلى بىلەن: فىنچە سۆزلەشمەك.

**فىنىك** ئى <ئىرق> غەربىي ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەتلەردىن بىرى. ئاساسەن ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىنىڭ ئوتتۇرىسى ۋە شىمالىغا تارقالغان ( ھازىرقى لىۋان ۋە سۇرىيەنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى جايلىرىغا توغرا كېلىدۇ). مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللاردا قۇللۇق تۈزۈمدىكى بەزى دۆلەتلەرنى قۇرغان ، كېيىن ئۇزۇن مۇددەت مىسىر پىرئەۋنلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولغان ، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 12 ـ ئەسىردە مۇستەقىل بولۇپ ، ئوتتۇرا دېڭىزدىكى بەزى رايونلاردا مۇستەملىكىلەرگە ئىگە بولغان.

**فىنىك ئېلىپبەسى** <تىل> مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى فىنىكلار قوللانغان بىر خىل ئېلىپبە. ئۇ قەدىمكى مىسىر يېزىقىدىن ئۆزگەرگەن سامى ھەرپلىرىدىن كېلىپ چىققان. ھەرپلىرى جەمئىي 22 بولۇپ ، ھەممىسى ئۈزۈك تاۋۇشنى ئىپادىلەيدۇ. كېيىن فىنىك ھەرپلىرى ئاساسىدا گرېك ھەرپلىرى ، گرېك ھەرپلىرى ئاساسىدا لاتىن ۋە سلاۋيان ھەرپلىرى بارلىققا كەلگەن. دېمەك ، فىنىك ئېلىپبەسى ياۋروپادىكى ھەر خىل يېزىقلارنىڭ ئورتاق مەنبەسىدۇر.

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# ق

**ق** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئون يەتتىنچى ھەرپى.

**قاباھەت** [ئە] ① ئى. يارىماس، قەبىھ ئىش ـ ھەرىكەت؛ ياۋۇزلۇق، قەبىھلىك: بۇ دۇنيادا ئادالەت بىلەن قاباھەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بىر كۈنمۇ توختاپ قالمايدۇ. ② سۈپ. ئىنتايىن سەت؛ قورقۇنچلۇق قەبىھ: نېمە بولدىكىن، ئاينىسا ھويلا ئىچىدە تۇلۇق تاشتەك يۇملىنىپ چىرقىرايتتى، ۋارقىرايتتى، چاچلىرىنى چۇۋۇيتتى، قاباھەت تىللار بىلەن دادامغا ئېسىلاتتى. ③ سۈپ. ناھايىتى قالتىس: رۇستەمى داستان شۇنداق كۈچتۈڭگۈر، مىسلىسىز يوغان ۋە قاباھەت باتۇر ـ پالۋان ئىدىكى، ھەربىر قولىدا بىردىن ئىككى يوغان ئۆكۈزنى ئاسلاندەك قامالالاپ كۆتۈرۈۋېلىپ، بىر ـ بىرىگە ئۇستۇرۇشۇپ سوقۇشتۇراتتى.

**قاباھەتلىك** سۈپ. ناھايىتى كۆرۈمسىز، بەك سەت، قەبىھ؛ قورقۇنچلۇق: قاباھەتلىك چۈش. * غېرىب سەرخىن شاھ مەھمۇرخاننىڭ قاباھەتلىك تەلەتىدىن، ياۋۇز خۇي ـ پەيلىدىن نەپرەتلىنىپتۇ.

**قابىل** سۈپ [ئە] ① ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا قۇربى، قابىلىيىتى يېتىدىغان؛ يارامىلىق، قابىلىيەتلىك، ئىقتىدارلىق: قابىل كادىر. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**قابىللىق** ئى. مەلۇم ئىشنى بېجىرەلەيدىغان خۇسۇسىيەت؛ ئىقتىدار، تالانت: ئادەم ھەممىگە قابىل ئىكەن، قابىللىقىمىز كۆزدىمىزگە كۆرۈنۈۋاتىدۇ.

**قابىلىيەت** ئى [ئە] مەلۇم ئىشنى بېجىرىش لاياقىتى؛ تالانت، ئىقتىدار؛ ئىستېدات: ئۇ كىچىك بولغان بىلەن ئېسىدە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى مېنىڭكىدىن يۇقىرى ئىدى.

**قابىلىيەتسىز** سۈپ. قابىلىيىتى، ئىقتىدارى، تالانتى يوق؛ ئىقتىدارسىز، يارامسىز: ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ كەلتۈرىدىغان پايدىسى قابىلىيەتسىز ئادەملەرنىڭكىدىن كۆپرەك بولىدۇ.

**قابىلىيەتسىزلىك** ئى. ئىقتىدارسىزلىق، لاياقەتسىزلىك: قابىلىيەتسىزلىك كۆپ ھالدا بىلىمسىزلىكتىن پەيدا بولىدۇ.

**قابىلىيەتلىك** سۈپ. قابىلىيىتى، ئىقتىدارى، تالانتى بار؛ قولىدىن ئىش كېلىدىغان، ئىقتىدارلىق، قابىل، يارامىلىق: قابىلىيەتلىك ياشلار.

**قاپ** I ① ئى. نەرسىلەرنى ئىچىگە قاچىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، رەختتىن تىكىلگەن ياكى پاختا، يۇڭ، چىگە يىپلىرى ۋە سۈنئىي تالالاردىن توقۇلغان بۇيۇم؛ كىچىك تاغار: تەڭ تېڭى بىلەن، تېزەك قېپى بىلەن (ماقال). * بارچە گۇناھ ئۆزۈمدە تۇرۇپ، قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي (ماقال). ② ئى. نەرسىلەرنىڭ سىرتقى قىسمىنى ئوراپ، قاپلاپ تۇرىدىغان قىسمى: ياستۇق قېپى. سەرەڭگە قېپى. تاشپاقا قېپى. ③ مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ قاپلىق نەرسىنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: ئون قاپ سەرەڭگە.

**قاپ تېشەر** دىيال. ئۆز بېشىمچى، باشباشتاق.

**قاپ ياردى** ھەرقانداق ئىشنى ئۇنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن ھېسابلاشماي، قارامىلىق بىلەن بۆسۈپ قىلىدىغان: ئەمەت دېگەن تازا قاپ ياردى نەرسە.

**قاپ** II سۈپ. توپتوغرا، دەل: قاپ بەل. قاپ ئوتتۇرا.

**قاپارتقۇ** ئى ← **قاپارتما:** يول ئېچىلغان ھامان خۇددى قاپارتقۇ يېرىلغاندەك يېرىلىڭ ئېتىلىپ چىقتى.

**قاپارتقۇلۇق** سۈپ. قاپارتقۇ قاپىرىپ چىققان: ئۇنىڭ پۇۋلىگەندەك سېمىز قاپارتقۇلۇق يۈزلىرىدىن كۆلكە يۈگۈرۈپ ئۆتتى.

**قاپارتما** ① ئى. قول، پۇت قاتارلىقلارنىڭ زەخملىنىشىدىن تېرە ئۈستى ياكى ئاستىدىكى سۇيۇقلۇقلار يىغىلىپ، قاپىرىپ قالغان جاي: مەن ھارغىن ھالدا ئالىقانلىرىمنى ئېچىپ، سۇ كۆتۈرۈپ چىققان قاپارتمىلارغا قارىدىم. بەزىلىرى يېرىلىپ، ئىچىدىكى سۈيى چىقىپ كەتكەنىدى. ② سۈپ. قاپارتىلىپ ئىشلەنگەن، قاپارتىلغان؛ بۆرتۈپ چىققان، بۆرتمە: قاپارتما بەت. قاپارتما نەقىش. قاپارتما ھەيكەل.

**قاپارتماق** «قاپارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇنداق، ئۇ ئەمدى بۇرۇنقىدەك ئۆستەڭ چېپىپ، تىرگەن سوقۇپ ئالقىنىنى قاپارتىپمۇ يۈرمەيدۇ.

**قاپارچۇق** ئى ① ئۇششاق قاپارتما: ئەتىسى ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزى ئىششىپ، كالپۇك ـ قوۋۇزلىرى ئۇستىگە قوقاق يارىسى چىقىپ، قاپارچۇق ئۆرلەپ كەتكەنىدى؛ ② قول ئالىقىنىنىڭ بىر قىسمى، يەنى چىمچىلاقنىڭ ئاستى تەرىپى: بارماقلارنى ئاتىغاندىن سىرت، قولنىڭ ئالىقىنىنىمۇ ئۈچكە بۆلۈپ ئاتايمىز: ئالىقان، ئالىقانچۇق، قاپارچۇق، يەنى قولىمىزنىڭ ئوتتۇرىسى ئالىقان، باش بارماق تەرىپى ئالىقانچۇق، چەپ بارماقنىڭ ئاستى تەرىپى قاپارچۇق دەپ ئاتىلىدۇ.

**قاپارماق** پ. پۇت، قول قاتارلىقلاردا قاپارتمىلار پەيدا بولماق: بۇ يولدا تولا مېڭىپ، پۇتۇم قاپىرىپ كەتتى. ھارۋىغا چۈشەي دېسەم، ئۆكۈز ئالدىراپ كەتتى.

**قاپاق** I ① ئى <بوت> كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى يەر بېغىرلاپ، يوپۇرمىقى يۈرەك شەكلىدە نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى ئاق، مېۋىسىنىڭ

ئوتتۇرىسى ئىنچىكە بولۇپ، ئىككى دانە شارنى ئۇلاپ قويغانـ
دەك كۆرۈنىدۇ. ② ئى. شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى: ماي
قاپىقى. سۇ قاپىقى. چىلىم قاپىقى. ناس قاپىقى. ③ سۈپ. شەكلى شۇ
خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسىگە ئوخشايدىغان؛ چوڭ، ئىچى
كاۋاك ياكى ئىچى بوش بولغان: قاپاق ئاپىلسىن. قاپاق ئامۇت. قاپاق
لازا. قاپاق تېرەك. قاپاق جىگدە. قاپاق گىلاس. ④ سۈپ. كۆچمە.
كاللىسى ئىشلىمەيدىغان، دۆت، كالۋا، ھاماقەت: ئۇنىڭ كاللىسى
تازا قاپاق ئىكەن ـ دە، شۇنىمۇ ئاڭقىرالمىغىنىنى قارا!

**قاپاق** II ئى <ئانات> كۆز ئالمىسىنى ئوراپ تۇرىدىغان،
گىرۋىكىدە كىرپىك بولغان ۋە ئېچىلىپ ـ يېپىلىپ تۇرىدىغان
تېرە. كۆزنى ئاسراش رولىنى ئوينايدۇ: بادام قاپاق. توڭ قاپاق.
قاپىقى تارتماق. قاپىقى تۈرۈلمەك. قاپىقى يامان.

**قاپىقىدىن قار ياغماق** چىرايىدىن خاپا بولغانلىقى، ئاچچىـ
قىنىڭ كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇرماق؛ تەلەتى سۈرۈنلۈك
قىلماق: ئۇنىڭ رەڭگىرويى بىردىنلا ئۆزگىرىپ، قاپىقىدىن قار يېغىشـ
قا باشلىدى.

**قاپىقىدىن مۇز ياغماق** ← **قاپىقىدىن قار ياغماق:** تاغامنىڭ
خوتۇنى قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان جاۋىلداق ئايال ئىدى.

**قاپىقىنىڭ زېيىنى ئالماق** ئەدىپىنى بېرىپ ئىككىنچى
ھومايمايدىغان قىلماق: ــ ھېلى بىكار قاپىقىڭنىڭ زېيىنى ئېلىپ
پەسكويغا چۈشۈرۈپ قويىمەن، ــ دېدى ئۇ.

**قاپىقى ئۇششۇق** توڭ قاپاق، كەيپىياتى يامان: قاپىقى ئۇششۇق
ئۆزىگە تۇشلۇق (ماقال). * ــ ئانداق بولسا يېپىق قازان يېپىق بويىچە
قالسۇن، ــ دېدى كامال گەپنى چورتتىدە ئۈزۈپ، ــ نېمىگە ئالدىرايتـ
تىڭلار، قاپىقى ئۇششۇق پۇلىغا تۇشلۇق، گازىر ـ پۇرچاققا توي قىلىـ
دىغانلار چىقىپ قالىدۇ.

**قاپاقباش** سۈپ [ قاپاق + باش ] كاللىسى ئىشلىمەيدىغان،
ئەقىلسىز، كالۋا: ئابدۇلمۇ ئانچە قاپاقباشلاردىن ئەمەس.

**قاپاقباشلىق** ئى. ئەقىلسىزلىق، كالۋالىق، دۆتلۈك: ۋاي تۇۋا،
مېنىڭ بۇ قاپاقباشلىقىمنى دېمەمسىز، سىز بىلەن ئۇرۇمچىدە كۆرۈشـ
كەنلىكىمنى پەقەت ئەسلىيەلمەپتىمەن.

**قاپاقسۆلەت** سۈپ [ قاپاق + سۆلەت] قولىدىن ئىش
كەلمەيدىغان، قۇرۇق سۆلەت: ــ مەكتەپ دېگەنچۇ، ئايىمخاندەك
قاپاقسۆلەت خېنىملارنى بىردەملىكمۇ سىغدۇرالمايدۇ، ئوقۇتقۇچى
دېگەننىڭ بىرئاز بىلىممۇ بولۇشى كېرەك! ــ دېدى سادىق مۇدىر.

**قاپاقكاللا** سۈپ [قاپاق + كاللا ] قاپاقباش: شۇ ۋاقىتتا بۇلار
ئۈستىدە كاللا قاتۇرغانلىقىمنى ئەسلىسەم ناھايىتى كۈلكىلىك تۇيۇـ
لىدۇ، ئۆزۈمنىڭمۇ قاپاقكاللا ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىمەن.

**قاپاقلىق** ئى ① قاپاق ئۆستۈرۈلگەن جاي: باغنىڭ بىر بۇلۇڭى
ناسۋال قاپىقى تېرىلغان كىچىككىنە قاپاقلىق ئىدى. ② كۆچمە.
دۆتلۈك، كالۋالىق: قارىمامسىز، مېنىڭ بۇ قاپاقلىقىمغا، قېرىغان
ئوخشايمىز.

**قاپاقنوچى** سۈپ [ قاپاق + نوچى ] ئۆزى قورقۇپ تۇرۇپ
گەپنى يوغان قىلىدىغان، گېپى يوغان، ئەمما باشقىلارغا
كۈچى يەتمەيدىغان: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەر ـ ھەر نوچىلار، ئاغزىدا
شەھەر ئالىدىغان قاپاقنوچىلارمۇ بار ئىدى.

**قاپاقئوت** ئى [قاپاق + ئوت] <بوت> چىنىگۇل ئائىلىسىـ
دىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى دورا

قىلىنىدۇ، قىزىتمىنى قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**قاپاقياردى** ئى [قاپاق + ياردى] <ئاستر> 24 مەۋسۇمنىڭ
بىرى. مىلادىيە كالېندارى بويىچە 20 ـ يانۋاردىن 21 ـ يانۋار
ئارىلىقىدا باشلىنىدۇ.

**قاپباش** ئى [قاپ + باش] <زوئول> چوڭلۇقى قارا
قۇشقاچتەك، قۇيرۇقىدا قارامتۇل بەلدەم بار، تۇمشۇقى
ئىلمەك، بېشى يوغان بىر خىل قۇش؛ بوز غورۇلاي.

**قاپتال** ئى ① تاغ ۋە ئېگىزلىكلەرنىڭ تەكشىلىك بىلەن
تۇتاشقان باغرى، يان تەرىپى: باللار تاغ قاپتىلىدىكى قېلىن قاردـ
غايلىقلار ئىچىدە يالغۇز يولنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. ② ئات، ئېشەك
قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ئۈچىسى بىلەن قورسىقى ئارىلىقىدىكى
ئىككى يېنى: داۋان سۈيى يامان ئىكەن، قاپتالدىن ئاشتى. ③ ئېگەر ـ
نىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قانىتى.

**قاپتاللىق** سۈپ. يان تەرەپلىرىدە قاپتاللىرى بار، يان تەرىپى
بەك تىك ئەمەس: شۇنىڭ بىلەن مەن كەينىمىزدىكى قاپتاللىق
سارغۇچ تاغنىڭ شاپتۇل ۋە ئۆرۈك چېچەكلىرى بىلەن چۈمكىلىپ
بايرامغا ياسانغان قىزچاقتەك بولۇپ كەتكىنىنى كۆرەلمىدىم.

**قاپتاللىماق** پ. قاپتالنى ياقىلىماق، قاپتالنى بويلاپ
ماڭماق: «تاغ باغىرلىماق» دېگەننى «تاغنى ياقىلاپ، قاپتاللاپ، بويلاپ
ماڭماق» دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

**قاپتەك** سۈپ. چوڭ، يوغان: بۇ چاغدا سىرتتىن تەمبەل بىر دارازا
كىرىپ: ــ ھۇ قارا خۇنپەر، يۈرىكىڭ قاپتەك ئىكەنغۇ، كىم ئاچقان
مەيخانا بۇ، بىلەمسەن، مەي ئىچىپ پۇلىنى بەرمەي كېتەمسەن؟ ــ دەپ
ۋارقىرىدى.

**قاپچۇق** ئى ① تېرە، رەخت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىـ
لەردىن ئىچىگە بىرەر نەرسە سېلىپ ساقلاش ئۈچۈن مەخسۇس
تىكىلگەن خالتا: ئۇ قەددىنى رۇسلاپ، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە
تايىنىپ يانچۇقىدىن تاماكا قاپچۇقىنى ئالدى. ② <بىيول> بەزى
يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلارنىڭ بەدىنىنى مۇھاپىزەت قىلىپ
تۇرىدىغان سىرتقى قېپى، قاسىرىقى.

**قاپچىغاي** ئى. تاغ، يار، دەريا بويى، ئورمانلىق قاتارلىقلار ـ
دىكى شامالنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىمايدىغان، قولتۇق
شەكىلدىكى جاي: ئۇلار جىغان تۇۋىدىكى قاپچىغايدا بىردەم ئولتۇر ـ
دى، ئەتراپ جىمجىت ئىدى.

**قاپچىمال** سۈپ. دىيال ① كەندىر ۋە زاغۇن ئارىلاشتۇرۇلۇپ
تارتىلغان: قاپچىمال ياغ. ② كۆچمە. سارالڭ قېتىش.

**قاپساتماق** «قاپسىماق I » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاپساشماق** «قاپسىماق I » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قاپسالما** سۈپ. قاپسىلىدىغان، قاپسىلىپ قالىدىغان:
قاپسالما يۇقىرى بېسىم.

**قاپسالماق** «قاپسىماق I » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى:
نەچچە يىلدىن بېرى بىرقانچە ئۆلكىگە پاتمىغان بۇ «قەھرىمان» ئەمدى
كىچىك بىر ناھىيەگە قاپسىلىپ قالدى.

**قاپسىماق** I پ ① ئەتراپنى قورشىماق، مۇھاسىرىگە
ئالماق: ئوسمان بىرنەچچە سەردارلىرى بىلەن بەھرامنى ئوتتۇرىغا
قاپسىۋالدى. ② ئالدىنى تورىماق، بىر يەرگە قىستاپ قويماق،
قىستىماق: كېيۋېرئاخۇن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقتى ۋە ئىشىك ئالدىنى

قاپساپ تۇرغان مەنسۇر، زايىت ۋە مامۇتلارنى كۆردى. ③ كۆچمە. چىرمىۋالماق، قاپلىماق: مېڭەمنى قاراڭغۇ تۇمانلار قاپسىۋالدى.

**قاپسىماق** II پ. دىيال. تىللىماق.

**قاپقا** ئى ① دەرۋازا: قاپقا باقار. * ئۇ ئىككى ئاتلىق چوڭ ھويلا قاپقىسى ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى. ② قاپقاق: ھازىر ھېسامىدىن دامولla قازناق ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئەۋرەزنىڭ قاپقىسىغا چىلان ياغىچىدىن ئىشلەنگەن ھاسىسىنى «توك ـ توك» ئۇرۇپ، مەيدە يانچۇقىدىن ياپىلاق ئالتۇن سائىتىنى قولىغا ئالدى. ③ تۇما، چۈشۈرگە ۋە باشلام ئېغىزلىرىدا سۇنىڭ ئاز ـ كۆپ ئېقىشىنى تەڭشەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ياغاچ سېمونت قاتارلىقلاردىن مەخسۇس ياسالغان قۇرۇلما؛ تاقاق: بوۋاي كىچىك چاقپەلەككە چۈشۈرگە قاپقىسىنى تاسما ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇپ، چۈشۈرگىنى تۈگمەن ئىچىدىلا تۇرۇپ باشقۇرۇپ، تۈگمەن ھەرىكىتىنى خالىغىنىچە ئىدارە قىلاتتى.

**قاپقاق** ئى ① كەڭ ئېغىزلىق نەرسىلەرنىڭ ئاغزىنى يېپىش ئۈچۈن ياسالغان ياپقۇچ: ساندۇقنىڭ قاپقىقى. يانچۇقنىڭ قاپقىقى. ② دېرىزە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ سىرتىنى يېپىش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان قانات، ياپقۇچ: ئابىدەم ئورنىدىن تۇردى ـ دە، دېرىزىدىن چىقىپ قاپقاقنى ياپتى. ③ تۇما، چۈشۈرگە ۋە باشلام ئېغىزلىرىدا سۇنىڭ ئاز ـ كۆپ ئېقىشىنى تەڭشەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ياغاچ سېمونت قاتارلىقلاردىن مەخسۇس ياسىلىدىغان قۇرۇلما؛ قاپقا، تاقاق: ئۇلار دامبىنىڭ ئۈستىگە چىقىشقا ئاز قالغاندا، سادىق يېنىدىكى بىر ياش يىگىتكە قاراپ: — ئامبارنىڭ سۇ چىقىرىش قاپقىقىنى كۆتۈرۈۋەتكەنمۇ؟ — دەپ سورىدى. ④ <ئانات> ئادەم ياكى بەزى ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرى ئىچىدىكى ئېچىلىپ ـ يېپىلىپ تۇرىدىغان پەردىسىمان توقۇلما.

**قاپقاقلاتماق** «قاپقاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاپقاقلاشماق** «قاپقاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قاپقاقلانماق** «قاپقاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قاپقاقلىق** سۈپ. قاپقىقى بار، قاپقاق ئورنىتىلغان: قاپقاقلىق دېرىزە. قاپقاقلىق ساندۇق. قاپقاقلىق مېۋە.

**قاپقاقلىماق** پ ① قاپقاق ئورناتماق. ② قاپقاق بىلەن ئەتمەك، قاپقىقىنى ياپماق.

**قاپقان** ئى ← **تۇزاق:** قاپقان قۇرماق. قاپقانغا چۈشمەك. قاپقانغا دەسسىمەك. * ئانا قاپقاننى ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈپ قارىدى.

**قاپقان ـ تۇزاق** قاپقان ۋە تۇزاق: — ھىم، مىلتىق ئېتىپ ئوقنى زايە قىلىدۇ دەمسەن؟ — دەپتۇ سۇغۇر ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — ئۇلارنىڭ ئاجايىپ قىلتاق، قاپقان ـ تۇزاقلىرى بار.

**قاپقانچى** ئى ① قاپقان قۇرۇپ ئوۋ قىلغۇچى. ② كۆچمە. ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ باشقىلارنى دامىغا چۈشۈرگۈچى: ياسىن، بۇنداق ئەخمەقلىقنى قىلماي ئۆيۈڭگە قايت، سەن ھازىر بارىمەن دېگىنىڭ بىلەن قاپقانچىلار سېنى قىلتاققا چۈشۈرۈشكە تەمشىلىپ تۇرۇشقاندۇ!

**قاپقانچىلىق** ئى① قاپقان بىلەن ئوۋچىلىق قىلىش ئىشى. ② كۆچمە. ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىش.

**قاپقانلىق** سۈپ. قاپقان قۇرۇلغان: يۇلغۇنلۇق ئارىسىدىكى تار يولنىڭ ھەممىسى قاپقانلىق ئىدى.

**قاپقىلىق** سۈپ. قاپقىسى بار، قاپقا ئورنىتىلغان: قورۇنىڭ كۈنگەيگە قارىتىلغان پېشايۋىنى ئاستىدا ئۇزۇن سۇپا، سۇپىنىڭ يۇقىرىسىدا قاپقىلىق قاتار دېرىزىلەر ۋە گۈللەر چېكىلىپ ياسالغان قوش قاناتلىق ئىشىكلەر تۇراتتى.

**قاپلاتماق** «قاپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆمەرنىڭ قۇرت چۈشۈپ كەمتۈك قىلىپ قويغان چىشىنى ئاتىسى ئۆزىنىڭ ئېشىنغان پۇللىرىنى سەرپ قىلىپ، ئالتۇن بىلەن قاپلىتىپ قويدى.

**قاپلاشتۇرماق** «قاپلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاپلاشماق** ① «قاپلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەتىكى يىغىن تەييارلىقى ئۈچۈن، خىزمەتچىلەر ئۇخلىماي ئىشلىدى، قولمۇقول تۇتۇپ سافا، ئورۇندۇقلارنى يېڭى رەختلەر بىلەن قاپلاشتى. ② تولماق، تىقىلماق، توسۇلماق: ئۇنىڭ يۈرىكى ئورۇشقا باشلىدى، دېمى سىقىلىپ، چاناقلىرىغا ياش قاپلاشتى.

**قاپلاڭغۇ** ئى. دىيال. تۆت ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغان يەر.

**قاپلامىپۈشقۇل** سۈپ. سۆز ـ ھەرىكىتى قامالاشمىغان، لامزەللە: — مېنىڭ بولغىنىم مۇشۇ ئوخشايدۇ، مەن تازا قاپلامپۈشقۇل بىر ئەرگە ياتلىق بوپتىكەنمەن، — دېدى ئاسگۈل خورسىنىپ.

**قاپلان** ئى <زوئول> ← **يىلپىز**.

**قاپلانماق** «قاپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: باغلار چېچەكلەر بىلەن قاپلاندى.

**قاپلىق** سۈپ. قېپى بار، قاپ بېكىتىلگەن، قاپلانغان: قاپلىق سىم.

**قاپلىما** ① سۈپ. بىرەر نەرسىنىڭ سىرتىغا، ئۈستىگە قاپلانغان: ئۇ چاققانراق بولۇش ئۈچۈن، ئاق قاپلىما چاپىنىنىڭ يەڭلىرىنى تۇرۇۋالدى. ② ئى. بىرەر نەرسىنىڭ سىرتىدىن قاپلانغان نەرسە: مەن ماي ئېقىشىنىڭ سەۋەبىنى ئوققا كىيدۇرۇلگەن قاپلىمىنىڭ ئۈستى ماي يۇزىدىن تۆۋەن بولۇپ قالغانلىقىدىن بولغان دېگەن ئويغا كەلدىم.

**قاپلىماق** پ ① ئۈستىنى، سىرتىنى قاپ ياكى باشقا نەرسە بىلەن ئورىماق، يۆگىمەك، تاشلىماق: ياستۇقنى قاپلىماق. * ئۇ كۆلسىلا ئالتۇن بىلەن قاپلىغان بىرنەچچە چىشى كۆرۈنۈپ قالاتتى. ② ئۈستىنى ياكى ھەممە يېرىنى ئورىماق، باسماق: ئاسماننى قارا تۇتەك قاپلىدى. ③ ھەممە يېرىگە تارالماق، ھەممە يېرىنى ئىگىلىمەك: پۈتۈن يېزىنى مېنىڭ توغرامدىكى گەپ ـ سۆزلەر قاپلاپ كەتتى. ④ توسماق، بېكىتمەك؛ ئەتمەك: خالىدىن ئەپەندىم ئىمتىھان قەغىزىنى كۆرەلمەي قالدى، چۈنكى ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ياش پەردىسى قاپلىۋالغانىدى. ⑤ كۆچمە. ئورنىنى تولۇقلىماق: كىرىم چىقىمنى قاپلىيالمىدى.

**قاپلىنىشچان** سۈپ. قاپلىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**قاپلىنىشچانلىق** ئى. قاپلىنىش خۇسۇسىيىتى، دەرىجىسى: پۇل مۇئامىلە كېڭەيمە مەھسۇلاتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، پۇل مۇئامىلە خەۋپىنىڭ قاپلىنىشچانلىقى ئاشتى.

**قاپىيە** ئى [ئە] مىسرالارنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن سۆز ۋە بوغۇملارنىڭ ئاھاڭداش بولۇپ كېلىشى: قاپىيەگە سالماق.

**قاپىيەداش** سۈپ. ئۆز ئارا قاپىيەلىنىدىغان، ئاھاڭداش: شائىر ئۆزى يازغان دراما ۋە ئوپېرانىڭ جۈملىسىنى مۇشۇنداق قاپىيەداش سۆزلەر بىلەن تۈزەپ چىقاتتى.

**قاپىيەداشلىق** ئى. قاپىيەدە ماس كېلىش ھالىتى، ئاھاڭداشلىق: شېئىرنىڭ قاپىيەداشلىقى.

**قاپىيەسىز** سۈپ. قاپىيەسى يوق، قاپىيەلەنمىگەن: قاپىيەسىز ھەم شېئىر ياز، نەزمىدە ئەلا پىكىر، گەپكە كىرمەس

ئېركى دەر: كەت قاپىيە، بار قاپىيە.

**قاپىيەلەشتۈرمەك** «قاپىيەلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاپىيەلەشتۈرۈلمەك** «قاپىيەلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قاپىيەلەشمەك** پ. بىر – بىرىگە قاپىيەداش ھالەتكە كەلمەك، قاپىيەلەنمەك: توق قاپىيەدە قاپىيەلەشكەن سۆزلەرنىڭ تاۋۇش – بوغۇملىرى ئۆز ئارا ماسلاشقان بولىدۇ.

**قاپىيەلەنمەك** پ ← **قاپىيەلەشمەك**: ھەرخىل ژانىردىكى شېئىرلار- نىڭ ئۆزىگە خاس قاپىيەلىنىش ئۇسۇلى بولىدۇ.

**قاپىيەلىك** سۈپ. قاپىيەسى بار، ئۆز ئارا قاپىيەداش، قاپىيە- لەشكەن: قاپىيەلىك سۆزلەر.

**قات** I ① ئى. قەۋەت – قەۋەت ياكى قاتلام – قاتلام نەرسى- لەرنىڭ ھەربىر قەۋىتى، قاتلىمى: كىتابنىڭ قېتى. يەرنىڭ قېتى. ② ئى. قاتار، سەپ، ئارا: ھەمكارلىق گۇرۇپپا ئەزالىرىمۇ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. قېتىمىزدا بىللە ئىلىپ كېتەيلى دېيىشتۇق. ③ ئى. چەت، ياقا تەرەپ، قىرغاق: يولنىڭ ئىككى قېتى. ④ سۈپ. قاتلام، قەۋەتلەرگە بۆلۈنگەن، قەۋەتلىك: قات بۇلۇت. قات گۈل. قات ئۆپكە. ⑤ سۈپ. كۆچمە. كۆپ، زىيادە؛ قەۋەت – قەۋەت: ئۆزۈڭ كەتكىن پات يىگىت، ياشا شۇندا شاد يىگىت. قىينىپ يارنىڭ ۋەسلىگە، بولسۇن بەختىڭ قات يىگىت. ⑥ ئى. ئېشىلگەن ياكى بىرىكتۈرۈلگەن يىپ ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ھەربىر تېلى: ئۈچ قات يىپ. ئىككى قات سىم.

**قات** II مىق. دىيال. مەررە، قېتىم.

**قاتار** I ئى. دامكا تۈرىدىكى بىر خىل ئويۇن. ئادەتتە تاختاي، قەغەز قاتارلىقلارغا تۆت بۇلۇڭلۇق كېسىشكەن سىزىقلار سىزىلىپ، ئىككى كىشى ئۆز ئورۇقلىرىنى مەلۇم يۆنىلىش بويىچە يۆتكەپ يۈرۈش ئارقىلىق ئوينايدۇ: ئۇ بەزىدە قارتا، قاتار دىگەندەك ئويۇنلارنىمۇ ئويناپ قوياتتى.

**قاتار** II ① ئى. ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ يانمۇيان ياكى ئارقىمۇئارقا جايلىشىشىدىن، تىزىلىشىدىن ھاسىل بولغان رەت، سەپ: ئەلەمدار ۋە قەلەمدار بەگلەر قاتار بولۇپ ئۆرە تۇرۇشتى. ② سۈپ. بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تىزىلغان، بىرىنىڭ كەينى- دىن بىرى كېلىدىغان، يانمۇيان، ئارقىمۇئارقا؛ رەتلىك: كارد- دورغا سۈپىتى بىر – بىرىدىن دەرىجىمۇدەرىجە پەرقلىنىدىغان قاتار ئۆيلەر جايلاشقانىدى. ③ مىق. ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ، تىزىلغان ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: ئۈچ قاتار تېرەك. تۆت قاتار ئۆي. ④ ئى <مات> سانلارنىڭ مەلۇم تەرتىپتە تىزىلىشىدىن ھاسىل بولغان رېتى: سانلار قاتارى. ⑤ ئى <مات> سانلار ئارقىمۇئارقىلىقىدىكى ھەرقايسى ئەزالارنىڭ يىغىندىسى. مەسىلەن، $1+\frac{1}{2}+\frac{1}{3}$ سانلار ئارقىمۇئار- قىلىقى ... $1, \frac{1}{2}, \frac{1}{3}, \frac{1}{4}$ نىڭ قاتارى بولىدۇ. ⑥ ئى <خىم> ئۆز ئارا مەلۇم مۇناسىۋەتتە باغلانغان خىمىيەۋى بىرىكمىلەر گۇرۇپپىسى. ⑦ ئى. كۆچمە. بىرەر ئىجتىمائىي گۇرۇپپا، تەشكىلات ۋە شۇ قاتارلىقلارغا مەنسۇپ كىشىلەر توپى، سەپ: قاتارغا ئالماق. قاتارغا قاتماق. * قاتاردىن قالغۇچە خاتادىن قال (ماقال). ⑧ «شۇ» سۆزىدىن كېيىن ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ «شۇنىڭ بىلەن بىرگە»، «شۇنىڭ ئىچىدە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ شۇ قاتاردا ئۆزىنىڭمۇ تېۋىپلىقىنى ئۇقتۇ- رۇپتۇ. ⑨ «بىر» سۆزى بىلەن كېلىپ «بىر يۈرۈش»، «بىر قۇر»، «بىرقانچە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: بىر قاتار مەسىلە. بىر قاتار ئىش.

**قاتاردا يوق** كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن قالغان، ئېتىبارسىز: دۇتار تارىسى ساتاردا يوق، بىلىمسىز كىشى قاتاردا يوق (ماقال).

**قاتارغا قوشماق** تەربىيەلەپ چوڭ قىلماق: رەھىمە بىزنىڭ بىر تال قىزىمىز، بىز ئۇنى مىڭ تەستە ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشتۇق.

**قاتار – قاتار** بىرنەچچە قاتار: مىڭئۆرۈك يېزىسى ئېتىدىنمۇ مەلۇم. يېزىدا مىڭغا يېقىن قاتار – قاتار ئۆرۈكلەر بار ئىدى.

**قاتارلاشتۇرماق** «قاتارلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد- جىسى: تەربىيەچى باللارنى ئىككىدىن قاتارلاشتۇرۇپ يولدىن دىققەت بىلەن ئۆتكۈزدى.

**قاتارلاشماق** پ. قاتارغا تىزىلماق، قاتار بولماق: قاتارلىشىپ ئولتۇرماق.

**قاتارلانماق** «قاتارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قاتارلىق** تىر. باش كېلىشتىكى ئىسىملارغا تىركىلىپ كېلىپ « ...دىن ئىبارەت، ... دىن تەركىب تاپقان، ... گە ئوخشاش» دېگەن مەنىدە: 1) ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن ئېنىقلاز- غۇچىنىڭ مىسالىنى ياكى ۋەكىلىنى كۆرسىتىدۇ: بۇ يىغىنغا بىزنىڭ كافېدرادىن تۇرسۇن قاتارلىق بەش ئوقۇتقۇچى قاتناشتى. 2) بەزىدە ئالماشلىشىپ ئېنىقلانغۇچىغا ۋەكىللىك قىلىپ كېلىدۇ: غۇلجا باش ئىشتابتىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئاپتوموبىلى ئىشتابنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا توختاپ، مايور مۆمىنوپ قاتارلىقلار ئىشتابقا كىرىپ كەتتى.

**قاتارلىماق** پ. قاتار قىلىپ تىزماق، قاتار قىلماق: باققاللار- نىڭ «بەشكېرەمنىڭ ئانىرى» دەپ تۇۋلاشلىرى، ئاشپەزلەرنىڭ مانتا ساناشلىرى ۋە تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى قاتارلاپ ئولتۇرغان ئەر – ئايال ھۆپە- گەرلەرنىڭ ئۆز ماللىرىنى ماختاپ مېھمان قىچقىرىشلىرى بىر سەنئەت ئىدى.

**قاتارلىنىشماق** «قاتارلانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قاتارى** تىر. باش كېلىشتىكى ئىسىملاردىن كېيىن كېلىپ « ...گە ئوخشاش، ... بىلەن بىللە، ... كەبى، ... بىلەن تەڭ» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ: ئەل قاتارى. ئادەم قاتارىدا كۆرمەك.

**قاتارىدا** تىر. باش كېلىشتىكى ئىسىملاردىن كېيىن كېلىپ 1) «...نىڭ تەركىبىدە، ...نىڭ ئىچىدە، ... گە ئوخشاش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: مەن ئەسلىي مەكتەپكە باشقا ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا قوبۇل قىلىنغانىدىم. * باشقا سەپداشلار قاتارىدا سەنمۇ ئۇلارنىڭ چىشىغا خېلى تەگدىڭ. 2) «...نىڭ ئورنىدا، ...گە تەڭ» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: «شەرقتە كۆرگەن – ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن بۇ كىتابنىڭ دەسلەپكى سەرگۈزەشتە- لىرى ئانچە ياخشى بولمىدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى رومان قاتارىدا كۆرۈپ ئوقۇپ، كىتابتا بايان قىلىنغان شەرق ئەھۋالاتلىرىغا ئانچە ئىشەنمىدى.

**قاتاڭشىماق** پ. قېرىپ، قۇرۇپ پورلاشماق؛ قۇرۇپ قالماق: پۇتۇمدا ئۆرە تۇرغۇدەك دەرمان قالماي، ئىككى قەدەم ئارقىغا چېكىنىپ، يول چېتىدىكى قاتاڭشىپ كەتكەن يوغان قارا سۆگەتكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇۋالدىم.

**قاتاڭغۇر** سۈپ. ئورۇق، قاتمال: سەپەرقۇل بۇ ئوتتۇرا بوي، كەڭ غوللۇق، كەكە ساقال قاتاڭغۇر كىشى بىلەن قۇچاقلىشىپ كەتتى.

**قاتاڭغۇرلۇق** ئى. ئورۇقلۇق، قاتماللىق ھالىتى.

**قاتتىق** سۈپ ① ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئۆزىنىڭ شەكلى ۋە ھەجمىنى ساقلىيالايدىغان، سىرتقى كۈچنىڭ تەسىرى بىلەن ئاسانلىقچە ئېزىلمەيدىغان، سۇنمايدىغان، ئوشتۇلمايدىغان؛ مەھكەم، چىڭ: قاتتىق نان. قاتتىق جىسىم. * ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق (ماقال). ② بەدەنگە، سىرتقى ئەزالارغا يۇمشاق ئۇرۇلمايدىغان، يۇمشاق ئەمەس: قاتتىق خېمىر. قاتتىق ياستۇق. * بىر كۈن قاتتىق كارىۋاتتا يېتىپ ھېچنېمىنى تۇيماي ئۇخلاپتىمەن. ③ كۆپ كۈچ، ئەجىر تەلەپ قىلىدىغان، قىيىن، ئېغىر، جاپالىق: قاتتىق ئىش. قاتتىق ئەمگەك. ④ مەھكەم، پىششىق، چىڭ: قاتتىق تۇگۈنچەك. قاتتىق تاسما. // قاتتىق باغلىماق. ⑤ سۈرئىتى، شىددىتى زور؛ كۈچلۈك، شىددەتلىك: قاتتىق بوران. قاتتىق يامغۇر. قاتتىق سوغۇق. قاتتىق زەربە. قاتتىق جەڭ. قاتتىق ئۇرۇش. ⑥ قۇلاققا ئۈنلۈك ئاڭلىنىدىغان، يۇقىرى، ياڭراق: قاتتىق ئاۋاز. * شۇ ئارىدا، ئالدى تەرەپتىكى ئېدىرلىقتىن قاتتىق ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاڭلىنىپ قالدى. ⑦ ئادەتتىكىدىن ئارتۇق دەرىجىدە، ھەددىدىن زىيادە، كۈچلۈك: قاتتىق ئۇيقۇ. قاتتىق ئازاب. قاتتىق ھاياجان. // قاتتىق چۆچۈمەك. قاتتىق شورىماق. قاتتىق ئېچىنماق. قاتتىق قورقماق. قاتتىق چارچىماق. ⑧ جىددىي، شەپقەتسىز: قاتتىق تەنقىد. قاتتىق جازا. // قاتتىق تەنقىدلىمەك. قاتتىق ئاگاھلاندۇرماق. ⑨ قەتئىي رىئايە قىلىش تەلەپ قىلىنىدىغان، ئۆز مەيلىگە يول قويمايدىغان، رەت قىلىپ بولمايدىغان، مۇستەھكەم، بۇزۇلماس: قاتتىق ئىنتىزام. قاتتىق تەرتىپ. قاتتىق تەلەپ. ⑩ ئۆزگەرمەيدىغان، بەرقارار، مۇستەھكەم، قەتئىي: قاتتىق ئىشەنچ. قاتتىق ئىرادە. // ئۇ مۇنداق كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپلۈكىگە قاتتىق ئىشىنىدۇ. ⑪ كىشىگە ئېغىر تۇيۇلىدىغان، كۆڭۈلنى رەنجىتىدىغان، شەپقەتسىز: قاتتىق مۇئامىلە. قاتتىق ئاھانەت. قاتتىق گەپ. ⑫ خەتەرلىك، ئېغىر، جىددىي: قاتتىق كېسەل. // ياسىن بۇ قېتىم قاتتىق ئاغرىغانىدى. ⑬ كۆچمە. بېخىل، پىخسىق: تۇردى ئاكام قاتتىق بىر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەنلەرمۇ سوغۇق سۇيىگە ئېغىز تېگەلمەيدىكەندۇق.

**قاتتىق تاڭلاي** <ئانات> تاڭلاينىڭ ئالدىنقى قىسمى. سۆڭەك بىلەن مۇسكۇلدىن تۈزۈلىدۇ.

**قاتتىق تەگمەك** كۆڭۈلنى رەنجىتىدىغان، ئېغىر تۇيۇلىدىغان يامان گەپلەر بىلەن خاپا قىلماق، رەنجىتمەك، زەربە بەرمەك: زوقى غەلىتە كىشىگە دەرھال قاتتىق تەگدى. * بۇ گەپلەر ئامبالنىڭ ئىززەت ـ نەپسىگە قاتتىق تەگدى.

**قاتتىق تۇتماق** ① ئىختىيارىغا قويۇۋەتمەستىن چىڭ باشقۇرماق: ئۇ خوتۇنىنى قاتتىق تۇتىدۇ. ② بىرەر ئىش ياكى بىرەر ئورۇنغا تەكلىپ قىلىپ تۇرىۋالماق: قاسىم تۇنۇگۈن كەچ تىياتىر كۆرۈشكە قاتتىق تۇتقان بولسىمۇ، ئۆزرە ئېيتىپ قايتىپ كەلدىم.

**قاتتىق سۆڭەك** ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، چېنىققان: قاتتىق سۆڭەك خىسلىتىڭ، يوق قىلچە نۇقسان ـ ئىللىتىڭ، ئەل قەلبىدىن پۈتمەس ئوزۇق ئالغان ئازادلىق ئارمىيەم.

**قاتتىق قول** ① ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەيدىغان؛ تەلەپچان: راست ئەمەسمۇ؟ سەن ئوغۇللارغا نىسبەتەن بەكلا قاتتىق قول. ② رەھىمسىز، شەپقەتسىز: بىز دۈشمەنگە نىسبەتەن قاتتىق قول بولۇشىمىز لازىم.

**قاتتىق كۈن** ئېغىر، مۇشەققەتلىك تۇرمۇش: بالىلىرىڭغا ئاش بېرەلمىسەڭ، دۇنيادا بۇنىڭدىن قاتتىق كۈن بارمۇ؟

**قاتتىقچىلىق** ئى. مۇشكۇلات، ئازاب ـ ئوقۇبەتكە تولغان ئېغىر ئەھۋال، قىيىنچىلىق، ئېغىرچىلىق: بىز شۇ كۈنلەردە ئاشۇ قاتتىقچىلىقلاردىن قاچان قۇتۇلۇشىمىزنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلمەيتتۇق.

**قاتتىق ـ قۇرۇق** ① قۇرۇپ قېتىپ قالغان؛ پارچە ـ پۇرات: رەپقەت ئىشتىن كېيىن قاتتىق ـ قۇرۇق ناننى ھۆزۈرلىنىپ يەپتۇ. ② نازۇنېمەتلەر كەمچىل، غورىگىل: ــ جانابلىرى مۇبارەك قەدەملىرىنى بېسىپ بۇ يەرگە كەلگەن ئىكەنلا، پېقىر قاتتىق ـ قۇرۇقلا ئۈزىتىپ قويۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ. ③ كۆڭۈلگە قاتتىق تېگىدىغان، قوپال، قاتتىق (مۇئامىلە، گەپ ـ سۆز ھەققىدە): ئەمەلىيەتتىمۇ سانىخان توختىنىڭ مۇنداق قاتتىق ـ قۇرۇق گەپلىرىنى كۆتۈرەلمەيتتى. ④ مۇھىم بولمىغان، ئۇششاق ـ چۈششەك، پارچە ـ پۇرات (ئىش، خىزمەت ھەققىدە): ئانىنىڭ قۇربى يەتمەيدىغان نۇرغۇن ئېغىر قاتتىق ـ قۇرۇق ئىشلىرىنى نىجات قىلىپ بېرەتتى.

**قاتتىقلاشتۇرماق** «قاتتىقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كەنت قورۇسىنى قاتتىقلاشتۇرۇش، كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ سىنىپلىرىنى يېڭىلاش يېزا، ناھىيە، ۋىلايەتنىڭ پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن خېلى ئۇزاقتىن بۇيان تاشلىنىپ قالغانىدى.

**قاتتىقلاشماق** پ ① قاتتىق ھالەتكە كەلمەك، قاتتىق بولماق، قاتماق: بۇنىڭدا جىنسىي ئەزا تىل ۋە لەۋ قاتارلىقلاردا جاراھەت پەيدا بولىدۇ ھەمدە كېسەل ئۇچىقىنىڭ ئاستى قىسمى قاتتىقلىشىدۇ. ② ئېغىرلاشماق، قىيىنلاشماق: قىشتا سۇ قۇرۇلۇشىدىكى ئىشلار بارغانسېرى قاتتىقلىشىپ، نۇرغۇن كىشىلەرگە ھارغىنلىق چۈشتى.

**قاتتىقلىق** ئى. رەھىمسىزلىك، بېخىللىق ئادىتى؛ مىجەزى: ياش ۋاقتىدا ياخشىلىق قىلمىغان قېرىغاندا قاتتىقلىق كۆرەر (ماقال). * سىزنىڭ قىلغان مۇنداق قاتتىقلىقىڭىز مېنى ھەقىقەتەن ئامالسىز قالدۇردى.

**قاتتىق ـ يۇمشاق** ① قاتتىق ۋە يۇمشاق: قاتتىق ـ يۇمشاق نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپتۇ. ② كۆچمە. قوپال ۋە سىلىق: ئەكبەرنى خاتالاشتۇرغانمۇ مەنسۇر، ئۇ ياش ۋە ساغلام يىگىتنى قاتتىق ـ يۇمشاق ۋاستىلەر بىلەن ئۆزىگە تارتىۋالغان!

**قاتتىق ـ يىرىك** ① قاتتىق ھەم يىرىك، يۇمشاق ئەمەس: ياخشى ئۇخلىيالمىدىڭىز، ئورنىڭىز قاتتىق ـ يىرىك بولۇپ قالدىمۇ دەيمەن. ② قوپال ۋە يېقىمسىز: نىزامغا باشلىقنىڭ قاتتىق ـ يىرىك گەپلىرى ھەممىدىن بەك ئېغىر كەلگەنىدى. ③ ئېغىر ۋە جاپالىق: قاتتىق ـ يىرىك ئىشلاردا پىشىپ ئۇستىخىنى قاتقان قادىر ئۆزىدە تاغنى تالقان قىلىدىغان كۈچ ـ مادارنىڭ جۇش ئۇرۇپ تۇرغانلىقىنى سېزەتتى.

**قاتراتماق** «قاترىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: باشلىق بىلەن ئوخشاشلا تورۇق قاشقا ئاتقا مىنگەن ۋە ئوخشاش جابدۇنغان يەنە بىر قوغدىغۇچىمۇ ئېتىنى تەڭ قاترىتىپ ئۇنىڭ قۇيرۇقىدىن قالماي باراتتى.

**قاتراشماق** «قاترىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھازىر خەلقنى ئالداپ ئۆزلىرىگە رام قىلىش ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپكە قاترىشىۋاتىدۇ.

**قاتراڭ** سۈپ. قېتىپ كەتكەن: ئۇلار ئولتۇرغان مەپە لەڭگەر

كوچىسىدىكى قاتراڭ يولدا سىلكىنىپ كېتىپ باراتتى.

**قاتراڭغۇ** سۈپ. ئورۇق، قاتمال: ئابدۇغېنى قاتراڭغۇ قوللىرى بىلەن توختامنامىنى ئامبۇردەك قىسقان پېتى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، گاچ ـ گاچ دەسسەپ چىقىپ كەتتى.

**قاتراڭغۇلۇق** ئى. ئورۇق، قاتمال ھالەت، قاتماللىق.

**قاترىماق** پ ① ئادەتتىكىدىن ئىتتىكرەك، يۈگۈرگەندىن ئاستاراق ھالەتتە ماڭماق؛ سوكۇلدىماق: مەن ماشىنىنىڭ كەينىدىن قاتراپ «بۇتخانا» ئالدىغىچە كەلدىم. ② قاتنىماق، بېرىپ ـ كېلىپ يۈرمەك: ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا كەسپىي ئۇنۋان بېرىش ئۇقتۇ-رۇشى كەلگەندىن كېيىنلا، مەنمۇ كەچلىرى كۇتۇپخانىغا قاتراشقا مەجبۇر بولدۇم.

**قات ـ قات** ① بىرنەچچە قات، قاتمۇقات: دەردى يوق دەمسەن مېنى، دەردىم ئىچىمدە بىر تولۇم. شامەخسۇت زامانىدا، قات ـ قات كەلدى بۇ زۇلۇم. ② <يېيم> ئۇن، قوي يېغى، سۈت، ئىرىس، شېكەر، ھەسەل، تۇخۇم، سودا قاتارلىقلارنى سېلىپ، خېمىرنى سۇيۇق قىلىپ يۇغۇرۇپ، بىر نەچچە قات (كۆپىنچە ئۈچ قات) ھالەتتە دۇخوپكىدا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل يېمەكلىك.

**قاتقۇزماق** «قاتماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: باشلىق كەلگۈچە مەن ئاتنى ھارۋىغا قاتقۇزۇپ تەخ قىلىپ قويدۇم.

**قات ـ قېتى** ئۈستىدىكى قاتلامدىن تارتىپ ئەڭ ئاستىنقى قاتلىمىغىچە بولغان ھەممە قېتى، پۈتۈن جايى: يۈرىكىنىڭ قات ـ قېتىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان ئاچچىق ياشلىرى ئۇنىڭ كىر بولۇپ كەتكەن كۆڭلىكىنى يۇماقتا ئىدى.

**قاتقىلاق** ئى. تۇپراقنىڭ ئورگانىك ماددىلار كەم بولۇش تۈپەيلىدىن تۈزۈلۈشى ناچارلىشىپ، سۇغارغاندىن ياكى يامغۇر ياغقاندىن كېيىن ئۈستى قىسمى قېتىۋېلىپ، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە ماس كەلمەسلىكى.

**قاتكۆك** ئى [قات + كۆك] ← **كاللەكبەسەي**.

**قاتلاتماق** «قاتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن بېرىپ قەغەزلەرنى چىرايلىق قاتلىتىپ قوياي، سىز ئەتە بېرىپ ساناپ ئېلىپ كېتىڭ.

**قاتلاشماق** ① «قاتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار لوزۇنكىلىرىنى قاتلىشىپ قايتىشقا تەييارلانغانىدى. ② پۈرلەشمەك، قات ھاسىل بولماق: ئۇنىڭ بېشىنىڭ سوقچىقىمۇ يوقاپ كەتكەن بولۇپ، ئېگىز گۆشلىرى ساڭگىلاپ، يۈتاز يدەك قاتلىشىپ قالغانىدى. ③ قايرىلىپ پۈكلەنمەك، پۈكلىنىپ قالماق: دۈمبىسىدىكى يۈكنىڭ ئېغىرلىقىدىن بولسا كېرەك، تىزى قاتلىشىپ، لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

**قاتلاق** ① سۈپ. قاتلانغان ھالەتتىكى، قاتلانغان: قاتلاق يوتقا. ② ئى. نەرسىلەرنىڭ قاتلانغان جايى: بوۋاي بايراقنى قاتلىقىدىن چۇشۇرۇۋاتقاندا، سول تەرەپتىكى قومۇشلۇق چىغىر يولدىن ئەپكەش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان جامال ئۇنى كۆرۈپ قالدى.

**قاتلاقلىق** سۈپ. قاتلىقى بار، قاتلانغان، قاتلاپ قويۇلغان: ئەمەت ئىشكاپتىكى تۆت قاتلاقلىق خەرىتىنى ئالدى ۋە شىرە ئۈستىگە يېيىپ ئاچتى. // يەنە بىر چەتتە گېزىت ۋە ژۇرناللار رېتى بىلەن قاتلاقلىق تۇراتتى.

**قاتلام** ئى ① مەلۇم قېلىنلىقتىكى ياكى قات ـ قات ھالەتتىكى نەرسىلەرنىڭ ھەربىر قەۋىتى، قېتى: ئاتموسفېرا قاتلىمى. مۇز قاتلىمى. ② <گېئول> تەركىبى ئاساسەن بىر خىل بولغان چۆكۈندىلەردىن ئىبارەت تاغ جىنسلىرى قەۋىتى: ھاك قاتلىمى. كۆمۈر قاتلىمى. شېغىل قاتلىمى. ③ كۆچمە. كىشىلەرنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيەت ۋە بەلگىلىرىگە ئاساسەن بۆلەشكەن گۇرۇپپىسى، توپى؛ تەبىقە: زىيالىيلار قاتلىمى. ④ كۆچمە. تەۋەلىك مۇناسىۋىتى جەھەتتىن بۆلۈنگەن ھەر دەرىجە: ئاساسىي قاتلام. * مەكتىپىمىزدىكى ئوتتۇرا قاتلام رەھبەرلىك قاتلىمىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ئاخىرقى باسقۇچقا قەدەم قويدى.

**قاتلام ـ قاتلام** بىرقانچە قاتلامدىن ئىبارەت بولغان، قاتلاملىرى ئۈستمۇئۈست ئورۇنلاشقان: كىمنىڭ كۆچى يەتسە، قانچە ئېلىۋەرسىمۇ ھېچكىم ئىستەك ـ سوراق قىلمايدىغان بۇ ھەممەتلىك بايلىق قازغاندا خۇددى قاتلام ـ قاتلام تاغ جىنسلىرىغا ئوخشاش يوتقاندەك، پالاستەك كۆمەل بولۇپ قومۇرۇلۇپ چىقاتتى.

**قاتلاملاشماق** پ. قاتلام ھالىتىگە كەلمەك، بىرنەچچە قاتلام بولماق، قاتلاملارغا بۆلۈنمەك: دەرۋەقە، بىرەر ئەدەبىي مەتبۇئاتنىڭ ئاپتور تەربىيەلەش، ئوقۇرمەن تەربىيەلەش، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنىنى زورايتىش قاتارلىق قاتلاملاشقان ۋەزىپىلىرى بولىدۇ.

**قاتلاملىق** سۈپ. قاتلاملىرى بار، قاتلاملارغا بۆلۈنگەن: قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ مەمۇرىي تۈزۈمى ئەينى چاغدىكى كۆپ قاتلاملىق ۋە كۆپ شەكىللىك ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ئۇيغۇنلىشىش ئېھتىياجى بىلەن تىكلەنگەن.

**قاتلاممۇقاتلام** قاتلاملار بويىچە، ھەممە قاتلاملاردا: بۇ چارە قاتلاممۇقاتلام مۇزاكىرە قىلىنىپ، يېزا ـ كەنت كادىرلىرىنىڭ ۋە كەڭ ئاممىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

**قاتلانما** ① سۈپ. قاتلانغان، قاتلىنىدىغان: قاتلانما ئورۇندۇق. قاتلانما باغاقچە. ② ئى. بىرەر شەيئى، ۋاقىت، ۋەقە ـ ھادىسە قاتارلىقلارنىڭ قايتا تەكرارلانغان كۆرۈنۈشى، نامايەندىسى: ئىستىخىيە قاتارلىقلارنى ھازىرنىڭ تەجرىبە يەكۈنلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، بىر قەدەر مۇقىم زامان قاتلانمىسى قىلىپ، بىرىنچى باھار بىلەن ئىككىنچى باھاردىكى خىلداشلىقلارنى سېلىشتۇرۇپ، زىل خاسلىقلارنى ئېنىقلاش كېرەك.

**قاتلانماق** ① «قاتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ تىترەۋاتقان قولى بىلەن يانچۇقىدىن قاتلانغان ياغلىقىنى ئالدى. ② پۈكۈلمەك، پۈكلەنمەك؛ پۈرۈلمەك، قورۇلماق: قادىرنىڭ بويۇن گۆشلىرى ئۆكۈزنىڭكىدەك قاتلىنىپ تۇرغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭغا «بۇقا» دەپ لەقەم قويۇشقانىدى. ③ ھەسسىلەنمەك، ھەسسە كۆپەيمەك: ھەش ـ پەش دېمەستە بالىنىڭ يېشى ئۈچ قاتلاندى.

**قاتلىشاڭغۇ** سۈپ. قاتلىشىپ تۇرىدىغان، قاتلاشقاندەك كۆرۈنىدىغان: ئۇنىڭ قاتلىشاڭغۇ، سولغۇن قاپاقلىرى يېپىۋالغان ياشاڭغۇ كۆزلىرىدىن ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى غۇۋا چاقناپ تۇراتتى.

**قاتلىق** سۈپ. قېتى بار، قاتلانغان.

**قاتلىما** ① سۈپ. قاتلىنىدىغان، قاتلىغىلى بولىدىغان: قاتلىما كارىۋات. قاتلىما ئورۇندۇق. قاتلىما ئۈستەل. ② سۈپ. قاتلانغان، قاتلىنىپ پۈرۈلگەن: تەر ئۇنىڭ گۆشلۈك مەڭزىدىن قاتلىما ئېڭىكىگە ئېقىپ چۈشۈۋاتاتتى. ③ ئى. خېمىرنى نېپىز ئېچىپ، ئۈستىگە ياغ سۈرتۈپ، ئاندىن ئۇنى قەۋەتمۇقەۋەت قاتلىغاندىن كېيىن نېپىزرەك ئېچىپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل تەملىك نان: ئەپەندىم بازاردىن كېلىپ خوتۇنىغا: ـــ خوتۇن، ئەتە ئۆيگە مېھمان كېلىدىغان بولدى، ئوخشىتىپ قاتلىما ياققىن، ـــ دەپ بۇيرۇپتۇ.

**قاتلىماق** پ ① قەغەز، رەخت ۋە شۇ قاتارلىق نېپىز يۇپقا

نەرسىلەرنى پۈكلەپ قەۋەتلىمەك: ئۇ تاغارلارنى قائىدە بويىچە قاتلاپ، تۆمۈر كوزۇپنىڭ ئىچىگە ئىرغىتىپ تاشلىدى. ② ھەسسىلىمەك، ھەسسىلەپ ئاشۇرماق، ئارتتۇرماق: بىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىمىزنىڭ ئومۇمىي كۆرەش نىشانى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش شەرتى ئاستىدا، مەملىكەت بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 2000 ـ يىلىغا بارغۇچە ئىككى قاتلاشتىن ئىبارەت. ③ قىسقارتماق: ئۇندا ئىشچىلار كىشىلەر دادىل ئالغا ئاتلايدۇ، يىللىق ئىشنى ـ سۈرئەتنى ھەپتە، ئايغا قاتلايدۇ. ④ كۆچمە. ياپماق، يېپىپ قويماق؛ تاشلىماق، بولدى قىلماق: ئۆمۈر زىخلاشتى دەپ ھەرگىز ئوقۇشنى قويمىغىن قاتلاپ، ياشانغاندا بىلمەك يارىشار ھېچ نەرسە يوق ئى يار.

**قاتما** I ① سۈپ. قاتقان: قاتما كۆل جىنس. ② سۈپ. كۆچمە. ئېتى قاچقان، ئورۇق: ئۇ چېكە چاچلىرىغا ئاق كىرگەن، 50 ياشلار چامىسىدىكى قارىمۇتۇق، قاتما كەلگەن ئادەم ئىدى. ③ ئى <گېئول> قەدىمكى ھايۋانات قالدۇقلىرى، يادىكارلىقلار ياكى ئىزلارنىڭ يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ قېلىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان تاشقا ئوخشاش نەرسىلىرى.

**قاتما** II ئى <تىب> ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل. بۇنىڭدا دەسلەپ يۈز مۇسكۇللىرى ئىسپازمىلىنىش، چىش كىرىشىش، يادەك غادىيىپ قېلىش، ئاخىرىدا پۈتۈن بەدەن مۇسكۇللىرى تارتىشىش، نەپەس قىيىنلىشىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. ئېغىر بولغانلىرى ئۆلۈپمۇ كېتىدۇ.

**قاتماق** I پ ① قاتتىق ھالەتكە كەلمەك، قاتتىق بولماق؛ سۈيۈق ياكى يۇمشاق ھالىتىنى يوقىتىپ قاتتىقلاشماق: شوپۇر بىلەن مەن زەي شېغىل ئۈستىدە قېتىپ كەتكەن بىرىېنىتنى يېپىنچا قىلىپ ياتتۇق. ② كۆچمە. سوغۇقتىن مۇزلاپ ئۇيۇشۇپ كەتمەك، توڭۇپ كەتمەك، توڭلىماق: — پۇتلىرىم قېتىپ كەتتى، ئازراق ماڭايلى، توڭلاپ ئۆلمەيلى يەنە ! — دېدى ئۇ ئولتۇرغانلارغا يالۋۇرۇپ. ③ كۆچمە. قورقۇش ياكى ھەيران بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەردىن جىمجىت تۇرۇپ قالماق، بىر ئىزدا شۇكلا توختاپ قالماق: ئۇ «پىچاقنى تاشلا، قولۇڭنى كۆتۈر!» دېگەن ئاۋازلارنى ئاڭلاپ قورققىنىدىن قېتىپلا قالدى. ④ ئېگىلىشچانلىقنى، ئەۋرىشىملىكنى يوقاتماق: ئۆز ئورنۇمغا بېرىپ تاش چېقىشقا باشلىدىم. سائەت ئون بولغان مەزگىللەردىلا بەللىرىمنىڭ قېتىپ قالغانلىقىنى سەزدىم. ⑤ كۆچمە. چېنىقىپ پىشماق، مۇستەھكەملەنمەك، مەزمۇتلاشماق: سۆڭىكى قاتماق. * مۇسكۇللىرىڭ ئەينى گاڭ، تاشتەك مەھكەم قېتىپتۇ. بارلىق مەيدان ئەھلىمۇ، سېنى ماختاپ كېتىپتۇ. ⑥ كۆچمە. تېلىقماق: مەن ئۇلارغا ئەھۋالنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بەرگەندىم، ئۇلار كۈلۈپ قېتىپ قېلىشتى. ⑦ كۆچمە. بىر ئىزدا، بىر سەۋىيەدە ياكى مەلۇم بىر چەكتە ئالغا باسماي تۇرۇپ قالماق: ئۇ ھەممىگە قېتىپ قالغان كۆزقاراش بويىچە قارايدۇ. ⑧ ئىشلىمەي، پىكىر قىلالماي قالماق ؛ سەزگۈرلۈكىنى، ئۆتكۈرلۈكىنى يوقاتماق (باش ھەققىدە): بېشىڭ قاتسا تامغا ئۇس (ماقال). ⑨ كۆچمە. ناھايىتى ئېسىل ياسانماق، پۈزۈر ياسىنىپ ئۆزىنى چوڭ كۆرسەتمەك : شۇنداق سىز باي، شۇڭا قېتىپ يۈرىسىز، بىراق سىزنى مۇنداق قېتىپ يۈرۈشكە سازاۋەر قىلغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىز ـ دە، بىچارە... ⑩ كۆچمە. غەرق بولماق، ھېچنېمىنى سېزەلمەيدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالماق (ئۇخلاش ھەققىدە): غەملەرگە پېتىپ قاپتۇ، ئۇخلاپ قېتىپ قاپتۇ.

**قاتماق** II پ ① قوشماق، بىرلەشتۈرمەك ياكى ئارىلاشتۇرماق: ئىسپىرتقا سۇ قاتماق. ② كۆچمە. قىستۇرماق، ئارىلاشتۇرماق، قوشماق (گەپ ـ سۆز ھەققىدە): — سىز ئۆزىڭىز، — ئۇ ئەترەت باشلىقىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ئۇن قاتتى، — بىر ئوبدان كىچىك ئاخۇننىڭ ئىسمىنى «لەقۋا»غا ئۆزگەرتىپ قويغان سىز ئۆزىڭىز... ③ كۆچمە. توقۇماق؛ ئۆزى ئىجاد قىلىپ ئوقۇماق، تۈزمەك (قوشاق، نەزمە قاتارلىقلار ھەققىدە): ئىككى كۈندىن كېيىن راجى بالىنىڭ قەھرىمانلىق بىلەن قۇربان بولغانلىقى تاغقا ئاڭلاندى. كىمدۇر بىرى دەرھاللا ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن قوشاق قاتتى. ④ ئات، ئېشەك قاتارلىق ئەمگەك ھايۋانلىرىنى هارۋا، قوش قاتارلىق ئەمگەك قوراللىرىغا تەرتىپ بويىچە كىرگۈزۈپ، قائىدىلىك جايلاشتۇرماق، ئورۇنلاشتۇرماق، قوشماق: — ئەخمەتجان ! — دەپ توۋلىدى قىز، — دەرھال ئۆيگە بېرىپ دادامغا ئېيتە، ئېشەك ھارۋىسىنى قېتىپ كەلسۇن.

**قاتمال** سۈپ ① قېتىپ قالغان، قوپاللىشىپ قالغان، جۇدەڭ: ئۇنىڭ قورۇق قاپلىغان قاتمال يۈزىنى غەمكىنلىك، ۋۇجۇدىنى كەم ئۇچرايدىغان بىر خىل غەشلىك قاپلىۋالغانىدى. ② كۆچمە. بىر ئىزدا توختاپ قالغان؛ ئۆزگەرمەس، ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان، جاھىل: ھازىر بوۋاملارنىڭ دەۋرى ئۆتۈپ كەتتى. سەنزە ئاكامنى بوۋامنىڭ شۇ قاتمال قاراشلىرىنىڭ قۇربانى بول دېمەكچىمۇ؟

**قاتماللاشتۇرماق** «قاتماللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر ئوبدان داۋاملىشىۋاتقان سۆھبەتنى يېڭىدىن كەلگەن ھېلىقى ۋەكىل بىردىنلا قاتماللاشتۇرۇپ قويدى.

**قاتماللاشتۇرۇلماق** «قاتماللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ كۆتۈرۈپ چىققان تارىخ پاكىتلىرى تىزىملىكى بىلەن قاتماللاشتۇرۇلغان مۇردا تارىخ بولماستىن، ئاپتورنىڭ تەسەۋۋۇرىدا جانلاندۇرۇلغان، قىسمەت، ئىبرەت، ھېكمەت، ئىستەكلەر كۆكرەك قازىنىدا تاۋلاش جەريانىدا ئىجاد قىلىنغان، زامان چەكلىرى شېئىرىي كەڭلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان چۆچەكلەر ئارقىلىق يورۇتۇلغان.

**قاتماللاشماق** پ. قاتمال ھالەتكە كەلمەك، قاتمال بولماق: بىرەر پارتىيە، بىرەر دۆلەت ياكى بىرەر مىللەت ھەممە ئىشتا كىتابتىكىگىلا ئاساسلىنىپ، ئىدىيە جەھەتتە قاتماللىشىپ قالسا، ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ، ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىدۇ.

**قاتماللىق** ئى. قاتمال ھالەت، قېتىپ قالغانلىق: ئاۋۋال كاللىدىكى قاتماللىقنى، ئاندىن ھاياتتىكى قاتماللىقنى بۇزۇش زۆرۈر.

**قاتمۇقات** ① قەۋەت ـ قەۋەت، قاتلاممۇقاتلام: سۇ سۈزۈك، گۈل گۈزەل، تاغلار قاتمۇقات، ھاياتلىق مەنبەسى بولغاچقا تۇپراق. ② كۆچمە. ناھايىتى كۆپ، ئىنتايىن جىق، ئارتۇق: ئىش كۆپ، ئادەم كۆچىمىز ئاز بولغاچقا، قىيىنچىلىقىمىزمۇ قاتمۇقات ئىدى.

**قاتناتماق** «قاتنىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىككى يىلدىن بېرى نەچچە بىچارىنى تىنماي قاتنىتىپ ئاۋارە قىلغىنى يەتمەمدۇ؟

**قاتناش** ئى ① يۆلۈك ۋە يولۇچى توشۇش ئىشلىرى؛ تىرانسپورت: قاتناش قوراللىرى. قاتناش بىخەتەرلىكى. قاتناش قائىدىسى. قاتناش ساقچىسى. ② كۆچمە. تىرانسپورت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياكى ئۇنى باشقۇرىدىغان ئورۇن، تارماق: —

ھېلىقى جۇۋاينىمەكنى مەن ئوبدان بىلىمەن. ئىسمى مەردان، لەقىمى «جەرەن»، شەھەرلىك قاتناشتا شوپۇر. ھەممىلا ئادەمنىڭ جىنىغا تەگكىنى تەگكەن، — دېدى ھەجەر.

**قاتناش- ترانسپورت** قاتناش ۋە ترانسپورت: قاتناش - ترانسپورت ۋە پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرى تەڭشەش داۋامىدا مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

**قاتناشتۇرماق** ① «قاتناشماق I » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئۆزىگە چىن دىلىدىن خىزمەت قىلىۋاتقان ياش ئايالىنى ئوقۇتتى، خىزمەتكە قاتناشتۇردى. ② ئېيتماق، بەرمەك، بايان قىلماق: ئۇلار بۇ توغرىدا بولۇنغان مۇھاكىمىلەرگە پىكىر قاتناشتۇرۇپ ئۇزۇن پاراڭلاشتى.

**قاتناشتۇرۇشماق** «قاتناشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قاتناشتۇرۇلماق** «قاتناشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ كۇرسلارغا بىر يىل ئىچىدە 2840 تىن كۆپرەك پارتىيە ئەزاسى قاتناشتۇرۇلدى.

**قاتناشچى** ئى. قاتناشقۇچى: قۇرۇلتاينىڭ قاتناشچىلىرى — ھەربىر ئىلىك خانلار پايتەخت قەشقەرگە توپلىنىشقا باشلىدى.

**قاتناشقۇچى** ئى. ئىشتىراك قىلغۇچى، داخىل بولغۇچى (يىغىن، سۆھبەت، زىياپەت قاتارلىقلارغا): يىغىنغا قاتناشقۇچىلار ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىنى چوڭقۇر ئويلاپ ئولتۇراتتى.

**قاتناشقۇچىلىق** ئى. ئىشتىراك قىلىش، داخىل بولۇش: ئەنئەنىۋى دۆلەتلەرنىڭ يەر شارى ئىقتىسادىدىكى ئەھمىيەتلىك ۋە قاتناشقۇچىلىق رولى تۇراقسىز، ھەتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغان پائالىيەت بىرلىكىگە ئايلىنىپ قالدى.

**قاتناشماق** I پ. ئىشتىراك قىلماق، قەدەم تەشرىپ قىلماق؛ كىرمەك، قوشۇلماق: سۇپىتاي بىلەن مىجىت كۈندۈزدىكى تويغا قاتنىشالمىغان بولسىمۇ، كەچكى ئولتۇرۇشقا قاتناشتى.

**قاتناشماق** II «قاتنىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھازىر ئۇلار ئۆز گۇناھىنى يوقىتا چىقىرىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە قاتنىشىپ، ئۆزلىرىگە پاناھ بولىدىغانلارنى ئىزدەۋاتىدۇ.

**قاتنىماق** پ. تەكرار بېرىپ - كەلمەك، يۈرۈپ تۇرماق، ئۇ يان - بۇ يانغا ئۆتمەك؛ ماڭماق؛ ئۇچماق: ئۈرۈمچى بىلەن بېيجىڭ ئوتتۇرىسىدا ئايروپىلان قاتناپ تۇرىدۇ.

**قاتۇرما** ئى. كېيىمنىڭ سۇپەتلىك ۋە كۆركەم كۆرۈنۈشى ئۈچۈن ئىككى مۇرىگە قويۇلىدىغان ھەمدە پاختا، سارۇچكا قاتارلىقلاردىن ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە تەييارلىنىدىغان بىر خىل بۇيۇم: — ئۆزگىرىش چوڭ، ئىشلار ئالدىراش، يوقلاپ كېلەلمىدىم، — دېدى جۇمە مۇرىسىگە قاتۇرما قويۇلغان زەڭگەر دىكا چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىپ.

**قاتۇرماق** ① «قاتماق I » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەتىگەن - كەچتە قار ئۇچقۇنلىرى بىلەن ئاقۇچ تۇمانغا ئايلانغان شۇۋىرغان ھەممە يەرنى ساپالدەك قاتۇرۇۋېتەتتى. ② تىكلىمەك، ئورناتماق؛ توختاتماق: بىز تاش بىلەن قەبرە قاتۇرۇپ، ئۈستىگە قىزىل لاتا بىلەن كىچىك بايراقچە قادىدۇق.

**قاتۇرۇشماق** «قاتۇرماق I » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بەزىدە كېچە - كېچىلەپ خەمتىنىڭ ئۆيىدە خىمىيە پېنى ئۈستىدە، ماددىلارنىڭ تەركىبى، تۈزۈلۈشى، بىرخىل ماددىنىڭ ئىككىنچى بىرخىل ماددىغا ئايلىنىش قانۇنىيەتلىرى قاتارلىقلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇشاتتى.

**قاتۇرۇلماق** «قاتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سەككىز تۇتۇن گۆرىستانلىقىدا ئۇنىڭغا مەخسۇس سېمونت قەبرە قاتۇرۇلدى.

**قاتىرىغا** رەۋ ① بىر - بىرلەپ، بىر قاتار قىلىپ، يانمۇيان: ئۆينىڭ تۆت تېمىغا داھىيلارنىڭ سۈرەتلىرى قاتىرىغا چاپلانغانىدى. ② كەينى - كەينىدىن، بىرلا ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇزۇلمەي، بىرخىل ھەرىكەت بىلەن: تاماقتىن كېيىن تاماشا سارىيىدا ئويۇن كۆرسىتىلدى. بىرلەشكەن ساز، قوشما غەزەللەر، يالغۇز ۋە قوشما ئۇسسۇللار توختىماي قاتىرىغا داۋام قىلدى.

**قاتىل** ئى [ئە] ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى: ئۆزۈمنى ياخشى كۆرگەن ئاق كۆڭۈل قىزنى بوغۇپ ئۆلتۈرگەن قاتىل مەن ئۆزۈم! ...

**قاتىلاڭ** سۈپ. جىددىي، ئالدىراش، جىددىيلىكنى تەلەپ قىلىدىغان: بۇ كۈنلەر قاتىلاڭ چاغلار تۇرسا، قانداق ئادەم تېلېفون قېشىدا ئولتۇرىدۇ؟

**قاتىلاڭچىلىق** ئى. جىددىي، قاتىلاڭ ھالەت، ئالدىراشچىلىق: قاتىلاڭچىلىقتا چاچ - ساقىلىنى ئالدۇرۇشقا ئۈلگۈرمىگەن بۇ ئادەم مەنسۇرنىڭ خىيالىدا رىۋايەتلەردىكى خىزىرنى ئەسلىتەتتى.

**قاتىللىق** ① ئى. ئادەم ئۆلتۈرۈش قىلمىشى: شاھ ئالدىدا سىرنىڭ تەكتىنى، ئەينى پېتى ئەيلەپتۇ بايان. قاتىللىقنىڭ چىگىش تۈگۈنى، شاھ كۆڭلىدە بولۇپتۇ ئايان. ② سۈپ. ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن تەييارلانغان ياكى شۇ مەقسەتتە ياسالغان: قاتىللىق قىلىچىنى چىقىرىپ ياندىن، قەستلىدى ۋەتەننى قانغا بوياشقا، بولۇشتى بۇزماقچى گۈل بېغىمىزنى، زۇلمەت ھۇۋقۇشنى چىللاپ بۇياققا.

**قاچا** ① ئى. غىزا، تاماق ئۇسۇلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى، كۆپىنچە چىنىنى كۆرسىتىدۇ: ئالتۇن بېشىڭ ئامان بولسا، ئالتۇن قاچىدا سۇ ئىچەرسەن (ماقال). ② ئى. نەرسىلەرنى قاچىلاپ، ئېلىپ قويغىلى بولىدىغان ئىچى بوش نەرسە: ئۇلار ئەمدى پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي، ئۆز - ئۆزىگە ئۆكۈنۈشۈپ ھەسرەت چەكمەكتە ئىدى. ③ ئى. تىكىش ماشىنىسىنىڭ بىر ئۇچى بوي ئوقىنىڭ بىر دولىسىغا، بىر ئۇچى چىش ئارقىلىق سۈرۈش ئوقىغا تۇتىشىپ رەختنى ماڭدۇرۇپ بېرىدىغان سايمىنى. ④ مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: قارنى ئېچىپ ھالى قالمىغان ھۇرۇنلار پۇل چىقىرىشىپ بىر نان، بىر قاچا قېتىق سېتىۋاپتۇ.

**قاچار** ئى. دىيال . مەڭز، يۈز.

**قاچاق** ① سۈپ. قاچقان، قېچىپ يۈرگەن: قاچاق ئەسكەر. ② ئى. قاچقۇن: ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ: — مەن ۋاپاسىزلىق قىلىپ قويغان بىر قاچاق ئىدىم، جانابلىرىنىڭ ئىلتىپاتى سايىسىدە ياشاپ قالدىم، — دېدى.

**قاچاقلىق** ئى. قېچىپ يۈرگەن يەردىكى، شارائىتتىكى ھايات؛ قېچىش، قېچىپ يۈرۈش: ئۇنىڭ 20 يىللىق ئۆمرى قاچاقلىقتا ئۆتتى.

**قاچا- قومۇچ** ← **قاچا- قۇچا:** ئەرلەر سۆھبەتكە، رابىيەم ھەردەكەتكە چۈشتى. ئۇ قاچا - قومۇچلارنى جايلاپ بولغاندىن كېيىن لېگەندە لىق ئۈزۈم كۆتۈرۈپ كىردى.

**قاچا- قۇچا** قاچا ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر: ئۇ مەكتەپتىن كېلىپلا ئالدىراپ - تېنەپ تاماق ئېتىپ، قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ياكى تاپشۇرۇق تەكشۈرۈشكە ياكى كىتاب ئوقۇشقا باشلايتتى.

**قاچان** ئال ① قايسى ۋاقىتتا، قايسى چاغدا: — سىلەر قاچان دېسەڭلەر شۇ چاغدا توي بولسۇن، — دېدى ئۇ. ② جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىپ «ناھايىتى ئۇزاق بولدى، كۆپ ۋاقىت بولدى» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: مەن كەلگىلى قاچان، سىز مانا ئەمدى كېلىپسىز.

**قاچانقى** ئال. قايسى ۋاقىتتىكى، قايسى چاغدىكى: — قاچانقى گەپنى قىلىسىز، — دېدى ھېلىقى كىشى سېمىز قورساقىا ھومىيىپ.

**قاچانلىققا** ئال. قانداق ۋاقىتتا، قانداق چاغدا، قاچان: قاچان-لىققا بارساڭ بارىۋەرگىن، مەن دائىم ئۆيدە تۇرىمەن.

**قاچانلىكى** ئال. قايسى چاغدا، قايسى ۋاقىتتا، قاچان: ئۇنىڭ-غا قاچانلىكى قارىسىڭىز، ئەنە شۇنداق ياسىنىپ، گىدىيىپ يۈرىدۇ.

**قاچانكى** ئال ← **قاچانلىكى**: سەن قاچانكى مەن قويغان يەردىن تاشنى ئېلىپ كەمبەغەلنىڭ كۆزىگە ئېتىپ قويۇۋەتسەڭ، مېنىڭ ساڭا گېپىم يوق.

**قاچ - قاچ** بىرەر ئەندىشە ياكى ۋەھىمە سەۋەبىدىن بىرەر جايدىكى ئاھالىنىڭ تەرەپ-تەرەپكە قېچىش ھادىسىسى، قېچىش ۋەقەسى: قاچ - قاچ بولغان ئاخشىمى ھېچكىم سۇ ئېلىۋې-لىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىدى.

**قاچقاق** سۈپ. قاچىدىغان، قېچىپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن؛ قېچىشقا ماھىر: سىز بىر قاچقاق، نېرى - بېرى ماڭا تىل ئۇچىدا بىرنېمە يازغاندەك بولۇپ قاچتىڭىز.

**قاچقاقلىق** ئى. قېچىپ يۈرىدىغان مىجەز، خۇي: قاچقاقلىق ئۇنىڭ ئادىتى ئىدى.

**قاچقۇن** ئى ① جازا ياكى جازا ئورنىدىن، تۇتقۇنلۇقتىن قېچىپ، يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن كىشى؛ قاچاق: يوشۇرۇن پوست ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەت ھوقۇقىغا بىنائەن قاچقۇنلارغا ئاپتوماتتىن ئوت ئاچتى. ② <ھەرب> ئۆز مەيلىچە قىسىمدىن ئايرىلغان ياكى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قاچقان ئەسكەر: ياق، مەن ئۇ تەرەپكە بارمايمەن، مەن قاچقۇنمەن. // بۇ شايكىغا قاچقۇن ئەسكەرلەر ۋە كونا ساقچىلارمۇ كېلىپ قوشۇلدى. ③ ئۆز بۇرچىنى، زىممىسىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنى بېجىرىشتىن باش تارتىپ ياكى بىرەر ۋەھىمىدىن قورقۇپ قاچقان كىشى: ئۇنىڭ يەككە - يېگانە ئوغلى قاچقۇن - خائىن بولۇپ چىقتى.

**قاچقۇنلۇق** ئى. يوشۇرۇنۇش، قېچىپ يۈرۈش ھالىتى: ئەمدى ئۇققانسەن، ئاكا، مەن قاچقۇنلۇقتا يۈرگەن بىر ئادەم. تەقدىر مېنى يەنە نېمە كويلارغا سالىدۇ، بىلمەيمەن.

**قاچماق** پ ① خەۋپ - خەتەردىن، ۋەھىمىدىن ساقلىنىش ياكى ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش، قۇتۇلۇش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ ئۇلاردىن يىراقلاشماق، باشقا يىراق بىرەر تەرەپكە ماڭماق: ئىچ مايماقنى ئېلىپ قاچ، تاش مايماقنى تاشلاپ قاچ (ماقال). ② ئۆزىنى چەتكە ئالماق، يىراقلاشماق: ياخشىغا ياندىش، ياماندىن قاچ (ماقال). * ئىماملىقتىن قاچ، مەزىنلىكنى تالاش (ماقال). ③ تۈرمە، سولاق قاتارلىقلاردىن بىلدۈرمەي، يوشۇرۇنچە قۇتۇلۇپ چىقماق: بۇ كىشى تۈرمىدىن قاچقان كىشىگە ئوخشاپ تۇراتتى. ④ يىراقلاشماق؛ نېرى كەتمەك: مەركەزدىن قېچىش كۈچى. * تام سەل قېچىپ قاپتۇ، تىرەك قويۇپ قويۇڭلار. ⑤ مۇناسىۋەتنى ئۈزمەك، ئاجرالماق، ئۆزىنى تارتماق: ئۇ بارغانسېرى بىزدىن قېچىۋاتىدۇ. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى مەنمۇ بىلمەي قالدىم. ⑥ مەسئۇلىيەت ياكى شۇ قاتار-لىقلارنى تەرك ئەتمەك، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتماق، ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆزىنى چەتكە ئالماق: — بۇ جاۋابكارلىقتىن قېچىش، — دېدى قاسىم يەر ئاستىدىن باشلىققا قاراپ غۇدۇراپ. ⑦ يوقالماق، يوق بولماق، كەتمەك؛ كېمەيمەك، ئازايماق، دەرىجە جەھەتتە تۆۋەن-لىمەك: تاۋى قاچماق. بەرىكىتى قاچماق. * ئاچچىق كەلگەندە ئەقىل قاچىدۇ (ماقال). * ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ (ماقال).

**قاچۇرماق** «قاچماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سەلىمە ئەكبەر يېتىپ كەلگەندە ھېچنېمە دېمەي ئۆزىنى قاچۇراتتى.

**قاچۇرۇشماق** «قاچۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — تېخى مەندىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇشۇپ كېتىشىپتۇ، ئۇنداق مايماقلار-غا مەن بىر چاپلىشىۋالىدىغاندەك! — دېدى ئۇ ۋە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

**قاچۇرۇلماق** «قاچۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىر قۇرۇق ھەيۋە بىلەن دۈشمەن لەشكەرلىرى قاچۇرۇلۇپ، بۇ كەنت پارتىزانلار تەرىپىدىن كونترول قىلىندى.

**قاچىلاتماق** «قاچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرى-جىسى: ئۇ خىزمەتكارلىرىغا ئاشلىقنى قاچىلىتىپ تەخ قىلىپ قويدى.

**قاچىلاشماق** «قاچىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئورما كېلىشى بىلەنلا قەرزلىرىنى تۆلەپ، ئاشقان ئاشلىقنى كات ساندۇققا قاچىلاشتى.

**قاچىلانماق** «قاچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — ۋوي دادىسى، نېمە قىلغانلىرى بۇ؟ — دېدى ئۇ قولىدىكى سۈت قاچىلانغان كۇرۇشكىنى دېرىزىگە قويۇۋېتىپ.

**قاچىلىماق** پ. بىرەر نەرسىنىڭ ئىچىگە جايلاشتۇرماق، سالماق، يۈكلىمەك، باسماق؛ تولدۇرماق: ئەتىسى چۈشلۈك دەم ئېلىشتا مەن يوغان بىر سومكىغا لىق قەنت - ناۋات قاچىلىدىم - دە، ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم.

**قادا** ئى. دىيال. قاردا مۇز قىرىندىسى بىلەن قېتىقنى شىرنىگە ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدىغان بىرخىل ئىچىملىك.

**قاداتماق** «قادىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — چاپىنىڭغا تۈگمە قادىتىۋالساڭ بولمامدۇ؟ — دېدى مۇئەللىم ئۇنى تەنقىدلىگەن تەلەپپۇزدا.

**قاداشماق** «قادىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ئۈچ - تۆت قاداقچى ھەدەپ چىنە - قاچىلارنى قادىشىۋاتاتتى.

**قاداق** I ① مىق. ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى. مىقدارى 0.454 كىلوگىرامغا تەڭ كېلىدۇ: بىر قاداق گۆش. ئۈچ قاداق ماي. ② ئى. قاداقلاپ ئۆلچەيدىغان تارازا.

**قاداق** II ئى. نەرسىلەرنىڭ ئۇزاق ۋاقىت سۈركىلىشى بىلەن تېرىدىكى مۈڭگۈز قەۋىتىنىڭ ئېششى نەتىجىسىدە پۇت ۋە قول ئالىقانلىرى ياكى پۇت بارماقلىرى يۈزىدە پەيدا بولى-دىغان قاتتىق ھالەتتىكى ئۇششاق قاپارتقۇ. باسقاندا ئازراق ئاغرىتىدۇ: قاداق باسماق. // ھارۋىكەش ئەلەم بىلەن مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى - دە، يوغان قاداق ئالىقانلىرىدا ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى.

**قاداق** III ئى. سۇنغان فارفور بۇيۇملىرىنى ياماش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل مىخ. ئادەتتە مىس ياكى تۆمۈردىن ياپىلاق ھەم ئەگمەچ، ئىككى ئۇچى ئۇچلۇق قىلىپ ياسىلىدۇ: قاداق سالماق. * سۇنغان ئەينەكنى قاداتقان بىلەن قاداق تۇتمايدۇ، ئەمدى مېنى تولا خاپا قىلمىسىلا.

**قاداق** IV ئى. ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسىلىپ باش كىيىمگە تاقىۋېلىنىدىغان بىر خىل زىننەت بۇيۇمى: ئالتۇن قاداق. قاداق دوپپا.

**قاداقتاش** ئى [قاداق + تاش] ① نەرسىلەرنىڭ ئېغىرلىقىنى قاداق بىلەن ئۆلچەشتە قاداقنىڭ پەللىسىگە قويۇلىدىغان تاش. ھەر خىل ئۆلچەمدە بولىدۇ. ② <تەن> ئېغىرلىق كۆتۈرۈش تىكى قوشۇمچە مەشىق ئەسۋابى. ئادەتتە نەشپۈت شەكىللىك تۆمۈرگە يېرىم ھالقا شەكىللىك تۇتقۇچ ئورنىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ، ئېغىرلىق ئۆلچىمى ھەر خىل بولىدۇ.

**قاداقچى** ئى. سۇنغان فارفۇر بۇيۇملىرىنى قاداشنى كەسىپ قىلغان كىشى: بىر دەمنىڭ ئارىلىقىدىلا بۇ ھويلا خۇددى بىر كىچىك بازارغا ئايلىنىپ كەتتى. باللار، ئانىلار، قىز ۋە چوكانلار قاداقچىنى ئورىۋالغانىدى.

**قاداقچىلىق** ئى. سۇنغان فارفۇر بۇيۇملارنى قاداش، ياماش ئىشى، كەسپى: قاداقچىلىق قىلماق.

**قاداقلاشماق** پ. قاداق ھالەتكە كەلمەك، قاداق — قاداق بولۇپ كەتمەك: قاداقلىشىپ كەتكەن چويۇندەك ئېغىر بارماقلار بالىنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى.

**قاداقلىق** I سۈپ. مەلۇم قاداق ئېغىرلىقتىكى، مەلۇم قاداق كېلىدىغان: بۇ توپلار قەشقەردە قۇيۇلغان، ئاغزىدىن ئوقلىنىدىغان بىرونزا توپلار ئىكەن، بىرىگە 18 قاداقلىق، يەنە بىرىگە 12 قاداقلىق ئوق چۈشىدىكەن.

**قاداقلىق** II سۈپ. قادىقى بار، قاداق چۈشكەن، قاداق باسقان: باغلاردا، ئورمانلاردا دەل — دەرەخلەر، سۇ يۈگۈرۈپ بىخ سۈرۈپ — تۇ غۇدۇر — بۇدۇر. قاداقلىق قوللىرىدا سىيپاپ ئۇنى، كۆلىدۇ بوۋام راسا قىلىپ ھۇزۇر.

**قاداقلىق** III سۈپ. قادالغان، قاداپ قويۇلغان: قاداقلىق چىنە.

**قاداقلىق** IV سۈپ. قاداپ قويۇلغان، ئورنىتىلغان: پارتىزانلارنىڭ ھەممىسى ئۇچىغا نەيزە قاداقلىق مىلتىقلار بىلەن قوراللانغانىدى. // ئۇنىڭ مەيدىسىدە قۇرۇلتاينىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان قىزىل پەتتە تېخىچە قاداقلىق تۇراتتى.

**قاداڭ** سۈپ. دىيال. قاتمال؛ ئۇدۇر — بۇدۇر، قوپال.

**قاداڭشماق** پ. دىيال. قاتماللاشماق، قوپاللاشماق.

**قادالماق** «قادىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تىكەن بولۇپ پۇتقا كىرگۈچە، چىمەن بولۇپ باشقا قادال (ماقال).

**قادۇرغۇچ** ئى. قاۋاننىڭ ئاستىنقى ئېڭىكىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۆتكۈر چىشى، يارىدىغان پىچىقى.

**قادىر** [ئە] ① سۈپ. قۇربى، قۇدرىتى، كۈچى يېتىدىغان: قادىر بولماق. * بۇ كىشى ماشايىخ — مالائىكىلەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىشقا قادىر ئىكەن! ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**قادىغاللىماق** پ. دىيال. دېۋەيلىمەك، ھۆرپىيىپ، دېۋەيلەپ كەلمەك.

**قادىلىشماق** «قادالماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆزۈمگە قادىلىشىپ تۇراتتى، ئەمما مېنىڭ ئۇلارغا بىرنىمە دېگۈم كەلمىدى — دە، ئاستا ئارقامغا ياندىم.

**قادىماق** پ ① سانجىماق، تىقماق؛ سالماق: پىدائىيلار تۆمۈر چېلەرگە نەيزە ياسىتىپ، ئۇنى چەنزىلەرنىڭ ئۇچىغا قادىۋېلىشقانىدى. ② تىرىمەك، تاقىماق، تىركىمەك: «نامازشام خىزىرى» بىلەن چېقىر كۆز تەڭلا ۋاقىتتا تاپانچىلىرىنى بۇ يوچۇن ئادەمنىڭ مەيدىسىگە قادىدى. ③ تىكلەپ ئورناتماق، تىك قىلىپ جايلاشتۇرماق، تىكلىمەك: ئۇلار سېپىل ئۈستىدىكى جەڭدە قۇربان بولغانلارنىڭ قەبرىلىرىگە تۈنۈگۈن كەچتە قاداپ قويۇلغان خاتىرە تاختايلىرىنى كۆردى. ④ چاپلاپ، مىخلاپ، تىكىپ ياكى باغلاپ ئورناتماق، چاپلىماق، تاقىماق: بالىنىڭ قىشلىق كىيىملىرى پۈتتى، تۈگمىلىرىنى قاداپ بەرسەكلا بولىدۇ. ⑤ تىكمەك، ئۇدۇللىماق، توغرىلىماق (كۆز ھەققىدە): ئۇ لېۋىنى چىڭ چىشلەپ، كۆزىنى ماڭا نەشتەردەك قادىدى. ⑥ سۇنغان فارفۇر بۇيۇملارنى قاداق مىخ بىلەن ياساماق، قاداق سالماق: ئاۋۇت قاداقچى بىر چىنىمىزنى قاداپ بەردى.

**قار** ئى ① <مېتېئور> ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 0℃ تىن تۆۋەن بولغاندا، ھاۋا قاتلىمىدىكى سۇ پارىنىڭ قېتىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىپ، ھاۋا بوشلۇقىدىن چۈشىدىغان ئاق رەڭلىك كىرىستال. كۆپىنچە ئالتە قىرلىق بولىدۇ: قار ياغماق. قار ئۇچقۇندىماق. ② يەر يۈزىنى قاپلىغان شۇ خىل كىرىستال قاتلىمى: قار تېيىلىش تەنھەرىكىتى. قار كۆچكۈنى.

**قار كۆچكۈنى** <مېتېئور> ئېگىز تاغ ئۈستىدىكى زور قار پارچىلىرىنىڭ يىمىرىلىپ چۈشۈش ھادىسىسى: — «قار كۆچكۈنى» دېگەن رومانىنى قار كۆچۈش ئاپىتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، بېشىمدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن يازغانىدىم، — دېدى مەدەنىيەتقۇل ئاكا مۇخبىرنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ.

**قارا** I ئى ① ئوق ئاتقاندا چەنلىنىدىغان نەرسە، نىشان: قارىغا ئالماق. قارىغا ئاتماق. ② ئوق ئېتىشنى مەشىق قىلغاندا چەنلىنىدىغان قارا تاختا. يۈزىدە رەت تەرتىپى سىرتىدىن ئىچىگە قارىتا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئون دانە مەركەزداش چەمبەر بولۇپ، ھەربىر چەمبەر بىردىن نومۇرغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. 10 — چەمبەر ئۇنىڭ ئەڭ مەركىزىگە جايلاشقان. ئاتقاندا ئوق 10 — چەمبەرگە تەگسە، دەل تەگكەن بولىدۇ.

**قارا** II ① سۈپ. كۆمۈر ياكى قازان كۈيىسى رەڭگىدىكى، «ئاق»نىڭ ئەكسى: قارا چاچ. قارا قازان. قارا تاش. ② ئى. كۆچمە. تۆھمەت، بوھتان، بەتنام: قارا چاپلىماق. ③ ئى. كۆچمە. كۆلەڭگە، سىيما، سايە؛ چىراي — شەكىل: قارىسى كۆرۈنمەك. * ھاياتىمدا بالا قارىسى كۆرمىگەنلىكىم ئۈچۈن، كۆز ئالدىمدىكى سۆيۈملۈك پەرزەنتىمنى ياخشى كۆتۈۋالغۇم كەلدى. ④ سۈپ. كۆچمە. زۇلمەتلىك، ئازاب — ئوقۇبەتلىك، مۇشەققەتلىك، ئېغىر قىيىنچىلىقلاردا ئۆتكەن: ئۇ نېمە قىلىشنى — خورلانغان، ھاقارەتلەنگەن قىزىنى قايسى يوسۇندا بەزلەشنى، بۇ قارا كۈنلەرنى قانداق قىلىپ ئۆتكۈزۈشنى بىلمەيتتى. ⑤ سۈپ. كۆچمە. بەختسىز، تەتۈر، شور، ئوڭ كەلمىگەن: قارا پېشانە. قارا تەقدىر. ⑥ سۈپ. كۆچمە. ياۋۇز، ۋەھشىي؛ ئادالەتسىز: قارا كۈچ. قارا سىياسەت. ⑦ سۈپ. كۆچمە. ھېچنېمىسى، ئۇرۇق — تۇغقان ياكى مال — ئوقىتى يوق: قارا يېتىم. ⑧ ئى. كۆچمە. كۆزنىڭ قارىچۇق قىسمى: ئەي يۈرىكىمنىڭ پارىسى، ئىككى كۆزۈمنىڭ قارىسى، سېنىڭ ئىشىڭ كۆڭلۈمنى مۇھەببەت قارمىقىغا ئىلىۋالدى. ⑨ ئى. كۆچمە. قازان قاتارلىقلارنىڭ ئاستىنقى يۈزىدە ئوت كۆيگەن چاغدا پەيدا بولىدىغان قارا رەڭلىك پاراشوكسىمان نەرسە؛ كۈيە: ئۇ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆگزىگە چىقىپ، بىر پارچە ئەينەككە قازان قارىسى سۈركەپ قۇياشقا قارىدى. ⑩ ئى. كۆچمە. ياغاچچىلىقتا قارا بويالغان

ئىنچىكە يىپ بىلەن ياغاچنىڭ يۈزىگە چېكىپ چىقىرىلغان سىزىق، ئىز: ئۇستىسىنىڭ سىزلىرى ئاڭا ياقمىدى، شۇڭلاشقىمۇ ياغاچنىڭ قارىسىنى ئۆنتۈپ رەندە سالىۋەردى. ⑪ ئى. كۆچمە. گۇمان، شەك، داغ: كۆڭۈللەرئارا قالمىسۇن قارا، سىناشقا يارا ھەقنى مىزان قىل! ⑫ ئى. كۆچمە. ئۆلۈم ـ مۇسىبەت ئىشلىرىدا مۇسىبەت ئىگىلىرى ئۆز قايغۇلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كىيىۋالىدىغان، قارا رەختلەردىن تىكىلگەن قارىلىق كىيىم؛ قارا لاتا: بىلىكىگە قارا باغلىماق. ⑬ ئى. كۆچمە. توغرا بولمىغان، خاتا، ناھەق ئىش ـ ھەرىكەت: ــــ ئەمدى چوڭ بولۇپ قالدىڭىز، ئاق بىلەن قارىنى پەرق ئېتىپ ئىش قىلىڭ، ــــ دېدى ئۇ قىزىنى ئەيىبلەپ. ⑭ ئى. كۆچمە. ئۆلۈم ـ مۇسىبەت مەزگىلىدىكى قايغۇ ـ ماتەم؛ قازا تاپقان كىشىگە تۇتۇلغان قايغۇ ـ ماتەم مەزگىلى: قارىسىنى سۇندۇرماق. ⑮ ئى. كۆچمە. شاھمات تاختىسىدىكى قارا بويالغان كاتەكچە: ــــ ھەي، نېمە قىلىۋاتىسەن، ئاقتا تۇرغان ئات يەنە ئاققا چۈشەمدۇ؟ تۈز ماڭمامسەن، ئاقتىكى ئات قارىغا چۈشىدۇ جۇمۇ! ــــ دېدى ئۇ باتۇرغا ھومىيىپ. ⑯ ئى. كۆچمە. شاھمات ئويۇنىدىكى قارا رەڭلىك ئۇرۇقچىلار: ــــ قارىنى ئالامسەن ئاقنىمۇ؟ ــــ دېدى ئۇ مەندىن سوراپ.

**قارا** Ⅲسۈپ. چوڭ، كاتتا؛ ئۇلۇغ: قارا ماشىنا، قاراخانىيلار سۇلالىسى.

**قارا باسماق** ① ئۇخلاۋېتىپ قورقۇنچلۇق چۈش كۆرمەك: تۈرەم چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، ئۇنى قارا باسقانىدى. ② پالاكەتكە يولۇقماق؛ نەس باسماق، قىلغان ـ ئەتكىنى ئەپلەشمەي قالماق: ــــ ھېلىقى سېۋەت باش، تەمبۇر پاچاق شەيتان قاچان مۇشۇ ئۆيدە ئاپىرىدە بولدى، تۈرەمنىمۇ شۇنىڭدىن باشلاپ قارا باستى، ــــ دېدى مارىخان ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تۇرۇپ، ــــ ئۆيىمىزنىڭمۇ بەرىكىتى ئۇچتى.

**قارا تىزىملىك** زىيانكەشلىك قىلىش مەقسىتىدە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ، ئادالەت تەرەپدارلىرىنىڭ رويخېتى: قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن ئىنقىلابچىلارنىڭ، ئادالەت تەرەپدارلىرىنىڭ رويخېتى: قارا تىزىملىكتىكى كىشىلەر.

**قارا سانىماق** يامان غەرەزدە بولماق، ساداقەتسىزلىك قىلماق: ئىسمائىل رەۋەندىمۇ ئىش ھەققىنى ئوبدان بېرەتتى، مەسۇممۇ ئۇنىڭغا قارا سانىمايتتى.

**قارا قورساق** بىلىمسىز، ساۋاتسىز، نادان: ئۇ قانخور جاللات ئەسلىدە ئېلىپبەنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان قارا قورساق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنى سىياسىي ـ لاتاپەتلىك ۋە تالانتلىق كۆرسىتىشكە ئامراق ئىكەن.

**قارا قول** ① جىنايەت سادىر قىلغان ياكى سادىر قىلىش غەرىزىدە تۇرغان ئادەم؛ دۈشمەننىڭ قولى؛ زوراۋانلىق، ياۋۇزلۇق قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ۋاستە: مېنىڭچە، بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدە چوقۇم يامان ئادەملەرنىڭ قارا قولى بار. ② كۆچمە. جىنايەتچى، خەلق مەنپەئەتى، ھەققانىيەت، ئەركىنلىككە دۈشمەن بولغۇچى: ئادىل ياۋاشلىق بىلەن جىنايەتنى تونۇپ، پەردە ئارقىسىدىكى قارا قولنى ئىقرار قىلىپ تاپشۇرمىسا، ئىت بېشىنى يانجىپ تاشلايمىز.

**قارا نوپۇس** ئىسمى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ نوپۇس خاتىرىسىگە يېزىلمىغان، نوپۇس ئىسپاتى بېرىلمىگەن كىشى: ــــ ئەمدى تۇغىسىڭىز، بالىڭىز قارا نوپۇس بولىدۇ جۇمۇ، دىققەت قىلىڭ، ــــ دېدى ئۇ كۈلۈپ.

**قارىغا كەتمەك** ناھەق ئەيىبلەنمەك، تۆھمەت قىلىنماق: مەن بۇ يىگىتنىڭ «ئوغرى» بولۇپ قالغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن، ئۇ چوقۇم قارىغا كەتتى.

**قارىسىنى ئۈشتۈماق** قارىلىق تۇتقانلار چىگكەن، باغلىغان ئېقىنى يېشىپ مۇسىبەتنى ئاخىرلاشتۇرماق: ــــ ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ ئاداش، ھەسرەت چېكىۋەرمە، بۈگۈن قاراڭنى ئۈشتۈيلى، ــــ دېدى ئۇ.

**قاراتما** سۈپ. بىركىمگە قارىتىلغان، بىركىمگە ئىشارەت ياكى چاقىرىق بولىدىغان: قاراتما سۆز.

**قاراتماق** ① «قارىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سىز «خاڭچى ناخشىسى»نى ياڭراتتىڭىز، زاۋۇتتىن خامانغىچە ئاڭلاتتىڭىز. ئەل ئۈچۈن تەر ئاققۇزۇپ كۆمۈر قازغان ـ خاڭچىغا بىزنى ھەيران قاراتتىڭىز. ② توغرىلىماق، ئۇدۇللىماق، نىشانلىماق: تىلىۋالدى غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ، دۈشمەن ئەسكىرىگە ئاپتوماتنىڭ ئۈچىنى قاراتتى. ③ كۆچمە. قوللانماق، يۈرگۈزمەك: چەتكە قاراتقان سىياسەت.

**قاراتمىلىق** ئى. بىۋاسىتە ھالدا مەلۇم تەرەپنى مەركىزىي نىشان قىلىش ئالاھىدىلىكى، خۇسۇسىيىتى؛ مەركەزلىك، نىشانلىق، ئېنىق بىر نۇقتىغا قارىتىلىش: قاراتمىلىقى بار.

**قاراچاي** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار رۇسىيەنىڭ قاراچاي ـ چېركەس ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۈپكى ئاھالىسى، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدۇ، سىلاۋيان يېزىقىنى قوللىنىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىيلەر مەزھىپىگە مەنسۇپ، ياۋروپا ئىرقىنىڭ كاۋكاز تىپىغا كىرىدۇ. 2008 ـ يىلىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 220 مىڭ بولۇپ، ئۇنىڭ 192 مىڭى رۇسىيەدە ياشايدۇ. قالغىنى باشقا جۇمھۇرىيەتلەردە تارقاق ھالەتتە ياشايدۇ.

**قاراچايچە** ① سۈپ، قاراچاي تىلى ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: قاراچايچە كىيىم. قاراچايچە ئۇسسۇل. قاراچايچە ئادەت. ② ئى. قاراچاي تىلى: ئۇ قاراچايچىنى ياخشى بىلىدۇ. ③ دەۋ. قاراچاي تىلىنى ئىشلىتىپ، قاراچاي تىلىدا: قاراچايچە سۆزلىمەك.

**قاراخان** ئى [قارا + خان] <تارىخ> «بۈيۈك، قۇدرەتلىك خان» دېگەن مەنىدە بولۇپ، مىلادىيە 927 ــــ 1212 ـ يىللىرى ئۆتكەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**قاراخانىيلار** ئى <تارىخ> قاراخانىيلار سۇلالىسى.

**قاراخانىيلار خانلىقى** <تارىخ> ← **قاراخانىيلار سۇلالىسى.**

**قاراخانىيلار سۇلالىسى** <تارىخ> مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر قۇرغان ھاكىمىيەت. ئاساسچىسى سۇلتان ئابدۇلكەرىم سۇتۇق بۇغراخان. تازا گۈللەنگەن مەزگىللىرىدە ئۇنىڭ تېررىتورىيەسى ھازىرقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمى، ئىلى ـ مىڭلاق ۋادىسى ۋە بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى، چۇ دەرياسى ۋادىسى، ئىسسىقكۆل ئەتراپى، شۇنىڭدەك ماۋەرائۇننەھرنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. يازلىق پايتەختى قەشقەر، قىشلىق پايتەختى بالاساغۇن بولغان.

**قارار** [ئە] ① ئى بىرەر ئىش ياكى مەسىلە ھەققىدە قوبۇل قىلىنغان خۇلاسە؛ ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم تېپىلغان قەتئىي

پىكىر، ئەھدە، نىيەت، توختام ۋە ئۇلارنىڭ تېكىستى: بىر قارارغا كەلمەك. قارار قىلماق. * يېڭى ئەر – خوتۇن ئىككىسى شۇ قارارغا كېلىپ تۇرۇشقا قازىنىڭ ئادىمى كېلىپ ئىشىكنى قېقىپتۇ. ② ئى. تاقەت، چىدام؛ تىنچلىق، ئاسايىشلىق، ئارام: قارارنى يوقاتماق. قارارى ئۇچماق. ③ ئى. تۇرار جاي، توختايدىغان جاي؛ مەنزىل: يىراق بولسا، يېقىن بولسا، قارارىم يوقتۇر. مەن يارىمنى كۆرۈۋالسام، ئارمانىم يوقتۇر. ④ مىق. قېتىم، نۆۋەت: مەكتەپتە 64 قارار قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئېچىلىپ، 2544 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئۆگىنىشكە قاتناشتى.

**قارارسىز** سۈپ ① قارار قىلىنمىغان، قارار چىقىرىلمىغان: بۇنداق قارارسىز ئىشنى ئۆز بېشىمچىلا قىلسام بولمايدۇ دەپ ئويلايتتىم. ② بەلگىلىك ۋاقتى يوق، ۋاقىتسىز: ياخشى يەرنى تېپىپ ئۇ، ئۇخلىماقتا قارارسىز.

**قارارسىزلانماق** پ. ئارامىنى، تىنچلىقىنى يوقاتقان؛ بىقارار، بىتاقەت بولماق: مەلىكە بۇدۇر يىگىتكە بىر مەرتىۋە قاراپ مىڭ مەرتىۋە «ئاھ!» ئۇرۇپتۇ. يۈرىكى قىنىغا سىغماي ئويناپ كېتىپتۇ. دىلى قارارسىزلىنىپ، پۇت – قوللىرى بوشىشىپتۇ.

**قارارسىزلىق** ئى. قارارسىز ھالەت: قامەتلىك ۋە قاپاقلىرى سېلىنغان ساقچىلار جىم تۇرۇشاتتى، ئۇلاردىن قانداقتۇر قارارسىزلىق سېزىلەتتى.

**قارارگاھ** ئى [ئە + پ] تۇرار جاي، قونالغۇ: ئۇ ئەتىگەندە يولغا چىقىپ، كەچ كىرگەندە قارارگاھقا يېتىپ باردى.

**قارارلاشتۇرماق** «قارارلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: باتىرغازى بىلەن ئىسھاق قېچىش ئورنىنى ئەلۋەتتە مۇشۇ پەنجىرە بولىدۇ دەپ قارارلاشتۇردى.

**قارارلاشتۇرۇشماق** «قارارلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قارارلاشتۇرۇلماق** «قارارلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قارارلاشماق** ① «قارارلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۇ ئىشنى ئەنە شۇنداق قارارلىشىپ تېز تارقاشتى. ② مۇقىملاشماق، قارار تاپماق: ئەلھال ئۇلۇغ ئىشلىرىمىز قارارلاشتى.

**قارارلىق** سۈپ. بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان؛ قېتىملىق؛ قەرەللىك، مەزگىللىك: كېيىن ئۇ يەنە ئوبلاست بويىچە ئېچىلغان ئىككى قارارلىق كۇرسقا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۆزى دەرس ئۆتۈپ تايانچىلارنى تەربىيەلىدى.

**قارارلىماق** پ. كۆڭۈلگە پۈكمەك، نىشانلىماق: ئۇلار ئالدىن قارارلاپ قويغان بەندىگە كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

**قاراس** تەق. ياغاچقا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ سۇنۇشى، يېرىلىشىدىن چىقىدىغان ئاۋاز: سىرتتا قاراس قىلغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

**قاراسسىدە** رەۋ. «قاراس» قىلغان ھالدا، «قاراس» قىلىپ: ئۆينىڭ لىمى قاراسسىدە سۇنۇپ كەتتى.

**قاراس - قۇرۇس** «قاراس» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: دەل شۇ چاغدا قاراس – قۇرۇس قىلىپ موما سۇندى – دە، مۆمىن مومىنىڭ ئۇچىنى قۇچاقلاپ، بايراق بىلەن گۇرسىدە يەرگە چۈشتى.

**قاراسلاتماق** «قاراسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: چىمچىقلىتىپ كۆزىنى ھەر تەرەپكە قارار ئىكەن. قاراسلىتىپ، چىشىدا، ياۋا ياڭاق چاقار ئىكەن.

**قاراسلاشماق** «قاراسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قاراسلىماق** پ. «قاراس» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «قاراس» قىلماق: شاخلار تېخىمۇ ھەيۋەتلىك قاراسلايتتى، نېمىلەردۇر دەھشەتلىك ھۇۋلايتتى.

**قاراش** ئى. شەيئىلەرگە بولغان تونۇش، چۈشەنچە، نۇقتىئىنەزەر: كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، ماتېرىيالىستىك قاراش.

**قاراشتۇرماق** پ. قاراپ چىقماق؛ كۆرۈپ، ئاختۇرۇپ چىقماق، تەكشۈرمەك: يار ئالغان ئېغىز بويىدىن تېخى بايىلا يېنىپ كەلگەن تۇراخۇن نىياز قۇربانىنىڭ قولىدىن خالتىنى ئېلىپ بىر قۇر قاراشتۇردى.

**قاراشتۇرۇشماق** «قاراشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قاراشتۇرۇلماق** «قاراشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قاراشلىق** سۈپ ① بىرەر تەشكىلات، ئورگان قاتارلىقلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان، ئۇنىڭغا قارايدىغان، تەۋە بولغان، بويسۇنىدىغان؛ باشقۇرۇشىدىكى، رەھبەرلىكىدىكى: مەركەزگە بىۋاستە قاراشلىق شەھەر. ② بىر كىمگە تېگىشلىك، خاس، ئۇنىڭ قولىدا، ئىختىيارىدا بولغان، ئۇنىڭغا تېگىشلىك، تەئەللۇق، ئۇنىڭغا قارايدىغان: بۇ تۆمۈر خەلپىنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق مېھمانخانىسى ئىدى. ③ باغلىق، ئۇ بولمىسا بولمايدىغان، موھتاج: بىزنىڭ ئىستىقبالىمىز مۇشۇ قېتىمقى ياردىمىڭلەرگە قاراشلىق بولۇپ قالدى.

**قاراشماق** ① «قارىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەممە ئادەم دېگۈدەك كوچىغا چىقىپ قومۇش باسقان ھارۋا – ماشىنىلارغا زوق بىلەن قاراشتى. ② باشقىلارنىڭ ئىشىنى قىلىشىپ بەرمەك، ياردەملەشمەك: دادام ئۆلگەندىن كېيىن بىر قېرى ئايال تۇغقىنىمىز كېلىپ، بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇپ، بىزگە قاراشتى.

**قاراغان** ئى <بوت> تىكەنلىك، سېرىق چېچەكلەيدىغان، يوپۇرمىقى سوزۇنچاق، بىر مېتىر ئەتراپىدا ئۆسىدىغان چاتقال تىپىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈك.

**قاراق** ئى. كۆزنىڭ قارىچۇقى: ئۇ قوشۇمىسىنى تازا تۈرگەندە، كۆزنىڭ قارىقى بۇرنىنىڭ ئۇچىغا توغرىلىنىپ، ئىككى توچكىغا ئوخشاپ قالاتتى.

**قاراقالپاق** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئۆزبېكىستان تەركىبىدىكى قاراقالپاق ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدە ياشايدۇ.

**قاراقالپاقچە** ① سۈپ. قاراقالپاق خەلقىگە، ئۇنىڭ يېزىقى، تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: قاراقالپاقچە ئادەت. قاراقالپاقچە ئۇسسۇل. قاراقالپاقچە كىيىم. ② ئى. قاراقالپاق تىلى ۋە يېزىقى: قاراقالپاقچىنى ئۆگەنمەك. قاراقالپاقچىنى بىلمەك.

**قاراقچى** ئى. يول توسۇپ باشقىلارنىڭ پۇل – ماللىرىنى بۇلايدىغان قوراللىق ئوغرى، بۇلاڭچى، باسمىچى: ئوغرىنى قاراقچى ئۇرۇپتۇ (ماقال).

**قاراقچىلىق** ئى. يول توسۇپ باشقىلارنىڭ پۇل – ماللىرىنى بۇلاش ئىشى؛ قاراقچىلارغا خاس قىلىق: قاراقچىلىق قىلماق.

**قاراقسىز** رەۋ ① پەرۋىش قىلىنماي، قارالماي قالغان ھالەتتە، پەرۋىشسىز، تاشلانغان ھالەتتە، تاشلاندۇق ھالەتتە: ئۇ قاراقسىز قېلىپ قۇرۇشقا باشلىغان باغنى قايتىدىن كۆكەرتىپ، مول ھوسۇللۇق باغقا ئايلاندۇردى. ② قارايدىغان، ھالىدىن خەۋەر ئالىـ-

دىغان كىشىسى بولمىغان ھالدا؛ ئىگە ـ چاقىسىز ھالەتتە: «بېشىنى پىت باسماق» دېگىنىمىز «ئىگە ـ چاقىسىز قېلىپ، غېرىبلاشماق؛ قاراقسىز قالماق» دېگەن مەنىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

**قاراقلىق** سۈپ ① قارايدىغان، قارىتىلغان، توغرىلانغان: كۈن چىقىشقا قاراقلىق دېرىزە تۈۋىگە قويۇلغان قوش كىشىلىك ياغاچ كارىۋات ئۆينىڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەنىدى. ② قاراۋاتقان، قاراپ تۇرغان: تاجىنىساخان موماي تورۇسقا قاراپ ئۇھ تارتىپ ياتاتتى. گۈلەندەم بىلەن دىلبەر ئۇنىڭ بېشىدا قاراقلىق ئىدى. ③ تەۋە، ئىلكىدە: يۇرتتىن نېرى بارمايمەن، جان دۈشمەنگە قاراقلىق. زالىملارنىڭ زۇلمىدا، تولا كىشى قاماقلىق.

**قارا ـ قويۇق** ئاق ـ قارىسىنى، ياخشى ـ يامىنىنى ئايرىماي؛ ھەممىگە بىراقلا، پەرقلەندۈرمەي، پۈتۈنلەي، ئوخشاشلا: ھېكىم ئىشىكتىن كىرىپلا تۇرغانلارغا قارا ـ قويۇق بىر باشتىن تەزىم قىلىدۇ.

**قارا ـ قۇرا** قارا ۋە قارىغا مايىل رەڭدىكى، قارا كۆرۈنىدىغان: ئەتراپ ئاق قار بىلەن قاپلانغاچقا، خېلى يىراقتىكى قارا ـ قۇرا نەرسىنى ئوڭاي پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.

**قاراڭغۇ** ① سۈپ. نۇردىن، يورۇقتىن خالىي، يورۇق ئەمەس؛ كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان: قاراڭغۇ ئۆي. قاراڭغۇ كېچە. قاراڭغۇ جاڭگال. * قاراڭغۇ يولنى قاراقچى بىلەر (ماقال). ② ئى. يورۇق ئەمەس، نۇرسىز ھالەت: ئاي قاراڭغۇسى. تۈن قاراڭغۇسى. * ھېيتتا خوتۇن ئالما، قاراڭغۇدا ئوتۇن ئالما (ماقال). ③ سۈپ. كۆچمە. زۇلمەتلىك، مۇدھىش، دەھشەتلىك: — مەن بۇ قاراڭغۇ دوزاختىن قۇتۇلۇپ كەتسەملا بولغىنى! — دېدى ئۇ. ④ سۈپ. رۇخسەت قىلىنمىغان، ئاشكارا ئەمەس، يوشۇرۇن، مەخپىي: قاراڭغۇ بازار. ⑤ سۈپ. كۆچمە. ئېنىق ئەمەس، نائېنىق، تۇتۇق، نامەلۇم: كېلەچەكتە نېمە ئىشلار بولىدۇ، بۇ ماڭا قاراڭغۇ، مەن كۆز ئالدىمدا ئىككىلا يولنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن.

**قاراڭغۇچىلىق** ئى. قاراڭغۇلاشقان ھالەت؛ قاراڭغۇلۇق: ئاز ۋاقىتتىن كېيىن جاھاننى قاراڭغۇچىلىق بېسىپ، ھەيۋەتلىك دەۋە كېلىپ كۆۋرۈك ئۈستىدە تاق توختاپتۇ.

**قاراڭغۇلاتماق** پ. قاراڭغۇ ھالەتكە كەلتۈرمەك، قاراڭغۇلاشتۇرماق: ئۆينىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرىگە پەردە تارتىپ، ئۇنىڭ ئىچىنى قاراڭغۇلىتىش لازىم.

**قاراڭغۇلاشتۇرماق** «قاراڭغۇلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كەچكى گۈگۈم پەردىسى شىپاخانا ھويلىسىنى غۇۋا قاراڭغۇلاشتۇرۇپ تۇراتتى.

**قاراڭغۇلاشماق** پ ① قاراڭغۇ بولۇشقا باشلىماق، بارا ـ بارا قاراڭغۇلۇق بىلەن قاپلانماق، قاراڭغۇلۇققا چۆممەك: ئۆي ئىچى قاراڭغۇلاشتى. ② قاراڭغۇلۇق تۇيۇلماق، قاراڭغۇ بولغاندەك بىر ھالەت پەيدا بولماق: كۆزى قاراڭغۇلاشماق. كۆڭلى قاراڭغۇلاشماق. ③ كۆچمە. مۇجمەللەشمەك، ئېنىقسىز بولۇپ كەتمەك، چىگىشلەشمەك (مەنە، چۈشەنچە ۋە مەسىلە، ئىش قاتارلىقلار ھەققىدە): مەسىلە ئايدىڭلاشمىدى، بەلكى تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتى.

**قاراڭغۇلۇق** ① ئى. نۇر، يورۇقلۇق بولمىغان، قاراڭغۇ ھالەت ياكى جاي: شۇ چاغدا قاراڭغۇلۇقتىن بىرى «مەن، چوڭ ئاپا» دېدى. * تاڭ سەھەر قاراڭغۇلۇقى كەتمەستىنلا ئېتىز يوللىرى قىغ يۆتكەۋاتقان ئەزالار بىلەن تولدى. ② سۈپ. يۈنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۇرلەنگەن بەزى كىشىلىك ئالماشلارغا بېقىنىپ كېلىپ «ئېنىق ئەمەس، مۇجمەل، گۇمانىي، گۇمانلىق» دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ: ناھىيەدىكىلەر بۇ ئىشتىن قانداقسىگە خەۋەر تاپتىكىن تاڭەي، ئۇ تەرىپى ماڭا قاراڭغۇلۇق. ③ ئى. كۆچمە. غەشلىك؛ تەشۋىش، غەم؛ غەپلەت؛ زۇلمەت؛ ۋەھىمە: — ماڭا قاراڭلار ئانىسى، — دەيتتى مۆمىن ئاكا ھەمراخانغا يېلىنىپ، — بارسۇن، بىزنىڭ ۋاقتىمىزدا ئوقۇۋالسۇن! يۇرت كۆرۈپ، شەھەر كۆرۈپ كۆزى ئېچىلسۇن! بىزدەك نادان بولۇپ قاراڭغۇلۇقتا قالمىسۇن!

**قارال** ئى. تارس. كۆزلىگەن نىشان، چۈشكۈن قىلىدىغان جاي، قارارگاھ: شۇ كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە شاھ سەنەمنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. سۈبھى ۋاقتىدا ئورنىدىن قوپۇپ، بەلگىلىگەن قارالغا كېلىپ ساقلاپ ئولتۇردى.

**قارالما** ئى. يىغىندا مۇزاكىرە قىلىنىدىغان، قاراپ چىقىلىدىغان بىر قاتار مەسىلىلەر: يىغىندا ئالدى بىلەن قارالمىلار ۋە كۈنتەرتىپ ماقۇللاندى.

**قارالماق** «قارىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئادەم بەدىنىنىڭ ساق ـ سالامەت تۇرۇشى ياكى كېسەل بولۇشى ئۈچۈن، بۇ تۆت خىل ماددىنىڭ چوڭ مۇناسىۋىتى بار دەپ قارىلىدۇ.

**قارام** I سۈپ ① ھەرقانداق ئىشنى تەۋەككۈلىگە قىلىدىغان؛ تەۋەككۈلچى: قارام ئادەم. قارام يىگىت. ② باتۇر، قورقماس: ھەربىر ئىشتا ئۇ چېچەن، قارام، تۆگىتىپ ئىشنى ئالىدۇ ئارام.

**قارام** II سۈپ. قاراشلىق، تەۋە، قارىمىقىدىكى، قارايدىغان؛ ئەركىسىز، بويسۇنىدىغان: قارام بولماق.

**قارامتۇل** سۈپ. قارىغا مايىل، ئاچ قارا، سەل قارا: دېكابىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى، سوغۇق بىر كېچە ئاسماننى قارامتۇل بۇلۇت قاپلىغان.

**قارامتۇللاشماق** پ. قارامتۇل بولماق، قارامتۇل ھالەتكە كەلمەك، قارايماق: ئىشپىيوننىڭ شۇ ۋاقىتتىكى تۇرقى تېخىمۇ ۋەجىكلىشىپ، يۈزى ياتاقنىڭ غۇۋا يورۇقىدا تېخىمۇ قارامتۇللىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

**قارامتۇللۇق** ئى. قارىغا مايىل، قارامتۇل ھالەت: بۇرۇنقىسىدا ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ مۇڭلۇق كۈيى قارامتۇللۇق ئىچىدىكى خىيالىي گەۋدىلەر ۋە شەكىل فانتازىيەسى ئارقىلىق نامايان قىلىنغان بولسا، ئەمدىكىسىدە ئۇ خىل مۇھەببەت ئاز ـ تولا ئىللىقلىق ۋە سىقىلىش تۇيغۇسى بېرىدىغان رەڭلەرگە سىڭدۈرۈلگەن.

**قارام لارچە** رەۋ. قارام كىشىلەرگە خاس، قاراملارغا ئوخشاش؛ قاراملىق بىلەن: ھامىت ئاخىر يەنە باشقا كەلگەننى كۆرەي دەپ، قاراملارچە يول تۇتۇپ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كەنتىگە — ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى.

**قاراملىق** I ئى ① تەۋەككۈلچىلىك: قاراملىق قىلماق. * ئورۇنسىز قاراملىق ئەقىلسىزلىقنىڭ بەلگىسى. ② باتۇرلۇق: دەرۋەقە، ئۇ ئۆزىنىڭ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان تەلۋىلەرچە قاراملىقى، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدىكى زېرەك ۋە چېۋەرلىكى بىلەن داڭقىنى چىقىرىپ، ھەممىگە تونۇلۇشقا باشلىدى.

**قاراملىق** II ئى. تەۋە بولۇش، تەۋەلىك؛ بېقىندىلىق.

**قارانچۇق** ئى ① كۆز ـ قۇلاق بولغۇچى، قارىغۇچى: تۈكلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان كالتە قۇلاق بۇ كۈچۈك شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ بىردىنبىر ھەمراھى، بىردىنبىر سىرداشى ۋە بىردىنبىر قارانچۇقى ھېسابلىناتتى. ② زىرائەتلەرنى ئۇچار قۇشلارنىڭ، بەزى ھايۋانلارنىڭ

يەپ كېتىشى، بوزۇۋېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئېتىزنىڭ ئىچىگە تىكىپ، ئۈستىگە كونا كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيدۈ ـ رۈپ ئادەمگە ئوخشىتىپ قويۇلىدىغان بىر خىل جازا، شەكىل: ساتىمىسىدا ئادەم توگۇل، بىرەر قارانچۇقمۇ كۆرۈنمەيدىغان قوغۇنلۇقلار مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى. ③ كۆچمە. رەسمىيەت ئۈچۈنلا قويۇلغان، ھېچقانداق رولى يوق نەرسە: ئۇنىڭ ھېچنېمىگە كۈچى يەتمەيدۇ. ئۇ پەقەتلا بىر قارانچۇق.

**قارانچۇقسىز** سۈپ. قارايدىغان ئادىمى، ئىگە ـ چاقىسى يوق؛ ئىگىسىز: ئۇ مېنىڭ قولۇمنى تارتىپ: — يۈر دىلشات، «يېڭى ھايات» مەھەللىسىدە بىر قارانچۇقسىز موماينى تاپتىم، شۇنى ئۆز ھىماتىمىزغا ئېلىپ، ئىش ـ كۈشلىرىنى قىلىپ بېرەيلى، قىزلارمۇ بارىدۇ، — دېدى.

**قارانچۇقلۇق** سۈپ ① قارانچۇقى بار، قارانچۇق ئورنىتىلغان. ② قارايدىغان ئادىمى، ئىگە ـ چاقىسى بار.

**قاراۋۇل** ئى. پوست، ساقچى: ئېرپان بىرھازادىن كېيىن قورۇل ئېغىزىدىن بىخەتەر ئۆتۈپ كەتتى ۋە ئېگىزلىكتە قاراۋۇل بولۇپ تۇرغان مىللىي ئارمىيە كىشىلىرىگە ئۇچراشتى.

**قاراۋۇلخانا** ئى <ھەرب> ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان قاراۋۇللار تۇرىدىغان جاي: ئاق ۋە قارا رەڭ بىلەن يول ـ يول قىلىپ بويالغان قاراۋۇلخانا يېنىدا قاراۋۇل قىمىر قىلماي تۇراتتى.

**قاراۋۇلسىز** سۈپ. قاراۋۇلى يوق، قاراۋۇل تۇرمىغان: بۇ دوقمۇشتىمۇ ئاۋۇنىڭغا ئوخشاش قاراۋۇلسىز مۇنار ئۇچرايدۇ.

**قاراۋۇللۇق** ئى. ئامانلىقنى قوغداش، مۇھاپىزەت قىلىش ئىشى؛ كۆزەتچىلىك: قاراۋۇللۇق قىلماق. قاراۋۇللۇق چازىسى.

**قارايتماق** «قارايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۈنېپ ـ تىش تەرەپتىن بېسىپ كەلگەن قاراڭغۇلۇق قۇياش يۈزىنى قارايتىپتۇ.

**قارايماق** پ. قارا ھالەتكە كەلمەك؛ قارا رەڭگە، تۇسكە كىرمەك؛ قارىدىماق: ئۇنىڭ بۇ كۆڭلىكى ئەسلىي ئاق خامدىن تىكىل ـ گەن بولسىمۇ، كېيىن كىردىن قارىيىپ كەتكەنىدى.

**قارايىم** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. قارايىملار تۈركىي تىللىرىنىڭ غەربىي تارماق تۈركىي تىلىنىڭ بىرىدە سۆزلىشىدىغان ۋە ھەم يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاجايىپ بىر تۈرلۈك تۈركىي مىللەت. شۇڭا، ئۇلار دىنىي ئېتىقادى، خاراكتېرى ۋە ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتلەردىن ھەم يەھۇدىي دىنىدىكىلەر ھەم ئىسلام دىنىدىكىلەر بىلەن ئورتاق بولغان خاسلىقلارغا ئىگە بىر مىللەت. دۇنيادا ئۇلارنىڭ سانى 3 مىڭدەك بولۇپ، بۇنىڭ ـ دىن 6 يۈزدەكى رۇسىيەدە، 9 يۈزدەكى ئۇكرائىنادا ياشايدۇ. قالغانلىرى بولسا قىرىم يېرىم ئارىلى، لىتۋانىيە، پولشا، مىسىر ۋە ئىسرائىلىيە قاتارلىق مەملىكەت ۋە رايونلاردا تارقاق ياشايدۇ.

**قارايىمچە** ① سۈپ. قارايىم تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: قارايىمچە ئادەت. قارايىمچە كىيىم. قارايىمچە ئۇسسۇل. ② ئى. قارايىم تىلى: ئۇ يىگىت قارايىمچىنى ياخشى بىلىدۇ. ③ رەۋ. قارايىم تىلىنى ئىشلىتىپ، قارايىم تىلى بىلەن، قارايىم تىلىدا: قارايىمچە سۆزلىمەك.

**قارت** I تەق. بىردىنلا قاتتىق قورقۇش، چۆچۈش ياكى ئەندىكىش روھىي ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ: بىر كۈنى قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ ئاران ئۆيگە باردىم ـ دە، ئىشىكنى ئېچىش ئۈچۈن قولۇمنى ئاپىرىپ ئىتتىك تارتىۋالدىم، يۈرىكىم «قارت» قىلىپ قالدى.

**قارت** II ئى. قۇرغۇيىنىڭ قۇيرۇقى ئەتراپىدىكى قارا سىزىقچە: — قۇرغۇي، — دېدى جالالىدىن يەھيارى، — تۆت قارت بولغاندا ئاندىن ئاڭنى ئالالايدۇ.

**قارتا** I ئى [ر] ① قاتتىق قەغەز، سولياۋ قاتارلىقلاردىن ياسالغان، سۈرىتى ۋە رەڭلىرى بىلەن بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغان مەخسۇس ئويۇن ۋاراقچىلىرى. تۈرلىرى كۆپ بولۇپ بەزىلىرىنىڭ ئۈستىدە ھەر خىل چېكىتلەر، يەنە بەزد ـ لىرىنىڭ ئۈستىدە ھەر خىل رەسىملىك بەلگىلەر بولىدۇ. ② شۇ خىل ۋاراقچىلار ئارقىلىق ئوينىلىدىغان ئويۇن: ئۇلار قارتى ـ نى كۆڭۈل قويۇپ جىددىي ئوينايتتى.

**قارتا** II ئى. دىيال. ئاتنىڭ توغرا ئۈچىيى، كۆتەنباش.

**قارتاخانا** ئى [ر + پ] كىشىلەرنىڭ قارتا قاتارلىق ئويۇنلار ـ نى ئوينىشى ئۈچۈن مەخسۇس ھازىرلانغان تىجارەت ئۆيى: بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە ئۇرۇمچى شەھىرىدىكى ئېلېكترونلۇق ئويۇن ـ خانا، شىشىخال، قارتاخانا، قاۋاقخانا، چايخانا، سىنخانا قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى مۇھىم نۇقتا قىلىندى.

**قارتتىدە** رەۋ. «قارت» قىلىپ، «قارت» قىلغان ھالدا: «دەريا ـ دىن ئادەمنىڭ ئۆلۈكى چىقىپتۇ!» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ، تېنىم جۇغۇلداپ كەتتى.

**قارتىچى** ئى. قارتا ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغان، قارتا ئوينايدىغان كىشى: ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا بەشلەڭچىلەر، بىر بۇلۇ ـ ڭىدا قارتىچىلار، بىر بۇلۇڭىدا قاتار ئوينايدىغانلار ھەدەپ ئۆز ئويۇنلى ـ رىنى ئويناشماقتا ئىدى.

**قارچىغا** ئى <زوئول> يىرتقۇچ قۇشلار تۈركۈمىدىكى بىر خىل ئوۋ قۇشى. تېنى قېنىق قوڭۇر، ئۈستۈنكى تۇمشۇقى ئىلمەك، تىرنىقى ئۆتكۈر، كۆرۈش قۇۋۋىتى يۇقىرى كېلىدۇ. قولغا كۆندۈرۈلسە، ئۇنىڭ بىلەن غاز، ئۆردەك، قىرغاۋۇل، پاختەك قاتارلىق قۇشلارنى ۋە ياۋا توشقانلارنى ئوۋلاشقا بولىدۇ.

**قارچىغىسىمان** سۈپ. قارچىغىغا ئوخشاش، قارچىغا شەكلىدىكى.

**قارچىغىلىق** ئى. تۆشنىڭ ئىككى يېنىغا جايلاشقان قوۋۇر ـ غىسىمان كۆمۈرچەك.

**قارس** تەق. ياغاچ قاتارلىق نەرسىلەر سۇنغاندا، شاپىلاق بىلەن يۈز ـ كۆزگە ئۇرغاندا ۋە شۇ خىل ئەھۋاللاردا چىقىدىغان ئاۋاز: گۈلخان ئانا غەزىپىگە ھاي كېلەلمەي مودەنگۈلنىڭ يۈزىگە «قارس» قىلىپ بىر كاچات سالدى.

**قارساق** ئى. تۈلكىنىڭ بىر خىلى. رەڭگى قارا كېلىدۇ.

**قارسسىدە** رەۋ. «قارس» قىلغان ئاۋاز چىقارغان ھالدا، «قارس» قىلىپ: ياغاچ قارسسىدە سۇنۇپ كەتتى.

**قارس ـ قۇرس** «قارس» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئادەم ئۆتىدىغان يوللاردا تۆكۈلۈپ قالغان كۆلچەك سۇلىرىنىڭ مۇزلىرى قارس ـ قۇرس قىلىپ سۇناتتى.

**قارسىلداتماق** «قارسىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد ـ جىسى: قاسىم ئەپەندى ھاجىدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇرۇپ، ھەدەپ بارماقلىرىنى قارسىلدىتاتتى.

**قارسىلدىماق** پ. «قارس ـ قارس» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق «قارس ـ قارس» قىلماق: ئۈچكە چېقىپ مەن سۇنسام يارىمغا

مېغىز، قارسىلدايدۇ بىر ئەپلىك ئاغزىدا سېغىز.

**قارشى** ① سۈپ. تەرەپدار ئەمەس، ماقۇللىمايدىغان، ياقلىمايدىغان، قوۋۋەتلىمەيدىغان؛ نارازى: بۇ ئىشقا كىم قارشى؟ * بۇ تەكلىپكە سىزدىن باشقا قارشى كىشى يوق. ② سۈپ. مەيدانى، چۈشەنچىسى، پىكرى، مەقسىتى، مەپكۇرىسى، مەسلىكى ۋە مەنپەئىتى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر – بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان؛ زىت، خىلاپ: بىر – بىرىگە قارشى تەرەپلەر. ئۆزئارا قارشى تەرەپلەر. بىر – بىرىگە قارشى گۇرۇھلار. ③ تىر. (يۆنىلىش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن بەزى ئىسىملارنىڭ كەينىدە كېلىپ) بىرەر ئىش، نەرسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ باشقىسىدىن ساقلىنىش، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قايتۇرۇش ۋە باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈن قارىتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: بۇرگىگە قارشى دورا. يانغىنغا قارشى ماشىنا. تانكىغا قارشى قورال. ④ تىر. (يۆنىلىش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن بەزى ئىسىملارنىڭ كەينىدە كېلىپ) تەتۈرىچە، ئەكسىچە: ئېھتىمالغا قارشى. بەختكە قارشى. ⑤ سۈپ. قارىمۇ - قارشى، روبىرو؛ ئۇدۇل: كوچىنىڭ قارشى تەرىپى. * ئايگۇل قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتىدۇ.// قارشىسىدا تۇرغان ئادەم.

**قارشىلاشتۇرماق** «قارشىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ھەئە! شۇنداق بولدى، مەن ئىشنىڭ ئېپى - جېپىنى بىلمەيمەن، سىز ياردەم قىلمىسىڭىز جىمى خەقنى ئۆزۈمگە قارشىلاشتۇرۇۋالىدىغان ئوخشايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

**قارشىلاشماق** پ. بىر – بىرىگە قارشى تۇرماق، زىتلاشماق؛ دۈشمەنلەشمەك: — خەلق بىلەن قارشىلاشساڭ زىيان تارتىسەن، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ غەزەپتىن تىترەپ.

**قارشىلىق** ئى ① قارشى پىكىر، نارازىلىق، ئېتىراز: قارشىلىق بىلدۈرمەك. قارشىلىق قوزغىماق.② قارشى ھەرىكەت، ئەكس تەسىر، توسقۇنلۇق: قارشىلىق قىلماق. قارشىلىق كۆرسەتمەك. * ھەرقانداق بىر يېڭى شەيئى كونىسىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. ③ <پەلس> كەسكىن توقۇنۇش بولۇپ ئىپادىلىنىدىغان كۈرەش شەكلى. ئۇ زىددىيەتلەر كۈرىشىنىڭ ھەممە شەكلى ئەمەس، پەقەت ئۇنىڭ بىر خىلى. ④ <فىز> جىسىمنىڭ ھەرىكىتىگە توسقۇنلۇق قىلغۇچى تەسىر كۈچ. ⑤ <فىز> جىسىمنىڭ ئېلېكتىر ئېقىمىنىڭ ئۆتۈشىگە بولغان قارشى تەسىرى. جىسىمنىڭ قارشىلىقى ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەسمە يۈزىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، تېمپېراتۇرا ۋە تەركىبىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

**قارشىلىقسىز** ① سۈپ. قارشىلىقى يوق، قارشىلىققا ئۇچرىمايدىغان: قارشىلىقسىز ئىش. قارشىلىقسىز ھەرىكەت. ② رەۋ. قارشىلىققا ئۇچرىماي، بىمالال، توسقۇنسىز: ئۇلار قارشىلىقسىز ئىلگىرىلەپ، چاي ۋاقتىدىن سەل ئىلگىرى يار بېشىغا يېتىپ كەلدى.

**قارشىلىقلىق** سۈپ. قارشىلىقى بار، قارشىلىق قىلىدىغان: قارشىلىقلىق تېرمومېتىر.

**قار – شىۋىرغان** قار ۋە شىۋىرغان: ئۇلار ھاكىمنىڭ باشچىلىقىدا قار – شىۋىرغانغا قارىماي نەق مەيدانغا بېرىپ، مال پادىلىرىنى ئىزدەش جېڭىگە جىددىي ئاتلاندى.

**قار – شىۋىرغانلىق** قار – شىۋىرغان چىقىۋاتقان، قار – شىۋىرغان قاپلىغان: قار – شىۋىرغانلىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە يارۇللا

ئىز – دېرەكسىز يوقاپ كەتتى.

**قارغاتماق** «قارغىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قارغاشماق** «قارغىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھازىر ھەممە ئەيىبنى كاسىر – بوغالتىرلارغا ئارتىپ، ئەڭ يامان سۆزلەر بىلەن ئۇلارنى قارغاشتى.

**قارغالماق** «قارغىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قارغىش** ئى ① قارغاش ئىشى: قارغىشقا قالماق. قارغىش تەگكۈر. قارغىش ئالماق. قارغىش تەگمەك. قارغىشقا كەتمەك. * ئىتنىڭ قارغىشىغا پىت ئۆلمەس (ماقال). ② تولا يىغلايدىغان، يىغلاڭغۇ (كىچىك بالىلار ھەققىدە): قارغىش بالا.

**قارغىش تەگكۈر** «قارغىشقا ئۇچرايدىغان؛ بېشىنى يېگۈر، ئۆلگۈر، جۇۋاينىمەك» دېگەن مەنىلەردىكى قارغاش ئىبارىسى: ئانام بەش ۋاخ نامىزىدا جايىنامازدا ئولتۇرۇپ، بۇ قارغىش تەگكۈر ئىپلاسنىڭ ئۆلۈمىنى خۇدادىن تىلەيتتى.

**قارغىش قېپى** ① ھەددىدىن زىيادە قارغىش، جېدەلخور، تولا يىغلايدىغان، يىغلاڭغۇ (كىچىك بالىلار ھەققىدە). ② تولا قارغىشقا ئۇچرايدىغان، دائىم خەق قارغايدىغان ئىشلارنى قىلىدىغان، كىشىلەر تولا قارغايدىغان: — ۋاي قارغىش قېپى، سەن بۇ ئەسكىلىكلىرىڭنى قاچانمۇ قويارسەن، — دەپ سۆزلەپلا كەتتى ئۇنىڭ ئۆگەي ئانىسى.

**قارغىشچى** سۈپ. ھەمىشە قارغاپلا يۈرىدىغان، قارغايدىغان: قارغىشچى ئېغىزغا قاغا چىچسۇن (ماقال).

**قارغىشخور** سۈپ. يىغلىغاق، يىغلاڭغۇ: قۇدۇق چىغرىقىنىڭ قارغىشخور بالا يىغلاۋاتقاندەك غىچىرلىشىدىن ئۆزگە ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى.

**قارغىشلانماق** پ ① قارغىشقا ئۇچرىماق، قارغالماق: كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلساڭ، دوستۇڭ، ھىمايىچىڭ كۆپىيىدۇ، ماختىلىپ، ئالقىشلىنىپ تۇرىسەن؛ ئەسكىلىك قىلساڭ، دۈشمىنىڭ كۆپىيىدۇ، قارغىشلىنىپ – نەپرەتلىنىپ تۇرىسەن. ② تولا يىغلايدىغان، يىغلاڭغۇ بولۇپ قالماق: بۇ بالا خېلىدىن بېرى قارغىشلىنىپ قالغانىدى.

**قارغىماق** پ. بىراۋغا يامانلىق، بەختسىزلىك ياكى ئۆلۈم تىلىمەك: قۇشنىڭ سايرىمايدىغىنى يوق، دۈشمەننىڭ قارغىمايدىغىنى (ماقال).

**قار – قات** قار ۋە شۇ خىلدىكى ھۆل – يېغىن؛ قار – مۇز.

**قارلەيلىسى** ئى [قار + لەيلى + سى] <بوت>مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق دورا ئۆسۈملۈكى. تەمى سەل قېرىق، تەبىئىتى ئىسسىق، زەھەرلىك. ھەيزنى راۋان قىلىپ قاننى جانلاندۇرىدۇ، پەي ۋە سۆڭەكنى كۈچەيتىدۇ. بالىياتقۇنىڭ قىسقىرىشىنى كۈچەيتىدۇ.

**قارلۇق** ئى <ئىرق> قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەردىن بىرى. 4 –، 5 – ئەسىرلەردە ئالتاينىڭ غەربىدە، چارىش دەرياسى بويلىرىدا ياشىغان، 4 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىملىرىغا، زەيسان كۆلى ئەتراپىغا كۆچۈپ كەلگەن. 6 –، 7 – ئەسىرلەردە تۈرك خاقانلىقى تەركىبىگە كىرگەن، 7 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئۇلارنىڭ بىر قىسمى يەتتىسۇ تېررىتورىيەسىگە كېلىپ جايلىشىپ، 8 – ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بۇ يەردە قارلۇق دۆلىتىنى قۇرغان. 10 – ئەسىردە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ

ھاكىمىيەت بېشىدىن ئورۇن ئالغان. قاراخانىيلار 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ماۋەرائۇننەھرنى ئىگىلىگەندە، قارلۇقلار تاشكەنت، فەرغانە ۋە زەرەپشان دەريا ۋادىلىرىغا كۆچكەن. 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەرلىك تۈركىي خەلقلەر تەركىبىگە سىڭىپ كەتكەن.

**قارلىغاچ** ئى <زوئول> تېنى كىچىك، دۈمبىسىدىكى پەيلىرى قارا ھەم پارقىراق، قورساق قىسمى ئاق، بويۇن قىسمىدا ئاچ بىنەپشە رەڭلىك يۇملاق داغلىرى بار بىر خىل قۇش.

**قارلىغاچسىمان** سۈپ. قارلىغاچقا ئوخشايدىغان، قارلىغاچ شەكلىدىكى: قارلىغاچسىمان چىقچىق. قارلىغاچسىمان قۇشقاچ.

**قارلىق** I ① سۈپ. قار بار، قار قاپلىغان: قارلىق جىلغا. قارلىق تاغ. قارلىق دالا. ② ئى. قار ياغقان، قار بىلەن قاپلانغان يەر: گۈل سۈيى گۈلگە تامار تېمىم ـ تېمىم، سالقىندا سۇغارغىلى سەپسە سۇنى. بۇ سۇلار قارلىقلارنىڭ مۇزلىرىدۇر، كەچتۈرگەن ساي ـ جىلغىدا كۆپ ئاھۇنى. ③ سۈپ. قار ئارىلاش: قارلىق شىۋىرغان بوران بىلەن ئالماشتى.

**قارلىق** II ئى. تۇنجى قار ياغقان كۈنلەردە ئۆزى خالىغان بىرىگە مەلۇم تەلەپ بىلەن يېزىلىدىغان خەت ياكى ئۆيىگە تاشلىنىدىغان قار: قارلىق تاشلىماق. قارلىق يازماق.

**قارماق** ئى ① بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان ئىلمەككە ئوخشاش قورال. ئۇچى ئۆتكۈر بولىدۇ. ئۇچىغا قايرىلغان تىل چىقىرىلىدۇ: قارماق تاشلىماق. قارماق سالماق. ② كۆچمە. بىرەر كىشىنى ياكى نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىلىندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بىۋاستە، تەدبىر؛ تۇزاق، دام: قارماققا ئىلىنماق. قارماققا چۈشمەك. ③ بەزى نەرسىلەرنى قامالاپ تۇتۇپ تۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان مېتال ئىشكاپ.

**قارماقلىق** سۈپ. قارمىقى بار، قارماق بېكىتىلگەن: بېلىقچى جاۋاب بېرىپ: — كىتنى قارماقلىق تۆمۈر ئارا بىلەن تۇتىمىز، — دېدى.

**قارماقلىماق** پ ① قارماق سېلىپ چىڭىتماق: لىسورنىڭ سۇنغان جايىنى قارماقلاڭلار. ② بارماقلىرى بىلەن قامالاپ تۇتماق، چاڭگاللىماق، قارمىماق: ئارقىمۇئارقا ئۇنى باسقان بالالەر ئىلكىدە، بوز لاچىن قارماقلىغان كەكلىكتىن ئۇ بىچارىراق.

**قار ـ مۇز** قار ۋە مۇز: ئوغۇللار سۇ توشۇدى، ئوتۇن ياردى، قار ـ مۇزلارنى توشۇپ، ئىشىك ئالدى ۋە كوچىنى تازىلىدى.

**قار ـ مۇزلۇق** ① قار ـ مۇز باسقان، قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان، قار ـ مۇز قاپلىغان: قار ـ مۇزلۇق دالا. قار ـ مۇزلۇق داۋان. ② قار ـ مۇز قاپلىغان يەر، قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان جاي: ئۇستى قېلىن قار ـ مۇزلۇق، ئېرىمەيدۇ قىشۇياز، ئۆتەلمەيدۇ ئۇستىدىن بۈركۈتمۇ قىلىپ پەرۋاز.

**قارنى ـ كۆكس** قارنى ۋە كۆكسى: قارنى ـ كۆكسى كەڭ. قارنى ـ كۆكسىنى بوشاتماق.

**قارو** سۈپ. دىيال. قارىغۇ، ئەما، كور.

**قاروْغ** ئى. تارس. قورۇق.

**قاروْغباشى** ئى. تارس. قوغداش ئىشلىرىغا مەسئۇل كىشى، ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغۇچى: — ئولتۇرۇڭ، توغرۇل، ئەقىل بىلەن ئىش قىلغۇلۇق، — دېدى ئەركىن بېگىم قاروْغباشىنى بېسىپ.

**قاروْغچى** ئى. تارس. ئامانلىقنى ساقلىغۇچى، قوغدىغۇچى: قاروْغچى ئۆينى ئاختۇردى، ساندۇقتىن قاروْغچى كىيىمىنى تاپتى.

**قاروْنا** ئى <زوئول> رەڭگى قارا، پارقىراق كېلىدىغان، تۇمشۇقى ياپىلاق، بېلىق تۇتۇشقا ماھىر بىر خىل سۇ قۇشى.

**قارىباستى** ئى [قارا + باس + تى] بىراۋنى ئازدۇرۇش، غەپلەتتە قويۇش، مال ـ مۈلكىگە زىيان سېلىش ھەرىكىتى: قارىباستى قىلماق.

**قارىباي** سۈپ [قارا + باي] چىرايى ۋە بەدىنىنىڭ تېرىسى قارا ياكى قارىغا مايىل، قارا تۈسلۈك، قارىمۇتۇق: ئۇ بۇرۇن ھەدىسىنىڭ ئىرى قارىباي ئوسمانىنىڭ كوممۇنىست ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

**قارىپايىم** سۈپ. ساۋاتسىز، مەدەنىيەتسىز: قارىپايىم خەلق.

**قارىپايىملىق** ئى. ساۋاتسىزلىق، مەدەنىيەتسىزلىك.

**قارىتا** تىر. يۆنىلىش كېلىش بىلەن كەلگەن سۆزلەردىن كېيىن كېلىپ «ھەققىدە، توغرىسىدا؛ نىسبەتەن» دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ: بۇ ئىشقا قارىتا مېنىڭ پىكرىم بار.

**قارىتاختا** ئى [قارا + تاختا ] تاختاي، پەنەرگە قاتارلىقلاردىن ياسالغان دوسكا: قارىتاختا گېزىتى.

**قارىتەلپەك** ئى [قارا + تەلپەك] <ئىرق> سۈي، تاڭ خانىدانلىقى دەۋرىدە يەنجى (ھازىرقى قاراشەھەر) نىڭ شىمالى، خانتەڭرى ئەتراپى ۋە ئىدىقۇت، ئېۋىرغول (قومۇل) ئەتراپلىرىدا ياشىغان، كېيىنرەك گەنسۇ (كەڭسۇ) ۋە ئۆتىرېفت تېغى (ھازىرقى خانگاي تېغى) نىڭ شەرقىي بويلىرىغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن بىرى.

**قارىتۇرۇك** سۈپ [قارا + تۇرۇك] مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، خەت ساۋاتى يوق، ئوقۇمىغان، ساۋاتسىز: قارىتۇرۇك ئادەم. قارىتۇرۇك دېھقان.

**قارىتىشماق** «قاراتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قارىتىلماق** «قاراتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شائىر ئىش ئۇستىلىنى شەرققە قارىتىلغان دېرىزىگە تاقاپ قويۇۋالغانىدى.

**قارىچاي** ئى [قارا + چاي] چاينىڭ بىر خىلى. ئادەتتە ئۇ يۇمران چاي يوپۇرمىقىنى پىرىسلاپ تاختىلاش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ.

**قارىچايىر** ئى <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، پاكار ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ. كۆپ خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىغا ئىگە.

**قارىچۇق** ئى <ئانات> رەڭدار پەردىنىڭ مەركىزىدىكى دۈگىلەكچە. نۇر بۇ ئارقىلىق كۆز ئىچىگە كىرىدۇ. ئۇ نۇرلارنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ چوڭىيىدۇ ھەم كىچىكلەيدۇ: كۆز قارىچۇقى.

**قارىچىلان** ئى [قارا + چىلان] <زوئول> بىر خىل سۇ قۇشى. تېنى چوڭ، پۇتى ئۇزۇن، تۇمشۇقى قىزىل، كۆكسى ئاق، قانىتىنىڭ ئۇستى ۋە دۈمبىسى قارا كېلىدۇ. بېلىق تۇتۇپ يەيدۇ.

**قارىخەت** ئى [قارا + خەت] كىشىنى ئالداش، قورقۇتۇش قاتارلىق مەقسەتلەر تۈپەيلى يېزىلغان، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي

ئىسىم ـ فامىلىسى، ئادرېسى يېزىلمىغان ياكى باشقا بىرد. ىنىڭكىنى يازغان قانۇنسىز خەت.

**قارىداتماق** «قارىدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇگۈن ئالدىراپ قالمىغان بولساق، سارغۇچ قېشىڭنى قارا گۈل سۈيى بىلەن ياكى سىيادان بىلەن بىر ئاز قارىدىتىپ كەلگەن بولساق، ياخشى بولماقچى ئىكەن.

**قارىداشماق** «قارىدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قارىدالماق** «قارىدىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**قارىدان** ئى [قارا + دان] <بوت> كەركىدانگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. مېۋىسى تۇخۇم ياكى ئېللىپىس شەكلىدە بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ، تەركىبىدە ۋىتامىن P بولىدۇ. قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. قىزىتمىنى ياندۇرۇش، زەھەر كېسىش ۋە ئىششىق ياندۇرۇش قاتارلىق روللارغا ئىگە.

**قارىدىماق** پ. قارا ياكى قارىغا مايىل رەڭگە، تۇسكە كىرمەك، قارايماق: ئۇ ئابدۇللانىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ، دەرۋازا يېنىدىكى تاملىرى ئىسلىشىپ قارىداپ كەتكەن تاشلاندۇق ئۆيدىكى توپا باسقان يالغۇز كارىۋاتقا قويدى.

**قارىسان** ئى [قارا + سان] <زوئول> چارۋا ماللاردا، بولۇپمۇ كالىلاردا بولىدىغان بىر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىك.

**قارىسىغا** رەۋ. ئۇقماستىن، چۈشەنمەستىن، تەخمىنەن، كەلسە ـ كەلمەس، قارىغۇلارچە: قارىسىغا ئىش قىلماق. قارىسىغا ھەرىكەت قىلماق. قارىسىغا سۆزلىمەك.

**قارىشقۇ** ئى. ديال. بۆرە.

**قارىغان** ئى <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. ئۇنىڭ سۇ ـ تۇپراقنى مۇقىملاشتۇرۇش رولى بار. تېبابەتچىلىكتە يىلتىز پوستى دورا قىلىنىدۇ. قاننى جانلاندۇرۇپ يەلنى تارقىتىش، ھۆللۈكنى ھەيدەش، تالنى ياخشىلاش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، جىگەر ۋە بۆرەكنى ياخشىلاش رولىغا ئىگە.

**قارىغاندا** ① يۈك. كىشىنىڭ بىرەر ئىش، شەيئى ۋە مەسىلە قاتارلىقلارغا بولغان سۇبيېكتىپ پەرىزى، مۆلچەرى ۋە قىياسلىرىنى بىلدۈرىدىغان «ئاساسەن، ئاساسلانغاندا، مۆلچەرلىنىشچە» مەنىسىدىكى سۆز: قارىغاندا، ئۇنىڭ كۆڭلى پەرىشان ئوخشايدۇ. ② تىر. «نىسبەتەن، كۆرە، سېلىشتۇرغاندا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: سىزگە قارىغاندا مېنىڭ سالامەتلىكىم ياخشى.

**قارىغاي** ئى <بوت> قارىغاي ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. ئېگىز ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى يىڭنە شەكلىدە بولىدۇ: قارا قارىغاي. يېشىل قارىغاي. قىزىل قارىغاي.

**قارىغايزار** ئى ← **قارىغايلىق.**

**قارىغايزارلىق** ئى ← **قارىغايلىق.**

**قارىغايلىق** ① ئى. قارىغاي كۆپ ئۆسكەن، قارىغاي بىلەن قاپلانغان جاي: مەن مىلتىقىمنى تۇتقىنىمچە قارىغايلىققا باردىم. ② سۈپ. قارىغاي ئۆسكەن، قارىغاي بىلەن قاپلانغان: قارىغايلىق تاغ.

**قارىغۇ** سۈپ ① كۆرۈش قابىلىيىتى يوق ياكى ئۇنى يوقاتقان، ئەما، كور: قارىغۇ بولماق. // قارىغۇلار يېزىقى. * قارىغۇ ئاڭلىغاننى قويماس، ساغرۇ كۆرگىنىنى قويماس (ماقال). ② كۆچمە. نەرسە، ۋەقە، ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ماھىيىتىگە يېتەلمەيدىغان، ئەقلى يېتىلمىگەن، ئاڭسىز، بىلىمسىز، ساۋاتسىز: — بارغىن ئوغلۇم ئوقۇغىن، — دېدى ئۇ ئالماسقا، — ئەپەندىلەرمۇ تۇزۇك كىشىلەر كۆرۈنىدۇ، خەت ـ ساۋاتلىق بولغىن، كۆزى ئوچۇق قارىغۇ بولۇش بىز بىلەن كەتسۇن.

**قارىغۇنى ياردا قىستىماق** بىراۋنىڭ قىيىن ئەھۋالدىن، ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى بىر ئىشقا زورلىماق؛ قىيىن ئەھۋالدىكى ئادەمنى تېخىمۇ قىيىن، يامان ئەھۋالغا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنماق: بۇ قارىغۇنى ياردا قىستىغاندەك ھېچ نەرسىسى يوق پۇقرالارنى بۇنچىۋالا قىستاۋەرسىڭىز بولامدۇ؟ بۇلارنىڭ قايسىبىرىنىڭ ئۇلاغ ـ ھارۋىسى بار دەيسىز ؟

**قارىغۇجا** ئى [قارا + غوجا] <زوئول> ← **قارىقۇشقاچ.**

**قارىغۇسىز** سۈپ. ئادەمنىڭ قارىغۇسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدە؛ ئىنتايىن سەت، كۆرۈمسىز: بۇ ئادەمنىڭ پۈتۈن ئەزايى كۆيگەن بولۇپ، يۈز ـ كۆزى قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى.

**قارىغۇلارچە** رەۋ ① بىرەر ئىش ياكى مەسىلىنىڭ نېرى ـ بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا، ئۆلۈك ھالدا، قارىسىغىلا: يېڭى نەرسىنىڭ كىرىشى بىلەن بەزى شەرق مەملىكەتلىرىدە غەرب مەدەنىيىتىگە قارىغۇلارچە چوقۇندۇرۇش، پايدا ـ زىيان تەرىپىنى پەرق ئەتمەستىن، ھەممە ئىشنى غەربلەشتۈرۈش يولغا قويۇلغانىدى. ② ھېچبىر ئىلمىي پاكىتقا ئاساسلانماي، بەلگىلىمە، پىرىنسىپ قاتارلىقلارغا قارىماي، ئەمەل قىلماي؛ پىلانسىز؛ ئاساسسىز، بىكاردىن ـ بىكار: تېخنىكا سەۋىيەسى بولمىغان ئادەم قارىغۇلارچە ئىش قىلىدۇ، بۇنداق ئىشنىڭ سانىمۇ، سۈپىتىمۇ بولمايدۇ.

**قارىغۇلاشتۇرماق** «قارىغۇلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ مېنىڭ كۆزلىرىمنى قارىغۇلاشتۇرۇپ، ئەسەبىيلەشتۈرەتتى، ئۇنىڭ ئالدىدا خۇدۇمنى يوقىتاتتىم.

**قارىغۇلاشماق** پ. قارىغۇ، كۆرمەس بولۇپ قالماق، كور بولماق.

**قارىغۇلۇق** ئى ① كۆرۈش قابىلىيىتىنى يوقاتقانلىق. ② كۆچمە. بەلگىلىمە، پىرىنسىپ قاتارلىقلارغا ئەمەل قىلماسلىق، قارىماسلىق؛ قارىغۇلارچە ئىش قىلىش، قارىسىغا ئىش كۆرۈش؛ پىلانسىزلىق: ئىشلەپچىقىرىشنى جەمئىيەت ئېھتىياجىغا قاراپ راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشتىكى قارىغۇلۇقتىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش لازىم.

**قارىقات** ئى <بوت> ① تاشيارغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. غولىدا تىكەنلىرى بولىدۇ. مېۋىسى شار شەكلىدىكى شىرنىلىك مېۋە بولۇپ، تەمى چۈچۈمەل. مۇراببا قايىنىتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**قارىقاش** ① ئى [قارا + قاش] <بوت> قوغۇنىنىڭ بىر خىلى. ② سۈپ. ياقىسىغا، پەش ۋە يەڭنىڭ چۆرىلىرىگە قارا تۇتۇلغان: قارىقاش چاپان.

**قارىقوتۇر** ئى [قارا + قوتۇر] <بوت> قوغۇننىڭ بىر خىلى.

**قارىقوغۇر** ئى <بوت> ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، يوپۇرمىقى تۇۋىدىن ئۆسىدۇ. ئادەتتە پۈتۈن ئۆسۈملۈك تۈپى دورا قىلىنىدۇ. ھەيزنى تەڭشەش، قان توختىتىش ۋە ئاغرىق پەسەيتىش روللىرىغا ئىگە.

**قارىقۇش** ئى [قارا + قۇش] <زوئول> پەي تۈكلىرى قارا

كېلىدىغان بىر خىل چۆل بۈركۈتى.

**قارىقۇشقاچ** ئى [قارا + قۇشقاچ] <زوئول> بىر خىل قۇش. تېنى ئاق، قۇشقاچتىن سەل چوڭ، رەڭگى قارا كېلىدۇ، قولغا ئاسان ئۆگىنىدۇ. ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ ئاۋازىنى دوراش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**قارىقۇمچاق** سۈپ [قارا + قۇمچاق] كۆرۈنۈشى يېقىملىق ھەم ئوماق، ئەمما قارا، كېلىشكەن قارا، قارىمۇتۇق: قارىقۇمچاق قىز.

**قارىقۇيرۇق** ئى [قارا + قۇيرۇق] <زوئول> ← **جەرەن**.

**قارىكۆزەل** ئى <زوئول> كۆزىنىڭ چۆرىسى ۋە قېشى قارا، باشقا يەرلىرى ئاق كەلگەن قوي.

**قارىكۆسەي** ئى [قارا+كۆسەي] <بوت> قوغۇننىڭ بىر خىلى.

**قارىكۈيە** ئى [قارا + كۈيە] <بوت> بۇغداي، قوناق، كۆممىقوناق قاتارلىق باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەر يۇقۇملىنىدىغان بىرخىل كېسەللىك. ئادەتتە ئۇلارنىڭ كېسەللەنگەن قىسمىدا قارا رەڭدىكى توزانلار پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

**قارىگۈل** ئى [قارا + گۈل] <بوت> ① لەيلىگۈلنىڭ بىر تۈرى. گۈلى بىنەپشە رەڭدە ئېچىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى. قۇرۇغاندا قارىيىدۇ. ئادەتتە بوياق قىلىنىدۇ.

**قارىلاشماق** I «قارىلىماق I » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىرنېمىلەرنى دېمەكچى بولدى، لېكىن بوۋاينىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈنلا مەتنىيازنى ئوچۇق قارىلاشمىدى.

**قارىلاشماق** II «قارىلىماق II » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار يىراقتىكى ئۆيىنى قارىلىشىپ مېڭىشتى.

**قارىلاق** ① سۈپ. چىرايى قارا ياكى قارىغا مايىل؛ قارا: — سەن ئۇنىڭ نېمىسى؟ — دەپ سورايدۇ ئۇ ياش بۇ قارىلاق تەنتەكنىڭ پوزىتسىيەسىنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ. ② ئى. چىرايى قارا ياكى قارىغا مايىل كىشى: ئۇ قارىلاقنى نەدىن تېپىپ كەلدىڭ!

**قارىلانغۇچى** ئى. قارىلانغان ئادەم، ئەيىبلەنگۈچى.

**قارىلاناماق** «قارىلىماق I » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەن مۇشۇ خەت تۈپەيلىدىن ناھەق قارىلىنىپ، تۇتقۇن قىلىنغان دەسلەپكى مەزگىلدە خورلۇقتا چىدىماي ئۆلۈۋېلىشنىمۇ ئويلىغانىدىم.

**قارىلىغۇچى** ئى. بىرەر سەۋەب بىلەن باشقىلارنى قارىلايدىغان ئادەم؛ ئەيىبلىگۈچى.

**قارىلىق** I ① ئى. قارا ھالەت، قارا كۆرۈنۈش: كەلسە ئىھ، ئارامىلىق تاڭنىڭ مەزگىلى، قارىلىق نامىدىن بولسام مەنمۇ ئاق. تەتقىقات ئىشىمنى ئەتسەم ۋە داۋام، پەن - بىلىم يولىدا ئۆرلىسەم ھەر ۋاق. ② سۈپ. بىرەر يېقىن كىشىسى ياكى مۆتىۋەر ئادەمنىڭ ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن شۇ كىشىنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرغانلىقىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن كىيىلىدىغان، ئارتىلىدىغان ياكى باغلىنىدىغان: ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، داغىلە خوجا ئەكبەر پادىشاھنىڭ ئوردىسىنىڭ ئالدىدا قارىلىق كىيىملەر بىلەن پەيدا بوپتۇ. ③ ئى. شۇنداق چاغلاردا كىيىلىدىغان كىيىم؛ رومال، بەلباغ قاتارلىقلار: قارىلىق باغلىماق. قارىلىق كىيمەك. ④ ئى. ئويۇن - چاقچاق، شاد - خۇراملىق ۋە شۇنىڭدەك ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدىن ئۆزىنى خالىي تۇتۇش، چەكلەش: قارىلىق تۇتماق. قارىلىقنى سۇندۇرماق. ⑤ ئى. يامانلىق، زەھەرخەندىلىك: كۆڭلى قارىلىق قىلماق.

**قارىلىق** II ئى. ياغاچچىلار ياغاچقا قارا تارتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئەسۋاب. ئۇنىڭ قارا رەڭ قاچىلىنىدىغان قۇتىسى ۋە ياغاچنىڭ يۈزىگە ئىز چىقىرىدىغان ئىنچىكە يىپى بولىدۇ.

**قارىلىماق** I پ. بىراۋنىڭ ئۈستىگە يوق گۇناھنى ئارتماق؛ بىكاردىن - بىكار ئەيىبلىمەك، گۇناھكار دەپ قارىماق؛ قارا چاپلىماق؛ تۆھمەت قىلماق: ئۇ مېنى ناھەق قارىلىدى.

**قارىلىماق** II پ. قارىغا ئالماق، نىشانغا ئالماق، توغرىلىماق، ئۇدۇللىماق، چەنلىمەك، نىشانلىماق: بىز پىلىموتنى دۈشمەننىڭ پوتىيىگە قارىلاپ قويدۇق.

**قارىم** ئى. بىرئاز دىنىي بىلىمى بار، ئوقۇغان كىشىنى ھۆرمەتلەپ، يېقىنلىقنى ئىپادىلەپ چاقىرىشتا قوللىنىلىدۇ.

**قارىماتاق** ئى. قارا تۇسلۇك، چىرايى قارىراق كەلگەن ئادەملەرنى كەمسىتىپ ئېيتىلىدىغان سۆز: — نەرىنىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغانسەن ئۇ قارىماتاقنىڭ؟ — دېدى ئاپىسى خاپا بولۇپ.

**قارىماستىن** تىر. ئېتىبار بەرمەستىن، پىسەنت قىلماستىن، پەرۋا قىلماي، ھېسابلاشماي: قار ئۇچقۇنلىرى يۈزگە ئۇراتتى. ھاكىم ياشنىپ قالغانلىقىغا قارىماستىن ھاسىراپ ماڭاتتى.

**قارىماق** پ ① كۆرۈش ئۈچۈن كۆزىنى بىرەر تەرەپكە، نەرسە ياكى بىركىمگە قاراتماق؛ كۆز تاشلىماق: يىراققا قارىغاننىڭ كۆزى ئۆتكۈر (ماقال). * ئالدىڭغا ماڭساڭ كەينىڭگە قارا (ماقال). ② پەرۋىش قىلماق، باقماق، خەۋەر ئالماق، كۈتمەك: كېسەلگە قارىماق. زىرائەتكە قارىماق. ③ خىيالەن نەزەر تاشلىماق، پىكرەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەك، كۆز تىكمەك: ئۆتمۈشكە بىر قارىماق. كېلەچەككە ئىشەنچ بىلەن قارىماق ④ ... دەپ ھېسابلىماق، تونۇماق ... دەپ بىلمەك، چۈشەنمەك: ئېتىبارسىز قارىماق. ⑤ ئاساسلانماق، باقماق: ئىپادىسىگە قارىماق. * چىشىمغا قارىما، ئىشىمغا قارا (ماقال). * بىلەككە قارىما، يۈرەككە قارا (ماقال). * كىشىنىڭ تىلىغا ئەمەس، دىلىغا قارا (ماقال). ⑥ بىرەر تەرەپكە يۆنەلمەك، توغرىلانماق، ئۇدۇللانماق: ئۇ كەينىگە داجىپ، ئورمان ئىچىگە قاراپ قاچتى. ⑦ ياردەملەشمەك، قاراشماق: ئالماس بولسا موماي بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ: — شانىياز خىزمەت بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۆي ئىشلىرىغا قارىيالماپتۇ، ياخشى بولماپتۇ، — دېدى. ⑧ تەلمۈرمەك؛ ساقلىماق؛ كۈتمەك: تاغدىن كەلگەن شامالدىن مەن يارىمنى سورايمەن. يارىمنى كېلەرمۇ دەپ يولغا چىقىپ قارايمەن. ⑨ بايقىماق، سەزمەك: سۇلتان ئۇيقۇ ئىچىدە قوناق شاخلىرىنىڭ شاراق - شۇرۇق قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، چۆچۈپ ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇردى. قارىسا، ئىش چاتاق! پۇقراچە كىيىنگەن تۆت - بەش ئادەم بۇ تەرەپكە كېلىۋېتىپتۇ. ⑩ ئىنتائەت قىلماق، بويسۇنماق؛ ئىختىيارىدا، قارىمىقىدا بولماق: خوتۇن ئەرگە قارايدۇ، ئەر يەرگە (ماقال). ⑪ كۆڭۈل بەرمەك، نەزىرىنى سالماق: شۇنداق، ئابرۇيى بولمىغان ئەرگە قىز بالا قارىمايدۇ. ⑫ كۆزدىن كەچۈرمەك، تەكشۈرمەك: بىز ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى بىرلىكتە قاراپ چىقتۇق. ⑬ II شەخسكە قارىتا ئېيتىلىپ تەئەججۈپلىنىش، ئەپسۇسلىنىش، ھەيران قېلىش ۋە نەپرەتلىنىش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنىڭ شۇنچىۋالا ئەرزان سائەتنى ئالمىغىنىنى قارا. * يىڭى ھەمراھىم يامان

نېمە ئىكەن، كېلىپلا ئىشقا كىرىشىپ كەتكىنىنى قارىماسمىز.
⑭ چېتىلما رەۋىشداشنىڭ يوقلۇق شەكلىدە كېلىپ «پەرۋا قىلماستىن، پىسەنت قىلماي» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: بوران چىقىۋاتقىنىغا قارىماي، ھاجى ئۇنى ھۇجرىسىغا چاقىرتىپ كەلدى.

**قارىماققا** يۈك. يۈزەكى چۈشەنچە بىلەن قارىغاندا، مۇنداقلا قاراشقا: بۇ گەپلەر قارىماققا ناھايىتى ئاددىيدەك قىلىسمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەنىسى ئىنتايىن چوڭقۇر.

**قارىماي** I ئى [قارا+ماي] <خىم> ← **ئاسفالت:** قارىماي قەغەز.

**قارىماي** II تىر، قارىماستىن: بىز يامغۇرنىڭ يېغىشىغا قارىماي يولغا چىقتۇق.

**قارىمايلاشتۇرماق** «قارىمايلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ يۇقىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇلتۇر بىر يىل ئىچىدە يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق 50 ئائىلىلىك ئۆي سېلىش، 50 پاتقاق گازى كۆلچىكى ياساش، 40 ئائىلىنىڭ ھويلا تېمىنى چۆرۈش، كەنت يولىنى قارىمايلاشتۇرۇش، كۆۋرۈك سېلىش ۋەزىپىسىنىڭ مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

**قارىمايلاشماق** پ. ئاسفالىت ياتقۇزۇلماق، ئاسفالىتلاشماق: يېزا يوللىرى قارىمايلاشتى.

**قارىمايلىق** سۈپ. تەركىبىدە قارىماي بار ياكى قارىماي ئارىلاشتۇرۇلغان، قارىمايغا ئىگە: قارىمايلىق بېتون.

**قارىمۇتۇق** سۈپ. چىرايى قارا ياكى قارىغا مايىل، قارامتۇل: بۇ بوۋاي ئېگىز بويلۇق، قارىمۇتۇق ئادەم بولۇپ، ساقىلىنىڭ تەگدىن تولىسى ئاقارغانىدى.

**قارىمۇچ** ئى [قارا+مۇچ] <بوت> قارىمۇچ ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان ئەۋرىشىم غوللۇق ئۆسۈملۈك. مېۋىسىنىڭ تەمى ئاچچىق، تەم تەڭشەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىسسىقلىق دورىسى قىلىنىدۇ. سوغۇقتىن بولغان ئاشقازان كېسىلىنى داۋالاش ئۈنۈمى ياخشى.

**قارىمۇق** I ئى <بوت> قەلەمپۇر ئائىلىسىدىكى، مېۋىسى قارا، شارسىمان، ئۇرۇقى دورا قىلىنىدىغان، بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تەمى قىرتاقراق، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز. قاننى جانلاندۇرۇپ خۇن ماڭدۇرىدۇ، سۈت كەلتۈرىدۇ، ئىششىقنى ياندۇرىدۇ.

**قارىمۇق** II ئى. ئاق قوناققا چۈشىدىغان قارا كۈيە: قارىمۇق كېسەللىكى.

**قارىمۇقارشى** ① بىرى يەنە بىرىنىڭ ئۇدۇلىدا بولغان، بىر-بىرىگە قاراپ تۇرغان، روبىرو: قارىمۇقارشى بىنالار. قارىمۇ قارشى بۇلۇڭلار. ② بىر - بىرىگە توغرا كەلمەيدىغان، خىلاپ، زىت، بىرى ئىككىنچىسىنى ئىنكار قىلىدىغان؛ بىرى ئىككىنچىسىگە مۇخالىپ، قارشى ياكى دۈشمەن: قارىمۇقارشى مۇناسىۋەت. قارىمۇ قارشى كۈچلەر.

**قارىمۇقارشىلىق** ① قارىمۇقارشى ھالەت: پىكىرلەرنىڭ قارىمۇقارشىلىقى. ② <پەلس> بىرى ئىككىنچىسىنى ئىنكار قىلىدىغان، ئۆزئارا زىت پىكىر، ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلار؛ زىددىيەت، ئىختىلاپ: ئىچكى قارىمۇقارشىلىق. سىنىپىي قارىمۇقارشىلىق.

**قارىمىقىدا** رەۋ. تەۋەسىدە، ئىلكىدە: بۇ يەردە مەدەنىيەت ئۆيىنىڭ قارىمىقىدا يەنە ئۈچ نەچچە كىشىلىك سەنئەت گۇرۇپپىسىمۇ تەشكىل قىلىنغانىدى.

**قارىمىقىدىكى** سۈپ. تەۋەسىدىكى، ئىختىيارلىقىدىكى، ئىلكىدىكى، قاراشلىق: بۇ يەر بىر كىچىك بازار تۈسىنى ئالغان بولۇپ، ئۇ يەردە ناھىيە قارىمىقىدىكى بىرنەچچە ئىدارە ۋە بىر ئاشخانا بار ئىدى.

**قارىن (قارنى)** ئى ① ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ھەزىم قىلىش ئورگىنى؛ ئاشقازان، قورساق: قارنى ئاچماق. قارنى توق. قارنى يامان؛ ② بالىنىڭ تۇغۇلۇشىدىن بۇرۇن تۇرىدىغان يېرى؛ بالىياتقۇ؛ قورساق: بۇ بالا ئۇ چاغلاردا تېخى ئانىسىنىڭ قارنىدا ئىدى. ③ كۆچمە. راۋاب، دۇتار، تەمبۇر قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ خەرەك تۇرىدىغان قىسمى؛ ئىچى كاۋاك ئىدىش، كۆپ قاتارلىق ئاغزى كىچىكرەك نەرسىلەرنىڭ دومبىيىپ چىققان يوغان قىسمى: دۇتارنىڭ قارنى. تەمبۇرنىڭ قارنى. ئىدىشنىڭ قارنى. كۈپنىڭ قارنى. كوزىنىڭ قارنى. ساماۋەرنىڭ قارنى.

**قارىنباغ** ئى [قارىن + باغ] ئېگەرنىڭ ئات قارنىدىن ئايلاندۇرۇپ باغلاپ قويۇلىدىغان تاسمىسى.

**قارىئۆرۈك** ئى [قارا + ئۆرۈك] <بوت> ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. مېۋىسىنى ئىستېمال قىلىشقا ۋە دورا ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ② شۇ خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى.

**قارىئۆڭكۈر** ئى [قارا + ئۆڭكۈر] <ئاستر> تەرەققىي قىلىپ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچقا يەتكەن تۇرغۇن يۇلتۇز. ئۇ نېيترون يۇلتۇزىنىڭ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا قىسقىرىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان بولۇپ، ئىنتايىن زور تارتىشىش كۈچى مەيدانىغا ئىگە.

**قارىئېجرىق** ئى <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئادەتتە ئۇ ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ياخشى خەشىكى ھېسابلىنىدۇ. يىلتىزسىمان غولى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، قاننى ساپلاشتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**قارىي** ئى [ئە] ① قۇرئاننى قىرائەت بىلەن يادقا ئوقۇيدىغان كىشى: — خۇدا خالىسا مەن ئوغلۇمنى قارىي قىلىمەن، — دېدى ئىمام. ② ئەرلەرنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىدۇ.

**قارىياغاچ** ئى [قارا + ياغاچ] <بوت> قارىياغاچ ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. ياغىچى قۇرۇلۇشقا ياكى ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**قارىياغاچلىق** ① سۈپ. قارىياغىچى بار، قارىياغاچ كۆپ ئۆسكەن، قارىياغاچ بىلەن قاپلانغان: قارىياغاچلىق يېزا. ② ئى. قارىياغاچ كۆپ ئۆسكەن يەر، قارىياغاچ بىلەن قاپلانغان جاي: داۋانچىڭدىن قوزغىلىپ سايئوپىغا قاراپ يول ئالغان ھارۋىلار قارىياغاچلىقلار ئارىسىدىكى قاتتىق يوللاردا كېتىۋاتاتتى.

**قارىياڭاق** ئى [قارا + ياڭاق] <زوئول> ① ياڭىقى قارا، باشقا يەرلىرى ئاق كەلگەن قوي. ② تۇغۇلغىنىغا بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە بولغان جەرەن بالىسى.

**قارىيچىلاپ** رەۋ. قارىيلار ئۇسۇلىدا، قارىيلارغا ئوخشاش، قارىيلارچە: قارىيچىلاپ ئوقۇماق.

**قارىيخانا** ئى. قارىيلار ئوقۇيدىغان، قارىيلار قىرائەت

قىلىدىغان جاي.

**قارىلىق** ئى. قۇرئاننى يادقا ئوقۇش ئىقتىدارى، سالاھىيىتى.

**قار- يامغۇر** قار ۋە يامغۇر: بۇ قار - يامغۇر تولا ياغمايدىغان جاي.

**قازا** ئى [ئە] ① ئۆلۈم، ئۆلۈش؛ ۋاپات بولۇش؛ ئۆلۈم سائى- تى، ئەجەل: قازا تاپماق. * بەخت تاق كېلىپ جۈپ قىلىدۇ؛ قازا جۈپ كېلىپ تاق قىلىدۇ (ماقال). جان بار يەردە قازا بار (ماقال). ② بالا، بالا - قازا، پالاكەت، بەختسىزلىك، ئاپەت: قازا ئىككى، ئۆلۈم بىر (ماقال). ③ ۋاقتىنى، پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويۇش: ناماز- نىڭ قازاسىنى ئوقۇماق.

**قازارا** رەۋ [ئە + پ] يېزىت. قازاسى سۆرەپ، قازا يېتىپ؛ بەختسىزلىككە ئۇچراپ؛ ئۇشتۇمتۇت، تاسادىپىي: قازارا كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئۆلۈپ قالسا، بۇ سىرنى ھېچكىم بىلمەي قالامدۇ.

**قازاق** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار (قازاقلار) ئاساسەن مەملىكى- تىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىلى قازاق ئاپتو- نوم ئوبلاستىغا، ئۇنىڭدىن قالسا گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلى- رىگە تارقاق ئولتۇراقلاشقان. چەت ئەللەردە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**قازاقچە** ① سۈپ. قازاقلارغا، قازاق خەلقىگە، قازاق تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت؛ قازاق خەلقىگە خاس: قازاقچە ئۇسسۇل. قازاقچە كىيىم. ② ئى. قازاق تىلى ۋە يېزىقى: ئۇ قازاقچىنى ناھا- يىتى ياخشى بىلىدۇ. ③ رەۋ. قازاق تىلى ۋە يېزىقىنى ئىشلىتىپ: قازاقچە سۆزلىمەك.

**قازالىماق** پ. قازا قىلماق، قازا تاپماق، ئۆلمەك: — چوڭ دادام بار، ئاپام ئۆتكەن يىلى قازالاپ كەتتى، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

**قازان** ئى ① تاماق پىشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يېرىم شار شەكىللىك قۇيما چويۇن ئىدىش. ئۇنىڭ تۆت قۇلىقى بولىدۇ: قازان ئاسماق. * قازانمۇ ماي، چۆمۈچمۇ ماي بولماق. ② ئىچىگە سۇيۇقلۇق قاچىلاپ، ئىسسىتىش ئارقىلىق پار ھاسىل قىلى- دىغان يېپىق قۇرۇلما: پار قازىنى. يۇقىرى بېسىملىق قازان. ③ <ماشىن> تىرەك ئوق ئورنىتىلىدىغان دېتال. ئوق ئادەتتە ئۇنىڭ ئۈستىدە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ يەنە «سىيرىلما قازان» ۋە «دومىلىما قازان» قاتارلىق بىر نەچچە خىل تۈرلىرى بولىدۇ.

**قازىنىغا توپا چاچماق** بىراۋنىڭ مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچراتماق، ئېشىغا توپا سالماق: — ئاچ كۆزلۈك قىلماڭ، ئاكا، باشلىق قىل دېدى دەپ كۆپنىڭ قازىنىغا توپا چاچسىڭىز بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ بالا ھېلىقى كىشىگە نەسىھەت قىلىپ.

**قازانچاق** ئى. كىچىك قازان، قازاننىڭ كىچىكى.

**قازانچى** ئى. قازان قۇيىدىغان ۋە ئۇنى ساتىدىغان ئادەم: قۇلاقنى نەدىن چىقارسا قازانچىنىڭ ئىختىيارى (ماقال).

**قازانچىلىق** قازان قۇيۇش ھۈنىرى، كەسپى: قازانچىلىق قىلماق. قازانچىلىق بىلەن شۇغۇللانماق.

**قازانخانا** ئى. قازان ئورنىتىلغان ئۆي: زاۋۇت قازانخانىسى.

**قازاندۇرماق** «قازانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇتۇق قازاندۇرماق. نەتىجە قازاندۇرماق. ئابرۇي قازاندۇرماق.

**قازان- قومۇچ** تاماق ئېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قازان ۋە شۇ خىلدىكى ئۆي جابدۇقلىرى: رۇقىيە ھەدىسىگە ياردەملىشىپ قازان - قومۇچ يۇيۇۋاتاتتى.

**قازانلىق** سۈپ ① قازىنى بار، قازان ئورنىتىلغان. ② قازان قۇيۇشقا لايىق، قازان قۇيۇشقا يېتىدىغان: ئىككى قازانلىق چويۈن.

**قازانماق** پ. قولغا كەلتۈرمەك، ئىگە بولماق، ئېرىشمەك، سازاۋەر بولماق، مۇيەسسەر بولماق: شۆھرەت قازانماق. غەلىبە قازانماق. مۇۋەپپەقىيەت قازانماق.

**قازانيۇغۇچ** ئى [قازان + يۇغۇچ] قازان - قومۇچلارنى يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان لاتا ۋە ياكى شۇنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلگەن باشقا نەرسە.

**قازايىقەدەر** ئى [ئە] باشقا كەلگەن بالا - قازا، پېشكەللىك، كېلىشمەسلىك: بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ كەلگەن قازايىقەدەر ئۇنىمۇ ھالاك قىلغىلى تاسلا قالدى.

**قازدۇرماق** «قازماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەتىسى پادىشاھ بىر تاغ ئارىسىغا بېرىپ ئۆيگە ئوخشاش قىلىپ بىر زىندان قازدۇرۇپتۇ.

**قازدۇرۇلماق** «قازدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: خەندەك قازدۇرۇلدى.

**قازما** ① ئى. يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان نەرسە، بۇيۇم: قېزىلما. ② سۈپ. يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان، قېزىلىدىغان: قازما بايلىق.

**قازماق** پ ① يەرنى كولاپ، چېپىپ، ئويۇپ چوڭقۇر قىلماق؛ كولىماق: ئۆستەڭ قازماق. ئورا قازماق. خەندەك قازماق. گۆر قازماق. ئۇل قازماق. ② يەر ئاستى بايلىقلىرىنى كولاپ چىقارماق، ئالماق: كۆمۈر قازماق. رۇدا قازماق. ③ كۆچمە. ئاختۇ- رۇپ، ئىزدەپ تاپماق: ئۇستاز شەيخ سەئىدى ھېكمەتلەر ئالىمىدىن شۇنچە ھېكمەتلەرنى قازدى.

**قازمىچىلىق** ئى. يەر ئاستىدىكى كان بايلىقلىرىنى قېزىپ چىقىرىش كەسپى: قازمىچىلىق سانائىتى.

**قازناق** ئى. نەرسە - كېرەك ساقلىنىدىغان ئىچكىرىكى كىچىك ئۆي، خانا: دادام قازناقتا يوق (ماقال). * ئىلگىرى باغداتتىن كەلسە، ھازىر قازناقتىن چىقار (ماقال).

**قازى** ئى [ئە] ① تارس. ئۆتمۈشتە شەرىئەت قانۇنى بويىچە دەۋا ئىشلىرىنى سورايدىغان ئەمەلدار: قازى بولماق.* دەۋاگەر سۈس بولسا قازى مۇتتەھەم بولۇپتۇ (ماقال). ② مەشرەپ، ئەلنەغمە ئويۇنلىرىدا باشقۇرۇش ۋە كەتكۈزۈپ قويغانلارنى جازالاشقا مەسئۇل بولغان كىشى.

**قازىخانا** ئى [ئە + پ] تارس. قازىنىڭ ئىش بېجىرىش ئىدارىسى، مەھكىمىسى: قازىخانىدىكى دەۋاگەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىشرەتنى ئالدىغا سېلىپ ئوردىغا قاراپ كېتىشتى.

**قازىزادە** ئى [ ئە + پ ] تارس. قازىنىڭ پەرزەنتى، قازىلارغا مەنسۇپ كىشى: بۇ كىتاب شەرقنىڭ ئەخلاق تونى بولۇپ شۆھرەت قازانغان مەۋلانە مۇسا ئىبنى مەھمۇد قازىزا دە رۇمى يازغان «رىيازىيانلىق ئىلمى» ناملىق مەشھۇر ئەسەر ئىدى.

**قازى- قۇززات** تارس. قازى ۋە باش قازى قاتارلىقلار: پادىشاھ ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن دەرھال قازى - قۇززاتلارنى چاقىرىپتۇ - دە، كامالنىڭ قىزىنى ئۆزىگە نىكاھ قىلدۇرۇپتۇ.

**قازىكالان** ئى [ئە + پ] تارس. باش قازى، چوڭ قازى: شەھەرنىڭ قازىكالانلىرى ئاممىدىن ھېبىبۇللا مۇپتىھاجىنىڭ بىر

قوشۇق قىينىنى تىلىدى.

**قازىلىق** ئى. قازىغا يۆكلەنگەن ئىش، مەنسەپ: قازىلىق قىلماق. * چوڭ قازى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنى قازىلىققا تەيىنلەپتۇ.

**قازىنىشماق** «قازانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشتا نەتىجە قازىنىشتى.

**قازىنىلماق** «قازانماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پۈتۈن سەپ بويىچە قازىنىلغان بۇ غەلىبە پەقەت ئىچكى كۈرەشنىڭ مۇقەددى-مىسىلا ئىدى، خالاس.

**قاس** تەق. قول ئۇگىلىرىنى ئۇۋۇلاش، ئۇسسۇلغا تەڭكەش قىلىپ بارماقلارنى چېكىش، قامچا ئۇرۇشتىن چىقىدىغان ئاۋاز: قاس چىقارماق.

**قاساتماق** I «قاسماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرى-جىسى: ئۇنى يەر قاستىپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

**قاساتماق** II «قاسماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرى-جىسى: چاپان قاساتماق. كۆڭلەك قاساتماق.

**قاساشماق** I «قاسماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىزگە توۋا قىلىپ يەر قاساشتى.

**قاساشماق** II «قاسماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار زەدىۋالنى قاسىشىپ بولدى.

**قاساق** ئى. كىيىم - كېچەكلەرنىڭ قاتلاپ قاساپ تىكىلگەن يېرى.

**قاساقلىق** سۈپ. قاسالغان، قاساپ قويۇلغان.

**قاسالماق** «قاسماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قاسساپ** ئى [ئە] مال سويىدىغان ۋە گۆش ساتىدىغان ئادەم: قوينى قاسساپ سويسۇن (ماقال).

**قاسساپچىلىق** ئى. قاسساپلىق: ئۇنىڭ خىزمەت ئورنى بولمىغاندىلىقتىن يەنىلا بۇرۇنقى قاسساپچىلىقىنى تېپىۋالغانىدى.

**قاسساپخانا** ئى [ئە + پ] قاسساپلار گۆش ساتىدىغان ئۆي، دۇكان.

**قاسساپلىق** ئى. مال سويۇش، گۆش سېتىش ئىشى، كەسپى: قاسساپلىق قىلماق.

**قاسسىدە** رەۋ. «قاس» قىلغان ھالدا، «قاس» قىلىپ.

**قاس - قاس** «قاس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**قاسقان** ئى ① غەلۋىر، ئەلگەك، چاق ۋە بەزى باش كىيىمى قاتارلىقلارنىڭ چۆرىسىدىكى گەردىش؛ چەمبىرەك: غەلۋىر قاسقىنى. // قاسقان شەپكە. ② مانتا ۋە شۇ خىل تائاملارنى پىشۇ-رۇش ئۈچۈن ياغاچ، قومۇش قاتارلىقلاردىن مەخسۇس ياسالغان نەرسە ۋە ئۇنىڭ ھەربىر چەمبىرىكى: ھېلىم ئاشىق ئاشخانا ئالدىغا كېلىپ، قاسقاندىكى مانتىدىن بىرنى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى.

**قاسقانلىق** سۈپ. قاسقىنى بار، قاسقان ئورۇنلاشتۇرۇلغان: ئۇلارنىڭ ئىچىدە قاسقانلىق شەپكە كىيگىنى شەھەر ساقچىسى ئىدى.

**قاس - قۇس** «قاس» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ماموت ئاچچىقلانغان ھالدا ئۇنىڭ يۈزىگە قاس - قۇس ئىككى شاپىلاق سالدى.

**قاسماق** سۈپ. بەك كىرلىشىپ كەتكەن، مەينەت: ئۇنىڭ شەپكىسى قاسماق، يەنە چاپىنىنىڭ بىرمۇ تۈگمىسى يوق. * ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىمۇ قاسماق باسقان ھەم ئاۋارە ئىدى.

**قاسماقلاشماق** پ. قاسماق بولۇپ كەتمەك، ئۈستى - ئۈستىلەپ كىرلىشىپ كەتمەك، قاسماق باغلىماق: ئۇ ئۈچىسىغا ئۇزۇن قارا نىمچە كىيىپ، كىر داكا رومال ئارتقان، قولىدا بولسا، قاسماقلىشىپ كەتكەن شىشە ساڭگىلاپ تۇراتتى.

**قاسناق** ئى. بىرەر نەرسىنىڭ يېنى، يان تەرىپى، ياقىسى؛ گىرۋەك، بوي: دەريانىڭ قاسنىقى. كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقى.

**قاسناقلىق** سۈپ. قاسنىقى، گىرۋىكى بار؛ گىرۋەكلىك: قاسناقلىق كۆڭلەك.

**قاسراق** ئى. بەزى يۇمشاق تەنلىك ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈك-لەرنىڭ سىرتقى قېپى، پوستى. ھايۋانلارنىڭ قاسرىقى ئاساسەن كالتسىيلىق ماددا ۋە پىگمېنتلاردىن تۈزۈلىدۇ. ئۇ ئادەتتە قاتتىق بولۇپ، تەننى قوغداش رولىنى ئوينايدۇ.

**قاسراقچە** ئى ① كىچىك قاسراق. ② <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كىچىك باشقىنىڭ سىرتىنى ئوراپ تۇرىدىغان شەكىل ئۆزگەرتكەن يوپۇرماق.

**قاسراقسىز** سۈپ. قاسرىقى يوق، قاسراق بولمىغان.

**قاسراقلىق** ئى. قاسرىقى بار، قاسرىقى بولغان: قاسراقلىق ھايۋانلار.

**قاسىر - قۇسۇر** قول بىلەن بىراۋنىڭ تەستىكىگە ئۇرغان، بىرنەرسە يەنە بىرنەرسىگە تەگكەن ياكى ئات - ئېشەكلەر قۇرۇق ئوت - چۆپ يېگەن چاغدا چىققان ئاۋازلار: ئاتلارنىڭ قاسىر - قۇسۇر ئوت چايناشلىرى ۋە ئەتراپتىكى خورازلارنىڭ قىچقى-رىشلىرى بۇ جىملىقنى بۇزاتتى.

**قاسىرماق** ئى ① پولۇ، گاڭپەن قاتارلىق تاماقلارنىڭ قازاننىڭ تېگىگە چاپلىشىپ پىشقان قاتتىقراق قىسمى؛ قىرماق، قازان تېگى: پولۇنىڭ قاسىرمىقىنى يېمەك. ② دەرەخ ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەرنىڭ سىرتقى قەۋىتى، پوستى؛ قاسراق: تېرەكنىڭ قاسىرمىقى. تالنىڭ قاسىرمىقىنى سويماق.

**قاسىلداتماق** «قاسىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرى-جىسى: ساۋۇر بارماقلىرىنى ئاستا قاسىلدىتىپ، ئانىسىغا نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى.

**قاسىلداشماق** «قاسىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قاسىلدىماق** پ. «قاس - قاس» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «قاس - قاس» قىلماق.

**قاسىماق** I پ ① چىشلەپ، ئۈزۈپ ئالماق؛ غاجىماق: ئۇ قولىدىكى ناننىڭ يېرىمىنى ئىككى قاساپلا يەۋەتتى. ② كۆچمە. ئارقىسىدىن يامان گېپىنى قىلماق، غەيۋەت قىلماق، تىللى-ماق: مەن تۇرمۇشتا بىر - بىرنى پۈتلاش، غاجاش، قاساشلارنىمۇ شۇ ئىنسانلار ئارىسىدا ئۇچرىتىپ تۇرۇۋېتىمەن.

**قاسىماق** II پ. پۈكلەپ تىكمەك، پەرلىمەك (كىيىم - كېچەك قاتارلىقلار ھەققىدە).

**قاش** I ئى ① كۆز قاپىقىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدىكى تۈكلەردىن تەشكىل تاپقان يايسىمان سىزىق: قارا قاش. قاش ئاتماق. * بېشىدا بارنىڭ قېشىدا بار (ماقال). ② ئېگەرنىڭ ئادەم ئالدى تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان يايسىمان قىسمى: ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى مەڭزى ئارقىلىق ئېگىرنىڭ قېشىغا ۋە ئاتنىڭ يالىغا تېمىشقا باشلاپتۇ.

**قاش قارايماق** كەچ كىرىپ كۆز باغلىنىدىغان چاغ بولماق: بۇ چاغدا قاش قارىيىپ قالغانىدى.

**قاش** II ئى ① بىركىمنىڭ ھۇزۇرى، يان، ئالدى: شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قېشىغا ئالماس، لەيلىگۇللەر يېتىپ كېلىشتى. ② بىرەر نەرسىنىڭ ئورۇنلاشقان يېرى، يېنى، تۈۋى ياكى ئەتراپى: ئاخىرى ئۇ چوڭ ئۆستەڭنىڭ بويىدىكى كونا تۈگمەن قېشىغا كېلىپ، بىر دەرەخنىڭ كۆتىكىدە ئولتۇردى. ③ كۆچمە. خۇرۇم ئاياغلارنىڭ پاشنىسىغا ياكى چەمىنىڭ ئۇپراپ كەتكەن يېرىگە قويۇپ مىخلاش ئۈچۈن تەييارلانغان، كۆن، خۇرۇم قاتارلىق نەرسىلەردىن كېسىلگەن كىچىك پۇرۇچ، بۆلەك: ئاياغنىڭ چەمىگە قاش قويدۇرماق. * يارىم توپلەي كىيىپتۇ، پاشنىسىغا قاش قويۇپ، قاچىلىقتا ياتارمىز، بىر تەكىيگە باش قويۇپ.

**قاش** III ئى ① دەريا، كۆل، ئۆستەڭ قاتارلىقلارنىڭ ياقىسى، يېنى، بويى: يول يۇرسەڭ باشقا چىق، سۇ ئۈزسەڭ قاشقا چىق (ماقال). ② سۇنى توسۇش ۋە ئۇنىڭ كېلىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ياسالغان توسۇق، قىر: ھەر يىلى ئەتىياز پەسلى كېلىش بىلەنلا ئۆستەڭ چېپىپ، قاش ياساش، بۇلاقلارنىڭ كۆزىنى ئېچىش باشلىناتتى. ③ كۆچمە. بۆلەك، تەرەپ: ئۇلار ئۆز ئارا پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەي، ئىككى قاشقا بۆلۈنۈپ كەتتى.

**قاشا ( قاشاسى )** ئى. بىرەر دائىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن توسۇلغان توسۇق: قاشا مەھكەم بولسا، تۈلكە كىرەلمەس (ماقال).

**قاشارتماق** «قاشارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پىچاقنى قاشارتماق. ئورغاقنى قاشارتماق.

**قاشارتىلماق** «قاشارتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قاشارماق** پ ① قاشاڭ بولۇپ قالماق : شىددەت بىلەن چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتلار بۇ غايەت ئوت تېغىدىن ئۈركۈپ، يۈنىلىشىنى ئۆزگەرتىشكە، قاشىرىپ تۇرۇۋېلىشقا باشلىدى * كۈندە مىڭ ياڭزا گەپ، قۇلاقمۇ قاشىرىپ قالدى. ② گاللاشماق: پىچاق قاشاردى. قىڭراق قاشاردى. ئورغاق قاشاردى.

**قاشاق** سۈپ. دىيال. ئالىغاي، كۆزىنىڭ ئورۇنلىشىشى نورمال بولمىغان.

**قاشاڭ** I ئى. تېرە ياكى كۆنلەرنىڭ چۆرىسىدىن قىيىپ چىقىرىۋېتىلگەن قېلىن ھەم قېتىپ، قورۇلۇپ قالغان پارچىلىرى.

**قاشاڭ** II سۈپ ① ئىتتىك، تېز ماڭمايدىغان، يۇرۇشى ئاستا، ھەرىكىتى سۇس: قاشاڭ ئات. قاشاڭ ئېشەك. * قاشاڭ ئات مىنگۈچە، پىيادە ماڭ ئۆلگۈچە (ماقال). ② گال، ئۆتكۈر ئەمەس: قاشاڭ پىچاق. ③ بىر ئىشقا پەقەت ئالدىرىمايدىغان، قولىدىن بىرەر ئىش تېز چىقمايدىغان، ھەرىكىتى سۇس: قاشاڭ ئايال. * بۇنداقلار ئادەتتە ئېھتىياتچان، قاشاڭراق ۋە دىتسىزرەك كېلىدۇ. ئۆمۈر بويى زور دەرىجىدە يۈكسىلەلمەي ئادەتتىكىچىلا ئۆتىدۇ. ياخشى پۇرسەت كەلگەندىمۇ ئىككىلىنىپ، قەتئىي قارارغا كېلەلمەيدۇ ۋە شۇ پۇرسەتنى قاراپ تۇرۇپلا قولدىن بېرىپ قويىدۇ.

**قاشاڭلاشتۇرماق** «قاشاڭلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاشاڭلاشتۇرۇلماق** «قاشاڭلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قاشاڭلاشماق** پ ① مەلۇم پائالىيەت جەھەتتە سۇس بولۇپ قالماق؛ قاشاڭ ھالەتكە كەلمەك: ھېلىقى چاغدا مەن مىنگەن ئات ھازىر بەك قېرىپ قاشاڭلىشىپ كەتتى. ② گال بولۇپ قالماق، ئۆتكۈرلۈكىنى يوقاتماق: پالتا بەك قاشاڭلىشىپ كېتىپتۇ.

**قاشاڭلىق** ئى. گاللىق، ئۆتمەسلىك؛ ھەرىكىتى سۇسلۇق: ئىككى ياندىكى كىشىلەر بولسا، مېنىمۇ كۆرۈڭلەر دېگەندەك قىلىپ قاشاڭلىق بىلەن تۇرۇۋالغان كالىلارغا قاراپ پاراقلاپ كۈلەتتى.

**قاشالاتماق** «قاشالىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاشالاشماق** «قاشالىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قاشالانماق** «قاشالىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھويلا سوقما تام بىلەن قاشالانغانىدى.

**قاشالىق** سۈپ. قاشا بىلەن توسۇلغان، قاشا قىلىنغان، قاشالانغان: قاشالىق ھويلا. قاشالىق باغ. قاشالىق ئېتىز.

**قاشالىماق** پ. بىرەر دائىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ئەتراپىنى توسۇپ قويماق، قاشا قىلماق: بەزى ئورمان مۇھاپىزەتچىلىرى بىرقانچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ياش ئورمان بەلباغلىرىنى قومۇش بىلەن قاشالىدى.

**قاشتاش** ئى [قاش + تاش] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. سىپتا ۋە پارقىراق كېلىدۇ. قاتتىق قاشتاش ۋە يۇمشاق قاشتاش دەپ ئايرىلىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭدىن زىننەت بۇيۇملىرى ياسىلىدۇ ۋە نەققاشچىلىقتا ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

**قاشتاشچى** ئى. قاشتاش ئېلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ھەرخىل بۇيۇملار ياسايدىغان كىشى.

**قاشتاشسىمان** سۈپ. قاشتېشىغا ئوخشاش، قاشتېشى شەكىلدىكى.

**قاششاق** سۈپ. ئىنتايىن كەمبەغەل، بەك نامرات: قاششاق ئادەم. قاششاق دېھقان.

**قاششاقلاشتۇرماق** «قاششاقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاششاقلاشتۇرۇشماق** «قاششاقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قاششاقلاشتۇرۇلماق** «قاششاقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قاششاقلاشماق** پ. ئىنتايىن كەمبەغەللەشمەك، نامراتلاشماق: ئەزالار نېمىدېگەن قاششاقلىشىپ كەتكەن ـ ھە!

**قاششاقلىق** ئى. قاششاق ھالەت: ئاشلىقىمىزنىڭ كەملىكىگە كەلسەك، بۇ بىر تەرەپتىن دېھقانلىرىمىزنىڭ قاششاقلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن شارائىتىمىزنىڭ ناچارلىقىدىن بولغان.

**قاشقا** ئى ① ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ پېشانىسىدىكى ئاق تۈك ئۈنگەن يېرى، ئاق بەلگىسى: ئاتنىڭ قاشقىسى. قاشقىسى بار ئات. ② پېشانىسىدە شۇنداق ئاق تۈكى، بەلگىسى بولغان ئۇلاغ؛ ئات: يىگىت ھويلىنىڭ بىر چېتىدىكى ئاتخانىغا ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ، توقۇقلۇق تۇرغان جەدە قاشقىنى يېتىلەپ چىقتى. ③ كۆچمە. باشقىسىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان يېرى، بەلگىسى: توغرا، مېنىڭ قاشقام ئېنىق، شۇڭا مەندىن ئانچە ئەنسىرىمىسىمۇ بولىدۇ. ④ كۆچمە. بىرەر يەرنىڭ ئوتتۇرىسى، مەركىزى، كۆزى: — سەن سۇ ئامبىرىنى نەگە قۇرماقچى بولۇۋاتىسەن؟ — نەگە بولاتتى، مۇشۇ گۈڭشېغا، مۇشۇ گۈڭشېنىڭ دەل قاشقىسىغا!

**قاش ـ قاپاق** قاش ۋە قاپاق؛ قاش: قاش ـ قاپىقى جايىدا. قاش ـ قاپىقى چۈشمەك. قاش ـ قاپىقىنى تۈرمەك.

**قاشقالداق** ئى <زوئول> پېشانىسىدە ئاق قاشقىسى بار، رەڭگى قارا، تۇمشۇقى ئاق بىر خىل قۇش.

**قاشقۇنچۇق** ئى. دىيال. باللار ئوينايدىغان پوقۇزەك ئويۇ- نىنىڭ بىر تۈرى.

**قاشقەلەم** ئى [قاش + قەلەم] قاش بوياشتا ئىشلىتىلىدىغان قېرىنداش شەكلىدىكى گىرىم بۇيۇمى.

**قاشقىر** ئى ① ئۈزۈمنىڭ بىر تۈرى. ئادەتتە مېۋىسىنىڭ رەڭگىگە ئاساسەن «ئاق قاشقىر» ۋە «كۆك قاشقىر» دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ② شۇ خىل ئۈسۈملۈكنىڭ مېۋىسى (ئۈزۈ- مى): بىر ساپاق قاشقىر.

**قاشقىلىق** سۈپ. پېشانىسىدە قاشقىسى بار، قاشقىسى بولغان: ئۇ پات- پاتلا ئاشۇ ئاق قاشقىلىق تورۇق ئېتىنى ئەسلەپ ئۆلۈغ- كىچىك تىناتتى.

**قاشقىنا** ئى. دىيال. قاش، يان.

**قاشقىئوغلاق** ئى [قاشقا + ئوغلاق] <زوئول> تاغ ئورمان- لىرىدا ياشايدىغان بىر خىل سۈت ئەمگۈچى ھايۋان.

**قاش- كۆز** قاش ۋە كۆز: قاش- كۆزىنى ئويناتماق. قاش- كۆزى جايىدا.

**قاش- كىرپىك** قاش ۋە كىرپىك: بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تۇرغۇن بىلەن قۇدرەتنىڭ خۇشلۇقىدىن قاش- كىرپىكلىرى ئويناپ كەتتى.

**قاشلاتماق** «قاشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاشلاشماق** «قاشلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قاشلانماق** «قاشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قاشلىغۇچ** ئى. ئادەم بەدىنىنىڭ قىچىشقان يەرلىرىنى ياكى ئات- ئۇلاغلارنىڭ بويىنىنى قاشلاش، توكىنى تاراش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆمۈر ياكى ياغاچتىن ياسالغان تارغاقسىمان ئەسۋاب؛ تاتىلغۇچ.

**قاشلىق** ① سۈپ. قېشى بار، قاش چىقىرىلغان: قارا قاشلىق قىز. ئېگىز قاشلىق ئېگەر. ② ئى. ئاياللار قېشىنى قارا قىلىش ئۈچۈن سۈرىدىغان بىر خىل قارا پەرداز بۇيۇمى؛ سۈرمە: قاشلىق ئەتمەك. قاشلىق قويماق. قاشلىق سۈرمەك.

**قاشلىقئوت** ئى. دىيال. ئوتلاق، ئېتىز قاتارلىق نەم يەرلەردە ئۈسىدىغان بىر خىل ئوتنىڭ نامى.

**قاشلىماق** I پ. ئادەم بەدىنىنىڭ قىچىشقان يېرىنى ياكى ئات، ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ بەرەر يېرىنى قول ياكى قاشلىغۇچ بىلەن تاتىلىماق: باشنى قاشلىماق. * ئەخمەق ئۆتۈكنىڭ تېشىدىن قاشلار (ماقال).

**قاشلىماق** II پ. قاش پەيدا قىلماق، قاش ياسىماق، قاشنى ئېگىزلەتمەك، قىرلىماق: دەريانىڭ قېشىنى قاشلىماق. * ئېتىزنىڭ قىرىنى قاشلىماق.

**قاغا** ئى ① <زوئول> ئورمان ياكى داللاردا ياشايدىغان، رەڭگى قارا، قانىتى پارقىراق بىر خىل قۇش. ② قارتا ئويۇن- دىكى شەكلى قاغىغا ئوخشايدىغان قارا رەڭلىك بەلگە ۋە شۇ خىل بەلگىگە ئىگە قەغەز: قاغىنىڭ تۈزى. قاغىنىڭ ئونلۇقى.

**قاغا پوق يېمەستە** تاڭ يورۇش بىلەنلا، قاق سەھەردە، تاڭ سەھەردە: — قاغا پوق يېمەستە كەلگۈچە چاي- پاي ئىچكەندىن كېيىن كەلسەڭ بولمامدۇ، — دېدى ئۇ ماڭا تېرىكىپ.

**قاغا پۇتى** قىڭغىر- قىيسىق، سەت، گادىرماچ: قاغا پۇتى خەت.

**قاغا- قۇزغۇن** قاغا ۋە قۇزغۇن، قاغا ۋە شۇ خىلدىكى قۇشلار: شۇ ھامان ئاسماندىن بىر توپ قاغا- قۇزغۇنلار چۈشۈپ پادە- شاھنىڭ ھارام گۆشىنى چوقۇپ يېگىلى باشلىدى.

**قاغان** ئى <تارىخ> قەدىمكى سيانپىلار، جۇرجانلار، تۈركلەر، موڭغۇللاردىكى ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك مەنسەپ نامى. خان- پادىشاھ مەنىسىدە كېلىدۇ. مىلادىيە 402- يىلىدىن باشلاپ قوللىنىلغان.

**قاغجال** سۈپ ① ناھايىتى بەك قۇرۇپ كەتكەن، قاقشال: قاغجال دەرەخ. ② كۆچمە. بەك ئورۇقلاپ كەتكەن، ئورۇق، ئاۋاق: قەمەرنىسا بۇ قاغجال ئايالنىڭ يېنىدا جىم ئولتۇراتتى.

**قاغجالما** ① سۈپ. بىر تېرە- بىر ئۇستىخانلا بولۇپ قالغان، تېرىلا بولۇپ كەتكەن، ناھايىتى ئورۇق: بۇ بالا بەك قاغجالما بولۇپ كېتىپتۇ. ② ئى. جىق ئىش كۆرۈپ تەجرىبىلىك بولۇپ كەتكەن كىشى؛ قاقباش، قاغدالما.

**قاغجالملىق** ئى. قاغجالما ھالەت، قاغجالمىلىق: قاغجالمىلىق قىلماق.

**قاغجىراتماق** «قاغجىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىزغىرىن شامال پوستەك باغلاپ كەتكەن يەرلەرنى قاغجىراتاتتى.

**قاغجىراشماق** «قاغجىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قاغجىراق** سۈپ. سۇسىزلىقتىن قۇرۇپ يېرىلغان، قاغجىراپ كەتكەن: سۇ بولمىغانلىقتىن بىر توپ گىياھمۇ ئۈنمىگەن يارىبېشى تۆپىلىكى ناھايىتى قاغجىراق ئىدى.

**قاغجىرىماق** پ. بەك ئۇسساپ قۇرۇپ كەتمەك: قاغجىراپ كەتكەن دەرەخلەر.

**قاغداڭ** سۈپ. دىيال. قۇرۇپ، يوپۇرماقلىرى چۈشۈپ يالىڭاچلىنىپ، خۇددى خادىدەك بولۇپ قالغان: قاغداڭ قومۇش.

**قاغدال** سۈپ. سولاشقان، قۇرۇغان (كۆچەت ھەققىدە): ئىككى يىللىق شاپتۇل كۆچەتلىرى بولسا قاغدال بولۇپ، سۈپىتى ۋە تۇتۇش ئۈنۈمى تۆۋەن، راۋاجلىنىشى ئاستا بولىدۇ.

**قاغدالما** ① سۈپ، سولاشقان، قۇرۇغان: قاغدالما دەرەخ. ② ئى. جىق ئىش كۆرۈپ تەجرىبىلىك بولۇپ كەتكەن كىشى: بۇ قاغدالما ھەممىنى بىلىدۇ.

**قاغدالماق** پ. قۇرۇشقا باشلىماق، قۇرۇپ قالماق.

**قاغدالملاشماق** پ. قاغدالما ھالەتكە كەلمەك.

**قاغدالملىق** ئى. قاغدالما ھالەت.

**قاغدام** سۈپ. قاغجىراپ كەتكەن، قاغجىرىغان: قاغدام يەر.

**قاغتۇمشۇق** ئى [قاغا + تۇمشۇق] ئىشىك، دەرۋازىلارنى ئېتىش، قۇلۇپلاشتا ھالقا ياكى زەنجىرنى ئىشىك ياكى يان ياغاچ بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان تۆمۈر ئىلغۇچ. شەكلى قاغىنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشايدۇ.

**قاغتىرناق** ئى [قاغا + تىرناق] <بوت> پىياز ئائىلىسى- دىكى باش باھاردا ئۈسىدىغان، كىچىك، كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۈسۈملۈك. غولى دورا قىلىنىدۇ، تەمى ئاچچىقراق، تەبىئىتى سوغۇق، زەھەرسىز. ئىسسىقنى قايتۇرۇپ، زەھەرنى تارقىتىدۇ، ئىششىقلارنى ياندۇرۇپ، توگۇنچەكلەرنى يېشىدۇ.

**قاغقامغىقى** ئى [قاغا + قامغاق + ى] <بوت>چوقا ئائىلە- سىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۈسۈملۈك. ئورۇقى ئۈششاق ھەم كۆپ. يەر ئۈستى قىسمى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ،

تەمى قېرىق، تەبىئىتى سەل سوغۇق. ئىسسىقنى قايتۇرۇپ، ياللۇغنى يوقىتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

**قاق** I سۈپ ① دەل، نەق، تويپتوغرا: قاق سەھەر. قاق چۈش. ② ھېچنېمىسى يوق: قاق سەنەم. قاق سەنەم بولۇپ قالماق.

**قاق پودا** تاڭ سەھەر ۋاقتىنى بىلدۈرىدىغان «بىرىنچى پونى ئاتقاندا، ئەتىگەندە، قاق سەھەردە؛ دەسلىپىدە» دېگەن مەنى-لەرنى بىلدۈرىدۇ: قاق پودا يېتىپ كەلمەك.

**قاق** II ئى. ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغان مېۋىلەر. مەسىلەن، ئۆرۈك قېقى، شاپتۇل قېقى، ئالما قېقى، قوغۇن قېقى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**قاق سەنەم** ئۆتۈپ كەتكەن نامرات، بەك كەمبەغەل، قاششاق: «يونۇپ يەۋەرسە، تاغمۇ توشمايدۇ - دە، — دەپ ئويلايتتى قىز ئائىلىسىگە ئىچ ئاغرىتىپ، — ھېلىمۇ، بوۋام بىلەن ئانام بوش ھىممەت قىلمىدى. ئېھتىمال، ئۇلارمۇ ئاللىقاچان قاق سەنەم بولۇپ كەتتى».

**قاق** III ئى. تاغلاردىكى يامغۇر سۈيى يىغىلىپ ئۇزۇنغىچە سىڭىپ كەتمەيدىغان كۆلچەك.

**قاق** IV تەق. قاغا سايرىغاندا چىقىدىغان ئاۋاز: قاغىلار قاق ئېتىدۇ، ئۆز كۆڭلىنى شاد ئېتىدۇ (ماقال).

**قاقاچ** ئى ① قېتىپ قالغان بۇرۇن سۈيۈقلۇقى: ئۇ ئۇزۇن ۋە ئۇچلۇق ئۆسكەن چىمچىلاق قولىنىڭ تىرنىقى بىلەن تۇكلۇك بۇرنىنىڭ قاقاچلىرىنى كولاپ تۇراتتى. ② يارا ئېغىزىدا قان پىلاستىنكىسى ۋە تالا ئاقسىلىنىڭ قېتىششى نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدىغان قېتىشما. يارا ئاغزى پۈتكەندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ: ئۇنىڭ يۈز - كۆزى كونا - يېڭى تىرناق ئىزى، قاقاچتىن خالىي بولالمايدۇ.

**قاقاس** سۈپ ① ئوت - چۆپ ئۈنمىگەن، گىياھسىز: قاقاس تاغ. قاقاس چۆل. ② دەل - دەرەخلىرى كۆپ ئەمەس، ياپيېشىل-لىقتا پۈركەنمىگەن، قۇرغاقراق: ئۇلار بىزنىڭ بۇ قاقاس شەھەرگە قاپسىلىپ قالغىنىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ، بىزدىن مەدەت تىلەپ كەپتۇ.

**قاقاسچىلىق** ئى. قاقاسلىشىپ كەتكەن مەنزىرە، قاقاس ھالەت: قاياققا قارىسا قاقاسچىلىق، ئوشۇق پاتقۇدەك توپىغا چۆكسەن. مېنىڭ مۇندىن كېيىنكى ماكانىم مانا مۇشۇ ئىدى.

**قاقاسلاشتۇرماق** «قاقاسلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاقاسلاشماق** پ. قاقاسلىنىقا ئايلانماق، قاقاس بولۇپ كەتمەك: قاقاسلىشىپ كەتكەن يەر. تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقى-نىنىڭ قاقاسلىشىش، قۇملىشىش ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئىشلىتىل-دىغان سۇ كۆپىيىش بىلەن بىللە، تۇر قۇرۇلۇشى رايونىدىن 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم مەنپەئەتلىنىدۇ.

**قاقاسلىق** ئى. قاقاسلىشىپ كەتكەن يەر، قاقاس جاي: ئۇ ماڭا بىر ئائىلىنىڭ قاقاسلىقتىن بوز يەر ئېچىپ مول ھوسۇل ئالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

**قاقاق** تەق ① مېكىياننىڭ تۇخۇم تۇغۇپ بولغاندا ياكى بەك قورقۇپ، ئۈركۈپ كەتكەن چاغلاردىكى قاتتىق چىققان ئاۋازى. ② قاتتىق كۈلگەندە چىقىدىغان ئاۋاز.

**قاقاقلاتماق** «قاقاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاقاقلاشماق** «قاقاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سىرتتا - دېرىزە تۈۋىدە ئۇششاق باللار چۇرۇقلىشاتتى، توخۇلار قاقاق-لىشاتتى، قويلار مەرىشەتتى.

**قاقاقلىماق** پ ① «قاقاق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: بوۋاي بىلەن موماي تاتلىق ئۇخلاۋېتىپ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە: تۇيۇقسىزدىن قاقاقلاپ كەتكەن توخۇ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ② يۇقىرى ئاۋازدا «قاق - قاق» قىلىپ كۈلمەك، «قاق - قاق» قىلماق: شۇ ۋاقىتتا ھېكىم سېلىم شەيخىنىڭ بۇ ئۈمىدۋارلىقىنى مەنسىتمىدىلا ئەمەس، بەلكى مەسخىرە قىلىپ قاقاقلاپ كۈلدى.

**قاقباش** [قاق + باش] ① سۈپ. تۇرمۇشتا جىق ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ تەجرىبىلىك بولۇپ كەتكەن؛ زىيان تارتى-دىغان، ئۆزىگە بەختسىزلىك كېلىدىغان يولغا ماڭمايدىغان؛ بەك قۇۋ، پىشقان: قاقباش ئادەم. قاقباش خوتۇن. ② ئى. بېشىدىن كۆپ ئىش ئۆتكەن، كۆپنى كۆرگەن تۈپەيلى قۇۋلىشىپ كەتكەن ئادەم؛ قۇۋ كىشى: ئالدىماقچى كىچىك بالا ياخشى، خۇدا ئۇرسۇن قاقباشنى (ماقال).

**قاقباشلىق** ئى. قۇۋلۇق، ھىيلىگەرلىك: قاقباشلىق قىلماق.

**قاقتەك** سۈپ. كىچىك، كىچىككىنە: قۇرغۇيۇم پالاقشىيدۇ، كىمنىڭ بېغىدا پاختەك. سەن يارىمنىڭ دەردىدە، يۈرەك قالمىدى قاقتەك.

**قاقتۇرماق** «قاقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياشلار كەتمەنلىرىنى قاقتۇرۇپ، يېڭىدىن ساپلىتىپ، تەخ بولۇشقانىدى.

**قاقتۇرۇشماق** «قاقتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قاقتۇرۇلماق** «قاقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قاقتى - سوقتى** ھەر خىل يوللار بىلەن ئالداش، ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىنى قىلىۋېلىش قىلمىشى؛ ساختىلىق: قاقتى - سوقتى قىلماق.

**قاقشاتقۇچ** سۈپ. ۋەيران قىلىش، يوقىتىش دەرىجىسى-دىكى؛ ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان، دەھشەتلىك، ئەجەللىك، ئىنتايىن قاتتىق: بىز ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئۆز زېمىنى-مىزنى جان - قېنىمىز بىلەن قوغدايمىز.

**قاقشاتماق** «قاقشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئادەمنى ئۈمىد ياشنىتىدۇ، غەم قاقشىتىدۇ (ماقال). * بار ئوخشىتىدۇ، يوق قاقشىتىدۇ (ماقال).

**قاقشاشماق** «قاقشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كىشىلەر بازار باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قاقشاشماقتا.

**قاقشال** ① سۈپ. بەك قۇرۇپ كەتكەن، ناھايىتى قۇرۇق: قاقشال ئوتۇن. قاقشال دەرەخ. ② ئى. قۇرۇپ شاخ ۋە يوپۇرماقلىرى قالمىغان دەل - دەرەخ، يۇلغۇن، چاتقال ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر: ئۇ ھەر قېتىم قاراكۆلگە ئوتۇنغا بارسا ھارۋىغا ئاسمان - پەلەك قاقشال بېسىپ چىقاتتى. ③ سۈپ. كۆچمە. ئورۇقلۇقتىن بىر ئەت - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان؛ قۇرۇق ئۇستىخان، ناھايىتى ئورۇق، جۇدەڭ: موماي سىلار قاقشال قولىدا، ئەلەم باسقان ئۇنىڭ بېشىنى. شىۋىرلايدۇ لەۋلىرى تىنماي، كۆزلەر تۆكەر ئۈنچە يېشىنى.

**قاقشاللاشماق** پ. قاقشال ھالەتكە كەلمەك، قاقشال بولماق.

**قاقشاللىق** ئى ① قۇرۇپ، قاقشال بولۇپ قالغان ھالەت: چەيلەپ ئېسىل ھۈنەر - سەنئەتنى، قەسىرلەرنى ئۆرتىگەن ئوتتا. تەكشى ئۆسكەن ئۈجمىزارلىقلار قاقشاللىققا ئايلانغان جۇتتا. ② قاقشال بار، قاقشال كۆپ يەر: قاقشاللىقتىن ئوتۇن ئالماق.

**قاقشىماق** پ ① قاتتىق، چىدىغۇسىز ئاغرىماق: سايراڭ

بۇلبۇلۇم گۈلنىڭ بەرگىدە. جانلار قاقشىسۇن يارنىڭ دەردىدە. ② زارلانماق، دادلانماق: پېشقەدەم ھاكىم تامىقىنىڭ ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقى، يېڭى گۆشنىڭ شورپىسى، پېتىرمانتا، تونۇر كاۋپىدىن باشقىسىغا ئانچە ئىشتىھاسىنىڭ يوقلۇقى توغرىسىدا ئۇزاق قاقشىدى.

**قاق ـ قاق** «قاق Ⅳ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: يېرىم سائەت دېگۈدەك جان قايغۇسىدا ئۇچۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغان قاغىلار شامالنىڭ غەزىپى بېسىلغىنىنى بىر ـ بىرلىرىگە خەۋەر قىلغاندەك «قاق ـ قاق» بىلەن ئۆز ئورۇنلىرىغا قونۇشقا باشلىدى.

**قاق ـ قۇق** «قاق» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: قاغىلار تۇمشۇقلىرى بىلەن ئاپئاق قىرو باسقان دۇمبىلىرىنى تاتىلاپ قويۇشۇپ «قاق ـ قۇق» قىلىشىپ ئۇچۇشتى.

**قاقلاتماق** «قاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاقلاشماق** «قاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار مۇزلاپ كەتكەن قوللىرىنى ئوتقا قاقلاشتى.

**قاقلانماق** ① «قاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: كوچىنىڭ ئۇ قانىتىدا ئوچۇق تۇرغان دەرۋازا ئالدىدىكى ئىككى ئاق ساقال بوۋاي ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ پاراڭ قىلىشىۋاتاتتى. ② «قاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئوتقا قاقلانغان پايپاق. ئوتقا قاقلانغان ئاياغ.

**قاقلىما** سۈپ. قاقلىنىدىغان، قاقلاشقا ئېھتىياجلىق: قاقلىما باسما نۇسخىسى.

**قاقلىماق** پ. بىرەر نەرسىنى ئوت ياكى ئاپتاپقا تۇتماق ياكى شۇنداق قىلىپ قۇرۇتماق: شۇ كۈنى كېچىسى توختىئاخۇن بىلەن سارىخان ئالماسنىڭ كىيىملىرىنى ئوتقا قاقلاپ كۆزىنى يۇممىدى.

**قاقما** Ⅰ ئى. دىيال. تاش چوقۇيدىغان ئەسۋاب؛ مېتىن.

**قاقما** Ⅱ ئى. دىيال. لاقىقا، كاتاڭ: ئابدۇل ھويلىغا كىرىپ كېلىۋاتقان قىز ـ چوكانلارغا ئىتتىك قارىدى، قارىدى ـ يۇ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى. گويا ھەيدەپ كېتىۋاتقان ھارۋىسى قاقمىغا قاتتىق چۈشكەندەك، كېتىۋېتىپ بىخەستەلىكتە ئاچىغا ئۇسۇۋالغاندەك بولدى.

**قاقماق** پ ① بىرەر نەرسە بىلەن ئۇرۇپ كىرگۈزمەك: مىخ قاقماق. قوزۇق قاقماق. ② قولى بىلەن ئۇرۇپ ياكى چېكىپ شەپە بەرمەك؛ چەكمەك (ئىشىك، دەرۋازىلار ھەققىدە): ئىشىك قاقماق. ③ ئۇرۇپ ياكى سىلكىپ، پۇلاڭلىتىپ ئۈستىدىكى نەرسىنى چۈشۈرمەك، تازىلىماق: گىلەم قاقماق. پالاس قاقماق. ئۆرۈك قاقماق. ④ سوقۇپ ئۆتمەك، سوقماق، ئۇرماق: يان يەرنى شامال قاقىدۇ، چىرايلىقا ھەركىم باقىدۇ (ماقال). ⑤ قولى بىلەن دولا ياكى مۈرىگە ئاستا شاپىلاقلاپ ئۇرماق: مۈرىسىگە قاقماق. ⑥ قاتتىق تەپمەك، قاتتىق سىلكىمەك: پالتىنىڭ سېپى تۆمۈر ياكى باشقا مېتالدىن بولسا، قولنى قېقىپ ئاغرىتىدۇ. ⑦ كۆچمە. ئىتتىرمەك، يەكلىمەك: ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق سىياسىنى باسىدىغان، سىياسىنى چەتكە قاقىدىغان قارارلارنى چىقاردى. ⑧ دىماق، گال، تاماق، بۇرۇن قاتارلىق ئورگانىزملاردىن ئاۋاز چىقارماق: گېلىنى قاقماق. تامىقىنى قاقماق. ⑨ ھەرىكەتلەندۈرمەك، پۇلاڭلاتماق: قانات قاقماق. * مۇشۇك ئارقىغا قارىماي قاچتى، توخۇ قاقاقلاپ قانىتىنى قاقتى. ⑩ كۆچمە. ئىچمەك، كۆتۈرمەك (ھاراق ھەققىدە): ئۇ ئۆزىگە تەڭلىگەن رومكىنى پەم بىلەن ئېلىپ بىراقلا قېقىۋەتتى.

**قاقىر** ئى <زوئول> بوينى ئۇزۇن، تۇمشۇقى ئۇچلۇق بىرخىل پەسىل قۇشلىرى ئائىلىسى.

**قاقىرام** سۈپ ① ئوت ـ چۆپ ئۈسمەيدىغان، سۇسىز، قاتتىق، تېتىر (يەر ھەققىدە): تەجرىبىلىك كارۋانلار ئۇزۇن ۋە قاقىرام چۆللەرنى بېسىپ مېڭىشقا توغرا كەلدى. ② تازا، قاتتىق، چاڭقىغان، پىژ ـ پىژ: كۆرمىگەن كۈن قالمىدى قاقىرام ئىسسىقتا، ئېتىزدا لەقۋا كالىنىڭ كەينىدە يۈرۈپ يەر ھەيدىدىم.

**قاقىرتۇمشۇق** ئى [قاقىر + تۇمشۇق] <بوت> قاقىرتۇمشۇق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مېۋىسى قاقىرنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشايدۇ. پىشقاندىن كېيىن يېرىلىدۇ. ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ. قاننى جانلاندۇرۇش، ئىسسىقلىقنى ياندۇرۇپ ياللۇغ قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**قاقىلاق** ئى. دىيال. ئالدىراشچىلىق، قاتىلاڭچىلىق، سېسىقچىلىق؛ ئالدىراش، بېسىق، تېنەش: ئۇ ئاشخانىدا بىر ھازاغىچە قاقىلاڭ بولۇپ، تاماقخانىدىكى شىرەگە تاماقلارنى تولدۇرۇپ تىزدى.

**قاقىلاي ـ سوقىلاي** دىيال. قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ، سورۇلۇپ.

**قاقىلە** ئى [ئە] <بوت> زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مېۋىسى دورا بولىدۇ. ئاشقازان، تالنى ياخشىلاش رولى بار.

**قاقىلداتماق** «قاقىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاقىلداشماق** «قاقىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: توپ ـ توپ قاغىلار قاقىلدىشىپ ئۇچماقتا.

**قاقىلدىماق** «قاق ـ قاق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «قاق ـ قاق» قىلماق: قاغا قاقىلدىمىسا، قۇشلارنىڭ كۆزىنى چوقۇپ بولاتتى (ماقال).

**قاڭالتىر** ئى. قەلەي، تۇنىكە: قاڭالتىردىن مەش ياسىماق.

**قاڭالتىرچى** ئى. قاڭالتىردىن داس، چېلەك، مەش ۋە شۇ قاتارلىق ھەر خىل سايمانلارنى ياسىغۇچى كىشى.

**قاڭالتىرچىلىق** ئى. قاڭالتىردىن داس، مەش، چېلەك قاتارلىق نەرسىلەرنى ياساش كەسپى: قاڭالتىرچىلىق قىلماق.

**قاڭالتىرلاتماق** «قاڭالتىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاڭالتىرلاشماق** «قاڭالتىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قاڭالتىرلانماق** «قاڭالتىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قاڭالتىرلىق** سۈپ. قاڭالتىر بىلەن قاپلانغان، قاڭالتىر بىلەن ياسالغان: قاڭالتىرلىق ئىشىك. قاڭالتىرلىق ئۆگزە.

**قاڭالتىرلىماق** پ. قاڭالتىر بىلەن قاپلىماق، قاڭالتىر بىلەن ياسىماق، قاڭالتىر ئورناتماق: ئىشىكنى قاڭالتىرلىماق.

**قاڭتايتماق** «قاڭتايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاڭتايماق** پ. كەينىگە يۆلىنىپ ياتماق: مۇھەممەت گېپىنى تۈگىتىپ دىۋانغا قاڭتايدى.

**قاڭتۇرغۇزماق** «قاڭتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاڭتۇرماق** پ. ئات ـ ئېشەكلەرنىڭ بېشىنى ئېگىز قىلىپ ئېسىپ باغلاپ قويماق: يولۇچىلار ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتلىرىنى قاڭتۇ-

رۇپ باغلاۋاتقاندا، ئىسرائىل تۇگمەنچى يېقىنلاپ كەلدى.

**قاڭتۇرۇشماق** «قاڭتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قاڭتۇرۇق** ئى. ئات ـ ئېشەكلەرنى بىر يەردىن ھەيدەپ كەلگەندە قاڭتۇرۇپ باغلايدىغان تۇۋرۇك ياكى شۇنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان باشقا نەرسە: ئاتنى قاڭتۇرۇققا قاڭتۇرۇپ قويماق.

**قاڭتۇرۇقلۇق** سۈپ. قاڭتۇرۇپ قويۇلغان، قاڭتۇرۇلغان: قاڭتۇرۇقلۇق ئات.

**قاڭتۇرۇلماق** «قاڭتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: توققۇز يىگىت شەھەرگە كىرىپلا خۇددى قاڭتۇرۇلغان ئاتتەك بولۇپ قالدى.

**قاڭرۇق** سۈپ. ئادەتتە دىمىقىدا گەپ قىلىدىغان، دىمىقى ئېغىر: خوتۇن سەت ھەم قاڭرۇق بىر ئوغلىنى باشلاپ بۇ ئۆيگە كېلىپتۇ.

**قاڭرۇقلۇق** ئى. قاڭرۇق ھالەت.

**قاڭستماق** «قاڭسىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاڭسىق** سۈپ. يېقىمسىز، سەسكىنىشلىك (تەم، پۇراق ھەققىدە): ئىشىكتىن كىرىشىمگە بۇرنۇمغا قاڭسىق بىر ھىد كېلىپ ئۇرۇلدى.

**قاڭسىماق** پ. قاڭسىق بىر خىل پۇراق دىماققا ئۇرۇلماق ياكى قاڭسىق بىر خىل پۇراق دىماقنى ئېچىشتۇرماق.

**قاڭشار** ئى <ئانات> بۇرۇن سۆڭىكىنىڭ ئېگىز قىرى: ئوتتۇرىدا قاڭشار بولمىسا، ئۇ كۆز بۇ كۆزنى يەيدۇ (ماقال).

**قاڭشارلىق** سۈپ. قاڭشىرى ئېگىز: ئايال 25 ياشلار چامىسىدا بولۇپ، غۇنچە بوي، قوشۇما قاش، بۇرنى چىمدىپ قويغاندەك قاڭشارلىق ئىدى.

**قاڭغۇر** ئى. دىيال. قوڭغۇراق.

**قاڭغىر** رەۋ. زار، قاتتىق: قاڭغىر قاقشىماق.

**قاڭقايتماق** پ. قاڭتۇرماق: ئۇلار سۆگەت بوستانلىققا كېلىپ توختىدى ۋە ئاتلىرىنى قاڭقايتىپ قويۇشۇپ، ئېرىق لېۋىگە كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشتى.

**قاڭقستماق** «قاڭقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۇرمۇش يولى تۈز بولمايدىكەن، ئۇنى نە ـ نەلەرگە قاڭقىتتى، نە ـ نەلەرگە.

**قاڭقىرا** ئى. دىيال. سۇلۇق، سازلىق جايلاردا ياشايدىغان، ئۇزۇن تۇمشۇق، ئۇزۇن پاچاق قۇش.

**قاڭقىرىماق** پ. دىيال. تېنىمەك، سەرسان بولماق.

**قاڭقىغاق** ئى. دىيال. پۇرژىنا.

**قاڭقىل** ئى <ئىرق> قەدىمدە تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي شىمالىدا ياشىغان چارۋىچى خەلقلەرنىڭ بىرى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرىنىڭ بىرى.

**قاڭقىماق** پ ① بىرەر نەرسىگە تېگىپ، كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ باشقا يەرگە چۈشمەك: بالا ئېگىزلىكتىن سېپىل تۈۋىگە، ئۇيەردىن يەنە قاڭقىپ، خەندەك ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ② كۆچمە. توغرا يۆنىلىشتىن چەتلىمەك، نۇقتىدىن يىراقلاشماق؛ ئازماق: مەن يازدا شىمالدا، قىشتا جەنۇبتا قاڭقىپ يۈرىدىغان غاز ـ ئۆردەك ئەمەس. ③ بىردىنلا سەكرىمەك، ناھايىتى تېز سەكرىمەك: ئۇ ئىشىكنىڭ بىردىن گۈلدۈرلەپ ئېچىلىشىدىن چۆچۈپ، كارىۋاتتىن قاڭقىپ تۇرۇپ كەتتى.

**قالاتماق** «قالىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قالاشماق** «قالىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قالاق** I سۈپ ① تۆۋەن تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇپ قالغان، تەرەققىيات جەھەتتە ئارقىدا قالغان، ھازىرقى زامان تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالمىغان، تەرەققىي قىلمىغان؛ كونا: قالاق دۆلەت. قالاق مەملىكەت. ② دۇنيا قارىشى، ئاڭ چۈشەنچىسى تۆۋەن بولغان؛ ئىلغار ئەمەس: قالاق ئادەم. قالاق ئۇنسۇر. قالاق پېرسوناژ. ③ ئىشتا، ئىشلەپچىقىرىش پىلانلىرىنى بېجىرىشتە، ماددىي، تېخنىكا بازىلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە شۇ قاتارلىقلاردا باشقىلاردىن ئارقىدا قالغان: قالاق ئىگىلىك. قالاق خوجىلىق. ④ دەرسكە يېتىشەلمەيدىغان، ناچار ئوقۇيدىغان، ئەخلاق، ئىنتىزام جەھەتلەردە تەلەپكە لايىق ئەمەس: قالاق ئوقۇغۇچى.

**قالاق** II ئى. تامچىلار لاي ئېلىشتا ئىشلىتىدىغان بىر خىل ئەسۋاب. ياغاچتىن ياسىلىدۇ، بىر تەرىپىدە سېپى بولىدۇ.

**قالاق** III ئى. دىيال ① ياغاچ قوشۇق. ② ھور چىقىپ كەتمىسۇن ئۈچۈن قازاننىڭ چۆرىسىگە قويۇلىدىغان چەمبەر؛ قالقان.

**قالاقلاشتۇرماق** «قالاقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قالاقلاشماق** پ. قالاق ھالەتكە چۈشۈپ قالماق، ئارقىدا قالماق، ئۆز پائالىيىتىدە چېكىنمەك.

**قالاقلىق** ئى. قالاق ھالەت: قالاقلىقتىن قۇتۇلماق. قالاقلىققا خاتىمە بەرمەك.

**قالام** مىق. ئوچاق ياكى مەشلەرگە قالانغان ئوتۇن ـ كۆمۈرلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر قالام كۆمۈر. بىر قالام ئوتۇن.

**قالانماق** «قالىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەشكە ئوت قالاندى ۋە ئۆي ئىچى ئاستا ـ ئاستا ئىللىشقا باشلىدى.

**قالايمىقان** ① رەۋ. رېتى، رىتىمى، تەرتىپى يوق؛ رىتىمسىز، تەرتىپسىز؛ رەتلىك، تەرتىپلىك ئەمەس: باتۇرنىڭ چىرايى تاتىرىپ، يۈرىكى قالايمىقان سېلىپ كەتتى. ② رەۋ. ئۆزى بىلگىنىچە؛ كەلسە ـ كەلمەس ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن، خىيالىغا كەلگىنىچىلا؛ ھېچبىر پىرىنسىپقا، قائىدىگە ئەمەل قىلمىغان ھالدا: مۇكاپات پۇلىنى قالايمىقان تارقاتماق. ③ سۈپ. كەلسە ـ كەلمەس، مەنتىقىسىز، يېقىمسىز: قالايمىقان گەپ قىلماق. ④ سۈپ. ئىش ـ ھەرىكىتى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان، يامان، ناچار، ئەسكى: ئۇ ئۆز ئوغلىنىڭ «ئولتۇرۇش»تىن باشقىنى بىلمەي، قالايمىقان كىشىلەرگە ئارىلىشىپ يۈرۈشىدىن تولىمۇ نارازى ئىدى.

**قالايمىقانچىلىق** ئى. قالايمىقان ئەھۋال، ھالەت: قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرماق. قالايمىقانچىلىق چىقارماق.

**قالايمىقانلاشتۇرغۇچى** ئى. قالايمىقان قىلىدىغان، قالايمىقانلاشتۇرىدىغان كىشى ياكى ئامىل.

**قالايمىقانلاشتۇرۇشماق** «قالايمىقانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قالايمىقانلاشتۇرماق** «قالايمىقانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىدىيەنى قالايمىقانلاشتۇرماق. * دۇنيادا ئادەملەرنىڭ ئىدىيەسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىشتىن ئوڭاي ئىش بولمىسا كېرەك. بۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى «توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاش» دېگەن ئوبرازلىق سۆزگە يىغىنچاقلىغان.

**قالايمىقانلاشتۇرۇلماق** «قالايمىقانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قالايمىقانلاشماق** پ. قالايمىقان ھالەتكە كەلمەك، قالايمىقان بولماق: بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۇنىڭ پىكرى بەكلا قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

**قالايمىقانلىق** ئى. قالايمىقان ھالەت.

**قالپاق** ئى ① يۇڭ، چىغ، سولياۋ قاتارلىقلاردىن ئىشلەنگەن، چۆرىسى قاسقانلىق بىر خىل باش كىيىمى: كىگىز قالپاق. چىغ قالپاق. * قالپاقتا تۇشلۇق قىرغىز يوق (ماقال). ② بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستىدىكى قالپاققا ئوخشايدىغان قىسمى: مىخنىڭ قالپىقى. موگۇنىڭ قالپىقى. ③ كۆچمە. كىشىلەرنىڭ جىنايىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن بېرىلگەن سىياسىي نام: قالپاق كىيدۈرمەك. قالپىقىنى ئېلىپ تاشلىماق.

**قالپاقچى** ئى ① قالپاق تىكىدىغان ۋە ساتىدىغان ئادەم. ② كۆچمە. بىركىمگە جىنايەت ئارتىپ قالپاق كىيدۈرۈشكە ئامراق كىشى.

**قالپاقسىمان** سۈپ. شەكلى، كۆرۈنۈشى قالپاققا ئوخشايدىغان؛ قالپاق شەكىللىك: شۇ سائەتتە ئۈپۈق سىزىقىدا بىر پارچە قالپاقسىمان قىزىل بۇلۇت ئاستا ــ ئاستا كۆتۈرۈلدى.

**قالپاقلاشماق** پ. قالپاق ھالىتىگە كەلمەك، قالپاقتەك بولۇپ قالماق: توختى قالپاقلىشىپ كەتكەن بىر دۆۋە پولات ئۇشكىلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئېيتتى: ـــ ئاجايىپ ئىش، بىز بولساق بۇ نەرسە بىلەن چوڭ تاشنى پارچىلىماقچىدۇق.

**قالپاقلىق** سۈپ ① قالپىقى بار، قالپاققا ئىگە: قالپاقلىق مىخ. قالپاقلىق زەمبۇرۇغ. قالپاقلىق مېدۇزا. ② بېشىغا قالپاق كىيگەن ياكى قالپاق كىيدۈرۈلگەن: كۆل رەڭ قالپاقلىق كىشى. قالپاقلىق ئۇنسۇر.

**قالتار** ئى. تۇمشۇقى ئاق بولىدىغان چىلان تورۇق.

**قالتىرىماق** پ. تىترىمەك: بۇنى ئاڭلاپ ئۇل خاقان، سۆرىگەندەك ئۇي سايان، پۇشۇلداپتۇ ئالدىراپ، يۈرەكلىرى قالتىراپ.

**قالتىس** ① رەۋ. ئىنتايىن، ناھايىتى، بەك، تولىمۇ: قالتىس بېخىل ئادەم. قالتىس بەلەن گەپ. ② رەۋ. كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە، كۆزگە كۆرۈنەرلىك، ئالاھىدە، قاتتىق: ـــ ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە قالتىس ئىشلىدىم، ـــ دەپ ماختاندى ئۇ. * بۇ كۈنلەردە ناسىرنىڭ كىيىنىشلىرىمۇ قالتىس بولۇپ كەتتى. ③ سۈپ. جاھاندا بىر، كارامەت؛ بەك ياخشى، ئاجايىپ: قالتىس مۆجىزە. * سەن ئۆزۈڭنى مەن قالتىس زىيالىي دەپ چاغلايدىغان ئوخشىمامسەن؟

**قالتىسلىق** ئى. بىرەر ئىش ــ پائالىيەت ياكى ھۈنەر ــ ماھارەت جەھەتتىكى باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىك: ئۇنىڭ سۆسۈن گالستۇك ۋە چېكىسىدىن بويىنىغىچە چۈشۈپ تۇرغان ئۇزۇن چاچلىرىدىن باشقا، ھېچقانداق قالتىسلىقى يوق ئىدى.

**قالجاق** ئى <زوئول> چىشى كېيىك.

**قالدۇرماق** «قالماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىمكانىيەت قالدۇرماق. خاتىرە قالدۇرماق.

**قالدۇرۇشماق** «قالدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار نەرسىلەرنىڭ ياخشىلىرىنى ئۆزلىرى ئېلىپ، باھاسى ئەرزانىراق پارچە ــ پۇراتلىرىنى ماڭا قالدۇرۇشاتتى.

**قالدۇرۇق** سۈپ. قالدۇرۇلغان، قالدۇق: قالدۇرۇق يەر. قالدۇرۇق چارۋا.

**قالدۇرۇلماق** «قالدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەھسۇلاتنىڭ ئاشقان قىسمىنىڭ 60 پىرسەنتى يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتىغا قالدۇرۇلدى.

**قالدۇق** ① سۈپ. قېلىپ قالغان، ئېشىپ قالغان: قالدۇق بۇلۇڭ. قالدۇق دۈشمەن. ② ئى. نەرسىلەرنىڭ ئېشىپ ياكى ساقلىنىپ قالغان قىسمى: تاماكا قالدۇقى. ③ ئى. يوقىلىپ كەتكەن ياكى يوقىلىپ بېرىۋاتقان نەرسە، ۋەقە، ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلاردىن قېلىپ قالغان نىشانە، ئاسارەت: بەزى جايلاردا تېخىچە شامانىزم ئۇسۇلى بىلەن كېسەل داۋالاشنىڭ بەزى قالدۇقلىرى ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ④ ئى <مات>بۆلۈش ئەمەلىدە ئېشىپ قالغان سان، مىقدار: قالدۇق قالماي بۆلۈنىدىغان سان. ⑤ ئى <خىم> مولېكۇلادا، بىر خىمىيەلىك بىرىكمىدىن ئىككىنچى بىر خىمىيەلىك بىرىكمىگە ئۆزگەرمەي تۇرۇپ ئۆتىدىغان تۇرغۇن ئاتوملار گۇرۇپپىسى؛ رادىكال. ⑥ ئى. ئېشىپ قالغان پۇل، مەبلەغ.

**قالدۇقسىز** سۈپ. قالدۇقى يوق، قالدۇق قالمايدىغان: قالدۇقسىز بۆلۈش.

**قالدۇقلۇق** سۈپ. قالدۇقى بار، قالدۇق قالغان.

**قالدى** ① «قالماق I» پېئىلىنىڭ ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى، III شەخس تۈرىنىڭ بىرلىكى. ② سۈپ. قېلىپ قالغان، قالغان: قالدى گەپ. قالدى گەپ ــ سۆز. * شۇنداق قىلىپ ئارزۇخانمۇ ھايات خۇشاللىقىدىن چەتنەپ، قالدى ئۆمرىنى «تىنچ» قىنا ئۆتكۈزۈش كويىدا بولدى.

**قالدىراق** سۈپ «غالدىر ــ غۇلدۇر» قىلىپ ئاۋاز چىقىرىدىغان؛ ئاسان پارتلايدىغان: قالدىراق گاز. قالدىراق سىماب.

**قالدى ــ قاتتى** قېلىپ قالغان، ئېشىپ قالغان، قالدۇق: قالدى ــ قاتتى نەرسىلەر.

**قالغان ــ قاتقان** ← **قالدى ــ قاتتى:** ئۇلارنىڭ قالغان ــ قاتقان ئەسكەرلىرى جېنىنى ئېلىپ قېچىپ، مىڭ تەسلىكتە قومۇلغا كېلىۋاپتۇ.

**قالغايتا** ئى. دىيال. چاققاقئوت.

**قالقا** ئى. دىيال. سايە، كۆلەڭگە.

**قالقان** I ئى <ھەرب> قەدىمكى زامان ئۇرۇشلىرىدا بەدەننى قىلىچ، نەيزە قاتارلىقلار زەربىسىدىن ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چەمبەر ياكى تۆت بۇرجەك شەكىلدىكى بىر خىل قورال: قالقان بەز. قالقان قانات.

**قالقان** II ئى. دىيال. مۇداپىئە ئۈچۈن قورغان تامنىڭ ئۈستىگە ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە تىزىلغان كېسەك قۇرۇلما.

**قالقانسىز** سۈپ. قالقىنى يوق، قالقان ئورنىتىلمىغان: قالقانسىز تاياقچە.

**قالقانسىمان** سۈپ. قالقانغا ئوخشايدىغان، قالقان شەكلىدىكى: قالقانسىمان بەز. قالقانسىمان كۆمۈرچەك.

**قالقانگۈل** ئى [قالقان + گۈل] <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ. ھۆل ئىسسىقنى ياندۇرۇش، ئۆپكىدىكى ئوت ئىسسىقنى ھەيدەش، يۆتەل توختىتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش رولى بار.

**قالقانلىق** سۈپ. قالقىنى بار، قالقانغا ئىگە: قالقانلىق ئەسكەر.

**قالماق** I ئى ① ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇللارنى بىر خىل ئاتىشى: قالماق پىچىقى. ② رۇس فېدېراتسىيەسىنىڭ بىر ئاپتونوم

جۇمھۇرىيىتىدە ياشايدىغان بىر مىللەتنىڭ نامى. قالماق مىللىتى. ئۇلار موڭغۇل تىلىنىڭ ئويراد دىيالېكتىدا سۆزلىشىدۇ: قالماق خەلقى. قالماق تىلى. // قالماق قىز. قالماق ئايال.

**قالماق** II پ ① بارماي، كەتمەي، شۇ جايىدا تۇرماق: ئۆيدە قالماق. ② بىر ھالەتنى ساقلاپ، ئۆزگەرمەستىن تۇرماق: قوغۇن - تاۋۇزلار تالادا قالدى.③ مەلۇم ئىش، ھەرىكەت، پائالىيەت ۋە ھادىسە قاتارلىقلارنىڭ سىرتىدا تۇرماق: سىنىپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى باھالاشتا يازغانلىرىنى ئوقۇدى، پەقەت ئەنۋەر بىلەن ئىككىمىزلا قالدۇق. ④ كۆچمە. ئۆلمەي ئامان تۇرماق، ياشىماق: دادام ئۆلۈپ كېتىپ، ئاپام، مەن ۋە سىڭلىم ئۈچىمىزلا قالدۇق. ⑤ ھەرىكەت تۈگىمەستىن، ئاخىرىغا يەتمەستىن توختىماق: ئاپتوموبىل يېرىم يولدا قالدى. * ئىش چala قالدى. ⑥ پايدا تەرىقىسىدە ياكى ئىشلىتىلمەي، سەرپ قىلىنماي، كىرىم ۋە شۇ قاتارلىقلار سۈپىتىدە ئاشماق: مەن بەش - ئون سوم قالارمىكىن دەپ بۇ ئىشنى قىلدىم. * بۇ يول خىراجىتىدىن قالغان پۇل. ⑦ مەلۇم چەككە يېتىشتە، بەلگىلىك مۇساپە، ۋاقىت قاتارلىقلارنىڭ بارلىقى، تېخى تۈگىمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: شەھەرگە يەنە 20 كىلومېتىر يول قالدى. ⑧ (بولۇشسىز شەكىلدە كېلىپ) يوق بولماق، تۈگىمەك - تامام بولماق: ئىشەنچى قالمىدى. ⑨ مىراس يادىكارلىق تەرىقىسىدە بىرەرسىنىڭ قولىغا، ئىختىيارىغا ئۆتمەك: ئاتامدىن قالغان مۈلۈك، ئانامدىن قالغان ئادەت (ماقال). ⑩ ھاسىل بولماق، تۇغۇلماق: كىنودىن ياخشى تەسىرات قالدى. ⑪ دۇچار بولماق، گىرىپتار بولماق، يولۇقماق، ئۇچرىماق: بالاغا قالماق. تۆھمەتكە قالماق. قارغىشقا قالماق. نومۇسقا قالماق. ئەندىشىگە قالماق. غەمگە قالماق. پۇشايمانغا قالماق.⑫ مەھرۇم بولماق، ئايرىلماق، يوقاتماق: كۆزدىن قالماق. كۈچىدىن قالماق. ئىشتىن قالماق. ئوقۇشتىن قالماق. سىنىپتىن قالماق. * ئۇ نازىرلىق ۋەزىپىسىدىن قالدى. ⑬ بىرەر ئىش - ھەرىكەتنى توختاتماق، بولدى قىلماق: — بىر ئېغىز گەپتىن قالسىڭىز بولمامدۇ، — دېدى ئۇ مېنى بېسىپ. ⑭ (بولۇشسىز شەكىلدە كېلىپ) ئىشتىراك قىلماق، بارماق: ئېيتمىغان يەرگە بارما، ئېيتقان يەردىن قالما (ماقال). * ئۇ ھېچ يەردىن قالمايدۇ. ⑮ ئايرىلماق: رەيھان دادىسىدىن كىچىك قالغان. ⑯ تۆرەلمەك: بويىدا قالماق. قورسىقىدا قالماق. ⑰ ساقلانماق: يادىدا قالماق. ئەستە قالماق. * بۇ ئېغىر دەرد - ئەلەملەر كىشىلەرنىڭ دىلىدا قالدى. ⑱ يۈكلەنمەك: ئېتىز ئىشلىرى يالغۇز شەرۋانەمگىلا قالدى. ⑲ كېچىكىپ، ئۈلگۈرەلمەي، يېتەلمەي ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئايرىلماق: پويىزدىن قالماق. ئايروپىلاندىن قالماق. يىغىندىن قالماق. ⑳ يوقالماق، توختىماق، بېسىلماق، تۈگىمەك: ئاغرىق قالسىمۇ ئادەت قالماس (ماقال). ㉑ بىرگە، تەڭ يۈرەلمەي ئارقىدا سۆرەلمەك، كېيىن تۇرماق: ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس (ماقال). * ئۇ ئارقامدىن قالماي مەن بىلەن تەڭ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ㉒ بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كېيىنگە سۈرۈلمەك، كېچىكتۈرۈلمەك، باشقا مۆھلەتكە كۆچۈرۈلمەك: توي كېلەركى ئايغا قالدى. * قالغان ئىشقا قار ياغار (ماقال). ㉓ باغلىق بولماق، قاراشلىق بولماق (بىرە ئىش، مەسىلە ۋە شۇ قاتارلىقلار ھەققىدە): ھەممە ئىش سىندە قالدى. * بۇ ئىش پۇلدا قالدى. ㉔ تۇرماق، ئەمەل قىلماق (ۋەدە، قەسەم، لەۋز ھەققىدە): قاسىم دېگەن داخەنزە، سېپىل تۈۋىدە قالدى. مېنىڭ يارىم خوخەنزە، ئۆز ۋەدىسىدە قالدى. * مەن ئۆز پىكرىمدە قالىمەن. ㉕ ئىش - ھەرىكەت نامى بىلەن كېلىپ، شۇ ئىش - ھەرىكەتنى بېجىرىش لازىملىقىنى، شۇنداق ۋەزىپە، مەجبۇرىيەت بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ: چۈش پىشتى، پەقەت ئۇنى سۇزۇشلا قالدى. ㉖(ئورۇن كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن سۆزلەردىن كېيىن كېلىپ) بىرەر ھادىسىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىدە بولماق ياكى ئۇنىڭغا ئۇچرىماق: ئاپتاپتا قالماق. سوغۇقتا قالماق. ㉗ پېئىلنىڭ بولۇشسىز شەكلىدە كېلىپ «تۆۋەن تۇرماسلىق، تەڭ تۇرۇش» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ: گەپكە گەپ كەلگەندە ئاتاڭدىن قالما (ماقال). * كېۋىر بۇ گەپنى مەنسۇرنىڭ ھەرقانداق ئىشتا باشقىلاردىن قالمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتقانىدى. ㉘ پېئىلنىڭ بولۇشسىز رەۋىشدىشى «- ماي» شەكلىدە كېلىپ: 1) «... گە يەتمەي، ئۇلاشماي» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: چاۋار مەتقۇل ئېتىغا مىندى - دە، يېرىم سائەتكە قالماي قىزىلتاغ باغرىغا يېتىپ باردى. 2) «تولۇق، پۈتۈنلەي» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: پەمىمچە، بۇ گەپ - سۆزلەر كونىشەھەر، يېڭىشەھەرنىڭ بارلىق بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا قالماي تارقىلىپ بولدى. ㉙ III شەخس بىرلىك تۈرىدىكى پېئىل شەرت مەيلىنىڭ قوشۇمچىسى «- سا» بىلەن كېلىپ «كېيىن تۇرىدىغىنى، ئىككىنچىسى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: دېھقانلاردىن قالسا، جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ ئىككىنچى قىسمى ئىشچىلاردۇر. ㉚ بەزى سۈپەت ۋە سۈپەت خاراكتېرىدىكى سۆزلەرگە قوشۇلۇپ كېلىپ، ئۇلارنى ئانالىتىك ئۇسۇلدا پېئىللاشتۇرىدۇ: ساق قالماق. ئاچ قالماق. يالىڭاچ قالماق. ئامالسىز قالماق. چارىسىز قالماق. ئىگىسىز قالماق. قۇرۇق قالماق. تاماقسىز قالماق. پۇلسىز قالماق. ئاز قالماق. ماكانسىز قالماق. ئىلاجسىز قالماق. ㉛ بەزى پېئىللارنىڭ چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن كېلىپ: 1) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ تۇراقلىشىشىنى بىلدۈرىدۇ: ئاستا گەپ قىلىڭلار، بالا ئۇخلاپ قالدى. * تامىقىڭنى چاپسان يە، سوۋۇپ قالىدۇ. 2) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ دائىملىق ھەرىكەتكە ئايلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: مېنىڭ ئىككى تال چىشىم مىدىرلاپ قالدى. 3) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ تۇغۇلۇشىغا تاسادىپىيلىق تۈسىنى كىرگۈزىدۇ: ئۇلار چاقچاق قىلىشىپ ئولتۇرۇپلا قىزىرىشىپ قالدى. 4) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي داۋاملاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزمۇ تۈگىمەي قالدى. 5) سۆزلىگۈچىنىڭ رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتكە مۇشۇ بىر قېتىم بىلەن چەكلىنىشى مۇمكىن دېگەن ئويىنى بىلدۈرىدۇ: ئىنتايىن ياخشى كىتاب ئىكەن، ئەپسۇسكى بىرلا قېتىم ئوقۇپ قالدىم. 6) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن تاماملانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: بۇ بىنامۇ پۈتۈپ قالدى. 7) بولۇشسىز شەكىلدىكى رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ: قۇيرۇقىنى كۆتۈرگەن كالا تېزەكلىمەي قالماس (ماقال). * ئۇ ھەر قېتىملىق يىغىنغا قاتناشماي قالمايدۇ. 8) ئىمكان تۈسلۈك بولۇشسىز شەكىلدىكى رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتكە تاسادىپىيلىق تۈسىنى كىرگۈزىدۇ: ئۇ ھاياجانلىنىپ گەپ قىلالماي قالدى.

**قالۇن** ئى <مۇز> ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارلىق چالغۇ

ئەسۋابلىرىدىن بىرى. شەكلى چاڭغا ئوخشايدۇ. بارماق بىلەن ئىلىپ چېلىنىدۇ.

**قالۇنچى** ئى. قالۇن ياساش، چېلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى.

**قالىق** ئى. دىيال. چەللە، لاپاس.

**قالىماق** پ. كۆيدۈرمەك، ياندۇرماق، تۇتاشتۇرماق: ئوچاققا ئوتۇن قالىماق. * قارىغاي كېسىپ قويدۇق، قۇرۇسا قالارمىز دەپ. ياخشى قىز كۆرۈپ قويدۇق، چوڭ بولسا ئالارمىز دەپ.

**قاما** ئى <زوئول> ① سۆت ئەمگۈچى هايۋان. بېشى كەڭ ھەم ياپىلاق، قۇيرۇقى ئۇزۇن، تۆت پۇتى قىسقا كېلىدۇ. بارماقلىرى ئارىسىدا ئۈزۈش پەردىسى بولىدۇ. تۈكلىرىنىڭ رەڭگى قوڭۇر بولۇپ، زىچ، يۇمشاق ۋە پارقىراق كېلىدۇ. تېرىسى ئەتىۋارلىق. ئۇنىڭدىن كىيىم ياقىسى ۋە باش كىيىملىرىنى تىكىشكە بولىدۇ. ② شۇ خىل هايۋاننىڭ تېرىسى.

**قاماتماق** I «قامىماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ مېنىمۇ ئىككى قېتىم «يانچۇقچى» دەپ قامىتىپ قويدى.

**قاماتماق** II «قامىماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ نەرسە چىشىمنى قامىتىپ قويدى.

**قاماشتۇرماق** «قاماشماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: چىراغ كۆزنى قاماشتۇردى.

**قاماشماق** I «قامىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — ياق، شۇنىڭدىن بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن، — دېدى ئاسىم هېكايىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئابلىكىم ئەپەندىنى تۇتۇپ كەتتى، ئۇنى تۆيۈقسىزلا تۇتۇۋېلىپ قاماشتى.

**قاماشماق** II پ. قاتتىق نۇر تەسىرىدىن كۆز خىرەلەشمەك: ئاپتوموبىل چىرىغىنىڭ ئۆتكۈر، كۈچلۈك نۇرى ئۇدۇلدىن كەلگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قامىشىپ چاقناپ كەتتى.

**قاماق** ئى <قا> گۇناھكارلارنى قامايدىغان جاي؛ سولاقخانا، تۈرمە: قاماققا ئالماق. قاماقتا ياتماق. قاماققا تاشلىماق. قاماقتىن چىقماق.

**قاماقخانا** ئى. گۇناھكارلارنى قاماپ قويىدىغان ئۆي، جاي؛ قاماق، تۈرمە: بۇ ئايال گۇناھكارلارغا سوڭدىشىپ مېڭىپ قاماقخانا دەرۋازىسىغىچە كەلدى.

**قاماقلىق** سۈپ. قاماپ قويۇلغان، قامالغان: قاماقلىق ئادەم.

**قامال** ئى ① چاڭگال: بولسىمۇ تۈن قانچە زۇلمەت ـ قاراڭغۇ، سۇبھىنى توسماققا يوقكەن ئامالى. تارىخنىڭ ئالدىغا ماڭمىقى تەھقىق، كۆل بولۇپ كېتەركەن ئىبلىس قامالى. ② كۆچمە. قورشاۋ، مۇھاسىرە: ئۇ بىر كۈنى هۇسەينەمگە قېچىپ كېتىشنى دېدى، هۇسەينەم ھە دېگەندە قورقتى. چۈنكى، قامال قاتمۇقات قاتتىق ئىدى. ③ كۆچمە. سىرت بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ مەجبۇرلاش ئاستىدىكى ئۈزۈكچىلىكى: ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قامال.

**قامال قىلماق** ① قاپسىماق، قورشىماق، مۇھاسىرىگە ئالماق: پۈتۈن شەھەر تۆت ئەتراپتىن قامال قىلىندى. ② توسماق، چەكلىمەك؛ تىزگىنلىمەك: چېگرانى قامال قىلماق. ئىمتىھان مەيدانىنى قامال قىلماق.

**قامالاتماق** «قامالىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇن سەر تەڭگىنى قولىغا قامالىتىپ قويۇڭلار، پارا ئاپتۇ دېيىشسۇن.

**قامالاشماق** «قامالىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قامالانماق** «قامالىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قامالىماق** پ. قولىنىڭ بەش بارمىقى بىلەن سىقىمداپ تۇتماق، چاڭگاللىماق: مەخسۇتبەگ ئىمام خاتىپنىڭ چاپىنىنىڭ ياقىسىدىن قامالاپ تۇتۇپ، چېدىرنىڭ ياغىچىغا غەزەپ بىلەن ئىتتىرىۋەتتى.

**قامالماق** «قامىماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شامەخسۇت ۋاڭ تەرىپىدىن قامالغان 54 كىشى دەرھال بوشىتىلىدۇ.

**قامان** ئى <دىن> ① شامانىزم، شامان دىنى: قامان قاتارلىق ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ ئېتىقاد مەزمۇنلىرى بىر قىسىم مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە سىڭىشىپ، هازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. ② شامان دىنىدا باخشىلىق، پېرىخونلۇق قىلىش يولى بىلەن كېسەل داۋالىغۇچى كىشى.

**قامەت** ئى [ئە] ئادەم بەدىنىنىڭ تاشقى قۇرۇلمىسى، بەست، بوي ـ تۇرق: قامىتى كېلىشكەن يىگىت.

**قامەتلىك** سۈپ. قامىتى، گەۋدىسى كېلىشكەن؛ گەۋدىلىك، ئۇستىخانلىق: قامەتلىك ئادەم. // سەمەتجان ئوتتۇرا بويلۇق، كەڭ غوللۇق ئادەم بولۇپ، كەينىدىن قارىسىڭىز خېلى قامەتلىك كۆرۈنىدۇ.

**قامچا** ئى. ئات ـ ئۇلاغلارنى ئۈرۈپ ھەيدەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، تاسما، كىرىچ ۋە شۇ قاتارلىقلاردىن چاچتەك ئۆرۈپ ياسىلىدىغان دەستىلىك سايمان: ياخشى ئاتقا قامچا لازىم ئەمەس، ياخشى ئادەمگە سۆز (ماقال).

**قامچىسىدىن قان تامماق** ھەددىدىن زىيادە زالىملىق قىلماق، قاتتىق زۇلۇم سالماق: قامچىسىدىن قانلار تامار زالىملاردىن بولدۇم بىزار، باي دەستىدىن چەكتىم ئازار، مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.

**قامچىسىغا تۇكۇرمەك** بىرەر ئىشقا، مەسىلىگە جىددىي تۇتۇش قىلماق، تەييارلىق كۆرمەك، تەمشەلمەك: ئارىدا ئابدۇراخمان كۆك كۆز ئەۋەتكەن ئىككى ئادەم قامچىسىغا تۈكۈرگەن پېتى يېتىپ كەلدى.

**قامچىسىز** رەۋ. قامچا يېمەي، قامچا تەگمەي: نەغمىسىز شاراب — قامچىسىز ئاراب (ماقال).

**قامچىسىمان** سۈپ. قامچىغا ئوخشايدىغان، قامچا شەكلىدىكى: قامچىسىمان كاكتۇس.

**قامچىگۈل** ئى [قامچا + گۈل] <بوت> قامچىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، تۇخۇم شەكلىدە، يۈزى سېرىق بىلەن قىزىل ئارىلاش رەڭدە بولىدۇ. گۈلى سارغۇچ يېشىل بولۇپ، كۈزدە ئېچىلىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**قامچىلاتماق** «قامچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قامچىلاشماق** ① «قامچىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② بىر ـ بىرىنى قامچا بىلەن ئۇرماق، ئۆزئارا قامچا بىلەن ساۋاشماق.

**قامچىلانماق** «قامچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قامچىلىق** سۈپ ① قامچىسى بار، قامچا تۇتقان: ئىزدەشكە پۇرسەت بەرمەي، زالىم قامچىلىق چىققان. بۇ دەردلەرگە چىدىماي، سادىر ئاتلىنىپ چىققان. ② قامچا قىلىشقا بولىدىغان، يېتىدىغان؛ قامچا چىقىدىغان: بىر قامچىلىق تاسما. ئىككى قامچىلىق كىرىچ.

**قامچىلىماق** پ ① قامچا بىلەن ئۇرماق، ساۋىماق؛ قامچا سالماق: ئۇردى باشقا قامچىلاپ، ئاقتى قانلار تامچىلاپ، قاچتىم شۇئان

ئۆيىدىن، قالدى تىللاپ، غاجىلاپ. ② كۆچمە. تەنقىد قىلماق،
سۆكمەك؛ تىللىماق: ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئادەم يەيدىغان كونا جەمئى-
يەتنى قامچىلىدى.

**قامچىئوت** ئى [قامچا + ئوت] <بوت> قامچىئوت ئائىلى-
سىگە كىرىدىغان، كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك.
يىلتىزسىمان غولى دورا قىلىنىدۇ. ئىسسىق قايتۇرۇش،
زەھەرنى تارقىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش رولىغا ئىگە.

**قامداتماق** «قامدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قامداشماق** «قامدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قامدالماق** «قامدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى:
— قۇرۇلۇشنىڭ ئىشچىغا بولغان ئېھتىياجى قامدالغاندىن كېيىن
بىزگە بۇنداق ئىش تېپىلمايدۇ، — دېدى ئۇ.

**قامدىماق** پ. بىرەر ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ئېھتى-
ياجىنى قاندۇرماق؛ تەمىنلىمەك؛ باقماق؛ تولۇقلىماق: ئوتۇنچى
بوۋاي بولسا ئوتۇنچىلىق بىلەن تۇرمۇشىنى قامدايدىكەن.

**قامدىماق** پ. ئورىۋالماق، يۆگىمەك، چىرمىماق: ئەگەر
سىزنى بىرەر غايە قامداپ ئالغىنىنى سەزسىڭىز، بۇنى چوڭقۇر سەزسى-
ڭىز، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە، ئەكس ھالدا، سىزنى ھېچنېمە باغلىيالمايدۇ.

**قامغاق** ئى <بوت> لويلا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان
غوللۇق ئۆسۈملۈك. شورلۇق ۋە قۇملۇق يەرلەردە ئۆسىدۇ.
پۈتۈن تېنى دورا بولىدۇ، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش رولى
بار، ئۇنى يەنە خەشەك قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

**قامغاقلىق** ئى. قامغاق ئۆسكەن، قامغاق تولا جاي: بىز ئايلى-
نىپ قامغاقلىقتا بېرىپ قالدۇق.

**قاملاشتۇرماق** «قاملاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرى-
جىسى: قادىر بۇ سۆزلەرنى تولىمۇ قاملاشتۇرۇپ بايان قىلىپ، ھەممى-
لەننى كۈلدۈرۈۋەتتى.

**قاملاشتۇرۇشماق** «قاملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك
دەرىجىسى.

**قاملاشقان** سۈپ. كېلىشكەن، چىرايلىق: — پاھ، — دېدى ئاسىم
ئاغزىنى چاكىلدىتىپ، — نېمىدېگەن قاملاشقان قىز بۇ، پەرى ئىكەنغۇ پەرى.

**قاملاشماق** پ ① كۆڭۈلدىكىدەك، كۈتكەندەك، جايىدا
بولماق: مانا، ئۇنىڭ ئىشى قاملاشتى. ② خۇددى راستەكلا
بولماق، بەئەينى ئۆزىلا بولماق، ئوخشىماق: ئۇنىڭ يالغان
ئېيتقىنى قاملاشتى. ③ ياراشماق، خوپ كەلمەك، ماس كەلمەك:
ئۇنىڭ كىيگەن كۆڭلىكى ۋە باشقا كىيىملىرىمۇ ناھايىتى قاملاشقا-
نىكەن. ④ كۆچمە. كېلىشمەك، چىقىشماق، ياخشى كۆرۈشمەك:
ئۇلار ئىككىسى ئاستا - ئاستا قاملىشىپ قالدى. ⑤ خىل كەلمەك،
لايىق كەلمەك؛ ياقماق: — ئۆزۈم قايناتقان مۇسەللەستىن بىر ئاز
بار، گۆش بىلەن تولىمۇ قاملىشىدۇ بىر پىيالە ئوتلاپ كۆرەمدىلا؟ — دەپ
سورىدى ۋە جاۋابىمنى كۈتمەستىنلا مۇسەللەسنى پىيالىگە قۇيدى.
⑥ قولاشماق، چاك باسماق، باغلاشماق (پىكىر - گەپ سۆز
ھەققىدە): — قانداق، سۆزۈم قاملاشتىمۇ؟ — يارايسەن، تازا قاملاشتى.
⑦ كۆنمەك، ماسلاشماق، يەرلەشمەك: — ئىدارىنىڭ كاتەكتەك ئۆيى-
دە زادىلا قاملىشالمىدىم، ئايرىم قورۇ - جاي قىلالايمىكىن دەيمەن، — دېدى
يۈسۈپ قادىر قاتتىق بىر كېكىرىۋېتىپ.

**قاملاشمىغان** سۈپ ① كۆڭۈلگە ياقمايدىغان، ياخشى بولمى-
غان، بىمەنە، تېتىقسىز، تۇتۇرۇقسىز: قاملاشمىغان گەپ. ② ساختا،
يالغان: ئاخىرىدا سىزگە شۇنىمۇ ئېيتىۋالاي، سىز ئۆزىڭىزنى ئالىي-
جاناب، ۋىجدان ئىگىسى قىلىپ كۆرسىتىپ تولىمۇ قاملاشمىغان كومې-
دىيەنى ئوينىدىڭىز. ③ ئەپسىز، بىئەپ: بۇ قار تازا قاملاشمىغان
بىر چاغدا ياغقىلى تۇردىغۇ؟

**قامۇس** ئى [ئە] مۇكەممەل، تولۇق لۇغەت، ئېنسىكلوپې-
دىيەلىك لۇغەت: «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاراخانىيلار دەۋرىدىكى
تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى، تىلى، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادىتى، ئەدە-
بىياتى قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرگەن مۇكەممەل قامۇس.

**قامۇسچاق** ئى. قامۇسنىڭ كىچىكى، كىچىك قامۇس.

**قامۇسچە** رەۋ. قامۇسقا ئوخشاش، قامۇستەك: گېگىل
سىستېمىسىنىڭ قامۇسچە مول مەزمۇنىغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇ سۇنئىي
مۇھەببەتتىن ۋە چولتا، كۈچسىز ئەخلاقتىن باشقا ھېچقانداق ئىجابىي
نەرسە ئېلىپ چىقالمىدى.

**قامۇسچى** ئى. قامۇس تۈزۈش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان
كىشى.

**قامۇسلۇق** سۈپ. قامۇسقا يېتىدىغان، قامۇسقا لايىق: ئىقلى-
مى ياغ، سۈيى شەربەت، تۇپرىقى زەر، تۇتىيا، مىڭ قامۇسلۇق تارىخى بار
شانۇشەۋكەتلىك ئېلىم.

**قامۇسنامە** ئى. قامۇس.

**قامىماق** I پ ① ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىپ قاماقخانا،
تۈرمە قاتارلىقلارغا سولىماق، قاماققا ئالماق، تۇتقۇن قىلماق:
تۈرمىگە قامىماق. ② كۆچمە. تۇتماق، قامال قىلماق: يۈرەكنى
شېرىنلىكى قامىۋالار، ئۆتكەنلەر يېمىسىمۇ قارىۋالار.

**قامىماق** II پ ① يورۇقلۇق، نۇر قاتارلىقلارنىڭ تەسىرى
بىلەن كۆرۈش ئىقتىدارى تەسىرگە ئۇچراپ خىرەلەشمەك؛
ئېنىق كۆرەلمەيدىغان، پەرق ئېتەلمەيدىغان بولۇپ قالماق:
ئەتىدىن كەچكىچە تېلېۋىزور كۆرۈپ كۆزلىرىم قاماپ كەتتى. ② غورا
ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەرنى كۆپ يېگەندە چىش نېرۋىلىرى
كۈچلۈك تەسىرگە ئۇچراش تۈپەيلى، چاينىغاندا چىش بىر
قىسما بولماق: ئانىسى غورا يېسە، قىزىنىڭ چىشى قاماپتۇ (ماقال).

**قان** ئى ① <ئانات> ئادەم ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك
ھايۋانلار تېنىنىڭ ئايلىنىش سىستېمىسىدىكى سۇيۇق توقۇل-
ما. توق قىزىل ياكى قارىغا مايىل قىزىل رەڭدە بولىدۇ،
سېسىق پۇراققا ئىگە. قان پىلازمىسى، قان دانىچىسى ۋە قان
پىلاستىنكىسىدىن تۈزۈلىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئوزۇقلۇق ۋە
ھورمۇنلارنى بەدەندىكى ھەرقايسى توقۇلمىلارغا توشۇش،
بەدەندىكى كېرەكسىز ماددىلارنى چىقىرىش ئورگىنىغا يەتكۈ-
زۈش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش ۋە ۋىرۇسلارنى توشۇش
رولىنى ئوينايدۇ. ② كۆچمە. جان: قانغا قان ئالماق.

**قان ئاققۇزماق** ① زەخىملەندۈرۈش، ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق
قانلىق ۋەقە تۇغدۇرماق، ئۆلۈم - يېتىم ئىشىنى كەلتۈرۈپ
چىقارماق، قەتل قىلماق: ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا قان ئاققۇزى-
دىغان ئىش قىلىشقا بولمايدۇ. ② قۇربانلىق قىلماق، مال ئۆلتۈرمەك.

**قان بولۇشۇپ كەتمەك** ئۇرۇشۇپ بىر - بىرىنى ياردار
قىلىشماق، ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇشماق: — تالاشسۇن، — دېدى
كامال سۆز قىستۇرۇپ، — تالىشىپ قان بولۇشۇپ كەتسۇن بۇ ئىتلار!

**قان چىچار** چىدىماس، تېرىككەك: — سېنى كىم بىلمەيدۇ؟ سەن
دېگەن بىر قان چىچار نېمىغۇ؟ — دەپ كايىپلا كەتتى سۇلتان.

**قان شورىماق** قاتتىق ئەزمەك، دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلماق: شامەخسۇت بىلەن بەگ ـ غوجىلار شۇنچە يىللاردىن بېرى بىزنى قۇل قىلىپ قېنىمىزنى شورىدى. خالىسا ئاتتى، خالىسا ساتتى.

**قان ئىچەر** قاتىل، ئادەم ئۆلتۈرگۈچى، ئەشەددىي زالىم: ئۇ قان ئىچەر زالىمدىن قاچان قۇتۇلارمىز دەپ ھەسرەت چېكەتتى.

**قان ئىچمەك** قاتتىق زۇلۇم سالماق؛ قاتىللىق قىلماق: ـــ دېمەمسەن، قانۇندا كەمبەغەللەر ئاچلىقتىن ئۆلسۇن، بەگزادىلەر قان ئىچىپ سەمرىسۇن دېگەن ماددا بارمۇ؟ ـــ دېدى قاسىم قايىنىغان ھالدا.

**قان يۇتماق** قاتتىق ھەسرەت چەكمەك؛ قاتتىق قايغۇرماق، ئازابلانماق: بىچارە نەسىبە ئىچىدە قان يۇتۇپ، دەردىنى تېشىغا چىقىرالماي قالدى.

**قېنى قىزىق** ئاسانلا ئاچچىقلىنىدىغان، تېرىككەك، ئاچچىقى كەلسە ئۆزىنى تۇتالمايدىغان، ئاچچىقى يامان: قېنى قىزىق ئادەم. * ـــ ئەمما سىزگىمۇ ئازراق پىكرىم بار، قېنىڭىز قىزىقراق ئوخشايدۇ، بەزى ئىشلارغا سەۋر ـ تاقەت قىلىش تەس ئەلۋەتتە، لېكىن شۇنداقتىمۇ، ـــ دېدى سەلىم كۆزەتچىگە كۆلۈمسىرىگەن ھالدا.

**قانائەت** ئى [ئە] ① ئازغا ياكى بارىغا كۆنۈش، بارى بىلەن كۇپايىلىنىش، نەپسىنى يىغىش؛ كۆپكە، جىققا ئىنتىلمەسلىك: قانائەت قىلماق. قانائەت ـــ تۈگىمەس خەزىنە (ماقال). * كەمبەغەلنى قانائەت ئاسرايدۇ. ② مەمنۇنلۇق، خۇرسەنلىك، مەمنۇنىيەت: ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ چىرايىدا قانداقتۇر بىر خىل يېقىملىقنا قانائەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ③ ئارام، تىنچلىنىش: كۆڭلى قانائەت تاپماق.

**قانائەتچان** سۈپ. قانائەت قىلىدىغان، قانائەت قىلالايدىغان، قانائەتلىك: قانائەتچان ئادەم.

**قانائەتچانلىق** ئى. قانائەت قىلىش: بىلىمدە قانائەتچانلىققا يول قويماسلىق كېرەك.

**قانائەتسىز** سۈپ. قانائەت قىلمايدىغان؛ قانائەتچان ئەمەس: قانائەتلىك بولۇپ يۈرسەڭ سېنىڭدىن باي كىشى بولماس، قانائەتسىز كىشىدىن بەتتەر بولغان بىر خۇمار ياخشى.

**قانائەتسىزلىك** ئى. قانائەت قىلماسلىق: ئۇلار خىلۋەت روھىي كۆزى بىلەن مەئىشەت دۇنياسىدىكى چەكسىز قانائەتسىزلىكلەرنى، قىزىلكۆزلۈك تۈپەيلى كېلىپ چىققان تۈرلۈك ئىجتىمائىي بالايىئاپەتلەرنى، روھىي گادايلىقلارنى كۆرۈپ يەتكەندەك بولدى.

**قانائەتلەندۈرەرلىك** سۈپ. قانائەتكە ئىگە قىلىدىغان، قانائەتلەندۈرىدىغان، قانائەتلەنگۈدەك: بۇ قىياس بىزنىڭ ھېسسىي سەزگۈلىرىمىزنى كىشىنى قانائەتلەندۈرەرلىك دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**قانائەتلەندۈرمەك** «قانائەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئالاھىدە كۆپىيە نۇسخىسىغا ئاساسەن ئۈچىنچى قېتىم يېزىلغان خەت كاتىپنى تولۇق قانائەتلەندۈردى.

**قانائەتلەندۈرۈشمەك** «قانائەتلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قانائەتلەندۈرۈلمەك** «قانائەتلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پەرماندا «قورال تاشلىغان پىدائىيلارنىڭ ھەرقانداق ئارزۇ ـ تەلەپلىرى قانائەتلەندۈرۈلىدۇ» دېيىلگەنىدى.

**قانائەتلەنمەك** پ ① يېتەرلىك دەپ ھېسابلىماق؛ بارى بىلەن كۇپايىلەنمەك، قانائەت قىلماق، قانماق: ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەتلەنمەك. * سىزنىڭ جاۋابىڭىزدىن قانائەتلەندىم. ② رازى بولماق؛ مەمنۇن، خۇرسەن بولماق: ھۆرمەت يۈزىسىدىن راخمان بىلەن تۇرسۇنگۈل غىڭ قىلىشمىدى. ئۇلار «قېرىلار بىزدىن رازى بولسىلا مەيلىغۇ» دەپ قانائەتلەندى.

**قانائەتلىك** سۈپ. قانائەت قىلىدىغان؛ قانائەتچان: قانائەتلىك ئادەم. * قانائەتلىك كىشىنىڭ قارنى توق (ماقال).

**قانائەتلىنەرلىك** سۈپ. قانائەت ھاسىل قىلغۇدەك، قانائەتلەنگۈدەك: شائىر ئۇنىڭ ھەربىر سوئالىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەرگەنىدى.

**قانائەتلىنىشمەك** «قانائەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ـــ ئالە، مانا ئەمدى قانائەتلىنىشتىڭمۇ؟ ـــ دېدى ئۇ قولىدىكى نەرسىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاشلاپ.

**قانات** ئى ① <زوئول> قۇش ۋە ھاشاراتلارنىڭ ئۇچۇش ئورگىنى: غازنىڭ قانىتى. كەپتەرنىڭ قانىتى. * قۇش قانىتى بىلەن ئۇچۇپ، قۇيرۇقى بىلەن قونار (ماقال). ② ئايروپىلاننىڭ يەردىن كۆتۈرۈلۈپ، ھاۋادا مۇئەللەق تۇرۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قاناتسىمان يېيىق قىسمى. ③ چاقپەلەك، شامالدۇرغۇچقا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ئايلىنىشقا ياكى شامال چىقىرىشقا ياردەم بېرىدىغان قىسمى: چاقپەلەكنىڭ قانىتى. شامالدۇرغۇچنىڭ قانىتى. ④ ئاپتوموبىل، ۋېلىسىپىت قاتارلىقلارنىڭ چاقلىرى ئۈستىگە لايدىن ھىمايە قىلىش مەقسىتىدە ئورنىتىلغان قىسمى. ⑤ ئىشىك، دېرىزە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئېچىلىپ ـ يېپىلىدىغان ھەربىر بۆلىكى: ئۇ دېرىزىنىڭ ئىككى قانىتىنى كەڭ ئېچىۋەتتى. ⑥ مەلۇم نۇقتا ياكى لىنىيەنى بويلاپ ئورۇنلاشقان نەرسىلەرنىڭ بىرەر تەرىپى، يېنى: بىنانىڭ سول قانىتى. مەھەللىنىڭ ئوڭ قانىتى. ⑦ <ھەرب> قوشۇن ياكى سەپنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپى: قۇتلۇق مىڭبېشى مىڭ چېرىكنى دەريا كېچىكىدىن ئىككى قانات قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. ⑧ كۆچمە. بىرەر تەشكىلات، گۇرۇھ قاتارلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ ئىنقىلابىي ياكى ئەڭ ئەكسىلئىنقىلابىي غايىلەرنى ئالغا سۈرگۈچى گۇرۇپپا: سول قانات يازغۇچىلار. ⑨ كۆچمە. ياردەمچى: ئات ئەر كىشىگە قانات (ماقال).

**قانات ئاستىغا ئالماق** ھىمايە قىلماق، قوغدىماق، ھامىي بولماق: پارتىيە قاچان بىزنى ئۆز قانىتى ئاستىغا ئالدى، شۇ كۈندىن باشلاپ دىلىمىز يورۇدى.

**قانات سۆرىمەك** ① چىشىسىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرمەك، چىشىسى بىلەن بىللە بولۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماق (توخۇ، كەپتەر قاتارلىقلار ھەققىدە): خوراز مېكىيانىغا قانات سۆرىدى. ② كۆچمە. ئىشقىي ياكى شەھۋانىي نىيەتتە خوتۇن ـ قىزلارنىڭ كەينىدە يۈرمەك، ئىچ پەش تارتىپ قالماق: قاسىم خېلىدىن بېرى زەيتۇنەمگە قانات سۆرەپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بىرەر مۇۋاپىق ئالاقە يولىنى تاپالماي يۈرەتتى.

**قانات ياپماق** ھىمايە قىلماق، قوغدىماق: ئۇ يۈزلۈك بولغىنى ئۈچۈن كەمبەغەللەرگە قانات ياپاتتى، بايلارنىڭ كۆزىگە چۈشكەن قىلتىرىق ئىدى.

**قانات يايماق** بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت، پائالىيەت قاتارلىقلار ئومۇمىيۈزلۈك ئېلىپ بېرىلماق، راۋاجلانماق، ئەۋج ئالماق: 5 ـ مارتتىن باشلاپ بۇ پائالىيەت كەڭ قانات يېيىپ كەتتى.

**قانتى سۇنماق** ← **قانتى قايرىلماق**: ئاتاڭ بار ئىدى قىران

بۇركۈتتەك، زالىم قولىدا قانىتى سۇنغان، يېنىپ قىساسىنىڭ ئىچىدە ئۆتتەك، مۇدھىش زامانىنىڭ قۇربانى بولغان.

**قانىتى سۇنۇق** ئۆزىگە ئەڭ يېقىن دەپ بىلگەن بىرەر ئاددىمى، تۇغقىنى، ياردەمچىسى ياكى جېنىغا بەك ئەسقاتىدىغان بىرەر نەرسىسىدىن ئايرىلغان، مەھرۇم قالغان: غېرىبلىقتا ياشاۋاتىمەن، قانىتىم سۇنۇق، قولۇم قىسقا، مادارىم يوق.

**قانىتىغا قىسماق** ھىمايىسىگە، قانات ئاستىغا ئالماق، قانات ياپماق.

**قانىتى قايرىلماق** ئۆزىگە ئەڭ يېقىن دەپ بىلگەن بىرەر ئادىمى، تۇغقىنى، ياردەمچىسى ياكى جېنىغا بەك ئەسقاتىدىغان بىرەر نەرسىسىدىن ئايرىلماق، مەھرۇم قالماق: ياخشى ئېتىمدىن ئايرىلدىم، قانىتىمدىن قايرىلدىم (ماقال).

**قاناتسىز** سۈپ. قانىتى يوق، قانىتى بولمىغان: قاناتسىز كۆيە.

**قاناتسىزلىق** ئى. قانىتى يوقلۇق، قانىتى بولماسلىق.

**قاناتسىمان** سۈپ. قاناتقا ئوخشايدىغان، قانات شەكلىدىكى: قاناتسىمان تام. قاناتسىمان قېپىش.

**قانات ـ قۇيرۇق** قانات ۋە قۇيرۇق: قانات ـ قۇيرۇق چىقارماق. قانات ـ قۇيرۇقى تەڭشەلمەك.

**قاناتلاندۇرماق** «قاناتلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھۇسەينەم ئاشۇنداق ئۈمىد، ئىشەنچلەر بىلەن ھامان روھىنى قاناتلاندۇرۇپ، ئۆزىنى تېتىك، تىمەن تۇتاتتى.

**قاناتلاندۇرۇلماق** «قاناتلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قاناتلانماق** پ ① قانات چىقارماق، قانات پەيدا قىلماق: قىزىم قەلبىگۈلنىڭ خۇشال ھالدا چۇقان سېلىشى بىلەن تەڭ، قالغان ساۋاقداشلىرىمۇ قاناتلانغان چۈجىلەردەك چۇۋۇرلىشىپ كەتتى. ② قانات قاقماق، ئۇچماق، پەرۋاز قىلماق: شۇنىڭدىن كېيىن ئەزالار قاناتلانغان بۈركۈتتەك جاسارىتى ئېشىپ ـ تېشىپ ئالغا ئىلگىرىلەشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ③ كۆچمە. روھلانماق، غەيرەتكە كەلمەك؛ جۇش ئۇرماق: ئالتۇنخان ئۆزىنىڭ ئىشى ۋە سۆزلىرىنىڭ بىردىنبىر توغرىلىقىغا كۆڭلى ئىشەنگەنسىرى روھى تېخىمۇ قاناتلىنىپ، ئۆزىنى قۇشتەك يېنىك سېزىپ باراتتى.

**قاناتلىق** سۈپ ① قانىتى بار، قانات چىققان: گىلەملەرنىڭ يەنە بىرىگە قىياپىتى مولۇنغا ئوخشاپ كېتىدىغان قاناتلىق ئاجايىپ بىر مەخلۇقنىڭ كېيىكنى باسماقداپ يەۋاتقانلىقى كەشتىلەنگەن. ② قانىتى بار، قانات بېكىتكەن (ئىشىك قاتارلىقلار ھەققىدە): ھويلىنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكىنىڭ تۇيۇقسىز غاچىلدىشىدىن ئۇنىڭ دىققىتى بۆلۈندى. ③ كۆچمە. تايانچى، ھىماتى، قوغدىغۇچىسى بار؛ قورقماس: قارا يورغا بارىدا قاناتلىق ئىدىم، تاغدا كېيىك ياياق بولسا مەن ئاتلىق ئىدىم.

**قاناتماق** «قانىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سابىرنىڭ پۇت ـ قولىنى تاش قىرلىرى تىلىپ، جىراپ قانىتىۋەتتى.

**قاناشماق** «قانىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قانال** ئى [ر <لات] ① سۇنئىي ئۇسۇلدا قېزىلغان ۋە كېمە قاتنايدىغان دەريا، ئۆستەڭ: ئاشلىق توشۇيدىغان كېمىلەر جەنۇب ۋە شىمال ئارىسىدىكى چوڭ قانال ئارقىلىق قاتنايدىكەن. ② <فىز> تېلېۋىزور، رادىيولاردىكى يۇقىرى چاستوتىلىق سۈرەت سىگناللىرى ۋە يېرىم ئاۋاز سىگناللىرى بەلگىلىك كەڭلىكنى ئىگىلىگەن چاستوتا بەلبېغى: تۆتىنچى قانال. ئالتىنچى قانال.

**قان ـ تەر** ① قان ۋە تەر. ② كۆچمە. بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن سىڭدۈرگەن جاپالىق ئەجىر، ئەمگەك، مېھنەت: قان ـ تەر سىڭدۈرمەك. قان ـ تەر تۆكمەك. * ئۆز ۋاقتىدىكى پاقا ـ سازاڭلار ماكان تۇتقان بۇ سازلىقتا بوگۈنكىدەك مۇشۇنداق كاتتا زاۋۇتنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ئۈچۈن بۇ ئادەمنىڭ سەرپ قىلغان قان ـ تەرى ھېسابسىز ئىدى.

**قانتېپەر** ئى [قان + تېپەر] <بوت> قوڭغۇراقگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ. تال، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، قان قۇۋۋىتىنى تولۇقلايدۇ.

**قانجۇق** ئى ① ئىتنىڭ چىشىسى. ② كۆچمە. ئاياللارغا قارىتىلغان ھاقارەت سۆزى: ـــ ھەي قانجۇق، كەچ بولغاندا نەگە بارىسەن؟ ـــ دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئايالى ھەببەگە قوپاللىق بىلەن.

**قانچە** ① ئال. قايسى مىقداردا؟ نەچچە؟ نەچچىلىك: سىلەرنىڭ سىنىپتا قانچە ئوقۇغۇچى بار؟ ② ئال. ئىسىملارنىڭ بەزىبىر تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ، ئۆزى ئالمىشىدىغان ئىسىمنىڭ رولىنى ئويناپ ئىسىم ئورنىدا كېلىدۇ: ئۇلارنىڭ قانچىسى مۇئەللىم؟ * بۇ قەلەمنى قانچىگە ئالدىڭ؟ ③ سۈپ. بىرمۇنچە، كۆپ، نۇرغۇن: ئۇ ئاشۇ «ئوغرىلار» بىلەن بىر كۆرۈشسەم دەپ ئارمان قىلىپ، قانچە كېچىلەرنى خىيال بىلەن ئۆتكۈزگەندى. ④ رەۋ. يۇقىرى مىقداردا، ئامالىنىڭ بارىچە؛ شۇنچىلىك: قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە ياخشى. * ئۇ قانچە تېز كەلسە، شۇنچە ياخشى.

**قانچە ـ قانچە** ① «قانچە» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② ناھايىتى كۆپ، ھېسابسىز، تولا، نۇرغۇن: بۇ قويۇن مىڭلاپ كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى، ياشلىقىنى، قانچە ـ قانچە كىشىلەرنىڭ خاتىرجەم ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىپ بۇزۇپ كەتتى.

**قانچە ـ قانچىلاپ** ناھايىتى كۆپ، ھېسابسىز، نۇرغۇن، تالاي: بىز ئۇچاغقىچە بىر ـ بىرىمىزنى قانچە ـ قانچىلاپ سېغىنارمىز، ياد ئېتەرمىز.

**قانچەيلەن** ئال. قانچە نەپەر ئادەم، قانچە كىشى: ئۇ ئۆيدە قانچەيلەن بار؟

**قانچىچە** سۈپ. قانچىلىك، تەخمىنەن قانچە، قانچە ئەتراپىدا: ئۇ يەردە قانچىچە ئادەم بار؟

**قانچىكى** ئال. «قانچە» سۆزىنىڭ كۈچەيتىلمىسى: ئۇ قانچىكى كۆپ ئىشلىسە، ئۆزىنى شۇنچە خاتىرجەم ھېس قىلاتتى.

**قانچىلاپ** سۈپ. قانچىلىغان، نۇرغۇن: ئۆتكەنقۇ ئۆمرى ئاشۇ ئۇستازنىڭ، قانچىلاپ كېچە كىرپىك قاقماستىن. قولىدا قەلەم، ئالدىدا كىتاب، ئىزدىنىپ تىنماي، ئارام ئالماستىن.

**قانچىلىغان** سۈپ. ناھايىتى كۆپ، تولا، نۇرغۇنلىغان، ساناقسىز: ئۇ چاغلاردا قانچىلىغان ياشلار ئازاب چېكىپ، تىركىشىپ، ئاخىر يەنە ھالاكەتتىن خالىي بولالمايتتى.

**قانچىلىك** ① ئال. سانى، مىقدارى، ھەجمى، ئېغىرلىق قاتارلىق جەھەتلەردە قانچە، نەچچە، نەچچىلىك: كۆزۈم تورلىشىپ ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلىۋالدى. مۇشۇ ھالدا قانچىلىك تۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن. ② رەۋ. قايسى دەرىجىدە: تاڭغا يېقىن ئۇ قاچتى، قانچىلىك ماڭغانلىقى نامەلۇم. ③ سۈپ «قايسى دەرىجىدىكى؛ ئەرزىمەس؛

ئانچە قىلىپ كەتكۈچىلىكى يوق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ قانچىلىك ئادەم ئىدى. * ئۇنىڭ قىلغىنىنى مەن قىلماي، ئۇنىڭ دەردلىرىنى ئاز تارتقىنىم يوققۇ، بۇ قانچىلىك ئىش.

**قانچىنچى** ئال. سان ـ تەرتىپى ئېنىق بولمىغان شەيئىـ ـ لەرنىڭ ئورۇن ـ تەرتىپىنىڭ «قانچە، نەچچە» ئىكەنلىكىنى سوراش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سوراق ئالمىشى: ئۇ قانچىنچى سىنىپتا ئوقۇغانىكەن؟

**قانخور** سۈپ ① باشقىلارنىڭ قېنىنى ئىچىپ ياكى سۈمۈ ـ رۈپ ياشايدىغان. ② كۆچمە. ئۆلتۈرۈش، قان تۆكۈشكە ئامراق، شۇنداق ئىشقا ئادەتلەنگەن، قاتىل: قانخور دۈشمەن. قانخور جاللات. ③ كۆچمە. كىشىلەرنى شەپقەتسىز ئېزىدىغان، قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان؛ زالىم: دۈشمەن تۈرمىسىدە يېتىپ تۇرۇپمۇ قانخور ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ياۋۇزلۇقلىرىغا ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن.

**قانخورلۇق** ئى. قان تۆكۈش؛ شەپقەتسىز ئېزىش، ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيە: ئۇ زالىملارنىڭ قانخورلۇقىنى ئەلگە تونۇتماقچى، ۋاڭنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدا ئۆلتۈرۈلگەن، جازالانغان، خورلانغانلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماقچى بولدى.

**قانخۇمار** سۈپ [ قان+ خۇمار] قان تۆكۈشكە خۇمار بولغان، قانخور: قانخۇمار ئىبلىسلار ئارا يۈزمۇيۈز، تىك تۇرار ئەخمەتجان ئەگمەي بەستىنى، ھەققانىي پاكتىتىن دەللىك ئوق ئېتىپ، پاش قىلار دۈشمەننىڭ رەزىل قەستىنى.

**قانداش** سۈپ. بىر ئاتا ـ ئانىدىن تۇغۇلغان، بىر ئەۋلادقا مەنسۇپ؛ قېرىنداش: ــ ئەي جىن، بۇ كېيىك مېنىڭ ئۆز قاندىشىم، ــ دەپتۇ بوۋاي سۆز باشلاپ.

**قانداشلىق** ئى ① بىر ئەۋلادقا مەنسۇپلۇق، قېرىنداشلىق: ئەمگەكچى خەلق بىلەن قانداشلىقى ۋە پىكىرداشلىقى سەۋەبىدىن ئەنۋەرنىڭ زۇلۇمغا، فېئوداللارغا ۋە روھانىيلارغا نەپرىتى چەكسىز. ② ئىنسانلاردا تۇغۇلۇش بىلەنلا تەبىئىي شەكىللىنىدىغان مۇناسىۋەت. مەسىلەن، ئاتا ـ ئانا بىلەن قىز ـ ئوغۇل ئوتتۇ ـ رىسىدىكى ۋە ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت: قانداشلىق نەزەرىيەسى، قانداشلىق مۇناسىۋىتى. قانداشلىق ئاداۋىتى.

**قانداق** ① ئال. بەلگە، سۈپەت، خۇسۇسىيەت ۋە ھالەت قاتارلىقلار ھەققىدىكى سوراقنى بىلدۈرىدۇ: بۇ قانداق كىتاب؟ ② سۈپ. قايسى خىلدىكى، قانداق تەرزدىكى: ــ ياخشى، يەنە قانداق ئىسىملار بار؟ بىز شۇنىڭ ئىچىدىن ئەڭ ياخشىسىنى تاللىۋالاي ـ لى، ــ دەپ سورىدى ئۇ يېنىدىكىلەردىن. ③ سۈپ. قانچىلىك، قانچىلىك دەرىجىدىكى، قانداقسىگە: يېڭىشەھەر يېزىسىنىڭ قانداق زىيان تارتقانلىقىنى ھەممىڭلار كۆردۈڭلەر. ④ ئال. بەزى سۈپەت ـ لەرگە ئۇندەشلىك كۈچەيتمە بولۇپ كېلىپ، «نېمىدېگەن، زەپمۇ، ئەجەبمۇ» دېگەن مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ: قارا، بۇ باغ قانداق ياخشى! * ئېتىزنىڭ ئايدىڭ كېچىلىرى قانداق چىرايلىق! ⑤ رەۋ. قانداق تەرزدە، قايسى يوسۇندا، قايسى ئۇسۇلدا: سوپۇن قانداق ياسىلىدۇ؟

**قانداقتۇر** ئال ① قانداقلىقى نامەلۇم؛ بەلگىسى، سۈپىتى، خۇسۇسىيىتى ئۇنچىۋالا ئېنىق بولمىغان؛ ئاللىقانداق: قانداقتۇر بىرنەرسە. * ئۇنىڭ مېڭىشلىرىدىن قانداقتۇر بىر گۈزەللىك، نازاكەتلىك ئىپادىلىرى چىقىپ تۇراتتى. ② قايسى، كىملىكى نامە ـ لۇم، قايسىبىرلىكى ئۇ قەدەر ئېنىق بولمىغان؛ ئاللىكىم: قانداقتۇر بىر ياش يىگىت سىزنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ.

**قانداقچە** رەۋ. قانداق، قانداقلارچە، قانداق قىلىپ، قانداقسىگە؛ نېمىگە ئاساسەن؛ قايسى يول بىلەن: قىز غەزەپ بىلەن شۇنچىلىك چاپسان ھەرىكەت قىلدىكى، قامچىنىڭ قانداقچە قولىـ ـ غا ئۆتۈپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى.

**قانداقچىسىغا** رەۋ. قانداق، قانداق قىلىپ، قانداقلارچە، نېمىشـ ـ قا، نېمە ئۈچۈن، نېمە سەۋەبتىن: جىمما «سېرك ئويۇنى قانداقچىسىغا ئېسىگە چۈشۈپ قالغاندۇر» دەپ ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى.

**قانداقلارچە** رەۋ. قانداق قىلىپ، قانداقچىسىغا؛ نېمىشقا، نېمە ئۈچۈن: يىگىت ھېلىقى كامارغا ئېڭىشىپ قارىغاندەك بوپتۇ ـ يۇ، قانداقلارچە ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قاپتۇ.

**قانداقلىكى** سۈپ. ھەرقانداق، قانداقلا: قانداقلىكى ئادەم بولمىسۇن رۇخسەت سوراپ كىرىش كېرەك.

**قانداقمۇ** ئال. قانداقچە، قانداق قىلىپ، قانداقچىسىغا: بۇ ئىشنى ئۇ قانداقمۇ خىيالىغا كەلتۈرەلىسۇن؟

**قاندۇرماق** «قانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرغاندىن كېيىن ئوڭدىسىغا يېتىپ كۆككە كۆز تىكتى.

**قاندۇرۇشماق** «قاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: نۇرغۇن كىشىلەر ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ھەر ياققا ئۇرۇپ يۈرۈشىدۇ ـ يۇ، لېكىن ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشالمايدۇ.

**قاندۇرۇلماق** «قاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بازار كۈنلىرى خوتەن شەھەر ئىچىدە تۆت ئورۇندا دۇكان ئېچىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئېھتىياجى قاندۇرۇلىدۇ.

**قاندىقىسىغا** رەۋ. قانداق قىلىپ، قانداقلارچە، نېمىشقا: قاندىقىسىغا مۇنداق بولۇپ قالدى؟

**قاندىماق** پ. دىيال. قانغا بويىماق، قان قىلماق.

**قان ـ زەرداب** ① قان ۋە زەرداب: قان ـ زەرداب ئاقماق. ② كۆچمە. قاتتىق ئازاب، ئېغىر دەرد ـ ئەلەم: چايناپ يۇتاي دەمسەن مېنى؟ قانخور پەلەك، زالىم پەلەك، قان ـ زەردابقا تولدى يۈرەك.

**قانسىراتماق** «قانسىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىد ـ جىسى: ئۆپكىنى قانسىراتماق.

**قانسىراشماق** «قانسىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قانسىرىتىلماق** «قانسىراتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىد ـ جىسى: يارلىقنىڭ ئۈستىگە يېزىلغان تۆت بۇرجەك يوغان مۆھۈرنى كۆرگەن ئابلىز قارىينىڭ چىرايى يەنە قانسىرىتىلغان ئۆپكىدەك ئۆڭدى.

**قانسىرىماق** پ ① قان كۆپ چىقىپ كەتمەك، قان ئېقىپ ئازلاپ كەتمەك: ياربدار قانسىراپ كېتىپتۇ. * ئىسمائىلنىڭ ئاتقان ئوقى خان غوجامنىڭ ئوڭ پۇتىغا تەگدى، خان غوجام قانسىراپ، ئاخىر ئاتتىن يىقىلدى. ② قان ئازلىقتىن تاتارماق: مەرھابا ئېڭىشكەن پېتى ئۆمۈرلۈك جۈپتىنىڭ قانسىرىغان لېۋىگە لېۋىنى يېقىپ تۇرۇپ پىچىرلاۋا ـ تاتتى.

**قانسىز** سۈپ ① قېنى يوق، قېنى بولمىغان. ② قېنى ئاز، قېنى كەم؛ رەڭگى ئاقارغان؛ رەڭگى ئۆچكەن، سارغايغان: ئۇنىڭ ئورۇقىنا كەلگەن گەۋدىسى تېخىمۇ كىچىكلەپ، قانسىز، ياغاق يۈزلىرى پۈرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ③ كۆچمە. قان تۆكۈلمەي ـ دىغان، قانلىق جەڭ قىلماي تۇرۇپ قىلىنغان ياكى قىلىنىد ـ

دىغان: قانسىز كۈرەش.

**قانسىزلانماق** پ. قېنى ئازلاپ كەتمەك، قېنى ئازلاپ كېتىش تۈپەيلى سارغىيىپ ياكى ئاقىرىپ كەتمەك: ئۇنىڭ قانسىزلانغان نېپىز لەۋلىرى تىترەپ، بوغدىيىنكى قىمىرلاپ كەتتى.

**قانسىزلىق** ئى. قان كەملىك، قان ئازلىق.

**قان-قان** «قان» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: قان-قان يىغلىماق.

**قان-قېنىغا سىڭىپ كەتمەك** تاشلىمايدىغان ئادەتكە ئايلانماق: ئۇلار ئۆتمۈشتىن تارتىپ قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن كونا ئەقىدىسىگە ئاساسەن، زاۋاللىققا يۈز تۇتقان چىرىك ھاكىمىيەتتىن يەنىلا ئۈمىد كۈتەتتى.

**قانلانماق** پ ① قانغا بويالماق، قانغا مىلەنمەك، قان بولماق: قەمەر شاھ جاللاتلار قولىدىكى قانلانغان قىلىچلارغا پىسەنت قىلماي، شاپەرقۇت ياتقان چۈشەك يېنىغا كەلدى. ② قان يۈگۈرمەك، قىزارماق: — چىرايىڭ خېلى قانلىنىپ قاپتۇ جۇمۇ سېنىڭ، — دېدى ئۇ ماڭا چاقچاق قىلىپ.

**قانلىق** سۈپ ① قېنى بار، قېنى بولغان. ② قانغا بويالغان، قان يۇقۇپ قالغان، قان چاچراپ تۇرىدىغان: قانلىق قىلىچ. * قانلىق گەۋدىنىڭ كىملىكىنى بىر قاراپلا تونۇغىلى بولمايتتى. ③ قانغا تولغان، قان ئارىلاش: قانلىق كۆزلەر. * ئۇ ئىپلاس دىققەتسىزلىكتىن قانلىق پاتقاقتا دومىلاپ چۈشتى. ④ ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە-ھادىسە قاتارلىقلارنى ئەسكە سالىدىغان ۋە ياكى شۇلاردىن قېلىپ قالغان: قانلىق داغ. قانلىق ئۆتمۈش. قانلىق يىللار. ⑤ قان تۆكۈش، قۇربانلار بېرىش يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان، قان تۆكۈش بىلەن سادىر بولىدىغان؛ ھايات-ماماتلىق: قانلىق كۈرەش. قانلىق قەسەم. قانلىق ئىنتىقام. ⑥ كۆچمە. قاتتىقلىق دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن، كەچۈرگىلى بولمايدىغان، كەچۈرگۈسىز، ناھايىتى ئېغىر: سارايدا بولۇۋاتقان سىياسىي ئۆزگىرىشلەر، خان-پادىشاھلارنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، غەلىبە تەنتەنىلىرى ۋە قانلىق جازالار خۇددى چۈشتىكىدەك كۆرۈنەتتى.

**قانماق** پ ① ئۆزى تەلەپ قىلغان، ئېھتىياجلىق بولغان بىرەر ئىشقا، نەرسىگە تويماق، قانائەت ھاسىل قىلماق، قانائەتلەنمەك: سۇغا قانماق. چايغا قانماق. ئۇيقۇغا قانماق. * يىراقتىكى سۇدا ئۇسسۇزلۇق قانماس (ماقال). ② بىرەر مەقسەتكە، مۇرادىغا، ئارزۇ-ئارمانىغا يەتمەك؛ مۇراد-مەقسىتى ھاسىل بولماق: نەپسى قانماق. كۆڭلى قانماق. * ئورمىنى تولا ئوروپ، بىلىكىڭ تالدىمۇ يارىم. ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق، يۈرىكىڭ قاندىمۇ يارىم.

**قانۇن** ئى [ئە] ① ئوبيېكتىپ رېئاللىقتا تۇرلۇك ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدا كىشى ئېڭىدىن ۋە ئىختىيارىدىن تاشقىرى ھەمىشە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان مۇقەررەر باغلىنىش، مۇناسىۋەت: جەمئىيەت تەرەققىياتى قانۇنى. تەبىئەت قانۇنى. زىددىيەت قانۇنى. ئېنېرگىيەنىڭ ساقلىنىش قانۇنى. ② <قا> ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان، دۆلەت تەرىپىدىن تۈزۈلىدىغان ياكى ئېتىراپ قىلىنىدىغان، ئىجراسى دۆلەتنىڭ زورلۇق كۈچى ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ھەرىكەت مىزانى. ئادەتتە ئۇ يازما شەكىلدە بولىدۇ. مەسىلەن، ئاساسىي قانۇن، جىنايى ئىشلار قانۇنى، ھەق تەلەپ قانۇنى دېگەنلەرگە ئوخشاش. ③ بېجىرىلىشى شەرت، مەجبۇرىي بولغان، قائىدە، ئادەت تۈسىگە كىرگەن تەلەپ، تاپشۇرۇق ۋە شۇ قاتارلىقلار: ئاتىسىنىڭ سۆزى — ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر قانۇن. ④ بىر دىندا قوبۇل قىلىنغان ئەخلاق ۋە رەسىم، رەسمىيەت قائىدىلىرى سىستېمىسى: شەرىئەت قانۇنى.

**قانۇن-پەرمان** قانۇن ۋە پەرمان: ئورمانچىلىق مەيدانىدا ئالاقىدار سىياسەت، قانۇن-پەرمانلارنى تەشۋىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلدى.

**قانۇن-تۈزۈم** قانۇن ۋە تۈزۈم: سوتسىيالىستىك قانۇن-تۈزۈم قۇرۇلۇشى.

**قانۇنچاق** ئى. كىچىكلىتىلگەن قانۇن، كىچىك قانۇن: ئۇنۋان باھالاش شەرتلىرى سىياسەت ۋە پەرمانلارغا ئالدىنى قىلىپ قوبۇلخانىدىن قايتىدىغان قانۇنچاق. بۇ قانۇنچاق يۇرگۈزۈلۈش ئوبيېكتىغا نىسبەتەن «قانۇن» مەنىسىگە ئىگە، ئەمما ئۆزى تۈزۈلگەن ئورگانغا نىسبەتەن سىياسەت مەنىسىگە ئىگە.

**قانۇنچە** ئى <تىب> ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدىكى رېتسېپلار توپلىمى.

**قانۇنچى** ئى ① قانۇن تۈزگۈچى ياكى قانۇن تۈزۈش ئىشلىرىغا قاتناشقۇچى خادىم، قانۇن تۇرغۇزغۇچى ۋە يۈرگۈزگۈچى كىشى: بۇرۇن ئەخلاق نەزەرىيەسىنى ئىنكار قىلغان قانۇنچى ۋە سىياسەتچىلەرمۇ ئاخىرى جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق تەربىيەسىگە موھتاج ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقان. ② قانۇننى ياخشى بىلىدىغان، قانۇنشۇناس.

**قانۇنچىلىق** ئى <قا> ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئۆز ئىرادىسى بويىچە ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئارقىلىق قۇرۇپ چىققان قانۇنىي تۈزۈمى. ئۇ قانۇن تۈزۈش، قانۇننى ئىجرا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ھۆكۈمران سىنىپنىڭ دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈش ئۇسۇلى ۋە قورالىدۇر: سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى.

**قانۇنسىز** سۈپ ① قانۇنغا توغرا كەلمەيدىغان، قانۇنغا زىت، خىلاپ، قانۇننىڭ سىرتىدىكى، قانۇنىي ئەمەس: قانۇنسىز ئىش. قانۇنسىز نىكاھ. قانۇنسىز ھەرىكەت. قانۇنسىز ۋاستە. ② قانۇنىي ھىمايە قىلىنمايدىغان، قانۇننى ياقلىمايدىغان، قانۇن تەرەپدارى ئەمەس: جەمئىيەتتىكى بەزىبىر قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك.

**قانۇنسىزلارچە** رەۋ. قانۇنغا خىلاپ، زىت بولغان ھالدا، قانۇنسىزلىق بىلەن: ئەگەر كىمكى ئۇنىڭغا قانۇنسىزلارچە دەخلى قىلسا، دۆلەتنىڭ مۇقەررەر ھالدا ئۇنى توسىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى ھەقىقىي ئىشەندۈرۈش كېرەك.

**قانۇنسىزلىق** ئى. قانۇنغا خىلاپلىق: قانۇنسىزلىق قىلماق. جەمئىيەتتىكى قانۇنسىزلىق ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، بارلىق ئىشلارنى قانۇنچىلىق يولىغا سېلىش لازىم.

**قانۇنشۇناس** ئى [ئە + پ] <تارىخ> قانۇننى پىششىق بىلىدىغان ياكى قانۇننى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىس.

**قانۇنشۇناسلىق** ئى <قا> دۆلەت ۋە قانۇننى تەتقىق قىلىدىغان پەن: قەدىمكى يۇنان ۋە رىمدا قۇلدارلارنىڭ بىرقەدەر تەرەققىي تاپقان قانۇنشۇناسلىقى بارلىققا كەلگەن.

**قانۇنلاشتۇرماق** «قانۇنلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار ئارقىدىن ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭمۇ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشتى-دە، بۇ ھوقۇق تارتىۋېلىشنى قانۇنلاشتۇرۇشقا كىرىشتى.

**قانۇنلاشتۇرۇشماق** «قانۇنلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك

دەرىجىسى.

**قانۇنلاشتۇرۇلماق** «قانۇنلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇ كۈنى توختام خەت يېزىلىپ، بارماقلىرىنى بېسىشتى ۋە ھېسامىدىن داموللىنىڭ مۆھۈرى بىلەن بۇ ئىش قانۇنلاشتۇرۇلدى.

**قانۇنلاشماق** پ ① قانۇن بىلەن تەستىقلانماق؛ قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولماق، قانۇنغا ئۇيغۇن بولماق: بۇ ئىش قانۇنلىشىپ قالدى. ② قانۇنىي دەپ ئېتىراپ قىلىنماق، قانۇنلۇق دەپ تونۇلماق، قانۇنلۇق بولماق: قانۇنلاشقان تەشكىلات. قانۇنلاشقان ئىملا قائىدىلىرى.

**قانۇنلۇق** سۈپ ① ئېنىق قانۇنلىرى بولغان ۋە ئۇلارغا ئەمەل قىلىدىغان: ئاساسىي قانۇنلۇق دۆلەت.② قانۇن تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن؛ قانۇن تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان؛ قانۇنىي كۈچكە ئىگە، قانۇنغا ئۇيغۇن؛ قانۇنلاشقان: ئۇ مېنىڭ قانۇنلۇق لايىقىم.

**قانۇن ـ نىزام** قانۇن ۋە نىزام ياكى قانۇن ۋە شۇ خىلدىكى قائىدە ـ تۈزۈم: دۆلىتىمىزنىڭ باشقا قانۇن ـ نىزاملىرىغا كەلسەك، ئۇلارمۇ ئاساسىي قانۇنغا، قانۇنلارغا ۋە پەرمانلارغا ئاساسەن تۈزۈلگەن.

**قانۇن ـ ئىنتىزام** قانۇن ۋە ئىنتىزام: قانۇن ـ ئىنتىزامغا بويسۇنماق. قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلماق.

**قانۇنىي** سۈپ [ئە] ① قانۇندا بەلگىلەنگەن، قانۇندا كۆرسىتىلگەن: قانۇنىي ھوقۇق. قانۇنىي مەجبۇرىيەت. ② قانۇن يولى بىلەن تەستىقلانغان، قانۇنغا مۇۋاپىق كېلىدىغان، قانۇنغا ئۇيغۇن، قانۇنغا ئاساسلانغان: قانۇنىي ھۆججەت. قانۇنىي تەشكىلات. قانۇنىي كۈرەش. ③ قانۇنغا ئالاقىدار، قانۇن بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدىغان: قانۇنىي مەسىلە. قانۇنىي جاۋابكارلىق. قانۇنىي جازا.

**قانۇنىيەت** ئى [ئە] ① ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇقەررەر باغلىنىش ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنلىرى: ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت. تەبىئىي قانۇنىيەت. ② قانۇنىي ئاساستا، تەبىئىي رەۋىشتە ئۆز ـ ئۆزىدىن كېلىپ چىقىدىغان، تەبىئىي، مۇقەررەر ئىش، ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلار.

**قانۇنىيەتسىز** سۈپ. قانۇنىيىتى بولمىغان، تەرتىپسىز؛ قالايمىقان: قانۇنىيەتسىز ئۆزگىرىش. قانۇنىيەتسىز مەسىلە.

**قانۇنىيەتسىزلىك** ئى. قانۇنىيىتى يوقلۇق، تەرتىپسىزلىك؛ قالايمىقانلىق: نومۇر تاللاشتا قانۇنىيەتسىزلىك ئىچىدىن قانۇنىيەتنى تېپىش زۆرۈر.

**قانۇنىيەتلىك** سۈپ ① قانۇنىيىتى بار، قانۇنىيەت بويىچە بولىدىغان؛ تەبىئىي: قانۇنىيەتلىك ئىش. قانۇنىيەتلىك ئۆزگىرىش. ② قانۇنىيەتكە مۇۋاپىق كېلىدىغان، قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن بولغان: كىتابنىڭ ئاخىرقى بەتلىرىدە بولسا قانۇنىيەتلىك خۇلاسىلەر ۋە بەزى تەجرىبىلەر يېزىلغاندى.

**قانۇنىيلاشتۇرماق** «قانۇنىيلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قانداق قىلغاندا كۈرەشنى قانۇنىيلاشتۇرغىلى بولىدۇ؟

**قانۇنىيلاشتۇرۇشماق** «قانۇنىيلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قانۇنىيلاشتۇرۇلماق** «قانۇنىيلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قانۇنىيلاشماق** پ. قانۇنغا ئۇيغۇنلاشماق، قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولماق، قانۇن تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنماق.

**قانۇنىيلىق** ئى. قانۇنغا ئۇيغۇنلۇق: بۇ دۆلەتتە ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن قانۇنىيلىق ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتقىچە مۇھىم ھالدا، يەنى يىرىم ئەسىر دېگۈدەك ساقلىنىپ كەلدى.

**قانۇن ـ ياساق** قانۇن ۋە ياساق.

**قائىسە** ئى [ئە] <تىب> توخۇ تاشلىقىنىڭ ئىچكى سىرىق پەردىسى. تىبابەتچىلىكتە ھەزىم قىلىشنىڭ ياخشى بولماسلىقى، قەي قىلىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**قانغاق** ئى <تىب> قان پىلازمىسىدا مەلۇم خىلدىكى شارچە ئاقسىل كەم بولۇش تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدىغان تۇغما كېسەللىك.

**قانىماق** پ. قان سىرتقا تەپمەك، قان چىقماق: ئاغزى قانىماق. بۇرنى قانىماق. قولى قانىماق.

**قان ـ ياش** ① قان ۋە ياش. ② قانلىق ياش، قان ئارىلاش ياش: ـــ بۇ دەرد ـ ئەلەملەرنى بىزلا تارتىپ تۈگەتسەك بولاتتى، ـــ دېدى بوۋاي چوڭقۇر تىنىپ، ـــ ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ قان ـ يېشى ئاخىرى سىلەرگىمۇ مىراس بولۇپ قالدى.

**قان ـ يىرىڭ** قان ۋە يىرىڭ: قان ـ يىرىڭنى تازىلىماق. قان ـ يىرىڭلارنى ئادالىماق.

**قاھ ـ قاھ** يۇقىرى ئاۋازدا، قاتتىق كۈلگەندە چىقىدىغان ئاۋاز: قاھ ـ قاھ سېلىپ كۈلمەك.

**قاقاھلىماق** پ. يۇقىرى ئاۋازدا قاھ ـ قاھ قىلىپ كۈلمەك، قاھ ـ قاھ قىلماق: شۇ ۋاقىتتا ھېكىم سېلىم شەيخنىڭ بۇ ئۈمىدۋارلىقىنى مەنستىمىدىلا ئەمەس، بەلكى مەسخىرە قىلىپ قاقاھلاپ كۈلدى.

**قاۋاتماق** «قاۋىماق I » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىتنى قاۋاتماق.

**قاۋاشماق** «قاۋىماق I » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەتراپىمدا بىرنەچچە ئىت تەرەپ ـ تەرەپتىن قاۋىشىپ ئېتىلىپ كەلدى.

**قاۋاق** I سۈپ. دىيال. خىلۋەت، چەت، ياقا؛ جىمجىت، تىنچ.

**قاۋاق** II ئى. ھاراق ساتىدىغان دۇكان، قاۋاقخانا.

**قاۋاقچى** ئى. قاۋاقخانا ئىگىسى: ئۇ بۇ ئىككى قەۋەت ئۆينىڭ ئورنىدا بۇرۇن گۆرۈكەش بىلەن قاۋاقچىنىڭ زەيكەش، قاراڭغۇ، پاسكىنا ئۆيى بارلىقىنى يادىغا چۈشۈرۈشكە ئۈلگۈردى.

**قاۋاقخانا** ئى. مەخسۇس ھاراق سېتىپ تىجارەت قىلىدىغان دۇكان، ھاراق دۇكىنى، مەيخانا: مەن قانداق قىلىپ قاۋاقخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن.

**قاۋالماق** «قاۋىماق II » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: توخۇ بۇرجەككە قاۋالدى. قويلار قوتانغا قاۋالدى. * مەن دىققەت بىلەن قارىغۇدەك بولسام، ئۇ سەپ ئىچىگە قاۋىلىپ قاپتۇ.

**قاۋاماش** ئى. دىيال. ياغ چېكىلگەن كاكچا (نان).

**قاۋان** ئى. ياۋا توڭگۇزنىڭ ئەركىكى: بولغاچ ئىناق ـ بىر گەۋدە، بۇ يۇرتتىكى پالۋانلار. تېگەلمەسكەن ئۇلارغا، بۆرە ـ ئېيىق قاۋانلار.

**قاۋانلىق** ئى. قاۋانلار بار، قاۋانلار توپلىشىپ ياشايدىغان يەر: قاۋانلىققا بارماق.

**قاۋشماق** پ ← قاۋىماق.

**قاۋ ـ قاۋ** ئىت ھاۋشىغاندا چىققان ئاۋاز.

**قاۋۇل** سۈپ. جان ت ① بەستلىك، ساغلام؛ كۈچلۈك: قاۋۇل

ئادەم. * ئەخمەتجان قاۋۇل قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلەيدىغان، ئېگىز بوي، ئاق يۈزلۈك يىگىت ئىدى. ② چىرايلىق، كېلىشكەن، گۈزەل: ئاق دوپپىسى بىلەن ئاق خەسە كۆڭلىكى ئۇنىڭ كەڭ قاۋۇل بەستىگە خويمۇ ياراشقان بولۇپ، چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى. ③ كۆچمە. ئىقتىدارلىق، قابىلىيەتلىك، قولىدىن ئىش كېلىدىغان: ئۇ خېلى قاۋۇل يىگىت ئىكەن.

**قاۋۇللاشماق** پ. بەستلىك، قاۋۇل ھالەتكە كەلمەك: ئادەم 30 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا ئورگانىزمدىكى سۆڭەك زاپىسى ئەڭ يۇقىرى باسقۇچتا تۇرىدۇ. سۆڭەكنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، ئىنتايىن قاۋۇللىشىدۇ.

**قاۋۇللۇق** ئى. قاۋۇل ھالەت، قاۋۇللارغا خاس خۇسۇسىيەت: مېنىڭ مەسلىھەتىم شۇكى، پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇ قىزنىڭ ھۆسن ـ جامالى ۋە قاۋۇللۇقىنى تەرىپ قىلىشىمىز كېرەك.

**قاۋىماق** I پ «قاۋ ـ قاۋ» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، ھاۋشىماق (ئىت ھەققىدە): ئىت قاۋىغان يەردە ئادەم بار (ماقال).

**قاۋىماق** II پ. قاپسىماق، قامدىماق: قوينى ئېغىلغا قاۋىماق. توخۇنى بۇرجەككە قاۋىماق. ئىتنى ئۆيگە قاۋىماق: * لەشكەرلەر ئۇلارنى كۇنچىقىش تەرەپتىن قاۋىۋالدى.

**قائىدە** ئى [ئە] ① تۇرلۇك ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ۋە مۇناسىۋەتلەرنى ئىپادىلەيدىغان تەرتىپ؛ قانۇن: سۆز ياساش قائىدىسى. يىلتىز چىقىرىش قائىدىسى. كۆپەيتىش قائىدىسى. ② بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ قانداق بېجىرىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى رەسمىي كۆرسەتمە، يولىيورۇق ياكى ئومۇم تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان تەرتىپ: ئىشلەپچىقىرىشنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئەمگەك قائىدىسىگە قەتئىي رىئايە قىلىش كېرەك. ③ رەسىم، ئادەت، يوسۇن: قەدىمدىن قالغان قائىدە. * مىرزا ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ تاجىك قائىدىسى بويىچە ئۆزئارا قوللىرىغا سۆيۈشۈپ كۆرۈشتى.

**قائىدە ـ تۈزۈم** قائىدە ۋە تۈزۈم: كونىلار ئۆتۈپ ئۇلاغ ئىشلەتكۈچىلەر بارا ـ بارا ئۇنىڭغا ئادەتلىنىپ، ئاتخانىمىز قائىدە ـ تۈزۈملۈك بولۇپ قالدى.

**قائىدە ـ يوسۇن** قائىدە ۋە يوسۇن: مىللىي قائىدە ـ يوسۇن. قائىدە ـ يوسۇننى بىلىدىغان بالا.

**قائىدە ـ يوسۇنلۇق** قائىدە ـ يوسۇنى بار، قائىدە ـ يوسۇنلارغا ئادەتلەنگەن، قائىدە ـ يوسۇنلارغا ئەمەل قىلىدىغان: قائىدە ـ يوسۇنلۇق بالا. * بۇ ئايال ناھايىتى قائىدە ـ يوسۇنلۇق، ئىززەت ـ ئىكراملىق تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

**قائىدىچانلىق** ئى. قائىدىگە بويسۇنۇش، قائىدىنى ئاساس قىلىش: ئەرەب تىلىدا سۆزلەرنىڭ ئۆزگىرىشى مۇرەككەپ بولۇپ، قائىدىچانلىقى كۈچلۈك.

**قائىدىسىز** سۈپ. قائىدە ـ يوسۇننى بىلمەيدىغان، قائىدىگە ئەمەل قىلمايدىغان، قائىدىلىك ئەمەس؛ قائىدىگە چۈشمەيدىغان، قائىدىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان: قائىدىسىز ئىش قىلماق.

**قائىدىسىزلىق** ئى. قائىدىگە خىلاپ ئىش، قائىدىگە خىلاپ ھەرىكەت: ئۇ كونا تونۇشلارنى ئۇزاتقاندا، قانداقلا بولمىسۇن، بىرئاز نەرسە ئېلىش لازىم ـ دە، بولمىسا تولىمۇ قائىدىسىزلىق قىلغانلىق بولىدۇ.

**قائىدىلەشتۈرمەك** «قائىدىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىرىككەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسىنى قائىدىلەشتۈرمەك.

**قائىدىلەشتۈرۈلمەك** «قائىدىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇيغۇر تىلىدىكى بىرىككەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسى قائىدىلەشتۈرۈلدى.

**قائىدىلەشمەك** پ ① قائىدىگە ئايلانماق: ھەر جۇمە كۈنى تۇپراق بېشىغا چىقىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ روھىغا دۇئا قىلىش ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا قائىدىلىشىپ قالغانىدى. ② قائىدىگە، سىستېمىغا چۈشمەك؛ قائىدىگە ئۇيغۇنلاشماق: ئۇيغۇرلاردا تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش ئاستا ـ ئاستا قائىدىلەشمەكتە.

**قائىدىلىك** ① سۈپ. قائىدە ـ يوسۇننى بىلىدىغان، قائىدىگە ئەمەل قىلىدىغان: قائىدىلىك بالا. ② رەۋ. قائىدە بويىچە، قائىدىگە ئۇيغۇن، قائىدىسى بىلەن؛ قائىدىدىن چىقماي: ئۇ تانسىنى ناھايىتى يېنىك ۋە قائىدىلىك ئوينايتتى.

**قائىدىۋى** سۈپ [ئە] قائىدىگە ئاساسلانغان؛ قائىدە تۈسىنى ئالغان، قائىدە خاراكتېرلىك: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قائىدىۋى ھۆججەتلىرى ۋە باشقا ھۆججەتلىرى ئۆلچەملىك نۇسخا بولۇپ، رەسمىي ھۆججەتلەر بىلەن ئوخشاش كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

**قاي** ئال. جان ت. قايسى، قانداق، قاچان: قاي چاغ. قاي زامان.

**قاياش** ئى ① ئومۇمەن بىر ـ بىرىنىڭ ئەھۋالىنى، كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان، بىر ـ بىرىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان يېقىن كىشىلەر، ئۆز خىلى: كەمبەغەلنىڭ قاياشى كەمبەغەل (ماقال). * مال تۇرى بىلەن، ئادەم قاياشى بىلەن (ماقال). ② شەپقەتچى، نىجاتچى، باشپاناھ: ھېكايىنى ئاڭلاپ بولۇپ دېدىم مەن شۇئان: كەمبەغەلگە قاياش ئىكەن بىزنىڭ ئەخمەتجان.

**قاياق** ئال [قاي + ياق] قايسى ياق، قايسى تەرەپ، قەيەر: سىز قاياقتىن كەلدىڭىز؟

**قايان** ئال [قاي + يان] قايسى ياق، قايسى تەرەپ، قاياق، قەيەر: ئەل قايان ــ سەن شۇيان (ماقال). * قىشلىقى قايان باراي، ياز كەلسە ساراي سالاي (ماقال).

**قايتا** رەۋ. يېڭىدىن، باشقىدىن، يەنە؛ يەنە بىر قېتىم؛ تەكرار: قايتا ئەملەش. قايتا بىرىكىش. قايتا ئوقۇش.

**قايتا ـ قايتا** بىرنەچچە قېتىم، تەكرار ـ تەكرار، يېنىش ـ يېنىش: قايتا ـ قايتا ئويلانماق. قايتا ـ قايتا تەكشۈرمەك. قايتا ـ قايتا سورىماق.

**قايتما** سۈپ. قايتىدىغان، قايتىش ھەرىكىتىنى ئورۇنلايدىغان: قايتما جەريان.

**قايتماس** سۈپ. ھەرقانداق ئىشتىن، خەۋپ ـ خەتەردىن باش تارتمايدىغان، ئىرادىسىدىن يانمايدىغان؛ قەيسەر: قايتماس ئىرادە.

**قايتماسلىق** ئى. ھېچ نەرسىدىن قايتمايدىغان، يانمايدىغان ئادەت، خۇسۇسىيەت.

**قايتماق** پ ① ئەسلىي كەلگەن ياكى تۇرغان يېرىگە بارماق، دەسلەپكى يېرىگە كەلمەك: ئۆيگە قايتماق.② بىرەر نەرسىگە تېگىپ يانماق: ئۇ توپنى كۈچ بىلەن تېپىۋىدى، توپ ۋاراتانىڭ ئۈستۈنكى ياغىچىغا تېگىپ كەينىگە قايتتى. ③ ئەسلىدىكى ھالەتكە كەلمەك، بۇرۇنقى ھالەتكە ئوخشاش بولماق: ناۋادا ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلسا، مەن 20 نەچچە يىللىق بۇرۇقتۇرمىلىقنى ئاخىرلاشتۇرىمەن ـ دە، ياشلىقىمغا قايتىمەن. ④ كۆچمە. يانماق، سوۋۇماق: دىلى قايتماق. كۆڭلى قايتماق. ⑤ كۆچمە. ۋاز كەچمەك، يانماق: پىكرىدىن قايتماق. نىيىتىدىن قايتماق. خاتا يولدىن قايتماق.

⑥ كۆچمە. كەتمەك، يوقالماق، تۈگىمەك: ئىسسىقى قايتماق. ئىششىقى قايتماق. * ئۇنىڭ ئاچچىقى قايتتى. ⑦ سېتىلىپ تۈگىمەي ئېلىپ كېلىنمەك (تىجارەت ھەققىدە): قايتقان مالدا بەرىكەت بار (ماقال).

**قايتۇرغۇچ** ئى. قايتۇرىدىغان، قايتۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان نەرسە، ئەسۋاب: چاقماق قايتۇرغۇچ.

**قايتۇرما** ① سۈپ. قايتۇرۇلىدىغان ياكى قايتۇرۇپ قىلىنىدىغان: قايتۇرما ھۇجۇم. قايتۇرما زەربە. قايتۇرما مۇھاسىرە. ② سۈپ. قايتىلىنىدىغان: قايتۇرما كېزىك. قايتۇرما چېتىشتۇرۇش. ③ ئى <مۇز> ناخشا ئاھاڭلىرىدىكى بىرىنچى قېتىملىق ئورۇنلاشتىن كېيىن تەكرارلىنىپ قايتا كەلگەن بۆلەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**قايتۇرماق** ① «قايتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئانام سەل ياخشىلانغاندا دوختۇرخانىدىن قايتۇرۇپ ئەكەلگەنىدىم. ② ئېلىنغان نەرسىنى جايىغا قويماق ياكى ئىگىسىگە ياندۇرۇپ بەرمەك، ئەۋەتمەك: قەرزنى قايتۇرماق. كىتابنى كىتابخانىغا قايتۇرماق. ③ تەكرارلىماق، قايتىلىماق، يېنىشلىماق: — ئەزىز؟ — دەپ قايتۇرۇپ سورىدى قەلبىنۇر، — ئۇ يەنە كەپتىمۇ؟ ④ چېكىندۈرمەك: جەڭچىلەر بىر سائەت جاپالىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇردى. ⑤ جاۋابەن بەجا كەلتۈرمەك، جاۋابەن ئورۇنلىماق: سالام قايتۇرماق، گەپ قايتۇرماق.

**قايتۇرۇشچان** سۈپ. قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، قايتۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان.

**قايتۇرۇشچانلىق** ئى <فىز> كۈچەيتكۈچىنىڭ چىقىش ئېلېكتىر زەنجىرىدىكى بىر قىسىم ئېنېرگىيەنى كىرىش ئېلېكتىر زەنجىرىگە قايتۇرۇپ، كىرىش سىگنالىنىڭ ئۈنۈمىنى كۈچەيتىش ياكى ئاجىزلاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى.

**قايتۇرۇشماق** «قايتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قەرزلەرنى قايتۇرۇشماق.

**قايتۇرۇلماق** «قايتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: خاتا ھالدا ئېلىنغان 70 يۈەن جەرىمانە پۇل قايتۇرۇلدى ھەمدە جەرىمانە قويۇلغۇچىدىن ئەپۇ سورالدى.

**قايتىباشتىن** رەۋ [قايتا + باش + تىن] قايتىدىن، باشقىدىن، قايتا؛ يەنە، يېڭىباشتىن: مەن سىزنى قايتىباشتىن يوقلاپ كېلىمەن.

**قايتىدىن** رەۋ. يەنە بىر قېتىم، يېڭىباشتىن، قايتا: قايتىدىن يازماق. قايتىدىن ئىشلىمەك. قايتىدىن كۆرۈپ چىقماق.

**قايتىشچان** سۈپ. قايتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، قايتىدىغان، قايتالايدىغان.

**قايتىشچانلىق** <فىز> ئاۋاز دولقۇنى، نۇر دولقۇنى ياكى ئېلېكتىر ماگنىت دولقۇنى قاتارلىقلارنىڭ توسالغۇغا ياكى ئەسلىدىكى مۇھىتقا ئوخشىمايدىغان مۇھىتقا يولۇققاندا سۇنۇپ يېنىش خۇسۇسىيىتى.

**قايتىشماق** «قايتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە ياردەملىشىپ، ئۆزئارا كۆيۈنۈپ، ئالتە يىل ئوقۇدى، بىللە دەرس تەييارلىدى، مەكتەپتىن بىللە قايتىشتى.

**قايتىلاتماق** «قايتىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بولدى، بولدى، ئەمدى، مېنىڭ مىجەزىمنى دېسەڭ، سېنى يۈز قېتىم قايتىلىتىمەن. قېنى ئىنزا يەيلى.

**قايتىلاشماق** «قايتىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قايتىلانما** ئى. قايتا سادىر بولۇش، قايتىلىنىش: ئىشنىڭ قايتىلانمىسى. مەسىلىنىڭ قايتىلانمىسى.

**قايتىلانماق** «قايتىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنداقتا، داۋالاش ئۇسۇلىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن مۇنداق قايتىلىنىش يۈز بېرىدۇ؟ * بۇنداق ۋەقەنىڭ يەنە قايتىلانمىقى تەس.

**قايتىلىما** سۈپ. قايتىلىنىدىغان، تەكرار سادىر بولىدىغان، تەكرارلىنىدىغان: قايتىلىما رېئاكسىيە. قايتىلىما كېزىك.

**قايتىلىماق** پ. تەكرارلىماق، تەكرار ئېيتماق ياكى قىلماق: سۆزنى قايتىلىماق. قايتىلاپ سورىماق.

**قايچا** ① ئى. رەخت، قەغەز، قەلەي قاتارلىق نېپىز نەرسىلەرنى كېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب. ئادەتتە ئىككى دانە پولات تىغنى بىر - بىرىگە ئالماشتۇرۇپ، كېسىشكەن جايىنى ۋىنتا ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇش يولى بىلەن ياسىلىدۇ: رەخت قايچىسى. قەغەز قايچىسى. ② سۈپ. شۇ شەكىلدىكى كېسىشمە: قايچا پەرق. قايچا پۇت. ③ ئى. جۇۋازنىڭ ئۇلاغنى قوشىدىغان ئاچا ياغىچى.

**قايچىسىمان** سۈپ. قايچىغا ئوخشاش، قايچا شەكلىدىكى: قايچىسىمان پەرق.

**قايچىقۇدا** ئى [قايچا + قۇدا] ئوغلىغا بىراۋنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ قىزىنى شۇ كىشىنىڭ ئوغلىغا بېرىپ تويلاشقان قۇدا؛ قوش قۇدا: ئۇ ئىككىسى قايچىقۇدا ئىدى.

**قايچىلاتماق** «قايچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قايچىلاش** سۈپ. قايچا شەكلىدىكى: قايچىلاش بۆلۈك.

**قايچىلاشتۇرماق** «قايچىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېغىلنىڭ ئۆگزىسىگە چەنزىلەرنى قايچىلاشتۇرۇپ قويماق.

**قايچىلاشتۇرۇلماق** «قايچىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قايچىلاشماق** ① «قايچىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② بىر - بىرىگە ئۆتۈشۈپ قايچا شەكلىگە كەلمەك، كېسىشمەك: خىزىر: — سالماق قەدەم بىلەن غارغا قاراپ مېڭىۋەرسەڭ بىر - بىرى بىلەن تىنىمسىز قايچىلىشىپ تۇرىدىغان قىلىچقا يولۇقىسەن ... — دەپتۇ - دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

**قايچىلانما** سۈپ. بىر - بىرىگە ئۆتۈشىدىغان، قايچىلىنىدىغان، ئۆزئارا كېسىشىدىغان، ئۆتۈشمە، كېسىشمە: قايچىلانما تىرەك. قايچىلانما كۈچ. قايچىلانما دېفورماتسىيە.

**قايچىلانماق** ① «قايچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. ② بىر - بىرىگە ئۆتۈشمەك، كېسىشمەك، قايچىلاشماق.

**قايچىلىق** سۈپ. قايچىسى بار، قايچىغا ئىگە.

**قايچىلىما** سۈپ ← **قايچىلانما:** ئۇ ناشتا قىلىۋېتىپ، بىر ئېغىز گەپكە بىر ئېغىز چاقچاق قوشۇپ كۈلگىنىدە بولسا، جۇۋاننىڭ قايچىلىما يىپ بىلەن تېرىلگەن قېشىدەك ئىنچىكە قارا قېشى سەكرەپ - سەكرەپ تۇراتتى.

**قايچىلىماق** پ. قايچا بىلەن قىيماق، كەسمەك، قايچا سالماق: ئالىم ھېكايىسىنى بۇ يەرگە يەتكۈزگەندە، شامنىڭ كۆيگەن

پىلىكنى قايچىلىدى.

**قايدا** ئال. يېزىت. قەيەردە، قايسى يەردە، قايسى جايدا، نەدە، قايسى تەرەپتە، قاياقتا: قاپقارا بوران كەلدى، تار كوچا راۋان كەلدى، قايدىسەن جېنىم ئانام، سەرگەردان بالاڭ كەلدى.

**قايدۇرماق** «قايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: داداڭلار: «كېتىمىز، چەت ئەلگە كېتىمىز» دەپ بېشىمنى قايدۇردى.

**قايدۇرۇشماق** «قايدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قايدۇرۇلماق** «قايدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قايراق** ئى. دىيال ① كىچىك تاغ، ئېدىر. ② بىلەي.

**قايرىتماق** «قايرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قايرىشتۇرماق** پ. قايرىش ۋە شۇ خىلدىكى ھەرىكەتلەرنى قىلماق، قايرىماق: ئۇلار قەمەرنىسانىڭ قولىنى قايرىشتۇرۇپ، ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى.

**قايرىشماق** «قايرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئىككىسى كېلىپلا كوچىنىڭ دوقمۇشىدا تۇرغان بىر ياشنىڭ قوللىرىنى قايرىشتى.

**قايرىلما** سۈپ. قايرىلغان ياكى يايسىمان ئېگىلگەن، قايرىما: قايرىلما كىرپىك. قايرىلما قونچلۇق ئۆتۈك.

**قايرىلماق** ① «قايرىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: جېسەكچىلەر بۆرىدەك ئېتىلىپ بېرىپ بەھرامغا تاشلىنىدۇ، جىددىي ئېلىشىشتىن كېيىن بەھرامنىڭ قوللىرى قايرىلىپ باغلىنىدۇ. ② كۆچمە. ئەسلىدىكى تۇرۇۋاتقان ئورنىدىن سۇرۇلمەك، قوزغالماق، يۆتكەلمەك ( قۇياش ھەققىدە ): ئۇلار ماڭا ـ ماڭا كۈن قايرىلغان ۋاقىتتا تۇغان ئايرىيدىغان سۇنىڭ بويىغا كېلىپتۇ.

**قايرىلىشماق** «قايرىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىر توپ خۇشال قىز ـ يىگىتلەر قولتۇقلىشىپ، راۋاب، تەمبۇر، گارمونلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ مەدەنىيەت ئۆيى تەرەپكە قايرىلىشتى.

**قايرىما** سۈپ. قايرىپ قويۇلغان ياكى قايرىلىپ تۇرىدىغان، قايرىلما: قايرىما ياقا. قايرىما قاش.

**قايرىماق** پ ① تۈز ياكى بىرەر يۆنىلىشتىكى نەرسىنى ئالدىغا، كەينىگە ياكى يېنىغا قارىتىپ ئەگمەك: دەرەخ شېخىنى قايرىماق. قولنى قايرىماق. ② تولغاپ، بۇراپ ئۆزىگە روبىرو قىلماق: يار بولسا تۈزۈك بولسا، بەش قولىدا ئۈزۈك بولسا، دوست ـ دۈشمەن ئارىسىدا، قايرىپ سۆيگۈدەك بولسا. ③ پۈكمەك، قاتلىماق: ئۇ ئۇزۇن چاپىنىنىڭ پېشىنى قايرىپ بېلىگە قىستۇرۇۋالغانىدى. ④ توسۇپ تۇرىدىغان بىرەر نەرسىنى بىر يېنىغا تارتىپ ئاچماق (پەردە، مىلەڭزە قاتارلىقلار ھەققىدە ): ئۇ ۋارقىرىغىنىچە ئاق ئۆينىڭ كىگىز ئىشىكىنى قايرىپ سىرتقا چىقتى. ⑤ بۇرىماق، ئايلاندۇرماق، باشقا تەرەپكە يۆنەلدۈرمەك: ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر ئىتتىك كېتىۋاتقان ئېتىنىڭ بېشىنى قايرىپ، يېزا تەرەپكە يول ئالدى. ⑥ كۆچمە. بۆلۈپ ئالماق، تۇتۇپ قالماق: ھەر قېتىم غەللە سانىغاندا كەم بولغاندا 50 يۈەن قايرىپ قالاتتىم.

**قايسى** ئال ① بىرنەچچە كىشى، نەرسە ياكى ۋاقىت قاتارلىقلارنىڭ بىرەرىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان سوراقنى ئىپادىلەيدۇ: ئېيتە، سېنى زادى قايسى ئەۋەتتى بۇ يەرگە؟ ② رىتورىك سوراقتا بولۇشسىزلىقنى، پىكىرنىڭ ئەكسىنى تەكىتلەيدۇ: قايسى ئانا ئۆز پەرزەنتىنى يامان كۆرىدۇ؟

**قايسىبىر** ئال [قايسى + بىر] ① كىملىكى، نېمىلىكى، قانداق، قەيەردە ياكى قاچانلىقى نامەلۇم؛ ئاللىقايسى، قايسىدىكى، ئاللىقانداق، ئاللىقەيەردىكى: ئۇنى قايسىبىرىنىڭ ئۆيىدە كۆرگەندەك قىلىمەن. ② بىر تۈردىكى نەرسە ياكى ئىش ـ ھەردىكەتنىڭ بىرى: ئۇنىڭ ئۈستىگە، توي قىلىۋالغىنىڭنى ئاڭلاپ شۇنچىلىك خۇشال بولدۇمكى، قوي، قايسىبىرىنى دەي.

**قايسىكى** ئال. «قايسى» سۆزىنىڭ كۈچەيتىلمىسى: ئەگەر قايسىكى بۇنىڭغا چېقىلىدىغان بولسا، مەندىن كۆرگۈلۈكنى كۆرىدۇ.

**قايغۇ** ئى ① كىشىنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، كۈلپەت، دەرد ـ ئەلەم؛ ھەسرەت؛ كۆڭۈلسىزلىك: كىشى قايغۇسى ئېتەكتە، ئۆز قايغۇسى يۈرەكتە (ماقال). ② تەشۋىش، غەم، غەم ـ ئەندىشە، غەم ـ غۇسسە: قارنى باشقىنىڭ قايغۇسى باشقا (ماقال). * ئۆچكىگە جان قايغۇ، قاسساپقا ماي قايغۇ (ماقال).

**قايغۇ ـ ئەلەم** قايغۇ ۋە ئەلەم: ئۇ بىر يىلنى قايغۇ ـ ئەلەم بىلەن يىغلاپ ئۆتكۈزدى.

**قايغۇرتماق** «قايغۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ئۆلۈم يۈرەك باغرىڭىزنى قان قىلىپ سىزنى قايغۇرتقان بولۇشى مۇمكىن.

**قايغۇرماق** پ. قايغۇ ـ ئەلەم چەكمەك، غەم قىلماق، غەم ـ ئەندىشىگە چۈشمەك؛ كۆڭلىنى يېرىم قىلماق: باي يوقالغىنىغا قايغۇرىدۇ، بۆرە قالغىنىغا قايغۇرىدۇ (ماقال).

**قايغۇرۇشماق** «قايغۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز بۇنىڭدىن بەكمۇ قايغۇرۇشتۇق.

**قايغۇ ـ زار** قايغۇ ۋە زار؛ قاتتىق زارلىنىش: قۇماق بىرتاز كەبى ئەي، «ساي»، سېنىڭ خۇنۇك سىياقىڭ بار. بىكار ئۆتكەن ھاياتىڭغا، ئەلەملىك قايغۇ ـ زارىڭ بار.

**قايغۇسىز** سۈپ. قايغۇسى، غەم ـ ئەندىشىسى يوق؛ قايغۇ ـ ئەلەملەردىن خالىي، تىنچ، خاتىرجەم: قايغۇسىز ھايات.

**قايغۇسىزلىق** ئى. قايغۇدىن خالىي، خاتىرجەم ھالەت، تىنچ كەيپىيات.

**قايغۇلۇق** سۈپ ① قايغۇسى بار، بېشىغا غەم ـ قايغۇ چۈشكەن، قايغۇ ـ ئەلەم تارتقان: شەرىخاننىڭ ياشلىق دەۋرى ئەنە شۇنداق قايغۇلۇق ئىدىكى، ئۇ كۈنلەرنى ئەسلەش مومايىنىڭ كۆزىدىن ھېلىمۇ ياش ئاققۇزاتتى. ② قايغۇ ـ ئەلەم بىلەن تولۇپ تاشقان، مۇسىبەتلىك، ئەلەملىك، غەمكىن، مەيۈس: ئايالنىڭ چىرايى بىردىنلا قايغۇلۇق تۈسكە كىردى، كۆز چاناقلىرى نەملەشتى. ③ كىشىنى قايغۇغا سالىدىغان، قايغۇرتىدىغان: ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن بىرەر قايغۇلۇق خەۋەرنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

**قايغۇ ـ ھەسرەت** قايغۇ ۋە ھەسرەت: ئۇ خوتۇنى گۈلسۇمخاندىن ئايرىلغاندىن كېيىن كۈنلەرنى ئېغىر قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە ئۆتكۈزمەكتە ئىدى.

**قايماق** I ئى. تىندۇرۇلغان ياكى قاينىتىلغان سۈت يۈزىدە ھاسىل بولىدىغان ۋە تەركىبىدە ماي بولىدىغان نېپىز قەۋەت.

**قايماق** II پ ① قىڭغىر، ئەگرى بولۇپ قالماق؛ ئېگىلمەك: تاختاي ئاپتاپتا تۇرۇپ قېيىپ قاپتۇ.② مەلۇم بىر تۈز سىزىق، يۆنىلىشتىن بىر تەرەپكە چەتلىمەك، كەينىگە يانماق: بوران بىلەن تاغ ـ تاغ بولۇپ دولقۇنلار، كۆل ـ دېڭىزلار پورۇقلايدۇ، قاينايدۇ. بوران بىلەن قېيىپ دەريا كەينىگە، ئاساۋ سۇلار قىرغاقلارغا يامرايدۇ.

**قايماقتەك** سۈپ. ناھايىتى تاتلىق، يېقىملىق ھەم يۇمشاق؛

قۇلاققا بەكمۇ ياقىدىغان، كىشىنى ئۆزىگە مايىل قىلىدىغان دەرىجىدىكى (گەپ ـ سۆز ھەققىدە): قايماقتەك گەپ. // ئۇ گۈلدەك ئېچىلىپ، قايماقتەك سۆزلەيتتى.

**قايماقسىز** سۈپ. قايمىقى يوق، قايماق تۇتمىغان .

**قايماقلىق** سۈپ. قايمىقى بار، قايماق تۇتقان : بۇ خىل مېھرىبانلىقتىن كۆڭلى سۆيۈنۈپ كەتكەن باتۇر گۈلدەستە راسلىغان قايماقلىق چاينى ھۇزۇرلىنىپ ئىچىشكە باشلىدى.

**قايمال** ئى. ھىڭگان، چىشى تۆگە.

**قايمۇقتۇرماق** «قايمۇقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بىر ئامال بىلەن ئۇلارنى قايمۇقتۇرۇپ ئۆتكۈزۈۋەتتى.

**قايمۇقتۇرۇشماق** «قايمۇقتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قايمۇقتۇرۇلماق** «قايمۇقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ چاغدا بىزمۇ قايمۇقتۇرۇلغانىدۇق، ھازىر ھەممىمىز ئىشنىڭ تېگىنى چۈشەندۇق.

**قايمۇقماق** پ ① نېمە، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي ئارىسالدى بولۇپ قالماق؛ تەمتىرىمەك، تېنىمەك: شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ قايمۇقۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ساۋۇت باداڭ بىللە ئىش مەيدانىغا كېتىۋاتساق، بىزگە «مەجلىسكە بېرىڭلار» دەپ ئۇقتۇردى. ② باشقىلارنىڭ گەپ ـ سۆزىگە، ئىش ـ ھەرىكىتىگە قارىغۇلارچە، خاتا ھالدا ئەگىشىپ كەتمەك؛ ئازماق، ئاداشماق: بىز ئۇلارنىڭ ئېلاندىكى گەپلىرىدىن قايمۇقۇپ يۈردۇق.

**قايمۇقۇشماق** «قايمۇقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى .

**قايناتما** ① سۈپ. قايىنىتىش ئارقىلىق ھازىرلانغان، قايىنىتىپ ياسالغان: قايناتما دورا. ② بىرنەچچە خىل ماددا ياكى دورىنىڭ سۇدا قايىنىتىپ تەييارلانغان ئارىلاشمىسى: چەت جايلاردىكى مەخپىي رېتسېپلارنىڭ 14 ـ تومىدا «غەربىي يۇرتتىكى ئۆمۈرنى ئۇزارتىش قايناتمىسى» دېگەن دورا رېتسېپى خاتىرىلەنگەن.

**قايناتماق** «قايىنىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: چاي قايناتماق. دورا قايناتماق.

**قايناتسا شورپىسى قوشۇلمايدىغان** قىلچىمۇ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى يوق، بىر ـ بىرى بىلەن ھېچ ئالاقىسى يوق؛ مىجەزلىرى زادىلا كېلىشەلمەيدىغان: بىز بىلەن ئۇلارنى قايناتسا شورپىمىزمۇ قوشۇلمايدۇ.

**قايناش** ئى <فىز> سۇيۇقلۇقنىڭ مەلۇم تېمپېراتۇرىغا كەلگەندە جىددىي ھالدا گازغا ئايلىنىش ھادىسىسى. بۇنداق ۋاقىتتا سۇيۇقلۇق يۈزىدە پارلىنىش سادىر بولۇپلا قالماي، بەلكى سۇيۇقلۇقنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ پارلىنىش يۈز بېرىپ، ھاۋا كۆپۈكچىلىرى شەكىللىنىدۇ.

**قايناشماق** «قايىنىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كۆپچىلىك بۇ مەسىلە ھەققىدە تازىمۇ قايناشتى.

**قايناق** سۈپ ① قايىنىغان، قايناپ تۇرغان: قايناق سۇ. ② كۆچمە. ئىسسىق، ھارارەتلىك: قايناق نەپەس. ③ كۆچمە. قايىنىغان، ئەۋج ئالغان، جۇش ئۇرغان، قىزغىن، جۇشقۇن: قايناق مېھنەت. قايناق ئىش. قايناق تۇرمۇش. قايناق كۈرەش. * مەشىق مەيدانى خۇددى قايناق جەڭ مەيدانىغا ئوخشايتتى. ④ كۆچمە. كۈچەيگەن، كۈچ ـ غەيرەتكە تولغان، تولۇپ تاشقان؛ ئوتلۇق: قايناق غەزەپ. قايناق قىساس. قايناق ھېسسىيات. قايناق تۇيغۇ. ⑤ كۆچمە. ئادەملەر بىلەن تولۇپ تاشقان، قىزىغان؛ ئاۋات: قايناق بازار.

**قاينام** ئى ① سۇ ياكى سۇيۇقلۇقنىڭ چۆرگۈلىمەچ بولۇپ ئايلىنىدىغان جايى: يا قايىنامدىن چىقسۇن، يا سايرامدىن (ماقال). ② كۆچمە. ئىش، پائالىيەت، كۈرەش ۋە شۇ قاتارلىقلار قايناپ تاشقان، جۇش ئۇرغان ھالەت: تۇرمۇش قايىنىمى. ئەمگەك قايىنىمى.

**قاينام ـ تاشقىن** ناھايىتى چاپ ـ چاپ، قىزىپ كەتكەن، قايناق ھالەت: مەتنىياز ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ھەقىقىي ھالدا چۈشىنىپ، كوللېكتىپ ئەمگەكنىڭ قاينام ـ تاشقىنىغا ئۆزىنى ئېتىپ، بەختىيار تۇرمۇشنىڭ ياراتقۇچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدۇ. // قۇرۇلتاينىڭ ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىش، ئۇنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە يۇقىرى دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ، يېڭى بىر قاينام ـ تاشقىن مەنزىرە بارلىققا كەلدى.

**قاينام ـ تاشقىنلىق** قايناپ تاشقان، ئىنتايىن قىزغىن كەيپىيات قاپلىغان: قاينام ـ تاشقىنلىق مەنزىرە.

**قايناملىق** سۈپ. قايىنىمى بار، قاينام ھاسىل قىلغان، قايناپ تۇرىدىغان: قاينامىلىق دەريا. * ئىلىم ـ پەن دېڭىزى تېرەن ۋە چەكسىز، دولقۇنلۇق، قاينامىلىق، بورانلىق ـ ئەنسىز.

**قايىنتىشماق** «قايناتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قايىنتىلما** ئى. تېبابەتچىلىكتە قايىنىتىپ تەييارلىنىدىغان دورىلار؛ كاشكاپلار: تېبابىتىمىزدە كۆپىنچە ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەر، ئوكسىگېن ۋە كاربونغا باي بولغان گۈل ـ چېچەكلەر ۋە ھەرخىل مېۋىلەردىن سىقىپ چىقىرىلغان شىرنە ـ شەربەتلەر ۋە قايىنتىلمىلار (كاشكاپلار) كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**قايىنتىلماق** «قايناتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بوۋاينىڭ ئۆي ـ پىكرىچە، بۇ نەرسىلەر سەپداشلار ئۈچۈن قايىنتىلىدىغان چاي ۋە كۆڭلىدە ئۇلارغا ئاتاپ قويغان بىردىنبىر قويىنىڭ گۆشىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن كېرەك ئىدى.

**قايىنىماق** پ ① چۆگۈن، قازان قاتارلىقلارنىڭ ئىچىدىكى سۇيۇقلۇق كۈچلۈك ئوتنىڭ، ئىسسىقلىقنىڭ تەسىرى تۈپەيلى قىزىپ، پار ھاسىل قىلىپ، ۋاراقلاپ تۇرماق؛ قىزىقلىقى مەلۇم دەرىجىگە يەتمەك: چاي قايىنىماق. شورپا قايىنىماق. * چاپان كۆيسىمۇ كۆيسۇن، قازان قايىنىسۇن (ماقال). ② پىشماق، پىشىپ يېپىشكە بولىدىغان ھالەتكە كەلمەك: ئىككى قوچقارنىڭ كاللىسى بىر قازاندا قايناماس (ماقال). ③ ئۆرلىمەك؛ تۇتماق، كەلمەك: تەيجىنىڭ زەردىسى قايىنىدى، ئۇ بەزمىنى توختاتتى. ④ جانلانماق، قىزىماق، قىزىپ كەتمەك: تىياتىرخانىنىڭ ئالدى خۇددى بايرام كۈنلىرىدىكىدەك قايىنىغانىدى، مەن ئالدىراپ كۇلۇب ئىچىگە كىردىم. ئويۇن ئاللىقاچان باشلىنىپ كېتىپتۇ. ⑤ كۆچمە. كۆپەيمەك: كوچىدا ئادەم قايناپ كېتىپتۇ. ⑥ كۆچمە. خاپا بولماق، چېچىلماق؛ ئاچچىقلانماق؛ تېرىكمەك: خەيرىنسا ئېرىنىڭ نېمىگە قايناۋاتقانلىقىنى ئەمدىلا چۈشەندى.

**قايىل** سۈپ [ئە] رازى بولۇپ لايىق، كۆرۈپ ئېتىراپ قىلىشقا، تەن بېرىشكە تېگىشلىك: قايىل بولماق. قايىل قىلماق.

**قايىللىق** ئى. قايىل بولۇش، قايىل بولغان ھالەت: بۇ سۆزماڭا تولىمۇ تەسىر قىلدى، مەن قايىللىق بىلەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

**قايىم** سۈپ [ئە] تىك، تىك تۇرغان.

**قايىم بولماق** تىك تۇرماق، قوپماق.

**قەبرە** ئى [ئە] ئۆلگەن ئادەمنى كۆمىدىغان جاي، گۆر:

قەرزدارنىڭ قەبرىسى يوق (ماقال). * ئۇ كۈن بويى بوۋىسىنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە دۈم يېتىپ، ئۆزىنى باسالماي يىغلايتتى.

**قەبرىچىلىك** ئى. قەبرە ياساش ئىشى، سەنئىتى: تاجىك قەبرىچىلىكى.

**قەبرىستان** ئى [ئە+ پ] قەبرە كۆپ جاي، مازار، گۆرىستان.

**قەبرىستانلىق** ئى ← **قەبرىستان:** جۇمە نامىزىدىن يانغان جامائەت تۇپراقبېشىنى يوقلاپ ئۆتۈش ئۈچۈن قەبرىستانلىققا كېلىۋاتاتتى.

**قەبرىگاھ** ئى [ئە + پ] ← **قەبرىستان.**

**قەبرىگاھلىق** ئى. قەبرىگاھ، قەبرە كۆپ جاي: مۈڭلۈق قىرائەت ئاۋازى ئەتىگەنلىك قۇياش بىلەن بىر يۈزى يورۇپ تۇرغان قەبرىگاھلىقنى قاپلىدى.

**قەبىلە** ئى [ئە] قانداشلىق مۇناسىۋىتى ئۆزئارا يېقىن بولغان بىرنەچچە ئۇرۇقنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن كىشىلەر توپى، گۇرۇھى: تۈركىي قەبىلىلەر. قەبىلە تىلى.

**قەبىلىچىلىك** ئى ① كىشىلەر قەبىلە ـ قەبىلە بولۇپ ياشىغان جەمئىيەت؛ كىشىلەرنىڭ قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ ياشىشىغا ئاساسلانغان ئىجتىمائىي تۈزۈم: ھەرقانداق بىر مىللەت مىللەت بولۇپ شەكىللەنگىچە، چوقۇم بەلگىلىك قەبىلىچىلىك دەۋرىنى بېسىپ ئۆتمەي قالمايدۇ. ② قەبىلىۋازلىق: قەبىلىچىلىك قىلماق.

**قەبىلىلىك** سۈپ. قەبىلىگە تەۋە، قەبىلىگە قارايدىغان، قەبىلىدىن چىققان.

**قەبىلىۋاز** سۈپ. ئۆز قەبىلىسىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇپ، باشقا قەبىلە ـ ئۇرۇقلارنى چەتكە قاقىدىغان، باشقا ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرگە قارىتا پەس كۆرۈش، كەمسىتىش پوزىتسىيەسىنى تۇتىدىغان: ئۇلارنىڭ قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ناھايىتى قەبىلىۋاز ئادەم بولۇپ، باشقا قەبىلە ئاقساقاللىرىنى زادىلا كۆزگە ئىلمايتتى.

**قەبىلىۋازلىق** ئى. ئۆز قەبىلىسىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇپ، باشقا ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنى چەتكە قېقىش، پەس كۆرۈش، كەمسىتىش ئادىتى ۋە شۇنداق قىلىق: ئۇلار قەبىلىۋازلىق قىلىشىپ، كۈچلۈك توقۇنۇش ئىچىگە كىرىپ قېلىشماقتا ئىدى.

**قەبىلىۋى** سۈپ. قەبىلىگە ئائىت، قەبىلىلەرگە خاس: ھىندىستان قەدىمدىن تارتىپ قەبىلىۋى ۋە مىللىي مۇزىكىغا باي مەملىكەتلەرنىڭ بىرى.

**قەبىھ** سۈپ [ئە] كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان، نەپرەتلەندۈرىدىغان، سەسكەندۈرىدىغان، رەزىل، يارىماس: غەزەپ بىلەن ھوممىيىمەن قەبىھ زالىملارغا، كالا بولۇپ باش ئېگمەڭ سەبىي بالىلارغا.

**قەبىھلەشتۈرمەك** «قەبىھلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — سىزنىڭ بۇنداق قىلىقلىرىڭىز ئۇلارنى تېخىمۇ قەبىھلەشتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن، — دېدى قاسىم ئەپەندى ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلماي.

**قەبىھلەشمەك** پ. بارغانسېرى قەبىھ، رەزىل، پەس بولۇپ بارماق؛ ئەسكىلەشمەك: ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مۇشۇنداق قەبىھلىشىپ كەتكەن قارامىلارنى قانداق قۇتقۇزۇش مۇمكىن؟

**قەبىھلىك** ئى. كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان، نەپرەتلەندۈرىدىغان ئىش ـ ھەرىكەت: — ئادەم ئۇرۇش، — دېيىتتى بىر ئوقۇتقۇچى، — بولۇپمۇ بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆز ئوقۇغۇچىسىنى ئۇرۇشى تولىمۇ قەبىھلىك.

**قەپەس** [ئە] ① ئى. قۇش ياكى ھايۋانلارنى ساقلاش، بېقىش ئۈچۈن سىم ۋە شۇ قاتارلىقلاردىن توقۇپ ياسىلىدىغان ساندۇق ياكى ئۆي شەكىللىك بۇيۇم: ئۇ باينىڭ ئۆيىدە قەپەستىكى قۇشتەك يالغۇز قالغانىدى. ② ئى. ئەتراپى مۇشۇنداق شەكىلدە قورشالغان بوشلۇق: كۆكرەك قەپىسى. ③ مىق. قېتىم، مەيدان، نۆۋەت، رەت: بىر قەپەس ئېلىشماق.

**قەپەسسىمان** سۈپ. شەكلى قەپەسكە ئوخشايدىغان، قەپەس شەكىللىك: مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىدە قەپەسسىمان بىرنەرسىنى كۆرگەنىدىم.

**قەپەسئوت** ئى [قەپەس + ئوت] <بوت> قەپەسئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. كۆپىنچە تىروپىك بەلباغ رايونلىرىدىن چىقىدۇ. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**قەپىزەك** ئى <بىن> مۇنارلارنىڭ ئۈستىگە چىقىرىلىدىغان گۇمبەزگە ئوخشاش شەكىل.

**قەترە** ئى [ئە] ① سۇيۇقلۇق زەررىچىلىرىنىڭ تارتىشىش نەتىجىسىدە شارچە شەكلىنى ئالغان ئەڭ كىچىك بۆلىكى؛ تامچە: بىر قەترە سۇ. ئەي تاغ سۈيى ئاڭلا! يېشىل زۇمرەت كەبى جىلۋىلىنىپ تۇرغان، ئەمما غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان سۈزۈك كۆلنىڭ سۈيى بولغۇچە، سېنىڭدەك مەڭگۈ ئويغاق ئۆتىدىغان گۈركىرەپ، كۆپۈكلىنىپ ئاقىدىغان تاغ سۈيىگە قەترە بولۇپ قوشۇلغۇم بارا!... ② كۆچمە. ئاز مىقدار، ئازغىنا، كىچىك بۆلەك ياكى ئۈلۈش: بىزنىڭ سۈپەتلىك ئۇرۇقلىرىمىزنىڭ قوشنىلارنىڭ يېرىدە چېچەك ئېچىپ، مېۋە بېرىشى يەنىلا بىزنىڭ دۆلەتكە قوشقان بىر قەترە تۆھپىمىز بولمامدۇ؟

**قەتل** ئى [ ئە ] ئۆلتۈرۈش، قىرغىن: قەتل قىلماق. * ئۇلارنىڭ قورسىقىدىكى خام چوت ئاتا ـ بالىنى يولغا سېلىۋېتىپ، ئۇلارنى ئارغىيبۇلاق چۆللۈكىدە قەتل قىلىپ، گۈلزادە بىلەن ئانارگۈلنى تارتىۋېلىش ئىدى.

**قەتلە** مىق. مەرتەم، قېتىم، نۆۋەت، رەت: — خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكۈر، — دېدى ئۇ ئاخىر، — ھەرنېمە بولسا بالام ئامان ـ ئېسەن كەلدى.

**قەتلىئام** ئى [ئە] يېزىت. ئومۇميۈزلۈك قىرىش، ئۆلتۈرۈش؛ قىرغىن، قىرغىنچىلىق: قەتلىئام قىلماق. * ئاشۇ قەتلىئامنىڭ مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەنلەر ئۆزلىرىنى توختىتالماي بۇقۇلداپ يىغلامسىراشقا باشلىدى.

**قەتلىگاھ** ئى [ ئە + پ] قەتل قىلىدىغان، ئۆلتۈرىدىغان جاي، ئورۇن: ئۆسۈملۈك ھاياتىدەك پاسسىپ ئىنكاس بەدىلىگە ئېرىشىلگەن تۇرمۇش ۋاستىلىرى دەل مىللىي جەمئىيەت بىلەن مەدەنىيەتنىڭ قەتلىگاھىدۇر.

**قەتئىي** [ئە] ① سۈپ. ئۆزگەرمەيدىغان، بۇزۇلماس: بىز ئۇنىڭغا يول قويالمايمىز، سىز يەتكۈزۈپ قويۇڭ. بۇ بىزنىڭ قەتئىي جاۋابىمىز. ② سۈپ. قايتۇرۇشقا، رەت قىلىشقا بولمايدىغان، ناھايىتى جىددىي: بىزنىڭ قەتئىي تەلىپىمىز شۇكى، ئەدلىيە ئورگانلىرى ئۇنىڭ مەسىلىسىنى تېزدىن بىر تەرەپ قىلىپ جامائەتكە ئېلان قىلسۇن! ③ سۈپ. مۇستەھكەم، قاتتىق: — توغرا گەپ، — رايون ساقچىسى ئۇنىڭ قەتئىي ئىرادىسىدىن تەسىرلەندى. ④ سۈپ. ھەل قىلغۇچ، كەسكىن: قەتئىي كۈرەش. قەتئىي جەڭ. مەن ئۇنىڭ تەكلىپىنى قەتئىي رەت قىلدىم. ⑤ سۈپ. ئەستايىدىل ھەم جىددىي، كەسكىن، قاتتىق: مەن ئىدارىگە كېلىپ تېخى مۇنچىلىك قەتئىي ئادەمنى ئۇچراتمىغانىدىم. شۇڭا، ئىلاجىسىز تۇرۇپلا قالدىم. ⑥ رەۋ. ھەرگىز، ئەسلا، زادى، زادىلا: — ھەسەلخان توغرا ئېيتقان،

ئۇلارنىڭ ئىش توختىتىش تەشەببۇسىنى قوللاشقا قەتئىي بولمايدۇ، بەلكى قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك. ⑦ رەۋ. چوقۇم، شەك ـ شۈبھىسىز: مەن ھەممىنى ئويلىدىم، ئاخىرى مەن ئارتۇقچە بولۇپ قالغان بۇ ئۆيدىن قەتئىي كېتىش نىيىتىگە كەلدىم.

**قەتئىيەت** ئى [ئە] ئۆز سۆزىدە، پىكىر ـ قارارىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇش؛ قەتئىيلىك، ئۇزۇل ـ كېسىللىك، كەسكىنلىك: ياخشىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئەزەلدىن، ئەل ئىچىدە قىلغان ئەمەس ھېچكىم رەت. تەڭرى ھۆكمى بار ئۇلارنىڭ پىكرىدە، سۆزلىرىدە بولسا ئەقىل قەتئىيەت.

**قەتئىيەتسىز** سۈپ. ئۆز سۆزىدە، پىكرىدە چىڭ تۇرالمايدىغان؛ قەتئىي ئەمەس، ئىرادىسىز: ئۇنىڭ بۇنداق قەتئىيەتسىز سۆزلىرى سورۇندىكىلەرنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئەندىشىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى.

**قەتئىيەتسىزلىك** ئى. ئۆز سۆزىدە، پىكرىدە چىڭ تۇرالمايدىغان مىجەز، شۇنداق ئادەت؛ ئىرادىسىزلىك.

**قەتئىيەتلىك** سۈپ. ئۆز سۆزىدە، پىكرىدە چىڭ تۇرالايدىغان؛ ئىرادىلىك.

**قەتئىيلەشتۈرمەك** «قەتئىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: 3 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھى ئۇنىڭ ئىشەنچىنى قەتئىيلەشتۈردى.

**قەتئىيلەشتۈرۈشمەك** «قەتئىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قەتئىيلەشتۈرۈلمەك** «قەتئىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قەتئىيلەشمەك** پ ① ئۇزۇل ـ كېسىل، قەتئىي تۈس ئالماق، قەتئىي ھالغا كەلمەك: ئۆز ئاخىرەتلىكىنى كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالغانسېرى، ئۇنىڭ بۇ نىيىتى تېخىمۇ قەتئىيلەشتى. ② ئۆزگەرمەس، مۇستەھكەم ھالغا كەلمەك، مۇستەھكەملەنمەك: ئۇلارنىڭ قارارى كۈندىن ـ كۈنگە قەتئىيلەشمەكتە ئىدى.

**قەتئىيلىك** ئى. قەتئىي ھالەت، ئۆزگەرمەسلىك، مۇستەھكەملىك: شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، پۈتۈن دۇنيا خەلقى قەتئىيلىك بىلەن كۈچلۈك كۈرەش ئېلىپ بارىدىغانلا بولسا، ئۇرۇشنىڭ پارتلىشىنى كېچىكتۈرۈش ئېھتىمالىمۇ يوق ئەمەس.

**قەتئىينەزەر** [قەتئىي + نەزەر] تىر. چىقىش كېلىشتە كەلگەن سۆزلەردىن كېيىن كېلىپ، ئۆزىدىن بۇرۇنقى سۆز ياكى جۈملىدە ئاڭلىتىلغان نەرسە ياكى ھەرىكەتنىڭ ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن سۆز ياكى جۈملىدە ئاڭلىتىلغان نەرسە ياكى ھەرىكەتكە توسقۇن بولالمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا باغلىق ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيدۇ ھەم «... غا قارىماستىن»، «... غا قارىماي»، «... غا باغلانمىغان ھالدا» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ: قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مېنىڭ سېنىڭ بىلەن ئۆي تۇتۇشقا كۆڭلۈم تارتمايدۇ.

**قەد (قەددى)** ئى [ئە] كىشىنىڭ بوي ـ بەستى؛ قامەت: قەد كۆتۈرمەك. * ئابدەمنىڭ كۆز ئالدىدا بۇغراجاننىڭ مىڭلاپ يىگىتكە بەرگۈسىز كېلىشكەن قەددى، مېھرىبان كۆزلىرى نامايان بولدى. * مەن ئۇنىڭ قەددىنىڭ سەل پۈكۈلۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

**قەد كۆتۈرمەك** ① بوي سوزماق، ئۆسمەك، ئېگىزلىمەك: ـــ ئەجەب چوڭ ئىمارەتلەرغۇ بۇ، ـــ دېدى تېرىقچى دەريانىڭ ئۇ يېقىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئۈچ بىنانى كۆرسىتىپ. ② يۈكسەلمەك، ئوڭشالماق، تەرەققىي قىلماق: ـــ سىلەرنىڭ كەنت بۇ يىل قەد كۆتۈرۈپ قالدى، ـــ دېدى سادىق سەل ئويلىنىۋېلىپ. ③ پەيدا بولماق، بىنا بولماق؛ قۇرۇلماق: بۇ ئۇزۇن ئۆستەڭ قاشلىرى ئالتۇنچىلارنىڭ قان ۋە ئۈستىخانلىرى بەدىلىگە قەد كۆتۈرگەنىدى.

**قەدەر** تىر [ئە] ① بېرىش كېلىش بىلەن تۇرلەنگەن ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەرگە تىركىلىپ كېلىپ «ـ غىچە، ـ قىچە، ـ گىچە، ـ كىچە» قوشۇمچىلىرىغا ئوخشاش چەك مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ: ئېيتقىنا، دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بۈگۈنگە قەدەر ئۇنىڭ بىرەر ناخشا ئېيتىپ باققانلىقىنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟ ② كۆپىنچە «بۇ، شۇ» قاتارلىق كۆرسىتىش ئالماشلىرى بىلەن بىرىكىپ كېلىپ «دەرىجىدە، كەبى ... گە ئوخشاش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: مەن ئىشىنىمەن، بىزنىڭ سۆيگۈمىز ئېقىۋاتقان شاۋقۇنلۇق دەرياغا ئوخشاش شۇ قەدەر سۈپسۈزۈك، شۇ قەدەر ئۇزۇن، ئۇنى ھېچكىم توسۇۋالالمايدۇ. ③ «مۇمكىن»، «ئىمكان» قاتارلىق سۆزلەر بىلەن كېلىپ، «بولغىنىچە»، «... نىڭ بارىچە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: مۇمكىنقەدەر تېز كەل. * ئىمكانقەدەر تېز تۈگىتىشكە تىرىشىمەن. ④ «بىر» سۆزى بىلەن كېلىپ، «بىر ئاز»، «خېلى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ـــ بالىنىڭ ئەھۋالى بىرقەدەر ياخشى، ـــ دېدى ئۇ خېلىدىن كېيىن.

**قەدەم** ئى [ئە] ① ئاياغ تاشلاپ قىلىنغان ھەربىر ھەرىكەت، چامدام، ماڭدام: ئۇ خىيالچان كېتىۋاتقان دىلبەرنى كۆردى ـ دە، قەدەملىرىنى تېزلەتتى. ② ئىككى ئاياغ ئارىسىدىكى ئارىلىق، مۇساپە؛ ئارىلىققا (مۇساپىگە) تەڭ بولغان ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى: جىگدىلىكتىن دەسلەپ ئېيسا پاششاپ، ئارقىدىن 20 قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ يىپەك سەللىلىك ئادەم چىقتى. ③ ئۆسۈش، راۋاجلىنىش، ھەرىكەت ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ تېزلىكى، سۈرئەت: سىز يەنە ھازىرقى قەدىمىڭىز بىلەن ماڭسىڭىز، 10 ـــ 20 يىلدىن كېيىن كۆزگە كۆرۈنگەن ئىلمىي خادىم بولۇپ چىقالايسىز. ④ كۆچمە. ئۆسۈش، راۋاجلىنىش، ھەرىكەت ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ھەربىر بۆلىكى؛ باسقۇچ: ئۇلار زىيان تارتىش ھالىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزگەرتتى. ⑤ كۆچمە. يۈرۈش، ھەرىكەت: «ھە، ئۇرۇمچى ۋاقتى ...» ئۇ بۇ يېقىملىق سۆزنى يۈرىكىدە قايتا ـ قايتا تەكرارلاپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز قەدىمىنى ۋەتىنىمىزنىڭ ۋاقتى بىلەن بەلگىلەيدىغانلىقىنى ئويلىغان.

**قەدەم تەشرىپ قىلماق** «بارماق، كەلمەك، كىرمەك، قاتناشماق، داخىل بولماق» مەنىلىرىدىكى تەكەللۇپ ئىبارىسى: ـــ قېنى ئۆيىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىڭ، ـــ دېدى نۇرۇللا.

**قەدەمداش** سۈپ. ئالغان قەدىمى، ئىلگىرىلەش سۈرئىتى ئوخشاش، ماس؛ تەڭ قەدەملىك، ماس قەدەملىك: قەدەمداش شەيئىلەر.

**قەدەمداشلىق** ئى. ئۆزئارا باغلىنىشلىق شەيئىلەرنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتى جەھەتتىكى ماسلىقى، بىردەكلىكى: نەزەرىيەۋى سىستېمىلار ئەسىر بىلەن بولغان تىنىقداشلىق ۋە قەدەمداشلىق مۇناسىۋىتى جەريانىدا، ئۆزىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ تۇرۇشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئومۇملىشىپ كەتكەن ئۇقۇملار بىلەن سەنئەتنىڭ ئېقىمىنى توسماسلىقى لازىم.

**قەدەمدە** رەۋ. پات ـ پاتلا، ناھايىتى قىسقا ۋاقىتتا: مۇنداق ئىشلار بىزگە قەدەمدە ئۇچراپ تۇرىدۇ. بىز دائىم ھوشيارلىقىمىزنى ساقلىمىساق بولمايدۇ.

**قەدەمدە بىر** پات ـ پاتلا، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ياكى ئارد-

لىق ئىچىدە: بۇ دۇنيادا كىشىنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ئىشلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ.

**قەدەمگاھ** ئى [ئە + پ] كىشىلەر بىرىپ تۇرىدىغان ئەزىز جاي: بەشكېرەمنىڭ ئانارى تاتلىق، ئانار يۇزلۇك باغۋىنى داڭلىق. شۇ ئانارنى ئۆستۇرگەنلەرنىڭ، قەدەمگاھى بولغاي بوستانلىق.

**قەدەملەپ** رەۋ. قەدەم بىلەن، قەدەم ئېلىپ: قەدەملەپ مارش.

**قەدەملەتمەك** «قەدەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قەدەملەشمەك** «قەدەملىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قەدەملىك** سۈپ. قەدەم كېلىدىغان، قەدەمگە تەڭ (ئارىلىق، مۇساپە ھەققىدە): دۇشمەنلەر قىيان ئازگىلىغا 200 ـــ 300 قەدەملىك مۇساپە ئارىلىقى بىلەن ئۇدۇلمۇئۇدۇل يېقىنلاپ كەلدى.

**قەدەملىمەك** پ ① قەدەم تاشلاپ ماڭماق: ئۇ چوڭ ـ چوڭ قەدەملەپ ئۆيدىن چىقتى. ② مەلۇم ئارىلىق ياكى ئۇزۇنلۇقنى قەدەم ئارقىلىق (قەدەمنى ئۆلچەم بىرلىكى قىلىپ) ئۆلچىمەك: سەمەت قەدەملەپ كۆرۈۋىدى، بېشىدىن ئايىغىغىچە 50 قەدەم كەلدى.

**قەدەمموۇقەدەم** ① ئىزمۇئىز، كەينىدىن قالماي؛ سوڭدىشىپ: ھاپىز قەدەمموۇقەدەم تاپ بېسىپ كېلىۋاتقان سىپىيت ھاجىدىن قورقۇپ راستىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى. ② ئاستا ـ ئاستا، بىر ـ بىرلەپ، دەرىجىمۇدەرىجە: سەن كۆزلىگەن مەقسەتلىرىڭگە قەدەمموۇقەدەم يېقىنلىشىۋاتىسەن.

**قەدەھ** ئى [ئە] مەي قۇيۇپ ئىچىلىدىغان قاچا، جام، رومكا.

**قەددى ـ قامەت** بوي ـ بەست، قامەت: قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن يىگىت.

**قەددى ـ قامەتلىك** قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، قامەتلىك: مۇدىر ئېگىز بوي، خۇش چىراي، قەددى ـ قامەتلىك ئادەم ئىدى.

**قەدىر** ئى [ئە] ① كىشىلەر ئارىسىدا ئېرىشىلگەن ئابرۇي، ھۆرمەت؛ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورۇن، نوپۇز: سۆزى توغرىنىڭ قەدرى ئارتۇق بولار (ماقال). ② ئەھمىيەت، قىممەت: ئالتۇن قەدرىنى زەرگەر بىلەر (ماقال). * ئىشلىگەننىڭ قەدرىنى بىلىدىغان زامان ئەمدى كېلىۋاتىدۇ.

**قەدىر كېچىسى** <دىن> رامىزان ئېيىنىڭ 27 ـ كېچىسى. رىۋايەتلەردە ئاللا «قۇرئان»نى مۇشۇ كېچىدە نازىل قىلغان دېيىلىدۇ.

**قەدىردان** [ئە + پ] ① سۈپ. ئەزىز، ھۆرمەتلىك، قەدىرلىك؛ مۇقەددەس، جانجان: تاجىخان بېلىگىچە لايغا كۆمۈلۈپ تۇرغان بۇ ئېچىنىشلىق گەۋدىنىڭ ئۆزىنىڭ قەدىردان ھەمراھى قاسىم ئىكەنلىكىنى ئەمدى تونۇغانىدى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**قەدىردانلارچە** رەۋ. قەدىردان دوستلاردەك، ناھايىتى يېقىن دوستلارغا ئوخشاش: بىز قەدىردانلارچە كۆرۈشتۇق. ئۇنىڭ تۇرۇقىدىن ھېچبىر كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى.

**قەدىردانلىق** ئى. يېقىنچىلىق، يېقىن دوستلۇق، ئىناقلىق: سىز ئالىيجانابسىز. كونا قەدىردانلىق ھۆرمىتىگە، كۆڭۈل ئۇچۇن كۈلۈپ باقارسىز… ھېچ بولمىسا، شۇنىڭ بىلەنمۇ تەلەيسىزنى بەختلىك قىلارسىز!

**قەدىرسىز** سۈپ ① ھۆرمىتى، ئابرۇي ـ ئىناۋىتى يوق؛ ھېچكىم ھۆرمەت قىلمايدىغان، ئەزىزلىمەيدىغان: ـــ سەندەك قەدىرسىز لالمىدىن مىڭنى قوشساق بىر ئوغلۇمغا تەڭ بولالمايدۇ، ئىپلاس! ـــ دېدى بوۋاي. ② ھېچبىر ئەھمىيىتى، قىممىتى، قەدرى يوق، ھېچنېمىگە يارىمايدىغان، كېرەكسىز: مېنىڭ بۇگۇنگىچە بولغان كۈنلىرىم قەدىرسىز غازاڭدەك كېتىۋەردى.

**قەدىرسىزلەنمەك** پ. قەدىر ـ قىممىتى، ئىززەت ـ ھۆرمىتى، ئەھمىيىتى يوقالماق: ـــ ئوغلۇم، ـــ دېدى بوۋاي، ـــ ھۆرمەتكە ھۆرمەت قىلىش كېرەك، ئەمدى ساڭا قەدىرسىزلەنگەن بولسا، بىزنىڭ قېشىمىزدا ئۇلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتى يوقىرى.

**قەدىرسىزلىك** ئى. قەدىرسىز ھالەت؛ خارلىق: ئەلۋەتتە ئاياللار مۇستەقىل بولۇشى كېرەك. ئەمما، بۇ خىل مۇستەقىللىق ئەرلەر بىلەن دۇشمەنلىشىش، ئۇلاردىن تايىنى يوق ئىشلاردا يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك تالىشىش تۇسىدىكى مۇستەقىللىق بولماستىن، بەلكى پىكىر ـ ئىقتىدار جەھەتتىكى مۇستەقىللىق بولۇپ، ئالدىنقىسى قەدىرسىزلىك قىسمىتىگە مۇپتىلا قىلسا، كېيىنكىسى ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت تەختىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

**قەدىر ـ قىممەت** قەدىر ۋە قىممەت، ئابرۇي ـ ئىناۋەت: مەن ئۆز قەدىر ـ قىممىتىمنى پۇل بىلەن ئۆلچىمەيمەن.

**قەدىرلەشمەك** «قەدىرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ ھالال ئەمگىكى بىلەن ياشاپ، بىر ـ بىرىنى قەدىرلىشىپ ئىنتايىن ئىناق ۋە بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

**قەدىرلەنمەك** «قەدىرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىلىم ـ بىلىم قەدىرلەنگەن دۇنيادا، بەزەن پەقەت بولغان قىسقا زالىملىق. ئۇ ئويلايتتى، موھتاج ئىدى ئەل ئاڭا، ئاڭا ئوڭاي كەلمىگەن بۇ بالىلىق.

**قەدىرلىك** سۈپ ① قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان، ھۆرمەتلىك، ئابرۇي ـ ئىناۋەتلىك، ئەزىز، مۆھتەرەم، ئەڭ يېقىن: قىز قەدىرلىك كىشىسىدىن ئايرىلىپ، زار ـ زار يىغلىغىنىچە شاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈشكە مېڭىپتۇ. ② ئەھمىيىتى، قىممىتى، نەرخى يۇقىرى، قىممىتىنى يوقاتمىغان؛ ئەھمىيەتلىك، مۇھىم، قىممەتلىك: ئالتۇن چىققان يېرىدە قەدىرلىكتۇر (ماقال). ③ بىرىنچى شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۇرلىنىپ كېلىپ «جېنىم، سۆيگىنىم» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: ئاسمان ـ زېمىن بەرگىن جاۋاب، قېنى مېنىڭ قەدىرلىكىم؟

**قەدىرلىمەك** پ ① ھۆرمىتىنى، ئىززىتىنى قىلماق؛ ھۆرمەتلىمەك: زەينەپ مېنى ياخشى كۆرەتتى، قەدىرلەيتتى. ② ئەھمىيىتى، قىممىتىنى چۈشەنمەك؛ مۇھىم، پايدىلىق، ئەھمىيەتلىك دەپ بىلمەك: ۋاقىتنى قەدىرلىمەك.

**قەدىرىيە** ئى [ئە] ① قەدىر؛ قەدىر ـ قىممەت: ئۇ چاغلاردا چېچىلاڭغۇ ھەم تېرىككەك بولۇپ كەتكەنىدىم، ئىنسانىي قەدرىيىتىم، ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيىتىم توغرىسىدىكى ئەندىشىلىك ئويلار ئىچىمنى ئادىتاتتى. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**قەدىم** [ئە] ① ئى. ئۇزاق ئۆتمۈش، ئىلگىرىكى زامان، بۇرۇنقى دەۋر، بۇرۇن، ئىلگىرى: ئۇيغۇرلار قەدىمدە تۇتېمىزمغا ئىشىنەتتى. ② سۈپ. ناھايىتى، ئىلگىرىكى، ئۇزاق تارىخى بار؛ كونا، بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت قەدىمىي: قەدىم يول.

**قەدىمچە** سۈپ. قەدىمدە قانداق بولسا شۇنداق؛ كونىچە، ئىلگىرىكىدەك: قەدىمچە چېلىشىش.

**قەدىمدىن** رەۋ. بۇرۇندىن، ئۇزاق ئۆتمۈشتىن، قەدىمكى زامانلاردىن: بۇ قەدىمدىن تارتىپ بار ئىش.

**قەدىمكى** سۈپ. ئۇزاق ئۆتمۈشتە مەيدانغا كەلگەن، ئۇزاق ئۆتمۈشتىن قېپقالغان، ئۇزاق ئۆتمۈشكە ئائىت، قەدىمىي؛

كونا: قەدىمكى يېزىق.

**قەدىمىي** سۈپ [ئە] ← **قەدىمكى**.

**قەدىمىيلىك** ئى. كونىلىق : ئۇنىڭغا زىچ جايلاشقان ئۆيلەرنىڭ قەدىمىيلىكى، ئۈستى يېپىق كوچىلار، ئېگىز ــ ئېگىز سىراج تاملار، سالاسۇنلار ... ئومۇمەن شەرق ئۇسلۇبىدىكى بۇ شەھەر ئۇيغۇرلارغا خاس ئۆزگىچىلىكى بىلەن قىزىق ۋە يېقىن تۇيۇلاتتى.

**قەدىناس** سۈپ [ئە + پ] ئەڭ يېقىن، ئۇزاق ۋاقىت بىر ــ بىرىدىن ئايرىلمىغان؛ قەدىرلىك، سۆيۈملۈك: قەدىناس دوست. // قەدىناس بولۇشۇپ قالماق.

**قەدىناسلىق** ئى. يېقىن ھەم قەدىردانلارچە مۇناسىۋەت: ـــ قەدىناسلىق ئۇنتۇلۇپ كەتمەيدۇ ــ دە، ـــ دېدى ئۇ كۈلۈپ.

**قەر (قەرى)** ئى [ئە] مەلۇم جاينىڭ ئەڭ يۇقىرى ياكى ئەڭ تۆۋەن ۋە ياكى ئەڭ چوڭقۇر جايى: ئاسماننىڭ قەرى. دېڭىزنىڭ قەرى.

**قەرەل** ئى. مەلۇم ئىش ــ پائالىيەت ئۈچۈن بەلگىلەپ قويۇلغان ۋاقىت، ۋاقىت چېكى، مۇددەت: قەرەللى توشماق.

**قەرەلسىز** سۈپ. قەرەلى، ۋاقىت چېكى بەلگىلەنمىگەن؛ بېكىتىلگەن ۋاقىت چېكى يوق، مۇددەتسىز: قەرەلسىز پۇل ئامانەت. // ئەسقەرنىڭ توي ئىشى قەرەلسىز سوزۇلدى.

**قەرەللىك** سۈپ. قەرەلى بەلگىلىك، ۋاقىت چېكى بار، ۋاقىت چېكى بەلگىلەنگەن، مۇددەتلىك: قەرەللىك ژۇرنال. // قەرەللىك تەكشۈرمەك.

**قەرز** ئى [ئە] ① مەلۇم مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن قايتۇرۇش شەرتى بىلەن بېرىلىدىغان ياكى ئېلىنىدىغان پۇل، بۇيۇم ۋە شۇ قاتارلىقلار: قەرز ئالماق. قەرز بەرمەك. قەرز تۆلىمەك. ② كۆچمە. زىممىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپە، مەجبۇرىيەت، بۇرچ: ئاتىلىق قەرزىنى ئادا قىلماق.

**قەرزدار** ئى [ئە + پ] ① باشقىلارغا قەرزى بار، قەرز تۆلەيدىغان كىشى: پادىشاھ قەرزدار بولسا ئەرزىڭنى خۇدا ئاڭلىسۇن (ماقال). ② كۆچمە. بىراۋنىڭ ياخشىلىقى ۋە ياردىمىدىن مىننەتدار، خۇرسەن بولغان كىشى: ئانامغا تۈگەتكۈسىز قەرزدارمەن.

**قەرزدارلىق** ئى. قەرزدار بولۇش: كىچىك ئاخۇن قەرزدارلىقتىن ئىزا تارتقاندەك قىزىرىپ كەتتى.

**قەرنە** ئى [ئە] بىر ئەسىرنىڭ ئۈچتىن بىرى، تەخمىنەن 33 يىلغا باراۋەر كېلىدۇ.

**قەرنەلىك** سۈپ. قەرنە ئىچىدە ئۆتكەن، قەرنە داۋاملاشقان. ئۇ ئالدىنقى بىر قەرنەلىك ھاياتىنى زامان تاسقاقلىرىدا، تىرىكلىك غەملىرىنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئوچاقلىرىدا، ئاچ ــ يالىڭاچلىق ۋە يەكلەش ـــ چەتكە قېقىشلارنىڭ سىلكىش ــ دۈشكەلەشلىرى ئىچىدە ئۆتكۈزگەن.

**قەسەم** ئى [ئە] ① <دىن> ئۆزىنىڭ قىلغان گەپ ــ سۆزى، ئىش ــ ھەرىكىتى ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ھەقلىقى، راستلىقى، توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مۇقەددەس نەرسىلەر، ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ ياكى يالغانلىقى ئىسپاتلانسا جازاغا رازى بولۇپ ئېيتىلغان سۆز، بېرىلگەن ۋەدە؛ ئانت: قەسەم قىلدۇرماق. ② قىلغان سۆزىگە سادىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە رەسمىي ھالدا ئېيتىلغان تەنتەنىلىك سۆز، قەتئىي ۋەدە: قەسەم بەرمەك.

**قەسەمخور** [ئە + پ] ① سۈپ. كەلسە ــ كەلمەس قەسەم قىلىۋېرىدىغان، ئەمما دائىم قەسەمدىن يېنىۋالىدىغان ياكى بەرگەن قەسىمىگە ئەمەل قىلمايدىغان: ئۇ ئىنتايىن قەسەمخور ئادەم بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەس بولۇپ قالغانىدى. ② ئى. شۇنداق ئادەم: قەسەمخورنىڭ ئۆمرى قىسقا (ماقال).

**قەسەمخورلۇق** ئى. كەلسە ــ كەلمەس قەسەم قىلىۋېرىدىغان ھەم دائىم قىلغان قەسەملىرىدىن يېنىۋالىدىغان يارىماس قىلىق: كازازاپلىقنىڭ نىقابى قەسەمخورلۇق.

**قەسەمنامە** ئى [ئە + پ] قەسەم سۆزى يېزىلغان قەغەز، ھۆججەت: قەسەمنامە ئوقۇماق.

**قەسەمياد** ئى [ئە + پ] ئۆز دېگەنلىرىگە قەتئىي سادىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە بېرىلگەن ۋەدە، قەسەم؛ ئانت: قەسەمياد قىلماق.

**قەست** ئى [ئە] ① مەقسەت، نىيەت، غەرەز: جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا (ماقال). ② باشقىلارغا زىيان سېلىش، زىيانكەشلىك قىلىشقا قارىتىلغان يامان غەرەز، يامان نىيەت، سۇيىقەست: ساۋۇت بەگنىڭ خانلىقنى ئاغدۇرۇش قەستى يوقىتىلدى. ③ خۇراپىي چۈشەنچە بويىچە ھەرخىل دۇئالارنى ئوقۇش ئارقىلىق بىراۋغا قىلىنىدىغان زىيانكەشلىك، سۇيىقەست: قەست ياندۇرماق.

**قەستەن** رەۋ [ئە] مەلۇم بىر مەقسەت بىلەن، ئەتەي، ئەتەي ـ لەپ، غەرەزلىك ھالدا: قەستەن ئۇرۇشماق.

**قەستەنلىك** ئى. غەرەزلىك، مەقسەتلىك ھالدا قىلىنغان ئىش: ئۇنىڭ قىلغىنى قەستەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

**قەستكار** ئى. قەستلەپ ئۆلتۈرگۈچى؛ قەست قىلغۇچى: ئامېرىكا ھەربىي دائىرىلىرى ئەڭ چوڭ قەستكارنى تورغا چۈشۈردى. * قەستكار قارشىلىق كۆرسەتتى، قورالىنى تاشلاپ ئەل بولدى. ئەمما ئۇ بىرېژنېفنىڭ بۇ ئاپتوموبىلدا يوقلۇقىنى بىلگەندە، ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ كەتتى.

**قەستكارلىق** ئى. قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، قەست قىلىش ئىشى: قەستكارلىق ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ كەتكەنىدى.

**قەستلەشمەك** ① «قەستلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② قارشىلاشماق، دۈشمەنلەشمەك: چىمەنلىكتە بۇلبۇل بىلەن قەستلەشكەندەك، خۇش غەزەلخان شېرىن سۆزلۈك ئۇيغۇر قىزى.

**قەستلەنمەك** «قەستلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قەستلىك** سۈپ. سۇيىقەست ۋە يامان غەرەز ئارىلاشقان، غەرەزلىك.

**قەستلىمەك** پ ① نىيەت قىلماق، مەقسەت قىلماق؛ كۆڭلىگە پۈكمەك، پىلانلىماق (يامان ئىش ــ ھەرىكەتلەر ھەققىدە): ئۇلار ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ۋەقە پەيدا قىلىشنى قەستلىگەن. ② قەست قىلماق؛ يامان غەرەز، يامان مەقسەتتە ھەرىكەت قىلماق: دۈشمەن قەستلەر، دوست قۇتۇلدۇرار (ماقال).

**قەسىدە** ئى [ئە] <ئەد> مەدھىيە، مەرسىيە ياكى دىداكتىك مەزمۇندىكى شېئىرىي ژانىر ۋە شۇ ژانىرغا مەنسۇپ شېئىرنىڭ ئۆزى.

**قەسىدىچى** ئى. قەسىدە يازغۇچى.

**قەسىدىچىلىك** ئى. قەسىدە يېزىش پائالىيىتى، كەسپى: قەسىدىچىلىك ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە تەرەققىي قىلغانىدى.

**قەسىدىخان** ئى [ئە + پ] ← **قەسىدىچى.**

**قەسىدىخانلىق** ئى. قەسىدىچىلىك.

**قەسىر** ئى [ئە] ① پادىشاھلار، خانلار ياكى فېئوداللارنىڭ ھەشەمەتلىك سارىيى. ② قەلئە، قورغان. ③ ئومۇمەن ھەشەمەتلىك ساراي، كاتتا ئۆي، بىنا: ۋەلى باپكار دېۋە قەسىرگە قاراپ مېڭىپتۇ.

**قەغەز** ئى [پ] ① خەت يېزىش ۋە رەسىم سىزىش، كىتاب، ژۇرنال، گېزىت قاتارلىقلارنى بېسىش ۋە باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال. ئۇ كۆپىنچە ئۆسۈملۈك تالالىرىدىن ياسىلىدۇ. ② كۆچمە. رەسمىي ھۆججەت، ئىسپات، تونۇشتۇرۇش: چاقىرىق قەغەزى. ③ كۆچمە. ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ 10 ياكى 100 يۈەنلىك پۇتۇن پۇلنى بىلدۈرىدۇ: — ئەتىگەندىن بېرى 35 قەغەزگە بەرمىدىم، شۇنىڭغا قاراپ بىر نېمە دېمەمسىز، — دېدى مال ئىگىسى.

**قەغەزچىلىك** ئى. قەغەز ياساش ئىشى، قەغەز ئىشلەپچىقىرىش كەسپى ياكى سانائىتى.

**قەغەز ـ قەلەم** قەغەز ۋە قەلەم، قەغەز قاتارلىق خەت يېزىشقا كېرەكلىك نەرسىلەر: ئۇ خەتنى يېزىپ بولۇپلا، قەغەز ـ قەلەملىرىنى جاي ـ جايىدا رەتلىك قويۇپ ئورنىدىن تۇردى.

**قەغەزۋاز** ئى [پ] ئەمەلىي ئىش قىلماي، ئەھمىيەتسىز قارار، ھۆججەتلەرنى چىقىرىش بىلەن ئاۋارە بولىدىغان كىشى؛ بيۇروكرات: قەغەزۋازلار رەھبەرلىك ئورنىدىن چەتلەشتۈرۈلۈشى كېرەك.

**قەغەزۋازلىق** ئى. ئەمەلىي ئىش قىلماي، ئەھمىيەتسىز قارار، ھۆججەتلەرنى يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىش: قەغەزۋازلىق ئىدىيەسى.

**قەقنۇس** ئى [پ] چۆچەكلەردە سۆزلىنىدىغان بىر خىل يوغان قارا قۇش.

**قەلئە** ئى [ئە] دۈشمەن ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن سېپىل ۋە خەندەكلەر بىلەن ئورالغان قورغان؛ شەھەر.

**قەلەم** ئى [ئە] ① خەت يېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قېرىنداش، گاڭبى، ماي قەلەم قاتارلىق ئەسۋابلارنىڭ ئومۇمىي نامى. ② كۆچمە. پىكىرنى يازما ئىپادىلەش، يازما ئەسەر يېزىش ۋە بۇ جەھەتتىكى ماھارەت، قابىلىيەت: قانچە كۆپ كىتاب ئوقۇساڭ، قەلىمىڭ شۇنچە راۋان بولىدۇ. ③ كۆچمە. خەت شەكلى، پوچېركا: بۇ قەغەزگە يېزىلغىنى ئەيسانىڭ قەلىمى. ④ قاشنى قارا ھەم چىرايلىق قىلىش ئۈچۈن قاشقا سۈرتۈلىدىغان ئىچىدە قارا ماددىسى بار قەلەم شەكىللىك ئەسۋاب: قاش قەلىمى. ⑤ تۆمۈر، تاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قاتتىق ماددىلارنى ئويۇش، كېسىش، تەكشىلەش، نەقىش چىقىرىش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن كاڭدىن ياسالغان ئەسۋاب: تاشچى يىگىت تاش كېسىدىغان قەلەم قاتارلىق نەرسىلىرىنى ئېلىپ تاغقا مېڭىپتۇ.

**قەلەم ئەھلى** يازغۇچى ـ شائىرلار، ئاخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، قەلەمكەشلەر: — قانائەتلەنمىگەن ياخشى ئىش، بولۇپمۇ قەلەم ئەھلىگە، — دېدى باشلىق.

**قەلەمپۇر** ئى [پ<گرېك] <بوت> مىرتا ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، سوقچاق، مېۋىسى ئۇزۇن، شار شەكلىدە. تروپىك بەلباغ رايونلىرىدا ئۆسىدۇ. گۈلى دورا بولىدۇ. ئاشقازاننى كۈچەيتىش، يەل ھەيدەش رولىغا ئىگە. ئۇرۇقىدىن قەلەمپۇر يېغى ئېلىنىدۇ. ئادەتتە ئاروماتىك دورا (پۇراق دورىلىرى) ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**قەلەمتىراش** ئى [ئە + پ] تىغ ۋە دەستىسى نىسبەتەن قىسقا، تىغىنى دەستە ئىچىگە قايرىپ يېپىپ قويغىلى ھەم ئاچقىلى بولىدىغان بىر خىل پىچاق.

**قەلەمچە** ئى <بوت> ① تىكىپ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۆسۈملۈك شېخىدىن تەييارلانغان، قومۇش قەلەم شەكلىدە كېسىلگەن قىسقا تاياقچە. ② سەۋزە قاتارلىقلارنىڭ ئۇزۇن، ئىنچىكە قىلىپ توغرالغان ھەربىر تىلى: ئۇلار سەۋزىنى قەلەمچە قىلىپ بولغانىدى.

**قەلەمچىلەتمەك** «قەلەمچىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قەلەمچىلەشمەك** «قەلەمچىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قەلەمچىلەنمەك** «قەلەمچىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قەلەمچىلىمەك** پ. قەلەمچە قىلىپ توغرىماق: ئۇ جۇۋاۋا تۈگكەندە مەن جىلتا ئېچىپ بەردىم، ئۇ سەۋزە قەلەمچىلەپ بەرسە، مەن قورۇپ بەردىم.

**قەلەمدار** ئى [ئە + پ] تارس. كونا بەگلىكلەردىكى مەمۇرىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىشقا بەلگىلەنگەن كىشى، مەمۇرىي ئەمەلدار.

**قەلەمداش** ئى. ئەسەر يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر (بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن).

**قەلەمداشلىق** ئى. يېزىقچىلىق ساھەسىدىكى كەسىپداشلىق: ھېچبولمىغاندا قەلەمداشلىقىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىساق بولماس.

**قەلەمدان** ئى [ئە + پ] ئومۇمەن قەلەم تۈرىگە كىرىدىغان يېزىش ئەسۋابلىرىنى سېلىپ قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كىچىك قۇتا، قەلەم سالغۇچ.

**قەلەمسىز** رەۋ. قەلەم تۇتماي، قەلەم ئالماي، قەلەم ئىشلەتمەي: خەتنى ئەلۋەتتە قەلەمسىز يازغىلى بولمايدۇ ـ دە.

**قەلەمكەش** ئى [ئە + پ] يازغۇچى ـ شائىر، ژۇرنالىست، ئاخباراتچى، شۇنداقلا تەرجىمان قاتارلىق قەلەم بىلەن خىزمەت قىلغۇچى خادىملار: — سىلەردەك قەلەمكەشلەرنىڭ بۇنداق چەت يېزىمىزغا كېلىشى ئاسان ئەمەس، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

**قەلەمكەشلىك** ئى. يېزىقچىلىق: ئۇنىڭ قەلەمكەشلىك قىلىپ يۈرگىنىگە خېلى يىللار بولدى.

**قەلەملىك** سۈپ. قەلىمى بار، قەلەم تۇتقان: قەلەملىك قولۇم غەزەپتىن تىترەپ، ئەلەملىك باغرىم ھەسرەت ھارارىتىدە كۆيۈۋاتىدۇ.

**قەلەندەر** ئى [پ] دىنىي غەزەللەرنى ئوقۇپ يۇرتمۇيۇرت كېزىپ تىلەمچىلىك قىلىپ جان باقىدىغان كىشى؛ تىلەمچى، دىۋانە.

**قەلەندەرچە** سۈپ. قەلەندەردەك، قەلەندەرگە ئوخشاش: ئۇ قەلەندەرچە كىيىم كىيىپ، يېرىم كېچىدە ھۆسنىئاباد يولىغا ئاتلاندى.

**قەلەندەرچىلىك** ئى. يۇرتمۇيۇرت يۈرۈپ، تىلەمچىلىك بىلەن جان بېقىش ئىشى، دىۋانىلىك: قەلەندەرچىلىك قىلماق.

**قەلەندەرخانا** ئى [پ] قەلەندەرلەر يىغىلىدىغان ۋە تۇرىدىغان ياكى ياتىدىغان جاي: ئۇ كۈننىڭ كەچ بولغانلىقىنى پەملەپ، ئاستا ـ ئاستا قەلەندەرخانىغا قاراپ يول ئالدى.

**قەلەندەرلەرچە** رەۋ. قەلەندەرلەردەك، قەلەندەرلەرگە

ئوخشاش: ئۇنىڭ قەلەندەرلەرچە ئۆتكۈزگەن تۇرمۇشى ئۆيدىكىلىرىنى جاق تويغۇزدى.

**قەلەندەرلىك** ئى. يۇرتمۇيۇرت يۇرۇپ تىلەمچىلىك بىلەن جان باقىدىغان ئادەت، ئىش، قىلىق: قەلەندەرلىك قىلماق.

**قەلەي** ئى [ئە] ① <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Sn(Stannum). ساپلىرى كۈمۈشتەك ئاق، سوزۇلۇشچانلىقى ياخشى بولىدۇ. ھاۋادا ئوكسىدلانمايدۇ. ئادەتتە تۆمۈرگە ھەل بېرىش، مېتاللارنى پاياتلاش ياكى قېتىشما تەييارلاشتا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. ② مىستىن ياسالغان قاچىلارنىڭ ئىچكى يۈزىگە قاپلانغان شۇ خىل مېتال قاتلىمى. ③ ئاق تۇنىكە، قاڭالتىر.

**قەلەيچى** ئى. نېپىز تاختا تۆمۈر، قەلەي، قاڭالتىر قاتار-لىقلاردىن تۇرلۇك ئەسۋاب، سايمان، قاچىلارنى ياسايدىغان ياكى رېمونت قىلىدىغان كىشى: دوستۇمنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ كىشى خېلىلا ئۇستا قەلەيچى ئىكەن. // قەلەيچى بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا مىختەك قادالدى.

**قەلەيچىلىك** ئى. نېپىز تاختا تۆمۈر، قەلەي قاتارلىقلاردىن تۇرلۇك ئەسۋاب، سايمانلارنى ياساش ياكى رېمونت قىلىش ئىشى، كەسپى: قەلەيچىلىك دۇكىنى.

**قەلەيلەتمەك** «قەلەيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قەلەيلەشمەك** «قەلەيلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قەلەيلەنمەك** «قەلەيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قەلەيلىك** سۈپ. تەركىبىدە قەلەي بار، تەركىبىدە قەلەي بولغان.

**قەلەيلىمەك** پ ① نەرسىلەرنىڭ يۈز قىسمىغا نېپىز بىر قەۋەت قەلەي ئېرىتمىسى يالاتماق، قەلەي ئېرىتمىسى بىلەن ھەل بەرمەك: مىس قاچىنى قەلەيلىمەك. ② تېشىلگەن يېرىنى قەلەي ئېرىتمىسى بىلەن ئەتمەك، يەملىمەك: چېلەكنىڭ تۈۋىنى قەلەيلىمەك.

**قەلب** ئى [ئە] ① يۈرەك، دىل: قەلبىگە پۈكمەك. ② كۆچمە. كىشىنىڭ ئىچكى روھىي دۇنياسى، ئىچكى ھېس - تۇيغۇ-لىرى، پىكىر - قاراشلىرى مەركەزلەشكەن جاي، دىل، كۆڭۈل: قەلبىگە پۈكمەك. قەلبى قارا.

**قەلبەن** رەۋ [ئە] چىن يۈرەكتىن، قەلبىدىن، چىن دىلى بىلەن: بىراۋلار تەن بېرىپ تەقدىرگە قەلبەن، دۇئالار ئاتىدى مەرھۇمغا شەخسەن.

**قەلبداش** ئى. پۈتكۈل دۇنيا قارىشى، ئىستەك - ئارزۇسى، غايىسى، نىيەت - مەقسىتى بىر دەك بولغان كىشى (بىر - بىرىگە نىسبەتەن): ئۇ دېھقانلار بىلەن قەلبداش.

**قەلبداشلىق** ئى. دۇنيا قاراش، ھېس - تۇيغۇ، پىكىر - مەقسەت، غايە - ئىستەك ۋە شۇ قاتارلىقلاردا بىر دەكلىك، ئوخشاشلىق: قەلبداشلىقنى بىلدۈرمەك.

**قەلبگاھ** ئى [ئە + پ] يۈرەك ئورۇنلاشقان جاي؛ ئىچكى دۇنيا: قالدى ھۆر - پەرىشتىلەرنىڭ مېھنىتى، قەلبگاھىمدا يورۇق چولپان بولۇپ.

**قەلقە** سۈپ. دىيال. شالاڭ، بوش.

**قەللاب** ئى [ئە] ئالدامچى، ھىيلىگەر؛ سۈيىقەستچى، نەيرەڭۋاز ئادەم.

**قەللابلىق** ئى. ئالدامچىلىق، ھىيلىگەرلىك: قەللابلىق قىلماق.

**قەللە** ئى. قەلەي بىلەن ئاليۇمىنىنىڭ قېتىشمىسى. ئېرىش نۇقتىسى سەل تۆۋەن بولىدۇ. كۆپىنچە تۆمۈر، مىس قاتار-لىقلاردىن ياسالغان ئەسۋابلارنى پاياتلاش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدۇ.

**قەلىمي** سۈپ. قەلەمنى ئاساسىي خىزمەت ۋاستىسى قىلىدىغان؛ قەلەم بىلەن قىلىنىدىغان: ئۇ قەلىمي ئادەم بولغاچقا، يول مېڭىشقا چىدىمايتتى.

**قەلىيە** ئى. دىيال. كۆكتات بىلەن گۆشتىن قورۇلغان قورۇما؛ سەي.

**قەمەر** ئى [ئە] ① يېزىت. ئاي: ئۇ گويا كەڭ چوققىلارنىڭ بەلبېغى — ئالتۇن كەمەر، كۈندۈزى سەيلە قىلار كۈن، كېچىسى بۇندا قەمەر. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**قەمەرىيە** ئى [ئە] <ئاستر> ← **دېھقانلار كالېندارى.**

**قەنت** ئى [پ] ساپ شېكەردىن چاقماق ياكى كۇب شەكلىدە قاتۇرۇپ تەييارلانغان تەمى تاتلىق، شېرىن مەھسۇلات.

**قەنتدان** ئى [پ] ئائىلىلەردە قەنت سېلىپ قويۇش ئۇچۇن ئىشلىتىدىغان قاچا، قەنت قاچىسى.

**قەنتدەك** سۈپ ① قەنتكە ئوخشاش تاتلىق، شېرىن، تەملىك: مېھمانلار قوغۇنلارنى بىرەردىن چىشلەپ بولۇپلا، تىللىرىنى تامشىتىپ «قەنتدەك قوغۇن ئىكەن» دەپ ماختىشىپ كەتتى. ② كۆچمە. كۆڭۈلدىكىدەك ناھايىتى ياخشى، ئىنتايىن بەلەن: — قەنتدەك گەپ قىلدىڭ قىزىم، — دېدى بوۋاي قىزدىن رازى بولۇپ. * قوغۇن تېرىدىم قەندەك، ئەللەر تېرىسۇن مەندەك. يات سۆيگەننى سۆيمەيمەن، ئۆزۈمنىڭ سۆيگىنى قەندەك.

**قەنتسىز** سۈپ. تەركىبىدە قەنت يوق، قەنت قوشۇلمىغان ياكى ئارىلاشتۇرۇلمىغان، شېكەرسىز: قەنتسىز ئىچىملىك. قەنتسىز هاراق. قەنتسىز دورا.

**قەنتسىزلەندۇرمەك** «قەنتسىزلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇ-رىي دەرىجىسى.

**قەنتسىزلەندۈرۈلمەك** «قەنتسىزلەندۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قەنتسىزلەنمەك** «قەنتسىزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرد-جىسى: گۇرۇچ ئاسان نەم تارتىدۇ، ئاسان قەنتسىزلىنىدۇ.

**قەنتسىزلىمەك** پ. قەنت تەركىبىنى چىقىرىپ تاشلىماق، قەنتسىز ھالغا كەلتۈرمەك، شېكەرسىزلىمەك.

**قەنت - گېزەك** قەنت ۋە شۇ خىلدىكى تۇرلۇك تاتلىق - تۇرۇملار.

**قەنت - ناۋات** قەنت ۋە ناۋات: يىغلىماڭ قىز، يىغلىماڭ، ئەتە كېلەرمىز، ئالتە بولاق قەنت - ناۋات ئالغاچ كېلەرمىز.

**قەندالەت** ئى. تۇرلۇك قەنت - گېزەك قاتارلىق تاتلىق - تۇرۇملار.

**قەندالەتچى** ئى. تۇرلۇك قەنت - گېزەك، كەمپۈت، پېچىنە قاتارلىق تاتلىق - تۇرۇملارنى ئىشلەپ چىقارغۇچى ۋە ئۇنى بازارغا سېلىپ ساتقۇچى كىشى.

**قەندالەتچىلىك** ئى. تۇرلۇك قەنت - گېزەك قاتارلىق تاتلىق - تۇرۇملارنى ياساش، سېتىش كەسپى: ئۇ ھەرخىل تاتلىق - تۇرۇم نەرسىلەرنى ياسايدىغان قەندالەتچىلىك كەسپىنى ۋە باشقا كەسىپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

**قەندەل** ئى ← **قەندالەت**.

**قەندەلچى** ئى ← **قەندالەتچى**.

**قەندىل** ئى [ئە <گىرېك] بىرنەچچە تال شام ئورنىتىلغان ئاسما شامدان ياكى بىرقانچە لامپوچكا ئورنىتىلغان ئاسما چىراغ.

**قەندىلچى** ئى ① قەندىل ياسىغۇچى. ② قەندىلدىكى شاملارغا ئوت ياققۇچى.

**قەندىلچىلىك** ئى. قەندىل ياساش، قەندىلدىكى شامغا ئوت يېقىش ئىشى.

**قەھەت** ئى [ئە] ← **قەھەتچىلىك**.

**قەھەتچىلىك** ئى. ئۇرۇش، تەبىئىي ئاپەت ياكى زىرائەتتىن ياخشى ھوسۇل ئېلىنمىغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر نەتىجىسىدە ھەممە نەرسە كەمچىل ۋە قىممەت بولۇپ قالغان پەيت؛ ئاچارچىلىق: قەھەتچىلىك يىلى.

**قەھر** ئى [ئە] ئاچچىق، غەزەپ: قەھر قىلماق.

**قەھر – زەھرى** غەزەپ – نەپرىتى، غەزەپ – ئاچچىقى: قەھر – زەھرىنى چاچماق.

**قەھر – غەزەپ** قەھر ۋە غەزەپ: گۈلنارخان قەھر – غەزەپ بىلەن بايناڭ باشمالتىقىنى قاتتىق چىشلەپ ئۈزۈۋالدى.

**قەھرلەنمەك** پ. غەزەپلەنمەك، ئاچچىقلانماق: ئۇ مۇھەممەدكە قەھرلەنگەن ھالدا ۋارقىرىدى.

**قەھرلىك** سۈپ. قاتتىق غەزەپكە تولغان: ئۇنىڭ مېڭىسىگە نۇرغۇنلىغان قايغۇلۇق ۋە قەھرلىك خىياللار كەلدى. // قەھرلىك تىكىلمەك.

**قەھرىتان** ① رەۋ. ناھايىتى، قاتتىق، ئىنتايىن: قەھرىتان سوغۇق. ② سۈپ. قاتتىق سوغۇق بولىدىغان، سوغۇق ئىنتايىن كۈچەيگەن: قەھرىتان قىش. ③ ئى. ئىنتايىن قاتتىق سوغۇق: قەھرىتاننىڭ مۇزدەك قامچىسى، يۈز – كۆزۈمگە تەگدى تاراسلاپ. دەرد – پىغاندا ئۆرتىنىپ يۈرەك، كاۋاپ بولۇپ كۆيدى ۋاژىلداپ.

**قەھرىمان** [پ] ① سۈپ. باتۇر، قورقماس، مەردانە: قەھرىمان ئارمىيە. ② ئى. جەسۇر، باتۇر كىشى: ئۆزىنى قەھرىمان قىلىپ كۆرسەتمەك. ③ ئى <ئەد> ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئاساسلىق قىلىپ بايان قىلىنغان پېرسوناژ، شەخس: باش قەھرىمان. ④ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**قەھرىمانانە** رەۋ [پ] ← **قەھرىمانلارچە**: قەھرىمانانە كۈرەش قىلماق.

**قەھرىمانلارچە** رەۋ. قەھرىمانلارغا خاس ھالدا، قەھرىمانلىق بىلەن، قەھرىمانانە: قەھرىمانلارچە قۇربان بولماق.

**قەھرىمانلىق** ئى. قەھرىمانلارغا خاس ھەرىكەت، تىرىشچانلىق: قەھرىمانلىق كۆرسەتمەك.

**قەھۋە** ئى [ئە] ① <بوت> رويان ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان كىچىك دەرەخ ياكى چاتقال. گۈلى ئاق بولۇپ خۇشبۇي پۇرايدۇ. شىرنىلىك مېۋە تۇتىدۇ، مېۋىسىنىڭ رەڭگى توق قىزىل بولىدۇ. ئىچىدە ئىككى دانە ئۇرۇقى بولۇپ، ئۇنى قورۇش ئارقىلىق قەھۋە ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ روھلاندۇرۇش، ئاشقازاننى كۈچەيتىش رولى بار. كۆپىنچە تىروپىك ۋە سۇبتىروپىك بەلباغ رايونلىرىدىن چىقىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈك ئۇرۇقىدىن ئىشلەنگەن تالقان. ③ شۇ خىل ئۆسۈملۈك ئۇرۇقىنىڭ تالقىنىدىن تەييارلانغان ئىچىملىك.

**قەھۋەخانا** ئى [ئە + پ] مەخسۇس قەھۋە دەملەپ سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن.

**قەۋەت** I ① ئى. قات – قات ياكى قاتلام – قاتلام نەرسىلەرنىڭ ھەربىر قېتى، قاتلىمى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسى: يەرنىڭ قەۋىتى. ② مىق. ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ، قات – قات نەرسىلەرنىڭ قاتلاملىق دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ: يەتتە قەۋەت ئاسمان. ③ ئى. قەۋەتلىك بىنالارنىڭ ئوخشاش ئېگىزلىكتىكى ئۆيلىرى: بىنانىڭ 6 – قەۋىتى. ④ ئى. تەكچە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئۈستىمۇئۈست جايلاشقان ھەربىر پەللىسى: كىتاب جازىسىنىڭ ئۈستىنكى قەۋىتى. ⑤ ئى <گېئول> قاتلام: قەۋەت يۈزى. ⑥ ئى. يىپ، سىم ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ھەربىر تېلى: نەچچە قەۋەت سىم بىلەن ئورىماق.

**قەۋەت** II رەۋ. ھەددىدىن ئارتۇق، ناھايىتى، بەك، ئىنتايىن: قەۋەت ياخشى. قەۋەت خۇشال بولماق.

**قەۋەت – قەۋەت** بىرقانچە قەۋەت، نۇرغۇن قەۋەت: بۇ يايلاقنىڭ ئەتراپى قەۋەت – قەۋەت ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان.

**قەۋەتلەپ** رەۋ. نەچچە قەۋەت، ھەسسىلەپ: قەۋەتلەپ گۈزەللىك قوشماق.

**قەۋەتلەتمەك** «قەۋەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قەۋەتلەشمەك** «قەۋەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قەۋەتلەنمەك** «قەۋەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قەۋەتلىك** سۈپ. قەۋىتى بار، قەۋەتلەنگەن: قەۋەتلىك بىنا. قەۋەتلىك ئۆي.

**قەۋەتلىمەك** پ. ئۈستىمۇئۈست، قاتلامىمۇقاتلام، قەۋەتمۇقەۋەت قىلماق، شۇنداق ھالغا كەلتۈرمەك: يوتقاننى قەۋەتلەپ يىغماق.

**قەۋەتمۇقەۋەت** ① رەۋ. بىر قەۋەت، بىر قەۋەتتىن، قەۋەت – قەۋەتلەپ: مەن سىزنى بۇ بىنادا قەۋەتمۇقەۋەت ئىزدىدىم. ② سۈپ. كۆپ، نۇرغۇن: بىز قەۋەتمۇقەۋەت قىيىنچىلىقتا يولۇقتۇق.

**قەۋزىيەت** ئى [ئە] <تېب> تەرەت قۇرغاقلىشىپ، چوڭ تەرەت قىلىش قىيىنلىشىش ياكى قېتىم سانى ئازىيىشتىن ئىبارەت كېسەل ئالامىتى: قەۋزىيەت بولماق.

**قەۋس** ئى [ئە] <ئاستىر> ئېكلىپتىكىدىكى 12 بۇرجنىڭ توققۇزىنچىسى. ئاسترونومىيەلىك ئۇزۇنلۇقى °240 تىن °270 قىچە. ئەسلىي ئورنى قەۋس يۇلتۇز تۈركۈمىدە بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەقرەب يۇلتۇز تۈركۈمىگە يۆتكەلگەن. ھەر يىلى 22 – نويابىرنىڭ ئالدى – كەينىدە قۇياش بۇ بۇرجقا كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى مەۋسۇم سېرىق قار بولىدۇ.

**قەۋم** ئى [ئە] <ئىرىق> ← **قوۋم**.

**قەي** ئى [ئە] يېگەن – ئىچكەننى ياندۇرۇش، قۇسۇش: قەي قىلماق.

**قەيەر** ئال [قايسى + يەر] قايسى يەر؛ قايسى ئورۇن، قايسى جاي: باش قەيەردە بولسا، پۇت شۇ يەردە (ماقال).

**قەيەرلىك** ئال. يۇرتى قەيەر، قايسى يۇرتلۇق: قەيەرلىكسەن، نەدىن كەلدىڭ؟

**قەيت** ئى [ئە] يېزىت. «قىلماق» پېئىلى بىلەن كېلىپ:

1) تەكىتلىمەك، تەكىتلەپ ئۆتمەك: قەيت قىلماق. 2) يازماق، يېزىپ قويماق: ئەدىب ئۆز ئەسىرىدە دۆلەتنىڭ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىدىن تارتىپ ئاددىي خادىملىرىغىچە ھەممىسىنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت، بىلىم ۋە ئەخلاق ئىگىسى بولۇشى زۆرۈرلۈكىنى ئالاھىدە قەيت قىلىدۇ.

**قەيسەر** [ئە <لات] ① ئى. بۇرۇنقى رىم پادىشاھى، ئومۇمەن پادىشاھ. ② سۈپ. باتۇر، ئىرادىلىك، جەسۇر، قەھرىمان: قەيسەر كىشىلا كەمتەر بولىدۇ. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**قەيسەرانە** رەۋ [ئە + پ] قەيسەرلىك بىلەن، قەيسەرلەرگە خاس ھالدا، قەيسەر ھالەتتە: قەيسەرانە ئىلىشماق. * جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مىللىي روھىنىڭ قەيسەرانە ھاياتىي كۈچى مىللىتىمىزنىڭ بۈيۈك گۈللىنىشىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى.

**قەيسەرلەشتۈرمەك** «قەيسەرلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قەيسەرلەشمەك** پ. قەيسەر ھالەتكە كەلمەك، قەيسەر بولماق، باتۇرلاشماق: ھېلىم قۇلاق كەستى مېنى باغلاپ ئىلىپ كەتكەندىن كېيىن تاغام ئاچچىقىدا تېخىمۇ قەيسەرلىشىپ كېتىپتۇ.

**قەيسەرلىك** ئى. باتۇرلۇق، جاسارەت: قەيسەرلىك كۆرسەتمەك.

**قوبۇل** ئى [ئە] رازىلىق، ماقۇللاش: قوبۇل كۆرمەك.

**قوبۇل قىلماق** ① كۆنمەك، قوشۇلماق: تەكلىپىنى قوبۇل قىلماق. ئۆزرىنى قوبۇل قىلماق. ② ئالماق، ئۆتكۈزمەك، كىرگۈزمەك: ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلماق. ③ قارشى ئالماق، كۆرۈشمەك: ماجۇڭيىڭ ۋەكىللەرنى ئۆزىنىڭ ياتىقىدا قوبۇل قىلدى. ④ كۆرمەك، داۋالىماق: كېسەل قوبۇل قىلماق. ⑤ تاپشۇرۇۋالماق، ئۆتكۈزۈۋالماق: بۇيرۇق قوبۇل قىلماق. ⑥ ئىلىك ئالماق: بوۋاي كۆز ئىشارىتى بىلەن سالامنى قوبۇل قىلدى. ⑦ ماقۇللىماق، تەستىقلىماق: يىغىندا بىرنەچچە قارار قوبۇل قىلدۇق. ⑧ ئىبرەت ئالماق، يەكۈنلىمەك، مۇئەييەنلەشتۈرمەك: تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى قوبۇل قىلماق. ⑨ <بىئول> جانلىق ئورگانىزملار توقۇلما سىرتىدىكى ماددىلارنى توقۇلما ئىچىگە ئىلىپ كىرمەك، ئۆزلەشتۈرمەك: قوبۇل قىلغۇچى تەنچە. ⑩ <فىز> رادىيو دولقۇنلىرىنى ئۆزىگە ئالماق، تۇتماق: قوبۇل قىلغۇچى ئاپپارات. ⑪ كالىلىدىن، ئىدىيەسىدىن ئۆتكۈزمەك: بوۋاي تۇيۇقسىز بېسىپ كەلگەن بۇ ئالامەتنى قوبۇل قىلالمىدى.

**قوبۇلخانا** ئى [ئە + پ] مېھمانلار، ئىش بىلەن كەلگۈچىلەر نۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇرۇپ تۇرىدىغان ياكى ئىش بىلەن كەلگەن كىشىلەرنى قوبۇل قىلىپ ئۇلار بىلەن ئەھۋاللىشىدىغان ئۆي، خانا.

**قوبۇللاتماق** «قوبۇللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قوبۇللانماق** «قوبۇللىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ۋاقىت ئۆزىنىڭ دەل ۋاقتىدا قوبۇللانمىغان سوۋغىلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېتىشكە بەك ئۇستا.

**قوبۇللىماق** پ. قوبۇل قىلماق: ئوقۇغۇچى قوبۇللىماق.

**قوپال** ① سۈپ. گەپ ـ سۆز، ھەرىكەتلىرى سىلىق ئەمەس؛ كىشىگە قاتتىق تېگىدىغان (ئادەملەر ھەققىدە): ئۇ ھازىر بۇرۇنقى قوپال، خىيالچان سونۇر ئەمەس. ② سۈپ. يېقىمسىز، سوغۇق، تولۇق، ئاچچىق (گەپ ـ سۆز، ئاۋاز ھەققىدە): قوپال سۆز. قوپال جاۋاب. ③ سۈپ. سىلىق ئەمەس، سەت، كۆرۈمسىز؛ شەكلى، كۆرۈنۈشى ناچار، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل (ھەر خىل نەرسىلەر ھەققىدە): ئۇ يار ـ يار ھارۋىنىڭ ئىگىز ۋە قوپال چاقىغا ئۇرۇلۇپ كەتكىلى تاسلا قالدى. ④ رەۋ. سەت، كۆرۈمسىز؛ رەتلىك، چىرايلىق ئەمەس: يېپمۇ قوپال ئورالغانىدى.

**قوپاللاشتۇرماق** «قوپاللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قوپاللاشماق** پ. قوپال ھالەتكە كەلمەك، قوپال بولماق: ئۇنىڭ سۆزى بارغانسېرى قوپاللاشقىلى تۇردى.

**قوپاللىق** ئى. قوپال ھەرىكەت، ئىش: قوپاللىق قىلماق.

**قوپتۇرماق** «قوپماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار مىڭبىر جاپادا يېتىۋالغان قېرى تۆگىنى قوپتۇرۇپ، ھارۋىسىغا بېسىپ، يەنە يولغا راۋان بوپتۇ.

**قوپتۇرۇشماق** «قوپتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قوتاندا يېتىۋالغان قويلارنى قوپتۇرۇشتى ـ دە، ياش، سېمىزلىرىنى بىر تەرەپكە ئايرىشقا باشلىدى.

**قوپتۇرۇلماق** «قوپتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قوپماق** پ ① تۇرماق، ئۆرە ھالەتكە كەلمەك، تىك بولماق: سەھەر قوپماق. ② كۆچمە. پەيدا بولماق، يۈز بەرمەك: يېغى ياندىن قوپار، بالا قېرىنداشتىن (ماقال). ③ كۆچمە. بىرەر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن تەييارلانماق ياكى كىرىشمەك، ھەرىكەتلەنمەك: تاماققا قوپماق. ④ كۆچمە. سالامەتلىكى ياخشىلانماق، ئوڭشالانماق، تۈزەلمەك: ــ رازىيە قوپۇپ قالغاندۇر، ــ دېدى ئۇ شازادەم ئاچا بىلەن ئەھۋاللىشىۋېتىپ.

**قوپۇرغۇ** ئى. ئېغىر نەرسىنىڭ ئاستىغا تىقىپ ئۇنى قوزغاش ياكى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان توم كالتەك، پىشاڭ: تۈز يالىغان ئىت قوپۇرغۇ ئاستىدا ئۆلەر (ماقال).

**قوپۇرماق** پ. بىنا قىلماق، سالماق، ياسىماق، ئۆرە قىلماق، تۇرغۇزماق (تام ھەققىدە): تام قوپۇرماق.

**قوپۇرۇشماق** «قوپۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز بارغاندا ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆل قىرىغا تام قوپۇرۇشۇۋاتقانىكەن.

**قوپۇرۇلماق** «قوپۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلار كۆلنى ياقىلاپ جىمجىت، خىلۋەت جايغا كېلىپ، يېڭىلا قوپۇرۇلغان پاكارغىنا بىر تامنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى.

**قوپۇشماق** «قوپماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قوتاز** ئى <زوئول> كالىنىڭ ئالاھىدە بىر خىل نەسلى. پۈتۈن تېنىدە ئۇزۇن كەلگەن توق قوڭۇر، قوڭۇر ياكى ئاق رەڭلىك تۈكلىرى بولىدۇ. پۈتى قىسقا، بېلى ئېگىلەڭگۈ كېلىدۇ. شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تاغلىق رايونلىرى ۋە چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىدە ياشايدۇ.

**قوتازچى** ئى ① قوتاز باقىدىغان ياكى قوتاز نەسلىنى يېتىشتۈرىدىغان كىشى: بۇلارنىڭ ھەممىسى يىلقىچىلار ۋە قوتازچىلار ئىدى. ② قوتاز بىلەن ئادەم ۋە يۈك توشۇپ كىراكەشلىك قىلغۇچى كىشى.

**قوتازچىلىق** ئى. قوتاز بېقىش ۋە قوتاز بىلەن يۈك توشۇش ئىشى، كەسپى.

**قوتان** I ① ئى. قوي، كالا قاتارلىقلار سولىنىدىغان چوڭ ئېغىل، مالخانا. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن بىللە كېلىپ، مال

پادىسىنىڭ قوتانغا سىغقۇدەك مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر قوتان قوي.

**قوتان** II ئى <زوئول> بىر خىل يىرتقۇچ قۇش. پەيلىرى ئاق ياكى كۆك، بوينى ۋە تۇمشۇقى ئۇزۇن كېلىدۇ.

**قوتانتۇمشۇق** ئى [قوتان + تۇمشۇق] <بوت>قوتانتۇمشۇق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ئىنچىكە ھەم ئاجىز بولۇپ، يەرگە تەكشى يېيىلىپ ياكى سەل قىيپاش ھالەتتە ئۆسىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ، مۇسكۇل ۋە ئۇستىخاننى كۈچلەندۈرۈش، رېماتىزمنى يوقىتىش، زەھەر كېسىش ۋە ئىسسىقنى قايتۇرۇش روللىرىغا ئىگە.

**قوتان - قوتان** بىرقانچە قوتان، نۇرغۇن قوتان؛ ناھايىتى كۆپ: قوتان - قوتان قوي.

**قوتانلاپ** رەۋ. قوتانغا تولغان، قوتان تولىدىغان؛ ناھايىتى جىق: باسمىچىلار كەلگەن پېتى باينى ئۆلتۈرۈپ، قوتانلاپ قوي، چارۋىلىرىنى ھەيدەپ كېتىشكەنىدى.

**قوتانلانماق** «قوتانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قوتانلىماق** پ. ئەتراپىدا بىر خىل چەمبىرەك ھاسىل بولماق، يۇمىلاق چەمبەر شەكىللىك دائىرە پەيدا بولماق (ئاي، كۈن ھەققىدە): ئاي قوتانلىسا ئايدا ياغار، كۈن قوتانلىسا كۈندە ياغار (ماقال).

**قوتۇر** I ① ئى <تېب> ئادەم ۋە ھايۋانلاردا بولىدىغان تارقىلىشچان تېرە كېسىلى، قىچىشقاق. ئۇنى قوتۇر كانىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كۆپىنچە قولنىڭ ئالقان، بارماقلىرىدا، ساغرا، قورساق قاتارلىق ئورۇنلاردا پەيدا بولىدۇ. ② سۈپ. شۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان: قوتۇر ئېشەك. قوتۇر ئىت. ③ سۈپ. كۆچمە. تەكشى، سىلىق ئەمەس؛ يىرىك، ئوڭغۇل - دوڭغۇل: قوتۇر ئامۇت. قوتۇر يۈز. ④ سۈپ. كۆچمە. يارىماس، ئەرزىمەس؛ يامان، ناچار: قوتۇر نەرسە. قوتۇر بىرنېمە. ئەچچى قوتۇر.

**قوتۇر** II سۈپ. دىيال. ئورۇق.

**قوتۇرلاشتۇرماق** «قوتۇرلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قوتۇرلاشماق** پ. قوتۇر بولۇپ قالماق، قوتۇر ھالەتكە كەلمەك، قوتۇر پەيدا بولماق: قوتۇرلىشىپ كەتمەك.

**قوتۇرماچ** ئى. قازان نېنى.

**قوچقار** ئى. پىچىلمىغان ئەركەك قوي.

**قوچقارچى** ئى. قوچقار باقىدىغان ياكى قوچقار سوقۇشتۇرىدىغان كىشى.

**قوچقارۋاز** ئى. قوچقار سوقۇشتۇرۇشقا ھەۋەسمەن كىشى؛ قوچقار سوقۇشتۇرغۇچى: پالۋان چېلىشچىلار ئۆزئارا تۇتۇشۇپ كۈچ سىنىشاتتى ... «مال خىلى بىلەن، ئادەم قاياشى بىلەن» دېگەندەك، خوراز سوقۇشتۇرغۇچىلار، قوچقارۋازلار، ئىتچىلار، كالا سوقۇشتۇرغۇچىلار، كەكلىك، بۆدۈنىۋازلار، ئوغرى، قىمارۋازلار ۋە باشقا ھەر كەسىپتىكىلەرمۇ ئۆز تائىپەسى بىلەن كۆڭۈل ئېچىشاتتى.

**قوچقىراق** ئى. ئىككى ياشقا تولمىغان قوچقار.

**قوچۇتماق** «قوچۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قوچۇرا** ئى. دىيال. قارىغاي.

**قوچۇشماق** «قوچۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قوچۇلماق** «قوچۇماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قوچۇماق** پ. ئارىلاشتۇرماق، مالتىلىماق؛ قالايمىقانلاشتۇرماق: كاللىنى قوچۇماق.

**قوختا** ئى ① تۇرخۇننىڭ ئۆگزىنىڭ ئۈستىگە چىقىرىلغان قىسمى. ② <تار> بۇرۇنقى دەۋرلەردە كۆزىتىش ۋە مۇداپىئە ئۈچۈن سېپىللارنىڭ ئۈستىگە سېلىنىدىغان كىچىك ئۆي.

**قوداڭشتماق** «قوداڭشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى : قورساق كۆپۈككىمىز تارقىماي تۇرۇپلا كېلىنىمىزنىڭ ھارامزادىلىك قىلىشى مەجەزىمىزنى قوداڭشتىپ قويىدى.

**قوداڭشماق** پ. ئۆزگەرمەك، تۇراقسىزلاشماق: مىجەزى قوداڭشماق.

**قوداي** ئى <زوئول> بىر خىل سۇ قۇشى. بوينى قىسقا، ئاغزى چوڭ، تۇمشۇقى ئۇزۇن، رەڭگى كۆكۈچ ئاق. گېلىدا پوقىقى بولىدۇ. ئاساسەن بېلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**قورال (قورالى)** ئى ① <ھەرب> ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە دۈشمەن تەرەپنىڭ ئورۇش قىلىش ئەسلىھەلىرىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب ياكى مېخانىزم، قۇرۇلما قاتارلىقلار: يان قورال. يادرو قوراللىرى. ② بىرەر ئىشتا پايدىلىنىلىدىغان، ئۇنى ئاسانلاشتۇرىدىغان ھەرقانداق ئەسۋاب، قۇرۇلما، مېخانىزم، ماشىنا ۋە شۇ قاتارلىقلار: يېزىش قوراللىرى. ئوقۇتۇش قوراللىرى. ③ كۆچمە. بىرەر مەقسەتكە يېتىش، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھەرقانداق ۋاسىتە، دەستەك، ئامىل: تىل ئىنسانلارنىڭ ئالاقە قورالى.

**قورال - جابدۇق** قورال ۋە جابدۇق؛ قورال ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەر: ئۇلار سەھەردىلا قورال - جابدۇقلىرىنى تەخ قىلىپ، سەپەرگە ئاتلىنىشتى.

**قورال - سايمان** قورال ۋە سايمان؛ قورال ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەر: ئۇ چاغدىكى دېھقان ئائىلىلىرى ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى — يېمەك - ئىچمەك، قورال - سايمان ۋە كىيىم - كېچەكلەرنى ئومۇمەن دېگۈدەك ئۆزلىرى ئىشلەپ چىقىراتتى.

**قورالسىز** سۈپ. قورالى يوق، قورالغا ئىگە بولمىغان؛ قورالغانمىغان، قورال كۆتۈرمىگەن ياكى ئالمىغان: قورالسىز جەڭچى. //قورالسىز ماڭدۇرماق.

**قورالسىزلاندۇرماق** «قورالسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سېيىت ھاجى بازار بېگىنى بىر - ئىككى كەلىمە سۆز بىلەنلا قورالسىزلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ جىسمىدا پەيدا بولغان ھەربىر كىچىك ئۆزگىرىشلەرنىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتەتتى.

**قورالسىزلاندۇرۇشماق** «قورالسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قورالسىزلاندۇرۇلماق** «قورالسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ قورالسىزلاندۇرۇلۇپ كورلىغا سۈرگۈن قىلىنغاندىن باشلاپ تاكى ياقۇپ بەگ كورلىغا كەلگەنگە قەدەر قاچقۇزۇلمۇقتا ياشىغانىدى.

**قورالسىزلانماق** پ. قورالىدىن ئايرىلماق، قورالىدىن مەھرۇم بولماق، قوراللىنى تاشلىماق: قوراللىرىنى تاشلاپ، قورالسىزلانغان دۈشمەندىن ئارتۇقچە ئېھتىيات قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى.

**قورالسىزلىق** ئى. قورالى يوق ھالەت، قورالدىن مەھرۇم بولۇش: ئالەم بوشلۇقىنىڭ قورالسىزلىقىنى ساقلاشقا كۈچەش ئارقىلىق، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا بىردەك ھەمكارلىشىپ، ئالەم بوشلۇقىنى

تىنىچ، مۇقىم ئېچىشقا كاپالەتلىك قىلالايدۇ.

**قوراللاندۇرماق** «قوراللانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرىنى مىلتىق بىلەن، ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى كارابىن مىلتىق بىلەن، تۆڭگان ئەسكەرلىرىنى ئۇزۇن نەيزىلەر بىلەن، توپچى قىسىملىرىنى قىلىچ بىلەن، ساقچى قىسىملىرىنى مىلتىق بىلەن قوراللاندۇرغانىكەن.

**قوراللاندۇرۇشماق** «قوراللاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قوراللاندۇرۇلماق** «قوراللاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بايدا يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان 300 دىن كۆپرەك جەڭچىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قوراللاندۇرۇلۇپ بولۇندى.

**قوراللانماق** پ ① قورالغا ئىگە بولماق، ئېرىشمەك؛ قولىغا قورال ئالماق: دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن دانىيارنىڭ كالتەك ـ توقماق، نەيزە، مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان تاغلىق يىگىتلىرى قورشاپ كېلىۋاتاتتى. ② تۇرلۇك ئەمگەك قوراللىرى، جابدۇقلىرى بىلەن تەمىن ئېتىلمەك، شۇلارغا ئىگە بولماق، ئېرىشمەك: چۈشتە ئالىم ياردەمگە، كۈچ قوشۇلدى غەيرەتكە، قوراللىنىپ تاش بىلەن، كەلدى تېزدىن ھەرىكەتكە. ③ كۆچمە. بىرەر مەقسەتكە يېتىش، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ۋاسىتىلەرگە ئىگە بولماق، ئۇلارنى بىلىۋالماق، ئۆگەنمەك: ئىلىم بىلەن قوراللانماق.

**قوراللىق** ① سۈپ. ئۇرۇش قوراللىرى بىلەن تەمىنلەنگەن؛ قورال تۇتقان، ئاسقان، كۆتۈرگەن؛ قوراللانغان: قوراللىق ئادەم. قوراللىق كۈچ. ② سۈپ. قورال كۈچى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ياكى ئاشۇرۇلىدىغان: قوراللىق قوزغىلاڭ. قوراللىق كۈرەش. ③ رەۋ. قورال ئىشلىتىپ، تۇتۇپ؛ قوراللانغان ھالدا: قوراللىق قارشى تۇرماق.

**قورال- ياراغ** قورال ۋە ياراغ، يەنى مىلتىق، زەمبىرەك، مىنا باشقۇرۇلىدىغان بومبا، ئوق ـ دورا ۋە باشقا خىمىيەۋى قوراللار.

**قورام** ① سۈپ. يوغان، زور، چوڭ: قورام تاش. ② ئى <گېئول> دانىچىلار دىيامېتىرى 100 mm دىن زور بولغان تاغ جىنىس ۋە مىنېرال پارچىلىرى.

**قورامداتماق** «قورامدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قورامدالماق** «قورامدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قورامدىماق** پ. زورىيىپ قورام ھالىتىگە كەلمەك.

**قورامساق** سۈپ. قۇراشتۇرۇلغان، ئۇ يەردىن ـ بۇ يەردىن يىغىلىپ پۇتۇنلۇكنى ھاسىل قىلغان: ئۇ كۆپىنچە ئۇزۇمسىمان، بۆرەكسىمان، يېلىنسىمان، كاللەك توپىسىمان قورامساق ھالىتىدە بولىدۇ.

**قورامىلىق** ئى. قورام تاشلار كۆپ جاي.

**قوراي** ئى. قۇرۇپ قالغان شاخ ـ شۇمبا، تۇرلۇك چاتقال ياكى نىسبەتەن يىرىكرەك ئوت ـ چۆپلەر: قوراي ئورماق.

**قورايچى** ئى. قوراي ئورۇپ، يىغىپ، قوراي سېتىش بىلەن مەشغۇل بولىدىغان كىشى: ئۇ كونى موماي قورايچى بوۋىينى ساقلاپ، يېرىم كېچىگىچە تاماقمۇ يېمەي ئولتۇرۇپتۇ.

**قورايچىلىق** ئى. قوراي يىغىش ياكى سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى.

**قورايدەك** سۈپ، ناھايىتى ئورۇق، جۇدەڭگۇ؛ ماغدۇرسىز، جانسىز: چۆللەردە چاڭقاپ قورايدەك بولۇپ قالغان بۇ بىچارىلەر مۇقەددەس ئانا تاغنىڭ زەمزەم سۈيىدىن قانغۇدەك ئىچىشتى.

**قورايزار** ئى. قورايلىق: ئۇ مىڭبىر جاپادا ھېلىقى قورايزاردىن ئۆتتۈۋالدى.

**قورايلىق** ① ئى. قوراي بىلەن قاپلانغان، قوراي كۆپ جاي: ھەر كۇنى سەھەر تۇرۇۋېلىپ پۇتۇن ئەسكى تاملىقلار، قورايلىقلار، باغلارنى ئالا قويماي تاسقاپ چىقىسەن. ② سۈپ. قوراي كۆپ، قوراي بىلەن قاپلانغان: قورايلىق يەر.

**قورچاق** I ① ئى. ئادەم ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئوخشىتىپ ياسالغان بالىلار ئويۇنچۇقى: ياغاچ قورچاق. لاتا قورچاق. قورچاق ئوينىماق. ② سۈپ. كۆچمە. باشقىلارنىڭ بۇيرۇقى، ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلىدىغان، مۇستەقىل ئىش قىلالمايدىغان (كىشى، ئەمەلدار، ھۆكۈمەت قاتارلىقلار ھەققىدە): قورچاق ھاكىم. قورچاق ئەسكەر.

**قورچاق** II ئى <زوئول> تولۇق شەكىل ئۆزگەرتىدىغان ھاشاراتلاردىكى لىچىنكىدىن يېتىلگەن باسقۇچقا ئۆتۈشتىكى ئۆتكۈنچى شەكىل.

**قورچاق** III ئى <بوت> قوناق قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈۋىدىن شاخ ئارىلاپ چىققان قىسمى.

**قورچاققول** ئى [قورچاق + قول] <بوت> تۇلكە مايىقى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى بىغىر رەڭ، باشاقسىمان گۈل رېتىدە، تۈگۈنەك غولى دورا بولىدۇ. بۆرەكنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش، مۇسبەتلىككە ياردەم بېرىش، قۇۋۋەت بېرىش، قاننى تەڭشەش، ئاغرىق پەسەيتىش رولى بار.

**قورچاقلىق** سۈپ. قورچاق ھالەتتىكى: قورچاقلىق دەۋرى.

**قورداق** ئى. گۆش بىلەن ياڭيۇ ياكى سەۋزە قاتارلىق كۆكتاتلارنى بىللە قورۇپ، ئۇستىگە مۇۋاپىق سۇ قۇيۇپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل تاماق. ئادەتتە نان بىلەن يېيىلىدۇ.

**قورساق** ئى ① <ئانات> گەۋدىنىڭ بىر قىسمى. ئادەملەرنىڭ قورسىقى كۆكرەكنىڭ ئاستىدا، ھايۋانلارنىڭ قورسىقى كۆكرەكنىڭ ئارقا تەرىپىدە بولىدۇ. ② قېرىن: قورساق ئالماق. قورساق سېتىۋالماق. ③ نەرسىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توم، سېمىز قىسمى: قەلەمنىڭ قورسىقى. قورسىقى چوڭ بوتۇلكا.

**قورساق باقماق** جان ساقلىماق، كۈن ئالماق: ئۇ ياڭاقتا بىر پەس سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن: ـــ خوپ، شۇنداق بولسۇن، مېۋە ـ چېۋە بىلەن قورساق باقالمايسىلەر، ـــ دېدى ـ دە، ماشىنا تەرەپكە بۇرۇلدى.

**قورساق بوشاتماق** كۆڭلىدىكى بارلىق نارازىلىق، ئاچچىق، خاپىلىقلىرىنى، دەرد ـ ئەلىمىنى، غەم ـ قايغۇسىنى ئېيتىپ يېنىكلەپ قالماق: ئۇ بىر خىلۋەت جايغا بېرىپ يىغلاپ ـ يىغلاپ قورسىقىنى بوشاتتى.

**قورساقتا قالماق** ھامىلە ھالىتىدە پەيدا بولماق، ئېغىرئاياغ بولماق.

**قورساق كۆپمەك** ئاچچىقى كەلمەك، رەنجىمەك، خاپا بولماق: بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورسىقىم تازا كۆپتى.

**قورساق كۆپۈكى** خاپىلىق، رەنج، ئەلەم.

**قورساق كۆتۈرمەك** ئېغىرئاياغ بولماق، ھامىلىدار بولماق.

**قورساقنى ئەستەرلىمەك** ئازراق بىر نەرسە يېمەك.

**قورسقىدا توڭگۇز قاتراىدىغان** ئىچى يامان، نىيىتى بۇزۇق؛ كۆرەلمەس، ھەسەتخور.

**قورسقىدا چوت سوقماق** كۆڭلىدە بىر ئىشنى پىلانلىماق، مۆلچەرلىمەك، كۆزلىمەك.

**قورسقىدا گەپ ياتمايدىغان** ئاغزى بوش، سىر ساقلىيالمايدىغان.

**قورسقىدا ئۈمچى بار** قولىدىن ئىش كېلىدىغان، قابىلىيەتلىك، كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىغان، بىلىملىك.

**قورسقىغا كىرىپ چىقماق** كۆڭلىدىكى مەقسەت، ئارزۇ ـ خاھىشى، ھېس ـ تۇيغۇسىنى بىلمەك، چۈشەنمەك، بىلىپ يەتمەك.

**قورساقلىق** سۈپ ① قورسىقى بار: ئۇ ئىشلىتىۋاتقىنى قارا قورساقلىق، يالتىراق سىرىق قالپىقى بار قەلەم ئىدى. ② قورساق سالغان، يوغان قورساق: ئاغزى تار، تېگى كەڭ كۈرە. قورساقلىق، سىرىق رەڭ كۈرە. خوجامنىڭ تويماس قورسىقى مىسالى بىر لەھەڭ كۈرە.

**قورشاتماق** «قورشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قورشاشماق** «قورشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككى پولك بىرلا ۋاقىتتا دۈشمەنلەرنى قورشاشتى.

**قورشالماق** «قورشىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىز ئەتراپى تېرەك ۋە ئاق سۆگەت بىلەن قورشالغان ھويلىغا كىرىشىمىزگە ئۆي ئىچىدىن چىمەنگۈلنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

**قورشاۋ** ئى ← **مۇھاسىرە:** قورشاۋنى بۇزماق.

**قورشىماق** پ. ئارىغا ئېلىۋالماق، قامال قىلماق، قورشاۋغا ئالماق: بىز ئەتراپىنى قويۇق ئورمانلار قورشاپ تۇرغان ھويلىغا كىردۇق.

**قورغان** ئى ① دۈشمەن ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستىھكام، سېپىللار بىلەن مۇستەھكەملەنگەن جاي، شەھەر، قەلئە ۋە شۇ قاتارلىقلار: قورغاننى قامال قىلماق. قورغانغا ھۇجۇم قىلماق. ② قەلئە، شەھەر ۋە شۇ قاتارلىقلارنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان مۇستەھكەم دىۋار، تام، سېپىل: قورغان چوڭقۇر يارلىق ئېرىققا تاقىلىپ تۈگەيتتى. ③ دالا، تاغلىق جايدا، شۇنىڭدەك شەھەردىن يىراقراق جايلاردا ئەتراپىنى تاملار بىلەن قورشاش ئارقىلىق ياسىلىدىغان ئورۇن ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىنالار: قورغاننىڭ تاملىرى ئۈستىدە كىشىلەر كۆپ ئىكەن. ④ كۆچمە. مۇستەھكەم تايانچ: جەڭگىۋار قورغان. ⑤ قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**قورغانلىق** سۈپ ① قورغىنى بار، قورغانغا ئىگە. ② قورغانغا خاس، قورغان بولىدىغان: ھەر قايسى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ھەقىقىي تۈردە پارتىيەنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى ئوينىشى كېرەك.

**قورققاق** سۈپ. نېمىلا بولسا قورقۇپ تۇرىدىغان، يۈرەكسىز، توخۇ يۈرەك: كۆز قورققاق، قول باتۇر (ماقال). //ئەندىشىنىڭ ئېتى قورققاق (ماقال).

**قورققاقلىق** ئى. يۈرەكسىزلىك، توخۇ يۈرەكلىك؛ قورقاقلارغا خاس مىجەز ـ خاراكتېر، قىلىق ـ ھەرىكەت: قورقىقاقلىق قىلماق.

**قورقماس** سۈپ. ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان، ئەندىشە قىلمايدىغان، شىر يۈرەك، باتۇر: قورقماس شائىر ل. مۇتەللىپ ئوفىتسېرغا غەزەپ بىلەن تۈكۈردى.

**قورقماسلىق** ئى. ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان خۇسۇسىيەت، خاراكتېر: ئۇ ھېچ نەرسىدىن قورقماسلىقتا ۋەدە بەردى.

**قورقماق** پ. ئەنسىرىمەك، خەۋپسىرىمەك، ئەندىشە قىلماق؛ يۈرەكسىزلىك قىلماق، جاسارەتسىزلىك قىلماق: بۆرىدىن قورققان قوي باقماس (ماقال). * خۇدادىن قورققۇچە قۇداڭدىن قورق (ماقال).

**قورقۇتماق** «قورقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئابدۇللا مېنى جازالاپ قورقۇتۇش بىلەن قانلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇپ كېتەلمەيدۇ.

**قورقۇشماق** «قورقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قورقۇمسىرىماق** پ. سەل قورقۇش ھېس قىلماق، قورققاندەك بولماق، بىر ئاز قورقماق: مەزىن قورقۇمسىراپ قالغان باللىرىنى پەپىلەپ، تىنجىتىپ قويدى.

**قورقۇمسىز** سۈپ. ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، باتۇر، قورقماس: ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۆزىگە كەينىنى قىلىپ ئولتۇرغان بۇ قورقۇمسىز، مەرد مالاي يىگىتكە نىسبەتەن بىر خىل رازىمەنلىك ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى.

**قورقۇمسىزلىق** ئى. ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان خۇسۇسىيەت، خاراكتېر: قىزلار شەپقەت ھەمشىرىلىك خىزمەتلىرىنى قورقۇمسىزلىق بىلەن ئادا قىلماقتا.

**قورقۇنچ** ئى. ۋەھىمە، ئەندىشە: گۈلئايشەم قورقۇنچ ئىچىدە ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

**قورقۇنچاق** سۈپ. ھەممىلا نەرسىدىن قورقۇپ، ئەندىشە قىلىپ تۇرىدىغان؛ يۈرىكى يوق، توخۇ يۈرەك، يۈرەكسىز: قورقۇنچاق ئادەم. // ـــ ۋاي قورقۇنچاقلار، ھازىرلا بىگىسىمنى كۆرىسىلەر، ـــ دېدى ئەنۋەر.

**قورقۇنچاقلىق** ئى. قورقۇش خۇسۇسىيىتى؛ يۈرەكسىزلىك: پەخەس بولۇش ھېچقاچان قورقۇنچاقلىق ئەمەس. * ئۇلار ئۆزىدىكى قورقۇنچاقلىقىنى پاراسەت، پىشىپ يېتىلگەنلىك دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

**قورقۇنچلۇق** سۈپ. ۋەھىمىلىك؛ خەۋپلىك، خەتەرلىك: ئۇ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنىدى.

**قورما** ئى. دىيال. كەپتەر قاتارلىقلارنىڭ قونۇشى ئۈچۈن ئۆگزە، ھويلا قاتارلىق جايلارغا توغرا قويۇلغان بادرا ياغاچ، قونداق.

**قورمال** ئى. ۋاڭلىق تۈزۈمىدە دورغىنىڭ قول ئاستىدا ئاشلىق، تېرىلغۇ، ئورمان، ئۇلاغ ـ ھايۋانلارنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان كىشى.

**قورماللىق** ئى. قورمالغا يۈكلەنگەن ۋەزىپە.

**قورۇ** ① ئى. ھويلا ۋە ھويلا ئىچىدىكى ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. ② ئى. يايلاقلاردىكى ماللارنى سولاش ئۈچۈن ئەتراپى قورشالغان جاي، چوڭ قوتان: ئۇ ماللارنى ئۇتتۇر قورۇغا ھەيدەپ كەتتى. ③ مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: بىر قورۇ ئات. ئىككى قورۇ قوي.

**قورۇتماق** I «قورۇماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ كۆپىنچە ئايالىغا تۇخۇم سەي قورۇتۇپ يەيتتى.

**قورۇتماق** II «قورۇماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قورۇتماق** III «قورۇماق III» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قورۇ ـ جاي** ئۆي ـ زېمىن؛ ئۆي ۋە ھويلا قاتارلىقلار.

**قورۇداش** ئى. بىر قورۇدا ئولتۇرغۇچى.

**قورۇشماق** I «قورۇماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىزلار بىردەمدىلا تۆت ـ بەش تەخسە سەي قورۇشتى.

**قورۇشماق** II «قورۇماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قورۇشماق** III «قورۇماق III» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئىككىسى ئۆيدىكى چىۋىنلەرنى قورۇشۇپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى.

**قورۇق** I ① ئى. ئورۇقلاش، گۆشى ياكى سۈيى قېچىش، قېرىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن نەرسىلەرنىڭ سىرتقى يۈزىدە ھاسىل بولغان پۈرۈم، سىزىق؛ قورۇلۇپ قالغان جاي: دەرد قورۇقى كېتەر، ئاچ قورۇقى كەتمەس (ماقال). ② سۈپ. كۆچمە. قورۇلۇپ قالغان، ئورۇق ھەم ۋىجىك، جانسىز، ئاجىز: ئېشىكىڭ ئورۇقتۇ، تاز؟ يا كىچىك، قورۇقتۇ، تاز؟

**قورۇق** II ئى ① ئۆي ـ ئىمارەتلەر سېلىنغان، دەل ـ دەرەخ، باغىبار ئىگىلىق دېھقانچىلىق مەيدانى؛ ئېكىنزار. ② ئېكىنزار ياكى باغ، ھويلا ـ ئارام قاتارلىقلارنى سىرتتىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن سېلىنغان نىسبەتەن پاكار تام: قىزىم چىم بىلەن قوپۇرۇلغان پاكار قورۇقتىن بېشىنى چىقىرىپ ماڭا قاراپ قاقاقلاپ كۈلدى.

**قورۇق** III ئى. ئات، ئۇلاغلارنى تۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان، ئۇزۇن بىر تال ئىنچىكە ياغاچنىڭ ئۇچىغا ھالقا شەكلىدە ئارقان بېكىتىلگەن سايمان: ئۇلار ئەڭ ئالدى بىلەن قىرقىلىدىغان ياكى پىچىلىدىغان يىلقىنى سالما ياكى ئۇزۇن قورۇق بىلەن تۇتاتتى.

**قورۇقچى** ئى. قوغدىغۇچى؛ ئامانلىقىقا، بىخەتەرلىككە مەسئۇل بولغۇچى خادىم؛ ساقچى.

**قورۇقچىلىق** ئى. قورۇقچىغا بېرىلگەن ۋەزىپە؛ قوغدىغۇ ـ چىلىق: قورۇقچىلىق قىلماق.

**قورۇقداتماق** «قورۇقدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قورۇقدالماق** «قورۇقدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قورۇقدىماق** پ. قوغدىماق، ھىمايە قىلماق: بۇ قىممەت باھا ـ لىق تاشلار سېلىنغان ساندۇقلارنى يۈزلەپ لەشكەر قورۇقداپ كەلمەكتە ئىدى.

**قورۇقسىز** I سۈپ. قورۇق يوق، قورۇق چۈشمىگەن، قورۇق پەيدا بولمىغان: كېرىم ئۇنىڭ قورۇقسىز، ئالمىدەك پاك يۈزىگە قاراپ ئولتۇراتتى.

**قورۇقسىز** II سۈپ. قورۇق توسۇلمىغان، قورۇق تېمى يوق.

**قورۇقلاتماق** «قورۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قورۇقلۇق** I سۈپ. قورۇپ تەييارلانغان، قورۇلغان: سەيلەر قورۇقلۇق، ھەممە نەرسە تەييار ئىدى. //ئۇ قازاندا قورۇقلۇق تۇرغان گۆشلۈك لازا سەينى كۆرۈپ، دەرھال ئايالى كەلگۈچە ئۈچ رومكا قېقىـ ۋېلىش نىيىتىگە كەلگەنىدى.

**قورۇقلۇق** II سۈپ ① قورۇقى بار، قورۇققا ئىگە: ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى جاپالىق ئىشلەپ قورۇقلۇقمۇ بولۇپ قالغانىدى. ② قورۇق تېمى بار، قورۇق تام توسۇلغان.

**قورۇقلىماق** پ. قوغدىماق، ھىمايە قىلماق: بۇ توغراقلار گويا ھەيۋەتلىك قامىتى بىلەن مازارنى قورۇقلاۋاتقانغا ئوخشايتتى.

**قورۇل** ئى ① مىلتىق قاتارلىق قوراللارغا ئورنىتىلغان نىشاننى قارىغا ئېلىش قۇرۇلمىسى: پەمسىز باتۇرلۇق ـــ قورۇلى يوق مىلتىق (ماقال). ② ئۆتكەن ـ كەچكەننى كۆزىتىش ـ تەكشۈ ـ رۈش پونكىتى؛ چازا: قورۇلدىن ئۆتمەك. ③ كۆچمە. زەربە بېرىش، ئۆچ ئېلىش، قىساس ئېلىش ئوبيېكتى، نىشانى: قورۇلغا ئالماق.

**قورۇلتاز** ئى <زوئول> مادار، قۇماي.

**قورۇلگاھ** ئى. چېگرا، يول ياكى ئۆتەڭلەردىكى تەكشۈرۈش، كۆزىتىش پونكىتلىرى قۇرۇلغان جايلار.

**قورۇلماق** I «قورۇماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلار ياغدا قورۇلغان بېلىقنى قەلەمچە قىلىپ توغرالغان كۆك پىياز بىلەن ھازىرلايتتى.

**قورۇلماق** II «قورۇماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ ئۆتۈكنى كىيىپ ئون قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا پۇتلىرى قورۇلۇپ ئاغرىشقا باشلىدى.

**قورۇم** I مىق. مەلۇم قېتىم قورۇشقا بولىدىغان: بىر قورۇم سەي.

**قورۇم** II ئى. قورشاۋ، ئىسكەنجە: قورۇمغا ئالماق. قورۇمدا قالماق.

**قورۇما** ① سۈپ. قورۇلغان ياكى قورۇلىدىغان: قورۇما چۆچۈ ـ رە. قورۇما كاۋاپ. ② ئى. مايدا قورۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان يېمەكلىك، سەي: كېيىن ئىچىملىكلەر ۋە قورۇمىلار كەلتۈرۈلدى.

**قورۇماق** I پ. كۆكتات، گۆش قاتارلىقلارنى قازاندا قىزدۇ ـ رۇلغان ياغقا سېلىپ، ئۇ يان ـ بۇ يان ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ، ئارىلاش ـ تۇرۇپ پىشۇرماق: پولۇ قورۇشتىن، شورپا سورۇشتىن (ماقال).

**قورۇماق** II پ. قىستىماق؛ يىغماق؛ قىسىپ مۇجۇماق، سىقماق: ئۆتۈك پۇتۇمنى قورۇپ ئاغرىتىۋەتتى.

**قورۇماق** III پ ① ھىمايە قىلماق، قوغدىماق: باغنى قورۇماق. قوغۇنلۇقنى قورۇماق. ② قۇش، چىۋىن، پاشا ۋە شۇ قاتارلىقلارنى ھەيدەپ يىراقلاشتۇرماق، قوغلىماق: چىۋىن قورۇماق.

**قورۇمچىلىق** I ئى <يېم> قورۇما قورۇشنى ئاساس قىلغان ئاشپەزلىك ھۈنىرى، كەسپى: بۇ ئۈچ يىلدىن بۇيان، بالىنىڭ قورۇ ـ مچىلىقتا خېلى قولى كېلىپ قالدى.

**قورۇمچىلىق** II ئى. قامال قىلىش، چەكلەش، تىزگىنلەش: ئىنسانىيەتنىڭ مۆجىزىلىرىگە كەڭ ـ كۇشادە نەزەر سېلىشتىن مەھرۇم ھالدا قورۇمچىلىقنىڭ ئىسكەنجىسىدە روھى قاغجىراۋاتقان ئادەم ئۈچۈن پەقەت كىتابلا كۆزنەكلىك رول ئوينايدۇ.

**قورۇنغاق** سۈپ. ئوڭايلا قورۇنىدىغان، قورۇنىدىغان بولۇپ ئادەتلەنگەن، تارتىنچاق: بالىلىق دەۋرىڭىزگىچە قىلچە ئەنسىرىمەي ئەسلەۋەرسىڭىز، سىزنى تەدرىجىي قورۇنغاق قىلىپ قويغان ھەقىقىي سەۋەبنى ھامان تاپالايسىز.

**قورۇنماق** پ. ئوڭايسىزلانماق، تارتىنماق؛ ئازادە، ئەركىن بولالماي قالماق: ئابدەم قورۇنۇپراق ئاتقا يېقىنلاشتى.

**قوزا** ئى <زوئول> قوينىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىسى.

**قوزا چۇش** ئاشۋاقتىدىن كېيىنكى، چۈشتىن بۇرۇنقى، چۈشكە يېقىن ۋاقىت.

**قوزىنى پوزا قىلماق** ئۇزۇن ۋاقىت جاپالىق ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق ئاز نەرسىنى كۆپەيتمەك: ـــ بالام، ـــ دېدى ئانىسى، ـــ سەن قوزىنى پوزا قىلىپ بولغۇچە مەن بارمۇ، يوق، بىرنېمە دەپ بولمايدۇ.

**قوزام** ئى. كىچىك بالىلارنى ئەركىلىتىش ئۈچۈن قوللىنى ـ لىدۇ: ئەللەي، قوزام، ئومىقىم، شېرىن ـ شېكەر تاتلىقىم.

**قوزا ـ ئوغلاق** قوزا ۋە ئوغلاق: يېڭى تۇغۇلغان قوزا ـ ئوغلاقلارنىڭ تىمەنلىكىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ هاردۇقى چىقىپ قالاتتى.

**قوزغاتقۇچ** ① سۈپ. قوزغىتىش رولىنى ئوينايدىغان، قوزغىتىدىغان: قوزغاتقۇچ دورا. قوزغاتقۇچ ئېنېرگىيە. ② ئى <فىز> يالتىراق لامپىنىڭ ئوت ئالدۇرۇش دېتالى. ئادەتتە يالتىراق لامپىنىڭ قوزغىتىش توك يولىغا ئۇلىنىدۇ. ئىچىگە مېتالدىن ياسالغان ئىككى تال ئىسسىقلىق پلاستىنكىسى ۋە بىر دانە كوندېنساتورنى قاچىلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

**قوزغاتقۇچى** سۈپ. قوزغاش رولىنى ئوينىغۇچى.

**قوزغاتماق** «قوزغىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ مەسىلىدە كىتابخانىلارنىڭ پىكرىنى قوزغىتالىشىم تامامەن مۇمكىن.

**قوزغاشماق** «قوزغىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قوزغالما** سۈپ. قوزغىلىدىغان، بىر ئورۇنغا مۇقىم قىلىنمىغان، هەرىكەتچان.

**قوزغالماس** سۈپ. قوزغالمايدىغان: قوزغالماس غالتەك.

**قوزغالماق** ① «قوزغىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئەل قوزغالسا، تەخت قوزغىلار (ماقال). ② «قوزغىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: سائەت ئوندا ئاپتوبۇس يەنە قوزغالدى.

**قوزغىتىشماق** «قوزغاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قوزغىتىلماق** «قوزغاتماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: يېزىدىكى پۈتۈن كادىرلار ۋە ئامما تولۇق قوزغىتىلىپ، ئەتىيازلىق كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش هەرىكىتى داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلدى.

**قوزغىلاڭ** ئى. هاكىمىيەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلغان قوراللىق هەرىكەت، ئىنقىلاب؛ ئىسيان: قوزغىلاڭ كۆتۈرمەك. قوزغىلاڭنى باستۇرماق.

**قوزغىلاڭچى** ئى. قوزغىلاڭغا قاتناشقان، قوزغىلاڭ كۆتۈرگۈچىلەر تەرىپىدە تۇرۇپ هەرىكەت قىلغان كىشى: قوزغىلاڭچىلار ئەمدى قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا باش قاتۇرماقتا ئىدى.

**قوزغىلىشچان** سۈپ. قوزغىلىپ تۇرىدىغان، قوزغىلىدىغان: قوزغىلىشچان هالەت.

**قوزغىلىشچانلىق** ئى. قوزغىلىش خۇسۇسىيىتى: قوزغىلىشچانلىقى كۈچلۈك.

**قوزغىماق** پ ① ئەسلىي ئورنىدىن يۆتكىمەك، مىدىرلاتماق، هەرىكەتلەندۈرمەك: هارۋىنى قوزغىماق. ئورنىدىن قوزغىماق. ② كۆچمە. بىرەر پائالىيەت ياكى هەرىكەتكە ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەر قىلماق؛ ئاتلاندۇرماق، هەرىكەتلەندۈرمەك: ئۇلار بازار ئىچىدىكى ئىدارە ـ جەمئىيەت ۋە ئاهالىلەرنى ئۇجمە كۆچىتى تىكىشكە قوزغىدى. ③ كۆچمە. پەيدا قىلماق، مەيدانغا كەلتۈرمەك؛ تۇغدۇرماق، سادىر قىلماق: مۇنازىرە قوزغىماق. ④ كۆچمە. يەنە قايتا يۈز بەرگۈزمەك، سادىر قىلماق، قايتىلاتماق، تۇتماق (كېسەل قاتارلىقلار هەققىدە): كېسىلىنى قوزغاپ قويماق. ⑤ كۆچمە. يېڭىدىن ئەسكە سالماق، يېڭىدىن تىلغا ئالماق، يېڭىدىن ئەسكە سېلىپ ياكى تىلغا ئېلىپ، كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلماق، يېڭىلىماق (ئۇنتۇلۇپ كەتكەن كۆڭۈلسىزلىك ياكى كۆڭۈلسىز مەسىلىلەر هەققىدە): بۇلارنىڭ هەممىسى ئۇنىڭ ئۇنتۇلۇپ قالغان نۇرغۇن قايغۇلۇق ئەسلىمىلىرىنى قوزغايدۇ. ⑥ كۆچمە. ئۆزى تەرەپكە بۇرىماق، تارتماق، قاراتماق (دىققەت ـ ئېتىبار قاتارلىقلار هەققىدە): دىققىتىنى قوزغىماق.

**قوزۇق** ئى. يەر ياكى تام قاتارلىقلارغا قېقىش ئۈچۈن تەييارلانغان ئۇچى ئۇچلۇق ياغاچ ياكى تۆمۈر تاياقچە: ئات ئايلىنىپ قوزۇقنى تاپار (ماقال).

**قوزۇقلۇق** سۈپ ① قوزۇق بار، قوزۇق قېقىلغان، قوزۇق بېكىتىلگەن. ② قوزۇق ئۈچۈن تەييارلانغان؛ قوزۇق قىلىسا بولىدىغان، مۇۋاپىق كېلىدىغان: قوزۇقلۇق ياغاچ.

**قوزۇقباغ** ئى [ قوزۇق + باغ ] يىپ، تانا، ئارغامچا قاتارلىقلارنى يۇمىلاق هالقا شەكلىدە قىلىپ، ئىككى ئۇچىدىن تارتىپ چىگىتىدىغان بىر خىل باغلاش.

**قوزىچاق** ئى. كىچىك قوزا.

**قوزىقۇلاق** ئى [قوزا + قۇلاق] ← **پالەك**.

**قوزىلاتماق** «قوزىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قوزىلىق** سۈپ. قوزىسى بار، قوزا ئەگەشتۈرگەن: قوزىلىق قوي.

**قوزىلىماق** پ. قوزا تۇغماق: ئۇ ساغلىق قوزىلاپ بولۇپلا ئۆلۈپ قالدى.

**قوزىۋاي** ئى [قوزا + باي] <بوت> تاۋۇزنىڭ تەملىك، شېرىن بىر خىل سورتى. مېۋىسىنىڭ شەكلى سوزۇنچاق، تەكىيىگە ئوخشايدۇ.

**قوش** I سۈپ. جۈپ ياكى ئىككى: قوش ئەستەر. * دۆلەت كەلسە قوش كەپتۇ، بالا كەلمىسۇن (ماقال).

**قوش تىرناق** <تىل> كۆچۈرمە تەركىبلەرنى ئاپتور سۆزىدىن ئايرىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تىنىش بەلگىسى. بەلگىسى ( « » ).

**قوش چېكىت** <تىل> بايان قىلىنىدىغان بۆلەك ئالدىغا قويۇلىدىغان تىنىش بەلگىسى. بەلگىسى (: ).

**قوش يۆتەل** قاتتىق يۆتەلگەندە ئارقا تەرەپتىن يۆتەل بىلەن تەڭ ئىختىيارسىز چىقىپ كەتكەن غەيرىي ئاۋاز.

**قوش** II ئى. دېهقانچىلىقتا يەر هەيدەش، ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چىش، بوقۇسا، ساپان قاتارلىقلارنىڭ يىغىندىسى: قوشقا قاتماق. قوش هەيدىمەك. * ــ ئۇنداق بولسا، ئىككى قوش چىقىرىپ بىر كۈندىلا هەيدىۋەتسەك بولىدىكەن، ــ دېدى ئابدۇرېشىت.

**قوش چىقماق** تېرىلغۇ ئىشلىرى باشلانماق، تېرىلغۇ باشلىنىپ بولماق: جەنۇبىي شىنجاڭدا 2 ـ ئاينىڭ 20 لىرىدىن كېيىن قوش چىقىدۇ.

**قوش** III ئى ① هەربىي يۈرۈش ۋە كوللېكتىپ سەپەرلەردە ۋاقىتلىق تۇرالغۇ، قونالغۇ قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان جاي، قارارگاه، چېدىر. ② كارۋانلار يول يۈرۈپ توختىغان جايدا قونۇش ئۈچۈن ئېلىپ يۈرىدىغان كىگىز ئۆي، چېدىر: تۆگىچىلەر قوشى قاپچىغاينىڭ تۆۋىنىدىرەك ئىدى.

**قوش** IV ئى. دىيال. نور.

**قوشئاتار** ئى [قوش + ئاتار] قوش ئېغىزلىق، قوش ئاۋازلىق مىلتىق.

**قوشاق** I ① سۈپ. بىر ـ بىرىگە چېتىلغان، قوشۇلغان: بىر قوشاق ئۇلاغ. ② ئى. بىر ئارغامچا بىلەن ئۆزئارا چېتىلىپ باغلانغان ئۇلاغلار: ئۇلار قوشاقنى ئىككى قىلىپ قاسىمنىڭ خامىنىنى بوگۈنلا تېپىپ، سورۇپ ئېلىۋېلىشنى ئويلىشىۋاتاتتى.

**قوشاق** II ئى <ئەد> كۆپىنچە يەتتە بوغۇملۇق، تۆت

مىسرالىق بولىدىغان، رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك، سۆزلىرى ئاددىي، ئەمما جانلىق، ئوبرازلىق، ناخشا قىلىپ ئوقۇشقا ئەپلىك بىر خىل شېئىرىي ئەسەر: خەلق قوشاقلىرى. سادىر پالۋان قوشاقلىرى.

**قوشاقچى** ئى. قوشاق توقۇيدىغان ھەم قوشاق ئېيتىدىغان كىشى، قوشاق ئېيتقۇچى: ھەممىيلەن سۆيۈملۈك خەلق قوشاقچىسىنى قۇچاقلاشتى.

**قوشاقچىلىق** ئى. قوشاق توقۇش، قوشاق ئېيتىش ئىشى، كەسپى: تۈركلەرنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق قوشاقچىلىق، داستانچىلىق ئەنئەنىسى ھېلىمۇ كەڭ داۋام قىلماقتا.

**قوشاقداتماق** «قوشاقدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قوشاقداشماق** «قوشاقدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قوشاقدالماق** «قوشاقدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قوشاقدىماق** پ. بىر ـ بىرىگە چېتىپ قوشاق قىلماق: بىز ئۇلاغلارنى قوشاقداپ خامانغا قوشقۇدەك قىلىپ قويغانىدۇق.

**قوشام** ئى. دىيال ① دەرەخ ۋە يۇلغۇننىڭ شاخلىرى. ② دەرەخ ياكى يۇلغۇن شاخلىرىدىن قىلىنغان قاشا: ئەقلىمگە كەلسەم، ئۆيىمىز تۆت ئەتراپىنى قۇم دۆۋىسى قورشاپ تۇرغان، كىچىكرەك قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە يۇلغۇن شېخى بىلەن قوشام قىلىنىپ، سېغىز لايدا چاپلانغان ئۆي ئىدى.

**قوشتۇرماق** «قوشماق II » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئوغلىنى سىناش ئۈچۈن ئۇنىڭغا 56 گە 28 نى قوشتۇرۇپ كۆردى.

**قوشتۇرۇلماق** «قوشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھارۋىلار قوشتۇرۇلۇپ، بارلىق لازىمەتلىكلەر تەييار بولدى.

**قوش ـ جابدۇق** يەر تېرىغاندا لازىم بولىدىغان قوش ۋە باشقا تۈرلۈك لازىمەتلىكلەر؛ قوش ۋە جابدۇق: ئۇنىڭ دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئات ـ كالا ھەم قوش ـ جابدۇقلىرى، ھەتتا تۇخۇم تۇغۇپ بېرىدىغان بىرەر توخۇسىمۇ يوق ئىدى.

**قوشچى** ئى. تېرىقچىلىق مەزگىلىدە مەخسۇس قوش ھەيدەشكە بەلگىلەنگەن كىشى، قوش ھەيدىگۈچى.

**قوش ـ قوش** «قوش I » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: قوش ـ قوش كېلىۋاتقان ھەربىي ئاپتوموبىللىرىغا قاراپ بوۋايلارنىڭ يۈرىكى ئەنسىز دۈكۈلدەشكە باشلىدى.

**قوش ـ قوشلاپ** جۈپ ـ جۈپى ياكى توپ ـ توپى بىلەن، ئارقا ـ ئارقىدىن، ئۈزۈلمەي: بۈنداق قوش ـ قوشلاپ كېلىۋاتقان ئامەتلەر ئۇنىڭ بېشىنى ئاسمانغا تاقاشتۇرۇپ قويغانىدى.

**قوشقۇچى** سۈپ. قوشۇش رولىنى ئوينايدىغان، قوشىدىغان: قوشقۇچى توقۇلما.

**قوشكېزەك** ئى [قوش + كېزەك] ① بىرلا قېتىمدا ئارقا ـ ئارقىدىن تۇغۇلغان ئىككى كىچىك جانلىق (بوۋاق، قوزا قاتارلىقلار): قوشكېزەك تۇغماق. // قاسىم ئۇ قوشكېزەك قوزىلاردىن خەۋەر ئېلىۋاتاتتى. ② كۆچمە. ئايرىلماس يېقىن دوست، جۈپ، ھەمراھ، يولداش: ھەر ۋاقىتتا، ئۆز ئىشىمىزدا سۈرئەت بىلەن سۈپەت قوشكېزەك بولۇشى كېرەك.

**قوشلاپ** رەۋ. قوش قىلىپ، بىرلەشتۈرۈپ، قوشۇپ: قوشلاپ ئالماق.

**قوشلاپ ـ قوشلاپ** «قوشلاپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: خېمىر باتۇر يىرتقۇچلارنى قوشلاپ ـ قوشلاپ باغلاپ، بوۋاينىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ.

**قوشلاق** سۈپ ← **قوشماق** I : قوشلاق غوزا.

**قوشلىماق** پ. قوش ـ قوش قىلماق، كۆپەيتمەك، ھەسسىلىمەك: قوشلاپ دەرد كەلمەك.

**قوشما** سۈپ. ئۆزئارا بىرلەشكەن، قوشۇلغان ياكى بىرلەشكەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان: قوشما بايانات. ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى.

**قوشماق** I سۈپ ① ئوپمۇئوخشاش بىر جۈپ؛ بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ تۇرغان بىر جۈپ: قوشماق مېغىز. قوشماق نەشپۈت. ② كۆچمە. مۇناسىۋىتى بەك يېقىن، ئايرىلماس، جانجىگەر، ئۆزئارا ۋاپادار: قوشماق ئاداش بولماق.

**قوشماق** II پ ① <مات> قوشۇش ئەمىلىنى بېجىرمەك؛ جەملىمەك، جەم قىلماق: بىرگە ئىككىنى قوشسا نەچچە بولىدۇ؟ ② بىرەر نەرسىگە باشقا بىرنەرسىنى ئارىلاشتۇرماق ياكى سالماق: سۈتكە سۇ قوشماق. ③ پارچە ـ پارچە، ئالاھىدە مۇستەقىل بولغان نەرسىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلماق، بىرلەشتۈرمەك: قوشماق تەس، ئايرىماق ئاسان (ماقال). ④ كۆچمە. تەقدىم قىلماق، بېغىشلىماق، چىقارماق، سەرپ قىلماق: تۆھپە قوشماق. ⑤ ئاشۇرماق، كۆپەيتمەك، ئارتتۇرماق: خۇشاللىق قوشماق. ⑥ سالماق، چىقارماق (مەبلەغ، دەسمايە قاتارلىقلار ھەققىدە): مەبلەغ قوشماق. ⑦ كۆچمە. قوشۇمچە قىلماق؛ قىستۇرماق (پىكىر، گەپ ـ سۆز ھەققىدە): گەپ قوشماق. ⑧ ئات، ئېشەك قاتارلىق ئەمگەك ھايۋانلىرىنى ھارۋا، قوش، چانا قاتارلىق ئەمگەك ياكى قاتناش بۇيۇملىرىغا بەلگىلىك قائىدە بويىچە جايلاشتۇرماق، تىركىمەك، قاتماق: ئاتنى ھارۋىغا قوشماق. ⑨ توقۇماق، ئۆزى ئىجاد قىلىپ ئوقۇماق، يازماق، تۈزمەك (قوشاق ـ نەزمىلەر ھەققىدە): قوشاق قوشماق. ⑩ بىرگە ئىشلەش، بىرگە ھەرىكەت قىلىش ياكى ھەمكارلىشىش، ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن بەلگىلىمەك، ماڭدۇرماق؛ ھەمراھ قىلماق، شېرىك قىلماق: ماقۇل كۆرسەڭ كارۋانلارغا قوشۇپ قوياي، بىللە كەتكىن. ⑪ ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋىتىنى ئورناتقۇزماق، مەڭگۈلۈك ھەمراھ قىلماق، بىر ياستۇققا باش قويدۇرماق، ئەر ـ ئايال قىلماق: تەقدىر بىزنى بىر يەرگە ئەكېلىپ بىر ـ بىرىمىزگە قوشۇپ قويدى.

**قوشنا** ① ئى. ئۆي ـ جايى يېقىن، يانمۇيان، يانداش بولغان كىشىلەر؛ ئۆيىگە يانداپ ئۆي سالغان ياكى ئۆيىنىڭ يېنىدىكى ئۆيدە ئولتۇرغان كىشى: يامانغا گۆردىمۇ قوشنا بولما (ماقال). ② ئى. تۈرلۈك ئىش ـ ئەمگەك ۋە پائالىيەتلەردە ئۆزئارا يانمۇيان، يېقىن يەردە ئىشلىگۈچىلەر، ئىش ئورنى يانمۇيان بولغان كىشىلەر. ③ سۈپ. يانمۇيان تۇرغان، جايلاشقان، چېگراداش، بىر ـ بىرىگە يېقىن: يېغىندا قوشنا يېزا ـ كەنتلەردىن كەلگەنلەرمۇ بار ئىدى.

**قوشنا ـ قولۇم** ← **قولۇم ـ قوشنا**.

**قوشنىچىلىق** ئى ← **قوشنىدارچىلىق**: قوشنىچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلماق.

**قوشنىدارچىلىق** ئى. قوشنىلىق مۇناسىۋىتى، قوشنىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت: قوشنىدارچىلىق قىلماق.

**قوشنلىق** ئى ← **قوشنىدارچىلىق**: نەدىن بىلسۇن قوشىنىلىق، قۇدىلىقتا كۆچكەننى! قىزنىڭ چېچى يىگىتكە سالما بولۇپ چۈشكەننى؟!

**قوشۇش** ئى ① جەملەش، بىرلەشتۈرۈش. ② <مات> قوشۇش ئەملى. ③ <فىز> خىمىيەۋى رېئاكسىيە ئارقىلىق تەركىبى ئاددىيراق بولغان ماددىنى تەركىبى مۇرەككەپ بولغان ماددىغا ئۆزگەرتىش.

**قوشۇشماق** «قوشماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھەممىسى تاپقان ـ تەرگەنلىرىنى قوشۇپ، يېڭى، كۆلىمى چوڭراق بولغان بىر سودا دۇكىنى ئاچماقچى بولۇشقانىكەن.

**قوشۇق** I سۈپ. قوشۇلغان، قوشۇپ قويۇلغان؛ بىرلەشتۈ-رۈلگەن؛ ئارىلاشتۇرۇلغان، سېلىنغان: قوشۇق نان.

**قوشۇق** II ئى. ئاش ـ تاماقلارنى يېيىش، ئىچىش ئۈچۈن ياغاچ ياكى مېتالدىن ياسالغان چۆمۈچسىمان سايمان.

**قوشۇقچى** ئى. قوشۇق ياساپ سېتىشنى كەسىپ قىلغان كىشى.

**قوشۇقچىلىق** ئى. قوشۇق ياساپ سېتىش ئىشى، كەسپى: بۇ بوۋاي ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى قوشۇقچىلىق قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

**قوشۇقسىمان** سۈپ. شەكلى قوشۇقنىڭ شەكلىگە ئوخشاپ قالىدىغان، قوشۇق شەكىللىك.

**قوشۇقلاپ** رەۋ. قوشۇق بىلەن، قوشۇققا ئېلىپ، قوشۇق ئارقىلىق: خەدىچە خانىم سۇنى ئىسسىتىپ قوشۇقلاپ بالىغا ئىچۈ-رۈشكە باشلىدى.

**قوشۇقلۇق** I سۈپ. قوشۇلغان، قوشۇپ قويۇلغان، بىرلەش-تۈرۈلگەن؛ ئارىلاشتۇرۇلغان: بىز كەلگەندە جەدە ئات ھارۋىغا قوشۇقلۇق تۇراتتى.

**قوشۇقلۇق** II سۈپ ① قوشۇق سېلىپ قويىدىغان، قوشۇق ساقلايدىغان: قوشۇقلۇق سېۋەت. ② قوشۇق ياسىلىدىغان، قوشۇق ياساشقا يېتىدىغان، قوشۇق چىقىدىغان: 15 قوشۇقلۇق كۆتەك.

**قوشۇقلىماق** پ. قوشۇق بىلەن ئالماق، ئۇسماق.

**قوشۇلدۇرماق** «قوشۇلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرى-جىسى: قېرىغاندا مېنى ئۇششاق بالىلارنىڭ ئارىسىغا قوشۇلدۇرۇپ نېمە قىلاي دەيسىز؟

**قوشۇلغۇچى** ① سۈپ. قوشۇلىدىغان: قوشۇلغۇچى سان. ② ئى <مات> ئۆزئارا قوشۇلىدىغان سانلارنىڭ ھەربىرى. مەسىلەن، a + b + c دىكى c ، a ، b لار قوشۇلغۇچىلاردۇر.

**قوشۇلما** سۈپ. قوشۇلغان، قوشۇلىدىغان: قوشۇلما ئاۋاز. قوشۇلما فىرونت.

**قوشۇلماق** ① «قوشماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. ② ماقۇل بولماق، رازى بولماق، ئۇنىماق: مەن سېنىڭ پىكرىڭگە قوشۇلمەن.

**قوشۇلۇشماق** «قوشۇلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارمۇ ئىلاجسىز ھاشارچىلار قاتارىغا قوشۇلۇشتى.

**قوشۇما** ئى. بۇرۇننىڭ ئۈستىدىكى، ئىككى قاش ئارىلىقى-دىكى ئورۇن: قوشۇمىسىنى تۈرمەك. // قوشۇما قاش.

**قوشۇمچە** ① سۈپ. بار، مەۋجۇت نەرسە، ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئۈستىگە قوشۇلىدىغان ياكى ئۇلارنى تولدۇر-دىغان: قوشۇمچە ئەمگەك. قوشۇمچە مەھسۇلات. ② ئى. قوشۇلى-دىغان، تولۇقلايدىغان نەرسە، ئىش ـ ھەرىكەت، سۆز ۋە شۇ قاتارلىقلار: نېرۋا ئاجىزلىقىنى داۋالاش ئاساسەن كېسەلنىڭ ئۆزد-گىمۇ باغلىق. دورا دېگەن قوشۇمچە. ③ ئى <تىل> سۆزنىڭ تومۇر ياكى ئۆزەك قىسمىغا قوشۇلۇپ، تۈرلەش ياكى سۆز ياساش رولىنى ئوينايدىغان ئېلېمېنت: سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇم-چە. سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە. ④ ئى. ئاساسلىق بولمىغان، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بۆلەك، تارماق، ئىش ـ ھەرد-كەت، نەرسە، ھادىسە قاتارلىقلار: سۇ چىقىرىش تومىسى ئاساس، تەڭشەش تومىسى قوشۇمچە. ⑤ ئى. كىتاب، لۇغەت قاتارلىقلاردىكى تېكىستنىڭ ئارقا تەرىپىگە بېرىلىدىغان ۋە تېكىست بىلەن ئالاقىدار بولغان ماقالە ياكى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى؛ ئىلاۋە. ⑥ رەۋ. ئاساسلىق ئىشنىڭ سىرتىدا، ئىشتىن سىرت: مال باقىمەن قوشۇمچە، قوتىنىمدا ئىككى ئۇي. ئۇنىدىن باشقا تۆت ئېشەك، ئىككى ئۆچكە، 30 قوي.

**قوشۇمچىسىز** سۈپ. قوشۇمچىسى يوق، قوشۇمچە ئۇلانمى-غان؛ قوشۇمچىدىن خالىي: بۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەسلىنى ھېچقانداق سىرتقى قوشۇمچىسىز ھالدا چۈشىنىشتىن ئىبارەت.

**قوشۇمچىسىزلىق** ئى. قوشۇمچىسى يوق ھالەت، قوشۇمچە قوشۇلمايدىغان ئەھۋال: ھازىر دۇنيادىكى نوپۇزلۇق تىللارنىڭ ھەممىسى قوشۇمچىلىق تىللار بولغاچقا، خەنزۇ تىلىمۇ ئۆزىدىكى قوشۇمچىسىزلىقتەك يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاپ، ئۆزىدە بىر قىسىم ئالدى ۋە كەينى قوشۇمچىلارنى پەيدا قىلدى.

**قوشۇمچىلىق** سۈپ. قوشۇمچىسى بار، قوشۇمچە ئۇلانغان، قوشۇمچە قوشۇلغان ياكى قوشۇلىدىغان: قوشۇمچىلىق تىل. ئالدى قوشۇمچىلىق سۆز بىرىكمىسى.

**قوشۇمچىلىماق** پ. قوشۇمچە قىلماق، قوشۇپ قويماق: — بۇ كىشى بىزنىڭ ھەمراھىمىز، — قىسقا چاچلىق، ئاق سېرىق ئادەم قوشۇمچى-لىدى.

**قوشۇن** ئى ① <ھەرب> قورallىق كۈچلەر توپى ياكى ئۇنىڭ مەلۇم بىر قىسمى؛ ئارمىيە. ② كۆچمە. مەلۇم ساھە ياكى مەلۇم مەسلەكتىكى كىشىلەرنىڭ تەشكىللىك رەۋىشتە شەكىللەنى-دۇرگەن سېپى، كوللېكتىپى؛ ساھە: ئىشچى ـ دېھقانلار قوشۇنى. زىيالىيلار قوشۇنى. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى.

**قوشۇۋا** ئى. دىيال. بىر خىل تاغ ئوتى. گۈلى چوڭ قوشۇق-تەك يوغان بولۇپ، قىپقىزىل ئېچىلىدۇ. چېچىكى يالاڭ (قوش ئەمەس)، يوپۇرمىقى تۆرۈكرەك (يۇمىلاقراق) كېلىدۇ. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ.

**قوغ** ئى. سامان، پاخال قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆيدۈرگەندە ھاسىل بولىدىغان چوغ: قىيامەت كۈنى دوزىخىيلار ئۈچۈن يەر چوغ، ئاسمان قوغ بولىدۇ.

**قوغاجاي** ئى <بوت> قىياق ئائىلىسىنىڭ بىر چوڭ ئۇرۇقدىشى، دۇنيادا 1500 — 2000 خىل تۈرى بار. ھەممىسى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق، زىچ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك.

**قوغداتماق** «قوغدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قوغداشماق** «قوغدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قوغدالماق** «قوغدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نېمىلا بولمىسۇن، ئىنقىلاب مېۋىسى قوغدىلىپ قالدى.

**قوغدانماق** «قوغدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى.

**قوغدىغۇچى** ئى. قوغداش ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن ياكى شۇنداق ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان كىشى: بۇ چاغدا قوغدىغۇچىلار تامامەن ھازىر بولۇپ بولغانىدى.

**قوغدىماق** پ. بىختەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلماق؛ ھىمايە قىلماق، مۇداپىئە قىلماق، يان باسماق: قەپەسنى ئۈچ ـ تۆتتەك قوراللىق ساقچى قوغداۋاتاتتى.

**قوغدىنىش** ئى. ئۆزىنى قوغداش: قوغدىنىش كىيىمى.

**قوغلاتماق** «قوغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇنداق قىلىپ پادىشاھ ئون نەچچە گۇناھكارنى ئايرىم بەلگە سېلىنغان ئون نەچچە كەپتەرنىڭ كەينىدىن قوغلىتىپ، تەرەپ ـ تەرەپلەرگە يولغا سېلىۋەتتى.

**قوغلاشماق** ① «قوغلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② بىرەر نەرسىنى ئىزدىمەك، شۇنىڭ ئارقىسىدا يۈرمەك: مەنپەئەت قوغلاشماق.

**قوغلاندى** ئى. جىنايەت، خاتالىق، سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن قوغلانغان، سۈرگۈن قىلىنغان كىشى؛ سۈرگۈن: قوغلاندى بولماق.

**قوغلانماق** «قوغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قوغلىغۇچى** سۈپ. قوغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، قوغلاپ زەربە بېرىدىغان، قوغلايدىغان: قوغلىغۇچى ئايروپىلان. قوغلىغۇچى پاراخوت.

**قوغلىما** سۈپ. قوغلايدىغان؛ قوغلاپ يۈرۈپ يورۇقلۇق چۈشۈرىدىغان (يورۇقلۇق، نۇر ھەققىدە): قوغلىما سېۋىت.

**قوغلىماق** پ ① قاچقان نەرسىگە يېتىشىش، ئۇنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن تېز سۈرئەت بىلەن ئارقىسىدىن ماڭماق، يۈگۈرمەك: قاچقانمۇ خۇدا دەيدۇ، قوغلىغانمۇ خۇدا دەيدۇ (ماقال). ② بىر ئورۇندىن باشقا بىر تەرەپكە ياكى جايغا ھەيدىمەك، سۈرمەك، مېڭىشقا مەجبۇر قىلماق، مەجبۇرىي ھالدا كەتكۈزۈۋەتمەك، سۈرگۈن قىلماق: تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپتۇ (ماقال). ③ بىرەر سەپتىن، قاتاردىن چېكىندۈرمەك، جازا بېرىپ قالدۇرماق، ھەيدىمەك، چىقىرىۋەتمەك: ئۇلار مەنسۇرنى پارتىيەدىن قوغلىدى. ④ سۈرۈشتۈرۈپ تېپىپ تۇتۇش ياكى شۇ نەرسىگە ئېرىشىش مەقسىتىدە ئىزدىمەك، جىددىي ئاختۇرماق: ئىز قوغلىماق.

**قوغۇشۇن** ئى <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Pb(Plumbum). كۈل رەڭ، يۇمشاق، ئەمما ئېغىر، سوزۇلۇشچانلىقى ئىگە، ئاسان ئوكسىدلىنىدۇ. قېتىشما، باتارېيە ۋە قېرىنداش ئۈچى قاتارلىقلارنى ياساشتا ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

**قوغۇشۇنلۇق** سۈپ. تەركىبىدە قوغۇشۇن بولغان ياكى قوغۇشۇن قوشۇلغان، سۈركەلگەن: قوغۇشۇنلۇق ئەينەك.

**قوغۇن** ئى <بوت> ① كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مېۋىسى ئۇزۇن ئېللىپىس شەكىلدىكى شىرنىلىك مېۋە بولۇپ، يۈزى سىلىق، تەمى تاتلىق، خۇش پۇراق كېلىدۇ. خىللىرى كۆپ بولۇپ، ئىستېمال قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**قوغۇن ـ تاۋۇز** قوغۇن ۋە تاۋۇز.

**قوغۇنچى** ئى. قوغۇن تېرىپ ئۆستۈرۈش ياكى ئۇنى ئېلىپ ـ سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى.

**قوغۇنچىلىق** ئى. قوغۇن تېرىش، ئۇنى ئېلىپ ـ سېتىش ئىشى، كەسپى: قومۇل ۋىلايىتىدىكىلەر يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قوغۇنچىلىقنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرغانلىقتىن، بۇ يىل قوغۇنلۇق كۆلىمى 60 مىڭ موغا يەتتى.

**قوغۇنخانا** ئى [قوغۇن + خانا] قوغۇن ـ تاۋۇز ۋە شۇ خىلدىكى مېۋە ـ چېۋىلەر ساقلىنىدىغان ئۆي: ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن قوغۇنخانىنىڭ ھاۋاسى تەڭشەلگەن بولۇپ، ئىچكىرىسىدىكى ئۆيگە تاۋۇز، ئوتتۇرىسىدىكى سەل چوڭراقىغا قوغۇن، يەنە بىرىگە ئالما، ئامۇت تىزىلغانىدى.

**قوغۇن ـ قاپاق** قوغۇن، قاپاق، تاۋۇز، كاۋىغا ئوخشاش پىلەك تارتىپ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەر.

**قوغۇنگۈل** ئى [قوغۇن + گۈل] <بوت> ← **سېسقىيار.**

**قوغۇنلۇق** ئى. قوغۇن تېرىلغان يەر: ئۇلار يۈگۈرۈپ دېگەندەك قوغۇنلۇققا كەلدى.

**قوغۇنلۇقنىڭ يولى** ئارىلىقى يېقىن، دائىم دېگۈدەك مېڭىپ تۇرىدىغان، بېرىپ ـ كېلىش ناھايىتى قولاي بولغان يول: ھازىر قەشقەر بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى دېگەن قوغۇنلۇقنىڭ يولى، غەم قىلمىسىلا، ئۈچ ـ تۆت كۈندە بېرىپ كېلىدۇ.

**قوقاس** ئى. ئۆچۈشكە ئاز قالغان، كۈل ئارىلاش كەلگەن چوغ.

**قوقاق** ئى <تېب> تېرە كېسىلى. بىر خىل ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كۆپىنچە كالپۇك ئەتراپىغا چىقىدۇ. بۇنىڭدا مەلۇم ئورۇن دەسلەپ قىچىشىپ، كېيىن سۇلۇق قاپارتقۇلار پەيدا بولىدۇ. ئىچىدە سۈزۈك سۇيۇقلۇق بولىدۇ، سەل ـ پەل ئاغرىتىدۇ، بىر ـ ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن قاقاچ باغلاپ، كېيىن ئۆزلۈكىدىن تۆكۈلۈپ كېتىدۇ.

**قوقىقى تۇتماق** تۇرۇپلا ئاچچىقلانماق، خاپا بولماق: ــ يەنە نېمىشقا قوقىقى تۇتۇپ قالدىكىنە، ــ دېدى پاتىمە پىچىرلاپ.

**قوقىقى قورۇماق** كەيپى بۇزۇلۇپ خۇشى كەتمەك، خۇيى تۇتماق، ئاچچىقى، خاپىلىقى كۆچەيمەك: ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا قوقىقىم قورۇپ، ئەرۋاھىم قىرىق گەز ئۇچىدىغان بولۇپ كەتتى.

**قوقاقلىق** ① سۈپ. قوقاق يارىسى چىققان، قوقاق باسقان. ② ئى. تۇرۇپلا ئاچچىقلىنىپ قالىدىغان خۇي، خاراكتېر.

**قوقانگۈل** ئى <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى خىلمۇخىل رەڭدە ئېچىلىدىغان، پۇراقسىز، ئوتسىمان ئۆسۈملۈك.

**قوقۇناق** ئى. خۇي، خاپىلىق، نارازىلىق، كۆڭۈلسىزلىك: قوقۇناقلىرى تۇتماق.

**قوڭ** ئى ① <ئانات> جانلىقلارنىڭ ئاشقازاندا ھەزىم بولۇپ بولۇنغان يېمەكلىك قالدۇقلىرىنى سىرتقا چىقىرىۋېتىش يولى. ئۇ ئىككى كاسا ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئادەتتە «چوڭ تەرەت يولى» «ئارقا تەرەت يولى»مۇ دېيىلىدۇ. ② مېۋە ـ چېۋە ۋە سەي ـ كۆكتاتلارنىڭ ساپاق تەرىپى: قوغۇننىڭ قوڭىنى ئېلىۋەتمەك. چامغۇرنىڭ قوڭىنى ئېلىۋەتمەك.

**قوڭى بوش** چىدامسىز، غەيرەت ـ شىجائىتى يوق، ئىرادىسىز: ــ ناھايىتى قوڭى بوش بالا بولۇپ قالدى بۇ، ــ دېدى بوۋاي ئوغلىدىن نارازى بولۇپ.

**قوڭى پوق** ئىش تېرىپ قويغان، مەسىلىسى بار، قىلمىشى بار: ــ باشلىقىمىزنىڭ قوڭى پوق، شۇڭا ئۇلارغا يول قويىدۇ، ــ دېدى ئارىدىن بىرى ئاستا ئۇنى شەرەتلەپ.

**قوڭى چىلىڭ** چىدامسىزلىق، بىر ئىشنى ئاخىرىغا ئېلىپ چىقمىغۇچە ھەرىكەتتىن توختىمايدىغان، ئىرادىلىك، غەيرەتلىك: ئۇنىڭ خېلى قوڭى چىلىڭ، بۇ ئىشنى جەزمەن بىر باشقا ئېلىپ چىقىدۇ.

**قوڭنى قويالماي قالماق** خاتىرجەملىكى، كۆڭۈل ئازادىلىكى بۇزۇلماق، تىنچسىزلانماق: كۆنلەردىن بىر كۈنى قىز قورساق كۆتۈرۈپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاۋۋالقى خوتۇنلىرى قوڭنى قويالماي قاپتۇ.

**قوڭنى كوچىلىماق** باشقىلارنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى ئىزدەپ يۈرمەك: — ۋىيەي، خەقنىڭ قوڭنى كوچىلىغۇچە، گېلىڭىزغا كىرگەن ئاشنى يەپ ئىشىڭىزنى قىلمامسىز! — دېدى ئايالى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

**قوڭالتاق** ① رەۋ. يالاڭ، ھېچقانداق بىر نەرسە يۆگىمەيلا، پايپاق ياكى پايتىمىسىزلا، يالىڭاچ ھالدا: ئۇ كالتا قونچلۇق ئۆتۈكنى قوڭالتاقلا كىيىپ تالاغا يۈگۈردى. ② ئى. ھېچقانداق ئىقتىسادىي كۈچى يوق، نامرات ئادەم، يالاڭ تۆش: — بۇ خۇلاسە خاتا، — ھىممىت يەنە ئولتۇرالمىدى، — ھاشىم - پاشىم دەيدىغان قوڭالتاقلارنى ماڭا چېتىشقا بولمايدۇ. ③ سۈپ. ئىقتىدارسىز، يارامسىز: — غادىيىۋەرسەڭ، ساتتار چوڭ داداڭدەك قوڭالتاق باشلىق بولۇپ قالىسەن، — دېدى ئايال ھاسىراپ تۇرۇپ.

**قوڭچى** ئى. «قوڭنى ساتىدىغان، پەس، ناكەس» دېگەن مەنىدىكى تىل - ھاقارەت سۆزى.

**قوڭغۇراق** ئى ① سىلكىنگەندە ئىچىدىكى تىلى يانلىرىغا تېگىپ ئاۋاز چىقىرىدىغان كونۇس شەكلىدىكى مېتال ئەسۋاب: ئارقا تەرەپتىن ھارۋا قوڭغۇراقلىرىنىڭ شوخ جاراڭلىشى ئاڭلاندى. ② ئاۋاز چىقىرىپ سىگنال بېرىدىغان ھەرقانداق ئەسلىھە؛ سىگنال: تېلېفون قوڭغۇرىقى.

**قوڭغۇراقباش** ئى [قوڭغۇراق + باش] <بوت> ① مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن. يوپۇرمىقى يىپسىمان كېلىدۇ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى كۆك، بىنەپشە، ئاچ قىزىل ياكى ئاق رەڭلەردە بولۇپ، باشسىمان گۈل رېتىمدە، ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**قوڭغۇراقتىكەن** ئى [قوڭغۇراق + تىكەن] <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. ئېگىزلىكى 0.5 — 2 مېتىر. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمىقىنىڭ ئۇچىدا ئۇچلۇق كىچىك تىكىنى بار. تەگ يوپۇرمىقى ياكى يوپۇرماق ئوقى تىكەنگە ئۆزگەرگەن. گۈلى سۇس سۆسۈن. چوكا مېۋىسى ئېللىپىس شەكىللىك، كۆپكەن ھالەتتە بولىدۇ. ئىككى يېنىدا ئىچىگە ئويۇلغان ئېرىقچىسى بار، ئۇچىدا ئۇچلۇق تىكىنى بار. قۇرغاق، شورلۇق جايلاردا ئۆسىدۇ.

**قوڭغۇراقچى** ئى. مەكتەپ ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئورۇنلاردا قوڭغۇراق چېلىشقا مەسئۇل بولغان كىشى.

**قوڭغۇراقسىمان** سۈپ. قوڭغۇراققا ئوخشايدىغان، قوڭغۇراق شەكلىدىكى.

**قوڭغۇراقگۈل** ئى [قوڭغۇراق + گۈل] <بوت> ① قوڭغۇراقگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلىنىڭ شەكلى قوڭغۇراققا ئوخشايدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. يىلتىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، بەلغەم بوشىتىش ۋە يۆتەل توختىتىش رولىغا ئىگە. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**قوڭغۇراقلىق** سۈپ ① قوڭغۇرىقى بار، قوڭغۇراق ئاسقان: قوڭغۇراقلىق ھارۋا. قوڭغۇراقلىق ئىت. ② قوڭغۇراق ئېسىپ ئوينايدىغان: قوڭغۇراقلىق ئۇسسۇل.

**قوڭغۇز** ئى <زوئول> قالقان قاناتلىقلار ئەترىتىدىكى ھاشاراتلارنىڭ ئورتاق نامى. تېنىنىڭ سىرتىدا قاتتىق قېپى بولىدۇ. ئالدىنقى قانىتى مۈڭگۈز ماددىلىق، قېلىن ھەم قاتتىق؛ ئارقا قانىتى پەردىلىك.

**قوڭغۇزلىماق** پ ① قوڭغۇز پەيدا بولماق، كۆپەيمەك: ئىدىشنىڭ ئاستى قوڭغۇزلاپ كەتكەنىدى. ② قوڭغۇزغا ئوخشاش بۆرتۈپ چىقماق: مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ بېغى، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ قورۇسىدىكى ئۆرۈكلەرنىڭ غوللىرى قىزىرىپ، ئۇششاق شاخلىرىدىكى بوغۇملار غۇچچىدە قوڭغۇزلاپ، چېچەك ئېچىشقا ئالدىراۋاتاتتى.

**قوڭقا** ئى. ئېگەرنىڭ ئادەم ئولتۇرىدىغان ئويمان جايى.

**قوڭۇر** سۈپ. ئاز مىقداردا يېشىل بىلەن قىزىلنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ھاسىل بولغان، كۆرۈنۈشى دەرەخنىڭ پورىغا ئوخشاش، پور: قوڭۇر رەڭ.

**قوڭيوغان** ئى [قوڭ + ى + يوغان] <تېب> ← **چىيقان**.

**قول** ① ئى. ئادەم بەدىنىنىڭ بارماق ئۇچلىرىدىن يەلكىسىگىچە بولغان قىسمى، شۇ ئەزاسى. ② ئى. بارماق بىلەن ئالدىقانىنىڭ ئومۇمىي نامى؛ بارماق، پەنجە: قولى بىلەن ئېلىپ، پۇتى بىلەن بېرىپتۇ (ماقال). ③ ئى. ھايۋانلارنىڭ ئالدىنقى ئىككى ئايىغى: توشقان غانجۇغىغا باغلانغان ئالدى ئىككى قولىنى چىشى بىلەن چىشلەپ يەشمەكچى بولاتتى. ④ ئى. بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس خەت يېزىش ئۇسلۇبى ئىمزا: — بۇ سىنىڭ قولۇڭ بولماي كىمنىڭ قولى؟ — دېدى ئۇ. ⑤ ئى. ئىگىلىك، ئىلىك، تەۋەلىك، باشقۇرۇش، ئىختىيار: ياخشى خوتۇن ئەرنىڭ قولىدا (ماقال). ⑥ مىق. مىقدار سۆز بولۇپ كېلىپ «قېتىم، رەت، نۆۋەت، مەيدان» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: قارتىچىلار يەنە سەككىز - توققۇز قول ئوينىغاندىن كېيىن تارقىلىشتى.

**قول باغلاشماق** قارشى تەرەپ بىلەن بىرەر نەرسىنى شەرت قىلىپ ۋەدىلەشمەك؛ شەرتلەشمەك؛ تىكىشمەك: ئۇ دائىم بالىلار بىلەن قول باغلىشىپ نېنىنى ئۇتتۇۋالىدۇ.

**قول تارتماق** يانماق، چېكىنمەك، ۋاز كەچمەك، مۇناسىۋەتىنى ئۈزمەك: ئۇ يەنىلا بۇ ئىشتىن قول تارتمىغانىدى.

**قول تەگكۈزمەك** ① ئۇرماق، تۇتماق: زېۋىرشا نېمە قىلالىسۇن، بۇ ئايالغا قول تەگكۈزگىلى بولاتتىمۇ. ② ئوغرىلىماق: ئۇلار سابىرنى «ئامبارغا قول تەگكۈزدى» دېگەنگە ئىشەنمەيتتى.

**قول تۇتماق** كۆپ ۋاقىتنى ئالماق، ۋاقىت كەتمەك: قول تۇتىدىغان بەزى ئىشلار ئۇلارنى خېلى ئاۋارە قىلدى.

**قول تىقماق** ئارىلاشماق، بىۋاسىتە قاتناشماق: بۇ لەيلىگۈل بېيجىڭدىن كەلگەندىن كېيىن ئۆزى قول تىقىپ كۆيۈپ - پىشىپ ئىشلىگەن خىزمەت ئىدى.

**قولغا تۆكۈرمەك** غەيرەتكە كەلمەك، كۈچنى يىغماق.

**قولغا قول، پۇتقا پۇت بولماق** يېقىندىن يار دەملەشمەك، داۋاملىق خىزمىتىنى قىلماق: ئۇ مۇشۇ ئون نەچچە يىلدىن بېرى نۇردۇن ھاكىمنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ كېلىۋاتاتتى.

**قولغا يېقىن** ① ئىشلىتىشكە، پايدىلىنىشقا باب، ئەپلىك؛ ئاسانلا ئىشلەتكىلى، پايدىلانغىلى بولىدىغان: — بۇ قولغا يېقىن نەرسە، ئېلىۋالغىن، ئەسقېتىپ قالار، — دېدى بوۋاي ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ. ② كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، ئاسان تاپقىلى بولىدىغان: — بۇنى قولغا يېقىنراق يەرگە قويغىن، — دېدى ئۇ ماڭا پىچاقنى سۇنۇۋېتىپ.

**قولنى چىشلەپ قالماق** ئەپسۇسلانماق، پۇشايمان قىلماق، «خەپ» دەپ قالماق: — ئولتۇرۇۋېرىپ ئەتە - ئۆگۈن يەنە قولنى چىشلەپ قالىدىغان ئىش بولمىسۇن! — دېدى ئۇ بىزنى ئالدىرىتىپ.

**قولنىڭ كىرى** ئېتىبارى، ئەھمىيىتى يوق، ئەرزىمەس، قىممەتسىز نەرسە: پۇل دېگەن ئوغۇل بالىنىڭ قولىنىڭ كىرى.

**قولنىڭ ئۇچىدا** كۆڭۈل بۆلمەي، يۈزەلا، ئەھمىيەت - ئېتىبار بەرمەيلا، يۈزەكى: قولىنىڭ ئۇچىدا ئىشلىمەك.

**قولغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەسلىك** تەڭ كېلەلمەسلىك، ياندىشالماسلىق، ناھايىتى كۆپ ئارقىدا قېلىش ياكى تۇرۇش: ئابدۇللا قارىباي قولۇمغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ!

**قولى قىچىشماق** ئىش - ھەرىكەت قىلغۇسى كەلمەك، بىرەر ھەرىكەت قىلىش ئىستىكى قوزغالماق.

**قولى قىسقا** ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچار، كەمبەغەل: ئۆتكەندە قولۇم قىسقا بولغاچقا تويىمىزنى ۋاقتىدا قىلالمىدۇق.

**قولى كەڭ** سېخىي، مەرد: پىخسىق بايدىن قولى كەڭ كەمبەغەل مىڭ ئەۋزەل.

**قولى كەلمەك** بىرەر ھۈنەر - سەنئەتنى ئىگىلىمەك، ئۆگىنىپ قالماق، بىلىۋالماق.

**قولىنى يۇماق** بىرەر نەرسىدىن ئىخلاسى قايتىپ ئۇنى تاشلىماق، ئالاقىنى ئۈزمەك: بۇ ئىشتىن قولۇمنى يۇسام بولغۇدەك.

**قولى ئوچۇق** ھېچ نەرسىنى ئايىمايدىغان، پۇلنى دوست تۇتمايدىغان، سېخىي، مەرد: قولى ئوچۇقنىڭ يولى ئوچۇق (ماقال).

**قولى ئۇزارماق** ئىقتىسادىي كۈچ - قۇۋۋىتى، ھالى - كۈنى ياخشىلانماق: كېيىنچە سەل قولىمىز ئۇزارسا بىزمۇ يولنى قىلىۋالارمىز.

**قولى ئۇزۇن** پۇلى بار، ئىقتىسادى ياخشى: — تۇغرا ئېيتتىڭىز، — دېدى كەكساقال كولۇمسىرەپ، — نۇر ئاخۇننىڭ قولى ئۇزۇن، ئەمما ھازىر قولى يەتمەيدىغان بىر ئىشقا ھەۋەس قىلىپ قاپتۇ.

**قولى ئىچىگە ئېگىلمەك** ئۆز مەنپەئەتىگە تارتماق، يېقىنلىرىغا، بۇرادەرلىرىگە يان باسماق: قولى ئىچىگە ئېگىلمەيدىغان بەندە يوق.

**قولاشماق** پ. قاملاشماق، ماسلاشماق، ئەپلەشمەك؛ مۇۋاپىقلاشماق (كۆپىنچە يوقلۇق شەكلىدە كېلىدۇ): ئۇ سۆزلەشكە تەمشەلدى - يۇ، لېكىن ئاغزى گەپكە قولاشمىدى.

**قولاي** سۈپ. لايىق، مۇۋاپىق، ئەپلىك، ماس: زاھىدە مۇنداق قولاي پۇرسەتنى قولدىن بېرىشنى خالىمىغانىدى.

**قولايسىز** سۈپ. مۇۋاپىق بولمىغان، ئەپسىز، قاملاشمىغان، نالايىق: ئۇ يەرنىڭ قاتنىشى تولىمۇ قولايسىز ئىدى.

**قولايسىزلىق** ئى. قولايسىز، ئەپسىز ھالەت: ئۇنىڭ كېلىشى پاتەمگە نۇرغۇن قولايسىزلىقلارنى كەلتۈردى.

**قولايلاشتۇرماق** «قولايلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پەن - تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتى، يارىتىلغان غايەت زور ماددىي بايلىق ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى يۈكسەك دەرىجىدە قولايلاشتۇردى.

**قولايلاشتۇرۇشماق** «قولايلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قولايلاشتۇرۇلماق** «قولايلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قولايلاشماق** پ. قولاي بولماق، قولاي ھالەتكە كەلمەك، ئەپلەشمەك، مۇۋاپىقلاشماق: — ئەمدى ئىشلىرىمىز خېلى قولايلىشىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ موخوركىسىنى تۇتاشتۇرۇۋېتىپ.

**قولايلىق** ئى. قولاي، مۇۋاپىق بولغان شارائىت، ماس كېلىدىغان ئىمكانىيەت: ئۇلار دېھقانلارنىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن قولايلىق يارىتىپ بەردى.

**قول - ئاياغ** قول ۋە ئاياغ، قول - پۇت.

**قول - باش** قول ۋە باش: — مېنىڭ قول باشلىرىم سىرقىراپ ئاغرىپ تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ ئورنىدىن ئاستا تۇرۇۋېتىپ.

**قولباشچى** ئى [قول + باش + چى] تارس. باشلىق، رەھبەر، قوماندان: ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قولباشچىسى ئەخمەتجان قاسىمى شۇنداق دېگەن.

**قول - پۇت** قول ۋە پۇت.

**قولتارتقۇ** ئى [قول + تارتقۇ] بالىنى بۆشۈككە بۆلىگەندە، بالىنىڭ پۇت - قوللىرىنى تېڭىپ قويىدىغان ئۇزۇنچاق، كەڭ لاتا.

**قولتۇق** ① ئى <ئانات> قول بىلەن مۈرە تۇتاشقان جاينىڭ ئاستىنقى ئويمان قىسمى: قولتۇق پۇراش. ② ئى. كىيىملەرنىڭ شۇ جايغا توغرا كېلىدىغان قىسمى: چاپاننىڭ قولتۇقى. كۆڭلەكنىڭ قولتۇقى. ③ ئى <بىيول> جانلىق ئورگانىزملارنىڭ شۇ خىل شەكىلدىكى قىسمى: قولتۇق بېغ. ④ ئى. كۆچمە. دېڭىز، دەريا قاتارلىقلارنىڭ قۇرۇقلۇققا ئىچكىرىلەپ كىرگەن ياكى ئەگىلگەن قىسمى؛ كۆرپەز: دېڭىز قولتۇقى. دەريا قولتۇقى. ⑤ ئى. تاغ، ساي، توقاي، يار ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ قولتۇق شەكلىدىكى قىسمى: تاغ قولتۇقى. ⑥ مىق. ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ، نەرسىلەرنىڭ قولتۇققا قىسقۇدەك دەرىجىدىكى مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر قولتۇق ئوتۇن.

**قولتۇقىدىن تاۋۇزى چۈشۈپ كەتمەك** ئىشەنچى، ئۈمىدى يوققا چىقماق.

**قولتۇقىغا كىرىۋالماق** بىراۋنىڭ ئىشەنچىگە، ھىمايىسىگە، قانات ئاستىغا ئېلىشىغا ئېرىشىۋالماق، ھىمايىتىغا ئېرىشمەك: ئۇ ئىشاننىڭ قولتۇقىغا كىرىۋالدى، سۇلتان بولسا ئىشاننىڭ سۆزىنى رەت قىلالمايدۇ.

**قولتۇقتاياق** ئى [قولتۇق + تاياق] ① زەخىملەنگەن كىشىلەر قولتۇقىغا تىرەپ، تايىنىپ ماڭىدىغان، يۇقىرى تەرىپى قولتۇققا تىرەش ئۈچۈن مۇۋاپىق قىلىپ ياسالغان تاياق. ② كۆچمە. يانتاياق، چوماقچى: ھەسەن دېگەن ياسىن بەگنىڭ قولتۇقتايىقى ئىدى.

**قولتۇقلاتماق** «قولتۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھۇدەيچى بەگ بىر يىگىتكە ئون قولتۇقلىتىپ، قورغان بېگى بىلەن بىللە مۇداپىئەچىلەر يېنىغا چىقتى.

**قولتۇقلاشماق** «قولتۇقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كېيىم ـ كېچەك، ساز ـ پازلىرىنى قولتۇقلىشىپ، كۈلۈشۈپ كىرىپ كېلىشتى.

**قولتۇقلانماق** «قولتۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قولتۇقلىماق** پ ① قولتۇقىغا قىسماق، قولتۇقىغا قىسىپ كۆتۈرمەك: ھەدېسىلا كىتابقا قاراپ ئىش قىلىش ۋە ھەمىشە كىتابنى قولتۇقلىۋېلىش ياخشى ئىش ئەمەس. ② بىراۋنىڭ بىلىكىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالماق، قولتۇقىدىن ياكى بىلىكىدىن تۇتماق: رەيھان مەھمۇدنى قولتۇقلىۋالدى.

**قولتۇقماچ** ئى. دىيال. ئىككى قولتۇقتىن ئۆتكۈزۈشكە لايىق قىلىپ باغلانغان باغلاق. كۆپىنچە يۇدۇلىدىغان ئوتۇن شۇنداق باغلىنىدۇ.

**قولچوماق** ئى [قول + چوماق] باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشى، يېتەكلىشى، بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ يامان ئىش قىلىدىغان كىشى؛ غالچا: ئۇ ئۇلارنى تاشلاپ قويۇپ، قولچوماقلىرىنى باشلاپ ئۇخلىغىلى ماڭدى.

**قولچوماقچى** ئى ← **قولچوماق**: بۇ ئىش ئۇچۇن خۇشال بولۇۋاتقانلار ۋاڭ داخەنىنىڭ قولچوماقچىسى ئادىل قاتارلىق بىرنېمىلەر ئىدى.

**قولچوماقچىلىق** ئى. باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشى، يېتەكلىشى، بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ يامان ئىش قىلىش خاھىشى؛ غالچىلىق: قولچوماقچىلىق قىلماق.

**قولچىراغ** ئى [قول + چىراغ] قۇرغاق باتارېيەنى ئېلېكتىر مەنبەسى قىلىدىغان كىچىك تېپتىكى يورۇتۇش ئەسۋابى.

**قولداش** ئى ① قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدىغان، ياردەم قىلىدىغان، بىر نىيەتلىك كىشى؛ مەسلەكداش، پىكىرداش: يوقتۇر مېنىڭ قولداشىم، بۇ يېتىملىككە چارەم يوق.// ئاتاڭ شاھىمەردان مېنىڭ قولداش دوستۇم. ② توي كۈنى تويى بولغان يىگىت ياكى قىزنىڭ يېنىدا دائىم بىللە بولىدىغان كىشى، يېقىن دوستى: يىگىت قولدىشى.

**قولداشلىق** ئى. قولداش بولۇش ئىشى، بۇرچى: ئابدۇللا «ئۇنى قولداشلىقتا تەكلىپ قىلمىساممۇ بولغانىكەن» دەپ ئويلاپ تىت ـ تىت بولۇشقا باشلىدى.

**قولداما** ئى. تاماقنىڭ بىر خىل تۈرى. بۇنىڭدا خېمىر تىرناق چوڭلۇقىدا ئۈزۈلۈپ، چويلا ياكى ئاشتاختىغا يىمىرىلىش ئارقىلىق بىر يۈزىگە گۈل چىقىرىلىپ، سۇدا پىشۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سۈزۈۋېلىنىپ، سەي بىلەن بىللە قورۇلۇپ ياكى ئۈستىگە سەي سېلىنىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**قولدىماچ** ئى. دىيال. قولدا كۆتۈرۈشكە لايىق قىلىپ باغلانغان باغلاق: بالا كونا چامادان بىلەن چاققانغىنا يۈكنى ئېشەككە قولدىماچ قىلىپ ئارتتى، ئاندىن ھېكمەتنى ئېشەككە مىندۈرمەكچى بولدى، لېكىن ھېكمەت مىنگىلى ئۇنىمىدى.

**قولقا** ئى. ئارىيەت بېرىدىغان ياكى ئالىدىغان تۈرلۈك ئۆششاق ـ چۈششەك تۇرمۇش بۇيۇملىرى.

**قولقاپ** ئى [قول + قاپ] ← **پەلەي**.

**قولقاپلىق** سۈپ. قولقىپى بار، قولقاپ كىيگەن: قولقاپلىق ئادەم.

**قول ـ قانات** ① قول ۋە قانات. ② كۆچمە. يېقىن ياردەمچى، ھىمايىچى، ياردەم بەرگۈچى: ئۆز ئوغلۇمنى قول ـ قانات قىلسام، نېمىسى يامان بولىدىكەن؟

**قول ـ قولچە** ھەممە بىردەك ھەرىكەتكە كېلىپ: — بولۇڭلار، — دېدى بىر ئاقساقال تاماكا چېكىۋاتقان سابىرلارغا قاراپ، — ماۋۇ ئىشنى قول ـ قولچە تۈگىتىۋېتىپ، ئاندىن كەچكىچە ئولتۇرساقمۇ بولىدۇ.

**قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىمەك** قىزغىن قوللىماق، ھىمايە قىلماق: سېخ رەھبەرلىكى مۇنداق ئىلغار چارە ـ تەدبىرلەرنىڭ ئومۇملىشىشىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدۇ.

**قوللاتقۇزماق** ← **قوللاتماق**: بوش ئالبانىيە بىلەن بۇلغارىيەنى ئامېرىكىنىڭ مەيدانىنى قوللاتقۇزماقچى بولدى.

**قوللاتماق** «قوللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قوللاشماق** «قوللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەخمەتجاننىڭ پىكرىنى قوللاشتى.

**قوللانما** ئى ① بىرەر ئىش ـ پائالىيەت ياكى ھۈنەر ـ سەنئەتكە دەستۇر بولىدىغان ھۆججەت، كۆرسەتمە ۋە ياكى شۇ قاتارلىق نەرسىلەر: پايدىلىنىش قوللانمىسى. ② ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىدىغان ماتېرىيال؛ دەرسلىك كىتاب: ئۇ چاغدا تارىخ دەرسلىكىدە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا قوللانمىلار يوق ئىدى.

**قوللانماق** پ. ئىشلەتمەك، تەتبىقلىماق: ئۇلارغا مەدەت بېرىش سىياسىتىنى قوللىنىش لازىم.

**قوللۇق** ① سۈپ. قولى بار؛ قول بىلەن؛ قول بىلەن ئوينىلىدىغان: بىر قوللۇق ئىشلەتمەك. ئىككى قوللۇق قارتا. ② ئى. يارغۇنچاقنى قول بىلەن ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۈستۈنكى تاشقا بېكىتىلگەن قوزۇقسىمان ياغاچ تۇتقۇچ.

**قوللىماق** پ. ياقلاپ تەرىپىنى ئالماق، ھىمايە قىلماق، قۇۋۋەتلىمەك: ئايالىممۇ مېنىڭ بۇ ئىشىمنى قىزغىن قوللىدى.

**قوللىنىشچان** سۈپ. قوللىنىشقا بولىدىغان، ئەمەلىي قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە: ئۇلاردا تەتقىقات تېمىسىنىڭ ئىشلىتىشچان، ئەمەلىي قوللىنىشچان بولۇشى ئاساسىي مەقسەت قىلىنىدىكەن.

**قوللىنىشچانلىق** ئى. ئەمەلىي قوللىنىش قىممىتى، قوللىنىلىش خۇسۇسىيىتى: ئەسلىي «نىزام» ئاپتونوم رايوننىمىزنىڭ تىل ـ يېزىق خىزمىتىگە دائىر تۇنجى يەرلىك نىزام بولغاچقا، بەزى ماددىلار بىر قەدەر پىرىنسىپال، ئايرىم ماددىلار بىر قەدەر مۇجمەل بولۇپ، قوللىنىشچانلىقى كۈچلۈك بولماي قالغان.

**قوللىنىلماق** «قوللانماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئىشتا جىددىي تەدبىر قوللىنىلدى.

**قولمۇقول** ھەممە ھەرىكەتكە كېلىپ؛ بىرلىشىپ، يىغىلىپ: قولمۇقول تۇتۇش قىلماق.

**قولۇم ـ قوشنا** ئۆيلىرى بىر ـ بىرىگە يېقىن، ئۆزئارا باردى ـ كەلدى قىلىشىپ ئۆتكەن كىشىلەر، قوشنا: قولۇم ـ قوشنا ۋە جامائەتنىڭ ياردىمى بىلەن مېيىت ئۆز تېگىشلىك يەرلىككە قويۇلدى.

**قولۋاق** ئى ← **قېيىق** II : قولۋاق تەنھەرىكىتى.

**قولۋاقچى** ئى. قولۋاق ھەيدەيدىغان كىشى.

**قولۋاقچىلىق** ئى. قولۋاق ھەيدەش ئىشى، ھەرىكىتى.

**قولىچە** رەۋ. قولى بىلەن، قولى ئارقىلىق: نازارى يازدى بۇيرۇقنى قولىچە، زوھورىدىن باستى ئاڭا مۆھۈرچە.

**قولىدا** رەۋ. ئىلكىدە، ئىگىلىكىدە، باشقۇرۇشىدا؛ ھىمايە-

سىدە: مۇرات ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىك قېلىپ، ئاچىسىنىڭ قولىدا چوڭ بولدى.

**قول ـ ئىلىك** قول ۋە ئىلىك؛ ھال ـ كۈن.

**قول ـ ئىلكىدە بار** ھال ـ كۈنى ئوبدان، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى؛ باي.

**قول ـ ئىلكىدە يوق** ھال ـ كۈنى ناچار، كەمبەغەل، نامرات.

**قوليازما** ئى [قول + يازما] <ئەد> بىرەر ئەسەرنىڭ قول بىلەن يېزىلغان ئەسلىي نۇسخىسى، ئارگىنالى.

**قولياغلىق** ئى [قول + ياغلىق] تەر، يۈز ـ كۆز ۋە قولنى ئېرتىش ئۈچۈن بىللە ئېلىپ يۈرىدىغان كىچىك چاسا شەكىللىك ياغلىق، توقۇلما.

**قوماچ** ئى. بۇغداي بىلەن كەندىرنى قازاندا قورۇپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل يېمەكلىك: ئۇلار يولغا دەپ بىر خالتىدىن قوماچ ۋە تالقان قورۇۋالغانىدى. // بىر ياقتا ئانار قويدۇم بىر ياقتا توغاچ. شۇ يارىمنىڭ دەردىدە يۈرىكىم قوماچ.

**قوماندا** ئى. ئاغزاكى بۇيرۇق، كوماندا: ياش ئىسيانچىلار تۇرسۇننىڭ قوماندىسى بويىچە سادىق ۋە مۇسا دېھقاننى جەڭ ئولجىسى سۈپىتىدە ئالدىغا سېلىپ، ناھىيەگە ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ يولغا چىقتى.

**قوماندان** ئى [فىران] ① چوڭ ھەربىي قىسىم ياكى قوشۇننىڭ باشلىقى. ② ئومۇمەن ھەرقانداق ئاممىۋى پائالىيەتلەرنىڭ باش يېتەكچىسى، كوماندىر.

**قوماندىسىز** سۈپ. قوماندانى يوق، قوماندانىدىن ئايرىلغان: قوماندانسىز قالغان ئوسمان ئارمىيەسى بىردىنلا ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن. دەل مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە مۇراتنىڭ ئوغلى بايازىت كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، قوشۇننى باشلاپ دۈشمەننى چېكىندۈرگەن.

**قوماندانلىق** ئى. بىرەر ھەربىي قوشۇن ياكى ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىش ئىشى، ۋەزىپىسى: قوماندانلىق قىلماق.

**قومدۇ** ئى. تارس. ئوقيانىڭ ئوقىنى سالىدىغان ئوقدان.

**قومۇرتماق** «قومۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قومۇرماق** پ ① مەلۇم بىر نەرسىنى كۆمۈلگەن ياكى ئورنىتىلغان جايىدىن تارتىپ چىقارماق، يۇلۇپ ئالماق: ئۇ ئىككى پارچە يوغان خىشنى قومۇرۇۋەتتى. ② كۆچمە. بىراقلا قولغا كىرگۈزمەك، بىراقلا قولغا چۈشۈرمەك، ئالماق: شۇ چاغدا گېپىمگە كىرگەن بولساڭ، ھېچ بولمىسا 2000 يۈەننى قومۇراتتۇق.

**قومۇرۇشماق** «قومۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كۆچەتلەرنى قومۇرۇشۇپ ماشىنىلارغا بېسىشتى ـ دە، ئورماندىلىق پونكىتىغا قاراپ كەتتى.

**قومۇرۇلماق** ① «قومۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: گىردىلەر قومۇرۇلدى. ② قوزغالماق، ھەرىكەتكە كەلمەك، ئاتلانماق ( ئادەم قاتارلىقلار ھەققىدە): بۇ توي ئۈچۈن پۈتۈن قەشقەرلىكلەر قومۇرۇلدى دېسىمۇ بولاتتى.

**قومۇش** ئى <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. كۆپىنچە سۇ بويىدا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى تۆمۈنە شەكلىدە، غولىنىڭ ئىچى كاۋاك. غولىدىن بورا توقۇغىلى ياكى قەغەز ياسىغىلى بولىدۇ.

**قومۇشچىلىق** ئى. قومۇش ئوروپ سېتىش ئىشى: قومۇشچىلىق قىلماق.

**قومۇشزار** ئى ← **قومۇشلۇق**.

**قومۇشزارلىق** ئى ← **قومۇشلۇق**: ئۇلار ئاساسلىقى شېكەر قومۇشزارلىقىدا ئىشلىدى.

**قومۇشسىز** سۈپ. قومۇش يوق، قومۇش ئۆسمىگەن: قومۇشسىز كۆل.

**قومۇشلۇق** ئى. قومۇش ئۆسكەن يەر، جاي: قومۇشلۇققا بارماق.

**قوناق** I ئى <بوت> ئاق قوناق ۋە كۆممىقوناق قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ ئورتاق نامى.

**قوناق** II ئى ① بىرەر جايغا، بىركىمنىڭ ئۆيىگە قونۇش ئۈچۈن كەلگەن ياكى چۈشكەن مېھمان؛ يولۇچى: ئەمدى ئۇ ئەزىمەتلەرنى قوناققا چاقىرساق بولارمۇ؟ ② تۈنەيدىغان ئورۇن، قونىدىغان، قونۇپ ئۆتىدىغان جاي، قونالغۇ: قوناق تۇتۇپ ياتماق.

**قوناقگۈل** ئى [قوناق + گۈل] <بوت> قوناقگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى چوڭ، ئۇزۇن، ئېلىپىس شەكلىدە بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرماق تومۇرى پەيسىمان بولىدۇ. گۈلى قىزىل ياكى سېرىق، ئومۇم گۈل رېتىدە كېلىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**قوناقلىق** ① سۈپ. قوناق تېرىلغان، قوناق ئۆستۈرۈلگەن: قوناقلىق ئېتىز. ② ئى. قوناق تېرىلغان، ئۆستۈرۈلگەن يەر، جاي ياكى ئېتىز، مەيدان: ماشىنا مەھەللىنىڭ چېتىدىكى قوناقلىقنىڭ يېنىدا توختىدى.

**قونالغۇ** ئى. يولۇچىلار، سەپەرگە چىققانلار قونىدىغان، قونۇپ ئۆتىدىغان جاي: قونالغۇغا يەتمەك.

**قونالغۇلۇق** ئى. قونىدىغان، قونۇشقا بولىدىغان جاي: ئۇلار مۇشۇ ئۆڭكۈرنى قونالغۇلۇق قىلىپ بېكىتىشتى.

**قونچ** ئى. ئاياغنىڭ باشلىقىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان، پاقالچاققا كىيىلىدىغان قىسمى: ئاياغنىڭ قونچى قىستىماق.

**قونچاق** ئى ← **قورچاق**.

**قونچلۇق** سۈپ. قونچى بار، قونچ ئورنىتىلغان: قونچلۇق ئاياغ.

**قونچى** ئى. تارس. قەدىمكى خانىدانلىقلارنىڭ ئەسكەر تۇرغۇزىدىغان جايى: بەشكەنت دېگەن جاي سەئىدىيە خانىدانلىقى دەۋرىدە ئەسكەر تۇرغۇزىدىغان توققۇز قونچىنىڭ بىرى بولۇپ، ياركەنت شەھىرىدىن تەخمىنەن بىر كۈنلۈك يىراقلىقتا ئىدى.

**قونداق** ئى ① توخۇ، كەپتەر قاتارلىق قۇشلار قونۇش ئۈچۈن كۆندىلەڭ ئورنىتىلغان ئۇزۇن ياغاچ: توخۇنى كۆلچەككە ھەيدەپتۇ، ئۆردەكنى قونداققا (ماقال ). ② مىلتىق، ئاپتومات، پىلىموت قاتارلىق قوراللارنىڭ پۈتۈن قىسمىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ۋە ئاتقاندا يەلكىگە تىرەپ تۇرىدىغان قىسمى: مىلتىقنىڭ قوندىقى.

**قونداقچى** ئى <تارىخ> قورال ـ ياراغ ياسىغۇچى ھۈنەر ۋەن، كاسىپ: بۇ يەردە ياغاچچى، قونداقچى، ئوقچى، مىخگەر، قۇيمىگەر، شۇستىگەر، ئىلىم دۇز، زەردۇز، چېدىرچى، خىمگەر قاتارلىق ھەممە ئەھلى كەسىپ ۋە ئەھلى ھۈنەرۋەنلەر بار ئىدى.

**قونداقچىلىق** ئى <تارىخ> قورال ـ ياراغ ياساش كەسپى، ھۈنىرى: ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەرخىل دېھقانچىلىق كەسپىنى، دۆلەتنىڭ

تۆۋرۆكى بولغان ئارمىيەگە كىرەكلىك تۇرلۇك ھەربىي قورال ـ ياراغ، تۆخەڭ ـ مىلتىقلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان قونداقچىلىق كەسپىنى قىلىدىغانلارمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيتتى.

**قونداقلىق** سۈپ ① قوندىقى بار، قونداق بېكىتىلگەن، قونداق ئورۇنلاشتۇرۇلغان: قونداقلىق مىلتىق. ② قونداق قىلىشقا باب كېلىدىغان، قونداق بولىدىغان: قونداقلىق ياغاچ.

**قوندۇرماق** ① «قونماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② دوپپىچىلىقتا، لېۋەك ئېتىپ بولغاندىن كېيىن دوپپىنىڭ تۆپىلىكىگە جىيەكنى ئۇلىماق. ③ ماشىنىچىلىقتا، ئايرىم تىكىلىپ تەييارلانغان يەڭ قاتارلىقلارنى ئەسلىي غول قىسمىغا چاتماق، ئۇلىماق.

**قوندۇرۇشماق** «قوندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قوندۇرۇلماق** «قوندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قونغاق** ئى <تىب> ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ تۇغۇلغان دەسلەپكى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە قىلغان تەرىتى؛ ئوغۇز پوقى.

**قونغاقلىماق** پ. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ ئىچىدىن قونغاق كەلمەك.

**قونماق** پ ① ئۇچۇشتىن توختاپ يەرگە ياكى بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ ئورۇنلاشماق، ئولتۇرماق: بالا قۇش ئۇچۇشنى بىلەر، قونۇشنى بىلمەس (ماقال). ② تۈننى ئۆتكۈزمەك، تۈنىمەك، يېتىپ كېچىچە ئارام ئالماق: ئاخىرى ئۇ مېھمان بۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ قالدى. ③ كۆچمە. پەيدا بولماق، يۇقماق، چۈشمەك: ئەسلىسەڭ ئېسىڭگە قونار (ماقال). ④ كۆچمە. قوشۇلماق، كۆپەيمەك: ئەت قونماق. پايدا قونماق. ⑤ مىنمەك، ئۈستىگە جايلاشماق، ئورۇنلاشماق؛ توغرىلانماق: ۋېلىسىپىتقا قونماق.

**قونۇشماق** «قونماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۇ يەردە بىر كېچە قونۇشتى.

**قونۇقلۇق** رەۋ. قونغان ھالەتتە، قونغان پېتى، قونغان ھالدا: قونداقتا ئىككى توخۇ قونۇقلۇق تۇرىدۇ.

**قوۋزاق** ئى <بوت> ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غول ۋە يىلتىزلىرى تومۇلاشقا باشلىغاندا، سىرتقى پوستىنىڭ ئورنىدا قوغداش رولىنى ئوينايدىغان مۇرەككەپ توقۇلما.

**قوۋزاقدارچىن** ئى [قوۋزاق+دارچىن] <بوت> دارچىننىڭ قوۋزىقى. تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ، تەرلىتىش، تارتىشىپ قالغان مۇسكۇللارنى بوشاشتۇرۇش، تومۇرلارنى راۋان قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا تېتىتقۇ ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**قوۋزاقلاتماق** «قوۋزاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ كىشىلەر ئۇچۇن يىلتىز ياپىدۇ، كۆكىرىدۇ، غازاڭ تاشلايدۇ، يىللار شاماللىرى ئۇنى قوۋزاقلىتىدۇ، قارلار ئاق لىباس بولۇپ يېپىلىدۇ، يامغۇرلار كۆز يېشىدەك، قان ـ تەرىدەك شاخ ـ يوپۇرماقلىرىدىن سىرغىپ تامچىلايدۇ.

**قوۋزاقلاشماق** پ. قوۋزاق ھالىتىگە كەلمەك، قوۋزاققا ئوخشىماق.

**قوۋزاقلانماق** «قوۋزاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قوۋزاقلىق** سۈپ. قوۋزىقى بار، قوۋزاق پەيدا بولغان.

**قوۋزاقلىماق** پ. قوۋزاق ھاسىل قىلماق.

**قوۋم** ئى [ئە] ① بىر ئۇرۇقتىن چىققان، ئۆزئارا قېرىنداشلىق، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بولغان كىشىلەر توپى؛ ئۇرۇق، ئايماق، قەبىلە: بۇ ئەجەل جىلغىسىدا ئۇلار پۈتۈن قوۋمى بىلەن مۇزلاپ ئۆلىدۇ. ② <دىن> دائىم دېگۈدەك بىر مەسچىتتە ناماز ئوقۇيدىغان كىشىلەر توپى، نامازنى بىر مەسچىتتە ئوقۇيدىغان جامائەت: مەسچىت قوۋمى.

**قوۋم ـ قېرىنداش** قوۋم ۋە قېرىنداش: ھەزرەتلىرى بارلىق قوۋم ـ قېرىنداشلىرىدىن ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرىدىكەنلا.

**قوۋم ـ قېرىنداشلىق** بىر قوۋمغا مەنسۇپ بولغان، قېرىنداش بولغان: قوۋم ـ قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت. // سەن قوۋم ـ قېرىنداشلىقىمىزنىڭ يۈزىنىمۇ قىلمامسەن؟

**قوۋناق** سۈپ. بەخت ۋە شادلىق تۇيغۇسىغا تولغان، بەختلىك، خۇشال ـ خۇرام، كۆڭۈللۈك: ئۇنىڭ كۆڭلى يەنىلا ئاشۇ ئۆزىگە تونۇش بولغان، قوۋناق ھاياتى، شادلىق قايناپ تۇرىدىغان يۇرتىدا ئىدى.

**قوۋناقلىق** ئى. بەخت ۋە شادلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈش، خۇشال ـ خۇراملىق.

**قوۋۇرغا** ئى <ئانات> ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ كۆكرەك دىۋارىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بولىدىغان ئۇزۇن، تار سۆڭەك. ئادەملەردە 12 جۈپ بولىدۇ. شەكلى ياپىلاق ھەم ئەگرى بولۇپ، ئاخىرى ئومۇرتقا تۈۋرۈكى بىلەن؛ بېشى تۆش سۆڭىكى بىلەن تۇتىشىدۇ.

**قوۋۇرغىسى كۆرۈنۈپ قالماق** ① جۇدىمەك، ئورۇقلىماق. ② كۆچمە. نامراتلاشماق، كەمبەغەللەشمەك.

**قوۋۇرغىسىنى ئەگمەك** غىدىقىنى كەلتۈرمەك، ئاچچىقىنى، غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغىماق.

**قوۋۇرغىسىز** سۈپ. قوۋۇرغىسى يوق، قوۋۇرغىسى بولمىغان.

**قوۋۇرغىلىق** سۈپ. قوۋۇرغىسى بار، قوۋۇرغىسى بولغان.

**قوۋۇز** I ئى <ئانات> ئېغىز بوشلۇقىنىڭ ئىككى يان تەرىپى، يەنى ئىككى يان دىۋارى: قوۋۇز تاۋۇشى. قوۋۇز خالتىسى.

**قوۋۇزنى كۆپتۈرمەك** يوغان گەپ قىلماق، پو ئاتماق؛ ۋالاقلاپ كۆپ سۆزلىمەك.

**قوۋۇز** II ئى <مۇز> ئېغىزدا چېلىنىدىغان بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى. پولات، مىس، ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق مېتاللاردىن ياسىلىدۇ.

**قوۋۇزچى** ئى. قوۋۇز ياسىغۇچى؛ قوۋۇز چالغۇچى.

**قوۋۇشتۇرماق** «قوۋۇشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھېلىقى كىشى قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ خۇددى گۇناھكارلاردەك يەرگە قاراپ تۇراتتى.

**قوۋۇشتۇرۇلماق** «قوۋۇشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ قوۋۇشتۇرۇلغان قوللىرىنى چىقىرىپ يەرگە تايىنىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

**قوۋۇشماق** پ. بىر ـ بىرىگە يېپىشماق، بىرلەشمەك، قوشۇلماق، جەم بولماق .

**قوۋۇق** ئى. تارس ① شەھەر سېپىللىرى، ئوردا، چوڭ قورۇ قاتارلىقلارنىڭ دەرۋازىسى، ئىشىك. ② قەدىمكى دەۋرلەردە جىنايەتچىنىڭ بوينىغا سالىدىغان تاختاي، شال، تاقاق.

**قوۋۇقچى** ئى. دەرۋازىۋەن.

**قوۋۇقسىز** سۈپ. قوۋۇقى يوق، قوۋۇق بېكىتىلمىگەن: باللار قوۋۇقسىز سىرتقى سېپىل ئالدىغا بارغاندا، گۇررىدە قىلىپ نامايىشچىلار قوشۇنى يېتىپ كەلدى.

**قوۋۇقلۇق** سۈپ. قوۋۇقى بار، قوۋۇق بېكىتىلگەن: ئۈچ قوۋۇقلۇق ئوردا.

**قوۋۇقلىماق** پ. قوۋۇق سالماق، قوۋۇققا بەند قىلماق: كېچىلىرى قۇلدارلار قۇللارنىڭ قوللىرىنى ياغاچ قوۋۇق بىلەن قوۋۇقلاپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالاتتى.

**قوي** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، يەنى كۆشىگۈچىلەرنىڭ بىر تۈركۈمى. ئومۇمەن بېشىدا بىر جۈپ مۈڭگۈزى بولىدۇ. ئادەتتە يۇڭىنى، گۆشىنى، سۈتىنى ۋە مېيىنى ئېلىش ئۈچۈن بېقىلىدۇ.

**قويانجىن** ئى <بوت> لويلا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تۈۋىدىن شاخلىنىدۇ، قاتتىق كېلىدۇ، يۇمران ۋاقتىدا تۈكلەر بىلەن قاپلىنىدۇ. يوپۇرمىقى تۆمۈنە شەكىللىك، تىكەنلىك ئۇچى بولىدۇ. قىسقا باشاقسىمان گۈل رېتى قولتۇقىدا ئۆسىدۇ. قۇرغاق جايلاردا ئۆسىدۇ.

**قويچى** ئى ① مەخسۇس يايلاق ياكى قىشلاقلاردا قوي بېقىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى، مالچى. ② مەخسۇس قوي ئېلىپ - سېتىش ئارقىلىق تىرىكچىلىك قىلىدىغان كىشى، قوي سودىگىرى.

**قويچىلىق** ئى ① قوي بېقىش ئىشى، قوي بېقىش پائالىيىتى. ② مەخسۇس قوي ئېلىپ - سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى، قوي سودىگەرلىكى.

**قويدۇرماق** «قويماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قول قويدۇرماق.

**قويدۇرۇلماق** «قويدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قويغان - تۇتقان** قولىغا ئېلىپ تۇتقان ۋە بىر ئەر جايغا قويۇپ قويغان نەرسە: ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

**قويكۆز** ئى [قوي + كۆز] <بوت> كۆك مارال ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى گۆشلۈك، شىرنىلىك، قېلىن ھەم ئۇزۇن، گۈلى ئاق ۋە ئومۇم گۈل رېتىدە كېلىدۇ.

**قويما** ئى. ئاتقا ئارتىلغان رەسمىي يۈكنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدىغان يەم - خەشەك ياكى باشقا نەرسىلەر.

**قويماق** پ ① قولىدىكى نەرسىنى ( ئومۇمەن كۆتۈرۈۋالغان نەرسىنى ) بىرەر جايغا ئورۇنلاشتۇرماق، جايلاشتۇرماق: بوۋاي قويغىنىنى بىلمەس، موماي تويغىنىنى بىلمەس (ماقال). ② بىرەر جاي ياكى نەرسىنىڭ ئۈستىگە تىرەپ، تاقاپ، قوندۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرماق، جايلاشتۇرماق: بېشىنى قويماق. ③ پايدىلىنىش ئۈچۈن بىرەر نەرسە بەرمەك: ئۇ ھەر قېتىم مائاشىنى ئالغاندا، مەلۇم نىسبەتتە قېرىلارنىڭ ئالدىغا قوياتتى. ④ قۇرماق، سالماق؛ ئورناتماق، ئورۇنلاشتۇرماق: دېرىزىگە ئەينەك قويماق. ⑤ ئۆز يېنىدا ئېلىپ كەتمەي بىرەر جايدا قالدۇرماق، بىركىمنىڭ ساقلاپ بېرىشىگە ياكى قاراپ قويۇشىغا تاپشۇرماق: بانكىدا قويماق. ⑥ ۋاز كەچمەك: يىقىلغان چېلىشقا تويماس، بەتنىيەت خۇيىنى قويماس (ماقال).⑦ بولدى قىلماق، ئاياغلاشتۇرماق، تۈگەتمەك؛ تاشلىماق (گەپ - سۆز، بايان - چۈشەندۈرۈش ۋە شۇ قاتارلىقلار ھەققىدە): — چاقچىقىڭنى قوي، — دېدى تاشۋاي، — مەن تېخى گۈلەختىكى چاغلىرىمنى ئۇنتۇپ قالمىدىم. ⑧ بېرىش - كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار بىلەن كېلىپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن نەرسىنى يېيىش - ئىچىشكە دەۋەت قىلماق، يەنى باقماق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ (ئومۇمەن ھايۋانلار ھەققىدە): ئۇلاغنى ئوتقا قويماق. ⑨ بىرەر ئىش - ھەرىكەتنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرمەك، رۇخسەت قىلماق: دېسە، دېگۈچە قويدۇم، كېسىپ يېگۈچە قويدۇم (ماقال). ⑩ تىنچلىق، خاتىرجەملىك بەرمەك: ئىختىيارىغا قويماق. ⑪ بەرمەك، باغلىماق، قاراتماق، بېغىشلىماق (روھىي دۇنيا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان نەرسىلەر ھەققىدە): كۆڭۈل قويماق.⑫ مۆپتىلا قىلماق، دۇچار قىلماق، يولۇقتۇرماق: گەپكە قويماق. ⑬ مۇھاكىمە، مۇنازىرە قاتارلىقلار ئۈچۈن ئېيتماق، دېمەك، بايان قىلماق: سوئال قويماق. ⑭ دەپنە قىلماق، كۆممەك: يەرلىكىگە قويماق. ⑮ بەلگىلىمەك، بەلگىلەپ بەرمەك: باھا قويماق. ⑯ كۆچمە. يۈكلىمەك، ئارتماق، تاڭماق (ئەيىب، گۇناھ قاتارلىقلار ھەققىدە): — بۇ قانداق ئىش؟ ئۇلارنىڭ ساڭا قويغان ئەيىبلىرى توغرىمۇ؟ — دەپ كەمبەغەلدىن سوراپتۇ شاھ. ⑰ بىرەر ئىش، ۋەزىپىگە تەيىنلىمەك، بەلگىلىمەك: پوستقا قويماق. ⑱ ئاتىماق، ... دەپ بېكىتمەك (تۈرلۈك نەرسىلەرنىڭ نام - ئىسمى ھەققىدە) : ئىسىم قويماق. ⑲ بىر تەرەپ قىلىشقا تاپشۇرماق ياكى قالدۇرماق، ھاۋالە قىلماق: خۇداغا قويماق. ⑳ باشقىلار ئالدىدا نامايان قىلماق، كۆرسەتمەك: ئويۇن قويماق. ㉑ يولىنى ئېچىپ باشلاپ، بەلگىلىك دەرىجىدە يايماق، يەتكۈزمەك، يوللىماق (سۇ قاتارلىقلار ھەققىدە): سۇ قويماق. ㉒ ئۇرماق، سالماق، تەگكۈزمەك: سادىر پېشانىسىگە بىرنى قويدى. ㉓ ھېسابلىماق، دەپ بىلمەك، كىرگۈزمەك، سانىماق: ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى چوڭ ئادەملەر قاتارىغا قويىدىغان بولۇشتى. ㉔ ئۆستۈرمەك (چاچ، ساقال، تىرناق قاتارلىقلار ھەققىدە): بۇرۇت قويماق. ㉕ تىكمەك (كۆچەت قاتارلىقلار ھەققىدە): كۆچەت قويماق.㉖ باسماق، ئالماق، تاشلىماق (قەدەم، ئاياغ ھەققىدە): قەدەم قويماق. ㉗ بەلگە سالماق؛ يازماق، سىزماق؛ باسماق: ئىمزا قويماق. ㉘ تۇتاشتۇرۇپ ئۇلغايتماق، پەيدا قىلماق (ئوت ھەققىدە): ئوت قويماق. ㉙ ئىشقا سالماق، ھەرىكەتكە كەلتۈرمەك (ئومۇمەن ئېلېكتىر كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان نەرسىلەر ھەققىدە): رادىيونى قويماق. ئۈنئالغۇنى قويماق. ㉚ مەلۇم ئىشنى بېجىرىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتمەك، ماڭدۇرماق، ئىشقا سالماق: ئەلچى قويماق. ㉛ سۈرتمەك، سۈركىمەك، سۈۋىماق (ئوسما، خېنە قاتارلىقلار ھەققىدە): ئوسما قويماق. ㉜ ماقۇل بولماق، قوشۇلماق، ئۇنىماق، خالىماق: ئوينىغىلى قويماق. ㉝چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەر بىلەن بولۇشسىز شەكىلدە كېلىپ «قالدۇرماي، تولۇق، تەپسىلىي، ئالا تاشلىماي» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: قويماي ئېيتماق. ㉞ بەزى سۈپەتلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، مەلۇم بىر نەرسىنى شۇ سۈپەتتىن

ئاڭلىنىدىغان ھالەتكە چۇشۇرۇش ياكى شۇ ھالەتتە قالدۇ-
رۇشنى ئىپادىلەيدۇ: قورساقنى ئاچ قويماق. ㉟ بولۇشسىز پېئىلـ-
دىن كېيىن بولۇشسىز شەكىلدە كېلىپ، ئالدىدىكى پېئىل
ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى ئورۇنلىمىسا، بېجىرمىسە بولمايدى-
غانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ: — مەكتەپكە بارماي قويما! — دېدى ئۇ
ئوغلىغا تەھدىت تەلەپپۇزى بىلەن. ㊱ ئۆتۈملۈك ۋە قىسمەن
ئۆتۈمسىز پېئىللارنىڭ «-پ، -ىپ، -ۇپ، -ۈپ» قوشۇمـ-
چىسى ئارقىلىق ياسالغان رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ،
تۆۋەندىكىدەك تۈس مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ: 1) رەۋىشداش
ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ تولۇق ئورۇنلىنىشىنى، تۈگەللىـ-
نىشىنى بىلدۈرىدۇ: ئۆيلەپ قويماق. 2) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن
ھەرىكەتنىڭ تاسادىپىي، ئەپسۇسلىنارلىق، ئېچىنىشلىق
ھالەتتە يۈز بەرگەنلىكىنى، تاماملىنىپ قالغانلىقىنى بىلدۈ-
رىدۇ: ساقلىتىپ قويماق. 3) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ
مەلۇم بىر ئىش ئۈچۈن ئالدىن ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ: مەن
بۇ ئىشقا بىلىمنى باغلاپ قويدۇم. 4) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىـ-
كەتنىڭ رەسمىيەتچىلىك ئۈچۈنلا ياكى سۇس، ئېتىبارسىز،
ئاستا ھالەتتە ۋە ياكى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مۇنداقلا،
خۇشياقماسلىق بىلەن ئورۇنلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ھاكىم
دىمىقىنى قىرىپ، تۇمشۇقىنى تولغاپ قويدى. ㊲ بەزى پېئىللارنىڭ
«ي» بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇشسىز رەۋىشداش شەكلى بىلەن
بىرىكىپ، بولۇشسىز ھەرىكەتكە قەتئىيلىك تۈسىنى كىرگۈ-
زىدۇ: خەۋىرىڭىز بار، كېيىنكى كۈنلەردە مەن يېزىغا كەلمەي قويدۇم.

**قويلۇق** سۈپ. قويى بار، قويغا ئىگە: قويچى مالاي مەنسەپـ-
پەرەس، ئاچ كۆز بايدىن قۇتۇلغىنىغا، كەنجى ئوغۇل 200 قويلۇق بولغىـ-
نىغا خۇش بولۇپ خوشلىشىپ ئايرىلىپتۇ.

**قويمىچى** ئى. سىلىق - سىپايە سۆز ۋە ھەرخىل يالغان
گەپلەر بىلەن باشقىلارنىڭ پۇل - پۇچەك ۋە باشقا نەرسىلىـ-
رىنى ئېلىۋالغۇچى، ئالدامچى: — قويمىچىغا ئۇچراپسەن - دە، —
دېدى ئۇ چىرايىمغا قاراپلا.

**قويۇشماق** «قويماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى:
ياشلارنىڭ ھەممىسى كەتمەنلىرىنى قويۇشۇپ، توپ مەيدانىغا يۈگۈ-
رۈشتى.

**قويۇق** ① سۈپ. بەك سۇيۇق ئەمەس، سۇيى، سۇ تەركىبى
نىسبەتەن ئاز؛ بەك تېز ئېقىپ كېتەلمەيدىغان: قويۇق لاي.
② سۈپ. بىر - بىرىگە يېقىن، زىچ جايلاشقان، زىچ،
«شالاڭ»نىڭ ئەكسى: قويۇق ئورمان. // قويۇق ئۆسمەك. ③ سۈپ.
قېنىق، توق (رەڭ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار ھەققىدە): قويۇق قارا
سىياھ. ④ سۈپ. كۆچمە. جانلىق تۈس ئالغان، مەزمۇنغا باي،
كۈچلۈك، مول: ئۇنىڭ شېئىرلىرى قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە
ئىگە. ⑤ سۈپ. كۆچمە. ناھايىتى يېقىن، قىزغىن، زىچ (مۇناـ-
سىۋەت - ئالاقە ھەققىدە): ئەزىمەت بىلەن مىرزىنىڭ مۇناسىۋىتى
بەكمۇ قويۇق، يېقىن دوستلاردىن ئىدى. ⑥ رەۋ. كۆچمە. كۈچلۈك
ھالدا، قىزغىنلىق بىلەن، ئاكتىپلىق بىلەن، زىچ ھالدا:
شۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپتە قويۇق ئۆگىنىش كەيپىياتى شەكىللەندى.

**قويۇقئاش** ئى [قويۇق + ئاش] ← **پولۇ.**

**قويۇق- سۇيۇق** قويۇق ۋە سۇيۇق: جالالىنىڭ ئائىلىسىدە
ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرىدىغان قويۇق - سۇيۇق زىياپەتلەردە مېھمانلارنىڭ
ئايىغى ئۈزۈلمىدى.

**قويۇقلاتقۇچ** ئى <تېپ> دورىغا قوشۇلغاندىن كېيىن دورىنى
مەلۇم شەكىل ياكى مەلۇم قويۇقلۇققا ئىگە قىلىدىغان ماددا.

**قويۇقلاتماق** «قويۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىـ-
جىسى: ئەينى چاغدىكى كىشىلەر ئادەتتە قاشنى قارايتىش ۋە قويۇقـ-
لىتىش ئۈچۈنمۇ ئاشۇ «ياغلىققارا»نى ئىشلەتكەن.

**قويۇقلاشتۇرماق** «قويۇقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي
دەرىجىسى: ئۇلار مۇناسىۋەتنى كۈندىن كۈنگە قويۇقلاشتۇردى.

**قويۇقلاشتۇرۇلماق** «قويۇقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل
دەرىجىسى.

**قويۇقلاشماق** پ ① قويۇق، زىچ ھالەتكە كەلمەك؛ قويۇلماق:
ئالما شاخلىرى يىلسېرى قويۇقلىشىپ، باغ ئىچىنى سايە باسماقتا
ئىدى. ② توقىقا مايىللاشماق، توق ياكى توقراق تۈس ئالماق؛
قارايماق: قاراڭغۇ تېخىمۇ قويۇقلاشتى. ③ كۆچمە. جانلىق تۈس
ئالماق، جانلانماق؛ كۈچەيمەك: ۋەھىمە يەنە قويۇقلىشىشقا باشلىدى.
④ كۆچمە. كۆپەيمەك: يېقىندىن بېرى ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى
قويۇقلاشتى.

**قويۇقلاندۇرماق** «قويۇقلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي
دەرىجىسى: ھېكمەت ئاشپەز ۋە خوجىلىقتىكىلەر بىلەن سۆزلىشىپ،
«قانداق قىلغاندا ناننى چوڭايتىپ، تاماقنى قويۇقلاندۇرغىلى بولىدۇ»
دېگەندەك مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.

**قويۇقلاندۇرۇشماق** «قويۇقلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك
دەرىجىسى.

**قويۇقلاندۇرۇلماق** «قويۇقلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل
دەرىجىسى.

**قويۇقلانماق** «قويۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى:
بۇنىڭ بىلەن تاماق قويۇقلاندى ۋە كۆپەيتىلدى.

**قويۇقلۇق** I ئى. قويۇق، زىچ، كۈچلۈك ھالەت.

**قويۇقلۇق** II سۈپ. قويۇپ قويۇلغان، قويۇلغان: ئۆيگە مەش
قويۇقلۇق ئىدى.

**قويۇقلىماق** پ. قويۇق ھالەتكە كەلمەك، قويۇق بولماق،
قويۇقلاشماق.

**قويۇلدۇرماق** «قويۇلماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي
دەرىجىسى.

**قويۇلماق** I «قويماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى:
لېگەننىڭ ئۈستىگە ھورى چىقىپ تۇرغان ئات گۆشى قويۇلغانىدى.

**قويۇلماق** II پ. قويۇق ھالەتكە كەلمەك، قويۇق بولماق: قان
قويۇلۇپ كەتمەك.

**قويۇم** مىق. مەلۇم قېتىم قويۇشقا يېتىدىغان: بىر قويۇم
ئوسما.

**قويۇن** ئى ① بەدەننىڭ كۆكرەك ۋە ئۇنى يېپىپ تۇرغان
كىيىم ئارىسىدىكى جايى: قوينىغا سالماق. ② كۆچمە. قۇچاق،
باغىر؛ ئۆزىگە تەۋە دائىرە، زېمىن: رۇقىيە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاپىـ-
سىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى.

**قوي- ئۆچكە** قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ئۇششاق چارۋا.

**قويۇۋەتمەك** پ ① نىكاھتىن ئاجراشماق، خېتىنى بەرمەك:
خوتۇننى قويۇۋەتمەك. ② ئازاد قىلماق؛ ئۆز خاھىشى، ئىختىيارى،

ئەركىنلىكىنى بەرمەك؛ ئۆز مەيلىگە، ئىختىيارىغا يول بەرمەك: سۇنى قويۇۋەتمەك. مەھبۇسنى قويۇۋەتمەك.

**قۇببە** ئى [ئە] ① مەسچىت ۋە بەزى ئىمارەتلەرنىڭ ئۆگزىسىگە ئورنىتىلغان يېرىم شار شەكىلدىكى گۈمبەز: مەسچىتنىڭ قۇببىسى. بىنانىڭ قۇببىسى. ② تۇرلۇك نەرسە ۋە بۇيۇملارنىڭ شارسىمان ياكى يېرىم شارسىمان بېزىكى: ئىشىكنىڭ قۇببىسى. كارىۋاتنىڭ قۇببىسى.

**قۇببىچە** ئى. كىچىك قۇببە: ئېگىزدىن پەسكە سەكرەپ چۈشىدۇ سۇ، ياساپ سانسىز كۈمۈش رەڭ قۇببىچە ئۇ.

**قۇببىلىك** سۈپ. قۇببىسى بار، قۇببە چىقىرىلغان، قۇببە ئورنىتىلغان: قۇببىلىك ئىشىك.

**قۇپقۇرۇق** سۈپ. ئىچىدە ياكى ئۈستىدە ھېچنېمە يوق: ئۆي قۇپقۇرۇق، ئوچاقنىڭ كۈلى توزۇغان، بىر بۇلۇڭدا چۇۋۇلغان بورا پارچىلىرى چېچىلىپ ياتاتتى.

**قۇپقۇرۇقلۇق** ئى. قۇپقۇرۇق ھالەت: ئۇنىڭ ھۆركىرەپ يىغلىغان ئاۋازىدىنمۇ ئاشۇ چاغدىكىدەك بىر قۇپقۇرۇقلۇق، بوشلۇقنى سېزىپ يەتتىم.

**قۇت** ئى. كونا. بەخت، تەلەي؛ بايلىق: — ھە، كاتتا كىشىنىڭ تويى ئىكەن، تەڭرى قۇت بەرگەي، — دېدى باربىتچى ئايال.

**قۇتا** ئى. ئىچىگە بىرنەرسە قاچىلاش ئۈچۈن قەلەي، تۆمۈر، ئەينەك، سولياۋ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن ئىشلىنىدىغان قاچا: تاماكا قۇتىسى. دورا قۇتىسى.

**قۇتاتماق** پ ① «قۇتىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئوغرى بۇنى بىزگە قۇتاتمايدۇ. ② بەخت - تەلەي ئاتا قىلماق، بەختلىك بولماق: — ئوردۇ سىزگە قۇتاتقاي، سىز بۇدۇنغا قۇتاتقايسىز، — دېدى ئانا سۇتۇققا قاراپ.

**قۇتبەگ** ئى [قۇت + بەگ] <تارىخ> قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقلىرىدا تەسىس قىلىنغان ۋەزىرگە تەڭ ئەمەل ۋە شۇ ئەمەلگە ئېرىشكەن كىشى: ئوڭ قول ۋە سول قول قۇتبەگلەر تەڭرىقۇتنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىغا ياردەم قىلىدۇ.

**قۇتچىلىق** ئى. قۇت، بەخت - تەلىيى كۆپ، بايلىقى مول بولغان ھالەت.

**قۇتراتقۇ** ① ئى. قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان كىشى: قۇتراتقۇلارنى جازالىماق. ② سۈپ. قۇترىتىش رولىنى ئوينايدىغان، قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان: بۈگۈن شەھەردە ھۆكۈمەتنى ھاقارەتلىگۈچى قۇتراتقۇ ۋەرەقىلەر چاپلاندى.

**قۇتراتقۇچى** ئى. باشقىلارنى قۇترىتىدىغان، كىشىلەر ئارىسىدا قۇتراتقۇلۇق قىلغان ئادەم: — بۇ ۋەقەنىڭ جەزمەن قۇتراتقۇچىلىرىنى تېپىش كېرەك، — دېدى ساقچى باشلىقى.

**قۇتراتقۇلۇق** ئى. كىشىلەرنى قۇترىتىش ۋە شۇ ئارقىلىق نىشانلىغان ئىش - ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا ئۈندەش ئىشى: قۇتراتقۇلۇق قىلماق.

**قۇتراتماق** «قۇترىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوسماننى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتتى.

**قۇتراشماق** «قۇترىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قۇتراشقان ھالدا بەش - ئالتە تاغارنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىپ تۆكتى - دە، ئوت ياقتى.

**قۇترىماق** پ ① قالايمىقانلىشىپ ھەر تەرەپكە ئۆزىنى ئۇرماق، جىددىي ھەرىكەت قىلماق: قورققان جانىۋارلار ھەر تەرەپكە قۇترىدى. ② سەلب. بىرەر يامان مەقسەت بىلەن ھەرىكەت قىلماق؛ ھەرىكەت ئېلىپ بارماق: ئۆز يېقىنلىرىدىن بولغان سەيپۇڭ توختىنىڭ نىيىتىنى بۇزۇپ، گاھ ئوچۇق، گاھ يوشۇرۇن قۇتراپ يۈرگەنلىكى تۆمۈرگە مەلۇم ئىدى. ③ ھەرىكەتكە كەلمەك، چىقماق؛ قاپلىماق، باسماق: مەن غۇلجىغا كىرگەندە قارا بوران قۇترىدى.

**قۇتقۇزماق** پ. كۆڭۈلسىز، ئېغىر، خەۋپلىك بىرەر ئەھۋال، ئىش ۋە شۇ قاتارلىقلاردىن ساقلىماق، ئازاد، خالاس قىلماق: خەۋپتىن قۇتقۇزماق. ئۆلۈمدىن قۇتقۇزماق.

**قۇتقۇزۇش** ① «قۇتقۇزماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: دوستۇمنى قۇتقۇزۇش يولىدا تىرىشتىم. ② ئى. ئىقتىسادىي ئەھۋالى قىيىن، ناچار بولغان بىر كىم ياكى بىرەر ئورۇنغا بېرىلگەن ياردەم: قۇتقۇزۇش بەرمەك، قۇتقۇزۇش ئالماق.

**قۇتقۇزۇشماق** «قۇتقۇزماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دوختۇرلار ۋە سېستىرالار جەڭ مەيدانىغا تېزدىن يېتىپ بېرىپ يارىدارلارنى قۇتقۇزۇشتى.

**قۇتقۇزۇلماق** «قۇتقۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: جىددىي داۋالاش داۋامىدا ئۇنىڭ ھاياتى خەۋپتىن قۇتقۇزۇلدى.

**قۇتلاشماق** «قۇتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قۇتلانماق** «قۇتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەن شان - شەرەپ مۇنبەرلىرىدە قۇتلانغىنىمدا، چىن دىلىدىن غەرەزسىز ئالقىش ياغدۇرغان ئاشۇ جاپاكەش ئىنساننى ئۇلۇغ دەيمەن.

**قۇتلۇق** ① سۈپ. تەلەي، ئامەت ياكى بايلىق، بەرىكەت كەلتۈرىدىغان؛ بەختلىك: قۇتلۇق كۈنلەر. قۇتلۇق ئىشلار. ② سۈپ. مۇقەددەس، خاسىيەتلىك: قۇتلۇق جاي. قۇتلۇق نام. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**قۇتلۇقگۈل** ئى [قۇتلۇق + گۈل] <بوت> مازارىيون ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. گۈلى سېرىق، كۆپىنچە توپلىشىپ شار شەكلىگە كېلىدۇ، باش باھاردا ئېچىلىدۇ، گۈل تاجى بولمايدۇ، ئادەتتە تىكىپ ئۆستۈرۈلۈپ مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. پۈتۈن تۈپى دورا قىلىنىدۇ. قوۋزاق تالاسى قەغەزچىلىكنىڭ ياخشى ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

**قۇتلۇقلاشماق** «قۇتلۇقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قۇتلۇقلانماق** «قۇتلۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەمۇرچىلىق بولغان يىل ھەرخىل شەكىللەر بىلەن قۇتلۇقلانماقتا ئىدى.

**قۇتلۇقلىماق** پ. قۇتلۇق بولۇشىنى تىلىمەك، قۇتلۇق بولسۇن دېمەك، مۇبارەكلىمەك: غەلىبىنى قۇتلۇقلىماق.

**قۇتلىماق** پ. بىر كىمگە ئۆزىنىڭ ياخشى تىلەك، ئىستەكلىرىنى بىلدۈرمەك؛ ئۇنى تەبرىكلىمەك، مۇبارەكلىمەك: ھېيتنى قۇتلىماق.

**قۇتۇپ** ئى [ئە] ① <جۇغ> يەرنىڭ تەخمىنىي ئايلىنىش ئوقى بىلەن يەر سىرتى كېسىشكەن ئىككى نۇقتىدىن ھەربىرى: جەنۇبىي قۇتۇپ. شىمالىي قۇتۇپ. ② <جۇغ> شۇ نۇقتىلار ئەتراپىدىكى جايلار، يەنى قۇتۇپ چەمبىرى ئىچىدىكى رايونلار. ئۇنىڭ ئايلىق ئەڭ يۇقىرى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10℃

بولىدۇ. ③ <فىز> ئېلېكتىر زەنجىرى ياكى ماگنىتنىڭ قارىمۇقارشى ئىككى تەرىپى. ④ كۆچمە. بىر - بىرىگە مۇتلەق زىت، قارىمۇقارشى بولغان ئىككى خىل نەرسە، ۋەقە، ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلاردىن بىرى؛ قارىمۇ قارشى تەرەپلەر: ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنمەك.

**قۇتۇپچانلىق** ئى <بىيول> ئۆسۈملۈك ياكى ھايۋانات تېنىنىڭ ئانا تېنىدىن ئايرىلغان قىسمىنىڭ ئىككى ئۇچىنىڭ فىزىيولوگىيەلىك خۇسۇسىيىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىق ھادىسىسى.

**قۇتۇپسىز** سۈپ. قۇتۇپى يوق، قۇتۇپلارغا بۆلۈنمىگەن: قۇتۇپسىز باغ.

**قۇتۇپلاندۇرماق** «قۇتۇپلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قۇتۇپلاندۇرۇشماق** «قۇتۇپلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قۇتۇپلاندۇرۇلماق** «قۇتۇپلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قۇتۇپلانماق** پ. قۇتۇپ شەكىللەنمەك، قۇتۇپلارغا بۆلۈنمەك: تۇران، ھىندىستان، ئىران، يۇنان، ئىراق قاتارلىق ئەللەر بىلەن قۇتۇپلانغان مەزكۇر مەدەنىيەت بەلباغلىرىدىن تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن قېرىنداشلىقنى، ئىلغارلىقنى ۋە بىر - بىرىگە بولغان ساپ پەرۋىشكارلىقنى تونۇپ يېتىش تەس ئەمەس.

**قۇتۇپلۇق** سۈپ. قۇتۇپى بار، قۇتۇپلارغا بۆلۈنگەن: قۇتۇپلۇق بىرىكمىلەر. ئۈچ قۇتۇپلۇق خىرۇستال لامپا.

**قۇتۇپلىنىش** ئى <فىز> باتارېيە ۋە ئېلېكترولىزلاش قۇرۇلمىسىنىڭ قۇتۇپ تاختىسىدىكى گازنىڭ توك تەسىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىنى قاپلىۋېلىپ، توكنىڭ نورمال ئۆتۈشىگە توسالغۇ بولۇش ھادىسىسى.

**قۇتۇپيۇلتۇز** ئى [قۇتۇپ + يۇلتۇز] <ئاستر> يەرنىڭ شىمالىي قۇتۇپىغا ئەڭ يېقىن يورۇق يۇلتۇز.

**قۇتۇلدۇرماق** «قۇتۇلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جاننى قۇتۇلدۇرماق.

**قۇتۇلدۇرۇلماق** «قۇتۇلدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شەرىخان قۇتۇلدۇرۇلدى، ئەمما توختى بوۋاي نوم زىندانىغا ئېلىپ كېتىلگەنىدى.

**قۇتۇلغۇسىز** سۈپ. قۇتۇلغىلى بولمايدىغان: قۇتۇلغۇسىز دەرد - ئەلەمگە مۇپتىلا بولماق.

**قۇتۇلماق** پ ① بىرەر كۆڭۈلسىز ئەھۋال، ھالەت، ئىش - ھادىسە، ۋەقە قاتارلىقلاردىن خالىي، ئازاد، خالاس بولماق؛ يامان كىشى، نەرسە ۋە باشقىلاردىن ساقلانماق: ئۆلۈمدىن قۇتۇلماق. سولاقتىن قۇتۇلماق. جازادىن قۇتۇلماق. ② تاشلاپ، تەرك ئېتىپ، ۋاز كېچىپ خالاس بولماق: قېچىپ قۇتۇلماق. ③ زىممىسىدىكى ئىش، مەجبۇرىيەت، بۇرچ، قەرز ۋە شۇ قاتارلىقلارنى ئادا قىلىپ ياكى بىرەر ئامال قىلىپ خالاس بولماق؛ بوشىماق: قەرزدىن قۇتۇلماق.

**قۇتۇلۇشماق** «قۇتۇلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئاخىر مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇشتى.

**قۇتىچە** ئى. كىچىك قۇتا.

**قۇتىماق** پ. ئاخىرغىچە شۇ كىشىنىڭ بولۇپ قالماق؛ ئۇزۇنغىچە ئەسقاتماق: — ئېلىڭ، سىزگە قۇتاپ قالسۇن، — شۇنداق قىلىپ ئاخىر مەن كالىنى سېتىۋالدىم.

**قۇچاق** ① ئى. ئادەم گەۋدىسىنىڭ ئىككى قولنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باغرى قىسمى؛ ئىككى قولنى يايغاندا بىر قولنىڭ ئۇچىدىن يەنە بىر قولنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىق: قۇچاق ئاچماق. قۇچىقىغا ئالماق. ② ئى. كۆچمە. قوينى، باغرى: ۋەتەننىڭ قۇچىقى. يۇرتىنىڭ قۇچىقى. ③ مىق. قۇچاققا ئېلىپ كۆتۈرگەن نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر قۇچاق ئوتۇن.

**قۇچاق - قۇچاق** بىرقانچە قۇچاق كېلىدىغان؛ ناھايىتى كۆپ، جىق: ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىنغان قۇچاق - قۇچاق گۈللەر سەھنىنى بىر ئالغانىدى.

**قۇچاقلاتماق** «قۇچاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قۇچاقلاشما** سۈپ. قۇچاقلاشقان ھالدىكى، قۇچاقلىشىپ، ئارىلىشىپ كەتكەن: قۇچاقلاشما جەڭ.

**قۇچاقلاشماق** «قۇچاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

**قۇچاقلانماق** «قۇچاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قۇچاقلىماق** پ. قۇچاق ئارىسىغا، قۇچىقىغا ئېلىپ باغرىغا تارتماق؛ باغرىغا باسماق: بالىنى قۇچاقلىماق.

**قۇچتۇرماق** «قۇچماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قۇچماق** پ ① قۇچاق ئارىسىغا ئېلىپ، باغرىغا، كۆكرىكىگە باسماق؛ قۇچاقلىماق: بېلىدىن قۇچماق. ② كۆچمە. ئوراپ ئالماق، قاپلىماق؛ بىر ئالماق: بولغاچ ئۇلار ئۇستازىم مېنىڭ، مەدھىيىلەيدۇ كۈي - سازىم مېنىڭ. پەخىرلىنىمەن ئۇلاردىن ھەر چاغ، كۆكنى قۇچار ئاۋازىم مېنىڭ. ③ كۆچمە. قولغا كەلتۈرمەك، ئېرىشمەك، قازانماق، ئىگە بولماق: زەپەر قۇچماق. غەلىبە قۇچماق.

**قۇدا** ئى. كۈيئوغۇل ۋە كېلىننىڭ ئاتا - ئانىلىرى (بىر - بىرىگە نىسبەتەن): ئەر قۇدا. چىشى قۇدا. قۇدا بولۇشماق. قۇدا چۈشمەك.

**قۇدا - باجا** قۇدا ۋە قۇدا تەرەپنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى (بىر - بىرىگە نىسبەتەن).

**قۇدا - باجىلىق** قۇدا - باجىلارنىڭ ئۆزئارا قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى: قۇدا - باجىلىق قىلىشماق.

**قۇددۇس** [ئە] ① سۈپ. مۇقەددەس. ② ئى. ئىسرائىلىيەنىڭ پايتەختى. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**قۇدرەت** ئى [ئە] ① خۇدانىڭ ھەرقانداق نەرسىگە، ھادىسىگە قادىر بولغان كۈچى؛ ئىلاھىي كۈچ: خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن. ② كۈچ - قۇۋۋەت، مادار: قۇدرەت تاپماق. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**قۇدرەتسىز** سۈپ. قۇدرىتى يوق، قۇدرەتلىك ئەمەس؛ ئاجىز: قۇدرەتسىز ئادەم.

**قۇدرەتسىزلىك** ئى. قۇدرىتى يوقلۇق، ئاجىزلىق.

**قۇدرەتلەنمەك** پ. قۇدرەتكە ئىگە بولماق، قۇدرەت تاپماق، كۈچەيمەك: ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋارلار بىلەن توختىماي ئۇرۇشۇپ تۇرۇشى 430 - يىللىرى ئاۋارلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان كۆك تۈركلەرنىڭ

قەدەممۇقەددەم قۇدرەتلىنىپ، ئاۋارلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۇلۇغ كۆك تۈرك خانلىقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكە ئاساس سېلىپ بەردى.

**قۇدرەتلىك** سۈپ. قۇدرىتى بار، قۇدرەت تاپقان؛ كۈچلۈك: قۇدرەتلىك دۆلەت.

**قۇدۇق** ئى ① سۇ ئېلىش مەقسىتىدە قېزىلغان تېرەن، چوڭقۇرلۇق: قۇدۇق سۈيى. ② يەر ئاستى گازى، نېفىت ۋە كان مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلارنى ئېلىش ياكى يەر، تۇپراقنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن قېزىلغان ناھايىتى تېرەن ئورا: نېفىت قۇدۇقى.

**قۇدىچىلىق** ئى. قۇدىلىق مۇناسىۋەت، قۇدىدارچىلىق: قۇدىچىلىق قىلماق.

**قۇدىدارچىلىق** ئى. قۇدا بولۇشۇش، قۇدىچىلىق، قۇدىلىق: ئانا بۇ يېڭى قۇدىدارچىلىق ئۈستىدە قىزى بىلەن ئوچۇق سۆزلەشمەكچى بولدى.

**قۇدىغۇي** ئى. ئايال قۇدا.

**قۇدىلاشماق** پ. قۇدىلىق مۇناسىۋەت ئورناتماق، قۇدا بولماق: مامۇت سەمەر بىلەن قۇدىلاشتى.

**قۇدىلىق** ① ئى. قۇدىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت: قۇدىلىق ئورناتماق. ② سۈپ. قۇدىلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان: قۇدىلىق مۇناسىۋەت.

**قۇر** I ① سۈپ. يېسسى قىلىپ ئېشىلگەن؛ يېسسى، ياپىلاق: قۇر ئارغامچا. قۇر بەلباغ. ② ئى. يېسسى قىلىپ ئېشىلگەن يۇڭ ئارغامچا.

**قۇر** II ① ئى. قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈلگەن خەتنىڭ ھەربىر رەت تەرتىپى: بەتنىڭ قۇرى. ② ئى. يەرگە تېرىلغان، تىكىلگەن ئۆسۈملۈكنىڭ ھەربىر قاتارى، رېتى: كېۋەزنىڭ قۇرى. ③ مىق («بىر» سۆزى بىلەن بىللە كېلىپ) قېتىم، نۆۋەت، مەرتىۋە: بىر قۇر ئايلانماق. ④ مىق. يۈرۈش، پار (كىيىم ـ كېچەك ھەققىدە): بىرقۇر يېڭى كىيىم. ⑤ مىق. قۇرى بار نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بۇ كىتابنىڭ بىر بېتىگە 30 قۇر خەت پاتىدۇ.

**قۇر** III ئى <زوئول> توخۇ ئائىلىسىدىكى ئورماندا ياشايدىغان، ئوۋ قىلىنىدىغان بىر خىل قۇش.

**قۇراتماق** «قۇرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قۇراشتۇرغۇزماق** «قۇراشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قۇراشتۇرما** سۈپ. قۇراشتۇرۇش ئاساسىدا ياسالغان، قۇراشتۇرۇلغان: قۇراشتۇرما ئۆي.

**قۇراشتۇرماق** پ ① پارچە ـ پارچە نەرسىلەرنى جايى ـ جايىغا ئەكېلىپ ياسىماق، بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلماق: ماشىنا قۇراشتۇرماق. ② مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنى بىر يەرگە يىغىپ بىر سىستېمىغا كىرگۈزمەك: ھېكايە قۇراشتۇرماق.

**قۇراشتۇرۇشماق** «قۇراشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قۇراشتۇرۇلما** سۈپ. قۇراشتۇرۇلغان، قۇراشتۇرۇلىدىغان: قۇراشتۇرۇلما سىغىم.

**قۇراشتۇرۇلماق** «قۇراشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قۇراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل. قۇراشتۇرۇلغان ئاپپارات.

**قۇراشما** ئى. قۇرۇلما، توقۇلما: ئۆسمىسمان قۇراشما.

**قۇراق** I سۈپ. قۇراشتۇرۇلغان: قۇراق چاپان. قۇراق كۆرپە.

**قۇراق** II ئى. دىيال. قىياقنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۆسىدىغان بىر تۈرى.

**قۇراقچى** ئى. پارچە ـ پۇرات نەرسىلەرنى يىغىپ قۇراشتۇرغۇچى.

**قۇراقلانماق** «قۇراقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دىۋاننىڭ ئۈچىسىدا ھەر خىل لاتىلار بىلەن قۇراقلىنىپ تىكىلىپ، ئۇزۇن يىل كىيىلگەن، ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرى يىرتىلغان، ئىنتايىن كىرلىشىپ كەتكەن جەندە بار ئىدى.

**قۇراقلىماق** پ. پارچە ـ پۇرات نەرسىلەرنى يىغىپ قۇراشتۇرماق.

**قۇرام** ① ئى. ئۆمۈرنىڭ مەلۇم مەزگىلىگە قارىتىلغان مۆلچەر: قۇرامىغا يەتمەك. ② رەۋ. يېشىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىك تەرتىپى بويىچە، ياشقا قاراپ: ئىككىيلەن سالام ـ تەزىم قىلىشىپ، قۇرام ئولتۇرۇشتى.

**قۇراملىق** سۈپ. تەڭ ياشتىكى، دېمەتلىك: ئاكام قۇراملىق بىر ئادەم ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

**قۇرئان** ئى [ئە] <دىن> ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى.

**قۇرئە** ئى [ئە] ← **پال**: قۇرئە باقماق. قۇرئە سالماق.

**قۇرئەنداز** ئى [ئە + ب] ← **پالچى**: ئوردا قۇرئەندازى.

**قۇرب** ئى [ئە] كۈچ، قۇۋۋەت، مادار، قۇدرەت: قۇربى يەتمەك.

**قۇربان** ئى [ئە] ① بىرەر ياخشى ئىش، ياخشى مەقسەت يولىدا ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلغان، جان پىدا قىلغان كىشى: قۇربان بولماق. ئۆزىنى قۇربان قىلماق. ② كۆچمە. تەبىئىي ئاپەت، پالاكەت، كۆڭۈلسىز ئىش، ھادىسە قاتارلىقلار تۈپەيلى ھالاك بولغان ياكى زور زىيانغا ئۇچرىغان كىشى: جاھالەت قۇربانى. ③ بىرەر مەقسەتكە ئېرىشىش يولىدا تارتقان زىيان ـ زەخمەت، بەدەل، تالاپەت: قۇربان بەرمەك. ④ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**قۇربان ھېيت** <دىن> مۇسۇلمانلارنىڭ ھىجرىيە ھېسابىدا 12 ـ ئاينىڭ، يەنى زۇلھەججەنىڭ 10 ـ كۈنىدىن باشلاپ بىرنەچچە كۈن ئۆتكۈزىدىغان دىنىي بايرىمى.

**قۇربانسىز** رەۋ. قۇربان بەرمەي ياكى قۇربان قىلماي تۇرۇپ: كۈرەش قۇربانسىز بولمايدۇ.

**قۇربانلىق** ① ئى <دىن> قۇربان ھېيتتا خۇدا يولىدا، گۆشى ھالال بولغان ئۆي ھايۋىنىنى سويۇش: قۇربانلىق قىلماق. ② سۈپ. قۇربان قىلىشقا، قۇربان ھېيتقا ئاتاپ سويۇلغان ياكى سويۇلىدىغان: قۇربانلىق قوي. ③ ئى. كۆچمە. باشقا بىركىم، بىر تەرەپنىڭ ئىشى، مەقسىتى ئۈچۈن پۈتۈنلەي ئورۇنسىز، بىھۇدە تارتىلغان زور بەدەل، زىيان: سەن پۈتۈنلەي ئورۇنسىز قۇربانلىققا ئايلىنىپ كەتتىڭ، سەن بۇنى تا ئۆلگۈچە چۈشەنمىدىڭ.

**قۇربەت** ئى ← **قۇرب**.

**قۇربېشى** ئى [قۇر + باش + ى] تارس ← **مىڭبېشى**: قۇربېشى بولماق.

**قۇربېگى** ئى [قۇر + بەگ + ى] تارس. يەرلىك ئامانلىقنى ساقلاش قوراللىق كۈچلىرى باشلىقى.

**قۇرت** ئى <زوئول> ① ھاشارات ۋە شۇ خىلدىكى كىچىك ئومۇرتقىسىز ھايۋانلار: كۆك قۇرت. ② بەزى ھاشاراتلار ۋە ئۈششاق ئورگانىزملار نامى تەركىبىدە كېلىدۇ. مەسىلەن،

ئېشەك قۇرتى، شىلىق قۇرت دېگەنگە ئوخشاش. ③ بەزى ھاشاراتلارنىڭ تۇخۇمىدىن بارلىققا كېلىدىغان دەسلەپكى ھالىتى: ئالما قۇرتى. قۇرت چۈشمەك.

**قۇرتقا** ئى. دىيال. ئانىسىنىڭ ئانىسى، موممىسى.

**قۇرت ـ قوڭغۇز** قۇرت، قوڭغۇز ۋە شۇ خىلدىكى ھاشاراتلار: بۇ ئادەمنىڭ ئاۋازى ئەمەس، قۇرت ـ قوڭغۇز ياكى ئۇچار قۇشنىڭ نالىسىمۇ ئەمەس ئىدى.

**قۇرت ـ قۇمۇرلۇق** دىيال. قۇرت ـ قوڭغۇز.

**قۇرتلاتماق** «قۇرتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قۇرتلۇق** سۈپ. ئىچىدە، تەركىبىدە قۇرتى بار؛ قۇرت باسقان، قۇرتلىغان؛ ئىچىگە قۇرت چۈشكەن، قۇرت يېگەن: قۇرتلۇق سۇ. قۇرتلۇق ئالما.

**قۇرتلىماق** پ. ئىچىدە، تەركىبىدە قۇرت پەيدا بولماق؛ قۇرت چۈشمەك، قۇرت باسماق: قۇرتلىغان ھەرقانداق نەرسىنى ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ.

**قۇرتئوت** ئى [قۇرت + ئوت] <بىيول> زەمبۇرۇغنىڭ بىر خىلى. تەڭگىچە قاناتلىقلار ئەترىتىدىكى ھاشاراتلارنىڭ لىچىنكىلىرىدا پارازىت ياشايدۇ. زىيانغا ئۇچرىغۇچى لىچىنكا قىش پەسلىدە تۇپراق ئىچىگە كىرىۋېلىپ تەدرىجىي ھالدا زەمبۇرۇغ تۈگۈنچىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. ياز پەسلىدە زەمبۇرۇغ تۈگۈنچىسى ياكى ئۆلۈك قۇرتنىڭ تېنىدىن باكتېرىيەنىڭ كۆپىيىش ئورگىنى ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى قۇرتقا ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇ قۇرتئوت دەپ ئاتالغان. ئادەتتە ئۇ دورا قىلىنىدۇ، قۇۋۋەت تولۇقلاش رولىغا ئىگە.

**قۇرچى** I ئى. كالىنىڭ چوڭ ئۈچەيى: كالا ئۆلىدۇ قۇرچى ئۈچۈن، ئات ئۆلىدۇ قىزا ئۈچۈن (ماقال).

**قۇرچى** II ئى. تارس. ئوردا قورۇقچىلىرىنىڭ باشلىقى: ئۇ ئوردىغا كىرىپ بەگ ـ سىپاھىلار، قۇرچى، سەۋدەلەرنىڭ رۇخسىتىگە قارىماي، ئىككىنچى قەۋەتتىكى خىلۋەتخانىغا ئۆسۈپ كىردى.

**قۇرچىلىق** ئى. تارس. ئوردا قورۇقچىلىرىنىڭ باشلىقلىقى.

**قۇرخانا** ئى. تارس. مەخسۇس قورال ـ ياراغ قويۇلغان ئۆي، يەر؛ قورال ئىسكىلاتى.

**قۇرداش** ئى. يېشى تەڭ، تەڭتۇش كىشىلەر: دادام قۇرداشلىرى بىلەن پات ـ پات كۆرۈشۈپ تۇراتتى. // مەن ئۇنىڭ بىلەن قۇرداش.

**قۇرداشلىق** ئى. تەڭ ياشلىق، تەڭتۇشلۇق: قۇرداشلىق مۇناسىۋەت.

**قۇرغاق** سۈپ ① يامغۇر ـ يېشىنى كەم، يامغۇر ـ يېشىنى ئاز: قۇرغاق رايون. قۇرغاق پەسىل. ② نەملىك، ھۆللۈك دەرىجىسى تۆۋەن: قۇرغاق ھاۋا. قۇرغاق شامال.

**قۇرغاقچىلىق** ئى ① ئۇزاق ۋاقىت يامغۇر ـ يېشىن بولماي قېلىپ، زىرائەتلەر سۇسىز قالغان قۇرغاق ھالەت: قۇرغاقچىلىق ئاپىتى. ② يېمەك ـ ئىچمەكنى، ئىقتىسادى كەمچىل ھالەت، قۇرۇقچىلىق: ئىشلىگەن چىلىق ـ چىلىق، ئىشلىمىگەن قۇرغاقچىلىق (ماقال).

**قۇرغاقلاشتۇرماق** «قۇرغاقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تېرىنى قۇرغاقلاشتۇرماق.

**قۇرغاقلاشماق** پ. نەملىكى تۈگىمەك، قۇرغاق ھالەتكە كەلمەك: ئۇزۇن مەزگىل يامغۇر ياغمىغانلىقتىن، ئوتلاق قۇرغاقلىشىپ كەتكەنىدى.

**قۇرغاقلىق** ئى. قۇرغاق ھالەت: ئۆينىڭ قۇرغاقلىقى. يەرنىڭ قۇرغاقلىقى.

**قۇرغۇر** سۈپ. قۇرۇپ كەتكۇر.

**قۇرغۇزماق** «قۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئالماسخان ئۇلار ئۈچۈن كىگىز ئۆي قۇرغۇزۇپ، شۇ ئۆيدە مېھمانلارغا زىياپەت بەردى.

**قۇرغۇن** ئى [قۇرۇق + ئۇن] زۇۋۇلا قىلىنغان خېمىر ۋە يېيىلغان چۆپ، جىلىت قاتارلىقلارغا سېپىلىدىغان ئۇن: قۇرغۇن سەپمەك. قۇرغۇن قىلماق.

**قۇرغۇنلۇق** ئى. قۇرغۇن قىلىشقا يەتكۈدەك ئۇن: قۇرغۇنلۇق سورىماق.

**قۇرغۇي** ئى <زوئول> يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ بىر خىلى. لاچىندىن كىچىكرەك، پەيلىرى كۆل رەڭ، قوڭۇر رەڭلىك، قورسىقى ئاقۇچ، قىزىل قوڭۇر، توغرا ئالىسى بار، پۇتى سېرىق، چىشىسى ئەركىكىگە قارىغاندا سەل چوڭ، كىچىك قۇشلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. قولغا ئۆگىتىلگەنلىرى بىلەن كىچىك قۇشلارنى ئوۋلاشقا بولىدۇ.

**قۇرغۇيەك** ئى. قۇرغۇيغا ئوخشايدىغان جۇغى كىچىك بىر خىل قۇش.

**قۇرلانماق** ① «قۇرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. ② قۇر ھالىتىگە كەلمەك، قۇر بولماق؛ تىزىلماق: قۇرلىنىپ تۇرماق.

**قۇرلىماق** پ. قۇر بويلىماق، قۇرنى ئاساس قىلماق: قۇرلاپ تېرىماق.

**قۇرما** I سۈپ. توم چىۋىق، بادرىلاردىن زەمبىل شەكلىدە توقۇلۇپ لاي بىلەن سۇۋالغان: ئۆي ـ ئىمارەتلەر تولىراقى توقۇلغان قۇرما تام، شۇ سەۋەب، ئولتۇرغىلى بولمايتتى ئەسلا بىخەتەر.

**قۇرما** II ئى. دىيال. چوڭراق ئۆي شەكلىدىكى كەپە.

**قۇرماق** پ ① تۈرلۈك ماتېرىياللاردىن ۋە بۆلەكلەردىن يىغىپ ـ توپلاپ، بىرىكتۈرۈپ ياساپ چىقماق، سالماق؛ قۇراشتۇرماق: ئىمارەت قۇرماق. ② يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرمەك، بەرپا قىلماق، ياراتماق، بىنا قىلماق: تەشكىلات قۇرماق. ③ بىر يەرگە جايلاشتۇرماق، ئورناتماق، تىكلىمەك: دۇكان قۇرماق. قاپقان قۇرماق. ④ تۈزمەك، قىلماق: بەزمە قۇرماق.

**قۇرمۇقۇر** بىرقۇر ـ بىرقۇردىن، بىر قۇرنىمۇ قالدۇرماي.

**قۇرۇت** ئى. قوي، ئۆچكە ياكى كالا سۈتىنى ئۇيۇتۇپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق ياسىلىدىغان بىر خىل يېمەكلىك: قۇرۇت يېمەك. قۇرۇت ساتماق.

**قۇرۇتچى** ئى. قۇرۇت ياسىغۇچى؛ قۇرۇت ساتقۇچى.

**قۇرۇتقا** ئى <بوت> بەھمەن ئائىلىسىدىكى پاكار چاتقال. ئېگىزلىكى 10 ـــ 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇچلۇق بولۇپ، تاسما ياكى يىڭنە شەكلىدە كېلىدۇ، ئۇچى قاتتىق بولىدۇ. گۈلىنىڭ رەڭگى سۆسۈن قىزىل كېلىدۇ. شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا كەڭ تارقالغان.

**قۇرۇتماق** «قۇرۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھۆل كىيىمنى قۇرۇتماق. گۈلە قۇرۇتماق.

**قۇرۇتۇشماق** «قۇرۇتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار يۇغان كىرلىرىنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇشۇپ، ئاندىن كېتىشتى.

**قۇرۇتۇلما** ئى. قۇرۇتۇلغان شۇ خىل نەرسە: مومام بۇلۇڭغا ئېسىلغان ئادراسمان دېگەن تاغ گىياھى بىلەن شاھى رەيھان دېگەن باغ گىياھىنىڭ قۇرۇتۇلمىسىنى جىنچىراغدەك كېلىدىغان ئىسرىقدانغا تىزدى.

**قۇرۇتۇلماق** «قۇرۇتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قوغۇن پىشقان ھامان ئورىدىغا توشۇلۇپ تۇرۇلاتتى ۋە ئوردا ئۇچۇن قاق قۇرۇتۇلاتتى.

**قۇرۇشماق** «قۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار باداشقان قۇرۇشۇپ ئولتۇردى.

**قۇرۇق** ① سۈپ. سۇيى، نەمى تۈگىگەن، قۇرۇغان، ھۆلىنىڭ ئەكسى: قۇرۇق ئوتۇن. ② رەۋ. كۆچمە. باشقا نەرسە ئارىلاشتۇرۇلمىغان ياكى ئارىلاشتۇرماي؛ يالغۇز: ناننى قۇرۇق يېمەك. ③ سۈپ. كۆچمە. ئىچىدە ھېچنېمە يوق، ئىچى بوش: قۇرۇق قۇتا. قۇرۇق ھارۋا. قۇرۇق سېۋەت. * قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرماس (ماقال). ④ رەۋ. يەپ ـ ئىچمەي، مېھمان بولماي: ـــ رەنجىشمىسىلە، قۇرۇقلا قايتىشتىلا، بەك سەت بولدى، ـــ دېدى ئۇ بىزنى ئۇزىتىپ چىقىپ. ⑤ رەۋ. نەتىجىسىز، بىكارغا، بىھۇدە: قۇرۇق قالماق. ⑥ سۈپ. ئەمەلىيىتى يوق، سەمىمىي بولمىغان، باشقىلارنى ئالدايدىغان، يالغان، ساختا: قۇرۇق ۋەدە بەرمەك. ⑦ سۈپ. ھېچبىر رولى، ئەھمىيىتى يوق؛ رولى، ئەھمىيىتى قالمىغان: قۇرۇق گەپ. قۇرۇق پاراڭ. ⑧ رەۋ. ھېچبىر ئىش قىلماي، بىكار: قۇرۇق ئولتۇرماق. ⑨ رەۋ. ئورۇنسىز: قۇرۇق گۇمان قىلماق. ⑩ سۈپ. ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى يوق، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، كۆچىدىن قالغان: قۇرۇق نەزەرىيە. قۇرۇق ئىستەك. ⑪ سۈپ. پەقەت ئېغىزدىلا قىلىنغان، ئېغىز يۈزىدىلا، ئاغزىدىلا دەپ قويۇلغان: قۇرۇق تەكلىپ.

**قۇرۇق ئەمچەك سالماق** كىشىنى گوللايدىغان، ئەمەلگە ئاشمايدىغان ۋەدىنى بەرمەك؛ گوللىماق.

**قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق** ① قۇرۇق قول، ھېچ نەرسىسى يوق، ھېچ نەرسە كۆتۈرمەي: ـــ قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق قانداق كېتىمەن؟ ـــ دېدى موللازەيدىن. ② ھېچبىر ئاساسسىز، بىكاردىن ـ بىكار: قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق سۆزلىمەك.

**قۇرۇقچىلىق** ئى ① ھەممە يەر قۇرۇغان، قۇرۇپ قالغان ياكى قۇرۇپ كېتەي دەپ قالغان ھالەت: دالىلارنى قۇرۇقچىلىق قاپلىماق. ② ئومۇمەن بىرەر ئائىلىدە گۆش ـ ياغ، ئۇن، كۆكتات، يەل ـ يېمىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كۈندىلىك تۇرمۇشقا جىددىي زۆرۈر بولغان نەرسىلەر ئۆكسۈپ قالغان ۋە كەم ياكى يوق بولغان ئەھۋال؛ ئۇزۇكچىلىك: قۇرۇقچىلىق بولماق.

**قۇرۇقداتماق** «قۇرۇقدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قۇرۇقداشماق** «قۇرۇقدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قۇرۇقدالماق** «قۇرۇقدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يانچۇق قۇرۇقدالماق.

**قۇرۇقدىماق** پ ① ھۆل بىرنەرسىنىڭ ئورنىغا قۇرۇقىنى ئالماشتۇرماق؛ قۇرۇق ھالەتكە كەلتۈرمەك: بالىنىڭ ئاستىنى قۇرۇقدىماق. ② كۆچمە. ئىچى ياكى ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىپ ياكى يوقىتىپ، بوش، قۇرۇق ھالەتلەرگە كەلتۈرمەك؛ بوشاتماق؛ تۈگەتمەك: ساندۇقنى قۇرۇقدىماق. ③ تۈگىمەك؛ ئۈگۈتسىرىمەك (تۈگمەن ھەققىدە): تۈگمەن قۇرۇقداپ قالدى.

**قۇرۇقشىمال** ئى. دىيال. دەرەخنىڭ چالا قۇرۇپ قېلىش ھالىتى ياكى قۇرۇق بىلەن ھۆلنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ قېلىشى.

**قۇرۇقلۇق** I ئى ① قۇرۇق بولغان ھالەت: ھاۋانىڭ قۇرۇقلۇقى. ② سۇسىز، قۇرۇق جاي، يەر: لەھەڭ دەريانىڭ لېۋىگە كېلىپ، بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇپ، ھاتەمنى قۇرۇقلۇققا پۈركۈۋەتتى. ③ <جۇغ> يەر شارىنىڭ دېڭىز ـ ئوكياندىن باشقا قىسمى: چوڭ قۇرۇقلۇق. قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى.

**قۇرۇقلۇق** II سۈپ. قۇرۇپ قويۇلغان، قۇرۇلغان: ئاسماندا تور، يەردە قاپقان قۇرۇقلۇق، مەككار دۈشمەن كەلسە ئەگەر بۇياققا.

**قۇرۇقلىماق** پ ← **قۇرۇقدىماق**: كۆلچەك پاكپاكىز قۇرۇقلاپ قويۇلغانىدى.

**قۇرۇلتاي** ئى ① ئۆتمۈشتە موڭغۇل ۋە بەزى تۈركىي خەلقلەردە دۆلەتنىڭ زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان كاتتا يىغىلىشى، چوڭ يىغىن. ② دۆلەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئورگانلىرى تەرىپىدىن نەچچە يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان ئومۇمىي چوڭ يىغىن: خەلق قۇرۇلتىيى. قۇرۇلتاي ئاچماق.

**قۇرۇلما** ① سۈپ. قۇرۇلغان، قۇرۇلىدىغان: قۇرۇلما پولات. ② ئى. ھەرقايسى تەركىبىي قىسىملارنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشى ۋە تەشكىللىنىشى، تۈزۈلمە: ئاتوم قۇرۇلمىسى. ③ ئى <بىن> قۇرۇلۇشلارنىڭ ئېغىرلىق كۈچى ۋە سىرتقى كۈچ چۈشىدىغان قىسمىنىڭ تۈزۈلۈشى: قۇرۇلما بۆلىكى.

**قۇرۇلماق** «قۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ قۇملۇقتا ئالاھىدە دوختۇرخانا قۇرۇلۇپ خەلقنىڭ سالامەتلىكى، بەختى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا باشلاپتۇ.

**قۇرۇلمىچىلىق** ئى. شەيئىلەرنى قۇرۇلما جەھەتتىن تەھلىل يۈرگۈزۈشنى ئاساسىي ۋاستە قىلغان تەتقىقات ئۇسۇلى: قۇرۇلمىچىلىق نەزەرىيەسى.

**قۇرۇلمىشۇناس** ئى. شەيئىلەرنى قۇرۇلما جەھەتتىن تەتقىق قىلىشنى تەتقىقاتنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى قىلغۇچى تەتقىقاتچى، ئالىم.

**قۇرۇلمىشۇناسلىق** ئى. ھادىسە ۋە شەيئىلەرنى پەقەت قۇرۇلما نۇقتىسىدىن تەھلىل ـ تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم، قۇرۇلما ھەققىدىكى پەن: قۇرۇلمىشۇناسلىق نەزەرىيەسى.

**قۇرۇلملىق** سۈپ. قۇرۇلمىغا ئىگە، قۇرۇلمىدىن تەركىب تاپقان: ياغاچ قۇرۇلملىق ئىمارەت.

**قۇرۇلۇش** ئى ① قۇرۇپ چىقىش، قۇرۇش، بىنا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا باغلىق بولغان ئىشلار: قوشۇن قۇرۇلۇشى. ② <بىن> ئۆي سېلىش، يول ياساش، توما ۋە كۆۋرۈك قوپۇرۇشقا ئوخشاش ئىشلار، بىناكارلىق: قۇرۇلۇش ئىشچىسى. قۇرۇلۇش تېخنىكىسى. ③ <بىن> بىناكارلىق ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان جاي ياكى قۇرۇلۇۋاتقان ئوبيېكت: قۇرۇلۇش ئورنى. ④ ئۆي ـ ئىمارەت، بىنا: قۇرۇلۇش پۈتمەك. ⑤ قۇرۇلما: جۈملىنىڭ قۇرۇلۇشى.

**قۇرۇلۇشچى** ئى. قۇرۇلۇش قىلغۇچى ياكى قۇرۇلۇش

ئىشچىسى: ئۇ پونكىتقا يېتىپ كەلگەندە، قۇرۇلۇشچىلار تېخى ئىشتىن چۈشمىگەنىدى.

**قۇرۇم** ئى <خىم> پاراشوك ھالەتتىكى قارا رەڭلىك قاتتىق ماددا. كاربون ھىدرىتلار قىزدۇرۇلغاندا پارچىلىنىش ياكى تولۇق كۆيۈپ بولالماسلىق نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدۇ. ئاساسلىق تەركىبى كاربون. كۆپىنچە تۇرۇبا، مورا تاملىرىغا يېپىشىۋالىدۇ. كاۋچۇك سانائىتىدە تولدۇرغۇچى ماتېرىيال قىلىنىپ، كاۋچۇكنىڭ قاتتىقلىقى ۋە سۈركىلىشكە چىداملىقلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

**قۇرۇماق** پ ① سۈيى، نېمى قاچماق؛ قۇرۇق ھالەتكە كەلمەك: قۇرغاقچىلىقتىن ئېتىز-ئېرىقلار قۇرۇدى. ② كۆكلەشتىن توختىماق، كۆكلىمەس بولۇپ قالماق، نابۇت بولماق، ئۆلمەك (ئۆسۈملۈكلەر ھەققىدە): زىرائەت قۇرۇپ كەتمەك. ③ پۈتۈنلەي تۈگىمەك؛ يوقالماق: ئۇلارنىڭ ئوق خالتىلىرى قۇرۇپ قېلىۋاتاتتى. ④ پېئىلنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ رايىنىڭ Ⅲ شەخس بىرلىكىنىڭ قوشۇمچىسى «- سۇن» بىلەن تۇرلىنىپ كېلىپ «تۈگىسۇن، قالسۇن، ئاياغلاشسۇن، يوقال، يوقالسۇن، يىراققا ئاپار!» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئېسىم قۇرۇسۇن. قېرىلىق قۇرۇسۇن.

**قۇرۇمداتماق** «قۇرۇمدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۇرخۇننى قۇرۇمداتماق. كاڭنىڭ ئىس يوللىرىنى قۇرۇمداتماق.

**قۇرۇمداشماق** «قۇرۇمدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قۇرۇمدالماق** «قۇرۇمدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قۇرۇمدىماق** پ. قۇرۇمنى ئېلىۋەتمەك، تازىلىماق: تۇرخۇننى قۇرۇمدىماق.

**قۇرۇملۇق** سۈپ. قۇرۇمى بار، قۇرۇم باغلىغان، قۇرۇم قاپلىغان: قۇرۇملۇق تۇرخۇن.

**قۇرىماق** پ. دىيال. ھەر خىل پارچە - پارچە رەخت، رەختنىڭ پۇرۇچلىرى ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەرنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ، قوشۇپ، بىرەر پۈتۈنلۈك، پۈتۈن نەرسە ھاسىل قىلماق.

**قۇز** سۈپ. دىيال. تەسكەي.

**قۇززات** ئى [ئە] تارىس. قازىلار، سودىيەلەر، مەھكىمىدە ھۆكۈم قىلغۇچىلار: ئۆتمۈشتە شەرىئەت ئىشلىرىنى قۇززات، قازى، ئەلەم - مۇپتى قاتارلىقلار باشقۇراتتى.

**قۇزغۇن** ئى <زوئول> قاغا تىپىدىكى بىر خىل تاپ قۇشى. تېنى قاغىدىن سەل چوڭ ۋە ھەممە يېرى تۇم قارا كېلىدۇ. ئۆزى بىرەر جانلىقنى ئالالمايدۇ، پەقەت ھايۋانلارنىڭ ئۆلۈكلىرى بىلەنلا ئوزۇقلىنىدۇ.

**قۇستە** ئى [ئە] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. بويى ئېگىز، ئوق يىلتىزى يوغان ۋە سىلىندىر شەكلىدە، يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە. گۈلى نەيچىسىمان، رەڭگى تۇتۇق سۆسۈن ۋە باشسىمان گۈل رېتىدە، ئۇرۇق مېۋىسى يىپسىمان كېلىدۇ. تېبابەتچىلىكتە يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىش، تولغاققا مەنپەئەت قىلىش رولىغا ئىگە.

**قۇستۇرغۇچ** سۈپ. يېگەن نەرسىلەرنى قۇستۇرۇش، ياندۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان: قۇستۇرغۇچ دورا.

**قۇستۇرماق** «قۇسماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دورىنى قۇستۇرماق.

**قۇستۇرۇلماق** «قۇستۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: زەھەرلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، ھەسەل سۈيىگە توغرىغا قوشۇپ ئىچۈرۈلۈپ، ئارقىدىن قۇستۇرۇلىدۇ.

**قۇسرۇق** ئى ← **قۇسۇر**.

**قۇسرۇقسىز** سۈپ ← **قۇسۇرسىز**: «ئاۋستىرىيەنىڭ ‹خەلق ئاۋازى گېزىتى›، بۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن ئادەملەر ھازىر ھەرقايسى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەرنىڭ ھېچقانداق قۇسرۇقسىز پۇقراسى، ئۇلار ھۆكۈمەت، پارلامېنت ھەم داڭلىق بانكا ۋە شىركەت مۇدىرىيەتلىرى ئىچىدە ۋەزىپە ئۆتىمەكتە» دەپ كۆرسەتكەن.

**قۇسماق** پ ① يېگەن - ئىچكەن نەرسىلىرى قورسىقىدىن يېنىپ كەتمەك، ياندۇرۇپ تاشلىماق، قەي قىلماق: ئۇ ئىككى قېتىم قۇسۇۋەتتى. ② كۆچمە. ئېلىۋالغانلىرىنى ئىلاجسىز قايتۇرماق، قايتۇرۇپ بەرمەك: ئۇ تويمىغۇر مۇناپىق ئاخىر ناتوغرا يوللار بىلەن ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان پۇللارنى قۇستى.

**قۇسۇر** ئى [ئە] كەمچىلىك، نۇقسان، ئەيىب، ئېۋەن، ئىللەت: قۇسۇر تاپماق.

**قۇسۇرچى** ئى. باشقىلارنىڭ ئىش - ھەرىكىتىدىن، گەپ - سۆزىدىن قۇسۇر تېپىپلا يۈرىدىغان كىشى: ئۇ تازىمۇ بىر قۇسۇرچى نېمىكەن.

**قۇسۇرسىز** سۈپ. قۇسۇرى، ئەيىبى يوق؛ قۇسۇرى بولمىغان: قۇسۇرسىز ئادەم.

**قۇسۇشماق** «قۇسماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قۇسۇق** ئى. ئاشقازاندىن يېنىپ كەتكەن، قۇسۇپ تاشلانغان نەرسە؛ قەي: قۇسۇقنى ئادالىماق.

**قۇش** ئى <زوئول> ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ بىر سىنىپى. تېمپېراتۇرىسى تۇراقلىق بولىدۇ. تۇخۇم تۇغۇپ كۆپىيىدۇ. ئېغىزىدا چىشى يوق، پۈتۈن تېنىدە پەي - تۈكلەر ۋە كۆكرىكىدە تۆش ئۆسۈكى بولىدۇ. ئالدى ئايىغى قاناتقا ئۆزگەرگەن، ئارقا ئايىغى بىلەن ماڭىدۇ. قۇشلار ئومۇمەن ئۇچالايدۇ. بەزىلىرىنىڭ قاناتلىرى رودىمېنتلاشقان بولۇپ ئۇچالمايدۇ. قۇشلارنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئاق قۇشقاچ، قارلىغاچ، لاچىن، توخۇ، ئۆردەك، تۆگىقۇشى قاتارلىقلار قۇش تىپىغا كىرىدۇ.

**قۇشبېگى** ئى [قۇش + بەگ + ى] تارىس. ئوۋغا چىققاندا ئىشلىتىدىغان قارچىغا، بۈركۈت، شۇڭقار، لاچىنلارنى باققۇچىلارغا قارىغۇچى ۋە ئۇلارغا نازارەت قىلغۇچى كىشى.

**قۇشتەك** رەۋ. ناھايىتى يەڭگىل، يېنىك؛ كەيپى جايىدا: بۈگۈن مەن قۇشتەك قوپۇپتىمەن.

**قۇشچى** ئى. ئوۋ قۇشلىرىنى باقىدىغان ۋە ئوۋ قۇشى بىلەن ئوۋ ئوۋلايدىغان كىشى.

**قۇشچىلىق** ئى. ھەر خىل ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش، ئۆستۈرۈش، يېتىشتۈرۈش كەسپى، ئىشى: قۇشچىلىق فېرمىسى.

**قۇشخانا** ئى. قوي، كالا قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنى بوغۇزلاپ سويۇشقا تەييارلانغان مەخسۇس جاي.

**قۇشقاچ** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. بېشى يۇمىلاق،

قۇيرۇقى قىسقا، تۇمشۇقى كونۇس شەكلىدە، بېشىنىڭ
چوققىسى بىلەن بوينى زىغىر رەڭ، دۈمبىسى قوڭۇر ۋە
ئۈستىدە قارا قوڭۇر ئارىلاش كەلگەن سەپكۈنلىرى بولىدۇ.
قۇيرۇقى توق قوڭۇر، قىسقا ھەم كىچىك كېلىدۇ. ئۇزاققا
ئۇچالمايدۇ، سەكرەشكە ماھىر كېلىدۇ. دان ۋە ھاشاراتلار بىلەن
ئوزۇقلىنىدۇ.

**قۇشقاچتىل** ئى [قۇشقاچ + تىل] <بوت> قامچىئوت ئائىـ
لىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى
كىچىك، ھال رەڭ. ئۇرۇق مېۋىسى ئۈچ قىرلىق، رەڭگى قارا.
يەر ئۈستى قىسمى دورا بولىدۇ، ھۆل ئىسسىقنى قايتۇرۇش،
سۈيدۈك ھەيدەش، قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈش رولىغا ئىگە.

**قۇشقونماس** ئى [قۇش + قونماس] <بوت> غول، يوپۇرماقـ
لىرىدا ئۆتكۈر تىكەنلىرى بار ۋە قۇشلارنىڭ قونۇشىغا
قولايسىز بولغان ئۆسۈملۈكلەر.

**قۇشقۇن** ئى. ئېگەر، چوم، ئۇچۇلۇقلارنىڭ ئالدى تەرەپكە
كېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلاغنىڭ قۇيرۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ
تارتىپ قويۇلىدىغان تاسما، ئۇلاڭ.

**قۇشقۇنغا ئولتۇرماق** ئىش ـ ھەرىكەتكە ۋەدە بېرىپ قويۇپ
كەينىگە يېنىۋالماق.

**قۇشلاتماق** «قۇشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قۇشلاشماق** «قۇشلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قۇشلانماق** «قۇشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قۇشلىماق** پ ① ئوۋ قۇشلىرىنى توشقان قاتارلىقلارنى
تۇتۇشقا سالماق، ئوۋ قۇشلىرى بىلەن ئوۋ ئوۋلىماق: قارچىغا
قۇشلىماق. ② كۆچمە. قۇترىتىپ، كۈشكۈرتۈپ ئەۋەتمەك، يولغا
سالماق: رەۋىخان بىر تالاي ۋالاقلىشىپ گۈلقىزنى قۇشلىدى. گۈلسۈمـ
خانمۇ ئۇنىڭغا يان بېسىپ، قىزنى قايتىشقا قىستىدى. ③ كۆچمە.
سەلبى. قولغا كەلتۈرمەك، قولغا چۈشۈرمەك؛ ئوينىماق: قىز
قۇشلىماق.

**قۇشناچ** ئى. ئىمام ـ مەزىن، ئاخۇن، موللا ۋە شۇنىڭدەك
ياشقا چوڭراق بولغان دىنىي زاتلارنىڭ مەزلۇملىرىنى ھۆرمەتـ
لەپ ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ: قۇشناچىمنىڭ ئىشىنى ئوخشاتقان
موللىكامنىڭ ئوتيېشى (ماقال).

**قۇل** ئى ① تارس. ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىدىكى جەمئىـ
يەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە خۇسۇسىي مۈلۈك، مال ـ دۇنيا
قاتارىدا ئېلىپ سېتىلغان، تەقدىرى پۈتۈنلەي قۇلدارغا
قاراشلىق بولغان، ئۆزى ھېچقانداق ھوقۇق ۋە مال ـ
مۈلۈككە ئىگە بولمىغان چاكار: قۇل بازىرى. ② كۆچمە.
بىركىمگە، بىر نەرسىگە قاتتىق بېرىلگەن كىشى، ئۇنىڭ
پىدائىيسى: خوتۇن كىشى ــ تۆت تامنىڭ قۇلى (ماقال).

**قۇلا** ① سۈپ. قوڭۇر سېرىق(ئاتنىڭ رەڭگى ھەققىدە): قۇلا
ئات. ② ئى. شۇنداق رەڭلىك ئات: نېمىلەرنىدۇر دېدى ئاز ـ تولا،
تارتتى تىزگىنىنى ئايلاندى قۇلا.

**قۇلاق** ئى ① <ئانات> ئاڭلاش ئورگىنى. ② بەزى نەرسىـ
لەرنىڭ ئىلىپ قويۇش، كۆتۈرۈش قاتارلىقلار ئۈچۈن خىزمەت
قىلىدىغان قىسمى: چېلەكنىڭ قۇلىقى. * قازاننىڭ قۇلىقى تۆت
(ماقال). ③ بەزى باش كىيىملىرىنىڭ قۇلاقنى يېپىپ تۇرۇش
ياكى ئىسسىتىش ئۈچۈن چۈشۈرۈپ قويۇلىدىغان ئۇزۇن
قىسمى: ئۇ ئىككى قۇلىقىنى كەينىگە قايرىپ باغلىۋالغان قۇلاقچىـ
سىنى بېشىدىن ئالدى. ④ بەزى مېخانىزم ۋە مۇزىكا ئەسۋابلىـ
رىنىڭ بۇراپ ئىشقا چۈشۈرۈش ياكى سازلاش ئۈچۈن خىزمەت
قىلىدىغان قىسمى: دۇتارنىڭ قۇلىقى. ساتارنىڭ قۇلىقى. ⑤ <بوت>
ئۆسۈملۈكنىڭ دەسلەپكى چىقارغان يوپۇرمىقى، بەرگى ياكى
بىخى: كۆممىقوناق مايسىلىرى ئۈچ قۇلاق بولۇپ ئۆستى. ⑥ كۆچمە.
تىڭتىڭچى: بىلال ئەزىزى ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ: ــ ھازىر
گومىنداڭ ساقچى ئورگانلىرى قۇلاقلىرىنى شەھەر، ناھىيە، يېزا ۋە يول
بېكەتلىرىگە تېرىقتەك تېرىۋەتتى، ــ دېدى.

**قۇلاق ئاغرىتماق** ئاۋارە قىلماق، بىزار قىلماق: قۇلاقنى
ئاغرىتىدىغان گەپلەر.

**قۇلاق كەستى** كەپسىزلىك قىلىپ ئىش تېرىپلا يۈرىدىغان،
يامان ئىش قىلىدىغان، ناچار بالىلارنى ھاقارەتلەپ ئېيتىلىـ
دىغان ھاقارەت سۆزى : قۇلاق كەستىلەردىن بىرەرى ئىش تېرىپ
يۈرمىسۇن يەنە.

**قۇلاقنى يوپۇرماق** ئاڭلىماسقا، بىلمەسكە سالماق:
ــ شەۋكەت، ــ دېدىم مەن سەمىمىي ھالدا، ــ بىز مۇنداق قۇلاقنى
يوپۇرۇپ يۈرۈۋەرسەك بولمايدۇ.

**قۇلىقى دىڭ** خەۋەر ئاڭلاشقا، خەۋەردار بولۇشقا تەييار، ناھاـ
يىتى سەگەك، ھوشيار: قۇلىقى دىڭ بولماق. * مەيدان تىۋىشىسىز،
ھەممىنىڭ قۇلىقى دىڭ.

**قۇلىقى قىزىماق** يىراقتا بىراۋ ئۇنىڭ گېپىنى قىلىۋاتـ
قاندەك ھېسسىياتتا بولماق: قۇلىقىم قىزىۋاتىدۇ، كىم گېپىمنى
قىلىۋاتىدىكىنە.

**قۇلىقى ئۇزۇن** خەۋەر ـ ئۇچۇرلارنى تېز ئاڭلىۋالىدىغان:
تۇرمىدە ياتقانلارنىڭ قۇلىقى ئۇزۇن بولىدۇ.

**قۇلىقى يۇمشاق** گەپ ئاڭلايدىغان؛ كىشىنىڭ سۆزىگە،
نەسىھىتىگە كىرىدىغان؛ رايىش: ئۇ بالا ئوبدان، قۇلىقى يۇمشاق،
نېمە دېسەڭ شۇنى قىلىدۇ.

**قۇلاقباغ** ئى [قۇلاق + باغ] ھارۋىنىڭ قۇلىقىنى بويۇنتۇـ
رۇققا چاتىدىغان باغ.

**قۇلاقچا** ئى. كۆرپە، تېرە، رەخت قاتارلىقلاردىن ئىككى تەردـ
پىگە ئىككى قۇلاق چىقىرىپ تىكىلىدىغان قىشلىق باش كىيىمى.

**قۇلاقچۆپ** ئى [قۇلاق + چۆپ] ① ئەتلەس دۇكىنىدا تۇرگىـ
نى ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تۇرگىنىنىڭ ئوقى بېشىغا ئورنىتىلغان
تۇتقۇ. ② گىلەم دۇكىنىدا توغرا ياغاچنى تۇتۇپ تۇرىدىغان
ئىككى پاچاقنىڭ ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ئورۇنلاشتۇـ
رۇلغان 50 ــ 60 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چېتىق.

**قۇلاقچېچەك** ئى [قۇلاق + چېچەك] ئالتۇندىن ياسالغان،
ئوتتۇرىسىغا ياقۇت، ئىككى تەرىپىگە مەرۋايىتتىن كۆز قويۇلـ
غان چازا. ئۇنىڭ بىلەن ئىككى قۇلاق ئۈستىدىكى چاچنى
قىستۇرغاندا، ياقۇت، مەرۋايىت كۆزلۈك گۈللىرى قۇلاق
ئۈستىدە گۈل قىسقاندەك كۆرۈنىدۇ.

**قۇلاقچىلىق** سۈپ. قۇلاقچىسى بار، قۇلاقچا كىيگەن:
ئۇلارنىڭ بىرى يېلىڭ شەپكە، بىرى قۇلاقچىلىق ئىدى.

**قۇلاقسىز** سۈپ ① قۇلاق ئورنىتىلمىغان؛ ② ئاڭلايدىغان ئادەم يوق: ئەخلەتلەرنى ئېلىۋېتەيلى، مەھەللىمىز پاكىز رەك تۇرسۇن دېگۈچىلەرنىڭ سادالىرى ئىنكاسسىز، قۇلاقسىز قالماقتا.

**قۇلاقلاشماق** پ. گەپلەشمەك، سۆزلەشمەك، دېيىشمەك، قۇلقىغا گەپ قىلماق: مەن ئۇنىڭ بىلەن خېلى بۇرۇنلا قۇلاقلاشقانىدىم.

**قۇلاقلاندۇرماق** «قۇلاقلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خوا گوفېڭ باشقىلارنى قۇلاقلاندۇرۇپ: «كۆپچىلىك ئولتۇرۇڭلار، يىغىننى يەنە داۋاملاشتۇرىمىز» دېدى.

**قۇلاقلاندۇرۇشماق** «قۇلاقلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قۇلاقلاندۇرۇلماق** «قۇلاقلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قۇلاقلانماق** پ. ئاڭلىماق، ئىشىتمەك؛ خەۋەردار بولماق.

**قۇلاقلىق** سۈپ. قۇلىقى بار، قۇلاق چىقىرىلغان، قۇلاق ئورنىتىلغان: ئۇ ئۇزىمايلا ئۆيدىن بىر قۇلاقلىق كورىدا ئاش كۆتۈرۈپ چىقتى.

**قۇلاق- مېڭە** قۇلاق ۋە مېڭە: قۇلاق - مېڭىسىنى يېمەك.

**قۇلان** ئى < زوئول > ئاتتىن كىچىكرەك، ئېشەكتىن چوڭراق، ئاتقا قارىغاندا كۆپرەك ئېشەككە ئوخشاپ كېتىدىغان ياۋايى ھايۋان؛ ياۋايى قېچىر.

**قۇلانلىق** سۈپ. قۇلانى بار، قۇلانى بولغان: — ئەي مەلىكەم، — دېيىشىپتۇ ئۇلار، — ھەربىرىمىز ھەربىر تەرەپتىن، ھەربىرىمىز يەرسۇلۇق، قۇللۇق، قۇلانلىق، ھۆكۈمدار، شاھزادىلەر.

**قۇلپۇرۇش** ئى. تارس. قۇل ساتقۇچى كىشى، قۇل سودىگىرى.

**قۇلچاق** ئى. تارس. كىچىك قۇل.

**قۇلچىلىق** ئى. باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن، پەس، ئەرزىمەس دەپ ھېسابلاش، ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن كۆرۈش؛ قۇللۇق: قۇلچىلىق قىلماق.

**قۇلدار** ئى. قۇل ئىگىسى.

**قۇلدارلىق** ① ئى. قۇلغا قارىتا خوسۇسىي ئىگىدارچىلىق: قەدىمكى زامانلاردا بىرنەچچە كاتتا بايلار بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا قۇلدارلىق خېلى ئەۋج ئالغانىكەن. ② سۈپ. قۇللار كۈچىدىن پايدىلىنىشقا ئاساسلانغان: قۇلدارلىق جەمئىيەت.

**قۇللاپ** ئى [پ] ئىشىك - دېرىزە، يان ياغاچ چېتىقلارنىڭ ئاجراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئورنىتىلغان چەمبەر.

**قۇللارچە** رەۋ. قۇللارغا خاس ھالدا، قۇلدەك؛ ناھايىتى ياۋاشلىق بىلەن: قۇللارچە بويسۇنماق.

**قۇللاشتۇرماق** پ. قۇلغا ئايلاندۇرماق، قۇللارنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويماق، قۇل قىلماق.

**قۇللۇق** ① ئى. قۇل بولغان ھالەت، قۇل بولۇش: قۇللۇقتىن قۇتۇلماق. ② سۈپ. قۇللارغا ئائىت، قۇللارغا خاس: قۇللۇق تۈزۈم. ③ ئى. ئىتائەتمەنلىكنى، مىننەتدارلىقنى ئىپادىلەيدىغان تەكەللۇپ سۆزى: ھېكمەت ئۆزىگە ئۇدۇل قاراپ تۇرغان يىگىتتىن كۆزىنى قاچۇرۇپ: — قۇللۇق، قۇللۇق ئىنىم! ئاغزىڭىزغا شېكەر، — دەپتۇ. ④ ئى. مىننەتدارلىق، رازىلىق: قۇللۇق بىلدۈرمەك. ⑤ ئى. ئىتائەتمەنلىك: قۇللۇق قىلماق.

**قۇلماق** ئى <بوت> ① ئۆجمە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مېۋە باشقىنى پىۋا ئېچىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ، ئاچچىق تەم ۋە خۇشبۇي پۇراق كىرگۈزىدۇ. جۇڭيى دورىلىرىغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئاشقازاننى كۈچەيتىش، سۈيدۈك راۋانلاشتۇرۇش رولىغا ئىگە. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋە باشقى.

**قۇلماقلىق** ئى. قۇلماق ئۆسكەن، قۇلماق تېرىغان يەر، جاي.

**قۇلۇبناي** ئى <بوت> تاغ بۆلجۈرگىنىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن مېۋىلىك دەرەخ. مېۋىسى يۈرەك شەكلىدە بولۇپ، چوڭلۇقى گىلاستەك، سىرتقى كۆرۈنۈشى ئۈجمىگە ئوخشايدۇ، يەنى ئۇرۇقلىرى گۆشكە ئارىلاشقان ھالدا پوستى ئىچىدە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، پىشقاندا رەڭگى قىزىرىدۇ، تەمى چۈچۈمەل تاتلىق، سۇلۇق، يۇمشاق، شىرنىلىك، خۇش پۇراقلىق كېلىدۇ. ئەڭ بالدۇر پىشىدۇ.

**قۇلۇبنىك** ئى [ر] <بوت> ← **قۇلۇبناي**.

**قۇلۇپ** ئى [ئە] ئىشىك، ساندۇق، تارتما قاتارلىقلارنى ئېتىش، بېكىتىش ئۈچۈن مېتالدىن ئاچقۇچ سېلىپ ئاچىدىغان قىلىپ ياسىلىدىغان بۇيۇم.

**قۇلۇپساز** ئى. قۇلۇپ، ئاچقۇچ قاتارلىقلارنى ياسايدىغان ئادەم: شۇ چاغدا قۇلۇپسازلار كىرىپ كېلىشتى.

**قۇلۇپسازلىق** ئى. قۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىش، ياساش ئىشى، كەسپى: ئۇ ھازىرلا چىقىپ قۇلۇپسازلىق گورۇپپىسىدىكىلەرگە بۇيرۇق بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

**قۇلۇپلاتماق** «قۇلۇپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىشىكنى قۇلۇپلاتماق.

**قۇلۇپلاشماق** «قۇلۇپلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ياتاقلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى قۇلۇپلاشتى.

**قۇلۇپلاقلىق** سۈپ. قۇلۇپلاپ ئېتىلگەن، قۇلۇپ سېلىنغان: بۇ چاغدا رەخمەتنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىمۇ قۇلۇپلاقلىق ئىدى. // مەن ئۆيىنىڭ قۇلۇپلاقلىق ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

**قۇلۇپلانماق** «قۇلۇپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قۇلۇپلۇق** سۈپ. قۇلۇپى بار، قۇلۇپ سېلىنغان، قۇلۇپلانغان: ئۆي قۇلۇپلۇق تۇراتتى.

**قۇلۇپلىماق** پ ① قۇلۇپ بىلەن ئەتمەك، قۇلۇپ ئېسىپ ياكى قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچىنى بۇراپ ئېچىلماس ھالەتكە كەلتۈرمەك، ئاچقۇچسىز ئېچىلمايدىغان قىلماق: ئىشىكنى قۇلۇپلىماق. ② كۆچمە. ھېچ نەرسە دېيەلمەيدىغان قىلىپ قويماق، تۇۋاقلىماق: بۇ گەپ ئۇنىڭ ئاغزىنى قۇلۇپلىدى.

**قۇلۇلە** ئى <زوئول> يۇمشاق تەنلىك ھايۋان. تېنىنىڭ سىرتىنى كونۇسسىمان قاپچۇق ياكى ئورچۇقسىمان ۋە ئېللىپس شەكىللىك قاپچۇقلار ئوراپ تۇرىدۇ. ئۈستىدە بۇرما شەكىللىك سىزىقلىرى بولىدۇ. ئېتىز قۇلۇلىسى، دېڭىز قۇلۇلىسى قاتارلىق تۈرلىرى بار.

**قۇلۇلىخور** سۈپ. قۇلۇلە يېيىشكە ئادەتلەنگەن، قۇلۇلە يەيدىغان: قۇلۇلىخور بېلىق. قۇلۇلىخور قىلىيورغا.

**قۇلۇلىسىمان** سۈپ. شەكلى قۇلۇلىگە ئوخشايدىغان، قۇلۇلە شەكىللىك.

**قۇلۇن** ئى <زوئول> ئاتنىڭ يېڭى تۇغۇلغان ياكى بىر ياشقا

توشمىغان تايچىقى.

**قۇلۇنچاق** ئى. كىچىك قۇلۇن، يەنى ئاتنىڭ يېڭى تۇغۇلغان تايچىقى.

**قۇلۇنچى** ئى <تېب> بوغماق ئۇچەيدە بولىدىغان بىر خىل ئاغرىق، سانجىق.

**قۇلۇنلاتماق** «قۇلۇنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قۇلۇنلۇق** سۈپ. قۇلۇنى بار، قۇلۇنلىغان: قۇلۇنلۇق بايتال.

**قۇلۇنلىماق** پ. بايتال قۇلۇن تۇغماق: تورۇق بايتال قۇلۇنلىغۇچە بەك قىينىلىپ كاردىن چىقىپ كەتتى.

**قۇلىقەت** ئى [قۇلاق + ئەت] بېلىقنىڭ باش تەرىپىگە، يەنى ساقاقنىڭ تۇۋىگە جايلاشقان بىر جۈپ قانات.

**قۇم** ① ئى <گېئول> دانىچىلار دىيامېتىرى 0.1mm ـ 2mm بولغان، سېمونتلاشمىغان مىنېرال ۋە تاغ جىنىس ئۇۋاقلىرى. ئاساسلىق تەركىبى كىۋارتىس، دالا ئىشپاتى، چىرىمتال قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن. ساپ كىۋارتىسلىق قۇم ئەينەك خام ئەشياسى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىيالى قىلىنىدۇ: قۇم يىغىلىپ تاش بولماس، قۇل يىغىلىپ باش بولماس (ماقال). ② سۈپ. شۇ خىل شەكىلدىكى؛ ئۇششاق، ئۇۋاق: قۇم شېكەر.

**قۇم تەللە** گەپدان، تولا گەپ قىلىدىغان، گېپى تولا ئادەم: — بولدى، بولدى، بۇ قۇم تەللىنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋەرسەك يامغۇردا قالىمىز، قېنى ماڭايلى، — دېدى سەپەرقۇل.

**قۇم تووۇرىسى** ئۇششاق گەپنى تولا قىلىدىغان، گېپى تۈگىمەيدىغان، قۇمدەك سۆزلەيدىغان ئادەم.

**قۇما** ئى. دىيال. كەپتەر، توخۇ قاتارلىقلارنى سولاش ئۈچۈن چىۋىق ياكى ياغاچتىن ئاراچ ـ ئاراچ قىلىپ ياسالغان يازلىق كاتەك.

**قۇماق** ① سۈپ. قۇم ئارىلاشقان، قۇمساڭ: قۇماق توپا. ② ئى. جاراھەت ۋە باش تەمرەتكىسى ئۇستىدىكى كېپەكسىمان قاقاچ.

**قۇماقلىق** ① ئى. ئارىلاش قۇملۇق، قۇمساڭلىق. ② سۈپ. قۇمىقى بار، قۇماق باسقان.

**قۇماي** ئى. تاپ يەيدىغان بىرخىل قۇش، «غىلجىر سالۋا»، «تاپ قۇشى»مۇ دەيدۇ.

**قۇم ـ بوران** قۇم ۋە بوران: كۆچەت تىكىپ، ئورمان بىنا قىلىشتىكى مەقسەت، قۇم ـ بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈشتۇر.

**قۇمچاق** ئى <زوئول> پاقىلار ياكى چارپاقىنىڭ بالىسى. قارا رەڭلىك، سوقىچاق شەكىلدە، بېلىجانغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ژابراسى ۋە قۇيرۇقى بولىدۇ. سۇدا ياشايدۇ، قۇيرۇقى بىلەن ھەرىكەتلىنىدۇ. ئارقا، ئالدى ئاياغلىرى چىققاندىن كېيىن قۇيرۇقى بارا ـ بارا قىسقىراپ ھەم يوقىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا پاقا ياكى چارپاقىغا ئايلىنىدۇ.

**قۇمداتماق** «قۇمدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قۇمداشماق** «قۇمدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قۇمدالماق** «قۇمدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قۇمدەك** سۈپ ① قۇمغا ئوخشاش، ئۇششاق، ئۇۋاق. ② كۆچمە. ناھايىتى جىق، ناھايىتى كۆپ، تولا، نۇرغۇن؛ سانى يوق، ساناقسىز: قۇمدەك گەپ قىلماق. * قۇمدەك ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ئوغرىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى.

**قۇمدىماق** پ. قۇمغا سۈركىمەك، بىلىمەك ياكى قۇمنى سۈرتمەك، قۇم بىلەن ئىرتماق: ئۇنىڭ بېشى قۇمداپ قويغان يوغان مىس چۆگۈندەك قىپقىزىل پارقىراپ تۇراتتى.

**قۇمساز** سۈپ. دىيال. قۇمساڭ.

**قۇمساق** سۈپ. دىيال. قۇمساڭ.

**قۇمساڭ** سۈپ. قۇم ئارىلاش، قۇمى بار، قۇمسال: قۇمساڭ توپا، قۇمساڭ يەر. // قۇمساڭدا ئىرغاڭلاپ ئاران كېتىۋاتقان ئاپتوبۇس ئۈچۈن ئاشۇ يىگىتنىڭ توختىماي قىمىرلاپ تۇرغان قوپال گەۋدىسى بىردىنبىر نىشان ئىدى.

**قۇمساڭغۇ** سۈپ. قۇم تەركىبى، قۇمى جىقراق: قۇمساڭغۇ يەر.

**قۇمسال** سۈپ. دىيال. قۇمساڭ.

**قۇمسىرىماق** پ. قۇم تەلەپ قىلماق، قۇم باغلاش ۋاقتى بولۇپ قالماق (پىچاق چاقلايدىغان چاق ھەققىدە): چاق قۇمسىراپتۇ.

**قۇمغان** ئى. قۇم كوزا، كومزەك، خۇمرا: ئۇ ئەتراپقا ئالاق ـ جالاق بولۇپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ھېلىقى كاۋىنى يەردىن ئېلىپ قويىنىغا سالدى ـ دە، ئۆسمۇر بايەك يېتىپ قالغان يەرگە كەلدى ۋە كاۋىنى پارچىلاپ ئىككى قىلىپ، ئوتتا قويۇلغان قۇمغانىغا سالدى. ئۇزاق ئۆتمەي مەززىلىك كاۋا ئۇمىچى پىشىپ تەييار بولدى.

**قۇمقازى** ئى [ قۇم + قازى] دىيال. گېپى تولا، جىق گەپ قىلىدىغان ئادەم.

**قۇمقۇرتى** ئى [قۇم + قۇرت + ى] <زوئول>بوغۇم پۇتلۇق ھايۋانلارنىڭ بىر سىنىپى. تېنى كانايسىمان، بوغۇملىرى ئېنىق ئەمەس، قىلچىقلىرى يوق، يۈزىدە ئۇزۇنىغا ۋە توغرىسىغا كەتكەن قۇرۇلمىلىرى بار. ئالدىنقى تەرىپىدە تۇم، ئۇزۇن ـ قىسقىرالايدىغان تۇمشۇقى بولىدۇ. تۇمشۇقىنىڭ كېيىنكى قىسمىدا تۇتقۇچى قوللىرى بولۇپ، ئېچىلغاندا يۇلتۇزغا ئوخشاپ كېتىدۇ. دېڭىز تېگىدىكى قۇم لاتقىلىرىدا ۋە خادا تاشلارنىڭ ئارىسىدا ياشايدۇ.

**قۇملاشماق** پ. قۇم باسماق، قۇم بىلەن قاپلانماق؛ قۇمغا ئايلانماق: ئېتىزلار قۇملاشماق.

**قۇملۇق** ① سۈپ. قۇمى بار، قۇم ئارىلاشقان: قۇملۇق تۇپراق. قۇملۇق ساپال. ② ئى. قۇم باسقان، قۇم بىلەن قاپلانغان جاي: تەكلىماكان قۇملۇقى.

**قۇملىماق** پ ① قۇملۇقلارنى كەزمەك، باسماق، ئاتلىماق. ② كۆچمە، بەك كۆپەيمەك، قۇمدەك كۆپىيىپ كەتمەك، ئىنتايىن ئاۋۇپ كەتمەك: بۇ يەردە ئادەم دېگەن قۇملاپ كېتىپتۇ.

**قۇممەت** ئى <بوت> ئۆرۈكنىڭ بىر خىلى.

**قۇمۇلاڭ** ئى. قۇملۇق، قۇمساڭ يەر، قۇم دۆۋىلىرى بىلەن قاپلانغان جاي: مەن كوچىغا چىققاندا يول بويىلىرىدىكى قۇمۇلاڭدا ئولتۇرۇشىدىغان پاراڭچى ياشلارمۇ ئۆيلىرىگە تارقاپ، تاغ باغرىدىكى بۇ يېزا راھەت ئۇيقۇسىغا چۆمگەنىدى.

**قۇمىق** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئاساسەن رۇسىيەنىڭ داغىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدە ياشايدۇ. تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تۈركىي تىللار ئائىلىسىنىڭ قىپچاق ـ پولوۋ تىللىرى تارمىقىغا كىرىدۇ. ئۇلار دەسلەپ ئەرەب يېزىقى، ئاندىن لاتىن يېزىقىنى ئىشلەتكەن. 1939 ـ يىلىدىن باشلاپ

رۇس ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقنى قوللىنىپ كەلمەكتە.

**قۇملاق** ① ئى. قوي، ئۆچكە، تۆگە قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ مايىقى: رەختنىڭ ئۈستىدە بولسا قوينىڭ قۇملىقىدەك يوغانلىقتىكى ئۇششاق تاشلار تۇراتتى. ② سۈپ. قۇملاق شەكلىدىكى، شەكلى قۇملاققا ئوخشايدىغان: قۇملاق تاش.

**قۇملاقچى** ئى ← **پالچى**: قۇملاقچى ئالدىدىكى ئۇششاق تاشلارنى بىر يەرگە جەم قىلدى.

**قۇملاقلاتماق** «قۇملاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قۇملاقلاشماق** «قۇملاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قۇملاقلىماق** پ ← **ماياقلىماق**: قويلار سۇ ئىچكەندىن كېيىنلا قۇملاقلاشقا باشلىدى.

**قۇنتلاپ** رەۋ. دىيال. ئەستايىدىل، ئىنچىكىلەپ.

**قۇندۇز** ئى ① <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. چاشقانغا ئوخشايدۇ. ئارقا پۇتىدا ئۈزگۈچىسى بولىدۇ. قۇيرۇقى ياپىلاق، تۈكلىرى ئۇزۇن ھەم قېلىن، دۈمبە تەرىپى قىزغۇچ قوڭۇر، قورسىقى كۈل رەڭ، چىشلىرى ئۆتكۈر كېلىدۇ. دەرەخلەرنى چىشلەپ ئوشتۇيالايدۇ. سۇ بويىدا ياشايدۇ. دەرەخ قوۋزاقلىرى ۋە نېلۇپەر قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. تېرىسى ئەتىۋارلىق. ئەركەكلىرى قۇندۇز قەھرى ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. بۇ تېبابەتچىلىكتە روھلاندۇرغۇچى دورا قىلىنىدۇ. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**قۇندۇزدەك** سۈپ. قاپقارا، ئىنتايىن قارا: ئۇنىڭ قۇندۇزدەك چاچلىرى شامالدا لەرزان يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

**قۇندۇزلەش** ئى [قۇندۇز + لەش] <بوت> قۇندۇزلەش ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ھاشاراتخور ئۆسۈملۈك. كۆلچەكلەر ياكى سۇلۇق ئېتىزلاردا ئۆسىدۇ، غولى ئىنچىكە ئۇزۇن، گۈلى سېرىق، يوپۇرمىقى يىپسىمان كېلىدۇ. ئۇستۇنكى قىسمىدا ھاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيدىغان خالتىسى بولىدۇ.

**قۇندۇزئوت** ئى [قۇندۇز + ئوت] <بوت> قۇندۇزئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 50 — 120 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. گۈلى سۇس كۆك، چەكلىك كۇنلۇكسىمان گۈل رېتىدە. مېۋىسى غوزا مېۋە، شەكلى سوقىچاق. يىلتىزى ۋە يىلتىزسىمان غولى دورا قىلىنىدۇ، بەلغەمنى يۇمشىتىش، يۆتەلنى بېسىش، قان توختىتىش ۋە نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش روللىرىغا ئىگە.

**قۇنۇن** ئى <بوت> رويان ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان، ياماشقۇچى تىكەنلىك چاتقال. غول - شاخلىرى دورا قىلىنىدۇ. ئىسسىق ياندۇرۇش، يەل ھەيدەش، باش قېيىپ ئاغرىشنى داۋالاش رولىغا ئىگە، يۇقىرى قان بېسىمى كېسەللىكىدىكى باش قېيىشقا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

**قۇۋ** I سۈپ. ھىيلە - نەيرىڭى تولا، باشقىلارنى گوللاشقا ئۇستا؛ ھىيلىگەر، مەككار، مۇغەمبەر: قۇۋ ئادەم. قۇۋ ئايال. // قىزلار بۇ مەسىلىگە كەلگەندە قۇۋراق كېلىدۇ.

**قۇۋ** II سۈپ. دىيال. بەك قۇرۇپ كەتكەن، قۇرۇپ چېكىگە يەتكەن، قاقشال.

**قۇۋ** III ئى. دىيال. ياپىلاق قىلىپ توقۇلغان ئىشتانباغ.

**قۇۋانچ** ئى. خۇشاللىق، شادلىق: قۇۋانچ ھېس قىلماق.

**قۇۋانچلىق** ① سۈپ. كىشىنى خۇشال قىلىدىغان، شادلاندۇرىدىغان؛ كىشىگە خۇشلۇق، خۇشاللىق بەخش ئېتىدىغان؛ خۇش؛ يېقىملىق: قۇۋانچلىق خەۋەر. قۇۋانچلىق چىراي. ② ئى. خۇشاللىق، شادلىق، خۇشلۇق: — ياخشى بولدى، خۇدا بەرگەنىكەنغۇي! — دېدى چال قازاق قۇۋانچلىق بىلەن.

**قۇۋاندۇرماق** «قۇۋانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قۇۋانماق** پ. شادلانماق، خۇشال بولماق: بىرنەچچە كۈن بويۇڭنى كۆرۈپ قۇۋاندىم، بارغىن بالام بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

**قۇۋ - چۇۋ** نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ خىلمۇخىل ۋارقىراشلىرى، قىيقاس - چۇقان: قۇۋ - چۇۋ قىلماق.

**قۇۋلاشتۇرماق** «قۇۋلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپلىكىمۇ كىشىلەرنى قۇۋلاشتۇرۇپ قويىدۇ، خالاس.

**قۇۋلاشماق** پ. قۇۋ ھالەتكە كەلمەك؛ قۇۋ، ھىيلىگەر بولۇپ قالماق: قۇۋلىشىپ كەتمەك. * ئۇ ئۆزى كىچىك، گېپى سىلىق بولغىنى بىلەن، تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ قۇۋلىشىپ كەتكەن بىرنېمە ئىكەن.

**قۇۋلۇق** ئى. قۇۋ ئادەملەرگە خاس ئىش - ھەرىكەت؛ مەككارلىق، ھىيلىگەرلىك، ھىيلە: قۇۋلۇق قىلماق.

**قۇۋلۇق - شۇملۇق** قۇۋلۇق ۋە شۇملۇق: بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئەنۋەرنىڭ ماڭا قانداق قۇۋلۇق - شۇملۇقلارنى ئىشلەتكەنلىكى تېخىمۇ ئايان بولدى.

**قۇۋناق** سۈپ. شاد - خۇرام، خۇرسەن: قۇۋناق ئاۋازلار. * ئاشۇ رەڭگارەڭ مەدەنىيەت بولغاچقىلا دۇنيا مانا شۇنداق قۇۋناق.

**قۇۋناقلىق** ئى. شاد - خۇراملىق، خۇرسەنلىك.

**قۇۋۇرماق** پ. دىيال. بىلمەك، سۇركىمەك، غىردىماق.

**قۇۋۋەت** ئى [ئە] ① جانلىق ئورگانىزمنىڭ شۇنىڭدەك ھەرىكەت قىلغۇچى ھەرقانداق جىسىمنىڭ بىرەر جىسمانىي ئىش ياكى ھەرىكەت قىلىش قابىلىيىتى؛ كۈچى: بىلەكنىڭ قۇۋۋىتى. پۇتنىڭ قۇۋۋىتى. ② ئېنېرگىيە: ئېلېكتىر قۇۋۋىتى. سۇ قۇۋۋىتى. ③ <فىز> جىسىمنىڭ بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە قىلغان ئىشى. ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىنىڭ قۇۋۋەت بىرلىكى ۋات، كىلوۋات قاتارلىقلار؛ مېخانىكىلىق ئېنېرگىيەنىڭ قۇۋۋەت بىرلىكى سېكۇنت، كىلوگىرام، مېتىر، ئات كۈچى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ④ كۆچمە. ماددىي ئىمكانىيەت، بايلىق، قۇرب: ئۇنىڭ توي قىلىشقا قۇۋۋىتى يەتمەيتتى. ⑤ كۆچمە. قابىلىيەت، لاياقەت، بىلىم: قەلەم قۇۋۋىتى. ⑥ كۆچمە. ئوزۇقلۇق قىممىتى: قۇۋۋىتى بار تاماق.

**قۇۋۋەتسىز** سۈپ ① قۇۋۋىتى، ماغدۇرى، مادارى يوق؛ كۈچسىز: قۇۋۋەتسىز ئادەم. ② قۇۋۋەت قىلمايدىغان، قۇۋۋەت بەرمەيدىغان، ئوزۇقلۇق قىممىتى تۆۋەن: قۇۋۋەتسىز تاماق.

**قۇۋۋەتسىزلەندۈرمەك** «قۇۋۋەتسىزلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قۇۋۋەتسىزلەندۈرۈلمەك** «قۇۋۋەتسىزلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قۇۋۋەتسىزلەنمەك** پ. كۈچ - قۇۋۋىتى ئازلاپ كەتمەك؛

كۆچسىز، دەرمانسىز، ماغدۇرسىز بولۇپ قالماق؛ ماغدۇرسىزلانماق: ئادەم دېگەن كېسەل بولۇپ ئۇزۇن مەزگىل ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالسا، پۈتۈن بەدىنى قۇۋۋەتسىزلىنىدۇ.

**قۇۋۋەتسىزلىك** ئى. قۇۋۋەتى، ماغدۇرى يوقلۇق؛ كۆچسىزلىك.

**قۇۋۋەتشۇناس** ئى. ئوزۇقلۇقلارنىڭ قۇۋۋىتىنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىس، ئالىم.

**قۇۋۋەتشۇناسلىق** ئى. ئوزۇقلۇقلارنىڭ ئادەم بەدىنىگە بېرىدىغان قۇۋۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن: «ئامېرىكا كلىنىكا قۇۋۋەتشۇناسلىقى» ژۇرنىلىنىڭ ئەڭ يېڭى سانىدا ئېيتىلىشىچە، ياپونىيە شەرقىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تەتقىقاتچىلار 70 ياشتىن ئاشقان 1003 ياپونىيەلىك ياشانغان كىشى ئۈستىدە قەغەز يۈزىدە سوئال، جاۋابلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

**قۇۋۋەتلەشمەك** «قۇۋۋەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: لېتىپ زور بىلەن مۇتىلاقارىي ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەشتى.

**قۇۋۋەتلەندۈرمەك** «قۇۋۋەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دوختۇرلار بالىنىڭ تېنىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ، ئاندىن ئوپېراتسىيە قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردى.

**قۇۋۋەتلەنمەك** ① «قۇۋۋەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ پىكىر كۆپچىلىك تەرىپىدىن دەرھال قۇۋۋەتلەندى. ② قۇۋۋەتلىك، كۈچلۈك ھالەتكە كەلمەك؛ قۇۋۋەتلىك بولماق؛ كۈچلەنمەك: — سەن ئالدىرىما، ئارام ئال، قۇۋۋەتلەن، — دېدى بوۋاي ئۇنىڭغا غەمخورلۇق بىلەن.

**قۇۋۋەتلىك** سۈپ ① كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان، كۈچى جىق، ماغدۇرلۇق، كۈچلۈك: قۇۋۋەتلىك ئادەم بولماق. ② بەدەنگە قۇۋۋەت قىلىدىغان، بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرىدىغان، ئوزۇقلۇق كۈچى زور، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى: قۇۋۋەتلىك تاماق. ③ تېز ئۈنۈم بېرىدىغان، ئۈنۈمى يۇقىرى، ئاساس تەركىبى يۇقىرى، كۈچلۈك، ئۈنۈملۈك؛ مۇنبەت: قۇۋۋەتلىك يەر.

**قۇۋۋەتلىگۈچ** سۈپ. قۇۋۋەتلەش رولىنى ئوينايدىغان، قۇۋۋەتلەيدىغان: قۇۋۋەتلىگۈچ دورا.

**قۇۋۋەتلىمەك** پ ① كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلىماق، قۇۋۋەتكە ئىگە قىلماق؛ قۇۋۋەتلەندۈرمەك: بۇ دورا ئادەمنىڭ ئەقلىي ئەمگەك ئىقتىدارىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ② كۆچمە. باشقىلارنىڭ پىكرى، ئىش - ھەرىكىتى، قارىشى قاتارلىقلارغا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ مايىللىقىنى، قوللايدىغانلىقىنى، ياقلايدىغانلىقىنى ياكى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەك؛ قوللىماق: قاسىم ئەپەندى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىدى.

**قۇياش** ئى ① <ئاستر> سامانيولى سىستېمىسىدىكى تۇرغۇن يۇلتۇزلاردىن بىرى، يەنى كۈن. ئۇ ئوتلۇق گاز شارى بولۇپ، ھەجمى يەر شارىدىن 1 مىليون 300 مىڭ ھەسسە، ماسسىسى 330 مىڭ 400 ھەسسە چوڭ. يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تەخمىنەن 6000℃، ئىچكى قىسمىدىكى تېمپېراتۇرا تەخمىنەن 15 مىليون سېلسىيە گرادۇس كېلىدۇ. ئىچكى قىسمىدا ئاتوم رېئاكسىيەسى ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ، زور مىقداردىكى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىنى پەيدا قىلىدۇ. قۇياش سىستېمىسىنىڭ مەركىزىدىكى ئاسمان جىسمى بولۇپ، يەر بىلەن بولغان ئارىلىقى 150 مىليون كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر شارى ۋە باشقا پلانېتالار ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق ئېلىپ تۇرىدۇ. ② كۈن نۇرى، ئاپتاپ ياكى ئاپتاپ چۈشكەن جاي: قۇياش ۋانىنىسى. ياز قۇياشىدا قارايماق.

**قۇياشسىز** سۈپ. قۇياش كۆتۈرۈلمىگەن، كۈن چىقمىغان، قۇياش نۇرى چۈشمىگەن: قۇياشسىز ھەم تۇمانلىق بولسا ئالەم، نېچۈك تاپقاي بېرىپ مەنزىلنى ئادەم.

**قۇياشلىق** سۈپ. قۇياش چىققان، قۇياش چىقىپ نۇر چاچقان، ھاۋا ئوچۇق، ئاپتاپلىق: قۇياشلىق باھار.

**قۇياغ** ئى. تارس. قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق قىلغاندا ياكى جەڭگە كىرگەندە قارشى تەرەپتىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن كىيىلىدىغان جەڭ كىيىملىرىنىڭ بىر خىلى، ساۋۇت دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**قۇياغلىق** سۈپ. قۇياغى بار، قۇياغ كىيگەن: ئۇ 500 قۇياغلىق چېرىكنى باشلاپ، قوۋۇقتىن ئۇچقاندەك چىقىپ ياۋغا ئېتىلدى.

**قۇيت** ئىم. قوي، ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلارنى قوغلىۋېتىش، ھەيدىۋېتىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان سۆز: قۇيت دېمەك.

**قۇيدۇرماق** «قۇيماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: چاي قۇيدۇرماق.

**قۇيدۇرۇشماق** «قۇيدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قۇيدۇرۇلماق** «قۇيدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قۇيرۇق** ئى ① كۆپىنچە ھايۋانلاردا تېنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئومۇرتقا ئۇچىدا بولىدىغان ۋە ئۇزۇنلۇق دەرىجىسى ھەر خىل قىل - تۈكلىرى بولىدىغان ئەزا: ئاتنىڭ قۇيرۇقى، ئېشەكنىڭ قۇيرۇقى. ② قۇشلار گەۋدىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدە بولىدىغان پەي قىسمى: كەپتەرنىڭ قۇيرۇقى. ③ بەزى قويلارنىڭ كەينى تەرىپىدە سان بىلەن بەل ئوتتۇرىسىدا ئۆسكەن ياغ قىسمى ۋە قوينىڭ شۇنداق قىسمىدىن چىققان ياغ: قوينىڭ قۇيرۇقى. ④ ئادەم بەدىنىنىڭ سان بىلەن بەل ئوتتۇرىسىدىكى يۇمشاق ئارقا قىسمى، كاسا: قۇيرۇقىغا ئوكۇل قويماق. ⑤ بەزى نەرسىلەرنىڭ قۇيرۇققا ئوخشايدىغان قىسمى: لەگلەكنىڭ قۇيرۇقى. ⑥ ئايروپىلان، كېمە، پويىز ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئارقا قىسمى، ئارقا تەرىپى ياكى باش تەرىپىنىڭ ئەكسى تەرىپىدە بولغان قىسمى: كېمىنىڭ قۇيرۇقى. ⑦ بىركىمنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ ھېچبىر ئايرىلمايدىغان كىشى: مەن نەگىلا بارسام، ئۇ ماڭا قۇيرۇق بولۇپ تەڭ بارىدۇ. ⑧ كۆچمە. سەلبىي. بىرەر يامان ئىش ياكى ھەرىكەتنىڭ ئەگەشكۈچىسى؛ قالدۇق، گۇماشتا: جىنايەتچىنىڭ قۇيرۇقى. ⑨ كۆچمە. ئاخىرى، كەينى: ھېساباتنىڭ قۇيرۇقىنى ئۈزمەك. ⑩ كۆزنىڭ چېكىگە يېقىن قىسمى، كۆزنىڭ بۇلۇڭى: كۆزنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قارىماق. ⑪ تېپىلگەن خاماننى شامالغا ئېتىپ سورۇغاندا، شامال ئۇچۇرۇپ كېتەلمەي قالغان يىرىك، دان ئارىلاش قالدۇق چار قىسمى: خاماننىڭ قۇيرۇقىنى ئايرىماق.

**قۇيرۇق تۇتقۇزماسلىق** تۇتۇق بەرمەسلىك، تۇيدۇرماسلىق، تۇتۇلۇپ قالماسلىق، چاندۇرماسلىق: يۈسۈپ چوڭ قۇربان ئاقساقالغا قۇيرۇق تۇتقۇزماسلىقنى كۆڭلىگە پۈكتى.

**قۇيرۇق شىپپاڭلاتماق** خۇشامەت قىلماق، ئەركىلىمەك، يېلىنماق: تۆمۈر دەرۋازا ئالدىدا ئۇنى بىرنەچچە دورغا ـ چاپارمەن قۇيرۇق شىپپاڭلىتىپ كۈتۈۋالدى.

**قۇيرۇقىنى تالىماق** ئۆزىدىن ئۆزى خاپا بولۇپ، رەنجىپ ئاۋارە بولماق: ئۇ ئورۇنسىز خاپا بولۇپ، قۇيرۇقىنى تالاپ يۈرگىنى يۈرگەن.

**قۇيرۇقىنى تىكئۆتمەك** بەدەر قاچماق: باندىتلار مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئالىلقاچان قۇيرۇقىنى تىكئۆتكەنىدى.

**قۇيرۇقىنى چىشلىمەك** قاتتىق ھەسرەتتە قالماق.

**قۇيرۇقىنى قۇم باسماق** ئۆلۈپ تۈگىمەك: تۆگە سىيگىچە قۇيرۇقىنى قۇم بېسىپتۇ (ماقال).

**قۇيرۇقىنى قىسماق** ياۋاشلاپ قالماق، ئىتائەتچان بولماق: شۇنىڭدىن كېيىن ئۇمۇ قۇيرۇقىنى قىستى.

**قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈۋالماق** تەكەببۇرلىشىپ قالماق، ھاكاۋۇرلىشىپ قالماق، ھاكاۋۇرلىشىۋالماق، كۆرەڭلىمەك؛ غادىيىۋالماق.

**قۇيرۇقچى** ئى. سەلب. بىركىمنىڭ كەينىدىن چاپقۇچى كىشى، ئەگەشكۈچى، گۇماشتا، قولچوماق.

**قۇيرۇقچىلىق** ئى. قارىغۇلارچە باشقىلارغا ئەگىشىش: قۇيرۇقچىلىق قىلماق.

**قۇيرۇقسىز** سۈپ. قۇيرۇقى يوق، قۇيرۇققا ئىگە ئەمەس: قۇيرۇقسىزلار ئەترىتى.

**قۇيرۇقسىمان** سۈپ. شەكلى قۇيرۇققا ئوخشايدىغان، قۇيرۇق شەكىللىك، قۇيرۇققا ئوخشاش: قۇيرۇقسىمان ئىز قالدۇرماق.

**قۇيرۇقلۇق** سۈپ ① قۇيرۇقى بار، قۇيرۇققا ئىگە: قۇيرۇقلۇق لىچىنكا. ② كۆرۈنۈشى، شەكلى قۇيرۇققا ئوخشاپ قالىدىغان؛ قۇيرۇققا ئوخشاش كۆرۈنىدىغان: قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز.

**قۇيقا** I ① ئى. كۆيۈپ بولغان ياكى چالا كۆيگەن تۇك، يۇڭ، چاچ قاتارلىقلار: قۇيقا ھىدى پۇرىماق. ② سۈپ. ئوتتا كۆيگەن، ئوتتا كۆيۈپ، ئەگرى ـ بۈگرى، كۆتمەك بولۇپ قالغان (چاچ، تۇك، يۇڭ قاتارلىقلارنىڭ ھالىتى ھەققىدە): قۇيقا چېچى تىك تۇرماق.

**قۇيقا چېچى تىك تۇرماق** قاتتىق خاپا بولماق، قاتتىق غەزەپكە كەلمەك، زەردىسى قاينىماق: ھەر قېتىم روزىنىڭ دەپتىرى قولۇمغا چىققان ھامان يەنە قۇيقا چېچىم تىك تۇراتتى.

**قۇيقا** II ئى. دىيال. سۇ ئېقىپ چۈشىدىغان شارقىراتمىلىق توما، زاكو.

**قۇي ـ قۇي** دىيال. سەت، كۆرۈمسىز.

**قۇيقىلاتماق** «قۇيقىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: باش ـ شىراقنى قۇيقىلاتماق.

**قۇيقىلاشماق** «قۇيقىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قۇيقىلانماق** «قۇيقىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قۇيقىلىماق** پ ← **ئۆتلىمەك**: قوينىڭ كاللىسىنى قۇيقىلىماق.

**قۇيما** سۈپ. قۇيۇلغان ياكى قۇيۇلىدىغان: قۇيما پۇل.

**قۇيماق** I ئى. خېمىرى بولدۇرۇلۇپ ياغدا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل يېمەكلىك: قۇيماق پىشۇرماق. قۇيماق يېمەك.

**قۇيماق** II پ ① سۇ قاتارلىق سۇيۇق، ئۇن قاتارلىق يۇمشاق، بۇغداي قاتارلىق ئۇششاق، دانە ـ دانە نەرسىلەرنى بىرەر نەرسە ئىچىگە، ئۇستىگە چۈشۈرمەك، تۆكمەك: چىنىگە چاي قۇيماق. خالتىغا ئۇن قۇيماق. ② ئېرىگەن ياكى يۇمشاق نەرسىنى قېلىپقا سېلىپ بۇيۇم تەييارلىماق: قازان قۇيماق. خىش قۇيماق. ③ پىشۇرماق؛ سالماق؛ تەييارلىماق: ئۆپكە قۇيماق. قۇيماق قۇيماق. ④ ئورنىدىن چىقىرىۋەتمەك (كۆز ھەققىدە): كۆزىنى قۇيماق. ⑤ شىددەت بىلەن ياغماق، ئاقماق ( يامغۇر ھەققىدە ): بىردەمدىن كېيىن بىردىنلا يامغۇر قۇيۇۋەتتى.

**قۇيمىچى** ئى. مىس، قوغۇشۇن، چويۇن قاتارلىقلاردىن بىرنەرسە قۇيۇپ چىقىرىدىغان ئادەم؛ قۇيمىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى؛ قۇيمىگەر: ئۇ بىر كەسپىي قۇيمىچى ئىدى.

**قۇيمىچىلىق** ئى. قازان قاتارلىقلارنى قۇيۇش ئىشى، قۇيمىگەرلىك: قۇيمىچىلىق قىلماق.

**قۇيمىگەر** ئى ← **قۇيمىچى**: ئابدۇربېشىت ئۇستا قەشقەر شەھىرىدىكى بارلىق قۇيمىگەرلەرنى ئۆز يېنىغا يىغىۋاپتۇ.

**قۇيمىگەرلىك** ئى ← **قۇيمىچىلىق**: قۇيمىگەرلىك كەسپىنى قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە توپلانغانىدى.

**قۇيۇت** ئى. دىيال. ئوغۇت.

**قۇيۇتلىماق** پ. دىيال. ئوغۇتلىماق.

**قۇيۇچ** ئى. پولات، گاڭ.

**قۇيۇشماق** «قۇيماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قۇيۇلما** ئى. زاۋۇت ـ كارخانىلاردا، چويۇن قاتارلىقلاردىن قۇيۇلغان نەرسە، بۇيۇم.

**قۇيۇلماق** ① «قۇيماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پىيالىگە چاي قۇيۇلدى.

**قۇيۇمچاق** ئى <ئانات> ← **توققۇزكۆز**.

**قۇيۇن** ئى <مېتېئور> بۇرما شەكلىدە پىرقىراپ چىققان چاڭ ـ توزانلىق شامال. ئېگىزلىكى 10 مېتىردىن، دىيامېتىرى ئىككى مېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇ قىسمەن جايدىكى ھاۋانىڭ كونۋېكسىيەلىك تەسىرى تۈپەيلىدىن ھاسىل بولىدۇ.

**قۇيۇنتاز** ئى [قۇيۇن + تاز] ① قۇيۇن. ② كۆچمە. تېز يول يۈرگۈچى كىشى، تېز ماڭىدىغان ئادەم.

**قۇيۇندەك** ① سۈپ. قۇيۇنغا ئوخشاش، قۇيۇننىڭ ئۆزى. ② رەۋ. ھەرىكىتى، يۈرۈشى ناھايىتى چاققان، تېز ھەم يەڭگىل: شەمەر ئولتۇرغان يېشىل پىكاپ شەھەرگە قاراپ قۇيۇندەك يۈرۈپ كەتتى.

**قۇيۇنسىمان** سۈپ. قۇيۇنغا ئوخشاش، قۇيۇن شەكلى ياكى ھالىتىدىكى: رېس ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا «قۇيۇنسىمان» دىپلوماتىيە سەپىرىنى باشلىدى.

**قي** «ق» ھەرپىنىڭ نامى.

**قىپشماق** پ. دىيال. تۇتاشماق، يانماق.

**قىپىناق** پ. نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك، پۇل تاپماق، قاتتىق بېيىماق: ئۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان خېلى قېپىنىدى.

**قېترقاناماق** پ. بىرەر ئىشقا، مەسىلىگە ئىچى ـ ئىچىدىن بېرىلمەك، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلماق؛ قاتتىق تىرىشماق، كۆڭۈل قويماق: قېتىرقىنىپ ئۆگەنمەك.

**قېترقىنىشماق** «قېتىرقانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قېتىشتۇرماق** پ. قېتىش، قوشۇش ۋە شۇ خىلدىكى ھەرىكەت-

لەرنى قىلماق: بىسىر ئاتنى ھارۋىغا قېتىشتۇرۇپ قوغۇنلۇققا ماڭدى.

**قېتىش ـ قۇراش** بىر قىسمىنى ئۇنىڭدىن، يەنە بىر قىسمىـنى بۇنىڭدىن قوشۇش، قېتىش قاتارلىق يوللار بىلەن يىغىلـغان؛ بارلىققا كەلگەن: قېتىش ـ قۇراش قىلماق.

**قېتىشما** ئى <خىم> بىر خىل مېتال ئېلېمېنت بىلەن باشقا مېتال ئېلېمېنتنىڭ بىرگە ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان ماددا: قېتىشما پولات.

**قېتىشماق** I ① «قاتماق I » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② قاتتىق ھالەتكە ئۆزگەرمەك؛ قاتماق: مۇز قېتىشتى. سېمونت قېتىشىپتۇ.

**قېتىشماق** II پ «قاتماق II » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھارۋىلىرىنى قېتىشتى.

**قېتىق** ئى. سۈتنى سۇنئىي ئېچىتىش ۋە ئۇيۇتۇش ئارقىلىق تەييارلانغان، چۈچۈمەل ئاسان ھەزىم بولىدىغان ئىچىملىك.

**قېتىقچى** ئى. قېتىق ساتقۇچى كىشى.

**قېتىقلىق** سۈپ. قېتىپ قويۇلغان، قېتىلغان، قوشۇلغان: ئۇنىڭغىچە بۆدۈنىمۇ ئۈچۈپ كېلىپ، قوشقا قېتىقلىق ئۇينىڭ مۈڭگۈزىگە قونۇۋاپتۇ.

**قېتىلماق** ① «قاتماق II » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. ② ئۇنىماق، رازى بولماق؛ قوشۇلماق: ئاخىرى ئۇنىڭ سۆزىگە قېتىلدىم.

**قېتىلىشماق** «قېتىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قېتىم** I مىق. قىلغان ياكى قىلىنغان ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ سانىنى بىلدۈرىدۇ: قورقۇنچاق ئۆلمەي تۇرۇپ مىڭ قېتىم ئۆلەر (ماقال).

**قېتىم** II مىق. يىڭنىگە بىر نۆۋەتتە ئۆتكۈزۈلىدىغان يىپنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: ئىككى قېتىم يىپ.

**قېتىمقى** سۈپ. قېتىمدىكى، نۆۋەتتىكى؛ قېتىملىق: ئۇ بۇ قېتىمقى قىيىن ۋەزىپىنى قىلچە ئىككىلەنمەي ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلغانىدى.

**قېتىملاپ** رەۋ. نەچچە قېتىم، ئارقا ـ ئارقىدىن، بىرقانچە قېتىم: مەن ئۇ يەرگە نەچچە قېتىملاپ باردىم.

**قېتىملىق** سۈپ ① قېتىمدىكى، نۆۋەتتىكى، قېتىمقى: جۈمە، بۇ بىرىنچى قېتىملىق ئىش ئەمەس، سىنىپ مۇدىرىغا ئۆزۈڭنى مەلۇم قىل. ② قېتىم ئېلىپ بېرىلىدىغان، قېتىمدا بېجىرىلىدىغان: ھازىر مەسىلە قۇدۇق كولاپ يۇرۇشلەشتۈرۈپ بولغۇچىلىك بۇ يېزا يەرلىرىنىڭ بىر ـ ئىككى قېتىملىق سۇيىنى قانداق ھەل قىلىشتىلا قالغانىدى.

**قېتىملىماق** پ. بىرقانچە قېتىم تەكرارلىماق.

**قېتىنچا** ئى. ئارىسىغا قېتىپ قويۇلغان بۆلەك، پارچە: قېتىنچا ئاشلىق.

**قېتىنچىلىق** سۈپ. قېتىنچىسى بار، قېتىنچا قېتىلغان.

**قېچىر** ① ئى <زوئول> بىر خىل سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، ئېشەك بىلەن ئاتنى شالغۇتلاشتۇرۇش ئارقىلىق تۇغۇلىدۇ. ئاتتىن تۇغۇلغىنى ئات قېچىر، ئېشەكتىن تۇغۇلغىنى ئېشەك قېچىر دەپ ئاتىلىدۇ. ② ئى. كۆچمە. قىيىق، ئاچچىقى يامان، جاھىل، چۇس ئادەملەرنى سۈپەتلەپ ئېيتىلىدۇ. ③ سۈپ. كۆچمە. تۇغمايدىغان، تۇغماس (ئاياللار ھەققىدە). ④ كۆچمە. ئارىلاش، شالغۇت.

**قېچىرچى** ئى. بىرقانچە قېچىر بىلەن بىر جايدىن باشقا بىر جايغا يۈك ـ مال توشۇپ تىرىكچىلىك قىلغۇچى كىشى.

**قېچىرچىلىق** ئى. قېچىرلارغا يۈك ـ تاق ئارتىپ، بىر جايدىن باشقا بىر جايغا توشۇش ئىشى، پائالىيىتى؛ قېچىر كارۋانچىلىقى: قېچىرچىلىق قىلماق.

**قېچىرلاشماق** پ. ئارىلاشماق، شالغۇتلاشماق: بۇلار مىللىي ئالىڭ ۋە مىللىي ئەخلاق جەھەتتىكى قېچىرلىشىشنىڭ زامانىمىزدىكى ئەۋرىشكىلىرىدۇر.

**قېچىرلىق** سۈپ ① قېچىرى بار، قېچىرغا ئىگە: بىز بۇ يىل قېچىرلىق بولۇپ قالدۇق. ② قېچىر مىنگەن: يولدا مەن قېچىرلىق بىر بوۋاينى كۆردۈم.// قېچىرلىق كەلمەك.

**قېچىرلىماق** پ. ئات ياكى ئېشەك قېچىر تۇغماق: بايتال قېچىرلىدى.

**قېچىشماق** «قاچماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قېرى** I ① سۈپ. خېلى ياشقا بېرىپ قالغان، قېرىغان: قېرى ئادەم. قېرى ئات. ② ئى. ئۇزۇن يىل ياشىغان، يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان، قېرىغان كىشى: ئاخىرى بۇ ئىككى قېرى نېرى ـ بېرى ئويلاپ ئاخۇنۇمغا خەۋەر قىلىپتۇ.

**قېرى** II تارس ① مىق. بۆز ئۆلچەيدىغان ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. ئادەتتە بىر قېرى 70 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. ② ئى. شۇ ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆلچەش ئەسۋابى.

**قېرىتماق** «قېرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياش قېرىتماس، غەم قېرىتار (ماقال).

**قېرى ـ چۆرى** ھەر خىل ياشتىكى قېرىلار: بۇ قىسىمدا 200 دەك ئادەم بولۇپ، كۆپچىلىكى بالا ـ چاقا ۋە قېرى ـ چۆرىلەر ئىدى.

**قېرىسال** سۈپ. قېرىغان، قېرىپ كۈچىدىن قالغان، قېرى: مەسچىتنىڭ سۇپىسىدا بىرنەچچە قېرىسال كىشىلەر پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇراتتى.

**قېرىشتۇرماق** ① «قېرىشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۇرسۇن ھەردائىم باشقىلارنى ماڭا سېلىپ، ئۇلارنى مېنىڭ بىلەن قېرىشتۇرىدۇ. ② قېرىشىش ۋە شۇ خىلدىكى ئىش ـ ھەرىكەت، قىلىقلارنى قىلماق: تىرامۋاينىڭ قوڭغۇرىقى ئادەمنىڭ چىشىنى قېرىشتۇراتتى.

**قېرىشقاق** سۈپ. باشقىلار بىلەن قېرىشىپلا يۈرىدىغان، قېرىشىشنى ئادەت قىلغان: قېرىشقاق ئادەم.

**قېرىشقاقلىق** ئى. قېرىشىش ئادىتى.

**قېرىشقاندەك** رەۋ. بىرەر ئىشنىڭ قىلىنىشىغا خۇددى قەستەن دەخلى ـ تەرۇز بولۇۋاتقاندەك، نىيىتىگە، ئىرادىسىگە، ئويلىغىنىغا، كۈتكىنىگە، خىلاپلىق ھالدا؛ كۈتمىگەندە، بەختكە قارشى، ئۆچەكەشكەندەك: چۈشتىن كېيىنكى بىرنەچچە سائەت ئىچىدە قېرىشقاندەك ئۇنىڭغا تېلېفونمۇ كەلمىدى.

**قېرىشماق** پ. ئۆچەكەشمەك، زىتلاشماق: ئۇ ھەر دائىم مېنىڭ بىلەن قېرىشىدۇ.

**قېرىق** سۈپ ① كىشىنىڭ ھۇزۇرلىنىپ ئىچكۈسى كەلمەيدىغان؛ قىرتاق (بىرەر نەرسىنىڭ تەمى ھەققىدە): دورا قېرىق ياكى بەك ئاچچىق بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا شېكەر ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ② ئېرىنچەك: بۇ ئادەم دورا ئىچىشكە قېرىق. ③ كۆچمە. سۇ ئىتتىك، راۋان ئاقمايدىغان: قېرىق

ئېتىز.

**قىرى ـ قارتاڭ** ← **قىرى ـ چۆرى.**

**قىرىقلاشماق** پ. قىرىق ھالەتكە كەلمەك، قىرىق بولۇپ قالماق.

**قىرىقلىق** ئى. ئىرىنچەكلىك: قىرىقلىق قىلماق.

**قىرىقىز** ئى [قىرى + قىز] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرماقلىرى يۇرەك شەكىللىك بولۇپ نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، سىپى ئۇزۇن، دۈمبە تەرىپى تۈكلۈك بولىدۇ. گۈلى نەيچە شەكىلدە، رەڭگى سۇس سۆسۈن، يىلتىزى گۆشلۈك كېلىدۇ.

**قىرىلاشتۇرماق** «قىرىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىرىلاشماق** پ. قىرىلار كۆپەيمەك، قىرىلار كۆپ ھالەتكە كەلمەك: ئۇلار دۇنيا نوپۇسىنىڭ قىرىلىشىش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

**قىرىلىق** ئى. قىرىغانلىق؛ قىرىش ھالىتى، دەۋرى: قىرىلىق يەتمەك. * قىرىلىق بىلەن ئۆلمەس، ياشلىق بىلەن تۇرماس (ماقال).

**قىرىم** ئى. ھەر خىل مەقسەتلەردە پايدىلىنىش ئۈچۈن چوڭقۇر چېپىلغان ئورەك، ئىرىق؛ چوڭقۇرلۇق، ئازگال، خەندەك: قىرىم چاپماق. قىرىم كولىماق.

**قىرىماق** پ ① يېشى ئۆتۈپ قىرىلىق دەۋرىگە كەلمەك، قىرىلىق يەتمەك: ئەر قىرىسا قىز ئالار، قىز قىرىسا كىم ئالار (ماقال). ② كىرەكتىن چىقماق، كاردىن چىقماق، ئىشلىمەس بولۇپ قالماق: چىشى قىرىماق. ئەقلى قىرىماق. ③ (بولۇشسىز شەكلى بىلەن كېلىپ) ۋاقتى ئۆتمەسلىك، كىچىككەن ھېسابلانماسلىق، كېچىكمەسلىك: دەۋا قىرىمايدۇ.

**قىرىمدىماق** پ. قىرىم ئويماق: تەكنى قىرىمدىماق.

**قىرىن (قارىن)** ئى <ئانات> بىر قىسىم ھايۋانلارنىڭ ھەزىم قىلىش ئورگىنى؛ قورساق: قىرىن كاۋىپى.

**قىرىنچە** ئى <ئانات> ئەزالارنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولىدىغان كىچىك بوشلۇق، كاۋاكچە: يۈرەك قىرىنچىسى. مېڭە قىرىنچىسى.

**قىرىنداش** I ئى ① بىر ئاتا ـ ئانىدىن بولغان پەرزەنتلەر — ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللار، بىر تۇغقان (بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن): سالاغا كەتكەن قىرىندىشىم (ماقال). ② بىر ئەۋلاد (ئەجداد) قا مەنسۇپ بولغان كىشىلەر (بىرى باشقىسىغا نىسبەتەن). ③ ئۆزى بىلەن مەلۇم قانداشلىق ياكى يېقىن ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى بولغان بىرەر خەلق، مىللەت قاتارلىقلار (بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن): قىرىنداش مىللەت.

**قىرىنداش** II ئى [ر] سىياھى سۇرمە تاش (گىرافىت) ياكى بەزىبىر رەڭلىك ماتېرىياللارنى بىرىكتۈرۈپ قاتۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان، ئۇچلاپ ئىشلىتىلىدىغان قەلەملەرنىڭ ئومۇمىي نامى: قىرىنداش ئۇچلىماق.

**قىرىنداشلارچە** سۈپ. قىرىنداشلارغا خاس، قىرىنداشلار ئارا بولىدىغان، خۇددى قىرىنداشلاردەك: قىرىنداشلارچە دوستلۇق. قىرىنداشلارچە مېھرىبانلىق.

**قىرىنداشلىق** سۈپ. قىرىنداشلارغا خاس بولغان: قىرىنداشلىق مۇناسىۋەت. // قىرىنداشلىقىمىز مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ.

**قىرىنسىمان** سۈپ. قىرىنغا ئوخشايدىغان، قىرىن شەكلىدىكى: قىرىنسىمان موگۇ.

**قىرىنقۇلاق** ئى [قىرىن + قۇلاق] <بوت> موگۇنىڭ بىر خىلى. چىرىگەن دەرەخ غوللىرىدا ئۆسىدۇ. شەكلى قۇلاققا ئوخشايدۇ. رەڭگى قارا قوڭۇر، يېلىمسىمان بولىدۇ. سىرتقى يۈزىدە قويۇق ئۆسكەن يۇمران ھالەتتىكى قىسقا تۈكلىرى بولىدۇ. ئادەتتە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**قىرى ـ ياش** قىرى ۋە ياش، قىرىلار ۋە ياشلار: بۇ ناخشىنى قىرى ـ ياش، ئەر ـ ئايالنىڭ ھەممىسى بىلەتتى.

**قىزا** ئى. ئاتنىڭ ئۈچىيىگە ئاتنىڭ گۆشى ۋە قوۋۇرغىسىنى تىقىپ تەييارلانغان يېمەكلىك: قىزا يېمەك. قىزا بېسىلغان پولۇ.

**قىزىشماق** «قازماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قۇدۇق قىزىشتى.

**قىزىلما** ① سۈپ. يەر پوستىدىن قېزىپ ئېلىنىدىغان ياكى ئېلىنغان: قىزىلما بايلىق. قىزىلما يادىكارلىق. ② ئى <گېئول> مىس، تۆمۈر، چىرىمتال، تەبىئىي گاز، نېفىت، كۆمۈر قاتارلىقلارغا ئوخشاش يەر پوستىدىن قېزىپ ئېلىنغان قىممەتكە ئىگە ماددىلار.

**قىزىلماق** «قازماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: خەندەك قىزىلماق.

**قىزىلىق** ① سۈپ. قىزا سېلىنغان، قىزا سېلىپ پىشۇرۇلغان: قىزىلىق پولۇ. ② ئى. يىلقىنىڭ قوۋۇرغىسى بىلەن قوۋۇرغا يېغى جايلاشقان يېرى.

**قىقىر ـ چۇقۇر** ئاشقان ـ تاشقان، پارچە ـ پۇرات نەرسىلەر.

**قىقىشتۇرماق** پ. قىقىش ۋە شۇ خىلدىكى ھەرىكەتنى، ئىشنى قىلماق، ئورۇندىماق؛ قاقماق: ئەخمەت كىيىمىدىكى توپىنى قىقىشتۇردى.

**قىقىشماق** «قاقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۈستىدىكى قارلارنى قىقىشتى.

**قىقىقلىق** سۈپ. قىقىپ قويۇلغان، قىقىلغان: دېرىزىنىڭ قاق ئۈستىدە چوڭ بىر مىخ قىقىقلىق ئىدى.

**قىقىلماق** ① «قاقماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۈيۈقسىز ئىشىك قىقىلدى. ② بىرەر نەرسە يېگەندە ياكى ئىچكەندە، ئۆپكىگە كېتىپ قېلىپ قاتتىق يۆتەلمەك: ئۇ تۇيۇقسىز قاتتىق قىقىلىپ كەتتى.

**قىقىلىپ ـ سوقۇلۇپ** ① قىقىلىپ ھەم سوقۇلۇپ، ئۇ تەرەپكە ـ بۇ تەرەپكە ئۇرۇلۇپ: ئالىم دەھشەتلىك بوراندا قىقىلىپ ـ سوقۇلۇپ، ئالتۇندەك يەرگە تۆكۈلۈۋاتقان ئاشۇ ئۈنچە باغلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ② كۆچمە. نۇرغۇن سورۇقچىلىقنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ھەرخىل جاپا ـ مۇشەققەتكە يولۇقۇپ: مەن ئەسكەرلەر ئارىسىدا قىقىلىپ ـ سوقۇلۇپ بىر يىلنى ئۆتكۈزدۈم.

**قىقىندى** ئى ① قېقىپ ـ تاسقاشتىن ئېشىپ قالغان، قالدۇق: سۇپىرىنىڭ قىقىندىسى. // قىقىندى ئۇن. ② ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ سورۇقچىلىق تارتقۇچى: ياسىن بۇ كەنتنىڭ قىقىندىسى بولۇپ سىرتقا كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

**قىقىندى ـ سوقۇندى** نۇرغۇن سورۇقچىلىقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتكە ئۇچرىغان: قىقىندى ـ

سوقۇندى بولماق.

**قېلىپ** ئى ① تىكىلىدىغان بۇيۇملارنىڭ ئىچىگە قويۇپ ئۇنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى، شەكلىنى بەلگىلەيدىغان ئەسۋاب: ئۆتۈك قېلىپى. ② قۇيما دېتال ۋە مەھسۇلاتلارغا شەكىل بېرىدىغان ئەسۋاب ياكى قۇرۇلما: خىش قېلىپى. قازان قېلىپى. ③ كۆچمە. ئەندىزە، فورما، شەكىل: بىر قېلىپتا سۆزلىمەك. ④ كۆچمە. بەلگىلەنگەن چەك، ئۆلچەم: مېڭىشقا تېگىشلىك يول: قېلىپتىن چىقماق.

**قېلىپباز** سۈپ. نوقۇل ھالدا بىر خىل رامكا، بىر خىل شەكىلدە ئىش ئېلىپ بارىدىغان، ئىجادىي ئىش قىلالمايدىغان، قاتمال.

**قېلىپبازلىق** ئى. بىر خىل قېلىپ، شەكىل بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىش، ئىجادىي ئىش قىلالماسلىق: قېلىپبازلىق ۋە دورامچىلىق ئىللەتلىرى تېخى تۈگىگىنى يوق.

**قېلىپچى** ئى. قېلىپ ياسىغۇچى كىشى.

**قېلىپچىلىق** ئى. قېلىپ ياساش ئىشى ۋە كەسپى.

**قېلىپسىز** سۈپ ① قېلىپى يوق، قېلىپتا قۇيمىغان ياكى قۇيۇلمىغان: پىلانسىز ئىش ــ قېلىپسىز خىش (ماقال). ② ئۆلچەملىك ئەمەس، ئۆلچەملەشتۈرۈلمىگەن؛ ئۆلچەمگە چۈشمەيدىغان، ئۆلچەم بويىچە ئىشلەنمىگەن: قېلىپسىز پولات.

**قېلىپسىزلىق** ئى. قېلىپى يوقلۇق، ئۆلچەمسىزلىك.

**قېلىپلاتماق** «قېلىپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قېلىپلاشتۇرماق** «قېلىپلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرماق. ئىزاھنى قېلىپلاشتۇرماق.

**قېلىپلاشتۇرۇلماق** «قېلىپلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قېلىپلاشماق** پ. ئورتاق قائىدە، پىرىنسىپ ئاستىدا بىرلىككە كەلمەك؛ ئۆلچەملەشمەك: ئۇيغۇر تىلى خېلى دەرىجىدە قېلىپلاشتى.

**قېلىپلانماق** «قېلىپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قېلىپلىق** سۈپ ① قېلىپى بار، قېلىپقا ئىگە. ② قېلىپقا پاتىدىغان، قېلىپ كېلىدىغان: ئۇ بىر مېڭىشىدا ئىككى قېلىپلىق لاينى كۆتۈرۈپ ماڭاتتى.

**قېلىپلىما** سۈپ. قېلىپلانغان؛ ياسالما: قېلىپلىما ئورۇنلاش. قېلىپلىما ئورۇندۇق.

**قېلىپلىماق** پ. قېلىپقا سالماق، قېلىپقا تارتماق: ئۆتۈكنى قېلىپلىماق. شەپكىنى قېلىپلىماق.

**قېلىشماق** ① «قالماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار مەكتەپتە قېلىشتى. ② كۆچمە (پېئىلنىڭ بولۇشسىز شەكلىدە كېلىپ) «ناچار، كەم ئەمەس، تەڭ تۇرىدۇ، باراۋەر» دېگەن مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ: ئۇنىڭ ئۆگىنىشى مەندىن قېلىشمايدۇ.

**قېلىن** سۈپ ① توم (نېپىزنىڭ ئەكسى): قېلىن قار. قېلىن تام. ② كۆچمە. قاتمۇقات؛ نۇرغۇن، كۆپ: گۈلقىز راجى بالا بىلەن قېلىن تاغلارنىڭ ئىچىگە قاراپ قاچتى. ③ كۆچمە. گەپ تەسىر قىلمايدىغان، ئىزا تارتمايدىغان، بىزەڭ، داپشاق، داپ يۈز: قېلىن ئادەم. ④ بىر ـ بىرىگە ناھايىتى يېقىن جايلاشقان، زىچ، قويۇق: قېلىن توغراقلىق. قېلىن دەرەخ. // ئۇلار شۇنداق قىلىپ دەرەخ، قومۇش قېلىن ئۆسكەن يەرگە مۆكۈۋېلىشتى. ⑤ كۆچمە. يېقىن مۇناسىۋەتتە بولىدىغان، جانىجان، قەدىردان: مۇناسىۋىتى قېلىن. * ھازىر بىز قېلىن دوست بولۇپ كەتتۇق.

**قېلىنلاتماق** «قېلىنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قېلىنلاشتۇرماق** «قېلىنلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قېلىنلاشماق** ① قېلىن، يوغان ھالەتكە كەلمەك؛ بارغانسېرى قېلىن بولۇپ بارماق، قېلىن بولماق: مېنىڭ پەلسەپە ئۈچۈن تۇتقان خاتىرەم قېلىنلاشتى. ② كۆچمە. ئىزا تارتمايدىغان، خىجىل بولمايدىغان، قېلىن بولۇپ قالماق: قىز بالا دېگەن توي قىلغاندىن كېيىنلا قېلىنلىشىپ قالىدۇ.

**قېلىنلىق** ئى. ئىزا تارتماسلىق، خىجىل بولماسلىق: قېلىنلىق قىلماق.

**قېلىنلىماق** پ. قېلىن بولۇپ بارماق، قېلىنلاشماق، قېلىن بولماق: قار بارغانسېرى قېلىنلاپ كەتتى.

**قېلىنماق** «قالماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇنداق قىلىپ نىمجان قۇلۇن جىددىي خەۋپتىن قۇتقۇزۇپ قېلىندى.

**قېنى** ① ئال. بىر كىمنىڭ، بىر نەرسىنىڭ نەدە، قەيەردىلىكى ھەققىدىكى سوراقنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ: كىتاب قېنى. قەلەم قېنى. ② تىر. بۇيرۇق ـ تەلەپ مەيلىدىكى جۈملىلەرنىڭ بېشىدا كېلىپ، تەكلىپ قىلىش، سۈيلەش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: قېنى سۆزلەپ بېقىڭ. ③ تىر. سوئال جۈملىلەرنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ، شۇ سوئالنىڭ ئەمەلىي جاۋابىنى بىلىش خاھىشىنى بىلدۈرىدۇ ياكى ئاڭلىغۇچىدىن جاۋاب تەلەپ قىلىش رولىنى ئوينايدۇ: بۇ ئىشقا نېمە دەيسەن قېنى؟

**قېنىشماق** «قانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قېنىق** سۈپ. رەڭ جەھەتتىن تازا تويۇنغان، قويۇق، توق: قېنىق قىزىل. // قېنىق دەملەنگەن چاي.

**قېنىقارلىق** سۈپ. كىشىنى قانائەتلەندۈرىدىغان، قايىل قىلارلىق: قېنىقارلىق جاۋاب.

**قېنىقلىق** ئى. قېنىق، توق ھالەت، قېنىق بولۇش، توقلۇق.

**قېنىقماق** پ. قانماق.

**قېھ- قېھ** كۈلگەن چاغدا چىقىدىغان بىر خىل قىسقا ھەم تەكرار ئاۋاز: ئوردىبېشى قېھ ـ قېھ قىلىپ قىسقا ـ قىسقا ۋە ئىنجىقلاپ كۈلەتتى.

**قېيىداتماق** «قېيىدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قېيىداشماق** «قېيىدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قېيىدىغاق** سۈپ. يوقىلاڭ، كىچىككىنە بىر ئىشلارغىلا قېيىداپ قالىدىغان، ئاسان قېيىدايدىغان: قېيىدىغاق ئادەم.

**قېيىدىماق** پ. بىرەر كىشىدىن نارازى بولۇپ تەتۈر قاراپ يۈرمەك؛ ئاغرىنماق، خاپا بولماق: قېيىداپ يۈرمەك.

**قېيىش** ئى. ئات، كالا قاتارلىقلارنىڭ تېرىسىدىن قىلىنغان بىر خىل تاسما: ياخشى ئاتنىڭ تېرىسى قېيىش بولار، كۆن بولماس (ماقال).

**قېيىشتۇرماق** پ. كىرىشتۈرمەك، ھىملاشتۇرماق؛ ئۆتۈشتۈرمەك (قول ھەققىدە): مەن قولۇم ئارقامغا قېيىشتۇرۇپ باغلانغان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتىم.

**قېيىشتۇرۇلماق** «قېيىشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قېيىشماق** پ ① قېرىشماق: ئۇ دائىم مەن بىلەن قېيىشاتتى. ② ئېگىلمەك، بۆكۈلمەك؛ تالماق: ئىشىك قېيىشتى. * بىلىم قېيىشىپ قالدى.

**قېيغاچ** ئى. ديال. قارىياغاچ.

**قېيىق** I ① ئى. قېيىپ تىكىلگەن تىكىچ. ② سۈپ. قېيىپ قالغان، قايغان: قېيىق ئىشىك. قېيىق دېرىزە.

**قېيىق** II ئى <قاتن> دېڭىزغا يېقىن سۇ يۈزى ياكى كۆل - دەريالاردا ئىشلىتىلىدىغان كىچىك كېمە. پالاق بىلەن ھەرىكەتلىنىدۇ. ئادەتتە ئۈچ - تۆت ئادەملا سىغىدۇ. ھەربىي ئىشلاردا ئىشلىتىلىدىغىنى كەڭرەك بولۇپ، ئۇنىڭغا ئون ئەتراپىدا ئادەم سىغىدۇ.

**قېيىقچى** ئى. قېيىق ھەيدەيدىغان ئادەم، قېيىق ھەيدىگۈچى.

**قېيىقچىلىق** ئى ① قېيىق ھەيدەش ئىشى، قېيىق ھەيدەش: قېيىقچىلىق قىلماق. ② قېيىق ياساش ئىشى، مەشغۇلاتى.

**قېيىقلىق** I ① ئى. قېيىپ قىلىش: ئىشىكنىڭ قېيىقلىقى. ② سۈپ. قېيىلغان، قېيىپ تىكىلگەن: قېيىقلىق كۆڭلەك.

**قېيىقلىق** ① II سۈپ. قېيىقى بار، قېيىققا ئىگە: قېيىقلىق چارلاش ئەترىتى. ② رەۋ. قېيىق بىلەن، قېيىقتا ئولتۇرۇپ: ئۇلار ئارالغا قېيىقلىق باردى.

**قېيماق** پ ① يۆمەپ ئىنچىكە تىكمەك: كۆڭلەكنى قېيىپ تىكمەك. ② ئېگىلمەك، بۆكۈلمەك: ئىشىك قېيىپ قالدى.

**قېيىن** ئى <بوت> قوش پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئۇرۇقدىشى، يەنى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ ياكى چاتقال. قوۋزىقى ئاق، كۈل رەڭ، سېرىق ياكى قارا بولىدۇ. يوپۇرماقلىرى ئۇدۇل ئۆسىدۇ. ئاق قېيىن، قارا قېيىن قاتارلىقلارمۇ مۇشۇ ئۇرۇقداشقا كىرىدۇ.

**قېيىنئاپا** ئى [قېيىن + ئاپا] خوتۇنىنىڭ ياكى ئېرىنىڭ ئاپىسى (بىر - بىرىگە نىسبەتەن).

**قېيىنئاتا** ئى [قېيىن + ئاتا] خوتۇنىنىڭ ياكى ئېرىنىڭ ئاتىسى (بىر - بىرىگە نىسبەتەن): بۇ قېرى كىشى مېنىڭ قېيىنئاتام بولىدۇ.

**قېيىنئاچا** ئى [قېيىن + ئاچا] خوتۇنىنىڭ ياكى ئېرىنىڭ ئۆز ئاچىسى (بىر - بىرىگە نىسبەتەن).

**قېيىنئاغا** ئى [قېيىن + ئاغا] خوتۇنىنىڭ ياكى ئېرىنىڭ ئۆز ئاكىسى (بىر - بىرىگە نىسبەتەن).

**قېيىنئانا** ئى [قېيىن + ئانا] ← **قېيىنئاپا**.

**قېيىنزار** ئى ← **قېيىنلىق**.

**قېيىنزارلىق** ئى ← **قېيىنلىق**.

**قېيىنسىڭىل** ئى [قېيىن + سىڭىل] خوتۇنىنىڭ ياكى ئېرىنىڭ ئۆز سىڭلىسى (بىر - بىرىگە نىسبەتەن).

**قېيىنلىق** ① سۈپ. قېيىن دەرىخى ئۆسكەن، قېيىن دەرىخى كۆپ: بۇ قېيىنلىق جاي ئىكەن. ② ئى. قېيىن دەرىخى ئۆسكەن، قېيىن دەرىخى كۆپ جاي: قېيىنلىققا بارماق.

**قېيىنئىنىچە** ئى [قېيىن + ئىنىچە] خوتۇنىنىڭ ياكى ئېرىنىڭ ئاچىسى (بىر - بىرىگە نىسبەتەن).

**قېيىنئىنى** ئى [قېيىن + ئىنى] خوتۇنىنىڭ ياكى ئېرىنىڭ ئۆز ئىنىسى (بىر - بىرىگە نىسبەتەن).

**قېيىن - بويان** قۇدا - باجا، ئۇرۇق - تۇغقان: قېيىن - بويان بولماق.

**قىبلە** ئى [ئە] <دىن> مۇسۇلمانلار ناماز ئۆتىگەن ياكى خۇداغا سېغىنغان چاغلاردا ئالدىنى قىلىپ تۇرىدىغان يۆنىلىش، تەرەپ؛ مەككە تەرەپ: قىبلىگە قاراپ ناماز ئوقۇماق.

**قىبلىگاھ** ئى [ئە + پ] ① <دىن> مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇغاندا يۈزلىنىپ تۇرىدىغان تەرەپ؛ قىبلە تەرەپ، قىبلە. ② كۆچمە. ئەڭ زور ھۆرمەتكە لايىق، مۇناسىپ بولغان كىشى ياكى نەرسە (ئاتا - ئانا) ياكى ۋەتەن، پارتىيە قاتارلىقلارغا مۇراجىئەت قىلىش فورمىسى: قىبلىگاھىم جانىم ئانا، دۇئايىڭغا دۇتار بولدۇم، ۋىسال ئىزلەپ يات يەرلەردىن ئۆزگە ۋەتەن تۇتار بولدۇم. ③ كۆچمە. تاۋاپ قىلىنىدىغان، چوقۇنىدىغان جاي: قىبلىگاھ بولدۇڭ جاھانغا، كۆرسىتىپ ھەق يولىنى. ئالغۇسى ئالەم ئۆزىگە، سەن ئۆزۈڭدىن نۇر ۋەتەن.

**قىبلىنەما** ئى [ئە + پ] ① كومپاس: مىلتىق دورىسىنىڭ پوچاڭزا ياساشتىن، قىبلىنەمانىڭ يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن باشقا كېرىكىمۇ بارمۇ؟ ② كۆچمە. يول كۆرسەتكۈچى، نىشاننى بەلگىلەپ بەرگۈچى، يېتەكچى: قىبلىنەما قىلماق.

**قىپچا** ئى <ئورم> ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇلاشتا، ئۇلاق تۇۋۇي ئۈستىگە ئۇلاش ئۈچۈن ئېلىنغان نوتا ياكى بىخ.

**قىپچاق** ئى <ئىرق> 9 — 15 - ئەسىرلەردە، ئورال تاغلىرى بىلەن ۋولگا دەرياسى ئارىلىقىدا ۋە ھازىرقى قازاقىستاننىڭ مەركىزى ھەم غەربىي قىسىملىرىدا ياشىغان كۆچمەن تۈركىي قەبىلىنىڭ نامى.

**قىپچاقچە** ئى. قىپچاق تىلى.

**قىپچانماق** پ. ئوڭايسىزلانماق، تارتىنماق، قورۇنماق: ئەنۋەر تارتۇقلىرىنى يوشۇرىدىغانغا يەر تاپالماي تولىمۇ قىپچاندى.

**قىپچىماق** پ. ديال. ئارىلاشتۇرماق: ئۇلار دەرستىن چۈشۈپلا ئۆز ئىگىدارچىلىقىدىكى ھاجەتخانىلارنىڭ ئوغۇتىنى تارتاتتى ۋە ئۇلارنى دۆۋىلەيتتى، توپا بىلەن قىپچىپ يۆگەيتتى.

**قىتات** ئى. كۆرپە، چاچنى بويايدىغان بىر خىل دورا، چاچ بوياش دورىسى.

**قىتاتلاتماق** «قىتاتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىتاتلاشماق** «قىتاتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىتاتلانماق** «قىتاتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قىتاتلىماق** پ. قىتات بىلەن بويىماق، قىتات سۈرمەك: چاچنى قىتاتلىماق.

**قىتان** ئى <ئىرق> مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان قەدىمكى قەبىلىلەردىن بىرى، كېيىن ئۇلارنىڭ بىر بۆلىكى ئۇيغۇرلارغا قېتىلىپ كەتكەن.

**قىتئە** ئى [ئە] ① <جۇغ> يەر شارىنىڭ دېڭىز ۋە ئوكيانلار بىلەن قورشالغان ئالاھىدە قىسىملىرىنىڭ ھەربىرى. يەرشارىدا ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا، شىمالىي ئامېرىكا، جەنۇبىي ئامېرىكا، ئوكيانىيە ۋە جەنۇبىي قۇتۇپتىن ئىبارەت يەتتە قىتئە بار. ② <ئەد> لىرىك شېئىرلارنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتتىكى بىر تۈرى. ئۇنىڭدا جۈپ مىسرالار (ئىككىنچى،

تۆتىنچى مىسرالار) قاپىيەلىنىپ، تاق مىسرالار ئوچۇق قالىدۇ. ئۇ ھەجىم جەھەتتىن قىسقا، مەزمۇن جەھەتتىن چوڭقۇر بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**قىتلانماق** پ. يولغا كىرمەك، تولۇق پايدىلانغىلى بولىدىغان ھالەتكە كەلمەك (تۇرلۇك ئەسۋابلار ھەققىدە): بۇ ھەرە قىتلىنىپتۇ.

**قىتمال** سۈپ. گەپ ـ سۆز ئانچە تەسىر قىلمايدىغان، بىر ەر ئىش ئۇچۇن بەك ئالدىراپ، ئۆڭۈپ كەتمەيدىغان؛ قېلىن.

**قىتماللاشتۇرماق** «قىتماللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىتماللاشماق** پ. گەپ ـ سۆز تەسىر قىلمايدىغان، بىرەر ئىشقا ئانچە ئۆڭۈپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالماق، قېلىن ئادەمگە ئايلانماق: بۇ بالا تىل ئىشىتمەيدىغان قىتماللىشىپ كېتىپتۇ.

**قىتماللىق** ئى. گەپ تەسىر قىلماسلىق، قېلىنلىق.

**قىتغۇر** سۈپ. باشقىلار بىلەن چىقىشالمايدىغان، سىغىشالمايدىغان؛ دائىم چاتاق چىقىرىپلا يۈرىدىغان؛ ئىچى يامان، ھەسەتخور: قىتغۇر ئادەم. قىتغۇر خوتۇن. // مەن ھېلىقى قىتغۇرنىڭ بىرنى ئۇرۇپ قاپىقىنى يېرىپ قويدۇم.

**قىتغۇرلۇق** ئى. ئىچى يامانلىق، ھەسەتخورلۇق: قىتغۇرلۇق قىلماق.

**قىتىكشىماق** پ. دىيال. تۇرۇپ ئۇ يەردە، تۇرۇپ بۇ يەردە يۈرمەك، بىر يەردە جىم تۇرالماسلىق.

**قىچا** ئى ‹بوت› كىرىبىست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى سېرىق، ئومۇم گۈل رېتىمدە، مېۋىسى قىسقا، مۇڭگۈزلۈك مېۋە، ئۇرۇقىدىن ماي تارتىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم مايلىق زىرائەتلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**قىچقارتماق** «قىچقارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىچقارماق** پ ① ئاۋاز، تاۋۇش چىقىرىپ خەۋەر قىلماق؛ چاقىرماق: تۇتسا سېپى يوق، قىچقارسا ئېتى يوق (ماقال). ② تەكلىپ قىلماق، ئېيتماق: مېھمانغا قىچقارماق. ③ چىللىماق، سايرىماق: توخۇ بىلگىننى قىچقىرار (ماقال).

**قىچقىرىشماق** «قىچقارماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار يوقاپ كەتكەن سىڭلىسىنى قىچقىرىشتى.

**قىچقىرىلماق** «قىچقارماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قىچقىرىلغان مېھمانلار كەينى ـ كەينىدىن كېلىشكە باشلىدى.

**قىچىشتۇرماق** «قىچىشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىچىشقاق** ئى ‹تېب› يۇقۇملۇق تېرە كېسىلى. قوتۇر كانىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كۆپىنچە قول ئالقىنى، بارماق، ساغرا، قورساق قاتارلىق ئورۇنلارغا چىقىدۇ. بۇنىڭدا مەلۇم ئورۇندا دۆگچە ئەسۋەلەر پەيدا بولۇپ، رەڭگىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. قاتتىق قىچىشتۇرىدۇ.

**قىچىشماق** پ. بەدەندە تاتىلاشقا مەجبۇر قىلىدىغان بىر خىل سېزىم پەيدا بولماق: بىقىنى قىچىشماق.

**قىچىق** ئى ← **غىدىق**.

**قىچىقلاشماق** پ ← **غىدىقلاشماق**: ئۇ ئالدىدىكى لۈم ـ لۈم كارىۋاتلار ئۈستىگە دۈم چۈشۈپ چۆكۈپلا كەتتى، ئارقىدىن رىسالەتمۇ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. ئىككى دوست بىر ـ بىرى بىلەن قىچىقلىشىپ، يومىلاقلىشىپ بىرھازا كۈلۈشتى.

**قىچىقلىماق** پ ← **غىدىقلىماق**: تاپىنىنى قىچىقلىماق.

**قىچىلىق** ① سۈپ. قىچا تېرىپ ئۆستۈرگەن، قىچا كۆپ ئۆسكەن: قويۇق ئۆسكەن قىچىلىق ئېتىزدىن ئۆتتۇق. ② ئى. قىچا تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن، قىچا كۆپ يەر: قىچىلىقتا ئىشلىمەك. قىچىلىققا بارماق.

**قىدام** سۈپ. چۈلدىسى يوق كەكە: تاز قىزغا ئەر تاپماق ـــ قىدام كەكىگە ساپ تاپماق (ماقال).

**قىدىرتماق** «قىدىرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىدىرغۇچى** ئى. تەكشۈرۈش، قىدىرىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغۇچى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى كىشى: رۇسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فىرانسىيە، شىۋىتسىيە، ياپونىيە، فىنلاندىيە دۆلەتلىرىنىڭ قىدىرغۇچىلىرى غەربىي دىيارغا كېلىپ تەكشۈرۈش، خەرىتە سىزىش، تەۋەررۇك نەرسىلەرنى قېزىش بىلەن مەشغۇل بولدى.

**قىدىرماق** پ ① تېپىشقا ھەرىكەت قىلماق، تېپىش ئۈچۈن ئۇرۇنماق؛ ئاختۇرماق، ئىزدىمەك؛ تەكشۈرمەك: ئۆيمۇئۆي قىدىرماق. ② تەكشۈرۈش، قىدىرىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارماق؛ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلماق: تەكلىماكاننى قىدىرىپ تەكشۈرمەك.

**قىدىرىشماق** «قىدىرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىدىرىلماق** «قىدىرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قىر** ئى ① بىرەر نەرسىنىڭ قىرغىقى، يېنى، ياقىسى، گىرۋىكى: شىرەنىڭ قىرى. ② كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىك، دالا: ئوغلۇم يەپ ئوۋغا كەتتى، قىزىم يەپ قىرغا كەتتى (ماقال). ③ دېھقانچىلىقتا ئېتىزلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىش ۋە سۇغىرىش ئۈچۈن توپىدىن سېلىنغان تۇسما؛ تىرگەن: قىر چاپماق. قىر تارتماق. ④ كۆزنىڭ كىرپىك ئورۇنلاشقان جايى: كۆزنىڭ قىرى بىلەن قارىماق.

**قىرائەت** ئى [ئە] قۇرئاننىڭ سۈرە ـ ئايەتلىرىنى ئاھاڭ بىلەن ئۇنلۇك ئوقۇش: قىرائەت قىلماق.

**قىرائەتخان** ئى [ئە + پ] ① ‹دىن› قۇرئان سۈرىلىرىنى ئاھاڭ بىلەن ئوقۇيدىغان، قىرائەت قىلىدىغان كىشى؛ قارىي. ② كۆچمە. بىرەر نەرسىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەي، قارىسىغىلا، يادلىغانىدەك سۆزلەيدىغان، ئوقۇيدىغان كىشى.

**قىرائەتخانا** ئى [ئە + پ] ① تارىس. قۇرئاننى يادلاش ۋە قىرائەت بىلەن ئوقۇشنى ئۆگىتىدىغان كونا مەكتەپ. ② گېزىت ـ ژۇرنال ۋە كىتاب ئوقۇش، ئىختىيارىي ئۆگىنىش ئۈچۈن مەخسۇس ئاجرىتىلغان ئورۇن؛ كۇتۇپخانا: قىرائەتخانا ئاچماق.

**قىرائەتخانلىق** ئى ① ‹دىن› قۇرئاننى قىرائەت بىلەن ئوقۇش. ② كۆچمە. سەلبى. مەنىسىنى ياخشى چۈشەنمەي يەتمەي ۋە تەنقىدىي كۆز بىلەن قارىماي يۈزەكى يادلاش، يۈزەكى ئۆگىنىش.

**قىران** سۈپ ① ئۆسۈپ يېتىلگەن؛ كۈچ ـ قۇۋۋەتتە ۋايىغا، كامالەتكە يەتكەن: قىران يىگىت. ② باتۇر، جەسۇر: قىران قوش.

**قىرانلىق** ئى. قىران مەزگىل، قىران ھالەت: بۇ ئادەم قىرانلىق يېشىغا يەتكۈچە تۆت قېتىم لەقەمگە ئېرىشكەنىدى.

**قىرت** سۈپ. بەك ئەزمە، ئورۇنسىز گېپى تۈگىمەيدىغان: قىرت ئادەم. قىرت خوتۇن.

**قىرتاق** سۈپ. چۈچۈمەل، ئاچچىق، قېرىق: قىرتاق تەم. تەمى قىرتاق بىر نېمە.

**قىرتاقلاشماق** پ. قىرتاق ھالەتكە كەلمەك، قىرتاق بولۇپ قالماق: ئەتىياز بولغاندا بەسەيىنىڭ تەمى قىرتاقلىشىپ قالىدۇ.

**قىرتۇ** سۈپ. دىيال. ئورۇق، ئاۋاق.

**قىرتىش** ئى. دىيال. يۈز ـ چىراي.

**قىر ـ چاپ** ئۇدۇل كەلگەننى مىلتىق قاتارلىقلار بىلەن ئېتىش، قىرىش ۋە قىلىچ بىلەن چېپىش؛ جىددىي قىرغىن: قىر ـ چاپ قىلماق.

**قىرچاڭغۇ** سۈپ. تولا ئىشلەپ قىرچىلىپ، ھورۇنلىشىپ كەتكەن؛ قاشاڭ: قىرچاڭغۇ ئات. // تۆمۈر خەلپە بۇرۇنقى قىرچاڭغۇسىنىڭ ئورنىغا مۇشۇ ئاتنى مىنىدىغان بولغانىدى.

**قىرچاڭغۇلۇق** ئى. بىر ئىشنى قىلىۋېرىپ قاتتىق بىزار بولۇش، زېرىكىش، ھېرىش.

**قىرچىلاڭغۇ** سۈپ. ئاسان قىرچىلىدىغان: قىرچىلاڭغۇ رەخت.

**قىرچىلدۇرماق** «قىرچىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىرچىلما** سۈپ. بىرەر ئىشنى تولا قىلىپ، تولا ئىشلەپ قاتتىق بىزار بولۇپ كەتكەن، تويۇپ كەتكەن؛ قىرچىلاڭغۇ، قىرچاڭغۇ: قىرچىلما ئادەم. قىرچىلما بالا.

**قىرچىلماق** پ ① بىرەر نەرسىنىڭ قىرلىرى، بۇرجەكلىرى بۇزۇلۇپ، ئۇپراپ، تىتىلىپ، غاجىلىپ كەتمەك؛ يىرتىلىپ كونىرىماق: چاپاننىڭ يەڭلىرى قىرچىلىپ كەتمەك. ② ئۇزۇن مەزگىل بىر خىل ئىشنى، ئىش ـ ھەرىكەتنى تولا قىلىۋېرىپ قاتتىق بىزار بولماق، قاتتىق زېرىكمەك: مەن بۇ ئىشنى تولا قىلىپ بەك قىرچىلىپ كەتتىم.

**قىرچىن** ① ئى <بوت> توغراقنىڭ بىر خىلى. يوپۇرمىقى ئۇزۇنچاق، قوۋزىقى نېپىز، ئۇششاق شاخلىرى كۆپ بولىدۇ. ② سۈپ. چىڭ، پىششىق.

**قىرچىنتال** ئى [قىرچىن + تال] <بوت> تال تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى تۇتۇق قوڭۇر يېشىل رەڭدە بولۇپ، ئاتلىق، ئانىلىق گۈللىرى ئايرىم تۇپلەردە بولىدۇ. سۇ ياقىلىرىدا ئۆسىدۇ. چىۋىقلىرىدىن ھەر خىل سايمان ـ جابدۇقلارنى توقۇشقا بولىدۇ.

**قىر ـ دالا** قىر ۋە دالا: تۈلكە ئادەتتە قىر ـ دالىلاردا ياشايدىغان بىر خىل ھايۋاندۇر.

**قىردۇرماق** «قىرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئىككىسى ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى پاكىز قىردۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەر ئىدى.

**قىردۇرۇلماق** «قىردۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قىرس** تەق. چۇرۇك نەرسىلەرنىڭ سۇنۇشىدىن ھاسىل بولىدىغان پەس ئاۋاز.

**قىرسسىدە** رەۋ. «قىرس» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «قىرس» قىلىپ: قومۇش قىرسسىدە سۇندى.

**قىرس ـ قىرس** «قىرس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**قىرسلاتماق** «قىرسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى :
ئۇ قوللىرىنى قىرسلىتىپ ئولتۇراتتى.

**قىرسلىماق** پ. «قىرس» قىلغان ئاۋاز چىقماق، قىرسلىدىماق: ئوتۇن قىرسلاپ كۆيدى.

**قىرسىق** سۈپ. دىيال. تۇرمۇشتا ناھايىتى چىڭ؛ پىخسىق: قىرسىق ئادەم.

**قىرسىقلىق** ئى. تۇرمۇشتا ناھايىتى چىڭلىق؛ پىخسىقلىق: ئۇنى ئۆيىدىمۇ شۇ قىرسىقلىقىنى قىلامدىكىن دەيمەن.

**قىرسلداتماق** «قىرسلىدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىرسلىدىماق** پ. «قىرس ـ قىرس» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «قىرس ـ قىرس» قىلماق.

**قىرغاق** ئى ① سۇنىڭ لېۋى، ياقىسى؛ ساھىل: دېڭىز قىرغىقى. ② يېيىق نەرسىلەرنىڭ چېتى، قىرى، گىرۋىكى: رومالنىڭ قىرغىقى. ③ يول ۋە شۇ قاتارلىقلارنى بويلاپ كەتكەن يەر؛ ياقا: يولنىڭ ئىككى قىرغىقى.

**قىرغاقچى** ئى. ئىشىك ـ دېرىزىلەرنىڭ قىرغاق سۇۋاقلىرىنى تۈزلەيدىغان، قىرغاق چىقىرىدىغان ئەسۋاب.

**قىرغاقدىماق** پ. چېتىنى، قىرغىقىنى بويلىماق: ئوت يالقۇنى قىرغاقداپ ياتقان ئۇيۇق ئاشۇ مەنزىرە ئىچىدە قۇياشنى يەم بىلەن يۇتۇۋالماقچى بولغاندەك، ئۇنىڭ ئاستى گىرۋىكىنى بوشقىنا چىشلەپ تۇراتتى ھەمدە ئۇنى بىر تىنىق ـ بىر تىنىقتىن يۇتاتتى.

**قىرغاقلىق** سۈپ. قىرغىقى بار، قىرغاق چىقىرىلغان: قىرغاقلىق بۆز.

**قىرغاۋۇل** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. شەكلى توخۇغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەركىكىنىڭ قۇيرۇقى ئۇزۇن، پەيلىرى چىرايلىق بولۇپ، كۆپىنچە قىزغۇچ ياكى توق يېشىل كېلىدۇ، پارقىرايدۇ؛ چىشىسىنىڭ قۇيرۇقى قىسقىراق، كۈل رەڭ قوڭۇر كېلىدۇ. يۈگۈرۈشكە ماھىر بولۇپ، ئۇزۇنغا ئۇچالمايدۇ. قۇيرۇق پەيلىرى زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ يەنە «ياۋا توخۇ»، «تاغ توخۇسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**قىرغۇ** ئى ① نەرسىلەرنى قىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب. مېتالدىن ياسىلىدۇ. شەكلى ھەر خىل بولىدۇ. ② <ماشىن> دېتاللارنى قىرىدىغان، شىلىدىغان ئىش، مەشغۇلات: قىرغۇ ئىستانوكى. قىرغۇ ئىشچىسى.

**قىرغۇچ** I ئى. بېلىقنىڭ ياڭاق سۆڭىكى.

**قىرغۇچ** II ئى ← **قىرغۇ**.

**قىرغۇچى** سۈپ. قىرىش، ئۆلتۈرۈش، بۇزۇش، ۋەيران قىلىش، يوقىتىش رولىنى ئوينايدىغان: قىرغۇچى ئايروپىلان. // قىرىلماسلىق ئۈچۈن قىرغۇچىلارنى قىرىپ تاشلاش كېرەك.

**قىرغۇزماق** «قىرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىرغۇزۇلماق** «قىرغۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قىرغىز** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. قىرغىز مىللىتى. ئۇلار ئېلىمىزدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا ئولتۇراقلاشقان. چەت ئەللەردە قىرغىزىستاننىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**قىرغىزچە** ① سۈپ. قىرغىز خەلقىگە، ئۇنىڭ تىل ـ

يېزىقى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: قىرغىزچە ئۇسسۇل. قىرغىزچە ئادەت. ② ئى. قىرغىز تىلى: ئۇ قىرغىزچىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ③ رەۋ. قىرغىز تىلى ۋە يېزىقىنى ئىشلىتىپ، قىرغىز تىلىدا: قىرغىزچە سۆزلىمەك.

**قىرغىن** I ئى. كىشىلەر كۆپلەپ قىرىلىدىغان، كۆپ قان تۆكۈلىدىغان ئۇرۇش، جەڭ؛ كۆپلەپ قىرىلىش، ئۆلۈش: بۇ، كېچە بولۇپ ئۆتكەن بايىقى دەھشەتلىك قىرغىننىڭ بىردىنبىر تىرىك قالغان شاھىتى ئەنسارى ئىدى. * قىرغىن قىلماق.

**قىرغىن** II ئى. دىيال. دېدەك، قۇل.

**قىرغىن-چاپقۇن** ئۆلتۈرۈش، قىرىش، زور قىرغىنچىلىق.

**قىرغىنچى** سۈپ. قىرغىن قىلغۇچى، قىرغۇچى: قىرغىنچى كۈچلەر.

**قىرغىنچىلىق** ئى. قاتتىق قىرغىن، قاتتىق قىرغىن قىلىش؛ كۆپلەپ ئۆلۈش، قىرىلىش: قىرغىنچىلىق قىلماق.

**قىرغىنلىق** سۈپ. قىرغىن بولغان، قىرغىنغا تولغان: قىرغىنلىق جەڭ.

**قىر-قاش** ئېتىزنىڭ قىرى، توسما، تۇغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار.

**قىرقۇم** ئى <بوت> ← **كولكاز.**

**قىرقىتماق** «قىرقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قوينىڭ يۇڭىنى قىرقىتماق.

**قىر-قىر** دىيال. كۆپ، تولا، مىغ-مىغ.

**قىرقىراتماق** «قىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىرقىراشماق** «قىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىرقىرىماق** پ. چىرقىرىماق.

**قىرقىشماق** «قىرقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىرقىقسىز** سۈپ. قىرقىلمىغان. قىرقىپ قويۇلمىغان: قىرقىقسىز قوي.

**قىرقىقلىق** سۈپ. قىرقىلغان، قىرقىپ قويۇلغان: بۇ قىرقىق-لىق قوي بىزنىڭ ئەمەس.

**قىرقىلما** سۈپ. قىرقىپ قويۇلغان، قىرقىلغان: قىرقىلما تېرە. قىرقىلما يۇڭ.

**قىرقىلماق** «قىرقىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇنى كۆرۈپ باينىڭ يۈزلىرى تاتىرىپ، قىرقىلغان ساقاللىرى تىترەپ كەتتى.

**قىرقىم** ① سۈپ. قىرقىپ قويۇلغان، قىرقىلغان، كەسمە: قىرقىم چاچ. ② ئى. قىرقىش ئىشى: قويلارنىڭ بىرىنچى قىرقىمى ئەتىيازدا، ئىككىنچى قىرقىمى كۈزدە بولىدۇ. ③ ئى. قىرقىش پەيتى: قوي يۇڭى قىرقىمغا كەلدى.

**قىرقىما** سۈپ ← **قىرقىم**: قىرقىما چاچ.

**قىرقىماق** پ. چاچ-ساقال، تۈك، يۇڭ، قانات ياكى دەرەخكە ئوخشاش ئۇزۇن ھەم تال-تال نەرسىلەرنى مەلۇم ئۇزۇنلۇقتا قالدۇرۇپ، ئۇچىنى قايچا قاتارلىقلار بىلەن كەسمەك، قىيماق؛ قىيىپ قىسقارتماق: چاچنى قىرقىماق.

**قىرقىندى** ئى. قىرقىپ چىقىرىۋېتىلگەن نەرسە: چاچ قىرقىندىلىرى.

**قىرلاتماق** «قىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كېسەك قىرلاتماق. ئېرىقنى قىرلاتماق. قىرنى قىرلانماق.

**قىرلاشماق** «قىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بالىلار كېسەك قىرلاشتى.

**قىرلاقلىق** سۈپ. قىرلانغان، قىرلاپ قويۇلغان: ئۇنىڭ تەلپە-كى قىرلاقلىق ئىدى.

**قىرلانماق** «قىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: گۈلبىرا ئىككى سېۋەت توپىنى ئەپكەشتە كۆتۈرۈپ كېلىپ، قىرلى-نىۋاتقان چوڭ ئۆستەڭنىڭ قىرىغا تۆكتى.

**قىرلىق** سۈپ. قىرى بار، قىر چىقىرىلغان: قىرلىق ياغاچ. قىرلىق تۆمۈر.

**قىرلىماق** پ ① قىر پەيدا قىلماق، قىر سالماق: ئېرىقنى قىرلىماق. ② قىرىچە قويماق؛ ئۈستى-ئۈستىگە قويۇپ ئېگىز-لەتمەك: كېسەك قىرلىماق. ③ قىر چىقارماق: شەپكىسىنى قىرلىماق.

**قىرماق** I پ ① نەرسىلەرنىڭ يۈزى، ئىچى ۋە باشقا جايلى-رىدىكى قاتتىق-قۇرۇق نەرسىلەر، ئېگىز-پەس يەرلەر ياكى ئۈستىدىكى موي، تۈك قاتارلىقلارنى تىغلىق ئەسۋابلار بىلەن كېسىپ ئېلىۋەتمەك، تۈزلىمەك، سىلىقلىماق: قازان قىرماق. سەۋزە قىرماق. ② قورال بىلەن كۆپلەپ ئېتىپ ئۆلتۈرمەك، قىرغىن قىلماق: دۈشمەننى قىرماق. ③ كېسىپ تۈگەتمەك، بىرنى قويماي يوقاتماق: دەرەخلەرنى قىرماق. ④ كۆچمە. ئېلى-ۋەتمەك (ھاملە ھەققىدە): بالا قىرماق. ⑤ قاقماق: گېلىنى قىرماق.

**قىرماق** II ئى. قازاننىڭ تېگىگە چاپلىشىپ قالغان تاماق يۇقۇندىسى، قازان تۆۋى، قازان تېگى، قاسىرماق: ئۇلار مەدرى-سەنىڭ يېنىدىكى خانىقانىڭ داش قازىنى ئەتراپىدا كۈلگە مىلىنىپ، قىرماق قىرىپ، يىغلاپ-قاقشاپ چوڭ بولاتتى.

**قىرمۇقىر** قىر بېسىپ، بىر قىرنىڭ كەينىدىن يەنە بىر قىرنى، بىر قىرنىمۇ تاشلاپ قويماي: قىرمۇقىر ئارىلىماق.

**قىرمىز (ى)** سۈپ [پ] يېزىت. رەڭگى قىزىل، قىزىل: قىرمىزى گۈل. // دىل كۆكىنىڭ ماھى ئۇ، گۈزەللەرنىڭ شاھى ئۇ، بۇلبۇل بولۇپ تەلمۈردۈم، گۈل قىرمىزى كۆرۈندى.

**قىرمىزاق** ئى. دىيال. تەكچە.

**قىروۋ** ئى <مېتېئور> ھاۋا تېمپېراتۇرىسى0℃ تىن تۆۋەن بولغاندا، يەر يۈزىگە يېقىن ھاۋا تەركىبىدىكى سۇ پارىنىڭ يەر ئۈستىدىكى جىسىملار يۈزىدە قېتىشى نەتىجىسىدە شەكىللى-نىدىغان ئاق رەڭلىك مۇز كىرىستاللىرى.

**قىروۋدىماق** پ ① قىروۋ باسماق، قىروۋ پەيدا بولماق. ② كۆچمە. ئاقارماق: چاچلىرىم قىروۋدىدى.

**قىروۋسىز** سۈپ. قىروۋ يوق، قىروۋ چۈشمىگەن: قىروۋسىز مەزگىل.

**قىروۋلۇق** سۈپ. قىروۋ چۈشكەن، قىروۋ باسقان، قىروۋ ئېرىمىگەن: قىروۋلۇق مەزگىل.

**قىرىچە** رەۋ. قىرى بىلەن، قىرى ئارقىلىق: قىرىچە تەگمەك. قىرىچە ئۇرماق.

**قىرىچە-يېنىچە** قىرى-يېنى بىلەن، قوپاللىق بىلەن: قىرىچە-يېنىچە گەپ قىلماق، قىرىچە-يېنىچە تەگمەك.

**قىرىش** ئى <ماشىن> قىرىش ئىستانوكىدا قىرىش پىچىقى بىلەن دېتاللارنى قىرىپ پىششىقلاپ ئىشلەش مەشغۇلاتى: قىرىش پىچىقى. قىرىش ئىستانوكى.

**قىرىشماق** «قىرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىرىق** سان ① ئوننىڭ تۆت قېتىم قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان سان: قىرىق ئادەم. ② ئىسمىنىڭ Ⅲ شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسىنىڭ بىرلىكى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ، تۇغۇلغان ياكى ئۆلگەندىن كېيىنكى قىرىقىنچى كۈننى بىلدۈرىدۇ: قىرىقى توشماق. قىرىقىنى قىلماق.

**قىرىق سۈيى** بالا تۇغۇلۇپ 40 كۈن بولغاندا، بالىنى يۇيۇش ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان سۇ.

**قىرىق نەزىرى** كىشى ئۆلۈپ 40 كۈندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان نەزىر.

**قىرىقى ئانىسى** ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە بوۋاق تۇغۇلۇپ 40 كۈن بولغاندا، بوۋاقنى زاكىسىدىن ئايرىپ، پۈتۈن بەدىنىگە ئۇپا سۈرتۈپ «قىرىقى سۈيى»گە ئاتاپ تەييارلانغان يېڭى كىيىملىرىنى بوۋاققا كىيدۈرىدىغان ئايال.

**قىرىقئاياغ** ئى [قىرىق + ئاياغ] <بوت> ← **ئېشەكقۇرتى**.

**قىرىقبوغۇم** ئى [قىرىق + بوغۇم] <بوت> پاپورتنىكلارنىڭ بىر تۈرى، يەنى قىرىقبوغۇم ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى يېشىل، نەيچە شەكىللىك، بوغۇمى بار، يوپۇرمىقى رودىمېنتلىشىپ تەڭگىچە ياپراققا ئايلانغان، كۆپىيىش ئەزاسى قەلەم ئۇچى شەكلىدە بولۇپ، غولىنىڭ ئۇچىدا ئۆسىدۇ. غولى يىرىك، ياغاچ سايمانلار ۋە مىس سايمانلارنى سىلىقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ، جۇڭيىدا دورا قىلىنىدۇ، كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالايدۇ.

**قىرىقبوغۇمسىمان** سۈپ. قىرىقبوغۇمغا ئوخشايدىغان، قىرىقبوغۇم شەكلىدىكى: قىرىقبوغۇمسىمان چاكاندا.

**قىرىققۇلاق** ئى [قىرىق + قۇلاق] <بوت> پاپورتنىكلارنىڭ بىر تۈرى، يەنى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تاغلىق رايونلارنىڭ نەم، سايە ئورۇنلىرىدا ئۆسىدۇ. يىلتىزسىمان غولى ئۇزۇن، يەر ئاستىدا توغرىسىغا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق. يوپۇرمىقىنىڭ دۈمبە تەرىپىدە ئىسپورا خالتا دۆۋىلىرى بولىدۇ، ئىسپورا ئارقىلىق كۆپىيىدۇ. يۇمران يوپۇرمىقىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ، يىلتىزسىمان غولىدىن كىراخمال ئېلىشقا بولىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېبى دورا قىلىنىدۇ، قىزىتمىنى قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش رولى بار.

**قىرىقىنچى** سان. تەرتىپ ئورنى 40 رەقىمى بىلەن بەلگىلەنگەن، 39 دىن كېيىن، 41 دىن بۇرۇن تۇرىدىغان: قىرىقىنچى ئادەم.

**قىرىلماق** «قىرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قار ئاپىتىدە ماللار قىرىلىپ كەتتى.

**قىرىم** ئى. ئۆچكە تېرىسىدىن يەرلىك ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن خۇرۇم: قىرىم مەسە.

**قىرىندى** ئى. ياغاچ رەندىلىگەن ياكى دېتاللارنى ئىستانوكتا قىرغاندا چۈشكەن نېپىز پارچە نەرسىلەر.

**قىز** ئى ① بالاغەت يېشىغا يەتمىگەن، بالاغەتكە يەتسىمۇ تېخى توي قىلمىغان، ياتلىق بولمىغان ئايال: قىز بالا. ② ئايال جىنسىغا مەنسۇپ بولغان پەرزەنت (ئۆز ئاتا - ئانىسىغا نىسبەتەن): قىز چىقارماق. قىز ئۇزاتماق. ③ قىزلارغا ياكى ياش جۇۋانلارغا نىسبەتەن مۇراجىئەت قىلىشتا؛ چاقىرىشتا ئىشلىتىلىپ، ھۆرمەت، ئەركىلىتىش، ئۆزگە يېقىن تۇتۇش قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: — قىزىم، سىز كىمنىڭ بالىسى بولىسىز؟ — دەپ سورىدى بوۋاي ھېلىقى جۇۋاندىن.

**قىزارتماق** «قىزارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ پىياز شاكىلى بىلەن قىزارتىپ پىشۇرغان تۇخۇملارنى ئەكېلىپ بېرىدۇ.

**قىزارتىلماق** «قىزارتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ پېشانىسى چىمداپ قىزارتىلغان، يۈز - كۆزلىرى ئىششىغان، چۇۋۇلغان چاچلىرى تېخى تارالمىغانىدى.

**قىزارماق** پ ① قىزىل ياكى شۇنىڭغا يېقىن تۈس ئالماق؛ قىزىل ياكى شۇنىڭغا مايىل رەڭگە، تۈسكە كىرمەك: ئۇ مۇسەللەس ئىچىسىلا يۈزى قىزىرىدۇ. ② كۆچمە. ناتوغرا ئىش - ھەرىكىتى، قىلمىشى، گەپ - سۆزى، ئەيىبى، كەمچىلىكى ۋە باشقىلار تۈپەيلى بىرىكىم ئالدىدا قاتتىق خىجالەت تارتماق، ئوڭايسىزلانماق، ئۇيالماق: تۇراخان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ۋىللىدە قىزاردى. ③ كۆچمە. ئاچچىقى كەلمەك، خاپا بولماق، ئاچچىقلانماق: نېمانچە قىزىرىسەن، بولدى قىزارما.

**قىزتالاق** [قىز + تالاق] تىل ھا «قىزىڭ ئەر بىلەن بولۇشمىسۇن، لەنىتى» دېگەن مەنىلەردىكى ھاقارەت سۆزى: قىز تالاقلار ئالتۇن - كۈمۈشكە ئىگە بولغاندىن كېيىن بىر كېچىدىلا غايىب بولىدىكەن.

**قىز - جۇۋان** قىز ۋە جۇۋان: بۇگۈنكى بازار ناھايىتى قىزىپ كەتكەنىدى. ياسانغان قىز - جۇۋانلار تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىنى ئورىۋالغان، ئادەم مېڭىشقا بولمايتتى.

**قىزچاق** ئى. كىچىك قىز، ياش قىز: ھېلىقى قىزچاق بىر تېلېگراممىنى ئەكىرىپ بەردى.

**قىز - چوكان** قىز ۋە چوكان: ئۇ بىرەر قىز - چوكانغا ساقال تاشلاپ گەپ - سۆز قىلىشنى بىلمەيتتى.

**قىزدۇرغۇچ** ① ئى. بىرەر يەر ياكى نەرسىنى ئىسسىتىش رولىنى ئوينايدىغان ماشىنا ۋە شۇ خىلدىكى نەرسە. ② سۈپ. قىزىتىدىغان، ئىسسىتىدىغان: باش ئەتىيازنىڭ قىزدۇرغۇچ قۇياشى يەر يۈزىگە ھاياتبەخش ئىللىقلىق نۇرىنى چېچىپ تۇراتتى.

**قىزدۇرماق** پ. قىزىق ھالەتكە كەلتۈرمەك، قىزىتماق: ئۇ تۆمۈرنى قىزدۇرۇپ مەھبۇسنىڭ بەدىنىگە يېقىۋىدى، پۇرقىراپ ئاچچىق ئىس چىقىپ كەتتى، مەھبۇسمۇ قاتتىق بىر ۋارقىراپ ھوشسىزلاندى.

**قىزغانچۇق** سۈپ. نەرسىسىنى باشقىلاردىن ئايايدىغان، قىزغىنىدىغان؛ ئىچى تار؛ بېخىل؛ رەشكچى، ھەسەتخور: قىزغانچۇق بالا. // قىزغانچۇقنىڭ ئېشىنى ئىت يەر (ماقال).

**قىزغانچۇقلۇق** ئى. ئىچى تارلىق، بېخىللىق؛ ھەسەتخورلۇق: قىزغانچۇقلۇق قىلماق.

**قىزغاندۇرماق** «قىزغانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىزغانماق** پ ① بىرەر نەرسىنى ئۆتۈنۈشكە ئاغرىنماق، ئىچى تارلىق قىلماق، ئايىماق: قېتىق سوراپ كەلگەنگە ئايىقىڭنى قىزغانما (ماقال). ② ھەسەت قىلماق، كۈندەشلىك قىلماق، رەشك قىلماق، كۆرەلمەسلىك قىلماق: پەرىشتىنىڭ ئېشىدىن شەيتان قىزغىنىپتۇ (ماقال).

**قىزغۇچ** سۈپ. قىزىلغا مايىل، سۇس قىزىل: قىزغۇچ رەڭ.

**قىزغىن** سۈپ ① قايناق؛ سەمىمىي: قىزغىن سالام. قىزغىن مۇھەببەت. ② جۇش ئۇرغان، جانلانغان، جانلىق، جۇشقۇن، قايناق: قىزغىن مۇنازىرە. قىزغىن سۆھبەت. // بىز بىلەن ئۇلار قىزغىن كۆرۈشتى.

**قىزغىنلىق** ئى. قىزغىن كەيپىيات، مۇئامىلە، جۇشقۇنلۇق: قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالماق. تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق.

**قىزغىنىشماق** «قىزغانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇنداق قىلىپ ئەرلەر ئۇنىڭغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن نازارەت قىلىدىغان، قىز - خوتۇنلار بىر - بىرىدىن قىزغىنىشىپ، ئۇنى ئامال قىلىپ ئىزدەيدىغان دەرىجىگە يېتىشتى.

**قىزقۇۋار** ئى [قىز + قۇۋار] <تەن> قازاق مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى. ئۇ ئات ئۈستى تەنھەرىكىتى بولۇپلا قالماستىن، يەنە قىز - يىگىتلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇھەببەت ئىزھار قىلىش «كۆۋرۈكى» ھېسابلىنىدۇ. قىزقۇۋار ئەمەلىيەتتە بەلگىلەنگەن مۇساپە ئىچىدە، قىز - يىگىت ئىككىلا تەرەپ بىر قېتىمدىن قوغلىشىدۇ. دەسلەپتە يىگىت قىزنى قوغلاپ، قايتىشتا قىز يىگىتنى قوغلايدۇ.

**قىزلىق** ① سۈپ. قىزى بار، قىزى بولغان: قىزلىق ئۆي خان كۆۋرۈكى (ماقال). * قىزلىق ئۆيگە قىرىق ئات باغلىنار (ماقال) ② سۈپ. قىزلارغا خاس، قىزلاردا بولىدىغان: قىزلىق ھۆسنىگە تولماق. ③ ئى. قىزلاردا بولۇشقا تېگىشلىك مىجەز، خاراكتېر، قىلىق ۋە شۇ قاتارلىقلار: قىزلىقىنى قىلماق. ④ ئى. ئاياللارنىڭ توي قىلىشتىن بۇرۇنقى ھالىتى: گۈلبەھرەم قىزلىقىدا ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. ⑤ ئى. ئىپپەت، ئىپپەت - نومۇس، مەسۇ - مەلىك: قىزلىق پەردىسى. قىزلىقىنى يوقاتماق. ⑥ ئى. قىزلارغا خاس جىنسىي بەلگە، قىز جىنسى: بۇ ئىككىسى پەقەت ئەرلىك ۋە قىزلىقتىلا بىر - بىرىدىن پەرق قىلىدىكەن.

**قىزىتقۇچ** ئى. ئىسسىقلىقنى ئاشۇرۇپ قىزىتىش رولىنى ئوينايدىغان نەرسە: ھاۋا قىزىتقۇچ.

**قىزىتما** ئى <تېب> بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ نۆلدىن يۇقىرى 39 گىرادۇستىن ئېشىپ كېتىش ھادىسىسى: قىزىتمىسى ئۆرلىمەك.

**قىزىتماق** «قىزىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: توينى قىزىتماق. * ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر قومۇلنىڭ ساياھەتچىلىكىنى قىزىتىۋەتتى.

**قىزىتىشماق** «قىزىتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىزىتىلماق** «قىزىتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قىزىرىشماق** ① «قىزارماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باغدىكى ئانارلار قىزىرىشىپ پىشتى. ② خاپا بولۇشماق، رەنجىشمەك، ئاچچىقلىنىشماق: مەختەنىڭ ئوغلى بۇ ئىش ئۈچۈن دادىسى بىلەن تۈنجى قېتىم قىزىرىشتى.

**قىزىشماق** ① «قىزىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مىنىڭچە ئانچە قىزىشىپ كەتمەي، ئويلىشىپ كۆرەيلى، يېنىكلىك قىلمايلى. ② قىزغىنلىقى ئاشماق، كەيپىياتى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەك، قىزىماق، جانلانماق: تاشۋاي راۋابىنى چالغانچە قىزىشىپ قالدى.

**قىزىق** ① سۈپ. ھارارىتى، تېمپېراتۇرىسى كۆتۈرۈلگەن، ئىسسىق: قىزىق چاي. ② سۈپ. كۆچمە. كۈلكىلىك؛ ھەيران قالارلىق؛ غەلىتە: قىزىق گەپ. // — توي دېگەن كىچىك ئىش، ئۇنىڭ نېمە قىزىقى بار؟ — دېدى ئۇ. ③ سۈپ. كۆچمە. قىزىقارلىق ئىش قىلىدىغان، يۇمۇرلۇق گەپ قىلىدىغان، قىزىقچى: — يۈز ئاچقۇسى بولماي تۇرۇپ كېلىنىنىڭ يۈزىنى ئېچىۋەتسە، نېمە قىزىقى، — دېدى قاسىم قىزىق. ④ سۈپ. كۆچمە. كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان؛ جەلپ قىلارلىق: مېنىڭ بۇ ھېكايەم ناھايىتىمۇ قىزىق. ⑤ سۈپ. كۆچمە. لەززەت، مەنە: — ياشاشنىڭ نېمە قىزىقى قالىدۇ دەيسىز؟ — دېدى ئەلى بىر رومكا ئىچىپ. ⑥ سۈپ. كۆچمە. قىزغىن: ئۇلار، ئەلەمدار ۋە قەلەمدار بەگلەرنى دىۋانغا چاقىرىپ، كۆپچىلىك بىلەن قىزىق كېڭەش ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ⑦ سۈپ. قىزىغان، قىزىقارلىق، قايناق: تويىنىڭ بولغىنىدىن، «بولىدۇ» سى قىزىق (ماقال). ⑧ رەۋ. تېز، چاپسان، ئىتتىك، چاققان: — بالام، نېمە پۇتۇڭغا تاش ئېسىۋالغاندەك ماڭىسەن، قىزىق، قىزىق ماڭساڭ بولمامدۇ، — دېدى ھەلىمە ئاچا.

**قىزىقارلىق** سۈپ. كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان، دىققەت - ئېتىبارىنى تارتىدىغان؛ جەلپ قىلارلىق؛ كۈلكىلىك: قىزىقارلىق چۆچەك. // ئۇ خېلى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلىدى.

**قىزىقتۇرماق** «قىزىقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: چوڭ يىغىندا بولۇنغان گەپ - سۆزلەر ئۇنى ھەقىقەتەن قىزىقتۇردى.

**قىزىقتۇرۇلماق** «قىزىقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قىزىقچى** ئى. قىزىق ھەرىكەتلىرى ۋە سۆزلىرى بىلەن كىشىلەرنى كۈلدۈرىدىغان كىشى؛ ئارتىس.

**قىزىقچىلىق** ئى ① قىزىقچىلارنىڭ قىزىقارلىق گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكىتى، قىلىقى؛ كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان پائالىيەت، ئىش: قىزىقچىلىق قىلماق. ② قىزىق كەيپىيات: شۇنىڭ قىزىقچىلىقىدا سېۋەتكە كېلىپ ئولتۇردۇم.

**قىزىقسىندۇرماق** «قىزىقسىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىزىقسىنماق** پ. قىزىقىش ھېس قىلماق؛ قىزىقىش پەيدا بولماق، قىزىقماق: قىزىقسىنىپ قارىماق. * باشقىلارنىڭ ھېيلىسىگە ئاسانلا ئالدىنىدىغان كىشىلەر بىرگە ئاچ كۆز كىشىلەر، يەنە بىرگە قىزىقسىنىدىغان كىشىلەردۇر.

**قىزىقسىنىشماق** «قىزىقسىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىزىققاق** سۈپ. بىرەر ئىشقا ئاسان قىزىقىپ قالىدىغان، قىزىقىدىغان: قىزىققاق يازغۇچى.

**قىزىققاقلىق** ئى. قىزىقىدىغان، قىزىقىپ قالىدىغان مىجەز - خاراكتېر: ھەددىدىن ئارتۇق قايغۇ - ھەسرەتمۇ ئادەمنىڭ قىزىققاقلىقىنى تۆۋەنلىتىدۇ.

**قىزىققان** سۈپ [قىزىق + قان] ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان، ئاچچىقى تېز كېلىدىغان، ئۆزىنى باسالمايدىغان؛ مىجەزى سالماق، ئېغىر - بېسىق ئەمەس، قېنى قىزىق: قىزىققان ئادەم.

**قىزىققانلىق** ئى. ئاسان ئاچچىقلىنىش، ئاچچىقى تېز كېلىشتىن ئىبارەت روھىي ھالەت: قىزىققانلىق قىلماق.

**قىزىق - قىزىق** «قىزىق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ

كەچقۇرۇن ھېلىقى ياشقا بىر چىنە شورپا قىلىپ قىزىق - قىزىق ئىچۈرۈپ قويدى. * كەچقۇرۇنلىرى توپ - توپ بالىلار ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يىغىلىپ، بوۋايدىن قىزىق - قىزىق ھېكايىلەرنى تىڭشايتتى.

**قىزىقلىق** ئى. قىزىق ھالەت: بىر خىل مېتالنىڭ قىزىقلىقى بەك ئۆرلەپ كەتسە بولمايدۇ.

**قىزىقماق** پ ① بىرەر ساھە، ئىش ياكى نەرسىگە ئىشتىياق باغلىماق، ھەۋەس قىلماق: مۇزىكىغا قىزىقماق. ② دىققەت - ئېتىبار بەرمەك، كۆڭۈل قويماق، بېرىلمەك: مەن «تۇمۇر خەلپە يېغىلىقى» ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىمدىن ئېسىمدە قالغانلىرىنى سۆزلەپ بەردىم، ئاببasوپ قىزىقىپ ئاڭلىدى. ③ قىزىق تۇيۇلماق، قىزىقارلىق بىلىنمەك، قىزىقسىنماق: — تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىۋاتىدۇ؟ — لەيلىگۈل قىزىقىپ سورىدى.

**قىزىقىدا** رەۋ ① سوۋۇپ قالماستا، ئىسسىق ۋاقتىدا: تاماقنى قىزىقىدا يېمەك. ② كۆچمە. تازا پەيتىدە، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتمەستە: ئىشنى قىزىقىدا قىلماق.

**قىزىقىش** «قىزىقماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى: قىزىقىش پەيدا بولماق.

**قىزىقىشلىق** ① سۈپ. كىشىدە قىزىقىش پەيدا قىلىدىغان، قىزىقارلىق: ئۇنىڭ دادىسىنىڭ بۇ ئادىتى رەيھاندا قىزىقىشلىق تەسىرات قالدۇرغانىدى. ② ئى. قىزىقىش، ھەۋەس: قىزىقىشلىق بىلەن سۆزلىمەك.

**قىزىقىشماق** «قىزىقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شەھەردە پۈتۈنلەي مەن توغرۇلۇق گەپ، ھەممىسى ماڭا قىزىقىشىپ قارىشىدۇ.

**قىزىل** I ① سۈپ. قان رەڭگىدىكى، قان رەڭلىك: قىزىل گالستۇك. ② سۈپ. كۆچمە. ئىنقىلابىي؛ سىياسىي ئېڭى يۇقىرى، سىياسىيلىكى كۈچلۈك: قىزىل قوشۇن. ③ ئى <تېب> ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللىك. بىر خىل ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كۆپىنچە يېرىم ياشتىن بەش ياشقىچە بولغان بالىلار ناھايىتى ئاسانلا يۇقۇملىنىدۇ. ④ ئى. باي ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**قىزىل ئارمىيە** <ھەرب> ① ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەزگىلىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلابىي ئارمىيە. تولۇق ئاتىلىشى جۇڭگو ئىشچى - دېھقانلار قىزىل ئارمىيەسى.② 1946 - يىلىدىن ئىلگىرىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنى كۆرسىتىدۇ.

**قىزىل بايراق** ① رەڭگى قىزىل بايراق. ئۇ پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ سىمۋولى: ھۆكۈمەت بىناسى ئۈستىدە قىزىل بايراق قارس - قۇرس ئاۋاز چىقىرىپ جەۋلان قىلماقتا. ② مۇسابىقىلەردە ئۆتۈپ چىققانلارغا مۇكاپات قىلىپ بېرىلىدىغان بايراق، يەنى ئىلغارلىقنىڭ بەلگىسى: مەن قىزىل بايراقنى شۇلارغا بېرىشكە قوشۇلىمەن، شۇ چاغدىلا ھەق ئۆز جايىنى تاپقان بولىدۇ.

**قىزىل رەقەم** <مال> ئىقتىسادىي پائالىيەتتە چىقىمنىڭ كىرىمدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان پەرقلىق سان. مۇنداق سان دەپتەرگە خاتىرىلىنىشتە قىزىل سىياھ بىلەن يېزىلىدۇ: قىزىل رەقەم كۆرۈلمەك.

**قىزىل قەغەز ئالماق** تويى خېتى - نىكاھ قەغىزى ئالماق: ئۇلار ئەتە قىزىل قەغەز ئالغىلى بارماقچىدى.

**قىزىل قىيامەت** ئۇر - يىقىت، قىر - چاپ بولغان؛ ۋارقىراش - جارقىراش ئەۋج ئالغان، ئىنتايىن دەھشەتلىك ۋەزىيەت، قالايمىقانچىلىق: قوللىرىغا پالتا - كەكە، پىچاق - قىڭراق، كالتەك - چوماق ئېلىشقان ئىككى تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئېتىلىپ كېلىشتى - دە، بىر دەمنىڭ ئىچىدە ئۇ يەرنى قىزىل قىيامەت قىلىۋەتتى.

**قىزىل كۆز** مەككار، ھىيلىگەر، ئالدامچى: مەن بۇ قىزىل كۆز ئوغرىنى دىيانەتلىك كىشى دەپ خاتا چۈشىنىپ قاپتىمەن.

**قىزىل ئىشتان** بۇزۇق ئايال .

**قىزىل** II ئى. دىيال. چەشلەنگەن بۇغداي.

**قىزىلاڭ** ئى. دىيال. ئۆرۈكنىڭ ئالا بولماستىن تۇرۇپلا غورىسى قىپقىزىل قىزىرىدىغان بىر تۈرى.

**قىزىلباش** ئى [قىزىل + باش] ① ئۆزىگە نامەھرەم خوتۇن - قىزلارغا يامان نىيەتلىك قىلىدىغان ئەر: نەدىكىنى، ئۇمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قىزىلباش. ② <دىن> ئوسمانىيلارنىڭ سەفەۋىدلەرگە بەرگەن نامى. چۈنكى سەفەۋى قوشۇنىدىكى ئەسكەرلەر باشلىرىغا قىزىل سەرپۇش كىيىشەتتى. ھازىرغا كەلگەندە بۇ نام شىئە گۇرۇھىنى كۆرسىتىدىغان بولدى.

**قىزىلبۇرۇن** ئى [قىزىل + بۇرۇن] <تېب> بۇرۇن ئۇچى دائىم قىزىرىپ تۇرىدىغان سوزۇلما خاراكتېرلىك بىر خىل تېرە كېسەللىكى. سەۋەبى تېخى ئېنىق ئەمەس. كېسەللىك دائىم بۇرۇن ئۇچىدا يۈز بېرىپ ئۇزاق داۋاملىشىدۇ. بۇنىڭدا بۇرۇن ئۇچىدا قىزىل داغ پەيدا بولۇپ، تەدرىجىي قارامتۇل قىزىلغا ئايلىنىدۇ. بۇرۇننىڭ بىرىكتۈرگۈچى توقۇلمىلىرىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، تېرە ياغ بەزلىرى يوغىناپ قاتتىق تۈگۈنچە ھاسىل بولۇپ، سىقسا تېرە يېغى ئېقىپ چىقىدۇ.

**قىزىل بۇغداش** ئى [قىزىل + بۇغداش] <بوت> قامچىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. كۆپىنچە قىزىل رەڭلىك بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئاددىي، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ شەكلى ھەر خىل بولىدۇ، رەڭگى يېشىل ياكى جىگەر رەڭ. گۈل رېتى باشاقسىمان. ئۇرۇقى قارا، پارقىراپ تۇرىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە سەي ئورنىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. يۇمران مايسىسى دورا قىلىنىدۇ، ئىسسىقنى ياندۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، ئۆت سۇيۇقلۇقىنى راۋان قىلىش رولى بار. تولغاق، بالىياتقۇ راكى، سېرىق كېسەللەرنى داۋالاشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**قىزىلتاسما** ئى [قىزىل + تاسما] <بوت> ← **قۇشقاچتىل**.

**قىزىل - تىزىل** قىزىل، قىزىل رەڭلىك، قىزىلغا ئوخشايدىغان ياكى قىزىلغا مايىل.

**قىزىلچا** ئى <بوت> ① لويلا ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى تەركىبىدە قەنت ماددىسى بولۇپ، قەنت ئىشلەشنىڭ ئاساسلىق خام ئەشياسى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى.

**قىزىلچىلىق** ئى. قىزىلچا تېرىلغان يەر، ئېتىز.

**قىزىلقۇلاق** ئى [قىزىل + قۇلاق] <بوت> ← **كاكىنەچ**.

**قىزىلكوس** ئى [قىزىل + كوس] <ئاستر> 24 مەۋسۇمنىڭ

ئالتىنچىسى. مىلادىيە 19 ـ ياكى 21 ـ ئاپرېلدىن باشلىنىدۇ.

**قىزىلكۇيە** ئى [قىزىل + كۇيە] <بوت> بۇغداي، ئارپا ۋە سۇلۇ قاتارلىقلاردا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا كېسەللەنگەن تۇپنىڭ باشقى ئۇستىنى بىر قەۋەت ھال رەڭ زەمبۇرۇغ قاپلىۋېلىپ، دېنىنى پۇچەكلەشتۈرۈپ قويىدۇ. ئادەم ۋە چارۋىلار كېسەللەنگەن داننى يەپ سالسا، زەھەرلىنىپ قالىدۇ.

**قىزىلگۇل** ئى [قىزىل + گۇل] <بوت> ئەتىرگۇلنىڭ قىزىل ئېچىلىدىغان ئالاھىدە بىر تۈرى، ئۇنىڭ گۇلىدىن گۇلقەنت سېلىنىدۇ.

**قىزىللاشتۇرۇشماق** «قىزىللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىزىللاشتۇرماق** «قىزىللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىزىللاشتۇرۇلماق** «قىزىللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەسكەرلەرنىڭ ئىدىيەسى قىزىللاشتۇرۇلدى.

**قىزىللاشماق** پ ① قىزىلغا ئايلانماق، قىزىللىق تۈسىنى ئالماق، قىزىلغا ئۆزگەرمەك. ② كۆچمە. كوممۇنىستىك پارتىيەنى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىدىغانلاردىن بولماق: ئۇلار ياشلارنى ھەم قىزىللاشقان، ھەم ئىختىساسلاشقانلاردىن بولۇپ چىقىشقا يېتەكلەپ، خېلى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

**قىزىللىق** ئى. قىزىل رەڭ ياكى قىزىل ھالەت: كۆزگە قىزىللىق تىقىلماق. * كەچكى قۇياش تاغ ئارقىسىدىكى قىزىللىققا شۇڭغۇپ كەتتى.

**قىزىلمارال** ئى [قىزىل + مارال] <بوت> كۆك مارال ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ. قورۇش، قان توختىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، ئىششىقنى ياندۇرۇش رولى بار. قان تۈكۈرۈش، قان قۇسۇش، بۇرۇن قاناش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

**قىزىلمۇچ** ئى [قىزىل + مۇچ] <بوت> ← **لازا**.

**قىزىلمۇچ قىيامى** ئۇۋاق قىزىلمۇچقا چۈچۈتۈلگەن ماي، ئاچچىقسۇ، سامساق قاتارلىقلارنى قوشۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل تېتىتقۇ.

**قىزىلمۇچلۇق** ئى. قىزىلمۇچ تېرىلغان يەر، جاي.

**قىزىلئۆڭگەچ** ئى [قىزىل + ئۆڭگەچ] <ئانات> يۇتقۇنچاق ۋە ئاشقازانغا تۇتىشىدىغان نەيچىسىمان ئورگان. ئوزۇقلۇق ئېغىز بوشلۇقى ئارقىلىق يۇتقۇنچاقتىن قىزىلئۆڭگەچكە كىرىدۇ ۋە قىزىلئۆڭگەچ مۇسكۇللىرىنىڭ قىسقىراپ لۆمۈلدىشى نەتىجىسىدە ئاشقازانغا يەتكۈزۈلىدۇ.

**قىزىماق** پ ① تېمپېراتۇرىسى، ھارارىتى ئۆرلىمەك؛ ئىسسىماق: تۆمۈر قىزىدى. دەزمال قىزىدى. ياغ قىزىدى. ② كۆچمە. قىزىقماق، قىزىقىش پەيدا بولماق: كۈنلەر ئۆتۈپ يۈرىكىم ئۇنىڭغا قىزىپ قالدى. ③ كۆچمە. جىددىي تۈس ئالماق؛ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلمەك، جانلانماق: جەڭ قىزىماق. ④ كۆچمە. جىددىيلەشمەك؛ خاپا بولماق؛ ئاچچىقلانماق: سادىر ئاخۇن سۆزلىگەنسېرى تىللاخان قىزىپ نېرۋىسى ئۆرلەپ، جىلە بولماقتا ئىدى.

**قىز ـ يىگىت** قىز ۋە يىگىت: بۇ يەردە قىز ـ يىگىتلەرنىڭ مەشرىپى خېلى قىزىغاندى.

**قىس** سۈپ ① ئېھتىياجىدىن ئاز، يېتىشمەيدىغان، كەملىك قىلىدىغان: بۇنداق قىس نەرسىلەرنى ئاسان تاپقىلى بولمايدۇ. ② زىچ، ئالدىراش: ئۇنىڭ ۋاقتى ناھايىتى قىس بولۇپ، قولى قولىغا تەگمەي يۈرەتتى.

**قىساس** ئى [ئە] يامانلىققا قارىتا ئۆز ئەينى ئېلىنىدىغان ھېساب، ئىنتىقام، ئەنت، ئۆچ: قىساس ئالماق. * نۇرغا تەشنا خەلقىمىز سېغىناتتى تاڭلارنى، قىساس ئوتى يۈرەكتە ئۇرغۇتاتتى قانلارنى.

**قىساس تۇتماق** يامانلىقنى ئەينى شەكىلدە ئۆزىگە يانماق: ئانىسى زورىخان قارغىۋېتىپتۇ دېمەمدۇ، قىساس تۇتتى بۇ بالىنى.

**قىساسچى** ئى. قىساس ئالغۇچى، قىساسخور، قىساسكار: ئەلقەم قىساسچى قوشۇنىنىڭ ئالدىدا كۆكرەك كېرىپ، بوز ئېتىنى ئوينىتىپ كېتىپ بارماقتا ئىدى.

**قىساسچىلىق** ئى. قىساس ئېلىش ئىشى، قىساسكارلىق: ئۇنىڭ كاللىسىنى ئەنە شۇ قىساسچىلىق چىرمىۋالغانىدى.

**قىساسخور** ئى ← **قىساسچى**: ئۇ مېنىڭ يېقىن ئاغىنەم، لېكىن قىساسخور كىشى.

**قىساسخورلۇق** ئى. قىساسخورلارغا خاس مىجەز ـ خاراكتېر، قىلىق ـ ھەرىكەت: مېنىڭ ياشلىقىمنى ئۆز قىساسخورلۇقىڭىزنىڭ قۇربانى قىلدىڭىز. ئۆچىڭىز چىقتىمۇ؟

**قىساسكار** ئى [ئە + پ] ← **قىساسچى**: مەن بولسام سەنلەرنىڭ قولۇڭدا ناھەق نابۇت بولغان ئاشۇ مۇساپىرنىڭ قىساسكارىمەن.

**قىساسكارلىق** ئى ← **قىساسچىلىق**: ئۇنىڭ بۇ ئىشى پۈتۈنلەي قىساسكارلىق ۋە ئۆچ ئېلىشنى مەقسەت قىلغان.

**قىساسلىق** سۈپ. قىلمىشىغا يارىشا قىساس ئېلىنىدىغان، قىساس ئېلىشقا تېگىشلىك.

**قىساسنامە** ئى. قىساس ئېلىش ۋەسىيىتى يېزىپ قالدۇرۇلغان خەت.

**قىساڭ** ئى. دىيال. تاغ ـ جىلغىلارنىڭ تار يېرى.

**قىستاتماق** «قىستىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: زەينەپ ئۇنى ئانچە قىستاتمىدى.

**قىستاشماق** «قىستىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئادەمنىڭ قولى ئاران پاتقۇدەكلا تۆشۈك ئالدىدا ئادەملەر ھەدەپ بىر ـ بىرىنى قىستىشاتتى.

**قىستاق** ئى. قاتتىق جەبىر ـ زۇلۇم سېلىش، قىيىن ـ قىستاق: بۇ ئېغىرلىققا ئارزۇ ئىگىلىرىنىڭ قىستاقلىرى يول بەردى، يەنى ئىلاجىنىڭ يوقلۇقىدىن بۇ تۇتۇرۇقسىز سوۋغىنى كۆتۈرۈپ يولغا چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى.

**قىستاقچىلىق** ئى ← **قىستاڭچىلىق**: ھەي بۇ قىستاقچىلىق ئۆيدە ئازادە تىنىق ئېلىشمۇ قىيىن بولدى.

**قىستا ـ قىستاڭ** ھەممە يېرى تولۇپ كەتكەن، قىسىلىپ ئەركىن ھەرىكەت قىلغىلى بولمايدىغان، بوش جاي قالمىغان، ناھايىتى قىستاڭ: ئاپتوبۇس بۇگۈن ئادەتتىكىدىنمۇ بەك قىستا ـ قىستاڭ بولۇپ كەتتى.

**قىستا ـ قىستاڭچىلىق** ناھايىتى قىستا ـ قىستاڭ ھالەت، بەك قىستاڭچىلىق: كامال قىستا ـ قىستاڭچىلىقتىن ئۆتۈپ بولغۇچە تەرلەپ ـ پىشىپ كەتكەنىدى.

**قىستاڭ** ① سۈپ. تار ۋە زىچلىقتىن ئەركىن ھەرىكەت قىلغىلى بولمايدىغان، قىستىلاڭ: بۆلۈشۈۋالغان يېرىمىز تار ۋە

قىستاڭ ئىدى. ② ئى. تار، قىستىلاڭ جاي: گۈلقىز نەرسىلىرىنى قىستاڭغا جايلاشتۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنى يەلپۈشكە باشلىدى.

**قىستاڭچىلىق** ئى. تار، قىستاڭ ھالەت: ئاشخانىنىڭ ئىچى بەك قىستاڭچىلىق، كىشى بىلەن كىشىنىڭ كارى يوق ئىدى.

**قىستاڭغۇ** سۈپ. كېشىگە تار، قىستاڭ بىلىنىدىغان؛ ئەركىن، ئازادە ھېس قىلىنمايدىغان: قىستاڭغۇ دەۋرنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلماي بولمايدۇ.

**قىستاڭلىق** ئى. قىستاڭ ھالەت ياكى قىستاڭ جاي.

**قىستالماق** «قىستىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەن كىشىلەر ئارىسىغا قىستالدىم.

**قىستۇرما** سۈپ. ئارىسىغا قىستۇرۇلغان، قوشۇمچە قىلىنغان: قىستۇرما رەسىم. قىستۇرما سۆز.

**قىستۇرما سۆز** <تىل> جۈملىگە قىستۇرۇپ قوللىنىلىدىغان، ئەمما جۈملە قۇرۇلمىسى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىمايدىغان ياكى باغلىغۇچى قاتارلىق باشقا ياردەمچى سۆزلەرنىڭ رولىدىمۇ كەلمەيدىغان سۆز، سۆز بىرىكمىسى قاتارلىقلار. مەسىلەن، «مېنىڭچە، بۇ كىتاب ناھايىتى ياخشى يېزىلغان» دېسەك، بۇ يەردىكى «مېنىڭچە» قىستۇرما سۆز ھېسابلىنىدۇ.

**قىستۇرماق** ① «قىسماق IV» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پېشىنى بېلىگە قىستۇرماق. * مەن يوقلىما دەپتەرنى قولتۇقۇمغا قىستۇرۇپ سىنىپقا كەتتىم. ② كۆچمە. گەپ ـ سۆز ئارىسىغا قوشۇپ سۆزلىمەك، قوشۇمچە قىلماق؛ تىلغا ئالماق: ھەدېسىلا سابىرنى قىستۇرۇپ چاقچاق قىلىسەن، بىلىسەڭ ئۇنىڭ ئۇستىدىكى مەسئۇلىيەت ناھايىتى ئېغىر. ③ مەلۇم بىر جەريان ياكى ۋاقىت ئارىلىقىدىن پۇرسەت چىقىرىپ ئورۇنلاشتۇرماق: بولىدۇ، مەن سىلىنىڭ بۇ پەلتونى ئارىغا قىستۇرۇپ بولسىمۇ تىكىپ بېرەي. ④ كۆچمە. ئارقىسىغا سېلىۋالماق، ئەگەشتۈرۈۋالماق: رابىخان بۈگۈنكى چايغا ئۈچ بالىسىنى قىستۇرۇپ كەپتۇ.

**قىستۇرۇشماق** «قىستۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ساتار، داپ، تەمبۇرلىرىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇشۇپ، ھېيتكا جامەسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى كوچىغا قاراپ يول ئېلىشتى.

**قىستۇرۇقلۇق** سۈپ. قىستۇرۇپ، تىقىپ قويۇلغان: ئۇ كىشىنىڭ قۇلىقىغا قەلەم قىستۇرۇقلۇق ئىدى.

**قىستۇرۇلما** سۈپ. قىستۇرۇپ قويۇلىدىغان، قىستۇرۇلىدىغان: قىستۇرۇلما قەۋەت.

**قىستۇرۇلماق** «قىستۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ قولتۇقىغا ئىككى پارچە خورۇم، بىر تاختا چەمۋە ئەستەرلىك بىشۇ قىستۇرۇلغانىدى.

**قىستىلاڭ** سۈپ. ھەممە يېرى توشۇپ كەتكەن، بوش يېرى قالمىغان؛ ناھايىتى تار، قىستاڭ: مەپە بەك قىستىلاڭ، ئورۇندۇقلىرى بەك تار ئىدى.

**قىستىلىشماق** «قىستالماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بوۋىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا خوتۇن ـ قىزلاردىن ئۈچ ـ تۆتى قىستىلىشىپ مىلەگزىنىڭ يوچۇقىدىن مارىشىپ تۇراتتى.

**قىستىما** سۈپ. قىستايدىغان، قىستىلىدىغان، قىستاڭ ھالەتتىكى: قىستىما خۇلاسە.

**قىستىماق** پ ① ئىگىلىگەن ئورنىنى تارلاشتۇرۇپ بولجۇيالمايدىغان قىلماق؛ تار، قىستاڭ يەرگە سۈرمەك، سىغداپ قويماق: دۈشمەن ئۇلارنى ئۈچ تەرەپتىن قىستاپ كەلدى. ② بوش ئورۇن قويماي بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرمەك: ئۇ تارتمىدىن قىستاپ خەت يېزىلغان بىرنەچچە ۋاراق قەغەزنى ئالدى. ③ مەلۇم بىر ئىش ـ ھەرىكەتنى قىلىشقا قاتتىق ئۈندىمەك، زورلىماق: كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ، جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا قىستىدى. ④ ئالدىراتماق: — سىز ئۇنى چاپسانراق توي قىلىشقا قىستايسىز، — دېدى ۋۇشۇبىڭ ئايتىلىلاغا. ⑤ كۆچمە. خىجالەتچىلىكتە قويماق: — ئۇنداقتا، سىلىنى قىستاپ قويارمەنمىكىن، — دېدى ھەمراھ خىجىل بولۇپ. ⑥ كۆچمە. پۇرسەت، ئىمكانىيەت بەرمەي جىددىيلەشتۈرمەك: ۋاقىتنىڭ قىستاپ كېلىشى ئۇنى ئالدىراتماقتا ئىدى. ⑦ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن كەلگەن سۆزدىن كېيىن كېلىپ، شۇ سۆزدە ئىپادىلەنگەن ئىش ـ ھەرىكەتنى بېجىرىشكە كۈچلۈك تەلپۈي، خاھىشى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ: كۈلكىسى قىستىماق. تەرىتى قىستىماق.

**قىسچىلىق** ئى. كەمچىل، قىس ھالەت؛ كەملىك، قىسلىق: سۇنىڭ قىسچىلىقىدا ئېرىقتىكى سۇ بىكارلا يەرگە كىرىپ كېتىۋاتىدۇ.

**قىسرەمدى** ئى [قىسىر + ئەمدى] دىيال. قىسىر كالىنىڭ موزىيى.

**قىسسە** ئى [ئە] ① <ئەد> رىۋايەت ئۇسلۇبىدا يارىتىلغان بەدىئىي ئەسەر، پوۋېست. مەسىلەن، خېۋىر تۆمۈرنىڭ «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» ناملىق پوۋېستىغا ئوخشاش. ② ۋەقە ـ ھادىسە، ئەپسانىلەر بايان قىلىنغان ئېپىك ئەسەر، رىۋايەت: ئات قىسسەسى. * قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزات ھېكايىسىنى توختاتتى.

**قىسسەخان** ئى [ئە + پ] سورۇنلاردا قىسسە ئېيتقۇچى: ئۆتۈلگەن بولسىمۇ نۇرغۇن زامانلار، ئۇنتۇماپتۇ بۇلارنى قىسسەخانلار.

**قىسسەخانلىق** ئى. سورۇنلاردا قىسسە ئېيتىش ئىشى: سايراشنى باشلىدى كەلگەنچە بۇلبۇل، كىرىشتى قىسسەخانلىققا يانا گۇل.

**قىسقا** سۈپ ① ئۇزۇنلۇقى ئەكسى، كالتە: قىسقا چاپان. بويى قىسقا. قىسقا مۇساپە. // ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس، تۆمۈر كەسسەڭ قىسقا كەس (ماقال). ② ئۇزاق داۋام قىلمايدىغان، كۆپ ۋاقىت كەتمەيدىغان، ۋاقتى ئاز: قىسقا مۇساپە. // قىسقا كۈنلەر ئىچىدە ئۆتكەن ئىنتايىن شېرىن مىنۇتلارنى يادىغا ئالدى. ③ مەزمۇنى، دائىرىسى ئانچە كەڭ ئەمەس، ئىخچام، ئاددىي: قىسقا خەۋەرلەر. * مەن كەچتە خەتنى ئوقۇپ چىقتىم. خەت قىسقا، لېكىن كۈچلۈك سۆزلەر بىلەن يېزىلغانىدى. ④ كۆچمە. يېتەرلىك، تولۇق ئەمەس، كوتا: ھەي، «چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» دېگەن تەمسىل دەل سەندەك خوتۇنلارغا قارىتىلغان ئىكەنغۇ!

**قىسقاچ** ئى. چوغ، تۆمۈر قاتارلىقلارنى قىسىپ ئالىدىغان قايچىسىمان تۆمۈر ئەسۋاب.

**قىسقارتما** ئى. ئەسلىي تېكىستىنىڭ قىسقارتىلغان نۇسخىسى، قىسقارتىلغان قىسمى: مەن ئۇنىڭ ماقالىسىنىڭ ئەسلىسى بىلەن قىسقارتمىسىنى ئۆزىنىڭ كۆرۈشىگە ئەۋەتىپ بەردىم.

**قىسقارتماق** «قىسقارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ۋاقىتنى قىسقارتماق، مەبلەغنى قىسقارتماق.

**قىسقارتىلما** سۈپ. قىسقارتىلغان، قىسقارتىلىدىغان: قىسقارتىلما سۆز.

**قىسقارتىلماق** «قىسقارتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تەجرىبە مەيدانىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى قىسقارتىلدى.

**قىسقارماق** پ ① ئۇزۇنلۇقى، بويى، ئارىلىقى كېمىيىپ كالتە، قىسقا ھالەتكە كەلمەك: مەن سېنىڭ قېشىڭغا كېتىۋاتقانىدىم، خۇداغا شۈكۈر، يولۇم قىسقاردى. ② داۋام قىلىش ۋاقتى كېمەيمەك، ئازايماق: بىزنىڭ سەپەر ۋاقتىمىز تۆت قىسقارغان تومۇز كۈنلىرىگە توغرا كەلدى. ③ دائىرىسى، ھەجمى تارايماق، ئىخچاملاشماق: بۇ نۆۋەتتىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا بىر قىسىم ئورگانلار قىسقىرايدۇ ياكى بىرلەشتۈرۈلىدۇ. ④ <مات> بىرەر سانغا كەسىرسىز بۆلۈنمەك؛ شۇنداق سانغا بۆلۈنگەندىن كېيىن كىچىك سانلار بىلەن ئىپادىلەنمەك: بۇ كەسىرنىڭ سۈرەت ۋە مەخرىجى بەشكە قىسقىرايدۇ.

**قىسقۇچ** I ① ئى. نەرسىلەرنى قىسىپ تۇتۇپ تۇرىدىغان ئەسۋاب: قەغەز قىسقۇچ. دەپتەر قىسقۇچ. ② سۈپ. قىسىش رولىنى ئوينايدىغان، قىسىدىغان ياكى شۇ خىل شەكىلدىكى: قىسقۇچ تاختا. قىسقۇچ سىركۇل. قىسقۇچ قومۇش. قىسقۇچ ھالقا.

**قىسقۇچ** II ئى <زوئول> قىسقۇچپاقا قاتارلىق بوغۇم پۇتلۇق ھايۋانلارنىڭ شەكلى ئۆزگەرگەن بىرىنچى جۈپ پۇتى. شەكلى ئامبۇرغا ئوخشايدۇ، ئېچىلىپ ـ يېپىلىدۇ. ئادەتتە ئوزۇقلۇق تۇتۇش، ئۆزىنى قوغداش رولىنى ئوينايدۇ.

**قىسقۇچپاقا** ئى [قىسقۇچ + پاقا] <زوئول> بوغۇم پۇتلۇق ھايۋان. پۈتۈن تېنىدە قاسراقلىق قاپچۇقى بار، كۆزىنىڭ سېپى بار. پۇتى بەش جۈپ، ئالدىنقىسى ئامبۇر شەكىللىك بولۇپ، «قىسقۇچ پۇت» دېيىلىدۇ. توغرىسىغا ئۆمىلەيدۇ. خىللىرى كۆپ.

**قىسقۇزماق** «قىسماق IV» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىسقىچە** رەۋ. قىسقا، ئىخچام شەكىلگە كەلتۈرۈپ؛ قىسقارتىپ: مەن بېشىمدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بۇ ئايالغا قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم. // مەن ئەتىسىلا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە كاتالوگىنى تۈزدۈم.

**قىسقىرىشچان** سۈپ. ئاسان قىسقىرايدىغان، قىسقىراش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**قىسقىرىشچانلىق** ئى. قىسقىرايدىغان ۋە قىسقىرىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان خۇسۇسىيەت: بەزى سۇنئىي تالا نىسبەتەن قىسقىرىشچانلىققا ئىگە.

**قىسقىرىشماق** «قىسقارماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىسقىسى** يۈك. قىسقىچە قىلىپ، يىغىپ ئېيتقاندا، گەپنىڭ بولار يېرى: ھاكىمنىڭ ئىشلىرى ھەقىقەتەن كۆپ، بىردەم ئۇ مەجلىس، بىردەم بۇ مەجلىس، قىسقىسى ئىش تولا.

**قىسقىلىق** ئى. قىسقا ھالەت: يولنىڭ قىسقىلىقى بىزگە پايدىلىق.

**قىسقىيان** ئى [قىسقا + يان] يۈگەننىڭ ئېغىزدۇرۇقىدىن ئات ئېڭىكىنىڭ ئۈڭ تەرىپىنى بويلاپ تارتىلغان قىسمى.

**قىسلىق** ئى. قىس ھالەت: ئۆلتۈراق ئۆيىنىڭ قىسلىقى بىزنى بىزار قىلىۋاتىدۇ.

**قىسما** I رەۋ. باشقىچە، غەيرىي ياڭزىدا، غەلىتە خىلدا: جەننەتنىڭ چىرايى سەل ئۆڭۈپ، ئاۋازىمۇ بىر قىسما ئۆزگىرىپ كەتتى.

**قىسما** II سۈپ. قىسقان، قىسىلغان، قىسىدىغان: قىسما تام. قىسما ئۆلاق.

**قىسماق** I ئى ① كەپتەر، قۇشقاچ قاتارلىقلارنى تۇتۇشقا ئىشلىتىلىدىغان، يېرىم ياي شەكلىدىكى بىر توم، بىر ئىنچىكە ياغاچتىن ياسالغان قۇرۇلما: بەزىلەر پاختەكنى قىسماق قويۇپ تۇتىدۇ، بەزىلەر ئوقيا بىلەن ئاتىدۇ. ② قول ۋە پۇتلارنى قىسىش ئارقىلىق قىينايدىغان بىر خىل جازا قورالى: قىسماققا ئالماق. ③ كۆچمە. باشقىلارنى ئالداش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ھىيلە ـ مىكىر، تەدبىر: بۇ يىراقنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوغۇلنى بىزدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان قىسماق بولماي نېمە؟

**قىسماققا ئالماق** ① قولنى قىسماققا كىرگۈزۈپ قىينىماق. ② كۆچمە. ئىككى تەرەپتىن قورشىماق.

**قىسماق قۇرماق** باشقىلارنى دامىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن تەدبىر ۋە ھىيلە ئىشلەتمەك: ئۇلار بىزگە تۇيدۇرماي قىسماق قۇرۇپتۇ.

**قىسماق** II ئى. پىشۇرۇلغان ئۇماچ، پولۇ، سۈت قاتارلىقلارنىڭ قازان گىرۋىكى ۋە تېگىدە قېتىپ قالغان قىسمى، قاسىرماق: ئاپام كاۋا بارىڭدا ئەتىگەنلىك سۈتنىڭ قىسمىقىنى قىرىۋاتقانىدى.

**قىسماق** III سۈپ. قىسىلغان، قىسىق: ئۇنىڭ قىسماق كۆزلىرى ئۇيقۇ باسقاندەك بىر يۇمۇلۇپ بىر ئېچىلىپ قوياتتى.

**قىسماق** IV پ ① كۈچ ياكى ئېغىرلىق بىلەن سىقىماق، يىغماق: ئۇ كىشى ئېھتىرام بىلەن قوش قوللاپ قولۇمنى قىستى. ② قورشاپ ئېگىلىگەن ئورنىنى تارلاشتۇرماق، يىغماق: ئىككى ياندىكى چېرىكلەر ئۇلارنى قىسىپ كەلدى. ③ ئارىسىغا ئالماق: ئىككى تاۋۇزنى بىر قولتۇققا قىسقىلى بولماس. ④ بېزەك سۈپىتىدە ئورۇنلاشتۇرماق، تاقىماق: تاز گۇل تاپسا قىسقىلى جاي تاپالماپتۇ (ماقال). ⑤ تارايتماق، كىچىكلەتمەك، يۇمماق: قوشناڭ قارىغۇ بولسا بىر كۆزۈڭنى قىس (ماقال). ⑥ كۆچمە. پايدىلىق ئىمكانىيەتتىن مەھرۇم قىلماق، قىينىماق: سەن مېنى پۇلدىن قىسما! ⑦ يىغىپ ياكى قىيسايتىپ مەلۇم ھالەتنى ئىپادىلىمەك (قۇيرۇق، بويۇن، مۈرە ھەققىدە): مەن ھەيرانلىق ئىچىدە مۈرىلىرىمنى قىستىم، تۇرسۇن ئاكا سائىتىگە قارىدى.

**قىسماقدىماق** پ. قىسماققا ئالماق: شاھ بەھرام ئەسەدنى قىسماقداپ ئازابلاپ قامچىلاپتۇ.

**قىسما ـ قىسما** خىلمۇخىل، ياڭزىمۇياڭزا، ھەرخىل: تىنىدۇرۇۋەتكەن ئېھتىيات تومىسى ھەققىدە قىسما ـ قىسما گەپلەر بار، ئاڭلىسا ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك گەپ.

**قىسمەت** ئى [ئە] ① <دىن> ئالدىن بەلگىلەپ قويۇلغان، پېشانىگە پۈتۈلگەن كۆرگۈلۈك، تەقدىر: سىلىگە بىر كىتاب ئېچىپ بېرەي، باشلىرىغا نېمە قىسمەت كېلىدۇ بىر ئاڭلاپ باقسىلا، قانداق؟ ② كەچۈرمىش، سەرگۈزەشت: ئۇ ماڭا بېشىغا چۈشكەن ئېغىر قىسمەتلەرنى تەپسىلىي ھېكايە قىلىپ بەردى.

**قىسمەتلىك** سۈپ. قىسمەت بېشىغا چۈشكەن، قىسمەتكە ئىگە: ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئوخشاش قىسمەتلىك ئادەملەر ئىدى.

**قىسمەن** ① [ئە] رەۋ. مەلۇم دەرىجىدە؛ بىرقىسىم؛ بىرئاز: زىيا ئاكامنىڭ پىكىرلىرى قىسمەن توغرا. ② سۈپ. بىر پۈتۈنلۈكنىڭ مەلۇم ياكى ئاز بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان، جۈزئىي: قىسمەن ھاۋا رايى.// ئۇلارنىڭ قىسمەنلىرى يېزىنىڭ جاپاسىغا كۆنەلمەي قايتىپ كەلگەن كىشىلەر ئىدى.

**قىسمەنلىك** ئى ① بىر پۈتۈنلۈكنىڭ ئانچە چوڭ، جىددىي، مۇھىم بولمىغان بۆلىكى ۋە مۇشۇنداق ئەھۋال، ھالەت: ئايرىملىق: مەسىلىگە بىر تەرەپلىمە قاراش ياكى قىسمەنلىكنىلا كۆرۈپ، ئومۇمىيەتنى كۆرمەسلىك توغرا ئەمەس. ② <لوگ> جۈز ئىيلىك.

**قىسىر** ئى <زوئول> چىشى ھايۋانلارنىڭ بوغاز بولالماي قالغان چېغى.

**قىسىشتۇرماق** پ. يىغىپ، قىسىپ قىسىق ھالەتكە كەلتۈرمەك ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرىكەتلەرنى قىلماق: دوختۇر لۇغەتنى ئېلىپ كۆزەينەكنى تۆپىسىدىن كۆزلىرىنى قىسىشتۇرۇپ قارىدى.

**قىسىشماق** «قىسماق IV» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئالدىدا قول قىسىشار، ئارقىدىن تاش ئېتىشار (ماقال).

**قىسىق** سۈپ ① قىسىلغان: ئۇنىڭ بوينى قىسىق. ② كىچىكلىتىلگەن، قىسىلغان ھالەتتە، سەل يۇمۇلغان: ھازىر ئۇنىڭ كىرپىكسىز قىسىق كۆزلىرىدە ئوت يانماقتا ئىدى.

**قىسىقلىق** ① سۈپ. قىسىپ قويۇلغان، قىسىلغان: زامانەمنىڭ قەلبى ئاتەش قىزىمەن، بەخت گۈلى قۇلىقىمغا قىسىقلىق. ② ئى. قىسىلغان، قىسىق ھالەت: ئۇنىڭ كۆزىنىڭ قىسىقلىقى ئەيىب ئەمەسقۇ؟! ھەر نېمەدېگەن بىلەن قارىغۇ ئەمەستە!

**قىسىل** ئى. دىيال. بوغۇز، دەريا ـ دېڭىز، تاغ ـ جىلغىلارنىڭ تار يېرى.

**قىسلاچ** ئى. دىيال. قىسىلچاق.

**قىسلاڭغۇ** سۈپ ← **قىستاڭغۇ**.

**قىسىلچاق** ئى ① يانلىرىدىن قىستالغان ئارىلىقتىكى كىچىككىنە بوش ئورۇن، يوچۇق: ئۇ باشتىلا، ئادىل كىرىپ كەتكەندىن كېيىن تولۇق يېپىلمىغان ئىشىكنىڭ قىسىلچىقىدىن مارىغانلىقىنى ئېيتىپ سالدى. ② ئەركىن ھەرىكەت قىلغىلى بولمايدىغان تار يەر: مەن بىر قىسىلچاقتا قىسىلىپ قالغاندەك، مىدىرلىيالماي تۇرۇپلا قالدىم.

**قىسىلچاقلىق** سۈپ. قىسىلچىقى بار، يوچۇقى، ئارىچى بار.

**قىسىلدۇرماق** «قىسىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھەي خۇدايا، ھالىمنى كۆرۈپ تۇرسەن، بەندىنىڭ ئالدىدا قىسىلدۇرغۇچە، ئۆزۈڭلا يۇز تەڭگە بەرسەڭ!

**قىسىلماق** ① «قىسماق IV» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇ چاغدا بىردىن پەرىزاتنىڭ «ئىنكاس»لىرى ئېسىگە كېلىپ يۈرىكى قىسىلىپ كەتتى. ② «قىسماق IV» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: كىشىلەر قىسىلىپ بېرىپ، بىر ـ بىرىنىڭ مۈرىسىدىن بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ قاراۋاتاتتى. ③ كۆچمە. بىرەر نەرسىنىڭ كەمچىللىكىدىن قىينالماق، شۇ نەرسىگە موھتاج بولماق، قىيىنچىلىق تارتماق: قوزغىلاڭچىلار ئاشلىق ۋە باشقا لازىمەتلىكلەردىن قىسىلىپ تۇراتتى. ④ كۆچمە. خىجىل بولماق، ئۇيالماق: ئۇ ھەممە ئاغىنىلىرىنىڭ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ پىيادە قالغىنىغا، ھەدىسىدىن قىسىلىپ، بەك خىجالەت بولدى.

**قىسىلىشماق** «قىسىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇ بۇنىڭ يەر ئاستى ئۆي ئىكەنلىكى ۋە بىرنەچچە كىشىنىڭ بىر بۇلۇڭغا قىسىلىشىپ قالغانلىقىنى بايقىدى.

**قىسىم** I ( **قىسمى** ) ئى [ئە] ① پۈتۈننىڭ تەركىبى، ئورگانىك بۆلىكى ياكى ئۇلۇشى: پۇلنىڭ ئۇچتىن بىر قىسمى. كادىرلارنىڭ بىر قىسمى. ② <ماشىن> ماشىنا، مېخانىزم، ئىنشائات ۋە شۇ قاتارلىقلارنى تەشكىل قىلغان بۆلەكلەرنىڭ ھەر بىرى: تىراكتورنىڭ تورمۇز قىسمى. ③ <ئەد> ئەسەرنىڭ مەلۇم دەرىجىدە مۇستەقىللىقتا ئىگە بولغان ئالاھىدە بۆلىكى؛ بۆلۈم، باب: ئۈچ قىسىمدىن ئىبارەت بولغان رومان. ئىككى قىسىملىق كىتاب.④ <ھەرب> ئارمىيە، قوشۇن: قىسىمغا كىرمەك. قىسىمغا قايتماق. ⑤ <ھەرب> ئارمىيە ياكى قوراللىق كۈچلەر تەركىبىدىكى ئالاھىدە بۆلۈم، بۆلۈنمە ياكى بىرىكمە: مىنامىيوتچىلار قىسمى. قىسىم كوماندىرى. ئاتلىق قىسىم.

**قىسىم** II ئى دىيال. زۇلۇم، سىقىق.

**قىسىملىق** سۈپ. قىسىملارغا بۆلۈنگەن، بىرقانچە قىسىمدىن تەركىب تاپقان: كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى.

**قىسىنچىلىق** ئى. بىرەر نەرسىدىن قىسىلغان، قىينالغان ھالەت، قىيىنچىلىق، موھتاجلىق: — كىشىدە مەردلىك بولسا، — دېدى سادىر پىچىرلاپ، — قىسىنچىلىق بولمايدۇ.

**قىسىنماق** پ ① بىرەر ئىش ياكى ھەرىكەتنى قىلىشقا پېتىنالماي تارتىنىپ، قورۇنۇپ تۇرماق، سىقىلماق: ھەربىر يولۇچىدىن قىسىندىم، قورۇندۇم. ② ئۆز نەپسىدىن كېچىپ بىرەر نەرسىنى باشقىلارغا قالدۇرۇپ قويماق، تۇگۈنمەك: قىزىم گۇلەندەمنىڭ مېنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايدۇ، مەن بولمىسام، قىسىنىپ گېلىدىن بىر قوشۇق سۇمۇ ئۆتمەيدۇ.

**قىسىي** سۈپ. دىيال. تېگىشلىك ئۇلۇشكە ئېرىشەلمىگەن، مەھرۇم قالغان.

**قىش** ئى. تۆت پەسىلنىڭ تۆتىنچىسى، كۈزدىن كېيىنكى، ئەتىيازنىڭ ئالدىدىكى پەسىل، يەنى سوغۇق مەزگىل. مىلادىيە بويىچە تەخمىنەن 7 ـ نويابىردىن 21 ـ يانۋارغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**قىش ـ زىمىستان** قىشنىڭ قاتتىق سوغۇق ۋاقتى، قارا قىش.

**قىشقى** سۈپ ← **قىشلىق**.

**قىش ـ قىروۋ** قىش ۋاقتى، سوغۇق ۋاقىت: 80 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئادەم بۇ قىش ـ قىروۋدا تەنزە ئاچىمەن، پۇل تاپىمەن دەپ جېنىڭلارنى قىيناپ نېمە قىلىسىلەر؟!

**قىشقىل** ئى. دىيال. كىسلاتا.

**قىشلاتماق** «قىشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىشلاشماق** «قىشلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىشلاق** ئى. چارۋا ـ ماللار ۋە پادىچىلار قىشتا قىشلايدىغان جاي، قىشلىق يايلاق: ئۇ دەريا بويىدىكى مالچىلارنىڭ قىشلاقلىرىغا باردى.

**قىشلىق** ① سۈپ. قىشقا ماسلاشقان، قىش ئۈچۈن تەييارلانغان ياكى بەلگىلەنگەن، قىشتا ئىشلىتىلىدىغان ياكى ئىشلىنىدىغان: قىشلىق كىيىم. قىشلىق تەتىل. ② ئى. قىش داۋامىدا يېيىش ـ ئىچىش، ئىشلىتىش ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان نەرسە: يارىم ماڭا ناز قىلۇر، ئاچىل، دادەي، كۆلۈپ مېنى ماز قىلۇر، ساچىل. يار قەدرىنى بىلمەيسەن، ئاچىل، ئاچىل گۈل ساچىل، قىشلىقىڭنى ياز قىلۇر ئاچىل.

**قىشلىقى** رەۋ. قىش پەسلىدە، قىشتا: تۈنىيازئاكا يازلىقى يەر تېرىپ زىرائەت پەرۋىش قىلسا، قىشلىقى ئوغۇت يىغاتتى.

**قىشلىماق** پ. بىرەر جايدا قىشنى ئۆتكۈزمەك، قىشتا بىرەر جايدا تۇرۇپ قالماق: قەشقەردىن چىققان باللار، لەنتەيزىدە ئىشلە-

دۇق. زالىملارنىڭ دەستىدىن، خالىڭ تېگىدە قىشلىدۇق.

**قىشۇياز** قىش ۋە ياز، يىل بويى: تۇنىياز ئاكا قىشۇياز شۇ ئوغلى بىلەن دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قىلاتتى.

**قىشچە** رەۋ. قىش مەزگىلىدە، قىش داۋامىدا، قىش بويى: ئەزالار قىشچە قوتانلاردىن ئوغۇت توشۇدى.

**قىش ـ ياز** قىش ھەم ياز، يىل بويى: ئۇ كۆل رەڭ يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن شىمىنى قىش ـ ياز ئۈستىدىن چۈشۈرمەي كىيىۋالىدىغان بولدى.

**قىغ** ئى. ئادەملەرنىڭ گەندىلىرى، ھايۋانلارنىڭ تېزەك، سۈيدۈكلىرى ۋە ئوت ـ چۆپلەرنىڭ چىرىشىدىن ھاسىل بولىدىغان يەرلىك ئوغۇت.

**قىغچى** ئى. قىغ يىغىدىغان، توپلايدىغان كىشى.

**قىغسىز** سۈپ. ئوغۇتى يوق، قىغ تۆكۈلمىگەن: قىغسىز يەر — پۇلسىز ئەر (ماقال).

**قىغ ـ قات** دىيال. قىغ ۋە قىغ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەر.

**قىغلاتماق** «قىغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايسىخان بىر مال سويۇپ كۆيۈئوغۇللىرىنى چاقىرىپ، ئوسا قىلغان يەرلىرىنى قىغلىتىپتۇ.

**قىغلاشماق** «قىغلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىغلانماق** «قىغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قىغلىق** ① سۈپ. قىغى بار، قىغلانغان: قىغلىق ئېتىز. قىغلىق يەر. ② ئى. قىغ دۆۋىلەنگەن، قىغ بىلەن قاپلانغان جاي: گايىت بىلەن سەمەت بازاردىن چىقىپ، قىغلىقتا دۆۋىلىگەن يەرلىك ئوغۇتلىرىنى ئېتىز بېشىغا يۆتكەشكە تۇتۇش قىلدى.

**قىغلىماق** پ. قىغ تۆكۈپ قۇۋۋەتلەندۈرمەك: قىغلىساڭ تېرىلغۇ بولار (ماقال).

**قىق** تەق. ئادەم تامىقىنى چەككەندە چىقىدىغان ئاۋاز.

**قىقۇ ـ ماچۇ** دىيال. ئولاش ـ چولاش.

**قىڭراق** ئى. گۆش، خېمىر قاتارلىقلارنى كېسىدىغان تىغى ئۇزۇن، كەڭ، بىرئاز ياي شەكلىدىكى پىچاق.

**قىڭراق تۆش** بەك كەمبەغەل، يالاڭ تۆش.

**قىڭراقچىلاپ** رەۋ. قىڭراققا ئوخشاش، قىڭراق شەكلىدە: دەل شۇ چاغدا خۇشامەت شاھىنىڭ قىڭراقچىلاپ كۆتۈرۈلگەن قولى توساتتىنلا ھاۋادا توختاپ قالدى.

**قىڭراقلاتماق** «قىڭراقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى

**قىڭراقلاشماق** «قىڭراقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىڭراقلانماق** «قىڭراقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قىڭراقلىماق** پ. قىڭراق بىلەن توغرىماق، چانىماق: ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، توڭلاتقۇدىكى پالەكنى ئېلىپ يۇيۇپ، قىڭراقلاپ سوقۇشقا باشلىدى.

**قىڭغايتماق** «قىڭغايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ چىنىلەرنى شىرەگە قويۇپ قاپاقنى قىڭغايتىۋىدى، بولدۇقلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ چىنىگە چاي قۇيۇلدى.

**قىڭغايتىلماق** «قىڭغايتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قىڭغايماق** پ ① بىرەر تەرەپكە ئېگىلىپ، يانتۇلىشىپ تۇرماق، قىيسايماق: تەختىراۋان قىڭغىيىپ ۋاڭ پەسكە دوملاپ كەتتى. ② كۆچمە. بىر تەرەپكە قىيسىيىپ يېنىچە ياتماق، سۇنايلانماق: گۈزەلئاي جۇۋىنى بېشىغا قويۇپ قىڭغايدى ـ دە، بالىسىنى ئويلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

**قىڭغىر** سۈپ ① تۈز سىزىق بويلاپ يۆنەلمىگەن، ئەگرى: ئۇ قەدىمكى نۇسخىدا تىكىلگەن قىڭغىر ياقىلىق خەسە كۆڭلىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تۈگمىسىنىمۇ ئېچىۋەتكەنىدى. ② بىر تەرەپكە قىڭغايغان، قىيسايغان: ئۇ ئۈستى يېكەن بىلەن يېپىلغان قىڭغىر ئۆيلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ③ كۆچمە. ئالدايدىغان، ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىلگەن، ساختا: قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ بىلىنەر (ماقال). * قىرىق كىشى بىر ياق، قىڭغىر كىشى بىر ياق (ماقال). ④ كۆچمە. بىر ئەزاسى بىر تەرەپكە قىڭغايغان: ئۇلارنىڭ بىرى قىڭغىر، بىرى كور، بىرى كېكەچ، بىرى دوك، بىرى چولاق، بىرى كەمشۈك ئىكەن.

**قىڭغىر دەسسىمەك** يامان يولغا ماڭماق: داداڭغا ئېيتىمەن، داداڭغا ئوقۇش پۈتكۈزمىگۈچە قىڭغىر دەسسىمەيمەن دەپ ۋەدە بەرگەن ئىدىڭغۇ!

**قىڭغىر ـ سىڭغىر** ئۇ يان ـ بۇ يانغا قىڭغايغان، ئەگرى ـ بۈگرى: ئۇنىڭ بۇ ئىلتىماسىدىن، خەتلىرى قىڭغىر ـ سىڭغىر بولسىمۇ، قەلبىنى تەشكىلگە تاپشۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

**قىڭغىر ـ قىيسىق** ← **قىڭغىر ـ سىڭغىر**: ئۇنىڭ خەتلىرى قىڭغىر ـ قىيسىق، تولىمۇ سەت ئىدى.

**قىڭغىرلىق** ئى. قىڭغىر ھالەت: بۇ خەتنىڭ قىڭغىرلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھەر ھالدا چىرايلىق ئىدى.

**قىڭغىر ـ مايماق** قىڭغىر ـ سىڭغىر: بۇ يېزىنىڭ يوللىرى تولىمۇ قىڭغىر ـ مايماق ئىدى.

**قىڭغىيىشماق** «قىڭغايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىل** ① ئى. بەزى ھايۋانلارنىڭ قۇيرۇقى ياكى يالىسىدىكى تۈكى، چاچ، يۇڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەربىر تېلى: ئات قىلى. ② ئى. سايمان ۋە زاپچاسلارنىڭ قىلدەك ئىنچىكە سىمى: لامپۇچكىنىڭ قىلى ئۈزۈلۈپ يانماس بولۇپ قاپتۇ. ③ سۈپ. كۆچمە. ناھايىتى ئىنچىكە: قىل قان تومۇر. قىل يوپۇرماقلىق دەرەخلەر.

**قىل تەۋرىمەسلىك** كىچىككىنە ئىش ياكى بىرەر ھەرىكەتمۇ يۈز بەرمەسلىك: — بۇ ئاللانىڭ تەقدىرى، ئاللادىن بىسوراق قىل تەۋرىمەيدۇ، — دېدى كېۋېر ئاخۇن.

**قىلدەك تولغانماق** ھەسرەت چەكمەك، ناھايىتى ئازابلانماق، ھەسرەت ـ نادامەت چەكمەك: ئۇخلىيالمىدى قىز كېچە قىلدەك تولغىنىپ، «يارنى تاپسام ئاتسا تاڭلار، تۈنلەر قوغلىنىپ».

**قىلدىن قىيسىق كەتسە** ← **قىلدىن قىيىق كەتسە**: ئۇ شۇم بۆرىلەر قىلدىن قىيسىق كەتسە، جازاڭنى بېرىدۇ.

**قىلدىن قىيىق كەتسە** كىچىككىنە چەتلىسە؛ كىچىككىنە خاتالىق سادىر بولسا: بۇ ناھايىتى خەتەرلىك ئىش، قىلدىن قىيىق كەتسە تۈگىدىڭ دېگەن سۆز، قىزىم.

**قىل سىغماسلىق** گۇمان قىلىشقا، شۈبھىلىنىشكە ئورۇن قالماسلىق، گەپ كەتمەسلىك: دوستلۇقىمىزغا قىل سىغمىغاچقا، گەپ يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدىم. ئۆزىڭغۇ سىرىنى بىلدۈرمەسلىكنى دېگەنىدى، مەن ئۇنىمىدىم.

**قىل قالماق** «غىلى، ـ قىلى، ـ گىلى، ـ كىلى» قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن رەۋىشداشلار ياكى « ـ ش، ـ ىش، ـ ۇش، ـ ۈش» قوشۇمچىلىرى ۋە يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىمداشلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ،

بارلىقتا كېلەي دەپ كېلەلمىگەن ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ: ئوت كەتكىلى قىل قالماق. يىقىلىشقا قىل قالماق.

**قىلنى پىل قىلماق** كىچىككىنە نەرسىنى بەكمۇ يوغىناتماق، مۇبالىغە قىلماق: بۇرۇن ئۇ پەرىزاتنىڭ شۇك ياتمايدىغانلىقى، كىچىك ئىشنى چوڭايتىش، قىلنى پىل قىلىشتا ھېرىپ ـ چارچاشنى بىلمەيدى-غانلىقىنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانىدى.

**قىلنى قىرىق يارماق** ئەڭ نازۇك، ئىنچىكە يەرلىرىگىچە بىلمەك؛ يىپىدىن يىڭنىسىگىچە قويماي سۈرۈشتۈرۈپ، ئادىل ھەل قىلماق: قاسىم دېگىنىڭ قىلنى قىرىق يېرىپ، قىرىقتىن بىرىنى يەنە قىرىققا يېرىپ، قارلىق تاغنىڭ سۈيىنى قانداق ئەكېلىشنىڭ ھېسا-بىنى چىقىرىۋاتىدۇ.

**قىل ئۆتكۈزمەسلىك** كىچىككىنىمۇ نەپ يەتكۈزمەسلىك، ھېچنېمە بەرمەسلىك: ئۇ مەخسۇت بەگكىمۇ قىل ئۆتكۈزمەي يۈز بېشىلىقتىن ئايرىلىپ قالغان.

**قىل ئۈستىدە** جىددىي خەۋپ ـ خەتەر ئاستىدا، ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋالدا: قىل ئۈستىدە تۇرماق. قىل ئۈستىدە قالماق.

**قىلات** ئى. چاقلانغان پىچاق قاتارلىقلارنىڭ بىسىدىكى سۇيى يانغان ناھايىتى نېپىز قىسمى: قىلاتىنى چىقارماق.

**قىلتاجى** ئى [قىل + تاج + ى] ۋاڭلىق تۈزۈمدە ۋاڭلارنىڭ كىيىشى ئۈچۈن تەييارلانغان، ئەمەل ـ مەرتىۋىنى بىلدۈرىدىغان بىر خىل باش كىيىمى.

**قىلتاق** ئى ① قۇشلارنى تۇتۇش ئۈچۈن قىلدىن سىرتماقلىق قىلىپ ئىشلەنگەن بىر خىل قۇرۇلما: لاچىننى قىلتاق بىلەن تۇتقىلى بولمايدۇ. ② كۆچمە. باشقىلارنى ئالداش، قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ھىيلە ـ مىكىر، تۇزاق: قىلتاققا چۈشمەك. قىلتاققا دەسسىمەك. * بۇ ھىيلىگەر ئادەملەرنىڭ بىخۇد كىشىلەرنى ئالداش ئۈچۈن ئالدىن تەييارلىغان قىلتىقى.

**قىلتاقچى** ئى ① قىلتاق قۇرۇپ قۇشلارنى تۇتقۇچى كىشى. ② كۆچمە. ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ، ئالداپ كىشىلەرنى دامىغا، قىلتىقىغا چۈشۈرگۈچى: ــ پەس قىلتاقچى، ــ دېدى رەيھان نامانىڭ ئارقىسىدىن پىچىرلاپ.

**قىلتاقچىلىق** ئى. باشقىلارغا ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ دامغا، قىلتاققا چۈشۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى: ھەي قىلتاقچى، بىلەمسەن، سېنىڭ بۇ قىلتاقچىلىقىڭ قانچە ئائىلىنى خانى-ۋەيران قىلدى؟!

**قىلتاماق** ئى [قىل + تاماق] <تېب> قىزىلئۆڭگەچ شىللىق پەردىسىدە پەيدا بولىدىغان بىر خىل يامان سۇپەتلىك ئۆسمە، «قىزىلئۆڭگەچ راكى»مۇ دېيىلىدۇ.

**قىلتىرىق** ① <زوئول> بېلىقلارنىڭ يىڭنىسىمان، ئىنچى-كە، ئۇزۇن سۆڭىكى. ② <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بۇغداي، ئارپا، شال قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر دېنىنىڭ پوستى ئۈچىدا ئۆسىدىغان يىڭنىسىمان نەرسە.

**قىلتىرىقسىز** سۈپ. قىلتىرىقى يوق، قىلتىرىقى بولمىغان: قىلتىرىقسىز ئارپىخان.

**قىلتىرىقلىق** سۈپ. قىلتىرىقى بار، قىلتىرىقى بولغان: قىلتىرىقلىق مېۋە.

**قىلچاق** I ئى. جۇۋاز قايچىسى بىلەن ھاڭگىتنى تۇتاش-تۇرۇپ تۇرىدىغان ياغاچ كالتەك.

**قىلچاق** II ئى. دىيال. بوقۇسىنىڭ ئاستى ياغىچى بىلەن ئۈستى ياغىچىنى چېتىپ تۇرىدىغان ياغاچ.

**قىلچاڭ** سۈپ. يىرىك، قېتىپ كەتكەن، بىر نەرسە ئاسان يېپىشمايدىغان: قىلچاڭ تېرە.

**قىلچە** رەۋ. كىچىككىنە، بىر ئاز، ئازراق: ئەلىنىڭ بىزگە سادىق ئىكەنلىكىگە قىلچىمۇ گۇمان قىلمىدىم.

**قىلچىق** ئى <زوئول> ① ئادەم ياكى ھايۋان تېنىدىكى ئۇزۇن، قاتتىق تۈكلەر. مەسىلەن، ئادەمنىڭ بۇرۇن تۈكى، قاشنىڭ تېرىسىدىكى ئىنچىكە تۈكلەر. ② رەخت، كىيىم قاتارلىقلارنىڭ ئۈستىگە يېپىشىۋالىدىغان تۈك ۋە ئۇششاق قىل: ــ ھۈنەرۋەن ئۆيىمىزدە ئۇكام، ــ دېدى ئايۇپ ئاكا گىلەمدىكى قىلچىقلارنى قول ئۈچى بىلەن تېرىپ تۇرۇپ.

**قىلچىلىك** سۈپ. كىچىككىنە، ئازغىنا: بولسا ھوقۇقۇڭ قىلچى-لىك، چاغلارسەن ئۆزۈڭنى پىلچىلىك.

**قىلچىمۇ** رەۋ. كىچىككىنىمۇ؛ پەقەت، ھەرگىز (بولۇشسىز جۈملىلەر تەركىبىدە كېلىدۇ): شوپۇر چىرايىنى قىلچىمۇ ئۆزگەرتمىدى.

**قىلدەك** سۈپ. ناھايىتى كىچىك، كىچىككىنە: قىلدەك ھوقۇقىنىڭ پىلدەك كۈچى بار (ماقال).

**قىلدۇرماق** «قىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تويدىن كېيىن كەنجى باتۇر سەپىرىنى داۋام قىلدۇرۇپتۇ.

**قىلدۇرۇشماق** «قىلدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىلغان ـ ئەتكەن** قىلغان ياخشى ـ يامان ئىش ـ ھەرى-كەتلەر، قىلغۇلۇق: ھەي، قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمنى سۆزلەپ كەلسەم ئون كۈندىمۇ تۈگىمەيدۇ.

**قىلغۇلۇق** ① پ. «قىلماق» پېئىلىنىڭ «قىلىش لازىم، قىلىش كېرەك» دېگەن مەنىلەردىكى زۆرۈرىيەت مەيلىنى بىلدۈرىدۇ: ناۋادا داداڭ ئۇندەككە كەلمىسە، قانداق قىلغۇلۇق؟ ② ئى. قىلغان ـ ئەتكەن، ياخشى ـ يامان ئىش، ھەرىكەت: ھەممە قىلغۇلۇقنى ئۆزۈڭلەر قىلىپ، يەنە نېمە دەيسىلەر؟

**قىلقاش** ئى [قىل + قاش] ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن قىلدەك پۈرژىنا شەكلىدە ياسالغان، ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن گۈل ئورنىتىلغان ئۆرە بۆككە قادايدىغان زىننەت بۇيۇمى.

**قىلقۇرت** ئى [قىل+قۇرت] <زوئول> بىر خىل يىپسىمان قۇرت. شەكلى ئاق يىپەك يىپقا ئوخشايدۇ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 20 — 100 مىكرومېتىر. قىلقۇرت كېسەلنى كەلتۈرۈپ چىقى-رىدۇ.

**قىلماق** پ ① بىرەر ئىش، پائالىيەت قاتارلىقلارنى ئورۇن-دىماق، بەجا كەلتۈرمەك، ئەمەلگە ئاشۇرماق، ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانماق: ئوقۇتقۇچىلىق قىلماق. مېھنەت قىلماق. * موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما (ماقال). ② ئۆتكۈزمەك، ئېلىپ بارماق: بەزمە قىلماق. ئولتۇرۇش قىلماق. نامايىش قىلماق. نەزىر قىلماق. مۇسابىقە قىلماق. مۇنازىرە قىلماق. ③ تەييارلىماق، ھازىر-لىماق: كاۋاپ قىلماق. تاماق قىلماق. چاي قىلماق. ④ كۆرسەتمەك، ئىپادىلىمەك: ئادەمگەرچىلىك قىلماق. مېھماندارچىلىق قىلماق. باتۇرلۇق قىلماق. ⑤ مەيدانغا كەلتۈرمەك، تۇغدۇرماق: جاڭجال قىلماق. غوۋغا قىلماق. باسقۇنچىلىق قىلماق. ⑥ قولغا كەلتۈرمەك، ئېرىشمەك: پۇل قىلماق. كېلىن قىلماق. كۈيئوغۇل قىلماق.

⑦ مەلۇم ئورۇن، مەرتىۋە، خىزمەت قاتارلىقلارغا بەلگىلىمەك، ئېرىشتۈرمەك: ۋەكىل قىلماق. كادىر قىلماق. نازىر قىلماق. * تەشكىل ئابدۇسالامنى قۇيمىچىلىق سېخىغا سېخ باشلىقى قىلدى. ⑧ مەلۇم ھالەتكە كەلتۈرمەك: باي قىلماق. كەمبەغەل قىلماق. خاتىرجەم قىلماق. ⑨ باشقىلارغا مەلۇم بىر ۋاستە ئارقىلىق مۇئامىلە قىلماق: مەسخىرە قىلماق. مازاق قىلماق. چاقچاق قىلماق. ⑩ مەلۇم بىر خىسلەت ۋە پەزىلەتكە ئىگە دەپ بىلمەك، تونۇماق: يۈز خاتىرىسىنى قىلماق. ئىززىتىنى قىلماق. ئابرۇيىنى قىلماق. ⑪ «ـ دەك، ـ تەك» بىلەن كەلگەن بەزى سۆزلەردىن كېيىن كېلىپ پەرەز ۋە مۆلچەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنى بىر قېتىم كۆرگەندەك قىلىمەن. ⑫ تەقلىد سۆزلىرى بىلەن كېلىپ ئۇلار بىلدۈرگەن ئاۋاز ياكى ھالەتنىڭ سادىر بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: كۆزلىرىم ئىمىر ـ چىمىر قىلغىلى تۇردى. ⑬ بەزى ئىسىملار بىلەن كېلىپ ئۇنى ئانالىتىك شەكىلدە پېئىللاشتۇرىدۇ: خەۋەر قىلماق. غەم قىلماق. تەقسىم قىلماق. قوبۇل قىلماق. ھۇجۇم قىلماق. ⑭ ساناق سانلار بىلەن كېلىپ شۇ مىقدارغا يەتكۈزۈشنى بىلدۈرىدۇ: بىر قولۇمنى بەش قىلالمايۋاتسام يەنە نېمە ئىشنى پەيدا قىلىپ كەلدىڭىز؟ ⑮ يۆنىلىش كېلىشىدە كەلگەن كىشىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم ياكى ئالماش بىلەن كېلىپ «زىيان سالماق، يامانلىق قىلماق» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ: كىشىگە قىلغان كىشىدە قالماس (ماقال). * ماڭا قىلدىم دەمسەن، ئۆزۈڭگە قىلىسەن (ماقال). ⑯ كىشى بەدىنىدىكى مەلۇم بىر ئەزا ياكى مەلۇم بىر تەرەپنى بىلدۈرىدىغان، شەخس قوشۇمچىلىرى ۋە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن ئىسىملار بىلەن كېلىپ «مەلۇم يۆنىلىشكە قاراتماق، ئۇدۇللىماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: يۈزنى قىبلىگە قىلماق.

**قىلغىلى قىلىق تاپالماسلىق** خۇشاللىقتىن نېمە قىلارىنى بىلمەسلىك؛ ناھايىتى خۇشال بولۇش: ھۆرنىسا قىلغىلى قىلىق تاپالماي، گەپنى ئەگىتىپ قىزنى چېكىپ باقتى.

**قىلمىش** ئى ① قىلىنغان ئىش ـ ھەرىكەت، پائالىيەت: ئەي پەلەك نە قىلمىشىڭ سەندىن سائادەت كۆرمىدىم، باشىمە سالدىڭ بالالار، بىرمۇ راھەت كۆرمىدىم. ② يامان ئىش ـ ھەرىكەت، يامانلىق: بۇنىڭغا نېمە ئامال؟! لېكىن ئۇلار بىركۈنى قىلمىشلىرى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىدۇ.

**قىلمىش ـ ئەتمىش** قىلغان، باشتىن ئۆتكەن ياخشى ـ يامان ئىشلار: بايا سىلەردىن سېپىت ھاجى دېگەننىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشىنى ئاڭلاپ، يۈرىكىم مۇجۇلۇپلا كەتتى.

**قىلمىشلىق** سۈپ. قىلمىشى كۆپ، يامان قىلىق ـ ھەرىكەتلىك.

**قىلىچ** ئى. خەنجەردىن چوڭراق، بىر تىغلىق ئۇرۇش قورالى. ئۇنىڭ تىغى ئۇزۇن، بەزىلىرىنىڭ تىغى بىر ئاز ئېگىلگەن بولىدۇ: بېشىڭغا قىلىچ كەلسىمۇ توغرا سۆزلە.

**قىلىچىدىن قان تامىدىغان** ناھايىتى زالىم، رەھىم ـ شەپقەتسىز: خەلق ئۈستىگە چىقىۋالغان، قىلىچىدىن قان تامىدىغان گومىنداڭچىلار تىرىپىرەن بولۇپ قاچتى.

**قىلىچلاشماق** «قىلىچلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەتىسى ئەمدىلا ئويغىنىپ تۇرۇشىمىزغا ئۇلار بېسىپ كېلىپ، بىز بىلەن قىلىچلىشىپ كەتتى.

**قىلىچلانماق** «قىلىچلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قۇتلۇق قىلىچلىنىپ ئاتتىن يىقىلدى.

**قىلىچلىماق** پ. قىلىچ بىلەن چاپماق: بىزنىڭ يىگىتلەر دۈشمەن لەشكەرلىرىنى رەھىمسىز قىلىچلايتتى.

**قىلىچۋاز** ئى. قىلىچ ئىشلىتىشكە ۋە قىلىچ بىلەن ئېلىشىشقا ماھىر كىشى: ئۇنىڭ قولىغا كويزا سېلىنغان بولسىمۇ، يەنە قىلىچۋازلاردەك ھەرىكەت قىلالىدى.

**قىلىچۋازلىق** ئى ① <تەن> چامباشچىلىقنىڭ قىلىچ بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان مەشىقى. قىلىچ خىللىرى تار يۈزلۈك قىلىچ، كەڭ يۈزلۈك قىلىچ، قىسقا قىلىچ قاتارلىق ھەر خىل بولىدۇ. قىلىچ ئۇرۇشتا چېپىش، كېسىش، قايرىش، سانجىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر بولىدۇ. ② قىلىچ ئىشلىتىش ئارقىلىق قىلىنىدىغان جەڭ: تاغ باغرىدا قىلىچۋازلىق باشلىنىپ كەتتى. ③ قىلىچ ئىشلىتىش، خەنجەر ئۇرۇش ماھارىتى: قىلىچۋازلىق قىلماق. * ئۇ قىلىچۋازلىقنى ياخشى كۆرەتتى.

**قىلىشماق** «قىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كىشىلەر بىنالارغا، بۆلۈملەرگە، جاھازلارغا قارىشىپ نېمىلەرنىدۇر پاراڭ قىلىشاتتى.

**قىلىق** ئى ① كىشىلەرنىڭ پائالىيەت، يۈرۈش ـ تۇرۇش، مۇئامىلە قاتارلىقلاردىكى ئۆزىگە خاس خۇلق ـ مىجەزى: تۇرقى ئىنسان، قىلىقى ھايۋان (ماقال). ② تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئادەت: دەۋرىمىزدە بۇ ئاجايىپ كەشپىياتتۇر يېگىلىق، بىزلەردە بولغان ئەمەس بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇنداق قىلىق. ③ قاملاشمىغان، غەيرىي، ئۆزگىچە ئىش ـ ھەرىكەت: ئېتىزنى تاشلاپ بازارغا يۈرگىلاش دېھقانىنىڭ قىلىقى ئەمەس.

**قىلىق چىقارماق** بۇرۇن يوق غەيرىي مىجەز ـ ئادەتلىرى پەيدا بولماق: لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي يېڭى قىلىق چىقاردى.

**قىلىقسىز** سۈپ ① قاملاشمىغان، سەت قىلىقلارنى قىلىدىغان، ھاياسىز: قىلىقسىز بالا. ② بىمەنە، تېتىقسىز، لاۋزا: نەدىكى قىلىقسىز ئىشلار بىلەن كۆن ئۆتكۈزۈشنىمۇ ئوقۇش دېگىلى بولامدۇ؟

**قىلىقسىزلىق** ئى. قىلىقى سەتلىك، ھاياسىزلىق، بىمەنىلىك، لاۋزىلىق.

**قىلىقلانماق** پ. ئۆزگىچە ھەرىكەت، قىلىقلارنى قىلماق: — ئانا، ئۆزلىرىمۇ بۇ لوڭقىنى ياخشى كۆرەملا؟ — دېدى شائىر باللارچە قىلىقلىنىپ.

**قىلىقلىق** سۈپ ① قىلىقى بار، مەلۇم قىلىققا ئىگە: يامان قىلىقلىق بالا. ② ياخشى قىلىققا ئادەتلەنگەن، خۇلقلۇق: ئوغلۇڭ ئۆسسە ئۇلۇغلار بىلەن قوشنا بول، قىزىڭ ئۆسسە قىلىقلىقلار بىلەن قوشنا بول (ماقال).

**قىلىنماق** «قىلماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — يەنە بىرنەرسە چالا قىلىنىپتۇ، — دەپ ھاۋاخان يانچۇقىنى كولىغان پېتى بازارغا چىقىپ كەتتى.

**قىلياش** ئى [قىل + ياش] <بوت> بىر خىل ئۆسۈملۈك.

**قىليورغا** ئى [قىل + يورغا] <زوئول> قۇشلارنىڭ بىر ئۇرۇقدىشى. تېنى بوز رەڭدە، تۇمشۇقى ئىنچىكە ئۇزۇن، پۇتلىرى ئۇزۇن، بارماق ئارىسىدا پەنجە يوق، دائىم تېيىز سۇ بويلىرى، ئېتىز بويلىرىدا كىچىك بېلىق، قولۇلە، ھاشارات تۇتۇپ يەيدۇ، كۆچمەنچى قۇش ھېسابلىنىدۇ.

**قىليىلان** ئى [قىل + يىلان] <زوئول> بىر خىل قۇرت. يىپتىلگىنى ئىنچىكە، ئۇزۇن، رەڭگى قوڭۇر، شەكلى سىمغا

ئوخشايدۇ. بەزىلىرى ئاق كېلىدۇ. تېرىسى سىلىق، يان سىزىقلىرى بولمايدۇ. لىچىنكىسى چېكەتكە، تاشپاقا قاتار-لىقلارنىڭ تېنىدە پارازىت ياشايدۇ. يېتىلگەندىن كېيىن تەن سىرتىغا چىقىپ، سۇدا ياشايدۇ.

**قىم** تەق. قىچىشىش، چېقىش، سانجىلىش ياكى باشقا ئۆزگىرىشلەر تەسىرىدە بەدەن ياكى ئىچكى ئەزالاردا پەيدا بولىدىغان سېزىم: كۆڭلەكنىڭ يېڭى ئىچىدىن بىر نەرسە ماڭغاندەك بىلىندى ۋە «قىم» قىلىپ ئاغرىدى - دە، شۇ يەرنى بېسىپ مىجىدىم.

**قىماپ** ئى. چارە، ئۇسۇل، ئامال: ئۇ سېنى هەر قىماپ بىلەن جايلاپ كېتىدۇ.

**قىمار** ئى [ئە] ئۇتقانلار ئۇتتۇرغانلاردىن تىككەن پۇل ياكى بۇيۇمنى ئېلىش شەرتى بىلەن ئوينىلىدىغان ئويۇن، قاتار قاتار-لىق ئويۇن: پۇل تىكىپ شاهمات - دامكا ئويناشنىڭ قىمار بولىدۇ.

**قىمارخانا** ئى [ئە + پ] قىمار ئوينايدىغان جاي، ئۆي: ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ ئۆيى قىمارخانىغا ئايلىنىپ قالدى.

**قىمارۋاز** ئى [ئە + پ] دائىم قىمار ئوينايدىغان، قىمارغا بېرىلگەن كىشى: بەڭگى قەلەندەر، ئوغرى قىمارۋاز (ماقال).

**قىمارۋازلىق** ئى. داۋاملىق قىمار ئويناش بىلەن مەشغۇل بولۇش ئىشى: ئاقسۇدا سەنئەتنىڭ ئورنىنى زەهەرلىك چېكىملىك چېكىش، قىمارۋازلىق، رەمماللىق، داخانلىق ئىگىلىۋالغانىدى.

**قىمدىماق** پ. دىيال. قىستۇرۇپ، باستۇرۇپ قويماق؛ ئىچىد-گە پۇكۇپ قويماق.

**قىمشتىماق** «قىمشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىمشىماق** پ ① «قىم - قىم» قىلماق: پۇتۇمغا دورىنى سۈرتۈپ تېڭىۋەتكەندىن كېيىن قىمشىپ ئاغرىغىلى تۇردى. ② كۆچمە. ئاۋۇ-ماق، كۆپەيمەك؛ تولۇپ كەتمەك: كىنوخانىنىڭ ئالدىدا ئادەم قىمشىپ كېتىپتۇ.

**قىم - قىم** ① «قىم» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: قوللىرىم «قىم - قىم» قىلىپ ئاغرىپ كەتتى. ② كۆچمە. ناهايىتى كۆپ، زىچ: بازار بۈگۈن تازا قىزىپتۇ، ئادەم دېگەن قىم - قىم، زادىلا ئۆتكىلى بولمايدۇ.

**قىممەت** [ئە] ① ئى <س ئىق> تاۋاردا ئەكس ئەتكەن ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك. قىممەت مىقدارىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى تاۋارنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئىنسان ئەمگىكىدىن ئۆتمىگەن هاۋا قاتارلىق نەرسىلەر كىشىلەرگە نىسبەتەن ئىستېمال قىممىد-تىگە ئىگە بولۇش ياكى قىممەتكە ئىگە بولماسلىقى مۇمكىن: قوشۇمچە قىممەت. تاۋارنىڭ ئالماشتۇرۇش قىممىتى. ئىستېمال قىممىتى. ② ئى. تەييار ئىش، ئوبيېكت، مەهسۇلات ۋە شۇ قاتار-لىقلارغا سەرپ بولغان مەبلەغ، ئەمگەك ۋە ماتېرىياللارنىڭ پۇل بىلەن ئىپادىلىنىشى؛ سودا - سېتىقتىكى نەرخى؛ باها: ئەقلىي ئەمگەكنىڭ قىممىتى تۆۋەنلىمەك. ③ ئى. كۆچمە. كىشى ياكى نەرسىنىڭ تۇرمۇشتا تۇتقان ئورنى، ئەهمىيىتى، قەدرى؛ رولى: ئۇ كىلىنىكا تېببىي ئىلمىدە زور قىممەتكە ئىگە. ④ ئى <مات> سان بىلەن ئىپادىلەنگەن مىقدار ياكى ماتېماتىكىلىق ئىپادىنى هېسابلاش ئارقىلىق ئېرىشكەن هەربىر نەتىجە. مەسىلەن، a نىڭ ئالغان قىممىتى 10، bنىڭ ئالغان قىممىتى 8 بولغاندا، ئالگېبرالىق ئىپادە $\frac{ab}{2}$ نىڭ قىممىتى $40=\frac{10\times8}{2}$ بولىدۇ. ⑤ سۈپ. باهاسى، نەرخى ئەسلىدىكىدىن يۇقىرى، ئەرزاننىڭ ئەكسى: قىممەت باها. قىممەت مال. ⑥ سۈپ. كۆچمە. پۇل ياكى هېچ نەرسىگە سېتىۋالغىلى بولمايدىغان، باهاسى يوق، بىباها؛ قەدىرلىك، ئەزىز: بىلىم دۆلەتتىن قىممەت (ماقال). * ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت.

**قىممەتچى** ئى. داۋاملىق قىممەت باها قويىدىغان، قىممەت باهادا مال ساتىدىغان كىشى: مۇسا دېگەن قىممەتچى، ئۇنىڭدىن مال ئالغىلى بولمايدۇ.

**قىممەتچىلىك** ئى. نەرخ - هاۋا ئىنتايىن قىممەتلەشكەن پەيت ۋە شۇنداق هالەت: قىممەتچىلىك بولسا، ساتقۇچىدا ئىنساب قالماس؛ ئەرزانچىلىق بولسا، ئالغۇچىدا ئىنساب قالماس.

**قىممەتداش** ئى <س ئىق> باشقا بىر تاۋارنىڭ قىممىتى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان تاۋار. مەسىلەن، پۇل ئەنە شۇنداق هەرخىل تاۋارلارنىڭ قىممىتىنى ئىپادىلەيدىغان بىر قىممەتداشتۇر.

**قىممەتسىنمەك** پ. باهاسىنى يۇقىرى، قىممەت دەپ بىلمەك، قىممەت دەپ هېسابلىماق.

**قىممەتسىنىشمەك** «قىممەتسىنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىممەتلەتمەك** «قىممەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىممەتلەشتۈرمەك** «قىممەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىممەتلەشتۈرۈشمەك** «قىممەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىممەتلەشتۈرۈلمەك** «قىممەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**قىممەتلەشمەك** پ. بارا - بارا باهاسى، قىممىتى ئېشىپ، قىممەت بولۇپ قالماق: كېلەر يىلى ئاشلىق تېخىمۇ قىممەتلىشىدۇ.

**قىممەتلىك** سۈپ ① باهاسى يۇقىرى، قىممەت تۇرىدىغان: ئاشپەز دەرهال بازارغا بېرىپ، هەسەن بەدرىدىنگە قىممەتلىك كىيىم ئەكېلىپ كىيدۈرۈپتۇ. ② كۆچمە. سېتىپ ئالغىلى بولمايدىغان، باهاسى يوق، بىباها: قىممەتلىك پۇرسەت. ③ كۆچمە. هۆرمەت-لىك، قەدىرلىك، سۆيۈملۈك: قىممەتلىك چولپان، بىز چوڭ بولدۇق، هايات يولىنى تاللىشىمىز كېرەك. ④ كۆچمە. ئەهمى-يەتلىك، كۆپ پايدىلىق، ناهايىتى كېرەكلىك: ئۇلار ئۆز هاياتىدا نۇرغۇن قىممەتلىك تەجرىبە - ساۋاقلارنى توپلىغان.

**قىممەتلىمەك** پ. باهاسى، نەرخى ئاشماق، قىممەتلەشمەك: بۇرۇنقىغا قارىغاندا گۆش قىممەتلىدى.

**قىمىر** تەق. بىلىنەر - بىلىنمەس قىلىنغان هەرىكەت، مىدىر: قىمىر قىلماق.

**قىمىر - چىمىر** قىمىر ۋە چىمىر: كۆڭلىكىمنىڭ ئىچىگە بىر نەرسە كىرىۋالدىمۇ بىلمەيمەن، ئۇ يەر - بۇ يېرىم قىمىر - چىمىر قىلغىلى تۇردى.

**قىمىر - سىدىر** ناهايىتى ئاستا، بىلىندۈرمەي قىلىنغان هەرىكەت: قىمىر - سىدىر قىلماسلىق.

**قىمىر ـ قىمىر** «قىمىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: قىمىر ـ قىمىر قىلماق.

**قىمىرلاتماق** «قىمىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىـ جىسى: بالا پۇتىنى قىمىرلىتالماي ئاغرىق ئازابىدىن چىرقىرايدۇ.

**قىمىرلاشماق** «قىمىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مۇقامنىڭ مەشرىپى باشلىنىش بىلەن يىگىتلەر قىمىرلىشىپ قالدى.

**قىمىرلىماق** پ. ① ئاستا ـ ئاستا ھەرىكەت قىلماق، مىدىرـ لىماق، تەۋرەنمەك: ھاكىمنىڭ چىرايى تۇتۇلدى، ئېڭەك گۆشلىرى سەل ـ پەل قىمىرلاپ كەتتى. ② جايىدىن قوزغالماق، سىلجىماق: بەختىخان ئازراق كۈتۈپ باققان بولسىمۇ، ئوغلى ئالىم ئولتۇرغان جايىـ دىن قىمىرلاپمۇ قويمىدى.

**قىمىز** ئى. ئات ياكى تۆگە سۈتىنى ئېچىتىپ ئىشلەنگەن بىر خىل ئىچىملىك. ئازراق كەيپ قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**قىمىزخانا** ئى. قىمىز ساتىدىغان ۋە ئىچىلىدىغان ئۆي.

**قىملداتماق** «قىملدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىـ جىسى: يېنىدا ياڭراۋاتقان «خوشە ـ خوشە» لەر ئۇنىڭ گېلىنى قىملـ دىتىشقا باشلىدى.

**قىملداشماق** «قىملدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىملدىماق** پ. «قىم ـ قىم» قىلماق، لۆمۈلدىمەك: شۇ چاغدا ئۇچىلىرىم قىچىشىپ قىملداپ كەتكەندى. * كېكىردىكىم قىملداپ قىچىشىپ، بۇرنۇمغا تاماكا پۇراپ خۇمار قىلىشقا باشلىدى.

**قىن** ئى ① قىلىچ، خەنجەر، پىچاق قاتارلىقلارنى سېلىپ قويىدىغان غىلاپ: قىلىچ قىنىدا ياتسا دات باسمايدۇ (ماقال). ② دەريا ئېقىنىنىڭ ئىككى قىرغىقى ئارىسىدىكى سۇ ئاقىدىغان قىسمى: دەريانىڭ ئاقىدىغان قىنى بولغىنىدەك، دۇنيانىڭمۇ ئىلگىـ رىلەش يولى بولىدۇ. ③ سىرتىدىن ئوراپ تۇرغان پەردە، قاپ: يۈرىكىم قىنىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ. ④ كۆچمە. ئىچ، قويۇن، باغىر: ھۆكۈمەتنىڭ قىنىغا كىرىۋېلىپ بىزگە ھەمنەپەس بولۇۋاتقان كادىر شۇ جالالىدىنلا ئەمەس، يەنە بىر ـ ئىككىسى بار.

**قىنىغا پاتماي قالماق** ← **قىنىغا پاتماي كەتمەك**: كەپتۇ ئاخىر بەشىنچى بالىۋالاقنىڭ يېنىغا. كۆرۈپ ئاقۇچ گۈلنى ئۇ، پاتماي قاپتۇ قىنىغا.

**قىنىغا پاتماي كەتمەك** ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالماق، ھەددىـ دىن ئاشماق: ئۇ كەلسە باللار خۇشاللىقىدىن قىنىغا پاتماي كېتىدۇ ئەمەسمۇ؟

**قىناق** ئى. قىناشتىن ھاسىل بولغان ئىز، يول: ئۆشرىچى چارەكنىڭ تېشىنى ئۇنىڭ ياغىچىنىڭ ئاخىرقى قىنىقىغا قويدى.

**قىناقتا كەلمەك** نېمە قىلىش، قانداق قىلىش ھەققىدە مەسلىھەتى توختالماق؛ بىر پىكىرگە كەلمەك: سەن چەت ياقىلاپ يۈرىۋەرگىنىڭ بىلەن بەربىر بىر قىناققا كېلىسەن، يا ئوڭغا، يا تەتۈرىگە ئاقىسەن.

**قىنلىق** سۈپ. قىنى بار، قىن ياسالغان، قىن چىقىرىلغان: ئۇنىڭ بېلىگە كۈمۈش قىنلىق، تۈچ ساپلىق خەنجەر ئېسىلغانىدى.

**قىنىماق** پ ① پىچاق قاتارلىق تىغلىق ئەسۋابلار بىلەن ئويۇپ، كېسىپ، جىجاپ ئىز، يول چىقارماق: تاياقنى قىناپ بەلگە سالماق. ② قىنىغا، ئىزغا چۈشۈرمەك: ئوتنى پۈۋلىسە تۇتىشىدۇ، سۇنى قىنىسا ماڭىدۇ (ماقال).

**قىھ** تەق. تامىقىنى چەككەندە ياكى قىرغاندا ياكى تامىقىنى قىرىپ كۆلگەندە چىقىدىغان ئاۋاز.

**قىيا** ① ئى. تاغ، ئېدىرلاردىكى تىك يار: ئۇلار ساينىڭ ئاغزىـ دىكى قىياغا ئۆمىلەپ چىقتى. ② سۈپ. قىرلىق، تىك ۋە چوڭ: قىيا تاش. ③ رەۋ. بىرئاز بۇرۇلۇپ، يېنىچە؛ كۆز قىرى بىلەن؛ يانتۇ، قىيسىق: ــ بولمايدۇ سادىق، ــ دېدى مۇزەپپەر ئۇنىڭغا قىيا قاراپ قويۇپ. ④ رەۋ. يېرىم ـ يارتا، بىرئاز: ئۇدۇلـ دىكى يوغان نەقىشلىك ئىشىك قىيا ئوچۇق تۇراتتى.

**قىيا كۆزىنى سالماسلىق** قاراپمۇ قويماسلىق: تۇرمۇش ھەرگىزمۇ ھېچكىم قىيا كۆزىنى سالمايدىغان شۇۋاق باسقان بىر چۆل بولۇپ قالمىسۇن.

**قىياپەت** ئى [ئە] ① سىرتقى كۆرۈنۈش، تۈس: زوق بىلەن يايراپ سېنى قىلدىم زىيارەت قاغىلىق، گۈللىنىپ ئاپسەن يېڭىچە بىر قىياپەت قاغىلىق. ② يۈز، چىراي؛ سىياق، كۆرۈنۈش: ئۆڭۈپ، يىرتىلىپ كەتكەن كىيىم ـ كېچەكلىرى ئۇنىڭ ھازىرقى قىياپىتىنى تېخىمۇ سەت كۆرسىتەتتى. ③ سۈپەت ۋە سۈپەتداشلاردىن كېيىن ئورۇن كېلىشتە كېلىپ «ئەھۋال، ھالەت، تەرىز» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ: ــ يۈرسىلە بېگىم، بىللە بارايلى، ــ دېدى موللازەيدىن جىددىي قىياپەتتە.

**قىياپەتشۇناس** ئى [ ئە + پ ] كىشىلەرنىڭ قىياپىتى ۋە سۆز ـ ھەرىكىتىگە قاراپ ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى ھەققىدە ھۆكۈم قىلغۇچى: تېببىي خادىملار ئىنسانشۇناس، قىياپەتـ شۇناس ۋە پىسخولوگ بولۇشلىرى لازىم.

**قىياپەتشۇناسلىق** ئى. كىشىلەرنىڭ تۇرقى، سۆز ـ ھەرىـ كىتى قاتارلىق قىياپەت ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ پسىخىكىلىق ھالىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم.

**قىياپەتلىك** سۈپ. بىرەر قىياپەت، كۆرۈنۈشتىكى؛ بىرەر قىياپەت، كۆرۈنۈشكە كىرىۋالغان: ل. مۇتەللىپ بۇ كىشىنى يوشۇـ رۇن قىياپەتلىك كىشى بولسا كېرەك دەپ گۇمان قىلغانىدى.

**قىيا ـ چىيا** ئېگىز ـ پەس، قاتتىق توۋلىغان، قالايمىقان ۋارقىرىغان ئاۋازلار، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ: نېمە ئۇچۇندۇر، بۇ ئۆيلەرـ دىن قىيا ـ چىيا، ۋارقىراشقان ئاۋازلار ئاڭلانمىدى.

**قىياس** [ئە] ① ئى. ئالدىن بىلىنگەن ئەھۋالغا ئاساسەن مەلۇم بولمىغان ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلىش؛ مۆلچەر، پەرەز: ئۇكىلىرىمۇ، بۇ كىشىمۇ مېنىڭ بۇ قىياسلىرىمنىڭ ھەممىسىنى تەستىقلاشتى. ② سۈپ. ئوخشاش، تەڭ: گۈل سۈپىتى ئادەتتە، تەقلىد ئەڭ ئېسىل تۇرگە، يارىڭ گۈلگە ئوخشايدۇ، ياشلىقمۇ قىياس گۈلگە. ③ ئى <ئەد> كۆز ئالدىدا بولمىغان شەيئىلەرگە نىسبەـ تەن، ئويلاپ چىقىرىلغان تەسىرات، تەسەۋۋۇر: قىياس قىلماق.

**قىياسەن** رەۋ [ئە] قىياسىي رەۋىشتە، قىياس بىلەن، قىياسقا ئاساسلىنىپ، قىياس بويىچە: سەمەت قەمەرنىسانى قىياـ سەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، بىرنەچچە قېتىم خۇشال ئىسقىرتىپ قويدى.

**قىياسلىماق** پ ① قىياس قىلماق، مۆلچەرلىمەك، تەسەۋۋۇر قىلماق. ② ئوخشاتماق.

**قىياسىي** سۈپ [ئە] قىياسقا ئاساسلانغان، پەرەز قىلىنغان: بۇ ئۆزگىرىشلەر ساددا، قىياسىي ۋە سۇبيېكتىپ ـ خىيالىي ئۆزگىرىشلەردۇر.

**قىياق** I ئى <بوت> قىياق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. كۆپىنچە نەم ئورۇنلاردا، سۇ بويلىـ رىدىكى قۇمساڭ جايلاردا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى لېنتا شەكىللىك، پارقىراق. باشقى قوڭۇر. يەر ئاستى تۈگۈنەك يىلتىزى دورا قىلىـ نىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىش، ھەيزنى تەڭشەش رولىغا ئىگە.

**قىياق** II سۈپ. دىيال. قىيا، قىيپاش.

**قىياقلىق** ئى. قىياق كۆپ ئۆسكەن، قىياق بىلەن قاپلانغان

جاي: ئۇ ئۆستەڭنىڭ يۇقىرىسىدىكى قىياقلىقتا قوي بېقىۋاتاتتى.

**قىياق - ئېجرىق** دىيال. ئوت - چۆپ، تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەر.

**قىيالىق** ئى. قىيالار بار جاي، قىيا: مۇشۇ قىيالىقنىڭ جەنۇ- بىدىن شاۋقۇنلۇق مۇزات دەرياسى ئۆتىدۇ.

**قىيام** I ئى ① شېكەر، شىرنىلەر ئېرىتمىسىنى قايىنىتىش ئارقىلىق تەييارلانغان قويۇق شەربەت. ② مۇراببا: ئالما قىيامى. ئەنجۈر قىيامى. قىيام بولماق. قىيامغا كەلمەك.

**قىيام** II ئى [ئە] ① ئۆرە تۇرۇش، تىك تۇرۇش: قىيامدا تۇرماق. ② كۈن تىكلەنگەن چاغ، چۈش: سۈنبۈلە ئېيىنىڭ باشلى- رى، قىيامدىن ئېگىلگەن ئوچۇق كۈن غۇلجا شەھىرىنىڭ ئۈستىدە يالتىراپتتى. ③ بىرەر ئىش، پائالىيەت قاتارلىقلاردا تەلەپ قىلىنغان يۇقىرى دەرىجە، چەك.

**قىيامەت** ئى [ئە] ① <دىن> دىنىي ئېتىقاد بويىچە بۇ دۇنيا تۈگەپ، ئۇ دۇنيادا ھەممە تىرىلىپ ھېساب بېرىش ئۈچۈن مەھشەرگاھقا توپلىنىدىغان ۋاقىت؛ ئاخىرەت: خەير، ئاللا ئۇ بالىمىزغا قىيامەت كۈنى ئالىي مەرتىۋە بېرەر. ② كۆچمە. قىيا - چىيا، يىغا - زارغا تولغان ئۇر - چاپ: بۇ قالايمىقانچىلىقلار سارسۇمبىنى قىيامەت قاينىمىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. ③ ئىنتايىن جىددىيلىك، بەك ئالدىراشلىق: كىشى كۆپ تىقما - تىقماق بىر ئالامەت، تۆشۈكدەرۋازىدا بولغان قىيامەت. ④ كۆچمە. ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىدىغان مۇشكۈل، قىيىن ئىش: توشۇپ قالدى ھايالسىز كۈتكەن سائەت، بۆسۈپ كىرمەك سېپىلغا بىر قىيامەت.

**قىيامەت قايىم بولماق** ① <دىن> جىمى ئۆلگەنلەر تىرىد- لىپ، بۇ دۇنيادىكى ئىشلىرىدىن ھېساب بېرىش ئۈچۈن مەھشەرگاھقا يىغىلىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلمەك. ② كۆچمە. ئۇرۇش - جېدەل بىلەن غوۋغا كۆتۈرۈلمەك، مالىمان بولماق: ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، دارىلفۇنۇن، دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ زىيالىيلىرى قاچقىنى قېچىپ، تۇتۇلغىنى تۇتۇلۇپ، شەھەر ئىچىدە قىيامەت قايىم بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

**قىيامەتگاھ** ئى [ئە + پ] <دىن> ئەڭ ئاخىرى ھېساب بېرىدىغان جاي.

**قىيامەتلىك** سۈپ. ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا كېچەلمەيدىغان، ئۆمۈرلۈك، مەڭگۈلۈك: قىيامەتلىك دوست. قىيامەتلىك قەرز.

**قىيان** ئى <سۇ> قاتتىق ياغقان يامغۇر ياكى قار سۇلىرىنىڭ توپلىنىشىدىن ھاسىل بولىدىغان كۈچلۈك لاتقا ئارىلاش سۇ ئېقىنى.

**قىيان - تاشقىن** قىيان ۋە تاشقىن: ۋە لېكىن باھارنىڭ قىيان - تاشقىنى، كەلمىگەن ئۇنىڭغا بىر قېتىممۇ دۈچ.

**قىيانلىق** ① سۈپ. قىيانى بار، قىيان ئاقىدىغان: ئادەملەرنىڭ ھاياتى قىيانلىق دەرياغا ئوخشايدىكەن. ② قىياننى باشلىۋېتىدىغان، مەخسۇس قىياننى ئاقتۇرۇش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن جاي، جىرا، ساي: سۇنى قىيانلىققا باشلىماق.

**قىيپاش** سۈپ. تۈز ئەمەس، قىڭغىر، يانتۇ: كەڭ دالىدا ئەتگەن - ئاخشاملىرى ھەرىدەك چاقىدىغان غەربىي جەنۇب قىيپاش شامىلى ۋىژىلدايتتى.

**قىيپاشلاتماق** «قىيپاشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىيپاشلانماق** ① «قىيپاشلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرد- جىسى: ھەمدۇللا بايۋەچچە ئات ئۈستىدە قىيپاشلىنىپ ھامىدىن غوجد- غا قارىدى. ② «قىيپاشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قىيپاشلىق** ئى. يانتۇلۇق، قىيپاش ھالەت: ئەمدى يەنە بىر مۇھىم ئىش، ئۆتكەمە يىلەن غەلۋىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش قىيپاش- لىقى، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش بىر ئاز تەسرەك.

**قىيپاشلىماق** پ. قىيپاش ھالەتكە كەلمەك، يانتۇ بولماق، بىر يانغا قىڭغايماق.

**قىي - چۇۋ** تەرتىپسىز، ۋارقىرىغان قاتتىق ئاۋازلار: ئەتراپتىن قىي - چۇۋ چىقىپ كەتتى.

**قىيدامچى** ئى. دىيال. دەرەخ شاخلىرىنى كېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان پالتا شەكىللىك كەكە.

**قىيدۇرماق** «قىيماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىيدۇرۇشماق** «قىيدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىيدۇرۇلماق** «قىيدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قىيسايتماق** «قىيسايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەنسۇر ئاغزىنى قىيسايتىپ سەلىمەگە يېقىنلاشتى.

**قىيسايتىشماق** «قىيسايتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىيسايتىلماق** «قىيسايتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قىيسايماق** پ ① يانتۇلاشماق، قىڭغايماق: ئۇ قىيسىيىپ قالغان كۆچەتلەرنى تىكلەپ توپا يۆلەۋاتاتتى. ② كۆچمە. بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ ياتماق: بوۋاي كاۋا بارىكى ئاستىدا قىيسىيىپ ئۇخلاپ قېلىپ چۈش كۆرۈپتۇ.

**قىيسىق** سۈپ ① تىك ئەمەس، بىر تەرەپكە قىيسايغان، يانتۇ: قىيسىق تام. ② ئەگرى، قىڭغىر: سەمەت قىڭغىر، قىيسىق ھەرپلەر بىلەن چوڭ خەتلىك گېزىتنى يېزىپ چىقتى. // قىيسىققا كەمسىتىپ قارىما، كۆزۈڭگە قادىلار (ماقال). ③ كۆچمە. ناتوغرا، بولمىغۇر: قىيسىق خىيال بىلەن ئۆزىنى ھالاكەتكە سۆرەپ ماڭغۇچى ئەي قىڭغىر كۆڭۈل مەخلۇق ! شۇنى بىلگىنكى، تەۋەككۈلچىلىك ۋە قارامىلىق سېنى ھەرقاچان ئۆلۈم غارىغا تاشلايدۇ.

**قىيسىيىشماق** «قىيسايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىيغاتماق** [قىيىق + ئاتماق] ① ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ ئويىنىماق، ئويناقلىماق؛ شوخلۇق قىلماق: باغ ئىچىدە 12 ياشلاردىكى بىر بالا بىلەن بىر قىز قىيغىتىپ ئويناپ يۈرگەنىكەن. ② سىيپاپ، ئۇچۇرۇپ ئۆتمەك: قانچىلىك چىرايلىق ئانا تەبىئەت، ماھىر قول كەشتىسى گويا يەر - جاھان. قىيغىتار باھارنىڭ ئەركە شامىلى، زۇمرەتتەك ۋادىدا گۈزەللىك خاقان.

**قىيغاچ** سۈپ ① بىر ئاز قىسىلغان: قىيغاچ كۆز. ② بىر ئاز ئېگىلگەن: ئالىيە قارا قىيغاچ قاشلىرىنى ھىمىرىپ كوچا تەرەپكە قارىدى.

**قىيغاقچا** ئى. قىيىقچە قىيىدىغان ئەسۋاب.

**قىيغىتىشماق** «قىيغاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئارىدىن ئون مىنۇتمۇ ئۆتمەي، ئىككى كالا قوتاندىن يۈگۈرۈشۈپ، قىيغىتىشىپ چىقتى.

**قىيقاس** ئى. ۋارقىراش، شاۋقۇن - سۈرەن: مەيدان جەڭچد- لەرنىڭ قىيقاس، چۇقانلىرى بىلەن جانلىنىپ جۇشقۇنلاندى.

**قىيقاس - چۇقان** قىيقاس ۋە چۇقان: قاۋانلىقتا بۈگۈن كېچە ياشلارنىڭ قىيقاس - چۇقانلىرى توختىمىدى.

**قىيقاس - سۈرەن** ← **قىيقاس - چۇقان**: شۇنىڭ بىلەن قىيقاس - سۈرەن، چاقچاق ۋە ناخشىلار كۈندۈزدىكىدەك يېڭىباشتىن يەنە قىزىپ كەتتى.

**قىيقىتمەك** پ. دىيال. ئاچچىقلانماق.

**قىيما** I سۈپ. قىيىلغان؛ ئويۇلغان: قىيما تۇۋرۇك. قىيما شادا.

**قىيما** II ئى. ئۇششاق توغرالغان گۆش ياكى شۇنداق گۆش بىلەن پىياز ۋە باشقا كۆكتاتلارنىڭ ئارىلاشمىسى: چۆچۈرىنىڭ

قىيمىسى. مانتىنىڭ قىيمىسى. قىيما قىلماق.

**قىيما ـ چىيما** پارچە ـ پارچە، بۇردا ـ بۇردا، تىلىم ـ تىلىم: قىيما ـ چىيما بولماق. قىيما ـ چىيما قىلماق.

**قىيماسلىق** ئى. كۆڭلى قويماسلىق، ئۇنىماسلىق، چىدىماسلىق.

**قىيما ـ قىيما ← قىيما ـ چىيما:** قىيما ـ قىيما قىلماق.

**قىيماق** پ ① قايچا، پىچاق قاتارلىقلار بىلەن كېسىپ پارچىلىماق، قىرقىماق: قەغەزنى قىيماق. ② كېسىپ جاراھەتلەندۈرمەك: ئامانقۇل ئايقىزنىڭ ئارغامچا قىيىۋەتكەن نازۇك بىلەكلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ سۆز باشلىدى. ③ كۆچمە. ئايرىلىشقا، تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىماق، چىدىماق: ئۆلۈمگە رازى دەپ تۇرۇۋالماڭ، ئۆلۈم دېگەن بىرا! بالىڭىزدىن قانداق قىيالايسىز؟

**قىيملاتماق** «قىيملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىيلانماق** «قىيملىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەسكەرلەر شاھزادە قەمەرۇززاماننىڭ پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەن، قانغا بويالغان كىيىملىرى بىلەن قىيملانغان گۆش، قان ئىزلىرىنى كۆرۈپتۇ.

**قىيملىق** سۈپ. قىيمىسى بار، قىيما ئارىلاشتۇرۇلغان: قىيملىق يۇتازا.

**قىيملىماق** پ. قىيما ھالەتكە كەلتۈرمەك، قىيما قىلماق: گۆشنى قىيملىماق.

**قىيناتماق** «قىينىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىيناشماق** «قىينىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىينىشىپ شائىرنى شۇ كۈن دۈگىلىتىپ دەسسەپ، تېپىپ، ساپتۇ زۇلۇم، قىلىپتۇ سوراق بېشىغا مىخ قېقىپ.

**قىيناق** ئى. جىسمانىي ياكى روھىي ئازاب، قىيىن ـ قىستاق: ئەتىسىدىن باشلاپ سافاق باشلاندى، خەلق تىلى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ ساناق ئەمەس، جاننى ئېلىپ ياندا قويىدىغان قىيناق ئىدى.

**قىيناقخانا** ئى. مەھبۇس، ئەسىر، تۇتقۇن قاتارلىقلارنى قىينايدىغان، قىيىن ـ قىستاققا ئالىدىغان ئۆي.

**قىينالماق** ① «قىينىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ بۇ قېتىم دۈشمەنلەر تەرىپىدىن قاتتىق قىينالدى. ② مەلۇم بىر جەھەتتىن قىسىلماق؛ موھتاجلىق، قىيىنچىلىق ھېس قىلماق: ئاڭلىسام ئاسىيەنىڭ ئۇنى شاڭخەيگە ئاپىرىپ داۋالاتقۇسى بار ئىكەن. بىراق ئىقتىسادتىن قىينىلىۋېتىپتۇ.

**قىينىماق** پ ① جىسمانىي، روھىي جەھەتتىن ئازابلىماق؛ ئازاب ـ ئوقۇبەتكە يولۇقتۇرماق: ـــ بۇ قانداق گەپ؟ ئۇلار بىزنىڭ ئادىمىمىزنى قىيناپ يېرىم جان قىلىپ قويۇپتۇ، ـــ دېدى ئۇ چىشىنى غۇچۇرلىتىپ. ② قىيىن ئەھۋالغا قويماق، قىيىنچىلىق تۇغدۇرماق، جاپا سالماق: ئۇنى ئاچلىقتىنمۇ بەتتەر ھارغىنلىق قىينىغانىدى.

**قىيشماق** «قىيماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىزلار رەڭمۇرەڭ قەغەزدىن گۈل قىيىشىپ ياتاقنى بېزەشكە باشلىدى.

**قىيىق** I سۈپ. كەپسىز، جاھىل، كاج: قىيىق بالا. قىيىق مىجەز. * ئۇ ناھايىتى قىيىق.

**قىيىق** II ① سۈپ. يانتۇ، قىيپاش، قىيسىق: بۇ رەخت قىيىق كېسىلىپ قاپتۇ. ② قىيىلغان، قىيىلغان ھالەتتىكى: قىيىق كۆڭلەك.

**قىيىقچە** ئى ① بىر خىل يېمەكلىك. تۇخۇم ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇلغان خېمىر نوغۇچتا يېيىلىپ، چىش چىقىرىپ كېسىلگەندىن كېيىن يۆگىلىپ مايدا پىشۇرۇلىدۇ ۋە ئۈستىگە شېكەر سېپىلىدۇ: قىيىقچە سالماق. قىيىقچە پىشۇرماق. ② شۇ يېمەكلىكنىڭ خېمىرىنى كېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب. ئادەتتە ھەرە چىشلىق دۈگىلەك مېتالغا ساپ بېكىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

**قىيىقلىق** I ئى. كەپسىزلىك، جاھىللىق، كاجلىق: ھەئە، بالىنىڭ قىيىقلىقىغا مەن ئەيىبلىك.

**قىيىقلىق** II سۈپ. قىيىلغان، قىيىپ قويۇلغان: قىيىقلىق قەغەز.

**قىيىلماق** ① «قىيماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: جوزا ئۈستىدە قىيىلغان رەڭلىك قەغەزلەر، گۈللەر تۇراتتى. ② ئېگىلمەك، قىيسايماق: كۈن چۈشتىن قىيىلدى، ئەزالار ئىشقا مېڭىشتى.

**قىيىن** سۈپ ① ئاسان قىلغىلى بولمايدىغان؛ كۆپ ئەمگەك، كۈچ، مەبلەغ، ۋاقىت تەلەپ قىلىدىغان؛ مۈشكۈل: قىيىن سوئال. قىيىن مەسىلە. * قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، غەيرەت بولسا ئادەمدە (ماقال). ② ئېغىرچىلىق، مۈشكۈلچىلىكلەر بىلەن تولغان؛ ئېغىر: يول قىيىن، شۇۋىرغان كۆز ئاچقۇزمايدۇ. ③ كېيىنكى ۋەزىيەتلەردە كېلىپ «ئاسان ئەمەس، تەس» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: بىراق ھازىرقى پەيتتە ئۇنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىش بەكمۇ قىيىن.

**قىيىنچىلىق** ئى ① ئىشقا توسالغۇ بولىدىغان، قىيىنلاشتۇرىدىغان نەرسە ياكى ھالەت، توسالغۇ: قىشتا قار ئاز ياغقانلىقتىن، ئەتىيازدا سۇ قىس بولۇپ، تېرىلغۇغا قىيىنچىلىق كەلتۈردى. ② بىرەر نەرسىنىڭ كەم بولۇش يېتىشمەسلىك ھالىتى: ـــ ھازىر بىزنىڭ قىيىنچىلىقىمىز، ـــ دېدى گۈلسۈم، ـــ كىيىم ـ كېچەك، دېكىراتسىيە قاتارلىقلار. ③ ئوڭۇشسىزلىق، مۇشەققەت، ئازاب ـ ئوقۇبەت: سېنىڭ تۆپەيلىڭدىن پادىشاھلىق تەختىدىن جۇدا بولدۇق، جاپا ۋە قىيىنچىلىققا قالدۇق.

**قىيىنچىلىقسىز** سۈپ. قىيىنچىلىقى يوق، قىيىنچىلىقى بولمىغان، ئاسان: پائالىيەت جەريانى پۈتۈنلەي قىزىقارلىق، ھېچقانداق قىيىنچىلىقسىز ياكى توسالغۇسىز بولۇش ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ.

**قىيىنداق** ئى. كېۋەزنىڭ تەپچىسىنى چېپىۋالغاندىن كېيىن يىلتىز بىلەن قېپقالغان قىسمى.

**قىيىندى** ئى. رەخت، قەغەز، خۇرۇم قاتارلىق نەرسىلەرنى قىيىپ كەسكەندە قىيىپ تاشلانغان كېرەكسىز قىسمى.

**قىيىنسىنشماق** «قىيىنسىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىيىنسىنماق** پ. قىيىن، جاپا ھېس قىلماق: بۇ ئىشنى ئۇ قىيىنسىندى.

**قىيىن ـ قىستاق** جىسمانىي ياكى روھىي جەھەتتىن سېلىنىدىغان ھەددىدىن ئارتۇق ئازاب، قاتتىق قىيناپ ۋە قىستاپ مەجبۇرلاش: مۇھەممەت قۇلى ئازراق قىيىن ـ قىستاققا چىدىيالماي، ئۆزى بىلگەن ھەممە سىرنى ئېيتىپ خائىنلىق قىلىپتۇ.

**قىيىنلاشتۇرماق** «قىيىنلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پولات ئىشىمىزنى قىيىنلاشتۇرۇپ قويدى.

**قىيىنلاشتۇرۇلماق** «قىيىنلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قىيىنلاشماق** پ. بالدۇرقىغا نىسبەتەن بارغانسېرى تەس، قىيىن، مۇشەققەتلىك بولۇپ قالماق؛ تەسلەشمەك: ئىمتىھان قىيىنلاشتى.

**قىيىنلىق** ئى. قىيىن، ئېغىر، تەس ھالەت، كەيپىيات، مۈشكۈللۈك: ئادىل ئاستا ـ ئاستا، لېكىن خېلى قىيىنلىق بىلەن يەنە مۇتەللىپتىن ئۆگىنىشكە باشلىدى.

# ك

ك ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئون سەككىزىنچى ھەرپى.

**كابېل** ئى [ر<گول] <فىز> ئىزولياتسىيە قەۋىتى ۋە قوغدىغۇچى پوستى بولغان ئۆتكۈزگۈچ سىم. تومراق بولىدۇ. كۆپىنچە بىر - بىرىگە توك ئۆتكۈزمەيدىغان بىرنەچچە سىمدىن تەشكىل تېپىپ، يەر ئاستى ۋە سۇ ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئادەتتە ئېلېكتىر خەۋەرلىشىشى ياكى توك يەتكۈزۈش ئىشلىرىدا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

**كابىنكا** ئى [ر] ئاپتوموبىل، تىراكتور قاتارلىقلارنىڭ شوپۇر ئولتۇرۇپ رول باشقۇرىدىغان، كونترول قىلىدىغان قىسمى: كابىنكىغا چۈشمەك.

**كابىنېت** ئى [ر<فىران] بەزى دۆلەتلەردىكى مىنىستىرلار ھەيئىتى، ھۆكۈمەت سىستېمىسى؛ ھۆكۈمەت: ئىچكى ئىشلار كابىنېتى. كابىنېتنى تارقىتىۋەتمەك.

**كاپ** I تەق. ئۇستىرىنى كاپلىغۇچقا سۈركەش ھالىتى: كاپقا تارتماق.

**كاپقا كەلمەك** ماختىسا ئۇچماق، ئۆزىنى ماختىغان ئادەمنىڭ دېگىنىگە كۆنمەك: — ئاسىم دېگەن تازا كاپقا كېلىدىغان ئادەم - دە، — دېدى خەيرۇل مىيىقىدا كۈلۈپ.

**كاپ** II ئى. ئات - ئۇلاغلارنىڭ بىرنەرسىلەرنى يەپ قويماسلىقى ئۈچۈن ئېغىزىغا سېلىپ قويىدىغان تور: — ئاغزىدىكى كاپ ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ قالغاچقا بۇغداي يېگەن گەپ، — دېدى بىر دېھقان تورپاقنىڭ بېقىنىنى مۇجۇپ.

**كاپ** III تەق ① ئۇششاق، ئۇۋاق نەرسىلەرنى بىراقلا ئېغىزىغا سالغان ۋاقىتتىكى ئېغىزنىڭ ئېچىلىپ - يېپىلىشىغا تەقلىد قىلىنىدۇ: كاپ ئەتمەك. ② بىرەر نەرسىنى بىردىنلا تۇتقان ۋاقىتتىكى ھەرىكەتنىڭ تېزلىكىگە تەقلىد قىلىنىدۇ: ئانا كاپ قىلىپ قىزىنىڭ ئوڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

**كاپارەت** ئى [ئە] بىرەر زور گۇناھنى يۇيۇش ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئىش؛ گۇناھتىن ئېرىش: — ئى سېخىي، سەدىقىي رەددىبالا، ئاشىقى نامى خۇدا، ئۇلۇغ چارشەنبە كۈنى بەرگەن سەدىقىڭىز ھەزرىتى سەيدىۋاققاس پىرىمنىڭ يولىدا، ياخشى كۆرگەن چۈشلىرىڭىزگە سەدىقە، يامان كۆرگەن چۈشلىرىڭىزگە كاپارەت بولغاي، ئامىن! — ... دېدى دىۋانە دۇئا قىلىپ.

**كاپالەت** ئى [پ] جاۋابكارلىقنى، مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىغا باشقىلارنى ئىشەندۈرۈش، كېپىللىك: مۇكەممەل بىر ئىلمىي پىلان — كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ بېرىشنىڭ ئوبدان كاپالەتلىرىدىن بىرى.

**كاپالەتسىز** سۈپ. كاپالىتى يوق، كاپالەتكە ئىگە بولمىغان، ئىشەنچسىز: ھەر خىل باھانە - سەۋەبلەر بىلەن ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتسىز قالدۇرۇشقا بولمايدۇ.

**كاپالەتسىزلىك** ئى. كاپالىتى يوقلۇق، ئىشەنچسىزلىك.

**كاپالەتلەندۈرمەك** «كاپالەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ پاكىز سۇ ئىچىپ ساغلام بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش زۆرۈر.

**كاپالەتلەندۈرۈشمەك** «كاپالەتلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كاپالەتلەندۈرۈلمەك** «كاپالەتلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ يېمەكلىكى بىخەتەرلىك ۋە پاكىزلىق جەھەتتىن پۇختا كاپالەتلەندۈرۈلگەنىدى.

**كاپالەتلەنمەك** پ. كاپالەتكە ئىگە بولماق.

**كاپالەتلىك** سۈپ. كاپالەت قىلىنىدىغان، كاپالەتكە ئىگە بولغان: قانۇن خەلق ئاممىسىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

**كاپالەتنامە** ئى [ئە+پ] كاپالەت بېرىش يۈزىسىدىن يېزىلغان ھۆججەت، كاپالەت خېتى: سىزگە كاپالەتنامە يېزىپ بېرىشىمىز مۇمكىن.

**كاپام** مىق. ساناق سانلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ ئۆزى ئېنىقلىغان نەرسىنىڭ مىقدارىنى، يەنى مەلۇم قېتىم «كاپ» قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: بىر كاپام ئاش. بىر كاپام پولۇ.

**كاپاملاتماق** «كاپاملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كاپاملاشماق** «كاپاملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كاپاملىماق** پ. كاپام ھالەتكە كەلتۈرمەك: ئاسىم ئىشتىھا بىلەن كاپاملاپ پولۇ يېيىشكە باشلىدى.

**كاپپىدە** رەۋ. «كاپ» قىلغان ھالدا، «كاپ» قىلىپ: پاتەمخان ئۇنى كاپپىدە بىلىكىدىن تۇتۇپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

**كاپراس** ئى [ر] <گېئول> ئامفىبولنىڭ بىر خىلى، يەنى تۇۋرۇك ياكى تالا ھالىتىدىكى كىرىستال. يېشىل، كۆل رەڭ ياكى ئاق رەڭلەردە بولىدۇ، پارقىرايدۇ. جۇڭگو تېبابىتىدە قۇۋۋەت دورىسى ۋە قورۇغۇچى دورا قىلىنىدۇ.

**كاپرون** ئى [ر] <خىم> سۈنئىي تالانىڭ بىر خىلى ۋە شۇ

تالادىن توقۇلغان رەخت: كاپرون ياغلىق. كاپرون پايپاق.

**كاپرىس** ئى [ر<فران] <مۇز> قۇرۇلما جەھەتتىن ئەركىن، خاراكتېر جەھەتتىن غەلىتە ئىشلەنگەن ئاھاڭ. ئادەتتە ماھارەتچانلىقى يۇقىرى بولىدۇ. كومپوزىتورلار ئۇنىڭدا كۆپىنچە خەلق ناخشىلىرى مېلودىيەسىنى ئاساس قىلىدۇ.

**كاپسۇل** I ئى [ر<لات] ① <بىيول> بەزى مىكرو ئورگانىزملارنىڭ تېشىدىن يۆگەپ تۇرىدىغان، پولىپېپتىد ياكى كاربون سۇ بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلگەن يېپىشقاق تاشقى قېپى. ② (تېب) يۇتۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئۇششاق قاپقا مەلۇم مىقدار بويىچە قاچىلاش ئارقىلىق تەييارلانغان تالقان دورا: قان تازىلاش كاپسۇلى.

**كاپسۇل** II ئى [ر<فران<لات] <ھەرب>بىرەر نەرسىگە ئۇرۇلۇش بىلەن تېز ئوت ئېلىپ، پارتلاتقۇچ دورىنى پارتلىتىپ بېرىدىغان مەخسۇس نەيچە: گىرانات كاپسۇلى. مىنا كاپسۇلى.

**كاپسۇللۇق** سۈپ. كاپسۇلى بار، كاپسۇل بىلەن ئورالغان، قاپلانغان: كاپسۇللۇق دورا.

**كاپىشتىماق** «كاپىشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ۋۇي، بالىنى كاپىشتىماي دېگىنىنى بەرسەڭ بولمامدۇ؟

**كاپىششىماق** «كاپىشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تولا كاپىششىماي يولۇڭلارغا ماڭساڭلار بولارمىكىن.

**كاپىشىماق** پ. تولا سۆزلىمەك، تولا گەپ قىلماق: — سەن قېرى تولا كاپىشىما، يوقال كۆزۈمدىن! — دەپ تىللاپتۇ ۋەزىر.

**كاپ-كاپ** «كاپIII» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**كاپ-كۇپ** «كاپ» قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**كاپلاتماق** «كاپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئالىم ساتىراش شاگىرتىغا ئۇستىرىنى كاپلىتىپ، ھېلىم ئاكىنىڭ ساقىلىنى قىرغاچ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى.

**كاپلاشماق** «كاپلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كاپلانماق** «كاپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇستىرا كاپلاندى.

**كاپلىغۇچ** ئى. ئۇستىرىنى كاپلاش ئۈچۈن كۆن ياكى رەختتىن ئۇزۇنلۇقى 50 — 60 سانتىمېتىر، كەڭلىكى ئالتە-يەتتە سانتىمېتىر قىلىپ ياسالغان ساتىراشلىق سايمىنى.

**كاپلىماق** I پ. ئۇستىرىنى ئىتتىكلىتىش ئۈچۈن كاپلىغۇچقا سۈركىمەك: ئۇستىرىنى كاپلىماق.

**كاپلىماق** II پ. كاپ ئەتمەك: ئۇ ئاشۇ نانىنىڭ ئۇۋاقلىرىنى بىرىنىمۇ قالدۇرماي ئالىقىنى بىلەن سۈپۈرۈپ ئېلىپ ئېغىزىغا كاپلىدى.

**كاپوت** ئى [ر<فران] تۈرلۈك مېخانىزملارنىڭ مەلۇم قىسىملىرىنى چاڭ-توزان، نەملىك ۋە باشقا نەرسىلەردىن ساقلاش ئۈچۈن ئىشلەنگەن، ئېچىلىپ-يېپىلىدىغان تۆمۈر قاپقاق: ھەقىقەتەنمۇ شوپۇر كاپوتنىڭ ئۈستىدە دۈم ياتاتتى.

**كاپۇستا** ئى [ر<لات] <بوت> كاللەكبەسەي: ئۇنىڭدىن قالسا سەرەبىل (مەرۋايىتگۈل)، كاپۇستا (كاللەكبەسەي)، گۈلكاپۇسكا (گۈلكەرەم)، كۆدە، پىدىگەن، قىزىلچا قاتارلىقلار ئەڭ ياخشى كۆكتات ھېسابلىنىدۇ.

**كاپىتال** ئى [ر<لات] <س ئىق> سودا-سانائەت تىجارىتىنىڭ دەسمايىسى؛ كاتتا مەبلەغ، كۆپ پۇل، بايلىق: ياز كۈنلىرى قىلىپ سەيلە-ساياھەت، ئارام ئىزدەپ كېلەر ئەزىز مېھمانلار. كىرىم بولۇپ كاپىتالىم كۆپىيەر ۋە سالىمەن يېڭى-يېڭى قورغانلار.

**كاپىتاللىق** سۈپ ① كاپىتالى بار، كاپىتالغا ئىگە. ② كاپىتالغا خاس: ھەسسىدارلىق شىركەتلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ كاپىتاللىق خۇسۇسىيىتى تۈگىمىدى.

**كاپىتالىزم** ئى [ر] <پەلس> كاپىتالىستلار ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىگىلەيدىغان ھەم شۇنىڭ بىلەن ياللانما ئەمگەكنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان، قوشۇمچە قىممەت شىلىۋالىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈم.

**كاپىتالىزملاشماق** پ. كاپىتالىزم تۈزۈمىگە ئۆزگەرمەك، كاپىتالىزم خاراكتېرىنى ئالماق: رۇسىيە كاپىتالىزملىشىپ بولدى.

**كاپىتالىزملىق** سۈپ. كاپىتالىزم تۈزۈمىدىكى؛ كاپىتالىزمغا خاس؛ كاپىتالىزم پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغان.

**كاپىتالىست** ئى [ر] <س ئىق> كاپىتالنى ئىگىلىۋېلىپ، ئىشچىلارنىڭ قوشۇمچە ئەمگىكىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان كىشى.

**كاپىتالىستىك** سۈپ [ر] كاپىتالىزملىق: كاپىتالىستىك جەمئىيەت. كاپىتالىستىك ئىش ھەققى.

**كاپىتان** ئى [ر<فران] ① <ھەرب> ھەربىي ئۇنۋان، يەنى بەزى دۆلەتلەردىكى تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارغا بېرىلىدىغان ئەڭ يۇقىرى دەرىجە. ② پاراخوت ياكى كېمە باشلىقى، كوماندىرى.

**كاپىر** [ئە] <دىن> ① ئى. ئىسلام دىنىغا ئىشەنمەيدىغان، دىندىن قايتقان، خۇداسىز، ئىمانسىز كىشى. ② سۈپ. كۆچمە. رەھىمسىز، ۋاپاسىز: قەتلى ئەيلەرگە مېنى ھەركۈنى ئول كاپىر ئىشق، رەھمى قىلمايدۇر مىكرى كەيدى بېشىمغا لىق.

**كاپىرلىق** ئى. كاپىرلارغا خاس ئالامەت، قىلىق-ئادەت: گەپنىڭ قىسقىسى، بۇ موغۇلىستان يۇرتىغا كاپىرلىقنىڭ قارا سىياھى تارقىلىپ، ھەممىنى قاراڭغۇ ۋە زۇلمەتتە تۇتقانىدى.

**كاپىلداتماق** «كاپىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھوي، ئۇنى تولا كاپىلداتقۇچە دېگەن نەرسىسىنى ئېلىپ بەرسەڭ بولمامدۇ.

**كاپىلداشماق** «كاپىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئەتىگەندىن-كەچكىچە قۇرۇق كاپىلدىشىپ خەقنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغان كاسكاسلار ئىدى.

**كاپىلدىماق** پ. ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي تولا سۆزلىمەك، كاسىلدىماق: سولان ئاغزى ئېچىلىدى كاپىلداپ يەنە، باشقا كىيدى ھويلىنى، كاسىلداپ يەنە.

**كاپىللىيار** ئى [ر<لات] ناھايىتى كىچىك تۆشۈكچە ياكى شۇنداق تۆشۈكلۈك نەيچە: كاپىللىيار ھادىسىسى.

**كاپىللىيارلىق** سۈپ. سۇيۇقلۇقنىڭ ئىنچىكە نەيچىلەر ياردىمىدە كۆتۈرۈلۈش خۇسۇسىيىتى بويىچە توپلىنىدىغان، بارلىققا كېلىدىغان: كاپىللىيارلىق سۇ. كاپىللىيارلىق كۈچ.

**كات** ئى. دىيال. چوڭ ساندۇق، ئىچى بىر نەچچە بۆلەكلەرگە ئايرىلغان، ھەرخىل ئاشلىقلار قاچىلىنىدىغان ساندۇق.

**كاتاپ** ئى. كۆننى بوياش ئۈچۈن مەنتاڭ بىلەن تۆمۈر دېتىدىن بىرىكتۈرۈپ تەييارلانغان سۇيۇقلۇق.

**كاتاڭ** ئى. يولدىكى چوڭقۇرلۇق: ماشىنا كاتاڭلاردىن سىلكىنىپ ئۆتۈپ، بارغانسېرى ئىتتىكلەپ كېتىپ باراتتى.

**كاتاڭلاشماق** پ. كاتاڭ هالەتكە كەلمەك، كاتاڭ بولۇپ كەتمەك: بۇ يوللار هارۋا تولا مېڭىپ كاتاڭلىشىپ كەتتى.

**كاتاڭلىق** سۈپ. كاتىڭى بار، كاتاڭ بولۇپ كەتكەن: ئېغىر يۈك بېسىلغان ماشىنا كاتاڭلىق يولدا ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

**كاتالپا** ئى [ر<گىرېك] <بوت> چوكا دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى سەل ـ پەل ئالقانسىمان يېرىلغان بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى ئاق هەم كونۇسسىمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ. ياغىچىدىن ئەسۋاب، سايمانلارنى ياساشقا بولىدۇ.

**كاتالوگ** ئى [ر<گىرېك] بىر تۈردىكى كىتاب، قولىيازما قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم تەرتىپتە تۈزۈلگەن رويخېتى: كىلاسسىك ئەدەبىياتقا دائىر ئەسەرلەر كاتالوگى.

**كاتالىزاتور** ئى [ر] <خىم> خىمىيەۋى رېئاكسىيە تېزلىكىنى ئارتتۇرىدىغان ياكى كېمەيتىدىغان، لېكىن ئۆزىنىڭ مىقدارى ۋە خىمىيەۋى خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتمەيدىغان ماددىلار.

**كاتالىزاتورلۇق** سۈپ. خىمىيەۋى رېئاكسىيە تېزلىكىنى ئارتتۇرىدىغان ياكى كېمەيتىدىغان: كاتالىزاتورلۇق خۇسۇسىيەت. كاتالىزاتورلۇق رول.

**كاتايا** ئى [لات] <بوت> قارىغاي ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. غولى تۈز، باراقسىنى مۇنار، يوپۇرمىقى لېنتا، شارچە مېۋىسى تۇخۇم شەكلىدە بولىدۇ. ئۇ مەملىكىتىمىزدە شالاڭ ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ سورتىدۇر.

**كاتەك** ئى [پ] ① توخۇ، توشقان، كەپتەر قاتارلىقلار سولىنىدىغان كىچىك ئۆي: باقى توخۇلارغا كاتەك سالدى. ② نەرسىلەرنىڭ يۈزىگە چىقىرىلىدىغان تۆت بۇرجەك شەكىل.

**كاتەكچە** I ئى. كىيىم تىكىش ماشىنىسىدىكى چويلىنى ماڭدۇرۇپ بېرىدىغان ئارا شەكىللىك سايمان.

**كاتەكچە** II ئى. تۆت چاسا، چاقماق: كاتەكچە كۆڭلەك. كاتەكچە قىلىپ توقۇماق.

**كاتەكچىلىمەك** پ. كاتەكچىلەرگە بۆلمەك. كاتەكچە هاسىل قىلماق: يەر شارىنى كاتەكچىلىگەن پاراللېل ۋە مېرىدىيان سىزىقلىرىدىن يەر شارىدىكى هەربىر جاينىڭ ئورنىنى بېكىتكىلى بولىدۇ.

**كاتەكلىك** سۈپ. كاتىكى بار، كاتەكلەرگە بۆلۈنگەن: هارۋا ئۈستىگە كاتەكلىك جازا قويۇلغانىدى.

**كاتتا** ① سۈپ. چوڭ، هەشەمەتلىك، ئېسىل: كاتتا شەهەر. كاتتا بىنا. كاتتا يىغىن. كاتتا توي. ② سۈپ. بۈيۈك، داڭلىق: كاتتا كىشى. كاتتا ئادەم. * ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كاتتا شائىرىدۇر. ③ ئى. ياش جەهەتتە چوڭايغان، هۆرمەتكە سازاۋەر كىشى؛ باشلىق، ئەمەلدار: سىز ئەڭ ياخشىسى باشقا كاتتىلار بىلەنمۇ ئەقىللىشىپ كۆرۈڭ، ئۇلار سىزگە قانداق ئەقىل كۆرسىتەركىن.

**كاتتىباش** ئى [كاتتا + باش] مەلۇم تەشكىل ياكى گۇرۇهنىڭ باشلىقى، رەهبىرى؛ چوڭ باشلىق: ئۇزۇن ئۆتمەي كاتتىباش دېگەنلەرنىڭ هەممىسى چىقىپ، قورام تاش ئۈستىدە تۇرۇشتى.

**كاتتىلىق** ئى. چوڭلۇق، زورلۇق: ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ كاتتىلىقىنى بىز بىلىمىز.

**كاتساندۇق** ئى [كات + ساندۇق] ئۈستى كارىۋات ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان، ئىچىدە ئاشلىق قاتارلىق نەرسىلەرنى ساقلىغىلى بولىدىغان بىر خىل ئائىلە سايمىنى: ئۇ گۆگۈم قاراڭغۇسىدا تەمتىرەپ يۈرۈپ ئىشىك تەرەپتىكى كاتساندۇقتىن نېمىنىدۇر ئېلىپ بېلىگە تۈگدى.

**كاتلېت** ئى [ر<فىران] نان پارچىلىرى ياكى ياڭيۇنى ئېزىپ، بۇلارنى گۆش قىيمىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كىچىك توقاچتەك ياپىلاقلاپ مايدا پىشۇرىدىغان تاماق: مەن جاهىللىقىمغا ئېلىپ پىۋا بىلەن كاتلېت كەلتۈرۈشنى ئېيتتىم.

**كات ـ مىسىل** كات ۋە مىسىل: چايخانىلارنىڭ بۇلۇڭلىرىدە ۋە ئۆستەڭ بويىغا قۇرۇلغان كات ـ مىسىللەردە چايخور قېرىلار چاي ئىچىشكەچ دەقيانۇسنىڭ ۋاقتىدىن قالغان كونا پاراڭلارغا چۈشۈپ كېتەتتى.

**كاتهىندى** ئى [پ] <بوت> ① پۇرچاق ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. شاخلىرىدا تىكىنى بار، يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، گۈلى سېرىق، مېۋىسى چوكا مېۋە، ياغىچى قاتتىق، رەڭگى قارا قوڭۇر بولىدۇ. ② مۇشۇ دەرەختىن ئاجرىتىپ ئېلىنىدىغان رەڭگى قارا قوڭۇر، قاتتىق جىسىم. دورا قىلىشقا بولىدۇ، قان توختىتىش رولىغا ئىگە.

**كاتود** ئى [ر<گىرېك] <فىز> ① باتارېيە ياكى ئاككۇمۇلياتور قاتارلىق تۇراقلىق توك مەنبەلىرىنىڭ مەنپىي زەرەت قويۇپ بېرىدىغان ئېلېكتىر قۇتۇپى. قۇرغاق باتارېيەنىڭ سىنىك قېپى كاتود بولىدۇ. ئۇ يەنە «مەنپىي قۇتۇپ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ② ئېلېكترونلۇق ئەسۋابلاردىكى ئېلېكترون قويۇپ بېرىدىغان قۇتۇپ. بۇ قۇتۇپ ئېلېكتىر زەنجىرىدە چوقۇم ئېلېكتىر مەنبەسىنىڭ مەنپىي قۇتۇپىغا ئۇلىنىدۇ. بەزى ئېلېكترون لامپىلاردىكى لامپۇچكا قىلى كاتود بولىدۇ.

**كاتول** ئى [ر] پارقازان؛ پارخانا: مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش شەرتىنى هازىرلىمىغان تارقاق كاتوللارنى ئۆزگەرتىش قەدىمى تېزلىتىلدى.

**كاتولىك** ئى [ر<گىرېك] <دىن> خىرىستىيان دىنىنىڭ رىم پاپاسى باشچىلىقىدىكى چوڭ مەزهىپى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە دۆلىتىمىزگە كىرگەن.

**كاتۇشكا** ئى [ر] <فىز> ئىزولياتسىيەلىك قېپى بولغان ئۆتكۈزگۈچ سىمنى ئوراش ئارقىلىق ياسالغان غالتەك ياكى كاناي شەكىللىك دېتال. ئۇ ئېلېكتىر ماشىنىلىرى، تىرانسفورماتور، ئېلېكترلىك خەۋەرلىشىش ئاپپاراتلىرى قاتارلىقلاردا كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىدۇ.

**كاتېت** ئى [ر<گىرېك] <مات> تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭنىڭ تىك بۇلۇڭ هاسىل قىلىدىغان تەرەپلىرىدىن بىرى.

**كاتېتىر** ئى [ر] <تېب> سۈيدۈك يولى كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل نەيسىمان ئەسۋاب. ئادەتتە چىقمىغان سۈيدۈكنى چىقىرىش، سۈيدۈك يوللىرى ياللۇغلىنىشىنى داۋالاش ۋە تەكشۈرۈشتە ئىشلىتىلىدۇ. چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە قاتتىق ـ يۇمشاقلىقى هەر خىل بولىدۇ.

**كاتىر** ئى [ر<ئىنگ] <قاتن> ئىچىدىن يانىدىغان دىۋىگاتېل ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان كىچىك تىپتىكى كېمە، قېيىق. سۈرئىتى تېز، ھەرىكەتچانلىقى يۇقىرى، بەزىلىرى قاتناش قورالى قىلىنىدۇ، بەزىلىرى مۇسابىقە ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**كاتېگورىيە** ئى [ر<گىرېك] ① <پەلس> ئادەم تەپەككۇرىنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئومۇمىي ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈشى. ھەرقايسى پەندە شۇ پەنگە تەۋە بولغان ئاساسىي كاتېگورىيەلەر بولىدۇ. مەسىلەن، بىرىكمەك، بىرىكمە، پارچىلىنىش قاتارلىقلار خىمىيە ئىلمىنىڭ كاتېگورىيەلىرىدۇر؛ تاۋار قىممىتى، ئابستراكت ئەمگەك، كونكرېت ئەمگەك دېگەنلەر سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىنىڭ كاتېگورىيەلىرىدۇر؛ ماھىيەت ۋە ھادىسە، شەكىل ۋە مەزمۇن، مۇقەررەرلىك ۋە تاسادىپىيلىق دېگەنلەر ماتېرىيالىزملىق دىيالېكتىكىنىڭ ئاساسىي كاتېگورىيەلىرىدۇر. ② بىر خىل نەرسىلەر، ھادىسىلەر تۈركۈمى، تۈرى.

**كاتېگورىيەلەشمەك** پ. كاتېگورىيە ھاسىل قىلماق، كاتېگورىيە بولۇپ شەكىللەنمەك: رەسسام گۈزەل ياكى رەزىل دېگەندەك كاتېگورىيەلەشكەن خاراكتېرلەرنى يارىتىشقا ئۆزىنى ئىسراپ قىلمىغان، ئۇ بۇنداق فورمىلاشقان سەنئەتتىن ئاللىبۇرۇن چىقىپ كەتكەن.

**كاتىبات** ئى [ئە] يېزىقچىلىق ئىشلىرى: كاتىبات ئىشخانىسى.

**كاتىباتلىق** ئى. كاتىپلار قىلىدىغان ياكى ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئىش، خىزمەت؛ كاتىپلىق: بۇ يىل شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كاتىباتلىق كەسپىگە 40 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ.

**كاتىپ** ئى [ئە] ① ئىدارە ـ ئورگانلارنىڭ خەت ـ ئالاقىلىرىنى، يىغىن خاتىرىلىرىنى يازىدىغان كىشى، خادىم: ــ كاتىپنىڭ يېنىغا بېرىڭلار، خەتنى شۇ يېزىپ بەرسۇن، ــ دەپ خەتنى يىگىتكە ئۇزاتتىم. ② بەزى كىشىلەرنىڭ سۆزىنى خاتىرىلەيدىغان ياكى قول يازمىلارنى كۆچۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى؛ مىرزا: يازغۇچى تۇردى سامساق 1942 ـ يىلى قەشقەردىن چىقىپ كېتىپ، ئىلى، ئالتايلارغا بېرىپ بايلارغا كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن.

**كاتىپلىق** ئى. كاتىپ قىلىدىغان ئىش، پائالىيەت: 1976 ـ يىلى نۇردۇن شۇ يېزىغا مەسئۇل بولۇپ چۈشكەندە، مەخسۇت ئۇنىڭغا كاتىپلىق قىلغانىدى.

**كاتىۋال** ئى [پ] ئۆز بېشىمچى، بىلەرمەن، باشباشتاق.

**كاتىۋاللىق** ئى. ئۆز بېشىمچىلىق، باشباشتاقلىق، بىلەرمەنلىك: ــ كاتىۋاللىق قىلما، ئۆزۈممۇ بىلىمەن، ــ دېدى ئابدۇغېنى تاماكىسىنىڭ كۈلىنى قېقىپ.

**كاتىيون** ئى [ر< گىرېك] <خىم> مۇسبەت ئىيون.

**كاتىيۇشا** ئى [ر] <ھەرب> راكېتا تويىنىڭ بىر خىلى. ئادەتتە ئاپتوموبىلغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدا ئوقنى قاتار ئاتقىلى بولىدۇ.

**كاج** سۈپ [پ] ① گەپكە كىرمەيدىغان، مەسلىھەت ئاڭلىمايدىغان، جاھىل، تەتۈر: كاج ئادەم. كاج پەلەك. كاج پېشانە. ② قىيسىق، ئېچىلسا يېپىلمايدىغان، يېپىلسا ئېچىلمايدىغان، راۋان ئەمەس: ــ ئىشىكنىڭ كاجمۇ، نېمە، تولۇق يېپىلمايدىغۇ! ــ دېدى ئالىم ئىشىكنى بىر قولىدا تارتىپ.

**كاجانس** ئى [لات] <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. كىچىك يوپۇرمىقى ئۈچ تال بولۇپ، تۇمۇنە شەكىلدە، گۈلى سېرىق، چوكا مېۋە تۇتىدۇ. ئۇرۇقى يۇملاق ھەم ياپىلاق، رەڭگى قوڭۇر كېلىدۇ. تىروپىك بەلباغ ۋە سۇبتىروپىك بەلباغدا ئۆسىدۇ. ئۇرۇقىنى ئىستېمال قىلغىلى ۋە ئۇنىڭدىن ماي تارتقىلى، يىلتىزىنى دورىغا ئىشلەتكىلى، يوپۇرمىقىنى خەشەك قىلغىلى بولىدۇ.

**كاجلاشتۇرماق** «كاجلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كاجلاشماق** پ. كاج ھالەتكە كەلمەك، گەپ يېمەيدىغان، مەسلىھەتكە كىرمەيدىغان بولۇپ كەتمەك: ھوي نېمانچە كاجلىشىپ كەتتىڭ، بىر قېتىم گەپ يېسەڭ بولمامدۇ؟

**كاجلىق** ئى. گەپ يېمەسلىك، جاھىللىق؛ تەتۈرلۈك: ھۇسەيىن ئاكام قانچە قىلغىنى بىلەنمۇ ئەترەت باشلىقىنىڭ كاجلىقى خېمىغا يانمىدى.

**كاجۇ** ئى. دىيال. قۇدۇقنىڭ تاملىرى ئۆرۈلۈپ سۇنى لاي قىلىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، قۇدۇقنىڭ تېگىگە، يەنى سۇ بار يېرىگە بېكىتىدىغان ئاستى ـ ئۈستى ئوچۇق تۆت چاسا جازا.

**كاجۇپ** ئى. ئېگەر تاسمىلىرىنى تىكىشتە ئۇنى قىسىپ تۇتۇپ تۇرىدىغان بىر تەرىپى يېرىق كالتەك، قىسقۇچ.

**كاجۇۋا** ئى [پ] ئېشەك قاتارلىق ئۇلاغلارغا ئارتىشقا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ خۇرجۇنغا ئوخشاش توقۇغان سېۋەت.

**كاجى** ئى [خەن<ئىنگ] پاختا يىپتىن توقۇلغان بىر خىل رەخت. يۈزىنىڭ قىيپاش يولى ناھايىتى ئېنىق، ئۆرۈش يىپلىرى زىچراق كېلىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭدىن كىيىم ـ كېچەك تىكىلىدۇ.

**كاچات** ئى [پ] ① مەڭز، ئېڭەك: رەيھانەم ھارۋىدىن ئىرغىپ چۈشتى ـ دە، ئۇنىڭ كاچىتىغا كۈچ بىلەن بىرنى سالدى. ② قولنىڭ سالالىرى بىلەن ئالىقان قوشۇلغان قىسمى، شاپىلاق: خالىق تەتۈر كاچات بىلەن بىرنى سېلىۋىدى، مەڭزىمدىن ئوت چىقىپ كەتتى.

**كاچاتلاتماق** «كاچاتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كاچاتلاشماق** «كاچاتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سودىگەرنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرى ئۆزلىرىنى كاچاتلىشىپ يىغلاشتى.

**كاچاتلىماق** پ. شاپىلاق بىلەن ئۇرماق، كاچات سالماق: قىز ئايۇپنىڭ سول يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنى كاچاتلاپ، قار ـ يامغۇر يىغلاۋاتاتتى.

**كاچالكا** ئى [ر] قۇدۇق ئىچىدىكى نېفىت سۇمۇرۇش ناسوسىنى ئىشتانكا ئۇلانمىسى ئارقىلىق تەكرار ھەرىكەتلەندۈرىدىغان يەر ئۈستى ئۈسكۈنىسى: تۈزلەڭلىكتە ھەرخىل رەڭ، ھەرخىل ئۆلچەمدىكى تۆمۈر، ياغاچ ۋىشكىلار، كۆك، سېرىق، قارا رەڭدىكى كاچالكىلار خۇددى ئورماندەك بوي تارتىپ كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

**كاچكۇل** ئى. قىش ۋاقىتلىرى مۇزلىغان كۆل ۋە دەريالاردىن سۇ ئېلىش، بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن ئېچىلغان چوڭ تۆشۈك: ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى خۇددى كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەمدەك جاقىلداپ تىترەپ كەتتى.

**كاخېكسىيە** ئى [ر<گىرېك] <تېب> بەدەن ئېغىر دەرىجىدە جۇدەش، كەم قانلىق، نېرۋا ئاجىزلىق قاتارلىق پۈتۈن بەدەن خىزمىتى زەئىپلىشىش ھادىسىسى. كۆپىنچە راك ۋە ئېغىر سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**كادمىي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Cd (Cadmium). كۈمۈشتەك ئاپئاق، سوزۇلۇشچانلىقى كۈچلۈك، نېيترونىنى ئاسان سۈمۈرىدۇ، سۇيۇقلىنىش تېمپېراتۇرىسى 321 ، قايناش تېمپېراتۇرىسى ° 778، ئېرىشچان تۇزلىرى رەڭسىز ۋە زەھەرلىك. ئۇ سۇدا ئېرىمەيدۇ، كىسلاتالاردا ئېرىيدۇ. رېئاكسىيە قازىنىنى كونترول قىلىشتا قوللىنىلىدۇ. قوغۇشۇن، قەلەي قاتارلىقلار بىلەن هاسىل قىلغان قېتىشمىسى ئاسان سۇيۇقلىنىدۇ، ئادەتتە توك ئوچۇر-قىنىڭ بىخەتەر سىمىنى ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**كادىر** ئى [ر<فىران] دۆلەت ئاپپاراتى، هەربىي قىسىم، خەلق تەشكىلاتى قاتارلىقلاردىكى خىزمەتچى خادىم: خەلق كادىرى ئۆزىنى خەلقنىڭ چاكىرى دەپ تونۇشى كېرەك.

**كادىرلىق** ئى ① كادىر بولۇش: كادىرلىققا ئىمتىهان بەرمەك. ② كادىرلارغا خاس مىجەز - خاراكتېر، سۆز - هەرىكەت: كادىرلىقنى كۆز - كۆز قىلماق. // كادىرلىق كېبىرى.

**كار** I ئى [پ] ① ئىش: كارغا كەلمەك. كاردىن چىقماق. ② مۇنا-سىۋەت، چاتاق: هە، 4 - خوتتا چۈشسەم، نېمە بوپتۇ؟ سېنىڭ كارىڭ نېمە؟

**كار** II تەق. ئادەم كېكىرگەندە چىقىدىغان ئاۋاز: ئادەم بار يەردە «كار» قىلىپ كېكىرىش ئەدەپتىن ئەمەس.

**كارابىن** ئى [ر<فىران] قىسقا ئىستوۋۇللۇق مىلتىق، مىشەكنى ئۆزى تارتىپ چىقىرىدۇ، ئارقا - ئارقىدىن ئاتقىلى بولىدۇ.

**كاراپ** ئى. بېلىقلارنىڭ بىر خىلى، كۈچى زور، ۋەهشىي كېلىدۇ.

**كارات** ئى [ئە] مەرۋايىتنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بىرلىكى. ئادەتتە 0.2 گىرامغا تەڭ.

**كاراتلىق** سۈپ. كاراتقا ئىگە، كارات كېلىدىغان: قاراقاش ناهىيەسىدىن 1.14 كاراتلىق ئالماس تېپىلدى.

**كاراس** تەق. قاتتىق نەرسىلەرنى چايناشاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**كاراسسىدە** رەۋ. «كاراس» قىلغان ئاۋازنى چىقىرىپ، «كاراس» قىلغان هالدا: كاكچىنى كاراسسىدە چاينىماق.

**كاراس - كاراس** «كاراس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: باللار قاتتىق ناننى كاراس - كاراس چايناپ يېيىشكە باشلىدى.

**كاراس - كۇرۇس** «كاراس» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: قارا ئايغىرنىڭ كاراس - كۇرۇس قىلىپ قوناق يەۋاتقانلىقى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**كاراسلاتماق** «كاراسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ قېتىپ تاشتەك بولۇپ كەتكەن زاغرىنى ناۋات چاينىغاندەك كاراسلىتىپ يېگىلى تۇردى.

**كاراسلاشماق** «كاراسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كاراسلىماق** پ. «كاراس» قىلغان ئاۋاز چىقماق.

**كاراك** ئى. دىيال. ئاغ.

**كارامەت** [ئە] ① ئى. بىرەر ۋەقە ياكى هادىسىنى ئالدىنئالا بىلىش: هوي، كارامەت كۆرگەندەكلا گەپ قىلىسەنغۇ؟ ② ئى. بىڭسى، گۇمپا، ماهارەت، كۈچ - قۇۋۋەت: مەن سەندىن تېز يۈگۈرىمەن! قېنى كارامىتىڭ بولسا مەن بىلەن قۇرۇقلۇقتا بەسلىشىپ باق! ③ ئى. ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان، هەيران قالارلىق ئىش، مەسىلە؛ مۆجىزە: ئولتۇرۇپ تۇر، نېمە كارامەت بارلىقىنى ئۇقۇپ باققاندىن كېيىن بىلىمىز. ④ سۈپ. ئاجايىپ، قالتىس، ئاالامەت، هەيران قالارلىق: پۇتكۇل باغ كارامەت خۇشاللىق تەنتەنىسى بىلەن تولدى. ⑤ ئى. ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**كارامەتچى** ئى. ئالدىن بېشارەت بەرگۈچى؛ كارامەت كۆرسەتكۈچى: ئەمدى كارامەتچىلەرنىڭ كارامەتلىرى ئۆز كۈچىنى يوقاتقا-نىدى.

**كارامەتكار** ئى [ئە + پ] ← **كارامەتچى:** دۇرۇس، سەن توغرۇ-لۇق غەلىتە گەپلەرمۇ بولدى. بەزىلەر ئاسماندىن سادىق سۇرىتىدە بولۇپ پەرىشتە چۈشكەن چېغى دېسە، بەزىلەر خەقنىڭ كۆزىگە سادىق بولۇپ كۆرۈنگەن باشقا بىر كارامەتكارمىكىن دېيىشتى.

**كارامەتلىك** سۈپ. كارامىتى بار، كارامەت كۆرسىتەلەي-دىغان؛ ئاجايىپ - غارايىپ، سېھىرلىك: ئەگەر بىلگىنىدە ئىدى، هىندىستان تەرەپتىن ئۆتكەن هېلىقى ئەۋلىيانىڭ بۇ يىل پادىشاھ ئالمىشىدىغان يىل دېگەن كارامەتلىك سۆزىدىن زادىلا گۇمانلانمىغان بولاتتى.

**كارانتىن** ئى [ر<فىران] <تېب> ئادەم، هايۋان ياكى زىرائەتلەرنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرى سىرتقى جايلاردىن ئۆز رايونىغا كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى. ئادەتتە ئۇ يۇقۇملۇق كېسەللىك رايونىدىن كەلگەن ئادەم، مال، كېمە، قاتناش ۋاسىتىلىرىنى تەكشۈرۈش، دېزىنفېكسىيە قىلىش ياكى ئىزولياتسىيە قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**كارايەت** ئى [ئە] مۇهىملىق، ئەهمىيەت؛ زۆرۈرىيەت: كارايىتى چاغلىق. * كارايىتى يوق.

**كارەك** ئى. دىيال. كاناي.

**كاربازول** ئى [ر] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلىسى $(C_6H_4)_2NH$. ئاق رەڭلىك كىرىستال، ئوگايلا سوبلىماتسىيەلىنىدۇ، سىنتېتىك بوياق ۋە سولياۋ ئىشلەپچى-قىرىشنىڭ خام ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

**كاربوكسىل** ئى [ر<لات + گىرېك] <خىم>كاربونات كىسلاتاسى هىدروكسىد ئاتوملار گۇرۇپپىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن هاسىل بولغان بىر ۋالېنتلىق رادىكال.

**كاربون** ئى [ر<لات] <خىم> مېتاللوئىد ئېلېمېنت. بەلگىسى C (Carbonium). ئۈچ خىل ئاللوتروپىك شەكىل ئۆزگىرىشى بولىدۇ، يەنى ئالماش، گىرافىت ۋە كىرىستالسىز كاربون. كاربوننىڭ خىمىيەلىك خۇسۇسىيىتى تۇراقلىق، هاۋادا ئۆزگەرمەيدۇ، كاربون ئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ مۇهىم تۈزگۈچىسى بولۇپ، سانائەت ۋە دورىگەرلىكتە قوللىنىلىشى ئىنتايىن كەڭ.

**كاربون (Ⅳ) ئوكسىد** <خىم> ئانورگانىك بىرىكمە. مولې-كۇلا فورمۇلاسى $CO_2$ . سۇدا ئاسان ئېرىپ كاربونات كىسلاتا هاسىل قىلىدۇ. يانمايدۇ هەم يېنىشقىمۇ ياردەم بەرمەيدۇ. ئادەتتە ئۇ ناترىي كاربونات، قۇرۇق سۇ ۋە گاز سۇيى قاتار-لىقلارنى ئىشلەشتە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئوت ئۆچۈ-رۈشتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ يەنە «كاربونات ئانگىدرىد»، يەنى «كاربونات كىسلاتا گازى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**كاربونات** ئى [ ر(لات ] <خىم> كاربونات كىسلاتا تۇزلىرى. ئادەتتە نورمال تۇز ۋە كىسلاتالىق تۇز دېگەن ئىككى تۈرگە قارىتىلىپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى نورمال تۇز كۆپرەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**كاربونلۇق** سۈپ. كاربونى بار، تەركىبىدە كاربون بولغان: كاربونلۇق پولات.

**كاربونىل** ئى [ر<لات] <خىم> كاربون بىلەن ئوكسىگېندىن تۈزۈلگەن رادىكال (CO =) .

**كاربىد** ئى [ر<لات + گىرېك] <خىم> كاربون بىلەن مېتال ئېلېمېنتلار ياكى بىر قىسىم مېتاللوئىد ئېلېمېنتلارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ئىككى نېگىزلىك بىرىكمە. ئۇنى كوۋالېنتلىق كاربىد، مېتاللىق كاربىد ۋە ئىيونلۇق كاربىد دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

**كاربىلئامىن** ئى [ر] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. ئومۇمىي فورمۇلاسى R–NC. رەڭسىز سۇيۇقلۇق. سېسىق پۇراقلىق ئىگە.

**كاربيوراتور** ئى [ر<فىران] <ماشىن> بېنزىننى يېقىلغۇ قىلىدىغان ئىچىدىن يانىدىغان دىۋىگاتېلنىڭ بىر بۆلىكى. ئۇ بېنزىننى تۇمان ھالىتىگە كەلتۈرۈپ، ھاۋا بىلەن بەلگىلىك نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ، سىلىندىرنى كۆيىدىغان ئارىلاشما گاز بىلەن تەمىنلەش رولىنى ئوينايدۇ.

**كارت** تەق. ئىتتىك نەرسىلەر بىلەن قەغەز، رەخت قاتارلىقلارنى كەسكەندە چىقىدىغان ئاۋاز.

**كارتا** ئى [ر] قېلىن ياكى قېلىنراق قەغەزدىن تۆت بۇرجەك قىلىپ كېسىلگەن ۋاراق، ۋاراقچە: مەن بىر دۆۋە كىتاب ۋە كارتىلار ئىچىدە ئون سائەتلەپ ئولتۇرىمەن.

**كارتتىدە** رەۋ. «كارت» قىلغان ھالدا، «كارت» قىلىپ: ھېلىمنىياز ئىتتىك ئورغاق بىلەن ئارغامچىنى كارتتىدە كەستى.

**كارت ـ كارت** «كارت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**كارت ـ كۇرت** كارت قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**كارتوگراف** ئى [ر + گىرېك] كارتوگرافىيە مۇتەخەسسىسى.

**كارتوگرافىيە** ئى [ر + گىرېك] جۇغراپىيەلىك خەرىتىلەرنى تۈزۈش ھەققىدىكى پەن ۋە شۇنداق خەرىتىلەرنى سىزىش ئىشى.

**كارتون** ئى [ر<ئىتال] مەخسۇس ئىشلەنگەن قېلىن، قاتتىق قەغەز.

**كارتون فىلىم** <كىنو> گۈزەل سەنئەت فىلىمىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا ئادەم، نەرسىلەرنىڭ چىراي ئىپادىسى، ھەرىكىتى ۋە ئۆزگىرىشلىرى قاتارلىقلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا نۇرغۇنلىغان كارتون قەغەزلەرگە سىزىلىپ، ئاندىن كېيىن كىنوغا ئېلىش ئاپپاراتى ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە ئۇلىغان ھالدا كىنوغا ئېلىنىدۇ.

**كارتۇشكا** ئى [ر] ① قېلىن، قاتتىق قەغەزدىن تۆت بۇرجەك قىلىپ كېسىلگەن ۋاراقچە؛ كارتا: جۇملە كارتۇشكىسى. ② بىرەر كىشىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، ۋەزىپىسى قاتارلىقلار يېزىلغان گۇۋاھلىق قەغەز: ئىسىم كارتۇشكىسى.

**كارتېل** ئى [ر<فىران] <س ئىق> كاپىتالىستىك مونوپول تەشكىلات شەكىللىرىدىن بىرى، يەنى ئوخشاش بىر خىل تاۋارنى ئىشلەپ چىقارغۇچى كارخانىلارنىڭ بازارنى مونوپول قىلىپ، كۆپ پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، تاۋار باھاسى، مەھسۇلات مىقدارى قاتارلىق جەھەتلەردە توختام تۈزۈشى ئارقىلىق شەكىللەنگەن ئۇيۇشما. قاتناشقۇچىلار ئىشلەپچىقىرىش، سودا ھەم قانۇن جەھەتلەردە ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

**كارتىلداتماق** «كارتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: «خىزىر» گال ئۈستىرا بىلەن باينىڭ بىر باغلام بېدىدەك ساقىلىنى كارتىلدىتىپ چۈشۈرۈپ تاشلاپتۇ.

**كارتىلداشماق** «كارتىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كارتىلدىماق** پ. كارت قىلغان ئاۋاز چىقارماق، كارت ـ كارت قىلماق.

**كارخانا** ئى [پ] ئىشلەپچىقىرىش، ترانسپورت، سودا قاتارلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تارماق. مەسىلەن، زاۋۇت، كان، تۆمۈريول، سودا شىركەتلىرى قاتارلىقلار: كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشىنى كارخانا مەسئۇللىرى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم.

**كارخانىچى** ئى. كارخانا باشقۇرۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەم: ئۇ ياش يۇقىراۋى كارخانىلارنىڭ شىنجاڭنى كۆپرەك ئايلىنىپ كۆرۈشىنى، كۆپرەك چۈشىنىشىنى، غەربىي قىسمىدىكى بۇ تۇپراقتا مەبلەغ سېلىپ تەرەققىي قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى.

**كارخانىلاشتۇرماق** «كارخانىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەخلەتنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ كەسىپلەشكەن تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئەخلەت كۆمۈش مەيدانىنى كارخانىلاشتۇرۇپ، باشقۇرۇش يولىغا قويۇلدى.

**كارخانىلاشتۇرۇلماق** «كارخانىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كارخانىلاشماق** پ. كارخانا ھالىتىگە كەلمەك، كارخانىغا ئايلانماق.

**كاردار** ئى [پ] كونا. ۋەزىر خىزمەتچىسى.

**كارداڭ** سۈپ [پ] تەجرىبىلىك، پىشقەدەم؛ قېرى: كارداڭ ئادەم. كارداڭ تېرەك. // ئىشنى كارداڭدىن سوراڭ، ئۇننى باداڭدىن (ماقال).

**كاردىنال** ئى [ر<لات] <دىن> خىرىستىيان دىنىنىڭ كاتولىك مەزھىپىدىكى راھىبلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى. پاپا ئۆلسە، كاردىناللار يىغىلىپ، ئۆزئارا يېڭى پاپا سايلاپ چىقىدۇ. كاردىناللار ئادەتتە قىزىل تون كىيىدۇ.

**كاردىناللىق** ① ئى. كاردىناللارغا بېرىلگەن ۋەزىپە ـ ئەمەل ياكى ئۇلارغا يۈكلەنگەن خىزمەت: كاردىناللىققا ئېرىشمەك. كاردىناللىق قىلماق. ② سۈپ. كاردىناللارغا خاس: مونتانېللى شۇ قەدەر يېقىندىن ئۆتتىكى، قىزغۇچ كاردىناللىق چاپىنى كۆكۈيۈنىنىڭ يۈزىگە تېگىپ كەتتى، شۇنداق بولسىمۇ سەزمىدى.

**كارىدە** رەۋ. «كار» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «كار» قىلىپ: ئۇ تاماقتىن كېيىن كارىدە بىرنى كېكىرىپ سۆزىنى داۋام قىلدى.

**كارساڭ** ئى. مىلتىقنىڭ ئىستوۋۇلىنى تىقىپ ئاتىدىغان، مىلتىقنىڭ شىرىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان يۇمىلاق تۆمۈر.

**كار ـ كار** «كار II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**كاركىراتماق** «كاركىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ھوي نىياز، بۇ نېمىلىرىڭنى تولا كاركىراتماي بالدۇرراق يولغا سالساڭ بولمامدۇ، — دەپ كايىدى بوۋاي.

**كاركىراشماق** «كاركىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كوچا مەستلىرى تولا كاركىرىشىپ ھاردى بولغاي، تۈن نىسپى بولغاندا ئەتراپ جىمىدى.

**كاركىرىماق** پ ① «كار ـ كار» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «كار ـ كار» قىلماق. ② كۆچمە. كەلسە ـ كەلمەس، ئالىتاغىل توۋلىماق، ۋارقىراپ ـ جارقىرىماق: باي چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ: — مەن ئۇچىمىنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسىنى ساتمىغان، — دەپ كاركىراپتۇ.

**كارگەر** ئى. دىيال. ئىشچى، تېخنىك ياكى ھۈنەرۋەن.

**كارناللىت** ئى [ر<نېم] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. ئۇنىڭ خىمىيەلىك بەلگىسى $KMgCI_3 \cdot CI6H_2O$. يانتۇ ياقلىق كىرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. قۇراشمىسى دانىچە ياكى زىچ كاللەكسىمان، ساپلىرى رەڭسىز كېلىدۇ. ماي پارقىراقلىقىغا ئىگە. سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 1.6.

**كاروتىن** ئى [ر<لات] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلاسى $C_{40}H_{56}$ قېنىق بىنەپشە قىزىل رەڭلىك كىرىستال. سەۋزە، تۇخۇم سېرىقى ۋە سۈتتە مىقدارى كۆپرەك بولىدۇ. ئادەم بەدىنىدە ۋىتامىن A غا ئۆزگىرىدۇ. بەزى مېۋىلەر ۋە كۆكتاتلارنىڭ قىزىل رەڭلىك بولۇشى، بەزى ئۆسۈملۈك يوپۇرماقلىرىنىڭ كۈز پەسلىدە قىزغۇچ سېرىق رەڭگە ئۆزگىرىشى كاروتىنىنىڭ بولغانلىقىدىن بولىدۇ.

**كارول** ئى [ر] ① پادىشاھ، شاھ. ② قارتا ئويۇنىدىكى تۈزدىن كىچىك، ماتكىدىن چوڭ تۇرىدىغان قارتا.

**كاروللۇق** سۈپ. پادىشاھلىق، شاھلىق.

**كارۋان** ئى [پ] ئات ـ ئۇلاغ، ھارۋىلار بىلەن بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا يۈك توشۇغۇچىلار توپى: كارۋانلار سارايدا تۈنەپ، سەھەردە يەنە يولغا چىقىپتۇ.

**كارۋانچىلىق** ئى. كارۋانلارنىڭ سودا ـ تىجارەت پائالىيىتى.

**كارىدور** ئى [ر] ① بىنانىڭ ئىچىدىكى ئۆيلەرگە كىرىش ۋە ئۆيلەرنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بوشلۇق، يول: كارىدوردا يەنە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. ② ئىككى رايوننى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تار، ئۇزۇن كەتكەن بەلباغ (رايون) قا قارىتىلىپ ئېيتىلىدۇ: خېشى كارىدورى.

**كارىدورلۇق** سۈپ. كارىدورى بار؛ كارىدورى بولغان: كارىدورلۇق بىنا.

**كارىز** ئى [پ] <سۇ> ① ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئىجاد قىلغان يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىش قۇرۇلمىسى، يەنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يۆنەلگەن بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە كولانغان ۋە ئاستى بەلگىلىك ئۆلچەمدە بىر ـ بىرىگە تەشمىلەر ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان قۇدۇقلار. ھەممە قۇدۇقلارنىڭ سۈيى يىغىلغاندا ئايىغىدا يەر ئۈستىگە ئېقىپ چىقىدۇ. بۇ ئاساسەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇرپان ۋىلايىتىدە كەڭ ئومۇملاشقان. ② ئازگال: كۆزۈڭگە قاراپ ماڭ، كارىزغا چۈشۈپ كېتىسەن.

**كارىزچى** ئى. كارىز قازىدىغان، كارىزغا قارايدىغان كىشى.

**كارىزچىلىق** ئى. كارىز چېپىش ئىشى، پائالىيىتى: كارىزچىلىق قۇرۇلۇشى.

**كارىزلىق** ئى. كارىز بار، كارىز قېزىلغان جاي، ئورۇن.

**كارىست** ئى [ئىنگ <نېم] <گېئول> ئاساسەن سۇ ئېقىمىنىڭ كاربوناتلىق جىنس قاتارلىق ئېرىشچان جىنسلارغا بولغان خىمىيەلىك تەسىرىنى ئاساس، مېخانىكىلىق تەسىرىنى قوشۇمچە قىلغان گېئولوگىيەلىك تەسىر جەريانى ۋە بۇ جەرياندا پەيدا بولىدىغان ھادىسىلەرنىڭ ئورتاق نامى.

**كارىلداتماق** «كارىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كارىلداشماق** «كارىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كارىلدىماق** پ. كار قىلغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋازلارنى چىقارماق، كار ـ كار، كار ـ كۇر قىلماق.

**كارىۋات** ئى [ر] ئۈستىدە يېتىپ ئۇخلاش ۋە ئارام ئېلىش ئۈچۈن تۆت پۇتلۇق قىلىپ ياسالغان ئائىلە سايمىنى: ياغاچ كارىۋات. تۆمۈر كارىۋات.

**كارىۋاتلىق** سۈپ ① كارىۋىتى بار؛ كارىۋات سىغىدىغان: سۇنتاغ يېزىسىدا 40 نەچچە كارىۋاتلىق بىر دوختۇرخانا قۇرۇلدى. ② كارىۋاتقا باب كېلىدىغان، كارىۋات ياساشقا بولغۇدەك: بىر كارىۋاتلىق ياغاچ.

**كاززاپ** سۈپ [ئە] يالغانچى، ئالدامچى، ساختىپەز، قىزىل كۆز: كاززاپ ئادەم.

**كاززاپلىق** ئى ① يالغانچىلىق، ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق، قىزىل كۆزلۈك: كاززاپلىق قىلماق. ② <پەلس> كۆرۈنۈشتە شەكىل جەھەتتىن توغرا ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى قوللانغاندەك بولۇپ، ئەمەلىيەتتە لوگىكا قانۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، قارىماققا توغرىدەك، ئەمەلىيەتتە بولسا ناتوغرا يەكۈنلەرنى چىقىرىش.

**كازۇئارىن** ئى [لات] <بوت> كازۇئارىن دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. كىچىك شاخلىرى كۆل رەڭ يېشىل، كۆپ بوغۇملۇق بولىدۇ. گۈلى تاق جىنسلىق، ئاتىلىق ـ ئانىلىقى بىر تۈپتە، مېۋە رېتى شار شەكلىدە بولىدۇ. قاتتىق مېۋىسى كىچىك، قاناتلىق. ياغىچى قاتتىق، ئۇزۇن چىدايدۇ، شىپال قىلىشقا بولىدۇ. قوۋزىقىدىن كاشتان يېلىمى ئېلىنىدۇ ياكى بېلىق تورلىرىنى بوياشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**كازېئىن** ئى [ر<لات] <خىم> ھايۋانات سۈتى تەركىبىدىكى ئاقسىل ماددىسىنى كىسلاتا بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ قاتۇرۇش ئارقىلىق ئاجرىتىپ ئېلىنىدىغان پاراشوك. سارغۇچ ئاق كېلىدۇ. ئادەتتە يېمەكلىك تەييارلاشتا ئىشلىتىلىدۇ. يەنە بوياق، سۈنئىي تالا قاتارلىقلارنى ياساشتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**كازىرېك** ئى [ر] شەپكە، كەپكە قاتارلىق باش كىيىملىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇرغان يېرىم دائىرە قىسمى، سايىۋىنى، چېكىلىكى: كازىرېكى ئۇزۇن شەپكە.

**كازىرېكلىك** سۈپ. كازىرېكى بار، كازىرېككە ئىگە: قىز يېنىدىكى بېشىغا قىسقا كازىرېكلىك قاسقان شەپكە، ئۇچىسىغا قارا چىبەر قۇتتىن تالاستوپكا كىيىۋالغان، قويۇق قارا قوشۇما قاشلىرى ئاق يۈزلۈك مەسۇم چىرايىنى ئېچىپ تۇرغان بالىغا قارىدى.

**كاژ** تەق. قىزىق مايدا گۆش ۋە سەي قاتارلىق نەرسىلەرنى

قورۇغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**كاژ-كۇژ** «كاژ» قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئاشخانا ئۆيدىن كاژ-كۇژ قىلىپ سەي قورۇۋاتقان ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**كاژىلداتماق** «كاژىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كاژىلداشماق** «كاژىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كاژىلدىماق** پ. «كاژ-كاژ» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «كاژ-كاژ» قىلماق.

**كاس** تەق. مەلۇم نەرسىلەرنى چىشلەپ ئۈزگەندە، سوغۇقتىن مۇزلاپ تىترىگەندە چىشنىڭ بىر-بىرىگە سۈركىلىشىدىن چىقىدىغان ئاۋاز.

**كاسا** ئى [پ] ① پىيالىدىن چوڭراق، ئاساسەن سۇيۇقلۇق ۋە سۇيۇق نەرسە قۇيۇپ ئىچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ قاچا: بىر كاسا قېتىق. ② تاۋۇز، قوغۇن قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىدىن بۆلگەندىكى بىر پارچىسى، يېرىمى: قوغۇننى كاسا قىلىپ يېمەك. ③ ئادەم بەدىنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئىككى پۇتىنىڭ بەل بىلەن تۇتاشقان قىسمى، قوڭ، يانپاش، سۆڭگەچ: بىرى ئالدىدىكى بالداق تۈمۈرگە ئىرغىپ چىقىپ كاسىسىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى.

**كاساپەت** ئى [ئە] ① يامان ئاقىۋەتلەرگە سەۋەب بولغۇچى كىشى ياكى نەرسە: بۇ كاساپەتنىڭ كەينىگە كىرسەڭ بىرەر بالاغا يولۇقماي قالمايسەن. ② «بالا تەگكۈر»، «ئۆلگۈر» دېگەن مەنىلەردىكى ھاقارەت سۆزى: مىڭلاپ-مىڭلاپ دانلار قېنى؟ ئۈجمىنىڭ شېخىدا ئولتۇرغان مۇشۇ كاساپەتلەر يەپ كەتتى-دە. ③ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن كېلىپ «سەۋەبى، تۈپەيلى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: مېنىڭ بۇ يەرگە كىرىپ قېلىشىم ئاشۇنىڭ كاساپىتى.

**كاساپىتى تەگمەك** بىراۋنىڭ ئىشىنىڭ دەخلىسى يەتمەك، كاشىلا پەيدا قىلماق: يامانىنىڭ كاساپىتى تېگەر، ياخشىنىڭ شاراپىتى (ماقال).

**كاساپىتىگە كەتمەك** بىراۋنىڭ يامان ئىشىغا چېتىلىپ قالماق، بىراۋنىڭ سەۋەبىدىن زىيان تارتماق: ئابلىز قارىي تۇغقىنىنىڭ كاساپىتىگە كېتىپ قېلىشىدىن قورقاتتى.

**كاساپەتچىلىك** ئى. پېشكەللىك، كېلىشمەسلىك: دۇنيادا ھاراقتىن كىممۇ ياخشىلىق كۆرۈپتۇ؟ رەسۋاچىلىق، كاساپەتچىلىكنىڭ ھەممىسى ھاراقتىن چىقىۋاتامدۇ.

**كاسات** سۈپ [ئە] خېرىدارى يوق، بازىرى چىقمىغان، ئۆتمەس: كاسات مال. بازار كاسات.

**كاساتچىلىق** ئى. بازىرى بولمىغان، خېرىدارى يوق، كاسات ھالەت: بازارلار كاساتچىلىق، ئۇ ئامالسىز بازار ئىزدەپ، ئېشەكلىك يۇرتمۇيۇرت دوقۇرۇپ يۈرىدۇ.

**كاساتلاشتۇرماق** «كاساتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ قاراپ تۇرۇپ باشقىلارنى دەپ ئۆزىنى كاساتلاشتۇرغانلىق ئەمەسمۇ.

**كاساتلاشتۇرۇشماق** «كاساتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كاساتلاشتۇرۇلماق** «كاساتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كاساتلاشماق** پ. كاسات بولۇپ قالماق، بازىرى چىقماي قالماق: مەھسۇلات تۈرى ۋە ئۆلچەملىرى بازارغا ماس كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن كاساتلىشىپ بېسىلىپ قالدى.

**كاساتلىق** ئى. بازىرى چىقماسلىق، بېسىلىپ قېلىش، كىرىزىسكە دۇچ كەلگەن ھالەت.

**كاساس** ئى. دىيال. چاتقى، كارى.

**كاساڭ** ئى. يوغان ياغاچ ئاياق، تەڭنە.

**كاساڭچى** ئى. كاساڭ ياسىغۇچى ئۇستا.

**كاسايا** ئى. [سانىس] ‹دىن› راھىبلار سىرتىغا يېپىنىۋالىدىغان جەندە. نۇرغۇنلىغان چاسا پۇرۇچلاردىن قۇراپ تىكىلىدۇ.

**كاسايالىق** سۈپ. كاساياغا ئىگە، كاسايا يېپىنغان: تايلاندنىڭ ھەممە يېرىدە سېرىق كاسايالىق راھىبلار ۋە ھەشەمەتلىك بۇتخانىلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

**كاستۇرۇلكا** ئى [ر] ئاليۇمىندىن سىلىندىر شەكلىدە ياسىلىدىغان، ئىككى جىمبىلى، ئىككى قۇلىقى ۋە تۈۋىقى بولىدىغان بىر خىل كورا.

**كاستۇم** ئى [ر<فىران] قايرىما ياقىلىق، كۆكرەك ئالدى ئوچۇق، ئىككى، ئۈچ ياكى بىر تۈگمە بىلەن ئېلىنىدىغان، كاسىنى بېسىپ تۇرىدىغان سىرتقى كىيىم.

**كاستۇم-بۇرۇلكا** كاستۇم ۋە بۇرۇلكا: پەيزۇللا سارجا كاستۇم-بۇرۇلكىنى ئەمەس، ئىش كىيىمىنى كىيدى.

**كاستۇملۇق** سۈپ ① كاستۇمى بار، كاستۇم كىيگەن: ئۇدۇلدىكى تار كوچىدىن كاستۇملۇق بىر كىشى چىقىپ كەلدى. ② كاستۇم تىكىشكە يېتىدىغان: بىر كاستۇملۇق سارجا. // كاستۇملۇق سېتىۋالماق.

**كاستۇم-يوپكا** كاستۇم ۋە يوپكا.

**كاسسا** ئى [ر<ئىتال] پۇل بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدىغان، ئىقتىسادقا ئائىت مۇئامىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئايرىم ئورۇن ياكى تەشكىلنىڭ ئومۇمىي نامى: ئامانەت كاسسىسى. ھەمكارلىق كاسسىسى.

**كاسسىدە** رەۋ. «كاس» قىلىپ، «كاس» قىلغان ھالدا: كاسسىدە ئۈزۈۋالماق.

**كاسسىر** ئى [ر] <مال> ئورگان، تەشكىلات، كارخانا قاتارلىقلاردىكى نەق پۇل، چەك، تالون قاتارلىقلارنىڭ كىرىم-چىقىم ھېساباتىغا مەسئۇل خادىم.

**كاسسىرلىق** ئى. كاسسىرلار قىلىدىغان كەسىپ: رۇقىيە شەھەر مەركىزىدىكى بىر سودا ماگىزىنىدا كاسسىرلىق قىلاتتى.

**كاسكا** I ئى [ر<فىران] ھەربىيلەر، ئوت ئۆچۈرگۈچىلەر ۋە شۇ قاتارلىقلار كىيىدىغان مېتال قالپاق.

**كاسكا** II سۈپ ① قۇيرۇقىنى چاترىقىغا تىقىپ، چىشلىرىنى كاسىلدىتىپ تۇرۇپ قاۋايدىغان (ئىت ھەققىدە): كاسكا ئىت. ② كۆچمە. ئاغزى بېسىقماي تولا سۆزلەيدىغان: كاسكا خوتۇن. * بۇۋۇمنىڭ ئەل ئىچىدە «توختىخان كاسكا» دېگەن لەقىمىمۇ بار ئىدى.

**كاسكاس** سۈپ → **كاسكا** II: ھېلىقى ھەنىپەك دېگەن كاسكاس بىلەن راسا ئۇرۇشتۇم.

**كاس-كاس** «كاس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**كاسكاسلىق** ئى. ئاغزى بېسىقماي تولا سۆزلەيدىغان ئادەت.

**كاسىپ** ئى [ئە] قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانـ ـ غۇچى، ھۈنەرۋەن: قىز يەنە ماھىر كاسىپ ئىدى.

**كاسىپچىلىق** ئى ← **كاسىپلىق**:

بىز ئۇيغۇرلاردا بۇلغارچىلىق كاسىپچىلىقى خېلى تەرەققىي قىلغان. * تارىختىكى شۇ كاسىپچىلىقنىڭ نامىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان خېلى نۇرغۇن كوچا ـ مەھەللىلەر بار.

**كاسىپلىق** ئى. كاسىپلار قىلىدىغان ئىش، ھۈنەر.

**كاسىلاتماق** «كاسىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىـ ـ جىسى: ئاسىم تاۋۇزنى كاسىلىتىپ قوشۇقتا ئىشتىھا بىلەن ئويۇپ يېدى.

**كاسىلاشماق** «كاسىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كاسىلانماق** «كاسىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كاسىلداتماق** «كاسىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىـ ـ جىسى: سىڭلىمنىڭ بالىلىرى كاسىلدىتىپ چىشلەپ، ھۇزۇر بىلەن ئالما يېيىشمەكتە ئىدى.

**كاسىلداشماق** «كاسىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىـ ـ جىسى: ــ تولا كاسىلداشماڭلار، ــ دېدى ئايگۈل باشقىلارغا.

**كاسىلدىماق** پ ① «كاس ـ كاس» قىلغان ئاۋازنى چىقارـ ـ ماق، «كاس ـ كاس» قىلماق: سوغۇقتىن ئۇنىڭ چىشلىرى كاسىلداپ كېتىۋاتاتتى. ② كۆچمە. تولا سۆزلىمەك، كاپشىماق: بۇ چاغدا يەنە بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ كاسىلدىغىلى تۇردى.

**كاسىلىق** سۈپ. كاسا قىلىشقا بولىدىغان، كاسا چىقىدىغان: كاسىلىق ياغاچ.

**كاسىلىماق** پ. كاسا قىلماق، كاسا قىلىپ يارماق: قوغۇننى كاسىلاپ يېمەك.

**كاسىمىق** سۈپ. مىسكەرچىلىكتىكى كىچىك يۈزلۈك، پۇتلۇق سەندەل.

**كاسىنا** سۈپ [پ] بۇيرۇتۇلغان، بۇيرۇتۇش ئارقىلىق قىلىدـ ـ نىدىغان: ئاسىمنىڭ دادىسى شايى ـ بەقەسەم توقۇيدىغان ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ ئىدى، كاسىنا ئىش قىلاتتى.

**كاسىنە** ئى [پ] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىـ ـ دىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، ئوتتۇرىسى كاۋاك، كۆپ شاخلىنىدۇ. يوپۇرمىقى نوۋۇتلىشىپ ئۆسىدۇ، سېپى يوق. يەر ئۈستى قىسمى دورا قىلىنىدۇ، جىگەرنى تازىلاش، يۆتەلنى بېسىش، ھاسىراشنى توختىتىش رولى بار.

**كاسىنچى** ئى. بۇيرۇتما ئىش قىلىدىغان ھۈنەرۋەن، كاسىپ.

**كاسىنچىلىق** ئى. بۇيرۇتۇلغان بۇيۇملارنى تەييارلاش ئىشى؛ كاسىنا ئىش، ھۈنەر.

**كاسۋال** ئى [ر] ئۈچ قىرلىق ئېكەك.

**كاشا** ئى. يۇڭدىن توقۇلغان ياپىلاق ئارغامچا.

**كاشانە** ئى [پ] ھەشەمەتلىك، كۆركەم بىنا: تاڭ كاشانىـ ـ سىنىڭ پەردىسى ئېچىلىپ ئالەمگە ئالتۇن رەڭلىك نۇرلار چېچىلغان شەھەردە، سۇلتان ئابدۇرېشىتخان بەشكەنتكە يېقىنلاپ كەلدى.

**كاشتان** ئى [ر<لات] <بوت> ① دۇب دەرىخى ئائىلىسىـ ـ دىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ، ئارقا تەرىپىدە ئاق رەڭلىك تۈۋىتى بولىدۇ. گۈلى سارغۇچ ئاق، مېۋىسى قاتتىق مېۋە، مېۋىسىنى يېيىشكە بولىدۇ، قوۋزىقى ھەم شاكىلى تېرە ئەيلەش ۋە بوياشتا ئىشلىـ ـ تىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**كاشتانلىق** ئى. كاشتان دەرىخى كۆپ ئۆسكەن جاي، يەر.

**كاشكاپ** ئى [پ] يېزت. قايىنىتىپ چىلاپ ئىچىلىدىغان دورا: باغنىڭ ئىچىدە يىلان، كاشكاپ بولىدۇ چىلان. بار ئوتۇڭغا سەپ قويۇپ، ئەجەب قىلدىڭغۇ ھەيران.

**كاشكۇل** ئى [پ] قەلەندەرلەرنىڭ خەير ـ سەدىقە يىغىدىغان مەخسۇس ئىدىشى: ــ بۇلارغا قولىغا قەلەندەرلىك ھاسىسىنى ئېلىپ، بېلىگە قەلەندەرلىك كاشكۇلىنى باغلاپ، دىۋانىلىك قىلىشقا يارىشىدۇ، ــ دېدى ئۇ.

**كاشكى** يۈك [پ] «شۇنداق بولسا ئىدى» دېگەن مەنىدىكى بىر ئىشنىڭ ئورۇندىلىنىشىدىن ئۈمىد كۈتۈپ ئېيتىلىدىغان سۆز: بۇ قاراڭغۇدا قانداقمۇ كېتەرسىلەر؟ ئايدىڭ بولغان بولسىمۇ كاشكى.

**كاشى** ئى [پ] ① سىرلىق ساپال. ② <ئارخېئول> قەدىمكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا ئىشلىتىلگەن، ئۈستىگە ماي بوياق بېرىپ پىشۇرۇلغان ساپاللارنىڭ ئورتاق نامى.

**كاشىلا** ئى [پ] ① ماشىنا ۋە ھەر خىل ئەسۋابلارنىڭ بۇزۇـ ـ لۇشى ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان نورمالـ ـ سىزلىق: ماشىنىنىڭ ئوت ئالدۇرۇش سىستېمىسىدا كاشىلا كۆرۈلگەـ ـ نىدى. ② توسقۇنلۇق، دەخلى؛ چاتاق: كاشىلا بولماق. كاشىلا قىلماق. * سۆز قوغلىغان كاشىلىغا يولۇقار، يول قوغلىغان خەزىنىگە يولۇقار (ماقال).

**كاشىلىسىز** رەۋ. كاشىلىغا ئۇچرىماي، توسقۇنلۇقسىز: سەمەت ھېچقانداق كاشىلىسىز ھۆكۈمەت قورۇسىغا يېتىپ كەلدى.

**كاشىلىق** سۈپ. كاشىسى بار، كاشى قويۇلغان: تاۋاپ دېگىنى ئۆلارنىڭ ھەزرىتى ئاپئاق، ياسالغان ھەشەمەتلىك كاشىلىق تاغ.

**كاشىم** ئى [پ] <بوت> كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىـ ـ سىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم قايتىلانغان پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرـ ـ ماق. گۈلى ئاق، مېۋىسى سوقىچاق. يىلتىزسىمان غولى دورا قىلىنىدۇ. ھەيزنى تەڭشەش، قاننى جانلاندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش رولى بار.

**كاشىن** ئى [ر] بىر ـ بىرىگە زىچ قىلىپ يېپىشتۇرۇلغان رەڭمۇرەڭ شىشە، مەرمەر، تاش، ياغاچ ۋە شۇ قاتارلىقلاردىن ياسالغان سۈرەت ياكى نەقىش: ئۇنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرگەندە ھەممىدىن ئېگىز بىر ھەشەمەتلىك بىنا جايلاشقان بولۇپ، رەڭدار گۈمبەزلىرىنىڭ يېشىل كاشىنلىرى ئاي نۇرى بىلەن پانۇس يورۇقىدا يالتىراپ ئاجايىپ جۇلالىق كۆرۈنەتتى

**كافى** ئى [ر<گوللان<ئە] ← **قەھۋە.**

**كافېدرا (كافېدراسى)** ئى [ر<گىرېك] <مائار> ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان ئاساـ ـ سىي بىرلىك. ئادەتتە بىر ياكى بىرنەچچە ئۆزئارا مۇناسىـ ـ ۋەتلىك پەنلەر بويىچە تەشكىللىنىدۇ.

**كاكا** ئى [ر] ① تۇخۇم. ② كۆچمە. ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئەزاسى.

**كاكار** ئى. ھەربىي، ساقچى قاتارلىقلارنىڭ باش كىيىمىگە

تاقىلىدىغان ئىزناك، بەلگە.

**كاكائو** ئى [ر<ئىسپان] ① <بوت> جۇڭگو چىنارى ئائىـ
لىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇم
شەكلىدە، گۈل تاجى سارغۇچ، گۈل كاسىسى ھال رەڭ،
مېۋىسى تۇخۇم شەكىللىك، رەڭگى قىزىل ياكى سېرىق بولىـ
دۇ. ئۇرۇقى قورۇپ، پىشۇرۇلغاندىن كېيىن ئېلىنغان پاراشو ـ
كىدىن ئىچىملىك ئىشلەشكە بولىدۇ. ئۇرۇقىدىن چىقىرىلغان
ياغ دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ تىرو ـ
پىك بەلباغ رايونلىرىدىن چىقىدۇ. ② ئۇرۇقىدىن ئىشلەنگەن
پاراشوك. ③ ئۇرۇقىنىڭ پاراشوكىدىن تەييارلانغان ئىچىمـ
لىك.

**كاكتۇس** ئى [ر<لات] <بوت> كاكتۇس ئائىلىسىدىكى
كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈك. غولى شار ياكى ئېللىپس شەكلىدە،
ئەتلىك، ئۇزۇنىسىغا قىرلىق كېلىدۇ. قىرلىرى ئۈستىدە توپ
ھالەتتە ئۆسكەن تىكەنلىرى بولىدۇ. گۈلى چوڭ، قىزىل ياكى
ئاق كېلىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**كاكچا** ئى [پ] نېپىز ئېچىپ، قورۇتۇپ پىشۇرۇلغان نان:
سارىخان يۇزىگە سىيادان، پىياز سۇركەلگەن كاكچىلارنى ئوشتۇدى.

**كاككۇك** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. تېنى قارا كۈل
رەڭ، قۇيرۇقىدا ئاق داغلىرى، قورسىقىدا توغرىسىغا كەتكەن
قارا يوللىرى بولىدۇ. باش يازدا كېچە ـ كۈندۈز توختىماي
سايرايدۇ. كېپىنەك قۇرتى قاتارلىقلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. پايدىلىق
قۇش ھېسابلىنىدۇ. كۆپىنچىسى باشقا قۇشلار چاڭگىسىغا
تۇخۇم سالىدۇ.

**كاككۇكگۈل** ئى [ كاككۇك + گۈل] <بوت> ① كاككۇكگۈل
ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان ياكى يوپۇرماق
تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى
كۆپىنچە قىزىل بولىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىـ
نىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**كاكسالتاڭ** سۈپ [كاكا + سالتاڭ] قول ئىلكىدە ھېچنېـ
مىسى يوق، ھەممە دەسمايىسىدىن ئايرىلغان.

**كاكىل** ئى. تام سۇۋاش ئۈچۈن سامان ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىـ
لىدىغان لاي: تامنىڭ كاكىلىنى بۇزماق.

**كاكىللىق** سۈپ. كاكىل بىلەن سۇۋالغان؛ كاكىل قىلىنـ
غان: كاكىللىق تام.

**كاكىلىماق** پ. دىيال. تۇخۇم تۇغماق، تۇخۇم قويماق (مېكىـ
يان ھەققىدە).

**كاكىنەچ** ئى [ پ ] <بوت> چەيزە ئائىلىسىدىكى كۆپ ياكى
بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، شاخلانمايـ
دۇ، يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى ئاق، گۈل
كاسىسى مېۋىسى بىلەن بىرگە چوڭىيىپ، خالتىغا ئوخشاپ
قېلىپ مېۋىنى پۈتۈنلەي ئورىۋالىدۇ. مېۋىسى پىشقاندا قىزىـ
رىدۇ، سىرتىدىكى خالتىغا ئوخشاش گۈل كاسىسىمۇ قىزىـ
رىدۇ. ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ، دورىمۇ قىلىنىدۇ. ئىسسىقـ
نى قايتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش رولى بار.

**كاڭ** I ئى [خەن] ① ئۆينىڭ ئىچىگە خىش ياكى كېسەكـ
تىن ئېگىز قىلىپ ياسىلىدىغان سۇپا شەكىللىك قۇرۇلما.
ئۇنىڭ ئوچىقى، تېگىدە ئىس ماڭىدىغان يوللىرى بولىدۇ.
ئوچاققا ئوت قالىغاندا ئىسنىڭ تەسىرىدە ئۆي ئىسسىيدۇ.
ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىشقىمۇ، يېتىپ ئۇخلاشقىمۇ
بولىدۇ: يىگىتلەر چىراغ كۆتۈرۈپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرگەندە 17 ــ
18 ياشلاردىكى بىر قىز كاڭدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. ② تۆمۈرچىلەر
ئىشلىتىدىغان شامال ساندۇقىنىڭ ئاستىنقى قېرىنچىسى.

**كاڭ** II تەق ① ئىتنى ئۇرغاندا ياكى ئىت بىرنەرسىدىن
زەربە يېگەندە چىقىدىغان ئاۋاز. ② مەيدىسىگە سوغۇق تەگكەنـ
لىك تۈپەيلى قاتتىق يۆتەلگەندە چىقىدىغان ئاۋاز.

**كاڭشتماق** «كاڭشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كاڭششماق** «كاڭشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى:
ئۇ ياققا، بۇ ياققا قوغلىشىپ يۈرگەن ئىتلارنىڭ كاڭشىشلىرى ۋە ئېشەكـ
لەرنىڭ ھاڭرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**كاڭشىماق** پ ① «كاڭ» قىلماق، «كاڭ ـ كاڭ» قىلغان
ئاۋازنى چىقارماق: مەن ئىتنى يىراققا قوغلىۋېتەي، بولمىسا كاڭشىپ
ئۇيقۇلىرىنى بۇزىدۇ. ② كۆچمە. ئۇشىشاق گەپنى تولا قىلماق،
ۋالاقشىماق: ــ نېمە؟! سەن بۆرىنىڭ كۈچۈكى نېمىدەپ كاڭشىۋاتىسەن؟

**كاڭكا** I ئى. دىيال. كالىلەك، مونەك.

**كاڭكا** II ئى. دىيال. چوڭ سېۋەت.

**كاڭ ـ كاڭ** «كاڭ II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**كاڭكىلماش** ئى. دىيال. كالىلەك، مونەك.

**كاڭلىق** سۈپ. كېڭى بار، كاڭ سېلىنغان: كاڭلىق ئۆي.

**كاڭمەنزە** ئى [خەن] كاڭنىڭ ئۈستىگە يايىدىغان، سامان
ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدىغان چوڭ كېسەك.

**كاڭلىداماق** پ. «كاڭ ـ كاڭ» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق،
«كاڭ ـ كاڭ» قىلماق: ئۇنىڭ مەيدىسىگە سوغۇق تېگىپ قالدىمۇ،
نېمە، توختىماي كاڭلىداپ يۆتەلگىلى تۇردى.

**كالا** I ئى ① <زوئول> سۈت ئەمگۈچى، تېنى چوڭ، ئاچا
تۇياقلىق ھايۋان. بېشىدا كۆپىنچىسىنىڭ بىر جۈپ مۈڭگۈزى،
قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىدا ئۇزۇن تۈكلىرى بار، كۆشەيدۇ. كۈچلۈك،
ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ. سۈت، گۆشلىرى ئىستېمال
قىلىنىدۇ. تېرىسى، تۈكى ۋە سۆڭەكلىرىنىڭ پايدىسى كۆپ.
② <ئاستر> مۇچەل يىل ھېسابىدا ئىككىنچى يىلنىڭ نامى ؛
كالا يىلى.

**كالا** II ئى. دىيال. تەپكۈچ ئويۇنىنىڭ پاشنا بىلەن تېپىپ
ئوينايدىغان بىر خىل شەكلى.

**كالاچ** ئى [ر] ئۆتۈك، مەسە، بەتىنكە، شىبلىت قاتارلىق
ئاياغلارنىڭ ئۈستىگە قاپلاپ كىيىدىغان رېزىنكە ئاياغ كىيىـ
مى: ئەخمەت ئالىقانلىرى بىلەن باينىڭ كالىچىنى سۈرتۈۋاتاتتى.

**كالاسكا** ئى [ر] ئىككى ئات قوشىدىغان تۆت چاقلىق
ھارۋا.

**كالاڭ** سۈپ. قىڭغايغان، ئەگرى، تۈز ئەمەس (ئاپتوموبىل،
تىراكتور، ھارۋا، ۋېلىسىپىت قاتارلىقلارنىڭ چاقى ھەققىدە):
كالاڭ چاق. كالاڭ كەتمەك.

**كالاڭچۇر** ئى [خەن<ئىنگ] <تەن> بىر خىل كۆڭۈل

ئېچىش ئويۇنى. چۆرىسىدە ئېگىز قىرى، تۆت بۇلۇڭىدا يۇمىلاق تۆشۈكى بار چاسا تاختا ئۈستىگە جۇڭگوچە شاھمات ئۇرۇقىغا ئوخشاش شەكىلدىكى ئۇرۇقلار قويۇلۇپ، ئوينىغاندا بەلگىلەنگەن قائىدە بويىچە بىر تال تاياق بىلەن ئۆز ئۇرۇقىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز تۆشۈكىگە بالدۇر ئۇرۇپ كىرگۈزۈۋەتكەنلەر غەلىبە قىلغان بولىدۇ.

**كالام** ئى [ئە] يېز ت. سۆز، گەپ: ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام (ماقال).

**كالامۇس** ئى [لات] <بوت> پالما ئائىلىسىدىكى پىلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن، گۈلى سارغۇچ يېشىل، ئاتىلىقى ۋە ئانىلىقى ئايرىم تۈپتە بولىدۇ. مېۋىسى ئېللىپسسىمان كېلىدۇ. غولىنى پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىن، نەرسىلەرنى توقۇشقا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**كالامۇللا** ئى [ئە] ئاللانىڭ سۆزى؛ قۇرئان: — ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز، — دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ، — كالامۇللانى تۇتۇپ قەسەم قىلىپ بېرىمەن.

**كالامۇللا ئۇرسۇن** «خۇدا ئۇرسۇن» دېگەن مەنىدىكى قەسەم سۆزى.

**كالامىتېس** ئى [لات] <بوت> قەدىمكى ئۆسۈملۈك. 30 مېتىر ئەتراپىدا ئېگىز ئۆسكەن. كاربون دەۋرى ۋە ئىككىلەمچى دەۋرلەردە ياشاپ ئىزى يوقالغان. تاشقا ئايلانغان قېزىلما قالدۇقلىرى تېپىلدى.

**كالامشېرىپ** ئى [ئە] ← **كالامۇللا:** بىز ئوقۇۋاتقان كالامشېرىپتا كىشىنىڭ ھەققىنى يېيىش ھارام دەپ يېزىلغان.

**كالان** سۈپ [پ] يېزت. چوڭ، يوغان، بۈيۈك: ۋەزىر - ۋۇزرا، كالانلار، پۇستانە ھەم پالانلار، ئاشپەز، ناۋاي، سۇچىلار، دېھقان، مالچى ئۇۋچىلار ئەپەندىمگە يالۋۇرۇپ، دەپتۇ: ئۆزۈڭ داناسەن، بىر ئامال قىل يەنە سەن.

**كالانپاي** سۈپ [پ] قوپال، يوغان، كېلەڭسىز، ئىش قاملاشتۇرالمايدىغان: كالانپاي ئادەم. كالانپاي ئورۇندۇق.

**كالانپايلاشتۇرماق** «كالانپايلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كالانپايلاشماق** پ. كالانپاي بولۇپ قالماق، قوپاللاشماق، كېلەڭسىزلەشمەك: ئۆزۈممۇ قېرىغانسېرى بەك كالانپايلىشىپ كېتىۋاتىمەن.

**كالانپايلىق** ئى. كېلەڭسىزلىك، قوپاللىق: ئۇنىڭ كالانپايلىقى ھەممەيلەننىڭلا نارازىلىقىنى كۈچەيتىۋەتتى.

**كالپۇك** ئى. ئادەم ۋە ھايۋانلار ئاغزىنىڭ چۆرىسى، لەۋ: كالپۇك بولمىسا چىش توڭۇپتۇ (ماقال).

**كالپۇكىنى چىشلىمەك** ① ئاچچىقىغا هاي بەرمەك، ئاچچىقىنى باسماق: ئاچچىقىڭ كەلسە، كالپۇكۇڭنى چىشلە (ماقال). ② ئەپسۇس دەپ قالماق، پۇشايمان قىلماق: — بىز بىلەن ماڭ ئاغىنە، بولمىسا كېيىن كالپۇكۇڭنى چىشلەپ قالىسەن، — دېدى ئۇ ماڭا.

**كالپۇكسىمان** سۈپ. كالپۇككا ئوخشايدىغان، كالپۇك شەكىلدىكى: كالپۇكسىمان گۈل.

**كالپۇكلۇق** سۈپ. كالپۇكى بار: ئات كالپۇكلۇق بولار، ئادەم

بۇرۇتلۇق (ماقال).

**كالتارتماق** پ. دىيال. قىسقا، كالتە هالەتكە كەلتۈرمەك: ئېگىز - ئېگىز دەرەخنى توغراپ كېسىپ كالتارتتۇق، بۇ زاماننىڭ ياشلىرىنى قوشاق ئېتىپ يالتايتتۇق.

**كالتە** سۈپ [پ] ئۇزۇن ئەمەس، قىسقا: كالتە قونچلۇق ئۆتۈك. كالتە يۆتەل.

**كالتە قوشۇقنىڭ سېپى تەگمەك** كىچىككىنە مەنسەپكە ئەمەلگە ئېرىشمەك: ۋاي خۇدايىم، ساڭا تېخى تۇنۇگۈن كالتە قوشۇقنىڭ سېپى تېگىپ قاپتىكەن، نېمانچىۋالا قىلىپ كېتىسەن؟!

**كالتە قۇيرۇق** قول ئىلكىدە بولمىغان، گاداي: — نادەمنىڭ ئاكىسى نادىر كالتە قۇيرۇق كىشىلەرنى قۇترىتىپ بىزنى يوقاتماقچى بولغان، — دېدى ئەختەمباي.

**كالتەك** ئى [پ] ① قىسقا، تومراق تاياق: كالتەك بىلەن ئۇرماق. ② تاياق، توقماق، مۇشتلارنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن بېرىلگەن زەربە: سېنىڭ كالتىكىڭنى كۆتۈرەلمەيمەن.

**كالتەك توپ** <تەن> ① توپ تۈرلىرى تەنھەرىكىتىنىڭ بىر خىلى. قائىدىسى ۋە ئىشلىتىلىدىغان سايمانلىرى قورغان توپتىن سەل پەرقلىنىدۇ. ② كالتەك توپ ھەرىكىتىدە ئىشلىتىلىدىغان توپ. كىچىك ۋە قاتتىق بولىدۇ.

**كالتەكچى** ئى ① كالتەك تۇتقۇچى، كالتەك ئىشلەتكۈچى. ② بىراۋلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن باشقىلارغا ھەيۋە قىلىدىغان، بىراۋلارغا خىزمەت قىلىدىغان كىشى؛ چوماقچى: كالتەكچىلەرنىڭ چوقان - سۈرەنلىرى بىر ئاز پەسەيدى.

**كالتەكلەتمەك** «كالتەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كالتەكلەشمەك** «كالتەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: خەلق قوزغىلىپ بۇ ئوغرىلارنى غەزەپ بىلەن كالتەكلەشتى.

**كالتەكلەنمەك** «كالتەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ قېتىم ئۇ كالتەكلەندى.

**كالتەكلىمەك** پ ① كالتەك بىلەن ئۇرماق: بۇنى كۆرگەن ھېلىقى كىشى چىداپ تۇرالماي، قاتىلنى تازا كالتەكلىدى. ② كۆچمە. مەنىۋى جەھەتتىن زەربە بەرمەك، قاتتىق تەنقىدلىمەك: ئۇ دۈشمەننى ئاجايىپ سۆزلەر بىلەن كالتەكلەيتتى.

**كالتە - كۆسەي** تايىنى يوق، ئۇششاق - چۈششەك: كالتە - كۆسەي ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى چېپىش باشقا گەپ، سۇ قۇرۇلۇشى بىلىم بىلەن بولىدىغان ئىش.

**كالتە - كۇتە** پارچە - پۇرات، ئۇششاق - چۈششەك، تايىنى يوق، ئۇزۇن - قىسقا: كالتە - كۇتە ئىش قىلماق. كالتە - كۇتە گەپ قىلماق. كالتە - كۇتە ياغاچ.

**كالتىست** ئى [ر<لات] <گېئول> ئاق ياكى باشقا رەڭلەر سەل - پەل ئارىلاشقان بىر خىل مىنېرال. ئۇنى بىناكارلىق قۇرۇلۇشى، ھەيكەلتىراشلىق ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساشقا ماتېرىيال قىلغىلى بولىدۇ.

**كالتسىي** ئى [ر<لات] <خىم> ① مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Ca (Calcium). ئاق رەڭدە، خىمىيەۋى خۇسۇسىيىتى ئاكتىپ. كالتسىينىڭ بىرىكمىلىرى بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ۋە دورىگەرلىكتە كەڭ قوللىنىلىدۇ. ئۇ ئادەم قېنى ۋە سۆڭەكلەردە بولىدۇ. كالتسىي ئادەم بەدىنىدە كەم بولسا، راخىت كېسىلى پەيدا بولىدۇ. پۇت - قول تارتىشىدۇ. ② ھاك ماددى-

سى.

**كالتسىلاشتۇرماق** «كالتسىيلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كالتسىيلاشتۇرۇلماق** «كالتسىيلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كالتسىيلاشماق** پ <فىزىيول> ئورگانىك توقۇلمىلار كالتسىي ئولتۇرۇشۇپ قېلىش نەتىجىسىدە قاتتىقلاشماق.

**كالتسىيلىق** سۈپ. تەركىبىدە كالتسىي بولغان، كالتسىيغا ئىگە: كالتسىيلىق دورا. كالتسىيلىق يېمەكلىك.

**كالتساق** ئى. دىيال. قىسقا قونچلۇق ئۆتۈك.

**كالچارىماق** پ ← **كالچايماق**: چىرايلىق قىز ئىتتىك مېڭىپ تاتار قىزغا يانداشتى ـ دە، سائىتىنى كۆرسىتىپ نېمىنىدۇر دېدى. بىزنىڭ نەمەت يەنە ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى ـ دە، بىرنېمىلەرنى دەپ كالچارىدى.

**كالچاڭ** سۈپ. يوغىناپ قىڭغىر بولۇپ كەتكەن، چوڭلاپ مايماق كەتكەن: كالچاڭ ئېغىز. كالچاڭ ئاياغ.

**كالچايتماق** «كالچايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دىلمۇرات ئاغزىنى كالچايتىپ مەسخىرىلىك كۈلۈپ كەتتى.

**كالچايماق** پ. ئاغزىنى بىر يانغا يوغان ئېچىپ سەت ھىجايماق، كۈلمەك: «ئۆلمەن دېسە تازىنىڭ كۈلكىسى كەپتۇ» دېگەندەك نېمە كالچىيىپ كەتتىڭ.

**كالچىيىشماق** «كالچايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كالدىر** تەق. چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دېيىشكە، سۆزلەشكە تەقلىد قىلىنىدۇ.

**كالدىر ـ كالدىر** «كالدىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇلار كالدىر ـ كالدىر قىلىشىۋەرسە، قانداق ئۆگەنگىلى بولىدۇ؟

**كالدىر ـ كۇلدۇر** «كالدىر» قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**كالدىرلاتماق** «كالدىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كالدىرلاشماق** «كالدىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇ ئەسنادا مېنىڭ ئارقامدىلا كىملەرنىڭدۇر كالدىرلاشقىنى ئاڭلاندى.

**كالدىرلىماق** پ. چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دېمەك: ئۇمۇ ماڭا بىرنەرسىلەرنى كۆرسىتىپ كالدىرلايدۇ، مەنمۇ بىلەر ـ بىلمەي «ھە، ياق» دەپ قويىمەن.

**كاللا** ئى [پ] ① ئادەم ۋە ھايۋانلار بويىنىنىڭ كۆز، قۇلاق، ئېغىز، بۇرۇن قاتارلىق ئەزالار جايلاشقان قىسمى؛ باش. ② كۆچمە. مېڭە؛ ئەقىل: كاللىسى ئىشلىمەك. كاللىسى ئۆتكۈر. كاللا بىلەن ئىش قىلماق.

**كاللا دېسە، پاقالچاق دېمەك** بۇ ھەقتە سورىسا، ئۇ ھەقتە جاۋاب بەرمەك؛ تاغدىن گەپ قىلسا، باغدىن جاۋاب بەرمەك: كاللا دېسە، پاقالچاق دەيدۇ، پىشۇرۇپ بېرەي دېسە خام يەيمەن دەيدۇ (ماقال).

**كاللا سوقۇشتۇرماق** ئارىغا زىددىيەت سالماق، زىتلاشتۇرماق: باتۇر كاللا سوقۇشتۇرۇش ھېسابىغا ئۆز ئەمەلىنى ئۈستۈرمەكچىدى.

**كاللىسىدىن تۈكلۈك ئاچماق** ئوق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرمەك: ـــ ئەگەر مىلتىق بولغىنىدا بۇ ئۆلگۈرلەرنىڭ كاللىسىدىن تۈڭلۈك ئېچىۋېتەتتىم! ـــ دېدى ئالىم.

**كاللىسىدىن ئۆتمەك** قوشۇلماق، ماقۇل بولماق: ـــ بۇ ئىش ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتەمدۇ ـــ يوق؟ گەپ مۇشۇ يەردە، ـــ دېدى ئالىم ئاكام.

**كاللىسىدىن ئىس چىقماق** ئېتىپ ئۆلتۈرۈلمەك.

**كاللىسى قاتماق** نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالماق، گاڭگىرىماق: ۋەزىر كاللىسى قاتقان ھالدا غەمگە پېتىپ ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ.

**كاللىسى قىزىپ كەتمەك** بىر ئىشنىڭ ئالدى ـ كەينىنى ياخشى ئويلىماستىنلا شۇ ئىشنى قىلىشقا ئالدىرىماق: ھازىر سىېنىڭ كاللاڭ قىزىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ. ئالدىرىما، مەيلى قانداق بولمىسۇن، بىز ئۆزىمىزنىڭ يولىدا ماڭىمىز.

**كاللىسىنى سىلكىۋەتمەك** ھوشيار بولماق، سەگەك بولماق، ياخشى ئويلانماق.

**كاللىمۇ يېمەي، چىشمۇ چاقماي** زىيانمۇ تارتماي، پايدىمۇ ئالماي، بىتەرەپ ھالدا: بولدى قىلساڭچۇ ئەپەندى، كەنجەم چىشمۇ چاقماي، كاللىمۇ يېمەي مەندەك ئۆتىۋەرسە، بىلىم ئۆزۈڭ بىلەن كەتسە بولمىدىمۇ.

**كاللا ـ پاچاق** كاللا ۋە پاچاق: كاللا ـ پاچاق ئۇتلىمەك.

**كاللا ـ پاقالچاق** كاللا ۋە پاقالچاق.

**كاللەك** [پ] ① ئى. يىغىلىپ، ئۇيۇشۇپ، توپلىشىپ يۇمىلاق ياكى قېتىشما ھالەتكە كەلگەن نەرسە، توپ: قەغەز كاللەكلىرى. * يول ياقىسىدا قىغ كاللەكلىرى تۇراتتى. ② سۈپ. يىغىلغان، توپلانغان، ئۇيۇل قىلىنغان: ـــ ئۇلۇغ شاھى ئالەم، دادامدىن قالغان كېپەك ئالتۇنغا كاللەك ئالتۇن تېگىشىپ بېرەمدىكىن، ـــ دەپ ئېگىلىپ سالام بېرىپتۇ يىگىت . ③ مىق. ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: بىر كاللەك يىپ. بىر كاللەك پۇل.

**كاللەكبەسەي** ئى [كاللەك + بەسەي] <بوت> كىرىېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى چوڭ، سىلىق، سېپى ئىنتايىن قىسقا، نۇرغۇنلىغان يوپۇرماقلار قاتمۇقات دەستىلىنىپ كاللەك ھاسىل قىلىدۇ. گۈلى سېرىق، ئادەتتىكى كۆكتاتلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**كاللەك ـ كاللەك** بىرقانچە كاللەك، نۇرغۇن كاللەك: ھەممە يەردە كاللەك ـ كاللەك قىپقىزىل مىس سىملار پارقىراپ تۇراتتى.

**كاللەكلەشتۈرمەك** «كاللەكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كاللەكلەشتۈرۈلمەك** «كاللەكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كاللەكلەشمەك** پ. كاللەك ھالەتكە كەلمەك، كاللەك بولماق: سۈت پاراشوكى كاللەكلەشكەن، پۇرىقى ئۆزگەرگەن بولسا بۇزۇلغان ھېسابلىنىدۇ.

**كاللەكلەنمەك** «كاللەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى .

**كاللەكلىمەك** پ. كاللەك ھالەتكە كەلتۈرمەك، كاللەكلەشتۈرمەك: يىپنى تۈرۈپ كاللەكلىمەك.

**كاللىپاي** سۈپ [كاللا + پاي] مالىماتاڭ، قالايمىقان: كاللىپاي سۆزلىمەك.

**كاللىپەز** ئى [پ] ئۆپكە ـ زاسۈي، كاللا ـ پاقالچاق پىشۇرۇپ ساتىدىغان كىشى: ـــ ھوي بۇرادەر، سەن ھېلىقى شەھەرنىڭ ھاكىمى ئەمەسمۇ؟ ئەجەبا، ئەمدى كاللىپەزنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپسەنغۇ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ پادىچى.

**كاللىپەزخانا** ئى [پ] ئۆپكە ـ زاسۈي، كاللا ـ پاقالچاق

پىشۇرۇپ ساتىدىغان ئۆي.

**كاللىپەزلىك** ئى. ئۆپكە ـ زاسۇي، كاللا ـ پاقالچاق پىشۇرۇپ سېتىش ئىشى، ئوقىتى.

**كاللىكېسەر** ئى [كاللا + كېسەر] ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ئادەم، جاللات: شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئالدىراشلىق ئىچىدە بىر قىسىم ئەشەددىي كاللىكېسەرلەردىن جازا ئەترىتى تەشكىللەپ ئىنقىلابىي يولداشلارنى قەتل قىلدى.

**كاللىگىر** ئى ← **پاشنا.**

**كاللىماشاڭ** رەۋ. ئېلىشىپ كەتكەن، قالايمىقان، باش ـ ئايىغىنىڭ تايىنى يوق: كاللىماشاڭ قىلىۋەتمەك.

**كالورىمېتىر** ئى [ر<لات + گىرېك] <فىز> ئىسسىقلىق مىقدارىنى ئۆلچەپ بېكىتىش ھەمدە سېلىشتۇرما ئىسسىقلىق سىغىمى، يوشۇرۇن ئىسسىقلىق سىغىمى ۋە خىمىيەلىك رېئاكسىيە ئىسسىقلىق سىغىمىنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنە.

**كالورىيە** مىق [ر<لات] <فىز> ئىسسىقلىق ئۆلچەم بىرلىكى، يەنى بىر گىرام سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى 1℃ ئۆرلىتىش ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان ئىسسىقلىق. ئادەتتە كىلوكالورىيە (كالورىيەنىڭ مىڭ ھەسسىسى) قوللىنىلىدۇ.

**كالوگ** ئى [لات] <بوت> قىزىل يۇسۇنلەرنىڭ بىر خىلى. توپ بولۇپ ئۆسىدۇ. ئادەتتە يوپۇرماقسىمان ياپىلاق ھالەتتە بولۇپ، تۇتۇق سۆسۈن رەڭدە بولىدۇ. قۇرۇغاندىن كېيىن رەڭگى قارىيىدۇ، تېبابەتتە ئاسكارىدانى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**كالومېل** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئانورگانىك بىرىكمە. ئاق رەڭلىك پاراشوك. نورمال ئېلېكترون ياساشتا قوللىنىلىدۇ، دورىگەرلىكتە سۈرگە قىلىنىدۇ ۋە ئۈچەي دېۋارلىرىنى دېزىنفېكسىيەلەشتە ئىشلىتىلىدۇ.

**كالون** ئى [ر<فىران] ھەر خىل ماشىنىلارنىڭ ئۆز تۈرى بويىچە يىغىلغان گۇرۇپپىسى ۋە شۇنداق گۇرۇپپىلارنى باشقۇرىدىغان ئورگان: ماشىنا كالونى. ئاپتوبۇس كالونى.

**كالوننا** ئى [ر<فىران] ① ھەربىي قىسىمدىكى ئىشتات بىرلىكى. مەملىكىتىمىزدە ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئارمىيە ئارىسىدا تەشكىللەنگەن. ئادەتتە جۇن بىلەن تەڭ. ② سەپ: ئالدى بىلەن نەيزىلىك مىلتىقلىرىنى مەھكەم تۇتقان باشلامچى كالوننا، ئاندىن ئاپتوماتچىلار، پىلىموتچىلار، مىناميوتچىلار مەيداندىن ئۆتتى.

**كالۇ** ئى. دىيال. كويلا.

**كالۋا** سۈپ [پ] كاللىسى تازا ئىشلىمەيدىغان، زېھنى ئۆتكۈر بولمىغان، ئەقىلسىز، دۆت: زېرەك بالا تېپىپ سۆزلەيدۇ، كالۋا بالا كۆپۈپ سۆزلەيدۇ (ماقال).

**كالۋالاشتۇرماق** «كالۋالاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ـــ ھېسابات قانداق بولىدۇ؟ ـــ دېدى تىلىنى كالۋالاشتۇرۇپ ناسىر.

**كالۋالاشتۇرۇلماق** «كالۋالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كالۋالاشماق** پ ① دۆتلەشمەك، ئەقىلسىزلەشمەك، كالۋا بولماق: ئۇ بارغانسېرى كالۋالىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ② تىلى گەپكە كەلمەي قالماق، دۇدۇقلىماق: ـــ كىم... كىمسەن؟ ـــ دەپ تۇۋلاپتۇ باي تىلى كالۋالىشىپ. ③ ئالمىشىپ، تەمتىرەپ، راۋرۇس ماڭالماي قالماق (پۇت ھەققىدە): نازىمنىڭ پۇتلىرى كالۋالىشىپ بىر قەدەممۇ ماڭالمىدى.

**كالۋالىق** ئى. ئەقىلسىزلىق، دۆتلۈك: كالۋالىق قىلماق. * ـــ غەرەز ئۇقمايدىغان كالۋالىقىڭىز قاچانمۇ تۈگەر؟ ـــ دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن.

**كالۋۇتون** [پ] ① ئى. ئالتۇن ياكى كۈمۈش رەڭلىك يىپ، زەر يىپ. ② سۈپ. شۇ خىل يىپتا توقۇلغان ياكى تىكىلگەن: كالۋۇتون دوپپا.

**كالېندار** ئى [ر<لات] <ئاستر> ① يىلنىڭ پەسىل، ئاي، مەۋسۇم، ھەپتە ۋە كۈنلىرىنى تەرتىپ بويىچە كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھەمدە باشقا مەلۇماتلارمۇ قوشۇمچە بېرىلىدىغان جەدۋەل ياكى كىتابچە؛ چېسلا: ئۈستەل كالېندارى. ئاسما كالېندار. ② يىلنىڭ پەسىل، ئاي، مەۋسۇم، ھەپتە ۋە كۈنلىرىنى ھېسابلاش سىستېمىسى؛ يىلنامە: مىلادىيە كالېندارى. ھىجرىيە كالېندارى.

**كالېندارچىلىق** ئى. كالېندار تۈزۈش ئىشى، كەسپى: دۆلەتىمىزدە كالېندارچىلىق خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە.

**كالېندارلىق** سۈپ. كالېندارى بار، كالېندار ئورۇنلاشتۇرۇلغان؛ چېسلالىق: ئۇ بىلىكىدىكى كالېندارلىق سائەتكە قارىدى، چېسلا «18» رەقەمنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

**كالىبىر** ئى [ر<فىران] <ھەرب> مىلتىق، توپ قاتارلىق ئېتىش قوراللىرى ئىستوۋۇلىنىڭ دىيامېتىرى: كالىبىرى چوڭ زەمبىرەك.

**كالىبىرلىق** سۈپ. مەلۇم كالىبىرغا ئىگە بولغان: چوڭ كالىبىرلىق مىلتىق.

**كالىچىلىق** ئى. كالا بېقىش، كالا نەسىللەندۇرۇش ئىشى، پائالىيىتى: كالىچىلىق فېرمىسى.

**كالىفورنىي** ئى [ر<لات] <خىم> رادىيوئاكتىپلىق مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Ca(Califormium). زەررىلىرى ئارقىلىق ماسسىسى 242 بولغان كيۇرىينى بومباردىمان قىلىش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ.

**كالىقۇلاق** ئى [كالا + قۇلاق] <بوت> چوقا ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غوزا مېۋىسى پىشقاندا يېرىلىدۇ، رەڭگى قارامتۇل قوڭۇر. پۇتۇن تېنى ۋە يوپۇرمىقى دورا بولىدۇ. قان توختىتىش، ياللۇغ ياندۇرۇش، جاراھەت زەھىرىنى كېسىش روللىرىغا ئىگە.

**كالىكەندىر** ئى [كالا + كەندىر] <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. چوكا مېۋىسى ئۇزۇن ھەم تار، ئۇرۇقى كۆپ. تالالىرى كەندىر ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. غولى ۋە يوپۇرماقلىرى ئات ـ كالىلارغا يېشىل بوغۇز قىلىنىدۇ.

**كالىكومشار** سۈپ [كالا + كومشار] ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيدىغان، دۆت، ئىش قاملاشتۇرالمايدىغان: ھوي كالىكومشار، ئۆزۈڭگە تۇشلۇق ئىش قىلساڭ بولمامدۇ؟

**كالىكومشارلىق** ئى. دۆتلۈك، ئىش قاملاشتۇرالماسلىق،

گالۋاڭلىق.

**كالىنا** ئى [ر] <بوت> ئۈچقات ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق
تاشلايدىغان چاتقال. گۈلى كىچىك، ئاق، مېۋىسى كەڭ،
تۇخۇمسىمان، توق قىزىل كېلىدۇ. قوۋزىقىدىن ئارغامچا
ئېشىشكە بولىدۇ. مېۋىسى پىشىپ قىزارغاندا يېيىشكە، ئۇرۇ-
قىدىن ياغ چىقىرىشقا بولىدۇ.

**كالىۋا** ئى [پ] ئورام، توپ (يىپ ھەققىدە): بىر كالىۋا
يىپ. * ئۇلار مەشۇتلارنى كىچىك غالتەكلەرگە يۆتكەپ، تەپلىگە سېلىپ
كالىۋا قىلىۋاتاتتى.

**كالىي** ئى [ر<ئە] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى
K(KaIium). كۈمۈش رەڭلىك، مومغا ئوخشايدۇ، سوزۇلۇشچان-
لىقى ئېگە. خىمىيەۋى خۇسۇسىيىتى ئاكتىپ، ھاۋادا ئوڭاي
ئوكسىدلىنىدۇ، سۇ بىلەن ئۇچراشسا ھىدروگېن ھاسىل
بولىدۇ ھەم پارتلاش پەيدا قىلىدۇ. ئۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈشى ۋە
يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. كالىينىڭ بىرىكمىلىرى سانا-
ئەتتە كەڭ ئىشلىتىلىدۇ.

**كالىيلىق** سۈپ. تەركىبىدە كالىي بولغان، كالىي ئارىلاش-
تۇرۇلغان: كالىيلىق ئەينەك. كالىيلىق ئوغۇت.

**كامار** ئى [پ] ① ئويۇلغان جاي، تۆشۈك: توشقان يۈگۈرۈپ
بېرىپ تاغدىكى بىر كامارغا كىرىپ كېتىپتۇ. ② ئۇۋا، ئىن: چاشقاد-
نىڭ كامىرى. قۇشقاچنىڭ كامىرى.

**كامال** I ئى [ئە] يېزىت ① تولۇقلۇق، كەم-كوتى-
سىزلىق، مۇكەممەللىك. كامالەت: رەھمەت، ئۆكام، يېتىم-يې-
سىرلارنىڭ بېشىنى سىلىغىنىڭىز ئۈچۈن، خۇدايىم كامالىڭىزغا يەتكۈ-
زەر. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**كامال** II ئى. دىيال. گىلەمنىڭ ئۆرۈشلىرىنى يۇرۇشتۇرۇ-
دىغان كالتەك.

**كامالەت** ئى [ئە] تولۇق يېتىشكەنلىك، مۇكەممەللىك؛
ئالىي دەرىجە: كامالەت تاپماق. كامالەتكە يەتمەك.

**كامالەتلىك** سۈپ. كامالەتكە ئېرىشكەن، كامالەتكە يەتكەن:
ئەگەر كامالەتلىك كىشىلەردىن بولاي دېسەڭ، كامالەتنىڭ نۇرىنى
كۆرسەتمىگەنلەردىن ئۆز سىرىڭنى يوشۇر.

**كامالەك** ئى [پ] قاتتىق ياغاچنى ئىككى ئۇچىدىن يىپ
تارتىپ ئېگىپ، يېرىم دائىرە شەكلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق
ياسالغان ھەمدە نەيزە، ئوق قاتارلىقلار ئېتىلىدىغان بىر خىل
قەدىمىي قورال؛ ياي، كامان.

**كامان** [پ] ① ئى. ئوقيانىڭ ئوقتىن باشقا قىسمى، يايى؛
كامالەك: ئىككى ئاتنىڭ ئارىسى يېقىنلاشقاندا، جامالىدىن تېزلىكتە
كامانىنى توغرىلاپ ئوق ئۈزدى. ② سۈپ. كامالەككە ئوخشاش،
ئېگىلگەن، قايرىلما (قاش - قامەت ھەققىدە): كامان قاشلىرىنى
قېقىپ بارادۇر، يۇرەككە ئوتلار يېقىپ بارادۇر.

**كامانچە** ① ئى. كىچىك كامان، كاماننىڭ كىچىكى. ② ئى
<مۇز> غىجەك، ئىسكىرىپكا قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنى
چېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ۋە بىر ئۇچىدىن ئىككىنچى
بىر ئۇچىغا قىل تۇتامى تارتىلغان تاياقچە: سەيدۇللام كامانچىنى
ئىسكىرىپكا تارلىرى ئۈستىگە قويۇشى بىلەن ئېچىنىشلىق بىر سادا
كۆتۈرۈلدى. ③ ئى. چىگىچىلىك، قاداقچىلىق قاتارلىق كەسىپ-
لەردە پەرمىنى ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان،
مۇزىكا كامانچىسىغا ئوخشايدىغان ئەسۋاب: دەرۋەقە، دادىسى
ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ قىرغۇ بىلەن كامانچىغا تايىنىپ چىراغ
يېغى ۋە چاي - تۇزنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ تۇردى. ④ سۈپ. كامانغا
ئوخشاش، ئېگىلگەن، قايرىلما: كامانچە قاش.

**كامانچىلىق** سۈپ. كامانچىسى بار، كامانچە بىلەن چېلىنى-
دىغان: غىجەك ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان كامانچىلىق چالغۇ.

**كاماندار** ئى [پ] يېزىت. ئوقيا ئاتقۇچى.

**كاماندارلىق** ئى. يېزىت. ئوقيا ئېتىش ئىشى: ئۇ شەمشەرۋاز-
لىق، كاماندارلىقتا ماھىر بولۇپ، شەمشەرۋازلىقنى ياخشى كۆرەتتى.

**كاماندىروپكا** ئى [ر] ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنىدىن باشقا
بىر جايغا بېرىپ بېجىرىدىغان ئىش: نىجاتنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىزلا
كاماندىروپكىغا چىقىشى ئۇنى ھەيران قالدۇردى.

**كامبالا** ئى [ر<فىنچە] <زوئول> كېپىنەكسىمان بېلىق،
كوسوروت ۋە يېنى يېسسى بېلىقلارنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇلار
دېڭىز ئاستىدا ياشايدۇ.

**كامپاش** ئى. دىيال. قومۇش پۆپۈكى.

**كامفارا** ئى [ر<لات<ئە] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە.
مولېكۇلا فورمۇلاسى $C_{10}H_{16}O$. رەڭسىز، سۈزۈك ھەم قاتتىق
جىسىم. تەمى قىرتاق، خۇشبۇي پۇرايدۇ، ئاسان ئۇچىدۇ.
ئادەتتە كامفورا دەرىخىنىڭ شاخ، يوپۇرماقلىرىدىن ئېلىنىدۇ.

**كامفان** ئى [ئىنگ] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، يەنى
كادانىنىڭ ئاللوتىروپىك شەكىل ئۆزگىرىشى بولۇپ، ئاق
رەڭلىك كىرىستال. نافتالىن پۇرىقىغا ئىگە، ئاسان ئۇچىدۇ،
خىمىيەۋى خۇسۇسىيىتى ئاكتىپ ئەمەس.

**كامفورا** ئى [ر<لات<ئە] <بوت> كامفورا ئائىلىسىدىكى
دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تۈپى
خۇشبۇي پۇراقلىق بولۇپ، زىيانداش ھاشاراتلاردىن قوغدى-
نالايدۇ. ياغىچى پۇختا بولۇپ، ئۆي جاھازلىرى ۋە ھۈنەر-
سەنئەت بۇيۇملىرى ياساشقا مۇۋاپىق. شاخ يوپۇرماقلىرىدىن
كامفارا ئاجرىتىپ ئېلىشقا بولىدۇ.

**كامېر** ئى [ر<لات] ① ۋېلىسىپىت، ئاپتوموبىل قاتار-
لىقلارنىڭ چاقى ياكى توپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يەل قاچىلاش
ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان رېزىنكە خالتا: كامېر يامىماق. كامېر-
غا يەل بەرمەك. ② لاگېر ياكى تۈرمىلەردىكى جىنايەتچىلەرنى
سولايدىغان ئۆي، قاماقخانا: يېرىم سائەتتىن كېيىن خوجىنىياز
ئۆزىنى يالغۇز كىشىلىك قاراڭغۇ كامېردا كۆردى.

**كامېرتون** ئى [ر<نېم] <فىز> پولات ماتېرىيالدىن
ياسالغان ئاۋاز چىقىرىدىغان ئەسۋاب. شەكلى ئارىغا ئوخشايدۇ.
كىچىك ياغاچ بولقا بىلەن ئۇرغاندا ئاۋاز چىقىرىدۇ.

**كامىل** سۈپ [ئە] ① كامالەتكە يەتكەن، مۇكەممەل، تولۇق،
تەلتۆكۈس: — بۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىل، — دېدى شانىياز خۇشال-
لىق بىلەن. // ئوقۇتقۇچىلار ئىشقا بۇيرۇسا بارلىق ئىشتىياقىم بىلەن
كامىل ئورۇنلايتتىم. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**كامىلا** ئى. گىلەمچىلىكتە شانا كالتەكلىرىنى ھەرىكەتلەن-
دۈرۈش ئۈچۈن توغرا ياغاچقا مىندۈرۈلگەن سايمان.

**كامىللىق** ئى. كامالەتكە يەتكەنلىك، مۇكەممەللىك، تولۇق-

لۇق، تەلتۆكۈسلۈك: ئەقلى كامىللىق بىرەر ھەرىكەتلەندۇرگۈچى كۈچ تەسىرىدە ۋۇجۇدقا كەلسە، ئۇنىڭ دەۋرى ۋە تەسىر دائىرىسىمۇ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ بارىدۇ.

**كان** ئى [پ] ① پايدىلىق قېزىلمىلارنى ئېلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان يەر ئاستى ئىنشائاتلىرى: كۆمۈر كانى. ئالتۇن كانى. ② <گېئول> پايدىلىق قېزىلمىلار توپلانغان جاي: كان ياتمى-سى. كان گەۋدىسى. ③ كۆچمە. بىرەر نەرسىگە ناھايىتى باي ياكى شۇ نەرسىنىڭ ماكانى بولغان جاي، يەر: تۇرپان، پىچان ناھىيەلىرى كىشمىش ئۈزۈمىنىڭ كانى.

**كانا** ئى [پ] <زوئول> بوغۇم پۇتلۇق ھايۋانلارنىڭ بىر تۈركۈمى. بەزىلىرى ئادەم ۋە ھايۋانلار تېنىدە ياشاپ، قان شوراش بىلەن كېسەل تارقىتىدۇ. قوتۇر قۇرتلىرى ئەنە شۇ خىل كانىلاردۇر.

**كاناپ** ئى [پ] ① كەندىر. ② كەندىر پوستىدىن ئېشىلگەن يىپ ۋە شۇ يىپتىن توقۇلغان رەخت.

**كاناپچى** ئى. كەندىر پوستىدىن يىپ ئەشكۈچى ياكى شۇ خىل يىپتىن رەخت توقۇغۇچى.

**كاناپچىلىق** ئى. كەندىر پوستىدىن يىپ ئېشىش ياكى شۇ خىل يىپتىن رەخت توقۇش ھۈنىرى، كەسپى: ئىلىدا كاناپچىلىق راۋاجلاندى.

**كانار** I ئى [پ] يېرىت. قىرغاق، چەت، گىرۋەك: ئانىسىغا قاراپ قىز ئال، كانارىغا قاراپ بۆز ئال (ماقال). * پۈتۈن ئۆي، باغدىكى كۆلنىڭ كانارى، يېپىلدى قىپقىزىل زىلچە ئانارى.

**كانار** II ئى. دىيال. گىلەمنىڭ چۆرىسىدىكى پاراللېل سىزىقلارنىڭ ئارىسى.

**كانارا** ئى [پ] گۆش ئاسىدىغان ۋە گۆش ئېسىپ پارچىلاي-دىغان ئىلمەكلىك جاھاز: شەرمەندە بولغان توختى قاسساپ كانارا ئالدىدىن تېزلا غايىب بولدى.

**كانال** ئى [ر<لات] ① قانال. ② <بىيول>جانلىق ئورگا-نىزم تېنىدىكى سۇ ۋە ئوزۇقلۇق ماددىلارنى ھەرقايسى قىسىملارغا توشۇيدىغان نەيچىسىمان تۇقۇلما. ئادەتتە ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن بولغان ھۈجەيرىلەردىن تەركىب تاپىدۇ: كاناللار باغلىمى.

**كاناي** ئى [پ] ① <مۇز> بىر خىل دۇخوۋوي چالغۇ. مىستىن ئۇزۇن ۋە ئاغزى كەڭ قىلىپ ياسىلىدۇ. تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، بەزىلىرى دۇخوۋوي ئوركېستىرلاردا، يەنە بەزىلىرى ھەربىي قىسىملاردا سىگنال بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ② كېسىك كونۇس شەكلىدىكى ئاۋاز چوڭايتىش ئەسۋابى. بەزىلىرى ئاددىي بولۇپ، ئىنچىكە تەرىپىنى بىۋاستە ئېغىزغا تۇتۇپ سۆزلەشكە بولىدۇ. يەنە بەزىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى مۇرەك-كەپ بولۇپ، سىملىق رادىيو ئۈسكۈنىلىرىگە ئۇلىنىدۇ: تۆت كانايلىق ئۈنئالغۇ. ③ مەش، ئوچاق، ساماۋار ۋە پار قازىنى قاتار-لىقلارغا ئورنىتىلىدىغان، قاڭالتىردىن ياسىلىدىغان ۋە ئىس، پار قاتارلىقلارنى چىقىرىۋېتىش، بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا ئۆتكۈزۈش رولىنى ئوينايدىغان تۇرۇبا شەكىللىك بۇيۇم: تۆمۈر تۇرخۇن: مەشنىڭ كانىيى. ساماۋارنىڭ كانىيى. ④ <ئانات> نەپەسلىنىش ئورگىنىنىڭ بىر قىسمى. شەكلى تۇرۇبىغا ئوخشايدۇ. يېرىم ھالقا شەكىللىك كۆمۈرچەكتىن تۈزۈلىدۇ، ئېلاستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە، يۇقىرىقى ئۇچى بوغۇز بىلەن تۇتىشىدۇ. تۆۋەنكى ئۇچى ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئوڭ ۋە سول قانات ئۆپكىگە كىرىدۇ: كانىيىمغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولدى. ⑤ كۆچمە. گال؛ كېكىردەك: كانىيىدىن ئالماق.

**كانىيىغا تىقماق** ① يېگۈزمەك. ② پارا بەرمەك، ئارقا ئىشىك قىلماق: — سېنى ئورۇنلاشتۇرىمىز دەپ ۋاۋۇت باشلىقىنىڭ كانىيىغا ئاز تىقمىدۇق، — دېدى زەينەپخان قىزىغا كايىپ.

**كانىيىغا ئۇرماق** ← **كانىيىغا تىقماق.**

**كانىيىغا ئېسىلماق** جاۋابكارلىققا تارتماق: ئۇ تاماكىسىنى قاتتىق بىر شورىۋالدى - دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى: — ئۇكام، ھازىر غىلاجىدىن ئىقتىسادىي ئىشلارنى ئېنىقلاش باھانىسى بىلەن كانىيى-مىزغا ئېسىلدى.

**كانىينى مايلىماق** باشقىلارغا پارا بەرمەك: ھەممىسىلا شۇنىڭ-كىنى راست قىلدى. ئۇ باشقىلارنىڭ كانىيىنى مايلاپتۇدەك.

**كانىينى ياغلىماق** ← **كانىينى مايلىماق.**

**كانىيى يوغناپ كەتمەك** پارا ئېلىشتا ئاز نەرسىگە قانائەت قىلمايدىغان، خېلى چوڭ نەرسە بولسىمۇ ياق دېمەيدىغان بولۇپ كەتمەك.

**كانىيى يىرتىلغۇچە** ناھايىتى قاتتىق، جېنىنىڭ بارىچە: كانىيى يىرتىلغۇچە ۋارقىرىماق.

**كانايچە** ئى. كىچىك كاناي: قاسىم گېزىت قەغىزىنى يىرتى-ۋېلىپ كانايچە قىلىپ ياسىدى.

**كانايچى** ئى ① كاناي چالىدىغان ئادەم، سىگنالچى: كانايچى جىددىي يىغىلىشقا كاناي چالدى. ② كۆچمە. تەشۋىقاتچى، جارچى: ئۇ بۇرژۇئازىيە تەرىپىدىن تارتىپ كېتىلگەن بىر كانايچى ئىكەن.

**كاناي-سۇناي** كاناي ۋە سۇناي، شۇ خىلدىكى مۇزىكىلار.

**كانايگۈل** ئى [كاناي + گۈل] <بوت> ← **ھەشقىپېچەك.**

**كانايلىق** سۈپ. كانىيى بار، كاناي ئورنىتىلغان: ياتاقتا قوش كانايلىق ئۈنئالغۇمۇ بار ئىدى.

**كانت** ئى. 1724 - يىلىدىن 1804 - يىلىغىچە ياشىغان ئەڭ ئاتاقلىق نېمىس ئىدېئالىستىك پەيلاسوپى، يەنى 18 - ئەسىر-نىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى گېرمانىيە ئىدېئالىزمىنىڭ كەشپىياتچىسى.

**كانتۇ** ئى. دىيال. ئوغرى.

**كانتۇلۇق** ئى. دىيال. ئوغرىلىق.

**كانتۇلىماق** پ. دىيال. ئوغرىلىماق.

**كانتىزم** ئى <پەلس> نېمىس پەيلاسوپى كانت ۋە ئۇنىڭ ئىزداشلىرى تەرىپىدىن يارىتىلىدىغان ئىدېئالىستىك پەلسە-پەۋى ئېقىم. ئۇنىڭ تۈپ بەلگىسى: ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدېئا-لىزمنى كېلىشتۈرۈش، ئىككىسىنى مۇرەسسە قىلىش، بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان تۈرلۈك پەلسەپەۋى مەزھەپلەرنى بىر سىستېمىغا بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

**كانجا** ئى. كۈزگى بۇغدايىنى كەچ كۈزدە سۇغىرىش ئىشى.

**كانجىلاتماق** «كانجىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-جىسى: بالىلارنى بۇيرۇپ، بۇغدايىنى كانجىلىتىپ قويغىن.

**كانجىلاشماق** «كانجىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كانجىلانماق** «كانجىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرد-

جىنسى: ھازىر ۋىلايەت بويىچە 900 مىڭ مو يەردىكى كۈزگى بۇغداي بىر قېتىم كانجىلىنىپ بولدى.

**كانجىلىماق** پ. تۇپراقنىڭ نەملىكىنى ساقلاش ۋە ئەتىيازدا بولىدىغان قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، دەسلەپكى مەزگىلدە ئېتىزلارغا سۇ باشلاپ توڭ ياتقۇزماق: كۈزگىنى كانجىلىماق.

**كانچى** ئى. كان ئىشچىسى.

**كانچىلىق** ئى. كان ئېچىش كەسپى: ئۇ كانچىلىق بىلەن تويتوغرا 40 يىل شۇغۇللاندى.

**كاندۇك** ① سۈپ. پارچە، بۆلەك ـ بۆلەك: كاندۇك ئېتىز. ② ئى. كىچىك ئېتىز: كاملجان يەنە ھېلىقى كاندۇكنىڭ بۇرجەكىنى چاناۋاتاتتى.

**كاندۇكلاتماق** «كاندۇكلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كاندۇكلاشتۇرماق** «كاندۇكلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كاندۇكلاشتۇرۇلماق** «كاندۇكلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كاندۇكلاشماق** پ. كىچىك كاندۇك ئېتىز ھالىتىگە كەلمەك.

**كاندۇكلىماق** پ. يەرنى كىچىك ـ كىچىك چاسا ئېتىزلارغا ئايرىماق.

**كاندېلا** مىق [ر<لات] <فىز> يورۇقلۇق چىقىرىش كۈچىنىڭ بىرلىكى. پۇتۇنلەي رادىياتسىيەلەنگەن جىسمىنىڭ ئاق ئالتۇننىڭ قېتىش تېمپېراتۇرىسى ئاستىدا، ھەر $\frac{1}{60}$ سانتىمېتىر كىۋادرات مەيداندىكى يورۇقلۇق چىقىرىش كۈچىنى كۆرسىتىدۇ.

**كاندىدات** [ر<لات] ① سۈپ. تەيىنلىنىش، سايلىنىش ياكى بىرەر تەشكىلاتقا قوبۇل قىلىنىش قاتارلىقلار ئۈچۈن بەلگىلەنگەن: كاندىدات پارتىيە ئەزاسى. كاندىدات تەتقىقاتچى. // كاندىداتلارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرىدىن بەلگىلىنىپ قويۇلغانىدى. ② ئى. بىرەر پەن بويىچە دىسسېرتاتسىيە ياقلاش ئاساسىدا بېرىلىدىغان ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئىلمىي ئۇنۋانىنى ئالغان كىشى: تېخنىكا پەنلىرى كاندىداتى. پەلسەپە پەنلىرى كاندىداتى.

**كاندىداتلىق** ئى ① كاندىداتتىن ئىبارەت ئىلمىي دەرىجە ۋە شۇنداق دەرىجىگە ئىگىلىك: كاندىداتلىق دەرىجىسى. كاندىداتلىق دىسسېرتاتسىيەسى. ② ئەزالىققا قوبۇل قىلىنىش ئۈچۈن سىناق مۇددىتىنى ئۆتەيدىغان باسقۇچ: كاندىداتلىققا قوبۇل قىلماق. كاندىداتلىق ئىستاژى.

**كانشۇناس** ئى. كان ياتمىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، پەيدا بولۇشى، تارقىلىشى ۋە سانائەتتىكى قىممىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىم، مۇتەخەسسىس.

**كانشۇناسلىق** ئى <گېئول> گېئولوگىيەنىڭ بىر تارمىقى. كان ياتمىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، پەيدا بولۇشى، تارقىلىشى ۋە سانائەتتىكى قىممىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

**كانكى** ئى [ر] <تەن> ئاياغنىڭ تېگىگە ئورنىتىلىدىغان، پولاتتىن ياسالغان پىچاق شەكىللىك ئەسۋاب. مۇز توپ كانكىسى، يۈگۈرۈش كانكىسى ۋە فىگۇرا كانكىسىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ.

**كاننىگۈل** ئى [لات+پ] <بوت> قوناقگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزسىمان غولى تەركىبىدە كىراخمال كۆپ بولىدۇ. غول ۋە يوپۇرماق تالالىرىدىن قەغەز ئىشلىگىلى بولىدۇ.

**كانۋا** ئى [ر] كۆڭلەكلەرنىڭ ياقىسىغا، يەڭنىڭ ئۇچى قاتارلىق جايلارغا تۇتىدىغان كەشتە.

**كانۋوي** ئى [گول] <ھەرب> يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قويۇلغان مۇھاپىزەتچى، قوغدىغۇچى.

**كانكول** ئى [ر<لات] «مائار، تەتىل: كانكول قىلماق. كانكول قويۇپ بەرمەك.

**كانماش** ئى [كانا+ماش] <بوت>→ **باقلە**.

**كاننون** ئى [ئىنگ] <ھەرب> ئىستوۋۇلى ئۇزۇن، ئوق يولى تۆۋەن، دەسلەپكى سۈرئىتى تېز بولغان بىر خىل زەمبىرەك. كۆپ چاغلاردا بىۋاسىتە قارىغا ئېلىپ ئېتىش ۋە يىراق ئارىلىقتىكى نىشانلارنى ئېتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**كانىيەك** ئى [ر<فىران] ئۇزۇن ساقلاشقا باب قىلىپ ئىشلەنگەن كۈچلۈك ئۈزۈم ھارىقى: ئۇ ئازراق كانىيەك ئىچمەكچى بولۇپ، ماگىزىنغا كىردى.

**كاھ** I ئى. كونا. ۋاڭنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ، ۋاڭنى قوغدايدىغان ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان خادىم: ناخشىنىڭ ۋاڭغا يېقىپ قالغانلىقىنى چۈشەنگەن كاھلار، دورغىلار تەڭلا «خوش» دېيىشتى.

**كاھ** II ئىم. دىيال. ئىتنى چاقىرىش ئىماسى.

**كاھ** III ئىم. دىيال. ئاتنى ئارقىغا چېكىندۈرۈش ئىماسى.

**كاھىش** ئى [پ] <بىن> تام ۋە ئۆگزىگە ياتقۇزۇلىدىغان قۇرۇلۇش ماتېرىيالى. ئەسلىدە سېغىز لايدىن ياسىلىپ، يۈزىگە ساپال سىرى سۈركەپ خۇمداندا كۆيدۈرۈش ئارقىلىق تەييارلىناتتى. ھازىر سېمونت قاتارلىق باشقا ماتېرىياللاردىن ھەر خىل شەكىلدە كۆيدۈرمەيمۇ ياسىلىدىغان بولدى.

**كاھىشچى** ئى. كاھىش ياسايدىغان كىشى.

**كاھىشلىق** سۈپ. كاھىشى بار، كاھىش ئورنىتىلغان: مەن ئۈستى كاھىشلىق دەرۋازىدىن چىقىۋېتىپ كەينىمگە قايرىلدىم.

**كاھىن** ئى [ئە] ① دىن ئەھلى؛ روھانىي: ئۆينىڭ تېمى ئالدىغا ھەر خىل قىياپەتتىكى بۇددا كاھىنلىرىنىڭ ھەيكەللىرى قاتار قويۇلغانىدى. ② بىرەر ۋەقە ـ ھادىسىدىن ئالدىن خەۋەر بەرگۈچى، رەمچى، پالچى.

**كاھىنلىق** ئى. روھانىيلىق؛ رەمچىلىك: بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىزدا جىنكەش، پېرىخون ۋە رەممالىلىقنىڭ ھەممىسى كاھىنلىق دېيىلىدۇ.

**كاۋا** ئى <بوت> ① كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، پىلەك تاشلاپ ئۆسىدىغان، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مېۋىسىنىڭ شەكلىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. ئادەتتە ھەممىسى ئىستېمال قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**كاۋاپ** ئى [پ] ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇلغان گۆش: تونۇر كاۋىپى. تاۋا كاۋىپى. كاۋاپ يېمەك. تاۋا كاۋاپ قىلماق.

**كاۋاپمۇ كۆيمىسۇن، زىخمۇ كۆيمىسۇن** ھەر ئىككى تەرەپنىڭ زىيان تارتماسلىقىنى، ئىشنىڭ ئادىل بولۇشىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بىرىكمىسى.

**كاۋاپچى** ئى. كاۋاپ پىشۇرۇپ ساتىدىغان ئادەم.

**كاۋاپچىلىق** ئى. كاۋاپ پىشۇرۇپ سېتىش ئىشى، كەسپى.

**كاۋاپخانا** ئى [ئە + پ] كاۋاپ پىشۇرۇپ ساتىدىغان ئۆي، دۇكان، جاي: ئۇ بىر كاۋاپخانىغا كىردى.

**كاۋاپدان** ئى [ئە + پ] كاۋاپ پىشۇرۇش ئۈچۈن قەلەيدىن تۆت پۇتلۇق قىلىپ ئوقۇر شەكلىدە ياسالغان سايمان: بىز گۆش، دورا - دەرمان، كاۋاپدان، زىخ قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى تەييارلاپ قويغانىدۇق.

**كاۋاش** ئى. قاشتېشىنىڭ بىر خىلى. ئادەتتە ئاق كاۋاش، كۆك كاۋاش، سېرىق كاۋاش، قارا كاۋاش ۋە سۈزۈك كاۋاش دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

**كاۋا - قاپاق** كاۋا ۋە قاپاق ھەم شۇ خىلدىكى كۆكتات ۋە ئۆسۈملۈكلەر.

**كاۋاك** ئى [پ] ① چىقىرىش، ئۈپراش تۈپەيلىدىن نەرسىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھاسىل بولغان بوشلۇق، تۆشۈك: سىيىت ھاجى كۆرسىتىپ بەرگەن كاۋاكقا ئۆمىلەپ كىرىۋالغان ئابلىز قارىي گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى. // كاۋاك ھالەت. ② <تېب> ئۆپكە كېسىلى بولغان كىشىلەرنىڭ ئۆپكە قىسمىدا پەيدا بولغان تۆشۈك. ③ <ئانات> ئادەمنىڭ بەزى ئەزا ياكى توقۇلمىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئويمانلاشقان تۈيۈق كامار جاي. مەسىلەن، بۇرۇن كاۋىكى، بۇرۇن يان كاۋىكى ۋە باشقىلار.

**كاۋاكشىماق** پ. پىشىپ ۋايىغا يەتمەك (مېۋە - چېۋە ھەققىدە): باغدىكى توغاچ - شاپتۇللار كاۋاكشىپ كەتكەنىدى.

**كاۋاكلاشماق** پ. كاۋاك ھالەتكە كەلمەك، كاۋاك ھاسىل بولماق: قېرى سۆگەتنىڭ غولى پۈتۈنلەي كاۋاكلىشىپ كەتكەنىدى.

**كاۋاكلىق** ئى ① كاۋاك ھالەت. ② ئى <گېئول> بوش تاغ جىنسلىرى ۋە تۇپا دانچىلىرى ئارىسىدىكى كاۋاكلار ئومۇمىي ھەجمىنىڭ تاغ جىنس ياكى تۇپىنىڭ بارلىق ھەجمىگە بولغان نىسبىتى.

**كاۋاۋچىن** ئى [پ] <بوت> سۇزاپ ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. مېۋىسى شار شەكىللىك، تۇتۇق قىزىل، ئۇرۇقى قارا كېلىدۇ. ئادەتتە تەم تەڭشەيدىغان پۇراقلىق ماتېرىيال ۋە دورا قىلىنىدۇ، سوزۇلما خاراكتېرلىك ئاشقازان كېسىلىنى داۋالاش ئۈنۈمى بار.

**كاۋچۇك** ئى [ر<ئىنگ] <خىم> كاۋچۇك دەرىخى، كۆكسېغىز قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئېلىنغان سۇتنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق ياسالغان ئېلاستىكلىق ۋە ئىزولياتورلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە، سۇ ھەم ھاۋا ئۆتكۈزمەيدىغان ماتېرىيال.

**كائىنات** ئى [ئە] يەر شارى ۋە باشقا بارلىق ئاسمان جىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چەكسىز بوشلۇق؛ ئالەم: تاڭ سەھەر، شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن شەپەق نۇرى كائىناتنى قىزىللىققا پۈركىگەنىدى.

**كاياك** سۇپ. بىرەر ئىشنى قىلىشنى ئاسانلىقچە خالىمايدىغان، تەس كۆرىدىغان، ياقتۇرمايدىغان: مەن دوختۇرغا بېرىشقا كاياك بىر ئادەم.

**كايتماق** «كايىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن سىزنى كايىتىپ قويدۇم، خاپا بولماڭ.

**كايىشماق** «كايىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — كۆپ كايىشىپلا، رەھمەت، — دېدى كامالىئاخۇن.

**كايىماق** پ ① خاپا بولماق، ئاچچىقلانماق: سېلىم كەلگەندە دوختۇرلاردىن بىرى ھېلىقى ئايالغا قاتتىق كايىۋاتاتتى. ② ئاۋارە بولماق، مۇشەققەت تارتماق: بىلگىنىڭنى ئەلدىن ئايىما، بىلمىگەننى بىلمەن دەپ كايىما (ماقال).

**كەبە** ئى [ئە] <دىن> مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىدىكى زىيارەت قىلىدىغان، ئىبادەت قىلىدىغان مۇقەددەس جايى.

**كەبى** تىر. ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىپ «- دەك، - تەك»، «... غا ئوخشاش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئوت كەبى قىزىق. * بۇ دۇتارنىڭ پەدىسى يوق ھەم ئۆزۈكتۈر تارىسى، قاي كىشىنىڭ بۇ كەبى كۆڭۈل ئاچار دىلدارى بار؟

**كەبىسە** ئى [ئە] <ئاستر> بىر تىروپىك يىلىنىڭ ۋاقتى ئادەتتە 365 كۈن بەش سائەت 48 مىنۇت 46 سېكۇنت بولىدۇ. قۇياش كالېندارىدا بۇ بىر يىل 365 كۈن قىلىپ بەلگىلىنىپ، ئاشقان ۋاقتى تەخمىنەن ھەر تۆت يىلدا بىر كۈنگە يىغىنچاقلىنىپ، ئىككىنچى ئايغا قوشۇۋېتىلىدۇ. دېھقانلار كالېندارىدا بولسا، بۇ بىر يىل 354 ياكى 355 كۈن قىلىپ بەلگىلىنىپ، ئاشقان ۋاقتى تەخمىنەن ھەر ئۈچ يىلدا بىر ئايغا يىغىنچاقلىنىپ، بىر يىلغا قوشۇۋېتىلىدۇ. مانا بۇ خىل ئۇسۇل كالېندارچىلىقتا كەبىسە دەپ ئاتىلىدۇ. «كەبىسە» ئەرەبچە «ئارتۇق» ياكى «زاپاس» دېگەنلىك بولىدۇ.

**كەپ** I ئى. دىيال ① كېسەك قويىدىغان قېلىپ. ② نان ياققاندا بىلەككە كىيدۈرۈلىدىغان يەڭلىك.

**كەپ** II ئى. تور توقۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ ئەسۋاب.

**كەپە** I ئى [پ] ۋاقىتلىق ئولتۇرۇپ تۇرۇش ئۈچۈن شاخ - شۇمبا، ئوت - چۆپلەر بىلەن يېپىلغان ئاددىي ئۆي؛ چەللە: مەن ھارۋىنى تۇردى ئاكامنىڭ كەپىسى ئالدىدا توختىتىپ قويۇپ، ئاكامنى چاقىرسام، ئۇ كەپىسىدە يوق ئىكەن.

**كەپە** II ئى [پ] <بوت> كەپە ئائىلىسىدىكى يەرگە يېيىلىپ پېلەكسىمان ئۆسىدىغان يېرىم چاتقال. ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ. تېبابەتتە يەلنى، سوغۇقنى، ھۆللۈكنى قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**كەپتاۋۇل** ئى. تارس. بۇرۇنقى كونا ھەربىي ئەمەل نامى.

**كەپتەر** ئى [پ] <زوئول> كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل قۇش. قانىتى چوڭ، ئۇچۇشقا ماھىر، تۈرلىرى كۆپ. ئۆسۈملۈك دانلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. كۆپىنچە ئۆيدە بېقىلىدۇ، بەزىدە خەت - ئالاقە توشۇش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتە تىنچلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ.

**كەپتەرچى** ئى. كەپتەر ئېلىپ - سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.

**كەپتەرچىلىك** ئى ① كەپتەر ئېلىپ - سېتىش ئىشى، كەسپى. ② كەپتەرۋازلىق: كەپتەرچىلىك جەمئىيىتى.

**كەپتەرخانا** ئى [پ] كەپتەر باقىدىغان ئۆي: ئۇ ئاچلىقتا

چىدىماي، ئاخىرى بىرىنىڭ كەپتەرخانىسىغا ئوغرىلىقچە چۈشۈپتۇ.

**كەپتەرۋاز** ئى [پ] كەپتەر باقىدىغان كىشى، كەپتەر باققۇچى؛ كەپتەرگە ھەۋەسمەن كىشى: ئەكرەم بىر قېرى كەپتەرۋاز بىلەن ئىككى دانە كەپتەرنىڭ سودىسىنى قىلىشىۋاتاتتى.

**كەپتەرۋازلىق** ئى. كەپتەر بېقىش، ئويناش بىلەن مەشغۇل بولۇش ئىشى، پائالىيىتى: كەپتەرۋازلىق ئۇنى باشقا ئىشلارغا زادىلا قارىغۇسى كەلمەيدىغان قىلىپ قويغانىدى.

**كەپتۇك** ئى. تارس. ئات توپى تەنھەرىكىتىدە ئىشلىتىلىدىغان توپ: ئۇ كەپتۇك ئۇرۇش نۆۋىتىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇنى توپتوغرا ھارۇن رەشىدنىڭ يۈزىگە تەگكۈزۈشنى نىشانلاپ قاتتىق ئۇرۇپتۇ.

**كەپسەن** ئى. خامان تەييار بولغاندا ئالدى بىلەن كەمبەغەللەرگە بېرىش ئۈچۈن ئايرىپ قويۇلىدىغان، ئۆشرە ــ زاكاتنىڭ سىرتىدىكى دانلىق ئاشلىق: ئابدالغا كەپسەن بەرسە، جىڭنىڭ توغرىمۇ دەپتۇ (ماقال).

**كەپسەنچى** ئى. كەپسەن بېرىشنى تەلەپ قىلغۇچى كىشى: ــ زىرائەتلىرىمىز كوركىراپ قالدى، كېلەر يىلى كەپسەنچى بولىدىغان بولدۇق ــ تە! ــ دېيىشەتتى دېھقانلار.

**كەپسەنچىلىك** ئى. كەپسەن ئېلىش، كەپسەن تەلەپ قىلىش ئىشى.

**كەپسەنلىمەك** پ. كەپسەننى ئايرىماق: كەلسە كۆز كەپسەنلىگەندە چەشنى دەل، كۆرىمەن لېگەندە «بەش بارماق» ئارا.

**كەپسىز** سۈپ. گەپكە كىرمەي، ئۆزى خالىغان قىلىقلارنى قىلىپ يۈرىدىغان؛ باشباشتاق، گەپ ئاڭلىمايدىغان، قىلىقسىز (بالىلارغا قارىتا ئېيتىلىدۇ): ئۇ ناھايىتى كەپسىز بالا، سىزنىڭ چوڭ قىلمىقىڭىز تەس بولارمىكىن.

**كەپسىزلەشمەك** پ. كەپسىز، گەپ ئاڭلىمايدىغان بولۇپ كەتمەك؛ كەپسىز ھالەتكە كەلمەك: ئۇ توغرا ھايات يولىدىن يىراقلاپ، كەپسىزلىشىپ، قىنىدىن چىقىپ كەتتى.

**كەپسىزلىك** ئى. گەپكە كىرمەسلىك، باشباشتاقلىق: ــ قارا، سېنىڭ كەپسىزلىكىڭنى! ــ دېدى ئۇ جىددىي تەلەپپۇزدا.

**كەپشەر** ئى [پ] مېتال بۇيۇملارنى بىر ــ بىرىگە ئۇلاش، پاياتلاش ئىشى، خىزمىتى: گاز كەپشەر. كەپشەر دورىسى. كەپشەر چوكىسى.

**كەپشەرچى** ئى <ماشىن> مېتال بۇيۇملارنى كەپشەرلەش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىشچى.

**كەپشەرچىلىك** ئى <ماشىن> مېتال بۇيۇملارنى كەپشەرلەش ئىشى، خىزمىتى.

**كەپشەرلەتمەك** «كەپشەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ــ بىز زاپچاس كەپشەرلەتكىلى كېلىۋىدۇق، ــ دېدى ئۇزۇن، قايرىما بۇرۇتلۇق ئادەم.

**كەپشەرلەشمەك** «كەپشەرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كەپشەرلەنمەك** «كەپشەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ نەرسە ئاغزى كەپشەرلەنگەن تۈچ كۈپ بولۇپ، ئىچى نېمىلەر بىلەندۇر تولغانىكەن.

**كەپشەرلىك** سۈپ. كەپشەر قىلىنغان، كەپشەرلەنگەن: تۆمۈر كەپشەرلىك چوڭ دەرۋازا.

**كەپشەرلىگۈچ** ئى <ماشىن> گاز بىلەن كەپشەرلەشتە ئىشلىتىلىدىغان كىلاپانلىق ئەسۋاب. شەكلى تاپانچىغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئالدى تەرىپىدە پۈركۈگۈچىسى بولىدۇ.

**كەپشەرلىمەك** پ. ئىككى بۆلەك دېتال ياكى ئۈزۈلگەن، ئاجرالغان، سۇنغان مېتال بۇيۇملارنى ئوت، گاز ياكى ئېلېكتر كۈچى ئارقىلىق بىر ــ بىرىگە تۇتاشتۇرماق، ئۇلىماق، تولدۇرماق: سادىر قانداقتۇر بىر نەرسىنى جىددىي كەپشەرلەۋاتاتتى.

**كەپكە** ئى [ر] شەپكىنىڭ بىر خىلى. ئارقىسى ئېگىز، ئالدى پەس، گەردىشسىز كېلىدۇ.

**كەپكۈر** ئى [پ] پولۇ قاتارلىقلارنى ئۆرۈش ۋە ئۇسۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، چۆمۈچ قىسمى تۆشۈك ــ تۆشۈك، سېپى بار ئۆي سايمىنى.

**كەپكىچان** سۈپ. بېشىدا كەپكىسى بار، بېشىغا كەپكە كىيىۋالغان، كەپكىلىك: كەپكىچان ئادەم.

**كەپكىسىز** سۈپ. كەپكە كىيمىگەن، بېشىدا كەپكىسى يوق.

**كەپكىلىك** سۈپ. كەپكە كىيىۋالغان، بېشىدا كەپكىسى بار.

**كەپلەتمەك** «كەپلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كەپلەشتۈرمەك** «كەپلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھارۋاڭنى بۇ تار جىلغىغا كەپلەشتۈرۈپ، جېنىڭنى قىينىغۇچە، چوڭ يول بىلەن ماڭساڭ بولمايتتىمۇ؟

**كەپلەشتۈرۈشمەك** «كەپلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كەپلەشتۈرۈلمەك** «كەپلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كەپلەشمە** ئى. كەپلىشىپ قالغان نەرسە؛ نوكچا: ئۇ تەدرىجىي ئورگانىكلىشىپ ئورگانىزملارنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىشى ياكى ئاجراپ كېتىپ، قان تومۇرلاردا كەپلەشمىلەرنى شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن.

**كەپلەشمەك** ① «كەپلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ــ ھەممىڭ قولۇڭنى بىر تۆشۈككە كەپلىشىۋالساڭ، مەن ئاشنى نەدىن سۇنۇپ بېرىمەن، ــ دېدى ئاشپەز خاپا بولۇپ. ② تىقىلماق، قاپلاشماق، تىقىلىپ يا ئالدىغا، يا كەينىگە سۈرۈلەلمەيدىغان بولۇپ قالماق: ئارقا چاق تۆشۈككە كەپلىشىپتۇ، يەنە گاڭبەنمۇ سۇنۇپتۇ.

**كەپلەنمەك** «كەپلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۈرۈبىغا ئەسكى ــ تۈسكى نەرسىلەر كەپلىنىپ قالغانلىقتىن، سۇ توختاپ قالغانىدى.

**كەپلىمەك** پ. تۆشۈك، يېرىق قاتارلىقلارغا مەلۇم نەرسىنى تىقتاپ، چىڭقاپ تىقماق، كىرگۈزمەك: تۇرسۇن پەمىدۇرنى قولىغا ئالدى ۋە ئاغزىغا كەپلەپ ماچىلدىتىپ يېگىلى باشلىدى.

**كەپىش** ئى. دىيال. خام كېسەك.

**كەپىلىك** سۈپ. كەپىسى بار، كەپىگە ئىگە: كەپىلىك ئۆي. كەپىلىك رايون.

**كەترەن** ئى [پ <ئە] <بوت> تۇلكىمايىقى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. گۈلىدىن پۇراقلىق ماتېرىيال ئىشلەشكە بولىدۇ.

**كەتكۈزمەك** «كەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ھۆلچىلىك، سوغۇق ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزدى.

**كەتكۈزۈشمەك** «كەتكۈزمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرد-

جىسى.

**كەتكۈزۈلمەك** «كەتكۈزمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەزىزبەگ تاشكەنتتىن كەتكۈزۈلدى.

**كەتمەك** پ ① مەلۇم ئورۇندىن باشقا ئورۇنغا قايتماق، بارماق: — بۇ ئۆيدە ئولتۇرغانلار قەيەرگە كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ خەلپىتىم. ② ماڭماق، يۈرمەك، يول باسماق: تاغام قول سومكامنى كۆتۈرۈپ مەن بىلەن يانمۇيان كېتىۋاتاتتى. ③ بىرەر مەشغۇلات، خىزمەت ياكى ۋەزىپىنى تاشلىماق، تەرك ئەتمەك: ئىشتىن كەتمەك. ئوقۇشتىن كەتمەك. ④ ئۆتمەك، تامام بولماق، تۈگىمەك، يوقالماق: قىش كېتىپ، باهار كەلدى. ⑤ كۆچمە. قازا تاپماق، ئالەمدىن ئۆتمەك، ئۆلمەك: ئەگەر ئۆمرۈڭنى مەنىلىك ئۆتكۈزىدىغان بولساڭ، ئۆلسەڭمۇ ئارمانسىز كېتىسەن. ⑥ سەرپ بولماق، ئىشلىتىلمەك؛ لازىم بولماق، كېرەك بولماق: بۇ خىلدىكى كېسەلنىڭ ساقىيىشى ئۇچۇن ناهايىتى ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدىكەن. * ئۆيدە ئادەم جىق بولغاندىكىن، ئاش، نان جىق كېتىدۇ. ⑦ ئۆتكۈزۈپ بېرىلمەك، سېتىلماق: — هېلىقى پاقلان بەك ئەرزان كېتىپتۇ - دە، — دېدى ئۇ ئەپسۇس بىلەن. ⑧ كېسىلمەك، ئۈزۈلمەك: بالىلىرىم يېتىم قالدى، قىچقارسام ئۈنۈم يەتمەس. قورقماس غەيرىتىم باردۇر، ئول ئۇچۇن بېشىم كەتمەس. ⑨ مەھرۇم بولماق، ئايرىلماق: هالىدىن كەتكەن باقى ئارىسىنى قولتۇقلىغىنىچە بىرچەتتە ئۇخلىماقتا. ⑩ ئىشتىن چىقماق، ئەسلىدىكى ئىقتىدارىنى يوقاتماق؛ مەسىلە كۆرۈلمەك: بەلدىن كەتمەك. كۆزدىن كەتمەك. ⑪ تارقىماق، بېرىپ يەتمەك، يېيىلماق (ئاۋاز، نام - شۆھرەت قاتارلىقلار ھەققىدە): ئۇنىڭ ھەسرەتلىك نالىسى كۆكنى يېرىپ، يىراق - يىراقلارغا كەتتى. ⑫ هېسابىغا ئۆتمەك، ئۆتمەك: — قوينۇڭدىن تۆكۈلسە قونچۇڭغا دەپتىكەن، بىزدىن تۇرپانلىق قېرىنداشلارغا كەتسە نېمە بوپتۇ؟ — دېدى ئەلى پالۋان. ⑬ پاتماق، چۆممەك، بەند بولماق، غەرق بولماق (ئۇيقۇ، خىيال قاتارلىقلار ھەققىدە): ئۇيقۇغا كەتمەك. خىيالغا كەتمەك. ⑭ توختىماق، ئۈزۈلۈپ قالماق، قاچماق (توك ھەققىدە): توك كەتتى. ⑮ كېڭىيىپ ئۇلغايماق، يامراپ كۆيمەك، ئالماق (ئوت ھەققىدە): بالىلار «ئوت كېتىپتۇ، ئوت كېتىپتۇ!» دېيىشىپ، يۈگۈرۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ⑯ چىقماق، ئاقماق (قان ھەققىدە): ئاغزى - بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى. ⑰ مەلۇم ئىسىملارغا ياندىشىپ كېلىپ شۇ ئىسىم ئۇقتۇرغان مەنىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى، شۇنداق ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: دەز كەتمەك. * — تۇغان يار كەتتى، بۇياققا كېلىڭلار، تېز بولۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ تۆۋەندە ئېتىزلىرىنى ياقىلىشىۋاتقانلارغا قاراپ. ⑱ خاتالاشماق: سۆزدىن كەتمەك. گەپتىن كەتمەك. * ئادەم تىلدىن كېتەر، هايۋان مۈڭگۈزدىن (ماقال). ⑲ داۋاملاشماق، داۋام ئەتمەك، بولماق: تەرەپ - تەرەپتە بەزمە تەييارلىقى كېتىۋاتقان بولۇپ، خىلمۇخىل مېۋىلەر، تۈرلۈك لەززەتلىك تائاملار، قەنت - گېزەكلەر هازىرلاپ قويۇلغانىدى. ⑳ سوزۇلماق: مۇشۇنداق ماڭسىڭىز، شىمال تەرەپكە كەتكەن بىر كوچىغا بارىسىز. ㉑ ئىش - پائالىيەتنىڭ بىرەر يۆنىلىش بويىچە داۋام قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: شاهزادە سەزمەي پاتىمەك بىلەن ئۆي بولۇشۇپ كېتىۋېرىپتۇ. ㉒ پاتماق، سىغماق، مۇۋاپىق كەلمەك: ئۇلارنىڭ داش قازىنىغا 12 چېلەك سۇ كېتىدۇ. ئۇ قازان بىلەن ئاز بولغاندا 200 كىشىلىك مېهماننى ئۇزاتقىلى بولىدۇ. ㉓ كۆپ ساندىكى ئۆتۈمسىز ۋە قىسمەن ئۆتۈملۈك پېئىللارنىڭ «- پ، - ىپ، - ۇپ، - ۈپ» رەۋىشداش شەكلى بىلەن تۇس رولىدا كېلىپ تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: 1) ھەرىكەتنىڭ ئۈزۈل - كېسىل پۈتۈشى، تاماملىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ: قېچىپ كەتكەن چېچىپ كەتتى (ماقال). 2) ھەرىكەتنىڭ تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇتلا جىددىي، كۈچلۈك ياكى يۇقىرى دەرىجىدە باشلىنىپ، شۇ تەرىقىدە داۋاملاشقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ: باغلاقلىق قاۋان ئىت زەنجىرنى سىلكىپ قاۋاپ كەتتى. * ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇپ، قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. 3) ھەرىكەتنى دەرىجە، قېتىم سانى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەردىن كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ: بىلمىسىزگە هال ئېيتقۇچە، ئىچىڭدە سېسىپ كەتسۇن (ماقال). * «ئۇستام چاچ قۇرۇپلا كەتتىغۇ» دېگەندىن كېيىن مەتنىياز يەنە هۆللەپ ئۇۋۇلاشقا باشلايدۇ. * ئۇنىڭ كېسىلى يەنە ئېغىرلىشىپ كەتتى. 4) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ شۇ ھەرىكەتنى ئورۇندىيالايدىغانلىقىنى، ئورۇنداشقا قادىر ئىكەنلىكىنى ياكى شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنداشقا قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ گەرچە يېڭى كەلگەن بولسىمۇ، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ كەتتى.

**كەتمەن** ئى. تۆمۈر قاتارلىق مېتاللاردىن ياسىلىدىغان، يۈزى چوڭراق، ئارقا تەرىپىگە دەستە ئورنىتىش ئۈچۈن چۆلدا (تۆشۈك) چىقىرىلغان، يەر چېپىش سايمىنى، دېھقانچىلىق قورالى.

**كەتمەن سېپىنى تۇتۇپ باقمىغان** ئېغىر ئەمگەك، جاپا - مۇشەققەت، قىيىنچىلىق كۆرمىگەن؛ ئىشقا پىشمىغان، چىدامسىز، خام: ئانا خېتىنىڭ ئاخىرىنى «قەدىرلىك بالام، ئاتاڭنىڭ ئازابلىرى بەدىلىگە سەن كەتمەن سېپىنى تۇتۇپ باقماي چوڭ بولغانىدىڭ، ئەمدىكى راھىتىڭ بىلەن ئاناڭنى ئۇنداق تامامەنلا ئۇنتۇپ كەتمە» دەپ ئاخىرلاشتۇرغانىدى.

**كەتمىنى چاپماق** مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىمەك؛ يان باسماق.

**كەتمەنچى** ئى ① كەتمەن چاپىدىغان، كەتمەن بىلەن ئىش قىلىدىغان كىشى؛ دېھقان: كەتمەنچى دېسە، مانا مېنى دېسە بولىدۇ. كەتمەننى قىش - ياز چاپىمەن. ② كەتمەننى ئۇزۇن ھەم ئۈنۈملۈك چاپىدىغان، كەتمەن چېپىشقا ماھىر ئادەم: ئوتتۇرا قولدەك كەتمەنچىدىن 20 نى ئايرىپ، ئۇستەڭنىڭ تېگىگە چۈشۈردۈم.

**كەتمەنقوڭغۇز** ئى [كەتمەن + قوڭغۇز] <زوئول> قوڭغۇزنىڭ بىر خىلى. رەڭگى كۆل رەڭگە مايىل قارا، تېنى ياپىلاق ۋە كەتمەنگە ئوخشاپراق كېتىدۇ. ئۇستىدە توغرىسىغا كەتكەن يوللىرى بولىدۇ.

**كەتمەنلىك** پ. كەتمەن بىلەن چاپماق، ئۇرماق: كەتكەن كېلەر، كەتمەنلىگەن كەلمەس (ماقال).

**كەتو** ئى. دىيال. ئاليۇمىن.

**كەتىرا** ئى [پ] <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غولۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ، تاش بەدەننى چېكىتىپ قۇۋۋەت بېرىدۇ، تەرلەشنى توختىتىدۇ، سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ.

**كەتىل** ئى. دىيال. دۈمبىگە ئارتىپ نەرسە توشۇيدىغان سايمان.

**كەتمەك** پ. دىيال ① تايتاڭلىماق (بوۋاق بالىلار ھەققىدە). ② تىغلىق ئەسۋاب بىلەن كىچىك - كىچىك يونۇپ، كېسىپ

ئاجراتماق.

**كەتۋال** ئى. دىيال ① ئىگىسىز قالغان، مۇسادىرە قىلىنغان يەرلەرنى ئىجارىگە بېرىش، ئىجارىسىنى يىغىش ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى. ② يېتىم ئاقساقال.

**كەتۋاللىق** ئى. باشقۇرغۇچىلىق؛ يېتىم ئاقساقاللىق: شىر كەتۋاللىقنى مۇشۇككە بېرىپتۇ. مۇشۇكمۇ چاشقانلارنى تۇتۇش بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. مۇشۇكنى كۆرگەن چاشقانلار ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي پاراكەندە بولۇشۇپتۇ.

**كەچ** ① ئى. كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ ئالمىشىش ئارىلىقىدىكى ۋاقىت، يەنى نامازدىگەردىن ناماز خۇپتەنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت . ② ئى. قاراڭغۇ چۈشۈپ تۈن خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ۋاقىت: مەن ئاخشام بەك كەچ ياتقانىدىم. ③ رەۋ. بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كېيىن، بەلگىلەنگەن ياكى مۇۋاپىق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن: خۇدا كەچ قويسا قويار، ئاچ قويماس (ماقال).

**كەچتۈرمەك** «كەچمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار بىزنى ئاتنى بالىدىن، بالىنى ئاتىدىن كەچتۈرۈپ، تۈرلۈك بەتناملارنى چاپلاپ، ھەممىمىزنى ۋەيران قىلماقچى بولدى. * بۇنداق سوغۇقتا ئوغلۇڭنى سۇ كەچتۈرۈپ نېمە قىلىسەن.

**كەچتۈرۈشمەك** «كەچتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كەچتۈرۈلمەك** «كەچتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كەچقۇرۇن** ① ئى. كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالغان ۋاقىت، ئاخشام. ② رەۋ. كەچتە، كەچ ئەتراپىدا، كەچ مەھەلدە: — ئۇقتۇم، ياخشى بولىدۇ، — دەپتۇ مىسكەر، — كەچقۇرۇن كېلىپ چىراغلىرىڭنى ئەكېتەرسەن.

**كەچقۇرۇنقى** سۈپ. كەچقۇرۇنغا تەۋە، كەچقۇرۇن مەزگىلىدىكى، كەچقۇرۇنلۇق.

**كەچقۇرۇنلۇق** سۈپ. كەچقۇرۇن مەزگىلىدىكى، كەچقۇرۇنغا تەۋە، كەچقۇرۇنغا تەييارلانغان: كۈزنىڭ كەچقۇرۇنلۇق ھاۋاسى جانغا راھەت ئىدى. * كەچقۇرۇنلۇق غىزا ئۈچۈن ئۇ قازانغا ئوت ياققانىدى.

**كەچقۇرۇنلۇقى** رەۋ. كەچتە، كەچ ۋاقتىدا، كەچ مەھەلدە: ئۇ ھەركۈنى كەچقۇرۇنلۇقى مېنى ئىزدەپ كېلەتتى.

**كەچكى** سۈپ. كەچكە ئائىت، كەچتىكى، كەچلىك: كەچكى قۇياش. كەچكى شەپەق.

**كەچكىچە** رەۋ ① كەچ بولغۇچە، كەچ بولغانغا قەدەر، كەچ كىرگۈچە: خاسىيەتخان كەچكىچە قىزىنىڭ كەلگۈسىدىكى بەختى توغرىسىدا شېرىن خىياللارغا چۆمۈلۈپ يۈردى. ② كۆچمە. ھەر دائىم، ھەمىشە، داۋاملىق: — سىلى ئوغلىمىزغا زادىلا كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىدىلا، كەچكىچە خىزمەت، مەجلىس دەپ ئالدىرىغانلىرى ئالدىرىغان، — دېدى ئايالى ئاچچىقلاپ.

**كەچلىك** سۈپ. كەچكە تەۋە، كەچكە تەئەللۇق، كەچتىكى؛ كەچتە بولىدىغان، كەچ ئۈچۈن تەييارلانغان: كەچلىك غىزادىن كېيىن زەيتۇنەم ئۇنى ھۇجرىسىغا باشلاپ كىردى.

**كەچلىمەك** پ. ۋاقىتنى كەچ قىلماق، كەچكىچە تۇرماق: ۋاي نېمىشقا، نەگە ئالدىرايسىز؟ كەلگەندىن كېيىن مېھمان بولۇپ كەچلەپ كېتىڭ.

**كەچمەك** پ ① سۇغا ئوخشاش سۇيۇق ياكى قار، قۇمغا ئوخشاش يۇمشاق نەرسىلەرنى يېرىپ ماڭماق، شۇنداق نەرسىلەر ئۈستىدىن دەسسەپ ئۆتمەك: قاتمۇقات ئېدىرلار ئارىسىدا ئىككى كىچىك يولۇچى قار كېچىپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى. ② كۆچمە. پەيدا بولماق، ھاسىل بولماق؛ ئۆتمەك (خىيال، كۆڭۈل، مېڭە، پىكىر قاتارلىقلاردىن): ئابدۇرېھىمنىڭ كۆڭلىدىن «ئەمدى مۇسا تاغامغا نېمە دەيمەن؟» دېگەن ئاچچىق پۇشايمان كەچتى. ③ كۆچمە (پىكىر، نىيەت، مېھىر، جان، مەنپەئەت قاتارلىقلاردىن) ئۈمىدىنى، ئالاقىسىنى، مۇناسىۋىتىنى ئۈزمەك، تەرك ئەتمەك، ئايرىلماق: بېخىل جېنىدىن كېچەر، مېلىدىن كەچمەس (ماقال). * جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتمەس (ماقال). ④ ئۆتمەك، ئەپۇ قىلماق، سالاۋات قىلماق (خاتالىق، گۇناھ قاتارلىقلار ھەققىدە): — گۇناھىمىزدىن كەچسىلە ئىكەن، — دەپتۇ كېنىزەكلەر يەرنى سۆيۈپ. — كەچتىم، — دەپتۇ پادىشاھ بېشىنى لىڭشىتىپ. ⑤ كۆچمە. بولماق، يولۇقماق، ئۇچرىماق: بارغانلاردىن، يانغانلاردىن سېنى سورايمۇ؟ سېنىڭ ھالىڭ نە كەچتى دەپ ئۆزۈم بارايمۇ؟

**كەچمىش** ئى. ئىلگىرى بېشىدىن ئۆتكەن تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى، بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر؛ ئۆتمۈش: ئاھ، ياق، بۇ بولىدىغان گەپ ئەمەس! ئۇ كەچمىشلىرىنى قانداقمۇ ئۇنتۇيالىسۇن؟

**كەچمىش ـ كەچۈرمىش** كەچمىش ۋە كەچۈرمىش: ئۇلار ئاتا ـ ئانىغا كەچمىش ـ كەچۈرمىشى، تارتقان جاپالىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

**كەچۈرگۈسىز** سۈپ. كەچۈرگىلى، ئەپۇ قىلغىلى، سالاۋات قىلغىلى بولمايدىغان: ئۆز خوجىسىنىڭ مەخپىيىتىگە قول سېلىش ئاللا ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىك بولىدۇ.

**كەچۈرمە** ئى. بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر ياكى ئادەم روھىدا پەيدا بولغان تۈرلۈك ھېس ـ تۇيغۇلار: ئۇنىڭ ئىچكى كەچۈرمىلىرىدىن خەۋەرسىز بوۋاي ئۇنىڭدىن سەل ئەجەبلىنىپ قالدى.

**كەچۈرمەك** پ ① «كەچمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇنداق سوغۇقتا ئوغلۇڭنى سۇ كەچۈرۈپ نېمە قىلىسەن؟ ② ئۆتكۈزمەك: كۆزدىن كەچۈرمەك. * بىز ئىككىمىز ئەبەدىي ياخشى ئەر ـ خوتۇن بولۇپ كۈن كەچۈرىمىز. ③ ئۆتمەك، ئەپۇ قىلماق، سالاۋات قىلماق: قارىغاندا سىز مېنى كەچۈرمەيدىغان ئوخشايسىز.

**كەچۈرمىش** ئى. باشتىن ئۆتكەن تۈرلۈك ۋەقە ـ ھادىسىلەر؛ كەچمىش: بالا پادىشاھقا ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىپتۇ.

**كەچۈرۈشمەك** «كەچۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئاتلارنى دەريادىن كەچۈرۈشۈپ، ئۆزلىرى قېيىق بىلەن دەريادىن ئۆتۈشكەنىكەن. * ئۇلار ئالىمنى كەچۈرۈشتى.

**كەچۈرۈلمەك** «كەچۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چېكىدىن ئېشىپ قىلغان ھۇجۇملىرىڭىز كونا قەدىردانلىقىڭىز ھۆرمىتى ئۈچۈن كەچۈرۈلىدۇ. سىز خاتىرجەم كېلىۋېرىڭ.

**كەچۈرۈم** ئى. ئەپۇ، ئۆزرە، گۇناھ، ئەيىبىنى ۋە شۇ سەۋەبلىك يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەت، جازانى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، كەڭچىلىك: كەچۈرۈم سورىماق. كەچۈرۈم قىلماق.

**كەر** يېزىت ← **كېر**: ھەي يولۇچى، يولۇچى، كەركە بويلۇق كەر ئېتىڭ، كەر بۇلاقتا يۇرىدۇ.

**كەرەپشە** [پ] ئى. چېكىسەي.

**كەرەشمە** ئى [پ] بىراۋغا يېقىش، ئۇنىڭ ئامراقلىقىنى، تەلپۈنۈشىنى قوزغاش ئۈچۈن گەۋدە، كۆپىنچە يۈز ـ كۆز بىلەن قىلىنغان نازلىق ھەرىكەت، نازلىق قىلىق: نېسىپ بوپتۇ ساڭا گۈزەللىك، ناز ـ كەرەشمە بىلەن قېتىلىپ.

**كەرەم** ئى [ئە] يېزت ① مەرھەمەت، ھىممەت، شاپائەت: كەرەم قىلماق. * ئالىي كەرەملىرىنىڭ دۆلەتلىرى سايىسىدە، بىز پۇقرالار خاتىرجەم ياشاۋاتىمىز. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**كەرەملىك** سۈپ. مەرھەمەتلىك، ھىممەتلىك، شەپقەتلىك: ئەي كەرەملىك پادىشاھ، نېمىگە خۇشال ئولتۇرمايسىز؟

**كەرتمەك** پ. يونۇماق، يونۇپ ئىز چىقارماق: ياغاچنى سەل كەرتىپ ئاندىن شوينىنى باغلا، بولمىسا سىيرىلىپ توختىمايدۇ.

**كەرتىشمەك** «كەرتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كەرتىك** ئى ① يونۇپ چىقىرىلغان ئىز؛ كەمتۈك.② پاراللېل ئىككى ئەزا ئوتتۇرىسىدىكى كەمتۈك جاي.

**كەرتىلمەك** «كەرتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كەرتىم** مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ يونۇلىدىغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر كەرتىم.

**كەررە** [ئە] ① ئى <مات> كۆپەيتىش: كەررە جەدۋىلى. ② ئى. كەررە بەلگىسى(×) . ③ مىق. ساناق سانلار بىلەن بىرگە كېلىپ ھەرىكەتنىڭ تەكرارلىنىش دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ ھەم «قېتىم، نۆۋەت، مەررە؛ كۆپەيتىلگەن، يەردە » دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: ۋاپا لەۋزىدىن سەن ئىدىڭ مۇئەللىم، ماڭا بەردىڭ يەنە بىر كەررە تەلىم.

**كەررەك** I ئى [پ] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تېنى چوڭ، خوخا تىكەنگە ئوخشايدۇ. غولى تىك، گىرۋەكلىرىدە تىكىنى ۋە يېشىل قاناتلىرى بولىدۇ. پۈتۈن تېنىدىن دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلىنىدۇ. ئۇ زىيانداش ھاشاراتلارنى ئۆلتۈرۈش رولىغا ئىگە.

**كەررەك** II ئى [پ] <زوئول> بۆدۈنە: ئۆردەك بىلەن كەررەكنىڭ سۇ چېچىشقىنى خوپتۇر. ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ كۆز بېقىشقىنى خوپتۇر.

**كەررىلەتمەك** «كەررىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كەررىلەشمەك** «كەررىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كەررىلەنمەك** «كەررىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كەررىلىمەك** پ. ھەسسىلىمەك، ھەسسىلەپ كۆپەيتمەك.

**كەركىدان** ئى [پ] <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تۇم تۇياقلىق، تەن شەكلى كالىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، بوينى قىسقا، تۆت ئايىغى چوڭ، بۇرنىنىڭ ئۈستىدە بىر ياكى ئىككى مۈڭگۈزى بار. تېرىسى قوپال، لېكىن قېلىن، سەل قارامتۇل، تۈكلىرى يوق.

**كەركىدانگۈل** ئى [كەركىدان+گۈل] <بوت> ① ئەرمۇدۇن ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان كىچىك دەرەخ ياكى چاتقال. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە پۇراق ماتېرىيالى ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**كەرگە** I ئى ① نەرسىلەرنىڭ ئارىسىنى ئېچىش، كېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە: ئاي خېنىم بىر باقسىنا، كۆزۈڭنى چوڭ ـ چوڭ ئاچسىنا. كىرپىكىڭ دالدا قىلسا، كەرگىدە كېرىپ ئاچسىنا. ② كەشتىچىلىكتە كەشتە چۈشۈرۈلىدىغان رەختنى كېرىپ، يېيىپ، ئېچىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چەمبەر شەكىللىك ئەسۋاب، چەمبىرەك: ئۇ كەرگىگە تارتىلغان يىپەك رەخت ئۈستىگە كەشتە بېسىشقا باشلىدى.

**كەرگە** II ئى. دىيال. كىگىز ئۆينىڭ ياغاچ شادىلىق تېمى: ئۇلار ئاق ئۆيلەردە ياشايتتى. ھۇن ياغاچچىلىرى ئاق ئۆيلەر (كىگىز ئۆيلەر) ئۈچۈن ياغاچتىن چاڭقىراق، كەرگىلەرنى ياسايتتى.

**كەرگۈزمەك** «كەرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كەرمان** ئى<بوت> كەرمان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ. نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش رولىغا ئىگە.

**كەرمەك** پ. ئىككى تەرەپكە تارتىپ ئارىسىنى ئاچماق، يايماق؛ كەڭ، چوڭ ھالەتكە كەلتۈرمەك: كېرىمى كېرىپ بەردى، رېھىمى يېرىپ بەردى (ماقال). * بىز ئۇنى كونا بىر ئەلگەكنىڭ قاسقىنىغا كېرىپ دۇمباق ياسىدۇق.

**كەرىقۇر** ئى <زوئول> قۇشلار كىلاسى، كەرىقۇر ئائىلىسى. ئەركىكىنىڭ تەن ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، پەي ـ تۈكلىرى دېگۈدەك قارامتۇل، قۇيرۇق پەيلىرىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە ئاقۇچ ئالىسى، گېلىدا ئاق رەڭلىك پەيلىرى، قارامتۇل كىچىك سەپكۈنلىرى بار. قېلىن، ئېگىز تاغ ئورمانلىرىدا توپلىشىپ ياشاپ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يۇمران نوتىسى، مېۋە شىرنىلىرىنى ئوزۇق قىلىدۇ.

**كەرىك** سۈپ. ئارىسى ئوچۇق، كېرىلگەن؛ چوڭ يېرىقى ياكى تۆشۈكى بار.

**كەز** ① ئى. ۋاقىت، چاغ، مەزگىل، پەيت: كېزى كەلگەندە. * ئۇلار خالىراق قالغان كەزلىرىدە رەيھان ھەققىدە بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ ئۇھ تارتىشاتتى. ② مىق. قېتىم، نۆۋەت، رەت: بۇ كەز بىز ئۇلارنى يېڭىپ، غالىب بولدۇق.

**كەزدۈرمەك** «كەزمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مېنى ساڭا كۆيدۈرگەن، قارا قېشىڭ بىلەن كۆزدۈر. ئۇلۇغ دەريانى كەزدۈرگەن، گىلاڭ تاغلاردىكى مۇزدۇر.

**كەزدۈرۈلمەك** «كەزدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كەزمە** ئى. كېزىش، كېزىپ يۈرۈش: ئۇ كېچىلىك بەزمىدىن ۋە كۈندۈزلۈك سەيلە ـ ساياھەت، كەزمىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇلارنى تۈرلەرگە ئايرىپ رەتلىگەن.

**كەزمەك** پ. مېڭىپ، ئايلىنىپ يۈرمەك، ئارىلىماق، زىيارەت قىلماق، ساياھەت قىلماق: لۈتپۇللا دالىدا يۈرۈشنى، جاڭگال ـ جىرالارنى كېزىشنى، تاغلارغا، تىك چوققىلارغا چىقىشنى ياخشى كۆرەتتى.

**كەسپىي** سۈپ [ئە] ① كەسىپكە، ھۈنەرگە ئائىت؛ ھۈنەر ـ كەسىپكە مۇناسىۋەتلىك ياكى ئالاقىدار بولغان: بىز ئۇلارنىڭ كەسپىي سەۋىيەسىگە، ئىش ئۇنۇمىگە، تىرىشچانلىقىغا قارىمىساق بولمايدۇ. ② مەخسۇس بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، مەخسۇس بىر كەسىپنى تۇتقان: ئۇلار ھازىر بېلىقچىلىقتا كەسپىي ئائىلە بولۇپ قالدى.

**كەستۈرمەك** «كەسمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۈپتاي پۈتىنى كەستۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

**كەستۈرۈشمەك** «كەستۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كەستۈرۈلمەك** «كەستۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كەس ـ كەسلا** كەسكەنلا يېرى، قەيەرنى كەسسەڭ شۇ يېرى: ئاجايىپ سېمىز چىقتى، كەس ـ كەسلا ماي.

**كەسكەك** ① سۈپ. كېسىدىغان؛ ئۆتكۈر. ② ئى. ئىتنىڭ

بوينىنى ئارغامچا ياكى تانا بىلەن باغلىغاندا بوينىنى سىقىۋالماسلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، يەنى ئىككى بېشىغا ئىتنىڭ بوينى پاتقۇدەك تانا باغلاپ، ئوتتۇرىسىغا چۈلۋۈر بېكىتىلىدىغان قىسقا كالتەك.

**كەسكەكچى** ئى. دىيال ← **خەتنىچى**.

**كەسكۈچى** ① سۈپ. كېسىش رولىنى ئوينايدىغان، كېسىدىغان: كەسكۈچى پىچاق. كەسكۈچى تىغ.② ئى<مات> چەمبەر ياكى باشقا ئەگرى سىزىقلارنىڭ ئۈستىدىكى خالىغان ئىككى نۇقتىدىن ئۆتكەن تۈز سىزىق.

**كەسكىن** ① سۈپ. ئۇزۇل - كېسىل، قەتئىي، جىددىي: گېپى كەسكىن. كەسكىن كۈرەش. * ئۆي ئىچىدىكى كەسكىن مۇلاھىزە تېخى داۋاملىشىۋاتاتتى. ② سۈپ. پوزىتسىيەسى ئۇزۇل - كېسىل، مەسىلە - ئەھۋاللارغا قارىتا تېز ھەم ئۇزۇل - كېسىل بىر تەرەپ قىلىش خاھىشى بويىچە مۇئامىلە قىلىدىغان (ئادەملەر ھەققىدە): ئاۋۇت ئاكام تولىمۇ كەسكىن ئادەم بولغاچقا، بىز ھەممىمىزلا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىشاتتۇق. ③ سۈپ. تېز ھەم كۈچلۈك، شىددەتلىك، قاتتىق؛ جىددىي (ئاۋاز ۋە شۇ قاتارلىقلار ھەققىدە): ئۇنىڭ ئاۋازىدا ھېلىغىچە بىلىنگەن كەسكىن بىر تۈس بار ئىدى. * — ياق! — دېدى ئۇ كەسكىن بىر ئاۋازدا. ④ رەۋ. تېز، دەرھال، بىردىنلا: ئۇ ئېتىنىڭ بېشىنى كەسكىن بۇرىدى - دە، ئەمدىلا مەلۇم بولغان خائىننى قوغلاپ كەتتى. ⑤ رەۋ. پۈتۈنلەي، بىردىنبىر، تۈپ يىلتىزىدىن: باشلىقنىڭ بىردىنلا كەسكىن ئۆزگىرىشى بىزنى گاڭگىرىتىپ قويغانىكەن.

**كەسكىنلەشتۈرمەك** «كەسكىنلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كەسكىنلەشتۈرۈشمەك** «كەسكىنلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كەسكىنلەشتۈرۈلمەك** «كەسكىنلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كەسكىنلەشمەك** پ. كەسكىن بولماق، كەسكىن ھالەتكە كەلمەك: مۇسابىقە كەسكىنلىشىپ كەتتى. * ئۇنىڭ سۆزلىرىمۇ كەسكىنلەشمەكتە ئىدى.

**كەسكىنلىك** ئى. قەتئىيلىك؛ قەتئىي ھەم كەسكىن مۇئامىلە، ھەرىكەت: — چىقمايدۇ! — دېدى مەردان كەسكىنلىك بىلەن.

**كەسلەتمەك** «كەسلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ كۆتەكنى ئوغلىغا كەسلىتىپ بولغاندىن كېيىن ئوت قالاش ئۈچۈن جابدۇندى.

**كەسلەشمەك** «كەسلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار شاخ - شۇمبىلارنى كەسلىشىپ بولغاندىن كېيىن ھارۋىلىرىغا بېسىپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

**كەسلەم** ئى. نەرسىلەرنىڭ بەلگىلىك ئۆلچەم بويىچە كېسىلگەن مەلۇم بىر پارچىسى، بۆلىكى: يول باشلىغۇچى كۆپچەكنى ئويغىتىپ، بىر كەسلەم بامبۇك تۇرۇبىسىنى گۈلخانغا تاشلىدى.

**كەسلەملىك** سۈپ. كەسلەم قىلىنغان، بۆلۈنگەن، كەسلەمگە ئايرىلغان ياكى بەلگىلىك كەسلەم قىلىشقا تەييارلانغان: شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىدا سەككىز كەسلەملىك قېلىن بىر تاختا قەغەز ئاق پېتى يېيىقلىق تۇراتتى.

**كەسلەنچۈك** ئى <زوئول> سۆرەلگۈچى ھايۋان. بەدىنىنىڭ يۈزىدە كىچىك تەڭگىچە قاسىراقلىرى، ئاستىدا تۆت پۇتى بار. قۇيرۇقى ئىنچىكە، ئۇزۇن، ئاسانلا ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. ئوت - چۆپ ئارىسىدا ياشايدۇ. ھاشارات ۋە باشقا كىچىك ھايۋانلارنى يەپ ئوزۇقلىنىدۇ.

**كەسلەندى** ئى. كەسلەنگەن، كېسىپ پارچىلانغان، كەسلەم قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ھەربىرى: ئۇ تۈنىكە مەشكە ئوتۇن كەسلەندىلىرىنى تاللاپ ئوت ياقتى، مەش قىزىپ ئۆي ئىسسىدى.

**كەسلەنمەك** «كەسلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ كەسلەنگەن ئوتۇنلارنى ئوچاق ئالدىغا ئەكىرىپ قويۇپ، كۆلگە سۇ ئالغىلى چىقىپ كەتكەنىدى.

**كەسلىمەك** پ. بەلگىلىك ئۆلچەم بويىچە كېسىپ، قىسقا بۆلەكلەرگە كەلتۈرمەك: ئوتۇنلار مەشكە لايىق كەسلەپ قويۇلغانىدى.

**كەسمە** ① سۈپ. كېسىلگەن، كېسىپ قويۇلغان: كەسمە چاچ. * بىز ئالدى بىلەن كەسمە يۈزنى ئۆلچىشىمىز كېرەك. ② ئى. كېسىلگەن، قىرقىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەربىر پارچىسى: يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكىلەر پىيونېرلارغا ماسلىشىپ رەڭلىك قەغەز كەسمىلىرى چېچىشتى.

**كەسمەك** پ ① تىغلىق ئەسۋابلار بىلەن نەرسىلەرنى بۆلەكلەرگە ئايرىماق، پارچە - پارچە قىلماق، پارچىلىماق: پىچاق دەستىسىنى كەسمەپتۇ (ماقال). * ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس، تۆمۈر كەسسەڭ قىسقا (ماقال). ② تىغلىق ئەسۋابلار بىلەن تىلماق، يارماق، جاراھەتلەندۈرمەك: قولنى كەسمىگۈچە قان چىقماس (ماقال). * ئۇنىڭ ئوڭ پۇتىنى ئورما ئورۇۋاتقاندا ئورغاق كېسىۋەتكەنىدى. ③ پىچاق (كىيىم ھەققىدە): ئۇ بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا كىرگەن رەختلەرنىڭ ھەممىسىنى كېسىپ بولۇپ، تىككۈچىلەرگە تاشلاپ بەردى - دە، رەيھاننى ئىزدەپ ماڭدى. ④ كۆچمە. بىرەر جاينىڭ ئارىسىدىن، ئوتتۇرا قىسمىدىن نىشان قىلغان جايغا ئۇدۇللاپ يول ئالماق، ئوتتۇرىدىن يېرىپ بارماق، يۆنەلمەك: ئۇ كىشى قولۋاققا ئولتۇرۇپ، دەريانى كېسىپ ئۆتمەكچى بوپتۇ. ⑤ كۆچمە. توسماق، مەلۇم بىر نەرسە بىلەن توسالغۇ ھاسىل قىلىپ توردىماق : ئارىدىن خوجايىن ئىشىكنى تاقاپ، زال بىلەن بىلىيارتخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يولنى كېسىپ تاشلىدى. ⑥ كۆچمە. ئۈزۈپ قويماق، بۆلمەك (گەپ، مۇلاھىزە، سۆھبەت قاتارلىقلار ھەققىدە): — پەلسەپە ساتمىساڭچۇ، ھويلىغا نەدىن كىردىڭ؟ — دېدى روزى سادىقنىڭ سۆزىنى كېسىپ. ⑦ كۆچمە. بەلگىلىمەك، بېكىتمەك، بىر قارارغا كەلمەك (باھا، ئىش ھەققى قاتارلىقلار ھەققىدە): — ۋاي - ۋۇي، ئەجەب كېلىشىپ بولالماي كەتتىڭلار، مەنلا كېسىپ قويمايمۇ؟ — دېدى بىر ئاقساقال بېدىك قوي ئىگىسى بىلەن خېرىدارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ. ⑧ كۆچمە. جازاغا ھۆكۈم قىلماق، جازا مۇددىتىنى بېكىتمەك: — ھېلىقى جىنايەتچىنى نەچچە يىللىق كەسكەندۇ؟ — بىرەيلەن تۇيۇقسىزلا سوراپ قالدى. ⑨ كۆچمە. تالون، بېلەت، ھۆججەت قاتارلىقلارنىڭ رەسمىيىتىنى بېجىرمەك: ھېلىقى بېلەت كەسكەن ئايال دۇكانغا يەنە قايتىپ كىرىپ ئورنىدا ئولتۇردى. ⑩ كۆچمە. تەسىرىنى، كۈچىنى ئاجىزلاتماق، پەسەيتمەك، قايتۇرماق: ئاچچىقسۇ ھاراقنى كېسىدۇ. * ئاچچىقنى ئاچچىق كېسىدۇ.

**كەسىپ** ئى [ئە] ① ئىش ـ پائالىيەتنىڭ مەلۇم تەجرىبە، تەييارلىق تەلەپ قىلىدىغان بىر تۈرى؛ ھۈنەر، ساھە: ــ كىتاب سېتىشنىمۇ ئۆگىنىپ قويىدىغان كەسىپمۇ؟ ــ دېدى ئۇ كۈلۈپ كېتىپ. ② ئىلىم، ئىلىم ساھەسى: ماتېماتىكا كەسپى. خىمىيە كەسپى. تىل ـ ئەدەبىيات كەسپى. ③ ئادەت قىلىنغان ئىش، ئادەت: ئۇنىڭ دوپپىسىنى بۇنىڭغا كىيدۇرۇش سىزنىڭ تۇغما كەسپىڭىز.

**كەسپچانلىق** ئى. كەسپكە بولغان يۇقىرى دەرىجىدىكى قىزغىنلىق، كەسپكە بولغان قىزغىن روھىي كەيپىيات: بۇ خىزمەتنى ئۈنۈملۈك ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يۈكسەك كەسپچانلىققا ئىگە بىر تۈركۈم ئالىملارنى ئىشقا سېلىش كېرەك.

**كەسپدار** ئى [ئە + پ] مەخسۇس بىر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، شۇ كەسىپ ساھەسىدە بەلگىلىك بىلىم، تەجرىبىگە ئىگە بولغان كىشى: دىنىي كەسپدارلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى نورمال ئېلىپ بارسا بولىدۇ.

**كەسپداش** ئى [ئە + پ] ئوخشاش كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشىلەر (بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن): بۇ مەپە كەسپداشلارنىڭ تۇردىئاخۇن ئاكىغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتى، شۇنداقلا چەكسىز سېغىنىشىنىڭ بەلگىسى ئىدى!

**كەسپداشلىق** ئى. كەسپداشلار ئارىسىدا بولىدىغان مۇناسىۋەت: مەن كەسپداشلىق يۈز ـ خاتىرىسى ئۈچۈنلا ئۇ كىشىگە ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئېتىبار بېرىپ كېلىۋاتاتتىم.

**كەسپسىز** سۈپ. بىرەر كەسپى يوق، ھېچقانداق كەسپنى بىلمەيدىغان: كەسپسىز ئادەم.

**كەسپكار** ئى [ئە + پ] مەلۇم كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى؛ كەسپدار: كەسپكارلار مەشغۇلات مەيدانىدا يوشۇرۇن خەۋپ بارلىقىنى، ھاياتىغا خەۋپ ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلسە، مەشغۇلات قىلىشنى رەت قىلسا بولىدۇ.

**كەسپكارلىق** ئى. مەلۇم كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش.

**كەسپلەشتۈرمەك** «كەسپلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئىلمىيلەشتۈردى.

**كەسپلەشتۈرۈلمەك** «كەسپلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كەسپلەشمەك** پ ① كەسىپ ئىگىسىگە ئايلانماق: پەنلەر بويىچە مەخسۇس كەسپلەشكەن مۇتەخەسسىسلەرنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش كېرەك. ② مەخسۇس كەسپلەر بويىچە بۆلۈنۈپ ئىش ئېلىپ بارماق، كەسپلەر بويىچە ئايرىلماق: دېھقانلار كەسپلىشىشكە قاراپ زور قەدەم تاشلىدى.

**كەسىر** [ئە] <مات> ① سۈپ. بىر بىرلىكنىڭ بىر ياكى بىرنەچچە بۆلىكىنى ئىپادىلەيدىغان: كەسىر سان. كەسىر ئىپادە. ② ئى. بىر بىرلىكنىڭ بىر ياكى بىرنەچچە بۆلىكىنى ئىپادىلەيدىغان سان، كەسىر سان: ئاددىي كەسىر. ئونلۇق كەسىر. كەسىرلەرنى قىسقارتىش. ③ ئى. قالدۇق: توققۇزنى ئىككىگە بۆلسەك بىر كەسىر قالىدۇ.

**كەسىر سان** ① <مات> كەسىر. ② <تىل>شەيئىنىڭ پارچە سانىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر. مەسىلەن، ئۈچتىن ئىككى، بەشتىن بىر، يۈزدىن ئۈچ قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**كەسىرسىز** رەۋ. كەسىرى، قالدۇقى ئاشمىغان ھالدا: سەككىز تۆتكە كەسىرسىز بۆلۈنىدۇ.

**كەسىرلىك** ① سۈپ. كەسىرى بار، كەسىرگە ئىگە: ئاددىي كەسىرلىك تەڭلىمە. ② رەۋ. كەسىرى، قالدۇقى ئاشقان ھالدا: توققۇز تۆتكە كەسىرلىك بۆلۈنىدۇ.

**كەش** ئى [پ] ① قونچى، بوغقۇچى يوق، ياز كۈنلىرى ئۆي ئىچى ياكى ھويلا ـ ئارام ئەتراپىدا كىيىلىدىغان بىر خىل يېنىك ئاياغ، ساپما ئاياغ: ئۇ پۇتىغا ساپما كەش كىيىۋالغانىدى. ② مەسىنىڭ ئۈستىگە كىيىدىغان ئاياغ.

**كەش بازىرىدا قالماق** مەلۇم بىر ئىش ـ پائالىيەتتە ئەڭ ئارقىدا، تۆۋەندە قالماق، ئىناۋەتسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالماق: مۇختەرجان كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ، يىراق كەش بازىرىدا قالدى.

**كەشىنى توغرىلىماق** ① كېتىپ قالماق؛ قاچماق، تىكىۋەتمەك: مەنمۇ بۇ يەردە تۇرماي، بالدۇرراق كەشىمنى توغرىلىسام بولغۇدەك. ② كېتىشكە مەجبۇر قىلماق، ھەيدىمەك، قوغلىماق: بىز «ماڭىسىلا خېنىم» دەپ كەشىنى توغرىلاپ قويدۇق.

**كەشىنى قولتۇقلىماق** ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ كەتمەك، قوغلانماق، ھەيدەلمەك: ئۇ شۇ بارغان پېتى گېپىنى ئۆتكۈزەلمەي، كەشىنى قولتۇقلاپ قايتىپ كەپتۇ.

**كەشىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ قويماق** ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ يولغا سېلىپ قويماق، ھەيدىمەك، قوغلىماق: ئۇنداق ئادەمدىن نەچچىسىنىڭ كەشىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ قويغانمەن.

**كەشىنى قولتۇقىغا قىسماق** ← **كەشىنى قولتۇقلىماق:** ئۇ ئىلاجسىز قېلىپ، كەشىنى قولتۇقىغا قىسىپ قايتىپ كەپتۇ.

**كەشىنى قېقىپ** قۇرۇق قول، ھېچنېمىگە ئىگە بولالماي: لەشكەر باستۇرۇپ كېلىپمۇ بېقىپ، تۇمشۇقىغا يەپ، قانلىرى ئېقىپ، يامان غەرىزى بېشىغا چىقىپ، قايتىشقانىدى كەشىنى قېقىپ.

**كەشىنىڭ چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماي** ئىنتايىن قورقۇنچ ئىچىدە، قاتتىق ئالدىراشلىق بىلەن: كىم بىلسۇن، ئۇلار بىز بىلەن ئېلىشار ـ ئېلىشمايلا كەشىنىڭ چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماي، رەسۋالارچە قاچتى.

**كەشىنىڭ سوڭىدا ناس كاپ ئېتىدىغان** پاسىق، پاسكىنا؛ نىيىتى دۇرۇس بولمىغان، ئالدامچى، ھىيلىگەر: لىللا گەپنى قىلسام موللام، مەن ئىمانىمنىڭ سۇسلۇقىدىن ئەمەس، خۇددى سىزگە ئوخشاش كەشىنىڭ سوڭىدا ناس كاپ ئېتىدىغان يالغان موللامنىڭ كاساپىتىدىن مۇشۇ كۈنگە قالغانمەن.

**كەشپى** ئى [ئە] يېرىم ئۇيقۇلۇق، چۈش ۋە خىيالىي كۆرۈنۇشلەر ئارىلىشىپ كەلگەن ھارغىن روھىي ھالەت: ئەسلىدە ئۇ بېشىنىڭ قىيسىيىپ كېتىشىدىن چۆچۈپ ئويغانغانىدى. ئۇ راستتىنلا مۈگدەپ قالدىمۇ ياكى خىيال قىلدىمۇ ئۆزى ھەم ئېنىق ئاڭقىرالمايتتى. ئىشقىلىپ بۇ كەشپى ئىدى.

**كەشپىيات** ئى [ئە] تەكشۈرۈش، ئىلمىي تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن، يارىتىلغان نەرسە، ئىختىرا، ئىجادىيەت: ــ يولداش جۇمە، ــ دېدى سادىق تەمكىنلىك بىلەن، ــ بۇ يېڭىلىق يارىتىش ياكى ھېچقانداق كەشپىياتقا كىرمەيدۇ.

**كەشپىياتچى** ئى. كەشىپ قىلغۇچى كىشى، ئىختىرا قىلغۇچى: ئېدىسۇن دۇنيادا ئەڭ مەشھۇر كەشپىياتچى ئىدى.

**كەشپىياتچىلىق** ئى. كەشىپ قىلىش ئىشى، خىزمىتى، پائالىيىتى: ئۇ پۈتۈن دۇنياغا كەشپىياتچىلىق بىلەن تونۇلغان، ئەمما ئۆمرىدە مۇقىم مەكتەپتە ئوقۇپ باقمىغان كىشى ئىدى.

**كەشتە** ئى [پ] رەختنىڭ يۈزىگە يىڭنە بىلەن تىكىپ چۈشۈرۈلگەن گۈل، تۈرلۈك رەسىم، ھەر خىل سىزىقچە ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر: پاتمە كەرگىگە يېيىلغان لاتىغا ئېگىشىپ كەشتە تىكىپ ئولتۇراتتى.

**كەشتىچى** ئى. كەشتە تىككۈچى، كەشتە تىكىشكە ماھىر كىشى: ئىش بىلمەس كەشتىچى بوپتۇ، ئاش بىلمەس ئۈگرىچى (ماقال).

**كەشتىچىلىك** ئى. كەشتە تىكىش ئىشى، خىزمىتى ياكى كەسپى.

**كەشتىلەتمەك** «كەشتىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئاپىسىغا دەپ كۆڭلىكىگە گۈل كەشتىلەتمەكچى بولدى.

**كەشتىلەشمەك** «كەشتىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كەشتىلەنمەك** «كەشتىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئابدۇللا داۋۇت بىلەن يۈسۈپجان ياغلىققا كەشتىلەنگەن شېئىرنى ئالدىرىماي ئوقۇپ چىقتى.

**كەشتىلىك** سۈپ. كەشتە تىكىلگەن، كەشتە بېسىلغان، كەشتىلەنگەن: ئۇ قارىۋىدى، بۇ پاتىگۈل سوۋغا قىلغان كەشتىلىك ياغلىق ئىكەن.

**كەشتىلىمەك** پ. كەشتە چىقارماق، كەشتە باسماق، كەشتە تىكمەك: كەلدى تارىخنىڭ بېزەكلەپ بېتىنى، كەشتىلەپ زەرباب بىلەن چەت ـ چېتىنى.

**كەشكۈن** ئى. جۇۋاز بۆكىنى قايچا ياغاچ بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ياغاچ: بويۇنتۇرۇق كەشكۈن يالاپ ئۈپراپ كېتىپتۇ.

**كەشىپ** ئى [ئە] تېپىش، ئىجاد، يارىتىش، بەرپا؛ ئېچىش: كەشىپ قىلماق.

**كەك** ئى. ئۆچ ئېلىش ئىستىكى، دۈشمەنلىك تۇيغۇسى، غۇم، ئاداۋەت، ئۆچمەنلىك: كەك ساقلىماق. * كەك يوق تاماقتا، شەك يوق (ماقال).

**كەكە** ئى. تىغى دەستىسىگە ئورنىتىلىدىغان كىچىك تېپتىكى چېپىش، يونۇش قورالى: ئالىم ئوقۇغۇچىلارنى كەتمەن ياكى كەكە ئەكېلىشكە بۇيرۇدى.

**كەكرە** ئى <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر ئۈستى قىسمى دورا قىلىنىدۇ، ئىسسىقنى ياندۇرۇپ زەھەر قايتۇرۇش، قاننى جانلاندۇرۇش ۋە ئىششىقنى ياندۇرۇش روللىرىغا ئىگە.

**كەكرىلىك** ئى. كەكرە ئۆسكەن يەر، جاي.

**كەكلىك** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. تېنى ئومۇمەن قوڭۇرراق كۈل رەڭ، ئىككى بېقىنىدا قارا ھەم زىغىر رەڭ توغرا يوللىرى بولىدۇ. تۇمشۇقى بىلەن پۇتى قىزىل، پەنجىسى قارا قوڭۇر كېلىدۇ، سايرايدۇ. ئادەتتە تاغ باغرى ۋە تىك يار ئارىلىقلىرىدا ياشايدۇ. گۆشى ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**كەكلىكۋاز** ئى. كەكلىك بېقىش ۋە ئۇنى سوقۇشتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشى: بەزىدە بۇ يەردە كەكلىكۋازلار پەيدا بولاتتى ـ دە، كەكلىك سوقۇشتۇرۇش باشلىنىپ كېتەتتى.

**كەكساقال** ئى [كەكە + ساقال] ① ئېڭەك قىرى قىرىۋېتىلىپ، پەقەت زاڭاق قىسمىغىلا قىسقىراق قىلىپ قويۇلغان ساقال: يۈسۈپ تەيجى پەي ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، شالاڭراق كەلگەن كەكساقىلىنى سىلىدى. ② شۇنداق ساقىلى بار كىشى: ـــ ھەي كەكساقال، ـــ دېدى بىر چېرىك ھاشىم ئاكىغا ۋارقىراپ، ـــ سېنى دەۋاتىمەن، بۇ ياققا كەل!

**كەڭ** سۈپ ① ئېنى، توغرىسى يوغان؛ ئەنلىك، توغرىلىق: ئاش تەڭ، نان تەڭ، سول نېمىشقا كەڭ؟ (ماقال). ② ھەجمى، سىغىدىمى، دائىرىسى چوڭ؛ ئۆلچىمى چوڭ، كاتتا بولغان: كەڭ ئېتىز. كەڭ جاھان. كەڭ زېمىن. كەڭ ئەنلىك رەخت. كەڭ پەلتو. كەڭ كۆڭلەك. ③ كۆچمە. ھەممىسىنى ياكى مۇتلەق كۆپچىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، نۇرغۇنلىغان، كۆپلىگەن: بۇنداق ئەھۋاللار ئامېرىكىنىڭ كەڭ رايونلىرىدا ھېلىمۇ مەۋجۇت. ④ كۆچمە. مول، تولۇق، نازۇنېمەتلەر بىلەن تولغان: داستىخىنى زەپ كەڭ ئىكەن تاغ خەلقىنىڭ، مېھمىنىنى كۈتەر شۇنداق ئىززەت بىلەن. ⑤ كۆچمە. يېتەرلىك، تولۇق، كۆپ، زور: يىراقتا «گەنسۇ» دەپ بىر جاي بار، چىنلىەر «گەنسۇ» دەيدۇ. بىز تۈركلەر «كەڭسۇ» دەيمىز. ئەسلىي ئۇ جاينىڭ سۈيى كەڭ بولغانلىقتىن «كەڭسۇ» دېگەن نام بېرىلگەن. ⑥ كۆچمە. ھەر تەرەپلىمە، زور؛ مول، كۆپ ھەم مۇكەممەل، تولۇق ھەم ئەتراپلىق: ئۇيغۇر فولكلورلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن ئىنتايىن كەڭ. ⑦ ئومۇمىيۈزلۈك، زور دائىرىلىك: كەڭ مۇزاكىرە كۆپچىلىككە كۈچلۈك تەربىيە بولدى. * ئۇنىڭ نامى ئىشچىلار ئارىسىدا كەڭ تارقالدى.

**كەڭ بۇلۇڭ** <مات> تىك بۇلۇڭدىن چوڭ، ئەمما يېيىق بۇلۇڭدىن كىچىك بولغان بۇلۇڭ.

**كەڭ قورساق** ئىچى تار ئەمەس، ئەپۇچان، باشقىلارنىڭ نامەردلىكلىرىنى كەچۈرەلەيدىغان، مەرد: سىز كەڭ قورساق ئالىم، ئۇنداق ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن پەرۋايىڭىز پەلەك، ئەلۋەتتە.

**كەڭ قول** مەرد، سېخىي، قولى ئوچۇق: تۇرسۇننىڭ «كەڭ قول» كادىر ئىكەنلىكىنى ئۇ خېلى بۇرۇنلا بايقىغانىدى.

**كەڭتاشا** ① رەۋ. ئېھتىياجىدىن ئېشىپ قالغۇدەك دەرىجىدە، يېتەرلىك، مول: بۇ يىل توك خېلى كەڭتاشا بولۇپ قالدى. ② سۈپ. چوڭ، يوغان، ئازادە: ـــ كىگىزنى مۇشۇ يەردە تىكىڭ، ئىشتاب ئىچى كەڭتاشا، ـــ مەسلىھەت بەردى سوپىئاخۇن سوۋۇروپ.③ رەۋ. ئۆز ئىختىيارىچە، ئۆزى خالىغان تەرزدە، ئەركىن ـ ئازادە: تاغدا كەڭتاشا يۈرۈپ ئۆگىنىپ قالغان خەق، بۇنىڭغا زادىلا كۆنەلمەيتتى.

**كەڭتاشالىق** ئى . يېتەرلىك ، مول ، ئازادە بولغان ھالەت ، ئازادىلىك ، كەڭچىلىك .

**كەڭچىلىك** ئى ① ئازادە، كەڭتاشا ھالەت، كەڭتاشالىق: سودا بىلەن شۇغۇللىنىمەن دېسەڭ ھازىر كەڭچىلىك. ② جىنايەت ياكى خاتالىق ئۆتكۈزگەن كىشىلەرگە قارىتا، يېنىك جازا بېرىش ياكى ئۇلارنىڭ جازاسىنى يېنىكلىتىش: كەڭچىلىك قىلماق.

**كەڭرى** ① سۈپ. چوڭ، يوغان، ئازادە، كەڭ: كەڭرى قۇچىقى، بىلىم ئوچىقى، ئىلھام بۇلىقى، ئانا مەكتىپىم. ② رەۋ. كۆپ، جىق، نۇرغۇن، يېتەرلىك، مول: سۇندۇك دەيدۇ: «ۋۇجۇدۇم، ۋەتەن ئۈچۈن يارالغان. شۇڭا مەندىن ھېكايەت ئەلگە كەڭرى تارالغان».

**كەڭرىتمەك** «كەڭرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شىرەلەرنى بىر بۇلۇڭغىراق تارتىپ مەيداننى كەڭرىتەيلى.

**كەڭرىتىشمەك** «كەڭرىتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۆلپەتلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، مەيداننى كەڭرىتىشتى.

**كەڭرىتىلمەك** «كەڭرىتمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئۆتكەندىكىگە قارىغاندا بىر ئاز كەڭرىتىلگەن ئوخشىمامدۇ؟

**كەڭرىچىلىك** ① ئى. مولچىلىق، مەمۇرچىلىق: هازىر تۇرمۇش دېگەن كەڭرىچىلىك، نېمىنى ئارزۇ قىلسىڭىز شۇنى تاپالايسىز. ② رەۋ. ناهايىتى كۆپ، مول، نۇرغۇن، ئېھتىياجدىن ئاشقۇدەك دەرىجىدە: ئاش دېگەن كەڭرىچىلىك بولۇپ كەتتى.

**كەڭرىمەك** پ ① دائىرىسى، ھەجمى چوڭايماق، يوغىنىماق، كېڭەيمەك: ئۇنىڭغا بۇ كىچىككىنە زېمىن بارغانسېرى كەڭرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ② كۆپەيمەك، جىققايماق، ئاشماق: بۇ يىل دېھقانلارنىڭ ئاشلىقىمۇ خېلى كەڭرىپ قالدى.

**كەڭ - كەڭرى** كەڭ - كۇشادە، كەڭتاشا: بۇ يىل ئاشلىقىمىز كەڭ - كەڭرى يېتىدۇ.

**كەڭ - كۇشادە** ① ئېشىپ - تېشىپ، كەڭتاشا، قىسىنچىلىقسىز: بازار بىگىمنىڭ ئېيتىشىچە، زىياپەت ناهايىتى كەڭ - كۇشادە ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. ② ئەركىن - ئازادە، ئۆزى خالىغاندەك، ئىختىيارىي هالدا، ئېچىلىپ - يېيىلىپ: — چاقچاق قىلمىسىلا، — دېدى هېلىقى كىشى، — بىز كەڭ - كۇشادە ئولتۇرۇپ سودىلاشتۇق. ③ چوڭ، يوغان، ئازادە، كەڭ: تاملىرى ئاقارتىلغان كەڭ - كۇشادە ئايۋان سۇپىسى كەسپداشلار بىلەن تولغانىدى.

**كەڭكى** ئى. دىيال. دانلىق زىرائەتلەرنىڭ چارىدىن كېيىنكى قالدۇق قىسمى.

**كەڭلىك** ئى ① كەڭ، ئازادە هالەت ، كەڭرىچىلىك : كەڭلىك قىلماق. ② كەڭ كەتكەن بىر بۆلەك يەر ، بوشلۇق: سادىق دامبىنىڭ ئۈستىدە 400 — 500 مېتىر كەڭلىككە يېيىلىپ، يامراپ چۇشۇۋاتقان سۇدىن كېچىپ ئۆتۈپ كەتتى. ③ كۆندىلەڭ ئۆلچەم، ئەن: بىر كۈنى ئەپەندىم بازارغا كېتىپ بارسا، بىر توپ كىشىلەر ئۇنىڭدىن: — ئەپەندىم، ئۇ دۇنيانىڭ كەڭلىكى قانچىلىكتۇ، — دەپ سوراپتۇ. ④ <جۇغ> يەر شارى يۈزىدىكى شىمال بىلەن جەنۇب ئوتتۇرىسىدا بۆلۈنگەن ئارىلىق گىرادۇسلىرى. ئېكۋاتوردىن جەنۇبىي ۋە شىمالىي قۇتۇپلارغىچە، ھەرقايسىسى 90 گىرادۇسقا بۆلۈنىدۇ. شىمال تەرەپتىكىسى شىمالىي كەڭلىك، جەنۇب تەرەپتىكىسى جەنۇبىي كەڭلىك دېيىلىدۇ. ئېكۋاتورغا يېقىن بولغانلىرى تۆۋەن كەڭلىك؛ ئىككى قۇتۇپقا يېقىن بولغانلىرى يۇقىرى كەڭلىك دېيىلىدۇ. ئىككىسى ئارىسىدىكى 45 گىرادۇس ئەتراپىدىكىسى ئوتتۇرا كەڭلىك دېيىلىدۇ. يەر يۈزىدىكى مەلۇم ئورۇندىن ئۆتكەن پاراللېل بىلەن ئېكۋاتور ئارىسىدىكى مەلۇم گىرادۇس سانى شۇ ئورۇننىڭ كەڭلىكى بولىدۇ.

**كەلپىغۇن** ئى. دىيال. كەپە II .

**كەلتۈرمەك** ① «كەلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — هوي، ئابدەمغۇ! — بۇ تونۇش ئاۋاز ئابدەمنى ئېسىگە كەلتۈردى. ② بىر قىسىم تۇرغۇن سۆزلەرگە قوشۇلۇپ ئۇلارنى پېئىللاشتۇرىدۇ: تارمار كەلتۈرمەك. بەجا كەلتۈرمەك.

**كەلتۈرۈشمەك** «كەلتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار داموللامنىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەنلا ئۈزۈلۈپ قالغان سۆھبەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتى.

**كەلتۈرۈلمەك** «كەلتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: تاماقتىن كېيىن قېنىق دەملەنگەن ئىسسىق چاي كەلتۈرۈلدى.

**كەلدى - باردى** ← **باردى - كەلدى:** ئۇلارنىڭ كەلدى - باردىسى خېلى قويۇق ئىدى.

**كەلدى - كەتتى** ① ئۆز ئارا كېلىپ - كېتىش، مۇناسىۋەت: بۇ بوۋاي دۇينىڭ كەلدى - كەتتى، يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلاتتى. ② «- لەر» قوشۇمچىسى بىلەن بىرگە كېلىپ «كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان كىشى، كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغانلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئەختەر بولسا كەلدى - كەتتىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن بىزار ئىدى.

**كەلسە - كەلمەس** قالايمىقان، تايىنى يوق، ئەرزىمەس، بولمىغۇر، مۇۋاپىق بولمىغان، ئورۇنسىز: قىز بالا دېگەن ئۇنداق كەلسە - كەلمەس گەپلەرنى قىلمايدىغان!

**كەلكۈن** ئى <سۇ> قاتتىق ياغقان يامغۇر ياكى قار سۇلىرىنىڭ توپلىنىشىدىن هاسىل بولىدىغان كۈچلۈك سۇ ئېقىنى، سەل، قىيان : ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن، ئاهلىرىم تۇتقاي سېنى. كۆز يېشىم كەلكۈن بولۇپ، بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

**كەلگۈسى** ئى. كېلىدىغان زامان، بۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋر، ۋاقىت، چاغ؛ كېلەچەك: قىزىمىزنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى بىزنى ئويلاندۇرماي قويمايتتى.

**كەلگۈسپەرەس** ئى <پەلس> كەلگۈسى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىش، كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش، كەلگۈسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىشكە قىزىقىدىغان ئادەم، شۇنداق قىلىشقا ھېرىسمەن كىشى.

**كەلگۈسشۇناس** ئى. ئىنسانلارنىڭ، دۇنيانىڭ، ئومۇمەن مەۋجۇداتنىڭ كەلگۈسىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىم.

**كەلگۈسشۇناسلىق** ئى. كەلگۈسىنى، يەنى دۇنيانىڭ كەلگۈسىنى، مەۋجۇداتنىڭ كەلگۈسىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان ئىلىم (پەن): كەلگۈسشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانماق.

**كەلگۈلۈك** ① سۈپ. جۈملىدە ئاساسەن خەۋەر بولۇپ كېلىپ «كېلىش لازىم»، «كېلىش كېرەك» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ: — «كېلىمەن» دەپ كەتكەندىكىن كەلگۈلۈك، — دېدى بوۋاي ئوغلىغا كايىپ. ② ئى. باشقا كېلىدىغان مۇشكۈلچىلىك، ئېغىرچىلىق، كېلىشمەسلىك: پۇلى بارلار پۇل بېرىپ قۇتۇلدى، ھەممە كەلگۈلۈك بىز كەمبەغەللەرگىلا كەلدى.

**كەلگۈندى** ئى. باشقا جايلاردىن ئېقىپ كېلىپ قالغان، يۇرتىدىن ئايرىلىپ باشقا بىر يەرگە كېلىپ توختاپ قالغان كىشى: ئۇ ئەجدادىدىن قالغان ئىززەت - ئابرۇيىنى بىر كەلگۈندىنىڭ رايى بىلەن خاراب قىلىۋاتاتتى.

**كەلمەك** پ ① مېڭىش، ئۇچۇش ياكى قاتناش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق سۆزلىگۈچى تۇرغان ياكى كۆرسەتكەن، ئېيتقان تەرەپكە، ئورۇنغا يېقىنلاشماق، يېتىپ بارماق، يەتمەك: ئۇچمە تۈگمەندە سوپىسوپىياڭ كەپتۇ (ماقال). * قېرى كەلسە ئاشقا، ياش كەلسە ئىشقا (ماقال). ② بەلگىلەنگەن جايغا يېتىپ بارماق، ئادرېس بويىچە تاپشۇرۇلماق ياكى قارشى تەرەپنىڭ قولىغا تەگمەك (ئەۋەتىلگەن نەرسە ۋە تېلېفون، تېلېگرامما قاتارلىقلار ھەققىدە): بۈگۈن ئۇيغۇرچە گېزىتنىڭ يېڭى سانى كەلدى. ③ ئاڭلانماق، قۇلاققا كىرمەك، ئىشىتىلمەك، بىلىنمەك (ئاۋاز، -

خەۋەر قاتارلىقلار ھەققىدە): ئەمدى ئۇخلاي دەپ تۇرسام، يىراقتىن بىرنەچچە ئادەمنىڭ سۆزلەشكەن ئاۋازى كەلدى. ④ سىزىلمەك، تۇيۇلماق، بىلىنمەك (پۇراق قاتارلىقلار ھەققىدە): بۇك - باراقسان باغلاردىن گۇپۇلدەپ كۆزلۈك ئالمىلارنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. ⑤ باشلانماق، كىرمەك (پەسىل، مەۋسۇم، ۋاقىت ھەققىدە): كۈنلەر ئۆتۈپ ھەپتە كەپتۇ، ھەپتە ئۆتۈپ ئاي كەپتۇ. ⑥ توغرا تۇرماق، ئالغىلى ياكى ئالماشتۇرغىلى بولماق، ئېلىنماق: ئۇ قارىسا ئاشقان پۇلىغا ئارانلا بىر نان كېلىدىكەن. ⑦ ھېس - تۇيغۇ ياكى ھالەتكە مۇناسىۋەتلىك بەزى سۆزلەر بىلەن كەلگەندە، شۇ سۆز بىلدۈرگەن ھېس - تۇيغۇ ياكى ھالەتنىڭ پەيدا بولۇشىنى بىلدۈرۈپ «پەيدا بولماق، قوزغالماق» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: دادامنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ ئاچچىقىم كېلەتتى. ⑧ يارالماق، پەيدا بولماق، مەۋجۇت بولماق، تۆرەلمەك، كۆرۈلمەك: مەن ئالەمگە كېلىپ تېخى مۇنداق ئىشنى كۆرمىگەنىدىم. ⑨ «- غۇ، - قۇ، - گۇ، - كۇ» قوشۇمچىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ياسالغان ھەم شەخس (ئىگىلىك) كاتېگورىيەسىدە كەلگەن پېئىللار بىلەن بىرىككەندە، شۇ پېئىل بىلدۈرگەن ھەرىكەتنى ئورۇنداش ئىستىكىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى، قوزغالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: بولغانسېرى بولغۇسى كېلەر (ماقال). * مېنىڭ دائىم ئاچچىق نەرسىلەرنى يېگۈم كېلىدۇ. ⑩ نېسىپ بولماق، مەنسۇپ بولماق، قولغا چۈشمەك، ئىلكىگە، تەۋەلىكىگە ئۆتمەك: بىزنىڭ غەلىبىمىز قان بەدىلىگە كەلدى. ⑪ بۇيرۇق پېئىل شەكلىدە تەكلىپ، چاقىرىق، دەۋەت ۋە قىستاش مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ: قېنى كېلىڭلەر، بۇرادەرلەر، ئازراقتىن ئىچىشىپ قويايلى. * — بۇ ياققا كەل! — دەپ ۋارقىرىدى باي قوپاللىق بىلەن. ⑫ ھەجىم، ئۆلچەمنى بىلدۈرگەن سۆزلەردىن كېيىن «- ىدىغان، - گۇدەك» قوشۇمچىلىرى بىلەن كېلىپ، ئېيتىلىۋاتقان نەرسىنىڭ شۇ مىقدار سۆزلەر بىلدۈرگەن ھەجىم، ئۆلچەم ياكى مىقدارغا تەڭ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ كۆلدە ئۇزۇنلۇقى 15 گەز كېلىدىغان بىر سۇ ھايۋىنى بار ئىكەن. * ئۇ توقايلىقتا قويلىرىنى ئالدىغا سېلىپ، بىر ھارۋا كەلگۇدەك ياتاقنى يۇدۇپ كېتىۋاتقان قۇتلۇقنى كۆرگەنىدى. ⑬ يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەن بىر قىسىم ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەر بىلەن كېلىپ: 1) شۇ سۆز بىلدۈرگەن نەرسىنىڭ بايانىغا، تەپسىلاتىغا، ئىزاھىغا ياكى شۇ توغرۇلۇق مۇھاكىمىگە ئۆتۈشنى بىلدۈرىدۇ: ئۆزۈمگە كەلسەم، مەن ياقتۇرمايمەن. * ئەرز يېزىشقا كەلسەك، ئۇ بالىلارنىڭ ئويۇنچۇق ئوينىغىنىدەك بىر ئىش. 2) شۇ سۆز بىلدۈرگەن ئۇقۇمغا، چۈشەنچىگە ئېرىششنى ياكى ئۇنى توغرا دەپ بىلىشنى بىلدۈرىدۇ: ئۇلار بۇ مەسىلىدە ئورتاق پىكىرگە كەلگەنىدى. ⑭ چىقىش كېلىشتە كەلگەن شەخس ياكى جانلىق نەرسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن كېلىپ، بىرەر ئىش - ھەرىكەتنىڭ شۇ سۆز بىلدۈرگەن شەخس ياكى نەرسە تەرىپىدىن بېجىرىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: قولۇڭدىن كەلسە، ئەلدىن ئايىما (ماقال). ⑮ چىقىش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار بىلەن كېلىپ، ھەرىكەت ياكى سۆزنى ئەڭ ئاۋۋال شۇ ئىسىم بىلدۈرگەن نەرسە ياكى جايدىن، ئورۇندىن باشلاشنى ياكى شۇ نەرسە ئۈستىدە گەپلىشىش ياكى پاراڭلىشىشنى بىلدۈرىدۇ: قېنى، ئاۋۋال ئاشتىن كېلەيلى. ⑯ بەلگە، خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن كېلىپ، ئېيتىلىۋاتقان نەرسىنىڭ شۇ بەلگە، خۇسۇسىيەتكە ئىگە ھالەتتە تۇرغانلىقىنى ياكى شۇنداق سۈپەتتە، شەكىلدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئالۋاستى بوش كەلگەننى باسىدۇ (ماقال). ⑰ يۆنىلىش كېلىشتە تۇرلەنگەن مەلۇم بىر خاراكتېر ياكى ئالاھىدىلىك، تۇرق - ھالەتنى بىلدۈرىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى بىلەن كېلىپ، ئېيتىلىۋاتقان نەرسىنىڭ شۇ ھالەت، شەكىلگە كىرگەنلىكىنى، ئىگە بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ھەم ئاساسەن «كىرمەك» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: كېيىك بىر يۇمىلىنىپلا گۈزەل قىز سىياقىغا كەپتۇ. ⑱ «لىق، باب، تار» قاتارلىق بەزى سۈپەتلەر بىلەن كېلىپ، بىرنەرسىنىڭ يەنە بىرنەرسە ئۈستىگە، ئىچىگە ياكى مەلۇم بىر ئورۇنغا شۇ سۈپەتتە جايلاشقانلىقىنى، ئورۇنلاشقانلىقىنى ياكى قويۇلغانلىقىنى، كىرگۈزۈلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ: ئىككى پارچە غۇلجا تەڭلىماتى پاكار سۇپىغا لىققىدە كەلگەنىدى. ⑲ بولماق («ماقۇل» سۆزى بىلەن كەلگەندە): پاقىمۇ بۇ مەسلىھەتكە ماقۇل كەپتۇ. ⑳ مۇۋاپىقلاشماق، قاملاشماق، قولاشماق، ماسلاشماق: — تىلىڭ گەپكە كېلەمدۇ، - يوق؟ — ۋارقىرىدى ئۇ غەزەپلىنىپ. ㉑ ئۇچرىماق، يولۇقماق، نامايان بولماق، پەيدا بولماق: ئۇ ئالدىغا كەلگەن ئىشلارنى سېنىڭ، مېنىڭ دېمەستىن ئىشلەۋېرەتتى. ㉒ <تىل> ئورۇنلاشماق، جايلاشماق، تۇرماق (جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنى ياكى رولى ھەققىدە): «ئۇ بۈگۈن كەلدى» دېگەن جۈملىدىكى «ئۇ» سۆزى جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ ئىگە بولغان. ㉓ <تىل> تۇرلەنمەك: بىرىكمەك، يانمۇيان تۇرماق: «دۇنيانىڭ» دېگەن بۇ سۆز ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن. ㉔ داۋاملىشىپ مەلۇم نۇقتىغا يەتمەك، بارماق: ئۇنىڭ خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۆيگە بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ㉕ بەزى سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ پېئىللاشتۇرۇش رولىدا كېلىدۇ (بۇ چاغدا ئاساسەن «بولماق» مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ): دۈچ كەلدى. يېقىن كەلدى. تەڭ كەلدى. ㉖ رەۋىشداشلار بىلەن بىرىكىپ ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئىزچىل ھالدا داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: بىز سىلەرگە يېتەرسىزلىكلىرىڭلەرنى تونۇۋېلىشىڭلار ئۈچۈن پۇرسەت بېرىپ كېلىۋاتىمىز. ㉗ بەزى سۈپەتتىن ياسالغان پېئىللارنىڭ رەۋىشداش شەكلىگە قوشۇلۇپ كېلىپ نەرسە ياكى ئىش - ھەرىكەتنىڭ شۇ رەۋىشداش ئىپادىلىگەن تەرزدە، يۆنىلىشتە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى، تەدرىجىي ھالدا، ئەسلىي سۈپەت بىلدۈرگەن ھالەتكە قاراپ مېڭىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: خەلق تۇرمۇشى كۈنسېرى ياخشىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. * بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئوبدانلىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ㉘ «كىرىپ، چىقىپ» رەۋىشداشلىرى بىلەن كېلىپ، شۇ رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ تاسادىپىي، تۇيۇقسىز ھالدا، جىددىي تەرزدە يۈز بەرگەنلىكىنى ھەم تاماملانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئىككى تەرەپتىن قوشۇن تەڭلا چىقىپ كەلدى. * دەل شۇ چاغدا ياتاققا دۇرنەم بىلەن پەرھات كىرىپ كەلدى.

**كېلىپ چىقماق** ھاسىل بولماق؛ شەكىللەنمەك؛ پەيدا بولماق، تۆرەلمەك: يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللاردىن ئادەم بەدىنىدە ھەر خىل كېسەللەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

**كەلمەكلىك** ئى. كېلىش، كېلىش ھالىتى: كەلمەكلىك ئىرادە، كەتمەكلىك ئىجازەت (ماقال).

**كەلىمە** [ئە] ① ئى. سۆز، گەپ؛ بايان ياكى تەپسىر، چۈشەندۈرۈش: مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قانداق يېرىدە شۇنداق كەلىمە بار ئىكەن؟ ② مىق. ساناق سانلار بىلەن بىرىكىپ «سۆز، گەپ» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كەلگەندە «جۈملە، ئېغىز» دېگەندەك مىقدار مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ: — ئىجازەت بولسا ئىككى كەلىمە سۆزۈم بار ئىدى، — دېدى ھېلىقى بوۋاي.

**كەم** I سۈپ [پ] ① كېرەكلىك چەكتىكىدىن ئاز، يېتىشمەيدىغان، ئازلىق قىلىدىغان، كۆپ ئەمەس، ئاز: سۇ ھەر ئىككىلىسى ئۈچۈن كەم ئىدى. ② تولمىغان، تولۇقلانمىغان: ئەتىگەندە ساتقان مالنىڭ كەم پۇلىنى تېخى ئالالمىدىم. ③ مەلۇم خىسلەت، قابىلىيەت جەھەتتە باشقىلاردىن تۆۋەن، ناچار، پەس: ئۇنىڭ ئەقىل - ھوشى كەمرەك ئىكەن.④ چولتا، تار دائىرىدە، يۈزە: ئۇ ھەرگىز ئۇنداق كەم ئويلايدىغانلاردىن بولمىسا كېرەك.

**كەم دېگەندە** ھېچبولمىغاندا، ئاز، تۆۋەن ھېسابلىغاندىمۇ؛ ئاز، تۆۋەن دەپ قارىغاندا؛ ئەقەللىسى: «ختابنامە» ئەڭ ئاۋۋال نېمىسچە نەشر قىلىندى، كېيىن يەنە گېرمانىيە، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىدا، كەم دېگەندە نېمىسچە 12 قېتىم بېسىلدى.

**كەم سۇندۇرماق** مەسخىرە قىلماق، زاڭلىق قىلماق، پەس كۆرمەك، كۆزىگە ئىلماسلىق: — سەن سېلىم ئاكىنى كەم سۇندۇرمىغىن ئانىكا، — دېدى كىمدۇر بىرى.

**كەم** II ئى. «ئۇ، بۇ، شۇ، نە» ئالماشلىرى بىلەن بىرگە كېلىپ، «ۋاقىت، دەۋر، مەزگىل، چاغ، زامان» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئىلىشاھ بۇ كەملەردە ياش يىگىتتەك جۇشقۇن ۋە ناھايىتى خۇشال ئىدى. * ئۇ كەتكىلى نە كەم.

**كەمەر** ئى [پ] كىيىم ئۈستىدىن بەلگە باغلايدىغان تاسما، بەلباغ.

**كەمەك** ① سۈپ. قاڭشىرى يوق، قاڭشارسىز، پاناق، بۇرۇن قاڭشىرى پەس: كەمەك بۇرۇن. * ئۇ كەمەك بىر قىز ئىكەن، قانداقمۇ چىرايلىق بولسۇن؟ ② ئى. شۇنداق ئادەم: — ھېلىقى كەمەكنى دەمسەن؟ — دېدى ئۇ قايتىلاپ سوراپ. ③ ئى. كۆچمە. ئىنتايىن ھىيلىگەر، ھەييار، ساختىپەز: نى كەمەكلەر باركى ئالەمدە ئاجايىپ سېھىرگەر، نېمە ئۇ پەن ئالدىدا، پەندەك كارامەت قايدىدۇر.

**كەمەك ھەييار** ① ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرىدىكى ئىنتايىن ھىيلىگەر، ساختىپەز، سېھىرگەر بىر پېرسوناژ: سىز بىلىسىز، قۇدرەت دېگەن ھىيلىگەرلىكتە كەمەك ھەيياردىن قېلىشمايدۇ. ② كۆچمە. ئالدامچى، سۇيىقەستچى، ھىيلىگەر، ئىپلاس كىشى: — بۇ ئىشتا جەزمەن بىرىنىڭ، بىر كەمەك ھەييارنىڭ ئويۇنى بارغۇ، دەيمەن، — دېدى ئالىم ئاكا مىيىقىدا كۈلۈپ.

**كەمەلدۈرۈك** ئى. داۋاندىن چىقىپ - چۈشۈشتە ئېگەر، مۆلە، چوم قاتارلىقلارنىڭ كەينىگە كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلاغنىڭ بويىنىنىڭ تۆۋەنرەكىدىن تارتىپ قويىدىغان تاسما، كاشا ياكى ئارغامچا قاتارلىق نەرسە.

**كەمەن** ئى [پ] ← **سالما** II : كېچە يامان چۈش كۆرۈپ قاپتىمەن، تاشلانغۇدەكمىش بوينۇمغا كەمەن.

**كەمەنباغ** ئى [كەمەن + باغ] ـ سالما II : ئۇ ئۇڭ قولىدا ئالماس نەيزە، سول قولىدا ياقۇت قالقان تۇتقان، بېلىگە كەمەنباغ قىستۇرۇلغان، دوبۇلغىسى ئۈستىگە ھىلال ئاي شەكىللىك كۈمۈش ئوتقات قوندۇرۇلغانىدى.

**كەمبەغەل** سۈپ [پ] ① تىرىكچىلىك قىلىش، ياشاش ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەرگە تولۇق ئىگە بولالمىغان؛ موھتاجلىقتا ياشىغۇچى، نامرات؛ باي ئەمەس: — مەن ئەسلىدە بىر كەمبەغەل ئادەم ئىدىم، — بوۋاي ئازراق تىنىۋېلىپ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. // بايدىن ئەمەلدار چىقسا، كەمبەغەلدىن دانا چىقار (ماقال). ② يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار بىلەن كېلىپ مەلۇم بىراۋنىڭ شۇ ئىسىم بىلدۈرگەن شەيئىگە قارىتا ئاجىز، ئىمكانسىز ھالەتتە ئىكەنلىكىنى، شۇ نەرسىگە تولۇق ئىگە ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ سۆزگە تولىمۇ كەمبەغەل ئىكەن. * بۇ يىل يامغۇر ئاز ياغقاچقا، بىز سۇغا سەل كەمبەغەل بولۇپ قالدۇق.

**كەمبەغەلچىلىك** ئى ← **كەمبەغەللىك**: مېنىڭ ئۆمرۈم باشتىن - ئاخىر كەمبەغەلچىلىكتە ئۆتتى.

**كەمبەغەلسىنمەك** پ. كەمبەغەل دەپ قارىماق، ھېس قىلماق: كۆنىمىز ئەتىيازدىكى سېرىقتال ۋاقتىدىكىدىن يامان ئەمەس ئۆتەتتى، ئانام دادامنى كەمبەغەلسىنمەيتتى.

**كەمبەغەللەشتۈرمەك** «كەمبەغەللەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ بالا خېرويىن چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىپ، پۈتۈن ئائىلىسىنى كەمبەغەللەشتۈرۈۋەتتى.

**كەمبەغەللەشتۈرۈشمەك** «كەمبەغەللەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كەمبەغەللەشتۈرۈلمەك** «كەمبەغەللەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كەمبەغەللەشمەك** پ. كەمبەغەل ھالەتكە چۈشۈپ قالماق، كەمبەغەل بولۇپ قالماق، كەمبەغەلگە ئايلانماق: — شۇنداق، — دېدى ئۇ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — 70 كۈنلۈك مۇھاسىرە بىلەن بىز بەكمۇ كەمبەغەللىشىپ كەتتۇق.

**كەمبەغەللىك** ئى ① قول - ئىلكىدە يوقلۇق، نامراتلىق، گادايلىق. ② كۆچمە. كەملىك، ئازلىق، ئىقتىدارى تۆۋەنلىك: ئىلىم كەمبەغەللىكى. تىل كەمبەغەللىكى.

**كەمپۈت** ئى [ر] تاتلىق يېمەكلىكلەرنىڭ بىر خىلى. كۆپىنچە مېۋە شىرنىسى، پۇراقلىق ماتېرىيال، سۈت ياكى قەھۋە قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، قاتۇرۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

**كەمپىر** ئى [پ] قېرىغان ئايال، قېرى خوتۇن.

**كەمتەر** سۈپ [پ] ماختىنىشنى خالىمايدىغان، ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن تۇتىدىغان، تەكەببۇر ئەمەس: كەمتەر ئادەم. // كەمتەر بولماق.

**كەمتەرانە** رەۋ [پ] كەمتەرلىك بىلەن، كەمتەرلىك قىلىپ، ماختانماستىن، مەغرۇرلانماستىن: شاھنىڭ كۆزى پەگاھتا كەمتەرانە ئولتۇرغان ئاپئاق ساقاللىق مۆمىن بوۋايغا چۈشۈپتۇ.

**كەمتەرلىك** ئى. كەمتەر كىشىلەرگە خاس، كەمتەر كىشىلەردە بولىدىغان بىر خىل خىسلەت، ئادەت: — شۇنداق، — دېدى خوجىنىيازھاجى كەمتەرلىك بىلەن.

**كەمتەرىن** سۈپ [پ] ئىنتايىن كەمتەر ھەم ئىتائەتمەن: ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم قىلىنغان بۇ كەمتەرىن ئادەم ئۈچۈن ئاشۇ ئانچىكى بىر ۋەدىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى.

**كەمتۈك** سۈپ ① بىرەر چېتى، لېۋى ياكى ئۇچى سۇنغان؛ ئۇزۇلگەن، كېسىلگەن، پۇچۇلغان؛ بىرەر جاي ياكى بىرەر تەرىپى كەم: ئۇنىڭ بىر قۇلىقى كەمتۈك بولۇپ ساقايدى. ② چالا، تولۇق ئەمەس؛ مۇكەممەل، راۋۇرۇس بولمىغان: بەدىئىي ئەسەرلەردىمۇ كەمتۈك ئورۇنلار بولۇشى مۇمكىن.

**كەمتۈكلەشتۈرمەك** «كەمتۈكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كەمتۈكلەشمەك** پ. كەمتۈك ھالەتكە كېلىپ قالماق، كەمتۈك بولۇپ قالماق، چالا، كەم بولۇپ قالماق.

**كەمتۈكلۈك** ئى. كەملىك؛ ئاجىزلىق، نۇقسان: ئۇ ئۆزىنىڭ باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشىنىلا بىلىپ، كۆڭۈل ئېچىشنى بىلمىگەنلىكىنى ھاياتىدىكى بىر خىل كەمتۈكلۈك دەپ ھېس قىلدى.

**كەمچەت** ئى ① <زوئول> دېڭىز قامىسى. ② شۇ خىل ھايۋاننىڭ تېرىسى. ناھايىتى قىممەت باھادا ئېلىپ سېتىلىدۇ: كەمچەت تۇماق. كەمچەت ياقا.

**كەمچەن** ئى ① گۈرۈچ، زىغىر، قاتارلىق دانلىق ئاشلىقلارنى كەملەيدىغان ئۆلچەش قاچىسى. شەكلى چارەككە ئوخشايدۇ. ئادەتتە ئون ئوچۇم بىر كەمچەن كېلىدۇ. «شىڭ» مۇ دېيىلىدۇ. ② ئۆتمۈشتە جۇۋازچىلار باشقىلارنىڭ مايلىق دانلىرىنى تارتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، تارتىلىدىغان مايدىن مانجا ئالىدىغان ئۆلچەملىك قۇتا. ئادەتتە بىر جۇۋاز ئۇگۇت تارتسا بىر كەمچەن (ئىككى سەر) ماي ھەق ئالاتتى.

**كەمچەنلەتمەك** «كەمچەنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كەمچەنلەشمەك** «كەمچەنلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كەمچەنلەنمەك** «كەمچەنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كەمچەنلىمەك** پ. كەمچەن بىلەن كەملىمەك، ئۆلچىمەك.

**كەمچىل** سۈپ. كەم ئۇچرايدىغان، كەم تېپىلىدىغان، ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدىغان، يېتىشمەيدىغان، جىق ئەمەس، ئاز، كەمدىن ـ كەم: ئۇ چاغلاردا ئاپتوماتمۇ كەمچىل قوراللاردىن ھېسابلىناتتى.

**كەمچىللىك** ئى. ئازلىق، قىسلىق؛ يېتىشمەسلىك: ئۇ ئېچكىلى بولىدىغان سۇ كەمچىللىكىنىڭ جاپاسىنى تازا تارتتى.

**كەمچىلىك** ئى. ئەيىب، نۇقسان، سەۋەنلىك، خاتالىق: سىز مېنى ئەپۇ قىلىڭ، كەمچىلىك مەندىن ئۆتتى.

**كەمچىلىكسىز** سۈپ. كەمچىلىك يوق، ئەيىب-نۇقساندىن خالىي؛ سەۋەنلىك، خاتالىقلارنى سادىر قىلمىغان؛ ئەيىبسىز، نۇقسانسىز: دۇنيادا كەمچىلىكسىز ئادەمنىڭ بولۇشى ھەقىقەتەن قىيىن گەپ.

**كەمدىن ـ كەم** بەك ئاز، تولىمۇ ئاز، ئاندا ـ ساندا: بۇ كۈنلەردە لۈتپۇللا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگىمۇ كەمدىن ـ كەم بارىدىغان بولدى.

**كەمزۇل** ئى [ر<فىران] ① يازلىق پەلتو ئورنىدا كىيىلىدىغان ئەستەرسىز، يېنىك، ئۇزۇن ئۈست كىيىم. ② جىلىتكىگە ئوخشاش كالتە، يەڭسىز، ياقىسىز ئاياللار كىيىمى.

**كەمزۇللۇق** سۈپ ① كەمزۇلى بار، كەمزۇل كىيگەن: ئۇ يەنە ئاستا پىچىرلىدى: ـــ كۆك كەمزۇللۇق كىشى يۈزىڭىزنى كۆرۈپ قالمىسۇن، خەتەرلىك ئادەم. ② كەمزۇل تىكىشكە بولىدىغان، مۇۋاپىق كېلىدىغان؛ كەمزۇل تىكىشكە لايىق، خاس: ئۇ بازاردىن ئانىسى ئۈچۈن بىر كەمزۇللۇق رەخت سېتىۋالدى.

**كەمسىتمەك** پ. تۆۋەن، پەست كۆرمەك؛ زاڭلىق قىلماق، مەسخىرە قىلماق: ـــ بالام، ـــ دېدى ھەلىمە ئوغلىغا، ـــ قىز بالا دېگەن ئاجىز نېمە، سەن ئۇنداق سىڭىللىرىڭنى كەمسىتمە!

**كەمسىتىشمەك** «كەمسىتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز ھەممىمىز ئۇنىڭ مايلامچىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۇنى كەمسىتىشەتتۇق.

**كەمسىتىلمەك** «كەمسىتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەينى چاغدا ئۇلار ھەممىدىن بەك كەمسىتىلەتتى، ھەتتا ھايۋانلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىناتتى.

**كەمسىنمەك** پ. ئۆزىنى تۆۋەن، پەس كۆرمەك؛ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى تۆۋەنلەپ كەتمەك: ئومۇمەن ئېيتقاندا، كەمسىنىدىغان، ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن كۆپرەك قەدىرلەش، ئىلھام بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللانغان ياخشى.

**كەمشۈك** سۈپ ① چىشى چۈشۈپ كەتكەن، كوماك: شاۋاز كەمشۈك ئىدى. ② ئاستىنقى كالپۇكى ئۈستۈنكى كالپۇكىدىن ئۇزۇن: كەمشۈك ئادەم. كەمشۈك بالا.

**كەم ـ كوتا** يېتىشمەي، كەملىك قىلىپ تۇرغان، كەم بولۇۋاتقان نەرسىلەر: تۇرمۇشىنىڭ كەم-كوتىلىرى تۈگىمەيدۇ.

**كەم ـ كوتىسىز** ھېچقانداق كېمى يوق، تولۇق، پۈتۈن: ئۇنىڭ پۈتى ناكار بولغىنى بىلەن ئەقلى كەم ـ كوتىسىز ـ دە!

**كەم ـ كوسا** ← **كەم ـ كوتا**.

**كەملەتمەك** I «كەملىمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كەلكۈن ئاپىتى بۇ يىلقى ھوسۇلنى جىق كەملىتىۋەتتى.

**كەملەتمەك** II «كەملىمەك II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئوغلىغا ئاشلىقنى كەملىتىپ، تاغارلارغا قاچىلىتىۋېتىشنى تاپىلىدى.

**كەملەشمەك** «كەملىمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار نۆۋەت بويىچە ئۆزلىرىگە تەۋە ئاشلىقلارنى چارەكلەر بىلەن كەملىشىپ، تاغارلىرىغا قاچىلىشىپتۇ.

**كەملەنمەك** «كەملىمەك II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇغداي كەملىنىپ تاغارغا قاچىلانغاندا، بوۋاي كىرىپ كەلدى.

**كەملىك** ئى ① ئازلىق؛ يېتىشمەسلىك؛ تۆۋەنلىك: ئىقتىدار جەھەتتە لاياقەتلىك ئەمەس دېگەندە، كەسپىي بىلىم ۋە كەسپىي ئىقتىدارنىڭ كەملىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ② موھتاجلىق، ماددىي قىيىنچىلىق، يېتىشمەسلىك: ـــ قولىغا سۇ بېرەي دېسەم، بىرلا نەرسە كەملىك قىلىپ قالدى، ـــ دەپتۇ ئەپەندىم.

**كەملىمەك** I پ ① مىقدار، سان، ھەجىم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جەھەتلەردە ئەسلىدىكىدىن ئازىيىپ كەتمەك، كېمەيمەك، ئازايماق: ـــ تاغاردىكى بۇغداي كەملەپ قاپتۇغۇ؟ ـــ دېدى ئۇ گەپ ئارىسىدا تاغارغا قاراپ قويۇپ. ② پىلانلىنىڭگە ياكى بەلگىلەنگەن چەككە يېتىشمەي قالماق؛ كەم، ئاز بولۇپ قالماق: ـــ خىمىيەۋى ئوغۇتقا پۇل كەملىدى، ـــ دېدى ئۇ ئاچچىقلانغاندەك.

**كەملىمەك** II پ. سۇيۇقلۇق ياكى ئاشلىق قاتارلىقلارنى كەمچەن، چارەككە ئوخشاش ئۆلچەش بۇيۇملىرى بىلەن ئۆلچىمەك: بوۋاي ھاياجانلانغان ھالدا بۇغداينى كەملەپ تاغارغا قاچىلاۋاتاتتى.

**كەمىنە** ئال [پ] باشقىلارغا بولغان ھۆرمەت، ئەدەپ ۋە كەمتەرلىك، كىچىك پېئىللىق يۈزىسىدىن «مەن»نىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان سۆز: — كەمىنە يەمەن شەھىرىدىن بولىمەن، — دەپتۇ ھاتەم.

**كەنە** ئى. دىيال. گىلەم توقۇش دۇكىنىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى ياغاچ.

**كەنت** ئى ① كونا. مەلۇم خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن شەھەر ھەممە قىشلاقلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، ئاھالە ياشايدىغان جاي. ② دېھقانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يېزىدىن كىچىك مەمۇرىي بىرلىك.

**كەنتىر** ئى.چوڭ شىرە: دۆت شاھزادە باينىڭ ئۆيىگە كىرىپلا قولىنىڭ ئاغرىپ كېتىشىگە قارىماي كەنتىرنى ۋەزىرنىڭ دېگىنىدىنمۇ قاتتىقراق مۇشتلاپتۇ.

**كەنجەر** ئى. پىنجەك، جىلىتكە.

**كەنجى** ① ئى. پەرزەنتلەر ئىچىدىكى ئەڭ كېيىن تۇغۇلغىنى، ئەڭ ئاخىرقى پەرزەنت: تۇختى ئاكامنىڭ كەنجىسى، 11 ياشلىق پەرىدە. بۇ يىل تۆتتە ئوقۇيدۇ، نومۇرى يۇز ھەممىدە. ② سۈپ. ھەممىدىن كىچىك، باشقىلىرىدىن كېيىن تۇغۇلغان: سېيىت ئاكا كەنجى ئوغلىغا «تۇرسۇن» دەپ ئات قويۇپتۇ. ③ سۈپ. ئەڭ كىچىك، ئەڭ كېيىن تۇغۇلغان (ھايۋانلار ھەققىدە): كەنجى قارلىغاچ. كەنجى ئاسلان. ④ سۈپ. نىسبەتەن كېيىنرەك تېرىلىدىغان، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پىشىدىغان (تۇرلۇك زىرائەتلەر ھەققىدە): كەنجى قوغۇن. كەنجى قوناق. ⑤ ئى. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ياكى نۆۋەت، ئەڭ ئاخىرقى رەت: تۇنجى قېتىم، ياق ئۇ كەنجىسى، كۆلۈمسىرەپ ۋىسال غۇنچىسى، بىز سۆزلەشتۇق ئۆتمەي بىر مىنۇت، باشقا تەگدى زالىم قامچىسى. ⑥ سۈپ. كۆچمە. دەرىجە، ئۇنۋان جەھەتتە تۆۋەن تۇرىدىغان، مەرتىۋىسى تۆۋەن، تۆۋەن دەرىجىلىك: بىرپەستىن كېيىن كەنجى سەركەردە ـ سەرۋازلار ئىككى قاتارغا بۆلۈنگەن ھالدا كىرىپ كېلىشتى.

**كەندىر** I ئى <بوت> ئۈجمە ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تالالىرىدىن ئارغامچا ئېشىشكە بولىدۇ، ئۇرۇقىدىن ياغ تارتىلىدۇ، دورا قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئۆچەيلەرنى سىلىقلاش، تەرەت ماڭدۇرۇش رولىغا ئىگە.

**كەندىر يىگەن خورازدەك** باشقىلارغا ھۆرپىيىپ ھەيۋە قىلغان، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ پوپوزا قىلغانلىققا قارىتا ئېيتىلىدۇ.

**كەندىر** II ئى. دىيال. سۇ چېچەك.

**كەندىرسمان** سۈپ. كەندىرگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان، كەندىر شەكىلدىكى: ئۇلار دەسلەپ دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ياكى كەندىرسىمان ئۆزۈن تالالىق ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قوۋزاقلىرىنى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۇرۇپ، ئۇنى كىيىم شەكلىگە كىرگۈزۈشتى.

**كەندىرلىك** ئى. كەندىر كۆپ تېرىلغان، كەندىر ئۆسۈملۈكى بىلەن قاپلانغان يەر: ئۇ كەندىرلىككە بېرىپ كۆرۈپ ئۈمىدلىنىپ قايتىپ كەپتۇ. // كەندىرلىك ئېتىز.

**كەھرىۋا** ئى [پ] <گېئول> قەدىمكى قارىغاي يېلىمىنىڭ تاشقا ئايلانغان شەكلى. سۇس سېرىق رەڭلىك، قوڭۇر رەڭلىك ياكى قىزىل قوڭۇر رەڭلىك قاتتىق ماددا. ئىنتايىن چۈرۈك، يانغاندا يېقىملىق گاز پۇرىقى چىقىرىدۇ، سۈركىگەندە توك

ھاسىل بولىدۇ.

**كەۋرەك** ئى<بوت> كۆنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش رولىغا ئىگە.

**كەۋزە** ئى. ئۆي ـ ئىمارەت قۇرۇلۇشىدا ھاراق بىلەن پارامىننىڭ چېكىنى باستۇرىدىغان گارنىز.

**كەۋسەر** ئى [ئە] ① ئىسلام دىنى ئېتىقادى بويىچە جەننەتتىكى بىر كۆلنىڭ نامى. ② كۆچمە. ناھايىتى سۈزۈك، پاك ھەم مۇزدەك تاتلىق سۇ.

**كەيپ** ئى [ئە] ① روھىي ھالەت، كەيپىيات، مىجەز: — كەلسىلە تەقسىر، بۇگۈن كەيپىياتلىرى نېمانچە سۇس؟ — دېدى ئۇ قۇربان ئاقساقالنى يېنىغا تەكلىپ قىلىپ. * — مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟ — سورىدى تەيجى ياسىن قازىغا سەپسېلىپ قاراپ، — كەيپىياتىڭىز باشقىچە كۆرۈنىدۇغۇ؟ ② كىشىنىڭ بىرەر نەرسە ياكى ھادىسىدىن زوقلانغان، ھۇزۇرلانغان، راھەتلەنگەن روھىي ھالىتى؛ زوق: بۇ يەرنىڭ ساپ ھاۋاسى كىشىگە ئۆزگىچە بىر خىل كەيپ ئاتا قىلاتتى. ③ مەست قىلغۇچى ئىچىملىك، چېكىملىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ھالەت؛ مەستلىك: ۋاڭ كۆنىگە ئىككى قېتىم ئەپيۇن چېكەتتى، كەيپ ئانچە ئۆزۈنغا سوزۇلمايتتى.

**كەيپچىلىك** ئى. كەيپ بولغان ھالەت، مەستلىك: — كەيپچىلىكتە دەپ ساپتىمەن ئاداش، — دېدى ئۇ مەندىن ئەپۇ سورىغاندەك پەس ئاۋازدا.

**كەيپخور** سۈپ [ئە + پ] كەيپ سۇرۇشكە ئامراق، كەيپ ـ ساپاغا بېرىلگەن، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان: كەيپخور ئادەم.

**كەيپ ـ ساپا** شاراپخورلۇق، يېيىش ـ ئىچىش ۋە شۇ قاتارلىقلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىش، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت: ئۇنىڭ بۇنداق كەيپ ـ ساپا سۈرىدىغان كۈنلىرىمۇ ئۆزۈنغا بارمىدى.

**كەيپسىز** سۈپ. مىجەز ـ كەيپىياتى سۇس، روھىي ھالىتى تۆۋەن، غەمكىن، خاپا: سۇپىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ئولتۇرغان مەخسۇم دېگەن بىر يىگىت كەيپسىز ھالدا جىمجىت ئولتۇراتتى.

**كەيپسىزلەندۈرمەك** «كەيپسىزلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تەھلىل نەتىجىسى سېنى تازا كەيپسىزلەندۈرۈشى مۇمكىن.

**كەيپسىزلەنمەك** پ. كەيپسىز ھالەتكە كەلمەك، كەيپى بۇزۇلماق: ئەختەم كەيپسىزلەنگەن ھالدا ئايالىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى.

**كەيپسىزلىك** ئى. مىجەز ـ كەيپىياتى سۇس، كەيپى يوق ياكى كەيپى تۆۋەن ھالەت: بۈگۈنكى كەيپسىزلىكمنى ئۇمۇ بايقىغاندى.

**كەيپلىك** ① ئى. مەست بولغان ھالەت، مەستلىك: كۆچلۈك ھاياجان خۇددى ئىچىملىكتىن كېيىنكى كەيپلىككە ئوخشايدۇ. ② سۈپ. كۆچمە. كەيپ، مەست قىلىدىغان: كەيپلىك ئىچىملىك. كەيپلىك چېكىملىك. * مەن ئەسلىدە كەيپلىك ئىشنى بىلمەيتتىم، كەيپ قىلغاننى زادى ئۇبدان كۆرمەيتتىم. ③ سۈپ. كۆچمە. زوق، ھۇزۇر بېغىشلايدىغان، كەيپىنى كۆتۈرىدىغان: ئىككىسى بىرگە تاماق يېيىشىپتۇ، مەي ئىچىشىپتۇ. بىر ـ بىرلىرىگە مۇھەببەتتى ئېيتىشىپ كەيپلىك قارىشىشلار باشلىنىپتۇ.

**كەيپىيات** ئى [ئە] ① روھىي ھالەت؛ كەيپ: كەيپىياتى ياخشى. كەيپىياتى بۇزۇلماق. كەيپىياتى ناچارلاشماق. * ئۇلار قىزغىن كەيپىـ

ياتتا تاماق يېيىشىپتۇ. ② ئومۇمىي ۋەزىيەت، ئەھۋال، ھالەت: شۇ كۈنى دەرسنىڭ كەيپىياتى ناھايىتىمۇ ناچار بولدى.

**كەيپىياتلاشتۇرماق** «كەيپىياتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ بىر جەھەتتىن، كەسپىي ئادەت شەكىللەندۇرگەن تەپەككۇر شەكلىگە باغلىق بولسىمۇ، يەنە بىر جەھەتتىن، ئىنساندىكى تۇغما كەيپىياتلاشتۇرۇش خاھىشىنىڭ مەھسۇلى.

**كەيپىياتلاشماق** پ. كەيپىيات تۇسىگە كىرمەك، كەيپىيات بولۇپ شەكىللەنمەك: ئاپتورنىڭ مەيۈسانە ۋەتەن سۆيگۈسى تامامەن كەيپىياتلاشقان ھالدا چۈشىمان رېئاللىقنىڭ ئىچىدە جىلۋە قىلىپ، تۇيغۇنىڭ ئويغاقلىقى جەھەتتىكى يارقىنلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن.

**كەيلۇك** ئى. دىيال. كالا بىلەن قوتازنىڭ چېتىلىشىدىن تۇغۇلغان بىرىنچى ئەۋلاد ئارغۇن.

**كەيمە** سۈپ. باشنىڭ پۈتۈن قىسمىنى ياكى مۇتلەق كۆپ قىسمىنى قاپلاپ كەتكەن، ھەممە يېرىنى بېسىپ بولغان: كەيمە تاز.

**كەين (كەينى)** ئى ① نەرسىلەرنىڭ يۈزىگە، ئالدى تەرىپىگە قارىمۇقارشى قىسمى؛ ئارقا تەرىپى، ئارقىسى: قولىنىڭ كەينى، تامنىڭ كەينى. * — ماڭا يول باشلا، — دېدى ئۇ، — قىزنىل تاغنىڭ كەينىنى كۆرىمەن. ② گەۋدىنىڭ كۆكرەك ۋە قورساققا نىسبەتەن ئارقا تەرىپى؛ گەۋدىنىڭ غول، بەل، كاسا قاتارلىق ئەزالار جايلاشقان تەرىپى: — كەينىڭنى قىلغىنا، — دېدى ئۇ ماڭا چاپاننى كىيدۈرۈپ بولۇپ، — يارىشىپتۇ. ③ ھايۋانلارنىڭ بېلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ساغرا ياكى قۇيرۇقغىچە بولغان قىسمى، شۇ تەرىپى: ئېشەكنىڭ كەينى پۇتى. ④ كەينىدە قالغان، بېسىپ ئۆتكەن يول؛ ئادەم ياكى نەرسە كەلگەن تەرەپ، ھەرىكەت يۆنەلگەن تەرەپنىڭ ئەكسى: ئابابەكرى جاۋاب بەردى: — تاش ئۆستەڭ تەرەپكە كەتتى، ئۇلارنىڭ كەينىدە نىياز ئاكام بار. ⑤ كۆچمە. ئۆزى يوق يەر، ئۆزى يوق پەيت: كەينىدىن كۇلمەك. * باشقىلارنىڭ كەينىدىن گەپ قىلغان ئادەم ئەڭ ئەخمەق ئادەمدۇر. ⑥ كۆچمە. چوڭ تەرەت يولىنىڭ سىلىق ئاتىلىشى: ئاغزىدىن كىرىپ، كەينىدىن چىقماق. * ئۆچكىنىڭ كەينى ئوچۇق تۇرۇپ، قوينى مازاق قىپتۇ (ماقال).

**كەيىنگە سىيمەك** بەرگەن ۋەدىسىدىن، قىلغان سۆزىدىن يېنىۋالماق: — ئەمدى كەيىنگە سىيمەي، دېگىنى بويىچە ئىش قىلسۇن، — دېدى ئۇ بىر ئاز نارازى ھالدا.

**كەينىنى قىلماق** ① بىراۋغا ئارقا تەرىپىنى توغرىلىماق، ئارقىسىنى قىلماق: ئۇنىڭ كۆزى ئېرىق بويىدا يول تەرەپكە كەينىنى قىلىپ ئولتۇرغان بىر يوچۇن ئادەمگە چۈشتى. ② كۆچمە. تەتۈر قارىماق، يامان مۇئامىلىدە بولماق: ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى تام قوشنا يېقىن بولسىمۇ، داۋۇت بىلەن پەرى ھەرقاچان بىر - بىرىگە كەينىنى قىلىپ يۈرەتتى. ③ كۆچمە. ئوڭ كەلمەي قالماق، تەتۈر كەلمەك: بۇ قېتىم ئامەت بىزگە كەينىنى قىلغان ئوخشايدۇ، پايدىدىن جىق ئۈمىد يوق ئىدى.

**كەينچە** رەۋ. ھەرىكەت يۆنىلىشىگە كەينىنى توغرىلاپ، ئارقىسىچە: خىجىل بولغان سۇنۇر ئاستا - ئاستا كەينچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

**كەينچىلەپ** رەۋ. كەينچە، كەينىنى توغرىلاپ، كەينىنى قىلىپ: كەينچىلەپ سۇ ئۈزمەك. كەينچىلەپ ماڭماق.

**كەينى - كەينىدىن** ← **ئارقا - ئارقىدىن:** ئىچىمدىن خۇددى بىرنەرسە كەينى - كەينىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقاندەك، «ئۇھ» دەيتتىم.

**كوبالت** ئى [ر<نېم] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Co(Cobaltum). كۆل رەڭ كىرىستال. فىزىكىلىق ۋە خىمىيەلىك خۇسۇسىيىتى تۆمۈرگە بەك ئوخشايدۇ. ئالاھىدە پولات ۋە زىيادە ئىسسىقلىققا چىدامىلىق قېتىشما ياساشتا قوللىنىلىدۇ.

**كوپ** تەق. مەلۇم بىرنەرسە يەنە بىرنەرسىنىڭ ئىچىگە ياكى ئۈستىگە چۈشكەندە چىقىدىغان ئاۋاز.

**كوپپىدە** رەۋ. «كوپ» قىلىپ، «كوپ» قىلغان ھالدا: ئاينۇر ئاتقان ئالمىنى ئەركىن كوپپىدە تۇتۇۋالدى.

**كوپتا** ئى [ر] ئاياللارنىڭ بەلىنىڭ ئۈستىگە كىيىدىغان قىسقا كۆڭلىكى: ئاق كوپتا. * ئۇ ئۇچىسىغا يۇڭ كوپتا كىيىۋالغانىدى.

**كوپۇش** ئى. يېڭىدىن ئايىغى چىققان بالىلارنىڭ بىر خىل ئاياغ كىيىمى.

**كوپېرنىك** ئى. مىلادىيە 1473 - يىلىدىن 1543 - يىلىغىچە ياشىغان پولشانىڭ ئاسترونومىيە ئالىمى، يەنى قۇياش مەركەز تەلىماتىنىڭ ياراتقۇچىسى. بۇ تەلىمات «كوپېرنىك سىستېمىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ كوپېرنىكنىڭ: «يەر شارى ئۆز ئوقى بويىچە كۈندە بىر قېتىم، قۇياش ئەتراپىدا يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىدۇ، باشقا سەييارىلەرمۇ ئۆز ئوربىتىسى بويىچە قۇياشنى مەركەز قىلىپ ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ» دەيدىغان قۇياش مەركەز تەلىماتى ئاساسىدىكى سەييارىلەر ھەرىكىتى سىستېمىسى.

**كوپېراتسىيە** ئى [ر<لات] ئورتاق نىشان ئۈچۈن بىرەر خىزمەت ۋە مەلۇم ۋەزىپىلەرنى بىرلىكتە ئورۇنداش.

**كوپېراتسىيەلەشتۈرمەك** «كوپېراتسىيەلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ئىككى نىزامنامە پارتىيەنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش سىياسىتىنى توغرا گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى.

**كوپېراتسىيەلەشتۈرۈشمەك** «كوپېراتسىيەلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كوپېراتسىيەلەشتۈرۈلمەك** «كوپېراتسىيەلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كوپېراتسىيىلەشمەك** پ. كوپېراتسىيە شەكلىدە بىرلەشمەك، كوپېراتسىيە يولىغا ماڭماق: مەملىكەت مىقياسىدا كوپېراتسىيەلىشىش ھەرىكىتىنى ھەددىدىن ئارتۇق جىددىي يۈرگۈزۈۋەتكەچكە، دېھقانچىلىق زور دەرىجىدە چېكىنىپ كەتكەنىدى.

**كوپېراتىپ** ئى [ر<لات] ① تەمىنات - سودا كوپېراتىپى. ② تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ ماگىزىنى. ③ ئومۇمەن، مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى كوللېكتىپ تەشكىلات: ساياھەت كوپېراتىپى. سودا كوپېراتىپى.

**كوپىيە** ئى [ر<ئىنگ] ئەسەر ياكى يازما ماتېرىياللارنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى.

**كوت** تەق. ئېغىزنىڭ توختىماي سۆزلىشىگە قارىتىلىپ ئېيتىلىدۇ.

**كوتا** سۈپ [پ] قىسقا، كالتە: كۈندۈزى ماڭغان يىلاننىڭ ئۆمرى كوتا، كېچىسى يۈرگەن ئەرنىڭ ئۆمرى كوتا (ماقال).

**كوتانگېنس** ئى [ر<لات] <مات> تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭدا، خالىغان بىر تار بۇلۇڭغا قوشنا بولغان تەرەپنىڭ ئۇنىڭ قارشىسىدىكى تەرەپكە بولغان نىسبىتى شۇ تار بۇلۇڭ-

نىڭ كوتانگېنسى دېيىلىدۇ.

**كوت ـ كوت** توختىماستىن تولا سۆزلەيدىغان، ئورۇنسىز گەپنى تولا قىلىدىغان، غەيۋەتخور، پىتنىخور: ئۇنىڭ تۇغۇتى كوت ـ كوت خوتۇنلارغا بولۇپ بەردى.

**كوتۇلداتماق** «كوتۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئۇنى تولا كوتۇلداتقۇچە تېزرەك يولغا سالە، — دېدىم مەن ئاچچىق بىلەن.

**كوتۇلداشماق** «كوتۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قولۇم ـ قوشنىلارمۇ راھىلەنى كۆرگىنىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ كوتۇلدىشاتتى.

**كوتۇلدىماق** پ. تولا گەپ قىلماق، تولا سۆزلىمەك: ھۆرنىساخان نېمە قىلارىنى بىلمەي، ھويلا ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ كوتۇلدايتتى.

**كوتىرناق** ئى. دىيال. بىر قېتىم چىقىپ كېتىپ قايتىدىن چىققان تىرناق.

**كوتىنۇس** ئى [لات] <بوت> سىر دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكىللىك ياكى تەتۈر تۇخۇم شەكىللىك. كۆزدە قىزىرىدۇ. گۈلى تاق جىنسلىق ياكى قوش جىنسلىق، ئىككى خىل گۈلى بىر تۈپتە بىللە بولىدۇ. مېۋىسى يۈرەك شەكىللىك. ياغىچى سېرىق، ئۇنىڭدىن سېرىق بوياق ئېلىنىدۇ.

**كوچا** I ئى [پ] ① ئىككى تەرىپىگە قاتار ئۆيلەر سېلىنغان، كىشىلەر ۋە قاتناش قوراللىرى ماڭىدىغان يول. ② سىرت، تالا (ئۆيگە نىسبەتەن): كوچىدا قالماق. * ئۇنىڭ بىلەن خەيرلىشىپ كوچىغا چىقتىم.

**كوچا ئاپتوبۇسى** كوچىلار ئارا قاتناپ، ئادەم توشۇيدىغان ئاپتوبۇس.

**كوچىغا چىقىپ قالماق** ئوچۇق ـ ئاشكارا ئەخلاقسىزلىق يولىغا ماڭماق (ئاياللار ھەققىدە): — مېنىڭ قىزىم باشقىلاردەك تېخى كوچىغا چىقىپ قالمىدى، سەل ئالدى ـ كەينىلىرىگە قاراپ سۆزلەشسىلە، — دېدى پاتىمە ئايلا نارازى بولۇپ.

**كوچا** II ئى. بۇغداي ياكى قوناقنى يۇيۇپ، گۆش ياكى كاللا شورپىسىغا سېلىپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل تاماق.

**كوچا ـ كوي** كوچا ۋە ئومۇمەن ئۆي سىرتىدىكى كىشىلەر يۈرىدىغان جايلار: بىر ئايدىن بېرى كوچا ـ كويلاردا ئېقىپ يۈرگەن مىش ـ مىش خەۋەر ئاخىر راستقا ئايلاندى.

**كوچىگار** ئى [ر] پار قازانلىرىنىڭ ئوتخانىسىغا ئوت قالايدىغان ئىشچى: پاراخوت كوچىگارى. پويىز كوچىگارى.

**كوچىلاتماق** «كوچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوت بېشىدا ئولتۇرۇپ، ئوت كوچىلاتقان قېرىلىق. كېلىن بىلەن بالىغا، ئۆچ كۆرسەتكەن قېرىلىق.

**كوچىلاشتۇرماق** پ. كوچىلاش ۋە شۇ خىلدىكى ھەرىكەتلەرنى قىلماق، بىر قۇر كوچىلاپ چىقماق، كوچىلىماق: ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىش ئۈچۈن موتورنى كوچىلاشتۇرۇشقا تۇتۇندۇم.

**كوچىلاشماق** «كوچىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇندىن بېرى قېرىنداشلار ئارا كوچىلىشىش باشلانغانمىش.

**كوچىلانماق** «كوچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كوچىلىماق** پ ① قول ياكى شۇ خىلدىكى نەرسە بىلەن كولىماق، ئاختۇرماق: يانچۇق كوچىلىماق. بۇرۇن كوچىلىماق. ② ئىنچىكىلىمەك، زىغىرلىماق: يەنە كوچىلاپ سورىماقچى بولۇۋىدىم، دادام يول قويمىدى. ③ چىشلەپ تارتماق، ئاشكارىلىماق، ئاچماق: ئوتنى كوچىلىساڭ ئۆچەر، قوشنىنى كوچىلىساڭ كۆچەر (ماقال). * ئۆلگەننىڭ ئېيىبىنى كوچىلىما (ماقال).

**كوچمۇكوچا** كوچىدىن كوچىغا، كوچىلار ئارا: ئەپەندىم ماقۇل بولۇپ، كوچمۇكوچا ناخشا ئېيتىپ يۈرۈپتۇ.

**كود** ئى [ر<فران] <فىز> تېلېگراممىا ئەۋەتىشتە ئىشلىتىلىدىغان بەلگە. ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ: بىر خىلى، ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ئوخشىمىغان ئېلېكتىر ئىمپۇلس (نۇقتا ۋە يۇز) بىلەن ھەر خىل بەلگىلەرنى تەشكىل قىلىش ئارقىلىق ھەرپ ۋە سانلارنى ئىپادىلەش بولۇپ، رىتىمسىز (تەكشى ئەمەس) كود دېيىلىدۇ؛ يەنە بىر خىلى، ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ئوخشاش، لېكىن توك يۆنىلىشى ئوخشىمايدىغان ياكى توكلۇق، توكسىز ئېلېكتىر ئىمپۇلس بىلەن ھەر خىل بەلگىلەرنى تەشكىل قىلىش بولۇپ ،تەكشى (رىتىملىق) كود دېيىلىدۇ.

**كوداڭ** سۈپ. چەكسىز كەتكەن، كۆز يەتكۈسىز: ئۇ چاغدا بۇ ئەتراپ كوداڭ سۆكسۆكلۈك جاڭگال ئىدى.

**كودەي** ئى. دىيال. قومۇش.

**كودلاشتۇرماق** «كودلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كودلاشتۇرۇلماق** «كودلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، گېزىت ـ ژۇرناللار ۋە كىتابلار بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان قۇدرەت بىلەن بىزنىڭ تۇيغۇلىرىمىزغا كودلاشتۇرۇلغان ئاخبارات دېڭىزىنى باشلايدۇ.

**كودلاشماق** پ. كود ھالىتىگە كەلمەك. كود بولۇپ شەكىللەنمەك، كودقا ئايلانماق.

**كودېئىن** ئى [ر] <تىب> ئەپيۇن تەركىبىدىن ئېلىنىدىغان بىيولوگىيەلىك ئىشقار. ئۇنىڭدىن ياسالغان دورىلارنى يۆتەل توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**كودىلوس** ئى [لات] <بوت> قېيىن ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان غوللۇق دەرەخ، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، شەكلى يۇمىلاق ياكى تەتۈر تۇخۇمسىمان كېلىدۇ. ئاتىلىق گۈلى سارغۇچ، ئانىلىق گۈلى قىزىل بولىدۇ. يۇمىلاق، چۇرۇك مېۋىلەيدۇ. مېغىزىنى يېيىشكە بولىدۇ، ياغ تارتىشقىمۇ بولىدۇ.

**كور** I تەق. سۇ قاتارلىق سۇيۇق نەرسىلەر ئېگىزدىن پەسكە چۈشكەندە، قۇيۇلغاندا، تۆكۈلگەندە چىقىدىغان ئاۋاز: «كور» قىلىپ تۆكۈلمەك.

**كور** II سۈپ [پ] ① كۆزى كۆرۈشتىن مەھرۇم بولغان، كۆزى كۆرمەيدىغان، قارىغۇ؛ سوقۇر: كور ئادەم. // كورمۇ ھاسىسىنى بىر قېتىم يوقىتىدۇ (ماقال). ② كۆچمە. بىرەر نەرسىنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق چۈشىنەلمەيدىغان، ئاڭسىز: سىياسىي كور.

**كورا** ئى. سۇ قاينىتىش، تاماق پىشۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس مېتالدىن ئىشلەنگەن، سىلىندىر شەكىللىك، ئىككى قۇلىقى، قاپقىقى بار ئۆي سايمىنى: ئاليۇمىن كورا.

**كوراچ** سۈپ. دىيال. قاتتىق، قېتىپ كەتكەن.

**كوراگان** ئى. تارس. خاننىڭ كۈيئوغلى: مىرزاھەيدەر كوراگاننىڭ ئالىي نەسەپكە مەنسۇپ بولۇشىدىكى سەۋەب «كوراگان» دېگەن نام بىلەن باغلىق ئىدى.

**كوراگانلىق** ئى. تارس. مەخسۇس خاننىڭ كۈيئوغلىغىلا بېرىلىدىغان تۇتۇقبەگلىك ئەمىلى، مەرتىۋىسى: مىرزا ھەيدەر كوراگان بولسا مەشھۇر مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ نەۋرىسى بولغاچقا، كوراگانلىق نامىغا ئىگە بولۇشى مۇۋاپىق ئىدى.

**كورەك** سۈپ. قېتىپ، پۇرۇلۇپ كەتكەن: كونا كورەك جۇۋا.

**كورپۇس** ئى [ر<لات] ① يۇرۇشلەشكەن ئىمارەت، بىنا: ئۇلار 4 ـ كورپۇستا ئولتۇرىدۇ. ② <ھەرب> جۇن: مىللىي ئارمىيە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 5 ـ كورپۇسى بولۇپ قايتا تەشكىل قىلىنغانىدى.

**كورت** ئى [ر] قارتا ئويۇنىنىڭ بىر تۈرى: كورت ئوينىماق.

**كورتىزون** ئى [ئىنگ<لات] <تېب> ئورگانىك بىرىكمىدىن ئىبارەت بولغان بىر خىل دورا، مولېكۇلا فورمۇلاسى $C_{21}H_{28}O_5$. ئاق رەڭلىك كىرىستال، يەنى بۆرەك ئۈستى بېزى ھورمۇنلىرىدىن بىرى. رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغى ۋە ئاق قان كېسىلى قاتارلىقلارنى داۋالاش رولىغا ئىگە.

**كوردوبا** ئى. نىكاراگۇئانىڭ پۇل بىرلىكى.

**كوردىنات** ئى [ر<لات] <مات> بىر نۇقتىنىڭ بوشلۇقتىكى ئورنىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان بىر ياكى بىر گۇرۇپپا سان.

**كوردىيېرىت** ئى <گېئول> بىر خىل مىنېرال. يانتۇ ياقلىق كىرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. ساختا ئالتە ياقلىق، پىرىزمىسىمان ئۆتۈشكەن ئۈچ تۇتاش كىرىستاللىقلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. قۇراشمىسى ئادەتتە كاللەك ۋە دانىچىسىمان بولىدۇ. رەڭگى ئاچ يېشىل، سارغۇچ يېشىل، سۇس بىنەپشە رەڭ ياكى رەڭسىز كېلىدۇ. ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە.

**كوررېكتور** ئى [لات] <مەت> ① بېسىلغان تېكىستتىكى ئىملا خاتالىقىنى تۈزىتىش: كوررېكتور نۇسخىسى. ② بېسىلغان تېكىستنى ئەسلىي ئارگىنالى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىكى خاتالىقلارنى تۈزەتكۈچى مەتبەئە خادىمى: زاۋۇت كوررېكتورى. نەشرىيات كوررېكتورى.

**كوررېكتورلۇق** ئى <مەت> بېسىلغان تېكىستتىكى خاتالىقلارنى ئوڭشاش، تۈزىتىش ئىشى، خىزمىتى: كوررېكتورلۇق قىلماق.

**كوررىدە** رەۋ. «كور» قىلىپ، «كور» قىلغان ھالدا: بالا چەينەكتىكى چاينى گىلەمگە كوررىدە تۆكۈۋەتتى.

**كوررىدىل** ئى <جۇغ> يېڭى زېلاندىيەدىكى بىر جاينىڭ نامى. بۇجايدا «كوررىدىل قويى» دەپ ئاتىلىدىغان يېرىم ئىنچىكە يۇڭلۇق بىر خىل قوي يېتىشتۈرۈلگەن. چوڭ ياشلىق قوچقارلىرىنىڭ تىرىك ئېغىرلىقى 110 — 115 كىلوگرام، ساغلىقلىرىنىڭ 60 — 65 كىلوگرام كېلىدۇ. قوچقارلىرى 10 — 15 كىلوگرام، ساغلىقلىرى 5 — 6 كىلوگرام يۇڭ بېرىدۇ.

**كور ـ كور** «كور I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: شۇ پەيتتە كور ـ كور قىلغان ئاۋاز رابىخان مومايىنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ ئىتتىك قاردۇدى، سۇ چۆنەكتىن تېشىپ ئۈزۈم ئېرىقىغا كوركىراپ چۈشۈۋاتاتتى.

**كوركىراتماق** «كوركىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ چېلەكتىكى سۇنى كۆچەتلەرگە كوركىرىتىپ قۇيۇۋاتاتتى.

**كوركىراشماق** «كوركىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كوركىرام** ئى. ئېگىزدىن سۇ چۈشىدىغان جاي: ئەتراپ جىمجىت، يىراق بىر يەردىن كوركىرامغا چۈشۈۋاتقان بۇلاق سۈيىنىڭ شارىلىدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**كوركىرىما** ئى. شارقىراتما.

**كوركىرىماق** پ. «كور» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «كور» قىلماق: ئاسىم كېيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، سۇ كوركىراپ چۈشۈۋاتقان ئېچىقتا سەكرەپ چۈشتى.

**كورلۇق** ئى ① كۆرمەسلىك، قارىغۇلۇق: سېلىپ «مەن» نىڭ تارازىسىغا ناھەق ۋە ھەقىقەتنى، كۆمۈرگە «ئاق» سۈپەت بەرگەن كۆزۈمدىن كورلۇقۇم ئەلا. ② كۆچمە. ئاق ـ قارىنى، ياخشى ـ ياماننى پەرق ئېتەلمەسلىك؛ بىرەر نەرسىنىڭ ماھىيىتىنى ياخشى چۈشىنەلمەسلىك: بۇنداق ۋەزىيەتنى چۈشەنمەسلىك — قىپقىزىل سىياسىي كورلۇق.

**كورنۇس** ئى [لات] <بوت> كورنۇس دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. شارسىمان مېۋىسى قارا رەڭلىك. ئۇرۇقى قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئېلىنغان ياغنى ئىستېمال قىلغىلى، دورا ئورنىدا ئىشلەتكىلى ۋە سانائەتتە پايدىلانغىلىمۇ بولىدۇ. يوپۇرمىقىدىن كاشتان يىپلىمى ئېلىنىدۇ.

**كورنېت** ئى [ر<لات] <مۇز> مىستىن ياسالغان بىر خىل دۇخوۋوي چالغۇ. قۇرۇلمىسى كاناي بىلەن ئوخشاش، ئەمما نەيچىسى ئۇنىڭدىن قىسقىراق كېلىدۇ. ئاۋازى يېقىملىق.

**كوروپكا** ئى [ر] كارتون قەغەزدىن ياسالغان كىچىك ساندۇقچە، قەغەز قۇتا: ئۇ: — سىزگە ھېيتلىق بۇ كۆڭلەكنى ئالغانىدىم، بولامدىكىن كۆرۈپ بېقىڭ، — دەپ كوروپكىدىن كۆڭلەكنى ئېلىپ دادامغا سۇندى.

**كورونوگراف** ئى [ر<لات] <ئاستر> قۇياش تاجىنى كۆزىتىدىغان بىر خىل ئەسۋاب.

**كورۇفائېنا** ئى [لات] <زوئول> بىر خىل بېلىق. تېنى ئۇزۇنچاق ھەم ياپىلاق، قارامتۇل، بېشى ئېگىز ھەم چوڭ، كۆزى كىچىك، دۇمبە پالاقچىسى ئىنتايىن ئۇزۇن، قۇيرۇق پالاقچىسىنىڭ ئاچىماقلىقى چوڭقۇر، دېڭىز ـ ئوكيانلاردا ياشايدۇ.

**كورۇلداتماق** «كورۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كورۇلدىماق** پ. «كور ـ كور» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «كور ـ كور» قىلماق: ئۇنىڭغا سېلىنغان ئۇرۇق خۇددى نوردىن سۇ چۈشكەندەك كورۇلداپ چۈشۈپ، خالىغاندا تەڭشىگىلى بولمايتتى.

**كورۇنا** ئى. چېخىيە، سىلوۋاكىيە، شىۋېتسىيە، نورۋېگىيە قاتارلىق غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**كورىلۇس** ئى [لات] <بوت> قېيىن ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى نوۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، يۇملاق ياكى تەتۈر تۇخۇم شەكىللىك، ئاتىلىق گۈلى سارغۇچ

قوڭۇر رەڭلىك، ئانىلىق گۈلى ئوچۇق قىزىل رەڭلىك بولىدۇ، قاتتىق مېۋىسى شار شەكىللىك، مېغىزىنى يېيىشكە بولىدۇ. يەنە ياغمۇ تارتىلىدۇ.

**كوزا** ئى. ماي، سۇ قاتارلىق سۇيۇق نەرسىلەرنى قاچىلاش ئۈچۈن ھېجىردىن ياسالغان قورساقلىق، بوغۇزى تار قاچا؛ كومزەك: كوزا كۈندە سۇنماس، كۈنىدە سۇنار (ماقال). * لايدىن ياسىغان خام كوزا سۇغا چۈشسە ساق چىقماس (ماقال).

**كوزا ـ كوزاڭ** كۆز ـ كۆز: رىزىۋانمۇ كۆكرىكىدە جۇلالىنىپ تۇرغان ياقۇت كۆزلۈك مېدالىيوننى كوزا ـ كوزاڭ قىلغاندەك، ئايا ـ لىمىنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرەتتى.

**كوزۇپ** ئى [ر] ئاپتوموبىللارنىڭ ئادەم ئولتۇرىدىغان ياكى يۈك قاچىلايدىغان قىسمى.

**كوزۇپلۇق** سۈپ. كوزۇپى بار، كوزۇپ ئورنىتىلغان: ئەنۋەر پەس كوزۇپلۇق ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ كەلگەندە، كۈن ئولتۇرغانىدى.

**كوزىچى** ئى. كوزا ياسايدىغان ئۇستا ۋە ياكى كوزا ساتقۇچى كىشى.

**كوزىر** [ر] ① ئى. قارتا ئويۇنىدىكى ئويۇن ئۇتقۇچى تەرەپدىن بەلگىلىنىدىغان باشقا قارتىلاردىن كۈچلۈك، ئۇلارنى بېسىپ چۈشىدىغان قارتا، ئويۇن: كوزىر چۈشمەك. كوزىر ئوينىماق. ② سۈپ. كۈچلۈك، ھەممىنى يېڭىدىغان: بۇ قىسىم دۈشمەننىڭ كوزىر قىسىملىرىدىن بىرى دەپ قارىلاتتى. ③ ئى. كۆچمە. كۈچلۈك، ھەممىنى ھەل قىلىدۇ دەپ ھېسابلانغان شەخس ياكى ئامال ـ چارە: سىز تۆمۈر ئىسيانىنى تىنچ ئۇسۇل بىلەن باستۇرۇشتا مېنىڭ ئاخىرقى كوزىرىم بولىسىز.

**كوزىگۈل** ئى [كوزا+ گۈل] كوزىدا ئۆستۈرۈلگەن گۈلنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بىر خىل نەقىش: ئايۋاننىڭ ئىككى تەرەپىدىكى ئۆيلەرگە كوزىگۈل چۈشۈرۈلگەن دۇمباق ئىشىك ئورنىتىلغان بولۇپ، ھەر بىر ئېغىزى ئىچكىرى ـ تاشقىرى بىر نەچچە ئۆيلەرگە ئايرىلاتتى.

**كوس** I سۈپ. قىڭغىر، قىيسىق (رەخت ھەققىدە): كوس يىرتىلغان رەخت.

**كوس** II تەق. ياغاچ ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر سۇنغاندا، ئۈزۈلگەندە چىقىدىغان ئاۋاز: كوس قىلىپ ئۈزۈلمەك.

**كوسا** I سۈپ [پ] ساقال ـ بۇرۇت ناھايىتى ئاز ياكى پۈتۈنلەي چىقمايدىغان: قاراپ تۇرۇپ ئانىي بولغان تاشمەتنىڭ كوسا يۈزلىرى چويۇندەكلا كۆكىرىپ، غوجىنىڭ ئالدىغا دېۋىيلەپ كەلدى. // ئەخمەق بىلمەس ئېتىنىڭ ھارغىنىنى، كوسا بىلمەس ئۆزىنىڭ قېرىغىنىنى (ماقال).

**كوسا** II ئى. دىيال. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پۇتاق، يوپۇرماق ياكى چېچەك چىقىرىدىغان تۈگۈنچەك يېرى، بىخ.

**كوساتماق** پ. دىيال. تۇغماق، بوشانماق.

**كوسپاڭ** سۈپ. دىيال. قىسماق.

**كوسسىدە** رەۋ. «كوس» قىلغان ھالدا، «كوس» قىلىپ: كوسسىدە سۇنماق.

**كوس ـ كوس** «كوس II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**كوسموپولىتىزم** ئى [ر] <پەلس> ھازىرقى زامان بۇرژۇئا ـ زىيەسىنىڭ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش نىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر خىل ئەكسىيەتچىل نەزەرىيەسى، ئۇ دۆلەت ـ نىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى «ۋاقتى ئۆتكەن ئۇقۇم» بولۇپ قالدى دېگەننى تەشۋىق قىلىپ، «مىللىي چېگرالارنى بىكار قىلىش»، ئاتالمىش «دۇنيا ھۆكۈمىتى» تەشكىل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

**كوسمولوگىيە** ئى [ر<گرېك] <پەلس> قەدىمكى پەلسەپەدە ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىش ھەققىدىكى تەلىمات.

**كوسۇغۇر** سۈپ. دىيال. كوت ـ كوت، تولا سۆزلەيدىغان.

**كوسۇلداتماق** «كوسۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھاجى ئىشان كوسۇلدىتىپ بېدە چايناۋاتقان ئاتلارغا قاراپ قويۇپ، سەللىسىنى بېشىغا ئورىدى.

**كوسۇلداشماق** «كوسۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كوسۇلدىماق** پ. «كوس ـ كوس» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «كوس ـ كوس» قىلماق.

**كوسېكانس** ئى [ر<لات] <مات> تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭدا، يانتۇ تەرەپنىڭ خالىغان بىر تار بۇلۇڭنىڭ قارشىسىدىكى تەرەپكە بولغان نىسبىتى شۇ تار بۇلۇڭنىڭ كوسېكانسى دېيىلىدۇ.

**كوسلۇق** ئى . ساقال ـ بۇرۇت يوق كوسا ھالەت: پەقەت ئۇنىڭ كوسلۇقى سۆلىتىنى بۇزۇپ تۇراتتى.

**كوسىنۇس** ئى [ر<لات] <مات> تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭدا، خالىغان بىر تار بۇلۇڭغا قوشنا بولغان تەرەپنىڭ يانتۇ تەرەپكە بولغان نىسبىتى شۇ تار بۇلۇڭنىڭ كوسىنۇسى دېيىلىدۇ.

**كوفېئىن** ئى [ر] <تېب> ئورگانىك بىرىكمە، يەنى كافى ئىشقارى. كۆپىنچە قەھۋە ئۇرۇقى، چاي قاتارلىقلارنىڭ تەركىبىدە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ قوزغاتقۇچى دورىلار ۋە سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش دورىلىرىنى ياسىغىلى بولىدۇ.

**كوكا** ئى [لات] <بوت> كوكا ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، ئۇزۇن ئېللىپس شەكىللىك. گۈلى سارغۇچ يېشىل، مېۋىسى ئۈچكىللىك مېۋە. تىروپىك بەلباغدىن چىقىدۇ. يوپۇرمىقىدىن ناركوز (ھوشسىزلاندۇرۇش) دورىسى ئاجرىتىپ ئېلىشقا بولىدۇ.

**كوكات** ئى. كۆكلەپ تۇرغان ئوت ـ چۆپ.

**كوكاتلىق** ئى. كوكات كۆپ ئۆسكەن جاي، ئورۇن.

**كوكائىن** ئى [ر<ئىسپان] <خىم> تىروپىك ئۆسۈملۈكىدىن ئېلىنىدىغان بىر خىل دورا. ئاق رەڭلىك كىرىستال ھالىتىدىكى پاراشوك بولۇپ، قان تومۇرنى تارايتىش رولىغا ئىگە. ئۇنىڭدىن ناركوز قىلىش ئۈچۈن پايدىلانغىلىمۇ بولىدۇ.

**كوكس** ئى [ر<نېم] <خىم> بىر خىل كۆپ تۆشۈكلۈك، ئىسسىقلىق تارقىتىش مىقدارى يۇقىرى بولغان قاتتىق يېقىلغۇ. ئىسلىق كۆمۈر مەھكەم ئېتىلگەن شەرت ئاستىدا يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا قىزدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭدىكى ئۇچۇشچان تەركىبلەر چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن ھاسىل بولىدۇ. ئادەتتە پولات تاۋلاشتا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ.

**كوكسلاشتۇرماق** «كوكسلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كوكسلاشماق** پ ← **كوكسلانماق.**

**كوكسلاندۇرماق** «كوكسلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كوكسلاندۇرۇلماق** «كوكسلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كوكسلانماق** پ. كوكسقا ئايلانماق، كوكس ھالىتىگە كەلمەك.

**كوكۇس** ئى [ر<ئىسپان] <بوت> ① پالما ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. ئاساسىي غولى تىك ئۆسۈپ، شاخلانمايدۇ. ئېتىنىڭ رەڭگى ئاق، كۆپ سۇلۇق ۋە تەركىبىدە ماي بولىدۇ. ياش ۋاقتىدا سۈيىنى ئۇسسۇلۇق ئورنىدا ئىچىشكە، پىشقاندا ئېتىنى خام يېيىشكە ياكى ئۇنىڭدىن ماي تارتىشقا بولىدۇ. سۈيىدىن ئادەتتە سوغۇق ئىچىملىك تەييارلىنىدۇ. ئوتتۇرا ھەم سىرتقى مېۋە شۆپۈكىنىڭ تالاسىدىن ئارقان ئېشىلىدۇ ياكى چوتكا ياسىلىدۇ. يوپۇرمىقىدىن بورا توقۇلىدۇ ياكى ئۇنى لاپاس ئۈستىگە يېپىشقا بولىدۇ. ئادەتتە «كوكۇس پالمىسى»، «كوكۇس ياڭىقى» دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**كوكۇلا** ئى [پ] چاچ ياكى چاچ ئۆرۈمى: قىز كۆزىنى يېپىۋالغان كوكۇلا چېچىنى قايرىپ تۈزەشتۈردى.

**كوكۇللىق** سۈپ. كوكۇلىسى بار، كوكۇلا قويغان: مەن بۇ سۈرەتنى سېنىڭ كوكۇللىق كىچىككىنە قىز ۋاقتىڭنى ئەسلەش ئۈچۈن بەزىدە دەپتەرگە سىلىۋالىمەن.

**كوكۇنە** ئى. دىيال. تىرناق گۆشلىرىنىڭ يىرىڭلىشى، سەينەك.

**كوكۇنچىلىق** ئى. دىيال. ئۇششاق ـ چۈشەك خىزمەت؛ ئاۋارىچىلىك.

**كوڭتەي** سۈپ [خەن] ئىچى، ئوتتۇرىسى كاۋاك، ئىچى بوش، قۇرۇق.

**كوڭكا** ئى [ر] ماشىنا، ئاپتوموبىل.

**كولاتماق** «كولىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گۆر كولاتماق. ئورا كولاتماق.

**كولاشتۇرماق** پ. كولىماق، كولاش ئىشىنى بېجىرمەك: ئۇ يانچۇقلىرىنى كولاشتۇرۇپ يۇرۇپ ئۈچ سوم چىقاردى.

**كولاشماق** «كولىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئالدىراپ ـ تېنەپ ئاكوپ كولاشتى.

**كولانماق** «كولىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: گەمىلەر بىر دۆڭنى چۆرىدىگەن ھالدا قاتار كولانغانىدى.

**كولبا** ئى [ر<نېم] خىمىيە تەجرىبىسىدە ئىشلىتىلىدىغان بوغۇزى ئۇزۇن، شار ياكى كونۇس شەكلىدىكى شېشە.

**كولباسا** ئى [ر] ئۆچەي ياكى سۈنئىي پىلىونكىلارنىڭ ئىچىگە گۆش قىيمىسىنى تىقىپ تەييارلىنىدىغان يېمەكلىك: ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كولباسا بىلەن بولكا يەيتتى.

**كولخوز** ئى [ر] كونا. يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى كوللېكتىپنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدىغان، كوللېكتىپ بىرلىكتە ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارىدىغان بىر خىل سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش شەكلى.

**كولخوزچى** ئى. كولخوزدا ئىشلىگۈچى دېھقان، كولخوز ئەزاسى.

**كولخوزلاشتۇرماق** «كولخوزلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كولخوزلاشتۇرۇلماق** «كولخوزلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كولخوزلاشماق** پ. كولخوز بولۇپ ئۇيۇشماق، كولخوز ھالىتىگە كەلمەك: سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا يېزا ئىگىلىكى 1936 ـ يىلىغىچە ئاساسەن كولخوزلىشىپ بولغانىدى.

**كولدۇر** ① تەق. قاپاق قاتارلىق ئىچى كاۋاك نەرسىلەرنىڭ ئىچىگە ئۇششاق، قاتتىق نەرسىلەرنى سېلىپ سىلكىگەن ياكى ئۇرغاندا چىقىدىغان ئاۋاز. ② سۈپ. كۆچمە. پەرق ئېتىش ئىقتىدارى كەم، كاللىسى ئانچە ئىشلىمەيدىغان، ئاسان ئالدىنىدىغان، ئەخمەق: كولدۇر ئادەم.

**كولدۇر ـ كولدۇر** «كولدۇر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: كولدۇر ـ كولدۇر قىلغان ئاۋاز.

**كولدۇرلاتماق** «كولدۇرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كولدۇرمىلارنى كولدۇرلاتماق. ئادەمنى كولدۇرلاتماق. * كىشىلەر ئۇنى ساراڭ دەپ ئەخمەق قىلىدۇ، كولدۇرلىتىدۇ.

**كولدۇرلاشماق** «كولدۇرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كولدۇرلىتىلماق** «كولدۇرلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ ئۆزىنىڭ كولدۇرلىتىلغانلىقىنى دەرھال ھېس قىلدى.

**كولدۇرلىماق** پ ① «كولدۇر» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «كولدۇر» قىلماق. ② ئالدانماق، ئەخمەق بولماق.

**كولدۇرما** ئى. تۆگە، ئات، ئېشەك قاتارلىقلارغا ئاسىدىغان، تۈچتىن ياسىلىدىغان قوڭغۇراق.

**كولدۇرملىق** سۈپ. كولدۇرمىسى بار، كولدۇرما ئېسىلغان: كەڭ تاقىر سايدا كولدۇرملىق تۆگە كارۋىنى قاتار تىزىلىپ كەلمەكتە.

**كولكاز** ئى [ر<لات] <بوت> چايانئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تۈگۈنەك غولىدا مول كىراخمال بولىدۇ. ياڭيۇغا ئوخشاش ئىستېمال قىلىنىدۇ. جەنۇبىي ئۆلكىلەردىن كۆپ چىقىدۇ.

**كوللاپس** ئى [ر<لات] <تېب> كۆپ مىقداردا قان ياكى سۇ يوقىتىش، زەھەرلىنىش ۋە يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن ئاغرىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يۈرەك ھەرىكىتى تۇيۇقسىز ئاجىزلاپ، قان سۈيۇقلۇقىنىڭ ئايلىنىشى سۇسلىشىدىغان بىر خىل ھادىسە. بۇنىڭدا ئاساسلىقى بەدەن تېمپېراتۇرىسى ۋە قان بېسىمى تۆۋەنلەش، تومۇرنىڭ سوقۇشى ئاستىلاش، سوغۇق تەر چىقىش، چىرايى سارغىيىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**كوللاگېن** ئى [ر<گىرېك] <بىيول> سۆڭەك يېلىمى ئاقسىلى: ئادەم قېرىغاندا بەدەندە يېپىشقاق ماددىلار ھەم كوللاگېن قاتارلىقلارنىڭ مىقدارى زور دەرىجىدە ئازلاپ كېتىدىكەن.

**كوللوزا** ئى [ر<لات] ① <بوت> بىر خىل كاربون سۇ بىرىكمىسى. مىس ئاممىياك ئېرىتمىسىدە ئېرىمەي، تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا چىرىتكۈچى ئاساس ئېرىتمىسىدە پارچىلە-

نىدۇ. ئادەتتە ئۇ قاداق پېتىكىدە بولىدۇ. قاداق پېتىكى غەلۋىرسىمان پىلاستىنكا ياكى كالتىسىلىشىش دىۋارىدا شەكىللىنىدۇ. ② <بىيول> تېرە، يوپۇرماق ياكى غول ئۆستىدىكىدەك ئۆسمە ياكى قاپارتقۇ ھالىتىدىكى بىر خىل قاتتىق ماددا.

**كوللوزىلىق** سۈپ. تەركىبىدە ياكى ئىچىدە كوللوزا بولغان، كوللوزىغا ئىگە: كوللوزىلىق تەنچە.

**كوللوئىد** ئى [ر<گىرېك] <خىم> كىرىستاللانمايدىغان، سۇدا ئېرىتىلگەندە لايسىمان، قويۇق ئېرىتمە ھاسىل قىلىدىغان ماددا. مەسىلەن، يېلىم كىراخمال، ئاقسىل قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**كوللېكتور** ئى [ر<لات] <فىز> ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنىڭ ياكور ئوقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىككى مېتال ھالقا. ياكوردىكى كاتۇشكىنىڭ ئىككى بېشى ئايرىم-ئايرىم ھالدا بۇ ئىككى ھالقىغا ئۇلىنىپ، ئېلېكتىر چوتكىسى كوللېكتور بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، ھاسىل بولغان توكنى تارقىتىپ بېرىدۇ.

**كوللېكتىپ** [ر<لات] ① ئى. مەلۇم مەقسەتلەر ئۈچۈن ئۇيۇشقان كىشىلەر، كىشىلەر توپى: سىنىپ كوللېكتىپى. ② سۈپ. كۆپچىلىككە تەۋە، ئومۇمىي؛ كۆپچىلىك بىرلىكتە قىلىدىغان: كوللېكتىپ ئىگىلىك. * تۇرمىنىڭ سول تەرىپىدە كوللېكتىپ كامېر بار ئىدى.

**كوللېكتىپچىلىق** ئى <پەلس> شەخسىيەتسىز بولۇپ، ھەممىدە خەلق ئاممىسىنىڭ كوللېكتىپ مەنپەئەتىنى تۈپ چىقىش نۇقتىسى قىلىدىغان ئىدىيە.

**كوللېكتىپلاشتۇرماق** «كوللېكتىپلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كوللېكتىپلاشتۇرۇلماق** «كوللېكتىپلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كوللېكتىپلاشماق** پ. كوللېكتىپ بولۇپ ئۇيۇشماق، كوللېكتىپ ھالىتىگە كەلمەك: ئۇ ئون يىل تۈگمەن باققان، كوللېكتىپلاشقاندىن كېيىن ئائىلە ئىشلىرى بىلەن بولغان.

**كوللېكتىپلىق** سۈپ. كوللېكتىپ ھالەتتىكى، كوللېكتىپ روھى سىڭگەن: خەلق ئۆرپ-ئادىتىنىڭ كوللېكتىپلىق خاراكتېرى بىلەن ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تارىلىشىمۇ يۇرتداشلىق ئورتاقلىقىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان.

**كوللېكتىۋىزم** ئى [ر] <پەلس> ← **كوللېكتىپچىلىق:** ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى كوللېكتىۋىزم بىلەن كوممۇنىزم.

**كوللېكتىۋىزملىق** سۈپ. كوللېكتىۋىزمغا خاس، كوللېكتىۋىزمغا ئائىت: كوللېكتىۋىزملىق نۇقتىئىنەزەر. كوللېكتىۋىزملىق كۆزقاراش.

**كوللېگىيە** ئى [ر<لات] بىرگە، بارمەسلىھەت ئىش كۆرىدىغان، مەمۇرىي ئورگاننى تەشكىل قىلغۇچى رەھبىرىي خادىملار گۇرۇپپىسى: سوت كوللېگىيەسى. رېداكسىيە كوللېگىيەسى.

**كولون** ئى. سالۋادور، كوستارىكالارنىڭ پۇل بىرلىكى.

**كولىغۇچ** ئى. مەلۇم نەرسىلەرنى كولايدىغان سايمان، قورال: چىش كولىغۇچ. قۇلاق كولىغۇچ.

**كولىما** سۈپ. كولىنىدىغان، كولاپ ئېلىنىدىغان: كولىما ياڭاق.

**كولىماق** پ ① چوڭقۇر قىلىپ ئويماق، قازماق: ئورا كولىماق. * ئورىنى كىم كولىسا، ئۆزى چۈشەر (ماقال). * سۇنىڭ قەدرىنى قۇدۇق كولىغان بىلەر (ماقال). ② كۆچمە. ئىنچىكىلەپ، زىغىرلاپ سورىماق: گەپ كولىماق. ③ ئاختۇرماق، كوچىلىماق: ھاپىز ئاخۇن چاپىنىنىڭ يانچۇقىنى يەنە كولىدى، بىراق موخوركا تۈگىگەنىدى. ④ ئاچماق، ئاشكارىلىماق: خەقنىڭ ئەيىبىنى كولىماق.

**كولياسكا** ئى [ر] تۆت چاقلىق ئات ھارۋىسى: ئۇ سۆزلىگەچ كولياسكىغا چىقىپ ئولتۇردى.

**كوم** تەق. يۇمشاق نەرسىلەرنى قاتتىقراق نەرسىلەر بىلەن ئۇرغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**كوماك** ① سۈپ. چىشى چۈشۈپ كەتكەن، چىشى يوق: كوماك ئادەم. ② ئى. چۈشۈپ كەتكەن چىشنىڭ ئورنى: كۆلكە بىلەن ئۇنىڭ قورۇق باسقان ئىككى جاۋغىيى ئېچىلىپ، چىشنىڭ كوماكلىرى كۆرۈنۈپ قالدى.

**كوماندا** ئى [ر<فىران] ① ئۇرۇش، مەشىق قاتارلىقلار داۋامىدا چۈشۈرۈلگەن ئاددىي، ئاغزاكى بۇيرۇق: كوماندا بەرمەك. كوماندىغا بويسۇنماق. ② تەنتەربىيەنىڭ مەلۇم تۈرى بويىچە تەشكىللەنگەن گۇرۇپپا: ۋالىبول كوماندىسى. پۇتبول كوماندىسى. ئەرلەر كوماندىسى.

**كوماندىر** ئى [ر] ھەربىي قىسىم، ھەر خىل توپ كوماندىسى قاتارلىقلارنىڭ باشلىقى: ئۇ باتالىيون كوماندىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالدىمىزغا كەلدى.

**كوماندىرلىق** ئى. كوماندىرلار قىلىدىغان ئىش، ۋەزىپە: شۇ نۆۋەتتە ئۇ جەڭچىلىكتىن كوماندىرلىققا ئۆستۈرۈلدى.

**كومباين** ئى [ر<ئىنگ] زىرائەتلەرنى يىغىۋېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۇنىۋېرسال ماشىنا. بىرلا ۋاقىتتا بىرنەچچە خىل ئىشلارنى قىلالايدۇ. مەسىلەن، دانلىق زىرائەتلەرنى يىغىۋېلىش كومباينى ئورۇش، دېنىنى ئايرىش، دېنى ۋە توپانلىرىنى بىر-بىرىدىن ئايرىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلالايدۇ.

**كومباينچى** ئى. كومباين ھەيدەيدىغان كىشى، كومباين شوپۇرى.

**كومبىناتسىيە** ئى [ر] قوشۇلۇش، بىرلىشىش، بىرىكىش، جۈپلىشىش، ماسلىشىش؛ قوشۇلما، بىرىكمە.

**كومبىناتسىيەلىمەك** پ. قوشماق، بىرلەشتۈرمەك، بىرىكتۈرمەك، جۈپلەشتۈرمەك، ماسلاشتۇرماق: ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتى ئۇنىڭ تىرىك ۋە ھەرىكەتلىنىپ تۇرغانلىقىدا، ھاياتلىق ھادىسىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنى ئۆز-ئۆزىنى كومبىناتسىيەلىشىدە، ئۇرۇقلانغان بىر تۇخۇمنىڭ بىر ئادەمگە، بىر پىلغا، بىر چوڭ ھايۋانغا، بىر ئۇرۇقنىڭ زىرائىگە ياكى بىر دەرەخكە ئايلىنىشىدا.

**كومپارتىيە** ئى [ر] كوممۇنىستىك پارتىيە.

**كومپاس** ئى [ر<لات] <جۇغ> يۆنىلىش بەلگىلەيدىغان ئەسۋاب. ئادەتتە ئۇ يۆنىلىش گىرادۇسلىرى چۈشۈرۈلگەن يۇمىلاق تەخسە ۋە دائىم شىمالنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ماگنىتلىق تىلدىن تۈزۈلىدۇ.

**كومپانىيە** ئى [ر<فىران] مەلۇم مەقسەتلەردە ئۇيۇشقان

گۇرۇھ، ئۇلپەت، ئۇلپەتچىلىك: ھازىردىن باشلاپ سىز بىزنىڭ كومپانىيەنىڭ ئەزاسى.

**كومپرادور** [ر<ئىسپان] <پەلس> ① ئى. مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتلەردە چەت ئەل كاپىتالىستلىرىنىڭ ئورنىدا ئۆز دۆلىتىنىڭ بازارلىرىدا كارخانا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەم ئۇلارنىڭ تاۋارلىرىنى سېتىپ بېرىدىغان ۋاكالەتچى. ② سۈپ. مۇستەملىكە ھەم يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتلەردە، جاھانگىرلىك بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن ھەمدە جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياستى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان: كومپرادور بۇرژۇئازىيە.

**كومپلېكس** سۈپ [ر < لات] بىرىكمە، قوشما: كومپلېكس تۇز. كومپلېكس سان.

**كومپلېمېنت** ئى [ر<لات] <تىب> ئانتىتېلالارنىڭ كېسەل مىكروبلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان قان زەردابىدىكى خىمىيەۋى ماددا: كومپلېمېنت سىستېمىسى.

**كومپوزىتسىيە** ئى [ر<لات] ① <ئەد> ئەدەبىي ئەسەر، سەنئەت ئەسىرى قىسىملىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، جايلىشىشى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتى: رومانىنىڭ كومپوزىتسىيەسى. ھېكايىنىڭ كومپوزىتسىيەسى. ② تەركىبىي قىسىملىرى مەنە جەھەتتىن ئۆزئارا باغلىنىپ بىرلىكنى ھاسىل قىلغان بەدىئىي ئەسەر، مۇزىكا ياكى رەسىم. ③ <مۇز> مۇزىكا ئەسىرى يارىتىش نەزەرىيەسى.

**كومپوزىتسىيەلىك** سۈپ. كومپوزىتسىيە جەھەتتىكى: ئۇنىڭ پېرسوناژى، سۇژىتىنىڭ كومپوزىتسىيەلىك ئالاھىدىلىكى ئوردۇستىكى بۇيۇملارغا بەك ئوخشايدۇ.

**كومپوزىتور** ئى [ر<لات] <مۇز> مۇزىكا ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلغۇچى كىشى.

**كومپوزىتورلۇق** ئى. مۇزىكا ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىش ئىشى، كەسپى: كومپوزىتورلۇق قىلماق.

**كومپېنساتسىيە** ئى [ر<لات] <تىب> ئەزانىڭ مەلۇم بىر قىسمىدىكى توقۇلمىلاردا كېسەللىك ئۆزگىرىشى يۈز بەرگەندە، ساغلام توقۇلمىلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئورنىنى بېسىپ ئىشلەپ، مەزكۇر ئەزانى ئاجىزلاشتۇرماسلىق ئىقتىدارى. مەسىلەن، يۈرەك قاپقاقلىرىدا كېسەللىك پەيدا بولغاندا، يۈرەكنىڭ ھەردەكەت مىقدارى كۆپىيىپ كېتىپ، يۈرەكنىڭ ھەجمى يوغىناپ، ۋەزىپىنى ئادا قىلىشقا مەجبۇر بولغىنىغا ئوخشاش.

**كومپيۇتېر** ئى [ئىنگ] <فىز> كۆپ مىقداردىكى ئارىفمېتىكىلىق ۋە لوگىكىلىق ھېسابلاشلارنى ئاپتوماتىك تېز سۈرئەتتە بېجىرىدىغان ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنە بولۇپ، ئۇ ئېلېكترون لامپا، كىرىستال لامپا قاتارلىق ئېلېكترونلۇق ئەسۋاب ۋە ئېلېمېنتلاردىن تۈزۈلگەن مۇرەككەپ ماشىنا. ئۇ كىرگۈزۈلگەن سانلىق مەلۇمات ھەم ئۇچۇر ئۈستىدە ماتېماتىكىلىق ئەمەللەرنى ئىنتايىن توغرا بېجىرەلەيدۇ. قۇرۇلۇش تېخنىكىسى، پەن تەتقىقاتى قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ يەنە «ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى» ياكى «ئېلېكترونلۇق مېڭە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**كومپيۇتېرچى** ئى. كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسى ياكى كومپيۇتېر بىلەن مەشغۇلات قىلغۇچى كىشى.

**كومپيۇتېرخانا** ئى [كومپيۇتېر+ خانا] مەخسۇس كومپيۇتېر مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۆي ياكى كومپيۇتېر مەشغۇلاتى ئېلىپ بارىدىغان مەخسۇس ئۆي، كومپيۇتېرلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەخسۇس خانا: كومپيۇتېرخانىغا كىرمەك. ئىدارىنىڭ كومپيۇتېرخانىسى.

**كومپيۇتېرلاشتۇرماق** «كومپيۇتېرلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كومپيۇتېرلاشتۇرۇلماق** «كومپيۇتېرلاشتۇرماق»پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كومپيۇتېرلاشماق** پ. كومپيۇتېر ئارقىلىق مەشغۇلات قىلىش ئەمەلگە ئاشماق، كومپيۇتېر بىلەن مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمەك، كومپيۇتېر بىلەن مەشغۇلات قىلىش ئىشى ئومۇملاشماق: ئاتالغۇ ئامبىرى بىر خىل كومپيۇتېرلاشقان ئاتالغۇلار توپلىمىدىن ئىبارەت.

**كومزەك** ئى. ھاراق، ئاچچىقسۇ، جاكيۇ قاتارلىقلار قاچىلىنىدىغان ئاغزى كىچىك، قورسىقى چوڭ ساپال قاچا: دېھقان شۇنداق قارىسا، قوشنىنىڭ ئىزىدا يوغان بىر كومزەك تۇرغۇدەك.

**كومسومول** ئى [ر] كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى.

**كومسوموللۇق** ئى. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا مەنسۇپلۇق، ئەزالىق: كومسوموللۇققا قوبۇل قىلىنماق. كومسوموللۇق ئىزنىكى. كومسوموللۇق كىنىشكىسى.

**كومشار** ئى ① ئېغىزنىڭ سىرتقى بوشلۇق ئەتراپى: يىگىت نەمەتنىڭ كومشىرىغا بىر مۇشت ئاتتى. ② كۆچمە. پەمسىز، ئىش قاملاشتۇرالمايدىغان، لەقۋا: تازا كومشار بىرنېمە ئىكەن ـ دە...

**كومشايتماق** «كومشايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كومشايماق** پ. سولاشماق، بوشاشماق، لەلەڭشىمەك: ئۇلار نەشىنى چېكىۋېرىپ ھېلىلا كومشىيىدۇ.

**كوم ـ كوم** «كوم» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**كوم ـ كومچى** ئى . پۇختا، سىلىق ئىش قىلماي، قولدىن ئۆتتۈشكىلا ئىش قىلىدىغان ئادەم (كۆپرەك ھۈنەرۋەنلەر ھەققىدە): — ئۇ تازا بىر كوم ـ كومچى، بۇ كىيىمنى ئۇنىڭغا بەرمەيلى، — دېدى ئاپام مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ.

**كوممۇتاتور** ئى [<لات] <تېل> تېلېفون ئاپپاراتلىرىنى ئۇزۇش ـ ئۇلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قۇرۇلما، ئۈسكۈنە. كوممۇتاتورلۇق سۈپ. كوممۇتاتور بار، كوممۇتاتورغا ئىگە: كوممۇتاتورلۇق يەتكۈزۈش سىستېمىسى.

**كوممۇنا** ئى [ر<فىران] ① باشلانغۇچ جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئورتاق ئىستېمال قىلىش ئاساسىدا بىرلەشكەن مەلۇم توپى، جامائەسى. ئۇ سىنىپىي جەمئىيەتتىمۇ خېلى ئۇزۇنغىچە ساقلىنىپ تۇرغان. مەسىلەن، ئۇرۇقداشلىق كوممۇناسىغا ئوخشاش. ② پىرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنىڭ بىر خىل شەكلى. فىرانسىيىدە 1871 ـ يىلى پارىژ كوممۇناسى قۇرۇلغان. ③ خەلق گۇڭشېسى: پەرھات چولپانخان ئانىنى كوممۇنا دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتتى.

**كوممۇنىزم** ئى [ر<فىران] <پەلس> ① پىرولېتارىياتنىڭ پۈتكۈل ئىدىيە سىستېمىسى. ② ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ غايىۋى ئىجتىمائىي تۈزۈمى. ئۇ تەرەققىيات جەريانىدا ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. دەسلەپكى باسقۇچى سوتسىيالىزم، يۇقىرى باسقۇچى كوممۇنىزمدۇر. ئادەتتە دېيىلىۋاتقان كوممۇنىزم ئۇنىڭ يۇقىرى باسقۇچىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ باسقۇچتا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، ئىجتىمائىي مەھسۇلاتلار ئىنتايىن مول-لاشقان، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەۋى ئاڭلىقلىقى يۇكسەك دەرىجىدە ئۆسكەن، ئەمگەك تۇرمۇشنىڭ بىرىنچى ئېھتىياجىغا ئايلانغان، ئۈچ چوڭ پەرق يوقىتىلغان، كوممۇنىستىك ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئورنىتىلغان ۋە ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ھەركىمنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ھەق بېرىش پىرىنسىپى يولغا قويۇلغان بولىدۇ.

**كوممۇنىزمچى** ئى. كوممۇنىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى، كوممۇنىزم قۇرۇش تەرەپدارى.

**كوممۇنىزملىق** سۈپ. كوممۇنىزمغا خاس، كوممۇنىزمغا ئائىت: كوممۇنىزملىق دۇنيا قاراش. كوممۇنىزملىق ئەخلاق. كوممۇنىزملىق روھ.

**كوممۇنىست** ئى [ر] كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى.

**كوممۇنىستلارچە** رەۋ. كوممۇنىستلارغا خاس، كوممۇنىستلارغا ئوخشاش: «بولدى، كوممۇنىستلارچە سۆزلىشەيلى» دېيىتتى ئۇ.

**كوممۇنىستىك** سۈپ [ر] كوممۇنىزمغا ئائىت، كوممۇنىزم غايىسى بىلەن سۇغىرىلغان: كوممۇنىستىك پارتىيە. كوممۇنىستىك ئەخلاق. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى.

**كومىمدە** رەۋ. «كوم» قىلغان ھالدا، «كوم» قىلىپ: رەسۇل ئىمام تۆمۈرچىنىڭ قۇچىقىغا كومىمدە تاشلاندى.

**كومۇلداتماق** «كومۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كومۇلدىماق** پ. «كوم ـ كوم» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «كوم ـ كوم» قىلغان ئاۋازنى پەيدا قىلماق.

**كومېتا** ئى [ر<گىرېك] <ئاستر> قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز. ئۇ قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەتلىنىدىغان بىر خىل يۇلتۇز، ئارقا تەرىپىدە بىر ئۇزۇن قۇيرۇقى بولىدۇ. بۇ يۇلتۇزنىڭ ھەجمى چوڭ بولۇپ، زىچلىقى بەك كىچىك. ھەرىكەتلىنىش ئوربىتىسى ئادەتتە ياپىلاق ئېللىپس شەكىللىك ياكى قوش ئەگرى سىزىقلىق شەكىللەردە بولىدۇ.

**كومېدىيە** ئى [ر<گىرېك] <ئەد> تۇرمۇشتىكى سەلبىي ھادىسىلەر ۋە شەخسلەر مازاق قىلىنىدىغان كۈلكىلىك سەھنە ئەسىرى.

**كومېدىيەلىك** سۈپ. كومېدىيە تۈسىنى ئالغان: كومېدىيەلىك ئوپېرا.

**كومىتېت** ئى [ر<فىران] ① سىياسىي پارتىيە، تەشكىلات، ئورگان ۋە مەكتەپ قاتارلىقلاردىكى رەھبەرلىك كوللېكتىپى ياكى شۇنداق ئورگان: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى. تەنتەربىيە كومىتېتى. ② ئورگان، تەشكىلات، مەكتەپ قاتارلىقلاردىكى مەلۇم ۋەزىپىنى ئورۇنداش مەقسىتىدە قۇرۇلغان مەخسۇس ئاپپارات: ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كومىتېتى.

**كومىسسار** ئى [ر<فىران] ① دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى. ② <ھەرب> پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئارمىيەدىكى ھوقۇقى ۋە مەسئۇلىيىتى كوماندىر بىلەن باراۋەر بولغان ئالاھىدە ۋەكىلى: سىياسىي كومىسسار.

**كومىسسارىيات** ئى [ر] كومىسسار تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان بىر قاتار دۆلەت مۇئەسسەسەلىرى ۋە مەمۇرىي مۇئەسسەسەلىرىنىڭ نامى.

**كومىسسىيە** ئى [ر<لات] ① بىرەر ۋەزىپىنى بېجىرىش ئۈچۈن تەشكىللەنگەن گۇرۇپپا: ئىمتىھان كومىسسىيەسى. ② شۇنداق گۇرۇپپىنىڭ ئەزاسى: قادىر مۇئەللىم فىزىكا ئىمتىھانىغا كومىسسىيە بولۇپ كىردى.

**كومىسسىيون** [ر] ① سۈپ. ۋاكالىتەن سېتىپ بېرىدىغان: كومىسسىيون ماگىزىن. كومىسسىيون دۇكان. ② ئى. ۋاكالىتەن سېتىپ بېرىدىغان دۇكان، ماگىزىن: ئۇ رەڭلىك تېلېۋىزورنى كومىسسىيونغا قويدى.

**كونا** [پ] ① سۈپ. ئىشلىتىپ، كۆپ تۇتۇلۇپ كاردىن چىققان؛ سۈپىتى بۇزۇلغان، ئەسكى، ئەسكىرىگەن: كونا چاپان. كونا ئىشتان. ② سۈپ. بۇرۇنقى، ئىلگىرىكى: چاپاننىڭ يېڭىسى ياخشى، دوستنىڭ كونىسى (ماقال). * مەن سىزنى ھېلىقى كونا جايدا ساقلىغىلى نەچچە كۈن بولدى. ③ سۈپ. ئۇزۇندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، ئۇزۇندىن بار بولغان، ئەنئەنىۋى: كونا ئادەت. كونا ئۇسۇل. ④ سۈپ. ئىستېمالدىن قالغان، بىكار قىلىنغان: كونا پۇل. كونا يېزىق. ⑤ سۈپ. پېشقەدەم: كونا ئىشچى.⑥ ئى. كۆپلۈك قوشۇمچىسى «لار» بىلەن تۇرلىنىپ كېلىپ، «بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەن، ياشىغان كىشىلەر، بىزدىن بۇرۇنقى ئەجدادلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئويلاپ باقسام كونىلارنىڭ «بالىسى غورا يېسە، ئانىسىنىڭ چىشى قامايدۇ» دېگىنىمۇ راست ئىكەن.

**كونا خامانني سورىماق** ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن ئىش ـ ھەرىكەت، گەپ ـ سۆزلەرنى قايتا تەگىمەك: ـــ كونا خاماننى سورۇشنىڭ ئورنى يوق، بولدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن، ـــ دېدى تاجىنىساخان.

**كونا سەنەمگە دەسسىمەك** كۆپ تەكرارلانغان قاراشنى، پىكىر ـ چۈشەنچىنى قايتا كۆتۈرۈپ چىقماق، تەكرارلىماق: قاچانغىچە كونا سەنەمگە دەسسەپ يۈرىمىز. زامان ئاللىقاچان ئۆزگەردى، زامانغا بېقىپ ئىش قىلايلى.

**كونا سەنەمگە ئۇسسۇل ئوينىماق** ← **كونا سەنەمگە دەسسىمەك.**

**كونا قېلىپ** ئىلگىرىكى، بۇرۇنقى شەكىل، ئەندىزە.

**كونا كېسىلى قوزغالماق** ئىلگىرىكى ناچار ئىللەت ـ نۇقسانلىرى قايتىدىن پەيدا بولماق، تەكرارلانماق: ـــ كونا كېسىلىڭ يەنە قوزغىلىپ قالدىمۇ، قاراپ تۇرماي ياردەملەشمەمسەن، ـــ دېدى شاكىر.

**كونا مۇقام** تەكرار سۆزلىشىپ، كىشىنى بىزار قىلىدىغان گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت: سېنىڭ دەۋاتقانلىرىڭنىڭ ھەممىسى كونا مۇقام، بۇ مۇقاملىرىڭ ھازىرغا توغرا كەلمەيدۇ.

**كونا ئۇستىخاننى غاجىماق** بولۇپ ئۆتكەن، كونىراپ كەتكەن ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى دائىم تەگىمەك: بولدى، قويۇڭ، كونا ئۇستىخاننى قاچانغىچە غاجايمىز.

**كونارتماق** «كونارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن بۇ كىتابنى كونارتىپ تۈگەتكەندىن كېيىن مۇنداق كىتاب ھەتتا بىزنىڭ ئائىلىمىزدىمۇ تېپىلماس بولۇپ كەتتى.

**كونارتىشماق** «كونارتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كونارتىلماق** «كونارتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كونارماق** پ. ئەسلىدىكى سۈپىتىنى، ھالىتىنى، ئىسكەتىنى يوقاتماق؛ كونا ھالەتكە كەلمەك: كونىراپ كەتكەن چاپان.

**كونتاكت** ئى [ر<لات] ئىككى جىسىمنىڭ بىر - بىرىگە تېگىشى ۋە تېگىپ تۇرغان جايى.

**كونتاكتلىق** سۈپ. جىسىملارنىڭ بىر - بىرىگە تېگىشىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدىغان ياكى جىسىملارنىڭ تېگىشىش يۈزىدە يۈز بېرىدىغان: كونتاكتلىق مېتامورفىزم.

**كونتراست** سۈپ [ر<فىران] بىر - بىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىدىغان، پەرقى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، پەرقلىق: كونتراست رەڭ.

**كونترول** [ر<فىران] ① ئى. تۇتۇپ تۇرۇپ خالىغانچە ھەرىكەت قىلدۇرماسلىق، تىزگىنلەش؛ باشقۇرۇش: كونترول قىلىش. ② سۈپ. تىزگىنلەنگەن: كونترول رەقەم.

**كونترولچان** سۈپ. كونترول قىلىندىغان ياكى كونترول قىلىنىدىغان.

**كونترولچانلىق** ئى. كونترول قىلىش خۇسۇسىيىتى، ئالاھىدىلىكى: كونتېكستىنىڭ سېمانتىكىغا بولغان يەنە بىر كونترولچانلىق فۇنكسىيەسى ئۇنىڭ ھەرقانداق بىر تىلدىكى مۇجمەللىكنى چەتكە قېقىشتا كۆرۈلىدۇ.

**كونترولسىز** سۈپ. كونترول قىلىنمايدىغان، كونترولدىن ئايرىلغان، تىزگىنسىز: كونترولسىز ئات. كونترولسىز پۇل پاخاللىقى.

**كونتروللاش** ئى. تىزگىنلەش، باشقۇرۇش: كونتروللاش تاختىسى. كونتروللاش قوزۇقى.

**كونتروللۇق** ئى. كونترول قىلىش تەسىر دائىرىسى.

**كونتروللىماق** پ ① خالىغانچە ھەرىكەت قىلالايدىغان دەرىجىگە چۇشۇرۇپ، ئۆز خاھىشى، مەيلى بويىچە ئىدارە قىلماق، باشقۇرماق، تىزگىنلىمەك: نېرۋىنى كونتروللىماق. ② مەلۇم چەكتىكى ھالەت ۋە نورماللىقنى ساقلاپ قالماق ياكى مەلۇم ھالەتنىڭ كېڭىيىپ كېتىپ زىيان سېلىشىنى توسماق، چەكلىمەك: باھانى كونتروللىماق. نوپۇسنى كونتروللىماق. ③ ئۆزىنىڭ ھوقۇقى، كۈچ - قۇدرىتى، باشقۇرۇش ياكى تەسىر دائىرىسى ئاستىغا ئالماق: بازارنى كونتروللىماق. ۋەزىيەتنى كونتروللىماق.

**كونتېكست** ئى [ر<لات] يازما نۇتۇقنىڭ ئۆز ئىچىگە كىرگەن سۆز ياكى ئىبارىلەر مەنىسىنى بەلگىلەشكە ئىمكان بېرىدىغان، تولۇق پىكىرنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بۆلىكى، پارچىسى.

**كونتېكستسىز** سۈپ. كونتېكستى يوق، كونتېكستى بولمىغان: تېخىمۇ ئوچۇقراق ئېيتقاندا، كونتېكستسىز تىل پائالىيىتى بولمايدۇ، تىل پائالىيىتىسىز كونتېكستمۇ بولمايدۇ.

**كونتېكستشۇناس** ئى. كونتېكستشۇناسلىق مۇتەخەسسىسى، ئالىمى، يەنى كونتېكستنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس، ئالىم.

**كونتېكستشۇناسلىق** ئى <تىل> تىلشۇناسلىقنىڭ كونتېكستنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى: كونتېكستشۇناسلىق تەتقىقاتى نۆۋەتتە تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى مۇھىم بىر ھالقا ھېسابلانماقتا.

**كونتېنېت** ئى [ر<لات] <جۇغ> چوڭ قۇرۇقلۇق، ماتېرىك؛ قىتئە.

**كونتېنېتال** سۈپ [ر] <جۇغ> چوڭ قۇرۇقلۇققا، قىتئەگە ئائىت: كونتېنېتال دولقۇن. كونتېنېتال چۆكۈندە. كونتېنېتال ماسسا. كونتېنېتال كۆتۈرۈلمە.

**كونتېنېتالت** ئى [ر<لات] <جۇغ> چوڭ قۇرۇقلۇق دەرىجىسى.

**كونتېينېر** ئى [رئىنگ] يۈك توشۇش جەريانىدا ئۇزۇن مەزگىل تەكرار ئىشلىتىلىدىغان ئۆلچەملىك تۆمۈر ساندۇق، يەشىك: — ئادەم قاچىلانغان كونتېينېر ھەرگىز ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالمىسۇن، بولمىسا بىز پۈتۈنلەي تۈگىشىمىز، — دېدى ئۇ.

**كوندۇكتور** ئى [ر<لات] پويىز، پاراخوت، ئايروپىلان، تىرامۋاي، تىروللېبۇس ۋە ئاپتوبۇس قاتارلىقلاردىكى يولۇچىلارغا قارايدىغان، ئۇلارغا خىزمەت قىلىدىغان خادىم؛ بېلەت ساتقۇچى.

**كوندېناتور** ئى [رلات] <فىز> ئېلېكتىر مىقدارىنى ساقلايدىغان ئەسۋاب. يېقىن تۇرغان ھەمدە بىر - بىرىدىن ئىزولياتسىيەلەنگەن ئىككى دانە ئۆتكۈزگۈچتىن قۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئېلېكتىر تېخنىكىسى، تېلېگراف قاتارلىق جەھەتلەردە كەڭ ئىشلىتىلىدۇ.

**كوندېنساتسىيە** ئى [ر<لات] <فىز> ① توپلاش، توپلىنىش (ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى ھەققىدە). ② پار ياكى گازنىڭ سۇيۇق ھالەتكە ئايلىنىشى.

**كوندېنساتسىيەلەنمەك** «كوندېنساتسىيەلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كوندېنساتسىيەلىك** سۈپ. كوندېنساتسىيەگە ئائىت، كوندېنساتسىيەگە ئالاقىدار بولغان: كوندېنساتسىيەلىك ئۆزگىرىش.

**كوندېنساتسىيەلىمەك** پ ① ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىنى توپلىماق، يىغماق. ② گاز ياكى پار ھالىتىدىكى جىسىملارنى سۇيۇلدۇرماق، سۇيۇق ھالغا كەلتۈرمەك: پارنى كوندېنساتسىيەلىمەك. گازنى كوندېنساتسىيەلىمەك.

**كوندېنساتور** ئى [ر] <ئېل> توك ئۆتكۈزگۈچلەر ئارىسىغا قويۇپ قويۇلىدىغان ئەسۋاب. ئادەتتە توك مەنبەسىگە ئۇلانغاندا زەرەتلىنىدۇ ۋە توك يىغىۋالىدۇ. توك مەنبەسىدىن ئۈزۈلگەندىمۇ توك زاپىسىنى ساقلاپ، مەلۇم مىقداردا توك چىقىرىدۇ.

**كونسۇل** ئى [ر<لات] <ت ئىش> بىر دۆلەت ھۆكۈمىتى چەت ئەلنىڭ بىرەر شەھىرى ياكى رايونىدا تۇرۇشقا بەلگىلەنگەن دىپلوماتىك ئەمەلدار. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — ئۆز دۆلىتى ۋە ئۇنىڭ مۇھاجىرلىرىنىڭ شۇ رايوندىكى قانۇنىي ھوقۇقى ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى قوغداش، مۇھاجىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت.

**كونسۇلتاتسىيە** ئى [ر<لات] ① مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ياكى بىلىملىك، ئالىم كىشىلەرنىڭ بىرەر مەسىلە بويىچە مەسلە-

ھەتى. ② ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پەننى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارغا بېرىدىغان ياردىمى ياكى شۇنداق ياردەم بېرىش مەشغۇلاتى.

**كونسۇلخانا** ئى [ر<لات+پ] <ت ئش> بىر دۆلەت باشقا بىر دۆلەتنىڭ مەلۇم شەھىرىدە تۇرغۇزغان كونسۇللۇق ۋاكالەتخانا.

**كونسۇللۇق** ئى. كونسۇلغا يۈكلەنگەن ۋەزىپە: كونسۇللۇق قىلماق. كونسۇللۇققا تەيىنلەنمەك.

**كونسېرت** ئى [ر<ئىتال] <مۇز> ① مۇزىكا ئەسەرلىرى، ئۇسسۇل، ناخشا ۋە شۇ قاتارلىقلار نومۇرلىرىنىڭ مەلۇم پىروگراما ئاساسىدا ئىجرا قىلىنىشى، ئاممىغا كۆرسىتىلىشى، ناخشا ـ ئۇسسۇل: كونسېرت كۆرمەك. كونسېرت كېچىلىكى. ② بىر يەككە ئورۇنلىغۇچى (ئىسكىرىپكا، پىيانىنو قاتارلىقلارنى چالغۇچى) بىلەن دۇخوۋوي ئوركېستىرىنىڭ بىرلىشىپ ئورۇنلىشى ئۈچۈن يېزىلغان چوڭ تىپتىكى مۇزىكا ئەسىرى. ئادەتتە ئۈچ مۇزىكا بابىدىن تەركىب تاپىدۇ.

**كونسېرن** ئى [ر<ئىنگ] <س ئىق> كاپىتالىستىك مونوپول تەشكىلات شەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي تارماقلارنىڭ سانائەت كارخانىسى، سودا كارخانىسى، بانكا، قاتناش ـ تىرانسپورت شىركىتى ۋە سۇغۇرتا شىركىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇنلىغان كارخانىلارنىڭ بىرلىشىشىدىن تەشكىللىنىدۇ.

**كونسېرۋا** ئى [ر<لات] پىشىشقلاپ ئىشلەنگەندىن كېيىن تۇنىكە قۇتا ۋە بوتۇلكىلارغا قاچىلاپ، ئاغزىنى ھاۋا ئۆتمەيدىغان قىلىپ بېكىتكەن يېمەكلىك. ئۇ ئۇزۇنغىچە بۇزۇلمايدۇ.

**كونسېرۋاتور** ئى [ر<لات] <پەلس> كونسېرۋاتىزم تەرەپدارى، كونا، ئۆتۈپ كەتكەن تەرتىپلەرنى ساقلاشتا چىڭ تۇرىدىغان كىشى؛ مۇتەئەسسىپ.

**كونسېرۋاتىپ** سۈپ [ر] جەمئىيەت تەرەققىياتىغا قارشى بولغان، تەرەققىياتنى ياقلىمايدىغان؛ مۇتەئەسسىپ: كونسېرۋاتىپ ئادەم.

**كونسېرۋاتىپلىق** ئى. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا قارشى چىقىش، تەرەققىياتنى ياقلىماسلىق، مۇتەئەسسىپلىك: ھەر دائىم ئىدىيە جەھەتتە توغرا بىلەن خاتا، ئالغا بېسىش بىلەن كونسېرۋاتىپلىق ئوتتۇرىسىدا كۈرەش بولۇپ تۇرىدۇ.

**كونسېرۋاتىزم** ئى [ر] شەيئىلەر تەرەققىياتىدىن كېيىن قالغان ئىدىيە. ئۇ نەتىجىلەرگە كۆز يۇمۇش، يېڭى شەيئىلەرنى قوبۇل قىلماسلىق، قىيىنچىلىقلارنى ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرۈۋېتىش، پايدىلىق پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

**كونسېسسىيە** ئى [ر<لات] <ت ئش> جاھانگىر دۆلەتلەر يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تاجاۋۇز قىلىشتا تايانچ نۇقتا قىلىش ئۈچۈن، يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتلەرنى مەجبۇرلاپ «ئىجارە» گە ئېلىۋالغان جاي.

**كونسپېك** ئى [ر<لات] ① دەرسخانىدا مۇئەللىم سۆزلىگەن دەرس مەزمۇنى: كونسپېك يازماق. كونسپېك قالدۇرماق. ② مۇئەللىم سۆزلىگەن دەرس مەزمۇنى خاتىرىلەنگەن دەپتەر: كونسپېكنى بەرمەك. كونسپېكنى ئالماق.

**كونكرېت** سۈپ [ر<لات] رېيال مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، ئېنىق، روشەن؛ ئەمەلىي؛ بەلگىلىك، ئابستراكت بولمىغان: كونكرېت ئىش. كونكرېت ئادەم. كونكرېت ئەمگەك. كونكرېت ۋەزىپە.

**كونكرېتلاشتۇرماق** «كونكرېتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ مەسىلىلەرنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ، بىرمۇبىر سۆزلەشكە باشلىدى.

**كونكرېتلاشتۇرۇلماق** «كونكرېتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قانۇن پارتىيە سىياسىتىنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى.

**كونكرېتلاشماق** پ. ئېنىق، روشەنلەشمەك، كونكرېت ھالەتكە كەلمەك: بۇ بىناغا كۆچۈپ كېلىپلا بىزنىڭ مەسئۇلىيەت تۈزۈمىمىز تېخىمۇ كونكرېتلاشتى. * قانۇن قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن كونكرېتلىشىدۇ.

**كونكرېتلىق** ئى. ئېنىقلىق، روشەنلىك، ئوچۇقلۇق: «چېنىقمىش» ھېكايىسى ئوبرازلىرىنىڭ روشەن ۋە كونكرېتلىقى بىلەن كىتابخانلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ.

**كونۇس** ئى [ر<لات] <مات> تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭنىڭ خالىغان بىر تىك تەرىپىنى ئوق قىلىپ بىر قېتىم ئايلىنىشىدىن ھاسىل بولغان جىسىم. ھەجمى ئاساسىنىڭ يۈزى بىلەن ئېگىزلىكى كۆپەيتمىسىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە تەڭ.

**كونۇسسىمان** سۈپ. كونۇسقا ئوخشاش، كونۇس شەكلىدىكى.

**كونۋېرت** ئى [ر<فىران] ئىچىگە خەت، ھۆججەت ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەرنى سېلىپ، بىرەر جايغا ئەۋەتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆت بۇرجەك قەغەز خالتا.

**كونۋېرتسىز** سۈپ. كونۋېرتى يوق، كونۋېرتقا سېلىنمىغان: كونۋېرتسىز خەت.

**كونۋېرتلىق** سۈپ. كونۋېرتى بار، كونۋېرتقا سېلىنغان: كونۋېرتلىق خەت.

**كونۋېكسىيە** ئى [ر<لات] <فىز> ئاقار جىسىملارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەرقايسى قىسىملارنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئوخشىماسلىق تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان قارىمۇقارشى ئېقىش. تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولغان قىسمى يۇقىرى ئۆرلەيدۇ، تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن قىسمى تۆۋەنلەيدۇ. كونۋېكسىيە ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشنىڭ بىر خىل شەكلى ھېسابلىنىدۇ.

**كونۋېكسىيەلىك** سۈپ. كونۋېكسىيە تۈپەيلىدىن شەكىللەنىدىغان، ياغىدىغان: كونۋېكسىيەلىك يامغۇر.

**كونىچە** ① رەۋ. كونا ئادەت بويىچە: ئانامىۇ پۈتۈنلەي كونىچە پىكىر قىلىدۇ. ② سۈپ. كونا پاسوندىكى؛ كونا شەكىلدىكى: مۇنبەردە 50 ياشلاردىكى مۇئەللىم كونىچە كۆزەينەك تاقاپ كىتاب ئوقۇماقتا ئىدى.

**كونىلىق** ئى ① كونا ھالەت: ئۇزاقىچە ئۇلارنىڭ قىزىقارلىق سۆزلىرى ۋە كونىلىق ساقلىغۇچىلار تەرەپدارلىرىنىڭ ئېتىرازلىرى ئانچە-مۇنچە قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى. ② ئۆتمۈش، كونا زامانغا مەنسۇپ بولغان ئۆرپ ـ ئادەت، يوسۇن، تەرتىپ قاتارلىقلار: 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان شائىرلار ئۆز ئەسەرلىرىدە كونىلىق، مۇتەئەسسىپلىكنى قامچىلىدى.

**كوۋا** ئى. موزدۇزلار رەختنى تۈزلەش، چىڭداش، پاشنا قاتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان، تاپىنى كەڭ مېتال ئەسۋاب.

**كوۋالېنت** ئى [ر<لات] <خىم> ۋالېنتنىڭ بىر خىلى، يەنى كوۋالېنتلىق باغقا ماس بولغان ۋالېنتنى كۆرسىتىدۇ.

**كوۋالېنتلىق** سۈپ. كوۋالېنتى بار، كوۋالېنتقا ئىگە: كوۋالېنتلىق باغ.

**كوۋالېنتلىق باغ** <خىم> ئىككى ئاتوم بىرىككەندە ئورتاق ئېلېكترون جۈپىنى شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان خىمىيەلىك باغ.

**كوۋۇك** ئى. كەپتەرنىڭ ئۇۋىسى.

**كوئېففىتسېنت** ئى [ر<لات] <مات> ① نامەلۇم سان بىلەن ئۆزئارا كۆپەيتىلگەن سان ياكى ھەرپ. مەسىلەن، $2ax^2$ تىكى 2a بولسا $X^2$ نىڭ كوئېففىتسېنتىدۇر. ② پەن ـ تېخنىكىدىكى مەلۇم خۇسۇسىيەتنىڭ دەرىجىسىنى ياكى نىسبىتىنى ئىپادىلەيدىغان سان. مەسىلەن، كېڭىيىش كوئېففىتسېنتى، بىخەتەرلىك كوئېففىتسېنتى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**كوي** I ئى ① ئوي، خىيال: ھەركىم ھەركويدا، تاز خوتۇن ئەر كويدا (ماقال). ② غەرەز، مەقسەت: مەلىكە ئاشۇ ئەڭگۈشتەرنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ كويىدا بوپتۇ. ③ بىرەر مەقسەت بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پائالىيەت ياكى ئىش: بۇ ئاداش خىلۋەت ئورمانغا بېشىنى تىقىۋېلىپ، جاھاندا نېمە كوي بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمىسە كېرەك.

**كوي** II ئى. تارس. كوچا، يول: كوچا ـ كويغا چىقماق. كويغا سالماق. كويغا كىرمەك. * ھە ئىنىم، تۇرمۇش مېنى مۇشۇ كويغا سالدى.

**كوي** III ئى [خەن] جان ت. جۇڭگونىڭ پۇل بىرلىكى، يۈەن.

**كويچەن** ئى [خەن] جان ت. كوي: يۈز كويچەن.

**كويزا** ئى [خەن] <قا> جىنايەتچىنىڭ ئىككى قولىنى چۈشەپ قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل جازا قورالى: قولىغا كويزا سالماق.

**كويزا ـ كىشەن** كويزا ۋە كىشەن.

**كويلا** ئى. تۈگمەننىڭ چاقپېلىكى ئورنىتىلغان، نوردىن سۇ چۈشىدىغان يېرى: تۈگمەننىڭ كويلىسىدىن پۈتۈن چىقماق.

**كويلۇق** سۈپ. مەلۇم كوي قىممىتىگە ئىگە بولغان: ئىككى كويلۇق ئۈزۈم. ئون كويلۇق چاپان.

**كويۇش** ئى. دىققەت، مەقسەت، نەزەر: كويۇش قىلماق.

**كۇب** [ر<گىرېك] ① ئى <مات> يۈزلىرى ئۆزئارا تەڭ بولغان ئالتە كىۋادرات ئارقىلىق ئورالغان گېئومېترىيەلىك جىسىم. ② ئى<مات> بىرەر ساننىڭ ياكى ئالگېبرالىق ئىپادىنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىسى، ئۆز ـ ئۆزىگە ئۈچ قېتىم كۆپەيتىلىشى: 3 نىڭ كۇبى 27 بولىدۇ. ③ مىق. بىر كۇب مېترغا تەڭ ھەجىم ئۆلچىمى: بىر كۇب ياغاچ. ئىككى كۇب شېغىل.

**كۇبانكا** ئى [ر] تۆپىسى يېسسى، لەپىلىمىسى يوق ۋە كۆرپىدىن ئېگىز كېزەكلىك قىلىپ تىكىلىدىغان بىر خىل تۇماق.

**كۇپايە** سۈپ [ئە] يېتەرلىك، قانائەتلىنەرلىك: كۇپايە بولماق. كۇپايە قىلماق. * يۈز قارغىغا بىر شۇڭقار كۇپايە (ماقال).

**كۇپايىلەنمەك** پ. قانائەتلەنمەك، قانائەت ھاسىل قىلماق: كىچىكئاخۇن ئەترەت باشلىقىنىڭ سوئالىغا پەقەت ھېجىيىپ، تامىقىنى چىكىلدىتىپ قويۇش بىلەن كۇپايىلەندى.

**كۇپايىلىنىشمەك** «كۇپايىلەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۇنىڭ مىجەزىنى ئوبدان چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن، تولاراق بىر ئېغىز جاۋاب ئېلىش بىلەن كۇپايىلىنىشىدۇ.

**كۇپپار** ئى [ئە] دىنسىزلار، ئىسلام دىنىغا كىرمىگەنلەر؛ كاپىر.

**كۇپپارلىق** ئى. دىنسىزلىق، كاپىرلىق: كۇپپارلىق قىلماق.

**كۇپلېت** ئى [ر<فىران] قوشاق ياكى شېئىرنىڭ ئىككىدىن يۇقىرى مىسرادىن تەشكىل تاپقان، مەلۇم قاپىيەلىنىش تەرتىپىگە ئىگە بولغان شەكلى. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كۇپلېتلار ئەڭ ئاز بولغاندا ئىككى مىسرادىن تەركىب تاپىدۇ.

**كۇپلېتسىز** سۈپ. كۇپلېتى يوق، كۇپلېتلارغا ئايرىلمىغان: كۇپلېتسىز شېئىرلار.

**كۇپلېتلىق** سۈپ. كۇپلېتى بار، كۇپلېتلارغا ئايرىلغان: كۇپلېتلىق شېئىرلار.

**كۇپۇر** ئى [ئە] خۇدانى، دىننى ئىنكار قىلىش؛ ئاللاغا، دىنغا شەك كەلتۈرۈش، ئىشەنمەسلىك؛ دىنسىزلىق: — ھاي... ھاي! — ئىشان كەينىگە ئىككى قەدەم شوخشۇدى، — كۇپۇر سۆزلەشكە قانداق جۈرئەت قىلدىڭ.

**كۇپۇرانە** سۈپ. كۇپۇرلۇق سانىلىدىغان؛ خۇدانى، دىننى ئىنكار قىلىدىغان؛ ئاللاغا، دىنغا شەك كەلتۈرىدىغان: ئۇنى كۆرۈپ كۇپۇرانە بىر خىيال كاللامغا كىرىۋالدى.

**كۇپۇرانىلىق** ئى. ئاللاھنى، دىننى ئىنكار قىلىش، ئۇنىڭغا شەك كەلتۈرۈش، كۇپۇرلۇق: — ھېمىتئاخۇن ئاكا، كۇپۇرانىلىق بولىسمۇ سورىۋالاي، ئابدۇللائاخۇننى «ئۆزىنى قاشتىن تاشلىۋالدى» دېگەن گەپكە سىلى نېمە دەيلا؟ — دەپ سورىدى سۇپۇرگىئاخۇن.

**كۇپۇرلۇق** ئى. ئاللانى، دىننى كەمسىتىدىغان، ئاللاغا، دىنغا شەك كەلتۈرىدىغان سۆز ـ ھەرىكەت، قىلىق؛ كۆرگەن ياخشىلىقنى ئۇنتۇش، نانكورلۇق: — نېمە؟! — سايىم چوڭنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، — كۇپۇرلۇق قىلماي ئاغزىڭنى يۇم!

**كۇپىيە** ئى [ئە] ئاق ياغلىق: ئەرەبلەرنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان جايى قۇرغاق، ئىسسىق بولغانلىقتىن، ئۇلارنى ئىسسىق ئۆتۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بېشىغا ئاق رەختتىن كۇپىيە ئارتىۋېلىشقا مەجبۇر قىلغان.

**كۇت** تەق. پەس ئاۋاز بىلەن پاراڭلاشقاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**كۇتكويلۇق** ئى. دىيال. سۇرۇشتۇرۇش؛ كوچىلاش.

**كۇت ـ كۇت** ① «كۇت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② ئەرزىمەس، تايىنى يوق؛ پىتنە ـ پاسات: كۇت ـ كۇت پاراڭ. كۇت ـ كۇت گەپ.

**كۇتلا** سۈپ. دىيال. نەق، دەل.

**كۇتۇبىسىم** ئى [ئە] <دىن> 13 كىتابتىن تەركىب تاپقان توپلام. پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتى ۋە ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ تارىخى بايان قىلىنىدۇ.

**كۇتۇپخانا** ئى [ئە + پ] كىتاب، ژۇرنال ۋە شۇ قاتارلىقلارنى توپلاش، رەتلەش، ساقلاش ۋە كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا بېرىش مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن.

**كۇتۇلداشماق** «كۇتۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

جىسى: قولۇم ـ قوشنىلارمۇ راھىلەنى كۆرگىنىدە بىر ـ بىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا كۇتۇلدىشاتتى.

**كۇتۇلدىماق** پ. «كۇت ـ كۇت» قىلماق، «كۇت ـ كۇت» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق: ئۇ ئادەم خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، بىرنېمىلەرنى دەپ كۇتۇلدايتتى.

**كۇچۇلا** ئى [پ] <بوت> ① كۇچۇلا ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۈرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە ياكى سەل يۇملاق بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ. شىرنىلىك مېۋىسى شار شەكلىدە كېلىدۇ، پىشقاندا سارغىيىدۇ. ئۇرۇقى يۇملاق تەخسە شەكلىدە بولۇپ، قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن دورا قىلىنىدۇ. ھەيز ماڭدۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش رولىغا ئىگە، لېكىن زەھەرلىك. ئەسلىي ماكانى ھىندىستان. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان مېۋىسى.

**كۇدا** ئى. دىيال. ھارۋىنىڭ ئوقىنى ئايلاندۇرۇپ تۇرىدىغان، ئىچىگە ياپىلاق تۆمۈر ئورنىتىلغان ئىچى كاۋاك يۇملاق كۆتەك.

**كۇدرانىيە** ئى [لات] <بوت> ئۇجمە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى دەرەخ. قوۋزىقى كۇل رەڭ قوڭۇر، ئۇزۇن تىكىنى بار، يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان ياكى ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى كىچىك، باشسىمان گۈل رەتىدە تىزىلىدۇ. مېۋىسى شار شەكلىدە. يوپۇرمىقىدا پىلە قۇرتى باقىلى بولىدۇ. ياغىچىنىڭ مەركىزى سېرىق رەڭلىك، قاتتىق ۋە پۇختا بولۇپ، قىممەتلىك ياغاچ ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

**كۇدۇگداس** ئى. تېرىدىكى گۆشلەرنى قىرىپ تازىلايدىغان، ئىككى تەرىپىدە ساپىقى بار، ھىلال ئاي شەكلىدىكى كۆنچىلىك ئەسۋابى.

**كۇر** تەق. قۇشلار ئۇچقان چاغدا قانىتىنىڭ ھاۋادا ھەرىكەتلىنىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**كۇررەك** سۈپ. دىيال. كەمبەغەل، يالاڭتۆش.

**كۇررىدە** رەۋ. «كۇر» قىلىپ، «كۇر» قىلغان ھالدا: قۇشقاچلار كۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى.

**كۇرس** I ئى [ر<لات] ① مەلۇم بىر پەن ۋە سىستېمىا بويىچە قىسقا مۇددەتلىك ئېچىلغان ئوقۇش؛ ئۆگىنىش: بوغالتىرلار كۇرسى. شوپۇرلار كۇرسى. ② بىرەر پەن ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمىنىڭ مەلۇم جەھەتتىكى سىستېمىلىق بايانى ۋە شۇنداق بايانىدىن ئىبارەت بولغان دەرسلىك. ③ مەكتەپلەردىكى ھەربىر ئوقۇش يىلى: مەن ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ بىرىنچى كۇرسىنى تۈگەتتىم. ④ بىر پۈتۈن داۋالاش ۋاقتىنىڭ بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەن قىسمى: بىر داۋالاش كۇرسى 15 كۈن.

**كۇرس** II ئى [ر<لات] ① قىممەت، باھا: پۇلنىڭ كۇرسى چۈشمەك. مالنىڭ كۇرسى چۈشمەك. ② كۆچمە. ئىززەت ـ ھۆرمەت، ئابرۇي: شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ كۇرسى چۈشۈپ كەتتى.

**كۇرسانت** ئى [ر] كۇرستا ئوقۇغۇچى، كۇرس ئوقۇغۇچىسى.

**كۇرسلۇق** سۈپ. داڭلىق، ئابرۇيلۇق: كۇرسلۇق مەھسۇلات.

**كۇرسى** ئى [ئە] بەندىڭ، ئورۇندۇق.

**كۇر ـ كۇر** «كۇر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: مىلتىق ئاۋازلىرى توختاش بىلەنلا پاقىلار كۇر ـ كۇر قىلىپ كۇركىراشقا باشلىدى.

**كۇرۇژۇك** ئى [ر] مەلۇم مەقسەت، غايە بىلەن توپلانغان كىشىلەر توپى، گۇرۇپپىسى: ئەدەبىيات كۇرۇژۇكى. ياشلار كۇرۇژۇكى.

**كۇرۇس** تەق. قاتتىق نەرسىلەرنى چاينىغاندا چىقىدىغان ئاۋاز. كۇرۇس ـ كۇرۇس «كۇرۇس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**كۇرۇسلاتماق** «كۇرۇسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر يىگىت باشقىلار غاجاپ قويغان سۆڭەكنىڭ كۆمۈرچىكىنى كۇرۇسلىتىپ چايناۋاتاتتى.

**كۇرۇسلىماق** پ. «كۇرۇس ـ كۇرۇس» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «كۇرۇس ـ كۇرۇس» قىلماق.

**كۇرۇشكا** ئى [ر] ئىستاكان شەكىللىك تۇتقۇچى بار مېتال قاچا: بىر كۇرۇشكا سۇ.

**كۇس** تەق. يەل، گاز قاتارلىقلار قاچىلانغان نەرسىنىڭ تۆشۈكىدىن مەلۇم بېسىم بىلەن سىرتقا ئېتىلىپ چىققاندا ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**كۇسار** ئى [خەن] جان ت. ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئىچىگە كىيىدىغان كالتە ئىشتىنى.

**كۇسارچان** سۈپ. جان ت. باشقا كىيىم كىيمەي يالغۇز كۇسار كىيگەن.

**كۇسپاڭ** سۈپ. تىل ھا. چىچقاق، ئۇسۇرغاق: ھەي يول باشلىماي قۇرۇپ كېتىدىغان كۇسپاڭ، ئالدىڭغا ماڭماي نەگە بۇرۇلىسەن!

**كۇسسىدە** رەۋ. «كۇس» قىلىپ، «كۇس» قىلغان ھالدا: توپنىڭ كۇسسىدە يېلى چىقىپ كەتتى.

**كۇس ـ كۇس** ① «كۇس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② كۇچىسىز، تۆۋەن ئاۋازلار: سورۇندا كۇس ـ كۇس پاراڭلار كۆپىيىپ كەتتى. ③ غەيۋەت ـ شىكايەت خاراكتېرىدىكى ئاساسسىز، تايىنى يوق سۆزلەر: گەپنىڭ يامىنى كۇس ـ كۇس، ئوسۇرۇقنىڭ يامىنى پۇس ـ پۇس (ماقال).

**كۇسۇر** تەق. كىشىلەرنىڭ پەس ئاۋازدا قىلىشقان پارىڭىغا تەقلىد قىلىنىدۇ.

**كۇسۇر ـ كۇسۇر** «كۇسۇر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بىردىنلا ئۇ يەر ـ بۇ يەردە كۇسۇر ـ كۇسۇر گەپلەر باشلىنىپ كەتتى.

**كۇسۇرلاشماق** «كۇسۇرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بېشىنى بىر يەرگە ئەكېلىپ ئۇزاق كۇسۇرلاشتى.

**كۇسۇرلىماق** پ. «كۇسۇر ـ كۇسۇر» قىلماق، پەس ئاۋازدا پاراڭلاشماق: شۇ ئارىدا يېنىدىكى ۋەزىر يەنە پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا كۇسۇرلاپ ئەقىل ئۆگىتىپتۇ.

**كۇسۇڭ** تەق ← **كۇسۇر**.

**كۇسۇڭ ـ كۇسۇڭ** «كۇسۇڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: كۇسۇڭ ـ كۇسۇڭ گەپ قىلماق.

**كۇسۇلداشماق** «كۇسۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەن سىرتتا كۇسۇلدىشىپ يۈرگەنلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ياتتىم.

**كۇسۇلدىماق** پ ← **كۇسۇرلىماق**.

**كۇش** تەق. يەل، گاز، پار قاتارلىقلار قاچىلانغان نەرسىدىن بېسىم بىلەن چىققاندا ھاسىل بولىدىغان بوش ئاۋاز.

**كۇشادە** سۈپ [پ] كەڭتاشا، كەڭرى، ئازادە: باشقىلارنىڭ سۆزىدىن سۆز، مەزمۇن ئالماي ئادەتلەنسەڭ، تەبىئىتىڭ كۇشادە، زېھنىڭ

ئۈستۈن بولىدۇ، سۆز مەيدانى ساڭا كەڭ بولىدۇ.

**كۆشادىچىلىق** ئى. ئازادىلىك، كەڭتاشالىق: ھاۋا دىمىققاندا يامرار كۆمۈتا، بەرمەس ئادەمگە كۆشادىچىلىق.

**كۆشادىلىق** ئى. ئازادىلىك، كەڭتاشالىق: ئادا بولۇپ پىتىنە توسقۇندىن، كۆشادىلىق تاپتى يول زەپمۇ، چۆشۈپ بەيگىگە تۇلپارلار، قەدەملەر خۇش راۋان كەلدى.

**كۆش-كۆش** «كۆش» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**كۆشۈلداشماق** «كۆشۈلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۆشۈلدىماق** پ. «كۆش» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «كۆش» قىلماق.

**كۆكۆ** ئى <زوئول> ← **پىستە** II .

**كۆكۆم** ئى ① قاتتىق نەرسىلەرنىڭ پارچىلانغاندىكى ئۇششاق ئۇۋاقلىرى: كۆكۆم ـ تالقان بولماق.② مالنىڭ ئايىغىدىن چىققان ئۇۋاق قىغ: زىلەي لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان مەڭگەن ئۈستىدىن كۆكۆم چېچىپ تونۇر قىزدۇرۇۋاتاتتى.

**كۆكۆم- تالقان** ① ناھايىتى ئۇششاق، ئۇۋاق: ئەينەك سۇنۇپ كۆكۆم ـ تالقان بولۇپ كەتتى. ② يوقىلىش، بىتچىت بولۇش: كۆكۆم ـ تالقان بولماق.

**كۆڭ** ئى. دىيال. دېدەك، قۇل ئايال.

**كۆلا** ئى. شال پاخىلى، چىغىرتماق، چىغ قاتارلىقلاردىن ئېشىلگەن ئارغامچا: باينىڭ ئارغامچىسى بولسا، كەمبەغەلنىڭ كۆلىسى بار (ماقال).

**كۆلال** ئى [پ] لايدىن تەييارلانغان، تېخى خۇمدانغا پىشۇرۇلمىغان تۇرلۇك ساپال بۇيۇملار.

**كۆلالچى** ئى. لايدىن تۇرلۇك ساپال بۇيۇملارنى ياسىغۇچى ھۈنەرۋەن.

**كۆلالچىلىق** ئى. لايدىن تۇرلۇك ساپال بۇيۇملىرىنى ياساش كەسپى: ئۇنىڭ دادىسى كۆلالچىلىق قىلىدۇ.

**كۆلاھ** ئى [پ] دىۋانىلەر، دەرۋىشلەر كىيىدىغان ئۇچلۇق قالپاق: ئۇزۇن چار ساقاللىق، ئۈستىگە جەندە، بېشىغا كۆلاھ كىيگەن دىۋانە بوۋاي كىرىپ كەلدى.

**كۆلاھ- جەندە** كۆلاھ ۋە جەندە: كىيگىنى كۆلاھۇجەندىدۇر، نائۇمىد ئەمەستۇر ۋە لېكىن. چاقماقلار ئالدىدا تەۋرىمەس، بورانلار ئالدىدا چىڭ، تەمكىن.

**كۆلاھلىق** سۈپ. كۆلاھى بار، كۆلاھ كىيگەن: بارار ئىكەن كۆلاھلىق يىگىت، قىزىل يالقۇن كۆكسىنى بۆسۈپ. ئوت ئىچىدە چوغدەك قىزارغان قولىدا قىلىچ، مەردلىكى ئۆسۈپ.

**كۆلتېر** ئى [لات] <زوئول> بېلىقلاردىكى بىر ئۇرۇقداش. تېنى سەل ياپىلاق، ئېغىزى ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ چىققان. تاتلىق سۇلاردا ياشايدۇ.

**كۆلتىۋاتسىيە** ئى [ر<لات] كۆلتىۋاتور ئارقىلىق زىرائەتنىڭ تۈپ ئارىلىقىدىكى ئوتلارنى ئوتاپ، تۇۋىنى چاناش، يۇمشىتىش ئىشى؛ چاغلاش: كۆلتىۋاتسىيە قىلماق.

**كۆلتىۋاتور** ئى [ر] ھەيدەلگەن يەرنى يۇمشىتىش، ياۋا ئوتلارنى ئوتاش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدىغان دېھقانچىلىق ماشىنىسى.

**كۆلمىناتسىيە** ئى [ر<لات] <ئەد> ئەسەردىكى زىددىيەت ـ توقۇنۇشلار راۋاجلىنىپ ئەڭ كەسكىنلەشكەن، ئەڭ جىددىيلەشكەن باسقۇچ. بۇ باسقۇچ ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرى ۋە زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ھالقا.

**كۆلۇب** ئى [ر<ئىنگ] ① سىياسىي، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغان تەشكىلات ۋە ئۇنىڭ سورۇنى. ② كىنو، تىياتىر قويىدىغان زال، مەيدان؛ كىنوخانا: ئۆكتەبىر كۆلۇبى. ياشلار كۆلۇبى. ئىشچىلار كۆلۇبى.

**كۆلۇچ** ئى [ر] ۋىنتا، گايكا قاتارلىقلارنى بوشىتىش، چىڭىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆمۈر ئەسۋاب: چىراغ يورۇقىدا ھاشىمنىڭ قولىدىكى كۆلۇچ پارقىراپ كۆرۈنەتتى.

**كۆلۈك** ئى. بەيگىدە ئەڭ ئالدىغا ئوزۇپ چىققان يۈگۈرۈك ئات.

**كۆلۈڭ** ئى. ئوچاق، مەش قاتارلىقلارنىڭ كۈل چۈشىدىغان يېرى.

**كۆلۇن** ئى [ر<فىران] <فىز> ئېلېكتىر مىقدارىنىڭ ئەمەلىي بىرلىكى. بىر كۆلۇن $3\times10^{9}$ ئىستاتىك ئېلېكتىر بىرلىكىدىكى ئېلېكتىر مىقدارىغا باراۋەر كېلىدۇ. توك كۈچىنىشى بىر ئامپېر بولغاندا، بىر سېكۇنت ئىچىدە ئۆتكۈزگۈچ جىسىمنىڭ توغرا كەسمە يۈزىدىن ئۆتكەن ئېلېكتىر مىقدارى بىر كۆلۇن بولىدۇ.

**كۆلۇنمېتىر** ئى [ر] <فىز> ئېلېكتىر (زەرەت) مىقدارىنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلما. ئېلېكتىرولىتلىق باتارېيەنىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن ئوخشايدۇ. ئىشلىتىلگەندە، توك كۈچىنىشىنى ئۆزگەرتمەي ساقلايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن توك ئۆتكەن ۋاقىتنى ئۆلچەپ ۋە ماددىنىڭ ماسسىسىنى ئاجرىتىپ چىقىپ، توك كۈچىنىشىنى ھېسابلاپ چىقىشقا بولىدۇ.

**كۆلى** ئى [خەن] شىنجاڭغا نىسبەتەن ئىچكى ئۆلكىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**كۆمپەيكۆم** رەۋ [ئە] تارمار، گۇمران، ئوڭتەي ـ توڭتەي، پاچاق ـ پاچاق: كۆمپەيكۆم بولماق.

**كۆموس** ئى [لات] <بوت> يۆگەي ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى يۆگىمەچ غول، يوپۇرمىقى يىپ شەكلىدە، گۈل تاجى ئىنچىكە، ئۇزۇن، قىزىل ياكى ئاق رەڭدە بولىدۇ. ئەسلىي ماكانى تىروپىك بەلباغ رايونلىرى ئىدى. ھازىر باشقا جايلاردىمۇ مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قاتارىدا ئۆستۈرۈلمەكتە.

**كۆمۈتا** ئى <زوئول> ھاشاراتلارنىڭ بىر ئائىلىسى. يېتىلگەنلىرىنىڭ تېنى ئىنتايىن كىچىك. قوڭۇر ياكى قارا رەڭلىك، سەزگۈ مۇڭگۈزچىسى ئىنچىكە، ئۇزۇن، قانىتى قىسقا ۋە كەڭ، لىچىنكىسى يۇملاق تۇۋرۇكسىمان، ئاقۇچ كۈل رەڭ ياكى سېرىق تۈس ئالغان ئاقۇچ رەڭلىك. تەن يۈزى سىلىق، قورچىقى ئېللىپىس شەكىللىك، قارامتۇل. تۇخۇمى ئورچۇق شەكىللىك، سارغۇچ ئاق رەڭلىك. بەزى چىشلىرى ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ قېنىنى شورايدۇ، بەزىلىرى يۇقۇملۇق كېسەل تارقىتىدۇ.

**كۆمۈش** ئى [ر] بىر خىل ئۆسۈملۈك.

**كۆمۈلەك** سۈپ. كاللەك قىلىنغان، كاللەكلەشتۈرۈلگەن: كۆمۈلەك ئاش.

**كۆمىلاچ** ① سۈپ. يۇمىلاقلانغان، دۈگىلەك شەكىلگە كەلتۈرگەن: كۆمىلاچ لاي. كۆمىلاچ دورا. كۆمىلاچ تام. ② ئى. يۇمىلاق، دۈگىلەك قىلىنغان نەرسىلەر: كىشىلەر قازىخانىنىڭ تېمىغا كۆمىلاچ ئېتىپ، ئۇنى ئېگىزلىتىۋېتىكەنىكەن.

**كۆمىلاچلاتماق** «كۆمىلاچلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: لايىنى كۆمىلاچلاتماق.

**كۆمىلاچلاشماق** «كۆمىلاچلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىر توپ بالىلار لاي كۆمىلاچلىشىپ ئويناۋاتاتتى.

**كۆمىلاچلانماق** «كۆمىلاچلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كۆمىلاچلىماق** پ. كۆمىلاچ ھالەتكە كەلتۈرمەك، كۆمىلاچ قىلماق، يۇمىلاقلىماق: مۆمىن ئاكا كالىنىڭ تېزەكلىرىنى كۆمىلاچلاپ ئېغىلنىڭ تاملىرىغا چاپلاۋاتاتتى.

**كۆننۈس** سۈپ. دىيال. پىخسىق، بېخىل.

**كۆنۈپكا** ئى [ر<گول] ① قەغەز، رەسىم، رەخت قاتارلىقلارنى تام، دوسكا قاتارلىقلارغا بېكىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قالپاقلىق كىچىك مىخ، باسما مىخ. ② تۈرلۈك مېخانىزم ۋە ئېلېكتىر ئەسۋابلىرىدىكى توكنى ئۇلاش ئۈچۈن بارماق بىلەن باسىدىغان تۈگمىچە: كۆنۈپكىنى باسماق.

**كۆھ** ئى [پ] يېزت. تاغ: ساباھ يەتكۈز سالامىمنى يېتەرگۈل كۆھ دىلدارە، پەرىشان خاتىرەمدىن ئەرزى قىل ئۇل نازىنىن يارە.

**كۆھقاپ** ئى [پ] قاپ تېغى، يەنى چۆچەكلەردىكى تىلسىماتلىق، بارسا كەلمەس دەپ چۈشىنىلگەن ئەپسانىۋى تاغنىڭ نامى.

**كۆۋاس** ئى [ر] بولكا ياكى مېۋىلەرنى ئېچىتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل سوغۇق ئىچىملىك.

**كۆپ** ① سۈپ. سان ياكى مىقدار جەھەتتىن جىق، نۇرغۇن، تولا: ياخشى ئاز، يامان كۆپ، بۇغداي ئاز، سامان كۆپ (ماقال). ② رەۋ. ناھايىتى، ئىنتايىن: كۆپ ياخشى. كۆپ رازى. كۆپ رەھمەت. ③ رەۋ. ئۇزۇن، ئۇزاق ۋاقىت: كۆپ ئۆتمەيلا ئۇلار يېتىپ كەلدى. ④ رەۋ. پات ـ پات، دائىم: مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە كۆپ بارىمەن. ⑤ ئى. ئامما، خەلق، كۆپچىلىك: كۆپىنىڭ ئەقلى كۆپ (ماقال). * كۆپ تۆكۈرسە كۆل بولار (ماقال).

**كۆپ چېكىت** <تىل> تىنىش بەلگىلىرىدىن بىرى. چېكىت سانى ئۈچ بولىدۇ (...). يازما نۇتۇقتا كەلتۈرۈلگەن نەقىلدىكى قىسقارتىۋېتىلگەن قىسمىنى، سۆزلىنىۋاتقان نۇتۇقتا ئېيتىلماي قالدۇرۇپ قويۇلغان قىسمىنى ياكى ئۈزۈلۈپ ـ ئۈزۈلۈپ ئېيتىلغان نۇتۇق ئارىلىقىدىكى توختاشنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆپ خانىلىق سان** <مات> خانىلىرى ئۈچتىن ئارتۇق بولغان سان.

**كۆپ مەنىلىك سۆز** <تىل> بىرقانچە مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز. مەسىلەن، ئادەمنىڭ ياكى ھايۋاننىڭ بېشى، ئىشنىڭ بېشى، باش ۋەزىپە، باش قوشۇش، باش بۇرۇن دېگەنلەردە «باش» سۆزىنىڭ مەنىسى ھەر خىل كەلگەن. كۆپ مەنىلىك سۆزنىڭ بىرمەنىسى ئاساسىي مەنە بولىدۇ، يۇقىرىدىكى بىرىنچى مەنە شۇنداق؛ بۇ خىل سۆزنىڭ ھەممە مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئورتاقلىق بولىدۇ.

**كۆپەيتكۈچى** ① سۈپ. كۆپەيتىش رولىنى ئوينايدىغان، كۆپەيتىدىغان: كۆپەيتكۈچى ئىپادە. ② ئى<مات> كۆپەيتىش ئەمەلىدىكى باشقا سان كۆپەيتىلىدىغان سان. مەسىلەن: 15 = 3×5 دىكى 3 كۆپەيتكۈچىدۇر. ③ ئى<مات> بىر پۈتۈن سان ئىككىنچى بىر پۈتۈن سانغا پۈتۈن بۆلۈنسە، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنىڭ كۆپەيتكۈچىسى بولىدۇ. مەسىلەن: 1، 2، 3، 4، 6 لەرنىڭ ھەممىسى 12 نىڭ كۆپەيتكۈچىلىرىدۇر.

**كۆپەيتمە** ① سۈپ. كۆپەيتىلگەن، كۆپەيتىدىغان ياكى كۆپەيتىلىدىغان: كۆپەيتمە نۇسخا. ② ئى<مات> ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سان، ئىپادە قاتارلىقلارنى ئۆزئارا كۆپەيتىشتىن كېلىپ چىققان نەتىجە.

**كۆپەيتمەك** ① «كۆپەيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كېيىن ئاكام بۇ كىتابلارنى كۆپەيتىپ يېزىشقا باشلىدى. ② <مات> ھەسسىلىمەك، يەنى كۆپەيگۈچىنى كۆپەيتكۈچىنىڭ مىقدارى بويىچە ھەسسىلىمەك.

**كۆپەيتىش** ① «كۆپەيتمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② ئى <مات> كۆپەيتىش ئەمەلى: كۆپەيتىش بەلگىسى. كۆپەيتىش جەدۋىلى.

**كۆپەيتىشمەك** «كۆپەيتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۆپەيتىلمەك** «كۆپەيتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ يىل ئىشلەپچىقىرىشقا كېتىدىغان مەبلەغ بۇلتۇرقىغا قارىغاندا ئازراق كۆپەيتىلدى.

**كۆپەيگۈچى** ① سۈپ. كۆپىيىدىغان، كۆپىيىپ بارىدىغان. ② ئى <مات> كۆپەيتىش ئەمەلىدىكى بىر سانغا كۆپەيتىلىدىغان سان. مەسىلەن: 15 =3×5 دىكى 5 كۆپەيگۈچىدۇر.

**كۆپەيمەك** پ ① سان ياكى مىقدار جەھەتتىن ئاشماق، جىقلىماق: پۇل كۆپەيمەك. مال كۆپەيمەك. ئادەم كۆپەيمەك. ② نەسىللەنمەك، ئۇرۇقلانماق: جىنسسىز كۆپەيمەك.

**كۆپتۈرمە** سۈپ ① قاپارتىلغان، كۆپتۈرۈلگەن: كۆپتۈرمە نەقىش. ② مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن، كۆپتۈرۈلگەن، ئاشۇرۇۋېتىلگەن: كۆپتۈرمە گەپ.

**كۆپتۈرمەك** ① «كۆپمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېتىزنىڭ غۇر ـ غۇر شامىلى كۆڭلىكىنى كۆپتۈرۈپ، ئۇنى تېخىمۇ قامەتلىك كۆرسىتەتتى. ② مۇبالىغىلەشتۈرمەك، ئاشۇرۇۋەتمەك: لېكىن قىيىنچىلىقنى قالايمىقان كۆپتۈرۈپ كۆرسىتىش ئىشقا پايدا يەتكۈزمەيدۇ.

**كۆپتۈرمىچى** ئى. گەپنى كۆپتۈرۈپ، ئاشۇرۇپ قىلىدىغان ئادەم؛ مۇبالىغە قىلغۇچى: ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنگىلى بولامدۇ، ئۇچىغا چىققان كۆپتۈرمىچى تۇرسا.

**كۆپتۈرمىچىلىك** ئى. گەپنى كۆپتۈرۈپ، ئاشۇرۇپ قىلىش ئىشى، قىلىقى؛ مۇبالىغىچىلىك: ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھۆكمىگە ئاساسلانغاندا، بۇ خىل شۆھرەتپەرەسلىك ۋە كۆپتۈرمىچىلىك نۇرغۇن تەرەپلەردە ئادەمدە گۇمان پەيدا قىلىدۇ.

**كۆپتۈرۈشمەك** «كۆپتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بارغانسېرى ئالىمنىڭ ئېۋەن ـ نۇقسانلىرىنى كۆپتۈ-

روشتى.

**كۆپتۈرۈلمەك** «كۆپتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كۆپتىن ـ كۆپ** سۈپ. ناھايىتى كۆپ، ئىنتايىن كۆپ: ياخشى ۋە يامان قىلىپ كۆپتىن ـ كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلدى.

**كۆپچۈمەك** ① كۆپمەك، بولماق (خېمىر ھەققىدە): خېمىر كۆپچۈپتۇ. ② كۆچمە. ئاچچىقلانماق، تېرىكمەك: ــ بىكاردىن ـ بىكار نېمە ئازاب بۇ! ــ دېدى ئالىم كۆپچۈگەن ھالدا رىزىۋانغا قاراپ.

**كۆپچىلىك** ① ئى. مەلۇم دائىرىدىكى كىشىلەر توپى، خالايىق، خەلق: ئۇنىڭ سۆزى كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىدىكى سۆز ئىدى. ② سۈپ. كۆپلىگەن، نۇرغۇنلىغان: كۆپچىلىك كىشىلەر سەلىمەنى ياخشى قىز دەپ قارايتتى.

**كۆپسىمەك** پ. دىيال. ئەزۋەيلىمەك، ئەدەپ كەتمەك.

**كۆپلەپ** رەۋ. كۆپ ساندا، كۆپ مىقداردا: ئۇلار ئۆي جاھازلىرىغا كېرەكلىك ماتېرىياللارنىمۇ كۆپلەپ سېتىۋالماقتا.

**كۆپلۈك** سۈپ. سان ـ مىقدار جەھەتتىن جىقلىق، نۇرغۇنلۇق، كۆپ سانلىق.

**كۆپمە** سۈپ. كۆپىدىغان، كۆپۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە: كۆپمە سېمونت.

**كۆپمەك** پ ① ئۆرلىمەك، كېڭەيمەك، يوغىنىماق، كۆپچۈمەك: شاپ يېگەن تۆگىنىڭ قورسىقى كۆپۈپ كېتىپتۇ. ② كۆچمە. رەنجىمەك، نارازى بولماق: باز دەپ تۆكمە، يوق دەپ كۆپمە (ماقال).

**كۆپۈشمەك** «كۆپمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇ تاپتا ئەكبەرنىڭ تومۇرلىرى بىر ئاز كۆپۈشكەندەك قىلاتتى.

**كۆپۈك** ئى. گازلارنىڭ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سۇيۇقلۇق ئىچىدە قورشىلىپ قېلىشىدىن ھاسىل بولغان شارسىمان ھالىتى: سۇ كۆپۈكى. پىۋا كۆپۈكى.

**كۆپۈككە ئايلانماق** يوققا چىقماق، يوقالماق، بەربات بولماق: مېنىڭ بۇ شېرىن خىيالىم كۆپۈككە ئايلىنىپتۇ ـ دە.

**كۆپۈكچە** رەۋ. كىچىك كۆپۈك.

**كۆپۈكلەشمەك** پ. كۆپۈك ھاسىل قىلماق، كۆپۈككە ئايلانماق، كۆپۈكلەنمەك: دەريا سۈيى كۆپۈكلىشىپ ئاقماقتا ئىدى.

**كۆپۈكلەندۈرگۈچ** ئى <بىن> بېتون ۋە سېمونت لايىنىڭ ئارىسىغا ئارىلاشتۇرۇلغاندا كۆپلىگەن ئۇششاق كۆپۈكچىلەرنى پەيدا قىلىدىغان خىمىيەۋى بىرىكمە.

**كۆپۈكلەندۈرمەك** «كۆپۈكلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كۆپۈكلەنمەك** پ. كۆپۈك پەيدا قىلماق، كۆپۈككە ئايلانماق، كۆپۈكلەشمەك: زەيتۇنەم ئېرىقتا تولغىنىپ، كۆپۈكلىنىپ ئېقىۋاتقان سۇغا قاراپ بىرپەس ئويلاندى.

**كۆپۈكلۈك** سۈپ. كۆپۈكى بار، كۆپۈك چىقارغان، كۆپۈكلەنگەن: كۆپۈكلۈك ئەينەك. كۆپۈكلۈك بېتون.

**كۆپۈنگۈ** سۈپ. ئوتتۇرىسى چۆرىسىدىن ئېگىز، سىرتىغا كۆپكەن، بۆرتمە: كۆپۈنگۈ ئەينەك. كۆپۈنگۈ لىنزا. كۆپۈنگۈ بەت.

**كۆپىنچە** رەۋ. كۆپ ھاللاردا، كۆپ ۋاقىتلاردا، تولاراق: ئۇنىڭ ھالىدىن كۆپىنچە 15 ياشلىق يالغۇز ئوغلى خەۋەر ئېلىپ تۇردى.

**كۆت** ئى ① قوڭ: كۆتىگە تەپمەك. * ئىت ئۇستىخان يېسە كۆتى بىلەن كېڭىشەر (ماقال). ② تىل ھا. ھېجىقىز، بەچچە.

**كۆتى بىلەن ئاغزىنىڭ پەرقى يوق** گېپىدە تۇرمايدىغان، سۆزىدىن بىردەمدىلا يېنىۋالىدىغان: ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، بىردەمدىلا يېنىۋالىدۇ، كۆتى بىلەن ئاغزىنىڭ پەرقى يوق.

**كۆتى پوق ← قوڭى پوق:** ــ ئۆزۈڭنىڭ كۆتى پوق، شۇڭا گەپ قىلالمايسەن، ــ دېدى ئالىم.

**كۆتىگە پوق كەپلەشمەك** بىرەر جىددىي ئەھۋالغا، قىيىنچىلىققا يولۇقماق: ئۇ دائىم كۆتىگە پوق كەپلەشكەندە، مېنى ئىزدەيدۇ.

**كۆتىگە سۆيگۈدەك بولماق** قاتتىق يېلىنماق، يالۋۇرماق: ئۇ ئەترەت باشلىقىنىڭ كۆتىگە سۆيگۈدەك بولغان بولسىمۇ، ئەترەت باشلىقى ئۇنىڭغا بىر جىڭمۇ ئۇن بەرمىدى.

**كۆتىگە سېرىق تۈك ئۈنمىگەن** تېخى ئىش كۆرمىگەن، گۆدەك: ئۇ تېخى كۆتىگە سېرىق تۈك ئۈنمىگەن نېمە، ئۇنىڭغا مەسلىھەت قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

**كۆتىنى قىسماق** تاپتىن چىقماي، يامان ئىشلارغا ئارىلاشماي جىم يۈرمەك: ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي، كۆتۈڭنى قىس، يولۇڭغا ماڭ (ماقال).

**كۆتىنى كولىماق ← قوڭىنى كوچىلىماق:** خەقنىڭ كۆتىنى كولىماي، ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى قىل.

**كۆتىنىڭ پىرى تۇتماق** جاھىللىقى تۇتماق، رەنجىپ قېيىدىماق، تەتۈر قاراپ يۈرمەك.

**كۆتىنى ئېلىپ يۈزىگە چاپلىماق** يۈزسىزلىك قىلماق، يۈز ئۆرۈمەك: ئۇ ئاخىر كۆتىنى ئېلىپ يۈزىگە چاپلىدى، ئاغزىغا كەلگەننى دەپ چىقىپ كەتتى.

**كۆتىنى يۈزىگە چاپلىماق ← كۆتىنى ئېلىپ يۈزىگە چاپلىماق.**

**كۆتى ئوچۇق** ھېچنېمىسى يوق، نامرات؛ باشقىلارنى دەپ ئۆزى زىيان تارتىدىغان: كۆڭۈلچەكنىڭ كۆتى ئوچۇق (ماقال).

**كۆتى ئېغىر** بىرەر ئىشقا ئاسانلىقچە ئالدىرىمايدىغان، ھۇرۇن؛ جايىدىن، ئولتۇرغان يېرىدىن ئاسانلىقچە قوزغالمايدىغان: ــ تازىمۇ كۆتى ئېغىر مېھمانلار ئىكەن بۇ، ــ دېدى سەلەي.

**كۆتەك** ئى ① دەرەخنىڭ كېسىلگەندىن كېيىنكى يىلتىز بىلەن قېپقالغان تۆۋەنكى قىسمى: ئالما كۆتىكى. ② دىيامېتىرى چوڭ، توم، قىسقاراق ياغاچ: ــ بۇ كۆتەكنى تىلسا نۇرغۇن شال چىقىدۇ، ــ دېدى سەلەي. ③ كۆچمە. تالون ۋە ئىسپاتلارنى يېزىپ بەرگەندە، تالون ۋە ئىسپاتنىڭ يېزىپ بەرگۈچىدە قېپقالىدىغان قىسمى.

**كۆتەكلىك** ئى. ھەر خىل كۆتەك كۆپ يەر.

**كۆتەڭگەي** ئى. دىيال. يېغىر، يارا.

**كۆتەل** ئى. دىيال. تاغنىڭ بېلى، داۋان.

**كۆتەن** ئى <ئانات> ئۈچەي يولىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر بۆلىكى. يۇقىرى تەرىپى «S» شەكىللىك بوغماق ئۈچەي بىلەن، تۆۋەن تەرىپى مەقئەت بىلەن تۇتىشىدۇ. ئادەتتە ئۇ سۇ تەركىبىنى سۈمۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. چوڭ ـ كىچىك تەرەت كۆتەنگە كەلگەندە، كۆتەن يىغىلىپ، مەقئەت ئەتراپىدىكى پۈرمە مۇسكۇل كېرىلىدۇ ـ دە، تەرەت مەقئەت ئارقىلىق سىرتىغا چىقىپ كېتىدۇ.

**كۆتەنباش** ئى [كۆتەن + باش] ① چوڭ تەرەت چىقىدىغان ئېغىز، پۇرۇك. ② كۆچمە. بىرەر ئىشنىڭ باشلىنىش مەنبە-

سى: ھەر ئەترەتتە 30 توخۇ ئەمەس، 30 دەك قويمۇ ئۆز رىزقىنى تېپىپ يېيەلەيدۇ ئەمەسمۇ! دېمەك ئىشنىڭ كۆتەنبىشى مەندە ئىكەن.

**كۆتلەش** ئى. تىل ھا. ھېجىقىز.

**كۆتلۈك** ئى. دىيال. قۇشقۇن: تۆگىلەرنىڭ گېرەنباغ ۋە كۆتلۈك-لىرىمۇ گۈللۈك، نەقىشلىك قىلىپ چىرايلىق ياسالغانىدى.

**كۆتمەك** سۈپ ① قىسقا، كالتە: كۆتمەك بۇرۇت. كۆتمەك قۇيرۇق. ② شاخ - شۇمبىلىرى بولمىغان: كۆتمەك دەرەخ. ③ئۇچى بۇزۇلغان: كۆتمەك قەلەم.

**كۆتمەكلەشتۈرمەك** «كۆتمەكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاسىم ساتىراش ئۇنىڭ ئۇزۇن بۇرۇتلىرىنى قىرقىپ كۆتمەكلەشتۈرۈپ قويدى.

**كۆتمەكلەشتۈرۈلمەك** «كۆتمەكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كۆتمەكلەشمەك** پ. كۆتمەك بولۇپ قالماق، كۆتمەك ھالەتكە كەلمەك.

**كۆتۈر** «كۆتۈرمەك» پېئىلىنىڭ II شەخس بۇيرۇق شەكلى.

**كۆتۈر قاسقىنىڭنى** ماڭە نېرى، كۆزۈمدىن يوقال: كۆتۈر قاسقىنىڭنى! مەندىن ئالساڭ، ماشىنىنى ئالىسەن، جاننى ئالمايسەن.

**كۆتۈر قولۇڭنى** تەسلىم بول، ئەل بول: ئامانقۇللار بىردىنلا «كۆتۈر قولۇڭنى» دەپ توۋلاپ، مىلتىقلىرىنى شاراقلاتتى.

**كۆتۈر كەشىڭنى** ← **كۆتۈر قاسقىنىڭنى:** — كۆتۈر كەشىڭنى! — ئابدۇللا سەلەينىڭ سۆزىنى بۆلدى ۋە دەرغەزەپ بولۇپ قولىدىكى ھاراقنى سەلەينىڭ يۈزىگە چېچىۋەتتى.

**كۆتۈر كۆدە- كۆرپەڭنى** ← **كۆتۈر قاسقىنىڭنى.**

**كۆتۈر لاقا- لۇقاڭنى** ← **كۆتۈر قاسقىنىڭنى.**

**كۆتۈرە** ئى. پايدا - زىيان ۋە ئاقىۋىتىگە ئۆزى ئىگە بولۇش شەرتى بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەت؛ ھۆددە: كۆتۈرە ئالماق. كۆتۈرە بەرمەك.

**كۆتۈرەڭگۈ** سۈپ. ھاياتىي كۈچكە تولغان؛ يۇقىرى ئۆرلى-گەن؛ جۇشقۇن: كۆتۈرەڭگۈ روھ. كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز.

**كۆتۈرەڭگۈلەشمەك** پ. كۆتۈرەڭگۈ ھالەتكە كەلمەك: ئۇ روھىي جەھەتتىن كۆتۈرەڭگۈلىشىپ خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

**كۆتۈرەڭگۈلۈك** ئى. كۆتۈرەڭگۈ ھالەت، كۆتۈرەڭگۈ كەيپى-يات: سەپسېلىپ قارىسىڭىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە بىر خىل روھىي كۆتۈرەڭگۈلۈك، چىرايلىرىدىن شادلىق يېغىپ تۇرىدۇ.

**كۆتۈرەلىگۈسىز** سۈپ ① ناھايىتى ئېغىر، كۆتۈرگىلى بولمايدىغان: كۆتۈرەلىگۈسىز ئېغىر يۈك. ② كۆچمە. چىدىغىلى بولمايدىغان، بەك ئېغىر: كۆتۈرەلىگۈسىز ئازاب. كۆتۈرەلىگۈسىز خورلۇق.

**كۆتۈرەم** سۈپ. كۈچ ئېلىپ كەتكەن، ئادەتتىن تاشقىرى جىق ئىشلەپ ئىقتىدارىنى يوقاتقان، ئاجىزلاپ كەتكەن؛ ئورۇق، ئاجىز (مال - چارۋا ھەققىدە): كۆتۈرەم ئات. كۆتۈرەم ئېشەك.

**كۆتۈرتمەك** «كۆتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھەممىمىز جان بېقىش ھەلەكچىلىكىدە قالدۇق. تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكى گەجگىمىزدىن بېسىپ، بېشىمىزنى كۆتۈرتمەيۋاتىدۇ.

**كۆتۈرمە** ① سۈپ. يەردىن مەلۇم ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلۈپ سېلىنغان، ياسالغان، كۆتۈرۈلگەن: كۆتۈرمە كۆۋرۈك. كۆتۈرمە قاش. كۆتۈرمە ئېرىق. ② ئى. كىيىم ئېتەكلىرىنىڭ يۇمىلاق ۋە بەدەنگە ماس كېلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى - كەينى پەشنى پاراللېل سىزىقتىن مەلۇم دەرىجىدە كۆتۈرۈپ كېسىش جەريانى.

**كۆتۈرمەك** پ ① يەردىن، تۇرغان جايىدىن ئاجرىتىپ ئالماق: تاغار كۆتۈرمەك. ② يەردىن، تۇرغان جايىدىن ئاجراتقان ھالدا تۇتماق، تۇتۇپ تۇرماق: سومكا كۆتۈرۈپ تۇرماق. بالا كۆتۈرۈپ تۇرماق. ③ يۇقىرى چىقارماق، يۇقىرىلاتماق: ھېلىقى كىشى مالخىيىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، جاۋاب ئورنىغا: — قايسىڭلار باشلىق؟ — دەپ سوئال سورىدى. ④ مەلۇم دەرىجىگە يەتكۈزمەك؛ ئۆرلەتمەك: پىرىنسىپقا كۆتۈرمەك. * شەۋكەت بىرپەس جىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئاۋازىنى تېخىمۇ كۆتۈردى. ⑤ تىك، ئۆرە، ئۈستۈن قىلماق: ئەكبەر بېشىنى كۆتۈرۈپ مەنسۇرغا قارىدى. ⑥ كۆچمە. پەيدا قىلماق، بەرپا قىلماق، مەيدانغا كەلتۈرمەك: توپىلاڭ كۆتۈرمەك. قوزغىلاڭ كۆتۈر-مەك. غوۋغا كۆتۈرمەك. ⑦ كۆچمە. ئاشۇرماق، ئۆستۈرمەك: مال باھاسىنى كۆتۈرمەك. ئىناۋىتىنى كۆتۈرمەك. ⑧ كۆچمە. ھەزىم قىلماق، سىڭدۈرمەك: ئۇ تاماقنى ھەرقانچە كۆپ يېسىمۇ كۆتۈرە-لەيدۇ. ⑨ كۆچمە. ئىچمەك (ھاراق ھەققىدە): قۇيە، قېنى، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن بىر كۆتۈرەيلى. ⑩ كۆچمە. ئۆز ئۈستىگە ئالماق، ئۆز ھېسابىدىن تۆلىمەك: مەكتەپ مۇدىرى ئۇنى توختى-تىپ، بۇ پۇلنى مەكتەپ كۆتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ⑪ كۆچمە. يوق قىلماق، بىكار قىلماق؛ چىقىرىۋەتمەك: قەرزىنى كۆتۈرۈۋەتمەك. ⑫ كۆچمە. چىدىماق، بەرداشلىق بەرمەك: گەپ كۆتۈرمەك. ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرمەك. * يىگىت قەرز كۆتۈرەر، ئۆلۈك توپا (ماقال). ⑬ كۆچمە. خۇشال قىلماق، شادلاندۇرماق: كۆڭۈلنى كۆتۈرمەك. ⑭ كۆچمە. چىقىنماق، چىقىش قىلماق: گۈلۈڭ كۆتۈرمەك.

**كۆتۈرۈپ چىقماق** ئوتتۇرىغا قويماق، پەيدا قىلماق: گۈزەل-ئايغا قىلغان تۆھمەتنى بىرىنچى بولۇپ رەقىب كۆتۈرۈپ چىقتى.

**كۆتۈرمىچى** ئى ① تەخسىكەش، خۇشامەتچى، غالچا. ② كۆچمە. ئوغرى.

**كۆتۈرمىچىلىك** ئى. كۆتۈرمىچىلەرگە خاس قىلىق، خۇشامەتچىلىك.

**كۆتۈرمىكەش** ئى ← **كۆتۈرمىچى.**

**كۆتۈرمىكەشلىك** ئى ← **كۆتۈرمىچىلىك.**

**كۆتۈرمىلىك** سۈپ. كۆتۈرۈلگەن، كۆتۈرۈپ سېلىنغان: ھاجى كۆتۈرمىلىك ئوردىنىڭ سول قانىتىدىكى ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى.

**كۆتۈرۈشچان** سۈپ. كۆتۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان، كۆتۈرەلەيدىغان: كۆتۈرۈشچان جىسىم.

**كۆتۈرۈشچانلىق** ئى <بىن> قۇرۇلۇش گەۋدىسىنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئېغىرلىق كۈچ مىقدارى.

**كۆتۈرۈشلۈك** سۈپ. كۆتۈرەلەيدىغان؛ چىداشلىق، بەرداشلىق: ئادەم دېگەن كۆتۈرۈشلۈك ئىكەن. * مۇدىر ھاراق كۆتۈ-رۈشلۈكرەك بولسا كېرەك، خېلى سەگەك ئىدى.

**كۆتۈرۈشمەك** «كۆتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇ چاغدا، بىرنەچچە ئوقۇتقۇچى بىلەن بىرگە كەتمەن، گۈرجەك كۆتۈ-رۈشۈپ رەيھان يېتىپ كەلدى.

**كۆتۈرۈلمەك** ① «كۆتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرد-

جىسى: شۇ چاغدا يېنىك بىر شامال پەيدا بوپتۇ ـ دە، ۋەزىرنىڭ ئوغلى يىگى سارايى بىلەن قوشۇلۇپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. ② «كۆتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: كادىر ئورنىدىن سەل كۆتۈرۈلۈپ ئالدىغا ئېگىلىشتى. * كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلدى. ③ كۆچمە. ھال ـ ئوقىتى، تۇرمۇشى ياخشىلانماق: دېھقانلار بۇرۇنقىدىن جىق كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ④ كۆچمە. قارشى كۈرەش قىلماق، قوزغىلاڭ قىلماق، قوزغالماق: ئۇلار «ۋاڭ غوجام بىزنى ئەزدى، چىدىغۇدەك ھالىمىز قالمىدى، بىز ئەمدى كۆتۈرۈلمىز، تەييار بولۇپ كەتتۇق» دەپتۇدەك.

**كۆتۈرۈم** مىق. ساناق سانلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ كۆتۈرۈشكە، كۆتۈرگىلى بولىدىغان، «يۇدۇم»، «قۇچاق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: بىر كۆتۈرۈم ئوتۇن.

**كۆتۈك** ئى. دىيال. پادىچىلارغا بېرىدىغان ئىش ھەققى.

**كۆتۈەللىك** ئى. دىيال. قۇشقۇن.

**كۆتىچە** رەۋ. ئارقىسىچە، قوڭىچە؛ مەسخىرە قىلىپ، شۇملۇق بىلەن: كۆتىچە كۈلمەك.

**كۆتىچەك** ئى. قوناق، كېۋەز، ئاپتاپپەرەس قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئورۇلغاندىن كېيىنكى يەردە قېپقالغان قىسمى؛ تۈپچەك.

**كۆتىيوغان** ئى [كۆت+ى+يوغان] <تېب> ← **چىيقان.**

**كۆجە** ئى. مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا قىيما، چامغۇرغا ئوخشاش بەزى كۆكتاتلارنى سالغاندىن باشقا، ئاساسەن بەك پىشىپ كەتمىگەن بۇغداي، قوناق دانلىرىنى سېلىپ قاينىتىپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل سۇيۇق يېمەكلىك: چاچلىرىنى قىرىق تال ئۆرۈۋالغان ئۆسكىلەڭ قىزلارنىڭ بەزىلىرى ئۆيلىرىدە توققۇز خىل داننى تازىلاپ كۆجە سېلىشقا تەييارلىق قىلىپ، بەزىلىرى كەڭ ھويلىلارنىڭ ئاپتاپلىق پېشايۋانلىرىدا، بەزىلىرى شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن يېپىلغان ئۆگزىنىڭ بوش يەرلىرىدە دۇمبىسىنى ئاپتاپقا سېلىپ دوپپىلارغا چاچما تىكمەكتە، ياغلىقلارنى كەشتىلىمەكتە.

**كۆجۈم** سۈپ. زىچ، قويۇق، توپ: كۆجۈم يېزا. * مۇشۇ كىچىككىنە كۆجۈم مەھەللىنىڭ ئەڭ چېتىگە تۈل خوتۇن ئايشەمخاننىڭ ئۆيى جايلاشقان.

**كۆجۈملەشتۈرمەك** «كۆجۈملەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ يىل 30 مىڭ مودىن ئارتۇق تەبىئىي يۇلغۇنلۇقنى پەرۋىش قىلىش، خەۋەر ئېلىش، كۆجۈملەشتۈرۈشكە بەش كىشى ئاجرىتىلدى.

**كۆجۈملەشتۈرۈلمەك** «كۆجۈملەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېزا ـ قىشلاقلار بىر يەرگە كۆجۈملەشتۈرۈلدى.

**كۆجۈملەشمەك** پ. كۆجۈم ھالەتكە كەلمەك، زىچلاشماق، قويۇقلاشماق، توپلاشماق: ئىلگىرىكى تارقاق كەنتلەر ھازىر كۆجۈملەشتى.

**كۆجۈملۈك** ئى. زىچلىق؛ توپ ـ توپ، زىچ ئورۇنلاشقان ھالەت: كۆجۈملۈك كوچا ـ كوي، شاۋقۇنلۇق شەھەر، تەپەككۇر قۇشلىرىم شۇنچىلىك ئويناق. جىلغىگەر يۇلتۇزلار ئۇچۇشار ھەريان، نەقەدەر گۈزەل ـ ھە، بۇ ئانا تۇپراق.

**كۆجىلىك** ئى. كۆجە سېلىشقا كېرەكلىك ھەرخىل دانلار: مەن بۈگۈن كۆجە سېلىش ئۈچۈن كۆجىلىك ئالغىلى چىققانىدىم، دانلىق بەك كۆپ ئىكەن، ساناپ باقسام يىگىرمە خىلغا يېتىدىكەن. مەن توققۇز خىلنى ئېلىپ قايتتىم.

**كۆچ** ئى ① كۆچۈش پەيتىدە توشۇلىدىغان ئۆي ـ روزغار بۇيۇملىرىدىن ئىبارەت يۈك: چارۋىچىلارنىڭ كۆچ ئارتقان تۆگە، قوتازلىرى تاغ باغرىدىكى چىغىر يولدا قاتار كېتىۋاتاتتى. ② ئى. كۆچىدىغان، كۆچكەن قار: كۆچ كۆچتى.

**كۆچە** ئى. دىيال. خوتۇن، رەپىقە.

**كۆچەت** ئى ① <ئورم> ئادەتتە ئۇرۇقنى تېرىش، ئۇلاش ياكى قەلەمچە قىلىپ تىكىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلۈۋاتقان دەرەخلەرنىڭ كىچىك تۈپى، ياش دەرەخ، جىرىم. ② <بوت> پارنىك ياكى باشقا ئىسسىق جايدا يېتىشتۈرۈلگەن ھەمدە كۆچۈرۈپ تىكىشكە تەييارلانغان ياش ئۆسۈملۈك: پەمىدۇر كۆچىتى.

**كۆچەتچىلىك** ئى. كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئىشى.

**كۆچەتخانا** ئى <ئورم> دەل ـ دەرەخ كۆچەتلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان جاي، كۆچەتزارلىق.

**كۆچەتزار** ئى ← **كۆچەتلىك.**

**كۆچەتزارلىق** ئى ← **كۆچەتلىك**: ۋاھاپنىڭ كەتمىنى ئاخشام بوز يەردىكى كۆچەتزارلىقتا قالغانىدى.

**كۆچەتلىك** ئى. كۆچەت تىككەن، كۆچەت ئۆستۈرۈلىدىغان جاي، ئورۇن: كۆچەتلىكتە ئىككى كىشىنىڭ سايىسى كۆرۈندى.

**كۆچكۆچ** ئى [كۆچ + كۆچ] ① بىر تۈركۈم خەلقنىڭ بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا يۆتكىلىش ھادىسىسى. ② 1871 ـ يىلىدىكى چارروسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ غۇلجىدىن بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي روسىيەگە (ھازىرقى قازاقىستاننىڭ ياركەنت رايونىغا) كۆچۈرۈش ۋەقەسى: كۆچكۆچ ناخشىسى. * مېنىڭ چوڭ بوۋام 1871 ـ يىلىدىكى كۆچكۆچتە غۇلجىدىن چىققانىكەن.

**كۆچكۈن** ① سۈپ. كۆچۈپ يۈرىدىغان، بىر جايدا تۇرماي دىغان: يۇلتۇزلار تەخمىنەن ئۈچ خىل بولىدۇ: تۇراقلىق يۇلتۇز، سەييارە يۇلتۇز، كۆچكۈن يۇلتۇز. ② ئى. كۆچىدىغان، كۆچكەن نەرسە: قارىيىپ كۆرۈنگەن يار بوشلۇقىدا، كۆچكۈننىڭ تەۋرىشى، گۈلدۈرلىشى بار. ئەبەدىي توڭلىماس شارقىراتمىدا، تاغلارنىڭ ھاياتقا سۆيگۈسى ئاقار.

**كۆچمە** سۈپ ① بىر جايدا تۇرماي، جايدىن ـ جايغا كۆچۈپ يۈرىدىغان، كۆچۈپ يۈرۈپ ئىشلەيدىغان: كۆچمە كىنو. كۆچمە كۇتۇپخانا. ② مۇسابىقىدە كېيىنكى غالىبقا ئېلىپ بېرىلىدىغان: كۆچمە قىزىل بايراق. كۆچمە لوڭقا تالىشىش مۇسابىقىسى. ③ سىلجىپ، سۈرۈلۈپ ياكى ئۇچۇپ، باشقا جايغا كۆچۈپ يۈرىدىغان: كۆچمە قۇم. كۆچمە مۇز تاغ. ④ <تىل> ئەسلىي مەنىسىدىن باشقا مەنىدە ئىشلىتىلگەن: كۆچمە مەنە.

**كۆچمەك** پ ① بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا يۆتكەلمەك، كەتمەك: ئۆي كۆچمەك. * كەمبەغەل بولساڭ كۆچۈپ باق (ماقال). ② ئاتلىماق، ئۆرلىمەك: سىنىپتىن سىنىپقا كۆچمەك. ③ ئېقىپ يۈرمەك، تارقالماق، داۋاملاشماق: شۇنداق قىلىپ مەلىكە گۈلچېھرىنىڭ تەرىپى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا، ئاتىدىن ـ بالىغا كۆچۈپ بىزگىچە يېتىپ كەپتۇ. ④ گەپ ياكى مەسىلىنىڭ نۇقتىسىنى باشقا ياققا يۆتكىمەك، بۇرىماق: بولدى، ئەمدى بىز داۋالاش ئۇسۇلىغا دائىر ئەمەلىي مەسىلىگە كۆچەيلى.

**كۆچمەن** ① سۈپ. كۆچۈپ يۈرىدىغان، كۆچۈپ يۈرۈشنى ئادەت قىلغان: كۆچمەن ئادەم. كۆچمەن چارۋىچى. كۆچمەن تۇرمۇش. ② ئى. بىر جايدا تۇرماي ئۇ يەردىن بۇ يەرگە كۆچۈپ يۈرىدىغان

ئادەم: ياركەنت 1883 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغىچە ئىلىدىن يەتتىسۇ رايونىغىچە كۆچۈپ چىققان ئاتمىش نەچچە مىڭ ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنىڭ بىر قىسمى تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان شەھەر ئىدى.

**كۆچمەنلىك** ① ئى. كۆچۈپ يۈرۈش پائالىيىتى، ئىشى: ئۇلار كۆچمەنلىكتە تۆت ـ بەش يىلنى ئۆتكۈزدى. ② سۈپ. كۆچۈپ يۈرىدىغان: ئۇيغۇرلار قەدىمكى ئوۋچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق ۋە كۆچمەنلىك تۇرمۇشتىن تەدرىجىي ھالدا مەدەنىي شەھەر تۇرمۇشىغا قەدەم قويغان.

**كۆچۈرتمەك** «كۆچۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر كىتابپۇرۇش بوۋاي ئاكامغا قۇرئاننىڭ يىرتىلىپ كەتكەن ۋاراقلىرىنى ئەكېلىپ، ھەربىرىنى بەش سومدىن ھەق تۆلەپ كۆچۈرتەتتى.

**كۆچۈرگۈچ** ئى. كۆچۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان بۆلەك، قىسىم؛ ئاپپارات: دېسكا كۆچۈرگۈچ.

**كۆچۈرگۈچى** ئى. ئەسەر، ھۆججەت، خەت ـ چەك قاتارلىق يازما ماتېرىياللارنى باشقا قەغەزگە كۆچۈرۈپ يازغۇچى كىشى: ئۇ بۆلۈم باشلىقى بولۇشتىن ئىلگىرى 15 يىل بۆلۈمدە كۆچۈرگۈچى بولۇپ ئىشلىگەن.

**كۆچۈرگۈچىلىك** ئى. كۆچۈرۈش، يېزىش ئىشى، كەسپى.

**كۆچۈرمە** ① سۈپ. ئەسلىي نۇسخىدىن يېزىپ، سىزىپ، كۆچۈرۈپ ئېلىنغان: كۆچۈرمە بۆلەك. كۆچۈرمە نۇسخا. كۆچۈرمە گەپ. كۆچۈرمە تەركىب. ② سۈپ. باشقىلارنىڭ ئىشىدىن، ئەسەرىدىن ئەينەن ياكى قىسمەن كۆچۈرۈلگەن، ئوغرىلانغان: كۆچۈرمە ئەسەر. ③ ئى. ئەسلىي نۇسخىدىن يېزىپ، سىزىپ، كۆچۈرۈپ ئېلىنغان نۇسخا.

**كۆچۈرمەك** پ ① «كۆچمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆي كۆچۈرمەك. * ئەمدى گەپنى يەنە ئالماس ئۇستىگە كۆچۈر رەمىز. ② بىرەر يازما ماتېرىيالنى قايتىدىن باشقا قەغەزگە يازماق: كونسپېك كۆچۈرمەك. ③ خۇراپىي ئادەت بويىچە كېسەلگە چاپلىشىۋالغان جىننى، كېسەللىكنى باشقا بىر نەرسىگە يۆتكەپ داۋالىماق.

**كۆچۈرمىچى** ئى ① يازما ماتېرىياللارنى قايتىدىن كۆچۈرۈپ چىقىدىغان ئادەم. ② باشقىلار يازغان ئەسەرلەرنى كۆچۈرۈۋېلىپ، ئۆزىنىڭ قىلىپ كۆرسىتىدىغان ئادەم: كۆچۈرمىچى شائىر.

**كۆچۈرمىچىلىك** ئى. كۆچۈرۈش ئىشى، كەسپى: كۆچۈرمىچىلىك قىلماق.

**كۆچۈرمىكەش** ئى ← **كۆچۈرمىچى**.

**كۆچۈرمىكەشلىك** ئى ← **كۆچۈرمىچىلىك**: كۆچۈرمىكەشلىك قىلماق.

**كۆچۈرۈشمەك** «كۆچۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۆيلىرىنى شەھەردىن يىراق جايلارغا كۆچۈرۈشتى.

**كۆچۈرۈلمە** ئى <ئارخېئول> قەدىمكى خاتىرە تاش، ساپال، مېتال يادىكارلىقلاردىكى ئويۇلغان خەت ياكى باشقا نۇسخىلارنىڭ قەغەزگە ئەينەن كۆچۈرۈۋېلىنغان قىسمى.

**كۆچۈرۈلمەك** «كۆچۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پارنىكتا ئۆستۈرۈپ، قوغۇنلۇققا يانداپ كۆچۈرۈلگەن شوخلا، لازىلارمۇ تېزلا ئاينىپ، غوچچىدە چېچەكلەپ كەتكەندى.

**كۆچۈشمەك** «كۆچمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار دەريا بويىغا كۆچۈشتى.

**كۆرە** تىر. چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن ئىسىملاردىن كېيىن كېلىپ «... غا نىسبەتەن»، «... غا قارىغاندا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: بىكار تۇرغاندىن كۆرە، ئىشلەپ تۇرغان ياخشى.

**كۆرەك** ئى ① ھەرقايسى ئورۇن ۋە ئىدارە ـ جەمئىيەتلەر تەييارلىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ، يالغۇز ۋە كوللېكتىپ ھالدا ئورۇنداش پائالىيىتى: ئەدەبىيات-سەنئەت كۆرىكى. ② يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەربىي قىسىم ۋە خەلق ئاممىسى ئارىسىغا بىۋاستە بېرىپ ئۇلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش مۇراسىمى.

**كۆرەك** سۈپ. ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتىدىغان، باشقىلارنى مەنسىتمەيدىغان، تەكەببۇر: كۆرەك ئادەم.

**كۆرەكلەتمەك** «كۆرەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆزۈن يىللاردىن بېرى سېنى كۆرەكلەتكەن ئالدامچى دۇنيا مانا ئەمدى ساڭا بىر كېپەنلىك بېرىشنى راۋا كۆرمىدى.

**كۆرەكلەشمەك** «كۆرەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۆزلىرىچە «قوزغىلاڭچىلارنى جىق ئۆلتۈردۇق ۋە قاچۇرۇۋەتتۇق» دەپ كۆرەكلىشەتتى.

**كۆرەكلىك** ئى. پوچىلىق، كۆرەكلەش، تەكەببۇرلۇق: ئۇنىڭ قېلىن قاشلىرى ئاستىدىكى كۆرەكلىك ئالامىتى چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى ئەنسىزلىك بىلەن پارقىراپ تۇراتتى.

**كۆرەكلىمەك** پ. ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتماق، تەكەببۇرلاشماق، كۆرەكلىك قىلماق: كۆرەكلەپ خۇدىنى يوقىتىشقا باشلىغان زامانئۇل كېيىنكى چاغلاردا ئېيش ـ ئىشرەت كوچىسىنىڭ مەستانىسى بولۇپ قالدى.

**كۆرەلمەس** سۈپ. باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت، غەلىبىسىگە چىدىمايدىغان، ئىچى تارلىق قىلىدىغان؛ ئىچى تار، ھەسەتخور.

**كۆرەلمەسلىك** ئى. ئىچى تارلىق، ھەسەتخورلۇق، باشقىلارنىڭ غەلىبىسىگە چىدىماسلىق: ئۇنىڭ گەپلىرى ھەسەت، گۇمان، كۆرەلمەسلىك بىلەن تولغانىدى.

**كۆرپە** I ئى. ئۇخلىغاندا، ياتقاندا ئاستىغا سېلىش ئۈچۈن رەخت ئارىسىغا پاختا سېلىپ تىككىلىدىغان بۇيۇم.

**كۆرپە** II ئى. يېڭى تۇغۇلغان قوزىنىڭ تۈكى پەس، بۇدۇر ـ بۇدۇر كەلگەن گۈللۈك تېرىسى: كۆرپە تۇماق. كۆرپە جۇۋا.

**كۆرپەز** ئى <جۇغ> دېڭىز قولتۇقى.

**كۆرپە ـ ياستۇق** كۆرپە ۋە ياستۇق.

**كۆرپىچەك** ئى. كىچىك كۆرپە؛ يۆگەك.

**كۆرپىلىك** سۈپ ① كۆرپىسى بار، كۆرپىگە ئىگە. ② كۆرپە تىككىشكە يېتىدىغان، كۆرپە تىككىشكە بولىدىغان، كۆرپىگە باپ: بىر كۆرپىلىك رەخت.

**كۆرتە** ئى. دىيال. سۇدان.

**كۆرسەتكۈچ** ① سۈپ. كۆرسىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، كۆرسىتىدىغان: كۆرسەتكۈچ بارماق. ② ئى. كۆرسىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان يېزىق، سائەت، ئىسترېلكا ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر: يول كۆرسەتكۈچ. * ئېغىر سۇ تېپىدىكى ئاتوم قازىنىنىڭ باشقارمىسىدا پروفېسسور كۆرسەتكۈچلەرنى ئەستايىدىل

كۆزەتمەكتە ئىدى. ③ ئى <مات> بىر ساننىڭ ئۆز- ئۆزىگە بىرقانچە قېتىم كۆپەيتىلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان سان. ئادەتتە ئۇ، شۇ ساننىڭ ئوڭ تەرەپ يۇقىرىقى بۇرجىكىگە يېزىلىدۇ. مەسىلەن، $b^n$، $4^3$، $3^2$ لارنىڭ ئوڭ تەرەپ يۇقىرى بۇرجىكىدىكى n, 3, 2 قاتارلىق كىچىك سانلار كۆرسەتكۈچ بولىدۇ. ④ ئى<س ئىق> پىلاندىكى يەتمەكچى بولغان نىشان: سۈپەت كۆرسەتكۈچى. ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچى. ⑤ ئى <مائار> ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىللىق، مەۋسۇملۇق ياكى چارەكلىك ئۆگىنىش ئەھۋالى ھەم نەتىجىسى قىسقىچە خۇلاسىلىنىپ، ئاتا-ئانىلارغا يوللاپ بېرىلىدىغان جەدۋەل: يىللىق كۆرسەتكۈچنى ئۇ ئانىسىغا كۆرسەتتى.

**كۆرسەتكۈچلۈك** سۈپ ① كۆرسەتكۈچى بار، كۆرسەتكۈچكە ئىگە. ② كۆرسەتكۈچىدە نامەلۇم سان بولغان: كۆرسەتكۈچلۈك تەڭلىمە.

**كۆرسەتمە** ئى ① قانداق ئىشلەش، نېمە قىلىش توغرىسىدا بېرىلگەن يوليورۇق: پارتىيىنىڭ كۆرسەتمىسى. مۇئەللىمنىڭ كۆرسەتمىسى. ② كۆرسىتىلگەن نۇسخا، بۇيرۇتما: ئۇلار 12 كۈن سەرپ قىلىپ ئۇنى كۆرسەتمە بويىچە ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

**كۆرسەتمەك** پ ① «كۆرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قەلەم كۆرسەتمەك. كىتاب كۆرسەتمەك. * ئىنەككە سۈت كۆرسەتمە، ئەخمەققە قىز (ماقال). ② بىلدۈرمەك، چۈشەندۈرمەك، دەلىللىمەك، ئىسپاتلىماق؛ نامايان قىلماق: بىگىسىنى كۆرسەتمەك. ③ تاماشا قىلدۇرماق، سەيلە قىلدۇرماق، ئايلاندۇرماق: باغ كۆرسەتمەك. بازار كۆرسەتمەك. كوچا كۆرسەتمەك. ④ ... دەپ بىلدۈرمەك،... دەپ چۈشەندۈرمەك: گۈزەللىكى مەن تەرەپكە بۇرۇلدى - دە، ئارتىسلارغا خاس سېزگۈرلۈك بىلەن ئۆزىنى بىپەرۋا، خۇشال كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ كۈلۈمسىرىدى، غىڭشىپ ناخشا ئېيتتى. ⑤ بىرەر ئىش ياكى ۋەزىپىنى بېجىرىش ئۈچۈن بىراۋنىڭ مۇۋاپىقلىقىنى ئېيتماق، شۇنداق بولۇش تەكلىپىنى بەرمەك: باشلىقلىققا كۆرسەتمەك. نامزاتلىققا كۆرسەتمەك. ⑥ يوليورۇق، مەسلىھەت بەرمەك؛ ئېيتماق، دېمەك: — مېنىڭ كۆرسەتكىنىم بويىچە ئىش قىلساڭ ۋەسلىڭگە يېتەلەيسەن، — دەپتۇ بوۋاي.

**كۆرسەتمىلىك** سۈپ. ئۆگىنىشتە، چۈشەندۈرۈشتە نەمۇنە قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، كۆرسىتىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان: كۆرسەتمىلىك ئوقۇتۇش قورالى.

**كۆرسىتىشچانلىق** ئى. كۆرسىتىش خۇسۇسىيىتى، ئالاھىدىلىكى: كىنونىڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى — كۆرسىتىشچانلىقتۇر.

**كۆرسىتىشمەك** «كۆرسەتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كۆپچىلىك بۈگۈنكى مۇسابىقىدە ئۇتتۇرۇپ قويۇشنىڭ سەۋەبلىرىنى كۆرسىتىشتى.

**كۆرسىتىلمەك** «كۆرسەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ بۇ قېتىمقى سايلامدا ھاكىملىققا نامزات قىلىپ كۆرسىتىلدى.

**كۆرك** ئى. چىراي، ھۆسن، گۈزەللىك: تىل كۆركى ماقال، يىگىت كۆركى ساقال (ماقال).

**كۆركەم** سۈپ. كۆرۈنۈشى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان، گۈزەل، چىرايلىق: كۆركەم تاغ. كۆركەم مەنزىرە.

**كۆركەمسىز** سۈپ. كۆركەم ئەمەس، سەت، كۆرۈمسىز: دۇنيادا كۆركەمسىز ھېچقانداق تەبىئەت يوق.

**كۆركەمسىزلىك** ئى. سەتلىك، كۆرۈمسىزلىك.

**كۆركەملەشتۈرمەك** «كۆركەملەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شەرىپە ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ياستۇققا يېيىلغان قاپقارا چاچلىرى ھۆسنىنى تېخىمۇ كۆركەملەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

**كۆركەملەشتۈرۈلمەك** «كۆركەملەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كۆركەملەشمەك** پ. كۆركەم، گۈزەل تۈسكە كىرمەك؛ چىرايلىق بولماق: بۇ ناھىيە بازىرىمۇ خېلى كۆركەملىشىپ قاپتۇ.

**كۆركەملىك** ئى. گۈزەللىك، چىرايلىق، كىشىنى جەلپ قىلغۇدەك جەلپكارلىق: ئىلى ۋادىسى ئۆزىنىڭ كۆركەملىكى بىلەن مېنى تاڭ قالدۇردى.

**كۆركۈتمە** ئى. دىيال. كوزا - كوزاڭ، كۆز - كۆز.

**كۆرگە** ئى. دىيال. چۆلدە ئۆسىدىغان يانتاقسىمان بىر خىل ئۆسۈملۈك.

**كۆرگەزمە** ئى. مەلۇم نەرسىلەرنىڭ ۋە ئىشلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش، كۆرسىتىش ئۈچۈن قويۇلغان نەرسىلەر ۋە شۇ نەرسىلەر قويۇلغان جاي: فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى.

**كۆرگەزمىخانا** ئى. كۆرگەزمە بۇيۇملىرىنى كۆرسىتىدىغان، كۆرگەزمە ئېلىپ بارىدىغان ئورۇن، جاي، ئۆي: ئاپتونوم رايونلۇق كۆرگەزمىخانىدا مەشھۇر رەسساملارنىڭ رەسىملىرى كۆرگەزمە قىلىنىۋاتىدۇ.

**كۆرگەن - بىلگەن** ① ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان: ئۇنىڭ كۆرگەن - بىلگەنلىرى ھەقىقەتەن كۆپ ئىكەن. ② تونۇش - بىلىش: يولىڭىز بولسۇن، بىزدىن كۆرگەن - بىلگەنلەرگە سالام دەڭ.

**كۆرگۈلۈك** ئى. بېشىغا كەلگەن، كېلىۋاتقان، كېلىدىغان ئېغىر ئىشلار، كۆڭۈلسىز ۋەقە، ھادىسە؛ تارتقۇلۇق: پاتەمخان: — ئاھ، خۇدا! ماڭا نېمە كۆرگۈلۈك بۇ؟ — دېدى چاچلىرىنى يۇلۇپ.

**كۆرگۈلۈكى بار** ئېغىر جازاغا ئۇچرايدۇ، بېشىغا كۈلپەت چۈشىدۇ: ھازىرلا ئەكەلگىن، نەدە بولسا تاپ، بولمىسا، كۆرگۈلۈكۈڭ بار.

**كۆرگۈلۈكىنى كۆرسەتمەك** ئېغىر ئەھۋالغا دۇچار قىلماق، تېگىشلىك جازاسىنى بەرمەك، ئەدەپلىمەك: — تولا چوڭ سۆزلىمە، — دېدى سەلەي ئاكا، — ھېلى بىكار كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن.

**كۆرگۈلۈكىنى كۆرمەك** بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشمەك، تېگىشلىك جازاسىنى يېمەك: ھەددىدىن ئاشسا، كۆرگۈلۈكىنى كۆرىدۇ، مەن كىم؟

**كۆرمەس** ① «كۆرمەك» پېئىلىنىڭ بولۇشسىز سۈپەتدىشى. ② سۈپ. كۆرۈش ئىقتىدارىنى يوقاتقان، كور، قارىغۇ: كۆرمەس بولۇپ قالماق.

**كۆرمەسكە سالماق** كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمىگەن بولۇۋالماق: جۆمە بۇنى كۆرمەسكە سالدى ۋە پەرۋا قىلمىغاندەك بارماقلىرىدىن قاس چېقىرىپ قويدى.

**كۆرمەك** پ ① كۆرۈش قابىلىيىتى بىلەن كىشى ھەم نەرسىلەرنىڭ كۆرۈنۈشى ۋە قانداقلىقىنى پەرقلەندۈرمەك؛ كۆز ۋاسىتىسى بىلەن پەرق قىلماق، بىلمەك: تۆگىمنى كۆرۈپ، تۆگەڭنى كۆرمەپتۇ (ماقال). ② كۆز يۈگۈرتمەك، ئوقۇماق: گېزىت

كۆرمەك. كىتاب كۆرمەك. ③ قارىماق، تەكشۈرمەك: ئۇ هارۋىنىڭ
جابدۇقلىرىنى كۆرۈشكە باشلىدى. ④ دۇچ كەلمەك، يولۇقماق،
ئۇچرىماق: يولدا بىز نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى كۆردۇق. ⑤ باشتىن
كەچۈرمەك، ئۆتكۈزمەك: كۆرگىنىم كۆپ، يېگىنىم چۆپ (ماقال). ⑥ ...
دەپ بىلمەك،... دەپ ھېسابلىماق: ۋەزىر دەللالنىڭ پىكرىنى
مۇۋاپىق كۆرۈپ، قىزنى ئۆزىنىڭ سارىيىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. ⑦ تاپماق،
ئېرىشمەك، سازاۋەر بولماق: ھۆرمەت قىلساڭ، ھۆرمەت كۆرىسەن
(ماقال). ⑧ يۈز بەرگەن ۋەقەگە باشقا كىشى ياكى نەرسىنى
سەۋەب قىلىپ كۆرسەتمەك: ئاتالمىغان ئوقىدىن كۆرىدۇ، چىچالـ
مىغان پوقىدىن كۆرىدۇ (ماقال). ⑨ ئۇچراتماق، ئارىلاشماق،
چۈشەنمەك: بىز ئۇنداقلارنى جىق كۆرگەن. ⑩ قارىماق؛ ئۇقماق؛
ئويلىماق: باسقان ئىزىڭنى بىلىپ باس، ئالدى ـ ئارقاڭنى كۆرۈپ باس
(ماقال). ⑪ قىلماق، ئىشلىمەك: بىز كونا 8 ـ ئارمىيە جەڭچىلىـ
رىدىن بولىدىغان بولدۇق! ئىلدام تەييارلىق كۆرۈپ ماڭايلى! ⑫ كۆچمە.
تاپماق، ئىگە بولماق؛ تۇغماق: ئۇ ياسىن ئاخۇندىن ئۈچ پەرزەنت
كۆردى. ⑬ كۆچمە. ئىشلەتمەك؛ پايدىلانماق: ھالىمىزغا يارىشا بارد-
ىنى تەڭ كۆرەرمىز. ⑭ بىرەر نەرسىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا
دىققەت ـ ئېتىبارىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: بۇ
قوينىڭ سېمىزلىكىنى كۆر. ⑮ رەۋىشداشلار بىلەن كېلىپ،
سىناش، بىلىش ئۈچۈن قىلىنغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈ-
رىدۇ: يەپ كۆرمەك. مەسلىھەتلىشىپ كۆرمەك. ⑯ ئايرىم سۆزلەر
بىلەن بىرىكىپ كېلىپ شۇ سۆزلەرنى پېئىللاشتۇرىدۇ: يامان
كۆرمەك. ياخشى كۆرمەك.

**كۆرەر كۆزى يوق** قارىغۇسىمۇ كەلمەيدۇ: — ۋاي ـ ۋۇي
ئۆلارنىڭ هاكاۋۇرلۇقىنى، بىزنى كۆرەر كۆزى يوققۇ بۇ خېنىملارنىڭ، —
دېدى ماھىرە ئىززەتكە.

**كۆرمىگەننى كۆرمەك** نۇرغۇن جەبىر ـ جاپا، دەرد ـ ئەلەم،
ئىزا ـ ئاھانەتلەرنى باشتىن ـ كەچۈرمەك: كۆرگىنىڭدىن
كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ، كۆرمىگەننى كۆرىسەن ئۆلمىگىنىڭ
(ماقال).

**كۆرۈپ قويماق** بىركىمنىڭ قانداق، قانچىلىك ئىكەنلىـ
كىنى بىلىپ يەتمەك، چۈشەنمەك: سېنىمۇ كۆرۈپ قويدۇق ئاغىنە،
خەير، ئامان بول!

**كۆرىدىغىنىنى كۆرمەك** دەككىسىنى يېمەك، جاجىسىنى يېمەك:
ئەتە يەنە مۇشۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، كۆرىدىغىنىڭنى كۆرىسەن!

**كۆرمىش** ئى. كۆرگەن، باشتىن كەچۈرگەن ئىش، ۋەقە ـ
ھادىسە قاتارلىقلار: بولۇپمۇ 3 ـ كۇپلېت شېئىر چىن مۇھەبـ
بەت ۋىسالىغا يەتمەك بولغان ئاشىقنىڭ كۆرمىشلىرى بايان
قىلىنغان پەلسەپىۋى يەكۈن ئىدى.

**كۆرۈشتۈرمەك** «كۆرۈشمەك II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-
جىسى: ئۇ گەپلەرنى قوي، ئەمدى كېتەيلى! مۇشۇ بالىنى ئۆزىنىڭ ئاتا ـ
ئانىسى بىلەن بىر كۆرۈشتۈرەيلى!

**كۆرۈشتۈرۈلمەك** «كۆرۈشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل
دەرىجىسى.

**كۆرۈشمەك** I پ ① «كۆرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرد-
جىسى: ئۇلار بۇ رەسىمنى قولدىن ـ قولغا ئېلىپ كۆرۈشتى.
② ئۇچراشماق، يولۇقماق: مەن ئۇنىڭ بىلەن دائىم كۆرۈشۈپ تۇرد-
مەن. * — يەنە بىر كۆرۈشكۈچە ئامان بول! — دېدى ئۇ مەن بىلەن
خوشلىشىپ. ③ ئۆزئارا قول ئېلىشىپ تىنچ ـ ئامانلىق
سوراشماق، قول ئېلىشماق: ئابلەت ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى قىزغىن
كۆرۈشتى.

**كۆرۈشمەك** II پ. دىيال. ئۇنۇم بەرمەك، پايدا قىلماق.

**كۆرۈك** I ئى. تۆمۈرچىنىڭ ئوتنى پۈۋلەپ يالقۇنلىتىش
ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، كۆپىنچە ئۆچكە تېرىسىدىن ياسىلد-
دىغان قاپسىمان پۈۋلەش ئەسۋابى.

**كۆرۈك** II ئى <بوت> لويلا ئائىلىسىدىكى چاتقال. شاخلىد-
رى ۋە يوپۇرماقلىرى ئۇدۇل ئۆسىدۇ. كىچىك شاخلىرىدا
بوغۇملىرى بولىدۇ، گۈلى گۆشلەشكەن، گۈل رېتى ئوقىنىڭ
ئويۇق يېرىگە جايلىشىدۇ. قۇرغاق، شورلۇق جايلاردا ئۆسىدۇ.

**كۆرۈلمەك** ① «كۆرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى:
ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇقلىرى كۆرۈلدى. ② يۈز بەرمەك، پەيدا بولماق،
تۇغۇلماق، سادىر بولماق: ۋەقە كۆرۈلمەك. مەسىلە كۆرۈلمەك.

**كۆرۈم** ئى ① ھاياتلىق، تۇرمۇش، كۈن: يامانغا ئۆلۈم يوق،
ياخشىغا كۆرۈم (ماقال). ② ئازاب، تۇرمۇش، قىيىنچىلىق، جاپا ـ
مۇشەققەت: ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، جارچىغا كۆرۈم (ماقال). ③ چىراي،
تۇرق ، كۆرۈنۈش: رەيھان يەنىلا گۈزەل، نازاكەتلىك، خۇش كۆرۈم،
سۆيۈملۈك ئىدى.

**كۆرۈمسىز** سۈپ. چىرايلىق ئەمەس، سەت: كۆرۈمسىز ئادەم.

**كۆرۈمسىزلەشمەك** پ. كۆرۈمسىز بولۇپ قالماق، سەتلەشد-
مەك: ئۇنىڭ كىيىملىرى كۆرۈمسىزلىشىپ كەتكەنىدى.

**كۆرۈمسىزلەنمەك** پ. كۆرۈمسىزلەشمەك: چېچىڭنى ئارقىسىغا
قايرىپ باستۇرۇپ كىيىۋالغان ئەنجان دوپپاڭمۇ، ئەت رەڭلىك يارد-
شىملىق كاستۇم ـ بۇرۇلكاڭمۇ، قىسقىسى، پۈتۈڭدىكى بۇ يېزىدا تۇپا
قونۇپ رەڭگى كۆرۈمسىزلىنىپ قالغان بەتىنكەڭمۇ كۆزلىرىمگە
ئىسسىق كۆرۈندى.

**كۆرۈمسىزلىك** ئى. كۆرۈمسىز ھالەت، سەتلىك: يارىتىلىشتا
ئىنساندا بولىدىغان كۆرۈمسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز جىسمىغا
جەملىۋالغان جاپپار موللا سىم ساقىلىنى تىترىتىپ تۇرۇپ باركاللا
ئېيتتى.

**كۆرۈملۈك** ① ئى. كىشىنى خۇشال، مەمنۇن قىلىدىغان
خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەن كىشىگە بېرىلىدىغان سۆيۈنچە،
ئىنئام؛ سوۋغا: قېنى، ئاغىچا، كۆرۈملۈكنى بېرىڭە، مەن سىزنىڭ
قاچقان كېلىنىڭىزنى تۇتۇپ كەلدىم ! ② سۈپ. كۆرۈش ئۈچۈن
تەييارلىغان ياكى تەييارلانغان: شىرەدىكى نەرسىلەر مېھماننىڭ يېيىشى
ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت كۆرۈملۈك ئۈچۈنلا تىزىلغاندەك شۈنچىلىك رەتلىك
ئىدى.

**كۆرۈنەرلىك** سۈپ. كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، ئالاھىدە؛
ئېنىق، ئوچۇق، روشەن، گەۋدىلىك: پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدە
كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقانلار مۇكاپاتلاندى.

**كۆرۈنمەك** ① «كۆرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاي
تاغ ئارقىسىدىن كۆرۈندى. ② «كۆرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك
دەرىجىسى: ئۇ دوختۇرغا كۆرۈنگىلى كەتتى.

**كۆرۈنۈش** ئى ① تاشقى قىياپەت، قىياپەت: ھېلىقى ئەسكەرد-
نىڭ كۆرۈنۈشىدىن ئۇنىڭ مېلىشىنىغا ئېچىنغىنى ۋە يىرگىنىشى بىلد-
نىپ تۇراتتى. ② كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەھۋال، مەنزىرە: تەبىد-

ئەتنىڭ رەسىم يۈزىدىكى بۇ كۆرۈنۈشى كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى. ③ مەنزىرە چۈشۈرۈلگەن رەسىم: ئۆيگە كۆرۈنۈش ئاستۇق. ④ بەلگىلىك سورۇندا يۈز بەرگەن، سادىر بولغان ئەھۋال، ۋەقە: بۇ كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ قىز ھەيران قالدى. ⑤ <ئەد> بايان خاراكتېرلىك ئەسەرلەردە پېرسوناژلارنىڭ بەلگىلىك سورۇندا ئۆزئارا مۇناسىۋەت قىلىش ئارقىلىق شەكىللىنىدىغان بىر بۆلەك تۇرمۇش كارتىنىسى: بۇ پارچىلاردا تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى شۇنچىلىك چىن ۋە روشەن ئىدى. ⑥ <تىيا>سەھنە ئەسەرلىرىدە پەردىنىڭ مەخسۇس دېكوراتسىيە تەلەپ قىلىدىغان بىر قىسمى: «ھاملېت» ئەنگلىيەلىك داڭلىق دراماتورگ شېكسپېرنىڭ بىر پەردە بەش كۆرۈنۈشلۈك تىراگېدىيەسىدۇر. ⑦ ئى <كىنو> كىنو ئىشلەش جەريانىدا، كىنوغا ئېلىش ئاپپاراتى ھەرىكەت قىلىشقا باشلاپ، توختىغانغا قەدەر لېنتىغا ئېلىنغان بىر بۆلەك ئەھۋال: بۇ ئوغۇل كىنونىڭ باش قەھرىمانى تاشۋاي بولۇپ، شۇ كۆرۈنۈش ئۈستىگە كىنونىڭ ئىسمى بېرىلىدۇ.

**كۆرۈنۈشچان** سۈپ. ئوڭاي كۆرۈنىدىغان، ئاسمان گەۋدىلىنىدىغان، گەۋدىلىنىشچان: كۆرۈنۈشچان مەنزىرە. كۆرۈنۈشچان ھادىسە.

**كۆرۈنۈشچانلىق** ئى. شەيئىلەرنىڭ ئوڭاي كۆرۈنىدىغان، ئاسان گەۋدىلىنىدىغان بىر خىل ئالاھىدىلىكى، خۇسۇسىيىتى؛ گەۋدىلىنىشچانلىق: بۇ مىسرادا ئانىنىڭ پەرزەنت ئوتى ۋە غەزەپكە تولغان قەلبى پىچاققا، ئۇنىڭ جىمجىت ھالىتى غىلاپقا ئوخشىتىلىپ، تۇيغۇ جەريانى كونكرېتلاشتۇرۇلغان ھەمدە جىمجىت كۆرۈنۈشچانلىققا ئىگە قىلىنغان.

**كۆرۈنۈشلۈك** سۈپ. كۆرۈنۈشى بار، كۆرۈنۈش ئارقىلىق ئورۇنلىنىدىغان: تۆت كۆرۈنۈشلۈك دراما.

**كۆز** ① ئى <ئانات> ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ كۆرۈش ئورگىنى: كۆز ئېقى. كۆز قارىچۇقى. ② ئى. كۆچمە. نەزەر، قاراش: كۆز سالماق. ③ ئى. كۆرۈش قابىلىيىتى: كۆزى ئۆتكۈر. ④ ئى. نەرسىلەرنىڭ كۆزگە ئوخشاش قىسمى ياكى تۆشۈكى، كامېرى: ئۈزۈكنىڭ كۆزى. ⑤ ئى. نەرسىلەرنىڭ (كۆپىنچە خۇرجۇن كۆزدە تۇتۇلىدۇ) خالتىسىمان بىر بۆلىكى: ئۇنىڭغىچىلىك توخۇلارمۇ تېرىقنى ئايرىپ، خۇرجۇننىڭ ئىككى كۆزىگە قاچىلاپ بوپتۇ. ⑥ ئى. كۆچمە. نىيەت، غەرەز: يامان كۆز بىلەن قارىماق. ⑦ ئى. كۆچمە. ھەممىنىڭ نەزىرى چۈشىدىغان، ئەتىۋارلىنىدىغان ئادەم ياكى نەرسە؛ ئالدى، گۈلى، ئەڭ ياخشىسى، ئېسىلى: سانائەت ئىدارىسى ناھىيەدىكى ئىدارىلەرنىڭ كۆزى. ⑧ مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ، نەرسىلەرنىڭ مىقدارى ياكى ھەجمىنى بىلدۈرىدۇ: ئاتماق بولۇپ قۇچقاچنى، چاقتى بىر كۆز ئەينەكنى. ⑨ ئى. كۆچمە. يول، ئامال، ئەپ: ئىشنىڭ كۆزىنى بىلىدىغان ئادەم. ⑩ ئى. پايلاقچى، كۆزەتچى: ئارقاڭدا كۆز بار، دىققەت قىلغىن.

**كۆز ئاچماق** تۇغۇلماق، تۆرەلمەك: ئۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان چاغدا، ئاللىقاچان دادىسى ئۆلۈپ كەتكەنىدى.

**كۆز ئالايتماق** ① غەزەپ ياكى نەپرەت بىلەن قارىماق: بىز مانا شۇنداق يىراق يەردە تۇرساقمۇ، ۋاڭلارغا كۆز ئالايتىپ قارىيالمايمىز. ② كۆچمە. يامان غەرەز بىلەن قارىماق، يامان نىيەتتە بولماق: بىز ھەرقانچە كەمبەغەل بولساقمۇ، باشقىلارنىڭ نەرسىسىگە كۆز ئالايتمايمىز.

**كۆز باغلانماق** قاراڭغۇ چۈشمەك، قاش قارايماق: ئۇ يول ئىزدىمەكچى بولدى، بۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشۈپ كۆز باغلانغانىدى.

**كۆز باغلىغۇچى** سېھىرگەر: ئۇ مايمۇننىڭ ئارغامچىغا يېپىشىپ ئاسمانغا چىقىشىدەك، كۆز باغلىغۇچىلارنىڭ جادۇگەرلىكى ئىكەنلىكى توغرىسىدا گەپ باشلىدى.

**كۆز باغلىماق** بىر نەرسىنى بىراۋنىڭ كۆزىگە باشقا شەكىل، قىياپەتتە كۆرسەتمەك؛ سېھىرگەرلىك قىلماق: سىلەر ئۇنىڭ كۆز باغلاش ئۇسۇلى بارلىقىنى ئۇنتۇمىغان بولساڭلار كېرەك.

**كۆز بويامچى** ئالدامچى، ساختىپەز، ئېزىقتۇرغۇچى: — ھەي باللىرىم، سىلەر ئالدىنىپسىلەر، ئۇ بىر كۆز بويامچى، ئەمدى سىلەر سەپىرىڭلەرنى توختىتىڭلار، — دەپتۇ بوۋاي.

**كۆز بويىماق** ئالدىماق، گوللىماق، ئېزىقتۇرماق: — پۇقرانىڭ كۆزىنى بوياپ يېزا كادىرى بولۇۋالغىنىنى تېخى، بۇ مۇتتەھەم! — دېدى بىرەيلەن جىنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ.

**كۆز تاشلىماق** ① قارىماق، نەزەر سالماق: ئەتراپقا كۆز تاشلىماق. ② ئىشقىي، شەھۋانىي نىيەتتە كۆز ئىشارىسى قىلماق: خېنىم قاقاھلاپ ئوينىتىپتۇ قاش، مەنمۇ كۆز تاشلاپ قوشۇپتىمەن باش.

**كۆز تەگمەك** خۇراپىي ئەقىدىدە، كىشىلەرنىڭ يامان گەپ قىلىشى ياكى يامان كۆز بىلەن قارىشىدىن پېشكەللىك، يامان ئاقىۋەتكە يولۇقماق: بىز ئۇلار بىلەن پەخىرلىنەتتۇق، ئۇزاق ئۆتمەي قان-قېرىنداش قوشكېزەكلەرگە كۆز تەگدى بولغاي، ئالەمدىن ئۆتتى.

**كۆز خۇمارىنى چىقارماق** گۈزەل، چىرايلىق ئاياللارغا قاراپ ھەۋىسىنى باسماق، گۈزەللىكىدىن ھوزۇر قىلماق: ئۇ ھەر كۈنى بىر-ئىككى قېتىم كوچىغا چىقىپ ئۆتكەن-كەچكەن چىرايلىق قىز-ئاياللارغا قاراپ كۆز خۇمارىنى چىقىراتتى.

**كۆزدىن قاچۇرماسلىق** قارىسىنى يىتتۈرۈپ قويماسلىق: دىققەت قىل، كۆزۈڭدىن قاچۇرما، يوقالسا تاپالمايمىز.

**كۆزدىن قان-يىرىڭ ئاقماق** ئېغىر قايغۇ-ئازاب ئىچىدە قاتتىق يىغلىماق.

**كۆزدىن كەچۈرمەك** قاراپ چىقماق، كۆرمەك، تەكشۈرمەك: ئابدۇللا مۇسا دېھقان بىلەن تەجرىبە ئېتىزىنى كۆزدىن كەچۈردى.

**كۆزدىن نېرى قىلماق** ① كىشىلەردىن يوشۇرماق، يوشۇرۇن تۇتماق: ئۆزلە يىغىنى قويۇپ، بۇ بالىنى كۆزدىن چاققان نېرى قىلىسلا. ② يوقاتماق، ئۆلتۈرمەك: ئۇ جېدەلخورلارنىڭ غوللۇق ئادەملىرىنى بىرلا جەڭ بىلەن كۆزدىن نېرى قىلدۇق.

**كۆزدىن ئوت چىقىپ كەتمەك** ئىنتايىن قاتتىق تەسىر قىلماق: شۇنچە مال-دۇنيانىڭ غارنىڭ ئىچىدە بېسىلىپ ياتقىنىنى كۆرۈپ كۆزۈمدىن ئوت چىقىپ كەتتى.

**كۆزدىن ئۇچماق** قاتتىق سېغىنماق، بەك كۆرگۈسى كەلمەك: كىشىنىڭ يارى يېقىندىكەن كۈندە كۆرۈشتى، مېنىڭ يارىم يىراقتىكەن كۆزۈمدىن ئۇچتى.

**كۆزدىن يوقاتماق** ① كۆزدىن يىراق قىلماق، كۆرۈنمەيدىغان يىراق يەرگە ئەۋەتىۋەتمەك: — بۇ نېمەڭنى كۆزۈمدىن يوقات، دەرھال يوقات، — دېدى دادام غەزەپلىنىپ. ② يوق قىلماق، ئۆلتۈرمەك: ھەي تۆمۈر، ھەي تۆمۈر، سېنى كۆزدىن يوقىتىۋەتمىگۈچە، ئىش پۈتمەيدىغان ئوخشايدۇ.

**كۆزدىن يىراق تۇتماق** باشقىلار كۆرمەيدىغان يەردە ساقلىماق، يوشۇرماق: ئۇ ئابلىزقارىغا ئۇنى كۆزدىن يىراق تۇتۇشقا تەكلىپ بەرگەنىدى.

**كۆز سالماق** دىققەت قىلماق، نەزەر سالماق: مەن دەرۋازىنى ئېچىپ كىرىپ هويلىغا بىر قۇر كۆز سالدىم.

**كۆزگە تاشلانماق** كۆرۈنۈپ تۇرماق: ئالتۇن ھەللىك بۇ خەت يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

**كۆزگە سۇرتكۇدەك بولماق** ئىنتايىن قەدرى ئۆتۈلمەك، بەك سېغىنماق: — ۋاي تۇغقىنىم، يامانىنىڭ ئوتى يامانىكەن، ئۇ كەتكىلى ئالتە ئاي بولدى، بىر پارچە خېتىمۇ يوق، ھازىر ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، تۇتۇپ قويغان نەرسىسىنىمۇ كۆزۈمگە سۇرتكۇدەك بولدۇم، — دەپ يىغلاپ كەتتى موماي.

**كۆزگە سىغماق** ياراشماق، قاملاشماق: كۆزگە سىغقان كۆڭۈلگە سىغىپتۇ (ماقال).

**كۆزگە سىڭىپ قالماق** كۆپ كۆرۈپ غەلىتە بىلىنمەس بولۇپ قالماق: ئادىلنىڭ ھەر خىل كىيىنىپ يۈرۈشى خەقنىڭ كۆزىگە سىڭىپ قالغان بولغاچقا، كىشىلەر بۇ توغرىدا ھېچقانداق گەپ قىلمايتتى.

**كۆزگە قادالغان تىكەن** ← **كۆزگە قادالغان مىخ.**

**كۆزگە قادالغان مىخ** ئەڭ خەتەرلىك، ئەڭ يامان دۈشمەن: ئابدۇللانىڭ قېچىشى ئابدۇللانى كۆزىگە قادالغان مىخ ساناپ يۈرگەن ئوسمانغا چوڭ دەسمايە بولۇپ بەردى.

**كۆزگە كۆرۈنەرلىك** باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، ئالاھىدە: ئۇ نۇرغۇن مۇشكۇل ۋەزىپىلەرنى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا ئورۇنداپ، ئىدارىنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشتى.

**كۆزگە كۆرۈنگەن** مەشھۇر، داڭلىق، تونۇلغان: كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى. كۆزگە كۆرۈنگەن سىياسىيون.

**كۆزگە كۆرۈنمەك** ① ھەممە بىلمەك، تونۇماق؛ مەشھۇر بولماق: مەھمۇد كاشغەرىي ئۇيغۇرلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىمى ئىدى. ② بىر ئىشقا يارىغۇدەك بولماق، بويىغا يەتمەك؛ چوڭ بولماق، يوغىنىماق: ئەمدىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ دادىسىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ قالغان باتۇر، كۇتۇلمىگەندە، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىسسىق باغرىدىن ئايرىلدى.

**كۆزگە ئىلماسلىق** ياراتماسلىق، مەنسىتمەسلىك: كۆزگە ئىلمىغان پۇتقا چوماق (ماقال).

**كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتمەك** قاتتىق قورقماق، ھودۇقماق: ئۇنىڭ دەس تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغان مېھمانلارنىڭ كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتتى.

**كۆزلىرى چاقناپ كەتمەك** ← **كۆزلىرى ئويناپ كەتمەك:** دۇئادىن كېيىن مەنسۇر بىر كىيىملىك رەختنى داستىخانغا قويدى. بۇنى كۆرگەن خۇرشىدىخانىنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

**كۆزلىرىنى چەكچەيتمەك** ئۇقالماستىن ھاڭ ـ تاڭ بولماق، چۈشەنمىگەنلىكتىن ئىپادە بىلدۈرمەي تۇرماق: ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ سورىسام، گەپ ـ سۆز قىلماي، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرۇۋالدى.

**كۆزلىرىنى ئويناتماق** شوخ، تېتىكلىكنى نامايان قىلماق: قىز كۆزلىرىنى ئوينىتىپ چاقماقتەك گەپ قىلاتتى.

**كۆزلىرى ئولتۇرۇشماق** ئورۇقلىماق، ياداپ كەتمەك: يىگىتلىك غۇرۇرى بىلەن تولغان، تولۇق ۋە قاۋۇل كەلگەن جەڭچىنىڭ يۈزى كۆيۈپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ قالغانىدى.

**كۆزلىرى ئويناپ كەتمەك** ئىنتايىن خۇشال بولماق، شادلانماق: ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مۇنداق ماختاشلارنى ئاڭلاپ باقمىغان بوۋاينىڭ خۇشاللىقىدىن كۆزلىرى ئويناپ كەتتى.

**كۆز نۇرى** ① كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى، كۈچى. ② كۆچمە. ئەڭ يېقىن، ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىسى: — جېنىم بالام، كۆز نۇرۇم، يۈرەك پارەم، سەندىن ئايرىلىپ مەن قانداق چىدايمەن، — دەپ يىغلاپ بوينىغا ئېسىلدى ئانا.

**كۆزنىڭ ئاچچىقىنى چىقارماق** ئازراق ئۇخلاپ ئۇيقۇسىنى قاچۇرماق: بۇگۈنمۇ ئۇ ئادىتى بويىچە كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن ئويغىنىپ قارىسا، نەۋرىسى تېخى بىر ئوبدان ئۇخلاۋاتاتتى.

**كۆزنىڭ يېغىنى يېمەك** كىشىنىڭ قاتتىق زوقىنى تارتماق: ئاتنىڭ بالىسى تايچاق، تالنىڭ ئۇچىنى يەيدۇ. مەڭزى قىزىل قەلەمقاش، كۆزنىڭ يېغىنى يەيدۇ.

**كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە** ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە؛ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا، ھەش ـ پەش دېگۈچە: بىر ئايلىق تەتىل ۋاقتى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە تېزلا ئۆتۈپ كەتتى.

**كۆزنى يۇمۇپلا** تەۋەككۇل قىلىپ، تەۋەككۇلگە: بۇ ئىشقا كۆزنى يۇمۇپلا بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ.

**كۆزۈڭگە قارا** «دىققەت قىل، ئېھتىيات قىل، پەخەس بول، ئاۋايلا» دېگەن مەنىدىكى قاراتما سۆز: — كۆزۈڭگە قارا، ئالدىڭدا ئېرىق بار، — دېدى ئەركىن ۋارقىراپ.

**كۆزۈڭنى ئاچ** «ھاڭۋاقتىلىق قىلما، ھوشيار بول» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

**كۆزۈڭ يوقمۇ** «كۆرمىدىڭمۇ، كۆرمەيۋاتامسەن» دېگەن مەنىدە قوللىنىدۇ.

**كۆز ئېچىپ كۆرگەن** تۇنجى، دەسلەپكى: كۆز ئېچىپ كۆرگەن بالام ئەمەسمۇ؟ كۆڭلۈم چىدىمايدۇ.

**كۆزى ئارقىدا قالماق** بىرەر كىمدىن، بىرەر نەرسىدىن ئايرىلىشقا قىيالماسلىق: بۇ قېتىم ئۆينى تاشلاپ كەلدىم ـ يۇ، كۆزۈم ئارقىدا قالدى.

**كۆزى ئالاچەكمەن بولماق** قاتتىق ھەيران قالماق، ئەجەبلەنمەك: يورۇق چۈشمەيدىغان قاراڭغۇ بۇلۇڭدا بوينىنى سوزۇپ گەپ تىڭشاپ تۇرغان سۇلايمانلار بۇ ھالەتتىن كۆزى ئالاچەكمەن بولۇپ، تېنىدىگە تىترەك ئولىشىپ، ئۆزىنى غىپپىدە تەشمىنىڭ سىرتىغا ئالدى.

**كۆزى بار** ئاق ـ قارىنى، ياخشى ـ يامانىنى پەرق ئېتەلەيدىغان، كۆرەلەيدىغان: ماخمۇت دېگەن مايماقمۇ كۆزى بار نېمىكەن جۇمۇ؟ ئۆزىگە جۈپنى خاتا تاللىمىغانىكەن.

**كۆزى پىششىق** مەلۇم بىر ئىشنى بېجىرىشكە ئەپلىك، ماھىر، ئۇستا: ئۇنىڭ سودا ئىشلىرىنى قىلىشقا كۆزى پىششىق.

**كۆزى پىشماق** مەلۇم ھۈنەر، كەسىپكە كۆپ ئارىلىشىپ ئۇنىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى، قانۇنىيىتىنى ئىگىلىۋالماق: دادام سودا ـ سېتىققا خۇشتار بولغاچقا، مېنى كىچىكىمدىلا كۆزى پىشسۇن دەپ قوشنىمىز ۋەلىخان ئاكىنىڭ گەزمالچىلىق دۇكىنىغا شاگىرتلىققا بەردى.

**كۆزى تالادا قالماق** ئۆزى بۇ يەردە بولغىنى بىلەن ئوي ـ خىيالى باشقا بىر جايدا بولماق: تۈنۈگۈن ئۆزىڭىز ماقۇل بولغان كىنوغىمۇ باردىڭىز! ئۆزۈم كىنودا ئولتۇرساممۇ كۆزۈم تالادا قالدى. كۆڭلۈمگە كەلمىگەن ئويلار كېلىپ بىرھازاغىچە يىغلاپتىمەن.

**كۆزى تورلاشماق** ئىمىر ـ چىمىر بولۇپ، ياخشى كۆرەلمەي قالماق: بالىنىڭ بېشى قايدى، كۆزى تورلاشتى، پۇتلىرى تىترىدى. * تازا سىنچىلاپ قاراۋاتقىنىدا يۈرىكى دۈپۈلدەپ، تىنىقى پەسلەپ كەتتى، ھەتتا لەۋلىرى تىترەپ، كۆزلىرى تورلاشتى.

**كۆزى تويماسلىق** قانائەت ھاسىل قىلماسلىق، ئاچ

كۆزلۈك: تىلەمچىنىڭ خالتىسى تولسىمۇ، كۆزى تويماس (ماقال). * ئۆزى تويسىمۇ، كۆزى تويماپتۇ (ماقال).

**كۆزى تۇتۇلماق** قارىغۇ بولۇپ قالماق، كۆرمەس بولۇپ قالماق: چوڭ دادامنىڭ كۆزى تۇتۇلۇپ قالغىلى تۆت يىل بولدى.

**كۆزى تۆت** قاتتىق ئىنتىزار: — تولا ساقلاپ كۆزۈم تۆت بولدى، — دېدى ئانا زارلىنىپ، — شۇ چاغقىچە نەلەردە يۈردۈڭ.

**كۆزى تېشىلمەك** بىراۋنىڭ يولىغا كۆپ قاراپ قاتتىق ئىنتىزار بولماق: سېنى كۈتۈپ كۆزۈم تېشىلدى، بىراق سەن ھازىرغىچە كەلمىدىڭ.

**كۆزى چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك بولماق** ناھايىتى قاتتىق قورقماق: قاراپ تۇرغانلارنىڭ كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ، چەكچىيىپ كەتتى.

**كۆزى چاقنىماق** ئاجايىپ خۇشال بولماق؛ خۇشاللىقتىن كۆزىدىن نۇر ياغماق: بۇ تاسادىپىي ئۇچرىشىشتىن ھەيران بولغان يىگىتنىڭ كۆزى چاقناپ كەتتى.

**كۆزى چانىقىدىن چىقىپ كەتمەك** ① قاتتىق غەزەپلەنمەك: ئەگەر بۇ ئاياللار قوش تۇتالمايدۇ دېگەن سۆزنى ئاڭلىسا، غەزەپتىن كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەتتى. ② قاتتىق قورقۇپ كەتمەك: قاتىلنىڭ قولىغا كويزا سېلىندى. ئۇنىڭ پۇتلىرى تىترەپ، كۆزى چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دېگەنىدى.

**كۆزى چۈشمەك** ① كۆرمەك، كۆزگە چېلىقماق: سادىق چاتقاللىق ئىچىدىكى يۇلغۇن چېچەكلىرىگە نەزەر سېلىپ كېتىۋېتىپ، چوڭ يولدا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئون ياشلاردىكى بىر بالىغا كۆزى چۈشتى. ② يارىتىپ قالماق، مەيلى تارتماق: ئۆيگە كەلگەن چاغدىلا، تۆت قىزنىڭ ئىچىدە شۇ قىزغا كۆزۈم چۈشكەنىدى.

**كۆزى قىزارماق** بىرەر نەرسىنى كۆرۈپ شۇ نەرسىگە ئېرىشكۈسى كېلىپ كەتمەك، نەپسى تاقىلدىماق: قىز راسا ۋايىغا يەتكەندە، شۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ كۆزى قىزىرىپ، قىزنى ئوردىغا ئەكېتىپتۇ.

**كۆزى كىچىك** پىخسىق، بېخىل؛ ئىچى تار: سېنىڭ قېيىنئاتاڭ بەك كۆزى كىچىك ئادەم ئىكەن.

**كۆزىگە قارىماق** ① بىراۋنىڭ رايىغا، خۇي - پەيلىگە، مىجەزىگە باقماق: — ھەرنېمە بولسا باشلىق دېگەننىڭ كۆزىگە قاراپ ئىش قىلغان ياخشى، — دېدى ئالىم. ② ئېھتىيات قىلماق، پەخەس بولماق: كۆزۈڭگە قاراپ ماڭ بالام. ③ بىرەر نەرسىنى قولدىن چىقىرىشقا قىيماسلىق: پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ ئاخىر ئۆيدىن قۇرۇق قالدى.

**كۆزىگە كىرىۋالماق** كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمەي، بىزەڭلىك قىلىپ تۇرۇۋالماق، چاپلىشىۋالماق: — ئانا، تولا گەپ سوراپ مېھماننىڭ كۆزىگە كىرىۋالماي، ئاۋۋال بىزگە چاي بەرسەڭچۇ، — دېدى ئامانقۇل.

**كۆزىگە ياغ تولماق** تەكەببۇرلىشىپ، ئادەم تونۇماس بولۇپ قالماق: راستىنلا ئادەمنىڭ مەرتىۋىسى ئۆسكەندە كۆزىگە ياغ تولۇپ كېتەمدىكىن؟

**كۆزىنى ئاچماق** ئاق - قارىنى تونۇماق ياكى تونۇتماق؛ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتمەك: مەكتەپ ھاياتى ھېلىمنىڭ كۆزىنى ئاچتى.

**كۆزىنى ئالالماسلىق** قىزىقىش بىلەن قاراپلا قېلىش، تويماي قاراش: ئۇ قىزدىن كۆزىنى ئالالماي قالدى.

**كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرماق** ① تەلمۈرمەك: ئۇ كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭغا بەرمەي يېگىلى بولسۇن. ② گۆشىيىپ، بىزىرىپ قارىماق: چاۋا يېگەن مۈشۈكتەك كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرىدىغان نىجاتمۇ بىر بۇلۇڭغا كىرىۋالدى.

**كۆزىنى چاپاق باسماق** ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلمەي قالماق؛ ھاكاۋۇرلىشىپ كىشىنى كۆزگە ئىلماس بولۇپ قالماق: بورىچى ھالۋىچى بولسا، كۆزىنى چاپاق بېسىپتۇ (ماقال).

**كۆزىنىڭ ئوچۇقىدا** ھايات ۋاقتىدا، تىرىك چاغدا: ئوغلۇم بىز قېرىدۇق، كۆزىمىزنىڭ ئوچۇقىدا سېنى ئۆيلەپ قويساق دەۋاتىمىز.

**كۆزى ئوچۇق قارىغۇ** خەت ساۋاتى يوق، ئوقۇمىغان، ساۋاتسىز.

**كۆزى ئېچىلماق** ئاق - قارىنى، ياخشى - ياماننى پەرق ئېتەلەيدىغان بولماق: نەۋقىران چېغىمدا يۇرت ئارىلىساڭ كۆزۈڭ ئېچىلىدۇ.

**كۆزى يامان** «بەزى كىشىلەرنىڭ كۆزىدە قانداقتۇر بىر خىل سېھىر بار، ئۇ قارىغان نەرسىلەرگە زىيان - زەخمەت يېتىدۇ» دەيدىغان بىر خىل خۇراپىي چۈشەنچە: نوقىنچىنىڭ كۆزى يامان، سۇخەنچىنىڭ سۆزى يامان (ماقال).

**كۆزى يورۇماق** تۇغماق، بوشانماق، يەڭگىمەك: مەلىكەنىڭ بويىدا قالغانىكەن، ئېيى توشۇپ كۆزى يورۇپتۇ.

**كۆز يەتكۈسىز** چەكسىز كەتكەن، بىپايان: كۆز يەتكۈسىز دالىنىڭ ھەممە يېرى ئالتۇندەك چاقناپ تۇراتتى.

**كۆز يۇمماق** ① ئۇخلىماق: ئاتا - بالا پاراڭ سېلىشىپ، تاڭ ئاتارغا يېقىن ئازراق كۆز يۇمۇشتى. ② كۆرمەسكە سېلىش: ھېچنېمە بىلمەس بولۇۋالماق؛ رەت قىلماق: سىز رېئاللىققا كۆز يۇمالمايسىز. ③ كۆچمە. ئۆلمەك، ۋاپات بولماق: ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي، بوۋاي كۆز يۇمۇپتۇ.

**كۆزەت** ئى. قاراش، بېقىش، كۆزىتىش: كۆزەتتە تۇرماق. كۆزەت قىلماق.

**كۆزەتچى** ئى. مەلۇم بىر ئورۇننىڭ ئامانلىقىنى ساقلايدىغان ئادەم؛ قاراۋۇل.

**كۆزەتچىلىك** ئى. كۆزەت قىلىش ئىشى، قاراۋۇللۇق: كۆزەتچىلىق قىلماق.

**كۆزەتكۈچى** ئى. كۆزىتىدىغان، كۆزىتىشكە مەسئۇل بولغان ئادەم: كېيىن ئۇقسام، ئۇلار ئارقامغا كۆزەتكۈچى قويغانىكەن.

**كۆزەتكۈزمەك** «كۆزەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كۆزەتمەك** پ. تەكشۈرمەك، كۆز - قۇلاق بولماق، بايقاپ تۇرماق، كۆزدىن كەچۈرمەك، قارىماق.

**كۆزىتىشمەك** «كۆزەتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۆزىتىلمەك** «كۆزەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كۆزەل** ئى. لوخو بېلىقنىڭ بىلەكتەك چولۇقتا بولغان ۋاقتى.

**كۆزئەينەك** ئى [كۆز + ئەينەك] كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، كۆزنى كۈچلۈك كۈن نۇرى، شامال، قۇم - بوراندىن ئاسراش ئۈچۈن، كۆزگە تاقايدىغان ئەينەك.

**كۆزئەينەكلىك** سۈپ. كۆزئەينەك تاقىغان: ھويلىغا كۆزئەينەكلىك بىر كىشى كىرىپ كەلدى.

**كۆزسىمان** سۈپ. كۆزگە ئوخشايدىغان، كۆز شەكلىدىكى: كۆزسىمان قۇرۇلما.

**كۆزقاراش** ئى [كۆز + قاراش] → **نۇقتىئىنەزەر.**

**كۆز - قارىن** كۆز ۋە قارىن: خەلقىنىڭ كۆز - قارىنى يېمەك -

ئېچمەك، كىيىم ـ كېچەككە تويدى.

**كۆز ـ قارنى توق** تەمەخور ئەمەس؛ باشقىلارنىڭ نەرسىسىگە كۆز سالمايدىغان؛ قانائەتچان: ــ بىز ئۈنداق ـ مۇنداق نەرسىلەرگە ئۆزىمىزنى بۇزىدىغانلاردىن ئەمەس، كۆز ـ قارنىمىز توق، ــ دېدىم ئاچچىقىمدا.

**كۆز ـ قۇلاق** ① كۆز ۋە قۇلاق. ② «بولماق» پېئىلى بىلەن كېلىپ: 1) «هالىدىن خەۋەر ئالماق، دىققەت قىلماق» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: ــ بىز سەپەرگە چىققىدىغان بولۇپ قالدۇق، سىز قوشنا بولغاندىن كېيىن بالىلىرىمىزغا ئانچە-مۇنچە كۆز ـ قۇلاق بولۇپ قويارسىز، ــ دېدى سەلىم ئاكا كۆزىگە ياش ئېلىپ. 2) كۆچمە مەنىدە «پايلىماق، پېيىگە چۈشمەك» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: سېيىت هاجى ئابدۇراخماننىڭ بۇ يەرگە كەلگەن بىر ئايدىن بېرى ئۆزىگە كۆز ـ قۇلاق بولۇپ يۈرگەنلىكىنى سەزمىدى.

**كۆزگۈ** ئى. ئادەم ئۆزىنى كۆرىدىغان ئەينەك: شىجائەت ــ ئىنسانىيەتنىڭ ساپ كۆزگۈسى، ئىپپەت، غەيرەت كەبى ياخشى خۇلقلارنىڭ نۇرلىنىشىدۇر.

**كۆزگۈنەك** ئى. دىيال. كۆكىنەك.

**كۆزلەشمەك** «كۆزلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىشتىن كېيىن ئېتىز يولىدا، قىز ۋە يىگىت خۇشال سۆزلەشتى. ئىزهار قىلىپ يۈرەك سىرىنى، مەقسىتىنى روشەن كۆزلەشتى.

**كۆزلەنمەك** «كۆزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: كۆزلەنگەن نىشان. كۆزلەنگەن غايە. * ئىنسانلارنىڭ بەخت ـ مەنپەئەتى كۆزلىنىپ، خالىس ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەتقىقاتلار بەكلا ئاز.

**كۆزلۈك** ① سۈپ. كۆزى بار، كۆز قويۇلغان، كۆز ئورنىتىلغان: ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك. ياقۇت كۆزلۈك هالقا. ② ئى. ماتا توقۇش دۇكىنىدىكى موللاقچىنىڭ هەرىكىتى ئارقىلىق ئاستىن ـ ئۈستۈن ئۆرۈشلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان، هەربىر كۆزى ئۆرۈشلەرنى دانىمۇدانە ئايرىپ تۇرىدىغان جاهاز.

**كۆزلىمە** سۈپ. كۆزلىگەن ياكى كۆزلەنگەن؛ مۆلچەرلەنگەن؛ ئالدىن بەلگىلەنگەن: بۇ يىل خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ كۆزلىمە نىشانى مۇنداق.

**كۆزلىمەك** پ ① بىرەر نەرسە ياكى مەقسەتنى كۆزدە تۇتماق، مۆلچەرلىمەك ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن هەرىكەت قىلماق: مۇنداق قىلساڭلار كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمەيسىلەر. ② چەنلىمەك، نىشانغا ئالماق: تورۇسقا ئېسىقلىق تۇرغان ئون چىراغنى كۆزلەپ ئايپالتىنى ئاتتىم.

**كۆزمونچاق** ئى [كۆز + مونچاق] تىل تەگمەسلىك ئۈچۈن بويۇنغا ئاسىدىغان بىر خىل مارجان.

**كۆزنەك** ① ئى <بىن> دېرىزىنىڭ هەر كۆزى. ② ئى. كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ يىڭنە ئۆتۈشىدىغان تاختىسىمان دېتالى. ③ ئى. هارۋا چاقىنىڭ بۇلى ئېچىگە ئورنىتىلىدىغان تۇرۇبا شەكىللىك دېتال. ④ ئى <ماشىن> سىيرىلما قازاننىڭ ئوق بىلەن تېگىشىدىغان قىسمى. ⑤ سۈپ. جەمئىيەت بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىدىغان؛ سىرتقا قارىتىلغان: كۆزنەك كەسىپ. كۆزنەك ساهە.

**كۆسەك** ئى. دىيال. كېۋەزنىڭ مايسا دەۋرىدىن غوزا تۇتۇش دەۋرىگىچە بولغان ۋاقتى.

**كۆسەي** ئى ① تونۇرنىڭ ئوتىنى يىغىدىغان ۋە ئوت چۇخچىلايدىغان ئۇزۇن ياغاچ ۋە شۇنىڭ رولىنى ئوينايدىغان نەرسە. ② كۆچمە. جان ت. قارا مىلتىق: شۇ قارا كۆسەي بىزدە بولمىغانلىقتىن، بەگ هۆركىرەپ يۈرتقا پاتماي كەتتى.

**كۆشەتمەك** «كۆشىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەگەر كۆشەيدىغان ماللارنىڭ قورسىقى كۆپۈپ كەتسە، ئېغىزىغا كۆشەك سېلىپ كۆشەتسە، قورساق كۆپۈكى يانىدۇ.

**كۆشەشمەك** «كۆشىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۆگىلەر چۆپلۈكتە ياتار كۆشىشىپ، سۇ ئىچىپ قېنىشار قويلار بۇلاقتىن. يايلاقنى بۆشۈكتەك تەۋرىتىپ لەرزان، چۇپان قىز ناخشىسى ياڭرار ئۇزاقتىن.

**كۆشەك** ئى ① هايۋانلارنىڭ بىرنەرسىنى يەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بېشىغا كىيدۈرۈپ قويىدىغان تور. ② كۆشەيدىغان هايۋانلارنىڭ قورسىقى كۆپۈپ كەتكەندە كۆپۈكنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئاغزىغا توغرا سالىدىغان ياغاچ. ③ كۆشەيدىغان هايۋانلارنىڭ قوۋۇزى.

**كۆشۈك** ئى. چىغ ۋە كۆلىدىن تور شەكلىدە توقۇلىدىغان تاغار.

**كۆشۈكى بىر تيين** ناهايىتى ئەرزان، قىممىتى يوق، ئەرزىمەس.

**كۆشۈكلۈك** سۈپ. كۆشۈكى بار، كۆشۈك ئارتقان.

**كۆشۈگە** ئى ① كارىۋاتقا تارتىلىدىغان پەردە، چىمىلدىق. ② ئەتلەس توقۇشتا موكىنىڭ دۇكان ئورىسىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تارتىلغان رەخت.

**كۆشكۈچىلەر** ئى <زوئول> جۈپ تۇياقلىقلار ئىچىدىكى بەزى هايۋانلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل هايۋانلارنىڭ ئاشقازىنى چوڭ قېرىن، ئۆپكە ئاغزى، توققۇزتونلۇق ۋە شىرداندىن ئىبارەت تۆتكە بۆلۈنىدۇ. ئوزۇق يۇتۇلغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن چوڭ قېرىنغا، ئاندىن ئۆپكە ئاغزىغا ئۆتىدۇ، ئۇندىن كېيىن قايتا ئېغىزغا قايتۇرۇلۇپ يۇمشىتىلىدۇ، ئاندىن توققۇزتونلۇق، شىردانغا ئۆتۈپ هەزىم قىلىنىدۇ. مەسىلەن، كالا، قوي، بۇغا قاتارلىقلار. بەزىلىرىنىڭ ئاشقازىنى ئۈچكە بۆلۈنۈپ، توققۇزتونلۇق بىلەن شىردان بىرلىشىپ كەتكەن. بۇنىڭغا تۆگە مىسال بولالايدۇ.

**كۆشىمەك** پ. ئوزۇقلىنىپ بولغاندىن كېيىن شۇ يېگەن نەرسىسىنى ئوبدان سىڭدۈرۈش ئۈچۈن قايتىدىن ئېغىزغا ئەكېلىپ چاينىماق (كۆشىگۈچى هايۋانلار هەققىدە): چاينىماي يېگەن كۆشىمەي ئۆلەر (ماقال). * چېچەن يىگىت يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى بىلەر (ماقال).

**كۆك** I ① سۈپ. تىنىق ئاسمان رەڭگىدىكى، قېنىق هاۋارەڭ، ماۋى: كۆك ئامفىبول. كۆك قاشتېشى. كۆك كۆز. كۆك ياقۇت. ② ئى. يەر ئۈستىدە گۈمبەز شەكلىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان هاۋا قاتلىمى، ئاسمان: كۆكتە ئۇچماق. كۆكتە پەرۋاز قىلماق. كۆككە كۆتۈرۈلمەك. ③ ئى. يېڭى چىققان، ئۆسۈۋاتقان ئوت ـ چۆپ: ماللار كۆككە تويدى. ④ ئى. كۆكتات (ئاساسەن بېدىنىڭ يۇمران ۋاقتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ): كۆك چۆچۈرىسى. كۆك سامىسىسى. ⑤ سۈپ. پىشىل: كۆك تاماكا. كۆك ئامۇت. كۆك ئەمەن. كۆك بانان. ⑥ سۈپ. پىشمىغان، خام (مېۋە ـ چېۋە، يەل ـ يېمىش هەققىدە): كۆك غورا. ⑦ ئى. سەي-كۆكتاتلارنىڭ يوپۇرمىقى: سەۋزە كۆكى. ⑧ ئى.

تاياق زەربىسى ياكى باشقا بىرەر نەرسىنىڭ قاتتىق تېگىشىدىن بەدەندە قالغان كۆك رەڭلىك ئىز: بەدەنگە كۆك چۈشمەك.

**كۆككە سورۇماق** بۇزۇپ ـ چاچماق، ۋەيران قىلماق.

**كۆككە كۆتۈرمەك** ھەددىدىن زىيادە ماختىماق، ماختاپ ئۇچۇرماق.

**كۆك نامرات** ئىنتايىن كەمبەغەل.

**كۆك** Ⅱ ئى. يوغان ئاتلاپ تىكىلگەن تىكىچ: كۆك سالماق.

**كۆك** Ⅲ ئى. ئەسل، تەكت، تېگى ـ تەكتى، ئەجداد: كۆكۈڭ كىم؟

**كۆك** Ⅳ سۈپ. دىيال. كۆكەرمە، ئۇششۇق، مۇتتەھەم.

**كۆكەر** ئى. دىيال. سۇ قاچىسى، سۇدان.

**كۆكەرتمەك** «كۆكەرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يۇرتنى كۆكەرتمەك.

**كۆكەرتىشمەك** «كۆكەرتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۆكەرتىلمەك** «كۆكەرتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىككى شىرنىڭ تاش ھەيكىلى ئورنىتىلغان يەردىن باشلاپ ئىككى قاتار سېدە دەرىخى كۆكەرتىلگەنىدى.

**كۆكەرمە** سۈپ. جېدەلخور، ئۆكتەم، ئۇششۇق: بۇ كۆكەرمە قېرىنى ئىشخانىغا ئېلىپ بېرىڭلار! // مەسۇم ھېلىقى كۆكەرمىنى راسا سېلىشقا باشلىدى.

**كۆكەرمەك** پ ① دەل ـ دەرەخ يوپۇرماق چىقىرىپ، گۈل ـ گىياھلار ئۈنۈپ، كۆك ھالەتكە كەلمەك: ئەمگەك بىلەن ئەر كۆكەرەر، يامغۇر بىلەن يەر كۆكىرەر (ماقال). ② <بىيول> ئورگانىك ماددىلار كۆكىرىك زەمبۇرۇغىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن بۇزۇلۇپ، سۈپىتىنى ئۆزگەرتمەك؛ پاختىلاشماق: نان كۆكىرىپ قالماق. ③ كۆچمە. ئاچچىقلانماق، خاپا بولماق: ھە، بىكاردىن ـ بىكار نېمىگە كۆكىرىسەن؟ قىلمىغان بولساڭ چىرايلىقچە گەپ قىلساڭ بولىدىغۇ؟ ④ كۆچمە. بەك تولۇپ كەتمەك، مۇزلاپ كەتمەك: ئۇنىڭ قۇلاقلىرى توڭلاپ كۆكىرىپ كەتكەنىدى.

**كۆكەرمىلىك** ئى. جېدەلخورلۇق، ئۆكتەملىك، ئۇششۇقلۇق: ئۇ ھەدېسىلا چاپىنىنى سېلىپ تاشلىۋېتىپ، كۆكەرمىلىك قىلىپ ئوتتۇرىغا ئېتىلىپ چىقىدىغان بولۇۋالدى.

**كۆكباش** ئى [كۆك + باش] يېڭىدىن دان تۇتقان، تېخى رەسمىي پىشمىغان، سۈتى قاتمىغان قوناق.

**كۆكبوغۇم** ئى [كۆك + بوغۇم] <بوت> كۆكبوغۇم ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى سۆسۈن، غول يوپۇرمىقىدىن كۆك بوياق ئىشلىنىدۇ.

**كۆكبېشى** ئى [كۆك + باش + ى] ① سۇغا قارايدىغان ئادەم، مىراب. ② زىرائەت ۋە ئوت ـ چۆپلۈكلەرگە قارايدىغان كىشى.

**كۆكبېشىلىق** ئى ① سۇغا قاراش، سۇ باشقۇرۇش ئىشى. ② زىرائەت ۋە ئوت ـ چۆپلەرگە قاراش ئىشى.

**كۆكپىت** [كۆك + پىت] ① ئى <زوئول> بىر خىل ھاشارات. تېنى ياپىلاقراق يۇمىلاق، رەڭگى يېشىل، سېرىق ياكى قوڭۇر، قورسىقى چوڭ. تۈرلىرى كۆپ، بەزىلىرى ئۆي ھايۋانلىرىدا بولىدۇ؛ بەزىلىرى ئۆسۈملۈكنىڭ شىرنىسىنى شوراپ، زىرائەتلەرگە زىيان سالىدۇ. ② سۈپ. كۆچمە. مۇتتەھەم، ئۇششۇق، بىشەم: كۆكپىت ئادەم.

**كۆكتات** ئى. كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىستېمال قىلىنىدىغان ئوتياش، سەيلەر.

**كۆكتاتچى** ئى. كۆكتات تېرىپ ساتىدىغان ئادەم: مەتقۇربان ئۈچ كەنتتىكى كۆكتاتچىلارنىڭ سەركىسى.

**كۆكتاتچىلىق** ئى. كۆكتات تېرىش ۋە سېتىش ئىشى: ئۇ كۆكتاتچىلىق بىلەن كۆكلىدى.

**كۆكتاتخور** سۈپ. كۆكتات يېيىشكە ئادەتلەنگەن؛ كۆكتاتنى ياخشى كۆرىدىغان، كۆكتاتنى كۆپ ئىستېمال قىلىدىغان: كۆكتاتخور ئادەم.

**كۆكتاتخورلۇق** ئى. كۆكتاتقا ئامراقلىق.

**كۆكتاتخۇمار** سۈپ [كۆكتات + خۇمار] كۆكتاتقا خۇمار بولغان؛ كۆكتات يېيىشنى ياخشى كۆرىدىغان: ـــ مەن كۆكتاتخۇمار، گۆش يېگۈم كەلمەيدۇ، ـــ دېدى ئۇ.

**كۆكتاتخۇمارلىق** ئى. كۆكتاتقا خۇمار بولۇش، كۆكتات يېيىشنى ياخشى كۆرۈش.

**كۆكتاتلىق** ئى. كۆكتات ئۆستۈرۈلگەن جاي، ئورۇن.

**كۆكتارغاق** ئى [كۆك + تارغاق] <زوئول> قۇشلارنىڭ بىر ئۇرۇقدىشى. تۇمشۇقى ئۇزۇن ھەم تۈز، كۆك ھەم يېشىل كېلىدۇ، پەي ـ تۈكلىرى بولىدۇ، تېز ئۇچالايدۇ. سۇ بويىدا ياشايدۇ. كىچىك بېلىق ۋە راكلارنى يەيدۇ، پەي ـ تۈكلىرىدىن زىننەت بۇيۇملىرى ياسىلىدۇ.

**كۆكتاش** ئى [كۆك + تاش] <خىم> تەركىبىدە بەش مولېكۇلا كىرىستال سۇ بولغان مىس سۇلفات، يەنى كۆك رەڭلىك كىرىستال جىسىم.

**كۆك ـ تاق** كۆكتات ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر، ئىشلار: كۆك ـ تاق قۇرۇلۇشى. * داڭلىق ئۇزۇم يۇرتى تۇرپان ھازىر شىنجاڭدىكى مۇھىم كۆك ـ تاق بازارلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

**كۆكتالغۇ** ئى <زوئول> ← **تۆمۈرتۇمشۇق**.

**كۆكتولغاق** [كۆك + تولغاق] <زوئول> بىر خىل قۇش. تېنى قۇشقاچچىلىك كېلىدۇ، پەي ـ تۈكلىرى قوڭۇر بولىدۇ. ئەركىكىنىڭ گېلى ئاسمان كۆكى رەڭگىدە، چىرايلىق سايرايدۇ.

**كۆكتۈرك** ئى [كۆك + تۈرك] <تارىخ> مىلادىيە 5 ـ ۋە 4 ـ ئەسىرلەردە ئۇرخۇن ۋادىسىدىن تارتىپ تەڭرىتاغلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان زېمىنلاردا ياشىغان قەدىمكى تۈرك قەبىلىسى.

**كۆكتۈرك خانلىقى** <تارىخ> كۆكتۈركلەر تەرىپىدىن مىلادىيە 552 ـ يىلى ئاشىنا ئۇرۇقىدىن بولغان تۇمەن (مەڭگۈتاشلاردا «بۇمىن» دېيىلىدۇ) نىڭ يېتەكچىلىكىدە قۇرۇلغان خانلىق. ئۇنىڭ زېمىنى شەرقتە لياۋخې دەرياسى، غەربتە كاسپىي دېڭىزى، جەنۇبتا موڭغۇلىيە چۆللۈكىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ رايونلار، شىمالدا سىبىرىيە تاغلىرى ئارىلىقلىرى بولغان. مىلادىيە 774 ـ يىلى ئۇيغۇر ياغلىقار ئۇرۇقىدىن بولغان قۇتلۇق بىلگە كۆل خاقانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان.

**كۆكتۈركچە** ئى <تىل> كۆكتۈركلەر ئىشلەتكەن تۈرك تىلى. ئۇرخۇن ـ يەنسەي يېزىق تىلى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ.

**كۆكتىكەن** ئى [كۆك + تىكەن] <بوت> قوڭغۇراقباش.

**كۆكچە** ئى <بوت> پوستى كۆك ياكى قارامتۇل كۆك، ئىچى قىزىل ياكى ئاق چىقىدىغان، سۇ تەركىبى مول، چۈرۈك، تەمى ئىنتايىن تاتلىق بولغان بىر خىل قوغۇن.

**كۆكچىچەك** ئى [كۆك + چىچەك] <بوت> ← **كاسنە**.

**كۆكچى** ئى. دىيال. كۆكتات تېرىغۇچى دېھقان.

**كۆكچىچقاق** ئى [كۆك + چىچقاق] مال - چارۋىلاردا بولىدىغان بىر خىل ئىچ سۈرۈش كېسىلى.

**كۆكچىلىك** ئى. كۆكەرگەن ھالەت، يېشىللىق: قىشتا قار ئوبدان يېغىپ، باش باھاردىن باشلاپ ئېرىپ تۇپراققا سىڭىپ كەتكەچكە، يەردە يامغۇردىن كېيىنكى بىر خىل ھالەت — كۆكچىلىك بار ئىدى.

**كۆكرەك** ئى ① <ئانات> بەدەننىڭ بويۇندىن قورساققىچە بولغان ئالدى قىسمى؛ كۆكس، تۆش. ② <ئانات> ئاياللار كۆكسىدىكى بىر جۈپ سۈت بېزى؛ ئەمچەك. ③ كىيىمنىڭ يۇقىرى ئالدى قىسمى: كۆكرەك قاتۇرمىسى.

**كۆكرەكلىك** سۈپ. كۆكرىكى بار، كۆكرەككە ئىگە، كۆكرىكى چوڭ: مەن ئۆيگە كىرىپ بەش مىنۇتتىن كېيىن ئېگىز بويلۇق، كەڭ كۆكرەكلىك، 30 ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت ئۆيگە كىردى.

**كۆكس** ئى ① كۆكرەك، مەيدە: كۆكسى ئاغرىماق. ② ئەمچەك جايلاشقان ئورۇن؛ ئەمچەك. ③ بىرەر نەرسىنىڭ ئىچى، باغرى: تەبىئەت ھۆسنىدىن كۆكسۈم قانغۇدەك بەھرە ئالالايدىغان بولغىنىمغا مەغرۇرلىنىمەن.

**كۆكس - قارىن** كۆكس ۋە قارىن: كۆكسى - قارنى بوشىماق.

**كۆكسۇ** سۈپ. دىيال. تولا يۆتىلىدىغان، يۆتەلگەك.

**كۆكسۇلتان** ئى [كۆك + سۇلتان] <بوت> ئالۇچىنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسى يېشىل، پوستى سۈزۈك بولۇپ، تەمى ئىنتايىن ياخشى.

**كۆكسېغىز** ئى [كۆك + سېغىز] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. كۆرۈنۈشى ماملاپىقا ئوخشاپ كېتىدۇ. تېنىدە سۈتى بار. يوپۇرمىقى گۆشلىشىدۇ، تۆمۈنە شەكىللىك، گۈلى سېرىق. يىلتىزىدىن كاۋچۇك ئېلىنىدۇ.

**كۆكسىمەك** پ. دىيال. گەپ تالاشماق، گەپ تەگەشمەك، ئەزۋەيلىمەك.

**كۆكشال** ئى [كۆك + شال] <تېب> ← قاتما Ⅱ.

**كۆكلەتمەك** Ⅰ «كۆكلىمەك Ⅰ» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۆك بۇغداينى كۆكلەتكەن، كارامەتلىك ئاقئۆستەڭ. ئىلى ئالەم خەلقىگە، ساخاۋەتلىك ئاقئۆستەڭ.

**كۆكلەتمەك** Ⅱ «كۆكلىمەك Ⅱ» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياسىن ئۇستام شاگىرتىغا جۇۋىنى كۆكلىتىۋاتاتتى.

**كۆكلەتمەك** Ⅲ «كۆكلىمەك Ⅲ» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كۆكلەشمەك** Ⅰ «كۆكلىمەك Ⅰ» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۆكلەشمەك** Ⅱ «كۆكلىمەك Ⅱ» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۆكلەشمەك** Ⅲ «كۆكلىمەك Ⅲ» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۆكلەم** ئى. يەر - جاھان كۆكەرگەن، يېشىللىققا پۈركەنگەن پەيت؛ باھار، ئەتىياز: ئۇلار كۆكلەم كېلىپ، يەر - جاھان ئويغانغاندا نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزدى.

**كۆكلەمزار** ئى. ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھلار ئۈنۈپ يېشىللىققا پۈركەنگەن جاي؛ كۆكۈلمەيدان: ئۇ بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر كۆكلەمزارغا يېتىپ كەپتۇ.

**كۆكلەنمەك** Ⅰ «كۆكلىمەك Ⅱ» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كۆكلەنمەك** Ⅱ «كۆكلىمەك Ⅲ» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كۆكلىتىلمەك** «كۆكلەتمەك Ⅰ» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ھويلىسىدا ئىككى تۈپ ئۈجمە كۆچىتى كۆكلىتىلدى.

**كۆكلىمەك** Ⅰ پ ① يوپۇرماق چىقىرىپ، شاخلىرى بوي تارتىپ ئۆسمەك، كۆكەرمەك: ئۆمۈر دېگەن بىر دەرەخكە ئوخشايدۇ، سۈيى، يېرى، پەرۋىشى جايىدا كەلسە، ئۇ كۆكلەيدۇ؛ بولمىسا قۇرۇيدۇ، يىقىلىدۇ. ② كۆچمە. روناق تاپماق، راۋاجلانماق: خېلىچىخانىنىڭ ئۆلۈمى ئەمدىلا بەختىنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆكلەۋاتقان بۇ ئائىلىگە چوڭقۇر قايغۇ - مۇسىبەت ئېلىپ كەلدى.

**كۆكلىمەك** Ⅱ پ ① كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە قاتارلىقلارنى قولدا يىڭنە بىلەن چوڭ-چوڭ ئىلىپ، ئاتلاپ - ئاتلاپ تىكمەك: ئاپام چاپىنىمنىڭ يىرتىلغان يېرىنى بىرقانچە يەردىن كۆكلەپ تىكىپ قويدى. ② ئاتلىماق، سەكرىمەك: ئۇ ماتا ئىككى كۆكلەپ يېتىۋالدى. ③ كۆچمە. ئەردىمەك، ئەزۋەيلىمەك: ئۇ بارغانچە قاتتىق كۆكلەپ، ئاچچىق ئۈن سېلىپ يىغلايتتى.

**كۆكلىمەك** Ⅲ پ. سەي - كۆكتاتلارنىڭ كۆكىنى ئالماق: چامغۇر كۆكلىمەك. سەۋزە كۆكلىمەك.

**كۆكمارال** ئى [كۆك + مارال] <بوت> كۆكمارال ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**كۆكمەت** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1 — 1.2 مېتىر كېلىدۇ، شەكلى ئۆچكىگە ئوخشايدۇ، لېكىن ساقىلى بولمايدۇ. مۈڭگۈزى كىچىك ۋە قارا، بوينى توم ھەم قىسقا، يۇڭى يۇمشاق، قېلىن كېلىدۇ. تېرىسىدىن كىيىم تىككىلى، گۆشىنى ئىستېمال قىلغىلى بولىدۇ.

**كۆكمۇچ** ئى [كۆك + مۇچ] ← **لازا**.

**كۆكنار** <بوت>① ئەپيۇنگۈل. ② ئەپيۇنگۈلنىڭ غوزىسى.

**كۆكنارچى** ئى. كۆكنار تېرىيدىغان ياكى ئۇنىڭدىن چېكىملىك تەييارلاپ ساتىدىغان كىشى.

**كۆكنارخانا** ئى. كۆكنار چېكىملىكى تەييارلىنىدىغان ياكى چېكىلىدىغان ئۆي، جاي.

**كۆكۈچ** سۈپ. كۆككە مايىل، سۇس كۆك، كۆكۈمتۇل: ئۇنىڭ ئىنچىكە، كۆكۈچ يوللۇق، ئاق تەگلىك پەرىجىسى ئىسكىلاچ مەسىنىڭ تۇمشۇقىنى يېپىپ تۇراتتى

**كۆكۈر** ئى. دىيال. سۇدان، سۇ قاچىسى.

**كۆكۈشكەن** ئى. دىيال. كەپتەر.

**كۆكۇلمەيدان** ئى. ئوت ـ چۆپ، گۈل ـ گىياھ، ھەر خىل زىرائەتلەر ئۆسكەن، يېشىللىق قاپلىغان جاي، ئورۇن: تەكلىماكان رايونىنىڭ مۇھىتىدا كەسكىن ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، بۇرۇنقى كۆكۇلمەيدان، بوستانلىق دەشت ـ باياۋانغا ئايلىنىپ كەتكەن.

**كۆكۇمتۇل** سۈپ. كۆككە مايىل، سۇس كۆك، كۆكۇچ: ئۇ دېرىزىنىڭ يېنىغا بېرىپ، سەھەرنىڭ كۆكۇمتۇل تۇمانىدا يالغۇز تۇرغان دەرەخكە قاراپ تۇردى.

**كۆكۇيۇن** ئى <زوئول> ھاشاراتلارنىڭ بىر ئائىلىسى. تېنى ئۇزۇن، ئېلىلىپىس شەكىللىك، بېشى كەڭ، سەزگۈ مۇڭگۈزچىسى قىسقا، مۇرەككەپ كۆزى چوڭ ۋە قارامتۇل يېشىل، ئېغىزى توم، قورساق قىسىملىرى چوڭ ھەم ئۇزۇن كېلىدۇ. دالىلاردا، ئوت ـ چۆپ ئارىسىدا ياشايدۇ. ئەركىكى ئۆسۈملۈك شىرنىسى ياكى گۈل شىرنىسىنى، چىشىسى ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ قېنىنى شوراپ ياشايدۇ.

**كۆكىرىشچان** سۈپ. كۆكىرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان، تېز كۆكىرىدىغان: كۆكىرىشچان ئۆسۈملۈك.

**كۆكىرىشچانلىق** ئى. تېز كۆكىرىش خۇسۇسىيىتى: نەشپۈت دەرىخىنىڭ كۆكىرىشچانلىقى ياخشى بولغانلىقتىن تېز رەك ئۆسىدۇ.

**كۆكىرىك** ئى ① كۆكەرتىش: كۆكىرىك كېسىلى. ② كۆكىرىك زەمبۇرۇغى.

**كۆكىمەك** پ. دىيال. تەگىمەك.

**كۆكىنەك** ئى <زوئول> بىر خىل گۆشخور قۇش. چوڭلۇقى پاختەكچىلىك، رەڭگى كۆل رەڭ ئاق كېلىدۇ. ھاۋادا خېلى ئۇزۇنغىچە بىر جايدا لەيلەپ تۇرالايدۇ. پاتمىچۇق، كەسلەنچۈك قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**كۆكيار** ئى [كۆك + يار] <زوئول> ← **قۇلان.**

**كۆكيامان** ئى [كۆك + يامان] <زوئول> ئۆچكە بىلەن قوي ئارىلىقىدىكى بىر خىل ھايۋان. ئەركىكىنىڭ مۈڭگۈزى چوڭ ھەم توم، لېكىن ئانچە ئۇزۇن ئەمەس، سەل ئەگرى؛ چىشىسىنىڭ مۈڭگۈزى قىسقا، تۈز، تۈكلىرى كۆكۇچ قوڭۇر، بۇرۇتلىرى يوق. ئېگىز تاغ قىيالىرىدا ياشايدۇ، ئېگىز تاغدىكى زىرائەتلەرگە ئازراق زىيىنى بار.

**كۆكيۆتەل** ئى [كۆك + يۆتەل] <تېب> بىر خىل يۇقۇملۇق كېسەل. كۆكيۆتەل تاياقچە باكتېرىيەسىنىڭ نەپەس يولىغا كىرىۋېلىشى تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدۇ.

**كۆگە** I ئى <بوت> ← **پىيىزەك.**

**كۆگە** II ئى. دىيال. قازان قارىسى؛ كۈيە.

**كۆگەشمەك** پ. دىيال. كۆگەنگە باغلىماق.

**كۆگەل** ئى. ئەركەك ئۆردەك.

**كۆگەن** ئى. سېغىن ۋاقتىدا قوزا، ئوغلاقلارنى باغلاپ قويىدىغان ئىلمەكلىك ئارغامچا.

**كۆگەنلىمەك** پ ① قول ياكى باشقا نەرسە بىلەن تورىماق، توسىماق: ئۇ باغرى بىلەن قەبرىنى كۆگەنلەپ يىغلاۋاتقان ئانىغا جىمجىت كۆز تىكىپ ئولتۇراتتى. ② قوزا، ئوغلاقلارنىڭ بېشىنى كۆگەن (ئىلمەكلىك ئارغامچا)نىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويماق.

**كۆڭتەي** ئى [خەن] دەرەخ، مۇز قاتارلىقلارنىڭ ئىچى بوش، كاۋاك قىسمى.

**كۆڭلەك** ئى. ئەر ـ ئاياللارنىڭ چاپان ۋە پوپايكىنىڭ ئىچىگە، مايكا ياكى رۇباشكىنىڭ ئۈستىگە كىيىدىغان نېپىز كىيىمى.

**كۆڭلەكچان** سۈپ. كۆڭلەك كىيىپ ئۈستىگە چاپان كىيمىگەن: كۆڭلەكچان يۈرمەك.

**كۆڭلەكلىك** سۈپ ① كۆڭلىكى بار، كۆڭلەك كىيگەن، كۆڭلەكچان: كۆڭلەكلىك ئايال. ② كۆڭلەك تىكىشكە يېتىدىغان: بىر كۆڭلەكلىك رەخت.

**كۆڭلەن** رەۋ. خىيالى بويىچە، تەسەۋۋۇرى بويىچە؛ خىيالەن: كۆڭلەن سىزما.

**كۆڭلى ـ كۆكسى** كۆڭۈل ۋە كۆكسى : كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ. كۆڭلى ـ كۆكسى يايرىماق.

**كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ** ئەپۇچان ، كەك ساقلىمايدىغان: كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ كىشىلەر ھەرقانداق جايدا ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەردۇر.

**كۆڭۈل ( كۆڭلى )** ئى ① كىشىلەرنىڭ ئوي ـ پىكىر، ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ مەنبەسى؛ يۈرەك، قەلب، دىل: ئوق ئاتما، كۆڭۈل ساتما (ماقال). * ئۆيۈڭ تار بولسىمۇ، كۆڭلۈڭ كەڭ بولسۇن (ماقال). ② ئەس ـ ياد، ئوي ـ خىيال، نىيەت: ئاتىنىڭ كۆڭلى بالىدا، بالىنىڭ كۆڭلى دالىدا (ماقال). * ئايزىمخان كۆڭلىدىكىلىرىنى ھېزىمخانغا ئېيتتى.

**كۆڭلى بار** ياخشى كۆرىدۇ، سۆيىدۇ، ئامراق: ئېيتە، ئۇنىڭغا كۆڭلۈڭ بارمۇ ـ يا ؟

**كۆڭلى بوشىماق** غەم ـ ئەندىشىسى ئازىيىپ قالغاندەك بولماق، دەرد ـ ئەلىمى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلماق: شۇ گەپلەرنى دەۋالغاندىن كېيىن خېلى كۆڭلۈم بوشاپ قالدى.

**كۆڭلى پۈتۈن** غەم ـ ئەندىشىسى يوق ، غەمدىن خالاس : — كېرەك يوق ، كۆڭلىڭىزنى پۈتۈن تۇتۇڭ، بۇ ئىش ھامان ھەل بولىدۇ، — دېدى ئۇنىڭغا.

**كۆڭلى توڭلىماق** رايى قايتماق، خۇشى كەتمەك: بىزگە قىلغان قوپاللىقىڭنى قىزغا قىلساڭ، كۆڭلى توڭلاپ قالىدۇ.

**كۆڭلى چۈشمەك** ياخشى كۆرۈپ قالماق، يارىتىپ قالماق، سۆيمەك.

**كۆڭلى سۇس** مەيلى ئانچە يوق، تازا رايى تارتمىغان: بۇ ئىشقا ئەزەلدىنلا كۆڭلۈم سۇس ئىدى.

**كۆڭلى سۇ ئىچمەك** رازى بولماق، قانائەت ھاسىل قىلماق، خۇشاللىق ھېس قىلماق: كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر (ماقال).

**كۆڭلى سۇيۇق** تۇرالغۇسى يوق، ئۇجمە كۆڭۈل: مېنىزە شۇنچە كۆڭلى سۇيۇق قىز دەپ چاغلاپتىكەنسىز ـ دە؟

**كۆڭلى سۆيۈنمەك** رازى بولماق، خۇش بولۇپ كەتمەك: نەۋرىسىنىڭ ئوماق ھەرىكەتلىرىدىن ئانىنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ كەتتى.

**كۆڭلى قالماق** رايى قايتماق؛ ئىشەنچىنى، ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسىنى يوقاتماق؛ ئۈمىدسىزلەنمەك.

**كۆڭلى كۆتۈرمەك** رايى بارماق، قوبۇل قىلماق: مۇشۇنداق قىلىشقا قانداق كۆڭلۈڭ كۆتۈردى.

**كۆڭلى كۆتۈرۈلمەك** شاد ـ خۇرام بولماق، خۇرسەن بولماق.

**كۆڭلى نازۇك** زىل، گەپ كۆتۈرەلمەيدىغان: ئۇنىڭ قول ـ ئىلكىدە ھېچ نەرسە بولمىسىمۇ، كۆكسى ـ قارنى كەڭ، كۆڭلى نازۇك ئىدى.

**كۆڭۈل ئاچماق** ئويناپ يايرىماق، خۇشال بولماق، ئويۇن ـ

تاماشا قىلماق.

**كۆڭۈل ئاغرىماق** رەنجىمەك، خاپا بولماق: ئۇن بەش كۈنلۈك ئالەمدە، كۆڭلۈم ئاغرىدى ياردىن.

**كۆڭۈل ئاۋۇتماق** خاتىرجەم قىلماق، تىنچلاندۇرماق؛ خۇشاللاندۇرماق: ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى پەقەت بىرنەچچە كۈنلۈك كۆڭۈل ئاۋۇتۇشلا بولۇپ قالدى.

**كۆڭۈل ئايىماق** مەيلىگە، رايىغا باقماق؛ خاپا قىلماسلىق، رەنجىتمەسلىك: بۇ ئايالنىڭ كۆڭۈل ئاياپ ئولتۇرمايدىغانلىقىمۇ ھەممەيلەنگە ئايان.

**كۆڭۈل باغلىماق** ياخشى كۆرمەك، ئىشتىياق باغلىماق: ئۇ قىزغا كۆڭلۈم قاچان باغلىنىپ قالغانلىقىنى بىلمەيمەن.

**كۆڭۈل بەرمەك** ياخشى كۆرمەك، مۇھەببەت قويماق، سۆيمەك: قاتار ئۇچقان تۇرنامۇ، ئېگىز تۇرغان مۇنارمۇ. يوق ـ بارىغا قارىماي، كۆڭۈل بەرگەن گۇناھمۇ.

**كۆڭۈل بۆلمەك** غەمخورلۇق قىلماق، ئېتىبار بەرمەك، ئەھمىيەت بەرمەك، دىققەت قىلماق: ئۇ ھازىر بىرنەچچە ئوغۇل ـ قىزلارغا ئاتا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياخشى تەربىيەسى ئۈچۈن ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلمەكتە.

**كۆڭۈل سانىماق** ھۆرمىتىنى قىلماق، ئېتىبارغا ئالماق.

**كۆڭۈل قويماق** ئىخلاس قىلماق، ئەستايىدىل بولماق، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرمەك؛ تىرىشماق: قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە (ماقال).

**كۆڭۈلنى ئالماق** رازى قىلماق، مەمنۇن قىلماق؛ خۇشال قىلماق: ھېيت پاكار دوستىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھەرنېمە قىلىشقا تەييار ئىدى.

**كۆڭۈلنى ئۇتماق** مەيلىنى ئۆزىگە تارتماق، قولغا كىرگۈزمەك: ئۇ تاتلىق گەپلەرنى قىلىپ كۆڭلۈمنى ئۇتتى.

**كۆڭۈل ئېيتماق** تەسەللى بەرمەك: يوقلاپ كەلگەن جامائەت ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئېيتتى.

**كۆڭۈل ياسىماق** تەسەللى بەرمەك، بەزلىمەك: ياسىن ئاخۇن دەرھال كۆڭۈل ياسىدى.

**كۆڭۈل يايرىماق** قاتتىق سۆيۈنمەك، ئاجايىپ خۇشال بولماق.

**كۆڭۈل يېرىم** غەمكىن، مەيۇس: بۇ ئىشتىن كۆڭلۈم بەك يېرىم.

**كۆڭۈلپەرۋەر** سۇپ [كۆڭۈل + پەرۋەر] باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئەلا بىلىدىغان، كۆڭۈل ئاياىدىغان، ئىززەتلەيدىغان؛ كۆڭۈلچەك: مېھمانغا بولغان قىزغىنلىق ئادەمگەرچىلىك ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى دەپ ئويلايدىغان بۇ كۆڭۈلپەرۋەر خەلق بىر ـ بىرىگە ئەقلىي نۇقتىدىن مەسئۇل بولۇشنىڭ ئورنىغا قىزغىن مۇئامىلىدارلىقنى دەسسەتكەن ھەمدە بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈشنىڭ باشقا ئەھمىيەتلىك يوللىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندەك قىلاتتى.

**كۆڭۈلپەرۋەرلىك** ئى. باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئەلا بىلىش، كۆڭۈل ئاياش، ئىززەتلەش؛ كۆڭۈلچەكلىك.

**كۆڭۈلچەك** سۇپ. خەقنىڭ كۆڭلىنى ئاياىدىغان، خەقنىڭ رايىغا باقىدىغان.

**كۆڭۈلچەكلىك** ئى. خەقنىڭ كۆڭلىنى ئاياش، خەقنىڭ رايىغا بېقىش: سېنىڭ بەرگىنىڭنى ئۇ نەدىن بىلىدۇ؟ سېنىڭ مۇشۇنداق كۆڭۈلچەكلىكىڭ، قورقۇنچاقلىقىڭدىنمۇ ھېچ ئىشىمىز ئوڭغا تارتمايۋاتىدۇ!

**كۆڭۈلسىز** سۇپ ① كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان، كۆڭۈلنى خۇش قىلمايدىغان: كۆڭۈلسىز ۋەقە. ② كۆڭلى سوۋۇغان، زېرىككەن؛ سۆيگۈ ـ مۇھەببىتى يوق: ئۇ قىزغا كۆڭۈلسىز بولۇپ قالدىم.

**كۆڭۈلسىزلەندۈرمەك** «كۆڭۈلسىزلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايسىخان قانداق قىلىپ قىزىنى ئېرىدىن كۆڭۈلسىزلەندۈرۈشنى ئويلىماقتا ئىدى.

**كۆڭۈلسىزلەنمەك** پ. كۆڭۈلسىز بولماق: ساھىبخانىدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كۆڭۈلسىزلىنىپ تاراشتى.

**كۆڭۈلسىزلىك** ئى ① كۆڭۈلسىز ھالەت: شۇنداق قىلىپ ھەممەيلەن كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە تارالدى. ② كىشىنى غەم ـ قايغۇغا سالىدىغان، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئىش، ۋەقە، ھادىسە: تويدىن كېيىنكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تۈگىتىش ئەزىمجان ئۈچۈن ئاسانغا چۈشمىدى.

**كۆڭۈلشىمەك** پ. (كۆپرەك يوقلۇق شەكلىدە كېلىدۇ) ئېتىبارغا ئالماق، ئەھمىيەت بەرمەك، قىزىقماق: دەسلەپتە كۆڭۈلشىمەيرەك قولغا ئېلىنغان بۇ ئىش ياخشى نەتىجە بەردى.

**كۆڭۈلكەش** سۇپ. باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان، باشقىلارغا ھېسداشلىق ۋە غەمخورلۇق قىلىدىغان، كىشىنىڭ دەردىگە يېتىدىغان، مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل: كۆڭۈلكەش ئادەم.

**كۆڭۈلكەشلىك** ئى. باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىش، باشقىلارغا ھېسداشلىق ۋە غەمخورلۇق قىلىش، كىشىنىڭ دەردىگە يېتىش، مېھرىبانلىق، ئاق كۆڭۈللۈك: بۇرۇنقى ئېھتىياجدىن تاشقىرى كۆڭۈلكەشلىك بىزنى چارچاتقان بولسا، ئەمدى تۆت ئېغىز پاراڭغا شېرىك بولىدىغان خۇمارلىق دوستلاردىن تامامەن مەھرۇم ئىدۇق.

**كۆڭۈللۈك** سۇپ. كۆڭۈلگە ياقىدىغان، خۇش قىلىدىغان، يېقىملىق: كۆڭۈللۈك تۇرمۇش. كۆڭۈللۈك سەپەر. كۆڭۈللۈك ئىش.

**كۆل** I ئى <جۇغ> سىرغىم سۇ يىغىلىدىغان ياكى دەريا ـ ئېقىنلار قۇيۇلىدىغان چوڭ تىپتىكى تەبىئىي ئويمان.

**كۆل** II ئى. دىيال. گۇلدۇرماما.

**كۆلەڭگە** ئى ① ئاپتاپ نۇرىدىن توسۇلغان جاي، سايە: قورققانغا قوش كۆرۈنەر، كۆلەڭگىسى بەش كۆرۈنەر (ماقال). ② يىراقتا، قاراڭغۇلۇقتا، تۇماندا غۇۋا كۆرۈنگەن نەرسە، قارا: تامدىن ئۈچ ـ تۆت قەدەمچە نېرىدىكى قېرى ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئىككى قارا كۆلەڭگە كۆرۈندى. ③ كۆچمە. ۋەھىمە، قورقۇنچ، ۋەھىمىلىك بېشارەت، شەپە: ئەجەلنىڭ قارا كۆلەڭگىسى ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى.

**كۆلەڭگىسىز** سۇپ. كۆلەڭگىسى يوق، كۆلەڭگە چۈشۈرمەيدىغان: كۆلەڭگىسىز چىراغ.

**كۆلەڭگىلىك** ئى. كۈن نۇرى چۈشمىگەن سايە جاي، سايە چۈشۈپ تۇرغان يەر: ئاۋۇ كۆلەڭگىلىككە بېرىپ بىردەم ئارام ئالايلى.

**كۆلەم** ئى. دائىرە؛ ھەجىم، مىقياس.

**كۆلەملەشتۈرمەك** «كۆلەملەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كۆلەملەشتۈرۈشمەك** «كۆلەملەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۆلەملەشتۈرۈلمەك** «كۆلەملەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل

دەرىجىسى: تۇرپان ۋىلايىتىدە ئۈزۈملۈك باغ كۆلەملەشتۈرۈلدى.

**كۆلەملەشمەك** پ. مەلۇم كۆلەم، دائىرىگە ئىگە بولماق، كېڭەيمەك: قىزىلسۇ ئوبلاستىدا باقمىچىلىق چوڭ ئائىلىلىرىنى يېتىلدۈرۈش مەركەز قىلىنغان دېھقانچىلىق رايون چارۋىچىلىقى كۆلەملىشىشكە قاراپ يۈزلەندى.

**كۆلەملىك** سۈپ. مەلۇم كۆلەمگە ئىگە بولغان؛ دائىرىلىك: بۇلتۇر ئەتىيازدا چېرىكلەر كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلىدى.

**كۆلبە** ئى [پ] ئۆي، خانا؛ ساتما.

**كۆلبىگى** ئى [كۆل + بەگ + ى] ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان كىشى.

**كۆلچەك** ئى. سۇ يىغىلىپ قالغان ئويمان، ئازگال.

**كۆلۈ** ئى. دىيال. كېلەر يىلى.

**كۆلۈك** ئى. دىيال. ئادەم مىنىدىغان ياكى يۈك توشۇيدىغان ئات ـ ئۇلاغ قاتارلىق قاتناش قوراللىرى.

**كۆلۈگەچ** ئى. دىيال. شولا.

**كۆمەچ** ئى ① چوغقا كۆمۈپ پىشۇرىدىغان نان: ئۇلار ئۈچ ـ تۆت كۈنگىچە كۆمەچ كۆمۈپ يېدى. ② تونۇردا تۇرماي چۈشۈپ كەتكەن نان: ئاشنى بۇزۇپ ئۇماچ قىلدى، ناننى بۇزۇپ كۆمەچ قىلدى (ماقال). ③ كۆچمە. مەنپەئەت: سەن ئويلاپ باق، ھەممىمىز ئۆز كۆمىچىمىز، ئۆز خاتىرجەملىكىمىز ئۈستىدە ئويلاپ، قول بولۇپ ئۆتۈپ كېتەمدۇق.

**كۆمەچدان** ئى. كۆمەچ پىشۇرىدىغان تاۋا.

**كۆمەك** I ئى [پ] ياردەم.

**كۆمەك** II سۈپ. دىيال. جەمەتلىك، ئۇرۇق ـ تۇغقىنى كۆپ.

**كۆمەكلەشمەك** پ. ياردەملەشمەك، ياردەم بەرمەك: مەن پۈتۈن ئۆمرۈم بويى ياخشى نىيەت بىلەن ساڭا كۆمەكلىشىمەن.

**كۆمەل** ئى. دىيال. شورمەل.

**كۆمتۈرتمەك** «كۆمتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كۆمتۈرمەك** پ. دۈم قىلماق؛ ئاستىنى ئۈستىگە، ئۈستىنى ئاستىغا قىلىپ قويماق؛ ئاغدۇرماق: چېلەكنى كۆمتۈرمەك. ھارۋىنى كۆمتۈرۈۋەتمەك.

**كۆمتۈرۈشمەك** «كۆمتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۆمتۈرۈلمەك** «كۆمتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇ تاپتا، ئۈچ ئەۋلادنىڭ يىغا ـ زارىغا ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ، يەر ـ زېمىننىڭ كۆكۈم ـ تالقان بولمىغىنىغا ئۇ ھەيران ئىدى.

**كۆمدۈرمەك** «كۆممەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قاسىماخۇن بالىلىرىغا ئېيتىپ ئۈزۈم تاللىرىنى كۆمدۈردى.

**كۆمدۈرۈشمەك** «كۆمدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۆممە** سۈپ. كۆمۈپ پىشۇرۇلغان، كۆمۈلگەن: كۆممە كاۋاپ.

**كۆممەك** پ ① كولانغان يەرگە جايلاپ ئۈستىنى ياپماق؛ دەپنە قىلماق: سەۋزە كۆممەك. ئۆلۈك كۆممەك. * قارىغا ئۆلۈك كۆمگىلى بولماس (ماقال). ② كۆچمە. يوقاتماق، يوق قىلماق: كۆمدۈق ئاخىر، قان شوراپ ئەلنى مۈكچەيتكەن جەمئىيەتنى. ③ كۆچمە. ھەددىدىن ئارتۇق تەمىنلىمەك: ھەي ئالاھەدىن، مەن سېنى بايلىققا كۆمۈپ، ئۈزۈۋىگىمۇ، ئاناڭغىمۇ ياردەم قىلغۇم كېلىدۇ.

**كۆممقوناق** ئى [كۆممە + قوناق] <بوت> ① باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مۇھىم ئاشلىقلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن يەنە كىراخمال ئىشلىشىمۇ بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**كۆممقوناقلىق** ئى. كۆممقوناق تېرىلغان يەر، جاي.

**كۆمۈر** ئى <گېئول> ① قارا رەڭلىك قاتتىق مىنېرال. ئاساسلىق تەركىبى كاربون، ھىدروگېن، ئوكسىگېن ۋە ئازوت. ئادەتتە ئاساسەن يېقىلغۇ ۋە خىمىيە سانائىتىنىڭ خام ئەشياسى قىلىنىدۇ. ② كۆيۈپ قارايغان، لېكىن تېخى كۈلگە ئايلانمىغان ياغاچ قالدۇقى: ئوتۇن كۆمۈرى.

**كۆمۈرەڭگۈ** سۈپ. ياي، گۆمبەز شەكىلدىكى: كۆمۈرەڭگۈ ئۆي.

**كۆمۈرچەك** ئى <ئانات> ئادەم ياكى ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار تېنىدىكى بىر خىل بىرىكتۈرگۈچى توقۇلما.

**كۆمۈرچەكلىك** سۈپ. كۆمۈرچىكى بار: كۆمۈرچەكلىك بېلىق.

**كۆمۈرچى** ئى. كۆمۈر قېزىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى.

**كۆمۈرچىلىك** ئى. كۆمۈر قېزىش ۋە سېتىش ئىشى: كۆمۈرچىلىك كارخانىسى. كۆمۈرچىلىك سانائىتى. * ئاقسۇ ۋىلايىتىدە كۆمۈرچىلىك قايتا جانلاندى.

**كۆمۈرخانا** ئى. كۆمۈر قويىدىغان ۋە ساتىدىغان جاي، ئورۇن.

**كۆمۈرلەشمەك** پ <خىم> قەدىمكى ئۆسۈملۈكلەر چۆكۈندى ماددىلار ئىچىگە كۆمۈلۈپ، مۇئەييەن بېسىم ۋە تېمپېراتۇرا قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىدە پەيدىنپەي ئۆزگىرىپ، كۆمۈرگە ئايلانماق.

**كۆمۈرلۈك** ئى <گېئول> كۆلىمى كەڭ ۋە ئېچىشقا بولىدىغان كۆمۈر قاتلىمى تارالغان بەلباغ.

**كۆمۈرمەك** پ. دۈم قىلماق، كۆمتۈرمەك: چىنىنى كۆمۈرمەك.

**كۆمۈرۈشمەك** «كۆمۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۆمۈرۈلمەك** «كۆمۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆي كۆمۈرۈلۈپ چۈشتى.

**كۆمۈك** سۈپ. كۆمۈلگەن، كۆمۈپ قويۇلغان: نى ـ نى كىشىلەر كۆمۈك شۇ قەبرىلەردە، چىرىپ تۇپراق بولۇپ ياتقان شۇ يەردە.

**كۆمۈكلۈك** سۈپ. كۆمۈلگەن، كۆمۈپ قويۇلغان: ئۇيغۇر تېبابىتىمىزنىڭ مول بايلىقلىرى تېخى كۆمۈكلۈك ياتماقتا.

**كۆمۈلگۈچى** ئى. كۆمۈلگەن ئادەم: ئۆلگۈچى بىلەن ئۇنىڭ يېقىن خىزمەتچىلىرى، كېنىزەكلىرى بىرگە كۆمۈلەتتى. مۇنداق كۆمۈلگۈچىلەر كۆپ بولغاندا بىر نەچچە ئون ياكى 100 كىشىگە يېتەتتى.

**كۆمۈلمەك** ① «كۆممەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەربىي ھوقۇقدارنىڭ كىيىم ـ كېچەك، يۈز ـ كۆزلىرى توپا ـ چاڭغا كۆمۈلگەن پېتى ئىدى. ② «كۆممەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئەمىسە، مۇشۇ يەردە سامانغا كۆمۈلۈپ يېتىپ تۇر.

**كۆن** ئى. ئەيلەنگەن، پىششىقلانغان تېرە؛ يەرلىك چىگرىن.

**كۆنەك** ئى <زوئول> ھەرىلەرنىڭ ئۆزلىرى ياسىغان تۇرار جايى، ئۇۋىسى. ئادەتتە تور شەكلىدە بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئالتە ياقلىق تۆشۈكچىلەرنىڭ تۇتىششى ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ.

**كۆنەكسىمان** سۈپ. كۆنەككە ئوخشايدىغان، كۆنەك شەكلىدىكى: بۇ يېڭى ماتېرىيال نىكېل، مانگان، گاللىي ماغنىيىنىڭ كۆنەكسىمان

قېتىشمىسى بولۇپ، شىۋېتسارىيە ئېرىمچىكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

**كۆنەلگۇ** ئى. قېتىق ئۇيۇتۇش ئۈچۈن سۈتكە ئارىلاشتۇرۇلىدىغان خۇرۇچ؛ ئېچىتقۇ.

**كۆنەلگۇلۇك** ئى. كۆنەلگۇ قىلىپ ئىشلىتىلىدىغان قېتىق، كۆنەلگۇ.

**كۆنجەك** ئى. خالتا كۆڭلەك ياقىسىنىڭ پەسكە ساڭگىلاپ چۈشكەن قىسمى.

**كۆنچى** ئى ① كۆن ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۇستا. ② بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى بىر دەريانىڭ نامى.

**كۆنچەك** ئى [ر] <مەت> كىتاب بەتلىرىدىكى تېكىستنى ئاخىرلىشىپ ئاق قالغان جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ھەرخىل ئۇششاق رەسىملەر: ئۇ كېچە ـ كۈندۈز، شەنبە، يەكشەنبە دېمەي ئىشلەيتتى. مۇقاۋا، قىستۇرما رەسىم. كۆنچەك، خەرىتە دېگەندەك كىتابقا ئىشلىنىدىغانلىكى رەسىملەر بولسا سىزاتتى.

**كۆنچىلىك** ئى. كۆن ئىشلەش ئىشى، كەسپى: كۆنچىلىك قىلماق.

**كۆندۈ** ئى. دىيال. ئېدىر ئارىلىقىدىكى يامغۇر سۈيى ئاقىدىغان چوڭ جىلغا.

**كۆندۈرمەك** «كۆنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ تۆتەيلەن بىر كۈن كەچكىچە ئات كۆندۈردى.

**كۆندۈرۈشمەك** «كۆندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار شەۋكەتنى قوغۇشۇن ئېرىتىش ئۆيىدە يەنە بىر مەزگىل ئىشلەشكە كۆندۈرۈشتى.

**كۆندۈرۈلمەك** «كۆندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاخىرى ئات كۆندۈرۈلدى.

**كۆندۈك** ئى. دىيال. سېغىزدىن ياسالغان ساندۇق: كىچىك چاغلىرىمدا مەھەللىمىزدە كىشىلەر بۇغداي ۋە باشقا ئاشلىقلارنى ساقلاش ئۈچۈن سېغىزلاي، قوي، تۆگە يۈڭى، شېغىل قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ چاسا ئىدىش ياسايتتى. بۇ يەرلىك تىلدا «كۆندۈك» دەپ ئاتىلاتتى.

**كۆندىلەڭ** سۈپ. توغرىسىغا قويۇلغان، توغرىسىغا قىلىنغان: كۆندىلەڭ قىلماق. * بىرقانچە ئاتلىقلار مىلتىقلىرىنى ئېگەرنىڭ قېشىغا كۆندىلەڭ قويۇپ قاراپ تۇراتتى.

**كۆنمەك** پ ① رازى بولماق، ئۇنىماق: ئۇ ئاخىر قولۇمقوشنىلارنىڭ مەسلىھەتىگە كۆندى. ② قانائەت قىلماق، شۈكۈر قىلماق: بارىغا كۆنمەك. ③ ئۆگىنىپ قالماق، ئادەتلەنمەك: شۇنداق قىلىپ، بالا ئادەمزات ئىچىگە كۆنۈپ، تەختۇش باللار بىلەن ئوينايدىغان بوپتۇ.

**كۆنۈشمەك** «كۆنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىچارىلەر يايلارنىڭ بۇ پەرمانىغا نائىلاج كۆنۈشتى.

**كۆنۈك** سۈپ. كۆنگەن، كۆندۈرۈلگەن: بىز بۇنداق ئىشلارغا كۆنۈك. * مەن بۇنىڭغا خېلى كۆنۈك.

**كۆنۈكتۈرمەك** «كۆنۈكمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كۆنۈكمە** ئى <مائار> دەرسلىكتىكى ئۆتۈلگەن دەرسنى پىششىقلاش مەقسىتىدە ھەربىر دەرس ئاخىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەشىق تېمىلىرى؛ تاپشۇرۇق.

**كۆنۈكمەك** پ. كۆنمەك: رىزۋانگۈل جەڭ مەيدانىدىكى مۇشەققەتلەرگە چاپسان كۆنۈكۈپ، ئۇ يەردىكى كىشىلەر بىلەن بىر تۇغقاندەك بولۇپ كەتتى.

**كۆنۈكۈشمەك** «كۆنۈكمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۆۋە** ئى. دىيال. كۆرپە.

**كۆۋەجىمەك** پ. كۆپۈك چىقارماق، بۇژغۇن ھالەتكە كەلمەك، كۆپۈكلەشمەك: ئۇ باھار سۈيى كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان ئېرىقنى بويلاپ مېڭىپ، قۇمئېرىق ئەترىتى تەۋەسىگە ئۆتتى.

**كۆۋرۈك** ئى ① <بىن> ئېرىق، ئۆستەڭ، دەريا ۋە جىرا قاتارلىقلاردىن قاتناش قوراللىرى ۋە ئادەملەرنىڭ ئۆتۈشى ئۈچۈن ياسالغان قۇرۇلما. ② كۆچمە. تۇتاشتۇرۇش، ئۆتۈشتۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان ئادەم ياكى شەيئى، باغلاپ تۇرغان نەرسە؛ ئالاقە، باغلىنىش؛ ۋاستە.

**كۆۋرۈكچە** ئى. كىچىك كۆۋرۈك: كۆۋرۈكچە مېڭە.

**كۆۋرۈكلۈك** سۈپ ① كۆۋرۈك سېلىشقا يېتىدىغان، يارايدىغان: بىر كۆۋرۈكلۈك ياغاچ ـ تاش تەييارلاپ قويۇلغانىدى. ② كۆچمە. ۋاستىلىك: كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىماق.

**كۆۋرىمەك** پ. دىيال. ئۆز ـ ئۆزىدىن ئېچىپ كۆپمەك، ئۆرلىمەك.

**كۆۋلىگۈچ** ئى. دىيال. ئات، ئېشەك، قېچىر قاتارلىقلار ئېغىنايدىغان يەر.

**كۆيە** ئى. دىيال. ياغاچ كۆمۈر، ياغاچ كۆيۈندىسى.

**كۆيدۈرگە** ئى ① <تېب> ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل. ئات، كالا، قويغا ئوخشاش ئۆي ھايۋانلىرى ۋە ئادەملەرگە يۇقىدۇ. ② كۆچمە. باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش، باشقىلارنىڭ ئەجرى، ئەمگىكى ياكى خىزمىتى قاتارلىقلارنى كۆيدۈرۈش، يوققا چىقىرىش قىلمىشلىرىغا ئادەتلەنگەن كىشى.

**كۆيدۈرگۈچى** ① سۈپ <خىم> كۆيدۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان، كۆيدۈرىدىغان. ② ئى. 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ماددىلارنىڭ كۆيۈشى توغرىسىدىكى خاتا تەلىمات.

**كۆيدۈرگۈلۈك** باشقىلارغا زىيان سالىدىغان قەبىھ ئىش ـ ھەرىكەت: كۆيدۈرگۈلۈك قىلغان بولسام مۇبادا، كەچۈرمەستىن ئۇرغىن ئانا ئاغزىمغا.

**كۆيدۈرمەك** پ. «كۆيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياغاچ كۆيدۈرمەك. قەغەز كۆيدۈرمەك. * كۆيدۈرسىمۇ كۈن ياخشى (ماقال).

**كۆيدۈرۈشمەك** «كۆيدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىر كېچىدىلا ئورمانلىقنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈشتى.

**كۆيدۈرۈلمەك** «كۆيدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پۈتۈن كىتاب، قول يازمىلىرى كۆرگەزمە قىلىنىپ كېيىن كۆيدۈرۈلدى.

**كۆيمەك** پ ① ئوت ئالماق، يانماق: گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن (ماقال). * ئوتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيەر (ماقال). ② ھەددىدىن زىيادە ئىسسىپ كەتمەك: پاھ، ئەجەب بىر كۈن بولدىغۇ، ئادەم كۆيۈپ كەتتىغۇ! ③ قاتتىق قىزىپ ئىشتىن چىقماق، ئېرىپ كەتمەك (ئېلېكتىر سايمانلىرى ھەققىدە): لامپۇچكا كۆيۈپ كەتتى. ④ كۆچمە. ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرمەك: كۆيگەن جۇۋانغا ئات ـ تېزىكى ئاي كۆرۈنەر (ماقال). ⑤ كۆچمە. غەمخورلۇق قىلماق، كۆيۈنمەك: مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا (ماقال). ⑥ كۆچمە. زىيانكەشلىككە ئۇچرىماق: مەن مۇشۇ ئىشتا ناھەق كۆيۈپ كەتتىم. ⑦ كۆچمە. زايە كەتمەك، زىيان بولماق: ئەرزىمەس بىر ئىش ئۈچۈن ئون كوي كۆيۈپ كەتتى.

**كۆيۈپ ـ پىشىپ** ① غېمىنى يەپ: ئۇ پۇقرا ئۈچۈن كۆيۈپ ـ پىشىپ ئىشلەۋاتسا، بىز ئۇنى ئازراق ئويلاپ قويمىساق بولامدۇ؟ ② ئىنتايىن

ياخشى كۆرۈپ، بارلىقىنى بېغىشلاپ: ئۇ سىزنىڭ دەردىڭىزدە كۆيۈپ ـ پىشىپ يۈرگىلى نەۋاخ؟

**كۆيۈش** ئى <خىم> ماددىنىڭ تېز ئوكسىدلىنىپ يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق تارقىتىشى. كۆيۈشچان ماددىلارنىڭ ھاۋادىكى ئوكسىگېن بىلەن تېز بىرىكىشى كۆپ ئۇچرايدىغان كۆيۈش ھادىسىسىدۇر: كۆيۈش نۇقتىسى.

**كۆيۈشچان** سۈپ. ھاۋادىكى ئوكسىگېن بىلەن تېز بىرىكىدىغان، تېز ئوكسىدلىنىدىغان، تېز كۆيىدىغان، كۆيۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە: كۆيۈشچان ماددا.

**كۆيۈشچانلىق** ئى <خىم> كۆيۈشچان ماددىلارنىڭ ھاۋادىكى ئوكسىگېن بىلەن تېز بىرىكىش خۇسۇسىيىتى.

**كۆيۈشمەك** «كۆيمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: رېشىت بىلەن بەختىگۈل خېلىدىن بۇيان بىر ـ بىرىگە كۆيۈشۈپ يۈرۈشەتتى.

**كۆيۈك** ① سۈپ. كۆيگەن، بىرەر يېرى كۆيۈپ كەتكەن ياكى ئوتتا پۇچىلانغان: ئۇلار باينىڭ زۇلمى بىلەن تاتىرىپ، كۆيۈك نان تاپسا غاجىشىپ، بىرگە مۆڭدىشىپ قوشۇلۇشقانىلار. ② ئى. كۆيگەن نەرسىلەرنىڭ قالدۇقى: ئوتۇننىڭ كۆيۈكى. ناننىڭ كۆيۈكى. ③ ئى <تىب> ئوت، كۈچلۈك كىسلاتا، كۈچلۈك ئاساس، ئېكس نۇرى ۋە ئاتوم ئېنېرگىيە نۇرى قاتارلىقلارنىڭ بەدەن بىلەن ئۇچرىشىپ، توقۇلمىلارنى بۇزۇۋېتىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان جاراھەت، يارا. ④ سۈپ. كۆيدۈرىدىغان، قىزىق، تەپتى كۈچلۈك: كۆيۈك ئاپتاپ. ⑤ ئى. كۆچمە. بىرەر كىشى ياكى ۋەتەنگە بولغان كۈچلۈك ئىشقى ـ پىراق، ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرۈش، مەھلىيا بولۇش؛ مۇھەببەت، مەپتۇنلۇق: كۆيۈك ئوتى.

**كۆيۈكلۈك** سۈپ. كۆيگەن، كۆيۈۋاتقان: كۆيۈكلۈك ئوتۇن.

**كۆيۈكۆش** ئى. دىيال. ئىچ ـ ئىچىدىن كۆيۈنۈپ يىغلاش.

**كۆيۈم** ئى. كۆيۈنۈش، مېھىر ـ مۇھەببەت: كۆيۈمى يوق تۇغقاندىن يات ياخشى، ئىسسىقى يوق كاڭدىن كات ياخشى (ماقال).

**كۆيۈمچان** سۈپ. كۆيۈمى بار، كۆيۈنىدىغان، كۆيىدىغان: كۆيۈمچان بالا. كۆيۈمچان ئانا. كۆيۈمچان ئۇستاز.

**كۆيۈمچانلىق** ئى. كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق.

**كۆيۈمسىز** سۈپ. كۆيۈمى يوق، كۆيۈنمەيدىغان: ــ سەن كۆيۈمسىز ئېشەك، يوقال كۆزۈمدىن، ــ ۋارقىرىدى بوۋاي ئەركىنگە ئاچچىقلىنىپ.

**كۆيۈمسىزلىك** ئى. كۆيۈمى، مۇھەببىتى يوقلۇق، مېھرىبانسىزلىق.

**كۆيۈملۈك** سۈپ. كۆيۈمى بار، كۆيۈنىدىغان، كۆيۈمچان: كۆيۈملۈك ئادەم.

**كۆيۈندى** ئى. چالا كۆيگەن نەرسە: پىژىلداپ چىقىۋاتقان كۆيۈندى ئىسى ئەتراپقا تارقىلىشقا باشلىدى.

**كۆيۈنمەك** پ. كۆڭۈل بۆلمەك، غەمخورلۇق قىلماق، جان كۆيدۈرمەك: ئۇ ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كېسىلىنى كۆيۈنۈپ داۋالاپ، شۇ يەردىكى خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى.

**كۆيۈنۈشمەك** «كۆيۈنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۈپ** ئى. سۇيۇقلۇق قاچىلىنىدىغان چوڭ ساپال ئىدىش: كۈپكە سۇ توشتۇرماق.

**كۈپسەن** ئى. چوڭ، يوغان كۈپ.

**كۈتكۈچى** ئى. توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ ۋە مېھمانخانىلاردا مەخسۇس مېھمان كۈتىدىغان كىشى: چاي قۇيۇۋاتقان كۈتكۈچى ئۇنى دەرھال يۆلىۋالمىغان بولسا، ئۇ يىقىلىپ چۈشكەن بولاتتى. // ياتاققا قولىغا قېلىن بىر دەپتەرنى تۇتۇۋالغان كۈتكۈچى خادىم كىرىپ كەلدى.

**كۈتكۈچىلىك** ئى. مېھمان كۈتۈش ئىشى: بۇ كىشىنىڭ بايا بىزگە ئېيتىشىچە، دىلبەرنى شۇ مېھمانخانىنىڭ كۈتكۈچىلىكىگە قوبۇل قىلماقچىكەن.

**كۈتكۈزمەك** «كۈتمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ــ ئادەمنى شۇنچىمۇ كۈتكۈزەمسىز؟ شۇ تاپتا نەدىن كېلىۋاتىسىز؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ.

**كۈتلەك** ئى. دىيال. بىر ئېغىزلىق ئۆي: ئۇنىڭ بىر نەچچە يەردە قىشلاقلىرى بار. شۇ قىشلاقلارنىڭ بىرىدە تېزەك تاشلار بىلەن قوپۇرۇلغان كۈتلەكتەك ئۆيلەردە بۇ يىل قىشنى ئۆتكۈزمەكچى بولدى.

**كۈتمەك** پ ① كۆزدە تۇتقان نەرسىسى، يېقىنى، مېھمىنى ياكى ئەزىز كىشىسىنىڭ پەيدا بولۇشىنى، كېلىشىنى ساقلىماق؛ يولىغا قارىماق: بىر سائەتكە يېقىن كۈتكەن بولساممۇ، باش كاتىپ قايتىپ چىقمىدى. ② ئاتا ـ ئانا ياكى بىرەر بىمار، مېھماننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماق؛ باقماق: تۆمۈر خەلپە بۇ مېھمانلارنى ئوبدان كۈتۈشنى شاكىرىغا تاپشۇردى. ③ بىرەر ئىشنىڭ بولۇشىنى، ئەمەلگە ئېشىشىنى ئارزۇ قىلماق: مەن پەقەت قىزنىڭ گەپنى ئازراق قىلىپ، قانداق بولمىسۇن چاچىنى تېزرەك ئېلىپ بولۇشىنى كۈتەتتىم. ④ ئالدىغا چىقماق، قارشى ئالماق: ئىدارە باشلىقلىرى مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئايرودرومغا چىقتى.

**كۈتۈشمەك** «كۈتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: پۇقرالار بوراننىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى كۈتۈشۈپتۇ.

**كۈتۈك** ئى. دىيال. مالنى مال تۇپىغا قوشۇش ئۈچۈن ئالدىن تۆلىنىدىغان بېقىش ھەققى.

**كۈتۈلمەك** «كۈتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مېھمانلار ئالاھىدە نېمەتلەر بىلەن كۈتۈلدى.

**كۈتۈلمىگەن** سۈپ. ئارزۇ قىلمىغان؛ ئۈشتۇمتۇت، تاساددىپىي، ئويلىمىغان: كۈتۈلمىگەن ئامەت. كۈتۈلمىگەن ئىش.

**كۈتۈلمىگەندە** رەۋ. ئۈشتۇمتۇتلا، تاساددىپىيلا، ئويلىمىغاندا: كۈتۈلمىگەندە ئۆيگە ۋاھاپ كىرىپ كەلدى.

**كۈتۈم** ئى. كۈتۈش: كۈتۈمى ياخشى.

**كۈتۈمسىز** سۈپ. ياخشى كۈتۈلمىگەن، بېقىلمىغان: بۇ بوۋاي قېرىغاندا كۈتۈمسىز قالدى.

**كۈتۈنمەك** «كۈتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: دوختۇر ئۇنىڭغا: ــ قۇۋۋەتلىك تائاملار بىلەن ياخشى كۈتۈنۈڭ، ــ دەپ مەسلىھەت بەردى.

**كۈتۈنۈشمەك** «كۈتۈنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۈجە** ئى. ياغاچ كېپىكىگە خۇش پۇراق ماددىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان چوكا شەكىللىك بۇيۇم. كۆيدۈرگەندە ئەتراپقا بىر خىل خۇش پۇراق تارقايدۇ.

**كۈجدان** ئى. كۈجە قادايدىغان نەرسە.

**كۈچ** ئى ① ئادەم ۋە ھايۋانلار ئۆز مۇسكۇللىرىنى ئىشلىتىپ ھاسىل قىلغان جىسمانىي ئېنېرگىيە، قۇۋۋەت: كۈچتىن

قالماق. بىلىكىنىڭ كۈچى يوق. ② مېھنەت قىلىش، يارىتىش، بارلىققا كەلتۈرۈش قابىلىيىتى، ئەمگەك: ئادەم كۈچى. ماددىي كۈچ. كۈچىنى ساتماق. ③ مەنىۋى، ئەقلىي ۋە روھىي قۇۋۋەت: ئەقلىي كۈچ. * ئاجايىپ كۈچ سەرپ قىلغاندىلا، ئاندىن ئاجايىپ ئەسەر بارلىققا كېلىدۇ. ④ <فىز> جىسىمنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنى ئۆزگەرتىدىغان تەسىر (ئۇنىڭ چوڭ-كىچىكلىك، يۆنىلىش ۋە تەسىر نۇقتىسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلى بولىدۇ): مەركەزدىن قاچما كۈچ. تارتىش كۈچى. ⑤ ئېنېرگىيە، قۇۋۋەت: شامال كۈچى. توك كۈچى. سۇ كۈچى. ⑥ تەسىر قىلىش دەرىجىسى؛ رول، ئۈنۈم، تەسىر: دورىنىڭ كۈچى. پۇلنىڭ كۈچى. ⑦ بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋېلىش ئىمكانىيىتى، شەرت - شارائىت، قۇدرەت، قۇرب: ئۇنىڭ ئۆي سېتىۋېلىشقا كۈچى يېتەتتى. ⑧ بىرەر ساھەدە، ئومۇمەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرەر تارمىقىدا ئىشلىگۈچى كىشىلەر: ئەمگەك كۈچى. ئىلغار كۈچ. يوشۇرۇن كۈچ. ⑨ ھەربىي قوشۇنلار؛ قوشۇن: قوراللىق كۈچ. ⑩ جەمئىيەتنىڭ بىرەر بەلگە، خۇسۇسىيەت، دۇنيا قاراش ۋە شۇ قاتارلىقلار بىلەن پەرقلەنگۈچى قىسمى: ئىنقىلابىي كۈچ. ⑪ قارار، قانۇن ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ قوللىنىلىش ئۈنۈمى، ئىجراسى: قانۇن كۈچكە ئىگە بولدى. * ھۆكۈم كۈچىدىن قالدى.

**كۈچەشمەك** «كۈچىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ ئىشقا ئۈنچىلىك كۈچىشىپ كەتمىسەڭلەرمۇ بولىدۇ.

**كۈچەنمەك** «كۈچىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇ ئانچە كۈچەنمەستىنلا قورام تاشلارنى كۆتۈرەتتى.

**كۈچەيتكۈچ** ئى <فىز> كىرگەن سىگنالنىڭ ئېلېكتىر بېسىمى ياكى قۇۋۋىتىنى كۈچەيتكۈچى رادىيو قۇرۇلمىسى.

**كۈچەيتمە** سۈپ. كۈچەيتىلگەن، كۈچەيتىلىدىغان ياكى كۈچەيگەن: كۈچەيتمە سىنىپ.

**كۈچەيتمەك** «كۈچەيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يار - بۇرادەرلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈپ، يۈرىكىدىكى سېغىنىش ئوتىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

**كۈچەيتىلمەك** «كۈچەيتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كان رەھبەرلىكى كۈچەيتىلىپ، ئىشچىلارنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرى ئوبدان ئىشلەندى.

**كۈچەيمەك** پ. تەسىر دائىرىسى كېڭەيمەك، كۈچلۈك بولماق، ئەۋج ئالماق، زورايماق: بوران كۈچەيدى. * يامغۇر بارغانچە كۈچىيىپ كەتتى. * قىزنىڭ يىغىسى كۈچەيدى.

**كۈچتۈڭگۈر** سۈپ. جىسمانىي كۈچى ئارتۇق، قاۋۇل، ناھايىتى كۈچلۈك: ھوشۇر ئاكا دوغىلاق كەلگەن كۈچتۈڭگۈر ئادەم ئىدى.

**كۈچتۈڭگۈرلۈك** ئى. كۈچلۈك ھالەت، كۈچلۈكلۈك: ئالقىش ۋەزىر خوجا بەختىنىڭ بۇ كۈچتۈڭگۈرلۈكىگە ھەيران قاپتۇ.

**كۈچسىز** سۈپ ① جىسمانىي كۈچ- قۇۋۋىتى باشقىلارغا نىسبەتەن ئاز؛ زەئىپ، ماغدۇرى كەم: كۈچسىز ئادەم. * ئانا كۈچسىز پۇتلىرىنى ئاران يۆتكەپ كېتىۋاتاتتى. ② ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئوزۇقلۇق ۋە سۇ قاتارلىق ماددىلار كەم بولغان؛ ئۈنۈمسىز: كۈچسىز يەر. كۈچسىز تۇپراق.

**كۈچسىزلەندۈرمەك** «كۈچسىزلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كۈچسىزلەندۈرۈلمەك** «كۈچسىزلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كۈچسىزلەنمەك** پ. كۈچسىز ھالەتكە كەلمەك، كۈچ - قۇۋۋىتى ئادەتتىكىدىن ئازايماق، ئاجىزلاشماق: ئۇ ئاغرىق ئازابىدىن كۈندىن - كۈنگە ھالىدىن كېتىپ كۈچسىزلەندى.

**كۈچسىزلىك** ئى. كۈچسىز ھالەت: ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچسىزلىكىدىن ئېچىناتتى.

**كۈچ - غەيرەت** كۈچ ۋە غەيرەت، كۈچ - قۇدرەت، كۈچ - قۇۋۋەت: ياشلار قېرىلارغا قارىغاندا كۈچ - غەيرەتكە تولغان بولىدۇ.

**كۈچ - قۇدرەت** كۈچ ۋە قۇدرەت: مەن پۈتۈن كۈچ - قۇدرىتىمنى سەرپ قىلىپ ئون يىل ئىشلىدىم.

**كۈچ - قۇۋۋەت** كۈچ ۋە قۇۋۋەت: — كۈچ - قۇۋۋىتىمىز بار چاغدا بىزمۇ ناخشا ئېيتقان، ئۇ چاغلاردا نەۋقىران يىگىت ئىدۇق، — دېدى باقى تونۇردىكى ئوتنى كوچىلاپ.

**كۈچلەندۈرمەك** «كۈچلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەركىن دوختۇر كەلگۈچە چىقىۋاتقان قاننى توختىتىپ، يۈرىكىنى كۈچلەندۈرىدىغان ئوكۇل سېلىپ تۇرغانىدى.

**كۈچلەندۈرۈلمەك** «كۈچلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىر قىسىم ئاجىز يەرلەر ئوغۇت بىلەن كۈچلەندۈرۈلدى.

**كۈچلەنمەك** پ. كۈچ - قۇۋۋىتى ئاشماق، كۈچلۈك ھالەتكە كەلمەك، كۈچكە تولماق، كۈچەيمەك: ئۇ بارا - بارا كۈچلىنىپ، بىر قانچە ۋىلايەت، ناھىيەلەرگە ھۆكۈمران بولۇپ قالدى.

**كۈچلۈك** سۈپ ① جىسمانىي كۈچ - قۇۋۋىتى باشقىلارغا نىسبەتەن ئارتۇق؛ كۈچى كۆپ، زور: كۈچلۈك ئادەم. پىل كۈچلۈك ھايۋان. ② ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە باشقا جەھەتلەردە ئۈستۈن، قۇدرەتلىك: كۈچلۈك دۆلەت. كۈچلۈك ئارمىيە. ③ تەسىر قىلىش كۈچى يۇقىرى، تېز تەسىر قىلىدىغان، ئوزۇقلۇق ئۈنۈمى يۇقىرى: كۈچلۈك تاماق. كۈچلۈك دورا. ④ چىقىش، پەيدا بولۇش دەرىجىسى يۇقىرى، قاتتىق، شىددەتلىك: كۈچلۈك شامال. كۈچلۈك بوران. كۈچلۈك دولقۇن. كۈچلۈك ئاۋاز. ⑤ تەركىبىدە ئوغۇت مىقدارى كۆپ، كۆپ ھوسۇل بېرىدىغان، ھوسۇللۇق: كۈچلۈك يەر. ⑥ مۇستەھكەم، قاتتىق: مەھبۇسلار كۈچلۈك نازارەت ئاستىغا ئېلىنغانىدى. ⑦ قويۇق، چوڭقۇر: ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتى كۈچلۈك. * لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرى كۈچلۈك دەۋر روھىغا ئىگە. ⑧ ئۇرغۇپ تۇرىدىغان: كۈچلۈك ئىلھام. * ئۇ شېئىرلىرىدا كۈچلۈك ھېسسىياتى بىلەن ۋەتىنىنىڭ تاغ - دەريالىرىنى مەدھىيىلىگەن. ⑨ نۇرغۇن، كۆپ؛ زور، قاتتىق: ھەممە نەرسە كۈچلۈك غەزەپكە كەلگەندەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. ⑩ كەڭ كۆلەملىك، داغدۇغىلىق: ۋىلايەت بويىچە كۆكەرتىش توغرىسىدا تۈرلۈك شەكىللەردە كۈچلۈك تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلدى.

**كۈچلۈكلەشتۈرمەك** «كۈچلۈكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كۈچلۈكلەشتۈرۈشمەك** «كۈچلۈكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۈچلۈكلەشتۈرۈلمەك** «كۈچلۈكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كۈچلۈكلەشمەك** پ. كۈچلۈك ھالەتكە كەلمەك، كۈچلۈك

بولماق، كۆچەيمەك: چىداش ۋە تىزگىنلىنىش جەريانىدا تىزگىنلىنىش بارلىق ھەۋەسلەر ئىچىدە ئەڭ قاتتىق بولغاچقا، بۇ تەلپۈنۈش تېخىمۇ يۇكسەكلىشىپ پارتلاش دەرىجىسىگە يەتكەن.

**كۆچلۈكلەنمەك** پ. كۆچلۈكلەشمەك.

**كۆچلۈكلۈك** ئى. كۆچلۈك ھالەت: بەزىلەر ئۇنىڭ بەستىگە قاراپ ئۇنىڭ باتۇرلۇقىنى، كۆچلۈكلۈكىنى ماختىشاتتى.

**كۆچلىنىشمەك** «كۆچلەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۆچ ـ مادار** كۆچ ۋە مادار: قېنى، ئۇنىڭ قولىدىكى ھاسىسىنى ھاۋادا كۆچ بىلەن پىرقىرىتىۋاتقان كۆچ ـ مادارى؟

**كۆچۈك** ئى [پ] ئىت، بۆرە، تۈلكە، چوشقا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ بالىسى: ئىتنىڭ كۆچۈكى. بۆرە كۆچۈكى.

**كۆچۈكلەنمەك** پ ① ئەركىلىمەك (ئىت ھەققىدە): يوغان قارا ئىت ئەركىنىنى كۆرۈپلا قۇيرۇقلىرىنى شىپپاڭشىتىپ كۆچۈكلەندى. ② كۆچمە. خۇشامەت قىلماق: خەققە نېمانچە كۆچۈكلىنىپ كېتىدىسەن ئەخمەق! ئۇنىڭ بۇ يەرگە ئەتەي كېلىشى بىكار ئەمەس.

**كۆچۈكلىمەك** پ. تۇغماق (ئىت، بۆرە، تۈلكە، چوشقا قاتارلىق ھايۋانلار ھەققىدە): سۇغۇر ھەر يىلى 6 ـ ئايدا ئىككىدىن ئالتىگىچە كۆچۈكلەيدۇ.

**كۆچمەك** پ ① كۆچىنىڭ بارىنى سەرپ قىلماق، چىقارماق: ئاتلار تۇمشۇقىنى تىرىگەن ھالدا، ھارۋىنى كۆچەپ تارتىپ داۋاندىن ئاشتى. ② ئەردىمەك: ئۇنداق چىدىمىغان كىشى باشتا تولا كۆچەپ كەتمىسە بولمامدۇ؟

**كۆچىنىش** ① «كۆچەنمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ② ئى <فىز> جىسىملارنىڭ سىرتقى تەسىرگە قارىتا قارشىلىق قىلىش ئىقتىدارى، سىجىللىقى. ③ ئى <فىز> تەسىر كۆچىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە ئاۋاز، نۇر، ئېلېكتىر ھەم ماگنىت قاتارلىقلارنىڭ كۆچلۈك ـ ئاجىزلىقى. ④ ئى <فىز> جىسىم سىرتقى كۆچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندا، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھاسىل بولىدىغان قارشىلىق كۆچ. ماشىنىسازلىق ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇش لايىھەلىرىدە ئادەتتە بىرلىك كۆچىنىش، يەنى ماتېرىيال كەسمە يۈزىنىڭ ھەربىر مەيدانىدا ھاسىل بولىدىغان كۆچىنىش كۆپ خىللىنىلىدۇ.

**كۆچىنىشلىك** سۈپ. كۆچىنىشكە ئىگە، كۆچىنەلەيدىغان: ئەڭ تۆۋەن كۆچىنىشلىك توك بولغاندىلا، ئېلېكتىر لامپۇچكىسىدىكى ئاق ئالتۇن سىم يورۇقلۇق چىقىرالايدۇ.

**كۆدە** ئى <بوت> گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئىنچىكە، ئۇزۇن ھەم ياپىلاق، گۈلى ئاق. ئادەتتىكى كۆكتاتلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**كۆدە ـ كۆرپە** نەرسە ـ كېرەك: ـــ سەن ئەتە ئەتىگەندىلا كۆدە ـ كۆرپەڭنى ئېلىپ ئۆيگە قايت، ـــ دېدى ئەركىن.

**كۆدىلىك** ئى. كۆدە تېرىلغان جاي، ئېتىز.

**كۆرە** I ① ئى. ئاشلىق ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب. ياغاچ ياكى قومۇشتىن سېۋەت شەكلىدە ياسىلىدۇ. ② مىق. ئون شىڭغا تەڭ ھەجىم ئۆلچەم بىرلىكى: بەش كۆرە ئاشلىق. 100 كۆرە بۇغداي.

**كۆرە** II ئى ① ھويلا، قورۇ. ② قورغاس ۋە دۆربىلجىن ناھىيەلىرىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**كۆرەش** ئى ① زىددىيەتنىڭ قارىمۇقارشى تەرەپلىرى ياكى زىددىيەتلىك ئىككى تەرەپ، شۇنىڭدەك قارىمۇقارشى ئىجتىمائىي گۇرۇھلار، قارىمۇقارشى ئېقىملار، دۇنيا قاراشلار ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقنى، ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ئۆز ئارا توقۇنۇشى، ئېلىشىشى: زىددىيەت تەرەپلىرىنىڭ كۆرىشى. سىنىپىي كۆرەش. ② دۈشمەنلەشكەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى قوراللىق توقۇنۇش؛ جەڭ: قوراللىق كۆرەش ئېلىپ بارماق. ③ داۋلى سۆزلەش، پاش قىلىش، ئەيىبلەش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق دۈشمەن ئۇنسۇر ياكى بۇزۇق ئۇنسۇرلارغا زەربە بېرىش مەزمۇن قىلىنغان ئاممىۋى ھەرىكەت: كۆرەش قىلىش يىغىنى ئاچماق. ④ بىرەر نەرسىگە ئېرىشىش، بىرەر مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قارىتىلغان پائالىيەت، ھەرىكەت: دېھقانلار بېيىش يولىدا جاپالىق كۆرەش قىلماقتا.

**كۆرەشچان** سۈپ. كۆرەش قىلىش روھىغا ئىگە، كۆرەش قىلىشقا ماھىر: كۆرەشچان ئەۋلاد. كۆرەشچان خەلق. كۆرەشچان يىللار.

**كۆرەشچانلىق** ئى. كۆرەش قىلىش روھى، ئىرادىسى ياكى قابىلىيىتى: ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ كۆرەشچانلىقى ۋە ئىناق ـ ئىتتىپاقلىقى بىلەن تارىختا بىرقانچە سۇلالىلەرنى ياراتقان خەلق.

**كۆرەشچى** ① ئى. ئۆز مەقسىتى، غايىسى يولىدا ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىدىغان، ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلغۇچى كۈچلەرنى يېڭىش ئۈچۈن ئېلىشىشقا، ھەتتا دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان شەخس. ② سۈپ. ئۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس لايىھەلەنگەن ياكى ئىشلىتىلىدىغان؛ جەڭ، كۆرەش قىلىدىغان: كۆرەشچى ئايروپىلان.

**كۆرەشسىز** رەۋ. كۆرەش قىلماي، كۆرەش قىلماي تۇرۇپ: ئارزۇ قىلغان پارلاق كېلەچەككە كۆرەشسىز يەتكىلى بولمايدۇ.

**كۆرەشمەك** پ. مەلۇم بىر نىشانغا، مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماق، كۆرەش قىلماق: بەخت ئۈچۈن كۆرەشمەك.

**كۆرەك** I ئى. بۇغداي سورۇش ۋە قار تازىلاش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئۇزۇن ساپلىق ياغاچ گۈرجەك.

**كۆرەك** II ئى. تۆت ياشلىق ۋە ئۇنىڭدىن ئاشقان تۆگىلەرنىڭ ئېزىق چىشى.

**كۆرەڭ** سۈپ. پور رەڭ، قوڭۇر: ئەترەت باشلىقى ئاتتىن چۈشۈپ كۆرەڭ قاشقىنى ھارۋىنىڭ شوتىسىغا باغلىدى.

**كۆرەلمەك** «كۆرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قارلار كۆرىلىپ قورۇ پاك ـ پاكىز تازىلانغانىدى.

**كۆرپە** ئى. ياۋا چوشقىنىڭ ياتىدىغان جايى.

**كۆرچۈك** ئى [ر] ئېتىش قوراللىرىنىڭ ئوق ئۇزۇشتە قول بىلەن باسىدىغان قىسمى، تەپكە: ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى، بارماقلىرى پىلموت كۆرچۈكىنى قاتتىق قىستى.

**كۆرسۈك** ئى ① قانجۇقنىڭ جۈپلىشىشنى تەلەپ قىلىدىغان مەزگىلدىكى ھالىتى: كۆرسۈككە كىرمەك. // كۆرسۈك ئىت. ② كۆچمە. تىل ھا. بۇزۇق ئاياللارنى تىللاش، ھاقارەتلەشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**كۆرسۈمەك** پ. كۆرسۈك بولماق، كۆرسۈككە كىرمەك.

**كۆركە** ئى <زوئول> قىرغاۋۇللار ئائىلىسىگە تەۋە توخۇسىمان چوڭ ئۆي قۇشى.

**كۆركۆم** ئى [ر<لات] <بوت> زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تۈگۈنەك يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ. قاننى جانلاندۇرۇش، تىت ـ تىتىلىقنى داۋالاش، ھەيزنى تەڭشەش رولى بار.

**كۆرمەك** ئى <بوت> ① باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. دېنىدىن هاراق ئېچىتىش ۋە يەم ـ خەشەك ئىشلەشتە پايدىلانغىلى بولىدۇ. ئۇ يەنە بەزىدە بىر خىل زىرائەت ئورنىدا ئۆستۈرۈلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ دېنى.

**كۆرمىڭ** سۈپ. ناھايىتى جىق، نۇرغۇن؛ سانسىز: ئادەم دەمسەن؟ ئۇ يەردە ئادەم دېگەن كۆرمىڭ.

**كۆرۈك** I ئى. مېكىياننىڭ تۇخۇم تۇغۇشتىن توختاپ چۈجە چىقىرىدىغان مەزگىلدىكى ھالىتى. بۇ ۋاقىتتا مېكىيان تۇكلىرىنى ھۇرپەيتىپ «كۆرۈك ـ كۆرۈك» دەپ يۈرىدۇ.

**كۆرۈك** II ئى <بوت> چاتقال ئائىلىسىدىكى يۇلغۇنغا ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك.

**كۆرۈكى تۇتماق** ئادەتلەنگەن نەرسىنى ياكى ئىشنى سېغىنماق؛ خۇيلانماق: بىلمىدىم، نېمىشقىكىن، بىردەمدە كۆرۈكى تۇتۇپ قالدى.

**كۆرۈكى يېشىلمەك** خۇيى يانماق، ئاچچىقى قايتماق: ئىككى قەدىناسنىڭ ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ كۆڭلى ـ كۆكسىدىكى گەپلەرنى سۆزلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ مېنىڭمۇ كۆرۈكۈم يېشىلىپ قالدى.

**كۆرىلەتمەك** «كۆرىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كۆرىلەشمەك** «كۆرىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۆرىلەنمەك** «كۆرىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كۆرىلىمەك** پ. كۆرە بىلەن ئۆلچىمەك: ئۇ بۇغداينى كۆرىلەپ بولۇپ ئاندىن ئۆيگە قايتتى.

**كۆرىمەك** پ. كۆرەك بىلەن ئالماق، ئۇسماق: قار كۆرىمەك. بۇغداي كۆرىمەك.

**كۆز** ئى. تۆت پەسىلنىڭ ئۈچىنچىسى، يەنى يازدىن كېيىنكى، قىشنىڭ ئالدىدىكى پەسىل. مىلادىيە بويىچە تەخمىنەن 7 ـ ئاۋغۇستتىن 7 ـ نويابىرغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**كۆزەك** ئى. كۆزدە تۇغۇلغان قوزا.

**كۆزەم** ئى. ھايۋانلارنىڭ كۆزلۈك يۇڭى، كۆزگى يۇڭ.

**كۆزەيمەك** پ. دىيال. تۇغماق، يەڭگىمەك، بوشانماق.

**كۆزگى** ① سۈپ. كۆزگە خاس، كۆزدە قىلىنىدىغان ياكى تېرىلىدىغان، كۆزلۈك: كۆزگى بۇغداي. كۆزگى ئاشلىق. كۆزگى زىرائەت. ② ئى. كۆزگى بۇغداي.

**كۆزلەك** ئى <زوئول> كۆز پەسلىدە چارۋا بېقىلىدىغان ئوتلاق.

**كۆزلۈك** سۈپ. كۆزگە مۆلچەرلەنگەن، كۆزگە خاس؛ كۆزدە بولىدىغان، تېرىلىدىغان ياكى قىلىنىدىغان؛ كۆزگى: كۆزلۈك ئاختارما. كۆزلۈك تېرىم. كۆزلۈك زىرائەت. كۆزلۈك يىغىم. كۆزلۈك كىيىم.

**كۆسۈتكە** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تېنى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن، بوش يەردىن ئۇۋا كولايدۇ. دېھقانچىلىق

زىرائەتلىرى ۋە ياۋا ئوت ـ چۆپلەر ئارقىلىق ئوزۇقلىنىدۇ، چۈما كېسىلىنى تارقىتىدۇ. ئۇ يەنە «سېرىق چاشقان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**كۆش** ئىم. قوي، ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلارنى ھەيدەش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆشەندە** ئى [پ] ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئامانلىقىغا، بىخەتەرلىكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان، زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدىغان ئامىل؛ زىيانداش، دۈشمەن: نەسىردىن باينىڭ هازىرقى بىردىنبىر كۆشەندىسى ئېرپان ئىدى.

**كۆشەندىلىك** ئى. توسقۇنلۇق.

**كۆشتە** ئى. [پ] ‹تېب› مېتاللارنى ئېزىپ، باشقا نەرسىلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان دورىلار.

**كۆشكۈرتكۈچى** ① سۈپ. مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشقا ئۈندىگەن، دەۋەت قىلغان، قىلدۇرغان: كۆشكۈرتكۈچى جىنايەتچى. ② ئى. مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشقا ئۈندەيدىغان ئادەم.

**كۆشكۈرتمەك** پ. مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشقا ئۈندىمەك، دەۋەت قىلماق؛ قۇترىتماق: شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇرۇشقاق چوڭلارنىڭ كۆشكۈرتۈشى بىلەن شۇ كېچىدىكى جېدەلنىڭ سەۋەبكارى بولۇپ قالدى.

**كۆشكۈرتۈشمەك** «كۆشكۈرتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۆش ـ كۆش** I «كۆش» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**كۆش ـ كۆش** II ئىتتى بىر ـ بىرى بىلەن تالىشىشقا ياكى بىرەر ئادەمگە ئېسىلىپ، ئۇنى تالاشقا بۇيرۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆشكۈشلەشمەك** «كۆشكۈشلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۆشكۈشلىمەك** پ. كۆشكۈرتمەك: ئۇ قولىغا ئۆگەتكەن ئوۋ ئىتلىرىدىن تۆت ـ بەشى ئۇ يەردە ئاغزىلىرىنى ئېچىپ تەييارلا تۇراتتى، بىرلا كۆشكۈشلەپ قويسا، ئۇلار ئېتىلغان ئادىمىنىڭ تۇمشۇقىنى قانغا بويىمىغۇچە توختىمايتتى.

**كۆشۈك** ئى. دىيال. مۆكۈنىدىغان، يوشۇرۇنىدىغان جاي.

**كۆكۈن** ① ئى. نەرسىلەرنىڭ ئۇۋاق ھالىتى؛ تالقان؛ پاراشوك: يۇلغۇننىڭ بويى ئۆسمىگىنى بىلەن ئىككى يانغا يېيىلغان چىۋىقلىرى بىر كىگىز يەرنى ئىگىلىگەن، غول ئەتراپىدىكى كۆكۈن بولۇپ كەتكەن چىرىندىلەردىن يېشى بىر يەرگە بارغان قېرى يۇلغۇنلۇقنى بىلگىلى بولاتتى. ② سۈپ. ئۇششاق، كىچىك: كۆكۈن نەۋرە.

**كۆكۈن نەۋرە** پەينەۋرىنىڭ بالىسى، 7 ـ ئەۋلاد.

**كۆل** ئى. بىرەر نەرسىنىڭ كۆيۈشىدىن ھاسىل بولغان ئاقۇچ قارا ياكى كۆكۈچ چاڭسىمان مىنېرال قالدۇق.

**كۆلىنى كۆككە سورۇماق** پۈتۈنلەي يوق قىلماق، يىمىرىپ تاشلىماق: بىزنىڭ ئەۋلادىمىزدىن بىر كىشى چىقىپ بۇ زالىمنىڭ تاج ـ تەختىنى ۋەيران قىلىپ، كۆلىنى كۆككە سورۇپ، بىگۇناھ پۇقرالارنىڭ قىساسىنى ئالىدۇ.

**كۆلپەت** ئى [ئە] ئېغىر قىيىنچىلىق، ئازاب ـ ئوقۇبەت، دەرد ـ ئەلەم: كۆلپەت چەكمەك. كۆلپەت چۈشمەك. كۆلپەت سالماق. * ئۇنىڭ ئائىلىسىگە كەلگەن ئېغىر كۆلپەتلەردىن ئىچىم ئېچىشتى.

**كۆلپەتلىك** سۈپ. ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك، دەرد ـ ئەلەملىك:

كۈلپەتلىك زامان. كۈلپەتلىك كۈنلەر.

**كۈلتۈك** I ئى. بۆشۈكتىكى بالىلارنىڭ تەرەت قىلىشى ئۈچۈن بۆشۈككە مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرغان تەرەت قاچىسى؛ جاك.

**كۈلتۈك** II سۈپ. ئىچى بوشاپ قالغان، ئىچى كاۋاك بولۇپ قالغان (قار ھەققىدە): كۈلتۈك قار.

**كۈلخانا** ئى. ئوچاق ۋە مەشنىڭ كۈل چۈشىدىغان يېرى.

**كۈلدان** ئى. تاماكىنىڭ كۈلىنى ۋە قالدۇقىنى تاشلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قاچا.

**كۈلدۈرگە** ئى <تىيا> بىرەر ئىجتىمائىي ھادىسە ياكى بىرەر ئىجتىمائىي كەيپىياتنى يۇمۇرلۇق سۆز، قىزىق ھەرىكەتلەر ئارقىلىق كۈلكە قوزغاش يولى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىر خىل سەنئەت شەكلى. ئۇ ئەلنەغمىگە مەنسۇپ بولۇپ، دىيالوگ ۋە ھەرىكەتتىن ئىبارەت ئىككى ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ.

**كۈلدۈرگۈچى** سۈپ. كۈلدۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان، كۈلدۈرىدىغان: كۈلدۈرگۈچى گاز.

**كۈلدۈرمەك** «كۈلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھايات بەزىدە كۈلدۈرىدۇ، بەزىدە يىغلىتىدۇ.

**كۈلدۈرۈشمەك** «كۈلدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۈلدۈرۈلمەك** «كۈلدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كۈل - قوقاس** كۈل ۋە قوقاس: ئۇ يېزىنىڭ ئوت گۈلخانلىرى ئىچىدە كۈل - قوقاسقا ئايلىنىپ كېتىش خەۋپىدىن ئامان قالغان قېرى قاپاق تېرەكلىرىگىچە ھەممىسى ماڭا بەش قولدەك تونۇش.

**كۈلكە** ئى ① خۇشاللىقنى، زوقلىنىشنى، شادلىقنى ئىپادىلەيدىغان، بۆلۈنۈپ - بۆلۈنۈپ چىقىدىغان ئاۋازلار: كۈلكە ئاڭلانماق. * ئاغرىق كىشى كۈلكە سۆيمەس (ماقال). ② مازاق، مەسخىرە: شۇنچىلىك ئاددىي نەرسىلەرنى توغرا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەي، كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالمايلى يەنە.

**كۈلكە - چاقچاق** كۈلكە ۋە چاقچاق: ئاغزىدا كۈلكە - چاقچاق، قوينىدا پالتا - پىچاق (ماقال). * شۇ چاغدا بىرقانچە ياش ئىشچىلار كۈلكە - چاقچاق بىلەن يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى.

**كۈلكىسىز** رەۋ. كۈلمەي، شاد - خۇرام بولماي: كۈلكىسىز ئۆتكەن كۈنلەر كۈن ئەمەس ئىكەن.

**كۈلكىلىك** سۈپ ① قىزىقارلىق، كۈلدۈرىدىغان: كۈلكىلىك تىياتىر. كۈلكىلىك ئىش. * مۇخپۇل ئاكا ئۇنىڭغا كۈلكىلىك بىرنەرسىنى ھېكايە قىلىپ بەرمەكتە ئىدى. ② كۆچمە. مەسخىرىلىك: كۈلكىلىك ئىشتە بۇ، كىم بۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. // مېنىڭ بۇ ھالىم ساڭا كۈلكىلىك تۇيۇلۇۋاتامدۇ؟

**كۈلگەك** سۈپ. تولا كۈلىدىغان، كۈلۈپلا تۇرىدىغان: كۈلگەك بالا. * چىچقاق بالىغا ئىت ئەگىشەر، كۈلگەك ئايالغا يىگىت (ماقال).

**كۈلگەكلىك** ئى. كۈلۈش خۇسۇسىيىتى: ئۇنىڭ كۈلگەكلىكى كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ.

**كۈلگۈنچەك** سۈپ. تولا كۈلىدىغان، كۈلۈپلا تۇرىدىغان، كۈلگەك: ئىلىك ئىپارگۈلنىڭ ئالمىدەك مەڭزىگە، كۈلگۈنچەك كۆزلىرىگە سۆيەتتى.

**كۈلگۈنچەكلىك** ئى. تولا كۈلۈش خۇسۇسىيىتى: ئارتۇقچە كۈلگۈنچەكلىكىم ئۈچۈن، ئۇ بەزىدە تېرىكىپ قالاتتى.

**كۈللۈك** ئى. كۈل يىغىلغان، كۈل تۆكۈلگەن جاي.

**كۈللى** سۈپ [ئە] پۈتۈن. ھەممە، بارلىق، جەمئىي، پۈتكۈل: كۈللى ئىنسان. * ئەگەر بۇ پىلان تېزرەك رېئاللىققا ئايلانسا، تاغارما ئارشاڭ ئىچىملىك سۇيىنىڭ شانۇ شەۋكىتى ۋە قەدىر - قىممىتى كۈللى ئالەمگە نامايان بولغۇسى.

**كۈللىيات** ئى [ئە] توپلام، مەجمۇئە: كىتابلار ئىچىدە «خەزائىنۇل مەئانى» قاتارلىق ئون ئالتە خىل شەكىلدە يېزىلغان ئۈچ مىڭ نەچچە يۈز شېئىردىن تەركىب تاپقان كۈللىيات بار ئىدى.

**كۈلمەك** پ ① خۇشاللىنىش، ئەجەبلىنىش، زوقلىنىش قاتارلىقلارنى كۈلكە بىلەن ئىپادىلىمەك: قاقاھلاپ كۈلمەك. * ئۇنىڭ گېپىدىن ئەتراپتىكىلەر كۈلۈپ كېتىشتى. ② كۈلكە بىلەن مەسخىرە قىلماق، زاڭلىق قىلماق: ئارقىسىدىن كۈلمەك.

**كۈلۈشمەك** «كۈلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار دەم كۈلۈشۈپ، دەم يىغلىشىپ، بىر - بىرىدىن ئايرىلغاندىن بۇيانقى كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەشتى.

**كۈلۈمسىرەتمەك** «كۈلۈمسىرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كۈلۈمسىرەشمەك** «كۈلۈمسىرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلۈمسىرەشتى.

**كۈلۈمسىرىمەك** پ. چىرايىدا كۈلكە پەيدا قىلماق، چىرايىدىن كۈلكە ياغماق: ئۇنىڭ ئالدىدا گۈزەل قىز كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى.

**كۈمۈش** ئى <خىم> مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى Ag(Argentum). كۈمۈشنىڭ قېتىشمىسىدىن پۇل، كۈندىلىك قوللىنىلىدىغان ئەسۋابلار ۋە زىننەت بۇيۇملىرى ياسىلىدۇ.

**كۈمۈشئوت** ئى [كۈمۈش + ئوت] <بوت> پاپورتنىكلارنىڭ بىر تۈرى، يەنى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پۈتۈن تېنى دورا قىلىنىدۇ، ھەيزنى تەڭشەش، قاننى جانلاندۇرۇش، بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىش، يۆتەل توختىتىش رولى بولىدۇ. تەڭرىتاغلىرىدىن تېپىلىدۇ.

**كۈمۈشئۆرۈك** ئى [كۈمۈش + ئۆرۈك] <بوت>يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر تۈرى، يەنى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. ئۇرۇقى سوقىچاق كېلىدۇ، ئىچىدىكى مېغىزىنى ئىستېمال قىلىشقا، دورا قىلىشقا بولىدۇ، ياغىچى چىڭ، ئويمىچىلىقتا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ دۆلىتىمىزدىن چىقىدىغان ئالاھىدە دەرەخ تۈرلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**كۈن** ئى ① قۇياش: كۈن چىقماق. كۈن ئولتۇرماق. كۈن تۇتۇلماق. ② سوتكىنىڭ قۇياش چىققاندىن تارتىپ، قۇياش پاتقانغىچە بولغان قىسمى: يېرىم كۈن. پۈتۈن كۈن. * ئۇ كۈنلىرىنى تاماقسىز، تۈنلىرىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزەتتى. ③ بىر كېچە - كۈندۈزگە، يەنى 24 سائەتكە تەڭ ۋاقىت؛ سوتكا: بىر يىل 365 كۈن بولىدۇ. * بىرنەچچە كۈن شۇ يەردە تۇرۇپ قالدىم. ④ ئاي ياكى ھەپتىنىڭ مەلۇم بىر چېسلاسى: پەيشەنبە كۈنى. جۈمە كۈنى. ⑤ ۋاقىت، پەيت، چاغ، زامان، دەۋر: بالىلىق كۈنلىرى. * ئاتامنىڭ كۈنى ئەمدى داۋالانغاچ ئۆي ساقلاش بىلەنلا ئۆتىدىغان بولدى. ⑥ كۆچمە. تۇرمۇش، تىرىكچىلىك، ھايات: كۈنى پۈتمەك. كۈن كەچۈرمەك. كۈن ئۆتكۈزمەك. ⑦ كۆچمە. تىنچلىق، ئاسايىشلىق، خاتىرجەملىك: ئەگەر تاماق تۇزلۇق ياكى تۇزسىز بولۇپ قالسا، خوتۇنىغا كۈن يوق ئىدى. ⑧ كۆچمە. ئازاب - ئوقۇبەت، جەبىر - جاپا؛ ئېغىر -

چىلىق، كۆڭۈلسىزلىك: پاتقاق دەرياسىغا چۆكۈپ كەتكەن ئېتىنى چىقىرىمەن دەپ ئۇنىڭ تارتقان كۈنى ئازمۇ؟

**كۈنى تەس** ① تۇرمۇشى مۇشكۈل، قىيىنچىلىقى ئېغىر: ـــ بۇ كۈنلەردە ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ كۈنى تەس، ـــ دېدى هارۋىكەش. ② ياشاشنىڭ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق: گۈزەلئاي، بىلەمسىز، مەن ئەمدى بىلىۋاتىمەن، سىز بولمىسىڭىز، مېنىڭ كۈنۈم تەس ئىكەن.

**كۈنى توشماق** ① ۋاقتى ـ سائىتى كەلمەك، پەيتى بولماق: مەلىكەنىڭ كۈنى توشۇپ بىر ئوغۇل يەڭگىپتۇ. ② ئەجىلى يەتمەك: ئۇنىڭ ئەمدى كۈنى توشتى. * موماي كۈنى توشۇپ قازا تېپىپتۇ.

**كۈنى تۇغۇلماق** بەخت ـ تەلىيى كەلمەك: ئەمدى ئۇلارنىڭمۇ كۈنى تۇغۇلۇپ، شەھەرگە قايتىپ كەلدى.

**كۈن يانماق** ① كۈندۈزى ئۇزىراشتىن توختاپ قىسقىراشقا ئۆتمەك (يەنى 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ، 22 ـ كۈنلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ). ② ياز ۋاقتىدا كۈن چۈشتىن قايرىلىپ ئىسسىق سەل بوشىماق.

**كۈنەكىمەك** پ. كۈن ئالماق، ياشىماق، جان باقماق: توۋا دەيمەن، مەن ئۇلارنى ئازغىنا مائاشقا تايىنىپ قانداقمۇ كۈنەكىدىغاندۇ، دەپ هەيران بولاتتىم.

**كۈنپېتىش** ئى [كۈن + پېتىش] كۈن پاتىدىغان تەرەپ، غەرب.

**كۈنتەرتىپ** ئى [كۈن + تەرتىپ] ① يىغىن، سۆھبەت، كېڭەش قاتارلىقلاردا مۇزاكىرە قىلىنىدىغان تەكلىپ، لايىھە ۋە مەزمۇن قاتارلىقلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش تەرتىپى: يىغىن كۈنتەرتىپى. ② ئىسمىنىڭ Ⅲ شەخس بىرلىكىدە كېلىپ «قاتارى، ئىچى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: هەر دەرىجىلىك خەلق هۆكۈمەتلىرى ئورمانچىلىقنى چوقۇم مۇهىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، رەهبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىشى كېرەك.

**كۈن ـ تۈن** كۈن ۋە تۈن، كۈندۈز ۋە كېچە؛ كېچە ـ كۈندۈز: ئۇ ئۆز يۇرتىنى كۈن ـ تۈن سېغىنىپ كەلدى.

**كۈنجۈت** ئى [پ] <بوت> ① كۈنجۈت ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مۇھىم مايلىق زىرائەت هېسابلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى. يېپىشكە ياكى ماي چىقىرىشقا بولىدۇ.

**كۈنجۈتلۈك** ① سۈپ. كۈنجۈت تېرىلغان، كۈنجۈت ئۈندۈرۈلگەن: كۈنجۈتلۈك ئېتىز. ② ئى. كۈنجۈت تېرىلغان، ئۈندۈرۈلگەن يەر، جاي: ئۇ كۈنجۈتلۈككە كەتتى.

**كۈنجۈرە** ئى. ياغلىق دان زىرائەتلىرىنىڭ ئۇرۇقلىرىدىن ياغ تارتقاندىن كېيىن هاسىل بولىدىغان قالدۇق. مەسىلەن، پۇرچاق كۈنجۈرىسى، خاسىڭ كۈنجۈرىسى قاتارلىقلار. بۇلارنى يەم ـ خەشەك ۋە ئوغۇت قىلىشقا بولىدۇ.

**كۈنچەك** ئى. دىيال. ياقا.

**كۈنچېچەك** ئى [كۈن + چېچەك] دىيال. ئاپتاپپەرەس.

**كۈنچى** سۈپ. بىر كىمنى باشقىلاردىن كۈنلەيدىغان، كۈندەشلىكى كۈچلۈك: سەن كۈنچى قىز، ئاخىرى چىدىماي مەن بىلەن ئۇرۇشقىلى كەپسەن ـ دە.

**كۈنچىقىش** ئى [كۈن + چىقىش] كۈن چىقىدىغان تەرەپ، شەرق.

**كۈنچىلىك** ئى ← **كۈندەشلىك**.

**كۈندەش** ئى. بىر ئەرنىڭ نىكاھىدىكى بىرقانچە خوتۇن (بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن): رەڭگارەڭ كىيىنگەن، ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىدىن ۋايساپ يۈرىدىغان مىڭلىغان كۈندەشلەر ئىچىدە سىزگە ئوخشاش مۇلايىم ۋە توغرا ئايالنىڭ بارلىقىنى بىلمىگەنىكەنمەن.

**كۈندەشلىك** ① سۈپ. كۈندىشى بار: كۈندەشلىك ئۆيدە كۈندە جېدەل (ماقال). * مەن كۈندەشلىك ئۆيگە ئىشەنمەيمەن. ② ئى. كۈندەشلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت؛ هەسەتخورلۇق: گۈلجاهان كۈندەشلىك ئوتىدا كۆيۈپ ئەزىز جېنىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپتۇ.

**كۈندە** رەۋ. هەر كۈنى، دائىم: كۈندە ئۆگىنىش. كۈندە يىغىن.

**كۈندە ـ كۈندە** هەركۈنى، داۋاملىق: كۆككىنە كەپتەر ئەمەسمەن، كۈندە ـ كۈندە كەلگىلى. ئايدا ـ ئايدا بىر كېلەرمەن، ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.

**كۈندۈز** ئى. بىر سوتكىنىڭ كۈن چىققاندىن تارتىپ كۈن پاتقۇچە بولغان قىسمى.

**كۈندۈزكى** سۈپ. كۈندۈزگە خاس، كۈندۈزى بولىدىغان: كۈندۈزكى ئىشلار.

**كۈندۈزلۈك** سۈپ. كۈندۈزى ئىشلەيدىغان: كۈندۈزلۈك ئىسمېنا.* ئۇ تۈركىي قەبىلىلەرنى ئارىلاپ سۆز ـ كەلىمە توپلىغان، كېچىلىك بەزمىدىن ۋە كۈندۈزلۈك سەيلە ـ ساياھەت كەزمىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇلارنى تۈر ـ تۈرگە ئايرىپ رەتلىگەن.

**كۈندباهار** ئى [كۈندە + باهار] خەنزۇ تېبابىتىدىكى دورا نامى . «ياۋا ئېلىلېكس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئېلىلېكس ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئېلىلېكسنىڭ يوپۇرمىقى . ئۇنىڭ تەبىئىتى سوغۇق ، تەمى قېرىق . رولى ـــ ئىسسىقلىقنى ياندۇرۇپ ، زەھەرنى قايتۇرىدۇ، قاننى سوۋۇتىدۇ ۋە توختىتىدۇ. ئاساسلىقى قىزىتمىدىن يۆتىلىش ، يۇتقۇنچاق ـ كاناي ئاغرىش ، سۈيدۈك ئاغرىتىپ كېلىش، تولغاق، قوڭسيوغان ۋە هەر خىل كۆيۈك جاراهەتلەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ. هازىر بۆرەك جامى ياللۇغى، سۈيدۈك يولى ياللۇغى ، ئۆپكە ياللۇغى قاتارلىق ياللۇغلىنىشلارنى داۋالاشتىمۇ ئىشلىتىلمەكتە. يوپۇرماق تەنچىسىدە مىكروب تورمۇزلايدىغان پىروكاتېخىن بار.

**كۈندىلىك** سۈپ. هەركۈنى ئېلىپ بېرىلىدىغان، كۈندە بولىدىغان: كۈندىلىك خىزمەت. كۈندىلىك تاماق.

**كۈندىن ـ كۈنگە** كۈن ئۆتكەنسېرى، ۋاقىت ئۆتكەنچە، كۈنسايىن: ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان هۆرمىتى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ باراتتى.

**كۈنساناپ** رەۋ [كۈن + ساناپ] ① هەركۈنى، كۈندە دېگۈدەك: ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۆيلىرىگە كۈنساناپ ئەلچىلەر توپى يىغىلىدىغان بولۇپ قالدى. ② بارغانسېرى، كۈندىن ـ كۈنگە: ئۇنىڭ كېسىلى كۈنساناپ ئېغىرلىشىپتۇ.

**كۈنسايىن** رەۋ ← **كۈندىن ـ كۈنگە**: تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ، قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلىدىغانلار كۈنسايىن كۆپىيىشكە باشلىغانىدى.

**كۈنسېرى** رەۋ ← **كۈندىن ـ كۈنگە**: بۇ ئىش سېيىت هاجىنىڭ كۈنسېرى پىشىپ كېلىۋاتقان پىلانىنى خېمىغا ياندۇرغىلى تۇردى.

**كۈنسىز** ① سۈپ. كۈن يوق: كۈنسىز ئاسمان. ② رەۋ. كۈن ـ

ئۆتمەي تۇرۇپ: مەن ئۈچ كۈنسىز قايتمايمەن.

**كۈنگەي** سۈپ. كۈن نۇرى تېگىپ تۇرىدىغان: كۈنگەي تاغ. كۈنگەي يايلاق. * ئۆينىڭ كۈنگەي تېمىغا ئېسىلغان سائەت بىر رېتىمدا چىكىلدايتتى. //چارۋىلار ھازىر تاغ ئۈستىدىكى كۈنگەيدە.

**كۈنگۈرە** ئى [پ] سېپىل ۋە بەزى تاملارنىڭ ئۈستى تەرىپىگە ئۈچ ياكى تۆت بۇرجەك قىلىپ قوپۇلغان تۆشۈك.

**كۈنگۈرىلىك** سۈپ. كۈنگۈرىسى بار، كۈنگۈرە چىقىرىلغان: قاتار كەتكەن ئىمارەتلەرنىڭ چۆرىسىگە كۈنگۈرىلىك تام قوپۇرۇلغانىدى.

**كۈنلەپ** رەۋ. كۈن بويى، كۈن ۋە كۈنلەر داۋامىدا؛ بىرنەچچە كۈن: بەزى ئىشچىلار خاڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتسە كۈنلەپ سىرتقا چىقمايتتى.

**كۈنلەپ ـ كۈنلەپ** «كۈنلەپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىش يولى بىلەن كۈچەيتىلىپ ئېيتىلىشى: ئۇ چاغلاردا كۈنلەپ ـ كۈنلەپ ئاچ قالىدىغان كۈنلەر بولۇپ تۇراتتى.

**كۈنلەپ ـ ھەپتىلەپ** كۈنلەپ ۋە ھەپتىلەپ؛ كۈن ۋە ھەپتىلەر داۋامىدا، خېلى بىرمەزگىل: ئۇلار كۈنلەپ ـ ھەپتىلەپ سىرتقا چىقماي ئۆيدە مۈكۈپ يېتىشتى.

**كۈنلەشمەك** «كۈنلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىر ـ بىرىنى كۈنلىشىپ كۈندە جاڭجال قىلىشاتتى.

**كۈنلۈك** I ئى. يامغۇر ياكى كۈن نۇرىدىن دالدىلىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئەسۋاب.

**كۈنلۈك** II سۈپ ① بىر كۈنگە مۆلچەرلەنگەن، بىر كۈندە بولىدىغان، بىر كۈنگە ئائىت: كۈنلۈك ئىشلىمەك. * سىزنىڭ كۈنلۈك نورمىڭىز قانچە؟ ② ساناق سانلار بىلەن كېلىپ، قانچە كۈنگە مۆلچەرلەنگەنلىكىنى، قانچە كۈنگە ئائىتلىقىنى بىلدۈرىدۇ: بىر كۈنلۈك ئىش. بەش كۈنلۈك ئالەم. * قورغان يېرىم كۈنلۈك يول ئىدى.

**كۈنلۈكچى** ئى. ۋاقىتلىق ياكى كۈندىلىك يالىنىپ ئىشلەيدىغان ئىشچى؛ مەدىكار: باينىڭ ئۆيىدە ھەر كۈنى نەچچە ئونلىغان كۈنلۈكچى ئىشلەيتتى.

**كۈنلۈكچىلىك** ئى ← مەدىكارلىق.

**كۈنلۈكسىز** سۈپ. كۈنلۈك كۆتۈرمەي، كۈنلۈك ئالماي: يامغۇر يېغىۋاتقىنىغا قارىماي كۈنلۈكسىز چىققىنىڭىز نېمىسى؟

**كۈنلۈكسىمان** سۈپ. كۈنلۈككە ئوخشاش، كۈنلۈك شەكلىدىكى: كۈنلۈكسىمان گۈل رېتى. كۈنلۈكسىمان مېدۇزا.

**كۈنلىمەك** پ. كۈندەشلىك قىلماق: كۈنلەش مۇھەببەتنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەبچى بولىدىغان ئىللەت.

**كۈنۈشلىمەك** پ. دىيال. كۈن ئارىلىماق.

**كۈنۈن** رەۋ. دىيال. ھەركۈنى، كۈندە.

**كۈنىگە** رەۋ. كۈندە، ھەركۈنى؛ بىر كۈن كەچكىچە: مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھېسابلىشىچە، ھەربىر ئادەم كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر سائەت سۆزلەيدىكەن.

**كۈنيۇرۇش** ئى [كۈن + يورۇش] جەنۇب.

**كۈي** ئى ① <مۇز> مۇزىكىدا قايسى ئاھاڭ «do» بولۇپ كەلسە، بۇ بىر كۈي بولىدۇ. مەسىلەن، 1 = c بولسا c كۈيى، 1 = a بولسا a كۈيى بولىدۇ. ② ئاھاڭ، ناخشا: ئۇ ئىچىدە بىر كۈينى غىڭشىپ ئېيتقىنىچە پايات سېخى تەرەپكە مېڭىپ كەتتى.

**كۈيە** I ئى <زوئول> بىر خىل ھاشارات. تېنى كىچىك، سارغۇچ قوڭۇر، قاناتلىرىنىڭ جىيەكلىرىدە تۈكچىلەر بار. بېشىدا قىلىن ئۆسكەن قوڭۇر سېرىق تۈكچىلىرى بار. لىچىنكىسى ئاق رەڭلىك، يۇڭدىن توقۇلغان بۇيۇملارنى يەيدۇ: كۈيە چۈشمەك. كۈيە يېمەك.

**كۈيە** II ئى. ئوت قالىغاندا ئىسىنىڭ بىر يەرگە يىغىلىپ چىقىشىدىن ھاسىل بولغان قارا رەڭلىك يۇمشاق ماددا؛ قۇرۇم.

**كۈيەك** ئى. قوشقار ۋە تېكىلەرنىڭ ساغلىق ۋە ئۆچكىلەرگە خالىغانچە ئارتىلماسلىقى ئۈچۈن جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئالدىغا تارتىپ قويىدىغان كىگىز پەرتۇق.

**كۈيچى** ① سۈپ. كۈيلەيدىغان، مەدھىيەلەيدىغان: باغقا كىردى جىلۋە، ناز بىلەن، سۈبھى تاڭدا ئويغىنىپ گۈزەل. قارشى ئالدى ئۇنى گۈل ـ چىمەن، كۈيچى بۇلبۇل ياڭرىتىپ غەزەل. ② ئى. كۆچمە. سەنئەتنىڭ مەلۇم ساھەسىدە شەخسنى ياكى بىرەر نەرسىنى كۈيلەيدىغان، مەدھىيەلەيدىغان، تەسۋىرلەيدىغان ئادەم (شائىر، يازغۇچى، رەسسام).

**كۈيچىلىك** ئى. كۈيلەش پائالىيىتى.

**كۈيرەك** ئى <بوت> لويلا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. دېڭىز بويىدىكى شورلۇق يەرلەر ۋە تۇزلەڭلىكلەردە ئۆسىدۇ، شورغا چىداش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن مەشھۇر.

**كۈيشۇناس** ئى <مۇز> كۈيشۇناسلىق مۇتەخەسسىسى، ئالىمى: تەكلىماكان كۈيلىرىنىڭ ئەرەب، ھىندى، پارس مۇزىكىلىرى بىلەن «يىپەك يولى» قانداشلىقى بولغىنىدەك، ئۇلۇغ ئۇستاز، باغداتتا ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئىسلام ۋە غەيرىي ئىسلام ئەللىرىگە مەشھۇر كۈيشۇناس، شەرقنىڭ ئارستوتېلى فارابى ھەزرەتلىرىنىڭ تومۇرىدا تۈركىي قان بار ئىدى.

**كۈيشۇناسلىق** ئى <مۇز> مۇزىكىنىڭ كۈينى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**كۈيلەتمەك** II «كۈيلىمەك II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قوزغىتىپ ئىلھام، كۈيلەتكەن شۇنچە، يېزىنىڭ شوخ قىزى قەلبى ئوت چولپان.

**كۈيلەشمەك** I «كۈيلىمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۈيلەشمەك** II «كۈيلىمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۆزى ئىجاد قىلغان مۇزىكىلىرى بىلەن مېھرىبانلىق، ۋاپادارلىقنى كۈيلىشەتتى.

**كۈيلەنمەك** «كۈيلىمەك II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ناخشىدا كۈيلەنگەن ھايات، مۇھەببەت مەخسۇمنىڭ كۆز ئالدىدا جانلىناتتى.

**كۈيلىمەك** I پ <زوئول> يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ چىشىلىرى تۇخۇم يېتىلىشىنىڭ ھارپىسىدا فىزىيولوگىيە جەھەتتىن چېتىشىشنى تەلەپ قىلماق.

**كۈيلىمەك** II پ. بىرەر نەرسە، ئادەم ۋە شۇ قاتارلىق شەيئىلەرنى ناخشا ـ قوشاقلار بىلەن تەرىپلىمەك، مەدھىيەلىمەك: كېيىنكى كىشىلەر بۇ زاتنى كۈيلەپ مۇنداق بىر نەزمە پۈتۈپتۇ.

**كۈيمەسلىك** ئى. دىيال. چىداپ تۇرالماسلىق، تاقەت قىلالماسلىق.

**كۈيمۈنۈش** ئى. دىيال. شۇغۇللىنىش، ئەرمەك بولۇش.

**كۈيۈئوغۇل** ئى. قىزىنىڭ ئېرى.

**كۈيۈئوغۇللۇق** ئى. كۈيۈئوغۇل بولۇش: بۈگۈن جانابىي

ۋالىيمىزنىڭ ئىلتىپاتى سايىسىدا كۆيۈئوغۇللۇققا سازاۋەر بولدۇم.

**كۆيۈ** ئى. ئەر، يولداش (ئاياللارنىڭ): سىڭلىمنىڭ كۆيۈسى.

**كۆيۈلۈك** ئى. ئۇيغۇرلاردىكى نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن
كېيىن قىز تەرەپ يىگىتكە قويىدىغان بىر قۇر كىيىم ياكى
بىر كىيىملىك رەخت.

**كۆيۈشتۇرمەك** «كۆيۈشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كۆيۈشمەك** پ. بەدەننىڭ مەلۇم قىسمى ئۇزاق ۋاقىت بېسىد ـ
لىش، ھەرىكەتسىز ھالەتتە تۇرۇش ياكى مۇزلاش قاتارلىق
سەۋەبلەردىن بەدەننىڭ شۇ قىسمىدا نۇرغۇن ئۇششاق نەرسىد ـ
لەر سانجىلغاندەك بىر خىل سېزىم پەيدا بولماق، ئۇيۇشماق،
چىمىلدىماق.

**كۆيۈنده** ئى. دىيال. قارا توزان كېسىلى، قارا كۆيە.

**كۆيىباش** ئى [كۆيە + باش] دىيال. قارا توزان كېسىلى، قارا
كۆيە.

**كې** «ك» ھەرپىنىڭ نامى.

**كېپەك** ئى ① بۇغداي، قوناق قاتارلىقلارنىڭ ئۇنىنى ئەلگەك
بىلەن تاسقىغاندا، ئەلگەكتىن ئۆتمەي ئايرىلىپ قالىدىغان دان
پوستى. ② چاچ ئاستىدىكى تېرىدىن ئاجرىلىپ تۆكۈلىدىغان
تالقانسىمان توقۇلما. ③ ئۇۋۇتىلغان، ئۇششاقلانغان تالقاز ـ
سىمان نەرسە: ھەرە كېپىكى، تۆمۈر كېپىكى.

**كېپەكخانا** ئى. كېپەك ساقلايدىغان ئۆي.

**كېپەكسىمان** سۈپ. كېپەككە ئوخشاش، كېپەك ھالىتىد ـ
دىكى: كېپەكسىمان ماددا.

**كېپەكلەشتۈرمەك** «كېپەكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي
دەرىجىسى: بۇ سوپۇن باشنى كېپەكلەشتۈرۈۋېتىدىكەن.

**كېپەكلەشمەك** پ. كېپەك پەيدا بولماق، كېپەك ھالىتىگە
كەلمەك: باش كېپەكلەشتى.

**كېپەكلىك** سۈپ. تەركىبىدە كېپەك بار؛ كېپەك ئارىلاشتۇ ـ
رۇلغان؛ كېپىكى ئايرىۋېلىنمىغان: كېپەكلىك ئۇن.

**كېپەن** ئى [ئە] دەپنە قىلىش ئالدىدا مېيىتنى ئورايدىغان
ئاق رەخت.

**كېپەنسىز** سۈپ. كېپەنگە ئېلىنمىغان، قىپيالىڭاچ.

**كېپەنسىزلىك** ئى ① كېپەننى يوقلۇق، قىپيالىڭاچلىق.
② كۆچمە. كەمبەغەللىك، نامراتلىق، يوقسۇزلۇق.

**كېپەنلەتمەك** «كېپەنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كېپەنلەشمەك** «كېپەنلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كېپەنلەنمەك** «كېپەنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرد ـ
جىسى: ئۆلگۈچى كېپەنلىنىپ تاۋۇتقا سېلىنىشتىن بۇرۇن، ئۆلگۈ ـ
چىنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ئۆلگۈچى بىلەن ۋىدالىشىدۇ.

**كېپەنلىك** ① سۈپ. كېپەن قىلىنىدىغان، كېپەن قىلىشقا
باب: كېپەنلىك رەخت. ② ئى. كېپەن قىلىنغان رەخت، كېپەن.

**كېپەنلىمەك** پ. كېپەنگە ئالماق، كېپەنگە ئورىماق: ئۇلار شۇ
ئەتراپتىكى بىرنەچچە مۇسۇلمانلارنى باشلاپ كېلىپ، باغۇەن بوۋاينى
يۇيۇپ، كېپەنلەپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپتۇ.

**كېپىش** ئى [پ] كەش: ئۇ كېپىشتەك كېرىلىپ تۇرىدىغان،
قېلىن تۇمشۇق ـ كالپۇكىنى لەۋسۇرۇخ بىلەن بويىدى.

**كېپىل** ئى [ئە] ① بىرەر ئىش ۋە كىشى ئۈچۈن كېپىللىك
قىلغۇچى: ياق! جانابلىرى پىيادە قالسىلا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ بالىنىڭ
ئامانلىقىغا تامامەن ئۆزلىرى كېپىل. ② بىرەر ئىشنىڭ ئەمەلگە
ئېشىشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان شارائىت، ۋاسىتە: بىزگە خاس
خۇش چىراي ئاچقان كېلەچەك، ئۇلۇغۋار نىشانغا ئەھدىمىز كېپىل.
ئارقىغا بېقىش ــ ئۇ بىزگە يات خىسلەت، ئەي كەچ كۆز شامىلى،
بولمىغىن خىجىل. // بۇ كېپىل سۆزدىن ئۆرگىلىپ كېتەي ئەمدى.

**كېپىللىك** ئى. كېپىل بولۇش: كېپىللىك ئالماق. كېپىللىك
قىلماق.

**كېپىلماق** پ. دىيال ① تولا يىغلىماق. ② تولا گەپ قىلماق.

**كېپىنەك** ئى <زوئول> بىر خىل ھاشارات. قاناتلىرى كەڭ،
رەڭگى چىرايلىق، تىنچ تۇرغاندا تۆت قانىتى دۈمبە قىسمىدا
تىك تۇرىدۇ. قورسىقى تار، ئۇزۇن، گۈل شىرنىلىرىنى شۈمۈ ـ
رۈپ يەيدۇ.

**كېپىنەكچىلەپ** رەۋ. پۇت ـ قولىنىڭ ھەرىكىتىنى كېپىد ـ
نەكنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشاش قىلىپ: دېلفىنچە ئۈزۈش كېپىد ـ
نەكچىلەپ ئۈزۈشنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى.

**كېپىنەكسىمان** سۈپ. شەكلى كېپىنەككە ئوخشايدىغان،
كېپىنەك شەكلىدىكى: كېپىنەكسىمان گۈل تاجى.

**كېپىنەكگۈل** ئى [كېپىنەك + گۈل] <بوت>گۈلنەپشە ئائىد ـ
لىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى
ئىنتايىن كۆركەم بولۇپ، باغ ـ ھويلىلاردا ئۆستۈرۈلىدىغان
مەنزىرە ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ بىرى. غول يوپۇرمىقىدا يۆتەل
توختىتىش خۇسۇسىيىتى بولۇپ، دورا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**كېتەرلىك** سۈپ. سەرپ قىلىنىدىغان، سەرپ قىلىشقا
تېگىشلىك؛ لازىملىق: ھېزىمنىڭ تويىغا كېتەرلىك پۇلى ھازىرغىچە
كەملەرمىش. شۇڭا كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن قىلساق دەپتۇ.

**كېتزال** ئى. گىۋاتېمالانىڭ پۇل بىرلىكى.

**كېتىشمەك** «كەتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئانا ـ
بالا خۇشال كۈلۈشكىنىچە ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى.

**كېتىلمەك** «كەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: خېلى
بىر ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن باغلاقتىكى يىگىتمۇ مەھكىمىگە ئېلىپ
كېتىلدى.

**كېچە** ئى. سوتكىنىڭ قاراڭغۇ چۈشكەندىن تاڭ ئاتقۇچە
بولغان قىسمى.

**كېچە ـ كۈندۈز** ① كېچە ۋە كۈندۈز: ئەجدىھا بىر ئۇخلىغاندا،
ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلايدىكەن. ② ھەر ۋاقىت، داۋاملىق،
ئۈزۈلدۈرمەي: ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ كېچە ـ كۈندۈز ئويلايدد ـ
غىنى مۇشۇ ئىدى.

**كېچە ـ كۈندۈزلەپ** بىرقانچە كېچە ـ كۈندۈز ۋاقىتنى
سەرپ قىلىپ: ۋىراچلار كېچە ـ كۈندۈزلەپ كېسەلنىڭ يېنىدىن نېرى
كەتمەيتتى.

**كېچە ـ كېچىلەپ** بىرقانچە كېچە ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ،
بىرقانچە كېچە داۋامىدا: ئۇ خىزمەت ۋاقتىدىلا ئەمەس، ھەتتا كېچە ـ
كېچىلەپ بىرنەرسىلەرنى يېزىش بىلەن مەشغۇل ئىدى.

**كېچەيۈكۈندۈز** كېچە ۋە كۈندۈز، كېچە ـ كۈندۈز داۋامىدا:
بەرھەمشاھ يەتتە ئاي كېچەيۈكۈندۈز يول يۈرۈپ مەلىكە گۈلرۇزنىڭ
شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ.

**كېچىچە** رەۋ. پۈتۈن كېچە بويى، كېچە داۋامىدا: بىز كېچىچە

دەريا بويىدا قاراۋۇللۇق قىلدۇق.

**كېچىسىز** رەۋ. كېچىنى ئۆتكۈزمەي، كېچە بولماستىن: — تاماق يەۋېلىڭ، مۇشۇ چىقىپ كەتكىنىڭىزچە يېرىم كېچىسىز قايتمايسىز، مەن ئەنسىرەپ قالىدىكەنمەن، — دېدى جەننەتخان ئەبلىغا - زىغا.

**كېچىشمەك** «كەچمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سودىگەرلەر كۆن پاتقۇچە دەريانى ئاتلىق كېچىشىپ قونالغۇغا يېتىپ باردى.

**كېچىك** ئى ① دەريا، كۆل قاتارلىقلارنىڭ كېچىپ ئۆتىدىغان جايى. ② كۆچمە. ماڭىدىغان، ھەرىكەت قىلىدىغان يول.

**كېچىكتۈرمەك** «كېچىكمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىد - جىسى: مېنىڭچە، بۇ پىلاننى ھازىرچە كېچىكتۈرگەن تۈزۈك.

**كېچىكتۈرۈلمەك** «كېچىكتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇنداق كېچىكتۈرۈلۈپ تارقىتىلغان گېزىت - ژۇرنال، تېلېگراما، خەت - چەكلەرنىڭ نېمە رولى بار؟

**كېچىكمەك** پ ① بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كېيىن قالماق: سادىق خىزمەتكە يېرىم سائەتچە كېچىكتى. ② بېجىرىلىشى كېيىنگە سۈرۈلمەك، ۋاقتىدا بېجىرىلمەي قالماق: ئۆتكەن يىلى كۈزدە خوتەندە تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولغانلىقتىن، كۆزلۈك زىرائەتلەر كېچىكىپ پىشتى.

**كېچىكىشمەك** «كېچىكمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇ كۈنى، تۈنۈگۈن ئاغرىپ قالغان تۆت ئوقۇغۇچىدىن باشقا يەنە بەزى ئوقۇغۇچىلار ئەتىگەنلىك مەشىققە كېچىكىشتى.

**كېچىلەپ** رەۋ. كېچە داۋامىدىكى ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ، تۈن بويى: سەمەر كېچىلەپ مېڭىپ ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا بېرىپ، ئىسھاق بىلەن ئۇچراشتى.

**كېچىلىك** سۈپ ① كېچىگە خاس، كېچىسى بولىدىغان، كېچىدىكى: كېچىلىك ئولتۇرۇش. * قىش پەسلى ئىدى، قاتتىق شىۋىرغانلىق بىر كۈنى ماڭا كېچىلىك دىجورنىلىق نۆۋىتى كېلىپ قالدى. ② مەلۇم كېچە داۋام قىلغان ياكى داۋام قىلىدىغان: ئۈچ كېچىلىك جەڭ. * ئۇ بۈگۈن كىيىم يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن بىر كېچە - لىك رۇخسەت ئالغانىدى.

**كېچىلىمەك** پ. بىرەر جايدا كېچىنى ئۆتكۈزمەك، ياتماق: مېھمانلار ئاخشام بىزنىڭ ئۆيدە كېچىلىدى.

**كېچىم** ئى. تارس. يا ئوقى، نەيزە قاتارلىقلاردىن مۇداپىئە - لىنىش ئۈچۈن ئاتقا تاقىلىدىغان يوپۇق: مۇھەممەد ئىمىنخان سەركەردە - لەشكەرلەرنىڭ پۈتۈنلەي ساۋۇت - قۇياق كىيىپ، ئاتلارغى - مۇ كېچىم تاقاپ، قەلئەگە يېقىنراق بېرىپ بىر تەرەپتىن ياراغ كۆرسە - تىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ھەيۋە قىلىش ھەققىدە ئىجراسى قاتتىق پەرمانلارنى بەردى.

**كېدىر** ئى [ر<گىرېك] <بوت> قارىغاي ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. شىزاڭنىڭ جەنۇبىدىكى ھىمالايا تېغىدا ئۆسىدۇ. مەشھۇر مەنزىرە دەرىخى. شەھەرلەردە ئۆستۈرۈلىدۇ. ئۇرۇقىدىن ماي ئېلىنىدۇ.

**كېر** سۈپ. دىيال. جەدە بىلەن تورۇق ئوتتۇرىسىدىكى رەڭ تۈسى، سارغۇچ قىزىل (ئاتنىڭ رەڭگى ھەققىدە).

**كېرا** توفېرا ئى [ر] <گېئول> تەركىبىدە ناترىي ماددىسى مول بولغان، دېڭىز تېگىدە ئېتىلغان بىر خىل لاۋا.

**كېرەجىمەك** پ. دىيال. ئىشىكنى توسۇپ تۇرۇۋالماق.

**كېرەك** سۈپ ① زۆرۈر؛ لازىم: شەھەردە كۆز كېرەك، جاڭگالدا قۇلاق كېرەك (ماقال). * ئۇ قىزلار ئۆزلىرىگىمۇ كېرەك نەرسىلەرنى ئېلىپ بىر قۇتا دورا كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. // دېمىسىمۇ گۆھەر مەلىكە تۇرغان ئۆيگە كېچىسى چىراغنىڭ كېرىكى يوق. ② ئىسىمداش ۋە شەخس قوشۇمچىلىرى ئېلىپ كەلگەن ئىسىمداشلار بىلەن كېلىپ، ئىسىمداش بىلدۈرگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ بېجىرىد - لىشى لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ: لەيلىگۈلنى تۇمەن دەرياسىنىڭ ئاستىدىن تېپىشىم، ئۇنىڭ بىلەن مۇراد - مەقسىتىمگە يېتىشىم كېرەك. ③ شەرت مەيلىدىكى پېئىل بىلەن كېلىپ مۆلچەر ۋە ئېھتىماللىقنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ئېھتىمال مۇشۇ ئاشخانىنىڭ خوجا - يىنى بولسا كېرەك.

**كېرەكسىز** سۈپ ① كېرىكى يوق، ئېھتىياجلىق ئەمەس، ئارتۇقچە: كېرەكسىز نەرسە ئەرزان بولسىمۇ قىممەت (ماقال). ② ئىشلىتىپ كېرەكتىن چىققان، كېرەككە كەلمەيدىغان، بۇزۇلغان، تاشلاندۇق: كېرەكسىز بۇيۇملارنى يىغىۋېلىش پونكىتى. كېرەكسىز قەغەزلەرنى سېتىش. * توختى قولىدىكى كېرەكسىز ئۇشكىلەرنى بىر يەرگە دۆۋىلىدى - دە، ئۇدۇلىدىكى تۇراخۇنغا قاراپ قويدى.

**كېرەكسىزلىك** ئى. كېرىكى يوقلۇق، ئارتۇقلۇق: بۇ ئىشتا كېرەككە كېرەكسىزلىك ئارىلاشقان.

**كېرەكلىك** سۈپ ① كېرىكى بار، ئېھتىياجلىق، لازىملىق، پايدىلىق، زۆرۈر: كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرى يوق (ماقال). * جالالىدىن مۇئەللىم ھەر كۈنى «تەجرىبە ئۆيى» نى يوقلايتتى، كېرەكلىك مەسلىھەتلەر بېرەتتى، رىغبەتلەندۈرەتتى. ② كېرەككە كېلىدىغان، يارامىلىق: ئۇ دائىم: «بالا ئانىسىدىن كىچىك قالدى، قانداقلا بولسۇن ئوقۇتۇپ، ئۆز نېنىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغان كېرەكلىك ئادەم قىلىمەن» دەيتتى.

**كېرەك - ياراغ** لازىم قىلىدىغان، ئىشلىتىلىدىغان قورال - جابدۇق: سەپەرنىڭ كېرەك - ياراغلىرى تەيياردۇ؟

**كېرىشمەك** «كەرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كۆكرەكلىرىنى كېرىشىپ، ئۆزلىرىچە ناھايىتى مەغرۇر تۇرۇشاتتى.

**كېرىك** سۈپ. كېرىلگەن، كېرىلىدىغان: داپ كېرىك تۇرمامدۇ.

**كېرىگە** ئى. ياغاچتىن تور شەكلىدە كۆز چىقىرىپ قۇراشتۇ - رۇلغان، يىغقىلى، ئاچقىلى بولىدىغان كىگىز ئۆينىڭ تېمى.

**كېرىگەت** ئى [كېرىگە + ئەت] <ئانات> ← **دىيافراگما**.

**كېرىلدۈرمەك** «كېرىلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىد - جىسى: كەچ كۈزدە كۆمۈش ئالدىدا ئاساسىي شاخلارنى ئۈچ تەرەپكە كېرىلدۈرۈپ، تۈۋىگە 15 — 20 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا توپا يۆلىنىدۇ.

**كېرىلدۈرۈلمەك** «كېرىلدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىد - جىسى: نوتىلارنى ياش ۋاقتىدىن تارتىپلا كەڭ بۇلۇڭلۇق قىلىپ شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇلۇڭلىرى كېرىلدۈرۈلىدۇ.

**كېرىلمەك** ① «كەرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: داپ كېرىلدى. ② «كەرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: لەشكەر - لەر غاز قانىتىدەك كېرىلىپ ئېتىلغىنىچە قوۋۇق ئالدىغا كېلىپ قالدى. ③ كۆچمە. ئۆزىنى چوڭ تۇتماق، مەغرۇرلانماق: ماختاند - غاننىڭ ئۆيىگە بارما، كېرىلگەننىڭ تويىغا بارما (ماقال).

**كېرىلىشمەك** «كېرىلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۈچ بارمىقىنى ھېلىغىچە بېسىپ تۇرغان ئۇ كىشى خاتىپقا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا باداشقان قۇرۇپ كېرىلىشىپ ئولتۇرغان يىگىتلەرگە بىر قۇر قاراپ قويدى.

**كېرىمدانە** ئى [ئە + پ] <بوت> مازارىيون ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. ئۇچكىلىك مېۋە تۇتىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. غۇنچىسى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**كېزەك** I ئى. بىر قورساقتىن بىر قېتىمدا تۇغۇلغان ئىككى بالا، جۈپ، بىر تۇغقان، قوشكېزەك.

**كېزەك** II ئى. دوپپا، تۇماق قاتارلىقلارنىڭ چۆرىسىگە رەخت، كۆرپە قاتارلىقلاردىن تۇتۇلغان گىرۋەك. جىيەك.

**كېزەكلەتمەك** «كېزەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كېزەكلەشمەك** «كېزەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كېزەكلەنمەك** «كېزەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كېزەكلىمەك** پ. دوپپىنىڭ چۆرىسىگە كېزەك تۇتماق، كېزەك ئالماق.

**كېزەكلىك** سۈپ ① كېزىكى بار، كېزەك تۇتۇلغان: قارا كېزەكلىك دوپپا. ② كېزەك قىلىشقا تەييارلانغان، كېزەك قىلىشقا مۇۋاپىق: كېزەكلىك رەخت.

**كېزو** ئى. دىيال. نۆۋەتچىلىك.

**كېزىشمەك** «كەزمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كېزىك** ئى <تېب> ئۇچەي يوللىرىدىكى ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل. كېزىك تاياقچە باكتېرىيەسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا، بەدەن تېمپېراتۇرىسى تەدرىجىي ئۆرلەپ 39℃ — 40℃ قا چىقىدۇ، تومۇر ئاستىلايدۇ، تال ئىششىيدۇ، ئاق قان ھۈجەيرىلىرى ئازىيىدۇ، قورساق ساھەسىگە ھال رەڭ ئەسۋە چىقىدۇ. ئېغىر بولغاندا ئۇچەي قاناش، ئۇچەي تېشىلىش سەۋەبلىك ئۆلۈم ھادىسىسى يۈز بېرىشى مۇمكىن.

**كېزىكلىمەك** پ. كېزىك بىلەن ئاغرىماق، كېزىك تەگمەك: مەن شۇ يىلى كېزىكلەپ بىر يېرىم ئاي ياتتىم.

**كېزىكمەك** پ. ئۇچراشماق، يولۇقماق: يول ئۈستىدە، قولىغا بىر تۆمۈر نەيزە تۇتۇپ، ئۈستىگە بىر زۇلپىقار ئاسقان ھالدا، ئون نەچچە ئاتلىقنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان پالۋان كېزىكتى.

**كېزىلمەك** «كەزمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئېگىز داۋان ئاشمىغۇنچە مەنزىل كۆرۈنمەس، قارا يورغا مىنمىگۈنچە چۆللەر كېزىلمەس.

**كېسەك** ① ئى. قېلىپ ئارقىلىق ھەر خىل ئۆلچەمدە، تىك تۆت تەرەپلىك شەكىلدە قۇيۇپ قۇرۇتۇلغان، قاتقان لاي، چالما: كېسەك تام. كېسەك ئۆي. ② ئى. چالما پارچىسى ياكى قاتقان لاي: چالما ـ كېسەك قىلماق. ③ سۈپ. كېسەككە ئوخشاش قۇيۇلغان: كېسەك ئالتۇن.

**كېسەكچى** ئى. كېسەك قۇيىدىغان ياكى كېسەك قۇيۇشقا ماھىر كىشى: بۇ كەنتكە خۇمدان قۇرۇلۇشى بىلەن سېغىز دۆڭدە كېسەكچىلەر كۆنسېرى كۆپەيدى.

**كېسەكچىلىك** ئى. كېسەك قۇيۇش ئىشى، ئەمگىكى: كېسەك ـ چىلىك قىلماق. * ئۇنىڭ ئون يىل كېسەكچىلىك بىلەن ئۆتكەن ھاياتى ئۆمۈر تارىخىدا ئۇنتۇلماس بىر ئەسلىمە بولۇپ قالدى.

**كېسەل** [ئە] ① سۈپ. ئورگانىزمنىڭ نورمال پائالىيىتى بۇزۇلغان، ئاغرىغان؛ بىتاپ: كېسەل كىشى. كېسەل قوي. ② ئى. ئورگانىزمنىڭ نورمال ھالىتى بۇزۇلغان، ئاغرىغان كىشى؛ بىمار: كېسەل يوقلىماق. كېسەل باقماق. * ئۇلار شۇ دوك كېسەلنى ئېلىپ كەلگەنىكەن. ③ ئى. ئورگانىزم نورمال پائالىيىتىنىڭ، سالامەتلىكىنىڭ بۇزۇلغان ھالىتى؛ كېسەللىك: يۈرەك كېسىلى. ئۆپكە كېسىلى. * كېسەلنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارا بولۇر (ماقال). ④ ئى. تاشلىۋەتكىلى بولمايدىغان، قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئادەت: كونا كېسەل. بۆشۈكىدە تەگكەن كېسەل. ⑤ ئى. چاتاق، نۇقسان، كاشىلا: چاقماقچان ئاخىرىدا يۇقىرى بېسىملىق ماي تۇرۇبىسىنى بوشىتىپ، ماينىڭ يۈرۈشمەيۋاتقانلىقىدەك كېسەلنى تاپتى.

**كېسەلچان** سۈپ. پات ـ پات كېسەل بولۇپ تۇرىدىغان، كېسەلمەن: ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېسەلچان ئانىسى كەلدى.

**كېسەلچانلىق** ئى. ساقسىزلىق: يېشى 40 قا يەتمىگەن بولسىمۇ كېسەلچانلىقىدىن دوختۇرخانىدىن كېلەلمەيدىغان قاسىم چويۇن ئەمدى تاماكا چەككىلىمۇ دوقمۇشقا چىقىدىغان بولۇپ قالدى.

**كېسەلخانا** ئى [ئە + پ] <تېب> دوختۇرخانا، ساناتورىيە ـ لەردىكى كېسەللەر ياتىدىغان ئۆي ياكى بىنا، ياتاق.

**كېسەلسىز** سۈپ. كېسىلى يوق، كېسەلدىن خالىي، كېسەل ـ لەنمىگەن: تىلىسەڭ كېسەلسىز ئۆمۈر، ئەي تېكىن، ئېيتى «ئاز يە» دېگەن دورىنى يېگىن.

**كېسەللەندۈرمەك** «كېسەللەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئادەمنىڭ تەبىئىتى كېسەللەندۈرگۈچى ماددىنى قايسى يول بىلەن ھەيدەپ چىقىرىشقا تەقەززا بولسا، شۇنىڭغا قاراپ ياردەم قىلىنىدۇ.

**كېسەللەنمەك** پ. بىرەر كېسەل بىلەن ئاغرىماق، كېسەل بولماق: تېبابىتىمىزدىمۇ ئىنساننىڭ ساغلام تۇرۇشى ۋە كېسەللىنىد ـ شىدە خىلتلارنىڭ سان ـ سۈپەت جەھەتتىن ئۆزگىرىشى ۋە ئۇلارنىڭ بەدەندىكى نىسپىي تەڭكەشلىكىنىڭ بۇزۇلۇشى ئاساسىي سەۋەبلەردىن سانىلىدۇ.

**كېسەللىك** ئى ① ساقسىزلىق: ئۇ چۈش ۋاقىتلاردا پۇتۇن ياتاقلارنى ئايلىنىپ، ھەممە كىشىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى سوراپ چىقاتتى. ② ئورگانىزمدىكى نورمال پائالىيەتنىڭ بۇزۇلۇشى: دائىم ئۇچرايدىغان كېسەللىك.

**كېسەلمەن** سۈپ. دائىم دېگۈدەك كېسەل بولۇپلا تۇرىدىغان، كېسەلگە يېقىن، تېنى ساغلام ئەمەس، كېسەلچان: كېسەلمەن بالا. كېسەلمەن كىشى. * دادام قېرىغىنىدا كېسەلمەن بولۇپ قالدى.

**كېسەلمەنلىك** ئى. ساقسىزلىق: ياشانغان، ئورۇق، زەپىرانىدەك چىرايىدىن كېسەلمەنلىكى چىقىپ تۇرغان بىر ئايال ھارۋا ئالدىدا پەيدا بولۇپ، باللارنىڭ ئالدىنى توستى.

**كېسىشمە** سۈپ. ئۆزئارا كېسىشىدىغان، بىر ـ بىرىگە ئۆتۈشىدىغان، ئۆتۈشمە: كېسىشمە پەنلەر. كېسىشمە پەنلەر مائا ـ رىپى.

**كېسىشمەك** ① «كەسمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھەدېسىلا گۈلدۈرلەپ كېلىپ، ئۇ قۇرۇلۇشقا، بۇ قۇرۇلۇشقا دەپ كوللېكتىپنىڭ ئورمانلىرىنى قالايمىقان كېسىشىدۇ. ② ئوخشىمىغان يۆنىلىشتە بىر ـ بىرىگە دۇچ كېلىپ ئۆتۈشمەك: كېسىشىپ ئۆتكەن يوللار. ئىككى سىزىقنىڭ كېسىشكەن نۇقتىسى.

**كېسىك** ① سۈپ. كېسىلگەن، كېسىۋېلىنغان؛ كەمتۈك: كېسىك پىرامىدا. كېسىك كونۇس. كېسىك شار. ② ئى <مات> تۈز سىزىقنىڭ ئۈستىدىكى خالىغان ئىككى نۇقتا ئارىسىنىڭ چەكلىك قىسمى.

**كېسىكلىك** سۈپ. كېسىلگەن، كېسىپ قويۇلغان: كېسىكلىك

رەخت. كېسىكلىك سىم.

**كېسىلمەك** «كەسمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەن مۇشۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى ئورمانلارنىڭ تولا كېسىلىپ كەتكەنىدىن كۆرىمەن.

**كېسىم** ① ئى. كېسىش، پىچىش ئىشى: بۇ چاپاننىڭ كېسىمى جايىدا. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ، كېسىلگەن ياكى كېسىپ پارچىلانغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر كېسىم نان. ③ سۈپ. ھۆكۈم قىلىنىدىغان، ھۆكۈملەيدىغان: كېسىم سۆز. كېسىم جۈملە. ④ ئى <قا> سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئەنزىلەرگە قاراپ چىقىش جەريانىدا، مەلۇم مەسىلىلەر ئۈستىدە چىقىرىدىغان قارارى: كېسىم قىلماق. كېسىم ئېلان قىلماق.

**كېسىم قىلماق** <قا> دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ماجىراسىنى ئۈچىنچى بىر تەرەپ ئوتتۇرىدا تۇرۇپ، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئىختىيارلىقى ئاساسىدا كېلىشىپ قارار ھاسىل قىلماق.

**كېسىمچى** ئى. كىيىم تىكىش دۇكانلىرىدا كىيىم ئۆلچەش ـ كېسىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: ئوسمان ئۇستام بۇ كىيىم تىكىش كارخانىسىنىڭ كونا كېسىمچىسى.

**كېسىمچىلىك** ئى. كىيىم ئۆلچەش، كېسىش، تىكىش ئىشى، كەسپى: دۇكاندا ئۈچ تىكىش ماشىنىسى بولۇپ، ئۈچ كىشى باش كۆتۈرمەي ئىش تىكەتتى. ساھىبخانا ئۇستا بولسا كېسىمچىلىك قىلاتتى.

**كېسىمنامە** ئى <قا> سوت مەھكىمىسىنىڭ مەلۇم مەسىلە ئۈستىدە كېسىم قىلىپ چىقارغان يازما قارارى، كېسىم ھۆججىتى: سوتنىڭ بۇ دەۋا ئۈستىدىكى كېسىمنامىسىمۇ چىقىپ بولغانىدى.

**كېسىندى** ئى. ياغاچ، تۆمۈر ياكى قەغەزلەرنى كەسكەندە ھاسىل بولغان قىيىندا.

**كېشەك** ئى [پ] تامغا ئورنىتىلىدىغان، ئىشىكنىڭ قانىتى، دېرىزە راملىرى بېكىتىلىدىغان جازا.

**كېشەكسىمان** سۈپ. كېشەككە ئوخشايدىغان، كېشەك شەكىللىك: كېشەكسىمان شىلىش ئىستانوكى.

**كېكەچ** ① سۈپ. راۋان سۆزلىيەلمەيدىغان، دۇدۇقلايدىغان: — ئۇغۇ شۇنداق، يېقىن، بىراق مەن، مە... مەن... ، — مەتتۇرسۇن بىردىنلا كېكەچ كىشىدەك سۆزلىيەلمەي قالدى. ② ئى. شۇنداق ھالەتتە سۆزلەيدىغان ئادەم: كېكەچ بولسىمۇ باينىڭ بالىسى سۆزلىسۇن (ماقال).

**كېكەچلەتمەك** «كېكەچلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كېكەچلەشمەك** «كېكەچلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كېكەچلەنمەك** «كېكەچلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كېكەچلىك** ئى. دۇدۇقلاپ سۆزلەش، كېكەچ ھالەت: مەن كېكەچلىكنى قانداق تۈزىتىش ھەققىدە نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغان بولسامۇ ئۈنۈمى بولمىدى.

**كېكەچلىمەك** پ. راۋان سۆزلىيەلمەي قالماق، دۇدۇقلىماق: قاشقىرباي تىلى تۇتۇلۇپ قالغان كىشىدەك كېكەچلىدى.

**كېككەيمەك** پ. دىيال. تەكەببۇرلانماق، مەغرۇرلانماق.

**كېكتمە** ئى. دىيال. تەنە، ھەجۋىي ، ياپتا گەپ.

**كېكىردەك** ئى <ئانات>① نەپەس يولىنىڭ يۇقىرىقى قىسمى: كېكىردەك قاپقىقى. كېكىردەك كۆمۈرچىكى. ② گال، بوغۇز: كېكىردەكنى ھۆللىمەك.

**كېكىردىكى يىرتىلغۇچە** بار ئاۋازى بىلەن، ناھايىتى قاتتىق: بالا كېكىردىكى يىرتىلغۇچە توۋلاپمۇ ئۆيدىكىلەرنى ئويغىتالماپتۇ.

**كېكىرتمەك** «كېكىرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كاكاكولا كېكىرتىپ، تاماقنى سىڭدۈرىدىكەن.

**كېكىرمەك** پ ① ئاشقازاندا توپلانغان ھاۋانى ئېغىز ئارقىلىق ئاۋازلىق چىقارماق: شامال يەپ، بوران كېكىرىپتۇ (ماقال). ئاچ كېكىرەر، توق ئوسۇرار (ماقال). ② كۆچمە. تويماق، تويۇپ يانماق: قېنى كۆرۈپ باقاي دەپ ئۈچ ساندۇق ھەسەل ھەربىسى سېتىۋېلىپ بېقىۋىدىم، ئۆي ئىچى، ئەھلىمەھەللە ھەسەلگە كېكىردى.

**كېكىرىشمەك** «كېكىرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سورۇن تۈزدى بەگ ـ خېنىملار تۆرنى تالىشىپ، كېكىرىشتى ھەر بارماقنى ئوندىن يالىشىپ.

**كېكىرىك** ئى. ئاشقازاندا توپلانغان ھاۋانىڭ ئېغىز ئارقىلىق چىقىشى؛ كېكىرگەندە چىققان ئاۋاز: بىر كېكىرىك كەلسە تۈزۈلۈپ كېتەتتىم.

**كېڭەش** ئى ① بىرەر ئىش ھەققىدىكى پىكىر، يوليورۇق، مەسلىھەت: ئۇ: — ئەمدى مەن سىزگە قانداق كېڭەش بېرەلەيمەن، — دېدى. ② ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىش ۋە پىكىرلىشىش ئاساسىدىكى مۇزاكىرە ۋە شۇنداق مۇزاكىرە يىغىنى، يىغىلىش: كېڭەش بىلەن پىچىلغان تون قىسقا بولماس (ماقال). * كېڭەشتە ئولتۇرغانلار بۇ ھەقتە ئويلاپ كۆرمىگەچكە، دەرھال بىرنېمە دېيەلمىدى. ③ جەمئىيەت، سىياسىي پارتىيە ـ گۇرۇھ ۋەكىللىرىنىڭ مەسلىھەتلىشىش، كېڭىشىش يىغىنى ۋە بۇ يىغىننىڭ ئىجرائىيە ئورگىنى: جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى. * مەن كېڭەشنىڭ رەئىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ھازىردىن باشلاپ ھەرىكەت قىلىشقىلارنى سورايمەن.

**كېڭەشچى** ئى. مەسلىھەتچى، مەسلىھەت بەرگۈچى، كېڭەشكۈچى: نېمىشقا كېڭەشچىلەرنىڭ مەسلىھەتلىرى بويىچە ئىش قىلمايلا؟

**كېڭەشخانا** ئى. كېڭەش ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۆي، خانا.

**كېڭەشسىز** سۈپ. كېڭەش قىلىنمىغان، مەسلىھەتلەشمىگەن: كېڭەشسىز ئىش تازا ئىشەنچلىك بولمايدۇ.

**كېڭەشلىك** سۈپ. كېڭەش ۋە مەسلىھەت بىلەن قىلىنغان؛ كېڭىشىپ، مەسلىھەتلىشىپ قىلىنىدىغان: كەڭ تون يىرتىلمايدۇ، كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلمايدۇ.

**كېڭەشمە** ① ئى. كېڭىشىش، كېڭەش: ۋاقىتلىق ئىشتاب ئۆيى قىلىنغان كىگىز ئۆيدە پولك باشلىقلىرى جىددىي كېڭەشمە ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ② سۈپ. كېڭىشىش ئارقىلىق بولىدىغان: كېڭەشمە سوت. كېڭەشمە سودا.

**كېڭەشمەك** پ ① بىرلىكتە مۇزاكىرىلەشمەك، ئۆزئارا مەسلىھەتلەشمەك: ئۇلار بىرئاز كېڭەشكەندىن كېيىن بىر پىكىرگە كەلدى. ② ئۆزىنى چاغلاپ، مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ ئىش قىلماق؛ ئۆزىنى توختاتماق: ئات ئالساڭ ئاي كېڭەش، خوتۇن ئالساڭ يىل كېڭەش (ماقال).

**كېڭەيتمەك** ① «كېڭەيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئۆتكەن يىلى يازدا ھويلىسىدىكى بوتكا ئۆينى بۇزۇپ 15 — 20 ئادەم سىغقۇدەك قىلىپ كېڭەيتىپ سالدى. ② كۆچمە. ئومۇملاش-

تۇرۇپ قوللانماق: بۇ ئۇسۇلنى پۈتۈن مەيدانغا كېڭەيتىش كېرەك.

**كېڭەيتىشمەك** «كېڭەيتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۇرۇقنى بۇ خىل ئۇسۇلدا تاللاش تەجرىبىلىرىنى ئۆز ئورۇنلىرىدا كېڭەيتىشتى.

**كېڭەيتىلمەك** «كېڭەيتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئۇرۇقلۇق بۇ يىل بەش مو يەرگە كېڭەيتىلدى.

**كېڭەيمە** سۈپ. كېڭىيىدىغان؛ ئومۇملىشىدىغان ياكى ئومۇملاشتۇرۇلىدىغان: پۇل مۇئامىلە كېڭەيمە مەھسۇلاتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، پۇل مۇئامىلە خەۋپىنىڭ قاپلىنىشچانلىقى ئاشتى.

**كېڭەيمەك** پ ① سىغىمچانلىقى، كۆلىمى، دائىرىسى ئاشماق، چوڭايماق؛ كەڭ بولماق: يول كېڭەيدى. نەزەر دائىرىمىز كېڭەيدى. ئۇنىڭ چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ، بۇرنىنىڭ تۆشۈكى كېڭەيدى. ② ئۆز ئىچىگە ئالغان كىشىلەرنىڭ سانى ئاشماق، كۆپەيمەك: بۇ مەكتەپتە پىئونېرلار تەشكىلاتى قوشۇنى خېلى زور كېڭەيدى.

**كېڭەيمىچى** ئى. باشقىلارنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىۋېلىش ھېسابىغا ئۆز دائىرىسىنى كېڭەيتكۈچى، تاجاۋۇزچى: ساماـ نىيلارنىڭ كېڭەيمىچى خانى نۇھ II ئىبنى مەنسۇر دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقان كېڭەيمىچىلىك ھەرىكىتىنى يۈرگۈزدى.

**كېڭەيمىچىلىك** ئى. ھەربىي، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىگە تايىنىپ ئاجىز، كۈچسىز دۆلەتلەرنىڭ زېمىنىنى ئىگىلەـ ۋېلىش، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ھەرىكىتى، تاجاۋۇزـ چىلىق.

**كېڭىيىش** ئى ① دائىرىسى، سىغىمچانلىقى ئېشىش، چوڭىـ يىش. ② <فىز> تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشى ياكى باشقا ئامىللار تۈپەيلىدىن، جىسىم ئۇزۇنلۇقى ياكى ھەجىمىنىڭ ئېشىشى: كېڭىيىش كوئېففىتسېنتى.

**كېلەپ** ئى. دىيال <بوت> مالنى سەمرىتىدىغان بىر خىل ئوت.

**كېلەچەك** ① سۈپ. ھازىرقى پەيتتىن كېيىن كېلىدىغان، كەلگۈسىدىكى: ئەينى ۋاقىتتىكى پەۋقۇلئاددە شارائىتتا، سىزنىڭ كېلەچەك ئىستىقبالىڭىزنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاچامۇ سىزگە خەت يازماپـ تۇ.② ئى. ھازىرقى پەيتتىن كېيىن كېلىدىغان ۋاقىت، دەۋر؛ كەلگۈسى: كېلەچەككە بولغان ئىشەنچ ـ ئۈمىدىنى ئۇرغۇتماق. ③ ئى. كەلگۈسىدىكى ھايات، ئىستىقبال، تەقدىر: توغرا يولدا ماڭغانلارغا خەۋپ ـ خەتەر يوق، كېلەچىكى سائادەتلىك مەڭگۈ كۆڭلى توق!

**كېلەچەكشۇناس** ئى. كېلەچەكنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەـ خەسسىس.

**كېلەچەكشۇناسلىق** ئى. كېلەچەكنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**كېلەر** I ئى <زوئول> سۆرەلگۈچى ھايۋان. شەكلى تام پاتمىچۇقىغا ئوخشايدۇ، لېكىن چوڭ، بېشى يوغان، دۈمبە تەرىپى كۆل رەڭ ھەم قىزىل رەڭلىك سەپكۈنلىرى بولىدۇ، پاشا، چىۋىن قاتارلىق ھاشاراتلارنى يەيدۇ، تېبابەتچىلىكتە ئۇنىڭدىن قۇۋۋەت دورىسى ياسىلىدۇ.

**كېلەر** II سۈپ. ھازىرقىدىن كېيىنكى، كېيىن كېلىدىغان: كېلەر نۆۋەت، كېلەر قېتىم. * سەلىمىخانلار تويىنى كېلەر ھەپتىدە قىلىشۋەتسەك دەپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ.

**كېلەركى** سۈپ. كېيىن كېلىدىغان، كېيىنكى، كېلەر: كېلەركى سايلامغا قارىمايلا مېنى ھاكىملىقتىن ئېلىپ تاشلىشىدۇ.

**كېلەڭسىز** سۈپ ① قەددى ـ قامىتى، تۇرقى كېلىشمىگەن، قوپال: مەخسۇت بەگ كېلەڭسىز بەستىنى تەستە كۆتۈرۈپ، سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى. ② ئىخچام، يىغىنچاق ئەمەس: كېلەڭسىز ئاپپارات. * ئۇنىڭ ئوڭ قولىدا ئەگمە ساپلىق كېلەڭسىز بىر سېۋەت بار ئىدى.

**كېلەڭسىزلەشمەك** پ. كېلەڭسىز ھالەتكە كەلمەك، بارغانـ سېرى كېلەڭسىز بولماق: ھامالنىڭ يۈكى بىرىنچىدىن ناھايىتى ئېغىر، ئىككىنچىدىن بەكمۇ كېلەڭسىزلىشىپتۇ.

**كېلەڭسىزلىك** ئى. كېلەڭسىز ھالەت، قوپاللىق: «ئورۇق ئۈيغا يوغان مۈڭگۈز» دېگەندەك، تۆت ئېغىزلىق ئۆيدە كېلەڭسىزلىك ھېس قىلىپ، باغقا قارايدىغان كىچىكرەك بىر ئۆيگە چىقىۋالغانىدىم.

**كېلۋىن** ئى <فىز> مۇتلەق تېمپېراتۇرا بىرلىكى. ئەنگلىـ يە فىزىكا ئالىمى ۋىللىيام تامسوم (كېلۋىن) نىڭ نامىغا بېرىلگەن. سۇنىڭ ئۈچلۈك نۇقتىسى (سۇيۇق، گاز، مۇز) گىرادۇسىنىڭ $\frac{1}{273.16}$ قىسمىغا تەڭ. ئادەتتە «k °» بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ.

**كېلىش** ئى <تىل> بەزى تىللاردىكى، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەردە بولىدىغان بىر خىل گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە. ئادەتتە سۆزلەرگە ئۇلىنىش ئارقىلىق شۇ سۆزنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان گىراماتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ. ئەنئەنىۋى گىراماتىكىمىز بويىچە، بىزنىڭ تىلىمىزدا باش كېلىش، ئىگىلىك كېلىش، چۈشۈم كېلىش، يۆنىلىش كېلىش، ئورۇن ـ پەيت كېلىش ۋە چىقىش كېلىشتىن ئىبارەت ئالتە كېلىش بار.

**كېلىشەڭگۈ** سۈپ. كېلىشكەن، جايىدا، قامالاشقان: ئاددىي بولسىمۇ رەتلىك كىيىنگەن، يېشىنىڭ چوڭىيىپ قالغىنىغا قارىماي، روھى تېتىك، كېلىشەڭگۈ بىر ئادەم ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدى.

**كېلىشەلمەسلىك** سۈپ. چىقىشالماسلىق، ماسلىشالماسلىق: ئۇلارنىڭ كېلىشەلمەسلىكىدىكى سەۋەبنى سىلەر بىلمەيسىلەر.

**كېلىش ـ بېرىش** بىر ـ بىرىنىڭكىگە كېلىپ ـ بېرىپ تۇرۇش، ئۆزئارا باردى ـ كەلدى مۇناسىۋەت، ئالاقە: كېلىش ـ بېرىش قىلماق. * ئۇلارنىڭ كېلىش ـ بېرىشى خېلى قويۇق ئىدى.

**كېلىشتۈرگۈچى** ئى. چىقىشالمىغان، تالاش ـ تارتىش قىلغان ئىككى تەرەپنى ھەم سودىدا ساتارمەن بىلەن ئالارمەننى ئەپلەشتۈرگۈچى كىشى.

**كېلىشتۈرمەك** «كېلىشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىـ جىسى: ــــ مانا، مانا بۇنى ناھايىتى كېلىشتۈرۈپ ئېيتتىڭىز ـ دە، سېكرېتار، ــــ دېدى تۇردى.

**كېلىشتۈرمىچىلىك** ئى ① چىقىشالمىغان، تالاش ـ تارتىش قىلغان تەرەپلەرنى ئەپلەشتۈرۈپ (كېلىشتۈرۈپ) قويۇش. ② <پەلس> ئوخشاش بولمىغان تۈرلۈك پىكىر ئېقىملىرى، نۇقتىئىنەزەرلەر ۋە نەزەرىيەلەرنى پىرىنسىپسىز، مېخانىـ كىلىق ھالدا بىر قىلىپ قوشۇش.

**كېلىشتۈرۈشمەك** «كېلىشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كېلىشتۇرۇلمەك** «كېلىشتۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ كىتابتا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۆز قاراشلىرى ناھايىتى مۇۋاپىق ھالدا تونۇشتۇرۇلغان ۋە كېلىشتۇرۇلگەن.

**كېلىشكەن** سۈپ. قامەتى، تەقى ـ تۇرقى جايىدا؛ چىرايلىق؛ قاملاشقان، پىچىملىق: كېلىشكەن يىگىت. * بۇ ئاتنىڭ كۆرۈنۈشى ئاجايىپ، ئاياغلىرى ئاق، ئۆزى كېلىشكەن، كۆكسى كەڭ ئىدى.

**كېلىشمەسلىك** ئى. كۆتۈلمىگەن ئوڭۇشسىزلىق، پېشكەللىك، پالاكەت: بۇگۈن كىرگەن كىشى ئۇرۇمچىدە بىر ئىدارىدە باشلىق ئىكەن، يېقىندا كېلىشمەسلىك بولۇپ بويتاق بولۇپ قاپتۇ.

**كېلىشمەك** پ ① «كەلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىرىق بويىدا ئولتۇرغان كىشىلەر كېلىشتى. ② بىرلىككە كەلمەك، پۈتۈشمەك: ئۇلار باھادا ئوڭايلا كېلىشىپ قالدى. ③ ماس كەلمەك، قاملاشماق: مەن بۇگۈن جاڭگالغا كېتىۋېتىپ بىر قوشاق توقۇپ باقسام خېلى كېلىشىپ قالدى. ④ چىقىشماق: بۇ ئىككىسى خېلى كېلىشىپ قالدى.

**كېلىشىلمەك** «كېلىشمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ جەھەتتىكى يوشۇرۇن مەسلىھەت ئالدىنقى قېتىمدا ئەخمەتجان خوجا بەگ بىلەن باياندای قەلئەسىنىڭ ھاكىمى گۇەن تۇڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىشىلگەنىدى.

**كېلىشىم** ئى. ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ تۈزۈلگەن ياكى بىرلىككە كەلگەن پىكىر، خۇلاسە، قارار، بىتىم ۋە شەرتنامە قاتارلىقلار: سودا كېلىشىمى. ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى. كېلىشىم ھاسىل قىلماق.

**كېلىشىمسىز** سۈپ ① كېلىشمىگەن، قاملاشمىغان: كىيىم ـ كېچەكتىلا ئەمەس، ھەتتا ئوزۇق ـ تۈلۈك توغرىسىدىمۇ ئۇنىڭ خېلىلا كېلىشىمسىز قىلىقلىرى ئۇچرايتتى. ② كېلىشىمى يوق، كېلىشىم ھاسىل قىلمىغان: كېلىشىمسىز سودا. كېلىشىمسىز ھەمكارلىق.

**كېلىشىملىك** سۈپ ① قاملاشقان، كېلىشكەن، چىرايلىق: كىشىلەر ئۇنىڭغا دەسلەپ شۇنىڭ ئۈچۈن ھېرىسمەن بولغانىدىكى، چوڭ ـ كىچىكنىڭ پەرىزىدە گويا ئۇ كېلىشىملىك بەستىگە مۇناسىپ ھالدا بۇلبۇل كەبى ناخشىچى ئىدى. ② كېلىشىمى بار، كېلىشىم ھاسىل قىلىنغان: كېلىشىملىك سودا. كېلىشىملىك ھەمكارلىق.

**كېلىشىمنامە** ئى. ئۆزئارا كېلىشىپ بىرلىككە كېلىنگەن پىكىر ۋە قارارلارنىڭ يازما بايانى؛ توختام، كېلىشىم.

**كېلىم ـ كېتىم** كەلدى ـ كەتتى، كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغانلار: بارا ـ بارا ئۆي ئىچىدە كېلىم ـ كېتىم، گەپ ـ سۆز كۆپىيىشكە باشلاپتۇ.

**كېلىن** ئى ① ئوغلىنىڭ خوتۇنى (ئاتا ـ ئانىغا نىسبەتەن): قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا (ماقال). * كېلىنىڭنى كەلگەندە كۆر، بۆكنى كىيگەندە كۆر (ماقال). ② تويى بولۇۋاتقان قىز: كېلىن يۆتكىمەك.

**كېلىنلىك** ① سۈپ كېلىن ئەكىرگەن: ناسىرئاخۇن ئوغۇللىرىنى ئۆيلەپ كېلىنلىك بولدى. ② ئى. توي قىلىپ، كېلىن بولۇپ ئۆتۈش ۋە شۇنداق تۇرمۇش: — غۇنچىنى كۈندەشلىككە ئەمەس، كېلىنلىككە دەپ قولغا چۈشۈرىمىز، ئىش تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ، — دېدى شەرۋان.

**كېلىنمەك** «كەلمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: داستىخان سېلىنىپ، ئەتىگەنلىك چاي ئۈچۈن دەملەپ قويۇلغان چاي ئېلىپ كېلىندى.

**كېمە** ئى [پ] سۇدا ماڭىدىغان، يۈك توشۇش، بېلىق تۇتۇش ياكى ھەر خىل مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلما.

**كېمەيتكۈچى** ئى <مات> ئېلىش ئەمەلىدىكى ئېلىۋېتىلىدىغان سان. مەسىلەن، 2 = 4 − 6 دىكى 4 كېمەيتكۈچى دېيىلىدۇ.

**كېمەيتمەك** «كېمەيمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يازلىق تېرىلغۇ پىلانىڭلارنى بىر ھەسسە كېمەيتسەك قانداق دەيسەن؟

**كېمەيتىشمەك** «كېمەيتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كېمەيتىلمەك** «كېمەيتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تۆت تونىنا مال تاپشۇرمىساق، شەرت بويىچە ئالىدىغان ھەققىمىز 30 % كېمەيتىلىدۇ.

**كېمەيگۈچى** ئى <مات> بىر ساندىن يەنە بىر سان ئېلىۋېتىلگەندە، ئەسلىدىكى سان كېمەيگۈچى بولىدۇ. مەسىلەن، 2 = 5 − 7 دىكى 7 بولسا كېمەيگۈچى.

**كېمەيمەك** پ ① مىقدارى ياكى ھەجمى جەھەتتىن ئازايماق، كەم بولماق: موللا زەيدىن ۋاڭنىڭ قىزى ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپلا: «قانداقلا بولسا بىر ئەسكى كېمىيىپتۇ» دېگەنىدى. ② كۈچى، تەسىرى ئازىيىشقا، يوقىلىشقا باشلىماق: شۇ كۈندىن باشلاپ قەيسەرنىڭ ئۇيقۇسى كېمەيدى، تامىقى ئازايدى.

**كېمىچى** ئى. كېمە ھەيدىگۈچى كىشى.

**كېمىچىلىك** ئى. كېمە ھەيدەش بىلەن شۇغۇللىنىش، كېمە ھەيدەش كەسپى.

**كېمىر** ئى [پ] ① غارسىمان ئويۇقچە جاي. ② ئۇستى گۈمبەز شەكلىدە ئەگمە قىلىپ يېپىلغان ئۆي: كېمىر ئۆي.

**كېمىرلەنمەك** پ. دىيال. پۇچۇلماق، يېپىلمەك.

**كېمىرمەك** پ. غاجىلاپ، قىرىپ يېمەك.

**كېمىساز** ئى. كېمە ياساش بىلەن شۇغۇللانغۇچى شەخس ياكى مۇشۇنداق ساھە.

**كېمىسازلىق** ئى. كېمە ياساش كەسپى ۋە كېمە ياساش ھەققىدىكى ئىلىم.

**كېمىمەك** پ. كېمەيمەك، كەملىمەك: — ئۇنداق قۇرۇق ئابرۇيىڭنى نېمە قىلىدۇ ئۆزى، تۇردى ئاخۇننىڭ ئوغلى نىيازغا قاراپ باققىنا، ئانچە ـ مۇنچە تىجارەت قىلىۋاتىدۇ، مانا شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بەش ـ ئون مىڭ يۈەن كېمىمەيدۇ، — دېدىم ھاشىم.

**كېمىيىشچان** سۈپ. كېمىيىپ بارىدىغان، كېمىيىدىغان: كېمىيىشچان ھەرىكەت.

**كېنگۇرۇ** ئى [ر<ئىنگ] <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. ئالدى پۇتى قىسقا ۋە كىچىك، ئارقا پۇتى ئۇزۇن ھەم چوڭ. سەكرەشكە ماھىر، قۇيرۇقى توم كېلىدۇ. چىشىسىنىڭ قورساق قىسمىدا تېرە خالتىسى بولۇپ، باللىرىنى شۇنىڭ ئىچىگە سېلىۋالىدۇ. يېشىل ئوت ـ چۆپلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئاۋستىرالىيەگە كەڭ تارالغان.

**كېنىزەك** ئى [پ] خان، پادىشاھ سارايلىرىدىكى خىزمەتكار قىز.

**كېۋەز** ئى <بوت> تۈگمىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى ئاچ سېرىق، مېۋىسىنىڭ شەكلى ياڭاققا ئوخشايدۇ، ئىچىدە ئاق رەڭلىك تالا (پاختا) بىلەن قوڭۇر رەڭلىك ئۇرۇقى (چىگىتى) بولىدۇ. تالاسى توقۇ -

مچىلىق سانائىتىنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇرۇقىدىن ماي تارتقىلى، مېيىنى ئىستېمال قىلغىلى ۋە سانائەتكە خام ئەشيا قىلغىلى بولىدۇ.

**كېۋەزلىك** پ. كېۋەز تېرىلغان يەر، ئېتىز.

**كېيىك** ئى <زوئول> بۇغا ـ مارالنىڭ ئومۇمىي نامى.

**كېيىكئوت** ئى [كېيىك + ئوت] <بوت> كالپۇكسىمان گۇللۇكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنىدىن كۈچلۈك يالپۇز پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ، يىلتىزىنىڭ يەر ئۈستىدىكى قىسمى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيقۇسىزلىق، يۈرەك ئېغىش، سۆڭەك يۇمشاپ كېتىش ۋە ئەرلىك جىنسىي ئاجىزلىق قاتارلىق كېسەللەرگە شىپالىق رولى بار.

**كېيىن ( كەينى )** ① رەۋ. بىرئاز ياكى مەلۇم ۋاقىت ئۆتۈپ، سوڭرە: شىرمەھەممەت قىسمەت چورۇقىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ ئاۋۋال توختىئاخۇننىڭ ئۆيىگە، كېيىن رايونلۇق پارتكوم بىناسىغا كىردى. ② تىر. (چىقىش كېلىش قوشۇمچىسىدىن كېيىن) سوڭرە: يىغىندىن كېيىن ئەترەت ھەيئەتلىرى بىلەن مېنىڭ ياتىقىمدا ئازراق باش قوشۇۋالماقچى بولدۇق. ③ باغل. چىقىش كېلىشتىكى پۈتكەن ھاللىق ئۇزەكتىن كېيىن كېلىپ، ھالەت بېقىندى جۈملە بىلەن باش جۈملىنى باغلاش رولىنى ئوينايدۇ: رەنا بىلەن ياسىن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويغاندىن كېيىن رەنا ئالدىراپ كېتىپ قالدى.

**كېيىنچە** رەۋ. مەلۇم ۋاقىت ئۆتۈپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا، كەلگۈسىدە: دەسلەپتە ئۆرپ ـ ئادەت بولۇپ ئىپادىلەنگەن بۇ قائىدە كېيىنچە قانۇن بولۇپ قالدى.

**كېيىنكى** سۈپ ① باشقىلارغا نىسبەتەن كەينىدە، ئارقىدا تۇرغان؛ كەينى تەرەپتىكى، كەينى تەرەپكە جايلاشقان: كېيىنكى قاتار. كېيىنكى بەت. * ئەركىننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىزلەر. ② ئاخىرقى؛ قالغان: كېيىنكى ئىمتىھان. كېيىنكى كۈنلەردە. * ئۇ كېيىنكى ئۆمرىنى قەشقەردە ئۆتكۈزدى.

**كېيىنلىك** ئى. كەلگۈسىدىكى ھايات، كېلەچەك، تەقدىر: دانىشمەن كىشى ھازىرقىغا قاراپ كېلەچەكنى ئالدىن كۆرەلەيدۇ، بىز كېيىنلىكىمىزنى ئويلىشىمىز لازىم.

**كى** [پ] ① باغل. يېزت. ئاساسەن شېئىرىي ئەسەرلەردە كېلىپ «شۇنداق قىلىپ، نەتىجىدە» دېگەن مەنىدە سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى ئىككى جۈملىنى باغلايدۇ: چېپىشتى ئارغىماقلار مۇشۇ يولدا، قىلىچ ـ قالقانلار جەۋلان قىلدى قولدا. ئۇلار شىردەك ئېتىلدى ياۋغا گويا، كى ئۇيغۇر قۇدرىتىنى كۆردى دۇنيا. ② باغل. بېقىندۇرغۇچى جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ بېقىندى جۈملىنى بېقىندۇرغۇچى جۈملىنىڭ مەلۇم بۆلىكى بىلەن باغلايدۇ: ئۇ ئۆزىنى شۇنداق چوڭ تۇتىدۇكى، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى كۆزىگە ئىلمايدۇ. ③ يۈك. تەكىت ۋە كۈچەيتىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: دۈشمەن قارشى تۇرغانلىكى نەرسىنى بىز ھىمايە قىلىشىمىز لازىم.

**كىبېرنېتىكا** ئى [ر<گرېك] <فىز> ئاپتوماتىك ماشىنىلارنى باشقۇرۇش ۋە كونترول قىلىش ھەققىدىكى نەزەرىيەۋى پەن. ئادەتتە ئۇ ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش ۋە ئېلېكترونىكا ئاساسىدا ئۇچۇرلارنىڭ، ماشىنىلارنىڭ ئاپتوماتىك سىستېمىسى؛ ھايۋان ياكى ئادەم تېنىدە يەتكۈزۈلۈشىگە ئوخشاش ئومۇمىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ.

**كىبىر** I ئى [ئە] ① ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، مەغرۇرلۇق: قانائەت ۋە كىبىر بىزنىڭ ئالغا بېسىش يولىمىزدىكى پۈتلىكاشاڭ. ② مەغرۇر تاشقى قىياپەت، سالاپەت: قارا ئۇنىڭ شۇجىلىق كىبىرىنى! ئۇ كىم، مەن كىم!

**كىبىر** II ئى [پ] <بوت> ← **كەپە** II .

**كىبىرسىز** سۈپ. كىبىرى، چوڭچىلىقى يوق؛ تەكەببۇر ئەمەس: يوقسۇل ئەللەر ھەردەم ساڭا تەلپۈنەر، ئېزىلگەندە غەمگۇزار ـ سەن، يۆلەكسەن. بۈيۈكسەنكى كىبىرسىز سەن جاھاندا، مەزلۇملارغا ئۇلۇغ گىگانت تىرەكسەن.

**كىبىرلەنمەك** پ. ئۆزىنى چوڭ تۇتماق، چوڭچىلىق قىلماق: كىبىرلەنمە، تېخى تۇنجى سەپەرگە ئات سېلىپ چىقتىڭ، ئېتىڭغا قامچا، يۈگەندۇر، يولۇڭغا تۇغ گويا ئەخلاق.

**كىبىرلىك** سۈپ. ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، كىبىرلەنگەن، تەكەببۇر: نىزام ئاتىسىنىڭ گۆشلۈك ۋە پارقىراپ تۇرغان چىرايىغا، بىغەم ۋە كىبىرلىك ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە ئېچىنىش بىلەن بىر پەس تىكىلىپ تۇردى.

**كىپ** ئى. لائوسنىڭ پۇل بىرلىكى.

**كىپارىس** ئى [ر<گرېك] <بوت> ئارچا ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. ئېگىزلىكى 30 مېترغا يېتىدۇ، شاخلىرى ئىنچىكە بولۇپ پەسكە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. يوپۇرمىقى تەڭگىچە شەكىللىك ۋە كىچىك ئۇچى ئۇچلۇق، مېۋىسى يۇمىلاق، ئۇرۇقى قاسىراقسىمان بولىدۇ، پىشقاندا يېرىلىدۇ. ياغىچى سارغۇچ قوڭۇر، پۇراقلىق كېلىدۇ. ئۇنى قۇرۇلۇشقا، كېمىسازلىققا ياكى ئۆي جابدۇقلىرىنى ياساشقا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**كىپت** ئى [ئە] ① يەلكە: كىپتى چوڭ. كىپتىگە ئالماق. ② تۇرق، قىياپەت: بەستىلىك، ئېگىز بوي كەلگەن، توم قارا قاش، كالتە بۇرۇتى، قاڭشارلىق بۇرنى ۋە يۈزىنىڭ كىپتىگە ياراشقان تەمكىن بىر كىشى ئانىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

**كىت** ئى [ر<گرېك] <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تۈرلىرى كۆپ، دېڭىز ـ ئوكيانلاردا ياشايدۇ، تۇغۇپ كۆپىيىدۇ. تەن شەكلى بېلىققا ئوخشايدۇ، تەن ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىردىن ئارتۇق كېلىدۇ، ھازىرقى زامان ھايۋانلىرىنىڭ ئەڭ چوڭلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئالدىنقى ئايىغى پالاقىغا ئايلانغان، ئارقا ئايىغى رودىمېنتلاشقان، قۇيرۇقى قۇيرۇق پالاقچىسىغا ئايلانغان. بۇرۇن تۆشۈكى بېشىنىڭ ئۈستىدە، ئۆپكىسى ئارقىلىق نەپەسلىنىدۇ. گۆشىنى يېيىشكە بولىدۇ. يېغى دورىگەرلىكتە ۋە سانائەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

**كىتا** ئى [ر] <زوئول> بىر خىل بېلىق. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 70 — 90 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئېغىزى چوڭ، تەڭگىچىسى كىچىك. ئۇلۇغ ئوكياننىڭ شىمالىدىكى دېڭىزلاردا ياشايدۇ. قىلتىرىقى ئاز، گۆشى مەززىلىك.

**كىتاب** ئى [ئە] توپلەنگەن ياكى مۇقاۋىلانغان باسما ياكى يازما ئەسەرلەر: كونا كىتاب. ئەرەبچە كىتاب.

**كىتاباز** ئى. قارىغۇلارچە كىتابىي ئىبارىلەرگە ئېسىلىۋېلىپ، ئۇنى كۆتۈرۈپ چىققۇچى كىشى.

**كىتاببازلىق** ئى. ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، قارىغۇلارچە كىتابىي ئىبارىلەرگە ياكى يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئېسىلىۋالىدىغان بىر خىل خىزمەت ئىستىلى. ئۇ سۇبيېكتىپچىلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى.

**كىتابپەرەس** سۈپ. كىتاب دېسە ھەممىدىن كېچىدىغان، كىتابقا بېرىلىپ كەتكەن: رەيھان پەرھاتنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش كىتابپەرەس بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

**كىتابپەرەسلىك** ئى. كىتابقا بېرىلىپ كېتىش، كىتاب ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىش ئادىتى: كىتابپەرەسلىك ئۇنىڭ ياشلىقىدىكى بىر قىزىقىشتىن ئىبارەت بولغان قىسقا بىر جەريان ئىدى.

**كىتابپۇرۇش** ئى [ئە + پ] كىتاب ساتقۇچى كىشى: ئۇستازىم شەمشىدىنىنىڭ موللا دانىش ئىسىملىك كىتابپۇرۇش دوستى بار ئىدى.

**كىتابپۇرۇشلۇق** ئى. كىتاب سېتىش ئىشى، كەسپى: كىتابپۇرۇشلۇق قىلماق.

**كىتابچە** ئى. كىچىك كىتاب. بىراشۇرا.

**كىتابچى** ئى. كىتابپۇرۇش: ئۇيغۇر تىل - يېزىقى بىلەن يېزىلغان ۋە نەشر قىلىنغان گېزىت - ژۇرناللار، سىياسىي، ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر دۇنيانىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە يېيىلىپ، ئۇنى ئىشلىگۈچى نەشرىياتچى ۋە كىتابچىلارغا ئىقتىسادىي پايدا يەتكۈزۈپ ئۇلارنى ئىش ۋە ئاش بىلەن تەمىنلەپ كەلمەكتە.

**كىتابچىلىق** ئى. كىتاب سېتىش تىجارىتى، كىتابپۇرۇشلۇق: ئۇ كىتابچىلىق بىلەن خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

**كىتابخان** ئى [ئە + پ] كىتاب ئوقۇغۇچى.

**كىتابخانا** ئى [ئە + پ] ① كىتابلار سېتىلىدىغان ئورۇن: ناھىيەلىك شىنخۇا كىتابخانىسى. ② پايدىلىنىدىغان ھەر خىل كىتابلار تىزىپ قويۇلغان مەخسۇس ئۆي.

**كىتابخانلىق** ئى. كىتابقا بېرىلىش، كىتابخۇمارلىق: دادام كىتابخانلىقتا ئاڭلىغانلىرىنى بىزگە كېلىپ بىرىنى قويماي سۆزلەپ بېرەتتى.

**كىتابخۇمار** سۈپ. كىتاب ئوقۇشقا ئامراق، كىتابتىن باش كۆتۈرمەيدىغان: كىتابخۇمار قىز.

**كىتابخۇمارلىق** ئى. كىتابقا بولغان ئامراقلىق: دادىسىنىڭ كىتابخۇمارلىقى كىچىكىدىنلا سۇپۇرگە ئاخۇنغا ئۆز تەسىرىنى سىڭدۈرۈپ ئۈلگۈرگەنىدى.

**كىتابسىز** ① سۈپ. كىتابى يوق، كىتابقا ئىگە ئەمەس: كىتابسىز ئىشكاپ. كىتابسىز ئوقۇغۇچى. ② رەۋ. كىتاب كۆرمەي ئۆتكۈزگەن ياكى ئۆتكەن: ئۇنىڭ كۈنلىرى بىر كۈنمۇ كىتابسىز ئۆتمەيتتى.

**كىتابسىزلىق** ئى. كىتابى يوقلۇق: كىتابسىزلىق — بىلىمسىز بىلەن تەڭ.

**كىتابلىق** سۈپ. كىتابى بار، كىتابقا ئىگە.

**كىتابۇللا** ئى [ئە] يېزىت. ئاللانىڭ كىتابى، قۇرئان كەرىم.

**كىتابىي** سۈپ [ئە] ئادەتتىكى سۆزلىشىشتە كۆپ قوللىنىلمايدىغان، كىتاب تىلى ياكى يازما نۇتۇققا ئائىت بولغان: كىتابىي سۆز.

**كىتە** ئى. قوينىڭ ئىستېمال قىلىنىدىغان چوڭ ئۈچەيى. ئۇ يەنە «ياغلىق ئۈچەي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**كىتە- مىتە** دىيال. ئۇششاق - چۈشەك، پارچە - پۇرات ئىشلار.

**كىتسىمان** سۈپ. كىتكە ئوخشايدىغان، كىت شەكىللىك: كىتسىمان لەھەڭ.

**كىت - كىت** ئىتنىڭ كۈچۈكىنى چاقىرىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ.

**كىتىر** تەق. قەلەم بىلەن قەغەزگە خەت يېزىشتىن ياكى چاشقان قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ نەرسىلەرنى غاجىلىشىدىن چىققان ئاۋاز.

**كىتىر - كىتىر** «كىتىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ساندۇق ئىچىدىن «كىتىر - كىتىر» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

**كىتىرلاتماق** «كىتىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كاتىپلار بولسا گەپىنىڭ زىر - زەۋىرىنى قالدۇرماي يېزىپ، قەلەملىرىنى كىتىرلاتماقتا ئىدى.

**كىتىرلاشماق** «كىتىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كىتىرلىتىشماق** «كىتىرلاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كادىر دېگەننىڭ ھەممىسى گەپ ئۆتمەيدىغان قوش قوۋۇرغا كېلەمدىكىن - تاڭ، تېخى كىتىرلىتىشىپ دەپتىرىگە پۈتۈشۈپ كېتىدۇ.

**كىتىرلىماق** پ ① «كىتىر - كىتىر» قىلماق، «كىتىر - كىتىر» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق: ئەۋرەز تېگىدە نېمىدۇر كىتىرلاۋاتقاندەك قىلدى. ② ئاستا، توختىماي ھەرىكەت قىلماق: غوجا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئورۇنلۇق دەپ بىلىپ يېرىم كېچىگىچىلىك كىتىرلاپ يۈرۈپ، گۆش پىشۇرغۇزدى.

**كىچىك** سۈپ ① ھەجمى، ئۆلچىمى، دائىرىسى چوڭ بولمىغان: كىچىك باغ. * كۆز كىچىك بولسىمۇ كۆرىدىغىنى چوڭ (ماقال). ② ياش جەھەتتىن تۆۋەن، ياش: ئوغۇللار ئىچىدە يېشى ئەڭ كىچىك بولغان قەيسەرگە ھەممەيلەن ئامراق ئىدى. // كىچىكى يەنە بىر سەكرەپلا ھارۋىغا چىقتى - دە، يۈك - تاقلىرىمىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى. ③ كۆچمە. تەجرىبە - ساۋاقتا ئىگە بولمىغان، نادان: — ھەي تېخى سىز كىچىك ئىكەنسىز، دۆۋە بىلەن ئويناشقىلى بولمايدۇ، يولىڭىزغا قايتىڭ، — دەپتۇ بوۋاي شاھزادىگە. ④ ۋەزىپە، ئەمەل جەھەتتىن يۇقىرى بولمىغان: بۇگۈن چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى بار. ⑤ قاتناشچىلىرى ئاز، داغدۇغىسى، ھەشەمىتى ئانچە زور ئەمەس: كىچىك سورۇن. كىچىك يىغىن. ⑥ ئانچە ئەھمىيىتى، زۆرۈرىيىتى بولمىغان؛ ئاددىي: كىچىك ئىشنى قىلالمىغان ئادەم چوڭ ئىشنىمۇ قىلالمايدۇ. ⑦ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**كىچىك پېئىل** ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن، كەمتەر تۇتىدىغان؛ كەمتەر: مەھزۇنى مەكتۇپىدىن سۆيۈندى ئۇ، ماڭا بەك كىچىك پېئىل كۆرۈندى ئۇ.

**كىچىك تەرەت** تاناسىل ئەزالىرى ئارقىلىق سىرتقا چىقىرىلىدىغان سۈيۈقلۇق، سۈيدۈك.

**كىچىك تىلى چىقماق** ئىچكى سىرلىرىنى سۆزلەيدىغان بولۇپ كەتمەك.

**كىچىك تىلى ئۈزارماق** ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەپ تۇرىدىغان بولۇپ كەتمەك: نېمە دەۋاتىسەن، بۇگۈن كىچىك تىلىڭ ئۈزۈراپ قاپتۇغۇ؟

**كىچىككىنە** ① سۈپ. ناھايىتى كىچىك: ئۇشتۇمتۇت شۇ چاغدا بولۇپ ئۆتكەن كىچىككىنە بىر ۋەقە ئېسىمگە چۈشتى. ② رەۋ. بىرئاز،

ئازراق: — كىچىككىنە سەۋر قىلىڭلار، — دېدى لۇتپۇللا، — يىلاننىڭ سىرى بىردەمدىن كېيىن ئېچىلىدۇ.

**كىچىكلەتمەك** «كىچىكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىشەنمىسىڭىز مەن قاتارلىق ئادەملەردىن سوراپ بېقىڭ. مۇبادا يېشىمنى كىچىكلىتىپ يوشۇرغان بولسام مېنى تەنقىد قىلىڭ.

**كىچىكلەشمەك** پ. تەدرىجىي كىچىك ھالەتكە كەلمەك، كىچىكلىمەك: ئاسىگۇل سەمرىپ كۆزلىرى كىچىكلىشىپ كەتكەچكە، تونۇيالمىغىلى تاسلا قالغانىدىم.

**كىچىكلىتىلمەك** «كىچىكلەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سادىق بىرنەچچە تال ئۈزۈمنى ئاغزىغا سالغاندىن كېيىن، ماش رەڭ سومكىسىدىن كىچىكلىتىلگەن «تەرەققىيات خەرىتىسى» بىلەن «سۇ ئامبىرى خەرىتىسى»نى ئېلىپ شىرە ئۈستىگە يايدى.

**كىچىكلىك** ① كىچىك، گۆدەك چاغ؛ گۆدەكلىك: ئاللا يارىم بېشىڭدىكى مانچىستىر بۆكمۇ؟ كىچىكلىكتە ئوينىغۇدۇق؛ ئەمدى يول يوقمۇ؟ ② تۆۋەنلىك: ھازىرقى ئىشخانا مۇدىرى دېگەن ۋەزىپە ئۇنىڭ قانات كېرىپ ئۇچۇشىغا كىچىكلىك قىلاتتى.

**كىچىكلىك بەلگىسى** <مات> بىر سان (ياكى ئىپادە)نىڭ ئىككىنچى بىر سان (ياكى ئىپادە)دىن كىچىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە. «<» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**كىچىكلىمەك** پ ① كىچىك ھالەتكە كەلمەك؛ ئورنى، ھەجمى جەھەتتىن تارايماق: جاپپارنىڭ سېمىزلىكتىن كىچىكلەپ قالغان كۆزلىرى ماڭا تىكىلدى.② ئۆز ئىچىگە ئالغان سان، مىقدارى ئەسلىدىكىدىن ئازىيىپ، كەملەپ كەتمەك: باتالىيونىمىز كىچىكلىمىدى، ئەكسىچە تولۇق تۆت باتالىيونلۇق جەنۇبىي يۆنىلىش پولكى بولۇپ قالدى. ③ جىسمى، گەۋدىسى نورمال ھالەتتىن پەسلىمەك؛ ۋىجىكلەشمەك: ئاتىنىڭ قارىسى بارغانسېرى كىچىكلەپ، ئاخىر غايىب بولدى. ④ ئەمەل، مەرتىۋە جەھەتتىن تۆۋەنلىمەك: كىچىك پېئىل بولساڭ، كىچىكلەپ كەتمەيسەن (ماقال).

**كىدان** ئى <ئىرق> ← **قىتان.**

**كىر** ئى ① نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە، بەدەنگە قونغان، چاپلاشقان، يۇققان چاڭ ـ توزان قاتارلىق مەينەت، پاسكىنا نەرسىلەر: ئۇ خۇددى ياش يىگىتلەردەك ئاق كۆڭلەكنى ياقىسىغا كىر قوندۇرماي يۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. // — يۇرۇڭ، تارتىنماڭ! — قىز نادەمنىڭ كىر چاپىنىنىڭ يېڭىدىن چىمدىپ تۇتۇپ تارتتى. ② يۇيۇلىدىغان ياكى يۇيۇلغان كىرلەشكەن كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق نەرسىلەر: ئەتىسى سائادەت كېلىپ كىرلىرىمنى ئېلىپ كەتتى. ③ كۆچمە. يامانلىق، ئاداۋەت، غۇم: كۆڭۈلدە كىر ساقلاپ نېمە قىلىمىز؟ ھەممىمىز ئۆز ئادەم.

**كىرا** ئى [ئە] ① بەلگىلىك ھەق بېرىش شەرتى بىلەن باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئىشلىتىش، ئىجارە: ھارۋا كىرا قىلماق. كىراغا ئالماق. كىراغا بەرمەك. ② يۆتكەيدىغان يۈك: بىزدە تۆت ئېشەككە بەرگۈدەك كىرا يوق. ③ ئىشلەتكەن ياكى پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن تاپشۇرۇلىدىغان ھەق، پۇل: — قۇرۇق رەھمەت ئېيتماي، ئاز ـ تولا ماشىنا كىراسى تۆلەپ كەت، — دېدى ئابلىز باي.

**كىراخمال** ئى [ر<نېم] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلاسى $(C_6H_{10}O_5)n$ . ئۇ رەڭسىز، شەكىلسىز ماددا بولۇپ، دانلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ دېنىدا كۆپرەك ساقلىنىدۇ، شۇنىڭدەك قىزىلچا ۋە ياڭيۇدا بولىدۇ، مۇھىم قەنتلىك ئوزۇقلۇق ھېسابلىنىدۇ. سانائەتتە هاراق، شېكەر قاتارلىقلارنى ئىشلەشتە خام ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

**كىراخماللاتماق** «كىراخماللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كىراخماللانماق** «كىراخماللىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كىراخماللىق** سۈپ. تەركىبىدە كىراخمال كۆپ بولغان؛ تەركىبىگە كىراخمال قوشۇلغان.

**كىراخماللىماق** پ. رەخت، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىقلارنى كىراخمال سۇيۇقلۇقىغا چىلاپ ياكى ئۇلارغا كىراخمال سۇيۇقلۇقىنى پۈركۈپ قاتۇرماق، پەردازلىماق؛ پاتلىماق: كىيىمنىڭ ياقىسىنى كىراخماللىماق. رەختنى كىراخماللىماق.

**كىرافت** ئى [ر<گىرېك] كىتاب ۋە دەپتەر تاشلايدىغان بىر خىل سېرىق قەغەز.

**كىراكەش** ئى [ئە + پ] ئۇلاغ ياكى باشقا قاتناش ۋاسىتىلىرى بىلەن يۈك ياكى ئادەم توشۇپ، تىرىكچىلىك قىلغۇچى.

**كىراكەشلىك** ئى. ئۇلاغ ياكى باشقا قاتناش ۋاسىتىلىرى بىلەن يۈك، ئادەم قاتارلىقلارنى توشۇش ئىشى ۋە مۇشۇنداق كەسىپ.

**كىرالاتماق** «كىرالىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كىرالاشماق** «كىرالىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كىرالانماق** «كىرالىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كىرئالغۇ** ئى [كىر + ئالغۇ] توك كۈچى ئارقىلىق سۇنى ئايلاندۇرۇپ كىيىم يۇيىدىغان ساندۇق شەكىلدىكى ئۈسكۈنە.

**كىرالىماق** پ. كىرا قىلماق، ئىشلەتمەك: بىز بىر قانچەيلەن يۈك ـ تاقلىرىمىزنى ئېلىپ، شىنجاڭ ئىش باشقارمىسىغا تاكسى كىرالىدۇق.

**كىرام** ئى [ئە] يېزت. مۆھتەرەم، ئەزىز (كۆپىنچە كۆپلۈك قوشۇمچىسى «لار ـ ى» بىلەن كېلىدۇ): خەت «ئالىي كىراملىرىغا مەلۇم بولغايكى...» دەپ باشلانغانىدى.

**كىران** ئى [ر<نېم] ئېغىر يۈك ۋە نەرسىلەرنى كۆتۈرۈش ھەم يۆتكەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا.

**كىرانلىق** ① سۈپ. كىرانى بار، كىرانغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان: كىرانلىق ماشىنا. كىرانلىق ئاپتوموبىل. ② رەۋ. كىران بىلەن، كىران ئارقىلىق: كىرانلىق قۇراشتۇرۇش.

**كىراي** ئى [ر] ① چەت، ياقا. ② <تەن> پۇتبول قاتارلىق تەنھەرىكەت ئويۇنلىرىدىكى يان ھۇجۇمچى.

**كىرەش** ئى <بوت> كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تۈپىدە ئالاھىدە پۇرىقى بولىدۇ. يىلتىزى دورا بولىدۇ، تىنچلاندۇرۇش، قاننى تولۇقلاش، ھەيزنى تەڭشەش رولىغا ئىگە.

**كىرپە** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. بېشى كىچىك، تۆت پۇتى قىسقا كېلىدۇ. تېنىدە قاتتىق تىكەنلىرى بولىدۇ. كېچىسى ھەرىكەت قىلىپ، ھاشارات، چاشقان، يىلان قاتار ـ

لىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. دېھقانچىلىققا پايدىلىق.

**كىرپىباش** ئى [كىرپە + باش] <بوت> باشاقلىقلار ئائىلى- سىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ۋە يوپۇرماقلىرى سۆسۈن رەڭدە بولىدۇ، خۇش بۇي پۇرايدۇ، گۈلى سۆسۈن ياكى يېشىل رەڭلىك كېلىدۇ.

**كىرپىك** ئى <ئانات> قاپاقنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن گىرۋەك- لىرىدىكى ئىنچىكە تۈك. توپا - چاڭ، ھاشارات قاتارلىقلارنىڭ كۆزگە كىرىپ كېتىشىنى توسۇش ۋە كۈچلۈك نۇرنىڭ كۆزگە بولغان تەسىرىنى ئازايتىش قاتارلىق روللارنى ئوينايدۇ.

**كىرپىك يۇمماق** ئۇخلىماق: بالا ئەمدىلا كىرپىك يۇمغاندا جاڭگالدا ئاتلىقلار پەيدا بولدى.

**كىرپىكچە** ئى ① <زوئول> پىروتوپلازمىدىن ھۈجەيرە سىرتىغا ئۆزىراپ چىققان ئىنچىكە، قىلسىمان تۈزۈلۈش. كىرپىك تۈكلۈك قۇرتلار ۋە بەزى ئومۇرتقىسىز ھايۋانلاردا بولىدۇ. ھەرىكەتلىنىش، ئوزۇقلىنىش ۋە نەپەسلىنىشتە رول ئوينايدۇ. ② بەزى باش كىيىملىرىگە كىرپىك شەكلىدە چىقىر- رىلىدىغان ئۇششاق موي، تۈكلەر: ئادەمنىڭ سىرتقى گۈزەللىكىدە قاش - كىرپىك قانداق رول ئوينىسا، كىچىك تەلپەككە نىسبەتەن كىرپىكچىمۇ شۇنداق رول ئوينايدۇ.

**كىرپىكسىز** سۈپ. كىرپىكى يوق، كىرپىكى شالاڭ: ئۇنىڭ پولتىيىپ چىققان كىرپىكسىز كۆزلىرى، ئاق سەللىسىنىڭ ئاستىدىكى تۇخۇمدەك بېشى، قىسقىسى ئۇ ئاجايىپ بىر مەخلۇق ئىدى.

**كىرپىكسىمان** سۈپ. شەكلى كىرپىككە ئوخشايدىغان، كىرپىك شەكلىدىكى: كىرپىكسىمان تەنچە. كىرپىكسىمان كۆرۈش تور پەردىسى.

**كىرپىكلىك** سۈپ. كىرپىكى بار، كىرپىكى زىچ، قويۇق: ئۇزۇن كىرپىكلىك، ئاق يۈزلۈك ئۇيغۇر قىزىمۇ چەتتە سۈپتاي ئۈچۈن چوڭقۇر خىيالغا كەتتى.

**كىرت** تەق ① قايچىدا رەخت، قەغەز قاتارلىقلارنى كەسكەن- دە، پىچاق قاتارلىقلار بىلەن قاتتىق نەرسىلەرنى قىيغاندا، خەت يازغاندا چىققان ئاۋاز: ھېلىقى باغاقچە قايچىنى تەگكۈزەر - تەگكۈز- مەيلا «كىرت» قىلىپ ئۈزۈلدى. ② ئادەم ياش، خام سەي يېگەندە؛ چاشقان قاتارلىقلار نەرسىلەرنى غاجىلىغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**كىرتەيمەك** پ. ئۇيقۇسىزلىق، ھارغىنلىقتىن كىچىكلەپ، ئىچىگە كىرىپ كەتمەك (كۆز ھەققىدە): ئەينەككە قارىغۇدەك بولسام يۈزلىرىم تارتىشىپ، كۆزلىرىم كىرتىيىپ ئورۇقلاپ كېتىپ- تىمەن.

**كىرتتىدە** رەۋ. «كىرت» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «كىرت» قىلغان ھالدا.

**كىرت- كىرت** «كىرت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: خەدىچە ھەدە ئالتۇن قايچىنى دەرھال كۆلگە تاشلىغانىكەن، «كىرت - كىرت» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئەجدىھانىڭ بېشى چۆكۈپ كېتىپتۇ.

**كىرتمەك** I پ. يونۇپ، جىجاپ ئىز چىقارماق: كۆرەك سېپىنى كىرتىپ بەلگە سالماق.

**كىرتمەك** II سۈپ. قىسقا: ئۇ قىز كىرتمەك تىرناقلىرىنى ئالا - يېشىل رەڭلەردە بويىۋالغانىدى.

**كىرتىك** ① سۈپ. كەمتۈك، پۇچۇق: كىرتىك چىنە. ② ئى. ھەرە چىشىغە ئوخشاش بۆرتۈپ چىققان قاپارتما، ئۈچ، چىش: خەتنىڭ كىرتىكى. ③ ئى. كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ مەركى- زىي ئوقىغا بېكىتىلگەن، رەختنى ئىتتىرىپ بېرىدىغان يېرىم ئايلانما چىشلىق سايمىنى. ④ ئى. كىيىمنىڭ ياقا ئورنىتىدىغان يېرىنىڭ سىرتىدىكى ئۆتۈشمىگە تەۋە قىسمى: كىرتىك ياقا.

**كىرتىلداتماق** «كىرتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرە- جىسى: سوراق خاتىرىسىنى يېزىۋاتقان قاۋۇل قەلىمىنى كىرتىلدى- تىشتىن توختىتىپ خالىققا قارىدى.

**كىرتىلدىماق** پ. «كىرت - كىرت» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «كىرت - كىرت» قىلماق: گۈل قىيغان قىزلارنىڭ قولىدىكى قايچىلار- نىڭ كىرتىلدىغان ئاۋازى زالدىكى جىمجىتلىقنى بېسىپ چۈشەتتى.

**كىرچى** ئى. مەخسۇس كىر يۇيۇش بىلەن شۇغۇللانغۇچى.

**كىرچىلىك** ئى. مەخسۇس كىر يۇيۇش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى، كەسپى.

**كىرخانا** ئى. كىر يۇيۇش، دەزماللاش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدىغان ئۆي، دۇكان.

**كىردى- چىقتى** كىرىش - چىقىش ھەرىكىتى: روشەنگۈل ئۇنى «لولا»، «بەتنىيەت» دەپ زادىلا كىردى - چىقتى قىلمايتتى.

**كىرسىز** سۈپ ① كىردىن خالىي، كىر بولمىغان، بۇلغان- مىغان، پاكىز: كىرسىز شىم. كىرسىز كۆڭلەك. ② كۆچمە. يامان ئىللەتتىن خالىي، پاك، ساپ: ئەخمەتجان قاسىمىدىكى مۇنداق باللارچە ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈش ئۇنىڭ كىرسىز ساغلام تەبىئىتىدىكى كۆڭۈل ئازادىلىكى بولسا كېرەك.

**كىرسىن** ئى [ر<ئىنگ] <خىم> نېفىتتىن ئاجرىتىپ ئېلىنىدىغان يېقىلغۇ، ماي، يەنى ئۈچۈشچانلىقى بېنزىندىن تۆۋەن، دىزېلدىن يۇقىرى بولغان رەڭسىز سۇيۇقلۇق: كىرسىن لامپا. كىرسىن ئوچاق.

**كىر- قات** يۇيۇلىدىغان ھەر خىل كىيىم - كېچەك قاتار- لىقلار: كېيىنچە كىر - قات يۇيۇپ بېرىش ۋە باشقا باردى - كەلدىلەر ئارقىلىق ئۇلار بىر - بىرىنى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆرۈپ قېلىشتى.

**كىرگۈزمەك** «كىرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ يەرگە باي سودىگەر، گۆرۈكەش خوجايىنلار بىلەن بايۋەچچىلەرنى كىرگۈزەتتى.

**كىرگۈزۈشمەك** «كىرگۈزمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرە- جىسى: ئۇلار ئەكبەرنى ئىشخانىغا كىرگۈزۈشتى.

**كىرگۈزۈلمەك** «كىرگۈزمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرە- جىسى: بۇ توپلامغا ئازادلىقتىن كېيىن ژۇرناللاردا ۋە توپلاملاردا ئېلان قىلىنغان چۆچەكلەردىن بىر قىسمى كىرگۈزۈلدى.

**كىرگۈل** ئى [پ] تورۇسنىڭ شامدان ياكى چىراغ ئېسىلى- دىغان جايىغا چەمبەر شەكلىدە چىقىرىلغان نەقىش، فورما.

**كىرلەشتۈرمەك** «كىرلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرە- جىسى: بۇ بالا بىر دەمدە يېڭى كىيىمىنى كىرلەشتۈرۈپ بولدى.

**كىرلەشمەك** پ. كىر بولماق، كىر يۇقماق، كىر بىلەن بۇلغانماق: خوجايىن ئايال كىرلىشىپ كەتكەن قاشلىرى ئاستىدىكى يوغان كۆزلىرىنى بوۋايدىن ئالدى - دە، ئۈنچىقمىدى.

**كىرلەشكۈ** سۈپ. بىرئاز كىرلەشكەن، ئۇ يەر - بۇ يەر كىر بولغان: سەمەر خىزمەت سومكىسىدىن قەغەزگە ئورالغان كىرلە- شەڭگۈ قول ياغلىقىنى ئېلىپ كۆپچىلىككە كۆرسەتتى.

**كىرلىك** ئى. يوتقان، كۆرپىنىڭ ئۈستىگە قاپلىنىدىغان،

ۋاقتى ـ ۋاقتىدا يۇيۇلۇپ يوتقان ـ كۆرپىنى كىرلىشىشتىن ساقلايدىغان رەخت: ئۇ كەلگەندە سېستىرا قىزلار ئاپئاق كىرلىكلەر يېپىلغان ئورۇن ـ كۆرپىلەرنى خۇددى قىلىچتەك قىر چىقىرىپ يىغماقتا ئىدى.

**كىرلىكلىك** سۈپ. كىرلىكى بار، كىرلىك بىلەن قاپلانغان: تاملىرى گەجلەنگەن، تورۇسلىرى سىرلانغان، ئاياغ ئاستىغا قىزىل گۈللۈك كىگىز سېلىنغان ۋە مېھرابقا كىرلىكلىك كۆرپىلەر تىزىلغانىدى.

**كىرمەك** I ئى. يىپ، ئارغامچا قاتارلىقلارنى بىر ئۇچىنى تارتىش بىلەنلا يېشىلىپ كېتىدىغان قىلىپ باغلاش، چىگىش ۋە مۇشۇنداق باغلاق: كىرمەك باغ. * پاكار تاغ يايلاقتا يارىماس، قىسقا يىپ كىرمەككە يارىماس (ماقال).

**كىرمەك** II پ ① ھەرىكەتلىنىپ، مېڭىپ مەلۇم نەرسىنىڭ دائىرىسىگە، ئىچىگە، ئىچكى تەرىپىگە ئۆتمەك؛ ئىچى تەردىپىگە بارماق، ئۆزىنى ئىچىگە ئالماق: باغقا كىرمەك. قوينىغا كىرمەك. * ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە (ماقال). ② تېشىپ، يېرىپ ئۆتمەك، سانجىلماق: پۇتىغا تىكەن كىرمەك. ③ قاتارىدىن ئورۇن ئالماق، تەركىبىگە قوشۇلماق، مەنسۇپ بولماق، ھېسابلانماق: سەپكە كىرمەك. * ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى تۈركىي تىللار ئائىلىسىنىڭ ئۇيغۇر ـ قارلۇق تىلى گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. ④ قوبۇل قىلىنماق، قاتناشماق: دەرسكە كىرمەك. ئوقۇشقا كىرمەك. خىزمەتكە كىرمەك. ئەسكەرلىككە كىرمەك. پارتىيەگە كىرمەك. ⑤ تارالماق، يېيىلماق: ئىسلام دىنى شۇنىڭدىن باشلاپ قاراخانىيلار ئاتالغان بۇ يەرلەرىمىزگە كىردى. ⑥ ساناق سان بىلەن، بەزىدە «ياش» سۆزى بىلەن كېلىپ شۇنچىلىك ئۆمۈر كۆرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: سىز بۇ يىل 17 گە كىردىڭىزغۇ دەيمەن ـ ھە؟ ⑦ ۋاقىت، پەيتنى بىلدۈرىدىغان ئايرىم سۆزلەر بىلەن كېلىپ شۇ ۋاقىت ياكى پەيتنىڭ باشلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: كەچ كىردى. ئەتىياز كىردى. ⑧ ئېلىنماق، ئېرىشمەك: بۇ پۇلنىڭ 50 نەچچە پىرسەنتى بۇغدايدىن كىردى. ⑨ چىشى ھايۋانلار ئەركەك ھايۋانلار تەرىپىدىن چېتىلىشماق: سەلىمىخاننىڭ كالىسى بۇقىغا كىرىپتۇ. ⑩ رىئايە قىلماق، ئەمەل قىلماق، ماقۇل دېمەك: بىر چوڭنىڭ گېپىگە كىر، بىر كىچىكنىڭ گېپىگە كىر (ماقال). * بىراق سەلىمە ئېرىنىڭ بۇ نەسىھەتىگە كىرمەي سورۇنغا قاتناشتى. ⑪ يۆنىلىش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن بەزى ئىسىملار بىلەن كېلىپ «نامايان بولماق، ئايان بولماق، ئاڭلانماق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: كېچە دادام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ. ⑫ بەزى ئىسىملار بىلەن كېلىپ: 1) شۇ ئىسىم بىلدۈرگەن نەرسىنىڭ پەيدا بولۇش ياكى ۋۇجۇدقا كېلىشىگە باشلىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: پىلە قۇرتى تورغا كىردى. 2) شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن خۇسۇسىيەت ۋە ھالەتكە ئۆتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: تۇسكە كىرمەك. قىياپەتكە كىرىۋالماق. * گۈلچىمەن ئانىسىغا تىكىلىپ، ئۇنىڭ بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدىلا باشقىچە ياداپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، بىتاپ كىشى سىياقىغا كىرىپ قالغانلىقىدىن بىئارام بولدى. 3) شۇ ئىسىم بىلدۈرگەن نەرسە ياكى خۇسۇسىيەتنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: زوۋانغا كىرمەك. دەرمان كىرمەك. جان كىرمەك. غەيرەت كىرمەك.

**كىرمىگەن تۆشۈكى قالماسلىق** جان بېقىش، تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن ھەممە جايغا بېرىپ، ھەممە ئىشنى قىلىپ بېقىش.

**كىرىدىغان تۆشۈك تاپالماسلىق** قورقۇپ بارار يېرىنى بىلەلمەسلىك.

**كىرونا** ئى. شىۋېتسىيە، ئىسلاندىيەلەرنىڭ پۇل بىرلىكى.

**كىرېتىن** ئى [ر<فىران] <تېب> قالقانسىمان بەزنىڭ كەملىكىدىن، ئورۇن يۆتكىشىدىن ياكى قالقانسىمان بەزنىڭ ھورمۇن بىرىكتۈرۈشىنىڭ كەم بولۇشىدىن كېلىپ چىقىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

**كىرېدىت** ئى [ر<لات] <مات> ① ھېسابات دەپتىرىنىڭ ئوڭ تەرىپى. ئۇنىڭغا كىرىمگەن مەبلەغ، ئاشقان قەرز ۋە ئاشقان ساپ قىممەت قاتارلىقلار خاتىرىلىنىدۇ. ② قەرزگە مال بېرىش، شۇنىڭدەك قەرزگە بېرىلگەن مال؛ قەرز. ③ مەلۇم خىراجەتلەر ئۈچۈن چىقىرىلغان پۇل، مەبلەغ.

**كىرېست** ئى [ر] ① بىر ـ بىرىنى كېسىپ ئۆتكەن ئىككى سىزىق ياكى شۇ خىل شەكىلدىكى نەرسە: كىرېست شەكىللىك گۈل تاجى. كىرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسى. ② <دىن> خىرىستىيان دىنىنىڭ تېۋىنىش سىمۋولى بولغان شۇ خىل بەلگە.

**كىرېيسېر** ئى [ر<گول] <ھەرب> توپ، مىنامىيوت، راكېتا، تورپېدا ۋە مىنالار بىلەن قوراللانغان چوڭ ۋە تېز يۈرەر ھەربىي پاراخوت.

**كىرىپتون** ئى [ر<گىرېك] <خىم> گاز ئېلېمېنت. ھاۋادىكى مىقدارى ئىنتايىن ئاز، x نۇرىنى سۈمۈرىدۇ. x نۇرىنىڭ ئېكران ماتېرىيالى قىلىنىدۇ ھەم لامپۇچكىلارنى تولدۇرۇشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**كىرىتىك** سۈپ [ر] <فىز> ① ئۆزگىرىش ھالىتىدە تۇرغان، ئۆزگىرىش ھالىتىدىكى؛ جىددىي پەيتتىكى. ② بىر خىل ھالەت ياكى فىزىكىلىق مىقداردىن يەنە بىر خىل ھالەت ياكى فىزىكىلىق مىقدارغا ئۆزگەرگەن: كىرىتىك بۇلۇڭ. كىرىتىك بېسىم. كىرىتىك تېمپېراتۇرا. كىرىتىك نۇقتا.

**كىرىچ** ئى ① پاختا ئېتىش دۈكىنى، ئوقيا، يىپ ئېگىرىدىغان چاق قانىتى قاتارلىقلارغا تارتىلىدىغان ئۆچكە تېرىسىدىن تورلانغان شوينا، زەي. ② تەك نوتىلىرىدىن ئۆسۈپ چىقىپ يەنە شۇ نوتىلارغا يۆگىشىۋالىدىغان سىلىق يىپسىمان نەرسە.

**كىرىزىس** ئى [ر<گىرېك] ① بىردىن، تۇساتتىن يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش، قىيىن ۋە مۇشكۇل ئەھۋال؛ قىيىنچىلىق: سىياسىي كىرىزىس. ھۆكۈمەت كىرىزىسى. ② <س ئىق> ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۇشۇقچىلىقى نەتىجىسىدە ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ سۇنۇشىغا، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قىسقىرىشىغا، ئىشسىزلىقنىڭ كۆپىيىشىگە ئېلىپ بارىدىغان ئېغىر مۇشكۇل ئەھۋال، بوھران: سانائەت كىرىزىسى. ئىقتىسادىي كىرىزىس.

**كىرىزىسلىق** سۈپ. كىرىزىسقا ئائىت ياكى كىرىزىس پەيدا قىلغان؛ كىرىزىسقا ئىگە: بىز ماقالىمىزنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە غەرب دۇنياسىدىكى كىرىزىسلىق ۋەزىيەتنى تېز سىزما ئۇسۇلىدا ئىشارە قىلىپ ئۆتتۇق.

**كىرىس** تەق. گازىر چاققاندا، قاتتىق نەرسىلەرنى چاينى-

غاندا ۋە چىشنى غىچىرلاتقاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**كىرىستال** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئاتوم، ئىيون ياكى مولېكۇلالارنىڭ مۇئەييەن بوشلۇقتا تەرتىپلىك تىزىلىشىدىن ھاسىل بولغان قاتتىق ماددا. ئۇ تەرتىپلىك سىرتقى شەكىلگە ئىگە. مەسىلەن، ئاش تۇزى، كۋارتس، چىرىمتال ۋە زەمچە قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**كىرىستالسىز** سۈپ ① كىرىستالى يوق، كىرىستالى بولمىغان. ② كىرىستال ھالىتىدە بولمىغان، كىرىستاللانمىغان، كىرىستال ئەمەس: كىرىستالسىز جىنس. كىرىستالسىز ماددا.

**كىرىستاللاشماق** پ. كىرىستاللانماق.

**كىرىستاللانماق** پ. كىرىستال شەكلىگە كىرمەك، كىرىستالغا ئايلانماق: كىرىستاللانغان ماددا.

**كىرىستاللوگرافىيە** ئى [ر] <گېئول> كىرىستاللارنىڭ شەكىللىنىشى، ئۆزگىرىشى، تاشقى شەكلىنىڭ گېئومېتىرىيەلىك خۇسۇسىيىتى، خىمىيەلىك تەركىبى، ئىچكى قۇرۇلمىسى، فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**كىرىستاللىق** سۈپ ① كىرىستالى بار، كىرىستالغا ئىگە. ② كىرىستال ھالىتىدە بولغان، كىرىستاللاشقان، كىرىستال ھالىتىدىكى: كىرىستاللىق جىنس.

**كىرىستاللىنىش** ئى <گېئول> ماددىلارنىڭ كىرىستال ئەمەس ھالەتتىن كىرىستال ھالەتكە ئايلىنىش جەريانى، يەنى كىرىستالنىڭ شەكىللىنىش جەريانى. ئادەتتە ئۇ گازلاردىن كىرىستاللىنىش، ئېرىتمىلەرنىڭ ئوشۇقچە تويۇنۇشىدىن كىرىستاللىنىش، ئوتلۇق ئېرىتمىلەرنىڭ مۇزلىشىدىن كىرىستاللىنىش، كىرىستال ئەمەس قاتتىق ماددىلاردىن كىرىستاللىنىش قاتارلىق ئاساسىي شەكىللەردە بولىدۇ.

**كىرىس - كىرىس** «كىرىس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: شۇ تاپتا ئۇنىڭ تازا ئاچچىقى كەلگەن بولۇپ، چىشلىرى كىرىس - كىرىس قىلاتتى.

**كىرىسلاتماق** «كىرىسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: چوڭقۇر دەڭگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، پەقەت ئۇلاغلارنىڭ پۇشقۇرغان، كىرىسلىتىپ ئوت چايناشقان، بىر خىلدا كۆشىگەن ئاۋازىلا كېلەتتى.

**كىرىسلىماق** پ. «كىرىس - كىرىس» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «كىرىس - كىرىس» قىلماق.

**كىرىش** ئى. بىر-بىر ئەسەرنىڭ باشلىنىشى، مۇقەددىمە: ساتتار داستانىنىڭ كىرىش قىسمىنى ئوقۇدى.

**كىرىشتەك** ئى. دىيال. تاڭلاي.

**كىرىشتۈرمە** سۈپ. كىرىشتۈرۈلىدىغان: كىرىشتۈرمە ئۇلاق.

**كىرىشتۈرمەك** ① «كىرىشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ تىراكتورنى ئىشقا كىرىشتۈردى. ② بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرماق، قىستۇرماق: كېۋەز بىلەن ئانارنى كىرىشتۈرۈپ تېرىشتا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك.

**كىرىشتۈرۈشمەك** «كىرىشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كىرىشتۈرۈلمەك** «كىرىشتۈرمەك»پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چارباغ يېزىسىدا قۇرۇلۇۋاتقان زامانىۋى خىش زاۋۇتى يېقىندا يۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

**كىرىش - چىقىش** كىرىپ - چىقىش ئىشى، كىرىپ - چىقىدىغان ھەرىكەتلەر: قويۇق كىرىش - چىقىش گۈلىنىسا قىزنى گويا مۇشۇ ئائىلىنىڭ تەبىئىي بىر ئەزاسىغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

**كىرىشمە** ① سۈپ. كىرىشتۈرۈلگەن: كىرىشمە ئاۋاز. ② ئى. بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈلگەن نەرسە، جاي: تاختاينىڭ ئىككى يان تەرىپىگە رەندە سېلىپ، ساندۇقنىڭ ئۇزۇن ۋە يان تەرەپلىرىنى جىپسىلاشتۇرۇپ چېتىش ۋاقتىدا، ئەركەك - چىشى كىرىشمىسى يار يېلىم بىلەن تۇتتۇرۇلىدۇ.

**كىرىشمەك** ① «كىرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تەنتەنىلىك بېزەلگەن ئۆيگە ئەر - ئايال مېھمانلار ئارقا - ئارقىدىن كىرىشمەكتە. ② بىرەر ئىش - ھەرىكەتنى بېجىرىشكە باشلىماق، مەشغۇل بولماق: دىلبەر مېھمانخانىغا كېلىپ ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئىشقا كىرىشتى. ③ ئىسسىق، سوغۇق ياكى نەم تەسىرىدىن قىسقارماق (رەخت ھەققىدە): ئۇنىڭ يۇيۇلغان كۆڭلىكى كىرىشىپ قىسقا كېلىپ قالغانىدى. ④ بىر - بىرىگە ھەم يېقىنلىشىپ قاتماق، قېرىشماق: ئالدىراپ كىرىپ چىراغ ياندۇرسام، پەرىدەم كۆزلىرى يېرىم يۇمۇلغان، چىشلىرى كىرىشكەن، مۇشتۇمى چىڭ تۈگۈلگەن ھالدا سارغىيىپ سوزۇلۇپ يېتىپتۇ.

**كىرىلمەك** «كىرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئايۋاننىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى كىچىك ئىشىك ئارقىلىق بۇ ئۆيگە كىرىلەتتى.

**كىرىم** ئى. قىلغان ئىش، كەسىپ، تىجارەت قاتارلىقلاردىن كىرگەن پۇل، مەبلەغ: يىللىق كىرىم. دېھقانچىلىق كىرىمى. * ئالدىنقى يىللىرى بۇ يېزىدا مەھسۇلات ئاشسىمۇ، كىرىم ئاشماي كەلگەنىدى.

**كىرىم - چىقىم** ھېسابقا كىرگۈزۈلگەن ۋە ھېسابتىن چىقىرىلغان پۇل، مەبلەغلەر: خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي تەڭپۇڭلۇقى ئاساسەن مالىيە جەھەتتىكى كىرىم - چىقىمنىڭ تەڭپۇڭ بولۇشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

**كىرىمسىز** سۈپ. كىرىمى يوق، كىرىم قىلمايدىغان: ئۇ كىرىمسىز نامرات ئائىلىلەرگە پات - پات خەيرخاھلىق قىلاتتى.

**كىرىملىك** سۈپ. كىرىمى بار، كىرىم قىلىدىغان: ئەرزان ئىجارىلىك ئۆي قۇرۇلۇشى تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقتى.

**كىژ** تەق. سۇ قايناش ئالدىدا، قىزىغان مايغا گۆش ۋە سەي قاتارلىقلارنى سالغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**كىژژىدە** رەۋ. «كىژ - كىژ» قىلغان ھالدا، «كىژ - كىژ» قىلىپ.

**كىژ - كىژ** «كىژ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: كىژ - كىژ قىلماق.

**كىژىلداتماق** «كىژىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كىژىلداشماق** «كىژىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كىژىلدىماق** پ. «كىژ - كىژ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «كىژ - كىژ» قىلماق.

**كىسانتوفىل** ئى [ر<گىرېك] <بوت> ئۆسۈملۈك تېنىدىكى پىگمېنت. خلوروفىل بىلەن فوتوسىنتېز رولىنى ئۆتەشكە قاتنىشىدۇ.

**كىسپۇرۇش** سۈپ [پ] ئەسلىي «ئېپپەت - نومۇسىنى ساتقۇچى» دېگەن مەنىدە ئىدى، ھازىر تىلىمىزدا «جۇۋاز ئىنىمەك، ئۆلگۈر، ئېپلاس» دېگەندەك تىل - ھاقارەتنى بىلدۈرىدۇ:

ھېلىقى ئەزمە دوستۇم ۋاقىتنى زايە قىلمىغان بولسا، كىسپۇرۇش ئوغرى پۇلنى ئالالمايتتى.

**كىستافىل** ئى [ر<گىرېك] <بوت> ئۆسۈملۈك تېنىدىكى بىر خىل سېرىق پىگمېنت. خىلوروفىل بىلەن بىرگە فوتو - سىنتېز رولىنى ئۆتەشكە قاتنىشىدۇ.

**كىسسە** ئى. دىيال. غەيۋەت ـ شىكايەت.

**كىسلاتا** ئى [ر] <خىم> سۇدىكى ئېرىتمىسىدە ھىدروگېن ئىيونى پەيدا قىلىدىغان بىرىكمىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. بۇ تۈردىكى ماددىلار ئاساسلار بىلەن نېيتراللىشىپ تۇز بىلەن سۇ ھاسىل قىلىدۇ، سۇدىكى ئېرىتمىسى كىسلاتالىق تەمگە ئىگە، لاكمۇس قەغىزىنى قىزارتىدۇ، بەزى مېتاللار بىلەن بىرىكىپ ھىدروگېن بىلەن تۇز ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن، سۇلفات كىسلاتاسى، تۇز كىسلاتاسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**كىسلاتالاشتۇرماق** «كىسلاتالاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كىسلاتالىق يامغۇر تۇپراقنى كىسلاتالاشتۇرۇپ زىرائەت-لەرنىڭ ئۆسۈشىگە ۋە ئورمانلارغا ئېغىر زىيان سالماقتا.

**كىسلاتالاشتۇرۇلماق** «كىسلاتالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كىسلاتالاشماق** پ. كىسلاتا تەركىبى كۆپەيمەك، تەركىبىدە كىسلاتا ئېشىپ بارماق.

**كىسلاتالىق** سۈپ. تەركىبىدە كىسلاتا بولغان: ھەر يىلى ئاتموسفېراغا قويۇپ بېرىلىدىغان كاربون (Ⅳ) ئوكسىد، گۈڭگۈرت (Ⅳ) ئوكسىد، ئازوت ئوكسىد، مېتان ۋە ئوزون قاتارلىق زەھەرلىك گازلار ئاتموسفېرادا كىسلاتالىق يامغۇر شەكىللەندۈرمەكتە.

**كىسلورود** ئى [ر] <خىم> ← **ئوكسىگېن**.

**كىسپىنوتىم** ئى [ر] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. تۆت ياقلىق كىرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، كىرىستاللىرى چاسا تۈۋرۈك شەكلىدە ياكى قوش پىرامىدا شەكلىدە كېلىدۇ. قۇراشمىسى دانلىق ياكى كاللەك ھالىتىدە بولىدۇ. كۆپىنچە سېرىق، يېشىل، قوڭۇر ۋە قىزىل رەڭلەردە ئۇچرايدۇ. ئەينەك ۋە ماي پارقىراقلىقىغا ئىگە.

**كىسېنون** ئى [ر<گىرېك] <خىم> گاز ئېلېمېنت. ئاتموسفېرادىكى مىقدارى ئىنتايىن ئاز. ئۇ بىر خىل ئىنېرت-لىق ئېلېمېنت بولسىمۇ، ھازىر ئۇنىڭ كۆپ خىل بىرىكمى-لىرى ئېلىنىدۇ. ئۇ ناھايىتى يۇقىرى بولغان نۇر تارقىتىش كۈچىگە ئىگە.

**كىسلدەك** ئى. دىيال. جۇۋاينىمەك.

**كىشەن** ئى ① ئاياغقا سېلىپ قۇلۇپلاپ قويۇلىدىغان ئىشكەل. ② كۆچمە. ئەركىنلىكنى بوغىدىغان چەكلىمە، ئاسا-رەت: قۇتۇلۇپ ئەل روھىي كىشەندىن، كۆڭلى ـ كۆكسى شادلىققا تولدى، ھەممە سەپتە قىزىتىپ جەڭنى، ئىش ـ ئەمگەكنىڭ باتۇرى بولدى.

**كىشەنلەتمەك** «كىشەنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كىشەنلەنمەك** «كىشەنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قىلمىشلىرىنى يالڭاچلىغان 30 دەك چېرىك قوللىرى ئارقىسىغا باغلىنىپ، پۇتلىرى كىشەنلەنگەن ئون نەچچە ئادەمنى ئارىغا ئېلىپ كېلىۋاتاتتى.

**كىشەنلىك** سۈپ. كىشەن سېلىنغان، كىشەنلەنگەن: ھويلىغا كىرىش بىلەن ھېلىقى ئىككى كىشى كىشەنلىك پالۋاننى ھەيدەپ چىقتى.

**كىشەنلىمەك** پ ① پۇت ـ قولىنى كىشەن بىلەن بەند قىلماق، كىشەن سالماق: تۇتۇپ ئېلىپ مېنى دۈشمەن كىشەنلەپ، ئوكياندىكى ئاراللارغا پالىدى. كىشەن بىلەن سالدى قارا ئىشلارغا، ئۇرۇپ ـ قىيناپ ئازابلىدى، خارلىدى. ② ئەركىنلىكنى چەكلىمەك، بوغماق: شۇم جاھالەت زەنجىرى بىزنى كىشەنلەپ تاشلىدى، كىمكى چىقتى سەھنىگە ئىشنى خوتۇندىن باشلىدى.

**كىشمىش** ئى. مېۋىسى ئۇششاق، ئۇرۇقسىز، رەڭگى سۇزۇك، كۆك ياكى سېرىق قۇرۇيدىغان بىر خىل ئۈزۈم.

**كىشمىشلىك** سۈپ. كىشمىشى بار، كىشمىش بىلەن تولغان: بۇ تەرەپتە كاۋاپ، ئاشمانتا، ئۇ تەرەپتە شورپا، ياغ سامسا. بۇ سۇپىدا قوغۇن ـ تاۋۇز، ئۇ سۇپىدا كىشمىشلىك خالتا.

**كىشنەتمەك** «كىشنىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئويلاپتۇ شۇ يىگىت ئەقىل ـ ئويىنى، گوياكى تۇگمەندەك قاتتىق ئىشلىتىپ. باغلاپتۇ بېلىنى ھەسەن ـ ھۈسەندەك، غەيرەت دۇلدۇلىنى مەغرۇر كىشنىتىپ.

**كىشنەشمەك** «كىشنىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئات كىشنىشىپ تېپىشىدۇ، ئادەم سۆزلىشىپ تېپىشىدۇ (ماقال).

**كىشنىمەك** پ. چاپچىپ، قىرقىراپ ئاۋاز چىقارماق (ئات ھەققىدە): ئاتنىڭ كىشنىمەيدىغىنى يوق، ئىتنىڭ چىشلىمەيدىغىنى يوق (ماقال).

**كىشى** ئى ① پىكىر قىلىش، ئويلاش، سۆزلەش ۋە ئىشلەش ئىقتىدارىغا ئىگە جانلىق مەۋجۇدات؛ ئادەم، ئىنسان: ئەر كىشى. خوتۇن كىشى. ② كوللېكتىپ ياكى ئائىلىنىڭ ھەربىر ئەزاسى، جان: ئائىلەڭدە قانچە كىشى بار؟ ③ باشقا ئادەم، بىراۋ؛ ئۆزگە؛ خەق: كىشىنىڭ ئىشى ـــ بوسۇغا بېشى (ماقال). * كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتاڭ بول (ماقال).

**كىشى ـ قارا** دىيال. بىركىم، بىراۋ.

**كىشىگە** ئى. دىيال. مۆتىۋەرلەرنىڭ داستىخىنىدىن ئاشقان تاماق.

**كىشىلىك** ① ئى. ئىنسانغا، ئادەمگە مەنسۇپلۇق، ئىنسا-نىيەت: كىشىلىك تارىخ. // كىشىلىك ھايات خۇددى گۈلگە ئوخشايدۇ، سۆيگۈ بولسا ئەنە شۇ گۈلنىڭ شىرنىسىدۇر. ② سۈپ. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ: 1) «كىشىدىن تەركىب تاپقان، كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: نىزامىدىنىنىڭ 200 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى بۇيرۇق بويىچە بۈگۈن كېچىدە ئاچالغا قاراپ يولغا چىققان. 2) «كىشىگە، ئادەمگە مۆلچەرلەنگەن، تەييارلانغان؛ كىشىگە يېتىدىغان، خاس بولغان، كىشى سىغىدىغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: بىر كىشىلىك ياتاق. ئىككى كىشىلىك كارىۋات. بىر كىشىلىك ئۇسسۇل. 3) «بىر» سانى بىلەن كېلىپ «ئۈلۈش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: بىر كىشىلىك تۆھپە قوشماق. * ھەممە ياشلار تاغقا بېرىپ بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇۋاتىدۇ، مېنىڭمۇ تاغقا بېرىپ بىر ئىشلىگۈم بار.

**كىك** ئى. بالىياتقۇ ئېغىزى: كىكى يېرىلماق.

**كىكەتكە** ئى. ئەرەنچە كۆڭلەك ياكى چاپانلارنىڭ ئارقا تاغاق قىسمىدىكى كەسمە بۆلەك.

**كىگىز** ئى. يەر، كارىۋات قاتارلىقلارغا سالىدىغان، قوي

يۇقىدىن قىلىن قىلىپ بېسىپ ئىشلەنگەن ئائىلە بۇيۇمى: كىگىز باستۇرماق. ئۆيگە كىگىز سالماق.

**كىگىز تاتىلىماق** خىجىل بولماق، يەرگە قارىماق: هوشۇر ئىمام ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك كىگىز تاتىلاپ جىم ئولتۇراتتى.

**كىگىز ـ پالاس** كىگىز، پالاس، گىلەم قاتارلىق نەرسىلەر.

**كىگىزچى** ئى. كىگىز باسىدىغان ۋە ساتىدىغان كىشى: يەكەنلىك كىگىزچى ئەھەتقارىي دېسە تونۇمايدىغىنى يوق.

**كىگىزچىلىك** ئى. كىگىز بېسىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى، كەسپى: ئۇيغۇر كىگىزچىلىك تۇرىنىڭ كۆپلۈكى، رەڭدارلىقى بىلەن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

**كىگىز ـ كېچەك** كىگىز، گىلەم، پالاس قاتارلىق يەرگە سېلىنىدىغان نەرسىلەر.

**كىلاپان** ئى [ر<نېم] ① <ماشىن> تۇرلۇك ماشىنا ياكى مېخانىزملارنىڭ هاۋا، سۇيۇقلۇق، پار ياكى گاز يولىنى ئېچىپ ـ يېپىپ تۇرىدىغان قىسمى، قاپقىسى. ② <مۇز> پۈۋلەپ چېلىنىدىغان مۇزىكا ئەسۋابلىرىنىڭ ئېچىلىپ ـ يېپىلىپ، ئاۋاز تونىنى ئۆزگەرتىدىغان پەردىسى، تىلى. ③ <ئانات> يۈرەكنىڭ قان يولىنى ئېچىپ ـ يېپىپ، پەقەت بىر تەرەپكىلا قان ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىغان قىسمى: يۈرەك كىلاپانى.

**كىلارك** ئى [ر<لات] <گېئول> خىمىيەلىك ئېلېمېنتلارنىڭ يەر پوستىدىكى ئوتتۇرىچە مىقدارى، يەنى يەر پوستىدىكى ئېلېمېنتلارنىڭ تارىلىشى.

**كىلارنېت** ئى [ر<لات] <مۇز> بىر خىل دۇخوۋوي چالغۇ. قاتتىق ياغاچ ياكى سولىياۋدىن ياسىلىدۇ. ئادەتتە ئېغىزى، كىچىك نەيچىسى، كاناي گەۋدىسى ۋە كانايدىن ئىبارەت تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئېغىزىغا لېپىر ئورنىتىلىدۇ.

**كىلاس** ئى [ر<لات] ئوخشاش تىپتىكى جانلىقلارنىڭ ئۆزئارا ئوخشاشلىق خاراكتېرى ۋە قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بويىچە ئايرىلغان مەلۇم تۈركۈمى. مەسىلەن، مۇخ تىپىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مۇخلار كىلاسى ۋە كاككۇكزىغىرى كىلاسى دەپ بۆلۈنگىنىگە؛ ئومۇرتقىلىق هايۋانلار تىپىنىڭ بېلىقلار، قۇشلار ۋە سۈت ئەمگۈچىلەر كىلاسى دەپ بۆلۈنگىنىگە ئوخشاش.

**كىلاسسىزم** ئى [ر<لات] <ئەد> ياۋروپا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويغىنىشىدىن كېيىن مەيدانغا چىققان بىر خىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت پىكىر ئېقىمى.

**كىلاسسىزملىق** سۈپ. كىلاسسىزمغا ئائىت، كىلاسسىزمغا ئاساسلانغان: ئەمەلىيەتتە بۇ ئوتتۇرا ئەسىرگە تەۋە كىلاسسىزملىق ئەدەبىيات ئۇسلۇبىنىڭ قالدۇقى بولۇپ، تا بۈگۈنگىچە شېئىرىيىتىمىزدىكى پاسسىپ ئىنكاسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

**كىلاسسىفىكاتسىيە** ئى [ر<لات] نەرسە ۋە هادىسىلەرنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ۋە خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ تۈر، خىل، تۈركۈم ۋە شۇ قاتارلىقلارغا ئايرىش، تۈركۈملەش: دۇنيا تىللىرىنىڭ كىلاسسىفىكاتسىيەسى. ئۆسۈملۈكلەر كىلاسسىفىكاتسىيەسى.

**كىلاسسىفىكاتسىيىلەنمەك** «كىلاسسىفىكاتسىيەلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كىلاسسىفىكاتسىيەلىمەك** پ. نەرسە ۋە هادىسىلەرنى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ تۈر، خىل، تۈركۈم ۋە شۇ قاتارلىقلارغا ئايرىماق، بۆلمەك، تۈركۈملىمەك: هايۋانلارنى كىلاسسىفىكاتسىيەلىمەك. تىللارنى كىلاسسىفىكاتسىيەلىمەك. ئۆسۈملۈكلەرنى كىلاسسىفىكاتسىيەلىمەك.

**كىلاسسىك** ئى [ر<لات] ① پەن، سەنئەت ۋە ئەدەبىيات ساھەلىرىنىڭ مەشھۇر بولغان ھەم شۇ ساھەدە باشقىلارغا نەمۇنە ياراتقان، ئېتىراپ قىلىنغان ئەربابى: ماركسىزم ـ لېنىنىزم كىلاسسىكلىرى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كىلاسسىكلىرى. ② سۈپ. كىلاسسىكلار تەرىپىدىن يارىتىلغان، خەلقنىڭ ئېتىبارىغا ئايلانغان، نەمۇنە بولىدىغان: كىلاسسىك ئەسەر. كىلاسسىك ئەدەبىيات.

**كىلاۋىياتور** ئى [ر<نېم<لات] <مۇز> كۇنۇپكا تاختىسى.

**كىلتاڭ** ئى [پ] دېرىزە، ئىشىك قاناتلىرىنى بىر ـ بىرىگە ياكى رامغا تىرەپ ئېتىدىغان تۆمۈر ياكى ياغاچ ئىلغۇچ.

**كىلمەك** ئى. يىپىنىڭ بىر ئۇچىنى تارتىش بىلەنلا يېشىلىپ كېتىدىغان قىلىپ باغلانغان بىر خىل باغلاق.

**كىلو** مىق [ر<گىرېك] ① بىرىككەن سۆزلەرنىڭ ئالدىنقى تەركىبى بولۇپ كېلىدۇ. سۆز مەنىسى «1000». ② كىلوگىرام.

**كىلوكالورىيە** مىق [ر<فىران < لات] <فىز> ئىسسىقلىق مىقدارىنىڭ ئەمەلىي ئىستېمال بىرلىكى. بىر كالورىيەنىڭ 1000 ھەسسىسىگە باراۋەر.

**كىلوگېرتىس** مىق [ر<فىران< لات] <فىز> رادىيو دولقۇنىنىڭ چاستوتا بىرلىكى. ھەر سېكۇنتتا 1000 قېتىم تەۋرەنسە بىر كىلوگېرتىس بولىدۇ.

**كىلوگىرام** مىق [ر<فىران<گىرېك] <مات> مېتىر سىستېمىسىدىكى ئېغىرلىق (ياكى ماسسا) نىڭ ئۆلچەم بىرلىكى. 1 كىلوگىرام 2 جىڭغا ياكى 1000 گىرامغا تەڭ.

**كىلوگىراملىق** سۈپ. كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى، كىلوگىرام كېلىدىغان: ئىككى كىلوگىراملىق گىر تېشى.

**كىلولاتماق** «كىلولىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن سېتىۋالغان تاۋۇزنى باشقا بىر دۇكانغا ئاپىرىپ كېلولىتىپ باقتىم.

**كىلولاشماق** «كىلولىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كىلولانماق** «كىلولىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سېتىۋېلىنغان مېۋىلەر كىلولىنىپ ماشىنىغا بېسىلدى.

**كىلولۇق** سۈپ. مەلۇم كىلوگىرام ئېغىرلىقتا كېلىدىغان؛ مەلۇم كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى نەرسە سىغىدىغان: ئۇ ئالما قاچىلانغان يەشىكلەردىن تاللاپ 25 كىلولۇق يەشىكتىن بىرنى ئالدى.

**كىلولىتىر** مىق [ر<فىران<لات] مېتىر سىستېمىسىدىكى 1000 لىتىرغا باراۋەر سىغىم ئۆلچەم بىرلىكى.

**كىلولىماق** پ. نەرسىلەرنى جىڭغا سېلىپ كىلوگىرام بىرلىكى بىلەن ئۆلچىمەك، تارتماق: تۇرمۇش خىزمىتىنى ئىشلەنگۈچىلەر تەقسىم قىلىنىدىغان سەينى كىلولاپ ھەربىر ئائىلىگە تەقسىم قىلىشقا باشلىدى.

**كىلومېتىر** مىق [فىران] مېتىر سىستېمىسىدىكى 1000 مېتىرغا باراۋەر ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى.

**كىلومېتىرلىق** سۈپ. مەلۇم كىلومېتىر كېلىدىغان، كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى: بىرنەچچە كىلومېتىرلىق مۇساپە بېسىل-

غاندىن كېيىن لاتا كۆيۈپ تۈگىدى.

**كىلومېتىرلىماق** پ. مەلۇم مۇساپە ياكى ئۇزۇنلۇقنى كىلومېتىرنى بىرلىك قىلىپ ئۆلچەمەك، ھېسابلىماق: يوللار ئاسفالتلانغاندىن كېيىن ئۇنى كىلومېتىرلاپ، ھەربىر كىلومېتىر ئارىلىققا مەخسۇس بەلگە ئورنىتىلدى.

**كىلون** [ئىنگ] ئى ‹بىيول› ① جىنسسىز كۆپىيىش سىستېمىسى. ② سۈپ. جىنسسىز كۆپەيتىلگەن، كىلونلانغان: كىلون ئادەم. كىلون ھايۋان.

**كىلونلاتماق** «كىلونلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كىلونلاشماق** «كىلونلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كىلونلانماق** «كىلونلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كىلونلىماق** پ ‹بىيول› جانلىقلار تېنىنى تەن ھۈجەيرىسى ئارقىلىق جىنسسىز كۆپەيتىپ، ئىرسىيىتى ۋە شەكلى پۈتۈنلەي ئوخشايدىغان جانلىق ماددىنى ياكى جانلىق تەننى پەيدا قىلماق: ئادەم كىلونلىماق. مايمۇن كىلونلىماق.

**كىلوۋات** مىق [ر‹گىرېك + ئىنگ] ‹فىز› ئېلېكتىرنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان قۇۋۋەت بىرلىكى، بىر كىلوۋات 1000 ۋاتقا باراۋەر كېلىدۇ.

**كىلوۋات سائەت** ‹فىز› بىر كىلوۋات سائەت ئېلېكتىر مىقدارىنىڭ ئومۇمىي نامى.

**كىلېتكا** ئى [ر] ‹بىيول› جانلىقلارنىڭ تېنىنى ھاسىل قىلغۇچى ۋە فۇنكسىيە ئېلىپ بارغۇچى ئاساسىي بىرلىك. ئۇ ناھايىتى كىچىك بولۇپ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ. شەكلى ھەر خىل بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ كىلېتكا يادروسى ، سىتوپلازما ۋە كىلېتكا پەردىسى قاتارلىقلاردىن تۈزۈلىدۇ.

**كىلېتكىشۇناس** ئى. كىلېتكىشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى مۇتەخەسسىس .

**كىلېتكىشۇناسلىق** ئى. كىلېتكا يادروسى، سىتوپلازما ۋە كىلېتكا پەردىسى ھەم كىلېتكىغا دائىر بارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن .

**كىلىت** ئى. دىيال. ئاچقۇچ.

**كىلىزما** ئى [ر‹گىرېك] ئىچىنى تازىلاش ياكى داۋالاش ئۈچۈن ئارقا يولدىن سۇ ياكى بىرەر سۇيۇقلۇق بېرىش : ھەببۇلمۇلۈكنى يېگەندە قەي قىلدۇرۇش، قۇستۇرۇش ۋە زەھەرلەش ئىشلىرى كۆرۈلسىمۇ، ئەمما ئۇنى كىلىزما قىلغاندا بۇنداق ئالامەت كۆرۈلمەيدۇ .

**كىلىمات** ئى [ر‹گىرېك] ‹مېتېئور› مەلۇم بىر رايوننىڭ كۆپ يىللىق كۆزىتىش ئارقىلىق خۇلاسىلەپ چىقىلغان ھاۋا رايى ئەھۋالى. ئادەتتە ئۇ ھاۋا ئېقىمى، كەڭلىك گىرادۇسى، دېڭىز ئورنىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ۋە يەر شەكلى قاتارلىق ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

**كىلىماتولوگىيە** ئى [ر‹گىرېك] ‹مېتېئور› ئاتموسفېرا ئىلمىنىڭ بىر تارمىقى. كىلىمات ئالاھىدىلىكى، ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىشىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**كىلىنومېتىر** ئى [ر‹گىرېك] نەرسىنىڭ تىك ياكى يانتۇلۇقىنى ئۆلچەيدىغان سايمان.

**كىلىنكا** ئى [ر‹گىرېك] ‹تېب› ئەسلىدە دوختۇرنىڭ ئۆزى قول تىقىپ كېسەلگە دىياگنوز قويۇشى ۋە ئۇنى داۋالىشى كۆزدە تۇتۇلاتتى. ھازىر ئومۇمەن داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ كەسپىي ئەمەلىيىتى كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولدى.

**كىلىنىكىلىق** سۈپ. كىلىنىكىغا ئائىت، كىلىنىكىغا ئالاقىدار بولغان: كىلىنىكىلىق پاتولوگىيە. كىلىنىكىلىق گېنېتىكا.

**كىليونكا** ئى [ر] بىر ياكى ھەر ئىككى تەرىپى سۇيۇقلۇق ئۆتكۈزمەيدىغان ماددا بىلەن قاپلانغان رەخت.

**كىم** ئال ① «قايسى كىشى» دېگەن مەنىدە شەخس ھەققىدىكى سوراقنى بىلدۈرىدۇ: — ئۇنداق بولسا، بۇ تىزىملىكنى يېزىشقا كىمدىن ئەۋەتىمىز؟ — دېدى ئامىنخان. ② كىشىلەرنىڭ نامى سورالغان جۈملىلەردە «نېمىدەپ ئاتىلىدۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: — بوپتۇ، بوپتۇ، ئارتىسكا بولمىسىڭىز، شېئىر ئوقۇپ بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئىسمىڭىز كىم بولىدۇ؟ — دېدى مىر ئەخمەت. ③ شەرت بېقىندى جۈملىنى نەتىجە جۈملىگە باغلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ: ئاتاڭ كىم بولسا، سەن شۇنىڭ ئوغلى (ماقال).

**كىمئارتۇق** ئى [كىم + ئارتۇق] سودىدا باھا تالاشتۇرۇپ سېتىش ئىشى: بىر قوغۇن 20 مىڭ يۈەنگە كىمئارتۇق قىلىپ سېتىلدى.

**كىمەرسە** ئال. ھەرقانداق بىر كىشى، ھەرقانداق بىر شەخس: كىمەرسىنى ئاشىق قىلاي دېسەڭ، يانچۇقۇڭنىڭ ئاغزىنى ئوچۇق قوي!

**كىمەرسىكى** ئال ← **كىمەرسە:** ئەگەر كىمەرسىكى باشقىلارغا ئورا كولىدى، ئۇنىڭغا ھامان ئۆزى چۈشىدۇ.

**كىمبېرلىت** ئى [ر] ‹گېئول› ئەڭ دەسلەپتە ئافرىقىنىڭ كىمبېرلىي دېگەن يېرىدىن تېپىلغان ۋە شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان قىممەت ئىشقارلىق ئۇلترا ئاساسلىق بىر خىل جىنىس.

**كىمخاب** ئى [پ] ئۆرۈشى يىپەك، ئارقىقى زەر يىپتىن توقۇلغان رەخت: ئەپەندىم كوچىدا مەست بولۇپ ياتقان خان ئەمەلدارىنىڭ كىمخاب تونى بىلەن شايى سەللىسىنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

**كىمدۇر** ئال. كۆپىنچە كەينىدىن «بىرى» سۆزى كېلىپ كىملىكى ئېنىقسىز بىر ئادەمنى بىلدۈرىدۇ: كىمدۇر بىرى ئىشىكنى چەكتى.

**كىمدەكىم** ئال [كىم + دە + كىم] كىم بولسا بولسۇن، ھەرقانداق بىر كىشى: ئەمدى كىمدەكىم ۋاڭلىقنى تىكلەيمەن دېسە، ئۆزىنىڭ بېشىنى يەيدۇ.

**كىملىك** ئى ① كىم ئىكەنلىك؛ سالاھىيەت: ئۇنىڭ كىملىكى ھەممەيلەنگە نامەلۇم ئىدى. ② ‹قا› پۇقرالارنىڭ جەمئىيەتتىكى قانۇنىي ئورنىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىلىرىدىن تارقىتىپ بېرىلگەن گۇۋاھنامە: — كىملىكلەرنىڭ كۆپەيتىلمىسىنى ئىشلەتكەندە پەخەس بولۇڭلار، — دەپ تاپىلايتتى ئۇ دائىم بىزگە.

**كىملىكسىز** ① سۈپ. كىملىكى يوق، كىملىك ئالمىغان: كىملىكسىز ئوقۇغۇچى. كىملىكسىز بالا. ② رەۋ. كىملىك يوق ھالدا، كىملىك ئىشلەتمەي: ئۇ تىببەت تاغلىرىدىن خوتەن تاغلىرىغا،

خوتەن تاغلىرىدىن تېبەت تاغلىرىغا كىملىكسىزمۇ ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ.

**كىميا** ئى [ئە] يېزت. خىمىيە.

**كىمياگەر** ئى [ئە + پ] يېزت. خىمىك، خىمىيە ئالىمى.

**كىمياگەرلىك** ئى. خىمىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش: ئەپسۇس، بۇ كىمياگەرلىك تىنچلىق كەپتىرىنىڭ بومبىدىن ئۈركۈيدىغانلىقىنى ھېس قىلالمىغان بولغىيمىدى؟

**كىن** ئى. دىيال. ئاداۋەت، خاپىلىق، نارازىلىق.

**كىنا** ئى. پاپۇئا يېڭى گىۋىنېيەسىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**كىنايە** ئى [پ] <ئەد> تەنە.

**كىنايىچى** ئى. كىنايە قىلىپ، مەسخىرە ئارىلاش گەپ قىلغۇچى، كىنايە قىلغۇچى.

**كىنايىلىك** سۈپ. كىنايە قىلىپ ئېيتىلغان، كىنايە ئىپادىلەنگەن: ئۇ بىرنەرسە دېيىش ئۈچۈن تەمشىلىپ تۇراتتى، قىر ئۇستىدىكى بىر دېھقاننىڭ كىنايىلىك سۆزى خىيالىنى چېچىۋەتتى. // يولدىن ئۆتكەن كىشىلەردىن بەزىلىرى ياقىسىنى تۇتسا، بەزىلىرى كىنايىلىك كۈلۈشۈپ قوياتتى.

**كىنەز** ئى [ر] ① فېئودال - كىنەزلىك ھاكىمىيىتىدىكى ئەسكەر باشلىقى ۋە ۋىلايەت ھاكىمى. ② فېئودال - كىنەزلىك ھاكىمىيىتىدە مىراس تەرىقىسىدە بېرىلىدىغان پەخرىي ئۇنۋان ھەمدە شۇ ئۇنۋانغا ئىگە بولغان كىشى.

**كىنەزلىك** ئى. كىنەزنىڭ قول ئاستىدىكى ئورۇن.

**كىندىك** ئى <ئانات> ① تۆرەلمە بىلەن بالا ھەمراھىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغۇچى نەيچىسىمان ئەزا. ئىككى تال ئارتېرىيە بىلەن بىر تال ۋېنادىن تۈزۈلگەن. تۆرەلمە ئۇنىڭغا تايىنىپ ئانا تېنى بىلەن باغلىنىپ تۇرىدۇ. ئادەتتە ئۇ يەنە تۆرەلمىنىڭ ئوزۇقلۇق سۈمۈرۈشى ۋە كېرەكسىز ماددىلارنى چىقىرىۋېتىشىدىكى يول ھېسابلىنىدۇ. ② بالا تۇغۇلۇپ، شۇ خىل نەيچە كېسىۋېتىلگەندىن كېيىن قورساق سىرتىدىكى قېپقالغان ئويمانچە. ③ كۆچمە. مەركەز، ئوتتۇرا: كىندىك ئوق. ئاسىيا كىندىكى. * بىز قەشقەرنىڭ كىندىكىدىن.

**كىندىك قېنى تۆكۈلگەن جاي** تۇغۇلغان يۇرت، تۇغۇلغان ماكان، ۋەتەن: دۇنيادا ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن جايىدىنمۇ ئۇلۇغ يەنە نېمە بولسۇن؟!

**كىندىكئانا** ئى [كىندىك + ئانا] ① ئاياللارنىڭ تۇغۇتىغا ياردەملىشىپ، تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ كىندىكىنى كېسىشكە تەكلىپ قىلىنىدىغان ئايال. ② كۆچمە. مەيدانغا كېلىش، پەيدا بولۇشىنى بىرىنچى بولۇپ كۈتۈۋالغۇچى: زورلۇق كۈچ — يېڭى جەمئىيەتكە ھامىلىدار بولغان ھەربىر جەمئىيەتنىڭ كىندىكئانىسى.

**كىنو** ئى [ر] بىر خىل ئۇنىۋېرسال سەنئەت. بۇنىڭدا لېنتىغا ئېلىنغان چاتما سۈرەتلەرنى كۈچلۈك چىراغ نۇرىدا ئېكرانغا چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئادەم ياكى شەيئى ھەرىكىتى ئەينەن تەسۋىرلەپ بېرىلىدۇ.

**كىنوچى** ئى. كىنو فىلىملىرىنى كۆرسىتىش، قويۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى.

**كىنوچىلىق** ئى. كىنو سېنارىيەسىنى يېزىش، فىلىمگە ئېلىش، قويۇش قاتارلىق ئىشلار ۋە مۇشۇ ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى: تەشۋىقات ۋە تېيىز مەنىدىكى كۈلدۈرگىنىڭ ئىنچىكە ھاسىسىغا تايىنىپ بۇگۈنكى كۈنگە يېتىپ كەلگەن ئۇيغۇر كىنوچىلىقى «ئېگىز ئېسىلغان قىزىل پانۇس» نىڭ يورۇقى ئاستىدا بۇنىڭدىن كېيىنكى قىسمىتى ھەققىدە خىيال سۈرمەكتە.

**كىنوخانا** ئى. كىنو فىلىملىرى كۆرسىتىلىدىغان مەخسۇس ئورۇن.

**كىنولاشتۇرماق** «كىنولاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سەھنە ئەسىرىنى كىنولاشتۇرماق.

**كىنولاشتۇرۇلماق** «كىنولاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: 80 - يىللاردىن بۇيان نۇرغۇنلىغان سەھنە ئەسەرلىرى كىنولاشتۇرۇلدى.

**كىنولاشماق** پ. كىنو شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈلمەك، كىنو فىلىمى قىلىپ كۆرسىتىلمەك، ئىشلەنمەك: ھەرىكەتلىك سەنئەت بولسا، باشتىكى لەپەر، ئېيتىشىش ۋە سەھنە ئەسىرى ئويناشتىن، قۇرۇلمىسى مۇكەممەل بولغان زامانىۋى دىرامىلارنى ئويناشقا، ئۇنىڭدىن تېلېۋىزىيە، كىنولىشىشقا تەرەققىي قىلدى.

**كىنوۋار** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلاسى SgH . ئۇ سىماب ئېلىشتىكى ئاساسلىق مىنېرال ھېسابلىنىدۇ. رەڭگى قىزىل ياكى بېغىر رەڭ، زەھەرسىز كېلىدۇ. تېبابەتچىلىكتە تىنچلاندۇرۇش دورىسى قىلىنىدۇ. بەدەن سىرتىغا ئىشلەتكەندە قىچىشقاق قاتارلىق تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالىغىلى بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ بوياقمۇ قىلىنىدۇ.

**كىنېتىك** سۈپ [ر] كىنېتىكىغا، ھەرىكەتكە ئائىت: كىنېتىتىك سەنئەت.

**كىنېتىكا** ئى [ گىرېك] <فىز> نەزەرىيەۋى مېخانىكىنىڭ دىنامىكا ۋە ئىستاتىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۆلۈمى، تارمىقى.

**كىنېماتىكا** ئى [ر<گىرېك] <فىز> مېخانىكىنىڭ تارمىقى. ئورۇن يۆتكەش، تېزلىك، تېزلىنىش قاتارلىق فىزىكىلىق مىقدارلار ئارقىلىق جىسىم ئورنىنىڭ ۋاقىتقا ئەگىشىپ ئۆزگىرىش مۇناسىۋىتىنى بايان قىلىدۇ ۋە تەتقىق قىلىدۇ.

**كىنىشكا** ئى [ر] سالاھىيەت، تارىخ قاتارلىقلارنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان، مەلۇم تەشكىلات، ئورۇنغا قاراشلىق ئىكەنلىكىنى ياكى مەلۇم جەھەتتىن بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئىناۋەتلىك كىچىك دەپتەرچە ياكى قەغەز ۋاراق.

**كىنىشكىسىز** سۈپ. كىنىشكىسى يوق، كىنىشكىسى بولمىغان: كىنىشكىسىز ئادەم.

**كىنىشكىلىق** سۈپ. كىنىشكىسى بار، كىنىشكىغا ئىگە بولغان.

**كىنىمەك** پ. دىيال. ئەسلىمەك، ياد ئەتمەك.

**كىۋاچا** ئى. مالاۋى، زامبىيەنىڭ پۇل بىرلىكى.

**كىۋادرات** ئى [ر<لات] <مات> ① تۆت تەرىپى ئۆز ئارا تەڭ، تۆت بۇلۇڭى تىك بۇلۇڭ بولغان تۆت تەرەپلىك: كىۋادرات مېتىر. كىۋادرات كىلومېتىر. ② بىر ساننى ئۆز - ئۆزىگە كۆپەيتىشتىن ھاسىل بولغان سان ياكى كۆرسەتكۈچى ئىككى بولغان دەرىجە. مەسىلەن، $3^2$ ، $a^2$ قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**كىۋادراتلىق** سۈپ. كىۋادراتى بار، كىۋادراتقا ئىگە: كىۋادراتلىق ئايرىما.

**كىۋارتس** ئى [ر<نېم] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيەلىك تەركىبى سىلىتسىي ئوكسىد ($SiO_2$). سانائەتتە ئۇنىڭدىن ئوپتىك ئەسۋابلار، رادىيو سايمانلىرى، ئوتقا چىدامىلىق ماتېرىيال، ئەينەك ۋە فارفور بۇيۇملىرى قاتارلىقلار ياسىلىدۇ.

**كىۋارتسلىق** سۈپ. تەركىبىدە كىۋارتس بولغان، كىۋارتسقا ئىگە: كىۋارتسلىق پورفىر. كىۋارتسلىق سائەت. كىۋارتسلىق مونزونىت.

**كىۋارك** ئى [ئىنگ] <فىز> پروتون، نېيترون قاتارلىق ئاساسىي زەررىچىلەرنى تەشكىل قىلغۇچى ئەڭ كىچىك زەررىچە.

**كىۋانت** ئى [ر<لات] <فىز> مىكرو ساھەدە، بەزى فىزىكىلىق مىقدارلارنىڭ ئۆزگىرىشى تەدرىجىي يوسۇندا بولماستىن، بەلكى ئەڭ كىچىك بىرلىكتىن بىراقلا سەكرەش بويىچە بولىدۇ. بۇ ئەڭ كىچىك بىرلىك كىۋانت دەپ ئاتىلىدۇ.

**كىۋانزا** ئى ئانگولانىڭ پۇل بىرلىكى.

**كىۋە** ئى. دىيال. كىرپە.

**كىيات** ئى. بىرمىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**كىيانىت** ئى [ر] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $Al_2 [SiO_4] O$. ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە. ئادەتتە ئالىي دەرىجىدىكى ئوتقا چىدامىلىق ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەنە «زەڭگەر ئىشپات» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**كىيدۈرمەك** «كىيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاپام چاپىنىنى ماڭا كىيدۈرۈپ قويدى.

**كىيدۈرۈشمەك** «كىيدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بالىلىق ئاياللار بالىلىرىنىڭ كىيىملىرىنى كىيدۈرۈشۈپ تەخ بولدى.

**كىيدۈرۈلمەك** «كىيدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كىيمەك** پ ① كىيىم بىلەن بەدەننى ياكى مەلۇم ئەزانى ياپماق، پۈركىمەك: دوپپا كىيمەك. ئۆتۈك كىيمەك. تون كىيمەك. ② كۆچمە. ئورالماق، قاپلانماق: ئۇنىڭ كۆزى يېشىل تون كىيگەن پايانسىز ۋادىلارغا تىكىلدى. ③ كۆچمە. بىر ئالماق: بالا يىغلاپ ئۆينى بېشىغا كىيدى.

**كىيۇرىي** ئى [ر<لات] <خىم> رادىيوئاكتىپلىق مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Cm (Curium). ئادەتتە ئۇ سۈنئىي ئېلېمېنتلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. سۈنئىي ھەمراھ ۋە ئالەم كېمىلىرىدە ئىسسىقلىق ئېلېكتر مەنبەسى قىلىنىدۇ.

**كىيىت** ئى. توي بولۇشتىن ئىلگىرى ئوغۇل تەرەپتىن قىزنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا بېرىدىغان تويلۇق سوۋغىسى.

**كىيىتلىك** ئى. كىيىت ئۈچۈن تەييارلانغان نەرسە، سوۋغىلىق.

**كىيىشمەك** «كىيمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: خېرىدارلار قولىدىكى گۈللىرى چاقناپ تۇرغان چىمەندوپپىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ باشلىرىغا كىيىشىپ كۆرەتتى.

**كىيىلمەك** «كىيمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پادىشاھ ئاچچىقىغا بەس كېلەلمەي بارغان پېتى داپنى قولىغا ئاپتۇ - دە، خەزىنىدارنىڭ بېشىغا كېلىشتۈرۈپ ئۇرغانىكەن، داپ يېرىلىپ گەردىشى بويىنىغا كىيىلىپ قاپتۇ.

**كىيىم** ئى. بەدەننى ياكى ئايرىم ئەزالارنى يېپىش، ئوراش ئۈچۈن كىيىلىدىغان، رەخت ياكى تېرىدىن تىكىپ تەييارلىنىدىغان تۇرمۇش بۇيۇمى.

**كىيىمچىك** ئى. كىنو، تىياتىر، ناخشا - ئۇسسۇل ئارتىسلىرىنىڭ سەھنە كىيىمىنى لايىھىلىگۈچى ياكى باشقۇرغۇچى كىشى.

**كىيىمسىز** سۈپ. كىيىمى يوق، كىيىم كىيمىگەن: ئىنسانلار ھايۋانات دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىقىش بىلەن تەڭلا كىيىنىش بىلەن ئەمەس، بەلكى خېلى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەرگىچە كىيىمسىز يالىڭاچ ھايات كەچۈرگەنلىكى مەلۇم. // ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ ئاياغ كىيىمسىز يۈرۈش ئادىتى (ئاساسەن ئىسسىق رايونلاردا) بار.

**كىيىم - كېچەك** كىيىلىدىغان نەرسىلەر، كىيىم.

**كىيىملىك** ① سۈپ. كىيىمى بار، كىيىم كىيگەن: بۇنداق ۋاقىتلاردا تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا پۇچقاقلىرىنى يانپىشىغىچە تۈرۈۋەتكەن يالاڭ كىيىملىك كەمبەغەللەر پەيدا بولاتتى. ② سۈپ. كىيىم تىكىلىدىغان، كىيىم قىلىشقا باپ: ئۇ تۇغقاندا بىز بىر كىيىملىك يىپەك رەخت بىلەن مۇبارەكلىگەن. ③ ئى. كىيىم قىلىنىدىغان رەخت: بىر ئايدىن كېيىن مەن بازارغا بېرىپ كىيىملىك ئېلىشقا رۇخسەت سورىدىم.

**كىيىندۈرمەك** «كىيىنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شەرۋانەم سەھەر تۇرۇپلا بالىلارنى كىيىندۈرۈپ چاي بېرەتتى.

**كىيىندۈرۈشمەك** «كىيىندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كىيىندۈرۈلمەك** «كىيىندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شىرەنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقلاردا ھېلىمۇ چىرايلىق كىيىندۈرۈلگەن ئوغۇل - قىزلىرىنى يېتىلىۋالغان ئاتا - ئانىلار ئولتۇرۇشاتتى.

**كىيىنمەك** «كىيمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: چۈشكە يېقىن ئالىيېشىل كىيىنگەن قىز - جۇۋانلار توپ - توپ بولۇشۇپ كېلىشكە باشلىدى.

**كىيىنىشمەك** «كىيىنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كېپىنەكتەك كىيىنىپ، ھۆر - پەرىلەردەك ياسىنىۋېلىشقان قىز - يىگىتلەر، پاكىز - رەتلىك كىيىنىشكەن ئوتتۇرا ياشلىقلار جۈپ - جۈپى بىلەن باغچىلارغا، مەنزىرىلىك جايلارغا سەلدەك ئاقماقتا ئىدى.

# گ

**گ** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئون توققۇزىنچى ھەرپى.

**گاباردىن** ئى [ر<فىران] كاستۇم، پەلتو قاتارلىق كىيىملەرنى تىكىشكە باب توقۇلغان بىر خىل يۇڭ رەخت.

**گابرو** ئى [ر<ئىتال] <گېئول> ئاساسلىق مىنېرال تەركىبى بىر ياقلىق پىروكسېن (ئاددىي پىروكسېن، سۇزۇك پىروكسېن قاتارلىقلار) بىلەن ئاساسلىق پىلاگىيوكلاز بولغان بىر خىل بۆسمە جىنس.

**گاجاڭ** ئى. دىيال. ماڭقا.

**گاچ** تەق. چىشلەش، ئۇرۇش، دەسسەش، سانجىش، توغراش، چېپىش قاتارلىقلاردىن پەيدا بولغان ئاۋاز.

**گاچا** سۈپ. گەپ قىلالمايدىغان، تىلى ئاجىز: گاچا بالا. * گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلەر (ماقال).

**گاچچىدە** رەۋ. «گاچ» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «گاچ» قىلغان ھالدا: گاچچىدە چىشلىمەك. گاچچىدە چاپماق.

**گاچ - گاچ** «گاچ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**گاچ - گۇچ** «گاچ» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: غەلىتە ئىش، ئۇنىڭ سۆرۈن تەلەتىنى سۈر بېسىپ تۇرىدۇ - يۇ، كۆرۈشۇشكە قولىنى بەرگىنى نېمىسى، پەملەپ گاچ - گۇچ سالمىسۇن يەنە!

**گاچىلاشماق** پ. بەپىەپلەپ قالماق؛ كېكەچلىمەك، تۆتۆتلىمەك: ئۇ مايلاشقان قارا شاپ بۇرۇتىنى ساڭگىلىتىپ، ئۆڭۈپ، تامدەك تاتىرىپ، گاچىلىشىپ گەپ قىلالماي قالدى.

**گاچىلداتماق** «گاچىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گاچىلدىماق** پ. «گاچ - گاچ» قىلماق، «گاچ - گاچ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق.

**گاچىلىق** ئى. گاچا ھالەت، سۆزلىيەلمەسلىك.

**گادا** I [پ] يېزىت ① سۈپ. كەمبەغەل، نامرات، پېقىر، يوقسۇل. ② ئى. كوچمە. بىرەر نەرسىگە موھتاج، زار، ئىنتىزار ئادەم.

**گادا** II ئى [خەن] ① ئارغامچا، تانا، تاسما، شوينا قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ باغلاپ ئۇلانغان ياكى تۈگۈن قىلىنغان يېرى؛ كاللەك. ② تۈگۈلۈپ، قېتىپ، چوقچىيىپ مونەك بولۇپ قالغان نەرسە. ③ ئادەم بەدىنىدە پەيدا بولغان دانىخورەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ قېتىپ قېلىشى.

**گاداچە** ئى. كىچىك گادا، ئۇششاق كاللەك، مونەك، كىچىك تۈگۈن.

**گادالاشماق** پ. گادا ھالەتكە كەلمەك، تۈگۈن پەيدا بولماق، مونەكلەشمەك: ئۆرۈك نوتىلىرى بالدۇرراق ئۇلانمىسا، ئۇلاق نوتىلىرىنىڭ بىخى گادالىشىپ، ياغاچقا ئايلىنىپ، ئۇلاشقا ئەپسىز بولۇپ قالىدۇ.

**گاداي** [پ] ① سۈپ. يوقسۇل، نامرات، كەمبەغەل. ② ئى. كىشىلەردىن سەدىقە سوراپ، نەرسە - كېرەك تىلەپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان كىشى؛ سائىل، تىلەمچى، دىۋانە.

**گادايچىلىق** ئى ← **گادايلىق.**

**گادايلاشتۇرماق** پ. «گادايلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ كەنت باشلىقى بولۇپ تۇرغان 10 يىل ئىچىدە پۈتۈن كەنتنى گادايلاشتۇرۇۋەتتى.

**گادايلاشتۇرۇشماق** «گادايلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گادايلاشتۇرۇلماق** «گادايلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**گادايلاشماق** پ. نامراتلاشماق؛ قەلەندەرلەشمەك.

**گادايلىق** ئى ① يوقسۇزلۇق، نامراتلىق، كەمبەغەللىك. ② دىۋانىلىك قىلىش، سەدىقە سوراش؛ قەلەندەرلىك، تىلەمچىلىك: گادايلىق قىلماق.

**گادرون** ئى [ر<گىرېك] <خىم> كۆچىلۈك تۇردە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشكەن باريون بىلەن مېزوننىڭ ئورتاق نامى.

**گادولىنىي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Gd (Gadolinium). بىر خىل سىرەك ئېلېمېنت، ئاتوم ئېنېرگىيەسى سانائىتىدە ئاتوم قازىنىنىڭ تۇزۇلۇش ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

**گادىرماچ** سۈپ. باش - ئاخىرى يوق، باش - ئاخىرى چىقمايدىغان؛ قالايمىقان، مۇرەككەپ، چىگىش: گادىرماچ ئىش. * ئۇ ئۇزۇنغىچە ئۆزىنىڭ باش - ئايىغى يوق گادىرماچ خىياللىرى ئارىسىدا سەرسان بولۇپ يۈردى.

**گادىرماچلاشماق** پ. گادىرماچ ھالەتكە كەلمەك، قالايمىقانلاشماق، مۇرەككەپلەشمەك، چىگىشلەشمەك: ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، گادىرماچلىشىپ كەتكەن خىياللىرى شاخ سانغۇچتەك ئۇ شاختىن بۇ شاخقا قونۇپ، زادىلا بىر نۇقتىدا توختىمايتتى.

**گادىرماچلىق** ئى. گادىرماچ ھالەت، قالايمىقانلىق: موللامنىڭ شۇ قېتىمقى سۆزى مۇھەممەدنىڭ خىيالىدا خېلىلا گادىرماچلىق پەيدا

قىلدى.

**گار** ئى [ر] <تەن> ۋاسكېتبول ئويناش ئۈچۈن ئوتتۇرىسىغا يۇمىلاق تۆمۈر ئورنىتىلغان بىر خىل قۇرۇلما، ياغاچ جازا.

**گارا** سۈپ. دىيال. پاسكىنا، قاسماق، كىر.

**گاراخ** ① سۈپ. كالللىسى راۋرۇس ئىشلىمەيدىغان، قاپاق: دىلنار چۈشۈمگە كىرىپ قالغان كۈنلەردە قويغان ـ تۇتقىنىمنى بىلەلمەي گاراخ بولاتتىم. ② رەۋ. ھەددىدىن زىيادە، ناھايىتى، ئىنتايىن، تازا، راسا: گاراخ مەست. * ئۇ يېرىم كېچىدە ئۆيگە گاراخ مەست كىردى.

**گاراژ** ئى [ر<فىران] ① ئاپتوموبىل قاتارلىق موتورلۇق قاتناش قوراللىرى تۇرىدىغان جاي. ② ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس بېكىتى.

**گاراڭ** I سۈپ ① قۇلىقى ئاڭلىمايدىغان، قۇلىقى ئېغىر، پاڭ قۇلاق؛ گاس، ساغىرۇ: گاراڭ بالا. گاراڭ ھالەت. ② بېشى قاتقان، نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغان: گاراڭ بولماق. گاراڭ قىلماق. * ئۇ باشلىرى گاراڭ ھالدا ھېلىقى ئاشخانىغا باردى.

**گاراڭ** II تەق. كېكىردەكنىڭ پۇتۇپ قېلىشىغا ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن بۇزۇلۇپراق چىققان ئاۋاز.

**گاراڭ ـ گاراڭ** «گاراڭ II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**گاراڭ ـ گۇرۇڭ** «گاراڭ» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: تۇيۇقسىز چىققان بۇ گاراڭ ـ گۇرۇڭ ئاۋاز مېنى چۆچۈتۈۋەتتى.

**گاراڭڭىدە** رەۋ. «گاراڭ» قىلغان ھالدا، «گاراڭ» قىلىپ.

**گاراڭلىق** ئى. قۇلىقى ئاڭلىماسلىق، گاسلىق: ئىلىم ـــ گۆھەر چىراغ، ئۆچمەس، قاراڭغۇ دىلغا نۇر چاچقاي، ئۇنىڭدىن كۆچ ـ ئۇزۇق ئالساڭ، قۇتۇلغايسەن گاراڭلىقتىن.

**گارت** تەق. نەرسىلەرنى تىغ بىلەن كېسىپ پارچىلىغاندا، توغرىغاندا ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**گارتتىدە** رەۋ. «گارت» قىلغان ھالدا، «گارت» قىلىپ.

**گارت ـ گارت** «گارت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: خاسىيەت بۇگۈن بالدۇر تاماقىقا جابدۇنۇپ، مانتىنىڭ قىيمىسى ئۈچۈن ئادالانغان پىيازنى «گارت ـ گارت» توغراشقا باشلىدى.

**گارت ـ گۇرت** «گارت» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**گارسىنىيە** ئى [ر<لات] <بوت> گارسىنىيە دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. غولىنىڭ ئېگىزلىكى 20 مېتىرغا يېتىدۇ. يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ. گۈلى تاق جىنسلىق، شىرنىلىك مېۋە تۇتىدۇ. دەرەخ مېيى سېرىق، شىلىمسىمان ھەم زەھەرلىك كېلىدۇ. ئۇنى سېرىق بوياق ماتېرىيالى ياكى دورا قىلىشقا بولىدۇ.

**گارشوك** ئى [ر] ① بىنالارنىڭ كارىدورلىرىغا قويۇلىدىغان تۇكۇرۇك قاچىسى: گارشوكقا تۇكۇرمەك. ② كىچىك بالىلارنى توسىدىغان قاچا.

**گارموشكا** ئى [ر] ئېغىز بىلەن چېلىشقا مەخسۇس ياسالغان بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى؛ ئېغىز گارمونى.

**گارمون** ئى [ر] ئىككى يېنى قاتلانغان، قول بىلەن تارتىپ، تۈگمىلىرىنى بېسىپ چالىدىغان تىللىق مۇزىكا ئەسۋابى.

**گارمونچى** ئى. گارمون چالىدىغان كىشى.

**گارمونىك** سۈپ [ر] ① گارمونىيە تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن، ئاھاڭداش: گارمونىك ناۋۇشلار. * تۇرمۇش ھىندىستاننىڭ كىنولىرى ئەمەس، تۇرمۇشتا ھەرگىزمۇ يېشىل ئوتلاقلاردا، تاغ ـ دالىلاردا قىيغىتىپ سەكرەپ يۈرىدىغان ئىش يوق. تۇرمۇش ئۇلار ئېيتقان ناخشىلاردەك ئۇنداق گارمونىك، مۇڭلۇق بولمايدۇ. ② ئۆزئارا ماسلاشقان، مۇۋاپىق، ماس، ئۇيغۇن: گاز ئوچاق، تۇرۇبىلار ئەرلەرنى يۇقىرىقىدەك ئەمگەكلەردىن ئازاد قىلىش بىلەن بىللە، تاماق ئېتىشتىن ئىبارەت بىر جەرياننىڭ ئەر ـ ئايالنىڭ ئۆزئارا مۇھەببەت، ھېسسىيات ئالماشتۇرىدىغان گارمونىك سورۇنى بولۇش ئىمكانىيىتىنى يوققا چىقاردى.

**گارمونىيە** ئى [ر<گىرېك] <مۇز> بىر ۋاقىت ئىچىدە چىققان بىر قانچە مۇزىكىلىق ئاۋازنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشى، بىرلىشىشى؛ مۇزىكىدىكى ئاھاڭداشلىق، ماسلىق.

**گارمونىيەشۇناس** ئى. گارمونىيەشۇناسلىق مۇتەخەسسىسى.

**گارمونىيەشۇناسلىق** ئى <مۇز> مۇزىكا نەزەرىيەسىنىڭ ئاككورد، ئاككوردلۇق مۇناسىۋەت ياكى ئاككوردلارنىڭ بېجىرىلىشىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**گارمونىيەلەشتۈرمەك** پ ① «گارمونىيەلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② گارمونىيەلىك تۈزۈلمە بىلەن بىرەر مېلودىيەنى كۆپ ناۋۇشلۇق قىلىپ ئىشلىمەك.

**گارمونىيەلەشتۈرۈش** ئى <مۇز> گارمونىيەلىك تۈزۈلمە بىلەن بىرەر مېلودىيەنى كۆپ ناۋۇشلۇق قىلىپ ئىشلەش ئۇسۇلى.

**گارمونىيەلەشتۈرۈشمەك** «گارمونىيەلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گارمونىيەلەشتۈرۈلمەك** «گارمونىيەلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**گارمونىيەلەشمەك** پ. ئۆزئارا ماس، ئاھاڭداش، مۇۋاپىق ھالەتكە كەلمەك، ئۇيغۇنلاشماق (مۇزىكا ھەققىدە): گارمونىيەلەشكەن ئاھاڭ.

**گارمونىيەلىك** سۈپ. ئۆزئارا ماسلاشقان، بىرلەشكەن، گارمونىك (مۇزىكا ھەققىدە): گارمونىيەلىك ئاھاڭ.

**گاز** ئى [ر<گول] <فىز> مۇئەييەن شەكلى بولمىغان ھەم مۇئەييەن ھەجىممۇ بولمىغان، ئېقىپ ھەرىكەتلىنەلەيدىغان جىسىم: گاز چاقماق. گاز چىراغ.

**گازاب** ئى [گاز + ئاب] بەلگىلىك بېسىم ئاستىدا كاربون (IV) ئوكسىدنى سۇدا ئېرىتىپ، ئۇنىڭغا شېكەر، مېۋە شەربىتى ۋە پۇراقلىق ماتېرىيال قاتارلىقلارنى قوشۇش ئارقىلىق تەييارلانغان سوغۇق ئىچىملىك، گازلىق سۇ: زور تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار مەيدان چۆرىسىدىكى پەلەمپەيلەردە ئولتۇرۇپ گازاب ئىچكەچ تاماشا كۆرۈۋاتاتتى.

**گازارما** ئى [ر] ھەربىي قىسىم تۇرۇشلۇق ئورۇن؛ ھەربىي ئىشتاب.

**گازسىمان** سۈپ. گازغا ئوخشاش، گاز ھالىتىدىكى: گازسىمان ماددا.

**گازلاشتۇرماق** «گازلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گازلاشتۇرۇشماق** «گازلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گازلاشتۇرۇلماق** «گازلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**گازلاشماق** پ. گاز ھالىتىگە كەلمەك، گازغا ئايلانماق.

**گازلانماق** پ. سۇيۇقلۇق گاز بىلەن تويۇنماق، سۇيۇقلۇققا گاز ئارىلاشتۇرۇلماق.

**گازلىق** سۈپ. ئىچىدە گازى بار، گازلانغان، گاز تولدۇرۇلغان ياكى گاز بىلەن تويۇندۇرۇلغان: گازلىق سۇ. گازلىق ئەسۋاب.

**گازۋان** ئى [پ] <بوت> ئەڭلىكئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى دورا بولىدۇ. مەنپىيلىكنى ئاسراش، يۆتەل توختىتىش رولىغا ئىگە.

**گازۋاي** سۈپ [ر] گاز ئىشلىتىدىغان، گازلىق: گازۋاي چىراغ. گازۋاي لامپا.

**گازىر** ئى [خەن] <بوت> ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقى. سوقچاق، ئۇچى ئۇچلۇق كېلىدۇ. قورۇپ چېقىشقا ياكى ماي تارتىشقا بولىدۇ.

**گازىر - پۇرچاق** گازىر، پۇرچاق ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەر.

**گازىرچى** ئى. گازىر ساتىدىغان كىشى.

**گازىن** ئى. دىيال. كەپتەر، توخۇ قاتارلىق جانىۋارلارنىڭ گېلىدىكى دانلىقى؛ يەملىك، بوغۇزلۇق.

**گاژ** تەق. رادىيو، ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزور قاتارلىقلارنىڭ توك يوللىرىدا مەسىلە كۆرۈلگەندە چىقىدىغان بىر خىل غەيرىي نورمال ئاۋاز.

**گاژژىدە** رەۋ. «گاژ» قىلغان ھالدا، «گاژ» قىلىپ: نېمە بولدى؟ دولقۇننى يۆتكىسەم گاژژىدە قىلىپ قالدىغۇ تاڭ. نېمە بولغىنىنى بىلەلمىدىم.

**گاژ- گاژ** «گاژ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇنىڭ رادىيوسى كونىراپ قالغاچقىمۇ، دولقۇن تەڭشەلمەي «گاژ - گاژ» قىلىدىغان بولۇۋالدى.

**گاژ- گۇژ** «گاژ» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: گاژ - گۇژ قىلماق.

**گاژىلداتماق** «گاژىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گاژىلداشماق** «گاژىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گاژىلدىماق** پ. «گاژ - گاژ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «گاژ - گاژ» قىلماق: ئەپەندىلەر، قۇلىقىم گاژىلداپ قالدى.

**گاس** I سۈپ. قۇلىقى ئاڭلىمايدىغان، ساغرۇ؛ پاڭ: گاس ئادەم. قۇلىقى گاس.

**گاس** II ئى. دىيال ① مەشنىڭ شالا ئۈستىدىكى يان تەرەپلىرىگە سېلىنغان لاي. ② كۆچمە. يارامسىز، سۈپەتسىز، قوپال.

**گاستاڭ** ئى. دىيال. ئاپتاپپەرەسنىڭ گەردىشى (بېشى).

**گاسترودىيە** ئى [لات] <بوت> تۇلكىمايىقى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تۈگۈنەك غولى دورا قىلىنىدۇ. باش قېيىش، باش ئاغرىش قاتارلىقلارنى داۋالاش رولى بار.

**گاس- گاچا** گاس ۋە گاچا: گاس - گاچىلار مەكتىپى. گاس - گاچىلار يېزىقى.

**گاسلىق** ئى. قۇلىقى ئاڭلىماسلىق، ساغرۇلۇق، پاڭلىق ھالىتى.

**گاشات** ئى. دىيال. بىرەر مەسىلە ياكى ئىشنىڭ ئاقىۋىتى، نەتىجىسى ھەققىدە قىلىنغان غەم؛ تەشۋىش، ئەندىشە، ئەنسىرەش.

**گافنىي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Hf (Hafnium). سۇيۇقلىنىش نۇقتىسى يۇقىرى، X نۇرى تۇرۇبكىسىنىڭ مەنپىي قۇتۇپى قىلىنىدۇ. گافنىي بىلەن ۋولفرام ياكى مولىبدېننىڭ قېتىشمىسى يۇقىرى بېسىملىق زەرەت قويۇپ بېرىش تۇرۇبكىسىنىڭ ئېلېكترونى قىلىنىدۇ.

**گاگار** ئى [خەن] ① كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ئوينايدىغان بىر خىل بالىلار ئويۇنى: گاگار ئوينىماق. ② شۇ ئويۇندا ئوينايدىغان، ئۇزۇنلۇقى بىر سويام، ئۆزى توم، ئىككى بېشى ئۇچلانغان ياغاچ؛ ۋاللەي.

**گاگارچى** ئى. گاگار ئوينىغۇچى: ئالىم ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ يىراقتىن ئۆلگۈرۈپ كەلگەن گاگارچى بالىلاردىن بىرىنىڭ قولىدىن گاگار تايىقىنى شارتتىدە تارتىۋېلىپ، ساقچى باشلىقىنىڭ تاپانچىغا ئۇزاتقان قولىغا كېلىشتۈرۈپ كەينى - كەينىدىن بىر نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى.

**گاڭ** I ئى [خەن] ← **پولات:** گاڭ قەلەم. *ئۇنىڭ كىيىمى گاڭ، چويۇندىن ئىدى. // گاڭ بىسلىق خەنجەر.

**گاڭ** II سۈپ [خەن] جان ت. پەقەت بىرلا خىل نەرسىدىن تەركىب تاپقان، باشقا بىر تەركىب ئارىلاشمىغان؛ ساپ، خەس، يالغۇز: گاڭ ئاق ئۇن ئالماق.

**گاڭبەن** ئى [خەن] ① ئاپتوموبىل، پاراۋۇز، تىراكتور قاتارلىق قاتناش قورالىرىنىڭ ئوقى بىلەن جازا ئارىلىقىغا ئورنىتىلغان، ئېغىرلىق بېسىمىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ بېرىش رولىنى ئۆتەيدىغان ئېلاستىكلىق قۇرۇلما؛ رېسسور. ② پولات تاختا.

**گاڭبى** ئى [خەن] ئۇچى گاڭدىن ياسالغان، سىياھ ئىچۈرۈپ ئىشلىتىلىدىغان قەلەم؛ پولات قەلەم.

**گاڭپەن** ئى [خەن] گۇرۇچنى دۈملەپ پىشۇرۇپ، ھەر خىل قورۇمىلار بىلەن يېيىلىدىغان بىر خىل تاماق.

**گاڭزا** ئى [خەن] قەدىمدە ئىشلىتىلگەن بىر خىل جازا قورالى، يەنى كالتەك.

**گاڭسا- جىسا** ھېچ نەرسىسى قالمىغان، پۈتۈن بىساتىدىن ئايرىلغان، ھېچنېمىسى يوق، قۇرۇق قول: ۋاھاپ بۇلتۇر يەنخۇ (تۇزكۆل) دا ئالتە ئاي ئىشلىدى، لېكىن ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەي، گاڭسا - جىسا قايتىپ كەلدى.

**گاڭ- گالاس** دىيال. قۇلىقى ئاڭلىمايدىغان، گاراڭ، گاراخ.

**گاڭگۇڭ** سۈپ [خەن] باشقىلارنى بوزەك قىلمايدىغان، باشقىلارغا بوزەك بولمايدىغان، ھەققانىي ئىش قىلىدىغان؛ نوچى، باتۇر: گاڭگۇڭ ئادەم. گاڭگۇڭ يىگىت.

**گاڭگۇڭلۇق** ئى. نوچىلىق، باتۇرلۇق: گاڭگۇڭلۇق قىلماق.

**گاڭگىراتماق** «گاڭگىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئويلىمىغان يەردىن بېرىلگەن بۇ سوئال مېنى گاڭگىرىتىۋەتتى.

**گاڭگىراشماق** «گاڭگىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مىلتىقلىرىنى قۇچاقلاپ مۈگدەپ ياتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرى كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىشىپ، بىر پەس گاڭگىراشتى.

**گاڭگىرىماق** پ. نېمە قىلارىنى بىلمەي قالماق، ئېسەنگىرىمەك، ساراسىمىگە چۈشمەك، ئالاقزادە بولماق؛ ھودۇقماق، تەمتىرىمەك: ھەنىپەم ئاپىسىدىن سورىغان مەسلىھەتكە مۇشۇ جاۋابنى ئېلىپ، بىشىدا چاقماق چېقىلغاندەك گاڭگىرىدى.

**گال** I ئى. كېكىردەك، كاناي، بوغۇز.

**گېلى پوق** ئارىلىق يەپ، پارا ئېلىپ ئۆزىنى بۇلغاپ قويغان: گېلى پوقنىڭ ئىشى پوق (ماقال).

**گېلى قىچىشماق** ① گەپ قىلغۇسى كېلىپ كەتمەك؛ ئاغزى قىچىشماق. ② كۆچمە. ھاراق ئىچكۈسى ياكى تاماكا چەككۈسى كەلمەك؛ خۇمارى تۇتماق، خۇمارى كەلمەك.

**گېلىنى قىسماق** ئىشلەتمەي، سەرپ قىلماي يىغماق؛ يېمەي ــ ئىچمەي ئايىماق.

**گال** II سۈپ ① ئۆتكۈر بولمىغان، كەسمەيدىغان؛ ئۆتمەس، قاشاڭ: گال پىچاق. ② كۆچمە. بىر ئىشنى تازا دېگەندەك ئەپلەشتۈرەلمەيدىغان ياكى ھەرىكىتى چاققان ئەمەس؛ ھەردىكىتى ئاستا، سۇس؛ قاشاڭ: گال ئادەم. قولى گال. * قولى گول ئېتىدۇ غىزا، قولى گال تارتىدۇ ئىزا (ماقال).

**گالاچ** تەق. بىراۋنىڭ يۈزىگە مۇشت بىلەن قاتتىق ئۇرغاندا چىققان ئاۋاز: ئۇنىڭ خامىرىغا «گالاچ» قىلىپ بىرنى سالدىم.

**گالاچچىدە** رەۋ. «گالاچ» قىلغان ھالدا، «گالاچ» قىلىپ: گالاچچىدە سالماق.

**گالاچ ـ گالاچ** «گالاچ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇلار بىردەمدىلا گالاچ ـ گالاچ مۇشتلىشىپ كەتتى.

**گالاچ ـ گۇلۇچ** «گالاچ» قىلغان ۋە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋازلار.

**گالاچلاتماق** پ. «گالاچ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: ئۇچقۇچىلار يانلىرىدىن تاپانچىلىرىنى چىقىرىشىپ ئېتىشقا ئۈلگۈرمەيلا، گالاچلىتىپ ئۇرۇلۇۋاتقان تاياق ئاستىدا قالدى.

**گالاكتىكا** ئى [ ر<گىرېك ] <ئاستر>ئالەم بوشلۇقىدىكى تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ زور بىر سىستېمىسى. 100 مىلياردتىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك تۇرغۇن يۇلتۇز، سان ـ ساناقسىز يۇلتۇز تۇمانلىرى ۋە يۇلتۇز توپلىرىدىن تەشكىللەنگەن.

**گالدۇڭ** ئى. تولامچاق تۆمۈر ئوقىنىڭ ئوڭ تەرەپ ئۇچىغا ئورنىتىلغان ئىككى دانە چوڭ غالتەك. چوڭى چاردانىنى، كىچىكى دالۋاينى تاناپ ئارقىلىق ئايلاندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**گالدى ـ گۇلدۇڭ** ① دېگەندەك بېجىرىم ئەمەس، نېرۋىسى سەل ئاجىز: ئۇ چىرايى بىلەن بىرەر يىگىتنى ئۆزىگە جەلپ قىلالىغۇدەك، لېكىن گالدى ـ گۇلدۇڭراق قىز ئىدى. ② بىر ئۇيانغا ـ بىر بۇيانغا غالداڭلاپ، ئىرغاڭلاپ: گالدى ـ گۇلدۇڭ ماڭماق.

**گالزاڭ** سۈپ. سەزگۈ قابىلىيىتى ئاجىز، ئەقىلسىز؛ دۆت، كومشا: گالزاڭ ئادەم. گالزاڭ بالا.

**گالزاڭلىق** ئى. ئەقىلسىزلىق؛ دۆتلۈك، كومشالىق: گالزاڭلىق قىلماق.

**گاللاشتۇرماق** «گاللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گاللاشماق** پ. ئۆتكۈرلۈكىنى يوقاتماق، گال، ئۆتمەس بولۇپ قالماق؛ قاشاڭلاشماق: پېقىرنىڭ قاشاڭ پىچاقتەك گاللىشىپ كەتكەن پىكرى ئىككى مۆتىۋەر ئارىسىدا قېرىنداشلىق مىزانىغا خىلاپ ئۇقۇشۇلماسلىقنىڭ بارلىقىنى تۇيۇۋاتىدۇ.

**گاللون** مىق [ر<ئىنگ] ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ سىغىم ئۆلچەم بىرلىكى. ئەنگلىيە ئۆلچەم سىستېمىسىدىكى بىر گاللون 4.546 لىترغا، ئامېرىكىنىڭ ئۆلچەم سىستېمىسىدىكى بىر گاللون 3.785 لىترغا باراۋەر كېلىدۇ.

**گاللىق** ئى ① ئۆتمەسلىك، كەسمەسلىك: پىچاقنىڭ گاللىقى. قىڭراقنىڭ گاللىقى. ئۇستىرىنىڭ گاللىقى. ② ئىش قاملاشتۇرالماسلىق، سۇسلۇق، ئاستىلىق؛ قاشاڭلىق: بۇ سىزنىڭ نەزەرىيە سەۋىيەڭىزنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ياكى تەپەككۇرىڭىزنىڭ گاللىقىدىنمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس.

**گاللىي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Ga (Gallium). كۈمۈشتەك ئاپئاق كىرىستال. يۇمشاق. قېتىشما ھەم يۇقىرى تېمپېراتۇرىنى ئۆلچەيدىغان تېرمومېتىر ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ. گاللىي ئارسېنىد مۇھىم يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

**گالوگېن** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ← **گالوگېنلار**.

**گالوگېنلار** ئى <خىم> فىتور، خىلور، بىروم، يود ۋە ئاستاتىن قاتارلىق بەش خىل ئېلېمېنت خىمىيەۋى خۇسۇسىيەت جەھەتتە بەك ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئۇلار بىر گۇرۇپپىنى تەشكىل قىلىپ، گالوگېنلار دېيىلىدۇ. گالوگېنلار بىۋاستە مېتاللار بىلەن بىرىكىپ تۇز ھاسىل قىلىدۇ. ئۇلار ئەڭ كۈچلۈك ئوكسىدلىغۇچى ۋە خىمىيە سانائىتىنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى بولۇپ، ئۇلاردىن پايدىلىنىپ دورا، بوياق، سىنتېتىك كاۋچۇك قاتارلىقلار ياسىلىدۇ. ئۇلار يەنە گالوگېنلار گۇرۇپپىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**گالوگېنلىق** سۈپ. تەركىبىدە گالوگېنلار بولغان، گالوگېنغا ئىگە: گالوگېنلىق چۆكۈندە.

**گالوگېنىد** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ← **گالوگېنىدلار**.

**گالوگېنىدلار** ئى <خىم> گالوگېنىدلار (خىلور، بىروم، يود ۋە فىتور)نىڭ ئېلېكتىر مەنپىيلىكى كۈچلۈك ئېلېمېنتلار ۋە رادىكاللار بىلەن ھاسىل قىلغان ئاددىي بىرىكمىلىرى.

**گالوئىد** ئى [ ر<گىرېك ] <خىم> ← **گالوگېنىدلار**.

**گالۋاڭ** سۈپ. ئەقلى تازا ئىشلىمەيدىغان، زېھنىي قابىلىيىتى ئاجىز، ئەقىلسىز، دۆت، كومشا: گالۋاڭ ئادەم. گالۋاڭ خوتۇن. * ئەلنىڭ جېنى چىقسا، گالۋاڭنىڭ كۈلگۈسى كېلەر (ماقال).

**گالۋاڭلاشتۇرماق** «گالۋاڭلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گالۋاڭلاشتۇرۇلماق** «گالۋاڭلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**گالۋاڭلاشماق** پ. گالۋاڭ ھالەتكە كەلمەك؛ دۆتلەشمەك، كالۋالاشماق: — نېمە بولدۇڭ؟ نېمانچە گالۋاڭلىشىپ كەتتىڭ، شۇنچىلىك نەرسىنى بىلەلمەي تىرىنقىڭنى تاتىلاپ تۇرىسەنغۇ؟ — دېدى ئاكام ماڭا ئاچچىقلاپ.

**گالۋاڭلىق** ئى. ئەقلى تازا ئىشلىمەسلىك؛ دۆتلۇك: ئۇنىڭ ئەپتىدىن گالۋاڭلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

**گالۋانومېتىر** ئى [ر] <فىز> كۈچسىز توكلارنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب.

**گالستۇك** ئى [ر<نېم] كۆڭلەكنىڭ ياقىسى ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئالدىنى چىگىپ ياكى تۈگۈن قىلىپ بويۇنغا تاقاش ئۈچۈن رەختتىن ئىشلەنگەن بۇيۇم.

**گالستۇكلۇق** سۈپ ① گالستۇكى بار، گالستۇك تاقىغان: شەھەرلىك 7 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ پىيونېرلىرى مەكتەپ ئەتراپىدىكى چوڭ كوچىلارنى «قىزىل گالستۇكلۇقلار تازىلىق كوچىسى»غا ئايلاندۇردى. ② گالستۇك قىلىشقا لايىق، باب: گالستۇكلۇق تاۋار. گالستۇكلۇق رەخت.

**گامما** I ئى [ر<گىرېك] <مۇز> بەلگىلىك كۈي شەكلىنى ئۆلچەم قىلىپ، ئاۋاز يۇقىرىلىقى تەرتىپى بويىچە يۇقىرىغا ياكى تۆۋەنگە قاراپ تىزىلغان بىر گۇرۇپپا ئاۋازلار.

**گامما** II ئى [ر<گىرېك] <فىز> رادىي (Ra) ۋە باشقا بىر قىسىم رادىيوئاكتىپ ئېلېمېنتلارنىڭ ئاتومى چىقارغان نۇر، يەنى دولقۇن ئۇزۇنلۇقى ئىنتايىن قىسقا بولغان ئېلېكتىر ماگنىت دولقۇنى. تېشىپ ئۆتۈش كۈچى X نۇرىدىنمۇ كۈچلۈك بولۇپ، نەچچە ئون سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى پولات تاختىنى تېشىپ ئۆتەلەيدۇ. سانائەتتە مېتاللارنىڭ دەز جايىنى تەكشۈرۈشتە ئىشلىتىلىدۇ، تېبابەتچىلىكتە دېزىنفېكسىيە قىلىش، ئۆسمىنى داۋالاشلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**گامېتا** ئى [ر<گىرېك] <بىيول> جانلىقلار جىنسىي كۆپىيىش مەزگىلىدە ھاسىل قىلىدىغان جىنسىي ھۈجەيرە. چىشى ۋە ئەركەك ئىككى خىل گامېتا قوشۇلغاندىن كېيىن زىگوتا شەكىللىنىدۇ.

**گامېتىلىق** سۈپ. گامېتىسى بولغان، گامېتىغا ئىگە.

**گانتېل** ئى [ر<نېم] <تەن> ئېغىرلىق كۆتۈرۈش تەنھەرىكىتى ۋە گىمناستىكىدا ئىشلىتىلىدىغان ياردەمچى مەشىق سايمانلىرىنىڭ بىرى. شەكلى ئىككى خىل: بىر خىلى، مۇقىم گانتېل. بۇ ياغاچ ۋە تۆمۈردىن تۇتقۇچنىڭ ئىككى تەرىپىگە ساقىسىمان چويۇن ياكى تۆمۈر ئورنىتىلىپ ياسالغان. يەنە بىر خىلى، تەڭشىگۈچلۈك گانتېل. بۇ تۇتقۇچنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئاجرىتىشقا بولىدىغان، ئېغىرلىقى ئوخشاشمايدىغان تۆمۈر تەخسە ئۆتكۈزۈلۈپ ياسالغان.

**گاندون** ئى [ئىنگ] <تېب> ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، جىنسىي مۇناسىۋەت ئالدىدا زەكەرگە كىيدۈرۈلىدىغان رېزىنكە قاپ.

**گانگرېنا** ئى [ر<گىرېك] <تېب> توقۇلمىلارنىڭ چىرىپ ئۆلۈشىنىڭ بىر خىلى. ئادەتتە چوڭ بىر پارچە توقۇلمىنىڭ قان (ئوزۇقلۇق) بىلەن تەمىنلىنىشى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ئاندىن باكتېرىيە كىرىپ چىرىتىشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

**گاھ** [پ] ① باغل. جۈملە بۆلەكلىرىنى ياكى ئىككى ئاددىي جۈملىنى باغلاش ۋەزىپىسىدە كېلىپ، «بەزەن، بەزى، بەزىدە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: گاھ ئۇنداق، گاھ مۇنداق. * ئەلانۇر گاھ ئۆلۈغ ـ كىچىك تىنىپ لېۋىنى چىشلەيتتى، گاھ ئاغزىنى ئۆمەللەپ نېمىنىدۇر دېيىشكە تەمشىلەتتى ـ يۇ، جۈرئەت قىلالمايتتى. ② ئىم. ئوۋچىلار ئوۋ ئوۋلىغاندا، قۇشلارنى ئۇچۇشقا، ئاڭنى تۇتۇشقا ئۈندەش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ.

**گاھ ـ گاھ** بەزەن ـ بەزەن، بەزى ـ بەزى، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ: ئۇست ـ ئۇستىگە مىنگىشىپ كېتىۋاتقان دولقۇنلار ئارىسىدا گاھ ـ گاھ يىلتىزى بىلەن قومۇرۇلۇپ تاشلانغان دەل ـ دەرەخلەر، تۈرمەللەر، ياغاچ ـ تاشلار غىل ـ پال كۆرۈنۈپمۇ قالاتتى.

**گاھى باغل** ← **گاھ:** گاھى خۇدا بىلەن رەسۇل، گاھى دۇتار بىلەن ئۇسسۇل (ماقال).

**گاھىبىر** ئال [گاھى + بىر] ئايرىم بىر، مەلۇم بىر؛ بەزىبىر: ئوقۇغۇچىلارنىڭ گاھىبىرلىرى گۈللۈك ۋە چىمەنلىكلەر ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، يادلاشقا تېگىشلىك مەزمۇنلارنى يادلايتتى، گاھىبىرلىرى ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيتتى.

**گاھىدا** رەۋ. ئايرىم چاغدا، ئايرىم ۋاقىتتا؛ بەزىدە: تۇرسۇن ئاتا گاھىدا كۆمۈرلۇككە كەتكەن ئىسلامنى، گاھىدا كامالنى ئويلايتتى.

**گاھى ـ گاھى** ئاندا ـ ساندا، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ، ناگان ـ ناگاندا، بىرە ـ بىرە: تۇمۇچۇق گاھى ـ گاھى پادىشاھنىڭ ئىشلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، باشقا ئىشلارنى قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

**گائۇس** ئى [ر<نېم] <فىز> ئېلېكتىر ماگنىت سىستېمىسى بىرلىك تۈزۈمىدىكى ماگنىت ئىندۇكسىيەسى كۈچىنىشىنىڭ بىرلىكى.

**گاۋشەن** ئى [خەن] <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە تەۋە كىشى. ئۇلار ئاساسەن مەملىكىتىمىزنىڭ تەيۋەن ئۆلكىسىنىڭ تاغلىق رايونلىرىغا ئولتۇراقلاشقان.

**گاۋشەنچە** ① سۈپ. گاۋشەن خەلقىگە، ئۇنىڭ يېزىقى، تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: گاۋشەنچە ئۇسسۇل. گاۋشەنچە ئادەت. ② ئى. گاۋشەن تىلى: گاۋشەنچىنى بىلەمسىز؟

**گاۋوت** ئى [ر<فىران] <مۇز> قەدىمكى زاماندا فىرانسىيەدە بارلىققا كەلگەن خەلق ئۇسسۇلى مۇزىكىسى.

**گايكا** ئى [ر] ۋىنتىغا بۇراپ كىرگۈزۈلىدىغان بۇرمىلىق دېتال.

**گەپ** ئى [پ] ① ئېغىز ئارقىلىق ئىزھار قىلىنىغان پىكىر؛ نۇتۇق: ياخشى گەپ تاشنى يارار، يامان گەپ باشنى يارار (ماقال). * گەپنى قىل سىغار يەرگە، سۇنى سەپ سىڭەر يەرگە (ماقال). ② ئاساسىي مەقسەت، ئىش، مەسىلە: ئەمدىكى مۇھىم گەپ، تېخىچىلا ئۆزىنى ئوڭشىيالمايۋاتقان تەلئەتكە ياردەم بېرىش ئىدى. ③ كۆچمە. پىتنە ـ ئىغۋا، ئويدۇرما: گەپ تاراتماق. ④ ئەھدە، ۋەدە، لەۋز: گېپىدە تۇرماق.

**گەپ ئانىسى** ① پاراڭلارنى، باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا ئامراق كىشى؛ گەپ ئوغرىسى. ② گەپكە ئۇستا، گەپدان، گەپچى.

**گەپ ئەۋەتمەك** ئۆز گېپىنى باشقا بىركىم ئارقىلىق يىراقتىكى كىشىسىگە يەتكۈزمەك، بىركىمگە گەپ ئېيتىپ بەرمەك، خەۋەر يوللىماق.

**گەپتە چېقىۋالماق** گەپ بىلەن باشقىلارنىڭ دىلىنى رەنجىت-

مەك، خاپا قىلماق، گەپتە ئۇرۇۋالماق.

**گەپ تەرگەشمەك** بىرەر مەسىلە ئۈستىدە بىراۋ بىلەن گەپ تالىشىپ قالماق، بىر ـ بىرى بىلەن دېيىشىپ قالماق؛ تاكاللاشماق.

**گەپ توشۇماق** بىراۋنىڭ سۆزىنى باشقىلارغا يەتكۈزمەك، سۇخەنچىلىك قىلماق.

**گەپ توقۇماق** يالغان گەپ ئويدۇرۇپ چىقارماق، پىتنە ـ ئىغۋا تارقاتماق.

**گەپ سىغمايدۇ** گۇمانلىنىشنىڭ، شەك كەلتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق؛ چوقۇم، مۇقەررەر: مىللىي خۇسۇسىيەتنىڭ كارامەت بىر نەرسە ئىكەنلىكىگە گەپ سىغمايدۇ. * بىز چوقۇم دۈشمەننى يېڭىمىز، بۇنىڭغا گەپ سىغمايدۇ.

**گەپكە قويماق** كىشىلەرنىڭ تاپا ـ تەنىسىگە ئۇچراتماق: ـــ مېنى گەپكە قويماڭلار، سادىقنى مەن ئەكېتەي، ـــ دېدى ئۇ ئالاقىچى رېھانغا.

**گەپچى** ① سۈپ. كۆلكىلىك، قىزىقارلىق گەپ قىلىدىغان، نۇتۇق قابىلىيىتى يۇقىرى، گەپكە ئۇستا سۆزمەن: قاسىمئاخۇن تەرەپ ـ تەرەپكە ئادەم چىقىرىپ، گەپچى، ھېكايىچى دېگەنلەرنى يىغىپ كەپتۇ. ② ئى. شۇنداق ئادەم: بوگۇن ھەممە گەپچىلەر يىغىلغانىكەن ـ دە.

**گەپچىلىك** ئى. قىزىقارلىق، جەلپ قىلارلىق گەپ قىلىش ماھارىتى، سۆزمەنلىك: بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئاغىنىسى ئۇلارغا گەپچىلىك قىلدى.

**گەپخانا** ئى. كىشىلەر يىغىلىپ پاراڭ سېلىشىدىغان ئورۇن، ئۆي.

**گەپخۇمار** سۈپ [گەپ + خۇمار] گەپلىشىشنى، مۇڭدىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان، گەپكە ئامراق، سۆزخۇمار: ئابابەكرى گەپخۇمار ئادەم ئىدى.

**گەپدان** سۈپ. گەپكە ئۇستا، سۆزمەن، ناتىق: گەپدان بالا. گەپدان قىز. * گەپدان بولغۇچە، ئىشچان بول (ماقال).

**گەپدانلاشماق** پ. گەپكە ئۇستا بولماق، گەپچىلىكى ئاشماق: سەل ئۆتكەندىن كېيىن گەپدانلىشىپ، ھەدەپ ئۆز گېپىمىزنى باشقىلارغا ئاڭلىتىش كويىدا كۆچىگىلى تۇردۇق.

**گەپدانلىق** ئى. گەپكە ئۇستىلىق، سۆزمەنلىك، ناتىقلىق: گەپدانلىق قىلماق. * گەپدانلىقنىڭ ئوتتۇز پۇتىقى بار (ماقال).

**گەپساتتى** سۈپ [گەپ + ساتتى] قۇرۇق گەپنى تولا قىلىدىغان، كاس ـ كاس: گەپساتتى ئادەم.

**گەپ ـ سۆز** گەپ ھەم سۆز، ئومۇمەن ھەرخىل گەپ: قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، بولۇۋاتقان گەپ ـ سۆزلەرگە دىققىتىنى بۆلۈۋاتقان سېيىت ھاجى لىككىدە ئورنىدىن تۇردى.

**گەپ ـ سۆزسىز** لام ـ جىم دېمەي، گەپ ـ سۆز قىلماي، ئۈن ـ تىنسىز، جىمجىت: مەن ئەمدى گەپ ـ سۆزسىز تىرناق تاتىلاپ تۇرۇپ قالدىم.

**گەپلەشتۈرمەك** «گەپلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەكبەر ئۇنى كۈنگە بىر ـ ئىككى قېتىم ھاممىسى ياتقان بۆلۈمنىڭ ئىشىكىگە ئېلىپ باراتتى، يۈز كۆرۈشتۈرۈپ گەپلەشتۈرەتتى.

**گەپلەشمەك** پ. گەپ قىلىشماق، سۆزلەشمەك: بىز ئۇزاق گەپلەشتۇق.

**گەج** ئى <خىم> بىر خىل ئانورگانىك بىرىكمە. ئۇنىڭ مولېكۇلا فورمۇلاسى $CaSO_4 \cdot 2H_2O$. سۈزۈك كىرىستال بولۇپ، ئاق، ئاچ سېرىق، شاپتۇل چېچىكى رەڭ ياكى كۈل رەڭ كېلىدۇ. كۆپ قىسمى تەبىئىي چىقىدۇ. ئادەتتە بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى، ھەيكەلتىراشلىق، نەققاشلىق ساھەلىرىدە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تېڭىقچىلىقتا سۇنغان ياكى چىقىپ كەتكەن ئۇستىخانلارنى گىپسلاش ماتېرىيالى، تېبابەتچىلىكتە قىزىتمىنى قايتۇرۇش دورىسى قىلىنىدۇ؛ دېھقانچىلىقتا شور تۇپراقنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**گەجسىمان** سۈپ. گەجگە ئوخشايدىغان، گەجدەك: گەجسىمان ماددا.

**گەجگە** ئى <ئانات> گەدەننىڭ ئاستى، دۈمبىنىڭ يۇقىرى قىسمى؛ غول: گەجگە سۆڭىكى. گەجگىسىنى تاتىلىماق. گەجگىسى ئاپتاپ كۆرمىگەن.

**گەجگىسى ئاپتاپ كۆرمىگەن** ئېغىرچىلىق تارتمىغان، پىشمىغان: گەجگىسى ئاپتاپ كۆرمىگەن بۇ بالا بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامدۇ.

**گەجگىلىمەك** پ. دىيال. ئاختارمىغا بىرىنچى قېتىم قويۇلغان سۇدىن كېيىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە سۇ قويۇلماق، قايتىلىماق.

**گەجلەتمەك** «گەجلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆتكەن ھەپتە ئۆينى گەجلەتتىم.

**گەجلەشمەك** «گەجلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گەجلەنمەك** «گەجلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**گەجلىمەك** پ. گەج بەرمەك؛ گەج بىلەن سۇۋىماق.

**گەدەن** ئى [پ] بويۇننىڭ ئارقا تەرىپى؛ شىللە: گەدەنگە ئالماق. گەدەنگە مىنمەك.

**گەدەنباغ** ئى [گەدەن + باغ] كارۋاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى تۆگىسىنىڭ ئالدىدىكى تۆگىنىڭ كۆكسىگە ئاسىدىغان ئارا قوڭغۇراق.

**گەدەنكەش** سۈپ [پ] باش ئەگمەيدىغان، بويسۇنمايدىغان، ئىتائەت قىلمايدىغان؛ بويىنى قاتتىق، جاھىل: ئادەتتە ئۆزىدىن دەرىجىسى يۇقىرىلاردىن ئىجازەت ئېلىپ ھەرىكەتلىنىش ھەربىيلەرنىڭ ئۇستاپىتا (قوللانمىدا) بەلگىلەنگەن ئىنتىزام قائىدىسى بولسىمۇ، لېكىن بۇ گەدەنكەش كاپىتان ئۇنداق قىلىشنى خالىمايتتى.

**گەدەنكەشلىك** ئى. باش ئەگمەيدىغان، بويسۇنمايدىغان، ئىتائەت قىلمايدىغان مىجەز، بويىنى قاتتىقلىق، جاھىللىق: ھەممە ئادەم خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىمىز دېسە، يولۋاس دېگىنى بىر ئاز گەدەنكەشلىك قىلىدىكەن.

**گەر** باغل [پ] يېزىت ① ئەگەر: ياشىماق بولساڭ گەر مەڭگۈگە ھايات، قىلغىن سەن ئەل ئۈچۈن راسا ئىجتىھات. ② گەرچە: ھوقۇقنى ئۇلارغا گەر بەرسىمۇ ئەل، قىلىشىپ ئۆزىنىڭ توققۇزىنى تەل، باقمىدى ئەلنىڭ ھېچ دەرد ـ ئەھۋالىغا، قېلىشنى ئويلىماي خەلق ئۇۋالىغا.

**گەرەتكە** ئى [ر] <تەن> مەلۇم دائىرىلىك سىزىق ئوتتۇرىسىغا تىكلەپ قويۇلغان قىسقا كەسلەنگەن كالتەكچىنى يىراقتا تۇرۇپ 50 ـــ 60 سانتىمېتىر توقماق بىلەن ئۇرۇپ چىقىرىش ئويۇنى.

**گەرچە** باغل. تەڭداش جۈملىلەرنى قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەتتە باغلاپ، ئالدىنقى جۈملىدىكى ئۇقۇمغا نىسبەتەن كېيىنكى جۈملىدىكى ئۇقۇمدا بولىدىغان بۇرۇلۇشنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ گەرچە دېرىزە تەرەپكە قاراپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، ئامىنەنىڭ گۈل قويغانلىقىنى تۇيماي قالغانىدى.

**گەردۇن** ئى [پ] يېزىت ① ئاسمان، پەلەك: دېمەككى، چۆرگىلەپ بۇ چەرخى گەردۇن، بەگ ھاجىنى بۇگۈن كۆپ قىلدى مەمنۇن. ② كۆچمە. دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشلىرى؛ تەقدىر، قىسمەت؛ پېشانە؛ كۆرگۈلۈك.

**گەردى** ئى → **پەرزىن.**

**گەردىش** ئى [پ] ① چەمبەر، چەمبىرەك: دايچىنىڭ دېپى سۇنسا، گەردىشى مايمۇنغا ئويۇنچۇق بوپتۇ (ماقال). ② ئايلانما شەكىلدىكى نەرسە، دائىرە: كائىنات مەشئىلى كىردى غىلاپ ئىچىدىگە، ئاسمان گەردىشىگە ھەم تارتىلدى پەردە. ③ كۆچمە. قاتتىق، قېتىپ كەتكەن نەرسە: مېنىڭ ھارۋا ھەيدەپ گەردىش بولۇپ كەتكەن قوللىرىم مايلانغان تاسما ياندۇرۇق بىلەن ئاتنى باشقۇرۇپ، ھارۋىنى جالاق ـ جۇلۇقسىز ئېلىپ ماڭماقتا.

**گەردىشسىمان** سۈپ. گەردىشكە ئوخشايدىغان، گەردىش شەكىللىك: گەردىشسىمان شولا.

**گەردىشلىك** سۈپ. گەردىشى بار، گەردىش ئورنىتىلغان: ئۇ كۈمۈش گەردىشلىك كۆزەينەكنى ئېلىپ، ئۇ ياق ـ بۇ ياققا ئايلاندۇردى.

**گەردىن** سۈپ [پ] دائىرە، دائىرە شەكىلدىكى، ئايلانما: گەردىن چىنە.

**گەرنىز** ئى [ر<گىرېك] ① بىنا دىۋارىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا ياكى ئىشىك، دەرۋازا ئۈستىگە گورىزونتال ھالەتتە چىقىرىلغان گىرۋەك قىسمى؛ پەۋاز. ② ئىشىك، دېرىزىلەرنىڭ يۇقىرىقى تەرىپىگە پەردە ئېسىش ئۈچۈن ياغاچ ياكى مېتالدىن ياسالغان مەخسۇس جاھاز: گەرنىز ياساتماق.

**گەرىس** ئى [ر] يۇڭدىن ئىنچىكە قىلىپ ئېگىرىلگەن يىپ: گەرىس ياغلىق.

**گەز** I ئى [پ] ① ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا مېتىر سىستېمىسى قوبۇل قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئىشلىتىلگەن، تەخمىنەن 71 سانتىمېتىرغا تەڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. ② شۇ ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆلچەش ئەسۋابى: ياغاچ گەز. پولات گەز.

**گەز** II ئى ① سۇتكە ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ قازان تېگىگە يېپىشىپ قالغان قالدۇقى، قىرماق. ② ئىسسىق تۇتۇپ قېلىشقا ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن ئادەمنىڭ لېۋىدە پەيدا بولغان قاسراقسىمان بىر خىل قېتىشما: گەز باغلىماق. * ئانا ئۇنىڭ كالپۇكلىرىنىڭ گەز باغلاپ قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

**گەزلەتمەك** «گەزلىمەك»پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گەزلەشمەك** «گەزلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھەدەپ ماتا گەزلىشىۋاتاتتى.

**گەزلەنمەك** «گەزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلار گەزلىنىپ بولغان ماتالارنى تاي-تاي قىلىپ باسماقتا ئىدى.

**گەزلىك** ① سۈپ. گەز ئۇزۇنلۇقىدىكى؛ گەز كېلىدىغان: — گۈلشەن قايسى كۈنى كارىۋىتىغا تۆت گەزلىك ياكى ئۈچ گەزلىك بولسىمۇ بىر گىلەمنىڭ گېپىنى قىلىۋىدى، — دېدى ئەركىن ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ. ② ئى. كەلپىن ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**گەزلىمە** ئى. پاختا، كەندىر، يۇڭ، يىپەك قاتارلىقلاردىن توقۇلغان رەخت، گەزمال.

**گەزلىمەك** پ. گەز بىلەن ئۆلچىمەك: يېقىندا نىلقىدا گومىنداڭنىڭ گەزلەپ ئات ئېلىش سىياسىتىغا قارشى بىر دولقۇن قوزغالدى.

**گەزمال** ئى [گەز + مال] گەزلىمە.

**گەزمالچى** ئى. گەزمال سودىگىرى.

**گەزمالچىلىق** ئى. گەزمال بىلەن سودا ـ سېتىق قىلىش ئىشى، كەسپى؛ سودىگەرچىلىك: گەزمالچىلىق قىلماق.

**گەزنە** ئى. تونۇرغا ئاق نان، كاكچا قاتارلىقلارنى ياققاندا ناننىڭ شەكلىنى بۇزماي تونۇرغا چاپلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياپىلاق ياسالغان بۇيۇم.

**گەكسى** سۈپ. دىيال. قېلىن، داپشاق؛ تەمەخور.

**گەگتەمەل** ئى. دىيال. چارمەيدە ئۆردەك.

**گەڭگىلىمەك** پ. دىيال. ئىككى پۇتىنى نۆۋەت بىلەن دەممۇ ـ دەم كۆتۈرۈپ ماڭماق.

**گەلەپى** ئى [ر<فىران] ئادەتتە ئۆتۈك بىلەن كىيىلىدىغان، پۇچقىقى تار، يان تەرىپى تۆگىنىڭ لوكىسىدەك چىقىرىلىپ تىكىلىدىغان بىر خىل ئىشتان.

**گەلەنتىر** ئى [ر] كىيىنىش ۋە ياسىنىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بۇيۇملار.

**گەلەنتىرچى** ئى. كىيىنىش ۋە ياسىنىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بۇيۇملارنى ساتقۇچى كىشى.

**گەلەنتىرچىلىك** ئى. كىيىنىش ۋە ياسىنىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بۇيۇملارنى سېتىش كەسپى.

**گەللە** ئى. دىيال. گەدەن، گەجگە.

**گەم** ئى. دىيال ① دەرد، ئاغرىق. ② تۇتۇق.

**گەمە** ئى. يەرنى كولاپ ياسىغان يەر ئاستى ئۆيى.

**گەمچاق** ئى. كىچىك گەمە.

**گەنجىڭ** [خەن] ① ئى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى چىقارغان بىر خىل قەغەز پۇل. ② سۈپ. جان ت. لەۋزىگە ئەمەل قىلىدىغان، راستچىل، مەرد: گەنجىڭ ئادەم.

**گەندە** ئى [پ] نىجاسەت؛ پوق.

**گەۋدە** ئى ① ئادەم ياكى ھايۋاننىڭ تەن قۇرۇلۇشى؛ بەستى، بەدەن: ئادەم گەۋدىسى. ھايۋان گەۋدىسى. ئورۇق گەۋدە. * ئۇلارنىڭ ئۇمىدكە تولغان كۆزلىرى شوپۇر يىگىتنىڭ گەۋدىسىگە تىكىلگەنىدى. ② مۇردا، جەسەت: قانغا بويالغان ئىككى گەۋدە يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ غۇلغۇلىسىغا سەۋەب بولدى. ③ بىرەر نەرسىنىڭ بارلىقى، مەۋجۇتلۇقى، تۇرقى، جىسمى: يىراقتىن بۇ تاغنىڭ يوغان گەۋدىسى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ④ كۆچمە. مەركەز، غول، يادرو: ئادەم — جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى.

**گەۋدىسىز** سۈپ. گەۋدىسى يوق: پىسخىكىلىق ھادىسىلەر فىزىكىلىق ھادىسىلەرگە ئوخشىمايدۇ، پىسخىكىلىق ھادىسىلەر گەۋدىسىز بولىدۇ، ئۇنى بىۋاستە كۆزىتىشكە بولمايدۇ.

**گەۋدىلەشتۈرمەك** «گەۋدىلەشمەك»پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياۋروپانى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

**گەۋدىلەشتۈرۈلمەك** «گەۋدىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ يىغىن ياۋروپانىڭ بىر گەۋدىلەشتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

**گەۋدىلەشمەك** پ. بىر گەۋدىگە ئايلانماق، بىر گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشماق، بىرلىشىپ بىر گەۋدە ھالىتىگە كەلمەك: ئىقتىسادىي

جەھەتتە بىر گەۋدىلىشىش، سانائەتتە ھەمكارلىشىش، سودا پائالىيەتلىرىدە شېرىكلىشىش قاتارلىقلار بۇنداق ئۆلۈك ھالەتتىكى مەۋجۇتلۇقنىڭ ھەقىقىي يوسۇندىكى ئورتاق مەۋجۇتلۇق ۋە ئورتاق تەرەققىياتقا يۈتكىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك.

**گەۋدىلەندۈرمەك** «گەۋدىلەنمەك»پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: چوكان باخشىنىڭ بۇ گۈزەل ئۇسسۇلى يەنە قاراپ تۇرغۇچىلارنىڭ كۆز ئالدىدا سىرلىق خىيالىي كارتىنىلارنى گەۋدىلەندۈرەتتى.

**گەۋدىلەندۈرۈشمەك** «گەۋدىلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گەۋدىلەندۈرۈلمەك** «گەۋدىلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كىنودا ئەڭ نازۇك ۋە ئىنچىكە تەپسىلاتلارمۇ ئەينەن ۋە جانلىق گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.

**گەۋدىلەنمەك** پ ① پەيدا بولماق، نامايان بولماق؛ كۆرۈنمەك: بۇ قۇرلارنى ئوقۇغىنىمدا بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن يۇرتقا بارغىنىمدا كۆرگەن بەزى ئىشلار كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندى. ② يىغىلىپ بىر پۈتۈن ھالدا كۆرۈنمەك؛ مۇجەسسەملەنمەك: ئۇنىڭ سەنئەت ماھارىتى مۇشۇ رەسىمدە تولۇق گەۋدىلەنگەندى.

**گەۋدىلىك** سۈپ ① قەددى ـ قامىتى بار، قەددى ـ قامەتلىك، بەستلىك، قابىل، ئۇستىخانلىق: گەۋدىلىك ئادەم. ② كۆزگە كۆرۈنەرلىك، روشەن، مۇھىم: گەۋدىلىك مەسىلە. * بۇ ھازىر يېزا بازارلىرىدا كۆرۈلۈۋاتقان گەۋدىلىك يېڭى ئۆزگىرىش.

**گەيجاڭ** ئى [خەن] تارىس. مەھەللە باشلىقى.

**گوبى** ئى [خەن] ئۆسۈملۈك، دەل ـ دەرەخ ئۆسمىگەن يەر، سۇسىز باياۋان، دەشت، چۆل: شىڭشىشا دېگەن گوبى، ئىككى تاغنىڭ ئاراسى. قومۇل يولىغا قاراپ، ئاقتى كۆزنىڭ قاراسى.

**گوپاك** ئى [ر] <ئۇس> ئۇكرائىنانىڭ بىر خىل خەلق ئۇسسۇلى ياكى شۇ خىل ئۇسسۇل مۇزىكىسى.

**گوپەي** سۈپ [خەن] جان ت. يوغان، بېئەپ سەمرىگەن، خام سېمىز: گوپەي ئادەم.

**گوجەي** ئى [خەن] پۈتنىڭ تىزدىن ئوشۇققىچە بولغان قىسمىغا ئورىلىدىغان ئېنىي تار، ئۇزۇن پايپاق: گوجەي ئورىماق. * پاچاقلىرىغا بىر خىلدا گوجەي يۆگەپ، ئوق پۈتلىرىنى لىق تولدۇرۇپ مۇرسىگە ئاسقان بۇ قوشۇن تولىمۇ مۇنتىزىم ۋە جەڭگىۋار كۆرۈنەتتى.

**گوداڭ** ئى [پ] ئويۇلۇپ ئورا بولۇپ قالغان ياكى توپىسى قېزىۋېلىنغان چوڭ ئويمان يەر؛ ئازگال.

**گوداڭلىق** ئى. گوداڭ كۆپ جاي: ئەكبەر ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى گوداڭلىقنى تۈزلەپ مېۋىلىك كۆچەتلەرنى تىكتى.

**گورىزونتال** [ر<گىرېك] ① سۈپ. ئۇپۇق سىزىقىغا پاراللېل يۆنەلگەن ياكى پاراللېل بولغان: گورىزونتال سىزىق. گورىزونتال تەكشىلىك. ② ئى. ئۇپۇق سىزىقىغا پاراللېل بولغان توغرا سىزىق.

**گوسپىتال** ئى [ر<لات] ئادەتتە ھەربىيلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان داۋالاش ئورنى؛ شىپاخانا، كېسەلخانا.

**گوستاڭ** سۈپ. دىيال. توغرىسىغا يوغىنىغان؛ بۇك ـ باراقسان: باھاردا سۆگەتلەر گوستاڭ بولغاندا شۇنچىلىك پاكىز، ئوچۇق كۆرۈنەتتى.

**گوسسامپىنۇس** ئى [لات] <بوت> گوسسامپىنۇس دەرىخى

ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. ئۇرۇق پوستىدىن ئۇزۇن ۋە ئاق رەڭلىك تالا ئۆسۈپ چىقىدۇ. بۇ خىل تالا يۇمشاق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ياستۇق، سېلىنچا قاتارلىقلار ياسىلىدۇ.

**گوشۇڭ** سۈپ [خەن] گەپ ئۆتمەيدىغان، خىجىل بولمايدىغان، گەپ يېمەيدىغان؛ ئۇششۇق: گوشۇڭ ئادەم. گوشۇڭ مىجەز.

**گوشۇڭلۇق** ئى. گەپ ئۆتمەيدىغان، خىجىل بولمايدىغان مىجەز ـ خاراكتېر؛ ئۇششۇقلۇق: گوشۇڭلۇق قىلماق.

**گوكەي** ئى [خەن] قازان ياكى تاۋىدا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل نان، بولكا: گوكەي پىشۇرماق. گوكەي ساتماق.

**گوكەيچى** ئى. گوكەي پىشۇرۇپ ساتىدىغان كىشى؛ بولكىچى.

**گوكەيچىلىك** ئى. گوكەي پىشۇرۇپ سېتىش ئىشى. كەسپى، بولكىچىلىق: گوكەيچىلىك قىلماق.

**گول** سۈپ ① قۇۋلۇق ـ شۇملۇقنى بىلمەيدىغان، بىرەر ئىش، بىرەر گەپكە ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىدىغان، تۈز، ساددا: گول ئادەم. گول بولماق. گول قىلماق. * كىتابلاردا نېمىلا يېزىلسا شۇنى توغرا دەيدىغان گول چاغلىرىمىز ئۆتكەن ئوخشايدۇ. ② كۆچمە. ئاپىنىش، كۆكلەش، تۇتۇش جەھەتتە ئانچە كۆپ ئەجىر تەلەپ قىلمايدىغان؛ ئاسان ئەي بولىدىغان (ئۆسۈملۈك ھەققىدە):
— چىغ دېگەن بەكمۇ گول نېمە، كۈزدە بىرلا سۇ باشلاپ توڭ ياتقۇزۇۋەتسەم، ئەتىيازلىقى نەيزە تارتىپ چىقىۋېرىدۇ، — دېدى ئۇ.

**گولف** ئى [ئىنگ] <تەن> ① بىر خىل توپ ئويۇنى. ئادەتتە توپنى چۆمۈچ شەكىللىك تاياق بىلەن ئۇرۇپ توسالغۇلاردىن ئۆتكۈزۈپ، يەرگە كولاپ قويۇلغان كىچىك تۆشۈكلەرگە كىرگۈزۈپ ئوينىلىدۇ. ② گولف توپ ئويۇنىدا ئىشلىتىلىدىغان توپ. سىرتى قاتتىق كاۋچۇكتىن ياسالغان، چويلا توپتىن كىچىكرەك بولىدۇ.

**گوللاشماق** «گوللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گوللامچى** ئى. يالغانغا ئىشەندۈرگۈچى، گوللىغۇچى:
— يالغانچى ئەمەس، مەن دېگەن گوللامچى، — دېدى مۇرات كۈلۈپ تۇرۇپ گۈلزىباغا.

**گوللانماق** «گوللىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى:
— ياق، ياق، بۇ غەلىبە بىلەن گوللىنىپ قېلىشقا بولمايدۇ، — دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە.

**گوللۇق** ئى. تۈزلۈك، ساددىلىق: بىلىم يۇرتى — نادانلىقنى يوقۇش يۇرتى، خۇراپات ۋە گوللۇقنى تۈگىتىش يۇرتى.

**گوللىماق** پ. باشقىلارنى ئالدىماق، يالغانغا ئىشەندۈرمەك: قىز ئېرىنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ دادىسىنى گوللاپتۇ.

**گولمۇيماق** پ. دىيال. گۆلەيمەك، ھومايماق، ئالايماق.

**گولمىي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Ho (Holmium). بۇ بىر خىل سىيرەك يەر مېتالىدۇر.

**گولوگرافىيە** ئى [ر<گىرېك] <فىز> جىسىملاردىن قايتقان ياكى ئۆتكەن دولقۇننىڭ بارلىق ئۇچۇرلىرىنى خاتىرىلەيدىغان بىر خىل تېخنىكا. ئوپتىكىلىق، ئاكۇستىكىلىق، x نۇرلۇق ۋە مىكرو دولقۇنلۇق گولوگرافىيە دېگەندەك كۆپ خىل تۈرگە ئايرىلىدۇ. بۇ خىل تېخنىكا ئارقىلىق تارتىلغان سۈرەت

كىشىگە ئىستېرېئولۇق تۇيغۇ بېرىدۇ.

**گولوگىرافىيەلىك** سۈپ. گولوگىرافىيەگە ئائىت؛ گولوگىرافىيە ئارقىلىق ئىشلەنگەن: گولوگىرافىيەلىك كىنو.

**گولوگىراممىا** ئى [ر<گىرېك] <فىز> گولوگىرافىيە تېخنىكىسى ئارقىلىق تارتىلغان سۈرەت.

**گولىماق** پ. دىيال. ئەرز قىلماق، ئەرز ئېيتماق، دادلىماق.

**گومولوگ** ئى [ر<گىرېك] <خىم> مولېكۇلا تۈزۈلۈشى ۋە خىمىيەۋى خۇسۇسىيىتى ئوخشاپ كېتىدىغان، بىراق بىر-بىرىدىن بىر ياكى بىرقانچە $CH_2$ بىلەن پەرق قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان ئورگانىك بىرىكمىلەر. گومولوگلار ئومۇمىي فورمۇلا ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئالكانلاردىكى مىتان $CH_4$ ، ئېتان $C_2H_6$ ۋە پىروپان $C_3H_8$ قاتارلىقلار گومولوگلار بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدىكى پەرق $CH_2$، ئومۇمىي فورمۇلاسى $C_nH_{2n+2}$.

**گومۇش** سۈپ [پ] بىرەر ئىشقا دەرھال ئەقلى يەتمەيدىغان، روھىي ھالىتى جۇشقۇن ئەمەس، زېھنى ئاجىز: گومۇش ئادەم. گومۇش بالا.

**گومۇشلۇق** ئى. روھىي ھالىتى جۇشقۇن بولماسلىق، زېھنى ئاجىزلىق.

**گومىنداڭ** ئى [خەن] <تارىخ> مەملىكىتىمىزدىكى بۇرژۇئازىيەنىڭ مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى سىياسىي پارتىيەسى.

**گومىنداڭچى** ئى. گومىنداڭ تەرەپدارى، گومىنداڭ ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلغان، گومىنداڭ پارتىيەسىگە مەنسۇپ كىشى.

**گوئۇرد** ئى. ھايتىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**گوۋۇيۈەن** ئى [ خەن ] ① مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى، دۆلەتنىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ مەمۇرىي ئىجرائىيە ئورگىنى، دۆلەتنىڭ ئالىي ئورگىنى. ئۇ زۇڭلى، مۇئاۋىن زۇڭلىلار، دۆلەت كومىسسارلىرى، مىنىستىرلار، كومىتېت مۇدىرلىرى، باش مۇپەتتىش، باش كاتىپتىن تەركىب تاپىدۇ. گوۋۇيۈەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ. ② مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى ئىچكى كابىنېت. زۇڭلى باشچىلىق قىلغان.

**گويا** يۈك [پ] قىياس قىلىش، ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ: قاراڭغۇ چۈشۈپ ئەتراپتا گويا ئۆلۈم جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرگەندە، ئۇلار ئۆڭكۈردىن چىقىشتى.

**گوياخەي** ئى. دىيال. يوپۇرماقسىز ئۆسۈملۈك. يەردىن بىر تاللا ئۈنۈپ چىقىدۇ. بەزىلىرىنىڭ بېشىدا قالپىقى بولىدۇ، بەزىلىرى ئۇچلۇق بولىدۇ. غولى قىزىل، خەنزۇلار سەي قىلىپ يەيدۇ.

**گوياكى** يۈك [پ ] ← **گويا:** ئۇ گوياكى قىر-دالىلاردا ئەركىن باھار شامىلى بىلەن يەلپۈنۈپ تۇرغان چىغىرتماق گۈلدەك نەپىس ۋە نازاكەتلىك ئىدى.

**گۇئارانى** ئى. پاراگۋاينىڭ پۇل بىرلىكى.

**گۇئانىدىن** ئى [ئىنگ] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلاسى $CH_5N_3$ . رەڭسىز كىرىستال، نەملىكتە ئىنتايىن ئوڭاي پارچىلىنىدۇ. ئۇ دورىگەرلىك سانائىتىنىڭ مۇھىم خام ماتېرىيالى بولۇپ، كۈچلۈك ئىشقارلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بۇنىڭ ئىشقارلىقى NaOH نىڭ ئىشقارلىقىغا يېقىنلىشىدۇ.

**گۇبېرناتور** ئى [ر<لات] <تارىخ> ئۆلكە باشلىقى؛ ئىشتات باشلىقى؛ باش ۋالىي؛ ھەربىي مەمۇرىي ۋالىي.

**گۇبېرناتورلۇق** ئى ① گۇبېرناتورغا يۈكلەنگەن ئەمەل، ۋەزىپە. ② گۇبېرناتور ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ھاكىمىيەت: رۇسىيە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خىۋا، بۇخارا، قوقان خانلىقلىرىنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يۇتۇۋېلىپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋەرا ئۇننەھىر رايونىدا «تۈركىستان گۇبېرناتورلۇقى» نى تەسىس قىلغان.

**گۇپپاخ** تى. تارس. ھەربىي قاماقخانا.

**گۇپپاڭ** تەق [گۇپ + پاڭ] ئېغىر نەرسىنىڭ ئېگىزدىن سۇغا، يەرگە چۈشۈشى ۋە باشقا بىر نەرسىگە ئۇرۇلۇشى قاتارلىقلاردىن چىققان ئاۋاز.

**گۇپپاڭچى** ئى. باشقىلارغا «ھە، ھۇ» دېيىشىپ بېرىدىغان، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن داپ چالىدىغان كىشى؛ قولچوماق، چاپانچى، خۇشامەتچى، يالاقچى.

**گۇپپاڭچىلىق** ئى. باشقىلارغا يالاقچىلىق، خۇشامەتچىلىك قىلىش، قولچوماق بولۇش ھەرىكىتى، ئىشى؛ پورداقچىلىق، چاپانچىلىق: گۇپپاڭچىلىق قىلماق.

**گۇتتاتۇس** ئى [لات] <زوئول> بىر خىل بېلىق. تېنى ئىنچىكە، ئۇزۇن، رەڭگى كۆل رەڭ، قارامتۇل كەلگەن ئوششاق سەپكۈنلىرى بار. تەڭگىچىسى يوق. ئېغىز قىسمىدا تۆت جۈپ بۇرۇتچىسى بار. تاتلىق سۇلاردا ياشايدۇ.

**گۇچ** تەق. نەرسىلەرنى چىشلەش قاتارلىقلاردىن چىققان ئاۋاز.

**گۇچچىدە** رەۋ. «گۇچ» قىلغان ھالدا، «گۇچ» قىلىپ.

**گۇچ- گۇچ** «گۇچ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: چىشنى «گۇچ ـ گۇچ» قىلماق.

**گۇچىلداتماق** «گۇچىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گۇچىلداشماق** «گۇچىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گۇچىلدىماق** ① پ. «گۇچ ـ گۇچ» قىلغان ئاۋاز چىقماق، «گۇچ ـ گۇچ» قىلماق. ② كۆچمە. تىت ـ تىت بولماق، تىتىلدىماق.

**گۇدۇڭ** ① تەق. بوش ۋە بوم ھالەتتە چىققان ئاۋاز؛ تاۋۇش: گۇدۇڭ قىلماق. ② ئى. تۆت ياكى بەش ئات قوشۇلىدىغان چوڭ تىپتىكى تۆمۈر ھارۋىلارنىڭ ئاستىغا ئېسىلىدىغان يوغان بوم ئاۋازلىق قوڭغۇراق: گۇدۇڭ ھارۋا.

**گۇدۇڭشىشماق** «گۇدۇڭشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: گەرچە بۇ سوئال ئۆز ـ ئۆزىگە گۇدۇڭشىغاندەك تەرىقىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئابدۇكېرىم ئۇنى ئېنىق ئاڭلاپ قالغانىدى.

**گۇدۇڭشىماق** پ. «گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، باشقىلار ئاڭلىيالمايدىغان دەرىجىدە بوش ئاۋاز بىلەن گەپ قىلماق: شۇ ئەتراپتا كىملەرنىڭدۇر گۇدۇڭشىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى.

**گۇدۇڭ- گۇدۇڭ** «گۇدۇڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: گۇدۇڭ ـ

گۆدۈك قىلماق.

**گۆدۈكلاشماق** «گۆدۈكلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇ ئاپىسىنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇلار بىر نېمىلەرنى دەپ گۆدۈكلاشتى-دە، نەگىدۇر غايىب بولدى.

**گۆدۈكلىماق** پ. «گۆدۈك - گۆدۈك» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «گۆدۈك - گۆدۈك» قىلماق: گايىت قېشىدا ئولتۇرغانلارغا بىر نېمە دەپ گۆدۈكلىۋىدى، ئەترەت باشلىقى تۇردى يىغىنىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلاپ گايىتنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى.

**گۇرۇپپا** [ر<نېم] ① ئى. بىرەر يەرگە يىغىلغان كىشىلەر، ھايۋانلار، قۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئايرىم-ئايرىم ئۇيۇشقان بۆلىكى؛ توپ: ئوغۇللار ھەر كۈنى دەرستىن كېيىن ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ پۇتبول ئوينايدىغان بولدى. ② دەرس ياكى مەشغۇلات ئۆتكۈزۈشكە ئوخشاش بىرەر مەقسەت بىلەن بىرلەشكەن كىشىلەر توپى؛ ئەترەت، گۇرۇھ: خىزمەت گۇرۇپپىسى. پارتىيە گۇرۇپپىسى. ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى. تەتقىقات گۇرۇپپىسى. ③ تۈر، تارماق: قازاق تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى تۈركىي تىللار ئائىلىسىنىڭ ئوغۇز - قىپچاق تىل تارمىقىنىڭ قىپچاق - نوغاي تىل گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. ④ بىرەر ئورتاق بەلگە، خۇسۇسىيەت قاتارلىقلارغا ئائىت نەرسىلەر، ھادىسىلەر بۆلىكى، تۈركۈمى: يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى. سەييارىلەر گۇرۇپپىسى .

**گۇرۇپپىلاشتۇرماق** «گۇرۇپپىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ مۇشۇنداق ئايلىنىپ يۈرۈپ ھەممىنى گۇرۇپپىلاشتۇرۇپ بولدى.

**گۇرۇپپىلاشتۇرۇلماق** «گۇرۇپپىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: رەقەملەر گۇرۇپپىلاشتۇرۇلدى.

**گۇرۇپپىلاشماق** پ. گۇرۇپپا بولۇپ ئۇيۇشماق، بىرلەشمەك، كوللېكتىپلاشماق: گۇرۇپپىلىشىپ ئىشلىدۇق، يەككىلىكنى تاشلىدۇق. ھەممە خەلق بىر نىيەتتە، يېڭىلىقنى باشلىدۇق.

**گۇرۇپپىلىق** سۈپ. گۇرۇپپىغا ئايرىلغان، گۇرۇپپىلاشقان: گۇرۇپپىلىق رەسىم. گۇرۇپپىلىق مۇزىكا.

**گۇرۇپپىلىماق** پ. گۇرۇپپىلارغا بۆلمەك، ئاجراتماق، ئايرىماق: مۇئەللىم چۈشكىچە ئوقۇغۇچىلارنى گۇرۇپپىلاپ چىقتى.

**گۇرۇپپىۋاز** سۈپ. مەزھەپ ۋە گۇرۇھ پەيدا قىلىدىغان، گۇرۇھۋازلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان؛ تەرەپباز، گۇرۇھۋاز.

**گۇرۇپپىۋازلىق** ئى. تەرەپبازلىق، گۇرۇھۋازلىق: گۇرۇپپىۋازلىق قىلماق.

**گۇرۇھ** ئى [پ] بىرەر كۆز قاراش، ئېتىقاد، مەسلەك، ئىقتىسادىي مەنپەئەت قاتارلىقلار بويىچە ئۇيۇشقان شەخسلەر كوللېكتىپى؛ مەزھەپ: دىنىي گۇرۇھ. ئەكسىيەتچىل گۇرۇھ. كۆچمە خەۋەرلىشىش گۇرۇھى.

**گۇرۇھچىلىق** ئى. گۇرۇھۋازلىق: گۇرۇھچىلىق ئىستىلى. گۇرۇھچىلىق ئىدىيەسى.

**گۇرۇھ- گۇرۇھ** بىرقانچە گۇرۇھ؛ توپ-توپ: گۇرۇھ - گۇرۇھ بولۇپ ئۇيۇشماق. گۇرۇھ-گۇرۇھ ھالەتنى شەكىللەندۈرمەك.

**گۇرۇھۋاز** سۈپ [پ] سەلب. مەزھەپ ۋە گۇرۇھ پەيدا قىلىدىغان، گۇرۇھۋازلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان؛ تەرەپباز، گۇرۇپپىۋاز: گۇرۇھۋاز تەشكىلاتلار. // سۆزۈمنى باشلىدىم، ئاڭلا، گۇرۇھۋازلار، يولى تارلار، ئومۇملۇقنى راسا داڭلا، قۇرۇپ كەتسۇن گۇرۇھۋازلىق.

**گۇرۇھۋازلىق** ئى. بىرەر گۇرۇھ كىشىلىرىنىڭ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ باشقا گۇرۇھلار بىلەن بولغان قارشىلىشىش ھەرىكەتلىرى: گۇرۇھۋازلىق قىلماق.

**گۇشا** ئى. چۆگۈننى قاپقاق بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان جايى. ئاستى گىرۋەكلىك بولىدۇ.

**گۈك** تەق. دەمدەر، پاختەكلەرنىڭ سايرىشىدىن چىققان ئاۋاز.

**گۈك- گۈك** «گۈك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ پاختەكلەرنىڭ بىرى «گۈك - گۈك» قىلسا، يەنە بىرى «خوتۇنىدىن قورقىدۇ»غا سايرىغىلى تۇردى.

**گۈ- گۈ ← گۈك- گۈك**: «گۈ - گۈ» قىلىپ سايرايدۇ، جۈجەم بېشىدا پاختەك. سەن ئۆزۈڭنى ماختايسەن، ھەيىنى شەھەردە يوقتەك.

**گۈگۈكلاشماق** «گۈگۈكلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گۈگۈكلىماق** پ. «گۈگۈك» قىلماق، «گۈگۈك» قىلىپ سايرىماق: ئۇ دومىلاپ بېرىپ سىم ياغاچقا شۇنداق ئۈستىكى، سىم ياغاچنىڭ ئۈچىدا گۈگۈكلاپ ئولتۇرغان پاختەكمۇ كۆررىدە ئۇچۇپ كەتتى.

**گۈگۈلدىماق** پ ← **گۈگۈكلىماق**: راۋاقلارنىڭ قارلىغاچ قانىتىدەك كېرىلگەن لەمپىلىرى ئاستىدا سانسىز كەپتەرلەر گۈگۈلدايتتى.

**گۈگۈلىماق** پ ← **گۈگۈللىماق**: بولۇق زىرائەتلەر، ئاقىرىپ تۇرغان دېھقان ئۆيلىرى، پەغەزلىرىدىكى گۈگۈلاپ ئۆز جۈپتىگە قانات سۆرەۋاتقان كەپتەرلەر، ئاخىرقى چەشلەرنى تېپىۋاتقان دېھقانىنىڭ مۇڭلۇق «لاي - لاي» لىرى يۈرەك تارلىرىمنى تىترىتىپ، بالىلىق چاغلىرىمنى ئېسىمگە سالدى.

**گۈگۈم** ئى. نامازشام ئارىلىقىدىكى، تاڭ يورۇش مەزگىلىدىكى قاراڭغۇلۇق: گۈگۈم چۈشمەك. گۈگۈم ۋاقتى.

**گۈگۈملاشماق** پ. كەچ كىرىپ ئەتراپ قاراڭغۇلاشماق، قاش قارايماق: ئۆينىڭ ئىچى بارغانسېرى گۈگۈملىشىپ، ئىچىدىكى ئادەملەرنى خىيالىي بىر گەۋدىلەرگە ئايلاندۇرماقتا.

**گۈڭ** I تەق. قوڭغۇز، قارا ھەرە قاتارلىق ھاشاراتلار ئۇچقاندا چىقىدىغان ئاۋاز: «گۈڭ - گۈڭ» قىلماق.

**گۈڭ** II ئى [خەن] ① جان ت. ئىش كۈنى: گۈڭ خاتىرىلىمەك. ② يەر ئۆلچەش ئەسۋابى: — قېنى قايسى نوچى يېرىمگە گۈڭ سېلىشقا پېتىنىدىكەن، قاڭشىرىنى ئېتىلدۇرۇۋېتىمەن! — دەيتتى روزىمەت قولىدىكى يوغان چالمىنى كۆرسىتىپ.

**گۈڭ** III ئى [خەن] خاننىڭ بىرىنچى ئوغلى ياكى ئوغلى بولمىسا بىرىنچى ئىنىسىغا بېرىلىدىغان ئىز باسارلىق ئەمەل. بۇنى خان بەلگىلەپ يارلىق چۈشۈرىدۇ.

**گۈڭ** IV ئى. دىيال. غۇم، ئاداۋەت.

**گۇڭپۇڭ** ئى [خەن] جان ت. يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى ۋە يېزىلاردا ئەزالارنىڭ ئەمگىكىگە يارىشا ھېسابلىنىدىغان ھەق؛ ئىش نومۇرى: گۇڭپۇڭ ئالماق. گۇڭپۇڭ بەرمەك.

**گۇڭتۇر** ئى [خەن] جان ت. مەلۇم بىر ئىشنى ھۆددىگە ئېلىپ ئەمگەك كۈچى يالليدىغان كىشى: ئاۋۇت دېگەن گۇڭتۇرى، ئىسىپ قويدى ئاسمىنى، گۇندىخانا جايىڭ دەپ، سولاپ قويدى قاسمىنى.

**گۇڭراتماق** «گۇڭرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گۇڭراشماق** «گۇڭرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گۇڭرىماق** ئى ① «گۇڭ ـ گۇڭ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «گۇڭ ـ گۇڭ» قىلماق (يېشىغا يەتمىگەن بوۋاق بالىلارنىڭ تىلى ھەققىدە): يالغانچىنىڭ چىرايلىق سۆزىدىن بوۋاقنىڭ گۇڭرىشى ياخشى (ماقال). ② كۆچمە. ئىچىدە سۆزلەپ، ئېنىقسىز بىر نېمىلەرنى دېمەك، گۇڭگۇلدىماق: — گۇڭرىماي ماڭ، تېز بىرىپ كەلمىسەڭ بولمايدۇ، — دېدى ئوغلىغا قاسىم.

**گۇڭشې** ئى [خەن] ← **كوممۇنا.**

**گۇڭشېلاشتۇرماق** «گۇڭشېلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئازادلىقتىن كېيىن يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش ۋە گۇڭشېلاشتۇرۇش ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىلغان.

**گۇڭشېلاشتۇرۇلماق** «گۇڭشېلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**گۇڭشېلاشماق** پ. يېزا ئىگىلىكىدە دېھقانلارنىڭ يەككە ئىگىلىكى كوللېكتىپ ئىگىلىككە ئۆزگەرمەك، كوممۇنا تۈزۈمى ئورنىتىلماق.

**گۇڭگا** سۈپ. ئېنىق كۆرۈنمەيدىغان، تۇتۇق؛ خىرە، غۇۋا: گۇڭگا كۆرۈنمەك. گۇڭگا يورۇماق. // كىچىككىنە لامپا ئۆينى گۇڭگا يورۇتۇپ تۇراتتى.

**گۇڭگارىماق** پ. گۇڭگا، غۇۋا كۆرۈنمەك: بۇ يەردىكى يېشىللىق كەنتىنىڭگە ئوخشاش توق ۋە گۈزەل ئەمەس، دەرەخلەرمۇ ئوت ـ چۆپ ۋە كۆكتاتلارمۇ ياكى قارىغا، ياكى كۆككە ئوخشىمايدىغان، ئەيتاۋۇر باشقىچە بىر رەڭدە گۇڭگاراپ تۇراتتى.

**گۇڭ ـ گۇڭ** «گۇڭ I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: «گۇڭ ـ گۇڭ» قىلماق.

**گۇڭگىلىق** ئى. تۇتۇقلۇق، خىرەلىك، غۇۋالىق.

**گۇڭ ـ مۇڭ** ← **ھال ـ مۇڭ:** — بۇگۈن ئاخشام ئۇخلىماي بىردەم گۇڭ ـ مۇڭ بولايلى، ھەممىدىن جانىنىڭ ساقلىقى ئەۋزەل، — دېدى ئۇ رەپىق ئاكىغا يېقىنراق يەرگە سۈرۈلۈپ.

**گۇڭگۇرلاشماق** «گۇڭگۇرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئولتۇرغانلار ئىچىدە ئۆزئارا گۇڭگۇرلاشقان ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى.

**گۇڭگۇرلىماق** پ. «گۇڭگۇر ـ مۇڭگۇر» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق؛ پەس ئاۋاز بىلەن سۆزلىمەك: ئىشىككە يېقىنلىغانسېرى ئۆيدىن گۇڭگۇرلىغان ئادەم ئاۋازى ئاڭلاندى.

**گۇڭگۇر ـ مۇڭگۇر** ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق كىشىلەرنىڭ پەس ئاۋازدا قىلغان پارىڭى ۋە شۇنداق پاراڭ ئاۋازى: ئۇلار گۇڭگۇر ـ مۇڭگۇر پاراڭ بىلەن سۇنۇرنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

**گۇڭگۇلداتماق** «گۇڭگۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گۇڭگۇلداشماق** «گۇڭگۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گۇڭگۇلدىماق** پ. باشقىلار ئاڭلىيالمىغۇدەك دەرىجىدە سۆزلىمەك، ئېنىقسىز بىر نېمىلەرنى دېمەك: ئۇستام كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، بىر كالتە ئاھاڭدا ئىچىدىن گۇڭگۇلدايتتى.

**گۇلا** ئى. ھەربىر ئۆرۈشكە چىگىلگەن بۆز يىپلارنى تۇتۇپ تۇرىدىغان تاياقچە.

**گۇلاب** ئى [پ] ① ئەتىرگۇل سۈيى: مەلىكىنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ يۈزلىرىگە گۇلاب چېچىپ ھوشىغا كەلتۈردى. ② ئەتىرگۇل سۈيىدىن قىلىنغان شەربەت: گۇلاب ئىچمەك.

**گۇلاخ** ئى [پ] ھامام (سەراپ) ئوچىقىنىڭ ئالدىدىكى كۈل چۈشىدىغان ئازگال.

**گۇم** I تەق. زەمبىرەك، بومبا قاتارلىقلارنىڭ ئېتىلىشى، پارتلىشى ۋە بىرنەرسىنىڭ ئىككىنچى بىر نەرسىگە قاتتىق ئۇرۇلۇشى قاتارلىقلاردىن چىققان ئاۋاز: بومبا «گۇم» قىلىپ پارتلىدى.

**گۇم** II سۈپ [پ] مەۋجۇت بولمىغان، مەۋجۇت ئەمەس؛ يوق: گۇم بولماق. گۇم قىلماق.

**گۇماشتا** ئى [پ] باشقىلار تەرىپىدىن قويۇلغان، شۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان شەخس.

**گۇمان** ئى [پ] پەرەز، قىياس، تەخمىن؛ شەك، شۈبھە: گۇمان چۈشمەك. گۇمان قىلماق. گۇمان تۇغۇلماق. گۇمان بىلەن سۆزلىمەك. * ئۆتمۈشتىكى جۇڭگولۇقلار مەنسەپدارلارنى، دۆلەتمەن كىشىلەرنى كۆرگەن ھامان باش ئۇرۇپ تەزىم قىلاتتى، باش ئۇرمىسا، قائىدىسىزلىك قىلغان بولاتتى، ھەتتا نىيىتى يامان، ئىسيان كۆتۈرۈش قارا نىيىتى بار دېگەن گۇمانغا قالاتتى.

**گۇمان ـ ئەندىشە** گۇمان ۋە ئەندىشە: ئۇ ئۆزىنىڭ چىقىش ئالدىدىكى گۇمان ـ ئەندىشىلىرىنى ئېيتىپ، مەخسۇمنى جىملىگىلى تۇردى.

**گۇمانبەخش** سۈپ [گۇمان + بەخش] گۇمان پەيدا قىلىدىغان، گۇمان قوزغىغۇچى: ئۇنىڭ پەلسەپە مەكتىپىدىن قوبۇل قىلغانلىرى ئېبلىستەك خۇشپۇراق ۋە مەست قىلغۇچ ئىدى، شۇنداقلا ئېبلىستەك گۇمانبەخش ئىدى.

**گۇمانخور** ① سۈپ. گۇمان قىلىدىغان، گۇمان قىلىشقا ئادەتلەنگەن، ئىشەنمەيدىغان: ئۇ «سەن تازا گۇمانخور بىر نېمە بولۇپ قالغانغا ئوخشايسەن» دەپ مەندىن رەنجىگەندى. ② ئى. دائىم گۇمان قىلىپ يۈرىدىغان ئادەم: گۇمانخور دېگەننىڭ ئادىتى گۇمان قىلىش بولماي نېمە بولاتتى.

**گۇمانخورلۇق** ئى. گۇمان قىلىش ئادىتى: چولاق مەزىن بوۋاينىڭ گۇمانخورلۇقىدىن خاپا بولدى.

**گۇمانسىراتماق** «گۇمانسىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گۇمانسىراشماق** «گۇمانسىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاتا ـ بالا يىگىتنىڭ ماھارىتىگە ئاپىرىن ئېيتىشقان بولسىمۇ، لېكىن تۇيۇقسىزلا پەيدا بولغان بۇ يىگىتتىن يەنىلا گۇمانسىرىشاتتى.

**گۇمانسىرىماق** پ. بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت ياكى ئادەم، نەرسىدىن بىرئاز گۇمان قىلماق، شۈبھىلەنمەك: نۇراخۇن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، سەل گۇمانسىراپ سادىققا قارىدى.

**گۇمانسىز** رەۋ. گۇمان قىلماي، شەكسىز، شۈبھىسىز: شوپۇر ئەمدى شائىرنىڭ ئۇلپەتلىرىگە گۇمانسىز ئىشەنگەنىدى.

**گۇمانسىزلىق** ئى. گۇمان قىلماسلىق.

**گۇمانلاندۇرماق** «گۇمانلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شەرىپىنى ھاراق ئارىلاش گۇپۇلدەپ پۇراۋاتقان ئايالنىڭ

هۆسن مايلىرى گۇمانلاندۇردى.

**گۇمانلاندۇرۇشماق** «گۇمانلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گۇمانلانماق** پ. بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت ياكى ئادەم، نەرسىدىن گۇمان قىلماق، شۈبھىلەنمەك: ئىلياز خوجا گۇمانلانغان ھالدا قازىغا قاراپ قويۇپ جىم ئولتۇردى.

**گۇمانلىق** سۈپ. شەك، شۈبھە تۇغدۇرىدىغان، ئىشىنىپ بولمايدىغان؛ شۈبھىلىك: گۇمانلىق ئادەم. * توختى چولپانخان ئانىنىڭ روھىي ھالىتىنى چۈشىنەلمەي گۇمانلىق قاراپ ئولتۇراتتى.

**گۇمانلىنىشماق** «گۇمانلانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گۇمانىتار** سۈپ [ر] ئىنسانلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلغۇچى ئىجتىمائىي پەنلەرگە ئائىت: گۇمانىتار پەنلەر.

**گۇمانىزم** ئى [ر<لات] <ئەد> ئىنسانپەرۋەرلىك.

**گۇمانىست** ئى [ر] گۇمانىزمنى ياقلىغۇچى، گۇمانىزم تەرەپدارى، كىشىلىك ئەركىنلىكنى ھىمايە قىلغۇچى؛ ئىنسانپەرۋەر.

**گۇمانىستىك** سۈپ [ر] گۇمانىزمغا ئائىت، گۇمانىزم غايىلىرى بىلەن سۇغىرىلغان؛ ئىنسانپەرۋەر، ئادەمىي: مەن ئەنە شۇ خىل تەربىيە داۋامىدا ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى ۋە قەدىرلەش، ئىنساننى سۆيۈشتەك گۇمانىستىك ئەقىدىلەرنى ئۆزلەشتۈردۈم.

**گۇمانىي** سۈپ [پ] گۇمان قىلىنغان، گۇمانغا ئاساسلانغان؛ تەخمىنىي: گۇمانىي قاراش. گۇمانىي تۇيغۇ. گۇمانىي كېسەل.

**گۇمبا ـ گۇمباڭ** ← **گۇمباڭ ـ گۇمباڭ:** ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئايرودۇرۇمدا پىلىموت، ئاپتومات، مىلتىقلاردىن ئېتىلغان شىددەتلىك ئوق ئاۋازى ۋە قول بومبىلىرىنىڭ گۇمبا ـ گۇمباڭلىرى كۆتۈرۈلۈپ، جاھاننى لەرزىگە سالدى.

**گۇمباڭ** تەق. تاغ پارتىلىتىش، توپ ـ زەمبىرەكلەرنىڭ ئېتىلىشى قاتارلىقلاردىن چىققان ئاۋاز.

**گۇمباڭ ـ گۇمباڭ** «گۇمباڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**گۇمباڭلاتماق** «گۇمباڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گۇمباڭلاشماق** «گۇمباڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گۇمباڭلىماق** پ. «گۇمباڭ» قىلغان ئاۋاز چىقماق، «گۇمباڭ» قىلماق.

**گۇمپا** ئى [خەن] ① بىرەر ئىش، ھۈنەر ـ كەسىپتىن ئىگىلىگەن ماھىرلىق، ئۇستىلىق؛ ماھارەت: گۇمپا ئىگىلىمەك. گۇمپا كۆرسەتمەك. * يەڭلىرىمنى شىمايلاپ گۇمپامنى باشلىۋەتتىم. ② چامباشچىلىق ماھارىتى: گۇمپا ئۆگەنمەك.

**گۇمران** سۈپ [پ] يوقالغان، يوق قىلىپ تاشلانغان، يوقىتىلغان؛ ۋەيران: گۇمران ئەيلىمەك. گۇمران بولماق. گۇمران قىلماق.

**گۇمرانچىلىق** ئى. گۇمران بولغان ھالەت، گۇمرانلىق ھالىتى؛ ۋەيرانچىلىق.

**گۇمرانلىق** ئى. يوقىلىش، يوق قىلىپ تاشلاش، ۋەيرانلىق: كىملىك گۇۋاھنامىسىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشكەن ھالدا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي كىملىكىنى بىلمەسلىك ئادەملىرىمىزدىكى گۇمرانلىقنىڭ تىپىك جۈملىسىدىندۇر.

**گۇمراھ** سۈپ [پ] يېزىت. يولدىن ئازغان، ئاداشقان، يېڭىلگەن: كىشىنى ئاچچىق كۈلكىگە دەۋەت قىلىدىغان بىر ئەھۋال شۇكى، ئۆزلىرىنى ئەدىب دېيىشىۋالغان بىر توپ گۇمراھلار ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى كۆچۈرۈپ كېلىنگەن، زورلاپ تېڭىلغان شاللاندىلارنىڭ ئۈستىگە دەسسەتتى.

**گۇمراھلىق** ئى. يولدىن ئېزىش، ئازغۇنلۇق: گۇمراھلىق يولىغا ماڭماق.* بۇ دۇنياغا تۆرىلىپ تۇزۇك ياشىمىغان ئادەم، روھىي، ماددىي يېتىلىشىنىڭ ئۆزىگە خاس نېسىۋىسىنى تېتىماي، ئۇنى گۇمراھلىق ئىچىدە تەرك قىلغان ئادەم ئاخىرەتتە دەھشەتلىك ھېساب بېرىدۇ.

**گۇم ـ گۇم** «گۇم I »سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: «گۇم ـ گۇم! ...» دەرۋازىنى يېرىۋەتكۈدەك ئۇرۇلغان مۇشت ساداسى قۇددۇسىنىڭ خىياللىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

**گۇممىدە** رەۋ. «گۇم» قىلغان ھالدا، «گۇم» قىلىپ: گۇممىدە پارتىلىماق. گۇممىدە تەكمەك.* گۇممىدە قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

**گۇناھ** ئى [پ] ① ئەقىدىلەرگە خىلاپ، ئەدەپ ـ ئەخلاق دائىرىسىدىن چەتلىگەن ئىش، ھەرىكەت: بەرگەن خۇداغا يېقىن، بەرمىگەن گۇناھقا يېقىن (ماقال). ② جىنايەت، خاتالىق: گۇناھىنى يۇماق. گۇناھىدىن ئۆتمەك. گۇناھىنى تىلىمەك.

**گۇناھسىز** سۈپ.گۇناھى يوق، گۇناھ قىلمىغان، بىگۇناھ: گۇناھسىز ئادەم. گۇناھسىز ئايال.

**گۇناھسىزلىق** ئى. گۇناھى يوقلۇق، بىگۇناھلىق.

**گۇناھكار** ئى [پ] خاتالىق ئۆتكۈزگەن، گۇناھ قىلغان كىشى: مەن ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم گۇناھكار بولۇپ سوراققا تارتىلدىم.

**گۇناھكارلارچە** رەۋ. گۇناھكارلارغا ئوخشاش، گۇناھكارلاردەك: ئۇلار باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ، گۇناھكارلارچە يەرگە قاراپ توختىدى.

**گۇناھكارلىق** ئى. خاتالىق ئۆتكۈزۈش، گۇناھ قىلىش.

**گۇناھلىق** سۈپ. گۇناھى بار، گۇناھ ياكى ئەيىب ئىش قىلغان: ـــ باللىرىم، ـــ دەپتۇ ساقى ھىيلە ئىشلىتىپ، ـــ داداڭلارنى ۋاقتىدا يەرلىكتە قويۇۋېتەيلى، بولمىسا گۇناھلىق بولۇپ قالىمىز.

**گۇناھسەغىر** ئى [پ + ئە] كەچۈرۈشكە بولىدىغان، كەچۈرۈم قىلىشقا لايىق گۇناھ؛ كىچىك گۇناھ.

**گۇناھكەبىر** ئى [پ + ئە] كەچۈرگۈسىز گۇناھ؛ چوڭ گۇناھ: ـــ تۆمۈر ئاخۇن، ـــ دېدى ئۇۋەيس ئەلەم، ـــ ئىسلام شەرىئىتىدە مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكمەكلىك ھارام. بۇ گۇناھكەبىرلەرنىڭ بىرى.

**گۇندا** ئى [پ] ① يوغان، چوڭ؛ قېلىن، ئېغىر، توم: گۇندا ياغاچ. ② كونا جەمئىيەتتە گۇناھكارلارنىڭ پۇت ـ قول ياكى بويىنىغا سېلىپ قويۇلىدىغان، يوغان ياغاچتىن ياسالغان ئېغىر جازا قورالى. ③ كونا جەمئىيەتتە گۇناھكارلارنى سولايدىغان قاماقخانا؛ تۈرمە. ④ گىلەم دۇكىنىنىڭ ئاستى ـ ئۈستىگە ئورنىتىلغان توغرا ياغاچ. ⑤ جۇۋازنىڭ ياغ چىقىرىلىدىغان قازان شەكىللىك كۆتەك ياغىچى.

**گۇندىپاي** ئى ① كونا جەمئىيەتتە گۇندىخانا (تۈرمە) ئىشىكىنى باقىدىغان كۆزەتچى. ② ئۇيغۇر ناخشا ـ غەزەل، مۇزىكىلىرىنىڭ بىرى (گۇندىپايلار ھەققىدىكى): گۇندىپاي بىرىنچى. گۇندىپاي ئىككىنچى. * تاشۋاي «گۇندىپاي ئىككىنچى»نى چالماقتا. بۇنى مۇڭلىنىپ ئاڭلاۋاتقان گۇندىپاي كۆز يېشىنى توختىتالماي قالدۇ، مۇزىكا ئاياغلىشىدۇ.

**گۇندىخانا** ئى. گۇناھكارلارنى سولايدىغان جاي؛ سولاقخانا، تۈرمە.

**گۇۋاھ** ئى [پ] ① بىرەر ۋەقە ـ ھادىسە يۈز بەرگەندە نەق مەيداندا بولغان، كۆرگەن كىشى؛ شاھىت: گۇۋاھ بولماق. * بۈگۈن شۇنچە خالايىق ئاڭلىدى. ھەممىسى گۇۋاھ. ② سوت ياكى تەرگەۋ ئىشلىرىدا بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە سوت تەرىپىدىن چاقىرىلغان كىشى: گۇۋاھ چاقىرماق. * قەمەرروززاماندىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان غەيۇر شاھ بۇ شەرت ۋە جاۋابقا گۇۋاھ بولۇش ئۈچۈن، قازىلارنى قىچقىرىپتۇ. ③ بىرەر ۋەقە ـ ھادىسە، شىكايەت، دەۋا، ئەرزىيەت قاتارلىقلارنىڭ توغرىلىقىنى تەستىقلىغۇچى نەرسە؛ ئىسپات، دەلىل: ئۇنىڭ سالچىلىق ھاياتىغا مۇشۇ سۇ گۇۋاھ.

**گۇۋاھچى** ئى ① بىرەر ۋەقە، ھادىسە يۈز بەرگەن پەيتتە بار بولغان، ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشى، شاھىت: قازانىڭ گۇۋاھچىسى چۆمۈچ (ماقال). ② <قا> دېلونىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلىدىغان ھەمدە كېلىپ گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرىلغان كىشى: ئەنۋەرمۇ گۇۋاھچى سۈپىتىدە ساقچى قورۇسىغا ئېلىپ كېلىندى.

**گۇۋاھچىلىق** ئى. گۇۋاھچى بولۇش، گۇۋاھلىق بېرىش ئىشى، ھالىتى: قاراڭغۇ كېچىدە بىر توپ ئادەمنىڭ جاراڭلىق ساداسى جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ گۇۋاھچىلىقى ئاستىدا، تاڭ شامىلى ئارقىلىق پۈتۈن ۋادىغا تارقالغانىدى.

**گۇۋاھلىق** ئى. ئىسپاتتىن ئۆتۈش، گۇۋاھ بولۇش، شاھىتلىق: گۇۋاھلىق بەرمەك. گۇۋاھلىقتىن ئۆتمەك. گۇۋاھلىق سۆزى. * خەلقلەرنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن قىز پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى يىگىتكە ھەدىيە قىلىپ بېرىپتۇ.

**گۇۋاھنامە** ئى [پ] بىرەر پاكىتنى تەستىقلاش، ئېتىراپ قىلىش ھەققىدە ئىمزا قويۇلغان، تامغا بېسىلغان رەسمىي ھۆججەت؛ گۇۋاھلىق قەغىزى.

**گۇئىلدېر** ئى. گوللاندىيەنىڭ پۇل بىرلىكى.

**گۇي** ئى [خەن] ← **يۇمشاقباش.**

**گۇيتوزا** ئى [خەن] ← **يۇمشاقباش:** — ئەنەيتۇل دېگەن گۇيتوزا مەندىن گۇمان قىلىپلا كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ھاجى چايان.

**گۆدەك** سۈپ [پ] ① ئېمىدىغان، قۇچاقتىن چۈشمىگەن بوۋاق: مەن بۇ يەرگە ئانامنىڭ قۇچىقىدىكى گۆدەك ۋاقتىمدا كەلگەنىكەنمەن. ② كۆچمە. تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بولمىغان، خام، ساددا، كىچىك: سىز تېخى گۆدەك ئىكەنسىز، مۇھەببەتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە يەتمەيدىكەنسىز، بېرىپ كىچىك باللار بىلەن ياڭاق ئويناڭ.

**گۆدەكلەرچە** سۈپ. گۆدەكلەرگە ئوخشاش، گۆدەكلەردەك: كۆن چىققاندا سىڭىپ كەتكەن تۇماندەك، يوقىغا چىقتى بۇ باقىلىنىڭ ئارمىنى. بولۇپ قالدى گۆدەكلەرچە بىر خىيال، ئۇنىڭ تۈزمەك بولغان يېڭى كارۋىنى.

**گۆدەكلىك** ئى. گۆدەكلەرگە خاس ھەرىكەت، قىلىق، مىجەز: گۆدەكلىك قىلماق. * مېنى ھېلىمۇ گۆدەكلىك قىلىپ بالىلارچە سۆزلەۋاتىدۇ دەپ قالماڭ. ئۇنداق ئەمەس، مەن چوڭ بولدۇم.

**گۆر** ئى [پ] ئۆلۈكنى كۆمۈش ئۈچۈن كولانغان ئورا؛ يەرلىك، قەبرە: گۆر كولىماق. گۆرگە قويماق. گۆر ئازابى.

**گۆرگە ئىتتەرمەك** بالاغا تىقماق، زىيانكەشلىك قىلماق، قەستلىمەك.

**گۆرە** ئى. توپ، دۆۋە.

**گۆرە ـ گۆرە** توپ ـ توپ، دۆۋە ـ دۆۋە: گۆرە ـ گۆرە ئادەم. گۆرە ـ گۆرە يەل ـ يېمىش.

**گۆرداش** ئى. بىر گۆرگە كۆمۈلگەن كىشىلەر (بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن): قاراڭلار، كۆڭلۈمدە مەن گۆدەك، مەن ياش، ياشلىقىم ھەمىشە مەن بىلەن ئاداش. ھاياتتا ياشلىقىم ياشىدى بىللە، ئۆلسەممۇ ياشلىقىم گۆردە ھەم گۆرداش.

**گۆركار** ئى [پ] قەبرىستاندا گۆر كولاش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم.

**گۆركارلىق** ئى. گۆر كولاش ئىشى، گۆر كولاش مەشغۇلاتى: گۆركارلىق قىلماق.

**گۆرلۈك** ① سۈپ. گۆر كولانغان، گۆر كولاشقا بولىدىغان: گۆرلۈك يەر. ئىچ گۆرلۈك. ② ئى. گۆر: گۆرلۈكىدە ياتماق.

**گۆرۈ** ئى [پ] قورۇ ـ جاي، قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى ۋاقتىنچە ئۆتكۈزۈپ تۇرۇش بەدىلىگە چەكلىك مۇددەت بىلەن ئۆسۈمى بار پۇل ئېلىش؛ رەنە: گۆرۈگە قويماق. گۆرۈ خەت.

**گۆرۈخانا** ئى [پ] بىراۋنىڭ نەرسىلىرىنى گۆرۈگە ئېلىپ قەرز بېرىدىغان جاي، ئورۇن.

**گۆرۈكەش** ئى [پ] رەنىگە، گۆرۈگە ئالغۇچى كىشى.

**گۆرۈكەشلىك** ئى. گۆرۈگە، رەنىگە ئېلىش ئىشى، كەسپى: گۆرۈكەشلىك قىلماق. گۆرۈكەشلىك كارخانىسى. * نۆۋەتتە گۆرۈكەشلىك كەسپى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدا مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ.

**گۆرۋەن** ئى. قول تۆگىسىنىڭ ئالدى كۆكسىگە ئاسىدىغان گۈلچەمبىرەك شەكلىدىكى كارۋان بەلگىسى.

**گۆرىستان** ئى [پ] ئۆلگەن ئادەملەرنى دەپنە قىلىدىغان جاي؛ قەبرىستان.

**گۆرىستانلىق** ئى ← **قەبرىستانلىق.**

**گۆسمە** ئى. دىيال. غەيۋەت، شىكايەت، سۆز ـ چۆچەك.

**گۆسمەك** سۈپ. دىيال. قاۋۇل، كۈچتۈڭگۈر، بېجىرىم.

**گۆسمۈس** سۈپ. دىيال. قاۋۇل، كۈچتۈڭگۈر، بېجىرىم.

**گۆش** ئى [پ] ① تىرىك ئورگانىزمنىڭ ئىنچىكە توقۇلمىلىرى؛ ئەت: بۇلجۇڭ گۆش. * گۆش ئەمەس ياكى بەز ئەمەس. ② سويۇلىدىغان ماللارنىڭ تېنىدىكى ئوزۇق سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىنىدىغان قىسمى؛ ئەت: قوي گۆشى. كالا گۆشى. توخۇ گۆشى. ③ بەزى مېۋىلەرنىڭ يېيىلىدىغان قىسمى، ئەت.

**گۆشەيمەك** پ. باشقىلار گەپ سورىسا لام ـ جىم دېمەستىن جىم بولۇۋالماق، زۇۋان سۈرمەي شۈك ئولتۇرماق: — گۆشىيىپ ئولتۇرماي گەپ قىلساڭچۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

**گۆشتۈل** ئى. دىيال. قىزىل گۆش ھالىتىدىكى بويىدىن ئاجراپ كەتكەن بالا.

**گۆشخور** سۈپ [پ] گۆش يېيىشكە ئادەتلەنگەن؛ گۆشنى ياخشى كۆرىدىغان، گۆشنى كۆپ ئىستېمال قىلىدىغان: گۆشخور ھايۋان.

**گۆشخورلۇق** ئى. گۆشكە ئامراقلىق.

**گۆشسىز** سۈپ. گۆشى يوق، گۆش سېلىنمىغان، گۆش توغرالمىغان: گۆشسىز تاماق. گۆشسىز قورۇما. گۆشسىز قالماق.

**گۆشسىمان** سۈپ. گۆشتەك، گۆشكە ئوخشايدىغان.

**گۆشگىردە** ئى [گۆش + گىردە] <يېم> ئىچىگە گۆش قىيمىسىنى سېلىپ يېقىلغان گىردە.

**گۆشگىردىچى** ئى. گۆشگىردە يېقىپ ساتقۇچى كىشى.

**گۆشلەشمەك** پ . گۆش تۇتماق، گۆشكە ئايلانماق: ئۇنىڭ گۆلى گۆشلەشكەن بولۇپ، گۆل رەتى ئوقىنىڭ ئويۇق يېرىگە جايلىشىدۇ.

**گۆشلۈك** سۈپ ① گۆشى بار، گۆش توغرىغان، گۆش ئارىلاشتۇرۇلغان: گۆشلۈك قورۇما. گۆشلۈك پولۇ. ② گۆش بېرىدىغان، گۆشى جىق، ئەتلىك، سېمىز: گۆشلۈك قوي. گۆشلۈك كالا. گۆشلۈك توخۇ.

**گۆشنان** ئى [گۆش + نان] <يېم> ئىچىگە گۆش قىيمىسى سېلىپ يېقىلغان نان.

**گۆشيىشمەك** «گۆشەيمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گۆش- ياغ** گۆش ھەم ياغ ۋە شۇ خىلدىكى ئوزۇقلۇقلار:
— دوكلۇقۇڭ يەتمىگەندەك گۆش - ياغلارنى ئوغرىلىغىنىڭ نېمىسى؟
— دېدى ئۇ.

**گۆكە** ئى. دىيال. قارماق.

**گۆلەش** سۈپ. دىيال. بىرەر ئىشقا دەرھال ئەقلى يەتمەيدىغان، ھاڭۋاقتى، دەلدۈش، گومۇش، گالۋاڭ.

**گۆلەيمەك** پ. ئالايماق، ھومايماق: ئۇ گۆلىيىپ بىر قارىۋالدى - دە، چالۋاقاپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.

**گۆلمە** ئى. سۇغا تاك سېلىنىدىغان، ۋالىبول سېتكىسىغا ئوخشاش تور.

**گۆلىيىشمەك** «گۆلەيمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككى ئايال مېكىياندەك بىر - بىرىگە بازغىشىپ گۆلىيىشتى.

**گۆھەر** ئى [پ] ① قىممەت باھالىق تاشلارنىڭ ئومۇمىي نامى: گۆھەر قازماق. * گۆھەر تۇرىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا (ماقال). ② كۆچمە. سېتىۋالغىلى بولمايدىغان، قىممەتلىك، بىباھا؛ ئەزىز: گۆھەر ماكان. گۆھەر كىتاب. // گۆھەر بىلمەك. ③ كۆچمە. قارىچۇق (كۆز ھەققىدە): كۆز گۆھىرى. * شۇ زامان ئۇنىڭ كۆزلىرى ئېچىلىپتۇ. كۆز گۆھىرىدىن نۇرلار چېچىلىپتۇ. ④ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**گۆھەرنى تاشقا ئۇرماق** ياخشىنى يامانغا، گۈزەلنى سەتكە، يۇمشاقنى قاتتىققا تەڭلەشتۇرمەك؛ ئۆزىنى يامانغا خار قىلماق.

**گۆھەرپۇرۇش** ئى [پ] ھەر خىل قىممەت باھالىق، ئېسىل تاشلارنى تونۇيدىغان، ئېلىپ - ساتىدىغان ئادەم؛ جاۋاھىرپۇرۇش.

**گۆھەرچى** ئى. گۆھەرپۇرۇش: «گۆھەر دېگىنىزدىن غەۋۋاس ۋاستىسى بىلەن چىقىپ، ئۆز جىلۋىسىنى نامايىش قىلىدۇ ۋە گۆھەرچىلەر ئالدىدا ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ» دېدۇ بۇۋىمىز ئەلىشىر نەۋايى.

**گۆھەرشۇناس** ئى [پ] قىممەت باھالىق تاشلارنى تەتقىق قىلىدىغان، ياخشى بىلىدىغان مۇتەخەسسىس.

**گۆھەرشۇناسلىق** ئى. قىممەت باھالىق تاشلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن: شۇنىڭدىن تارتىپ گۆھەرپۇرۇش ئوغلىغا گۆھەرشۇناسلىقتىن تەلىم بېرىپتۇ.

**گۆھەرلىك** سۈپ. گۆھىرى بار، گۆھەرگە ئىگە، گۆھەر چېقىلىدىغان: بولسا گەر ئالتۇن - گۆھەرلىك تاغلىرىڭ تاجىم مېنىڭ، سۇلىرىڭ ئابىھاياتتەك، تەنگە جان - دەرمان ئېرۇر.

**گۆيەك** ئى ① ئاياللارنىڭ چېچىغا ئاسىدىغان، كۈمۈشتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇمى؛ چاچتەڭگە: گۆيەك ئاسماق. گۆيەك ياسىماق. ② ئاپتۇۋۇزنىڭ بويىنىغا چىقىرىلىدىغان ھالقىسىمان گۆل.

**گۆپ** تەق ① ئېغىر نەرسىلەرنىڭ باشقا بىر نەرسە يۈزىگە چۈشۈشى، ئۇرۇلۇشى قاتارلىقلاردىن چىققان ئاۋاز: ئۇنىڭغىچە يان قاشنى «گۆپ» قىلىپ يىقىتقان سۇ يۇپۇرۇلۇپ كەلمەكتە ئىدى. ② كۆچمە. ناھايىتى تېز، بىراقلا، بىر يولىلا ئىچىپ بولۇش ھالىتى (ئىچىملىك ھەققىدە): ئۇ «گۆپ» قىلىپ 100 گىراملىق رومكىنى كۆتۈرۈۋەتتى.

**گۆپپىدە** رەۋ ① «گۆپ» قىلغان ھالدا، «گۆپ» قىلىپ: ئاتا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئوغلىغا ئېسىلدى. بىرى ئۇنى گۆپپىدە تەپتى. ② كۆچمە. بىراقلا، بىر يولىلا، ناھايىتى تېز: توختى قولىدىكى هاراقنى گۆپپىدە ئىچىۋەتتى.

**گۆپ- گۆپ** «گۆپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**گۆپۇر** تەق. ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ ئاياغ ھەرىكىتىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز؛ دۈپۈر: «گۆپۇر» قىلماق.

**گۆپۇر- غالاپ** «گۆپۇر» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئېغىل تەرەپتىن «گۆپۇر-غالاپ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى.

**گۆپۇر- گۆپۇر** «گۆپۇر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**گۆپۇرلەتمەك** «گۆپۇرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گۆپۇرلەشمەك** «گۆپۇرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گۆپۇرلىمەك** پ. «گۆپۇر - گۆپۇر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «گۆپۇر - گۆپۇر» قىلماق: بوز ئات گۆپۇرلەپ چاپقان پېتى ئېغىلدىن چىقىپ كەتتى.

**گۆپۈلدەتمەك** «گۆپۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھاكىم ھاراقنى سوغۇق سۇ ئىچكەندەكلا گۆپۈلدىتىپ ئىچتى.

**گۆپۈلدەشمەك** «گۆپۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گۆپۈلدىمەك** پ. «گۆپ - گۆپ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «گۆپ - گۆپ» قىلماق: ئابدەمنىڭ ھەم ئۈمىد، ھەم ئەندىشە بىلەن تولغان يۈرىكى ناغرا چالغاندەك گۆپۈلدەيتتى.

**گۆدرەت** ئى. گۇمان، شەك، شۈبھە: شۇ ھامان كۆڭلۈمگە گۆدرەت چۈشتى.

**گۆدۈك** ئى [ر] ① سىگنال بېرىلىدىغان تۇرلۇك مېخانىكىلىق قۇرۇلمىلار: پاراۋۇز گۆدۈكى. زاۋۇت گۆدۈكى. ② شۇنداق قۇرۇلمىلاردىن چىقىرىلغان ئاۋاز؛ سىگنال: گۆدۈك بەرمەك. * ئەتىگەنلىكى سائەت ئالتىدىن ئاشقاندا، ئۇنى پاراخوتنىڭ گۆدۈكى ئويغاتتى.

**گۆر** تەق. ئۈشتۈمتۈت، بىردىنلا باشلانغان شىددەتلىك ھەرىكەتتىن چىققان ئاۋاز: «گۆر» قىلماق. «گۆر» ئۇچماق. «گۆر» قوپماق.

**گۆرەن** ئى <ئانات> قۇلاقنىڭ ئاستى، قوۋۇزنىڭ ئارقا قىسمى: گۆرەن تومۇرى. گۆرەن بېزى.

**گۆرەنلىك** ① سۈپ. گۆرىنى يوغان، گۆرىنى باشقىلاردىن ئۆزگىچە: — بۇ ئىشتا مېنىڭ رولۇم چوڭ، — دېيىتتى ئوڭ تەرەپتە تۇرغان گۆرەنلىك ئاق سېرىق يىگىت. * بۇ ئەلدىكى ئۆيغۇرلار ئارىسىدا توقانچى خوجا - ئىشانلارغا، گۆرەنلىك مۇشتۇمزورلارغا، قالماق، مانجۇلارغا مال - چارۋىلىرىنى يىلقا ئېغىلى بىلەن، قىز - چوكانلىرىنى ئىپپەت - سېككىلىرى بىلەن دۈئا قىلدۇرۇۋېتىدىغان ئوسال ئادەت، يامان قىلىقلار شەكىللىنىپ تاراشقا باشلىدى. ② ئى. توختىلارنىڭ گۆرەن بويىلاپ باغلىنىدىغان قىسمى؛ تاماقباغ.

**گۈرجەك** ئى. توپا ئۇسۇش، توپا قېزىش، خامان سورۇش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىش ئۈچۈن تۆمۈر ياكى ياغاچتىن ياسالغان، ساپلىق سايمان.

**گۈررىدە** رەۋ. «گۈر» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «گۈر» قىلىپ: گۈررىدە ئۇچماق. گۈررىدە ئوت ئالماق.

**گۈرزە** ئى [پ] ئۇچىغا يۇمىلاق ياكى ئەگرى ـ بۈگرى تۆمۈر ئورنىتىلغان توقماق؛ ئۇرۇش قورالى: مېنى دارغا ئاسقاندا، ئاگاھ بول ئۆز ئىشىڭغا. روھىم گۈرزە، ئۇمۇت بولۇپ، بىر كۈن تېگەر بېشىڭغا.

**گۈرزىباز** ئى [ پ ] گۈرزە بىلەن قوراللانغان، گۈرزە ئىشلىتىشكە ماھىر ياكى گۈرزە بىلەن جەڭ قىلغۇچى، ئېلىشقۇچى كىشى.

**گۈرزىبازلىق** ئى. گۈرزە بىلەن جەڭ قىلىش، ئېلىشىش: ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن ئوتتۇز داپقۇر گۈرزىبازلىق ۋە ئۇمۇتبازلىق قىلىشقاندىن كېيىن قوللىرىنى شەمشەرگە ئۇزىتىپ، تاكى شەمشەرلىرى پارە ـ پارە بولغىچىلىك ئېلىشتى.

**گۈرزىچى** ئى ① گۈرزە ياساپ ساتقۇچى ئادەم. ② گۈرزە بىلەن قوراللانغان ئادەم.

**گۈرس** تەق. زەرب، شىددەت بىلەن ئۇرۇلغان ئېغىر نەرسىدىن چىققان ئاۋاز.

**گۈرسسىدە** رەۋ. «گۈرس» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «گۈرس» قىلغان ھالدا: ئۇ كىچىك توقۇلما چامادانىنى يۈك ـ تاق جازىسىغا ئېلىپ قويۇپ، ھېلىقى بوش ئورۇنغا گۈرسسىدە ئولتۇردى.

**گۈرس ـ گۈرس** «گۈرس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: گۈرس ـ گۈرس ماڭماق.

**گۈرسۈلدەتمەك** «گۈرسۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بەستلىك، كۈن نۇرى ئوتتەك قىزدۇرۇپ تۇرغان ئېتىزدا ئەتىدىن ـ كەچكىچە گۈرسۈلدىتىپ كەتمەن چاپىدىغان قاۋۇل دېھقان ئىدى.

**گۈرسۈلدەشمەك** «گۈرسۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گۈرسۈلدىمەك** پ. «گۈرس ـ گۈرس» قىلماق، «گۈرس ـ گۈرس» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتقان ئادىل گۈرسۈلدەپ دەسسەپ چىقىپ كەتتى.

**گۈركىرەتمە** ئى ← **شارقىراتما**: ــ ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ بىر گۈركىرەتمە كۆرۈنىدۇ، ــ دېدى ئۇ.

**گۈركىرەتمەك** «گۈركىرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گۈركىرەشمەك** «گۈركىرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گۈركىرىمەك** پ ① «گۈر ـ گۈر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، گۈلدۈرلىمەك: بىر پەستىن كېيىن گۈركىرىگەن ماشىنا ئاۋازى سۆھبەتنى ئۈزۈپ قويدى. ② كۆچمە. بىراۋغا ئاچچىق بىلەن ۋارقىراپ سۆزلىمەك، توۋلىماق: ئۇ ھەممىگە گۈركىرەپ ئاللا ـ چۇقان سالدى.

**گۈر ـ گۈر** «گۈر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**گۈرۈچ** ئى [پ] شالىنىڭ پوستى تازىلانغاندىن كېيىنكى دېنى.

**گۈرۈلدەتمەك** «گۈرۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ تىراكتورنى گۈرۈلدىتىپ ئېتىزغا قاراپ يول ئالدى.

**گۈرۈلدەشمەك** «گۈرۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئارىلاپ ئاپتوموبىل ـ تىراكتورلار گۈرۈلدىشىپ ئۆتۈشۈپ قالاتتى.

**گۈرۈلدىمەك** پ. «گۈر ـ گۈر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «گۈر ـ گۈر» قىلماق: سىرتتا گۈرۈلدەپ شامال چىقماقتا.

**گۈزەر** ئى [پ] شەھەر ۋە بازارلاردىكى سودا ـ سېتىق كۆپ بولىدىغان، ئوقەتچىلەر مەركەزلەشكەن ئاۋات جاي؛ رەستە.

**گۈزەل** سۈپ ① ناھايىتى كېلىشكەن، چىرايلىق، ھۆسنلىك، نەپىس، كۆركەم: گۈزەل قىز. گۈزەل مەنزىرە. گۈزەل شەھەر. // پادىشاھنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن، ئالەمدە ئۇنىڭغا تەڭ كەلگۈدەك گۈزەللىنى تېپىش تەس ئىكەن. ② ئېسىل، ياخشى؛ پارلاق: گۈزەل ئەخلاق.

**گۈزەللەشتۈرمەك** «گۈزەللەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ تەڭرىتاغنى مۇقەددەس ئانا سىيماسىدا ئاجايىپ گۈزەللەشتۈرۈپ سىزغان.

**گۈزەللەشتۈرۈشمەك** «گۈزەللەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گۈزەللەشتۈرۈلمەك** «گۈزەللەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلار بۇ يەرگە گۈل تېرىپ، مەكتەپ مۇھىتىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرمەكچى.

**گۈزەللەشمەك** پ. گۈزەل ھالەتكە كەلمەك، گۈزەل تۈسكە كىرمەك: ماي ئايلىرىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن يېزا مەنزىرىسى ئاجايىپ گۈزەللىشىپ كېتىدۇ.

**گۈزەللىك** ئى. گۈزەل كۆرۈنۈش، چىرايلىق ھالەت: جاھاندا گۈزەللىكنى ياخشى كۆرمەيدىغان كىشى بولمىسا كېرەك.

**گۈگۈسۈن** ئى. ھارۋا، ۋېلىسىپىت، موتوسىكلىت قاتارلىقلارنىڭ چاقىغا بېكىتىش ئۈچۈن ياغاچ، مېتالدىن مەخسۇس ياسالغان چوكا شەكىللىك سايمان: گۈگۈسۈن سالماق. گۈگۈسۈننى چىڭىتماق. گۈگۈسۈننى يېڭىلماق.

**گۈگۈسۈنلۈك** سۈپ. گۈگۈسۈنى بار، گۈگۈسۈن ئورنىتىلغان: گۈگۈسۈنلۈك چاق.

**گۈڭگۈرت** ئى <خىم> مېتاللوئىد ئېلېمېنت. بەلگىسى S (Sulphur). سۇس سېرىق كىرىستال ماددا. سۇلفات كىسلاتاسى، پۇرۇخ، سەرەڭگە، گۈڭگۈرتلۈك كاۋچۇك ۋە ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورا قاتارلىقلارنى ئىشلەشتە، ئۇنىڭدىن باشقا تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**گۈڭگۈرتسىز** سۈپ. تەركىبىدە گۈڭگۈرت يوق، گۈڭگۈرت ئارىلاشمىغان: گۈڭگۈرتسىز ماددا. گۈڭگۈرتسىز ئارىشاڭ.

**گۈڭگۈرتسىزلەشتۈرمەك** «گۈڭگۈرتسىزلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شىنجاڭ بويىچە تۇنجى ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى گۈڭگۈرتسىزلەشتۈرۈش تۈرىدە ئىش باشلاندى.

**گۈڭگۈرتسىزلەشمەك** پ. تەركىبىدىكى گۈڭگۈرت چىقىرىپ تاشلانماق، گۈڭگۈرتسىز ھالەتكە كەلتۈرۈلمەك.

**گۈڭگۈرتلەشتۈرمەك** «گۈڭگۈرتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گۈڭگۈرتلەشتۈرۈلمەك** «گۈڭگۈرتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**گۆڭگۈرتلەشمەك** پ <خىم> خام كاۋچۇك، گۆڭگۈرت ۋە كۆمۈر قارىسى قاتارلىق تولدۇرغۇچىلار قاچىغا سېلىنىپ، يۇقىرى بېسىملىق پار ئارقىلىق قىزدۇرۇلغاندىن كېيىن خىمىيەۋى رېئاكسىيە ھاسىل قىلىپ، گۆڭگۈرتلۈك كاۋچۇككا ئايلانماق.

**گۆڭگۈرتلەنمەك** پ ← **گۆڭگۈرتلەشمەك.**

**گۆڭگۈرتلۈك** سۈپ. تەركىبىدە گۆڭگۈرت بار، گۆڭگۈرت ئارىلاشقان، گۆڭگۈرت قوشۇلغان: گۆڭگۈرتلۈك كاۋچۇك. گۆڭگۈرتلۈك بوياق. گۆڭگۈرتلۈك ئارشاڭ.

**گۆڭگۈرمەن** ئى [خەن] <يېم> خېمىرى ئادەتتىكىدىن توم سوزۇلۇپ تەييارلانغان لەڭمەن.

**گۈل** ئى [ پ ] ① <بوت> ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ جىنسلىق كۆپىيىش ئورگىنى. گۈل تاجى ياپراقچىسى، گۈل كاسىسى، گۈل تەگلىكى ۋە ئاتىلىق ھەم ئانىلىقلاردىن تۈزۈلىدۇ. رەڭگى ھەرخىل بولىدۇ. بەزىلىرى ناھايىتى چىرايلىق، يەنە بەزىلىرى خۇش پۇراقلىق كېلىدۇ: ئاتىلىق گۈل. ئانىلىق گۈل. ② زىننەت ئۈچۈن تېرىلىدىغان ئۆزى ئۆسىدىغان گۈللۈك ئۆسۈملۈكلەر؛ چېچەكلەر: ئەتىرگۈل. قىزىلگۈل. جۇخارگۈل. ③ شۇنداق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇزۇۋېلىنغان ھاسىلى ياكى شۇنىڭغا ئوخشىتىپ ياسالغان زىننەت بۇيۇمى: گۈل تۇتماق. گۈل سوۋغا قىلماق. گۈل ئۈزمەك. * ئەكبەر قىزغا قارىدى، قىز ئۇنىڭ قوللىرىدىكى ئېتىز گۈللىرىنى ئالدى. ④ بىرەر نەرسىگە سىزىپ، تىكىپ، بېسىپ ياكى ئويۇپ چۈشۈرۈلگەن بېزەك، نەقىش: گۈل باسماق. گۈل ئىشلىمەك. گۈل چىقارماق. ⑤ تەۋەلىك III شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ 1) «ئالدى»، «سەركىسى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: قىز بالا ئۆيىنىڭ گۈلى (ماقال). * ھېزىم: — 30 ئوغۇلنىڭ گۈلى بىز شاڭيۇ ئاكا! — دېدى . 2) قىزلارنىڭ ئىسمى بولۇپ كېلىدۇ: گۈلى ، قاچان كەلدىڭ ؟ ⑥ قىزلارنىڭ ئىسمى تەركىبىدە كېلىدۇ: ئارزۇگۈل. گۈلبوستان .

**گۈل كەلتۈرمەك** راسا كېلىشتۈرمەك، تازا قاملاشتۇرماق: — گۈلچەمخان، خۇدايىم قوللىرىغا دەرد بەرمىسۇن، نېمىدېگەن ئوخشىغان ئاش بۇ، — دېدى ئايىسخان يېنىدىن ئورۇن كۆرسىتىپ، — گۈل كەلتۈرۈۋېتىپلا، توي قىلساق ئاشنى سىلىگە ئەتكۈزسەك بولغۇدەك.

**گۈلى گۈلىگە كەلمەك** بىر ـ بىرىگە ماس، جاي ـ جايىغا چۈشمەك، قىلىنغان ئىش، نەرسە تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولماق.

**گۈلنى قىسماق** ھالاۋىتىنى، مېۋىسىنى كۆرمەك.

**گۈلە** ئى . ئۆرۈك مېۋىسىنىڭ قۇرۇتۇلغىنى، ئۆرۈك قېقى.

**گۈلەپشان** ئى [پ] ھەر خىل گۈل نۇسخىلار بىلەن نەقىشلەنگەن؛ نەقىشلىك: شاھنىڭ ھەرەمخانىسى بىلەن چارباغنى ئايرىپ تۇرىدىغان گۈلەپشان دەرۋازا، يىراقتا ئوردىنىڭ، مەسچىتلەرنىڭ پەشتاقلىق مۇنارلىرى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

**گۈلەش** سۈپ . دىيال . سۆرەلمە، ھۇرۇن.

**گۈلە ـ قاق** گۈلە ھەم قاق، قاق تىپىدىكى قۇرۇتۇلغان مېۋە ـ چېۋە: سودا سارىيىنىڭ گۈلە ـ قاق باسقان ھارۋىسىدا شەھەرگە كىرگەن گۈلزىبا گۈلباغقا كەلگەندە چۈشۈۋالدى.

**گۈلەڭ** ئى. دىيال. دەريالارنىڭ چۆرگۈلەپ، ئاقماي تۇرۇۋالىدىغان يەرلىرى؛ قايىنام.

**گۈلئەنبەر** ئى [پ + ئە] <بوت> ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. كۆكۈچ سۆسۈن، ئاچ قىزىل ياكى ئاق رەڭلەردە بولىدۇ. كۆرۈنۈشى ئۈچۈۋاتقان قۇشقا ئوخشايدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ. ئىسسىقنى بېسىش، ئاغرىق توختىتىش، قۇرت ئۆلتۈرۈش رولى بار.

**گۈلبوغۇن** ئى [گۈل + بوغۇن] <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى سۇس سۆسۈن قىزىل، مېۋىسى قاتتىق مېۋە، رومبا شەكىللىك. غول، يوپۇرماق ۋە ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ. ھەيزنى تەڭشەش، قاننى جانلاندۇرۇش، تۇغۇتتىن كېيىن بالىياتقۇنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى تېزلىتىش رولى بار.

**گۈلبىنەپشە** ئى [گۈل + بىنەپشە] <بوت> بىنەپشە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مېۋىسى غوزا مېۋە. غول، يوپۇرماق، مېۋىلىرى دورا قىلىنىدۇ. غەلۋىرەك، چىيقان، چاشقان يارىسى قاتارلىق كېسەللەرگە داۋا بولىدۇ.

**گۈلچاڭ** ئى [گۈل + چاڭ] باشلىقى ۋە قونچىغا ھەر خىل گۈل چىقىرىپ، كەشتىلەپ، ئاياللار ئۈچۈن مەخسۇس تىكىلگەن بىر خىل نەپىس ئاياغ كىيىمى؛ مەسە.

**گۈلچەمبىرەك** ئى [گۈل + چەمبىرەك] بىراۋنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈرۈش ۋە ئۇنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ھەر خىل رەڭلىك قەغەزلەردىن چەمبىرەك شەكلىدە ياسالغان گۈل تىزمىسى: گۈلچەمبىرەك تەقدىم قىلماق.

**گۈل ـ چېچەك** گۈل ھەم چېچەك.

**گۈلچى** ① سۈپ. گۈل ئۆستۈرىدىغان، گۈل ئۆستۈرۈپ ساتىدىغان: گۈلچى قىز. گۈلچى موماي. ② ئى. گۈل ئۆستۈرىدىغان، گۈل ئۆستۈرۈپ ساتىدىغان كىشى، گۈل ئۆستۈرۈش ماھىرى: گۈلچى باغقا ھەر خىل گۈللەرنى تېرىپتۇ.

**گۈلچىلىك** ئى. گۈل ئۆستۈرۈپ سېتىش ئىشى؛ گۈل سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئىشى: گۈلچىلىك تېخنىكىسى. گۈلچىلىك ماھارىتى. * كۆپلىگەن دېھقانلار ئائىلىدە گۈل ئۆستۈرۈپ، ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، گۈلچىلىكنى كىرىمنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم يول قىلدى.

**گۈلچەمەن** ئى [گۈل + چىمەن] ① <بوت>تاشيارغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. گۈللىرى توپلىشىپ گۈمبەز شەكلىدىكى گۈل رېتىنى شەكىللەندۈرىدۇ، گۈل كاسىسىنىڭ دەسلەپكى رەڭگى سۇس قىزىل، كېيىنرەك كۆككە ئۆزگىرىدۇ. كۆرۈنۈشى ئىنتايىن گۈزەل، مەشھۇر مەنزىرە ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ بىرى. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**گۈلخان** ئى [پ] ① ئىسسىنىش ياكى يورۇتۇش، بەلگە بېرىش قاتارلىق مەقسەتلەردە ئوتۇن سېلىپ ئوچۇقچىلىقتا قالانغان ئوت. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**گۈلخانا** ئى ① مەخسۇس سېتىش ئۈچۈن گۈل ئۆستۈرۈلىدىغان ئۆي. ② گۈل سېتىلىدىغان دۇكان.

**گۈلخانلاتماق** «گۈلخانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گۈلخانلانماق** «گۈلخانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**گۈلخانلىماق** پ. ئۇلغىيىپ كۆيمەك، گۈلخانغا ئايلانماق، ئوت بولۇپ يانماق، ئۆرتەنمەك.

**گۈلخەيرى** ئى [پ + ئە ] <بوت> غولى باراقسان، گۈلى چوڭ بولغان بىر خىل مەنزىرە ئۆسۈملۈكى ۋە شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**گۈلخۇمار** [گۈل + خۇمار ] ① سۈپ. گۈلنى ياخشى كۆرىدىغان، گۈلگە ئامراق: شۇنداق قىلىپ قاغىلارنىڭ ئاۋازى گۈلخۇمار ھاشاراتلارنىڭ ئۆچەككە كىرىشىنىڭ غەم ـ غۇسسىلىك بېشارىتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**گۈلدار** سۈپ [پ] يۈزىگە گۈل ۋە نەقىش قىلىنغان، گۈللۈك: گۈلدار كىگىز. گۈلدار خۇرجۇن. گۈلدار ئىشكاپ.

**گۈلدان** ئى [پ] گۈل سېلىپ قويىدىغان قاچا؛ لوڭقا.

**گۈلدەستە** ئى [گۈل + دەستە] تاللاپ، رەتلەپ، دەستىلەپ باغلانغان گۈل توپى: گۈلدەستە تىزماق. گۈلدەستە تەقدىم قىلماق.

**گۈلدەستىچى** ئى. گۈلدەستە تىزغۇچى كىشى: «سەنئەت ئەھلىنىڭ دانالىرى مۇشۇ يىلانلارنىڭ ئۆتكۈر نەشتىرىدىن قورقۇپ، بۇ خەزىنىدىن بەھرىمەن بولالماي ئۆتۈپتۇ؛ نەزىم قوشۇننىڭ گۈلدەستىچىلىرى بولسا، مۇشۇ تىكەنلەردىن ئېھتىيات قىلىپ، بەزمىگە لايىق گۈل ئۈزەلمەي كېتىپتۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ.

**گۈلدەك** سۈپ ① گۈلگە ئوخشاش چىرايلىق، گۈزەل: گۈلدەك ئېچىلماق. گۈلدەك كۆرۈنمەك. ② كۆچمە. كۆڭۈللۈك، بەختلىك، غەمسىز، خۇشال: گۈلدەك تۇرمۇش. گۈلدەك ھايات. گۈلدەك ئۆمۈر. ③ كۆچمە. جانغا ئەسقاتىدىغان، يارامىلىق؛ ياخشى: ئۇنىڭ گۈلدەك ھۈنىرى بار، غەم قىلمىساقمۇ بولىدۇ.

**گۈلدۈر** تەق. چوڭ، ئېغىر نەرسىلەرنىڭ ئېگىزدىن پەسكە چۈشۈشى، ئۆرۈلۈشى ياكى بۇلۇت قاتلاملىرىنىڭ قاتتىق سۈركىلىشى قاتارلىقلاردىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز: گۈلدۈر قىلماق. * ھاۋانىڭ گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق.

**گۈلدۈراس** تەق. كۈچلۈك، داۋاملىق گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز: گۈلدۈراس ئالقىش. گۈلدۈراس سادا.

**گۈلدۈر ـ تاراق** «گۈلدۈر» ھەم «تاراق» قىلغان ئاۋازلار.

**گۈلدۈر ـ غاراس** ← **گۈلدۈر ـ غالاپ.**

**گۈلدۈر ـ غالاپ** «گۈلدۈر» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئانا گۈلدۈر ـ غالاپ، تاراق ـ تۇرۇقتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

**گۈلدۈر ـ قاراس** «گۈلدۈر» ھەم «قاراس» قىلغان ئاۋازلار.

**گۈلدۈر ـ گۈپپاڭ** «گۈلدۈر» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**گۈلدۈر ـ گۈلدۈر** «گۈلدۈر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**گۈلدۈرلەتمەك** «گۈلدۈرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دۇمباقلار ئاۋازى پۈتكۈل دالىنى گۈلدۈرلەتمەكتە ئىدى.

**گۈلدۈرلەشمەك** «گۈلدۈرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گۈلدۈرلىمەك** پ. «گۈلدۈر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «گۈلدۈر» قىلماق: ئۇ ئىشىكنىڭ بىردىن گۈلدۈرلەپ ئېچىلىشىدىن چۆچۈپ كارىۋاتتىن قاڭقىپ تۇرۇپ كەتتى.

**گۈلدۈرماما** ئى <مېتېئور> يامغۇرلۇق توپ بۇلۇتتىن ھاسىل بولىدىغان بىر خىل تەبىئەت ھادىسىسى. يەنى بۇلۇت قاتلاملىرى ئارىسىدا، بۇلۇت بىلەن يەر ئارىسىدا ياكى بۇلۇت بىلەن ھاۋا ئارىسىدا ئېلېكتىر پوتېنسىيال پەرقى ئېشىپ مۇئەييەن دەرىجىگە يەتكەندە، كۈچلۈك زەرەت (چاقماق) ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. زەرەت قويۇپ بېرىلگەن مۇساپىدە ھاۋا كۈچلۈك قىزىپ، سۇ تامچىلىرى چاپسان پارلىنىدۇ، ھەجمى جىددىي كېڭىيىپ، پارتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەزىدە ئۆتكۈنچى يامغۇر ياكى مۆلدۈر ئارىلىشىپ كېلىدۇ.

**گۈلدۈرمامىلىق** سۈپ. گۈلدۈرماما پەيدا بولغان، گۈلدۈرماما قاپلىغان: ئۇنىڭ ئاۋازى گۈلدۈرمامىلىق يامغۇردىن كېيىنكى «غۇر ـ غۇر» شامالدەك ئايۋان ئىچىنى ئارىلىدى.

**گۈلدۈرمە** ئى. ئېرىق، ئۆستەڭلەردىكى سۇنىڭ ئېگىزدىن پەسكە چۈشىدىغان جايى؛ كىچىك شارقىراتما.

**گۈلزار** ئى [پ] ① گۈل ئۆستۈرۈلگەن، گۈل ـ گىياھلار بىلەن قاپلانغان جاي، گۈللۈك، چىمەنزار.② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**گۈلزارلاشماق** پ. گۈلزارغا ئايلانماق: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە «گۈلزارلاشقان مەكتەپ» بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلۇپ، مەكتەپلەرنىڭ مۇھىتى گۈزەللەشتۈرۈلدى.

**گۈلزارلىق** ئى . ھەر خىل گۈللەر بىلەن قاپلانغان، گۈل كۆپ ئۆستۈرۈلگەن جاي، گۈللۈك.

**گۈلسامساق** ئى [گۈل + سامساق] <بوت> ① گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تەڭگىچە غولى شار شەكلىدە، ئاق ياكى سۆس قىزىل رەڭلىك. گۈلى ۋارونكا شەكىللىك، رەڭگى ئاق. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. تەڭگىچە غولىنى يېيىشكە بولىدۇ، تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ تەڭگىچە غولى.

**گۈلسۇرۇخ** ئى [گۈل + سۇرۇخ] <بوت> ← **قىزىلگۈل.**

**گۈلسۆسەر** ئى [گۈل + سۆسەر] <بوت> ①چىغىرتماقگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى شەمشەر شەكىللىك، گۈلى چوڭ، قىزىل ياكى سېرىق بولىدۇ، غوزىلىق مېۋە تۇتىدۇ. مېۋىسى سوقىچاق بولىدۇ. ئەسلىي ماكانى جەنۇبىي ئافرىقا. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**گۈلسىز** سۈپ. گۈلى يوق ياكى گۈلى يوشۇرۇن بولغان: گۈلسىز ئۆسۈملۈكلەر.

**گۈلسىمان** سۈپ. شەكلى گۈلگە ئوخشايدىغان، گۈل شەكىللىك.

**گۈلشەن** ئى [پ] ① گۈلزار، چىمەنزار، گۈللۈك، چىمەنلىك: باغۇبوستان ئىچىدە يايرىسۇن كۆڭۈل . قانات قېقىپ گۈلشەندە، سايرىسۇن بۇلبۇل. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**گۈلشۇۋاق** ئى [گۈل + شۇۋاق] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق ، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك . غولى يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقىنىڭ ئالدى يۈزى يېشىل ، كەينى ئاقۇچ كۈل رەڭ بولۇپ ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى نەيسىمان ، رەڭگى سارغۇچ ، بىر ئاز سۆسۈن سىزىقلىرى بار، مېۋىسى ئورۇق مېۋە. يول بويى ۋە دالىلاردا

ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. قان توختىتىش رولىغا ئىگە.

**گۈل ـ غۇنچە** گۈل ۋە غۇنچە.

**گۈلقات** ئى [گۈل + قات] <بوت>① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان كىچىك چاتقال. غولى ياماشقۇچى غول، غولىدا ئىلمەك تىكەنلىرى بار، گۈلى ئاق رەڭلىك، پۇراقلىق كېلىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**گۈلقەقە** ئى [پ + ئە] ① ھەددىدىن ئارتۇق خۇشاللىق، شادلىق، شاد ـ خۇراملىق: گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتمەك. ② كۆچمە. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىدىغان ئاجايىپ يېقىملىق سايرايدىغان، چىرايلىق بىر خىل قۇشنىڭ نامى.

**گۈلقەنت** ئى [پ + ئە] قىزىلگۈل ۋە شېكەردىن تەييارلىنىدىغان بىر خىل مەلھەم. ئادەتتە دورا ئورنىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**گۈلقىيار** ئى [گۈل + قىيار] <بوت> چايئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى قىزغۇچ سۆسۈن رەڭلىك، مېۋىسى غوزا مېۋە، ئۇرۇقى ئىنچىكە، ئۇچىدا ئۇزۇن تۈكچىلىرى بار. ھەممە يېرى دورا قىلىنىدۇ.

**گۈلكاپۇستا** ئى [گۈل + كاپۇستا] <بوت> ← **چېچەكسەي**.

**گۈلكەرەم** ئى [گۈل + كەرەم] <بوت> ← **چېچەكسەي**: ئۇنىڭدىن قالسا سەرەبىل (مەرۋايىتگۈل)، كاپۇستا (كاللەكبەسەي)، گۈلكاپۇستا (گۈلكەرەم)، كۇدە، پىدىگەن، قىزىلچا قاتارلىقلار ئەڭ ياخشى كۆكتات ھېسابلىنىدۇ.

**گۈل ـ گۈلىستان** ھەممە ياق يېشىللىق بىلەن قاپلانغان، گۈل ـ چېچەككە ئورالغان، باغ ـ بوستانغا ئايلانغان جاي، گۈلزار.

**گۈل ـ گۈلىستانلىق** ھەممە ياقلىرى يېشىللىق بىلەن قاپلانغان، گۈل ـ چېچەككە ئورالغان، باغ ـ بوستانغا ئايلانغان ماكان؛ گۈلزارلىق .

**گۈلگۈم** ئى. دىيال. زەپىران.

**گۈلگۈن** سۈپ [پ] ① قىزىل: ساقىيا كەلتۈر مەي گۈلگۈننى خۇش دەمدۇر بۈگۈن، بارچىدىن مەجلىستە مەي ئەھلى مۇقەددەمدۇر بۈگۈن. ② كۆچمە. گۈلدەك ياشنىغان، چىرايلىق، گۈزەل: گۈلگۈن چىراي. * بالامنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈۋېلىشنى، ئۇنىڭ ئۆز ئەجرىدىن رازى بولۇپ كۈلگەن گۈلگۈن چىرايىنى كۆرۈۋېلىشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم.

**گۈل ـ گىياھ** گۈل ۋە گىياھ.

**گۈل ـ گىياھسىز** گۈل ۋە گىياھ ئۈنمىگەن، گۈل ـ گىياھ يوق: گۈل ـ گىياھسىز چۆل. گۈل ـ گىياھسىز دەشت.

**گۈللەتمەك** «گۈللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار باغۋەنچىلىك ۋە مېۋىزارلىقنى گۈللەتكەن. 70 نەچچە خىل مېۋىنىڭ شىپالىق خۇسۇسىيەتلىرىنى تېپىپ چىققان.

**گۈللەندۈرمەك** «گۈللەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: زاۋۇتنى گۈللەندۈرمەك.

**گۈللەندۈرۈلمەك** «گۈللەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شىنجاڭ كۆچمە خەۋەرلىشىش ئىشلىرى گۈللەندۈرۈلدى.

**گۈللەنمەك** «گۈللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: لوقمان بىلەن بۇھەجەرنىڭ شەھەردىكى گىلەمچىلىك ھۈنىرى يېڭىباشتىن گۈللىنىپ كېتىپتۇ.

**گۈللۈك** ① سۈپ. گۈلى بار، گۈل چۈشۈرۈلگەن، گۈلدار: گۈللۈك رەخت. گۈللۈك چىت. گۈللۈك چىنە. گۈللۈك ئىشكاپ. گۈللۈك ياغلىق. ② ئى. گۈل تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن جاي، گۈلزار: پەرىدە جاۋاب ئورنىدا كۈلۈپلا قويدى. ئۇلار ئەمدى ياندىكى گۈللۈككە سۈرۈلدى.

**گۈللىمەك** پ ① گۈل بولۇپ ئېچىلماق، چېچەكلىمەك، گۈلگە ئايلانماق: تېخى ئۆزى پىشماستىنلا ئۇرۇقلايدۇ، گۈلى تۇزۇسىمۇ، يەنە غۇنچىسى گۈللەيدۇ. ② كۆچمە. راۋاجلىنىپ تەرەققىي قىلماق، ئىلگىرى باسماق، روناق تاپماق، ياشنىماق: مانا ئەمدى گۈللەش ئالدىدا تۇرۇپتۇ.

**گۈلمە** ئى. دىيال. ئېگەر قاپتىلىنىڭ ئاستىغا سالىدىغان كۆلىمى قاپتالدىن سەل چوڭراق كىگىز توقۇم؛ جەزلىك.

**گۈلمەريەم** ئى [گۈل + مەريەم] ① <بوت> تۇنپۇراق. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**گۈلنار** ئى [پ] ① <بوت> ئانارگۈل. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**گۈلناز** ئى [پ] ① <بوت> ئۇياتچانئوت. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**گۈلنەپشە** ئى [گۈل + نەپشە] <بوت> رۇخسارگۈل.

**گۈلئۇزار** سۈپ [پ] يېزت. گۈل يۈز، گۈل چىراي: خەير خوش، دەردمەن دادا، غەمگۇزارىم ياخشى قال. كۆزلىرىم ئاقۇقاراسى، گۈلئۇزارىم ياخشى قال.

**گۈلچى** ئى. دىيال ① ئۆرۈكنىڭ بىر تۈرى. ② گۈلە ئېلىپ ساتقۇچى.

**گۈلىستان** ئى [پ] ① گۈللىگەن، ياشنىغان، گۈل ـ گىياھ، باغۇبوستان بىلەن قاپلانغان يەر، ئاۋات جاي. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**گۈلىستانلىق** ئى. گۈللەنگەن، گۈل ـ گىياھلار بىلەن قاپلانغان جاي.

**گۈليار** ئى [پ] ① گۈزەل يار؛ جانان. ② يار، جانان شەنىگە ئېيتىلىدىغان شېئىر، قوشاق نامى: ئۇلار «گۈليار»نى ئېيتىپ توي بولۇۋاتقان قورۇغا كىرىپ كەلدى. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**گۈليەسمەن** ئى [پ] <بوت> ① قامچىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى كىچىك، قېنىق قىزىل ياكى ئاق رەڭلىك بولۇپ، ئورىغۇچى يوپۇرماقلىرىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**گۈم** تەق. مىلتىق، تاپانچا قاتارلىقلارنىڭ ئېتىلىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: «گۈم» قىلماق.

**گۈمبە** ئى. دۈملەنگەن قىغ دۆۋىسى.

**گۈمبەز** ئى [پ] قۇببە، يەنى قازان شەكلىدە ياسالغان قورۇلما، قۇببە تەقلىدىدىكى نەرسە.

**گۈمبەزچىلىك** ئى. گۈمبەز ياساش ئىشى، سەنئىتى: مەقبەرە گۈمبەزچىلىكى تاجىكلاردا ھېلىمۇ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قەبرىچىلىك ئادىتى.

**گۈمبەزسىمان** سۈپ. گۈمبەزگە ئوخشاش، گۈمبەز شەكىللىك: گۈمبەزسىمان جازا.

**گۈمبەزلىك** سۈپ. گۈمبىزى بار، گۈمبەز چىقىرىپ ئىشلەنگەن: گۈمبەزلىك ئىمارەت.

**گۈمبۈر** تەق. پارتلاش ياكى ئېگىز تاملارنىڭ ئۆرۈلۈشى قاتارلىقلاردىن ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**گۈمبۈر ـ گۈمبۈر** «گۈمبۈر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**گۈمبۈرلەتمەك** «گۈمبۈرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوتنى يېقىپ شوخ يىگىتلەر تېزدىن مۆكۈشەر، گۈمبۈرلىتىپ ئېگىز تاغنى بەلدىن ئۈزۈشەر.

**گۈمبۈرلەشمەك** «گۈمبۈرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بولدى تاغلار گۈمبۈرلىشىپ يىقىلغاندەك، كۆك ئاسماندا گويا چاقماق چېقىلغاندەك.

**گۈمبۈرلىمەك** پ. «گۈمبۈر» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «گۈمبۈر» قىلماق: ئۇنىڭ قۇلىقىغا گۈمبۈرلىگەن داقا ـ دۇمباقنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى.

**گۈمرۈك** ئى. تارىس. قەدىمكى ئۆتكەل، ئۆتەڭ؛ تاموژنا: گۈمرۈك بېجى.

**گۈمرۈكبەگ** ئى [گۈمرۈك + بەگ] تارىس. قەدىمدە ئۆتكەللەرنى ساقلاش ۋە ئۇنىڭدىن ئۆتكۈچىلەردىن باج ئېلىشقا مەسئۇل بولغان ئەمەلدار.

**گۈم ـ گۈم** «گۈم» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**گۈممىدە** رەۋ. «گۈم» قىلغان ھالدا، «گۈم» قىلىپ: ئۇ ئورنىدىن ئەمدى تۇرۇشىغا گۈممىدە قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى ـ دە، يەنە ئۆزىنى يەرگە ئاتتى.

**گۈمۈرەڭگۈ** سۈپ → **كۆمۈرەڭگۈ:** گۈمۈرەڭگۈ دەرۋازا. گۈمۈرەڭگۈ زال.

**گۈمۈرۈلمەك** پ. ئويۇلۇپ چۈشۈپ كەتمەك، كۆمتۈرۈلمەك، ئولتۇرۇشماق، ئۈزۈلمەك: سۈپۈرگە ئاخۇن مەدرىسەدە ئوقۇۋاتقىنىدا دادىسى قۇدۇق گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن سەۋەب بىلەن قازا تاپتى.

**گۈن** ① ئى. نۇر، قۇۋۋەت (كۆز نۇرى ھەققىدە): كۆزىنىڭ گۈنى يوق. ② سۈپ. تېرەن، چوڭقۇر.

**گۈۋشىمەك** پ. دىيال. سىقماق؛ تۇتماق: — ئۇنىڭ بىلەن كىمنىڭ كارى؟ بولدى، ئىش ھەققىمىزنى بەر! — يالىڭاچ ئىشلەمچى ھۆددىگەرنىڭ ياقىسىنى گۈۋشىدى. جىلە بولغان ھۆددىگەر ئۇنى كۈچ بىلەن ئىتتىرىۋەتتى.

**گۈۋۈنمەك** پ. دىيال. مىدىرلىماق، تىترىمەك، سىلكىنمەك.

**گۈيەلمەك** پ. دىيال. دەلدەڭشىمەك، سەنتۈرۈلمەك.

**گې** «گ» ھەرپىنىڭ نامى.

**گېپارىن** ئى [ر<گىرېك] <تېب> ئادەم ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار تېنىدىكى قاننىڭ ئۇيۇشىنى توسۇش رولىنى ئوينايدىغان ماددا. جىگەردە مىقدارى ئەڭ كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆپكە، بۆرەك، ئۈچەي قاتارلىقلاردىمۇ بولىدۇ.

**گېتزال** ئى. گىۋاتېمالانىڭ پۇل بىرلىكى.

**گېدە** سۈپ. دىيال. بۇدۇر، بۇجغۇر.

**گېرەم** ئى ① يەر ئاستىغا سېلىنغان كېمىر ئۆي. ② بىنالارنىڭ يەر ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۆيى. ئادەتتە كۆپ قەۋەتلىك بىنالارنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

**گېرب** ئى [ر<پولەك] دۆلەت، شەھەر، تەبىقە، ئۇرۇق قاتارلىقلارنىڭ بايراق، پۇل، تامغىلىرىغا چۈشۈرۈلىدىغان بەلگىسى: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت گېربى.

**گېرتسوگ** ئى [ر<نېم] غەربىي ياۋروپادا يۇقىرى تەبىقىدىكى ئەمەلدار، كىنەزلەرگە بېرىلىدىغان ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋانغا ئېرىشكەن ئادەم.

**گېرتس** مىق [ر<نېم] <فىز> چاستوتا بىرلىكى، يەنى بىر سېكۇنتتا بىر قېتىم تەۋرەنسە بىر گېرتس بولىدۇ، بىر سېكۇنتتا 10مىڭ قېتىم تەۋرەنسە، 10 مىڭ گېرتس بولىدۇ. بۇ نام گېرمانىيە فىزىكا ئالىمى گېرتس (Heinrich Hertz) نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن.

**گېركۇلېس** ئى [ر<لات] <ئاستىر> شىمالىي ئاسمان يۇلتۇز تۇركۇملىرىدىن بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 17 سائەت 20 مىنۇت، ئېكۋاتور كەڭلىكى °23 ؛ يەنى ئەجدىھا يۇلتۇز تۇركۇمىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. ئادەتتە ئۇ شىمالىي تاج يۇلتۇز تۇركۇمى بىلەن لىرا يۇلتۇز تۇركۇمى ئارىسىدىكى چوڭ يۇلتۇز تۇركۇمى ھېسابلىنىدۇ.

**گېرمان** ئى <ئىرق> ① مەركىزىي، غەربىي جەنۇبىي ياۋروپادا ياشىغان قەدىمىي قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق نامى. ② نېمىسلار.

**گېرمانىي** ئى [ر] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى (Germanium) Ge. كۈل رەڭ، پارقىراق ۋە چۈرۈك كېلىدۇ. ئۇ تاق يۆنىلىشلىك توك ئۆتكۈزۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە مۇھىم يېرىم ئۆتكۈزگۈچ بولۇپ، تەبىئەتكە ناھايىتى ئاز تارقالغان.

**گېزەرمە** سۈپ → **بىزەڭ:** — ھۇ، يۈزى قېلىن گېزەرمە، — دەپ تىللىدى ئۇ.

**گېزەرمەك** پ. بىزەڭلىك قىلماق، قېلىنلىق قىلماق: — ئىشقىلىپ كۆڭلۈڭلەرگە خۇدايىم ئىنساپ بەرسۇن بالام! — مومايىنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى، — بۇ يەرگە گېزىرىپ كېلىۋېرىدىغانغا مەنمۇ ئاشىق ئەمەس.

**گېزەك** I ئى [پ] مېھمانلار ئۈچۈن داستىخانغا تىزىلىدىغان قەنت، ناۋات، كەمپۈت قاتارلىق تاتلىق ـ تۈرۈم يېمەكلىكلەر؛ قەنت ـ گېزەك.

**گېزەك** II ئى. نۆۋەت، تەرتىپ.

**گېزەكچى** ئى. نۆۋەتچى.

**گېزەكچىلىك** ئى. نۆۋەتچىلىك.

**گېزەك ـ گېزەك** نۆۋەت بىلەن، نۆۋەتلىشىپ: گېزەك ـ گېزەك كەلمەك. گېزەك ـ گېزەك ئىشلىمەك.

**گېزەكلەشتۈرمەك** «گېزەكلەشمەك»پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بەگلەرنىڭ مانجۇ سەلتەنەتىگە بولغان ساداقەتمەنلىكىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، ھەرقايسى شەھەرلەردىكى بەگلەرنى گېزەكلەشتۈرۈپ، مانجۇ سەلتەنەتىنىڭ ئاستانىسىگە كېلىشىگە پەرمان بېرىلدى.

**گېزەكلەشمەك** پ. نۆۋەت بىلەن قىلماق، نۆۋەتلەشمەك: گېزەكلىشىپ ئىشلىمەك.

**گېزەكمۇگېزەك** رەۋ. نۆۋەتمۇنۆۋەت، ھەر نۆۋەتتە.

**گېزەندە** ئى [پ] ① ئادەم ۋە نەرسىلەرنى چاقىدىغان، زەھەرلەيدىغان بىر خىل زىيانداش جانلىقلار. ② كۆچمە. تىل ھا. كاللىكېسەر، ئۆتۈپ كەتكەن ياۋۇز دۈشمەن: ئۇ «ياپىر،

مەكتىپىمىز راستىنلا گېزەندىلەرنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ قاپتىـ-
كەنغۇ» دەپ چۆچۈپ كەتتى.

**گېزىت** ئى [ر<ئىتال] <مەت> دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىـ-
دىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قاتار-
لىق جەھەتلەردىكى خەۋەرلەرنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىدىغان
ئەركىن بەتلىك، قەرەللىك نەشر بۇيۇمى. ئادەتتە كۈندىلىك
گېزىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**گېزىتچى** ئى. گېزىت تارقىتىدىغان ياكى گېزىت ساتىدىغان
كىشى.

**گېزىتچىلىك** ئى. گېزىت نەشر قىلىش، گېزىت چىقىرىش
ياكى پائالىيىتى: تەھرىرلىك گېزىتچىلىكتە ناھايىتى مۇھىم ئۆتكەل
بولغاچقا، گېزىتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**گېزىتخانا** ئى <مەت> گېزىت ماتېرىياللىرىنى يىغىش،
تەھرىرلەش ۋە نەشر قىلىش بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىدىغان
ئورۇن، ئىدارە.

**گېزىت- ژۇرنال** گېزىت ۋە ژۇرنال.

**گېزىرىشمەك** «گېزەرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گېزىتخۇمار** سۈپ [گېزىت + خۇمار] گېزىت ئوقۇشقا خۇمار
بولغان، گېزىت ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان، گېزىتكە ئامراق: ئۇ
بىر گېزىتخۇمار ئادەم ئىدى.

**گېستاپو** ئى [ر<نېم] <تارىخ> گىتلېرچىلار گېرمانىيە-
سىدىكى فاشىزمغا قارشى كۈچلەرنى قانلىق باستۇرۇش ۋەزى-
پىسىنى ئۈستىگە ئالغان يوشۇرۇن دۆلەت ساقچىسى.

**گېستاپوچى** ئى <تارىخ> گېستاپودا خىزمەت قىلىدىغان
فاشىست.

**گېكتار** مىق [ر<گىرېك + لات] مېتىر سىستېمىسىدىكى
10 مىڭ كىۋادرات مېتىرغا تەڭ مەيدان ئۆلچەم بىرلىكى.

**گېكتوگراف** ئى [ر] <مەت> تۇز بەت باسمىسىدىن بىرى
بولۇپ، رەڭلىك باسما دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سېنكىغا (تۇز مېتال
تاختىغا) ئېلىنغان رەسىم ۋە تېكىست خەتلىرىدىكى ماي
بوياقنى كاۋچۇك لاتىغا ئورالغان باسما تۇلۇقنىڭ ۋاستىـ-
سىدىن پايدىلىنىپ قەغەز يۈزىگە بېسىش ئۇسۇلى، كاۋچۇك
لاتىنىڭ ئېلاستىكلىقى بولغاچقا، بۇ ئارقىلىق ئىنچىكە رەسىم
ۋە خەتلەرنى ئېنىق بېسىشقا بولىدۇ.

**گېكتوگرام** مىق [ر<گىرېك] مېتىر سىستېمىسىدىكى
100 گىرامغا تەڭ ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى.

**گېكتولىتىر** مىق [ر<گىرېك + فىران] مېتىر سىستېمىـ-
سىدىكى 100 لىتىرغا تەڭ سىغىم ئۆلچەم بىرلىكى.

**گېكتومېتىر** مىق [ر<گىرېك + فىران] مېتىر سىستېمىـ-
سىدىكى 100 مېتىرغا تەڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى.

**گېكساخلوران** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئورگانىك
بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلاسى $C_6H_6Cl_6$ . ئاق رەڭلىك ياكى
سۇس سېرىق رەڭلىك پاراشوك. تەمى ئاچچىق، سۇدا ئېرى-
مەيدۇ، ئىسپىرت ۋە كىرسىندە ئېرىيدۇ. ئۇ بىر خىل ئىشلىـ-
تىلىشى بەك كەڭ بولغان قۇرت ئۆلتۈرگۈچى دورىدۇر.

**گېگېل** ئى. گېرمانىيەنىڭ 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى
بىر پەيلاسوپى گېگېل كانتنىڭ ئىسمى.

**گېگېلچىلىق** ئى <پەلس> 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا
گېرمانىيە پەيلاسوپى گېگېل كانت، فىشت ۋە شېللىڭلارنىڭ
پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ياراتقان، ئەينى
زاماندىكى ياۋروپا پەلسەپە تارىخىدا ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇندا
تۇرغان ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزم سىستېمىسى. ئۇنىڭدا ئالەم
بىنا بولۇشتىن ئىلگىرى بىر خىل «مۇتلەق روھ» مەۋجۇت
بولغان بولۇپ، دۇنيادىكى ھەممە مەۋجۇدىيەتلەر ئۇنىڭ ئىپا-
دىسى ياكى ئۇنىڭدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگەن قاراش ئىلگى-
رى سۈرۈلىدۇ.

**گېگېلىزم** ئى [ر] <پەلس> ← **گېگېلچىلىق**.

**گېگېلىزمچى** ئى. گېگېلىزم تەرەپدارى، گېگېلىزمنى ياقلى-
غۇچى كىشى: بۇ ئىتالىيەلىك يېڭى گېگېلىزمچى كىروچىنىڭ: «تارىخ
ھەربىر شەخسنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت» دېگەن سۆزى بىلەن مەنداش كېلىدۇ.

**گېگېلىزملىق** سۈپ. گېگېلىزمغا ئائىت، گېگېلىزمغا
ئاساسلانغان: ئۇلار يا بۇ نۇقتىغا تامامەن سەل قارايدۇ، يا بۇ ئېنىگې-
لىسنىڭ «گېگېلىزملىق كېسەلى» دەپ ھېسابلايدۇ.

**گېلاۋ** ئى [خەن] <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت
ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ
جيەنشى، جىجىن، زۇنيى، رېنخۇەي قاتارلىق ناھىيەلىرىگە،
گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ لۇڭلىن ۋە يۈننەن
ئۆلكىسىنىڭ ۋېنشەن قاتارلىق رايونلىرىغا تارقاق
ئولتۇراقلاشقان. ئاھالىسى 20 مىڭدىن ئاشىدۇ. كۆپچىلىكى
خەنزۇ تىلى ۋە سانى كۆپرەك بولغان باشقا ئاز سانلىق مىللەت-
لەر تىلىدا سۆزلىشىدۇ. بىر قىسمى ئۆز تىلىدا سۆزلىشىدۇ.

**گېلاۋچە** ① سۈپ. گېلاۋلارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنى-
يىتىگە ئائىت: گېلاۋچە ئادەت. گېلاۋچە كىيىم. ② ئى. گېلاۋ تىلى
ۋە يېزىقى: گېلاۋچىنى ئۆگەنمەك. ③ رەۋ. گېلاۋ تىلىدا. گېلاۋ تىلى
بىلەن: گېلاۋچە سۆزلىمەك.

**گېلاۋخۇي** ئى [خەن] <تارىخ> باڭخۇي تەشكىلاتىنىڭ بىر
خىلى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى چاڭجياڭ دەريا-
سى ۋادىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەرىكەت ئېلىپ بارغان.
ئەزالىرىنىڭ كۆپچىلىكى شەھەر ـ يېزىلاردىكى كۆچمەنلەردىن
تەركىب تاپقان. دەسلەپتە ئۇلار چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى
كۈرەش قىلىش ئاڭلىقلىقىغا ئىگە بولۇپ، كېيىن پارچىلىنىپ
ئوخشىمىغان مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئاخىرىدا ئەكسى-
يەتچى كۈچلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلگەن.

**گېلەك** ئى. دىيال. يۇڭى ئۈچ سانتىمېتىردىن قىسقا تېرە.

**گېلىسپىيۇم** ئى [لات] <بوت> كۈچۈلا ئائىلىسىدىكى دائىم
يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. غولى يۆگىمەچ، يوپۇرمىقى تۇخۇم
ياكى تۆمۈنە شەكلىدە، گۈلى سېرىق، مېۋىسى غوزا مېۋە،
ئۇرۇقى زەھەرلىك، تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ.

**گېلىكتەمەك** پ. دىيال. گىرە سېلىپ تۇتماق.

**گېلىي** ئى [ر<گىرېك] <خىم> گاز ئېلېمېنت، بەلگىسى
He (Helium). بۇ بىر خىل ئىنېرتلىق ئېلېمېنت بولۇپ،
رەڭسىز، پۇراقسىز كېلىدۇ. لامپۇچكا ۋە نېئون چىرىغىنى
تولدۇرۇشتا ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا كۆپتۇرمە

سولياۋلارنى ياساشتىمۇ قوللىنىلىدۇ. سۈيۈق گېلىي ئادەتتە سوۋۇتقۇچى قىلىنىدۇ.

**گېماتىن** ئى [ر<گىرېك] <بىيول> تەركىبىدە تۆمۈر ماددىسى بولغان پورفىرىنلىق بىر خىل بىرىكمە. گېموگلوبىن بىلەن بەزى ئوكسىدلارنى ئوكسىدسىزلىغۇچى ئېنزىملارنىڭ ئاگونى ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە جانلىق ئورگانىزم تېنىدىكى ئوكسىگېننى يەتكۈزۈش ۋە ئوكسىدلارنى ئوكسىدسىزلاش فۇنكسىيەسىگە قاتنىشىدۇ.

**گېموروي** ئى [ر<گىرېك] <تېب> بوۋاسىر.

**گېموگلوبىن** ئى [ر<گىرېك + لات] <بىيول>قان سۈيۈقلۇقىدىكى تەركىبىدە تۆمۈر بىلەن ئاقسىل بولغان قىزىل رەڭلىك بىرىكمە. ئۇ ئوكسىگېن ياكى كاربون (Ⅳ) ئوكسىد بىلەن ئاسان بىرىكىدۇ ھەم ئاسان ئاجرىلىدۇ. قان سۈيۈقلۇقى گېموگلوبىننىڭ ياردىمى بىلەن ئۆپكە پۇۋەكچىسى ئىچىدىن ئوكسىگېننى قوبۇل قىلىپ، بەدەننىڭ ھەربىر توقۇلمىلىرىغىچە يەتكۈزىدۇ ۋە بەدەننىڭ ھەربىر توقۇلمىلىرىدىكى كاربون (Ⅳ) ئوكسىدنى ئۆپكىگە ئېلىپ كېلىپ بەدەن سىرتىغا چىقىرىدۇ. قاننىڭ قىزىل بولۇشى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

**گېن** ئى [ر<گىرېك] <بىيول> جانلىقلار تېنىدىكى ئىرسىيەتنىڭ ئاساسىي بىرلىكى. ئۇ ھۈجەيرىدىكى خروموسومىغا تۈز سىزىق بويلاپ جايلىشىدۇ.

**گېنتىيانا** ئى [ر<لات] <بوت> گېنتىيانا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى سۆسۈن رەڭدە بولۇپ، كاناي شەكلىدە ئېچىلىدۇ؛ چاچما يىلتىزى ئاشقازاننى كۈچەيتىش دورىسى قىلىنىدۇ.

**گېنداش** سۈپ. گېنى ئوخشاش، ئوخشاش گېنلىق: گېنداش جانلىق.

**گېنداشلىق** ئى. گېنى ئوخشاشلىق: ئىنسانىيەت ئەجدادى بولغان پىرمانىيەت ئەسلىي ئوۋچى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق گېنداشلىق دەقىقى ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىدۇ.

**گېنرى** ئى [ئىنگ] <فىز> ئىندۇكتىپلىق بىرلىكى. ئېلېكتىر زەنجىرىدىكى ئېلېكتىر مىقدارىنىڭ بىر سېكۇنت ئىچىدىكى ئۆزگىرىشى بىر ئامپېر بولۇپ، ھاسىل بولغان ئۆز ئىندۇكسىيە ياكى ئۆزئارا ئىندۇكسىيەنىڭ ئېلېكتىر يۈرگۈزگۈچى كۈچى بىر ۋولت بولغان چاغدا، ئېلېكتىر زەنجىرىدىكى ئىندۇكتىپلىق بىر گېنرى بولىدۇ. بۇ نام ئامېرىكا فىزىكا ئالىمى گېنرى (Joseph Henry) نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن.

**گېنېتىك** سۈپ [ر] گېنېتىكىغا ئائىت؛ بىرەر نەرسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىيات جەريانىغا ئالاقىدار بولغان: گېنېتىك مۇناسىۋەت. * ئاناتومىيە ۋە بىيولوگىيە ئالىملىرى روھىي قاتالىقىنىڭ گېنېتىك ئەنئەنە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان كەشپىياتلارنى ئوتتۇرىغا چىقارغىنى يوق.

**گېنېتىكا** ئى [ر<گىرېك] <بىيول> جانلىقلارنىڭ ئىرسىيەت ۋە ئۆزگىرىشچانلىق قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن: ئىنسانلار گېنېتىكىسى. ھايۋانلار گېنېتىكىسى. ئۆسۈملۈكلەر گېنېتىكىسى. جانلىقلار گېنېتىكىسى.

**گېنېتىكلىق** سۈپ. گېنېتىكىغا ئائىت، گېنېتىكىغا خاس، گېنېتىكىغا مۇناسىۋەتلىك.

**گېنېراتور** ئى [ ر<لات ] <فىز> ئېلېكتىر ماگنىت ئىندۇكسىيەسىدىن پايدىلىنىپ، ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىنى ھاسىل قىلغۇچى ماشىنا. كۆپرەك كاتۇشكا ئورالغان روتور ۋە ئىستاتوردىن تەشكىل تاپىدۇ. ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ماشىنا بىلەن روتور ئايلاندۇرۇلسا، ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى ھاسىل بولىدۇ.

**گېنېرال** ئى [ر<لات] <ھەرب> ← **جياڭجۈن**.

**گېئوپوتېنسىيالمېتىر** ئى [ر<گىرېك + لات] <مېتېئور> پوتېنسىيال ئېگىزلىك بىرلىكلىرىدىن بىرى. بىر گېئوپوتېنسىيالمېتىر 9.8/g گېئومېتىرىيەلىك مېتىرغا تەڭ.

**گېئوتېرمىكا** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**گېئوتېكتونىكا** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> گېئولوگىيەدىكى ئومۇمىي تارماق پەن. ئۇ چوڭ تىپتىكى يەر پوستىدىن تارتىپ، پۈتۈن يەر شارى تۈزۈلمىسىنىڭ پەيدا بولۇشى، يېتىلىشى، رايون دائىرىلىك تۈزۈلمىنىڭ بىرىكىشى ياكى شەكىل ئۆزگەرتىش خۇسۇسىيىتى، جايلىشىشى، ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە تارىخىي ئۆزگىرىشى، شۇنىڭدەك مۇشۇ تۈزۈلمىنى پەيدا قىلىدىغان يەر پوستى ھەرىكىتى بىلەن كۈچ مەنبەسىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**گېئوتېكتونىكلىق** سۈپ. گېئوتېكتونىكىغا ئائىت، گېئوتېكتونىكىغا ئالاقىدار بولغان: گېئوتېكتونىكلىق خەرىتە.

**گېئوخىمىيە** ئى [ر<گىرېك + ئە] <گېئول>يەر پوستىدىكى ھەر خىل خىمىيەلىك ئېلېمېنتلارنىڭ تارىلىش قانۇنىيىتى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**گېئودېزىيە** ئى [ر<گىرېك] <چار> توپوگرافىيەلىك ئۆلچەپ سىزىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىدىغان ۋە تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**گېئوسىنكلىنال** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> يەر پوستىدىكى جىددىي ھەرىكەتچان رايون، يەنى ئاساسىي چوڭ تۈزۈلمە بىرلىكلىرىدىن بىرى.

**گېئوفىزىكا** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> فىزىكا نەزەرىيەسى ۋە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تۈرلۈك گېئوفىزىكىلىق مەيدان، يەر شارىنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى، قۇرۇلمىسى، شەكلى ۋە ئۇلاردا يۈز بەرگەن تۈرلۈك فىزىكىلىق جەريانلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**گېئوفىزىكىلىق** سۈپ. گېئوفىزىكىغا ئائىت، گېئوفىزىكىغا ئالاقىدار بولغان: گېئوفىزىكىلىق چارلاش.

**گېئوگرافىيە** ئى [ ر<گىرېك ] جۇغراپىيە، جۇغراپىيە ئىلمى.

**گېئوگرافىيەلىك** سۈپ. گېئوگرافىيەگە ئائىت، گېئوگرافىيەگە ئالاقىدار بولغان، جۇغراپىيەلىك.

**گېئولوگ** ئى [ر] گېئولوگىيە ئالىمى، مۇتەخەسسىسى.

**گېئولوگىيە** ئى [ر<گىرېك] يەر شارىنى شەكىللەندۈرگۈچى ماددىلار ۋە يەر پوستى تۈزۈلمىسىنى، شۇنداقلا يەر شارىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**گېئولوگىيەلىك** سۈپ. گېئولوگىيەگە ئائىت، گېئولوگىيەگە ئالاقىدار بولغان: گېئولوگىيەلىك جەريان. گېئولوگىيەلىك خەرىتە. گېئولوگىيەلىك دەۋرلەر. گېئولوگىيەلىك فورماتسىيە.

**گېئومورفولوگىيە** ئى [ر<گىرېك] تەبىئىي جۇغراپىيەنىڭ بىر تارمىقى، يەنى يۈتكۈل يەر شارىنىڭ پوستى (قۇرۇقلۇق ۋە ئوكيان ئاستى) ياكى مەلۇم بىر رايوندىكى يەر يۈزى رېلېفىنىڭ مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى، شەكىللىنىش سەۋەبى، يېتىلىش قانۇنىيىتى، جايلىششى ۋە ئۇنىڭدىن ئېچىپ پايدىلىنىش قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**گېئومورفولوگىيەلىك** سۈپ. گېئومورفولوگىيەگە ئائىت، گېئومورفولوگىيەگە ئالاقىدار بولغان: گېئومورفولوگىيەلىك تىپ.

**گېئومېترىيە** ئى [ر<گىرېك] <مات> بوشلۇقتىكى شەكىللەرنىڭ كۆرۈنۈشى، چوڭ-كىچىكلىكى ۋە ئورۇنلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**گېئومېترىيەلىك** سۈپ. گېئومېترىيەگە ئائىت، گېئومېترىيەگە ئالاقىدار بولغان: گېئومېترىيەلىك جىسىم. گېئومېترىيەلىك شەكىل. * ئېكران ھەرگىزمۇ نوقۇل ئوبيېكتىپ قىياپەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان فىزىكىلىق ھەم گېئومېترىيەلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بوشلۇق ئەمەس.

**گېئومېخانىكا** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> لى سىگۇاڭ (1889 ــ 1971) بەرپا قىلغان گېئولوگىيەدىكى مېخانىكا بىلەن گېئولوگىيە بىرلەشتۈرۈلگەن بىر تارماق پەن.

**گىببېرېللىن** ئى [ر<لات] <بىيول> ئۆسۈملۈك ھورمۇنىنىڭ بىر تۈرى. ئۇ گىببېرېللىن زەمبۇرۇغىنىڭ مېتابولىزم مەھسۇلاتى بولۇپ، خىمىيەۋى ئۇسۇلدا ئاجرىتىپ ئېلىنىدۇ. ساپ گىببېرېللىن ئاق رەڭلىك پاراشوك بولۇپ، سۇدا تەستە ئېرىيدۇ، ئىسپىرت ۋە مايلاردا ئېرىيدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتىش، ئۈيقۇسىنى ئېچىش، ئۇرۇقسىز مېۋىلىتىش روللىرى بار.

**گىببسىت** ئى [ر] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيەلىك تەركىبى Al(OH) . تەركىبىدىكى ئاليۇمىن %4 .65. تەركىبىدە كۆپىنچە تۆمۈر ۋە گاللىي بولىدۇ. يەككە ياقلىق كىرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. كىرىستاللىرى ئىنتايىن كەم ئۇچرايدۇ. قۇراشمىسى ئادەتتە ئۇششاق قاسىراقسىمان بولىدۇ، بەزىدە موندەك، پۈرچاق ياكى يوشۇرۇن كىرىستاللىق كاللەكسىمان بولىدۇ. رەڭگى ئاق، كۈل رەڭ، يېشىل ياكى سۇس قىزىل. ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى 2.5 ~ 3 ، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 2.43.

**گىبرىد** ئى [ر<لات] <گېئول> ئىككى خىل ماگمىنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن ماگما جىنس.

**گىپنوز** ئى [ر<گىرېك] <تېب> ① ئىشەندۈرۈش، تەسىر كۆرسىتىش يولى بىلەن ئىنساندا، يۇقىرى ئۇمۇرتقىلىق ھايۋانلاردا پەيدا قىلىنىدىغان يېرىم ئۇيقۇ ھالىتى. ② شۇ خىل يول بىلەن ئۇخلىتىپ داۋالاش ئۇسۇلى.

**گىپنوزچى** ئى. گىپنوز قىلغۇچى كىشى، گىپنوز ئۇسۇلى بىلەن داۋالىغۇچى دوختۇر.

**گىنوزلاتماق** «گىپنوزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گىپنوزلانماق** «گىپنوزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىبراھىم ئاتىنىڭ كۆزى بىلەن گىپنوزلانغان خېلىل، ئاڭلىنار - ئاڭلانماس قىلىپ «ئېيتمايمەن» دەپ پىچىرلىدى.

**گىپنوزلۇق** ئى. گىپنوز قىلىش ئىشى: گىپنوزلۇق قىلماق. * سەلىمە ئۇنىڭ «گىپنوزلۇق» قىلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، جەملە ئاچىنى ئاران تەسلىكتە كۆڭلىدىن چىقاردى.

**گىپنوزلىماق** پ. گىپنوز ئۇسۇلى بىلەن ھوشسىزلاندۇرماق، يېرىم ئۇيقۇدا بىھوش قىلماق: ئۇلار ئەنۋەرنى گىپنوزلاش ئۈچۈن تەجرىبە ئۆيىگە ئەكىردى.

**گىپوخلورىت** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئانورگانىك ماددا. مولېكۇلا فورمۇلاسى HCIO . ئۇ ئىنتايىن تۇراقسىز بولۇپ، ئېرىتمىدە ھىدروخلور بىلەن ئوكسىگېنغا ئاستا - ئاستا پارچىلىنىدۇ. ئۇ يەنە كۈچلۈك ئوكسىدلىغۇچى ھېسابلىنىدۇ.

**گىپوفىز** ئى [ر<گىرېك] <ئانات> مېڭىنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىگە جايلاشقان ھەجمى ئىنتايىن كىچىك، ھەرخىل ھورمۇنلارنى ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان بەز: گىپوفىز بېزى. گىپوفىز ھورمۇنى.

**گىپېربولا** ئى [ر<گىرېك] <مات> تەكشىلىكتىكى ئىككى قوزغالماس نۇقتىغىچە بولغان ئارىلىقلىرىنىڭ ئايرىمىسى باشتىن - ئاخىر تۇراقلىق قىممەتكە تەڭ بولىدىغان بىر ھەرىكەتچان نۇقتىنىڭ تەكشىلىكتە سىلجىشىدىن ھاسىل بولغان تىرايېكتورىيە. ئىككى قوزغالماس نۇقتا گىپېربولانىڭ فوكۇسلىرى دېيىلىدۇ.

**گىپېرون** ئى [ر<گىرېك] <فىز> ماسسىسى نېيتروندىنمۇ ئېغىر بولغان ئاساسىي زەررىچە. گىپېروننىڭ ئېنېرگىيەسى ئىنتايىن يۇقىرى، شۇنداقلا بەك تۇراقسىز بولىدۇ.

**گىپس** ئى [ر<لات] <خىم> ① ئاق ياكى سارغۇچ رەڭلىك مىنېرال، يەنى كالتسىي سۇلفات (گەج). ئۇ پىشۇرۇلۇپ ئۇن ھالىتىگە كەلتۈرۈلۈپ ئىشلىتىلىدۇ. ② <تېب> سۆڭەكنىڭ چىققان ، سۇنغان يەرلىرىنى تاختا قويۇپ شۇ ماتېرىيال بىلەن تاڭغان تېڭىق : گىپسنى ئېلىۋەتمەك .

**گىپسلاتماق** «گىپسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گىپسلىماق** <تېب> زەخىملەنگەن ئۇستىخان ۋە ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكەن ئۇگىلەرنى گىپس بىلەن قاتۇرۇپ تاڭماق، تاختايغا ئېلىپ باغلىماق : قولنى گىپسلىماق . پۇتنى گىپسلىماق.

**گىتار (گىتارى)** ئى [ر<ئىسپان <گىرېك] <مۇز> تارلىق چالغۇ. ئالتە ياكى يەتتە تال تارى بار. بىر قول ئۇرۇپ - چېكىپ چالسا، يەنە بىر قول پەدە بېسىپ بېرىدۇ.

**گىتارچى** ئى. گىتار چالغۇچى، گىتار چالىدىغان سازەندە.

**گىجەك** ① ئى. سۇزۇلگەن مەشۇتنى غاغىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان ھالقىلىق سىم. ② سۈپ. چىگىش توقۇلۇپ كەتكەن، غۇژمەكلەشكەن؛ چاڭگا: گىجەك ساچىغا ئوخشاش كۆڭلىگە مىڭ - مىڭ تۈگۈن چۈشتى، قەيەردە بىر تېۋىپكىم قىلسا ئىشقىنىڭ دەردىگە مەلھەم.

**گىجەكلەشمەك** پ. غۇژمەكلەشمەك، چىگىشلەشمەك: ئۇ ئىرىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە، پېشانىسىدىكى قورۇقلارغا، گىجەكلىشىپ ئۆسۈپ كەتكەن ساقال - بۇرۇتلىرىغا، ياغاق سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان يۈزىگە قاراپ يىغىسىنى ئاران بېسىۋالدى.

**گىجىرماچ** سۈپ. باش - ئايىغى يوق، ئارىلىشىپ كەتكەن؛ گىچماچ: گىجىرماچ خەت. گىجىرماچ ئىش. گىجىرماچ نەرسە.

**گىجىك** سۈپ. قولىدىن ئىش چىقمايدىغان، ئېزىلەڭگۈ، قاشاڭ ھەم كاج: گىجىك ئادەم. گىجىك بالا.

**گىجىڭلىق** ئى. قولىدىن ئىش چىقماسلىق، قاشاڭلىق، ئېزىلەڭگۈلۈك، كاجلىق: ئوغلىنىڭ بۇ قەدەر گىجىڭلىقىدىن خۇن بولغان ئانا ئاشخانىغا چىقتى - دە، قولىغا چىققان تۆمۈر زىقچىنى ئېلىپ ئالىمنى ساۋىماقچى بولدى.

**گىجىڭلىماق** پ. دىيال. ئىككىلەنمەك.

**گىجىم** ئى ① ئېگەرنىڭ يوپۇقى. ② دوپپا تۆپىلىكىنىڭ چۆرىسىگە كىۋادرات شەكىلدە ھەرە چىشى چىقىرىپ تىكىلىدىغان گۈل.

**گىچ** تەق. خام ياكى چالا پىشقان نەرسىلەرنى چايىنىغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**گىچاڭلاتماق** پ. دىيال. كۆز - كۆز قىلماق.

**گىچچىدە** رەۋ. «گىچ» قىلغان ھالدا، «گىچ» قىلىپ: قاداق چامغۇرمىكىن ئەيتاۋۇر، بىرنېمە چىشمىنىڭ ئارىسىدا گىچچىدە قىلدى.

**گىچ - گىچ** «گىچ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: — مۇنۇ مانتىنىڭ پىيىزى گىچ - گىچ قىلىدۇ، پىشمىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ ئاشپەزگە.

**گىچماچ** سۈپ. قالايمىقان، ئارىلىشىپ كەتكەن، چىگىش: گىچماچ ئىش. گىچماچ خىيال. * ئۇ كۆڭلىدىكى گىچماچ خىيال بىلەن بەند ئىدى.

**گىچماچلاشتۇرماق** «گىچماچلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گىچماچلاشماق** پ. قالايمىقانلاشماق، ئارىلىشىپ كەتمەك، چىگىشلەشمەك: مەن ئۇنىڭغا ياخشى بولدى ياكى يامان بولدى دېمىدىم. پىكىر - خىياللىرىم گىچماچلىشىپ كەتتى.

**گىچىر** تەق. چىشنى چىشقا سۈركىگەندە چىقىدىغان ئاۋاز.

**گىچىر - گىچىر** «گىچىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**گىچىرلاتماق** «گىچىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گىچىرلىماق** پ. «گىچىر - گىچىر» قىلماق، «گىچىر - گىچىر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق.

**گىچىلداتماق** «گىچىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گىچىلداشماق** «گىچىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گىچىلدىماق** پ. «گىچ - گىچ» قىلماق، «گىچ - گىچ» قىلغان ئاۋاز چىقماق.

**گىچماچاڭ** سۈپ. ئارىلىشىپ كەتكەن، ئايرىماق تەس بولغان، مۇرەككەپ: گىچماچاڭ ئىش. گىچماچاڭ نەرسە.

**گىدە** سۈپ. دىيال. بۇدۇر، بۇجغۇر.

**گىدەيتمەك** «گىدەيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گىدەيتىلمەك** «گىدەيتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**گىدەيمەك** پ ① غادايماق: ئۇ كۆزلىرىنى مىت - مىت قىلىپ، باستىنىڭ گىدىيىپ تۇرغان ئەپتىگە تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى. ② كۆچمە. كىبىرىنى كۆرسەتمەك، ئۆزىنى چوڭ تۇتماق: ئۇ ھېلىقى دانىشمەننى مەنسىتمىگەن قىياپەتتە گىدىيىپ ئولتۇرۇپتۇ.

**گىدىك** ئى. ماڭغۇدەك بولغان كۈچۈك.

**گىدىك - گىدىك** كۈچۈكنى چاقىرىش ئىماسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز.

**گىدىگەي** سۈپ. دىيال. ھاكاۋۇر، گىدەيگەك.

**گىدىيىشمەك** «گىدەيمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىزگە گىدىيىشىپ قاراپ تۇراتتى.

**گىر** ئى [ر] ئېغىرلىق ئۆلچىگۈچى سايمان، يەنى تارازىلارنىڭ چوڭ بىر خىلى. ئادەتتە يەر ئۈستىگە قويۇلىدۇ. 500 كىلوگىراملىق، 1000 كىلوگىراملىقلىرى جىق ئىشلىتىلىدۇ؛ 1000 كىلوگىرامدىن يۇقىرىلىرى يۈك ئاپتوموبىللىرى قاتارلىق چوڭ تىپتىكى ئېغىرلىقلارنى ئۆلچەشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**گىرابىن** ئى [ر<نېم] <گېئول> ئىككى بۆلەك ئۇزۇلۇش بەلبېغى ئارىسىدىكى تۆۋەنگە چۈشكەن جىنس قاتلىمى.

**گىرادۇس** مىق [ر<لات] ① <مات> بۇلۇڭ ياكى ياي ھېسابلاش بىرلىكى. چەمبەرنى تەڭ 360 بۆلەككە بۆلگەندە ھاسىل بولغان ياي بىر گىرادۇسلۇق ياي، بىر گىرادۇسلۇق ياي قارشىسىدىكى مەركىزىي بۇلۇڭ بىر گىرادۇسلۇق بۇلۇڭ دېيىلىدۇ. بىر گىرادۇس 60 مىنۇتقا تەڭ. ② <جۇغ> پاراللېل ياكى مېرىدىيانىنىڭ 360 تىن بىر قىسمى. پاراللېل ياكى مېرىدىيان بويلاپ ھېسابلىنىدۇ. ③ <مېتېئور> تېمپېراتۇرا ئۆلچەم بىرلىكى؛ دەرىجە: 35 گىرادۇس ئىسسىق. ④ <خىم> سۇيۇقلۇقنىڭ زىچلىقىنى، شۇنىڭدەك ئىسپىرت كۈچىنى ئۆلچەش بىرلىكى: بۇ ھاراقنىڭ گىرادۇسى بەك يۇقىرى.

**گىرادۇسلۇق** سۈپ ① گىرادۇسى بار، گىرادۇس ئورنىتىلغان: گىرادۇسلۇق كالېندار. ② گىرادۇسقا يەتكەن، گىرادۇس دەرىجىسىدىكى، گىرادۇسقا تەڭ: ئۇ يۇقىرى گىرادۇسلۇق مەشتە تاۋلانغان پولاتتەك ئىنتايىن مۇستەھكەم ئىدى.

**گىرادىئېنت** ئى [ر<لات] <مېتېئور> بىرلىك ۋاقىت ياكى بىرلىك مۇساپە ئىچىدىكى مەلۇم ھادىسە (مەسىلەن، تېمپېراتۇرا، ھاۋا بېسىمى، زىچلىق، سۈرئەت قاتارلىقلار)نىڭ ئۆزگىرىش دەرىجىسى.

**گىراژدان** ئى [ر] پۇقرا: سوۋېت گىراژدانى. ئامېرىكا گىراژدانى.

**گىراژدانلىق** ئى. پۇقرالىق: گىراژدانلىق كىنىشكىسى.

**گىراف** ئى [ر<نېم] غەربىي ياۋروپادا ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىكى رۇسىيەدە كىنەزدىن كېيىن، باروندىن

يۇقىرى تۇرىدىغان ئورۇندا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇنۋانى ۋە شۇ ئۇنۋانغا ئىگە بولغان ئورۇندا ئەمەلدارى.

**گرافا** ئى [ر<گىرېك] ھەر خىل جەدۋەل ۋە ئىدارە دەپتەرلىرىدە ئىككى تىك سىزىق ئارىسىدىكى، ھەر خىل مەلۇماتلار يېزىلىدىغان ئىستون.

**گرافىت** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> بىر خىل مېنېرال. خىمىيەلىك تەركىبى كاربون (C) . تۇق كۈل رەڭ ۋە مېتال پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى تۆۋەن، ئېرىش نۇقتىسى يۇقىرى، توكنى ياخشى ئۆتكۈزىدۇ، خىمىيەلىك خۇسۇسىيىتى تۇراقلىق. ئادەتتە ساپال قازان، ئېلېكتىر قۇتۇپى، قېرىنداش سىياھى، سىلىقلىتىش مېيى، بوياق، چىرىشتىن ساقلىغۇچى سىر ۋە ئاتوم رېئاكسىيە قازىنىدىكى سۈرئەت ئاستىلىتىش رېئاكتىپى قاتارلىقلار ياسىلىدۇ.

**گرافىك** ئى [ر<گىرېك] ① ھەر خىل مىقدارلىق باغلىنىشلارنى سىزىقلار ۋاستىسى بىلەن تەسۋىرلەش ۋە شۇنداق تەسۋىرنىڭ ئۆزى. ② ئىش نورمىسى ۋە بېجىرىلىش مۇددىتى ئېنىق كۆرسىتىلىپ تۈزۈلگەن پىلان.

**گرافىكا** ئى [ر<گىرېك] ھەر خىل ئەھۋاللارنى كۆرسىتىدىغان ۋە تۇرلۇك رەقەملەرنى ئىزاھلاپ بېرىدىغان ئىسخېما ياكى جەدۋەللەرنىڭ ئومۇمىي نامى. مەسىلەن، ئىسخېمىلىق خەرىتە، ئىستاتىستىكا جەدۋىلى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**گرافىكلىق** ① سۈپ. گىرافىكىسى بار، گىرافىكىغا ئىگە. ② رەۋ. گىرافىكا بىلەن، گىرافىكا ئارقىلىق: گىرافىكىلىق يېشىش.

**گىرام** مىق [ر<فىران] <مات> مېتىر سىستېمىسىدىكى ئېغىرلىق ياكى ماسسا بىرلىكى. بىر گىرام بىر كىلوگىرامنىڭ مىڭدىن بىرىگە تەڭ.

**گىراملاتماق** «گىراملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گىراملانماق** «گىراملىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**گىراملىق** سۈپ. گىرام ئېغىرلىقىدىكى، گىرام كېلىدىغان: 500 گىراملىق ماي بېلەت.

**گىراملىماق** پ. نەرسىلەرنى گىرامنى بىرلىك قىلىپ ئۆلچىمەك؛ تارتماق.

**گىراماتىكا** ئى [ر<گىرېك] <تىل> ① تىلشۇناسلىقنىڭ تىلنىڭ قۇرۇلما شەكلىنى، يەنى سۆزلەرنىڭ ياسىلىش، تۈرلىنىش ھەمدە سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈش قائىدىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى. ئۇ مورفولوگىيە بىلەن سىنتاكسىسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: تارىخىي گىراماتىكا. تەسۋىرىي گىراماتىكا. سېلىشتۇرما گىراماتىكا. ② بىرەر تىلنىڭ ئۆزىگە خاس قۇرۇلما شەكلى، يەنى سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى، تۈرلىنىشى، سۆز بىرىكمىسى ھەم جۈملىلەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئائىت قائىدىلىرىنىڭ يىغىندىسى. ③ شۇ قائىدىلەر بايان قىلىنغان ئوقۇش كىتابى، دەرسلىك: ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى. ئوتتۇرا مەكتەپ گىراماتىكىسى. باشلانغۇچ مەكتەپ گىراماتىكىسى.

**گىراماتىكىلىق** سۈپ. گىراماتىكىغا ئائىت: گىراماتىكىلىق شەكىل. گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە. گىراماتىكىلىق مەنە. گىراماتىكىلىق ۋاستە.

**گىرانات** ئى [ر<نېم] <ھەرب> قول بىلەن تاشلايدىغان بىر خىل كىچىك تىپتىكى بومبا. بەزىلىرىدە ساپ بولىدۇ.

**گىراناتومىيوت** ئى [ر] <ھەرب> زەمبىرەك ئوقىنى ئاتقىلى بولىدىغان بىر خىل كىچىك تىپتىكى قورال. زەمبىرەك ئوقى ئاغزىدىن قاچىلىنىدۇ، ئېتىش مۇساپىسى بىر قەدەر يېقىن.

**گىرانىت** ئى [ر<ئىتال] <گېئول> ماگمىنىڭ يەر پوستىدا تەدرىجىي سوۋۇشى بىلەن قېتىشىپ كىرىستالغا ئايلانغان تاغ جىنسى. يەر يۈزىگە كەڭ تارقالغان.

**گىرانىتلىق** سۈپ. تەركىبىدە گىرانىت بولغان، گىرانىتقا ئىگە: گىرانىتلىق پىگماتىت. گىرانىتلىق دىيورىت.

**گىراۋىتاتسىيە** ئى [ر<لات] <فىز> ئېغىرلىق كۈچى؛ تارتىش كۈچى.

**گىراۋىتاتسىيەلىك** رەۋ. ئېغىرلىق كۈچى بىلەن، ئېغىرلىق كۈچى ئارقىلىق: گىراۋىتاتسىيەلىك چارلاش.

**گىراۋىمېترىيە** ئى [ر<لات] <گېئول> قاتتىق جىسىملار گېئوفىزىكىسىنىڭ بىر تارمىقى. ئاساسىي ۋەزىپىسى يەر شارىنىڭ ئېغىرلىق كۈچ مەيدانى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى ئۆلچەپ چىقىشتىن ئىبارەت.

**گىرە** ئى [پ] ① ئىشىك، ئىشكاپ، دېرىزە قاناتلىرىغا بېكىتىلىپ، ئېچىپ - يېپىشقا خىزمەت قىلىدىغان مېتال بۇيۇم. ② ئىككى قولنى بىر - بىرىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپ بىرەر نەرسىنى قۇچاقلاش، قىسىش ياكى پۇت - قول قاتارلىقلارنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش ھالىتى: ئويلاپ قارا، ھاياتمۇ گىرە، قىسىپ ئالار گاھى سېنىمۇ. ياسالايدۇ تۇرمۇش ئېكىكى، يۈرەكىڭنىڭ ئاچقۇچىنىمۇ.

**گىرەچە** ئى. كىچىك گىرە.

**گىرەدىمەك** پ. گىرە سالماق: مەن ئوغلۇم ئەنۋەر «ئاتا» دەپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۆزىنى ماڭا ئۇرغاندىلا ئاندىن ئېسىمگە كەلدىم. ئوغلۇم ئىككى پۇتۇمنى گىرەدەپ تۇتۇپ تۇرۇۋالدى.

**گىرە - گىرە** ① «گىرە» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② توپ - توپ، سەپ - سەپ، قاتار - قاتار؛ نۇرغۇن: قوي تۇغىدۇ بىرە - بىرە، يۇرىدۇ گىرە - گىرە؛ ئىت تۇغىدۇ گىرە - گىرە، يۇرىدۇ بىرە - بىرە.

**گىرەلەشتۈرمەك** «گىرەلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ شىرە ئالدىدا بارماقلىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى.

**گىرەلەشتۈرۈلمەك** «گىرەلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلار بۇتخانىدىكى ئارخاتلاردەك قېتىۋالغان چېرىكلەرنىڭ گىرەلەشتۈرۈلگەن ئايپالتىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ، دەۋاخانا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

**گىرەلەشمە** سۈپ. گىرەلەشكەن ھالدىكى؛ گىرەلىشىپ، قۇچاقلىشىپ، بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن: گىرەلەشمە جەڭ. * ئۇرۇش گىرەلەشمە باسقۇچىغا كۆچتى.

**گىرەلەشمەك** پ. بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ، تۇتىشىپ

كەتمەك؛ قۇچاقلاشماق، چىرماشماق: ئەلقىسسە، بۇ سۆز بىلەن ئاكا ـ سىڭىل زار ـ زار يىغلاپ گىرەلىشىپ كۆرۈشتى.

**گىرەلىمەك** پ ① گىرە سالماق، قۇچاقلىماق: ئۇ ھەر قېتىم كالا ساغقاندا موزىينى قورسىقىدىن گىرەلەپ تۇرۇپ ئۈچ قېتىم كۆتۈرۈپ قويىدىكەن. ② گىرە بېكىتمەك، گىرە ئورناتماق.

**گىرت** تەق. بەزى نەرسىلەرنى چىشلىگەندە، يېگەندە چىقىدىغان ئاۋاز.

**گىرتتىدە** رەۋ. «گىرت» قىلغان ھالدا، «گىرت» قىلىپ.

**گىرت ـ گىرت** «گىرت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: نىزامىدىن قويلارنىڭ بىر خىلدا «گىرت ـ گىرت» قىلىپ ھەلەپ چايناشلىرىغا قۇلاق سېلىپ، خىيالچان تۇرۇپ قالدى.

**گىرتىلداتماق** «گىرتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ ئېشىكى قارلارنىڭ ئېرىشى بىلەن ئېچىلىپ قالغان قۇرۇق ئوتلارنى گىرتىلدىتىپ ھۇزۇر بىلەن چايناۋاتاتتى.

**گىرتىلدىماق** پ. «گىرت ـ گىرت» قىلماق، «گىرت ـ گىرت» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: ئۇ چىشلىرىنى خۇددى تاشتاختا ئۈستىدە تاش قەلەم گىرتىلدىغاندەك غۇچۇرلىتاتتى.

**گىرچى** ئى. گىر تۇتىدىغان، گىر بىلەن بىرەر نەرسىنى جىڭلايدىغان كىشى.

**گىرخانا** ئى. نەرسە ـ كېرەكلەرنى گىر بىلەن ئۆلچەيدىغان ۋە ئېغىرلىقىنى ھېسابلايدىغان ئورۇن.

**گىرداب** ئى [پ] ① دەريا، ئۆستەڭلەردىكى سۇنىڭ ئايلىنىپ ، چۆرگۈلەپ قاينام ھاسىل قىلىپ ئاقىدىغان يېرى؛ قاينام: بىز كېمە بىلەن دەجلە دەرياسىدا كېتىۋېتىپ، دەريادا بىر گىردابقا دۇچ كېلىپ كېمە غەرق بولدى. ② ئەتراپ، قىرغاق، گىرۋەك، لەۋ، چېگرا: ئۆلۈم گىردابى. يار گىردابى.

**گىردە** ئى. بۇغداي ئۇنىدىن چۆرىسى قېلىن، ئوتتۇرىسى ئويمان، يۇمىلاق قىلىپ تونۇرغا يېقىپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل نان.

**گىرلەتمەك** «گىرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گىرلەشمەك** «گىرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گىرلەنمەك** «گىرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**گىرلىمەك** پ. نەرسە ـ كېرەكلەرنى گىرگە سېلىپ تارتماق، گىر بىلەن ئېغىرلىقىنى ئۆلچىمەك.

**گىروي** سۈپ [ر] بەستلىك، گەۋدىلىك، قاۋۇل: گىروي ئادەم. گىروي بالا.

**گىرۇزىن** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار گىرۇزىيەنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**گىرۇزىنچە** ① سۈپ. گىرۇزىن تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: گىرۇزىنچە ئۇسسۇل. گىرۇزىنچە ئادەت. ② ئى. گىرۇزىن تىلى ۋە يېزىقى: گىرۇزىنچىنى ئۆگەنمەك. ③ رەۋ. گىرۇزىن تىلىنى ئىشلىتىپ، گىرۇزىن تىلىدا: گىرۇزىنچە سۆزلىمەك.

**گىرۋەك** ئى [پ] بىرەر نەرسىنىڭ يېنى، ياقىسى، قىرغاق، لەۋ: گىرۋەك چىقارماق. گىرۋىكىنى بۇزماق.

**گىرۋەكلىك** سۈپ. گىرۋىكى بار، گىرۋەك قويۇلغان، گىرۋەك چىقىرىلغان: شېئىر سېرىق سىرلىق، قىزىل گىرۋەكلىك تاختايغا ئۇيغۇرچە چوڭ قارا خەت بىلەن يېزىلغانىدى.

**گىرېك** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار قەدىمكى گىرېكلەر ۋە ھازىرقى گىرېكلەر دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. قەدىمكى گىرېكلەر تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 12 ـ ئەسىردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 11 ـ ئەسىرگىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىمالدىن بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبى، ئىيونىيە دېڭىزى ۋە ئېگېي دېڭىزىدىكى بىر قىسىم ئارال ۋە كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىدىكى دېڭىز بويى رايونلىرىغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ھەم يەرلىك ئاھالىلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 8 ـ ئەسىردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا قۇللۇق تۈزۈمدىكى نۇرغۇنلىغان شەھەر دۆلەتلىرىنى قۇرغان ھەمدە قارا دېڭىز ۋە ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى نۇرغۇنلىغان رايونلاردا مۇستەملىكىلەرنى بەرپا قىلغان. ھازىرقى گىرېكلەر گىرېتسىيەنىڭ تۈپ ئاھالىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار قەدىمكى گىرېكلەرنىڭ سىلاۋىيانلار، ئالبانلار، ۋىلاكلار ۋە تۈركلەرنى ئۇزۇن مۇددەت ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن. نوپۇسى تەخمىنەن 8 مىليون 700 مىڭ بولۇپ، كۆپ قىسمى پىراۋۇسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. قالغان 2 مىليون گىرېك ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىگە تارقالغان. سىپرۇس جۇمھۇرىيىتىدە 500 مىڭ گىرېك بار.

**گىرېلكا** ئى [ر] <تېب> ئادەتتە بەدەننىڭ ئاغرىغان، يەل تۇرۇپ قالغان جايلىرىغا قىزىق سۇ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشلەنگەن خالتا شەكىلدىكى ئاغزى بۇرمىلىق بىر خىل رېزىنكە سايمان.

**گىرېيزېن** ئى [ر<نېم] <گېئول> بىر خىل ئاينىغان جىنس، يەنى گىرانىت جىنسلاردىكى دالا ئىشپاتى قاتارلىق مىنېراللار ماگمىدىن بۆلۈنۈپ چىققان گاز ۋە ئىسسىق ئېرىتمىنىڭ تەسىرىدە ئاجراپ بۆلۈنۈپ شەكىللەنگەن كىۋارتىس ۋە ئاق چىرىمتاللارنى ئاساسىي تەركىب قىلغان تاغ جىنسى.

**گىرى** سۈپ. گەپكە كىرمەيدىغان، تەتۈرىگە تولغايدىغان، كاج، جاھىل؛ ئىش كۆرمىگەن، چۈپەي: ــ ھەي قانداق گىرى ئادەمسەن؟ ــ دېدى ئاشپەز تەئەججۈپ بىلەن.

**گىرىپ** ئى [ر<فىران] ← **گىرىپتىشىن:** گىرىپ كۆڭلەك. گىرىپ ياغلىق.

**گىرىپتار** ئى [پ] دۇچار، مۇپتىلا، يولۇقۇش، ئۇچراش: گىرىپتار بولماق. گىرىپتار قىلماق.

**گىرىپتارلىق** ئى. دۇچار بولۇش، مۇپتىلا بولۇش ھالىتى.

**گىرىپتىشىن** ئى [ر] يىپەكتىن توقۇلىدىغان بىر خىل نېپىز، سىپتا نەپىس گۈللۈك گەزلىمە.

**گىرىپسەتىن** ئى [ر] يىپەك بىلەن پاختا ئارىلاشمىسىدىن سىپتا، نەپىس، جۇلالىق قىلىپ توقۇلىدىغان بىر خىل رەڭدار گۈللۈك گەزلىمە.

**گىرىژ** ئى [ر] <تىب> يىرىق ساھەسىگە چۈشكەن چۇقۇق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ تولىراق قورساق پەردىسىنىڭ ئاجىز نۇقتىسىدىن ئىنچىكە ئۈچەي ئۇرۇقدان خالتىسىغا چىقىپ قېلىشتىن بولىدۇ. يىرىق ساھەسى پۈلتىيىپ چىقىپ ياكى ئۇرۇقدان خالتىسى يوغىناپ پات ـ پات قاتتىق ئاغرىيدۇ. بۇ ھال شۇڭ ياكى ئۈچەي چىرىپ كېتىدىغان ھادىسىلەرگە سەۋەبچى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

**گىرىشىم** ئى. دىيال. ياغاچنى كۆيدۈرۈپ كۆمۈر تەييارلايدىغان ئورەك.

**گىرىلىك** ئى. كاجلىق، جاھىللىق؛ چۈپەيلىك: گىرىلىك قىلماق.

**گىرىم** ئى [ر<فىران] ← **پەرداز:** گىرىم قىلماق. گىرىم بۇيۇملىرى.

**گىرىمچى** ئى <تىيا> ئارتىسلارغا گىرىم قىلىدىغان، گىرىمغا مەسئۇل مەخسۇس خادىم.

**گىرىمچىلىك** ئى. گىرىم قىلىش ئىشى، كەسپى: گىرىمچىلىك قىلماق. گىرىمچىلىك بىلەن شۇغۇللانماق.

**گىرىمخانا** ئى [ر + پ] <تىيا> ئارتىسلارغا گىرىم قىلىنىدىغان مەخسۇس جاي، ئۆي.

**گىرىمسەن** ① ئى. ياز كۈنلىرى كەڭ دالىدىكى ئىسسىق ھاۋانىڭ يىراقتىن سۇ ياكى شامالدەك، خىرە، غۇۋا كۆرۈنۈشى؛ سەراپ، ئېزىتقۇ: يېڭىدىن ئېڭىزغا ئايلىنىۋاتقان ئېتىزلار ئۈستىدىكى گىرىمسەن يىراقلاردىن كۆرۈنگەن سۇدەك چىمىرلاپ تۇرىدۇ. ② رەۋ. خىرە، غۇۋا، تۇتۇق: گىرىمسەن يورۇماق. * ئىنسانىيەتنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىكى ياۋايى سەنئەتلىرىمۇ مەدەنىي دەۋر كىشىلىرىنىڭ نەزىرىدە خۇددى گىرىمسەن گۈزەل چۈشكە ئوخشاش يېڭىباشتىن سېھرىي كۈچكە ئىگە بولماقتا.

**گىرىمسەنلەشمەك** پ. خىرەلەشمەك، غۇۋالاشماق، تۇتۇقلاشماق: ياپيېشىل دالىلار ئايدىڭدا گىرىمسەنلىشىپ ئۇيقۇغا چۆككەندى.

**گىرىمسىز** سۈپ. گىرىمى يوق، گىرىم قىلمىغان: گىرىمسىز رېپېتىتسىيە. * كۆز ئالدىمدىكى بۇ ئايالمۇ سۇس گىرىمى بىلەن گىرىمسىزدەك تۇيغۇ بېرەتتى.

**گىرىمسىزلىك** ئى. گىرىمى يوقلۇق.

**گىرىملەنمەك** «گىرىملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**گىرىملىك** سۈپ. گىرىمى بار، گىرىم قىلىنغان: گىرىملىك رېپېتىتسىيە.

**گىرىملىمەك** پ. گىرىم قىلماق، پەرداز قىلماق: ئۇ بىر ئەكسىلئىنقىلابچى، كىشىلەرنى ئالداش ئۈچۈن ئۆزىنى گىرىملەپ تەقۋادار مويسىپىت موللا سىياقىغا كىرىۋالغان.

**گىريان** سۈپ [ پ ] يېزت. يىغلاۋاتقان. يىغلايدىغان، يىغلاڭغۇ: گىريان بولماق.* بىر چاپاننىڭ تېگىنى بىللە قويۇپ ياتقاندا بىز، تەڭ قىلىشقان ۋەدىنىڭ كۆزىنى گىريان قىلدىلا.

**گىريانە** رەۋ [ پ ] يېزت ← **گىريان:** لالە يۈزۈڭنى سېغىنىپ، ئەسلەپ، بۇلبۇل مىسالى گىريانە بولدۇم.

**گىژ** تەق. رادىيو، ئۈنئالغۇ، تېلېفون قاتارلىقلار بۇزۇلۇپ قالغاندا چىقىدىغان سەل كۈچسىز ئاۋاز.

**گىژ ـ گىژ** «گىژ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**گىژ ـ گىژلاشماق** پ① «گىژ ـ گىژ» قىلماق، «گىژ ـ گىژ» قىلغان ئاۋاز پەيدا قىلماق.② كۆچمە. ۋارقىراشماق، گەپ تالاشماق، سوقۇشماق، تەگەشمەك: ــ ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا دېگەندەك، ئۆزىمىز بالانى تېرىپ قويۇپ ئەمدى گىژ ـ گىژلاشساق بولامدۇ؟ ــ دېدى ئۇ.

**گىژىلداتماق** «گىژىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گىژىلداشماق** «گىژىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: نانىنىڭ ئۈستىدە بىر توپ چىۋىنلەر گىژىلدىشىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى.

**گىژىلدىماق** پ. «گىژ ـ گىژ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «گىژ ـ گىژ» قىلماق: ئۇنىڭ مەيدىسى گىژىلداپ، ئەسلىدىمۇ خىرقىراپ چىقىدىغان ئاۋازى تېخىمۇ پۈتۈپ كەتكەنىدى.

**گىستامىن** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. ئۆسۈملۈك، ھايۋانلارنىڭ توقۇلمىلىرىدا بولىدۇ. ئاشقازان سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە قىل قان تومۇرلىرىنى كېڭەيتىدۇ. ئادەتتە قان ئايلىنىش ۋە نېرۋا ئىقتىدارىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆلچەشتە ياكى ئەتراپ نېرۋىلىرىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**گىستوفىزىيولوگىيە** ئى [ر] <بىيول> جانلىقلارنىڭ ھەرخىل توقۇلمىلىرىنىڭ فۇنكسىيەسىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**گىستوگراما** ئى [ر] <سۇ> پەلەمپەيلىك دىياگراما شەكلىدە سىزىلغان چاستوتا ئەگرى سىزىقى.

**گىستولوگ** ئى [ر] <بىيول> گىستولوگىيە مۇتەخەسسىسى.

**گىستولوگىيە** ئى [ر<گىرېك] <بىيول> بىيولوگىيەنىڭ ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنىڭ توقۇلمىسى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ فۇنكسىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قۇرۇلۇشى ۋە خىمىيەۋى تەركىبىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**گىگانت** سۈپ [ر<گىرېك] ئىنتايىن چوڭ، كاتتا، بۈيۈك: گىگانت ئادەم. گىگانت قەدەم. گىگانت قۇرۇلۇشى.

**گىگروسكوپ** ئى [ر<گىرېك] <سۇ> چاچ ياكى قىلدىن ئۇنىڭ نەمدەلسە ئۇزىرىپ، قۇرۇغاندا قىسقىرىش خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ خىمىيەۋى ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن نەملىك ئۆلچەش ئەسۋابى.

**گىگروگراف** ئى [ر<گىرېك] <سۇ> نەملىكنى ئۆزلۈكىدىن ئۆلچەپ خاتىرىلەيدىغان ئاپتوماتىك گىگروسكوپ.

**گىگرومېتىر** ئى [ر<گىرېك] <سۇ> سائەتكە ئوخشاش ئىشلەنگەن گىگروسكوپ.

**گىگرومېترىيە** ئى [ر<گىرېك] <سۇ> نەملىكنى ئۆلچەشنىڭ ئۇسۇل ـ مەشغۇلاتلىرى.

**گىگېنا** ئى [ر<گىرېك] <تىب> ئىنسانلار بىلەن مۇھىتنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ھەمدە تۇرمۇش شارائىتىنى تاكامۇللاشتۇرۇشنىڭ ئۆلچەم ۋە تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئىنسانلار سالامەتلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان بىر پەن.

**گىڭ** تەق. پاشا، چىۋىن، كۆمۈتا، ھەرە قاتارلىق ھاشاراتلار ئۇچقاندا چىقىدىغان پەس ئاۋاز.

**گىڭشىماق** پ. «گىڭ ـ گىڭ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «گىڭ ـ گىڭ» قىلماق.

**گىڭ ـ گىڭ** «گىڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**گىڭىلداتماق** «گىڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گىڭىلداشماق** «گىڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر زەيكەشلىكتە بىر توپ پاشا بىر ـ بىرىنى راسا ماختىشىپ گىڭىلدىشىۋاتقانىكەن.

**گىڭىلدىماق** پ. «گىڭ ـ گىڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «گىڭ ـ گىڭ» قىلماق: بىر چىۋىن گىڭىلداپ ئۇچۇپ كەلدى.

**گىل** ئى [پ] بىر خىل بوياق. توق قىزىل ياكى ئاچ قىزىل بولىدۇ. ئادەتتە قىزىل تۆمۈر تاشنى ئېزىش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. كۆپىنچە رەسىم سىزىش ۋە ئۆي ـ ئىمارەتلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

**گىلاس** ئى <بوت> ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى سوقىچاق، گۈلى ئاق ياكى سۇس قىزغۇچ ئاق، مېۋىسى شار شەكىللىك، رەڭگى قىزىل، چۈچۈمەل، ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. ياغىچى قاتتىق، سايمانلارنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**گىلاسلىق** ① سۈپ. گىلاس دەرىخى بار، گىلاس دەرىخى ئۆستۈرۈلگەن: شاتۇر دورغا بۇ باغنى ئۇزاق ماختىدى ۋە ئۇنىڭ ماختاشلىرى ئاخىرلاشقۇچە، ئۆزلىرىمۇ گىلاسلىق باغقا يېتىپ كېلىشتى. ② ئى. گىلاس دەرىخى ئۆستۈرۈلگەن يەر، مەيدان، باغ: مەن گىلاسلىقنى تاماشا قىلىپ يۈرەتتىم، بىردىنلا بىرى ئىسمىمنى چاقىرىپ قالدى.

**گىلاڭ** ئى. دىيال. تىك يار، ھاڭ.

**گىلاماق** پ. دىيال. قايغۇ ئىچىدە سېغىنماق.

**گىلائۇبېرىت** ئى [ر< نېم] <خىم> كالتسىيلىق شور. گېرمانىيە خىمىيە ئالىمى (Glauber) نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ نامىدا ئاتالغان.

**گىلاۋكوما** ئى [ر<گىرېك] <تېب> بىر خىل كۆز كېسەللىكى. كۆزنىڭ ئىچكى بېسىمىنىڭ ئارتىپ كېتىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدا قارىچۇق يوغىناش، مۇڭگۈز پەردىدە سۇلۇق ئىششىق پەيدا بولۇش، رەڭگى كۆل رەڭگە مايىل يېشىل تۈس ئېلىش، قاتتىق ئاغرىش ۋە قۇسۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدا يەنە كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ، پۈتۈنلەي قارىغۇ بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ.

**گىلەم** ئى [پ] يۇڭ، يىپەك ياكى سۈنئىي تالادىن ھەرخىل نۇسخىدا مويلۇق، رەڭدار توقۇلۇپ، يەرگە سېلىنىدىغان ياكى تامغا ئېسىپ قويۇلىدىغان ئائىلە بۇيۇمى؛ زىلچا.

**گىلەمچى** ئى ① گىلەم توقۇش بىلەن شۇغۇللانغۇچى؛ گىلەم ئۇستىسى، خالۋاپ. ② گىلەم ئېلىپ ـ سېتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى، گىلەم سودىگىرى.

**گىلەمچىلىك** ئى. گىلەم توقۇش ۋە ئېلىپ ـ سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى.

**گىلەملىك** سۈپ ① گىلىمى بار، گىلەم سېتىۋالغان، گىلەم سالغان: گىلەملىك بولۇپ قالماق. ② گىلەم توقۇشقا لايىق، باب ياكى يېتىدىغان: ئىككى گىلەملىك يۇڭ. ئۈچ گىلەملىك يىپ.

**گىلبېرت** مىق [ر<ئىنگ] <فىز> ماگنىت ئېقىم كۈچى بىرلىكى. 0.7958 ئامپېر ئورامغا تەڭ. بۇ نام ئەنگلىيە فىزىكا ئالىمى گىلبېرت [ Wiliam Gilbert (1603 — 1540)] نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن.

**گىلتاغ** ئى [ گىل + تاغ ] گىلدەك قىزىل كۆرۈنىدىغان تاغ؛ قىزىل تاغ: مايتاغ دېگىنىمىز جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىدە، تەڭرىتاغنىڭ باغرىدا غەلىتە چوقچىيىپ چىققان تاقىر باش گىلتاغنى كۆرسىتىدۇ.

**گىلدېر** ئى سۇرىنام دۆلىتىنىڭ پۇل بىرلىكىنىڭ نامى.

**گىلدىڭ** تەق. بىرنەرسىنىڭ بىر ئۇ يانغا ـ بىر بۇ يانغا سىلكىنىپ، مىدىرلاپ تۇرۇش ھالىتى: گىلدىڭ باش.

**گىلدىڭشىتماق** «گىلدىڭشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار ئالمىچىنى كۆرسىتىپ، باش بارمىقىنى چىقىرىپ، باشلىرىنى گىلدىڭشىتاتتى.

**گىلدىڭشىماق** پ. بىر ئۇ يانغا ـ بىر بۇ يانغا سىلكىنمەك، «گىلدىڭ ـ گىلدىڭ» قىلماق: بۇ چاغدا خۇددى ساقاللىق كىشىنىڭ ئېڭىكىگە ئىلىنىپ قالغان ساماندەك خېلى يەرلەرگىچە گىلدىڭشىپ باردىم.

**گىلدىڭ ـ گىلدىڭ** «گىلدىڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**گىلدىڭلاتماق** «گىلدىڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — كۆڭۈل دېگەن يامان نەرسە، ھېزى بولۇڭ، — دېدى سارىخان موماي ئۇنىڭ ئۆتكەن چىرايىغا قاراپ ئىچ ئاغرىتقاندەك بېشىنى گىلدىڭلىتىپ.

**گىلدىڭلاشماق** «گىلدىڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گىلدىڭلىغاق** سۈپ. گىلدىڭلاپ تۇرىدىغان، گىلدىڭلايدىغان: — دادا، سەن قارلىغاچنى تۇتۇپ يامان قىلدىڭ، قولۇڭ تىترىگەك، بېشىڭ گىلدىڭلىغاق بولۇپ قالارمۇ؟ — دېدى ئوغلى.

**گىلدىڭلىماق** پ. ھەر تەرەپكە سىلكىنمەك؛ «گىلدىڭ ـ گىلدىڭ» قىلماق: روزەكىباينىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، بېشى گىلدىڭلاپ تۇراتتى.

**گىلوبۇس** ئى [ر<لات] <جۇغ> يەر شارىنىڭ مودېلى. تەگلىكى بار جازىغا ئورنىتىلغان بولۇپ، ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئۈستىگە دېڭىز ـ ئوكيان، قۇرۇقلۇق، دەريالار، تاغ تىزمىلىرى، پاراللېل ۋە مېرىدىيان سىزىقلىرى قاتارلىقلار سىزىلغان بولىدۇ. ئادەتتە ئوقۇتۇش ۋە ھەربىي ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**گىلوبۇلىن** ئى [ر<لات] <بىيول> ئىسسىقلىقتا قارىتا تۇراقسىز بولغان بىر خىل قان زەردابى ئاقسىلى. تويۇنۇش دەرىجىسى 50 پىرسەنت بولغان ئاممونىي سۇلفات ئارقىلىق چۆكمىگە چۆشۈرۈشكە بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ سۇيۇق تۇز كىسلاتاسىدا ئېرىيدۇ. ئۇ يەنە «شارچە ئاقسىل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**گىلۇكوزا** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلاسى $C_6H_{12}O_6$ . ئاددىي قەنت بولۇپ، رەڭسىز كىرىستال ھالىتىدە كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئادەم ۋە ھايۋانات ئېنېرگىيەسىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. تېببىي دورىگەرلىكتە قۇۋۋەتلەندۈرۈش دورىسى قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە قەنت ـ گېزەك ۋە پېچىنە قاتارلىقلارنى ئىشلەشتە پايدىلانغىلى بولىدۇ.

**گلىپتو** ئى [ر<گىرېك] <بوت> شەمشاد ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان كىچىك دەرەخ، يەنى دۆلىتىمىزنىڭ ئالاھىدە دەرەخ تۈرى بولۇپ، ياغىچى يەڭگىل، لەيلەش كۈچى يۇقىرى. سۇدا قۇتقۇزغۇچى سايمانلارنى ۋە بوتۇلكا ئاغزىنى ئېتىدىغان پۇرۇپكىلارنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ. شارچە مېۋىسى ۋە قوۋزىقىدىن يارىپىلىم ئېلىنىدۇ. شارچە مېۋىسىدىن بوياق ئېلىپ مەشۇت ۋە بېلىق تورلىرىنى بوياشقا بولىدۇ.

**گلىتسېرىن** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلاسى $C_3H_8O_3$. رەڭسىز، سۈزۈك سۇيۇقلۇق. يېپىشقاق كېلىدۇ، تاتلىق تەمگە ئىگە، سۇ سۈمۈرىدۇ. زىننەت بۇيۇملىرى، نىترو گلىتسېرىن ۋە قەنت ـ گېزەك ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ. مېدىتسىنادا تېرە ۋە يېپىشقاق پەردىلەرنى ئاسراش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**گلىكوزىد** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ بىر تۈرى. ئۆسۈملۈكلەردە كەڭ ساقلانغان. قەنت تۈردىكى ۋە قەنت تۈرىدە بولمىغان ھەر خىل ئورگانىك ماددىلارنىڭ كوندېنساتسىيەلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئادەتتە كۆپىنچىسى ئاق رەڭلىك كىرىستال ھالىتىدە كېلىدۇ.

**گلىكوگېن** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. ئۇنىڭ مولېكۇلا فورمۇلاسى $(C_6H_{10}O_5)_x$. ئۇ بىر خىل كۆپ قەنتلىك ۋە رەڭسىز پاراشوك بولۇپ، تەمى تاتلىق. ھايۋانلار تېنىدە ساقلىنىدۇ، جىگەردە ئەڭ كۆپ. ئادەتتە ھايۋانلار ئېنېرگىيەسىنىڭ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. ئادەم بەدىنىدە گلۇكوزا كەم بولغاندا، گلىكوگېن قان سۇيۇقلۇقىغا كىرگۈزۈلسە، گلۇكوزىغا ئايلىنىدۇ. قاندىكى گلۇكوزىنىڭ مىقدارى ئارتقاندا، ئارتۇق گلۇكوزا يەنە گلىكوگېنغا ئايلىنىپ جىگەر ۋە مۇسكۇلدا ساقلىنىدۇ.

**گىلگىتاڭ** سۈپ. دىيال. تايىنى يوق، ئاساسسىز.

**گىلىھېكمەت** ئى [ پ + ئە ] لاي، لاي ھالەت: گىلىھېكمەت قىلماق.

**گىمن** ئى [ر<گىرېك] بىرەر دۆلەت ياكى رايون بىرلىكىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان تەنتەنىلىك كۈي، شېئىر: دۆلەت گىمنى.

**گىمنازىست** ئى [ ر ] گىمنازىيە ئوقۇغۇچىسى.

**گىمنازىستلىق** ① سۈپ. گىمنازىيە ئوقۇغۇچىسىغا خاس: — قىزايلى، مەخسۇملارچە ئولتۇرساق، بىزنىڭ گىمنازىستلىق شەنىمىزگە داغ چۈشىدۇ. ئەركىن ئولتۇرايلى، چاقچاق ـ كۈلكىلەر بىلەن ئولتۇرۇشىمىزنى قىزىتىۋېتەيلى، — دېدى شاۋكەت ئىسىملىك بالا. ② گىمنازىيە ئوقۇغۇچىلىرىغا خاس سالاھىيەت: گىمنازىستلىقنى پەش قىلماق.

**گىمنازىيە** ئى [ر<گىرېك] كونا. ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئومۇمىي تەلىم ـ تەربىيە ئوقۇتۇشى مەقسەت قىلىنغان بىلىم يۇرتى؛ ئوتتۇرا مەكتەپ.

**گىمناستوركا** ئى [ر] تىك ياكى قايرىما ياقىلىق، ئۈستىدىن كەمەر باغلايدىغان ھەربىي پاسوندىكى كۆڭلەك.

**گىمناستىكا** ئى [ر<گىرېك] <تەن> تەنھەرىكەت تۈرى. ئەسۋابسىز ئورۇنداشقا ۋە ئەسۋابلار ئارقىلىق ئورۇنداشقا بولىدۇ. ھەرىكىتى ھەرخىل بولۇپ، ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى ئۆز ئالدىغا ئورۇندىيالايدۇ. ئادەتتە ئاساسىي گىمناستىكا، رادىيو گىمناستىكىسى، كوللېكتىپ گىمناستىكا، قوشۇمچە گىمناستىكا، ماھارەت كۆرسىتىش گىمناستىكىسى ۋە بەدىئىي گىمناستىكا قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

**گىمناستىكچى** ئى<تەن> دائىم گىمناستىكا چېنىقىشى، گىمناستىكا مەشىقى ۋە گىمناستىكا مۇسابىقىلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇئەييەن گىمناستىكا تېخنىكا سەۋىيەسىگە ئىگە ئادەم.

**گىنە** ئى ← **ئاداۋەت:** گىنە ساقلىماق.

**گىنېكولوگ** ئى [ر] <تېب> ئاياللار كېسەللىكلىرى ۋىراچى، گىنېكولوگىيە مۇتەخەسسىسى.

**گىنېكولوگىيە** ئى [ر<گىرېك] <تېب> مېدىتسىنانىڭ ئاياللار ھاياتىنىڭ ھەرقايسى مەزگىللىرىدىكى (ھامىلىدارلىق مەزگىلىدىن باشقا) فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكلىرى، نەسىللىنىش سىستېمىسىدىكى كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى، پىرىنسىپى، جەريانى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**گىنېيىس** ئى [ر<نېم] <گېئول> تەركىبىدە دالا ئىشپاتى، كىۋارتىس كۆپرەك، دانىچىلىرى يىرىكرەك ۋە روشەن گىنېيىس قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولغان ئۆزگەرگەن جىنس. تاغ جىنسلىرىدا دالا ئىشپاتى (كالىيلىق دالا ئىشپاتى، پىلاگىئوكلاز) بىلەن كىۋارتىسنىڭ مىقدارى 50% تىن ئارتۇق، دالا ئىشپاتىنىڭ مىقدارى ئادەتتە كىۋارتىستىن كۆپ بولىدۇ.

**گىۋاردىيە** ئى [ر<فىران] سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇرۇنقى ۋاقىتلىرىدا پادىشاھنىڭ لەشكەر باشلىقى ۋە خۇسۇسىي ساقچىلىرىنىڭ نامى؛ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن قوشۇننىڭ خىللانغان، چېنىققان، مۇنتىزىم قىسمى شۇنداق ئاتالغان.

**گىۋاردىيەچى** ئى. گىۋاردىيەگە قوشۇلغان، گىۋاردىيە تەركىبىدىكى كىشى: گىۋاردىيەچى كاپىتان.

**گىياھ** ئى [پ] ئوت ـ چۆپ، ئۇششاق ئۆسۈملۈك: دورىلىق گىياھ. كەم ئۇچرايدىغان گىياھ.

**گىياھسىز** سۈپ. گىياھى يوق، گىياھ ئۈنمىگەن، تاتىراڭ، ئوت ـ چۆپسىز: گىياھسىز جاي. گىياھسىز دالا.

**گىيەك** ئى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىنىڭ بىرى. بۇنىڭدا، 30 دانە داچەن بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە ئۈچ ـ تۆت سانتىمېتىر ئارىلىق قويۇپ، توپا يۆلەپ قاتار قىلىپ تىك تىزىلىدۇ. ئاندىن ئويۇنغا قاتناشقۇچى سەككىز ـ ئون مېتىر يىراقلىقتا تۇرۇپ يۇمىلاق ساقا بىلەن داچەننى چەنلەپ ئۇرىدۇ. ئەگەر بىر قېتىمدا قاتار تىزىلغان داچەننى باشتىن ـ ئاياغ يىقىتىۋەتسە، ئۇ كىشى ئۇتقان ھېسابلىنىدۇ؛ تولۇق يىقىتالمىسا ئۇتتۇرغان بولىدۇ. مۇسابىقىلەشكۈچى ئىككى تەرەپ شۇ تەرتىپتە نۆۋەت بىلەن ئوينايدۇ.

# ڭ

ڭ ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ يىگىرمىنچى ھەرپى. سۆز بېشىدا كەلمەيدۇ.

ڭې «ڭ» ھەرپىنىڭ نامى، يەنى «ڭ» ھەرپىنىڭ ئوقۇلۇشى.

# ل

**ل** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ يىگىرمە بىرىنچى ھەرپى.

**لائەقەل** يۇك [ئە] ھېچبولمىغاندا، ئاز دېگەندە، ئەقەللىسى: شۇجى مەندىن لائەقەل سۇكۇتلۇك رازىلىق ئالماي تۇرۇپ، بۇ توغرىدا ئاشۇنداق چارە كۆرۈۋېتەلمەيدۇ.

**لابدۇر** سۇپ. ئۇستىبېشى پاسكىنا، كىيىنىشى رەتسىز: بالىلىرى شىلدىر شېكەر، ئانىسى لابدۇر خوتۇن (تېپىشماق).

**لابدۇرلاشتۇرماق** «لابدۇرلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لابدۇرلاشتۇرۇشماق** «لابدۇرلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لابدۇرلاشتۇرۇلماق** «لابدۇرلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**لابدۇرلاشماق** پ. ئۇستىبېشى پاسكىنا، كىيىنىشى رەتسىز ھالغا كېلىپ قالماق؛ مەينەت ھەم رەتسىز بولماق: ئۇ تولىمۇ لابدۇرلىشىپ كېتىپتۇ.

**لابدۇرلۇق** ئى. پاسكىنىلىق، رەتسىزلىك: پاسكىنا ۋە رەتسىز كىيىنىپ يۈرۈش لابدۇرلۇقنىڭ بەلگىسى.

**لابرادور** ئى [ر] <گېئول> پىلاگىئوكلازنىڭ بىر تۈرى، يەنى كالتسىي - ناترىيلىق دالا ئىشپاتىنىڭ كونىچە ئاتىلىشى.

**لابوراتورىيە** ئى [ر<ئىتال] دوختۇرخانا، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە مەكتەپ قاتارلىقلاردىكى تەجرىبە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۆي؛ تەجرىبىخانا.

**لابوراتورىيەلىك** سۇپ. لابوراتورىيەدە ئېلىپ بېرىلىدىغان، لابوراتورىيە ئارقىلىق قىلىنىدىغان: لابوراتورىيەلىك خىزمەت. // بىز بۇنىڭدا لابوراتورىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق.

**لابورانت** ئى [ر<ئىتال] لابوراتورىيە ياكى تەتقىقات ئورۇنلىرىدا تەجرىبە ئىشلەيدىغان ئىلمىي خادىم.

**لاپ** I ئى [پ] ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ئارتۇقچە مۇبالىغە قىلىنغان، قۇرۇق، يالغان گەپ؛ پو: يوق دېمەڭ تۇرمۇشتا مۇنداق پور تېرەكتەك كاتتىنى، كەسپى شۇ بىلمەيدۇ ھەرگىز لاپ ئۇرۇشتىن باشقىنى. // يىگىتلىك چاغلىرىمدا ئاشۇنداق بىر قىزنى كۆرگىنىمدە «خىيالىمغا ھېچقانداق پىكىر كەلمەيتتى» دېسەم لاپ گەپ بولۇپ قالار.

**لاپ** II تەق. ئومۇمەن كۆز نۇرى ۋە باشقا نۇرلارنىڭ بىرەر نەرسە ئۈستىدە دەرھال پەيدا بولۇش ياكى يوقىلىش ۋە ياكى دەرھال باشقا ياققا كۆچۈش ھالىتى: قاۋۇل «لاپ» قىلىپ ئۆچكەن ئوت يورۇقىدا ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشىنى چالا - بولا كۆزەتتى - دە، كۆڭلى ئەنسىزلەندى.

**لاپاس** I ئى. چەللە: بۇ ۋاقىتتا بىر ئەسكەر ھويلىدا قېلىپ، ئېغىل، لاپاس، سامانلىقلارنى تەكشۈرۈۋاتاتتى.

**لاپاس** II تەق. پايپاسلاپ، ئالدىراپ، تېز مېڭىش ھالىتى.

**لاپاسلاتماق** «لاپاسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لاپاسلاشماق** «لاپاسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لاپاسلىماق** پ. پايپاسلىماق، ئالدىرىماق،ئالدىراپ ئىتتىك ماڭماق: ئۇ لاپاسلاپ كېتىۋاتىدۇ.

**لاپەندى** سۇپ. دىيال. كالامپاي، پالاكەت.

**لاپپىدە** رەۋ. «لاپ» قىلغان ھالدا، «لاپ» قىلىپ؛ تېزلىك بىلەن، بىردىنلا: چىراغ لاپپىدە ياندى.

**لاپچاق** سۇپ. دىيال. لاپچىيىپ ئولتۇرىدىغان.

**لاپچايتماق** «لاپچايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لاپچايماق** پ ① بىرەر نەرسە بېسىلىپ ئەسلىدىكى شەكلىدىن ئۆزگەرمەك، ئۆز ھالىتىنى ئۆزگەرتمەك. ② كۆچمە. ئۆزىنى تاشلىماق، ئېزىلمەك: چۈشتىن كېيىن ياكى بازارغا چىقىپ كېتىشەتتى، ياكى لاپچىيىپ ئولتۇرۇشۇپ قۇرۇق پاراڭ سوقۇشاتتى.

**لاپچۇق** سۇپ. دىيال. پاناق.

**لاپچى** ئى. لاپ ئۇرىدىغان، يوغان سۆزلەيدىغان ئادەم؛ پوچى: ئۇ ئۇچىغا چىققان لاپچى ئىدى. //تۇرسۇنمەممەت لاپچى ھەمراھلىرىدىن زېرىككەندى.

**لاپچىلىق** ئى. لاپ ئۇرىدىغان، يوغان سۆزلەيدىغان ئىش-ھەرىكەت؛ پوچىلىق: ئۇنىڭ قولىدىن باشقا ئىش كەلمىگىنى بىلەن لاپچىلىق كېلىدۇ.

**لاپچىن** ئى. دىيال. يوپۇرماق.

**لاپچىيىشماق** «لاپچايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىكارچىلىقتىن ئاپتاپقا قاقلىنىپ، كەچكىچە لاپچىيىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ.

**لاپخور** سۇپ. دىيال. لاپ ئۇرغۇچى، لاپچى، چوڭ سۆزلىگۈچى.

**لاپخورلۇق** ئى. لاپ ئۇرۇشقا ئامراقلىق، لاپقا ئۇستىلىق: ئەركىنىنىڭ لاپخورلۇقىدىن ھەممە ئادەم ئاستا - ئاستا بىزار بولۇشقا باشلىدى.

**لاپساڭ** سۇپ. دىيال. سۇس، زەئىپ؛ سولاشقان.

**لاپسايماق** دىيال. سالپايماق، بوشىشىپ كەتمەك.

**لاپقۇت** ئى. ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئائىلىنىڭ ئۆزلىرىدە بار ئوخشاش نەرسىلەرنى نۆۋەت بىلەن ئىشلىتىش ئىشى ۋە شۇنداق يول بىلەن بىرىلگەن ئۆتنە، ئارىيەت: لاپقۇتقا ئالماق.

**لاپقۇتلاشتۇرماق** «لاپقۇتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لاپقۇتلاشتۇرۇلماق** «لاپقۇتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**لاپقۇتلاشماق** پ. ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئائىلە ئۆزلىرىدە بار ئوخشاش نەرسىلەرنى نۆۋەت بىلەن ئىشلەتمەك، ئۆزئارا ئارىيەت ئېلىشماق، ئۆزئارا ھەمكارلاشماق: بەزى جايلاردا دېھقانلار ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ لاپقۇتلىشىش، ھەمكارلىشىپ ئىشلەش گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇۋاپتۇ.

**لاپ ـ لاپ** «لاپ II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ماشىنا 200 مېتىرچە قالغاندا، چىرىغىنى لاپ ـ لاپ قىلىپ ئۆچۈرۈپ يەنە ياندۇردى ۋە سۇرئىتىنى ئاستىلاتتى.

**لاپلاخ** سۈپ. دىيال. تۆگىتاپان.

**لاتا** [پ] ئى ① كونىراپ كەتكەن ئەسكى ـ تۇسكى رەخت ياكى رەخت پارچىسى. ② كۆچمە. بوش، بوشاڭ، ئەزمە، لامزەللە: ـــ ھەي لاتا، قولۇڭغا ئالە ماۋۇنى. نېمانچە ناز قىلىسەن، ئىچە! ـــ ئەلى ئىلاجسىز يەنە ئازراق ئىچىپ قويدى.

**لاتا ئاشىق** دىيال. يۇرتمۇيۇرت كېزىپ يۈرىدىغان، ھە دېسە ھۇ دەيدىغان ئادەم.

**لاتا غىلاپ** لامزەللە، بوشاڭ؛ ئەزمە: ئۇ بىر لاتاغىلاپ. ئۇنىڭدىن چوڭ ئۈمىد كۈتۈشكە بولمايدۇ.

**لاتا غىلاپلىق** لامزەللىلىك، ئەزمىلىك، بوشاڭلىق: ـــ تولا لاتا غىلاپلىق قىلما جۇمۇ! ـــ دېدى ئۇ ئەسئەتكە ۋارقىراپ.

**لاتا قونچ** ← **لاتاغىلاپ:** ـــ سەن لاتا قونچ ھېچنېمىنى چۈشەنمەيسەن، ـــ دېدى قاسىم جىسا.

**لاتا قونچلۇق** لاتا غىلاپلىق، لامزەللىلىك، ئەزمىلىك، بوشاڭلىق، سۆرەلمىلىك: ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە داۋاملىق لاتا قونچلۇق قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

**لاتاپەت** ئى [ئە] ①گۈزەللىك، خۇشخۇيلۇق، نازۇكلۇق، مۇلايىملىق: كۆرمەكتە ئۇ ھەتتا قەلبلەردىكى، گۈزەللىك، لاتاپەت، داغ ۋە يارىنى.② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**لاتاپەتسىز** سۈپ. لاتاپىتى يوق، لاتاپەتلىك ئەمەس، يېقىمسىز، كۆرۈمسىز. قوپال (ئاياللار ھەققىدە): ئۇنىڭ ئاشۇ لاتاپەتسىز ھالىتى ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدىن كەتكىنى يوق.

**لاتاپەتلىك** سۈپ. لاتاپىتى بار، يېقىملىق، گۈزەل، كېلىشكەن، چىرايلىق: ئۇنىڭ گويا سۈرەتلەردىكى پەرىزاتتەك لاتاپەتلىك تۇرقىنى مەكتەپتىكى قىياپىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئاسمان ـ زېمىن پەرق قىلاتتى.

**لاتا ـ پۇتا** ئەسكى ـ تۇسكى لاتىلار، رەخت پارچىلىرى.

**لاتارىيە** ئى [ر<فىران] بېلەت بىلەن پۇل ياكى بۇيۇم ئۇتۇش ئويۇنى: لاتارىيە بېلىتى.

**لاتارىيەچى** ئى. لاتارىيە ئوينىغۇچى، لاتارىيە سېتىۋالغۇچى، لاتارىيە ھەۋەسكارى: كۆپ ساندىكى لاتارىيەچىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر خىل ئويناش ئۇسۇلىدا بىر كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشىشنىڭ ئۆزى چوڭ تەلەي ھېسابلىنىدۇ.

**لاتاكۇس** سۈپ. دىيال. قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، ئېزىلەڭگۈ، بوشاڭ.

**لاتقا** ئى <سۇ> دەريا، كۆل قاتارلىقلارنىڭ تېگىگە چۆككەن لاي ۋە باشقا ئارىلاشمىلار.

**لاتقىلىق** ① سۈپ. لاتقىسى بار، لاتقا ياتقان ياكى ئارىلاشقان: لاتقىلىق ئېرىق. لاتقىلىق كۆل. ② ئى. لاتقا يىغىلغان، دۆۋىلەنگەن جاي.

**لاتىپۇرۇش** ئى. گەزمال سودىگىرىنىڭ كەمسىتىپ ئاتىلىشى.

**لاتىپۇرۇشلۇق** ئى. گەزمال ئېلىپ ـ سېتىش ئىشى، كەسپى: لاتىپۇرۇشلۇق قىلماق. لاتىپۇرۇشلۇق بىلەن شۇغۇللانماق.

**لاتىلاشتۇرماق** «لاتىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لاتىلاشتۇرۇشماق** «لاتىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لاتىلاشتۇرۇلماق** «لاتىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**لاتىلاشماق** پ. بوش، ئەزمە، لامزەللە ھالەتكە كەلمەك؛ كېرەكسىز بولۇپ قالماق: ـــ بارغانچە لاتىلىشىپ كېتىپ بارىسەنغۇ، ـــ دېدى ئۇ سەمەتكە ھومىيىپ قاراپ.

**لاتىلىق** ئى. بوشاڭلىق، ئەزمىلىك، لامزەللىلىك: داۋۇتنىڭ ئۆتكەن سورۇندىكى لاتىلىقىنى ئويلاپ، بۈگۈنكى ئولتۇرۇشقا زادى بارغۇم كەلمىدى.

**لاتىن** ئى <ئىرق> ① مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئىتالىيە يېرىم ئارىلىدىكى تىبېرىس دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا جايلاشقان لاتىيوم تۈزلەڭلىكىدە ياشىغان قەبىلىلەر ئىتتىپاقى. دەسلەپتىكىلىرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 ـ يىللىرى ياۋروپا ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىن كۆچۈپ چىققان ھىندى ـ ياۋروپالىقلار بولۇپ، كېيىن باشقا قەبىلىلەرنىمۇ ئۆزىگە قوشۇۋالغان. ئۇلار قۇللۇق جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا قۇللۇق تۈزۈمدىكى بەزىبىر كىچىك شەھەر دۆلەتلىرىنى قۇرغان. رىم ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. ② لاتىن تىلى ۋە رىم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىرقەدەر زور بولغان، ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ رىم تىل تارمىقىدىكى تىللاردا سۆزلىشىدىغان ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى ئاھالىلەر، يەنى ھازىرقى ئىتالىيە، فىرانسىيە، ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئاھالىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**لاتىنچە** سۈپ ① قەدىمكى رىم تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت. ② لاتىن تىلىغا، قەدىمكى رىملىقلار تىلىغا ئائىت. ③ لاتىن ئېلىپبە جەدۋىلى ئاساسىدا ئىشلەنگەن، لاتىنلاشتۇرۇلغان: لاتىنچە ئالفاۋىت. لاتىنچە يېزىق.

**لاجۇۋەرد** ئى [ئە] <گېئول> بىر خىل مىنېرال، يەنى ھاۋا رەڭدىن توق كۆك رەڭگىچە بولغان رەڭلەردە كۆرۈنىدىغان بىر خىل تاش ماتېرىيال. سەل سۈزۈك ياكى تۇتۇق. قاتتىقلىقى 5.55، ماي پارقىراقلىقىغا ئىگە. ئۇنىڭ ئىچىگە كۆپىنچە سېرىق تۆمۈر رۇدىسىنىڭ ئۇششاق دانىچىلىرى ئارىلاشقانلىقتىن، سىلىقلانغان يۈزى كۆپ ھاللاردا قېنىق كۆك، ئارقا

كۆرۈنۈشى يالتىراق، زۆھرە يۇلتۇزىنىڭ رەڭگىدە بولىدۇ.

**لاچىن** ئى <زوئول> قۇشلار كىلاسى، لاچىن ئائىلىسىدىكى بىر قۇش. ئەركىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر كېلىدۇ. باش قىسمى بىلەن بويىنىنىڭ يان تەرەپلىرىدىكى پەي ـ تۈكلىرى قارا رەڭلىك، ئارراق كۆكۈچ ئارىلاش، قارا ئالىسىمۇ بار. دۈمبە تەرەپلىرى كۆك كۈل رەڭ، قورساق قىسىملىرى ئاقۇچ ھەم قارا ئالىسى بار. ئۇچۇشى تېز، يىرتقۇچ كېلىدۇ، چوڭ قۇشلارنىمۇ ئوۋلىيالايدۇ. شىمالدا كۆپىيىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبىدا قىشنى ئۆتكۈزىدۇ، شىنجاڭدىمۇ بار.

**لاچىندانە** ئى <بوت> ① زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. سىرتقى شەكلى باجىاۋغا ئوخشايدۇ، گۈلى ئاچ سېرىق، مېۋىسى ياپىلاق شار شەكلىدە. ئۇرۇقى ئانار دانىسىگە ئوخشاش بولۇپ، خۇش پۇرايدۇ. مېۋىسى ۋە ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى ياكى ئۇرۇقى.

**لاخسا** ئى. سامان قاتارلىق ئوت ـ خەسلەرنى قاچىلاپ توشۇش ياكى يۆتكەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئاساسەن چىگە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن تور شەكلىدە توقۇلىدىغان ھەجمى چوڭراق بولغان نەرسە؛ چوڭ كۆشۈك.

**لاخشى** ئى [پ] دىيال. چوغ.

**لاخشىگىر** ئى [پ] ئوچاق، تونۇر ياكى مەشتىن چوغ ئالغاندا ئىشلىتىدىغان تۆمۈر قىسقۇچ.

**لاخۇ** ئى [خەن] <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئاساسەن ئېلىمىزنىڭ يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ لەنساڭ لاخۇ ئاپتونوم ناھىيەسى ۋە مېڭلىيەن دەيزۇ ـ لاخۇ ـ ۋازۇ ئاپتونوم ناھىيەسىگە ئولتۇراقلاشقان. قالغان قىسىملىرى شۋاڭجياڭ، گېڭما، جىڭگو قاتارلىق ناھىيەلەرگە تارقاق ئولتۇراقلاشقان. چەت ئەللەردىن بىرما، تايلاند قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ بىر قىسىم لاخۇلار ياشايدۇ.

**لاخۇچە** ① سۈپ. لاخۇلارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: لاخۇچە ئادەت، لاخۇچە ئۇسسۇل. ② ئى. لاخۇ تىلى: لاخۇچىنى ياخشى سۆزلىمەك.

**لازا** ئى [خەن] <بوت> ① چەيزە ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان تۈمۈنە شەكىللىك، گۈلى ئاق، مېۋىسى كۆپىنچە موي قەلەمنىڭ ئۇچىغا ئوخشاش، پانۇسقىمۇ ئوخشايدۇ، يۈرەك شەكىللىكلىرىمۇ بار. رەڭگى كۆك، پىشقاندىن كېيىن قىزىل رەڭگە كىرىدۇ. ئادەتتە ئاچچىق تەمى بار بولۇپ، تاماققا ئىشلىتىلىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى دورا ياساشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**لازېر** ئى [ر<ئىنگ] <فىز> بەزى ماددىلارنىڭ ئاتومىدىكى زەررىچىلەر يورۇقلۇق ياكى ئېلېكترنىڭ تەسىر قىلىشى بىلەن تۆۋەن ئېنېرگىيە دەرىجىلىك ئاتومدىن يۇقىرى ئېنېرگىيە دەرىجىلىك ئاتومغا ئۆزگىرىپ، فازا، چاستوتا ۋە يۆنىلىشلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولغان يورۇقلۇق چىقىرىدۇ، بۇ خىل يورۇقلۇق (نۇر) لازېر نۇرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى رەڭگى ئىنتايىن ساپ، ئېنېرگىيەسى يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن بولىدۇ. ئادەتتە سانائەت، ھەربىي ئىشلار، تېبابەتچىلىك، تەكشۈرۈش، ئۆلچەش، پەن تەتقىقاتى، ئالاقە ئىشلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**لازىجاڭ** ئى [خەن] ئۇۋاق لازىغا چۇچۇتۇلگەن ماي، ئاچچىقسۇ، سامساق قاتارلىقلارنى قوشۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل تېتىتقۇ.

**لازىگۈل** ئى [لازا + گۈل] <بوت> لازىنىڭ ئۆزگەرگەن تۈرى، يەنى چەيزە ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تەمى ناھايىتى ئاچچىق. مېۋىسىنى ئىستېمال قىلغىلى ۋە دورا ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. يىلتىزى بىلەن غولى رېماتىزم، ئادەت ھەددىدىن ئارتۇق كېلىش كېسەللىكلىرىنى؛ مېۋىسى تال ھەم ئاشقازان زەئىپلىكى، ئىشتىھاسىزلىق ۋە تولغاق قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**لازىلىق** ئى. مەخسۇس لازا تېرىلغان، لازا ئۆستۈرۈلگەن يەر.

**لازىم** سۈپ [ئە] بېجىرىلىشى زۆرۈر بولغان؛ كېرەك، زۆرۈر: ئوبۇل ھەسەن ئىبنى تاھىر ئۇنىڭغا: ــ ئۇنداق قاملاشمىغان گەپنى قويۇڭ! ئەگەر لازىم تېپىلىدىكەن جېنىمنىمۇ سىزگە پىدا قىلىشقا تەييارمەن، ــ دەپتۇ.

**لازىمەت** ئى. لازىم بولىدىغان نەرسە: ئو پولكوۋنىك ئىمروپنى مەغرۇرانە كەيپىياتتا كۈتۈۋالدى ۋە ئۇنىڭ «ئالتايىنى ئازاد قىلىش پىلانى»، تاللىغان ئوفىتسېرلىرى، تەلەپ قىلغان لازىمەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەستىقلىدى.

**لازىمەتلىك** ئى ① بىرەر ئىشقا لازىم بولىدىغان نەرسە: يول لازىمەتلىكلىرى. * ئۇلار ئالدىراش ھالدا سەپەر لازىمەتلىكلىرىنى تەييارلىشىۋاتاتتى. // ئۇ لازىمەتلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەييارلاپ قويغانىدى. ② بىرەر جايغا ئاپىرىش ئۈچۈن تەييارلانغان سوۋغا: مەريەمخانغا ئاپىرىدىغان لازىمەتلىكلەرنى تەييارلاپ قويدۇڭلارمۇ ؟

**لازىملىق** ① سۈپ. كېرەك بولىدىغان، ئىشلىتىدىغان، ئېھتىياجلىق: لازىملىق نەرسە. ② ئى. لازىم بولىدىغان يېرى، ئېھتىياجلىق تەرىپى: بۇنىڭ ھېچ لازىملىقى يوق.

**لاس** تەق ① ھارۋا، ئاپتوموبىل چاقىنىڭ كامېرى، توپ ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ يېلى چىقىپ كەتكەندىن كېيىنكى بىردىنلا ماكچايغان ھالىتى. ② ئادەملەرنىڭ بىرەر ئىش تەسىرىدىن بىردىنلا بوشىشىش ھالىتى.

**لاسكات** ئى. دىيال. ئاياللارنىڭ يەڭلىك جىلىتكىسى، «ۋاسكات»مو دېيىلىدۇ.

**لاسسىدە** رەۋ. «لاس» قىلىپ؛ بوشىشىپ: كېرەم بويتاق گويا توك سوقۇۋەتكەندەك چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ـ يۇ، شۇ زامان يەنە يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك لاسسىدە ئورۇندۇققا چاپلىشىپ قالدى.

**لاس ـ لاس** «لاس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**لاشىن** ئى. دىيال. ئات ـ ئۇلاغ باغلايدىغان خادا، موما ياغاچ.

**لاغ** تەق. جانلىقلار تېنىنىڭ قاتتىق سوغۇق ياكى قورقۇش تەسىرىدىن قاتتىق تىترەش ھالىتى.

**لاغايلاتماق** «لاغايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لاغايلاشماق** «لاغايلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لاغايلىماق** پ. بىكار يۈرمەك، ئىش قىلماي ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەك: ئاڭلىسام ئامراق ئىمىشسەن گۈلگە باغۋەندىنمۇ بەك،

راستمۇ، ئۇنداقتا لاغىيلاپ يۈرمە گۈلزار ئالدىدا.

**لاغ ـ لاغ** «لاغ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى، تاشۋاي ئەتىگەن توخۇ چىللىغاندا لاغ ـ لاغ تىترەپ ئورنىدىن تۇردى.

**لاغىلداتماق** «لاغىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لاغىلداشماق** «لاغىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لاغىلدىماق** پ. لاغ ـ لاغ تىترىمەك، قاتتىق تىترىمەك: بۇ يوللار نەقەدەر مۈشكۈل ـ خەتەرلىك؟ بەزگەكتەك لاغىلداپ تىترەيدۇ چېرىك.

**لاق** تەق. چاق ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر ئويمانغا، كاتاڭغا چۈشكەندە چىقىدىغان ئاۋاز.

**لاقا ـ لۇقا** نەرسە ـ كېرەك، ھەر خىل نەرسىلەر: ئۆيىنىڭ لاقا ـ لۇقىلىرى.

**لاققا** ئى. دىيال. قاتناش قوراللىرى تولا مېڭىش ياكى باشقا بىر سەۋەبلەر تۈپەيلى شەكىللەنگەن يولدىكى ئوي ـ دۆڭلەر، چوڭقۇرلۇق.

**لاققىدە** رەۋ. «لاق» قىلىپ، «لاق» قىلغان ھالدا: ھارۋىنىڭ بىر چاقى «لاققىدە» قىلىپ بىر كاتاڭغا چۈشتى ـ دە، ھارۋا چەپپىدە توختىدى.

**لاقىلداتماق** «لاقىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لاقىلداشماق** «لاقىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لاقىلدىماق** پ. لاق ـ لاق قىلماق: يۈرىكىم ۋولقان كەبى پارتلايدۇ، ھېسلىرىم دېڭىز بولۇپ شارقىرايدۇ. كۆكسىدە ئۇچار دەھشەت بوران شۇ تاپ، ۋۇجۇدۇم غەزەپ ئىچرە لاقىلدايدۇ.

**لاك** ئى [پ] ① <خىم> سىمولا، زىغىر يېغى ياكى ئىسكىپىدار قاتارلىقلاردىن ئىشلەنگەن بىر خىل سىر. رەڭسىز كېلىدۇ. ئادەتتە ياغاچ جابدۇقلارنىڭ يۈزىگە سۈركىلىدۇ. بۇ چاغدا جابدۇق يۈزىدە بىر قەۋەت سۈزۈك پەردە ھاسىل بولۇپ، ياغاچنىڭ ئەسلىي يوللىرى ئېنىق كۆرۈنىدىغان بولىدۇ. ② كۆزنىڭ چۆرىسىگە سۈركىلىدىغان قارا رەڭلىك پەرداز بويۇمى.

**لاكات** سۈپ. ھۇرۇن، لەقۋا، بوشاڭ.

**لاكاتلىق** ئى. ھۇرۇنلۇق، لەقۋالىق، بوشاڭلىق.

**لاكاسلىماق** پ. دىيال. بوشىشىپ كەتمەك.

**لاكتوزا** ئى [ر<لات] <خىم> بىر خىل ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلاسى $C_{12}H_{22}O_{11}$. ئاق رەڭلىك كىرىستال ياكى پاراشوك. سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ سۈتىدە بولىدۇ، ئادەم سۈتىدە 5% ـــ 8% لاكتوزا بار. ئادەتتە بالىلار يېمەكلىكلىرى ۋە دورا ماتېرىياللىرىنى تەييارلاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**لاكتومېتىر** ئى [ر<لات + گىرېك] <خىم> سۈتتىكى سۇ مىقدارىنى پىرسەنت ھېسابىدا ئېنىقلايدىغان ئەسۋاب.

**لاكلاتماق** «لاكلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لاكلاشماق** «لاكلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لاكلانماق** «لاكلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**لاكلىماق** پ. لاك سۈركىمەك، لاك بەرمەك.

**لاكمۇس** ئى [ر<گول] <خىم> كىلادونىيە ئوتىدىن ئاجرىتىپ ئېلىنىدىغان، تۇراقلىق شەكلى يوق كۆك پاراشوك. سۇدا ئېرىيدۇ، ئانالىز خىمىيەدە ئىندىكاتور قىلىنىدۇ.

**لاكىلوزۇڭ** سۈپ. قالايمىقان، تەرتىپسىز، قاملاشمىغان: لاكىلوزۇڭ گەپ.// لاكىلوزۇڭ ئىش قىلماق.

**لاگېر** ئى [ر<نېم] ① ھەربىيلەر ياكى كوللېكتىپنىڭ ئاھالە تۇرۇشلۇق يەردىن يىراقتا جايلاشقان ۋاقىتلىق تۇرار جايى؛ قارارگاھ: ھەربىي لاگېر. پىيونېرلار لاگېرى. ② مەھبۇسلار، ئەسىرگە چۈشكەن تۇتقۇنلارنى ساقلايدىغان جاي: جازا لاگېرى. ③ كۆچمە. مۇئەييەن بىر مەسىلەكتىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي گۇرۇھ؛ مەسلەكداشلار كوللېكتىپى: جاھانگىرلار لاگېرى. سوتسىيالىزم لاگېرى.

**لاڭتا** ئى <بىن> دىيال. تام سوقىدىغان سوقما تاش؛ بولقا.

**لاڭشىق** سۈپ. دىيال. تۇراقسىز، تۇتۇرۇقسىز كەلگەن؛ لەقۋا: لاڭشىق ئادەم.

**لاڭقا** I سۈپ. ئورۇق ھەم ئېگىز، كېلەڭسىز كەلگەن؛ لەقۋا: لاڭقا ئات.

**لاڭقا** II ئى. دىيال. غورۇنىڭ ئىككى چېتىدىكى ياغاچ.

**لاڭگازا** ئى [خەن] ھارۋىنىڭ يان ياغىچى.

**لال** سۈپ [ئە] تىلى تۇتۇلغان؛ سۆزلىيەلمەس بولۇپ قالغان، گاچا: لال بولماق. لال قىلماق.

**لالا** سۈپ. دىيال. بىپەرۋا، بولۇمسىز.

**لالاق** سۈپ. دىيال. ئەركە ـ نايناق، قىلىقسىز.

**لالاي** سۈپ. دىيال. بوشاڭ، لۆم ـ لۆم.

**لالايماق** پ. بوشاشماق، ئېزىلەڭگۈلۈك قىلماق: ـــ قىزىم، قاچانغىچە لالىيىپ ئولتۇرىسەن، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ مانتىغا خېمىر يۇغۇرمامسەن؟ ـــ دېدى ئانا قىزىغا.

**لالە** ئى [پ] ① <بوت> گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئادەتتە ئۇ مەشھۇر مەنزىرە ئۆسۈملۈكى ھېسابلىنىدۇ. يىلتىزى ۋە گۈلى تىنچلاندۇرۇش دورىسى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**لالە ـ رەيھان** لالە ۋە رەيھان: لال بولۇپ قالدىم بۇگۈن نە بولدى جانان ئالدىدا، ھەممە گۈللەر سىر خىلى ئول لالە ـ رەيھان ئالدىدا.

**لالما** سۈپ ① ئۇ يەر ـ بۇ يەردە قاتراپ، ئەسكىلىكلەردىن ئۆزۈق ئىزدەپ يۈرىدىغان، ئىگىسىز: لالما ئىت. ② كۆچمە. تېگىشلىك ئىش بىلەن شۇغۇللانماي، ئۆيمۇئۆي، كوچىمۇكوچا قاتراپ يۈرىدىغان بىكار تەلەپ: لالما بولغۇچە سالما بول (ماقال).// ـــ كىمنىڭكىدە كەچ بولسا شۇنىڭكىدە قورسىقىنى تويدۇرۇپ ئۆيىگە قايتمايدىغان، ئىش دېسە قاچىدىغان بۇ قورساق باقتى لالمىنى كىم بىلمەيدۇ، ـــ دېدى ئانارخان ئانا ئىچىدە.

**لالملىق** ئى. لالما ھالەت، بىكار تەلەپلىك: لالملىق قىلىپ يۈرمەك.

**لالۇ** ئى. دىيال. زەمبىل.

**لالىزار** ئى. لالە كۆپ ئۆستۈرۈلگەن ۋە لالىلەر ئېچىلغان جاي.

**لالىزارلىق** ئى ← **لالىزار.**

**لالىگۈل** ئى [پ] ← **لالە.**

**لام** ئى [ئە] ① ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى «ل» ھەرپىنىڭ نامى. ② كۆچمە. گەپ ـ سۆز: لام دېمەسلىك.

**لاما** ئى [زاڭزۇ] <دىن> لاما دىنىدىكى راھىب.

**لامپا** ئى [ر<فىران] يورۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان شىشىلىك ئەسۋاب؛ چىراغ: لامپا شىشىسى. لامپا پىلىكى.

**لامپروفىر** ئى [ر<فىران] <گېئول> ماگمىلىق تاغ جىنسلىرى ئارىسىدىكى ئالاھىدە تۇتۇق رەڭلىك، تۆمۈرلۈك جىنس تۈرىدىكى بىر خىل تاغ جىنسى. تەركىبىدە قېنىق رەڭلىك مىنېرال مىقدارى بەك يۇقىرى بولۇپ، ئاساسەن ئامفىبول ۋە قارا چىر ىمتالدىن تەشكىللەنگەن.

**لامپۇچكا** ئى [ر] <فىز> ئېلېكتىر توكى بىلەن نۇر تارقىتىدىغان، شارسىمان شىشىدىن ئىبارەت يورۇتۇش ئەسۋابى؛ ئېلېكتىر چىراغ.

**لام ـ جىم** گەپ ـ سۆز.

**لام ـ جىم دېمەي** گەپ سۆز قىلماي، ھېچقانداق ئاۋاز چىقارماي: «دۈشمەن قاچسا باتۇر كۆپىيەر» دېگەندەك، مۇشۇ چاغقىچە لام ـجىم دېمەي ئولتۇرۇشقان شەھەر چوڭلىرىمۇ چۇشىنىپ، سۆزگە ئارىلىشىپ كېتىشتى.

**لامزەللە** سۈپ. ئىشنى ئوڭشاپ قىلالمايدىغان؛ بوشاڭ، لايغەزەل: ئۇ ئانچىمۇ لامزەللە ئەمەس.

**لامزەللىلىك** ئى. بوشاڭلىق، لايغەزەللىك: لامزەللىلىك قىلماق.

**لانتان** ئى [ر<گىرېك] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى La (Lanthanum). كۈل رەڭ، سىيرەك يەر مېتاللىرىنىڭ بىرى. لانتان، سېرىي ۋە تۆمۈرنىڭ قېتىشمىسى چاقماق تېشى ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**لاندىش** ئى [ر] <بوت> گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. كۆرۈنۈشى شار شەكلىدە بولۇپ، دورىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**لانست** ئى [ر<لات] <زوئول> خوردىلىق ھايۋان. كىچىك بېلىقلارغا ئوخشايدۇ. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئالتە ـ يەتتە سانتىمېتىر ئەتراپىدا، يېرىم سۈزۈك، بېشى ۋە قۇيرۇقى ئۇچلۇق كېلىدۇ. تېنىدە خوردىسى، دۈمبە پالاقچىسى، ساغرا پالاقچىسى ۋە قۇيرۇق پالاقچىسى بولىدۇ. دېڭىز بويىدىكى قۇملۇق توپا ئارىسىدا ياشايدۇ.

**لانولىن** ئى [ر<لات] <تېب> قوي يۇڭى مېيى. قوي يۇڭىدىكى يۇغان سۈنى قايىنتىش ئارقىلىق چەككىلەپ ئېلىنىدۇ. ئادەتتە مەلھەم دورا ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**لاۋا** I ئى [ر<ئىتال] <گېئول> يانار تاغدىن ئېتىلىپ چىققان قىزىق ماگما. تەركىبى سىلىكاتنى ئاساس قىلىدۇ. سوۋۇغاندىن كېيىن تاغ جىنسىغا ئايلىنىدۇ. يەر يۈزىدە كۆپ خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ.

**لاۋا** II ئى. دەرەخ شېخى، يوپۇرمىقى، ئەسكى ـ تۈسكى قەغەزلەر ۋە گەندە، قىغ قاتارلىق چىرىگەن ئەخلەتلەر.

**لاۋازىم** ئى [ئە] ئىدارە، تەشكىلات قاتارلىقلاردا تەسىس قىلىنىدىغان ۋەزىپە، ئەمەل، مەنسەپ.

**لاۋازىمات** ئى [ئە] ئىدارە، تەشكىلات قاتارلىقلاردا بېجىرىشكە تېگىشلىك بولغان ئىشلار، خىزمەتلەر.

**لاۋازىماتچى** ئى. لاۋازىمات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى؛ خىزمەتچى.

**لاۋازىماتچىلىق** ئى. لاۋازىمات بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى، ئىشى.

**لاۋازىمبېگى** ئى. تارس [ لاۋازىم + بەگ + ى ] لاۋازىماتچىلارنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار: لاۋازىمبېگىنىڭ يىللىق مائاشى 242 سەر كۈمۈش ئىدى، يېمەك ـ ئىچمىكى ئۈچۈن يەتتە تاغار ئاشلىق بېرىلەتتى.

**لاۋا ـ لاتقا** لاۋا ۋە لاتقا؛ ئەخلەت ـچاۋار قاتارلىق نەرسىلەر.

**لاۋان** ئى [ئىنگ] <بوت> ئەنبەر دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چوڭ دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان، گۈلى سۈتكە ئوخشاش ئاق رەڭلىك، مېۋىسى تۇخۇمسىمان، قانىتى بولىدۇ. ئاسىيا قىتئەسىنىڭ تىروپىك بەلباغ رايونلىرىدا ئۆسىدۇ. ياغىچىدىن ئۆي جاھازلىرىنى، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى ياساشقا بولىدۇ.

**لاۋر** ئى [ر<لات] <بوت> كامفورا ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. يوپۇرمىقىدىن پۇراق ماتېرىيالى ئىشلىنىدۇ.

**لاۋرېنتسىي** ئى [ر<ئىنگ] <خىم> رادىيوئاكتىپلىق مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Lr (Lawrencium). بور ئارقىلىق لانتاننى بومباردىمان قىلىش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ، ئەڭ تۇراقلىق ئىزوتوپىنىڭ يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى تەخمىنەن ئۈچ مىنۇت.

**لاۋزا** سۈپ ① تەمى يوق، تەمسىز، تاتلىق ئەمەس: لاۋزا قوغۇن. ② كۆچمە. كىشىگە ياقمايدىغان، كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان، قاملاشمىغان؛ ئەھمىيەتسىز، تېتىقسىز: لاۋزا گەپ. ③ كۆچمە. ھايانى بىلمەيدىغان، ھاياسىز؛ تېتىقسىز: لاۋزا كىشى. * قاسىم جىسا دېگەن تولىمۇ لاۋزا ئادەم ئىدى.

**لاۋزىلاشتۇرماق** «لاۋزىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لاۋزىلاشتۇرۇلماق** «لاۋزىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كېيىنچە بۇ ئەسەر قايتا ئۆزگەرتىلىپ تېخىمۇ لاۋزىلاشتۇرۇلۇپتۇ.

**لاۋزىلاشماق** پ ① تاتلىق تەمى يوقالماق؛ تەمسىز. لاۋزا بولۇپ قالماق: ئېتىزغا شۇمبويا پەيدا بولغاندىن بېرى قوغۇننىڭ تەمى بارغانسېرى لاۋزىلىشىپ كېتىپ بارىدۇ. ② كۆچمە. پۇچەك، تۇتۇرۇقسىز، كىشىلەرگە ياقمايدىغان گەپ قىلغىلى تۇرماق؛ گەپلىرى تېتىقسىز، لاۋزا بولۇشقا باشلىماق: — قانداق ئادىلە، مەن دېگەندەك چىرايلىقمىكەن بىزنىڭ ئەلا! — دېدى رەقىب لاۋزىلىشىپ، — ئېيتىڭا، ئەلادەك گۈزەل يىگىتكە قانداق قىز ياق دېيەلىسۇن. ③ ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈپ قالماق، لەت بولماق: ئۇ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشنى زورمۇزور قىلىمەن دەپ ئاخىر تازا لاۋزىلاشتى.

**لاۋزىلىق** ئى. كىشىنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان، كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان، تېتىقسىز سۆز، ھەرىكەت؛ بىمەنە قىلىق، ھاياسىزلىق: سەن تولا لاۋزىلىق قىلما!

**لاۋۇلەشكەر** ئى. تارس. قوشۇن ۋە لەشكەرلەر: بىركۈنى پادىشاھ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى، لاۋۇلەشكەرلىرى بىلەن دەشت ـ باياۋان تەرەپكە راۋان بولدى.

**لاۋۇلداتماق** «لاۋۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شامال ئوتنى لاۋۇلدىتىۋەتتى.

**لاۋۇلدىماق** پ. يالقۇنجاپ، ئۇلغىيىپ كۆيمەك: ئوت لاۋۇلداپ كۆيمەكتە.

**لاي** ئى [پ] ① نەملىك تەسىرىدە ياكى سۇ بىلەن ئارىلىشىپ يۇمشاق ۋە يېپىشقاق ھالەتكە كەلگەن تۇپراق: مەرىيەم گۇپپىدە لايغا يىقىلدى. ② توپىغا سامان، يۇڭ، سۇ ئارىلاشتۇرۇپ مەخسۇس ئېتىلگەن قۇرۇلۇش ماتېرىيالى: لاي ئەتمەك. لاي قىلماق. * مەن نەق ئالتە ئاي قۇرۇلۇشتا لاي توشۇدۇم.

**لاياقەت** ئى [ئە] بىرەر ئىشنى قىلىشقا لايىق ئىقتىدار، قابىلىيەت؛ سالاھىيەت: ئۇنىڭ بۇ ئىشنى قىلغۇدەك لاياقىتى يوق ئىدى.

**لاياقەتسىز** سۈپ. لاياقىتى يوق، لاياقەتكە ئىگە ئەمەس: لاياقەتسىز ئوقۇغۇچى.

**لاياقەتسىزلىك** ئى. ئىقتىدارسىزلىق، قابىلىيەتسىزلىك.

**لاياقەتلىك** سۈپ. لاياقىتى بار، لاياقەتكە ئىگە: — سەركە لاياقەتلىك بولسا، پادا خەۋپ - خەتەرگە ئۇچرىمايدۇ؛ سەركە لاياقەتسىز بولسا، ئۆزىنىمۇ، پادىنىمۇ خەۋپ - خەتەردە قويىدۇ، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى.

**لايپاس** سۈپ. دىيال. لۆم - لۆم، سۆرەلمە پالاس، ئېزىلەڭگۈ، قاشاڭ، مىلجىڭ، مىجىق.

**لايچى** ئى. ئومۇمەن قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا لاي ئېتىش ۋە توشۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان كىشى.

**لايچىلىق** ئى. ئومۇمەن لاي ئېتىش، لاي توشۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش لاي بىلەن ھەپىلىشىش ئىشى.

**لايخورەك** ئى [پ] <زوئول> بىر خىل قۇش، تۇمشۇقى ئۇزۇن كېلىدۇ، كۆپىنچە پاتقاقلىقتا ياشايدۇ.

**لايخۇش** سۈپ. سۇزۇك ئەمەس، لاي ئارىلاش، لېيىغان: ئۇ دەم ئېلىۋالماقچى بولۇپ، يولنىڭ بويىدىكى قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان تېرەكنىڭ تۈۋىگە بېرىپ، لايخۇش سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىقنىڭ بويىدىكى چىملىقتا ئولتۇردى.

**لايداڭ** ئى. دىيال. لاي سۇنى سۇزۇلدۇرۇپ، تىندۇرىدىغان كۆلچەك.

**لايسىمان** سۈپ. لايغا ئوخشاش، لايدەك، لاي ھالىتىدىكى: لايسىمان ماددا.

**لايغەزەل** سۈپ. ئېزىلەڭگۈ، بوشاڭ، ھۇرۇن، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان لامزەللە، لەقۋا: بىزگە ئۇنداق ھۇرۇن، لايغەزەل ئادەملەر كېرەك ئەمەس.

**لايغەزەللەشتۈرمەك** «لايغەزەللەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇنداق قىلىسىڭىز ئۇ بالىنى لايغەزەللەشتۈرۈپ قويىسىز.

**لايغەزەللەشتۈرۈلمەك** «لايغەزەللەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: زەي گەمىدە ئۇزۇن مەزگىل ياتقان بۇ باللار شۇ قەدەر لايغەزەللەشتۈرۈلگەنكى، ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇپ كىيىشمۇ ئېغىر كېلەتتى.

**لايغەزەللەشمەك** پ. لايغەزەل بولۇپ قالماق؛ ھۇرۇن، بوشاڭ، ئىش خۇشياقماس، ئېزىلەڭگۈ بولۇپ قالماق: ئەخمەت شۇ ئىشتىن كېيىن قولىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ ئۆزى بىلگەن يەرلەردە يۈرۈپ، لايغەزەللىشىپ كەتكەنىدى.

**لايغەزەللىك** ئى. ئېزىلەڭگۈلۈك، بوشاڭلىق، ھۇرۇنلۇق، لەقۋالىق: — مېنىڭچە، — دېدى ئۇ سۆزىنى خۇلاسىلەپ، — بىزنىڭ رەھبەرلىكىمىزدە ئوچۇق لايغەزەللىك بار.

**لايقا** ① ئى <سۇ> كۆل، دەريا، سۇ ئامبىرى قاتارلىقلاردا چۆكۈپ قالغان سېغىز ياكى باشقا سۇيۇقلۇقلار سۈزۈلگەندە ئاستىغا چۆككەن توپا - چاڭ ۋە باشقا چۆكۈندىلەر. ② سۈپ. لاي ياكى باشقا توپا - چاڭ قاتارلىقلار ئارىلىشىپ بۇلغانغان، لېيىدىغان: لايقا سۇ.

**لايقىلاندۇرماق** «لايقىلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لايقىلانماق** پ. لايقا ھاسىل بولماق، لايقا شەكىللەنمەك، لايقا پەيدا بولماق: بۇ يىل سۇ مول بولۇشى مۆلچەرلىنەتتى. قىران دەرياسىنىڭ پەسىللىك سۈيى لايقىلىنىپ كېلىشكە باشلىغانىدى.

**لايلاتما** ① ئى <سۇ> لايقا سۇنى تىندۇرۇپ، لايقىسىنى ئاستىغا چۆكتۈرۈپ تۇتۇپ قېلىش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان كۆلچەك. ② سۈپ. لاي - قۇملار يىغىلىپ قالغان، لاي - قۇم تىنىپ قالغان: لايلاتما يەر.

**لايلاتماق** «لايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەنىسىز ئۆتكەن بىھۇدە يىللار بۇلاق سۈيىدەك سۈزۈك ئۆمرۈمنى لايلىتىپ ئۆتتى.

**لايلاشماق** ① «لايلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئىككىيلەن ئۆينىڭ تېمىنى لايلاشتى. ② سۈزۈكلۈكىنى يوقاتماق، لېيىماق: ۋە لېكىن، بۇ جىددىي تالاش - تارتىشنىڭ چىقمىدى ئايىغى زادى ئۈزۈلۈپ، بۇ سىرلىق ۋەقەنىڭ كۆرۈنمىدى ھېچ تېگىمۇ، لايلاشقان سۈيى سۈزۈلۈپ.

**لايلانماق** «لايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېڭى سېلىنغان ئوچاق لايلىنىپ بولدى.

**لاي - لاي** خامان ۋاقتىدا، ئەمگەكچى خەلق ئۆز ئارزۇ - ئۈمىدلىرى ھەققىدە ئېيتقان قوشاقلار: لاي - لاي ئېيتماق. لاي - لاي ناخشىسى.

**لايلەمپە** ئى [لاي + لەمپە] <بىن> ئۆينىڭ لاي بىلەن سۇۋالغان تورۇسى.

**لايلىق** سۈپ. تەركىبىدە لاي بولغان، لاي ئارىلاشقان؛ لېيىدىغان: لايلىق تاش ئېقىم. لايلىق يانار تاغ.

**لايلىماق** پ ① تام قاتارلىقلارنى لاي بىلەن سۇۋىماق، سىيپىماق؛ لاي سالماق: ئۆينىڭ تېگىنى لايلىماق. ② لېيىماق، توپا - توزانلار بىلەن بۇلغىماق (سۇيۇق نەرسىلەر ھەققىدە).

**لايىق** [ئە] ① سۈپ. توغرا، ماس كېلىدىغان؛ مۇۋاپىق، مۇناسىپ، سازاۋەر: ئۇ خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولۇشقا لايىق. * ھەققىي ھۆرمەتكە لايىق ئادەم مەن ئەمەس، سىز. ② سۈپ.باب، مۇۋاپىق: لايىق ئادەم. // لايىق كۆرمەك. *بۇ ماگىزىندا ماڭا لايىق كېلىدىغان كىيىم - كېچەك يوق ئىكەن. ③ سۈپ. تېگىشلىك، ھەقلىق: جازالاشقا لايىق. مۇكاپاتلاشقا لايىق. ④ ئى. قىزنىڭ تاللىغان يىگىتى ياكى يىگىتنىڭ تاللىغان قىزى، ئوبيېكتى: لايىق ئىزدىمەك. *ئۇ قىزنىڭ لايىقى بار.

**لايىقسىز** سۈپ. لايىقى يوق، لايىقى بولمىغان: تۇرسۇنجان ئۇزۇن مەزگىل لايىقسىز يۈرۈپ كەتتى.

**لايىقسىزلىق** ئى. لايىق كەلمەسلىك، نامۇۋاپىقلىق.

**لايىقلاشتۇرماق** «لايىقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لايىقلاشتۇرۇشماق** «لايىقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لايىقلاشتۇرۇلماق** «لايىقلاشتۇرماق»پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھون قوشۇنلىرى مەملىكەتنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىكى بۆلۈنۈش ئەھۋالىغا لايىقلاشتۇرۇلۇپ سول تەرەپ (شەرق)، ئوڭ تەرەپ (غەرب) دەپ ئىككىگە ئاجرىتىلغان.

**لايىقلاشماق** پ. لايىق، ماس ھالەتكە كەلمەك؛ ماسلاشماق، ئۆزلەشمەك، ماس كەلمەك، كۆنمەك: يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىز مۇشۇ چۆلگە لايىقلىشىپ چوڭقۇر يىلتىز تارتقانىكەنمىز.

**لايىقلىق** سۈپ. لايىق كېلىدىغان، مۇۋاپىق.

**لايىقىدا** رەۋ. مۇۋاپىق، لايىق ھالدا؛ ئۆز يولىدا: لايىقىدا گەپ قىلماق. لايىقىدا ئىش قىلماق.

**لايىھە** ئى [پ] ① ئۆي ـ ئىمارەت، ماشىنا، تۈرلۈك شەكىلدىكى قۇرۇلۇش قاتارلىقلارنى قۇرۇش ھەققىدە سىزىپ تەييارلانغان ئۈلگە؛ چېرتيوژ، خەرىتە. ② قارار، پەرمان، قانۇن قاتارلىق ھۆججەتلەرنىڭ مۇھاكىمىگە قويۇش ئۈچۈن تەييارلانغان دەسلەپكى نۇسخىسى: لايىھە تۈزمەك.

**لايىھەچى** ئى. ئۆي ـ ئىمارەت، ماشىنا قاتارلىقلارنىڭ چېرتيوژ، خەرىتىسىنى سىزغۇچى؛ لايىھە تۈزگۈچى.

**لايىھەلەتمەك** «لايىھەلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۇ ئامبىرىنى ئىنژېنېرغا لايىھەلەتتى.

**لايىھەلەشمەك** «لايىھەلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئىككىسى بىرلىشىپ سېلىنماقچى بولغان تۇرار جاي قۇرۇلۇشىنى لايىھەلەشتى.

**لايىھەلەنمەك** «لايىھەلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سېلىنىدىغان كۆۋرۈك لايىھەلىنىپ بولدى.

**لايىھەلىگۈچى** ئى ← **لايىھەچى**: ـــ بۇ كىشى مۇشۇ قۇرۇلۇشنىڭ لايىھەلىگۈچىسى تۇرسۇن بولىدۇ، ـــ دەپ بىزگە بىر ئىنژېنېرنى تونۇشتۇردى.

**لايىھەلىمەك** پ. لايىھە تۈزمەك، لايىھە ئىشلىمەك: قۇرۇلۇش لايىھەلىمەك.

**لايىپېگەك** ئى [لاي + يېگەك] <زوئول> بىر خىل بېلىق. تېنى سىلىندىر شەكىلدە، قۇيرۇقى سەل ياپىلاق، تەڭگىچىسى كىچىك. شىلىمشىق سۇيۇقلۇقى بولىدۇ. دۈمبىسى قارا ھەم سەپكۈنلۈك، قورساق قىسمى ئاق ياكى كۆل رەڭ كېلىدۇ، بېشى كىچىك ھەم ئۇچلۇق، ئېغىزىدا بەش جۈپ قىلچىقى بولىدۇ. ئادەتتە كۆل ـ دەريا، سازلىق، سۇلۇق ئېتىز قاتارلىق جايلاردىكى لاي ئىچىدە ياشايدۇ.

**لەئەل** ئى [ئە] قىزىل رەڭلىك ئېسىل تاش؛ قىزىل ياقۇت.

**لەئەل ـ ياقۇت** لەئەل ۋە ياقۇت قاتارلىق قىممەت باھالىق بۇيۇملار.

**لەپ** تەق. تۇرنا، بۈركۈت قاتارلىق قۇشلارنىڭ لەرزان ئۇچقان ۋاقتىدىكى قانىتىنىڭ ۋە قىش پەسلىدىكى چوڭ ـ چوڭ چۈشكەن قارنىڭ ھەرىكەت ھالىتى.

**لەپەر** ئى <ئۇس> بىر جۈپ قىز ـ يىگىت ئورۇندايدىغان ئۇسسۇللۇق ناخشا.

**لەپەرچى** ئى. لەپەر ئېيتىدىغان ئارتىس.

**لەپەڭ** تەق. نەرسىلەرنىڭ ئۇ ياق ـ بۇ ياققا ئىرغىش، چايقىلىش، تەۋرىنىش ھالىتى.

**لەپەڭ ـ لەپەڭ** «لەپەڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**لەپەڭلەتمەك** «لەپەڭلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لەپەڭلەشمەك** «لەپەڭلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لەپەڭلىمەك** پ. ئۇ ياققا ـ بۇ ياققا چايقالماق، داۋالغۇماق، لىڭشىماق، تەۋرەنمەك: يەرگە چۈشتى لەپەڭلەپ، ئەسكى جۇۋا دولىدا. ئىككى توقاچ تىلەيمەن، مەن خۇدانىڭ يولىدا.

**لەپپىدە** رەۋ. ① «لەپ» قىلىپ، «لەپ» قىلغان ھالدا. ② كۆچمە. بىردىنلا، دەرھاللا، ئۇشتۇمتۇت، تۇيۇقسىزلا: ئۇنىڭ كۆڭلىدە مۇشۇ خىيال لەپپىدە پەيدا بولۇپ يەنە تېزلا غايىب بولدى.

**لەپسەڭ** سۈپ. دىيال. لەپ ـ لەپ، لەپىلدەپ.

**لەپشىتمەك** «لەپشىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ ساقلىنى يەلپۈگۈچتەك لەپشىتىپ ئولتۇرۇپ، ھەۋەس بىلەن نان چايناشلىرىغا قاراپ تۇرۇپ، بىردىنلا مېنىڭمۇ ئاشۇ ناندىن يېگۈم كېلىپ قالدى.

**لەپشىرىن** ئى. دىيال. يا تاتلىق يا ئاچچىق ئەمەس بىر خىل تەم.

**لەپشىشمەك** «لەپشىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لەپشىمەك** پ. داۋالغۇماق، چايقالماق، تەۋرىمەك، لەپەڭلىمەك: جىمجىت ۋە سالقىن ئورمان، لەپشىپ تۇرغان يېشىل ئوتلار ۋە خىلمۇخىل ئېچىلغان رەڭدار گۈللەر كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايتتى.

**لەپكە** ئى. لەمپە، سايىۋەن؛ لاپاس: سېپىل تېمىدىن بىرەر مېتىر ئېگىزلىكتە بىرى ئۇرنىتىلغان بۇ دەرۋازا ئالدىدىكى لەپكە ئۈستىدە بولسا، بىر نەچچە رەڭدار پانۇسلار ئېسىقلىق تۇراتتى.

**لەپكەگدىمەك** پ. دىيال. سامانىنى داندىن ئايرىماق.

**لەپ ـ لەپ** «لەپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**لەپلىمە** ئى. كۆڭلەكنىڭ مۈرە، يەڭ، ئېتەكلىرىگە ياكى ئىشتاننىڭ، دېرىزە پەردىلىرىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە لەپىلدەپ تۇرۇش ئۈچۈن تۇتۇلغان تار بىر قەۋەت رەخت: كۆڭلەكنىڭ لەپلىمىسى بىر ئاز ئۆزۈن بولۇپ قاپتۇ. // لەپلىمە كۆڭلەك.

**لەپىلدەتمەك** «لەپىلدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شامال بايراقنى لەپىلدەتمەكتە.

**لەپىلدەشمەك** «لەپىلدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لەپىلدىمەك** پ. شامالغا ئەگىشىپ لەرزان يەلپۈنمەك، لەپ ـ لەپ قىلماق: قىزىل بايراق لەپىلدىدى. * شۇ كۆنلەردە قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى.

**لەت** ئى [پ] بىرەر ئىشتا يېڭىلىشتىن كېلىپ چىققان ئۇيىلىش تۇيغۇسى؛ مات، ئىزا، ئوسال: لەت بولماق، لەت قىلماق. * دېسە لەت، دېمىسە دەرد (ماقال).

**لەتخور** سۈپ. دىيال. دەشنەم يېگەك، داۋخور.

**لەتمە** ئى <بىن> دىيال. لاپاس.

**لەتىپە** ئى [ئە] ① <ئەد> كۈلكىلىك ۋەقە ـ ھادىسە ھەققىدىكى كىچىك ھېكايە. ئۇ خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ ئاممىباب ژانىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا جەمئىيەتتىكى ناچار خاھىش، يامان قىلىق ۋە خىيانەتچى، پارىخور، جازانىخور، پەسكەش كىشىلەر پاش قىلىنىدۇ؛ خەلقنىڭ دانالىقى، سەزگۈرلۈكى ۋە تەدبىرچانلىقى ئىپادىلىنىدۇ: نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى. سەلەي چاققان لەتىپىلىرى. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**لەتىپچى** ئى. لەتىپە ئېيتىدىغان، لەتىپە ئېيتىشقا ئۇستا ئادەم.

**لەتىپىلەشتۇرمەك** «لەتىپىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەركىن بۇ چاقچاقنى لەتىپىلەشتۇرۇپ ئەتراپقا تارقىتىۋەتتى.

**لەتىپىلەشتۇرۇشمەك** «لەتىپىلەشتۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سورۇن ئەھلى لەتىپىلەشتۇرگەن شۇ چاقچاق ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كېلىنمەكتە ئىدى.

**لەتىپىلەشتۇرۇلمەك** «لەتىپىلەشتۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شەۋكەت تەرىپىدىن لەتىپىلەشتۇرۇلگەن بۇ چاقچاق ئەتىسى ساۋاقداشلار ئارىسىدا تارقالدى.

**لەتىپىلەشمەك** پ. لەتىپە تۈسىنى ئالماق، لەتىپە تۈسىگە كىرمەك: تۆۋەندىكى لەتىپىلەشكەن چاقچاق بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

**لەجۋە** ئى [پ] ① <خىم> سىنكا. ② <گ سەن> توق كۆك كەلگەن بىر خىل رەڭ.

**لەختە** ئى [پ] ئۇيۇپ قالغان قان پارچىسى: يۈرىكىم بولدى لەختە خەتلىرىڭدىن، ماڭا سالغان ئېغىر كۈلپەت ــ دەردلىرىڭدىن.

**لەختە ــ لەختە** «لەختە» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: چىديالماي ئاخىرى قۇللۇققا قارشى قاينىدى ۋىجدان، جىگەر لەختە ــ لەختە ھەم يۈرەككە تولغان ئەردى قان.

**لەخشە** سۈپ [پ] پارە؛ سۇنغان، پارچە.

**لەخشە ــ لەخشە** پارە ــ پارە، پارچە ــ پارچە: ئەگەر دەرھال ئېتىڭدىن چۈشۈپ ئەل بولمايدىغان بولساڭ، ئۈستىخىنىڭنى لەخشە ــ لەخشە، تېنىڭنى پارە ــ پارە قىلىپ تاشلايمەن.

**لەخمە** ئى [ئە] يەر ئاستى يولى: لەخمە ئۈرۈشى. لەخمە كولىماق.

**لەخمىسىز** سۈپ. لەخمىسى يوق، لەخمە بولمىغان ياكى لەخمە كولانمىغان: لەخمىسىز ھالەتتە دۈشمەندىن قانداقمۇ مۇداپىئەلەنگىلى بولسۇن؟

**لەخمىلەشتۇرمەك** «لەخمىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لەخمىلەشتۇرۇشمەك** «لەخمىلەشتۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لەخمىلەشتۇرۇلمەك** «لەخمىلەشتۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**لەخمىلەشمەك** پ. لەخمە ھالىتىگە كەلمەك.

**لەخمىلىك** سۈپ. لەخمە ياسالغان، لەخمە قېزىلغان: لەخمىلىك يول.

**لەرزان** سۈپ [پ] ئاستا، يېنىك سوققان، تەۋرەنگەن: لەرزان شامال. لەرزان ئاھاڭ.

**لەرزە** ئى [پ] ① كۈچلۈك تەسىر نەتىجىسىدە يۈز بېرىدىغان قاتتىق تىترەش، قاتتىق سىلكىنىش؛ تىترەك؛ زىلزىلە: لەرزىگە سالماق. لەرزىگە كەلمەك. ② كۆچمە. بىرەر ھاكىمىيەت، سىنىپ، تۈزۈم قاتارلىقلارغا بېرىلگەن قاتتىق زەربە؛ شۇلاردا كۆرۈلگەن مۇقىمسىزلىق، تەۋرىنىش، داۋالغۇش: جانابىي سۇلتان! ھازىر خاندانلىقنىڭ تەقدىرى ئېغىر لەرزىگە دۇچ كەلمەكتە.

**لەززەت** ئى [ئە] ① تەم، مەززە: تاماقنىڭ لەززىتى. ھۆرمەت قىلساڭ ئىززەت كۆرىسەن، چايناپ يېسەڭ لەززەت كۆرىسەن. ② ھۇزۇرلىنىش تۇيغۇسى، ھۇزۇر، زوق: بىز مۇھەببەتلىك تۇرمۇشنىڭ تازا لەززىتىنى سۇرۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا بىردىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدۇق. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**لەززەتسىز** سۈپ ① لەززىتى يوق، لەززەت بەرمەيدىغان، تاتلىق ئەمەس، تەمسىز: لەززەتسىز تائام. لەززەتسىز مېۋە. لەززەتسىز نەرسە. ② ھۇزۇر ــ ھالاۋىتى، مەززىسى يوق؛ كۆڭۈلسىز، يېقىمسىز؛ لەززەتسىز تۇرمۇش.

**لەززەتسىزلەندۇرمەك** «لەززەتسىزلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لەززەتسىزلەندۇرۇشمەك** «لەززەتسىزلەندۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لەززەتسىزلەندۇرۇلمەك** «لەززەتسىزلەندۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**لەززەتسىزلەنمەك** پ. ھۇزۇرسىز، تەمسىز، مەززىسىز ھېس قىلماق: بۇ تاماقنى يەپ بولۇپ ناھايىتى لەززەتسىزلەندىم.

**لەززەتسىزلىك** ئى. لەززىتى يوقلۇق: ھەرقانداق ئىشتا خەلققە باقماي سوغۇققانلىق ۋە لەززەتسىزلىك كېلىپ چىقىشتىن ساقلان.

**لەززەتلەندۇرمەك** «لەززەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لەززەتلەندۇرۇشمەك** «لەززەتلەندۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لەززەتلەندۇرۇلمەك** «لەززەتلەندۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**لەززەتلەنمەك** پ. لەززەت ئالماق، لەززەتكە ئېرىشمەك، لەززەت قىلماق: تاماقنى لەززەتلىنىپ يېمەك. كىنونى لەززەتلىنىپ كۆرمەك.

**لەززەتلىك** سۈپ ① مەززىلىك، شېرىن؛ تاتلىق: لەززەتلىك تاماق. ② كۆچمە. ھۇزۇر ــ ھالاۋەت بېغىشلايدىغان، زوقلۇق، يېقىملىق: لەززەتلىك ھايات. لەززەتلىك تۇرمۇش.

**لەززەتلىنىشمەك** «لەززەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لەزىز** ئى [ئە] يېزىت. يېقىملىق؛ شېرىن، تاتلىق، لەززەتلىك: نەقەدەر لەزىز ــ ھە، ئوقۇش ھاياتى!؟

**لەش** ئى <بوت> لەش ئائىلىسىدىكى سۇدا ياشايدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئادەتتە كۆل، كۆلچەك قاتارلىق توختام سۇلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ، يوپۇرمىقى لەيلىگۈچى يوپۇرماق ۋە سۇغا چۆككۈچى يوپۇرماق دەپ ئىككى خىل بولىدۇ، تۆۋىدە تەگ يوپۇرمىقى بولىدۇ. گۈلى كىچىك، گۈل رېتى باشاقسىمان كېلىدۇ، لەشنىڭ شىنجاڭدا 15 خىل تۈرى بار.

**لەشكەر** ئى [پ] تارس. قورallyق قىسىم، ئارمىيە، ئەسكەر: لەشكەر ئالماق. لەشكەر تارتماق. * ئىنتىزاملىق لەشكەر يېڭىلمەس (ماقال). * ئۆمەر باتۇر لەشكەرلەرنى باشلاپ جەڭ تەييارلىقىنى كۆرۈپتۇ.

**لەشكەرگاھ** ئى [پ] كونا. لەشكەرلەر تۇرىدىغان جاي، ئورۇن.

**لەشكىرىي** سۈپ. لەشكەرگە، قوشۇنغا ئائىت بولغان: ئۇلارنىڭ يەنە بىر تارمىقى ئەسلىدىكى ماكانىدا قېلىپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى لەشكىرىي قوشۇننىڭ ئاساسىي كۈچىنى تەشكىل قىلغان.

**لەقەم** ئى [ئە] ① مىجەز ــ خۇلقى، خۇسۇسىيىتى ياكى جىسمانىي جەھەتتىكى بىرەر بەلگىسىگە ئاساسەن كىشىلەر تەرىپىدىن قويۇلغان نام: لەقەم قويماق. لەقەم سىڭمەك. لەقىمىنى

ئاتماق. ② تەخەللۇس: مۇتەللىپنىڭ ئەدەبىي لەقىمى «قاينام ئۆركە- شى» ئىدى.

**لەقەمچى** ئى. لەقەم قويغۇچى، لەقەم قويۇشقا ئۇستا كىشى.

**لەقەملەشتۈرمەك** «لەقەملەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سەمەت بۇ ئاتالغۇنى ئۆزىگە لەقەملەشتۈرۈۋالدى.

**لەقەملەشمەك** پ. لەقەم بولۇپ سىڭىپ قالماق، لەقەم بولماق، لەقەم قويۇلماق: ئاخىرى بۇ سۆز ئۇنىڭغا لەقەملىشىپ قالدى.

**لەقەملەنمەك** پ. لەقەم قويۇلماق، لەقەم بىلەن ئاتالماق: بۇ خىل لەقەملەر ئارقىلىق ئادەتتە لەقەملەنگۈچىنىڭ ئاشۇ هايۋان ياكى ئۇچار قاناتقا ئوخشاپ كېتىدىغان بەلگىلىك بىر خۇسۇسىيىتى، مۇئەييەن ئالاھىدىلىكى مۇبالىغىلىك هالدا ئىما قىلىنىدۇ.

**لەقەملىك** سۈپ. لەقىمى بار، لەقەم قويۇلغان، لەقەم سىڭگەن: بۇ شەھەردە «جەرەن» لەقەملىك كىشىلەردىن مۇشۇ بىرىلا بولسا كېرەك.

**لەقۋا** سۈپ [ئە] ① كاللىسى تېز ئىشلەپ كەتمەيدىغان، ئەقلى كەم؛ كالۋا، دۆت: — نىياز نېمىدېگەن لەقۋا نەرسە - هە ؟ ② پالەچ، پالاكەت، زەئىپ: — ئۇ لەقۋا ئىكەن، تېز ماڭالمايۋاتىدۇ.

**لەقۋالاشتۇرماق** «لەقۋالاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — يا خۇشاللىق، يا ئەندىشىدىن دېرەك بەرمەيدىغان بىر خىل سىرلىق زەيتۇنەمنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرماپ، پۇت - قولىنى لەقۋالاشتۇرۇپ قويدى.

**لەقۋالاشتۇرۇشماق** «لەقۋالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لەقۋالاشتۇرۇلماق** «لەقۋالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**لەقۋالاشماق** پ. لەقۋا هالەتكە كەلمەك، لەقۋا بولۇپ قالماق: — ئۆزۈڭنى تاشلىۋېتىپ مۇنداق ياتىۋەرسەڭ تېخىمۇ لەقۋالى- شىپ كەتمەمسەن، — دېدى ئەمەت دۇيجاڭ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇ- رۇپ.

**لەقۋالىق** ئى ① ئەقىلسىزلىق، كالۋالىق، دۆتلۈك: — لەقۋا دېگەن لەقۋالىقنى قىلمامدۇ! — دېدى كىچىك ئاخۇن. ② پالەچلىك، كۈچ - قۇۋۋەتسىزلىك، مادارسىزلىق، زەئىپلىك.

**لەك** سان [پ<هىن] 100 مىڭ؛ 10 تۈمەن: ئۇنىڭغا يەنە گۇزەلشاھ ئەۋەتكەن بىرلەك ئەسكەر كېلىپ قوشۇلدى.

**لەك - لەك** يۈزمىڭلارچە، ناھايىتى كۆپ، سان - ساناقسىز، هېسابسىز: لەك - لەك ئادەم. لەك - لەك قوشۇن.

**لەكمىڭ - لەكمىڭ** سانى ئىنتايىن كۆپ، سان - ساناقسىز. هەددى - هېسابسىز، 100 نەچچە مىڭلارچە: «هەي ··· مۇبادا هازىرنىڭ ئۆزىدە مۈلكىي قەشقەرىيەدىكى هېيتگاھ جامەسىدە بولغان بولسام» دەپ هەسرەتلىك ئويلىدى ئۇ قىرائەت قىلىۋېتىپ «ماڭا، لەكمىڭ - لەكمىڭ ئادەم ئېتىقاد قىلىپ ناماز ئوقۇماتتى!»

**لەگلەك** ئى <تەن> بىر خىل ئويۇنچۇق. بامبۇك چىۋىقلىرىدىن ياسالغان رامغا قەغەز ياكى شايىنى چاپلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئۇستىگە چىگىلگەن ئۇزۇن يىپنىڭ ئۇچىنى تۇتۇۋېلىپ، شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئاسمانغا قويۇپ بېرىپ ئۇچۇرۇپ ئويناشقا بولىدۇ.

**لەڭ** I ئى [خەن] كونا. هۆكۈمەت تەرەپتىن ئەسكەرلەرگە، هۆكۈمەت خادىملىرىغا بېرىلىدىغان تەمىنات؛ ئاشلىق.

**لەڭ** II تەق. داۋالغۇپ، تەۋرىنىپ تېز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن هالەت: دېگەندۇ جىنازاڭ لەڭ ئۇرۇپ ئۆتكەندە يوللاردىن، «مىراس بىزگە ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئارمان» ئۆزۈڭ نەدە؟

**لەڭپۇڭ** ئى [خەن] بىر خىل يېمەكلىك، ئادەتتە سۇدا قاينىتىپ ئۇيۇتۇلغان پۇڭمەنزە ئۇستىگە ئاچچىقسۇ، لازا قاتارلىقلارنى سېلىش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ.

**لەڭپۇڭچى** ئى. لەڭپۇڭ ئۇيۇتقۇچى هەم لەڭپۇڭ ساتقۇچى ئادەم: ئۇلار بەھرىمەن بولىدىغان ئەۋزەللىك، هوقۇق، ئۇلاردىن ئاجىز گۇرۇھلارنىڭكىدىن كەڭ، گازىرچى، لەڭپۇڭچى، باققال، ناۋاي دېگەن- لەرنى چىرمىۋالغان رەسمىيەتلەر بولسا ساماندەك تولا.

**لەڭپۇڭچىلىق** ئى. لەڭپۇڭ ئۇيۇتۇپ سېتىش كەسپى: ئەتىياز پەسلىدە ئۇ بىرنەچچە ۋاقىت چوڭ كوچىدىكى بازارنىڭ دوقمۇشىدا لەڭپۇڭچىلىق قىلدى.

**لەڭزە** ئى [خەن] كونا. گازارما.

**لەڭگەر** I ئى [پ] <قاتن> كېمىنى بىر جايدا توختىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن، زەنجىرگە بېكىتىپ سۇ ئاستىغا تاشلىنىدىغان چاڭگاكسىمان ئېغىر تۆمۈر.

**لەڭگەر** II ئى [پ] يولۇچىلار سەپەر ئۇستىدە قونۇپ ئۆتى- دىغان جاي؛ ئۆتەڭ.

**لەڭگەرچى** ئى. ئۆتەڭ ئىگىسى؛ دەڭجا.

**لەڭگۈت** ئى. دىيال. ئانىسىنى ئېمىدىغان قىسىرەدىنىڭ بۇرنىغا ئۆتكۈزۈلىدىغان چۇلۇك.

**لەڭگۈك** I ئى. دىيال. سىياچۇك ئۆكۈزنىڭ بوينىغا سېلىنىدىغان بوغا.

**لەڭگۈك** II ئى. دىيال. ئەپكەش.

**لەڭگىدە** رەۋ ① «لەڭ» قىلغان هالدا، «لەڭ» قىلىپ. ② كۆچمە. بىردىنلا، تېزلا: ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا بويى لەڭگىدە ئۆسۈپ كەتتى - دە، ۋالىبولنى يامان ئەمەس ئوينايدىغان بولۇپ قالدى.

**لەڭلەك** سۈپ. دىيال. لىڭشىپ ماڭىدىغان ئادەم.

**لەڭ - لەڭ** «لەڭ II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**لەڭ - لۇڭ** تەق. دىيال. يەر تەۋرىگەندىكى هالەت، باشنىڭ بىردە ئېگىز، بىردە پەسلىگەنلىكىنى هېس قىلىش هالىتى.

**لەڭمەن** ئى. تاماقنىڭ بىر تۈرى. ئادەتتە بۇغداي ئۇنىدىن يۇغۇرۇلغان خېمىر قول بىلەن سوزۇلۇپ ياكى ئېشىلىپ، سۇدا پىشۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇستىگە قورۇما سېلىپ يېيىلىدۇ.

**لەڭمەنتاقتاق** ئى [لەڭمەن + تاقتاق] <زوئول>سۈت ئەمگۈچى هايۋانلارنىڭ بىر تۈرى. بېشى ئۆي چاشقىنىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، قۇلىقى چوڭ، ئارقا پۇتى ۋە قۇيرۇقى ناها- يىتى ئۇزۇن، ئالدى پۇتى قىسقا هەم سەكرەشكە ماھىر كېلى- دۇ. تۈكلىرى كۆپ هاللاردا سېرىق ياكى قوڭۇرغا مايىل كۈل رەڭ بولىدۇ. چۆل - جەزىرە ياكى ئوتلاقلاردا ئۇۋۇا كولاپ ياشاي- دۇ، كېچىسى هەرىكەت قىلىپ، ئوت - چۆپ يىلتىزى ۋە ئۇرۇقى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**لەڭمەنخانا** ئى. مەخسۇس لەڭمەن ساتىدىغان ئاشخانا.

**لەلە** سۈپ. دىيال. گومۇش، پاڭقۇش، ئەقىلسىز، دۆت، لەقۋا.

**لەلەڭ** تەق. لاغىلاپ بىكار يۈرۈش ھالىتى.

**لەلەڭلەتمەك** «لەلەڭلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لەلەڭلەشمەك** «لەلەڭلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — لەلەڭلىشىپ كېلىشتىڭلەرمۇ، — دېدى ساۋۇت مۇئەللىم ھەممەيلەنگە تەكشى بىر كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ، — ئويۇنۇڭلار تۈگىگەن بولسا، ئەمدى ئاستا كەچلىك مۇزاكىرىنى باشلىۋالامسىلەر.

**لەلەڭلىمەك** پ. ئۇ ياق ــ بۇ ياققا دوقۇرۇپ، لاغىلاپ يۈرمەك، بىكار يۈرمەك: يۇقىرى سىنىپتا ئوقۇۋېدىغان چوڭ بالىلاردىن تەشكىل قىلىنغان «ئىسيانچىلار» مەكتەپكە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، لەلەڭلەپ يۈرەتتى.

**لەلىشۈ** سۈپ. دىيال. گېپى تولا، تېتىقسىز.

**لەمبەر** سۈپ. دىيال. لىپمۇلىق، بىراقلا.

**لەمبۇق** ئى. پاختىدىن توقۇلغان بىر خىل گەزلىمە، رەخت.

**لەمپە** ئى. ھۆل ــ يېغىن ۋە ئاپتاپنىڭ تەسىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆي ــ ئىمارەتنىڭ ماڭلىيىغا ياكى ھويلىنىڭ ئىچىگە چىقىرىلغان سايىۋەن؛ لاپاس.

**لەمپىسىز** سۈپ. لەمپىسى يوق، لەمپە قىلىنمىغان: لەمپىسىز ھويلا. كۆز ئالدىمدا بىر لەمپىسىز قورۇ نامايان بولدى.

**لەمپىلىك** سۈپ. لەمپىسى بار، لەمپە قىلىنغان: لەمپىلىك ھويلا.

**لەمشىرمەك** پ. دىيال. لۆمشىمەك، سىرغىماق.

**لەنەت** ئى [ئە] كەچۈرۈشكە بولمايدىغان ئەيىبى، قەبىھ ھەرىكىتى، ئېغىر گۇناھى ئۈچۈن بىلدۈرگەن قاتتىق قارغىش؛ نەپرەت: لەنەت ئوقۇماق. لەنەت ياغدۇرماق. لەنەتكە قالماق.

**لەنەتگەردى** سۈپ. [ئە + پ] ← **لەنىتى**: غەرب ۋە شەرقلىقلەرنىڭ نەزىرىدە، ئادەم ئاخىر چەكلەنگەن مېۋىنى يېدى، لەنەتگەردى بولدى، بۇنىڭغا شەيتان ۋاسىتە بولدى، شۇنىڭ بىلەن شەيتان لەنەتگەردى بولدى.

**لەنەتلەنمەك** پ. لەنەت ــ نەپرەتكە، قارغىشقا ئۇچرىماق؛ ھاقارەتلەنمەك: كىمكى چېكىنسە لەنەتلىنىدۇ، ئەبەدىي سۆيۈملۈك ئەل ۋە ۋەتەندىن!

**لەنەتلىك** سۈپ. لەنەت ئوقۇشقا، قارغىشقا، نەپرەت ياغدۇرۇشقا تېگىشلىك؛ نەپرەتلىك: بۇ لەنەتلىك ئۆتمۈشنىڭ ئىز تامغىسى كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ يۈرىكىدىن ئۆچۈشى مۇمكىنمىدى ؟!

**لەنەت ــ نەپرەت** لەنەت ۋە نەپرەت.

**لەنپا** سۈپ. دىيال. توكۇر ياكى چولاق، كارغا كەلمەيدىغان.

**لەنىتى** سۈپ [ئە<پ] ① بىراۋنىڭ لەنىتىگە، قارغىشىغا دۇچار بولغان، لەنەتلەنگەن، بەتبەخت، ئەبلەخ: ھۇ، ئادەم بولمىغان لەنىتى! ئەسلىدە بالانىڭ بېشى سەن ئىكەنسەن ــ دە! قاراپ تۇرۇپ شۇنداقمۇ قىلغۇلۇقمۇ ؟ ② بېشىنى يەيدىغان، قارغىش تەگكۈر، ئۆلگۈر، شورى قۇرغۇر؛ قەبىھ، قاباھەتلىك؛ لەنەتگەردى: لەنىتى كونا جەمئىيەت.

**لەھەت** ئى [ئە] يېزت. قەبرىنىڭ ئىچكى قىسمى، جەسەت قويۇلىدىغان جاي؛ ئىچ گۆر: كىم ئىلىمنى يار تۇتسا، خار بولمايدۇ ئەبەدكە، ئۆلگەندىمۇ كۆمۈلمەس، روھى ئۇنىڭ لەھەتكە.

**لەھەڭ** ئى [پ] <زوئول> ← **ئاكۇلا**.

**لەھجە** ئى [ئە] <تىل> ← **شېۋە**.

**لەھزە** ئى [پ] كۆزنى يۇمۇپ ــ ئاچقۇچە ئۆتىدىغان ۋاقىت، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت: مۇئەللىم ئاستىلاپ توختىدى سۆزدىن، بىر لەھزە ئارىغا چۆكتى سۈكۈنات. چۈشەندىم، ئۆمۈرگە مېھمان ئەمەس بىز، كۈرەشنىڭ سەھنىسى ئىكەن بۇ ھايات!

**لەۋ** ئى [پ] ① <ئانات> ئادەم ياكى بەزى ھايۋانلار ئېغىزىنىڭ چۆرىسىدىكى مۇسكۇل توقۇلمىسى، كالپۇك: لېۋىنى چىشلىمەك. لەۋ تاۋۇشى. ② كۆچمە. چەت، ياقا، گىرۋەك؛ قىرغاق: سۇپىنىڭ لېۋى. كۆلنىڭ لېۋى. * بىزدىن تەخمىنەن 200 مېتىر يىراقلىقتا ئۆستەڭنىڭ لېۋىدە بىر قىز بىر نەرسىگە قاراپ ئېڭىشىپ تۇراتتى.

**لەۋ سۇرۇخ** ← **ئەرنىلىك**: تېلېۋىزوردا 80% كۆرۈرمەننىڭ دېھقان ــ چارۋىچى ئىكەنلىكى نەزەردىن ساقىت قىلىنىپ، مىللىي مەدەنىيىتىمىزدىن يىراق بولغان «چىن گۈزەل»، «لەۋ سۇرۇخ»، «زىلىۋا» دېگەندەك ئېلانلار تەشۋىق قىلىنسا، دېھقان، چارۋىچىلارغا قانداق تۇيۇلىدۇ؟

**لېۋىنى چىشلىمەك** ① سەۋر قىلماق، تاقەت قىلماق، چىدىماق: ئاچچىقىڭ كەلسە، لېۋىڭنى چىشلە (ماقال). ② ئارزۇ، مەقسىتىگە يېتەلمەسلىك، ھەسرەت ــ نادامەت چەكمەك، نادامەت قىلماق؛ قاتتىق پۇشايمان قىلماق: «كىشىنىڭ يېرىگە ئىشلەپ، قالدىم لېۋىمنى چىشلەپ» دېگەندەك دەرد ــ ھەسرەت ئەمدى بىزدىن بەك يىراق.

**لەۋەن** سۈپ [پ] شېرىن سۆز، گېپى تاتلىق؛ يېقىملىق، گۈزەل: چولپان بەئەينى تاڭ ئاسمىنىدا پارلىغان چولپان يۇلتۇزنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئاجايىپ لەۋەن ئىدى.

**لەۋەند** سۈپ [ پ ] يېزت. بوشاڭ، يالقاۋ؛ بىكارچى؛ بەڭباش ئادەم: — ھەزرىتى بۇزرۇكۋارىم، داۋۇردىكى مازارنىڭ ئالدىغا بازار قىلىش ئىشلىرىنى ئاڭلىغان خالايىقلار، ئۇلۇغ مازارنىڭ ئالدىدا بازار قىلماقلىق گۇناھ بولۇر، بالا ــ چاقىمىز قىمارۋاز، جارەسكى، زىناكار، لەۋەند بولۇپ قالۇر، دەپ نارازى بولۇۋاتىدۇ، — دېدى بۇ ئىشقا نارازى بولغان خوجا پەخىردىن بۇزرۇكۋارنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

**لەۋەنلەشمەك** پ. سۆزى تاتلىق، ئۆزى يېقىملىق ھالەتكە كەلمەك: ماڭا ئۇ كۈندىن ــ كۈنگە لەۋەنلىشىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

**لەۋەنلىك** ئى. گۈزەللىك، جەزبىدارلىق.

**لەۋەي** ئىم [ئە] ① باشقىلار تەرىپىدىن چاقىرىلغان چاقىرىققا «ھە، ھەئە، خوش» دېگەن مەنىلەردىكى ھۆرمەت جاۋابى: — مۇھەممەدجان! — دېدى دادىسى بالىسىنى چاقىرىپ. لەۋەي دادا، — دېدى ئوغلى ھايال قىلمايلا. ② «نېمە، نېمە دەيسەن» دېگەن مەنىدىكى سوراقنى بىلدۈرىدۇ: لەۋەي، يەنە بىر قېتىم دەڭا.

**لەۋەي ــ لەۋەي** «لەۋەي» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: دۇم ــ دۇم ــ دۇم، لەۋەي ــ لەۋەي. ئاتاڭ نەدە ؟ ئەسكى سامانلىقتا.

**لەۋ ــ چىش** لەۋ ۋە چىش: لەۋ ــ چىش تاۋۇشى.

**لەۋز** ئى [ئە] ① گەپ، سۆز: ھەم ئانامنىڭ كۆز يېشى، لەۋزى ئۈچۈن، ئالدىدا پەرزەنتلىك، قەرزىم ئۈچۈن. ② كۆچمە. بەرگەن ۋەدە، ئەھدە: لەۋزىدە تۇرماق. لەۋزىدىن يېنىۋالماق. * ئادەم ئەمەس لەۋزىدىن يانغان، ئۆز خەلقىدىن، يۇرتىدىن تانغان.

**لەۋزى ھالال** ھالال، ھەق. توغرا سۆزلەيدىغان، راست گەپ قىلىدىغان: زۇنۇن ئاكام ئۆزىنىڭ كاتتا شان ــ شۆھرىتىگە يارىشا خۇش پېئىل، كەمتەرىن، لەۋزى ھالال، تەمەدىن خالىي، سەۋر ــ تاقەتلىك. تېپىلغۇسىز ئېسىل پەزىلەت ئىگىسى ئىدى.

**لەۋلەشتۈرمەك** «لەۋلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لەۋلەشتۈرۈشمەك** «لەۋلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لەۋلەشتۈرۈلمەك** «لەۋلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**لەۋلەشمەك** پ. لەۋلەر ئۆز ئارا دۈگىلەكلەنمەك؛ لەۋلەرنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن ھاسىل بولماق: ئۇيغۇر تىلىدا «ئا، ئە، ئې، ئى» سوزۇق تاۋۇشلىرى لەۋلەشمەيدۇ، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ سوزۇق تاۋۇشلىرى لەۋلىشىدۇ.

**لەۋنا** ئى. دىيال. تەخسە.

**لەۋھە** ئى [ئە] ئالاھىدە ياخشى نەتىجە ياراتقان، مۇسابىقىدە ئۇتقان ئورۇن ياكى شەخسلەرگە تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ئۈستىگە خاتىرىلەش، تەقدىرلەش ھەققىدىكى سۆزلەر يېزىلغان بايراقچە، بايراق شەكلىدىكى چۈچىلىق رەخت: لەۋھە تەقدىم قىلماق.

**لەيسلىمەك** پ. دىيال. نېپىزلىمەك.

**لەيلەتكۈ** ئى. دىيال. پۈۋەك.

**لەيلەتمەك** «لەيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئالىم ئۇ يەردە ئىككى قولىدا ئىككى شارنى لەيلەتكىنىچە، ئوغلاقتەك سەكرەپ يۈگۈرۈۋاتاتتى.

**لەيلەشمەك** «لەيلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاسماندا قاپقارا بۇلۇتلار لەيلىشىپ يۈرەتتى.

**لەيلەك** ئى <زوئول> قۇشلارنىڭ بىر ئۇرۇقدىشى. تەن شەكلى تۇرنىلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ، تۇمشۇقى ئۇزۇن، لېكىن تۈز، پەيلىرى كۈل رەڭ، ئاق ياكى قارا رەڭلىك كېلىدۇ، سۇ بويىدا ياشايدۇ، بېلىق ۋە راكلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى ئاق لەيلەك.

**لەيلى** ئى [ئە] ① <بوت> لەيلىگۈل. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**لەيلى ـ رەيھان** لەيلى ۋە رەيھان: تاغلىرىڭنىڭ ساپ ھاۋاسى تەنگە بېغىشلار ھۇزۇر، ھەتتا ھەر بىر گىياھىڭمۇ لەيلى ـ رەيھاندۇر ماڭا.

**لەيلىقازاق** ئى [لەيلى + قازاق] <بوت> ئەپيۇنگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غوزا مېۋىسى دورا قىلىنىدۇ. تەمى ئاچچىق ـ چۈچۈك بولۇپ، سەل قېرىق، تىلنى قورۇيدۇ، تەبىئىتى سەل سوغۇق، زەھەرلىك. ئاغرىقنى باسىدۇ، يۆتەلنى، ھاسىراشنى ۋە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

**لەيلىگەك** ئى <زوئول> ھاشاراتلارنىڭ بىر ئائىلىسى. ئارا لىچىنكىسى سۇدا بىر يىلدىن بەش ـ ئالتە يىلغىچە ياشايدۇ. يېتىلگىنىدە ئىككى جۈپ قانات بار. قۇيرۇقىدا ئىككى ياكى ئۈچ تال يىپسىمان قىلچىقلىرى بار. يېتىلگىنى دائىم سۇ ئۈستىدە ئۇچىدۇ. ئۆمرى قىسقا بولۇپ، بىرقانچە سائەتتىن بىر ھەپتىگىچە بولىدۇ.

**لەيلىگۈچ** ئى. سۇنىڭ ئېگىز ـ پەسلىكىنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىدىغان لەيلىمە بەلگە.

**لەيلىگۈچلۈك** سۈپ. لەيلىگۈچ ئورنىتىلغان، لەيلىگۈچكە ئىگە.

**لەيلىگۈچى** سۈپ. سۇدا لەيلەپ تۇرىدىغان، لەيلەپ يۈرۈپ ھايات كەچۈرىدىغان: لەيلىگۈچى جانلىقلار.

**لەيلىگۈل** ئى① [لەيلى + گۈل] <بوت> تۇگمىگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى، يىلتىزى ۋە ئۇرۇقى دورا بولىدۇ. زەھەرنى قايتۇرۇش، يىرىڭلارنى چىقىرىش، چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى راۋان قىلىش رولى بار. قارلەيلىگۈل (قارىگۈل) بوياق قىلىنىدۇ.

② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**لەيلىمە** سۈپ. لەيلەپ تۇرىدىغان، چۆكمەيدىغان: لەيلىمە كۆۋرۈك.

**لەيلىمەك** پ ① سۇغا چۆكۈپ كەتمەي، سۇغا چىلىشىپ سۇ ئۈستىدە تۇرماق: سۇ ئۈستىدە لەيلىمەك. * ئالما ئاتسام دەرياغا لەيلىۋېلىپ چۆكمەيدۇ، سەن يارىمنىڭ ئوتلىرى لاۋۇلدايدۇ ئۆچمەيدۇ. ② ھاۋا بوشلۇقىدا چۈشۈپ كەتمەي ياكى تېز كۆتۈرۈلۈپ كەتمەي ئاستا ھەرىكەت قىلماق: ھاۋادا لەيلىمەك. قۇرۇپ بېغىدىن ئۈزۈلگەن يوپۇرماقلار يېنىك شامالدا ئاستا لەيلەپ يەرگە قونىدۇ. ③ كۆچمە. ھېچبىر ئىش قىلماي، لاغايلىماق، لەلەڭشىمەك، بىكار يۈرمەك: ئۇ ھەمىشە ئىشلىمەي لەيلەپ يۈرىدۇ.

**لو** ئى. دىيال. قىز ـ ئايال ئۇسسۇلچىلارنىڭ بېشىغا تاقايدىغان تاجى.

**لوبا** ئى [خەن] <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئاساسەن شىزاڭ رايونىغا ئولتۇراقلاشقان.

**لوبېلىيە** ئى [ر] <بوت> قوڭغۇراقگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پۈتۈن ئوتى دورا بولىدۇ. يىلان چاققاننى ياكى چاقىلارنى داۋالايدۇ.

**لوپ** تەق. لوق گۆش، ئاياللار كۆكسى قاتارلىقلارنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشۈپ تۇرۇش ھالىتى.

**لوپا** ئى [ر<فىران] <فىز> كۆپۈنكى لىنزىلارنىڭ ئورتاق نامى.

**لوپ ـ لوپ** «لوپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**لوپولىت** ئى [ر] <گېئول> ماگما جىنس قاتلىمى ئارىسىغا بۆسۈپ كىرگەندە، جىنس قاتلىمىنىڭ مەركىزىي قىسمى ماگمىنىڭ تۇرغۇن ھالەتتىكى بېسىمىغا ئۇچراپ شەكىللىنىدىغان تېگى قانىتى ئولتۇرۇشقان داسسىمان جىنس. ئۇنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشىمايدۇ. ئايرىم چوڭلىرى ئۇلترا ئاساسىي جىنس بولۇپ، دىيامېتىرى نەچچە ئون كىلومېتىردىن نەچچە يۈز كىلومېتىرغا يېتىدۇ.

**لوپۇلداتماق** «لوپۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لوپۇلداشماق** «لوپۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لوپۇلدىتىلماق** «لوپۇلداتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**لوپۇلدىماق** پ. «لوپ ـ لوپ» قىلماق، «لوپ ـ لوپ» قىلىپ ھەرىكەت قىلماق.

**لوت** ئى [ر<گول] دېڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب: پارىژ ھەقىقەتەن بىر چوڭقۇر دېڭىز. بۇ دېڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى لوت تاشلىغاندىمۇ ئۆلچەپ چىققىلى بولمايدۇ.

**لوخشۇق** ئى. دىيال. شىرىق.

**لوخشۇق ئەتمەك** دىيال. يىڭنە بىلەن دوپپا ياكى يوتقان ـ كۆرپىلەرنى شىرىماق.

**لوخۇ** ئى <زوئول> بېلىقنىڭ بىر تۈرى. تېنى چوڭ، باش تەرىپى يوغان، قۇيرۇق تەرىپى ئىنچىكە كېلىدۇ. دۈمبە قىسمىدا قارا داغلىرى بولۇپ، قورساق تەرىپى ئازراق ئاق كېلىدۇ. تۆت تال بۇرۇتىنىڭ ئىككىسى ئاجىز بولىدۇ.

**لودور** سۈپ. دىيال. ھۇرۇن، بولۇمسىز.

**لورروپىتالۇم** ئى [ر<لات] <بوت> ھاماملىس چاتقىلى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. شاخلىرى ۋە يوپۇرمىقىدىن كاشتان يېلىمى ئاجرىتىپ ئالغىلى، ئۇرۇقىدىن ماي تارتقىلى بولىدۇ.

**لوزۇڭ** ئى [خەن] ① كونا جەمئىيەتتە ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەركىبىدىكى مەنسەپ نامى: لوزۇڭ بولماق. ② شۇ مەنسەپكە ئېرىشكەن شەخس.

**لوزۇنكا** ئى [ر<نېم] تەشۋىق - تەرغىبات شوئارلىرى، يىغىن نامى قاتارلىقلار يېزىلغان رەخت ياكى باشقا نەرسىلەر.

**لوغۇلدىماق** پ. دىيال. لاۋۇلدىماق، يېلىنجىماق.

**لوق** I سۈپ. ماي ۋە گۆشى جىق، سېمىز، گۆشلۈك: لوق گۆش، گۆشنىڭ لوق يېرىدىن ئالماق.

**لوق** II تەق. بەدەننىڭ مەلۇم جايىنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىش ھالىتى ۋە شۇنداق ئاغرىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان بىر خىل سېزىم.

**لوقشىتماق** «لوقشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لوقششىماق** «لوقشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لوقشىماق** پ. «لوق - لوق» قىلماق، لوقۇلدىماق.

**لوق - لوق** «لوق II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: لوق - لوق قىلىپ ئاغرىماق.

**لوقما** ئى [ئە] ① ئېغىزغا بىر قېتىمدىلا سىغىدىغان يېمەك پارچىسى؛ بىر چىشلەم، بىر كاپام: بىر لوقما گۆش. *كىشىنىڭ ئېغىزىغا سالغان لوقمىسىغا كۆز سالما. كىشىنىڭ قولىدىكى لوقمىسىغا قاراش ناھايىتى چوڭ ئەيىبتۇر. ② كۆچمە. سۆزلەۋاتقان كىشىنىڭ سۆزى ئاياغلاشماي تۇرۇپ باشقىلار تەرىپىدىن قىستۇرۇلغان سۆز: — باۋۇدۇن ئاكا، راستىنى ئېيتسام، — دەپ تاغىسىنىڭ گېپىگە لوقما سالدى ئابدۇغېنى.

**لوقۇلداتماق** «لوقۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لوقۇلداشماق** «لوقۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لوقۇلدىتىلماق** «لوقۇلداتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**لوقۇلدىماق** پ. «لوق - لوق» قىلماق، سانجىپ - سانجىپ ئاغرىماق (بەدەننىڭ قاتتىق ئاغرىشى ھەققىدە): تەلئەتنىڭ يۈزىنىڭ يېرىمى داكا بىلەن تېڭىلغان بولۇپ، لوقۇلداپ ئاغرىيتتى.

**لوك** I ئى [پ] ياغاچ قۇلۇپنىڭ تىلى؛ تاقاقنىڭ ئۇچى.

**لوك** II تەق ① تۆگە ماڭغاندا، بولۇپمۇ تېز يۈرگەن چاغدىكى لوككىسىنىڭ ھەربىر سىلكىنگەن قوپال ھالىتى: تۆگە يۈگۈرگەندە ئۇنىڭ لوككىسى لوك، لوك قىلىدۇ. ② بەزى ئادەملەر ئىتتىكرەك ماڭغان ياكى ئاستاراق يۈگۈرگەندىكى قوپال ھەرىكەت ھالىتى.

**لوكتا** ئى. دىيال. تۆگىنىڭ لوكىسى.

**لوكدان** ئى [پ] دەرۋازا، ئىشىك قاتارلىقلارنى تاقاش ئۈچۈن ئورنىتىلغان تاقاق؛ ياغاچ قۇلۇپ: — بارات، ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنى تاقىغانمىدىڭ؟ — زەنجىرلەنگەن دەھلىز ئۆيىنىڭمۇ لوكداننى چۈشۈرگەنىدىم.

**لوككا** ئى ← **ئۆركەش**: ئۇ تۆگىنىڭ تىك ئىككى لوككىسى ئوتتۇرىسىدا خۇددى مىخلاپ قويغان قورچاقتەك مىدىرلىماي ئولتۇراتتى.

**لوككىدە** رەۋ. «لوك» قىلىپ، «لوك» قىلغان ھالدا: ئۇ ماغدۇرسىزلىنىپ ئۆرە تۇرغۇدەك ماجالى قالمىغانلىقتىن، «لوككىدە» زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى - دە، خۇنۇك كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە رەپىق ئاكىنىڭ ئارقىسىدىن يىغلامسىراپ قاراپ قالدى.

**لوككىلىق** سۈپ. لوككىسى بار: بىر لوككىلىق تۆگە.

**لوك - لوك** «لوك II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**لوكۇلداتماق** «لوكۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لوكۇلداشماق** «لوكۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لوكۇلدىماق** پ. «لوك - لوك» قىلىپ ماڭماق، «لوك - لوك» قىلماق: ئېگىز - پەسلىكتە تۆگە ئۇزۇن پۇتلىرىنى تاشلاپ يۈگۈرگەندە، ئۇنىڭ لوككىسىمۇ تەڭلا لوكۇلدايتتى.

**لوگارىفما** ئى [ر<گىرېك] <مات> ئەگەر $(a\neq1)a^k = b$ بولسا، ئۇ ھالدا k دېگىنىمىز a نى ئاساس قىلغان b نىڭ لوگارىفمىسى بولىدۇ ۋە $\log_a b = k$ قىلىپ يېزىلىدۇ. ئادەتتە 10 نى ئاساس قىلغان لوگارىفما ئونلۇق لوگارىفما دېيىلىدۇ ۋە « lg » بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا e (2.71828...) نى ئاساس قىلغان لوگارىفمىمۇ بار. بۇ خىل لوگارىفما تەبىئىي لوگارىفما دېيىلىدۇ ۋە « ln »بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**لوگارىفملاتماق** «لوگارىفملىماق»پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لوگارىفملانماق** «لوگارىفملىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**لوگارىفملىق** سۈپ. لوگارىفمىغا ئائىت؛ لوگارىفما پىرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغان: لوگارىفملىق تەڭلىمە. لوگارىفملىق گەز.

**لوگارىفملىماق** پ <مات> لوگارىفما ھالىتىگە كەلتۈرمەك، لوگارىفما بەلگىسى ئىچىگە ئالماق.

**لوگىكا** ئى [ر<گىرېك] ① تەپەككۇر شەكلى ۋە تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن: فورمال لوگىكا. دىيالېكتىكىلىق لوگىكا. ② ئوبيېكتىپ شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتى: تۇرمۇش لوگىكىسى. ③ تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرى: پىكىر لوگىكىسى. * بۇ پىكىر لوگىكىغا سىغمايدۇ.

**لوگىكىشۇناس** ئى. لوگىكا ئىلمى بويىچە مۇتەخەسسىس، لوگىكا ئالىمى: 19 - ئەسىردىكى ئەنگلىيەلىك مەشھۇر پەيلاسوپ ۋە لوگىكىشۇناس مىل ئۈچ ياش چېغىدىن باشلاپ دادىسىنىڭ جاپالىق تەربىيەلىشىگە ئىگە بولغان.

**لوگىكىشۇناسلىق** ئى. لوگىكىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان پەن.

**لوگىكىلىق** ① سۈپ. لوگىكىغا ئائىت؛ لوگىكا قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسلانغان؛ مەنتىقىي: لوگىكىلىق كاتېگورىيە. لوگىكىلىق قانۇنىيەت. لوگىكىلىق خۇلاسە. ② سۈپ. بىرەر نەرسىنىڭ ئۆز خىسلىتىدىن، خاراكتېرىدىن، ئۆز ئىچكى قانۇنىيەتلىرىدىن كېلىپ چىقىدىغان؛ زۆرۈرىي، قانۇنىي: لوگىكىلىق باغلىنىش. ③ ئى <پەلس> نەرسىنىڭ تەپەككۇر جەريانىدىكى ئىنكاسى.

**لوڭ** تەق. بەزى ئادەملەرنىڭ ئىككى مۈرىسىنى بىر كۆتۈرۈپ، بىر چۈشۈرۈپ مېڭىش ھالىتى.

**لوڭقا** ئى ① گۈل سېلىپ قويۇلىدىغان بىر خىل قاچا. ئاغزى كىچىك، بويىنى ئىنچىكە ھەم قورسىقى چوڭ كېلىدۇ. ئادەتتە فارفۇردىن ياسىلىدۇ: گۈل لوڭقىسى. لوڭقا تالىشىش مۇسابىقىسى. ② تېبابەتچىلىكتە ئىشلىتىدىغان بىر خىل كىچىك كوزا: لوڭقا قويۇش.

**لوڭڭىدە** رەۋ. «لوڭ» قىلىپ، «لوڭ» قىلغان ھالدا: قىسمەت چورۇق ئورنىدىن لوڭڭىدە تۇرۇپ، گۆس ـ گۆس دەسسەپ مېڭىپ، يىغىن سەھنىسىگە چىقتى.

**لوڭ ـ لوڭ** «لوڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە ئايرىلغان كىتابلارنى قول هارۋىغا بېسىشنى بۇيرۇدى ـ دە، لوڭ ـ لوڭ دەسسەپ باغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

**لوڭۇلدىماق** پ. لوڭ ـ لوڭ قىلىپ ماڭماق: ـــ ھەي، لوڭۇلداپ نەگە بارىسەن ؟ ـــ دەپ سورىدى ئەركىن ئۇنىڭدىن.

**لۇڭيەن** ئى [خەن] <بوت> ① سوپۇن دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. مېۋىسى شارسىمان، يېپىشكە بولىدۇ، تەمى تاتلىق، دورىغا قوشۇشقىمۇ بولىدۇ، قۇۋۋەتلەندۈرگۈچى دورا ھېسابلىنىدۇ، فۇجيەن، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**لولا** [پ] ① ئى. سىگانلارغا مەنسۇپ كىشى. ② سۈپ. كۆچمە. مۇغەمبەر، ھىيلىگەر، قۇۋ، ھەييار: لولا ئادەم. * ـــ ھە، نېمە ئىشىڭىز بار ؟ ـــ دېدىم مەن ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋاب بەرمەيلا، كۆڭلۈمدە بولسا «ۋاييەي، سېنىڭدەك لولا قەلەندەرلەرنى جىق كۆرگەنمەن» دەپ ئويلايتتىم.

**لولاڭ** I سۈپ، دىيال. تەمسىز، بەتتەم، لاۋزا.

**لولاڭ** II سۈپ. دىيال. ئىلىشاڭغۇ، كەلسە ـ كەلمەس، قالايمىقان، ئالجىغان.

**لولاڭچى** سۈپ، دىيال. ئاياللارغا ئەگىشىدىغان، ئاياللارنىڭ ئارقىسىدىن قاترايدىغان ئادەم.

**لوللاشتۇرماق** «لوللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئەكبەر بۇ يېڭى كەلداخۇننى ئۆزىدەك لوللاشتۇرۇۋەتمىسە بولاتتىغۇ، — دېدى مەريەم يېڭى خىزمەتدىشىمىز مۇسانىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قويۇپ.

**لوللاشتۇرۇشماق** «لوللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لوللاشتۇرۇلماق** «لوللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى

**لوللاشماق** پ. لولا ھالەتكە كەلمەك، لولا، قۇۋ، ھىيلىگەر بولۇپ قالماق: ئۇ ئۆزى ياش، گېپى سىلىق بولغىنى بىلەن تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ لوللىشىپ كەتكەن بىرىنېمە ئىكەن.

**لوللىق** ئى. ھىيلىگەرلىك، ھەييارلىق، قۇۋلۇق؛ مۇغەمبەرلىك: «قارا بۇنىڭ لوللىقىنى» دېدىم ئىچىمدە.

**لوم** ئى. بىر ياكى ھەر ئىككى ئۇچى ئۇچلانغان، ئۇزۇن، يۇمىلاق تۆمۈر؛ لوم تۆمۈر.

**لومودى** ئى [خەن] دىيال. تېپىشتۇرغۇچى دەللال، دەللە.

**لويلا** ئى [پ] لويلا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تۈز، يوپۇرمىقى ئۈچ بۆلۈڭ شەكلىدە بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى سارغۇچ يېشىل. يۇمران يوپۇرمىقىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

**لويى** ئى [خەن] خوجا، بەگ، تۆرە.

**لويىلىق** ئى. لويىلاردا بولىدىغان قىلىق، خۇسۇسىيەت: بۇ ۋابا ئىلاھىنىڭ مىكروبىغا يولۇققان بەزى كادىرلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىنمۇ لويىلىق چىقىپ تۇرىدۇ.

**لۇشيەن** ئى [خەن] <پەلس> ئىدىيە، سىياسىي ياكى خىزمەت جەھەتلەردىكى مېڭىشقا تېگىشلىك تۈپ يول: ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىش.

**لۇغەت** ئى [ئە] ① بىرەر تىلدىكى سۆزلەرنى توپلاپ ھەم مەلۇم تەرتىپتە (ئادەتتە ئالفاۋىت تەرتىپىدە) رەتلەپ، ئىزاھلاپ ياكى باشقا تىلغا تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن كىتاب: ئىزاھلىق لۇغەت. خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت. ② تىلدىكى بارلىق سۆزلەر، سۆز زاپىسى، سۆز بايلىقى: لۇغەت بايلىقى، لۇغەت سوستاۋى، لۇغەت تەركىبى.

**لۇغەتچى** ئى. لۇغەت تۈزگۈچى كىشى.

**لۇغەتچىلىك** ئى <تىل> لۇغەت تۈزۈش ئىشى، كەسپى: ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى لۇغەتچىلىك ئىشخانىسى قۇرۇلغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان نۇرغۇنلىغان نادىر لۇغەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ لۇغەتكە بولغان تەشنا قەلبىنى قاندۇرۇپ كەلمەكتە.

**لۇغەتشۇناس** ئى [ئە + پ] <تىل> لۇغەت تۈزۈش مۇتەخەسسىسى، ئالىمى.

**لۇغەتشۇناسلىق** ئى <تىل> تىلشۇناسلىقنىڭ لۇغەتچىلىك مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان تارمىقى.

**لۇغەتلەشتۈرمەك** «لۇغەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاسىمە خىزمەت جەريانىدا توپلىغان سۆزلىرىنى لۇغەتلەشتۈرۈپ چىقتى.

**لۇغەتلەشتۈرۈشمەك** «لۇغەتلەشتۈرمەك» سۆزىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۇزۇندىن بۇيان توپلىغان سۆزلىرىنى ئاخىر لۇغەتلەشتۈرۈشتى.

**لۇغەتلەشتۈرۈلمەك** «لۇغەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: جاپانىڭ تېگى ئالتۇن دېگەندەك، نۇرغۇن يىل توپلىغان سۆزلىرىمىز ئاخىر لۇغەتلەشتۈرۈلدى.

**لۇغەتلەشمەك** پ. لۇغەت ھالىتىگە كەلمەك، لۇغەت بولماق: ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئورتاق بىر تەبىئەت بىلەن جاھان ھادىسىلىرىگە ئىبرەت كۆزى بىلەن قارىيالايدۇ، ئىنسانلار ئۆزلىرى چۈشىنىدىغان لۇغەتلەشكەن تىل بىلەن سۆزلىشىدۇ.

**لۇمىنال** ئى [ئىنگ] <خىم> بىر خىل دورا، يەنى ئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلاسى $C_{12}H_{22}O_3N_2$ . ئاق رەڭلىك پارقىراق كرىستال، تەمى قېرىقىراق. چوڭ مېڭە پوستلىقىنىڭ رولىنى چەكلەيدۇ، ئاز بىر قىسمى تىنچلاندۇرغۇچى دورا، يەنە بىر قىسمى ئۇيقۇ دورىسى قىلىنىدۇ، بۇنىڭ تەسىر قىلىش ۋاقتى ئۇزۇنراق.

**لۇنخۇر** ئى [لات] <زوئول> قۇشلارنىڭ بىر ئۇرۇقدىشى. تېنى كىچىك، تۇمشۇقى كونۇس شەكلىدە كېلىدۇ، توپلىشىپ ياشايدۇ، زىرائەت دانلىرى ۋە ھاشاراتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

دېھقانچىلىقتا زىيانلىق.

**لۆت** ئى. ئەتلەس، ماتا قاتارلىق توقۇمىچىلىق ئىشلىرىدا ئۆرۈشنىڭ تەۋەرىدىن چىققان ھەر 16 تال ياكى 20 تال يىپىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى.

**لۆجە** ئى. لەش؛ سۇدا يىغىلىپ كالىلەك بولۇپ ئېقىپ كەلگەن لەش، غازاڭ، چاۋار ـ چاتقال قاتارلىقلار.

**لۆگەت** سۈپ. دىيال. ئېغىر ـ بېسىق، ياۋاش.

**لۆگگە** ئى [پ] پاختا يىپتىن تىۋىت چىقىرىپ توقۇلغان، يۈز، قول، بەدەننى سۈرتۈش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان تازىلىق بۇيۇمى.

**لۆگگەشلىمەك** پ. دىيال. ئاسقاقلىماق.

**لۆم** تەق. يۇمشاق، ئېلاستىكلىق نەرسىلەرنىڭ بىر بېسىلىپ ـ بىر كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇش ھالىتى.

**لۆمشتمەك** «لۆمشىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لۆمشىمەك** پ. لۆم ـ لۆم قىلماق، بىر بېسىلىپ ـ بىر كۆتۈرۈلۈپ تۇرماق: كونا جەمئىيەتتىكى پاتقاق لۆمشىپ تۇرغان كوچىلار يىغىن ئەھلىنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولۇشقا باشلىدى.

**لۆم ـ لۆم** ① «لۆم» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② كۆچمە. بوشاڭ، ئەزمە: مۇنداق لۆم ـ لۆم بىلەن ئىشنى باشقا ئاچىققىلى بولمايدۇ.

**لۆممىدە** رەۋ. «لۆم» قىلىپ، «لۆم» قىلغان ھالدا: ھەيبەمنىڭ تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش لۆممىدە ئېتىلىپ چىقتى.

**لۆمۈلدەتمەك** «لۆمۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۆزلىرىڭنى لۆمۈلدەتىپ، نېمىگە قاراپ تۇرىسەن.

**لۆمۈلدەشمەك** «لۆمۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لۆمۈلدىمەك** پ ← **لۆمشىمەك**.

**لۈكچەك** سۈپ. ئۇرۇش، تالاش، جېدەل ـ ماجىرادىن يانمايدىغان، ئەخلاقى، پەزىلىتى ناچار، ئەخلاقسىز: ـــ يوقال! ئۆزۈڭنىڭ خىلىنى تاپ، لۈكچەك! // سەن لۈكچەكنى پۈتۈن مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ.

**لۈكچەكلىك** ئى. ئۇرۇش ـ تالاش، جېدەل ـ ماجىرا پەيدا قىلىدىغان قىلىق: لۈكچەكلىك قىلماق.

**لۇي** ئى [خەن] <ھەرب> ئارمىيەنىڭ ئىشتات بىرلىكى. ئۇنىڭغا بىر قانچە تۇەن ياكى يىڭ قارايدۇ.

**لۇيجاڭ** ئى [خەن] <ھەرب> لۇي كوماندىرى.

**لى** «ل» ھەرپىنىڭ نامى.

**لىپاپ** ئى [ئە] ئىچىگە خەت، ھۆججەت قاتارلىق نەرسىلەرنى سېلىپ بىرەر جايغا ئەۋەتىش ئۈچۈن تۆت بۇرجەك ياسالغان قەغەز خالتا؛ كونۋېرت.

**لىپاپلىق** سۈپ. لىپاپقا سېلىنغان، لىپاپلانغان: ـــ ھېچقىسى يوق. قېرىنداشىمىز سۇتۇق بۇغراخانغا سالام دەڭ. بۇ خەت ئۇنىڭغا، ـــ خان لىپاپلىق خەتنى بەردى.

**لىپاپلىماق** پ. خەت، ھۆججەت قاتارلىقلارنى لىپاپقا سالماق: ئۇ خەتنى يېزىپ بولۇپ لىپاپلىدى.

**لىپەز** ئى. ئىشتاننىڭ ئىشتانباغ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قايتۇرۇپ تىكىلگەن يېرى.

**لىپەك** ئى <ئانات> تىزدىكى ئۈچ بۇرجەك سۆڭەك، ئۇچى پەسكە قارايدۇ.

**لىپەكسىز** سۈپ ① لىپىكى يوق، لىپىكى بولمىغان. ② بىر يەردە جىم تۇرالمايدىغان.

**لىپەكگۈل** ئى [لىپەك + گۈل] ① <بوت>قامچىگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. تەمى چۈچۈمەل، سەل قېرىق، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز. ياسالمىسى جىگەر ۋە بۆرەككە قۇۋۋەت بېرىدۇ، تىزغا ماغدۇر بېرىدۇ. خام ئىشلىتىسە، قاننى ماڭدۇرۇپ، ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ. ئىششىقنى ياندۇرۇپ، ئاغرىق توختىتىدۇ. ② شۇخىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**لىپتون** ئى [ر<گىرېك] <فىز> ماسسىسى پروتوننىڭ ماسسىسىدىنمۇ كىچىك بولغان فېرمىيون. ئېلېكترون مېيۇئون ۋە نېيترىنو قاتارلىقلار. ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى: ئەركىن ئايلىنىش كىۋانت سانى ئوخشاشلا، ماسسىسى ئىنتايىن يېنىك، ئاتوم يادروسى بىلەن ئۆزئارا كۈچلۈك تەسىر قىلىش رولى يوق.

**لىپتىننت** ئى [ر] <گېئول> تەركىبىدە دالا ئىشپاتى، كىۋارتس كۆپرەك، چىرىمتال ياكى باشقا تۇتۇق مىنېرال ئازراق (ئادەتتە 30% تىن ئاز)، ئۆزگەرگەن كىرىستاللىرى ئۇششاق دانىچىلىق، تەڭ دانىچىلىق، دانىچىسىمان قۇرۇلمىغا ئىگە بولغان (ئادەتتە 1mm دىن كىچىك) رايون دائىرىلىك ئۆزگەرگەن جىنس.

**لىپىر** I سۈپ. دىيال. كونا، ئەسكى ـ تۈسكى.

**لىپىر ساتتى** دىيال. كونا، ئەسكى ـ تۈسكىلەرنى ساتقۇچى.

**لىپىر** II ئى. دىيال. سۆگەت چىۋىقىنىڭ پوستىدىن ياسالغان نەيچە، پىپى.

**لىچەك** ئى. كۆپىنچە ياشانغان ئاياللار بېشىغا سالىدىغان ئاق داكا رومال.

**لىچەكسىز** سۈپ. لىچىكى يوق، لىچەك ئارتمىغان: پەتچىلەر ئارىسىدا لىچەكلىك ياشانغان ئاياللارمۇ، لىچەكسىز يالاڭباشتاق مەدەنىي قىزلارمۇ بار ئىدى.

**لىچەكلىك** سۈپ. لىچىكى بار، لىچەك ئارتقان: ئۇلارنىڭ ئىچىدە لىچەكلىك ياشانغان ئاياللارمۇ، قۇچاقتىكى باللىرىنى كۆتۈرۈۋالغان چوكانلارمۇ ۋە ياش قىزلارمۇ بار ئىدى.

**لىس** ئى [ر] نان، سامسا، پېچىنە ـ پىرەنىك قاتارلىق ئۇن ۋە گۆشتىن تەييارلىنىدىغان يېمەكلىكلەرنى ئىچىگە سېلىپ قىزىتىش ئارقىلىق پىشۇرۇلىدىغان قاڭالتىر تەخسە؛ دوخۇپكا تەخسىسى.

**لىك** ئى. ئالبانىيەنىڭ پۇل بىرلىكى.

**لىكتور** ئى [ر<لات] <مائار> ئالىي مەكتەپلەردە بېرىلىدىغان ھەممە دەرىجىسى دوتسېنتتىن تۆۋەن، ئاسسىستېنتتىن يۇقىرى كەسپىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغان ئوقۇتقۇچى.

**لىكتورلۇق** ئى. لىكتورلارغا يۈكلەنگەن ئىش، ۋەزىپە؛ لىكتورلار قىلىدىغان خىزمەت: لىكتورلۇق قىلماق. لىكتورلۇققا تەيىنلەنمەك. * ئون نەچچە يىللىق لىكتورلۇق خىزمىتىنى ئىشلەش ئەمەلىيىتىمگە ئاساسەن، بەزى بىر تەسىراتلىرىمنى يولداشلار بىلەن ئورتاقلاشتۇرماقچىمەن.

**لىكسىكا** ئى [ر<گىرېك] <تىل> ① بىرەر تىل ياكى دىيا-

لېكتتىكى سۆزلەر يىغىندىسى: ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسى. لوپنور دىيالېكتى لېكسىكىسى. ② لېكسىكولوگىيە: تىل ئىلمى فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىراماتىكىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ.

**لېكسىكولوگىيە** ئى [ر<گىرېك] <تىل> تىلشۇناسلىقنىڭ بىر تارمىقى. تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىنى تەتقىق قىلىدۇ: ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى.

**لېكسىكىلىق** سۈپ. سۆز مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان، گىراماتىكىلىق مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان؛ تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىگە ئائىت: سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى.

**لېكسىيە** ئى [ر<لات] ئالىي مەكتەپ ياكى ئامما ئارىسىدا بىرەر تېما ئۈستىدە ئاغزاكى ياكى يازما تەرىقىدە سۆزلەنگەن نۇتۇق.

**لېكىن** باغل [ئە] ① مەنە جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە قارىمۇ ـ قارشى ئىككى جۈملىنى باغلاش رولىنى ئوينايدۇ: بۇ ئىككىسى كۆڭلىدە شۇنداق ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاغزىدا بۇ سۆزلەرنى ئېيتالمىدى. ② مەنىسى بىر ـ بىرىگە زىت بولسىمۇ، ئەمما بىر ـ بىرىنى رەت قىلمايدىغان ئىككى جۈملىنى باغلايدۇ: بۇگۈن ھاۋا ئوچۇق، لېكىن سەل سوغۇق. ③ بىرىنچى ئابزاستا بايان قىلىنغان پىكىرگە ئىككىنچى ئابزاستا ئەكسىچە پىكىر بايان قىلىشقا توغرا كەلگەندە ئىككىنچى ئابزاسنىڭ بېشىدا كېلىپ، بۇ ئىككى ئابزاسنى باغلاش رولىنى ئوينايدۇ:... لېكىن خىزمىتىمىزدە بەزىبىر يېتەرسىزلىكلەرمۇ ساقلاندى.

**لېگاتا** ئى [ر<ئىتال] <مۇز> نوتىدىكى بىرقانچە ئاۋازلارنى ئۇتاشتۇرۇپ كۆرسىتىدىغان سىزىق ياكى بەلگە.

**لېگەن** ئى. مىس قاتارلىقلاردىن ياسىلىپ سىرلانغان، ئىچىگە نەرسە ـ كېرەك، يەل ـ يېمىش قويۇلىدىغان چوڭ تەخسە.

**لېمپىرا** ئى. ھوندۇراسنىڭ پۇل بىرلىكى (ھوندۇراس لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بىر دۆلەت).

**لېنتا** ئى [ر] ① بېزەك ۋە زىننەت ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان تار، ئۇزۇن رەخت. ② بىرەر قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەنلىكىگە سىمۋول قىلىنغان ئۇزۇن قىزىل رەخت: لېنتا كەسمەك. ③ ئۇزۇن تاسما شەكلىدىكى تېخنىكىلىق بۇيۇم: كىنو لېنتىسى. ئۈنئالغۇ لېنتىسى. * ئۇلار ئۈنئالغۇنى توغرىلاپ ھۆرمەتلىك مېھماننىڭ «يېڭىلىق» لىرىنى لېنتىغا ئېلىۋالدى.

**لېنتىسىز** سۈپ. لېنتىسى يوق، لېنتا چىگىلمىگەن، لېنتا ئېسىلمىغان: ئۇنىڭ لېنتىسىز قاپقارا سۇمبۇل چېچى شامالدا ئاجايىپ گۈزەل دولقۇن ھاسىل قىلىپ تۇراتتى.

**لېنتىسىمان** سۈپ. لېنتىغا ئوخشايدىغان، لېنتا شەكىللىك.

**لېنتىلىق** سۈپ. لېنتىسى بار، لېنتا چىگىلگەن، لېنتا ئېسىلغان: ئانىنىڭ كۆزى ئابدۇراخماننىڭ مەيدىسىدىكى «ئامانلىقنى ساقلاش نەمۇنچىسى» دېگەن سېرىق لېنتىلىق مېدالىغا چۈشتى ـ دە، سۆيۈنۈپ ئىچىدە ئوغلىنى باغرىغا باستى.

**لېنىنىزم** ئى [ر] <پەلس> جاھانگىرلىك ۋە پرولېتارىيات ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ماركسىزم، يەنى جاھانگىرلىك ۋە پرولېتارىيات ئىنقىلابى دەۋرىدە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم قۇرۇش دەۋرىدە ماركسىزمنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە كونكرېتلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان لېنىنچە تەلىمات.

**لېنىنىزملىق** سۈپ. لېنىنىزم پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغان، لېنىنىزم پرىنسىپلىرىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان: لېنىنىزملىق كۆز قاراش.

**لېئو** ئى. رومىنىيەنىڭ پۇل بىرلىكى.

**لېئون** ئى. سېررالېئوننىڭ پۇل بىرلىكى (سېررالېئون ئافرىقىدىكى بىر دۆلەت).

**لېۋ** ئى. بۇلغارىيەنىڭ پۇل بىرلىكى.

**لېۋامىزول** ئى [ئىنگ] <تېب> بىر خىل دورا، مولېكۇلا فورمۇلاسى $C_{11}H_{12}N_2S \cdot HCl$. ئەسلىدە مەددە چۇشۇرۇش دورىسى ئورنىدا ئىشلىتىلەتتى. ھازىر يەنە كۆپ خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىۋاتىدۇ.

**لېۋىرىماق** پ. دىيال. بوشاشماق.

**لېيشمان** ئى [ئىنگ] <زوئول> ئاددىي ھايۋان. يۇمىلاق ياكى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، قىزىل قان دانىچىسىدىن كىچىكرەك كېلىدۇ. ھاشارات (كۇمۇتا)، ھايۋانلار (ئىت) ياكى ئادەم تېنىدە پارازىت ياشايدۇ ۋە قارا كېزەك كېسەللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇ ئەنگلىيە دوختۇرى لېيشمان (William boog Leishman) تەرىپىدىن بايقالغاچقا، شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**لېيبورىستلار** ئى. ئەنگلىيەدە قۇرۇلغان ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى.

**لېيبېك** ئى [خەن] <ھەرب> ھەربىي ئۇنۋان، يەنى ئەسكەرلەر ئىچىدىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجە.

**لېيتماق** «لېيماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كىملەردۇر ئېرىققا توپا تاشلاپ سۇنى لېيتماقتا ئىدى.

**لېيتىشماق** «لېيتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دېھقانلار ھەدەپ كۆلگە توپا تۆكۈپ، كۆل سۈيىنى لېيتىشماقتا ئىدى.

**لېيتىلماق** «لېيتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىر كۈن جاپالىق توپا تۆكۈش نەتىجىسىدە ئاخىرى ئۆستەڭ سۈيى لېيتىلدى.

**لېيماق** پ. لاي ئارىلاشماق، لاي بولماق: سۇ لېيىپ كەتتى.

**لىباس** ئى [ئە] يېرت. كىيىم؛ ئۈست كىيىم: مانجۇچە لىباس كىيىپ، بېلىگە شەمشەر ئاسقان تۇغبېگى شامەخسۇتنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتى.

**لىبېرال** [ر] ① ئى. لىبېرالىزم تەرەپدارى؛ لىبېراللار پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى. ② ئى. پرىنسىپسىز، تەشكىلسىز، ئىنتىزامسىز، بىپەرۋا ھەم شەخسىي مەنپەئەتنى تەكىتلەيدىغان كىشىلەر. ③ سۈپ. لىبېرالىزمغا ئائىت؛ لىبېرالىزم غايىلىرىنى ياقلايدىغان، ئىپادىلەيدىغان: لىبېرال پارتىيە. لىبېرال بۇرژۇئازىيە. ④ سۈپ. پرىنسىپسىز، تەشكىلسىز. ئىنتىزامسىز، بىپەرۋا، شەخسىي مەنپەئەتنى تەكىتلەيدىغان: لىبېرال مۇناسىۋەت.

**لىبېرالىزم** ئى [ر<لات] <پەلس> ① 19 ـ ئەسىر ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى بۇرژۇئازىيەنىڭ سىياسىي ئىدىيەۋى ئېقىمى. ② ئىنقىلابىي قوشۇندىكى بىر خىل خاتا ئىدىيەۋى ئىستىل. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى: پرىنسىپسىزلىق، تەشكىلسىزلىق، ئىنتىزامسىزلىق، بىپەرۋالىق ۋە شەخسىي

مەنپەئەتنى تەكىتلەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**لىبېرالىزملىق** سۈپ. ① لىبېرالىزمغا ئائىت؛ لىبېرالىزم غايىلىرىنى ياقلايدىغان، ئىپادىلەيدىغان: ئۇلارنىڭ مەملىكىتىدە پىروسسىيە بۇرژۇئازىيەنىڭ فېئوداللارغا ۋە مۇستەبىت سۇلالىگە قارشى كۆرىشى، قىسقىسى، لىبېرالىزملىق ھەرىكەت بارغانسېرى جىددىيلەشتى. ② پىرىنسىپسىزلىق، تەشكىلسىزلىك، ئىنتىزامسىزلىق، شەخسىي مەنپەئەتنى تەكىتلەش ۋە بىپەرۋالىق قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان: بۇنداق ئۆزۈمگە مۇناسىۋەتسىز دەپ كارى بولماي يۈرۈشتەك لىبېرالىزملىق پوزىتسىيە ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

**لىبېرالىست** ئى [ر] ① لىبېرالىزم تەرەپدارى. ② پىرىنسىپسىز، تەشكىلسىز، ئىنتىزامسىز، بىپەرۋا، شەخسىي مەنپەئەتنى تەكىتلەيدىغان كىشى.

**لىبېرالىستلىق** ئى. لىبېرالىستلارغا خاس ئىش ـ ھەرىكەت، ئادەت، قىلىق.

**لىپ** ① ئى. ھەرىكەتنىڭ يېنىك ۋە تېزلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلىش ھالىتى: ىلىقىدىن ئاتلىنىپ چىققان قوشۇننىڭ ئىلى ۋادىسى، جۇڭغار دالالىرىدىكى جەڭگىۋار يۈرۈشلىرى «لىپ» قىلىپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ② سۈپ. ئاغزىغىچە لىق تولدۇرۇلغان، لىق.

**لىپا** ئى [ر] <بوت> لىپا دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. ياغىچىنىڭ ئىشلىتىلىشى ناھايىتى كەڭ. قوۋزىقىنىڭ تالالىرى ناھايىتى كۆپ. ئارغامچا، چىگە قاتارلىقلارنى ئىشلەشكە بولىدۇ. جۇڭگودا 30 نەچچە تۈرى بار.

**لىپارىت** ئى [ر] <گېئول> كىسلاتالىق ئېتىلما جىنسنىڭ بىر خىلى. تەركىبى گىرانىت بىلەن ئوخشاش. چىپار قۇرۇلمىلىق كىۋارتىس، ئىشقارلىق دالا ئىشپاتى (سۇزۇك دالا ئىشپاتى، ئانورتوكلاز) ئۇنىڭ چىپار كىرىستالى بولىدۇ. بەزىدە ئاز مىقداردا پىلاگىئوكلاز بولىدۇ. ئاساس ماددىسى ئومۇمەن زىچلاشقان يوشۇرۇن كىرىستاللىق ياكى ئەينەك ماددىلىق بولىدۇ، بەزىدە يۇمىلاق دانىچە قۇرۇلمىلىقمۇ بولىدۇ.

**لىپپىدە** رەۋ ① «لىپ» قىلىپ، «لىپ» قىلغان ھالدا: شۇ ئەسنادا شۇ يەرگە پەيدا بولغان بىر ھەربىي ئەمەلدارغا ياندىشى ماڭغان ئۇيغۇر ئايال گۈلقىزنى كۆرسىتىپ «لىپپىدە» كۆز ئىشارىتى قىلىۋىدى، ئەمەلدار ئاستا توختاپ قالدى. ② لىقمۇلىق، توشقۇچە، لىققىدە: رىشتىلەر ئېشىلگەن ۋاپادارلىقتىن، كەشتىلەر تىكىلگەن مېھرى يېپىدە. تۇتۇشار دوست-ياران مەشرەپتە بېيىت ئېيتىپ مەي، چىنىگە قۇيۇپ لىپپىدە.

**لىپتىك** ئى [ر] <گول> ← **باغىرتاق**.

**لىپ ـ لىپ** «لىپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئىككىسىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ تۇرغان ئەنۋەر بۇ ياققا «لىپ ـ لىپ» قىلىپ قاراپ قويدى.

**لىپىلداتماق** «لىپىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ كۆزلىرىنى لىپىلدىتىپ خېلىغىچە قاراپ تۇردى.

**لىپىلداشماق** «لىپىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۆينى كۆرۈپ ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرى لىپىلدىشىپ كېتىشتى.

**لىپىلدىماق** پ. لىپ ـ لىپ قىلماق: قاغىنىڭ پەيسىز لىپىلداپ تۇرغان ھەلقۇمىغا قاراپ يېتىپ، مەتنىيازنىڭ ئازراق ئاچچىقى كەلدى.

**لىتاۋرى** ئى [گىرېك] <مۇز> مىستىن قازانغا ئوخشىتىپ ياسالغان ئۇرغۇلۇق چالغۇ، ئېغىزىغا تېرە تارتىلىپ، بۇرما ئورنىتىلىدۇ، شۇ بۇرمىنى چىڭىتىش ياكى بوشىتىش ئارقىلىق ئاۋازنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى تەڭشىلىدۇ. ئۇ ئاساسەن سىمفونىيەلىك ئوركېستىردا ئىشلىتىلىدۇ.

**لىتوسفېرا** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> ① يەر شارى ئۈستى قىسمىنىڭ ئاتموسفېراغا نىسبەتەن ئېيتىلغان قاتتىق لىتوسفېرا قاتلىمى، يەنى قېلىنلىقى تەخمىنەن 60 ـــ 120 كىلومېتىر، يەر تەۋرەش دولقۇن سۈرئىتى يۇقىرى بولغان بەلباغ. ئۇ گىرانىتلىق جىنس، بازالتلىق جىنس ۋە ئۇلترا ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىك جىنسلاردىن تەركىب تاپقان يەر پوستىنىڭ ھەممىسىنى ۋە ئۈستۈنكى مانتىلنىڭ ئۈستى قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ② بارسفېراغا نىسبەتەن ئېيتىلغان لىتوسفېرا، يەنى يەر پوستى.

**لىتىر** مىق [ر<فىران] 1000 كۇب سانتىمېتىرغا باراۋەر بولغان سۇيۇقلۇق ئۆلچەم بىرلىكى: بىر لىتىر سۈت. ئىككى لىتىر پىۋا.

**لىتىرلاتماق** «لىتىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دورىنى لىتىرلىتىپ كۆرسەم توپتوغرا چىقتى.

**لىتىرلاشماق** «لىتىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لىتىرلانماق** «لىتىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قان لىتىرلانغاندىن كېيىن توڭلاتقۇغا سېلىپ قويۇلدى.

**لىتىرلىماق** پ. نەرسىلەرنى لىتىرنى بىرلىك قىلىپ ئۆلچىمەك، تارتماق: ھەر قېتىم قان ئېلىنغاندا لىتىرلاپ ئېلىنىدۇ.

**لىتىرلىق** سۈپ. لىتىرغا توغرا كېلىدىغان، لىتىرغا توشىدىغان: يۇقىرىدىكى بىرنەچچە خىل ئۇسۇلنى قوللانغاندا، 150 لىتىرلىق توڭلاتقۇدا يىلىغا 70 ـــ 100 كىلوۋات توك تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

**لىتىي** ئى [ر<گىرېك] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Li (Lithium). كۈمۈشتەك ئاق ۋە مېتاللار ئىچىدە ئەڭ يېنىك، يۇمشاق، خىمىيەۋى خۇسۇسىيىتى بەك ئاكتىپ. ئاتوم ئېنېرگىيەسى سانائىتى، ھەر خىل قېتىشمىلار، ئالاھىدە ئەينەكلەرنى ياساش ۋە باتارېيە ئىشلەش قاتارلىقلاردا كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**لىتىيلىق** سۈپ. تەركىبىدە لىتىي بولغان، لىتىيغا ئىگە: لىتىيلىق چىرىمتال.

**لىجى** ئى [خەن] <بوت> ① سوپۇن دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. مېۋە گۆشى ئاق ۋە شىرنىلىك بولۇپ، تەمى ناھايىتى تاتلىق. مەملىكىتىمىزنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**لىچىنكا** ئى [ر] <زوئول> ھاشاراتلاردىكى تۆرەلمە تۇخۇم ئىچىدە يېتىلىپ بولغاندىن كېيىن تۇخۇمنى يېرىپ چىققان كىچىك ئورگانىزم. مەسىلەن، پاشا لىچىنكىسى، چىۋىن قۇرتى، پارازىت قۇرت قاتارلىقلار.

**لىرا** I ئى [ئىتال] تۈركىيە ۋە ئىتالىيەلەرنىڭ پۇل بىرلىكى.

**لىرا** II ئى [ر<گىرېك] ① تارلىق ۋە ئۇرۇپ چېلىنىدىغان قەدىمكى گىرېك چالغۇ ئەسۋابى. ② ئوكرائىن ۋە بېلورۇسلارنىڭ كامانچە بىلەن چېلىنىدىغان چالغۇ ئەسۋابى. ③ قەدىمكى گىرېك چالغۇسىنىڭ شەكلى ئاساسىدا مۇزىكا سەنئىتىگە سىمۋول قىلىنغان شەكىللىك بەلگە، مۇزىكا

گېرىي.

**لىرىك** سۈپ [ر] <ئەد> → **لىرىكىلىق**: لىرىك ئوبراز. لىرىك قەھرىمان.

**لىرىكا** ئى [ر<گىرېك] <ئەد> ① شائىر، يازغۇچىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردە بايان قىلغان سۇبيېكتىپ تەسراتى ۋە ئىدىيەۋى ھېسسىياتى. ② شۇ خىل ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەر يىغىندىسى: نەۋايى لىرىكىلىرى. پۇشكىن لىرىكىلىرى.

**لىرىكچى** ئى. ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە لىرىكىغا كۆپ ئەھمىيەت بېرىدىغان، لىرىكىلىق ئەسەرلەرنى كۆپ يازىدىغان يازغۇچى، شائىر.

**لىرىكچىلىق** ئى. ئەسەرلەرنى يېزىش خاھىشى: لىرىكچىلىق ئىنسان روھىنىڭ ئومۇمىي تەركىبىي قىسمىدۇر.

**لىرىكىلىق** سۈپ. لىرىكىغا ئائىت، لىرىكىغا خاس خۇسۇسىيەتلەرنى، ھېس - تۇيغۇلارنى، كەچۈرمىشلەرنى ئىپادىلەيدىغان: لىرىكىلىق شېئىر. لىرىكىلىق ئەسەر.

**لىزوزىما** ئى [ر<گىرېك] <خىم> باكتېرىيەلەرنى ئېرىتەلەيدىغان ماددىلار. بۇ خىل ماددىلار باكتېرىيە ھۈجەيرە پەردىسىنى تۈزگۈچى كۆپ قەنتلىك ماددىلارنى پارچىلاپ، باكتېرىيەلەرنىڭ ۋەيران بولۇش ۋە ئۆلۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. كۆز يېشى، ماڭقا، شۆلگەي، ئاق قان دانىچىسى ۋە تۇخۇم ئېقى قاتارلىقلارنىڭ تەركىبىدە لىزوزىما بولىدۇ.

**لىزول** ئى [ر<گىرېك] <خىم> بىر خىل دورا، يەنى مېتىل فېنول بىلەن سوپۇن ئېرىتمىسىنىڭ ئارىلاشمىسى. قوڭۇر ۋە زەھەرلىك كېلىدۇ. ئادەتتە دېزىنفېكسىيە قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**لىزۇ** ئى [خەن] <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئاساسەن ئېلىمىزنىڭ خەينەن ئۆلكىسىنىڭ خەينەن لىزۇ - مىياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا ئولتۇراقلاشقان.

**لىزۇچە** ① سۈپ. لىزۇلارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: لىزۇچە كىيىم. لىزۇچە ئۇسسۇل. ② ئى. لىزۇ تىلى: لىزۇچىنى ياخشى سۆزلىمەك.

**لىس** سۈپ. دىيال. لىق، تولۇق، لىپمۇلىق.

**لىسۇ** ئى [خەن] <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئاساسەن مەملىكىتىمىزنىڭ يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ نۇجياڭ لىسۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. قالغان بىر قىسمى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ لىجياڭ، دىچىڭ، دالى ۋە سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ شىچاڭ قاتارلىق جايلىرىغا تارقاق ئولتۇراقلاشقان. چەت ئەللەردىن بىرما، تايلاندلاردىمۇ بىر قىسىم لىسۇلار ياشايدۇ.

**لىسۇچە** ① سۈپ. لىسۇلارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: لىسۇچە كىيىم. ② ئى. لىسۇ تىلى: لىسۇچىنى ياخشى سۆزلىمەك.

**لىشاينىك** ئى [ر] <بوت> تۆۋەن دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر تىپى. بۇلارنىڭ ئۆسۈملۈك تېنى زەمبۇرۇغ بىلەن يۇسۇنلەرنىڭ ئورتاقلىشىپ ياشىشىدىن بارلىققا كەلگەن. تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ، يەر يۈزىدىكى دەرەخ قوۋزاقلىرى ياكى قورام تاشلاردا ئۆسىدۇ.

**لىفت** ئى [ر<ئىنگ] <بىن> بىنالاردىكى ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى بىلەن يۇقىرى - تۆۋەن ھەرىكەتلىنىپ، ئادەم ياكى باشقا نەرسىلەرنى توشۇيدىغان قۇرۇلما.

**لىغ** تەق. يەڭگىل تەۋرەنگەن، تىترىگەن ھالەت.

**لىغ - لىغ** «لىغ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**لىغىر** تەق. بىرەر نەرسىنىڭ تەۋرەنگەن ۋە تىترىگەن ۋاقتىدىكى ھالىتى.

**لىغىرلاتماق** «لىغىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ گاھىدا قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، بىر قولىنى لىغىرلىتىپ باشقىلارنى ئۇسسۇلغا تارتاتتى.

**لىغىرلاشماق** «لىغىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لىغىر - لىغىر** «لىغىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**لىغىرلىماق** پ. «لىغىر - لىغىر» قىلماق. «لىغىر - لىغىر» قىلىپ تەۋرەنمەك: قىز غەمكىن ۋە مەيۈس ئىدى. كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ يالتىرايتتى. * بۇ قوينىڭ سېمىزلىكىدىن قۇيرۇقلىرى لىغىرلاپ تۇراتتى.

**لىغىلداتماق** «لىغىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لىغىلداشماق** «لىغىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لىغىلدىماق** پ. «لىغ - لىغ» قىلماق، «لىغ - لىغ» قىلىپ تەۋرەنمەك: ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش تامچىلىرى سىمابتەك لىغىلداپ قالغانىدى.

**لىق** سۈپ. تولۇق توشقۇزۇلغان، ئاغزىغىچە قاچىلانغان، توشقىچە تولدۇرۇلغان: چېلەكتە لىق سۇ بار ئىدى. // ئۇ ئۆزى ئېلىپ كەلگەن ھاراقتىن بىر پىيالىگە لىق تولدۇرۇپ قويۇپ، يالغۇز ئىچىۋەتتى.

**لىققىدە** رەۋ. توشقۇچە، لىق تولغۇچە: كىچىك بىر ياغاچ چۆچەكتە قەلەم قىلىپ توغرالغان، ئۈستىگە ئۇششاق چانالغان سامساق سېپىلگەن تۇرۇپ سەي لىققىدە تۇراتتى.

**لىقلاتماق** «لىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئۆزى تەلەپ قىلىپ رومكىنى لىقلاتتى.

**لىقلاشماق** «لىقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مۇلازىم قىزلار بوشىغان پىيالىلەرگە پات - پات چاي لىقلىشىپ تۇرۇشاتتى.

**لىقلانماق** «لىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: رېزىنكە نەيچە قاپاق ئاغزىغا تىقىلىپ، ئازراق بۇژۇلداشتىن كېيىن ماي لىقلاندى.

**لىقلىماق** پ. لىققىدە تولدۇرماق، قاچىلىماق؛ ئىچىدە بوش ئورۇن قالدۇرماي تولدۇرماق: مەھپىرەتخان ئاچا چۆگۈننى لىقلاپ، ئوچاققا قويدى - دە، يەنە بىرنەچچە تال قۇرۇق ئوتۇننى ئوچاققا ئۈستىلەپ تىزدى.

**لىقمۇلىق** سۈپ. ئاغزىغىچە قاچىلانغان، توشقۇچە، لىپمۇ - لىپ: تاجى ئاخۇن ئاكا ياش ئۈچقۇنلارنى تائامغا تەكلىپ قىلىپ، ئىككى چۆچەكتە لىقمۇلىق شورپا ئەكەلدى.

**لىك** تەق. ھەرىكەتنىڭ يەڭگىل ھەم تېزلىك بىلەن يۇقىرى - تۆۋەن تەۋرەش ھالىتى: ئۇ لىك قىلىپ ئورنىدىن تۇردى.

**لىكاڭ** تەق. بىر كۆتۈرۈلۈپ - بىر پەسەيگەن ياكى بىر بۇ ياققا - بىر ئۇ ياققا تەۋرىگەن ھەرىكەتنىڭ تەكرار ھالىتى.

**لىكاڭلاتماق** «لىكاڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ پۇتىنى لىكاڭلىتىپ ئولتۇراتتى.

**لىكاڭلىماق** پ. كۆتۈرۈلۈپ – پەسلەپ، لىكىلداپ تۇرماق: ھەربىر ئادەم ئۆتكەندە كۆۋرۈك تاختىسى لىكاڭلاپ تۇراتتى.

**لىككىدە** رەۋ. «لىك» قىلىپ، «لىك» قىلغان ھالدا: قەيسەر تۇيۇقسىز لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

**لىك – لىك** «لىك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**لىكىلداتماق** «لىكىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: باقى ئەپكەشلىرىنى لىكىلدىتىپ كېتىپ بارىدۇ.

**لىكىلداشماق** «لىكىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لىكىلدىماق** پ. «لىك – لىك » قىلماق، بىر بۇ ياققا – بىر ئۇ ياققا يۇرمەك: تاشخان ئۇستامىنىڭ ئۇچلۇق ئېگىكىدىكى بىر تۇتام ساقىلى لىكىلداپ، كۆزى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۇدەك بولدى.

**لىگنىن** ئى [ر<لات] <خىم> بىر خىل يۇقىرى مولېكۇلالىق ئاروماتىك گۇرۇپپىدىكى پولىمېرلىق بىرىكمە. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ياغاچلاشقان توقۇلمىلىرىنىڭ ھۇجەيرە پوستىدا كۆپ مىقداردا بولىدۇ. سېللۇلوزىلارنىڭ ئارىلىقلىرىنى تولدۇرۇپ تۇرىدۇ، ھايۋانلار ھەزىم قىلالمايدۇ، تۇپراقتا چىرىنىدىگە ئايلىنالايدۇ، سانائەتتە ئاجرىتىپ ئالغىلى بولىدۇ. ئىشلىتىلىشى ناھايىتى كەڭ.

**لىگنىنلاشماق** پ <ئورم> ئۆسۈملۈك غولىنىڭ لىگنىن بار قىسمى تەرەققىي قىلىپ چىڭىماق، مەزمۇتلاشماق.

**لىڭ** I تەق. تېز ۋە يەڭگىل يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ھالەت.

**لىڭ تاسما** ئىشنى ياكى توختىتالمايدىغان ياكى تۈگەتمەيدىغان، ئۈگشاپ قىلالمايدىغان، بوشاڭ، لايغەزەل: لىڭ تاسما ئادەم. * ئاقپاشا پۇقراسى دېگەن مۇشۇنداق لامزەللە، لىڭ تاسما بولامدۇ ؟ — دېدى ھاپىز.

**لىڭ** II ئى [خەن] <مەت> تاختا، تاۋاق.

**لىڭجاڭ** [خەن] <ھەرب> پاگون.

**لىڭشىتماق** «لىڭشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دەرەخنى لىڭشىتماق. * ئۇ ئورۇندۇققا چىقىپ، مىخنى لىڭشىتىپ كۆردى.

**لىڭشىشماق** «لىڭشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لىڭشىق** سۈپ ① لىڭشىپ، تەۋرىنىپ تۇرىدىغان: ئابدۇرېشىتخان — پادىشاھ، خەلقپەرۋەرلىك، ئادىللىق كۆز قارىشى بار، شائىر، ئەمما مەيدانى لىڭشىق، 35 ياشلاردا. ② كۆچمە. بىرەر ئىشنى گاچ – گاچ قىلماي ئەزۋەيلەپ ئولتۇرىدىغان ياكى گەپنى گاچ – گاچ قىلماي لىڭشىپ قىلىدىغان، ئىنجىق: لىڭشىق ئادەم.

**لىڭشىماق** پ. ئۇ يان – بۇ يان ياكى ئاستىن – ئۈستۈن مىدىرلاپ تەۋرەنمەك، سىلكىنمەك: سول تەرەپتىكى بىر تۇپ قارىغاي شېخىنىڭ تۇيۇقسىز لىڭشىپ، ئۇستىدىكى قارنىڭ پەسكە تۆكۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم.

**لىڭگە** ئى <بىن> پېشايۋانلاردىكى تۆۋرۈك ئارىلىقىغا قويۇلىدىغان يېرىم چەمبەر شەكلىدىكى ئەگمە.

**لىڭگىر** تەق. ئېگىز – پەس لىڭشىش ھالىتى.

**لىڭگىرتاقتاق** ئى [لىڭگىر + تاقتاق] ① <تەن> بالىلارنىڭ تەنھەرىكەت سايمىنى. ئادەتتە بىر پارچە ئۇزۇن تاختاينى ئوتتۇرىدىن تىرەپ قويۇپ، ئىككى ئادەم ئىككى بېشىدا قارىمۇ – قارشى ئولتۇرۇپ، نۆۋەتلىشىپ پۇتى بىلەن يەرگە تېپىپ، تاختاينىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە تۆۋەنلىشى بىلەن بىللە چىقىپ – چۈشۈش ئارقىلىق ئوينىلىدۇ. ② سۈپ. كۆچمە. تۇرالغۇسى يوق، بىر يەردە توختىمىغان: لىڭگىرتاقتاق گەپنى قىلماي ئۇزۇپ گەپ قىل.

**لىڭگىرچاق** ئى. توقۇمنىڭ ئۇستىگە قويۇلىدىغان، ئېگەرگە ئوخشىتىپ ياسالغان هارۋا جابدۇقى.

**لىڭگىرلەتمەك** «لىڭگىرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لىڭگىر – لىڭگىر** «لىڭگىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**لىڭگىرلىمەك** پ. لىڭگىر – لىڭگىر قىلماق، لىڭگىر – لىڭگىر قىلىپ تەۋرەنمەك.

**لىڭگىدە** رەۋ. «لىڭ» قىلىپ، «لىڭ» قىلغان ھالدا: ئۇ بىر كۈچەۋىدى، لىڭگىدە ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. * ئايروپىلان لىڭگىدە يەردىن كۆتۈرۈلدى. * تاختاينىڭ بىر ئۇچى لىڭگىدە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

**لىڭ – لىڭ** «لىڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**لىڭىلداتماق** «لىڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لىڭىلداشماق** «لىڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لىڭىلدىماق** پ. «لىڭ – لىڭ» قىلماق، «لىڭ – لىڭ» قىلىپ تەۋرىمەك، چايقالماق.

**لىلانگېنى** ئى. سىۋېزىلاندنىڭ پۇل بىرلىكى (سىۋېزىلاند جەنۇبىي ئافرىقىدىكى كىچىك بىر دۆلەت).

**لىللا** سۈپ [ئە] راست، ھەق، ناھايىتى توغرا، ئادىل: لىللا ئادەم. لىللا گەپ.

**لىللالاشماق** پ. لىللا بولماق، ئادىل بولماق، ئادىللاشماق: پارتىيە سىياستى لىللالاشتى.

**لىللالىق** ئى. ئادىللىق، توغرىلىق: ئەينەك، ئەينەك رەھىمسىز سەن، باغرى تاش، ھەممە جۇپكى، لىللالىقتا بىر سەن تاق. ياتمىدىمۇ سىرلار ياتماس ئىچىڭدە، چېچىمدىكى بالدۇر چۈشكەن بىر تال ئاق.

**لىم** ئى [خەن] <بىن> ① جەگە. ② قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدىكى ئۆي يېپىش ياكى باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان بادرىدىن يوغان، ئۇزۇن ياغاچ: خەلچەم بىلەن بەختىنىسا يوغان بىر لىمنى كۆتۈرۈپ كېلىشتى.

**لىمتاق** ئى. ئۆينىڭ تۆرىدىكى ئورۇن – كۆرپە يىغىدىغان جاي، ئويۇق ياكى تىزىلغان ئورۇن – كۆرپە.

**لىمسىز** سۈپ. لىم يوق، لىم سېلىنمىغان: ئۆي لىمسىز سېلىنغانىدى.

**لىمفا** ئى [ر<لات] <ئانات> ئورگانىزمدىكى توقۇلمىلار ئارىلىقىنى تولدۇرۇپ تۇرىدىغان رەڭسىز، سۇزۇك سۇيۇقلۇق. تەركىبىدە لىمفا شارچىسى بولۇپ، توقۇلما سۇيۇقلۇقىنىڭ لىمفا نەيچىسىگە سىڭىپ كىرىشىدىن شەكىللىنىدۇ. لىمفا نەيچىسىنىڭ تۇزۇلۇشى ۋېنا قان تومۇرىغا ئوخشايدۇ. ئۇ بەدەننىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغىچە تارقالغان. لىمفا ئادەتتە لىمفا نەيچىسى ئارقىلىق ئايلىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ۋېنا تومۇرىغا كىرىدۇ ۋە توقۇلما سۇيۇقلۇقىنىڭ قان سۇيۇقلۇقى ئارىسىغا ئېقىپ كىرىشىدە ۋاستىلىك رول ئوينايدۇ.

**لىمفاتىك** سۈپ [ر] لىمفاغا ئائىت، لىمفاغا تېگىشلىك: لىمفاتىك سىستېما.

**لىملىق** سۈپ. لىمى بار، لىم سېلىنغان: ئاشخانا ئۆي بەش لىملىق، ئۈچ دېرىزىلىك چوڭ ئۆي ئىدى.

**لىمون** ئى [ر<گىرېك] <بوت> ① سۇزاپ ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان كىچىك دەرەخ. مېۋە گۆشىنىڭ تەمى ناھايىتى ئاچچىق ـ چۈچۈك بولۇپ، ئىچىملىك ياساشقا بولىدۇ. مېۋە شۆپۈكى سېرىق. ئۇنىڭدىن لىمون يېغى ئاجرىتىپ ئېلىشقا بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**لىمونات** ئى [ر<فىران] لىمون ياكى باشقا خىل مېۋە شەربىتىدىن تەييارلانغان تاتلىق ئىچىملىك.

**لىمونىن** ئى [ئىنگ] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلاسى $C_{10}H_{16}$. ئۇ بىر خىل خۇش پۇراق سۇيۇقلۇق بولۇپ، ئاپېلسىن قاتارلىقلارنىڭ مېۋە پوستىدا بولىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭدىن پۇراقلىق ماتېرىياللار ئىشلىنىدۇ.

**لىمىت** ئى [ر<لات] <مات> ماتېماتىكىدىكى بىر ئۇقۇم. ئەگەر ئۆزگەرگۈچى مىقدار x تەدرىجىي ئۆزگىرىپ بەلگىلىك مىقدار a غا ئىنتىلسە، يەنى ئۇلارنىڭ ئايرىمىسىنىڭ مۇتلەق قىممىتى ھەرقانداق بېرىلگەن مۇسبەت ساندىن كىچىك بولسا، بەلگىلىك مىقدار a ئۆزگەرگۈچى مىقدار x نىڭ لىمىتى دېيىلىدۇ ۋە $x \to a$ ياكى $\lim x = a$ قىلىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن، سانلار ئارقىمۇئارقىلىقى $\frac{1}{2},\frac{2}{3},\dots,\frac{n}{n+1}$ نىڭ لىمىتى 1. ئۇ $\lim_{n\to\infty}\frac{n}{n+1}=1$ قىلىپ يېزىلىدۇ.

**لىمنىگراف** ئى [ر<گىرېك] <سۇ> سۇ ئورنىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن ئۆزگىرىشىنى ئاپتوماتىك خاتىرىلەيدىغان بىر خىل مېخانىزم.

**لىندېرا** ئى [لات] <بوت> كامفورا ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. مېۋىسى قارا، يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ. ئاشقازاننى كۈچەيتىش، ئاغرىق پەسەيتىش قاتارلىق روللارغا ئىگە. جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ تيەنتەي ناھىيەسىدىن چىقىدىغانلىرى ئەڭ داڭلىق.

**لىنزا** ئى [ر<نېم] <فىز> سۈزۈك ماددىلاردىن ياسالغان ئەينەك. يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن چېتىنىڭ قېلىن ـ نېپىزلىكىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ كۆپۈنكى لىنزا ۋە پېتىنقى لىنزا دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

**لىنىيە** ئى [ر] ① ئېلېكتىر ئېقىمى، سۇيۇقلۇق، پار، قاتناش ۋاسىتىلىرى، شۇنىڭدەك ھەرىكەتچان جىسىملار بېسىپ ئۆتىدىغان يول؛ سىم: لىنىيە بېسىمى. لىنىيە توكى. قاتناش لىنىيەسى. * لىنىيە چەينەكلىرىنىڭ ھەممىسى قويماي چېقىلىپ كەتتى. ② سىزىق؛ رەت، سەپ: ئاپتوموبىللار لىنىيەسى. تانكا لىنىيەسى. ③ يۆنىلىش؛ تەرەپ: ئەتىسى تۈن يېرىمىدىن ئاۋۋال زەربىدارلار ئىككى لىنىيە بويىچە دۈشمەن ئىستىھكامىغا تېگىش قىلدى. ④ دۈشمەن ياكى قارشى تەرەپكە يېقىن جايدىكى مۇداپىئە ياكى ئوت ئېچىش نۇقتىلىرىدىن تەركىب تاپقان سىستېما: ئالدىنقى لىنىيە. مۇداپىئە لىنىيەسى. دېڭىز قىرغىقى لىنىيەسى. ئوت كۈچى لىنىيەسى. * ياپون «پادىشاھ ئەسكەرلىرى» نى باسقان زور سوقۇش پاراخوتى ئۇلۇغ ئوكيان فىرونتىنىڭ ئالدىنقى لىنىيەلىرىگە قاراپ كېتىپ باراتتى.

**ليەن** ئى [خەن] <ھەرب> ئارمىيەنىڭ ئىشتات بىرلىكى. بىرقانچە پەيدىن تەركىب تاپىدۇ.

**ليەنجاڭ** ئى [خەن] <ھەرب> ليەن كوماندىرى.

**ليەنجاڭلىق** ئى. ليەنجاڭغا يۈكلەنگەن ۋەزىپە، ئەمەل.

**ليۇتېتسىي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Lu (Lutetium). ئۇ سىيرەك يەر مېتاللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، تەبىئەتتە ناھايىتى ئاز تارقالغان.

**ليۇمېن** مىق [ر<لات] <فىز> يورۇقلۇق ئېقىمى بىرلىكى. بىر ليۇمېن بىر خەلقئارالىق كاندېلانىڭ ئارىلىقى بىر سانتىمېتىر، مەيدانى بىر كىۋادرات سانتىمېتىر بولغان تەكشىلىكنى يورۇتقان چاغدىكى يورۇقلۇق ئېقىمىغا باراۋەر كېلىدۇ.

# م

**م** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ يىگىرمە ئىككىنچى ھەرپى.

**ما** ئال. جان ت. كۆرسىتىش ئالماش «ماۋۇ» نىڭ جانلىق تىلدا قىسقارغان شەكلى: مانى ئۆزۈمگە، مانى ئۇكامغا ئالدىم.

**مائارىپ** ئى [ئە] ① مەكتەپلەردىكى بالىلار، ئۆسمۈرلەر، ياشلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەربىيە جەريانى: مائارىپ ئىسلاھاتى. مائارىپ ئىشلىرى. مائارىپ فاكۇلتېتى. مائارىپ ئىدارىسى. ② تەلىم ـ تەربىيە، مەكتەپ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئىدارە: بۈگۈن مەكتىپىمىزگە تەكشۈرۈش ئۈچۈن مائارىپتىن ئىككى كادىر كەپتۇ.

**مائارىپپەرۋەر** ئى [ئە + پ] مائارىپ ئىشلىرىنى قوللىغۇچى، ياردەم قىلغۇچى كىشى: كېرەم ئىمىن ئۆزى ياراتقان بايلىقى بىلەن يۇرتىغا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ، بىر ئوتتۇرا مەكتەپ سېلىپ بەرگەن مائارىپپەرۋەر.

**مائارىپپەرۋەرلىك** ئى. مائارىپ ئىشلىرىنى قوللاش، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش ئىشى، پائالىيىتى: ئۇلارنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكى ۋە مائارىپپەرۋەرلىكى ھەققىدە يېزىلغانلاردىن نۇرغۇن پارچىلارنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

**مائارىپچى** ئى. مائارىپ ساھەسىدە ئىشلىگۈچى كىشى، مائارىپ خادىمى: مەن ئۇزۇن يىللىق مائارىپچى، بالىلارنىڭ، ياشلارنىڭ مىجەز ـ ھەۋەسلىرىنى كۆزىتىشكە قىزىقىمەن.

**مائارىپچىلىق** ئى. مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى، كەسپى: — مېنىڭچە، — دېدى لۇتپۇللا، — ھازىر بىرلا ئۇلۇغ خىزمەت بار. ئۇ بولسىمۇ، مائارىپچىلىق، مۇئەللىملىك.

**مائارىپشۇناس** ئى [ ئە+پ ] مائارىپ، تەلىم ـ تەربىيە، ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى، پېداگوك، مائارىپچى: جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق مائارىپشۇناسى تاۋشىڭجى مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم ئېھتىياجلىق بولغان ئەڭ مۇھىم ئادەت، خاھىش، پوزىتسىيە دېگەنلەر كۆپىنچە ئالتە ياشتىن ئىلگىرى يېتىلىپ بولىدۇ، بۇ ۋاقىت ئادىمىيلىكنىڭ، تاۋلىنىپ چىقىشنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزگىلى.»

**مائارىپشۇناسلىق** ئى [ ئە+پ ] مائارىپنى تەتقىق قىلىش، مائارىپنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدىغان پەن، پېداگوگىكا؛ مائارىپشۇناسلىق مائارىپقا دائىر بىلىشنىڭ بىر شەكلى بولالايدۇ.

**مائاش** ئى [ئە] ئىشلىگەن خىزمەت ۋە ئەمگەككە ئاساسەن بېرىلگەن ئىش ھەققى، پۇل، ئايلىق: مائاشى ئۆسمەك.

**مائاشسىز** سۈپ. مائاش ئالمايدىغان، ئىش ھەققى يوق: مۇنداق مائاشسىز خىزمەتنى قىلمايمەن.

**مائاشلىق** سۈپ. مائاشى بار، مائاش ئالىدىغان: مائاشلىق ئىشچى.

**مابەين ( ى )** تىر [ئە] ← **مابەينىدە:** ساقايسا بىر كېسەل، بىر قېتىم كۆلۈش، كۆپ يىللار مابەينى خالىقا ئادەت. ئۇلارنى كۆزىتىش، دورا يېگۈزۈش، ئىدىكى كۆڭلىدە چەكسىز سائادەت.

**مابەينىدە** تىر. داۋامىدا، ئارىلىقتا: شۇندىن بۇيانقى 30 نەچچە كۈن مابەينىدە، ئۇمۇ شۇ دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتاتتى.

**مات** [پ] ① ئى. شاھمات ئويۇنىدا شاھنىڭ قارشى تەرەپ ئۇرۇقىنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغدىنالماي، يوقىلىش ھالىتى. ② سۈپ. قىيىن ئەھۋالدا قالغان، تەڭلىكتە قالغان، يېڭىلگەن: بەستى تامدەك، قورسىقى نەچچە چاناقتەك بولسىمۇ، مات ئېلىپبە ئالدىدا ئۇ، ئىلمىي ھېكمەت بولمىسا.

**مات بولماق** ① ئۇتتۇرۇپ قويماق، ئۇتتۇلماق: مەن ئۇدا ئۈچ تاختا ئۇتتۇرۇپ قويدۇم، بىر قېتىم پىچكا مات بولدۇم. ② قىيىن ئەھۋالدا قالماق؛ يېڭىلمەك: تاي ئات بولغۇچە، ئەر مات بولار (ماقال). * پادىشاھ قىز ئالدىدا مات بولۇپ يۈزى كېتىش، جېنىدىن ئايرىلىشتىن ئەنسىرەپ ئوردىغا قايتالماپتۇ.

**مات قىلماق** ① ئۇتماق: بۇ گەپتىن كېيىن پادىشاھ شاھماتتا ئۆزىنى مات قىلىپ قويغان نىقابلىق پادىشاھنىڭ ئۆز خوتۇنى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ② قىيىن ئەھۋالدا، خىجالەتتە قالدۇرماق، يەڭمەك: ۋەزىر دېھقاننى مات قىلىدىغان بولدۇم دەپ ئويلاپتۇ، خالار ـ خالىماستىن ئاتتىن چۈشۈپتۇ.

**ماتا ( ماتاسى )** ئى [ئە] پاختا يىپتىن يەرلىك توقۇش دۇكىنىدا توقۇلغان رەخت، بۆز: ئۆتمەس ماتا، زورلاپ ساتا (ماقال).

**ماتاتماق** «ماتىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ماتاشماق** «ماتىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ماتاقچۆپ** ئى [ماتاق + چۆپ] دىيال. ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ كۆزىگە قونۇۋالىدىغان ئۇششاق چىۋىن.

**ماتال** ئى. دىيال. ياغاچ نور.

**ماتالماق** «ماتىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەگرى ـ بۈگرى ياغاچ ئاخىرى ماتالدى.

**ماتانەت** ئى [ئە] بەرداشلىق، چىدام، تاقەت: ئادەم دېگەندە روھ، پائالىيەت ۋە ماتانەت بولۇشى لازىم.

**ماتانەتلىك** سۈپ. چىدىيالايدىغان، تاقەت قىلالايدىغان، چىداملىق، سۇباتلىق: خەۋەر كەلمەكتە يايلاقتىن كۈرەش جىددىي مۇشەققەتلىك، ئۇ يەردە قەھرىمان يوقسۇل ئېلىشماقتا ماتانەتلىك.

**ماتەم** ئى [پ] ① بىركىمنىڭ ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن بىلدۈرۈلگەن تەزىيە، قايغۇ ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆيۈشتۇ - رۇلغان مۇراسىم، قارىلىق تۇتۇش قاتارلىقلار: ھەممە ياقنى قىيا - چىيا، ماتەم يىغىسى قاپلاپتۇ. ② قايغۇ، ھەسرەت: سىنىڭ غەمگە گىرىپتار بولۇشۇڭ مەن ئۈچۈن خۇشاللىق، پاراغەتكە چىقىشىڭ ماڭا ماتەم ئىدى.

**ماتەمدار** ئى [پ] يېقىن كىشىسىنىڭ ۋاپات بولغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان، ئۇنىڭغا ماتەم تۇتۇۋاتقان، قارىسىنى ئۆشتۈ - مىگان كىشى؛ ھازىدار: بىر كۈنى ھاتەم ئۇ يەردە قارا كىيىم كىيىش - كەن، كۆرۈنۈشتە ماتەمدارغا ئوخشاش ھازا تۇتۇشقان بىر بۆلەك خالايىقنى كۆردى.

**ماتەمسەرا** ئى [پ] يېزت. ماتەم تۇتۇلىدىغان جاي، ئۆي: جەننەتسىرى كەتتى تاشلاپ ھىجرانغا، ھىجران دېمە، ماتەمسەرا جاھانغا!

**ماتەملىك** سۈپ ① ماتەمگە مۇناسىۋەتلىك بولغان، ماتەمگە تەئەللۇق؛ ماتەمنى بىلدۈرىدىغان: زۇبەيدە ئۇنىمۇ ماتەملىك قارا كىيىم كىيگەن ھالدا كۆرۈپ ئەھۋال سوراپتۇ. ② ماتەم تۇتقان: كۆك ئاسمان ياش تۆكتى، قىچقىرار كاككۇك، ماتەملىك ۋادىغا ئېغىر مۇڭ تۆكۈپ، تاغ، تېرەك، گۈل... ـ گىياھ... ـ ئانا تەبىئەت، تۇرىدۇ ئەزگۇ بىر جىملىقتا چۆكۈپ.

**ماتراس** ئى [ ر<ئە ] ئىچىگە پاختا، يۇڭ، پاخال قاتارلىقلار سېلىنغان قېلىن تۆشەك: موللاقچىلار سەھنىگە چوڭ بىر ماتراسنى سېلىپ ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى.

**ماتروس** ئى [ر<لات] ① دېڭىز ئارمىيەسى تەركىبىدىكى ئەسكەر. ② ئومۇمەن دېڭىز ـ ئوكيان قاتنىشىدا (كېمە، پاراخوت ئۈستىدە) خىزمەت قىلىدىغان كىشى.

**ماترىئارخال** سۈپ [ر] ئانىلىق ئۇرۇقداشلىقتا مەنسۇپ بولغان: ماترىئارخال جەمئىيەت. ماترىئارخال مۇناسىۋەت.

**ماترىئارخاللىق** ئى. جەمئىيەت ۋە ئائىلىدە ئانا باشچىلىق قىلىدىغان، ئۇرۇقداشلىقتا ئانا ئاساس ھېسابلىنىدىغان فورماتسىيە: ماترىئارخاللىق تۈزۈم.

**ماتكا** I ئى [ر] قارتا ئويۇنىدا ئايال سۈرىتى چۈشۈ - رۈلگەن، سولداتتىن يۇقىرى، كارولدىن تۆۋەن تۇرىدىغان، «Q» بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن كارتا.

**ماتكا** II ئى [ر] <ئانات> ① بالىياتقۇ: ماتكا راكى. ② ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى.

**ماتېرىك** ئى [ر] ① <جۇغ> قۇرۇقلۇق، قىتئە. ② <گېئول> ئانا جىنس. ③ <گېئول>ئاساسلىق جىنس، ئۇل جىنس.

**ماتېرىيال ( ماتېرىيالى )** ئى [ر<لات] ① بىرەر مەقسەت ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان خام ئەشيا، ماددا: قۇرۇلۇش ماتېرى - يالى. ماتېرىيال تەييارلىماق. ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرى. ② ئاساس ياكى دەلىل ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان مەلۇمات، مەنبە ۋە شۇ قاتارلىقلار: ماتېرىيال بۆلۈمى. بىرىنچى قول ماتېرىيال.

**ماتېرىيالچى** ئى. ھەرخىل يازما ماتېرىيال ۋە گېزىت ـ ژۇرناللارنى رەتلەپ ساقلىغۇچى كىشى: بۆلۈمىمىزدە تەھرىر، تۈزگۈچى، تەرجىمان، ماتېرىيالچى ۋە سۆزلۈكچى بولۇپ جەمئىي ئون نەچچە ئادەم بار.

**ماتېرىيالچىلىق** ئى. ھەر خىل يازما ماتېرىيال ۋە گېزىت ـ ژۇرناللارنى رەتلەپ ساقلاش ئىشى، كەسپى: ئابلىمىت ئۇزۇن يىل بۆلۈمىمىزدە ماتېرىيالچىلىق قىلغانىدى، شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلەتتى.

**ماتېرىيالسىز** سۈپ. ماتېرىيال يوق، ماتېرىيال بولمىغان: كومىتېتىمىزنىڭ شۇجىسى ماتېرىيالسىزمۇ بىرنەچچە سائەت نۇتۇق سۆزلىيەلەيدىغان ناتىق كىشى ئىدى.

**ماتېرىيالشۇناس** ئى [ ر<لات + پ ] ماتېرىيال ئىلمى، كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: سۇلتان ھەقىقەتەن ماتېرىيالشۇناس بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىدىن ھەرقانداق ماتېرىيالنى تاپقىلى بولاتتى.

**ماتېرىيالشۇناسلىق** ئى. پەننىڭ ماتېرىيال كەسپىگە ۋە ئىلمىگە ئائىت مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان تارمىقى: ياپونىيەدىكى بۇ مەكتەپ بىلىمشۇناسلىق مەكتىپى، ئۇچۇرشۇناسلىق مەكتىپى ۋە ماتېرىيالشۇناسلىق (ماتېرىيال ئىلمى) مەكتىپىدىن ئىبارەت ئۈچ تارماق مەكتەپتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى قوبۇل قىلىنمايدىكەن.

**ماتېرىياللاشتۇرماق** «ماتېرىياللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ سۆزلىگەن سۆزىنى ماتېرىياللاشتۇرۇپ چىقىدىغانغا تۇرسۇن كاتىپ مەسئۇل بولىدىغان بولدى.

**ماتېرىياللاشتۇرۇشماق** «ماتېرىياللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كۆپچىلىك تەڭ ھەرىكەتلىنىپ، يىغىندا چۈشكەن پىكىر ـ تەكلىپلەرنى ماتېرىياللاشتۇرۇشۇپ چىقىشتى.

**ماتېرىياللاشتۇرۇلماق** «ماتېرىياللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇزۇن ئۆتمەي يىغىن خاتىرىسى كاتىپ تەرىپىدىن ماتېرىياللاشتۇرۇلۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تارقىتىلدى.

**ماتېرىياللاشماق** پ ① ماتېرىيال قىلىنىپ تەييارلانماق، ماتېرىيال ھالىتىگە كەلمەك، ماتېرىيال بولۇپ شەكىللەنمەك: ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبىتى ئۇزۇن ئۆتمەي ماتېرىياللىشىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا سۇنۇلدى. ② ماتېرىيالغا ئىگە بولماق، ماتېرىيال بار بولماق، ماتېرىيال تولۇقلانماق: ئوقۇتقۇچى بولغان ئادەم كۆپ تەرەپلىمە ماتېرىياللاشقان بولۇشى شەرت.

**ماتېرىياللىق** ① سۈپ. ماتېرىيال قىلىنىدىغان: ماتېرىياللىق ئورمان. ② ئى. ماتېرىيال بولۇپ يېتىلىش: ماتېرىياللىق نىسبىتى.

**ماتېرىيالىزم** ئى [ر<لات] <پەلس> پەلسەپەدىكى ئىككى چوڭ ئېقىمنىڭ بىرى. ئۇ دۇنيا ئۆز ماھىيىتىدىن ئالغاندا ماددا، ئۇ كىشىلەر ئېڭىدىن تاشقىرى، كىشىلەر ئېڭىغا باغلىق بولمىغان ھالدا ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؛ ماددا بىرلەمچى، ئاڭ ماددىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىنكاسى، شۇڭا ئىككىلەمچى؛ دۇنيانى بىلگىلى بولىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ.

**ماتېرىيالىزمچە** رەۋ. ماتېرىيالىزم پىرىنسىپلىرىغا ئاساس - لىنىپ: «روھ ۋە تەن ئىككى مەنبەچىلىكى» نى ماتېرىيالىزمچە تۈگە - تىش «روھ تەندىن خالىي ھالدا مەۋجۇت ئەمەس، روھ ئىككىلەمچى، مېڭىنىڭ رولى، تاشقى دۇنيانىڭ ئىنكاسى» دەپ تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەت.

**ماتېرىيالىزمچى** ئى ← **ماتېرىيالىست:** تېمپېرامېنتنى ئەڭ بالدۇر تەتقىق قىلغان ۋە ئۇنى بەدەن سۇيۇقلۇقى ئارقىلىق چۈشەندۈرگەن ئىككى مىڭ يىلدىن ئىلگىرىكى يۇناننىڭ ساددا ماتېرىيالىزمچىسى دوختۇر ھېپپوكرات ئىدى.

**ماتېرىيالىزملىق** سۈپ ← **ماتېرىيالىستىك:** بۇ پىسخىكىلىق ھادىسىلەرنى ماتېرىيالىزملىق ئاساستا ئىزاھلاش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

**ماتېرىيالىست** ئى [ر] ماتېرىيالىزم تەرەپدارى، ماتېرىيالىزم ئېقىمىدىكى كىشى: ماتېرىيالىست بولۇش ئۈچۈن، سەزگۈ ئەزالىرىمىز بىزگە ئېچىپ بەرگەن ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك.

**ماتېرىيالىستىك** سۈپ [ر] ماتېرىيالىزمغا ئائىت، ماتېرىيالىزم پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغان: ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكا.

**ماتېرىيە** ئى [ر<لات] <پەلس>← **ماددا** II .

**ماتېماتىك** [ر] ① ئى. ماتېماتىكا ئالىمى، مۇتەخەسسىسى. ② سۈپ. ماتېماتىكىغا ئائىت، ماتېماتىكا قائىدىلىرىگە ئاساسلانغان؛ ماتېماتىكىلىق: ماتېماتىك فورمۇلا.

**ماتېماتىكا** ئى [ر<گرېك] <مات> رېئال دۇنيانىڭ بوشلۇقتىكى شەكىللىرى بىلەن سانلىق مىقدار مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ماتېماتىكىلىق** سۈپ. ماتېماتىكىغا ئائىت، ماتېماتىكا قائىدىلىرىگە ئاساسلانغان؛ ماتېماتىك: ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش. ماتېماتىكىلىق ئىستاتىستىكا.

**ماتىچى** ئى. دىيال. پاھىشە ئايال.

**ماتىغۇچ** ئى. ياغاچ ماتېرىياللىرىنى تۈز قۇرۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان رۇس ياغاچ.

**ماتىماق** پ ① بىرەر نەرسىگە چىڭ تاڭماق: ئۇۋچىلار شىرنى يوغان بىر دەرەخقە ماتاپ باغلاپتۇ ـ دە، يەنە بىر شىرنى تۇتقىلى كېتىپتۇ. ② ياغاچ ماتېرىياللىرىنى نەمدەپ، قىزىتىپ، بىرەر نەرسىگە تېڭىپ ياكى باستۇرۇپ، ئېھتىياجلىق شەكىلگە كەلتۈرمەك: ئۇلار ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا گۈلخان يېقىپ دەستىلەرنى پۈچىلاپ، ماتىغۇچ بىلەن ماتىدى.

**ماتىۋ** ئى [ر<فىران] ① <ئەد> ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئاساسىي تېمىسىدىن پەرقلىق ھالدىكى ئىككىنچى دەرىجىلىك تېمىسى. ② <مۇز> مۇزىكا ئەسىرىنىڭ ئاساسىي ئېلېمېنتى.

**ماجار** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى، يەنى ۋېنگىرىيە ۋە شۇنىڭدەك ۋېنگىرىيە بىلەن قوشنا مەملىكەتلەردە ياشاۋاتقان ھون مىللىتىنىڭ يەنە بىر خىل نامى، ۋېنگىر.

**ماجارچە** ① ئى. ماجار تىلى ۋە يېزىقى: ئۇ ماجارچىنى بىلىدۇ. ② سۈپ. ماجارلارغا خاس، ماجارلاردا بولىدىغان، ماجارلاردا ئوموملاشقان: ماجارچە ئۇسسۇل، ماجارچە ناخشا، ماجارچە ئادەت، ماجارچە سالام، ماجارچە كىيىم.

**ماجاق** سۈپ. مىجىلغان، ئېزىلگەن، ماجاقلانغان: مىنى سۇئىي دوك قىلىپ ياسىدى، ئاقساق پۇتۇمدىن ۋە ماجاق قولۇمدىن ئىلاجىنىڭ بارىچە پايدىلىنىشتى.

**ماجاقلاتماق** «ماجاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ماجاقلاشماق** «ماجاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ماجاقلانماق** «ماجاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قالغان ئويمانىدا، تاياق زەربىسىدىن ھوشىنى يوقىتىپ قويغان، بىلىكىگە ماجاقلانغان سېۋەتنىڭ بېغى ئىلىنىشىپ قالغان بىر قىز ياتاتتى.

**ماجاقلىماق** پ. ئېزىپ، مىجىپ، ئەبجەقىنى چىقارماق: توسۇن ئات مېۋىلەر ئۈستىدىن ئۆتۈپ، ئۈزۈم ـ شاپتۇل، قوغۇن ـ تاۋۇزلارنى ماجاقلاپ تاشلىدى.

**ماجاڭ** ئى [خەن] قومۇش، سۆڭەك، سولياۋ قاتارلىقلاردىن ياسىلىپ ئۈستىگە گۈل ياكى خەت چېكىلگەن، قارتا تۈرىدىكى بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇمى، جەمئىي 136 دانە بولىدۇ.

**ماجال ( ماجالى )** ئى [ئە] ① كۈچ ـ قۇۋۋەت، ماغدۇر، مادار: ئۇنىڭ مېڭىش تۇرماق، گەپ قىلغۇدەك ماجالى يوق ئىدى. ② كۆچمە. ئىمكانىيەت، پۇرسەت: شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇ ئاخىرقى جۈملىسى ھامىدىننى يەرگە قارىتىپ، لام دېيىشكە ماجال بەرمىدى.

**ماجالسىز** سۈپ. ماجالى يوق، كۈچسىز، مادارسىز: ئاتا بۇ چاغ بەك ھالسىز، قىزچاق سۈتسىز، ماجالسىز. يۇرتنى تاشلاپ بۇ چۆلگە، كەلگەنىكەن ئامالسىز.

**ماجالسىزلاندۇرماق** «ماجالسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھاشارنىڭ ئېغىرلىقى، كۈننىڭ ئىسسىقلىقى ۋە تاماقنىڭ ناچارلىقى قوشۇلۇپ، ھاشارچىلارنى ئېغىر دەرىجىدە ماجالسىزلاندۇرۇۋەتكەنىدى.

**ماجالسىزلانماق** پ. ماجالىدىن كەتمەك، مادارسىزلانماق: كەچقۇرۇنلۇقى ماجالسىزلىنىپ قوشتىن چىقىمەن.

**ماجالسىزلىق** ئى. ماجالسىزلىنىش ھالىتى: ماجالسىزلىقتىن ئۆلگەن قىياپەتتە ھىيلىگەرلىك قىلىپ يېتىۋالدى.

**ماجالسىزلىنىشماق** «ماجالسىزلانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىر كۈنلۈك ئەمگەكتىن كېيىن ھەممىمىز ماجالسىزلىنىشىپ ياتاققا كىرىپلا لايدەك يېتىپ كېتىشتۇق.

**ماجاللاندۇرماق** «ماجاللانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېتىمنى سۇغىرىپ ماجاللاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ھەمراھلىرىمغا يېتىشىۋېلىشنى كۆزلەپ دەرھال ئاتقا مىندىم.

**ماجاللانماق** پ. ماجال، مادار، ماغدۇر، كۈچ پەيدا بولماق، كۈچلەنمەك: ئىسسىق تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن ھەممىمىز ئوبدانلا ماجاللىنىپ قالدۇق.

**ماجەز** سۈپ. دىيال. رەزگى.

**ماجىرا ( ماجىراسى )** ئى [ئە] ئوتتۇرىدا بولۇپ ئۆتكەن كۆڭۈلسىز گەپ، سۆز، تىللىشىش، تالىشىش، جېدەل، ئۇرۇشۇش: ئائىلە بۇ ئاكا ـ ئۇكىنىڭ ئۇششاق ماجىراسىدىن خالىي بولالمايتتى.

**ماجىراچى** ئى. دائىم ماجىرا چىقىرىدىغان، ماجىرا تېرىپلا تۇرىدىغان كىشى: توغرا دېدىلە، بۇ ئۈچ ماجىراچىنى ئەلۋەتتە بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىش زۆرۈر.

**ماجىراخور** سۈپ. دائىم ماجىرا چىقىرىشنى ياخشى كۆرىدىغان؛ ماجىراغا ئامراق، جېدەلخور، ئۇرۇشقاق، سوقۇشقاق: ئۇنىڭ ئوغلى ماجىراخور بولۇپ چوڭ بولۇپ قالدى.

**ماجىراخورلۇق** ئى. دائىم ماجىرا چىقىرىش ۋە شۇنداق ئادەت: ماجىراخورلۇق ئاقىۋەتتە ئۆزىگە گۆر كولىغانلىق بىلەن باراۋەر.

**ماجىراسىز** سۈپ. ماجىرا چىقمىغان، ماجىرا بولمىغان، جېدەل ـ ماجىرالارنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان: ئۇنىڭ ئۈچۈن ماجىراسىز ئۆتكەن كۈن زېرىكىشلىك كۈن ھېسابلىناتتى.

**ماجىراكەش** سۈپ. ماجىرا چىقىرىشقا ئادەتلەنگەن. ماجىراخور، جېدەلخور: — تازىمۇ بىر ماجىراكەش نېمە ئىكەنسەنغۇ، تاس قالدىڭ چوڭ ماجىرا چىقارغىلى، — دېدىم ئۇنى ئەيىبلەپ.

**ماجىراكەشلىك** ئى. ھەمىشە ماجىرا تۇغدۇرۇش ۋە مۇشۇنداق ئادەت: قەيەرگە بارسا ماجىراكەشلىك قىلىش ياخشى ئادەت ئەمەس.

**ماجىرالاشماق** پ. ماجىرا پەيدا قىلىپ ئۆزئارا ئۇرۇش ــ تالاش قىلىشماق، جېدەللەشمەك: ئاسىم ھېكمەتنىڭ ئۆيدىن قايتىشىدا ئاتخانا ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ روزىئاخۇن بىلەن ھەيدەرنىڭ ماجىرالىشىۋاتقىنىنى ئاڭلىدى.

**ماجىرالىق** سۈپ. ماجىرا چىقىپ تۇرىدىغان، جېدەل ــ ماجىرالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: ئۇنىڭ كۆڭلى ئاشۇ ماجىرالىق يىللار قوينىدا ئۆزۈپ يۈرەتتى.

**ماچ** تەق. مېۋە ۋە بەزى يېمەكلەرنى ئەزگەندە، چاينىغاندا ياكى يېپېشقاق لايغا دەسسىگەندە ھاسىل بولغان ئاۋاز: يەرگە تۆكۈلگەن شاپتۇلدىن بىرى ئۇنىڭ ئايىغىدا «ماچ» قىلىپ ئېزىلدى.

**ماچتا** ئى [ر<نېم] <قاتن> ① كېمىلەرنىڭ يەلكەن تارتىدىغان تىك ياغىچى. ② پاراخوتلارنىڭ بەلگە چىراغلىرى ئېسىلىدىغان، ئانتېننا ئورنىتىلىدىغان ۋە كۆزىتىش سۇپىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ئېگىز خادىسى: گېرمانىيەلىك گېنېرال: «بولدى، تالاشماڭلار، مەن سىلەرگە گېرمانىيەلىكلەرنىڭ بۇيرۇقنى قانداق بويسۇنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قوياي» دەپتۇ ــ دە، ئەسكەرنى 10 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ماچتىغا چىقىپ، چاس بەرگەندىن كېيىن ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلاشقا بۇيرۇپتۇ.

**ماچچىدە** رەۋ. «ماچ» قىلغان ھالدا، «ماچ» قىلىپ: ئۇ لايغا ماچچىدە دەسسىشى بىلەن كەشى لايدا قالدى.

**ماچ ــ ماچ** «ماچ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ «ماچ ــ ماچ» قىلىپ تاڭگازا چايناشقا باشلىدى.

**ماچگوچو** سۈپ. دىيال. ۋاراڭ ــ چۇرۇڭ.

**ماچىلداتماق** «ماچىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ماچىلدىتىشماق** «ماچىلداتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىزلار تەرەپتىن ماچىلدىتىشىپ سېغىز چاينىشىۋاتقان ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**ماچىلدىماق** پ. «ماچ ــ ماچ» قىلماق، «ماچ ــ ماچ» قىلغان ئاۋاز چىقماق.

**ماخار** I ئى [خەن] مەخسۇس يوغۇرۇلغان خېمىرنى ئارغامچا شەكلىدە ئېشىپ، ياغدا پىشۇرۇلىدىغان قۇيماق.

**ماخار** II سۈپ. دىيال. پاناق بۇرۇن.

**ماخاۋ** ئى [خەن] <تېب> سوزۇلما خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەللىك. ماخاۋ تاياقچە باكتېرىيەسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا، تېرە ئۇيۇشۇش، قېلىنلاش، رەڭگى قارىيىش، تېرە يۈزىدە تۈگۈنچىلەر پەيدا بولۇش، چاچ ــ تۈكلەر تۆكۈلۈپ كېتىش، سېزىمنى يوقىتىش ۋە قول ــ پۇت بارماقلىرىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**ماختاتماق** «ماختىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ــ ئۇنىڭ مەقسىتى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بىر ماختىتىۋېلىش، ــ دېدى ئۇ ماڭا.

**ماختاشماق** «ماختىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ــ قالتىس ماھىر ئىكەن، قالتىس ماھىر ئىكەن، ــ ئۇلار ھەيران بولۇپ ھەر خىل تىللاردا ماختىشىپ كەتتى.

**ماختالماق** «ماختىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئارغىماقنىڭ سىياھتەك قارا رەڭگى، ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى تالاش ــ تارتىشتا ماختالدى. لېكىن ئارغىماق بىرئاز ئورۇقراق ئىدى.

**ماختانچاق** سۈپ. ئۆزىنى ئۆزى ماختايدىغان، داۋاملىق ماختىنىپ يۈرىدىغان، ماختىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان: دۇمباقنىڭ ئاۋازى يوغان، ئىچى قۇرۇق، ماختانچاقنىڭ گېپى يوغان، مېغىزى يوق (ماقال).

**ماختانچاقلىق** ئى. ئۆز ــ ئۆزىنى ماختاپ، ماختىنىپ يۈرىدىغان ئادەت، قىلىق: ئۇنىڭ نەزىرىدە، بۇ ھېكايىلەر ماختانچاقلىق ۋە مەنمەنلىكتىن خالىي ئەمەس ئىدى.

**ماختانماق** «ماختىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: بار ماختانسا ئېچىلىدۇ، يوق ماختانسا چېچىلىدۇ (ماقال). * ماختانغاننىڭ ئۆيىگە بارما، كېرىلگەننىڭ تويىغا(ماقال). * ئۇ ئەتىسى مەكتەپكە بېرىپ ساۋاقداشلىرىغا بۇ ھەقتە سۆزلەپ تازا ماختاندى.

**ماختۇم** سۈپ. دىيال. ماختانچاق.

**ماختىماق** پ. قىلغان ياخشىلىقلىرىنى، ئارتۇقچىلىق ۋە پەزىلەتلىرىنى تىلغا ئېلىپ گەپ قىلماق، ياخشى قىلىپ كۆرسەتمەك: دوست كەينىڭدە ماختار، دۈشمەن ئالدىڭدا (ماقال). * ئەقىللىق ئېتىنى ماختايدۇ، ئەخمەق خوتۇنىنى (ماقال).

**ماختىنارلىق** سۈپ. ماختىنىشقا ئەرزىيدىغان، ماختىنىشقا لايىق: ئۇ ئېتىز ئاشخانىسىنىڭ ماختىنارلىق ئاشپېزى بولۇپ قالدى.

**ماخوۋىك** ئى [ر] <ماشىن> مېخانىزملارغا ئورنىتىلىدىغان چوڭ ھەم ئېغىر چاق.

**ماخىزم** ئى [ر<نېم] <پەلس> بۇرژۇئازىيەنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزملىق پەلسەپە ئېقىمى. ئۇنى 19 ــ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئاۋستىرىيەلىك ماخ بىلەن گېرمانىيەلىك ئاۋېنارىيۇس ياراتقان.

**مادا** ئى [پ] ئېشەكنىڭ چىشىسى: مادا ئېشەك.

**ماداخان** رەۋ. [پ] يېزت. ئايالچە: ھاۋا تىنچىق. ماداخان قىلىنغان ئالدى ئوچۇق كۆڭلەكمىنىڭ ھەممە ئىزمىلىرىنى يېشىۋەتتىم.

**ماداخىل** ئى [ئە] <بىن> پېشايۋانلارنىڭ ئەگمىلىرى تۇتاشقان جايغا چىقىرىلىدىغان پانۇسقا ئوخشاش شەكىل.

**مادار** I ئى <زوئول> بىر خىل يىرتقۇچ قۇش. تۇمشۇقى ئىلمەك، دۈمبىسى قارا قوڭۇر بولۇپ، پۇتلىرىدا تۈكى بار، كۆزى ئۆتكۈر، تاپ يەيدۇ.

**مادار** II ئى [ئە] كۈچ ــ قۇۋۋەت، ماغدۇر، ماجال، ئىقتىدار: شەرەپلىك نامۇ ئۇنۋانىم، ئىجادقا كەڭرى ئىمكانىم. باھارنىڭ زوقى ــ ئىلھامى، مادار قوشتى مادارىمغا.

**مادارا** ئى [ئە] يول قويۇش، كېلىشىش ئاساسىدىكى مۇناسىۋەت، مۇرەسسە: ئاخىرىدا ئاتاقلىق جەزخور مادارىغا ئارىلىشىپ ئىشنى پۈتتۈردى.

**مادارىچى** ئى. ياراشتۇرغۇچى، كېلىشتۈرگۈچى، مۇرەسسەچى: نەق مەيداندا مادارىچىلار ھۆنىرىنى ئىشقا سالماقچى بولدى ــ يۇ، لېكىن ھەر ئىككى تەرەپنى ئېيۋەشكە كەلتۈرەلمىدى.

**مادارىچىلىق** ئى. قارشىلاشماسلىق، مۇرەسسەلىشىش.

**مادارسىز** سۈپ. مادارى يوق، كۈچسىز، زەئىپ، ماجالسىز: قولۇمنى تارتىپ ئېلىشقا مادارسىز قالدىم.

**مادارسىزلاندۇرماق** «مادارسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تاماقنىڭ جايىدا بولماسلىقى، ئىشنىڭ ئېغىرلىقى ھەممىنى ئىككى كۈندىلا مادارسىزلاندۇرۇۋەتتى.

**مادارسىزلانماق** پ. مادارىدىن، كۈچىدىن كەتمەك؛ بوشاش ــ

ـماق، زەئىپلەشمەك: ئۇ مادارسىزلىنىپ، بىھوش بولۇپ يىقىلدى.

**مادارسىزلىق** ئى. مادارى يوقلۇق، كۈچسىزلىك، ماجالـسىزلىق: ئۇ مادارسىزلىقتىن ئەتراپىدىكىلەرگىمۇ قارىيالمايتتى.

**مادارسىزلىنىشماق** «مادارسىزلانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مادارلاندۇرماق** «مادارلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى؛ بېگىم، يول ئۈستىدىكى مۇساپىركەنمەن، ئېشىكىم ھېرىپتۇ، بار ـ يوق دېمەي بىر سېۋەت سامان بېرەرلا، ئېشەكنى مادارلاندۇرۇپ ھەمراھلىرىمغا يېتىشىۋالاي.

**مادارلانماق** پ. مادار، ماغدۇر، كۈچ پەيدا بولماق: ئوپېراتسىيەنىڭ 3 ـ كۈنى ئۇ خېلى مادارلىنىپ يۈز ـ كۆزىگىمۇ قان يۈگۈرۈپ قالدى.

**مادام** رەۋ [ئە] يېزت. ھەر ۋاقىت، ھەمىشە: مەست بولۇڭ ئەرمەن قىزى قۇيغان شارابنى ئىچىپ، دەۋر سۈرگەيمىز مادام شەھرىـيارلار ئىچىدە.

**مادامىكى** يۈك [ئە + پ] ھەرھالدا، ئەگەردە، قانداقلا بولمىسۇن: مادامىكى سىز رازى ئىكەنسىز، مەن قارشىلىق قىلمايمەن.

**ماددا** I ئى [ئە] ① قانۇن، نىزام، بەلگىلىمە، توختام، رەسمىي ھۆججەت قاتارلىقلارنىڭ رەقەم ياكى ھەرپ بىلەن ئايرىلغان مۇستەقىل بۆلۈكى؛ تارماق: بىتىمنىڭ ئاساسىي ماددىـلىرى تۈزۈلدى. ② لۇغەتلەرگە كىرگۈزۈلگەن سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ھەربىرى: ئىزاھلىق لۇغەتتە سۆزلەر باش ماددا ۋە ياردەمچى ماددا قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

**ماددا** II ئى [ئە] ① جىسىملارنى تەشكىل قىلغۇچى نەرسە: ئورگانىك ماددا. زەھەرلىك ماددىلار. ماددىنىڭ تۈزۈلۈشى. ② <پەلس> ئوبيېكتىپ چىنلىقنى ئىپادىلەيدىغان پەلسەپىۋى كاتېگورىيە. بۇنداق ئوبيېكتىپ چىنلىقنى ئادەم ھېس قىلىدۇ، ئۇ بىزنىڭ تۇيغۇمىزغا باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ تۇيغۇمىز ئۇنىڭدىن كۆپىيە، سۈرەت ئالىدۇ ۋە ئۇنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. دۇنيانىڭ ماھىيىتى ماددىدۇر.

**ماددىسىز** سۈپ. ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان، ماددىلاردىن تۈزۈلمىگەن، ماددىلاردىن تەركىب تاپمىغان.

**ماددىلاشتۇرماق** «ماددىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ماددىلاشماق** پ. ماددىلارغا بۆلۈنمەك، ئايرىلماق: تېخنىكا ئىلىم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئەقلىنىڭ ماددىيلىشىشىدۇر. ئۇ ئەينەن بىر نەق مەسىلىنى ھەل قىلىش بىلەن بىرگە يەنە بىر تېخنىكىۋى ئىمكانىيەتكە يول ئاچىدۇ.

**ماددىلىق** سۈپ. مەلۇم ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مەلۇم ماددىلاردىن تۈزۈلگەن: ئون بىر ماددىلىق بىتىم.

**ماددىمۇماددا** بىر ماددا ـ بىر ماددىدىن، بىر ماددىنىمۇ تاشلىماي: ماددىمۇماددا ئوقۇپ چىقماق. ماددىمۇماددا تەشۋىق قىلىپ چۈشەندۈرمەك.

**ماددىي** سۈپ [ئە] ① ماددىدىن ئىبارەت بولغان، ماددىدىن تۈزۈلگەن: ماددىي دۇنيا. ② مال ۋە پۇل، بايلىقتىن ئىبارەت بولغان: ماددىي ياردەم. ماددىي ئىشلەپچىقىرىش. ماددىي مەدەنىيەت.

**ماددىي مەدەنىيەت** <پەلس> ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى داۋامىدا ياراتقان ماددىي بايلىقى. مەسىـلەن، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى، تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى ۋە قورال ـ ياراغ قاتارلىقلار.

**ماددىيلاشتۇرماق** «ماددىيلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ماددىيلاشتۇرۇشماق** «ماددىيلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ماددىيلاشتۇرۇلماق** «ماددىيلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ماددىيلاشماق** پ. ماددىي ئۈنۈمگە ئىگە بولماق، ماددىي نەرسىگە ئايلانماق: ياخشى پىلان تەجرىبىلىك رەھبەرنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ماددىيلاشقان قىممەتكە ئايلىنىپ بايلىق كەلتۈرىدۇ.

**ماددىيلىق** ئى. ماددا ھالىتىگە، شەكلىگە ئىگىلىك: دېمەك، ئېكران ئۆزىنىڭ ماددىيلىقىدىن ھالقىپ كەتكەن سەنئەت ئاملى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**مادىخىدا** ئى. دىيال. ئارىسالدىلىق، ئىككىلىنىش.

**ماراتماق** «مارىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**माراشماق** «مارىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھېلىـقى ئىككى ئوغۇل بالا ئانىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ مارىشىۋاتاتتى. * بۇ ۋەقە بولۇۋاتقاندا، ئىشىك ـ پەنجىرىلەرنىڭ يوچۇقلىرىدىن مارىشىپ تۇرغان كىشىلەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن كوچىغا يۈگۈرۈشۈپ چىقتى.

**مارافون** ئى [ر<گىرېك] <جۇغ> قەدىمكى گىرېتسىيەـدىكى بىر جاينىڭ نامى.

**مارافونچە** رەۋ. مارافوندىكىگە ئوخشاش، مارافوندىكىگە ئوخشىتىپ: مارافونچە يۈگۈرۈش.

**مارافونچە يۈگۈرۈش** <تەن> چوڭ يولدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر خىل ئەڭ ئۇزۇن ئارىلىقتا يۈگۈرۈش تۈرى. ئۇنىڭ پۈتۈن مۇساپىسى 42.195 كىلومېتىر، بۇ خىل يۈگۈرۈش قەدىمكى گىرېتسىيەدە دۇنياغا كەلگەن.

**ماراقچى** ئى. ھەرىكەت ياكى مەلۇم پائالىيەتنى يوشۇرۇن كۆزىتىپ تۇرغۇچى؛ پايلاقچى: گازۋاي چىراغىنىڭ گۇڭگا يورۇقىدا ماراقچىلار بىر ـ بىرىنىڭ يۈزلىرىنى خىرە كۆرۈشۈپ ئولتۇراتتى.

**ماراقچىلىق** ئى. ماراش، يوشۇرۇن كۆزىتىش ئىش ـ ھەرىـكىتى: ماراقچىلىق قىلماق.

**مارال** ئى<زوئول> چىشى بۇغا.

**مارالقۇلاق** ئى [ مارال+ قۇلاق ] <بوت>گۈلسامساق ئائىـلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرـمىقى يۇمىلاق تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى كىچىك، قارامتۇل سۆسۈن رەڭلىك. تاغلىق رايونلاردا ئۆسىدۇ. زەھەرلىك. جۇڭگو تېبابىتىدە دورا قىلىنىدۇ. قەي قىلدۇرۇش رولى ناھاـيىتى كۈچلۈك. ئالتاي تاغلىرىدىن چىقىدۇ.

**مارانگۈل** ئى [ماران + گۈل] <بوت> سۇتلۇكئوت ئائىلىـسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. توپلىشىپ ئۆسكەنلىرى يىراقتىن قارىغاندا قار دۆۋىسىدەك كۆرۈنىدۇ.

**مارت** I ئى [ر<لات] ① بۇ قەدىمكى رىم ئىلاھلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئەسلىي نامى «مارس» بولۇپ، مىلادىيە كالېندا ـ

رنى تۆزگۈچىلەر بۇ ئاينى مارسنىڭ نامى بىلەن ئاتاشقا كېلىشىپ «مارس» سۆزىنى «مارت» قا ئۆزگەرتكەن. ② <ئاستىر> مىلادىيە كالېندارى بويىچە 3 ـ ئاينىڭ نامى.

**مارت** Ⅱ تەق. بۇرۇننى تارتقاندا ياكى مىشقىرغاندا چىقىرىدىغان ئاۋاز: ياسىن بۇرنىنى «مارت» قىلىپ تارتىپ قويۇپ خېتىنى يازىۋەردى.

**مارتتىدە** رەۋ. «مارت» قىلغان هالدا، «مارت» قىلىپ: ئۇ مارتتىدە بۇرنىنى تارتىپ قويغىنىغا خىجىللىقتىن يەرگە قارىدى.

**مارت ـ مۇرت** «مارت» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**مارتىلداتماق** «مارتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مارتىلداشماق** «مارتىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مارتىلدىماق** پ. «مارت ـ مۇرت» قىلغان ئاۋاز چىقماق، «مارت ـ مۇرت» قىلماق.

**مارجان** ئى [پ] ① <زوئول> مارجان پولىپلار. ② مارجان پولىپلارنىڭ هاكلىق ئىسكىلىت قالدۇقلىرىدىن هاسىل بولغان تاش. شەكلى دەرەخ شېخىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، كۆپىنچە قىزىل، ئاق ياكى قارا رەڭلەردە بولىدۇ. ئادەتتە مۇنچاق ۋە باشقا بېزەك بۇيۇملىرىنى ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ③ مۇنچاق ياكى شۇ قاتارلىقلارنى يىپقا تىزىش ئارقىلىق تەييارلانغان ۋە بويۇنغا تاقىلىدىغان زىننەت بۇيۇمى.

**مارجاندەك** ① سۈپ. دانە ـ دانە: مارجاندەك قىپقىزىل بۈغدايلار خاماندا دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ. ② رەۋ. تامچە ـ تامچە: بېشىنى كۆتۈرگەن مۇسا تاغا بويىنىغا قىزىل گالستۇك ئاسقان، يۈزلىرى گالستۇك رەڭگىدەك قىزارغان، ئىككى مەڭزىنى بويلاپ ياشلىرى مارجاندەك تۆكۈلۈۋاتقان ئابدۇرېھىمنى كۆردى.

**مارجانگۈل** ئى [ مارجان + گۈل ] <بوت> بۇ خىل گۈل ئۆسۈملۈكى جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، فۇجيەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدە ئۆستۈرۈلىدۇ. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى بولۇپ، چاي ئورنىدا ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.

**مارجانلىق** سۈپ. مارجان قادالغان، مارجان ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ تىكىلگەن: ماركو ئۆز قولى بىلەن ئۆتكۈزگەن مارجانلىق زۇننارنى كۆكچىنگە سوۋغا قىلدى.

**مارس** ئى [ر<لات] <ئاستىر> قۇياش سىستېمىسىدىكى قۇياشقا يېقىن تۆتىنچى پىلانېتا.

**مارش** ئى [ر<فىران] ① هەربىي يۈرۈشتە، سەپتە باراۋەر قەدەم تاشلاپ مېڭىشقا ماسلاشتۇرۇلغان مۇزىكا ياكى مۇشۇنداق مۇزىكىغا سېلىنغان ناخشا. ② تەنتەنىلىك مۇراسىم، سورۇنلاردا ئوقۇلىدىغان مەلۇم تەشكىلاتقا ۋەكىللىك قىلىدىغان هەيۋەتلىك ناخشا: بۇ ۋەرەقىلەرنىڭ بىرىگە ئوچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ نىزامنامىسى، يەنە بىرىگە ئوچقۇنلار مارشى بېسىلغانىدى.

**مارشال** ئى [ر<فىران] ← **يۈەنشۇەي.**

**مارقات** ئى. دىيال. قەبرە.

**مارك** ئى. گېرمانىيەنىڭ پۇل بىرلىكى.

**ماركا** ئى [ر<نېم] ① پوچتا ئورۇنلىرى سېتىپ تارقىتىدىغان، ئۈستىگە ئۆلگىلىك رەسىم چۈشۈرۈلگەن، باهاسى يېزىلغان، تۆت بۇرجەك قەغەز؛ ئۇ ئەۋەتىش هەققىگە باراۋەر قىممەتتە پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ ئۈستىگە چاپلىنىدۇ: پوچتا ماركىسى. ماركا توپلىماق. ماركا چاپلىماق. ② بىر خىل تاۋارنىڭ تېشى ياكى قېپىغا بېسىلغان رەسىم، نەقىش شەكلىنى ئالغان يېزىق قاتارلىق بەلگىلەر: «قار لەيلىسى» ماركىلىق تېلېۋىزور.

**ماركسىزم** ئى [رْ] <پەلس> ماركس ۋە ئېنگېلس ياراتقان پرولېتارىياتنىڭ ئىدىيە سىستېمىسى. ئۇنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمى ماركسىزملىق پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد ۋە ئىلمىي سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت.

**ماركسىزمچى** ئى. ماركسىزم تەرەپدارى، ماركسىزم پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغۇچى.

**ماركسىزم ـ لېنىنىزم** ماركسىزم ۋە لېنىنىزم.

**ماركسىزملىق** سۈپ. ماركسىزمغا ئائىت بولغان، ماركسىزم پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغان: ماركسىزملىق دىيالېكتىكىلىق ئۇسۇلنىڭ ئىجتىمائىي هاياتنى كۆزىتىش ۋە جەمئىيەت تارىخىنى كۆزدىتىشكە تەتبىق قىلىنىشى يۇقىرىدىكىلەردىن ئىبارەت.

**ماركسىست** ئى [ ر ] ← **ماركسىزمچى.**

**ماركېتىڭ** ئى. [ ئىنگ ] <سودا> بازارنى مۆلچەرلەش، مۇلاهىزە قىلىش، مەهسۇلاتنى پىلانلاش، ئىشلەپچىقىرىش، باها قويۇش، مەهسۇلاتنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇپ سېتىش، سېتىشتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى مۇلازىمەت قاتارلىق بىر پۈتۈن ئىقتىسادىي پائالىيەت جەريانى: بازار رىقابىتى كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ئۆزگىرىشچان بازار مۇهىتىغا ماسلىشىپ، ئۆز ئەۋزەللىكىگە ئاساسەن ماركېتىڭ تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، يېڭى ساهەلەرنى ئېچىشى زۆرۈرىيەتكە ئايلاندى.

**ماركىچىلىق** ئى. ماركا لايىهەلەش، ئىشلەش، تارقىتىش ئىشى، خىزمىتى؛ كەسپى: قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بۈگۈنكىدەك مۇنتىزىملاشقان، مۇكەممەللەشكەن ماركىچىلىقنى بەرپا قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك ئۆزلىرىنىڭ سودا ماهارىتى، هۈنەر ـ سەنئەت مەدەنىيىتى ئارقىلىق هەرقايسى ئەللەرگىچە ئۆز مەهسۇلاتلىرىنىڭ، تاۋارلىرىنىڭ ئوبرازىنى، شۆھرەتلىك نامىنى نامايان قىلغان.

**ماركىسىز** سۈپ. ماركىسى يوق، ماركا چاپلانمىغان: ماركىنىڭ هەرقانچە بولسۇن سەنئىتى، بەربىر بولغاي تاۋارنىڭ زىننىتى. تېگى چىڭ هەم راستىنلا بولسا شۇ تاۋار، ماركىسىزمۇ زادى كەتمەس قىممىتى.

**ماركىلاشتۇرماق** «ماركىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياپونىيەدە ئادەتتە دالا ساياهىتىگە چىققاندا ئىشلىتىلىدىغان كۆمۈر، ئوتۇن قاتارلىقلارنىمۇ ماركىلاشتۇرۇپ ماگىزىنغا سالىدىكەن.

**ماركىلاشتۇرۇلماق** «ماركىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: چەت ئەللەردە ئادەتتە ئىشلىتىلىدىغان ئوتۇن، كۆمۈردىن تارتىپ هەممە نەرسە ماركىلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاندىن بازارغا سېلىنىدىكەن.

**ماركىلاشماق** پ. ماركىسى بار هالەتكە كەلمەك، ماركىغا ئىگە بولماق، ماركا ئېسىلماق: بۈگۈنكى كۈندە تەۋەيىمىزدىن چىققان مەهسۇلاتلار ماركىلىشىپ، خەلقئارالىق بازارلاردىن ئورۇن ئالدى.

**ماركىلىق** سۈپ ① ماركىسى بار، ماركا چاپلانغان: ماركىلىق كونۋېرت. ② بىرەر خىل تۈرگە تەئەللۇق: «ئىنكار» ماركىلىق سائەت. * «بوئىن» ماركىلىق ئايروپىلان ئۈرۈمچى ئايرودۇرۇمىدىن

كۆتۈرۈلدى.

**مارگانسوپ** ئى [ر] <خىم> خىمىيەلىك تەركىبى $M_n O_4$ بولغان ئانورگانىك بىرىكمە.

**ماروژنى** ئى [ر] سۇ، قايماق، سۈت، تۇخۇم، قەنت ۋە مېۋە شىرنىسى قاتارلىقلارنى تەڭشەپ توڭلىتىپ تەييارلىنىدىغان تاتلىق يېمەكلىك.

**ماروژنىچى** ئى. ماروژنى ئېتىپ ساتقۇچى كىشى.

**ماروژنىچىلىق** ئى. ماروژنى ئېتىپ سېتىش ئىشى، كەسپى.

**ماروژنىخانا** ئى. ماروژنى ئېتىپ ساتىدىغان ئۆي، دۇكان: بىز شۇ كۇنلەردە كوچىنىڭ دوقمۇشىدا بىر ماروژنىخانا ئاچقانىدۇق.

**مارۇق** سۈپ. دىيال. قورۇلۇپ قالغان، ۋىجىك، ئىنجىمارۇق.

**مارى** ئى. ئانا قورسىقىدا تۆرەلگىنىگە ئۈچ ئايدىن بەش ئايغىچە بولغاندا قورساقتىن چۈشۈپ كەتكەن قوزىنىڭ بۇدۇر ـ بۇدۇر كەلگەن تېرىسى.

**مارىماق** پ. باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىگە ياكى باشقا بىرەر نەرسىگە يوشۇرۇنچە نەزەر سالماق، كۆزەتمەك: پىخسىق باي قاسساپ بازىرىغا بېرىپ ھەممە دۇكانلارغا قاراپتۇ، نەدە ئەرزان كالا باركىن دەپ مارايتۇ.

**ماز** I ئى ① ئىشلىتىلگەن، كونا پاختا: ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ يىرتىقلىرىدىن چىقىپ قالغان مازلار گويا ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك كۆپ ئىدى. ② كۆچمە. قاملاشمىغان، يارىماس قىلىقلارنى قىلىدىغان: ئۇ خوتۇنى بىلەن يەتتە يارىشىپ، سەككىز ئاجراشقان ماز دېگەنە، ماز، جىڭ ماز ! ③ كۆچمە. يارىماس قىلىق، ئىش: ياخشىنىڭ ئىزى قالىدۇ، ياماننىڭ مېزى (ماقال).

**ماز پايىنەك** تىل ھا. تايىنى يوق ئىشلارنى تولا قىلىپ، باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قالىدىغان ئادەم: ــ ھە ئەمدى ئەقلىڭنى تاپتىڭ ماز پايىنەك، ــ دېدى ئۇ قولىدىكى كالتەكنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ.

**مېزى چۈۋۈلماق** قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى بىر ـ بىرلەپ ئاشكارىلانماق: ھەسەننىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمۇ شۇنداق چاكىنا ئۆتكەن خەق. ئىززەت ـ ئابرۇي كۆتۈرەلمەيدۇ، بىر يەردىن بولمىسا، بىر يەردىن مېزى چۈۋۈلۈپ تۇرىدۇ.

**ماز** II ئى ← **ماز بولماق.**

**ماز بولماق** مەستلىكى كەلمەك، خۇشاللانماق؛ ھۇزۇرلانماق: تاماشا كۆرۈۋاتقانلار يىگىتنىڭ ماھارىتىدىن ماز بولۇشتى. * ئەخمەدى ئۆزىنىڭ سۆزىدىن ماز بولۇپ قاقاقلاپ كۈلەتتى.

**مازار** ئى [پ<ئە] ① ئۆلگەن كىشىلەر دەپنە قىلىنىدىغان جاي، قەبرىستان، تۇپراق بېشى: تۆگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق، سىيگەكنىڭ كىگىز بىلەن (ماقال). ② كۆچمە. خارابىلىككە ئايلانغان، ئادەم يوق جاي: بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار (ماقال).

**مازارغا چالما ئاتماق** ئۇلۇغلارغا تىل تەگكۈزمەك: بېگىمگە بۇ گەپنى قىلامسەن؟ بۇ سېنىڭ مازارغا چالما ئاتقىنىڭ ئەمەسمۇ؟

**مازار غوجام** ① كاتتا كىشىلەر دەپنە قىلىنغان دەپ ئالاھىدە ئۇلۇغلىنىدىغان مازار: بەشىنچى قېتىم يەنە ئوغۇل تۇغدۇم. بۇ بالامنى ئۇلۇغ مازار غوجامغا ئاپىرىپ ئېتىنى نىياز قويدۇق. ② كۆچمە. سەلب. تىل تەگكۈزگىلى، ئالدىدىن توغرا ئۆتكىلى بولمايدىغان ئۇلۇغ ئادەم: ــ بۇ مازار غوجاملارنىڭ دەستىدىن جان ساقلىماقمۇ تەس بولدى، ــ دەيتتى ئۇ پات ـ پاتلا.

**مازارگۇي** سۈپ [پ] دائىم مازارلارنى زىيارەت قىلىپ، دۇئا ـ تەكبىر قىلىپ تۇرغۇچى كىشى: «ھەيدەر ئاتا» مازىرىنى تاۋاپ قىلىشقا كېتىۋاتىمەن، ئۆزۈم مازارگۇي بىر ئادەم.

**مازارلىق** ئى. مازارلار ئورۇنلاشقان جاي، زاراتلىق: مازارلىقنى قورشاپ تۇرغان خەلق ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ جىددىي بۇيرۇقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۆلۈنۈپ ئەتراپقا تارىدى.

**مازار ـ ماشايىخ** مازار ۋە ئۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان ئۇلۇغ كىشىلەر: شۇنداق، داخانمەن، نەگىلا بارسام مازار ـ ماشايىخلارنى، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنى زىيارەت قىلىپ تۇرىمەن.

**مازارىستان** ئى [پ<ئە] يېزت. مازار بار جاي، قەبرىستان، مازارلىق: بۇ مازارىستان گويا ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى.

**مازارىستانلىق** ئى. قەبرىستانلىق، زاراتلىق، مازارلىق.

**مازارىيون** ئى [پ<لات] <بوت> مازارىيون ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ئېللىپىس شەكلىدە، ئىككى ئۇچى ئۇچلۇق، پارقىراق، گۈلى سۇس قىزىل رەڭلىك، پۇراقلىق. مەنزىرە ئۈسۈملۈكى قىلىنىدۇ. يىلتىزى پوستى دورا قىلىنىدۇ، ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش روليغا ئىگە.

**مازاق** ئى [ئە] ئۆتكۈر، ھەجۋىي سۆزلەر بىلەن باشقىلارنى مەسخىرە قىلىش، مەسخىرە: ۋە لېكىن رەھىمسىز دەۋران مازاق بىرلە كۈلۈپ قويدى، بۇلار ئالدىدا مۇتلەق ئەجەلنىڭ دارىنى كۆرگەچ.

**مازاقچى** ئى. باشقىلارنى مازاق قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشى: بۈگۈنكى سورۇندا بىرقانچە مازاقچىلارمۇ بار ئىدى.

**مازاقلاشماق** «مازاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ ئىشنى كۆرگەن قىزلار ئۇنى مازاقلىشىپ كۈلۈشتى.

**مازاقلانماق** «مازاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كوچىلارنىڭ تاملىرىغا گومىنداڭچىلار مازاقلانغان ھەجۋىي رەسىملەر چاپلانغانىدى.

**مازاقلىماق** پ. مازاق قىلماق، مەسخىرە قىلماق: بىز كوچا ـ مەھەللىلەرگە مۇستەبىتلەرنى مازاقلاپ، ھەجۋىي رەسىملەرنى چاپلىدۇق.

**مازلاشتۇرماق** «مازلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھېلىقى ئولتۇرۇشنى قاسىم تولا گەپ قىلىپ مازلاشتۇرمىغان بولسا، خېلى داۋام قىلاتتى.

**مازلاشتۇرۇشماق** «مازلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ــ ھەرقايسىڭ مېنى دىلبەرنىڭ ئالدىدا مازلاشتۇرۇشتۇڭ، ــ دېدى ياسىن ھەممەيلەنگە قەھرى بىلەن ھۆمىيىپ.

**مازلاشتۇرۇلماق** «مازلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ بۇ يۇمۇرلۇق سۆزىدە ئابدۇرېشىت قاتتىق مازلاشتۇرۇلغانىدى.

**مازلاشماق** پ. قىلىق ۋە گەپ ـ سۆزلىرى قاملاشماي كىشىلەرگە ياقماس بولۇپ قالماق، تېتىقسىزلاشماق، زاڭلاشماق: ئۇ تېخىمۇ مازلىشىپ ئاياللارنى دوراپ، ئاۋازىنى ئىنچىكىلەشتۈردى.

**مازلىق** ئى. يارىماس ئىش، قىلىقلارغا ئادەتلەنگەن ھالەت: بۇ كىشىنىڭ بىر پۈتۈن ئۇچۇن جېدەل تېرىيدىغان مىجەزىنى، سورۇنلار-

دىكى مازلىقنى ئىككى يىلدىن كېيىن ناھايىتى تەستە بىلەلىدۇق.

**مازوك** ئى [ر] <تېب> مىكروسكوپ بىلەن تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئورگانىزمدىن ئېلىنغان سۇيۇق ماددا.

**مازۇ** مىق. دىيال. دانە.

**مازۇت** ئى [ر] نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلەپ بېنزىن، كىرسىن قاتارلىقلار ئايرىۋېلىنغاندىن كېيىن قالغان قىسمى.

**مازۇركا** ئى [ر<پولەك] <ئۇس> پولشانىڭ مىللىي ئۇسسۇلى. ئەسلىدە پولشانىڭ مازۇۋىيە رايونىدا مەيدانغا كەلگەن، 16 ـ ئەسىرگە ئائىت تارىخىي خاتىرىلىرى بار. دەسلەپتە سەككىز ياكى 16 جۈپ دېھقان قىز ـ يىگىتنى بىللە ئوينايدىغان ئۇسسۇل بولۇپ، 19 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئامېرىكا ۋە ياۋروپا تانسىخانىلىرىغا كىرىپ، قىزغىن ئالقىشقا سازاۋەر بولغان.

**مازۇز** سۇپ [ئە] دىيال. پەخىرلىك، ماختىنارلىق.

**ماژغىماق** پ. دىيال. قامالىلىماق.

**ماس** سۇپ [ئە] بىر ـ بىرىگە مۇناسىپ كېلىدىغان، مۇۋاپىق، لايىق، ئۇيغۇن: چېكە چاچلىرى ئارىلاپ ئاقىرىشقا باشلىغان بۇ خۇش چىراي كىشى ئېگىز بويىغا ماس ھالدىكى بېجىرىم گەۋدىسى بىلەن شىرەگە يېرىم يۆلەنگەن ھالدا ماتېرىيال كۆرۈۋاتاتتى.

**ماساغىت** ئى <ئىرق> مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئاساسەن كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىدىن سىر دەرياسىغىچە بولغان رايونلاردا ياشىغان، قۇياشقا ئېتىقاد قىلغان. مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ تىلى ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىنىڭ ئىران تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ.

**ماستېر** ئى [ ر<نېم ] زاۋۇت، كان ـ كارخانا ۋە ئوچاستىكىلاردا مەمۇرىي ياكى تېخنىكىۋى خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئادەم: 23 ـ بورۇۋايدا گاز ـ ماي پارتلاپ چىققانلىقىنى كۆرگەن ئىشچىلار، ماستېرلار، ئىنژېنېر 23 ـ بورۇۋايغا قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى.

**ماسسا** ئى [ر<لات] <فىز> جىسىمنىڭ تەركىبىدىكى ماددا مىقدارى، يەنى جىسىم ئىنېرتسىيەسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى.

**ماسشتاب ( ماسشتابى )** ئى [ر<نېم] ① چېرتيوژ ئۇستىدىكى ئۇزۇنلۇق بىلەن ئۇ ئىپادىلىگەن ئەمەلىي ئۇزۇنلۇقنىڭ نىسبىتى. ② چېرتيوژ سىزغاندا ئۇنىڭ ئەتراپىغا قويۇلغان نىسبەتنى بىلدۈرىدىغان سانلىق رەقەم ۋە سىزىقلار.

**ماسشتابلىق** سۇپ. ماسشتابى ئورنىتىلغان، مەلۇم نىسبەتتىكى ماسشتاب بىلەن تۈزۈلگەن: ماسشتابلىق سىزغۇچ. ماسشتابلىق خەرىتە.

**ماسكا** ئى [ر<لات] يۇقۇملىنىش ۋە كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئېغىز ۋە بۇرۇننى نىقابلىۋالىدىغان، داكىدىن تىكىلىدىغان ساقلىقنى ساقلاش بۇيۇمى.

**ماسكىلىق** سۇپ ① ماسكىسى بار، ماسكا تارتىۋالغان: ماسكىلىق سېسترا. ② ماسكا تىكىشكە باب، لايىق: ماسكىلىق رەخت.

**ماسلاشتۇرما** سۇپ. ماسلاشتۇرىدىغان، ماسلىشىدىغان: ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئاساسلىقى سېلىنما، ئېكسپورت تۆرتكىسىگە تايىنىشتىن ئىستېمال، مەبلەغ سېلىش، ئېكسپورتنىڭ ماسلاشتۇرما تۆرتكىسىگە تايىنىشقا ئۆزگەرتىش كېرەك.

**ماسلاشتۇرماق** «ماسلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ماختاش ئوقۇتقۇچى دائىم قوللىنىدىغان تەربىيە ئۇسۇلى. ئادەتتە باشقا ئۇسۇللارنى قوللانغاندا، بۇ ئۇسۇلنى ماسلاشتۇرۇپ قوللىنىش لازىم.

**ماسلاشتۇرۇشماق** «ماسلاشماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ماسلاشتۇرۇلماق** «ماسلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەرەب يېزىقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملاشقاندىن كېيىن بىرنەچچە ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىنىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرۇلدى.

**ماسلاشما** سۇپ. ماسلىشىدىغان، ماسلىشىپ بارىدىغان: بۇ دەۋرلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن يۇقىرىقى ساھەلەر بويىچە يېتىلگەن ئالىملارنىڭ، باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ، پەيلاسوپلارنىڭ، تارىخچىلارنىڭ، مەدەنىيەتشۇناسلارنىڭ ۋە تۈرلۈك سىياسىي تەھلىلچىلەرنىڭ ماسلاشما ئەمگىكى تەلەپ قىلىنىدۇ.

**ماسلاشماق** پ. ماس ھالەتكە كەلمەك: شارائىتقا ماسلاشماق. * ئېرىنىڭ خۇيىنى بەش قولدەك بىلىدىغان تىللاخان ھەرقاچان ئۇنىڭغا ماسلىشاتتى.

**ماسلىششچان** سۇپ. ئاسانلا ماسلىشىپ كېتىدىغان، ماس ھالەتنى ساقلايدىغان: ماسلىششچان ھالەت. * قارىماققا بىر تەرەپلىمىلىكتەك كۆرۈنگەن پەرھىز ـ چەكلىمىلەر، ھەرىكەت ـ مىزانلار مۇئەييەن ئىستراتېگىيەگە ئىگە بولۇپ، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ماسلىششچان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تاكتىكىلىرىغا سېلىشتۇرغاندا روشەن مەسئۇلىيەت تۇسىگە ئىگە.

**ماسلىششچانلىق** ئى. ئاسانلا ماسلىشىپ كېتىدىغان، ماس ھالەتنى ساقلايدىغان خۇسۇسىيەت: ۋاھالەنكى ئاياللار بولغانلىقتىن بۇ دۇنيا مۇشۇنداق ئىللىقلىقتا ۋە ماسلىششچانلىقتا چۆمگەن.

**ماش** ئى [پ] <بوت> ① پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۈچ تال كىچىك يوپۇرماقتىن تەشكىل تاپىدۇ، گۈلى كىچىك، ئالتۇن رەڭ ياكى يېشىل ـ سېرىق رەڭدە بولىدۇ. چوكا مېۋىسىنىڭ ئىچىدە يېشىل رەڭلىك ئۇرۇقلىرى بولىدۇ. ئۇرۇقىنى يېيىشكە ھەم ئۇنىڭدىن هاراق ئىشلەشكە بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى.

**ماشا** ئى [پ] زەرگەرچىلىكتە ئالتۇننى ئوتقا سېلىش ۋە ئېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان قىسقۇچ، جۈپتەك.

**ماشائاللا** ئىم [ئە] ئەسلىي «ئاللانىڭ خالىغىنى بولۇر» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە بولۇپ، «نېمىدېگەن ئاجايىپ ئىش! يائاللا! توۋا خۇدايىم» دېگەن مەنىلەردە مەدھىيە ۋە تەئەججۈپنى بىلدۈرىدۇ: ماشائاللا، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قاپتۇمىز.

**ماشاق** ئى. بۇغداينى ئورۇپ ـ يىغقاندا يەرگە تۆكۈلۈپ قالغان باشاقلار ۋە ئۇنى يىغىش: قوشتا يوق، ماشاقتا يوق، خاماندا بار (ماقال).

**ماشايىخ** ئى. مەشھۇر دىنىي ئالىم؛ پىر، ئۇستاز، مەدەتكار: بېشىڭنى كىم سىلىسا، ماشايىخىڭ شۇ، يېنىڭدا كىم ئولتۇرسا، چىرايلىقىڭ شۇ (ماقال).

**ماشىپىرا** ئى. تۇرۇمچاقتا غاغىرادىن چۈشكەن مەشۇت

يىپلارنى يۆگەيدىغان بىر باشلىق نوكەش ياغاچ.

**ماشچۆپ** ئى [ ماش+چۆپ ] <يېم> ئۇستىگە ماش سېلىپ ئېتىلىدىغان چۆپ.

**ماشخوردا** ئى [ماش + خوردا] شۇۋۇگۈرۈچكە ئازراق كۆكتات، ماش ئارىلاشتۇرۇلۇپ پىشۇرۇلىدىغان تاماق.

**ماشقاق** ئى. دىيال. پاقالچاق.

**ماشكا** ئى [ر] ① ئوۋ ۋە ئىز قوغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، يۇڭى ئۇزۇن ئىت. ② كۆچمە. پايلاقچى: ئوفتسېر ئەنە شۇ «ساقچى» نىڭ ماشكىلىرىدىن بىرى ئىدى.

**ماشلىق** ئى. ماش تېرىلغان جاي، ماش كۆپ ئۆستۈرۈلگەن يەر: كەنت ماشلار چېچەكلەش بىلەنلا ماشلىققا قاراشقا ئادەم بەلگىلىدى.

**ماشىنا** ئى [ر<فران] ① دېتاللاردىن تەركىب تاپىدىغان، ئايلىنىدىغان ۋە بىر تۈردىكى ئېنېرگىيەنى باشقا بىر تۈردىكى ئېنېرگىيەگە ئايلاندۇرىدىغان ياكى پايدىلىق قۇۋۋەت ھاسىل قىلالايدىغان قۇرۇلما: پار ماشىنىسى. ئانا ماشىنا. ② تىكىش ماشىنىسى: قول ماشىنىسى. پۇت ماشىنىسى. ③ ئاپتوموبىل: ماشىنا شوپۇرى. ماشىنا بېكىتى. ماشىنا ھەيدىمەك.

**ماشىنا ئادەم** بىر خىل ئاپتوماتىك ماشىنا. كومپيۇتېر ئارقىلىق كونترول قىلىنىدۇ ۋە ئادەم ئورنىدا بەزى ئىشلارنى قىلالايدۇ.

**ماشىنكا** ئى [ر] ھەربىرىگە ھەرپلەر بەلگىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان كۇنۇپكىلارنى بارماق بىلەن بېسىپ خەت چۈشۈرىدىغان قۇرۇلما.

**ماشىنچى** ئى. كىيىم تىكىش ماشىنىسىدا كىيىم - كېچەك تىكىدىغان ئۇستا: ئەمدى ئىككىنچى نۆۋەت كىيىم تىكىدىغان ماشىنچىغا كەپتۇ.

**ماشىنچىلىق** ئى. كىيىم تىكىش ئىشى، كەسپى: ئەزىزخان يالغۇز قالدى. ئانىسىنى ماشىنچىلىق قىلىپ ئاز كۈن باقتى، ئانىسىمۇ دۇنيادىن ئۆتتى.

**ماشىنسازلىق** ئى. ھەر خىل ماشىنىلار ۋە ماشىنا ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرىنى لايىھەلەپ ياساپ چىقىرىش: ماشىنسازلىق سېخىنىڭ مۇدىرى روزىئاخۇن توپ ئىچىگە يېرىپ كىردى.

**ماشىنىست** ئى [ر] ① پويىز ھەيدىگۈچى ياكى كىران قاتارلىق ماشىنىنى باشقۇرغۇچى كىشى: تېخنىكا سۈرئىتى مۇشۇنداق تېز ۋە سەممىي بولىدىغانلا بولسا، مەنمۇ ماشىنىنىڭ ياردەمچىلىكىگە، كېيىن پويىز ھەيدەيدىغان ماشىنىست بولۇشقا زادى گۇمان قىلمايمەن. ② ماشىنكىدا خەت باسقۇچى: شۇ چاغدا ئۇ ئىدارىدە ماشىنىست ئىدى.

**ماشىنىستلىق** ئى. پويىز ھەيدەش ياكى ماشىنكىدا خەت ئۇرۇش كەسپى: ماشىنىستلىق قىلماق.

**ماشىنىلاشتۇرماق** «ماشىنىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار نېمە ئۈچۈن ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرالىغان؟ ئاساسلىقى ئۆز يېزىسىنىڭ تەبىئىي بايلىق جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىشنى بىلگەن.

**ماشىنىلاشتۇرۇشماق** «ماشىنىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ماشىنىلاشتۇرۇلماق** «ماشىنىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېزىلار ماشىنىلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن دېھقانلارنىڭ يۈكى تېخىمۇ يېنىكلىدى.

**ماشىنىلاشماق** پ. ماشىنا بىلەن تەمىن ئېتىلمەك، ماشىنا كۈچى بىلەن ئىشلەيدىغان بولماق: ماشىنىلاشقان بولساق دۆمچەيىپ قول بىلەن تاش تىزىشتىنمۇ، گۈرجەك بىلەن ئۆستەڭ كولاشتىنمۇ قۇتۇلاتتۇق.

**ماشىنىلىق** ① سۈپ. ماشىنىسى بار، ماشىنىغا ئىگە بولغان: بىزمۇ ماشىنىلىق بولۇپ قالدۇق. ② رەۋ. ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، ماشىنا بىلەن: بىز ماشىنىلىق كەلدۇق.

**ماشماق** پ. دىيال. خام گۆشنى پارچىلىماق.

**ماغدۇر** ئى [ئە] كۈچ - قۇۋۋەت، ماجال، مادار: ئالاھىدىنىدا ماغدۇر دېگەن نەرسە قالماي يىقىلاي دەپلا قاپتۇ.

**ماغدۇرسىز** سۈپ. ماغدۇرى يوق، ماغدۇرىدىن قالغان، مادارسىز، ھالسىز: تۇراخۇن ماغدۇرسىز قوللىرى بىلەن ئازادىنىڭ قولىنى تۇتتى.

**ماغدۇرسىزلاندۇرماق** «ماغدۇرسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كەينىدىنلا پاختىدەك يۇمشاق بىر بىلەك مۇرىسىنى سىيپاپ ئۆتۈپ، ماغدۇرسىزلاندۇرۇپ قويغىلى تاس قالدى.

**ماغدۇرسىزلاندۇرۇلماق** «ماغدۇرسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ماغدۇرسىزلانماق** پ. كۈچ - قۇۋۋىتى، ماغدۇرى ئازايماق؛ ئاجىزلاشماق، ماغدۇرسىزلاشماق: گۈزەل يەنە يۆتىلىپ قان تۈكۈردى، قوللىرى ماغدۇرسىزلاندى.

**ماغدۇرسىزلىق** ئى. ماغدۇرسىزلانغان، كۈچ - مادارىدىن كەتكەن ھالەت: ئۆزۈم سەمرىپ قالغاندەك بولۇپ قالغان بولساممۇ، ماغدۇرسىزلىقتىن ئىتتىكرەك ماڭالمايدىغان بولۇپ قاپتۇمەن.

**ماغدۇرلاندۇرماق** «ماغدۇرلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ماغدۇرلاندۇرىدىغان دورىلار يۈرەك، مېڭە، جىگەر، بۆرەك قاتارلىق مۇھىم ئەزالارنىڭ فىزىيولوگىيەلىك خىزمەتلىرى ناچارلىشىپ قالغانلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**ماغدۇرلانماق** پ. كۈچ - قۇۋۋەت، ماغدۇر پەيدا قىلماق؛ ماغدۇرىغا كەلمەك: تۇرغۇنىنىڭ سالامەتلىكى خېلى ياخشىلىنىپ، تالا - تۈزگە چىققۇدەك ماغدۇرلاندى.

**ماغدۇرلۇق** سۈپ. ماغدۇرى بار، ماغدۇرىغا كەلگەن؛ كۈچلۈك: يىگىت ۋە ماغدۇرلۇق كۈچلەر دولقۇنى كۆتۈرۈلگەنىدى.

**ماغزاپ** ئى. كىر يۇغاندا سوپۇندىن چىقىدىغان كۆپۈك.

**ماقال** I ( **ماقالى** ) ئى [ئە] <تىل> ھايات تەجرىبىلىرى ئاساسىدا خەلق تەرىپىدىن يارىتىلىپ كەڭ تارقالغان، قۇرۇلمىسى ئىخچام، ئوبرازلىق، تەربىيەۋى ئەھمىيىتى كۈچلۈك تۇراقلىق جۈملىلەر ياكى سۆز بىرىكمىلىرى.

**ماقالە** ئى [ئە] <ئەد> گېزىت، ژۇرناللار ئۈچۈن يېزىلغان ياكى ئۇلاردا بېسىلغان، ھەجمى ئانچە چوڭ بولمىغان ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات - سەنئەت نەتىجىلىرى توغرىسىدىكى ئىلمىي ئەسەر ياكى ئىجتىمائىي، سىياسىي مەسىلىلەرگە بېغىشلانغان ئەسەر.

**ماقال - تەمسىل** <ئەد> ماقال ۋە تەمسىل، يەنى خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش بىلىملىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن قىممەتلىك ئوي - پىكىرلىرى ئىپادىلەنگەن

تۇراقلىق جۈملە ياكى ئىبارە. ماقالدا ئوي ـ پىكىر مەنىلىك سۆز، جۈملىلەر ئارقىلىق بىۋاسىتە، ئۇدۇل ئىپادىلىنىدۇ. تەمسىلدە بولسا تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەر، كىشىلەردىكى ياخشى ـ يامان خۇسۇسىيەتلەر ھايۋانات، ئۇچارقانات ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە، قىلىقلىرىغا تەقلىد قىلىنىش، ئوخشىتىلىش ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ.

**ماقاللىق** سۈپ. بەلگىلىك ماقالىدىن تەركىب تاپقان، بەلگىلىك ماقالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: 20 ماقاللىق بۇ مەجمۇئە تارقىتىلىش بىلەنلا جامائەتچىلىكنىڭ ياخشى ئىنكاسىنى پەيدا قىلدى.

**ماقام ( ماقامى )** ئى [ئە] ئورۇن، مەرتىۋە: سەدەنشا ئاخۇنۇم قەبرە بېشىدا بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلىپ، ئاخىرىدا: «بۇ ئوغلىمىز شېھىتلەر ماقامىغا يەتتى » دېدى.

**ماقۇل** [ئە] ① سۈپ. ئەقىلغا مۇۋاپىق، قوبۇل قىلارلىق، لايىق، دۇرۇس: ماقۇل تاپماق. ماقۇل كۆرمەك. ② ئى. ھەئە، خوپ، قوشۇلىمەن: يۇمشاقتا ماقۇل، قاتتىقتا ياق ـ ياق (ماقال). ③ تىر. مەيلى، بولىدۇ: ھەرقايسىلىرى مۇنداق دېگەن يەردە مەن نېمە دەيتتىم، ماقۇل، مەن چىقاي.

**ماقۇل چېپىي** دىيال. قىز تەرەپنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش چېپىي.

**ماقۇللاتماق** «ماقۇللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ـــ مانا بۇ ھەقىقىي ئەھۋال، ـــ دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، ـــ جەڭچىلەرنى ئۇرۇش توختىتىشقا ماقۇللاتماستىن تۇرۇپ، ئۇلارغا ئاقسۇدىن كېتىشنى ئېيتىش ناھايىتى تەس.

**ماقۇللاشماق** «ماقۇللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇنىڭ سۆزىنى ئابدۇغېنى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى باش لىڭشىتىپ ماقۇللاشتى.

**ماقۇللانماق** «ماقۇللىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تەلىپىمىز رەھبەرلىك تەرىپىدىن تېزلا ماقۇللاندى.

**ماقۇللۇق** ئى. ماقۇل بولۇپ قوشۇلۇش، قوشۇلغانلىق، ئۇنىغانلىق؛ رازىلىق: ھېچ بولمىسا، سىلەر بۇ ھەقتە تەشكىلگە دوكلات يوللاپ رەھبەرلىكنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشىڭلار كېرەك‍ـتە!

**ماقۇللىماق** پ. ماقۇل بولۇپ قوشۇلماق، قوبۇل تاپماق، توغرا تاپماق: نىجاتمۇ ئۇنىڭ گېپىنى ماقۇللاپ تەبەسسۇم بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى. * كۆپچىلىك بۇ قارارنى ماقۇللىدى.

**ماك** ① تەق. تېگىشىپ تۇرغان لەۋلەرنى يوغان ئېچىشتىن ھاسىل بولغان ئاۋاز ۋە شۇنداق ئېچىش ھالىتى: ئۇسسىغان بالا ئاغزىنى «ماك» ئاچاتتى. ② تەق. پىشىپ يېتىلگەن ياڭاق مېۋىسىنىڭ سىرتقى مېۋە پوستىنىڭ يېرىلىش ھالىتى: ماك بولماق.③ ئى. ياڭاق مېۋىسىنىڭ سىرتىنى ئوراپ تۇرغان پوستى: پىشىپ يېتىلىپ قالغان قەغەز ياڭاقمۇ قويۇق شاخلار ئارىسىدىن ماك يېرىپ چىققانىدى.

**ماكاش** تەق. لەۋلەرنى يوغان ئېچىپ نەرسىلەرنى چايناشتىن ھاسىل بولغان ئاۋاز ۋە شۇنداق چايناش ھالىتى.

**ماكاشلاتماق** «ماكاشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دىلشات ئىلھامنىڭ ئالدىدىكى يوغان بىر پارچە گۆشنى ئالدى ـ دە، تۇزۇت قىلماستىن ئالدىراپقىنا ماكاشلىتىپ يېيىشكە باشلىدى.

**ماكاشلاشماق** «ماكاشلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ماكاشلانماق** «ماكاشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ماكاشلىماق** پ. بىرەر نەرسىنى «ماك ـ ماك» قىلغان ئاۋازنى چىقىرىپ چايناپماق: بۇ نەرسىلەر قاچانلا بولمىسۇن قەمەرنىڭ يانچۇقىدىن ئۆكسۈمەيتتى. شۇڭا يول ماڭغاندىمۇ، بىر ئىش قىلغاندىمۇ ئۇنىڭ ئاغزى جىم تۇرماي ماكاشلاپ تۇراتتى.

**ماكاش ـ ماكاش** «ماكاش» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**ماكاش ـ مۇكۇش** «ماكاش» قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: تۇراپ ئىمىن دەسلەپ قول ئۈزىتىپ، قورداقتىن بىر ئىلىك گۆشنى ئاغزىغا سالغاندىن كېيىن ئىشخانا ئىچى شاپۇر ـ شۇپۇر، خالاپ ـ خۇلۇپ، ماكاش ـ مۇكۇش قىلغان ئاۋازلار بىلەن تولۇپ، گۆش گىردىلەر ماكلاندى.

**ماكاكا** ئى [لات] <زوئول> مايمۇننىڭ بىر خىلى. تېنىنىڭ يۇقىرىسى كۈل رەڭ، قوڭۇر، بېلىنىڭ ئاستى توق سېرىق، پارقىراق، يۈزى سۇس قىزىل، ئىككى قوۋۇزىدا خالتىسى بار، ساغرىسىنىڭ تېرىسى ئالاھىدە قېلىن، تۈك ئۆسمىگەن، قۇيرۇقى قىسقا، ياۋا كۆكتات، ياۋا مېۋىلەرنى يەيدۇ. بەزىدە ئاشلىق زىرائەتلىرىنىمۇ يەيدۇ.

**ماكان ( ماكانى )** ئى [ئە] ① تۇرار جاي، ئورۇنلاشقان يەر، يۇرت، ۋەتەن: كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەپمۇ، باقالمىدىم بۇ جاننى. ئاخىر دەردكە چىدىماي، تاشلاپ كەتتىم ماكاننى. ② ئۆي، ئۇۋا: پادىچى يىگىت بىلەن قىز كېيىن بىر مەزگىل ئاشۇ گۇمبەزنى ماكان قىلغان. ③ <پەلس> ماددىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىر خىل ئوبيېكتىپ شەكلى. كەڭلىك، ئۇزۇنلۇق، ئېگىزلىك ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. «بوشلۇق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ④ بىرەر نەرسە توپلانغان ياكى كۆپ بولغان جاي: بەشكېرەم ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق مېۋىلەرنىڭ ماكانى ۋە كانىدۇر.

**ماكانداش** ئى. بىر ئورۇندا، بىر جايدا بىللە تۇرغۇچى، بىللە ياشىغۇچى: شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ماكانداش بولۇپ قالدى.

**ماكانداشلىق** ئى. بىللە ياشاش، بىر ماكاندا تۇرۇش: بۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ماكانداشلىق مۇناسىۋىتى بار بولۇپ، ھەرگىز بىر ـ بىرىنى چەتكە قېقىشمايتتى.

**ماكانسىز** سۈپ. تۇرار جايى، ماكانى يوق، ۋەتەنسىز: ئاتاسىز قىلدىڭىز بىزنى، ئاناسىز قىلدىڭىز بىزنى. ئاخىرى جۇدالىقتا ماكانسىز قىلدىڭىز بىزنى.

**ماكانسىزلىق** ئى. تۇرار جايى، ماكانى يوقلۇق، ۋەتەنسىزلىك: ماكانسىزلىق ئۇنىڭ جېنىغا تەگدى.

**ماكانلاشتۇرماق** «ماكانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاراڭ، سىز كەلگەندىن بېرى كادىرلار ۋە ئەزالار بەكمۇ خۇش. ئۇلار سىزنى ماكانلاشتۇرۇۋالىمىز دەۋاتىدۇ.

**ماكانلاشتۇرۇشماق** «ماكانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ماكانلاشتۇرۇلماق** «ماكانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلى ۋادىسىغا كۆچۈرۈلۈپ ماكانلاشتۇرۇلغان ئۇيغۇرلار بۇ يەردە بوز يەر ئېچىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

**ماكانلاشماق** پ. ماكان، ئورۇن، جاي تۇتۇپ ياشىماق؛ ئورۇنلاشماق: ئۇ شۇندىن بۇيان شۇ يەردە ماكانلىشىپ قېلىپ بۇ

تەرەپكە ئۆتەلمىگەنىدى.

**ماكانلىق** سۈپ. تۇرار جايى، ماكانى بار؛ ماكانلاشقان: شۇنداقلا بولسا، ھەممە «ماكانسىز» لارنى ماكانلىق قىلغىلى بولىدۇ.

**ماكچايتماق** «ماكچايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھېلىمۇ ياخشى سەن ئىكەنسەن، خوپ، باشقا بىرى بولغىنىدا، مەسىلەن، جاجىسى كاللا بىلەن پەشۋا ئىدى! تۇمشۇقىنى ماكچايتىۋېتەتتىم.

**ماكچايتىشماق** «ماكچايتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: پەردىنىڭ ئۇ تەرىپىدە قارىشىۋاتقان قىزلار ئېغىزلىرىنى ماكچايتىشىپ، بۇلارنى زاڭلىق قىلىشتى.

**ماكچايتىلماق** «ماكچايتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ماكچايماق** پ. سىرتقى بېسىم ياكى زەربىدىن نەرسىلەرنىڭ سىرتقى شەكلى ئىچىگە پۇكۇلۇپ بۇزۇلماق، قىڭغىر ــ سىڭغىر، مايماق ھالغا كەلمەك: بوۋاي ماكچىيىپ كەتكەن بىر كارنۋاتتا يېتىپتۇ.

**ماكرو** سۈپ [ر<گىرېك] ① چوڭ؛ ئۇزۇن؛ چوڭ جەھەتتىكى: ماكرو دۇنيا. ماكرو ئىگىلىك. ② <فىز> مولېكۇلا، ئاتوم، ئېلېكترون قاتارلىق ئىچكى قۇرۇلمىغا چېتىشمايدىغان ياكى ماشىنىدا ياسالغان («مىكرو»نىڭ ئەكسى).

**ماكرولۇق** «ماكرو» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ماكرولۇق تەڭشەش. ماكرولۇق تىزگىنلەش. * مەدەنىيەت كەسپى ئورۇنلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇپ، مەدەنىيەتكە دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ماكرولۇق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك.

**ماكسىمال** سۈپ [ر] ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى، مۇكەممەل، تولۇق: ماكسىمال تېرمومېتىر.

**ماكسىمۇم** سۈپ [ر<لات] ئەڭ كۆپ، ئەڭ چوڭ مىقدار: تېزلىك ماكسىمۇمى.* رادىيو ــ تېلېۋىزىيە خادىملىرى، ئېلان مۇتەخەسسىسلىرى ۋە باشقىلار ھەربىر جۈملە ۋە ئاڭلىتىشنىڭ ھەربىر مىنۇتىنى ماكسىمۇم دەرىجىدە ئۈچۈرچانلىقتا ۋە ھېس ــ تۇيغۇلارغا ئىگە قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىدۇ.

**ماكلاتماق** «ماكلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شوپۇر بىر قولىدا رولنى باشقۇرغاچ، يەنە بىر قولىدا يېنىدا ئولتۇرغان ئايالى ئارقىلىق ماكلاتقان ناننىڭ بىر پارچىسىنى ئالدىرىماي ئېغىزىغا سېلىشقا باشلىدى.

**ماكلاشماق** «ماكلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ماكلانماق** پ ① «ماكلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۇراپ ئىمىن دەسلەپ قول ئۈزىتىپ، قورداقتىن بىر ئىلىك گۆشنى ئاغزىغا سالغاندىن كېيىن ئىشخانا ئىچى شاپۇر ــ شۇپۇر، خالاپ ــ خۇلۇپ، ماكاش ــ مۇكۇش قىلغان ئاۋازلار بىلەن تولۇپ، گۆش گىردىلەر ماكلاندى. ② ياڭاقنىڭ كۆك پوستى يېرىلىپ چۈشمەك.

**ماكلىماق** پ ① يارماق، ئۇشتۇماق: مەمەت تۇرسۇن قورسىقى ئېچىپ كېتىپ، ئامالسىز شاپتۇلىلارنى ماكلاپ يېيىشكە باشلىدى. ② پىشىپ ۋايىغا يەتمەك: يارما شاپتۇللار مەي باغلاپ، ماكلىغانىدى.

**ماك ـ ماك** «ماك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: سۇلايمان جالاقلاپ تىترەيتتى، ئۇنىڭ قانسىز، ساپسېرىق كالپۇكلىرى «ماك ــ ماك» ئېچىلىپ يېپىلاتتى، لېكىن زادىلا زۇۋان چىقىرالمايتتى.

**ماكىلداتماق** «ماكىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بوينى ئۇزۇن تۆگىمۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئۆچكىنىڭ گېپىنى تەستىقلىغاندەك ئاغزىنى ماكىلدىتىپتۇ.

**ماكىلداشماق** «ماكىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ماكىلدىماق** پ. «ماك ـ ماك» قىلىپ ئېچىلىپ، يېپىلماق: ئۇ چاڭقاپ ئۇسسۇغانلىقتىنمۇ قانداق، ئاغزى ماكىلداپ ئېچىلاتتى.

**ماگازا** ئى [خەن] كونا جەمئىيەتتىكى خەنزۇلارنىڭ ئەرەنچە قىسقا تاش كىيىمى.

**ماگما** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> يەر پوستىنىڭ چوڭقۇر قىسمى ياكى ئۈستۈنكى ئارا قاتلامدىكى ماددىلاردىن ئېرىپ پەيدا بولغان قىزىق ئېرىتمە.

**ماگماتىزم** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> يەر پوستىنىڭ چوڭقۇر قىسمىدىكى ماگمىنىڭ بېسىمى تۆۋەنلىگەن يۆنىلىشكە سىلجىپ، يېرىلغان بەلباغنى بويلاپ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ، يەر پوستىغا بۆسۈپ كىرىشى ۋە يەر يۈزىگە ئېتىلىپ چىقىشى ھەمدە ئۈزلۈكسىز ھالدا ئايرىلىش ۋە ئاسسىمىلياتسىيەلىشىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن خىمىيەۋى تەركىبىنى ۋە فىزىكىلىق، خىمىيەلىك ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئاخىرى سوۋۇپ قېتىشىپ جىنسقا ئايلىنىش جەريانى.

**ماگنات** ئى [ ئى <لات ] بىرەر سودا ياكى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك كونترول قىلىۋالغۇچى، مونوپولىيە قىلىۋالغۇچى، مونوپولىيەچى، چوڭ كاپىتالىست، چوڭ فېئودال: نېفىت ماگنانى. مالىيە ماگناتى. * ئالۋالىدىنىڭ خۇسۇسىي مال ــ مۈلكى 20 مىلىيارد دوللاردىن ئاشىدۇ، ئۇ نېفىت ماگناتى بولۇپلا قالماي، يەنە «سىتى» گۇرۇھىنىڭ ئەڭ چوڭ پايچىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ماگنولىيە** ئى [ر<لات] <بوت> ① ماگنولىيە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى تەتۈر تۇخۇم ياكى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى چوڭ، سىرتقى يۈزى قوڭۇر، ئىچى ئاق كېلىدۇ. مېۋىسى سوقىچاق بولىدۇ. غۇنچىسى دورا قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**ماگنېزىت** ئى [ر] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. تەركىبىدىكى ماگنىي ئوكسىد بولۇپ، يەنە تۆمۈر، مانگان، كالتسىي قاتارلىقلارمۇ بولىدۇ، ئۈچ ياقلىق كىرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. كىرىستالى ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ. قۇراشمىسى كۆپىنچە دانىچىسىمان ياكى ساپالسىمان سىپتا كالللەك ھالەتتە كېلىدۇ. رەڭگى ئاق، كۈل رەڭ ياكى سېرىق، قاتتىقلىقى 4 — 4.5، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 2.9 — 3.1.

**ماگنىت** ئى [ر<گىرېك] <فىز> ① جىسىملارنىڭ تۆمۈر، نىكېل قاتارلىق مېتاللارنى ئۆزىگە تارتىش خۇسۇسىيىتى: ماگنىت ئېنېرگىيەسى. ماگنىت كۈچ سىزىقلىرى. ② شۇ خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە رۇدا، تۆمۈر، توك ئۆتۈۋاتقان ئۆتكۈزگۈچ، يەر شارى، قۇياش ۋە باشقا ئاسمان جىسمى قاتارلىقلار.

**ماگنىت قۇتۇپى** <فىز> ماگنىتنىڭ ئىككى بېشى. ئۇ ماگنىتلىق خۇسۇسىيەت ئەڭ كۈچلۈك قىسىم بولۇپ، ماگنىت يىڭنىسى شىمالنى كۆرسەتكەن تەرەپ شىمالىي قۇتۇپ؛ جەنۇبنى كۆرسەتكەن تەرەپ جەنۇبىي قۇتۇپ دېيىلىدۇ.

**ماگنىت مەيدانى** <فىز> ماددىي نەرسىلەر ئارا ماگنىت كۈچ تەسىرىنى سۈنۈپ بېرىدىغان مەيدان. ماگنىت ۋە توك

ئۆتكەن ئۆتكۈزگۈچنىڭ ئەتراپىدىكى بوشلۇقتا ماگنىت مەيدانى مەۋجۇت بولىدۇ. كومپاسنىڭ جەنۇبنى كۆرسىتىشى دەل يەر شارى ماگنىت مەيدانىنىڭ رولىدۇر.

**ماگنىترون** ئى [ر<گرېك] <فىز> ئۇلترا يۇقىرى چاستوتىلىق تەۋرىنىش ھاسىل قىلىدىغان، ئۆزئارا تىك بولغان تۇراقلىق توك ئېلېكتىر مەيدانىدا ۋە تۇراقلىق ماگنىت مەيدانىدا ئىشلەيدىغان بىر خىل مىكرو دولقۇنلۇق ئېلېكترون لامپا.

**ماگنىتسىز** سۈپ. ماگنىتلىق خۇسۇسىيىتىنى يوقاتقان، ماگنىتلانمىغان: ماگنىتسىز سۇ.

**ماگنىتسىزلىنىش** ئى <فىز> ماگنىتلىق ماتېرىياللارنىڭ ماگنىتلىق خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىش جەريانى.

**ماگنىتلاشتۇرماق** «ماگنىتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ماگنىتلاشتۇرۇلغان سۇنىڭ تىرىكلىكى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

**ماگنىتلاشتۇرۇشماق** «ماگنىتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ماگنىتلاشتۇرۇلماق** «ماگنىتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: جىددىي تەجرىبە قىلىنىش ئارقىلىق، بۇ سۇ ئاخىرى ماگنىتلاشتۇرۇلدى.

**ماگنىتلاشماق** پ. ماگنىتلىق خۇسۇسىيەتلەر پەيدا بولماق، ماگنىتلانماق: ماگنىتلاشقان سۇ ئىچىش سالامەتلىككە پايدىلىق.

**ماگنىتلاندۇرماق** «ماگنىتلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ماگنىتلاندۇرۇشماق** «ماگنىتلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ماگنىتلاندۇرۇلماق** «ماگنىتلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ماگنىتلانماق** پ ① «ماگنىتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى.② ماگنىتلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولماق، ماگنىتلاشماق.

**ماگنىتلىق** ① سۈپ. ماگنىتتا بولىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە: ماگنىتلىق قېتىشما. ماگنىتلىق لىنتا. ② رەۋ. ماگنىت ئارقىلىق: ماگنىتلىق چارلاش. ماگنىتلىق قۇدۇق ئۆلچەش. ③ ئى. ماگنىتتا بولىدىغان خۇسۇسىيەت: ماگنىتلىقى كۈچلۈك جىسىم.

**ماگنىتلىماق** پ. ماگنىتلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە قىلماق، ماگنىتلاندۇرماق.

**ماگنىتلىنىشچان** سۈپ. ئاسانلا ماگنىتلىق خۇسۇسىيەتنى ھاسىل قىلىدىغان.

**ماگنىتلىنىشچانلىق** ئى<فىز> ماگنىت مۇھىتىنىڭ خاسلىقىنى خاراكتېرلەيدىغان فىزىكىلىق مىقدار. بەلگىسى Xm.

**ماگنىتوستىرىكسىيە** ئى [ر<لات] <فىز>سىرتقى ماگنىت مەيدانىنىڭ تەسىرىدە، بەزى فېرروماگنىتلىق ماددىلاردا پەيدا بولىدىغان، ماگنىت مەيدانىنىڭ كۈچىنىشلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ماگنىت مەيدانىنىڭ يۆنىلىشى بىلەن مۇناسى-

ۋەتسىز بولغان ئېلاستىك كۈچىنىش.

**ماگنىتومېتىر** ئى [ر<گرېك] <گېئول> سانائەت ۋە پەن-تېخنىكىدا ماگنىت مەيدانىنىڭ كۈچىنىشىنى ئۆلچەيدىغان، يەرنىڭ ماگنىت مەيدانى ۋە ئۇنىڭ ۋاقىتقا ئەگىشىپ ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىدىغان ۋە ئۆلچەيدىغان، ماگنىتلىق چارلاشتا ماگنىت نورمالسىزلىقىنى ئۆلچەيدىغان ۋە ماددىنىڭ ماگنىتلىق خۇسۇسىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئەسۋابلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ماگنىتىزم** ئى [ر] <فىز> فىزىكىنىڭ ماگنىت ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**ماگنىي** ئى [ر] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Mg (Magnesium). كۈمۈش رەڭلىك، يېنىك، ھاۋادا قىزدۇرغاندا يېنىپ كۈچلۈك يالقۇن چىقىرىدۇ، ماگنىي پاراشوكى رەسىم تارتىشتا ئىشلىتىلىدىغان يورۇتقۇچى چىراغ ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ. ماگنىي بىلەن ئاليۇمىنىنىڭ قېتىشمىسى ئايروپىلان ياساشنىڭ مۇھىم ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

**ماگنىيسىز** سۈپ. تەركىبىدە ماگنىي بولمىغان، ماگنىيلاشمىغان: ماگنىيسىز پىروكسېن.

**ماگنىيلاندۇرماق** «ماگنىيلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ماگنىيلاندۇرۇشماق** «ماگنىيلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ماگنىيلاندۇرۇلماق** «ماگنىيلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ماگنىيلانماق** پ. تەركىبىگە ماگنىي قوشۇلماق، ماگنىيلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولماق.

**ماگنىيلىق** سۈپ. تەركىبىدە ماگنىي بولغان، ماگنىيلانغان: ماگنىيلىق پىروكسېن.

**ماگىزىن** ئى [ر<ئە] ئىچىگە تۈرلۈك تاۋارلار تىزىلغان ۋە شۇ تاۋارلار سېتىلىدىغان سودا دۇكىنى: ماگىزىن ئازادە ئىككى ئېغىزلىق بولۇپ، بىرىدە يەرلىكماللار، يەنە بىرىدە سانائەت مەھسۇلاتلىرى سېتىلاتتى.

**ماگىزىنچى** ئى ① ماگىزىن ئىگىسى. ② ماگىزىندا مال ساتقۇچى: بىركۈنى دادۇينىڭ ماگىزىنچىسى ھېكمەت ئەكبەرنى يوقلاپ كەلدى.

**ماگىزىنچىلىق** ئى. ماگىزىندا مال سېتىش ئىشى: ماگىزىنچىلىق قىلماق.

**ماگىستىر** ئى [ر<لات] <مائار> ① ئىلمىي ئۇنۋان. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر تەتقىقات ئورۇنلىرىدا بىر-ئىككى يىلدىن ئارتۇق ئوقۇپ لاياقەتلىك بولالىسا، بۇ ئۇنۋانغا ئېرىشەلەيدۇ. ② شۇ ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن ئادەم.

**ماگىسترال** [ر<لات] ① سۈپ. قانال، يول ۋە شۇ قاتارلىقلاردا باش ئورۇن تۇتقان؛ ئاساسىي، باش: ماگىسترال سىزىق. ② ئى. قاتناش يولى ۋە ئومۇمەن تارماقلانغان سىستېمىلارنىڭ ئاساسىي قىسمى: تۆمۈريول ماگىسترالى. سۇ ماگىسترالى.

**ماگىستراللىق** ① سۈپ. ماگىسترالى بار، ماگىسترالغا ئىگە. ② رەۋ. ماگىسترال سىزىق ئارقىلىق: ماگىستراللىق

ئۆلچەش.

**ماگىستىرلىق** ئى. ماگىستىرغا يۈكلەنگەن ئىش، ۋەزىپە ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئۇنۋان: بەلكىم ئۇ ئۆزىنىڭ ماگىستىرلىقىغا قانائەت قىلىپ ئارمىنىمغا يەتتىم، دەپ يۈرگەن بولسا. ھازىرقىدەك نەتىجىلەرنى قازىنالمىغانمۇ بولار ئىدى.

**ماڭدا** ئى. دىيال. تاپسا، پەگا؛ ئوچاق ئالدى.

**ماڭداتماق** «ماڭدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ماڭدار** ئى <بوت> ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى ياغاچلاشقان پىلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى مۇرەككەپ ياكى ئاددىي يوپۇرماق بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ. كىچىك يوپۇرمىقى تۇخۇم ياكى تۇخۇمسىمان تۈمۈنە شەكلىدە. گۈلى چوڭ، كۆكۈچ سۆسۈن ياكى ئاق رەڭلىك، يالغۇز ئۆسىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۈچۈن ئۆستۈرۈلىدۇ. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ.

**ماڭداشماق** «ماڭدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ماڭدام** ① ئى. مېڭىش جەريانىدا تاشلانغان ھەربىر قەدەم، چامدام: پارتىيە چىقىپ كەلدى، بەختىمىزنى يورۇتۇپ، زالىملارنىڭ زۇلمىنى، ماڭدىمىدا غۇلىتىپ. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ ماڭدام بىلەن ئۆلچەشكە بولىدىغان ئۇزۇنلۇقنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ قەددىمىنى تېزلىتىپ 100 ماڭدام ماڭار ـ ماڭمايلا يامغۇر شارقىراپ قۇيۇۋەتتى.

**ماڭداممۇماڭدام** ← **قەدەممۇقەدەم.**

**ماڭدۇرماق** ① «ماڭماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: موتورنى ماڭدۇرماق. تىراكتورنى ماڭدۇرماق. جۇۋازنى ماڭدۇرماق. بالىنى يېتىلەپ ماڭدۇرماق. ② ئەۋەتمەك، يوللىماق: سوپاخۇن سوۋۇروۋ باتالىيون ئىشتابىغا بېرىش بىلەنلا، قورغان تەرەپتىكى يولنى مەخسۇس كۆزىتىپ كېلىش ئۈچۈن ئىككى نەپەر رازۋېدكىچىنى ماڭدۇردى.

**ماڭدۇرۇشماق** «ماڭدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ماڭدۇرۇلماق** «ماڭدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىرقانچە كۈن ھەربىي مەشىق ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن ئوردا چېرىكلىرى بىلەن شىيتەي چېرىكلىرى قوشۇلۇپ، جەمئىي 500 دىن ئارتۇق چېرىك يەنە تاغقا ماڭدۇرۇلدى.

**ماڭدىماق** پ. قەدەم تاشلىماق، قەدەم ئالماق، چامدىماق، ماڭماق: ماڭداپمۇ يېتەلمىدىم، چامداپمۇ يېتەلمىدىم. ئوتتىڭىز يامان ئىكەن، تاشلاپمۇ كېتەلمىدىم.

**ماڭغال** ئى. دىيال. چوغدان.

**ماڭغىلماق** پ. دىيال. ئاستا ماڭماق.

**ماڭقا** ئى ① بۇرۇندىن چىققان شىلىمشىق سۇيۇقلۇق؛ پوتلا: ئېقىۋاتقان تەر ۋە ماڭقىلىرىنى ئېڭىشىپ تۇرۇپ تىزىغا سۈرتۈشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ② بۇرنىدىن مۇشۇنداق سۇيۇقلۇق چىقىپ تۇرىدىغان كىشى (كەمسىتىپ ئېيتىلىدۇ): — كىلاپانىڭ ئىككىسى چۈشۈپ كېتىپتۇ، بۇ ماڭقا بايقىماي ھەيدەۋېرىپتۇ، — دېدى ئۇ تىراكتورنى تەكشۈرۈپ غەزەپلىنىپ.

**ماڭقىسى چۈۋۈلماق** ① بۇرنىدىن توختىماي ماڭقا ئاقماق: بالا بۇگۈن ئەتىگەن ماڭقىسى چۈۋۈلۈپ قوپۇپتۇ. بەزىدە يەنە چۈشكۈرۈپ قويىدۇ. ② كۆچمە. قاتتىق قىينالماق، ئەپلەشتۈرەلمەي تازا ئاۋارە بولماق: — شۇنداق قاسىمئاخۇن، سىلى ئەپەندىچىلىكنى ئوڭاي دەيسىلە، مېنىڭ شۇ چاغدا بىر سائەتمۇ تۇزۇكرەك ئەپەندى بولالماي ماڭقام چۈۋۈلۈپ كەتتى، — دېدى ئىسمائىل ئاكا.

**ماڭقال** ئى. تۆت بۇرجەك، ئالتە يۈزلۈك قىلىپ ھەربىر يۈزىگە ھەر خىل چوڭلۇقتىكى يېرىم شار شەكىللىك ئويۇقچىلار چىقىرىلغان مېتال سايمان. ئۇ زەرگەرچىلىكتە ئالتۇن، كۈمۈش، تۇچ قاتارلىقلارنى يۇمىلاق شار شەكلىگە كەلتۈرۈشتە ئىشلىتىلىدۇ.

**ماڭقان** ئى. تۇم ئاق قوي.

**ماڭقۇرت** سۈپ. ئەقلى تازا ئىشلىمەيدىغان، ئۆتكۈر ئەمەس، ئەقىلسىز، دۆت، ھاماقەت: ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم تۇرسۇننىڭ ماڭقۇرت، دۆت ئەمەسلىكىنى، مەسىلىلەر ھەققىدە بەلگىلىك كۆزقارىشى بار ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

**ماڭقۇرتلاشتۇرماق** «ماڭقۇرتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھەددىدىن زىيادە قوپاللىق قىلىش بالىلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىنى توسۇپ ئۇلارنى ماڭقۇرتلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

**ماڭقۇرتلاشماق** پ. ئەقلىنى تازا ئىشلەتمەيدىغان، ماڭقۇرت ھالەتكە كەلمەك، دۆتلەشمەك: بۇ ئەنئەنىنى زامانىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش بۇرچى بىلەن سېلىشتۇرغاندا تولىمۇ پاجىئەلىك ماڭقۇرتلىشىشتىن بېشارەت بەردى.

**ماڭقۇرتلۇق** ئى. ئەقىلسىزلىق، دۆتلۈك، ھاماقەتلىك: ماددىي تەرەققىياتقا مەستخۇش بولۇش، مىللىي ئىنكارچىلىقنىڭ كۈچىيىشى، چېكىدىن ئاشقان مەنپەئەتپەرەسلىكنىڭ توسالغۇسىز يامرىشى روھىي مەجرۇھلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بۇ خىل مەجرۇھلۇق ماڭقۇرتلۇقنىڭ مىكروبىغا ئايلاندى.

**ماڭلاي** ئى ① يۈزنىڭ قاشتىن چاچقىچە بولغان قىسمى؛ پېشانە: بالىنى تونۇغان بوۋاي ماڭلىيىدىن سۆيدى. ② كۆچمە. نەرسىلەرنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى ئالدىغا چىقىپ تۇرغان، دەرھال كۆزگە چېلىقىدىغان، ماڭلايغا ئوخشاش قىسمى: دەرۋازا ماڭلىيىغا ئېسىلغان ۋىۋىسكىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە «مەزكۇر مېھمانخانىنىڭ تاماقنىمۇ ھۆددىگە ئالىدۇ» دەپ يېزىلغان.

**ماڭلاي تەرى** ئۆز قولى بىلەن قىلغان ھالال ئەمگەك، ئەجىر: شۇ باتۇر ئىشچىنىڭ ماڭلاي تەرىدىن، پويىزلار ئىز سالدى ئانا ئۆلكەمگە. شۇ ئىشچى قولىدا مىڭلاپ گۇدۇكلەر، شوق ياڭراپ جور بولدى خۇشال كۆلكەمگە.

**ماڭلايلىق** سۈپ. ماڭلىيى بار، ماڭلىيى كەڭ: ھۆرنىساخان ئاق يۈزلۈك، شالاڭ سۈس ئىنچىكە قاشلىق، بويى ئېگىزرەك، ياپىلاق ماڭلايلىق، قاپىقى دۆڭ، چىشلىرى ئالتۇندىن قاپلانغان، جاۋۇلداپ تۇرىدىغان سۆزمەن خوتۇن.

**ماڭماق** پ ① قەدەم ئېلىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەك، يۈرمەك: ئىلدام ماڭماق. يول ماڭماق. پىيادە ماڭماق. ② قەدەم ئېلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولماق، مېڭىشنى ئۆگەنمەك: بۇ بالا بىر ياشقا كىرىپلا ماڭدى. ③ مەلۇم يۆنىلىشكە قاراپ قوزغالماق، ھەرىكەت قىلماق: ئاپتوبۇس يولۇچىلارنى ئېلىپ خوتەنگە ماڭدى. ④ شاھمات، دامكا، قاتار قاتارلىقلاردا ئۆز نۆۋىتىدە ھەرىكەت قىلماق، يۈرمەك: پادىشاھ شاھمات تاختىسىدا ئىككى ماڭمايلا ئۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ⑤ كۆچمە. ئۆتمەك، كەسمەك: پىچاق گۆشكە ماڭار، سۆڭەككە ماڭماس (ماقال). ⑥ كۆچمە. ھەرىكەتكە كەلمەك، ئىشلەپ ھەرىكەتلىنىپ تۇرماق: زاۋۇت تۈنۈگۈن ماڭدى. * سائىتىم بىر كۈن بولدى ماڭمىدى. ⑦ كۆچمە. بىرەر ئىشنى ھەل قىلىش كويىدا تېگىشلىك ئورۇنغا بارماق، قاترىماق: شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن يەنىلا مېڭىۋاتىمەن. ⑧ كۆچمە. ئەمەل

قىلماق. بويسۇنماق: خوتۇن خەقنىڭ قاپىقىغا قاراپ، بۇيرۇقىغا ماڭغانلارنىڭ ھالى شۇنداق بولغان بولسا، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ ⑨ «ـپ، ـىپ، ـۇپ، ـۈپ» شەكلىدىكى رەۋىشداشلار بىلەن كېلىپ ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ داۋاملاشقانلىق تۈسىنى بىلدۈرىدۇ: مەن ھەركۈنى خاتىرە يېزىپ ماڭدىم.

**مال** ئى ① كالا، قوي قاتارلىق بېقىپ ئۆستۈرۈلىدىغان ھايۋان؛ چارۋا: قارا مال. ئۇششاق مال. * مېلى بارنىڭ مېلىغا، مېلى يوقنىڭ جېنىغا (ماقال). ② قول ئىلكىدىكى بىسات، بايلىق: پادىشاھ: «بۇ ياخشى مەسلىھەت بولدى» دەپتۇ ـ دە، دەرھال ئەلچى ئەۋەتىپتۇ ۋە لەشكەرلەرگە نۇرغۇن پۇل ۋە مال تارقىتىپ بېرىپتۇ. ③ كىيىم ـ كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇمى قاتارلىقلار: قىز مېلى. ④ سېتىلىدىغان نەرسە، بۇيۇم، تاۋار: مال باھاسى. مال ساتماق.

**مالاخىت** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. تەركىبىدىكى مىس يەككە ياقلىق كىرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. كىرىستالى يىڭنىسىمان، قۇراشمىسى كۆپىنچە رادىيوئاكتىپ ھالىتىدە ھەم ئەمچەكسىمان بولىدۇ. يېشىل رەڭلىك، ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى 3.5 ــ 4؛ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 3.9 ــ 4.0.

**مالال** ئى [ئە] ئىچ پۇشۇش، ئېغىر كۆرۈش، رەنجىش، قىسىلىش: مالال يەتكۈزمەك.

**مالاللىق** ئى. كىشىگە مالال كېلىدىغان ئىش ـ ھەرىكەت، ھالەت، ئارتۇقچە تەشۋىش: مالاللىق تارتماق. مالاللىق يەتمەك.

**مالامەت** ئى [ ئە ] ناھەق ئەيىبلەش، تاپا ـ تەنە: مالامەت قىلماق. مالامەت يەتمەك.

**مالامەتلىك** سۈپ. تاپا ـ تەنە، ئەيىبلەشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ تاپا ـ تەنىگە تولغان، تاپا ـ تەنىگە ئۇچرىغان: پۇقرا بېشىغا كەلگەن مالامەتلىك كۈنلەر تېخى ئۆتۈپ كەتمىگەنىدى.

**مالائىكە** ئى [ئە] پەرىشتە.

**مالاي** ئى ① بايلارنىڭ ياكى باشقا بىراۋنىڭ مەخسۇس خىزمىتىدە بولغۇچى كىشى؛ خىزمەتكار، چاكار: ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى مەخسۇت بەگنىڭ مالايلىرى بولۇپ، ھەممىسى ئالماسنىڭ جانجىگەر، سىنالغان دوستلىرى ئىدى.② كۆچمە. باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قارىغۇلارچە خىزمەت قىلغۇچى، غالچا: ئۇ ئىلى گېنېرالى گۇاڭفۇنى ئۆلۈم بىلەن قورقۇتۇپ، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ دۇدۇلىقىغا سايلانغان بولسىمۇ، ئۆلۈۋاتقان ھۆكۈمەتنىڭ سادىق مالىيى بولغان يوەن داخۇانىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىيالمىدى.

**مالايلارچە** رەۋ → **قۇللارچە**.

**مالايلىق** ئى. مالاي قىلىدىغان ئىش ياكى مالايغا خاس قىلىق، ئادەت: ــ سەن بۇنى قويۇپ بېرىپ راست ئەركە قىلىۋالدىڭ، مالاي دېگەن مالايلىقنى قىلمامدۇ؟ ــ دېدى سىپىت.

**مالەم** ئى [ئە] دەرد ـ ئەلەم، ئازاب ـ ئوقۇبەت ماكانى: بىلمىلىكنىڭ كۆزىدە ئالەم بار، بىلمىسىزنىڭ كۆزىدە مالەم.

**مال ـ بىسات** كىشىدە بولغان پۇل ۋە مۈلۈك قاتارلىق پۇلغا يارايدىغان ھەممە نەرسە: خانقىز ئانا ئادىلنى مال ـ بىساتلىرى كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان مېھمانخانا ئۆيىگە باشلاپ كىردى.

**مالپەرەس** سۈپ [ئە + پ] مالغا، دۇنياغا بېرىلگەن؛ مال ـ دۇنيانىڭ غېمىدە بولىدىغان: ئۇ تولىمۇ مالپەرەس ئادەم بولۇپ، بىر موچەن ئۈچۈن مىڭ قەسەم قىلىشقا تەييار ئىدى.

**مالپەرەسلىك** ئى. مالغا، دۇنياغا بېرىلىش؛ مال ـ دۇنيانىڭ غېمىدە يۈرۈش ئىشى، ئادىتى: تويمىغۇر دادىسى مالپەرەسلىك قىلماي، ئوكۇردايىنىڭ ئەلچىسىنى قۇرۇق ياندۇرغان بولسا مۇنداق بولماس ئىدى.

**مالتاق** ئى. ياغاچتىن ياسالغان چوڭ تۇڭ، سوغىنىڭ چوڭى: قىش كۈنلىرى توقسۇن بازىرىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى توپىئاتار غوجام ئۆستىڭىدىن مالتاقتا سۇ توشۇپ، بايلارغا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىپ جان ساقلاپ يۈردۈم.

**مالتوزا** ئى [ ر<ئىنگ] <خىم> قەنتنىڭ بىر خىلى. ئاق رەڭلىك يىڭنىسىمان كىرىستال بولۇپ، تەمى ساخاروزىنىڭكىگە يەتمەيدۇ. ئاددىي قەنتلەرگە پارچىلىنىدۇ. ئۇ ئورگانىزمدا كىراخمالدىن ئامىلازا ئارقىلىق پارچىلىنىپ شەكىللىنىدۇ. سانائەتتە كۆپىنچە كىراخمالدىن ئېلىنىدۇ. ئادەتتە قەنت ـ گېزەك ۋە دورا قاتارلىقلارنى ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**مالتىلاتماق** «مالتىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئانا ئاچقۇچنى ئۆزى ئىزدىدى، باللىرىنى ئۆينى ئىزدەشكە بۇيرۇدى، ئۆي ئىچىنى ئىزدىتىپ مالتىلاتمىغان يېرى قالمىدى.

**مالتىلاشماق** «مالتىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۇ گۇماندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يانچۇقلىرىنى مالتىلىشىپ، تەتۈر ئۆرۈشۈپ قېقىشىپ قويىدى.

**مالتىلانماق** «مالتىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سايىم قارىسا ساندۇقنىڭ قۇلۇپلىرى چېقىلغانلىقى ۋە مالتىلانغانلىقى مەلۇم بولدى.

**مالتىلىماق** پ ① ئاستىن ـ ئۈستۈن، ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈپ ئاختۇرماق: ئۇ ئارىنى قولىغا ئالدى ۋە پاراس ـ پۇرۇس قىلىپ ئۆتچەملەرنى مالتىلاشقا كىرىشتى. ② قوچۇپ ئىلەشتۇرمەك: پاتەم بەزى چاغلاردا ئاشلارنى مالتىلاپ، نان بولسا ئوشتۇتۇپ تەكشۈرۈپ ئاندىن نەزەربەند قىلغانلارغا بېرىشكە رۇخسەت قىلاتتى.

**مالچى** ئى. قوي، ئۆچكە قاتارلىق چارۋىلارنى يايلاقلاردا يايلىتىپ باققۇچى، پادىچى: تاغ چوققىسى ئىككەن قار، ئېتەكلىرى گۈل باھار. ياشايدىكەن مالچىلار، بۇ ماكاندا بەختىيار.

**مالچىلىق** ئى. مال بېقىش ئىشى، كەسپى: مالچىلىق قىلماق.

**مالدار** ئى [ئە + پ] مال ـ چارۋىسى كۆپ، باي كىشى: قۇستەنتىن شەھرىدە ناھايىتى مالدار بىر خوجايىن بولۇپ، پەررۇخ بەختى ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىكەن.

**مال ـ دۇنيا** پۇل ـ مال ۋە قىممەت باھالىق نەرسە ـ كېرەكلەر: ئۇ ئۆمۈر بويى يېتىپ يېسىمۇ، ئۆزىگە يېتىپ ئاشقۇدەك مال ـ دۇنياغا ئىگە ئىدى.

**مالسىز** سۈپ. مال يوق؛ قۇرۇق: ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ياشىرىشى بىلەن قوتانلار مالسىز، يايلاقلار ئاۋات بولاتتى.

**مال ـ مۈلۈك** دۆلەت، كوللېكتىپ ياكى شەخسلەر ئىگىلىكىدىكى تۇرلۇك ماددىي نەرسە ۋە بايلىق: دۆلەتنىڭ مال ـ مۈلكىنى قوغداش.

**مال ـ مېكەت** دىيال. مال ـ ۋاران.

**مال ـ ۋاران** ئى. بېقىپ ئۆستۈرۈلىدىغان قوي، كالا، ئات قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرى: 8 ـ ئاي پەسلى ئىلى يايلاقلىرىنىڭ جەننەت

ۋاقتى بولۇپ، مال ـ ۋاران، ئوت ـ چۆپنىڭ راسا يېتىلگەن مەزگىلى ئىدى.

**مالخاي** ئى ① ئاق كىگىز قالپاق: ئەركىنلىك يولىدا شۇ سادىر، قىرلىغان چېغىدا مالخاينى؛ يىقىتقان پورلارنى سېپىت نوچى، مۇشتۇمدا، يۇلغاندەك قارىغاينى. ② تۇماق: ئىنتىقام ئالغىلى ئاتلاندى خەلق، بولدى جەڭ مەيدانى قەدىم تىيانشان، ئارمىيە سېپىگە قېتىلدىم مەنمۇ، مۇرەمدە پاگون بار، مالخايدا نىشان.

**مالخولىيا** ئى [گرېك] تاسادىپىي ئەھۋاللار ۋە بىھۇدە خىياللار سەۋەبىدىن بولىدىغان خامۇشلۇق كېسىلى، سەۋدا.

**مالىك** ئى [ئە] ① يېزىت. ئىگە: شۇنچە ئىشلەپ، يىل بويى قوي بېقىپ بىر قوزىغا مالىك بولالمىغان ئىش تالاي قېتىم بولغان. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مالىماتاڭ** سۈپ. قالايمىقان، رەتسىز؛ تەرتىپ بۇزۇلغان: مالىماتاڭ قىلماق. مالىماتاڭ بولماق.

**مالىماتاڭچىلىق** ئى. مالىماتاڭ بولغان، قالايمىقان ھالەت: ئەگەر مۇشۇ مالىماتاڭچىلىقلار بولمىغان بولسىدى، تىلىۋالدىنى بۇلتۇر كۈزدىلا ئۆيلەپ قويغان بولاتتى.

**مالىماتاڭلاشتۇرماق** «مالىماتاڭلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تەرەتتە تەرتىپكە رىئايە قىلىش سۈننەت، ئەمما مەخسۇم سۈننەتنى بۇزماقتا، ھەتتا ئوقۇلىدىغان دۇئالارنىمۇ مالىماتاڭلاشتۇرۇۋەتمەكتە ئىدى.

**مالىماتاڭلاشماق** پ. قالايمىقان، رەتسىز ھالەتكە كەلمەك؛ قالايمىقان بولماق: بۈگۈنكى كۈندە بىر مۇنچە نەرسىلەر ئارىلىشىپ مالىماتاڭلىشىپ كەتتى.

**مالىمان** ① سۈپ. ئەسلىي ھالىتى بۇزۇلغان، قالايمىقان، رەتسىز، مالىماتاڭ: ئۆينىڭ ئىچىنى مالىمان قىلماق. ② ئى. تۇيۇقسىز بىرەر ئەھۋال تۇپەيلىدىن بولغان قالايمىقانچىلىق: ئۇ ھېيتكادىكى مالىماندا ساغرىسى سۇت ـ قايماق بىلەن بۇلغانغان بىر ھەربىي ئەمەلدار ئىدى.

**مالىمانچى** ئى. مالىمان پەيدا قىلىپ يۈرگۈچى كىشى.

**مالىمانچىلىق** ئى. مالىمان قىلىنغان پاراكەندە ھالەت، پاراكەندىچىلىك: بۇ ئەھۋاللار ئىلگىرىمۇ بار ئىدى، ئون يىللىق ئىچكى مالىمانچىلىق ئارقىسىدا تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى.

**مالىمانلاشتۇرۇلماق** «مالىمانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆي ئىچى كىملەر تەرىپىدىندۇر خېلىلا مالىمانلاشتۇرۇلغانىدى.

**مالىمانلاشتۇرماق** «مالىمانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئانا قارىسا، باللار ئۆيدىكى نەرسىلەرنى خالىغانچە تاشلاپ مالىمانلاشتۇرۇۋېتىپتۇ.

**مالىمانلاشماق** پ. مالىمان، پاراكەندە ھالاكەتكە كەلمەك؛ قالايمىقانلاشماق: شۇ تاپتا، ئاڭلىغان گەپ ـ سۆزلەرنىڭ تەسىرىدىن پىكرىم پۈتۈنلەي مالىمانلىشىپ كەتكەنىدى.

**مالىمانلىق** ئى ← **مالىمانچىلىق:** جانابلىرىنىڭ مالىمانلىقنى تىنچلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغانلىرى ئادالەتنى كۆزدە تۇتقانلىق بولسىمۇ، لېكىن قەدىمدىن بۇيان بۇ جاھان گاھىدا بۇزۇلۇپ، گاھىدا تۈزۈلۈپ مۇشۇنداق داۋالغۇپ كەلگەن.

**مالىنا** ئى [ر] <بوت> ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان تىكەنلىك چاتقال. ② شۇ خىل چاتقالنىڭ مېۋىسى.

**مالىيە** ئى [ئە] ① دۆلەتنىڭ مال ـ مۈلۈك ۋە بايلىقلارنىڭ كىرىم ـ چىقىم قىلىنىشىغا بولغان باشقۇرۇش پائالىيىتى: مالىيە مىنىستىرلىقى. مالىيە ئىدارىسى. ② ئىدارە ـ جەمئىيەت، ئورگان، كارخانا، تەشكىلات قاتارلىقلاردىكى مال ـ مۈلۈكنى باشقۇرۇش ياكى تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش، نەق پۇلنى كىرىم ـ چىقىم قىلىش، ساقلاش ۋە ھېسابلاش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىشلار: مالىيە بۆلۈمى. مالىيە خادىملىرى.

**مالىيە ـ سودا** مالىيە ۋە سودىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى: ئابدۇل سابىق باشلىق ئەخمەتجاننىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن مالىيە ـ سودا تېخنىكومىدا ئوقۇدى.

**مامات ( ماماتى )** ئى [ئە] ئۆلۈم: ياھايات ـ يامامات.

**ماماتسىز** سۈپ. ئۆلۈم بولمىغان، ئۆلۈم يوق: ماماتسىز ھايات، خارابىسىز پاراق، ئاغرىقسىز ساقلىق، ئازابسىز ئارام ـــ بەختتۇر.

**ماماتلىق** ئى. ئۆلۈش ئىشى، ئۆلۈم: نۇرنىساغا 2 كىلوگىرام قان بېرىلدى. ماماتلىقتىن ھاياتلىققا قايتقان بوۋاققا باقى ئاكا «نىجات» دەپ ئىسىم قويدى.

**مامپۇ** ئى ← **مامپۇ دوپپا.**

**مامپۇ دوپپا** ① شاپىقىغا تۆت دانە گۈل تىكىلگەن دوپپا. ② كېسەك كۈنۈس شەكلىدىكى دۇخاۋا دوپپا.

**مامكاپ** ئى <بوت> ① مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غوللىرى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، قىزىتمىنى قايتۇرۇش رولىغا ئىگە. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**مامونت** I ئى [ر] <زوئول> قەدىمكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تەن شەكلىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ھازىرقى پىلغا ئوخشاپ كېتىدۇ. پۈتۈن تېنىدە ئۇزۇن تۈكلىرى بار، كۈرەك چىشلىرى ئۈستىگە ئېگىلگەن. ئۇ سوغۇق بەلباغلاردا ياشىغان 4 ـ دەۋرنىڭ ھايۋىنى بولۇپ، ئاللىقاچان نەسلى قۇرۇغان. «تۈكلۈك پىل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**مامونت** II ئى [ر] <بوت> شەمشاد ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چوڭ دەرەخ. ئېگىزلىكى 100 مېتىردىن، غولىنىڭ ئايلانمىسى 30 مېتىردىن ئاشىدۇ. 3000 يىلدىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرىدۇ.

**مامۇق** ① ئى. غاز، ئۆردەك قاتارلىقلارنىڭ يۇمشاق تۈكلىرى: مامۇق ياستۇق. مامۇق چاپان. ② سۈپ. پاختىدەك يۇمشاق: ئىككى جۈپ ياقۇت لەۋ جۈپلەشتى بىردىن، ئوت ـ يالقۇن چاقنىدى قارا كۆزلەردىن، ئالەمچە مۇھەببەتتە ياندى قوش يۈرەك، بەختىيار نۇر ياغدى مامۇق يۈزلەردىن.

**مامىرانچىن** ئى [پ] <بوت> ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك.

**مانا** ① ئال. ماۋۇ يەردە: ـــ شاھىدە قىزىم نەدىسەن؟ ـــ مانا، مەن بار، ھامما ئاچا. ② ئال. سۆزلىگۈچىنىڭ قولىدىكى، يېنىدىكى نەرسىنى ياكى بولۇۋاتقان، بولغان ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى كۆرسىتىشكە قوللىنىلىدۇ: كىچىك بالىنى سوغۇقتا يېتىلەپ ئاۋارە بولمىسىلا، ئەمدى ئۆزىمۇ كېلىپ قالار، شەھەر دېگەن مانىغۇ. ③ يۈكلىمە ۋەزىپىسىدە كېلىپ: 1) جۈملىدە ئۇقۇلىدىغان مەقسەتكە ئاڭلىغۇچىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش رولىنى ئوينايدۇ: مانا، ھەممە ئوقۇغۇچىلار كېلىپ بولدى. * مانا، ئىش چاتاق بولدى. 2) بەزىدە تېزلىك ئىماسىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ: مانا،

هازىر بارىمەن. * مانا، بىردەمدىلا تەييار بولىدۇ. 3) ئۆزىدىن كېيىنكى كىشىلىك ئالماشلارنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ كېلىدۇ: مانا بۇلار نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپە ئىدى.

**مانا ئەمدى** هازىرغا كەلگەندە، هازىرنىڭ ئۆزىدە: خانقىز ئانا بۇ ئىشلارنى ئويلىغاندا كۆڭلى بەكمۇ بىئارام بولاتتى، مانا ئەمدى مۇشۇنداق بىر ئادەمنىڭ قىزى ئۆزى ئۈچۈن كېلىن بولماقچى.

**مانا ئەمسە دەپ** ئاچچىقىغا پايلىماي، تەۋەككۈل قىلىپ: مانا ئەمسە دەپ چىچىدىن تۇتۇپ ئاستىمغا بېسىپ تازا سالدىم.

**مانا مەن دەپ** كۆزگە چېلىقىپ، بىلىنىپ، ئېنىق، روشەن: گومىنداڭنىڭ پوتەيلىرى مانا مەن دەپ ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئېلىش قىيىن ئىدى.

**مانا ـ ئەنە** ← **ئەنە ـ مانا:** مانا ـ ئەنە دېگەنلەرنى قويۇپ ئىشنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى.

**ماناس** ئى ① قىرغىز خەلقىنىڭ قەھرىمانلىق ھەققىدىكى داستانى. ② شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى بىر ناھىيەنىڭ نامى.

**ماناسچى** ئى. ماناس ئېيتقۇچى، ماناس ماھىرى: ئاقچى ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى يېقىندا مەشھۇر ماناسچى ــ يۈسۈپ مامايىنىڭ 90 ياشقا كىرگەنلىكىنى تەبرىكلەپ پائالىيەت ئۆتكۈزدى.

**ماناسچىلىق** ئى. ماناس ئېيتىش، ماناس تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى ياكى كەسپى: ئۇنىڭ دادىسى بىر ئۆمۈر ماناسچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئادەم ئىدى.

**ماناسقان** ئى. دىيال. تۇتەك، تۇمان.

**ماناق** دىيال① ئى. كېچىدە ئات ـ ئۇلاغلارنى ئوتلاقتا ئېلىپ چىقىپ بېقىش ئىشى، ھەرىكىتى. ② سۈپ. پاناق.

**مانان** I ئى. تۇمان؛ چاڭ ـ توزان: مانان باسماق. مانان قاپلىماق.

**مانان** II ئى. دىيال. قوناق ياكى قومۇشنىڭ پۆپۈكى.

**مانانلاشتۇرماق** «مانانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد ـ جىسى: ياش مونچاقلىرى يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ كۆزىنى مانانلاشتۇردى.

**مانانلاشماق** پ ① چاڭ ـ تۇمان پەيدا بولماق، مانان بىلەن قاپلانماق: سۇ ئۈستىدە شالاڭ تۇمان پەيدا بولۇپ، ھەممە نەرسە ماناد ـ لىشىپ كەتتى. ② كۆچمە. غۇۋالاشماق، خىرەلەشمەك: ئۇنىڭ كۆزى يەنە ياشتىن مانانلاشتى.

**مانانلىق** سۈپ ① مانانى بار، مانان بىلەن قاپلانغان، غۇۋا: ھېكمەت كۈنپېتىشقا قاراپ خېلى ئۇزاق تۇردى، ئۇ مەست كۆزلىرى بىلەن مانانلىق كېچىدە شۇ ياقتىن نىجات ئىزدىگەندەك ئۇزاق تەلمۈردى. ② ئى. غۇۋا، مانان ھالەت: ھاۋانىڭ مانانلىقى، ئاسماندا ئاينىڭ يوقلۇقى، بۇ مېنىڭ خامۇشلۇقۇم. يېنىمدا يارنىڭ يوقلۇقى.

**مانتا** ئى. قىيمىنى خېمىرغا تۈگۈپ قاسقاندا پىشۇرۇلىد ـ دىغان بىر خىل تاماق.

**مانتىپەز** ئى. مانتا پىشۇرۇش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللى ـ نىدىغان كىشى.

**مانتىپەزلىك** ئى. مانتا پىشۇرۇش ۋە سېتىش كەسپى.

**مانتىچى** ئى ← **مانتىپەز:** مانتىخانىلاردا مانتىچىلار بىر ـ بىرلى ـ رى بىلەن بەسلىشىپ ۋارقىرىشاتتى.

**مانتىخانا** ئى. مانتا پىشۇرۇپ ساتىدىغان ئاشخانا.

**مانتىسسا** ئى [ر] <مات> ئونلۇق كەسىر چېكىتىدىن كېيىنكى پارچە سان.

**مانجا** I ئى. ھۈنەرۋەنلەرنىڭ مېھنىتى ئۈچۈن بېرىلگەن ھەق؛ سىمكار: ئۇ ئاخشام مانجىسىنى نېسى قويۇپ ئېلىپ كەلگەن دىراپ پەلتوسىنى كىيىپ سەھەردە تالاغا ماڭدى.

**مانجا** II ئى. بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن ئاقىدىغان سۇغا سېلى ـ نىدىغان ئاغزى ۋە تۇۋى يوغان، ئوتتۇرا قىسمى تار تور.

**مانجار** ئى. دىيال. تار بوغۇزدىكى ئېقىن سۇغا سېلىپ قويۇپ، بېلىق تۇتىدىغان تالدىن توقۇلغان تەتۈر ئېغىزلىق سېۋەت.

**مانجۇ** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئاساسەن ئېلىمىزنىڭ لياۋنىڭ، خېيلۇڭجياڭ، جىلىن، خېبېي، بېيجىڭ ۋە ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق جايلىرىغا تارقاق ئولتۇراقلاشقان.

**مانجىت** ئى [ر] كۆڭلەك قاتارلىق بەزى كىيىملەرنىڭ يەڭ ئۇچىنى ھىم ئېتىش ئۈچۈن مەخسۇس بېكىتىلگەن پەۋىزى، يەڭنىڭ بوغما ئاغزى: يەڭنىڭ مانجىتىغا تۈگمە قادىماق.

**مانجىتلىق** سۈپ. مانجىتى بار، مانجىت ئورنىتىلغان: مانجىتلىق يەڭ.

**مانچاناق** ئى [ئە] بىر ئۇچىغا ئارغامچا چىگىپ، يەنە بىر ئۇچىغا يوغان تاش ئېسىلىدىغان بىر خىل يەرلىك ياغاچ پىشاڭ. قەدىمكى زاماندا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ قوۇدۇقتىن سۇ تارتىلاتتى ھەم ئۇرۇشتا يىراقلارغا تاش ئاتىدىغان ئۇرۇش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىناتتى.

**مانچېستېر** ① ئى. ئەنگلىيەنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان بىر شەھەر. ② سۈپ. كۆچمە. تىۋىتى پاختىدىن قىلىنغان، سىيدام (دۇخاۋا ھەققىدە): مانچېستېر دۇخاۋا.

**مانچىنچى** ئال. شەيئىلەرنىڭ ئورۇن ـ تەرتىپى ھەققىدىكى جاۋابنى بىلدۈرىدۇ: بولۇپمۇ مەملىكىتىمىزدىكى پادىشاھلار دەۋرىنى ئاساس قىلىپ ئۇنىڭ مانچىنچى يىلى، بۇنىڭ ئانچىنچى يىلى دېگەنلەردىن تېخىمۇ شۇنداق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

**ماندات** ئى [ر<لات] بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا سالاپەتلىك كىشىلەرنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن گۇۋاھنامىسى.

**ماندار** ئى. يۆگىمەچ تىپىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈك. ئۇ چىتلارغا يامىشىپ ئۆسىدۇ.

**ماندارلىق** ئى. ماندار بار يەر، ماندار كۆپ ئۆسكەن جاي: ماندارلىقتا ئات ئۆلمەس، ئەمەنلىكتە ئەر (ماقال).

**ماندارىن** ئى [ر<ئىسپان] <بوت> ① سۇزاپ ئائىلىسىد ـ دىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. مېۋە پوستى قىزغۇچ سېرىق، ئېتى شىرنىلىك، تەمى تاتلىق، مېۋە پوستى، ئۇرۇقى ۋە يوپۇرمىقى تېبابەتچىلىكتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ② شۇ خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى.

**ماندالىن** ئى [ر<ئىتال] يۇزىگە تۆت جۈپ سىم تارتىلى ـ دىغان، باش قىسمى دۇتارغا ئوخشاپ كېتىدىغان قىسقا ساپلىق چالغۇ ئەسۋابى.

**مانگان** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت . بەلگىسى Mn (Manganum) . كۈل رەڭ كىرىستاللىق ماددا، قاتتىق ھەم چۈرۈك، پارقىراق، نەم ھاۋادا ئوكسىدلىنىدۇ، سانائەتتە مانگان، تۆمۈر ۋە خىروم قارا مېتاللار دېيىلىدۇ. ئاساسەن

مانگانلىق پولات قاتارلىق قېتىشما ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**مانگانىت** ئى [ر<لات] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. تەركىبىدىكى مانگان (Mn)/%62.4 يەككە ياقلىق كىرىستال سىستېمىغا كىرىدۇ. كىرىستاللىرى تۈۋرۈك شەكلىدە بولۇپ، يۈزىدە تىك سىزىقلار بولىدۇ. رەڭگى قارا، سىزىقى قوڭۇر كېلىدۇ. يېرىم مېتال پارقىراقلىقىغا ئىگە. ئۇ «سۇلۇق مانگان تېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**مانگرو** ئى [ر<ئېنگ] <بوت> ← **مانگرو دەرىخى.**

**مانگرو دەرىخى** <بوت> مانگرو دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. دەرەخ قوۋزىقى بوياق ماتېرىيالى قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ياريېلىم ئېلىشقىمۇ بولىدۇ.

**مانگېلىتسىيە** ئى [لات] <بوت> ماگنولىيە ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ.

**مانگو** ئى [خەن] <بوت> ① سىر دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. مېۋە گۆشى سېرىق، يېپىشكە بولىدۇ، شىرىنلىك، تەمى مەززىلىك. ② شۇ خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى.

**مانومېتىر** ئى [ر<گىرېك] <فىز> پار، گاز ياكى سۇيۇقلۇق بېسىمىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**مانۇتاش** ئى. دىيال. ھېقىق.

**مانۇفاكتۇرا** ئى [ر<لات] قول ھۈنەر كارخانىلىرىدا بىر ئىشنى ئىش تۈرى بويىچە مەسئۇل بولۇپ قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈپ پۈتتۈرۈش جەريانى: ماشىنىچىلار 100 قۇر كىيىمنى مانۇفاكتۇرا بولۇپ بىر ھەپتىدىلا تۈگەتتى.

**مانېكېن** ئى [ر] ماگىزىن ۋە كىيىم تىكىش دۇكانلىرىدا كىيىم كىيدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئادەم شەكلىدە ياسالغان قېلىپ؛ مودېل.

**مانېۋىر** ئى [ر<فىران] ① <ھەرب> ماھارەتنى پىششىق يېتىلدۈرۈش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان ئەمەلىي مەشىق (كۆپىنچە ھەربىي ئىشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ). ② ئالدىن ئېلىپ بېرىلغان تەييارلىق ھەرىكەت: بۇ چېكىنىشلەرنىڭ ھەممىسى ئاڭ ساھەسىدىكى زور مانېۋىردۇر.

**مانى** ئى ① مانى دىنى. ② مانى دىنىغا مەنسۇپ كىشى.

**مانى دىنى** <دىن> مىلادىيەدىن كېيىنكى 3 ـ ئەسىردە ئىران ۋە بابىلونىيەنىڭ چېگرا رايونلىرىدا مەيدانغا كەلگەن دىن. بۇ دىننى تەسىس قىلغۇچى مانى مىلادىيە 215 ـ يىلىدا بابىلونىيەدە تۇغۇلغان. دەسلەپتە يەھيا پەيغەمبەر خىرىستىيانلىرى دېگەن مەزھەپكە كىرگەن. كېيىن زەردۇشتىلۇقنى ئىسلاھ قىلىش ئارزۇسىدا بولغان. بىر مەزگىل ھىندىستاندا بۇددىزمنى تەتقىق قىلغان. كېيىنچە ئىراندا ئۆزىنى بۇددا، زەردۇشت ۋە ئەيسا بىلەن بىر قاتارغا قويۇپ يېڭى ئېتىقاد سىستېمىسىنى تارقىتىشقا كىرىشكەن، 246 ـ يىلىدا ئۆلتۈرۈلگەن.

**مانىزم** ئى [ر<گىرېك] ① مانى دىنى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئېتىقادچىلىق: ئۇيغۇرلار قەدىمدە توتېمىزمغا ئىشىنەتتى. 8 ـ ئەسىردە مانىزمنى دۆلەت دىنى قىلغان. ② <پەلس> بارلىقنىڭ ئاسا-

سى بىرلا ماتېرىيە ياكى روھ دەپ ھېسابلايدىغان پەلسەپۋى تەلىمات.

**مانىفېست** ئى [ر<ئىتال] تەنتەنىلىك، پىروگراممىلىق خاراكتېرلىك يازما مۇراجىئەت، خىتابنامە.

**مانىلكارا** ئى [لات] <بوت> ① تاغ زەيتۇنى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. مېۋىسىنى يېيىشكە ياكى ئىچىملىك ياساشقا بولىدۇ، غولىدىن ئېقىپ چىققان سۈتسىمان شىرنىسى سېغىز ياساشنىڭ ئاساسلىق خام ئەشياسى. ② شۇ خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى.

**مانىماق** پ. دىيال ① مىلىماق، چىلىماق، تەگكۈزمەك. ② ئاتنى كېچىدە باقماق.

**مانىھوت** ئى [لات] <بوت> ① سۈتلۈك ئوت ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. خام يېيىشكە بولمايدۇ، زەھەرلىك، قايىنىتىپ پىشۇرۇلغاندىن كېيىن زەھىرى يوقىلىدۇ. يەم ـ خەشەك قىلىشقا ياكى كىراخمال ئېلىشقا بولىدۇ. ② شۇ خىل چاتقالنىڭ تۈگۈنەك يىلتىزى.

**ماھارەت** ئى [ئە] بىرەر ئىش، كەسىپ، پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا يېتىلگەن ئىقتىدار، ماھىرلىق.

**ماھارەتچانلىق** ئى. ماھارەت تەلەپ قىلىش دەرىجىسى؛ ماھارەت سىڭدۈرۈلۈش: كاپىرس — قۇرۇلما جەھەتتىن ئەركىن، خاراكتېر جەھەتتىن غەلىتە ئىشلەنگەن ئاھاڭ. ئۇنىڭ ئادەتتە ماھارەتچانلىقى يۇقىرى بولىدۇ.

**ماھارەتسىز** سۈپ. ماھارىتى يوق، ماھارەتكە ئىگە بولمىغان، نائۇستا: تەلىم ـ تەربىيە ناچار بولسا، ماھارەتسىز ئادەملەر كۆپىيىدۇ.

**ماھارەتلىك** سۈپ. ماھارىتى بار، ماھارەتكە ئىگە بولغان، ئۇستا، ماھىر: سېخىمىزدىن مۇنداق ماھارەتلىك ياش نابورچىكنىڭ يېتىشىپ چىققانلىقىنى ئەلۋەتتە ياشىنىپ قالغان پېشقەدەم ئۇستىلىرىمىزنىڭ ئەجرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

**ماھال** سۈپ. دىيال. مۇمكىن ئەمەس.

**ماھايانا** ئى [سانس] <دىن> بۇددا دىنىنىڭ بىر مەزھىپى. ماھايانا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇلۇغ كۆلۈڭگۈ» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ مەزھەپتىكىلەر ئۆز مەزھىپىنى گويا بىر چوڭ ھارۋىدا ئولتۇرغۇچىلار، قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك خالايىقنىڭ ھەممىسىنى سانسارادىن قۇتقۇزۇپ، نىرۋاناغا يەتكۈزگۈچىلەر دەپ ھېسابلايدۇ.

**ماھئەنۋەر** ئى [پ + ئە] يېزىت. نۇرلۇق ئاي: ئۆتمۈشنىڭ ساۋاقلىرى بەلكى سېنىڭ ئېسىڭدىدۇر. تارىخنى يورۇتقىن خۇرشىد، ماھئەنۋەر تاپ.

**ماھپەيكەر** سۈپ [پ] يېزىت. ئاي سۇرەتلىك، گۈزەل: ئۇنى بىزدىن جۇدا قىلدى رەھىمسىز بىۋاپا يىللار، يوشۇرغاندەك قارا پەردە نەزەردىن ماھپەيكەرنى.

**ماھتابان** ئى [پ] يېزىت ① پارقىراپ تۇرغان ئاي: قارا تۈننى يورۇتار ماھتاباندۇر كىتاب، مەدەنىيەتنىڭ رولچىسى، بەخت ـ ئىقبالدۇر كىتاب. ② گۈزەل يار: ئاھ ئەجەب يەتمەي ۋىسالغا بولدىما قۇملارغا يەم، بولدى ئالەم بىر دوزاخ، ئەي ماھتابان قايدىسەن؟ ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ماھىر** [ئە] ① سۈپ. يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە بولغان،

ماھارەتلىك، ئۇستا: ساڭا ئوخشاش ئىلمىي نوچىغا ماھىر ساتىراشنى ئۆمرۈمگە كېلىپ كۆرمىگەنىدىم. ② ئى. ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ماھىرانە** رەۋ [ئە + پ] ماھارەت بىلەن، ماھىرلىق بىلەن: گويا شامال كېلىپ تەگكەن ئورماندەك، ئوينىشىشتى ئىرغاڭلىتىپ بەدەننى، ئۇلۇغلاشتى ماھىرانە ھەرىكەتتە، تەڭرىلەرنى، باتۇرلۇقنى، ۋەتەننى.

**ماھىرلاشتۇرماق** «ماھىرلاشماق»پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياسىنىنىڭ كىچىكىدىنلا داۋاملىق ئات مىنىش بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۇنى تېخىمۇ ماھىرلاشتۇرۇپ، چەۋەنداز قىلىپ يېتىلدۈردى.

**ماھىرلاشتۇرۇلماق** «ماھىرلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ماھىرلاشماق** پ. ماھىر ۋە ئۇستا بولۇپ يېتىشمەك، ماھارەت ئىگىلىمەك: ئۇ چاقماق تېشىنى بىر - بىرىگە سۈركەپ - ئۇرۇپ ئوت چىقىرىشقا ماھىرلىشىپ كەتتى.

**ماھىرلىق** ئى. بىرەر ئىش، كەسىپ، پائالىيەتتە ئىگىلىگەن ئالاھىدە سەنئەت، ئۇستىلىق، ماھارەت: ئادەمنىڭ قابىلىيىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ماھىرلىق تەرەپلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

**ماھىيەت** ئى [ ئە ] ① بىرەر نەرسىنىڭ ئەڭ مۇھىم، تۈپ مەزمۇنى: بۇنىڭ ماھىيىتى مانا مۇشۇ يەردە. ② <پەلس> نەرسە ۋە ۋەقەلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىچكى بەلگىلىرى، ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىش، ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇش خاراكتېرى ۋە ئۇسۇللىرىنى بەلگىلەيدىغان باش ئامىل.

**ماھىيەتچىلىك** ئى <پەلس> ماھىيەت ياكى ماھىيەتلىك نەرسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر خىل پەلسەپە نەزەرىيەسى.

**ماھىيەتسىز** سۈپ. ئىچكى باغلىنىش، ماھىيىتى بولمىغان، مۇھىم ئەمەس: ئوبيېكتنىڭ ماھىيەتسىز ئامىللىرىنى ئۆزگەرتىش.

**ماھىيەتلىك** سۈپ. ماھىيىتى بار، ئىچكى باغلىنىش ۋە ماھىيەتكە ئىگە بولغان، مۇھىم: شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئامىللىرىنىڭ مېڭىدە،ئوچۇق ئىنكاس ئېتىشى تەسرەك.

**ماۋ بولماق** مۈشۈكلەرنىڭ كۈيلىشى، بوغاز بولۇپ قېلىشى.

**ماۋخوزەرىش** ئى [پ] <بوت> زەمبۇرۇغلارنىڭ بىر تۈرى. بامبۇك يىلتىزلىرىدا پارازىت ياشايدۇ. قۇرۇق زەمبۇرۇغ تۈگۈنى دورا قىلىنىدۇ. ئىلمەك قۇرت، ئاسكارىدا، سولتىرا قاتارلىق قۇرتلارنى چۈشۈرۈش ئۈنۈمى يۇقىرى.

**ماۋزۇ** ئى [ئە] ① سۆھبەت، پىكىر، مۇلاھىزە قاتارلىقلاردا مۇھىم نۇقتا قىلىنغان مەسىلە؛ تېما: گەپنىڭ ماۋزۇسى شۇ مەسىلە بولۇپ قالدى. ② <ئەد> كىتاب، ئەسەر، ماقالە قاتارلىقلارنىڭ نامى؛ سەرلەۋھە: ماۋزۇ قويماق. ماۋزۇ تاللىماق.

**ماۋزۇر** ئى [ر<نېم] يان قورالنىڭ بىر خىلى. ئۇنىڭ ياغاچ قېپى بولۇپ، ئاتقان چاغدا ياغاچ قاپنى قورالنىڭ كەينىگە ئورنىتىپ تىرەك قىلغىلى بولىدۇ. ئارقا - ئارقىدىن ئاتقىلى بولىدۇ. ئېتىش مۇساپىسى ئادەتتىكى يان قورالنىڭكىدىن يىراق بولىدۇ.

**ماۋزۇسىز** سۈپ. ماۋزۇسى يوق، ماۋزۇ قويۇلمىغان، سەرلەۋھىسىز: ماۋزۇسىز ماقالە.

**ماۋزۇلۇق** سۈپ. ماۋزۇسى بار، ماۋزۇ قويۇلغان، مەلۇم ماۋزۇ بىلەن ئاتالغان، سەرلەۋھىلىك: گېزىتكە «سۈنئىي ئوتلاق يېتىشتۈرۈش ماھىرى مۇختار» ماۋزۇلۇق خەۋەر بېسىلدى.

**ماۋنەن** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار گۇاڭشىغا ئورۇنلاشقان.

**ماۋۇ** ئال [مانا + بۇ] «بۇ» ئالمىشىنىڭ كۈچەيتىلمە تۈرى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ: ماۋۇنى ئۆزۈمگە، ماۋۇنى ئۇكامغا ئالدىم.

**ماۋىي** سۈپ [ئە] كۆك، ھاۋا رەڭ: ماۋىي كۆڭلەك.

**ماي** I ئى ① <خىم> ھايۋان ۋە ئادەملەرنىڭ تېرە ئاستىدىكى توقۇلمىلىرى ھەمدە ئۆسۈملۈكلەر تېنىدە بولىدىغان ئورگانىك ماددا. ② شۇ خىل ماتېرىياللار ئاساسىدا ئىشلەنگەن ھەمدە سىلىقلاش ياكى پەرداز بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغان تۈرلۈك مەھسۇلاتلار: ماشىنا مېيى. يۈز مېيى. ③ نېفىت ياكى ئۇنىڭدىن چەككىلەپ ئېلىنىدىغان تۈرلۈك يېقىلغۇلار: ماي قاچىلىماق. ماشىنىنىڭ مېيى تۈگىمەك.

**ماي تارتماق** رەنجىگەنلىكىنى نېزىقاش بىلەن ئىپادىلىمەك، قېيىدىماق: — نېمە بولاتتى؟ بەلكىم يۇرگەن قىزى بىلەن ماي تارتىشىپ قالغاندۇ تايىنلىق، — دېدى باقى چاقچاق قىلىپ.

**ماي تۆكۈلسە يالىغۇدەك** سۈپۈرۈپ ، سۈرتۈپ ، تازىلاپ پاك - پاكىز قىلىنغان ، ناھايىتى پاكىز: قارىسام ئايالىم ئۆينى تازىلاپ ماي تۆكۈلسە يالىغۇدەك قىلىۋېتىپتۇ.

**ماي چاينىماق** مېغىزنى چاقماق؛ لەززىتىنى، ھالاۋىتىنى كۆرمەك: — ۋوي ھۆسيۈن، ئۆيىڭىزنى بىزنىڭ مەخسۇمغا ئىجارىگە بەرگەن بولسىڭىز تازىمۇ ياخشى بولاتتى - دە، يىللىقىغا 250 سومنى نەقلا ئالدىڭىزغا قوياتتى. گاچچىدا ماي چاينىۋالاتتىڭىز ئەمەسمۇ؟

**ماي** II ئى [ر<لات] ① قەدىمكى رىم خىرىستىيانلىرىنىڭ كاتتىباشلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى، مىلادىيە كالېندارىنى تۈزۈشكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن بۇ ئاينى شۇنىڭ نامىغا ئاتىغان. ② <ئاستر>مىلادىيە يىل ھېسابى بويىچە بەشىنچى ئاي.

**مايا** ئى [ر<گىرېك] <ئاستر> 66 - نومۇرلۇق كىچىك يۇلتۇز.

**ماياتنىك** ئى [ر] ① تام سائىتى قاتارلىقلاردا مېخانىزمنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن تەۋرىنىپ تۇرىدىغان، بىر ئۇچى يۇقىرىدىكى قوزغالماس نۇقتىغا ئېسىپ قويۇلغان، تۆۋەنكى ئۇچىدا ئېغىرلىق ئورنىتىلغان ئوق: سائەت مایاتنىكى. ② قول ۋە يانچۇق سائىتى قاتارلىقلارنىڭ تەكشى مېڭىشىنى مۇنتىزىملاشتۇرىدىغان، ئوڭ ۋە سولغا تەۋرىنىپ تۇرىدىغان دېتالى.

**ماياق** I ئى. قوي، ئۆچكە، تۆگە قاتارلىق بەزى ھايۋانلارنىڭ، توخۇ، كەپتەر قاتارلىق بەزى قۇشلارنىڭ يۇمىلاق ياكى قاتتىقراق پوقى: ئورۇق قوينىڭ مايىقى چوڭ (ماقال).

**ماياق** II **( ما:ياق )** ئال [ما + ياق] جان ت ① مانا بۇ تەرەپ؛ بۇ ياق: ماياققا ماڭ، لۈكچەك! ئۇ كەلگەن پېتى نادىرنىڭ چاپىنىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ بىر تارتىۋىدى، چاپاننىڭ ياقىسى سۆكۈلۈپ، گەجگىسىگە بېرىپ توختىدى. ② ماۋۇ كىشى، ماۋۇ ئادەم: — ماياق سىزنى ئىزدەپ كەپتۇ، — دېدى ئۇ ماڭا ناتونۇش بىر ئادەمنى كۆرسىتىپ.

**ماياقتاش** ئى [ماياق + تاش] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. قۇشلار مايىقىنىڭ ئاينىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ فوسفور كىسلاتا تۇزلىرى، گۇڭگۇرت كىسلاتا تۇزلىرى، كاربونات كىسلاتا تۇزلىرى ۋە باشقا ئارىلاشمىلارغا باي بولىدۇ. تاشقى شەكلى دانلىق، كاللەك ۋە كاۋاكلىق كېلىدـ

دۇ ھەمدە ئالىي سۈپەتلىك ئوغۇت بولالايدۇ.

**ماياقلاتماق** «ماياقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ماياقلاشماق** «ماياقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ماياقلىق** ئى. ماياق كۆپ جاي: تۇرسۇن ئاكام قوغۇننى ئوغۇتلاش ئۈچۈن قۇمدىكى ماياقلىقتا مايَاق تاسقاشقا ماڭدى.

**ماياقلىماق** پ. مايَاق چىقارماق، چىچماق (بەزى ھايۋانلار ۋە قۇشلار ھەققىدە): قوي كىگىزگە ماياقلاپ قويمىسۇن، بالام، تېز بول، ئېغىلغا ھەيدە!

**ماياك** ئى [ر] ① كېمىلەرگە يول كۆرسىتىش ئۈچۈن دېڭىز قىرغىقىغا، ئارالغا ئورنىتىلغان سىگنال يورۇقى بار مۇنار: سانسىز يۇلتۇز جىمىرلايدۇ دېڭىزدىكى ماياكتەك. ئاي ئۈزىدۇ كۆك دېڭىزدا مەنزىلىگە سەيياھتەك. ② كۆچمە. يول كۆرسىتىپ يېتەكلەيدىغان قىبلىنەما، يېتەكچى: شۇ ئۇلۇغ ئوي – پىكرىڭىز نۇرلۇق ماياكتۇر بىز ئۈچۈن، تۇرغۇسىز ھەربىر يۈرۈشتە يولىمىزنى يورۇتۇپ.

**مايتۇ** ئى. تۇتۇلغان بېلىقنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدىغان كالتە توقماق.

**مايتۇق** سۈپ. قىڭغىر، مايماق.

**مايتۇق – سايتۇق** قىڭغىر – سىڭغىر، مايماق – سايماق: ئۇ تۆمۈر – تەرسەكلەر ئىچىدىن ياخشىراقلىرىنى تاللىۋېلىپ ئۆزى بىلگە- نىچە مايتۇق – سايتۇق ئېگىپ يۈرۈپ، كىچىك – كىچىك قەلەي قاچىلارنى ياساشقا كىرىشىپ كەتتى.

**مايداڭ** ئى. دىيال. چاقچاق، ھەزىل.

**مايدان** ئى. ماي ئالىدىغان قاچا، ماي قۇتىسى.

**مايسا** ئى. زىرائەتنىڭ ئۇرۇق ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىنكى بەشتىن – ئالتە سانتىمېتىر ئۆسكەن يۇمران تېنى: بۇغداي مايسىسى. قوناق مايسىسى. مايسا كۆچۈرمەك. مايسا ئېتىزى.

**مايسەن** ئى<بوت> ئۆرۈكنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسىنىڭ شەكلى يۇمىلاقراق، كاسا ئوتتۇرىسىدا سىزىقچىسى بار. گۆشى يۇمشاق، تاتلىق، سۇلۇق، خۇشبۇي، پوستى نېپىز ۋە تۈكلۈك. گۆشى ئۇرۇقچىسىدىن ئاجرايدۇ. مېغىزى تاتلىق. 5 – ئاينىڭ ئاخىرىدا پىشىدۇ.

**مايسىراتماق** «مايسىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مايسىراشماق** «مايسىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مايسىرىماق** پ. ئۆزىدىكى ماي ياكى ماي تەركىبى كېمىيىپ كەتمەك، مايسىزلىقتىن مايغا ئېھتىياجى كۈچەيمەك: — سىلى- نىڭ قۇلاقلىرى مايسىراپ قالمىسىلا، بىزنىڭ كاناي ۋە بارماقلىرىمىز مايسىزمۇ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىۋېرىدۇ، — دېدىم.

**مايسىز** سۈپ. مېيى يوق، ماي ئارىلاشتۇرۇلمىغان، مايلانمىغان: مايسىز گۆش. مايسىز تاماق.

**مايسىزار** ئى. ھەممە يېرىدە مايسىلار ئۆسكەن جاي، مايسى- لىق: ئۇلار كۆلگىنىچە مايسىزارغا يۈرۈپ كەتتى.

**مايسىزارلىق** ئى. مايسىلار بىلەن تولغان جاي؛ مايسىزار: ئۇ تەرەپتە مايسىزارلىق، بۇ تەرەپتە پاختىزار، ئىشلىمەكتە قەھرىمان دېھقانلىرى تەر ئاققۇچە.

**مايسىلىق** ئى. مايسا ئېتىزى: ئېرىقىڭدا سۇ بولسام، باغلىرىڭغا ئاقسام مەن، يېشىل مايسىلىقلارغا، كۆكرىكىمنى ياقسام مەن.

**مايقوڭغۇز** ئى [ماي + قوڭغۇز] <زوئول> تېنى قارا يېشىل ياكى باشقا رەڭلەردە پارقىراق كېلىدىغان بىر خىل ھاشارات. زىرائەتلەرنىڭ يىلتىز، غوللىرىنى يەپ دېھقانچىلىققا زىيان سالى- دۇ.

**مايقۇرت** ئى [ماي + قۇرت] <زوئول> بىر خىل ھاشارات. تېنى ياپىلاق ۋە توق قوڭۇر كېلىدۇ. سېسىق پۇراق چىقىرىدۇ. ھەمىشە كىيىم – كېچەكلەرنى چىشلەپ ئورنۇۋېتىدۇ. كېزىك، خولېرا قاتارلىق كېسەللىكلەرنى تارقىتىدۇ. ئادەتتە زىيانلىق ھاشارات دەپ قارىلىدۇ. ئۇ «سۇۋەرەك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**مايكا** ئى [ر] يىپ ۋە سۈنئىي تالالاردىن توقۇلغان يەڭسىز ئىچ كىيىم.

**مايكىچان** رەۋ. مايكىلا كىيىپ، ئۈستىگە باشقا كىيىم كىيمەي: ئۇ مايكىچان بولۇپ، بېشىدا ئۆڭگەن چىخ قالپاق بار ئىدى.

**مايگۈل** ئى [ماي + گۈل] ①<بوت> ئېيىقتاپان. ② ئاياللار- نىڭ ئىسمى.

**مايلاتماق** «مايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياسىن ۋېلىسىپىتىنىڭ شارىك ۋە ئوقلىرىنى مايلىتىش ئۈچۈن رېمونت دۇكىنىغا باردى.

**مايلاشماق** ① «مايلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۆتۈكلىرىنى مايلىشىپ، شەپكىلىرىنى قىرلىشىپ، زىياپەتكە تەييارلىنىشماقتا ئىدى. ② ھەممە يېرىگە ماي تەگمەك، ھەممە يېرى ماي بولۇپ كەتمەك: ئۇنىڭ بېشىدىكى مايلىشىپ پارقىراپ كەتكەن قوپال شەپكە بولسا دائىم كۆزىگە چۈشۈپ تۇراتتى.

**مايلاقسىز** سۈپ. ماي سۈرتۈلمىگەن، مايلانمىغان: مايلاقسىز بەتىنكە.

**مايلاقلىق** سۈپ. ماي سۈرتۈلگەن، مايلانغان: ئۆتۈك مايلاقلىق.

**مايلامچى** ئى. ئۆتۈك، بەتىنكە قاتارلىق ئاياغ كىيىملەرنى مايلىغۇچى كىشى.

**مايلامچىلىق** ئى. ئۆتۈك، بەتىنكە قاتارلىق ئاياغ كىيىم- لەرنى مايلاش كەسپى: — قالتىسقۇ، نېمە ئىش قىلىسەن؟ — بۇرۇن مايلامچىلىق قىلىپ ئاياغ مايلايتتىم، ھازىر چاچ ئالىمەن.

**مايلانماق** ① «مايلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: مەن زەيتۇن يېغىدا مايلىنىپ ھەركۈنى چۈشتە ئاپتاپقا قاقلىنىدىغان بولدۇم. ② «مايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ ئۈچە- سىغا ئادەتتىكى كۆك چاپان، پۇتىغا مايلانمىغان بەتىنكە كىيىۋالغانىدى.

**مايلىشاڭغۇ** سۈپ. ماي يۇققان، مايلاشقان: ئەبەي كۈن ئىسسىپ كېلىۋاتسىمۇ، لېكىن ھېلىغىچە بېشىدىن تاشلىمىغان مايلىشاڭغۇ تاقىر قۇلاقچىسىنى ھېلىدىن – ھېلى قولىغا ئېلىپ بېشىنى تاتىلايتتى.

**مايلىق** I ئى. تاماقتىن كېيىن قولنى سۈرتىدىغان بۆز، لۆڭگە: پولۇدىن كېيىن ھەممىسى مايلىق بىلەن قولىنى سۈرتۈپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

**مايلىق** II سۈپ ① مېيى بار، ماي ئېلىش مۇمكىن بولغان: مايلىق زىرائەت. مايلىق دان. ② مېيى كۆپ، ماي ئارىلاشتۇرۇلغان. ③ ماي سۈرتۈلگەن، مايلانغان: مايلىق قەغەز.

**مايلىق دان** مايىنىڭ خام ئەشياسى قىلىنىدىغان زىغىر، قىچا، كەندىر، زاراڭزا قاتارلىق زىرائەت دانلىرى: يېزاڭلاردا مايلىق دان كۆپ ئەمەس ئوخشايدۇ.

**مايلىماق** پ. ماي سۈركىمەك، ماي بەرمەك: رېشەت تارتمىدىن

چوتكا ۋە ئاياغ مېيىنى ئېلىپ شىبلىتىنى مايلاشقا باشلىدى.

**مايماق** سۈپ ① تۈز بولمىغان، ئەگرى، قىڭغىر: پۇتى مايماق. * گويا قونغاندەك ھەسەلگە چىۋىن، يات ئەل كۆزىگە چۈشتى بۇ زېمىن. تالاي قەبىلە، تالاي ئايماقلار، تەييارغا شەيخ ـ كۆڭلى مايماقلار. ② كۆچمە. دۇرۇس بولمىغان، ناتوغرا؛ ساپ بولمىغان، ناپاك: ئاغزى قايماق، كۆڭلى مايماق (ماقال).

**مايماق ـ سايماق** ئەگرى ـ بۈگرى، قىڭغىر ـ قىيسىق: مايماق ـ سايماق تام. * خەتنى مايماق ـ سايماق يازماق.

**مايمۇن** ئى [پ] ① <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تۈرلىرى خېلى جىق، شەكلى سەل ئادەمگە ئوخشاپ كېتىدۇ. توپلىشىپ ماكانلىشىدۇ. ئېغىز بوشلۇقىدا ئوزۇق ساقلايدىغان قوۋۇز خالتىسى بولىدۇ. مېۋە، ياۋا كۆكتات، قۇش تۇخۇمى ۋە ھاشاراتلارنى ئوزۇق قىلىدۇ. ② <ئاستر> مۇچەل يىل ھېسابىدا توققۇزىنچى يىل نامى: مايمۇن يىلى.

**مايمۇن ئويناتماق** ھىيلە ـ مىكىر قىلىپ ئاداشتۇرماق، ئەخمەق قىلماق: ئۇ ئېگىز قارلىق تاغلار ئارىسىدا بىزنى مايمۇن ئويناتقاندەك ئويناتقان بىلەن، بۇ تۇزلەڭلىكتە ئوۋچىغا ئۇچراپ قالغان توشقانغا ئوخشاپ قالىدۇ.

**مايمۇن ئويۇنى** ① كۆندۈرۈلگەن مايمۇن ئارقىلىق كۆرسىتىلىدىغان ئويۇن. ② كۆچمە. باشقىلارنى ئاداشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ھىيلە-مىكىر: شا مەخسۇتنىڭ «تورپاق» يېغىلىقىدىكى مايمۇن ئويۇنىغا ھېچكىم گول بولماس.

**مايمۇنزەنجىۋىلى** ئى [مايمۇن+زەنجىۋىل+ى] <بوت> پاپورتنىكلارنىڭ بىر تۈرى، يەنى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزسىمان غولى جۇڭگو تېبابەتچىلىكىدە «تېڭنىئوتى» دېيىلىدۇ. قاننى جانلاندۇرۇش، پەي ـ سىڭىرلارنى چىڭىتىش رولى بار، بەل ئاغرىقى، سۇنۇق قاتارلىقلارنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ شەرقى، غەربى، جەنۇبى تەرەپلىرىدىن چىقىدۇ.

**مايمۇنسىمان** سۈپ. مايمۇنلارنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالغان، سىرتقى قىياپىتى، بەزى ھەرىكەتلىرى مايمۇنغا ئوخشايدىغان: مايمۇنسىمان ئادەم.

**مايمۇنسىمان ئادەم** <ئارخېئول> ئەڭ ئىپتىدائىي ئادەملەر، ئۇلاردا مايمۇنغا خاس بەزى بەلگىلەر بولسىمۇ، ئۆرە مېڭىش، ئاددىي سۆز- ئىبارىلەرنى ئىشلىتىش ۋە ئاددىي ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياساش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان.

**مايمۇنشاپتۇلى** ئى [مايمۇن + شاپتۇل + ى] <بوت> ① مايمۇنشاپتۇلى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان پىلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك. شىرنىلىك مېۋىسى شارسىمان، يېپىشكە بولىدۇ، دورا قىلىشقىمۇ بولىدۇ. غول پوستىنىڭ تالالىرىدىن قەغەز ياساشقا بولىدۇ. گۈلىدىن پۇراق ماتېرىياللىرى ئېلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**مايمۇنگۈل** ئى [مايمۇن + گۈل] <بوت> سۈتلۈكئوت ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك.

**مايور** ئى [ر<لات] <ھەرب> ← **شاۋشياۋ**.

**مايىل** سۈپ [ئە] ① مەيلى بار؛ تەرىپىنى ئالىدىغان، تەرەپدار: ئانام ياۋاش، ئاق كۆڭۈل، ساددا ئايال. بىر ئاز دىنىي خۇراپاتلىققا مايىل. ② يېقىنلىشىپ قالىدىغان، يېقىن: ئاققا مايىل.

**مايىللاشتۇرماق** «مايىللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قايتا ـ قايتا سۆزلەش ئارقىلىق ئانا قىزنى دېگىنىگە بىر ئاز مايىللاشتۇردى.

**مايىللاشتۇرۇشماق** «مايىللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مايىللاشتۇرۇلماق** «مايىللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھۆكۈمەت فوندى ئاممىۋى قاتناشقا مايىللاشتۇرۇلدۇ.

**مايىللاشماق** پ. مايىل بولماق، قوشۇلماق: ئۇنىڭ گەپ قىلماي ھەم ئاچچىقلانماي تۇرغىنىغا قارىغاندا، كۆڭلىنىڭ بىر ئاز مايىللاشقانلىقى مەلۇم ئىدى.

**مايىللىق** ئى ① مايىل بولۇش، قوشۇلۇش ھالىتى: ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى ئۆز سۆزلىرىگە مايىللىقىنىڭ ئالامىتى دەپ چۈشەنگەن رۇستەم، تېخىمۇ روھلىنىپ داۋام قىلدى. ② بىرەر ئىشنى، نەرسىنى خالاش، ئۇنىڭغا ئىنتىلىش، مايىل بولۇش؛ خاھىش، ئىستەك، ئارزۇ: يۈسۈپ قادىرخانىنىڭ خوتەنلىكلەرنىڭ قىلىچ- نەيزە بىلەن بويسۇندۇرالمىغان قەلبىنى ئۇ دىنىي ئېتىقاد مايىللىقى بىلەن ئەيۋەشكە كەلتۈرگەن!

**مە** I تەق. قوي ـ ئۆچكىلەرنىڭ مەرىگەن ئاۋازىنى بىلدۈرىدۇ.

**مە** II ئىم. بىرەر نەرسىنى ئۇزىتىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئېلىشقا ئۈندەشنى بىلدۈرىدۇ: مە، بۇنى سەن ئال.

**مەبلەغ** ئى [ئە] <سودا> مەلۇم ساھە، تۈر ياكى سودا ـ سانائەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن ئاجرىتىلغان پۇل؛ سەرمايە: مەبلەغ سالماق. مەبلەغ مەنبەسى.

**مەبۇد** ئى [ئە] ئىبادەت قىلىنغۇچى، كىشىلەر چوقۇنغۇچى: ئۇلار بۇ يەردىن يەنىمۇ چوڭ بىر بىناغا كىرىپ، بايىقىلاردىنمۇ چوڭراق، ھەيۋەتلىكرەك، بۇت، مەبۇدلارنى كۆردى.

**مەپە** ئى [ئە] مەخسۇس ئادەم چۈشۈش ئۈچۈن ياسالغان، ئات ياكى قېچىر قوشۇلىدىغان، ئۈستى يېپىق، ئىككى چاقلىق بىر خىل قاتناش قورالى.

**مەپتۇن** سۈپ [ئە] بىراۋغا ياكى بىرەر نەرسىگە چىن يۈرەكىدىن بېرىلگەن، ئىشقى چۈشۈپ ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان، شەيدا: مەپتۇن قىلماق. مەپتۇن بولماق.

**مەپتۇنكار** ئى [ ئە+پ ] بىراۋغا ياكى بىرەر نەرسىگە چىن يۈرىكىدىن بېرىلگۈچى، ئىشقى چۈشۈپ ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقۇچى، شەيدا بولغۇچى: ـــ خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ـــ دېدى نائىبى: ـــ مەنىدار، مەپتۇنكار، مەزمۇنغا باي، ئەڭ ئاممىۋىلىققا ئىگە. قاراڭلار «قەدىمىدە مىڭ كۈلكە»، «ئاق پاڭچۇ ئۇچاسىدا...» بۇ مىسرالار نېمىدېگەن ئوبرازلىق ـ ھە!

**مەپتۇنكارلىق** ئى. مەپتۇن بولۇش كۈچى: ئۇنىڭ مەپتۇنكارلىقىغا قارشى تۇرۇشتىكى مېنىڭ بىردىنبىر يولۇم پەقەتلا مەندىكى بۇ خىل ھاياجانىنىڭ قىلچە سەۋەبسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش ئىدى.

**مەپتۇنلۇق** ئى. مەپتۇن بولۇش ئىشى ياكى ھالىتى: ئۇنىڭ چېچەكلىرىگە مەپتۇنلۇق بىلەن نەزەر تاشلىدىم.

**مەپكۇرە** ئى [ئە] تارس ← **ئىدىيە:** بۇ درامىدا مۇزىكا (مۇقام) مەركىزىي نۇقتا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن مەرىپەتچىلىك مەپكۇرىسى

توغرىسىدا جىق توختالمىدۇق.

**مەپكۇرلىك** سۈپ ← **ئىدىيەلىك.**

**مەپكۇرىۋى** سۈپ ← **ئىدىيەۋى:** يەرشارى ئاھالىسىنى بىر-بىرىدىن پەقەت ئىرقىي، مىللىي، دىنىي ياكى مەپكۇرىۋى پەرقلەرلا ئايرىپ تۇرماستىن، بەلكى مەلۇم مەنىدە ئۇلارنىڭ ۋاقىت ئىلكىدىكى ئەھۋالىمۇ ئايرىپ تۇرىدۇ.

**مەپھۇم** ئى [ئە] يېزت. ئۇقۇم، مەزمۇن، چۈشەنچە: گويا بىر كىچىك كائىنات ئىنسان، ئالەمنىڭ مەپھۇمى ئۇنىڭدا ئايان، ۋە لېكىن يۇلتۇزلار پاتقان ئەلەمگە، پاتۇرمۇ ئىنسانچە شادلىق يا يىغان.

**مەپىچى** ئى. مەپە ھەيدەيدىغان كىشى، مەپىكەش.

**مەپىچىلىك** ئى. مەپە ھەيدەش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى، كەسپى: ئۇنىڭ چوڭ دادىسى بىر ئۆمۈر مەپىچىلىك قىلغانىدى.

**مەپىخانا** ئى [ئە + پ] مەپە ۋە مەپىكەشلەر تۇرىدىغان جاي، مەپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان يەر: ئوسمان بىلەن قادىر كونا مەپىخانىدا بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، بىر-بىرى بىلەن تونۇش باللار ئىدى.

**مەپىكەش** ئى [ئە + پ] مەپە ھەيدىگۈچى كىشى، مەپىچى: سېرىق بۇرۇت مەپىكەش مەپىسىنى توخۇ بازىرىغا ھەيدەپ بېرىپ توختاتتى.

**مەپىكەشلىك** ئى. مەپە ھەيدەپ تىرىكچىلىك قىلىش ئىشى: مەپىكەشلىك قىلماق.

**مەپىلىك** رەۋ. مەپىگە چۈشۈپ، مەپە بىلەن: سۈبھى سۈزۈلگەن، تورغايلار ئويغانغان مەھەلدە مەپىلىك يولغا چىققان ئىككى يىگىت بالدۇرلا ئوپالغا يېتىپ كەلدى.

**مەتەر** ئى. دىيال. تارس. تۆگىلەرنى باشقۇرغۇچى (كونا مەنسەپ نامى).

**مەتبەئە** ئى [ئە] ھەرپ، رەسىم قاتارلىقلاردىن بەت ھاسىل قىلىپ، ئۈستىگە ماي سۈرتكەندىن كېيىن قەغەز يۈزىگە بېسىپ چىقىرىدىغان مەشغۇلات جەريانى.

**مەتبەئەچى** ئى. باسمىخانىلاردا بېسىش، نەشر قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى؛ باسمىخانىدا ئىشلەيدىغان ئادەم، باسمىخانا خادىمى.

**مەتبەئەچىلىك** ئى. نەشر بۇيۇملىرىنى بېسىپ تۈپلەش كەسپى.

**مەتبەئەشۇناس** ئى [ئە+پ] مەتبەئە ۋە مەتبەئەگە ئائىت ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچى ھەم ئۇنى تەتقىق قىلغۇچى كىشى.

**مەتبەئەشۇناسلىق** ئى. مەتبەئەچىلىكنىڭ مەتبەئە ۋە مەتبەئەگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان تارمىقى.

**مەتبۇئات** ئى [ئە] ① نەشرىيات ۋە باسمىخانا ئىشلىرى: مەتبۇئات خىزمىتى. مەتبۇئات كەسپى. ② باسما ئەسەر، گېزىت-ژۇرنال، كىتاب قاتارلىقلار: ئۇنىڭ ماقالىسى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىندى.

**مەتبۇئاتچى** ئى. مەتبۇئاتچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى، مەتبۇئات خادىمى.

**مەتبۇئاتچىلىق** ئى. مەتبۇئات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى: خەلقىنىڭ ئاڭ-سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شۇ خەلقىنىڭ مەتبۇئاتچىلىقىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

**مەتبۇئاتشۇناس** ئى [ئە+پ] مەتبۇئاتقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى تەتقىق قىلغۇچى كىشى.

**مەتبۇئاتشۇناسلىق** ئى. مەتبۇئاتچىلىق، مەتبۇئات ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان تارماق.

**مەتلۇب** ئى [ئە] يېزت. تەلەپ قىلىنغان، خالىغان، ئىستىگەن نەرسە؛ مەقسەت، تەلەپ: ھەرنېچۈك شەرت ۋە مەتلۇبلىرى بولسا، شۇل چاغدا ئوتتۇرىغا قويغايلا، ھازىرەنلىككە لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ، ئازراق سوۋغات ئەۋەتتىم.

**مەتۇ** سۈپ. كاللىسى ئىشلىمەيدىغان، ئەخمەق: مەتۇ كىشى.

**مەتۇرىدى** ئى<دىن> مەتۇرىدىلار مەزھىپىگە تەۋە كىشى.

**مەتۇرىدىلار** ئى<دىن> ئىسلام دىنىدىكى بىر مەزھەپ. قۇرغۇچىسى ئىمام ئەبۇ مەنسۇر مۇھەممەت مەتۇرىدى سەمەرقەندى. تۈركىي تىللار تۈركۈمىدىكى خەلقلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى بۇ ئېتىقاد سىستېمىسىنى قوبۇل قىلغان.

**مەتۇلۇق** ئى. ئەخمەقلىق: مەتۇلۇق قىلماق.

**مەجاز** ئى [ئە] <ئەد> سۆز ۋە ئىبارىلەرنىڭ كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىشى، يەنى كۆچمە مەنىلىك سۆز-ئىبارە؛ كىنايە؛ مېتافورا، ئىستىئارە.

**مەجازلىق** سۈپ. مەجازىي، مەجاز بويىچە: مەجازلىق قىلىپ ئېيتقاندا، شېئىردىكى ھېسسىيات كۈيىگە شېئىرنى ئوقۇغۇچى ئادەم ئۆز يۈرەك سازىنى تەڭكەش قىلىشتىن ئىبارەت.

**مەجازىي** سۈپ [ئە] مەجازغا ئائىت، كۆچمە، مېتافورىك: مەجازىي مەنە.

**مەجبۇر** سۈپ [ئە] بىراۋنىڭ بۇيرۇقى، زورى، بېسىمى ياكى بىرەر نەرسىنىڭ تەقەززاسى قاتارلىقلار تۈپەيلى قانداقتۇر بىر ئىش-ھەرىكەتنى قىلىش شەرت بولغان: مەجبۇر بولماق. مەجبۇر قىلماق.

**مەجبۇرەن** رەۋ [ئە] مەجبۇر بولۇپ ياكى مەجبۇر قىلىپ؛ مەجبۇرىيەت ئاستىدا، مەجبۇرىي ھالدا: مەجبۇرەن ئىشلىمەك. * بۇ سەپەرجاڭ جىجۇڭغا گومىنداڭنىڭ بۇ يەردىكى ھالاكەتلىك كۈنلىرىنىڭ بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا يېقىنلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى مەجبۇرەن سەزدۇردى.

**مەجبۇرلاشماق** «مەجبۇرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار مېنى ھۆججەت يېزىشقا مەجبۇرلاشتى.

**مەجبۇرلانماق** «مەجبۇرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بالا-چاقىلىرىمۇ ئۇنىڭدىن چەك-چېگرا ئاجرىتىشقا مەجبۇرلانغانىدى.

**مەجبۇرلۇق** ئى. مەجبۇر قىلىش، زورلاش ياكى زورلىنىش ھالىتى: ئىنتىلىش ئەركىنلىككە دالالەت قىلسا، موھتاجلىق قۇللۇققا دالالەت قىلىدۇ. ماھىيەتتە بۇ ئىككىسى ئىنسان پائالىيىتىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. ئىنتىلىش موھتاجلىقنىڭ ئالىي ماقامدىكى مۇقەددەسرەك ئىپادىسى، ئۇنىڭدا خىلمۇ خىل تاللاش ئىمكانىيىتى بار. ئەمما موھتاجلىق مەجبۇرلۇقتۇر، بۇنىڭدا بويسۇنۇشلا بار، تاللاش يوق.

**مەجبۇرلىماق** پ. قانداقتۇر بىر ئىش-ھەرىكەتنى ئېلىپ بېرىشقا زورلىماق، مەجبۇر قىلماق: ئۇلار مېنى ئوغرىلىق قىلىشقا مەجبۇرلىدى.

**مەجبۇرىي** سۈپ [ئە] بېجىرىلىشى ياكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى شەرت بولغان، ئىختىيارىدىن تاشقىرى: مەجبۇرىي مائارىپ.

**مەجبۇرىي دەرىجە** <تىل> پېئىل دەرىجىلىرىنىڭ بىرى،

يەنى مەلۇم گىراماتىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق جۈملىدىكى ھەرىكەتنىڭ گىراماتىكىلىق ئىگىسى شۇ ھەرىكەتكە تۇرتكە بولغۇچى ياكى يول قويغۇچى ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە. مەسىلەن: ئوقۇ + ت = ئوقۇت، تاپ+ تۇر = تاپتۇر، كۆت + گۈز = كۆتگۈز، بىل + دۈر=بىلدۈر. ئۇيغۇر تىلىدا ئۆتۈملۈك پېئىللار بىلەن ئۆتۈمسىز پېئىللارنىڭ ھەممىسى مەجبۇرىي دەرىجە شەكلىدە كېلەلەيدۇ. ئۆتۈمسىز پېئىللار مەجبۇرىي دەرىجىگە ئىگە بولغاندا ئۇلار ئۆتۈملۈك پېئىلغا ئايلىنىدۇ.

**مەجبۇرىي مائارىپ** <مائار> بەزى دۆلەتلەردە قانۇنىي بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن مەلۇم ياشتىكى ئۆسمۈرلەرگە ئېلىپ بېرىلىدىغان مەلۇم دائىرىدىكى ئومۇمىي تەربىيە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى ئەللەردە مەجبۇرىي مائارىپ مۇددىتى سەككىز ـ توققۇز يىلغا ئۇزارتىلدى.

**مەجبۇرىيەت** ئى [ئە] ① زورلاش، مەجبۇرلاش ئاساسىدا قىلىنغان ياكى قىلىنىدىغان ئىش؛ مەجبۇرىي يوسۇندا زىممىسىگە ئالغان ۋەزىپە، ئىش: ئۇ يەردە يەنە قوشۇمچە دىنىي دەرس ئۆتۈشمۇ مەجبۇرىيەت ئىدى. ② كىشىلەرنىڭ بىرەر ئىشنى بېجىرىش، قىلىش ئۈچۈن بەرگەن ۋەدىسى ياكى ئۆتەشكە قەتئىي تېگىشلىك ۋەزىپە؛ بۇرچ: پۇقرالىق مەجبۇرىيەت. مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالماق. مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلماق.

**مەجرۇن** سۈپ. دىيال. ئورۇق، ئاجىز ئادەم.

**مەجرۇھ** سۈپ [ئە] ① يارىلانغان، جاراھەتلەنگەن، يارىدار: خىزمەتچىلەردىن بىر قانچىسى شېھىت ھەم مەجرۇھ بولۇپ يېتىشاتتى. ② جىسمانىي جەھەتتە ئاجىز، زەئىپ؛ مېيىپ: مەجرۇھ كۆز. مەجرۇھ ھەربىي.

**مەجرۇھلاندۇرماق** «مەجرۇھلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئالدىنقى كۈندىكى لۈكچەكلەرنىڭ قاتتىق تايىقى ئەنۋەرنى ئېغىر مەجرۇھلاندۇرغانىدى.

**مەجرۇھلاندۇرۇشماق** «مەجرۇھلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مەجرۇھلاندۇرۇلماق** «مەجرۇھلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مەجرۇھلانماق** پ ① يارىلانماق: ئۆزىدىنمۇ بەك مەجرۇھلانغان بىر قىزغا ھىمايە بولۇشتەك ئىنسانىي بەخت شادلىقى ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا ئېقىن ياسىدى. ② مېيىپ بولۇپ قالماق: ئىش ئۈستىدە مەجرۇھلانماق.

**مەجرۇھلۇق** ئى. يارىلانغانلىق، يارىدارلىق، ئاجىزلىق، زەئىپلىك: مەجرۇھلۇق قەلبى پاك بىر گۆدەكنىڭ ھايات خۇشاللىقىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، ھايات ياشاشتىن ئەجەل شەربىتىنى ئىچىشنى ئەلا كۆرۈشكە قىستايدۇ.

**مەجلىس** ئى [ئە] تەشكىلات، كارخانا، كوللېكتىپ ياكى ئىدارە ئەزالىرىنىڭ بىرەر مەسىلە، ئىش مۇھاكىمىسىگە بېغىشلانغان يىغىلىشى؛ يىغىن: مەجلىسكە قاتناشماق. مەجلىس ئاچماق.

**مەجلىسخانا** ئى [ئە + پ] مەجلىس ئاچىدىغان ئۆي ياكى زال.

**مەجلىسداش** ئى. يېزىت. ئۆزى بىللەن بىللە مەجلىسكە قاتناشقان كىشى: ياخشى كىشىلەر بىلەن مەجلىسداش بولساڭ، سەنمۇ ياخشى كىشىلەردىن بولىسەن.

**مەجلىسۋاز** ئى [ئە + پ] مەجلىسنى جىق ئېچىشنى ياخشى كۆرىدىغان، نېمە بولسا مەجلىس ئېچىش يولى ئارقىلىق ھەل قىلىشنى ئادەت قىلغان كىشى: ئۇ باشلىق بولغاندىن كېيىن مەجلىسۋاز بولۇپ قالدىغۇ؟

**مەجلىسۋازلىق** ئى. مەجلىس ئېچىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار ـ يوقلۇقى بىلەن ھېسابلاشماي مەجلىسنى تولا ئېچىۋېرىش، مەجلىسنى تولا ئېچىشقا ئامراقلىق: مەجلىسۋازلىق قىلماق.

**مەجنۇن** [ئە] ① ئى. ئىشق ئوتى نەتىجىسىدە سەۋدايى، تەركىدۇنيا بولغان كىشى: ـــ ئانا، ـــ دەپتۇ قەمەر كۈلۈپ تۇرۇپ، ـــ ئۆزۈڭگە مەلۇمكى، ئىلگىرىمۇ بىر گۈزەل يىگىتنى ماڭا ئەۋەتكەنىدىڭ. بىر كۆرۈشۈم بىلەنلا ئەقىل ـ ھوشۇمنى يوقىتىپ، مۇھەببەت مەجنۇنى بولۇپ قالغانىدىم. ② سۈپ. ئەقلىنى يوقاتقان، ئەقلىدىن ئازغان، ئاداشقان؛ ساراڭ: مۇھەممەت بىننى بىركۈنى شاگىرتلىرى بىلەن مەھەللە ئىچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، تاسادىپىي ئالدىدىن بىر مەجنۇن ئادەم چىقىپ كېلىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ كۈلۈپتۇ. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مەجنۇنتال** ئى [مەجنۇن + تال] <بوت> تال تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ.

**مەجنۇنتاللىق** ① سۈپ. مەجنۇنتال بار، مەجنۇنتاللىق ئۆستۈرۈلگەن، تىكىلگەن: مەجنۇنتاللىق يول. ② ئى. مەجنۇنتال بار ياكى مەجنۇنتال كۆپ ئۆستۈرۈلگەن يەر: قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى مەجنۇنتاللىققا سەگىدىگىلى كېتىشتى.

**مەجنۇنلارچە** رەۋ. مەجنۇنلارغا ئوخشاش، ساراڭلارچە: مەجنۇنلارچە ئىش قىلماق. مەجنۇنلارچە يۈرمەك.

**مەجنۇنلۇق** ئى. سەۋدايىلىق؛ ساراڭلىق: بەزىدە مەجنۇنلۇق روھىي ھالىتى قاپلىسا، كۆرۈنمەس كۆزۈڭگە خەنجەر. مەي ئەمەس دېسىمۇ پىيالىدىكى، ئىچىسەن بولسىمۇ ھەتتاكى زەھەر.

**مەجمۇئە** ئى [ئە] مەلۇم بىر تەرتىپتە توپلانغان تېكىستلەر، مەلۇمات ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ يىغىندىسى؛ توپلام: شېئىرە ئۈستىگە ھەر خىل ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ژۇرنال قاتارلىق مۇددەتلىك مەجمۇئەلەر قويۇلغانىدى.

**مەجھۇل** سۈپ [ئە] ① <مات> نامەلۇم، نائېنىق: مەجھۇل سان. ② <تىل> ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتى جۈملىنىڭ ئۆزىگە چۈشىدىغان ياكى ھەرىكەتنىڭ ئىگىسى نامەلۇم بولغان: مەجھۇل پېئىل. مەجھۇل دەرىجە.

**مەجھۇل دەرىجە** <تىل> پېئىل دەرىجىلىرىنىڭ بىرى. پېئىللارنىڭ مەلۇم گىراماتىكىلىق شەكلى ئارقىلىق جۈملىدىكى ھەرىكەتنىڭ گىراماتىكىلىق ئىگىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئەسلىي ھەرىكەتنىڭ لوگىكىلىق ئوبيېكتى ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە.

**مەجھۇل سان** <مات>← **نامەلۇم سان.**

**مەجۇسىي** ئى [ئە] ئاتەشپەرەسلىك دىنىغا مەنسۇپ كىشى، ئاتەشپەرەس.

**مەجۇسىيەت** ئى [ئە] ئوتقا چوقۇنۇش، ئاتەشپەرەسلىك.

**مەجۇسىلىق** ئى. ئوتقا چوقۇنۇش پائالىيىتى، مەجۇسىيەت: غەربىي شىمالى ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەر ئارىسىدا پەيدا بولغان مەجۇسىلىق ياكى زەردۇشتلۇق (ئوتپەرەسلىك) دىنى ۋە دەسلەپكى شامان دىنىمۇ ئۇيغۇرلاردىكى مۇشۇ كۆز قاراشتىن كېلىپ چىققانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن .

**مەجۇج** ئى [ئە] دىنىي قاراش بويىچە، ئاخىر زاماندا چىقىپ، ئەلگە كۆپ خارابلىق يەتكۈزىدىغان ۋە زۇلۇم سالىدىغان ئىككى قوۋمنىڭ پاكار بويلۇق بولغانلىرى .

**مەجۇن** ئى [ئە] ① <تېب> خېمىر ھالىتىدىكى دورىلار. ② ئەپيۇن ، نەشە بىلەن ياسىلىدىغان مەست قىلىش رولىغا ئىگە زەھەرلىك دورا.

**مەجنگە** ئى . دىيال . باچكا، كەپتەر بالىسى .

**مەخپىي** سۈپ [ئە] ئۆزگىگە بىلدۈرمەيدىغان ، باشقىلاردىن سىر تۇتىدىغان ، خۇپىيانە، يوشۇرۇن : مەخپىي بەلگە. مەخپىي رېتسېپ . مەخپىي ھۆججەت. مەخپىي ئالاقە. مەخپىي ئۇچرىشىش . مەخپىي سۆھبەت .

**مەخپىيەت** ئى [ئە] باشقىلارغا بىلدۈرۈلمەيدىغان، ئاشكارىلانمايدىغان ئىش، ھەرىكەت؛ سىر؛ مەخپىيلىك: مەخپىيەتنى ئاشكارىلاپ قويماق. مەخپىيەتنى ساقلىماق.

**مەخپىيەتلىك** ئى. مەخپىي ئىش ـ ھەرىكەت، مەخپىي خىزمەت، مەخپىيەت: مەخپىيەتلىكنى ساقلىماق.

**مەخپىيلەشتۈرمەك** «مەخپىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مەخپىيلەشتۈرۈلمەك** «مەخپىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مەخپىيلەشمەك** پ. مەخپىي ھالەتكە كەلمەك، مەخپىي ئىشلەشكە، قىلىشقا توغرا كەلمەك؛ مەخپىي بولۇپ قالماق.

**مەخپىيلىك** ئى. مەخپىي ھالەت، يوشۇرۇنلۇق: بەقرات بۇ ئىلىمنى مەخپىيلىكتىن ئاشكارا قىلىپ، ئۆگىنىشنى خالىغانلار، مەيلى ئۇلار كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارغا ئۆگەتتى.

**مەخرەج** ئى [ئە] <مات> بىر كەسىر ساندىكى توغرا سىزىقنىڭ ئاستىغا يېزىلغان سان. مەسىلەن، $\frac{1}{3}$ دىكى 3 مەخرەجدۇر.

**مەخرەجلىك** سۈپ. مەخرىجى بار، مەخرەجگە ئىگە: ئومۇم مەخرەجلىك ئاددىي كەسىرلەر.

**مەخسۇس** سۈپ [ئە] بىرەر ئىش ياكى نەرسە ئۈچۈنلا ئاتالغان ۋە شۇنىڭغا خاس بولغان، بىرەر ئىش ياكى مەقسەت ئۈچۈن بەلگىلەنگەن؛ خاس: مەخسۇس قاچا. مەخسۇس ماشىنا. مەخسۇس ۋەزىپە. مەخسۇس سان. مەخسۇس مۇخبىر. مەخسۇس ئايروپىلان. مەخسۇس كەسىپ. مەخسۇس بەت.

**مەخسۇسخانا** ئى [ ئە ] يېزىت. بىرەر ئىش ياكى نەرسە ئۈچۈنلا ئاتالغان ۋە شۇنىڭغا خاس بولغان، بىرەر ئىش ياكى مەقسەت ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئۆي ياكى خانا: خوجا ئابدۇللا ماشىنىدىن چۈشۈپلا شەپە بېرىۋەتكەن چېغى، بىرى بىزنى مەخسۇسخانىنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى.

**مەخسۇسلاشتۇرماق** «مەخسۇسلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ناھىيەمىزدە بوغالتىرلىقنى مەخسۇسلاشتۇرۇش خىزمىتى يولغا قويۇلدى.

**مەخسۇسلاشتۇرۇشماق** «مەخسۇسلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مەخسۇسلاشتۇرۇلماق** «مەخسۇسلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ناھىيەدە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا خادىملىرى خېلىلا مەخسۇسلاشتۇرۇلدى.

**مەخسۇسلاشماق** پ. مەخسۇس ھالەتكە كەلمەك، خاسلاشماق: مەخسۇسلاشقان قوشۇن. * 90 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئۈرۈمچى قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە غەربچە داۋالاشنى ئاساس قىلغان مەخسۇسلاشقان پۇقراۋى دوختۇرخانىلار كەينى ـ كەينىدىن قۇرۇلدى.

**مەخسۇم** ئى [ئە] دىنىي ئۆلىمالارنىڭ بالىلىرى.

**مەخسۇمچە** رەۋ. مەخسۇمغا ئوخشاش، مەخسۇمدەك.

**مەخلۇق** ئى [ئە] ① ئىنسان ۋە پۈتۈن جانىۋارلارنىڭ، تىرىك مەۋجۇداتلارنىڭ ئومۇمىي نامى: زور مەخلۇق. ئىككى كۆزلۈك مەخلۇق. * بىزگە مەلۇم، ئادەم ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك مەخلۇق. ② كۆچمە. بىر نەرسىگە ئوخشىمايدىغان، خۇنۈك ياكى ئەخلاقسىز، نىيىتى يامان ۋە شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغان، ئۆچ كۆرىدىغان كىشىلەرنى كەمسىتىپ ئېيتىلىدۇ: مەن مۇشۇ مەخلۇق بىلەن قانداقمۇ بىر قورساقتا يېتىپ، ئانامنىڭ ئاق سۈتىنى بىللە ئەمگەن بولغىيدىم.

**مەخلۇقات** ئى [ئە] بارلىق مەخلۇقلار: ئادەم بولسا، پۈتۈن دۇنيادىكى مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ۋە ئەزىزىدۇر.

**مەخمەل** ئى [ئە] يۈزىدە تەكشى ھالەتتىكى قىسقا ھەم زىچ تىۋىتلىرى بولغان پاختا توقۇلما رەخت.

**مەخمەلگۈل** ئى [مەخمەل + گۈل] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئادەتتە مەنزىرە ئۈچۈن ئۆستۈرۈلىدۇ.

**مەددەت** ئى [ئە] ماددىي ياكى مەنىۋى ياردەم، يار ـ يۆلەك: مەددەت ئالماق. مەددەت بەرمەك. مەددەت تىلىمەك. مەددەت بولماق.

**مەددەتكار** ئى [ئە + پ] مەددەت بەرگۈچى، يار ـ يۆلەك بولغۇچى، ياردەم بەرگۈچى، قوللىغۇچى: توپ ئىچىدىن بىرقانچە كىشى ماڭا مەددەتكار بولۇشتى.

**مەددەتكارلىق** ئى. مەددەت بېرىش، يار ـ يۆلەك بولۇش؛ ياردەم: چوڭ ئوغلۇمنى شۇلارنىڭ مەددەتكارلىقى بىلەن بانكىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرغانمەن.

**مەددەتلەندۈرمەك** «مەددەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ــ كىچىك ـ پىچىك دەپ تۇرىۋەرمەي، ھېلىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك، ــ مەددەتلەندۈرۈپ سۆزلىدى ئابدۇللا.

**مەددەتلەندۈرۈشمەك** «مەددەتلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۆۋەندە ئولتۇرغان ساۋاقداشلىرىم چاۋاك چېلىپ، مېنى مەددەتلەندۈرۈشتى.

**مەددەتلەندۈرۈلمەك** «مەددەتلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ مەكتەپتە ئوقۇش مۇكاپاتى تەسىس قىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلار مەددەتلەندۈرۈلدى.

**مەددەتلەنمەك** پ. مەددەت ئالماق، مەددەتكە ئېرىشمەك: مولللار كۆرمەي ئۇنى تىرناقچىلىك، يولۋاسنىڭ ئالدىدىكى ئوغلاقچىلىك. تېخىمۇ گىدىيىپتۇ جۇرئەتلىنىپ، ھەم بەگنىڭ سۆلىتىدىن مەددەتلىنىپ.

**مەددەستان** ئى [پ] <خىم> ئانورگانىك بىرىكمە. تەركىبى پىلۇمبۇم ئوكسىد. بۇ بىر خىل سېرىق ياكى قىزغۇچ قوڭۇر رەڭلىك كىرىستال ھالىتىدىكى پاراشوك بولۇپ، تېببىي دورىگەرلىكتە تېرە سىرتىغا سۈرتۈلسە، تېرىنى قورۇپ قان توختىتىدۇ؛ سانائەتتە باتارېيە ۋە بوياق قاتارلىقلار ئۈچۈن ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

**مەدەك** ئى. كۆممىقوناق بېشىنىڭ دېنىنى ئۇۋاپ ئېلىۋال-

غاندىن كېيىن قالغان قىسمى.

**مەدەن** ئى [ئە] <گېئول> يەر ئاستىدىكى تۈرلۈك كان بايلىقلىرى.

**مەدەنىي** سۈپ [ئە] ① مەدەنىيەتكە ئائىت، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى؛ مەدەنىيەت، ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان: مەدەنىي ئىنقىلاب. مەدەنىي مىراس. مەدەنىي بۇيۇم. ② مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان، مەدەنىيەتلىك؛ مەدەنىيەتنى ئىگىلىگەن، ئوقۇغان، ئوقۇمۇشلۇق: مەدەنىي مىللەت. مەدەنىي خەلق. مەدەنىي ئادەم.

**مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى** <تارىخ> 1930 — 1940 ـ يىللاردا شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان، مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرىنى، يەنى خەلق باشقۇرغان مەكتەپ، كىنو ـ تىياتىر، سەنئەت قاتارلىقلارنى باشقۇرغان ئاممىۋى تەشكىلات.

**مەدەنىيەت** ئى [ئە] ① ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەت تارىخى تەرەققىياتى جەريانىدا ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرى، ئۇتۇقلىرى. ئادەتتە ئۇ كۆپرەك مەنىۋى بايلىقلارنى، يەنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مائارىپ، ئىلىم ـ پەن قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ② بىرەر ئىجتىمائىي گۇرۇپپا، سىنىپ ياكى خەلقنىڭ مەلۇم دەۋردە قولغا كەلتۈرۈلگەن شۇنداق ئۇتۇقلىرىنىڭ دەرىجىسى: سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت. پرولېتارىيات مەدەنىيىتى. بۇرژۇئازىيە مەدەنىيىتى.③ <ئارخېئول> ئوخشاش بىر تارىخى دەۋردە، تارقىلىش نۇقتىسىنىڭ يۆتكىلىشىگە قارىماستىن ساقلىنىپ قالغان خارابە ئىزلىرى ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ يىغىندىسى. ④ يېزىق ئىشلىتىش قابىلىيىتى، ئومۇمىي ساۋات؛ تەلىم ـ تەربىيە كۆرگەنلىك، زىيالىيلىق؛ مەرىپەت: مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالماق. مەدەنىيەت ئۆگىنىشى. مەدەنىيەت سەۋىيەسى. ⑤ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مەدەنىيەتپەرۋەر** ئى [ئە + پ] مەدەنىيەتنى، يېڭىلىقنى، ئىلغارلىقنى ھىمايە قىلىدىغان، ياقلايدىغان كىشى؛ مەدەنىيەتنى تەشەببۇس قىلغۇچى، يېڭىلىق تەرەپدارى: مەدەنىيەتپەرۋەرلەر قوشۇنى شەكىللەندى.

**مەدەنىيەتپەرۋەرلىك** ئى. مەدەنىيەتنى، يېڭىلىقنى، ئىلغارلىقنى ھىمايە قىلىش، ياقلاش، مەدەنىيەتنى تەشەببۇس قىلىش.

**مەدەنىيەتسىز** سۈپ. مەدەنىيىتى يوق، مەدەنىيەت ئىگىلىمىگەن، مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان؛ مەرىپەتسىز: مەدەنىيەتسىز ئادەم. مەدەنىيەتسىز مىللەت.

**مەدەنىيەتسىزلىك** ئى. مەدەنىيىتى يوقلۇق، مەدەنىيەت ئىگىلىمىگەنلىك، مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغانلىق، مەرىپەتسىزلىك: مۇشۇ دەۋردە بىر مىللەت ئۈچۈن مەدەنىيەتسىزلىك يامان ئىللەت.

**مەدەنىيەتشۇناس** ئى [ ئە+پ ] مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىس: تارىخچىلار ۋە مەدەنىيەتشۇناسلار شۇنى ئورتاق ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرىدۇكى، مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئىمتىيازىنى يوقاتماي كېلىۋاتقان گىرېك مەدەنىيىتى دەسلەپتە غەربىي ئاسىيا ۋە مىسىر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا تەرەققىي قىلغان.

**مەدەنىيەتشۇناسلىق** ئى. مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن: ئۇ قولغا ئالغان ھەربىر كونكرېت تەتقىقات تېمىسىنى تارىخشۇناسلىق، ئەدەبىياتشۇناسلىق ۋە مەدەنىيەتشۇناسلىق قاتارلىق كۆپ خىل پەنلەرنىڭ كېسىشكەن نۇقتىسىغا قويۇپ تۇرۇپ، سوغۇققانلىق بىلەن تەپەككۇر قىلغان.

**مەدەنىيەتلىك** سۈپ. مەدەنىيىتى بار، مەدەنىيەتكە ئېرىشكەن، مەدەنىيەت ئىگىلىگەن، تەربىيە كۆرگەن؛ مەرىپەتلىك: مەدەنىيەتلىك ئادەم. مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەر.

**مەدەنىيلەشتۈرمەك** «مەدەنىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېزىلارنى مەدەنىيلەشتۈرمەك.

**مەدەنىيلەشتۈرۈشمەك** «مەدەنىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مەدەنىيلەشتۈرۈلمەك** «مەدەنىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تەنتەربىيە ئەڭ دەسلەپ بىر ئىلىم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەندە، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، قارامىلىقنىڭ مەدەنىيلەشتۈرۈلۈشى، ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىشى، دەپ قارىماي، بەلكى كۆڭۈل ئېچىش، تەننى چېنىقتۇرۇپ، روھنى تاۋلاش ئۈچۈن سەھنىگە ئېلىپ چىقىلىشى، دەپ قارىدى.

**مەدەنىيلەشمەك** پ. مەدەنىيەت ئىگىلىمەك، مەدەنىيەتلىك بولماق: ئۇ يەرنىڭ يېزا ئاھالىلىرى بىرقانچە يىلدىن بېرى خېلىلا مەدەنىيلىشىپ قاپتۇ.

**مەدەنىيلىك** ئى. مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان، مەدەنىيەت ئىگىلىگەن ھالەت: ئىنسانلارنىڭ ئۆزۈقلىنىش ئۇسۇلىمۇ بارغانسېرى مەدەنىيلىككە قاراپ يۈزلەندى.

**مەدداھ** ئى [ ئە ] ① بازار ۋە كوچا ـ كويلاردا ئادەم توپلاپ دىنىي مەزمۇنلاردىكى بەزى پەند ـ نەسىھەت سۆزلىرىنى ياكى تارىخىي قىسسە، جەڭنامىلەرنى سۆزلەيدىغان كىشى: زۇنۇن قادىر كىچىكىدىن باشلاپلا خەلق داستانلىرى ۋە چۆچەكلىرىنى، مەدداھلارنىڭ قىسسە ۋە جەڭنامىلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلىدى. ② كۆچمە. سەلب. ئاغزى بېسىلماي گەپ قىلىدىغان، گەپنى تولا قىلىدىغان ئادەم، مەمەدان.

**مەدداھلارچە** رەۋ. مەدداھلارغا خاس، مەدداھلارغا ئوخشاش، مەدداھلاردەك: مەدداھلارچە سۆزلىمەك.

**مەدداھلىق** ئى ① بازار ۋە كوچا ـ كويلاردا ئادەم توپلاپ دىنىي مەزمۇنلاردىكى بەزى پەند ـ نەسىھەت ياكى جەڭنامە، قىسسە قاتارلىقلارنى سۆزلەش: ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ـ قوشاق ئېيتىش ۋە مەدداھلىق ئادەتلىرىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ② كۆچمە. مەمەدانلىق، گەپ يورغىلىتىش، گەپ ئويىنىتىش: سەن تولا مەدداھلىق قىلما.

**مەددە** ئى <زوئول> ئادەم ياكى ئىت، مۈشۈك، چوشقا قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ تېنىدە پارازىت ياشايدىغان سازاڭسىمان بىر خىل قۇرت.

**مەددە قويماق** دىيال. تەمەننا قويماق.

**مەدرىسە** ئى [ئە] ئىسلام دىنى بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان ئالىي مەكتەپ، بىلىم ئېلىش ئورنى: ئەسلىي بۇ بەگ چوڭ تەيجىنىڭ ئوغلى بولۇپ، موللا نىياز بىلەن مەدرىسەدە بىللە ئوقۇغانىدى.

**مەدھىيە** ئى [ئە] كىشى، نەرسە ۋە شۇنىڭدەك بىرەر ۋەقە،

ئىشنى ماختاپ يېزىلغان، ئوقۇلغان شېئىر ياكى نۇتۇق؛ ماختاش سۆزى: مەدھىيە ئوقۇماق. ۋەتەنگە مەدھىيە. ئەلگە مەدھىيە.

**مەدھىيەچى** ئى. مەدھىيە ئوقۇغۇچى؛ ماختىغۇچى.

**مەدھىيەلەتمەك** «مەدھىيەلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئادەتتىكى قىز - ئاياللارنىڭ تولىسى ناھايىتى ئاددىي -ساددا كېلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ سىيماسى گۈزەل، مانا بۇ ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ئادەمگە يېقىشنى خالايدىغان شۆھرەتپەرەسلىكى ھەمدە دائىم باشقىلارغا ئۆزىنى مەدھىيەلەتتىدىغان نۇقتىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**مەدھىيەلەشمەك** «مەدھىيەلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ خەتنى ئوقۇۋاتقان يولداشلار ئۆزلۈكىدىن مۇرات توغرا قىلغان، ياخشى قىلغان دەپ مەدھىيەلىشەتتى.

**مەدھىيەلەنمەك** «مەدھىيەلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مۇرات دوختۇرنىڭ نامى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە مەدھىيەلىنىپ تارقالدى.

**مەدھىيەلىمەك** پ. مەدھىيە ئوقۇماق، ماختىماق: ئۇلۇغ ۋەتەننى مەدھىيەلىمەك.

**مەدھىيەنامە** ئى. بىرەر كىشى، ۋەقە ياكى نەرسىگە ئاتاپ ئوقۇلغان، يېزىلغان مەدھىيە.

**مەدىكار** ئى [پ] باشقىلارغا ياللىنىپ كۈنلۈك ئىشلىگۈچى كىشى، كۈنلۈكچى: مەدىكار بولۇپ ئىشلىمەك.

**مەدىكارچىلىق** ئى ← **مەدىكارلىق:** بەزىدە، ئامالىنىڭ يوقىدا كىشىلەرگە بىرنەچچە كۈن مەدىكارچىلىق قىلىپ ئىشلەپمۇ قوياتتۇق.

**مەدىكارلارچە** رەۋ. مەدىكارلارغا خاس، مەدىكارلارغا ئوخشاش، مەدىكارلارنىڭ ئورنىدا، مەدىكارلاردەك: مەدىكارلارچە ئىشلىمەك.

**مەدىكارلىق** ئى. باشقىلارغا يالىنىپ قىلىدىغان ئىش، مەدىكارچىلىق: مەدىكارلىق قىلماق.

**مەرئا** ئى. دىيال. بوز يەر، ئېچىلمىغان، تېرىلمىغان يەر.

**مەرە** ئى. دىيال. سۆگەتنىڭ پوقىقى.

**مەرەپكە** ئى. نەققاشچىلىقتا، قوپۇرۇلغان ئورۇنلارنى كېڭەيتىش ياكى ئۇنى تارايتىش ئۈچۈن ئۈتكۈنچى قىلىپ قويۇلىدىغان شەكىل.

**مەرەتمەك** «مەرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ھەي، بالام، قوينى ئاچ قويۇپ مەرەتكۈچە، ئوت بەرسەڭ بولمامدۇ؟ — دېدى ئانىسى.

**مەرەز** [ئە] ① ئى. يىرىڭلىغان، ئاسان ساقايمايدىغان، يىرىڭلىق يارا، جاراھەت: غەرەزدىن غەرەز تۇغۇلار، تاز باشتىن مەرەز (ماقال). ② سۈپ. پەس، ئىپلاس، يارىماس؛ رەزىل: بۇلاردىن گۇمانىم كۈچىيىپ، شۇ ئىپلاسنىڭ مەرەز قولى تەگدىغۇ، دەپ ئويلاپ يۈردۈم.

**مەرەزدار** سۈپ [ئە + پ] مەرەز چىققان، مەرەز باسقان: ھاپىتىغا شاپىتىدۇر، توڭرۇلۇقتا مەرەزداردۇر، مەنسۇر بەگكە پار كەلگۈدەك ئۆز قۇرامى بىرى باردۇر.

**مەرەزلىك** ئى. رەزىللىك، پەسكەشلىك، ئىپلاسلىق؛ مەينەتلىك: مانا بۇ ئورددا يۈز بېرىپ كەلگەن نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى مەرەزلىكنىڭ ئاقىۋىتى ئىدى.

**مەرەشمەك** «مەرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاماز قۇل بايىقى قىز بىلەن يۇرت ئىچىگە كىرگەندە، ئاندا - ساندا چىراغلار يېنىپ، ئىتلار ھاۋشىماقتا، قوي - قوزىلار مەرەشمەكتە ئىدى.

**مەرەم** ئى. دىيال. مۇراسىم، بايرام.

**مەرپە** ئى. پىچاقنىڭ قوۋۇرغىسىنىڭ ئاستىدىن بىسىغىچە بولغان يانتۇلۇق.

**مەرتە** مىق ← **مەرتەم:** بىر مەرتە. ئىككى مەرتە.

**مەرتەم** مىق [ئە] قېتىم، نۆۋەت: بىر مەرتەم. ئۈچ مەرتەم.

**مەرتەم- مەرتەم** «مەرتەم» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: مەرتەم - مەرتەم ئۈچ مەرتەم، دەپتىكەن.

**مەرتەم- مەرتەم ئۈچ مەرتەم** بەزىبىر ئىشلارنى ئۈچ قېتىم قىلىشقا بولىدىغانلىقى ياكى ئۈچ قېتىمغا يول قويۇلىدىغانلىقى، ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىشكە يول قويۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئادەت سۆزى: بوپتۇ، مەرتەم - مەرتەم ئۈچ مەرتەم، دەپتىكەن. يەنە بىر مەرتەم ئەۋەتىپ كۆرەي.

**مەرتىۋە** I ئى [ئە] ① جەمئىيەتتە، كىشىلەر ئارىسىدا ئېرىشكەن ئابرۇي، ئېتىبار، نوپۇز؛ ئىناۋەت: ئۇ ئۆزىنىڭ قارنى - كۆكسىنىڭ كەڭلىكى، توغرا سۆزلۈكلۈكى بىلەن كىشىلەر ئىچىدە مەرتىۋە قازاندى. ② مەنسەپ، ئەمەل: مەرتىۋىسى ئۆسمەك. مەرتىۋىسى چۈشمەك.

**مەرتىۋە** II مىق [ئە] قېتىم، نۆۋەت، مەرتە: زاسۇيپەز سادىقنى بىر - ئىككى مەرتىۋە چاقىرىپ، ئاڭلىتالمىغاندىن كېيىن ئاستا بېرىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

**مەرتىۋىسىز** سۈپ. مەرتىۋىسى يوق، مەرتىۋىگە ئېرىشمىگەن، مەرتىۋىگە ئىگە بولمىغان؛ مەنسەپ، ئەمەل تۇتمىغان: مەرتىۋىسىز كىشى. مەرتىۋىسىز ئائىلە.// مەرتىۋىسىز ھېسابلانماق.

**مەرتىۋىلىك** سۈپ. مەرتىۋىسى بار، مەرتىۋىگە ئېرىشكەن؛ مەنسەپدار، ئەمەلدار: مەرتىۋىلىك ئادەم.

**مەرچە** سۈپ. دىيال. ماكانسىز.

**مەرد** سۈپ [پ] ① ئېيتقان گېپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغان، ئۆز گېپىگە ئىگە بولىدىغان: مەرد ئادەم. * مەردنى مەيداندا سىنا (ماقال). ② قورقۇشنى بىلمەيدىغان، قورقماس، باتۇر، يۈرەكلىك، مەردانە: مەرد ئوغلانلار. * مەرد بولساڭ مەيدانغا چىق (ماقال). ③ پۇلنى دوست تۇتمايدىغان، قولى ئوچۇق؛ سېخىي: مەرد يىگىت. مەرد كىشى. * مەردنىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن (ماقال).

**مەردانە** [پ] يېزت ① رەۋ. مەردلەرچە، مەردلىك بىلەن، مەردلەرگە ئوخشاش: مەردانە ئىلگىرىلىمەك. ② سۈپ. مەردلەرگە، باتۇرلارغا خاس: ساخاۋەت داد - پەرياد كۆتۈرمەي، مەردانە قىياپەتتە تىك تۇرۇپتۇ. * سۇلتان مىرغەزەپنىڭ مەردانە ئاۋازى گۈركىرەپ تۇرغان بورانىنىڭ ئاۋازىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

**مەردانىلارچە** رەۋ ← **مەردلەرچە:** — كونا ئاداۋەتلەرنى تۈگىتىپ، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، سائادەت يارىتىش يولىدا مەردانىلارچە ئىلگىرىلەيدىغان زامان كەلدى، — دېدى ئۇ.

**مەردانىلىك** ئى. مەردلىك: مەردانىلىك بىلەن جاۋاب بەرمەك. مەردانىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقماق.

**مەردەشمەك** پ. دىيال. باغلاشماق، شەرتلەشمەك.

**مەردەك** ئى. دىيال. ئېيىق كۈچۈكى.

**مەردلەرچە** رەۋ. مەردلەردەك، مەردلەرگە ئوخشاش، مەردلىك بىلەن: ئۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان ياشلار ئانا يەر ئۈچۈن مەردلەرچە قۇربان بولدى.

**مەردلىك** ئى. مەرد كىشىلەرگە خاس مىجەز - خاراكتېر ياكى ئىش - ھەرىكەت، پائالىيەت: مەردلىك قىلماق. مەردلىك بىلەن قۇربان بولماق. مەردلىك بىلەن پۇل خەجلىمەك. * مەردلىك

جۇشقۇن ۋە ئېگىلمەس بولىدۇ، نامەردلىك ئەۋرىشىم ۋە يېپىشقاق بولىدۇ.

**مەردمەيدان** ئى [پ] جەڭ مەيدانىدىكى قەھرىمان، مەرد، مەردلەرنىڭ مەردى؛ ھەقىقىي مەرد؛ باتۇر: چۈشەركەن ئىشقى سەۋداسى بېشىڭغا، مەردمەيدان بول، سۇباتلىق بولمىساڭ سۆيگۈ داۋانى ئاشقىلى بولماس.

**مەررە** مىق [ئە] قېتىم، مەرتەم، نۆۋەت: ئۇنىڭغا مىڭ مەررە ئۆلۈم تىلىگەن ئەمەسمىدى؟

**مەررە بولماق** دىيال. ئېزىلمەك، ۋايىغا يەتمەك.

**مەرزەڭگە** ئى. يېپىقا تىزىلغان ئۈنچە ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەر: مەرزەڭگە بادام دوپپا.

**مەرزەنجۇش** ئى [پ] <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. شىمالىي شىنجاڭنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن تېپىلىدۇ. يەر ئۈستى قىسمى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. تەمى ئاچچىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل. يۆتەل توختىتىش، دەم سىقىلىشنى بېسىش رولىغا ئىگە.

**مەرسىيە** ئى [ئە] <ئەد> بىرەر شەخسنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ خاتىرىسىگە بېغىشلاپ يېزىلغان ماتەم شېئىرى ياكى ماتەم ناخشىسى: مەرسىيە ئوقۇماق. مەرسىيە ئېيتماق.

**مەرغۇپ** [ئە] يېزىت ① سۈپ. كىشىنى جەلپ قىلىدىغان، كۆڭۈلگە ياقىدىغان، يېقىملىق، ئېسىل: پادىشاھمۇ بۇ مەسلىھەتكە ماقۇل بوپتۇ ـ دە، 40 قېچىر ھەر خىلدىكى قىممەت باھالىق مەرغۇپ ماللار بىلەن جابدۇپ ئوغلىنى يولغا سالماقچى بوپتۇ. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مەرغۇل** ئى [ئە] <مۇز> ① مۇقام مۇزىكىلىرىدىكى بىر نەغمە شەكلىدىن ئىككىنچى نەغمە شەكلىگە ئۆتۈشتىكى مۇزىكا. ئۇ نەزمىسىز بولۇپ، ئۆز ئالدىغا بىر نەغمە شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ چۈشۈرگىسىدە ئىلگىرىكى نەغمىنىڭ ئاخىرقى بېيىتى تەكرارلىنىدۇ. ② ناخشا باشلىنىش ئالدىدا چېلىنىدىغان ئۇششاق مۇزىكا؛ پائۇزا.

**مەرغۇلسىز** سۈپ. مەرغۇلى يوق؛ مەرغۇللانمايدىغان: جۇلا مەرغۇلسىز، جۇلانىڭ نەغمىلىرى بىر ياكى ئىككى غەزەل ھەجمىدە بولىدۇ.

**مەرغۇللاتماق** «مەرغۇللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەرغۇللىتىپ چالماق.

**مەرغۇللانماق** «مەرغۇللىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مەرغۇللۇق** سۈپ. مەرغۇلى بار؛ مەرغۇللانغان، مەرغۇلغا ئىگە بولغان.

**مەرغۇللىماق** پ. مۇزىكىدا، ئاساسەن باش بارماق بىلەن بىرىنچى بارماق يېقىنلىشىپ، بارماقلار تار ئۈستىدە يۇقىرى ـ تۆۋەنگە يېنىك ھەرىكەتلىنىپ ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئۇلانماق، تىترىمەك.

**مەركاپ** ئى. دىيال. ئېشەك تېرىسى.

**مەركەز** ئى [ئە] ① نەرسىلەرنىڭ ئەتراپىدىكى خالىغان بىر نۇقتا بىلەن بولغان ئارىلىقى ئۆزئارا تەڭ بولغان ئوتتۇرا نۇقتىسى؛ قاپ ئوتتۇرىسى: چەمبەر مەركىزى. شار مەركىزى. ئېغىرلىق مەركىزى. مەركەزدىن قاچما كۈچ. مەركەزگە ئىنتىلگۈچى كۈچ. ② ئاھالە ياشايدىغان جاينىڭ مەمۇرىي بىنالار، سودا ۋە مۇئەسسەسەلەر ئورۇنلاشقان ئاساسىي قىسمى: شەھەر مەركىزى. قىشلاق مەركىزى. ③ پايتەخت: بۇلتۇر ئەتىيازدا مەركەزدە مەخسۇس ئورمانچىلىق يىغىنى ئېچىلدى. ④ مەملىكەت ياكى ئۆلكىنىڭ سانائەت، مەدەنىيەت ياكى باشقا بىرەر ساھەسىدە ئاساسىي ئورۇن تۇتقان شەھىرى، ئاھالە ياشايدىغان يىرىك جايى: ئۈرۈمچى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركىزى. ⑤ دۆلەت ياكى پارتىيەنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبەرلىك ئورگىنى: زالدا مەركەزنىڭ يەرلەرنى دېھقانلارغا كۆتۈرە بېرىش ھەققىدىكى ھۆججىتى ئاڭلىتىلدى. ⑥ بىرەر پائالىيەت ساھەسىدە ئاساسىي ئىش ئېلىپ بېرىلىدىغان جاي: تەتقىقات مەركىزى. تەرجىمە مەركىزى. خەۋەرلىشىش مەركىزى. ⑦ ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي ھالقىسى، تۈگۈنى: خىزمەتنىڭ مەركىزى. مەسىلىنىڭ مەركىزى. ⑧ <فىزىيول>نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئورگانىزمنىڭ بىرەر پائالىيىتىنى باشقۇرىدىغان مەلۇم گۇرۇپپىلىرى: ھەرىكەت مەركىزى. مەركەزدىن چىققۇچى نېرۋا.

**مەركەزچىلىك** ئى. بىر مەركەزگە يۈكسەك دەرىجىدە بويسۇنۇش؛ مەلۇم مەركەزنى ئاساس قىلىش: پارتىيەمىز خەلق دېموكراتىيەسىنى، دېموكراتىك كوللېكتىپچىلىقنى ياكى دېموكراتىك مەركەزچىلىكنى تەشەببۇس قىلىدۇ، دېموكراتىك شەخسىيەتچىلىككە قارشى تۇرىدۇ.

**مەركەزداش** سۈپ. بىر مەركەزگە قارايدىغان، مەركىزى بىر: باكتېرىيوفاگ دېغىنىنىڭ بەزىلىرى گەردىش شەكلىدە كېلىدۇ، بەزىلىرى كۆپ قەۋەتلىك مەركەزداش چەمبەرگە ئوخشايدۇ.

**مەركەزلەشتۈرمەك** «مەركەزلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئاۋۇ يانتاق تۈۋىدە تۇرغان 13 ياشلار چامىسىدىكى بالىنىڭ يوغان كۆزىگە مەركەزلەشتۈرگەنىدى.

**مەركەزلەشتۈرۈشمەك** «مەركەزلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مەركەزلەشتۈرۈلمەك** «مەركەزلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ فىلىمدە تەسۋىرلەنگەن بارلىق زىددىيەتلەر 24 سائەت ئىچىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلىككە مەركەزلەشتۈرۈلگەن.

**مەركەزلەشمەك** پ ① بىر مەركەزگە ئۇيۇشماق، بىرلەشمەك؛ بىر جايغا توپلانماق، يىغىلماق: مۇنداق شارائىتتا مەركەزلەشكەن كۈچ پارچىلىنىپ ئاجىزلايتتى. ② بىر نۇقتىغا يىغىلماق، بىر نۇقتىغا چۈشمەك؛ تىكىلمەك: چىراغنىڭ نۇرى مەركەزلىشىپ، بىردىنلا يالتىرايتتى.

**مەركەزلىك** سۈپ. مەركەز قىلىنغان، بىر نۇقتىغا قارىتىلغان؛ نۇقتىلىق: جايلاردىكى سوت مەھكىمىلىرى شۇ جاينىڭ ئامانلىق ۋەزىيىتىنى ئاساس قىلىپ، مەركەزلىك ھالدا بىرنەچچە قېتىم زەربە بەردى.

**مەركىزەت** ئى [ر<فىران] كۆڭلەك قاتارلىق ئىچ كىيىملەرنى تىكىشكە مۇۋاپىق قېلىپ، ئىچىگە يىپ ياكى يىپەك ئېلىنىپ توقۇلغان بىر خىل سىپتا رەخت.

**مەركىزىي** سۈپ [ئە] <فىز> ① مەركەزگە ئائىت، مەركەزدىكى: مەركىزىي نۇقتا. ② مەركىزىگە، دەل ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان: شەھەرنىڭ مەركىزىي رايونى. مەركىزىي كوچا. ③ ئاساسىي، ئاساسلىق، مۇھىم؛ نۇقتىلىق: مەركىزىي مەسىلە. مەركىزىي

خىزمەت. ④ ئۆزىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇنلارنى باشقۇرىدىغان؛ باش: مەركىزىي ھۆكۈمەت. مەركىزىي ئورگان. مەركىزىي كومىتېت.

**مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى** <بىيول> ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ نېرۋا سىستېمىسىنىڭ بىر قىسمى. ئۇ مېڭە بىلەن يۇلۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**مەركىزىي ۋاقىت رايونى** <ئاستر> ئەنگلىيەنىڭ پايتەختى لوندون شەھىرىدىن كېسىپ ئۆتكەن نۆل گىرادۇسلۇق مېردىيان (مەركىزىي مېرىدىيان) ۋاقتى ئۆلچەم قىلىنىدىغان ۋاقىت رايونى. ئۇ «گىرىنۋىچ ۋاقىت رايونى» دەپ ئاتىلىدۇ. خەلقئارادا ۋاقىت ھېسابلاش ياكى ۋاقىتنى توغرىلاشتا نۆل گىرادۇسلۇق مېرىدىيان ۋاقتى ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

**مەرگ** ئى. دىيال. ئۆلۈم.

**مەرگەن** ئى. ئوقنى دەل نىشانغا تەگكۈزىدىغان، قارىغا ئېتىشقا ئۇستا ئادەم: كۆپ ئاتقان بىلەن مەرگەن بولماس، كۆپ سۆزلىگەن بىلەن چېچەن بولماس (ماقال).

**مەرگەنلىك** ئى. ئوقنى نىشانغا دەل تەگكۈزۈش ماھارىتى، قارىغا ئېتىشقا ئۇستىلىق: ئۇلارنىڭ مەرگەنلىكىمۇ ۋە ھېلىقى سوغۇر تۆشۈكلىرىمۇ ئۆزىگە ئەسقاتماي قالىدۇ دەپ ئويلايمەن.

**مەرگمۇش** ئى [ئە] <خىم>← **سەنكىيا.**

**مەرمەر** ئى [ئە] <گېئول> بىر خىل ئاينىغان جىنس. ھاك تاش، دولومىت قاتارلىقلار تېگىپ ئاينىش ياكى رايونلۇق ئاينىش تەسىرىدە قايتا كىرىستاللىنىپ پەيدا بولىدۇ. ئاساسىي مىنېرال تەركىبى كالتسىت. تۇز كىسلاتاسىدا كۆپۈكلىنىدۇ. تەڭ دانىلىق ياكى تەڭسىز دانىلىق ئاينىغان كىرىستاللىق قۇرۇلمىغا ئىگە بولۇپ، دانىچىلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشىمايدۇ. ئادەتتە ئاق ۋە باشقا رەڭدىكى ئارىلاشمىلار نەتىجىسىدە ھەر خىل رەڭلىك بولىدۇ. مەرمەرنى سىلىقلىغاندىن كېيىن بەك چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. شۇڭا قۇرۇلۇش، ھەيكەلتىراشلىق ۋە زىننەتلەشتە ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

**مەرمۇدە قىلماق** دىيال. چوڭ ـ كىچىك، ياخشى ـ يامان ھەممىسىگە ئورتاق باھا قويماق.

**مەرھابا** [ئە] ① ئىم. يېزت. خۇش كەپسىز، قارشى ئالىمىز؛ مەرھەمەت: مەرھابا مېھمانلار. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مەرھەمەت** [ئە] ① ئى. قىلىنغان ئىلتىپات، رەھىم ـ شەپقەت، ھىممەت، ياخشىلىق: مەرھەمەت قىلماق. مەرھەمەت كۆرسەتمەك. ② ئىم «كەلسىلە، ئىلتىپات قىلسىلا» دېگەن مەندە تەكەللۇپنى بىلدۈرىدۇ: ـــ قېنى قىزلار، خادىكقا مەرھەمەت، ـــ دېدى ئۇ قىزلارغا قاراپ. ③ ئىم. بىرەر ئىشقا قارىتا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ـــ ئالتۇن، تىللا بىلەن چىشىڭىزنى قاپلاتماقچى بولسىڭىز ئۇنىڭغىمۇ مەرھەمەت، ـــ دېدى ئۇ ھېلىقى ئايالغا.

**مەرھەمەتسىز** سۈپ. مەرھەمىتى يوق، مەرھەمەت قىلىشنى بىلمەيدىغان؛ ھىممەتسىز؛ شەپقەتسىز: مەرھەمەتسىز پادىشاھ.

**مەرھەمەتلىك** سۈپ. مەرھەمىتى بار، مەرھەمەت قىلىدىغان، مەرھەمەت قىلىشنى بىلىدىغان؛ ھىممەتلىك؛ شەپقەتلىك: مەرھەمەتلىك شاھ.

**مەرھۇم** [ئە] ① ئى. ۋاپات بولۇپ كەتكەن كىشى، ئۆلگەن ئادەم: كىمدۇر بىرى مەرھۇمنىڭ روھىنى مەندىنمۇ چوڭقۇرراق ھۆرمەتلىسە كېرەك. ② سۈپ. ۋاپات بولۇپ كەتكەن، رەھمەتلىك، رەھمىتى: مەرھۇم ئاتام.

**مەرۇپ** سۈپ [ئە] يېزت. ھەممىگە تونۇلغان، ئاتاقلىق، مەشھۇر: خەلق ئىچىدە ھەققانىي سۆزلۈك، توغرا ۋە مەرۇپ، مەشھۇر بولۇشقا تىرىشقىن.

**مەرۇزە** I ئى. كۆرپە ياكى پاياندار ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان تار ھەم ئۇزۇن گىلەم: مەرۇزە گىلەم.

**مەرۇزە** II ئى [ئە] يېزت. دوكلات، لېكسىيە، نۇتۇق: مەرۇزە ئوقۇماق.

**مەرۇزىچى** ئى. دوكلات بەرگۈچى، دوكلاتچى.

**مەرۋايىت** ئى [پ] ① <زوئول> بەزى يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلار (مەسىلەن، سەدەپ قۇلۇلىسى)نىڭ قاپچۇقى ئىچىدە پەيدا بولىدىغان يۇملاق دانىچىلەر. ② شۇ خىل دانىچىلەردىن ئىشلەنگەن مارجان: مەرۋايىت ئاسماق. ئىككى قۇر مەرۋايىت.

**مەرۋايىتگۈل** ئى [مەرۋايىت + گۈل] <بوت> ① مەرۋايىتگۈل ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان كىچىك چاتقال. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**مەرۋەرەك** ئى <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ.

**مەرىپەت** ئى [ئە] ① كىشىلەرنىڭ ئاڭ ـ سېزىمىنى، بىلىمىنى، مەدەنىيىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان تەلىم ـ تەربىيە، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش؛ مائارىپ: مەرىپەت يۇرتى. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مەرىپەتپەرۋەر** سۈپ [ئە + پ] مەرىپەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان، مەرىپەتنى ياقلايدىغان؛ مەرىپەت تەرەپدارى: مەرىپەتپەرۋەر ئادەم. مەرىپەتپەرۋەر زات.

**مەرىپەتپەرۋەرلىك** ئى. مەرىپەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، مەرىپەتنى ياقلاش ئىشى، ھەرىكىتى ياكى ئىستىكى: ئۇ ئۆزىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكى بىلەن خەلق ئىچىدە شۆھرەت قازاندى.

**مەرىپەتچى** ① ئى. مەرىپەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان، مەرىپەتنى ياقلايدىغان كىشى؛ مەرىپەتپەرۋەر ئادەم. ② سۈپ. مەرىپەتنى ياقلايدىغان، مەرىپەتنى ھىمايە قىلىدىغان، مەرىپەتپەرۋەر: ئابدۇرېشىتخان ئىلغار، مەرىپەتچى ئادەم ئىدى.

**مەرىپەتچىل** سۈپ. مەرىپەتنى ياقلايدىغان، مەرىپەتنى ھىمايە قىلىدىغان، مەرىپەتپەرۋەر، مەرىپەتچى: مەرىپەتچىل ئادەم.

**مەرىپەتچىلىك** ئى ① مەرىپەتنى تارقىتىش، تەرغىب قىلىش، مەرىپەتنى ياقلاش، ھىمايە قىلىش؛ مەرىپەتپەرۋەرلىك: سەئىدىيلەر دەۋرىدە ئىلغار مەرىپەتچىلىك بىرقەدەر تەرەققىي قىلغانىكەن. ② <ئەد> ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرلىك بۇرژۇئا مەدەنىيەت ئېقىمىنىڭ بىرى. بۇنىڭ ئىككى مەنىسى بولۇپ، ئىنسان بىلەن تەبىئەتنى ئوبيېكتىپ قىلغان دىندىن خالىي مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىرى، بۇرژۇئا مەدەنىيىتى ئىچىدىكى بىر

خىل ئاساسىي روھ، بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىنسان تەبىئىتى ھەم ئىنسانپەرۋەرلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**مەرىپەتسىز** سۈپ. ئىلىم ـ مەرىپەت يۇقمىغان، ئىلىم ئىگىلىمىگەن، نادان: مەرىپەتسىز ئادەم.

**مەرىپەتسىزلىك** ئى. ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلىمىگەنلىك؛ بىلىمسىزلىك، نادانلىق: شائىرنىڭ ئاساسىي دەردى خەلقنىڭ بېشىدىكى كۈلپەت، جاھالەت، نادانلىق، خۇراپاتلىق، مەرىپەتسىزلىكلەردىن ئىبارەت ئىدى.

**مەرىپەتلىك** سۈپ. ئوقۇغان، بىلىمى بار، مەدەنىيەتلىك: مەرىپەتلىك زات.

**مەرىكە** ئى [ئە] توي، تاماشا، خاتىرىلەش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار مۇناسىۋىتى بىلەن بولىدىغان يىغىلىش، مۇراسىم: توي مەرىكىسى.

**مەرىكىلىك** سۈپ. مەرىكە ئۆتكۈزۈلگەن: چوڭ مەرىكىلىك سورۇنلار. مەرىكىلىك توي.

**مەرىمەك** پ. «مە ـ مە» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «مە ـ مە» قىلماق (قوي ـ ئۆچكىلەر ھەققىدە): ساغلىقنىڭ قوزىسى گويا ئانىسىدىن ئەبەدىي ئايرىلغىنىنى سەزگەندەك ئەتراپنى ئايلىنىپ ئۈزمەي مەرەيتتى.

**مەزە** ئى [پ] داستىخان ئۈستىگە قويۇلغان نان، قەنت ـ گېزەك، پېچىنە ـ پىرەنىك، ساڭزا ـ پوشكال قاتارلىق يېمەكلىكلەر: مەزە راسلىماق. مەزەگە باقماق.

**مەزەللەت** ئى [ئە] كەمسىتىش، خورلاش: مەزەللەت قىلماق.

**مەززە** ئى [پ] ① تەم، لەززەت: تاماقنىڭ مەززىسى. مەززىسى يوق تاماق. ② كۆچمە. قانائەت ھېسسى، روھىي ئوزۇق، ھۇزۇر، لەززەت، راھەت، زوق: مەززە قىلماق. مەززە ئالماق. مەززىسى يوق گەپ. * «تۇر ـ تۇر» كۆپ بولسا، ئۇيقۇدا مەززە يوق (ماقال).

**مەززىسىز** سۈپ ① مەززىسى يوق، لەززەتسىز، تەمسىز: مەززىسىز تاماق. ② كۆچمە. كىشىگە ھۇزۇر، لەززەت بەرمەيدىغان؛ كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرمەيدىغان، قىزىقارلىقى يوق، مەنىسىز، تېتىقسىز، لاۋزا: مەززىسىز گەپ. مەززىسىز ئىش.

**مەززىسىزلىك** ئى. مەززىسى يوقلۇق، تەمسىزلىك؛ مەنىسىزلىك، لاۋزىلىق: ساتتاروپ ئۆزىنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرىنىڭ بىكارغا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مەززىسىزلىك ھېس قىلدى.

**مەززىلىك** سۈپ. تەمى ياخشى، شېرىن، تاتلىق، لەززەتلىك: مەززىلىك تاماق. مەززىلىك كاۋاپ.

**مەزكۇر** سۈپ [ئە] بۇ، مۇشۇ: مەزكۇر شەخس. مەزكۇر ئادەم. مەزكۇر ئىدارە. مەزكۇر خەت.

**مەزگىل** ئى. چاغ، پەيت، پۇرسەت: ئوقۇش مەزگىلى. تېرىلغۇ مەزگىلى. ئۆسۈش مەزگىلى.

**مەزگىلسىز** ① سۈپ. مەزگىلى يېتىپ كەلمىگەن، ۋاقىتسىز، بالدۇر: چىرايىدا مەزگىلسىز قېرىلىقنىڭ كۆلەڭگىسى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئوتتۇرا بويلۇق، تومۇرلۇق كەلگەن بۇ كىشىنى مەن دەرھال تونۇدۇم. ② رەۋ. مەزگىلى، پەيتى يېتىپ كەلمەي تۇرۇپ؛ كۈتۈلمىگەندە، تاسادىپىي: مەزگىلسىز ياغقان يامغۇر.

**مەزگىللىك** سۈپ. مەلۇم مەزگىل، ۋاقىت جەريانىدىكى، مەلۇم مەزگىل ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان: ئۇزاق مەزگىللىك كۈرەش.

**مەزلۇم** [ئە] ① سۈپ. يېزىت. زۇلۇم ئاستىدا قالغان، خارلانغان، ئېزىلگەن: مەزلۇم خەلقلەر. مەزلۇم مىللەتلەر. ② ئىي. ئايال، رەپىقە: رەھىمەنىڭ ئاپىسى ياۋاش مەزلۇم ئىدى.

**مەزلۇمچە** سۈپ. مەزلۇملارغا خاس، مەزلۇملارغا ئوخشاش، مەزلۇملاردەك، ئايالچە: — ئانداق بولسا، بۇ ئاقىتىنى مەزلۇمچە ياساپ ئاۋۇ جۇۋانلارنىڭ قاتارىغا قوشۇۋېتىڭلار، — دېدى نەزەر بۇيرۇق ئاھاڭدا.

**مەزلۇملارچە** رەۋ ① ئېزىلگەن خەلقلەر، ئېزىلگەن كىشىلەرگە ئوخشاش: مەزلۇملارچە بويسۇنماق. مەزلۇملارچە ياشىماق. ② ئاياللارچە.

**مەزمۇت** [ئە] ① سۈپ. پۇختا، چىڭ، مۇستەھكەم: تومىنىڭ ئاستى تەرىپىنىڭ مەزمۇت ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. ② سۈپ. قاۋۇل، كۈچلۈك: مەزمۇت گەۋدە. مەزمۇت ئادەم. ③ رەۋ. چىڭ، پۇختا، تەۋرەنمەي: مەزمۇت قەدەم تاشلىماق. ④ سۈپ. ئىشەنچلىك، راست: شوپۇرنىڭ چىرايىدا بىر خىل ساددىلىق ھەمدە ئۆز گېپىنىڭ توغرا، مەزمۇت ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ئىپادە بار ئىدى.

**مەزمۇتلاشتۇرماق** «مەزمۇتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بىرقانچە كۈندىن بېرى بىزنىڭ بېغىمىزدا ئۆز قولى بىلەن شوتا ياسىغان، تۈنۈگۈن تولۇق بىر كۈن باش كۆتۈرمەي ئىشلەپ، شوتىنى دەسلەپتىكىدىنمۇ مەزمۇتلاشتۇرغان.

**مەزمۇتلاشتۇرۇشماق** «مەزمۇتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مەزمۇتلاشتۇرۇلماق** «مەزمۇتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مەزمۇتلاشماق** پ. مەزمۇت ھالەتكە كەلمەك، مەزمۇت بولماق: بەرگى تۆمۈر سىمدەك ياكى پەي تاردەك مەزمۇتلىشىپ كەتكەن ئالىقان چوڭلۇقتىكى مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان يوپۇرماقلار ئاجىز شامالدىمۇ شۇ قەدەر ھەيۋەتلىك سادا چىقىراتتى.

**مەزمۇتلۇق** ئى. قاۋۇل، كۈچلۈكلۈك؛ چىڭلىق، پۇختىلىق: شۇ ۋاقىتتىكى قائىدە بويىچە ئۆرە تۇرۇپ سۆزلەش ئولتۇرۇپ سۆزلەشكە قارىغاندا مەزمۇتلۇق بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرىدا داۋام قىلىۋاتقان مەسلىھەتنى رەسمىي ۋە جىددىي مەجلىس تەرتىپى دەرىجىسىگە كىرگۈزگەنلىكتىن دېرەك بېرەتتى.

**مەزمۇن** ئى [ئە] ① گەپ ـ سۆز ياكى ئەسەر، ھۆججەت، خەت قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي مەنىسى: ئەسەرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى. ھۆججەتنىڭ مەزمۇنى. مەزمۇنغا باي. ② پەلسەپىدە بىر ھادىسىنىڭ ماھىيىتىنى بەلگىلىگۈچى ئاساس: شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ بىرلىكى. شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ دىيالېكتىكىلىق بىرلىكى.

**مەزمۇنەن** رەۋ [ئە] مەزمۇن نۇقتىسىدىن، مەزمۇن جەھەتتىن: مەزمۇنەن تەرجىمە.

**مەزمۇندار** ئى [ئە + پ] مەزمۇنلۇق، مەزمۇنى چوڭقۇر، مەزمۇنى ياخشى: مەزمۇندار شېئىر.

**مەزمۇندارلىق** ئى. مەزمۇنغا ئىگىلىك، مەزمۇنى چوڭقۇرلۇق، ياخشىلىق: مۇھەممەت تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى ۋە مەزمۇندارلىقىغا تېخىمۇ چوڭقۇر ئىشەندى.

**مەزمۇنداش** سۈپ [ ئە+پ ] مەزمۇنى ئوخشاش، مەزمۇنى بىر، بىر مەزمۇندىكى: زەلىلىنىڭ بۇ شېئىرى شائىر گۇمنامنىڭ 23 ـ غەزىلىدە كۆيلەنگەن تۆۋەندىكى پىكرى بىلەن مەزمۇنداش.

**مەزمۇنداشلىق** ئى. مەزمۇندىكى ئوخشاشلىق، مەزمۇندىكى

بىر خىللىق: بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ مەزمۇنداشلىقى ھەرقانداق ئوقۇرمەننى ئويلاندۇرماي قالمايدۇ.

**مەزمۇنسىز** سۈپ. مەزمۇنى يوق، مەنىسىز: مەزمۇنسىز گەپ. مەزمۇنسىز نۇتۇق.

**مەزمۇنلاتماق** «مەزمۇنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مەزمۇنلاشماق** «مەزمۇنلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مەزمۇنلانماق** «مەزمۇنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: 19 ـ ئەسىردىكى كىشىلەرنىڭ يوقىتىلىشلىرى مال ـ مۈلۈك ۋە ھوقۇق بىلەن مەزمۇنلانغان بولسا، 20 ـ ئەسىردىكى كىشىلەرنىڭ يوقىتىشلىرى روھ بىلەن مەزمۇنلاندى.

**مەزمۇنلۇق** سۈپ. مەزمۇنى بار، مەزمۇنى ياخشى، مەزمۇنى چوڭقۇر، مەزمۇندار، مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان: مەزمۇنلۇق ماقالە. مەزمۇنلۇق نۇتۇق.

**مەزمۇنلىماق** پ. مەزمۇنغا ئىگە قىلماق، مەزمۇن بەرمەك: ماقالىمىزنىڭ ئالدىنقى مەزمۇنلىرىدا زامانىۋى ئىلىم ـ پەن قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، قاراملىقتىن ئىبارەت روھنىڭ خاراكتېرىنى يېڭىلاپ، ئۆزگىچە سىياق بىلەن مەزمۇنلىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەندۇق.

**مەزھەپ** ئى [ئە] ① <دىن> دىندىكى قاراش، چۈشەنچىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىققان دىنىي تارماق: سۈننىي مەزھىپى. شىئە مەزھىپى. ② كۆچمە. ئۆز قاراشلىرى ۋە ئەقىدىلىرى بىلەن باشقىلاردىن ئاجرىلىپ تۇرىدىغان گۇرۇھ: مەزھەپ بولۇۋالماق. مەزھەپلەرگە ئايرىلماق.

**مەزھەپچى** ئى. مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈشنى، پارچىلىنىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، شۇنداق كۆزقاراش ۋە ئەقىدىگە ئەمەل قىلىدىغان ئادەم: بىز ئۇنداق مەزھەپچىلەرنىڭ پىكىرلىرى ۋە ھەرىكەتلىرىگە قوشۇلمايمىز.

**مەزھەپچىلىك** ئى. مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈش، ئايرىمىچىلىق قىلىش؛ ئايرىمىچىلىق: مەزھەپچىلىك كۈرىشى. مەزھەپچىلىككە قارشى تۇرماق.

**مەزۇر** سۈپ [ئە] ① ئەپۇ قىلىنغان، كەچۈرۈلگەن، كەچۈرسە بولىدىغان: مەزۇر بولۇپ كەتمەك. مەزۇر كۆرمەك. ② مۇۋاپىق، لايىق: مەزۇر تونۇلماق.

**مەزى** ئى [ئە] <ئانات> ئىشقارلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئالاھىدە پۇراقلىق بىر خىل سۇيۇقلۇق. ئۇ مەنىيگە قوشۇلۇپ ئۇرۇقنىڭ ھەرىكەتلىنىشىنى ئويغىتىۋېتىپ بېرىدۇ ۋە ئاياللارنىڭ جىنسىي يولىدىكى شىلىمشىق ماددىلارنى مۆتىدىللەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

**مەزى بېزى** <بىيول> ئەرلەرنىڭ ۋە سۈت ئەمگۈچى ئەركەك ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىش ئورگىنىدىكى بىر خىل بەز. ئادەملەردە دوۋسۇننىڭ ئاستىنقى تەرىپىگە جايلاشقان. چوڭ-كىچىكلىكى ۋە شەكلى كاشتانغا ئوخشايدۇ. ئادەتتە مەنىي ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ.

**مەزىت** سۈپ. دىيال. مەزمۇت، چىڭ، بەك.

**مەزىن** ئى [ئە] <دىن> مەسچىتلەردە ئەزان ئېيتىپ جامائەتنى نامازغا چاقىرغۇچى كىشى: ئەتراپتا مەزىننىڭ ئاۋازىدىن بۆلەك ھېچقانداق سادامۇ ئاڭلانمايتتى.

**مەزىنلىك** ئى. مەزىنلەر قىلىدىغان ئىش، پائالىيەت: مەزىنلىك قىلماق.

**مەسە** ئى [ئە] خۇرۇم، چىگرىن ۋە شاۋرۇن قاتارلىقلاردىن ئۇزۇن قونچلۇق، چەمى يۇمشاق ۋە كەش ياكى كالاچ سېپىپ كىيىشكە باب قىلىپ تىكىلگەن بىر خىل مىللىي ئاياغ كىيىمى.

**مەسە ـ كالاچ** مەسە ۋە كالاچ: مەسە ـ كالاچ كىيمەك. مەسە ـ كالاچ سېتىۋالماق.

**مەسەل** ئى [ئە] ① <ئەد> ئەخلاقىي تەربىيە خاراكتېرىنى ئالغان ۋە ھەجۋىي تۈستىكى ئوبرازلاشتۇرۇلغان كىچىك شېئىرىي ياكى نەسرىي ئەسەر. كىشىلەر ئارىسىدىكى ۋەقەلەر ھايۋانات، جانىۋار ياكى ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىغا كۆچۈرۈلىدۇ. ئوبرازلار كىنايىلىك خاراكتېردە بولۇشتىن تاشقىرى، كۈلكىلىك بولىدۇ. ② ئوخشاش: بويۇڭدىن ئۆرگىلەي ئاي مەسەل يارىم، نېمە شۇنچە ئاھۇ ئەپغان ئېتەرسەن.

**مەسەلچى** ئى ① مەسەل يازغۇچى ئەدىب، مەسەل يازىدىغان كىشى. ② مەسەل ئېيتىشقا ئۇستا ئادەم، مەسەل ئېيتقۇچى.

**مەسەلچىلىك** ئى. مەسەل يېزىش، مەسەل ئېيتىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى، كەسپى: مۇشۇ ئەسىردە فىرانسىيەدە يېڭى مەسەلچىلىك پىروزا ئېقىمى بارلىققا كەلدى.

**مەسەللەشتۈرمەك** «مەسەللەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: فىرانسىيەلىك يوكنور، مىشىل، تورنىېر قاتارلىق يازغۇچىلار بۇرۇنقى ئەپسانە، رىۋايەت، قىسسە ۋە ئېپوسلارنى مەسەللەشتۈرۈپ، رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈلگىسىنى كۆرسەتتى.

**مەسەللەشتۈرۈلمەك** «مەسەللەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئىككى ئەسەرنى رېئال ھاياتنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگەن دېگەندىن كۆرە، ئۇلارنىڭ سىياسىي قاراشلىرىنىڭ مەسەللەشتۈرۈلۈشى ۋە ھەجۋىيلەشتۈرۈلۈشى دېگەن تۈزۈك.

**مەسەللەشمەك** پ. مەسەل ھالىتىگە كەلمەك، مەسەللىك مەزمۇنغا ئىگە بولماق: خەلقىمىز ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر بۈگۈنكى كۈندە يازغۇچىلىرىمىز قەلىمى ئاستىدا مەسەللىشىشكە قاراپ يۈزلەندى.

**مەسەللىك** سۈپ. ئوخشاش، ئوخشايدىغان؛ مىسالى: ئىنسانىي ماھىيەتنى شەك ـ شۈبھىسىز كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان چاقماق مەسەللىك تېز ئىچكى كەيپىياتنى مۇزىكىلاشقان تىل قۇرۇلمىسى بىلەن ئىپادىلەش ياش شائىرلىرىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ھەۋىسى بولدى.

**مەست** [پ] ① سۈپ. ھاراق ياكى نەشە، خېروئىن قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ تەسىرىدە كەيپ بولغان، كەيپى بار، كەيپ: مەست ئادەم. مەست بولماق. ② ئى. كەيپ بولغان ئادەم: ئىككى مەست ياسىنغا قاراپ ئېتىلدى. ③ سۈپ. كۆچمە. قاتتىق تەسىرلىنىپ، زوقلىنىپ شادلىققا چۆمگەن؛ شادلانغان، خۇشال بولغان ياكى خۇدىنى يوقاتقان؛ قاتتىق مەستلىكى كەلگەن: قاۋۇل سۆزلەۋاتقىنىدىلا ئۇنىڭ پىكىرلىرى كەلگۈسى بەخت تۇيغۇسىدىن مەست ئىدى. ④ ئى. ناھايىتى كۈچلۈك جىنسىي مۇناسىۋەتنى تەلەپ قىلىش ۋە شۇنداق مەزگىل (ھايۋانلارغا نىسبەتەن): ئۇ مەست بولغان تۆگىدەك كۆپۈك چىقىرىپ ھوشسىز ياتاتتى.

**مەستانە** [پ] ① رەۋ. مەستلەرچە، مەستلەرگە ئوخشاش: مەستانە بولماق. مەستانە قىلماق. ② سۈپ. كىشىنىڭ زوقىنى

كەلتۈرىدىغان، ئەقىلنى ئازدۇرىدىغان دەرىجىدە گۈزەل، چىرايلىق: مەستانە كۆزلەر. مەستانە قىياپەت. مەستانە قىز. ③ سۈپ. بىرنەرسىگە، ئىشقا ياكى كىشىگە قاتتىق بېرىلگەن، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بېرىلگەن، مەھلىيا، شەيدا بولغان: مەستانە ئەمەسمەن كېپىنەككە مەن، شاگىرت بولمايمەن شاتۇتىغا ھەم. ئىلىم ـ پەن بېغىغا ئاشىق شۇنچە مەن، پەرۋانە مەن بولسام، شامدۇر ئىلىم ـ پەن. ④ ئى. بىرەر نەرسىگە، ئىشقا ياكى كىشىگە قاتتىق بېرىلگۈچى ئادەم، ھەۋەس قىلغۇچى، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بېرىلگەن كىشى، ھەۋەسكار: توپ مەستانىسى. خوتۇن مەستانىسى. كىتاب مەستانىسى. ⑤ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مەستانىلىق** ئى. مەستانە بولۇش، شەيدالىق: ئۇ كۈندىلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئورنىغا مۇھەببەت مەستانىلىقى يولىدا كېتىۋاتىدۇ.

**مەستەر** ئى [ئە] <تىل> كونا. ئىسىمداش، يەنى پېئىللار ـ نىڭ ئىسىم شەكلى.

**مەستەك** ئى [پ] <بوت> ① باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېكولوگىيە جەھەت ـ تىن يازغى بۇغدايغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇرۇقى زەھەرلىك دەپ قارىلىدۇ. لېكىن ئەسلىدە زەھەرلىك ئەمەس. باشقىدا پارازىت ياشايدىغان بىر خىل باكتېرىيە زەھەرلىك ماددا ئىشلەپچى ـ قىرىپ، ئۇرۇقىنى زەھەرلەيدۇ. زەھەرلەنگەن ئۇرۇقنى يەپ سالغان ئادەم ياكى ھايۋان زەھەرلىنىدۇ، كۆپرەك يېسە ئۆلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى.

**مەست ـ ئەلەس** ئۆزىنى بىلمەيدىغان دەرىجىدە مەست، كۆزلىرى ئالىيىپ قالغان دەرىجىدە مەست، غەرق مەست: ئۇ تولاراق مەست ـ ئەلەس بولۇپ ئولتۇرىدىغان بولدى.

**مەستچىلىك** ئى. مەست بولغان ھالەت، مەستلىك: ئۇ مەستچى ـ لىكتە جىنەستىگە قول ئۇزىتىپ، ئۇنىڭ ئېڭىكىدىن تۇتۇپ يۇقىرىغا كۆتۈردى.

**مەستخۇش** سۈپ [مەست + خۇش] ① خۇشخۇي مەست، سەل مەست، چالا مەست: مەستكە ئوخشاش؛ ئۇ ھېلىلا چەككەن ئەپيۇننىڭ تەسىرىدىن مەستخۇش كۆرۈنەتتى. ② ھەلەك؛ ئاۋارە: تۇمەن دەرياسى بويىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر مەشىق مەيدانىغا يېقىن كەڭ تۈزلەڭدە بىر توپ ئادەملەر ھە دەپ ئىت تالاشتۇرۇش بىلەن مەستخۇش ئىدى.

**مەستخۇشلاندۇرماق** «مەستخۇشلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مەستخۇشلانماق** پ. مەھلىيا بولماق؛ ھوشىنى يوقاتماق، خۇشاللانماق: زىلەي ناخشىدىن مەستخۇشلىنىپ، قىلىۋاتقان ئىشىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى سەزدى.

**مەستخۇشلۇق** ئى. مەستخۇش ھالەت: مەستخۇشلۇقتا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى.

**مەستلىك** ئى ① مەست بولغان ھالەت، مەستچىلىك: مەستلىكتە قىلغان گەپ. مەستلىكتىن يېشىلمەك. ② كۆچمە. ئامراقلىق؛ ھەۋەس، قىزىقىش: بۇ بالىغا مەستلىكىم كېلىۋاتىدۇ.

**مەستۇرە** [ئە] ① سۈپ. ئىپپەتلىك، ساپ، پاك: مەستۇرە قىز. ② سۈپ. ئەرلەرگە يۈزىنى كۆرسەتمەيدىغان، يۈزىگە چۈمپەردە تارتقان: ئاپتوموبىلدا دوپپىلىق، تۇماقلىق، سەللىلىك كىشىلەر، يۈزى يېپىق مەستۇرە ئاياللار، ئۇششاق باللار بولۇپ قىرىقچە كىشى بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ ـ سىغدىلىشىپ ئولتۇرۇشقانىدى.

③ ئى. شۇنداق ئايال؛ روپاش: ـــ پوشكال بولمىسا دادۇر باردۇ؟ نېمە، مېنى سەن كەچكىچە ئۆيدە ئولتۇرىدىغان مەستۇرە دېۋىدىڭمۇ؟ ـــ دېدى ئۇ مەنسۇرغا.④ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مەستۇنە** سۈپ [پ] يېزىت. شەيدا، سەۋدا: بارمىغاچقا، يانمىغاچقا يېگانە دەيدۇ يار مېنى، بېشىدىن پەرۋانە بولسام مەستۇنە دەيدۇ يار مېنى.

**مەستۇھەيران** سۈپ. يېزىت. كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان دەرىجىدىكى ھەيرانلىق، قاتتىق ئەجەبلىنىش: كېيىنكى بىر ـ ئىككى ئەسىردىن بۇيان بېكىنمە ھالدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى مەستۇھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ يېڭىلىقلارنى سىرتتىن ئىشىتىدىغان بولۇپ قالدى.

**مەستىكى** ئى [پ] <بوت>← **مەستىكى رۇمى.**

**مەستىكى رۇمى** <بوت> زەيتۇن ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. دېۋىرقېيى قېتىشقاندىن كېيىن كاللەك ياكى دانىچە شەكلىدە بولىدۇ. دورا قىلىنىدۇ، قاننى جانلاندۇرۇش رولىغا ئىگە.

**مەسچىت** ئى [ئە] <دىن> مۇسۇلمانلارنىڭ جەم بولۇپ ناماز ئوقۇيدىغان ئىبادەتخانىسى: ھېيتگاھ مەسچىتى. دۆڭكۆۋرۈك مەسچىتى.

**مەسخىرە** ئى [ئە] ① ناچار خاھىش، بولمىغۇر ۋە ئەخمىقانە قىلىق، ئادەتلەرگە بولغان كەمسىتىش، ياراتماسلىق؛ زاڭلىق، مازاق: مەسخىرە قىلماق. مەسخىرىگە قالماق. ② <تىل> ئىستىـ ـلىستىكىلىق ئۇسۇللاردىن بىرى. ئۇنىڭدا ئوخشىتىش ياكى مۇبالىغە قىلىش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، بولمىغۇر ياكى ئەخمىقانە دەپ ھېسابلانغان قىلىقلار، ئادەتلەر ئاشكارىلىنىدۇ ۋە تەنقىد قىلىنىدۇ.

**مەسخىرىچى** ئى. مەسخىرە قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان ياكى مەسخىرە قىلىشنى ئادەت قىلىۋالغان كىشى، مەسخىرە قىلغۇچى ئادەم؛ مەسخىرىۋاز: ئۇ دېگەن بىر مەسخىرىچى.

**مەسخىرىلەشتۈرمەك** «مەسخىرىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قوپاللىق قىلىشنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى توڭلۇق قىلىش، پىتنە ـ پاسات تارقىتىپ ئازار بېرىش، تىل سالمايمۇ جاندىن ئۆتكۈدەك گەپ قىلىپ، مەسخىرىلەشتۈرۈپ كىشىنى بىئارام قىلىشتىن ئىبارەت.

**مەسخىرىلەشتۈرۈلمەك** «مەسخىرىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئەسەردە شەخسىيەتچىلىك، تويمىغۇرلۇق ئىللەتلىرى راسا مەسخىرىلەشتۈرۈلگەن.

**مەسخىرىلەشمەك** «مەسخىرىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مەسخىرىلەنمەك** «مەسخىرىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مەسخىرىلىك** سۈپ. مەسخىرە ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان؛ مەسخىرە ئارىلاش: مەسخىرىلىك سۆز. مەسخىرىلىك كۈلكە. مەسخىـ ـرىلىك ئاۋاز.

**مەسخىرىلىمەك** پ. مەسخىرە قىلماق: بەزىلەر مېنى «خالىق بىلەن خۇماخاننىڭ مۇرەسسەچىسى» دەپ مەسخىرىلەپمۇ كۈلەتتى.

**مەسخىرىۋاز** ئى [ئە + پ] ① باشقىلارنى مەسخىرە، زاڭلىق قىلىشقا ئامراق ۋە شۇنداق قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئادەم: ئۇۋدىن قايتىش سەپىرىدە مەسخىرىۋازلارنىڭ «ھا، ھا، ھا، ھى، ھى، ھى» لىرىمۇ

ئانچە ئاڭلانمىدى. ② سىرلىك، سەھنە ئويۇنلىرىدا يامان، ناچار ئىللەتلەرنى قامچىلايدىغان قىزىقچى ئارتىس.

**مەسخىرىۋازلىق** ئى. مەسخىرە قىلىش ئادىتى؛ مازاق، زاڭلىق: جۇمەنىڭ ئاۋازىدىن بىر خىل مەسخىرىۋازلىقنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى.

**مەسخىرىۋى** سۈپ [ئە] مەسخىرە قىلىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان، مەسخىرە تۈسىنى ئالغان، مەسخىرىلىك: مەسخىرىۋى كومېدىيە.

**مەسرۇر** سۈپ [ئە] يېزت. شاد، شادىمان، خۇشال، سۆيۈنگەن: بىلەمسەن، كەلدى بىزگە بەختۇئامەت، يېتىپتۇ ئەمدى ئىشقا ياخشى سائەت. ئۆزى كىم ئۇ، بەگ ھاجىم، نامى مەشھۇر، پۈتۈن قەشقەر ئىچىدە بىرلا مەسرۇر.

**مەسقى** ئى. دىيال. مەسخىرىۋاز، قىزىقچى، ھەيىيار؛ يۇمۇر.

**مەسكاپ** ئى. خۇرۇمنىڭ بىر خىلى: مەسكاپتىن تىكىلگەن ئۆتۈكۈمگە ھەۋىسىم كېلىپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتىم.

**مەسكە** ئى [پ] دىيال. سېرىقماي.

**مەسكەن** ئى [ ئە ] يېزت. تۇرار جاي، ئۆي، قورۇ: ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تەركىدۇنياچىلارنىڭ «بۇ دۇنيا رىيازەت، گۇناھ ۋە رىزالەت مەسكەنىدۇر، ھەممە گۈزەللىك ۋە سائادەت مەھشەردە. بۇ دۇنيادا ئازاب چەكسەڭ، ئاخىرەتتە راھەت ـ پاراغەت كۆرىسەن» دېگەن ئۇقۇم سىڭىپ كەتكەن بولغاچقا، نەغمە ـ ناۋالار دەسلەپتە ئاڭلانغاندا قۇلىقىنى ئېتىۋالدى.

**مەسلەك** ئى [ئە] ① ئۆزىگە خاس ئەقىدىلىرى بىلەن باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىلمىي ياكى دىنىي يول، ئېقىم، ئەقىدە: سىياسىي مەسلەك. ② كۆچمە. غايە؛ مەقسەت، ئىدىيە: چىن ـ ھەقىقىي بىر مەسلەكتە تۇرۇپ ئۆزۈڭ، تۈز يېتەكلە بارچە ئەلنى، يارغا تارتما !

**مەسلەكداش** ئى. مەسلىكى بىر، بىر مەسلەكتىكى كىشى: ئۇنىڭ مەسلەكدىشى مىرزا كەرىم ئىدى.

**مەسلەكداشلىق** ئى. بىر مەسلەكتە بولۇش: بىزنىڭ مەسلەكداشلىقىمىز سىياسىي قاراشلىرىمىزنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان.

**مەسلەكسىز** سۈپ. مۇئەييەن بىر مەسلىكى، ئەقىدىسى، غايە، مەقسىتى بولمىغان؛ مەقسەتسىز، غايىسىز: مەسلەكسىز ئادەم.

**مەسلىھەت** ئى [ئە] ① بىرەر ئىشنى قانداق قىلىش ياكى ئومۇمەن نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە بىلدۈرۈلگەن پىكىر، قىلىنغان مۇلاھىزە، تەۋسىيە، تەكلىپ: ياخشى مەسلىھەت. مەسلىھەت بەرمەك. مەسلىھەت سورىماق. مەسلىھەت ئالماق. ② پىكىر ئېلىش، كېڭىشىش: بىز پات ئارىدا بۇ توينى قىلىشنى ئۈمىد قىلىپ، ھەرقايسىلىرىنى مەسلىھەتكە چاقىرغاندۇق.

**مەسلىھەت چېيى** ① توي بولۇشنىڭ ئالدىدا يىگىت تەرەپ قىز تەرەپ بىلەن توينى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا ئۆزئارا كېڭىشىش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان چاي: ئاتىكەم خېنىم توغرىسىنىلا ئېيتتى: «مانا، بىلمىدىڭ قىزىم، ئاناڭمۇ سېنى ئالدىغاندى. شۇ كۈنى سېنىڭ مەسلىھەت چېيىڭ بولۇپ ئۆتتى.» ② توي بولۇشنىڭ ئالدىدا يىگىت ياكى قىز تويدا خىزمەت قىلىدىغان يېقىنلىرىنى يىغىپ توي ھەققىدە مەسلىھەتلىشىدىغان چاي: ئەتە قاسىمنىڭ مەسلىھەت چېيىغا بارىمەن.

**مەسلىھەتى يوق** ئېتىقسىز، تايىنى يوق: ـــ ئۇ تازىمۇ مەسلىھەتى يوق بىر ئادەم، ئۇنىڭدىن يىراق يۈر، ـــ دېدى ئاتىسى.

**مەسلىھەتەن** رەۋ [ئە] مەسلىھەتلىشىش ئاساسىدا، مەسلىھەت بىلەن، كېڭىشىپ؛ مەسلىھەتلىك: مەسلىھەتەن ئىش قىلماق. مەسلىھەتەن بېجىرمەك.

**مەسلىھەتچى** ئى ① مەسلىھەت بەرگۈچى كىشى: ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەرلىك ئەھۋالنى پۇختا بىلىدىغان، دېھقانلارغا بەكمۇ كېرەكلىك تېخنىك مەسلىھەتچىلەر ئىدى. ② بىرەر ئىدارە، تەشكىلاتتا ياكى بىرەر رەھبىرىي شەخسنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇپ مەخسۇس مەسلىھەت بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ خىزمەت قىلىدىغان خادىم: ئولتۇرغانلار ئىچىدىن بىرىنچى بولۇپ سۆز ئالغان كىشى ئوردا مەسلىھەتچىسى بولدى.

**مەسلىھەتچىلىك** ئى ① مەسلىھەت بېرىش ئىشى، ۋەزىپىسى: مەسلىھەتچىلەر كومىتېتلىرى مەسلىھەتچىلىك ئىشلىرىنى ياخشى يولغا قويۇشى، ھاۋالە قىلىنغان ۋەزىپىلەرنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. ② مەسلىھەتچىگە يۈكلەنگەن ئىش، ۋەزىپە ياكى مەسلىھەتچىلەر قىلىدىغان خىزمەت: پادىشاھ شۇنداق قىلىپ، دېھقان مەردانىنى ئوردىدا مەسلىھەتچىلىككە ئېلىپ قاپتۇ.

**مەسلىھەتسىز** ① سۈپ. مەسلىھەت، كېڭەش بىلەن قىلىنمىغان؛ مەسلىھەتلەشمەي، كېڭەشمەي قىلىنغان: ـــ مەسلىھەتسىز ئىش دېگەن بۇزۇلماي قالمايدۇ، ـــ دېدى ئۇ قايناپ. ② رەۋ. مەسلىھەت ئالماي، مەسلىھەتلەشمەي، كېڭەشمەي، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن: ئۇ بىزدىن مەسلىھەتسىز ئىش قىلمايدۇ.

**مەسلىھەتلەشمەك** پ. ئۆزئارا ياكى بىركىم بىلەن مەسلىھەت قىلماق؛ كېڭەشمەك، ئەقىلداشماق: بىركۈنى مەن ئايالىم ئوغۇلخان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قولا تايچاقنى ئۆيدە بېقىشقا ئېلىپ كەلدىم.

**مەسلىھەتلىك** سۈپ. مەسلىھەت، كېڭەش بىلەن قىلىنغان ياكى قىلىنىدىغان؛ مەسلىھەتلىشىش زۆرۈر بولغان: مەسلىھەتلىك ئىش بۇزۇلماس (ماقال).

**مەسنەۋى** ئى [ئە] <ئەد> قاپىيەداش بېيىتلاردىن ئىبارەت بولغان شېئىر شەكلى.

**مەسئۇل** [ئە] ① سۈپ. مەسئۇلىيەت يۈكلەنگەن، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغان، ئۆز زىممىسىدىكى ۋەزىپە ئۈچۈن جاۋابكار: مەسئۇل مۇھەررىر. مەسئۇل ئورۇن. مەسئۇل ھاكىم. ② ئى. مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان شەخس: بۇ دوختۇرخانىنىڭ مەسئۇلى كىم؟

**مەسئۇل مۇھەررىر** نەشر قىلىنىدىغان ئەسەرلەرنىڭ ئەدەبىي ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ساغلام، توغرا بولۇشىغا مەسئۇل بولغان مۇھەررىر: بۇ لۇغەتنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى كىم؟

**مەسئۇللۇق** ئى. جاۋابكارلىق، مەسئۇلىيەت: بىز بۇ ئىشنى سېنىڭ مەسئۇللۇقۇڭدا قىلىۋائىمىز.

**مەسئۇلىيەت** ئى [ئە] بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئاقىۋىتى، نەتىجىسى ئۈچۈن بولغان جاۋابكارلىق؛ مەسئۇل بولۇش: ئېغىر مەسئۇلىيەت. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى. مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالماق.

**مەسئۇلىيەتچان** سۈپ. مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتىن قاچمايدىغان، مەسئۇل بولۇش روھى كۈچلۈك: مەسئۇلىيەتچان كادىر.

**مەسئۇلىيەتچانلىق** ئى. مەسئۇل بولۇش مەجبۇرىيىتى، روھى: بۇ جىددىي ھەم مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك خىزمەت ئىدى.

**مەسئۇلىيەتسىز** سۈپ ① مەسئۇلىيىتى يوق، مەسئۇلىيەت تەلەپ قىلمايدىغان: مەسئۇلىيەتسىز ئىش. ② مەسئۇلىيەتنى، جاۋابكارلىقنى مۇھىم دەپ قارىمايدىغان؛ مەسئۇلىيەت بىلەن ئىش قىلمايدىغان؛ بىپەرۋا: مەسئۇلىيەتسىز كادىر. مەسئۇلىيەتسىز ئادەم.

**مەسئۇلىيەتسىزلىك** ئى. مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالماسلىق، بىپەرۋالىق: مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلماق.

**مەسئۇلىيەتلىك** سۈپ. مەسئۇلىيىتى بار، مەسئۇلىيەت تەلەپ قىلىدىغان، جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدىغان: ۋىلايەتلىك پارتكومدا ئۇ يەنىلا بۇرۇنقى مۇھىم مەسئۇلىيەتلىك خىزمەتنى زىممىسىگە ئالدى.

**مەسئۇلىيەتنامە** ئى [ئە + پ] مەسئۇلىيەت ھەققىدە يېزىلغان ھۆججەت، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغانلىق ھەققىدىكى توختام: ئۇلار «1992 ــ يىللىق كەسپتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش خىزمەت نىشانى مەسئۇلىيەتنامىسى» ئىمزالىدى.

**مەسۇم** [ئە] ① سۈپ. بىگۇناھ، گۇناھسىز، پاك، تازا، سەممىي: شەۋكەت دىلبەرنىڭ مەسۇم كۆڭلىنى بىھۇدە ئازابلىماسلىق ئۈچۈن، بېشىنى ناھايىتى چاققانلىق بىلەن يانغا بۇرىدى-دە، كۆزى ۋە مەڭزىدىكى ياش مۇنچاقلىرىنى سۈرتۈۋالدى. ② سۈپ. نومۇسچان، نومۇسلۇق؛ ئىپپەتلىك: مەسۇم قىز. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مەسۇمە** ئى. پاك، گۇناھسىز، سەممىي؛ نومۇسچان قىز: قايسى يىگىت نومۇسچان قىزنىڭ پاك يۈرىكىگە ئىشقىنىڭ گۈلخېنىنى يېقىپ قويغاندۇ؟! ياكى ۋەدىسىگە قىلماستىن ۋاپا، مەسۇمەنىڭ كۆڭلىنى چېكىپ قويغاندۇ؟!

**مەسۇملۇق** ئى. مەسۇملارغا خاس ھەرىكەت، قىلىق، مىجەز: ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي دارۋىنىزم ئەڭ رەھىمسىز تۈس ئالغان بۈگۈنكى شارائىتتىمۇ، بۇ خەلق ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە باللارچە مەسۇملۇق بىلەن تىكىلىپ قارايدۇ.

**مەسىلە** ئى [ئە] ① ھەل قىلىنىشى لازىم بولغان ئىش، ھەرىكەت، ۋەزىپە: ــ ھازىر بىز بىر مۇھىم مەسىلە ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىۋاتاتتۇق، ــ دېدى مەتروزى. ② كۆڭۈلگە يېقىپ كەتمەيدىغان بىرەر ئىش؛ نۇقسان، چاتاق، ئېۋەن: ئاشلىق سېتىۋېلىش پىلانىنى ئورۇنلاشتىمۇ مەسىلە تۇرىدۇ. ③ <مات> مەلۇم سانلار ۋە تېگىشلىك مۇناسىۋەتلەر ئاساسىدا نامەلۇم سانلارنى تېپىش ئۈچۈن ھېكايە شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ماتېماتىك ۋەزىپە: مەسىلىنى چىقارماق. ④ دىنىي ئەقىدىلەر توغرىسىدىكى سوئال ــ جاۋاب: مەسىلە قىلماق. مەسىلە ئېيتماق.

**مەسىلەن** [ئە] «مىسال ئۈچۈن، مىسالغا ئېلىپ ئېيتقاندا» دېگەن مەنىلەردىكى قىستۇرما سۆز: مەسىلەن، مەخسۇتباي تاتارىستاندىن ئىككى نۆۋەت ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ ئاستانىدە ئۆز خىراجىتى بىلەن مەكتەپ ئاچتى.

**مەسىھ** ئى [ئە] <دىن> تاھارەت ئالغاندا ھۆل قول بىلەن باشنى ۋە مەسىنى سىلاش: مەسىھ تارتماق. مەسىھ قىلماق.

**مەش** I ئى ① قىش كۈنلىرى ئوت قالاپ ئۆينى ئىسسىتىش، تاماق پىشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئاساسەن تۆمۈر، قاڭالتىر ياكى چويۇندىن ياسىلىدىغان تۆك شەكىللىك ئوچاق: تۆمۈر مەش. چويۇن مەش. مەش قويماق. مەش ياسىماق. ② پولات تاۋلايدىغان قازان، پېچ: مەش ئىشچىلىرى ئەگەر ئىش رەتكە چۈشۈپ قالسا، كېرەكتىن چىققان پولاتنى قايتا ئېرىتىپ زىياننى تولدۇرۇۋېلىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلىشەتتى.

**مەش** II ئى [ئە] رەتلىك تىزىلىپ ھەربىيچە مېڭىش؛ ھەربىيچە يۈرۈش، چامداش: مەشكە دەسسىمەك.

**مەشە** ئال. جان ت. مۇشۇ يەر: بىز بىر يىلى يازدا مەشەدە سەيلە قىلىپ يۈرگەن چېغىمىزدا ئۇ ئادەمنى كۆرگەنىدۇق.

**مەشئەل** ئى [ئە] ① ئۇچىغا كۆيىدىغان بىرنەرسە ئورالغان، يورۇتۇش ياكى ئوت يېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تاياق: مەشئەل ياندۇرماق. ② كۆچمە. يول ۋە نىشاننى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نەمۇنە؛ ماياك: ئىلىم ــ پەن ھەممىدىن ئەۋزەل، ئىلىم ئۆچمەيدىغان مەشئەل.

**مەشئەلچى** ئى. سەپنىڭ ئالدىدا مەشئەل كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان كىشى: ئولىمپىك مەشئىلىنى كۆتۈرمەكچى بولغان بۇ نۆۋەتلىك مەشئەلچى مەشئەلنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ قارشى ئېلىۋاتقان ئاممىغا سالام بەجا كەلتۈرۈپ بولۇپ، يولغا راۋان بولدى.

**مەشچى** ئى. مەش ياسايدىغان ئادەم.

**مەشچىلىك** ئى. مەش ياساش ئىشى، كەسپى: مەشچىلىك قىلماق. مەشچىلىك بىلەن شۇغۇللانماق.

**مەشرەپ** ئى [ئە] ① كىشىلەر بىر يەرگە توپلىشىپ قىلىدىغان ناخشا ــ ئۇسۇللۇق ئولتۇرۇش، يىغىلىش؛ بەزمە: مەشرەپ قىلماق. * بالاڭنى مەكتەپكە بەر، بولمىسا مەشرەپكە (ماقال). ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مەشرەپچى** ئى. مەشرەپكە قاتنىشىشنى ۋە مەشرەپ ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشى، مەشرەپكە ئامراق ئادەم: ــ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىبۇرۇن بىلگەنىدىم. ئۇ سەھرا مەشرەپچىلىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن بولسا، جايىنى تېپىپتۇ، ــ دېدى چۈچۈك خانىم.

**مەشرۇ** ئى. دىيال. لايىقىدا تىكىلگەن بىر قۇر كىيىم.

**مەشرۇئى** ئى. يېزت. شەرىئەتكە ئۇيغۇن، مۇۋاپىق ئىش، قانۇنىي ئىش: ئىنسان ئۆز مەشئىتىنى، نومۇسىنى ساقلىماق ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىش دەرىجىسىگە قەدەر تىرىشىش ــ كۈرىشىشكە بۇيرۇلمىشتۇر، لېكىن بۇنىڭ مەشرۇئى ــ شەرتى ھەربىر ئىشتا قانائەتنى قولدىن بەرمەسلىكتۇر.

**مەشرىق** ئى [ئە] يېزت. شەرق، كۈنچىقىش: مەشرىقتىن مەغرىبقىچە.

**مەششات** ئى. دىيال. پەرداز.

**مەششاتە** ئى. دىيال. پەردازچى ئايال.

**مەشغۇل** سۈپ [ئە] بىرەر ئىش، كەسىپ بىلەن بەند بولغان، شۇغۇللىنىۋاتقان: مەشغۇل بولماق. مەشغۇل قىلماق.

**مەشغۇلات** ئى [ئە] ① ئىش، ئوقەت، كەسىپ، پائالىيەت: مەشغۇلات قىلماق. مەشغۇلات ئۆتكۈزمەك. ② ئۆگىنىش، دەرسكە دائىر پائالىيەت: ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ فىزىكا گۇرۇپپىسىغا ياخشى يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن بىللە مەشغۇلات ئۆتكۈزىدۇ.

**مەشغۇلاتچان** سۈپ. مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشقا بېرىلىدىغان، مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشقا ماھىر؛ ئىشچان؛ ئاكتىپ: بۆلۈمىمىزدە قادىر ناھايىتى مەشغۇلاتچان ئىدى.

**مەشغۇلاتچانلىق** ئى. مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشقا ماھىرلىق؛ ئىشچانلىق؛ ئاكتىپلىق: ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنىنىڭ مەشغۇلاتچانلىقى ئاجىز بولۇپ، قوغدايمىز، دەپلا

يېزىلغان، لېكىن قانداق قوغدايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنمىغان.

**مەشغۇلاتچى** ئى. ئاكتىپلىق بىلەن مەشغۇلات ئېلىپ بارغۇچى، ئاكتىپ ھالدا تۇرلۇك مەشغۇلاتلار بىلەن شۇغۇللانغۇچى: شۇنىڭ بىلەن مەن بىزنى ھەربىر مەشغۇلاتچى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىشلەپ چىقارغان يىپنىڭ دەرىجىسىگە ئاساسلىنىپ، ئۇلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان بىر يېڭى چارىنى لايىھەلەپ چىقتىم.

**مەشغۇلاتلىق** سۈپ. كۆپ خىل مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان ياكى ئېلىپ بارغىلى بولىدىغان، مەشغۇلاتقا ئىگە، مەشغۇلاتقا ئائىت.

**مەشغۇللاندۇرماق** «مەشغۇللانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مەشغۇللانماق** پ. مەشغۇل بولماق، بەند بولماق: ئېغىر تۇرمۇش ئاستىدىكى قىز ـ ئاياللار، ئۇلاغ بېقىش، تېزەك تېرىش ئىشى بىلەنلا مەشغۇللىنىپ مەكتەپ يۈزىنى كۆرمىگەنىدى.

**مەشغۇلىيەت** ئى [ئە] → **مەشغۇلات:** ئاسىمنىڭ ئەڭ كۆپ مەشغۇلىيىتى كىتاب ئوقۇش ئىدى.

**مەشقاۋۇل** ئى. تارس. پادىشاھ، خان سارايلىرىدا ۋە شۇنىڭ ـ دەك قوشۇنلاردا ھەربىي مەشىق ئۆگىتىشكە مەسئۇل كىشى.

**مەشلىك** سۈپ ① مېشى پار، مەش قويۇلغان: ئۇلار شۇنداق قىلىپ، بىر مەشلىك بولۇپ قالدى. ② مەش قىلىشقا، ياساشقا بولىدىغان ياكى مەش چىقىدىغان: بىر مەشلىك تۇنىكە. * دىلشاتلارنىڭ ئۆيىدە ئىككى مەشلىك تۆمۈر بار ئىدى.

**مەشھۇر** سۈپ [ئە] مەلۇم جەھەتتە شۆھرەت قازانغان، داڭقى چىققان، خەلقئالەمگە تونۇلغان، ئاتاقلىق، داڭلىق: مەشھۇر ئالىم. مەشھۇر يازغۇچى. مەشھۇر ئەرباب. مەشھۇر ئەسەر.

**مەشۇت** ئى [ئە] پىلە غوزىكىدىن چىقىرىدىغان يىپ.

**مەشۇق** ئى [ئە] يېزت. يىگىتنىڭ چىن يۈرەكتىن سۆيگەن قىزى، يىگىتنىڭ سۆيگىنى: ئەنۋەرنىڭ مەشۇقىنى بۇ يەردە ئۇچرىـ تىپ قالارمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم.

**مەشۇقلۇق** ① ئى. قىزنىڭ ئۆز يىگىتىگە بولغان چىن سۆيگۈ ـ مۇھەببىتى: مەلىكە ھاتەمگە بولغان مەشۇقلۇقىنى ئىپا ـ دىلەپ بىر پىيالە شاراب تۇتتى. ② سۈپ. مەشۇقلارغا خاس، مەشۇقلاردا بولىدىغان: زەينەپتە يوق پەقەت مەشۇقلۇق خىسلەت، سەۋەبى: سۆز باشقا، قىلىقى باشقا.

**مەشئۇم** سۈپ [ئە] بەختسىزلىكتىن دېرەك بەرگۈچى؛ پالاكەت ئېلىپ كەلگۈچى؛ كۆڭۈلسىز؛ شۇم: دەرۋازا يېنىدىكى مەشئۇم تال دەرىخىمۇ مەشئۇم بىر ئىشقا گۇۋاھلىق بەرگەندەكلا كۆرۈ ـ نەتتى.

**مەشئۇملۇق** ئى. بەختسىزلىكتىن دېرەك بېرىش، كۆڭۈل ـ سىزلىك، شۇملۇق: ـــ بۇ بىر شۇملۇق، مەشئۇملۇق، ناخشا دېگەن ئازازۇلنىڭ ئاۋازى. ئۇنى ئېيتىش شەيتاننىڭ ئىشى، بىز مۇسۇلمان بەندىلەر ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىساقلا كۇپايە! ـــ دېدى ئۇ.

**مەشىق** ئى [ئە] ئۆگىنىش، مەلىكە بولۇش ئۈچۈن قىلىنىد ـ دىغان ئىش، تەييارگەرلىك مەشغۇلاتى ياكى مەلىكىلىكنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدىن قىلىنغان مەشغۇلات: ھەربىي مەشىق. مەشىق قىلماق.

**مەشىقخانا** ئى. مەشىق قىلىش ئۆيى؛ زالى.

**مەشىقسىز** سۈپ. مەشىق قىلمىغان ياكى قىلالمىغان، ھازىرلىقسىز: بىراق، بىز مەشىق مەيدانىغا ئۆزىمىزمۇ تۇيمايلا مەشىقسىز كىرىپ قالدۇق.

**مەشقلەندۇرمەك** «مەشقلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئافغانىستان گېنېرالى ئۆز تەۋەسىدىكى قوراللىق ياشلارنى مەشقلەندۈردى.

**مەشقلەندۈرۈلمەك** «مەشقلەندۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئائىلىدىكى ھەرىكەت نىزامى، پائالىيەت تەرتىپى، تۈرلۈك چەكلىمە ۋە پەرھىز ۋە نەسىھەتلەر قىزلارغا تەبىئىي رەۋىشتە يەتكۈزۈلەتتى، شۇنداقلا ئۇلار ئائىلىدە مەشقلەندۈرۈلەتتى.

**مەشقلەنمەك** پ. تەييارگەرلىك مەشغۇلاتىنى ئېلىپ بارماق، ئالدىن مەشغۇلات قىلماق: ئىككىنچى بىر تىلنى تېز ئۆگىنىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى كۆپ سۆزلەش، كۆپ ئاڭلاش، كۆپ يېزىش، ئەڭ مۇھىمى ھەر ئۈچىلىسىنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا كۆپ مەشقلىنىشتىن ئىبارەت.

**مەغپىرەت** ئى [ئە] ① كەچۈرۈم، گۇناھىدىن ئۆتۈش: مەغپىرەت قىلماق. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مەغپىرەتچى** ئى. كەچۈرۈم قىلغۇچى، گۇناھىدىن ئۆتكۈچى، ئەپۇ قىلغۇچى (ئىسلام دىنىدا).

**مەغپىرەتچىلىك** ئى. مەغپىرەت قىلىش، كەچۈرۈم قىلىش، گۇناھىدىن ئۆتۈش، ئەپۇ قىلىش: ئۇ پانىيەتچىلىك، تەبىئەتچىلىك، دىيانەتچىلىك، مەغپىرەتچىلىك جەھەتتىن «رېئاللىققا قارىتا قارنى كەڭ بولۇش» ئۈستىدە خۇلاسە چىقارغان.

**مەغرۇر** سۈپ [ئە] ئۆزىنى ئەركىن، ئۈستۈن تۇتىدىغان، روھىي كەيپىياتى ئۈستۈن، غۇرۇرى بار؛ كىبىرلىك، تەكەبـ ـبۇر: مەغرۇر ئادەم. مەغرۇر يىگىت. مەغرۇر قىياپەت.

**مەغرۇرانە** [ئە + پ] ① رەۋ. مەغرۇر قىياپەتتە، مەغرۇر ھالەتتە، مەغرۇرلۇق بىلەن: مەغرۇرانە سۆزلىمەك. ② سۈپ. مەغرۇر، تەكەببۇر، كىبىرلىك: ئۇ ئاللىقانداقتۇر مەغرۇرانە كەيپىـ ـيات بىلەن سۆزلەيتتى.

**مەغرۇرلاندۇرماق** «مەغرۇرلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مەغرۇرلانماق** پ. مەغرۇر بولماق، ئۆزىنى مەغرۇر تۇتماق، غۇرۇرلانماق، كۆرەڭلىمەك، كېرىلمەك: ئۇ سۆزلىگەنسېرى مەغرۇرلانماقتا، ئاۋازى كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى.

**مەغرۇرلۇق** ئى. مەغرۇرلىنىش، ئۆزىنى مەغرۇر، كۆرەڭ تۇتۇش كەيپىياتى، ھالىتى: ئۆگىنىشتە ئالغا بېسىشنىڭ دۈشمىنى مەغرۇرلۇق ۋە ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەتلىنىش.

**مەغرۇرلىنىشماق** «مەغرۇرلانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرد ـ جىسى: ئۇلار بۇ قېتىمقى زېھىن سىناش مۇسابىقىسىدە ئۇرۇمچى شەھىرى بويىچە بىرىنچى بولغانلىقىدىن مەغرۇرلىنىشتى.

**مەغرىب** ئى [ئە] يېزت. غەرب، كۈنپېتىش، كۈن ئولتۇ ـ رۇش: ـــ ئۇنىڭ نېرىسىغا ئاللا كېرەم بار، خۇدا ئاسانلىق بەرسە مەغرىب تەرەپنى پاناھ قىلارمەن، ـــ دېدى ئۇ.

**مەغلۇپ** سۈپ. يېڭىلگەن، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان؛ مەغلۇبىيەتلىك: ئارمىيەمىزنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن مەغلۇپ بولغان دۈشمەنلەر قوراللىرىنى تاشلىشىپ قول كۆتۈرۈشتى.

**مەغلۇبىيەت** ئى [ئە] جەڭدە، مۇسابىقىدە، ئىشقىلىپ بىرەر ئىشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراش، مەغلۇپ بولۇش، يېڭىلىش؛

ئوڭۇشسىزلىق: مەغلۇبىيەت غالىبىيەتنىڭ ئانىسى.

**مەغلۇبىيەتچى** ئى. مەغلۇپ بولغۇچى، يېڭىلگۈچى: مەغلۇبىيەتچى ئۇنسۇرلار ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرگۈسى كەلمىگەندەك، جاھىللىق بىلەن تىركەشمەكتە ئىدى.

**مەغلۇبىيەتچىلىك** ئى. مەغلۇبىيىتىگە تەن بېرىش، تىز پۈكۈش، تەسلىمچىلىك.

**مەغلۇبىيەتلىك** سۈپ ① مەغلۇپ بولغان، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان: مەغلۇبىيەتلىك جەڭ. ② مەغلۇبىيەتتىن كەلگەن، مەغلۇبىيەتلەر ئارقىلىق يەكۈنلەنگەن: ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان دېيىشكە بولمايدۇ، ئۇ بىر مەغلۇبىيەتلىك ساۋاق.

**مەغۇل** سۈپ [ئە] بەند، مەست، مەستانە: پاراڭغا مەغۇل بولۇپ ئولتۇرغان سائادەت يېنىغا بەختىيارنىڭ كېلىپ قالغىنىنى سەزمەيلا قالدى.

**مەقئەت** ئى [ئە] <ئانات> ← **سوڭ.**

**مەقبەرە** ئى [ئە] ① قەبرە. ② قەبرىنىڭ ئۈستىگە كېسەك قاتارلىقلار بىلەن ئىمارەت شەكلىدە ياسالغان قۇرۇلما: ئەجدادلارنىڭ مەقبەرىسى.

**مەقبۇل** سۈپ [ئە] يېزت. قوبۇل قىلسا، ماقۇل كۆرسە بولىدىغان؛ ماقۇل، قوبۇل: مەقبۇل بولماق.

**مەقسەت** ئى [ئە] ① ئېرىشىش ئۈچۈن كۆزدە تۇتۇلغان نەرسە، مۇراد، مۇددىئا: چۆچۈرە يېمەكتىن مەقسەت گۆش يېمەك (ماقال). ② ئىسىملارنىڭ III شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى ۋە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ، تىركەلمە ۋەزىپىسىدە قوللىنىلىدۇ: مەن بۇ ۋەقەنى خەلىپە هارۇن رەشىدكە يەتكۈزۈش مەقسىتىدە، بۇ شەھەرگە كەلدىم.

**مەقسەتچان** سۈپ. يېزت. مەقسىتى بار، مەقسەتنى كۆڭلىگە پۈككەن.

**مەقسەتچانلىق** ئى. دائىم كۆڭلىگە بىرەر مەقسەتنى پۈكۈش ئادىتى، ئىشى: بۇ ھەدېسىلا خۇدۇكلىنىلىدىغان، سەنئەتنىڭ مەقسەتچانلىقى مۇبالىغە قىلىپ چۈشىنىلىدىغان رېئال ئەدەبىي مۇھىتىمىزدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە.

**مەقسەتداش** سۈپ. بىر مەقسەتتىكى، مەقسىتى، مۇددىئاسى بىر بولغان، بىر مەقسەت ئۈچۈن كۈرەشكۈچى: ياۋنى قېتىپ ناخشامغا سىرلىرىنى پاش قىلاي، مەقسەتداشلار بەزمىسىگە پىكرىمنى يولداش قىلاي.

**مەقسەتسىز** سۈپ. ھېچبىر مەقسىتى يوق، بىكاردىن ـ بىكار: بۇ ھەرگىز مەقسەتسىز ئىش ئەمەس.

**مەقسەتلەشتۈرمەك** پ. مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشنى جەزملەشتۈرمەك، مەلۇم بىر مۇددىئانى تۇراقلاشتۇرماق؛ ئېنىق قارار تاپقان ھالەتكە كەلتۈرمەك: ئۇ ئاخىر بۇ ئىشنى مەقسەتلەشتۈردى.

**مەقسەتلەشتۈرۈلمەك** «مەقسەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كىنو ئويۇنچىلىق ئويۇن، مەقسەتلەشتۈرۈلگەن ھەم تەرتىپلەشتۈرۈلگەن نۇر دولقۇنلىرى ئارقىلىق ھاياتتىكى ساپ ھەقىقەتلەرنى ئىشارە قىلىدۇ.

**مەقسەتلىك** سۈپ. مەقسىتى بار، بىرەر مەقسەتنى كۆزلىگەن: ئۇ مەقسەتلىك ھالدا دۇتارنىڭ بىر تال تارىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

**مەقسۇد** ئى [ئە] ① يېزت. مەقسەت، مۇددىئا، مۇراد. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مەكتەپ** ئى [ئە] ئوقۇغۇچىلارنى مەدەنىيەت ـ مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا ۋە شۇنىڭدەك ھەر خىل ھۈنەر ـ كەسىپلەر بويىچە مەخسۇس ئوقۇتۇپ تەربىيەلەپ، ئۇلارنى مەلۇم دەرىجىدە مەلۇ ـ ماتلىق قىلىدىغان ئورۇن: مەكتەپكە كىرمەك. مەكتەپكە بارماق. مەكتەپ ئاچماق. مەكتەپ يېشىدىكى بالا.

**مەكتەپخانا** ئى [ ئە+پ ] يېزت. مەكتەپ ئورۇنلاشقان جاي، ئورۇن: ئۇ زامانلاردا پۈتكۈل ياركەنت شەھىرىدە بەش يۈزدىن ئارتۇق مەسچىت، مىڭدىن ئارتۇق مەكتەپخانا، بىر مىڭ يەتتە يۈزدىن ئارتۇق كارۋان ساراي، تۆت يۈزدىن ئارتۇق ھامام بار ئىدى.

**مەكتەپدار** ئى [ ئە+پ ] يېزت. ئوقۇتقۇچى، مۇئەللىم: 21 ـ ئەسىردە ياشاۋاتقان ۋەلىيلەر، مەكتەپدارلار ۋە پۈتكۈل ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئانا تىلىنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يەتتى.

**مەكتەپدارلىق** ئى. دەرس بېرىش ۋە ئۆگىتىش ئىشى، كەسپى: ئۇ مەھەللىداشلىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئۆز ئۆيىدە مەكتەپ ئاچتى، مەھەللىلەردىن بەش ـ ئون بالا يىغدى ۋە يەڭ تۇرۇپ مەكتەپدارلىققا كىرىشتى.

**مەكتەپداش** ئى. ئوقۇغان مەكتىپى بىر، بىر مەكتەپتە ئوقۇغان كىشى: مەن ل. مۇتەللىپ بىلەن مەكتەپداش بولغىنىم ئۈچۈن ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىدىن خېلى خەۋەردار ئىدىم.

**مەكتەپداشلىق** ئى. ئوقۇغان مەكتىپى بىر بولغانلىق، بىر مەكتەپتە ئوقۇغانلىق: ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا مەكتەپداشلىق مۇناسىۋەت بار ئىدى.

**مەكتۇپ** ئى [ئە] بىركىمگە يېزىپ ئەۋەتىدىغان خەت، سالام خەت: مەكتۇپ يازماق. مەكتۇپ ئەۋەتمەك.

**مەكتۇپلاشماق** پ. ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە مەكتۇپ يېزىپ ئەۋەتىشمەك. ئۆزئارا خەت ـ ئالاقە قىلىشماق.

**مەكتۇپنامە** ئى [ئە + پ] يازما رەۋىشتە بايان قىلىنىدىغان بىرەر خەت، مەكتۇپ، ئىلتىماس، ئەرز قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى: پادىشاھى مارۇت قۇتلۇقشاھقا ئۆتكەن ئەھۋاللارنى تەپسىلىي بايان قىلىپ مەكتۇپنامە يېزىپتۇ ھەم ئەپۇ سوراپ ئۆزرە بايان قىلىپتۇ.

**مەكرۇھ** [ئە] ① سۈپ. يېقىمسىز، كىشىنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان؛ يامان: ـــ بالام، قولۇڭنى يۇيۇپلا سىلكىمە، سىلكىسەڭ مەكرۇھ بولۇپ قالىدۇ، ـــ دېدى ئانام ماڭا لۆڭگىنى ئۇزىتىپ تۇرۇپ. ② سۈپ. شەك چۈشۈپ قالغان، يېگىلى بولمايدۇ دەپ قارىلىدىغان، شەكلىك، ھارام: بىزدە قاغا، سېغىزغاننىڭ گۆشىنى مەكرۇھ دەيدىغان ئادەت بار. ③ <دىن> ئىسلام دىنىدىكى قىلمىسا ساۋابى بولىدىغان، قىلسا جازا بېرىلمەيدىغان ئىش ـ ھەرىكەت.

**مەككار** سۈپ [ئە] ھىيلە ـ مىكىر بىلەن ئىش قىلىدىغان، ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىشكە ئۇستا؛ قۇۋ، ھەييار، ھىيلىگەر: مەككار ئادەم. مەككار دۈشمەن. * ئون سوقۇرنىڭ توققۇزى مەككار (ماقال).

**مەككارلارچە** رەۋ. مەككارلارغا خاس، مەككارلارغا ئوخشاش، مەككارلىق بىلەن: دەپتۇ بىر كۈن ئاكىسى مەككارلارچە ھىجىيىپ: «ئوقۇۋالاي جان ئۇكام، كىتابىڭنى تۇر بېرىپ».

**مەككارلىق** ئى. قۇۋلۇق، ھىيلىگەرلىك: مەككارلىق قىلماق.

**مەككە** ئى. سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى بولۇپ، ئىسلام دىنى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى، ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ دىنىي ۋە چوڭ سودا مەركىزى بولغان. ئىسلام

دىنى پەيدا بولغاندىن كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ مەركىزىگە، كەئبە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس زىيارەتگاھىغا ئايلانغان.

**مەككىچامغۇر** ئى [مەككە + چامغۇر] دىيال. بەرەڭگە (ياڭيۇ).

**مەكتاش** ئى. ئالتۇننىڭ دەرىجىسىنى ئايرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تاشقا ئوخشاش قارامتۇل مەدەن.

**مەگەر** باغل [پ] يېزت. ئەگەر: دان ئۈچۈن يەرمۇ مەگەر نەم بولمىسا، بىخ ئۆرۈپ پىشقايمۇ دان، پەم بولمىسا!

**مەگەرچەندە** باغل. يېزت. ئەگەرچەندە، ئەگەردە: — مەگەر-چەندە ئۇنىڭ سىرى ئاشكارا بولۇپ قالسا، بۇ ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەس، — دېدى ئۇ.

**مەگەركى** باغل [پ] يېزت ← **مەگەركىم**.

**مەگەركىم** باغل [پ] يېزت «مەگەر» سۆزىنىڭ كۈچەيتىلىپ ئېيتىلىشى.

**مەڭ** ئى. خال: گۈلباھار بۇ مەڭگە قارىغانسېرى ئەجەبلىنەتتى.

**مەڭدەتمەك** «مەڭدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شامالدەك كىرىپ كەلگەن سەبدەگۈل ئۇنى مەڭدىتىپ قويدى.

**مەڭدەشمەك** پ. «مەڭدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ مەڭدىشىپ قالدى.

**مەڭدىگەك** سۈپ. تولا مەڭدەيدىغان: مەڭدىگەك ئادەم.

**مەڭدىگەكلىك** ئى. مەڭدەش ئادىتى.

**مەڭدىگۇر** سۈپ. دىيال. مەڭدىگەك.

**مەڭدىمەك** پ. نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالماق، ھاڭۋېقىپ قالماق؛ ھاڭ-تاڭ قالماق، گاڭگىرىماق، ھودۇقماق، تەمتىرىمەك: ئانا بۇ تۇيۇقسىز خۇشاللىقتىن مەڭدەپ ئېسىنى يوقىتىپ قويدى.

**مەڭز (مەڭزى)** ئى. يۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كۆز بىلەن ياڭاقنىڭ ئارىلىقىدىكى قىسمى: چىرايى كۈلۈمسىرەپ تۇرغان، لېكىن ئىككى مەڭزىدە ياش تامچىلىرى دومىلاپ چۈشۈۋاتقان ئانا مېھرىبانلىق بىلەن ئېڭىشىپ ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى.

**مەڭزىتمەك** پ. دىيال. ئوخشاتماق، تەڭ قىلماق، تەققاسلىماق.

**مەڭزىمەك** پ. دىيال. يېقىنلاشماق.

**مەڭكۇ** ئى. دىيال. يېشىغا يەتكەن.

**مەڭگەن** ئى [خەن] بۇغدايىنىڭ باشقىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىنكى قالغان غول قىسمى.

**مەڭگۇ** رەۋ. ئەبەدىي، دائىمىي: مەڭگۇ ئەسلىمەك. مەڭگۇ ئۆچمەسلىك.

**مەڭگۇتاش** ئى [مەڭگۇ + تاش] <ئارخېئول>قەدىمكى شەھەر، مەھەللە، مۇنارلار ۋە قەبرە ـ قەبرىگاھلارنىڭ يولىغا ياكى ئۇنىڭ ئالدىغا تىكلەپ قويۇلغان، ئۈستىگە ئەستىلىك خەت ـ ئىبارىلەر ياكى سۈرەتلەر چېكىلگەن چوڭ خاتىرە تاشلار.

**مەڭگۇلۈك** سۈپ. ئەبەدىي، دائىملىق: كىشىلەر تەبىئەت دۇنيا-سىنىڭ مەڭگۇلۈك ھەرىكەت داۋامىدا تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

**مەڭگىسەر** سۈپ. دىيال. ئۇنتۇغاق؛ ئالدى ـ كەينىگە يېنىپ ئىش ئىنىتالمايدىغان.

**مەڭلەشمەك** پ. كۆكەرمەك، پاختىلاشماق: ئۇ بىرقانچە يەل-يېمىش ماگىزىنلىرىنى ئارىلىغان بولسىمۇ، يامغۇردا قېلىپ مەڭلىشىپ قالغان قاپاق جىگدىدىن بۆلەك نەرسە تاپالماي، بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ، ھېيتكاغا كېلىپ قالدى.

**مەڭلىك** ① سۈپ. يۈزىدە مېڭى بار: مەڭلىك ئادەم. مەڭلىك ئايال. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مەلەق** سۈپ ① يۇمشاق، يۇمشاق ھەم پارچە ـ پارچە: مەلەق ـ مەلەق بولۇپ كەتمەك. ② كۆچمە. تاشقى دۇنيانىڭ تەسىرىنى سېزەلمىگۇدەك دەرىجىدىكى، ھوشسىز: — سارالڭ، قورقما، خوجا-يىنىڭ قېرى ئىتتەك مەلەق ئۇيقۇدا! — دېدى سەمەت ئۇنىڭغا يەل بېرىپ.

**مەلەق- مەلەق** «مەلەق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ لەشكەرلەرنىڭ ئاتلىرى ئاستىدا مەلەق ـ مەلەق بولۇپ كەتتى.

**مەلەك** I ئى [ئە] يېزت. پەرىشتە: مۇرەببىي يوق، پاناھسىزلىق ـ غېرىبلىقتا ئەسىر باشىم، قولۇمدا يوق، شۇڭا يوقتۇر مېنىڭ قاشىمدا قولداشىم. نېسىۋەم يا مەلەك يامغۇرىغا ئۇلپەت بولۇش بەلكى... كۆكەر-مەسمۇ زېمىن ياكى كۆزۈمدىن ئاقمىسا ياشىم!

**مەلەك** II سۈپ. دىيال. دەخلى، ئاۋارە؛ مەشغۇل.

**مەلتۇك** سۈپ. دىيال. كەمتۈك.

**مەلغۇن** سۈپ. دىيال. نېرۋىسى ئاجىز.

**مەللە** [ئە] ① سۈپ. توپا رەڭگە مايىلراق ئاچ سېرىق رەڭ، سارغۇچ: مەللە رەڭ. مەللە چاپان. مەللە توخۇ. مەللە يىپەك. ② ئى. بۆزنىڭ شۇ خىل رەڭدىكى بىر تۈرى: مەللە چاپان. مەللە تون. مەللە بەلباغ.

**مەللە پاختا** توپا رەڭگە مايىل، سارغۇچ ئېچىلغان پاختا.

**مەلھەم** ئى [ئە] ① يارا، جاراھەتلەرگە سۈرۈلىدىغان يۇمشاق، يېپىشقاق دورا: يارىغا مەلھەم چاپلىماق. يارىغا مەلھەم سۈرتمەك. ② كۆچمە. دەۋا ياكى دەرمان بولىدىغان ھەربىر نەرسە: دەسلەپكى سۆزدىن ئازابلىق يۈرىكىم بىرەر مەلھەمگە ئىگە بولسا، ئارقىدىنلا يەنە نەشتەر ئۇرۇلۇپ، زەخىملىنەتتى.

**مەلۇم** سۈپ [ئە] ① ھەممە ياكى بەلگىلىك كىشىلەر بىلى-دىغان؛ ئاشكارا، ئوچۇق: بۇ ئىش ئىدارىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە مەلۇم. ② بەلگىلىك: مەلۇم مۇددەت. مەلۇم مەزگىل. مەلۇم شەخس. مەلۇم شارائىت. ③ مەشھۇر، نامى تارالغان، تونۇشلۇق: زامانىمىزنىڭ زامانىسىدا، ھۈرۈنلارنىڭ ماكانىدا بىر ھۈرۈن بولغانىكەن، ئۇ خەلقئالەمگە مەلۇم ئىكەن. ④ بېشارەتلىك، ئالدىن بىلىنىلگەن، ئالدىن بېشارەت بېرىلگەن: يولۋاس ياتقىنىدىن مەلۇم (ماقال). * تېرىق قولىقىدىن مەلۇم، بالا كىچىكىدىن (ماقال). ⑤ <مات> ئالدىن بېرىلگەن، مەۋجۇت: مەلۇم سانلارنى نامەلۇم سانلاردىن ئاجرىتىش.

**مەلۇمات** ئى [ئە] ① ئوقۇش ـ ئۆگىنىش نەتىجىسىدە ئىگىلىگەن بىلىم، ئىلمىي سەۋىيە: ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتى. * ئۇ ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە. ② بىرەر نەرسىگە دەلىل بولى-دىغان خەۋەر، ئۇچۇر، ئاخبارات، ماتېرىيال: سەلىمە ئۆز ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

**مەلۇماتچى** ئى. مەلۇمات ئالغۇچى ياكى بەرگۈچى ئادەم: قىلىچ مەلۇماتچى سۈپىتىدە قاتناشتى. باش قوشۇش بۇغراخاننىڭ ئىشخانىسىدا بولدى.

**مەلۇماتسىز** سۈپ. مەلۇماتى يوق، مەلۇماتلىق ئەمەس،

ئوقۇمىغان، بىلىمسىز: مەلۇماتسىز ئادەم. مەلۇماتسىز ئايال.

**مەلۇماتلىق** سۈپ. مەلۇماتى بار، مەلۇمات ئالغان، مەلۇماتقا، سەۋىيەگە ئىگە؛ ئوقۇغان؛ ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك: مەلۇماتلىق ئادەم. ئالىي مەلۇماتلىق ئايال.

**مەلۇمچى** ئى. تارس. ① خان ئوردىسىدىن، خاننىڭ هۇزۇرىغا كىرگۈچى كىشىنىڭ ئوردىغا كىرىش ئىلتىماسىنى خانغا مەلۇم قىلغۇچى ياكى خاننىڭ بىركىمنى ئۆز هۇزۇرىغا كىرىشكە چاقىرغانلىق ئىجازىتىنى چاقىرىلغۇچى كىشىگە مەلۇم قىلىپ تۇرىدىغان ئادەم، ئەمەلدار: تەيجى ۋاڭنىڭ مەلۇمچىسىگە ئەھۋالنى ئېيتىپ، ۋاڭ هۇزۇرىغا كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت ئېلىپ بېرىشنى بۇيرۇدى. ② خاننىڭ هۇزۇرىدا تۇرۇپ، خاننىڭ يارلىقى، ئەمىر-پەرمانلىرىنى بىۋاستە ئاڭلاپ، ئۇنى ئىجرا قىلغۇچىلارغا يەتكۈزىدىغان، مەلۇم قىلىدىغان ئەمەلدار: خان بىرھازادىن كېيىن هوشىغا كەلگەندەك مەلۇمچىغا قارىدى.

**مەلۇمكى** باغل. هەممىگە مەلۇم نەرسە (ئىش ئۈستىدە توختالغاندا قوللىنىلىدۇ هەم «مەلۇم» سۆزىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ): هەممىمىزگە مەلۇمكى، هازىر ئىدارىمىزدە كۆپ پۇل بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئائىلىلىكلەر بىناسى سالالمايۋاتىدۇ.

**مەلۇملۇق** سۈپ. مەلۇم بولغان، مەلۇم، ئېنىق، چۈشىنىشلىك: ئۇنىڭ سىغىنىش ئوتىدا ئازابلىنىۋاتقانلىقى ماڭا مەلۇملۇق ئىدى.

**مەلۇملىماق** پ. مەلۇم قىلماق، يەتكۈزمەك، ئۇقتۇرماق.

**مەلۇمنامە** ئى [ئە + پ] تارس. مەلۇمات يېزىلغان مەكتۇپ: هەركىم كۆرسەتكەن ئەجىر ـ تۆھپىلىرىنى بايان قىلىشتى، بۇ هەقتە مەلۇمنامە يېزىپ، كۇنچىقىش بېگىگە مەلۇم قىلدى.

**مەلئۇن** سۈپ [ئە] يېزت. لەنەت قىلىنغان، لەنىتى، ئۆلگۈر: قەلەم دۇلدۇلى يايلاقتا شىددەت بىلەن چېپىپ كېلىپ، مەلئۇن رەقىبىگە غەزەپ ئوقياسىنى ئاتتى.

**مەلئۇنلۇق** ئى. لەنەتلىك، نەپرەتلىك ئىش ـ هەرىكەت: خەلققە شۇنچە مەلئۇنلۇق قىلغان نائەھلىنى يەنە ئادەم بولىدۇ دەپ قاراش ئۈچىغا چىققان ئەخمەقلىق بولماسمۇ؟

**مەلىسكىن** ئى [ر] بىر خىل نېپىز رەخت.

**مەلىكە** I ئى [ئە] ① كونا. ئايال پادىشاھ: مەلىكە بوۋايغا نۇرغۇن ئىنئام بېرىپتۇ. ② پادىشاھنىڭ ئايالى؛ خانىش: پادىشاھ ۋەزىرىنى مەلىكىنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىدىغان لەشكەرلەرگە باش قىلىپ تەيىنلەپ، ئۆز يۇرتىغا يولغا ساپتۇ. ③ پادىشاھنىڭ قىزى: مەلىكە توي قىلىپ ئىككى ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ④ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مەلىكە** II [ئە] ① ئى. بىرەر كەسىپنى، ئىشنى ياخشى ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش نەتىجىسىدە پەيدا بولغان ماھارەت. ② سۈپ. مەشغۇل؛ بەند: ئىككى دوست هەر خىل ئويۇن ـ تاماشىلارغا مەلىكە بولۇپ مېڭىۋېرىپ، شەھەرنىڭ بىر چېتىگە چىقىپ قاپتۇ.

**مەلىكىزادە** ئى [مەلىكە + زادە] يېزت. مەلىكە پەرزەنتى؛ ئايال پادىشاھنىڭ پەرزەنتى: — بۇ قىز قايسى شەھەرنىڭ مەلىكىزادىسىدۇ؟ — دەپتۇ.

**مەلىكىسىز** سۈپ. مەلىكە، ماھارەتكە ئىگە بولمىغان، ماھارەتسىز: مەلىكىسىز ئەمگەك.

**مەلىكىلىك** سۈپ. بىرەر ئىشتا ياكى كەسىپتە تازا پىشقان، ماھارەت يېتىلدۈرگەن؛ ماھارەتلىك: مەلىكىلىك ئىشچى.

**مەمە** ئى. بال س. ئەمچەك.

**مەمەدان** سۈپ [پ] باشقىلارغا گەپ بەرمەيدىغان، هەممىنى مەن بىلىمەن دەيدىغان، تولا سۆزلەيدىغان؛ تەكەببۇر، مەنمەنچى: مەمەدان ئادەم. مەمەدان بالا.

**مەمەدانلارچە** رەۋ. مەمەدانلارغا خاس، مەمەدانلارغا ئوخشاش، مەمەدانلاردەك: — ئاشلىق قەرزىڭنى تۆتۈپ قالىمىز، ئالدى بىلەن قەرزدىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ، ئاندىن چوڭ سۆزلە، — دېدى ئامبارچى مەمەدانلارچە قولىنى شىلتىپ.

**مەمەدانلىق** ئى. باشقىلارغا گەپ بەرمەسلىك، هەممىنى مەن بىلىمەن دېيىش، تولا سۆزلەش، تەكەببۇرلۇق، مەنمەنچىلىك: مەمەدانلىق قىلماق.

**مەمەك** ئى. بال س. ئەمچەك.

**مەملىكەت** ئى [ئە] بىرەر دۆلەتنى تەشكىل قىلغان تېررىتورىيە: سوتسىيالىستىك مەملىكەت. كاپىتالىستىك مەملىكەت.

**مەملىكەتلىك** سۈپ. پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى، پۈتۈن مەملىكەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مەملىكەت دەرىجىلىك: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى.

**مەممەم** ئىم. دىيال. بىرەر ئىشقا، نەرسىگە ئەجەبلەنگەندە، هەيران قالغان چاغدا ياكى بىرەر ئىش توپەيلى هاياجانلانغاندا قوللىنىلىدىغان، «پاھ، پاھ» دېگەن مەنىدىكى سۆز.

**مەمنۇن** سۈپ [ئە] رازى، قانائەتلەنگەن؛ خۇرسەن، مىننەتدار: مەمنۇن بولماق. مەمنۇن قىلماق.

**مەمنۇنلۇق** ئى. رازى، خۇرسەن، مىننەتدار بولۇش ئىشى، هالىتى: ئوقۇغۇچىلار بۇ بىر سائەتلىك دەرستىن ئىنتايىن مەمنۇنلۇق هېس قىلدى. * ئۇ مەمنۇنلۇق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى.

**مەمنۇنىيەت** ئى [ئە] خۇشاللانغان، خۇرسەن، مەمنۇن بولغان هالەت؛ مەمنۇن بولۇش، مەمنۇنلۇق، خۇرسەنلىك: شۇنداق چاغلاردا روزىئاخۇن بىلەن ئايخان ئايلا مەمنۇنىيەت بىلەن خۇدادىن ئۇلارغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ ئۇزاق دۇئا قىلىپ كېتىشەتتى.

**مەمنۇنىيەتلىك** ئى. مەمنۇنىيەت: ئۇنىڭ قىسىلغان كۆزلىرىدىن مەمنۇنىيەتلىك ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى.

**مەمۇر** I ئى [ئە] باشقۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش هوقۇقىغا ئىگە بولغان مەنسەپدار، باشلىق: دۆلەت مەمۇرلىرى. هۆكۈمەت مەمۇرلىرى. * ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەمئىيەتتىن ئاشكارا مەمۇر قوبۇل قىلىش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلماقتا.

**مەمۇر** II سۈپ [ئە] مول، ئاۋات، پاراۋان، باياشات؛ تۆكۈن؛ تولغان: يۇرتىمىز مەمۇر. زامانىمىز مەمۇر.

**مەمۇرچىلىق** ئى. بىرەر نەرسە مول، كۆپ، تۆكمە بولغان هالەت؛ نەرسە مولچىلىق، باياشاتلىق: ياناتاقچى بوۋاي پادىشاھ بولغاندىن كېيىن پۈتۈن يۇرت مەمۇرچىلىققا چۆمۈپتۇ.

**مەمۇرلۇق** ئى. مەمۇر بولۇش؛ مەمۇرلارغا خاس مىجەز ـ خاراكتېر، سۆز ـ هەرىكەت: مەمۇرلۇق يۈزتۇرا ئىمتىهانىغا قاتنىشىدىغانلار كادىرلار نازارىتى بىلەن مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالىدى.

**مەمۇرىي** سۈپ [ئە] ① مەمۇرىيەتكە دائىر، باشقۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان: مەمۇرىي بۆلۈم. مەمۇرىي خىزمەت. مەمۇرىي هوقۇق. مەمۇرىي تارماق. مەمۇرىي كادىر. ② مەمۇرىيەت يولى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان، ئىجرا قىلىنىدىغان: مەمۇرىي چارە. مەمۇرىي جازا.

**مەمۇرىي جازا** ئىنتىزام جازاسىنىڭ بىر خىلى، يەنى دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى قانۇنغا خىلاپ ھالدا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان، ئەمما قىلمىشى جىنايەتنى شەكىللەندۈرمىگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە بېرىلىدىغان جازا.

**مەمۇرىيەت** ئى [ئە] مەمۇرىي ئىش، مەمۇرىي خىزمەت: ئۇ كېتىۋېتىپ بۇندىن بىر ھەپتە بۇرۇن مەكتەپ مەمۇرىيىتى يىغىنىدا بولۇپ ئۆتكەن ئاخىرقى تالاش - تارتىشلارنى ئەسلەشكە باشلىدى.

**مەمۇرىيەتپەرۋەر** سۈپ [ ئە+پ ] مەمۇرىيەتنى ياقلايدىغان، مەمۇرىيەت ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدىغان؛ مەمۇرىيەت تەرەپدارى: خانىنىڭ گەرچە زۇلۇم بىلەن بولسىمۇ سالغان مەدرىسەلىرىگە، چاپتۇرغان ئۆستەڭلىرىگە قايىل قىلىدىغان، «زالىم بولسىمۇ مەمۇرىيەتپەرۋەر ئىكەن!» دەيدىغان بەزىبىر كىشىلەر ئارىمىزدىنمۇ تېپىلاتتى.

**مەمۇرىيەتپەرۋەرلىك** ئى. مەمۇرىيەتنى ياقلاش، مەمۇرىيەت ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈش ئىدىيەسى، روھى: خانىنىڭ مەمۇرىيەتپەرۋەرلىكى ئۇنىڭ مەدرىسەلەر، باغلار، قەسىرلەر، ساراي - رەستىلەر ۋە مازارلارنى بىنا قىلىشى، تۆت ئايلاپ توي قىلىشى خەزىنىدە ئەسىرلەردىن بېرى يىغىلىپ ياتقان ئالتۇنلارنى سەرپ قىلىپ ئەمەس، توغرىدىن - توغرا پۇقرالارنى بىكارغا مەجبۇرىي ئىشلىتىش يولى بىلەن بولغانىدى.

**مەن** ئال. سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزى: سەن ئۆل، مەن تىرىلەي (ماقال).

**مەنە** ئى [ئە] ①<تىل> سۆز ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن چۈشەنچە؛ ئۇقۇم: سۆزنىڭ ئۇدۇل مەنىسى. سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى. مەنە ئىپادىلىگۈچى يېزىق. ② ئىش - ھەرىكەت، جۈملە، خەت، ئەسەر ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ مەزمۇنى: گەپنىڭ مەنىسى. خەتنىڭ مەنىسى. چوڭقۇر مەنە. ③ كۆچمە. قىممەت، ئەھمىيەت؛ ماھىيەت: ئادىل ئاتا كەسپىگە چىن مەنىسى بىلەن ۋارىسلىق قىلغان ئاجايىپ ياخشى ئورمانچى ئىدى. ④ جاۋاب، نەتىجە، سەۋەب: غۇرۇرسىزلىقنىڭ مەينەت ھاۋاسى يۈرىكىڭنى سىققاندا ياكى مەنىلەر ئىزدەپ چوڭقۇر دېڭىزغا چۆككىنىڭدە، ئانا تىلىڭ سېنىڭ ئۆشنەڭدىكى ئوكسىگېن خالتىسىغا ئوخشاش سېنى ئوكسۇسىزلىقتىن قۇتقۇزىدۇ.

**مەنەن** سۈپ [ئە] مەنىسى ئاساس قىلىنغان، مەنىسى بويىچە: مەنەن تەرجىمە. مەنەن سىزىش.

**مەنبە** ئى [ئە] ① بىرەر نەرسە ئېلىنىدىغان، چىقىدىغان، باشلىنىدىغان ياكى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جاي، قۇرۇلما ۋە شۇ قاتارلىقلار: خام ئەشيا مەنبەسى. سۇ مەنبەسى. گاز مەنبەسى. ئېلېكتىر مەنبەسى. ② بىرەر نەرسە، ئىش - ھەرىكەت ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ بارلىققا كېلىشى، ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن ئاساس بولغان ئامىل، سەۋەب، نەرسە قاتارلىقلار: دارامەت مەنبەسى. ئىجاد مەنبەسى. ئىلھام مەنبەسى. ③ مەلۇمات، خەۋەر قاتارلىقلار ئېلىنغان جاي ياكى ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى ئۈچۈن ئاساس بولغان ئەسەر، ھۆججەت ۋە شۇ قاتارلىقلار: قەدىمكى تۈرك يېزىقىغا ئائىت تارىخىي مەنبەلەر.

**مەنبەچىلىك** ئى <پەلس> مەۋجۇداتلارنىڭ كېلىپ چىقىش، پەيدا بولۇش مەنبەسىنى، جەريانىنى ئاساسىي چىقىش نۇقتىسى قىلىدىغان نەزەرىيەۋى ئېقىم، كۆزقاراش؛ جانلىقلارنىڭ يارىلىش مەنبەسىنى ئاساسىي چىقىش نۇقتىسى قىلىدىغان نەزەرىيەۋى ئېقىم.

**مەنبەداش** سۈپ. بىر مەنبەدىن كېلىپ چىققان، مەنبەسى بىر: مەنبەداش سۆزلەر.

**مەنبەداشلىق** ئى. بىر مەنبەدىن كېلىپ چىققانلىق ياكى مەنبەسى بىر خىللىق.

**مەنبەسىز** سۈپ. مەنبەسى يوق، مەنبەگە ئىگە بولمىغان.

**مەنبەشۇناس** ئى [ئە + پ] مەنبەشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە شۇ ھەقتە مەلۇم تەتقىقات نەتىجىلىرى بولغان ئادەم.

**مەنبەشۇناسلىق** ئى<ئەد> ← **تېكستولوگىيە.**

**مەنبەلەشتۈرمەك** «مەنبەلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قەشقەر ۋىلايىتى يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالدى ھەم كىرىم قۇرۇلمىسىنى كۆپ مەنبەلەشتۈردى.

**مەنبەلەشتۈرۈشمەك** «مەنبەلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مەنبەلەشتۈرۈلمەك** «مەنبەلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مەنبەلەشمەك** پ. مەنبەسى بار بولماق، مەنبەگە ئىگە بولماق: تيەنشى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى كۆپ مەنبەلەشكەن مەھسۇلات ماركىسى تىجارىتىنى يولغا قويۇپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

**مەنبەلەنمەك** پ. ئورتاق بىر مەنبەگە ئىگە قىلىنماق، ئورتاق بىر مەنبەسى بولۇنماق: ئاممىۋىلىق سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي ئېنېرگىيەسى ئۈچۈن مۇھىم بولسىمۇ، بۇ ئېنېرگىيە سەنئەتنىڭ ئىنسان خاراكتېرىدىكى مۇرەككەپلىك بىلەن مەنبەلىنىدىغان بەدىئىي قىممىتىنىڭ بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ.

**مەنبەلىك** سۈپ. مەنبەسى بار، مەنبەگە ئىگە: مەنبەلىك تەبىر.

**مەنپەئەت** ئى [ئە] ماددىي ياكى مەنىۋى پايدا، نەپ: مەنپەئەت بەرمەك. مەنپەئەت يەتكۈزمەك. مەنپەئەت ئالماق.

**مەنپەئەتپەرەس** سۈپ [ئە + پ] شەخسىي مەنپەئەتنىلا كۆزلەيدىغان، ئۆز مەنپەئەتىنىلا ئويلايدىغان ۋە كۆزدە تۇتىدىغان: مەنپەئەتپەرەس ئادەم.

**مەنپەئەتپەرەسلىك** ئى. شەخسىي مەنپەئەتنىلا ئويلاش، كۆزلەش ئىشى، ئادىتى: بۇ يەردە شەخسىي مەنپەئەتپەرەسلىكتىن گەپ ئېچىش راستىلا كاللا دېسە، پاقالچاق دېگەنلىك بولىدۇ.

**مەنپەئەتچىلىك** ئى <پەلس> ئەمەلىي ئۈنۈم ياكى مەنپەئەتنى ھەرىكەت مىزانى قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئېتىكىلىق نۇقتىئىنەزەر.

**مەنپەئەتدار** سۈپ [ئە + پ] بىرەر ئىشتا مەنپەئەتكە ئىگە بولغان، شۇ ئىشتا مەنپەئەتى بار: ئۇلار بۇنىڭدىن مەنپەئەتدار ئەمەس. * كورلا شەھىرى شەھەرنى كېڭەيتىپ قۇرۇشقا يەر ئېلىپ ئىشلىتىشتە دېھقانلارنى مەنپەئەتدارغا ئايلاندۇردى.

**مەنپەئەتدارلىق** ئى. بىرەر ئىشتا مەنپەئەتكە ئىگە بولۇش، مەنپەئەت بېرىش ئىشى: بولۇپمۇ مەنپەئەتدارلىق تۇيغۇسى ئۆرلەپ، ئىقتىسادىي ھېسابات كۈچىيىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە كىتابلارغا سېلىنغان دەسمايە ۋە كېلىشى مۇمكىن بولغان دارامەت ئېھتىمالىدىن ھالقىپ كېتىش ئاسان ئەمەس. قىسقىسى، بۇمۇ بىر باتۇرلۇق.

**مەنپەئەتسىز** سۈپ. مەنپەئەتى يوق؛ مەنپەئەت بەرمەيدىغان، مەنپەئەت قىلمايدىغان: مەنپەئەتسىز ئىش.

**مەنپەئەتلىك** سۈپ. مەنپەئەتى بار، مەنپەئەت قىلىدىغان،

پايدىلىمىق: — دەرۋەقە سىز ئېيتقاندەك، مەن ئۇچراشقان بىرقانچە بايلاردىن بىرەر مەنپەئەتلىك پىكىر ئالالمىدىم، — دېدى شائىر تەسىرلەنگەن ئاھاڭدا.

**مەنپەر** ئى [خەن] خېمىرى يېيىسى قىلىنىپ، سۇغا ئۇزۇپ تاشلاپ پىشۇرۇلغان چۆپ: مەنپەر سومەن.

**مەنپەسى** ئى. سىرتى ئورالمىغان كەمپۈت.

**مەنپۇ** ئى. دۇخاۋىدىن تىكىلىپ، ئۈستىگە يىپتا ئاددىي گۈل ئىشلىنىدىغان بىرخىل ئاياللار دوپپىسى.

**مەنپىز** ئى. لىمون ئارىلاشتۇرۇپ قايناتقان شېكەر قىيامىدىن ياسالغان بىر خىل پاتاسا.

**مەنپىي** سۈپ [ئە] ① <مات> نۆلدىن كىچىك: مەنپىي سان. ② <فىز> زەررىچىلىرى ئېلېكتىردىن ئىبارەت بولغان ياكى ئېلېكتىرگە ئىگە بولغان: مەنپىي زەرەت. مەنپىي قۇتۇپ. ③ ئىنكار قىلىنغان، رەت قىلىنغان: مەنپىي ئىبادەت.

**مەنپىي زەرەت** <فىز> جىسىم ئارتۇق ئېلېكتىرونغا ئېرىشكەن چاغدا زەرەتلىنىش ھادىسىسىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ خىل خاراكتېرلىك زەرەت مەنپىي زەرەت دېيىلىدۇ. مەسىلەن، تىۋىتلىق رەخت ياكى مۇشۇك تېرىسىگە سۈركەلگەن سۇرغۇچ تاياقچىدىكى زەرەت مەنپىي زەرەتتۇر.

**مەنپىي سان** <مات> نۆلدىن كىچىك بولغان سان. ئادەتتە ئۇ مۇسبەت ساننىڭ ئالدىغا مىنۇس ئالامىتىنى قويۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، 3 —، 5 — قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**مەنپىيلىك** ئى ① مەنپىي ھالەت ياكى خاراكتېر: مەنپىيلىك مۇناسىۋىتى. ② ئاياللارغا خاس خۇسۇسىيەت، ئاياللىق خۇسۇسىيەت: مەنپىيلىكنى كۆچەيتكۈچى دورىلار.

**مەنتىق** ئى [ئە] ① ئوبيېكتىپ شەيئىلەر تەرەققىياتى ياكى تەپەككۇرنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتى، يەنى گەپ ـ سۆز، پىكىر، ھەرىكەت ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئەقىلغا مۇۋاپىقلىقى: تۇرمۇش مەنتىقى. * بۇ پىكىر مەنتىققە سىغمايدۇ. ② تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى: « ئاكىسى گۇناھكار بولسا سىڭلىسىمۇ گۇناھكار بولىدۇ» دېگەن مەنتىقنى ئۆمرۈمدە مانا ئەمدى كۆرۈۋاتىمەن! ③ تەپەككۇر شەكلى ۋە تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن؛ لوگىكا: داۋۇت ئەنتاكىي ئىلىم ۋە مەرىپەتلەرنى خىمىيە، ئاسترونومىيە، قانۇن، مەنتىق قاتارلىق بىرنەچچە قىسىم ۋە گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ، ئۇلارنىڭ چېگرالىرىنى بەلگىلىگەن.

**مەنتىقچانلىق** ئى. مەنتىققە ئۇيغۇنلىشىش، مەنتىققە مۇۋاپىق بولۇش، مەنتىقلىق: تەپەككۇر بىر زەنجىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە بىرمۇنچە ھالقىلار بار، ئۇلارنىڭ مەنتىقچانلىقىغا ئېتىبار بېرىش لازىم.

**مەنتىقسىز** سۈپ. مەنتىقى يوق، مەنتىققە چۈشمەيدىغان: مەنتىقسىز گەپ.

**مەنتىقسىزلىق** ئى. مەنتىقسىز ھالەت: شېئىردا «قار»، «چېچەك»، «تۇرنا»، «چىمەن»، «بۇلبۇل» قاتارلىق ھېسسىي ئوبرازلار بىر ـ بىرىگە شۇنداق تەبىئىي سىڭدۈرۈلگەنكى، كىشىگە ھەرگىزمۇ مەنتىقسىزلىق ھېس قىلدۇرمايدۇ.

**مەنتىقشۇناس** ئى. مەنتىق ئىلمىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىم.

**مەنتىقشۇناسلىق** ئى. مەنتىقنى، يەنى پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرىنى، ئەقىلغا مۇۋاپىق پىكىر قىلىش يوللىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم، پەن.

**مەنتىقلىق** سۈپ. مەنتىققە ئىگە بولغان، مەنتىققە ئاساسلانغان، مەنتىق جەھەتتىن توغرا، ئېيدىتلىق: مەنتىقلىق گەپ.

**مەنتىقلىمەك** پ. مەنتىققە ئۇيغۇنلاشتۇرماق، مەنتىققە سالماق، مەنتىق بويىچە ئىش كۆرمەك: ۋاھالەنكى، گەپ ئىنسان بەدىنى ۋە مېڭىسىدىكى بىيوخىمىيەلىك قۇرۇلما بىلەن بىيوفىزىكىلىق ھەرىكەت بولغان جاننى ۋە ئۇنىڭ ھەرىكەت تەرتىپىنى مەنتىقلەش ئۈچۈن كامالەتلىك بىر ئىنسان تىپىنى مىسال قىلىش بىلەن ئىنسانىيەتكە ئازادلىق، ئاراملىق ئۇيقۇنلىرىنى كۆرسىتىشتە.

**مەنتىقىي** سۈپ [ئە] ① مەنتىققە ئائىت: مەنتىقىي فورمۇلا. ② مەنتىققە ئاساسلانغان؛ مەنتىقلىق: ئادالەت: «ئاتامنىڭ يۇقىرىقى ھۆكمى مەنتىقىي خۇلاسىگە توغرا كەلمەسلىكى مۇمكىن، بۇنى مەن ئۆزۈم تەكشۈرۈپ سىناپ كۆرۈشۈم لازىم ئىكەن» دېگەن ئويغا كەلدى.

**مەنتىقىيسىز** سۈپ. مەنتىقىيغا ئىگە بولمىغان، مەنتىقىيغا ئاساسلانمىغان، مەنتىقىيغا ئۇيغۇن بولمىغان، مەنتىقىي جەھەتتىن توغرا بولمىغان: ئۇنىڭ پىكرى مەنتىقىيسىز بولسىمۇ، ئاڭلىماي ئامال يوق ئىدى.

**مەنتىقىيلىق** ئى. مەنتىقىيغا ئۇيغۇن، مەنتىقىيغا ئىگە، مەنتىقىي جەھەتتىن: ئارىمىزدا مەنتىقىيلىق پىكىر يۈرگۈزىدىغان كىشىلەر ئانچە كۆپ ئەمەس، كۆپلىرىمىز ئۆز بېشىمچىلىق قىلىش، بىر تەرەپلىمىلىك قىلىشتەك سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلىمىز.

**مەنجاڭ** I ئى [خەن] جان ت. ئاشخانىلاردا خېمىر بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ئاشپەز.

**مەنجاڭ** II ئى [خەن] بۇغداي خېمىرىنىڭ قايتا ـ قايتا سىقىپ مېغىزىنى چىقىرىپ تاشلىغاندىن كېيىنكى قېپقالغان گۆشسىمان قالدۇقى.

**مەنجاڭلىق** ئى. ئاشخانىلاردا خېمىر ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى: مەنجاڭلىق قىلماق.

**مەنچە** رەۋ. مېنىڭچە، مېنىڭ ئويۇمچە، قارىشىمچە، پىكرىمچە: مەنچە بولغاندا، مەن بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى بۇنىڭدىن ئارتۇق بولماس ئىدى.

**مەنچىلىك** ئى <پەلس> سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزملىق پەلسەپىنى چېكىگە يەتكۈزۈشتىن چىقىرىلغان بىمەنە يەكۈن. ئۇ پەقەت «مەن» لا مەۋجۇت، باشقا ھەممە نەرسە (جۈملىدىن باشقا ئادەملەرمۇ) مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدۇر ياكى ئۇنى مەن (سۇبيېكتىپ ئىرادەم) ياراتقان دەپ قارايدۇ.

**مەنزەر** ئى [ئە] بالكون؛ بالىخانا: بىركۈنى ئۇ مەنزەردىن كوچىغا قاراپ تۇراتتى.

**مەنزۇر** سۈپ [ئە] يېزىت. كىشىلەرگە ماقۇل كېلىدىغان، ياقىدىغان، ماقۇل، لايىق، مۇۋاپىق: مەنزۇر بولماق. مەنزۇر كەلمەك.

**مەنزىرە** ئى [ئە] ① مەلۇم بىر جاينىڭ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان ياكى تەسەۋۋۇر قىلىنغان تاغ ـ دەريا، گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخ، ئۆي ـ ئىمارەتلەر ۋە بەزى تەبىئەت ھادىسىلىرى (يەنى قار، يامغۇر قاتارلىقلار) دىن تەشكىل تاپقان كۆرۈنۈشى: تەبىئەت مەنزىرىسى. مەنزىرە تەسۋىرى. مەنزىرە رەسىمى. مەنزىرە لىردكىسى. ② ئەھۋال، كۆرۈنۈش: ئۇنىڭ خىيالىدىن «ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان» دادىسىنىڭ جەسىتىنى ھويلىغا كۆتۈرۈپ كىرىۋاتقان پاجىـ

ئەلىك مەنزىرە ئۆتتۇۋاتاتتى.

**مەنزىرىلىك** سۈپ. مەنزىرىسى گۈزەل، چىرايلىق؛ مەنزىرىسى كىشىگە ياقىدىغان، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان: مەنزىرىلىك تاغ.

**مەنزىل** ئى [ئە] ① سەپەر قىلغاندا توختاپ ئۆتىدىغان، قونىدىغان ياكى يېتىپ بېرىش مۆلچەرلەنگەن جاي: ئۇ ئۆز مەنزىلىگە يەنە ئۈچ ـ تۆت سائەت ئىچىدە يېتىپ بارالايدىغانلىقىنى كۆڭلىدە جەزم قىلىپ قويدى. ② كۆچمە. بىرەر ھەرىكەت، كۈرەش نەتىجىسىدە ئېرىشىلىدىغان، مۆلچەرلەنگەن مەقسەت، مۇددىئا؛ يېتىدىغان نىشان: يېڭىلىشنىڭ ئانىسى، شۇنداق، تۇغۇلار يېپيېڭى مەردلىك نۇر چېچىپ! يېتىدۇ ئارمانلار ئاخىر مەنزىلگە، تۆكۈلگەن قانلاردىن يېڭى يول ئېچىپ! ③ مۇساپە، يول: مەنزىل مىڭنى شاللايدۇ، ۋىسال مەردنى تاللايدۇ.

**مەنزىلسىز** سۈپ. مەنزىلى يوق، مەنزىلگە ئىگە بولمىغان، چەكسىز.

**مەنزىلگاھ** ئى [ئە + پ] يېزت ① سەپەردە چۈشۈپ ئۆتىدىغان ياكى بېرىش مۆلچەرلەنگەن جاي. ② مەقسەت قىلىنىغان، مۆلچەرلەنگەن، كۆزلەنگەن ئاخىرقى نۇقتا، نىشان، پەللە: بۇركۈت بولدۇم، تاغدىن ئۇچتۇم، تاغ چوققىسى مەنزىلگاھىم. كەتتى ئوغلۇم ئوقۇۇشقا دەپ، ئانا جانىم چەكمە ۋاھىم.

**مەنزىللىك** سۈپ. مەنزىلى بار، مەنزىلگە ئىگە، چېكى بار: يول يىراق بولسىمۇ، ئەمما مەنزىللىك ئىدى.

**مەنسەپ** ئى [ئە] بىرەر ئورگاندىكى مەسئۇل ۋەزىپە، ئەمەل: يۇقىرى مەنسەپ. مەنسەپتە تۇرماق. مەنسەپكە چىقماق.

**مەنسەپپەرەس** سۈپ [ئە + پ] مەنسەپنى، مەنسەپكە ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان؛ مەنسەپكە ئامراق: مەنسەپپەرەس ئادەم.

**مەنسەپپەرەسلىك** ئى. مەنسەپنى، مەنسەپكە ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرۈش ئىشى، ئادىتى.

**مەنسەپخور** سۈپ ← **مەنسەپپەرەس:** ئېلى پاششاپ شەخسىيەتچى، مەنسەپخور بىر ئادەم ئىدى.

**مەنسەپخورلۇق** ئى ← **مەنسەپپەرەسلىك.**

**مەنسەپدار** [ئە + پ] ① سۈپ. بىرەر مەنسەپكە، ئەمەلگە ئىگە بولغان، مەنسەپكە تەيىنلەنگەن: مەنسەپدار ئادەم. ② ئى. مەنسەپ ئىگىسى، مەنسەپكە ئولتۇرغان ئادەم، ئەمەلدار: خوتۇنىنىڭ جەمەتىدە بەزى مەنسەپدارلارنىڭ بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ قولايلىق تۇغدۇراتتى.

**مەنسەپدارلىق** ① ئى. مەنسەپتە ئولتۇرۇش: — بۇ مەنسەپدارلىق قىلىشنى نەدىن بىلسۇن! — دېدى كىشىلەر ئۇنى. ② سۈپ. مەنسەپدار بولىدىغان، مەنسەپدارغا خاس: مەنسەپدارلىق كىبىرىنى ئىشلەتمەك.

**مەنسەپسىز** سۈپ. مەنسىپى، ئەمىلى يوق؛ ئەمەل تۇتمىغان.

**مەنسۇپ** سۈپ [ئە] قاراشلىق، تېگىشلىك، تەۋە، تەئەللۇق، قارايدىغان: مەنسۇپ بولماق. * بۇ كىتاب ماڭا مەنسۇپ.

**مەنسۇپلۇق** ئى. تەۋە بولۇش؛ تەئەللۇق، تەۋەلىك: ئومۇمەن، سىز بىر ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشىنى تاللاپ ئالالمىغاندەك، مىللىي مەنسۇپلۇقىنىمۇ تاللاپ ئالالمايسىز.

**مەنسۇخ** سۈپ [ئە] يېزت. ئەمەلدىن قالغان، بىكار، ئىناۋەتسىز، يوققا چىققان: مەنسۇخ بولماق. مەنسۇخ قىلماق.

**مەنستمەسلىك** ئى. تۆۋەن نەزەر بىلەن ئېتىبارسىز قاراش، كۆزگە ئىلماسلىق، پىسەنت قىلماسلىق: ئەبلغازىنىڭ چىرايىدا نە مەغرۇرلۇق، نە مەنستمەسلىك ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى.

**مەنستمەك** پ. كۆزگە ئىلماق، ئېتىبار بىلەن قارىماق: — ئۇ سېنى مەنستەمدۇ؟

**مەنستىشمەك** «مەنستمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مەنستىلمەك** «مەنستمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ماختاش ئۇسۇلىنى كۆپرەك قوللانغاندا، باشقا كىشىلەر قىلىدىغان خاسىيەتلىك ئىشلار كۆپىيىدۇ، ناچارراق ئىشلار مەنستىلىدۇ ۋە ئازىيىدۇ.

**مەنسىنمەك** پ. ئۆزىدىن ئۆزى پەخىرلەنمەك، مەغرۇرلانماق، ئۆزىنى چوڭ تۇتماق: ئىلھام شۇ ئىشتىن كېيىن بىر مەزگىل مەنسىنىپ يۈردى.

**مەنقۇلات** ئى [ئە] مۈلۈك، جاھاز، ئۈسكۈنە، جابدۇق ۋە باشقا نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى: ئۇلار بىرنەچچە ئىشچى ئىش قورallىرىنى توشۇپ، مەنقۇلاتلارنىڭ توشۇلۇپ بولۇشىنى ساقلاپ تۇراتتى.

**مەنقۇلاتلىق** سۈپ. مەنقۇلاتى بار، مەنقۇلات بىلەن بېزەلگەن: مەنقۇلاتلىق ئۆي.

**مەنمەن** سۈپ. ئۆزىنى بەك ئۈستۈن چاغلايدىغان، ئۆزىنىڭكىنى راست دەيدىغان، ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان: مەنمەن ئادەم.

**مەنمەن دېگەن** ئۆزىنى قالتىس ھېسابلايدىغان، ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان: بەكرى شۇ چاغلاردا شورتوپىنىڭ مەنمەن دېگەن يىگىتلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

**مەنمەنچى** ئى. ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان، ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتىدىغان ئادەم: مەنمەنچى ھوقۇقدار سۆزىدىن توختاپ، ئىككىنچى قېتىم يانچۇقىدىن «تۆگە» ماركىلىق تاماكىسىنى ئالغاندىن كېيىن بارماق تىرنىقىغا بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇپ قويۇپ تۇتاشتۇردى.

**مەنمەنچىلىك** ئى. ئۆزىنى قالتىس، چوڭ، كاتتا چاغلايدىغان، ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتىدىغان بىر خىل خاھىش، ئادەت؛ مەنمەنلىك: مەنمەنچىلىك ئىدىيەسى.

**مەنمەنلىك** ئى. ئۆزىنى قالتىس چاغلاش، چوڭ تۇتۇش؛ ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتۇش، مەنمەنچىلىك: مەنمەنلىك قىلماق. مەنمەنلىك تالاشماق. * مەنمەنلىك — شەيتانلىق (ماقال).

**مەنۇش** سۈپ. دىيال. يەرلىك.

**مەنئى** ئى [ئە] چەكلەش، رۇخسەت قىلىنماسلىق، يول قويۇلماسلىق: مەنئى بولماق. مەنئى قىلماق.

**مەندار** سۈپ [ئە + پ] مەنىسى چوڭقۇر، چوڭقۇر مەنىگە ئىگە؛ مەنىلىك: بارس تېكىن بۇ ئاددىي ئوۋچى يىگىتنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان مۇنداق مەندار سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قىزىقىپ قارىدى.

**مەندارلىق** ئى. مەنىسى چوڭقۇرلۇق، چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولغانلىق: بۇ ھېكمەتلەرنىڭ بەزىلىرىدە تىلىنىڭ پاساھىتى، توغرىلىقى، مەندارلىقىغا بەجانىدىل ئەجىر سىڭدۈرگەنلەرگە مەدھىيە ئوقۇلغان بولسا، يەنە بەزىلىرىدە ئۆز ئانا تىلىنى ئۆگەنمىگەن ۋە ئۇنى بۇزۇپ سۆزلىگەنلەرگە نەپرەت ئوقۇلغان.

**مەنداش** سۈپ. مەنىسى ئوخشاش ياكى يېقىن كېلىدىغان: مەنداش سۆزلەر.

**مەنداشلىق** ئى. مەنىسى ئوخشاشلىق ياكى يېقىنلىق:

سۆزلەرنىڭ مەنىداشلىقى.

**مەنىسىز** سۈپ. مەنىسى يوق، مەنە ئىپادىلىمەيدىغان، مەنە ئۇقتۇرمايدىغان: سۆزلەرنىڭ مەنىسىز بۆلىكى. مەنىسىز تۇرمۇش.

**مەنىسىزلىك** ئى. مەنىسى يوقلۇق، مەنە ئىپادىلىمەسلىك: شۇندىن بۇيان، روزەكۇاي دۇنيادا مۇھەببەتسىز ياشاش مەنىسىزلىك دەپ قارايدىغان بولۇپ قالدى.

**مەنىلىك** سۈپ ① مەنىسى بار، مەنىگە ئىگە، چوڭقۇر مەنە بىلدۇرىدىغان: بىر مەنىلىك سۆز. كۆپ مەنىلىك سۆز. * ئەلچىلەر پادىشاھنىڭ مەنىلىك گەپلىرىگە قايىل بولۇپ تەزىم قىپتۇ. ② بىلدۇرگەن مەنىسىنى، مەزمۇنىنى تۇتقا قىلغان؛ مەزمۇنىنى ئاساس قىلغان ھالدىكى: مەنىلىك ئەستە قالدۇرۇش دېگىنىمىز ئەستە قالدۇرماقچى بولغان ماتېرىيالنى چۈشىنىپ ئەستە قالدۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. ③ ئەھمىيەتلىك، كۆڭۈللۈك: مەنىلىك تۇرمۇش. ④ باشقا بىرەر مەنە، مەقسەت ـ مۇددىئا يوشۇرۇنغان؛ مەقسەت ـ لىك: شانىيازنىڭ گېپىدە مەنىلىك چاقچاق بارلىقىنى سەزگەن ئەتراپتىكى ياشلار پاراق ـ پۇرۇق كۈلۈپ كېتىشتى.

**مەنىۋى** سۈپ [ئە] كىشىنىڭ ئىچكى، روھىي ھاياتىغا ئائىت؛ روھىي: مەنىۋى مەدەنىيەت. مەنىۋى ياردەم. مەنىۋى تۇرمۇش.

**مەنىۋى مەدەنىيلىك** <پەلس> ماددىي مەدەنىيلىكنىڭ سېلىشتۇرمىسى، يەنى كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىنى ئۆزگەرتىشى، ئىجتىمائىي مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ۋە مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىنىڭ تەرەققىي تاپقانلىقىدا ۋە كىشىلەرنىڭ ئىدىيەۋى، سىياسىي، ئەخلاقىي سەۋىيەسىنىڭ يۇكسەلگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

**مەنىۋى مۇھىت** <ئەد> ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى بىلەن ئىدىيەۋى ھېسسىياتنىڭ ئىپادىلىنىشى بىرلىشىپ شەكىللىنىدىغان بىر خىل بەدىئىي دائىرە.

**مەنىۋىلەشتۈرمەك** «مەنىۋىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مەنىۋىلەشتۈرۈشمەك** «مەنىۋىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مەنىۋىلەشتۈرۈلمەك** «مەنىۋىلەشتۈرمەك»پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. يۇقىرىقى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدا ئىنسان ئۇقۇمى جەمئىيەتتىن سۇمۇرۇپ چىقىرىلىپ، يۇكسەك دەرىجىدە ئابستراكسىيەلەشتۈرۈلگەن ۋە مەنىۋىلەشتۈرۈلگەن مەۋجۇدىيەت ئۇقۇمىغا ئايلاندۇرۇلغان.

**مەنىۋىلەشمەك** پ. مەنىۋى تۈس ئالماق، مەنىۋىلىككە ئىگە بولماق.

**مەنىۋىلىك** ئى. كىشىنىڭ ئىچكى روھىي دۇنياسىغا ياكى ھاياتىغا تەئەللۇق بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت، مەنىۋىيەت.

**مەنىۋىيەت** ئى (ئە) مەنىۋى ئوزۇق بېرىدىغان بىرەر كۈچ، ئىدىيە، روھ ياكى نەرسە؛ مەنىۋىلىك: شاھزادە ئاتىسىنىڭ كۆڭلىگە مالاللىق تېگىپ قالمىسۇن ئۈچۈن گەپ ـ سۆزلىرىنى سۇلتان ئەڭ ياقتۇرىدىغان رەسەتخانا، مۇقام ۋە باشقا مەنىۋىيەت ساھەسىگە ئائىت

گەپلەردىن باشلىدى.

**مەنىي** ئى (ئە) <ئانات> ئەرلەر ياكى ئەركەك ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىش بېزىدىن ئاجرىلىپ چىقىدىغان، تەركىبىدە ئۇرۇق بولىدىغان بىرخىل سۇيۇقلۇق؛ ئىسپېرما: مەنىي كەلمەك. مەنىي تۇتالماسلىق.

**مەھ** ئىم. ئىتنى ئۆزىنىڭ يېنىغا چاقىرغاندا قوللىنىدىغان سۆز.

**مەھەل** ئى [ئە] پەيت، ۋاقىت، چاغ: ماشىنىلار قوزا چۈش بولغان مەھەل بىلەن دەريا كېچىكىگە، قېرى ياغاچ دەرىخىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى.

**مەھەللە** ئى [ئە] شەھەر ياكى يېزىلارنىڭ بىرنەچچە كوچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر بۆلىكى: مەھەللە كومىتېتى. مەھەللە ئىش باشقۇرۇش ئورنى.

**مەھەللە ـ كوي** مەھەللە ۋە مەھەللە ئەتراپلىرى؛ كوچا ـ كوي: ئېتىز ـ ئېرىق، مەھەللە ـ كويدا ئادەملەر چېلىقمايتتى.

**مەھەللدارچىلىق** ئى. مەھەللىنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدە ـ يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىلەن باغلىق بولغان تۇرمۇشى، بىللە ئۆتۈشى: بۇ يەردىكى كىشىلەر يۇرت ـ مەھەللىدە بولىدىغان نەزىر، زاراخەتمە، توي ـ تۆكۈن ۋە ئويۇن ـ تاماشا قاتارلىق مەھەللدار ـ چىلىق ئىشلىرىنى بىر ـ بىرىگە يۆت ـ قول بولۇشۇپ، بىللە ئۆتكۈزىدىكەن.

**مەھەللداش** ئى. بىر مەھەللىدە ئولتۇرىدىغان ئادەملەر (بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن): ئۇنىڭ پەريادلىرىغا ئىچى سىيرىلغان بىرقاد ـ چە مەھەللداشلىرى، ئۆزلىرىمۇ يىغلاشقان ھالدا تەسەللى ئېيتتى.

**مەھەللداشلىق** ئى. بىر مەھەللىدە ئولتۇرۇپ بىرگە ياشاش، بىرگە ئۆتۈش: ئۇ ھەرھالدا مەھەللداشلىقنىڭ يۈزىنى قىلغاندەك تۇراتتى.

**مەھەللىلىك** ئى. مەھەللىدە ياشىغۇچى: ئۇ مەندىن سەن قايسى مەھەللىلىك دەپ سوراپ قالدى.

**مەھەللىمۇمەھەللە** مەھەللە ئارىلاپ، ھەربىر مەھەللە، مەھەللىدىن ـ مەھەللىگە: ئۇ كوچىغا چىقىپ مەھەللىمۇمەھەللە ئىزدەپ ئەدھەمنى تاپالماي، ئۆيىگە قايتىپ كېتىۋېتىپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى.

**مەھەللىۋاز** ئى [ئە + پ] ئۆزى ياشاپ تۇرغان تار، كىچىك دائىرىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ئىش قىلغۇچى كىشى.

**مەھەللىۋازلىق** ئى. ئۆزى ياشاپ تۇرغان تار، كىچىك دائىرد ـ نىڭلا مەنپەئەتلىرىنى كۆزدە تۇتۇش: مەھەللىۋازلىق قىلماق.

**مەھەللىۋى** سۈپ [ئە] ① مەھەللىنىڭ يەرلىك ئۇسۇلىدا ئىشلەنگەن: مەھەللىۋى ئوغۇت. ② شۇ مەھەللىگە خاس، يەرلىك: مەھەللىۋى ئۇسسۇل.

**مەھەللىي** سۈپ [ئە] مەھەللە تۈسىنى ئالغان؛ يەرلىك: بۇ مەھەللىي مەشرەپ مۇقاملىرىدا چوڭ نەغمىلەر، داستانلار، مەشرەپلەر بولماستىن، تولاراق قىسقا مۇزىكىدىن كېيىن ئۇسسۇللۇق، ناخشىلىق سەنەملەر باشلىنىپ كېتىدۇ.

**مەھبۇب** ئى [ئە] يېزىت. سۆيۈملۈك كىشى؛ يار: كۆڭۈلدە ئىلىم ئېلىشنىڭ ئىشتىياقى، يەنە بىر ياندا مەھبۇبىنىڭ پىراقى.

**مەھبۇس** ئى [ئە] زىندانغا سېلىنغان، قاماققا ئېلىنغان، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنغان كىشى؛ گۇناھكار: مەھبۇس شۇنچىلىك ئورۇق ۋە ھالسىز ئىدىكى، ئۇنىڭ نېمىدىن ــ ئاچلىق ياكى تاياق زەربىدىن ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

**مەھبۇسلۇق** ئى. زىندانغا، تۈرمىگە قامىلىش، تۇتقۇنلۇق: مەھبۇسلۇقتا ئۆتكەن كۈنلەر. * شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى مەھبۇسلۇقتا ئۆتتى.

**مەھراپ** ئى. دىيال. تۈر، نۇسخا.

**مەھرەم** ئى [ئە] ① تارس. پادىشاھنىڭ ئوردا، سارايلىرىدا ھەم ئەمەلدارلارنىڭ يېنىدا ھەر خىل خىزمەتلەرنى قىلىدىغان خىزمەتكار: پادىشاھ ئادىلنىڭ بىر خاس مەھرىمى بار ئىدى. ② كونا. مۇھاپىزەت خادىمى: قاسىم فۇگۇەن يولۋاسىنىڭ خاس مەھرەملىرىدىن بولۇپ، خەنزۇ تىلىنى خېلى ئوبدان بىلەتتى. ③ كونا. ئەر ياكى خوتۇننىڭ شەرىئەت بويىچە بىر - بىرىنى كۆرۈشى مۇمكىن بولغان، ئەمما نىكاھ راۋا بولمايدىغان قېرىندىشى. ④ يېقىن. سىرداش: بۇلتۇر گۈلبوستان ئۆز نىيىتىنى ئەكرەمنىڭ چۈشەنمەيۋاتقانلىقىدىن تىت - تىت بولغان، ئۆز مۇھەببىتىگە مەھرەم بولغۇچىنىڭ ساددا - تۈز كۆڭۈللۈكىدىن ئازابلانغانىدى.

**مەھرەم بېگى** <تارىخ> تارىختا ئۆتكەن خانلىقلاردا خان ياكى بەگلەرنىڭ مەھرەملىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن قويۇلغان ئەمەلدار.

**مەھرۇم** سۈپ [ئە] مۇيەسسەر، بەھرىمەن ياكى ئىگە بولۇش، ئېرىشىش، پايدىلىنىش ئىمكانى، ھوقۇقى قاتارلىقلار بولمىغان: مەھرۇم بولماق. مەھرۇم قىلماق. مەھرۇم قالماق.

**مەھرۇمىيەت** ئى [ئە] يېزىت. مەھرۇم قېلىش. ھوقۇقىدىن ئايرىلىش؛ كەم، يوق: بۇ ئەسىردە ئىنسانلار شۇنچە كۆپ نەرسىلەرگە ئېرىشتى، بىراق بۇ ئېرىشىش خۇددى ھەربىر مۇيەسسەرىيەتتە مەھرۇمىيەت، ھەربىر مەھرۇمىيەتتە مۇيەسسەرىيەت دېگەندەك، نۇرغۇن يوقىتىشلارنى بەدەل قىلدى.

**مەھسۇل** ئى [ئە] ئىش، پائالىيەت، مېھنەت قاتارلىقلاردىن يارىتىلغان مېۋە؛ نەتىجە: بايلىق ئەمگەكنىڭ مەھسۇلى. * تالانت - قابىلىيەت ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى.

**مەھسۇلات** ئى [ئە] ئىشلەپچىقىرىلغان بۇيۇملار: دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى.

**مەھسۇلاتلىق** سۈپ. مەھسۇلاتى بار، مەھسۇلات چىقىدىغان: يۇقىرى مەھسۇلاتلىق شال. يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئېتىزلار.

**مەھشەر** ئى [ئە] دىنىي چۈشەنچىدە قىيامەت كۈنى ھەممە كىشى يىغىلىدىغان جاي ۋە شۇ ۋاقىت: جامائەت جەم بولۇپسىز، مېنىڭدىن بولۇڭ رازى. مەھشەردە كۆرۈشكەيمىز بولغاندا خۇدا قازى.

**مەھشەرگاھ** ئى [ئە + پ] يېزىت. قىيامەت بولىدىغان جاي: ناۋادا مۇشۇ قەرز بىلەن شۇ كۈنلەردە ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغان بولسام، مەھشەرگاھتا نېمىمۇ دەيتتىم.

**مەھكەم** [ئە] ① سۈپ. ئاسان بۇزۇلمايدىغان، سۇنمايدىغان، پۇختا، مۇستەھكەم، چىدامىلىق: قورقۇپ جىياڭجۇن ئالۋاستى، كىردى سېپىل ئىچىگە. مەھكەم ئىكەن سېپىلى، يەتمىدۇق ھېچ ئېپىدىگە. ② رەۋ. زور كۈچ بىلەن، كۈچىنى ئىشقا سېلىپ؛ چىڭ، قاتتىق: مەھكەم تۇتماق. ③ رەۋ. تەۋرەنمەي، ئېغىشماي، چىڭ: رىزۋانگۈل ئۆزىنىڭ سۆزىدە مەھكەم تۇردى. ④ رەۋ. ئۇنتۇپ قالماي: ئەستە مەھكەم تۇتماق. ⑤ سۈپ. كۆچمە. ئېھتىياتچان، پىششىق، پۇختا: ئۆزۈڭنى مەھكەم تۇت، قوشناڭنى ئوغرى تۇتما (ماقال).

**مەھكەملەتمەك** «مەھكەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مەھكەملەشمەك** «مەھكەملىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇ يوسۇندا سائادەتنىڭ ئانىسىمۇ مېنىڭدىن قاچماي قويدى، ئالاقىمىز يەنىمۇ مەھكەملەشتى.

**مەھكەملەنمەك** «مەھكەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كۆك سىرلانغان 20 غۇلاچلىق بۇ موما ئىككى يەردىن ئۇلاقلىق بولۇپ، ھەربىر ئۇلىقى ئۈچتىن چەمبەر بىلەن مەھكەملەنگەنىدى.

**مەھكەملىمەك** پ. مەھكەم، چىڭ ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ مەھكەم قىلماق، چىڭىتماق: ئۇ تۈرۈبىنى بېكىتىپ مەھكەملىدى.

**مەھكۇم** سۈپ [ئە] ① بىرەر جازاغا ھۆكۈم قىلىنغان ياكى ھۆكۈم قىلىنىشقا تېگىشلىك: — مەن جىنايەتچى، مەن ئۆلۈمگە مەھكۇم، — دېدى ئۇ. ② باشقىلارنىڭ ئەمرىدە، ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان؛ باشقىلارنىڭ ئىلكىدىكى، ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى، قارام، بېقىندى: مەھكۇم خەلق. مەھكۇم مىللەت. مەھكۇم ئەل.

**مەھكۇمانە** رەۋ. مەھكۇملارغا ئوخشاش، مەھكۇملارچە: يىگىت خىجالەت تەرلىرىدىن تۆرەلگەن لايغا پېتىپ، يەر يېرىلسا كىرىپ كەتكۈدەك ئېغىر ئىزا ئالدىدا مەھكۇمانە باش ئېگىپ تۇراتتى.

**مەھكۇملارچە** رەۋ. مەھكۇملارغا ئوخشاش، مەھكۇملارغا خاس، مەھكۇمانە: ئۇلار بىزنىڭ ئالدىمىزدا مەھكۇملارچە باش ئەگكەن ھالدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇراتتى.

**مەھكۇملۇق** ئى. بىرەر جازاغا، ئۆلۈمگە ياكى شۇ ھەقتىكى جازاغا تارتىلىشقا لايىقلىق؛ ئەركىنلىكتىن مەھرۇملۇق: مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلماق.

**مەھكىمە** ئى [ئە] قانۇن، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئىدارە، ئورگان: ئەدلىيە مەھكىمىسى. تەپتىش مەھكىمىسى. ھەربىي ئىشلار مەھكىمىسى.

**مەھكىمچىلىك** ئى. مەھكىمە ئىشلىرى: تار مەھكىمچىلىك.

**مەھلىيا** سۈپ [پ] ئادەم ياكى بىرەر نەرسىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن، ئەس - ھوشىنى يوقاتقان؛ چىن دىلىدىن كۆيگەن: مەھلىيا بولماق. مەھلىيا قىلماق.

**مەھلىيالىق** ئى. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىش؛ چىن دىلىدىن كۆيۈش: ئادالەتنىڭ يۈرىكىنى ئەمدى مەھلىيالىق، ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىگىلىگەنىدى.

**مەھ - مەھ** «مەھ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئاينۇر ئىتىنى مەھ - مەھ دەپ چاقىرىشقا باشلىدى.

**مەۋج** ئى [ئە] ① سۇ يۈزىنىڭ جىمىر - جىمىر قىلغان ھەرىكىتى. ② دولقۇن؛ كۆتۈرۈلۈش؛ چايقىلىش: ئۆستەڭ ئۆز قىنىدىن چىقىپ ۋاقىتلىق ياندىش ئۆستەڭ بىلەن ئەگىپ ئۆتۈپ، غەرپكە قاراپ مەۋج ئۇرۇپ ئاقماقتا ئىدى. * شۇندىن بۇيان قەلبىمدە شادلىق، سۆيۈنۈش تۇيغۇسى مەۋج ئۇرماقتا ئىدى.

**مەۋجلەنمەك** پ. دولقۇنلىماق، كۆتۈرۈلمەك، ئۆركەشلىمەك: قەلبىمدە غەشلىك ئارىلاش «ئازارلىق» تۇيغۇسى مەۋجلىنەتتى.

**مەۋجلىك** سۈپ. مەۋج ئۇرغان، دولقۇنلانغان: ئۆركىشى دەريا - دېڭىزنىڭ مەۋجلىك كۆكسى ئۇنىڭ، بەرق ئۇرار تولغان تولۇن ئايدەك گۈزەل ھۆسنى ئۇنىڭ.

**مەۋجۇت** سۈپ [ئە] ئوبيېكتىپ بار بولۇپ تۇرۇۋاتقان، بار: مەۋجۇت بولماق.

**مەۋجۇتسىز** سۈپ. مەۋجۇت بولمىغان، مەۋجۇت ئەمەس.

**مەۋجۇتسىزلىق** ئى. مەۋجۇت بولماسلىق، مەۋجۇت ئەمەسلىك، يوقلۇق: بەلكىم، ئۇنىڭ خېتىنىمۇ مېنىڭ سەزگۈلىرىم

توقۇپ چىقارغاندۇ. مېنىڭ خىيتىمدىكى مەنىلەر ئالىلىقايالاردىكى مەۋجۇتسىزلىق ئىلكىدە لەيلەپ يۈرگەندۇ.

**مەۋجۇتلۇق** ئى ① ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، بارلىق: ئۇ بىزنىڭ تۇيغۇدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، دەپ ھېسابلايدۇ. ② <س ئىق> مەۋجۇدىيەت.

**مەۋجۇدات** ئى [ ئە ] ئالەم، تەبىئەتتە بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى، دۇنيادا مەۋجۇت نەرسىلەر، پۈتۈن، بارلىق: دۇنيادىكى مەۋجۇداتلار ھەددى ـ ھېسابسىز ۋە رەڭگارەڭ.

**مەۋجۇدىيەت** ئى [ئە] ① مەۋجۇتلۇق، مەۋجۇدات، بارلىق: شۇندىن باشلاپ ماڭا پۈتۈن تەبىئەت، پۈتۈن مەۋجۇدىيەت باشقىچە يېڭى، باشقىچە يېقىملىق، باشقىچە بىر گۈزەل كۆرۈنىدىغان بولدى. ② <پەلس> ماددا.

**مەۋجۇدىيەتچى** ئى. مەۋجۇتلۇقنى ياقلىغۇچى، مەۋجۇتلۇقنى قوللىغۇچى؛ بارلىقنى تەشەببۇس قىلغۇچى: بۇ كىرىزىس ھېيدىگىر، ياسپېرس، سارتېرى قاتارلىق مەۋجۇدىيەتچى پەيلاسوپلارنى تۇغدى.

**مەۋجۇدىيەتچىلىك** ئى. مەۋجۇتلۇقنى ياقلاش، قوللاش؛ بارلىقنى تەشەببۇس قىلىش ئىدىيەسى ۋە شۇنداق روھ: «قۇشلار تىلى»نىڭ ئىدىيەسى ئۇنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇشىچە ئەنە شۇنداق ئىدى. بۇ دەل فىرانسۇز يازغۇچىسى ئالبېرت كامۇسنىڭ مەۋجۇدىيەتچىلىك ئىدىيەسىگە يېقىن ئىدى.

**مەۋسۇم** ئى [ئە] ① يىلنىڭ مەلۇم پەسلى ياكى ۋاقتىدا بولىدىغان ياكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان ئىش دەۋرى: تېرىقچىلىق مەۋسۇمى. دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەۋسۇمى. ② <ئاستر> كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى، چۈش ۋاقتىدىكى قۇياش نۇرىنىڭ تىك ـ يانتۇلۇقى قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئايرىپ چىقىلغان ۋاقىت بىرلىكى. ③ <ئاستر>بىر يىلنىڭ تۆتتىن بىرى، يەنى پەسىل: باھار مەۋسۇمى، ياز مەۋسۇمى. ④ <مائار> بىر ئوقۇش يىلىنىڭ يېرىمى: مەۋسۇم ئىمتىھانى. بىرىنچى ئوقۇش مەۋسۇمى. ⑤ كۆچمە. دەۋر، مەزگىل، چاغ: قىرىقتىن ھالقىدىم مەنمۇ، يىگىتلىك مەۋسۇمى ئۆتتى، ھايات ۋادىسىنى كەزدىم، بېشىمدىن قانچە ئىش ئۆتتى.

**مەۋسۇملۇق** سۈپ. مەۋسۇم ئىچىدە بولىدىغان، مەۋسۇم خاراكتېرلىك، پەسىللىك: مەۋسۇملۇق ئىمتىھان. مەۋسۇملۇق ئىشلار. مەۋسۇملۇق پىلان تۈزمەك.

**مەۋقە** ئى [ئە] ① ئادەم، بىرەر ئىجتىمائىي گۇرۇپپا، تەشكىلات، قاتلام قاتارلىقلارنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، نوپۇز، دەرىجە: ئۇلار خوجايىنلىق مەۋقەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەقىل ـ پاراستىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ياخشىلاش يولىدا تېخنىكا ئىسلاھاتى ئېلىپ باردى. ② كىشىنىڭ بىرەر ئۆگىنىش، سىياسىي، ئىجتىمائىي ھەرىكەت، پائالىيەتلەردىكى پوزىتسىيەسى؛ مەيدان، ئىرادە: مەۋقەسىدە چىڭ تۇرماق. ③ ئورۇن: ھاۋا مەۋقە جەھەتتە ئوت (قۇياش) نىڭ تۆۋىنىدە، سۇنىڭ ئۈستىدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن، خاراكتېرى ھۆل ئىسسىق بولىدۇ.

**مەۋقەسىز** سۈپ. مەۋقەسى، مەيدانى يوق؛ ئاسان تەۋرىنىدىغان: مەۋقەسىز ئادەم. مەۋقەسىز يىگىت.

**مەۋقەسىزلىك** ئى. مەۋقەسى، مەيدانى يوقلۇق: مەۋقەسىزلىك قىلماق. * مەۋقەسىزلىك ھەربىر زىيالىيدىلا ئەمەس، زىيالىيلار ئىچىدىكى سەركە سۈپەت كىشىلىرىمىزدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

**مەۋلانە** ئى [ئە] دىنىي ساھەدە ئىشلىتىلىدىغان «داموللا»، «ئۇستاز» مەنىسىدىكى ھۆرمەت سۆزى: ـــ مەيلى ئۇ سىزنىڭ مەۋلانىڭىز ياكى مېنىڭ مەۋلانىم بولسۇن، ئۇنىڭغا مۇنداق ئامەت نېسىپ بولغىنى يوق، ـــ دېدى ئۇ.

**مەۋلۇت** ئى [ئە] <دىن> مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ۋە ئۇنى خاتىرىلەپ ئوقۇلىدىغان مەسنەۋى؛ بۇ مەسنەۋى ئوقۇيدىغان دىنىي مۇراسىم: مەۋلۇت ئوقۇماق. مەۋلۇت ئۆتكۈزمەك.

**مەۋلۇت ئاي** <ئاستر> ← **رەبىيەلئەۋۋەل.**

**مەۋھۇم** سۈپ [ئە] ① ئەقىل بىلەن، پىكىر قىلىش ئارقىلىق تەسەۋۋۇر قىلىنىدىغان؛ ئەقلىي، پىكرىي، ئابستراكت: مەۋھۇم چۈشەنچە. مەۋھۇم تەسۋىر. مەۋھۇم سان. ② كونكرېت ئەمەس، نائېنىق، مۇجمەل: ئۇ ئالىلىقانداق ئىگىدارچىلىقى ئېنىق بولمىغان مەۋھۇم بىر نەرسىدەك ئىدى.

**مەۋھۇملاشتۇرماق** «مەۋھۇملاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار دىققىتىنى ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە تاۋار تىجارىتى جەريانىدا «مەركەزلىك» ماركېتىڭ تاكتىكىسى، «مەۋھۇملاشتۇرۇش» ماركېتىڭ تاكتىكىسى... قاتارلىق ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى بىر يۈرۈش يېڭى ئەندىزىلەردىن پايدىلىنىپ، ھازىرقى ئەۋزەل ماركېتىڭ بايلىقىدىن بەھرىمەن بولۇشقا قارىتىشى كېرەك.

**مەۋھۇملاشتۇرۇشماق** «مەۋھۇملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مەۋھۇملاشتۇرۇلماق** «مەۋھۇملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ناباب سېنارىيىست تەرىپىدىن تېخىمۇ مەۋھۇملاشتۇرۇلدى.

**مەۋھۇملاشماق** پ. مەۋھۇم ھالەتكە كېلىپ قالماق، مۇجمەللەشمەك: 18 ـ ئەسىردە «تۈركىستان» دېگەن جۇغراپىيەلىك ئۇقۇم خېلى مەۋھۇملىشىپ، ئەينى چاغدىكى تارىخىي كىتابلاردا ئاساسەن قوللىنىلمايدىغان بولغان.

**مەۋھۇملۇق** ئى. ئابستراكتلىق؛ نائېنىقلىق، مۇجمەللىك: خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئېنىق بولۇش، ئۇسۇل، قەدەم ـ باسقۇچ ۋە تەدبىرلەر كونكرېت بولۇش، مەۋھۇملۇق بىلەن كونكرېتلىق بىرلەشتۈرۈلۈش لازىم.

**مەۋھۇمىيەت** ئى [ ئە ] مەۋھۇم ھالەتكە كېلىپ قېلىش، مۇجمەللىشىش: تارىخ تەتقىقاتى مەلۇم مەنىدە ئۆتمۈش مەۋھۇمىيەتكە قۇرئى تەپەككۇر قىلغۇچى تارىخىي ئېھتىماللىقىمىزدىن ئىبارەت.

**مەئسىيەت** ئى [ ئە ] گۇناھ، گۇناھلىق ئىش؛ ئىسيان، ئىسيانكارلىق، ئاسىيلىق: بىزلەرنى گۇناھ ۋە مەئسىيەتتىن ئاسرىغۇچى، نەپسىمىزنى ھارام ناپاكلىقتىن ئاسرىغۇچى پەقەت ئېيپىتىمىزدۇر.

**مەئىشەت** ئى [ ئە ] ① كۈندىلىك تىرىكچىلىك، ياشاش، تۇرمۇش كەچۈرۈش: مەئىشىتىم يامان ئەمەس، خۇداغا شۈكۈر ئامان ـ ئېسەن كېتىۋاتىمەن. ② كەيپ ـ ساپا، ئەيش ـ ئىشرەت، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت: شائىر لۇتفى رېئال ھاياتقا بولغان مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى خىيالىي جەننەتنىڭ مەئىشىتىدىن يۇقىرى قويۇپ يازىدۇ.

**مەئىشەتپەرەس** سۈپ [ئە + پ] مەئىشەتكە بېرىلگەن، مەئىشەتنى ياخشى كۆرىدىغان: بۇ شىلەپە تېنى ساغلام، مەڭزى قىزىل، يېشى توختىغان بۇ ئادەمنىڭ خۇشخۇي يۈزىگە سايە چۈشۈرۈپ،

ئۇنىڭ مەئىشەتپەرەس ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

**مەئىشەتپەرەسلىك** ئى. مەئىشەتكە بېرىلىش، مەئىشەتنى ياخشى كۆرۈش، كەيپ ـ ساپاغا ئامراقلىق: بۇ ھېكايىدە مەئىشەتپەرەسلىك پاش قىلىنغان.

**مەئىشەتسىز** سۈپ. مەئىشەت بولمىغان، مەئىشەت يوق، مەئىشەت بىلەن ئۆتمىگەن: ئۇنىڭ ئۈچۈن مەئىشەتسىز تۇرمۇش لەززەتسىز ھېسابلىناتتى.

**مەئىشەتلىك** سۈپ. مەئىشەت بىلەن ئۆتىدىغان: مەئىشەتلىك تۇرمۇش.

**مەئىۋا** ئى [ ئە ] يېزىت. باشپاناھ، تۇرار جاي، ئورۇن؛ سەككىز جەننەتنىڭ بىرى: كىچىككىنە باغ چۆچەكلەردە تەسۋىرلەنگەن خىيالىي دۇنيادەك گۈزەل، رىۋايەتلەردە سۈرەتلەنگەن باغى ئېرەمدەك كۆركەم، گۇناھسىز بەندىلەر ئۈچۈن ياسالغان جەننەتتىكى مەئىۋادەك چىرايلىق ئىدى.

**مەي** ئى [پ] ① ئۈزۈمنى ئېچىتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل ئىچىملىك؛ ۋىنو، مۇسەللەس؛ ھاراق، شاراب: مەي ئىچمەك. مەي تۇتماق. ② مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ تازا پىشقان چاغدىكى شىرىسى، شىرنە: مەي باغلىماق. * ئەنجۈر پىشىپ مەي بولدى، تەمى ئوخشار شېكەرگە. بەلنى مەھكەم باغلىدۇق، يېڭى ئۈزۈن سەپەرگە.

**مەي باغلىماق** شىرنە يىغماق، قەنت ماددىسى توپلانماق: تۆمۈر ئاتا مەي باغلىغان شېرىن مۇناقى ئۈزۈمگە ئېغىز تېگىپ تۇرۇپ، سابىردىن ئۇنى ـ بۇنى سوراشقا باشلىدى.

**مەيەر** ئال [ماۋۇ + يەر] جان ت. مۇشۇ يەر، بۇ يەر: — ئاچا، قورسىقىڭىز ئاچتى بەلكى، مەيەرگە كېلىڭ، — دېدى ساندۇلاچ بارىبىتچى ئايالنى باشلاپ كىرىپ.

**مەيپەرەس** سۈپ [پ] مەيگە بېرىلگەن، مەينى ياخشى كۆرىدىغان، مەينى كۆپ ئىچىدىغان، مەيخور: مەيپەرەس ئادەم.

**مەيپەرەسلىك** ئى. مەيگە بېرىلىش، مەينى ياخشى كۆرۈش، مەيگە ئامراقلىق، مەيخورلۇق.

**مەيپۇرۇش** ئى [پ] مەي ساتىدىغان ئادەم: ئۇ ھە دېگەندە مەست بولۇۋېلىپ، مەيپۇرۇشنى ئاۋارە قىلاتتى.

**مەيپۇرۇشلۇق** ئى. مەي سېتىش ئىشى، كەسپى: مەيپۇرۇشلۇق قىلماق.

**مەيخانا** ئى [پ] ھاراق ـ شاراب، مەي ساتىدىغان، ئىچىدىغان جاي؛ قاۋاقخانا: ئۇ بۈگۈن بازاردىكى بىر مەيخانىغا بېرىپ، ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپتۇ.

**مەيخور** سۈپ [پ] مەينى، ئىچىملىكنى تولا ئىچىدىغان، ئىچىملىككە تولا بېرىلگەن، ئىچىملىك ئىچىشكە ئامراق: مەيخور ئادەم.

**مەيخورلۇق** ئى. مەينى، ئىچىملىكنى كۆپ ئىچىشكە بېرىلىش، ئىچىملىك ئىچىشكە ئامراقلىق: مەيخورلۇق قىلماق. * مەيخورلۇق — مۇقىمسىزلىق، جېدەلخورلۇق، بالايىئاپەتنىڭ ئانىسى، ئادەمنى ھورۇنلاشتۇرۇپ، بىخۇدلاشتۇرۇپ ۋەيران قىلىدىغان زەھەرلىك دورا.

**مەيدان** ئى [پ] ① كەڭ بوشلۇق، ئوچۇقچىلىق، سەينا: كۆپ ئامالللارنى قىلىپ، ئۇ تاغنىڭ ئۈستىدىكى بىر مەيدانغا چىقتى. ② بىرەر ئىش، ھەرىكەت ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ياكى شۇنداق ئىش، ھەرىكەت بولىدىغان جاي، بوشلۇق؛ سەھنە: ئىش مەيدانى. جەڭ مەيدانى. يىغىن مەيدانى. كۈرەش مەيدانى. خەلق مەيدانى. توپ مەيدانى. * مەردنى مەيداندا سىنا (ماقال). ③ <فىز> ماددىلار مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىر خىل ئاساسىي شەكلى، يەنى مۇئەييەن دائىرىسى بولمىغان تارقاق خۇسۇسىيەتلىك ماددا. ئۇ ئېنېرگىيە ھەرىكەت مىقدارى ۋە ماسسىغا ئىگە كېلىدۇ. فىزىكىلىق مەيدان ئۆزئارا تەسىرلىشىش مەيدانى بولۇپ، پۈتكۈل بوشلۇقتا مەۋجۇت. ④ بىرەر ئىش، ۋەقە سادىر بولغان جاي: نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرمەك. ⑤ قىسمەن ماشىنىلاشقان ھەمدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ مەلۇم بىر تۈرى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا: باغۋەنچىلىك مەيدانى. دېھقانچىلىق مەيدانى. ⑥ <تىيا> كۆرۈنۈش: مەيدان خاتىرىلىگۈچى. ⑦ كۆز قاراش، پوزىتسىيە، مەۋقە: كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ بايرىقى روشەن، مەيدانى مۇستەھكەم بولۇشى لازىم. ⑧ مىق. قېتىم، نۆۋەت، مەرتەم (ئويۇن ـ تىياتىر ۋە توپ تۈرلىرى ھەققىدە): ئۇلار ئاممىغا 45 مەيدان ئويۇن قويدى. ⑨ تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنىڭ مەلۇم ۋاقىتلارغا بۆلۈنگەن ھەربىر بۆلىكى: قارشى تەرەپ بىر توپ كىرگۈزۈۋالدى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋالغۇچە بىرىنچى مەيدان ئاخىرلاشتى.

**مەيدانغا چۈشمەك** ① ئېلىشىش ئۈچۈن مەيدانغا كىرمەك: قاسىم پالۋانمۇ مەيدانغا چۈشتى. ② ئىشقا كىرىشمەك، تۇتۇش قىلماق: شۆھرەت ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، بىلەكلىرىنى شىمايلاپ ئۆزى مەيدانغا چۈشۈپتۇ.

**مەيدانچاق** ئى. كىچىك مەيدان: بۇ بىنا بەش بۇرجەكلىك بولۇشىغا قارىماي، ئىشىكىنىڭ ئالدىدا كىچىكرەك مەيدانچىقى بار ئىدى.

**مەيدانخانا** ئى. مەست قىلىدىغان چېكىملىكلەر چېكىلىدىغان ئۆي.

**مەيدانسىز** سۈپ. مەيدانى، مەۋقەسى يوق؛ نوقۇل، تۇتامسىز، ئاسان ئاغىدىغان: مەيدانسىز ئادەم.

**مەيدانكەش** ئى. مەيدانخانا ئېچىپ تىجارەت قىلغۇچى كىشى، مەيدانخانا خوجايىنى.

**مەيدانكەشلىك** ئى. مەيدانخانا ئېچىپ تىجارەت قىلىش ئىشى.

**مەيدانلاشتۇرماق** «مەيدانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئۆيۈڭ مەيدانلاشتۇرۇشقا تاقىشىۋاتىدۇ، چاقمىساق بولمايدۇ، ئۆينى بوشات! — دەپ ۋارقىرىدى كەنت باشلىقى.

**مەيدانلاشتۇرۇلماق** «مەيدانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مەيدانلاشماق** پ. دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ئۆزگەرتىلمەك، سالا ـ سالا ئېتىزلارغا ئايلانماق: يېزىمىزنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى مەيدانلاشتى.

**مەيدە** I ئى [ئە] ① بويۇننىڭ ئاستىنقى قىسمىدىن تارتىپ قورساقنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغىچە بولغان گەۋدە ئاردلىقىنى كۆرسىتىدۇ: قىز ئىختىيارسىز ھالدا ئەزىزنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويدى. ② ھەزىم قىلىش ئورگانىزمى، ئاشقازان: كۆڭۈل ئاغرىتقان دوست ئەمەس، مەيدە ئاغرىتقان ئاش (ماقال).

**مەيدىسىدە ئەركەك تۈكى بار** ھەقىقىي ئەركەك، ھەقىقىي ئەر: — مەيدىسىدە ئەركەك تۈكى بار ئوغۇل بالا خاڭچى بولالايدۇ، ياخشى ئۆگەن، — دېيىتتى بوۋاي يىگىتنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ.

**مەيدىسىگە تەپمەك** باشقىلارنىڭ بەرگەن ئاش ـ نېنى، قىلغان ياخشىلىقى يامان غەرىزىنى قوزغىماق: — نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بەرگەن ئاش ـ نېنىم مەيدەڭگە تەپتىمۇ؟ يوقال كۆزۈمە-

دىن، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان نائەھلى.

**مەيدىسگە ئۇرماق** مەردلىكنى بىلدۈرمەك؛ قەتئىي ۋەدە بەرمەك، ئېيتىلغان ئىش ـ ھەرىكەتنى چوقۇم ئورۇنلاش ئىشەنچىنى بىلدۈرمەك: — ئاكامدىن قالسام قۇلىقىمنى كېسىۋېتىمەن، — دېدى ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ.

**مەيدىسىنى كەرمەك** ھاكاۋۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق قىلماق: — ئۇنىڭدىن كۆرە ئايروپىلان ئېلىپ، مەيدەڭلەرنى كېرىپ يۈرسەڭلەر بولمامدۇ، — دېدى ئۇ بىزگە قاراپ.

**مەيدە** II سۈپ [پ] ئۇششاق، كىچىك: مەيدە ئىش.

**مەيدە ـ چۈيدە** ← **ئۇششاق ـ چۈششەك.**

**مەيدىلىك** سۈپ. مەيدىسى بار، مەيدىسى كەڭ: ئېگىز بوي، كەڭ مەيدىلىك بىر ئادەم كىرىپ كەلدى.

**مەيدىلىمەك** پ. ئۇششاق قىلماق، پارچىلىماق، ئۇششاقلىماق.

**مەيزاب** ئى [پ] ئۆزۈمنى يەرلىك ئۇسۇلدا ئېچىتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل ئىچىملىك؛ مۇسەللەس.

**مەيزان** ئى. دىيال. پاختا ئاتىدىغان دۇكان.

**مەيل** ئى [ئە] ① بىرەر نەرسە ياكى ئىشقا بولغان ئىشتىياق، قىزىقىش، ئىنتىلىش؛ ھەۋەس: — ئۇسسۇلۇققا مەيلىڭىز بولسا مەيەرگە كېلىڭ، — دەپ چاقىردى رەيھان مېنى يېقىملىق كۈلۈمسىرىگەن ھالدا. ② رىغبەت، ئىختىيار؛ راي: چىرايىدىن ئۇنىڭ مېنىڭ بىلەن داۋاملىق پاراڭلىشىشقا مەيلى بارلىقى بىلىنەتتى. ③ كۆڭۈلنىڭ مايىللىقى، رايى، خاھىشى؛ ئىشق، ھەۋەس: تۆمۈر خەلپە بۇ ئىككىيلەننى چېتىپ قويۇش خىيالىغا كېلىپ، ھۆسنارخاننىڭ مەيلىنى بىلىپ بېقىشنى روزىخانغا تاپشۇرغانىدى.

**مەيلى بار** كۆڭلى چۈشكەن، كۆڭلى بار: — ھە، گەپلەشتىم، مەيلى باردەك قىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى روزىخان ئۇنىڭ سوئالىغا.

**مەيلى چۈشمەك** ياخشى كۆرۈپ قالماق، مۇھەببەت پەيدا بولماق: ئەختەرنىڭ ئاشۇ يىگىتكە مەيلى چۈشكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئانىسى خېلى بۇرۇنلا سېزىپ قالغانىدى. * بىدە ـ بېدەك پىششىپتۇ، ئۆيگە مېھمان چۈشۈپتۇ. شۇنچە خەقنىڭ ئىچىدە، سىزگە مەيلىم چۈشۈپتۇ.

**مەيلى يوق** كۆڭلى چۈشمىگەن، كۆڭلى يوق، خالىمايدۇ: ئۇنىڭ ساڭا مەيلى يوق بولسا كېيىنگە كىرىۋالغىنىڭ بىكار. * مۆمىننىڭ بۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا زادىلا مەيلى يوق ئىكەن. * سەيلىخان ئاچا، — دېدى ئايشەم ئەزىزمىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — ھازىرچە تاماققا مەيلى يوق.

**مەيلى** ① يۈك. جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، رازى بولۇش؛ ئىختىيارىغا قويۇش، پەرۋا قىلماسلىق؛ تەۋەككۈل قىلىش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: — مەيلى، خاپا بولساڭ بولىۋەر، — دېدى دىلدار ماڭا سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن يەنە قوشۇمچە قىلىپ. ② يۈك. پەرەز بېقىندى جۈملىلەردىن كېيىن كېلىپ، ئۇنى توسقۇنسىز قارشىلىق بېقىندى جۈملىگە ئايلاندۇرىدۇ: ئۇ كەلمىسە مەيلى، يىغىننى ئېچىۋېرەيلى. ③ باغل. بۇيرۇق، تەلەپ مەيلىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئۇنى يەنە بىر خىل توسقۇنسىز قارشىلىق بېقىندى جۈملىگە ئايلاندۇرىدۇ: ۋەكىللەر مەيلى نەگە بارمىسۇن، قىزغىن قارشى ئېلىندى.

**مەيلىس** ئى [ئە] دىيال. تويدىكى قىز ئولتۇرۇشى؛ مەشرەپ، كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش، يىغىلىش.

**مەيلىچە** رەۋ. ئىختىيارىچە، خاھىشىچە، خىيالىچە: قۇرساق ـ نىڭ مەيلىچە بولسا، ئابرۇيۇڭنى قوشۇپ يەر (ماقال).

**مەينەت** سۈپ [ئە] كىر، پاكىز ئەمەس، پاسكىنا: مەينەت كىيىم. مەينەت قول. مەينەت ئادەم.

**مەينەتچىلىك** ئى. مەينەت ھالەت؛ پاسكىنىچىلىق: — راست، دېمىسىمۇ نېمىدېگەن مەينەتچىلىك بۇ، — دېدى يوغان ئادەم كالپۇكلىرىنى ھىمىرىپ.

**مەينەتلەشتۈرمەك** «مەينەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ھوي، بالام، چاپىنىڭنى نېمانچە مەينەتلەشتۈرگەنسەن؟ — دېدى ئانا بالىسىنىڭ لايغا مىلەنگەن چاپىنىغا قاراپ.

**مەينەتلەشتۈرۈشمەك** «مەينەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مەينەتلەشمەك** پ. مەينەت، پاسكىنا ھالغا كەلمەك: ئۇنىڭ ئۆزۈن ئورۇق پۇتلىرى مەينەتلىشىپ كەتكەن بولۇپ، داق يەردە خۇددى ئۆگزىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ھوشىدىن كەتكەندەك ياتاتتى.

**مەيۇس** سۈپ [ئە] يېزت. روھى چۈشكۈن، روھسىز، ئۈمىدسىز، غەمكىن، پەرىشان: مەيۇس ئادەم.

**مەيۇسانە** رەۋ [ئە + پ] مەيۇس قىياپەتتە، مەيۇس بولۇپ، مەيۇسلۇك بىلەن؛ غەمكىن: ئۇنىڭغا كەچۈرۈم سورىغان قىياپەتتە مەيۇسانە قاراپ قويۇپ، ۋايىت ئەپەندىنىڭ كەينىدىن مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم.

**مەيۇسلەندۈرمەك** «مەيۇسلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ئەھۋال مېنى مەيۇسلەندۈردى.

**مەيۇسلەنمەك** پ. مەيۇسلۇك ھېس قىلماق، مەيۇسلۇككە چۈشمەك، مەيۇس بولماق: — بىز ئەما، بۇنىڭغا نېمە ئامال! — دېدى شائىر مەيۇسلىنىپ.

**مەيۇسلۇك** ئى. مەيۇس ھالەت: ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن بىر خىل مەيۇسلۇك چىقىپ تۇراتتى.

**مەيۇسلىنىشمەك** «مەيۇسلەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىزلار نېمىنى ئويلىشىدۇ ۋە نېمە توغرىسىدا مەيۇسلىنىشىدۇ. بۇ بولسا قىزلارنىڭ بىزگە نامەلۇم بولغان ئىچكى سىرلىرى.

**مەيۋاز** ئى [پ] باشقىلار بىلەن بەسلىشىپ مەي ئىچىدىغان، مەيگە بەك بېرىلىپ كەتكەن، مەيگە ئامراق ئادەم: ئۇنىڭ دادىسى ئۆتۈپ كەتكەن مەيۋاز ئىدى.

**مەيۋازلىق** ئى. بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىپ مەي ئىچىش، مەيگە ھەددىدىن تاشقىرى بېرىلىش: ئۇلار سايىدە مەيۋازلىق قىلىشتى.

**مەيۋەن** ئى [خەن] تارس. ۋاڭغا ۋە ئائىلىسىگە لازىملىق نەرسىلەرنى بازاردىن سېتىۋالىدىغان كىشى.

**مەيىن** سۈپ ① پاختا، يىپەككە ئوخشاش يۇمشاق، قولغا يۇمشاق، سىلىق تېگىدىغان: مەيىن چاچ. ② يېنىك، لەرزان، يېقىملىق: مەيىن شامال.

**مو** I مىق [خەن] يەرنىڭ يۈزىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بىرلىكى. تەخمىنەن 666.7 كىۋادرات مېتىرغا تەڭ. ئادەتتە ئۇ گېكتارنىڭ 1/15 گە توغرا كېلىدۇ: بىر مو يەر. ئۈچ مو ئېتىز.

**مو سالماق** يەر ـ مەيدان، قورۇقلارنى مونى ئۆلچەم بىرلىكى قىلىپ ئۆلچىمەك، ئۆلچەپ چىقماق: دادام بىلەن ئىككىمىز پۈتۈن زېمىنىمىزنى مو سېلىپ ئۆلچەپ چىقىۋىدۇق، توپتوغرا بەش مو چىقتى.

**مو** II مىق [خەن] مەملىكىتىمىزنىڭ كونا پارچە پۇل بىرلىكى. ئۇ يۈەننىڭ ئوندىن بىرىگە يەنى ئون پۇڭغا توغرا

كېلىدۇ: ئىككى مو يۇل.

**مو** III مىق [ئىنگ] <فىز> توك ئۆتكۈزۈش بىرلىكى. ئۇنىڭ سانلىق قىممىتى ئۆتكۈزگۈچ قارشىلىقىنىڭ ئەكس سانىغا تەڭ. مەسىلەن، بىردانە ئۆتكۈزگۈچنىڭ قارشىلىقى ئۈچ ئوم بولسا، ئۇنىڭ توك ئۆتكۈزۈش بىرلىكى 1/3 مو بولىدۇ.

**موبى** ئى [خەن] قوي يۇڭى، قىل، ئاغمىخان تۈكى قاتارلىقلاردىن ياسىلىدىغان، خەت يېزىش، رەسىم سىزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل قەلەم: موي قەلەم.

**موتاتماق** «موتىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**موتاشماق** «موتىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**موتەك** ئى ① بىرەر نەرسىنىڭ كىچىككىنە تومپىيىپ چىقىپ قالغان جايى ياكى كۆتەك يېرى: دەرەخنىڭ موتىكى. ② كۆچمە. كىچىك باللارنى ئەركىلىتىپ ئېيتىلىدىغان «كىچىك ھەم يۇمىلاق، دىقماق» دېگەن مەنىدىكى سۆز.

**موتور** ئى ر<لات> <ماشىن>→ **دۋىگاتېل.**

**موتورخانا** ئى. موتور ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۆي.

**موتورلاشتۇرماق** «موتورلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**موتورلاشتۇرۇلماق** «موتورلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: موتورلاشتۇرۇلغان قىسىم.

**موتورلاشماق** پ. موتورلۇق قاتناش قوراللىرى بىلەن تولۇق قوراللانماق (ھەربىي قوشۇن ھەققىدە).

**موتورلۇق** سۈپ. موتورى بار، موتور ئورنىتىلغان: موتورلۇق كېمە.

**موتوسكلىت** ئى [ر] <قاتن> ئىچىدىن يانىدىغان دۋىگاتېل كۈچى ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان، مىنىشكە ئەپلىك ۋە تېز سۈرئەتلىك قاتناش قورالى.

**موتىماق** پ. چىمدىماق: ئادىلە بىلىكىمنى يېنىك بىر موتىدى ـ دە، كۆزۈمگە قىيا باقتى.

**موچەن** مىق [خەن] → **مو** II : سەككىز موچەن.

**موچەنلىك** سۈپ. موچەن قىممىتىدىكى، موچەنگە يارايدىغان: 12 موچەنلىك قەلەم.

**موچىن** ئى [پ] بەدەندىكى ئەھمىيەتسىز دەپ قارالغان تۈكلەرنى يۇلۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل قىسقۇچ ئەسۋاب.

**موخازا** ئى [خەن] ① ئالتۇندىن گۈل چىقىرىپ ياسالغان، دوپپىغا قادايدىغان قاداق، زىننەت بۇيۇمى. ② ئومۇمەن باش كىيىمنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئورنىتىلغان تۈرلۈك شەكىلدىكى سىمۋوللۇق بەلگىلەر.

**موخەك** ئى. ديال. كېكىردەك، بوغدىيەك.

**موخوركا** ئى [ر] كۆك تاماكىنىڭ يوپۇرماق ۋە ياغىچىنى قۇرۇتۇپ، ئۇۋاپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان بىر خىل تاماكا.

**موخوركىچى** ئى. مەخسۇس موخوركا ياساپ ساتىدىغان كىشى.

**مودا** ئى ر<فىران> ① مەلۇم بىر دەۋردە كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپ دەۋر سۈرگەن، بازار تاپقان ھەم كەڭ تارقالغان تۈرلۈك ئادەت، كىيىم ـ كېچەك ۋە شۇ قاتارلىقلار: مۇشۇنداق قارىسىغا ھەۋەس قىلىش بىزدە ھازىر مودا بولۇپ قالدى. ② شەكىل، پاسون، ياڭزا: سائادەت قىزىغا يېڭى مودىدا يوپكا تىكىپ بەرگەنىدى.

**مودەن** ئى [خەن] <بوت>→ **مودەنگۈل.**

**مودەنگۈل** ئى [مودەن + گۈل] <بوت> ① ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. داڭلىق مەنزىرە ئۆسۈملۈكىدۇر. يىلتىز پوستى دورا بولىدۇ. ئىسسىقنى ياندۇرۇش، قاننى جانلاندۇرۇش، ھەيزنى تەڭشەش روللىرىغا ئىگە. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مودېرنىزم** ئى ر<فىران> <ئەد> 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا فرانسىيە بۇرژۇئا ئەدەبىياتىدا پەيدا بولغان ئېقىم، بۇ ئېقىم مەزمۇنسىز سەنئەتنى تەرغىب قىلىدۇ.

**مودېل** ئى ر<فىران> ① بىرەر نەرسىنىڭ شەكلى ۋە تۈزۈلۈشىنى بەلگىلىك ماسشتاب بويىچە كىچىكلىتىش ئارقىلىق ياساپ چىقىلغان خۇددى شۇ نەرسىنىڭ ئۆزىدەك نەرسە، شەكىل: ئايروپىلان مودېلى. پاراخوت مودېلى. ② <گ سەن> رەسىم سىزىش، فوتو سۈرەت تارتىش ۋە ھەيكەلتىراشلىقتا شەكىل ئوبيېكتى قىلىنغان ھەيكەل، ئادەم ۋە باشقا نەرسىلەر. ③ مودا كىيىم كۆرەكلىرىدە، كىيىم پاسونلىرىنى كىيىپ تۇرۇپ ئاممىغا كۆرسىتىدىغان كىشىلەر.

**مودېللاشتۇرماق** «مودېللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مودېللاشتۇرۇلماق** «مودېللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مودېللاشماق** پ. مودېل ھالىتىگە كەلمەك، مودېلغا ئايلانماق.

**مودىلىق** سۈپ. مودا ھېسابلانغان، مودا بولۇپ قالغان: ئۆيدە زامانىمىزدىكى ئەڭ يېڭى مودىلىق جاھازلارنىڭ ھەممىسى بار ئىدى.

**مور** ئى [خەن] <بوت> → **قېرىنقۇلاق.**

**مورا** ئى [پ] ① ئوچاق، مەش ۋە تام مەش قاتارلىقلارنىڭ ئىسىنى چىقىرىش ئۈچۈن تامغا ئويۇپ ياكى يۆلەپ ياسالغان قۇرۇلما: ئاجايىپ چىرايلىق نەقىشلەنگەن مورىدا ئۈزۈك ئوتۇنى خۇش يۇراق چىچىپ كۆيۈپ تۇراتتى. ② تۈرخۇن: مورىدىن چىققاندەك بولۇپ كېتىپسەن.

**مورا بېشى** چىراغ، گۈڭگۈرت، سەرەڭگە قاتارلىقلارنى قويۇش ئۈچۈن ئوچاقنىڭ ئۈستىگە چىقىرىلغان تەكچە: دادام قارا چىراغنى پەم بىلەن مورا بېشىغا قويۇپ، يېنىمغا كېلىپ بېشىمنى سىلاپ، مىشىلداپ يىغلاپ كەتتى.

**مورىدىن تۈتۈن چىقارماق** ئاچ قالماي غورىگىل ياشىماق، قەدىر ئەھۋال ياشىماق: ـــ خۇداغا شۈكۈر، ئۆكام، ھەر ھالدا مورىدىن تۈتۈن چىقىرىۋاتىمىز، ـــ دېدى بوۋاي ماڭا تەبەسسۇم بىلەن.

**مورفولوگىيە** ئى ر<گرېك> ① <بىيول> ئورگانىزملارنىڭ سىرتقى ھالىتى، ئىچكى تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ② <تىل> تىلشۇناسلىقنىڭ سۆزلەرنىڭ گىرامماتىكىلىق تۈرلىرى (سۆز تۈركۈملىرى)نى، سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش قائىدىلىرىنى ۋە سۆزلەرنىڭ ھەر خىل گىرامماتىكىلىق شەكىللىرى ھەم

شۇلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن گىراماتىكىلىق مەنىلىرىنى، بۇلارنىڭ ھەر خىل قاتلام مۇناسىۋەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان قىسمى.

**مورفولوگىيەلىك** سۈپ. مورفولوگىيەگە ئائىت، مورفولو- گىيەگە مۇناسىۋەتلىك: ئۇيغۇر تىلى مورفولوگىيەلىك شەكىللەرگە ئىنتايىن باي تىل.

**مورفېما** ئى [ر<گىرېك] <تىل> تىلدىكى مەنىلىك بۆلەكلەرگە ئاجراتقىلى بولمايدىغان مەنە ئىپادىلىگۈچى ئەڭ كىچىك بىرلىك. ئەڭ كىچىك مەنىلىك بۆلەك.

**مورفىن** ئى [ر<گىرېك] <خىم> بىر خىل دورا، يەنى ئورگانىك بىرىكمە. ئاق رەڭلىك كىرىستاللىق ماددا، تەمى ئاچچىق زەھەرلىك، ئەپيۇندىن ياسىلىدۇ، دورىگەرلىكتە ئاغرىق پەسەيتكۈچى قىلىنىدۇ. داۋاملىق ئىشلەتكەندە ئوڭايلا خۇمار قىلىپ قويىدۇ.

**مورفىنىزم** ئى [ر] <تېب> مورفىننى ئۇزاق مۇددەت ئىستېمال قىلىش نەتىجىسىدە زەھەرلىنىشتىن بولىدىغان خۇمار، مورفىن خۇمارى.

**مورگانىزم** ئى [ر] <بىيول> ئامېرىكا بىيولوگىيە ئالىمى مورگان (Thomas Hunt Morgan) ياراتقان بىر خىل ئىرسىيەت تەلىماتى. مورگانىزم مېندېلىزمنىڭ ۋارىسى ۋە راۋاجى بولۇپ، ئىرسىيەتنىڭ ماددىي ئاساسى ھۈجەيرە خىروموسو- مىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان گېندىن ئىبارەت؛ ئېرىشىلگەن خۇسۇسىيەتلەر ئىرسىيەت بولۇپ قالمايدۇ دەپ قارايدۇ.

**مورلاتماق** «مورلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مورلاشماق** «مورلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۆت ئەخمەق ئۇرۇشقاندىمۇ شۇنداق بەتتەر ئۇرۇشۇپتۇكى، كىيىملىرىنى يىرتىشىپ، يۈز - كۆزلىرىنى مورلىشىپتۇ.

**مورلانماق** «مورلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىر چاغدا دەسسىلىپ - چەيلىنىپ، تۈگمىلىرىم ئۈزۈلۈپ، يۈز - كۆزلىرىم مورلىنىپ ئاران دېگەندە تالون يازدۇرۇپ، ئۇن جىڭلىتىدىغان ئۆيگە كىرە- لىدىم.

**مورلىماق** پ. تاتىلىماق، تىرناقلىرى بىلەن تاتىلاپ زېدە قىلماق: ئايتىللا ئۆزىنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى مورلاپ، چاچلىرىنى يۇلۇشقا باشلىدى.

**موروچەن** ئى. دىيال. تۈگمىنى تۈگمىگە سوقۇپ - ئۇرۇپ ئوينايدىغان بىر خىل بالىلار ئويۇنى.

**مورۇشۇ** ئى <بوت> ئۆرۈكنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسى نىسبەتەن يوغان ھەم گۆشلۈك بولۇپ، گۈلە قۇرۇتۇشقا ئىنتا- يىن باب.

**مورېنا** ئى [ر<فىران] <گېئول> مۇزلۇق يۆتكىلىپ دۆۋىلەنگەن تۇرلۇك ماددىلارنىڭ ئورتاق نامى.

**مورىگۇل** ئى. تۆمۈرچىلىكنىڭ يوغانىراق تۆمۈرلەرنى قىسىدىغان قىسقۇچى.

**مورىلىق** سۈپ. مورىسى بار، مورا چىقىرىلغان، مورا قويۇلغان: ئۆينىڭ غەرب تەرەپتىكى تېمىغا يۆلەپ، مورىلىق ئوچاق سېلىنغانىدى.

**موزا** ئى <بوت> ① سىر دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمىقى ئۇزۇن، تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى كىچىك، ئاق سېرىق رەڭدە. ئۇچكىلىك مېۋە تۇتىدۇ. ئەفسىس پىتى ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ئۈستىدە ياشايدۇ. ② شۇ خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى. تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ.

**موزاي** ئى. ئىنەكنىڭ كىچىك بالىسى.

**موزايلاتماق** «موزايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**موزايلىق** سۈپ. موزىيى بار، موزاي ئەگەشتۈرۈۋالغان: موزايغا ئىگە: ئۇ ھېلىقى موزايلىق ئىنىكنى يېتىلەپ كېلىۋاتاتتى.

**موزايلىماق** پ. موزاي تۇغماق (ئىنەك ھەققىدە): ئۇنىڭ ئىنىكى موزايلاپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ھارام بولۇپ قالدى.

**موزايبېشى** ئى [موزاي+باش+ى] <زوئول>بىر خىل ھاشارات. دۈمبىسى چاي رەڭگىدە، قورسىقى سارغۇچ قوڭۇر بولىدۇ. ئالدىنقى پۇتى تەرەققىي قىلغان، ئوتىغۇچ شەكلىدە، تۇپا كولاشقا ماسلاشقان. قۇيرۇق قىلچىلىرى بولىدۇ. لاي تۇپراقتا ياشايدۇ، كېچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ نوتىلىرىنى يەيدۇ.

**موزدۇز** ئى [پ] ئاياغ كىيىملىرىنى تىكىدىغان ھۈنەرۋەن، ئۇستا.

**موزدۇزخانا** ئى. موزدۇزلارنىڭ ئاياغ كىيىم تىكىدىغان ئۆيى، موزدۇزلار ھۈنەر قىلىدىغان ئۆي: مەن موزدۇزخانىغا يەنە بېرىپ، ھېلىقى ئۆتۈكنى سۈيلەپ كەلدىم.

**موزدۇزلۇق** ئى. مەخسۇس ئاياغ كىيىملىرىنى تىكىش كەسپى، ھۈنىرى: ئوغلۇم موزدۇزلۇقنى خېلى ئۆگىنىپ قالدى.

**موزىچىلار** ئى <پەلس> دەسلەپكى چىن سۇلالىسى دەۋرى- دىكى بىر خىل سىياسىي، ئىدىيەۋى ئېقىم. ئاساسچىسى موزى (مودى). ئۇ كىشىلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئۆزئارا كۆيۈنۈشى ۋە قوشنا ئەللەرنىڭ ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىقىنى تەشەببۇس قىلغان.

**موس** تەق. بىرەر نەرسىنىڭ بوش، يۇمشاق بىر نەرسە ئۈستىگە چۈشۈشى، كىرىشى قاتارلىقلاردىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: — كاسامغا موسلا قىلىپ يىڭنە سانجىدى شۇ! — دېدى بالا ماڭا قاراپ شوخلۇق بىلەن.

**موسسىدە** رەۋ. موس قىلىپ، موس قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «موس» قىلغان ھالدا: موسسىدە كىرمەك.

**موس - موس** ① «موس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② قاتتىق، چۇرۇك ئەمەس، يۇمشاق: موس - موس قوغۇن.

**موسۇلداتماق** «موسۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**موسۇلدىماق** پ. «موس - موس» قىلغان ئاۋاز چىقارماق.

**موك** تەق. بىرەر ئىشنىڭ ناھايىتى تېز، بىردىنلا بولغانلى- قىنى بىلدۈرىدىغان سۆز: موك چۈشمەك. موك سالماق.

**موكا** ئى [پ] ① توقۇمىچىلىقتا رەختلەرنىڭ ئۆرۈشىگە ئارقاقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش رولىنى ئوينايدىغان نەرسە، ئىككى ئۇچى ئىنچىكە، ئوتتۇرىسى تومراق بولغان توقۇش سايمىنى: ئۇ دادىسىنىڭ دەستىگاھى يېنىدا موكىغا يىپ تۇردى. ② تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئاستىنقى يىپىنى ئۈستىگە چىقىرىپ بېرىش رولىنى ئوينايدىغان كىچىك غالتەككە ئوخشاش نەرسە.

**موككىدە** رەۋ. «موك» قىلىپ، موك قىلغان ھالدا: ئۇ: — ئازراق دەم ئالايلىچۇ، — دېدى ـ دە، موككىدە ياتتى.

**موكلىماق** پ. ئالدىماق، گوللىماق، ھىيلە ئىشلىتىپ باشقىلارنى پايدىدىن قۇرۇق قويۇپ، ئۆزى نەپ ئالماق: — ھە، — دېدى ئۇ قىيسىق كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — سەنزە مېنى راسا موكلاي دېگەنىكەنسەن ـ دە! ھۇ ئەخمەق!

**موك ـ موك** «موك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: — ئالدىمىزغا كەلگەننىلا موك ـ موك سوقىمىز دېسەكمۇ بولماس، — دېدى ئۇ سەل ئېھتىيات قىلغاندەك قىلىپ.

**موكىبېلىق** ئى [موكا + بېلىق] <زوئول> بېلىقلار تۈركۈمىنىڭ مۇللىبت بېلىقى ئائىلىسىگە كىرىدۇ. ئېلىمىز ۋە چاۋشيەن، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ دېڭىز بويلىرىغا تارقالغان. بېقىپ ئۆستۈرۈشكە بولىدۇ.

**موكىسمان** سۈپ ① شەكلى موكىغا ئوخشايدىغان: موكىسمان باكتېرىيە. ② موكىغا ئوخشاش، ئۇ تەرەپتىن بۇ تەرەپكە، بۇ تەرەپتىن ئۇ تەرەپكە توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان: موكىسمان دىپلوماتىيە.

**موگو** ئى [خەن] <بىيول> بازىدىيەلىك زەمبۇرۇغلار كىلاسى، قالپاقلىق زەمبۇرۇغلار ئائىلىسىدىكى ئوزۇق قىلىنىدىغان بىر خىل زەمبۇرۇغ. قاتلاقلىرى يۇمران ۋاقتىدا ئاچ بېغىر رەڭ بولۇپ، كېيىن قارىيىدۇ. سېپى ئۈستىدە ھالقىسى بولىدۇ. زەمبۇرۇغ يىپچىسىنىڭ ئۆسۈشىدىكى ئەڭ مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا 22℃، خالتا تەنچىسىنىڭ بولسا 16℃ ئەتراپىدا بولىدۇ. ئات، كالا تېزەكلىرى ياكى چوشقا قىغى بىلەن شال پاخىلى ياكى مەڭگەن بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ، دۆۋىلەپ چىرىتىلىپ ئۇنىڭ ئۆستۈرگۈچىسى قىلىنىدۇ. ئادەتتە كۈز، قىش ۋە ئەتىيازدا ئۆستۈرۈش ئەڭ مۇۋاپىق، دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆستۈرۈلمەكتە.

**موڭغۇل** ئى<ئىرق>مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىغا مەركەزلەشكەن. ئۇنىڭدىن قالسا لياۋنىڭ، جىلىن، شىنجاڭ، خېيلۇڭجياڭ، چىڭخەي، خېبېي، خېنەن، گەنسۇ قاتارلىق جايلارغا تارقاق ئولتۇراقلاشقان. چەت ئەللەردىن تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە رۇسىيە، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ بار.

**موڭغۇل ئىرقى** <ئىرق> دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ ئىرقنىڭ بىرى. بۇ ئىرقتىكىلەرنىڭ چىرايى سېرىق، چاچلىرى قارا ۋە تۈز، يۈزى ياپىلاق كېلىدۇ، ئۇلار ئاساسەن ئاسىيانىڭ شەرقى ۋە شەرقىي جەنۇبىغا تارقالغان.

**موڭغۇلچە** ① سۈپ. موڭغۇللارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: موڭغۇلچە يېزىق. موڭغۇلچە كىيىم. موڭغۇلچە ئۇسسۇل. موڭغۇلچە ئادەت. ② ئى. موڭغۇل تىلى: ئۇ موڭغۇلچىنى ياخشى بىلىدۇ. ③ رەۋ. موڭغۇل تىلىنى ئىشلىتىپ، موڭغۇل تىلىدا: موڭغۇلچە سۆزلىمەك.

**موڭغۇللاشتۇرماق** «موڭغۇللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**موڭغۇللاشتۇرۇشماق** «موڭغۇللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**موڭغۇللاشتۇرۇلماق** «موڭغۇللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**موڭغۇللاشماق** پ. موڭغۇللاردەك بولۇپ كەتمەك، موڭغۇل بولۇپ كەتمەك، موڭغۇللارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، مەدەنىيىتى، پسىخىكىسى قاتارلىقلارنى ئۆزىگە سىڭدۇرمەك: تىل جەھەتتە تۈركىيلىشىش بىلەن ئىرق جەھەتتە موڭغۇللىشىش دەۋر نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، مۇتلەق بىر دەۋر ئىچىدە يۈز بەرگەن ئەمەس ۋە پاراللېل بولغانمۇ ئەمەس.

**مول** I مىق [ئىنگ] <فىز> ماددا مىقدارىنىڭ بىرلىكى. بەلگىسى «MoL». ئۇ خەلقئارا بىرلىكلەر سىستېمىسىدىكى ئاساسىي بىرلىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مەلۇم بىر ماددا سىستېمىسى تەركىبىدىكى زەررىچىلەرنىڭ (مەسىلەن، مولېكۇلا، ئاتوم، ئىيون، ئېلېكترون ۋە باشقا زەررىچىلەرنىڭ) سانى، ماسسىسى 0.012 كىلوگرام كېلىدىغان كاربون — 12 ($^{12}C$) تەركىبىدىكى ئاتوملارنىڭ سانىغا تەڭ بولسا، بۇ ماددىلارنىڭ مىقدارى بىر مول بولىدۇ.

**مول** II سۈپ ① ناھايىتى كۆپ، جىق، نۇرغۇن: يۇرتىمىزنىڭ بايلىقى مول، يەرلىرى كەڭرى. ② يېتەرلىك دەرىجىدە كۆپ (داستىخان ھەققىدە): — ناھايىتى مول داستىخان بوپتۇ، — دېدى ھوشۇر نان ئوشتۇۋېتىپ. ③ مەزمۇن، دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، خىلمۇخىل تېمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان (گەپ ـ سۆز قاتارلىقلار ھەققىدە): ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ناھايىتى مول بولدى، دېيىشمىگەن گەپلىرى قالمىدى.

**مولاتماق** «مولىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مولاشماق** «مولىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مولانماق** «مولىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مولچىلىق** ئى. ھەممە نەرسە مول بولۇپ، ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغان ھالەت؛ پاراۋانلىق: ۋاي ـ ۋۇي! نېمانچە مولچىلىق بۇ؟

**موللا** ئى [ئە] ① دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ ئىسلام دىنى بىلىملىرى ھەققىدە بەلگىلىك سەۋىيەگە يەتكەن كىشى، ئىسلام دىنى ئەربابى: ئاللا بەرمىگەننى موللا بەرمەس (ماقال). * ئۇستا باردا قولۇڭنى تارت، موللا باردا تىلىڭنى (ماقال). ② كىشىلەرگە دىنىي تەلىم بەرگۈچى، ئىسلام دىنىي بىلىملىرىنى ئۆگەتكۈچى كىشى؛ ئۇستاز؛ ئوقۇتقۇچى: خوجا سەئىد قىزىنى موللىغا ئوقۇغىلى بەرگەنىكەن. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى

**موللا تاپقاق** بىر ئىشلارنى ئاسانلا بىلىۋالىدىغان، بايقىۋالىدىغان كىشى؛ سەزگۈر كىشى: ئۆزۈڭمۇغۇ بەك موللا تاپقاق، چاقىرغاندەكلا كەلگىنىڭنى قارا.

**موللا مۇشۇك** بەك ياۋاش، قورقۇنچاق، ھېچبىر ئىشنى جۈرئەتلىك قىلالمايدىغان: ۋاي بىچارە، بەزىبىر ئىشلارغا كەلگەندە يۈرىكىڭ قاپتەك قىلغان بىلەن، خوتۇنۇڭنىڭ ئالدىغا بارغاندا موللا مۇشۇك بولۇپ قالىدىكەنسەن ـ دە؟

**موللاتماق** پ. كۆپەيتمەك، جىقايتماق، ئاۋۇتماق.

**موللاشتۇرماق** «موللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ شىپاخانا مىللىي دورا ـ دەرمەكلەرنى موللاشتۇرۇپ،

خېرىدارلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

**موللاشتۇرۇلماق** «موللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن داستىخان تېخىمۇ موللاشتۇرۇلدى.

**موللاشماق** پ. كۆپ، نۇرغۇن بولۇپ كەتمەك؛ مول ھالەتكە كەلمەك: يېمەك ـ ئىچمەكىمىز موللىشىپ كەتتى.

**موللاق** ئى [ئە] بېشى يەردە، پۇتى بوشلۇقتا تۇرۇش؛ پۇتىنى بوشلۇققا، بېشىنى يەرگە قىلىش ھەرىكىتى: باللار يۇمشاق پاخالدا موللاق ئېتىشىپ تۆۋەنگە قاراپ قېچىپ كېتىشتى.

**موللاق ئاتماق** ① سەكرەپ بېشىنى يەرگە، پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ، پۇتىنى بېشىدىن ھالقىتىپ، يەنە پۇتى بىلەن يەرگە چۈشمەك: مەن بۇنى ئىمىر ئادىشىم بىلەن موللاق ئېتىپ ئوينىغان قۇمدىن تېپىۋالدىم. * ئۇ تېرەكتىن موللاق ئېتىپ چۈشۈپ، يانپېشىنى سۇندۇرۇۋالغان. ② كۆچمە. بېشى يەرگە، پۇتى ئاسمانغا بولۇپ يىقىلماق: ئۇ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىغا مەھكەم يېپىشىۋالغانلىقتىن، سۇغا موللاق ئېتىشتىن ساقلىنىپ قالدى. ③ كۆچمە. ھوقۇقىدىن، مەنسىپىدىن ئايرىلىپ قالماق؛ ئاغدۇرۇلماق: بېيجىڭ خانى ئاللىقاچان موللاق ئاتتى.

**موللاقچى** ئى ① موللاق ئېتىشتا ئۇستا كىشى ياكى نەرسە: موللاقچى بالا. موللاقچى كەپتەر. ② كۆچمە. پاھىشە، بۇزۇق، ئەخلاق ـ ئىستىلى ناچار ئايال.

**موللاقلىماق** پ ① موللاق ئاتماق: يەنە بىرنەچچە ئات يۈگۈرگەن پېتى موللاقلاپ چۈشۈپ يېتىپ قالدى. ② كۆچمە. ئاغدۇرۇلماق، غۇلماق، ئوڭۇشسىزلىقتا يولۇقماق: روزى موللاقلىدى، ئەمدى رەيھانەمگە كەلدى.

**موللام** ئى «موللا» سۆزىنىڭ ھۆرمەت شەكلى: ـــ موللام كەلدى، ئالدىغا چىقىڭلار، ـــ دېدى زەينەپخان ئېرىنىڭ يېڭىنى تارتىپ.

**موللاۋى** ئى <بوت> ئۆرۈكنىڭ بىر خىل سورتى.

**موللىقوپقاق** ئى [موللا + قوپقاق] بىر خىل باللار ئويۇنچۇقى.

**موللىلىق** ئى. موللىغا خاس ئادەت، قىلىق، ھەرىكەت: سېنىڭ بۇ چىرايىڭدىن موللىلىق كۆرۈنمەيدۇ، مەكتەپتە ئوقۇغانمىدىڭ؟

**مولۇق** I سۈپ. كۆلىمى موغا تەڭ كېلىدىغان، مو ئۆلچەمىدىكى: ئالتە مولۇق يەر.

**مولۇق** II سۈپ. مو قىممىتىدىكى، «مو» دەپ ئاتىلىدىغان: بىرمولۇق پۇل.

**مولۇن** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچىلەر كىلاسى مۈشۈك ئائىلىسىدىكى ھايۋان. مۈشۈككە ئوخشايدۇ. تېنى قوپال ھەم قىسقا، قۇلىقى قىسقا ھەم يۇمىلاق، ئىككى قۇلىقىنىڭ ئارىلىقى يىراقراق بولىدۇ. پۈتۈن تۈكى سېرىق، دۈمبىسى توق، قورسىقى سۇس، تىۋىتى قېلىن ھەم زىچ بولىدۇ. تېرىسى خېلى ئەتىۋارلىق بولۇپ، جۇۋا ياكى باش كىيىملىرىنى تىككىلى بولىدۇ.

**مولېكۇلا** ئى [ر<لات] <خىم> ماددىلارنىڭ ئەسلىدىكى بارلىق خىمىيەلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلىغان ۋە مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان ئەڭ كىچىك زەررىچە. ئاتومدىن تۈزۈلىدۇ.

**مولېكۇلالىق** ① سۈپ. مولېكۇلاسى بار، مولېكۇلاغا ئىگە: مولېكۇلالىق باغ. مولېكۇلالىق ئېرىتمە. ② رەۋ. مولېكۇلا ئارقىلىق: مولېكۇلالىق شالغۇتلاشتۇرۇش. مولېكۇلالىق چېچىلىش.

**مولىبدېن** ئى [ر<گىرېك] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Mo (Molybdaenum). قاتتىق، كۈمۈش رەڭلىك كىرىستال. ئالاھىدە پولات ئىشلەپچىقىرىشتا ھەم ئېلېكتىرلىك ئەسۋابلار سانائىتىدە قوللىنىلىدۇ.

**مولىبدېنىت** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيەلىك تەركىبى $MoS_2$ . تەركىبىدىكى مولىبدېن 60% بولىدۇ. كۆپىنچە رېنىي تەركىبلىك كېلىدۇ. ئۇ ئوخشاش بولمىغان كۆپ شەكىللىك تۇردە بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ئۈچ ياقلىق ۋە ئالتە ياقلىق كىرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. كىرىستالى كۆپىنچە ئالتە ياقلىق تاختىسىمان بولۇپ، قۇراشمىسى قاسىراقسىمان كېلىدۇ. رەڭگى كۈل رەڭ، ئىز سىزىقى يېشىلغا مايىل قارامتۇل كۈل رەڭ بولىدۇ. مېتال پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى 1، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 4.7 ـــ 5.0. ياپراقچىلىرى ئېگىلىشچان، سىلىق بىلىنىدۇ.

**مولتىلماق** «مولاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مولىماق** پ. يەر كۆلىمىنى مونى ئاساسىي ئۆلچەم بىرلىكى قىلىپ ئۆلچىمەك، مو سالماق: ـــ تېگى بىلەن مولاپ بەرمىگەن يەرنى مېنىڭ دېگىلى بولامدۇ؟ ـــ دېدى ئۇ.

**موم** ئى [پ] <خىم> ھايۋانات مېيى، مىنېرال ياكى ئۆسۈملۈكلەردىن ئېلىنىدىغان مايسىمان يۇمشاق ماددا. ئېلاستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە، ئاسان سۇيۇقلىنىدۇ. سۇدا ئېرىمەيدۇ، كاربون سۇلفىد ۋە بېنزولدا ئېرىيدۇ. مەسىلەن، سېرىق موم، ئاق موم ۋە پاراتىن قاتارلىقلار. ئادەتتە ئۇ سۇدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە شام ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ: مانجۇلار سېپىل ئۆگەكلىرىنىڭ كەينىدىن تۆۋەندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا خىش ئېتىپ، ئوت چېچىپ، قايناق موملارنى تۆكۈپ، ئوق بوران قىلىپ تۇراتتى.

**موم بولماق** يۇمشىماق، ئېرىمەك؛ يۇمشاپ ئەيۋەشكە كەلمەك، كۆنمەك: ـــ ۋۇ ئىززىتىنى بىلمىگەن جاھىل، نى ـ نى جاھىللار مېنىڭ قولۇمدا موم بولغان. مەن سېنى ئىنكاھلاپ ئالغان مەن! ـــ دېدى ئۇ ئانارخانغا يېقىنلاپ.

**موما** I ئى [خەن] ← **ھورنان:** دىۋانە ئايال ئالىقىنىدىكى ئاق مومىنى ئىككىگە بۆلدى ـ دە، يېرىمىنى قىزغا بەردى.

**موما** II ئى. خامىنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىك قادالغان خادا، بادرا: ئۇ ماغدۇرسىزلىنىپ مومىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

**موما** III ئى ① ئاتا ياكى ئانىنىڭ ئانىسى (پەرزەنتلەرگە نىسبەتەن): مومىسى ئۇنىڭغا چوڭ دادىسىنىڭ ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭىدىكى چىلىرىدىن ئىككەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ بەرگەن. ② قېرى ئاياللارنى ھۆرمەتلەپ ئېيتىلىدۇ: ـــ موما، سىلى ئولتۇرسىلا، ـــ دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىدا تۇرغان قېرى ئايالغا.

**موماي** ئى. قېرى ئايال، ياشانغان خوتۇن، كەمپىر: ئاپتوبۇسقا چىقالماي، سىلىق مۇزدا تېيىلىپ، سومكا تۇتقان بىر موماي، يەرگە چۈشتى يىقىلىپ.

**مومسىق** سۈپ [ئە] پىخسىق، بېخىل، نامەرد: تەبىئەت شۇنچىلىك سېخىي ۋە شۇنچىلىك بېخىلكى، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ بەزىلەرگە پۈتۈن گۈزەللىكىنى ئاتا قىلىۋېتىدۇ، يەنە بەزىلەرگە بولسا ئۆتۈپ كەتكەن مومسىق ـ تە!

**مومسىقلىق** ئى. پىخسىقلىق، بېخىللىق، نامەردلىك:

مومسىقلىق قىلماق.

**مومقا** ئى <گ سەن> نەقىشىنىڭ تېگىنى تازىلايدىغان ئەسۋاب.

**موملاتماق** «موملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ شاگىرتىغا موملاتقان يىپ بىلەن مەسىنىڭ بېشىنى تىكىشكە باشلىدى.

**موملاشماق** «موملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**موملانماق** «موملىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مىيىر موملانغان يىپ بىلەن ئۆتۈك قونچىنى تىكىۋاتاتتى.

**موملىماق** پ. موم سۈركىمەك: موزدۇز ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماستىن يىپنى موملاۋاتاتتى.

**مومېنت** ئى [ر] مەزگىل، پەيت، دەۋر: ھازىر بىز مۇھىم بىر تارىخىي مومېنتقا دۇچ كېلىپ قالدۇق.

**مومېنتلىق** سۈپ. بەلگىلىك پەيت، ۋاقىت ئىچىدە ئورۇنلىنىدىغان: مومېنتلىق مۇزىكا.

**مومخەي** ئى. دىيال. پاختىلىق ئاياغ.

**مۇناتىست** ئى [ر<نېم<گىرېك] <گېئول>بىر خىل مىنېرال. تەركىبىدە كۆپىنچە تورىي، سىركونىي قاتارلىقلار بولىدۇ. يەككە ياقىلىق كىرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. رەڭگى ئاچ سېرىق ياكى قوڭۇر، سىمولا پارقىراقلىقىغا ئىگە، قاتتىقلىقى 5 — 5.5، سۈنۈق يۈزى قۇلۇلە قېپى ھالىتىدىن رەتسىز ھالەتكىچە بولىدۇ. سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 5.1، ئادەتتە رادىيوئاكتىپلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

**موناخ** ئى [ر<گىرېك] <دىن> تەركىدۇنيا بولۇپ كاتولىك دىنى ياكى پىراۋۇسلاۋىيە دىنىنىڭ موناستىرلىرىدا ياشىغۇچى كىشى؛ راھىب.

**مونارخىزم** ئى [ر] <پەلس> پادىشاھلىق تۈزۈمنى دۆلەت تۈزۈمىنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق فورمىسى دەپ ھېسابلايدىغان ئەكسىيەتچىل سىياسىي ئېقىم، يۈنىلىش.

**مونارخىست** ئى [ر] مونارخىزم تەرەپدارى.

**مونارخىيە** ئى [ر<گىرېك] <پەلس> پادىشاھلىق تۈزۈم.

**مونارخىيەلىك** سۈپ. مۇنارخىيەگە، پادىشاھلىق تۈزۈمگە ئائىت.

**موناستىر** ئى [ر<گىرېك] <دىن> كاتولىك دىنى ۋە پىراۋۇسلاۋىيە دىنى راھىبلىرىنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان، تۇرىدىغان جايى؛ چېركاۋ.

**مونەك** I ئى ① كاللەك، توپ: قارمونەكلىرى. ياغاچ مونەكلىرى. ② كۆچمە. مۇرەككەپ، چىگىش، مالىماتاڭ: ئۇلار ھەممىنى ئىلەشتۈرۈپ مونەك قىلىپ قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى.

**مونەك** II ئى. ئۇرۇقچىسى ئېلىنمىغان شاپتۇل قېقى.

**مونەك** III ئى. دىيال <يېم> قوناق ئۇنىدا تۈگۈلگەن گۆشلۈك جۇۋاۋا.

**مونەكچە** ئى. كىچىك مونەك: ئۇ چاشقان مايىقىدەك مونەكچىلەرنى چىلىمنىڭ ئوتخانىسىغا ئېھتىيات بىلەن سېلىپ، ئوت تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قومۇش نەيچىنى شوراشقا باشلىدى.

**مونەكسىمان** سۈپ. مونەككە ئوخشايدىغان، مونەك شەكلىدىكى: مەدەستان ئاسان سۇنىدۇ، سۇندۇرۇلغان يۈزى قىزىلغا مايىل قوڭۇر رەڭ كېلىدۇ، ئۆلچەمسىز، مونەكسىمان بولۇپ، سىرتقى كۆرۈنۈشى قوپال كېلىدۇ.

**مونەكلەشتۈرمەك** «مونەكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مونەكلەشتۈرۈلمەك** «مونەكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مونەكلەشمەك** پ. مونەك ھالەتكە كەلمەك، مونەك بولماق: مونەكلىشىپ كەتكەن لاي ئۆتۈكنىڭ ئىچىگە تولۇپ كەتكەنىدى.

**مونەكلەنمەك** «مونەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مونەكلىمەك** پ. مونەك قىلماق، مونەك ھالغا كەلتۈرۈلمەك.

**مونەك ـ مونەك** نۇرغۇن مونەك، بىرقانچە مونەك؛ ناھايىتى كۆپ مونەك: تېخى ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە مونەك ـ مونەك پۇل ئالىسىلەر دېگىنىچۇ؟!

**مونتاژ** ئى [ر<فىران] ① <ئەد> بىر ياكى بىرنەچچە بەدىئىي ئەسەردىن ئېلىنغان ئايرىم ئېپىزوت ۋە كۆرۈنۈشلەردىن تەشكىل تاپقان بەدىئىي ئەسەر. ② <كىنو> كىنو، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ساھەلەردە ئايرىم بەدىئىي ئەسەرلەر ياكى ئۇلارنىڭ بۆلەكلىرىنى ئومۇمىي ماۋزۇ ھەم سۇژىتىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ كىرىشتۈرۈش . ③ مۇشۇنداق ئۇلاپ، كىرىشتۈرگۈچى كىشى .

**مونتاژلىق** ئى. كىنو، رادىيو ـ تېلېۋىزىيەنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم بۆلەك ۋە كۆرۈنۈشلىرىنى كىرىشتۈرۈش ئىشى: مونتاژلىق قىلماق.

**مونجاق** ئى. دىيال. ھالقا، مونچاق.

**مونچاق** ئى ① ئەينەك، پارقىراق تاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن زىننەت بۇيۇمى ئۈچۈن ياسالغان، يىپقا ئۆتكۈزۈپ بويۇنغا ئاسىدىغان دانە ـ دانە يۇمىلاق بۇيۇم: قىز قولىدىكى قىممەت باھالىق گۆھەر مونچىقىنى كەمبەغەل يىگىتكە بېرىپتۇ. ② كۆچمە. سۇ، سىماب قاتارلىق نەرسىلەردىن ھاسىل بولغان يۇمىلاق بۆلەك؛ تامچە: ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسىدە تەر مونچاقلىرى پارقىرايتتى.

**مونچاققوراي** ئى [مونچاق + قوراي] <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك.

**مونچاقلىماق** پ. مونچاق ھالىتىگە كەلمەك، مونچاققا ئوخشىماق: بەگمەت قالپىقىنى ئېلىپ پېشانىسىدىكى مونچاقلاپ ئېقىۋاتقان تەرلىرىنى ئېرتتى.

**مونچاق ـ مونچاق** ناھايىتى نۇرغۇن مونچاق، كۆپ مونچاق: ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى مونچاق ـ مونچاق بولۇپ، مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشمەكتە ئىدى.

**موندەك** I سۈپ. دىيال. تولغان، كېلىشكەن (ئەرلەر ھەققىدە).

**موندەك** II ئى. دىيال ① قوناق مەدىكى؛ كۆممىقوناق شېخىنىڭ كۆتىچىكى. ② كىچىك چۆگۈن.

**مونزونىت** ئى [ر] <گېئول> چوڭقۇرلۇقتىكى ئوتتۇرا جىنسىنىڭ بىر خىلى. جىنس خۇسۇسىيىتى ئورتوكلاز بىلەن دىيورىتنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ.

**مونزونىتلىق** سۈپ. مونزونىت ياكى ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئىگە: مونزونىتلىق قۇرۇلما.

**مونوپول** سۈپ [ر<گىرېك] ① مونوپولىيە پىرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغان: مونوپول كاپىتال. مونوپول باھا. مونوپول پايدا. مونوپول يەر ئىجارىسى.② مونوپولىيەگە ئائىت: مونوپول بۇرژۇئازىيە. مونوپول كاپىتالىزم.

**مونوپولچىلىق** ئى. مونوپول قىلىش ئىش – ھەرىكىتى.

**مونوپوللۇق** سۈپ. بىرەر سودا ياكى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك كونترول قىلىۋالغان، مونوپول قىلىۋالغان: ئامېرىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ سانائەتتىكى مونوپوللۇق ئورنى ئاجىزلاشتى.

**مونوپولىيە** ئى [ر<گىرېك] <س ئىق> ئاز ساندىكى چوڭ كاپىتالىستىك كارخانىلار ياكى ئىگىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ يۇقىرى پايدا ئېلىش مەقسىتىدە مەلۇم تاۋارلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە سېتىلىشىنى ئۆزگىچە ئىگىلىۋېلىشى، كونترول قىلىۋېلىشى: بۇنداق مونوپولىيە جەمئىيەت ساھەسىدە ئەڭ مەركەزلىك ئەكس ئېتىپ، بىرەر كۈچلۈك تۈزۈم، بىرەر كۈچلۈك فورماتسىيە ئاجىز بولسىمۇ ھاياتىي كۈچكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەندىزە ياكى جامائەتچىلەرنى، يېڭىدىن بىخ سۈرۈۋاتقان پارلاق ئىجتىمائىي غايىلەرنى چەكلىمەكتە.

**مونوپولىيەچى** ئى. بىرەر سودا ياكى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك كونترول قىلىۋالغۇچى، مونوپولىيە قىلىۋالغۇچى.

**مونولوگ** ئى [ر<گىرېك] ئەسەر تەركىبىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىگە ياكى باشقا پېرسوناژلارغا ۋە ياكى تاماشىبىنلارغا قارىتىپ ئېيتقان سۆزى.

**مونىزم** ئى [ر<گىرېك] <پەلس> ھەممە نەرسىلەرنىڭ ئاساسى بىر دەپ قارايدىغان پەلسەپىۋى تەلىمات.

**موھتاج** ئى [ئە] بىرەر نەرسىگە بولغان ئېھتىياجلىق؛ ھاجەتمەنلىك: مەن ئۆزۈمنىڭ سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە نەقەدەر موھتاج ئىكەنلىكىمنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن.

**موھتاجلىق** ئى. يوقسۇزلۇق، كەمبەغەللىك، بىچارىلىك، قول – ئىلكىدە يوقلۇق: مەن بۇ ئىشنى ئىنتايىن ئاچلىق ۋە موھتاجلىقتىن قىلدىم.

**موۋۇت** ئى. ئۆڭ تەرىپى سىلىق قىلىپ پۈتۈنلەي يۇڭدىن ياكى يۇڭ ئارىلاشتۇرۇلغان ماتېرىياللاردىن توقۇلغان بىر خىل رەخت: رەھبەرلىك ئىشخانىسىدا موۋۇت قاپلانغان كىرېسلولار قاتار تىزىۋې-تىلگەنىدى.

**موي** ئى [پ] ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ تېنىدىكى تۈك، قىل: موي تارىماق. مويىنىمۇ تەۋرىتەلمەسلىك.

**مويەكچە** ئى. دىيال. چوتكا.

**مويچى** ئى. يۇڭ، قىل تۈرىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ – ساتقۇچى، شۇنداق سودا بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.

**مويچىلىق** ئى. يۇڭ، قىل تۈرىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ – سېتىش سودىسى، كەسپى.

**مويسىپىت** سۈپ [پ] چاچ – ساقاللىرى ئاقارغان، ياشانغان، پېشقەدەم، چوڭ: مويسىپىت ئادەم.

**مويسىپىتلىك** ئى. پېشقەدەملەرگە خاس خۇسۇسىيەت، قىلىق: — مەنمۇ ئاددىي ئادەم، سەپەردە جەددىي ئىشلاردا مويسىپىتلىك قىلىشنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ — دېدى ھاكىم ئۇلارنى توسۇپ.

**مويكا** ئى [ر] تۈرلۈك يۇڭ، قىل تۈرىدىكى خام ماتېرىياللارنى تۈرگە ئايرىپ، تازىلاپ ئۆتكۈزۈۋالىدىغان ياكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئورۇن: سىرتتىن كەلتۈرۈلگەن تاي – تاي يۇڭلار بۇ مويكىنىڭ شارقىراپ سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان تۆت چوڭ نورىغا تاشلىنىپ يۇيۇلۇپ چىقاتتى.

**مويلۇق** سۈپ. مويى بار، مويى ئۆسكەن؛ موي ئورنىتىلغان، موي بېكىتىلگەن: مويلۇق ئەدىيال.

**موينا** ئى [پ] بەزىبىر ھايۋانلارنىڭ كىيىم – كېچەك ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولىدىغان يۇڭلۇق تېرىسى.

**موينەكەش** ئى. تېرە – موينى تارايدىغان كىچىك تۆمۈر ئارا.

**موينىلىق** سۈپ. موينىسى بار، موينىدىن تىكىلگەن (ئىشلەنگەن)، تەييارلانغان: ھازىرقى كۈندە ئىجارە ئېلىش مۇمكىن بولمايدىغان ھېچ نەرسە قالمىدى. شوتا، چىم قىرقىيدىغان ماشىنىلار، موينىلىق جۇۋىلار ۋە داڭلىق رەسساملار سىزغان رەسىملەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى... قىسقىسى توخۇ سۈتىدىن باشقىسىنىڭ بەرى تېپىلىدۇ.

**مۇئاپ** ئى [ئە] يېزت. بىرەر گۇناھ، سەۋەنلىك ياكى خاتا ئىش ئۈچۈن قىلىنغان كەچۈرۈم؛ ئەپۇ: مۇئاپ قىلماق.

**مۇئامىلە** ئى [ئە] ① كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا باغلىنىش، بىرەر ئىش، خىزمەتكە دائىر ئالاقە، مۇناسىۋەت: سىلىق مۇئامىلە. قوپال مۇئامىلە. مۇئامىلە قىلماق. ② پۇل، سودا – سېتىق ۋە تىجارەت كەسپىدىكى مۇناسىۋەت؛ ئالاقە: پۇل مۇئامىلىسى. ئىقتىسادىي مۇئامىلە.

**مۇئامىلىدار** ئى [ ئە+پ ] پۇل، سودا – سېتىق، مۇلازىمەت كەسپىدە ئىقتىسادىي مۇئامىلە قىلغۇچى ئادەم، ئىقتىسادىي مۇئامىلە قىلغۇچى خېرىدار، مۇئامىلە ئىگىسى: مۇئامىلىدارلارغا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، ئەلا، قولايلىق خىزمەت قىلىش يولى مۇئامىلە مۇلازىمىتى قىلىشتىن ئىبارەت.

**مۇئامىلىدارلىق** ئى. مۇئامىلە قىلىش، مۇئامىلىسى بار بولۇش: بۇ كۆڭۈلپەرۋەر خەلق بىر – بىرىگە ئەقلىي نۇقتىدىن مەسئۇل بولۇشنىڭ ئورنىغا قىزغىن مۇئامىلىدارلىقنى دەسسەتكەندەك ھەمدە بىر – بىرىگە كۆيۈنۈشنىڭ باشقا ئەھمىيەتلىك يوللىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندەك قىلاتتى.

**مۇئامىلىلەشمەك** پ. مۇئامىلە قىلماق، مۇئامىلىدە بار بولماق: مۇنداق بىر خىل ئادەملەر «ھىيلىگەر» دەپ سۈپەتلىنىدۇ: كىشىلەر بىلەن مۇئامىلىلەشكەندە، ئىش بېجىرگەندە ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۆزدە تۇتۇپ، باشقىلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ، خۇشامەت قىلىدۇ.

**مۇئامىلىلىك** سۈپ (بىرەر ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئىپادىلەنگەن) مۇئامىلىگە ئىگە: ياخشى مۇئامىلىلىك ئادەم.

**مۇئاھىدە** ئى [ئە] تارس. توختام: سودا مۇئاھىدىسى.

**مۇئاۋىن** سۈپ [ئە] بىرەر باشلىق ياكى رەھبەرنىڭ ياردەمچىسى؛ ئورۇنباسار: مۇئاۋىن ھاكىم. مۇئاۋىن رەئىس.

**مۇئاۋىنلىق** سۈپ. مۇئاۋىن دەپ تونۇلىدىغان، مۇئاۋىن قىلىپ تەيىنلەنگەن: مۇئاۋىنلىق ۋەزىپە. مۇئاۋىنلىق دەرىجە.

**مۇئەتتەر** [ئە] ① سۈپ. يېزت. يېقىملىق ھىد چاچقۇچى؛ خۇش پۇراق، خۇشبۇي: — چىمەن گۈلشەنلىرى خويمۇ مۇئەتتەر، مۇئەتتەر گۈللىرى گوياكى ئەختەر. ② ئى <خىم> بىرقانچە خىل پۇراقلىق ماتېرىيالنى تەڭشەش ئارقىلىق تەييارلانغان

ئارىلاشما پۇراقلىق ماتېرىيال.

**مۇئەسسەسە** ئى [ئە] بىرەر ساھەنى باشقۇرىدىغان، بەلگىلىك ئىشتات ۋە مەمۇرىيەتكە ئىگە بولغان تەشكىلات: دۆلەت مۇئەسسەسەلىرى. ئىجتىمائىي مۇئەسسەسەلەر. ئىلمىي مۇئەسسەسەلەر.

**مۇئەسسەسەلىك** سۈپ. مۇئەسسەسى بار، مۇئەسسەسەگە ئىگە، مۇئەسسەسەسى بولغان: قاغىلىقنىڭ مۇئەسسەسەلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى رايون ھالقىپ بازار تاپتى.

**مۇئەككەل** ئى [ئە] يېزت. بىرەر ئورۇن ياكى شەخس تەرىپىدىن ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىشكە مەسئۇل قىلىنغان كىشى؛ ۋەكىل: مۇئەككەل بولماق.

**مۇئەللەق** سۈپ [ئە] بىرەر نەرسىگە تەگمەي، بوشلۇقتا تىرەكسىز ئېسىلىپ تۇرغان: ئۇ قورغاننىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇئەللەق تۇرغان بىر ئالمىنى كۆردى.

**مۇئەللىپ** ئى [ئە] يېزت. يازغۇچى، ئاپتور: ئۇ ئاددىيلا ئادەم مۇشۇ ۋەقەنىڭ كاتىپى، مۇشۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى ئىدى.

**مۇئەللىم** ئى [ئە] ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى؛ ئۇستاز، ئوقۇتقۇچى: مۇئەللىم بولماق. مەسئۇل مۇئەللىم. مۇزىكا مۇئەللىمى.

**مۇئەللىمە** ئى [ ئە ] ئايال مۇئەللىم، ئايال ئوقۇتقۇچى: - ياق، ياق، ئۇنى ئويلىماڭ، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى مۇئەللىمە، — يۇرتداشلارنىڭ ھال - كۈنى ماڭا ئايان.

**مۇئەللىمەلىك** ئى. ئايال ئوقۇتقۇچىلىق ئىشى، ئايال مۇئەللىملىك: — قىزىم يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىدە مۇئەللىمەلىك قىلىدۇ، — دېدى مۇكەررەم ھەدە پەخىرلەنگەن قىياپەتتە.

**مۇئەللىملىك** ئى. ئوقۇتقۇچىلىق ئىشى، كەسپى؛ مۇئەللىملىك قىلماق: شۇ ۋەجىدىن بىز ئۇنىڭ مۇئەللىملىك سۈپەت - ساپاسى ھەققىدە سەل تەپسىلىيرەك توختالدۇق.

**مۇئەمما** ئى [ئە] <ئەد> ئەدەبىياتتا شېئىرىي يول بىلەن يېزىلغان تېپىشماقلار: ئۇلارنىڭ تەپەككۇر پەللىسى ئالەمشۇمۇل بولىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كونكرېت سۈپەتلىرى زامانىمىز كىشىلىرى ئۈچۈن يەنىلا مۇئەممادۇر.

**مۇئەييەن** سۈپ [ئە] ھەممىگە مەلۇم بولغان، ئېنىق، ئاشكارا، بەلگىلىك: ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن مۇئەييەن شارائىت كېرەك.

**مۇئەييەنلەشتۈرمەك** «مۇئەييەنلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئۆزىنىڭ ھېس قىلغانلىرىنىڭ خاتا بولمىغانلىقىنى مانا ئەمدى مۇئەييەنلەشتۈردى.

**مۇئەييەنلەشتۈرۈشمەك** «مۇئەييەنلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مۇئەييەنلەشتۈرۈلمەك** «مۇئەييەنلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ بەس - مۇنازىرە كۆپچىلىكنىمۇ ئۆز قوينىغا باشلاپ كىردى. ئۇ بىرنېمە دەپ، بۇ بىرنېمە دەپ ئاخىر قادىرنىڭ كۆز قارىشى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

**مۇئەييەنلەشمەك** پ. تايىن تاپماق، ئېنىق بولماق، ئاشكارىلانماق، جەزملەشمەك: بۇ خىل ئېتىقاد قارىشى رېئال، تارىخىي يوسۇندا پەيدا بولغان ۋە تارىخىي يوسۇندا مۇئەييەنلەشكەن.

**مۇئەييەنلىك** ئى ① مەلۇملۇق، ئېنىقلىق. ② <پەلس> شەيئىنىڭ خۇسۇسىيىتى. ئۇ سۈپەت مۇئەييەنلىكى ۋە سان مۇئەييەنلىكى دەپ ئايرىلىدۇ. ھەرقانداق شەيئى سۈپەت مۇئەييەنلىكى بىلەن سان مۇئەييەنلىكىنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت.

**مۇبادا** باغل [پ] ئەگەر، ئەگەردە: مۇبادا كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش بولۇپ، جەڭ قىلىشقا توغرا كېلىپ قالسا، بۇنى قويۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىمىز.

**مۇبارەك** [ئە] ① سۈپ. مۇقەددەس، ئۇلۇغ، خاسىيەتلىك: مۇبارەك جاي. مۇبارەك زېمىن. مۇبارەك نام. ② ئى. تەبرىكلەش، قۇتلۇقلاش سۆزى: دوستۇم مۇبارەك بولسۇن، توي قىلىۋاپسەن، ئەمما ۋاقتىدا كېلەلمىدىم، ئەپۇ قىل. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مۇبارەكلەشمەك** «مۇبارەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەممىسى كېۋىراخۇن بىلەن خۇرشىدىخاننى مۇبارەكلەشتى.

**مۇبارەكلەنمەك** «مۇبارەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مۇبارەكلىمەك** پ. قۇتلۇق بولۇشنى تىلىمەك، تەبرىكلىمەك؛ قۇتلۇقلىماق: ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ ئىلىكنى مۇبارەكلىدى.

**مۇبالىغە** ئى [ئە] ① ئاشۇرۇش، كۆپتۈرۈش؛ لاپ: مانا مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ كۆڭلى - كۆكسىنى ۋە مېھرىنى دېڭىزدەك چوڭقۇر دېسە ھەرگىز مۇبالىغە بولمايدۇ. ② <ئەد> ئوبيېكتىپ شەيئى ياكى ھادىسىلەرنى ئۆزىنىڭ ئەسلىي ھالىتىدىن ئاشۇرۇپ ياكى كىچىكلىتىپ ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە.

**مۇبالىغىلەشتۈرمەك** «مۇبالىغىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پارتىيە خىزمىتىدىكى ئاشۇ سەلبىي تەرەپنى خالىغانچە مۇبالىغىلەشتۈرۈپ، ئۇنى پارتىيەنىڭ ئاساسىي ئېقىمى دەپ تۇرۇۋېلىش توغرا ئەمەس.

**مۇبالىغىلەشتۈرۈلمەك** «مۇبالىغىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بەزىلەر تەرىپىدىن مونتاژنىڭ رولى بىر تەرەپلىمە مۇبالىغىلەشتۈرۈلۈپ، «مونتاژ ھەممىنى بەلگىلەيدۇ» دەپ قارالدى.

**مۇبالىغىلەشمەك** پ. بىرەر ئىش ياكى گەپ - سۆز ئەسلىي ھالىتىدىن كۆپتۈرۈلۈپ، چوڭىيىپ كەتمەك، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىلمەك.

**مۇباھ** ئى [ئە] <دىن> شەرىئەتتىكى سەككىز ئەمەلنىڭ بىرى، يەنى قىلسا - قىلمىسا گۇناھمۇ بولمايدىغان، ساۋابمۇ بولمايدىغان ئىشلار.

**مۇبەددەل** سۈپ [ ئە ] يېزت . ئالماشتۇرۇلغان، ئۆزگەرتىلگەن. بىر تۇستىن ئىككىنچى بىر تۇسكە ئايلانغان: — بىر دۇئا بىلەن ئاسمان - زېمىننى زىلزىلىگە سالالايدىغان، بىر قارغىش بىلەن ئادەمنى جىن - ئالۋاستىغا، جىن - ئالۋاستىنى ئادەمگە، سۈرىتى مۇبەددەل قىلىپ تاشلىيالايدىغان ئۆزلىرىگە قول بەرگىلى كەلدىم، — دېدى ھېلىقى ئادەم.

**مۇپەتتىش** ئى [ئە] بىرەر ئىش ياكى خىزمەتنىڭ قانداق كېتىۋاتقانلىقىنى تەكشۈرۈپ تۇرغۇچى خادىم: مۇپەتتىش گۇرۇپپىسى. مۇپەتتىش ئىشخانىسى.

**مۇپەتتىشلىك** ئى. مۇپەتتىش ئىشى، مۇپەتتىش كەسپى: — سىز مۇپەتتىشلىكىڭىزنى قىلماي، بۇ يەردە نېمە لاغايلاپ يۈرىيسىز؟! — دېدى باشلىق.

**مۇپەسسەل** سۈپ [ئە] يېپىدىن يىڭنىسىغىچە، پۈتۈن تەپسىلاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، باشتىن - ئاخىر، ئومۇمىيۈزلۈك؛ ئەتراپلىق، تەپسىلىي: مۇپەسسەل پىلان. مۇپەسسەل تەكشۈرۈش.

**مۇپەسسىر** ئى [ئە] <دىن> تەپسىر ئالىمى ۋە ئىسلام ئىلمىگە دائىر ئەسەر يازغۇچى كىشى.

**مۇپتى** ئى [ئە] <دىن> شەرىئەت قانۇنلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، شەرىئەتكە ئاساسەن پەتىۋا (ھۆكۈم) چىقىرىدىغان، مەسىلىلەرگە يول تېپىپ بېرىدىغان دىنىي ئەرباب، ئۆلىما: قازى بىلەن قالامسەن، مۇپتى بىلەن كېتەمسەن (ماقال).

**مۇپتىخانا** ئى [ئە + پ] تارس. مۇپتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى، مەھكىمىسى: — مەن ئەرز قىلىپ، ھال ئېيتىپ بارمىغان ھاكىم ـ دوتەيمۇ، مۇپتىخانا، قازىخانىلارمۇ قالمىدى.

**مۇپتىلا** ئى [ئە] دۇچار، گىرىپتار، يولۇقۇش: مۇپتىلا بولماق. مۇپتىلا قىلماق.

**مۇپتىلالىق** ئى. مۇپتىلا بولۇش، گىرىپتار بولۇش، دۇچارلىق.

**مۇپتىلىق** ئى. مۇپتىغا يۈكلەنگەن ئىش، ۋەزىپە: مۇپتىلىق قىلماق.

**مۇت** سۈپ. پۇلسىز، ھەقسىز، بىكار.

**مۇت كېپەن** ئەمگەك قىلماي تەييارنى يېيىشكە ئامراق، تەييارغا ئادەتلەنگەن، تەييارتاپ: مەن ئەنە شۇ مۇت كېپەنلەرگە لەنەت ئوقۇيمەن.

**مۇتالىئە** ئى [ئە] مەزمۇنىنى چۈشەنگەن، ئۆزلەشتۈرگەن ئاساستا ئىنچىكە ئوقۇش، تەتقىق: مۇتالىئە قىلماق. مۇتالىئە يۈرگۈزمەك.

**مۇتابىق** سۈپ [ ئە ] مۇۋاپىق، ئۇيغۇن، مۇناسىپ، بىر ـ بىرىگە توغرا كەلگەن: بەزى تارىخىي مەنبەلەردە لوقمان ھەكىمنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. شۇنىڭغا مۇتابىق ھالدا خەلقىمىز ئارىسىدا لوقمان ھەكىمنىڭ 440 ياشقا كىرگەنلىكى ھەققىدە رىۋايەتلىك مەنبەلەر بار.

**مۇتاناسىپ** سۈپ [ئە] چوڭ ـ كىچىكلىكى، ئېنى، بويى ئۆزئارا ماس ياكى ئوخشاش نىسبەتتە بولغان.

**مۇتەئەسسىپ** سۈپ [ئە] كونا ئەقىدە ۋە كونا نەرسىلەرگە يېپىشىۋالىدىغان، كونىلىقنى ياقلىغۇچى: مۇتەئەسسىپ كۈچلەر.

**مۇتەئەسسىپلەشتۈرمەك** «مۇتەئەسسىپلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مۇتەئەسسىپلەشمەك** پ. مۇتەئەسسىپ بولۇپ قالماق، كونا ئەقىدە ۋە كونا نەرسىلەرگە يېپىشىۋالماق، كونىلىقنى ياقلىماق.

**مۇتەئەسسىپلىك** ئى. كونا ئەقىدە ۋە كونا نەرسىلەرگە يېپىشىۋېلىش، ئۇنى ياقلاش ئىشى، ئادىتى: مۇتەئەسسىپلىك قىلماق.

**مۇتەپەككۇر** ئى [ئە] چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر قىلىش ئىستېداتىغا ئىگە بولغان كىشى، تەپەككۇر ئىگىسى: بىرمۇنچە ئاتاقلىق ئالىملار، مۇتەپەككۇرلار ۋە يازغۇچىلار ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق يېتىشكەن.

**مۇتەپەككۇرانە** رەۋ [ ئە+پ ] مۇتەپەككۇرغا ئوخشاش، مۇتەپەككۇرلۇق بىلەن، مۇتەپەككۇرلاردەك: ئالىم ئەسىرىدە خەلقىمىزنىڭ زېمىن باغرىدىكى ئوبيېكتلار ئۈستىدە مۇتەپەككۇرانە پىكىر يۈرگۈزۈشنى كۆپرەك تەكىتلەپ ئۆتىدۇ.

**مۇتەپەككۇرلۇق** ئى. مۇتەپەككۇرغا خاس ئىش ـ ھەرىكەت: بۇ زىددىيەتنى ئۇنۇملۇك ھەل قىلىشتا ئاكتىپ مۇتەپەككۇرلۇق كېرەك بولىدۇ.

**مۇتەخەسسىس** ئى [ئە] بىرەر ساھەدە مەخسۇس بىلىم ئېگىلىگەن ھەم شۇ ساھەدە مول تەجرىبىگە ئىگە بولغان كىشى، ئىختىساس ئىگىسى: گېئولوگىيە مۇتەخەسسىسى. ئىقتىساد مۇتەخەسسىسى.

**مۇتەخەسسىسلەشتۈرمەك** «مۇتەخەسسىسلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مۇتەخەسسىسلەشتۈرۈلمەك** «مۇتەخەسسىسلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مۇتەخەسسىسلەشمەك** پ. بىرەر ساھەدە مۇكەممەل بىلىم ئېلىپ، تاكامۇللىشىپ، مۇتەخەسسىس سەۋىيەسىگە يەتمەك؛ ئىختىساسلاشماق.

**مۇتەخەسسىسلىك** ئى. مۇتەخەسسىس قىلىدىغان ئىش ياكى ئۇنىڭغا بېرىلگەن نام.

**مۇتەسەۋۋۇپ** ئى [ ئە ] يېزت. ھېكمەت ۋە سىر ئىگىسى، ئىلىم بىلەن شۇغۇللانغۇچى؛ سوپىلىق قىلغۇچى: جالالىدىن رۇمىي قاتارلىق مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ قارىشىچە، ئىنسانىنىڭ يارىتىلمىسىغا تامامىي كامالەت پەزىلەتلىرى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، ئۆزلۈك روھى دەل ئىنسانىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ ئەزگۈ ھېس ـ تۇيغۇلارنى تونۇش، ئاشكارىلاشقا قارىتىلغان.

**مۇتەسسە** ئى [ئە] <ئەد> بىر كۇپلېتى توققۇز مىسرادىن تەشكىل تاپقان شېئىر.

**مۇتەكەببۇر** سۈپ [ئە] ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، كىشىنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ھالى چوڭ؛ ھاكاۋۇر، تەكەببۇر: مۇتەكەببۇر ئادەم. مۇتەكەببۇر ئەرباب.

**مۇتەكەببۇرلۇق** ئى. ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش ئىشى، ئادىتى، ھاكاۋۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق.

**مۇتتەھەم** سۈپ [ئە] باشقىلارغا يولسىزلىق قىلىدىغان؛ ئورۇنسىز بوزەك قىلىشقا ئۆرۈنىدىغان، ئۇششۇق: توۋا، نېمانداق مۇتتەھەم ئادەم بۇ.

**مۇتتەھەملىك** ئى. مۇتتەھەملەردە بولىدىغان قىلىق، مۇتتەھەملەر قىلىدىغان ھەرىكەت: مۇتتەھەملىك قىلماق.

**مۇتلەق** [ئە] ① سۈپ. مەڭگۈ بىر خىل تۇرىدىغان، ئۆزگەرمەيدىغان، ئۆزگەرمەس، مۇقىم؛ مەڭگۈلۈك: مۇتلەق ئەركىنلىك مەۋجۇت ئەمەس. ② سۈپ. پەقەت مەلۇم بىر خىل شارائىتقىلا ئاساسلانغان، باشقىلىرى نەزەردىن ساقىت قىلىنغان: مۇتلەق قىممەت. مۇتلەق تېمپېراتۇرا. مۇتلەق ھەقىقەت. ③ رەۋ. پۈتۈنلەي، تولۇق، تامامەن: خەلقنىڭ قانۇنلارغا مۇتلەق بويسۇنۇشىنى تەلەپ قىلدى. ④ رەۋ. ھەرگىز؛ پەقەت: شۇ تاپتا، ئۇ ئاپتوموبىلدىن بىر خالتا ئوغۇتنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلىسا، مۇتلەق ئىشەنمىگەن بولاتتى. ⑤ رەۋ. ئىنتايىن، ناھايىتى: شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى دىنىي زاتلار پارتىيەنى، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدۇ ۋە قىزغىن سۆيىدۇ.

**مۇتلەقچىلىق** ئى <پەلس> ① شەيئىلەرنى ۋە بىلىشنى مۇتلەقلەشتۈرىدىغان ئىدېئالىزملىق ۋە مېتافىزىكىلىق نۇقتىئىنەزەر. ② گېگېلنىڭ مۇتلەق ئىدېئالىزمىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى.

**مۇتلەقلەشتۈرمەك** «مۇتلەقلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: فولكلور نۇقتىسىدا بۇ يەكۈننى پۈتۈنلەي مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتكىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۆرپ ـ ئادەت تارىخىيلىقتا، ئەنئەنىۋىلىكتە ۋە مىللىيلىكتە ئىگە بولىدۇ.

**مۇتلەقلەشتۈرۈلمەك** «مۇتلەقلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىلگىرى ئۈزلۈكسىز مۇددەت داۋام قىلغان «سول» چىل ئىدىيەنىڭ تەسىرىدە بەزى تەجرىبىلەر مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىلدى.

**مۇتلەقلەشمەك** پ. تۇراقلىق ھالەتكە كەلمەك، مۇقىملاشماق، جەزملەشمەك: ئەنگلىيە تارىخشۇناسى لورد ئاكتون 100 يىل ئىلگىرىلا ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەنىدى: «ھوقۇق چىرىكلىككە يېقىن، ھوقۇقنىڭ مۇتلەقلىشىشى چىرىكلىكنىڭ مۇقەررەرلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ».

**مۇتلەقلىق** ئى. مۇتلەق ھالەت، مۇتلەق ئىش؛ «مۇتلەق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**مۇتىۋەللى** ئى [ئە] <دىن> مەسچىت، مەدرىسەلەرنىڭ مالىيە، خوجىلىق ئىشلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى، باشقۇرغۇچى.

**مۇتىۋەللىلىك** ئى. مۇتىۋەللىگە يۈكلەنگەن خىزمەت، ۋەزىپە: مۇتىۋەللىلىك قىلماق.

**مۇجاھىد** ئى [ئە] يېزىت. جەڭ قىلغۇچى، كۈرەش قىلغۇچى؛ دىن يولىدا چېلىشقۇچى، تىرىشقۇچى: يەنە بىراۋلار: «ياپېپشىل چىمەن تاغلار ۋاپادار مۇجاھىدلارنى ئۆز قوينىغا ئالسا، بىۋاپا ــ مۇناپىق ۋەزىر چوپۇن بىلەن قاپتۇرۇلۇپتۇ» دەپ بېيىت ئوقۇغان.

**مۇجەسسەم** سۈپ [ئە] جەملەنگەن، يىغىلغان، توپلانغان: مۇجەسسەم بولماق. مۇجەسسەم قىلماق.

**مۇجەسسەملەشتۈرمەك** «مۇجەسسەملەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شوپۇر ئىنساننىڭ تەبىئەتكە قارشى ئەڭ قەيسەر ئىرادىسىنى، مۇستەھكەم خاراكتېرىنى، چىدام ــ غەيرىتىنى ئۆز ۋۇجۇدىدا مۇجەسسەملەشتۈرۈشى لازىم.

**مۇجەسسەملەشتۈرۈلمەك** «مۇجەسسەملەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ماھىرە ئوبرازىدا ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ زېرەك، ئەقىللىق، ئۈمىدۋارلىق خۇسۇسىيەتلىرى مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەنىدى.

**مۇجەسسەملەشمەك** پ. مۇجەسسەم ھالەتكە كەلمەك، مۇكەممەل، گەۋدىلىك تۈس ئالماق؛ يىغىلماق، توپلانماق: ئۇنىڭدا قېرىنداشلارنىڭ بۇ ئارزۇسى ئەكس ئەتكەن، گۈزەل، باي، مەدەنىيەتلىك كەلگۈسىگە بولغان غايىسى، ئىشەنچى مۇجەسسەملەشكەنىدى.

**مۇجەسسەملەنمەك** «مۇجەسسەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ ئاجايىپ شېرىن ۋە ئۇچقۇر خىيالى قىزنىڭ چەكسىز گۈزەللىكى مۇجەسسەملەنگەن تۇم قارا قاشلىرى ئاستىدىكى تىنىق كۆزلىرىدە ئۈيۈپ قالدى.

**مۇجەسسەملىمەك** پ. بىر يەرگە يىغماق، توپلىماق، جەملىمەك، يىغىنچاقلىماق: ئىشچىلارنىڭ چەكسىز ھۆرمىتى ۋە قەلب ئارزۇسىنى پارتكوم شۇجىسى ئۆز سۆزىگە مۇجەسسەملىدى.

**مۇجۇتماق** «مۇجۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مۇجۇشماق** «مۇجۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مۇجۇق** ئى. ئىشىك، دەرۋازا قاناتلىرىنىڭ ئېچىلىپ، يېپىلىشى ئۈچۈن كېشەكنىڭ ئوڭ، سول تەرىپىنىڭ ئاستى ــ ئۈستىگە ئورنىتىلغان، گىرەلىك رول ئوينايدىغان بىر خىل قۇرۇلما؛ ئۇلگۇجەك: مۇجۇق ئورناتماق. مۇجۇق بېشى.

**مۇجۇلماق** «مۇجۇماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇنىڭسىزمۇ قانداقتۇر بىر قورقۇنچ ئىچىدە يۈرەكلىرىم مۇجۇلۇپ ئارانلا تۇراتتىم.

**مۇجۇماق** پ ① قول بىلەن بىرنەرسىنى مەھكەم قاماللىماق، سىقماق: بوۋاي ئوغۇلنىڭ بەدەنلىرىنى مۇجۇپ تۇتۇپ قويغاندىن كېيىن «ھەرگىز قورقما، ئىنشائاللا مۇرادىڭغا يېتىسەن» دەپتۇ. ② كۆچمە. بىرەر كۆڭۈلسىزلىك، دەرد ــ ئەلەم، خاپىلىق كۆڭۈلگە تەسىر قىلماق، ئازابلىماق: ئۇنىڭ يۈرىكىنى قانداقتۇر يوشۇرۇن بىرنەرسە مۇجۇپ ئازابلايتتى.

**مۇچ** ئى <بوت> كونا. لازا: ياشلىقنىڭ بەختباشراق ئۆتكەن بىر كۈنى، ئۇچراشتىم يار بىلەن يارنىڭ لېۋىدە، ئەسلىسەم ئېسىمنى يىغىپ بار ئىكەن، زەھەردەك مۇچلارمۇ يارنىڭ لېۋىدە.

**مۇچقىيام** ئى. دىيال. لازا ئۇنىغا قىزىق ياغ قۇيۇپ ياسالغان قىيام، لازىجاڭ.

**مۇخ** ئى [پ] <بوت> يوشۇرۇن گۈللۈك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چوڭ بىر تۈركۈمى. تۈرى ناھايىتى كۆپ، كۆپىنچە نەم ئورۇنلاردا ئۆسىدۇ. يالغان يىلتىزى بار.

**مۇخالىپ** سۈپ [ئە] يېزىت. قارشى، زىت، خىلاپ: مۇخالىپ كەلمەك.

**مۇخالىپەت** ئى [ ئە ] يېزىت. خىلاپ كېلىش، قارشىلىشىش، قارشىلىق قىلىش، زىتلىشىش، كېلىشەلمەسلىك، زىتلىق.

**مۇخالىپەتچى** ئى. قارشىلاشقۇچى، زىتلاشقۇچى، ئاداۋەتلەشكۈچى: خەلق سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ ھەققىگە دۇئا قىلىشقان بولسىمۇ، لېكىن «ھەسەلنىڭ ھەرىسى بار، گۈلنىڭ تىكىنى» دېگەندەك، خاندانلىقتىكى مۇخالىپەتچى كۈچلەرنىڭ پىتنە ــ پاساتلىرىغا قارىتا، ئۇلارنىڭ غەزەپ ــ نەپرىتى ھەسسىلەپ ئاشتى.

**مۇخالىپلىق** ئى. قارشىلىق، زىتلىق، خىلاپلىق: ــ ئېھ پادىشاھىم، قەدىمىي تەرىقەتنى ئۆزگەرتىپ، ۋىجدانىغا مۇخالىپلىق قىلىۋاتىدىلا، ــ دېدى ۋەزىر.

**مۇخەممەس** ئى [ئە] <ئەد> ھەر كۇپلېتى بەش مىسرادىن تەركىب تاپقان شېئىر شەكلى.

**مۇخبىر** ئى [ئە] گېزىت، ژۇرنال، رادىيو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق مەتبۇئات ئورۇنلىرىغا خەۋەر، ماقالە، ئوبزور يېزىپ تۇرىدىغان كىشى: بىرىنچى دەرىجىلىك مۇخبىر. پىراكتىكانت مۇخبىر. ئايال مۇخبىر.

**مۇخبىرلىق** ئى. مۇخبىر قىلىدىغان كەسىپ: مۇخبىرلىق قىلماق.

**مۇختارىيەت** ئى [ئە] تارس → **ئاپتونومىيە:** خۇش مۇبارەك كېلىپسىز، مۇختارىيەت تويىمىز. ئامراقلىشىپ ئەمدى بىز، بىر تۇغقاندەك بولىمىز.

**مۇختارىيەتچى** ئى. تارس. مۇختارىيەتنى ياقلىغۇچى، مۇختارىيەتنى ھىمايە قىلغۇچى، مۇختارىيەت تەرەپدارى.

**مۇختەم** رەۋ. دىيال. بىردەم.

**مۇختەملات** ئى [ئە] <ئەد> تۇيۇق.

**مۇختەسەر** سۈپ [ئە] يېزىت. قىسقا، ئىخچام: بۇ قىسىمدا تېبابىتىمىزنىڭ ئەمەلىي داۋالاش ئاساسلىرى مۇختەسەر ھالدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈلدى.

**مۇخلار** ئى <بوت> مۇخنىڭ بىر كىلاسى. بۇ كىلاستىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غول ۋە يوپۇرماقلىرى كىچىك، ئۆسۈملۈك تېنى يېشىل، يىلتىزى بولمايدۇ، نەم، سايە ئورۇندا ئۆسىدۇ.

**مۇخلىس** ئى [ئە] ① بىرەر ئادەم ياكى نەرسىگە ئىخلاس، ئېتىقاد قىلغۇچى، ئىخلاسمەن، ئەگەشكۈچى: دىن مۇخلىسى.

سادىق مۇخلىس. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مۇخلىسلىق** ئى. مۇخلىسلارغا خاس ئىش ـ ھەرىكەت: دۇنيادىكى دىنلاردا مۇخلىسلىقنىڭ بولۇشى دىندىكى بىر ئومۇمىي ئەھۋال. * دۇنيادىكى دىنلارنىڭ ھەممىسىدە مۇخلىسلىق بولىدۇ.

**مۇداپىئە** ئى [ئە] دۈشمەن، تەبىئىي ئاپەت، بىرەر كىم ياكى بىرەر نەرسىنىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇش، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش، قوغدىنىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەت: مۇداپىئە ئىستىھكامى. مۇداپىئە قىشى. مۇداپىئە ئوكۇلى. مۇداپىئە ئورنىنى. دۈشمەن مۇداپىئەسىنى يېرىپ ئۆتمەك. دۆلەت مۇداپىئەسى.

**مۇداپىئەچى** ئى <تەن> ۋاسكېتبول، پۇتبول قاتارلىق توپ تۇرلىرىدىكى قارشى تەرەپنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇش ۋەزىپىسىنى ئاساسلىق ئۈستىگە ئالغان تەنھەرىكەتچى.

**مۇداپىئەسىز** سۈپ. مۇداپىئەدە بولمىغان، مۇداپىئە قىلمىغان، مۇداپىئەلەنمىگەن، قوغدانمىغان، تۇيۇقسىز: سان ـ ساناقسىز خەت ـ چەك، تېلېگرامما، قىسقا ئالاقىلەر مېنىڭ ئىشخانامغا بېسىپ كىرىپ، تامامەن مۇداپىئەسىز تۇرغان كاللامنىڭ ئەتراپىدا خۇددى سېرىق ھەرىدەك ئۇچۇشقا باشلىدى.

**مۇداپىئەلەندۈرمەك** «مۇداپىئەلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مۇداپىئەلەندۈرۈشمەك** «مۇداپىئەلەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مۇداپىئەلەندۈرۈلمەك** «مۇداپىئەلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دۆلەت بىخەتەرلىكى مۇداپىئەلەندۈرۈلدى.

**مۇداپىئەلەنمەك** پ. مۇداپىئەدە بولماق، مۇداپىئە قىلماق، قوغدانماق: ئەكبەر ئۈچەيلەنگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ چېكىنىپ تۇرۇپ مۇداپىئەلەندى.

**مۇداپىئەلىك** سۈپ. مۇداپىئەدە بولغان، مۇداپىئە قىلغان، مۇداپىئەلەنگەن، قوغدانغان: مۇداپىئەلىك ئۇرۇش. مۇداپىئەلىك جەڭ.

**مۇداخىلە** ئى [ئە] ① باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىش. ② باشقىلارنىڭ زېمىنىنى بېسىۋېلىش ياكى ئۆزىگە قارام قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان قوراللىق ھۇجۇم، تاجاۋۇز: مۇداخىلە قىلماق. مۇداخىلە يۈرگۈزمەك.

**مۇداخىلىچى** ئى. باشقىلارنىڭ ئىشىغا قورال كۈچى بىلەن ئارىلاشقۇچى: چەت ئەل مۇداخىلىچى كۈچلىرىنىڭ ئىككى قىرغاق ئىشلىرىغا قول تىقىشىغا قارشى تۇرۇش ۋە توسۇش، تەيۋەننى جۇڭگودىن ئايرىۋېتىدىغان بارلىق سۇيىقەستلەرنى قەتئىي تارمار قىلىش، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قەتئىي تەۋرەنمەي قوغداش كېرەك.

**مۇدەررىس** ئى [ئە] مەدرىسەلەردە دەرس بېرىدىغان كىشى، مەدرىسە ئوقۇتقۇچىسى: يۈزلەپ مۇدەررىس ۋە تالىپلارنى يېتىشتۈرگەن بۇ مەدرىسەمۇ خانىۋەيرانچىلىقتا ئۈچرىغانىدى.

**مۇدەررىسلىك** ئى. مەدرىسەلەردىكى ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى: نورۇز داموللىنىڭ ئۇزۇن يىللىق مۇدەررىسلىك قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن شاگىرت يېتىشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىلىم ـ ئەخلاقى بىلەن خەلق ئىچىدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئېرىشكەنلىكىنى ئۇ ياخشى بىلەتتى.

**مۇددەت** ئى [ئە] ۋاقىتنىڭ ئېنىق بىرەر ئىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن بۆلىكى؛ قەرەل: ئۇزۇن مۇددەت. قىسقا مۇددەت.

**مۇددەتسىز** سۈپ. مۇددىتى يوق، مۇددەت بەلگىلەنمىگەن، قەرەلسىز: مۇددەتسىز قاماق.

**مۇددەتلىك** سۈپ. مۇددىتى بار، مۇددەت بەلگىلەنگەن: مۇددەتلىك چەك. مۇددەتلىك قاماق جازاسى.

**مۇددىئا** ئى [ئە] كىشىنىڭ دىلىدىكى مەقسەت، نىيەت، مۇراد: ئازاد دادىسىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەنىدى.

**مۇددىئانامە** ئى [ ئە+پ ] بىرەر مۇددىئا، مەقسەت ۋە شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار پۈتۈلگەن يازما كېلىشىم، توختام ياكى خەت: ئاپتونوم رايونىمىزدا بۇ يىلقى كۆلىمى ئەڭ زور بولغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدە جەمئىي 3616 ئادەم (قېتىم) دەسلەپكى قەدەمدە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار بىلەن مۇددىئانامە ئىمزالىدى.

**مۇدھىش** سۈپ [ئە] كىشىنى دەھشەتكە، قورقۇنچقا، ۋەھىمىگە سالىدىغان، قورقۇنچلۇق، دەھشەتلىك: مۇدھىش بوران. مۇدھىش جەمئىيەت.

**مۇدھىشلىك** ئى. مۇدھىش ھالەت: توختى ئون گۈلنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپلا گۇناھسىز ھالدا مۇدھىشلىكنىڭ قۇربانى بولغانىدى.

**مۇدۇك** سۈپ. دىيال. دۇمچەك، ۋىجىك، كىچىك.

**مۇدۋى** سۈپ. دىيال. دۈشمەن، زىت.

**مۇدىر** ئى [ئە] بىرەر ئىدارە، تەشكىلات، مەكتەپ قاتارلىقلارغا مەسئۇل كىشى: مەكتەپ مۇدىرى. كومىتېت مۇدىرى.

**مۇدىرلىق** ئى. مۇدىرغا يۈكلەنگەن خىزمەت، ۋەزىپە: ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۆتەشكە باشلىغانىدى.

**مۇدىرىيەت** ئى [ئە] مۇدىرلىق خىزمىتى.

**مۇراببا** ئى [ئە] مېۋە ھەم بەزى كۆكتاتلارنى شېكەر قىيامى ياكى ھەسەل قاتارلىقلار بىلەن قوشۇپ قاينىتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل سۇيۇق يېمەكلىك: ئالما مۇراببasى. ئەنجۈر مۇراببasى. سەۋزە مۇراببasى. پەمىدۇر مۇراببasى.

**مۇراجىئەت** ئى [ئە] بىرەر ھاجەت يۈزىسىدىن بىراۋغا ئېيتىلىدىغان سۆز، ئۆتۈنۈش، ئىلتىماس: مۇراجىئەت قىلماق. ئاغزاكى مۇراجىئەت.

**مۇراجىئەتنامە** ئى [ئە + پ] بىرەر مۇددىئا، ھاجەت يۈزىسىدىن يېزىلغان خەت؛ ئىلتىماس.

**مۇراد** ئى [ ئە ] ① مەقسەت، مۇددىئا، ئارزۇ: مۇراد تاپماق. مۇرادىغا يەتمەك. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مۇراد ـ مەقسەت** مۇراد ۋە مەقسەت؛ ئارزۇ ـ تىلەك: ئۇلار مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتتى.

**مۇراسىم** ئى [ئە] ① دىنىي، ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان مەرىكە، يىغىن: توي مۇراسىمى. ② بىرەر ئىشنىڭ باشلانغانلىقىنى ياكى تاماملانغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن رەسمىي جاكارلاش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىن: ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى. ئۇزىتىش مۇراسىمى.

**مۇراسىمسىز** سۈپ. مۇراسىم ئۆتكۈزمەي، مۇراسىم قىلماي: توي بىلەن ئۆلۈم بىللە كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، توينى مۇراسىمسىز ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدۇق.

**مۇراسىملىق** سۈپ. مۇراسىمدا ئىشلىتىلىدىغان، مۇراسىمدا كېرەك قىلىنىدىغان: ئۇنىڭ ئېگىز كۆتۈرۈلگەن قولىدا مۇراسىملىق مەشئەل يېنىپ تۇراتتى.

**مۇرەببە** ئى [ئە] ① <ئەد> تۆت مىسرادىن ئىبارەت شېئىر. ئۇنىڭ 1 ـ، 2 ـ، ۋە 4 ـ ياكى 2 ـ ۋە 4 ـ مىسرالىرى قاپىيەداش كېلىدۇ. خەلق قوشاقلىرى تولاراق مۇشۇ شەكىلدە يېزىلىدۇ. ② كونا. كىۋادرات.

**مۇرەببىي** ئى [ئە] تەربىيەچى، غەمخور: مۇرەببىيىمىزدىن ئايرىلغان بولساقمۇ، ئاچتىن ئۆلمىدۇق.

**مۇرەسسە** ئى [پ] ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرى بىلەن سۆھبەتـلىشىش يولى ئارقىلىق ئۆز ئارا يارىشىش؛ كېلىشىش، سۇلھى: مۇرەسسە قىلماق.

**مۇرەسسەچى** ئى. مۇرەسسە قىلىدىغان ئادەم، ياراشتۇرـغۇچى، كېلىشتۈرگۈچى، سۇلھىچى: ئۇنىڭ مۇرەسسەچى دوستلىرى ئۇنى ئەيىبلەپ: «ئىلىم ـ پەننىڭ دۆلەت چېگراسى بولمايدۇ» دەپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغاندا، پاستېر قەتئىيلىك بىلەن: «ئىلىم ـ پەننىڭ دۆلەت چېگراسى بولمىغان بىلەن ئالىملارنىڭ ۋەتىنى بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

**مۇرەسسەچىلىك** ئى. مۇرەسسە قىلىش ئىشى، پائالىيىتى: مەن روھانىيدىن ياردەم ئالمايمەن. بولدى شۇنچە مۇرەسسەچىلىك، پەدەر!

**مۇرەسسەسىز** سۈپ. مۇرەسسە قىلمايدىغان: ئۇ خىزمەتتە ئەستايىدىل، يولداشلار ئارا مۇئامىلىدە سىلىق، پرىنسىپلىق مەسىلـلەردە كەسكىن ۋە مۇرەسسەسىز ئىدى.

**مۇرەسسەسىزلىك** ئى. مۇرەسسە قىلماسلىق: ئۇنىڭ ئاۋازىدىن قەتئىيلىك، مۇرەسسەسىزلىك چىقىپ تۇراتتى.

**مۇرەسسەلەشتۈرمەك** «مۇرەسسەلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بۇ ئىشنى مۇرەسسەلەشتۈرۈش يولى بىلەن ھەل قىلىشنى ئويلىغانىدى.

**مۇرەسسەلەشتۈرۈلمەك** «مۇرەسسەلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مۇرەسسەلەشمەك** پ. مۇرەسسەگە كەلمەك، ياراشماق، سۇلھىـلەشمەك: ئۇلار ئىككى كۈن كېڭىشىش ئارقىلىق ئاخىر مۇرەسسەلەشتى.

**مۇرەسسە ـ مادارا** مۇرەسسە ۋە مادارا: مۇرەسسە ـ مادارا قىلماق.

**مۇرەككەپ** سۈپ [ئە] ① يېشىلىشى، چۈشىنىلىشى، ھەل قىلىنىشى ياكى بېجىرىلىشى ئاسان بولمىغان؛ تەس، قىيىن، مۈشكۈل: مۇرەككەپ مەسىلە. مۇرەككەپ ئىش. ② بىر نەچچە بۆلەكـتىن، ئېلېمېنتتىن تەركىب تاپقان، كۆپ تەركىبلىك، ئاددىي ئەمەس: مۇرەككەپ سان. مۇرەككەپ تۈز. مۇرەككەپ يوپۇرماق.

**مۇرەككەپلەشتۈرمەك** «مۇرەككەپلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھازىر قەبىھ كۈچلەر بىلەن قالاق ـ مۇتەـئەسسىپ كۈچلەرنىڭ بىرلىشىۋېلىپ، بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىـتىۋاتقانلىقى ئەھۋالنى بىر قەدەر مۇرەككەپلەشتۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ.

**مۇرەككەپلەشتۈرۈشمەك** «مۇرەككەپلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مۇرەككەپلەشتۈرۈلمەك** «مۇرەككەپلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مۇرەككەپلەشمەك** پ ① مۇرەككەپ ئەھۋالغا ئايلانماق؛ مۇرەككەپ ھالەتكە كەلمەك: بۈگۈنكى كۈندە ئاقسۇ ۋەزىيىتى مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. ② قىيىنلاشماق، ئېغىرلاشماق: ئۇلار 2 ـ يىللىق ئوقۇشنى باشلىغاندا دەرسلەر بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىشكە باشلىدى.

**مۇرەككەپلىك** ئى. مۇرەككەپ ھالەت: ئۇ بۇ ئۇمىدكە ئېلىپ بارىدىغان يولنىڭ تولىمۇ مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

**مۇرتارىماق** پ. دىيال. تىكىلىپ قارىماق، تىكىلمەك.

**مۇرتەت** ئى [ئە] <دىن> دىندىن، ئىسلام دىنىي ئېتىقاـدىدىن يانغان، خۇداغا شەك كەلتۈرگەن ئادەم.

**مۇرتەتلىك** ئى. دىندىن چىققانلىق، دىنسىزلىق؛ دەھرىيلىك: ـــ سېنىڭ بۇ ئىشىڭ قىپقىزىل مۇرتەتلىك، ـــ دېدى موللام ئۇنىڭغا.

**مۇرجۇق** ئى. دىيال. بوسۇغا.

**مۇرچۇبا** ئى [پ] <بوت> گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزىنى ئىستېمال قىلغىلى ياكى دورىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. قىزىتمىنى ياندۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش رولىغا ئىگە.

**مۇردا** ئى [پ] ئۆلگەن كىشىنىڭ جەسىتى؛ ئۆلۈك.

**مۇرغىلەكلەشمەك** پ. دىيال. توپلاشماق، غۇجمەكلەشمەك.

**مۇرمەككى** ئى [پ] <بوت> ① مۇرمەككى دەرىخى. ② شۇ دەرەخنىڭ دېۋىرقىيى (يېلىمى).

**مۇرۇللۇغ** سۈپ. دىيال. ۋەدىلەشكەن، باغلىنىپ قالغان.

**مۇرۇۋۋەت** ئى [ئە] يېزت. ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن بىراۋغا قىلىنغان ياخشىلىق؛ ساخاۋەت، ھىممەت: مۇرۇۋۋەت قىلماق.

**مۇرۇۋۋەتسىز** سۈپ. مۇرۇۋۋەتى يوق، مۇرۇۋۋەتنى بىلمەيـدىغان، شەپقەتسىز، شاپائەتسىز: مۇرۇۋۋەتسىز ئادەم.

**مۇرۇۋۋەتلىك** سۈپ. بىراۋغا مېھىر ـ شەپقەت قىلىدىغان، ساخاۋەتلىك، ھىممەتلىك: مۇرۇۋۋەتلىك ئادەم.

**مۇرىت** ئى [ئە] ① بىرەر روھانىي، ئۇستاز، پىر، ئىشان قاتارلىق تونۇلغان كىشىلەرگە قول بەرگەن، ئەگەشكەن كىشى ياكى ئۇنىڭ شاگىرتى، مۇخلىسى؛ تالىپى. ② مەلۇم بىر دىن، مەسلەك، گۇرۇھ، ئېقىم قاتارلىقلارغا ئېتىقاد قىلغان، ئۇنىڭـغا مەنسۇپ بولغان، ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشى: خىرىستىيان مۇرىتى. بۇددا مۇرىتلىرى.

**مۇرىتلىق** ئى. مۇرىتلارغا خاس ئىش ـ ھەرىكەت: مۇرىتلىق ـــ پۇچەك پۇلغا ئەرزىمەيدىغان بۇ دۇنيادىن ۋە بارلىق مەئىشى ـ مەنپەئەتلەردىن ۋاز كېچىپ، ئۆزي تۈتمايدىغان، تىرىكچىلىك قىلمايدىغان، تاپقاندا يەپ، بولمىسا ئاچ يۈرىدىغان خىسلەتلەرنى ھازىر قىلغان بەندىلەرگە خاستۇر.

**مۇز** ① ئى <فىز> سۇنىڭ سېلسىيە نۆل ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن گىرادۇستا سوۋۇپ قېتىشىشىدىن ھاسىل بولىدىغان قاتتىق جىسىم: مۇز قاتماق. مۇز تۇتماق. ② سۈپ. كۆچمە. سوغۇق، توڭ، يېقىمسىز: مۇز چىراي. مۇز قاپاق.

**مۇز توپ** <تەن> ① بىر خىل مۇز ئۈستى تەنھەرىكىتى. بۇنىڭدا، تەنھەرىكەتچى مۇز توپ پالىقى بىلەن توپنى قارشى تەرەپنىڭ ۋاراتاسىغا ئۇرۇپ كىرگۈزۈپ نومۇرغا ئېرىشىدۇ، ئېرىشكەن نومۇرى كۆپرەكلىرى غەلىبە قىلغان بولىدۇ. ② مۇز توپ تەنھەرىكىتىدە ئىشلىتىلىدىغان توپ. ياپىلاق ھەم يۇمىلاق كېلىدۇ. ئادەتتە قارا رەڭلىك قاتتىق كاۋچۇكتىن ياسىلىدۇ.

**مۇز دەۋرى** <گېئول> گېئولوگىيە تارىخىدا كەڭ كۆلەمدە

مۇزلۇق پەيدا بولغان مەزگىل. پۈتكۈل يەر شارىنىڭ گېئولوگىيە تارىخىدا ئۈچ قېتىم زور مۇز دەۋرى بولۇپ ئۆتكەن. ئۇلار زېڭدەن مۇز دەۋرى، كۆمۈر دەۋرى ئىككىلەمچى مۇز دەۋرى ۋە 4 ـ مۇز دەۋرىدىن ئىبارەت. دۆلىتىمىزدە 4 ـ مۇز دەۋرى ئەڭ تەپسىلىي تەتقىق قىلىنغان.

**مۇزا** ئى. دىيال. مانچا، ئىش ھەققى.

**مۇزاكىرە** ئى [ئە] ① بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ئۆزئارا بايان قىلىنىدىغان ياكى قىلىنغان پىكىر، تالاش ـ تارتىش، مۇھاكىمە: مۇزاكىرە قىلماق. ② تەكرار، تەكرارلاش (ئوقۇغۇچىلار پائالىيىتى ھەققىدە): ھەربىر ئوقۇغۇچى ھەر كۈندىكى ئالتە سائەت دەرس، ئىككى سائەت مۇزاكىرىگە شەرتسىز قاتنىشىشى كېرەك.

**مۇزاكىرىسىز** رەۋ. مۇزاكىرە قىلىنماي، مۇزاكىرىگە قويۇلماي: ئۇ بىرنەچچە ئەمەلىي تەكلىپلەرنى بەردى، تەكلىپلەرنىڭ كۆپچىلىكى مۇزاكىرىسىزلا قوبۇل قىلىندى.

**مۇزاكىرىلەشمەك** پ. بىرەر مەسىلە ھەققىدە تالاش ـ تارتىش، مۇلاھىزە قىلىشماق، پىكىر يۈرگۈزۈشمەك، مۇزاكىرە ئېلىپ بارماق: بىر كۈنى، داۋۇت ئۆز ئەترىتىدىكىلەرنى يىغىپ، موتورلۇق كېمىنى بابلاش توغرىسىدا مۇزاكىرىلەشتى.

**مۇزەپپەر** [ئە] ① سۈپ. زەپەر قۇچقان، غەلىبە قازانغان، غالىب: قانچە ئاپەتلەرنى يەڭدىڭ قەھرىگە بەرداش بېرىپ، پەم ـ پاراسەتنىڭ مۇزەپپەر تەختىدە كۆردۈم سېنى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مۇزەررەت** سۈپ. دىيال. تاپا ـ تەنە، مىننەتلىك ئىش، كۆڭۈل ئاغرىتىدىغان، رەنجىتىدىغان گەپ ـ سۆز.

**مۇزەممەت** ئى [ ئە ] لەقەم، مازاق: ـــ ئوردا ئىچىدىكى خانزادىلەر بىلەن بەگزادىلەرنىڭ گۆدەك پەرزەنتلىرى ئۆزلىرىنى كەمسىتىپ مۇزەممەت قويغان بولسا ئاغرىنمىغايلا، ـــ دېدى چۈچۈك ئايىم زەردە بىلەن ئامانىساخانغا.

**مۇزخانا** ئى. يازدا مۇز ساقلايدىغان جاي، ئورا.

**مۇزدەك** سۈپ. سوغۇق: مۇزدەك سۇ. مۇزدەك گۆش.

**مۇزلاتماق** ① «مۇزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ شۇنداق كىرەرمۇ قاراڭغۇ قىشقا! ھاياتنى سوغۇقى بىلەن مۇزلىتىپ؟! ئىس ـ تۈتۈن ئۈستىگە ئاھ، يۈرەكلەرنى ئاسارمۇ سۇر قىلىپ، تىلىپ ـ تۇزلىتىپ؟! ② كۆچمە. ئىجرا قىلىش، بېجىرىشنى ۋاقىتلىق توختىتىپ قويماق، ۋاقىتلىق كۈچىدىن قالدۇرماق: ھازىر دۆلەت كارخانىلىرى مەھسۇلاتلىرى بىلەن كوللېكتىپ كارخانىلار مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى ئاز دېگەندە يېرىم يىل مۇزلىتىپ قويۇش كېرەك.

**مۇزلاشماق** «مۇزلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مۇزلاڭ** ئى. دىيال. نۇر، پىرقىرىغۇچ.

**مۇزلۇق** ① سۈپ. مۇزى بار، مۇز قاتقان: مۇزلۇق كۆل. مۇزلۇق دەريا. ② ئى <گېئول> قارنىڭ يىغىلىشىدىن شەكىللەنگەن ھەمدە كۆچىدىغان مۇز گەۋدىسى.

**مۇزلىتىلماق** «مۇزلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەلىكە ھەدە مۇزلىتىلغان قايناق سۈنى ئەكەلدى، ئالماس ئاكا دەرمانسىز قوللىرى بىلەن ئىستاكاننى چاڭگاللاپ قايناق سۈدىن بىر ـ ئىككى يۇتۇم ئوتلىدى ـ دە، بېشىنى ياستۇققا تاشلىدى.

**مۇزلىماق** پ ① سوغۇقنىڭ تەسىرىدىن مۇزلاپ قاتماق، مۇزغا ئايلانماق، توڭلىماق. ② توڭماق، سوۋۇماق: يازدا توڭلىغان

قىشتا مۇزلايدۇ (ماقال). * ئۇنىڭ پۇتلىرى مۇزلاپ كەتكەنىدى.

**مۇزېي** ئى [ر<گىرېك] تارىخىي ۋە ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان نەرسىلەرنى، سەنئەت، تېخنىكا، تەبىئەت نەمۇنىلىرىنى يىغىش، ساقلاش، تەتقىق قىلىش ۋە كۆرگەزمە قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇئەسسەسە: سەنئەت مۇزېيى. تارىخ مۇزېيى.

**مۇزېيشۇناس** ئى [ (گىرېك+پ ] تارىخىي ۋە ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان نەرسىلەرنى يىغىش، ساقلاش، تەتقىق قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇتەخەسسىس: ئۇنىڭ دادىسى تونۇلغان مۇزېيشۇناس ئىدى.

**مۇزېيشۇناسلىق** ئى. تارىخىي ۋە ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان نەرسىلەرنى يىغىپ ساقلايدىغان ۋە ئۇلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن (ئىلىم): ساۋۇت 38 يىل مۇزېيشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانغان پېشقەدەم كادىر ئىدى.

**مۇزىكا** ئى [ر<گىرېك] ① تۇرمۇش ۋەقەلىكى ھەم كىشىلەرنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنى تاۋۇشلۇق بەدىئىي ئوبراز، كۈي ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان بىر خىل سەنئەت تۈرى: سىمفونىيەلىك مۇزىكا. مۇزىكا ئەسىرى. مۇزىكا نەزەرىيەسى. مۇزىكىدىن تەلىم ئالماق. ② شۇ سەنئەتنىڭ چالغۇلار بىلەن ئىجرا قىلىنىدىغان ئەسىرى، كۈي: ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرى. بىتخوۋېن مۇزىكىلىرى. ③ چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ئىجراسى، ئاۋازى: سىرتتىن يامغۇرنىڭ ئاۋازى ئەمەس، شوخ مۇزىكا ئاڭلانغاندەك بىلىندى. ④ كۆچمە. چالغۇ ئەسۋابى: مۇزىكا چالماق. مۇزىكا زاۋۇتى.

**مۇزىكانت** ئى [ر] <مۇز> سازەندە، چالغۇچى: ـــ كەچ كىرىپ كەتتى، ـــ دېدى مۇنىرىدىن، ـــ ئەمدى بىز قايتايلى، ئەتە كەچتە ھۇجرامدا بولىمىز. يەكەندىن كەلگەن شاھابىدىن ناملىق مۇزىكانت مېھمىنىم بار. ئۇنىڭدىن ساز ئاڭلايسىلەر.

**مۇزىكىچى** ئى ① چالغۇ ئەسۋابى ياسايدىغان كىشى، مۇزىكا ئۈستىسى. مۇزىكا چالغۇچى، سازەندە، مۇزىكانت: تاڭ دەۋرىدە ئىچكى ئۆلكىلەردە ئوينالغان كۆپلىگەن شىنجاڭ ئۇسسۇللىرى مۇزىكا نەغمىلىرىنىڭ نامى بىلەن ياكى مۇزىكىچىلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**مۇزىكىچىلىق** ئى. مۇزىكا كەسپى: مانا بۇلار كوچا مۇزىكىسىنىڭ كۈيچىلىك سىستېمىسى بولۇپلا قالماي، ئومۇمىيلىق جەھەتتە پۈتۈن غەربىي رايون ۋە ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ ئاساسىي كۈي ئۆلچىمى ئىدى.

**مۇزىكىدار** سۈپ [ <گىرېك + پ ] مۇزىكىغا ئوخشاش قۇلاققا يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان، ئاھاڭدار، رىتىملىق: روھىيەتتىكى مۇرەككەپ ھادىسىلەرنىڭ كۆرۈنمەس دەرىجىدىكى نازۇك قۇلۇپلىرىنى تومەنىڭ ھۈنەر بىلەن ئېچىپ تاشلايدىغان مۇزىكىدار ئەرەب تىلى ئۇنى مەنە پەلەكلىرىنىڭ يارقىن سەييارىلىرى ئارىسىغا باشلاپ كىردى.

**مۇزىكىدارلىق** ئى. مۇزىكىسىنىڭ يېقىملىقلىقى، مۇزىكا جەھەتتىكى رەڭدارلىق، مۇزىكا ئېسىللىقى: مانا بۇ ـــ ساپ كەيپىيات، ھەقىقىي رەۋشتىكى مەنىۋى ھالەت. بىز يەنە شېئىردىن ئۆزگە خاس رەڭ ۋە مۇزىكىدارلىقنى تاپالايمىز.

**مۇزىكىشۇناس** ئى. مۇزىكىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىم، مۇزىكا مۇتەخەسسىسى.

**مۇزىكىشۇناسلىق** ئى. مۇزىكا نەزەرىيەسى، تارىخى، قانۇنى

قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم: ئۇيغۇر مۇزىكشۇناسلىقى.

**مۇزىكىلىق** سۈپ. مۇزىكا ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان؛ مۇزىكا بىلەن بىللە ئىجرا قىلىنىدىغان: مۇزىكىلىق ئاۋاز. مۇزىكىلىق دىراما. مۇزىكىلىق دېكلاماتسىيە.

**مۇسابىقە** ئى [ئە] مەلۇم بىر ئىش ئۈستىدە باشقىلاردىن ئۆتۈپ كېتىش ۋە ئۇتۇۋېلىش ئۈچۈن بولغان بەسلىشىش، ئېلىشىش: مۇسابىقە قائىدىسى. مۇسابىقە قىلماق.

**مۇسابىقىچى** ئى. بىللە مۇسابىقە قىلغۇچى، مۇسابىقىغە قاتناشقۇچى تەرەپلەر (بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن).

**مۇسابىقىلەشتۈرمەك** «مۇسابىقىلەشمەك»پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مۇسابىقىلەشتۈرۈشمەك** «مۇسابىقىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مۇسابىقىلەشتۈرۈلمەك** «مۇسابىقىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مۇسابىقىلەشمەك** پ. مەلۇم بىر ئىش ئۈستىدە، ئۆزئارا مۇسابىقە قىلىشماق، بەسلەشمەك: ئۇ: «بۇ دورەم ئەنۋەر بىلەن مۇسابىقىلەشتىم، ئۇ يېڭى، مەن كونا، شۇنداق تۇرۇپ يېڭىلىپ قالسام يولداشلار ئالدىدا قانداقمۇ يۈرەلەيمەن؟!» دەپ ئويلايتتى.

**مۇساپە** ئى [ئە] ئىككى تەرەپ، ئىككى نۇقتا ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق جاي، ئارىلىق: ئۇزۇن مۇساپە. قىسقا مۇساپە.

**مۇساپىر** ئى [ئە] ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغان، باشقا جايدا تۇرۇۋاتقان كىشى؛ كەلگۈندى: مۇساپىر بولماق. * مۇساپىر ئىتنىڭ قۇيرۇقى ئىچكىرى (ماقال).

**مۇساپىرەت** ئى [ئە] يېزت. مۇساپىرلىق، سەپەرلىك؛ ساياھەتچىلىك: يات ئەللەردىكى تەنھالىق، مۇساپىرەتتىكى تۈگىمەس كۈتۈشلەرمۇ ئۇنى يولدىن قايتۇرالماپتۇ.

**مۇساپىرپەرۋەر** سۈپ [ئە + پ] مۇساپىرلارنى ئاسرايدىغان، ئۇلارغا شەپقەت قىلىدىغان، كۆيۈنىدىغان: مۇساپىرپەرۋەر ئادەم.

**مۇساپىرپەرۋەرلىك** ئى. مۇساپىرلارغا كۆيۈنۈش، شەپقەت قىلىش ئىشى: پادىشاھ ئەمىر باتۇرنىڭ توغرىلىقى، مەردلىكى ھەم مۇساپىرپەرۋەرلىكىنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنى ئۆلۈمدىن ئازاد قىپتۇ.

**مۇساپىرچىلىق** ئى← **مۇساپىرلىق**: ـــ پېقىر يۇرتلىرىغا مۇساپىرمەن، مۇساپىرچىلىق دەردىدە ئاۋارىمەن، بۈگۈن نامازدىن كېيىنلا ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك قەدىمىگە تەلمۈردۈم، ـــ دېدى سېيىت ھاجى.

**مۇساپىرخانا** ئى [ئە + پ] تارس. چەت، ياقا يۇرتلاردىن كەلگەن كىشىلەر قونىدىغان جاي، مېھمانخانا: ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. كوچىلارنى ئايلىنىپ بىر مۇساپىرخانىنى تېپىپ چۈشۈپتۇ.

**مۇساپىرلىق** ئى. ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ باشقا جايلاردا تۇرۇش، ياشاش؛ مۇساپىرچىلىق: ـــ مەن كىچىكىمدىن تارتىپ مۇساپىرلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقانمەن، ـــ دېدى بوۋاي سۆز باشلاپ.

**مۇساپىلىك** سۈپ. بەلگىلىك مۇساپە كېلىدىغان، مۇساپىدىن ئىبارەت: كىشىلەر ئادەمنى ئۇزۇن مۇساپىلىك سەييارىلەر ئارا ئۇچۇش سەپىرىدە خېيىم ـ خەتەرسىز ئۇيقۇ ھالىتىگە كىرگۈزگىلى بولامدۇ، يوق؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلانماقتا.

**مۇسادىرە** ئى [ئە] بىراۋنىڭ ئىلكىدىكى پۇل، مال ـ مۈلۈك قاتارلىق تەئەللۇقاتلارنى ھۆكۈمەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش، ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش: مۇسادىرە قىلماق.

**مۇساۋىيات** سۈپ [ئە] يېزت. ئىككى تەرىپى ئوخشاش، پەرقلەنمەيدىغان؛ تەڭ، باراۋەر.

**مۇسەببە** ئى [ئە] <ئەد> يەتتە مىسرالىق كۇپلېتتىن تۈزۈلگەن شېئىر.

**مۇسەددەس** ئى [ئە] <ئەد> ئالتە مىسرالىق كۇپلېتتىن تۈزۈلگەن شېئىر. بۇ خىل شېئىرنىڭ بىرىنچى كۇپلېتىدىكى ئالتە مىسرا ئىزچىل قاپىيەداش بولىدۇ. كېيىنكى كۇپلېتلىرىدا ئالدىنقى تۆت مىسرا باشقا قاپىيەدە بولۇپ، ئاخىرقى ئىككى مىسراسى بىرىنچى كۇپلېتتىكى قاپىيەدە ئىزچىللىشىدۇ ياكى بولمىسا بىرىنچى كۇپلېتنىڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسى كېيىنكى كۇپلېتلاردا تەكرارلىنىدۇ.

**مۇسەللەس** I ئى [ئە] ئۈزۈمنى سىقىپ، سۈيىنى قايناتىش يولى بىلەن يەرلىك ئۇسۇلدا ياسالغان ئىچىملىك: مۇسەللەس قايناتماق.

**مۇسەللەس** II ئى [ئە] <ئەد> ئۈچ مىسرالىق كۇپلېتتىن تەركىب تاپقان شېئىر شەكلى. بۇ شەكىل ئىككى خىل كېلىپ، كېيىنكى مىسرالاردا ئاۋۋالقى ئىككى مىسرا ئوخشاش قاپىيەدە، 3 ـ مىسرا بىرىنچى كۇپلېتتىكى قاپىيەدە كېلىدۇ.

**مۇسەللىمەك** پ. يېزت. پەملىمەك، جەزملەشتۈرمەك: ھاكىم ئۇنىڭ پارقىراق كازۇكلۇك شەپكىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن تولغىشىپ چىقىپ تۇرغان بۇدۇر چاچلىرىغا، جىگەررەڭ پوپايكىسى ئۈستىدىن كىيىۋالغان ياقىلىق چاپىنىغا قاراپ، ئۇنىڭ لايچىلىقتا تەييارلىنىپ كەلگەنلىكىنى مۇسەللىدى.

**مۇسەممەن** ئى [ئە] <ئەد> ھەر بىر كۇپلېتى سەككىز مىسرادىن تەركىب تاپقان شېئىر شەكلى. بۇ شەكىل ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلىنىڭ ھەر كۇپلېتى بىر خىل قاپىيەدە تۈزۈلۈپ، قاپىيەلىرى كۆپىنچە مۇرەببەنىڭ قاپىيە تۈزۈلۈشىگە ئوخشايدۇ ياكى بىرىنچى كۇپلېتتىكى سەككىز مىسرانىڭ ھەممىسى قاپىيەداش بولۇپ، كېيىنكى كۇپلېتلارنىڭ ئاخىرقى 8 ـ مىسراسىدا بىرىنچى كۇپلېتتىكى قاپىيە ئىزچىللىشىدۇ. يەنە بىر خىلىدا بولسا، ھەر كۇپلېتنىڭ ئالتە مىسراسى چاپراس قاپىيەلىك (يەنى 1 ـ، 3 ـ، 5 ـ مىسرالىرى بىر خىل قاپىيەدە، 2 ـ، 4 ـ، 6 ـ مىسرالىرى بىر خىل قاپىيەدە)، ئاخىرقى ئىككى مىسراسى يەنە باشقىچە قاپىيەداش كېلىدۇ. بۇ شەكىلنى بارماق ۋەزنىدە يازسىمۇ بولىدۇ، ئارۇز ۋەزنىدە يازسىمۇ بولىدۇ.

**مۇسەننىپ** ئى [ئە] تارس. ئەسەر يازغۇچى؛ ئاپتور.

**مۇسەۋۋىر** ئى [ئە] يېزت. سۈرەتچى، رەسسامچى: ـــ مۆھتەرەم ئەزىزلەر، ـــ دېدى ئۇ، ـــ ئۈچ ئاي مۇقەددەم مىرزا ئەبۇ بەكرى زامانىدا ۋەيران بولغان مۇنەججىم، مۇنەققىش ۋە مۇسەۋۋىرلەرنى، مۇغەننىلەر ۋە شائىرلارنى، مىمارلارنى، خەتتاتلارنى، مەشھۇر مۇدەررىس ۋە تېۋىپلارنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن پەرمان چۈشۈرگەنىدۇق، قايسى تەرىقىدە ئىجرا بولۇۋاتىدىغانلىقىنى بىلمەكچىمىز، قېنى، قۇلىقىم سىلەردە.

**مۇسبەت** سۈپ [ئە] ① <مات> نۆلدىن چوڭ، نۆلدىن

يۇقىرى: مۇسبەت سان. مۇسبەت ئەزا. ② <فىز> ماددىي قىسىملىرى پىروتون ۋە پوزىتروندىن ئىبارەت ئېلېكتىرگە ئائىت؛ ئېلېكتىرون يوقاتقان: مۇسبەت زەرەت. مۇسبەت قۇتۇپ. ③ ئىنكار قىلىنمىغان، رەت قىلىنمىغان: مۇسبەت ئىبادەت.

**مۇستەبىت** ئى [ئە] زالىم ھۆكۈمران، ئىستىبدات: ئۇ كۈنلەردە بۇ يېڭى مۇستەبىتنىڭ بېشىدا خوجىنىياز ھاجى بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ قىلىچى ئويناپ تۇراتتى.

**مۇستەبىتچى** ئى. مۇستەبىتلىكنى ياقلىغۇچى، زالىملىقنى ھىمايە قىلغۇچى بىرەر ئادەم ياكى گۇرۇھ، پارتىيە، ئىستىبداتچى: گومىنداڭ مۇستەبىتچى ھاكىمىيىتىنىڭ يوقىتىلغىنىغا 50 يىل بولدى.

**مۇستەبىتچىلىك** ئى. مۇستەبىتلىك قىلمىش، مۇستەبىتلىك ھەرىكەت: «خاتىرە» گە سىڭدۈرۈلگەن ئىدىيە ماركسىزمغا، پەنگە، دېموكراتىيەگە قارشى بولغان فېئودال مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكى ئىدىيەسىدۇر.

**مۇستەبىتلىك** ئى. مۇستەبىتلەرگە خاس ئىش، ھەرىكەت، قىلمىش: مۇستەبىتلىك قىلماق.

**مۇستەسنا** سۈپ [ئە] ئومۇمىي قائىدىدىن، ئادەتتىكى تەرتىپتىن تاشقىرى، باشقىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز، ھەممىدىن خالىي، سىرتىدا: ئۇيغۇر تېبابىتى پەن بولغانىكەن، ئۇ ئۆزلۈكسىز راۋاجلىنىش، يېڭىلىنىش، كەشىپ قىلىنىش، تاكامۇللىنىش قانۇنىيىتىدىن مۇستەسنا ئەمەس، شۇنىڭدەك كەمچىلىك، يېتەرسىزلىكلەردىنمۇ خالىي بولالمايدۇ.

**مۇستەسناسىز** ① سۈپ. مۇستەسنا ئەمەس، مۇستەسنا بولمىغان: خەلقمۇ ئاڭلىق ھالدا قانۇنغا رىئايە قىلىشى كېرەك، بەلكى ھەممە كىشى قىلچە مۇستەسناسىز ھالدا رىئايە قىلىشى كېرەك. ② رەۋ. مۇستەسنا بولماستىن، مۇستەسنا قىلىنماي: بەزى دېھقانلاردا كونا جەمئىيەتتىن قېپقالغان ئىدىيە ۋە ئادەتلەر مۇستەسناسىز ساقلانماقتا.

**مۇستەسنالىق** ئى. مۇناسىۋەتسىزلىك، خالىيلىق: بۇ يەردە پەقەت كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە كەم ئۇچرايدىغان مۇستەسنالىق ۋە جاھانگىرلىكتىن ئىلگىرىكى دەۋردە شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ئەركىن كۆچمەنلەر كۆپ سانلىق ئىگىلىگەن جايلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**مۇستەقىل** سۈپ [ئە] ① ئىختىيار ئۆزىدە بولغان، بىراۋغا تەۋە ياكى ئۇنىڭ ئىلكىدە بولمىغان، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان: مۇستەقىل دۆلەت. مۇستەقىل رايون. ② باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز ياكى باشقۇرۇشىسىز ئۆز ئەقلى، خاھىشى بىلەن ئىش قىلالايدىغان: مۇستەقىل مىياۋزۇچە سۆزلىمەك.

**مۇستەقىلچى** ئى. مۇستەقىللىقنى ياقلايدىغان، مۇستەقىللىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان كىشى، مۇستەقىللىق تەرەپدارى.

**مۇستەقىللىق** ئى. ئۆزىگە ئۆزى خوجىلىق: بىر تۇتاش پىلان ئاستىدا، جايلار ۋە كارخانىلاردا مەلۇم مۇستەقىللىق بولۇشقا يول قويۇش كېرەك.

**مۇستەكرە** سۈپ [ئە] <دىن> مەكرۇھ دەپ قارالغان، مەكرۇھ سانالغان؛ شۈبھىلىك.

**مۇستەملىكە** ئى [ئە] <پەلس> كۈچلۈك دۆلەتلەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتتىكى مۇستەقىللىقىدىن مەھرۇم قىلىنغان، شۇلارنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنغان دۆلەت ياكى رايون.

**مۇستەملىكىچى** ئى. مۇستەملىكە قىلغۇچى، مۇستەملىكە ئاستىدىكى خەلقلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى: مۇستەملىكىچى دۆلەت.

**مۇستەملىكىچىلىك** ئى <پەلس> كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ كۈچى ئاجىز دۆلەتلەر ياكى رايونلارنى ئېزىش، ھۆكۈمرانلىق قىلىش، قۇل قىلىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش سىياسىتى.

**مۇستەملىكىشۇناس** ئى [ ئە+پ ] مۇستەملىكە ئىشلىرىنى تەتقىق قىلغۇچى ئادەم: مۇستەملىكىشۇناس ئەيمى: «مۇستەملىكە دېگەنلىك ئادەمنى نەرسىلەشتۈرۈش» دەيدۇ.

**مۇستەملىكىشۇناسلىق** ئى. مۇستەملىكە ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن: دۇنيادا ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرلا مۇستەملىكىشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

**مۇستەملىكىلەشتۈرمەك** «مۇستەملىكىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: چېقىمچىلىق ۋە تۇتقۇن قىلىش، چوڭ كۆرەشلەرگە تارتىش، زىيالىيلارنى تۈۋەنگە چۈشۈرۈشتەك يېرىم مۇستەملىكىلەشتۈرۈش قاتارلىق ئەنە شۇنداق ئىشلار ئىچىدە مىللان كۈندىرانىڭ پېرسوناژلىرى نېمىنى تاللىشى كېرەك؟

**مۇستەملىكىلەشتۈرۈشمەك** «مۇستەملىكىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مۇستەملىكىلەشتۈرۈلمەك** «مۇستەملىكىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مۇستەملىكىلەشمەك** پ. مۇستەملىكىسىگە ئايلانماق، مۇستەملىكىسىگە چۈشۈپ قالماق، مۇستەملىكە بولۇپ قالماق: مۇستەملىكىلەشكەن ئەلدە ئەركىنلىك بولمايدۇ.

**مۇستەملىكىلىك** ئى. مۇستەملىكە ھالەت: جۇڭگو سوتسىيالىزمدىن چەتلىسە، سۆزسىز يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكىلىككە قايتىدۇ.

**مۇستەھەپ** ئى [ئە] ① <دىن> قىلىنسا ياخشى، قىلىنمىسا گۇناھ بولمايدىغان ئىش: كېرەكسىز مۇستەھەپ ئىشلار ئۈچۈن جانىنى پىدا قىلدۇق ۋە لېكىن ھەجگە باج ئالسا توزۇپ قاچقانىمىز باردۇر، ئىلىم ـ پەن ئىجتىھاتىغا كۆڭۈلنى قويمىدۇق بىزلەر، ئوقۇرمىز، ئوقۇتۇرمىز، لېكىن سېغىز چايناشمىز باردۇر. ② تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئەۋرەتلىرىنى يۇيۇش: مۇستەھەپ قىلماق.

**مۇستەھەپخانا** ئى <دىن> مۇستەھەپ قىلىدىغان، تاھارەت ئالىدىغان، يۇيۇنۇپ، پاكىزلىنىدىغان ئۆي: بۇ ئۆي مەسچىت تېمىغا تۇتاش قىلىپ سېلىنغان مۇستەھەپخانىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىشكى خېلىلا كونىراپ كەتكەن بولغاچقا، ئامانقۇل ئۇنىڭ پۇتقولىنى يەنە باغلاپ تاشلىدى.

**مۇستەھزاد** ئى [ئە] <ئەد> بىر ئۇزۇن، بىر قىسقا مىسرادىن تەركىب تاپقان، ئۇزۇن مىسرالارمۇ ئۆز ئالدىغا قاپىيەلىنىدىغان؛ قىسقا مىسرالار ئۇزۇن مىسرالارنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ تولۇقلاپ، كۈچەيتىپ بېرىدىغان؛ ئۇزۇن مىسرالارنى قىسقا مىسرالاردىن ئايرىپ قارىغاندىمۇ مەسنەۋى ياكى غەزەل شەكلىنى ئېلىپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تۇرالايدىغان شېئىر.

**مۇستەھكەم** سۈپ [ئە] ① بۇزۇلمايدىغان، يېرىلمايدىغان؛ پىششىق، پۇختا، چىداملىق، مەھكەم: مۇستەھكەم ئىمارەت. مۇستەھكەم كۆۋرۈك. ② كۆچمە. ئۆزگەرمەيدىغان، ئاينىمايدىغان؛

بەرقارار: مۇستەھكەم ئىرادە. مۇستەھكەم دوستلۇق.

**مۇستەھكەملەتمەك** «مۇستەھكەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى .

**مۇستەھكەملەشمەك** «مۇستەھكەملىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى .

**مۇستەھكەملەنمەك** «مۇستەھكەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ چاغدا، تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈپ مۇستەھكەملەنگەن دامبا ئۈستىدە پۈت - قولىنى داكا بىلەن تېڭىۋالغان قۇدرەت ئەزالار بىلەن خۇشال پاراڭ سېلىشىپ تۇراتتى.

**مۇستەھكەملىك** ئى. پۇختىلىق، مۇكەممەللىك، تەرتىپلىك: ئۇنتۇپ قېلىشنىڭ باشقا ئامىللىرىغا، مەسىلەن، ماتېرىيالنىڭ خاراكتېرى، قىيىنلىقى، مىقدارى، مۇستەھكەملىك دەرىجىسى قاتارلىقلارغا قاراپ تەكرارلاشنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم.

**مۇستەھكەملىمەك** پ ① مۇستەھكەم ھالغا كەلتۈرمەك، مۇكەممەللەشتۈرمەك: ئۇ يېڭىلگەن لەشكەرلەرنى يىغىۋېلىپ، قارارگاھنى مۇستەھكەملەپ قاتتىق ساقلاشقا، چىقىپ جەڭ قىلماسلىققا بۇيرۇق بەردى. ② تەرتىپكە سالماق، كۈچەيتمەك: يېڭىدىن ئورنىتىلغان پىرولېتارىيات دىكتاتۇرىمىزنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيتتى. ③ پۇختىلىماق، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرمەك، پۇختا تەييارلىماق: دەرسنى مۇستەھكەملىمەك.

**مۇسكۇل** ئى [ر<لات] <ئانات> ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ تېنىدىكى بىر خىل توقۇلما. ئۇ نۇرغۇنلىغان مۇسكۇل تالالىرىنىڭ غۇژمەكلىشىشىدىن تۈزۈلگەن.

**مۇسكۇللۇق** سۈپ. مۇسكۇللىرى يېتىلگەن، تەرەققىي قىلغان: تىلىۋالدى ئەسىرگە چۈشكەندىن بېرى ئاز سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغان، مۇسكۇللۇق بەدىنى قاتاڭغۇر بولۇپ قالغانىدى.

**مۇسۇلمان** ئى [ئە] ئىسلام دىنىدىكى كىشى: مۇسۇلمان بولماق. * مۇساپىر بولمىغۇچە، مۇسۇلمان بولماس (ماقال).

**مۇسۇلمانچە** سۈپ. ئىسلام دىنىغا ئۇيغۇن، مۇسۇلمانلارغا خاس، مۇسۇلمان ئۇسلۇبىدا: — مەن سىزگە ئۆز ئېتىڭىزدىن باشقا مۇسۇلمانچە بىر ئات قويۇپ بەرسەم خالامسىز؟ — دېدى ئەبۇ ناسىر سامانى ئۇنىڭغا.

**مۇسۇلمانچىلىق** ئى. ئىسلام دىنىغا، مۇسۇلمانلارغا خاس قانۇن، تەرتىپ، قائىدە - يوسۇنلار؛ مۇسۇلمانلىق: مۇسۇلمانچىلىق ئاستا - ئاستا (ماقال). * توي كۈنىمۇ ئالىلقاچان تايىن قىلىنىپ بولدى. مۇسۇلمانچىلىقتا بەندىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ.

**مۇسۇلمانلىق** ئى. مۇسۇلمان بولۇش، مۇسۇلمانغا خاس ئىش - ھەرىكەت، ئادەت: پېقىرنىڭ بۇ ئوغلىغا مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگىتىپ، ئاغزىغا ئىلىم سېلىپ قويارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە سىلىنى ئىزدەپ، تاۋاپ قىلىپ كېلىشىم.

**مۇسىبەت** ئى [ئە] يۈز بەرگەن قايغۇلۇق ھادىسە، كۆڭۈل يېرىملىق، كۈلپەت، قارىلىق، ھازا: مۇسىبەتتە بولماق. مۇسىبەت يەتمەك.

**مۇسىبەتچى** ئى. بېشىغا مۇسىبەت يەتكەن، مۇسىبەت كەلگەن كىشى، ھازىدار: ئەتىسى بۇ مەھەللىدىن ئۈچ مېيىت چىقتى. تۈشمۇتۈشتىن بۇ يەرگە يىغىلغان مۇسىبەتچىلەر، نامازخانلار غەزەپلىرىنى باسالماي «قانغا قان، جانغا جان ئالىمىز» دەپ، مۇشتلىرىنى تۈگۈشۈپ يامۇلغا قاراپ سەلدەك ئاقماقچى بولدى.

**مۇسىبەتلىك** سۈپ. بېشىغا مۇسىبەت يەتكەن، مۇسىبەتكە دۇچ كەلگەن: مۇسىبەتلىك ئۆي. مۇسىبەتلىك ئادەم.

**مۇسىقى** ئى [ ئە ] تارس. مۇزىكا، ساز، چالغۇ: — ئەنە قاراڭ قىزىم، — دېدى قىدىرخان، — مانا بۇ ياركەنت شەھىرىدىكى ئەڭ قەدىمىي مۇسىقى مەدرىسە. كەلگۈسىدە سىز ئوقۇيدىغان مەدرىسە دەل مۇشۇ بولىدۇ.

**مۇسىقىچى** ئى. مۇزىكانت، سازەندە، سازچى، چالغۇچى: مەۋلانا يۇسۇپ قەشقىرى مەشھۇر مۇقامچى، مەۋلانا خۇلقى مەشھۇر ئالىم ۋە شائىر بولغاچقا، مىرزا بابۇر شاھقا يېقىپ قېلىپ، ئۇلارنىمۇ سۇلتان سەئىدخان بىلەن بىللە ئېلىپ قېلىپ، مەۋلانا يۇسۇپ قەشقەرىنى ئوردىدا «پىرى مۇغەننى» (مۇسىقىچىلار ئۇستازى)لىك لاۋازىمىغا، مەۋلانا خۇلقىنى بولسا ئوردا مۇدەررىسلىكىگە تەيىنلىگەنىدى.

**مۇشاۋىر** ئى [ئە] كېڭەشكۈچى، مەسلىھەت بەرگۈچى، مەسلىھەتچى: خەمىت سىلىنىڭ ئۇلارنى كېرەك بولۇپ قالار دېگەن ئوي بىلەن مۇشاۋىرلارغا قوشۇپ بىللە ئېلىۋالغانىدى.

**مۇشاۋىرەك** ئى [ئە + پ] <مۇز> ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئۈچىنچىسىنىڭ نامى. ئۇ جەمئىي 31 نەغمە، 363 مىسرا بولۇپ، چوڭ نەغمىگە 17 نەغمە، 216 مىسرا؛ تۆت داستانغا سەككىز نەغمە، 84 مىسرا؛ ئالتە مەشرەپكە ئالتە نەغمە، 63 مىسرا جايلاشقان.

**مۇشاۋىرلىق** ئى. مۇشاۋىرغا يۈكلەنگەن ئەمەل، ۋەزىپە: ئۇ سەمەتنى ھەربىي مۇشاۋىرلىققا تەكلىپ قىلىپ، ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ ھەربىي تەلىم ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى.

**مۇشائىرە** ئى [ئە] بىرنەچچە شائىر بىر يەرگە جەم بولۇپ، بىر ماۋزۇدا، شۇ ماۋزۇدىكى پىكىرلەرنى راۋاجلاندۇرۇش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان شېئىر ئېيتىشىش مۇسابىقىسى: ئۇلار ئارىسىدا خۇددى شائىرلار مۇشائىرىسىدەك بىردەم سۆز ئويۇنى بولدى.

**مۇشەررەپ** سۈپ [ئە] ① يېزت. شەرەپلىك، شانلىق: «بەش يۇلتۇز» ئۈستىگە بېزەكلەر تاقىدى، جۇدېنىڭ مۇشەررەپ ئىزى - قەدىمى. ئەسلەيمىز ئۇ ھايات مەڭگۇ بىز بىلەن، قۇياشتەك نۇر چاچار، ئۆچمەس ئەبەدىي. ② شەرەپكە مۇيەسسەر بولغان، شەرەپ تاپقان: — ئاتا! ئۆزلىرىنىڭ ئېيتقانلىرىدىكىدەك كىشى بولۇش لاياقىتىگە مۇشەررەپ ئەمەسمەن! — دېدى ساۋۇت كۈلۈپ تۇرۇپ.

**مۇشەررەپ بولماق** شەرىپىگە مۇيەسسەر بولماق، شەرەپكە ئېرىشمەك: ئۇيغۇرچە - ئەرەبچە مەركەز قىلىنغان قوش تىللىق مائارىپ دەۋرى دېگىنىمىز، 10 - ئەسىردە، ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتكە مۇشەررەپ بولغاندىن تارتىپ، 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**مۇشەققەت** ئى [ئە] قاتتىق قىيىنچىلىق، ئېغىرچىلىق، زەخمەت: مۇشەققەت تارتماق. مۇشەققەت چەكمەك. * ئۇ يول بويى مۇشۇ خىياللىرىنىڭ ئىلكىدە لەززەتلىنىپ، سەپەر مۇشەققىتىنى ئۇنتۇغان ھالدا يۇرتىغا كەلدى.

**مۇشەققەتچىلىك** ئى. قاتتىق قىيىنچىلىق، ئېغىرچىلىق، مۈشكۈللۈك: كېرەك يوق، يەتتە يىلنىڭ بۇياقى چىداپ كەلدىم. ھازىر كۈنۈم خېلىلا ياخشى، ئانچىمۇ مۇشەققەتچىلىك سەزمەيمەن.

**مۇشەققەتسىز** سۈپ. مۇشەققىتى يوق، مۇشەققەت بىلىنمەيدىغان، تەس ئەمەس، ئوڭاي: مۇشەققەتسىز تۇرمۇش. مۇشەققەتسىز

ھۇنەر بولماس (ماقال).

**مۇشەققەتلىك** سۈپ. مۇشەققىتى بار، ئېغىر، قىيىن؛ جاپا-لىق: مۇشەققەتلىك تۇرمۇش. مۇشەققەتلىك كەچۈرمىش.

**مۇشپىق** سۈپ [ئە] يېزت. شەپقەت قىلىدىغان، شەپقەتلىك: ئايا ساقىي قەدەھ كەلتۈر، بولۇپ مۇشپىقىي مامۇتنىڭ، كېزىكتەك قىينىلار جىسمىم ھارارەت تەپتىدە ئوتنىڭ.

**مۇشت** ئى [پ] قول پەنجىلىرىنىڭ چىڭ تۈگۈلگەن ھالىتى: مۇشت ئاتماق. مۇشت كۆتۈرمەك. * ئاش بەرگەنگە، مۇشت بېرىپتۇ (ماقال).

**مۇشت ئاتماق** ① مۇشت بىلەن ئۇرماق. ② كۆچمە. قىلىن-غان ياخشىلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرماق، ۋاپاسىزلىق قىلماق: ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىلىك ئەۋلىياغا ئوخشايتتى. پالۋان ئىلىكنى ھەر قېتىم كۆرۈپ، ئۇنىڭ مېھرىبانلىقىنى ھېس قىلغاندا، بۇ «ئۇلۇغ ئادەم» گە مۇشت ئاتقانلىقىغا نومۇس قىلاتتى.

**مۇشت كۆتۈرمەك** ① مۇشت بىلەن ئۇرۇشقا تەمشەلمەك. ② كۆچمە. قارشى تۇرماق، ئىسيان كۆتۈرمەك: — ئۇ ھۆكۈمەتكە مۇشت كۆتۈرگەندىكىن سىلىگىمۇ مۇشت كۆتۈرگەن بولىدۇ-دە، ئەلۋەتتە، — دېدى مىركېرەم.

**مۇشتا** ئى [پ] دۇكاننىڭ كىرىچىگە ئۇرىدىغان، چىلان ياغىچىدىن ياسالغان توقماق.

**مۇشتاق** سۈپ [ئە] تەشنالىق، سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتكۈچى، تەقەززا، ئىنتىزار: مۇشتاق بولماق. * بىرنەچچە كۈن چوڭ توي - تاماشا ئۆتكۈزۈلدى. ئىككى مۇشتاق ئاشىقلار بىر-بىرىدىن مۇرادلىرىنى ھاسىل قىلىپ ھاتەمگە كۆپلەپ دۇئا قىلىشتى.

**مۇشتاقلىق** ئى. تەشنا بولۇش، سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتۈش، تەقەززا بولۇش، ئىنتىزارلىق: ئوبۇل ھەسەن ئۇنىڭدىن بۇ ئەھۋالنى سېزىپ، ئۇنىڭغا يېقىن بېرىپتۇ ۋە: «قەدىرلىك دوستۇم! بۇ كېچە بۇ يەردە ئويۇن - كۈلكە بىلەن ئازراق بولسىمۇ كۆڭلۈڭنى ئاچ! مۇشتاقلىق يۈكلىگەن غەملىرىڭ تارقالسۇن!» دېگەنىكەن.

**مۇشتەرى** ئى [ئە] گېزىت، ژۇرنال، كىتاب قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋالغۇچى؛ خېرىدار، ئابۇنىچى: مۇشتەرى بولماق.

**مۇشتەك** ئى [ر<نېم] تاماكىنى قاداپ چېكىدىغان بىر خىل سايمان: — بۇ ۋەزىپىنى ئۆزلەگە تاپشۇرغان-دە! — دېدى تۈگچى مۇشتەكنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ.

**مۇشتەكلىمەك** پ. دىيال. دىسلىماق، چەيلىمەك، نىقتاپ پىشۇرماق (خېمىر ھەققىدە).

**مۇشتخور** سۈپ [ پ ] دائىم مۇشتلىشىپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان: مۇشتلىششقا ئامراق، ئۇرۇشقاق، سوقۇشقاق، جېدەلخور: ئۇنىڭ ئوغلى ناھايىتى مۇشتخور چوڭ بولدى.

**مۇشتخورلۇق** ئى. دائىم مۇشتلىشىپ تۇرۇش ۋە شۇنداق ئادەت: — پەقەت ئويلىمايتىكەنمىنا ! توۋا... جۇغۇڭ كىچىك بولغىنى بىلەن كەمەك ھەييارنىڭ ئۆزى ئىكەنسەن ئەمەسمۇ ! ياپىرىم، سېنىڭ بۇ مۇشتخورلۇقۇڭ، تەپكەكلىكىڭگە، ئادەم بالىسى پەۋا كېلەلمىگۈدەك جۇمۇ، قالتىس ئىكەنسەن، يارايسەن يىگىت !...، — دېدى چەتتە قاراپ تۇرغان ساقاللىق بىر ئادەم ھەيران قالغان ھالدا.

**مۇشتلاشتۇرماق** «مۇشتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مۇشتلاشچى** ئى. مۇشتلىششقا ئېپى بار، مۇشتلىششتا داڭ چىقارغان، مۇشتلىشىش ماھىرى: ئۇ مەكتەپ بويىچە مۇشتلاشچى بولۇپ، ھەممە بالىلار ئۇنىڭدىن تەپ تارتاتتى.

**مۇشتلاشماق** ① «مۇشتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئوغرىنى تۇتۇۋېلىپ ھاردۇقى چىققۇدەك مۇشتلاشتى. ② بىر - بىرىگە مۇشت ئېتىپ ئۇرۇشماق. بىر - بىرى بىلەن ياقىلىشىپ سوقۇشماق: بۇلار بىر - بىرى بىلەن مۇشتلاشتى، تۇپىغا بېسىششتى، تومشۇقلىرى قان بولدى.

**مۇشتلانماق** «مۇشتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مۇشتلىششماق** «مۇشتلاشماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككى تەرەپ بىر - بىرى بىلەن مۇشتلىششماقتا ئىدى.

**مۇشتلىماق** پ. مۇشت بىلەن ئۇرماق، مۇشت بىلەن زەربە بەرمەك: ئۇ ھېچكىمگە ھېچنېمە دېمەستىنلا تۆمۈرچىنىڭ سەندىلىگە بازغان ئۇرغاندەك مەنسۇر ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئادىمىنى مۇشتلىغىلى باشلىدى.

**مۇشتۇم** ئى [پ] مۇشت: ئۇ خوتۇنىنىڭ ئەدىپىنى كېلىشتۇرۇپ بېرىپ قويماقچى بولۇپ، مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگكىنىچە، كارىۋاتقا يېقىنلاشتى.

**مۇشتۇمزور** ئى [پ] تارس. يوقسۇل، نامرات، كەمبەغەل-لەرنى رەھىمسىزلەرچە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان، ئېزىد-دىغان زوراۋان: دۆلەت ئەركانى بۇزۇلۇپ، قانۇن - ياساق ئىشتىن چىقماقتا، مۇشتۇمزورلار غۇلغۇلا كۆتۈرۈپ دۆلەتنى مالىمانچىلىققا سالماقتا، پېقىرنىڭ يۈرىكى مۇجۇلۇپ يانجىلماقتا.

**مۇشتۇمزورلۇق** ئى. زوراۋانلىق قىلىش خاھىشى: ئابدۇللانىڭ ئۆلۈمى تۇپەيلى قەلبىدە پەيدا بولغان ماتەم ۋە يات تائىپەلەرنىڭ مۇشتۇمزور-لۇقى سەۋەبلىك تۇغۇلغان غازات ئارزۇسى مەدەت بولغان بولسا كېرەك.

**مۇشرىك** ئى [ ئە ] ئاللاتائالاغا شېرىك قوشقۇچى، ئاللانىڭ تەڭدىشى بار دېگۈچى، دىنسىز: ئەزىز پەيغەمبىرىمىز جانابىي رەسۇلۇللاھمۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەمە ئۆز زامانىسىدا، ئەسىرگە چۈشكەن يەھۇدىي مۇشرىكلىرىدىن ئەرەبلەرگە خەت يېزىشنى ئۆگىتىپ قويۇشقا رازى بولغانلارنى ئەسىرلىكتىن ئازاد قىلىۋەتكەن.

**مۇشك** ئى [پ] بىر خىل كېيىكنىڭ جىنسىي بېزىدىن ئېلىنىدىغان قارامتۇل، خۇشبۇي ماددا؛ (ئەتتارلىق ۋە تېبابەتتە ئىشلىتىلىدۇ): ئەتىياز بۇلۇتى ئۆتتى ھۆڭگىرەپ، خوتەننىڭ مۇشكىدەك تۇس ئالدى جاھان. ئېيتساڭچۇ تۇتقۇنلۇق پەريادلىرىنى، يېشىڭدىن كۆكەرگەن سەرۋى سۇۋادان.

**مۇشك - ئەنبەر** مۇشك ۋە ئەنبەر، خۇشبۇي ماددىلار: ئۇ: «تۇرلۇك مۇشك-ئەنبەرلەر، ئۇدگۈلى، تۇمۇچۇق زەيتۇنى شۇنىڭدەك ئۇ مەملىكەتلەردە ئاز تېپىلىدىغان نەرسىلەرمۇ بار!» دەپتۇ.

**مۇشكەم** ئىم. دىيال. كالىنى تىنچلاندۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**مۇشۇ** ئال ① سۆزلىگۈچىگە يېقىن، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى ياكى قولىدىكى نەرسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: مۇشۇ ئولتۇرۇشتىن بىر سائەتچە كېيىن ئۆزبەگ ئايىم ئۆينى خالىي قىلىپ، ھەسەن ئەلىنى ئۆز يېنىغا قىچقارتىپ كىردى. ② سۆز بولۇۋاتقان پەيتنى ياكى ئۇنىڭغا يېقىن ۋاقىتنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ: — باشقىلارنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرگىنىدىن خەۋە-رىڭىز يوققۇ دەيمەن؟ — دېدى ئۇ. ③ ئېيتىپ ئۆتۈلگەن، كۆزدە تۇتۇلغان ياكى ئاڭلىغۇچى يېقىن دەپ ھېس قىلغان ئادەم، نەرسە، ۋەقە، ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش ياكى

ئۇلارغا ئىشارە قىلىشتا قوللىنىلىدۇ: بۇ دەل مۇشۇ ئايشەم ھەدە ئىدى!

**مۇشۇ تاپ** سۆز بولۇۋاتقان پەيت، مۇشۇ ۋاقىت، مۇشۇ چاغ، ھازىر: مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدە كەلگەن بولسا، ناھايىتى ياخشى بولاتتى ــ ھە؟

**مۇشۇ تاپتا** سۆز بولۇۋاتقان پەيتتە، مۇشۇ ۋاقىتتا، مۇشۇ چاغدا، ھازىرنىڭ ئۆزىدە: بۇندىن بىر ئاي بۇرۇن ماشىنا بېكىتىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىش مايسىخان چويۇننىڭ كۆز ئالدىدا گويا مۇشۇ تاپتا يۈز بېرىۋاتاتتى.

**مۇشۇ تۇرقىدا** مۇشۇ ھالەتتە، مۇشۇ پەيتتە، مۇشۇ ۋاقىتتا، مۇشۇ چاغدا: ــ مۇشۇ تۇرقىدا ئاشۇ قاپاقتىكى مۇزدەك سوغۇق چاينى ئەكېلىپ بەرسە ئەجەب ئوبدان بولاتتى ــ ھە! ــ دېدى ئۇ لەۋلىرىنى تامشىپ.

**مۇشۇمۇ كۇن بولدىمۇ؟** تۇرمۇشنىڭ ئېغىر، كۆڭۈلسىزلىكىنى بىلدۇرىدىغان ئىبارە: ــ قارىغىنا، مۇشۇمۇ كۇن بولدىمۇ؟ ــ دېدى بوۋاي.

**مۇشۇنچە** ئال. مۇشۇ مىقداردىكى، مۇشۇ دەرىجىدىكى: مۇشۇنچە نەرسىنى قانداق كۆتۈرۈپ كېتىسىز؟

**مۇشۇنچىلىك** ئال. ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ياكى كۆرسىتىلگەن مىقداردا، شۇ دەرىجىدە: ــ سىز يوق چاغدا بىز مۇشۇنچىلىك بىرنېمە قىلدۇق. قالغىنىنى مەسلىھەتلىشىپ بىر تەرەپ قىلارمىز؟ ــ دېدى ئۇ.

**مۇشۇنچىۋالا** ئال. مۇشۇنچە كۆپ، شۇنچە نۇرغۇن: نېمە ئۈچۈن مۇشۇنچىۋالا باش قاتۇرۇپ كېتىسىز.

**مۇشۇنداق** ئال. ئېيتىپ ئۆتۈلگەن، كۆزدە تۇتۇلغاندەك، كۆز ئالدىدىكىدەك، ئاشۇنداق: ــ مەن كەتمەيمەن، ئۆمرۈم بويى ئىككى بالىڭىزنى بېقىپ مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتەي، ــ دېدى ئۇ ئېرىگە.

**مۇغال** ئى. دىيال. باشلام.

**مۇغەمبەر** سۈپ [ئە] بىلىپ تۇرۇپ ھېچنېمىنى ئۇقمىغان، سەزمىگەن قىياپەتكە كىرىۋالىدىغان، ئالدامچىلىق بىلەن ئىش كۆرىدىغان؛ ساختىپەز، قۇۋ، ھىيلىگەر، خۇپسەن: مۇغەمبەر ئادەم.

**مۇغەمبەرانە** رەۋ ← **مۇغەمبەرلەرچە**: ئۇ ئۇنىڭ قولىنى ئامبۇردەك قىسىپ، مۇغەمبەرانە نەزەر بىلەن قاراشلىرىدىنلا خوجايىنلاردا بولىدىغان تەكەببۇرلۇقنى ھېس قىلغانىدى.

**مۇغەمبەرلەرچە** رەۋ. مۇغەببەرلەردەك، مۇغەمبەرلەرگە ئوخشاش، ھىيلىگەرلىك، خۇپسەنلىك بىلەن: بىز كىتابخانىدىن چىققىنىمىزدا تالىپ مۇغەببەرلەرچە ھىجىيىپ: «يۇرۇڭلار، ئاشخانىغا كىرىپ بىرەر رومكىدىن كۆتۈرەيلى» دېدى.

**مۇغەمبەرلىك** ئى. ساختىپەزلىك، قۇۋلۇق، ھىيلىگەرلىك، خۇپسەنلىك: كەمپىر مۇغەمبەرلىك قىلىپ، ئۇلاردىن مىننەتدار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ.

**مۇغەننى** ئى [ئە] يېزت. ساز چالغۇچى، سازەندە: مۇغەننىلەرنىڭ ساز ئاۋازىدىن گۇلزار ئىچىدە خىجىلدۇر بۇلبۇل، ئۇيغۇر قىزلىرى چۈشسە ئۇسسۇلغا، كۆرىسەن ئۇنى گويا قىزىلگۈل.

**مۇفتا** ئى [ر<نېم] <ماشىن> ماشىنا ۋە مېخانىزملارنىڭ ئىككى ئوقنى بىر ــ بىرىگە ئۇلايدىغان قىسمى.

**مۇقابىل** سۈپ [ئە] يېزت. قارشى، قارشى ھالدا، قارىمۇقارشى؛ زىت: مۇقابىل بولماق. مۇقابىل تۇرماق. * كۈنچىقىش لەشكەرلىرى يېتىپ كېلىش بىلەنلا، ئۇلارنىڭ قوشۇنى قارشى چىقتى، ئىككى قوشۇن بىر ــ بىرىگە مۇقابىل بولۇپ تۇرۇشتى.

**مۇقاتىل** ئى [ئە] <بوت>← **مۇقاتىل دەرىخى**.

**مۇقاتىل دەرىخى** <بوت> سىر دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، تەتۈر تۇخۇم شەكىللىك، گۈلى شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك، ئۆتكۈر خۇشبۇي پۇرايدۇ، مېۋىسى بۆرەك شەكىللىك، ئۇرۇقىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. شاكىلىدىن ماي ئېلىنىدۇ.

**مۇقام** ئى [ئە] ① <مۇز> ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» ۋە ئۇنىڭ ھەربىر قىسمى. ھەربىر مۇقام چوڭ نەغمە، داستان ۋە مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ. ئون ئىككى مۇقام جەمئىي 72 خىل نەغمە ۋە 170 تىن ئارتۇق ئاھاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ② مۇزىكىلىق ئاھاڭ، مۇزىكا ئاھاڭى، كۈي ۋە ئۇنىڭ تەرتىپى: چىۋ-چىۋ قىلىپ ئۆز مۇقامىغا تىۋۆلاپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان تورغاي ئاۋازى بەكمۇ يېقىملىق. ③ كۆچمە. تەرتىپ؛ ئۆلچەم، رىتىم: ئۇنىڭ بۇ خىل سۆزلىرى ئۆزگەرمەستىن بىر مۇقامدا ئېيتىلىپ تۇراتتى. ④ كۆچمە. ھەرىكەت، ئۇسۇل، يول: ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت ھەر مۇقامدا يورغىلار (ماقال). ⑤ نوپۇز، دەرىجە، مەرتىۋە: تۆمۈرخان ئۇلۇغ ــ كىچىك تىنىپ: ــ راستتىن ئەۋلىيالىق مۇقامىغا يېتىشكەن كىشى ئىكەن! ــ دېدى ھەيران قېلىپ.

**مۇقامدا يوق** قائىدە ــ يوسۇن، ئۆرپ ــ ئادەتتە بولمىغان، ئەمەلىيەتكە خىلاپ: كاتىپ ئۆزىنىڭ ئورۇنسىز، مۇقامدا يوق گەپ بىلەن ئۆز ئېغىزىدىن كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى بىلىپ ئۈن ــ تىنسىز جىمىپ كەتتى.

**مۇقامىغا سىغماسلىق** ئەمەلىيەتكە، قائىدە ــ يوسۇنغا، ئەقىلغا ئۇيغۇن كەلمەسلىك: دائىم مۇقامىغا سىغمايدىغان ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈپ ئاخىر مۇشۇ كۈنگە قالدىڭ.

**مۇقامىغا يەتمەك** بىرەر ئىشتا راسا پىشىپ يېتىلمەك، يۇقىرى پەللىگە چىقماق، ۋايىغا يەتمەك: بالا نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ، كۆپ بىلىم ئېلىپ، ئۆلىمالىق مۇقامىغا يېتىپتۇ.

**مۇقامچى** ئى. مۇقام ئېيتقۇچى، مۇقام ماھىرى: مەتياقۇپ مۇقامچىنىڭ غېجەك چېلىشىدىن زوقلىنىپ ساقاللىرىنى لەپىلدىتىپ ماقۇللايتتى، ئۇنىڭ بېيىتلىرى يېڭى ۋە تەسىرلىك ئىدى.

**مۇقامچىلىق** ئى. مۇقام ئېيتىش، مۇقام بىلەن شۇغۇللىنىش: ئۇنىڭ چوڭ بوۋىسى ھاشىمئاخۇن ئەينى زاماندىكى ئەڭ مەشھۇر خەلق مۇقامچىلىرىدىن ئىدى.

**مۇقامشۇناس** ئى. مۇقامنى تەتقىق قىلىدىغان كىشى، مۇقام مۇتەخەسسىسى: بۇ يىل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر سەنئەت ئەربابى، ئاتاقلىق مۇقامشۇناس تۇردىئاخۇن ئاكا تۇغۇلغانلىقىغا بىر ئەسىر بولۇپ ئاشتى.

**مۇقامشۇناسلىق** ئى. مۇقامنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم، مۇقامنى تەتقىق قىلىش ئىشى: ئۇ 70 يىللىق ھاياتىنى ئۇيغۇر خەلق ئەلنەغمىسى ۋە مۇقامشۇناسلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن.

**مۇقاۋا** ئى [ئە] <مەت> كىتاب ــ ژۇرنال، دەپتەر ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ قەغەز، سولياۋ قاتارلىق نەرسىلەردىن قىلىنغان سىرتقى قىسمى؛ تاشلىق: قاتتىق مۇقاۋا. يۇمشاق مۇقاۋا. كىتابنىڭ مۇقاۋىسى.

**مۇقاۋىچى** ئى. كىتاب ــ ژۇرنال، دەپتەر ۋە شۇ قاتارلىقلارنى مۇقاۋىلايدىغان ئادەم.

**مۇقاۋىچىلىق** ئى <مەت> كىتاب ئىشلەش جەريانىدىكى

مۇقاۋا لايىھەلەش خىزمىتى.

**مۇقاۋىسىز** سۈپ. مۇقاۋىسى يوق، مۇقاۋىغا ئېلىنمىغان.

**مۇقاۋىلاتماق** «مۇقاۋىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مۇقاۋىلاشماق** «مۇقاۋىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ساۋاقداشلىرىم تارقىتىلغان يېڭى كىتابلارنى ئالدىراش مۇقاۋىلاشماقتا ئىدى.

**مۇقاۋىلانماق** «مۇقاۋىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ياڭاق ياغىچىدىن ياسالغان نەقىشلىك شىرە ئۈستىدە شەيخ سەئىدىنىڭ قىزغۇچ كۆندىن كۆركەم مۇقاۋىلانغان «بوستان» ناملىق مەشھۇر كىتابى ئۇچۇق تۇراتتى.

**مۇقاۋىلىق** سۈپ. مۇقاۋىسى بار، مۇقاۋىلانغان، تاشلانغان: ئۇ هازىر كۆزەينىكىنى تاقاپ، تىزىغا قويۇۋالغان قارا خۇرۇم مۇقاۋىلىق چوڭ بىر كىتابنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى.

**مۇقاۋىلىماق** پ. كىتاب، ژۇرناللارنىڭ سىرتىنى مۇقاۋا بىلەن ئورىماق، تاش قاپلىماق؛ تاشلىماق: قىزىم كىتاب - دەپتەرلىرىنى بىردەمدىلا مۇقاۋىلاپ بولدى.

**مۇقەددەس** [ئە] ① سۈپ. ئەزىز، ئۇلۇغ، تەڭداشسىز: مۇقەددەس جاي. مۇقەددەس كىتاب. ② سۈپ. ئالىيجاناب، سۆيۈملۈك، بىباھا، شەرەپلىك: تۇغۇلدۇم دۇنياغا ئۆلمىسەم دەيمەن، ئۆلسەممۇ ئارماندا كەتمىسەم دەيمەن. مۇقەددەس ئەل ئىشى بولسا كەڭ ئاسمان، كۆكسىدە يۇلتۇزدەك ئۆچمىسەم دەيمەن. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مۇقەددەسلەشتۈرمەك** پ ① مۇقەددەس نەرسىگە ئايلاندۇرماق. ② <پەلس> مەلۇم مۇددىئانى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا مەلۇم نەرسە، ئىدىيە قاتارلىقلارنى دىنىي ياكى باشقا يوللار ئارقىلىق مۇقەددەسلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشكە قارىتا ئېيتىلىدۇ.

**مۇقەددەسلەشتۈرۈشمەك** «مۇقەددەسلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مۇقەددەسلەشتۈرۈلمەك** «مۇقەددەسلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: زەمزەم — مەككىنىڭ شەرقىگە، كەئىبىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ۋە ئىسلام دىنىدا مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن چوڭقۇر قۇدۇق.

**مۇقەددەسلەشمەك** پ. مۇقەددەس نەرسىگە ئايلانماق، مۇقەددەس بولماق، مۇقەددەس دەپ قارالماق: مۇھەببەت گەرچە ئىنتايىن ئازابلىق بولسىمۇ، بىراق مەن ئۆز قەلبىمدە مۇھەببەت ئوتلىرىنىڭ يېلىنجىشىدىن خۇشالمەن. ئۇ كۈچەيگەنسېرى مېنى شۇنچە ئازابلايدۇ، ئۇ قانچە ئازابلىق بولغانسېرى شۇنچە مۇقەددەسلىشىدۇ.

**مۇقەددەسلەنمەك** پ. مۇقەددەس نەرسىگە ئۆزگەرمەك، مۇقەددەس بولماق، مۇقەددەس دەپ قارالماق: قۇرئان كەرىم ئىسلامىيەتتە مۇقەددەسلىنىدۇ.

**مۇقەددەسلىك** ئى. مۇقەددەس دەپ بىلىش، مۇقەددەس دەپ قارىلىش، ئۇلۇغلۇق: بۈگۈنكى كۈندە «مۇھەببەت» دېگەن بۇ بىر سۆزگە ئۇلۇغلۇق ۋە مۇقەددەسلىكتە دۇنيادىكى ھېچ نەرسىنىڭ تەڭ بولالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم.

**مۇقەددەم** رەۋ [ئە] بۇرۇن، ئىلگىرى، ئالدىن، ئاۋۋال: شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوتۇنلىرىنى يولغا سېلىۋېتىپ، ئىككى يىل مۇقەددەم يەنە بىر قىزغا ئۆيلىنىپتۇ.

**مۇقەددىمە** ئى [ئە] ① ئىلمىي، ئەدەبىي، مۇزىكا، تىياتىر ئەسەرلىرى ۋە گەپ-سۆز، نۇتۇق قاتارلىقلارنىڭ كىرىش قىسمى، باشلىنىشى: كىتابنىڭ مۇقەددىمىسى. مۇزىكىنىڭ مۇقەددىمىسى. ② كۆچمە. بىرەر ئىشنىڭ بېشى، دەسلەپكى باسقۇچى: ئەتىكى توينىڭ مۇقەددىمىسى ھېسابىدىكى بۇ ئۇسسۇل سورۇنى كەچ كىرگەنچە قىزىشقا باشلىدى.

**مۇقەررەر** سۈپ [ئە] ① ۋۇجۇدقا كېلىشى، يۈز بېرىشى، ئەمەلگە ئېشىشى ئېنىق بولغان؛ شۈبھىسىز، تۇرغان گەپ، چوقۇم: بىر ئەركىشى ئالداشقا باشلىسىلا، كەينى - كەينىدىن يالغان ئېيتىشى مۇقەررەر. ② قارار تاپقان، تايىن؛ تۇرغۇن ھالەتكە كەلگەن: مۇقەررەر تەرتىپ.

**مۇقەررەرلەشتۈرمەك** «مۇقەررەرلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: هوقۇق ئۈچۈن ياشاش، هوقۇق ئۈچۈن ئوقۇش، جۇڭگودىكى چىرىكلىكنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن ئامىللاردۇر.

**مۇقەررەرلەشتۈرۈشمەك** «مۇقەررەرلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مۇقەررەرلەشتۈرۈلمەك** «مۇقەررەرلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مۇقەررەرلەشمەك** پ. ئېنىق قارار تاپقان ھالەتكە كەلمەك، مۇقىملاشماق، جەزمەنلەشمەك: شۇ كۈنلەردە ئۇرۇشنىڭ مۇقەررەرلىشىپ قالغانلىقىدىن دېرەك بەرگۈچى بەلگە - ئالامەتلەر سېزىلەرلىك دەرىجىدە ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى.

**مۇقەررەرلىك** ئى <پەلس> شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش جەريانىدا ساقلانغىلى بولمايدىغان مۇقەررەر يۈزلىنىشى: ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، مۇقەررەرلىك ئاز - تولا كېچىكسىمۇ ھامان يۈز بېرىدۇ.

**مۇقۇلداشماق** پ. دىيال. تىل بىرىكتۈرمەك، گېپىنى بىر قىلماق؛ مەخپىي مەسلىھەتلەشمەك.

**مۇقىدىماق** پ. دىيال. بىر خىزمەتنى ياكى كەسىپنى ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەش نەتىجىسىدە ھەددىدىن ئارتۇق چارچاپ كەتمەك؛ ھالسىرىماق.

**مۇقىم** سۈپ [ئە] ① بىر جايدا دائىم تۇرىدىغان، ئۆزگەرمەيدىغان، تۇراقلىق: مۇقىم مۈلۈك. مۇقىم ئىشچى. گەپنى مۇقىم قىلماق. ② دائىما بولۇپ تۇرىدىغان، ھەمىشە، دائىم: — شەھەردىن بىز تەرەپكە قاتنايدىغان مۇقىم ماشىنا يوق، — دېدى ئۇ.

**مۇقىمسىز** سۈپ. بىر خىل ھالەتتە تۇرمايدىغان، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان؛ تۇراقسىز: هازىر ئۇرۇش ۋاقتى، يېڭىشەھەرنىڭ سېپىلى ئىچىدىكىگە قارىغاندا كونىشەھەر بازىرى مۇقىمسىز.

**مۇقىمسىزلىق** ئى. ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان تۇراقسىز ھالەت؛ تۇراقسىزلىق، مەيدانسىزلىق: مۇشۇنداق ئادەتنى يېتىلدۈرگەندىلا ئاندىن ئەخلاقىي ھەرىكەتلەرنى تاسادىپىيلىق، مۇقىمسىزلىقتىن مۇقىم، ئىزچىل ھەرىكەتكە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

**مۇقىملاشتۇرماق** «مۇقىملاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۈچىنچى قېتىملىق ياندۇرۇپ تەكشۈرۈشتىن كېيىن، گۈلەندەم دىياگنوزنى مۇقىملاشتۇردى.

**مۇقىملاشتۇرۇشماق** «مۇقىملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مۇقىملاشتۇرۇلماق** «مۇقىملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل

دەرىجىسى: ھەر ھەپتىنىڭ 2 ـ، 4 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىنكى يىغىن كۈن ئۆگىنىش ۋاقتى قىلىپ مۇقىملاشتۇرۇلدى.

**مۇقىملاشماق** پ. ئۆزگەرمەيدىغان، مۇقىم ھالەتكە كەلمەك؛ تۇراقلاشماق؛ جەزملەشمەك: موتور سىناش جازىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ياسالغانلىقى مۇقىملاشتى.

**مۇقىملانماق** «مۇقىملىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ـــ بولمايدۇ، كېسەل مۇقىملانغۇچە ئارام ئېلىپ تۇرۇڭ! ـــ دېدى دوختۇر بىمارغا.

**مۇقىملىق** ئى. مۇقىم بولغان ھالەت، تۇراقلىقلىق: قانۇن ھەم نىسپىي ھالدا مۇقىملىقتا ئىگە بولۇشى، ھەم سىياسىينىڭ، ئىقتىسادنىڭ ئۆزلۈكسىز تۈردە تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىپ تۇرۇش ئېھتىياجىغا ئۇزلۇكسىز مۇۋاپىقلىشىپ تۇرۇشى كېرەك.

**مۇقىملىماق** پ. ئۆزگەرمەيدىغان، مۇقىم ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ تۇراقلاشتۇرماق؛ جەزملەشتۈرمەك: ساقچىلار جىنايەت گۇماندارىنىڭ بۇ ئۆيدىكىلەر بىلەن يېقىن ئۆتىدىغانلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى مۇقىملاپ چىقىشتى.

**مۇكاپات** ئى [ئە] ئېرىشكەن نەتىجە، ياراتقان بىرەر تۆھپە، كۆرسەتكەن خىزمەتلەر ئۈچۈن بېرىلىدىغان ماددىي نەرسە؛ ئىنئام: مۇكاپات ئالماق. مۇكاپات بەرمەك.

**مۇكاپاتلاشماق** «مۇكاپاتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مۇكاپاتلانماق** «مۇكاپاتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يىغىن ناھايىتى قىزغىن ئېچىلدى، «ئۈچتە ياخشى» ئوقۇغۇچىلار مۇكاپاتلاندى.

**مۇكاپاتلىق** سۈپ. مۇكاپاتى بار، مۇكاپات بېرىلىدىغان: مۇكاپاتلىق پاي چېكى. مۇكاپاتلىق ئويۇن.

**مۇكاپاتلىماق** پ. ياراتقان تۆھپىسى، كۆرسەتكەن خىزمىتى، نەتىجىسى ئۈچۈن ئىنئام، مۇكاپات بەرمەك: يېقىندا ناھىيەلىك كىنو فىلىم تارقىتىش شىركىتى ئىلغار كىنو قويۇش ئەترىتى ۋە ئىلغار كىنو قويغۇچىلارنى مۇكاپاتلىدى.

**مۇكاپاتنامە** ئى. مۇكاپاتلانغانلىقى ھەققىدە بېرىلگەن ئىسپات قەغىزى.

**مۇكالىم** ئى. دىيال. چۈشەندۈرۈش، چۈشەنچە.

**مۇكەممەل** سۈپ [ئە] ① ھەر جەھەتتىن تولۇق، كەم ـ كوتىسىز، تەلتۆكۈس: مۇكەممەل قۇرۇلما. مۇكەممەل ئەسەر. ② تاكامۇللاشقان، كامالەتكە يەتكەن: ئاتام رەھمىتى ئەرەب، پارس تىللىرىنى مۇكەممەل بىلگەندىن باشقا، يەنە خەنزۇ، مانجۇ، ئىنگلىز تىللىرىنىمۇ ياخشى بىلەتتى.

**مۇكەممەلسىزلىك** ئى. مۇكەممەل ئەمەسلىك، مۇكەممەللەشمەسلىك: سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزنىڭ بىرقەدەر مۇكەممەلسىزلىكتىن بىرقەدەر مۇكەممەللىككە يېتىشتە ئۇزاق بىر جەرياننى بېسىپ ئۆتىدىغانلىقى مۇقەررەر، ئەلۋەتتە.

**مۇكەممەللەشتۈرمەك** «مۇكەممەللەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ زېرەك مېڭىسى ۋە مول بىلىمى بۇ پىلاننىڭ ياخشى نەتىجىسگە بولغان ئىشەنچىنى مۇكەممەللەشتۈرگەنىدى.

**مۇكەممەللەشتۈرۈلمەك** «مۇكەممەللەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كارخانىلاردا ھەر خىل قائىدە ـ تۈزۈملەر تەدرىجىي ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. * بۆلۈمىمىزنىڭ تۈرلۈك قائىدىلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

**مۇكەممەللەشمەك** پ ① ھەر جەھەتتىن تولۇقلانماق، كەم ـ كوتىسىز ھالەتكە كەلمەك، تەلتۆكۈس بولماق: ئاپتونوم رايونىمىزدا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشكىلىي جەھەتتىن يەنىمۇ مۇكەممەللەشتى. ② تاكامۇللاشماق، كامالەتكە يەتمەك: ئۇ ئۆزىنىڭ خىيالىي تەسەۋۋۇرىدا مۇكەممەللەشكەن گۈزەل قىز ئوبرازىنى شەكىللەندۈرۈپ ئالغان بولسا، ئەنە شۇ گۈزەل قامەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشنى مەسلىھەت قىلىمىز.

**مۇكەممەللەنمەك** پ. مۇكەممەل ھالەتكە كەلمەك، مۇكەممەل بولماق، تولۇقلانماق: پەرزەنت تەربىيەسى مەڭگۈ مۇكەممەللەنمەيدىغان چوڭ ۋە مۇھىم تېما.

**مۇكەممەللىك** ئى. مۇكەممەل بولغانلىق، مۇكەممەللەشكەنلىك: ناخشا ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇپ كەتسە، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەقە بىرلىكىنىڭ مۇكەممەللىكى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

**مۇڭ** ئى. غەم ـ قايغۇ، مەيۈسلۈك، كۆڭۈل يېرىملىق: مۇڭ باسماق. مۇڭ سالماق. * تاشۋاي راۋاب تارلىرىدىن ئېقىپ چىقىۋاتقان مۇڭ ئارقىلىق، يىگىتلەرگە بارغانسېرى يۇرەك دەردىنى، ئارمىنىنى ئېچىپ سۆزلەيتتى.

**مۇڭايماق** پ. دىيال. زېرىكمەك، مۇڭلانماق.

**مۇڭداش** ئى. غەم ـ قايغۇ، كۆڭۈل يېرىملىقتا ئورتاق بولغان، ئۆزئارا دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى دېيىشىدىغان كىشى: مۇڭداش بولماق. * بىر سۆزلىشىپ مۇڭداش دېمە، بىللە مېڭىپ يولداش دېمە (ماقال).

**مۇڭداشقاق** سۈپ. كىشىلەر بىلەن مۇڭدىشىشنى، سىردىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان، مۇڭدىشىشقا ئامراق، پاراڭخۇمار: ئۇ كاج، تەرسا بولغىنى بىلەن بەكمۇ ئاق كۆڭۈل، تەدبىرلىك، مۇڭداشقاق ئادەم ئىدى.

**مۇڭداشماق** پ. ئۆزئارا مۇڭلىرىنى، دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى، قايغۇلىرىنى ئېيتىشىپ پاراڭلاشماق، سىرداشماق: ئاخشام ئۇ ئۇخلاش ئالدىدا ھەمرا بىلەن ئۇزاققىچە مۇڭداشتى.

**مۇڭ ـ زار** مۇڭ ۋە زار: خەلقنىڭ مۇڭ ـ زارىدىن تۇقۇلغان بۇ مىسرالار سورۇندىكىلەرنىڭ يۈرەك ـ باغرىلىرىنى ئېزىۋەتكەنىدى.

**مۇڭسىراتماق** «مۇڭسىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تال ـ بوستان، يول ـ مەرۋايىت، باغلىق ھويلا خىيابان. خۇش دېمەيلا ئۇزاپتۇ مۇڭسىراتقان باياۋان. چۆكتۇم باغۇ بېھىشكە؟ يار چېھرىدەك ئالمىلار... قىيالمايمەن يېپىشكە.

**مۇڭسىراشماق** «مۇڭسىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مۇڭسىرىماق** پ. مۇڭغا پېتىپ كەتمەك، مۇڭغا چۈشۈپ قالماق، مۇڭ باسماق: ئۇزۇن ئۆتمەي بوۋاي يالغۇز ئوغلىنى ئۆيلەپ قويۇۋېدى، يىل ئۆتمەيلا ئائىلى بىلەن كېلىشەلمەي ئاجراشتى ـ دە، بوۋاينى يالغۇز تاشلاپ، نەلەرگىدۇر كەتكىنىچە دېرەكسىز يوقالدى. بۇنىڭ بىلەن بوۋاينىڭ ئازادە قورۇسى، ئۆينىڭ كەينىدىكى بېغى مۇڭسىراپ قالدى.

**مۇڭلاندۇرماق** «مۇڭلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھەممە يەر ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، بۇ مەنزىرە ئاينۇرنىڭ قەلبىنى تېخىمۇ مۇڭلاندۇراتتى.

**مۇڭلانماق** پ. مۇڭلۇق، مەيۈس، غەمكىن ئەھۋالغا چۈشمەك؛ مەيۈسلەنمەك: ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ئۇزۇنغا بارمىدى، ئۇنىڭ كۆلكىسى ئاستا ـ ئاستا غايىب بولۇپ، كۆزلىرى يەنە مۇڭلاندى.

**مۇڭلۇق** سۈپ. مۇڭغا تولغان، غەمكىن، مەيۈس: مۇڭلۇق

ناخشا. مۇڭلۇق ئاۋاز.

**مۇلازىم** ئى [ئە] خىزمەتچى، خادىم: ئوردا مۇلازىمى. مېھمان-
خانا مۇلازىمى.

**مۇلازىمەت** ئى [ئە] خىزمەت؛ كۈتۈش: مۇلازىمەت قىلماق.

**مۇلازىمەتچان** سۈپ. مۇلازىمەت ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈشكە
ماھىر، مۇلازىمەت ئىشلىرىنى پۇختا يولغا قويالايدىغان،
مۇلازىمەت قىلىش ئېڭى يۇقىرى، مۇلازىمەت تۇيغۇسى
كۈچلۈك: ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەش-
تۈرۈپ، ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنى ئەتراپلىق، توغرا ئادا قىلىپ، تىرىد-
شىپ مۇلازىمەتچان ھۆكۈمەت بەرپا قىلىش كېرەك.

**مۇلازىمەتچانلىق** ئى. مۇلازىمەتچان كىشىلەرگە خاس ھەرىد-
كەت ۋە غەيرەت؛ كىشىلەرگە خاس ھەرىكەت ۋە غەيرەت: مۇلازىد-
مەتچانلىق ـــ ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىدىن بىرى بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ.

**مۇلازىمەتچى** ئى. خىزمەتچى، كۈتكۈچى: مۇلازىمەتچى ئايال.
مۇلازىمەتچى بولماق.

**مۇلازىمەتچىسىز** سۈپ. مۇلازىمەتچىسى يوق، مۇلازىمەتچىسى
بولمىغان، كۈتكۈچىسىز: مۇلازىمەتچىسىز بانكا.

**مۇلازىمەتچىلىك** ئى ① باشقىلارنى بىرەر پەۋقۇلئاددە
ئىستېمال قىممىتى بىلەن ھەر خىل شەكىلدە تەمىن ئېتىپ
تۇرىدىغان غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى. ② ئومۇ-
مەن، مۇلازىمەت ساھەسىدە، يەنى سودا ـ تىجارەت، ئوزۇق ـ
تۈلۈك كەسپى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى رېمونتچىد-
لىقى قاتارلىق ساھەلەردە ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئەمگىكىنى
كۆرسىتىدۇ.

**مۇلازىمخانا** ئى [ ئە+پ ] مۇلازىملىق قىلىدىغان ئۆي ياكى
ئورۇن.

**مۇلازىمەتسىز** سۈپ. مۇلازىمىتى يوق، مۇلازىم قويۇلمىغان:
مۇلازىمسىز بانكا.

**مۇلازىمسىز** سۈپ. مۇلازىمى يوق، مۇلازىم قويۇلمىغان:
مۇلازىمسىز بانكا.

**مۇلازىملىق** ئى. خىزمەتچىلىك، كۈتكۈچىلىك: مۇلازىملىق
قىلماق. مۇلازىملىق كەسپى.

**مۇلاقات** ئى [ئە] يېزىت. ئۇچرىشىش، كۆرۈشۈش، يولۇ-
قۇش: مۇلاقات بولماق. * ئۇلارنىڭ ئېتىنى «كېلىن» بىلەن قىز يېتىد-
لەپ تېز چاپقىنىچە يول يۈرۈپ ھېلىقى باغقا كەپتۇ، شاھزادە بىلەن شاھ
قىزىغا مۇلاقات بوپتۇ.

**مۇلاھىزە** ئى [ئە] بىرەر مەسىلە ھەققىدە قىلىنغان ئوي ـ
خىيال: مۇلاھىزە قىلماق. مۇلاھىزە يۈرگۈزمەك.

**مۇلاھىزىلىك** سۈپ. مۇلاھىزە قىلىنغان، مۇلاھىزە نەتىجد-
سىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن، ئويلاپ قىلىنغان: مۇلاھىزىلىك گەپ.
مۇلاھىزىلىك ئىش.

**مۇلاۋ** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ
مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى گۇاڭشى
جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ لوچېڭ ناھىيەسىگە توپلىشىپ
ئولتۇراقلاشقان، ئاز بىر قىسمى ليۇچېڭ، يىشەن قاتارلىق
ناھىيەلەرگە تارقاق ئولتۇراقلاشقان.

**مۇلايىم** سۈپ [ئە] گەپ يەيدىغان، ياۋاش، كۆڭلى يۇمشاق؛
رايىش: مۇلايىم ئادەم. مۇلايىم بالا.

**مۇلايىملاشتۇرماق** «مۇلايىملاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي
دەرىجىسى: ياخشى گەپ ئادەمنى مۇلايىملاشتۇرىدۇ.

**مۇلايىملاشماق** پ. مۇلايىم ھالەتكە كەلمەك، رايىش بولماق؛
ياۋاشلاشماق: ئۇ مېنىڭ بۇ ھالىمغا رەھمى كېلىپ قالدىمۇ، بىردىنلا
مۇلايىملاشتى.

**مۇلايىملىق** ئى. كۆڭلى يۇمشاقلىق، ياۋاشلىق، رايىشلىق:
ئۇ ئۆزىنىڭ مۇلايىملىقى، ئىشچانلىقى بىلەن كىشىلەرگە تولىمۇ
ئىسسىق كۆرۈنەتتى.

**مۇلتىپلېت** ئى [ر<لات] <فىز> ئاساسىي زەررىچىلەرنىڭ
بىر گۇرۇپپا كىۋانت مېخانىكىلىق ھالىتى. بۇ گۇرۇپپا ھالەت-
تە ئاساسىي زەررىچىلەرنىڭ بەزى كىۋانتلىق سانلىرى
ئوخشاش قىممەتكە ئىگە بولىدۇ، لېكىن باشقا كىۋانتلىق
سانلارنىڭ قىممىتى ئوخشاش بولمايدۇ.

**مۇلتىمېتىر** ئى [ر<لات] <فىز> ئېلېكتىر قارشىلىقى،
تۇراقلىق ھەم ئۆزگىرىشچان توك ۋە ئېلېكتىر بېسىمى قاتار-
لىقلارنى ئۆلچەيدىغان ئۇنىۋېرسال ئىسچوتچىك.

**مۇلغۇي** ئى. موزدۇزنىڭ شىلىمى: ئۆيگە بارساق، خوتۇنلىرد-
مىزنىڭ تاپىسىنى دېمەمسىلەر تېخى! ساقلا، ساقلا، ئەتكەن ئاشلىرى
مۇلغۇي بولۇپ كېتىپتۇ.

**مۇم** سۈپ. دىيال. جىڭ، راست.

**مۇمپۇق** ئى. دىيال. سىر بەرمەيدىغان كىشى.

**مۇمسىق** سۈپ. دىيال. پىخسىق، بېخىل.

**مۇمكىن** سۈپ [ئە] ① ئىمكان، ئىمكانىيىتى بار بولىد-
دىغان، ئەمەلگە ئاشىدىغان: مۇمكىن دەپ قارالغان ئىشنى ئەلۋەتتە
ئىشلەش كېرەك. ② «ئېھتىمالى بار، ئېھتىمالدىن يىراق
ئەمەس» دېگەن مەنىلەردىكى پەرەزنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنىڭ كېلىپ
قېلىشى مۇمكىن. * بارسىڭىز كۆرۈشۈشىڭىز مۇمكىن.

**مۇمكىنچىلىك** ئى ① <پەلس> ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ
ئىچىدە يوشۇرۇن بولىدىغان ئۇنداق ياكى مۇنداق تەرەققىي
قىلىش يۈزلىنىشى؛ ئېھتىماللىق؛ مۇمكىنلىك: قىز بۇ يەردە
سەمەت بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى ئويلاپ ئورنىدىن
قوزغىلىشقا تەمشەلدى. ② ئىمكانىيەت، ئىمكان: خىزمەت بەك
ئالدىراش بولغانلىقتىن يۇرتۇمغا بېرىشقا مۇمكىنچىلىك بولمىدى.

**مۇمكىنسىز** سۈپ. مۇمكىن بولمايدىغان، مۇمكىن ئەمەس.

**مۇمكىنسىزلىك** ئى. مۇمكىن بولمايدىغان بىرەر ئىش ـــ
ھەرىكەت ياكى مەسىلە، مۇمكىن ئەمەسلىك: مېنىڭچە، سەنئەتتە
زور مۇمكىنسىزلىكنى بىلدۈرىدىغان پاسىل يوق.

**مۇمكىنقەدەر** رەۋ [مۇمكىن + قەدەر] ئىمكانىيەتنىڭ،
ئامالنىڭ بارىچە، ئىلاج بار؛ ئىمكانقەدەر: ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىد-
رىدىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق، لېكىن ئادىل تېخى ياش، مۇمكىنقەدەر
ئۆزىمىز تەربىيە بېرىپ تۈزىتىۋالغىنىمىز ياخشى.

**مۇمكىنلىك** ئى. ئىمكانىيىتى بار بولۇش، ئەمەلگە ئېشىش:
قىلىچ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ بۇنىڭغا قارشى تەييارلىقى بارلىقىنى ئېيتىپ،
سامانىيلار قانچىلىك كۈچ بىلەن كىرىش مۇمكىنلىكىنى سورىدى.

**مۇمۇن** ئى «<دېھ> دىيال. خامانغا ئورنىتىلغان موما ياغاچ.

**مۇمىيا** ئى [ئە <گىرېك] <تېب> ① مىللىي تېبابەتچىد-

لىكتە سۇنغان سۆڭەكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مۇمسىمان ئورگانىك ماددا. ② <ئارخېئول> قەدىمدە، كىشىلەر چىرىشتىن ساقلىنىدىغان دورا ماتېرىياللىرى بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ كۆمگەن، چىرىمىگەن جەسەت ياكى يەر شارائىتى قۇرغاق بولغانلىقتىن چىرىمەي قۇرۇپ قالغان جەسەت.

**مۇمىيالاتماق** «مۇمىيالىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مۇمىيالانماق** «مۇمىيالىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مۇمىيالىماق** پ. سۇنغان سۆڭەكلەرنى قاتۇرۇش ياكى جەسەتلەرنىڭ چىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مۇمىيا سۈركىمەك، مۇمىيا ئىشلەتمەك.

**مۇناپىق** سۈپ [ئە] ① تىلى باشقا، دىلى باشقا، سۆز ــ ھەرىكىتى بىر ــ بىرىگە توغرا كەلمەيدىغان، سەمىمىيەتسىز؛ ئىككى يۈزلىمە: مۇناپىق ئادەم. مىللىي مۇناپىق. ② كۆچمە «قارا يۈز»، «ۋىجدانسىز» دېگەن مەنىدىكى تىل ــ ھاقارەت سۆزى: تۆمۈر خەلپە كىشەن ــ زەنجىرلىرىنى شاراقلىتىپ ئورنىدىن تۇردى ــ دە، «تۇفى! مۇناپىق، دوزىخىي! سەندىن كەلگەن ۋاپا شۇمۇ؟» دېدى.

**مۇناپىقانە** رەۋ [ ئە+پ ] مۇناپىقلارغا خاس، مۇناپىقلارچە، مۇناپىقلىق بىلەن: يالغان دوست سېنىڭدىن بىرەر پايدا ئۈندۈرۈۋېلىش ئۈمىدىدە ياكى ئۆز بېشىغا كەلگەن زىياننى قايتۇرماق غەرىزىدە مۇناپىقانە دوستلۇق قىلۇر.

**مۇناپىقلاشتۇرماق** «مۇناپىقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مۇناپىقلاشماق** پ. مۇناپىقلارچە ئىش ــ ھەرىكەتتە بولماق، مۇناپىققا ئايلانماق: ئۇ ياش ۋاقتىدا خېلى تۈزۈك بالىدەك قىلىنۇدى، بىراق كېيىن مۇناپىقلىشىپ كەتتى.

**مۇناپىقلىق** ئى. ۋىجدانسىزلىق، قارا يۈزلۈك: مۇناپىقلىق قىلماق. * ئىرادىسىز كىشى قورقۇنچاق بولىدۇ، قورقۇنچاقلار ۋىجدانسىز بولىدۇ، ۋىجدانسىزلارنىڭ قولىدىن پەسكەشلىك، مۇناپىقلىقنىڭ ھەممىسى كېلىدۇ.

**مۇناجات** ئى [ئە] خۇدادىن ياردەم، مەدەت، نىجاتلىق تىلەپ قىلىنىدىغان دۇئا؛ خىتاب: مۇناجات ئەيلىمەك. مۇناجات قىلماق.

**مۇنار** ئى [ئە] بىرەر ئىمارەتكە قوشۇپ ياكى ئالاھىدە قۇرۇلغان تۇرخۇن شەكلىدىكى ئېگىز قۇرۇلۇش: مەسچىت مۇنارى. سۇ مۇنارى. خاتىرە مۇنارى.

**مۇنارسىز** سۈپ. مۇنىرى يوق، مۇنار چىقىرىلمىغان، مۇنار ئورنىتىلمىغان: دۇنيادا ئىشىكسىز ئۆي بولمىغىنىدەك مۇنارسىز مەسچىتمۇ بولمايدۇ.

**مۇنارلىق** سۈپ. مۇنىرى بار، مۇنار چىقىرىلغان، مۇنار قىلىنغان: دېڭىز شامىلى تۆپىلىكتىكى ياغاچ مۇنارلىق كونا ئۆينىڭ راملىرىنى تىترەتتى.

**مۇنازا** سۈپ. دىيال. ئەتىۋار، سىبار.

**مۇنازىرە** ئى [ئە] بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان تالاش ــ تارتىش: مۇنازىرە قىلماق.

**مۇنازىرىچى** ئى. بىرەر مەسىلە ئۈستىدە تالاش ــ تارتىش ئېلىپ بارغۇچى: ئۇ ئوقۇش نەتىجىسى ئەلا بولۇپلا قالماي، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، مەكتەپ مۇنازىرە ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇنازىرىچىسى ۋە مەكتەپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سىياسىي ۋەقەلەرنى چۈشەندۈرۈش پىروگراممىسىنىڭ رىياسەتچىسى بولغان.

**مۇنازىرىچىلىق** سۈپ. مۇنازىرىگە ماھىر، مۇنازىرە ئىشلىرىغا پۇختا، سۆزمەن، ناتىق، گەپدان، چېچەن: ئۇ ئۆزىنىڭ مۇنازىرىچىلىقى، بىلىملىكلىكى، زېرەكلىكى ۋە دادىللىقى بىلەن دىپلوماتلارنىڭ ئىشەنچى ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولغان.

**مۇنازىرىسىز** ① سۈپ. مۇنازىرە يوق. مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان، مۇنازىرە قىلىنمايدىغان: مۇنازىرىسىز مەسىلە. مۇنازىرىسىز ئىش. ② رەۋ. مۇنازىرە ئېلىپ بارماي، تالاش ــ تارتىش قىلماي: مۇنداق مەسىلىلەر مۇنازىرىسىزلا ھەل بولۇپ كېتىۋېرەتتى.

**مۇنازىرىلەشتۇرمەك** «مۇنازىرىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇئەللىم بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئوقۇغۇچىلارنى مۇنازىرىلەشتۈردى.

**مۇنازىرىلەشتۈرۈلمەك** «مۇنازىرىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مۇنازىرىلەشمەك** پ. ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تالاش ــ تارتىش قىلماق، بەس ــ مۇنازىرە قىلماق: بۇ ئاجايىپ مۇنازىرىلىشىۋاتقان ئىككىيلەن ئالماس بىلەن شانىياز ئىدى.

**مۇنازىرىلىك** سۈپ. مۇنازىرە بولغان، مۇنازىرە قىلىنغان: بۇ تازا بىر مۇنازىرىلىك يىغىن بولدى.

**مۇناسىپ** سۈپ [ئە] ① توغرا كېلىدىغان، ماسلىشىدىغان، مۇۋاپىق، لايىق: مۇناسىپ ھەرىكەت. مۇناسىپ كەلمەك. مۇناسىپ كۆرمەك. ② ئەرزىيدىغان، ئەرزىگۈدەك: تىلغا ئېلىشقا مۇناسىپ ياردەم. * شاھزادە ئاتا ــ ئانىلىرىغا مۇناسىپ سوۋغىلارنى ئېلىپ تەييار بولدى.

**مۇناسىپلىق** ئى. توغرا كېلىش، ماسلىشىش، مۇۋاپىقلىق، لايىقلىق.

**مۇناسىۋەت** ئى [ئە] ① كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە؛ مۇئامىلە: مۇناسىۋەت قىلماق. مۇناسىۋەتنى ئۈزمەك. ② تەشكىلاتلار، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باردى ــ كەلدى، ئېلىم ــ بېرىم مۇئامىلىلىرى، ماددىي ۋە مەنىۋى ھايات بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئالاقە: دوستلۇق مۇناسىۋىتى. سودا مۇناسىۋىتى. ③ نەرسىلەر، كىشىلەر، ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش، ئالاقە: دۆلەت كارخانىلىرى بىلەن ئىشچى ــ خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تاۋار مۇناسىۋىتى.

**مۇناسىۋەتسىز** سۈپ. مۇناسىۋىتى، ئالاقىسى، تەسىرى يوق: مۇناسىۋەتسىز ئىش. مۇناسىۋەتسىز گەپ.

**مۇناسىۋەتشۇناس** ئى [ ئە+پ ] كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ماھىر، مۇناسىۋەت قىلىشقا ئۇستا، پائالىيەتچان ئادەم (كىشى): «ئەمەلدارلىق»نى مەركەز قىلىپ، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان جۇڭگو جەمئىيىتىدە ھەقىقىي ئىلىم ئىگىسىدە نام ــ مەنپەئەت، ھوقۇق ــ ئەمەل، كۈچ ــ ھەيۋە بولمايدۇ. بۇنداق نەپكە پەقەت يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن مۇناسىۋەتشۇناسلارلا ئېرىشەلەيدۇ.

**مۇناسىۋەتشۇناسلىق** ئى. مۇناسىۋەتكە ئائىت ھەرقايسى تەرەپلەرنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم (پەن): «مۇناسىۋەتشۇناسلىق» باشقا ساھە ــ كەسىپلەر بىلەن بىر قاتاردا نۆۋەتتە يېڭى بىر ساھە بولۇپ قالدى.

**مۇناسىۋەتلەشتۈرمەك** «مۇناسىۋەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالا ھەمراھى ــــ كىندىك بىلەن تۆرەلمىنى تۇتاشتۇرۇش ئارقىلىق تۆرەلمىنى ئانا تېنى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ تۇرىدۇ.

**مۇناسىۋەتلەشتۈرۈلمەك** «مۇناسىۋەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ

ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مۇناسىۋەتلەشتۈرۈلمەك** «مۇناسىۋەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مۇناسىۋەتلەشمەك** پ. ئالاقە، مۇناسىۋەت ئورناتماق؛ باردى ـ كەلدى، ئالغۇ ـ بەرگۈ قىلماق، ئالاقىلەشمەك: ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلەشكەنلا كىشى ئۇنىڭدىن رازى بولاتتى.

**مۇناسىۋەتلىك** سۈپ. مۇناسىۋىتى بار، مۇناسىۋەت ئورناتـقان، ئالاقىدار: ئۇ ئەتىسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، بىر بۆلەك ھېلىلە، موزا، سانا يىغدۇردى.

**مۇناقى** ئى <بوت> ئۈزۈمنىڭ بىر تۈرى: بەشكېرەم ياشلىرى ئىززەتلەپ مېنى، باشلىدى جەننەتتەك گۈزەل بىر باغقا. كۆك ئۈزۈم، مۇناقى... بېدىشتە، تالدا، مەي باغلاپ پىشىپتۇ ئەنجۈرى شاختا.

**مۇنايىقماق** پ. دىيال. كۆڭۈل ئېلىشماق.

**مۇنەججىم** ئى [ئە] ① ئاسترونومىيە بىلەن شۇغۇللىنىـدىغان، يۇلتۇزلارغا قاراپ پال سالىدىغان كىشى؛ ئاسترونوم: ئۇ زامانلاردا كىشىلەر بالىلىرىنىڭ ئىسمىنى قويۇشتا ئاۋۋال مۇنەجـجىملەرگە پال ئاچقۇزۇپ كۆرۈپ، ئاندىن كېيىن ئىسىم قويىدىكەن. ② كۆچمە. بىرەر ئىشنى ناھايىتى پۇختا ئويلاپ قىلىدىغان، نۇرغۇن نەرسىنى بىلىدىغان ئادەم: ئۇ بەك مۇنەججىم، بىر نەرسىدىن ئالدىراپ خۇلاسە چىقارمايدۇ.

**مۇنەججىملىك** ئى. مۇنەججىملەر قىلىدىغان ئىش: مۇنەجـجىملىك قىلماق.

**مۇنەۋۋەر** [ئە] ① سۈپ. ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئېسىل، ئالدىنقى قاتاردىكى: مۇنەۋۋەر ئەسەر. مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مۇنبەت** سۈپ [ئە] ئۈنۈملۈك، ھوسۇللۇق، ھوسۇل كۆپ چىقىدىغان: مۇنبەت يەر. مۇنبەت زېمىن.

**مۇنبەتلەشتۈرمەك** «مۇنبەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ئېتىزلارنى مۇنبەتلەشتۈرۈش ئۈچۈن دېھقانلار ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى.

**مۇنبەتلەشتۈرۈشمەك** «مۇنبەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مۇنبەتلەشتۈرۈلمەك** «مۇنبەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مۇنبەتلەشمەك** پ. مۇنبەت ھالەتكە كەلمەك، ئۈنۈملۈك، ھوسۇللۇق ھالەتكە ئۆزگەرمەك، ئۈنۈمدارلاشماق، ھوسۇلدارلاشماق: ئارال يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بىلەن بۇ ساي مۇنبەتلەشكەن يەرگە ئايلاندى.

**مۇنبەر** ئى [ئە] ① مەسچىت، دەرسخانا، زال قاتارلىق ئاممىۋى سورۇنلاردىكى ۋەز ئېيتقۇچىلار، دەرس ياكى نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەر ئۈچۈن ئالاھىدە لايىھەلىنىپ، يەردىن ئېگىز قىلىپ قۇرۇلغان جاي، سۇپا: مۇنبەرگە چىقماق. مۇنبەردە تۇرۇپ سۆزلىمەك. رەئىس مۇنبىرى. ② كۆچمە. پائالىيەت سورۇنى، مەيدانى، سەھنە: ئەدەبىيات مۇنبىرى. سەنئەت مۇنبىرى. تارىخ مۇنبىرى.

**مۇنتەزىر** ئى [ئە] يېزىت. تەقەززا، تەشنا، ئىنتىزار: مۇنتەـزىر بولماق. * ھالا 40 كۈن بولدى، قۇش يەرگە چۈشمىدى، ھېچكىمنىڭ بېشىغا قونمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خالايىقلار كېچە ـ كۈندۈز قۇشقا مۇنتەزىر دۇر.

**مۇنتىزىم** سۈپ [ ئە ] ① تەرتىپلىك يوسۇندا ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىدىغان، بۇزۇلمايدىغان، ۋاقىتلىق ئەمەس: مۇنتىزىم پىلان. مۇنتىزىم تەربىيە. ② بەلگىلەنگەن تەرتىپتە، سىستېمىلىق ئىش ئېلىپ بارىدىغان، چۇۋالچاق ئەمەس: مۇنتىزىم قوشۇن.

**مۇنتىزىملاشتۇرماق** «مۇنتىزىملاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، مۇنتىزىملاشتۇرۇش دېگەندە ياشلاشتۇرۇشنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

**مۇنتىزىملاشتۇرۇشماق** «مۇنتىزىملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مۇنتىزىملاشتۇرۇلماق** «مۇنتىزىملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مۇنتىزىملاشماق** پ. مۇنتىزىم ھالەتكە كەلمەك، تەرتىپلىك يوسۇندا ئۈزلۈكسىز داۋام قىلماق: بىز ئارمىيەمىزنى زامانىـۋىلاشقان، مۇنتىزىملاشقان ئىنقىلابىي ئارمىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق.

**مۇنتىزىملىق** ئى. مۇنتىزىم ھالەت، مەزمۇت، تەرتىپلىك بولۇش: ئاھاڭ شەكلىنىڭ مۇنتىزىملىقى مۇزىكا سەنئىتىنىڭ ئاساـلىق شەرتلىرىدىن بىرى.

**مۇنچا** ئى. يۇيۇنۇش ئۆيى؛ ھاممام: مۇنچىدا يۇيۇنماق. مۇنچىغا چۈشمەك.

**مۇنچە** رەۋ ← **بۇنچە:** ئۇ يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن لېۋىنى چىشلىدى. ئانىسى ئۇنى تىللىغان، ۋارقىرىغان، نەلەردە يۈردۈڭ دەپ سوراق قىلغان بولسا، ئۆزىنى مۇنچە قىينالغان ھالدا ھېس قىلمىغان بولاتتى.

**مۇنچىچى** ئى← **مۇنچىكەش.**

**مۇنچىچىلىق** ئى. مۇنچا باشقۇرۇپ كىشىلەرنىڭ يۇيۇنۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كەسىپ.

**مۇنچىكەش** ئى. مۇنچىغا قارايدىغان، مۇنچا باشقۇرىدىغان كىشى.

**مۇنچىكەشلىك** ئى. مۇنچىغا قاراش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش كەسپى.

**مۇنچىلىك** رەۋ ← **بۇنچىلىك:** ھوي نېمە دەيلا ئەمەت ئەپەندىم، ئون كويلۇقتىن بىرپىچەت پۇل دېگەن ئاز گەپمۇ، چىشىم چىقىپ قولۇم مۇنچىلىك جىق پۇل كۆرمىگەنىدى.

**مۇنچىۋالا** سۈپ ← **بۇنچىۋالا:** نىياز قۇربان قاسىمنىڭ مۇنچىۋالا ئالاقزادە بولۇپ دۇدۇقلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەيتتى.

**مۇندا** رەۋ. جان ت. بۇ جايدا: گەپ مۇندا ئەمەس.

**مۇنداق** ئال ← **بۇنداق:** ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ (ماقال).

**مۇنداق قارىغاندا** ئەھۋالدىن قارىغاندا، نەزەر سالغاندا، دىققەت قىلغاندا: گىلەم ئۈستىگە قوش ـ قوش بەقەسەم يېكەندازلار سېلىنغان. مۇنداق قارىغاندا، بۇ ھەشەمەتلىك خانىدان قانداقتۇر داغدۇغىلىق مەرىكىگە تەرەددۇت قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

**مۇنداقتا** باغل. مۇنداق بولغاندا، مۇشۇ ھالدا: بىز تېخى «ئاكامنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەيدۇ، ئاكامنىڭ بەختىگە كۆڭۈل بۆلمىدى » دەپ دادام بىلەن ھازىرقى ئانامدىن ئاغرىنىپ يۈرۈپتىمىز. مۇنداقتا، بىز ئۇلاردىن بىكارلا ئاغرىنىپتىمىز ـ دە!

**مۇنداقچە** رەۋ. يۈزەكى، ئاددىي قىلىپ؛ بىر تەرەپلىمە:

مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەزكۇر كىتاب شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان خەنزۇ تىلى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشىنى ۋە تەتقىقاتىنىلا بايان قىلغان.

**مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا** يۇزەكى ئېيتقاندا، ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا: مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەزكۇر كىتاب شىنجاڭدىكى خەنزۇ بولمىغان مىللەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان خەنزۇ تىلى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشىنى ۋە تەتقىقاتىنىلا بايان قىلغان.

**مۇندەرىجە** ئى [ئە] <مەت> كىتاب، ژۇرنال قاتارلىقلارنىڭ بېشى ياكى ئاخىرىدا ئۇنىڭ سەھىپە ناملىرىنى بەت نومۇرى بويىچە كۆرسىتىپ بېرىدىغان رويخەت: كىتابنىڭ مۇندەرىجىسى. تارىم ژۇرنىلىنىڭ مۇندەرىجىسى.

**مۇندۇلاج** ئى<بوت> گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. دورا ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. قىزىتمىنى قايتۇرۇش، ئىسسىقنى ياندۇرۇش رولى بار.

**مۇنقەرز** ئى [ئە] باشقىلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان، باشقىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشايدىغان، مۇستەقىللىقىنى يوقاتقان، بېقىندى؛ يوقالغان، تۈگىگەن: مۇنقەرز بولماق. مۇنقەرز قىلماق.

**مۇنقەرزلەشتۈرمەك** «مۇنقەرزلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مۇنقەرزلەشتۈرۈشمەك** «مۇنقەرزلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مۇنقەرزلەشتۈرۈلمەك** «مۇنقەرزلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مۇنقەرزلەشمەك** پ. مۇستەقىللىقىنى يوقىتىپ مۇنقەرز ھالەتكە چۈشۈپ قالماق، مۇنقەرز بولماق: ئەگەر بىر مىللەت خەلقى پەنگە يۈرۈش قىلماي، ھەممىدە خۇراپىيلىقنى ئەۋج ئالدۇرىدىغان بولسا، ئۇنداق مىللەت خەلقى ئالغا باسالمايلا قالماستىن، بەلكى مۇنقەرزلىشىدۇ.

**مۇنقەرزلىك** ئى. باشقىلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇش، باشقىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشاش، مۇستەقىللىقىنى يوقىتىش، يوقىلىش، تۈگەش؛ بېقىندىلىق: بۇ ۋاقىتتا، نۇرغۇنلىغان ئېلغار كىشىلەر ۋەتىنىنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز دۆلىتىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىشىپ ھەقىقەت ئىزدىدى.

**مۇنقىش** سۈپ. دىيال. نېرۋىسى ئاجىز.

**مۇنكىر** سۈپ [ئە] يېزىت. ئىنكار قىلغۇچى، رەت قىلغۇچى؛ قارشىلىق قىلغۇچى: بىلىمدىن باتىنىڭ نۇرلانمىسا، كۆڭلۈڭ قاراڭغۇ تۇن، قۇياش نۇرىغا مۇنكىر شەپەرەڭلەرگە مەدەتكار يوق.

**مۇنكىر ـ نەكىر** ئى [ئە] <دىن> دىنىي چۈشەنچىدە مېيىت دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن ئۆلۈكنى سوراق قىلىدىغان ئىككى پەرىشتە.

**مۇنۇ** ئال. جان ت ← **ماۋۇ.**

**مۇنۇپ قالماق** دىيال. قېرىپ ھېچ نەرسىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان، تاغدىن ـ باغدىن سۆزلەيدىغان بولۇپ قالماق، ئالجىماق.

**مۇنۇكۇم** سۈپ. دىيال. بىچارە، ياۋاش.

**مۇنىس** ئى [ ئە ] يېقىن، سىرداش، دوست، ھەمدەم.

**مۇنىسلىق** ئى. يېقىنلىق، سىرداشلىق، دوستلۇق، ھەمدەملىك: مۇنىسلىق دەپ ھەركىم ئۆز تەڭدىشى، مەسلەكدىشىنى تېپىپ ئۇلپەت بولماقنى ئېيتىلۇر. دۇنيانىڭ لەززىتى سادىق دوستلار بىلەن سۆھبەت قىلماقتىن ئىبارەت.

**مۇھاپىزەت** ئى [ئە] ئادەم ۋە نەرسىلەرنى تاشقى تەسىرنىڭ زىيىنىدىن ساقلاش، قوغداش، ئاسراش؛ ھىمايە: مۇھاپىزەت قىلماق. مۇھاپىزەت ئورمىنى.

**مۇھاپىزەت ئورمىنى** <ئورم> ھاۋا كىلىماتىنى تەڭشەش، كەلكۈن، قۇرغاقچىلىق ۋە قۇم ـ بوران قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى ئۇلارنىڭ كۈچىنى ئازايتىش مەقسىتىدە بىنا قىلىنغان ئورمان بەلبېغى ياكى كەڭ دائىرىلىك ئورمانلىق.

**مۇھاپىزەتچى** ئى. مۇھاپىزەت قىلغۇچى، مۇھاپىزەت ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن كىشى: ئۇ نەچچە يىل باشلىقنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن.// مۇھاپىزەتچى قىسىم ئاللىقاچان يېتىپ كەلگەندى.

**مۇھاپىزەتچىلىك** ئى. مۇھاپىزەت قىلىش ئىشى: شاۋۇدۇن بىلەن ساۋۇر مۇھاپىزەتچىلىككە تەيىنلەندى.

**مۇھاپىزەتگاھ** ئى [ ئە + پ ] مۇھاپىزەت قىلىدىغان ياكى قىلىنىدىغان، قوغدىلىنىدىغان، ئاسرىلىنىدىغان جاي، ئورۇن: بۇ ئوردىنى 1603 ـ يىلى توكوگاۋانىڭ تۇنجى ئەۋلاد سانغۇنى كيوتو شەھىرىنىڭ مۇھاپىزەتگاھى سۈپىتىدە سالدۇرغان.

**مۇھاجىر** ئى [ئە] ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ باشقا دۆلەتتە ئولتۇراقلاشقان، باشقا ئەلدە ياشاۋاتقان كىشى؛ مۇساپىر: چەت ئەل مۇھاجىرى. مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى.

**مۇھاجىرەت** ئى [ ئە ] يېزىت. ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ باشقا دۆلەتتە ئولتۇراقلاشقان، باشقا ئەلدە ياشاۋاتقان كىشى؛ مۇھاجىر؛ مۇساپىر: ئىشان خوجا ئابدۇرېھىم قانداقلا بولمىسۇن ئۆز مۇددىئاسى بويىچە مۇھاجىرەتتىكى تالىپلارنى تۇتقۇن قىلىش مەقسىتى ئەمەلگە ئېشىپ كۆڭلى ئەمىن تاپقاندىن كېيىن دەرھال مەھمۇد ئۇستاز بىلەن خانىش ئامانىنسانىڭ ئالدىغا بېرىپ رەسەتخانىنى قولغا ئېلىشنىڭ كويىغا چۈشتى.

**مۇھاجىرلىق** ئى. مۇھاجىر بولۇپ ياشاش، تۇرمۇش كەچۈرۈش: ئۇنى مىسكىن مۇھاجىرلىق تەقدىرى ئۇزاق ۋە يات ياۋروپاغا ئەكەلدى. سەرسان يىگىت بىلىم ئىزدەپ، نان ئىزدەپ، ئەلدىن ئەلگە، يۇرتتىن يۇرتقا يۆتكەلدى.

**مۇھاسىرە** ئى [ئە] قورشاۋ، قامال: مۇھاسىرە قىلماق. مۇھاسىرىگە ئالماق.

**مۇھاسىرىچى** ئى. مۇھاسىرە قىلىش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن كىشى: مۇشۇنداق بىر كۈننى تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەن كىشىلەر چىراغ يورۇقىنى كۆرگەن پەرۋانىدەك ئېتىلىپ كېلىپ، مۇھاسىرىچىلەر قاتارىغا قېتىلدى. // مۇھاسىرىچى قىسىم.

**مۇھاكىمە** ئى [ ئە ] ① بىرەر خۇلاسىگە كېلىش ئۈچۈن كۆپچىلىك بىلەن پىكىرلىشىش، ھەر تەرەپلىمە ئويلىشىش؛ مۇزاكىرە: مۇھاكىمە ئۇزاق ۋە قىزغىن بولدى. ② پىكىر يۈرگۈزۈش، مۇلاھىزە؛ پىكىر: مۇھاكىمە يۈرگۈزمەك. * قوشۇماڭنى تۈرۈپسەن گۈلقىز، مۇھاكىمە قىلغاندا كەچتە. خۇشاللىقىڭ ئايان كۆزۈڭدە، نېمىلەر كەچتى شۇ دەم پىكرىڭدە. ③ <لوگ> ئەقلىي خۇلاسە.

**مۇھاكىمىچى** ئى. مۇھاكىمە قىلغۇچى كىشى: مانا مۇشۇنداق

مۇھاكىمىلەردە ئارتىسلار بار بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلارمۇ تەشەببۇسكار ئورۇندىكى مۇھاكىمىچىلەر ئىدى.

**مۇھاكىمىلىق** سۈپ. مۇھاكىمە قىلىنغان، مۇھاكىمە بولغان: ئۇنىڭدا ئالىمنىڭ ئىلىم سەھنىسىدىكى ئورنى، كېيىنكىلەرگە ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى قاتارلىقلار مۇھاكىمىلىق بايان قىلىنغان.

**مۇھەببەت** ئى [ئە] ① بىرەر كىشىگە، بىرەر نەرسە ياكى ئىشقا بېرىلىش، مايىللىق تۇيغۇسى؛ سۆيگۈ، ئىشق، مېھىر: مۇھەببەت باغلىماق. * مۇھەببەتنى سېتىۋالغىلى بولماس (ماقال). ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مۇھەببەتسىز** سۈپ. مۇھەببىتى يوق، مۇھەببەتنى بىلمەيدىغان: مۇھەببەتسىز گۈلدىن ياخشىدۇر ياپراق، بىبەھرە گىياھتىن ياخشىدۇر تۇپراق، بىئەقىل يولداشتىن ياخشىدۇر تاياق، كور كىشىگە يۇرەر يولىن بىلدۇرۇر.

**مۇھەببەتلەشتۇرمەك** «مۇھەببەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئابلىز ئوتتۇرىدا قاتىراپ يۈرۈپ ئاخىرى قەيسەر بىلەن بەختىنۇرنى مۇھەببەتلەشتۇردى.

**مۇھەببەتلەشتۇرۇشمەك** «مۇھەببەتلەشتۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ساۋاقداشلىرى ئۇنى - بۇنى دەپ يۈرۈپ تۇرغان بىلەن پەرىدەنى مۇھەببەتلەشتۇرۇشتى.

**مۇھەببەتلەشمەك** پ. مۇھەببەت باغلىماق، بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشمەك: بىزنىڭ نادىر چىڭ چىقىپتۇ ئەمەسمۇ، ھېلىقى دوختۇرخانىدىكى ئاسىيە مودا بىلەن يېقىندىن بېرى ئىچىمىزدا مۇھەببەتلىشىپ يۈرگۈدەك.

**مۇھەببەتلىك** سۈپ. مۇھەببىتى بار؛ مۇھەببەتنى بىلىدىغان؛ مۇھەببەت ئىزھار قىلىنغان: مۇھەببەتلىك پاراڭ. مۇھەببەتلىك تۇرمۇش.

**مۇھەببەتنامە** ئى [ئە + پ] مۇھەببەت ھەققىدە يېزىلغان، سۆيگۈ ئىزھار قىلىنغان خەت: رەيھانەم شىرەگە ھېلىقى ساختا مۇھەببەتنامىنىمۇ ئالدى.

**مۇھەببەت ـ نەپرەت** مۇھەببەت ۋە نەپرەت: ئۇنىڭ يۈزىدىكى قورۇقلار ئارىسىدا غۇۋا پارقىراپ تۇرغان قارىچۇقىدا ئۆمۈرلۈك قايغۇ ـ ھەسرەت ۋە گىرەلىشىپ كەتكەن مۇھەببەت ـ نەپرەت بىر يولىلا ئۇيۇپ قالغانىدى.

**مۇھەررەم** ئى [ئە] ① ھىجرىيەنىڭ 1 ـ ئېيى، يەنى قەمەرىيە يىل ھېسابىدا 1 ـ ئاي. ئۇ ھوشۇر (ئاشۇر) ئاي دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مۇھەررىر** ئى [ئە] <مەت> تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: ئەدەبىي مۇھەررىر. باش مۇھەررىر. مەسئۇل مۇھەررىر.

**مۇھەررىرلىك** ئى. مۇھەررىرلەر قىلىشقا تېگىشلىك ئىش، ۋەزىپە: مۇھەررىرلىك قىلماق.

**مۇھەندىس** ئى [ ئە ] گېئومېتىرىيە (ھەندەسە) ۋە بىنا ـ كارلىق ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى؛ ئىنژېنېر: ياركەنتتە ئىسلام ئەللىرىدىن كەلگەن مەشھۇر دانىشمەن ۋە ئالىم، مۇدەررىسلەرنىڭ سانى كۆپەيدى، ھەتتا مىسىر، باغداد، بۇخارا، تەبرىزلەردىن پەيلاسوپ، ئەللامە ۋە مۇھەندىس، مۇسەۋۋىرلەرمۇ كېلىشتى.

**مۇھتەسىپ** ئى [ئە] ① تارس. جىڭ ـ تارازا ۋە باھانى نازارەت قىلغۇچى؛ ھېساب ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى. ② <دىن> دىن ۋە

جامائەت ئىشلىرىدا شەرىئەت قانۇنى بويىچە ياخشى ئىشلارغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان نازارەتچى: دەررە كۆتۈرگەن بىرقانچە مۇھتەسىپلەر بىر ئەر، ئىككى ئايالنى ھەيدەپ كىرىپ قازىلارغا توغرا قىلدى.

**مۇھىت** ئى [ئە] ① ھايات، پائالىيەت داۋاملىشىۋاتقان تەبىئىي شارائىتلار؛ ئەتراپتىكى يەر ـ جايلار، ئەتراپ: مۇھىت تازىلىقى. تەبىئىي مۇھىت. ② ھۈنەر ـ كەسىپ، ئىش ـ پائالىيەت ۋە شۇ قاتارلىقلارغا نىسبەتەن بىر ـ بىرىگە باغلىق بولغان كىشىلەر دائىرىسى؛ ئەتراپتىكى ئەھۋال ياكى شۇ يەرنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتى: سېستىرالار مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، شەھەرلىك بىرىنچى دوختۇرخانىغا تەقسىم قىلىنغان گۈلباھار يېڭى مۇھىتقا ناھايىتى تېزلا كۆنۈپ كەتتى. ③ <فىز> بىر خىل ماددا يەنە بىر خىل ماددىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندا، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنىڭ مۇھىتى بولىدۇ.

**مۇھىتشۇناس** ئى [ ئە+پ ] ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بىلىشى ۋە ئۆزگەرتىشى داۋامىدىكى مۇھىت بىلەن بولغان ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس، ئالىم: «سۇغا تۇكۇرسە يامان بولىدۇ» دېگەن مۇشۇ بىر ئېغىز گەپنىڭ كەينىدە زور ھېكمەت بار، مۇھىتشۇناسلار بۇ ھەقتە قانچە دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى يازسىمۇ ئەرزىيدۇ.

**مۇھىتشۇناسلىق** ئى. مۇھىتقا مۇناسىۋەتلىك ھەرقايسى تەرەپلەرنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم (پەن): ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىتشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى يېقىندا ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

**مۇھىم** سۈپ [ئە] ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان، ئەھمىيەت جەھەتتىن بىرىنچى دەرىجىلىك: مۇھىم ئىش. مۇھىم مەسىلە.

**مۇۋاپىق** سۈپ [ئە] ماس، توغرا كېلىدىغان، مۇناسىپ، لايىق: مۇۋاپىق كەلمەك. مۇۋاپىق كۆرمەك.

**مۇۋاپىقلاشتۇرماق** «مۇۋاپىقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بەزى ئەينەك نەيچىلەرنى قىزدۇرۇپ ئېگىپ تەجرىبىگە مۇۋاپىقلاشتۇردى.

**مۇۋاپىقلاشتۇرۇلماق** «مۇۋاپىقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كۈندىن ـ كۈنگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇلدى.

**مۇۋاپىقلاشماق** پ. مۇۋاپىق، مۇناسىپ، لايىق ھالەتكە كەلمەك، ماسلاشماق: بۇقرات تۇنجى قېتىم شۇ زاماندىكى تەبىئەت ئىلمىگە مۇۋاپىقلاشقان تېبابەت نەزەرىيە ئاساسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

**مۇۋازىنەت** ئى [ئە] ① جىسىملارنىڭ قارىمۇقارشى يۆنىلىشتىكى تەڭ كۈچلەر تەسىرىدىكى تىنچ، تۇرغۇن ھالىتى: مۇۋازىنەتنى ساقلىماق. ② كۆچمە. قارىمۇقارشى كۈچلەرنىڭ، ھادىسىلەرنىڭ تەڭلىشىشى، ئۇيغۇنلىشىشى تۈپەيلى سادىر بولغان نىسپىي تۇرغۇنلۇق: سىياسىي كۈچلەر مۇۋازىنىتى. مۇۋازىنەت سېزىمى. ③ <پەلس> تەڭپۇڭلۇق: مۇۋازىنەت نەزەرىيەسى.

**مۇۋازىنەتسىز** سۈپ. مۇۋازىنىتى بولمىغان، مۇۋازىنەتلىك ئەمەس، تۇراقسىز: مۇۋازىنەتسىز جىسىم. مۇۋازىنەتسىز ئېنېرگىيە.

**مۇۋازىنەتسىزلىك** ئى. مۇۋازىنەت بولماسلىق، تەڭپۇڭسىزلىق: ئىنسانىيەت تارىختا تالايلاپ بالا ـ قازاغا ئۇچرىدى. ئىنسان

ھەۋەسلىرى بىلەن ئەخلاق ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋازىنەتسىزلىك بۇ جەرياندا قالتىس رول ئوينىدى.

**مۇۋازىنەتلىك** ئى. تۇرغۇنلۇق، تەڭپۇڭلۇق: قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكى (بىردەكلىكى، ئوخشاشلىقى، مۇۋازىنەتلىكلىكى) شەرتلىك، بىردەملىك، ۋاقىتلىق، نىسپىي بولىدۇ. بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقىدىغان قارىمۇقارشىلىقلارنىڭ كۈرىشى بولسا مۇتلەق بولىدۇ.

**مۇۋەببەلسىپىت** ئى [ئە + پ] <بوت> گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى يىپسىمان، توپلىشىپ ئۆسىدۇ. يازنىڭ بېشىدا چېچەكلەيدۇ، گۈلى كىچىك، سۆسۈن رەڭ، ئومۇم گۈل رىتىدە. مېۋىسى يېرىلىپ، ئۇرۇقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. تۈگۈنەك يىلتىزى ئازراق موكا شەكلىدە بولۇپ، دورا قىلىشقا بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ قۇۋۋەت دورىسى ھېسابلىنىدۇ ھەمدە يۆتەل پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش، سۈيدۈك راۋانلاشتۇرۇش قاتارلىق روللارغا ئىگە.

**مۇۋەپپەق** ئى [ئە] مۇيەسسەر بولۇش، مەقسەتكە يېتىش، ئېرىشىش: ئارىدىن يەنە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. يەنە دەل باھار ۋاقتىدا خىزمەت بىلەن يېزىلارغا چىقىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم.

**مۇۋەپپەقىيەت** ئى [ئە] بىرەر ئىشتىن قولغا كەلتۈرگەن، ئېرىشىلگەن نەتىجە؛ غەلىبە، ئۇتۇق: مۇۋەپپەقىيەت قازانماق. * بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۈچۈن، ئۇنى سىنىپ مۇدىرى ۋە ساۋاقداشلار سەمىمىي قۇچاقلاپ تەبرىكلىدى.

**مۇۋەپپەقىيەتسىز** سۈپ. مۇۋەپپەقىيىتى يوق، نەتىجىسىز: مۇۋەپپەقىيەتسىز ئىش.

**مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك** ئى. مۇۋەپپەقىيىتى يوقلۇق، نەتىجىسىزلىك: مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىماق.

**مۇۋەپپەقىيەتلىك** سۈپ. مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان؛ ئۇتۇقلۇق، نەتىجىلىك: بۇ قېتىم ۋەزىپىنى ئۇ خېلىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىدى.

**مۇۋەششەھ** ئى [ئە] <ئەد> ھەربىر بېيىتنىڭ بېشىدىكى ياكى ھەربىر مىسرانىڭ بېشىدىكى ھەرپلەرنى قوراشتۇرسا كىشى ئىسمى ياكى بىرەر مەنىلىك سۆز چىقىدىغان شېئىر شەكلى: لۇتپۇللا مۇتەللىپ «دوستۇمغا مۇۋەششەھ» دېگەن شېئىرنى يازغان.

**مۇۋەققەت** سۈپ [ئە] دائىمىي بولمىغان، ۋاقىتلىق: مۇۋەققەت رەئىس. مۇۋەققەت ھۆكۈمەت .

**مۇيات** ئى. دىيال. يادىكار، ئەستىلىك، خاتىرە.

**مۇياتلىق** سۈپ. دىيال. ئەتىۋار، ئېسىل؛ كۆڭۈلدىكىدەك.

**مۇيەسسەر** ئى [ئە] ① ئېرىشىش، مۇمكىنلىك، يېتىشىش، سازاۋەر: مۇيەسسەر بولماق. مۇيەسسەر قىلماق. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مۇيىم ـ تۇيىم** دىيال. ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزۈش.

**مۆ** تەق. كالا مۆرىگەندە چىقىدىغان سوزۇلما ئاۋاز: تالاغا قاراڭغۇ چۈشكەن، ھويلا جىمجىت، ئانىسىنى سېغىنغان باغلاقتىكى موزاي «مۆ» قىلىپ يەنە مۆرىدى.

**مۆتەزىلە** ئى [ئە] <دىن> 8 ـ ئەسىردىن 12 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىسلام دىنىنىڭ بىر مەزھىپى.

**مۆتىدىل** سۈپ [ئە] ① سوغۇقمۇ ئەمەس، ئىسسىقمۇ ئەمەس، ئوتتۇرىچە: مۆتىدىل ھاۋا. مۆتىدىل بەلباغ. ② بىرەر تەرەپكە، بىرەر ئېقىمغا يان باسمايدىغان، ئوتتۇرىدىكى: كوممۇنىستىك پارتىيە گومىنداڭغا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى فېئودال كۈچلەرگە قارىتا مۆتىدىل سىياسەت قوللاندى. ③ نورمال: تېببىي خادىملارنىڭ تەبىئىي مىزاجى مۆتىدىل بولۇشى لازىم.

**مۆتىدىل بەلباغ** <جۇغ> جەنۇبىي ۋە شىمالىي يېرىم شارلاردىكى قۇتۇپ چەمبىرى بىلەن تىروپىك سىزىقى ئارىلىقىدىكى جايلار. كىلىماتى ئىللىقراق كېلىدۇ.

**مۆتىدىلچى** ئى. بىرەر تەرەپكە، بىرەر ئېقىمغا يان باسمايدىغان، ئوتتۇرىدىكى كىشى: ــ يولداشلار، پارتىيە ئىچىدە مۆتىدىلچىلەر، سولچىلار بار، ــ دېدى ئۇ شالىنى چىچىپ ۋارقىراپ.

**مۆتىدىللەشتۈرمەك** «مۆتىدىللەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتنى ئاخىرى مۆتىدىللەشتۈردى.

**مۆتىدىللەشتۈرۈلمەك** «مۆتىدىللەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مىجەز يېمەكلىك ئارقىلىق مۆتىدىللەشتۈرۈلسە سالامەتلىككە ئېلىپ كېلىدىغان پايدىسى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ.

**مۆتىدىللەشمەك** پ. مۆتىدىل ھالەتكە كەلمەك، مۆتىدىل بولماق: قاتتىق سوغۇق بولىدىغان رايونلارنىڭ ھاۋا كىلىماتى ھازىر مۆتىدىللەشمەكتە.

**مۆتىدىللىك** ئى. مۆتىدىل، نورمال بولغان ھالەت: ئۆمۈرنىڭ ھەربىر باسقۇچىدا مىزاجىنىڭ مۆتىدىللىككە ئۆزگىرىشى «مۆتىدىل مىزاج پەسلى» دېيىلىدۇ.

**مۆتىۋەر** سۈپ [ئە] خەلق ئىچىدە يۈز ـ ئابرۇيى بار، ھۆرمەتكە ئىگە بولغان: ئۇ ئۆز زامانىسىنىڭ مۆتىۋەر ئادىمى ئىدى.

**مۆتىۋەرلىك** ئى. مۆتىۋەرلەرگە خاس ئىش ـ ھەرىكەت، خاراكتېر: ھېزىمئاخۇننىڭ قېلىن چار ساقىلى بىلەن گۆشلۈك قىزىل يۈزى ئۇنىڭغا مۆتىۋەرلىك سالاپەت بېرىپ تۇراتتى.

**مۆجىزات** ئى [ئە] يېزت. كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلمىغان، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھادىسىلەر، ئىشلار، مۆجىزىلەر: قايسى بىر مۆجىزات مۇئەللىمسىز ۋۇجۇدقا چىققان؟

**مۆجىزە** ئى [ئە] كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، ئادەتتىن تاشقىرى ئىش، ھادىسە، نەرسە: مۆجىزە ياراتماق.

**مۆجىزىكار** ئى [ئە + پ] مۆجىزە ياراتقۇچى، پەيدا قىلغۇچى: خۇشتار ئىدىم قۇياش، يۇلتۇز، ئايلارغا، شۇلار بىلەن ياشىراتتى گۈل بېغىم. سىڭگەندىمۇ مۆجىزىكار ئاسمانغا، قۇياش چېغىم، يۇلتۇز چېغىم، ئاي چېغىم.

**مۆجىزىلىك** سۈپ. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، كىشىلەر كۆرۈپ باقمىغان، ئاجايىپ: ھەردائىم مۆجىزىلىك يېڭىلىقلارنى ئاڭلاپ تۇرىمەن.

**مۆچىلە** ئى <يېم> سۈت خام ئەشيا قىلىنىپ ياسىلىدىغان ئىرىمچىكنىڭ يەنە بىر خىلى.

**مۆرەتمەك** «مۆرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كالىنى مۆرەتمەك.

**مۆرەشمەك** «مۆرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ياندى ئۆيلەرگە پادا سۈرۈك ـ سۈرۈك، توختىماستىن مۆرىشىپ يولدىن ئۆتۈپ.

**مۆرەن** ئى. دىيال. دەريا، كېچىك.

**مۆرۈخات** ئى <بوت> تال ـ تال ئۆسىدىغان، يوپۇرمىقى سوقىچاق، مېۋىسى يۇمىلاق قىزىل، لىمون تەملىك، چاتقال تىپىدىكى ئۆسۈملۈك. تېبابەتچىلىكتە سوغۇقلۇق دورىسى قىلىنىدۇ.

**مۆرىت** ئى. بىرەر ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدىكى قولاي پەيت، ۋاقىت، پۇرسەت: ساڭىمۇ مۇشۇنداق بىر مۆرىتى كەلسۇنچۇ، ئۇ چاغدا سېنىڭ قانداق قىلىشىڭنى كۆرەرمىز.

**مۆرىلەشمەك** پ. دىيال. بەسلەشمەك، قول باغلاشماق.

**مۆرىمەس** سۇپ. ئادەتتە كۆپ گەپ قىلمايدىغان، جىمغور: — تازا بىر ئاداش ئىكەنسەن، — شوپۇر شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئېغىز ئاچتى، — نېمە تۇگمەيدىغان خىيال بۇ؟ سىلىمۇ ماڭا ئوخشاش مۆرىمەسمۇ ـ يا ؟

**مۆرىمەك** ① «مۆ» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «مۆ» قىلماق: يېزا دېگەندە نەگىلا بارما، توسمىنىڭ شارقىرىشىدىن، موزايلارنىڭ مۆرىشىدىن بۆلەك ئاۋاز ئاڭلىمايسەن. ② كۆچمە. گەپ قىلماق، سۆزلىمەك، ئېيتماق: — ۋۇي هۇسىيىن، — دېدى ئۇ يېنىمدا توختاپ، — بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، ئۆيۈمنى ئىجارىگە بېرىمەن ئاكا دەپ بالدۇرراق مۆرەپ قويسىڭىز بولماسمىدى.

**مۆكتۈرمە** ① سۇپ. مۆكتۈرۈلگەن، يوشۇرۇنغان، يوشۇرۇنۇپ قىلىنغان: مۆكتۈرمە جەڭ. ② ئى <هەرب> مۆكتۈرۈپ قويۇلغان قوشۇن: — يولغا مۆكتۈرمە قويدۇڭلارمۇ؟ — سورىدى قوماندان.،

**مۆكتۈرمەك** «مۆكمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۆمۈر خەلپە ئۆز يىگىتلىرىنى ئىككىگە بۆلۈپ، جىلغىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قارىغاي ۋە قورام تاشلارنىڭ كەينىگە مۆكتۈردى.

**مۆكتۈرۈشمەك** «مۆكتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: جېدەل چوڭىيىپ كەتمىسۇن ئۈچۈن، ئەر — ئايال ئىككىسى شەۋكەتنى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا مۆكتۈرۈشتى.

**مۆكتۈرۈلمەك** «مۆكتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: يول بويىغا مۆكتۈرۈلگەن يىگىتلەر ئەهۋالنى خوجىنىيازغا مەلۇم قىلدى.

**مۆكمەك** پ. ئۆزىنى دالدىغا ئالماق، يوشۇرۇنماق: ئۇ دەرەخ كەينىگە مۆكتى.

**مۆكۈشمەك** I «مۆكمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار كونا خاماندا مۆكۈشۈپ ئويناۋاتاتتى.

**مۆكۈشمەك** II ئى. باللار ئويۇنىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا باللار ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر تەرەپ مۆكسە، يەنە بىر تەرەپ ئىزدەپ تېپىپ ئوينايدۇ: مۆكۈشمەك ئوينىماق.

**مۆكۈنمەك** «مۆكمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇ گەمىگە مۆكۈندى. * ئۇ ئۆيگە كىرىپ مۆكۈنۈۋېلىپ زادىلا چىققىلى ئۇنىمىدى.

**مۆكمۆكلەڭ** ئى ← **مۆكۈشمەك** II : ئۇ چاغدا بىر توپ باللار دەريا بويىدا مۆكمۆكلەڭ ئويناۋاتاتتى.

**مۆڭ** سۇپ. ياخشى ـ يامانىنى ئانچە پەرق ئېتىپ كېتەلمەيدىغان، كاللىسى تازا ياخشى ئىشلەپ كەتمەيدىغان، دۆت، كالۋا: — ئۇ راستىنلا مۆڭ ئادەممۇ؟ ياق، بۇ بىر ئويۇن، — دېدى قاسىم ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ.

**مۆڭدەرىمەك** پ. خۇدىنى يوقاتماق: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرى ئۇشتۇمتۇت مۆڭدەرەپ، قاتتىق ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

**مۆڭكۈشلىمەك** پ. مۆڭكۈش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش هەرىكەتنى قىلماق: چېرىكلەر پاتىپاراق بولۇپ قېچىشتى، ئاتلىرى هەم بۇ زەربىدىن مۆڭكۈشلىدى.

**مۆڭكۈگەك** سۇپ. مۆڭكۈيدىغان، چىچاڭلايدىغان: مۆڭكۈگەك ئات. مۆڭكۈگەك ئېشەك.

**مۆڭكۈمەك** پ. ئارقا ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تېپىـ چەكلىمەك؛ چىچاڭلىماق (ئات ـ ئۇلاغ هەققىدە): ئات مۆڭكۈدى. ئېشەك مۆڭكۈدى.

**مۆڭگەك** سۇپ. مۆڭكۈيدىغان: بىرنى دېدىڭىز تەپكەك، بىرنى دېدىڭىز مۆڭگەك، سۆيمەيسىز تېخى ئەمگەك، ۋاقتىڭىز ئۆتەر بىكار.

**مۆڭگەكلىمەك** پ ← **مۆڭكۈمەك**: هېلىقى ئاتمۇ بىر كۆلكە چىقارغۇسى كەلگەندەك قامچا تېگەر ـ تەگمەستىن قۇيرۇقىنى دىڭگايتىپ، بىر ـ ئىككىنى مۆڭگەكلىگەندىن كېيىن ئاستا مېڭىپ كەتتى.

**مۆڭلۈك** ئى. دۆتلۈك، بىخۇدلۇق: مۆڭلۈك قىلماق.

**مۆڭمەك** پ ← **مۆڭكۈمەك**: توسۇن ئاتتەك، پات ـ پات مۆڭۈپ تۇرىدىغان پۇقرانى سۇدىن ئىبارەت بۇ مۇستەهكەم ئارغامچا بىلەن هاكىمدارلىق قوزۇقىغا باغلاپ تۇرغىلى بولاتتى.

**مۆل** ئىم ① ياشنىڭ كۆزدىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇزۇلۇپ ئېقىش هالىتى. ② كۆزنى مۆلدۈرلىتىپ قاراش هالىتى.

**مۆلە** ئى. ئېشەككە توقۇش ئۈچۈن كىگىز ۋە پالاسنى قەۋەتلەپ، شىرىپ تىكىلگەن توقۇم.

**مۆلەگ** سۇپ. دىيال. پۇلغا يارىغۇدەك، ۋەزنى بار.

**مۆلچەر** ئى. مەلۇم ئەهۋال ۋە ئىشلارنىڭ خاراكتېرى، سانى، ئۆزگىرىشى قاتارلىقلاردىكى تەخمىنىي يەكۇن، پەرەز، قىياس: ئالدىن قىلىنغان مۆلچەرگە ئاساسلانغاندا، تۇردى هۇسەينوپ، قادىر ئېلىلار بۈگۈن ئاقسۇغا قايتىپ كېلىشى كېرەك ئىدى.

**مۆلچەر سان** <تىل> شەيئىلەرنىڭ تەخمىن سانىنى بىلدۈرىدىغان سانلار. مەسىلەن، ئەللىكچە، يۈزدەك.

**مۆلچەرلەتمەك** «مۆلچەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مۆلچەرلەشمەك** «مۆلچەرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار يەنە نېمىلەرنى قىلىشى كېرەكلىكىنىمۇ ئالدىنئالا مۆلچەرلەشكەنىدى.

**مۆلچەرلەنمەك** «مۆلچەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: كۇلۇبنىڭ ئويۇن ـ تاماشا كۆرۈشكە مۆلچەرلىنىپ سېلىنغان ئاساسىي زالى خېلى چوڭ ئىدى.

**مۆلچەرلىگۈسىز** سۇپ. مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان، مۆلچەرلەش قىيىن بولغان، قىياس قىلغىلى بولمايدىغان؛ ناهايىتى زور، بەكمۇ جىق: بۇ ئىشلار جەمئىيىتىمىزنى ئۆزگەرتىشتە، بولۇپمۇ ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى تەربىيەلەشتە مۆلچەرلىگۈسىز زور هەم چوڭقۇر ئەهمىيەتكە ئىگە.

**مۆلچەرلىمەك** پ ① بىرەر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن ئالدىنئالا قىياس قىلماق؛ تەخمىنەنرەك هېسابلىماق، تەسەۋۋۇر قىلماق، ئويلىماق: خاتا مۆلچەرلىمەك. تولۇق مۆلچەرلىمەك. ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىمەك. ② كۆچمە. نىشانلىماق، قارىغا ئالماق: ئۇ ئوقتىن بىرنى ئېلىپ، تۈتىنىڭ دەل كۆكرىكىنى مۆلچەرلەپ ئاتقانىدى، ئوق تەگمىدى.

**مۆلدۈر** I ئى <مېتېئور> هاۋا بوشلۇقىدىن ياغىدىغان ئۇششاق مۇز پارچىلىرى. كۆپىنچە ئەتىيازنىڭ ئاخىرى ۋە ياز مەۋسۇملىرىدىكى چۈشتىن كېيىنكى مەزگىللەردە ياغىدۇ. ئۇ دېهقانچىلىق زىرائەتلىرىنى ۋەيران قىلىپلا قالماي، يەنە ئادەم، چارۋا هەم بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىغىمۇ ئېغىر دەرىجىدە زىيانلارنى كەلتۈرىدۇ.

**مۆلدۈر** II ئىم ① كۆزلىرىنى مۆل ـ مۆل قىلىپ جىممىدە تەلمۈرۈپ قاراش هالىتى. ② ياشنىڭ كۆزىدىن ئۈزۈلۈپ ـ ئۈزۈلۈپ چۈشۈش هالىتى: ئۇنىڭ كۆزىدىن مۆلدۈر ـ مۆلدۈر ياش

ئاقتى.

**مۆلدۈرلەتمەك** «مۆلدۈرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نېمە كۆزلىرىڭنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ تۇرىسەن؟

**مۆلدۈرلەشمەك** «مۆلدۈرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مۆلدۈرلىمەك** پ. مۆلدۈر ـ مۆلدۈر قىلماق؛ كۆز ۋە كىرپىك چىمىلداپ تۇرماق: ئۇنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان يوغان ـ يوغان كۆزلىرىدىن كىشىنىڭ ئىچى سىيرىلىغۇدەك دەرىجىدە مەيۈسلۈك چىقىپ تۇراتتى.

**مۆلدۈر ـ مۆلدۈر** «مۆلدۈر II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇنىڭ كۆزىدىن مۆلدۈر ـ مۆلدۈر ياش تامچىلىرى قۇيۇلدى.

**مۆلكۈمەك** پ. دىيال. ئۆمىلىمەك.

**مۆللىدە** رەۋ. «مۆل» قىلىپ، «مۆل» قىلغان ھالدا: ئۇزاقتىن قولى پۇل كۆرمىگەن ئادىل پۇلنى چىڭ سىقىملاپ تۇرۇپ كۆزىگە مۆللىدە ياش ئالدى.

**مۆل ـ مۆل** «مۆل» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بالا كۆزىنى مۆل ـ مۆل قىلىپ قاراپ ئولتۇرىدۇ.

**مۆلۈكباش** سۈپ. دىيال. پاخما باش.

**مۆلۈلدەتمەك** «مۆلۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مۆلۈلدەشمەك** «مۆلۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مۆلۈلدىمەك** پ. كۆزىنى «مۆل ـ مۆل» قىلماق، «چىم ـ چىم» قىلماق: قەرىخان ئۇلارغا مۆلۈلدەپ قاراپ پەس ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى.

**مۆلۈيمەك** پ. دىيال. ھۇرپەيمەك، گۆشەيمەك.

**مۆمىن** [ئە] ① <دىن> خۇدانىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغان، ئىمان ئېيتقان كىشى، مۇسۇلمان: — ئى خۇدايا، مۆمىنلىرىڭنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل ئەت! — دەپ شىۋىرلىدى ئۇ ساقىلىنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ. ② سۈپ. كۆچمە. ئىشەنچلىك؛ ياۋاش، ئىتائەتمەن: — قولۇڭدىن كېلىشىچە تەييارلىق كۆرۈپ، قىزىڭنى ياخشى تەربىيەلىگىن، ئوبدان مۆمىن بىر كىشىگە نىكاھلاپ بەر، — دېدى ئانا. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مۆمىنلەرچە** رەۋ. ئىتائەتمەنلىك، ياۋاشلىق بىلەن: ئۇنىڭ سۆزلىرىنى مۆمىنلەرچە قۇلاق سېلىپ ئاڭلاۋاتاتتى.

**مۆمىنلىك** ئى. مۆمىنلەرگە خاس، قىلىق، مىجەز، ئادەت، خاراكتېر: ئۇ ئەپچىللىكى، ئوڭلۇقلۇقى، ئىشچانلىقى ھەم مۆمىنلىكى بىلەن كېلىنگە ياراپ قالغانىدى.

**مۆھتەرەم** [ئە] ① سۈپ. كىشىلەرنىڭ ھۆرمەت، ئېھتىرامىغا سازاۋەر بولغان، ھۆرمەتلىك: مۆھتەرەم ئەپەندى. مۆھتەرەم جاناب. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مۆھلەت** ئى [ئە] بىرەر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن كېرەك بولغان، بەلگىلەنگەن مۇددەت، ۋاقىت: مۆھلەت بەرمەك. مۆھلەت ئالماق. مۆھلەت سورىماق.

**مۆھلەتسىز** سۈپ. مۆھلەت بەلگىلەنمىگەن، ۋاقىت تەيىنلەنمىگەن: مۆھلەتسىز ئىش.

**مۆھلەتلىك** سۈپ. مۆھلىتى بار، مۆھلەت بەلگىلەنگەن: مۆھلەتلىك ئىش.

**مۆھۈر** ئى [ئە] تامغا: مۆھۈر باسماق. * ياشلىقىڭدا ئۆگەنگەن تاشقا مۆھۈر باسقاندەك، قېرىغاندا ئۆگەنگەن قۇمغا مۆھۈر باسقاندەك (ماقال).

**مۆھۈردار (مۆھۈردارى)** ئى [ئە + پ] پادىشاھ سارايلىرىدا مۆھۈر تۇتقۇچى ئەمەلدار: — ئەرزگە بارلىق مۆھۈردارلار، ئاقساقال، يۈزبېشىلار مۆھۈر باسسۇن، — دەپتۇ پادىشاھ.

**مۆھۈردارلىق** ئى. مۆھۈر تۇتۇش، مۆھۈر بېسىش خىزمىتى، ئەمىلى: مېھرىبانۇ ئۇنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىپ ئالغان ۋە ئوردىنىڭ مۆھۈردارلىقىنى بەرگەن.

**مۆھۈرلەتمەك** «مۆھۈرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ يەر خېتىنى مۆھۈرلىتىپ بولغاندىن كېيىن ساندۇقنىڭ چوڭقۇر يېرىگە سېلىپ ئاندىن خاتىرجەم بولدى.

**مۆھۈرلەشمەك** پ. خەت ئارقىلىق توختاملاشماق؛ ۋەدىلەشمەك: توي قىلماي تۇرۇپمۇ قىزنى ئېلىپ كېتەلەيمەن! قانداق، ئىشىنەمسەن؟ مۆھۈرلىشەيلىمۇ؟

**مۆھۈرلەنمەك** «مۆھۈرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مۆھۈرلۈك** سۈپ. مۆھۈر بېسىلغان، مۆھۈرلەنگەن: مۆھۈرلۈك خەت.

**مۆھۈرلىمەك** پ. مۆھۈر باسماق، مۆھۈر ئۇرماق: سودىگەر خۇشال بولۇپ، ھېلىقى توختام بويىچە بارلىق مال ـ مۈلكىنى مۆھۈرلەپ بالىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

**مۇجگەكلىمەك** پ. دىيال. بىر يەرگە بېشىنى ئەكېلىۋالماق، دۇگدەيمەك.

**مۇجمەل** سۈپ [ئە] چۈشىنىپ بولمايدىغان، ئوچۇق، ئېنىق ئەمەس، نائېنىق: مۇجمەل گەپ. مۇجمەل ئىش.

**مۇجمەلسىز** رەۋ. مۇجمەللەشتۈرمەي، ئېنىق: ئاپتور ھېچقانداق مۇجمەلسىزلا ئۆز كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

**مۇجمەللەشتۈرمەك** «مۇجمەللەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: «بۇ قانۇننىڭ سىنىپىيلىقىنى مۇجمەللەشتۈرگەنلىك بولىدۇ» دەپ تەكىتلەيدۇ ئۇ.

**مۇجمەللەشتۈرۈلمەك** «مۇجمەللەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇنداق سىستېمىدا يۇقىرىنىڭ يارلىقلىرى تۆۋەنگە چۈشكەنسېرى ئەسلىدىكى مەنىسى مۇجمەللەشتۈرۈلگەن ئۇچۇرغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

**مۇجمەللەشمەك** پ. ئېنىقسىز، چۈشىنىكسىز بولماق: بۇ كۈنى بوۋاي بىلەن موماي خۇشاللىقىدىن قىلغان سۆزلىرىمۇ مۇجمەللىشىپ كېتىپتۇ.

**مۇجمەللىك** ئى. چۈشىنىپ بولماسلىق، نائېنىقلىق: بۇنىڭدا قىلچە مۇجمەللىك يوق، ئەلۋەتتە! مەن ياڭاقلىق يېزىسىدىكى ھەربىر ئۆيلۈك كىشى بىلەن سۆزلەشتىم.

**مۇچە** ئى ① <ئانات> ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ ئەزاسى؛ قول ياكى پۇت: تۆت مۇچە. ② <تىل>جۈملە بۆلىكى، بۆلەك: جۈملىنىڭ ئەگەشمە مۇچىلىرى. جۈملىنىڭ باش مۇچىلىرى.

**مۇچەل** ئى ① ھەربىر يىل بىر ھايۋاننىڭ يەنى چاشقان، ئۇي، يولۋاس، توشقان، بېلىق، يىلان، ئات، قوي، مايمۇن، توخۇ، ئىت، توڭگۇز نامى بىلەن ئاتالغان يىل ھېسابى. ئۇ 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن، يەنى نورۇز كۈنىدىن باشلىنىدۇ. ② كىشىنىڭ شۇ يىل ھېسابى بويىچە تۇغۇلغان يىلى: ئەپەندىمدىن بىر كىشى سوراپتۇ: — ئەپەندىم، مۇچىلىڭىز نېمە؟ — مۇچىلىم بېلىق، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

**مۆچەلچىلىك** ئى. مۇچەللەر ھەققىدە ئىزدىنىش، تەتقىق

قىلىش ئىشلىرى ھەم شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ساھە، كەسىپ: يېڭى ئىلمىي نوجۇم غەرب مۇنەججىملىكى بىلەن شەرق مۇچەلچىلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى مۇچەل بۇرج سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈردى.

**مۇچەلنامە** ئى. ھەربىر مۇچەل يىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تونۇشتۇرغان كىتابچە: قىزنىڭ ئاپىسى كۈيئوغۇلنىڭ مىجەز - خۇلقىنى مۇچەلنامىدىن ئاختۇرۇپ بىلدى.

**مۇدۇر** سۈپ. تەكشى ئەمەس، ئېگىز - پەس، ئويمان - چوڭقۇر (نەرسىلەرنىڭ يۈزى ھەققىدە).

**مۇدۇر - چوقۇر** مۇدۇر ۋە چوقۇر: مۇدۇر - چوقۇر يېزا يولىدا بىر ئېشەك ھارۋىسى ئاستا كېتىۋاتاتتى.

**مۇدۇرمەك** پ. پۇتلاشماق، سەنتۈرۈلمەك: بىر مۇدۇرگەن ئون مۇدۇرەر (ماقال).

**مۇدۇر - مۇدۇر** «مۇدۇر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**مۇدۇرۇپ - چوقۇرۇپ** سەنتۈرۈلۈپ، دەلدەڭشىپ؛ يىقىلىپ - قوپۇپ: مەسئۇت ئۇنىڭ پىكرىگە قارشى تۇرالماي، ئۇنىڭ رايى بويىچە قاراڭغۇدا مۇدۇرۇپ - چوقۇرۇپ مېڭىۋەردى.

**مۇدۇرۇشمەك** «مۇدۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قاراڭغۇ كېچىدە مۇدۇرۇشۇپ يۈرۈپ ماڭ تەستە ياتىقىغا كېلىۋالدى.

**مۇدۇرۇلمەك** «مۇدۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئەتىگەندە مەكتەپكە باراي دەپ ئىشىككە چىقىشىمغا مۇدۇرۇلۇپ كەتتىم.

**مۇدۇك** سۈپ. دىيال. كىچىك، ئىخچام.

**مۇرە** ئى ① <ئانات> ئادەم بىلىكىنىڭ يۇقىرىسىدىكى بويۇنغا تۇتاشقان ئىككى تەكشى جاي، دولا: مۇرىگە ئالماق. مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلماق. مۇرىسىنى چىقارماق. ② <زوئول> ھايۋانلارنىڭ ئالدى پۇتىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى گۆرجەك سۆڭەك بار قىسمى. ③ كىيىمنىڭ ياقىغا تۇتاش ئىككى ياندىكى قىسمى: بۇ كۆڭلەكنىڭ مۇرىسى سەل كەڭ بولۇپ قاپتۇ.

**مۇرە قاقماق** «يارايسەن»، «ھەممە ئىشىڭ جايىدا» دېگەن ئىشارىنى بىلدۈرمەك: باشلىق مۇرەمگە قېقىپ «قالتىس يېڭىتتە» دەپ ماختاپ قويدى.

**مۇرىسىنى قىسماق** «ئۇقمايمەن»، «تاڭ» دېگەن ئىشارىسىنى بىلدۈرمەك: — نېمە بىلەت؟ — ئۇ ھېچ نەرسىنى بىلمىگەن قىياپەتتە قوللىرىنى يېيىپ، مۇرىسىنى قىستى.

**مۇرىنى شوتا قىلماق** باشقىلارنىڭ ئۆرلىشى، يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، شۆھرەت قازىنىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەرمەك، ئۆزىنى ئاتىماق: قانداقتۇر بىر چەت ئەللىك سودىگەرگە سەرخىل ئاتلىرىڭنى بەر، مۇرەڭنى شوتا قىل، ئۇ دۇنياۋى بەيگىگە قاتناشتۇرسۇن، دېسە، بۇ گەپ بولامدۇ؟

**مۇرىنى مۇرىگە تىرىمەك** بىر نىيەتتە، بىر مەقسەتتە ھەمكارلاشماق: جۇمە ئۇنى «بىز بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلغان سەپداش، كۈرەش سېپىدە قەد كۆتۈرگەن ئىزىمەت» دەپ ئاشكارا ماختايدىكەن.

**مۇرگۇمەك** پ. دىيال. دەلدەڭشىمەك، سەنتۈرۈلمەك، مۇدۇرمەك.

**مۇرۋەت** ئى. دىيال. ئىچى رەبىرلىق كېلىدىغان گايكا، چىشى گايكا.

**مۇردەشمەك** «مۇرىدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — بىز بىركۈنى يېرىم كېچىدە رەيھانەم بىلەن ئادىلىنىڭ مۇرىدىشىپ سىياھەت قىلىپ يۈرگىنىنى كۆرگەن، — دېدى نۇرئەلاخان.

**مۇرىدىمەك** پ ① مۇرە بىلەن ئىتتەرمەك: يىگىتلەر خوتقا سېلىپ قويغان تىراكتورنى خۇددى تاغنى ئىتتەرگەندەك زورۇقۇپ مۇرىدەيتتى. ② مۇرىنى مۇرىگە تەگكۈزمەك: قىز بىلەن يىگىت بىر - بىرىنى مۇرىدەپ كېتىپ باراتتى.

**مۇسۇن** ئى <بوت> زىرائەتنىڭ ياش غولى.

**مۇشكۇل** سۈپ [ئە] ھەل قىلىنىشى قىيىن، ئېغىر، مۇرەككەپ، تەس: مۇشكۇل ئىش. مۇشكۇل ۋەزىيەت.

**مۇشكۇلات** ئى [ئە] قىيىنچىلىقلار، مۇشكۇللۇكلەر.

**مۇشكۇلچىلىك** ئى← **مۇشكۇللۇك**: — ئەجەب مۇشكۇلچىلىككە قالدى كىشى، — دەيتتى ئۇ پات - پات ئۆز - ئۆزىگە.

**مۇشكۇللەشتۈرمەك** «مۇشكۇللەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مۇشكۇللەشتۈرۈلمەك** «مۇشكۇللەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مۇشكۇللەشمەك** پ. مۇشكۇل بولماق، قىيىنلاشماق، تەسلەشمەك، ئېغىرلاشماق: ھازىر ئىشلار تېخىمۇ مۇشكۇللىشىپ كەتتى.

**مۇشكۇللۇك** ئى. قىيىنلىق، ئېغىرلىق، مۇرەككەپلىك، تەسلىك: ھاشار يولى ئۈچ كۈنلۈك، بىزگە چۈشكەن مۇشكۇللۇك. بايلار بارسا بىر كۈنلۈك، كەمبەغەلگە ئون كۈنلۈك.

**مۇشۇك** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. يۈزى يۇمىلاق، گەۋدىسى ئۇزۇن، قۇلاق قالقىنى قىسقا ھەم كىچىك، كۆزى چوڭ، كۆز قارىچۇقى نۇرنىڭ ئاجىز - كۈچلۈكلۈكىگە قاراپ يوغىنايدۇ ياكى كىچىكلەيدۇ. تۆت ئايىغى سەل قىسقا، ئالقانلىرىدا گۆش ياتمىسى بار. سېزگۈر، سەكرەشكە ماھىر كېلىدۇ، چاشقان تۇتالايدۇ. تۈكلىرى يۇمشاق، قارا، ئاق، سېرىق قوڭۇر ۋە كۆل رەڭلىكلىرىمۇ بار.

**مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدۇ** ھېچنېمىگە يارىمايدۇ، ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايدۇ: سېنىڭ 100 كوي دېگىنىڭگە بۇگۈن مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدۇ.

**مۇشۇك پىياز يېگەندەك** ئادەتتە قىلمايدىغان ئىش - ھەرىكەتنى قىلىپ قويغانلىقنى بىلدۈرىدىغان ئىبارە: ھوي، بۇگۈن مۇشۇك پىياز يېگەندەك، ئېلى تاماكا چېكىۋاتىدۇ.

**مۇشۇكئېيىق** ئى [مۇشۇك + ئېيىق] <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 130 — 160 سانتىمېتىر، تەن شەكلى ئېيىققا ئوخشايدۇ. قۇيرۇقى قىسقا، بېشى، كۆكرىكى، قورسىقى، دۈمبىسى ۋە ساغرىسى ئاق؛ تۆت ئايىغى، ئىككى قۇلىقى ھەم كۆز چەمبىرىكى قارا قوڭۇر؛ تۈكلىرى توم ھەم قېلىن، سوغۇققا چىداملىق، دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي جەنۇب رايونلىرىدىكى ئېگىز تاغلىقلاردا بامبۇك شاخلىرىنى يەپ ياشايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئەتىۋارلىق ھايۋىنى ھېسابلىنىدۇ.

**مۇكچەيتمەك** «مۇكچەيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سەلەي دەرھال قەددىنى تېخىمۇ مۇكچەيتىپ، چىرايىغا بىچارىلىك، كۆزلىرىگە ئامالسىزلىق، يېلىنىش ئىپادىلىرىنى بەردى.

**مۇكچەيمەك** پ. بەدەن ئالدىغا ئېگىلىپ تۈگۈلمەك: ئۇ يەلكىسىنى ئېغىر بىر تاش بېسىۋالغان كىشىدەك مۇكچىيىپ كېتىپ باراتتى.

**مۇكچىيىشمەك** «مۇكچەيمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مۇكۇرۇ** سۈپ. دىيال. ئاۋاق، جىۋەك، ۋىجىك.

**مۇكۇل - تېقىل** دىيال ① رەتسىز، تەرتىپسىز. ② قاتىلاڭلىق، ئالدىراشلىق.

**مۇگدەتمەك** «مۇگدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نۇتۇق سۆزلىگەندە، روھىي ھالەتنىڭ كۆتۈرەڭگۈ بولۇشى ناھايىتىمۇ مۇھىم. چۈشكۈن روھىي ھالەت ئاڭلىغۇچىلارنى مۇگدىتىپ قويىدۇ.

**مۇگدەشمەك** «مۇگدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مۇگدەك** ئى. ئويغاق بىلەن ئۇيقۇنىڭ ئارىلىقىدىكى ھالەت: كۆپ مىقداردىكى كۆچۈرۈپ يېزىش تاپشۇرۇقىنى ئىشلىگەندە بالىلارنىڭ قوللىرى تېلىپلا قالماستىن، بەزى بالىلارنى مۇگدەك باسىدۇ.

**مۇگدىمەك** پ. ئۇخلاشقا باشلىماق، ئۇيقۇ باسماق: مەن تېخى سىزنى مۇگدەپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن.

**مۇڭگۈز** ئى <زوئول> كالا، قوي، بۇغا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ بېشى ئۈستىدىن ئۆسۈپ چىققان قاتتىق ماددا. ئادەتتە ئىنچىكە، ئۇزۇن ھەم ئۇچ تەرىپى ئۇچلۇقراق كېلىدۇ: كالا مۇڭگۈزى. * ئاۋۋال چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۇڭگۈز ئېشىپ كېتەر (ماقال). * ئىت دېسەڭ قۇيرۇقى يوق، ئۆچكە دېسەڭ مۇڭگۈزى يوق (ماقال).

**مۇڭگۈز پەردە** <ئانات> كۆز قارىچۇقىنىڭ يۈزىدىكى بىر قەۋەت نېپىز، سۈزۈك پەردە، بىرىكتۈرگۈچى توقۇلمىدىن تۈزۈلگەن ھەمدە سىرتقا قاراپ سەل كۆپۈنكىلەشكەن. ئۇنىڭغا قان تومۇرلىرى تارقالمىغان، بەلكى نۇرغۇنلىغان نېرۋا تالالىرى تارقالغان. ئۇنىڭ سەزگۈرلۈكى ئىنتايىن يۇقىرى، ئارقا تەرىپى كۆز ئېقى بىلەن تۇتاشقان.

**مۇڭگۈز چىقتىمۇ** «نېمە ياخشىلىق كۆردۈڭ؟»، «قانداق نەتىجىگە ئېرىشتىڭ؟» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئىبارە: — قابىل يىگىتلەرنى ئۆلتۈرگۈزدىڭىز، سىزگە مۇڭگۈز چىقتىمۇ؟ — دېدى مەلىكە پادىشاھقا.

**مۇڭگۈز چىقماق** بۇرۇن قىلمىغان ئىشلارنى قىلماق، ھەددىدىن ئاشماق: ھېلىقى مالىمانچىلىق يىللاردا ھەر ياۋاشلارغا مۇڭگۈز چىقىپ ئۆسكەك بولۇپ كەتكەن، مانا ئەمدى ئۇلارنىمۇ كۆردۇق.

**مۇڭگۈزى ئاشكارا بولماق** مەلۇم بولمىغان مىجەز - خۇلقى، يېڭى قىلىقلىرى بىلىنمەك: ئۇ قايتىپ كېلىپ ئايىنسا بىلەن سۆزلەشتى. مانا شۇ چاغدىلا ئايىنسانىڭ مۇڭگۈزى ئاشكارا بولدى.

**مۇڭگۈزى ئىچىدە** ياۋاش ئەمەس، شوخ، چاتاقچى: ياۋاشنىڭ مۇڭگۈزى ئىچىدە (ماقال).

**مۇڭگۈزسىز** سۈپ. مۇڭگۈزى يوق، مۇڭگۈز چىقمىغان: مۇڭگۈزسىز ھايۋانلار.

**مۇڭگۈزسىمان** سۈپ. مۇڭگۈزگە ئوخشايدىغان، مۇڭگۈز شەكلىدىكى: مۇڭگۈزسىمان مېۋە.

**مۇڭگۈزلەشمەك** پ ① مۇڭگۈز ھالىتىگە كەلمەك، مۇڭگۈزگە ئايلانماق. ② تىكەنلەشمەك، يىرىكلەشمەك: بۇ كېسەللىك باشلانغان دەسلەپكى باسقۇچتا تېرە مۇڭگۈزلىشىپ، تېرە سىزىقچىلىرى روشەن كۆرۈنىدۇ.

**مۇڭگۈزلۈك** سۈپ. مۇڭگۈزى بار، مۇڭگۈزى بولغان: ئۇلار بىرنەچچە كۈن يول مېڭىپ، مۇڭگۈزلۈك شاھزادىنىڭ يۇرتىغا يېقىنلىشىپتۇ.

**مۇلكىي** سۈپ [ئە] دۆلەت ياكى ھۆكۈمەتكە تەئەللۇق بولغان؛ مەمۇرىي: مىللىي ئارمىيەنىڭ ئاقسۇغا يېتىپ كېلىشى بىلەن شەھەر دەرۋازىلىرى چىڭ تاقىلىپ، گومىنداڭنىڭ ھەربىي - ساقچى، مۇلكىي ئەمەلدارلىرى سېپىل ئىچىگە قامىلىپ قالدى.

**مۇلۇك (مۇلكى)** ئى [ئە] بىراۋنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولغان مال - دۇنيا، يەر - سۇ، ئۆي - ئىمارەت قاتارلىق بايلىقلىرى: ياخشى مۇلۇك ھېكمىنىڭ، بۇزۇلغاندا ھېچكىمنىڭ (ماقال).

**مۇلۇكچىلىك** ئى. مۇلۇككە بولغان ئىگىدارچىلىق: مۇلۇكچىلىك ھوقۇقى. مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك.

**مۇلۇكدار** ئى [ئە + پ] مۇلۇك ئىگىسى: ئۇنىڭ بىرى، مۇلۇكدارلارنىڭ ۋەكىلى، يەنە كېلىپ خەزىنىچى تېكىن ئاغىچى ئىدى.

**مۇلۇكسىز** سۈپ. مۇلكى يوق، مۇلۇككە ئىگە بولمىغان: شەھەر ئاھالىسى سىنىپى ئەڭ دەسلەپتىن باشلاپ مۇلۇكسىز، ھەممە ئېتىراپ قىلغان بىرەر تەبىقىگە مەنسۇپ بولمىغان شەھەر پۇقرالىرى ئىدى.

**مۇلۇكلۇك** سۈپ. مۇلكى بار، مۇلۇككە ئىگە بولغان: ئوغرى كۆپ يەرلەرنى كېزىپ مۇلۇكلۇكرەك ئۆيلەردىن بىرەرسىنىمۇ تاپالماپتۇ.

**مۇنگەش** سۈپ. دىيال. قاتلاق، ئىرماش - چىرماش.

**مۇنۇچ** ئىم. دىيال. ۋىيەي، پاھ (ئاياللار قوللىنىدۇ).

**مۇنۇرىمەك** پ. دىيال. سوغۇق ھاۋا ياكى سۇنىڭ تەسىرىدە پۇت - قوللار ئاغرىماق.

**مۇنۇكۇم** سۈپ. دىيال. ياۋاش؛ بىچارە.

**مېتابولىزم** ئى [ر<گرېك] <بىيول> جانلىقلارنىڭ تاشقى دۇنيادىن ئۆزىگە كېرەكلىك ماددىلارنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى ئۆز تېنىنىڭ ماددىسىغا ئايلاندۇرۇش بىلەن بىللە، تېنىدە ھاسىل بولغان كېرەكسىز ماددىلارنى تەن سىرتىغا چىقىرىش جەريانى.

**مېتازوئا** ئى <زوئول> ئاددىي ھايۋانلاردىن باشقا بارلىق ھايۋانلارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئاتىلىشى. تېنى كۆپ ھۈجەيرىلەردىن قۇرۇلغاچقا، «كۆپ ھۈجەيرىلىك ھايۋان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**مېتاساكوۋىيە** ئى [لات] <بوت>← **مېتاساكوۋىيە دەرىخى**.

**مېتاساكوۋىيە دەرىخى** <بوت> شەمشاد ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چوڭ دەرەخ. ئۇ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئەتىۋارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، جەنۇبىي ئۆلكىلەردە ئۆسىدۇ.

**مېتافورا** ئى [ر<گرېك] <ئەد> ئوخشىتىش يولى بىلەن كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلگەن سۆز ياكى ئىبارە؛ ئىستىئارە، مەجاز.

**مېتافىزىك** [ر] ① ئى. مەسىلىلەرگە مېتافىزىكا نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قارايدىغان، مېتافىزىكا قائىدىلىرىگە قاتتىق ئېتىقاد قىلغۇچى ۋە ئەمەل قىلغۇچى كىشى. ② سۈپ. مېتافىزىكا قائىدىلىرىگە ئاساسلانغان، مېتافىزىكا پرىنسىپلىرىنى ئاساس قىلغان.

**مېتافىزىكا** ئى [ر<گرېك] <پەلس> دىيالېكتىكىغا قارىمۇقارشى بولغان دۇنيا قاراش ياكى مېتودولوگىيە. ئۇ دۇنيادىكى ھەممە شەيئى بىر-بىرىدىن ئايرىلغان ھالدا يەككە - يېگانە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ؛ ئۆزگىرىدۇ دېگەندىمۇ، بۇ خىل ئۆزگىرىش پەقەت مىقدارنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئازىيىشىدىن، ئورۇننىڭ يۆتكىلىشىدىن ئىبارەت

بولىدۇ، ئۇنىڭغا تاشقى كۈچنىڭ تۈرتكىسىلا سەۋەب بولىدۇ دەپ
قارايدۇ.

**مېتافىزىكىلىق** سۈپ. مېتافىزىكا قائىدىلىرىگە ئاساسلان-
غان، مېتافىزىكا پىرىنسىپلىرىنى ئاساس قىلغان: ئۇلار قانۇنغا
دائىر مەسىلىلەرنى مېتافىزىكىلىق ئۇسۇل بىلەن تەتقىق قىلىدۇ ۋە تەرىپلەيدۇ.

**مېتال** ئى [ر<گىرېك] <خىم> پارقىراق، سوزۇلۇشچان،
ئېلېكتىر ۋە ئىسسىقلىقنى ياخشى ئۆتكۈزۈش خۇسۇسىيەتلىد-
رىگە ئىگە ماددىلار.

**مېتالچىلىق** ئى ← **مېتاللۇرگىيە**: شىنجاڭنىڭ رەڭلىك مېتالچى-
لىقىدا يەنە ئىككى چوڭ كانغا ئۇل سېلىندى.

**مېتالسىز** سۈپ. مېتالدىن خالىي، مېتال يوق ياكى مېتال
مىقدارى ئاز: مېتالسىز كان ياتقىسى.

**مېتالشۇناس** ئى. مەخسۇس مېتاللارنى تەتقىق قىلغۇچى
ئالىم، مۇتەخەسسىس.

**مېتالشۇناسلىق** ئى < گېئول> مېتاللارنىڭ تۈزۈلۈشى،
خۇسۇسىيەتلىرى، ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى
تەتقىق قىلىش ئىشى ۋە ئىلمى.

**مېتاللوئىد** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ① سۈپ. مېتال
ئەمەس، مېتالغا يات: مېتاللوئىد ئېلېمېنت. مېتاللوئىد مىنېرال.
② ئى. مېتال بولمىغان ئېلېمېنتلار، مەسىلەن، ئازوت،
فوسفور، يود قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**مېتاللۇرگىيە** ئى [ر<گىرېك] ① ئېغىر سانائەتنىڭ رۇدىدىن
مېتال ئالىدىغان ۋە ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان بىر تارمى-
قى، مېتالچىلىق: مېتاللۇرگىيە سانائىتى. مېتاللۇرگىيە مۇتەخەس-
سىسى. ② سانائەت يولى بىلەن مېتال ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇنى
پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى پەن.

**مېتاللىق** سۈپ. مېتالدا بولىدىغان، مېتالغا خاس: مېتاللىق
خۇسۇسىيەت.

**مېتامورفىزم** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> يەر پوستىدىكى
ئاۋۋال پەيدا بولغان تاغ جىنسلىرىدىكى يېڭى فىزىكىلىق،
خىمىيەلىك شارائىتتا، مىنېرالنىڭ تەركىبى، قۇرۇلما ۋە
تۈزۈلمىلىرىدە پەيدا بولىدىغان بىر قاتار ئۆزگىرىش تەسىرى
ۋە جەريانى.

**مېتامورفىلىق** سۈپ. مېتامورفىزم نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا
كەلگەن ياكى كېلىدىغان: مېتامورفىلىق بەلباغ. مېتامورفىلىق
تۈس. مېتامورفىلىق جىنس.

**مېتان** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئەڭ ئاددىي ئورگانىك
بىرىكمە. رەڭسىز، پۇراقسىز، يېنىشچان گاز. پاتقاق
رايونلاردا، نېفىت قۇدۇقلىرىدا، كۆمۈر كان قاتارلىق جايلاردا
ساقلىنىدۇ. تەبىئىي گازلارنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.
يېقىلغۇ ۋە خىمىيە سانائىتىنىڭ ماتېرىيالى قىلىنىدۇ: پاتقاق
گازى ئورگانىك ماددىلار ئېچىتىلغاندىن كېيىن ھاسىل بولىدىغان
يېقىلغۇ گاز بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق تەركىبى مېتاندىن ئىبارەت.

**مېترو** ئى [ر<فىران] <قاتن> يەر ئاستىدا قۇرۇلغان
شەھەرنىڭ ئېلېكتىر تۆمۈريولى: بېيجىڭ مېتروسى. مېترو
قۇرماق.

**مېتروپولىيە** ئى [ر<گىرېك] باشقا دۆلەتلەرنى بېسىۋېلىپ،
ئۆز مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋالغان تاجاۋۇزچى دۆلەت.

**مېترونوم** ئى [ر<گىرېك] <مۇز> كۆرسىتىلگەن توغرا
بەلگىلەر بويىچە ئاھاڭنىڭ بېجىرىلىش تېمپىسى (سۈرئى-
تى)نى بەلگىلەپ چىقىدىغان بىر خىل ئەسۋاب.

**مېتود** ئى [ر<گىرېك] ① جەمئىيەت ۋە تەبىئەت ھادىسى-
لىرىنى بىلىش، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئۇسۇلى. ② بىرەر ئىشنى
بېجىرىش، ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇسۇلى ياكى شۇنداق ئۇسۇللار
سىستېمىسى: سادىق دەرس مېتودىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى
ئىدى.

**مېتودلۇق** سۈپ. بەلگىلىك مېتودى بار: ئۇ شۇ تۇرقىدا ئۆزىنى
توختاتقان، بىلىمى چوڭقۇر، مېتودلۇق ئوقۇتقۇچىغا ئوخشايتتى.

**مېتودولوگىيە** ئى [ر] <پەلس> دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەر-
تىشتىكى تۈپ ئۇسۇل: ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە بولسا، مونەك
بولۇپ كەتكەن تەبىرلەرنى بالىلارنىڭ ئېڭىغا تاڭماي، ئۇلار ئۆگىنىپ
قويۇشتەك بىر تەرەپلىمە مېتودولوگىيەنىڭ بېسىمى ئاستىدا، ئۆزىگە
خاس تەپەككۇر شەكلىنى يوقىتىدۇ.

**مېتودىكا** ئى [ر] ① <مائار> ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرى
ھەققىدىكى تەلىمات، ئىلىم. ② بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇش، بېجىرىش ياكى ئورۇنلاش ئۇسۇللىرى ۋە مېتودلىرىنىڭ
ئومۇمىي يىغىندىسى، جەمئىيسى.

**مېتونومىيە** ئى [ر<گىرېك] <ئەد> بىرنەرسىنى ئۆز نامى-
دىن باشقا نام بىلەن ئېيتىش.

**مېتېئور** ئى [ر<گىرېك] ① <ئاستر> ئاقار يۇلتۇز.
② <مېتېئور> ھاۋا رايى، ھاۋا رايى ھادىسىلىرى.

**مېتېئورولوگ** ئى [ر] مېتېئورولوگىيە ئالىمى، مېتېئورو-
لوگىيە مۇتەخەسسىسى.

**مېتېئورولوگىيە** ئى [ر<گىرېك] ① يەر ئاتموسفېراسى،
ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى، خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭدا بولىدىغان
فىزىكىلىق جەريانلار ھەققىدىكى پەن. ② ھاۋا رايى ۋە ئۇنى
ئالدىن بىلىش مېتودلىرى ھەققىدىكى پەن.

**مېتېئورولوگىيەلىك** سۈپ. مېتېئورولوگىيەگە ئائىت،
مېتېئورولوگىيەگە خاس ياكى شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك: مېتې-
ئورولوگىيەلىك كۆزىتىش.

**مېتېئورىت** ئى [ر<گىرېك] <ئاستر> چوڭ ئاقار
يۇلتۇزلارنىڭ يەر شارى ھاۋا قاتلىمىدىن ئۆتكەندە كۆيۈپ
بولماي يەر يۈزىگە چۈشكەن قىسمى.

**مېتىر** [ر<گىرېك] ① مىق. 100 سانتىمېتىر ياكى ئۈچ
چىغا تەڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. ② ئى. سانتىمېتىرلارغا
بۆلۈنگەن شۇ ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆلچەش ئەسۋابى: مېتىر سالماق.
مېتىر بىلەن ئۆلچىمەك.

**مېتىر سىستېمىسى** بىر خىل ئۆلچەم سىستېمىسى.
فىرانسىيەدە بارلىققا كەلگەن. 1875 ـ يىلى 17 دۆلەت ۋەكىل-
لىرى فىرانسىيەنىڭ پارىژ شەھىرىدە يىغىن ئېچىپ، ئۇنى
خەلقئارادا بىر تۇتاش قوللىنىلىدىغان ئۆلچەم سىستېمىسى
قىلىپ بېكىتكەن، بۇنىڭدا، ئۇزۇنلۇقنىڭ بىرلىكى مېتىر،
بەلگىسى m قىلىپ ئېلىنغان.

**مېتىرلاتماق** «مېتىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-

جىسى: گەزمالچىدىن ئىككى مېتىر سارجا مېتىرلاتتىم ـ دە، دەرھال ئۆيگە قاراپ يۈگۈردۈم.

**مېتىرلاشماق** «مېتىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىدىغان ئورۇننى مېتىرلىشىپ بولۇپ، مۇزاكىرىلىشىپ بىرنېمە دېيىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇپ ماشىنىسىغا چىقتى.

**مېتىرلانماق** «مېتىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ماشىنا ۋەقەسى يۈز بەرگەن ئورۇن قاتناش ساقچىلىرى تەرىپىدىن مېتىرلىنىپ خاتىرىگە ئېلىندى.

**مېتىرلىق** سۈپ. مېتىرغا تەڭ كېلىدىغان، مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى: 400 مېتىرلىق قانال ئۈچۈن بىز نورغۇن بەدەل تۆلىدۇق.

**مېتىرلىماق** پ. مېتىر بىلەن ئۆلچىمەك، مېتىر سالماق: مۇدىر خامنى يەنە بىر مېتىرلاپ كۆرگەندىن كېيىن ئىچىدە بىرنېمىلەرنى ھېسابلاپ پىچىرلاپ قويدى.

**مېتىس** [ر<ئىسپان] ① ئى. نەسلىنى ياخشىلاش مەقسىتىدە تۈرلۈك نەسلىدىكى ھايۋانلارنى ئۆزئارا چېتىشتۇرۇش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن ھايۋانلار. ئومۇمەن شالغۇت ھايۋانلار. ② سۈپ. شالغۇتلاشتۇرۇلغان، ئەسلىي ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ھايۋاننىڭ چېتىشتۇرۇلۇشىدىن پەيدا بولغان: مېتىس قوي.

**مېتىسلاشتۇرماق** «مېتىسلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مېتىسلاشتۇرۇشماق** «مېتىسلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مېتىسلاشتۇرۇلماق** «مېتىسلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مېتىسلاشماق** پ. مېتىسقا ئايلانماق، يېڭى نەسىلگە ئۆزگەرمەك.

**مېتىل** ئى [ر<گىرېك] <خىم> كۆپلىگەن ئورگانىك بىرىكمىلەر تەركىبىدە بولىدىغان، بىر ئاتوم كاربون ۋە ئۈچ ئاتوم ھىدروگېندىن ئىبارەت بولغان گۇرۇپپا.

**مېتىلېن** ئى [ر<گىرېك] <خىم> كۆپلىگەن ئورگانىك بىرىكمىلەر تەركىبىدە بولىدىغان، بىر ئاتوم كاربون ۋە ئىككى ئاتوم ھىدروگېندىن ئىبارەت بولغان گۇرۇپپا.

**مېتىن** ئى [ئە] تاشنى چوقۇش ۋە كېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب.

**مېخانىزم** ئى [ر<گىرېك] ① تۈرلۈك ماشىنىلارنىڭ ئىچكى قىسىملىرى، ئىچكى تۈزۈلۈشى؛ سىستېما: فىزىيولوگىيەلىك مېخانىزم. سانائەت مېخانىزمى. دۆلەت مېخانىزمى. ② <ماشىن> تۈرلۈك ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر: مېخانىزم زاپچاسلىرى.

**مېخانىك** ئى [ر] مېخانىكا مۇتەخەسسىسى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا ماشىنا ـ ئاپپاراتلارنى ئىشقا سالغۇچى ۋە ئۇنىڭغا قارىغۇچى كىشى، مۇتەخەسسىس: ئۇ سېخنىڭ مېخانىكى شەمشىدىنگە شاگىرت بولدى.

**مېخانىكا** ئى [ر<گىرېك] <فىز> فىزىكىنىڭ جىسىملار ھەرىكىتى ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**مېخانىكىلاشماق** پ. مېخانىزمغا ئاساسلانماق؛ مېخانىزم ياردىمى بىلەن ئىشلەيدىغان بولماق: بۇنداق ئاقىۋەتلەر مېخانىكىلاشقان شەكىلۋازلىق تەسىرىدە كېلىپ چىقتى.

**مېخانىكىلىق** ① سۈپ. مېخانىزمغا ئاساسلانغان، مېخانىزمغا مۇناسىۋەتلىك، ئائىت: مېخانىكىلىق ھەرىكەت. مېخانىكىلىق ئۇنۇم. ② رەۋ. ئۆلۈك ھالدا، ئەينەن پېتى، چۈشەنمەسلىك بىلەن، قارىغۇلارچە: مېخانىكىلىق خاتىرىلەش. مېخانىكىلىق ئەستە قالدۇرۇش.

**مېدال** ئى [ر<فىران] بىرەر ساھەدە ئالاھىدە نەتىجە ياراتقان، مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارغا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن، مېتالدىن مەخسۇس ئىشلەنگەن بىر خىل بۇيۇم: ئۇنىڭ كۆكرىكىدىكى باتۇرلۇق مېداللىرى پارقىراپ، كىشىنىڭ كۆزىنى چاقاتتى.

**مېداللىق** سۈپ ① مېدال ئاسقان، مېدال تاقىغان؛ مېدالى بار، مېدالغا ئىگە بولغان. ② مېدال ياساشقا بولىدىغان ياكى يېتىدىغان.

**مېدالىيون** ئى [ر<فىران] ئىچىگە رەسىم ياكى باشقا نەرسىلەر سېلىنغان، يۇملاق ياكى قىرلىق شەكىلدە قاپچۇقتا ئوخشاش ياسالغان، بويۇنغا ئېسىلىدىغان زىننەت بۇيۇمى: مېدالىيوننىڭ ئىچىدە يۆگەلگەن ئىنچىكە چاچ بار ئىكەن.

**مېدۇزا** ئى [ر<گىرېك] <زوئول> كاۋاك ئىچلىك ھايۋان. تەن شەكلى كۈنلۈككە ئوخشايدۇ. ئېغىزى قالپىقىنىڭ ئاستى قىسمىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، ئەتراپىدا ئاشقازان بوشلۇقىغا تۇتىشىدىغان تۆت دانە ئېغىز بارماقچىسى بولىدۇ. قالپىقىنىڭ ئەتراپىدا يەنە نۇرغۇنلىغان سەزگۈ پۆپۈكلىرى بولىدۇ. سەزگۈ پۆپۈكلىرىنىڭ ئۈستىدە يېپىشقاق تىكەنلىرى بولۇپ، دۈشمىنىگە ھۇجۇم قىلىش، ئوزۇقلۇق تۇتۇش ۋە ئۆزىنى قوغداش قورالى ھېسابلىنىدۇ. مېدۇزىنىڭ يەنە قالپاقلىق مېدۇزا، كۈنلۈكسىمان مېدۇزا دېگەندەك كۆپ خىل تۈرلىرى بولىدۇ.

**مېدىئانا** ئى [ر<لات] <مات> ئۈچ بۇلۇڭنىڭ بىر چوققىسى بىلەن ئۇنىڭ قارشىسىدىكى تەرەپنىڭ ئوتتۇرا نۇقتىسىنى تۇتاشتۇرغۇچى سىزىق.

**مېدىتسىنا** ئى [ر<لات] كېسەللىكلەر، ئۇلارنى داۋالاش ۋە ئالدىنى ئېلىش ھەققىدىكى پەنلەر يىغىندىسى: جۇڭگو مېدىتسىناسى. مېدىتسىنا خىزمىتى. مېدىتسىنا ياردىمى. مېدىتسىنا پونكىتى.

**مېراج** ئى [ئە] ① <دىن> ئىسلام ئەنئەنىسىدە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئاسمانغا چىقىپ روھىي ئالەم بىلەن تونۇشۇپ قايتقانلىقى. ② مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ مېراجغا چىققانلىقىنى ھەر يىلى خاتىرىلەيدىغان ئېيى، رەجەب ئېيى.

**مېركۇروخىروم** ئى [ر<لات] <تىب> بىر خىل دورا، يەنى ئورگانىك بىرىكمە. رەڭگى كۆكۈچ يېشىل ياكى قىزغۇچ قوڭۇر، يالتىراق پوستى بولىدۇ ياكى دانىچە ھالىتىدە كېلىدۇ. سۇدىكى ئېرىتمىسى توق قىزىل ياكى قارامتۇلراق. ئادەتتە تېرە زەخىملىرىنى دېزىنفېكسىيە قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**مېركۇرىي** ئى [ر<لات] <ئاستر> قۇياش سىستېمىسىدىكى قۇياشقا يېقىن بىرىنچى پىلانېتا. قۇياشنى ئومۇمىي ئايلىنىش دەۋرى 88 كۈن، ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىش دەۋرى

58 كۈن 15 سائەت. ئۇنىڭ ھەجمى يەر شارى ھەجمىنىڭ %5 ىكە توغرا كېلىدۇ.

**مېرگېل** ئى [ر<نېم<لات] <گېئول> كاربوناتلىق جىنس بىلەن سېغىز توپىلىق جىنس ئارىلىقىدىكى ئۆتكۈنچى تىپلىق جىنس. ئۇ نېپىز قاتلاملىق ھاك جىنس ياكى سېغىز توپىلىق جىنسلار ئارىسىدا نېپىز قەۋەتلىك ياكى لىنزىسىمان پەيدا بولىدۇ.

**مېرىدىيان** ئى [ر<لات] <جۇغ> يەر شارىنىڭ قۇتۇپلىرى ئارقىلىق ئېكۋاتورنى تىك ھالەتتە كېسىپ ئۆتكەن پەرەزىي سىزىق.

**مېرىنوس** ئى [ر<ئىسپان] <زوئول> ← **مېرىنوس قويى.**

**مېرىنوس قويى** <زوئول> قوينىڭ نازۇك ۋە ئاق يۇڭلۇق بىر سورتى. بۇ قوينىڭ ئەسلىي ماكانى ئىسپانىيە بولۇپ، «مېرىنوس» سۆزى ئىسپانچىدا «بۇجۇغۇر يۇڭ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھازىرقى ھەرقايسى ئەللەردىكى ئىنچىكە يۇڭلۇق قويلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ مېرىنوس سىستېمىسىدىكى قويلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

**مېزوزوئا** ئى [ر<گىرېك] <زوئول> كۆپ ھۈجەيرىلىك ھايۋانلار ئىچىدىكى تەن قۇرۇلۇشى ئەڭ ئاددىي ھەم ئەزالىرى بولمىغان كىچىك ھايۋانلار.

**مېزون** ئى [ر<گىرېك] <فىز> ماسسىسى يېنىك بولغان ئاساسىي زەررىچە (مەسىلەن، ئېلېكترون) بىلەن ماسسىسى ئېغىر بولغان ئاساسىي زەررىچە (مەسىلەن، نۇكلون)نىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان ئاساسىي زەررىچە. ئۇنىڭ بىلەن ئاتوم يادروسىغا زەربە بېرىپ، يادرو رېئاكسىيەسى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

**مېشچان** سۇپ [ر] ① ئى. شەھەر بۇرژۇئازىيەسىگە مەنسۇپ كىچىك سودىگەر، ھۈنەرۋەن ۋە ئادەتتىكى خىزمەتچىلەر تەبىقىسىدىكى كىشى: شەھەر مېشچانلىرى. ② سۇپ. كۆچمە. ھۇرۇن، جاپا ـ مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان، راھەت ئىچىدە ئۆزىنى ياساپ يۈرۈشنىلا خالايدىغان، ئاق نانچى: مېشچان قىز.

**مېشچانلاشتۇرماق** «مېشچانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شەھەردىكى باياشاد تۇرمۇش ماھىنۇرنى تولىمۇ مېشچانلاشتۇرۇۋەتكەندەك قىلاتتى.

**مېشچانلاشتۇرۇلماق** «مېشچانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مېشچانلاشماق** پ. مېشچانلارنىڭ خۇسۇسىيىتى، ئادەت ۋە قىلىقلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرمەك، شۇلاردەك ئىش قىلماق: پەرىدە چوڭ بولغانسېرى تېخىمۇ مېشچانلىشىپ، باشقىچە خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشكە باشلىدى.

**مېشچانلىق** ئى. مېشچانلارغا خاس قىلىق، ئادەت، خۇسۇسىيەت: ئاغىنىچىلارنىڭ ھەممىسى مېشچانلىق ئىچىدە سېسىپ قالغان.

**مېغىز** I ئى [پ] ① ئۆرۈك، ياڭاق، ئاپتاپپەرەسكە ئوخشاش تۈرلۈك مېۋە ـ چېۋە ئۇرۇقچىلىرىنىڭ شاكال ئىچىدىكى قىسمى: شاپتۇل مېغىزى. ئۆرۈك مېغىزى. ② كۆچمە. ئەڭ تۈپ مەزمۇن، ئاساسىي ماھىيەت؛ جەۋھەر، ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسىم، يادرو: ساپ مۇھەببەت ـــ ھايات گۈزەللىكىنىڭ مېغىزى.

**مېغىزنى چاقماق** پەيزىنى سۈرمەك، ئەڭ ئېسىل، جەۋھەرلىرىدىن بەھرە ئېلىپ ھۇزۇر قىلماق: ـــ ھۆرمەتلىك ھاجىم، ئەمسە ئۆزلىرى نېمىدەپ شۇ راھەت ئىچىدە مەئىشەتنىڭ مېغىزىنى چاقماي، بۇنداق قالاق يۇرتتا جاپا چېكىپ يۈرىدىلا؟ ـــ دېدى سۇپۇرگىئاخۇن.

**مېغىز** II ئى. كۆرپىنىڭ تۆت تەرىپىگە قول بىلەن تۇتۇلغان رەخت. كۆپىنچە قارا رەختتىن بولىدۇ.

**مېغىزلاتماق** «مېغىزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئانام قوشنىمىزنىڭ مېغىزلاتقىلى ئەكىرگەن كۆرپىسىنى تەييار قىلىپ بولۇپ، چىرايلىق قاتلاشقا باشلىدى.

**مېغىزلاشماق** «مېغىزلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاياللار بىر ـ بىرىگە چاقچاق قىلىشقاچ قول ـ قولچە تويلۇق كۆرپىلەرنى مېغىزلاشقا باشلاشتى.

**مېغىزلانماق** «مېغىزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چۈشكىچە بەش كۆرپە مېغىزلىنىپ، ساقلاپ تۇرغان خېرىدارلارنىڭ قوللىرىغا تاپشۇرۇلدى.

**مېغىزلىق** سۇپ. ناھايىتى مەنىلىك، مەزمۇنلۇق، ئېسىل (گەپ ـ سۆز ھەققىدە): ئەقىللىق ئادەمنىڭ سۆزى ئاز بولۇر، مەنىسى مېغىزلىق، روشەن، ساز بولۇر.

**مېغىزلىماق** پ. كۆرپىنىڭ تۆت چۆرىسىگە ئىككى ئىلىك كەڭلىكتە رەخت تۇتماق: ئايالىم تۇغقىنىمىزنىڭ قىزى ئۈچۈن تەييارلىغان تويلۇق كۆرپىلەرنى تۈجۈپلەپ مېغىزلاپ بولغاندىن كېيىن بېلىنى رۇسلىۋېلىپ ئۇلارنى قاتلاشقا كىرىشتى.

**مېكىجىن** ئى ① چىشى تۈڭگۈز: ئۇ بۇ ياققا قاچقان مېكىجىن ئىكەن. ② كۆچمە. تىل ھا «سەت، ئاۋاق، جىن، پاسكىنا» دېگەندەك مەنىلەردىكى تىل ـ ھاقارەت سۆزى: ـــ نېمىدەپ كاركىراۋاتىسەن ھەي مېكىجىن! ـــ دەپ ۋارقىرىدى سەيدىنقارىي ئۆڭگەن ھالدا.

**مېكىيان** ئى [پ] چىشى توخۇ: چۈجىنىڭ شۇملۇقىدىن مېكىياننىڭ ئەمچىكى يوق (ماقال).

**مېگافون** ئى [ر<گىرېك] <فىز> ئۇنىۋېرسال مىكروفون، قۇۋۋەت كۈچەيتكۈچ (باتارېيە ۋە ۋىكلىيۇچاتېلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە ھەشقىپىچەك شەكىللىك كانايلار بىر گەۋدە قىلىنغان ئاۋاز كۈچەيتىش سىستېمىسى.

**مېگاگېرتس** مىق [ر<گىرېك + نېم] <فىز>ئېلېكتىر ماگنىت دولقۇنىنىڭ چاستوتا بىرلىكى. ھەر سېكۇنتتىكى بىر مىليون دەۋرلىك چاستوتا بىر مېگاگېرتس دېيىلىدۇ.

**مېگائوم** مىق [ر] <فىز> ئېلېكتىر قارشىلىق بىرلىكى. $10^6$ ئومغا تەڭ.

**مېگاۋات** مىق [ر] <فىز> قۇۋۋەت بىرلىكى. بىر مىليون ۋاتقا تەڭ.

**مېگاۋولت** مىق [ر] <فىز> بەزى يادرو فىزىكىسى تەجرىبىخانىلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئېلېكتىر پوتېنسىيالى ياكى ئېلېكتىر يۇرگۇزگۇچ كۈچ بىرلىكى. $10^6$ ۋولتقا تەڭ.

**مېڭە** ئى ① <ئانات> ئادەم بەدىنىدىكى بارلىق سېزىم، ھەرىكەت، تەپەككۇر ۋە ئەستە قالدۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى باشقۇرىدىغان ئورگان. ② شۇ ئورگان جايلاشقان ئورۇن، باشنىڭ قاق ئۇستى؛ باش، كاللا: مېڭىسىگە ئۇرماق. مېڭىسىنى يانجىماق. مېڭىسىدە چاقماق چاقماق. ③ كۆچمە. پىكىر، تەپەككۇر

قىلىش قابىلىيىتى؛ ئەقىل؛ ئاڭ: مېڭىسىنى قويماق. مېڭىسى بىلەن ئىش قىلماق. ④ تىككۈچىلىك ماشىنىسىنىڭ ئىچىگە بويى ئوق كىرگۈزۈلۈپ، چوكا بىلەن چوڭ چوكىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرىدىغان دۈگىلەك سايمىنى.

**مېڭىسىنى قاغا چوقۇۋالغان** ئەقلى يوق، ئەقىل ـ ھوشى جايىدا ئەمەس، دۆت: ۋاي مېڭىسىنى قاغا چوقۇۋالغان مەخەت تاز، مېنىڭ ئۆيۈمنى ئالغان پۇلغا بىر سوپەك ئېلىپ بەرسەڭ، بالاڭ ئوينىپ يۈرۈپ ھەر ئايدا ھېچبولمىغاندا 100 — 150 كوي تاپماسمىدى.

**مېڭىسىنى ئۇماچ قىلىۋەتمەك** پىكرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتمەك، پىكىر ـ خىياللىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەك: بۇ ئىككى ئىنكار سوئال بىر ـ بىرى بىلەن پەقەت چىقىشالماي، مېڭەمنى ئۇماچ قىلىۋەتتى.

**مېڭىسىنى يېمەك** ئادەمنىڭ بېشىنى ھەددىدىن زىيادە ئاغرىتماق: سېنىڭ بالاڭغۇ تىجارەتكە ئارىلىشىپ پۇل تېپىپ يۈرىدۇ، بىزنىڭ ئابدۇكېرىم مەكتەپ پۈتكۈزۈپ كېلىپ، «ھۆكۈمەتكە كىرىمەن» دەپ، مېڭەمنى يەپ بولدى.

**مېڭىگە قان چۈشۈش** <تېب> مېڭە قان تومۇرلىرىدا كېسەللىك ئۆزگىرىشى يۈز بېرىپ، قان تومۇر دىۋارىدىن قان چىقىپ كېتىپ، مېڭە فۇنكسىيەسىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدىغان بىر خىل كېسەللىك. قان تومۇرلارنىڭ قېتىۋېلىشى، قان بېسىمىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆرلەپ كېتىشى قاتارلىق سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قوزغىلىش ئالدىدا باش قېيىش، باش ئاغرىش، ئۇيۇشۇش، تارتىشىپ قېلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. قوزغالغاندا بولسا شۇ ھامان ھوشىدىن كېتىدىغان، ئېغىر بولغاندا شۇ پەيتىلا ئۆلۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇرىدۇ.

**مېڭىش ـ تۇرۇش** كۈندىلىك ھەرىكەت، پائالىيەت: ئۇ خالىدەمنىڭ مېڭىش ـ تۇرۇشىغا، كىچىككىنە كۆزلىرىگە، چىرايلىق ئۆرۈلگەن چاچلىرىغا سەپسالدى.

**مېڭىشلىق** سۈپ. مېڭىشى بار، مېڭىشى ياخشى، قاشاڭ ئەمەس (ئات ـ ئېشەك قاتارلىقلار ھەققىدە): مېڭىشلىق ئات. مېڭىشلىق ئۇلاغ.

**مېڭىشماق** «ماڭماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار تاماق يەپ بولۇپلا پوپكىلىرىنى ئېسىشىپ مەكتەپكە مېڭىشتى.

**مېڭىلماق** «ماڭماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلار جازا مەيدانىغا ئېلىپ مېڭىلدى.

**مېل** مىق [ئىنگ] <فىز> ئاۋاز ئېگىزلىكىنىڭ بىرلىكى. چاستوتىسى 1000Hz ، ئاۋاز بېسىمى دەرىجىسى 40dB بولغان ساپ ئاۋازنىڭ ئاۋاز ئېگىزلىكى 1000 مېل بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن.

**مېلودىيە** ئى [ر<گىرېك] <مۇز> بەلگىلىك ئاۋاز ئېگىزلىكى، ۋاقىت سەرپىياتى ۋە ئاۋاز مىقدارىنى جانلىق بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق بېجىرىلگەن يەككە تاۋۇشلۇق ئاھاڭ.

**مېلودىيەسىز** سۈپ. مېلودىيەسى يوق، مېلودىيەسى بولمىغان: مېلودىيەسىز مۇزىكىلىق ئوبراز يارىتىش مۇمكىن ئەمەس.

**مېلودىيەلىك** سۈپ. مېلودىيە بار، مېلودىيە بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن: مېلودىيەلىك ئېنتېرۋال.

**مېلىس** ئى. دىيال. مەشرەپنىڭ بىر خىلى.

**مېمار** ئى [ئە] بىناكار، قۇرۇلۇش ئىنژېنېرى: مېمارلارنىڭ سۇلتان پەرمانىنى رەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

**مېمارچىلىق** ئى. تۇرلۇك ئۆي ـ ئىمارەت، قۇرۇلۇش قاتارلىقلارنى لايىھەلەش، قۇرۇش، بېزەش ماھارىتى، سەنئىتى ۋە شۇنداق كەسىپ.

**مېمارلىق** ئى. مېمارچىلىق.

**مېموراندۇم** ئى [ر<لات] <ت ئىش> ئۆز دۆلىتىنىڭ مەلۇم مەسىلە ئۈستىدىكى مەيدانى بايان قىلىنىدىغان ياكى مەلۇم ئىشلار ھەققىدىكى ئەھۋاللار قارشى تەرەپكە ئۇقتۇرۇلىدىغان بىر خىل دىپلوماتىك ھۆججەت.

**مېموريال** سۈپ [ر<لات] ① بىرەر شەخس ياكى ۋەقەنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن ئىشلەنگەن، ئۇنى كىشىلەرنىڭ مەڭگۈ ئەسلەپ تۇرۇشىنى مەقسەت قىلىپ تەييارلانغان: مېموريال قۇرۇلۇش. ② دائىم ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان، ئايلىنىپ تۇرىدىغان، ئوبوروت: مېموريال چەك.

**مېموريال چەك** <مال> بانكىغا ئۆزىنىڭ ئامانەت پۇل ھېسابىدىن پۇل ئاغدۇرۇپ بېرىشنى خەۋەر قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان چەك. مەملىكىتىمىزدە ئاساسلىقى ھەرقايسى ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى تاۋار سودىسى، ئەمگەك مۇلازىمەت ئىشلىرى بىلەن تەمىنلەش ۋە مەبلەغ يۆتكەش قاتارلىقلارنىڭ مېموريال راسخوتىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭغا نەق پۇل ئېلىشقا بولمايدۇ.

**مېنبا** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئاساسەن شىزاڭ ئاپتونوم رايونىغا ئولتۇراقلاشقان.

**مېندېل** ئى. ئاۋستىرىيەلىك بىيولوگ (1822 — 1884)، يەنى گېنېتىكىنىڭ ئاساسچىسى.

**مېندېل فاكتورى** <بىيول> مېندېل ئوتتۇرىغا قويغان جانلىقلار تېنىنىڭ ھۈجەيرىلىرىدىكى ئىرسىيەت فاكتورى.

**مېندېل قانۇنى** <بىيول> مېندېل تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغان ئىرسىيەت ئىلمىنىڭ ئىككى ئاساسىي قانۇنى. ئۇ ئايرىلىش قانۇنى ۋە ئەركىن بىرىكىش قانۇنىدىن ئىبارەت.

**مېندېلېيېۋىي** ئى [ر] <خىم> رادىيوئاكتىپلىق مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Md(Mendelevium). ئەڭ تۇراقلىق ئىزوتوپىنىڭ يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى تەخمىنەن 1.5 سائەت. ئايلانما تېزلەتكۈچتەa دانىچىلىرى ئارقىلىق ئېينشتېينىنى بومباردىمان قىلىش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ.

**مېندېلىزم** ئى [ر] <بىئول> ئاۋستىرىيەلىك بىيولوگىيە ۋە گېنېتىكا ئالىمى مېندېل (Johann Gregor Mendel) ياراتقان بىر خىل ئىرسىيەت تەلىماتى. ئۇنىڭدىكى ئاساسىي كۆزقاراش: جانلىقلار تېنىنىڭ ھۈجەيرىلىرىدىكى ئىرسىيەت فاكتورى ئىرسىيەتنىڭ ماددىي ئاساسى، ئۇ ئەركىن بىرىكىش ۋە ئايرىلىش قانۇنىيىتى بويىچە يەككە تەننىڭ تەرەققىياتىنى كونترول قىلىدۇ دېگەندىن ئىبارەت.

**مېنزۇركا** ئى [ر<لات] <فىز> سۇيۇقلۇقنىڭ ھەجمىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب. شەكلى ئىستاكانغا ئوخشايدۇ، ئەينەكتىن ئىشلىنىدۇ، ئېغىزى تەگلىكىدىن چوڭ كېلىدۇ، سىرتىدا شكالىلىق نومۇرلار بولىدۇ.

**مېنشېۋىزم** ئى [ر] ماركسىزمغا زىت بولغان، بۇرژۇئا ئىدېئولوگىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇرەسسەچىلىك ئۇقۇمى، ئۇ ئىشچىلار ھەرىكىتىدىكى بۇرژۇئازىيەگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

**مېنشېۋىك** ئى [ر] مېنشېۋىزم تەرەپدارى، مېنشېۋىزمنى ھىمايە قىلغۇچى كىشى.

**مېنىنگىت** ئى [ر<گىرېك] <تېب> باكتېرىيە، ۋىرۇس ۋە زەمبۇرۇغلار تەرىپىدىن قوزغىتىلىدىغان ، مېڭە پەردىسىنىڭ ياللۇغلىنىش خاراكتېرىدىكى كېسەللىكلىرى . كېلىنىكىدا قىزىتىش ، باش قاتتىق ئاغرىش ، قۇسۇش ۋە بويۇن قېتىپ قېلىش قاتارلىق ئالامەتلىرى بولىدۇ. ئېغىر بولغاندا تارتىشىش ، ھوشسىزلىنىشلار كېلىپ چىقىدۇ. «مېڭە پەردىسى ياللۇغى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**مېھر** ئى [ئە] تويلۇق: مېھر ھەققى.

**مېھر ھەققى** نىكاھ ۋاقتىدا ئوغۇل تەرەپتىن كېلىنگە تۆلىنىدىغان پۇل ياكى مال. ئۇ قىزنىڭ دائىمىي، شەخسىي مۈلكى دەپ قارىلىدۇ.

**مېھراب** ئى [ئە] ① مەسچىتنىڭ قىبلە تەرىپىدىكى تېمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، يەنى ئىمام تۇرىدىغان ئورۇننىڭ ئۇدۇلىغا ئويۇپ چىقىرىلغان گۈمبەزسىمان قۇرۇلما. ② جۈمە ياكى مۇناسىۋەتلىك نامازلاردا ئىمامنىڭ خۇتبە ئوقۇشى ئۈچۈن تەييارلانغان، تەكشىلىكتىن ئېگىزرەك بولغان جاي.

**مېھرانە** ئى [ئە + پ] مېھر ھەققى: مەنكى، ئىشان داموللامدۇرمەن، خوتۇنۇم روزىخان بىلەن چىقىشالمىغاچقا، ئۇنى ئۈچ تالاقتا تايىن قىلدىم. ئۇنىڭ مېھرانىسىغا كۆچا ساي بويىدىكى ئىككى ئېغىز ئۆينى سەيناسى بىلەن قوشۇپ بەردىم.

**مېھرىبان** سۈپ [پ] ① باشقىلارغا شەپقەت قىلىدىغان، كۆيۈنىدىغان، كۆيۈمچان، غەمخور: مەن ئۇنىڭ مېھرىبان ئانىلاردەك بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ ماڭا بەرگەن ئاشۇ تەربىيەسىنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالالايمەن؟! ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مېھرىبانلارچە** رەۋ. كۆيۈمچانلىق، مېھرىبانلىق بىلەن: — چوپچوڭ يىگىت بولۇپ كېتىپسەن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ياخشى ئوقۇۋاتقانسەن؟ — دېدى ئۇ ماڭا مېھرىبانلارچە سەپسىلىپ.

**مېھرىبانلاشماق** پ. باشقىلارغا كۆيۈنىدىغان، غەمخورلۇق قىلىدىغان خۇسۇسىيەتنى تۇرغۇزماق، مېھرىبان بولماق: ئۇ تاھىرنىڭ بىردىنلا بۇنداق مېھرىبانلىشىپ كەتكەنلىكىگە بىر ئاز ھەيران بولدى.

**مېھرىبانلىق** ئى. كۆيۈنۈش، شەپقەت قىلىش، كۆيۈمچانلىق، غەمخورلۇق: يولۋاسنى تۇتۇش ئۈچۈن ئاۋۋال مېھرىبانلىق كۆرسەتمەي بولمايدۇ.

**مېھرىگۈل** ئى [مېھىر + گۈل] <بوت> ① مېھرىگۈل ئائىلىسىدىكى ئەۋرىشىم غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مېھرىگىياھ** ئى [پ] <بوت> موگۇنىڭ بىر خىلى، قالپىقى بۆرەك شەكلىدە، رەڭگى قوڭۇر، قالپاق يۈزىدە ھالقىسىمان سىزىقلار بولىدۇ، پارقىراق كېلىدۇ. تېبابەتچىلىكتە قۇۋۋەت دورىسى قىلىنىدۇ.

**مېھمان** ئى [پ] توي، چاي، زىياپەت، يىغىلىش قاتارلىقلارغا چاقىرىلغان ياكى مۇشۇنداق مۇناسىۋەت بىلەن كۈتۈۋېلىنىدىغان كىشى: مېھمان بولماق. مېھمان قىلماق. * — چولپانگۈل، مېھمانلىرىمنى كۈتۈۋال! — دېدى ئۇ غەرق مەست ھالەتتە توۋلاپ.

**مېھمانخانا** ئى [پ] ① مېھمان كۈتۈۋالىدىغان ئۆي: ئۇنىڭ مېھمانخانىسى سەل كىچىك ئىكەن. ② يولۇچىلارنىڭ ۋاقىتلىق يېتىپ - قوپۇشلىرى ئۈچۈن تەييارلانغان، بىر قاتار مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى بار بولغان مەخسۇس ئىمارەت ياكى ساراي.

**مېھمانخانىلىق** سۈپ. مېھمانخانىسى بار، ئايرىم مېھمانخانا ئورۇنلاشتۇرۇلغان: بۇ ئىلگىرى باشلىقلار ئولتۇرۇپ كەلگەن ئۈچ ئېغىز ياتاق، بىر مېھمانخانىلىق، ھويلىسى خېلى چوڭ ئۆي ئىدى.

**مېھماندارچىلىق** ئى. مېھمان كۈتۈش ياكى مېھمان بولۇش پائالىيىتى، زىياپەت: ئۇزايىدىن قارىغاندا، ئۇ بىرەر توي - تۆكۈن ياكى مېھماندارچىلىقتىن يانغاندەك كۆرۈنەتتى.

**مېھماندوست** سۈپ [پ] مېھماننى ياخشى كۆرىدىغان، كەلگەن - كەتكەنلەرنى ناھايىتى قىزغىن كۈتىدىغان، مېھرىبان: ئەجەبمۇ توقچىلىق بۇ يۇرت، باياشاتلىق بازارى بار، دىلى ساپ شۇنچە مېھماندوست، سېخىيدۇر ئىشچى - دېھقانى.

**مېھماندوستلۇق** ئى. مېھماننى ياخشى كۆرۈش، مېھماننى قىزغىن كۈتۈش؛ مېھرىبانلىق: ئىككى كىشىگە كۆرسىتىلگەن بۇنچە مېھماندوستلۇق باتۇرنى ھەيرانمۇ قالدۇرمىدى.

**مېھمانساراي** ئى [ ئە+پ ] يولۇچىلارنىڭ ۋاقىتلىق يېتىپ - قوپۇشلىرى ئۈچۈن تەييارلانغان، تاماقخانا قاتارلىق بىر قاتار مۇلازىمەتلىرى بار بولغان مەخسۇس ئىمارەت ياكى ساراي: كامال ھاجىم مەن موسكۋادىن ئايرىلغۇچە ماڭا ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن، مەن بىلەن بىر مېھمانسارايغا چۈشتى.

**مېھمانلىق** سۈپ. مېھمانلار ئۈچۈن تەييارلانغان؛ مېھمانغا بارغاندا كىيىش ئۈچۈن تىكتۈرۈلگەن: ئۇلار ئۆيگە كىرىپلا سول تەرەپتىكى مېھمانلىق ئورۇندا ئولتۇردى. * ئايزىم ئالدىراپ مېھمانلىق كىيىملىرىنى كىيىۋاتاتتى.

**مېھنەت** ئى [ئە] ئومۇمەن بەلگىلىك ئەقلىي ياكى جىسمانىي كۈچ سەرپ قىلىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىش - ھەرىكەت، پائالىيەت؛ ئەمگەك؛ ئەجىر: مېھنەت قىلماق. مېھنەت سىڭدۈرمەك. * ئادەمنىڭ سۆلتىگە قارىما، مېھنىتىگە قارا (ماقال).

**مېھنەتچان** سۈپ ← **ئەمگەكچان:** مېھنەت سۆيگەنلەر بىزدە ھۆرمەتلىك، ئىشلە مېھنەتچان بولۇپ غەيرەتلىك.

**مېھنەتچى** ئى. مېھنەت قىلىشنى، ئىشلەشنى، ئەمگەكنى ياخشى كۆرىدىغان ياكى شۇنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان كىشى، ئەمگەكچى.

**مېھنەتسىز** سۈپ. ھېچقانداق مېھنەت، ئەجرى سىڭمىگەن، مېھنەت قىلمىغان، ھېچبىر ئەمگەك سىڭدۈرمىگەن: ئۇ ھېچبىر مېھنەتسىزلا بۇنداق چوڭ نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن بېشى ئاسمانغا تاقاشقۇدەك خۇشاللىقتا تولغاندى.

**مېھنەتكەش** سۈپ [ئە + پ] مېھنەت، ئەجىر قىلىپ كۈن كەچۈرىدىغان، مېھنەت سۆيەر: ياق، بۇ دۇنيانى «ۋاپاسىز» دېمە، دۇنيا ۋاپاسى ئىلكىڭدە — سەندە. ۋاپا ئاھىنى ئىستىمەس دېمە، ۋاپا خوجىسى مېھنەتكەش بەندە.// ئۇ پۈتۈن كارخانا، پۈتۈن يۇرتتىكى مېھنەتكەشلەرنىڭ ۋەكىلى.

**مېھنەتلىك** سۈپ. مېھنەت قىلىنغان، مېھنەت سىڭگەن:

مېھنەتلىك ئىش.

**مېھر ( مېھرى )** ئى [پ] كىشىنىڭ ئەتراپىتىكى شەيئىلەرگە بولغان مۇھەببىتى، كۆچلۈك ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسى؛ كۆيۈم: ئانا مېھرى. مېھرىنى ئۈزەلمەسلىك. مېھرىدىن كەچمەك. مېھرى چۈشمەك.

**مېھرداش** ئى [ پ ] يېقىن. ئوخشاش بىر مېھردىكى، مېھرى بىر ئادەم (بىر - بىرىگە): ئۇ كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن مېھرداش ئىدى.

**مېھرداشلىق** ئى. ئوخشاش بىر مېھرلىك، مېھرى بىردەكلىك: ئۇ قىيىنچىلىقتا قالغان نامرات ئائىلىلەرگە مېھرداشلىق بىلەن ياردەم قولىنى سۇندى.

**مېھرسىز** سۈپ. كۆيۈمى يوق، مېھىر - مۇھەببىتى كەم، شەپقەتسىز: ئۇ ناھايىتى دىلى قاتتىق، مېھرسىز ئادەم بولۇپ قالدى.

**مېھرسىزلىك** ئى. كۆيۈمى يوقلۇق، مېھىر - مۇھەببىتى كەملىك، شەپقەتسىزلىك: سېنىڭ ئۇكاڭغا بولغان مېھرسىزلىكىڭ ئۇنىڭ يامان يولغا كىرىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى.

**مېھر - شەپقەت** مېھىر ۋە شەپقەت: ئۇ ئەنە شۇ چاغدا مېھىر - شەپقەتنىڭ نېمىلىكىنى ھېس قىلدى.

**مېھرلىك** سۈپ. باشقىلارغا كۆيۈنىدىغان، غەمخورلۇق قىلىدىغان، كۆيۈمچان: مېھرلىك ئاتا بىلەن ئانا ئۇلارنىڭ شۇنداق بولۇشىنى كۈتكەنمىدى؟!

**مېھر - مۇھەببەت** مېھىر ۋە مۇھەببەت، كۆيۈنۈش: تاھىر ئاخۇن ئاكا ئۇلارنى ئاتىلىق قۇچىقىنى ئېچىپ چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت ۋە مىسلىسىز قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى.

**مېۋە** ئى [پ] ① <بوت> ئۆسۈملۈك تېنىنىڭ بىر قىسمى. گۈل ئۇرۇقلانغاندىن كېيىن ئۇرۇقدان تەدرىجىي يوغىناپ مېۋىگە ئايلىنىدۇ. ② <بوت>ئادەتتە ئىستېمال قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس يېتىشتۈرۈلگەن بەزى دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەردىن ئېلىنىدىغان سۇلۇق يەل - يېمىشلەر: مېۋە كۆچىتى. مېۋە چۈشمەك. ③ كۆچمە. بىرەر ئىش، ئەمگەك قاتارلىقلارنىڭ نەتىجىسى، ھوسۇلى: سەۋرنىڭ مېۋىسى ئالتۇن (ماقال).

**مېۋە - چېۋە** ئومۇمەن يېيىشكە بولىدىغان ئۆسۈملۈك مېۋىلىرى، تۈرلۈك يەل - يېمىشلەر: ئۇ خۇرجۇندىن لىق مېۋە - چېۋە قاچىلانغان بىر خالتىنى ئېلىپ، شىرەگە قويدى.

**مېۋىچى** ئى. مېۋە تېرىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم: مېۋە - چېۋە بازىرىدا نۇرغۇن مېۋىچىلەر ئۆز ماللىرىنى ماختىشىپ خېرىدار چاقىرىشماقتا ئىدى.

**مېۋىچىلىك** ئى. مېۋە تېرىش ۋە سېتىش ئىشى: بۇلتۇر 27 - دېكابىر ئاتۇش شەھەرلىك مېۋىچىلىك جەمئىيىتى رەسمىي قۇرۇلدى.

**مېۋىزار** سۈپ [پ] مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان، شۇنداق دەرەخلەر ياكى ئۆسۈملۈكلەر ئۆستۈرۈلگەن: ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا چوڭ بىر مېۋىزار بولۇپ، بۇ يەردە ئالما، ئۆرۈك، نەشپۈت ۋە ئۈت دەرەخلىرى خېلىلا كۆپ ئىدى.

**مېۋىزارلىق** ئى. مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان، شۇنداق دەرەخلەر ياكى ئۆسۈملۈكلەر ئۆستۈرۈلگەن جاي، ئورۇن: مەن دائىم زوقلىنىپ ئايلىنىدىغان چەكسىز مېۋىزارلىققا يېتىپ كەلدىم، يېشىل قورغاندەك سوزۇلغان دەرەخلەر ئالدىمدا نامايان بولدى.

**مېۋىسىز** سۈپ. مېۋىسى يوق، مېۋە بەرمەيدىغان: مېۋىسىز دەرەخنى قاقما (ماقال). * بىلىمسىز ئادەم — مېۋىسىز دەرەخ (ماقال).

**مېۋىلەتمەك** «مېۋىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر تۈپ بولسىمۇ، ئەي بولدىمۇ، دېمەك يېڭى سورتنى تۇتقۇزۇپ مېۋىلەتتىشتىن ئۈمىد بار.

**مېۋىلىك** سۈپ. مېۋىسى بار، مېۋە بېرىدىغان، مېۋىلەيدىغان: مېۋىلىك دەرەخ. مېۋىلىك باغ.

**مېۋىلىمەك** پ ① تۈرلۈك مېۋىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بەرگىدە مېۋە پەيدا بولماق، مېۋە تۇتماق: بۇ يىل ئۆرۈكلەر خېلى ئوبدان مېۋىلەپ قالدى. ② كۆچمە. خۇشاللىنارلىق نەتىجە يارىتىلماق، نەتىجە ھاسىل بولماق: مۇھەببەت گۈللىرىنى داۋاملىق ھەقىقىي ھېسسىيات بىلەن سۇغىرىپ تۇرمىغاندا مېۋىلىمەيدۇ، شۇڭا ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىش لازىم.

**مېيخۇاگۈل** ئى [ خەن ] <بوت >← **چىللىگۈل.**

**مېيىپ** سۈپ [ئە] جىسمانىي جەھەتتە ناكار بولۇپ قالغان، مەلۇم بىر ئورگانىزمى كەم، مەجرۇھ: مېيىپ بولماق. مېيىپ قىلماق.

**مېيىپلەندۈرمەك** «مېيىپلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ قېتىمقى ماشىنا ۋەقەسى دىلشاتنى ئوڭ پۇتىدىن ئايرىپ، ئېغىر مېيىپلەندۈردى.

**مېيىپلەندۈرۈشمەك** «مېيىپلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مېيىپلەندۈرۈلمەك** «مېيىپلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مېيىپلەنمەك** پ. مېيىپ بولماق، جىسمانىي جەھەتتىن مېيىپ ھالەتكە كېلىپ قالماق، ناكار بولماق: ئۇ رەھمەتلىك دادىسىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە مېيىپلىنىپ ئازاب ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان.

**مېيىپلىك** ئى. جىسمانىي جەھەتتە ناكار بولۇپ قالغان، مەلۇم بىر ئورگانىزمى كەم بولغان ھالەت، مەجرۇھلۇق: ئۇنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان كۈچلۈك غەيرەت - شىجائىتى باشقىلارغا ئۇنىڭ مېيىپلىكىنى قىلچىمۇ چاندۇرمايتتى.

**مېيىت** ئى [ئە] ئۆلۈك، جەسەت: پېشىن مەھەلدە مېيىت ئېلىپ مېڭىلدى.

**مىت** ئىم. ئادەمنىڭ بىرەر ئەزاسىنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس ھەرىكەت قىلىش، مىدىرلاش ھالىتى: مىت قىلماسلىق.

**مىتە** ئى <زوئول> بىر خىل ھاشارات. يېتىلگىنىنىڭ تېنى قىزغۇچ قوڭۇر، بېشىنىڭ شەكلى پىل تۇمشۇقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. قالقان رەڭلىك يۇمىلاق سەپكۈنى بولىدۇ. يېتىلگىنى بىلەن لېچىنكىسىنىڭ ھەممىسى شال، بۇغداي قاتارلىق زىرائەت دانلىرىنى يەيدۇ. ئۇ ئاشلىق ئامبارلىرىدىكى ئاساسىي زىيانداشنىڭ بىرىدۇر.

**مىتەۋە** ئى. دىيال. گەپ، داۋلى، قائىدە، چاقچاق.

**مىتەۋلەشمەك** پ. دىيال. زاكونلاشماق، گەپ تالاشماق، دېيىشمەك.

**مىتتىدە** رەۋ. «مىت» قىلىپ، «مىت» قىلغان ھالدا: ئەتراپ شۇنچە قاراڭغۇ ئىدىكى، پۇتنى مىتتىدە يۆتكىسە غۇلاپ كېتىدىغاندەك ئىدى.

**مىتكوت** ئى. پۇتنىڭ ئوشۇق سۆڭىكىنىڭ تاسادىپىي ئورنىدىن يۆتكىلىپ كېتىش ھالىتى: مىتكوت بولماق. مىتكوت

كەتمەك.

**مىتكوتلاشتۇرماق** پ. مىتكوت كەتكەن ھالەتكە كەلتۈرمەك، مىتكوت كەتكۈزمەك، غۇلاتماق: ئارىمىزدىكى بەزىلەر ھاياتنى قەدىرلىمەي، مەزمۇت تەنلىرىنى ئاچچىق ھاراق بىلەن چىرىتىپ، ئەقىل - ئىدراكىنى مىتكوتلاشتۇرماقتا.

**مىتكوتلاشتۇرۇشماق** «مىتكوتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مىتكوتلاشتۇرۇلماق** «مىتكوتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مىتكوتلاشماق** پ. مىتكوت كەتمەك، مىتكوت بولماق، غۇلىماق: پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ، ئېھتىياتسىزلىقىمدىن پۇتۇم مىتكوتلىشىپ كەتتى.

**مىت - مىت** «مىت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: خېتىرە خېنىم كۆزلىرىنى مىت - مىت قىلىپ كېلىنىگە تىكىلدى.

**مىتىللا** ئى [لات] <زوئول> قاسىراقلىق ھايۋان. تېنىنىڭ شەكلى تاشپاقا پۇتىغا ئوخشايدۇ، كالتىسىلىق قاپچۇقى بولىدۇ، پۇتىنى قاپچۇق ئېغىزىدىن چىقىرىپ ئۇزۇق تۇتىدۇ. دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى تاش ئاراچلىرىدا ياشايدۇ.

**مىتىقلىماق** پ. «مىتىق - مىتىق» قىلىپ ماڭماق، «مىتىق - مىتىق» قىلماق (بالىلار ھەققىدە).

**مىتىق - مىتىق** كىچىك بالىلارنىڭ كىچىك - كىچىك قەدەم ئېلىپ ئىتتىك مېڭىش ھالىتى.

**مىتىلداتماق** «مىتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ گاھ لەۋلىرىنى بارمىقىنىڭ ھەرىكىتىگە تەڭكەش قىلىپ مىتىلدىتاتتى.

**مىتىلداشماق** «مىتىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — تېخىغىچە تاماق ئەتمەي مېتىلدىشىپ ئولتۇرۇشىۋاتىسىلەرمۇ، — دېدى دادام ئاپام بىلەن ھەدەمگە قاراپ قويۇپ.

**مىتىلدىماق** پ. بىلىنەر - بىلىنمەس، ئاستا ھەرىكەت قىلماق؛ مىدىرلىماق: تىكلىمە ئەينەكتە غەم - ئەندىشە، تەنە، ياۋۇزلۇق بىلەن سۇس سېرىق رەڭدە مىتىلداپ تۇرغان كۆپكۆك نۇرسىز بىر جۇپ كۆز ئۆزىگە قاراپ تۇراتتى.

**مىتىلوس** ئى [لات] <زوئول> يۇمشاق تەنلىك ھايۋان. قېپى ناھايىتى قېلىن بولۇپ، ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە، رەڭگى توق قوڭۇر كېلىدۇ. تېيىز دېڭىزلاردىكى قورام تاشلار ئارىسىدا ياشايدۇ.

**مىجەز** ئى [ئە] ① ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان خاراكتېرى، خۇسۇسىيىتى، خۇلقى: ئاسىم ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلەتتى. ② ئادەم ئورگانىزمىنىڭ تەبىئىتى: مىجەزى ئىسسىق. مىجەزى سوغۇق. ③ سالامەتلىك؛ كەيپىيات: مەن ئاغرىپ قالدىم، تازا مىجەزىم يوقتەك تۇرىدۇ.

**مىجەزى بوش** ① بىرەر ئىشنى قىلىشقا خاھىشى يوق؛ تەييارلىقى ياخشى ئەمەس: «ئاي - ھاي، قانداق، يولۋاس مىجەز يىگىت، مىجەزىڭىز بەكلا بوشقۇ» دېدى ئايخان. ② سالامەتلىكى دېگەندەك ياخشى ئەمەس، مىجەزى پەس.

**مىجەزى پەس** تەن - سالامەتلىكى، كەيپىياتى تازا ياخشى ئەمەس: — ھوي قادىر، بۈگۈن نېمە بولدىڭىز، مىجەزىڭىز پەسقۇ؟ — دېدى ئالىم.

**مىجەزى پېتىر** كەيپىياتى ياخشى ئەمەس، سولاش: — ئاخشام سەل جىق ئىچىپ قويۇپتىكەنمەن، مىجەزىم پېتىر تۇرىدۇغۇ بۈگۈن، — دەپ كېرىلدى ئاسىم.

**مىجەزى قوداڭشىماق** خاپا بولماق، غەزىپى كەلمەك، ئاچچىقلانماق: بۇ ئىش ئېسىمگە كېلىش بىلەن مىجەزىم تېخىمۇ قوداڭشىپ كەتتى.

**مىجەزى يوق** ساقسىز، كېسەل: ئەپەندىمنىڭ مىجەزى يوق بولۇپ قېلىپ، تېۋىپقا بارسا، تېۋىپ غاز شورپىسى ئىچىشنى بۇيرۇپتۇ.

**مىجەز - خۇلق** مىجەز ۋە خۇلق: مەن ئۇلاردىن خوتەنلىكلەرنىڭ مىجەز - خۇلقى توغرىسىدا كۆپ گەپلەرنى ئاڭلىدىم.

**مىجەزداش** ئى [ئە+پ] بىرەر كىشى بىلەن بىر خىل مىجەزدە، بىر خاراكتېردە بولغان كىشى: ئۇ تۇرمىدىن چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۆزىگە مىجەزداش خالتا كوچىنىڭ كەپسىزلىرى بىلەن يەنە تېپىشىۋالدى.

**مىجەزداشلىق** ئى. مىجەزى ئوخشاشلىق، مىجەزدىكى بىردەكلىك: بىزدىكى مىجەزداشلىق ئىككىمىزنى يېقىن دوستلارغا ئايلاندۇردى.

**مىجەزلەشمەك** پ. مىجەزىنى ئالماق، مىجەزى ئۆزگەرمەك: بۇنداق بالىلارنىڭ خېنىم مىجەزلىشىپ قېلىشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن تۇرىدۇ.

**مىجەزلىك** سۈپ. مىجەزى بار، مەلۇم بىر مىجەزدىكى: غەلىتە مىجەزلىك ئادەم.

**مىجىتماق** «مىجىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دادام شاگىرتلىرى ئارقىلىق دورىلارنى مىجىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى تەڭشەشكە تۇتۇش قىلدى.

**مىجىشماق** «مىجىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۆرۈكنىڭ پىشقىنىنى ئالىمىز دەپ بىر سېۋەت ئۆرۈكنىڭ ھەممىسىنى بارماقلىرى بىلەن مىجىشىپ بولدى.

**مىجىق** سۈپ ① مىجىلغان، يانجىلغان، ماكچايغان: مىجىق چېلەك. مىجىق داس ② ھەرىكىتى سۇس، ئېزىلەڭگۈ، مىس - مىس: مىجىق ئادەم.

**مىجىقلاتماق** «مىجىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ دادىسى مىجىقلىتىپ قويغان كونۋېرتنى كۆتۈرگىنىچە پوچتىخانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

**مىجىقلاشماق** «مىجىقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ساۋاقداشلىرىم كۆڭلىكىمنى تولا مىجىقلىشىپ بىردەمدىلا كىر قىلىۋەتتى.

**مىجىقلانماق** «مىجىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەن مىجىقلىنىپ يىرتىپ تاشلانغان قەغەز پارچىلىرى ئارىسىدىن جەمىلەنىڭ بەختسىز خېتىنى تاپتىم.

**مىجىقلىماق** پ. قاماللاپ مىجىماق، سىقىماق: مەن قولۇمدىكى گۆشنى مىجىقلىغان پېتىم، ئاستا - ئاستا يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئانىغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم.

**مىجىگەن** ئى <بوت> سىرتى ئاساسەن سېرىق، قارا يولى بار، تورلىشىپ پىشىدىغان، ئۇزۇن ساقلاشقا بولىدىغان ئېتى چۈرۈك قوغۇن.

**مىجىلماق** «مىجىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ چاڭگىلىدىكى بۇ پۇللار پۇرلىشىپ مىجىلىپ، ئاللىقاچان پېتىدىن چۈشكەنىدى.

**مىجىماق** پ. سىقماق، ئەزمەك، يانجىماق، ماكچايتماق: ئۇ داسنى بىرنى تېپىپ مىجىۋەتتى. * ئۇ قىيمىنى مىجىپ دورا - دەرماننى تەڭشىدى.

**مىجىمانەم** سۇپ. ھەرىكىتى ئاستا، مىس - مىس، ئېزىدلەڭگۈ، مىجىق: — مېنى تازىمۇ بىر مىجىمانەم ئىكەن دەپ قالما، سېنىڭدىن يەنە بىر مۇھىم ئىشنى سورىۋالاي، قاتىل ئۇ ئايالنى نېمە سەۋەبتىن ئاشۇ قەبىھ ئۇسۇل بىلەن ئۆلتۈرۈپتۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا خىجىللىق ئىچىدە تىكىلىپ.

**مىچ** تەق. تەركىبىدە سۇ بىرقەدەر كۆپ بولغان نەرسىلەرنى دەسسىگەندە ياكى تۇتقاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**مىچچىدە** رەۋ. «مىچ» قىلىپ، «مىچ» قىلغان ھالدا: مىچچىدە دەسسىمەك. مىچچىدە ئېزىلمەك.

**مىچ - مىچ** «مىچ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**مىچىلداتماق** «مىچىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ يامغۇردىن كېيىنكى پاتقاقلارنى مىچىلدىتىپ دەسسىگىنىچە ئالدىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

**مىچىلداشماق** «مىچىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مىچىلدىماق** پ. مىچ - مىچ قىلماق، مىچ قىلغان ئاۋازنى چىقارماق: ئاپتاپتا ئۇزۇن تۇرۇپ كەتكەن قوغۇنلار سېسىپ مىچىلداپ كەتكەنىدى.

**مىخ** ئى [پ] ئىككى نەرسىنى بىر - بىرىگە چېتىش، بىرىكتۈرۈش، چىڭىتىش ئۈچۈن قېقىلىدىغان بىر تەرىپى ئۇچلۇق، يەنە بىر تەرىپى قالپاقلىق مېتال بۇيۇم: مىخ قاقماق. * ئۇ ھە دەپ بۇزۇلغان ئورۇندۇقنىڭ مىخلىرىنى سۇغۇرۇۋاتاتتى.

**مىختەك قادالماق** كۆزىنى ئۈزمەي قارىماق، تىكىلىپ قارىماق: قانچە ئونلىغان غەزەپلىك كۆزلەر ئۇنىڭغا مىختەك قادالغانىدى. * ئۇنىڭ كۆزلىرى گۈلچىمەنگە مىختەك قادىلىپ قالغانىدى.

**مىختەك ئولتۇرماق** زېھنىنى يىغىپ، قادىلىپ، ئورنىدىن قوپماي ئولتۇرماق: تاماقتىن كېيىن مىختەك ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرىمەن، يازىمەن.

**مىخقا ئۇسۇۋالماق** توسقۇنلۇققا ئۇچرىماق، دەككىسىنى يېمەك: ئەگەر ئەقىل - پاراسىتىڭ كەم بولسا، نەگىلا بارما مىخقا ئۇسۇۋالىسەن.

**مىخ مەتبەئە** <مەت> بېسىش مەشغۇلاتى، قوغۇشۇن ھەرپ ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان مەتبەئە. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ھەرپ تىزىلىپ، ئىستىراتىپقا ئېلىنغاندىن كېيىن قايتا قوغۇشۇن بەت قۇيۇپ چىقىلىدۇ.

**مىخ يېزىق** <تىل> قەدىمكى سومېر خەلقى ئىجاد قىلغان بىر خىل يېزىق. ئۇ مىلادىيەدىن 3500 يىل بۇرۇنلا مەۋجۇت بولۇپ، ئېلىمىزدىكى چىغناق - تاغاق يېزىقىدىن 2000 يىل بۇرۇن پەيدا بولغان. بۇ يېزىق ياغاچ، تاش ۋە خىش تاملارغا ئويۇپ يېزىلغان، مىلادىيەدىن بۇرۇنلا ئوتتۇرا ئاسىياغا خېلى كەڭ تارقالغان، بابىلۇنلۇقلار ۋە بەزى پارس ئەللىرى ئۇنى قوللانغان. مىخ يېزىق ئەسلىدىكى تەقلىدىي يېزىق شەكلىدىن بارا - بارا بوغۇملۇق يېزىققا، ئاندىن تاۋۇشلۇق يېزىققا قاراپ تەرەققىي قىلغان. بىراق مىلادىيەدىن كېيىن بۇ يېزىقنى كىشىلەر ئانچە قوللانمايدىغان بولۇپ قالغان.

**مىخگەر** ئى [پ] مىخ ياسىغۇچى ئۇستا: مىخگەر ۋە ئۇنىڭ ئايالى ئۆيگە كەلسە، قۇلۇپ چېقىقلىق، ئىشىك ئوچۇق تۇرغۇدەك.

**مىخگەرلىك** ئى. مىخ ياساش ئىشى، كەسپى: ئۇنىڭ دادىسى مىخگەرلىك قىلىپ ئائىلىسىنى قامدايتتى.

**مىخلاتماق** «مىخلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شامەخسۇت ئوردا ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇپ، دەرۋازىنى ئىچىدىن مىخلىتىپ، ئۇرۇمچىدىن ياردەم كەلگۈچە ساقلاپ ياتماقچى بوپتۇ.

**مىخلاشماق** «مىخلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ياغاچچىلار بىردەمدىلا ئىشىك - دېرىزىلەرنى مىخلىشىپ تەييار قىلىشتى.

**مىخلاقلىق** سۇپ. مىخلانغان، مىخلاپ قويۇلغان: تامدا بىرنەچچە پارچە تېرە مىخلاقلىق تۇراتتى.

**مىخلانماق** «مىخلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىشىك - دېرىزىلەر مەھكەم مىخلانغان بولۇپ، ئۆيگە ئادەم تۇرماق بىر تال چىۋىنمۇ كىرەلمەيتتى.

**مىخلىق** سۇپ. مىخى بار، مىخ ئورنىتىلغان، مىخ قېقىلغان: مىخلىق ئاياغ.

**مىخلىماق** پ. مىخ بىلەن مەھكەملىمەك، چىڭىتماق؛ مىخ قاقماق: ساندۇق مىخلىماق.

**مىدىر** تەق. بىلىنەر - بىلىنمەس قىلىنغان ھەرىكەت، قىمىر: مىدىر قىلماسلىق.

**مىدىر - سىدىر** مىدىر ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ھەرىكەتلەر: مىدىر - سىدىر قىلماسلىق.

**مىدىرلاتماق** «مىدىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ دەرەخنىڭ ئۇششاق شاخلىرىنى مىدىرلىتىپ قاراۋۇللۇققا يېڭىدىن ئالمىشىپ چىققان ئادەمنى كۆردى. * ئۇ گەۋدىسىنى سەل - پەل مىدىرلىتىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى.

**مىدىرلاشماق** «مىدىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۆگزە ئۈستىدە بىرنەچچە قارا كۆلەڭگە قۇرتتەك مىدىرلاشماقتا ئىدى.

**مىدىرلىماق** پ. ھەرىكەت قىلماق، قوزغالماق، سىلجىماق، تەۋرەنمەك، قىمىرلىماق: ئۇنىڭ لەۋلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلىدى.

**مىدىر - مىدىر** «مىدىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: مىدىر - مىدىر قىلماق.

**مىدىق** ئىم. كىچىك - كىچىك قەدەم ئېلىپ ئىرغاڭلاپ، تېز - تېز مېڭىش ھالىتى (كۆپىنچە كىچىك بالىلارنىڭ).

**مىدىقلىماق** پ. كىچىك - كىچىك قەدەم ئېلىپ تېز - تېز ماڭماق، مىتىقلىماق، ئىرغاڭلىماق: مىدىقلاپ ماڭماق.

**مىدىق - مىدىق** «مىدىق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**مىراب** ئى [ ئە + پ] كونا جەمئىيەتتە سۇ باشقۇرىدىغان كىشى: قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراب بولماق.

**مىرابېگى** [مىراب + بەگ + ى] كونا جەمئىيەتتە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مىرابلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن مەنسەپدار: بۇ بىر توپ كىشىنىڭ ئىچىدە ۋاڭنىڭ دېھقانچىلىققا مەسئۇل تەيجىسى، شەھەر دورغىسى، مىرابېگى، كۆكبېشى ۋە خەتچىلەر بار ئىدى.

**مىرابلىق** ئى. مىراب قىلىدىغان ئىش، سۇ باشقۇرۇش ئىشى: توختى سۇ پونكىتى قۇرۇپ مىرابلىق قىلىمەن دەۋاتقىنى يوققۇ؟

**مىراخور** ئى [ئە + پ] كونا ① خان، پادىشاھ ئوردىلىرىدىكى ئات باقارلار باشلىقى. ②ئات - ئۇلاغلارنى ئاختا قىلىدىغان

ئادەم: ئاپاق خوجىنىڭ مىراخورى مەتتام سوپى ئۆمرىدە ئىككى مىڭدەك ئايغىرنى پىچىپ ئاختا قىلغان تەجرىبىلىك مىراخور ئىدى.

**مىراس** ئى [ ئە ] ① ئۆلگەنلەردىن قالغان مال ـ مۈلۈك: مىراس قالماق. ② ئۆلگەنلەردىن كېيىنكىلەرگە قالغان ئىلمىي، ئەدەبىي، مەدەنىي، كەسپىي ۋە شۇ قاتارلىقلارغا ئائىت نەرسە؛ بايلىق، هۈنەر ـ كەسىپ: ئاتا كەسپى بالىغا مىراس (ماقال). * قەدىمىي ئەسەرلەرنى يىغىش، رەتلەش ئارقىلىق تارىخىي مىراسلىرىمىز يوقىلىش گىردابىدىن قۇتقۇزۇۋېلىندى.

**مىراسخور** ئى [ئە + پ] مىراسقا ۋارىسلىق قىلغۇچى: ئۇنىڭ مىراسخورلىرى بولمىغاندىن كېيىن سۇلتان ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى خەزىنىگە ئېلىۋاپتۇ.

**مىراسخورلۇق** ئى. مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ئىشى: ئۇ دادىسىنىڭ ئىگىلىكىگە مىراسخورلۇق قىلىپلا قالماي، دادىسىنىڭ يۈز نەچچە پارچە كىتابىغىمۇ ۋارىسلىق قىلدى.

**مىراسىي** سۈپ. مىراس بولۇپ قالغان: مىراسىي كېسەل.

**مىرت** تەق. سىلىق نەرسىلەرنىڭ قولدىن تېز چىقىپ كېتىش هالىتى.

**مىرتتىدە** رەۋ. «مىرت» قىلىپ، «مىرت» قىلغان هالدا: ئۇ هۆل قولى بىلەن سوپۇننى تۇتقان ئىدى، قولىدىن مىرتتىدە چىقىپ كەتتى.

**مىرت ـ مىرت** «مىرت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**مىرزا** ئى [ئە + پ] ① كونا. پۈتۈكچى، كاتىپ: بىركۈنى ئۇ بالا مىرزىغا ئەگىشىپ ئوردىغا كىرىپتۇ، ئۇنى پادىشاھ كۆرۈپ ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مىرزىخانا** ئى [ئە + پ] كونا. مىرزىلار ئىش قىلىدىغان ئۆي، كاتىبات ئىشخانىسى: ئوڭ تەرەپتىكى شىرەلەرگە مىرزىخانىغا لازىملىق قەلەمدان، قەغەز، مىكە تاشلار قويۇلغان.

**مىرزىگۈل** ئى [مىرزا + گۈل] <بوت> ① مۈرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى چوڭ هەم چىرايلىق بولۇپ، ئېچىلىش ۋاقتى ئۇزۇنراق بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مىرشەپ** ئى [ئە + پ] كونا. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكى كېچىلىك ئامانلىقنى ساقلىغۇچى كىشى: بىركۈنى كېچىسى ئەپەندىم بازاردا كېتىپ بارسا، ئۇنى مىرشەپ تۇتۇۋاپتۇ.

**مىرشەپ بېگى** مىرشەپلەرنى باشقۇرىدىغان كىشى، مىرشەپلەرنىڭ باشلىقى: يامۇل بېگىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلىغان مىرشەپ بېگى بەش ـ ئالتە مىرشەپنى ئەگەشتۈرۈپ چارلاشقا چىقىپتۇ.

**مىرشەپلىك** ئى. كېچىلىك ئامانلىقنى ساقلاش ئىشى: بوۋاي ئەھۋالنى پادىشاھقا يەتكۈزگەنىكەن، پادىشاھ خۇرسەن بولۇپ، ۋەدىسى بويىچە بوۋايغا شەھەرنىڭ مىرشەپلىك ئەمىلىنى بېرىپتۇ.

**مىرغەزەپ** ئى [ئە] كونا. مەھبۇسلارنى ئۇرۇپ جازالايدىغان كىشى؛ زىندان نازارەتچىسى: ياساۋۇللار پادىشاھنىڭ هۆكمىنى بەجا كەلتۈردى، غېرىبقا جاللات ـ مىرغەزەپلەرنى قوشۇپ پالىماقچى بولدى.

**مىرغەمزە** سۈپ. دىيال. ئۇششاق سۆز ئادەم.

**مىرغىزار** ئى [پ] يېزت. ئوتلاق، يايلاق، چىمەنزار: ئانامدەك مېھرىبان كوئىنلۇن تېغى، سېنى مەن قايتىلاپ يوقلاشقا كەلدىم. چاڭقىغان چۆللەردە مىرغىزار ياساپ، گۈل ئاچقان ئەجرىڭنى قۇتلاشقا كەلدىم.

**مىرغىزارلىق** سۈپ. ئوتلاق، يايلىقى بار: مىرغىزارلىق باغ ـ ئارامدا، بىر گۈلى رەنا ئىدىڭ. بۇ جاهاننىڭ سەهنىسىدە، گۆھىرى يەكتا ئىدىڭ.

**مىرقىراتماق** «مىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: «بالىنى مىرقىرىتىۋەرگىچە ئېمىتىۋەتسىڭىز بولمامدۇ؟» دېدى قېيىنئاپام بوۋاقنى بەزلەۋېتىپ.

**مىرقىراشماق** «مىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۆيگە كىرسەم قوشكېزەك بوۋاقلار خۇددى بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىۋاتقاندەك مىرقىرىشىۋېتىپتۇ. ئەمما ئۆيدە ئايالىم يوق.

**مىرقىرىماق** پ. ئاۋاز چىقىرىپ يىغلىماق (بالىلار هەققىدە): — بۇ يەردە بىركىم ئۆلمىگەندىن كېيىن تولا مىرقىرىمىساڭچۇ،— دەپ زەردە بىلەن سىلكىشلىدى ئانا بالىسىنى.

**مىرۋەت** ئى ← ئەرگۈل.

**مىرىڭ** سۈپ. دىيال. يىغلاڭغۇ.

**مىزاج** ئى [ئە] ئادەمنىڭ تەبىئىتى، مىجەز: مۆتىدىل مىزاج. غەيرىي مىزاج.

**مىزان** ئى [ئە] ① تارازا، جىڭ: مىزانغا سېلىپ ئېغىرلىقنى ئۆلچىمەك. * ئېشىڭنى ئۆلچەشكە نەدىكى ۋاقىت، ئېيتقىنا، خاتامۇ ئېيتقان سۆزىمىز، هەر يىلى باهالاپ نەچچە خامانىنى، مىزانغا ئايلانغان بىزنىڭ كۆزىمىز. ② <ئاستر> مىزان بۇرجى. ③ شەمسىيە يىلى هېسابىدا 7 ـ ئاينىڭ ئەرەبچە نامى. ④ كۆچمە. سۆز ـ هەرىكەت قاتارلىقلار ۋە ئۇلارنى باهالاشتا ئاساسلىنىدىغان پىرىنسىپ ياكى ئۇلارنىڭ ئۆلچىمى، نورمىسى، ياكى قېلىپى: هەرىكەت مىزانى. ئەخلاق مىزانى.

**مىزان بۇرجى** <ئاستر> ئېكلىپتىكىدىكى 12 بۇرجىنىڭ يەتتىنچىسى. بەلگىسى ♎ . ئاسترونومىيەلىك ئۇزۇنلۇقى 180° تىن 210° قىچە. ئەسلىي ئورنى مىزان يۇلتۇز تۈركۈمىدە بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سۈنبۇلە يۇلتۇز تۈركۈمىگە يۆتكەلگەن. مىلادىيە بويىچە هەر يىلى 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قۇياش بۇ بۇرجقا كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى مەۋسۇم كۈزلۈك كۈن ـ تۈن تەڭلىكى بولىدۇ.

**مىزەممىتى** سۈپ. دىيال. زادى، پەقەت، ئەسلا.

**مىزگان** ئى. هەربىي ئىشلاردا ئاددىي سىگنال ئارقىلىق خەۋەرلىشىشتە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى.

**مىزگانچى** ئى. مىزگان چالىدىغان كىشى.

**مىژ** تەق. نۇرغۇنلىغان ئۇششاق نەرسىلەرنىڭ تەرتىپسىز هەرىكەت قىلىش هالىتى.

**مىژژىدە** رەۋ ① «مىژ» قىلىپ، «مىژ» قىلغان هالدا: شاپاقا چىۋىن مىژژىدە يىغىلدى. ② كۆپ، جىق: بۇ يەردە چۈمۈلە دېگەن مىژژىدە ئىكەن.

**مىژگان** ئى [پ] يېزت. كىرپىك: ئاتتى مىژگان ئوقلىرىنى ئىككى قاراقچى كۆزلىرى، بولدى بۇ جىسمىم زەئىپ باغرىمە كار ئەيلىگەچ. * قاراپ قالدىم ئاجايىپ ئۇز سەنەمگە، گويا مىژگان ئوقى تەگدى سىنەمگە.

**مىژ ـ مىژ** ① «مىژ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② سۈپ. ناهايىتى جىق، بەك تولا: بازاردا ئادەم مىژ ـ مىژ ئىدى.

**مىژمىلاق** ئى. دىيال <يېم> جىگدىنى سۇدا پىشۇرۇپ، مۇجۇپ يۇمشىتىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، كەندىر بىلەن قوغۇن ئۇرۇقىنى قورۇپ سوقۇپ، ھەممىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ يەيدىغان تاماق.

**مىژىلداتماق** «مىژىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەمدىلا گەمىدىن چىقىشىمىز بىلەن تەڭ دۈشمەنلەر مىژىلدىتىپ ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى.

**مىژىلداشماق** «مىژىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ماشىنىنى تولا ساقلاپ ئىچىم پۇشتى ـ دە، يەردە مىژىلدىشىپ يۈرگەن چۈمۈلىلەرگە كۆزۈم چۈشۈپ ئۇلار بىلەن ئويناشقا باشلىدىم.

**مىژىلدىماق** پ «مىژ ـ مىژ» قىلماق: ئېگىزلىكتە ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەر خۇددى چۈمۈلىدەك مىژىلداشقا باشلىدى.

**مىس** I ئى [پ] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Cu(Cuprum). قىزغۇچ قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، كۈچلۈك سوزۇلۇشچانلىققا، ئېلېكتىر ئۆتكۈزۈشچانلىققا ھەم ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشچانلىققا ئىگە كېلىدۇ. ئۇنىڭ قېتىشمىسى ئېلېكتىر سانائىتى، ماشىنىسازلىق سانائىتى ۋە دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى قاتارلىقلارنىڭ ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

**مىس ئەينەك** <ئارخېئول> قەدىمكى تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن بىرى. ئەينەك كەشىپ قىلىنىشتىن بۇرۇن كىشىلەر ئۆز ئەكسىنى كۆرۈش ئۈچۈن مىستىن ئەينەك ياساپ ئىشلەتكەن.

**مىس باش** ① چېچى ساپسېرىق كىشى. ② جاراھەت ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بېشىغا چاچ ئۈنمىگەن، غىلتاڭ، تاقىر: باي زاغۇن يېغىنى قىزىتىپ مورىنىڭ قۇرۇمى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بالىسىنىڭ بېشىغا سۇركەشكە كىرىشىپتۇ، بىر ئايدىن كېيىن بايۋەچچىنىڭ بېشى مىس باش بولۇپ ساقىيىپتۇ.

**مىس قورال دەۋرى** <تارىخ> تاش قورال دەۋرىدىن كېيىنكى، تۆمۈر قورال دەۋرىدىن ئىلگىرىكى دەۋر. بۇ دەۋردە، ئىنسانىيەت مىستىن ياسالغان قوراللارنى ئىشلىتىشنى بىلگەن، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. مەملىكىتىمىزدە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللار ئۆپچۆرىسىدىلا مىس قۇيما جابدۇقلارنى ئىشلىيەلىگەن.

**مىس** II تەق. ھەرىكەتنىڭ بەك ئاستا قىلىنىش ھالىتى (ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ھەققىدە).

**مىساڭزا** ئى <يېم> دىيال. ماخاردەك گۈل چىقىرىپ مايدا پىشۇرۇلىدىغان قۇيماق.

**مىسال** ئى [ئە] ① مەلۇم بىر مەسىلىنى، كۆزقاراشنى ياكى ھادىسىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن قوللانغان دەلىل، ئىسپات، نەمۇنە، ئۆرنەك، ئەندىزە: مۇھەببەتنىڭ بولار يامغۇرى، قارى، مۇھەببەت بىر گۈزەل شېئىر مىسالى. ② ماتېماتىكا دەرسىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشلىشى ئۈچۈن بېرىلگەن سانلىق (رەقەملىك) فورما: ئىمتىھاندا ماتېماتىكىدىن ئىككى مەسىلە، ئۈچ مىسال چۈشتى.

**مىسالەن** رەۋ [ئە] جان ت ← **مەسىلەن:** مېنىڭچە ئۆزىمىزمۇ ئانچە ـ مۇنچە ھەرىكەت قىلساقمىكىن دەيمەن. مىسالەن دېسەم، ئۆزىمىزنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ياغاچچىلىق، موزدوزلۇق قاتارلىق ئىشلارنى ئۆزىمىز قىلساق.

**مىستىتسىزم** ئى [ر<گىرېك] <پەلس> مىستىكىغا، تەسەۋۋۇپقا ئاساسلانغان ئىدېئالىستىك دىنىي دۇنيا قاراش؛ مىستىكىغا مايىللىق: مىستىتسىزم روھىدىكى ئەسەر.

**مىسترىيە** ئى [ر<گىرېك] <ئەد> دەسلەپكى ۋاقىتلاردا چېركاۋلاردا، كېيىنكى ۋاقىتلاردا خەلق ئويۇنلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە فىرانسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق مەملىكەتلەردە لاتىن تىلىدا ئوينالغان ئوتتۇرا ئەسىر دىرامىسى.

**مىستىك** سۈپ [ر] ① مىستىكىغا، تەسەۋۋۇپقا بېرىلگەن، تەسەۋۋۇپقا مايىل: مەن خېلىدىن بېرى دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان مىستىك شائىر يۇسۇپ ھۇسەيىننىڭ ئىملاسىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتىم. ② مىستىكىغا، مىستىتسىزمغا ئائىت، مىستىكىدىن، تەسەۋۋۇپتىن ئىبارەت بولغان: ئۇ سۈرىيەنىڭ دەمەشىق ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئالتە يىل ئوقۇش جەريانىدا مىستىك تۈيغۇغا باي ئەرەب شېئىرىيىتى بىلەن يېتەرلىك تونۇشتى.

**مىستىكا** ئى [ر<گىرېك] <پەلس> بىر خىل دىنىي ئىدېئالىزملىق دۇنيا قاراش. ئۇ ئادەم بىلەن ئىلاھ ياكى تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ ئوتتۇرىسىدا بىۋاسىتە ئالاقە بولىدۇ ھەمدە مۇشۇنداق ئالاقە ئارقىلىق ئالەمنىڭ «سىرى» بىلىنىدۇ دېگەننى تەرغىب قىلىدۇ: ماتېرىيالىستلار، روھانىيلار، رېئالىستلار ۋە مىستىكلار ئارىسىدىكى مۇنازىرىلەر تولستوينىڭ قەلىمى ئاستىدا ھەممىگە تەڭ رازىمەنلىك بېرىدىغان كېلىشىمگە ئايلانغان.

**مىسرا** ئى [ئە] <ئەد> شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ ھەر بىر قۇرى: شائىر ئۇنىڭغا ئاتاپ مۇنداق ئىككى مىسرا شېئىر ئوقۇپتۇ.

**مىسرالىق** سۈپ. مىسرالاردىن تۈزۈلگەن، مىسرالاردىن تەركىب تاپقان: تۆت مىسرالىق شېئىر. ئىككى مىسرالىق شېئىر.

**مىسران** I ئى [ئە] ئىككى شەھەر.

**مىسران قىلىچ** بىر خىل قىلىچ، بۇ قىلىچ ئىراقتىكى بەسرە، كوفى دېگەن ئىككى شەھەردە سوقۇلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان: چىن تۆمۈر باتۇر مىسران قىلىچىنى ئېسىپ، ئارغىماق ئېتىغا مىنىپ، كاپكاپ كۈچۈكىنى ئەگەشتۇرۇپ ئوۋغا چىقىپ كېتىپتۇ.

**مىسران** II ئى. جۇۋازچىلىقتا كۈنجۈرىنى قومۇرۇپ ئالىدىغان ئىسكىنە تۆمۈر.

**مىسسىدە** رەۋ «مىس» قىلىپ، «مىس» قىلغان ھالدا.

**مىسسىيونېر** ئى [ر<لات] <دىن> خىرىستىيان دىنىي جەمئىيەتلىرى تەرىپىدىن دىن تارقىتىشقا ئەۋەتىلگەن كىشى، خىرىستىيان دىنىنىڭ دىن تارقاتقۇچىسى.

**مىسقال** مىق [ئە] ئوندىن بىر سەرگە، يەنى 4.68 گىرامغا تەڭ بولغان ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى: سۇغا سالسام سۇ كۆتۈرمەس، مىسقال تۆمۈرنى، ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس قالغان كۆڭۈلنى.

**مىسقالچە** رەۋ. كىچىككىنە، ھېچقانچە، پەقەتلا: ئادىمى ئالماشتىيۇ، يولى، تۈزۈمى ئالماشمىدى، سابىت دېگەننىڭ ئىشلىرى مىسقالچىمۇ قامالاشمىدى.

**مىسقالداكا** ئى [مىسقال + داكا] ماتانىڭ سىلىقراق بىر تۈرى.

**مىسقاللاپ** رەۋ ① بىر مىسقال، بىر مىسقالدىن؛ مىسقال بىلەن: ئالتۇن دېگەننى جىڭلاپ ئالىدىغان نەرسە ئەمەس، مىسقاللاپ ئالىدىغان نەرسە. ② كۆچمە. ناھايىتى ئاستا، ئاز ـ ئازدىن: كېسەل پاتمانلاپ كىرەر، مىسقاللاپ چىقار (ماقال).

**مسقاللاتماق** «مسقاللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مسقاللاشماق** «مسقاللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مسقاللىق** سۈپ ① مىسقالنى ئۆلچەم بىرلىكى قىلغان، مىسقاللاپ تارتىدىغان: مىسقاللىق تارازا. مىسقاللىق جىڭ. ② مەلۇم مىسقال ئېغىرلىقتىكى؛ مەلۇم مىسقال كېلىدىغان: يىگىرمە مىسقاللىق بىلەزۈك.

**مسقاللىماق** پ. مىسقالنى ئۆلچەم بىرلىكى قىلىپ ئۆلچى-مەك: ئالتۇننى مىسقاللىماق.

**مىسكانتۇس ئوتى** ئى [ر<لات] <بوت ← > **مىسكانتۇس ئوتى.**

**مىسكانتۇس ئوتى** <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. سۇ ياقىلىرىدا ئۆسىدۇ، غولىدىن سېۋەت قاتارلىقلارنى توقۇغىلى بولىدۇ.

**مىسكەر** ئى [پ] مىستىن ھەرخىل بۇيۇملار ياسايدىغان ۋە ئۇنى رېمونت قىلىدىغان ھۈنەرۋەن: مىسكەر ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مىلىك مۇشەققەتتە ئۆيگە كىرىپ قارىسا، ئانىسى يوق تۇرغۇدەك.

**مىسكەرچى** ئى. مىستىن ھەر خىل بۇيۇملارنى ياسىغۇچى ئۇستا: ئۇنىڭ دوستى ئۇستا مىسكەرچى بولۇپ، بۇ شەھەردە خېلى داڭقى بار ئىدى.

**مىسكەرچىلىك** ئى. مىستىن ھەر خىل بۇيۇملارنى ياساش ئىشى، كەسپى: ئۇيغۇر مىسكەرچىلىك سەنئىتىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزاق بولۇپ، مىسكەرلەر مىس قاتارلىق يۇمشاق جىسىم تېپىدىكى ئېرىشچانلىقى ياخشى مېتاللاردىن ئائىلە سايمانلىرى، زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپ، مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدا داڭ چىقىرىپ كەلمەكتە.

**مىسكەرلىك** ئى. مىستىن ھەرخىل بۇيۇم ياساش ۋە رېمونت قىلىش كەسپى: كارخانا ئىچىدىن مىسكەرلىك قىلىۋاتقان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**مىسكىن** [ئە] ① سۈپ. يوقسۇزلۇق، غەم ـ ئەندىشە تۈپەيلىدىن روھىي ھالىتى چۈشكۈنلەشكەن، غەمكىن، سولغۇن: ئۇ ناھايىتى خىيالچان ۋە مىسكىن ئىدى. ② ئى. كەمبەغەللىك، يوقسۇزلۇقتىن ئېغىر ئەھۋالدا قالغان، بىچارە ئادەم: مىسكىن ۋە يېتىم ـ يېسىرلارنى يۆلەش ئىنسانىدىكى گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتتۇر.

**مىسكىنلەشتۈرمەك** «مىسكىنلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ قېتىمقى ۋەقە ئۇنى روھىي جەھەتتىن بەكلا مىسكىنلەشتۈرۈۋەتتى.

**مىسكىنلەشمەك** پ. مىسكىن ھالەتكە كەلمەك، مىسكىن بولماق: ئۆمۈر بويى پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن بۇ ئىككى قېرى كۈندىن ـ كۈنگە مىسكىنلىشىپ باراتتى.

**مىسكىنلىك** ئى. يوقسۇزلۇق، غەم ـ ئەندىشە تۈپەيلىدىن روھىي ھالىتى چۈشكۈنلەشكەن ھالەت، غەمكىنلىك، سولغۇنلۇق: رازىيەنىڭ مېيىقىدا كۈلۈپ تۇرغان چىرايىدا بولسا بىر خىل يوشۇرۇن مىسكىنلىك ۋە كۆڭلى يېرىملىق سېزىلەتتى.

**مىسلى** [ئە] ① يۈك. بولۇشسىز جۈملىدە «پەقەت»، «زادى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىش. ② تىر. ...گە ئوخشاش، كەبى، خۇددى: كوھى دارا خۇددى جام، سۈبھى زىيا-سى مىسلى مەي، تازا مەيدەك بەخش ئېتەر، جانغا ھۇزۇر ئەتراپتا نەي.

**مىسلىسىز** سۈپ. مىسلى كۆرۈلمىگەن، ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان: مىسلىسىز ئىش.

**مىسلىمىياڭ** ئى. دىيال. ئېزىلەڭگۇ، لەقۋا.

**مىس ـ مىس** ① «مىس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② بىر ئىشنى ئالدىرىماي قىلىدىغان، ھەرىكىتى ئاستا: مىس ـ مىس ئادەم. ③ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، بوشاڭ: مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ قىلالمايدىغان تازىمۇ مىس ـ مىس ئەر ئىكەنسىز غۇ!

**مىسۋاك** ئى [ئە] ئارچا، چۈچۈكبۇيا قاتارلىق خۇش پۇراق ماتېرىياللاردىن ياسىلىدىغان چىش يۇغۇچ: ئۆينىڭ ئىشىك تەرەپ-تىكى تېمىدىكى قوزۇققا مىسۋاك ئېسىلغانىدى.

**مىسۋاكلاتماق** «مىسۋاكلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھاجىم ئوغلى مۇھەممەد قارىينىڭ چىشىنى ھەر كۈنى مىسۋاكلىتىپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمايتتى.

**مىسۋاكلاشماق** «مىسۋاكلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرى-جىسى: جامائەتنىڭ بەزىلىرى نامازغا ئولتۇرسا، يەنە بەزىلىرى ئالدىراشلىق بىلەن چىشلىرىنى مىسۋاكلاشماقتا ئىدى.

**مىسۋاكلانماق** «مىسۋاكلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرى-جىسى: تاھارەت سۇندۇرۇلۇپ، چىشلار مىسۋاكلاندى، تاھارەتلەر ئېلى-نىپ، نامازخان نامازغا تەييارلاندى.

**مىسۋاكلىماق** پ. مىسۋاك بىلەن چىشنى يۇماق: تاماقتىن كېيىن چىشنى مىسۋاكلاپ يۇيۇش كېرەك.

**مىسىل** ئى. دىيال. پاخال؛ پاخالدىن ياسالغان كۆرپە.

**مىسىلچە** ئى. ھالقا، ئۈزۈك، بىلەزۈك قاتارلىقلارنى سوقاندا سۇغىرىدىغان مىس چىنە.

**مىسلداشماق** «مىسلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرى-جىسى: سەپنىڭ ئارقىسىدا بىرنەچچە بودەك ئەرلەر مىسلدىشىپ ئاران ئەگىشىپ كېتىشىۋاتاتتى.

**مىسلدىماق** پ. ناھايىتى ئاستا ھەرىكەت قىلماق: مىسلداپ ئاران ماڭىدىغان بۇ بوۋاينىڭ ھەرىكىتى شۇنداق تېز بولىدىكى، ئۆزۈمنى ئوڭلاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدىم.

**مىش** I تەق. بۇرنىنى تارتقان، ئۈنسىز يىغلىغان چاغلاردا چىققان ئاۋاز.

**مىش** II ئى. دىيال. مۈشۈك.

**مىشە** ئى. توكى قىرقىلىپ ئاشلانغان تېرە.

**مىشەك** ئى [پ] مىلتىق ياكى زەمبىرەك ئوقىنىڭ دورا قاچىلايدىغان كانايسىمان قىسمى. ئۇ كۆپىنچە مېتالدىن ياسى-لىدۇ.

**مىشقىرتماق** «مىشقىرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مىشقىرماق** پ. ماڭقىسىنى تاشلىماق، بۇرۇننى تاشلىماق: باللار بەزىدە كوچەپ مىشقىرغاندا بۇرۇن بوشلۇقىنىڭ بېسىمى ئېشىپ، قان تومۇرلار بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلمەي يېرىلىپ، بۇرۇن قانايدۇ.

**مىشقىرىشماق** «مىشقىرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مىشقىرىق** ئى. مىشقىرغاندا بۇرنىدىن ئېقىپ چىقىدىغان ماڭقا.

**مىشكاپ** ئى. چىگىدىن توقۇلغان تاغار.

**مىشمېرىق** سۈپ. دىيال. چىدىماس، يىغلاڭغۇ.

**مىش ـ مىش** كىمنىڭ ئېيتقانلىقى، راست ـ يالغانلىقى ئېنىق بولمىغان (گەپ ـ سۆز ھەققىدە): مىش ـ مىش گەپ. مىش ـ مىش پاراڭ.

**مىشلداتماق** «مىشلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرى-جىسى: ئارزۇگۇل بېشىنى كۆتۈرمەستىن كۆك كىگىزنىڭ تۈكىنى

يۇلۇپ، بۇرنىنى مىشىلدىتىپ تۇردى.

**مىشىلداشماق** «مىشىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۆينىڭ تۆرىدە بىرقانچە ئايال مىشىلدىشىپ يىغلىشىۋاتاتتى.

**مىشىلدىماق** پ ① بۇرنىنى تارتىپ «مىش – مىش» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق. ② باشقا گەپ قىلماي شۇنداق ئاۋاز چىقىرىپ يىغلىماق: ئۇنىڭ خوتۇنى بىردەم مىشىلداپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

**مىغ** تەق. ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنىڭ توختاۋسىز ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدۇ.

**مىغ – مىغ** ① «مىغ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② كۆچمە. ناھايىتى كۆپ، تولا (ئادەم ھەققىدە): خېلى چاغلاردىن بۇيان چۆلدەرەپ تۇرغان كونا جۇۋا مەيدانى پېشىن نامىزىدىن كېيىن مىغ – مىغ ئادەم بىلەن توشتى.

**مىغىلداشماق** «مىغىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بازار كۈنى بولغاچقا، كوچا – رەستىلەردە ئادەملەر مىغىلدىشاتتى.

**مىغىلدىماق** پ. توختاۋسىز ھەرىكەت قىلماق (نۇرغۇن جانلىق ھەققىدە): يەكشەنبە بولغاچقىمىكىن، بازاردا كىشىلەر مىغىلدايتتى.

**مىفولوگىيە** ئى [ر<گرېك] ① ئەپسانىلەر ھەققىدىكى پەن. ② بىرەر خەلقنىڭ ئەپسانىلىرىنىڭ يىغىندىسى: گرېك مىفولوگىيەسى. شەرق مىفولوگىيەسى.

**مىفولوگىيەلىك** سۈپ. مىفولوگىيەگە ئائىت؛ ئەپسانىۋى: مىفولوگىيەلىك قاراش. مىفولوگىيەلىك ئوبراز.

**مىقدار** ئى [ئە] ① ئۆلچەش، ساناش مۇمكىن بولغان نەرسىلەرنىڭ ئاز – كۆپلۈكى، سانى، چامىسى: ئىسسىقلىق مىقدارى. كۆپ مىقداردىكى سۇ. ② ئۈلۈش، ھەسسە: بىر مىقدار كىسلاتاغا ئۈچ مىقدار سۇ قوشماق. ③ <پەلس> شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش كۆلىمى، يەنى شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەت سۈرئىتى، تەرەققىيات دەرىجىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مىقدارى پەرقلىق بولۇپ ئىپادىلىنىدىغان مۇئەييەنلىك. ④ <تىل> شەيئىلەرنىڭ ۋە ھەرىكەتنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى: بۇ قېتىمقى يىغىنغا بۆلۈمىمىزدىن بەش نەپەر خادىم قاتناشتى. * قاسساپتىن ئون كىلو گۆش سېتىۋالدىم.

**مىقدارلىق** سۈپ. مىقدار جەھەتتىكى: بۇ خىل ئىلىمنى جىسىملارنىڭ مىقدارلىق تۈزۈلۈشىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولغان سۈپەت ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن دەپ ئاتاش مۇمكىن.

**مىقرازى** ئى. دىيال. كىچىك قايچا.

**مىقياس** ئى [ئە] كۆلەم، دائىرە: پۈتكۈل يۇرت مىقياسىدا يېشىللىقتىن، دەل – دەرەختىن، ئۆي – ئىمارەتتىن ئەسەر قالماپتۇ.

**مىكە** ئى. دىيال. قارا سىياھ.

**مىكرو** سۈپ [ر<گرېك] ① كىچىك؛ كىچىك جەھەتتىكى: مىكرو دۇنيا. مىكرو ئىگىلىك. ② ماددىلارنىڭ ئاتوم، مولېكۇلا، ئېلېكترون قاتارلىق ئىچكى قۇرۇلمىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئۇنىڭغا تەۋە ياكى ئالاقىدار بولغان.

**مىكروئامپېر** مىق [ر] <فىز> توك كۈچى بىرلىكى. بىر ئامپېرنىڭ مىليوندىن بىرىگە تەڭ.

**مىكرو خىمىيە** <خىم> ناھايىتى ئاز مىقداردىكى ماددىلار ئارقىلىق خىمىيەۋى رېئاكسىيە ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان بىر خىل تارماق پەن. بۇ خىل تەتقىقات ئادەتتە ئالاھىدە كىچىك قىلىپ ياسالغان ئەسۋابلار ئارقىلىق مىكروسكوپ ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**مىكرو دولقۇن** <فىز> دولقۇن ئۇزۇنلۇقى 1 مىللىمېتىردىن 1 مېتىرغىچە بولغان ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنى. مىكرو دولقۇننىڭ يۆنىلىشچانلىقى بەك كۈچلۈك. چاستوتىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ئاساسەن پاراخوتلارغا يول باشلاش، رادار، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئالاقىلىشىش، ھاۋارايى، ئاسترونومىيە قاتارلىق جەھەتلەردە قوللىنىلىدۇ.

**مىكروب** ئى [ر<گرېك] <بىيول> مىكروسكوپ ئارقىلىقلا كۆرۈش مۇمكىن بولغان ناھايىتى كىچىك جانلىقلار ياكى ئۆسۈملۈك ئورگانىزمى: كېسەل قوزغاتقۇچى مىكروبلار. مىكروب ئۆلتۈرۈش.

**مىكروبسىز** سۈپ. مىكروبى يوق، مىكروبى بولمىغان: مىكروبسىز سۇ. // مىكروبسىز ئۆستۈرۈش.

**مىكروبسىزلاندۇرماق** «مىكروبسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۈتنى قايناتماي قايتا – قايتا قىزىتىش ئارقىلىق مىكروبسىزلاندۇرۇش كېرەك.

**مىكروبسىزلاندۇرۇشماق** «مىكروبسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مىكروبسىزلاندۇرۇلماق** «مىكروبسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سۈت پاراشوكى يېڭى سۈتنى ھەم جايدا مىكروبسىزلاندۇرۇپ قىزىتىپ، سۇسىزلاندۇرۇپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ.

**مىكروبسىزلانماق** پ. مىكروبسىز ھالەتكە كەلمەك، تەركىبىگە ئارىلىشىپ قالغان مىكروب يوقالماق.

**مىكروبلانماق** پ. تەركىبىگە مىكروب كىرىپ قالماق؛ مىكروب بىلەن يۇقۇملانماق: دوختۇر: — بۇ بالىنىڭ يارىسىنى تازىلاپ قايتىدىن تېڭىڭ، يارىلىرى مىكروبلىنىپ قالمىسۇن، — دېدى.

**مىكروبىيولوگ** ئى [ر] مىكروبىيولوگىيە ئالىمى، مۇتەخەسسىسى.

**مىكروبىيولوگىيە** ئى [ر<گرېك] <بىيول>مىكرو ئورگانىزملارنىڭ مورفولوگىيەسى، تۈزۈلۈشى، كلاسسىفىكاتسىيەسى، ئىرسىيەت ئۆزگىرىشچانلىقى، بىيوخىمىيەلىك، فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى قاتارلىق ھايات پائالىيىتى قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**مىكروسكوپ** ئى [ر<گرېك] ناھايىتى كىچىك جىسىملارنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئوپتىك ئەسۋاب.

**مىكروسېكۇنت** مىق [ر] <فىز> ۋاقىت بىرلىكى، $10^6$ سېكۇنتقا تەڭ.

**مىكروفارادا** مىق [ر] <فىز> ئېلېكتر سىغىمچانلىق بىرلىكى، 1 فارادانىڭ مىليوندىن بىرىگە باراۋەر.

**مىكروفوتوگرافىيە** ئى [ر] <گەن> مىكروسكوپ بىلەن فوتو ئاپپارات بىرلەشتۈرۈلگەن قۇرۇلما ئارقىلىق مىكروسكوپتا كۆزىتىلگەن نەرسىلەرنىڭ تەسۋىرىنى يورۇقلۇق سەزگۈچى فىلىيونكىدا سۈرەتكە ئېلىپ، فوتو سۈرەت ياكى

كىنو لېنتىسى ئىشلەش ئۇسۇلى.

**مىكروفون** ئى [ر<گىرېك] <فىز> ئاۋازنى ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىگە ئايلاندۇرىدىغان ئۇسكۇنە.

**مىكروكىرىستال** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> پەقەت مىكروسكوپ ئاستىدىلا كۆرگىلى بولىدىغان، ئادەتتە قۇتۇپلاند-غان يورۇقلۇقتا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئۇششاق كىرىستاللار.

**مىكروكلىمات** ئى [ر<گىرېك] <مېتېئور>ئورمان، دالا، سازلىق قاتارلىق كىچىك دائىرىدىكى جايلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىقلىم خۇسۇسىيەتلىرى، ئابھاۋا شارائىتى.

**مىكروكيۇرى** مىق [ر<گىرېك + لات] <فىز>رادىيوئاك-تىپلىق بىرلىكى، بىر مىكروكيۇرى بىر مىليوندىن بىر كيۇرىغا تەڭ.

**مىكروگېنرى** مىق [ر] <فىز> ئىندۇكتىپلىق بىرلىكى، بىر گېنرىنىڭ مىليوندىن بىرىگە تەڭ.

**مىكرومېتىر** [ر<گىرېك] ① ئى <بىيول>ھۇجەيرە ۋە توقۇلمىلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى مىكروسكوپ ئاستىدا ئۆلچەيدىغان ئىشكاللىق ئۆلچىگۈچ. ② مىق <مات> مىكرون.

**مىكرون** مىق [ر<گىرېك] <مات> مېتىر سىستېمىسىد-ىدىكى ئۇزۇنلۇق بىرلىكى. بىر مېتىرنىڭ مىليوندىن بىرىگە تەڭ.

**مىكروئورگانىزم** ئى [ر] <بىيول> تېنى ئىنتايىن كىچىك، تۈزۈلۈشى ئاددىي، كۆپىيىشى تېز بىر خىل جانلىقلار. مەسىلەن، باكتېرىيە، ۋىرۇس ۋە زەمبۇرۇغ قاتار-لىقلار.

**مىكروئورگانىزملىق** ① سۈپ. مىكرو ئورگانىزمغا ئىگە. ② رەۋ. مىكرو ئورگانىزم بىلەن، مىكرو ئورگانىزم ئارقىلىق: مىكرو ئورگانىزملىق بۇلغىنىش.

**مىكروۋات** مىق [ر<گىرېك + ئىنگ] <فىز>ئېلېكتىر قۇۋۋىتى بىرلىكى. بىر مىكروۋات بىر مىليوندىن بىر ۋاتقا تەڭ.

**مىكروۋولت** مىق [ر<گىرېك + ئىتال] <فىز>توك بېسىمى بىرلىكى. بىر مىكروۋولت بىر مىليوندىن بىر ۋولتقا تەڭ.

**مىكروۋى** سۈپ [ ر<گىرېك ] مىكروغا ئائىت، مىكروغا مۇناسىۋەتلىك بولغان، مىكرو جەھەتتىكى، كىچىك: شەكلى جەھەتتە تەپەككۇر ماددىسى بولغان كاللا يەنىلا چەمبەر سىزىقىدىكى بىر چېكىت ياكى چېكىت ئىچىدىكى مىكروۋى چەمبەردىن ئىبارەتتۇر.

**مىكروئېلېكترونىكا** ئى [ر] <فىز> ئېلېكترونىكىنىڭ بىر تارمىقى. ئۇ قاتتىق جىسىملارنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ مىكرو خاراكتېرىستىكىسىدىن ۋە ئالاھىدە تېخنولوگىيە-لەردىن پايدىلىنىپ، قاتتىق جىسىمنىڭ ئىنتايىن كىچىك قىسمىغا بىر خىل ياكى بىرنەچچە خىل ئىقتىدارلىق مۇكەممەل توك يولى ياكى زاپچاسنى ياساپ چىقىش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**مىكروئېلېمېنت** ئى [ر<گىرېك + لات] <خىم>ئۆسۈم-لۈكلەر كالىي، فوسفور، ئازوت قاتارلىق ئېلېمېنتلارنى ئوزۇقلۇق سۈپىتىدە كېرەك قىلغاندىن باشقا يەنە ئىنتايىن ئاز مىقداردا ئوزۇقلۇق سۈپىتىدە شۈمۈرگەن بور، ئارسىن، مانگان، مىس، كوبالت ۋە مولىبدېن قاتارلىق ئېلېمېنتلار.

**مىكوپلازما** ئى [ئىنگ] <بىيول> بىر خىل مىكرو ئورگانىزم، باكتېرىيەدىن كىچىك بولۇپ، ھۇجەيرە دىۋارى بولمايدۇ. شەكلى شارسىمان ياكى يىپسىمان كېلىدۇ، مۇستە-قىل ياشىيالايدۇ. ئادەتتە ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ نەپەس، سۈيدۈك ۋە جىنسىي يوللىرىدا پارازىت ياشاپ، ئۆپكە ياللۇغىنى كەلتۈ-رۈپ چىقىرىدۇ.

**مىكولوگىيە** ئى [ر<گىرېك] <بىيول> بىيولوگىيەنىڭ زەمبۇرۇغلارنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**مىكىر ( مىكرى )** ئى [ئە] قۇۋلۇق - شۇملۇق، ھىيلە، نەيرەڭ: سىزنىڭ مېنى ئالداپ، بەرگەن ۋەدىلىرىڭىز، تۆككەن ياشلىرىڭىز، بەس، بۇ ھىيلىلەر، بۇ مىكىرلەر سىزدىن باشقا كىمدىن تېپىلسۇن؟

**مىكىر - چىكىر** دىيال. ئۇششاق - چۇششەك.

**مىكىرلىك** سۈپ. مىكرى بار، ھىيلىسى تولا، نەيرىڭى كۆپ.

**مىكى- مىكى** ئېنىق ئەمەس، ئىشەنچسىز، مۇجمەل: مىكى - مىكى گەپ.

**مىگماتىت** ئى [ر] <گېئول> ئارىلىشىپ جىنسلىشىشتىن شەكىللەنگەن خىلمۇخىل جىنسلار.

**مىڭ** ① سان. يۈزنىڭ ئون قېتىم قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان سان: مىڭ يۈەن پۇل. ② رەۋ. كۆچمە. ناھايىتى كۆپ؛ بەك كۆپ: مىڭ ياخشى. مىڭ ئەلا.

**مىڭ بالادا** ناھايىتى كۆپ مۇشەققەتتە؛ ناھايىتى تەستە، ئاران دېگەندە: مىڭ بالادا ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇم.

**مىڭ بىر** ناھايىتى كۆپ، ئىنتايىن كۆپ، نۇرغۇن: ئۇ تەڭرى-گە مىڭ بىر نالە - زارە قىلىپ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدى. * ئۇنىڭ كۆڭلىدىن مىڭ بىر خىياللار كېچىپ كەتتى.

**مىڭ پاتمان** ناھايىتى ئېغىر: يانچۇقۇمدىكى تاغامنىڭ قىزىغا ئاتاپ ئېلىپ ماڭغان مەكتەپ پۇتكۇزۇش گۇۋاھنامىسى خۇددى مىڭ پاتمان تۈگمەن تېشىدەك تۆۋەنگە بېسىشقا باشلىدى.

**مىڭ پارە بولماق** ① پارە - پارە بولماق، پاچاقلىنىپ كەتمەك.② كۆچمە. چەكسىز ئازابلانماق، ئازاب - ئوقۇبەتكە تولماق: تىل دېگەن بىر كۆۋرۈك، چىقتى بۇ سۆزلەر ئەلەمدىن مىڭ پارە بولغان دىلدىن.

**مىڭ پۇشايمان قىلماق** ئىنتايىن قاتتىق ئۆكۈنمەك: يىراق يەردىن كېلىپ ئوقۇغىنىمغا مىڭ پۇشايمان قىلدىم.

**مىڭ تەستە** جىق قىينىلىپ، كۆپ جاپا تارتىپ، ئاران دېگەندە: ئۇ ئالىمنى مىڭ تەستە يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ۋاھاپ كاسكاسقا قارىدى.

**مىڭ تووۋا** پەندىيات: پۇشايمان ۋە ھەسرەت ئەمدى مىڭ تووۋا، ئەي دوستۇم تووۋامغا سەن ئۆزۈڭ گۇۋاھ.

**مىڭ جاپادا** ناھايىتى تەستە: مۈلكى ئىدىم دۆلەتنىڭ، مىڭ جاپادا ياسالغان، ناكار بولۇپ قالدىمەن، خورلۇق تارتىپ ئۇپراپ جان.

**مىڭ رازى** ئارمان يوق، پۈتۈنلەي رازى: كەتسىمۇ مىڭ رازى بىز، ۋەتەن ئۈچۈن ياش جېنىمىز.

**مىڭ رەھمەت** كۆپتىن - كۆپ رەھمەت، تەشەككۈر: ئىشنى ئادىل قىلىدىغان ئادەمنى تاللىغان ھۆكۈمەتكە مىڭ رەھمەت.

**مىڭ قەتلە** شۈكۈر، كۆپتىن - كۆپ شۈكۈر، ناھايىتى كۆپ شۈكۈر: خۇدانىڭ نېسىۋىسى مۇشۇ بولسا، بۇنىڭغىمۇ مىڭ قەتلە شۈكۈر.

**مىڭ قىلسىمۇ** ھەرقانچە قىلسىمۇ، ھەرنېمە دېگەنبىلەن: مىڭ

قىلىسمۇ، سىلى بىلەن بىز ئۇرۇق - تۇغقان، ئىشنىڭ ئوڭ - تەتۈرى ئايرىلىپ بولغۇچە، مېنىڭ بۇ ئۆيگە كىرگىنىمنى زەيتۇنقىز بىلەن ھامۇتئاخۇن بىلمىسۇن.

**مىڭ قىلغان بىلەن** ھەرقانچە قىلغان بىلەن: ئەگەر ئۇنى تېپىپ، كۆرەگە جۆنەتسىڭىز، مىڭ قىلغان بىلەنمۇ سىز چىنمۇدەننى ئالالمايسىز.

**مىڭلار خانىسى** <مات> پۈتۈن سانىنىڭ بىر خانىسى، يەنى بىرلەر خانىسىدىن باشلاپ سولغا قاراپ سانىغاندىكى ئۈچىنچى خانە.

**مىڭ مەرتىۋە** ① قايتا - قايتا، كۆپ قېتىم، تەكرار - تەكرار: بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا مىڭ مەرتىۋە ئېيتقان بولساممۇ زادىلا پەرۋا قىلمىدى. ② تولۇق، پۈتۈنلەي، كۆپ: ــ سېنىڭ گەپلىرىڭگىمۇ مىڭ مەرتىۋە ئىشىنىمەن، ــ دېدى ئۇ سەل دېلىغۇل بولغان ھالدا. * بىر قاراپلا قويساڭ، مىڭ مەرتىۋە رازى بولىمەن.

**مىڭ مۇشەققەتتە** ناھايىتى تەستە: موماي مىڭ مۇشەققەتتە جۆۋىنى كىيىپ نەۋرىسىنى ئوردى.

**مىڭ ئۆلۈپ، بىر تىرىلمەك** جەبىر - جاپالار، دەرد - ئەلەملەر دەستىدىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماق: ئالتۇنچىلارنىڭ ئامان قالغانلىرى مىڭ ئۆلۈپ، بىر تىرىلىپ يازغا ئاران ئۇلىشىۋالدى.

**مىڭئاياغ** ئى [مىڭ + ئاياغ] <زوئول> بوغۇم پۇتلۇق ھايۋان. تېنى يۇمىلاق، نۇرغۇنلىغان بوغۇمدىن تەشكىل تاپقان، 1 -، 2 -، 3 -، 4 - ۋە ئاخىرقى بوغۇملىرىدىن باشقا بوغۇملىرىدا ئىككى جۈپتىن پۇتى بولىدۇ. بېشىدا بىر جۈپ قىسقا سەزگۈ مۇڭگۈزچىسى بار. دۈمبىسىدە سارغۇچ قارا رەڭلىك ھالقىسىمان سىزىقى بار. تەسكەيدىكى نەم ئورۇندا ياشايدۇ. پۇراق بېزى بار. كېچىدە چىقىپ ئوت يىلتىزى ۋە چىرىندىلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**مىڭەر** ئى. دىيال. پۈتۈن بەدەن، ئۇگە - ئۇگىلەر.

**مىڭبېشى** ئى [ مىڭ+باش+ ى ] تارس. مىڭ نەپەر ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلىدىغان ھەربىي ئەمەلدار: ئەمىر لەشكەر قول ئاستىدىكى تارماق قوشۇندا ئونبېشى، ئەللىكبېشى، يۈزبېشى، مىڭبېشى دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ - كىچىك ھەربىي ئەمەلدارلار بار بولاتتى.

**مىڭبېگى** ئى [مىڭ + بەگ + ى] تارس. فېئودالىزىملىق كونا جەمئىيەتتە يېزىلاردىكى مىڭ ئائىلىنى باشقۇرغۇچى يەرلىك ئەمەلدار: بىركۈنى ئەپەندىمنىڭ ھويلىسىغا مىڭبېگى كىرىپتىكەن، ئىت دەررۇ كاتەككە كىرىپ كېتىپتۇ.

**مىڭپىلەك** ئى [مىڭ + پىلەك] <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئەۋرىشىم غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكىللىك، گۈلى كونۇسسىمان گۈل رېتىدە بولۇپ، تۇتۇق سۆسۈن كېلىدۇ. مېۋىسى چوكا مېۋە، غولى دورا قىلىنىدۇ، تالاسىدىن قەغەز ياسىلىدۇ.

**مىڭدىۋانە** ئى [مىڭ + دىۋانە] <بوت> چەيزە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزسىمان غولى تۈگۈنچە شەكىللىك، قارا كۈل رەڭ بولىدۇ، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، ئۇزۇن، ئېللىپس شەكىلدە، غولى سۆسۈن سېرىق رەڭلىك، مېۋىسى غوزا مېۋە، زەھەرلىك. ئۇرۇقى، يىلتىزى، غولى ۋە يوپۇرماقلىرى دورا قىلىنىدۇ. ئاغرىق پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش رولىغا ئىگە.

**مىڭقېتى** ئى [مىڭ + قات + ى] ← **توققۇزتونلۇق**.

**مىڭگەن** ئى. دىيال. كورا.

**مىڭلاپ** رەۋ. نەچچە مىڭغا يەتكەن، نەچچە - نەچچە مىڭ، ناھايىتى نۇرغۇن: بۇ ھەيۋەتلىك تاغقا مىڭلاپ كۆزلەر تىكىلگەنىدى.

**مىڭلاپ - مىڭلاپ** «مىڭلاپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: مىڭلاپ - مىڭلاپ دانىلار قېنى؟ ئۈجمىنىڭ شېخىدا ئولتۇرغان مۇشۇ كاساپەتلەر يەپ كەتتى - دە.

**مىڭلارچە** رەۋ. نەچچە مىڭغا يېتىدىغان، مىڭلىغان، ناھايىتى نۇرغۇن: ماڭا بەرگەن ئىلھاملىرىغا مىڭلارچە تەشەككۇر.

**مىڭلىغان** سۈپ. نەچچە مىڭغا يېتىدىغان، ناھايىتى نۇرغۇن: ياق، سېنىڭ ئاۋازىڭ مىڭلىغان ئاۋازلار ئارىسىدىمۇ ئالاھىدە جاراڭلاپ تۇرىدۇ.

**مىڭلىق** سۈپ. «مىڭ» سۆزى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن؛ «مىڭ» نى بىلدۈرىدىغان: مىڭلىق ئۇلۇشلەر خانىسى.

**مىڭئۆي** ئى [مىڭ + ئۆي] <ئارخېئول> قەدىمدە تاغ ياكى يارلىقلارنى تېشىپ ياسالغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرى.

**مىڭيوپۇرماق** ئى [مىڭ + يوپۇرماق] <بوت>مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ. ئاشقازاننى ياخشىلاش رولى بار. غول، يوپۇرمىقىدىن پۇراقلىق ماتېرىيال ئېلىنىدۇ.

**مىل** I مىق [ئىنگ <لات] <فىز> ئىنگلىز سىستېمىسىدىكى ئۆلچەش سىمى (مەسىلەن، مېتال سىم) نىڭ دىيامېتىرىنىڭ بىرلىكى. بىر مىل 0.00254 سانتىمېتىرغا تەڭ.

**مىل** II مىق [ئىنگ] <مات> ئىنگلىز سىستېمىسىدىكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. بىر مىل 1.609344 كىلومېتىرغا تەڭ.

**مىل** III مىق [ئىنگ] <قاتن> دېڭىز - ئوكيانلار ئۈستىدە ئارىلىقلارنى ئۆلچەشتە قوللىنىلىدىغان ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. بىر مىل ئادەتتە 1852 مېتىرغا تەڭ.

**مىلاد** ئى [ئە] ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنى.

**مىلادىيە** ئى [ئە] <ئاستر> خەلقئارادا ئورتاق قوللىنىلىدىغان كالېندار.

**مىلەتمەك** «مىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئورۇندۇقتىن مىدىرلاپمۇ قويماي، يېنىدا ئولتۇرغان ئايالى ئارقىلىق داستىخاندىكى ناننى ھەسەلگە مىلىتىپ ھۇزۇر بىلەن يېيىشكە باشلىدى.

**مىلەشتۈرمەك** «مىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يولۋاس توزغاق ئارتىلغان ئېشەكنى يىگۈچە ھەممە يېرىنى توزغاققا مىلەشتۈرۈۋالدى.

**مىلەشمەك** «مىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۆزئارا مۇشتلىشىپ بىر - بىرىنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرىنى قانغا مىلەشتى.

**مىلەڭزە** ئى [خەن] ئىشىك پەردىسى: ناتونۇش بىر كىشى مىلەڭزىنى قايرىپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

**مىلەڭزىسىز** سۈپ. مىلەڭزىسى يوق، مىلەڭزىسى بولمىغان، مىلەڭزە تارتىلمىغان: مىلەڭزىسىز بۇ ئىشىك چوڭ يولدىلا بولۇپ، ئىشىكتىن چىقسىلا چوڭ بازار كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**مىلەڭزىلىك** سۈپ. مىلەڭزىسى بار، مىلەڭزە تارتىلغان: مىلەڭزىلىك ئىشىك.

**مىلەنمەك** «مىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ماتا كۆڭلەك قانغا مىلىنىپ كەتكەنىدى.

**مىلتىق** ئى. ئوق ئېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۇزۇن ئىستۇۋۇللۇق قورال: پىيادە ئەسكەرلەر مىلتىقى. ئوۋ مىلتىقى.

**مىلتىق دورىسى** <ھەرب> ئىسسىق ئۆتكەن ياكى سوقۇلغاندىن كېيىن دەرھال پارچىلىنىدىغان ھەمدە زور مىقداردا ئېنېرگىيە ۋە يۇقىرى ھارارەتلىك گاز ھاسىل قىلىدىغان ماددا.

**مىلتىقسىز** سۈپ. مىلتىقى يوق، مىلتىق ئاسمىغان: مىلتىقسىز يۈرگەندە، كېيىك ئۇچراپتۇ (ماقال).

**مىلتىقلىق** سۈپ. مىلتىقى بار، مىلتىق تۇتقان، مىلتىق ئاسقان: مىلتىقلىق ئەسكەر.

**مىلجىڭ** ① سۈپ. بىرەر ئىشنى ئالدىرىماي قىلىدىغان، ئەزمە: مىلجىڭ ئادەم سۆز بۇزار، قىڭغىر ھارۋا يول بۇزار (ماقال). ② ئى. بىرەر ئىشنى ئالدىرىماي قىلىدىغان ئادەم: مىلجىڭنى ئەزمە يېڭىدۇ، ئەزمىنى بەزمە يېڭىدۇ (ماقال).

**مىلجىڭلىق** ئى. ئەزمىلىك: ھەي، مىلجىڭلىق قىلماي تېزرەك ھەيدىسەڭچۇ!

**مىلجىڭلىماق** پ. بىرەر ئىشنى ئالدىرىماي قىلماق، ئەزمىلىك قىلماق: مىلجىڭلىق قىلماق.

**مىللەت** ئى [ئە] ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتلار ئارقىسىدا شەكىللەنگەن ئورتاق تىل، ئورتاق زېمىن، ئورتاق ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە ئورتاق مەدەنىيەتتە ئىپادىلىنىدىغان ئورتاق پسىخولوگىيەلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە كىشىلەر توپى.

**مىللەتپەرۋەر** سۈپ [ئە + پ] ئۆز مىللىتىگە غەمخورلۇق قىلىدىغان، ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان؛ ھەر دائىم ئۆز مىللىتى تەرىپىدە تۇرىدىغان، ئۆز مىللىتىنى سۆيىدىغان: مىللەتپەرۋەر ئادەم.

**مىللەتپەرۋەرلىك** ئى. مىللەتنى سۆيىدىغان، مىللەتنى قوغدايدىغان ھالەت: ئۇنىڭ مىللەتپەرۋەرلىك روھىدىن ھەممىمىز سۆيۈنۈپ كەتتۇق.

**مىللەتچى** ئى. مىللەتچىلىك تەرەپدارى، مىللەتچىلىكنى تەرغىب قىلغۇچى كىشى.

**مىللەتچىلىك** ئى <پەلس> بۇرژۇئازىيەنىڭ مىللەتكە بولغان قارىشى ۋە مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى پىروگراممىسى ۋە سىياسىتى. بۇرژۇئازىيە ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىنى باشقا مىللەتلەر مەنپەئەتى ئۈستىگە قويۇپ، باشقا مىللەتلەرنى كەمسىتىش، ئېزىش سىياسىتىنى يۈرگۈزىدۇ.

**مىللەتشۇناس** ئى. مىللەتشۇناسلىق ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم، مىللەتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مۇتەخەسسىسى.

**مىللەتشۇناسلىق** ئى. ھازىرقى مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىياتى ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئائىت قانۇنىيەتلىك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي پەن.

**مىللەتقاراش** ئى [مىللەت + قاراش] <پەلس>كىشىلەرنىڭ مىللەت ۋە مىللىي مەسىلە جەھەتتىكى قارىشى، يەنى دۇنياقاراشنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى ئىنكاسى. تۇرلۇك سىنىپلارنىڭ مىللەتقارىشى تۇرلۇكچە بولىدۇ، تۇرلۇك سىنىپىي مەنپەئەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

**مىللەتلىك** سۈپ. مىللەتكە ئىگە، مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك دۆلەت.

**مىللىئامپېر** مىق [ر<لات] <فىز> توكنىڭ كۈچ بىرلىكى. بىر مىللىئامپېر بىر ئامپېرنىڭ مىڭدىن بىرىگە تەڭ.

**مىللىبار** مىق [ر<لات] <فىز> ئاتموسفېرانىڭ بېسىم بىرلىكى. بىر مىللىبار مىڭدىن بىر بارغا تەڭ.

**مىللىسېكۇنت** مىق [ر<لات] <فىز> ۋاقىت بىرلىكى. بىر مىللىسېكۇنت مىڭدىن بىر سېكۇنتقا تەڭ.

**مىللىگرام** مىق [ر<لات] <فىز> مېتىر سىستېمىسىدىكى ئېغىرلىق بىرلىكى. بىر مىللىگرام بىر گىرامنىڭ مىڭدىن بىرىگە تەڭ.

**مىللىلىتىر** مىق [ر<لات] <فىز> مېتىر سىستېمىسىدىكى سىغىم بىرلىكى. بىر مىللىلىتىر بىر لىتىرنىڭ مىڭدىن بىرىگە تەڭ.

**مىللىمېتىر** مىق [ر<لات + گىرېك] <فىز>مېتىر سىستېمىسىدىكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. بىر مىللىمېتىر بىر مېتىرنىڭ مىڭدىن بىرىگە تەڭ.

**مىللىمىكرون** ئى [ر<لات + گىرېك] <مات>ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. بىر مىللىمىكرون بىرمىلياردتىن بىر مېتىرغا تەڭ.

**مىللىي** سۈپ [ئە] ① مەلۇم بىر مىللەتكە خاس بولغان: مىللىي ئەنئەنە. مىللىي خۇسۇسىيەت. مىللىي كۈي. ② يەرلىك مىللەتكە تەۋە، ئاز سانلىق مىللەت ھېسابلىنىدىغان: مىللىي كادىر.// مىللىيلارغا كۆڭۈل بۆلۈش. ③ مەلۇم بىر دۆلەتكە، مەملىكەتكە تەۋە: مىللىي دارامەت. مىللىي مەجلىس.

**مىللىي ئاپتونومىيە** <قا> كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرى ئولتۇراقلاشقان مەلۇم دائىرىدە ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرۇشى.

**مىللىي ئاپتونومىيە ھوقۇقى** <قا> ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلاردا ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ـ يەرلىك ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دا، مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاساسىي قانۇندا ۋە ئاپتونومىيە قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى بويىچە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغانلىقى، دۆلەتنىڭ قانۇن ۋە سىياسەتلىرىنى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىجرا قىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

**مىللىيەت** ئى [ ئە ] مىللىي خۇسۇسىيەت، مىللىي ئالاھىدىلىك، مىللىيلىك: بىز ئۇنىڭ «قەشقەردىكى يەر شارى» ناملىق داستانىنى كۆرگىنىمىزدە، ساپ مىللىيەت بىلەن تويۇنغان تونۇش ۋادىنى ئۇچرىتىمىز.

**مىللىيچە** سۈپ. مىللىيلارغا ئائىت، مىللىيلارغا خاس:

مىللىيچە كىيىم. مىللىيچە ئۇسسۇل. مىللىيچە ئۆرپ ـ ئادەت.

**مىللىيلاشتۇرماق** «مىللىيلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مىللىيلاشتۇرۇش بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ بەلگىلىرىدىن بىرى.

**مىللىيلاشتۇرۇلماق** «مىللىيلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مىللىيلاشماق** پ. يەرلىكلەشمەك، مىللىي تۈسكە، مىللىي پۇراققا ئىگە بولماق.

**مىللىيلىك** ئى. مىللىي خۇسۇسىيەت، مىللىي ئالاھىدىلىك: تىل — مىللەتنىڭ خاراكتېرلىك بەلگىلىرىدىن بىرى بولغاچقا، مىللىيلىك ئەڭ ئالدى بىلەن تىلدا ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

**مىلىتارىزم** ئى [ر<لات] <پەلس> تاجاۋۇزچىلىق مەقسىتىدە ھەربىي ھازىرلىقنى غالجىرلىق بىلەن كېڭەيتىپ، دۆلەتنى تامامەن ھەربىي كونتروللۇق ئاستىغا قويىدىغان ئۇرۇشخۇمارلىق ئىدىيەسى، سىياستى ياكى تۈزۈمى. ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھالىتى جاھانگىرلىك تارىخىي باسقۇچىدىكى فاشىزمدۇر.

**مىلىتارىست** ئى [ر] مىلىتارىزم تەرەپدارى، مىلىتارىزم سىياستىنى يۈرگۈزگۈچى.

**مىلىتارىستلىق** ئى. مىلىتارىزمنى تەرغىب قىلىش، مىلىتارىزم سىياستىنى يۈرگۈزۈش.

**مىلىچ** تەق. پاتقاق قاتارلىق سۇ تەركىبى كۆپ نەرسىلەرنى دەسسىگەندە چىقىدىغان ئاۋاز.

**مىلىچچىدە** رەۋ. «مىلىچ» قىلىپ، «مىلىچ» قىلغان ھالدا: ئەتىيازلىقى پۈتۈن كوچا ـ كويلار توڭلاپ ئېرىگەن تاۋۇزدەك مىلىچچىدە بولۇپ كېتىدۇ.

**مىلىچلاتماق** «مىلىچلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مىلىچلىماق** پ. «مىلىچ ـ مىلىچ» قىلماق، «مىلىچ ـ مىلىچ» بولۇپ كەتمەك: مىلىچلاپ كەتكەن يەر يۈزى ئەخلەت ـ چاۋار بىلەن قاپلاندى.

**مىلىچمال** ئى [مىلىچ + مال] يىپ ـ يىڭنە، تارغاق، سۈزگۈچ، سوپۇن قاتارلىق ئۇششاق-چۈششەك ماللار: مەسچىتنىڭ بېقىنىدىكى مىلىچمال دۇكىنىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىدى.

**مىلىچمالچى** ئى. مىلىچمال سودىگىرى، مىلىچمال ساتقۇچى.

**مىلىق** تەق. نەرسىلەرنىڭ سۈيى چىقىپ بوشاپ، يۇمشاپ كەتكەن ھالىتى.

**مىلىق ـ سىلىق** «مىلىق» بولۇپ كەتكەن ۋە ياكى شۇ خىل ھالەتلەر.

**مىلىققىدە** رەۋ. «مىلىق» قىلىپ، «مىلىق» قىلغان ھالدا: يۇمشاپ مىلىققىدە بولۇپ قالماق.

**مىلىقلىماق** پ. يۇمشاپ كەتمەك، بوشاپ كەتمەك: باغدىكى شاپتۇللار پىشىپ مىلىقلاپ كېتىپتۇ.

**مىلىق ـ مىلىق** «مىلىق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: قازاندىكى گۆش پىشىپ، مىلىق ـ مىلىق بولۇپ كەتكەنىكەن.

**مىلىك** ئى [پ] چىش يىلتىزى ئورۇنلاشقان گۆش.

**مىلىمەك** پ. بىرەر نەرسىنى ئۇۋاق، بوتقىسىمان نەرسىلەرگە تەگكۈزمەك، تىقماق، سۈركىمەك، يېپىشتۇرماق: مىلەپ يېگەن مېھماندىن قورق (ماقال). * موللام مىس سىياھدانىدىكى قويۇق قارا سىياھقا قومۇش قەلەمنى مىلەپ خەت يېزىۋاتاتتى.

**مىليارد** سان [ر<فىران] يۈز مىليوننىڭ ئون قېتىم قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان سان.

**مىلياردلاپ** رەۋ. مىلياردلارچە، مىليارد ـ مىليارد، سان ـ ساناقسىز، نۇرغۇنلىغان: قاراپ باقسىڭىز شۇنى بىلىسىزكى، ھەر يىلى تىنچلىق، مۇھىت ئاسراش، سالامەتلىك، پاراۋانلىق، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش دېگەن ئىشلار ئۈچۈن مىلياردلاپ پۇل خەجلىنىدۇ.

**مىلياردلارچە** سۈپ. ناھايىتى كۆپ، نۇرغۇن، جىق، تولا: دۇنيا مىقياسىدا مىلياردلارچە ئادەم 29 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ بېيجىڭدا ئېچىلىدىغانلىقىنى تەبرىكلىمەكتە.

**مىلياردلىغان** سۈپ. كۆپلىگەن، نۇرغۇنلىغان: جۇڭگودىكى مىلياردلىغان خەلق 29 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ بېيجىڭدا تېزرەك ئېچىلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈشمەكتە.

**مىليون** سان [ر<فىران] يۈز مىڭنىڭ ئون قېتىم قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان سان.

**مىليونلاپ** رەۋ. مىليونلارچە، مىليون ـ مىليون، نۇرغۇنلىغان، سان ـ ساناقسىز: مىليونلاپ ئىزباسارلارنى تەربىيەلەش ئۈچۈن نەپەستىن توختىغۇچە ئىشلەش كېرەك.

**مىليونلارچە** سۈپ. ناھايىتى نۇرغۇن، كۆپ، جىق، تولا.

**مىليونلىغان** سۈپ. نۇرغۇنلىغان، كۆپلىگەن: مىليونلىغان كىشىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى بولمىسا، ئىنقىلاب ئىشلىرىنىڭ غەلىبە قازىنىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ.

**مىليونېر** ئى [ر<فىران] مىليون بىلەن ھېسابلانغان بايلىققا ئىگە كىشى.

**مىليونېرلاشتۇرماق** «مىليونېرلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ شىركەت ئۇنى مىليونېرلاشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شىركەتتىكى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان خىزمەتچى خادىملاردىن رازى ئەمەس ئىدى.

**مىليونېرلاشماق** پ. مىليونېر بولماق، مىليونېرغا ئۆزگەرمەك: ئوسمان ئۆزىگە تۇشلۇق بىر شىركەتنىڭ خوجايىنى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مىليونېرلىشىۋاتقان تەڭتۇش يۇرتداشلىرىغا ھەسەت قىلاتتى.

**مىليونېرلىق** ئى. مىليونېر بولۇش، مىليونېرغا ئۆزگىرىش: ئۇنىڭ مىليونېرلىق چۈشى رېئاللىققا ئايلاندى.

**مىمىكا** ئى [ر<گىرېك] <ئۇس>① ھېس ـ تۇيغۇ، ئىچكى كەيپىيات قاتارلىقلارنى ئىپادىلىگۈچى يۈز مۇسكۇللىرى ھەرىكىتى: پىكىرنى مىمىكا ئارقىلىق ئىپادىلەش. ② ھېس ـ تۇيغۇ ۋە كەيپىياتلارنى يۈز مۇسكۇللىرى ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلەش سەنئىتى: مىمىكىغا ئۇستا ئارتىس.

**مىنا** ئى [ر<فىران] <ھەرب> بىر خىل پارتلىتىش قورالى:ئەينى يىللاردا مىنا ئۇرۇشىغا قاتناشقان 8 ـ ئارمىيەنىڭ بىر پېشقەدەم جەڭچىسى ماڭا مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى.

**مىنالاتماق** «مىنالىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مىنالاشتۇرماق** «مىنالاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر قېتىملىق جەڭدە مەلۇم پارتىزانلار ئەترىتى دۈشمەن يولىنى مىنالاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشتى.

**مىنالاشتۇرۇشماق** «مىنالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: پارتىزانلار ئۆزلىرىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىگە ئاساسەن گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، ئاساسلىق يول ئېغىزلىرىنى بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە مىنالاشتۇرۇشۇپ بولۇشتى.

**مىنالاشتۇرۇلماق** «مىنالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: دۈشمەننىڭ ئۆتىدىغان يوللىرى مىنالاشتۇرۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن پارتىزانلار ئەترىتىدىكىلەر نەق مەيداندىن دەرھال چېكىنمەكچى بولۇشتى.

**مىنالاشماق** پ ① «مىنالىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② مىنا كۆمۈلمەك ياكى ئورۇنلاشتۇرۇلماق.

**مىنالانماق** «مىنالىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: بۇ ۋاقىتتا پارتىزانلار ئۆزلىرىنىڭ چېكىنىش يوللىرىنىڭ دۈشمەنلەر تەرىپىدىن پۈتۈنلەي مىنالىنىپ بولۇنغانلىقى ھەققىدە خەۋەرگە ئىگە بولدى.

**مىنالىماق** پ. مىنا كۆممەك، مىنا ئورناتماق: ھەممە يەرنى مىنالاپ بولدۇق، تېز چېكىنەيلى.

**مىناميوت** ئى [ر] <ھەرب> زەمبىرەك ئوقى ئاغزىدىن قاچىلىنىدىغان، ئەگرى لىنىيە بويىچە ئېتىش ئاساس قىلىنىدىغان بىر خىل زەمبىرەك.

**مىناميوتچى** ئى. مىناميوت ئاتىدىغان ئەسكەر.

**مىندۇرمەك** «مىنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كەنجى ئوغۇل ئانىسىنى مىندۇرگەن قېچىرنى باينىڭ خامىنىغا ھەيدەپ قويۇپتۇ.

**مىنگەشتۈرمەك** ① «مىنگەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سەمەت ئاتىنىڭ ئالدى ـ ئارقىغا ئىككى بالىنى مىنگەشتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ② ئارتىلدۇرماق، ئالماشتۇرماق (پۇت ھەققىدە): مەمەت ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ پۇتلىرىنى مىنگەشتۈردى.

**مىنگەشتۈرۈلمەك** «مىنگەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ھېرىپ ماجالىدىن كەتكەن ھېلىقى ئايال بىلەن بالا ئەخمەتنىڭ زورلىشى ھەم ياردەم بېرىشى بىلەن ئاران دېگەندە ئاتقا مىنگەشتۈرۈلدى.

**مىنگەشمەك** پ. ئات ـ ئۇلاغ، ۋېلىسىپىت، موتوسىكلىت قاتارلىقلارغا ئىككىدىن ئارتۇق ئادەم مىنمەك؛ مىنگەن ياكى ئۇنىڭغا يېقىن ھالەتتە ئولتۇرماق: ئات كەينىگە مىنگەشمە، مىنگەشكەندىن كېيىن ئۈندىمە (ماقال). * ئەپەندىم ئوغلى بىلەن بىر ئېشەككە مىنگىشىپ بازارغا بېرىپتۇ.

**مىنگو** ئى [خەن] <تارىخ> جۇڭخۇا مىنگو، يەنى مەملىكىتىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى 1912 ـ يىلىدىن تارتىپ 1949 ـ يىلىغىچە بولغان مەلۇم دەۋرى.

**مىنمەك** پ. بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستىگە (كۆپىنچە ئات ـ ئۇلاغ، ۋېلىسىپىت، مۇتوسىكلىت قاتارلىقلارغا) ئىككى پۇتىنى ئىككى ياققا ساڭگىلىتىپ ئولتۇرماق: ئاتقا مىنمەك. ۋېلىسىپىتكە مىنمەك.

**مىننەت** ئى [ئە] قىلغان ياخشىلىقنى كۆز ـ كۆز قىلىش، داملاش، يۈزىگە سېلىش ياكى باشقىلارغا دەپ يۈرۈش: مىننەت قىلماق. * مېھنەتتىن قاچما، مىننەتتىن قاچ (ماقال).

**مىننەتخور** سۈپ [ئە + پ] قىلغان ئىشى ئۈچۈن مىننەت قىلىدىغان، مىننەت قىلىشقا ئامراق: ئۇ چىغرىقى غىچىرلاپ ئايلىنىۋاتقان قۇدۇق بېشىغا توپلىشىپ، مىننەتخور تەقسىماتچى بولۇپ بېرىۋاتقان سۇنى ئېلىۋاتقانلارغا قىزىقىش بىلەن قاراپ تۇراتتى.

**مىننەتخورلۇق** ئى. مىننەتخورلارغا خاس ئادەت، مىجەز، قىلىق: مىننەتخورلۇق پەسكەش ئادەملەرگە خاس قىلىقتۇر.

**مىننەتدار** ئى [ئە + پ] بىراۋنىڭ قىلغان ياخشىلىقى ۋە خىزمەتلىرىدىن رازى ۋە مەمنۇن: بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ياغاچچىدىن ناھايىتى مىننەتدار بولۇپ كېتىپتۇ.

**مىننەتدارلىق** ئى. مىننەتدار بولۇش، رازى بولۇش: ئېلى مىننەتدارلىق بىلەن ئۇنىڭ قوللىرىنى سىقتى.

**مىننەتسىز** سۈپ. مىننەتتى يوق، مىننەت قىلماي؛ مىننەتسىز ئىش: بۇ ئەسىر ئادەمنى بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن تېخىمۇ ساداقەتمەن، ئەپۇچان، كەڭ قورساق، مىننەتسىز، شەخسىيەتسىز بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

**مىننەتلىك** سۈپ. مىننەتتى بار، مىننەت قىلىنغان: ئىشلەپ يېگەن لەززەتلىك، تىلەپ يېگەن مىننەتلىك (ماقال).

**مىنۇت** مىق [ر<لات] ① بىر سائەتنىڭ ئاتمىشتىن بىر ئۈلۈشىگە تەڭ بولغان ۋاقىت ئۆلچەم بىرلىكى؛ دەقىقە: بەش مىنۇتتىن كېيىن ئايروپىلان يەرگە قوندى. ② <مات> بىر گرادۇسنىڭ ئاتمىشتىن بىر ئۈلۈشىگە تەڭ بولغان ياي ياكى بۇلۇڭ ئۆلچەم بىرلىكى (ئادەتتە رەقەمنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ ئۈستىنكى بۇلۇڭىغا قويۇلىدۇ). بەلگىسى « ′ »: بۇ بۇلۇڭ 60° 30′ ئىكەن. ③ <جۇغ> بىر گرادۇسنىڭ ئاتمىشتىن بىر ئۈلۈشىگە تەڭ بولغان كەڭلىك ياكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى (بەلگىسى يۇقىرىقىغا ئوخشاش). ④ كۆچمە. قىسقا مۇددەت؛ بىر دەم، بىر ئاز: بىر مىنۇت ساقلاڭ. * ئۇ بىر مىنۇتمۇ تۇرمىدى.

**مىنۇت ـ سېكۇنت** ① مىنۇت ۋە سېكۇنت: ئۇ ئۆتكىنىشتە ئەلاچى بولۇپ، مىنۇت ـ سېكۇنتنىمۇ قەدىرلەيتتى. ② كۆچمە. ئازغىنا، قىسقىغىنا: ئۇلارنىڭ ئىلىم ـ پەندىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى مىنۇت ـ سېكۇنت ۋاقىتنىمۇ قەدىرلىگەنلىكى ئارقىسىدا قولغا كەلگەن.

**مىنۇتلاپ** رەۋ. بىرنەچچە مىنۇت سەرپ قىلىپ، بىرنەچچە مىنۇت داۋامىدا: ئۇ قىيانلىق دەريادەك ئېقىنچان ھەم كۆرۈنۈشكە باي بولۇپ، ۋاقىت سائەتلىرىنى مىنۇتلاپ پارچىلىغاندا، ھەربىر مىنۇت تامامەن ئۆزگىچە مەنىۋى ھالەت بىلەن مەزمۇنلىنىدۇ.

**مىنۇتلۇق** سۈپ ① مەلۇم مىنۇت كېتىدىغان، مەلۇم مىنۇتتا بولىدىغان: 15 مىنۇتلۇق ئىش. ② قىسقىغىنا ۋاقىتتا، بىردەمدە بولىدىغان: ۋۇي ئاكا، بۇ نەچچە مىنۇتلۇق ئىشقۇ، نېمانچە قىلىنسىز ئەمدى؟

**مىنۇس** ئى [ر<لات] ① <مات> ئېلىش بەلگىسى (ـ) نىڭ نامى. ② مىقدارنىڭ مەنپىيلىكىنى ياكى تېمپېراتۇرىنىڭ نۆلدىن تۆۋەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز: مىنۇس 20. مىنۇس 30.

**مىنېرال** [ر<فىران] <گېيول> ① ئى. يەر پوستىدا ساقلانغان تەبىئىي بىرىكمىلەر ۋە ئاز ساندىكى تەبىئىي ئېلېمېنتلار. ② سۈپ. تەبىئىي خىمىيەلىك بىرىكمە ياكى ئېلېمېنتلارغا ئائىت، شۇنداق ئېلېمېنت ياكى بىرىكمىلەردىن ئىبارەت بولغان، تەركىبىدە شۇنداق ئېلېمېنت ياكى بىرىكمىلەر بار: مىنېرال تۇز. مىنېرال سۇ. مىنېرال ئوغۇت.

**مىنېرال بۇلاق** <گېئول> سۇيىدە كۆپ مىقداردا مىنېرال ماددىلار ئېرىگەن بۇلاقلار. بۇنداق بۇلاقلارنىڭ ھەممىسى ئاردشاڭلاردۇر. مىنېرال بۇلاقلارنىڭ تۇزلۇق بۇلاق، تۆمۈرلۈك بۇلاق، گۈڭگۈرتلۈك بۇلاق قاتارلىق تۈرلىرى بار. بەزى مىنېرال بۇلاقلاردىن كېسەل داۋالاشتا پايدىلانغىلى بولىدۇ.

**مىنېرال پاختا** <خىم> رۇدا ۋە كان داشقاللىرىدىن

ئىشلەنگەن تالالىق ماتېرىيال. ئىسسىققا چىداملىق. سوغۇق، ئىسسىق ۋە ئاۋازنى توسۇش خۇسۇسىيىتى ياخشى بولغاچقا، سانائەت ۋە قۇرۇلۇشلاردا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**مىنېرالسىز** سۈپ. تەركىبىدە مىنېرال ماددىلار بولمىغان، مىنېراللارغا خاس ئەمەس؛ مىنېرالسىز سۇنى قايناتمايلا ئىچىش سالامەتلىككە زىيانلىقتۇر.

**مىنېراللاندۇرماق** «مىنېراللانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مىنېراللانماق** پ. مىنېرال ماددىلارنى ئۆز تەركىبىگە قوشۇۋالماق.

**مىنېراللىق** سۈپ. تەركىبىدە مىنېرال ماددىلار بولغان: مىنېراللىق بۇلاق. مىنېراللىق كۆل.

**مىنېرالوگرافىيە** ئى [ر] <گېيول> رۇدىلارنى مىنېرالوگرافىيەلىك مىكروسكوپتا تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**مىنېرالوگىيە** ئى [ر] <گېيول> مىنېرالنىڭ خىمىيەلىك تەركىبى، ئىچكى قۇرۇلمىسى، ھالىتى، خۇسۇسىيىتى، ھاسىل بولۇش سەۋەبى، يېتىلىش ھالىتى، ئورتاق ھاسىل بولۇپ بىرىكىشى، ئۆزگىرىش شارائىتى، ئىشلىتىلىشى ھەم ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا باغلىنىشنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**مىنىبۇس** ئى [فىران] كىچىك ئاپتوبۇس: مىنىبۇسلار ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كوچىلىرىدىن پەيدىنپەي چېكىنىدۇرۇلمەكتە.

**مىنىستىر** ئى [ر<فىران] مىنىستىرلىقتا رەھبەرلىك قىلغۇچى ھۆكۈمەت خادىمى.

**مىنىستىرلىق** ئى ① مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ساھەلەر بويىچە بۆلۈنگەن ۋە مىنىستىر باشچىلىقىدىكى ئورگىنى. ② مىنىستىرنىڭ ۋەزىپىسى ۋە ئىشى.

**مىنىشلىك** سۈپ. مەخسۇس مىنىدىغان، مىنىشكە ئەپلىك، مىنسە ئادەم ھۇزۇرلىنىدىغان: مىنىشلىك ئات.

**مىنىشمەك** «مىنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئىككىسى ئاتلىرىغا مىنىشىپ قەسىرگە كېتىپتۇ.

**مىنىمۇم** سۈپ [ر<لات] دەرىجە ۋە قىممەت جەھەتتە ئەڭ ئاز، ئەڭ كىچىك: مىنىمۇم دەرىجە. مىنىمۇم قىممەت.

**مىنىمېتىر** ئى [ر<لات] <فىز> زىلىلىق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان بىر خىل ئۆلچەش ئەسۋابى. ئىستىرېلكا ۋە سائەت تەخسىسىدىن تۈزۈلىدۇ. پىشاڭنىڭ پرىنسىپى بويىچە ئىشلەيدۇ. زىلىلىق دەرىجىسى 0.01 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ.

**مىھلىيا** ئى [لات] <بوت>← **مىھلىيا چاتقىلى.**

**مىھلىيا چاتقىلى** <بوت> ماگنولوگىيە ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى تېرىلەشكەن، سوقىچاق ياكى تەتۈر تۇخۇم شەكىللىك. گۈلى يالغۇز، تولۇق ئېچىلمايدۇ، رەڭگى سېرىق، سۆسۈن قىزىل، خۇشبۇي پۇراقلىق، مەنزىرە ئۆسۈملۈكى. ئۇنىڭدىن پۇراقلىق ماي ئاجرىتىپ ئېلىشقا بولىدۇ، ئادەتتە پەمىل چايغا ئارىلاشتۇرۇپ چاينىڭ پۇرىقىنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**مىياڭ** تەق. مۈشۈكنىڭ مىياڭلىغان ئاۋازى.

**مىياڭلاتماق** «مىياڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوغلۇم ئۆيىمىزنىڭ مۈشۈكىنى كىچىك قەپەسكە سولۇۋېلىپ مىياڭلىتىپ ئوينىماقتا ئىدى.

**مىياڭلاشماق** «مىياڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مۈشۈكلەر مىياڭلىشىپ بىر ـ بىرىنى قوغلاشماقتا ئىدى.

**مىياڭلىماق** پ. مىياڭ قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، مىياڭ قىلماق (مۈشۈك ھەققىدە): ئۆيدىكى مۈشۈك تۇيۇقسىز مىياڭلاپ كەتتى.

**مىياڭ ـ مىياڭ** «مىياڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**مىيان** I سۈپ. دىيال. ئوتتۇراھال، ئوتتۇرا دەرىجىلىك.

**مىيان** II ئى. دىيال. يېڭى تۇغۇلغان (تەخمىنەن بىر ئايلىق بولغان) قوزىنىڭ تېرىسى.

**مىيانە** سۈپ. دىيال ① يامان. ② يېقىمسىز، كۆرۈمسىز.

**مىيانباز** ئى. تامدىن بۆرتۈپ چىققان تۈز تەكچە.

**مىياندۇك** ئى. تۇرۇمچاقنىڭ تۆمۈر يىككە ئورنىتىلغان كىچىك غالتىكى.

**مىيانسال** ئى. دىيال. سۇلۇق ھەم يوغان كۆك شاپتۇل.

**مىياۋ** تەق. مۈشۈك مىياۋلىغاندا چىققان ئاۋاز.

**مىياۋزۇ** ئى <ئىرق> مۈشۈ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئاساسەن ئېلىمىزنىڭ گۈيجۇ، خۇنەن، يۈننەن، گۇاڭشى، سىچۈەن، گۇاڭدۇڭ، خۇبېي قاتارلىق ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايونلىرىغا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان. چەت ئەللەردىن يەنە ۋېيېتنام، لائوسلاردىمۇ مىياۋزۇلار بار.

**مىياۋزۇچە** ① سۈپ. مىياۋزۇ خەلقىگە، ئۇنىڭ تىل ـ يېزىقى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: مىياۋزۇچە ئۇسسۇل. مىياۋزۇچە ئادەت. ② ئى. مىياۋزۇ تىلى: ئۇ مىياۋزۇچىنى ناھايىتى ياخشى سۆزلەيدۇ.③ رەۋ. مىياۋزۇ تىلى ۋە يېزىقىنى ئىشلىتىپ، مىياۋزۇ تىلىدا: مىياۋزۇچە سۆزلىمەك.

**مىياۋلاشماق** «مىياۋلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئايۋىنىڭدا ئاسلانلار، مىياۋلىشىپ يىغلايدۇ.

**مىياۋلىماق** پ. «مىياۋ» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، مىياڭلىماق: ئۆي خۇددى گۆردەك جىمجىت بولۇپ، پەقەت ئاچ قالغان مۈشۈكلا مىياۋلايتتى.

**مىياۋ ـ مىياۋ** «مىياۋ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**مىيلىماق** پ. دىيال. سۈركىمەك.

**مىيۇ** ئى [لات] <زوئول>← **مىيۇ بېلىقى.**

**مىيۇ بېلىقى** <زوئول> بىر خىل بېلىق. تېنى ئۇزۇن، سەل ياپىلاق، رەڭگى قوڭۇر، ئېغىزى چوڭ ھەم سەل يانتۇ، قۇيرۇق ئۈزگۈچىسى قوزۇق شەكلىدە كېلىدۇ. دېڭىزدا ياشايدۇ.

**مىيۇئون** ئى [ئىنگ] <فىز> لېپتونلارنىڭ بىر خىلى. ئۇ مۇسبەت زەرەتلىكلەر ۋە مەنپىي زەرەتلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. زەرەت مىقدارى ئېلېكترونىڭكى بىلەن ئوخشاش، ماسسىسى ئېلېكترون ماسسىسىنىڭ 207 ھەسسىسىگە تەڭ.

**مىيىق** ئى. ئېغىزنىڭ بۇرجىكى: مىيىقىدا كۈلمەك.

# ن

**ن** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ يىگىرمە ئۈچىنچى ھەرپى.

**نائەھلى** سۈپ [پ + ئە] پەس، ۋىجدانسىز، ئىپلاس: ـ ھۇ نائەھلى، ئىنساپسىز ئوغرىلار! كۈچۈكۈم ـ كۈچۈكۈم دېسە ... ھەددىڭلەردىن ئېشىپ كېتىۋاتىسىلەر! ـــ دېدى ھېلىقى كىشى ئاچچىد ـ قىغا پايلىماي.

**نائەھلىلىك** ئى. پەسلىك، ئىپلاسلىق، ۋىجدانسىزلىق: نائەھلىلىك قىلماق.

**ناباب** سۈپ [پ] ① باب كەلمەيدىغان، مۇۋاپىق ئەمەس، نا ـ مۇۋاپىق، ماس ئەمەس: يېزىقچىلىقتا ماھارەت يېزىشتا ئەمەس، بەلكى ناباب جايلارنى قىسقارتىۋېتىشتە. ② يۇرۇش ـ تۇرۇشى، قىلىقى يا ـ مان، يارىماس؛ بۇزۇق، ئەسكى: سىدىق ناباب بالا بولدى.

**نابابلىق** ئى ① باب، مۇۋاپىق كەلمەسلىك، نامۇۋاپىقلىق. ② بۇزۇقلۇق، ئەسكىلىك.

**ناباتات** ئى [ئە] كونا. ئۆسۈملۈكلەر: تەلىم ـ تەربىيە ئالدۇق دەپ، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈشىدۇ! ناباتات بىلەن ئىنسان ئوخشامدۇ؟ ئىنسان دېگەننىڭ جېنى بار، ناباتاتنىڭ جېنى يوق.

**نابور** ئى [ر] مەتبەئەچىلىكتە تېكىستكە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ تىزىلغان ھەرپ ۋە ھەرپ تىزىش ئىشى: نابور بۆلۈمى. نابور سېخى.

**نابورچىك** ئى [ر] باسمىخانىدا ھەرپ تىزىدىغان ئىشچى.

**نابورچىكلىك** ئى. باسمىخانىلاردا ھەرپ تىزىش ئىشى: ئۇ مۇشۇ زاۋۇتتا ئون يىلدىن بېرى نابورچىكلىك قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

**نابۇت** سۈپ [پ] يوقالغان، ھالاك بولغان، ۋەيران بولغان: نابۇت بولماق. نابۇت قىلماق.

**نابۇتلۇق** ئى. يوقىلىش، نابۇت بولۇش، ھالاك بولۇش، ۋەيران بولۇش: ئۇيغۇرنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئەسىر قىلىۋالغان 14 ـ، 15 ـ ئەسىرلەردىمۇ، يۈكسەك مىللىي مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بىلەن ئۇيغۇر ـ تۈرك تىلىنى نابۇتلۇقتىن ساقلاپ قالغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە ئۆلىمالارنىڭ سەپ بېشىدا تۇرغان بايراقدارى ئۇلۇغ نەۋائىي شاھىتلىق بېرىدۇ.

**نابىكار** سۈپ. دىيال. يارىماس، مۇتتەھەم.

**ناپاك** سۈپ [پ ] ① پاسكىنا، مەينەت؛ بۇلغانغان، تەركىبى ساپ بولمىغان: ـــ يىراق بول، كىيىملىرىڭ ناپاك بولىدۇ، ـــ دېدى ئۇ بالىسىنى چەتكە تارتىپ. ② غۇسۇل قىلمىغان، يۇيۇنمىغان؛ بۇزۇق، شاللاق: ـــ ناپاك ئايالنى سۆرەپ يۈرسەڭ قانداق بولۇر، ـــ دېدى ئۇ. ③ كۆچمە. يامان ئىللىتى بار، چىرىك، بولمىغۇر: مەن ئامالسىز ئۇنىڭ بىلەن ئاشۇنداق ناپاك، ئوغرىلارچە تىل بىرىكتۈرۈشكە مەجبۇرمەن.

**ناپاكلىق** ئى. مەينەتلىك، پاسكىنىلىق: پاك بول، ناپاكلىق ـــ ئادەمنى خانىۋەيران قىلىدۇ.

**ناتايىن** سۈپ [پ + ئە] ئېنىقسىز، نامەلۇم، ئېنىق بىلگىلى بولمايدىغان: باشلىق بولغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا خەلقنىڭ خىزمىد ـ تىنى جان ـ دىل بىلەن ئىشلىشى ناتايىن.

**ناترولىت** ئى [ر<لات + گىرېك] <گېئول>بىر خىل مىنېرال. يانتۇ ياقلىق كىرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ، قۇراشمىسى كۆپىنچە رادىيوئاكتىپ ياكى رادىيوئاكتىپلىق تالا شەكلىدە بولىدۇ. رەڭسىز، ئاق ياكى سۇس سېرىقتىن قىزىل رەڭگىچە كېلىدۇ. ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە. تالاسمانلىرى يىپەك پارقىراقلىقىدا بولىدۇ. قاتتىقلىقى 5 — 5.5، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 2.20 ~ 2.26.

**ناترىي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Na(Natrium). كۈمۈش رەڭلىك، يۇمشاق، پارقىراقلىققا ئىگە، ھاۋادا ئوڭاي ئوكسىدلىنىدۇ. ناترىي ۋە ئۇنىڭ تۇزلىرى — ئاش تۇزى، ناترىي ئاساسى ۋە گلابىر تۇزى قاتارلىقلار سانائەتتە كەڭ قوللىنىلىدۇ. ناترىي يەنە ئادەم مۇسكۇلى ۋە نېرۋا توقۇل ـ مىلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**ناترىيلىق** سۈپ. تەركىبىدە ناترىي بار بولغان، ناترىيغا ئىگە: ناترىيلىق ئەينەك. ناترىيلىق سېلىترا.

**ناتسىست** ئى [ر] ناتسىستىزم تەرەپدارى ياكى ناتسىستلار پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى.

**ناتسىستىزم** ئى [ر<نېم] <پەلس> 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇنقى گىتلېر گېرمانىيەسىنىڭ دۆلەتلىك سوتسىيال ئىشچىلار پارتىيەسى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە يۈرگۈزگەن «دۆلەت سوتسىيالىزمى» دېگەن مەنىدىكى ئەكسىيەتچىل تەشەببۇس ھەم سىياسەت. ئەمەلىيەتتە ئۇ گېرمانىيە فاشىزمىدۇر.

**ناتوغرا** سۈپ. توغرا ئەمەس، خاتا: ناتوغرا كەسىر.

**ناتوغرىلىق** ئى. توغرا ئەمەسلىك، خاتالىق.

**ناتونۇش** سۈپ. تونۇشمايدىغان، تونۇش ئەمەس، يات: ئۇ ئۆ ـ زىگە ناتونۇش بۇ ئادەمگە سوغۇق مۇئامىلە قىلدى.

**ناتونۇشلۇق** ئى. تونۇشماسلىق، ياتلىق.

**ناتۇرا** ئى [ر] <گ سەن> رەسىمگە ئېلىش ياكى كىنوغا ئېلىش ئۈچۈن ئوبيېكت بولغان تەبىئىي مەنزىرە، نەرسە، ئا ـ

دەم ۋە باشقىلار.

**ناتۇرال** سۈپ [ر] ① مال، مەھسۇلات بىلەن ئىپلىنىدىغان، بېرىلىدىغان، تۆلىنىدىغان: ناتۇرال ئىش ھەققى. ناتۇرال يەر ئىجارىسى. ② تەبىئىي ھالەتتىكى، ئەسلىي، تەبىئىي: ناتۇرال ئىگىلىك.

**ناتۇرالىزم** ئى [ر] <ئەد> ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە تەبىئىي پەنلەردىكى تەجرىبىچىلىك پوزىتسىيەسىنى قوللىنىپ تۇرمۇشقا مۇئامىلە قىلىش ۋە تۇرمۇشنى كۆزىتىش تەشەببۇس قىلىنغان بىر خىل يامان خاھىش.

**ناتۇرالىزمچى** ئى. ناتۇرالىزملىق ئىدىيەنى تەشەببۇس قىلغۇچى، ناتۇرالىزم تەرەپدارى: بۇنداق بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە بەدىئىي توقۇلما ناتۇرالىزمچىلارنىڭ مېخانىكىلىق تەقلىدچىلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالماسلىقى، خىيالىي، سۇبيېكتىپ ئويدۇرما بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

**ناتۇرالىزملىق** سۈپ. ناتۇرالىزمغا ئائىت بولغان، ناتۇرالىزم ئىدىيەسىگە ئاساسلانغان: ناتۇرالىزملىق خاھىش. ناتۇرالىزملىق ئىدىيە.

**ناتۇرىزم** ئى [ر] <دىن> قەدىمكى ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا بولغان تەبىئەت كۈچلىرىگە ئېتىقاد قىلىدىغان بىر خىل دىن.

**ناتىق** ئى [ئە] سۆزمەن، نۇتۇق سۆزلەش ئىقتىدارى يۇقىرى، گەپكە ئۇستا، گەپدان: ئۇ ناھايىتى پائالىيەتچان، ھارماس ھەمدە ناھايىتى ناتىق ئادەم ئىدى.

**ناتىقلاشتۇرماق** «ناتىقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۆپ قېتىملىق لېكسىيە سۆزلەش پۇرسىتى ئۇنى تېخىمۇ ناتىقلاشتۇرۇپ يېتىلدۇرمەكتە ئىدى.

**ناتىقلاشماق** پ. نۇتۇق سۆزلەش ئىقتىدارى ئېشىپ بارماق، سۆزمەنلەشمەك، گەپدانلاشماق: «سىزدە ئەيىب يوق. چۈنكى، يۇرتىمىزدىكى ئاشۇ نادانلىق مۇھىتىدىن نەپەس ئېلىپ، ناپاك ھاۋا بىلەن ساپ قانلىرى بۇزۇلۇش ئارقىلىق تولىمۇ ئېغىر كۈنلەردە ياشاۋاتقان ئاشۇ كىشىلىرىمىزنىڭ بىردىنلا ناتىقلىشىپ گەپ تېپىشىدىن قورققانلىقىم سەۋەب بولدى» دېيىلگەنىدى خەتتە.

**ناتىقلىق** ئى. سۆزمەنلىك، گەپدانلىق: ئۇنىڭ ناتىقلىقى لېكسىيە ئاڭلىغۇچىلارنى ھەيران قالدۇردى.

**ناتىنچ** سۈپ. تىنچ ئەمەس؛ تىنچلىقى، ئاسايىشى بۇزۇلغان: تاراق ـ تۇرۇق، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى كۆپ: ئۇ چاغدا بۇ يەرلەر ناھايىتى ناتىنچ ئىدى.

**ناتىۋان** سۈپ [پ] ئەھۋالى ناچار، زەئىپ، كۈچسىز، نىمجان؛ بىچارە، ئاجىز: ئايخان خۇددى قەپەسكە سولانغان بۇلبۇلدەك ناتىۋان بولۇپ قالدى.

**ناتىۋانلىق** ئى. ئاجىزلىق، بىچارىلىك: ئۆزۈمنىڭ ناتىۋانلىقىمغا قارىماي، ئاشۇنداق گۈمبەز قۇرۇش نىيىتىدە بىرقانچە يىللار ئىزدەندىم، ئۆگەندىم، يىغدىم ۋە يېزىشقا كىرىشتىم.

**ناتىيىن** سۈپ. دىيال. نامەرد، لەۋزىدە تۇرمايدىغان.

**ناجاڭ** سۈپ. دىيال. نازۇك، زەئىپ، ئاجىز، ئىنچىكە.

**ناجىنس** سۈپ [پ + ئە] بۇزۇق، ئىپلاس، پەس، رەسۋا: — كىم بولاتتى، ھېلىقى جەننەت دېگەن ناجىنس، ناقىسچۇ، — مارىخان ئاچچىق بىلەن غۇدۇڭشىدى.

**ناچا** ئى [پ ] ① تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئاستىنقى يىپىنى ئورايدىغان كىچىك غالتىكى ياكى غالتەككە ئوخشاش ئەسۋابى. ② موكىنىڭ يىپ تۇرگۈسى (توقۇمىچىلىقتا).

**ناچار** سۈپ [پ] ياخشى ئەمەس، ئەسكى؛ ئۆلچەمگە يەتمىگەن، نورمال چەكتىن تۆۋەن، لاياقەتسىز: ناچار كىتاب خۇددى ناچار ئادەمگە ئوخشاش ساڭا زىيان كەلتۈرىدۇ.

**ناچارلاشماق** پ. ناچار ھالەتكە كەلمەك، ناچار بولۇپ قالماق، ناچارلىماق، ئەسكىرىمەك: بۇ يەردىكى يەرلىك خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ناچارلىشىپ كەتكەنىدى.

**ناچارلىق** ئى. ياخشى ئەمەسلىك؛ لاياقەتسىزلىك: بۇ مېنىڭ مىجەز ـ خۇلقۇمدىكى ناچارلىقمۇ بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ ئۇنداق قىلىشنى خالىمايمەن.

**ناچارلىماق** پ. ناچار ھالەتكە كەلمەك، ناچارلاشماق: ئۇنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى كۈندىن ـ كۈنگە ناچارلاپ كېتىۋاتىدۇ.

**ناخشا** ئى. بەلگىلىك ئاھاڭغا سېلىنىپ ئېيتىلىدىغان شېئىرىي ئەسەر، غەزەل: دەل شۇ چاغدا يۇرەكنى ئەزگۈدەك مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى كەلدى.

**ناخشا ـ ئۇسسۇل** ناخشا ۋە ئۇسسۇل: يالغۇز ئاجايىپ ناخشا ـ ئۇسسۇلىمىز ۋە ئۇنىڭغا ماھىرلىقىمىز بىلەن ماختىنىپ ئۆتۈشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ.

**ناخشىچى** ئى. ناخشا ئېيتىشقا ئۇستا، ناخشىنى ياخشى ئېيتىدىغان كىشى: ئۇ ھېلىقى ناخشىچى قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى.

**ناخشىچىلىق** ئى. ناخشا ئېيتىشنى كەسىپ قىلىش، ناخشا ئېيتىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى: ئۇيغۇر ناخشىچىلىقى خېلى بۇرۇنلا دۇنياغا مەشھۇر ئىدى.

**ناخشىسىز** سۈپ. ناخشا يوق، ناخشا ئېيتىلمىغان: ناخشىسىز، مۇزىكىسىز تۇرمۇشنىڭ قانچىلىك مەززىسى بار؟

**ناخشىكەش** ئى. ناخشا ئېيتىشقا ئۇستا، ناخشىنى ياخشى ئېيتىدىغان كىشى، ناخشىچى: ئۇرۇمچىدىكى مەلۇم بىر رېستوراندا تۇزۇلگەن سورۇندا ئاممىباب ناخشا ئېيتىپ تونۇلغان بىر ناخشىكەش ئۇچىغا چىققان ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن «قومۇل ناخشىلىرىنى ‹مۇقام› دېگىلى بولمايدۇ» دېگەنىدى.

**ناخشىكەشلىك** ئى. ناخشا ئېيتىشنى كەسىپ قىلىش، ناخشا ئېيتىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى، ناخشىچىلىق: ئۇنىڭ دادىسى خەلق ئارىسىدا ناخشىكەشلىكتە ئاللىبۇرۇن تونۇلغانىدى.

**ناخشىلىق** سۈپ. ناخشا ئېيتىلغان، ناخشا بىلەن ئورۇنلانغان، ناخشا بار: ناخشىلىق مۇزىكا.

**ناخۇش** سۈپ [پ] خۇش ئەمەس، كۆڭۈلسىز، پەرىشان: — ئۇ قانداقمۇ دوكتور بولسۇن؟! — دېدى يىگىت ناخۇش ھالدا.

**ناخۇن** ئى [پ] تەمبۇر تارىنى چېكىپ چېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەرسە: مۇھەممەت قارىي تەمبۇرنى ئېلىپ، ئاۋۋال ناخۇننى تارلارنىڭ ھەممىسىگە نۆۋەت بىلەن ئىككى ـ ئۈچ قېتىم چېكىپ قويۇپ، ئاتۇش پەدىسىنى باشلىۋەتتى.

**ناخۇنلىماق** پ. تەمبۇرنى ناخۇن بىلەن چالماق: مۇقاملار شەيداسى گۈزەل قىز، ناخۇنلاپ تەمبۇرنى چالسا گەر. قەقنۇس غۇنچىدەك قان يۇتار، ھوشىنى يوقىتىپ شام ـ سەھەر.

**نادامەت** ئى [ئە] ئۆز قىلمىشى ئۈچۈن روھىي جەھەتتىن پەيدا بولغان ئازاب، بىئاراملىق، پۇشايمان، ئۆكۈنچ، ئەپسۇس: نادامەت چەكمەك. نادامەت قىلماق.

**نادامەتلىك** سۈپ. پۇشايمانلىق، ئۆكۈنچلۈك، روھىي ئازاب، پۇشايمان سېزىلىپ تۇرغان: ئېرىپان يىغا ئارىلاش ئاڭلىـ

ىنۋاتقان نادامەتلىك ئۇنگە قۇلاق سالدى.

**نادان** سۈپ [پ] ① ئىلىم ـ پەندىن خەۋىرى يوق، ئالىي ماڭارىپ ياكى تەربىيە كۆرمىگەن: نادان ئادەم. ② زېھنىي ئىقتىدارى تۆۋەن، دۆت، گالۋاڭ، كاللىسى ئىشلىمەيدىغان: ــ قانداق نادان بالا ماۋۇ، ئوھۇش، ــ دېدى ھېلىقى خوتۇن پەرھاتنىڭ قوللىرىنى قاتتىق سىلكىپ، ــ ئاۋۇ چەتكە قويىماسمەن؟!

**نادانلارچە** رەۋ. نادانلارغا ئوخشاش، نادانلاردەك، نادانلىق بىلەن: ــ بولدى، بولدى، ــ دېدى سەمەتنى توسۇپ، ــ بۇنداق نادانلارچە ئىش قىلمايلى، بۇگۇن كېتىپ، ئەتە كەلسەك بولمىدىمۇ؟

**نادانلاشتۇرماق** «نادانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىلىمسىزلىك كىشىنى تېخىمۇ نادانلاشتۇرىۋېتىدۇ ھەم ئاجىزلاشتۇرىۋېتىدۇ.

**نادانلاشماق** پ. نادان ھالەتكە كەلمەك، بىلىمسىز، پەم ـ پاراسەتسىز بولۇپ قالماق، گالۋاڭلاشماق: ئادەم گېزىت ـ ژۇرنال، كىتاب ئوقۇماي، كىنو ـ تىياتىر كۆرمەي، رادىيو ئاڭلىماي چەت ـ ياقا جايلاردا ئۇزۇن تۇرۇپ كەتسىمۇ نادانلىشىپ قالىدىكەن.

**نادانلىق** ئى. نادان كىشىلەرگە خاس قىلىق ـ ھەرىكەت، ئەخمەقلىق: ــ مەن نادانلىق قىپتىمەن، كەچۈرسىلە! ــ دېدى ئۇ بەگنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپ.

**نادىر** [ئە] ① سۈپ. كەم تېپىلىدىغان، كەم ئۇچرايدىغان، ناھايىتى ئېسىل، ئەلا؛ بىباھا، قىممەتلىك: شائىر نۇرغۇنلىغان نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**نار** ئى. بىر ئۆركەشلىك ئەركەك تۆگە.

**نارازى** سۈپ [پ + ئە] رازى بولمىغان، قوشۇلمىغان، قانائەتلەنمىگەن؛ قارشى كەيپىيات؛ خۇشال، مەمنۇن بولمىغان، خۇرسەن ئەمەس: نارازى بولماق. نارازى قىلماق.

**نارازىلىق** ئى. رازى بولماسلىق: شەھەر خەلقىنىڭ پەيلى يامان ئىدى، نارازىلىق كۈنسېرى كۈچىيىپ، بارغانسېرى خەۋپلىك تۈس ئېلىپ بېرىۋاتاتتى.

**نارەسىدە** سۈپ [پ] بالاغەتكە، ۋايىغا يەتمىگەن: نارەسىدە بالا. نارەسىدە قىز.

**نارەنجى** [پ] ① ئى <گ سەن> قىزىل بىلەن سېرىقنىڭ قوشۇلۇشىدىن پەيدا بولغان، ئاپېلسىن ياكى كاۋا چېچەكىگە ئوخشايدىغان بىر خىل مۇرەككەپ رەڭ. ② سۈپ. شۇ خىل رەڭگە ئىگە: نارەنجى رەخت.

**نارزان** ئى [ر] <خىم> كاربونات ئانگىدرىدلىق مىنېرال سۇ.

**ناركوتىك** [ر] ① ئى. ناركوز قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان دورىلار. مەسىلەن، ئېتىل، ئېفىر، خىلوروفورم، كوكايىن، پىروكائىن قاتارلىقلار. ② سۈپ. ناركوز قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە: ناركوتىك ماددىلار.

**ناركوز** ئى [ر<فىران] <تېب> بىھوش، سەزمەس قىلىش: ناركوز قىلماق.

**ناركوزچى** ئى. دوختۇرخانىلاردا مەخسۇس ئوپېراتسىيە قىلىدىغان بىمارلارغا مەست قىلىش ياكى ھوشسىزلاندۇرۇش ئوكۇلى ئۇرىدىغان مەخسۇس خادىم: دوختۇر ناركوزچى خادىمغا ئىشنى باشلاشنى بۇيرۇپ قويۇپ ئۆزى ئوپېراتسىيە ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

**ناركوزچىلىق** ئى. ناركوزلاش، ناركوز قىلىش ئىشى، خىزمىتى: ئۇ قايسىبىر دوختۇرخانىدا ناركوزچىلىق قىلاتتى.

**ناركوزلاتماق** «ناركوزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايشەم دوختۇر ئۆزى ئۈستىدە تۇرۇپ ناركوزچى ئارقىلىق بىمارلارنى بىر باشتىن ناركوزلىتىشقا باشلىدى.

**ناركوزلاشماق** «ناركوزلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ناركوزچى خادىملار ۋەقەگە ئۇچرىغان ھەربىر بىمارنى تېزلىك بىلەن ناركوزلىشىپ ئۇدۇللۇق ئوپېراتسىيەخانىغا يۆتكەشكە باشلىدى.

**ناركوزلانماق** «ناركوزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قارىغاندا نېرۋىمۇ ئۇزاق مۇددەتلىك غىدىقلىنىشتىن ناركوزلىنىپ، ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ.

**ناركوزلىماق** پ. بىھوش قىلماق، مەست قىلماق: ناركوزچى دوختۇر بىمارنى ناركوزلاپ بولۇپ 15 مىنۇت ساقلاشنى ئېيتتى.

**ناز** ئى [پ] باشقىلارغا يېقىش ئۈچۈن يۈز ـ كۆزنى ئوينىتىپ قىلىنغان يەڭگىل ھەرىكەت، ئەركىلىك: ناز قىلماق.

**نازارەت** ئى [ئە] ① ئادەم، نەرسە ياكى ھادىسىنىڭ ئومۇمىي ياكى ئايرىم تەرەپلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان كۆزدىتىش، تەكشۈرۈش: نازارەت قىلماق. ② ئاپتونوم رايونلۇق، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە بىۋاسىتە قاراشلىق بولغان ئىدارە ـ ئورگان: مالىيە نازارىتى.

**نازارەتچى** ئى. نازارەت قىلغۇچى، تەكشۈرۈپ تۇرغۇچى، كۆزەتكۈچى كىشى: ئىمتىھان مەيدانىدا قولتۇقىغا يوغان دەپتەرلەرنى قىستۇرۇۋالغان ئىمتىھان نازارەتچىلىرى ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى.

**نازارەتچىلىك** ئى. نازارەت قىلىش ئىشى. نازارەتچىلەرنىڭ ئىش ـ پائالىيىتى: نازارەتچىلىك قىلماق.

**نازاكەت** ئى [پ] ① كىشىنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇش، قىلىق ـ ھەرىكەت ۋە مۇئامىلىسىدىكى نازۇكلۇق، لاتاپەت، ئەدەپ: بەست ـ بويى كېلىشكەن بىر جۇۋان يېقىملىق نازاكەت بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشتى. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**نازاكەتسىز** سۈپ. نازاكىتى يوق، يېقىمسىز، قوپال، بىئەدەپ: ماڭا بۇ ئايالنىڭ سۆزلىرى قوپال، نازاكەتسىز بىلىندى.

**نازاكەتلىك** سۈپ. نازاكىتى بار، يېقىملىق؛ نازاكىتى بىلەن كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان، زوقلاندۇرىدىغان: نازاكەتلىك ئالمىخان، دوپپىڭىزغا گۈل بولاي. جان تەسەددۇق ئەيلىدىم، تا ئۆلگۈچە قۇل بولاي.

**نازغىتماق** «نازغىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ــ ئالدىرىما ئاپا، قومۇش پۆپۈكلىرىنى مىڭ نازغىتىپ ئوينىغان بىلەن بەرىبىر بورا بولىدۇ، ــ دېدى ئۇ.

**نازغىتىشماق** «نازغىتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قەپەس ئىچىدە بىر توپ توزلار چىرايلىق قاناتلىرىنى نازغىتىشىپ ئۇ ياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشىپ يۈرۈشەتتى.

**نازغىماق** پ. ئويناقشىماق، تولغىنىپ نازلانماق، تولغانماق: ئۇنىڭ كىيىملىرى تولىمۇ تار ھەم قىسقا بولغاچقا، ئىش قىلغاندا كۆكسىلىرى لىغىلداپ، بەللىرى نازغىپ تولىمۇ قىزىقارلىق كۆرۈنەتتى.

**ناز ـ كەرەشمە ← نازۇكەرەشمە.**

**نازلانماق** «نازلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئايخان سۆزۈك لەۋلىرىنى ھىمىرىپ، رۇستەمنىڭ تەلەپچان

كۆزلىرىگە نازلىنىپ قارىدى.

**نازلىق** سۈپ. نازى بار، ناز ئارىلاش، خۇلقلۇق؛ يېقىملىق: ــ شەپە بەرمىگەن بولسام قارىماي كېتەتتىڭىز ـ ھە؟ ــ دېدى ناۋاتخان نازلىق ئاۋاز بىلەن قىيىدىغاندەك.

**نازلىماق** پ. ناز قىلماق، ئەركىلىمەك، ئويناقشىماق، خۇلق قىلماق: قىز بالىنىڭ يىغلىغىنى ــ نازلىغىنى (ماقال).

**نازلىنىشماق** «نازلانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سەھنىدە بىر توپ قىزلار نازلىنىشىپ ئۇسسۇل ئويناشماقتا ئىدى.

**ناز ـ نېمەت** ← **نازۇنېمەت**.

**نازۇك** سۈپ [پ] ① ئىنچىكە، زىلۋا: مەن بىر قولۇم بىلەن ئۇنىڭ نازۇك بارماقلىرىنى تۇتتۇم. ② يۇقىرى ماھارەت ھەم كۆپ ئەجىر بىلەن ئىشلەنگەن، ئىشلىنىشى نەپىس، ئېسىل؛ مۇرەككەپ، چىگىش: تىراكتورنىڭ نازۇك بىر سايمىنى ئىشتىن چىقىپ، تىراكتور ھەرىكەتتىن توختىغانىدى. ③ ئۆزىگە خاس قىيىن تەرەپلىرى بولغان، ئالاھىدە ماھارەت، بىلىم تەلەپ قىلىدىغان؛ ئورۇنلاش، بېجىرىش ئەڭ قىيىن بولغان: ئۇ بۇ قېتىمقى نازۇك ئىلمىي تەجرىبىنى غەلىبىلىك تاماملىدى. ④ سۆيۈملۈك، يېقىملىق، ئوماق، كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان: ئۇنىڭ نازۇك بەدىنى كۆز ئالدىمغا كەلدى. ⑤ كۆچمە. ئالاھىدە ئېتىبار تەلەپ قىلىدىغان؛ تۇرلۇك تەسىرلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان، بىرەر تەسىرنى ئاسان قوبۇل قىلىدىغان، سۆز ـ ھەرىكەتكە قارىتا سەزگۈر، ئەمما گەپ كۆتۈرەلمەيدىغان: بۇرۇنلا نازۇك مىجەز ئىدىڭ، قارىغىنا سازلىقلار ئۆزگەردى، سېنىڭ مىجەزىڭ بولسا تېخىچىلا كونا پېتى! ⑥ سىلىق، يېقىملىق، نازاكەتلىك، ئەۋرىشىم: قىزمۇ قىرىلارغا نازۇك بىر ھەرىكەت بىلەن سالام بەردى. ⑦ كۆچمە. ئاجىز، بوش، زەئىپ، چىدامسىز: ئادەم گۈلدىن نازۇك، تاشتىن قاتتىق (ماقال). ⑧ سىرلىق، كىشىنى ھەم سۆيۈندۈرىدىغان ھەم ئەنسىرىتىدىغان: كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارا ـ بارا مەندە ئۇنىڭغا قارىتا بىر خىل نازۇك تۇيغۇ ئويغىنىشقا باشلىغانىدى. ⑨ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**نازۇكەرەشمە** ناز ۋە كەرەشمە؛ ئومۇمەن ئويناقشىپ، ئەركىلەپ قىلىنغان قىلىق ـ ھەرىكەتلەر: ئۇ شۇنداق قارىۋىدى، ئۆزىگە نازۇكەرەشمە بىلەن ئىللىق كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرغان پەرىزاتنى كۆردى.

**نازۇكلاشتۇرماق** «نازۇكلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**نازۇكلاشماق** پ. نازۇك ھالغا كەلمەك، نازۇك بولۇپ كەتمەك: ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىنىڭ يۇمشاپ، نازۇكلىشىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى.

**نازۇكلۇق** ئى. نازۇك ھالەت ياكى نازۇك كىشىلەرگە خاس قىلىق ـ ھەرىكەت، ئادەت: ئۇنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىدە ئاللىقانداقتۇر نازۇكلۇق بار ئىدى.

**نازۇنېمەت** ئى. تەبىئەت ئاتا قىلغان تۈرلۈك نېمەتلەر ۋە يەل ـ يېمىشلەر: يايىدى ئالدىمغا ئۇلار كەڭ داستىخان، نازۇنېمەتلەر تىزىلدى يانمۇيان.

**نازىر** ئى [ئە] نازارەتنىڭ باشلىقى: مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى. سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى.

**نازىركۇم** ئى <مۇز> ئۇيغۇر خەلق كۈيلىرىدىن بىرى ۋە شۇ كۈيگە ئوينىلىدىغان بىر خىل ئۇسسۇل. ئۇ ئاساسەن تۇرپان ۋە قۇمۇل رايونلىرىدا كەڭ ئومۇملاشقان.

**نازىرلىق** ئى. نازىرغا يۈكلەنگەن ئەمەل، ۋەزىپە، ئىش: ئۇنىڭ نازىرلىق قىلىۋاتقىنىغا تۆت يىلدەك بولۇپ قالدى.

**نازىگۈل** ئى [ناز + ى + گۈل] <بوت> ① قوڭغۇراقگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**نازىل** سۈپ [ئە] ①چۈشكەن، ئەۋەتىلگەن: نازىل بولماق. نازىل قىلماق ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**نازىنىن** سۈپ [پ] چىراي ـ تۇرقى، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، گۈزەل، ناھايىتى چىرايلىق (قىز ـ ئاياللار ھەققىدە): بارارغا يوللىرىڭ بولسۇن، قىزىلگۈل ھەمراھىڭ بولسۇن، سېنىڭدەك نازىنىن يارغا، مېنىڭدەك قۇللىرىڭ بولسۇن.

**ناس** ئى [پ] كۆك تاماكا بىلەن چاكاندا كۈلىنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان بىر خىل چېكىملىك.

**نasارا** ئى [ئە] خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى كىشى.

**ناسكى** ئى [ر] ئوشۇقنى يېپىپ تۇرىدىغان قىسقا پايپاق.

**ناسناس** سۈپ. قانداقلا نەرسە بولسا يەۋېرىدىغان، تاماق تاللىمايلا يەپ كېتىدىغان، ئاچ كۆز: ناسناس ئادەم.

**ناسوس** ئى [ر] <ماشىن> سۇيۇقلۇق ياكى گازنى تارتىپ چىقىرىش ياكى بىر نەرسىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب: ۋېلىسىپىت ناسوسى. ھاۋا ناسوسى. ناسوس بىلەن سۇ چىقارماق.

**ناسۋال** ئى [پ ] ← **ناس**: سادىق بوۋاي ئاچچىقىنى بىر چىمدىم ناسۋال بىلەن بېسىپ، ناسىرنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى.

**ناسۋال قاپاق** ① <بوت> قاپاقنىڭ ئۆزگەرگەن بىر تۈرى. ئۇنىڭ قاپاقتىن پەرقى شۇكى، كۆپ مېۋىلەيدۇ، مېۋىلىرى تەخمىنەن 10 سانتىمېتىر چوڭلۇقتا بولىدۇ. ناس چېكىدىغانلار كۆپ ىنچە ناسىنى مۇشۇ قاپاققا سالىدۇ. ② ناسۋال چېكىدىغانلار ناسۋال قويۇپ يېنىدا ساقلايدىغان كىچىك قاپاق: بەزى ئەزالارنىڭ ھۆپۈپ قىچقارغان چاغدا يەيدىغان ئىشى تۈگەپ كېتىپ، «ناسۋال قاپاققا نان بارمۇ؟» دەپ خورجۇن كۆتۈرۈپ چىققىلى تاس قالدى.

**ناسۋالچى** ئى. ناسۋال تەييارلىغۇچى ياكى ئۇنى ساتقۇچى كىشى.

**ناسۋالچىلىق** ئى. ناسۋال تەييارلاش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى.

**ناشاد** سۈپ [پ] شاد ـ خۇشال ئەمەس؛ غەم ـ قايغۇغا پاتقان، خاپا، مەيۈس: بولدى نىمجان سۇغا تەشنا بېلىقلىرىڭ، بولدى ھەم غەرق باشقا يەلكەن ـ قېيىقلىرىڭ. ئەلەم بىلەن ئۆتتۈڭ ئون يىل ناشاد بېغىم.

**ناشايان** سۈپ [پ] نامۇناسىپ، نالايىق؛ بىمەنە، رەسۋا: ھاجى ئىشان سېنىڭ ئايتۇرا بىلەن قىلغان ناشايان ئىشىڭنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىكەن.

**ناشتا** ئى [پ] ① سەھەردە ئورۇندىن تۇرۇپلا يېيىش ئۈچۈن تەييارلانغان نان ـ پان، چاي قاتارلىق يېمەكلىك؛ ئەتىگەنلىك تاماق: ئۇ تىراكتورنى قوشنا ئېتىزدا توختىتىپ قويۇپ، ئەتتىگەنلىك ناشتىغا ئۆيگە كەلدى. ② ناشتا قىلغان ياكى قىلىدىغان ۋاقىت:

ئەتىسى تاھىر ئاكا سەھەر تۇرۇپ مالىلىرىغا بوغۇز بەردى. ناشتىدىن كېيىن دۇكانغا باردى.

**ناشتا ـ ناھا** ناشتىدا يەيدىغان نەرسىلەر: ئابلىكىم كېيىنكى كۈنلەردىكى ئادىتى بويىچە خاماندىن ئەتىگەن قايتىپ كېلىشى ۋە بىر ئاز ناشتا ـ ناھا قىلىۋېلىپ، ئاندىن كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ئۇخلىشى لازىم ئىدى.

**ناشتىسىز** سۈپ. ناشتا قىلمىغان، ناشتا قىلماي: ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن ناشتىسىزلا سىرتقا چىقىپ كەتتى.

**ناشتىلىق** ئى. ناشتا قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان يېمەكلىك، ئەتىگەنلىك تاماق: ــ ئاپىسى، ناشتىلىق بىرنەرسەڭلەر بولسا، تېزرەك بولۇڭلار، بىز ناشتا قىلىپلا ماڭمىساق بولمايدۇ، ــ دېدى توختى ئاكام.

**ناشپىكەر** ئى <بوت> قوغۇننىڭ بىر تۈرى، تەمى بەك تاتلىق: پىلىكىگە قاراپلا دەمدۇ خەمەكنى ناشپىكەر، يارغۇدەك تىلنى ئۇنىڭدا تەم ۋە لەززەت بولمىسا.

**ناشى** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئاساسەن مەملىكىتىمىزنىڭ يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ لىجياڭ، ۋېيشى، جۇڭدىيەن، يۇڭشېڭ قاتارلىق جايلىرىغا ۋە سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ يەنيۈەن، يەنبيەن، مولى قاتارلىق جايلىرىغا ئولتۇراقلاشقان.

**ناغرا** ئى [ئە] <مۇز> ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرغۇلۇق (سوقما) چالغۇ ئەسۋابى.

**ناغرا ـ دۇمباق** ناغرا ۋە دۇمباق: بىر كۈن ئاۋۋال ناغرا ـ دۇمباق ياڭرىتىپ ھەم سۇنايلارنى «سەنەم»گە سايرىتىپ، ئەتىسى بايۋەچچىنىڭ بولدى تويى، ئاڭنى ئەگىپ قىلدى جەۋلان قۇرغۇيى.

**ناغرا ـ سۇناي** ناغرا ۋە سۇناي: بىردىنلا ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئۆگزىسىدىن ناغرا ـ سۇناي ئاۋازى ئاڭلاندى.

**ناغرا ـ كاناي** ناغرا ۋە كاناي.

**ناغرىچى** ئى. ناغرا چالىدىغان كىشى، ناغرا چېلىشقا ئۇستا ئادەم: ناغرىچىلار ئورۇنلاشتى دۆڭلەرگە، ياڭراپ تۇردى مۇڭلۇق، گۈزەل بىر ناۋا. داستىخانلار يېغىلغاندا، پۈتۈن ئەل ــ شاد ـ خۇرام قىلدى ئويۇن ۋە ساما.

**ناغرىخانا** ئى <ئانات> قۇلاقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ناغرا پەردە تۇرىدىغان بوشلۇق.

**نافتالىن** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلاسى $H_{10}C_8$. رەڭسىز كىرىستال بولۇپ، ئالاھىدە پۇرىقى بولىدۇ. كۆمۈر سمولىسىدىن چەككىلەپ ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن بوياق، سمولا، پۇراقلىق ماتېرىيال، تېببىي دورا قاتارلىقلارنى ياسىغىلى بولىدۇ.

**ناقابىل** سۈپ [ پ + ئە ] يارىمايدىغان، يارامسىز، قابىلىيەتسىز، ئىقتىدارسىز: ناقابىل ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن ھەرقانداق مۇكەممەل قائىدە ـ تۈزۈملەرمۇ ھېچقانچە ياردەم بېرەلمەيدۇ.

**ناقابىللىق** ئى. قابىلىيەتسىزلىك، يارامسىزلىق، ئىقتىدارسىزلىق: ئۇنىڭ ناقابىللىقى تۈپەيلىدىن مۇشۇنداق زور ۋەقە كېلىپ چىقتى.

**ناقايىل** سۈپ [ پ+ئە ] قايىل ئەمەس، رازىلىقى يوق، رازى ئەمەس: ــ مەن سۆزۈڭگە ناقايىل، ــ دېدى ھېلىقى ياش بالا ئەخمەتكە پەرۋاسىز قاراپ قويۇپ.

**ناقايىللىق** ئى. قايىل ئەمەسلىك، قايىل بولماسلىق، رازى ئەمەسلىك، رازى بولماسلىق: ئۇنىڭ سەمەتكە تىكىلىپ قارىشىدىن بۇ گەپكە ناقايىللىقى چىقىپ تۇراتتى.

**ناقولاي** سۈپ. قولاي ئەمەس، ئەپسىز، بىئەپ: يول ئۈستىدە كۆپ تۇرۇشمۇ ناقولاي، ئۆيگە كىرىش تېخى ئەپسىز ئىدى.

**ناقولايلىق** ئى. قولايسىزلىق.

**ناكار** سۈپ [پ] بىرەر ئەزاسى ئەسلىي ھالىتىنى، ئىقتىدارىنى يوقاتقان؛ مېيىپ: ناكار بولماق. ناكار قىلماق.

**ناكارلاشماق** پ. ناكار ھالغا چۈشمەك، ناكار بولماق، كارغا يارىماس بولماق، مېيىپ بولماق: شۇ قېتىمقى ماشىنا ۋەقەسىدە ئۇنىڭ سول پۇتى ناكارلاشتى.

**ناكارلىق** ئى ← **مېيىپلىك**: ئۇ ناكارلىقنىڭ ئازابىنى خېلى جىق تارتقان كونا ئەسكەر ئىدى.

**ناكەس** سۈپ [پ] ۋىجدانى، ئىنسابى يوق، يارىماس، قەبىھ، پەسكەش: «تىلىڭنى يىغ ناكەس ! » دېدى مەنسۇر غەزەپ بىلەن ئالدىغا مېڭىپ. * ناكەسكە قەرزدار بولساڭ، يولدا قىستار ھەم گۆردە.

**ناكەسلىك** ئى. پەس قىلىق ـ ھەرىكەت، پەسلىك، رەزىللىك: ئۇنىڭ ناكەسلىكىدىن ئاشۇ تۇتۇلۇپ قالغانلارمۇ ئۆلگۈدەك خورلاندى.

**ناگان** I ئى [ر] تاپانچا: كېلەتتى ئۇ ياقتىنمۇ بىر توپ ئەسكەر، مەردانە ئات چاپتۇرۇپ، مەغرۇر ھامان. ئارقىغا بۇرۇلغاندا قالدى ھاڭ ـ تاڭ، تۇراتتى قىز ئۇنىڭغا تەڭلەپ ناگان.

**ناگان** II رەۋ [پ] ① بەزەن، بەزى، گاھى: چىراي ئويغاتسىمۇ سۆيگۈنى ناگان، چىن سۆيگۈ چىرايغا ھەرگىز قارىماس. پۈتكۈل مال ـ دۇنياسى بىلەنمۇ خاقان، بىر جانان كۆڭلىنى سېتىپ ئالالماس. ② كۈتۈلمىگەندە، تۇيۇقسىزدىن، ئۇشتۇمتۇت؛ ئەگەر: سېنىڭدەك بىناۋا ئالەمگە كەلمەس، ناگان كەلسە كېلۇركى، جاھانغا كەلمەس.

**ناگاندا** رەۋ. بەزىدە، گاھىدا؛ ئەگەردە: مەن ئۇنىڭ بىلەن ناگاندا ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ پەلەمپەيلىرىدە، ناگاندا تەنتەربىيە مەيدانىدا ئۇچرىشىپ قالاتتىم.

**ناگان ـ ناگاندا** ئاندا ـ ساندا، بەزى ـ بەزىدە، گاھى ـ گاھىدا: بىز ناگان ـ ناگاندا ئۇچرىشىپ قالاتتۇق.

**ناگاھ** رەۋ [پ] يېزىت. كۈتۈلمىگەندە، توساتتىن، ئۇشتۇمتۇتتىن، ئويلىمىغان يەردىن؛ بەزىدە: ناگاھ ئۇ ئويغىنىپ كەتسە بۇ ئىشنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشى ئېنىق ئىدى.

**ناگۇلا** سۈپ. جان ت. نارازى، خاپا؛ غەمكىن: ئايدىڭ ناگۇلا كۆرۈنەتتى.

**ناگۇلالىق** ئى. جان ت. نارازىلىق، خاپىلىق؛ غەمكىنلىك: ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرسىمۇ قاشلىرى ئاستىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس ناگۇلالىق سېزىلىپ تۇراتتى.

**ناگىرىم** سۈپ. دىيال. پەرىشان، كۆڭلى يېرىم.

**ناگىلا** سۈپ. دىيال. ① غەمكىن، مەيۈس. ② تۇتۇق، غۇۋا.

**نال** ئى [ئە] ئاياغ كىيىمنىڭ پاشنىسىغا ياكى چەمنىڭ ئۇچىغا قېقىلىدىغان تۆمۈر بۇيۇم، كىچىك تاقا: ئۆتۈكنىڭ نالى.

**نالايىق** سۈپ [پ + ئە] لايىق ـ مۇناسىپ ئەمەس، لايىق كەلمەيدىغان، مۇۋاپىق بولمىغان: ھازىر ئۆزلىرى بويتاقلىقنىڭ دەردىنى ئوبدان تارتىۋاتىدىلا، بۇنداق يۇرىۋېرىش ئەھلى مۇسۇلمانغا نالايىق ئىش.

**نالە** ئى [پ] ① غەم ـ ئەلەم، دەرد ـ ھەسرەتنى ئىپادىلەيدىغان دەردلىك ئاۋاز؛ پەرياد، پىغان: نالە قىلماق. ② يالۋۇرۇش،

ئىلتىجا، ئۆتۈنۈش قاتارلىق تەلەپ تۈيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مۇڭلۇق ئاۋاز، يىلىنىپ قىلىنغان ئىلتىجا ئاۋازى: ئىت ھۆركىرەپ يىغلاپ ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەپتۇ. ئۇنىڭ نالىسىگە چىدىماي، ياسىن بىلەن مۇشۇكمۇ يىغلاپتۇ.

**نالە ـ پەرياد** نالە ۋە پەرياد، ئومۇمەن دەردلىك، ئېچىنىشلىق ئاۋازلار: شۇ كۈنى دادامنىڭ ئېچىنىشلىق نالە ـ پەريادى بىر ـ دەممۇ بېسىقمىدى.

**نالە ـ پىغان** نالە ۋە پىغان: مۇستەبىتنىڭ تۈرمىلىرى توشۇپ كەتتى، ئېزىشلىرى بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. غەزەپ ـ نەپرەت دەريالىرى تېشىپ كەتتى، ھېچ يەتمىدى ئاللاغا بۇ نالە ـ پىغان.

**نالە ـ زار** نالە ۋە زار: بۆرە بۇ سۆزلەرنى نالە ـ زار بىلەن تولغىنىپ تۇرۇپ تۈلكىگە يىلىنىپ ئېيتتى.

**نالەش** ئى [پ] ① ھەسرەتلىك نالە، ئېچىنىشلىق نالە: يۇرت ئىچىنى يىغا ـ زارە، ئىش ئورنىنى ھەسرەت، پىغان، نالەش ئوتلىرى قاپلىدى. ② ئۇيغۇر خەلق كۈيلىرىدىن بىرىنىڭ نامى: ئۇ ئاخىرى نالەشكە چېلىپ ھەممەيلەننى بىر خىل مۇڭغا چۆمدۈردى.

**نالىلىق** سۈپ. نالى بار، نال قېقىلغان، نال بېكىتىلگەن: نالىلىق ئۆتۈك.

**نالىلىق** سۈپ. نالە ـ پەريادى بار، نالە ئارىلاش: قونغىنىدا نالىلىق سازىڭغا شادلىق بۇلبۇلى، مەي ئىچەرمىز ئولتۇرۇپ، نەزمى ئارا مەي ياغدۇرۇپ.

**نام** ئى [پ] ① ئادەم ياكى نەرسىگە مەخسۇس قويۇلغان ئات، ئىسىم: نام بېرىپ ھاسا دەرىخىگە شۇ دەم، ئاتاشىپتۇ «ئەزىمەت» دەپ ئۇنى ھەم. ② مەلۇم ساھە ياكى مەلۇم خىزمەتتە ئېرىشكەن نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇتۇق ـ نەتىجىلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن مەخسۇس بەلگىلىمىلەر ئاساسىدا بېرىلگەن دەرىجە، ئۇنۋان، مەخسۇس ئاتاق: بۇ قاراۋۇلخانا بۇ نۆۋەت «قاراقۇرۇمدىكى پولات قاراۋۇلخانا» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. ③ كۆپچىلىك ئارىسىدىكى داڭ، شۆھرەت، شەرەپ: ئەل ئارىسىدا گۈلئايىم، چېۋەر قىز دەپ نامىڭ بار. ساڭا لايىق ئوت يۈرەك، مەندەك ئىشچان يارىڭ بار.

**نام كۆتۈرمەك** ← **ئات كۆتۈرمەك.**

**نامى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق** ← **ئېتى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق.**

**نام ـ ئابرۇي** نام ۋە ئابرۇي: دائىما ئويلاركەن بىر دوست تېپىشنى، نام ـ ئابرۇي قازىنىپ چوڭ يەپ ـ ئىچىشنى.

**نام ـ ئاتاق** نام ۋە ئاتاق: ئۆردەك خېنىم سۆزۈڭگە، چۈشەنمىدىم ۋاقاق ـ ۋاق. نىمە ئۈچۈن ئۆكۈزگە، مەنسۇپ دېيىسەن نام ـ ئاتاق؟

**ناماتمان** ئى [پ] دىيال. كىگىز باسىدىغان ئۇستا، كىگىزچى.

**نامارغۇ** سۈپ. دىيال. نەمخۇش.

**ناماز** ئى [پ] <دىن> مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاغا سېغىنىپ كۈندە بەش قېتىم بېجىرىشى زۆرۈر بولغان ئىبادىتىنىڭ نامى: ناماز ئوقۇماق. ناماز ۋاقتى.

**ناماز چۈشۈرمەك** <دىن> مېيىتنى دەپنە قىلىشتىن بۇرۇن مېيىت بىلەن خوشلىشىش ۋە ئۇنى ئاللادىن جەننەت ئاتا قىلىشنى تىلەپ ئوقۇيدىغان نامازنى ئۆتىمەك: نورۇز بوۋا: «كېلىڭلەر، ئىسلام شەرىئىتى بۇ ئاخۇنۇملارنىڭ كۆڭلىدەك تار ئەمەس. جىنازا نامىزىنى چۈشۈرۈپ باقمىغان بولسامىمۇ، كۆپ قېتىم كۆرگەن-مەن» دېدى ـ دە، ئۆزى ناماز چۈشۈردى.

**نامازدىگەر** ئى [ناماز + دىگەر] <دىن> ← **دىگەر**: ئۇلار ناماز ـ دىگەرنى ئوقۇش ئۈچۈن جايناماز سالدى. * نامازدىگەردىن باشلاپ، پۈتۈن يېزا بويلاپ تىنتىش، تۇتقۇن قىلىش باشلاندى.

**نامازشام** ئى [ناماز + شام] <دىن> ← **شام** I: ئەپەندىم ئۇلار بىلەن بىللە نامازشامنى ئوقۇپتۇ. * ـــ كەچتە، نامازشامدا كەلگىن، ـــ دېدى ئۇ سەمەتكە.

**نامازخان** ئى [پ] نامازنى تەرك ئەتمەي ئوقۇپ تۇرغۇچى كىشى: نامازخانلار شام نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن خېلى بالدۇرلا مەسچىتكە كېتىشكەنىدى.

**نامازسىز** سۈپ. ناماز ئۆتىمىگەن، ناماز ئوقۇمىغان، بىناماز: رەئىس ئەپەندىم مۇلازىملىرىغا دەررە كۆتۈرگۈزۈپ، نامازسىزلارنى تەكشۈرەتتى، پەرزنى بىلمىگەنلەرنى ئۇرغۇزاتتى.

**نامازشامگۈل** ئى [ناماز + شام + گۈل] <بوت> ① ناماز ـ شامگۈل ئائىلىسىدىكى بىر ياكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئادەتتە ئۇ مەنزىرە ئۈچۈن ئۆستۈرۈلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**نامازگاھ** ئى [پ] جامائەت يىغىلىپ ناماز ئوقۇيدىغان جاي، ئورۇن.

**ناماقۇل** [پ + ئە] ① سۈپ. ئەقىلغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان، قوبۇل قىلغىلى، ماقۇل بولغىلى بولمايدىغان، خاتا، بىمەنە، دۇرۇس ئەمەس: سەندىن ماڭا ھېچقانداق ناماقۇل سۆز ۋە زىيان يەتمەدى. ② ئى. بەزى جۈملىلەردە «كەچۈرۈم، ئەپۇ سوراش، سەۋەنلىكنى ئۆستىگە ئېلىش، ئۆزرە ئېيتىش» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ: يار ھۆجرىسىدا ياتىپ، دېگەن سۆزىگە ماقۇل. يار مەندىن يامانلاپتۇ، مەن يارىمغا ناماقۇل.

**ناماقۇللۇق** ئى. بىراۋغا قىلىنغان نامۇۋاپىق سۆز ـ ھەرىكەتتى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراش، ئۆزرە ئېيتىش: تاپقىنى ناماقۇللۇقتىن ئاشماپتۇ (ماقال).

**نامايان** رەۋ [پ] ئېنىق، ئوچۇق كۆزدىلىنگەن، روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان: نامايان بولماق. نامايان قىلماق.

**نامايەندە** ئى [پ] ① بىرەر ئىجتىمائىي گۇرۇھقا ياكى بىرەر ساھەگە، ئېقىمغا مەنسۇپ بولغان، ۋەكىل خاراكتېرلىك شەخس، ۋەكىل: ئەبۇناسىر فارابى ئۇلۇغ ئۇيغۇر ـ قارلۇق ئالىمى، ئوتتۇرا ئەسىر ئارىستوتېلچىلىق ئىلمىي تەلىماتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىسى ئىدى. ② ئوخشاش تۈردىكى نەرسىلەر ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر، ئەڭ ئالىي ئورۇندا تۇرىدىغان نەرسە، ئۈلگە: ئەجدادلىرىمىز قۇرۇلۇش ساھەسىدىمۇ ئۆچمەس نامايەندىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن، ئەنە شۇلاردىن بىرى ھېيتگاھ جامەسىدۇر.

**نامايەندىلەنمەك** پ. نامايەندە قىلىنماق، نامايەندە بولماق، كۆرسىتىلمەك: يەتتىسۇ شېۋىسى ئۆزىنىڭ فونېتىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسىدىلا ئەمەس، بەلكى لېكسىكىلىق قۇرۇلمىسى جەھەتتىمۇ بەكرەك نامايەندىلىنىدۇ.

**نامايەندىلىك** ئى. ۋەكىللىك، ئۈلگىلىك، مەشھۇر: بۇنداق ۋاقىتتا سوتسىيال گۈللىنىش پارتىيەسىنىڭ «نامايەندىلىك رولىغا ئىگە داھىيسى»نىڭ خېتىنى ئېلان قىلىش نۆۋەتتە ئىيوردانىيەنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە تەسىرى چەكلىك بولۇۋاتقان بۇ پارتىيە ئۈچۈن شۈبھىسىزكى ناھايىتى پايدىلىق ئىش.

**نامايىش** ئى [پ] ① ئەمەلدە كۆرسىتىش، نامايان قىلىش، ئىپادىلەش، گەۋدىلەندۈرۈش: نامايىش قىلماق. ② كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بىرەر پائالىيەتنى تەبرىكلەش، خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى ياكى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى مەلۇم كۆز قاراشلىرىنى، نارازىلىقىنى ئىپادىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن توپ ـ توپ بولۇپ كوچىغا چىقىپ كوچىمۇكوچا ئايلىنىپ مېڭىشى: نامايىش قىلماق.

**نامايىشچى** ئى. نامايىشقا قاتناشقۇچى كىشى، نامايىش قىلغۇچى شەخس: دېموكراتىك غەربتە بوزەك ئەمەس ئىشچىلار، خۇددى ئوقتەك پارتلىدى، دەردمەن نامايىشچىلار.

**نامايىشكار** ئى [ پ ] نامايان قىلىنىش، ئىپادىلىنىش، كۆرسىتىلىش، گەۋدىلىنىش: زاكىر ئۈنچىقماستىن بەختىيارنىڭ يېنىغا ئۆتتى ۋە ئازارسىز قىلىپ ئۇنىڭ نامايىشكار كۆرۈنۈپ تۇرغان پوقىقىنى سالماقلىدى.

**نامايىشكارانە** رەۋ [پ] نامايىشتىن دېرەك بەرگەن، نامايىش يۈرىقى چىقىپ تۇرغان ھالدا: مۇشۇ ھەپتىدە ئاقسۇ ۋەزىيىتى ئۇشتۇمتۇت جىددىيلىشىپ، ئەسكەرلەرنىڭ نامايىشكارانە يۆتكىلىشلىرى كۆپىيىپ قالدى.

**نامە** ئى [پ] ① بىرەر ئورۇن ياكى شەخسكە ئەۋەتىش ئۈچۈن يېزىلغان خەت، مەكتۇپ: نامە ئەۋەتمەك. ② تۈرگۈن سۆزلەرگە قوشۇلۇپ شۇ سۆز ئىپادىلەنگەن مەزمۇن ھەققىدىكى خەت دېگەن مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن، بايانىنامە، خىتابنامە، ئىقرارنامە... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

**نامەرد** سۈپ [پ] مەرد ئەمەس، بېخىل؛ ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان؛ قولىدىن ياخشىلىق كەلمەيدىغان؛ نا ئىنساپ، پەس: نامەرد ئادەم.

**نامەردلىك** ئى. مەرد ئەمەسلىك، بېخىللىق، پەسلىك: نامەردلىك قىلماق: مەردلىك جۇشقۇن ۋە ئېگىلمەس بولىدۇ، نامەردلىك ئەۋرىشىم ۋە يېپىشقاق بولىدۇ.

**نامەلۇم** [پ + ئە] ① سۈپ. كىملىكى، نېمىلىكى ئېنىق بولمىغان، ئېنىقلانمىغان، ئېنىق ئەمەس: ئۇنىڭ كېيىنكى ئەھۋاللىرى بىزگە نامەلۇم ئىدى. ② ئى <مات> نامەلۇم سان: نامەلۇمنى دەرىجىگە كۆتۈرمەك.

**نامەلۇم سان** <مات> ئالگېبرالىق ئىپادە ياكى تەڭلىمىدىكى سانلىق قىممىتى ھېسابلاشلار ئارقىلىق ئېنىقلىنىدىغان سان. مەسىلەن، 3x+6=27 دىكى X نامەلۇم ساندىن ئىبارەت.

**نامەلۇملۇق** سۈپ <مات> تەركىبىدە نامەلۇم بولغان: ئىككى نامەلۇملۇق تەڭلىمە.

**نام ـ ئەمەل** شۇ كىشىنىڭ كىم ۋە قانداق ئادەملىكى ھەققىدىكى مەلۇمات، چۈشەنچە: ئۇلار ئېلاننى يەنە بىر قېتىم ئوقۇدى، ئۇنىڭدا بېشى سازايى قىلىنغان ئادەمنىڭ ئىسمى ۋە باشقا نام ـ ئەمەللىرى ئېيتىلمىغانىدى.

**نامەھرەم** ئى [پ + ئە] ئىسلام دىنى شەرىئەت ھۆكمىدە يېقىن تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بولمىغانلىقىدىن بىر ـ بىرىگە كۆرۈنۈش مەنئى قىلىنغان يات ئەر ياكى ئايال (بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن): نامەھرەم بولماق.

**نامەھرەملىك** ئى. ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئوچۇق قويۇلمايدىغان جايلىرى: شۇ كۈنى سودىگەر مەلىكىنى ئەپقاچتى، بىر چېدىرغا ئەكىرىپ نامەھرەملىككە قول سۇندى.

**نامچىلىق** ئى <پەلس> ئوتتۇرا ئەسىر مەدرىسە پەلسەپىسىدىكى بىر ئېقىم. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى چىنلىق نەزەرىيەسىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، شەيئىلەر ئومۇمىي ئۇقۇمدىن بۇرۇن مەۋجۇت دەپ قارايدۇ.

**نامدار** سۈپ [پ] نامى بار، نامى چىققان، داڭلىق: ئۇنىڭمۇ نامدار شەھەرلەرگە بېرىپ سەيلە ـ تاماشا قىلغۇسى كېلەتتى.

**نامداش** ئى. نامى ئوخشاش، ئوخشاش ئىسىمدىكى كىشى ياكى نەرسە (بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن).

**نامرات** سۈپ [پ] ① ئىقتىسادى ناچار، ئىشىنچا پۇل ـ مېلى يوق، ماددىي تۇرمۇشى تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولمىغان؛ كەمبەغەل: مولللازەيدىن بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ② قىس، كەم، كەمبەغەل: تىلدا نامرات بولۇش شائىرنىڭ ئەڭ زور مەغلۇبىيىتىدۇر.

**نامراتچىلىق** ئى ← **نامراتلىق** : بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاي بىلەن موماي ناھايىتى نامراتچىلىقتا كۈن ئۆتكۈزگەنىكەن.

**نامراتلاشتۇرماق** «نامراتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ــ ئەنە كۆردۈڭلەرمۇ؟ ــ دېدى ئۇ بىزگە ئالمىنى كۆرسىتىپ، ــ ئۇنى نامراتلاشتۇرۇۋەتكەن ئاشۇ بۇزۇق ئاياللار.

**نامراتلاشتۇرۇشماق** «نامراتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**نامراتلاشتۇرۇلماق** «نامراتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا تۈرلۈك سېلىقلار كۆپەيتىلىۋېرىپ، دېھقانلار تېخىمۇ نامراتلاشتۇرۇلغانىدى، ھازىر ئۇنداق ئەمەس.

**نامراتلاشماق** پ. نامرات ھالغا كەلمەك، نامرات بولماق: ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن قۇددۇسلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ئۆزگەردى، قىلىۋاتقان ئوقىتى توختاپ، بارا ـ بارا نامراتلاشتى.

**نامراتلىق** ئى. كەمبەغەللىك، نامرات، كەمبەغەل ھالەت ياكى نامرات بولۇش: نامراتلىق ــ ئەيىب، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت قىلماسلىق تېخىمۇ چوڭ ئەيىب.

**نامزات** ئى [پ] سايلاش، تەيىنلەش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن شەخس: نامزات كۆرسەتمەك. نامزاتلار تىزىملىكى. نامزاتلارنى تەستىقلىماق.

**نامزاتلىق** ئى. نامزات بولۇش: بۇ قېتىمقى ھاكىملىق نامزاتلىقىغا ئەخمەتمۇ كىردى.

**نامسىز** سۈپ ① نامى، ئىسمى نامەلۇم؛ نام ـ ئىسىم قويۇلمىغان ياكى نامى ـ ئىسمى يېزىلمىغان: ھېلىقى نامسىز شوپۇر يىگىت كۆرۈنمەيتتى. ② كۆچمە. داڭقى، شۆھرىتى يوق، ئەل ئارىسىدا ئابرۇيى يوق ياكى تۆۋەن: ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئۆز ئۆيىگە كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئىچىدە ئۇنداق ـ مۇنداق نامسىز ئادەملەردىن بىرىمۇ يوقلۇقىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن قىلىۋاتاتتى.

**نام ـ شەرەپ** نام ۋە شەرەپ، ئاتاق ـ ئابرۇي: ــ سىلىنىڭ نام ـ شەرىپىلىرىنى ئۇ كۆپ قېتىم ماڭا ئېيتىپ بەرگەنىدى، ــ دېدى ھېلىقى كىشى ماڭا.

**نام ـ شۆھرەت** نام ۋە شۆھرەت: نام ـ شۆھرەت قوغلاشماق.

**ناملىق** سۈپ. نامى بىلەن ئاتالغان، ئىسىملىك: «مەشھۇر مۇقام ئالىمى شائىرە ئامانىسا خېنىم» ناملىق سۈرەتنى كۆرۈپ ناھايىتى زوقلاندىم.

**نام ـ نەسەب** نام ۋە نەسەب: ئەخمەت كېيىن «ئۇ كىشى كىم بولغاي؟ خىزىرنى كۆردۈممۇ ـ يا؟ ئەجەب بۇ كىشىنىڭ نام ـ نەسەبىنى

سورىماپتىمەن» دەپ، كۆپ نادامەتلەر چەكتى.

**نام - نىشان** نام ۋە نىشان، ئۇچۇر ھەم دېرەك: — دۇنيادا ساھىبجامال مەلىكىلەر تولا، بىرىنى تاللىۋېلىپ مۇرادىڭىزغا يەتسىڭىز بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، پىراق شىددىتى ۋە ھىجران مۇشەققىتى ئاستىدا نام - نىشانسىز يوقىلىپ كېتىسىز، — دېدى ئۇ.

**نام - نىشانسىز** نام - نىشانى يوق، مەقسەتسىز؛ ئىز - دېرىكى يوق، دېرەكسىز: بەزى كىشىلەر ئارىمىزدىن نام - نىشانسىز يوقىلىپ كېتىپ بارماقتا، بۇ بىز ئۈچۈن ساۋاق بولۇشى كېرەك.

**نامۇئەمەل** ئى [نام + ئەمەل] ← **نام - ئەمەل:** نامۇئەمەلىنى سورىسىڭىز، ئىسمىم سادىر، بۇ يۇرتتا مۇساپىرمەن.

**نامۇزۇن** سۈپ. دىيال. تەمسىز، لەززەتسىز، تېتىقسىز.

**نامۇشەرىپ** ئى [نام + شەرىپ] مۇبارەك نام، مۇقەددەس ئىسىم؛ ئومۇمەن ئىسمى تىلغا ئېلىنغان كىشىنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئېيتىلىدۇ: — يىگىت، نامۇشەرىپىڭىز كىم بولىدۇ؟ — دېدى ھېلىقى بوۋاي ئۇنىڭدىن سوراپ.

**نامۇناسىپ** سۈپ [پ + ئە] مۇناسىپ ئەمەس، ماس كەلمەيدىغان، نامۇۋاپىق، بولمىغۇر: شەرىئەت يولىدا نامۇناسىپ ئىشلارغا چارە كۆرۈش بىزنىڭ ھەققىمىز.

**نامۇنەسەب** [نام + نەسەب] ← **نام - نەسەب:** — ئۆزلىرىنىڭ نامۇنەسەبلىرىنى بىلىشكە بولامدىكىن؟ — كەمتەرانە سورىدى ئابدۇرېشىت خان.

**نامۇنتىزىم** سۈپ [پ + ئە] مۇنتىزىم ئەمەس، مۇنتىزىم بولمىغان: دەرىجىدىن تاشقىرى سانائەتلىشىش دەۋرىگە يېقىنلاشقانسېرى ئادەملەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بارغانسېرى ۋاقىتلىق ۋە نامۇنتىزىم بولۇپ بارىدۇ.

**نامۇنتىزىملىق** ئى. مۇنتىزىم، مەزمۇت بولماسلىق، مۇنتىزىم ئەمەسلىك؛ تەرتىپسىزلىك: ئاھاڭ شەكلىنىڭ نامۇنتىزىملىقى شۇ مۇزىكىنىڭ ناچار ئىشلەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

**نامۇنىشان** [نام + نىشان] ← **نام - نىشان:** گۆر ئوغلىدىن نامۇنىشان ياكى ئىنىسى شاھ مۇھەممەتخاندىن بىرەر خەۋەر بولمىدى.

**نامۇۋاپىق** سۈپ [پ + ئە] مۇۋاپىق ئەمەس، مۇۋاپىق بولمايدىغان، ماس كەلمەيدىغان: ئادەملەر ئارىسىدىكى قان تۆكۈشۈشلەرگە نامۇۋاپىق ئىجتىمائىي تۈزۈم جاۋابكار.

**نامۇۋاپىقلىق** ئى. نامۇۋاپىق ھالەت، نامۇۋاپىق ئەھۋال: — مېنىڭچە، بۇ قېتىمقى ئۆي تەقسىماتىدا نامۇۋاپىقلىق باردەك قىلىدۇ، — دېدى ئۇ سەل نارازى بولغاندەك قىلىپ.

**نامىي** سۈپ. نامىدىكى، نامىلىق: نامىي ئىش ھەققى.

**نان** ئى [پ] ① خېمىردىن تەييارلىنىدىغان، تونۇر، ئوچاق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە يېقىپ ياكى قازان، دۇخوپكا قاتارلىقلارغا سېلىپ پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىك. ② كۆچمە. ئومۇمەن يەپ - ئىچىلىدىغان، ياشاش ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان زۆرۈر نەرسىلەر؛ پايدا: — ئەمدىلا ئازراق نان تېپىۋىدىم، — دېدى ئۇ ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ، — بۇ چاتاقنىڭ چىققىنىنى قارىمامسەن.

**نان بەرگەن قولنى چىشلىمەك** ← **تۇزىنى يەپ، تۇزلۇقىنى چاقماق:** ئۆزلىرى ئۈچۈن داستىخان هامان ئېچىقلىق، بىزلەرچۇ، نان بەرگەن قولنى قوشۇپ چىشلەيدىغانلاردىن ئەمەس. قېنى چايدىن ئوتلىسىلا، قەنتتىن كۆپرەك سالسىلا.

**نان تەگمەك** پايدا - مەنپەئەت كەلمەك: پۇل سۇنۇلدى، ئۇلار ئۆزئارا «نان تەگسۇن» دېيىشىپ، يەرگە سۈركەلگەن قوللىرى بىلەن يېڭىباشتىن قول ئېلىشىشتى.

**نان تېپىپ يېمەك** ① تۇرمۇشقا كېرەكلىك زۆرۈر نەرسىلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزمەك: «مۇشۇ پېتى ئوبدان ئوقۇسا، ئۆزى نان تېپىپ يەپلا قالماي، مېنىمۇ بېقىپ كەتسە ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلىدى بوۋاي. ② پايدا ئالماق، نەپ - مەنپەئەتكە ئېرىشمەك: — مەن سىلىگە 20 يۈەن ئەرزان بەردىم، سىلىمۇ نان تېپىپ يېسىلە، — دېدى ئۇ ھىيلىگەرلەرچە ھىجىيىپ.

**نان دەسسەپ بەرمەك** قەسەم قىلماق، قەسەم قىلىپ بەرمەك: — مەن ئالمىدىم، — دېدى ئۇ قىزىرىپ - تاتىرىپ، — ئىشەنمىسەڭ نان دەسسەپ بېرەيمۇ؟

**نان قېپى** ئىش قىلماي قورساق باقىدىغان، تەييارنى يەيدىغان، بىكار تەلەپ، ھۇرۇن: ئۇ نان قېپى بىر نېمىلەرنى پۈتۈن خەلق بىلىدۇ.

**نان كور** بىراۋنىڭ بەرگەن ئاش - نېنىنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان، ياخشىلىققا يامانلىق قىلىدىغان، تۇزكور: — ھەي نان كور، پادىشاھقا نېمە ئۈچۈن قەست قىلىسەن؟ خۇدادىن قورقمامسەن؟ — دەپتۇ سوراقچى ۋارقىراپ.

**نان كورلۇق** ياخشىلىققا يامانلىق قىلىش، تۇزكورلۇق: نان كورلۇق قىلماق.

**نانىمۇ ئوڭلاپ يېيەلمەيدىغان** قولىدىن ھېچبىر ئىش كەلمەيدىغان، ئىش قاملاشتۇرالمايدىغان، دۆت، لەقۋا: — ئادەم تاپتىم دەپ، نانىمۇ ئوڭلاپ يېيەلمەيدىغان بىر نېمىنى ئەكەلگىنىنى قارىمامدىغان؟ — دېدى ئۇ مەنسۇرغا ئاچچىقلاپ.

**نان ئۇرسۇن** «خۇدا ئۇرسۇن، شورى قۇرۇسۇن» دېگەن مەنىدىكى قەسەم سۆزى: — ئەزبىرايى خۇدا، راست غوجام، — دېدى قاڭشارلىق كەلگەن بۇرۇتلۇق چېرىك، — گېپىمىز يالغان بولسا، بىزنى نان ئۇرسۇن، قان قۇسۇپ ئۆلەيلى.

**نېنى پۈتۈن** تۇرمۇش ئەھۋالى ئوبدان، تىرىكچىلىككە زۆرۈر بولغان نەرسىلىرى تولۇق، باياشات: — ئوبدان ئوقۇغىن، — دېدى ئۇ ھەببەنىڭ مۈرىسىنى سىلاپ تۇرۇپ، — خۇدايىم بۇيرۇسا يەنە بەش - ئالتە يىلدا نېنىڭ پۈتۈن ئادەم بولىسەن، ئاڭغىچە ئۇكىلىرىڭمۇ كارغا يارىغۇدەك بولۇپ قالىدۇ.

**نېنىنى يېمەك** پايدىسىنى كۆرمەك، نەپ - مەنپەئەتىدىن بەھرىلەنمەك، مەنپەئەتلەنمەك: بۇ يەرلەرنىڭ نېنىنى يېيىش بېرىپ - بېرىپ بىزگە نېسىپ بولغىنىنى قارىمامدىغان، بۇمۇ بىر ئامەت!

**نانپاراق** ئى [نان + پاراق] ← **نانقايناق.**

**نانتاختا** ئى [نان + تاختا] ← **پەشخۇن.**

**نان - توقاچ** نان ۋە توقاچ.

**نانجىگدە** ئى [نان + جىگدە] <بوت> ① جىگدىنىڭ بىر خىل سورتى، يەنى جىگدە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يېڭى نوتىلىرى كۈل رەڭ كېلىدۇ. يوپۇرمىقى تۆمۈنە شەكلىدە بولىدۇ. گۈلىنىڭ سىرتى كۈل رەڭ، ئىچى سېرىق كېلىدۇ، پۇرايدۇ. ئۇچكىلىك مېۋىسى سوقىچاق بولۇپ، رەڭگى قىزىل ياكى سېرىق كېلىدۇ، ئادەتتە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۈسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**نانچۆپ** ئى [نان + چۆپ] ئاز - تولا گۆش، كۆكتات قاتارلىقلارنى سۇدا قاينىتىپ، ئۈستىگە قېتىپ كەتكەن نان ۋە

چۆپلەرنى سىلىپ ئىتىدىغان بىر خىل يېمەكلىك.

**نانچىلىق** ئىش. نان يېقىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى، كەسپى: ئۇيغۇر نانلىرى ھەققىدە ئىنچىكىلىك بىلەن ئىزدىنىپ، ئۇيغۇر نانچىلىقىنى ئەنئەنىۋىلىكتىن تېخىمۇ بىر بالداق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىلمىيلەشكەن يېڭى بىر سەۋىيەگە كۆتۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

**نانخور** سۈپ [پ] نانني كۆپ يەيدىغان، نان يېيىشنى ياخ-شى كۆرىدىغان، نانغا ئامراق: نانخور ئادەم. نانخور بالا.

**نانەرىخى** ئى [نان + دەرەخ + ى] <بوت>ئۇجمە ئائىلد-سىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. مېۋە گۆشى ئاق رەڭلىك بولۇپ، بولكىغا ئوخشايدۇ. يېيىشكە بولىدۇ.

**ناندىنا** ئى [ر<لات] <بوت> ← **ناندىنا چاتقىلى**.

**ناندىنا چاتقىلى** <بوت> زىرىق ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماقلىق، كىچىك يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان شەكىلدە، گۈلى كىچىك، ئاق رەڭلىك، كونۇسسىمان گۈل رېتىدە بولىدۇ. مېۋىسى شار شەكىل-لىك، رەڭگى ئاق سۇس قىزىل ياكى سۆسۈن. مېۋىسى، غولى ۋە يىلتىزلىرى دورا قىلىنىدۇ. يىلتىز، غوللىرىنىڭ ئىسسىقنى قايتۇرۇش، ھەيز ماڭدۇرۇش؛ مېۋىسىنىڭ يۆتەل توختىتىش، ھاسىراشنى پەسەيتىش رولى بار.

**نانسىز** رەۋ. نان يوق، نان ئالماي: بىر پۇڭسىز، بىر نانسىز چىقتىم سەپەرگە، شۇندىمۇ ئاچلىقتىن خالىي خىيالىم. ھەيرانمەن ئالدىمغا كۇتكۇچى قىزچاق، ھەرۋاقلىق تاماقتا ئاش قويار دائىم.

**نانقايناق** ئى [نان + قايناق] كۆكتات، گۆش قاتارلىقلارنى سۇدا قاينىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىيتىپ كەتكەن نان پارچى-لىرىنى سېلىپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل يېمەكلىك.

**نانئۇشتا** ئى. ئەتىگەنلىك تاماقتىن بۇرۇن ئاز - تولا قورساقنى ئەستەرلىۋېلىش ئۈچۈن يەپ - ئىچىلىدىغان نان، چاي قاتارلىق نەرسىلەر: — ھوي، بالام بۇ ئەتىگەندە ئازراق نانئۇشتا قىلىۋالماي ئالدىراپ نەگە ماڭدىڭ؟ — دېدى ئانام ئىشىكتىن چىقى-شىمغا.

**ناھار** ئى [ئە] يېزت. كۈندۈز، كۈندۈز ۋاقتى، يورۇق كۈن: ھەمراھ بولۇپ نۆۋەتچىگە ئۇ، ئۇلاپ چىقار تۈننى ناھارغا. مۇشەققەتنى ھېس قىلدى شەرەپ، مەنە بېرىپ ياشلىق باھارغا.

**ناھان** سۈپ. دىيال. يوشۇرۇن، غايىب، مەخپىي.

**ناھايەت** [ئە] ① رەۋ. ئىنتايىن، بەك، ناھايىتى: بوۋام ئېيتقان ھېكايەت، شۇنچىلىكلا ناھايەت. ئۇزاق يىللار ئۆتۈپتۇ، ياش بوگۈنگە يېتىپتۇ. ② يۈك «ئاخىرى بېرىپ، ئاخىرى، ئاخىرىدا ياكى ئاقىۋەتتە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ناھايەت مەجلىس تۈگەپ ھەممەيلەن تارقىلىشقا باشلىغاندا، ئۇ جىممىدە ئولتۇرغان ھېلى-قى ياش خېنىمنىڭ يېنىغا كەلدى.

**ناھايىتى** ① رەۋ. ئىنتايىن، بەك: بۇ تەكلىپكە سەپەرقۇل بىلەن رەۋشخان موماي ناھايىتى خۇشال بولدى. ② يۈك «پەقەتلا ھەممىسى بولۇپ، جىق بولسا، ئاخىرى بېرىپ، بار - يوقى» دېگەندەك مەنى-لەرنى بىلدۈرىدۇ: ئىلى، ئالتاي يېقىنغۇ، ناھايىتى نەچچە كۈنلۈك يول.

**ناھەق** سۈپ [پ + ئە] ناتوغرا، ھەق ئەمەس: — ھەي، مېنىڭ ۋەزىرىم ناھەق ئۆلۈپتۇ، — دەپ غەزەپلىنىپتۇ پادىشاھ.

**ناھەقچىلىك** ئى. ھەققانىيەتكە خىلاپ بولغان سۆز - ھەرى-كەت ۋە شۇنداق قىلىق، ئىش: — بىز قۇتراتقۇلۇق قىلمايمىز، — دېدى ل. مۇتەللىپ، — قەيەردە ناھەقچىلىك بولسا، شۇ يەردە ئۇنىڭغا قارشى ھەقىقەتنى سۆزلەيمىز.

**ناھەقلىق** ئى. ھەق، توغرا بولمىغان ئىش - ھەرىكەت، خاتا قىلىق: ھەقلىق ناھەقلىق ئۈستىدىن ھامان غەلىبە قىلىدۇ.

**ناھەقىقەت** سۈپ [پ + ئە] ھەقىقەت ئەمەس، ناھەق: ناھەقى-قەت ئىشلارنى تۈگىتىش كېرەك.

**ناھىيە** ئى [ئە] ۋىلايەت، ئاپتونوم ئوبلاست قاتارلىقلارنىڭ باشقۇرۇشىدا تۇرىدىغان، يېزىدىن چوڭ بولغان مەمۇرىي رايون. ناھىيەنىڭ تەركىبىدە بىر قانچە يېزا بولىدۇ: كەلپىن ناھىيەسى. ئاراتۈرك ناھىيەسى. ئۈرۈمچى ناھىيىسى.

**ناھىيەلىك** سۈپ. ناھىيەگە تەۋە، ناھىيە دائىرىسىدىكى ياكى ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى؛ ناھىيە دەرىجىلىك: ناھىيەلىك يېمەك - ئىچمەك زاۋۇتى. ناھىيەلىك باج ئىشلار ئىدارىسى. ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى.

**نائۇستا** سۈپ [پ] بىرەر ھۈنەر - كەسىپكە تازا ئۇستا ئەمەس، سەۋىيەسى تۆۋەن: ئاپتوبۇس تېخى ناھىيەدىن چىقمايلا، نائۇستا شاگىرتلارنىڭ كاساپىتىدىن ئۈرۈلۈپ كېتىپتۇ.

**نائۇستىلىق** ئى. ماھىر ئەمەسلىك، ھۈنەر - ماھارەتتە چاللىق، سەۋىيە تۆۋەنلىك: ئۇ ئۆزىنىڭ ياغاچچىلىقتا نائۇستىلى-قىنى باھانە قىلىپ، بەگنىڭ تەلىپىنى رەت قىپتۇ.

**نائۇشنىك** ئى [ر] قۇلاققا تىقىپ ياكى يېقىن كەلتۈرۈپ ئاڭلايدىغان ئاۋاز يەتكۈزۈپ بەرگۈچى بىر خىل ئەسۋاب: قاسىم نائۇشنىكنى قۇلىقىغا سالدى - دە، رادىيونىڭ ئاۋازىنى پەسلىتىپ، ياستۇققا يۆلىنىپ ئاڭلاشقا باشلىدى.

**نائۈمىد** سۈپ [پ] ئۈمىدسىز، ئۈمىد يوق: ھاۋادا بۇلۇت كۆڭلۈم، ياردىن نائۈمىد كۆڭلۈم؛ يار باقمىغۇدەك ئەمدى، ئۇ يارنى ئۇنۇت كۆڭلۈم.

**نائۈمىد شەيتان** «ئۈمىدلىك بول، ئۈمىدسىزلىك شەيتاننىڭ ئىشى. ھەرگىز نائۈمىد بولما» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: — ئاسان ئەمەسلىكى ئاسان ئەمەس، — دېدى ئۇ، — نائۈمىد شەيتان.

**نائۈمىدلىك** ئى. ئۈمىدسىزلىك، ئۈمىد - ئىشەنچ تۆۋەنلىك ياكى يوقلۇق: مەن كۆپىنچە ئۇنىڭ كۆڭلىنى نائۈمىدلىكتە پەرىشان قىلماي دەپ، كۆلكە - چاقچاق بىلەن گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋېتەتتىم.

**ناۋا** I ئى [پ] <بىن> قۇرۇلۇشتا ياغاچ، خىش، لاي ياكى گەجدىن پېتىنقى قىلىپ ياسالغان شەكىل: بۇ سارايدىكى چىراي-لىق ناۋالارنى، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەپىس نەقىشلەرنى كۆر-گەندە، كىشىلەر قادىرخان نەققاشنى ھۆرمەت بىلەن ئەسكە ئېلىشاتتى.

**ناۋا** II ئى [پ] ① كۈي، ئاھاڭ، مېلودىيە: ناۋا قىلماق. * ئۇ-تۇق قۇچۇپ ئۆتكۈزەر مەرد ئىشچىلار كېچىنى. شادلىق، ناۋا قاپلىغان يورۇق سېخنىڭ ئىچىنى... ② ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئونىنچىسىنىڭ نامى. ئۇ 20 نەغمە، 209 مىسرا بولۇپ، چوڭ نەغمە 10 نەغمە، 100 مىسرادىن؛ 3 داستان 6 نەغمە، 56 مىسرادىن؛ 2 مەشرەپ 2 نەغمە، 44 مىسرادىن تەشكىل تاپقان: ناۋا مۇقامى.

**ناۋات** ئى [پ] شېكەرنى مەلۇم مىقداردىكى سۇ بىلەن قاي-نىتىپ قىيام قىلغاندىن كېيىن نۆكچە قىلىپ قاتۇرۇلغان تاتلىق يېمەكلىك.

**ناۋاتتەك** سۈپ. تاتلىق، شېرىن، لەززەتلىك؛ يېقىملىق، ئېسىل، ياخشى: — شۇنداق قىلايلى، تازا ناۋاتتەك گەپ قىلدىلا، — دېدى خەلچەبۇۋى شازادىخاندىن رازى بولۇپ.

**ناۋاتچى** ئى. ناۋات ئېلىپ - سېتىش ياكى ناۋات تەييارلاپ سېتىش ئىشى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان كىشى: — ئايخان ناۋاتچىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدىكەن، — دەپ خەۋەر قىپتۇ كېنىزەك.

**ناۋاتچىلىق** ئى. ناۋات ئېلىپ - سېتىش ياكى ناۋات تەييارلاپ سېتىش ئىشى: ئۇ بوۋاي تېخىچە ناۋاتچىلىقنى قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقانىكەن.

**ناۋادا** باغل. شەرت بېقىندى جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، شەرت جۈملىدە ئىپادىلەنگەن مەنىنى تەكىتلەش، كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ: — ناۋادا بۈگۈن كەلمىگەن بولساڭ، — دېدى پەزد-لەت مۇبارەكنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — بۈگۈنكى كۈنۈم هارام بولات-تى. خويمۇ ۋاقتىدا كەلدىڭ.

**ناۋازىش** ئى [پ] يېزت. مېھرىبانلىق، كۆيۈمچانلىق بىلەن قىلىنغان مۇئامىلە، مۇلازىمەت، مەرھەمەت ياكى ئەركىلەش: ناۋازىش قىلماق.

**ناۋاكەش** سۈپ [ پ ] ناۋا قىلغۇچى. ناخشا ئېيتقۇچى، كۈي ئورۇنلىغۇچى: كەچ كۈزنىڭ يېتىپ كېلىشى ناۋاكەش قۇشلارنى جىمىقتۇرۇپ قويىدۇ، توپلىشىپ ئۇچقان قاغىلارنىڭ ئالىتاغىل ۋارقىراشلىرى سۈرۈن هاۋانى بىر ئالىدۇ.

**ناۋاكەشلىك** ئى. دائىم ناۋا قىلىدىغان هەم شۇنداق هالەت: ناۋاكەشلىك — قۇشلارغا خاس ئادەتتۇر.

**ناۋالىق** I سۈپ. ناۋاسى بار، ناۋا چىقىرىلغان؛ لەمپىلىك: ناۋالىق چوڭ ساراي. ناۋالىق پېشايۋان.

**ناۋالىق** II سۈپ. كۈي - ئاھاڭ بار، ناخشىلىق؛ ئاۋازلىق، ئاھاڭلىق: ئۇ يەرنىڭ سۇلىرى راۋان، دەل - دەرەخلىرى باراقسان، قۇشلىرى خۇش ناۋالىق ئىدى.

**ناۋاي** ئى [پ] نان ياققۇچى ياكى نان يېقىپ سېتىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلغۇچى كىشى: بەختىيار دەرھال بىر داستىخان ئې-لىپ ناۋايخانىغا بېرىپتۇ - دە، ناۋايدىن 30 نان ئېلىپ «پۇلىنى كېيىن بېرىمەن» دەپ كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ.

**ناۋايەت** سۈپ. دىيال. بايلىق، مولچىلىق.

**ناۋايخانا** ئى [پ] نان ياقىدىغان ۋە نان يېقىپ ساتىدىغان ئۆي: ناۋايخانا ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان تاشۋاينىڭ كۆزى رېھىم بوۋاينىڭ نەقىشلىك راۋاقىغا چۈشتى.

**ناۋايلىق** ئى. مەخسۇس نان يېقىش ھەمدە نان يېقىپ سېتىش ئىشى ۋە شۇنداق كەسىپ: قاسىم ئاكام دەسلەپتە ماروژنى تەييارلاپ سې-تىپ يۈردى، كېيىن بىر دۇكاننى ئىجارىگە ئېلىپ ناۋايلىق قىلدى.

**نائېنىق** سۈپ [پ + ئە] تازا ئېنىق ئەمەس، گۇمانلىق، شۈبھى-لىك، ئېنىقسىز، مۇجمەل، مەۋھۇم: ئۇ شەھەرگە كەلگىلى بىر هەپتى-دەك بولدى، ئەمما ئۇنىڭ نېمە غەرەزدە كەلگەنلىكى بىزگە نائېنىق.

**نائىب** ئى [ئە] ① ئورۇنباسار، ياردەمچى: غەيۇر شاه قول ئاستىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسىگە توي - تاماشا قىلىپ بېرىش هەق-قىدە ئۆزىنىڭ نائىبلىرىغا پەرمان تارقىتىپتۇ. ② ۋاڭلىق تۈزۈمدە، مەسچىتكە نامازغا بارمىغانلارنى دەررىلەش، شەرىئەت قىلىپى-دىن چىقىقانلارنى جازالاش ئىشىنى قىلىدىغان كىچىك ئە-

مەلدار. ئادەتتە بۇنداقلارنىڭ قولىدا هامان دەررە بولىدۇ.

**نائىبلىق** ئى. نائىبلارغا يۈكلەنگەن خىزمەت، ۋەزىپە: ئۇزۇن ئۆتمەي يىگىتنىڭ قەيسەرلىكىدىن تەسىرلەنگەن شاه يىگىتنى ئوردا نائىبلىقىغا تەيىنلىگەنلىك خۇسۇسىدا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

**نائىل** ئى [ئە] ① ئېرىشىش، يېتىشىش، مۇيەسسەر بولۇش: نائىل بولماق. نائىل قىلماق. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**نائىل بولماق** ئېرىشمەك، يېتىشمەك، مۇيەسسەر بولماق، ئىگە بولماق: شۇ كەمگىچە قىزلارنىڭ بۇنداق يېقىملىق مۇئامىلىسىگە نائىل بولۇپ باقمىغان ئەنۋەرنىڭ پۈت - قوللىرى بوشىشىپلا كەتتى.

**نائىل قىلماق** ئېرىشتۈرمەك، يېتىشتۈرمەك، مۇيەسسەر قىلماق، ئىگە قىلماق: ئۇنىڭ قوۋزىقىدىن خەلقىم ياساپ قەغەزنى دەسلەپتە، كى ئاشتى بىر ئىرا تارىخ يولىدا پەندە، سەنئەتتە، بۇ كەشىپ يۇرتۇمنى نائىل قىلدى ئالەم ئىچرە هۆرمەتكە.

**نائىلاج** رەۋ [پ + ئە] → **ئىلاجسىز**: ئۇ نائىلاج ئارقىغا ياندى.

**نائىلاجلىق** ئى → **ئىلاجسىزلىق**: بىچارە بوۋاي نائىلاجلىق ئىچى-دە بىرەر نىجاتلىق ئىزدىگەندەك قىلىپ ئەتراپقا تەلمۈرۈپ قارايتتى.

**نائىنساب** سۈپ [ب + ئە] → **ئىنسابسىز**: «نائىنساب خوتۇن بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم مەن «بىزنى سېخىيكەن دەپ خۇپسەنلىك قىلىپ يەنە سورىماقچى، ئېھتىمال،...».

**نائىنسابلىق** ئى. ئىنسابسىزلىق، ئىنسابى يوقلۇق: ساقىنىڭ ئا-شۇ بىر تەڭگە ئۈچۈن زادى ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ، باقمۇ نائىنسابلىق قىلىپ «بۈگۈن»، «ئەتە» دەپ تەڭگىنى بەرمەي ئۈچ - تۆت يىلنىمۇ ئۆتكۈزۈپتۇ.

**نايرا** ئى. نىگېرىيە پۇل بىرلىكى.

**نايمان** ئى. تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە كىرىدىغان قەبىلىلەردىن بىرىنىڭ نامى.

**نايناق** سۈپ. قىلىق چىقىرىپ گەپ قىلىدىغان، گەپ قىلغۇچە بەللىرىنى تولغايدىغان، غىلجىڭ؛ هەددىدىن ئارتۇق ئەركە: ئۇ چاغدا باينىڭ نايناق بالىلىرى مېنى مەجبۇرىي هالدا ئېشەك قىلىپ مىنىپ ئوينايتتى.

**نايناقلاتماق** «نايناقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**نايناقلاشماق** «نايناقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇ يىراقتىنلا ئۆزىگە قاراپ نايناقلىشىپ كېلىۋاتقان ئۈچ - تۆت قىزنى كۆرۈپلا غىپپىدە ئارقىسىغا ياندى.

**نايناقلىق** ئى. هەددىدىن ئارتۇق ئەركىلىك؛ غىلجىڭلىق: — نايناقلىقىڭنى قويغىنا، — دېدى ئۇ ئايشەمنى سەتلەپ، — ئىش دېگەننى ئىشتەك قىلىدىغان!

**نايناقلىماق** پ. بەللىرىنى تولغىماق، قىلىقسىز هەرىكەت-لەرنى قىلماق؛ غىلجىڭلىماق؛ هەددىدىن ئارتۇق ئەركىلىمەك: دالان ئۆيدىن نايناقلاپ چىقىۋاتقان ئايتۇران ئۇشتۇمتۇت كىرىپ كەلگەن ئالماسنى كۆرۈپ، نېمىدىندۇر ئەندىككەندەك غىپپىدە ئارقىسىغا ياندى.

**ناينىناڭ** سۈپ. دىيال. ناتايىن، ئېنىق بىر قارارغا كېلىنمىگەن، تايىنى يوق.

**نە** I ئال ① يېزت. نېمە: نە چارە. * بۇندا مەن چىن يارنى تاپتىم، ئۆزگە جانان نە كېرەك. ② جان ت. قەيەر: — ئاغرىپ قالغىنىڭنىغۇ بىل-دىم، — دېدى دوختۇر كۆلۈپ قويۇپ، — نەرىڭ ئاغرىيدۇ دەۋاتىمەن.

**نە چاغ** خېلى ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى، ۋاقىتنىڭ خېلى بول-غانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: مەن كەلگىلى نە چاغ، سەن ئەمدى كەلدىڭمۇ؟

**نەدىن بىلسۇن** بىلىشى مۇمكىن ئەمەس، بىلمەيدۇ: سېيىت هاجى-

ـنىڭ سۆزىنىڭ بۇنچىلىك ئىناۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن.

**نە زامان ← نە چاغ:** ـــ مېنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىمگە نە زامان بولدى، سېنى ھېچ ئۇچرىتالمىدىم.

**نە قەدەر** نېمىدېگەن: نە قەدەر ئەھمىيەتلىك كۈنلەر ئىدى ـ ھە، ئۇ؟! * بۇ نە قەدەر ئېغىر تۇيۇلىدىغان گەپ ـ ھە؟

**نە كەم ← نە چاغ:** خەق ئورنىدىن تۇرغىلى نە كەم، سەن ئەمدى تۇردۇڭمۇ؟

**نە ۋاقىت ← نە چاغ:** بىز سېنى ئىزدەپ يۈرگىلى نە ۋاقىت، سەن بۇ يەرگە كىرىۋالغانىكەنسەن ـ دە!

**نە** II باغل [پ] جۈملىدىكى تەڭداش بۆلەكلەرنى ياكى قوشما جۈملىلەرنى (ئاساسەن شېئىردا مىسرانىڭ بېشىدا كېلىپ شۇ مىسرا بىلەن باشتىكى مىسرانى باغلاپ، ئىنكار مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ): شىرمەتكە نە راۋاب، نە نەي چالىدىغان پۇرسەت شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى.

**نە** III ئى. ديال. ئۇچار قاناتلارنىڭ ئەركىكى، ئەركەك ئۇچار قانات.

**نەبى** ئى [ئە] <دىن> يېزت ① خۇدانىڭ ئەلچىسى، پەيغەمبەر. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**نەپ** ئى [ئە] بىرەر ئىش ياكى نەرسىدىن ئالىدىغان نەتىجە؛ پايدا: ۋالاقتەگكۈر گەپ بەرمەس، سۈنۈق كەپكۈر نەپ بەرمەس (ماقال). * قىز چوڭ بولسا گەپ تولا، ئوغۇل چوڭ بولسا نەپ تولا (ماقال).

**نەپ ئالماق** بىراۋدىن، بىرەر ئىشتىن مەلۇم پايدىغا، نەتىجىگە ئېرىشمەك: ـــ ئۆزلىرىمۇ قۇرۇق ۋەدىنى تولا بېرىپ، ئادەمنى ئالداپ نەپ ئېلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئادەم ئىكەنلا، ـــ دېدى ئۇ سېيتقارىي ھاجىمغا.

**نەپ بەرمەك** پايدا بەرمەك، مەنپەئەت يەتكۈزمەك: كىم ماڭا نەپ بەرسە كۈچۈكى بولۇپ، مىنىمەن دېسە ئېشىكى بولۇپ، بارغانچە تەڭداش شېرىكى بولۇپ، كېيىنچە ئۆزىنى مىنىۋالىمەن.

**نەپ تەگمەك** پايدىغا ئېرىشمەك: بۇ ئىشتىن ئاز بولسىمۇ نەپ تېگىشكە باشلىدى.

**نەپ چىقماق** پايدا ـ مەنپەئەت كۆرۈلمەك: ـــ ئەگەر سەن ئارىغا كىرسەڭ، ـــ دېدى ۋېلىخان بەگ بىرئاز نەپ چىقىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ـــ بۇ ئىشنى بۇزۇپ قويىسەن.

**نەپ ئۈندۈرمەك** نەپ ئالماق، پايدا ئالماق، مەنپەئەتكە ئېرىشمەك: ـــ كۆز ئالدىمىزدىكى ئەمەلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ ئالدىنئالا پىلانلانغان قاتتىق ـ سوقتى قىلىش دېلوسىدەك قىلىدۇ، دېمەكچىمەنكى، جىنايەت گۇماندارى مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق نەپ ئۈندۈرمەكتە، ـــ دېدى قۇربان ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ.

**نەپ يۇقماق** پايدىغا، نەپكە ئېرىشمەك: ئەلگە نەپ يۇقماس ئۈنىڭدىن، يۈرسىمۇ چۇقان سېلىپ.

**نەپەر** مىق [ئە] ساناق سانلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ كىشىلەرنىڭ سانىنى بىلدۈرىدۇ: تۆت نەپەر ئادەم. ئىككى نەپەر دېھقان.

**نەپەس** ئى [ئە] ① ئۆپكىدىن چىققان ۋە ئۆپكە سىرتتىن قوبۇل قىلىغان ھاۋا، دەم، تىنىق: نەپەس ئالماق. نەپىسى توختىماق. * بوۋاق باشقا بىر ئانىنىڭ ئاپئاق سۈتىنى ئېمىپ، يېنىك نەپەس ئېلىپ ياتاتتى. ② «بىر» سۆزى بىلەن بىرىكىپ كېلىپ «قىسقىغىنا، سەل ئازراق» دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ: بىر نەپەس كۈتۈپ تۇرۇڭ. * تۇتمىغىن ئۆزۈڭنى ئۆزگىلەردىن پەس، ۋە لېكىن ماختانما ھەتتا بىر نەپەس. ③ «ھەر» سۆزى بىلەن بىرىكىپ كېلىپ «دائىم، قېتىم» دېگەن مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ: گۈل سۈپەت ھۆسنۈڭگە باقسام ھەر نەپەس، زوق ـ ھاياجان ئىچرە خەندان بۇ يۈرەك.

**نەپىسىنى راسلىماق** دەم ئېلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالماق، دېمىنى راسلىماق.

**نەپىسىنى ئىچىگە يۇتماق ← دېمىنى ئىچىگە يۇتماق.**

**نەپىسى ئىچىگە چۈشۈپ كەتمەك ← دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتمەك:** شۇ چاغدا ئېغىلدىكى سىيىر مۆرەپ قالدى. ئانا چۆچۈپ نەپىسى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

**نەپەسداش** سۈپ. ھايات يولى، نىيەت ـ مەقسەتلىرى بىر بولغان، ھەمنەپەس: پارتىيەم باشلىغان شانلىق كۈرەشتە، نەمۇنەم ـ ئۈلگەم ئۇ، نەپەسداش پەقەت.

**نەپەسسىز** سۈپ ① نەپەس يوق، نەپەس ئالماي. ② <تىل> تەلەپپۇز قىلىنغاندا توسالغۇنى يېڭىپ چىققان ھاۋا ئېقىمى بىر قەدەر ئاجىز بولىدىغان (ئۈزۈك تاۋۇشلار ھەققىدە): نەپەسسىز تاۋۇش.

**نەپەسلەندۈرمەك** «نەپەسلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۆپىنچە ئۇنى باغ ئىچىدە يېنىك ھەرىكەتلەندۈرەتتۇق، ساپ ھاۋا بىلەن نەپەسلەندۈرەتتۇق.

**نەپەسلەندۈرۈشمەك** «نەپەسلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**نەپەسلەنمەك** پ. جانلىقلار تاشقى مۇھىت بىلەن ھاۋا ئالماشتۇرماق، نەپەس ئالماق: بىزنىڭ بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى بىللە ئىچىپ، بىر ھاۋادىن نەپەسلىنىۋاتقىنىمىزغا نەچچە يىل بولدى.

**نەپەسلىك** سۈپ <تىل> تەلەپپۇز قىلىنغاندا توسالغۇنى يېڭىپ چىققان ھاۋا ئېقىمى بىر قەدەر كۈچلۈك بولىدىغان (ئۈزۈك تاۋۇشلار ھەققىدە): نەپەسلىك تاۋۇش.

**نەپرەت** ئى [ئە] قاتتىق غەزەپ ۋە يىرگىنىچ تۇيغۇسى: دوستقا مۇھەببەت، دۈشمەنگە نەپرەت (ماقال).

**نەپرەتلەندۈرمەك** «نەپرەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى ھەممەيلەننى نەپرەتلەندۈردى.

**نەپرەتلەندۈرۈلمەك** «نەپرەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**نەپرەتلەنمەك** پ. غەزەپ ـ نەپرىتىنى بىلدۈرمەك، نەپرەت ئوقۇماق: ئۇ ئۆتكەن ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ بىردىنلا ئۆزىگە نەپرەتلەندى.

**نەپرەتلىك** سۈپ. نەپرەتكە تولغان، نەپرەتلەنگەن، نەپرەتلىنىدىغان: سىزنىڭ ھېلىقى نەپرەتلىك قارىشىڭىزنى ئويلىسام ھازىر كۈلگۈم كېلىدۇ.

**نەپرەتلىنىشمەك** «نەپرەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**نەپس** ئى [ئە] ① كىشىلەردىكى يېيىش ـ ئىچىش، مال ـ دۇنياغا بولغان ھەۋەس، قىزىقىش: ئەگەر پۇشايمانغا دۇچار بولۇشتىن ساقلىناي دېسەڭ، نەپسىڭگە ئەگىشىپ خىيالىڭغا كەلگەن ئىشنى قىلىشقا كىرىشمە. ② شەھۋانىي ھەۋەس، تەلەپ: ـــ قارىغاندا بۇ ئايالنىڭ نەپسى يامانىدەك قىلىدۇ. نەپسىڭنى يىغ، ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ قويما يەنە، ـــ دېدى ئۇ ماڭا مەنىلىك قىلىپ.

**نەپسى ئالدىراپ كەتمەك** بىرەر ئىشنى قىلىشقا ئالدىرىماق.

**نەپس ئاۋارىسى** يېمەك - ئىچمەكنىڭلا كويىدا يۈرىدىغان: نەپس ئاۋارىسى كىشىلا يېسەك، ئىچسەكلا دەيدۇ.

**نەپسى بالا** ئاچ كۆز، تويماس: ئاغزى كۆيمىسە، چوغنى يەۋېتىشتىن يانمايدۇ، بۇ نەپسى بالالار.

**نەپسى بالانى يەيدىغان ← نەپسگە بالا تەگكۈر.**

**نەپسى تاقىلداپ كەتمەك** ① يېگۈسى، ئىچكۈسى كېلىپ كەتمەك: ئۇنىڭ سۆزى بىلەن تەڭ بىردىنلا ئاغزىمغا سېرىقسۇ كېلىپ نەپسىم تاقىلداپ كەتتى. ② بىرەر ئىشنى قىلىشقا بەك ئالدىراپ كەتمەك: شۇ تاپتا ئۇنىڭ ھاۋايى - ھەۋىسى قوزغىلىپ، قىزغا بولغان شەھۋانىي نەپسى تاقىلداپ كەتتى.

**نەپسگە ئامراق** يېمىسە تۇرالمايدىغان، يېگۈسى كېلىپلا تۇرىدىغان: نەپسگە ئامراق ئادەم.

**نەپسگە بالا تەگكۈر** ئۆز نەپسگە بېرىلىپ كەتكەن، نەپسىگە ئامراق ئادەملەرگە ئىشلىتىدىغان قارغىش سۆزى: ھوي، نەپسگە بالا تەگكۈر، تۇر ئورنۇڭدىن.

**نەپسگە ئوت كەتمەك** بىرەر ئىشنى قىلىشقا ياكى كۆرۈشكە بەك ئالدىراپ كەتمەك.

**نەپسى يوغىناماق** بىراۋدىن تەمە قىلىدىغىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇپ كەتمەك، ئاچ كۆزلۈك قىلماق.

**نەپسانىي** سۈپ [ئە] شەھۋانىي، شەھۋەتكە ئائىت: نەپسانىي ھەۋەس.

**نەپسانىيەت** ئى [ئە] نەپسگە، شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلىش: ئۇ بۇ ئىشتا ئۆز نەپسانىيىتىنىلا ئويلىدى.

**نەپسانىيەتچى** ئى. ئۆز مەنپەئەتىنىلا ئويلايدىغان، ئۆز مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇتىدىغان ئادەم: ھوقۇق تۇتقانلار نەپسانىيەتچى بولسا، يۇرت ۋەيرانە، خەلق بىچارە بولىدىكەن.

**نەپسانىيەتچىلىك** ئى. ئۆز مەنپەئەتىنىلا ئويلاش ئىشى، نەپسگە بېرىلىش ئادىتى؛ ئىنتايىن شەخسىيەتچىلىك: نەپسانىيەتچىلىك ئىنسان ئۈچۈن ئاخىرقى ھېسابتا ھالاكەت يولى.

**نەپسانىيەتلىك** ئى ← **نەپسانىيەتچىلىك:** نەپسانىيەتلىككە بېرىلىش ئىنساننىڭ ئۆز ماھىيىتىنى يوقاتقانلىقتۇر.

**نەپسىز** سۈپ. نېپى يوق، نەپ چىقمايدىغان: نەپسىز مال. نەپسىز ئادەم.

**نەپسگەر** سۈپ [ ئە ] ئۆز مەنپەئەتىنىلا ئويلايدىغان، ئۆز مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغان، شەخسىيەتچىل: نەپسگەر سۈرەتكە كەلسە، سۈرىتى ئاخۇن كېلۇر.

**نەپسگەرلىك** ئى. نەپسگەرلەرگە خاس ئادەت، مىجەز: نەپسگەرلىك ئىنساننى ئازدۇرىدىغان ئېزىتقۇدۇر. كىمكى ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىرسە ھاياتىدىن مەھرۇمدۇر.

**نەپلىك** سۈپ. نېپى بار، نەپ چىقىدىغان: نەپلىك مال. نەپلىك ئىش.

**نەپىس** سۈپ [ئە] گۈزەل، چىرايلىق ۋە نازۇك: ياشلار ناخشىغا جور بولماقتا، قىز - يىگىتلەر نەپىس ھەرىكەتلەر بىلەن مەيداندا ئايلانماقتا ئىدى.

**نەپسلەشتۈرمەك** «نەپسلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نەشرىيات ئۇ كىتابنىڭ قايتا باسمىسىنى ئالدىنقى قېتىمدىكىسىگە قارىغاندا تېخىمۇ نەپسلەشتۈرۈپ ئىشلەپ چىقىپتۇ.

**نەپسلەشمەك** پ. نەپىس ھالەتكە كەلمەك، نەپىس، گۈزەل بولماق: ئۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا تولىمۇ نەپسلىشىپ كېتىپتۇ.

**نەپىسلىك** ئى. گۈزەللىك، چىرايلىقلىق، نازۇكلۇق: ئۇ ئاياللارغا خاس سۈلكەت ۋە نەپىسلىك بىلەن ماڭا سالام قىلدى.

**نەپىقە** ئى [ئە] ① يېشى چوڭايغان، ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغان، مۇقىم كىرىمى يوق كىشىلەرگە ياكى ئىگە - چاقىسىز، يېتىم - يېسىرلەرگە ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئايمۇئاي بېرىپ تۇرىدىغان تۇرمۇش خىراجىتى: سارىخان ئانا ھۆكۈمەتتىن بېرىدىغان نەپىقە پۇلى بىلەن كۈن ئالاتتى. ② نىكاھتىن ئاجراشقاندا ئەرنىڭ ئايالغا ياكى بالىنىڭ ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغان ئاتا - ئانىغا قانۇنىي يوسۇندا بېرىدىغان تۇرمۇش خىراجىتى.

**نەتىجە** ئى [ئە] ① ئىش - ھەرىكەت، ۋەقە - ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلاردىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەت: بۇ خىل ئادەملەر بىلەن سودا - مۇئامىلە قىلىشسا، پۇشايماندىن باشقا نەتىجە كۆرۈلمەيدۇ. ② ئىش - ھەرىكەت، ۋەقە - ھادىسە تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى ئىپادىلىگۈچى كۆرسەتكۈچ: ئۆگىنىش نەتىجىسى. ئىمتىھان نەتىجىسى. ③ ئادەم ياكى شەيئىلەر ئۈستىدە چىقىرىلغان ئاخىرقى خۇلاسە ياكى پىكىر، مۇھاكىمىنىڭ مەنتىقىي يەكۈنى: نەتىجە چىقارماق. نەتىجىگە كەلمەك. ④ <مات> ئارىفمېتىكىلىق ھېسابلاش ئارقىلىق تېپىلغان سان. ⑤ مەلۇم ئىش، ھەرىكەت قاتارلىقلار ياراتقان پايدا، نەپ، ئۈنۈم؛ مۇۋەپپەقىيەت، ئۇتۇق: نەتىجە ياراتماق. نەتىجە قازانماق. نەتىجىگە ئېرىشمەك. * ياخشىلىقىڭىزنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈشىڭىز ئېنىق.

**نەتىجىدە** يۈك. ئاقىۋەتتە، شۇنداق قىلىپ، ئاخىرى: نەتىجىدە، ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپتى.

**نەتىجىسىز** سۈپ. نەتىجىسى يوق، نەتىجىسى بولمىغان: نەتىجىسىز ئىش. // شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ شۇنچە جاپا تارتىپ بىر ھەپتىدە قىلغان ئىشىمىز نەتىجىسىز ئاياغلاشتى.

**نەتىجىلەنمەك** پ. نەتىجىگە ئىگە بولماق، نەتىجىگە ئېرىشمەك، نەتىجە چىقماق: ساپ، ھەقىقىي مۇھەببەت نىكاھ بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.

**نەتىجىلىك** سۈپ. نەتىجىسى بار، نەتىجىسى كۆرۈلگەن، نەتىجىسى چىققان: نەتىجىلىك ئىش. نەتىجىلىك خىزمەت.

**نەچە (نە:چە)** رەۋ. جان ت. قەيەرچە، قانداق: نەچەگەپ قىلىۋاتىسەن؟

**نەچچە** ① ئال. سان - مىقدار ھەققىدىكى سوئالنى بىلدۈرىدۇ، قانچە: سىلەرنىڭ ئىدارىدە نەچچە كادىر بار؟ ② سۈپ. بىرمۇنچە، كۆپ، نۇرغۇن: مەن سىلەر بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىپ نەچچە كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدۈم. ③ سۈپ. ئۇنلار خانىسىدىن يۇقىرى پۈتۈن سانلار بىلەن بىللە كېلىپ ئىسمىنى ئېنىقلىغاندا ئۇنىڭ تەخمىنى سانىنى بىلدۈرىدۇ: كېيىملىرى يىرتىلغان زېۋىرشانى ئون نەچچە ئادەم ئارىغا ئېلىپ كەلمەكتە. ④ سۈپ. ئازراق، ئازغىنا: ياق - ياق، مەن نېمە قىلىۋاتىمەن - ھە؟ بار - يوقى نەچچە تەڭگىلا پۇل قالدى.

**نەچچە جېنىڭ بار** قانچىلىك بىگىسىڭ بار، قانچىلىك كۈچ - قۇۋۋىتىڭ بار: بىزدىن پۇل تەلەپ قىلىشقا پېتىنىدىغان نەچچە جېنىڭ بار؟

**نەچچە قاپاق پىششىقى بار ← نەچچە ئۇجمە پىششىقى بار:** سىز تېخى مۇشتتەك بالا ئىدىڭىز، تويىڭىز بولۇشقا نەچچە قاپاق پىششىقى بار ئىدى.

**نەچچە ئۇجمە پىششىقى بار** يەنە نۇرغۇن يىل بارلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئىبارە: سىلى ئاغىچا دەيدىغانغا نەچچە ئۇجمە پىششىقى باردۇ تېخى.

**نەچچە ـ نەچچە** ناھايىتى كۆپ، نۇرغۇن: شۇ سۆزدىن كېيىن شاھزادە قىز بىلەن خەيرلىشىپ يولىغا راۋان بوپتۇ ۋە نەچچە ـ نەچچە كۈنلەر يول يۈرۈپ بىر تاغ تۈۋىگە يېتىپ كەپتۇ.

**نەچچەيلەن** ئال. نەچچە نەپەر ئادەم، نەچچە كىشى: ئۆيدە نەچچەيلەن بار؟

**نەچچىلەپ** سۈپ. نەچچىلىگەن، نۇرغۇن، تولا: شۇندىن ئېتىبارەن كۈندە دېگۈدەك نەچچىلەپ قوي قاشقىرنىڭ نامىغا ئۆچۈرۈلدى.

**نەچچىلىك** ئال. سانى، مىقدارى، ھەجمى، ئېغىرلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە قانچە، نەچچە، قانچىلىك: شۇ ماڭغىنىمچە نەچچىلىك يول باسقانلىقىمنى بىلمەيمەن.

**نەچچىلىگەن** سۈپ. نەچچىلەپ، نۇرغۇن، تولا: بۇ چۆلدە نەچچىلىگەن پالۋانلار قۇربان بولغان.

**نەچچىنچى** ئال. شەيئىلەرنىڭ ئورنۇن ـ تەرتىپى ھەققىدىكى سوئالنى بىلدۈرىدۇ: سىز ئۈرۈمچىگە نەچچىنچى يىلى كەلگەن؟

**نەچچىنچىلىك** ئى. نەچچىنچى ئورۇن، نەچچىنچى دەرىجە: بۇ مۇسابىقىدە نەچچىنچىلىككە ئېرىشتىڭىز؟

**نەخشىۋەن** ئى. دىيال. خەلق ئارىسىدىكى قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ پىرى: نەخشىۋەننىڭ بىرىمەن، ھويلا قويماي كىرىمەن (ماقال).

**نەخكەش** ئى. ناچىدىكى مەشۈت يىپلارنى كۈدىغا تەكشى يۆگەشكە ياردەم بېرىدىغان ياغاچ سايمان.

**نەدە** ئال ① قەيەردە، قايسى ئورۇندا، قايسى جايدا: ئالىمنى نەدە كۆردۈڭ. ② قانداق: بۇ نەدىمۇ مېنىڭ خىيالىم بولسۇن. ③ بەزى پېئىللارنىڭ ئالدىدا كېلىپ شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى ئىنكار قىلىدۇ: نەدە يىقىلدىم. نەدە ئۇردۇم. نەدە دېدىم. ④ «يوقسۇ، ئۇنداق ئەمەس» دېگەن مەنىدىكى تەكەللۇپ سۆزى: رەقىبىنىڭ ماختاشلىرىدىن مۇدىر قولىنى يېرىم كۆتۈرۈپ: — ھەي، نەدە، نەدە! — دېدى يۇقىرىدىن ئورۇن ئېلىۋېتىپ.

**نەدىكى** سۈپ. ئاڭلاپ باقمىغان؛ كۆرمىگەن، بولمىغان؛ بولمىغۇر، قامالاشمىغان، ئورۇنسىز؛ ناچار، ئەسكى، يارامسىز: نەدىكى ئىش. نەدىكى گەپ. نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرىيسەن ئاپا.

**نەدىكىنى** يۈك. نەدىمۇ ئۇنداق بولسۇن: دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىنلا مەن مەنزىلگە يەتكەن چېغىمىز دەپ ئويلاپتىمەن، نەدىكىنى، سېمونت يولدا خېلى ماڭغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق.

**نەرە** ئى [ئە] قاتتىق ئاۋاز: نەرە تارتماق.

**نەرە تارتماق** قاتتىق ۋارقىرىماق، شاۋقۇن كۆتۈرمەك: گۆھەر پۈرۈش بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بىر نەرە تارتىپلا ھوشىدىن كېتىپتۇ.

**نەرخ** ئى [پ] نەرسىلەرنىڭ، مالنىڭ پۇل بىلەن ئىپادىلەنگەن قىممىتى؛ باھا: ئاش نەرخى ئاسمان (ماقال). * نەرخى نەچچە پۇل؟

**نەرخ ـ ھاۋا** نەرخ، باھا: ھازىر بازارلار ئاۋات، تۇرمۇش پاراۋان، نەرخى ـ ھاۋا مۇقىم.

**نەرسە** ئى ① ھەر تۈرلۈك ماددىي مەۋجۇدات، ھەر تۈرلۈك شەيئى: نەرسە بىزدىن تاشقىرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ سەزگۈ ۋە تەسەۋۋۇرلىرىمىز نەرسىنىڭ ئوبرازى. ② ياشاش ئۈچۈن، ھاياتلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بۇيۇم، مەھسۇلات: يېگۈدەك ھېچ نەرسە قالمىدى. ③ ئومۇمەن ھەر تۈرلۈك ھادىسە، ئىش (گەپ ـ سۆز، كۈلكە، ئىش، ۋەقە قاتارلىق): ئۇ ئۆمرىدە ئىككى نەرسىنى ياخشى كۆردى. بىرى گۈزەللىكىنى، بىرى ناخشىنى. ④ ئومۇمەن جانلىقلارنىڭ سۈپىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىپ شۇ سۆز ئىپادىلىگەن تۈرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ئىلگىرىكىن قۇۋ نەرسە ـ دە.

**نەرسە ـ كېرەك** تۇرمۇشقا لازىم بولغان بۇيۇملار: ئۇ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىپ يولغا راۋان بولدى.

**نەرسىلەشتۈرۈش** ئى <ستى> جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ بىر خىل شەكلى. بۇنىڭدا ئادەم نەرسە قىلىپ يېزىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل كۆپىنچە ھەجۋىي ئەسەرلەردە قوللىنىلىدۇ: مۇستەملىكىشۇناس ئەيمى سېساير: «مۇستەملىكە دېگەنلىك ئادەمنى نەرسىلەشتۈرۈشتۇر» دەيدۇ.

**نەرگىسگۈل** ئى [پ] <بوت> ① تاشسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تەڭگىچە غولى تۇخۇم شەكىللىك، يوپۇرمىقى لېنتا شەكىللىك، گۈلى ئاق، ئوتتۇرىسى سېرىق ۋە كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىمدە، خۇشبۇي پۇرايدۇ. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. تەڭگىچە غولى ۋە گۈلى جۇڭگو تېبابىتىدە دورا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**نەزەر** ئى [ئە] ① قاراش، كۆرۈش: نە بولغاي بىر نەزەر سالساڭ ماڭا رەھمىڭنى كەم قىلماي، بېسىپ تاشقا بۇ باغرىمنى يولۇڭدا ئىنتىزار بولدۇم. ② بىرەر ۋەقە، ھادىسە ياكى ئىش ـ ھەرىكەتتىن ھاسىل قىلغان سۈبيېكتىپ چۈشەنچە، تونۇش، بىلىش: نەزەر دائىرىسى كەڭ ئادەم. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**نەزەر ئاغدۇرماق** دىققىتىنى بۇرىماق، قارىماق: سابىر كۆپچىلىككە نەزەر ئاغدۇردى.

**نەزەر تاشلىماق** قارىماق، كۆز تاشلىماق: جۇماش ئۇنىڭغا بىر نەزەر تاشلاش بىلەنلا بىر پەس قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

**نەزەردە تۇتماق** ئېتىبارغا ئالماق، ھېسابقا ئالماق؛ كۆڭلىگە پۈكمەك، ئويلىماق: سەن نېمىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ تۆگىچىگە كېپىل بولغان؟

**نەزەردىن ساقىت قىلماق** يوققا چىقارماق، يوق دەپ ھېسابلىماق: مېنىڭ ۋاقىت تەقەززاسى بىلەن يازغان ئەرزىمەس ماقالىلىرىمنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا تېگىشلىك.

**نەزەر كۆزىنى سالماسلىق** قاراپمۇ قويماسلىق: ئۇ يەردىكى ھەمميانغا نەزەر كۆزىنىمۇ سالماي ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى.

**نەزەرگە ئالماق ← نەزەردە تۇتماق:** سارىخان ئانىسىنىڭ بىر ئۆمۈر جاپا چەككەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇلارغا يېڭى بىنادىن ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي تەقسىم قىلىندى.

**نەزەرگە سىغماسلىق** يارىماسلىق، مۇۋاپىق كەلمەسلىك: ئۇنىڭ قويۇق ـ قېلىن ساقىلى كىشىنى ھەددىدىن تاشقىرى ھەيران قالدۇرىدىغان ۋە نەزەرگە سىغمايدىغان بىر نەرسە ئىدى.

**نەزىرىدىن چۈشمەك** ئىززەت ـ ھۆرمىتىدىن، دىققەت ـ ئېتىبارىدىن مەھرۇم بولماق: ئەلىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈش، تىرىك

ئۆلگەن بىلەن باراۋەر.

**نەزىرى ئۇستۇن** ئادەم ياراتمايدىغان، يۇقىرىنى ئارزۇ قىلىدىغان، ھالى چوڭ؛ تەكەببۇر، يوغانچى: نەزىرى ئۇستۇن، نەرخى پەس (ماقال).

**نەزەربەند** ئى [ئە + پ] <قا> تۇرمىگە قامىماي ھەرىكىتىنى چەكلەش، كۆز ئالدىدا تۇتۇپ تۇرۇش: مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا گۇمانلىق شەخس بولۇپ نەزەربەند قىلىنىدىم.

**نەزەرسىز** رەۋ. نەزىرىنى سالماي، قارىماي: گەرچە بىر قۇرۇق شاخ مەن سەمەرسىز، بولاي ئەل چاكىرى قويما نەزەرسىز.

**نەزەر - گۆزەر** دىيال. كۆز قىرى، نەزىرى.

**نەزەرلىك** رەۋ. چۈشەنچىلىك، قاراشلىق، تونۇشلۇق: دەۋر، تارىخ، تارىخىي شەخس، ئەنئەنە، مەدەنىيەت، سىياسىي - ئىقتىساد قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەردە پىششقان، ھازىر جاۋاب، ئۆتكۈر نەزەرلىك پىكىرلەرنىڭ ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كېلىشىگە جىددىي تەقەززا بولماقتا.

**نەزەرىيە** ئى [ئە] ① <پەلس> ئەمەلىيەتتىن خۇلاسىلەپ چىقىلغان، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت بىلىملىرى ھەققىدىكى سىستېمىلىق يەكۈن. ② ئىلىم - پەن، سەنئەت ۋە باشقا ساھەلەرنىڭ مەنتىقىي، ئابستراكت پىكىر قىلىش يولى بىلەن ئىشلەپ چىقىلغان ئاساسلىرى: تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى. ③ پاكىت، ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنى چۈشىنىش، چۈشەندۈرۈشنىڭ ئومۇمىي پىرىنسىپلىرىنى ئاساسلاپ بەرگۈچى ئىلمىي قانۇن - قائىدىلەر يىغىندىسى. ④ بىرەر پەن ساھەسىنى ياكى ئۇنىڭ بىرەر قىسمىنى تەشكىل قىلغۇچى قائىدىلەر ياكى بىرەر ساھەدە بىلىم، ماھارەت ئاشۇرۇش، ھۈنەر ئۆگىنىش، تەجرىبە ھاسىل قىلىش يولىدىكى بىلىم، قائىدىلەر يىغىندىسى: ماشىنا - مېخانىزملار نەزەرىيەسى. مۇزىكا نەزەرىيەسى. ⑤ بىرەر نەرسىگە، مەسىلىگە بولغان قاراش، نۇقتىئىنەزەر ياكى ئۇلارنىڭ سىستېمىسى: ئۇزاقتىن بۇيان، دۆلەت كارخانىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەھسۇلات ئالماشتۇرۇشتا، پەقەت تاۋارنىڭ «پوستى» لا بار دەپ قارايدىغان ئەنئەنىۋى نەزەرىيە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى.

**نەزەرىيەچى** ئى. ئىلىم - پەننىڭ بىرەر ساھەسىدە نەزەرىيەۋى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى؛ نەزەرىيە مۇتەخەسسىسى.

**نەزەرىيەسىز** سۈپ. نەزەرىيەسى يوق، نەزەرىيەگە ئاساسلانمىغان، نەزەرىيە سۆزلىنمىگەن: نەزەرىيەسىز بەزى پاكىتلارنى يېزىپ قويۇشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ.

**نەزەرىيەلەشتۈرمەك** «نەزەرىيەلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: غەربلىكلەرنىڭ تۆھپىسى شۇكى، ئۇلار بۇ خىل مەسىلىلەرنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، نەزەرىيەلەشتۈرۈپ مۇكەممەل بىر پەلسەپىۋى تەلىمات ھالىتىگە ئېلىپ كەلگەن.

**نەزەرىيەلەشتۈرۈشمەك** «نەزەرىيەلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**نەزەرىيەلەشتۈرۈلمەك** «نەزەرىيەلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇيغۇر تىلى جەھەتتىكى ھەر خىل چېچىلاڭغۇ پىكىرلەر مۇتەخەسسىسلىرىمىزنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئاستىدا نەزەرىيەلەشتۈرۈلدى.

**نەزەرىيەلەشمەك** پ. نەزەرىيە ھالىتىگە كەلمەك، نەزەرىيەگە ئايلانماق: يېقىندىن بۇيان تىل - يېزىق ساھەسىدىكى بەزى مەسىلىلەر نەزەرىيەلىشىپ مۇكەممەل بىر تەلىمات ھالىتىگە ئېلىپ كېلىندى.

**نەزەرىيەلىك** سۈپ. نەزەرىيەسى بار، نەزەرىيەگە ئاساسلانغان: نەزەرىيەلىك مەسىلىلەر.

**نەزەرىيەۋاز** ئى. ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلماي نەزەرىيەگىلا ئېسىلىۋالىدىغان، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتتىن ئۈستۈن بىلىدىغان، قۇرۇق گەپ ساتىدىغان ئادەم؛ سەپسەتىچى، سەپسەتىۋاز: نەزەرىيەۋاز ئادەملەر ھامان بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ.

**نەزەرىيەۋازلىق** ئى. ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلماي نەزەرىيەگىلا ئېسىلىۋېلىش، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتتىن ئۈستۈن بىلىش، قۇرۇق گەپ سېتىش ۋە مۇشۇنداق ئادەت؛ سەپسەتىچىلىك، سەپسەتىۋازلىق: ئۇ دېگەن نەزەرىيەۋازلىق بىلەن جان بېقىشقا ئادەتلەنگەن بىر ئادەم.

**نەزەرىيەۋى** سۈپ. نەزەرىيەگە ئائىت، نەزەرىيە بىلىمگە باغلىق بولغان: ئۇ مەخسۇس يېزا ئىگىلىك تېمىسىدا بىر نەزەرىيەۋى ماقالە يېزىپ چىقتى.

**نەزم** ئى [ئە] <ئەد> شېئىر، شېئىرىيەت، پوئېزىيە: نەزم تۈزمەك.

**نەزمىسىز** سۈپ. نەزمى يوق، نەزم قوشۇلمىغان: مەرغۇل مۇقام مۇزىكىلىرىدىكى بىر نەغمە شەكلىدىن ئىككىنچى نەغمە شەكلىگە ئۆتۈشتىكى مۇزىكا بولۇپ، نەزمىسىز بولىدۇ.

**نەزمشۇناس** ئى [ئە + پ] شېئىر ۋە شېئىرىيەتنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىس، ئالىم.

**نەزمشۇناسلىق** ئى. ئەدەبىيات پېنىنىڭ شېئىر ۋە شېئىرىيەت قىسمىنى تەتقىق قىلىدىغان تارمىقى.

**نەزمكەش** ئى [ئە+پ] نەزم ئېيتىدىغان، نەزم توقۇيدىغان كىشى: جىنەستە لەۋلىك، شەھلا كۆز ئىدى، كۈلگۈنچەك، زىبا، شېرىن سۆز ئىدى. كىرپىكى بوستان، قاشلىرى كامان ئىدى، ئۇنچە چىش، سۇمبۇل چاچ جانان... نەزمكەش... بۇ دەم سۆزلەيتتى قىسسە، تىڭشايتتىم ئۇنى، كۈيلەيتتى قىسسە.

**نەزمكەشلىك** ئى. نەزم ئېيتىش، نەزم ئوقۇش ئىشى: بۇ قىزلارنىڭ ھەربىرى گۈزەللىك - لاتاپەت ۋە ئەقىل - پاراسەتتە جانلارغا ئاپەت، بەلكى جاھانغا ئوت - ھارارەت سالسا، گاھى ئەشئارە نەزمكەشلىكتە بېيىت دەرياسىدىن دۇرلار سۆزەتتى.

**نەزملەشتۈرمەك** «نەزملەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نەزملەشتۈردۈم ئاران بىرنەچچە بەتنى كېچىلەپ، سىزگە سۇندۇم ھەم ئۇنى، يوق قىلچە پەرداز، ساختا كىر.

**نەزملەشتۈرۈشمەك** «نەزملەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**نەزملەشتۈرۈلمەك** «نەزملەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ تارىخىي رىۋايەت ھازىرقى زامانغا كەلگەندە كىمدۇر بىرى تەرىپىدىن نەزملەشتۈرۈلدى.

**نەزملەشمەك** پ. نەزم شەكلىگە، نەزم ھالىتىگە كەلمەك: خەلق ئارىسىدىكى نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەر بىزگە نەزملىشىپ يېتىپ كەلدى.

**نەزملىك** سۈپ. نەزمى بار، نەزم قوشۇلغان: مۇقام

نەغمىلىرىنىڭ نەزمىلىك تېكىستلىرى ئۆزگىرىشچان تارىخنىڭ تاللاش تەسىرىگە، مۇھەببەتنىڭ تەقەززاسىغا، خەلقنىڭ قوبۇل قىلىش ئېھتىياجىغا قاراپ راۋاجلانغان.

**نەزمىي** سۈپ [ئە] شېئىرىيەتكە ئائىت، تەۋە، شېئىرىي؛ نەزم تۈسىنى ئالغان، نەزمىگە خاس: نەزمىي ئەسەر.

**نەزىر** ئى [ئە] <دىن> ① ساۋاب تېپىش ئۈچۈن خۇدا يولىدا بېرىلگەن نەرسە: نەزىرگە قوي سويماق. ② ئۆلگۈچىنىڭ روھىغا ئاتاپ ياغ پۇرىتىپ، جامائەتنىڭ ئالدىغا ئاش ـ تائام كەلتۈرۈپ خەتمىقۇرئان قىلىش پائالىيىتى: ئاكامنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاتا ـ ئانام يىغلاپ ـ قاقشاپ ئۇنىڭ نەزىرىنى بەردى.

**نەزىرە** ئى [ئە] ① <ئەد> ئىلگىرى ئۆتكەن ياكى زاماندا شائىرنىڭ ئەسىرىگە ئوخشىتىپ يېزىلغان ياكى جاۋاب تەردىسىدە ئىجاد قىلىنغان يېڭى شېئىر. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**نەزىر ـ چىراغ** خۇدا يولىدا ئۆتكۈزۈلگەن نەزىر ۋە ياكى شۇ خىلدىكى دىنىي مۇراسىملارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى؛ نەزىر: دادامنىڭ نەزىر ـ چىرىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن بىر يولى ماڭاي دەپ قالدىم.

**نەزىر ـ نىياز** ← **نەزىر ـ چىراغ.**

**نەس** [ئە] ① سۈپ. يۈيۈنمىغان، پاسكىنا، ئىپلاس: نەس ئادەم. ② ئى. ئوڭۇشسىزلىق، كېلىشمەسلىك، پالاكەت: ئىش ئوڭدىن كەلمەي، ئۇنى نەس باستى.

**نەس باسماق** دۆملە باسماق، ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقماق، پېشكەللىككە ئۇچرىماق: غەبلەتتە قالغان كىشىنى نەس باسىدۇ. * ئىككىگە بۆلۈنگەن ئەلنى نەس باسىدۇ.

**نەسەب** ئى [ئە] كېلىپ چىقىش، ئۇرۇق، نەسىل، جەمەت؛ ئەجداد: ئىككىمىز باشقا نەسەبتىن تۇرساق، مەن ساڭا قانداق راۋا بولاتتىم.

**نەسەبچىلىك** ئى. نەسەب سۈرۈشتۈرۈش: بۇ ئۈچ قىز نەسەبچىلىك ئادىتى بويىچە گەپ قىلاتتى.

**نەسەبسىز** سۈپ. نەسەبى تونۇلمىغان، ئەجدادى مەشھۇر ئەمەس: — ئوغۇ شۇنداق، بىراق... نەسەبسىز ئائىلە ـ دە! — دېدى ئۇ جىيەننى چېكىپ تۇرۇپ.

**نەسەبشۇناس** ئى. نەسەب تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم.

**نەسەبشۇناسلىق** ئى. نەسەبنى تەتقىق قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئوبيېكتى قىلغان پەن: جەۋلانى ھەممىلا پەنگە قىزغىن ھەۋەس قىلاتتى، بولۇپمۇ تارىخشۇناسلىق ۋە نەسەبشۇناسلىققا بەكمۇ ئىشتىياق باغلايتتى.

**نەسەبلىك** سۈپ. نەسەبى ئابرۇيلۇق، ئەجدادى تونۇلغان، نەسەبى ئۇلۇغ: ئۇنىڭ سالاپىتى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى، تەقى ـ تۇرقىدىن نەسەبلىك ئائىلىنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**نەسەبنامە** ئى [ئە + پ] بىرەر كىشىنىڭ كېلىپ چىقىش، نەسلى، ئۇرۇق ـ ئەجدادى ھەققىدە يېزىلغان خاتىرە: مەن ئائىلىمىزنىڭ نەسەبنامىسىنى يېزىپ قوياي دەۋاتىمەن.

**نەسر** ئى [ئە] <ئەد> ① ۋەزىن، قاپىيەسىز ئاددىي نۇتۇق شەكلى بىلەن يېزىلغان بەدىئىي ئەسەر. ② ئەركىن تۈزۈلگەن بەدىئىي ئەسەرلەر يىغىندىسى، پىروزا.

**نەسرچى** ئى. مەخسۇس نەسر يېزىش ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى، نەسر يازغۇچىسى: رۇس نەسرچىسى مىخائىل پىرىشۋىن «ئەگەر سۇ بولۇپ، ئۇنىڭدا بېلىقلار بولمىسا، مەن ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچىشكە ئىشەنمەيمەن» دېگەنىدى.

**نەسرچىلىك** ئى. نەسر يېزىش ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى: ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەسرچىلىك ئەنئەنىسى ھېلىمۇ كەڭ داۋام قىلماقتا.

**نەسرىي** سۈپ [ئە] نەسر يولى بىلەن يېزىلغان، نەسر شەكلىدىكى: نەسرىي ئەسەرلەر، نەسرىي يولدا بايان قىلماق.

**نەسرىي شېئىر** <ئەد> نەسرىي ئەسەر شەكلى بىلەن شېئىرىي تىل ئارقىلىق لىرىك مەزمۇنلارنى ئىپادىلەيدىغان ھەم ھەرقانداق ئۆلچەم بىلەن چەكلەنمەيدىغان شېئىرىي ئەسەر.

**نەسلىك** ئى ① پاسكىنىلىق، ئىپلاسلىق. ② ئوڭۇشسىزلىق، پالاكەتلىك، كېلىشمەسلىك: بىز ساتىراشنىڭ گېپىنى مۇنداق سوزۇۋېرىشىدىن ئۇ يىگىتنى نەسلىككە ئۇچراتقانلىقىغا ئىشەندۇق.

**نەسلى ـ ۋەسلى** ئۇرۇق ـ ئەۋلادى: مۇبادا ئۆزۈڭنى بىلىشمەسەڭ، شۇ تاپتىلا نەسلى ـ ۋەسلىڭنى قۇرۇتۇۋېتىمەن.

**نەسىل** ئى [ئە] ① بىر ئەۋلاد، بىر ئەجدادقا مەنسۇپ بولغان كىشىلەر ئۇرۇقى ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، زاتى، نەسەبى، تېگى ـ تەكتى: نەسلىنى سۈرۈشتۈرمەك. نەسىلدىن نەسىلگە ئۆتمەك. ② كېيىنكى ئەۋلاد: نىشان ئەيلەپ كېلەچەكنى نەسىللەر بەختىنى كۆزلەپ، يېمىش تىككەن گۈزەل باغقا، تۆكۈپ ساپ قان بىلەن تەرنى. ③ <زوئول> مەلۇم بەلگە، خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، بىر تۈرگە مەنسۇپ ھايۋانلار گۇرۇپپىسى، ئۇرۇقى؛ سورتى: ئۇ بىرقانچە يىللار مابەينىدە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، «دون»، «ئورلوف» نەسىللىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئىلى ئېتىنىڭ يېڭى نەسلى «تەڭرىتاغ ئېتى» نى يېتىشتۈرگۈچە ھەقىقەتەنمۇ ئاز جان ئۈپراتمىدى.

**نەسىلچىلىك** ئى <زوئول> تەبىئىي ۋە سۈنئىي يول بىلەن يېڭى نەسىل يېتىشتۈرۈش مەشغۇلاتى.

**نەسىلداش** سۈپ. بىر نەسىل، بىر ئۇرۇقتىن بولغان؛ نەسلى بىر، نەسلى ئوخشاش: ئېشىكى دەم پۇشقۇرۇپ، دەم ھاڭراپ، ئالدى تەرەپتە كۆرۈنگەن نەسىلداشلىرىغا تېزرەك يېتىشىۋېلىشقا ئالدىرايتتى.

**نەسىلداشلىق** ① ئى. ئۆزئارا نەسىلداش بولغان مۇناسىۋەت، نەسلى بىرلىك. ② رەۋ. نەسىلداشلارنى ھاسىل قىلىش ئارقىلىق: نەسىلداشلىق كۆپەيتىش.

**نەسلىسىز** سۈپ. نەسلى يوق، نەسىل قالدۇرماي: قايتا تۇغۇشىڭىز ئەمدى يوق گەپ، قېچىردەك نەسلىسىز ئۆتۈشتىن ئۆلگىنىمىز ياخشى.

**نەسلىسىزلىك** ئى. نەسلى يوقلۇق، نەسىل قالدۇرمىغانلىق؛ نەسلى ناچارلىق.

**نەسىللەندۈرمەك** ① «نەسىللەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② <بىيول> ئەركەك ھايۋان بىلەن چىشى ھايۋاننىڭ كۆپىيىش ھۈجەيرىلىرىنى سۈنئىي ئۇسۇلدا قوشۇش ئارقىلىق يېڭى بىر ئەۋلادنى ھاسىل قىلماق.

**نەسىللەندۈرۈشمەك** «نەسىللەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ يىل يەكەن ناھىيەلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىدىكى خادىملار ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ، يەتتە يېزا ـ بازاردىكى 40 مىڭ تۇياق ھەرخىل چارۋىلارنى نەسىللەندۈرۈشتى.

**نەسىللەندۇرۇلمەك** «نەسىللەندۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ يىل ئارال يېزىسىدا 3000 مىڭ تۇياق قوي نەسىللەندۇرۇلدى.

**نەسىللەنمەك** پ <بىيول> چىشى ھايۋاننىڭ كۆپىيىش ھۇجەيرىسى ئەركەك ھايۋاننىڭ كۆپىيىش ھۇجەيرىسى بىلەن قوشۇلغاندىن كېيىن، يېڭى بىر ئەۋلاد تۆرەلمىنىڭ ھاسىل بولۇشى، ئەۋلاد قالدۇرماق.

**نەسىللىك** سۈپ. نەسلى ياخشى، سورتلۇق: نەسىللىك كالا. نە-سىللىك ئات.

**نەسىھەت** ئى [ئە] كىشىلەرنى ياخشى يولغا باشلاش، تەلىم-تەربىيە بېرىش مەقسىتىدە ئېيتىلغان گەپ؛ مەسلىھەت، تە-لىم: نەسىھەت بەرمەك. نەسىھەت قىلماق.

**نەسىھەتچى** ئى. كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىدىغان ئادەم: ئا-دەم قېرىغاندا راستىنلا نەسىھەتچى بولۇپ قالىدىكەن.

**نەسىھەتچىلىك** ئى. نەسىھەت قىلىش ئىشى: ھازىر شېئىر ئى-جادىيىتىدە، ئوبرازسىزلىقتىن تاشقىرى، يەنە نەسىھەتچىلىك خاھىشى كۆچىيىپ قېلىۋاتىدۇ.

**نەسىھەتگۆي** ئى [ئە + پ] پەند - نەسىھەتنى تولا قىلىدى-غان، پەند - نەسىھەت قىلىشنى ئادەت قىلىۋالغان ياكى ئۇنىڭ-غا ئامراق ئادەم؛ نەسىھەتچى: يىراق يولدا ئۇچرىغان كىشى تەمكىن، تولىمۇ نەسىھەتگۆي ئىدى.

**نەسىھەتگۆيلۈق** ئى. نەسىھەت قىلىش ئىشى، نەسىھەت-چىلىك: سىز ئۆزىڭىزنىڭ تولىمۇ نەسىھەتگۆيلۈق ئادىتىڭىز بىلەن يۇقىرىدىن پەسكە قاراپسىز.

**نەسىھەتنامە** ئى [ئە + پ] ۋەز - نەسىھەت يېزىلغان خەت، كىتاب: ئۇنىڭ بالىسىدىن بالىسىغىچە ئاشۇنداق يەرلەرگە كىرىپ قې-لىشتىن ھەزەر ئەيلەش ھەققىدە ۋەسىيەت، نەسىھەتنامىلەرنى يازغۇسى كېلەتتى.

**نەشە** ئى [ئە] كەندىردىن ياسىلىدىغان زەھەرلىك چېكىملىك.

**نەشپۈت** ئى <بوت> ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى ئاق كېلىدۇ. مېۋىسى ئىستېمال قىلىنىدۇ. سورتلىرى كۆپ. شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ. كورلىنىڭ نەشپۈتى ئەڭ داڭلىق. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**نەشپۈتچى** ئى. نەشپۈت ئۆستۈرۈش، يېتىشتۈرۈش، پەرۋىش قىلىش ۋە سېتىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم: سادىق ئاكا دېگەن نەشپۈتچى قانداق قىلغاندا نەشپۈت مەھسۇلاتىنى ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

**نەشپۈتچىلىك** ئى. نەشپۈت ئۆستۈرۈش، يېتىشتۈرۈش، پەرۋىش قىلىش ۋە سېتىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى، كەسپى: نەشپۈتچىلىكنى كۆلەملىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقاندا يۈز بەرگەن بۇ ئېغىر تالاپەت كورلا دېھقانلىرىنىڭ ئىرادىسىنى بوشىتالمىدى.

**نەشپۈتزار** ئى ← **نەشپۈتلۈك**: بىز ئۇزۇن يول ماڭمايلا نەشپۈتزارغا يېتىپ كەلدۇق.

**نەشپۈتزارلىق** ئى ← **نەشپۈتلۈك**: ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەپ 500 مو يەرنى نەشپۈتزارلىققا ئايلاندۇرغان.

**نەشپۈتلۈك** ① سۈپ. نەشپۈت ئۆستۈرۈلگەن، نەشپۈت جىق: نەشپۈتلۈك باغ. ② ئى. نەشپۈت ئۆستۈرۈلگەن جاي: نەشپۈتلۈككە بارماق.

**نەشتەر** ئى [پ] ① يارىنى يېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئۆتكۈر تىغ. ② زەھەرلىك ھاشارەتلارنىڭ چاقىدىغان ئەزاسى.

**نەشتىرىنى تىقماق** كىشىنىڭ شەخسىيىتىگە، زىتىغا تېگى-دىغان گەپ - سۆز قىلماق.

**نەشتىرىنى سانجىماق** ← **نەشتىرىنى تىقماق.**

**نەشتەرلەنمەك** «نەشتەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**نەشتەرلىمەك** پ. نەشتەر سانجىماق، نەشتەر بىلەن يارماق؛ نەشتىرى بىلەن زەھەرلىمەك ياكى زەخمىلەندۈرمەك.

**نەشر** ئى [ئە] ئەسەرلەرنى مەتبەئە ئورۇنلىرىدا بېسىش، بېسىپ تارقىتىش: نەشر قىلماق. * «ئويغانغان زېمىن» رومانىنىڭ 2 - قىسمى يېڭىلا نەشردىن چىقتى.

**نەشرىيات** ئى [ئە] باسما ئەسەرلەرنى تەييارلايدىغان ۋە ئۇنى نەشر قىلىدىغان ئورۇن؛ مۇئەسسەسە: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. مىللەتلەر نەشرىياتى.

**نەشرىياتچى** ئى. باسما ئەسەرلەرنى تەييارلاش ۋە ئۇنى نەشر قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم: ھەقىقىي بىر نەشرىياتچى مائارىپنىڭ يىرىك پېداگوكىدۇر.

**نەشرىياتچىلىق** ئى. باسما ئەسەرلەرنى نەشر قىلىش ئىشى: نەشرىياتچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، نەشر قىلىنىدىغان ئەسەرلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپمۇ ئۆسۈپ بارماقتا.

**نەشىخور** سۈپ [ئە + پ] نەشە چېكىشكە ئادەتلەنگەن، نەشىنى كۆپ چېكىدىغان: نەشىخور ئادەم. // ئۇ نەشىخورنى كىم بىلمەيدۇ.

**نەشىخورلۇق** ئى. نەشە چېكىش ئادىتى: ئۇ مەدرىسەدە ئوغرى-لىقچە قىمارۋازلىق، نەشىخورلۇقنى ئۆگەنگەن.

**نەشىكەش** ئى [ئە + پ] نەشە چېكىشكە ئادەتلەنگەن، نەشى-نى كۆپ چېكىدىغان ئادەم: بۇ پەس قىلىقنى شۇ نەشىكەش، تەييارتاپ قەلەندەر قىلسۇن!

**نەغەزگۈل** ئى <بوت> ① گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈ-كى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**نەغمە** ئى [ئە] چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن ئىجرا قىلىنغان ئاھاڭ: ئۆي ئىچىدىن توختىماي نەغمە ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**نەغمە - ناۋا** نەغمە ۋە ناۋا: ساراي ئىچىدىن نەغمە - ناۋا ۋە كۈلكە ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى.

**نەغمىچى** ئى. نەغمە قىلىدىغان كىشى: نەغمىچىلەر قىز كۆچۈ-رۈش قوشىقىنى ئېيتتى.

**نەغمىچىلىك** ئى. نەغمە قىلىش ئىشى.

**نەغمىكەش** ئى [ئە + پ] نەغمە قىلىدىغان كىشى، نەغمىچى: زىياپەتتە ھەممە كىشى شاراب ئىچىپ، ئۇسسۇلچىلارنىڭ نەپىس ئۇس-سۇللىرىنى كۆرۈپ، نەغمىكەشلەرنىڭ يېقىملىق، شوخ ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ، ھۇزۇر قىلىپ كۆڭۈل ئېچىپتۇ.

**نەغمىلىك** سۈپ. نەغمىگە خاس بولغان: ئون ئىككى مۇقام تەر-كىبىدىكى ناۋا، سىگاھ قاتارلىق مۇقاملار مۇزىكىلىق پۇرىقى ۋە نەغمى-لىك خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە ئوتتۇرا ئاسىيا «شەش مۇقامى» تەركىبى-دىكى شۇ ناملىق مۇقاملارغا زادى ئوخشىمايدۇ.

**نەق** سۈپ [ئە] ① هازىرلانغان، تەييارلانغان؛ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئېلىنىدىغان ياكى بېرىلىدىغان؛ نېسى ئەمەس: نەق ئالماق. نەق ساتماق. نەق پۇل. * نەقتىن ھەسەل چىقتى، نېسىدىن كېسەل (ماقال). ② توغرا، دەل: نەق گەپ. نەق شۇنىڭ ئۆزى.

**نەق پۇل** <مال> ئۆز ۋاقتىدا بەرگىلى بولىدىغان پۇل، تەييار پۇل: نەق پۇل تۆلىمەك. نەق پۇل ئالماق.

**نەق چوت** <مال> كارخانا، ئىدارە، كەسپىي ئورۇنلار ياكى باشقا ئىگىلىك تەشكىلاتلىرىدا يىل ئاياغلاشقاندىن كېيىن بېجىرىلىدىغان ھېساب بوغۇش ۋە يىللىق بوغالتىرلىق مەلۇمات جەدۋىلى تۈزۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

**نەق گەپ** گەپنىڭ توغرىسى، پوسكاللىسى، بولىدىغان يېرى: ئۇ ئاخىرى نەق گەپنى قىلدى.

**نەق مال** <سودا> ئۆز ۋاقتىدىلا تاپشۇرۇپ بېرىشكە بولىدىغان ماللار.

**نەق مەيدان** ① <قا> دېلو، ۋەقە يۈز بەرگەن ئورۇن ياكى شۇ ئورۇندا دېلو، ۋەقە يۈز بېرىۋاتقان ھالەت: نەق مەيداننى تەكشۈرۈش. نەق مەيداننى قوغداش. ② بىۋاسىتە ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت ۋە تەجرىبە قاتارلىقلار ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئورۇن: نەق مەيدان مەشغۇلاتى. نەق مەيدان ئوقۇتۇشى. نەق مەيدان يىغىنى.

**نەقدانە** سۈپ [ئە + پ] يېزت. نەق، نەق بار: يىللىقچىلار قولىدا بار نەقدانە نەرسىلىرىنى يوللۇق تۇتۇشتى.

**نەقرات** ئى [ئە] <مۇز> ناخشا ئاھاڭلىرىدىكى بىرىنچى قېتىملىق ئورۇنداشتىن كېيىن تەكرارلىنىپ قايتا كەلگەن بۆلەك، قايتۇرما.

**نەققاش** ئى [ئە] نەققاشچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، نەقىش ئويىدىغان كىشى: سەلىم باي شەھەرگە كېلىپلا نەققاشنى قىچقىرىپ، ئۆيىنىڭ ئىچى ـ تېشىغا نەقىش ئويدۇرۇپتۇ.

**نەققاشچىلىق** ئى ← **نەققاشلىق**: شىنجاڭ سەمەت مىللىي نەققاشچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۇزاق مۇددەتلىك مىللىي نەققاشچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى ۋە مىللىيچە ئۆي جاھازلىرى ياساشنى مەخسۇس كەسىپ قىلغان شىركەتتۇر.

**نەققاشلىق** ئى. نەقىش ئويۇش ئىشى، كەسپى: ـــ نەققاشلىق قاتارلىق ھۈنەرلەردىن خەۋىرىم بار، ـــ دېدى رەسسام.

**نەقلەشتۈرمەك** «نەقلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ـــ ئۇنداقتا بىز ئەتە يەنە بارايلى، بەش مو يەر دېگەن ھېچقانچە گەپ ئەمەس، ئەگەر سىز تەشەببۇس قىلسىڭىز، بۇنى دەرھال نەقلەشتۈرىمىز، ـــ دېدى سادىق يېزا باشلىقىغا.

**نەقلەشتۈرۈشمەك** «نەقلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**نەقلەشتۈرۈلمەك** «نەقلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يۇقىرىقى نىشانلارغا يېتىشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بۆلەتۈر تۈزۈلگەن ھەر تۈرلۈك باشقۇرۇش تەدبىرلىرى ۋە مۇكاپاتلاش ـ جازالاش چارىلىرى بۇ يىل يەنىلا داۋاملىق ئىجرا قىلىنىدۇ ۋە نەقلەشتۈرۈلىدۇ.

**نەقلەشمەك** پ ① نەق بولماق؛ نېسى بولماي نەق بولماق: بۇ يىل تەقسىمات نەقلەشتى. ② ئۇدۇللاشماق: يىل ئاخىرىدا چىقىم قىلىنغان پۇل بىلەن تالون نەقلەشتى.

**نەقلەن** سۈپ. نەق، نەقمۇنەق، دەل جايىدا؛ ئوچۇق، ئېنىق: بۇ قانۇنىي بەلگىلىمىلەر ئەسىرىمىزنىڭ بىرىنچى بابىدا نەقلەن كۆرسىتىلگەچ، بۇ يەردە تەكرارلىمىدۇق.

**نەقلەنمەك** «نەقلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سەپەردە لازىم بولىدىغان لازىمەتلىكلەر نەقلىنىپ بولدى.

**نەقلىمەك** پ ① نەق ھالەتكە كەلتۈرمەك، نەق قىلماق، تەخلىمەك: قىزىمغا ئاتاپ 10 مىڭ يۈەن نەقلىدىم. ② دىيال. چەنلىمەك، دەل تەگكۈزمەك.

**نەقلىيات** ئى [ئە] ئادەم، يۈك قاتارلىقلارنى بىر جايدىن يەنە بىر جايغا يۆتكەش ئىشى؛ قاتناش: ھازىر ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەك كەمچىل، نەقلىياتىمىز قىيىن.

**نەقمۇنەق** دەل، نەق، تويپتوغرا: ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن بېرى ئامىمدىن چۈشكەن پىكىرلەر ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن تېخى بۇنداق ئېنىق ھەم نەقمۇنەق پىكىر يوق دېيەرلىك ئىدى.

**نەق ـ نېسى** نەق ھەم نېسى، بەزىسى نەق، بەزىسى نېسى.

**نەقىش** ئى [ئە] <گ سەن> ① ئويۇپ ئىشلەنگەن گۈل، بېزەك: نەقىش ئويماق. نەقىش ئىشلىمەك. نەپىس نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن بىنا. ② ئاپتۇۋا جوغىسىنىڭ ئۈستىدىكى تاجسىمان گۈلى.

**نەقىشبەندى** ئى [ ئە+پ ] يېزت. تەرىقەت يولىدا ماڭىدىغان كىشى، تەرىقەتچى: كىتاب جاھازلىرىدا ئامانىسا داۋاملىق ئوقۇيدىغان ئەلىشىر نەۋايى، فۇزۇلى، ئابدۇراھمان جامى قاتارلىق نەقىشبەندى يولىدىكى شائىرلارنىڭ نۇرغۇن كىتابلىرى بار ئىدى.

**نەقىشچى** ئى. نەققاش.

**نەقىشلەتمەك** «نەقىشلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ دۇتارىنى نەقىشلەتتى.

**نەقىشلەنمەك** «نەقىشلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ قولىغا مىستىن نەقىشلەنگەن جامنى ئېلىپ چېلەككە سۇ ئالدى.

**نەقىشلىك** سۈپ. نەقىش ئويۇلغان، نەقىش بىلەن بېزەلگەن: كوچىنىڭ بېشىدىكى نەقىشلىك دەرۋازىدىن كىرىۋېتىپ ئۆزۈمنى خۇددى بىر باغچىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم.

**نەقىشلىمەك** پ. نەقىش ئويماق، نەقىش ئويۇپ بېزىمەك: گويا ئابتوبۇستا ئەمەس، ئاجايىپ گۈزەل نەقىشلەنگەن، چىرايلىق جاھازلار، رەڭدار گىلەملەرگە تولغان شاھانە سارايدا كېتىۋاتىمەن.

**نەقىل** ئى [ئە] ① خەلق تەرىپىدىن توقۇلغان ۋە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا قېلىپ كېلىۋاتقان ئاغزاكى رىۋايەت ياكى بىرەر كىشى، نەرسە ياكى ئۇنىڭ تارىخى ھەققىدىكى گەپ ـ سۆز، ھېكايە: زامانە ئەۋۋەلدە ئۆتكەنىكەن بېخىل، بېخىللىق قىلمىشى تىللاردا نەقىل. ② خەلق تەرىپىدىن يارىتىلغان ھېكمەتلىك سۆز؛ ماقال: شۇندىن بۇيان «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر» دېگەن بۇ نەقىل ھېكمەتلىك سۆز بولۇپ، تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئاپتۇ. ③ بىرەر ئەسەر، تېكىست قاتارلىقلاردىن ئەينەن، سۆزمۇسۆز كۆچۈرۈپ ئېلىنغان پارچە ياكى گەپ ـ سۆز: نەقىل ئالماق. نەقىل كەلتۈرمەك.

**نەلىك** سۈپ. جانت. قەيەردە تۇغۇلغان، قايسى يۇرتتىن: سىز نەلىك ؟ بۇ نەلىك ئادەم ؟

**نەلىن** ئى. تۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدىكى خارنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ياستۇق ياغاچ.

**نەم** [پ] ① ئى. بىرەر نەرسە تەركىبىدىكى ياكى ئۇنىڭغا سىڭگەن، سۈمۈرۈلگەن سۇ: نەم تارتماق. يەرنىڭ نېمى قاچماق.

② ئى. ياش: قارىسا بىر توپ خالايىق جىنازىنى كۆتۈرۈپ، چىرايىدا غەم، كۆزلىرىدە نەم ھالدا تۇپراق بېشىغا كېتىپ بارغۇدەك. ③ سۈپ. سۇ سۈمۈرگەن، سۇ يۇققان؛ ھۆل: نەم ھاۋا. نەم تۇپراق. نەم توپا. نەم يەر. ④ ئى. ھۆل يەر ياكى ئورۇن: يارىم ياتىدۇ يالغۇز، گۈلنىڭ تۈۋىدە ــ نەمدە. مۇڭداشقىلى يارى يوق، ئۇخلاپ قالىدۇ غەمدە.

**نەمتىپە** سۈپ. دىيال. چالا ــ بۇلا نەملەنگەن، بوشراق نەم قىلىنغان.

**نەمخۇش** سۈپ [پ] بىرئاز نېمى بار، نەمرەك، ھۆلرەك: مارت ئېيى كىرىش بىلەن ئەتىيازنىڭ نەمخۇش ھاۋاسى پۈتۈن يېزىنى قاپلىدى.

**نەمدەتمەك** «نەمدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**نەمدەشمەك** «نەمدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**نەمدەلمەك** «نەمدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئانىنىڭ كۆز چاناقلىرى ئىختىيارسىز نەمدەلمەكتە ئىدى.

**نەمدىمەك** پ. نەم قىلماق، نەم ھالەتكە كەلتۈرمەك، ھۆللىمەك: ئۇ قۇرۇغان كالپۇكىنى تىلى بىلەن نەمدەپ قويۇپ، خەت ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى.

**نەمرۇد** ئى [ ئە ] خۇدالىق دەۋاسىنى قىلغان شەخسنىڭ ئىسمى.

**نەمرۇدلۇق** ئى. خۇدالىق دەۋاسى قىلىش، خۇدالىق تالىشىش: ئەجدادلىرىمىز تىلىنىڭ ئاشۇ ئىپتىدائىي شەكلى ئارقىلىق نەمرۇدلۇقنى يېڭىپ، بارغانسېرى ئۇچراشمىغان قەبىلىلەر ياكى كىشىلەر بىلەنمۇ ئالاقە قىلىدىغان كىشىلىك مۇناسىۋەتكە يول ئاچقان.

**نەمسىز** سۈپ. نېمى يوق، نەم تارتمىغان: نەمسىز يەر.

**نەمسىزلەنمەك** پ. نەمسىز ھالەتكە كەلمەك، نەمسىز بولماق: نەمسىزلىنىپ، قۇرۇپ تاراق ــ تاراق بولۇپ قالغان ئاغزىمنى ئاران ھەرىكەتكە كەلتۈردۈم ۋە بارلىق كۈچۈمنى يىغىپ كۈلۈمسىرىدىم.

**نەمسىزلىك** ئى. نېمى يوق، نەم تارتمىغان ھالەت.

**نەملەشتۈرمەك** «نەملەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ تىلىدا لەۋلىرىنى نەملەشتۈرگۈدەكمۇ ھۆللۈك يوق ئىدى.

**نەملەشمەك** پ. نەم بولماق، نەم ھالەتكە كەلمەك، نەملەنمەك: ئابىدەم گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. كۆز چاناقلىرى نەملىشىپ، قانداقتۇر بىرنەرسە كېكىردىكىنى بوغماقتا ئىدى.

**نەملىشەڭگۈ** سۈپ. ئازراق نەملەشكەن، ئازراق نېمى بار، تەركىبىدە نەملىك ساقلانغان: تېرىقىمىز نەملىشەڭگۈ بولسا، ھەم يۇمران، ھەم سىلىق بولىدۇ.

**نەملىك** ① سۈپ. نېمى بار، نەمدەلگەن، نەم بولغان، نەم، ھۆل: شادلىقتىن كۆزلىرىم نەملىك، تېيەنئەنمېن ئالدىدىن ئۆتتۈۋاتىمەن. قولۇمدا قىزىلگۈل، كۆڭلۈمدە ئارزۇ، پايتەخت باغرىدا كېتىۋاتىمەن. ② ئى. بىرەر نەرسە تەركىبىدىكى ياكى ئۇنىڭغا سۈمۈرۈلگەن، سىڭگەن سۇ: نەملىكنى يوقىتىش. نەملىكتىن پارچىلىنىش. نەملىك ساقلىماق. ③ ئى. نەم بولۇش ياكى تەركىبىدىكى سۇ مىقدارىنىڭ ئاز ــ كۆپلۈك دەرىجىسى: نەملىكى ياخشى يەر. ④ ئى. نەم ھالەت: كىيىمنى نەملىكىدە دەزماللىماق. ⑤ ئى. نەم يەر ياكى ئورۇن: نەملىكتە ياتماق. نەملىكتە ئولتۇرماق.

**نەمۇنە** ئى [پ] ① كىشىلەر تەقلىد قىلىدىغان، دورايدىغان، ئۆگىنىشكە، ئۈلگە ئېلىشقا ئەرزىيدىغان ئادەم، ئىش، نەرسە ياكى ئۇسۇل؛ ئۈلگە، تىپ: نەمۇنە بولماق. نەمۇنە ياراتماق. ② بىر تۈردىكى نەرسىلەرنىڭ تەتقىقات ئۈچۈن تاللىۋېلىنغان نۇسخىسى، ئەۋرىشكىسى: بۇ ئالىم دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ھەر خىل تەتقىقات نەمۇنىلىرىنى ئەكەلدۈرۈپ تەجرىبە قىلغان. ③ مىراس ياكى خاتىرە ئۈچۈن قالدۇرۇلغان يالداما، يادىكارلىق: بۇ قازان ئاتا ــ بوۋىمىزدىن قالغان بىر نەمۇنە ئىدى، شۇ قازاننىڭ ئىزى يوقاپ كەتمىسۇن.

**نەمۇنىچى** ئى. بىرەر جەھەتتىن باشقىلارغا نەمۇنە بولىدىغان كىشى: ھېيتئاخۇن ئاكا يېزىمىز بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى ئىدى.

**نەمۇنىچىلىك** ئى. نەمۇنىچى، ئىلغار بولۇش، ئىلغارلىق: نەمۇنىچىلىك تالاشماق.

**نەمۇنىلىك** سۈپ. نەمۇنە بولىدىغان، ئۈلگىلىك: بىز ئىتتىپاق ئەزالىرى جاپالىق جاينى تاللاشتا، دۆلەتنىڭ تەقسىماتىغا بويسۇنۇشتا نەمۇنىلىك رول ئوينىشىمىز لازىم.

**نەنمۇ** ئى [خەن] <بوت> ← **نەنمۇ دەرىخى**.

**نەنمۇ دەرىخى** <بوت> كامفورا دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۈرىدىغان چوڭ دەرەخ. ياغىچى قىممەتلىك قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولۇپ، كېمە ياساش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**نەھۋى** ئى [ئە] ① كونا. سىنتاكسىس. ② گەپ، سۆز: تەلىيىم تارتىپ چىقاردى مېنى ئۇشبۇ سەھنىگە، قەلب ساداسى «ھېچ ئورۇن يوق» دەيدۇ ھىجران ۋەھىمىگە، شۇ نېسىپ بولسا نە ھاجەت يەنە سۆزگە ـــ نەھۋىگە، پاك نىيەتلەر ئەيلىگەي زوق پاك مۇھەببەت ئەھلىگە، بەختىيارمەن گەر مۇناسىپ بولسا بۇ ئۇنۋان ماڭا.

**نەئۇزۇبىللا** [ئە] ① ئىم <دىن> كۇپۇر سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ئېيتىلىدىغان «بىز ئاللادىن پاناھلىق تىلەيمىز» دېگەن مەنىدىكى سۆز: ـــ نەئۇزۇبىللا! ـــ دېدى سەدەنشا ئاخۇنۇم ھاكىمغا قارىماي تۇرۇپ. ② رەۋ. زادى، زادىلا: شۇنى دېمەمسەن... شۇنچە گەپ قىلسام، نەئۇزۇبىللا يېقىن كەلگىلى ئۇنىمىدى.

**نەۋ** ئى [ئە] <بىيول> ①ئىرسىيەتچانلىقى بىر قەدەر مۇقىملاشقان، ئەجدادلىرى بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە بولغان يەككە تەنلەر. نەۋلەر سېلىشتۇرۇپ باھالانغاندىن كېيىن بۇنىڭ ئىچىدىكى ياخشىلىرى كېڭەيتىلىدۇ ۋە سورت بولالايدۇ. ② تۈر، خىل؛ سورت.

**نەۋايىشۇناس** ئى [ پ ] نەۋايىنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى، نەۋايى مۇتەخەسسىسى: بەزى دۆلەتلەردە مەخسۇس نەۋايىشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالاھىدە مۇئەسسەسەلەر تەسىس قىلىنىپ، بۇ ئورۇنلاردا زور بىر تۈركۈم نەۋايىشۇناس ئالىملار يېتىشىپ چىقتى.

**نەۋايىشۇناسلىق** ئى. نەۋايىنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى ئۆزىنىڭ ئوبيېكتى قىلغان پەن: بۈگۈنكى كۈندە نەۋايىشۇناسلىق ئۇيغۇرلاردا قايتىدىن يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، نەۋايىنىڭ تۈرلۈك ئەسەرلىرى تۇنجى قېتىم ياكى قايتىدىن نەشر قىلىنىپ، نەۋايىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلمىي ئەمگەكلەر مەيدانغا كەلدى.

**نەۋەي** ئى. دىيال. ئۇزۇن تەكچە.

**نەۋباھار** ئى [پ] باش باھار: جان ئاتامنى كۆرەلمەي ئۆلۈپ كېتەر ئوخشايمەن، نەۋباھارغا يېتەلمەي سولۇپ كېتەر ئوخشايمەن.

**نەۋجۇۋان** ئى [پ] ياش ئايال: كۆن چۆشۈپتۇر بۇ باشمىغە، زە-
ھەر قوشۇپتۇر ئاشمىغە. تۇپراق تولۇپ كۆز ياشـمىغە، نەۋجۇۋانلار ئانـدا
قالدى.

**نەۋرە** ئى [پ] بالىسىنىڭ بالىسى، يەنى ئۈچـىنچى ئـەۋلاد:
نەۋرە كۆرمەك. نەۋرە قىزى.

**نەۋرە ـ چەۋرە** نەۋرە ۋە چەۋرە: ئۇلار يۇرتىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر
بولۇپ، تەڭ قېرىپ، تەڭ ياشاپ، نۇرغۇن نەۋرە ـ چەۋرە كۆرۈپتۇ.

**نەۋرىلىك** سۈپ. نەۋرىسى بار، نەۋرە كۆرگەن: ئەگەر ئىككىسى
ئەپلىشىپ قالسا، ئەتە ـ ئۆگۈن سىلىنى نەچچە نەۋرىلىك قىلىۋېتىدۇ.

**نەۋقىران** سۈپ [پ + ئە] كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان، ياشلىقى
ئۇرغۇپ تۇرغان: ئۇ چاغدا بىز 19 ــ 20 گە كىرگەن نەۋقىران يىگىت
ئىدۇق.

**نەي** ئى [پ] ① <مۇز> توغرىسىغا تۇتۇپ، پۈۋلەپ چېلى-
نىدىغان بىر خىل دۇخوۋوي چالغۇ ئەسۋابى. قومۇشتىن ياسى-
لىدۇ. ئۈستىدە پۈۋلەش تۆشۈكى ۋە بىر رەت ئاۋاز تەڭشەش
تۆشۈكچىلىرى بولىدۇ. چالغاندا، ئېغىز پۈۋلەش تۆشۈكىدىن
پۈۋلەپ بەرسە، قول بارماقلىرى ئاۋاز تۆشۈكچىلىرىنى ئېچىپ ـ
يېپىش ئارقىلىق ئاھاڭنىڭ يـۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى
ئۆزگەرتىپ بېرىدۇ. ② ئىچى كاۋاك ھەم ئۇزۇن كەلگەن تۇرۇبا
شەكىللىك نەرسە؛ نەيچە: ئىينەك نەي. نەيدە ئوت پۈۋلىمەك.

**نەيچە** ئى. نەي شەكلىدىكى ئىچى كاۋاك بولغان كىچىك نور.

**نەيچى** ئى. نەي چالىدىغان كىشى: ئاڭلىغانلار دەرمىش كەلگەن-
دۇ، نەيچى كىمنى ئىزدەپ بۇياققا؟

**نەيرەڭ** ئى [پ] بىرەر مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قوللانغان
ئۇسۇل، ۋاستە؛ قۇۋلۇق ـ شۇملۇق، ھىيلە: ۋەزىر بۇ نەيرەڭنىڭ
قازى تەرىپىدىن سادىر بولغانلىقىنى ئۇقۇپتۇ.

**نەيرەڭچى** ئى. ھىيلە ـ نەيرەڭ قىلىپ يۈرىدىغان كىشى،
نەيرەڭۋاز.

**نەيرەڭۋاز** ئى [پ] كىشىلەرگە ھىيلە ـ مىكىر، نەيرەڭ
قىلغۇچى كىشى، نەيرەڭچى: ئەمەت مۇشۇ كۈنلەردە تولىمۇ نەي-
رەڭۋاز بولۇپ كېتىپتۇ.

**نەيرەڭۋازلىق** ئى. نەيرەڭ ئىشلىتىش ئىشى، ھەرىكە-
تى؛ ھىيلە ـ مىكىر قىلىپ ئالداش: ئەمىسە، بۇ سىياسىي نەي-
رەڭۋازلىقمۇ؟ ئۆزۈممۇ شۇنداقتۇر دەپ ئويلىۋىدىم.

**نەيزە** ئى [پ] ① <ھەرب> قەدىمكى ئۇرۇش قورالى. ھا-
زىرمۇ ئىشلىتىلىدۇ. تۆمۈر ياكى باشقا مېتاللاردىن سوقۇلغان
ئۇچىنى بىر تال ياغاچقا ئورنىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.
② <ھەرب> مىلتىقنىڭ ئۇچىغا ئورنىتىلىدىغان، ئۇچى
ئۆتكۈر قىسمى: مىلتىقنىڭ نەيزىسى. ③ <تەن>
يېڭنەك ئائىلىسىگە تەۋە ئىكتىدە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل
ئېتىش قورالى. ياغاچ ياكى باشقا مېتاللاردىن ياسىلىدۇ.
ئوتتۇرىسى توم، ئىككى بېشى ئىنچىكە كېلىدۇ. بىر بېشىغا
ئۇچلۇق كەلگەن بىر تال مېتال ئۇچ ئورنىتىلغان بولىدۇ.

**نەيزۇ** ئى. دىيال. ياپىلاق قاراچىنە.

**نەيزىچى** ئى. نەيزە بىلەن ئۇرۇشىدىغان كىشى، نەيزىۋاز:
نەيزىچىلەر، قىلىچۋاز ـ چوقانچىلارمۇ شۇنداق سادا بىلەن ئېگىزلىككە
يۈگۈرۈشۈپ چىقماقتا ئىدى.

**نەيزىلەتمەك** «نەيزىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىـ-

جىسى: بەختىيارنىڭ دادىسىنى گومىنداڭ ئوفىتسېرلىرى نەيزىلىتىپ
ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەنىدى.

**نەيزىلەشمەك** ① «نەيزىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجە-
سى. ② نەيزىلىك ئېلىشماق: باتۇر تاغا ئاتلىق نەيزىلىشىشنى يەنە
بىر قېتىم سۆزلەپ ئۆگەتتى.

**نەيزىلەنمەك** «نەيزىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجە-
سى: ئۇ نامەلۇم بىر كىشى تەرىپىدىن نەيزىلەندى.

**نەيزىلىك** سۈپ. نەيزىسى بار، نەيزە تۇتقان: چېرىكلەر ئاماز-
قۇلدا قورال يوقلۇقىنى كۆرۈپ، نەيزىلىك مىلتىقلىرىنى تەڭلىشىپ
قورشاپ كېلىشتى.

**نەيزىلىمەك** پ. نەيزە تىقماق، نەيزە سانجىماق: ئاكىسىنى ئالتە
چېرىك بۇلتۇر كۈز ئەنە ئاۋۇ يول ئۈستىدە نەيزىلەپ ئۆلتۈردى.

**نەيزىۋاز** ئى [پ] نەيزە تۇتۇپ ئېلىشىدىغان كىشى، نەيزە
ئىشلەتكۈچى كىشى: سادىر يېزا بويىچە ئۇستا نەيزىۋاز بولۇپ، ئۇنىڭ
نامى يىراق ـ يېقىنغا تارقالغان ئىدى.

**نەيزىۋازلىق** ئى ① نەيزە سانجىش ئىشى: نەيزىۋازلىق قىلماق.
② <ھەرب> نەيزە سانجىش ئارقىلىق قىلىنىدىغان جەڭ ياكى
نەيزە بىلەن جەڭ قىلىش، نەيزە جېڭى: بۇ چاغدا كۆلۈب ئالدىدا
بىر توپ كىشىلەر ئارىسىدا نەيزىۋازلىق قىزىپ كەتكەنىدى. ③ <تەن>
ئەسۋابلىق چامباشچىلىق مەشقى ياكى ماھارىتى. ئۇنىڭدىكى
نەيزە خىللىرى ئۇزۇن نەيزە، ئىلمەكلىك نەيزە، ئىككى
ئۇچلۇق نەيزە ۋە قىسقا نەيزە قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭدا
ئاساسلىقى توسۇش، تۇتۇش ۋە سانجىش قاتارلىق تېخنىكىلىق
ھەرىكەتلەر بولىدۇ.

**نەيلىك** سۈپ. نەي بىلەن ئورۇنلانغان، نەي تەڭكەش قىلىنى-
غان: نەيلىك ئاھاڭ. * پەسلىمەيدۇ نەيلىك ناخشا نېمىشقا ؟ كىم لېۋى-
دىن ئىزدەيدۇ ئۇ جاۋابنى.

**نەيكە** ئى. دىيال. تاماكا ياكى نەشە چەككەندە، قەغەز ياكى
گېزىتنى كاناي شەكىللىك قىلىپ ئوراش شەكلى.

**نگولتروم** ئى. بۇتاننىڭ پۇل بىرلىكى.

**نوبېل** ئى. شىۋېتسىيە خىمىكى ھەم كەشپىياتچىسى.
1833 ــ 1896 ـ يىللىرى ياشىغان.

**نوبېل مۇكاپاتى** شىۋېتسىيە خىمىكى ھەم كەشپىياتچىسى
نوبېلنىڭ مىراسىغا ئاساسەن تەسىس قىلىنغان مۇكاپات.
1901 ـ يىلىدىن باشلاپ يىلدا بىر قېتىم فىزىكا، خىمىيە،
فىزىيولوگىيە ياكى مېدىتسىنا ۋە تىنچلىق ئىشلىرى بويىچە
تارقىتىلىپ كەلگەن. 1968 ـ يىلى ئۇنىڭغا ئىقتىسادشۇ-
ناسلىق مۇكاپات تۈرى قوشۇلغان. ھازىر بۇ ئالتە تۈر بويىچە
تارقىتىلىۋاتىدۇ.

**نوبېلىي** ئى [ر<لات] <خىم> رادىيوئاكتىپلىق مېتال
ئېلېمېنت. بەلگىسى No(Nobelium). كاربون ئىيونى ئارقىلىق
كىيۇرىينى بومباردىمان قىلىش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ، ئەڭ
تۇراقلىق ئىزوتوپىنىڭ يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى تەخمىنەن
1.5 سائەت.

**نوپ** ئى. دىيال. ئىش.

**نوپاسماق** پ. دىيال. ئەيمەنمەك.

**نوپۇز** ئى [ئە] ئىززەت ـ ئابرۇي، تەسىر: ھۆكۈمەت ئورگانـ-

لىرىنىڭ نوپۇزىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

**نوپۇزسىز** سۈپ. نوپۇزى يوق، ئابرۇيسىز.

**نوپۇزلۇق** سۈپ. نوپۇزى بار، ئابرۇيلۇق: چوڭراق دوختۇرخانىدىن نوپۇزلۇق تاشقى كېسەل دوختۇرى تەكلىپ قىلىپ، كېسەلنى كۆرستەيلى.

**نوپۇس** ئى [ئە] ① كىشى، جان: سىلەرنىڭ ئائىلىدە نەچچە نوپۇس بار؟ ② مەلۇم مەملىكەتكە، شەھەرگە ۋە رايون قاتارلىقلارغا تەۋە بولغان كىشى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى: سىزنىڭ نوپۇسىڭىز نەدە؟

**نوپۇسسىز** سۈپ. نوپۇسى يوق، نوپۇسقا ئېلىنمىغان، نوپۇس بېرىلمىگەن: ئۇنىڭ تۆتىنچى بالىسى نوپۇسسىز بولۇپ، بۇ يىل بەش ياشقا كىرگەندى.

**نوپۇسشۇناس** ئى. نوپۇس ئىلمىي تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى، نوپۇس مۇتەخەسسىسى.

**نوپۇسشۇناسلىق** ئى. نوپۇسنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان پەن: بىزدىكى ئەھۋال ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادشۇناسلىق، نوپۇسشۇناسلىق قاتارلىق باشقا ئاڭ فورمىلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى بىۋاسىتە، ئىزمۇئىز بولىدۇ دەپ چۈشىنىدىغان بىر تەرەپلىمە ئىدىيەنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بولىدۇ.

**نوپۇسلۇق** سۈپ ① نوپۇسى، ئاھالىسى بار، نوپۇسى، ئاھالىسى كۆپ، نوپۇس، ئاھالىگە ئىگە، ئاھالىلىك: ھالبۇكى، ئون مىليونغا يېقىن نوپۇسلۇق بىر مىللەت بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى بىر مىلياردتىن ئارتۇق نوپۇسلۇق خەنزۇلار ئاساسىي گەۋدە بولغان جۇڭگونىڭ ئاساسلىق مەدەنىيىتى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. ② نوپۇسى بار، نوپۇسقا ئېلىنغان، نوپۇس بېرىلگەن، نوپۇس بېجىرىلگەن: ئابلىزنىڭ تۆت بالىسى نوپۇسلۇق بولۇپ، پەقەت يېڭى تۇغۇلغان بالىسىلا نوپۇسسىز ئىدى.

**نوپۇق** سۈپ. دىيال. يوشۇرۇن، مەخپىي.

**نوتا** I ئى <بوت> دەل ـ دەرەخلەرنىڭ تۈپتىن يېڭى ئۆسۈپ چىققان يۇمران شېخى: ئالما نوتىسى. نەشپۈت نوتىسى.

**نوتا** II ئى [ر<لات] <ت ئىش> بىر دۆلەتنىڭ ئىككىنچى بىر دۆلەتكە يازغان رەسمىي مۇراجىئەتنامىسى: نوتا تاپشۇرماق.

**نوتا** III ئى [ر<لات] <مۇز> ① تاۋۇشنىڭ شەرتلىك يازما بەلگىسى: نوتىغا ئالماق. نوتىغا سالماق. ② شۇنداق بەلگىلەر بىلەن يېزىلغان مۇزىكا ئەسىرىنىڭ تېكىستى، شۇنداق تېكىستلەر يېزىلغان دەپتەر، كىتاب ۋە شۇ قاتارلىقلار: ئەينى زامان مۇزىكا ئاھاڭلىرى ياكى نوتىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يوقالغان.

**نوتىلاشتۇرماق** «نوتىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇقام تەتقىقاتچىلىرى ۋە بىر قىسىم مۇقام سۆيەر كىشىلەر نەچچە ئون يىل جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى ئۇتۇقلۇق ھالدا نوتىلاشتۇرۇپ چىقتى.

**نوتىلاشتۇرۇلماق** «نوتىلاشماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**نوتىلاشتۇرۇلماق** «نوتىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۇردى ئاخۇن ئاكا قاتارلىق بىرقانچە پېشقەدەملەرنىڭ ئېغىزىدىلا قېپقالغان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى دەسلەپ سىمغا ئېلىندى، ئاندىن كېيىن نوتىلاشتۇرۇلدى.

**نوتىلاشماق** پ. نوتا ھالىتىگە كەلمەك، نوتا شەكلىگە كەلمەك: ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئازادلىقتىن كېيىن رەسمىي نوتىلىشىپ، كەڭ مۇقام ھەۋەسكارلىرىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇردى.

**نوتىلىق** سۈپ. نوتىسى بار؛ نوتا بەلگىلىرىنى يېزىش ئۈچۈن تەييارلانغان: نوتىلىق ستان.

**نوتىلىماق** پ. يېڭى نوتىلار پەيدا بولماق، بىخ سۈرمەك، بىخ ئۇرماق، شاخلىماق: داۋۇت ئاكا ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا قۇرۇپ كەتكەندەك بولۇپ بۇ يىل تۇيۇقسىز نوتىلاشقا باشلىغان ئەنجۈرنىڭ يۇمران شاخلىرىنى ئاۋايلاپقىنا سىلاپ قويدى.

**نوچى** سۈپ [پ] ① باشقىلارغا بوزەك بولمايدىغان ھەم باشقىلارنى بوزەك قىلمايدىغان؛ كۈچلۈك، گاڭگۇڭ، مەرد: مەن ساڭا ئېجىل ـ ئامراق، ئۆلتۈرەي سېنى قانداق؟ ئۆلتۈرمەي دېسەم نوچى، خانىنىڭ يارلىقى شۇنداق. ② سەرخىل، ئەڭ ياخشى: مال دېگەننىڭ نوچىسىنى تاللاپ ئېلىش كېرەك.

**نوچىلاشتۇرماق** «نوچىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۇرسۇنجان ئەسلىدىنلا توخۇ يۈرەك بولۇپ، قارىغاندا ھاراق ئۇنى نوچىلاشتۇرۇۋەتكەندەك قىلاتتى.

**نوچىلاشماق** پ. نوچىلىقنى ئىپادىلىمەك، نوچى بولماق: بۇرۇنقى قورقۇنچاقلار ھازىر نوچىلىشىپ كېتىپتۇ.

**نوچىلىق** ئى. كۈچلۈكلۈك، گاڭگۇڭلۇق؛ مەردلىك، باتۇرلۇق: نوچىلىق قىلماق. * مەنسۇر نوچىلىق بىلەن كۈلۈپ قويدى.

**نوختا** ئى ① ئات، ئېشەك، تۆگە قاتارلىقلارنىڭ بېشىغا سېلىپ، ئۇلارنى يېتىلەش، باشقۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان جابدۇق: ئاتنىڭ نوختىسى ئېشەككە توغرا كەلمەپتۇ (ماقال). ② كۆچمە. كونترول، چەكلىمە: ئېغىزنىڭ نوختىسى يوق، تىلىنىڭ سۆڭىكى (ماقال).

**نوختىباغ** ئى [نوختا + باغ] چۇلۋۇر.

**نوختىسىز** سۈپ. نوختىسى يوق، توختا سېلىنمىغان: نوختىسىز ئات.

**نوختىسىزلىق** ئى ① نوختا سېلىنمىغان، نوختىسى يوق ھالەت. ② باشباشتاقلىق، ئۆز ئىختىيارلىق.

**نوختىلاتماق** «نوختىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سادىربەگ ھاشىم چاكار ئارقىلىق ئېتىنى نوختىلاتتى ـ دە، تۇيۇقسىز ئويلىنىپ قالدى.

**نوختىلانماق** «نوختىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نوختىلانغان ئات يېتىلەككە ماڭار (ماقال).

**نوختىلىق** سۈپ. نوختىسى بار، نوختا سالغان.

**نوختىلىماق** پ ① نوختا سالماق، نوختا بىلەن باغلىماق: ئاتنى نوختىلىماق. كالىنى نوختىلىماق. ② كۆچمە. مەلۇم تەرەپكە باغلاپ قويماق، چەكلىمەك، تىزگىنلىمەك: ھۆكۈمران سىنىپلار ئۇنى تۆۋەن قاتلام سىنىپلىرىنى نوختىلاپ قويىدىغان ھۆكۈمرانلىق ۋاستىسىلا قىلىۋالدى.

**نوخلا** ئى ① ئات، ئېشەكلەرنىڭ بۇرنىدا بولىدىغان بىر خىل ئۆسمە: ئاتنىڭ نوخلىسىنى ئالماق. ② كۆچمە. كىبىر: نوخلىسى ئۆسۈپ قالماق.

**نوخلىسىنى ئالماق** ئەدەپلەپ قويماق، ھەيۋىسىنى سۇندۇرماق: ئۇ بۈگۈن نەق مەيداندىلا ئىمىن كۈلاھنىڭ نوخلىسىنى ئالماقچى ئىدى.

**نوخلىسى ئۆسمەك** ھەددىدىن ئاشماق، كۆرەڭلەپ كەتمەك: جۇرئەتنىڭ نوخلىسىنىڭ ئۆسۈپ قالغانلىقىنى خېلى بۇرۇن بايقىغانمەن.

**نور** I [پ] ① ئى. تۇگمەن چۇشۇرگىسى، ئۆگزە قاتارلىق

ئېگىزرەك جايلارغا ئورنىتىلىدىغان ھەمدە سۇ چۈشۈرۈش رولىنى ئۆتەيدىغان ئوقۇرسىمان قۇرۇلما: بىر نەچچە مەرتىۋە ياغايمۇ ـ ياغمايمۇ دەپ تۇرغان يامغۇر بىردىنلا شارقىراپ يېغىپ، نورلاردىن شارىلداپ ئېقىشقا باشلىدى. ② ئى. سۇ، ھاۋا ھەم باشقا نەرسىلەرنى بىر تەرەپتىن يەنە بىر تەرەپكە ئۆتكۈزۈش رولىنى ئوينايدىغان سىلىندىر شەكىللىك بۇيۇم ياكى قۇرۇلما: سېمونت نور. ساپال نور. ③ سۈپ. كاۋاك، بوش: ئۇ ئۇچقاندەك تۆمۈرچىلىك سېخىغا باردى ۋە بىردەمدىن كېيىن بىر بېشى كىچىكرەك، بىر بېشى چوڭ، ئىچى نور قەلەمچە سوقتۇرۇپ كېلىپ ئىشلىتىۋىدى، ئەپلىشىپ قالدى.

**نور** II ئى. دىيال. تامچە.

**نورلۇق** سۈپ. نور ئورنىتىلغان، نور بېكىتىلگەن: خىجالەتچىلىك ئىلكىگە چۆمگەن نامان ئاكىمۇ قوش نورلۇق ئوۋ مىلتىقىنى سايراتتى.

**نورما** ئى [ر<لات] ① بىرەر نەرسىنىڭ، ئىشنىڭ ئېنىق بەلگىلەنگەن ئۆلچىمى، مىقدارى: ھازىر ئۇنى ئەڭ قىينايدىغىنى ئاشلىق نورمىسىنىڭ يېتىشمەسلىكى ئىدى. ② رەسمىيلەشكەن قائىدە ـ مىزان؛ ئۆلچەم: ئەخلاق نورمىسى.

**نورمال** سۈپ [ر] ① ئادەتتىكى قانۇنىيەت ۋە ئەھۋاللارغا ماس كېلىدىغان، ئادەتتىكى، ئادەتتىكىچە؛ ئۆلچەملىك، مۆتىدىل: نورمال ئەھۋال. نورمال ھادىسە. ② ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن ساغلام؛ ساق: ساراڭلار دوختۇرخانىسىدا بولمىغان ياكى ئىدېئالىستىك پەيلاسوپلاردىن دەرس ئالمىغان ھەر قانداق نورمال ئادەم بۇ مەسىلىنى چۈشىنەلەيدۇ.

**نورمالسىز** سۈپ. نورمال ئەمەس، نورمال بولمىغان: يېقىندىن بېرى ئۇنىڭدا مۇنداق نورمالسىز ئەھۋال پات ـ پات كۆرۈلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

**نورمالسىزلاشماق** پ. نورمالسىز ھالەتكە كەلمەك، نورمالسىز بولۇپ قالماق: كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە نورمالسىزلىشىپ كەتكەنىدى.

**نورمالسىزلىق** ئى. نورمال بولمىغان ھالەت، قىياپەت، كەيپىيات: جالالنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل چۈشىنىپ بولماس نورمالسىزلىق سېزىم ھاسىل بولدى.

**نورماللاشتۇرماق** «نورماللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: راھىلە بالىنى ئۆز ئاغزى بىلەن سۈنئىي نەپەس ئالدۇرۇپ، نەپەسلىنىشىنى نورماللاشتۇرغاندىن كېيىن ئانىسىنىڭ قان بېسىمىنى تەكشۈردى.

**نورماللاشتۇرۇشماق** «نورماللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**نورماللاشتۇرۇلماق** «نورماللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دۆلەت قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇلۇپ، جەمئىيەت تەرتىپى نورماللاشتۇرۇلدى.

**نورماللاشماق** پ. نورمال بولماق، نورمال ھالەتكە كەلمەك: ئۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى نورماللاشتى.

**نورماللىق** ئى. نورمال ھالەت: ئۇ نورماللىقنى ساقلاشقا شۇنچە تىرىشىمۇ، ئاخىرى بەزى ئېگىز ـ پەس ئىشلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنالمىدى.

**نورمىسىز** سۈپ. نورمىلىق ئەمەس، نورما بەلگىلەنمىگەن: ئاشلىق دېگەن ھازىر نورمىسىز.

**نورمىلىق** سۈپ. نورما بېكىتىلگەن، نورما بىلەن تەمىنلىنىدىغان: نورمىلىق ئاشلىق.

**نورۇز** ئى [پ] تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى. دېھقانلار كالېندارى بويىچە يىلنىڭ بېشى بولۇپ، مىلادىيە كالېندارىدا 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ: كەلدى نورۇز، كۈلدى غۇنچە، كۆڭۈل يايرىدى، گۈل ئىشقىدا خەندان ئۇرۇپ بۇلبۇل سايرىدى.

**نورۇزگۈل** ئى [نورۇز + گۈل] <بوت> ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئېللىپىس شەكلىدە، گۈلى ئاق ياكى ھال رەڭ بولۇپ، ئومۇم گۈل رېتىدە ياكى ئۆگزىسىمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ، سەل ـ پەل پۇرايدۇ. مېۋىسى شارسىمان ۋە قارا كېلىدۇ. ئەسلىي ماكانى ياپونىيە. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**نورۇزلۇق** سۈپ. نورۇز ئۈچۈن تەييارلانغان: نورۇزلۇق ئاش.

**نوسىلكا** ئى [ر] <تېب> دوختۇرخانا ياكى ھەربىي قىسىملاردا كېسەل ۋە يارىدارلارنى توشۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان زەمبىل شەكىللىك سايمان. جاھازىسى ياغاچ ياكى بامبۇكتىن قىلىنىپ، ئوتتۇرىسىغا بىرېزېنت ياكى تانا تارتىلىدۇ: ھايال ئۆتمەي نوسىلكىغا ياتقۇزۇلغان كېسەل نۆۋەتچى ئۆيگە ئېلىپ كىرىلدى.

**نوغالچى** ئى. دىيال. تۆت تەرىپى تاش بىلەن قوپۇرۇلغان ئاكوپ.

**نوغاي** ئى <ئىرق> ① كونا. تاتارلار. ② شىمالىي كاپكازنىڭ شەرقىي رايونلىرىدا ياشىغۇچى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن بىرى.

**نوغلا** ئى. دىيال. قوناق ئۇنىدىن خېمىر يۇغۇرۇپ تۆگمە بىرىش ئۈچۈن راسلانغان كۆمىلاچ، پوم.

**نوغۇچ** ئى ① خېمىرنى يېيىش ئۈچۈن ياغاچتىن ياسالغان ئوتتۇرىسى توم، ئىككى ئۇچى ئىنچىكە، 70 — 80 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆي سايمىنى. ② دىيال. يىپ ئايرىش تاياقچىسى.

**نوغۇچ ـ تاختا** نوغۇچ ۋە تاختا.

**نوقاتچىلىق** ئى. دىيال. ئالدىراشلىق، ئالدىراشچىلىق.

**نوقانچى** سۈپ. دىيال. خاماندىن ئاشلىق تىلەيدىغان تىلەمچى: نوقانچىنىڭ كۆزى يامان، سۇخەنچىنىڭ سۆزى (ماقال).

**نوقۇت** ئى [پ] <بوت> ① پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان، گۈلى ئاق ياكى سۇس بېغىر رەڭ، مېۋىسى چوكا مېۋە. ئۇرۇقى سەل شار شەكلىدە. يۇمران چوكا مېۋىسىنى ۋە ئۇرۇقىنى يېيىشكە بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ چوكا مېۋىسى ۋە ئۇرۇقى.

**نوقۇت كىگىز** قارا ۋە قىزىل يۇڭنى ئارىلاشتۇرۇپ باسقان كىگىز.

**نوقۇشتۇرماق** پ. نوقۇش، ئىتتىرىش ۋە شۇ خىلدىكى ھە-

رىكەتلەرنى قىلماق؛ نوقۇشلىماق، ئىتتەرمەك.

**نوقۇشلىماق** پ. قول بىلەن نوقۇپ ئىتتەرمەك؛ نوقۇماق: ئۇلار ئىشىكتىن كىرىپلا مېنى نوقۇشلاپ كەتتى.

**نوقۇشماق** «نوقۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كۈيۈئوغۇلنى كۆرۈش ئۈچۈن ئولتۇرغان مەلىكىنىڭ ئادەملىرى بىر - بىرىنى نوقۇشۇپ «تۇزۇك يىگىتكەن» دېيىشتى.

**نوقۇل** سۈپ [ئە] ① يالغۇز، پەقەت: نوقۇل پۇللا بولسا ھەممە ئىش ھەل بولىدۇ دېيىش پۈتۈنلەي بىمەنە گەپ. ② تومتاق، بىر تەرەپلىمە: نوقۇل كۆزقاراش.

**نوقۇماق** پ. قول (بولۇپمۇ جەينەك، بارماقلار) بىلەن تۈرتمەك، ئىتتەرمەك: بىز ھېلىقى كوچا دوقمۇشىغا كەلگەندە، تاغام تۇيۇقسىز مېنى نوقۇپ، قۇلىقىمغا پىچىرلىدى.

**نوكەش** ① ئى. كەسمە يۈزى يېرىم چەمبەر ياكى ئېرىق شەكلىدە بولىدىغان نور؛ تۇرۇبا: نوكەش ئورناتماق. ② سۈپ. كەسمە يۈزى يېرىم چەمبەر ياكى ئېرىق شەكلىدە بولىدىغان، ئېرىق شەكلىدىكى: نوكەش پولات.

**نوگاي** ئى. قاپاقنىڭ سېپى تۈز ھەم ئۇزۇن، بېشى كىچىكرەك بولغان بىر خىلى. ئادەتتە ئۇنىڭ بېشىدىن مەلۇم چوڭلۇقتا يۇملاق تۆشۈك ئېچىلىپ سۇ ئۇسىدىغان بۇيۇم قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**نوگايلىماق** پ. نوگاي بىلەن سۇ ئۇسماق: بىر توپ قىزلار بۇلاقتىن چېلەكلىرىگە نوگايلاپ سۇ ئېلىۋاتاتتى.

**نوم** ئى <دىن> بۇددا دىنىنىڭ كىلاسسىك كىتابى: بۇددا نومى.

**نومايەن** ئى. مېھراب شەكلىگە كەلتۈرۈپ چۈشۈرۈلگەن نەقىشلىك گۈل.

**نوموگرافىيە** ئى [ر<گىرېك] <مات> ئالاھىدە ئىشلەنگەن سىزىقچىلار ئارقىلىق ھېسابلاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. قۇرۇلۇش تېخنىكىسىدىكى ھېسابلاشلاردا، ئادەتتە ئەمەل بېجىرىلىدىغان تەڭلىمە ياكى تەجرىبىنىڭ نەتىجىلىرى ئىشكاللىق بىرقانچە سىزىقچىدىن تۈزۈلگەن گىرافىغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. ئەمەل بېجىرگەندە، بېرىلگەن شەرتلەرگە ئاساسەن، بۇ نۇقتا مەلۇم بىر سىزىقچىنىڭ بىر نۇقتىسىدىن باشلاپ بىر ياكى بىرقانچە قېتىم باشقا سىزىقچىلاردىكى نۇقتىلار بىلەن تۇتاشتۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جاۋاب تېپىلىدۇ.

**نوموگراما** ئى [ر<گىرېك] <مات> ئىشكاللىق بىرقانچە تال سىزىقچىدىن تەشكىللەنگەن، ئەمەل بېجىرىشتە ئىشلىتىلىدىغان گىرافا. بۇ گىرافا قۇرۇلۇش تېخنىكىسىدىكى ھېسابلاردا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىدۇ.

**نومۇر** ئى [ر<لات] ① شەيئىلەرنىڭ رەت تەرتىپىنى بىلدۈرگۈچى رەقەم: ئۆينىڭ نومۇرى. بىنا نومۇرى. ② مەلۇم مەھسۇلاتنىڭ خاراكتېرىنى (كۆپىنچە فىزىكىلىق خاراكتېرىنى) ئىپادىلەيدىغان سان - سىپىر. مەسىلەن، سېمونتنىڭ بېسىمغا بولغان قارشىلىق كۈچى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئادەتتە ئۇ 200، 300، 400، 500، 600 قاتارلىق نومۇرلار ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان تىپلارغا ئايرىلغان. ③ بىرەر ئىش، يەنى ئىمتىھان، ئەمگەك قاتارلىقلارنىڭ نەتىجىسىگە بېرىلگەن سانلىق باھا: ئابلىكىم ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈپ نومۇرلارنى قايتا قويۇپ چىققان بولسىمۇ، دەرھال يەنە ئوسمانجانغا بەردى. ④ دوختۇرخانىلاردا، كېسەل كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ رەت تەرتىپىنى بەلگىلەش ھەم تەكشۈرۈشكە قولايلىق يارىتىپ بېرىش مەقسىتىدە ئالدىن تارقىتىلىدىغان رەقەملىك بېلەتچە: نومۇر ئالماق. ⑤ كىيىم - كېچەك، ئاياغ كىيىمى ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى، ئۆلچىمىنى بىلدۈرگۈچى سان، رازمېر: مەن ئۇنىڭدىن ئىككى نومۇر چوڭ ئاياغ كىيىمەن. ⑥ كونسېرت، تىياتىر ياكى رادىيو، تېلېۋىزىيەلەردە بېرىلىدىغان ھەربىر كونكرېت مەزمۇن؛ پىروگىراما: تېلېۋىزىيە نومۇرى. نومۇر تەييارلىماق. * ئۇلار ئوينىغان نومۇرلار خېلى جايىدا.

**نومۇرسىز** سۈپ. نومۇرى يوق، نومۇر قويۇلمىغان، نومۇر يېزىلمىغان: نومۇرسىز ئورۇندۇق. نومۇرسىز ۋېلسىپىت.

**نومۇرسىزلىق** ئى. نومۇرى يوقلۇق، نومۇر قويۇلمىغان ھالەت.

**نومۇرلۇق** سۈپ. نومۇرى بار، نومۇر يېزىلغان: 56-نومۇرلۇق ئۆي.

**نومۇس** ئى [ئە] ① كىشىلەرنىڭ ئۆز ئابرۇيىنى قەدىرلەش ۋە ساقلاش تۇيغۇسى؛ ۋىجدان: نومۇسنى ساقلىماق. * نومۇس كۈچى ئۇنى شۇنداق قاتتىق تەرلىتىۋەتكەنىدى. ② خىجالەت بولۇش ھېس - تۇيغۇسى؛ ئۇيات، ئار، شەرم - ھايا: نومۇس قىلماق. * قىز بالا ئۈچۈن ئاتا - ئانا، ئەل - يۇرت ئالدىدا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق نومۇس بولامدۇ؟ ③ پاكلىق، ئىپپەت (ئاياللارغا نىسبەتەن): نومۇسنى ساتماق. نومۇسىغا تەگمەك.

**نومۇس قىلماق** قاتتىق ئىزا تارتماق، خىجىل بولماق: نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نومۇس قىلىپ يېنىڭىزغا كىرەلمىدىم.

**نومۇس كۈچىدىن** ئىزا - ئاھانەت دەستىدىن: بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يۈرىكىم تېخىمۇ ئېزىلدى، ئەگەر دادامنى دېمىسەم، نومۇس كۈچىدىن ئۆلۈۋېلىشقىمۇ تەييار ئىدىم.

**نومۇسىغا تەگمەك** باسقۇنچىلىق قىلماق، ئىپپىتىنى ئاياغ ئاستى قىلماق: ئۇ بىر يېتىم قىزنىڭ نومۇسىغا تەگكەنلىكى ئۈچۈن كەم بولغاندا 10 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

**نومۇسچان** سۈپ. نومۇسنى ئەلا دەپ بىلىدىغان، يۈزى تۆۋەن: نومۇسچان قىز. * شۇڭا بۇ بالىلار بىر - بىرىدىن چىرايلىق، بىر - بىرىدىن ئەدەپلىك، نومۇسچان، ھايالىق ئادەملەردىن بوپتۇ.

**نومۇسچانلىق** ئى. يۈزى تۆۋەنلىك، ئۇياتچانلىق: قىزنىڭ كۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرى ئادەمگە ھامان ھەۋەس، ھۆرمەت ۋە نومۇسچانلىق بىلەن تىكىلەتتى.

**نومۇسسىز** سۈپ. نومۇسى يوق، نومۇس قىلىشنى بىلمەيدىغان، يۈزسىز، ۋىجدانسىز: نومۇسسىز ئادەم.

**نومۇسسىزلارچە** رەۋ. نومۇسسىزلارغا ئوخشاش، نومۇسسىز ھالدا: قىز - چوكانلارغا نومۇسسىزلارچە چېقىلىپ، ئاياغ ئاستى قىلمىۋاتسا، بۇمۇ ئادالەتمۇ ؟

**نومۇسسىزلاشماق** پ. نومۇس قىلىشنى، خىجىل بولۇشنى، ئىزا تارتىشنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالماق، قېلىنلاشماق، داپشاقلاشماق، بېزەڭلەشمەك: تاھىر ھەم ئەسەبىيلەشكەن، ھەم نومۇسسىزلاشقانىدى.

**نومۇسسىزلىق** ئى. نومۇسى يوقلۇق، ھايا، ئىزانى بىلمەسلىك، قېلىنلىق، ئۇياتماسلىق: نومۇسسىزلىق قىلماق.* بۇ نومۇسسىزلىق ئۇنىڭ پۈتۈنلەي ئۇممىدسىزلەنگەنلىكىنىڭ ۋە بەربات

بولغانلىقىنىڭ بىشارىتى ئىدى.

**نومۇسلاندۇرماق** «نومۇسلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — نېمە قىلىۋاتىسىز ئادەمنى نومۇسلاندۇرۇپ، — دېدى ئادىنىگۇل ئەسقەرنى بوشقىنا نوقۇپ.

**نومۇسلانماق** پ. نومۇس قىلماق، ئىزا تارتماق، خىجىل بولماق، ئۇيالماق: — ئۇ ئۆزىمۇ باغدا دۇتار چېلىۋاتىدۇ، — گۈلبوستان شۇنداق دېدىيۇ، شۇنداق يېقىنچىلىق بىلەن «ئۇ» دېگىنىگە نومۇسلىنىپ يەرگە قارىدى.

**نومۇسلۇق** سۈپ ① نومۇس قىلىدىغان، هايا، نومۇسنى بىلىدىغان: نومۇسلۇق ئىش. نومۇسلۇق ئايال. ② كىشىلەرگە كۆرسىتىشكە نومۇس قىلىدىغان، خىجىل بولىدىغان: نومۇسلۇق يەر.

**نومىنال** سۈپ [ر] بەلگىلەنگەن، يېزىپ كۆرسىتىلگەن (نەرخ، باها، ئۆلچەم ۋە شۇ قاتارلىقلار هەققىدە): نومىنال باها. نومىنال ئۆلچەم. نومىنال ئىش هەققى.

**نوۋوكائىن** ئى [ر] <تېب> بىر خىل ئاغرىق پەسەيتكۈچى، يەنى قىسمەن هوشسىزلاندۇرغۇچى دورا. ئۇ ئادەتتە ئوكۇل ئارقىلىق تومۇرغا ماڭغۇزۇلىدۇ ياكى كېسەلگە ئىچۈرۈلىدۇ.

**نوۋېللا** ئى [ر<ئىتال] <ئەد> قىسقا، كىچىك هېكايە.

**نويابىر** ئى [ر<لات] ① قەدىمكى رىم پادىشاهلىرىدىن (پاپالىرىدىن) بىرىنىڭ نامى. ئۇ مىلادىيە كالېندارىنى تۈزۈشكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن بۇ ئاينى شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان. ② <ئاستر> مىلادىيە كالېندارىدا ئون بىرىنچى ئاينىڭ نامى.

**نۇتۇق** ئى [ئە] ① مەلۇم شەيئى ياكى مەلۇم ئىلمىي مەسىلە هەققىدە جامائەت ئالدىدا سۆزلەنگەن ئۇزۇن سۆز، ۋەز؛ لېكسىيە: ناتىقنىڭ نۇتقى. يازما نۇتۇق. ئاغزاكى نۇتۇق. ② سۆزلەش جەريانىدىكى تىل: نۇتۇق مەدەنىيىتى.

**نۇتۇقلاتماق** «نۇتۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دىلبەر ئالدى بىلەن ياسىننى نۇتۇقلىتىپ، ئۇنىڭ مۇهەببەت سەرگۈزەشتىنى ئاڭلىدى.

**نۇتۇقلاشماق** «نۇتۇقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەزالار ئەركىن - ئازادىلىك بىلەن كەڭ - كۇشادە نۇتۇقلىشىشتى.

**نۇتۇقلانماق** «نۇتۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: بۇ ئەسەردە قانداق ياشاش، قانداق ئادەم بولۇش هەققىدە تەپسىلىي نۇتۇقلىنىدۇ.

**نۇتۇقلىماق** پ. سۆزلىمەك، ۋەز ئېيتماق، گەپ قىلماق: باشلىق تەكشۈرۈشكە كېلىدىغان كۈنى خۇشامەت شاهى ئىگىسى ئۇۋغا ئېلىپ چىقىدىغان ئىتتەك نۇتۇقلاپلا كەتتى.

**نۇجۇم** ئى [ئە] كونا. يۇلتۇزلار: ئىلمىي نۇجۇم.

**نۇجغاي** ئى <بوت> ← **غازتاپان.**

**نۇر** I ئى [ئە] ① يورۇقلۇق مەنبەسىدىن تارالغان ۋە ئىنچىكە تالا هالىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىدىغان ماددا: قۇياش نۇرى. ئاي نۇرى. ئېلېكتىر نۇرى. ② يورۇقلۇق: مەن ئاي نۇرىدا هېلىقى ئادەمنىڭ پىكاپقا چىقىپ، قول پۇلاڭلىتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ③ <فىز> دولقۇن ئۇزۇنلۇقى نىسبەتەن قىسقا بولغان ئېلېكتىر ماگنىت دولقۇنى. ④ <فىز> ئېنېرگىيەسى چوڭ، تېزلىكى يۇقىرى بولغان زەررىچىلەر ئېقىمى: ئالفا نۇرى. بېتا نۇرى. كاتود نۇرى. ⑤ <مات> تۈز سىزىقنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى بىر نۇقتىنىڭ بىر تەرىپىدە ياتقان بۆلىكى. ⑥ هەقىقەت، بەخت - سائادەت، ئەركىنلىك ۋە مەرىپەت قاتارلىقلارنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ: بىلىم نۇرى. ئۆكتەبىر نۇرى. ⑦ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**نۇر** II ئى. بىر خىل بالىلار ئويۇنچۇقى. كۆپىنچە قاتتىق ياغاچ قاتارلىق ماتېرىياللاردىن قىرغۇدا قىرىپ ياسىلىدۇ. ئۈچ تەرىپى ئۈچلۇق، شەكلى هەرخىل بولىدۇ. ئۇچىغا شارىك ياكى بېشى يۇملاق مىخ ئورنىتىلىدۇ. يەر يۈزىدە پىرقىرىتىش ئارقىلىق ئوينىلىدۇ.

**نۇر** III ئى. دىيال. تەپكۈچ ئويۇنىنىڭ ئارقىچىلاپ پاشنا بىلەن تېپىپ ئوينايدىغان بىر تۈرى.

**نۇرانە** سۈپ [ئە + پ] نۇرلۇق، نۇر يېغىپ تۇرىدىغان: ئەي لەنتىلەر، نېمە ئۈچۈن خۇدا بەرگەن نۇرانە كۆزلىرىڭلارنى يوشۇرۇپ، قارىغۇ قىلىپ، ئادەم ئالدايسىلەر.

**نۇرسىز** سۈپ ① نۇرى يوق، نۇر چىقارمايدىغان؛ خىرە: — مۇئەللىم مېنى تونۇمايۋاتىدىلا - هە؟ — دەپ سورىدى بوۋاي چاناقلىرىغا پېتىپ كەتكەن نۇرسىز كۆزلىرىنى كۆزۈمگە تىكىپ. ② كۆچمە. قېنى قاچقان، خۇنۇك: جاراڭلار غالىب ناخشىلار مانا، نۇرسىز چىرايلار نۇرلارغا تولۇپ.

**نۇرسىزلاشماق** پ. نۇرسىز بولماق، نۇرسىز هالەتكە كېلىپ قالماق: ئۇنىڭ كېسەل ئازابىدىن نۇرسىزلىنىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن بىر خىل خىجىللىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

**نۇرسىزلاندۇرماق** «نۇرسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىزنىڭ باشقا ساهەدىكى نەتىجىلىرىمىزنىمۇ نۇرسىزلاندۇرۇپ تۇرۇۋاتقان ئىقتىسادىي كىرىزىسنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغىنى دەل بىزدىكى ئەقىل نامراتلىقىدۇر.

**نۇرسىزلانماق** پ. نۇرى يوقالماق، نۇرسىز هالەتكە كەلمەك: ئۇنىڭ يالقۇنلۇق كۆزلىرى نۇرسىزلانغان، توقاچتەك مەڭزى تاتارغانىدى.

**نۇرسىزلىق** ئى. نۇرى يوقلۇق، خۇنۇكلۇك، خىرەلىك: رەشىدەنىڭ چىرايىدىكى بۇرۇنقى گۈزەللىك ئاللىقاچان يوقىغان بولۇپ، ئۇيا - ئەڭلىكلەرمۇ ئۇنىڭدىكى نۇرسىزلىقنى يوشۇرۇپ كېتەلمىگەنىدى.

**نۇرغۇن** سۈپ. سان ياكى مىقدار جەهەتتىن كۆپ، جىق، تولا: بۇ ئىشلارنى نۇرغۇن كىشىلەر كۆردى، مەنمۇ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

**نۇرغۇن قازاندا قاينىغان** هەر خىل، هەر ياڭزا ئىشلارنى كۆرگەن، قىلغان: ئۇ ئۆمەك باشلىقى بىلەن بىر چاغلاردا ئۆلپەت بولۇپ، نۇرغۇن قازاندا قاينىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن.

**نۇرغۇنلۇق** ئى. كۆپلۈك، جىقلىق، ئارتۇقلۇق: — بۇنچە ئادەم نۇرغۇنلۇق قىلماسمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

**نۇرغۇنلىماق** پ. كۆپەيمەك، جىقلىماق: تۆكۈلگەن قان يامغۇر بولدى ئورمانغا، قىساسچىلار پەيدا بولدى نۇرغۇنلاپ.

**نۇرغۇن - نۇرغۇن** «نۇرغۇن» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ نۇرغۇن - نۇرغۇن خىياللارنى قىلدى.

**نۇرلانە** ئى <بوت> ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. يوپۇرمىقى سوقىچاق، دۇمبىسى پارقىراق، گىرۋىكىدە ئۇششاق چىشلىرى بار. گۈل رېتى كونۇس شەكلىدە، گۈللىرى كىچىك، رەڭگى ئاق.

نەشپۈتسىمان مېۋىسى شار شەكىللىك، رەڭگى قىزىل. مېۋىسىدىن هاراق ئىشلىنىدۇ. يوپۇرمىقى دورا قىلىنىدۇ، سۈيدۈك هەيدەش، قىزىتمىنى قايتۇرۇش رولى بار. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**نۇرلاندۇرماق** «نۇرلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بوۋاق قاپقارا قۇمچاقتەك كۆزلىرىنى نۇرلاندۇرۇپ، ئادەمنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك كۈلۈپ بېرەتتى.

**نۇرلاندۇرۇشماق** «نۇرلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: 80 - يىللاردىن كېيىن بىر تۈركۈم ياش تىلشۇناسلار يېتىشىپ چىقىپ، تىل - يېزىق ئاسمىنىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇۋېتىشتى.

**نۇرلاندۇرۇلماق** «نۇرلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاپتونوم رايونىمىزدا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى قوغدالدى ۋە نۇرلاندۇرۇلدى.

**نۇرلانماق** پ. نۇر پەيدا بولماق، نۇر چاچماق: هېيتئاخۇننىڭ يوغان كۆزلىرى نۇرلىنىپ، قوچقار ۋەقەسىدىن بېرى تۇنجى قېتىم كۈلۈمسىرىدى.

**نۇرلۇق** سۈپ. نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، نۇر چاچىدىغان: — مەن، — دەپتۇ قىز چولپاندەك نۇرلۇق كۆزلىرىنى يىگىتكە تىكىپ.

**نۇرىت** ئى [ر] <گېئول> چوڭقۇرلۇقتىكى ئاساسلىق جىنسلارنىڭ بىر خىلى. تەركىبىدىكى $SiO_2$ مىقدارى 45%~50% بولىدۇ. ئاساسلىق مىنېراللىرى رومبىلىق پىروكسېن ۋە ئاساسلىق پىلاگىيوكلاز. رەڭگى قارا قوڭۇر، ئوتتۇرا دانىچىلىقتىن تارتىپ يىرىك دانىچىلىققىچە بولغان تۈزۈلمىگە ئىگە. هەمىشە گابرو بىلەن بىرگە ئۇچرايدۇ. نىكېل سۇلفىدلىق كان ياتمىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

**نۇرىستان** ئى [ئە + پ] نۇر چاقناپ تۇرىدىغان جاي، نۇرلۇق جاي: قاغا - قۇزغۇنغا گۈلىستان نە كېرەك! قارىغۇياپىلاققا نۇرىستان نە كېرەك!

**نۇزۇ** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئاساسەن مەملىكىتىمىزنىڭ يۈننەن ئۆلكىسى نۇجياڭ لىسۇ مىللىي ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ بىجياڭ، فۇگۇڭ، گۇڭشەن، لەنپىڭ ناهىيەلىرىگە ئولتۇراقلاشقان.

**نۇسخا** ئى [ئە] ① بىر تۈردىكى نەرسىلەردىن ئېلىنغان نەمۇنە: مال نۇسخىسى. ② بىر خىل قىلىپ ياساش، كۆچۈرۈش، بېسىش ئۈچۈن تەييارلانغان نەمۇنە، ئەندىزە: نۇسخىغا قاراپ كېيىم پىچماق. كورربكتور نۇسخىسى. ③ گۈل، نەقىش ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ تۈرى: شۇ ماللار ئىچىدە ئاياللار ياخشى كۆرىدىغان هەر خىل رەڭ، هەر خىل نۇسخىدىكى نىلون چاپانلارمۇ بار ئىدى. ④ <بىيول> هايۋانات، ئۆسۈملۈك، مىنېرال ماددا قاتارلىقلارنىڭ ئەسلىي شەكلىنى ساقلاش، رەتلەش، ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئېلىنغان ئەۋرىشكىسى، ئۆلگىسى: ئۇلار بۇ قېتىم جەمئىي 1200 نەچچە خىل نۇسخا يىغدى. بۇنىڭ 833 خىلى هاشارات نۇسخىسى. ⑤ باسما ياكى يازما ئەسەرنىڭ هەر بىر دانىسى؛ پارچە: ئىزاھلىق لۇغەت 7000 نۇسخا بېسىلدى. ⑥ <مەت> ئوخشاش بىر خىل ئەسەر، كىتاب، ماقالە، هۆججەت قاتارلىقلارنىڭ تەرجىمە، تەھرىرلىك، كۆچۈرۈپ يېزىش، تۈپلەش ۋە بەت شەكىللىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن پەرقلىنىدىغان تۈرلىرى: «ئاشىق - مەشۇقلار ھەسرىتى» دېگەن كىتابنىڭ ئىملا خاتالىقلىرى ناهايىتى كۆپ بولغان تاش مەتبەئە نۇسخىسىلا مېنىڭ قولۇمدا بار ئىدى. ⑦ بىرەر نەرسىنىڭ ئەسلىسىگە ئوخشىتىپ ياسالغان ياكى سىزىۋېلىنغان كۆچۈرمىسى: توي كۈنى قىز تويكىيىمىنىڭ بىر نۇسخىسىنى باغقا ئەۋەتىپتۇ. ⑧ رېتسېپ: سۈرگە دورىلار تەركىبىگە قوشۇلىدىغان دورىلار مىقدارىنى نۇسخا يېزىش قائىدىسىگە مۇۋاپىق بەلگىلەش لازىم.

**نۇسخىئالغۇ** ئى [نۇسخا + ئال + غۇ] ماتېرىياللارنىڭ قول يازما ياكى باسما نۇسخىسىنى كۆپەيتىپ چىقىرىدىغان ماشىنا: لابوراتورىيەدە نۇسخىئالغۇ، خەت باسقۇلار تەييار ئىدى، قەغەزلەر يېتىپ، ئېشىپ تۇراتتى.

**نۇسخىلاتماق** «نۇسخىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يىللىق باهالاش ئانكېتىمنى نۇسخىلىتىۋېلىش ئۈچۈن ئىشخانىغا كىرسەم، ئىشخانىدا ئاسىمە يالغۇز گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

**نۇسخىلاشماق** «نۇسخىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**نۇسخىلانماق** «نۇسخىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يىغىن ماتېرىياللىرى بىردەمنىڭ ئارىلىقىدا نۇسخىلىنىپ تەييارلاندى.

**نۇسخىلىق** سۈپ. مەلۇم نۇسخىدىكى، مەلۇم نۇسخا چۈشۈرۈلگەن: ئىران نۇسخىلىق گىلەم.

**نۇسخىلىماق** پ. نۇسخىسىنى كۆپەيتمەك، جىقايتماق، ئاۋۇتماق: ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئەقلىي مۈلۈك هوقۇقىغا هۆرمەت قىلىش ياپون ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئېڭىغا چوڭقۇر سىڭگەنىدى، ئۇلار كىتابلارنىڭ لازىم بولۇپ قالغان ئايرىم بابلىرىنىلا نۇسخىلايتتى. هەرگىز بىر پۈتۈن كىتابنىڭ هەممىسىنى نۇسخىلىمايتتى.

**نۇسرەت** ئى [ئە] ① غەلىبە، زەپەر: نۇسرەت قازانماق. * ئىش ئۇلارنىڭ ئېيتقىنىدەك بولسا نۇسرەت چوقۇم بىزنىڭ بولغۇدەك. ② مەدەت، ياردەم: تالاي شىرزادىغا نۇسرەت ئاتا قىلغان قەدىم يۇرتتا، ئۇنۇپ چىقتى شۇ كەچمىش جەڭ ئىزىدىن بەت ئېچىپ يۇلغۇن. ③ ئامەت، بەخت: نۇسرەت ياغماق. * پەلەكنىڭ يالغان ۋەدىلىرىگە ئىشىنىپ، جاهالەتنىڭ هىمايىسى بىلەن قولۇڭغا كەلگەن بىر مەزگىللىك نۇسرەتنى كۆرۈپ، كۆرەڭلەپ كەتمە. ④ ئەر - ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**نۇسرەتپەرۋەر** سۈپ [ ئە+پ ] هەممە ئىشتا نۇسرەت قازىنىش ئۈچۈن تىرىشىدىغان، هەر دائىم نۇسرەت قازىنىشنى كۆزلەيدىغان، نۇسرەت قازىنىشنى ئويلايدىغان، ئۈمىدۋار، ئۈمىدلىك، ئامەتلىك، بەختلىك: — هازىر نۇسرەتپەرۋەر تەڭرى لەشكەرلىرىمىز مۇسۇلمانلار يۇرتىدىكى چەنتۇلار ئىسيانىنى باستۇرغاندا قولغا چۈشكەن ئەسىرلەر كەرەملىك پۈشتىپاناھ ئالىيلىرىنىڭ ئاياغ ئاستىدا! — دەپ باشلانغانىدى مەكتەپ.

**نۇسرەتپەرۋەرلىك** ئى. نۇسرەت قازىنىش ئۈچۈن تىرىشىش، غەلىبە، زەپەر قوغلىشىش يولىدا كۈرەش قىلىش ۋە شۇنداق روھ: ئۇنىڭ نۇسرەتپەرۋەرلىكى جەمى خالايىقنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرۈپتۇ.

**نۇسرەتلىك** ئى. بەختلىك، ئامەتلىك، خاسىيەتلىك: ئۇ نۇسرەتلىك ئادەم، ئۇنىڭ مۇبارەك قەدىمى تەگكەنلا يەردىن قىزىلگۈل ئۈنۈپ چىقىدۇ.

**نۇقتا** ئى [ئە] ① ئاسمان ياكى زېمىندىكى مەلۇم بىر ئورۇن؛ توچكا: قەمەرنىڭ ئازابتىن چەكچەيگەن كۆزلىرى ھېلى ئۇ نۇقتىغا، ھېلى بۇ نۇقتىغا تىكىلەتتى. ② ‹مات› ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى ۋە قېلىنلىقى بولمىغان، ئەمما پەقەت ئورنىلا بولغان گېئومېتىرىيەلىك شەكىل. ئىككى تۈز سىزىقنىڭ كېسىشىش ئورنى ياكى كېسىكنىڭ ئىككى ئۇچىمۇ نۇقتا بولىدۇ. ③ ‹فىز› ماددىلارنىڭ بىر خىل ھالەتتىن ئىككىنچى خىل ھالەتكە ئۆتۈشىدىكى تېمپېراتۇرا چېگراسى: قايناش نۇقتىسى. مۇزلاش نۇقتىسى. ئېرىش نۇقتىسى. ④ بىرەر ئورۇن، تەشكىلات، سىستېما ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم بىر تارمىقى، شۆبىسى ياكى پونكىتى: ئوقۇتۇش نۇقتىلىرى. ⑤ بىرەر ئىش، ھەرىكەت، ۋەقە، ھادىسە ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات قاتارلىقلارنىڭ مۇئەييەن بىر پەيتى، ئورنى ياكى چېگراسى: باشلىنىش نۇقتىسى. ئاخىرلىشىش نۇقتىسى. ⑥ بىرەر ئىش، خىزمەت، مەسىلە، پىكىر قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم تەركىبىي قىسمى؛ تەرەپ، جەھەت: ئوقۇتۇشتا قىيىن نۇقتىلار بىر يەرگە يىغىلىپ قالماسلىقى لازىم. ⑦ ئەڭ مۇھىم، ئاساسلىق دەپ قارالغان ياكى بىرەر مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا سىناق، تەجرىبە ئۈچۈن ئالدىن بەلگىلەنگەن جاي، ئورۇن: سادىق «ئالتۇنبۇلاق» يېزىسىنى سىناق نۇقتىسى قىلىپ تاللاشقا رازى بولدى. ⑧ نىشان، مەقسەت: گەرچە يىغىننىڭ ئاساسىي نۇقتىسى بۇرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كامىل ئاڭلىغانلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەكتە ئىدى.

**نۇقتىلىق** ① سۈپ. نۇقتا قىلىنغان: نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ. ② رەۋ. نۇقتا قىلىپ تۇرۇپ، نۇقتا قىلغان ھالدا: ئۇ بۇ مەسىلىنى نۇقتىلىق مۇزاكىرە قىلدى.

**نۇقتىۋى** سۈپ [ئە] نۇقتا ھالىتىدىكى: نۇقتىۋى چەمبەر.

**نۇقتىئىنەزەر** ئى [نۇقتا + ئى + نەزەر] ‹پەلس› ① شەيئىلەرنى كۆزىتىشتە تۇرىدىغان مەۋقە ۋە تۇتىدىغان پوزىتسىيە. ② سىياسىي كۆزقاراش، يەنى شەيئىلەر ۋە مەسىلىلەرگە قاراشتا مۇئەييەن سىنىپنىڭ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىش.

**نۇقسان** ئى [ئە] كەمچىلىك، ئىللەت، قۇسۇر، ئەيىب: ۋىجىك ھەم پاكارلىقى ئۇنىڭ مەنسىپىگە نۇقسان ئىدى.

**نۇقسانسىز** سۈپ. كەمچىلىكى، ئەيىبى، ئىللىتى يوق: تەبىئەت تەرىپىدىن نۇقسانسىز يارالغان ئادەملەر ئۆزىنىڭ چىرايلىقلىقى بىلەن مەغرۇرلىنىپ ياشايدۇ.

**نۇقسانلىق** ① سۈپ. نۇقسىنى، ئىللىتى بار: نۇقسانلىق ئىش. ② ئى. كەمچىلىك، ئەيىب.

**نۇكلون** ئى [ر] ‹فىز› ئاتوم يادروسىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي زەررىچە، يەنى پىروتون بىلەن نېيترونىنىڭ ئومۇمىي نامى.

**نۇكلون رېئاكسىيەسى** ‹فىز› ئېغىر ئېلېمېنتلارنىڭ ئاتوم يادروسىنىڭ پارچىلىنىش ياكى يېنىك ئېلېمېنتلارنىڭ ئاتوم يادروسىنىڭ سىنتېزلىنىش (بىرىكىش) جەريانى. بۇ خىل رېئاكسىيە ناھايىتى زور ئېنېرگىيە ھاسىل قىلالايدۇ.

**نۇتۇرمەك** پ. دىيال. كالۋالاشماق.

**نۇشۇدۇر** ئى [پ] ‹خىم› تەبىئىي ئىشلەپچىقىرىلغان ئاممونىي خىلور. دورا قىلىپ ئىشلىتىلگەندە، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش ۋە بەلغەم بوشىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

**نۆكەر** ئى [پ] ① فېئوداللىق تۈزۈمدە ئەسكەر، مۇھاپىزەتچى: تۇرشا تۇغبېگى: «قېنى، سىلەر!» دەپ توۋلاش بىلەن تەڭ تۆت نۆكەر كىرىپ، نىياز دورغىنى قوللىرىدىن سۆرەپ ماڭدى. ② چاكار، مالاي، خىزمەتكار: چاپارمەن كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپ، ئېتىنى نۆكەرلەرگە تۇتقۇزۇپ نۇرغۇن ياساۋۇللارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ شاھ ئالدىغا ھازىر بولىدۇ.

**نۆكچە** ① ئى. ئۇچىغا پاختا يۆگەلگەن چوكىسىمان ياغاچ: ئۇلار ياغ پۇراتتۇق دەپ سۇبھى ۋاقتىدا ئۇنى ئۇستەلگە تىزىپ، نۆكچە يېقىپ بەخت خۇداسىنى ھۆرمەت بىلەن تەكلىپ قىلىدۇ. ② سۈپ. ئۇيۇغان، قاتقان: نۆكچە پولات، نۆكچە ناۋات.

**نۆل** ئى [ر< لات] ‹مات› ① مىقدارنىڭ يوقلۇقىنى ئىپادىلىگۈچى «0» بەلگىسىنىڭ نامى. ② ‹مات› ساننىڭ بوش خانىسى. ③ ‹فىز› ئىسسىقلىق ۋە سوغۇقلۇق تېمپېراتۇرىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى شەرتلىك چېگرا: سۇ نۆل گىرادۇستا مۇزغا ئايلىنىدۇ.

**نۆلگە تەڭ** ھېچقانداق قىممىتى يوق، يوق بىلەن ئوخشاش: جازا ئۆزرۈلسە كېچىدىن بېرى ھەممە قىلغان - ئەتكەنلىرى نۆلگە تەڭ بولاتتى.

**نۆللۈك** سۈپ. نۆلنى بىرلىك قىلغان، نۆلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

**نۆلىنچى** سان. تەرتىپى ياكى مىقدارى «0» بىلەن بەلگىلەنگەن: نۆلىنچى گۇرۇپپا.

**نۆۋەت** ئى [ئە] ① شەيئىلەرنىڭ ماكان ياكى زاماندىكى ئورۇنلىشىشىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى؛ ئۆچىرەت: سۆز نۆۋىتى ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى مۇختارغا كەلگەندە. ② قېتىم: ئەرگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت (ماقال). ③ پەيت، پۇرسەت: ئۇ ئىشنى نۆۋىتى كەلگەندە كۆرەرمىز.

**نۆۋەتتىكى** سۈپ. ھازىرقى، كۆز ئالدىمىزدىكى: نۆۋەتتىكى مۇھىم ئىش ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇش.

**نۆۋەتچى** ① ئى. دېجورنى: سىز مۇئاۋىن سېخ مۇدىرى تۇرۇقلۇق نېمىشقا سېختا نۆۋەتچى قالدۇرماي چىقىپ كېتىسىز؟ ② سۈپ. نۆۋەتچىلىك قىلىدىغان؛ نۆۋەت بىلەن ماڭىدىغان: نۆۋەتچى خادىم. نۆۋەتچى ئەسكەر. نۆۋەتچى ئاپتوموبىل. نۆۋەتچى ئايروپىلان. نۆۋەتچى پاراخوت.

**نۆۋەتچىلىك** ئى. نۆۋەتتە تۇرۇش ئىشى: بۈگۈن ئۇنىڭ كېسەلخانىدا نۆۋەتچىلىك قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، كەچتە ئۇنىڭ يېنىغا كىردىم.

**نۆۋەتسىز** رەۋ. نۆۋەت بويىچە ئەمەس، نۆۋەت كۈتمەي؛ ئۆچىرەتسىز: تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئىشخانىسى ماشىنىڭىزنى نۆۋەتسىز رېمونت قىلىشنى قانداق ئورۇنلاشتۇرىدىكىن؟

**نۆۋەتلەشتۈرمەك** «نۆۋەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوتلاقتىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، نۆۋەتلەشتۈرۈپ چارۋا بېقىشنى يولغا قويۇش لازىم.

**نۆۋەتلەشتۈرۈشمەك** «نۆۋەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك

دەرىجىسى.

**نۆۋەتلەشتۈرۈلمەك** «نۆۋەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**نۆۋەتلەشمە** سۈپ. نۆۋەتلىشىدىغان: نۆۋەتلەشمە قاتار.

**نۆۋەتلەشمەك** پ. نۆۋەت بويىچە بېجىرمەك، نۆۋەت بىلەن قىلماق: بىز نۆۋەتلىشىپ ئىشلىدۇق.

**نۆۋەتلىشىش** ئى <تىل> نۇتۇقتا بەزى تاۋۇشلارنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىش ھادىسىسى. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى «كەل» سۆزىگە يوقلۇق قوشۇمچىسى «مە» قوشۇلغاندا جانلىق تىلدا شۇ سۆزدىكى «ل» تاۋۇشى بەزىدە «م» غا نۆۋەتلىشىدۇ: ئۇ تېخى كەممىدى.

**نۆۋەتلىك** سۈپ. مەلۇم نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغان؛ قېتىملىق: جانابلىرى بىر قانچە نۆۋەتلىك سۆھبەتلىرىدە بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىلە.

**نۆۋەتلىمەك** پ. نۆۋەت بىلەن بېجىرمەك، نۆۋەت بويىچە ئېلىپ بارماق، نۆۋەتلەشمەك: خاسۇمى ئەپەندى ھەر يىلى يازدا دىيارىمىزدىكى ۋىلايەتلەرگە نۆۋەتلەپ بېرىپ، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇش پۇلى، كىتاب ـ ماتېرىيال پۇلى، كىيىم ـ كېچەك تارقىتىپ بېرىدىكەن.

**نۆۋەر** سۈپ [پ] ياش، يېتىلگەن: ئۆتمۈشتە پايتەختتىكى ۋاقىتلىرىدا نۆۋەر يىگىت ئىدىلە، ئەمدى ئوتتۇرا ياشلىق كىشى بولۇپ قاپتۇلا!

**نې** «ن» ھەرپىنىڭ نامى.

**نېپتون** ئى [ر<لات] <ئاستر> قۇياش سىستېمىسىدىكى قۇياشقا يېقىن 8 ـ پىلانېتا. قۇياشنى ئومۇمىي ئايلىنىش دەۋرى 164.8 يىل. يورۇقلۇقى بىر قەدەر ئاجىز، ئاددىي كۆزدە كۆرۈنمەيدۇ. يۈزىدىكى تېمپېراتۇرىسى 200℃ ـ ئوراپ تۇرغان ھاۋا تەركىبى ئاساسەن ھىدروگېن ۋە مېتان (پاتقاق گازى)، ئىككى ھەمراھى بار.

**نېپتۇنىي** ئى [ر<لات] <خىم> رادىيوئاكتىپلىق ئېلېمېنت. بەلگىسى Np(Neptunium). نېيترون ئارقىلىق ئۇراننى بومباردىمان قىلىش يولى بىلەن ئېلىنىدۇ، كۈمۈش رەڭلىك، ئەڭ تۇراقلىق ئىزوتوپىنىڭ يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى تەخمىنەن 220 مىليون يىل.

**نېپىر** ئى <فىز> ئېلېكتىر ئىلمىدە ئىككى توك كۈچىنىڭ ياكى ئېلېكتىر بېسىمىنىڭ نىسبىتىنى ئىپادىلەيدىغان بىرلىك. ئاكۇستىكىدا ئىككى ماددىي نۇقتا تېزلىكىنىڭ ياكى ئىككى ئاۋاز بېسىمىنىڭ نىسبىتىنى ئىپادىلەيدىغان بىرلىك. بۇ نام شوتلاندىيە ماتېماتىكا ئالىمى نېپىر [John Napier (1550 — 1617)] نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن.

**نېپىز** سۈپ ① قېلىن ئەمەس، يۇپقا: نېپىز كىتاب. نېپىز قەغەز. * ئانىسى ناننى نېپىز ياقىدۇ، بالىسى تويماي قوشلاپ يەيدۇ (ماقال). ② كۆچمە. يۈزى تۆۋەن، تارتىنچاق: ۋۇي... قالتىس نېپىز خېنىم ئىكەنغۇ بۇ! مۇنداق نېپىزلىك قىلىسىلا، بۇ يەردە بىر كۈنمۇ جان باقالمايدىلا جۇمۇ!

**نېپىزلەتمەك** «نېپىزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يىلان تېرىسى تېپىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، قوي، موزايغا ئوخشاش ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى قۇم قەغەز بىلەن ياخشى تازىلاپ نېپىزلىتىمىز.

**نېپىزلەشمەك** پ. نېپىز ھالەتكە كەلمەك، نېپىز بولماق: — قاچاندىن بېرى نېپىزلىشىپ قىزلاردىن تارتىنىدىغان ھەم ئۆزۈڭنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالدىڭ؟ — دېدى سەمەت ماڭا چاقچاق قىلىپ.

**نېپىزلەنمەك** «نېپىزلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى.

**نېپىزلىمەك** پ. نېپىز، يۇپقا ھالەتكە كەلمەك: كىتاب كونىراپ يىرتىلىپ نېپىزلاپ كېتىپتۇ.

**نېتەي** ئال. يېزت. قانداق قىلاي، نېمە چارە، نېمە ئامال: نېچۈن جاننى قۇتقۇزاي بۇ چۆلىستان ئىچىدە، نېتەي شۇنچە ئازغاشتىم قالدى ئارمان ئىچىدە.

**نېچۈك** ئال. يېزت ① قانداق: سىلەر شۇنچىلىك غەيرەت قىلىپ داۋالىمىغان بولساڭلار قىزىمنىڭ ھالى نېچۈك بولار ئىدى! ② نېمە ئۈچۈن: جانان ناز ئۇيقۇدا يېتىپ نېچۈك تولغانماس، ئاشىقى كۈتۈپ تۇرسا ئېچىپ يورۇق روجەكلەرنى. ③ ھەرقانداق: ھەممە ئادەمگە سەن ياخشى قىلىق قىل، تىلىڭنى خۇش، چىرايىڭنى ئىللىق قىل. نېچۈك سۆز بولسا سەن ياخشى ئىشىتكىن، قۇلاقىڭغا ھالقا قىلىپ بېكىتكىن.

**نېچۈن** ئال. يېزت. نېمە ئۈچۈن، نېمە سەۋەبتىن، نېمىگە: نېچۈن تىلدا قولاشماس گەپ؟ نېچۈن دىلنى ئېزەر ھەسرەت؟

**نېرۋا** [ر<لات] ① ئى <ئانات> باش ۋە ئارقا مېڭىدىن بارچە ئەزالارغا تارالغان ھەمدە ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان ئىنچىكە تالاسىمان توقۇلما سىستېمىسى ۋە شۇ توقۇلمىلارنىڭ ھەربىرى: كۆرۈش نېرۋىلىرى. ھەرىكەت نېرۋىلىرى. نېرۋا سىستېمىسى. ② ئى <ئانات> ئورگانىزم پائالىيىتى ۋە ئىنسان ھەرىكەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە شۇنداق سىستېمىلار يىغىندىسى. ③ سۈپ. كۆچمە. ئاسان تېرىكىدىغان، ئاچچىقلىنىدىغان، تېرىككەك: نېرۋا ئادەم. نېرۋا بولماق. نېرۋا قىلماق.

**نېرۋا كېسىلى** <تېب> نېرۋا سىستېمىسىنىڭ توقۇلمىلىرىدا كېسەللىك ئۆزگىرىشلىرى يۈز بەرگەن ياكى نېرۋا فۇنكسىيەسى دەخلىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن كېلىپ چىقىدىغان كېسەللىكلەر. مەسىلەن، تۇتقاقلىق، نېرۋا ئاغرىش، مېڭىگە قان چۈشۈش ۋە مېڭە ئۆسمىسى قاتارلىقلار.

**نېرۋىسى بۇزۇلماق** ئالجىپ، ئېلىشىپ قالماق: ئۇنىڭ نېرۋىسى بۇزۇلغان بولۇشى كېرەك.

**نېرۋىسى جايىدا** ئەقلىدىن ئازمىغان، ئەس ـ ھوشىنى يوقاتمىغان: ئۇنىڭ ئىشتىھاسى ياخشى، نېرۋىسى جايىدا.

**نېرۋانا** ئى [سانس] <دىن> مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان، ھېچقانداق بىر قۇدرەتكە بېقىنمايدىغان بىر خىل ھۆرىيەت دۇنياسى دېگەن مەنىدە. بۇددا دىنى « ئاڭ ـ سېزىمگە كىرىپ، ئەس ـ ھوشىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ؛ كىشىلەر بىلىمسىزلىكتىن يەنى قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلغاندا، دۇنيانىڭ ھەقىقىي خاراكتېرى ئېچىلىدۇ؛ ھاياتلىقتىن، تەكرارلىنىشتىن، يەنى سانسارادىن ئازاد بولۇپ، نېرۋاناغا يەتكىلى بولىدۇ» دەپ تەرغىب قىلىدۇ.

**نېرۋشۇناس** ئى [ر+پ] نېرۋىنىڭ باشقا ئورگانىزملار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەم ئۇنىڭ ھەرىكەت سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس: ئامېرىكىلىق نېرۋشۇناس پاۋېل يېرىم ئۆمۈرلۈك تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە

مۇنداق يېڭى بايقاشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

**نېرۋشۇناسلىق** ئى. نېرۋا ۋە نېرۋا پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ھەرقايسى تەرەپلەرنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم (پەن): نېرۋشۇناسلىق ھازىر دۇنيادىكى مۇھىم پەنلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

**نېرۋىلىق** ① سۈپ. نېرۋىسى بار، نېرۋىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: نېرۋىلىق قەۋەت. ② رەۋ. نېرۋا ئارقىلىق، نېرۋا بىلەن: نېرۋىلىق تەڭشىلىش. نېرۋىلىق ئوزۇقلىنىش.

**نېرى** ① رەۋ. سۆزلەۋاتقان كىشىدىن ياكى سۆز بولۇۋاتقان ئورۇن – جايدىن يىراق: ئون نەچچە قەدەم نېرىدا بىر ئاتلىق كۆرۈندى. ② ئى. قېلىپ قالغان قىسمى (Ⅲ شەخس ئىگىلىك قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەندە): گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە نېرىسىنى ئاڭلىغۇسى كەلمىدى.

**نېرى تۇر، بېرى تۇر دېمەك** ئورۇنسىز بۇيرۇق بەرمەك، ئۆزى بىلگەنچە يېتەكچىلىك قىلماق: ئۇنداق نېرى تۇر، بېرى تۇر دەۋەرسە، كىم چىدايدۇ؟

**نېرى- بېرى** ① بىرەر ئىشنىڭ سەۋەبى، تېگى – تەكتى، ئالدى – كەينى: مەن ئىشنىڭ نېرى – بېرىسىنى بىلمىدىم. ② ئۇششۇق – تۆشۈك، ئېگىز – پەس گەپ: يىگىتمۇ نېرى – بېرى دېمەيلا قوينى يېتىلەپ مېڭىپ كەتتى. ③ مۇنداقلا، بىرقۇر، ئادەتتىكىچە: ئۇ بۇدۇر چاچلىرىنى نېرى – بېرى تۈزەشتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ④ ئۇ يەردىن – بۇ يەردىن، تاغدىن – باغدىن: بىر كۈنى ياتىقىڭغا بارسام يالغۇز ئىكەنسەن، نېرى – بېرى پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. ⑤ ئالدىراپ – تېنەپ، ھاپىلا – شاپىلا، چالا – بۇلا: ئالماس ئۈنچىسىزمۇ ئالدىراپ تۇراتتى، داستىخاننى نېرى – بېرى يىغىشتۇردى – دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ⑥ ئارتۇقچە، ئۇششۇق – تۆشۈك: — ئاكا، سىز ھازىر خېلى ياخشى تۇرۇۋاتىسىز، نېرى – بېرى ئىشنى يادىڭىزغا كەلتۈرمەڭ.

**نېرىقى** سۈپ. نېرىدىكى، نېرى تەرەپتىكى؛ ئۇ تەرەپتىكى، ئۇ ياقتىكى: ئۇزۇن كەتكەن سالا ئېتىزنىڭ نېرىقى بۇرجىكىدە يالغۇز ئىشلەۋاتقان بىر قىزدىن باشقا بىرەر كىشىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

**نېرىن** ئى. قىسقا كېسىلگەن ئۈگرىنى شورپىدا پىشۇرغاندىن كېيىن ئۇششاق توغرالغان گۆش ياكى قېزا ۋە پىياز ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدىغان تاماق.

**نېرىنچى** ئى. نېرىن ئېتىدىغان ئاشپەز: نېرىنچى بىر چىنە نېرىننى مېھماننىڭ ئالدىغا قويدى.

**نېزىقاشماق** «نېزىقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاچچىقى بېسىلمىغان قىزلار سىنىپقا كىرىپ كەلگەن ئەنۋەرنى كۆرۈپلا نېزىقىشىپ، غۇدۇراشقىنىچە بىر – بىرلەپ سىنىپتىن چىقىپ كېتىشتى.

**نېزىقىغاق** سۈپ. بەك نېزىقايدىغان: نېزىقىغاق ئادەم.

**نېزىقىماق** پ. بىرەر ئىشقا نارازى ئىكەنلىكىنى قېيىداش ياكى نارازى بولۇش بىلەن ئىپادىلىمەك: قىز يىگىتنى كۆرۈپلا نېزىقاپ، بۇ نېمىدى، نى – نى يىگىتلەرنى كۆرگەنمەن دەپ ئويلاپتۇ.

**نېسى** [ئە] ① ئى. پۇلنى نەق بەرمەي كېيىن تۆلەش شەرتى بىلەن بولىدىغان بىر خىل سودا ئۇسۇلى: نېسىگە ئالماق. نېسىگە ساتماق. ② سۈپ. پۇلى دەرھال، نەق بېرىلمەيدىغان: نېسى سودا. نېسى مال. * نېسى يېمەك گۆشنى، يېرىپ چىقىدۇ تۆشنى (ماقال).

**نېسىدىن تەلىيىم يوق** نېسى قىلمايمەن، نەق ساتىمەن: ئەزەلدىن نېسىدىن تەلىيىم يوق، 30 تەڭگىنى بىر – بىردىن ساناپ ئالىمەن.

**نېسىپ** ئى [ئە] تەقدىر تەرىپىدىن كىشىگە بۇيرۇلغان ھەسسە، ئۈلۈش؛ مۇمكىنچىلىك: مەندە ئۇزۇندىن بۇيان بىر كۆرۈشسەم دەيدىغان ئارزۇ بار ئىدى، مانا بۈگۈن نېسىپ بوپتۇ.

**نېسىۋە** ئى [ئە] كىشىنىڭ بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھەسسىسى، ئۈلۈشى؛ رىزقى: ھەركىمگە ئۆز نېسىۋىسىنى بۆلۈپ بېرىپلا بولدى قىلىش كېرەك.

**نېسىۋىسىز** سۈپ. نېسىۋىسى يوق، نېسىۋىگە ئىگە بولمىغان، رىزىقسىز: نېسىۋىسىز ئادەم كاج، تەلەيسىز ئادەمدۇر.

**نېسىۋىلىك** سۈپ. نېسىۋىسى بار، نېسىۋىگە ئىگە بولغان، رىزىقلىق: «سەھەر ھەدىسلەر» ناملىق كىتابتا: «سەپەر قىلىڭلار، ساغلام ۋە نېسىۋىلىك بولىسىلەر» دېگەن بىر جۈملە بار.

**نېغىچاق** ئى. دىيال. تۆگىنىڭ ئۇچۇلىقىنىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان ياغاچ شال.

**نېفىلىن** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. ئالتە ياقلىق كىرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. كىرىستاللىرى قىسقا تۈۋرۈكسىمان، قۇراشمىسى كۆپىنچە دانىچە ياكى سىپتا كاللەكسىمان بولىدۇ. رەڭسىز ياكى ئاق، بەزىدە ئاچ سېرىق، ئاچ قوڭۇر بولىدۇ. ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە. سۇنۇق يۈزى ماي پارقىراقلىقىغا ئىگە. ئۇلاردىن رەڭگى ئاچ، تۇتۇق، ماي پارقىراقلىقى كۆرۈنەرلىك بولغانلىرى ئەلېئولىت دېيىلىدۇ. قاتتىقلىقى 5 — 6، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 2.6.

**نېفىت** ئى [پ] <گېئول> سۇيۇق مىنېرال، يەنى ھەر خىل ھىدروكاربون بىرىكمىلىرىنىڭ ئارىلاشمىسى. يانىدۇ، ئادەتتە قوڭۇر رەڭلىك، تۇتۇق يېشىل رەڭلىك ياكى قارا رەڭلىك بولىدۇ، تاش قاتلىمىدىكى بوشلۇقلارغا سىڭگەن بولىدۇ، دىستىللەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭدىن بېنزىن، كېروسىن، دىزېل، سىلىقلاتقۇچى ماي، موم ۋە ئاسفالت (قارا ماي)قاتارلىقلار ئاجرىتىپ ئېلىنىدۇ.

**نېفىت گازى** <گېئول> قېزىۋېلىنغان نېفىت ياكى نېفىت ئايرىش زاۋۇتلىرىدا نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدا پەيدا بولىدىغان گازلار. مۇھىم تەركىبى ھىدرو كاربون بىرىكمىلىرى بىلەن ھىدروگېن. ئادەتتە ئۇ خىمىيە سانائىتىنىڭ خام ئەشياسى ۋە يېقىلغۇ قىلىنىدۇ.

**نېفىتلىك** ① سۈپ. تەركىبىدە نېفىت بار، نېفىتكە ئىگە: نېفىتلىك قۇم. ② ئى <گېئول> نېفىت ئېلىنىشقا بولىدىغان كەڭ مەيدان، نېفىت قاتلىمى تارالغان بەلباغ.

**نېقىپ** ئى. تارس. نەرخ – ھاۋا، جىڭ – تارازىلارنىڭ راست – يالغانلىقىنى تەكشۈرگۈچى خادىم.

**نېقىپبەگ** ئى [ نېقىپ + بەگ ] تارس. كونا جەمئىيەتتە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن نېقىپلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن مەنسەپدار: ھۇنەرۋەن – كاسىپلارغا نېقىپبەگ مەسئۇل ئىكەن، پاششاپبەگ ئوغرى – يالغاننى تۇتۇپ تەرگەۋ قىلىشقا مەسئۇل ئىكەن.

**نېكروز** ئى [ر<گىرېك] <تېب> ئادەتتە ئايرىم ھۆجەيرە، بىر قىسىم ھۆجەيرىلەرنىڭ ياكى كىچىك بىر پارچە توقۇلمىنىڭ ئۆلۈشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**نېكروزلاتماق** «نېكروزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دوختۇر ئوپېراتسىيەنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بارمىقىنى ۋاقىتلىق نېكروزلىتىپ، ئاندىن ئوپېراتسىيەگە تۇتۇش قىلدى.

**نېكروزلاشماق** «نېكروزلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دوختۇرلار ئالدى بىلەن ئۇنىڭ نېرۋىسىنى ۋاقىتلىق نېكروزلاشتى.

**نېكروزلانماق** ① «نېكروزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. ② ئۆلمەك، كېرەكتىن چىقماق (ھۈجەيرە ياكى توقۇلمىلار ھەققىدە): ئۇنىڭ ئوڭ كۆز ھۈجەيرىسى ئاللىقاچان نېكروزلىنىپ بولۇنغانىدى.

**نېكروزلىماق** پ. ئۆلتۈرمەك، كېرەكتىن چىقارماق (ھۈجەيرە ياكى توقۇلمىلار ھەققىدە): ئۇلار توشقاننىڭ مېڭىسىنى نېكروزلاپ سىناق ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلىشتى.

**نېگاتىپ** ئى [ر<لات] ① ئاق ئورنىغا قارا، قارا ئورنىغا ئاق بولۇپ چۈشكەن فوتو تەسۋىر ۋە شۇنداق تەسۋىر چۈشۈرۈلگەن پىلاستىنكا ياكى پىلىيونكا. ② تېخى ئىشلىتىلمىگەن فوتو سۈرەت لېنتىسى.

**نېگىر** ئى [ر<ئىسپان] <ئىرق> ئافرىقىنىڭ تۇپ ئاھالىسىنى تەشكىل قىلغۇچى قارا تەنلىك خەلق، ھەبەش.

**نېگىر ـ ئاۋستىرالىيە ئىرقى** <ئىرق> دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ ئىرقنىڭ بىرى. بۇ ئىرقتىكىلەرنىڭ تېرىسى قارا، كالپۇكى قېلىن ھەم توم، بۇرنى كەڭ ھەم ياپىلاق، چېچى بۇدۇر كېلىدۇ. ئۇلار ئاساسەن ئافرىقا، ئاۋستىرالىيە ھەم جەنۇبىي سۇبتىروپىك بەلباغ رايونلىرىغا تارقالغان.

**نېگىز** ئى ① بىنانىڭ ئۇستۇنكى قەۋەتلىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ئاستىنقى قىسمى، ئۇلى: بىنانىڭ نېگىزى پۇتتى، ئەمدى ئۇستىگە ئىشلىسەكلا بولىدى. ② بىرەر نەرسىنى جۇملىدىن سۆز، پىكىر قاتارلىقلارنى تەشكىل قىلغۇچى ئەڭ مۇھىم ئامىل، ئاساس؛ تۇپ يىلتىز، ماھىيەت: مەسىلىنى چۈشىنىش ئۈچۈن نېگىزىدىن مۇھاكىمە قىلىش لازىم.

**نېگىزلىك** سۈپ. ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان تۇپ، ئاساسلىق: نېگىزلىك زىددىيەت.

**نېلۇپەر** ئى [پ] ①<بوت> نېلۇپەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تېيىز سۇلاردا ئۆسىدۇ، يەر ئاستى غولى يوغان ھەم ئۇزۇن، بوغۇمى بار. يوپۇرمىقى دۈگىلەك، گۈلى چوڭ، سۇس قىزىل ياكى ئاق رەڭلىك، خۇشبۇي پۇرىقى بار، يەر ئاستى غولىنى ۋە ئۇرۇقىنى يېيىشكە بولىدۇ. ② قىز ـ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**نېمانچە** رەۋ [نېمە + ئانچە] نېمىشقا شۇنچە؛ نېمىدېگەن: ــ نېمانچە بەڭباش بالا بۇ، ــ دېدى ئۇ سەل خاپا بولغاندەك قىلىپ.

**نېمانداق** رەۋ [نېمە + ئانداق] نېمىشقا ئانداق، نېمانچە: ــ نېمانداق تۇگمەيدىغان سەيسە بۇ، مەن سەيسىدىن ھازىرلا كەلدىمغۇ، ــ دېدى هارۋىكەش.

**نېمە** ① ئال. مەلۇم شەيئى، ۋەقە ـ ھادىسە قاتارلىقلار ھەققىدىكى سوراقنى بىلدۈرىدۇ: نېمە گەپ ؟ نېمە ئىش ؟ * ئېشىمدا يوق پۇرچاق، پوقۇمدا نېمە قىلار (ماقال). ② ئال. بەلگە، سۈپەت، خۇسۇسىيەت ۋە ھالەت قاتارلىقلار ھەققىدىكى جۈملىلەردە «قانداق؟» دېگەن سوراق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: بۇ نېمە كىتاب؟ * مەن نېمە گۇناھ قىلدىم؟ ③ ئى. سوئال جۈملە تەركىبىدە قانداق ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى سوراش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: بۇ كىشى سىزنىڭ نېمىڭىز؟ ④ ئى. سوئال جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ سوئالنى تەكىتلەيدۇ: نېمە؟ سىز ئوقۇماقچىمۇ؟ * نېمە؟ تاشۋاي كېتىمەن دەمدۇ؟ ⑤ ئال. رىتورىك سوئاللىق جۈملىدە ئىنكار مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: ئۆز ئەھلىلىرى تۇرغان يەردە ساڭا نېمە قويۇپتۇ؟ ⑥ ئال. ئىسىمنىڭ III شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى «سى» بىلەن تۇرلىنىپ، جۈملىدە ئىسىم رولىدا كېلىپ ھەيرانلىقنى بىلدۈرىدۇ: ئەجەب ئىش ـ ھە، كېلىدىغىنىمنى بىلىپ تۇرۇپ تويغا كەتكىنى نېمىسى؟ ⑦ ئال. بەزى جۈملىلەردە ئىسىمغا ئالمىشىپ كېلىپ، كەمسىتىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: بۇگۈن ۋايىت دېگەن بۇ بىرنېمە، بىزنىڭ ئارقىمىزغا كىرىۋالدى. ⑧ يۈك. «مۇ» يۈكلىمىسى ئۇلىنىپ كەلگەن سۆزلەردىن كېيىن كېلىپ، شۇ جۈملىدە ئاڭلىنىلغان گۇماننى، قىياسنى كۈچەيتىدۇ: مەن پەرىدەنى ئاتتىن يىقىلىپ بىرنەرسە بولۇپ قالدىمۇ، نېمە دەپ دەرھال ئات بىلەن ئۇنى ئىزدەپ يولغا چىقتىم.

**نېمە قىلاي** ① قانداق قىلىپ بەرسەم بولىدۇ، قانداق قىلاي: ئەمدى بۇندىن باشقا نېمە قىلاي، ساڭا.② كېرەك ئەمەس، ھاجەتسىز، لازىمى يوق: ــ بۇ نەرسىدىن ئازراق ئېلىۋېلىڭ، ــ دېسەم، نېمە قىلاي ئۆيدە كۆپ ئۇ، ــ دېدى ئۇ.

**نېمە ئۈچۈن** نېمە سەۋەبتىن، نېمىشقا: ئۇ ئەسلىدە ياخشى ئوقۇغۇچى ئىدى، نېمە ئۈچۈن يېقىندىن بېرى مۇشۇنداق بولۇپ قالدى؟

**نېمىسنى دەيسەن** دېگۈچىلىكى يوق، ئېيتقۇچىلىكى يوق، تىلغا ئالغۇسىز: ۋاي ـ ۋۇي، نېمىسىنى دەيسەن، يەنىلاشۇ كونا گەپ.

**نېمىسنى ئېيتىسەن** ← **نېمىسنى دەيسەن**.

**نېمەت** ئى [ئە] ① يېمەك ـ ئىچمەك، ئوزۇق ـ تۈلۈك: ناماز دىگەر ۋاقتىدا، تۆگچىنىڭ ئۆيىگە بىر ھارۋىدا ئاشلىق، قوي، توخۇ، قوغۇن، تاۋۇز، ئۈزۈم قاتارلىق نېمەتلەر كەلدى. ② ياخشى ئىش، ياخشىلىق: «نېمەتلىرىگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت» دېدىم مېڭىشقا تەمشىلىپ.

**نېمەتپەرەس** سۈپ [ ئە+پ ] نېمەتكە بېرىلگەن، نېمەتنى ياخشى كۆرىدىغان. نېمەتكە، كەيپ ـ ساپاغا ئامراق، مەئىشەتپەرەس: ئەمەلىيەتتە توڭگۇز يىللىق كىشىلەرنى ماددىي نېمەتپەرەسلەر ياكى مەئىشەتچىلەر دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلار خەسىسلىك قىلمايدۇ.

**نېمەتپەرەسلىك** ئى. نېمەتكە بېرىلىش، نېمەتنى ياخشى كۆرۈش، كەيپ ـ ساپاغا ئامراقلىق، مەئىشەتپەرەسلىك: بۇ شېئىردا نېمەتپەرەسلىك راسا قامچىلانغانىدى.

**نېمەتسىز** سۈپ. نېمىتى يوق، نېمەتكە تولمىغان، نېمەت بولمىغان: ئۇ نېمەتسىز داستىخاندا ئولتۇرغاندىن كەتكەن تۈزۈك، دەپ ئويلىدى ـ دە، قايتماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى.

**نېمەتلىك** سۈپ. نېمىتى بار، نېمەتكە تولغان: نېمەتلىك داستىخان.

**نېمىدەپ** ئال [نېمە + دە + پ] ① نېمە سەۋەبتىن، نېمە ئۈچۈن، نېمىگە ئاساسەن، قانداق مەقسەت بىلەن: بۇ كىتابنى نېمىدەپ ساڭا بەرگۈدەكمەن؟ ② قانداق سۆزلەر بىلەن، قانداق سۆزلەرنى قىلىپ: مەن ئۇنىڭغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلمەي

تۇرۇپلا قالدىم.

**نېمدۇر** ئال. نېمىلىكىنى ئېيتىپ بەرگىلى بولمايدىغان، نامەلۇم: گۈلشاتنىڭ نېمدۇر بىرنەرسىسىنى بىللە ئېلىپ كەتكەنىدى.

**نېمدېگەن** رەۋ [نېمە + دە + گەن] سۈپەت ياكى پېئىللارنىڭ ئالدىدا ئۈندەشلىك كۈچەيتمە رولىدا كېلىپ «ئاجايىپ، نېمانداق، نەقەدەر» دېگەن مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ: سىز نېمدېگەن بەختلىك ئادەم-ھە!

**نېمىس** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار گېرمانىيەنىڭ تۈپ ئاھالىسىنى تەشكىل قىلغۇچى خەلق بولۇپ، يەنە بىر قىسمى ئامېرىكا، ياۋروپا، ئوكيانىيە، ئافرىقا ۋە ئاسىيادىكى بىر قىسىم دۆلەت ۋە رايونلارغا ئولتۇراقلاشقان.

**نېمىسچە** ① سۈپ. گېرمانىيەگە، نېمىس خەلقىگە، ئۇنىڭ تىل - يېزىقى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: نېمىسچە يېزىق. ② ئى. نېمىس تىلى: ئۇ نېمىسچىنى سۇدەك سۆزلەيدۇ. ③ رەۋ. نېمىس تىلىنى ئىشلىتىپ، نېمىس تىلى بىلەن: ئۇلار نېمىسچە ئەھۋال سوراشتى.

**نېمىشقا** ئال [نېمە + ئىش + قا] نېمە ئۈچۈن، نېمە سەۋەبتىن: ئۇ يەرگە نېمىشقا كەپتۇ؟

**نېمىشقا دېسەڭ** نېمە ئۈچۈنلىكىنى، سەۋەبىنى بىلمەكچى بولساڭ: نېمىشقا دېسەڭ، بىزمۇ يېقىندا مۇشۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىمىز.

**نېمىشقىدۇر** يۈك [نېمە + ئىش + قا + دۇر] جۈملىدە ئىپادىلىنىۋاتقان مەقسەتنىڭ سەۋەبىگە بولغان گۇماننى ئىپادىلەيدۇ: ئۇ ئىتتىك كېلىۋېتىپ، نېمىشقىدۇر بىردىنلا توختاپ قالدى.

**نېمىقوق** يۈك. دىيال. ھېچقىسى يوق.

**نېمىكى** ئال ① ھەرقانداق نەرسە، قانداقلىكى نەرسە: باھارخان نېمىكى تاپسا، ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆزى چەتتە قاراپ تۇراتتى. ② ھەرقانداق، قانداقلىكى: بۇ ساندۇقنى ئۆگەي ئاچاڭ بار يەردە ئاچمايلى، نېمىكى دۇنيا چىقسا ئۆزىمىزنىڭ بولسۇن.

**نېمىگە** ئال ① نېمە ئۈچۈن، نېمە ئىشقا: — سەن نېمىگە بۇنچىۋالا سۆزلەپ كېتىسەن؟ — دېدى ئۇ ئالىمدىن رەنجىپ. ② قانداق نەرسىگە، نېمە نەرسىگە: — ئۇنداقتا بۇ قوينى نېمىگە ئالماشتۇرالا؟ — دېدى ھېلىقى كىشى مۇلايىملىق بىلەن.

**نېمىگىدۇر** ئال. نېمىشقىدۇر: ئۇ نېمىگىدۇر بۈگۈن كېلەلمىدى.

**نېمىنىدۇر** ئال. جۈملىدە ئېيتىلىۋاتقان نەرسىنىڭ ئېنىق ئەمەس، نامەلۇملۇقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ قاراڭغۇدا نېمىنىدۇر بىرنەرسىنى قولىغا ئالدى.

**نېئودىمي** ئى [ر<گرېك] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى (Nd(Neodymiun. سەل سېرىق رەڭلىك، ھاۋادا ئوڭايلا ئوكسىدلىنىدۇ، سۇنى پارچىلايدۇ. قېتىشما ئىشلەشتە پايدىلىنىلىدۇ.

**نېئورگانىك** سۈپ [ر] <خىم> ① ئۆسۈملۈك ياكى ھايۋانات ئالىمىگە مەنسۇپ بولمىغان. ② تەركىبىدە كاربونات كىسلاتا تۇزلىرى ۋە كاربون ئوكسىدلىرىدىن باشقا ھېچقانداق كاربون ئاتوملىرى بولمىغان؛ كاربوننى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان، ئانئورگانىك: نېيورگانىك بىرىكمە. نېئورگانىك خىمىيە. نېئورگانىك ئوغۇتلار.

**نېئورگانىك خىمىيە** <خىم> خىمىيەنىڭ بىر تارمىقى. كاربوندىن باشقا ئېلېمېنتلار ۋە ئۇلارنىڭ بىرىكمىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، خاراكتېرى، ئۆزگىرىشى، تەييارلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشى قاتارلىقلارنى ھەمدە كاربوننىڭ ئاددىي بىرىكمىلىرى (يەنى كاربونات كىسلاتا تۇزلىرى ھەم كاربون ئوكسىدلىرى) نى تەتقىق قىلىدۇ.

**نېئون** ئى [ر<گرېك] <خىم> گاز ئېلېمېنت. بەلگىسى (Ne(Neonum. رەڭسىز ھەم پۇراقسىز. ھاۋادىكى مىقدارى ئىنتايىن ئاز، ئېلېكترودلار نېئون گازىدا زەرەت قويۇپ بەرگەندە قىزىل رەڭلىك نۇر تارقىلىدۇ، نېئون چىرىغى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتە «نېئون گازى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**نېئونلۇق** سۈپ. نېئون گازى بار، نېئون گازى تولدۇرۇلغان: نېئونلۇق لامپا.

**نېئونلۇق لامپا** <فىز> ۋاكۇئۇم نەيچىنىڭ ئىچىگە نېئون گازى قاچىلىنىپ ياسالغان لامپا، توك ئۆتكەندە قىزىل رەڭلىك يورۇقلۇق چىقىرىدۇ. يورۇقلۇق دەرىجىسى توك بېسىمىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ، نۇرى تۇماننى يېرىپ ئۆتەلەيدۇ، كۆپرەك بەلگە چىرىغىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**نېۋرىن** ئى [ئىنگ] <بىيول> بىر خىل ئۆتكۈر زەھەرلىك، شىرنىسىمان سۇيۇقلۇق. سۇ ياكى ئىسپىرتتا ئېرىيدۇ. مېڭە توقۇلمىسى، ئۆت سۇيۇقلۇقى ۋە جەسەتتىكى خولىنلارنىڭ چىرىشىدىن ھاسىل بولىدۇ.

**نېيترال** سۈپ [ر<لات] <خىم> ھەم كىسلاتالىق، ھەم ئاساسلىق خۇسۇسىيەت كۆرسەتمەيدىغان: نېيترال تۇز.

**نېيتراللاشتۇرماق** «نېيتراللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يۇقىرى كالتسىي ئوزۇقلۇقىنىڭ ئالاھىدە بولغان ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى مەھسۇلاتنىڭ كىسلاتالىق ئىشقارلىقىنى نېيتراللاشتۇرغان بولۇپ، پەرھىز تۇتۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

**نېيتراللاشتۇرۇشماق** «نېيتراللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار مەھسۇلاتنىڭ كىسلاتالىق ئىشقارلىنى نېيتراللاشتۇرۇشۇپ، زور ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

**نېيتراللاشتۇرۇلماق** «نېيتراللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ مەھسۇلاتنىڭ كىسلاتالىق ئىشقارلىقىنى نېيتراللاشتۇرۇلغان بولۇپ، پەرھىز تۇتۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

**نېيتراللاشماق** پ. نېيترال ھالەتكە كەلمەك، نېيترال بولماق: بۇ مەھسۇلات نېيتراللاشقان، تەمى ئۆزگىچە بولۇپ، غىدىقلاش خاراكتېرى يوق.

**نېيتراللانماق** پ ① <خىم> ئوخشاش ئېكۋىۋالېنتلىق كىسلاتا بىلەن ئاساس تەسىرلىشىپ تۇز بىلەن سۇ ھاسىل قىلىش ئارقىلىق كىسلاتالىق ۋە ئاساسلىق خۇسۇسىيىتىنى يوقاتماق. ② <خىم> توكسىن ئانتىتوكسىن ياكى زەھەرگە قارشى قان زەردابى بىلەن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ باشقا ماددىلارنى ھاسىل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ زەھەرلىك خۇسۇسىيىتىنى يوقاتماق. ③ <فىز> جىسىملارنىڭ مۇسبەت قۇتۇپىدىكى زەرەت مىقدارى بىلەن مەنپىي قۇتۇپىدىكى زەرەت مىقدارى تەڭلىشىپ، زەرەتسىز ھالەتنى ئىپادىلىمەك.

**نېيترون** ئى [ر<لات] <فىز> ئاتوم يادروسىنى ھاسىل

قىلغۇچى ئاساسىي زەررىچىلەرنىڭ بىرى. ماسسىسى تەخمىنەن پىروتوننىڭكى بىلەن تەڭ. نېيترون زەرەتسىز بولىدۇ. شۇڭا ئاتوم يادروسىدىن پارچىلىنىپ چىققان نېيترون ئاتوم يادروسىغا ئوڭايلا كىرەلەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئاتوم يادروسىغا زەربە بېرىپ، يادرو رېئاكسىيەسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولىدۇ.

**نېيترىنو** ئى [ر<ئىتال] <فىز> ئاساسىي زەررىچىنىڭ بىر خىلى. ئادەتتە V بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. زەرەتسىز، تۇراقلىق، نەزەرىيە بويىچە ئېيتقاندا، تىنچ ھالەتتىكى ماسسىسى نۆل بولۇشى كېرەك.

**نى** ئى. نۇرغۇن، كۆپ، ئاجايىپ: شىبىڭ شىسەي دېگەن جاللات شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 11 يىل جەريانىدا ياخشى ئادەملەرنى، نى بىلىملىك زىيالىيلارنى يەپكەتتى.

**نى ئات، نى نومۇس** باش كۆتۈرگۈسىز، ئېغىر دەرىجىدىكى نومۇس: ۋاقىت ـ سائىتى كەلگەندە بۇ ئىش بۇزۇلسا، زورىخانغا نى ئات، نى نومۇس.

**نىپاق** ئى [ئە] يېزت. ئىتتىپاقسىزلىق، بۆلگۈنچىلىك: شاخلىسۇن، يىلتىزلىسۇن، خەلقىمدە بىرلىك، ئىتتىپاق، ھەممە ئادەم كۆڭلىدە ۋەتەنگە بولسۇن ئىشتىياق، كىرمىسۇن دۈشمەن ئاراغا، بولمىسۇن دىلدا نىپاق.

**نىتراتلاتماق** «نىتراتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**نىتراتلار** ئى <خىم> نىترات كىسلاتاسىنىڭ مېتاللار بىلەن ھاسىل قىلغان تۇزلىرى. نىتراتلارنىڭ كۆپچىلىكى سۇدا ياخشى ئېرىيدۇ، كۆپىنچە ئوغۇت قىلىنىدۇ، پارتلىغۇچى ماددىلارنى ئىشلەشتىمۇ قوللىنىلىدۇ.

**نىتراتلاشتۇرماق** «نىتراتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**نىتراتلاشتۇرۇشماق** «نىتراتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**نىتراتلاشتۇرۇلماق** «نىتراتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**نىتراتلاشماق** پ. نىترات ھاسىل قىلماق: نىتراتلانماق.

**نىتراتلاندۇرماق** «نىتراتلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**نىتراتلاندۇرۇشماق** «نىتراتلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**نىتراتلاندۇرۇلماق** «نىتراتلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**نىتراتلانماق** پ مىكرو ئورگانىزملارنىڭ ئاممىياك تەركىبىدىكى ئازوت ئوكسىدلىنىپ، نىترات كىسلاتا تۇزى بىلەن نىترات كىسلاتاسىغا ياكى نىترات كىسلاتا تۇزىغا ئايلانماق؛ نىترات ھاسىل بولماق.

**نىتراتلىماق** پ <خىم> مىكرو ئورگانىزملارنىڭ ئاممىياك تەركىبىدىكى ئازوتنى ئوكسىدلاپ، نىترات كىسلاتا تۇزى بىلەن نىترات كىسلاتاسىغا ياكى نىترات كىسلاتا تۇزىغا ئايلاندۇرماق؛ نىترات ھاسىل قىلماق.

**نىترو** ئى. [ر<گىرېك] <خىم> نىترات كىسلاتا مولې-
كۇلاسى بىر ھىدروكسىل (OH -) گۇرۇپپىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان رادىكال.

**نىتروسېللىيۇلۇزا** ئى [ر<گىرېك + لات] <خىم> سېرىق رەڭلىك شەكىلسىز قاتتىق ماددا. پاختا ياكى ياغاچ بوتقىسى قاتارلىقلارنى قويۇق نىترات كىسلاتاسى ۋە قويۇق سۇلفات كىسلاتاسى بىلەن ئۆزئارا تەسىرلەندۇرۇش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. تۈتۈنسىز پوروخ، سولياۋ قاتارلىقلارنى ئىشلەشتە قوللىنىلىدۇ.

**نىتروگلىتسېرىن** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلاسى $C_3H_5(NO_3)_3$. ئاق رەڭلىك ياكى سۇس سېرىق رەڭلىك سۇيۇقلۇق. زەھەرلىك، كۈچلۈك پارتلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. پارتلىغۇچى دورا ئىشلەشتە قوللىنىلىدۇ ۋە تاجىسمان ئارتېرىيەنى كېڭەيتكۈچى دورا قىلىنىدۇ.

**نىتروگېن** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ←**ئازوت**.

**نىترولاتماق** «نىترولىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**نىترولاشماق** پ <خىم> نىترات كىسلاتاسى ياكى نىترات كىسلاتاسى بىلەن سۇلفات كىسلاتاسىنىڭ ئارىلاشمىسى مەلۇم ئورگانىك بىرىكمە بىلەن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىپ، تەركىبىدە نىترو گۇرۇپپا ($-NO_2$) بولغان بىرىكمە ھاسىل قىلماق. مەسىلەن، مېتىل بېنزولنىڭ نىترولىشىپ ئۈچ نىترو مېتىل بېنزول ھاسىل قىلغىنىغا ئوخشاش.

**نىترولانماق** «نىترولىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**نىترولىماق** پ <خىم> نىترات كىسلاتاسى ياكى نىترات كىسلاتاسى بىلەن سۇلفات كىسلاتاسىنىڭ ئارىلاشما سۇيۇقلۇقىنى مەلۇم ئورگانىك بىرىكمىلەر بىلەن ئۆزئارا تەسىرلەندۇرۇش ئارقىلىق تەركىبىدە نىترو ($-NO_2$) رادىكالى بولغان بىرىكمە ھاسىل قىلماق.

**نىجات** ئى [ئە] ① خالاس بولۇش، قۇتۇلۇش: شاھ ھۇسەيننى بۇ ئازابتىن قىل نىجات، دەرگاھىڭغا ئېيتار بولدۇم مۇناجات. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**نىجاتچى** ئى. قۇتقۇزغۇچى، ئازاد قىلغۇچى، خالاس قىلغۇچى، غەمگۇزار، نىجاتكار: قىز بولسا، ئۆزىنىڭ نىجاتچىسى بولغان بۇ يىگىتكە ئاستىرتىن قاراپ، نېمىنىدۇر دېمەكچى بولدى.

**نىجاتكار** ئى [ئە + پ] قۇتقۇزغۇچى، ئازاد قىلغۇچى، خالاس قىلغۇچى، غەمگۇزار: يېتىملەرنىڭ نىجاتكارى بولۇپ قال، كۆزى نۇرلۇق تۇن يۇلتۇزى جەمىلە.

**نىجاتلىق** ئى. ئازادلىق، قىيىنلىقتىن قۇتۇلۇش: نىجاتلىققا ئېرىشمەك. نىجاتلىق تاپماق. * ئۇ ئاباقتىن نىجاتلىق تىلىدى.

**نىجاتلىق تاپماق** قۇتۇلماق، ئازاد بولماق: ئۇ نىجاتلىق تېپىشنىڭ باشقا يوللىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىشكە باشلىدى.

**نىجاسەت** ئى [ئە] تېزەك، پوق، گەندە، پاسكىنا، ئىپلاس، ھارام نەرسە: ئۇلارنىڭ پۇت ـ قوللىرى نىجاسەتتىنمۇ پاسكىنا.

**نىجىس** سۈپ [ئە] ئىپلاس، رەزىل؛ ۋەھشىي: بۇ ئۇرۇش نىجىس ئەبلەخلەرنىڭ جاجىسىنى بېرىدىغان ئۇرۇشلا بولىدىكەن، مەن ئۇنىڭدىن قورقمايمەن.

**نىجىم** ئى [ئە] <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ

يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى لېنتا شەكىل-لىك، گىرۋەكلىرى ئادەتتە ئېچىگە ئېگىلگەن بولىدۇ. گۈلى باشاقسىمان گۈل رېتىدە. قۇرغاق ئوتلاقلاردا ئۆسىدۇ. سۈپەت-لىك چارۋىچىلىق ئوت ـ چۆپى ۋە سۇ، تۇپراقنى ساقلىغۇچى ئۆسۈملۈك ھېسابلىنىدۇ.

**نىخ** ئى [پ] ئىنچىكە، ئۇزۇن نەرسىلەرنىڭ ھەربىر قېتى، تېلى (چاچ، يىپ، ئارغامچا قاتارلىقلار ھەققىدە): يىپنىڭ بىر نىخى. نىخ قاتماق.

**نىخلىق** سۈپ. نىخى بار، نىخى بولغان: ئۈچ نىخلىق يىپ. ئىككى نىخلىق ئارغامچا.

**نىدا** ئى [ئە] مەلۇم ھېس ـ تۇيغۇنى بىلدۈرىدىغان ئاۋاز، تاۋۇش: نىدا قىلماق. * بىردەمنىڭ ئىچىدە خەلق توپى كۆپىيىپ، غە-زەپلىك نىدالار ياڭراشقا باشلىدى.

**نىدالاندۇرماق** «نىدالانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**نىدالاندۇرۇلماق** «نىدالاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ بىلەن نىدالاندۇرۇلغان بارلىق سىملىق ۋە سىمسىز رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مۇئەسسەسەلىرى ۋە ئىنتېرنېت تورلىرى ئۆزلىرىنىڭ «مۇنبەت تۇپراق»لىرى بىلەن جىلۋىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىدار ـ قابىلىيىتىنى ھەم مىللىي مەۋجۇدلۇق ئىرادىسىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە.

**نىدالانماق** «نىدالىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — كىم مېنى بۇ بەندىدىن قۇتۇلدۇرسا، — دەيتتى ھاتەم نىدالىنىپ، — ئۇنىڭغا سام جادۇگەرنىڭ پايتەختىنى ۋە ئەھمەر تاغنى بېرىمەن.

**نىدالىماق** پ. نىدا قىلماق، ۋارقىرىماق، زارلانماق: — ئۇلۇغ ئاللا، ئوغلۇمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن! — دەپ نىدالىدى بوۋاي.

**نىزا** ئى [ئە] كېلىشەلمەسلىك، دۈشمەنلىشىش؛ ئاداۋەت، نارازىلىق: نىزا تېرىماق. نىزا سالماق. * ئىدىقۇت بىز بىلەن ھەمكار-لىقتا بىللە ئۆتۈشكە، ئۆزئارا نىزا قىلىشماسلىققا سۆز بەردى.

**نىزالاشتۇرماق** «نىزالاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-جىسى: ئەسلىدە ئابدۇللا ئىككى ئائىلىنى نىزالاشتۇرۇپ، توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىماقچى بولغانىكەن، بۇ مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن باشقىچە يول تۇتماقچى بولغانلىقىنى ئىقرار قىلدى.

**نىزالاشتۇرۇشماق** «نىزالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئىككى قوۋمنى ئۆزئارا نىزالاشتۇرۇشۇپ، زىددىيەت پەيدا قىلىشماقچى بولۇشتى.

**نىزالاشتۇرۇلماق** «نىزالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**نىزالاشماق** پ. ئۆچلەشمەك، ئاداۋەتلەشمەك، دۈشمەنلەش-مەك؛ جاڭجاللاشماق: ئۇلارنىڭ نىزالىشىپ يۈرگىنىگە ئۇزۇن بولدى.

**نىزام** ئى [ئە] ① مەلۇم مەسىلىلەر ھەققىدىكى قائىدە ـ تۈزۈم، تەرتىپ: ئوقۇغۇچىلار نىزامىدا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھاراق ئىچ-چىشى مەنئى قىلىنغان. ② قانۇن: بۇ مەملىكەتنىڭ نىزامىدا، پادىشاھ ئۆلسە ئورنىغا ئوغلى پادىشاھ بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەنىكەن. ③ ئەر-لەرنىڭ ئىسمى.

**نىزامچى** ئى. قائىدە ـ نىزام تۈزگۈچى: ئېنگېلس ئاساسىي نىزامچىلارنى «يېقىنقى زاماندىكى تۇنجى ئىشچىلار پارتىيەسى» دەپ ئاتىغانىدى.

**نىزامچىلىق** ئى. نىزام تۈزۈش ئىشى: ئاساسىي نىزامچىلىق ھەرىكىتىدە ئۈچ قېتىم دولقۇن كۆتۈرۈلدى.

**نىزامسىز** سۈپ. قائىدە ـ نىزامنى بىلمەيدىغان؛ قائىدە ـ نىزامغا چۈشمەيدىغان: قائىدە ـ نىزامسىز ئىش قىلسا ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ.

**نىزامسىزلىق** ئى. قانۇنسىزلىق؛ قائىدە ـ قانۇنغا ماس كەلمەسلىك.

**نىزاملىق** سۈپ. نىزامى بار، بېكىتكەن: بۇ ئىشلار قائىدىلىك، نىزاملىق ئىشلار.

**نىزامنامە** ئى [ئە + پ] بىرەر ساھە ياكى بىرەر مەسىلە بو-يىچە بېجىرىش ۋە رىئايە قىلىش لازىم بولغان قائىدە ـ تۈزۈم، بەلگىلىمە: ئوقۇغۇچىلار نىزامنامىسى. ئىشچىلار نىزامنامىسى.

**نىسبەت** ئى [ئە] ① نەرسىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن چوڭ ـ كىچىكلىكى، ئاز ـ كۆپلۈكى ۋە شۇ قاتارلىقلار: قارى-مۇقارشى كۈچلەر نىسبىتى. ② <مات> ئوخشاش تۈردىكى ئىككى مىقدارنى سېلىشتۇرۇشتىكى ھەسسىلىك مۇناسىۋەت. بۇنىڭدا بىر سان ئىككىنچى بىر ساننىڭ بىرقانچە ھەسسىسى ياكى بىرنەچچە ئۈلۈشىگە باراۋەر بولىدۇ.

**نىسبەتەن** تىر [ئە] يۆنىلىش كېلىش بىلەن كەلگەن سۆز-لەردىن كېيىن كېلىپ «قارىتا، قارىغاندا، سېلىشتۇرغاندا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ھېكىم نۇرغا نىسبەتەن ھازىرچە بىز سەگەك پوزىتسىيىدە بولۇشىمىز لازىم.

**نىسبەتلەشتۈرمەك** «نىسبەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. شەۋكەت قوغۇشۇن، بابىت قاتارلىقلارنى نىسبەتلەشتۈرۈپ تەڭشەش تېخنىكىسىنىمۇ ئىگىلىۋالدى.

**نىسبەتلەشتۈرۈشمەك** «نىسبەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.بۇ يېزىدىكى دېھقانلار بۇغداي بىلەن كېۋەزنى نىسبەتلەشتۈرۈشۈپ، باھادىكى پەرقنى تېپىپ چىقىشتى.

**نىسبەتلەشتۈرۈلمەك** «نىسبەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پۇتبول مۇسابىقىسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئاخىرىدا ھەرقايسى كوماندىلارنىڭ نەتىجىلىرى ئۆزئارا نىسبەتلەشتۈرۈلۈپ، نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولغان كوماندىلار مۇكاپاتلاندى.

**نىسبەتلەشمەك** «نىسبەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى:

**نىسبەتلىك** سۈپ. نىسبىتى بار، نىسبىتى بولغان: دارامەتكە قاراپ ئېشىپ بارىدىغان يۇقىرى نىسبەتلىك باجنى يولغا قويۇش لازىم.

**نىسبەتلىمەك** پ. بىرنەرسىنىڭ يەنە بىرنەرسىگە نىسبەتەن چوڭ ـ كىچىكلىكىنى ياكى ئاز ـ كۆپلۈكىنى سېلىشتۇرماق: دەرۋەقە، ياپونلار ئۇيغۇرلارغا باققاندا ئاز تاماق يەيدۇ، لېكىن ئۇلار بىر ۋاقلىق تامىقىنى [illegible] كۆپ قىلىپ يەيدۇ، شۇنداقلا تامىقىنىڭ كالورىيە مىقدارىنى [illegible] ـ ھەرىكەت مىقدارى بىلەن نىسبەتلەپ يەيدۇ. * دېھقانلار [illegible] قوناقنىڭ بازار باھاسىنى نىسبەتلەپ، باھادىكى پەرقنى [illegible] چىقىشتى.

**نىسپىي** سۈپ [ئە] ① باشقىلىرىغا قىياسەن ئېلىنغان ياكى ئېلىنىدىغان، بەلگىلىنىدىغان، قىياسەن، سېلىشتۇرما:

نىسپىي نەملىك. نىسپىي ئېگىزلىك. نىسپىي قوشۇمچە قىممەت. ② <پەلس> بەلگىلىك شارائىت، مۇھىتقا تايىنىش ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، ئۇلارغا باغلىق رەۋىشتە ئۆزگىرىدىغان؛ شەرتلىك: نىسپىي ھەقىقەت. نىسپىي چۈشەنچە. ③ <تىل> بەلگىلىك مۇناسىۋەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەيدىغان: نىسپىي سۈپەت.

**نىسپىي ھەقىقەت** <پەلس> ھەقىقەتنىڭ نىسپىيلىكى، يەنى ھەقىقەتنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈش دەرىجىسىنىڭ ھامان تارىخىي شارائىت چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغانلىقى نۇقتىسىدىن ئىپادىلەنگەن نىسپىي مەنىسى.

**نىسپىي** II سۈپ [ئە] يېرىم.

**نىسپىيچىلىك** ئى <پەلس> بىر خىل ئىدېئالىزملىق تەلىمات. ئۇ پەقەت ئىنسانلار بىلىشىنىڭ نىسپىيلىكىنىلا ئېتىراپ قىلىپ، نىسپىي بىلىشنىڭ مۇتلەق تەركىبلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. نەتىجىدە ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ؛ ئۇنىڭدا، «خاتا» ۋە «توغرا»دىن ئىبارەت ئىككى خىل كاتېگورىيە ئوتتۇرىسىدىكى نىسپىي مۇناسىۋەت ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، نىسپىيچىلىك پەلسەپىسىنى مەركەزلىك ئىپادىلەپ بەرگەن.

**نىسپىيشەپ** ئى [نىسپىي + شەپ] يېرىت. يېرىم كېچە، تۈن نىسپى: نىسپىيشەپ بولغان چاغدا ئاغىنەم ھىدايەتنى باشلاپ، گۈچۈڭدا جەڭ قىلىپ تۇرغان تۇرپان ـ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى قىسىملىرىغا قاتناشتىم.

**نىسپىيلىك** I ئى ① نىسپىي بولغان ھالەت، نىسپىي بولۇش. ② <پەلس> دىئالېكتىكىدىكى بىر كاتېگورىيە، يەنى شەيئى خاراكتېرىنىڭ شەرتلىك، چەكلىك ۋە ئۆزگەرگۈچى تەرىپى.

**نىسپىيلىك نەزەرىيەسى** <فىز> ھازىرقى زامان فىزىكىسىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسلىرىدىن بىرى، يەنى زامان بىلەن ماكاننىڭ نىسپىي مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان فىزىكىلىق تەلىمات. ئاساسچىسى ئېينىشتېيىن (Albert Einstein). ئۇ «تار مەنىلىك نىسبىيلىك نەزەرىيەسى» ۋە «كەڭ مەنىلىك نىسپىيلىك نەزەرىيەسى» دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدۇ.

**نىسپىيلىك** II ئى. يېرىملىق، يېرىم بولۇش.

**نىشاپ** ئى [پ] <بىن> ئۆگزىدە يامغۇر سۈيى توختاپ قالماسلىقى ئۈچۈن قىلىنغان يانتۇلۇق.

**نىشالا** ئى. تۇخۇمنىڭ ئېقىنى شېكەر قىيامىغا ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلايدىغان يېمەكلىك.

**نىشالىچىلىق** ئى. نىشالا ئېتىش ۋە سېتىش كەسپى: ئۇ بىرنەچچە ۋاقىت چوڭ كوچىدىكى دوقمۇشتا نىشالىچىلىق قىلدى.

**نىشالچى** ئى. نىشالا ئەتكۈچى كىشى.

**نىشان** ئى [پ] ① تەبىئىي ياكى مەقسەتلىك قويۇلغان بەلگە؛ ئالامەت؛ قارا: نىشان قويماق. نىشان قىلماق. ② بىرەر نەرسىدىن قالغان ئىز، بەلگە؛ دېرەك؛ سىمۇول: ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچقانداق نىشان قالمىدى. ③ كۆچمە. بىرەر ئىش، ھەرىكەت قارىتىلغان نۇقتا ياكى يەتمەكچى بولغان مەقسەت، مەنزىل؛ غايە؛ يۆنىلىش: نىشان كۆرسەتمەك. نىشانىدىن ئاداشماق. ④ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**نىشانە** ئى [پ] بەلگە، ئالامەت، شەپە: بۇ ئۇنىڭ كۆلچەككە سەكرەشكە جۈرئەت قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن خىجىل بولغانلىقىنىڭ نىشانىسىمۇ، بۇنى بىلىپ بولمايتتى.

**نىشانداش** ئى. بىر نىشاندىكى، نىشانى ئوخشاش بولغان كىشى: پەس ھەۋەس ـ ئالىيجانابلىق ئوت بىلەن سۇدۇر گويا، بولمىغانغا بۇ ئىككىيلەن بىر نىشانداش، يىغلىما.

**نىشانداشلىق** ئى. نىشانى ئوخشاشلىق، نىشاندىكى بىردەكلىك: نىشانداشلىق ئۇلارنى ئۆزئارا يېقىنلاشتۇردى.

**نىشانسىز** سۈپ. نىشانى يوق، نىشانى بولمىغان: ئۇ كۆز شامىلى ئۇچۇرۇپ يۈرگەن قۇرۇق يوپۇرماقتەك نىشانسىز كېتىۋاتاتتى.

**نىشانسىزلىق** ئى. نىشانى، كۆزلىگەن مەقسىتى يوقلۇق، مەقسەت ـ مۇددىئاسىزلىق.

**نىشانلاتماق** «نىشانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئوغلىغا بەش مېتىر يىراقلىققا قويۇلغان بوتۇلكىنى نىشانلىتىپ تاش ئاتقۇزدى.

**نىشانلاشماق** «نىشانلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىسىم رەھبەرلىرى ھەپتە ئاخىرىغىچە دۈشمەننىڭ ئاساسلىق كۈچىنى يوقىتىپ بولۇشنى نىشانلاشتى.

**نىشانلانماق** «نىشانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تاڭ ئاتقۇچە نىشانلانغان ئورۇنلار ئېلىنىپ بولۇشى كېرەك.

**نىشانلىق** رەۋ. نىشان قىلغان ھالدا، نىشان قىلىپ تۇرۇپ: نىشانلىق ئوق ئاتماق. نىشانلىق تەربىيەلەش. نىشانلىق تاللاش.

**نىشانلىماق** پ. نىشانغا ئالماق؛ نىشان قىلماق: قارىنى نىشانلاپ ئاتماق. * ئۆينى نىشانلاپ ماڭماق.* ئەسلىدە تەشكىلات بۆلۈمى ئۇنى نازارەتنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا ئۆستۈرۈشنى نىشانلىغانىدى.

**نىقاب** ئى [ئە] ① ئۆزىنى تونۇتماسلىق ياكى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن يۈزگە تۇتۇلىدىغان، كىيىلىدىغان نەرسە: تاشۋاي ئاستا جۇمەنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە يۈزىدىكى نىقابنى چۆرۈپ تاشلىدى. ② كۆچمە. ھەقىقىي ھال ـ ئەھۋال، قىياپەت ۋە شۇ قاتارلىقلارنى پەردازلىغۇچى، يوشۇرغۇچى نەرسە، ۋاسىتە: تۈنۈگۈن «ئىلغار» لىق نىقابىغا ئورىنىۋالغانلار بۈگۈن نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، جاللاتلار قاتارىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

**نىقابسىز** سۈپ. نىقابى يوق، نىقابلانمىغان، نىقاب تارتمىغان: نىقابلانغان دۈشمەننىڭ نىقابسىز ئاشكارا دۈشمەندىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھەر قاچان ئەس ـ يادىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك.

**نىقابلاتماق** «نىقابلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇسابەگ بىرنەچچە چاكارنى نىقابلىتىپ ئوغرىلىقچە ئوسماننىڭ ئۆيىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى.

**نىقابلاشماق** «نىقابلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بەزىلەر ئۆزلىرىنى ھەرقانچە نىقابلاشسىمۇ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسى ئېچىلماي قالمايدۇ.

**نىقابلانماق** «نىقابلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆيگە نىقابلانغان ئۈچ ئادەم باستۇرۇپ كىردى.

**نىقابلىق** سۈپ. نىقابى بار، نىقابلانغان، نىقاب تارتىۋالغان: ئۇ: «مەنمۇ تازا بىلەلمىدىم، نىقابلىق كىشىلەر شۇنداق قىلدى، ئۇلارنى تونۇيالمىدىم» دەپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

**نىقابلىماق** پ. نىقاب بىلەن تونۇغىلى بولمايدىغان ھالغا كەلتۈرمەك؛ يوشۇرماق: سەن ئۇزۇڭنى نىقابلاپ گۈلچى مومايغا بالا بولساڭ، سەنەمنىڭ يۈزىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولىسەن.

**نىقتاتماق** «نىقتىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**نىقتاشماق** «نىقتىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىرنەچچە ھارامزادىلەر ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ پۇل بەر، دەپ ياقىسىغا

ئېسىلىشىپ تامغا نىقتىشۋاتقانلىقى ئۈستىگە كېلىپ قاپتىمەن.

**نىقتالماق** «نىقتىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قۇدرەت بىردەمدە گېلىغىچە قورام تاشلار ئارىسىدا نىقتىلىپ قالدى.

**نىقتىماق** پ ① بىرەر نەرسىنى مەلۇم نەرسىنىڭ ئىچىگە كۈچ بىلەن بېسىپ كىرگۈزمەك، چىڭ تىقماق: تاغارغا سامانىنى نىقتاپ قاچىلا. *ئۇ تام تۆشۈكلىرىنى قەغەز بىلەن نىقتاپ ئەتتى. ② بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە تىرەپ تۇرۇپ قاتتىق ئىتتەرمەك، نوقۇماق: ئۇ باقىنى ياقىسىدىن تۇتۇپ تامغا نىقتاپ ـ نىقتاپ قويدى.

**نىقسىتماق** «نىقسىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاپام ئەۋەتكەن شۇنچىۋالا ناننى يېمەي نىقسىتىپ قويغىنىمغا كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولدى.

**نىقسىماق** پ. سېسىپ، ئېچىشقا باشلىماق؛ سېسىشقا، ئېچىشقا باشلاپ بەتبۇي پۇراق چىقارماق؛ بىقسىماق: خېمىر نىقسىپ قاپتۇ.

**نىكاھ** ئى [ئە] ① ئەر ـ خوتۇنلۇقنى شەرىئەت يولى بىلەن رەسمىيلەشتۈرۈش ۋە شۇ رەسمىيلەشتۈرۈش ۋاقتىدا ئوقۇلىدىغان خۇتبە: نىكاھ ئوقۇماق. ② ئەر ۋە ئايالنىڭ تۇرمۇش قۇرۇشى: نىكاھ ئەركىنلىكى. نىكاھ قانۇنى.

**نىكاھ غايىب** «ئەر ـ ئاياللارنىڭ تۇرمۇش قۇرۇشى كۆپ ھاللاردا تاسادىپىي بولۇپ قالىدۇ» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: «ھەر نېمە بولسا، باي ئۆتكەن ئادەمنىڭ قىزىكەنغۇ، نىكاھ غايىب دېگەن شۇ» دەپ ئوبۇل ھېلىقى جۇۋاننى ئاپتۇ.

**نىكاھداش** ئى. يېزت. نىكاھ قىلىنماق، نىكاھلانغان كىشى (ئەر ـ ئايالغا نىسبەتەن): بۈگۈن ئۇلارنىڭ نىكاھداش بولغىنىغا 25 يىل تولغان قۇتلۇق كۈن ئىدى.

**نىكاھداشلىق** ئى. نىكاھ قىلىنىش، نىكاھلىنىش ۋە شۇ سەۋەبلىك ئورنىتىلغان مۇناسىۋەت (ئەر ـ ئايالغا نىسبەتەن): خەنزۇلارنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتى قانداشلىق ۋە نىكاھداشلىق دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئۇلار ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق ۋە ئانا تەرەپ ئۇرۇقداشلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىقنى ئاساسىي ئورۇنغا قويىدۇ.

**نىكاھسىز** سۈپ. نىكاھ قىلمىغان، نىكاھ رەسمىيىتىنى ئۆتمىگەن: ئۇ نىكاھسىز تۇغۇلغان بالا بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلىسى ئىنتايىن نامرات ئىدى.

**نىكاھلاتماق** «نىكاھلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇزاقى يىلى ئۆمەرباي ساراڭ قېتىش ئوغلى مامۇت بىلەن سارىخاننىڭ تەڭداشسىز گۈزەل قىزى نۇرسىماننى مەجبۇرىي نىكاھلاتماقچى بولغاندا، بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان نۇرسىمان دەرياغا سەكرەپ ئۆلۈۋالغانىدى.

**نىكاھلاشماق** «نىكاھلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: جامائەت ئىمامنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىككى ياشنى نىكاھلىشىپ بولۇشۇپ غىزالىنىشقاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

**نىكاھلاندۇرماق** «نىكاھلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مومايىنىڭ ئوغلىغا شاھنىڭ قىزىنى نىكاھلاندۇرۇپ قويىدى.

**نىكاھلانماق** ① «نىكاھلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② ئۆيلەنمەك (ئەرگە نىسبەتەن)، تۇرمۇشقا چىقماق (ئاياللارغا نىسبەتەن)، نىكاھلىق بولماق: كېيىن دادامدىن يوشۇرۇن نىكاھلاندىم.

**نىكاھلىق** سۈپ. نىكاھلانغان: رۇقىيە مەردانىنىڭ ئىلگىرى ئىككى نىكاھلىق بولغانلىقىدىن ئاللىبۇرۇن خەۋەر تاپقانىدى.

**نىكاھلىماق** پ. شەرىئەت يولى بىلەن نىكاھ رەسمىيىتىنى ئۆتمەك؛ نىكاھ ئوقۇماق: بەختىيار ئالقىش ۋەزىرنىڭ قىزى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇنىڭ ئۆز ئىختىيارىنى ئاپتۇ ـ دە، باغۋەن يىگىتكە نىكاھلاپ، ئۇزۇندىن بۇيان مۇرادىغا يېتەلمىگەنلەرنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپتۇ.

**نىكوتىن** ئى [ر] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، يەنى كۆك تاماكىدىكى بىيولوگىيەلىك ئاساس. مولېكۇلا فورمولاسى $C_{10}H_{14}N_2$. رەڭسىز ياكى سۇس سېرىق رەڭلىك سۇيۇقلۇق. ھاۋادا قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ، تەسىر قىلغۇچى پۇراقتا ئىگە، ئىنتايىن زەھەرلىك، نېرۋا سىستېمىسىنى ئاۋۋال قوزغىتىدۇ، كېيىن تورمۇزلايدۇ. يېزا ئىگىلىكىدە قۇرت ئۆلتۈرگۈچى دورا قىلىنىدۇ: تاماكىدىكى زەھەرلىك ماددا نىكوتىن يۈرەك سوقۇشىنى تېزلىتىپ، قان تومۇرىني تارايتىپ، ئورگانىزملارنى قان بىلەن يېتەرلىك تەمىنلىنەلمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ.

**نىكېل** ئى [ر<نېم] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Ni (Niccolum). كۈمۈش رەڭلىك، بەك قاتتىق، ئىنتايىن پارقىراق، سوزۇلۇشچانلىقى يۇقىرى، سەل ـ پەل ماگنىتلىقتا ئىگە، ئادەتتىكى تېمپېراتۇرىدا ھاۋادىكى ئوكسىگېن بىلەن رېئاكسىيەلەشمەيدۇ، كۆپرەك ئالاھىدە پولات ۋە قېتىشما ئېلىشتا ئىشلىتىلىدۇ، كاتالىزاتورمۇ قىلىنىدۇ، يەنە باشقا مېتاللارنىڭ سىرتىنى قاپلاشتا قوللىنىلىدۇ.

**نىكېللاتماق** «نىكېللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**نىكېللاشماق** «نىكېللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**نىكېللانماق** «نىكېللىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**نىكېللىماق** پ. ئۈستىنى نىكېل بىلەن قاپلىماق، ئۈستىگە نىكېل بەرمەك.

**نىگار** ئى [پ] ① يېزت. سۆيۈملۈك،گۈزەل يار، مەشۇق: ئاسماندىكى ئايىمسەن، كۆڭلۈمدىكى يارىمسەن، سۆزلىرى ئەجەب شېرىن، گۈل يۈزلۈك نىگارىمسەن. ② ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**نىل** ئى [پ] <خىم> قېنىق كۆك رەڭلىك ئورگانىك بوياق. ئىندىگوفېرا ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىنى ئېچىتىش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. سۈنئىي سىنتېز قىلىنغانلىرىمۇ بار. رەختلەرنى بوياشتا ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بويالغان رەختنىڭ رەڭگى ئۇزاققىچە ئۆڭمەيدۇ.

**نىلقا** سۈپ. دىيال. بوۋاق، نارەسىدە.

**نىلون** ئى [ئىنگ] <خىم> ① مولېكۇلاسى تەركىبىدە ئاتسىد ئامىد بېغى بولغان سىمولا. ② شۇ خىل سىمولىدىن ئىشلەنگەن سولياۋ. ئۇنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، سۈركىلىشكە، مايغا چىداملىق كېلىدۇ ھەمدە ئوڭايلىقچە سۇ سۈمۈرمەيدۇ. ئۇنىڭدىن قازان، چىشلىق چاق، غالتەك، ماي نەيچىسى قاتارلىق دېتاللارنى ۋە چوتكا قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياسىغىلى بولىدۇ. ③ شۇ خىل سىمولىدىن ئىشلەنگەن تالا ياكى شۇ تالانى ئېگىرىش ئارقىلىق توقۇلغان رەخت؛ كاپرون: نىلون رەخت. نىلون پايپاق. نىلون مايكا.

**نىم** سۈپ [پ] يېزت. يېرىم: ئەھۋالى بەك خاراب، بەكمۇ پەرىشان، بولغانتى شۇ تاپتا نىم ئۆلۈك، نىم جان.

**نىمام** ئى <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پۈتۈن تېنىدە ئۇششاق تۈكلىرى بار، يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكىللىك، ئۇدۇل ئۆسىدۇ، گۈلى ئاق، مېۋىسى قاتتىق مېۋە. كېۋەز كۆكېپتىگە

ئوخشاش زىيانلىق ھاشاراتلار مۇشۇ ئۆسۈملۈكتە پارازىت ياشاپ قىشلايدۇ.

**نىمپەدە** ئى [نىم + پەدە] <مۇز> ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

**نىمتە** سۈپ [پ] سويۇلغان مالنىڭ بويىغا بۆلۈنگەن يېرىمى؛ يارتا: بىر نىمتە گۆش.

**نىمتىلەتمەك** «نىمتىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گۆشنى نىمتىلىتىپ بولۇپ خالتىغا سالدىم ـ دە، ۋېلىسىپىتكە ئارتىپ ئۆيگە قاراپ چاپتىم.

**نىمتىلەشمەك** «نىمتىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: پوكانچىلار قولمۇقول تۇتۇش قىلىپ ئات گۆشىنى بىردەمنىڭ ئارىلىقىدا نىمتىلىشىپ تەييار قىلىشتى.

**نىمتىلەنمەك** «نىمتىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى؛ نىمتىلەنگەن قوي: قوي گۆشى تەجرىبىلىك قاسساپنىڭ قولىدا ناھايىتى تېزلا نىمتىلەندى.

**نىمتىلىمەك** پ. سويۇلغان مالنى بويىغا ئوتتۇرىسىدىن تەڭ ئىككىگە بۆلمەك، نىمتە ھالەتكە كەلتۈرمەك: قاسساپ ئۇستام گۆشنى نىمتىلەپ بولۇپ، بىر ـ بىرلەپ خالتىغا سېلىشقا باشلىدى.

**نىمجان** سۈپ [پ] يېرىمجان، چالا ئۆلۈك: ئاباق بىلەن مۇھەممەتمۇ لاچىن سوققان نىمجان توشقاندەك جان قايغۇسىدا قالدى.

**نىمجانلىق** ئى. يېرىم جان، چالا ئۆلۈك ھالەت؛ ئاجىزلىق، ماغدۇرسىزلىق.

**نىمچارەك** مىق [نىم + چارەك] ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى. ئادەتتە نىمچارەك بەش كىلوگىرامغا، بەزى جايلاردا تۆت كىلوگىرامغا تەڭ كېلىدۇ.

**نىمچە** ئى. ئايالларنىڭ كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە، پەلتىنىڭ ئىچىگە كىيىدىغان يەڭسىز، ياقىسىز كىيىمى: بىر پەستىن كېيىن سارغۇچ گۈللۈك تاۋاردا نىمچە كىيگەن گۈل خېنىم دالانغا چىقتى.

**نىمچىلىك** سۈپ ① نىمچىسى بار، نىمچە كىيگەن: ھويلىدا بەلبېغىنى قىلىچ ئېسىۋالغان، قىسقا نىمچىلىك، ئېگىز بويلۇق بىر ئايال تۇراتتى. ② نىمچە تىكىشكە يارايدىغان، نىمچە بولىدىغان: بىر نىمچىلىك رەخت.

**نىمكار** ئى [پ] ① شاگىرت، بالا ئىشچى: — ئاكامنى نىمكار قىلىپ ئىشلەتسەڭ نومۇس ئەمەسمۇ؟ — دەپ كايىدى بالا. ② ئىشلەمچى، مەدىكار: ئۆيىنى ئون نىمكار بىلەن بىر كۈندىلا قوپۇرۇپ تەييار قىلدۇق.

**نىمكەش** سۈپ ① بىرئاز كىيىلگەن ياكى ئىشلىتىلگەن، پېتىدىن چۈشكەن: نىمكەش ئاياغ. نىمكەش كىيىم. نىمكەش گىلەم. ② كونا: نىمكەش ئۆي. نىمكەش ئۆي سودىسى.

**نىمئىششەك** مىق [نىم + ئىششەك] ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى. نىمچارەكنىڭ يېرىمىغا باراۋەر بولۇپ، تەخمىنەن 2.5 كىلوگىرامغا تەڭ: قاسساپ تۆت سەر كەم بار دەپ ئۆلەر، جۇۋىدار نىمئىششەك كەم دەپ ئۆلەر(ماقال).

**نىنچى** ئال. شەيئىلەرنىڭ ئورۇن تەرتىپىنى بىلدۈرىدۇ: بۇنىڭ بىلەن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتا، تىلىمىزدىكى رەقەملىك نىنچىلارنىڭ ئورنىنى رىم رەقەملىرى ئىگىلىدى.

**نى ـ نى** نۇرغۇن ـ نۇرغۇن؛ ئاجايىپ؛ مەن ـ مەن دېگەن: ئاز ئىدۇق مۇشكۇل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز، ئەمدى چوڭ كارۋان ئاتالدۇق قالدۇرۇپ چۆللەردە ئىز. قالدى ئىز چۆللەر ئارا، گاھى داۋانلاردا يەنە، قالدى نى ـ نى ئارسلانلار دەشت ـ چۆلدە قەبرىسىز.

**نىئوبىت** ئى [ر] <گېئول> بىرخىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $(Fe,Mn)Nb_2O_6$. رومبىلىق كىرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، كىرىستاللىرى تارىشىسىمان ياكى قىسقا تۈۋرۈكسىمان بولىدۇ. رەڭگى قارا ياكى قوڭۇر، يول ئىزلىرى قىزغۇچ قوڭۇردىن قارا قوڭۇرغىچە، يېرىم مېتال پارقىراقلىقىدا كېلىدۇ. قاتتىقلىقى 6، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 5.2 — 6.25.

**نىئوبىي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Nb(Niobium). ئاق كۈل رەڭلىك كىرىستال ماددا، سوزۇلۇشچانلىقى ئىگە. قېتىشمىغا ئىنتايىن ئاز مىقداردا نىئوبىي ئارىلاشتۇرۇلسا قېتىشمىنىڭ قاتتىقلىقى، چىرىتىشكە چىداملىقلىقى ئارتىدۇ. نىئوبىي گاز سۈمۈرىدۇ. ئۇ گاز چىقىرىپ تاشلىغۇچى قىلىنىشتىن باشقا يەنە ياخشى بىر خىل ئۈلترا ئۆتكۈزگۈچ ھېسابلىنىدۇ.

**نىۋېلىر** ئى [ر<فىران] <سۈ> گورىزونتال قاراش سىزىقى ۋاسىتىسى بىلەن يەر يۈزىدىكى ئىككى نۇقتىنىڭ ئېگىز ـ پەسلىك پەرقىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب. ئاساسەن تېلېسكوپ (دۇربۇن) بىلەن ۋاتىرپاس (تەڭشەك) تىن تەركىب تاپىدۇ.

**نىۋېلىرلىمەك** پ <سۈ> نىۋېلىر بىلەن يەر ئۈستىدىكى كېرەكلىك نۇقتىلارنىڭ ئېتمېتكىسىنى ئۆلچىمەك.

**نىياز** ئى [پ] يېزىت ① ئاتاش؛ نەزىر، سەدىقە، خەير ـ ساخاۋەت: نىياز قىلماق. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**نىيەت** ئى [ئە] كۆڭۈلدىكى ئارزۇ ـ ئىستەك، مەقسەت؛ ئوي ـ خىيال: مەن ئۇنىڭ ئېخى مۇنداق نىيىتى بارلىقىنى بىلمەپتىمەن.

**نىيەتداش** سۈپ. يېزىت. نىيىتى ئوخشاش، بىر نىيەتتىكى: ئۇشبۇ كۈن قىلدىم ۋەتەن ساقلاش ئۈچۈن جەڭگە نىيەت، نىيىتىگە بول نىيەتداش، سۆيگۈمىز بولسۇن ئەبەد.

**نىيەتداشلىق** ئى. نىيىتى ئوخشاشلىق، نىيەتتىكى بىردەكلىك: نىيەتداشلىق ئۇلارنىڭ بىر يولدا مېڭىشىغا سەۋەب بولغانىدى.

**نىيەتلەتمەك** «نىيەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئۆيگە قايتىشنى نىيەتلەپ ئورنىدىن تۇردى.

**نىيەتلەشمەك** «نىيەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئەتىسى ئەتىگەندە كۆرۈشۈشنى نىيەتلىشىپ ئايرىلىشتى.

**نىيەتلەنمەك** «نىيەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سەمەت سىنىپ مۇدىرىنى ئىزدەپ ئەھۋالنى ئېيتىشقا نىيەتلەندى.

**نىيەتلىك** پ. نىيىتى بار، مەلۇم نىيەتنى كۆڭلىگە پۈككەن: ياخشى نىيەتلىك ئادەم.

**نىيەتلىمەك** پ. نىيەت قىلماق، كۆڭلىگە پۈكمەك، ئويلىماق: ئۇ ئەسلىدە بۇ ئىشنى ئاتا ـ ئانىسىغا مەڭگۈ چاندۇرماسلىقنى نىيەتلىگەنىدى.

**نىيەت ـ ئىقبال** نىيەت ۋە ئىقبال: ئوخشايدىكەن دەرد ـ ھالىمىز، بىر جۈپ بولغاي نىيەت ـ ئىقبالىمىز.

**نيۇتون**[1] ① ئى. ئەنگلىيەنىڭ فىزىكا، ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە ئالىمى. مىلادىيە 1642 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1727 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ② مىق <فىز> خەلقئارا بىرلىكلەر سىستېمىسى ۋە مېتىر، كىلوگىرام، سېكۇنت سىستېمىسىدىكى كۈچنىڭ بىرلىكى. بەلگىسى N. بىر نيۇتون — ماسسىسى بىر كىلوگىرام بولغان جىسىمدا $1m/s^2$ لىق تېزلىنىش پەيدا قىلالايدىغان كۈچكە تەڭ، يەنى $1N=10^5dyn$. بۇ يەردىكى «dyn» دىنانىڭ قىسقارتىلما بەلگىسىدۇر.

**نيۇتون قانۇنى** <فىز> نيۇتون كەشىپ قىلغان ئالەملىك تارتىشىش قانۇنى، ئىنېرتسىيە قانۇنى، سوۋۇش قانۇنى، ھەرىكەت قانۇنى، تەسىر كۈچ ۋە ئەكس تەسىر قانۇنى، يېپىشقاقلىق قانۇنى قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

# ھ

**ھ** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ يىگىرمە تۆتىنچى ھەرپى.

**ھا** تەق. خۇشال بولۇپ ياكى قارشى تەرەپنى مەنسىتمەي كۈلگەندە چىقىدىغان ئاۋاز: ئەخمەت «ھا-ھا-ھا!» دەپ قاقاھلاپ كۈلگەندە، ئۇنىڭ دوپدوغىلاق يۈزى ئاناردەك قىزىرىپ، يوغان كۆزلىرى قىسىلىپ كەتتى.

**ھابىا** تەق. بال س ← **ھابىا قىلماق.**

**ھابىا قىلماق** سۆيۈپ قويماق: — بالام ئاچاشنى ھابىا قىلىپ قويۇڭا، — دېدى ئۇ قىزىغا ئارزۇگۈلنى كۆرسىتىپ.

**ھاپ** تەق. ئېغىزنىڭ يوغان ھەم تېز ئېچىلىپ-يېپىلىشىدىن ياكى ئېغىزنى يوغان ئېچىپ بىرەر نەرسىنى تېز ئېغىزغا سېلىپ، ئېغىزنى يۇمۇشتىن چىققان ئاۋاز: ھاپ ئەتمەك. ھاپ قىلماق.

**ھاپ ئەتمەك** بىرەر نەرسىنى ئېغىزغا ئىتتىك ھەم بىراقلا سالماق: ئۇ تەخسىدىكى ئۇۋاق ناننى قولىغا سىيرىدى-دە، ھاپ ئەتتى.

**ھاپ تۆگىلەك** كىچىك بالىنى بوينىغا مىندۈرۈش: دىلەيساخان باينىڭ ئەركە، خام سېمىز قىزىنى كۆتۈرۈپ «ھاپ تۆگىلەك» قىلىپ ئوينىتاتتى.

**ھاپ قىلماق** ← **ھاپ ئەتمەك.**

**ھاپ ئۇرماق** دىيال. لاپ ئۇرماق، پو ئاتماق.

**ھاپا قوۋۇز** دىيال. قوۋۇزى سېمىز، قوۋۇزى ئىششىپ قالغاندەك («ھوپقوۋۇز»مۇ دېيىلىدۇ).

**ھاپاش** ئى. ئادەمنى دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ كۆتۈرۈش، يۈدۈش: ھاپاش ئەتمەك. ھاپاش قىلماق.

**ھاپاش بولماق** ① دۈمبىسىگە چىقماق، دۈمبىسىگە مىنمەك: — دەرھال ھاپاش بولۇڭ، — دېدى ئەزىز جىددىيلىشىپ. ② كۆچمە. تايانماق، يۆلىنىۋالماق؛ ئارتىلماق: — ئۇلار قاچانغىچە ھاپاش بولىدىكەن بىزگە، ئۆزۈم بارىمەن، — دېدى ئايال يولدىشىغا ۋارقىراپ.

**ھاپاشلاتماق** «ھاپاشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ھاپاشلىماق** پ. ئادەمنى دۈمبىسىگە مىندۈرمەك، دۈمبىسىگە ئېلىپ كۆتۈرمەك، يۈدۈمەك: شۇ ئەسنادا ئەپكەش كۆتۈرۈپ يېتىپ كەلگەن دىلشاد مېنى ھاپاشلىغىنىچە يېزا دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ ماڭدى.

**ھاپپا** ئى. دىيال. شاپىلاق.

**ھاپتى-شاپتى** ← **ھاپتىغا شاپتى.**

**ھاپتىغا شاپتى** خىل-خىلىغا؛ ئەسكىگە ئەسكى؛ ياخشىغا ياخشى: ھاپتىغا شاپتى، توڭرىلىققا مەرەزدار (ماقال).

**ھاپىز** ئى [ئە] ① ھۆكمەت ۋە قوشاقلارنى ئاھاڭلىق ئوقۇيدىغان كىشى: ھاپىزلار باغنىڭ ئىچىنى كۆتۈرۈۋەتكۇدەك ناخشا ئېيتىپ قىزىتقان پەيتتە، زەيتۇنىخان ئۇسسۇلغا چۈشتى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ھاپىزلىق** ئى. ھۆكمەت ۋە قوشاقلارنى ئاھاڭلىق ئوقۇش پائالىيىتى: ھاپىزلىق قىلماق.

**ھاپىلا-شاپىلا** ئالدىراپ-تېنەپ، ياخشىراق ئويلانماستىن: نەزەرمۇ ھاپىلا-شاپىلا بوۋاينىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى.

**ھاتەم** ئى [ئە] رىۋايەتلەردە سېخىيلىق، مەردلىك، قولى ئوچۇقلۇق بىلەن داڭ چىقارغان ئەپسانىۋى شەخس: بۇ چۆچەك داستاندۇر، ئەپسانە ئەمەس، ئارماندا ئۇنى بىر ئىشتىمىگەن ئادەم. بۇ چۆچەك گۈلباغدۇر، ۋەيرانە ئەمەس، دەرماندا، سەيلىگە كەلمىگەن ھاتەم.

**ھاجەت** ئى [ئە] ① كېرەكلىك، زۆرۈرلۈك، زۆرۈرىيەت، ئېھتىياج: ھاجىتى يوق. ھاجەت ئەمەس. ② موھتاجلىق؛ تەلەپ: — ھاجىتىمىزغۇ كۆپ، ھازىرچە مۇنداق بىر ئىش بىلەن كېلىۋىدىم، — دېدى ئايال ئىتتىك سىرتقا قاراپ قويۇپ قازىغا. ③ كۆچمە. چوڭ-كىچىك تەرەت: ھاجەت قىلماق. ھاجەتكە چىقماق. ھاجەتكە بارماق.

**ھاجەت بولماق** ① زۆرۈر بولماق، زۆرۈرىيىتى بولماق: ئۇستا ھاجىتى بولمىسىمۇ، ئارقا-ئارقىدىن باش ئىشارىسى قىلاتتى. ② موھتاج بولماق: ئۇ پۇلغا ھاجەت بولغاندا، دائىم پۇل جايلاپ بەردىم.

**ھاجەت قىلماق** چوڭ-كىچىك تەرەت قىلماق: ئۇلار بىر ئارىلغا كېلىپ ۋەيران بولغان بىنانىڭ ئىزىغا يېقىنلاشقاندا، قىز ھاجەت قىلىش ئۈچۈن چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

**ھاجەتخانا** ئى [ئە + پ] تەرەتخانا، خالا.

**ھاجەتسىز** سۈپ. ھاجىتى، كېرىكى يوق، ئوشۇقچە: زىياپەت باشلاندى. ھاراق ۋە قورۇمىلارنىڭ مول ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز.

**ھاجەتلىك** سۈپ. ھاجىتى بار، كېرەكلىك، كېرەك بولىدىغان.

**ھاجەتمەن** ئى [ئە + پ] بىرەر نەرسىگە ئېھتىياجى بولغان، ھاجىتى چۈشكەن، بىرەر تەلىپى ياكى ئىلتىماسى بار ئادەم: شۇنىڭدىن كېيىن لوقمان ھەرقانداق ھاجەتمەن كەلسە، خالىغانچە قەرز بېرىدىغان بوپتۇ.

**ھاجەتمەنلىك** ئى. بىرەر نەرسىگە ئېھتىياجلىق بولۇش، ھاجە-

تى چۇشۇش: ھاجەتمەنلىك بەزىدە كىشىنى قانچىلىك سارغايتىدۇ ــ ھە؟!

**ھاجى** ئى [ئە] ① مەككە ــ مەدىنەگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلگەن ئادەم. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ھاجىپ** ئى [ئە] تارس ① ئىشىك باقۇچى، دەرۋازىۋەن. ② ئوردىنىڭ كاتىپى: ئىلىك ھاجىپ بۇ مەسلىھەتنى سۈتۇق بۇغراخانغا يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ پىكرىنى ئالماقچى بولدى.

**ھاجىپلىق** ئى. ھاجىپ قىلىدىغان ئىش، پائالىيەت: ئۇزۇن ئۆتمەي خان ئۇنى ئوردا ھاجىپلىقىغا تەيىنلىدى.

**ھاجىلىق** ئى. ھەج قىلىپ ھاجى بولۇش: ھاجىلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن ئادەم. يىگىتلىككە ھەشەم كېرەك، ھاجىلىققا ھەرەم (ماقال).

**ھادىرۇسكۈن** رەۋ. دىيال. قالايمىقان، پاتىپاراق.

**ھادىرۇسكۈنچىلىق** ئى. دىيال. قالايمىقانچىلىق، پاتىپاراقچىلىق.

**ھادىس** سۈپ [ئە] ئاجايىپ، ناھايىتى، ئىنتايىن: ــ ھادىس ئوبدان ئىش بولدى، ــ دېدى قادىر ئايشەمگە چاقچاق قىلىپ.

**ھادىسە** ئى ① تەبىئەتتە، ئىجتىمائىي ھاياتتا يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىش: تەبىئىي ھادىسە. ئىجتىمائىي ھادىسە. ② تەبىئەتتە، ئىجتىمائىي ھاياتتا، تۇرمۇشتا يۈز بېرىدىغان زىيانلىق ھەم تاسادىپىي ۋەقە، كېلىشمەسلىك: ھادىسىگە ئۇچرىماق. قاتناش ھادىسىسى. ماشىنا ھادىسىسى. ③ <پەلس> پەلسەپىدىكى بىر كاتېگورىيە، ئۇ شەيئىلەرنىڭ تاشقى باغلىنىشى بولۇپ، ماھىيەتنى ئىپادىلەيدۇ، كىشىلەر شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ھادىسىنى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئاندىن بىلەلەيدۇ: ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاققا باھا بېرىش سەۋىيەسىنى ھادىسىدىن ماھىيەتكە، ئۆزگىدىن ئۆزگە، بىر تەرەپلىمىلىكتىن ئەتراپلىق بولۇشقا قاراپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

**ھادىسىشۇناس** ئى. ھادىسىشۇناسلىق تەرەپدارى، ھادىسىشۇناسلىق نەزەرىيەسىنى تەرغىب ــ تەشەببۇس قىلغۇچى.

**ھادىسىشۇناسلىق** ئى <پەلس> ① گېگېل پەلسەپىسىدىكى ئىنسانلار ئېڭىنىڭ بىۋاسىتە ھېسسىي سەزگۈدىن «مۇتلەق بىلىم» گىچە بولغان تارىخىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ئىدېئالىستىك تۈردە بۇرمىلانغان چۈشەنچە. ② نېمىس پەيلاسوپى ھوسسەر (1859 — 1938) تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان ھەمدە جاھانگىرلىك دەۋرىدە بۇرژۇئا پەلسەپىسىدە كەڭ تارقالغان بىر خىل ئەكسىيەتچىل سۇبيېكتىپ ئىدېئالىستىك نەزەرىيە.

**ھادىسىۋى** سۈپ [ ئە ] تەبىئەتتە، ئىجتىمائىي ھاياتتا يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشكە، زىيانلىق ۋە تاسادىپىي ۋەقە ھەم كېلىشمەسلىككە ئائىت ھەمدە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان: ئۇلارنىڭ نەزىرى ماددىي دۇنيادىن روھىي دۇنياغا، ماكرو دۇنيادىكى ھادىسىۋى نەرسىلەرنى كۆزىتىشتىن مىكرو دۇنيادىكى ماھىيەتلەرنى بايقاشقا يۈزلەنگەن.

**ھار** ئى. ئۇيات، نومۇس: ھار ئالماق. ھار كەلمەك.

**ھار ئالماق** ئۇيات، نومۇس دەپ بىلمەك؛ ئېغىر كەلمەك. ئازابلىق تۇيۇلماق: ئۇ سېنىڭ گېپىڭنى بەك ھار ئالدى.

**ھار كەلمەك** ئۇيات، نومۇس بىلىنمەك؛ ئېغىر كەلمەك، ئازابلانماق: ئۇ كىشىنىڭ قىلىقلىرى ئۇنىڭغا تولىمۇ ھار كەلگەنىدى.

**ھار كۆرمەك** ئېغىر كۆرمەك، ئازابلىق تۇيۇلماق، ھار ئالماق: ئۇ قاتناش قورالى يېتىشمەسلىك ئەھۋالى ئاستىدا يول مۇشەققىتىنى ھار كۆرمەي، نەچچە ئون كىلومېتىر يوللارنى پىيادە باستى، ئاچ ــ توق ۋە ئۇسسۇز قالسىمۇ قىلچە ۋايسىمىدى.

**ھارارەت** ئى [ئە] ① كۈچلۈك دەرىجىدىكى ئىسسىقلىق، تەپت: ئوتنىڭ ھارارىتى. قۇياشنىڭ ھارارىتى. ② بىرەر جىسىمنىڭ، ماددىنىڭ قىزىش ياكى ئىسسىتىلىش دەرىجىسى؛ تېمپېراتۇرىسى: ئۆينىڭ ھارارىتى 38℃ تىن ئاشماسلىقى كېرەك. ③ كۆچمە. ھېسسىي تەپت؛ لەززەت؛ ئىللىقلىق: قىزنىڭ پاك يۈرىكىدە بىر خىل ئوتلۇق ھارارەت پەيدا بولدى.

**ھارارەتسىز** سۈپ① ھارارىتى، قىزىقى، ئىسسىقى، تەپتى يوق؛ سوغۇق: بۈگۈن ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، قۇياش يۇلتۇزغا ئوخشاش ھارارەتسىز ئىدى. ② كۆچمە. يېقىمسىز؛ سوغۇق: ئۇنىڭ مىجەزىدىكى بەزى ئالامەتلەر كىشىلەرگە بىر خىل ھارارەتسىز تۇيغۇ بېغىشلايتتى.

**ھارارەتلىك** سۈپ ① ھارارىتى، تەپتى بار؛ ئىسسىق، قىزىق: ئەنە شۇ شەپەقنىڭ ئەكسىدە، ئەتە يەنە قايتىپ كەلمەكچى بولغان ھارارەتلىك قۇياشنىڭ ئەكسىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ② كۆچمە. ئىسسىق، ئىللىق، يېقىملىق: تومۇرلىرىدا ياشلىقنىڭ ئوتتەك قىزىق قېنى قايناپ تۇرغان ھارارەتلىك ئىككى قول بىر ــ بىرىگە جۈپلەشتى.

**ھاراق** I ئى [ئە] ئاشلىق، يەل ــ يېمىش قاتارلىقلارنى ئېچىتىش ئارقىلىق ياسىلىدىغان، كەيپ قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە يۇقىرى گرادۇسلۇق ئىچىملىك.

**ھاراق** II ئى [ئە] <بىن> جەگىنىنىڭ تېگىگە تام بويلاپ قويۇلىدىغان ياغاچ.

**ھاراقچىلىق** ئى. ھاراق ئىشلەپچىقىرىش ياكى سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى: بۇ يىل تۇرپان ئاققۇناق ھاراقچىلىقى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پايدا ئالغان بىر يىل بولدى.

**ھاراقخور** ئى [ئە + پ] ← **ھاراقكەش:** بۇ ھاراقخورنى ئىككىنچى ئۆيگە دەسسەتمەيمەن.

**ھاراقخورلۇق** ئى ← **ھاراقكەشلىك:** ھاراقخورلۇق قىلماق.

**ھاراقخۇمار** سۈپ [ ھاراق+خۇمار ] ھاراق ئىچىشنى ياخشى كۆرىدىغان، ھاراققا ئامراق: ھاراقخۇمار ئادەم. * موڭغۇللار ھاراقخۇمار مىللەتتۇر.

**ھاراقخۇمارلىق** ئى. ھاراققا بېرىلىش ئادىتى، ھاراق ئىچمىسە تۇرالماسلىق، ھاراقكەشلىك: ئۇنىڭ ھاراقخۇمارلىقى ھەممىمىزنى بىزار قىلىشقا باشلىدى.

**ھاراقسىز** سۈپ ① ھاراق يوق، ھاراق قويۇلمىغان، ھاراق ئىچىلمىگەن: بۇ مېنىڭ ھاراقسىز سورۇنغا تۇنجى قېتىم قاتنىشىشىم ئىدى، شۇنداق بولغاچقىمۇ سورۇن بىر خىل كۆڭۈلسىز تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ② ھاراق ئىچمەي، ھاراق ئىچمىگەن: ھاراقسىزمۇ خالمۇرات غوپۇردەك دوكتور ــ ئالىملار، ئابلەت مەجنۇندەك قەيسەر، باتۇر ئوغلانلىرىمىز بىزنى خەلقئارا جامائەتچىلىككە تونۇتۇپ كەلمەكتە.

**ھاراقسىزلىق** ئى. ھاراق يوقلۇق، ھاراق بولماسلىق، ھاراق ئىچمىگەن ھالەت: قارىغاندا ھاراقسىزلىق ئۇنىڭ جېنىنى قىيناۋاتقاندەك قىلاتتى.

**ھاراق ـ شاراب** ھاراق ۋە شاراب، ھاراق تىپىدىكى مەست قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىچىملىكلەر: ھاراق ــ شاراب ئىچمەك، ھاراق ــ شارابقا بېرىلمەك.

**ھاراقكەش** ئى [ئە + پ] ھاراق ئىچىشنى ئادەت قىلغان، دائىم ھاراق ئىچىدىغان، ھاراق ئىچمىسە تۇرالمايدىغان، ھاراقخۇمار ئادەم: — بۇ ھاراقكەشنى نەدىن تېپىۋالدىڭ؟ — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئانىسى.

**ھاراقكەشلىك** ئى. ھاراققا بېرىلىش ئادىتى، ھاراق ئىچمىسە تۇرالماسلىق: بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى ئىلگىرىكى زامانلاردىلا ھاراقكەشلىكنىڭ زىيىنىنى تولۇق چۈشىنىپ، ئۇنى قاتتىق چەكلىگەن.

**ھاراقلىق** سۈپ. ھاراق بار، ھاراق تىزىلغان، ھاراق قۇيۇلغان: ھاراقلىق ئولتۇرۇش بەزىدە كىشىلەرگە كۆڭۈلسىزلىك ئېلىپ كېلىدۇ.

**ھارام** سۈپ [ئە] ① <دىن> شەرىئەت ھۆكمىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان، شەرىئەتتە يېيىش ـ ئىچىش چەكلەنگەن، ھالال ئەمەس: غالجىر خۇدانى بىلمەس، ئىت ھارامنى (ماقال). ② نورمال، ئېھتىياجلىق بولمىغان، زۆرۈرىيىتى، كېرىكى يوق: ھارام شاخ. ھارام پۇتاق. ③ كۆچمە. چېقىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كېلىپ «نىكاھسىز، قانۇنسىز» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ھارامدىن تۇغۇلغان. ④ كۆچمە. باشقىلارنى ئالداش ئارقىلىق قولغا كىرگۈزۈلگەن، مېھنەت سىڭدۈرۈلمىگەن: ھارام مال. ھارام پۇل. ھارام ئوقەت.

**ھارام بولماق** ① يېگىلى، ئىچكىلى بولمايدىغان بولۇپ قالماق، ھارام قاتارىغا ئۆتمەك: قوي ھارام بولدى. ② بىكارغا كەتمەك، يوققا چىقماق، نېسىپ بولماسلىق: شۇنداق قىلىپ، بىزگە ئۈچ كۈنلۈك ھېيت ھارام بولدى. ③ يىرگىنچلىك، ئازابلىق تۇيۇلماق: — ئاكىلار! مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قاپسىلەر، بۇ شەھەر ئەمدى بىزگە ھارام بوپتۇ، بۇ يەرنى تاشلاپ باشقا يەرگە كېتەيلى، — دەپتۇ كەنجى ئوغۇل.

**ھارام تاماق** ئىشلىمەي، تەر تۆكمەي، باشقىلارنىڭ ئەمگىكى ھېسابىغا ياشايدىغان؛ تىرىكتاپ، تەييارتاپ: ھارام تاماق ئادەم.

**ھارام تاماقلىق** ئەمگەكسىز. ئەجىرسىز، بىكارنى يەپ يېتىش، باشقىلارنىڭ ئەمگىكى بەدىلىگە ياشاش ئادىتى: بىز ھازىرقى كۈندە «داش قازاننىڭ تامىقىنى يېيىش» نى، «توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلايدىغان» ھارام تاماقلىقنى تۈگەتتۇق.

**ھارام قىلماق** ① يېگىلى، ئىچكىلى بولمايدىغان قىلىپ قويماق: — بوغۇزلاپ قويايلى دېسەم ئۇنىماي كالىنى ھارام قىلدىڭ، — دېدى ئاكام دادامغا. ② ئىسراپ قىلماق، يوق قىلماق، بىكار قىلماق: ئۇ بۇ كۈننى ھارام قىلىشتىن قورقىدۇ ۋە ئۇنى كۆڭۈللۈك بايرام دەپ بىلىدۇ. ③ يىرگىنچلىك، ئازابلىق نەرسىگە ئايلاندۇرماق: سەن بۇ ئىشلىرىڭ بىلەن بۇ شەھەرنى ماڭا ھارام قىلدىڭ، بۈگۈنلا كۆچۈپ كېتىمەن.

**ھارام كەتمەك** ① ئىسراپ بولۇپ كەتمەك، بىكار كەتمەك، زايە بولماق: بۇنى ئاڭلىغان ئىككى ئاكىسى: — ساڭا بەرگەن تاماقمۇ ھارام كېتىپتۇ، — دەپ ئۇكىسىنى تازا ئۇرۇپتۇ. ② ناھەق، بىئەجەل ئۆلۈپ كەتمەك: — ئەگەر ياقۇپجان بارمىسا، ئۇ ھارام كېتىپ قالاتتى.

**ھارامخور** سۈپ [ ئە+پ ] ئىشلىمەي، تەر تۆكمەي باشقىلارنىڭ ئەمگىكى ھېسابىغا ياشايدىغان؛ تىرىكتاپ، تەييارتاپ، ھارام تاماق: ھارامخور ئادەم. * سۇلتان ئابدۇكېرىمخان دائىم ئۆزى بازارلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ مال باھالىرىنىڭ ئېگىز ـ پەسلىكىنى تەكشۈرۈپ، ئاشلىق ساتىدىغان رەۋەندىلەرنىڭ تارازىسىنى ئۆلچەپ تۇراتتى. ھارامخورلارنى جازالاپ، ئۆلچەمگە لايىق بولمىغان تارازىلارنى يىغىۋالاتتى.

**ھارامخورلۇق** ئى. ئەمگەكسىز، ئەجىرسىز، بىكارنى يەپ يېتىش، باشقىلارنىڭ ئەمگىكى ھېسابىغا ياشاش ئادىتى، ھارام تاماقلىق: ھارامخورلۇق بىلەن ياشاش ئادەمگە مۇناسىپ ئىش ئەمەس.

**ھارامزادە** [ئە + پ] ① ئى. ئۆزئارا نىكاھ قىلىنمىغان ئەر ۋە ئايالدىن تۇغۇلغان بالا: مەيمۇنە جىن قىز شەمھۇرەش ئوغلى دەھنەش دېۋىگە قاراپ: «پەس ھارامزادىلەرنىڭ ئىپلاس نەسلى!» دەپ تىل ساپتۇ. ② سۈپ. كۆچمە. قۇۋ، ھىيلىگەر، مەككار، ئالدامچى: خوجايىنىمىز ئۆتۈپ كەتكەن مۇتتەھەم، ھارامزادە ئادەم ئىكەن.

**ھارامزادىلەشمەك** پ. ھارامزادىگە ئايلانماق، قۇۋ، ھىيلىگەر بولماق: ئۇلار ھارامزادىلىشىپ كەتتى.

**ھارامزادىلىك** ئى. ھارامزادىلەرگە خاس قىلىق: ھارامزادىلىك قىلماق. * بېدىك ھارامزادىلىك بىلەن كۈلۈپ كەتتى.

**ھارامسۈيدۈك** سۈپ [ھارام + سۈيدۈك] «نىكاھسىز تۇغۇلغان، ھارامدىن بولغان» دېگەن مەنىدىكى ھاقارەت سۆزى: — سەندەك ھارامسۈيدۈك مەندەك ئاكاڭ قارىغاينى تونۇمايدىغان ئوخشىمامسەن! — دەپ تۈۋلىدى ئالتۇن چىش مەيدىسىگە ئۇرۇپ.

**ھاراملىق** سۈپ. ھارىمى، ھارامدىن بولغان: بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ ھاراملىق دىلىڭنى رەنجىتكىدەك بوپتۇ ـ دە.

**ھاراملىققا يوق** پەقەت يوق، زادى يوق.

**ھارپا** ئى [ئە] ① <دىن > رامىزان ياكى ھېيتنىڭ ئالدىنقى كۈنى: ھارپا ئاخشىمى. ② بايرام ياكى بىرەر تەنتەنىلىك كۈندىن ئالدىنقى كۈن: بايرام ھارپىسى. يېڭى يىل ھارپىسى. ③ كۆچمە. بىرەر ۋەقەدىن ئالدىنقى ۋاقىت: ئۇ شىنجاڭ ئازاد بولۇش ھارپىسىدا شىنجاڭغا كەلگەن.

**ھاردۇق** ئى ① مېھنەت قىلىپ چارچىغانلىق، تالغانلىق، ھارغىنلىق، ھېرىش: ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇنۇش ھاردۇقنى چىقىرىدۇ. ② ئىشتىن توختاپ ئارام ئېلىش، دەم ئېلىش: ھاردۇق چىقارماق. ھاردۇق ئالماق.

**ھاردۇق چېيى** توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغقا ئوخشاش ھەشەمەتلىك چىقىم قىلىنىدىغان ئىشلارنى ئۆتكۈزگەن كىشىلەرگە دوست ـ يار، بۇرادەرلىرى ياكى قولۇم ـ قوشنىلار تەرىپىدىن ياكى مۇشۇنداق ئىشلارغا قاراشقانلارغا ئۆي ئىگىسى تەرىپىدىن بېرىلىدىغان چاي، زىياپەت: ھاردۇق چېيى بەرمەك.

**ھاردۇق سورىماق** سەپەردىن كەلگەن ياكى ئېغىر ئىشلارنى قىلغانلاردىن ئەھۋال سورىماق: ئۇ ئىتتىك كېلىپ بىزدىن ھاردۇق سورىدى.

**ھاردۇق ئېشى** سەپەردىن كەلگەن ياكى ئەمگەك قىلىپ چارچىغانلاردىن ھال ـ ئەھۋال سوراپ ئېتىلىدىغان ئاش.

**ھاردۇققا چىقماق** ① دەم ئېلىشقا، تەنەپپۇسقا چىقماق. ② كۆچمە. پېنسىيەگە، ئارامغا چىقماق: بۈگۈن بىرنەچچە ياشانغان كادىرلار ھاردۇققا چىقتى.

**ھاردۇقى چىقماق** ① ھارغىنلىقى، چارچىغانلىقى تۈگىمەك، يوقىماق: جەڭ ھاردۇقى چىقتى. ② كۆچمە. بىرەر تەشۋىشلىك ئىشتىن قۇتۇلۇپ يەڭگىللەپ قالماق، كۆڭلى جايىغا چۈشمەك، خاتىرجەم بولماق: شۇ تاپتا ھەسەن يېزىنى پۈتۈنلەي ئۆنتۈپ ھاردۇقى چىققاندەك بولدى.

**هارسىز** سۈپ. نومۇسسىز، ئۇياتسىز: — ۋۇي هارسىز، نېمە دەۋاتىدىسەن، ئاپاڭغىمۇ شۇنداق گەپ قىلامسەن، — دېدى دادام زەردە بىلەن ماڭا.

**هارسىزلىق** ئى. نومۇسسىزلىق، ئۇياتسىزلىق، قېلىنلىق: — ئۇنىڭ بۇنداق هارسىزلىقىنى بىلگەن بولسام هەرگىزمۇ ئالدىغا بارمىغان بولاتتىم، — دېدى ئاسىيە نەپرەت بىلەن.

**هارسىنماق** پ. هار ئالماق، نومۇس قىلماق، ئۇيات دەپ هېس قىلماق، ئۇياتماق: — ئاپلا ما بالىنى، — دېدى ئاپام قاتتىق هارسىنىپ.

**هارسىنىشماق** «هارسىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مۇسانىڭ بۇ لاۋزا چاقچىقىدىن قاتتىق هارسىنىشقان قىزلار ئۆز ئارا كۆز بېقىشىۋالغاندىن كېيىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئىشىككە قاراپ مېڭىشتى.

**هارغۇزماق** «هارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئابدەم، بۇ لېپەكسىز سېنى هارغۇزۇپ قويمىسۇن، بىر قولىنى مەن تۇتۇۋالاي، — دېدى بۇغراجان.

**هارغۇزۇشماق** «هارغۇزماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بالىنى تولا ئۇسسۇل ئوينىتىپ هارغۇزۇشۇۋېتىشكەن سورۇن ئەهلى ئاخىرىدا بالىغا بەس ـ بەس بىلەن پۇل ئۆرۈمە قىلىشقا باشلىدى.

**هارغىن** سۈپ. هارغان، چارچىغان، تالغان: قادىر ئاخۇن يوغان هارغىن كۆزلىرىنى رېشىتكە تىكىپ، ساقاللىرىنى سىلىغىنىچە سۆزلىدى.

**هارغىنلىق** ئى. هارغىن هالەت، هارغىن كەيپىيات: ئۇ ئۇزۇن سۆزلەپ بىر ئاز هارغىنلىق هېس قىلدى بولغاي، قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

**هارلانماق** پ. هار ئالماق، ئېغىر كەلمەك، هاركەلمەك: — ئاشۇنداق كىشىلەر نامىنى ئاتاشقىمۇ هارلىنىدىغان بىر گادايىنىڭ دەستىدىن ئاخىرى هالاك بولىدىغان بولدۇق، — دېدى ئاپاق خوجا ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كەتكۇدەك بولۇپ.

**هارماس** سۈپ. هارمايدىغان، چارچىمايدىغان؛ كۈچ ـ قۇۋۋىتى كۆپ، غەيرەتلىك: هارماس يىگىت. هارماس ئايال.

**هارماق** پ. ئەمگەك قىلىپ ياكى يول يۈرۈپ چارچىماق، هارغىنلىق يەتمەك: يول يۈرگەندە ئېتىڭ هارمىسۇن، قېرىغاندا ئاياغىڭ ئۆلمىسۇن (ماقال). * ئەلقىسسە، هاتەم يەنە ئۆز سەپىرىنى داۋام قىلدى. بىرنەچچە ۋاقىت يول مېڭىپ هېرىپ ئۇسسۇزلۇق يەتتى.

**هارماي ـ تالماي** هاردىم ـ تالدىم دېمەي، هارغانلىقىنى، چارچىغانلىقىنى ئۇنتۇغان هالدا: مەن هارماي ـ تالماي خىزمەت قىلىۋاتقان كىشىلەرگە تېخىمۇ ئاپىرىن ئوقۇيمەن.

**هارمىدىماق** پ. دىيال. هاردۇق سورىماق.

**هاروت** ئى [ئە] ئەپسانىلەردىكى بارلىق تېخنىكىنى بىلىدىغان پەرىشتە: بولۇپ هاروت بىلەن ماروت، قۇرۇلدى خىلمۇخىل زاۋۇت، توقۇلغاچ رەڭمۇرەڭ بەرقۇت، كىيىپ ئەل ئوينىشار بولدى.

**هارۋا** ئى [ئە] ئىككى، ئۈچ ياكى تۆت چاق ئورنىتىلغان، ئۆي هايۋانلىرى قېتىلىدىغان ۋە ياكى ئادەم سۆرەيدىغان ئاددىي قاتناش ۋاسىتىسى.

**هارۋىدا توشقان ئوۋلىماق** سەۋر قىلىپ تۇرۇپ، هىيلە ـ مىكىر بىلەن قولغا چۈشۈرمەك: نىجات ئۇتۇپ چىقىشقا كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن هىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىپ، هارۋىدا توشقان ئوۋلىغىلى چىقتى.

**هارۋىنى قۇرۇق ئېلىپ قاچماق** قولىدىن كەلمىسىمۇ چوڭ ئىشلارنى قىلدىم دەپ لاپ ئۇرماق؛ ئاغزىدا شەھەر ئالماق:

— جېنىم، — دېدى كۆكۈيۈن بىر ئاز جىم تۇرغاندىن كېيىن، — سەن شۇنداق هارۋىنى قۇرۇق ئېلىپ قېچىۋېرىسەن.

**هارۋىكەش** ئى [ئە + پ] هارۋا هەيدىگۈچى ياكى سورىگۈچى كىشى: هارۋىكەش بالىلار سابىرنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ، قىزغىن هال ـ ئەهۋال سوراشتى.

**هارۋىكەشلىك** ئى. هارۋا هەيدەش ياكى سۆرەش ئارقىلىق تىرىكچىلىك قىلىش، هارۋا هەيدەش: سودىگەرچىلىك قىلغاندا هارۋىكەشلىك قىلىش هالال ئىش.

**هارۋىلىق** ① سۈپ. هارۋىسى بار، هارۋىغا ئىگە: مانا هازىر ئۇ ئىككى هارۋىلىق بولۇپ قالدى. ② رەۋ. هارۋىغا چىقىپ، هارۋىدا ئولتۇرۇپ، هارۋا بىلەن: بىر توپ كىشىلەر ئاتلىق، هارۋىلىق ۋە بەزىدە قوراللىق كېلىپ خامانىنى پاك ـ پاكىز قۇرۇقداپ كېتەتتى.

**هارىمى** سۈپ [ئە] نىكاھسىز تۇغۇلغان، دادىسى نامەلۇم، هارامدىن بولغان: — هوي غولام دېگەن هارىمى، قېنى سەن؟ بۇ زادى نېمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ باي.

**هازا** I ئى [ئە] ① ئۆلۈپ كەتكەن يېقىن ئادەم ئۈچۈن قىلىنغان يىغا؛ يىغا ـ زار: هازا ئاچماق. ② ماتەم، تەزىيە: هازا تۇتماق.

**هازا ئېيشى** باشقىلار مۇسىبەتتە بولغۇچىلارنى چاقىرىپ بېرىدىغان ياكى هازا بولغان ئائىلىگە ئېلىپ بارىدىغان غىزا.

**هازا** II ئى [ئە] مەلۇم ۋاقىت، پەيت، مەزگىل (ئاساسەن «بىر» سۆزى بىلەن بىللە كېلىپ بىرىككەن سۆز ياسايدۇ): يالماۋۇز خوتۇن تەرىنى تۇرگەن هالدا، سىنچى كۆزلىرى بىلەن بىرهازا ـ غىچە قاراپ تۇرۇپتۇ.

**هازىچى** سۈپ. ئۆلۈم بولغان ئۆيدە هازا ئاچقۇچى، هازا قىلغۇچى: هازىچى خوتۇنلار يىغىدىن توختىدى.

**هازىدار** ئى [ئە + پ] يېقىن ئادىمىنىڭ ۋاپات بولغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان، ئۇنىڭغا هازا تۇتۇۋاتقان، قارىسىنى ئۈشتۈ ـ مىگەن ئادەم: هازىدار بولماق.

**هازىدارلىق** ئى. بىرەرسىگە هازا تۇتۇۋاتقان هالەت، كەيپىيات، هازىدار بولغانلىق: ئانا ئۆز ئاۋۇلىغا ئېغىر هازىدارلىق بىلەن قايتىپ كەلدى.

**هازىر** رەۋ [ئە] ① بىرەر ئىش ـ هەرىكەتنى بېجىرىشكە تەييار: مانا، مەن هازىر! ② پەيدا، مەۋجۇت، بار: شۇ كۈنى قارلىغاچ ۋىچىرلىغاندا ئوردىدا مەنمۇ هازىر ئىدىم. ③ نۇتۇق سۆزلىنىپ تۇرغان پەيتنىڭ ئۆزىدە، شۇ ئان، شۇ مەزگىل: ئۇ هازىرلا قوشچىلارنىڭ قېشىغا بېرىشى كېرەك ئىدى. ④ نۇتۇق سۆزلىنىپ تۇرغان ۋاقىتتىن سەل بۇرۇن، ئالدىن؛ يېقىندا: بۇ ئىشنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە هازىر بىر يىل بولدى. ⑤ نۇتۇق سۆزلىنىپ تۇرغان ۋاقىتتىن سەل كېيىن: مەن هازىرلا قايتىپ كېلىمەن. ⑥ مۇشۇ كۈنلەردە، مۇشۇ ۋاقىتلاردا: هازىر جاهاننىڭ ئۇڭ ـ تەتۈرىنى بىلگىلى بولمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ.

**هازىرەن** رەۋ [ئە] هازىر، هازىرلىقتا.

**هازىرەنلىك** رەۋ ← **هازىرەنلىككە**: دېمەك بۇ خەت ئىچىدە غەيرىي سىر بار، بولۇر باب ئاخىرىدا بىزگە ئاشكارا... كۆچەيلى هازىرەنلىك باشقا گەپكە، نەزەرباغدىن ئۇدۇل يارباغ تەرەپكە.

**هازىرەنلىككە** رەۋ. هازىرچە، ۋاقىتىنچە: شۇنىڭ ئۈچۈن، هازىرەنلىككە تۆمۈرنىڭ بىر قىسىم مەتلۇبلىرىنى قاندۇرۇپ، بۇ قۇترىغان يولۋاسنى يۇمشاق گەپلەر بىلەن قەپەسكە سولاپ ئېلىشىمغا مەدەتكار

بولۇشلىرىنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن.

**ھازىرجاۋاب** سۈپ [ھازىر + جاۋاب] قويۇلغان سوئالغا كۆپ ئويلانماستىن دەرروۋ جاۋاب بېرەلەيدىغان، كېرەكلىك گەپ - سۆزنى تېز تاپالايدىغان، تەپەككۇر قابىلىيىتى كۈچلۈك بولغان: ھازىرجاۋاب ئادەم. * كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلار ئۇنى - بۇنى دەپ پاراڭ سېلىشىدىغان بولۇشتى. لېكىن، بۇ پاراڭ قىسقا، ھازىرجاۋاب ۋە قۇرۇق ئىدى.

**ھازىرجاۋابلىق** ئى. ھازىر جاۋاب كىشىلەرگە خاس ئىقتىدار ياكى ئادەت، خاراكتېر: شائىر ھازىرجاۋابلىق بىلەن دەرھاللا جاۋاب قايتۇردى.

**ھازىرچە** رەۋ. بىر ئاز ۋاقىت، مەلۇم ۋاقىتقا قەدەر؛ ۋاقىتىنچە: ساقچىلار بۇ ياققا ھازىرچە زورلۇق بىلەن باستۇرۇپ كىرىشكە پېتىنالمىغانىدى.

**ھازىرقى** سۈپ. سۆز بولۇۋاتقان ۋاقىتقا ئائىت، مۇشۇ ۋاقىتتىكى، مۇشۇ زامان، مۇشۇ كۈنلەردىكى: ئەكبەر گەپنى بىرىنچى ئەترەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى مىسالغا ئېلىپ سېلىشتۇ - رۇشتىن باشلىدى.

**ھازىرقى زامان** ① ھازىر بىز باشتىن كەچۈرۈۋاتقان دەۋر. دۆلىتىمىزنىڭ تارىخىنى دەۋرلەرگە بۆلۈشتە، كۆپىنچە 4 - ماي ھەرىكىتىدىن تا ھازىرغىچە بولغان دەۋر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ② <تىل> پېئىللاردا ئىپادىلىنىدىغان زامان شەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ سۆزلەنگەن ۋاقىتتا ئورۇنلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھازىرلاتماق** «ھازىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تەبرىكلەش يىغىنىدىن كېيىن قۇبلىيخان زىياپەت ھازىرلىتىپ، ئۇلارنى يۇقىرى - تۆۋەن دەرىجە بويىچە رېتى بىلەن ئولتۇرغۇزدى.

**ھازىرلاشماق** «ھازىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار سوۋغات ئۈچۈن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھازىرلاشتى.

**ھازىرلانماق** ① «ھازىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: مەن تەسىرلىك بىر مەنزىرىنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇشقا ھازىرلاندىم. ② «ھازىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قىزلار بوغالتىرنىڭ ئارقىسىدىن ئۆزلىرىگە ھازىرلانغان ياتاققا كىرىشتى.

**ھازىرلىق** ئى تەييارلىق: لوقماننىڭ ئوغلى يول ھازىرلىقىنى قىلىپ بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ.

**ھازىرلىقسىز** سۈپ ← **تەييارلىقسىز**: — ئەگەر ئۇلار بىزنىڭ ھازىرلىقسىز پەيتىمىزدىن پايدىلىنىپ تېگىش قىلسا، قانداق تاقابىل تۇرالايمىز؟ — دېدى باش سەركەردە.

**ھازىرلىقتا** رەۋ. ھازىرچە، دەرمەھەللىككە: ھازىرلىقتا يېتەر، كېيىن نېمە بولىدۇ، بىرنەرسە دېيىش قىيىن.

**ھازىرلىماق** پ. بىرەر ئىش - ھەرىكەتنى بېجىرىشكە شارائىت، مۇھىت ياراتماق، تەييارلىماق: چىمەنگۈل ئالدىراشلىق بىلەن بىزگە چاي ھازىرلىدى.

**ھازىلىق** سۈپ ① ھازا تۇتقاندا كىيىلىدىغان، ھازىدارلىقنى بىلدۈرىدىغان: ھازىلىق كىيىم. ② ھازا تۇتقان: ھازىلىق ئادەم.

**ھاسا** ئى [ئە] قولدا تۇتۇپ يەرگە تىرەپ، تايىنىپ مېڭىش ئۈچۈن ياسالغان بىر خىل ئۇزۇن سايمان: ھاسىغا چۆشمەك. * قارىغۇ ھاسىسىنى بىر قېتىم يوقىتار (ماقال).

**ھاسراپ - ھۆمۈدەپ** ھاسىراپ ۋە ھۆمۈدەپ، ئالدىراپ - تېنەپ: شاھزادە تۇغلۇق ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ مەيدانغا كىرىپ كەپتۇ.

**ھاسراتماق** «ھاسىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — مەن سىزنى ھاسىرىتىپ قويدۇم - ھە، — دېدىم تاغامغا قاراپ ئەپۇ سورىغاندەك تەلەپپۇزدا.

**ھاسراشماق** «ھاسىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: توخۇلار ئىسسىقتىن ھاسىرىشىپ چەتتىكى بۇلۇڭغا يىغىلىۋالغانىدى.

**ھاسرىماق** پ. ئېغىر ئەمگەك ياكى چارچاشتىن كېيىن نەپەس تېزلىشىپ كەتمەك: ئۇ ئازراق ئېسىگە كېلىپ، قوشتىن چىقارغان كالىدەك ئۇزۇنغىچە ھاسىرىدى.

**ھاسىل** رەۋ [ئە] پەيدا، مەۋجۇت: ھاسىل بولماق. ھاسىل قىلماق.* ئەمدى ئەنجانبايىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن لەڭزىدە ھەققەتەن دۈشمەنلەرنىڭ يوقلۇقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلدى.

**ھاسىلات** ئى [ئە] ھاسىل بولغان، پەيدا بولغان نەرسە، مۆجىزە، نەتىجە: نەتىجە - ھاسىلات زالىم ھۆكۈمەتنىڭ نامەردلىك بىلەن باستۇرۇشى، دېھقانلارنىڭ قايتا تالان - تاراج، سەرسان ۋە قول قىلىنىشى بىلەن يەكۈنلىنىپ قالدى.

**ھاسىلە** ئى [ئە] ① <مات> فۇنكسىيەنىڭ ئۆزگىرىش تېزلىكىنى ئىپادىلىگۈچى ئاساسىي چۈشەنچە. ② <خىم> ئاددىيراق بىرىكمىلەردىكى ئاتوم ياكى ئاتوملار گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن ئالماشقاندىن كېيىن ھاسىل بولغان نىسبەتەن مۇرەككەپ بىرىكمە.

**ھاسىلكالام** ئى [ئە] گەپنىڭ، سۆزنىڭ قىسقىسى، خۇلاسىسى، يەكۈنى: كاتتا جايلاردا ئوقۇغان، باشقا يوغان سەللە قونغان، ئاخۇنلۇق دەرىجە قوشۇلغان، ھاسىلكالام، بىرەر ھەقىقەت سۆزلەش ئۈچۈن يارىمىغان ئوقۇش بىلەن يوغان دەستۇرنىڭ نېمە خاسىيىتى؟

**ھاسىلىق** سۈپ. ھاسا تۇتقان، ھاسا تايانغان: ھاسىلىق ئادەم.* تۇيۇقسىز ھاسىلىق بىر ئادەم پەيدا بولۇپ گەپكە ئارىلاشتى.

**ھاسىلىي** سۈپ [ئە] بىرەر ئىش - ھەرىكەت ياكى نەرسىدىن ھاسىل بولغان، ھاسىل قىلىنغان، ۋۇجۇدقا چىققان: ماددا بىرلەمچى، چۈنكى ئۇ تۇيغۇ، تەسەۋۋۇر ۋە ئاڭنىڭ مەنبەسى؛ ئاڭ ئىككىلەمچى ھاسىلىي نەرسە، چۈنكى ئۇ ماددىنىڭ ئىنكاسى، مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىنكاسى.

**ھاشار** ئى [ئە] ھۆكۈمەت ياكى ھۆكۈمدارلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن ھەقسىز ئىشلەپ بېرىدىغان مەجبۇرىي ئەمگەك: ھاشارغا بارماق. ھاشار سالماق.

**ھاشارات** ئى [ئە] <زوئول> بوغۇم پۇتلۇق ھايۋانلارنىڭ بىر كىلاسى. ئۇلارنىڭ تېنى باش، كۆكرەك ۋە قورساقتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. كۆكرەك قىسمىدا ئۈچ جۈپ پۇتى، ئىككى ياكى بىر جۈپ قانىتى بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ قانىتى بولمايدۇ؛ قورساق قىسمىدا بوغۇملىرى، ئىككى يېنىدا ھاۋا تۆشۈكچىلىرى بولىدۇ، بۇ نەپەسلىنىش ئورگىنى ھېسابلىنىدۇ. كۆپ ساندىكى ھاشاراتلار تۇخۇم، لېچىنكا، قورچاق ۋە يېتىلگەن تەندىن ئىبارەت تۆت باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىدۇ. مەسىلەن، ھەسەل ھەرىسى، پاشا، چىۋىن، بۆرگە، چېكەتكە ۋە كۆكپىت قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**ھاشاراتخور** سۈپ [ئە+پ] ھاشارات يەيدىغان، ھاشارات يېيىشكە ئادەتلەنگەن: ھاشاراتخور ئۆسۈملۈكلەر.

**هاشاراتخورلۇق** ئى. هاشارات يېيىش ئادىتى، خۇسۇسىيىتى.

**هاشاراتشۇناس** ئى. هاشارات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى مۇتەخەسسىس.

**هاشاراتشۇناسلىق** ئى [ئە+ پ] هاشاراتلارنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان پەن.

**هاشارچى** ئى. ئۇستىگە هاشار مەجبۇرىيىتى چۈشكەن، هاشارغا قاتناشقۇچى كىشى: گومىنداڭچىلار يەنە تۇزئاۋات، قوغان، بوزدۆڭلەرگىمۇ هاشارچىلارنى ئاپىرىپ چوڭ ـ چوڭ پوتەيلەرنى ياساتقۇزدى.

**هاشىيە** ئى [ئە] <مەت> كىتاب، دەپتەر ۋاراقلىرىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى خەت يېزىلمىغان ئاق جايلار: قەدىمكى زاماندا كىتابلار هاشىيەسىگە ناهايىتى مۇھىم تەكىتلەش، پىكىر ـ مۇلاھىزىلەر، ئىزاھلار هەتتا پۈتۈن ئەسەر يېزىلاتتى.

**هاقارەت** ئى [ئە] ① قوپال گەپ ـ سۆزلەر بىلەن باشقىلارنىڭ ئابرۇيىغا، ئىززەت ـ هۆرمىتىگە تېگىش، سۆكۈش: گۈلجەننەت بولسا ئەزىزنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق هاقارەت چىقىشىنى زادىلا كۈتمىگەچكە، ئۆز ئېغىرلىقىنى يوقىتىپ، يىقىلاي ـ يىقىلاي دەپ قالدى. ② باشقىلارنىڭ ئىززەت ـ هۆرمىتىگە تېگىدىغان، كەمسىتىدىغان، كۆڭلىنى رەنجىتىدىغان قوپال ۋە ئورۇنسىز گەپ؛ ئاهانەت: هاقارەت قىلماق. هاقارەت كەلتۈرمەك.

**هاقارەتلەتمەك** «هاقارەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**هاقارەتلەشمەك** «هاقارەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئاۋۋۇتنى شۇنداق سەت هاقارەتلەشتىكى، ئەگەر ئاۋۋۇتتىن باشقا ئادەم بولغان بولسا ئاللىقاچان قولىغا پىچاق ئالغان بولاتتى.

**هاقارەتلەنمەك** «هاقارەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: بەختسىز قىز بۇ پاسكىنىچىلىقلارغا پېتىپ، هەممە تەرەپتىن هاقارەتلىنىشكە باشلىدى.

**هاقارەتلىك** سۈپ. هاقارەت تۈسىنى ئالغان، خورلاش، كەمسىتىش چىقىپ تۇرغان: هاقارەتلىك تۇرمۇشتىن ساداقەتلىك ئۆلۈم ياخشى (ماقال).* ئۇنىڭغا بۇنداق هەرىكەتلەر، بايىقى قوشاقلار سەنئەت ئەمەس، بىرخىل هاقارەتلىك ئىشتەك بىلىنەتتى.

**هاقارەتلىمەك** پ ① يامان، قوپال، سەت گەپ ـ سۆزلەر بىلەن تىللىماق، ئاهانەت قىلماق، سۆكمەك: شۇنچە قاتتىق هاقارەتلىسىمۇ هېچنېمە دېمەي تۇرغىنىنى قارىمامدىغان. ② ئەيىبلىمەك، كەمسىتمەك، خورلىماق: ئەينى چاغدا سەن مېنى قۇلدەك هاقارەتلىگەن!

**هاقارەتنامە** ئى. هاقارەتلەپ يېزىلغان خەت: فېئوداللىق سوتسىيالىزم ئەنە شۇنداق كېلىپ چىقتى، ئۇنىڭ يېرىمى ماتەم كۈيى، يېرىمى هاقارەتنامە ئىدى.

**هاك** ئى [پ] <خىم> نېئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلاسى CaO. ئاق رەڭلىك، شەكىلسىز قاتتىق ماددا، هاك تاشنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. سۇغا يولۇقسا پارچىلىنىپ كېتىدۇ ۋە كالتسىي هىدروكسىدغا ئۆزگىرىدۇ هەم كۆپ مىقداردا ئىسسىقلىق چىقىرىدۇ. ئادەتتە ئۇ قۇرۇلۇشتا ئىشلىتىلىدۇ، يېزا ئىگىلىكى ۋە تازىلىق ئىشلىرىدا قۇرت، مىكروبلارنى ئۆلتۈرگۈچى قىلىنىدۇ.

**هاك تاش** <گېئول> چۆكىندى جىنىسلارنىڭ بىر خىلى. مۇھىم تەركىبى كالتسىي كاربونات. تازا هاك تاش ئاق رەڭلىك بولىدۇ، بىراق تەركىبىدە هەر خىل ئارىلاشمىلار بولغانلىقى ئۈچۈن هەر خىل رەڭدە ئۇچرايدۇ. ئادەتتە ئۇ مېتاللۇرگىيە سانائىتىدە، خىمىيە سانائىتىدە ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**هاكاۋۇر** سۈپ [ئە] باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، دىمىقى ئۈستۈن؛ مەنمەنچى، تەكەببۇر: هاكاۋۇر قىز. هاكاۋۇر بالا.

**هاكاۋۇرانە** رەۋ [ئە + پ] هاكاۋۇرلۇق بىلەن، كىبىر بىلەن، گىدىيىپ: مىرزا ئېلى تاشقىرىدىن هاكاۋۇرانە كىرىدۇ ۋە كېلىپ يۆلەنگۈچلۈك كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ چاۋاك چالىدۇ.

**هاكاۋۇرلارچە** رەۋ. هاكاۋۇرلارغا ئوخشاش، هاكاۋۇرلارنىڭ قىلىقىنى قىلىپ، هاكاۋۇرلاردەك: ئۇلار، سالامدىن سوڭرە، بارغان پېتى تۆردىن ئورۇن ئېلىپ هاكاۋۇرلارچە ئولتۇردى.

**هاكاۋۇرلاشتۇرماق** «هاكاۋۇرلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كىچىككىنە پۇل ئۇنى بەكمۇ هاكاۋۇرلاشتۇرۇۋەتتى.

**هاكاۋۇرلاشماق** پ. هاكاۋۇرلارغا خاس مىجەز، قىلىق ۋە كىبىر پەيدا قىلماق، تەكەببۇرلاشماق: هاكاۋۇرلىشىپ كەتمەك.* هاكاۋۇرلىشىپ تېرىسىگە پاتمىغۇدەك بولۇپ كەتكەن بايۋەچچە ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئاستا تارتقانىدى، ئات پۇتلىرىنى يەرگە قويۇپ، ياۋاشلىق بىلەن ئىگىسىنىڭ مىنىشىنى كۈتتى.

**هاكاۋۇرلۇق** ئى. هاكاۋۇرلارچە قىلىق، مىجەز، كىبىر: هاكاۋۇرلۇق قىلماق.* باجگىر هاكاۋۇرلۇق بىلەن قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

**هاكچى** ئى. هاك پىشۇرۇپ ساتقۇچى كىشى: ئۈنچى هاكچىنى كۆرەلمەپتۇ (ماقال).

**هاكچىلىق** ئى. هاك پىشۇرۇش هەم سېتىش كەسپى، ئىشى: — ئىش تاپالماي هاكچىلىق قىلىۋاتامسەن، ساتتار ئاكا؟— دېدى هاكىم قاقاهلاپ كۈلۈپ.

**هاكسىمان** سۈپ. هاكقا ئوخشايدىغان، هاك هالىتىدىكى: مارجان ئەسلىي دېڭىز ئاستى سۇيىدە ياشايدىغان بىرخىل قۇرتنىڭ ئاجرىتىپ چىقارغان هاكسىمان قېتىشمىسى بولۇپ، بۇ قۇرتنى غەۋۋاسلار مارجان قۇرتى دەپ ئاتايدۇ.

**هاكلاتماق** «هاكلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يېزا بويىچە تۇنجى قېتىم ئۆيىنى هاۋا رەڭ سېنكا بىلەن هاكلاتقان ئادەم پەقەت ئادىللا ئىدى.

**هاكلاشماق** «هاكلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۆيلىرىنى هاكلىشىپ هېيتنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشىۋاتاتتى.

**هاكلانماق** «هاكلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئايۋان بىلەن پېشايۋاننىڭ تاملىرى هاكلاندى.

**هاكلىق** سۈپ. تەركىبىدە هاك بولغان، ئارىلاشتۇرۇلغان؛ هاكتىن ياسالغان، هاكلىق سۇ. هاكلىق توپا.

**هاكلىماق** پ <بىن> ئېرىتىلگەن هاكنى چوتكا بىلەن سۈرتۈپ ياكى ناسوس ئارقىلىق پۈركۈپ، ئۆينىڭ تام ـ تورۇسلىرىنى ئاقارتماق.

**هاكىم** ئى [ئە] ① <تارىخ> ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ئۆتكەن هەمدە مەلۇم شەهەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلاردا تۇرۇپ، خان ئەمرىنى ئىجرا قىلىدىغان ئەمەلدار. ② ناهىيە باشلىقى: بۇ كىشى ناهىيەمىزنىڭ هاكىمى بولىدۇ. ③ هۆكۈمران، ئەمەلدار:

باشقا ئىشلاردا ئۇ بۇ يەرگە ھاكىم بولسىمۇ، لېكىن ھازىر شۇ مەيداندا نازارەتچى ئۇنىڭغا ھاكىم ئىدى. ④ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ھاكىمبەگ** ئى [ھاكىم + بەگ] تارس ① بەگلەرنىڭ ئۈستىدىن نازارەت قىلغۇچى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ھاكىملىق** ئى ① ھاكىمغا يۈكلەنگەن ۋەزىپە، ئەمەل ۋە ئۇنى ئادا قىلىش: ھاكىملىقتا سايلانماق. ② ھاكىملارچە قىلىق، ئادەت، خاراكتېر: ھاكىملىقنى كۆرسەتمەك.

**ھاكىممۇتلەق** ئى [ئە] مۇستەبىت، ئىستىبدات: قىساس ئوتى ئىنقىلابقا بولۇپ ھامىلدار، پىرولېتار يېڭىباشتىن كۈرەش باشلىدى. ئىنقىلابنىڭ يالقۇنى ھەر ياننى قاپلاپ، ھاكىممۇتلەق تەختىنى ئۆرتەپ تاشلىدى.

**ھاكىممۇتلەقلىق** ئى. مۇستەبىتلىك، ئىستىبداتلىق: ھاكىممۇتلەقلىق قىلماق. ھاكىممۇتلەقلىق يۈرگۈزمەك.* چاكىنىلىق — ھاكىممۇتلەقلىق ۋە دېموكراتىيەسىزلىككە ھامىي بولغان جەمئىيەتنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى.

**ھاكىمىيەت** ئى [ئە] دۆلەت ۋە ئۇنىڭ ئورگانلىرى؛ ھۆكۈمەت؛ سىياسىي ھۆكۈمرانلىق: ھاكىمىيەت تىكلىمەك. ھاكىمىيەت قۇرماق.* بۇ كىتابتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش يولىدىكى ئىنقىلابىي كۈرىشى تەسۋىرلەنگەن.

**ھاكىمىيەتچىلىك** ئى. ھاكىمىيەتكە ۋە ھۆكۈمرانلارغا خاس بولغان ھالەت: ئۇ ئۆسۈپ يېتىلگەن يىللاردا چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگوغا بولغان تاجاۋۇزچىلىقى كۈچەيگەن، چىرىك مانجۇ خانلىقىنىڭ دۆلەت ئىچىدە خەلقنى باستۇرۇش، ئەجنەبىيلەرگە قارىتا خۇشامەت قىلىشتەك پاسسىپ ھاكىمىيەتچىلىكىدىن ۋەتەن مۇنقەرزلىككە، مىللەت قۇللۇققا يۈزلەنگەنىدى.

**ھاكىمىيەتلىك** سۈپ. ھاكىمىيەتتىن ئىبارەت بولغان، ھۆكۈمرانلارغا خاس: ھەر خىل مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى يولغا قويۇلغان جايلاردا يېزا ۋە كەنتلەرنىڭ ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەتلىك رولىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

**ھاكىنا** سۈپ. دىيال. ئورۇق، ئاۋاق.

**ھاكىنەك** ئى <يېم> دىيال. بېلىق يېغىغا ئۇن چىلىپ ئېتىلىدىغان تاماق.

**ھاكىۋاتۇ** يۈك. دىيال. ئىشقىلىپ، قانداقلا بولمىسۇن؛ تاسادىپىي، تۇيۇقسىز، پەۋقۇلئاددە.

**ھاڭ** I ئى ① تۆت تەرىپى تىك، بەك تېرەن، چوڭقۇرلۇق: شۇنچە چوڭ تاغنى ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن ھاڭنىڭ كەڭلىكى ئۈچ مېتىردىن ئېشىپ چۈشەتتى. ② كۆچمە. ئۆتۈش قىيىن بولغان توسالغۇ، توسۇق: ئۇ ئىككىسىنىڭ مەنىۋى بىرىكىشى بۇرۇنقى ئىش، ھازىر ئوتتۇرىدا ھاڭ بار. قانداق چۈشەنگەن بىلەنمۇ ھاڭ بار.

**ھاڭ** II تەق → **ھاڭ قاتماق.**

**ھاڭ قاتماق** قاتتىق ھەيران قالماق، ئىنتايىن تەئەججۈپلەنمەك، تاڭ قالماق: خەلچەم تېخىچە ئاغزىنى ئاچقىنىچە ئۇ كىشىگە ھاڭ قېتىپ قاراپ تۇراتتى.

**ھاڭ قالماق** → **ھاڭ قاتماق** لەيلىگۈل كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يۈز بەرگەن بۇ ھادىسىدىن چۆچۈپ ھاڭ قالدى ۋە شۇ زامان ئالماس بىلەن مەشرەپنى تونۇپ يىغلىۋەتتى.

**ھاڭ** III تەق. ئېشەكنىڭ ھاڭرىغان ۋاقتىدىكى چىقىدىغان ئاۋازى: ئېشەكنىڭ تۇيۇقسىز ... «ھاڭ» قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئارقامغا قارىدىم.

**ھاڭ ـ تاڭ** → **ھاڭ ـ تاڭ بولماق.**

**ھاڭ ـ تاڭ بولماق** بىرەر ئىشقا ئەجەبلىنىپ ھەيران قالماق، ھاڭ قېتىپ قالماق: ئۇلار بۇ مەنزىرىنى ھاڭ ـ تاڭ بولغان ھالدا كۆرۈشتى.

**ھاڭ ـ تاڭلىق** ھەيرانلىق، تەئەججۈپلۈك: ھاڭ ـ تاڭلىقتىن قولۇم توختاپ قاپتۇ.

**ھاڭراتماق** «ھاڭرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇنداق قىلىپ، بەكرى ئۇ يەردىن قېچىپ كەتكەن بولۇپ، ئېشىكىنى ھاڭرىتىپ ساۋەنگە كەپتۇ.

**ھاڭراشماق** «ھاڭرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سەل سۈيىدە كۆكەرگەن ئوت ـ چۆپلەر بىلەن تويۇپ، هارامزادىلىشىپ قالغان ئېشەكلەر قۇيرۇقلىرىنى خادا قىلىشىپ جاھاننى بېشىغا كىيىپ ھاڭرىشاتتى.

**ھاڭرىماق** پ. «ھاڭ ـ ھاڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «ھاڭ ـ ھاڭ» قىلماق (ئېشەك ھەققىدە): ئەمەتنىڭ ئېشىكى ھاڭراپ كەتتى.

**ھاڭغۇت** ئى. جۇۋازنىڭ ئۇلاغ قوشىدىغان جايىنىڭ يالاڭ تەرىپى.

**ھاڭغۇق** ئى. دىيال. ئۆكۈزنى قوشقا قاتقاندا بويىنىغا سېلىنىدىغان بويۇنتۇرۇق.

**ھاڭغىرقاي** سۈپ. ئېچىلىپ قالغان، بەك ئوچۇق: تىلماچ ئارقىمۇئارقا ئىككى مەرتەم ۋارقىرىغان بولسىمۇ، ھاڭغىرقاي تۇرغان دەرۋازىدىن ھېچكىم چىقمىدى.

**ھاڭقايماق** پ. دىيال. ھاڭ قېتىپ تۇرۇپ قالماق، ھەيران بولۇپ قالماق، تەئەججۈپلەنمەك.

**ھاڭگا** <زوئول> ① سۈپ. ئەركەك (ئېشەك ھەققىدە): ھاڭگا ئېشەك. ② ئى. ئەركەك ئېشەك: ئۇ بازاردىن بۇ يىل ئەمدى تۆت چىشلىق بولغان بىر ھاڭگا سېتىۋالغانىدى.

**ھاڭگا ئاياق** ھاڭگا تېرەكنىڭ ياغىچىدىن ئويۇپ ياسالغان ئاياق.

**ھاڭگا تېرەك** <بوت> تېرەكنىڭ بىر خىلى. يوپۇرمىقى تۆمۈنە ياكى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ. گۈلى سېرىق؛ ياغىچى ئاچ سېرىق ھەم قاتتىق كېلىدۇ. ئادەتتە ئويمىچىلىقتا ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

**ھاڭگىت** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. پەي تۈكلىرى بېغىر رەڭ، قورساق قىسمى ئاق، تۇمشۇقى ياپىلاق، پۇتلىرى قىسقا كېلىدۇ، بارماقلىرى ئارىسىدا ئۈزۈش پەردىسى بولىدۇ. سۇ بويلىرىدا توپلىشىپ ياشايدۇ، ئۇچقاندا رەتلىك سەپ ھاسىل قىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ پەسىل قۇشى ھېسابلىنىدۇ.

**ھاڭگىز** ئى. دىيال. ئېگىز.

**ھاڭ ـ ھاڭ** «ھاڭ III» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئېغىلدىكى ئېشەكنىڭ «ھاڭ ـ ھاڭ» قىلىشى خىيال يىپىمنى ئۈزۈۋەتتى.

**ھاڭۋاقتى** ئى [ھاڭ + باقتى] دائىم ھاڭۋېقىپ تۇرىدىغان بىپەرۋا ئادەم: يۈز ئۇلاغ قورۇق ئوتۇنىنى ئۇندۇرۇش ئۈچۈن بىر ـ ئىككى ھاڭۋاقتىنىڭ كېلىشتۇرۇپ ئەدىپىنى بېرىپ قويغان تۈزۈك!

**ھاڭۋاقتىلىق** ئى. داۋاملىق ھاڭۋېقىپ بىپەرۋا يۈرۈش، ھاڭۋېقىش: ھاڭۋاقتىلىق قىلماق.

**ھاڭۋاقماق** پ [ھاڭ + باقماق] ھېچنېمىنى سەزمەي، ھېس قىلماي تۇرۇپ قالماق؛ بىپەرۋالىق بىلەن تۇرماق؛ نېمە قىلىشنى بىلمەي قالماق: قاراڭغۇ دەپ ھاڭۋاقما، يورۇقلۇقنى ئىزدەپ تاپ (ماقال).

**ھال** Ⅰ سۈپ. ئاچ قىزىل، قىزغۇچ؛ شاپتۇل چېچىكى رەڭ: ھال ئانار تاش. ھال پىروكسېنت. ھال كىۋارتىس.

**ھال رەڭ** <گ سەن> ① ئاچ قىزىل بولىدىغان بىر خىل مۇرەككەپ رەڭ. ② شۇ خىل رەڭگە ئىگە: ھال رەڭ ياغلىق. ھال رەڭ كۆڭلەك.

**ھال** Ⅱ ئى <بوت> زەمبۇرۇغلار پەيدا قىلىدىغان زىرائەت كېسىلى. كېسەللەنگەن زىرائەتلەرنىڭ يوپۇرماق، غوللىرىدا دات رەڭگىدە توچكىلار پەيدا بولىدۇ، مەھسۇلاتقىمۇ تەسىر يېتىدۇ. ئۇ «دات كېسىلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ھال** Ⅲ ئى [ئە] ① مەۋجۇت بولغان ياكى يۈز بەرگەن ھالەت، ئەھۋال: بار بارى بىلەن، يوقى ھالى بىلەن (ماقال). ② تۇرق، كۆرۈنۈش: ھالىڭىزغا ۋاي! ③ جىسمانىي ۋە روھىي ھالەت؛ سالامەتلىك، كەيپىيات: ئېغىر ئەمگەك ئۇنىڭ ھالىنى قويمايتتى. ④ كۆچمە. كېبىر: ھالى ئۈستۈن. ھال پەيدا بولماق.

**ھال تارتماق** نازلانماق، نېزىقىماق: ھالىڭغا بېقىپ ھال تارت، خالتاڭغا بېقىپ ئۇن (ماقال).

**ھال تەگمەك** كېبىرى ئۈستۈنلىمەك، ھالى يوغانلىماق: ئۇ مۇدىر بولغاندىن باشلاپ ئۇنىڭغا ھال تېگىپ قاپتۇ.

**ھال ئېيتماق** ① ئۆزىدىن يۇقىرى ئورۇنغا بىرەر مەسىلە ھەققىدە ئەرز ئېيتماق: مەن ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدىدا ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنىڭ دەردىنى ئاڭلاۋاتاتتىم. ماڭا تونۇش پىكاپ غۇيۇلداپ كېلىپ «ۋىش» قىلىپ توختىدى. ② بىركىم بىلەن سىردىشىپ، ئۇنىڭغا كۆڭلىدىكىنى سۆزلەپ بەرمەك؛ دەرد تۆكمەك: دۈشمىنىڭگە ھال ئېيتما، كۈلگىسى كېلىدۇ، دوستۇڭدىن سىر ئايىما، بىلگۈسى كېلىدۇ (ماقال).

**ھالى تەڭ** ئەھۋالى ئېغىر، قىينالغان؛ ھالى خارابلاشقان: — رەھىم قىلىسىلا بېگىم، ئاتىسىنىڭ ھالى تەڭ، ئەتە - ئۆگۈنگىچە تۈزۈلۈپ قالسا يەنە خىزمەتلىرىدە بولار، — دېدى تاجىخان يىغلامسىراپ.

**ھالىغا خادا بويلىمايدىغان** ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، باشقىلارنى كۆزىگە ئىلمايدىغان، ھالى چوڭ، جازىسى ئۈستۈن؛ ھاكاۋۇر، تەكەببۇر: «ئۇياقتىن كېلىپلا بۇياقتىن ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلغىلى تۇردى، ۋايىەي، ھالىغا خادا بويلىماي كەتتى»، — دەيتتى ئۇ دىمىقىدا پىنە سۇرۇپ.

**ھالى قالماسلىق** ① خۇشاللىقتىن نېمە قىلىشنى بىلمەي پايىپېتەك بولۇپ كەتمەك؛ ئاۋارە بولۇپ كەتمەك: بىزنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ھالى قالمىدى. ② ماغدۇرىدىن، كۈچىدىن كەتمەك: ھېرىپ بىر قەدەم يۈرۈشكىمۇ ھالى قالمىغان ھاتەم دەرەخنىڭ تۈۋىگە باردى - دە، يىقىلدى.

**ھالىڭ شۇ** قولۇڭدىن كېلىدىغىنى شۇنچىلىك، ئەھۋالىڭ چاغلىق: شۇ چاغدا پەررۇخ بەختى يېتىپ كەپتۇ، «بىزنىڭ سۆزىمىزگە كىرمەي ھالىڭ شۇ بولدىمۇ؟» دېيىشىپتۇ ئۇلار.

**ھالى يوق** ① كېبىرى، چوڭچىلىقى يوق، ھاكاۋۇر، تەكەببۇر ئەمەس: ئامانگۈل ھالى يوق، ئاق كۆڭۈل بىر قىز ئىدى. ② ماغدۇرى، ماجالى يوق؛ كۈچىدىن قالغان؛ كۈچسىز: بۇرۇنقىدەك ئۇنداق سىرتلاردا چېپىپ يۈرىدىغان ھالىمىز يوق.

**ھالا** يۈك [ئە] ئورۇن ياكى ۋاقىت چېكىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىش ۋە رەۋىشداشلارنىڭ ئالدىدا كېلىپ، چەك ئۇقۇمىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ: — سىدىق كىچىكىدىن يامان ئۆگىنىپ قالغاچقا، ھالا بۈگۈنگىچە بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتماي، لاغايلاپ يۈرىدۇ، — دېدى تاغام ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

**ھالاپ** ئى. دىيال. يالغانچى؛ قىزغانچۇق.

**ھالاقەت** ئى [ئە] تەسىر، كاشىلا؛ توسقۇن، دەخلى: ھالاقەت بەرمەك. ھالاقەت يەتكۈزمەك. * ئۆز ئەيىبىنى بىلىش ۋە شۇ ئەيىبى بىلەن باشقىلارغا ھالاقەت بەرمەسلىككە تىرىشىش — نېمىدېگەن ئېسىل پەزىلەت - ھە!

**ھالاقەت بەرمەك** تەسىر يەتكۈزمەك، كاشىلا، توسقۇنلۇق قىلماق، دەخلى يەتكۈزمەك: مەن ئۇلارنىڭ مۇڭدىشىشلىرىغا ھالاقەت بەرمەسلىك ئۈچۈن ئۇدۇل مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ، ئۆزۈمنى دىۋانغا تاشلىدىم.

**ھالاك** ئى [ئە] ئۆلۈش، يوقىلىش.

**ھالاك بولماق** ئۆلمەك، يوقالماق، تۈگەشمەك.

**ھالاك قىلماق** ئۆلتۈرمەك، يوقاتماق، تۈگەتمەك.

**ھالاكەت** ئى [ئە] ئۆلۈم، قىرىلىش، يوقىلىش، مەغلۇپ بولۇش؛ ۋەيران بولۇش: ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالماق.

**ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالماق** يوقىلىش، ھالاك بولۇشقا ئاز قالماق؛ خاراب بولۇش ئالدىدا تۇرماق، زاۋاللىققا يۈزلەنمەك: دۈشمەن قوشۇنلىرى ئوزۇق - تۈلۈكتىن ئايرىلىپ ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى.

**ھالاكەتلىك** سۈپ. ھالاكەتكە، ۋەيران بولۇش، يوقىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان؛ ھالاك بولغان، ۋەيران بولغان، يوقالغان: ھالاكەتلىك ئاقىۋەت.

**ھالال** سۈپ [ئە] ① <دىن> شەرىئەت ھۆكمىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان، يېگىلى، ئىچكىلى، پايدىلانغىلى بولىدىغان؛ هارام ئەمەس: ئېشەكنىڭ ئۆزى ھارام، كۈچى ھالال (ماقال). ② كۆچمە. بىراۋنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان، ئۆز ئەمگىكى، ئۆز تەرى بىلەن جۇغلىغان: ھالال مال. ھالال پۇل. ③ كۆچمە. قىڭغىر يولدا ماڭمايدىغان، باشقىلارنى ئالدىمايدىغان؛ پاك، ساپ دىل، توغرا: ئىنسابلىق، ھالال ئادەملەر ئۆز ئائىلە چىرىغىنى ئۆچۈرمەيدۇ. * ھالال ئىشلىمەك، ھالال ياشىماق. ④ كۆچمە. ھەق، توغرا، مۇۋاپىق، تېگىشلىك، جايىدا: ئۇ لۈكچەككە مۇشت ھالال تەگدى. ⑤ نىكاھلاپ ئېلىنغان، قانۇنىي (خوتۇن ھەققىدە): سايىم بۇ ھالال جۈپتى بىلەن مەڭگۈ بەختلىك بولۇپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

**ھالاللىق** ئى. ۋىجدان ۋە ئىنساب بىلەن ئىش تۇتۇش؛ توغرىلىق، ساپلىق: ياغاچچى قۇرۇلۇش ئۈچۈن ھالاللىق بىلەن كۈچىنى سەرپ قىپتۇ.

**ھالاللىماق** پ <دىن> يېيىش - ئىچىش، پايدىلىنىشقا توغرا بولىدىغان ھالەتكە كەلتۈرمەك، ھالال قىلماق: تەر — قىلغان - ئەتكەننى ھالاللايدۇ (ماقال).

**ھالاۋەت** ئى [ئە] لەززەت، زوق؛ راھەت - پاراغەت: ھالاۋەت كۆرمەك. * جاپا چەكمىگۈچە ھالاۋەت يوق (ماقال). * ئەمدى ئۇ بۇ گۈلزارلىقنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ئىجادىي مېھنىتىنىڭ ھالاۋەتلىرىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتاتتى.

**ھالاۋەت كۆرمەك** لەززەت ئالماق، راھەت كۆرمەك، ھۇزۇرلانماق: بەزەن چاغلاردا قولىمىزغا پۇل كىرىپ، ھالاۋەت كۆرگەن چاغلىرىمىزمۇ بولدى.

**ھالاۋەتلىك** سۈپ. ھالاۋىتى بار، ھالاۋەت بېغىشلايدىغان، راھەتلىك: ھالاۋەتلىك تۇرمۇش.

**ھالەت** ئى [ئە] ① ھال، ئەھۋال؛ ۋەزىيەت: باشلانغۇچ ھالەت. ھەربىي ھالەت. روھىي ھالەت. قىيىن ھالەت. ② <تىل> جۈملىدە پېئىل ۋە سۈپەتنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئىش ـ ھەرىكەت ياكى خۇسۇسىيەتنىڭ ھەر خىل ھالىتىنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە بۆلىكى.

**ھال ـ ئەھۋال** ئادەمنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي ھالىتى؛ سالامەتلىكى؛ تۇرمۇش شارائىتى، ھال ـ كۈنى: ھال ـ ئەھۋال سورىماق.

**ھالبۇكى** باغل. «ئەھۋال شۇنداقكى، ئەمەلىيەت شۇكى» دېگەن مەنىلەردىكى قارىمۇ قارشى باغلىغۇچى بولۇپ، رولى «ئەمما، بىراق، لېكىن» باغلىغۇچىلىرىغا يېقىن كېلىدۇ: ھالبۇكى، راستىنى ئېيتقاندا، بۇ مەخپىيەتلىكتە ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ۋەقەلىكلەر يوق، ئىز بېسىپ قوغلاشلار يوق، سۇيىقەست، ھىيلە ـ مىكىرلەر يوق، خەتەرلىك توسالغۇلارمۇ يوق.

**ھالپەش** ئى. دىيال. ئۈچ تەرەپكە تۇتاشقان پېشايۋان.

**ھالپۇ** سۈپ. دىيال. كىچىك ئىشنى يوغان قىلىپ كۆرسە ـ تىدىغان كۆپتۈرمىچى.

**ھالدا** ① «ھال III» سۆزىنىڭ ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى «ـ دا» بىلەن تۈرلەنگەن شەكلى. ② رەۋ. ھالەتتە، تەرىقىدە، رەۋىشتە: بۇ چاغدا بەگلەر ئەمدى قانداق رەڭدىكى پو ئېتىشنى ئويلىشىۋاتقاندەك، بېشىنى بىر يەرگە ئېگىشتۇرگەن ھالدا دۈمچەيگىـ ـنىچە يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى.

**ھالسىراتماق** «ھالسىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد ـ جىسى: مۇشۇ ۋەھىمىلىك ۋەقە ئۇنىڭ يۈرىكىنى ھالسىرىتىپ قويدى.

**ھالسىراشماق** «ھالسىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرد ـ جىسى: بۇ قېتىمقى تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن كېيىن دۈشمەنلەر خېلىلا ھالسىرىشىپ قېلىشتى.

**ھالسىرىماق** پ. ھالىدىن كەتمەك، ھالسىزلانماق: دۈشمەننىڭ ئالدىنقى قىسمى خېلىلا ھالسىراپ قالدى.

**ھالسىز** سۈپ. ھالى، كۈچ ـ قۇۋۋىتى يوق؛ ھالىدىن كەتكەن، مادارى قالمىغان؛ دەرمانسىز؛ زەئىپ: سەھەرنىڭ ئىللىق نۇرى چېدىرنىڭ يوچۇقلىرىدىن ئۆتۈپ، يەردە ھالسىز ياتقان ئەكبەرنىڭ يۈزىگە چۈشتى.

**ھالسىزلاندۇرماق** «ھالسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر چاغدىن كېيىن سودىگەر ئويغىنىپ قارىسا ئوغلىنى يىلان چېقىپ ھالسىزلاندۇرۇپتۇ.

**ھالسىزلاندۇرۇشماق** «ھالسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۈنۈگۈن كەچتە بىرنەچچە لۈكچەك ئادىلنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇنى قاتتىق ئۇرۇپ ھالسىزلاندۇرۇشۇپ، ئالدىغىنىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىشىپتۇ.

**ھالسىزلاندۇرۇلماق** «ھالسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۆرە ئالدى بىلەن ھوشسىزلاندۇرۇش ئوقى ئارقىلىق ھالسىزلاندۇرۇلۇپ، ئاندىن قەپەسكە ئېلىپ كىرىلىدۇ.

**ھالسىزلانماق** پ. كۈچىدىن، ماغدۇرىدىن كەتمەك، ماغدۇرسىزلانماق؛ ئاجىزلاشماق: قۇرۇق قاقشال بولۇپ قالغان ھاشارچىلار پاتلا ھالسىزلىنىشقا باشلىدى.

**ھالسىزلىق** ئى. ئاجىز، كۈچسىز ھالەت، ماغدۇرسىزلىق: ئۇنىڭ ھالسىزلىقتىن نۇرى قاچقان كۆزلىرى ھەرقانداق كىشىنى ئەندىشىگە سالاتتى.

**ھالسىزلىنىشماق** «ھالسىزلانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ھالقا** ئى [ئە] ① مېتالنى ئېگىپ، ئىككى ئۇچىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇش ئارقىلىق ياسالغان چەمبەر شەكلىدىكى بۇيۇم: تۆمۈر ھالقا. زەنجىر ھالقىسى. ئىشىك ھالقىسى. ② قۇلاققا ئېسىلىدىغان زىننەت بۇيۇمى. كۆپىنچە ئالتۇن، كۈمۈش قاتار ـ لىق مېتاللاردىن ھەر خىل شەكىلدە ياسىلىدۇ. ③ چەمبەر، دائىرە شەكلىدىكى نەرسە، گەردىش: خان ئارسلانبەگنى باشلاپ ھالقا بولۇپ تۇرغان مېھمانلار ئالدىدىن ئايلاندى. ④ كۆچمە. بىر ـ بىرىگە ئۆزئارا باغلانغان ۋە بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغۇچى بۆلەكلەردىن بىرى: ئاجىز ھالقا. ئىش ھالقىلىرى. ⑤ كۆچمە. شەيئىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان بۆلىكى: خىزمەتتە مۇھىم ھالقىنى چىڭ تۇتۇش. ⑥ كۆچمە. قورشاۋ، مۇھاسىرە: ئەمىر، بەگلەر ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ چېدىر ـ بارگاھلىرىنى تىكىپ، كەستىھام شەھىرىنى ھالقىغا ئالدى.

**ھالقىتماق** «ھالقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ تەسلىم بولغان ئەسكەرلەر قىياپىتىدە ئىككى قولىنى بېشىدىن ھالقىتىپ تۇرۇپ، شەپقەت ھەمشىرىگە يېنىش ـ يېنىش يالۋۇردى.

**ھالقىسىمان** سۈپ [ ئە ] ھالقىغا ئوخشايدىغان، ھالقا شەكلىدىكى، ھالقىدەك: ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى توختام سۇغا تاش تاشلىغاندا ھالقىسىمان دولقۇن پەيدا قىلغاندەك تەسىر قوزغىۋەتتى.

**ھالقىشماق** «ھالقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، تاغ ـ داۋانلاردىن ھالقىشىپ، ئاخىر جەننەت كەبى بىر شەھەرگە يېتىپ كېلىشىپتۇ.

**ھالقىلىق** سۈپ ① ھالقىسى بار، ھالقا ئورنىتىلغان، ھالقا ئاسقان: ھالقىلىق دەرۋازا. ھالقىلىق قىز. ② ھالقا ياساشقا بولىـ ـدىغان، ھالقا ياساش ئۈچۈن تەييارلانغان، ھالقىغا تۇشلۇق: ھالقىلىق تۆمۈر. ③ كۆچمە. ھەل قىلغۇچ، مۇھىم، جىددىي: ھالقىلىق پەيت. ھالقىلىق مەسىلە. ھالقىلىق ۋاقىت.

**ھالقىلىق ئات** <تەن> ① گىمناستىكا ئەسۋابى، يەنى ياغاچ ئاتنىڭ بىر خىلى. كۆرۈنۈشى ئات شەكلىگە ئوخشايدۇ. ئۈستىگە ئىككى دانە يېرىم ھالقا ئورنىتىلغان. ② گىمناس ـ تىكا مۇسابىقە تۈرى. بۇنىڭدا تەنھەرىكەتچىلەر ھالقىلىق ئات ئۈستىدە ھالقىنى تۇتۇپ ياكى ئاتنىڭ دۈمبىسىگە تايىنىپ ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى ئورۇنلايدۇ.

**ھالقىما** سۈپ. ھالقىپ كېتىدىغان، ھالقىيدىغان، ھالقىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان: ھالقىما پەن، مائارىپى. * ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت پەن ـ تېخنىكىسى خىزمىتىنى ئۆز ئالدىغا يېتەكلىق يارىتىدىغان ھالقىما تەرەققىيات ئىزىغا سېلىش كېرەك.

**ھالقىماق** پ ① ئاتلىماق، ئاشماق: ئېرىقتىن ھالقىماق. تامدىن ھالقىماق. ② بىرەر چەك ياكى دائىرىنىڭ سىرتىغا

چىقىپ كەتمەك؛ ئېشىپ كەتمەك: ئۇنىڭ يېشى ئەللىكتىن ھالقىدى. ③ كۆچمە. بىرەر ساھە ياكى ئىشتا باشقىلاردىن ئۆتۈپ كەتمەك؛ ئۈستۈن تۇرماق: قاسىم ئۆگىنىشتە باشقا ساۋاقداشلىرىدىن ھالقىپ، كۆزگە كۆرۈندى.

**ھال ـ كۈن** ← **ھال ـ ئەھۋال.**

**ھاللازلىماق** پ. دىيال. ھاڭگا ئېشەك ھاڭراپ يۈگۈرمەك.

**ھاللاشماق** پ. ئەھۋاللاشماق، مۇڭداشماق، سۆزلەشمەك، پىكىرلەشمەك: ئۇلارنىڭ ھاللىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغان ساۋاقداشلىرىمۇ سوراپ قالدى.

**ھاللاڭ** سۈپ. دىيال ← **ھاڭغىرقاي.**

**ھاللانماق** پ ① ھال ـ كۈنى، تۇرمۇشى ياخشىلانماق: تۆمۈر ئائىلىسى قورايغا كەلگەندىن بېرى بىرئاز ھاللىنىپ قالدى. ② كۈچ ـ قۇۋۋەت، ماغدۇر پەيدا بولماق، ماغدۇرلانماق: —— رەھىم ئاتام يېڭىلا كېسەلدىن قوپتى، سەل ھاللىنىۋالسۇن، —— دېدى تاشۋاي كۆپچىلىككە قاراپ.

**ھاللەسە** ئى. دىيال. بار نەرسىنى تەڭ كۆرۈپ پايدىلىنىش.

**ھاللىق** سۈپ. ھال ـ ئەھۋالى، كۈنى يامان ئەمەس، ئۆزىنى ئۆزى قامداپ كېتەلەيدىغان: ھاللىق دېھقان. ھاللىق چارۋىچى.* جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مىللىي روھىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە يېتىلدۈرۈش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش —— جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى.

**ھال ـ مۇڭ** ھال ۋە مۇڭ؛ ھال ـ ئەھۋال، دەرد؛ ئىچ پۇشۇق: ھال ـ مۇڭ ئېيتىشماق.* شەھەرنى تاشلاپ ئەلانىڭ يېنىغا كۆچۈپ چىققان قەدىرلىك كىچىك ئانىسى بىلەن بۇ يىل تۆت ياشقا كىرگەن ئوماق قىزى ئۇنىڭ ھال ـ مۇڭىغا ئورتاق ئىدى.

**ھال ـ ئوقەت** ھال ۋە ئوقەت، ھال ـ كۈن، ھال ـ ئەھۋال؛ تىرىكچىلىك، مەئىشەت: شۇنداق قىلىپ، بالىلارنىڭ ھال ـ ئوقىتى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىپ كېتىپتۇ.

**ھال ـ ئوقەتلىك** ھال ـ ئوقىتى بار، تۇرمۇشى، مەئىشىتى، تىرىكچىلىكى ياخشى: كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بوتىلاقلار تۆگە بولۇپ يېتىشىپ، ئۇنىڭ يۈكىنى توشۇشقا باشلاپتۇ ھەمدە خېلى ئوبدان ھال ـ ئوقەتلىك قىلىپ قويۇپتۇ.

**ھالۇ** ئى. دىيال. ھويلا.

**ھالۋا** ئى [ئە] قوي مېيىدا قورۇلغان ئۇن بىلەن شېكەر سۈيىنى ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل شېرىن يېمەكلىك.

**ھالۋىچى** ئى. ھالۋا ئېتىپ ساتقۇچى ئادەم: بورىچى ھالۋىچى بولسا، كۆزىنى چاپاق بېسىپتۇ (ماقال). * بازاردىكى ئاشپەز، ناۋاي، باققال، كاۋاپچى، ھالۋىچى ۋە باشقىلارنىڭ تازىلىقى ھازىر جىق ياخشىلىنىپ كېتىپتۇ.

**ھالۋىچىلىق** ئى. ھالۋا ئېتىپ سېتىش ئىشى: شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئائىلىسى ھالۋىچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى.

**ھام** تەق. ئېغىزنى چوڭ ئېچىپ بىراقلا يۇمۇش ھالىتى: ھام ئەتمەك. ھام قىلماق.

**ھاماقەت** سۈپ [ئە] ئەقىلسىز، ئەخمەق، نادان، دۆت: ھاماقەتنى ھارماڭ دېمە، ھارغاندا ئۆزى توختايدۇ (ماقال).* مەن ھاماقەت ئىشنى بۇزۇپ، شۇ دەرىجىگە ئەكېلىپ قويدۇممۇ، ئاخىر؟!

**ھاماقەتچىلىك** ئى. ھاماقەتلەرگە خاس ئىش ـ ھەرىكەت، ھالەت، ھاماقەتلىك: كامىل كىتاب دۆۋىلىرىگە بېشىچە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكىنى بىلەن تېخى قىزلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەيدىكەن، دۇنيادا بۇنداقمۇ ھاماقەتچىلىك بولامدۇ.

**ھاماقەتلەرچە** رەۋ. ھاماقەتلەرگە ئوخشاش، ھاماقەتلەردەك: شۇ ئىشتىن كېيىن مەن ھاماقەتلەرچە كۈن ئۆتكۈزسەم بولمايدىغانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم.

**ھاماقەتلەشمەك** پ. ھاماقەتكە ئايلانماق: ئۇنىڭ ئون نەچچە يىل مەكتەپتە ئوقۇغان ئادەم تۇرۇپ، شۇ دەرىجىدە ھاماقەتلىشىپ كەتكىنىگە ئەقلىم ھەيران.

**ھاماقەتلىك** ئى. ئەقىلسىزلىق، ئەخمەقلىق، دۆتلۈك: بوۋاي بىلەن موماي ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ، پادىشاھنىڭ ھاماقەتلىكىدىن شىكايەت قىپتۇ.

**ھاماقەتلىك قىلماق** ئەخمەق، دۆت، نادان ئادەملەرگە ئوخشاش ھەرىكەتتە بولماق: بۇ ئىشتا تۇرغان قاتتىق ھاماقەتلىك قىلغانىدى.

**ھامان** رەۋ [پ] ① داۋاملىق، توختىماي، دائىم، ھازىرغىچە، ھېلىھەم: لېكىن ئۇ ماڭا پۇرسەت بەرمەي، ھامان قىستاپ كېلىۋەردى. ② بىرەر ۋەقە ياكى ھادىسە يۈز بەرگەن پەيتنىڭ ئۆزىدە، ئاشۇ زامان، شۇ ئاندا: ئىسكىرىپكا چاي ئۈستىلىگە قويۇلۇشى ھامان، قەدىردىن ئۇنى ئېلىپلا باغرىغا باستى. ③ ھەرقانچە قىلغان بىلەن، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاخىرقى ھېسابتا، چوقۇم، بەرىبىر: ھايات ھامان مۇھەببەتكە موھتاج، مۇھەببەت مېھىر ـ شەپقەتكە.

**ھامانە** رەۋ [پ] ھەرقانچە قىلغان بىلەن، ئاخىرقى ھېسابتا، بەرىبىر، چوقۇم: ئىنساننىڭ دۇنياغا كەلمىكى باردۇر، بىركۈنى ھامانە ئۆلمىكى باردۇر.

**ھامانەم** رەۋ ← **ھامانە:** مۇھەببەتنىڭ سىرلىرىنى ھامانەم ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ.

**ھاما** ئى [ئە] ① بالىلارغا نىسبەتەن ئاتا ياكى ئانىسىنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرى: ئالماس بولسا كۇتۇلگەن ئادەم يېتىپ كەلگۈچە، ئېلىقۇلنىڭ ھامىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئېلىشانى يوقلاپ كېلىشنى قارار قىلدى. ② ئۆزىدىن چوڭلارغا مۇراجىئەت قىلىش، ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سۆز: قېرى ھاما مېھرىبان ـ كۆيۈمچان ئايال ئىدى.

**ھاما ئاچا** ← **ھاما.**

**ھامال** ئى [ئە] يۈك قاچىلاپ، يۈك چۈشۈرگۈچى، يۈك توشۇغۇچى ئىشچى: يۈكچى تاشۋاي خىلمۇخىل نەرسىلەرنى يۈدۈپ توشۇۋاتقان ھامماللار بازىرىدا پەيدا بولۇپ، ئېسىل كىيىنىۋالغان كىشىلەرگە ئىش سوراپ ئىلتىجا قىلدى.

**ھامالچىلىق** ئى. يۈك قاچىلاش، چۈشۈرۈش، توشۇش ئىشى، ھامماللىق: ئۈچۈر ـ ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىياتى يەر شارىنى بىر كەنتكە ئايلاندۇرۇپ قويغان بۇنداق ۋەزىيەتتە، بۇ خىل ھامالچىلىقنىڭ بىزنى ھامىنى ھالاكەتكە باشلايدىغانلىقى چوقۇم.

**ھامماللىق** ئى. يۈك قاچىلاش، چۈشۈرۈش، توشۇش ئىشى ۋە شۇنداق مەشغۇلات: كۈنلەر ئۆتكەنسېرى يانچۇق قۇرۇقدىلىنىشقا باشلىدى، ئاخىرى ھامماللىق قىلىپ جان بېقىشقا مەجبۇر بولدۇم.

**ھاممام** ئى [ئە] يۇيۇنۇش، چۆمۈلۈش ئۈچۈن ئىسسىق ۋە سوغۇق سۇلىرى دائىم بار بولغان مەخسۇس ئۆي؛ مۇنچا: ھاممامغا كىرمەك.* قازى ئابدۇللانى ھاممامغا ئەۋەتىپ يۇيۇندۇرۇپتۇ،

چاچلىرىنى ئالدۇرۇپ، بۇرۇتلىرىنى ياستىپتۇ.

**ھاممامچى** ئى. ھاممامغا قارىغۇچى، ھاممامنى باشقۇرغۇچى ئادەم: پادىشاھ خاپا بولۇپ، ھاممامچى بىلەن دەرۋازىۋەننى زىندانغا تاشلاپتۇ.

**ھامنام** سۇپ. دىيال. تىنچلىق، دىمىق.

**ھامىلە** ئى [ئە] <بىيول> ئادەم ياكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ ئانىلىق تېنىدە پەيدا بولغان يۇمران تەن؛ تۆرەلمە.

**ھامىلىدار** سۈپ [ئە + پ] ① قورسىقىدا ھامىلىسى بار؛ ئىككىقات، ئېغىر ئاياغ: ھامىلىدار ئايال. ② كۆچمە. ئاساس، سەۋەبچى: ھەش - پەش دېگۈچە يېرىم ئاي ئۆتۈپ كەتتى، خۇشاللىق ياكى دىل ئازابىغا ھامىلىدار مىنۇتلار يېتىپ كەلدى.

**ھامىلىدارلىق** ئى① ھامىلىدار ھالەت: ھامىلىدارلىق مەزگىلى. * ئۇ خېلىغىچە ئۆزىنىڭ ھامىلىدارلىقىنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەسلىككە تىرىشىپتۇ. ② <فىزىيول> ئاياللارنىڭ تېنىدە ھامىلىنىڭ پەيدا بولۇپ يېتىلىش جەريانى.

**ھامىنى** رەۋ. ئاخىرقى ھېسابتا، ھامانە، بەربىر: — ئۆزلىرى ھامىنى ئۆي سالغاندىن كېيىن ئىككى ئېغىز سالىمەن دېمەي، تۆت - بەش ئېغىزلىق سالسىلا، — دېدى ھاكىمغا يېزا باشلىقى تۇرسۇن.

**ھامىي** ئى [ئە] يۆلىگۈچى، ئاسرىغۇچى، ھىمايىچى، قوللىغۇچى، يۆلەك؛ تەرەپدار: ھامىي بولماق.* — مانا، فېئودالىزمنىڭ جاھىل ھامىيسى تېپىلدى ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

**ھامىي بولماق** يۆلىمەك، ئاسرىماق، قوللىماق، ياقلىماق؛ تەرەپدارى بولماق: چاكىنىلىق — ھاكىممۇتلەقلىق ۋە دېموكراتىيەسىزلىككە ھامىي بولغان جەمئىيەتنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى.

**ھامىيلىق** ئى. ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىش، تەرەپدارلىق: ھامىيلىق قىلماق. زەئىپ ئاسىللار چوڭ نوپۇزلۇقلار تەرىپىدىن ھامىيلىققا ئېلىنىسىمۇ، ھامان سەپتىن چۈشۈپ قالىدۇ.

**ھامىيلىق قىلماق** ھىمايىچى بولماق، تەرەپدار بولماق، ياقلىماق، قوللىماق، يۆلەكچى بولماق: ئۇنىڭ دائىملىق ھەمراھى بولغان قۇم بارخانلىرى ئۇنىڭغا ھامىيلىق قىلىپ، ئۇنى مەزمۇت ئورىدى.

**ھانا** سۈپ. دىيال. بەدەننىڭ ئېگىلىپ قالغان، بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ھالىتى.

**ھانىنات** سۈپ [پ] رەھىمسىز، شەپقەتسىز؛ ئۇششۇق: ھۆكۈم سۈردى سىپىنىڭدە ياڭ زىڭشىڭ دېگەن ھانىنات، قانلار ئىچتى شارابتەك جىڭ شۇرېن دېگەن جاللات.

**ھانناز** سۈپ. دىيال. ئىش خۇشياقماس، جايىدا تۇرمايدىغان.

**ھاھ** تەق. قاتتىق كۈلگەندە چىقىدىغان ئاۋاز.

**ھاھ - ھاھ** «ھاھ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: قاسىمنىڭ «ھاھ - ھاھ» قىلىپ كۈلگىنىدىن بىر مەسخىرە چىقىپ تۇراتتى.

**ھاۋ** تەق. ئىت قاۋىغان چاغدا چىقىدىغان ئۇزۇك ئاۋاز: ئىتنىڭ تۇيۇقسىز «ھاۋ» قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم.

**ھاۋا** ئى [ئە] ① <مېتېئور> يەر شارى ئەتراپىدىكى ئاتموسفېرا قەۋىتىنى ھاسىل قىلغان گاز جىسىم. رەڭسىز، پۇراقسىز بولۇپ، ئاساسلىق تەركىبى ئازوت بىلەن ئوكسىگېن. ئۇنىڭغا يەنە ناھايىتى ئاز مىقداردا گېلىي، ئارگون، نېئون، كرىپتون، كسېنون قاتارلىق ئىنېرتلىق ئېلېمېنتلار ۋە سۇ پارى، كاربون (Ⅳ) ئوكسىد، مىكروئورگانىزملار ھەم باشقا ئارىلاشما ماددىلارمۇ ئارىلاشقان بولىدۇ: ساپ ھاۋا. ھاۋادىن نەپەس ئالماق. ② يەر ئۈستىدىكى ئاتموسفېرا بوشلۇقى؛ بوشلۇق: سادىرنىڭ قولىدىكى بايراق ھاۋادا لەيلەپ قالدى. ③ ئاتموسفېرانىڭ ئەھۋالى: ئوچۇق ھاۋا. ھاۋا ئۆزگەرمەك. ھاۋا تۇتۇلماق. ④ بىرەر جاينىڭ يەر ئۈستى شارائىتى؛ ئىقلىمى: تاغ ھاۋاسى. * بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ماڭا ياقىدۇ. ⑤ كۆچمە. كەيپىيات؛ ۋەزىيەت: ئۇ يەردە سىياسىي ھاۋا ناھايىتى يامان.

**ھاۋا بېسىمى** <مېتېئور> ئاتموسفېرانىڭ جىسىم يۈزىگە چۈشۈرىدىغان بېسىمى. بۇ خىل بېسىم دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىگەنسىرى، شۇنچە ئاجىزلايدۇ. مەسىلەن، يۇقىرى بوشلۇق ياكى ئېگىز تاغلاردىكى ھاۋا بېسىمى تۈز يەرنىڭكىدىن ئاجىز بولىدۇ.

**ھاۋا تاپان** ئۇخلىسىغا يېتىپ، ئىككى پۇتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ تۇرۇش ھالىتى: ھاۋا تاپان قىلماق.* ئادىل يىقىلىپ كېتىپ ھاۋا تاپان بولۇپ قالدى.

**ھاۋا رايى** <مېتېئور> بەلگىلىك رايون ياكى بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئاتموسفېرادا يۈز بەرگەن تۈرلۈك مېتېئورولوگىيەلىك ئۆزگىرىشلەر. مەسىلەن، تېمپېراتۇرا، نەملىك، ھاۋا بېسىمى، يېغىن، شامال، بۇلۇت قاتارلىقلار.

**ھاۋا رەڭ** <گ سەن> ① ئوچۇق سۇس كۆك بولىدىغان بىر خىل سۇرەككەپ رەڭ. ② مۇشۇ خىل رەڭگە ئىگە: ھاۋا رەڭ سارجا. ھاۋا رەڭ ياغلىق.

**ھاۋادان** ئى [ئە + پ] ئۆي تېمىنىڭ تورۇسقا يېقىن يېرىدىن قويۇلغان ھاۋا تۆشۈكى: سەيخانىنىڭ ئىچى سوغۇق ۋە قاراڭغۇ بولۇپ، پەقەت بىرلا ھاۋاداندىن بىلىنەر - بىلىنمەس بىر يورۇقلۇق چۈشۈپ تۇراتتى.

**ھاۋاسىز** ① سۈپ. ھاۋاسى يوق، ھاۋاسى شالاڭ. ② رەۋ. ھاۋادىن خالىي، ھاۋادىن ئايرىلغان ھالدا، ھاۋا بولمىغان شارائىت ئاستىدا، ھاۋادىن نەپەسلەنمەي: جانلىقلارنىڭ ھاۋاسىز ياشىشى مۇمكىنمۇ؟

**ھاۋاسىزلاندۇرماق** «ھاۋاسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مېتاللىق مىنېرالىقى ئۆز تەتقىقاتىدا ئېلېكتىرونلۇق ۋاكۇئۇم سايمانلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ھاۋاسىزلاندۇرۇش دورىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەپ چىقتى.

**ھاۋاسىزلاندۇرۇشماق** «ھاۋاسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار تېخنىك خادىمىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئالدى بىلەن لامپۇچكىنى ھاۋاسىزلاندۇرۇشۇپ، ئاندىن كېيىن ئىچىگە ۋولفرام سىمى ئورنىتىشتى.

**ھاۋاسىزلاندۇرۇلماق** «ھاۋاسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ لامپۇچكىسى ھاۋاسىزلاندۇرۇلغان ياكى ئىنېرت گازى تولدۇرۇلغان ئەينەك لامپۇچكا بولۇپ، ئىچىدە ۋولفرام سىمى بولىدۇ، توك ئۆتكەندە ۋولفرام سىمى ئاقىرىپ، نۇر چىقىرىدۇ.

**ھاۋاسىزلانماق** پ. ھاۋاسىز ھالەتكە كەلمەك، ھاۋاسى چىقىپ كەتمەك: ھاۋاسىزلانغان لامپۇچكا.

**ھاۋالاندۇرماق** «ھاۋالانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىرقانچە كۈنلەردىن كېيىن ئۇنى ئوچۇق ھاۋاغا ئېلىپ چىقىپ، ھاۋالاندۇرماقچى بولدۇق.

**ھاۋالاندۇرۇشماق** «ھاۋالاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ ئەتراپى قويۇق ئورمانلىق -

بىلەن قاپلانغان، سۇلىرى سۈزۈك بىر كۆل بويىغا يېتىپ كېلىشىپتۇ ۋە تۇتقۇنلارنى ھاۋالاندۇرۇشقاچ ئارام ئالماقچى بولۇشۇپتۇ.

**ھاۋالاندۇرۇلماق** «ھاۋالاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېڭى بىزەلگەن ئۆي چوقۇم بىر نەچچە كۈن ھاۋالاندۇرۇلغاندىن كېيىن ئاندىن كۆچۈش كېرەك.

**ھاۋالانماق** پ. ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالماق، ھاۋا يېمەك: ئۇلار شۇ تەرىقىدە بىر ئاي سەپەر قىلىپ، ئەتراپى بوستانلىق بىر بۇلاق بېشىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە ھاۋالىنىپ هاردۇقىنى چىقارماق بوپتۇ.

**ھاۋالە** ئى [ئە] بىر ئىشنى باشقا بىراۋنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ قويۇشىغا، بېجىرىشىگە تاپشۇرۇش: ئايال قازىنىڭ ھاۋالىسىنى ئېلىپ، بوغچىسىنى تېڭىپ، يولغا چىقاي دەۋاتقاندا جۇۋازچى ئىككى قاپاق ياغنى يۇدۇپ ھويلىدا پەيدا بوپتۇ.

**ھاۋالە قىلماق** بىر ئىشنى باشقا بىراۋنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ قويۇشىغا، بېجىرىشىگە تاپشۇرماق: ئەينىدىن بىلەن شاھابىدىننى ئۈزىتىپ قويۇشنى مۇنىرىدىنگە ھاۋالە قىلىپ قويۇپ، شائىر دىلبەرنىڭ تەكلىپى بويىچە ئۇدۇل دوختۇرخانىغا باردى.

**ھاۋالىسىز** سۈپ. ھاۋالىسى يوق، ھاۋالە قىلىنمىغان: ھاۋالىسىز ئىش. ھاۋالىسىز باشقۇرۇش.

**ھاۋالىق** سۈپ ① ھاۋاسى بار، ھاۋاغا ئىگە بولغان: كۆپۈكچە ھاۋالىق بولىدۇ. ② ھاۋاسى ياخشى، خۇش ھاۋا: ھاۋالىق باغ.

**ھاۋالىلىك** سۈپ. ھاۋالىسى بار، ھاۋالە قىلىنغان: ھاۋالىلىك ئىش. ھاۋالىلىك سېتىش، ھاۋالىلىك سېتىۋېلىش.

**ھاۋانچا** ئى [پ] تۆمۈر، چويۇن، تاش، ياغاچ قاتارلىقلاردىن ياسىلىدىغان، دورا ـ دەرمەك ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى يانجىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۆي سايمىنى.

**ھاۋايى ـ ھەۋەس** شەھۋانىيلىق، ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپا: تۇردىخان دەللىنىڭ چۈشەنچىسىدە، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن قېلىشماس پاھىشە مەستانىلىرى، ھاۋايى ـ ھەۋەس ئاچ كۆزلىرى ئىدى.

**ھاۋشتماق** «ھاۋشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئىتنى ھاۋشىتىپ ئويناشقا باشلىدى.

**ھاۋششماق** «ھاۋشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يېرىم كېچە بولغاندا تۇيۇقسىز ئىتلار ھاۋششىپ كېتىشتى.

**ھاۋشىماق** پ. «ھاۋ ـ ھاۋ» قىلماق، «ھاۋ ـ ھاۋ» قىلىپ قاۋىماق: ئوت كۆرۈنگەن يەرگە بارما، ئىت ھاۋشىغان يەرگە بار (ماقال).

**ھاۋ ـ ھاۋ** «ھاۋ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئىتلار «ھاۋ ـ ھاۋ» قىلىپ قاۋشىپ، ئەتراپىمىزغا قاپساپ كېلىشتى.

**ھاۋىلىماق** پ. دىيال. زوكامدىماق، تۇمۇدىماق.

**ھاي** ئىم ① ھەي: «سائادەت ئىشىكنى ئاچتى ـ دە، نېلۇپەر، ھاي نېلۇپەر» دەپ توۋلىدى. ② كىشىلەرنىڭ بىرەر يامان ھەرىكىتىنى توسۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ھاي، ئانداق قىلمايلى، شۇنچە ياخشى كۆكلەۋاتقان كۆچەتنى يۇلۇۋەتسەك خۇدا ئالدىدىمۇ، بەندە ئالدىدىمۇ گۇناھ ئەمەسمۇ؟

**ھاي بەرمەك** ئۆزىنى تۇتۇۋالماق، يامان ئىشنى قىلىش نىيىتىدىن يانماق، يامان غەرەزدىن ۋاز كەچمەك: شەيتىنىغا ھاي بەرمەك. ئاچچىقىغا ھاي بەرمەك.

**ھاي دېمەك** توسماق، تورماق، توختاتماق؛ نەسىھەت قىلماق: ئۇ بالىسىنىڭ شۇنچە ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ھاي دېمەي قاراپ ئولتۇراتتى.

**ھايا** ئى [ئە] نومۇسلۇق ئىش ۋە ھەرىكەتلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش، ئىزا تارتىش ھېسسى؛ نومۇس، شەرم، ئار، ئۇيلىش: ھايا قىلماق. ھايا كەتمەك. * كىشىدىن ھايا كەتسە ئورنىغا بالا كېلەر (ماقال). * ھايا يوق يەردە ئىمان يوق (ماقال).

**ھايات** [ئە] ① ئى. ئادەم ۋە جانلىقلارنىڭ فىزىيولوگىيەلىك مەۋجۇتلۇقى، ياشىشى؛ ياشاش: ئىنسانلارنىڭ ھاياتى. جانلىقلارنىڭ ھاياتى. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھاياتى. ② ئى. جانلىقلارنىڭ ياشاش، ھەرىكەت قىلىش قابىلىيىتى؛ جېنى: ھاياتى بىلەن ئويناشماق. ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالماق. ھاياتىنى تەقدىم قىلماق. ھاياتىنى ساقلاپ قالماق. ③ ئى. ياشاۋاتقان ياكى ياشاش، ھەرىكەت قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بارلىق جانلىق مەۋجۇداتلار: باياشات كۈز كۈنلىرىنىڭ ئاپتىپى بارچە ھاياتقا كۈلۈپ قارايتتى. ④ سۈپ. ياشاۋاتقان، ئۆلمىگەن، تىرىك: ھايات قالماق. ھېچ نەرسە ئۆزگەرمىگەن، ئۇ ھايات چاغدىكىدەكلا ئىدى. ⑤ ئى. تىرىك مەۋجۇداتلارنىڭ پەيدا بولغان، تۇغۇلغان ۋاقتىدىن تا ئۆلگەن ۋاقتىغا قەدەر ئۆتىدىغان ياشاش مۇددىتى، ئۆمرى: ئەگەر بىرەر ھاجىتىڭ بولسا ئېيت! مەن ئۇنى ئورۇنلاي. چۈنكى، سېنىڭ ھاياتىڭ ناھايىتى ئازلا قالدى. ⑥ ئى. ئادەم، جەمئىيەتنىڭ پائالىيەت ۋە ياشاش يوسۇنى؛ تۇرمۇش، تىرىكچىلىك: ئىجتىمائىي ھايات. ئائىلىۋى ھايات. ماددىي ھايات. مەنىۋى ھايات. ⑦ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ھاياتبەخش** سۈپ [ئە + پ] ھايات ئاتا قىلىدىغان؛ جانلىقنىڭ ياشىشى ئۈچۈن شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ بېرىدىغان، كۈچ ـ قۇۋۋەت، تېتىكلىك ۋە زوق ـ شوق بېغىشلايدىغان: ھاياتبەخش ئەتمەك.* قۇياش كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزىنىڭ ھاياتبەخش نۇرلىرىنى ئەتراپقا سېخىيلىق بىلەن سېپىشكە باشلىدى.

**ھاياتلىق** ئى. ھاياتقا ئىگە بولۇش، تىرىكلىك: ھاياتلىق بولمىسا ئۆلۈم بولمايدۇ، ئۆلۈم بولمىسا ھاياتلىقمۇ بولمايدۇ.

**ھايات ـ مامات** ھايات ۋە مامات، تىرىك قېلىش ۋە ئۆلۈش: ھايات ـ مامات جېڭى. ھايات ـ مامات كۈرىشى. * ئۇ ئۆزىنىڭ ھايات ـ ماماتى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلدى.

**ھايات ـ ماماتلىق** ھايات ۋە ماماتقا مۇناسىۋەتلىك، ھايات ـ مامات ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان: ھازىر بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھايات ـ ماماتلىق سىناق تۇرۇۋېتىپتۇ.

**ھاياتىي** سۈپ [ئە] ھاياتلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولغان، ئەڭ جۇشقۇن، جانلىق: ئۇنىڭ كىچىككىنە سەبىي قەلبىدە بىر خىل ھاياتىي كۈچ تاشقىنلاپ تۇراتتى.

**ھاياجان** ئى [ئە] بىرەر پەۋقۇلئاددە ھالەتتىن، ۋەقە ياكى خەۋەردىن پەيدا بولغان ئىچكى دولقۇنلىنىش، جىددىيلىك: ھاياجانغا تولماق. ھاياجانغا كەلمەك. * بۇ خەۋەر ھەممىمىزنى ھاياجانغا سالدى.

**ھاياجانلاندۇرماق** «ھاياجانلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بوۋاينىڭ سۆزلىرى ئۇنى ھاياجانلاندۇرغانىدى.

**ھاياجانلانماق** پ. ھاياجانغا چۆممەك، ھاياجانغا كەلمەك: ئۇنى كۆرۈپ لەيلىگۈلنىڭ قەلبى ھاياجانلاندى.

**ھاياجانلىق** سۈپ ① ھاياجانلانغان، ھاياجان ئەكس ئېتىپ تۇرغان: ھاياجانلىق كەيپىيات. ھاياجانلىق ئاۋاز. ② كىشىلەرنى ھاياجانغا سالىدىغان، ھاياجانلاندۇرىدىغان، تەسىرلىك: ھاياجانلىق شېئىر.

**ھاياجانلىنىشماق** «ھاياجانلانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تېببىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسىدىكى كىشىلەر تۇراخۇننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھاياجانلىنىشتى.

**ھاياسىز** سۈپ. ھاياسى يوق، ھايانى، نومۇسنى بىلمەيدىغان، ئۇيالمايدىغان؛ ئۇياتسىز، قېلىن: ھاياسىز ئادەم.* شۇ پەيتتە بۇ تەرەپتىن مەھەللە جامائەتلىرىدىن بىرقانچىسى پەيدا بولۇپ، ھاياسىزلارنى تۇتماقچى بولۇشتى.

**ھاياسىزلىق** ئى. ھايا قىلماسلىق، ئۇيالماسلىق، ئۇياتسىزلىق: ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ھاياسىزلىقى ئاتا ـ ئانىسىنى ئۆكۈندۈردى.

**ھايال** ئى. كېچىكىش، كېيىن قېلىش: ھايال بولماق. ھايال قالماق.* قانات ـ قۇيرۇق يۇلۇنغان، ۋاقىت يەتسە ھايال يوق، تەقدىرىڭنى شۇنداق دەپ، تۇرغىنىڭنى ئۇنتۇما !

**ھايال قىلماي** ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي، كېچىكمەي، ئارقىدىغا سوزماي: يىگىت يېنىدىكى يىلاننىڭ بېشىنى داسقا تاشلىغانىكەن، ھايال قىلماي، قىزنىڭ ئىچىدىن يوغان بىر يىلان چىقىپ داسقا چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ.

**ھايال ئۆتمەي** ئانچە ۋاقىت ئۆتمەي، تېزلا: ھايال ئۆتمەي نېرىقى ئۆيدىن زەينەپ چىقىپ كەلدى.

**ھايالداتماق** «ھايالدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاتلىرىمىزنى ھايالدىتىۋېلىش ئۈچۈن سۈيى بار مەنزىرىلىك بىر جايغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتۇق.

**ھايالداشماق** «ھايالدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار دەريا بويىدا بىرەر سائەت ھايالداشقاندىن كېيىن سەپىرىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇشتى.

**ھايالدىما** ئى. ئارام ئالىدىغان، ھاردۇق ئالىدىغان، دەم ئالىدىغان جاي، ئورۇن، مېھمانخانا: تاڭ سۇزۇلگەنىدى. مەن چۈشكەن يەر يول ئۈستىدىكى بىر ھايالدىما ئىدى. ئاممىۋى ھاجەتخانىغا كىرىپ، يۈزۈمنى سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇۋەتتىم.

**ھايالدىماق** پ. ئارام ئالماق، دەم ئالماق، ھاردۇق ئالماق، ھاردۇق چىقارماق: ئون بەش مىنۇتلۇق ھايالداش ئاخىرلاشتى، يولىمىزنى مەنزىلىمىزگە داۋاملاشتۇردۇق.

**ھايالسىز** سۈپ. ھايال ئۆتمەي، دەرھال، تېز، كېچىكتۈرمەي: رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئۆز ئىشخانىسىدىن بىر بوغجۇما نەرسىنى ھايالسىز ئەكىردى.

**ھايالىماق** پ. ھايال بولماق، ھايال قالماق؛ كېچىكمەك: ــ مەن قايتاي، ئەمدى ھايالىسام ئۇلار تويۇپ قالىدۇ، ــ دېدى ئۇ.

**ھايالىق** سۈپ. ھاياسى بار، ھايا قىلىشنى بىلىدىغان، ئۇياتچان، نومۇسچان: ھايالىق قىز. * نامرات مۇھىتتا ھايالىق بولۇپ ئۆسكەن بۇ قىز ئاتىسىنىڭ ھۈنىرىنى ئىگىلىۋېلىشقا تۇتۇش قىلىپ، ئۆيدە دۇكان قۇرۇشقا تەرەددۇت قىلدى.

**ھايان** ئى. پايدا، نەپ: ھايان ئالماق. ھايان كۆرمەك.* ھايىنىغا قالغان جان.

**ھايىنىغا قالماق** ① پايدىسىغا قالماق. ② ساق قالماق، قۇتۇلماق: ــ مەن كېتىمەن، ھايىنىغا قالغان جان بارمۇ، مۇنداق يىگىنە بىلەن قۇدۇق قازغاننىڭ نېمە پايدىسىنى كۆردۇق، ــ دېدى ئادىل چېچىلىپ.

**ھايانكەش** ئى. دائىم پايدا، نەپ ئېلىش كويىدا بولىدىغان، ئەرزان ئېلىپ، قىممەت ساتىدىغان ئادەم: بۇ يەرگە جايلاردىن كەلگەن ھايانكەشلەر، ئەپيۇن سودىگەرلىرى ۋە يەنە ئەتكەسچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەككارلار مەخپىي كىرىپ ـ چىقىپ، خەلقىنىڭ يىلىكىنى شوراش ئۈچۈن تۈرلۈك شۇملۇقلارنى قىلىشاتتى.

**ھايانكەشلىك** ئى. دائىم پايدا، نەپ ئېلىش كويىدا بولۇش ھەرىكىتى: ئەرزان ئېلىپ، قىممەت سېتىش ئىشى: ھايانكەشلىك قىلماق.* ئەخلاقى ناچار ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش، ھايانكەشلىك قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنى يۇقتۇرماقتا.

**ھايت** ئىم. چاقىرىش، تۇۋلاش ئىماسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز: ــ قاچان «ھايت» دېسىڭىز، بىز شۇ ھامان تەييار، ــ دېدى ئابدۇراخمان.

**ھايت دەپ قويماق** خەۋەرلەندۈرۈپ قويماق، ئۇقتۇرۇپ قويماق: ــ سىز بولسىڭىز باشلىق، يېتىشەلمەي قالساڭ «ھايت» دەپ قوي دەپ ئاغزى يۇمشاقلىق قىلىڭ، ــ دېدى ئايزىمخان يولدىشىغا.

**ھايتاق** سۈپ. شەپشەك، تەنتەك، بەڭباش، شاش؛ شاللاق: ــ ئۆزۈم ھايتاق، سالاغا بوش بولغاندىكىن نېمە قىلاي؟ ــ دېدى شىرمۇھەممەت.

**ھايتاق ئاتماق** ئارقا ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ سەكرەپ، ئۇ تەرەپ ـ بۇ تەرەپكە يۈگۈرمەك (ئات، ئۇلاغ ھەققىدە): تۇلۇمدەك سەمرىگەن ياش تايلار يايلاقتا ھايتاق ئېتىشىپ يۈرەتتى.

**ھايت ـ ھۇيت** ھايت ۋە ھۇيت: ئويۇنغا قاتنىشالمىغانلارمۇ ئەتراپتا «ھايت ـ ھۇيت» دەپ ئاۋاز قوشۇپ تۇرۇشتى.

**ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە** ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە؛ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە، ھەش ـ پەش دېگۈچە، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا: مانا ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى.

**ھايداخچى** ئى. دىيال <دېھ> قوشچى، قوش ھەيدىگۈچى.

**ھايقىرتماق** «ھايقىرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ــ قېنى، كەتتۇق ! ــ بۇيرۇدى جىبىك، يات «مېھمان»نى سىلىپ ئالدىغا. قويلىرىنى سۈرۈپ ـ ھايقىرتىپ، يۈرۈپ كەتتى تاغنىڭ باغرىغا.

**ھايقىرماق** پ «ھاي ـ ھۇي» قىلىپ قاتتىق ۋارقىرىماق: يىراقتىن بىرىنىڭ ھايقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

**ھايقىرىشماق** «ھايقىرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەھەللىمىزدىكى بىر توپ باللار قويلىرىغا ھايقىرىشقىنىچە دەريا بويى تەرەپكە يۈرۈپ كېتىشتى.

**ھايقىرىق** ئى. ۋارقىرىغان ئاۋاز: چوپانلارنىڭ ھايقىرىقلىرىدىن مال پادىلىرىنىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى.

**ھايھات** ئىم. زوقلىنىش، ياقتۇرۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: كۆزلەر بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشتى. ھايھات !... يىگىتنىڭ كۆزىدىن بىر ئۇچقۇن چاچراپ چىقىپ قەمبەرنىسانىڭ يۈرىكىگە مۇھەببەت ئوتىنى ياقتى.

**ھاي ـ ھاي** ① باشقىلارنى بىرەر يامان قىلمىشتىن توسۇش، رايىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ: ھاي ـ ھاي، ئۇرۇشماڭلار! ② زوقلىنىش، ياقتۇرۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: ھاي ـ ھاي ئۆلەن، ھاي ئۆلەن، گۈل قايدا بار، يارى ـ يار، بىر ياخشىغا بىر يامان ھەر جايدا بار، يارى ـ يار.

**ھاي ـ ھۇي** ھاي ۋە ھۇي: 2 ـ گۇرۇپپىنىڭ ئەزالىرى بولسا، ئۆزىنىڭ غەيرىتىنى مەتسايىم ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىغا ئەتەي كۆز ـ كۆز قىلىۋاتقاندەك بار ئاۋازى بىلەن ھاي ـ ھۇي قىلىشماقتا ئىدى.

**ھايۋان** ئى [ئە] ① ھەرىكەت قىلىش ۋە سېزىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان، ئىنساندىن باشقا ھەربىر مەۋجۇدات؛ جانۋار: بۇرادەر، ئۈچىدىغان نەرسىنىڭ ھەممىسىلا قۇش بولىۋەرمەيدۇ، دۇنيادا

ئۇچىدىغان ھايۋانلار كۆپ. ② كۆچمە. قوپال، مەدەنىيەتسىز، شەپقەتسىز، قەبىھ ئادەملەرگە قارىتا ئېيتىلغان ھاقارەت سۆزى: غەزەپلەنگەن خەلق ئىنسان قىياپىتىگە كىرىۋالغان بۇ ھايۋانلارغا نەپرەت ياغدۇرۇشقا باشلىدى.

**ھايۋانات** ئى [ئە] ھايۋانلار: ھايۋانات دۇنياسى. ھايۋانات باغچىسى.* ئۇ يەردىكى بىنالار بۇرۇنقىدەك ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن، ئۆتمۈشتىكى ھايۋانات ماكانىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنىدى.

**ھايۋانات ئىمبرىيولوگىيەسى** <زوئول> ھايۋانلارنىڭ تۇخۇمى ئۇرۇقلىنىپ، بالىسى شەكىللىنىپ يېتىلگۈچە بولغان جەريانىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. تۇخۇمنىڭ پىشىپ يېتىلىشى، ئۇرۇقلىنىشى، ئورگانلارنىڭ ھاسىل بولۇشى، ئاجرىلىشى قاتارلىق تەرەققىيات جەريانىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەجرىبە ئۇسۇلى ئارقىلىق ئانالىز قىلىدۇ.

**ھايۋانلارچە** رەۋ. ھايۋانلارغا خاس، ھايۋانلاردەك، ھايۋانلارغا ئوخشاش قوپاللىق بىلەن: ھايۋانلارچە ئۇسۇپ كىرمەك.

**ھايۋانلىق** ئى. ھايۋانغا ئوخشاش قىلىق؛ قوپاللىق، مەدەنىيەتسىزلىك: ئادىمىيلىك كىشىلەردىكى نورمال ھېسسىيات ۋە ئىدراك بولۇپ، ھايۋانلىققا قارىمۇقارشى ئۇقۇمدۇر.

**ھايۋانىي** سۈپ [ئە] ھايۋانغا ئوخشاش، ھايۋانغا خاس؛ شەھۋانىي: چاچلىرى چۇۋۇلغان، كىيىملىرى يىرتىلغان سائادەت ھايۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇنۇۋاتقان ساۋۇتنىڭ بىلىدىكى تاپانچىنى سۇغۇرۇۋالدى.

**ھايۋانىيلىق** ئى. ھايۋانغا خاس بولغان قىلىق، ھالەت، تەبىئەت، ھايۋانلىق: ئەسەردىكى ئەقىل بىلەن ھېسسىيات، تۇيغۇ بىلەن چىنلىق، ئۇلۇغلۇق بىلەن ئاددىيلىق، مۇھەببەتتىكى گۈزەللىك بىلەن ھايۋانىيلىقلار بىر ـ بىرى بىلەن شۇ قەدەر گىرەلىشىپ كەتكەن.

**ھە** I يۈك ① سوئال جۈملىلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قارىتىش رولىنى ئوينايدۇ: ھە، نەدىن كېلىۋاتىسەن؟ ② بايان مەيلىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تەلەپ ھاسىل بولغانلىقىنى ياكى ئىشنىڭ مۇۋاپىق تېپىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ھە، ئەمدى قورساق تويدى.* ھە، بۇ ئىشنىڭ يارايدۇ. ③ بۇيرۇق ـ تەلەپ مەيلىدىكى جۈملىلەرنىڭ بېشىدا كېلىپ، شۇ ئىشقا نۆۋەت كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ھە، ئەمدى ماڭايلى. * ھە، ئەمدى سۆزلە. ④ بايان مەيلىدىكى جۈملىلەرنىڭ بېشىدا كېلىپ، چۈشەنگەنلىك، ئېسىگە ئالغانلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: ھە... ئېسىمگە كەلدى. * ھە... سىز ئىكەنسىز ـ دە! ⑤ بايان مەيلىدىكى جۈملىلەرنىڭ بېشىدا كېلىپ، چۆچۈگەنلىك ياكى ئېنىق ئاڭلىمىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: ھە؟ كەلمىدى؟ — ھە؟! — ئۆمەرجان ئورنىدىن سەكرەپ تۇرىدۇ. ⑥ بىرەر ئىشقا زورلاش، ئۈندەش رولىنى ئوينايدۇ: ھە، قەغەز ئال، ياز: «پۇلغا ساتمايمىز». يازدىڭمۇ؟

**ھە** II ئىم ① جۈملىنىڭ II شەخس بايان مەيلىدىكى خەۋىرىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، سوئال مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنىڭ ئىسمىمۇ چىرايلىق ئىكەن ـ ھە؟ ② يېڭى چۈشەنگەنلىك ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: شۇ ئىشقا خاپا بولغان ئىكەنسەن ـ ھە! ③ ئەسلەۋاتقانلىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ھەزرەتلىرى ئۈچ ئىشنى ياخشى كۆرىدىلا: بىرىنچىسى پۇلنى، ئىككىنچىسى پادىشاھنى، ئۈچىنچىسى، ھە... خېنىمنى. ④ يېڭى ئەسكە ئالغانلىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ھە

توغرا، سىز ھېلىقى مېنى «كۆك لازا» دەپ تىللىغان بالىغۇ، راستمۇ. ⑤ «ھەئە» نىڭ رولىدا ئىلىك ئېلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: — قاسىمنى كۆردۈڭمۇ؟ — ھە، كۆردۈم. * — بازارغا بارامسەن ؟ — ھە. ⑥ بايان مەيلىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ شۇ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىش ـ ھەرىكەتكە بولغان ھېس ـ تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ: بۇ دەريا نېمىدېگەن تېز ئاقىدۇ ـ ھە!

**ھە دەپ** تېز ـ تېز، قايتا ـ قايتا، توختىماستىن: ئەنە شۇ ئۇجمىلەردىن بىرىنىڭ ئۈستىدە كەشتىلەنگەن شايى كۆڭلەكنى بېلىگە تۈرۈۋالغان ياش ئايال ھە دەپ غازاڭ سىيرىماقتا.

**ھە دېسىلا** ① ھە دېگەندە: — ئېشەككە كۈچۈك يەتمىسە ئۇر توقۇمىنى دەپ، ھە دېسىلا شېرىنگۈلگە ۋارقىرايدىكەنلا، — دېدى ئۇ ئۈنلۈك قىلىپ. ② دائىم، ھەمىشە: لېكىن ئۇ ھە دېسىلا مەسچىت ـ مەدرىسىلەرنى چۆرگىلەيدىغان بولۇپ قالدى.

**ھە دېگەندە** باشتىلا، باشلىنىشتىلا: ئۇلار ھە دېگەندە بۈگۈنكى مۇراسىمنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇش ئەھۋالى توغرىسىدا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشكەنىدى.

**ھەئە** ئىم. بولۇشلۇق جاۋاب ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: — ئىشتىن چۈشتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئايالىم. مەن: — ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردىم.

**ھەبەش** ئى <ئىرق> نېگىرلار (قاراتەنلىكلەر) نىڭ ئەرەب تىلىدا ئاتىلىشى.

**ھەببە** ئىم. ھەيران قېلىش، تولۇق قانائەتلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھەببەللى** ئىم. ئىنتايىن مۇۋاپىق كۆرگەنلىك ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: — ھەببەللى، بەك ياخشى، — دېدى شەيخ پالۋانغا.

**ھەببۇلمۇلۇك** ئى [ئە] <بوت> ← **ئىنەكپىتى**.

**ھە ـ پە دېيىشمەك** ياردەملەشمەك، ھەمكارلاشماق، قىلىشىپ بەرمەك: دوستۇم، ئىلاج بولسا كەل، بىر ـ ئىككى كۈن ھە ـ پە دېيىشىپ بەرسەڭ تۈگەيدۇ.

**ھەپەش** ئى. دىيال <يېم> پېتىر خېمىرنى جىلتا ئېچىپ، ئىچىگە قىيما ئېلىپ، قازاننىڭ چۆرىسىگە يېقىپ ھوردا پىشۇرۇلىدىغان مانتا.

**ھەپەشخان** ئى. جانت. «قىلىقسىز، نومۇسى يوق» دېگەن مەنىدىكى تىل ـ ھاقارەت سۆزى (ئاياللار ھەققىدە): ئەركە ـ نايناق سەتەڭلەر، غىلجىڭ ھەپەشخانلار بىلەن ئولتۇرۇش، مەشرەپ، ئويۇن ـ تاماشا قىلىش... ساپلا بەتقىلىق ئىشتۇر!

**ھەپپەت** ئى. دىيال <يېم> قوناق ئۇنىدىن قىلىنغان پېتىر خېمىرنى قازاننىڭ چۆرىسىگە يېقىپ، ھوردا پىشۇرۇلىدىغان مانتا. يېقىشتىن ئىلگىرى كەينىنى تۈزلاپ، قازاننى قىزدۇرۇپ، قازان ئىچىگە سۇ قۇيۇپ قاينىتىپ، ئاندىن يېقىلىدۇ.

**ھەپتە** ئى [پ] ① <ئاستر> دۈشەنبىدىن يەكشەنبىگىچە بولغان يەتتە كېچە ـ كۈندۈزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋاقىت ئۆلچەم بىرلىكى: ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى. ئۆتكەن ھەپتە. ھەپتە بېشى. ھەپتە ئاخىرى. ② ئومۇمەن بىرەر كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدىغان يەتتە كېچە ـ كۈندۈزدىن ئىبارەت ۋاقىت: بىر ھەپتە تۇرماق. ئىككى ھەپتىدە كەلمەك.

**ھەپتە ـ ھەپتىلەپ** بىرنەچچە ھەپتە، ئۇدا نەچچە ھەپتە، ھەپتىلەر داۋامىدا: ئۇ ئوغلىنى ھەپتە ـ ھەپتىلەپ كۆرمەيتتى.

**ھەپتىرەڭ** سۈپ. دىيال. ئالىجۇقا، تۇتۇرۇقسىز.

**ھەپتىلەپ** رەۋ. ھەپتە بويى، ھەپتە ۋە ھەپتىلەر داۋامىدا؛ بىر نەچچە ھەپتە: بەزى يولداشلار ئىش كېيىمىنى ھەپتىلەپ يۇمايدىكەن.

**ھەپتىلىك** ① سۈپ. ھەپتە داۋام قىلىدىغان، ھەپتىگە مۆلچەرلەنگەن؛ ھەپتە ئىچىدە ئىناۋەتكە ئۆتىدىغان: ھەپتىلىك خىزمەت. ② سۈپ. ھەپتىدە بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلىدىغان: ھەپتىلىك يىغىن. ھەپتىلىك دەم ئېلىش. ھەپتىلىك ژۇرنال. ③ ئى. بىر ھەپتە داۋاملىشىدىغان پائالىيەت: كىنو ھەپتىلىكى.

**ھەپتىيەك** ئى [پ] <دىن> قۇرئان سۈرىلىرىدىن تاللانغان، قۇرئاننىڭ يەتتىدىن بىر قىسمىغا تەڭ ھەجىمدىكى ئېلىپ - بەدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان كىچىك كىتاب.

**ھەپسە** ئى [ئە] قاماق، تۈرمە، سولاق: ھەپسىگە چۈشمەك. ھەپسىگە ئالماق.

**ھەپسەر** سۈپ. دىيال. قارنى، نەپسى يامان؛ تويماس.

**ھەپسىتېگى** ئى [ ھەپسە + تەگ +ى ] يەرنى كولاپ تېگى كېڭەيتىلىپ ياسالغان زىندان: شۇ چاغدا مۇلكىي قەشقەرىيەدە جەمئىي 140 ئورۇندا ھەپسىتېگى بار بولۇپ، بۇنىڭغا تاشلانغانلارنىڭ سانى 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەنىدى.

**ھەپسىخانا** ئى [ئە + پ] تۈرمە، سولاقخانا.

**ھەپسلە** ئى. خاتىرجەملىك، تىنچلىق، ئارامبەخشلىك، كەيپ: تۇرسۇن ھەپسلىسىنى يوقاتقان ئادەمدەك، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ چوڭقۇر خىيالغا پاتقان ھالدا ئولتۇراتتى.

**ھەپسلىسى پىر بولماق** خاتىرجەمسىزلەنمەك، ئارامى بۇزۇلماق، كەيپسىزلەنمەك.

**ھەپسلىسىز** سۈپ. مەجەز - كەيپىياتى سۇس، كەيپى يوق، روھىي ھالىتى تۆۋەن، روھسىز، غەمكىن، خاپا، كۆڭلى تارتمىغان، بىئارام: بىر نەچچە ئايلارغىچە ئابدۇراھمان تولىمۇ روھسىز، كەيپسىز بولۇپ، دەرسىگىمۇ ھەپسلىسىز قاراپ يۈردى.

**ھەپشىمەك** پ ① ئەسنىمەك. ② چۈشكۈرمەك.

**ھەپىرەڭ** ئى [پ] <بوت> ← **نامازشامگۈل**.

**ھەپىلەشمەك** پ ① ۋاقىتنى بىرەر ئىش بىلەن ئۆتكۈزمەك؛ بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللانماق، مەشغۇل بولماق: بۇرۇتلۇق يىگىت تراكتور كوزۇپىنىڭ كەينى قانىتى بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى. ② ئېيتىشماق، قىرىشماق: نامەتلەر شۇ كۈنى كۈن بويى مۆمىن ئاكا بىلەن ھەپىلەشتى. لېكىن توغرا ۋە ئىرادىلىك مۆمىن ئاكىنى ئۇلار بويسۇندۇرالمىدى.

**ھەپىلەك** سۈپ ① ھەپىلىگەر، ئالدامچى، قۇۋ. ② يايپاڭ، يېپىنىك ۋە ئىچىگە جىق نەرسە سىغمايدىغان (چىنە ھەققىدە): ھەپىلەك چىنە.

**ھەتتا** [ئە] ① باغل. سۆزلىگۈچى نەزىرىدە مەلۇم ئىش - ھەرىكەتتىن ئىش - ھەرىكەتنىڭ يەنە بىر ئاشۇرۇپ كۆرسىتىلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ: كەلگۈسىدە جىگەر، بۆرەك، يۈرەك قاتارلىق ئورگانىزملارنى ھەتتا تىرىك ئادەملەرنى توڭلىتىپ ساقلىغىلى بولىدۇ. ② يۈك. جۈملىنىڭ نۇقتا قىلىنغان بۆلىكىنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ، شۇ بۆلەكنىڭ ئېلىگىرىلەپ ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ۋە كۆپىنچە شۇ مەنىدىكى «- مۇ» يۈكلىمىسى بىلەن ماسلىشىپ كېلىدۇ: ئۇلار خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ھەتتا جېنىنىمۇ ئايىمىدى.

**ھەتتاكى** باغل. «ھەتتا» سۆزىنىڭ كۈچەيتىلگەن شەكلى: ئادەملەر، ھايۋانلار، ھەتتاكى ئۆسۈملۈكلەرمۇ، بۇ دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ئاخىرلىق ۋە ئاخىرسىز ھالدا ياشاش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

**ھەتتەڭ** ئىم ① ئەپسۇسلۇق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ھەتتەڭ، تەگمەي قالدى - دە. ② تەقەززالىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ھەتتەڭ، ئەمدى چىقسا بولاتتى.

**ھەتتەگەي** ئىم ← **ھەتتەڭ**.

**ھەتتەمشا** سۈپ. دىيال. پوچى، تەكەببۇر، ھاكاۋۇر.

**ھەج** ئى [ئە] <دىن> مۇسۇلمانلارنىڭ مەككە شەھىرىگە بېرىپ، زۇلھەججە ئېيىدا بەلگىلەنگەن قائىدە ۋە ئادەتلەرگە ئەمەل قىلغان ھالدا كەئبىنى تاۋاپ ۋە زىيارەت قىلىشى: ھەج قىلماق. ھەجگە بارماق. ھەج سەپىرى.

**ھەجەگگە** ئى. دىيال. ئىلەڭگۈچ.

**ھەجۋ** ئى [ئە] <ئەد> ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ياكى كىشىلەردىكى كەمچىلىك، يېتەرسىزلىكلەرنى زاڭلىق قىلىپ، مەسخىرىلەپ، كۈلكىلىك قىلىپ تەسۋىرلەپ يېزىلغان بەدىئىي ئەسەر؛ ساتىرا: ھەجۋ قىلماق.

**ھەجۋىي** سۈپ [ئە] ھەجۋ يولى بىلەن تەسۋىرلەنگەن، ھەجۋ قىلىپ يېزىلغان ياكى سىزىلغان: ھەجۋىي تىياتىر. ھەجۋىي شېئىر. ھەجۋىي رەسىم.

**ھەجۋىيچى** ئى. ھەجۋىي ئەسەرلەر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى، ساتىرىچى.

**ھەجۋىيلەشتۈرمەك** «ھەجۋىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاسىم رەسىمنى تولىمۇ ھەجۋىيلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

**ھەجۋىيلەشتۈرۈشمەك** «ھەجۋىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: رەسساملار بۇ رەسىمنى ھەددىدىن زىيادە ھەجۋىيلەشتۈرۈشۈپ سىزىپ چىقىشقانىدى.

**ھەجۋىيلەشتۈرۈلمەك** «ھەجۋىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: رەسىم تولىمۇ ھەجۋىيلەشتۈرۈلۈپ سىزىلغانىدى.

**ھەجۋىيلەشمەك** پ. ھەجۋىي تۈس ئالماق، ھەجۋىي تۈسكە كىرمەك: ھېكايىدىكى ۋەقەلىك تولىمۇ ھەجۋىيلىشىپ كەتكەنىدى.

**ھەجۋىيلىك** ئى. ھەجۋىي تۈسكە ئىگە بولغان ھالەت، خاراكتېر، مەسخىرىلىك: ھەجۋىيلىكى كۈچلۈك ئەسەرلەرنى يارىتايلى!

**ھەجىلەتمەك** «ھەجىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ھەجىلەشمەك** «ھەجىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئوقۇغۇچىلار تېكىستنى ھەجىلىشىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

**ھەجىلەنمەك** «ھەجىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ھەجىلىمەك** پ. سۆزنى بوغۇملارغا ياكى ئايرىم قىسىملارغا بۆلۈپ بىرمۇبىر تەلەپپۇز قىلماق: ئۇ سۆزنىڭ ھەربىر بوغۇمىنى ئايرىم - ئايرىم ھەجىلەپ ئوقۇدى.

**ھەجىم ( ھەجمى )** ئى [ئە] ① بىرەر جىسىمنىڭ بويى، ئەن ۋە ئېگىزلىك جەھەتتىكى چوڭ - كىچىكلىكى؛ بوشلۇقتا ئىگىلەپ تۇرغان ئورنى. ئادەتتە كوب ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ: بىنانىڭ ھەجمى. ياغاچنىڭ ھەجمى. ② بىرەر ئىدىش ياكى بوشلۇقنىڭ قاچىلىك نەرسە سىغدۇرالايدىغانلىقى، سىغىمى، ئىچىنىڭ چوڭلۇق دەرىجىسى: قاچىنىڭ ھەجمى. قۇدۇقنىڭ ھەجمى. ③ كۆچمە. ئومۇمەن نەرسىنىڭ كۆپ - ئازلىق دەرىجىسى،

مىقدارى: ئىشنىڭ ھەجمى. ماقالىنىڭ ھەجمى.

**ھەجىملىك** سۈپ. بەلگىلىك ھەجىمدىكى، ھەجىمگە ئىگە بولغان: «ئون ئىككى مۇقام» چوڭ ھەجىملىك كىلاسسىك مۇزىكا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ھەد (ھەددى)** ئى [ئە] ① بىرەر بەلگە ياكى ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئادەتتە يۈز بېرىدىغان ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى، نۇقتىسى، چېكى: ھەددىدىن ئاشماق. ھەددىدىن تاشقىرى. ھەددىدىن ئارتۇق. ② كۆچمە. بىرەر ئىش - ھەرىكەتنى قىلىش ھەققى، ھوقۇقى: — بۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەمرى، ئۆزلىرى بۇيرۇغان ئىشنى قىلماسلىققا مېنىڭ نېمە ھەددىم بار دەيلا؟ — دېدى غولام بايغا.

**ھەدە** ئى ← **ئاچا** I : ئايشەم ھەدىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى.

**ھەددى - ھېساب** ھېسابى، سان - سانىقى: مەككار سودىگەرنىڭ كىشىلەرنى قاقتى - سوقتى قىلىپ تاپقان ۋەجىنىڭ ھەددى - ھېسابىنى بىلگىلى بولمايدىكەن.

**ھەددى - ھېسابسىز** سان - سانىقى يوق، سان - ساناقسىز، چەكسىز: ئۇنى قوغلاۋاتقان ئادىلىنىڭ قەلبىدە ھەددى - ھېسابسىز ئۆچلۈك، قىساس يىغىلغانىدى.

**ھەدىس** ئى [ئە] <دىن> مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۆز - ھەرىكىتى، پائالىيىتى ۋە كۆرسەتمىلىرى توپلىمى.

**ھەدىلىك** سۈپ. ھەدىسى بار، ھەدىگە ئىگە: — ئەنە، دەرەخنىڭ شېخىنى ئېلىپ كېلىپ تىكىۋىدۇق، ئاجايىپ ياخشى باغۇ بوستانلىق بولۇپ قالدۇق. ئەمدى ھەدىلىك بولۇپ قالساق، نېمىدېگەن ئوبدان بولاتتى؟ — دەپتۇ سىڭلىسى ئۇنىڭغا.

**ھەدىيە** ئى [ئە] ① تەقدىم قىلىنغان نەرسە، سوۋغا، تارتۇق: ھەدىيە بەرمەك. ھەدىيە قىلماق.* ئىنىكئانا مەلىكىگە ۋاكالەتەن سۇرەتچىگە يەنە كۆپ يول خىراجىتى بېرىپ، ھەر خىل ھەدىيەلەر بىلەن ئۇزاتتى. ② قىز - ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ھەدىيەچى** ئى. ھەدىيە بەرگۈچى، ھەدىيە تەقدىم قىلغۇچى: ھەدىيەچىلەر ئاينۇرغا بەس - بەس بىلەن گۈل ھەدىيە قىلىشقا باشلىدى.

**ھەدىيەلىك** ئى. ھەدىيە قىلىنىدىغان نەرسە: ھەدىيەلىك ئالماق. ھەدىيەلىك ئەكەلمەك.* يولغا چىقىشقا ئاز قالغاندا، ئۇ ئۆزى يازغان بىر كىتابنى ھەدىيەلىك ئۈچۈن ماڭا ئېلىپ كەپتۇ.

**ھەر** [پ] ① ئال. كۆزدە تۇتۇلغان بىر خىل نەرسىلەرنى ۋە ئادەملەرنى بىر - بىردىن تەكىتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: ھەر كىشى. ھەر باھار. * ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا (ماقال). ② ئال. «بىر» سۆزى بىلەن بىرىكىپ، مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ ھەربىرىنى ياكى بىردىن يۇقىرى سانلار بىلەن بىرىكىپ، مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ شۇ سان ئىچىدىكى بىرلىكلىرىنىڭ ھەربىرىنى بىلدۈرىدۇ: ھەربىر ئوقۇغۇچى بىر پارچىدىن ماقالە يازدى. * بۇ دورىنى ھەر تۆت سائەتتە بىر قېتىم ئىچىسىز. * ھەر سەككىز كۈندە بىر نۆۋەت بارىمەن. ③ سۈپ. كۆپىنچە كۆپلۈكتىكى ئىسىم ئالدىغا كېلىپ، ئاشۇ ئىسىمدىن ئىپادىلەنگەن ئادەم ياكى نەرسىنى ماختاپ، ئاشۇرۇپ ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ: ئۇنىڭ ئۆيىدە ھەر كىتابلار بار. * پىيالىكىلەردە ھەر يوغان تاۋۇزلار چۈشكىلى تۇردى. ④ رەۋ. ۋاقىت - سائەت ۋە جاي، تەرەپ مەنىسىدىكى سۆزلەر بىلەن كېلىپ، پەيت ۋە ئورۇننى بىلدۈرگۈچى قوشما رەۋىشلەرنى ياسايدۇ: ھەر مەھەل. ھەر يان. ھەر سەپەر. ⑤ رەۋ. بەزى ئىسىم ۋە سۈپەتلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، شۇ ئىسىم ياكى سۈپەت بىلدۈرگەن نەرسىنىڭ باشقا بىر تۈرىنى بىلدۈرىدۇ: ھەر خىل ئۆيلەر. ھەر ساھە كىشىلىرى. ھەر ياڭزا گۈللەر.

**ھەر باب بىلەن** ھەر تۈرلۈك، ھەر خىل ئۇسۇل، ئامال - چارە بىلەن؛ ئەپلىك پەيتنى قولدىن بەرمەي، ئەپلىك پەيتنى كۈتۈپ تۇرۇپ: ئويناشماڭ ئەرباب بىلەن، جايلايدۇ ھەر باب بىلەن (ماقال).

**ھەر تەرەپلىمە** كۆپ جەھەتلەردىن، ئەتراپلىق: شەھرىيار ئۆكسى بىلەن ھەر تەرەپلىمە سۆھبەت قىلىپ، ئاخىرىدا دۆلەت ئىشلىرىنى ۋە ئائىلە ئەھۋالىنى سوراپتۇ.

**ھەر تۈرلۈك** ھەر خىل، تۈرلۈك - تۈرلۈك، خىلمۇخىل، ياڭزىمۇياڭزا: پادشاھ ئېلىپ كەلگەن ھەر تۈرلۈك يەل - يېمىشلەرنى ۋە سۇرلەنگەن گۆشلەرنى كۆرگەن خوتۇنلىرى ھەيران بوپتۇ.

**ھەر خىل** ھەر تۈرلۈك، ھەر ياڭزا، تۈرلۈك - تۈرلۈك: ھەر خىل پىكىر.* ئابدۇللا خورجۇنىدىن ھەرخىل ئۆرۈك قاچىلانغان كىچىك سېۋەتنى ئالدى - دە، ئاۋايلاپقىنا يەرگە قويدى.

**ھەر دائىم** ھەممە ۋاقىت، ھەمىشە: ئادەم بالىسىنىڭ قىلماقچى بولغان ھەممە ئىشلىرى، ھەر دائىم ئويلىغاندەك بولىۋەرمەيدۇ.

**ھەرە** I ئى <زوئول> ھاشارەتلارنىڭ بىر خىلى. تۈرلىرى كۆپ بولىدۇ. زەھەرلىك نەشتىرى بولۇپ، ئادەملەرنى چاقىدۇ. ئادەتتە توپلىشىپ ياشايدۇ: ھەسەل ھەرىسى. قاپاق ھەرە. سېرىق ھەرە.

**ھەرە** II ئى ① ياغاچ كېسىش ئۈچۈن پولاتتىن ياسالغان چىشلىق سايمان. ② بېلىقنىڭ سىرت قانىتى.

**ھەرەج** ئى [ئە] جاپا، مۇشەققەت، ئازاب: ھەرەج تارتماق. * — قايسى كۈنى تاغقا بارىمەن دەپ بەللىرىڭىزنى ئاغرىتىۋالدىڭىز، ھازىرغىچە ساقايمايۋاتىدۇ، بۈگۈن دوكلات بېرىمەن دەپ شۇنچە ھەرەج تارتتىڭىز، — دېدى ئايشەم يولدىشىغا ئېسەدەپ تۇرۇپ.

**ھەرەج قىلماق** قىينىماق، ئازابلىماق: ئۇ ھەرەج قىلىپ تۇرغان بىلىكىنى بىر قولىدا چىڭ تۇتۇپ، زەخمە يېگەن بىر پۇتىنى سۆرەپ، ماي لۆمۈلدەپ ئېقىپ كېتىۋاتقان تاشلىق سايغا قاراپ يۈگۈردى.

**ھەرەڭ - سەرەڭ** ئاجايىپ - غارايىپ؛ كەلسە - كەلمەس، قاملاشمىغان: ھەرەڭ - سەرەڭ ئىش قىلماق.

**ھەرەم** ئى [ئە] ① مۇسۇلمانلار ھەج قىلغاندا مۇقەددەس بىلىپ تاۋاپ قىلىدىغان مەككىدىكى كەئبە ھەم مەدىنەدىكى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ مەقبەرىسى. ② <تارىخ> خان - پادىشاھ، يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپدارلار خانىدانلىرىدىكى ئاياللار ئۈچۈن مەخسۇس ئاجرىتىلغان ئۆيلەر، ھۇجرىلار: ئەگەر ئىلتىپات بولسا، مەن ھەرەمگە كىرىپ مەلىكەمنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق ئىدى.

**ھەرەمئاغىسى** ئى [ھەرەم + ئاغا + سى] خان - پادىشاھ سارايلىرىدا خوتۇن - قىزلارنى كۆزىتىشكە مەسئۇل ئەمەلدار.

**ھەرەمباغ** ئى [ھەرەم + باغ] خان - پادىشاھلارنىڭ سەيلە - تاماشىسى ئۈچۈن خان سارايلىرى ئىچىدە بەرپا قىلىنغان خىلمۇخىل مېۋىلىك دەرەخ ۋە ياڭزىمۇياڭزا گۈل - گىياھلار ئۆستۈرۈلگەن باغ.

**ھەرەمخانا** ئى [ئە + پ] خان - پادىشاھلارنىڭ ۋە بەزى ئالاھىدە ھوقۇقلۇق يۇقىرى مەنسەپدارلارنىڭ خوتۇن -

قىزلىرى ئۈچۈن مەخسۇس ئاجرىتىلغان جاي.

**ھەرەمگاھ** ئى [ئە + پ] ① خان ـ پادىشاھلار دەم ئالىدىغان، راھەتلىنىدىغان جاي. ② ھەرەمدەك مۇقەددەس جاي.

**ھەربىر** سۈپ [ھەر + بىر] مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ مۇئەييەن بىرى: ھەر بىر ئادەم. ھەربىر كەنت.

**ھەربىرلىرى** [ھەر + بىر + لەر + ى] باشقىلارنى ھۆرمەتلەپ ئېيتىلىدىغان مۇراجىئەت فورمىسى: بۇ مەسىلىگە ھەربىرلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرى قانداقكىن؟

**ھەربىي** [ئە] ① سۈپ. ئۇرۇشقا ئالاقىدار؛ ئۇرۇش، جەڭ ئىشلىرى بىلەن باغلانغان: ھەربىي ئەسىر. ھەربىي سىر. ھەربىي مەخپىيەتلىك. ھەربىي ھالەت. ھەربىي ئىستىھكام. ② سۈپ. ئۇرۇشقا لازىملىق، ئۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان؛ ئارمىيەگە ئائىت: ھەربىي زاۋۇت. ھەربىي كېمە. ھەربىي ئايروپىلان. ③ ئى. ئارمىيەدىكى كىشى، ئارمىيە خىزمەتچىسى: — دوختۇرخانىدا نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟ — دېدى ئۇ ھەربىي.

**ھەربىي رايون** <ھەرب> ھەربىي ئىستراتېگىيە ئېھتىياجىغا ئاساسەن بۆلۈنگەن رايون. ئۇنىڭدا رەھبەرلىك ئاپپاراتى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇ مەزكۇر رايون ئىچىدىكى ئارمىيەنىڭ ئۇرۇش قىلىش، تەلىم ـ تەربىيە، سىياسىي، ئارقا سەپ ئىشلىرى، مۇھاپىزەت ئىشلىرى، ھەربىي خىزمەت ۋە خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى قاتارلىق خىزمەتلىرىگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدۇ.

**ھەربىي سەپ** <ھەرب> ھەربىي قىسىم؛ ئارمىيە: ھەربىي سەپتىن قايتىش.

**ھەربىي مەشىق** <ھەرب> قورال ئىشلىتىش ۋە ئۇرۇش قىلىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتە قىلىنىدىغان مەشىق.

**ھەربىي ھالەت** <ھەرب> دۆلەتتە ئۇرۇش ياكى پەۋقۇلئاددە ئەھۋال يۈز بەرگەندە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ياكى مەلۇم بىر رايوندا قوللىنىلىدىغان جىددىي تەدبىر.

**ھەربىي ئۆزگىرىش** <ھەرب> ئارمىيەنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشى.

**ھەربىي يۈرۈش** <ھەرب> ئۇرۇش قىلىش داۋامىدىكى يۈرۈش.

**ھەربىيچە** رەۋ. ھەربىيلەرگە خاس، ھەربىيلەرگە ئوخشاش، ھەربىيدەك: ھەربىيچە كىيىم.* شۇ كۈنلەردە ھەر يىلى بىر قېتىم شەھەردىن نۇرغۇن ھەربىيلەر چىقىپ دادامنىڭ قەبرىسى ئالدىدا تىزىـ-لىپ تۇرۇپ، ھەربىيچە سالام بېرەتتى.

**ھەربىيسىز** سۈپ. ھەربىي يوق، ھەربىي بولمىغان: ياپونىيە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ھەربىيسىز دۆلەتكە ئايلاندى.

**ھەربىيسىزلەشتۈرمەك** «ھەربىيسىزلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇگۈن ئىككى پارتىيە رەھبەرلىرى كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، چېگرانى ھەربىيسىزلەشتۈرۈش ھەققىدە قوشما بايانات ئېلان قىلىشتى.

**ھەربىيسىزلەشتۈرۈشمەك** «ھەربىيسىزلەشتۈرمەك» پېئىـ-لىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ب د ت نىڭ قارارىغا ئاساسەن گېرمانىيە ۋە ياپونىيە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆز دۆلەتلىـ-رىنى ھەربىيسىزلەشتۈرۈشۈشكە مەجبۇر بولدى.

**ھەربىيسىزلەشتۈرۈلمەك** «ھەربىيسىزلەشتۈرمەك» پېئىـ-لىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كۇۋەيت بىلەن ئىراقنىڭ ساقچى چارلاش ئەترەتلىرى كۇۋەيت ـ ئىراق چېگراسىدىكى ھەربىيسىزلەشتۈرۈلگەن رايوندا ئۆزئارا توقۇنۇشۇپ قالدى.

**ھەربىيسىزلەشمەك** پ. ھەربىي يوق، ھەربىي بولمىغان ھالەتكە كەلمەك: ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ ئون يىلدىن كېيىن، ئاندىن بۇ رايون ھەقىقىي تۈردە ھەربىيسىزلەشكەن يەرگە ئايلاندى.

**ھەربىيلەشتۈرمەك** «ھەربىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جەمئىيەتنى ھەربىيلەشتۈرۈش مۇمكىن بولغىنى بىلەن تۇرمۇشنى، بولۇپمۇ مۇھەببەتنى ھەربىيلەشتۈرۈشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

**ھەربىيلەشتۈرۈشمەك** «ھەربىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ب د ت نىڭ قارارىغا ئاساسەن ياپونىيە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ ئەللىك يىلدىن كېيىن ئۆز دۆلىتىنى ھەربىيـ-لەشتۈرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولدى.

**ھەربىيلەشتۈرۈلمەك** «ھەربىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ يېزا ھەربىيلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، خەلق ھەقىقىي تۈردە خاتىرجەملىككە ئېرىشىپ، باندىتلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن خالىي بولدى.

**ھەربىيلەشمەك** پ ① ھەربىي شارائىت ۋە ھەربىي تۈزۈمگە ماسلاشماق: بىز ئۇ كۈنلەردە يېتىپ ـ قوپۇش ۋە ئىنتىزامدا راستىنلا ھەربىيلەشكەندۇق. ② ھەربىي قاتارىغا ئۆتمەك، ھەربىي بولماق: ئۇنىڭ كىيىملىرى، مېڭىش ـ تۇرۇشىدىن ھەربىيـ-لەشكەن سىياقى چىقىپ تۇراتتى. ③ ھەربىيلەر ۋە ھەربىي كۈچلەر مەۋجۇت بولماق؛ ھەربىيلەر ئورۇنلاشماق: جىددىي توقۇنۇش چېگرادىكى ھەربىيلەشكەن رايونلارنى پەيدا قىلدى.

**ھەربىيلىك** ئى. ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش، ھەربىي خىزمەت: مەن ھەربىيلىكتە ئۈچ يىل تۇردۇم.

**ھەرپ** ئى [ئە] <تىل> ئېلىپبەلىك يېزىقنىڭ ئەڭ كىچىك يازما بىرلىكى. ھەرپ تاۋۇشنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ تاۋۇشـ-نىڭ يازما شەكلى، تاۋۇش ھەرپ ئىپادىلەيدىغان مەزمۇندۇر: باسما ھەرپ. باش ھەرپ. كىچىك ھەرپ. ھەرپ تىزماق.

**ھەرپلىك** سۈپ. ھەرپى بار، ھەرپ بىلەن ئىپادىلىنىدىغان: ھەرپلىك يېزىق.* مەنە پەرق قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان تاۋۇشلارغىلا ھەرپلىك بەلگىلەرنى بەلگىلەش كېرەك.

**ھەرپمۇھەرپ** بىر ھەرپ ـ بىر ھەرپتىن؛ بىر ھەرپنىمۇ قالدۇرماي: ئايگۈل خەتنى ھەرپمۇھەرپ يېزىشقا كىرىشتى.

**ھەرراس** ئى [ئە] دىيال. دېھقان.

**ھەرقاچان** ئال [ھەر + قاچان] ① «ھەرقانداق ۋاقىتتا»، «ھەرقانداق چاغدا»، «ھەر دائىم»، «ھەممىشە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ھەرقاچان تەييار تۇرماق. ھەرقاچان ئەستە تۇتماق. ② كۆچمە. «بەلكى»، «ئېھتىمال» دېگەن مەنىلەردە يۈكلىمە رولىدا كېلىدۇ: — سىلەرنىڭ ئەترەت كەمبەغەل، ھەرقاچان نەق پۇلى يوقتۇ؟!

**ھەرقانچە** ئال [ھەر + قانچە] شۇنچە، ھەددىدىن تاشقىرى، بار ئامال بىلەن: شەۋكەت ھەرقانچە خىيال قىلىپمۇ زادىلا ئەسلىيەلمىدى.

**ھەرقانداق** ئال [ھەر + قانداق] خىلمۇخىل ئىش ـ ھەرد-كەت ياكى بەلگىلەرنىڭ خالىغان بىرىنى كۆرسىتىدۇ: ھەرقانداق تاسادىپىيلىقنىڭمۇ تەبىئىيلىكى بار.

**ھەرقانداق بولسا** نېمىلا بولمىسۇن، نېمىلا بولغان بىلەن، نېمىلا دېگەنبىلەن؛ ھەر ھالدا: — ھەرقانداق بولسا مەنمۇ ئانىڭىز،

چېچىڭىزنى يۇيۇپ ـ تاراپ قويااي، ـــ دەپتۇ ئۆگەي ئانا قىزغا.

**ھەرقانداق قىلغان بىلەن** ھەرقانداق چارە ـ ئامال قىلىپ باقسىمۇ، ھەرقانچە كۈچىسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا: ئۇ ئۆزىمۇ ھەرقانداق قىلغىنى بىلەن ھامان ھالاكەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتكەنىدى.

**ھەرقايسى** ئال [ھەر + قايسى] مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ ھەربىرى: ھەرقايسى تاغلاردىن ئونلاپ ـ يىگىرمىلەپ ئادەملەر كېلىپ توپلىنىشقا باشلىدى.

**ھەرقەيەر** ئال [ھەر + قەيەر] ھەرقايسى يەر، ھەرقايسى ئورۇن، ھەرقايسى جاي: يىغىندا ھەرقەيەردىن كەلگەنلەر بار ئىدى.

**ھەرقىسما** رەۋ [ھەر + قىسما] ھەرخىل، تۈرلۈك ـ تۈرلۈك، خىلمۇخىل ھەم غەلىتە، قىسما ـ قىسما: ھەرقىسما خىيال قىلماق.

**ھەركىم** ئال [ھەر + كىم] مەلۇم كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ھەرقانداق بىرى، ھەربىر كىشى: ھەركىم بارغا باتۇر (ماقال).

**ھەرگىز** رەۋ. پەقەت، زادى، ئەسلا؛ قەتئىي: ئۇ ئەمدى ئۆزىنى ھەرقانچە ئەيىبلىگەن بىلەنمۇ بۇرۇنقى ئىشلارنىڭ ھەرگىز ئەسلىگە كەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

**ھەرنېمە** ئال [ھەر + نېمە] ھەرقانداق نېمە، ھەرقانداق نەرسە: بولسا ھەرنېمە ئوخشايدۇ (ماقال). * بېشىمغا ھەرنېمە كەلسە چىدايمەن. ئۆزۈمگە ۋەدە بەرگەنمەن.

**ھەرنېمە بولسا** ھەرقانداق شارائىتتىمۇ، ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ، ئىشقىلىپ، ھەرھالدا: ھەرنېمە بولسا ياراتقان ئىگەم مېنى سىلىگە ئۇچراشتۇرۇپتۇ.

**ھەرنېمە دېمەك** خالىغانچە سۆزلىمەك، ئاغزىغا نېمە كەلسە شۇنى دېمەك: ئۇنىڭسىزمۇ، ئالتە بالا بولغاندا ئېرىدىن ئاجراشسا خەقلەر ھەرنېمىلەرنى دېيىشى مۇمكىن ئىدى.

**ھەر نېمە قىلىپ** بارلىق چارە ـ ئۇسۇللارنى ئىشقا سېلىپ، تەدبىر قوللىنىپ: ئاشلىق يىغىلىپ بولسىلا، قولىمىزدا ھۆكۈم بولغاندىن كېيىن ھەر نېمە قىلىپ بولسىمۇ ھوسۇلنى تولۇقى بىلەن يىغىۋېلىپ، ئۇلۇغلىرىمىزنى خاتىرجەم قىلىشقا جېنىمىز پىدا.

**ھەرھالدا** رەۋ [ھەر + ھالدا] قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن، نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىشقىلىپ: ھەرھالدا بۇ قېتىمقى ھەرىكەت مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

**ھەر ـ ھەر** كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، شۇ سۆزدە ئىپادىلەنگەن ئادەم ياكى ئىش ـ ھەرىكەتنى ماختاش، ئاشۇرۇش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ: ھەر ـ ھەر ئىشلارنى قىلماق.

**ھەرىكەت** ئى [ئە] ① ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ياكى ئۇلارنىڭ مەلۇم قىسىملىرىنىڭ ئەسلىدىكى تىنچ ھالەتتىن ئۆزگىرىشى؛ قىمىرلىشى: قول ـ پۇت ھەرىكىتى. ھەرىكەتتىن توختىماق. ② <فىز>جىسىملارنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتىش ھادىسىسى. ئادەتتە بىر جىسىم بىلەن باشقا جىسىملار ئوتتۇرىسىدىكى نىسپىي ئورۇن يۆتكىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ③ بىرەر ئىشقا كىرىشىش، بىرەر نەرسە قىلىشقا ئۇرۇنۇش؛ ئىنتىلىش، تىرىشىش، تەرەددۇت: قېچىشقا ھەرىكەت قىلماق. ④ ئەمەلىيەت؛ قىلىق؛ يۈرۈش ـ تۇرۇش: سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇش. قانۇنسىز ھەرىكەت. ⑤ <پەلس> تەبىئەتتە شۇنداقلا پۈتكۈل ئالەمدە يۈز بېرىدىغان بارلىق ئۆزگىرىش ۋە جەريانلار. ⑥ كۆچمە. تەسىرى چوڭراق بولغان ئاممىۋى ئىجتىمائىي پائالىيەت؛ ئىنقىلاب: 4 ـ ماي ھەرىكىتى. مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى. ئىشچىلار ھەرىكىتى. دېھقانلار ھەرىكىتى. ⑦ كۆچمە. سەپەرۋەرلىك: ھەرىكەتكە كەلمەك. ھەرىكەتكە كەلتۈرمەك. ⑧ كۆچمە. تەدبىر، ئامال ـ چارە: ئەگەر پارتكوم بۇ قېتىم دادىل ھەرىكەت قوللانمايدىغان بولسا، ناھىيەنىڭ پۈتۈن ئىشىغا ياخشى رەھبەرلىك قىلالمايدۇ.

**ھەرىكەتچان** سۈپ ① ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان؛ ئورنى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان: ھەرىكەتچان ھۇجەيرە. ھەرىكەتچان ئوق. ھەرىكەتچان غالتەك. ② كۆچمە. غەيرەتلىك، ئىشچان، پائالىيەتچان: ئۇ تولىمۇ ھەرىكەتچان ئادەم بولغانلىقتىن، يالغۇز ئۆزى ئىشلەپ شۇنچە ئادەمنى بېقىپ كەلگەنىدى.

**ھەرىكەتچانلىق** ئى. ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان ھالەت؛ پائالىيەتچانلىق: كۈنسېرى ئۆتكۈرلىشىۋاتقان دۇنيا ۋەزىيىتىدە ھەرىكەتچان ۋە ئۆزگىرىشچان قۇتۇپلار تېخىمۇ ھەرىكەتچانلىققا ۋە ئۆزگىرىشچانلىققا قاراپ يۈزلەنمەكتە.

**ھەرىكەتسىز** سۈپ. ھەرىكىتى يوق، ھەرىكەت قىلمىغان، جىم: ئۇنىڭ ھەرىكەتسىز كۆزلىرىدىن ھېچقانداق ئىپادىنى بىلگىلى بولمايتتى. // مۇشۇنداق ھەرىكەتسىز يېتىۋەرسەك، ئۆزۈنغا قالماي ئوزۇق ـ ئوقەتمۇ تۈگەيدۇ!

**ھەرىكەتسىزلىك** ئى. ھەرىكەت قىلماسلىق، جىملىق: ئۇنىڭدا سۈس ھەرىكەتسىزلىك ھۆكۈم سۈرەتتى.

**ھەرىكەتلەندۈرگۈچ** سۈپ. ھەرىكەتلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان، ھەرىكەتلەندۈرىدىغان: ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. * پارتىيەمىزنىڭ 17 ـ قۇرۇلتىيى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولدى.

**ھەرىكەتلەندۈرمەك** «ھەرىكەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىز ئاممىنى تولۇق ھەرىكەتلەندۈرىدىغانلا بولساق، بۇ ئىشنى چوقۇم باشقا ئېلىپ چىقالايمىز.

**ھەرىكەتلەندۈرۈشمەك** «ھەرىكەتلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ـــ ھەدىڭىز بۇ يېزىنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرىنى تولۇق بىلىدۇ، سىز شۇنى تاپسىڭىز، ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشۈپ بېرىدۇ، ـــ دېدىم ئۇنىڭغا.

**ھەرىكەتلەندۈرۈلمەك** «ھەرىكەتلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ ياردىمىدە ئامما ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ، دېلوغا مۇناسىۋەتلىك بولغان يىپ ئۇچىغا تېزلا ئىگە بولدۇق.

**ھەرىكەتلەنمەك** پ ① ھەرىكەتكە كەلمەك، ھەرىكەت قىلماق، قوزغالماق: تىراكتورنىڭ موتورى ھەرىكەتلەندى. ② بىرەر ھەرىكەت ئېلىپ بارماق، بىرەر پائالىيەتنى قىلماق، ئىشقا كىرىشتۈرمەك. سەپەرۋەرلىككە كەلمەك: ئامما تولۇق ھەرىكەتلەندى.

**ھەرىكەتلىك** سۈپ. ھەرىكەت قىلىدىغان ھەرىكەتلىك سەنئەت بولسا، باشتىكى لەپەر ئېيتىشىش ۋە سەھنە ئەسىرى ئويناشتىن، قۇرۇلمىسى مۇكەممەل بولغان زامانىۋى درامىلارنى ئويناشقا، ئۇنىڭدىن تېلېۋىزىيە، كىنولىشىشقا تەرەققىي قىلدى.

**ھەرىلەتمەك** «ھەرىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياغاچ ھەرىلەتمەك.* ئىشىك ياساشقا كېرەكلىك بولغان شاللارنى ئۇستامنىڭ تەلىپى بويىچە ئۆلچەپ، ھەرىلىتىپ كېلىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭدىم.

**ھەرىلەشمەك** «ھەرىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھەدېسىلا گۈلدۈرلەپ كېلىپ، ئۇ قۇرۇلۇشقا، بۇ باشلىقىقا دەپ كوللېكتىپنىڭ ئورمانلىرىنى قالايمىقان ھەرىلىشەتتى.

**ھەرىلەنمەك** «ھەرىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دوڭغاق جىگدە سۆز تاشلاپتۇ بىر كۈنى، ھەرىلىنىپ يىقىلغان بىر تېرەككە.

**ھەرىلىمەك** پ. ھەرە سالماق، ھەرە بىلەن كەسمەك: ياغاچ ھەرىلىمەك.* ئۇ بۇ يەردە يەنە قېچىش ھەرىكىتىدە بولۇپ، دېرىزىنى ئالتە ھەپتىگىچە ھەرىلەش بىلەن ئاۋارە بولدى.

**ھەزەر** ئى [ئە] ئۆزىنى تارتىش، ساقلىنىش؛ ئېھتىيات: ھەزەر ئەيلىمەك. ھەزەر قىلماق.* گىلدىڭلىتىپ تۆلكىدەك قۇيرۇقىنى، كۆتەر ئىدى تۆرەمنىڭ بۇيرۇقىنى، لېكىن تۆرەم بەرمەيتتى ئىچ سىردىنى، ھەزەر بىلەن تاشلايتتى كۆز قىرىنى.

**ھەزرەت** ئى [ئە] ① كۆپىنچە «ھەزرەتلىرى» شەكلىدە ئۇلۇغلاش، ھۆرمەتلەش مەنىسىدە كېلىدۇ: پادىشاھ ھەزرەتلىرى. ② ھۆرمەت يۈزىسىدىن بەزى شەخسلەرنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ تەخەللۇسى ئورنىدا قوللىنىلىدۇ: ئېلى ھەزرەت. ئىسمائىل ھەزرەت. ③ قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئاپاق خوجا مازىرى جايلاشقان يېزىنىڭ نامى.

**ھەزرىتى** سۈپ. شەخسلەرنى ھۆرمەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: بۇ بېشىمغا چۈشتى سەۋدا، مەدەت قىل ھەزرىتى مۇسا، ئاشىقلار پىرى يۈسۈپ ـ زىلەيخا، غېرىبنى ساڭا تاپشۇردۇم.

**ھەزرىتى غۇم** دىيال <يېم> بىر خىل ئۇماچ. سۇغا ئازراق ماي، كۆكتات، قاتتىق نان سېلىپ قاينىتىپ پىشۇرۇلىدىغان تاماق، «شاھىپەتتا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ھەزىل** ئى [ئە] ساتىرىك گەپ — سۆز ياكى كومېدىيەلىك ئىش ـ ھەرىكەت، چاقچاق: تۆمۈرچى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىپ ئازابلاۋاتقان بېلىنى رۇسلىۋېلىپ، ھەزىلگە ھەزىل بىلەن جاۋاب بەردى.

**ھەزىلەك** [پ] ① ئى. ئاياللارغا ئوخشاش خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەر، ھېجىقىز، كۆت، بەچچە: — ھىم، ئۇنىمۇ ئەر دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇ ئۇسسۇلچى ھەزىلەكقۇ! — دېدى زەمزەمقارىي. ② سۈپ. ئۆز سۆزى، ۋەدىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان، بىرەر ئىشنى بېجىرىش قولىدىن كەلمەيدىغان؛ نامەرد: — تازىمۇ بىر ھەزىلەك ئىكەنسەن. مەن سېنى يىگىت دەپ قاراپ گېپىڭگە ئىشىنىپتىمەن، — دېدى سەمەت ئۇنىڭغا.

**ھەزىلەكلىك** ئى. ھەزىلەكلەردەك قىلىق ۋە خۇسۇسىيەت: ھەزىلەكلىك قىلماق.* — ناۋادا بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپ قالسا، ھەزىلەكلىك قىلىپ ئۆز دوستۇڭنى پاش قىلىپ قويماسسەنمۇ؟ — دېدى تۇرغۇن مۇتەللىپكە.

**ھەزىلكەش** ئى [ئە + پ] ھەزىل قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، ھەزىل قىلىشقا ئامراق، ھەزىل قىلىشقا ئۇستا كىشى: چاقچاقچى: بۇ قۇتلۇق بايرامغا قاتناشقان ئاما كۈلۈشەتتى، بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىپ قىستىلىشاتتى، سېرىك ئۆمىكىدىكى ھەزىلكەشلەر بىلەن ئۆزئارا قىزىقچىلىق قىلىشىپ چاقچاقلىشاتتى.

**ھەزىلكەشلىك** ئى. ھەزىل قىلىشقا ئامراقلىق، ھەزىل قىلىشقا ماھىرلىق: ئىشپىيون ھېكىم نۇر ياتاقتا كىرىپ كۆپچىلىككە بىرخىل ئوچۇق چىراي ۋە ھەزىلكەشلىك بىلەن سالام بەردى.

**ھەزىللەشمەك** پ. ھەزىل قىلىشماق؛ قىزىق، كۈلكىلىك گەپلەرنى قىلىشىپ، ئويناشماق، چاقچاقلاشماق: — قىزچاق دەيمۇ، رەيھان دەيمۇ ئەمدى سىزنى؟ — ھەزىللەشمەڭ، ئاگرونوم قىز دەيسىز ئەمدى.

**ھەزىم** ئى [ئە] يېمەكلىكنىڭ ئاشقازاندا سىڭىشى، ئورگانىزمدا ئۆزلىشىشى: ھەزىم بولماق. ھەزىم قىلماق.

**ھەزىم قىلماق** ① <فىزىيول> ئادەم ياكى ھايۋانلار ئۆز تېنىدە ئوزۇقلۇقلارنى فىزىكىلىق ۋە خىمىيەلىك روللار ئارقىلىق سۈدا ئاسان ئېرىيدىغان، شۇنىڭدەك ئورگانىزم شۈمۈرەلەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرمەك. ② كۆچمە. ئۆزلەشتۈرمەك، چوڭقۇر ھەم پىششىق بىلىۋالماق، ئورناشتۇرماق، ياخشى بىلمەك: ئەڭ ياخشىسى بىر قېتىمدا بىر دەرسنى ئۆتكەن ياخشى. ئەگەر بىر قېتىمدا دەرس كۆپ ئۆتۈلۈپ كەتسە ھەزىم قىلغىلى بولمايدۇ. ③ كۆچمە. چۈشەنمەك، تېگىگە يەتمەك: ئۇ دېگەن بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىمۇ ئوقۇمىغان خوتۇن، شۇڭا بۇ گەپلەرنى ئۇنىڭغا دېگەن بىلەن ھەزىم قىلالمايدۇ، ئەڭ ياخشىسى دېمىگەن تۈزۈك.

**ھەزىم قىلىش سىستېمىسى** <ئانات> ئادەم ۋە ھايۋانلار تېنىدىكى ئېغىز بوشلۇقى، قىزىلئۆڭگەچ، ئاشقازان، كىچىك ئۈچەي، چوڭ ئۈچەي قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان سىستېما. ئادەتتە ئۇ يېمەكلىكلەرنى ھەزىم قىلىش ۋە ئوزۇقلۇقنى شۈمۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

**ھەسەت** ئى [ئە] باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى، ئۈستۈنلۈكىنى كۆرەلمەسلىك تۇيغۇسى؛ كۆرەلمەسلىك، ئىچى تارلىق: ھەسەت قىلماق.* ئۇنىڭ يۈزلىرىدە ئۆز تۇرمۇشى ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن بەختسىزلىكلەرنى ئېلىپ كەلگەن بۇنداق ماختاشلارغا نىسبەتەن قاتتىق ھەسەت قوزغالغاندەك بولدى.

**ھەسەتخور** سۈپ [ئە + پ] باشقىلارغا ھەسەت قىلىدىغان، كۆرەلمەس، ئىچى تار؛ چىدىماس: ھەسەتخور ۋەزىر. * قورقۇنچاق ھەسەتخور بولار، نامەرد قەسەمخور بولار (ماقال).

**ھەسەتخورلۇق** ئى. باشقىلارغا ھەسەت قىلىش، كۆرەلمەسلىك، ئىچى تارلىق: قاسىم سابىرلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئاتقا مىنگىشىپ كېتىۋاتقان زەيتۇنەمگە ئۇزاقتىچە ھەسەتخورلۇق بىلەن قارىدى.

**ھەسەل** ئى [ئە] ① ھەسەل ھەرىلىرى بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈل شىرنىلىرىنى يىغىش ئارقىلىق تەييارلىغان قويۇق، تاتلىق ۋە سېرىق رەڭلىك سۇيۇقلۇق، ئاساسلىق تەركىبى گىلۇكوزا بىلەن فىرۇكتوزا، ئادەتتە ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ② كۆچمە. شېرىن، تاتلىق: تىلى ھەسەل، دىلى زەھەر (ماقال). ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ھەسەل ھەرىسى** <زوئول> بىر خىل ھاشارات. تېنىنىڭ يۈزىدە ناھايىتى زىچ تىۋىت تۈكچىلەر بولىدۇ. ئالدىنقى قانىتى ئارقا قانىتىدىن چوڭ، ئەركىكىنىڭ سەزگۈ مۈڭگۈزچىسى سەل ئۇزۇنراق، ئانا ھەرە ۋە ئىشچى ھەرىنىڭ زەھەرلىك نەشتىرى بولىدۇ. ئادەمنى چاقىدۇ ۋە توپلىشىپ ياشايدۇ. ئىشچى ھەرە گۈل شىرنىسىنى يىغىپ ھەسەل ئىشلەيدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۆسۈملۈكلەرنى چاڭلاشتۇرىدۇ.

**ھەسەلچى** ئى. ھەسەل ئېلىپ ـ ساتقۇچى ياكى ھەسەل ھەرىسى بېقىپ، ھەسەل ئىشلەپ چىقارغۇچى كىشى: — ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بۇرادەر، ھەسەلچىمەن دەڭ، ياخشى گەپ، مېھمان بولىدىكەنمىز ـ دە؟ — دېدى مەنسۇر.

**ھەسەلچىلىك** ئى. ھەسەل ھەرىسى بېقىپ ھەسەل ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش كەسپى: تېكەس ناھىيەسىدە ھەسەلچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقان ئائىلىسى 300 دىن ئاشتى.

**ھەسەلدان** ئى [ئە + پ] ① <زوئول> ھەسەل ھەرىسىنىڭ قىزىلئۆڭگەچى ئاخىرىدىكى گۈل شىرنىسىنى ساقلايدىغان پوكىنى. ② ھەسەل ساقلايدىغان ياكى ھەسەل ئالىدىغان كىچىك قاچا.

**ھەسەنات** ئى [ ئە ] يېزىت. ياخشىلىق، ياخشى ئىشلار: — ھەممىمىزگە ھەسەنات، — دېدى سۇلتان ئامانىسانىڭ سۆزىگە قايىل بولۇپ، — مەقسىتىمنى ئەمدى چۈشەندىڭىز، خېنىم.

**ھەسەن ـ ھۈسەن** <مېتېئور> ئاتموسفېرادىكى بىر خىل نۇر ھادىسىسى، يەنى قۇياش نۇرىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىكى ئۇششاق سۇ تامچىلىرى ئارىسىدىن ئۆتكەندە سۇنۇشى ۋە قايتىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدىغان رەڭلىك ياي. سىرتىدىن ئىچىگە قاراپ قىزىل، ئاپېلسىن رەڭ، سېرىق، يېشىل، كۆك، قارا كۆك ۋە بىنەپشە رەڭدە كۆرۈنىدۇ، ئادەتتە قۇياشقا ئۇدۇل يۆنىلىشتە پەيدا بولىدۇ.

**ھەسرەت** ئى [ئە] روھىي ئازاب، غەم ـ قايغۇ، دەرد ـ ئەلەم: ھەسرەت چەكمەك. * خەت يۇرىكىمگە نەشتەر سانچىلغاندەك تۇيۇلدى ـ دە، ھەسرەت ۋە ئازاب ئىچىدە لېۋىمنى چىشلىدىم.

**ھەسرەتداش** ئى ① باشقىلارنىڭ ھەسرىتىگە تەڭ ھەسرەتلەنگۈچى، غېمىنى يېگۈچى كىشى، دەرداش: بەزى يالغۇز قالغىنىمدا سەن بولۇپ سۆھبەتدىشىم، غەمگە چۆكسەم، مەي تۇتۇپ بولدۇڭ يېقىن ئۈلپەتدىشىم، يىغلىسام، كۈلسەممۇ بولدۇڭ ھەمدېمىم، ھەسرەتدىشىم، شۇڭا دەيمەن سېنى: «ۋاپادار ھەم يېقىن خىزمەتدىشىم». ② بىركىم بىلەن ھەسرەتنى تەڭ چەككەن، ئۇنىڭ بىلەن ھەسرەتتى ئوخشاش كىشى: بىچارە قىز ھەسرىتى ئوخشاش كىشى: بىچارە قىز ھەسرىتىنى كۆيلىشەتتى قايغۇ ـ دەرد دەرياسىغا، ئاھۇزار كىمدىسىنى سېلىپ ئۇنىڭ ھەسرەتداشلىرى.

**ھەسرەتسىز** سۈپ. ھەسرىتى يوق، ھەسرىتى قالمىغان: داۋاسىز دەرد بولماس، ھەسرەتسىز قېرى (ماقال).

**ھەسرەتلەندۈرمەك** «ھەسرەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنى دادىسىنىڭ سۆزى ۋە كېلىش مەنبەسى ئېنىق بولمىغان ھېلىقى تېلېگراممىا ئەمەس، بەلكى بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىلگىرى ئۆزى ئاڭلىغان بەزى گەپ ـ سۆزلەر بىلەن بىر يەردىن چىققانلىقى قاتتىق ھەسرەتلەندۈردى.

**ھەسرەتلەندۈرۈشمەك** «ھەسرەتلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ ۋەقە مەھەللىداشلارنى قاتتىق ھەسرەتلەندۈرۈشتى.

**ھەسرەتلەندۈرۈلمەك** «ھەسرەتلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ھەسرەتلەنمەك** پ. بىرەر كىشى ياكى نەرسە ھەققىدە ئەپسۇسلىنىپ، زارلىنىپ سۆزلىمەك؛ شىكايەت قىلماق؛ ئۆكۈنمەك: بېشىمغا ھەر خىل دەرد ـ ئەلەملەر چۈشۈپ، ھەرقانچە ھەسرەتلەنسەممۇ، سىرىم پىنھاندۇر.

**ھەسرەتلىك** سۈپ. ھەسرەت بىلەن تولغان، ھەسرەتنى ئىپادىلەيدىغان؛ قايغۇلۇق: ئۇنىڭ ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرى توپىغا مىلىنىپ ياتقان گۆشنىڭ ئۈستىگە تامچىلاشقا باشلىدى.

**ھەسرەتلىنىشمەك** «ھەسرەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ گەپنى ئاڭلىغان ساۋاقداشلار ئاسمىغا ئىچ ئاغرىتىپ، قاتتىق ھەسرەتلىنىشتى.

**ھەسرەت ـ نادامەت** ھەسرەت ۋە نادامەت، روھىي ئازاب، غەم ـ ئەلەم، قايغۇ: ئەگەر، راستلا شۇنداق كۆن بولۇپ قالسا، پەرھات ئۆزىنى بەختسىزلىكتە ئەيىبلەپ، ئاش ـ تاماق يېمەي، پۈتۈن تۈن ھەسرەت ـ نادامەت ئىچىدە ئۇخلىماي ئازابلىنىپ چىقاتتى.

**ھەسسە** ئى [ئە] ① بىرەر نەرسىنىڭ ئايرىم بىر قىسمى؛ بۆلەك، ئۈلۈش: ھوسۇلنىڭ تۆتتىن ئۈچ ھەسسىسى. ② <مات> بىر ساننى ئىككىنچى بىر سانغا بۆلگەندە كېلىپ چىققان بۆلۈنمە. ③ يېرىم: سادىر شۇ ئولتۇرغىنىچە تۈن ھەسسىدىن ئاشقاندا لايىھەنى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ چىقتى. ④ مەرتە، باراۋەر: ئۈچ ئاي جەريانىدا بۇ قەرز ئۈچ قاتلىنىپ، ئەسلىدىكىسىدىن ئالتە ھەسسە ئېشىپ كەتتى. ⑤ ئۈلۈش: ھەسسە قوشماق. * بۇ يىلقى مۇكاپاتتا ئاناڭ بىلەن ئىككىڭلارنىڭ بىر كىشىلىكتىن ھەسسىسى بار. ⑥ شېرىك بولۇش ياكى ئەزا بولۇش ئۈچۈن تۆلىنىدىغان ھەق، پاي.

**ھەسسىدار** ئى [ئە + پ] شېرىك بولۇش ياكى ئەزا بولۇش ئۈچۈن پاي، سەرمايە قوشقۇچى: ھۆكۈمىتىمىز ھەسسىدارلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ياخشى سىياسەتلەرنى يولغا قويدى.

**ھەسسىدارلىق** ئى. تېگىشلىك ئۈلۈش بويىچە پاي ياكى سەرمايە قوشۇش يولى بىلەن شېرىكلىشىش: ھەسسىدارلىق شىركىتى.* مۇراد ئائىلە سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش ئېلېكترون ھەسسىدارلىق شىركىتى پايدا قوغلاشماي، خېرىدارلارغا ئىللىق مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشتى.

**ھەسسىلەپ** رەۋ. بىرقانچە ھەسسە: مېنىڭ ئۇستازغا بولغان مۇھەببىتىم، ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئاشتى.

**ھەسسىلەتمەك** «ھەسسىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىنسابسىز خوجايىن سۇنغان كىچىككىنە نەرسىلىرى ئۈچۈن ئەنۋەرگە ئىككى ھەسسىلىتىپ پۇل تۆلەتكۈزدى.

**ھەسسىلەشمەك** «ھەسسىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ساۋاقداشلار ماتېماتىكا دەرسلىكىدىكى سانلارنى ھەر خىل ئۆزگەرتىشىپ، ھەرخىل ھەسسىلىشىپ مەشىق قىلىشماقتا ئىدى.

**ھەسسىلەنمەك** «ھەسسىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ياڭ خانىمنىڭ تىككەن دوسى ئەتىگەندىن بېرى ئون ھەسسىلەندى.

**ھەسسىلىك** سۈپ. ھەسسىلەنگەن؛ ھەسسە كېلىدىغان: ھەسسىلىك سان.

**ھەسسىلىمەك** پ. باراۋەر بىرقانچە ھەسسە قىلماق: بىز تاپقىنىمىزنى ھەربىرىمىزگە باراۋەر قىلىپ تۆت ھەسسىلىدۇق.

**ھەسسىنەي** ئىم. بىرەر ئەپسۇسلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: — ھەسسىنەي، سېمىز قوي گۆشىنى بولۇشىچە بېسىپ ئوخشىتىپ پولۇ ئەتسەك بوپتىكەن، — دەپ غودۇڭشىدى ئايالىم.

**ھەشەم** ئى [ئە] ① سۆلەت، داغدۇغا: يىگىتلىككە ھەشەم كېرەك، ھاجىلىققا ھەرەم (ماقال). ② كۆچمە. بىرەر ئىشنى قىلىش، ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى ئاۋارىگەرچىلىك؛ بەجانىدىللىق؛ سەرپ قىلىنىغان كۈچ: ھەشەم قىلماق.* ئۇ گويا شۇ كۈنى ئۆيىگە خىزىر كېلىدىغاندەك ھەشەم بىلەن تەييارلىق قىلدى.

**ھەشەمەت** ئى [ئە] كاتتا ھەشەم، سۆلەت، داغدۇغا، دەبدەبە؛ ھەيۋەت: زامانىسىدا ئىلچى شەھىرى بويىچە كۆزگە چېلىققۇدەك ھەشەمەتى بار بۇ قورۇنىڭ دەرۋازىسى كۈنچىقىشقا قارايتتى.

**هەشەمەتچى** ئى. هەشەمەتنى ياخشى كۆرىدىغان سۆلەتۋاز ئادەم: ئابرۇيپەرەس هەشەمەتچى بەگلەرگە ئوخشاش مەخسۇتبەگمۇ شەهەرگە كىرگەندە سارايغا چۈشكەندىن ياخشىراق دەپ، بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرى كونىشەهەردىن بىر قورۇ - جاي سېتىۋالغانىدى.

**هەشەمەتچىلىك** ئى. بىرەر ئىشنى هەشەمەت بىلەن قىلىش؛ سۆلەتۋازلىق: هەشەمەتچىلىك قىلماق.* ئۆي ئىچى يورۇق هەم ئازادە ئىدى. قويۇلغان جاهازلارمۇ ئاددىيغىنا، ئارتۇقچە هەشەمەتچىلىك چېلىقمايدۇ.

**هەشەمەتخور** سۈپ [ئە + پ] هەشەمەت قىلىشقا ئامراق؛ هەشەمەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان: ئۇ بارغانسېرى بەتخەج، هەشەمەتخور ئادەمگە ئايلىنىپ قالغىلى تۇردى.

**هەشەمەتخورلۇق** ئى. سۆلەتۋازلىق، ئابرۇيپەرەسلىك: — رازىيەنىڭ تۇغۇتىغا 200 يۈەنلىك بىرنېمە ئېلىپ كىرىمەن دېگىنىڭ، چېكىدىن ئاشقان هەشەمەتخورلۇق، — دېدى ئابلىكىم ئايالىغا.

**هەشەمەتسىز** سۈپ. هەشەمىتى يوق، هەشەمىتى بولمىغان، داغدۇغا قىلىنمىغان؛ ئاددىي: جىنازا مەهەللىدىن ناهايىتى هەشەمەتسىز، يېنىك هەرىكەتلەر بىلەن ئۆزىتىلدى.

**هەشەمەتلەشتۈرمەك** «هەشەمەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: توي - تۆكۈننى هەددىدىن زىيادە هەشەمەتلەشتۈرۈۋېتىش نادانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

**هەشەمەتلەشتۈرۈشمەك** «هەشەمەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىر - بىرىنى دورىشىپ مېهماندارچىلىقنى هەشەمەتلەشتۈرۈشۈش ئۆزئارا زىيان سېلىش بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

**هەشەمەتلەشتۈرۈلمەك** «هەشەمەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: زىياپەت زالى ناهايىتى هەشەمەتلەشتۈرۈۋېتىلگەنىدى.

**هەشەمەتلەشمەك** پ. دەبدەبىلەشمەك؛ هەيۋەتلەشمەك، هەشەملەشمەك: هەددىدىن زىيادە هەشەمەتلىشىپ كېتىشنىڭ ئاقىۋىتى زىيان ئېلىپ كېلىدۇ.

**هەشەمەتلىك** سۈپ. خېلى هەشەمىتى بار، داغدۇغىسى كۆچلۈك، دەبدەبىلىك، سۆلەتلىك؛ كۆركەم، هەيۋەتلىك: هەشەمەتلىك شەهەر.* قەدىمكى زاماندا، يىراق ماكاندا هەشەمەتلىك بىر شەهەر بار ئىكەن.

**هەشەمخور** سۈپ [ئە + پ] هەشەم قىلىشقا ئامراق؛ سۆلەتۋاز: ئۇ هەشەمخور سەپدىشىمىزمۇ ئاخىرى چاندۇردى.

**هەشەمخورلۇق** ئى. سۆلەتۋازلىق، ئارتۇق ئاۋارىگەرچىلىك: ياشاشنى ئىزدىسەڭ دائىم تىرىشچانلىقنى يار تۇتقىن، ئىسراپ قىلما خەزىنەڭنى، هەشەمخورلۇقنى ئار تۇتقىن.

**هەشەم - دەرەم** بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا بولىدىغان ئاۋارىچىلىك ۋە چىقىم: رابىخانىغا يولۇققان ئادەم ياغ پۇرىتىۋەتمىسە بولمايدۇ، ئۇ ئايالنىڭ بىرمۇنچە هەشەم - دەرەم بىلەن بولغان تەييارلىقنى بىكار قىلىۋەتكىنىنى قاراڭ!

**هەشەمسىز** سۈپ. هەشىمى يوق، هەشەم قىلماي: سادىرنىڭ هېچبىر داغدۇغا، هەشەمسىز ئۆتكۈزگەن ئاخىرقى سىنىقى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

**هەشەملەشتۈرمەك** «هەشەملەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كىچىككىنە ئىشنى هەشەملەشتۈرۈۋېتىش ياخشى ئىش ئەمەس.

**هەشەملەشتۈرۈشمەك** «هەشەملەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**هەشەملەشتۈرۈلمەك** «هەشەملەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: يىغىن ناهايىتى هەشەملەشتۈرۈلگەن هالدا باشلاندى.

**هەشەملەشمەك** پ. هەيۋەتلەشمەك، داغدۇغىلاشماق، هەشەمەتلەشمەك: هازىر بەزى ئاز - تولا پۇل تاپقان كىشىلەر شۇ دەرىجىدە هەشەملىشىپ كەتتىكى، ئەهمىيەتسىز سورۇنلارغا پۇلنى ئايىماي خەجلەيدىيۇ، ئوقۇشسىز قالغان نامرات باللارنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ.

**هەشەملىك** سۈپ. هەشەم قىلىنغان، سۆلەتلىك، داغدۇغىلىق، هەيۋەتلىك: هەشەملىك توي.* هەشەملىك كېمىگە چۈشكەن ئەجنەبىي، سەسكىنىپ ئۆتەتتى بۇرۇن بۇ يەردىن، قاراڭ ئەمدى سالام بېرىپ چۈشىدۇ، كەلگەندە نەپ ئېلىپ هەربىر سەپەردىن.

**هەش- پەش** ← **هەش- پەش دېگۈچە.**

**هەش- پەش دېگۈچە** ناهايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، بىردەمدىلا: باغۋەن هەش - پەش دېگۈچە قوينى چۈشەپ تەكبىر بىلەن بوغۇزلاشقا تەييارلاندى.

**هەشتار** ئى [پ] <مۇز> سەككىز تارلىق بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى.

**هەشتەرخان** ئى <بوت> تال تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى 30 مېتىر ئەتراپىدا ئۆسىدىغان ئېگىز دەرەخ. شاخلىرى زىچ ئۆسۈپ تۈۋرۈكسىمان دەرەخ باراقسىنىنى شەكىللەندۈرىدۇ. يوپۇرمىقى ئۈچ بۇلۇڭلۇق، تۈۋى شىنا شەكىللىك، قوۋزىقى كۈل رەڭ ئاق، يول بويىغا ئۆستۈرۈلىدىغان دەرەخلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ياغىچى چۈرۈك كېلىدۇ.

**هەشتىيەك** ئى [پ] ۋاپات بولغان ئەر كىشىنىڭ قالغان تەئەللۇقاتىنىڭ سەككىزدىن بىرى (شەرىئەت قانۇنى بويىچە بۇنى ئۆلگۈچىنىڭ ئايالى ئالىدۇ): ئۇنىڭ ئۆگەي ئاپىسى بىرەر يىلدىن كېيىن هەشتىيەك ئېلىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەندىن كېيىن پۈتۈن مال - مۈلۈك روزى مولللىغا ئۆتۈپ قالدى.

**هەشقاللا** ئى. باشقىلارنىڭ قىلغان ياخشىلىقى، ياردىمىگە بىلدۈرۈلگەن مىننەتدارلىق، رەهمەت: هەشقاللا ئېيتماق. * سىزنىڭ بۇ ياردىمىڭىزگە هەشقاللا.

**هەشقىپىچەك** ئى [ئە + پ] <بوت> يۆگەي ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ياماشقۇچى غول (يۆگىمەچ غول). يوپۇرمىقى يۈرەك شەكلىدە، ئادەتتە ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. ئۇزۇن ساپىقى بار، گۈل تاجىسى ۋارۇنكا شەكىللىك. ئادەتتە سۇس قىزىل، توق قىزىل، سۆسۈن كۆك، تۈۋى قىسمى ئاق رەڭدە بولىدۇ. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى هېسابلىنىدۇ. مېۋىسى غوزا مېۋە، ئۇرۇقى قارا، سۈرگە دورىسى قىلىشقا بولىدۇ.

**هەق ( هەققى )** [ئە] ① سۈپ. توغرا، چىن، راست، هەققانىي: هەق گەپ. هەق يول. * دېهقانىنىڭ ئېيتقىنى هەق ئىدى. ② ئى. هەقىقەت؛ ئادالەت: هەقنى كۆزلە، هەقنى سۆزلە. ③ ئى. قانۇن ۋە جەمئىيەت تەرتىپىگە توغرا كېلىدىغان ئەركىنلىك ياكى ئىمكانىيەت؛ هوقۇق؛ هەددى: ئۇنىڭ ئەيىبلەشكە هېچقانداق هەققى يوق. ④ ئى. بىرەر كىم ياكى نەرسىگە تېگىشلىك هەسسە؛ رىزىق: مۇسا ئەيسادىن: — ئاداش، كىشىنىڭ هەققى زادى كىشىدە قالامدۇ - قالمامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ⑤ ئى. كىشىنىڭ قىلغان ئىشى، مېهنىتى بەدىلىگە ئېلىنىدىغان پۇل، تۆلەم: ئىش هەققى، قەلەم هەققى. ⑥ ئى. بىرەر نەرسىدىن پايدىلانغانلىقى

ئۇچۇن تۆلىنىدىغان پۇل، تۆلەم، كىرا: سۇ ھەققى. تۇگمەن ھەققى. يول ھەققى. ماشىنا ھەققى. ⑦ تەۋەلىك Ⅲ شەخس ۋە يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۇرلىنىپ كېلىپ، سۆز، ماختاش، ئالقىش ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ بىرەر كىمنىڭ شەنىگە قارىتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: — خۇدا ھەققى قۇدام، — دېدى موماي، — بۇ قېتىم گېپىمنى ئاڭلاپ قويسىلا. قالغان گەپنى كېيىن دېيىشەيلى، خوش مەن كېتەي.

**ھەق تەلەپ قانۇنى** <قا> پۇقرالار بىلەن قانۇنىي شەخسلەرنىڭ مال ـ مۈلۈك مۇناسىۋىتى (مەسىلەن، تۆلىتىۋېلىش ھوقۇقى، ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى) شۇنداقلا ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان كىشىلىك غەيرىي مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى (مەسىلەن، ئەمگەك، نىكاھ، ئائىلە قاتارلىقلار) بەلگىلەنگەن ھەر خىل قانۇن.

**ھەقەمسايە** ئى [پ] ① قوشنا. ② دوست ـ بۇرادەر، ئاغىنە: بۇغا ھەقەمسايىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ئېچىنىپ تۇرغانىكەن.

**ھەقتائالا** ئى [ئە] ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك ئاللا.

**ھەقتە** تىر. كۆپىنچە ئالماشلاردىن كېيىن كېلىپ سۆھبەت، مۇلاھىزە، پىكىر قاتارلىقلارنىڭ ئوبيېكتىنى كۆرسىتىدۇ: ئابدۇرازاق ئاكا نىجات بىلەن يەنە بىرھازا مۇشۇ ھەقتە مەسلىھەتلىشىپ چىقىپ كەتتى.

**ھەقدار** ئى [ئە + پ] ① مال ـ مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلغۇچى؛ مال ـ مۈلۈك ئىگىسى: ئۇ چاغدا ھەقدارنىڭ ئۆي ـ ماكانىنى قايتۇرۇپ بېرىشى شەرت. ② قەرز بەرگۈچى: سوتقا قەرزدار بىلەن ھەقدار بىللە كەلگەنىدى. ③ بىرەر ئىشقا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك شەخس، گۇۋاھچى، شاھىت: بىز بۇ قانلىق پاجىئەنىڭ دەۋاگىرى، ھەقدارى ۋە كۆزەتكۈچىسى سالاھىيىتىمىز بىلەن ئۆز خۇلاسىمىزنى يېزىشقا ھەقلىقمىز.

**ھەقدارلىق** ئى <قا> قەرزداردىن پۇل ـ مالنى قايتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدىكى قانۇنىي تەلەپ ۋە مەلۇم ھەرىكەتنى يۈرگۈزۈش ھەققىدىكى ھوقۇق.

**ھەقسىز** سۈپ ① ھەقلىق ئەمەس، ناھەق: مېنىڭچە ئۇنداق دېيىشكىمۇ ھەقسىزمىز. ② ھەق ئېلىنمايدىغان ياكى ھەق تۆلەنمەيدىغان؛ پۇلسىز: ھەقسىز ئوقۇتۇش. ھەقسىز ئەمگەك.

**ھەقسىزلىق** ئى. ناھەقلىق: ھەقىقەت پارقىرايدۇ، ھەقسىزلىق گۇم بولىدۇ.

**ھەققانىي** سۈپ [ ئە ] ھەقىقەتكە توغرا كېلىدىغان؛ توغرا، راست؛ ئادىلانە: ھەققانىي ئىش. ھەققانىي ئۇرۇش. ھەققانىي گەپ.

**ھەققانىيەت** ئى [ئە] ئادىللىق، توغرىلىق، ھەقىقەت: ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرماق، ھەققانىيەتنى قوغدىماق.* ھايات سەھنىسى قانچە پەردىلىك تىياتىر قويۇشقا راسلانغىنىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ يېشىمى گۈزەللىك، ئالىيجانابلىق، مەردلىك بىلەن ئاخىرلىشىپ، ھەققانىيەت غەلىبە قىلغان بولۇپ تاماملىنىدۇ، مانا بۇ ھاياتنىڭ ماھىيىتى.

**ھەققانىيەتپەرۋەر** سۈپ [ئە + پ] ھەققانىيەت تەرەپدارى، ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان، ھەققانىيەت ئۇچۇن كۈرەشىدىغان: گومىنداڭ دائىرىلىرى دەھشەتلىك ھەربىي ھەرىكەت قوزغاپ، مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان ھەققانىيەتپەرۋەر، خەلقچىللىقنى سۆيىدىغان كىشىلەرنى يىرتقۇچلۇق ئەلپازى بىلەن تۇيۇقسىز قولغا ئالدى.

**ھەققانىيەتپەرۋەرلىك** ئى. ھەققانىيەتنى ياقلاش، ھەققانىيەت ئۇچۇن كۈرەش قىلىش ۋە شۇ يولدىن يانماسلىق: نەسىردىن ئەپەندى ئوبرازىنىڭ گەۋدىلىك يېرى ئۇنىڭ خەلقپەرۋەر، ئادالەتپەرۋەر ۋە ھەققانىيەتپەرۋەرلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

**ھەققانىيەتچى** ئى. ئادىللىقنى، ھەققانىيەتنى ياقلىغۇچى كىشى: ئۇ بۈگۈنكى كۈندە كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان ئاجايىپ ئۆتكۈر شېئىرلارنىڭ ئاپتورى، ھەققانىيەتچى، جەڭگىۋار سىياسەتچى، ئۆتكۈر زېھىن ئىگىسى ئىدى.

**ھەققانىيەتچىل** سۈپ. ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرىدىغان، ھەققانىي ئىش قىلىدىغان، ئادالەتپەرۋەر: ھەيدەرنىڭ دادىسى ھېزىم ئاكام شۇنداق ھەققانىيەتچىل، ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىدى.

**ھەققانىيەتچىللىك** ئى. ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرۇش، ھەققانىيلىق: ئۇنىڭدا جۇڭگو ياشلىرىنىڭ روھىي قىياپىتى ۋە ھەققانىيەتچىللىكى تەرەققىيات يۆنىلىشى نۇقتىسىدىن ئىپادىلەپ بېرىلمىگەن.

**ھەققانىيەتسىز** سۈپ. ھەقىقەتكە توغرا كەلمەيدىغان، ئادىل بولمىغان، نائادىل، توغرا ئەمەس: ئۇنىڭ ھەققانىيەتسىز ھۆكمى مېنى قاتتىق غەزەپلەندۈردى.

**ھەققانىيەتسىزلىك** ئى. ھەققانىيەتسىز ئىش قىلىش، ئادىل بولماسلىق: رەشىت ئەپەندى فىرانسۇزچە سۆزلىشمىنى ياقتۇرغانلىقىنى، لېكىن خىزمەتداشلىرىنىڭ ماڭا نىسبەتەن ھەققانىيەتسىزلىك قىلغىنىغا تاقابىل تۇرالمىغانلىقىنى ئېيتتى.

**ھەققانىيەتلىك** سۈپ. ھەققانىيەت ئۇچۇن ئېلىپ بېرىلغان؛ ئاساسلانغان؛ ئادىل، ھەقىقىي: ئۇ ئېزىلگەنلەرگە ھەققانىيەتلىك ئۇلۇغ چېلىشنى ئۆگەتكەنىدى.

**ھەققانىيلىق** ئى. ھەققانىي ئىش قىلىش، توغرىلىق، ئادىللىق: ھەققانىيلىق بىلەن باھالىغاندا، مەۋجۇت پاتەم ئالدىنقى پاتەمنىڭ سەۋەبى بىلەنلا ئۆرلىيەلىدى.

**ھەققىدە** تىر. توغرىسىدا، توغرۇلۇق، ئۈستىدە: بۇ قوشاق تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ئەنە شۇ بايانداي ئۇرۇشى ھەققىدە توقۇلغان.

**ھەقلىق** سۈپ ① بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، ھوقۇقلۇق؛ ھەققى بار: سەن ئادەمسەن، ئۆزۈڭنى پەرىشتىدەك سىرلىق قىلىۋېلىشقا ھەقلىق ئەمەسسەن. ② يوللۇق، ئورۇنلۇق؛ توغرا، مۇۋاپىق: مەن ئىشىنىمەن، بۇ خەت سىزنى ئادىل پىكىر قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. سىز دوستلىرىڭىزنى ھەقلىق يوسۇندا ئەيىبلىيەلەيسىز!

**ھەقلىقلەشتۈرمەك** «ھەقلىقلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خەلق بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكە يەرلىك ھەم مىللىي قىممەتنى سىڭدۈرىدۇ، ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئىجتىمائىي، سىياسىي ئىگىدارلىقىنى ھەقلىقلەشتۈرىدۇ.

**ھەقلىقلەشتۈرۈشمەك** «ھەقلىقلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ھەقلىقلەشتۈرۈلمەك** «ھەقلىقلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىشلار بيۇروكراتلارنىڭ قارارى بويىچە ئەمەس، بەلكى خەلق ئىچىدىكى ئاقىللارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە مەسئۇل بولۇشنى چىقىش قىلغان مەسلىھەتلىرى ئاساسىدا ھەقلىقلەشتۈرۈلگەن جەمئىيەتتە، يامان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى ئاز بولىدۇ.

**ھەقلىقلەشمەك** پ. ھەق، يوللۇق، ئورۇنلۇق، توغرا ھالەتكە كەلمەك، ھەقلىق دەپ قارالماق، مۇۋاپىقلاشماق: ئاخىرىدا قەيسەرنىڭ پىكرى ھەقلىقلىشىپ، شۇ بويىچە ئىشلەش قارار قىلىندى.

**ھەق ـ ناھەق** توغرىلىق بىلەن ناتوغرىلىق، توغرا بىلەن سەپسەتە: ھەق ـ ناھەق ئايدىڭلاشتى.

**ھەققۇۋ** ئى. دىيال. ۋەج، بىسات، مال ـ دۇنيا.

**ھەقىقەت** ئى [ئە] <پەلس> ئوبيېكتىپ رېئاللىق ۋە ئۇنىڭ
قانۇنىيەتلىرىنىڭ كىشى مېڭىسىدىكى توغرا ئىنكاسى؛
توغرىلىق، چىنلىق؛ ھەقىقىي ئەھۋال: ھەقىقەتنى ئېيتماق. ھەقى ـ
قەتنى سۆزلىمەك.

**ھەقىقەتەن** رەۋ [ئە] ھەقىقىي رەۋىشتە، راستىنىلا: بوۋاينىڭ
ئارزۇسى ھەقىقەتەن ئەمەلگە ئاشتى.

**ھەقىقەتپەرۋەر** ئى [ئە + پ] ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغۇچى،
ھەقىقەت تەرەپدارى، ئادالەتپەرۋەر: 1945 ـ يىلى جاللات شېڭ
شىسەي دەھشەتلىك ھەربىي ھەرىكەت قوزغاپ، مىڭلىغان ھەقىقەت ـ
پەرۋەر، خەلقچىللىقنى سۆيىدىغان كىشىلەرنى يىرتقۇچلۇق ئەلپازى
بىلەن تۇيۇقسىز قولغا ئالدى.

**ھەقىقەتپەرۋەرلىك** ئى. ھەقىقەتنى ياقلاش، ھەقىقەتنى ھىما ـ
يە قىلىش، ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ۋە شۇ يولدىن
يانماسلىق: موللا زەيدىن ئوبرازىنىڭ گەۋدىلىك يېرى ئۇنىڭ خەلقپەر ـ
ۋەر، ئادالەتپەرۋەر ۋە ھەقىقەتپەرۋەرلىكىدە ئەكس ئېتىلىدۇ.

**ھەقىقەتچى** ئى. ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغۇچى، ھەقىقەتنى
ياقلىغۇچى، ھەققانىيەتچى: ھەقىقەتچى، ئادىل، خەلققە مەنپەئەت
يەتكۈزۈشنى ئىنسانىي بۇرچى دەپ بىلىدىغانلار ھامان كۆپ
سانلىق، ئۇلار ھەممىلا يەردە بار.

**ھەقىقەتچىل** سۈپ. ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغان، ھەقىقىي،
راست، ئادىل ئىش قىلىدىغان، ھەققانىيەتچىل، ئادالەتپەرۋەر،
راستچىل: ئادەم ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەقىقەتچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇ ـ
شى كېرەك.

**ھەقىقەتچىللىق** ئى. ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش، راستچىللىق،
ئەمەلىيەتچىللىق، ھەققانىيەتچىللىق: بىر ئادەمنىڭ ھەقىقەتچىللىقى
كەم بولسا، ئۇنداق ئادەم كىشىلەر نەزىرىدىن ئاسان چۈشۈپ قالىدۇ.

**ھەقىقەتچىلىك** ئى. ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش، ھەققانىيەتچىلىك.

**ھەقىقەتسىز** سۈپ. ھەقىقەت ئەمەس، ئادىل بولمىغان: ھەقى ـ
قەتسىز سوراق.* ھەقىقەتسىز سوئاللار ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرىغا
چۈشۈشكە باشلىدى، مېھراي بولسا خۇددى ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك
كۈلۈپلا تۇراتتى.

**ھەقىقەتسىزلىك** ئى. ھەقىقەت بىلەن ئىش قىلماسلىق،
ئادىلسىزلىق: شۇ پەيتتە مەن قاماقتىكى ھەقىقەتسىزلىك توغرىسىدا
ئويلىدىم.

**ھەقىقەتلەشتۈرمەك** «ھەقىقەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي
دەرىجىسى: ئۇ دېگەنلىرىنىڭ راستلىقىنى ئاخىرى ھەقىقەتلەشتۈردى.

**ھەقىقەتلەشتۈرۈشمەك** «ھەقىقەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ
ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ھەقىقەتلەشتۈرۈلمەك** «ھەقىقەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ
مەجھۇل دەرىجىسى: كۆڭلەرنىڭ ئۆتتۈشى بىلەن يالغان ئىشلار بىر
تۇركۇم ھەققانىيەتچى كىشىلەر تەرىپىدىن ھامان ھەقىقەتلەشتۈرۈلىدۇ،
بۇ بولسا ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتتۇر.

**ھەقىقەتلەشمەك** پ. ھەقىقەتكە ئايلانماق، ھەقىقەتىنى تاپماق،
ئىسپاتلانماق، ئېنىقلانماق، ھەقىقەتلەنمەك: ئۇنىڭ قىلغان تۆھمەت ـ
لىرى ئاخىرى ھەقىقەتلىشىپ، ئۇ خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋالاشتى.

**ھەقىقەتلەنمەك** «ھەقىقەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرد ـ
جىسى: بۇ مەسىلە ئاخىرى ھەقىقەتلىنىپ چىقتى.

**ھەقىقەتلىمەك** پ. ھەقىقەتىنى تاپماق، ئىسپاتلىماق؛ ئېنىق ـ
لىماق: تۆھمەت ھامان تۆھمەت، يالغاننى ھەقىقەتلەشكە ھامان كىشى
چىقىدۇ.

**ھەقىقىي** [ئە] ① سۈپ. راستتىنلا بار، ئەمەلىي مەۋجۇت
بولغان؛ راست، چىن، توغرا: ھەقىقىي ئەھۋال. ھەقىقىي ۋەقە.
ھەقىقىي بەخت. ② سۈپ. پاك، ساپ، سەمىمىي: ھەقىقىي نىيەت.
ھەقىقىي كۆڭۈل. * ھەقىقىي مۇھەببەت. ③ رەۋ. راست ھالدا،
چىنلىق بىلەن: ئەمگەكچىگە قاراپ ھەق ئېلىش ھەقىقىي ئەمەلىي ـ
لەشتى.

**ھەقىقىي سان** <مات> راتسىيونال سان بىلەن ئىرراتسى ـ
يونال ساننىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.

**ھەقىقىيلىق** ئى. ھەقىقىي بولۇش، ئەمەلىيلىك، راستلىق،
توغرىلىق: ۋەقەنىڭ ھەقىقىيلىكى.* مۇئەللىمنىڭ يۈرىكىدىن چىققان
بۇ ئاددىي سۆزلەردىكى ھەقىقىيلىق مۇسانىڭ بېشىنى تېخىمۇ ساڭگى ـ
لىتىپ، يۈزىگە قىزىللىق يۈگۈرتتى.

**ھەكىنە دەرۋازا** دىيال. ئۈستى تەرىپى شادىلىق دەرۋازا.

**ھەل** I ئى [ئە] <خىم> ئالتۇن، كۈمۈش، تۈچ ياكى
قوغۇشۇن، ئاليۇمىن قېتىشمىسىنىڭ ئۇۋۇندىسىدىن ياسالغان
بوياق: ھەل بەرمەك.* ماگىزىندىكى ئۈستىگە ھەل بېرىلگەن ھەر خىل
ئائىلە سايمانلىرى ئادەمنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتاتتى.

**ھەل** II سۈپ [ئە] بىر تەرەپ بولۇنغان، بىر تەرەپ قىلىنـ ـ
غان: ھەل بولماق. ھەل قىلماق.* ئۇزۇن يىللىق جاپالىق ئىزدىنىشتىن
كېيىن بۇ مەسىلە ئاخىرى ھەل قىلىندى.

**ھەل قىلغۇچ** ھەل قىلىش رولىنى ئوينايدىغان، ئەڭ مۇھىم،
نېگىزلىك: ھەل قىلغۇچ باسقۇچ. ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە.* «ئۇيغۇر
تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نىڭ مەيدانغا چىقىشى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات
ساھەسىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى.

**ھەلەپ** ئى [ئە] ئۇلاغقا بېرىش ئۈچۈن سامانىنى يۇيۇپ،
كېپەك ياكى قوناق ئۇنىنى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنـ ـ
ىدىغان ئوزۇقلۇق: ھەلەپ ئەتمەك. ھەلەپ بەرمەك.* ئەتىسى تاڭ
سەھەر داۋۇت ئاكام قويلارغا قوناق ئۇنىدا ھەلەپ يېگۈزۈۋېتىپ، ھويلىغا
چىقىپ تۇرۇشىغا، دەرۋازىنى بىرى قاتتىق ئىتتەرگەندەك قىلدى.

**ھەلەك** سۈپ [ئە] بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن بەند،
مەشغۇل، شۇ ئىشقا ئارتۇقچە ئۇرۇنغان؛ سەرسان، ئاۋارە: ھەلەك
بولماق. * مەن بارالماي ھەلەك، ئۇ بارمايمەن دەپ ھەلەك (ماقال).

**ھەلەكچىلىك** ئى. ئاۋارىچىلىك: ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىپ
كېلىۋاتقان قوشنىسىمۇ يىغىم ـ تېرىمنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن
ئۇنىڭغا قاراشقا ۋاقىت چىقىرالمىدى.

**ھەلەلەڭ** سۈپ. دىيال. ئەخمەق، گول.

**ھەلەم** رەۋ. جان ت. ئانچە ئاز ئەمەس، خېلى؛ خېلى كۆپ:
ياق، تۇرسۇن شۇجىنى بىلىسلەرغۇ، ئاچچىقى ھەلەم بار، ئاسانلا تېرد ـ
كىپ قالىدۇ، ـــ دېدى ئالاقىچى كېسىپلا.

**ھەلچى** ئى. ھەر خىل جاھاز ۋە سايمانلارغا ھەل بەرگۈچى
ئۇستا: بار ئىكەن، يوق ئىكەن، قەدىمكى زاماندا بىر پادىشاھنىڭ بىر
ياغاچچىسى بىلەن بىر ھەلچىسى بار ئىكەن.

**ھەلچىلىك** ئى. ھەل بېرىش ئىشى، كەسپى: ئۇنىڭ ئاكىسى
ماشىنا زاۋۇتىنىڭ ھەلچىلىك سېخىدا ئىشلەيتتى.

**ھەلقە** ئى [ ئە ] <دىن> سوپىلارنىڭ ھالقىسىمان ئولتۇرۇپ

تەكبىر ئېيتىش ئىشى: — سەلىمخان خەتمە ئوقۇتۇپ ھەلقە قىلدۇرماقچى بولۇپ چاقىرغانىكەن، شۇ يەرگە كېتىپ بارىمەن، — دېدى داۋۇت سوپى تۇرسۇنئاخۇنغا.

**ھەلقە سالماق** ھالقىسىمان ئولتۇرۇپ تەكبىر ئېيتماق، ھەلقە قىلماق: مۇرىتلار خانىقادا زىكرى ـ سۆھبەت قىلىشقاندا، ھەلقە سېلىشقاندا نەشە چېكىپ كەيپ قىلىشاتتى، ئاپاق خوجا بۇنداق ناشايان ئىشلارنى چەكلىمەيلا قالماستىن، بەلكى مەدەت بېرەتتى.

**ھەلقۇم** ئى [ئە] ئوزۇقلىنىش يولىنىڭ يۇقىرى قىسمى؛ كېكىردەك، كاناي، بوغۇز: ئونلاپ يىللار ئۆمۈر سۈرگەن بۇ قېرى قاغا شورلىشىپ كېپەك ئۆرلەپ كەتكەن تۇمشۇقىنى كېرىپ، ھەلقۇمىنى لىكىلدىتىپ تۇراتتى.

**ھەلىيە** ئى. تۆگىگە سېلىنىدىغان نوختا زەنجىرىنىڭ ئۇچىغا بېكىتىلىدىغان بىر غېرىچ يىپ.

**ھەم** [پ] ① باغل. قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىكى تەڭداش ئاددىي جۈملىلەرنى ۋە جۈملە تەركىبىدىكى تەڭداش سۆز، سۆز بىرىكمىلىرىنى بىر ـ بىرىگە باغلايدۇ: مەن بۈگۈن چۈشتىن كېيىن كىتاب كۆردۈم ھەم خاتىرە يازدىم. ② يۈك. جۈملىدە بىرەر بۆلەكتىن كېيىن كېلىپ، ئۇنى ئىنتوناتسىيە جەھەتتىن تەكىتلەش ياكى مەنىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، بۇنداق چاغدا «ـ مۇ» يۈكلىمىسىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ: — ھەئە، — دېدى بوۋاي ھەم مېنى تونۇغاندەك بولۇپ.

**ھەمەك** ئى ← **ھەمەك نان**: داستىخان سېلىنىپ، قوغۇن ـ تاۋۇز، ئالما، ئانار، ئۈزۈملەر، ئوخشىتىپ ياسالغان ئەنجۈر مۇرابباسى، ھەمەك، كاكچا، توقاچلار كەلتۈرۈلدى.

**ھەمەك نان** نېپىزلىتىپ، يۇپقىلىتىپ ياققان نان.

**ھەمەل** I ئى [ئە] <تېب> ئىچىنى تازىلاش ياكى داۋالاش ئۈچۈن ئارقا يولدىن سۇ ياكى بىرەر سۇيۇقلۇق بېرىش.

**ھەمەل** II [ئە] <ئاستر> ← **ھەمەل بۇرجى**.

**ھەمەل بۇرجى** <ئاستر> ئېكلىپتىكىدىكى 12 ـ بۇرجىنىڭ بىرىنچىسى. بەلگىسى r، ئاسترونومىيەلىك ئۇزۇن-لۇقى °0تىن °30 قىچە. ئەسلىي ئورنى ھەمەل يۇلتۇز تۈركۈ-مىدە بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھوت يۇلتۇز تۈركۈمىگە يۆتكەلگەن، ھەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىنىڭ ئالدى ـ كەيند-ىدە قۇياش بۇ بۇرجقا كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى مەۋسۇم ئەتىيازلىق كۈن تەڭلىكى بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئەتىيازلىق كۈن تەڭلىكى نۇقتىسى «ھەمەل بۇرجىنىڭ بىرىنچى نۇقتىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ھەمەلچە** ئى ① <تېب> ھەمەل، كىلىزما قىلىشتا ئىشلى-تىلىدىغان رېزىنكە نەيچە. ② كىچىك باللارنىڭ مەقئەت ئېغىزىنى تازىلاش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدىغان پەلكۈچ.

**ھەمپىكىر** ئى [ پ + ئە ] پىكرى، چۈشەنچىسى ئوخشاش كىشى، پىكىرداش، مەسلەكداش: مۇنىرىدىن خوجا، شائىر بىلال ئەزىزى قاتارلىقلار ھەمپىكىر ئاقسۇ ياشلىرى بىلەن گومىنداڭغا قارشى يوشۇرۇن سەپ ئۇيۇشتۇردى.

**ھەمپىكىرلىك** ئى. پىكرى، چۈشەنچىسى ئوخشاشلىق، پىكىرداشلىق، مەسلەكداشلىق: بۇ يېڭى سۆھبەتدىشىمنىڭ مەن بىلەن ھەمپىكىرلىكى مېنى ئىلھاملاندۇردى.

**ھەمتاۋاق** ئى [پ + ئە] ئۆزى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ بىر داستىخاندا تاماق يېگەن كىشى، ھەمداستىخان: ئۇنىڭ بىلەن ھەمتاۋاق بولۇپ چاي ئىچىۋاتقان شاپاق دوپپىلىق، شاپ بۇرۇت كىشى-نىڭ ئىسمى قادىر ئىدى.

**ھەمتاۋاقلىق** ئى. بىر داستىخاندا بولۇش، بىر داستىخاندا تاماق يېيىش، بىللە غىزالىنىش: بۇ قېتىمقى ھەمتاۋاقلىق ئۇلارنى خېلى يېقىنلاشتۇرۇپ قويغانىدى.

**ھەمتەقدىر** ئى [ پ + ئە ] تەقدىرى بىر، تەقدىرى ئوخشاش كىشى، تەقدىرداش: يېتىم ئوغۇل كېيىنكى 22 يىللىق ھاياتىنى ئەل غەملىرىنى كۆيلەشكە بېغىشلىغان، ئەل بىلەن ھەمنەپەس، ھەمتەقدىر، ھەمپىكىر، ھەمدەرد بولۇپ ياشىغان.

**ھەمجەھەت** ئى [پ + ئە] ئىتتىپاق، ھەمكارلىشىش؛ ھەمكارلىق: ھەمجەھەت بولماق.* بۇ ئىبقىملار ئەينى زاماندا فېئودا-لىزم، خەلىپىلىك ۋە ئىسلامىيەتكە قارشى خەلقئارا ھەمجەھەتكىمۇ ئىگە ئىدى.

**ھەمجور** سۈپ [پ] بىر ـ بىرىگە ماس، بىر ـ بىرىگە جور: ھەمجور بولماق.* تۇرسۇن لاي چەيلەۋاتقاندەك ھە دەپ ئالدى ـ كەينىگە ماڭاتتى، ئۇنىڭغا ھەمجور بولۇپ ئوتتۇرىغا چۈشكۈدەك ھېچكىم بولمى-دى. * ئون نەچچە ئوغۇل ـ قىز شوخلۇق بىلەن ناخشا ئېيتىپ، سازغا ھەمجور بولدى.

**ھەمجىنس** ئى [پ + ئە] بىر جىنسقا ئائىت، بىر جىنستى-كى؛ جىنسداش: ھەمجىنس ئادەم. ھەمجىنس بالا.* يىراقتىن ئىككى كۆلەڭگە كۆرۈندى، يېقىنلاشقاندا بىلدىمكى، ئۇلار ھەمجىنس بالىلار ئىكەن.

**ھەمجىنسلىق** ئى. بىر جىنسقا ئائىت. بىرجىنستىكى كىشىلەر، جىنسداشلىق: زاھىد ئۇ قىزنى چاشقاننىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ، ئۇ ھەمجىنسلىق تۈپەيلىدىن ماقۇل بوپتۇ.

**ھەمد** ئى [ئە] <دىن> خۇدا شەنىگە ئېيتىلغان مەدھىيە، ماختاش.

**ھەمداستىخان** ئى. ئۆزى بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ غىزالانغۇچى كىشى: ھەمداستىخان بولماق.* كۆرۈپ كەت بىر كېلىپ يۇرتنى، ۋەتەنداشلارغا مېھمان بول! قېرى ـ ياشلارغا ھەمداستىخان، تۇزۇپ سۆھبەتنى داستان بول!

**ھەمدە** باغل. جۈملىدە تەڭداش ئىككى بۆلەكنى ياكى ئىككى ئاددىي جۈملىنى بىر ـ بىرىگە باغلايدۇ، رولى «ھەم»، «ۋە» لەر بىلەن ئوخشاش: ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەخلاقىمۇ قانۇنغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ھەمدە جەمئىيەتتە ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تۇتىدۇ.

**ھەمدەپنە** ئى [ پ+ئە ] بىللە دەپنە قىلىنغان، بىللە كۆمۈلگەن بايلىق، خەزىنە ۋە تۇرمۇش جابدۇقلىرى قاتارلىق نەرسىلەر: ئالتۇندىن سوقۇلغان بۇ زىبۇزىننەتلەرنىڭ لايىھەلىنىشى ئۆزگىچە، نەپىس بولۇپ، ئارخېئولوگلار بۇ نەرسىلەرنى تەخمىنەن 4100 — 4200 يىل بۇرۇنقى نەرسىلەر، بۇلار شىراسىيانلارنىڭ ھەمدەپنە بۇيۇملىرى، دەپ ھۆكۈم قىلغان.

**ھەمدەرد** ئى [پ] باشقىلارنىڭ دەردىگە، غەم ـ قايغۇسىغا يېتىپ، ئۇنىڭ غېمىنى يېگۈچى؛ دەرداش: ھەمدەرد بولماق.* ئانىسىنىڭ يېقىنلىرى بۇ خەۋەرنى ئۆزلىرىنىڭ ھەمدەردلىرىگە يەتكۈز-دى.

**ھەمدەردلىك** ئى. باشقىلارنىڭ دەردىگە يېتىش، دەرداشلىق: دېھقان بۇ ناتونۇش كىشىنىڭ كۆزلىرىدىكى ھەمدەردلىك ئىپادىسىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا يول قويدى.

**ھەمدەم** ئى [پ] باشقىلار بىلەن كۆپىنچە بىللە بولى-

دىغان، سۆھبەتلىشىدىغان، يار ـ يۆلەك بولىدىغان ئادەم؛ ئۆلپەت: خاسىيەت مىس چەينەكتە چاي دەملەپ، قولى بوشىغاندىن كېيىن ئۇستامغا يېقىن ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىشنى ھەمدەم بولاتتى.

**ھەمدەم خىيال** خام ـ خىيالنى تولا قىلىدىغان، خىيالپەرەس: «ئۇنىڭدا ۋاپا يوق، ئالىمادىن كېيىن بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، بۇ ھەمدەم خىيال قورقۇنچاق بىزنى ئاۋارە قىلىشى مۇمكىن»، دەپ ئويلىدى ئۇ.

**ھەمدەملەشتۈرمەك** «ھەمدەملەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: لەرزان شامال دەرەخ شاخلىرىنى بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ياخشى ئارزۇسىغا ھەمدەملەشتۈرمەكچى بولغاندەك، تەزىم قىلدۇرۇپ ئېگەتتى.

**ھەمدەملەشتۈرۈشمەك** «ھەمدەملەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ھەمدەملەشتۈرۈلمەك** «ھەمدەملەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ لۇغەتنى ئىشلەش جەريانىدا دەم ئېلىشقا چىققان بەش نەپەر پېشقەدەم لۇغەتشۇناس تەكلىپ بىلەن ھەمدەملەشتۈرۈلدى.

**ھەمدەملەشمەك** پ. ئۆز ئارا ھەمدەمدە بولماق، ھەمكارلاشماق، ياردەملەشمەك: ئادىل دادىسىغا ھەمدەملىشىپ، ماشىنىنى بىر دەمدىلا رېمونت قىلىپ بولدى.

**ھەمدەملىك** ئى. باشقا يار ـ يۆلەكتە بولۇش، ياردەمچىلىك، ئۆلپەت: بۇ قاراشتىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئوتتەك بىر ھارارەت تارقىدى ۋە ئۇ ھارارەتتە ياشلىق، مۇھەببەت، تىلەكداشلىق ھەم ئېيتىشخارىنىڭ تەڭداشسىز ھەمدەملىكىنى ھېس قىلدى.

**ھەمدۇسانا** ئى [ئە] <دىن> تەڭرى، پەيغەمبەرلەر ياكى باشقىلارنىڭ شەنىگە ئېيتىلىدىغان مەدھىيە، ئالقىش سۆزلىرى، رەھمەت، تەشەككۈر: ھەمدۇسانا ئوقۇماق. ھەمدۇسانا ئېيتماق.

**ھەمراھ** [پ] ① ئى. بىللە سەپەر قىلىدىغان، خىزمەت ئىشلەيدىغان ياكى بىللە ياشايدىغان كىشى؛ ھەمسەپەر؛ يولداش: ھەمراھ بولماق. ھەمراھ قىلماق. ② ئى <ئاستر> پىلانېتانى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان ئاسمان جىسمى. ئۆزى نۇر تارقاتمايدۇ. مەسىلەن، ئاي يەر شارىنىڭ ھەمراھى بولغىنىغا ئوخشاش. ③ سۈپ. يولى ياكى يۆنىلىشى بىر تەرەپكە قارىتىلغان، يولى بىر: ھەمراھ شامال. ھەمراھ دەرەخ. ھەمراھ ئايروپىلان. ④ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ھەمراھسىز** سۈپ. ھەمراھى، يولدىشى يوق، يەككە، يالغۇز: ھەمراھسىز سەپەرگە چىقماق.* ــ شۇ ۋاقىتلاردا ھەمراھسىز ئۆتكىنىم راست، چۈنكى بىراۋدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىم ئۈزۈلگەن، ھەمراھىم ماڭا ھەمىشە ئۈمىدسىزلىكنىلا بېرەتتى، ــ دېدى ئۇ.

**ھەمراھلاشماق** پ. ھەمراھ بولماق: يول بويى ھەمراھلىشىپ كەلگەن بىر يولۇچى چاقىرغاندىلا خىيالغا كەتكەن ھاشىم ئاكام ئاندىن ئېسىنى يىغىپ، خۇرجۇننى ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن سۇنۇۋالدى.

**ھەمراھلىق** ئى. ھەمراھ بولۇش، يولداشلىق: ئوردۇباشى بىلەن سۇباشىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوغۇلچاق بۇغراخان ئولتۇرغان ئوردىغا خاس جابدۇنغان ئىككى ھارۋا بۇتخانىنىڭ قاپقىسى ئالدىدىكى كىچىككىنە مەيداندا توختىدى.

**ھەمزە** ئى [ئە] ئەرەب ئېلىپبەسىدە بوغۇز تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە (ء).

**ھەمسات** رەۋ. دىيال. بىردەم، دەرھال، شۇئان، شۇدەم.

**ھەمسال** سۈپ. دىيال. تەڭتۇش، قۇرداش.

**ھەمسەپەر** ئى [پ + ئە] بىللە سەپەر قىلغان ئادەم، سەپەرداش: ھەمسەپەر بولماق. * ئۇ ھەمسەپەرلىرىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە ئانچە ـ مۇنچە قوشۇق سېلىپمۇ قوياتتى.

**ھەمسورۇن** ئى. ئۆزى بىلەن بىر سورۇندا، بىر داستىخاندا بىللە بولغان كىشى: ھەمسورۇن بولماق.* مۇقامچىلار ئىچىدە قەشقەرلىق ئاكا ـ ئۇكا ھېلىم ئاخۇن، سېلىم ئاخۇن، يەكەنلىك سېتىۋالدى قاتارلىق كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار مۇشۇ تەۋەككۇل ئاخۇننىڭ ھەمسورۇنلىرى، يەنە بىر تەرەپتىن شاگىرتلىرى ئىدى.

**ھەمسۆھبەت** ئى [پ + ئە] بىرەر سورۇندا بىللە سۆھبەتلەشكەن، سۆھبەتتە بىللە بولغان كىشى؛ سۆھبەتداش: ھەمسۆھبەت بولماق.* ئۇ مەخسۇت ئاخۇننىڭ ئازادە دۇكىنىدا چاچ ـ ساقال ئالدۇرغاچ پىكىرداش، ھەمسۆھبەتلىرى بىلەن نۇرغۇن قېتىم ئۇچرىشىپ قېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ كەلگەنىدى.

**ھەمشەھەر** ئى [پ] بىر شەھەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، بىر يۇرتلۇق: ئۇنىڭ مەن بىلەن ھەمشەھەر بولۇپ چىققىنى تولىمۇ ياخشى بولغانىدى.

**ھەمشېرىك** ئى [پ + ئە] ئۆزى بىلەن بىرەر ئىشتا شېرىكلەشكەن ياكى شېرىكلىشىدىغان كىشى: ھەمشېرىك بولماق.* پەخىردىن بىرقانچە ھەمشېرىكلىرىنى باشلاپ كىرىپ، ئۆيىنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋەتكەن بولسىمۇ ھېچنېمە تاپالمىدى.

**ھەمشىرە** ئى [پ] ① قىز قېرىنداش: سەلىمەنىڭ ئىككى ھەمشىرىسى بار ئىكەن. ② كۆچمە. دوختۇرخانىلاردا، بولۇپمۇ ئۇرۇش مەزگىللىرىدە يارىدارلارغا قارايدىغان، ئۇلارنىڭ يارىلىرىنى تېڭىش، ئوكۇل سېلىش قاتارلىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىغان ئايال خادىم: شەپقەت ھەمشىرىسى.

**ھەمشىۋا** ئى <بوت> تۇگمىگۈل ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى بۆرەك شەكلىدە ياكى يۇمىلاق. گۈلى كىچىك، سۇس قىزىل رەڭلىك. يۇمران ئۈچلىرى ۋە يۇمران يوپۇرماقلىرىنى كۆكتات قىلىشقا بولىدۇ.

**ھەمقەدەم** ئى [پ + ئە] تەڭ بېسىلغان قەدەم؛ تەڭ ئىلگىرىلەش، تەڭ راۋاجلىنىش: بىر مىللەتنىڭ نامى شۇ مىللەتنىڭ ۋۇجۇدى بىلەن ھەمقەدەمدۇر.

**ھەمكار** ئى [پ] بىرەر ئىشنى باشقىلار بىلەن بىللە بېجىرگۈچى، ياردەملەشكۈچى: پاراغەت ئىزلىسەڭ ئەسلا بىلمىدىن ئۆزگە يار تۇتما، سېنىڭ قەدرىڭنى ساقلاشتا بىلىمدەك ياخشى ھەمكار يوق.

**ھەمكارلاشتۇرماق** «ھەمكارلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەستە قالدۇرۇشتا كۆز، قۇلاق، ئېغىزنى ھەمكارلاشتۇرۇش لازىم. بۇنىڭ ئۈنۈمى ئاڭلىغان ياكى كۆرگەنگە قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ.

**ھەمكارلاشتۇرۇشماق** «ھەمكارلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ھەمكارلاشتۇرۇلماق** «ھەمكارلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ تەتقىقاتنى ئىشلەش جەريانىدا دەم ئېلىشقا چىققان ئۈچ نەپەر پېشقەدەم تىلشۇناس تەكلىپ قىلىنىپ ھەمكارلاشتۇرۇلدى.

**ھەمكارلاشقۇچى** ئى. بىرەر ئىشنى باشقىلار بىلەن بىللە بېجىرگۈچى، ياردەمدە بولغۇچى، ئۆز ئارا ياردەملەشكۈچى، ھەمدەملەشكۈچى: بۇ قېتىمقى يىغىننى ئىتالىيەنىڭ بىر زاۋۇتى تەشكىللىگەن بولۇپ، مەن جۇڭگودىن ھەمكارلاشقۇچى كارخانىلارنىڭ

مۇناسىۋەتلىك خادىملىرى بىلەن ئۆگىنىش، ئېكسكۇرسىيە قىلىش ھېسابىدا كېتىۋاتاتتىم.

**ھەمكارلاشماق** پ. ياردەمدە بولماق، ئۆزئارا ياردەملەشمەك: مەن دادامغا ھەمكارلاشقاچ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىنى كۈتتۈم.

**ھەمكارلىق** ئى. بىرەر ئىش، ۋەزىپە، خىزمەت قاتارلىقلارنى بىرقانچە ئادەم ياكى بىرقانچە ئورۇن ئۆزئارا ماسلىشىپ ئىشلەش، ئورۇنلاش: ئىقتىسادىي ھەمكارلىق. * خىزمەتتە ئۆزئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتكەندىلا، ئاندىن كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.

**ھەمكام** سۈپ. دىيال. ئىناق، ئىتتىپاق.

**ھەمكەسىپ** ئى [پ + ئە] بىركەسىپتە ئىشلىگۈچى، كەسىپداش: — خاقانىم، بۇ ھادىسىگە ئۇچرىغۇچە، ئەتىگەندە ھەمكەسىپ بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيىدە زىياپەتتە بولدۇم، — دەپ سۆز باشلىدى ماشىنىچى.

**ھەملە** ئى [ئە] يېزت. ئادەم ياكى نەرسە ئۈستىگە تاشلىنىش؛ ھۇجۇم: ھەملە ئېيلىمەك. ھەملە قىلماق.* ناھايەت تېز چېپىقىندەك ھەملە ئېيلەپ، قارا قۇشنىڭ بېشىنى ئۇزدى چىشلەپ.

**ھەممە** ئال [پ] ① مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ تولۇق سان - مىقدارى ئورنىدا كېلىپ «بارلىق، پۈتۈن، پۈتكۈل، جىمى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ھازىر ئۇنىڭ ئۆيىدە كىچىك تىراكتور، ۋېلىسىپىت، هارۋا، ئۈنئالغۇ... ئىشقىلىپ ھەممە نەرسە بار. ② «خىلمۇخىل» ياكى «ھەرقانداق» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ: ئۇنىڭ قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ.

**ھەممە قازاندا قاينىماق** تۇرمۇشنىڭ ھەممە ئاچچىق - چۈچۈكىنى تېتىماق، ھەممە ياخشى - يامان يوللاردا ماڭماق: ئۇ ياش چېغىدىلا ھەممە قازاندا قايناپ چىققانىدى، شۇنداق بولغاچقىمۇ بەزى قىيىنچىلىق ئالدىدا ئانچە ۋاي دەپ كەتمەيتتى.

**ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىمەك** ھەممىگە بىر خىل پوزىتسىيە تۇتماق، ھەممىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلماق: سىياسەت بويىچە ئىش قىلىش كېرەك، ئەمدى ئىلگىرىكىدەك ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە بولمايدۇ.

**ھەممەيلەن** ئال. ھەممە كىشى، ھەممە ئادەم: بۇ مەسلىھەت شاھ باشلىق ھەممەيلەنگە ناھايىتى خۇش كەپتۇ.

**ھەمنەپەس** سۈپ [پ + ئە] نىيىتى، مەقسىتى، ھەرىكىتى بىر، يېقىن ئۇلپەت، يېقىن دوست؛ بىر - بىرىگە يار - يۆلەك: ھەمنەپەس بولماق.* ئۇ «ئىنقىلاب» يىللىرىدا ئۆتكۈزگەن شاھانە تۇرمۇش، ھەمنەپەس يارەنلىرى، «جەڭگىۋار سەپداش»لىرىنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى.

**ھەمنەپەسلىك** ئى. نىيىتى، مەقسىتى، ھەرىكىتى بىر بولۇش؛ يار - يۆلەكلىك: قىز قەلبىنىڭ ياشلىق تىلەكلىرىگە ھېسداشلىق، ھەمنەپەسلىك سادالىرى ئاڭلىنىپ تۇرغان بۇ خەت ھاياتقا قىز بىلەن ئوخشاش قارايدىغان بىر قەلب ئىگىسىنىڭ تىلەكلىرىنى بايان قىلغانىدى.

**ھەمزەك** ئى. تېگى كۆك، گۈللۈك ماتا: شۇنى دېيىش كېرەككى، تامغا تارتىلغان ھەمزەك زەدىۋال بىلەن شىرە ئۈستىگە قويۇلغان قاداق چىنە، پۇچۇق غېدىر، نىمكەش چۆچەكلەرنى دېمىگەندە، بۇ يەرنى ئۆيگە ئوخشىتىشمۇ قىيىن ئىدى.

**ھەمىشە** رەۋ [پ] ھەرقانداق ۋاقىت، ھەممە ۋاقىت، ھەر چاغ، دائىم: ئۇ ئادەملەر بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، ھەمىشە سەمىمىي ۋە قىزغىن ئىدى.

**ھەمياستۇق** ئى. بىر ياستۇقتا باش قويغۇچى، بىر ياستۇقتا ياتقۇچى: ھەمياستۇق بولماق* ئۇنىڭ ئەنۋەر بىلەن ھەمياستۇق بولغىنىغا يەتتە يىل بولغان بولسىمۇ، بەزىدە ئۇنى تولۇق چۈشەنمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى.

**ھەميان** ئى [پ] پۇل سېلىپ يېنىدا، يانچۇقىدا ئېلىپ يۈرىدىغان قاپچۇق؛ پورتمان: جامائەت يانچۇق ۋە ھەميانلىرىنى ئاختۇرۇپ، مەيدانغا ئارقا - ئارقىدىن يارماق ھەم داچەنلەرنى ياغدۇردى.

**ھەنەفىيلەر** ئى <دىن> ئىسلام مەزھەپلىرىدىن بىرى. ئاساسچىسى ئەبۇ ھەنەفىي. بۇ مەزھەپ شافىئىيلەر، مالىكىلەر ۋە ھەنبەلىيلەر بىلەن بىللە سۈننىيلارنىڭ تۆت چوڭ مەزھىپىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**ھەنبەلىيلەر** ئى <دىن> ئىسلام مەزھەپلىرىدىن بىرى، يەنى سۈننىيلارنىڭ تۆت چوڭ مەزھىپىنىڭ بىرى. ئاساسچىسى ئىمام ئەھمەد بىننى مۇھەممەد بىننى ھەنبەلىيدۇر.

**ھەندەسە** ئى [ ئە ] <مات> يېزت. گېئومېترىيە: دىنىي كىشى بولماق ئۈچۈن دىنىي بىلىملەرنى ئوقۇش، ئۆگىنىش بىلەن بىللە يەنە ھېساب، ھەندەسە، تارىخ، زىرائەت ئىلىملىرى كەبى پەننىي بىلىملەرنىمۇ بىلمەك لازىمدۇر.

**ھەننىۋا** سۈپ. جان ت. ھەممە، بارلىق، جىمى: مەن بەزى ئىشلارنىڭ تېگىنى بىلمەيدىكەنمەن، پات يېقىندا ھەننىۋا سىر ئېچىلىدۇ.

**ھە - ھۇ** «ھە» ۋە «ھۇ» غا ئوخشاش ئاۋاز: چاقپەلەك چۆرگۈچى يىگىتلەرنىڭ ھە - ھۇلىرى خۇشاللىق تاشقىنىدەك گۈرۈلدەيتتى.

**ھە - ھۇ بىلەن** قولمۇقول؛ ھەممەيلەن ھەرىكەت قىلىپ؛ سالا - سۇلھى بىلەن: لەشكەرلىرىمىز دېمىنى ئېلىپ ماغدۇرىغا كېلىۋالسۇن، ئاندىن كېيىن بىرلا ھە - ھۇ بىلەن ئۇلارنى يوق قىلىۋېتەلەيمىز.

**ھە - ھۇ دېگۈچە** تېز ئارىدا، بىردەمدە، بىرپەستە، ھەش - پەش دېگۈچە: ئۇ ھە - ھۇ دېگۈچە 15 دۈشمەننى يەر چىشلەتتى.

**ھە - ھۇ دېمەك** ياردەمدە بولماق، ھەمكارلاشماق، ماسلاشماق: مانا بۇ ئىشتا سەنمۇ ھە - ھۇ دېگىن.

**ھە - ھۇچىلار** <تەن> تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە، بىر ياقتا تۇرۇپ تەنھەرىكەتچىلەرگە مەدەت بەرگۈچى كىشىلەر.

**ھەۋەس** ئى [ئە] بىرەر نەرسىگە بولغان قىزىقىش؛ ئىنتىلىش؛ ئارزۇ، ئىستەك: ئىش باشقا، ھەۋەس باشقا.

**ھەۋەسكار** ئى [ئە+پ] بىرەر نەرسىگە قىزىقىدىغان، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان ياكى ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغان: لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھەۋەسكار رەسسام بولۇپ، رەسىملەرنى خېلى ئەپچىل سىزاتتى.

**ھەۋەسكارلىق** ئى. بىرەر نەرسىگە قىزىقىش، ئىنتىلىش ۋە مۇشۇنداق مىجەز: سادىر ئۇ ھەقتىكى قىزىقىش - ھەۋەسكارلىق كەچۈرمىشلىرىنى كېچە - كېچىلەپ ھېكايە قىلىپ شەرۋانەمگە سۆزلەپ بېرەتتى.

**ھەۋەسلەندۈرمەك** «ھەۋەسلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇش، قىلمىش - ئەتمىشلىرىدىن كۆرگۈچىنى ھەۋەسلەندۈرگۈدەك بىر خىل ئۇلۇغۋارلىق، ئېسىللىق بالقىپ تۇراتتى.

**ھەۋەسلەندۈرۈشمەك** «ھەۋەسلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ھەۋەسلەندۈرۈلمەك** «ھەۋەسلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ

مەجھۇل دەرىجىسى.

**ھەۋەسلەنمەك** پ. بىرەر نەرسىگە ئىرىشىشنى ئارزۇ قىلماق، ھەۋەس قىلماق. ئىنتىلمەك، قىزىقماق: يىگىت قىزغا ھەۋەسلىنىپ قارىدى.

**ھەۋەسلىك** سۈپ. ھەۋىسى بار، ھەۋەس قىلىدىغان: ئۇ دولان مەشرەپلىرىنىڭ ھەۋەسلىك تىڭشىغۇچىسى، ئەلنەغمىلىرىنىڭ قىزىققۇچىسى ئىدى.

**ھەۋەسلىنىشمەك** «ھەۋەسلەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كۆپچىلىك بۇ ئۇسسۇلچى گۈزەل قىزغا ھەۋەسلىنىشىپ قاراشتى.

**ھەۋەسمەن** سۈپ [ئە + پ] بىرەر نەرسىگە ھەۋەس قىلىدىغان، قىزىقىدىغان ۋە ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان ياكى ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغان: ئاكام مۇزىكا ئۆگىنىشكە تولىمۇ ھەۋەسمەن كىشى ئىدى.

**ھەۋەسمەنلىك** ئى. بىرەر نەرسىگە ھەۋەس بىلەن قىزىقىش، بېرىلىش ۋە مۇشۇنداق مىجەز ۋە خاراكتېر: بىرپەستىن كېيىن قىرائەتخانىغا كۆرۈنۈشىدىن غەمسىز ۋە ھەۋەسمەنلىكى چىقىپ تۇرىدىغان تىپىك دېھقان سىياقىدىكى بىر كىشى كىرىپ كەلدى.

**ھەۋزىكەۋسەر** ئى [ئە] <دىن> جەننەتتىكى سۈلىرى تىنىق ۋە شېرىن دەپ تەرىپلىنىدىغان كەۋسەر ناملىق بۇلاق: ئاھكىم زالىم پەلەك قىلماقچىمۇ سەندىن جۇدا، ھەۋزىكەۋسەردەك سۆيۈگىدە لايىقى مېھمان ئىدىم.

**ھەي** ئىم ① بىركىمنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش، چاقىرىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: — دىلبەر، ھەي دىلبەر! - يىراقتىن بىرەيلەننىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ كەلدى. ② پۇشايمان قىلىش، ئەپسۇسلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: بەزىلەر سەن نېمىنى بىلىسەن دەيدۇ، مەن نېمىشقا بىلمەيدىكەنمەن، شۇنچە ۋاقىت بىللە ئىشلىگەن تۇرسام، ھەي، ئادەمنىڭ دوستىدىن دۈشمىنى تولا بولىدىكەن. ③ زوقلىنىش، رازى بولۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: — بوش كەلمىدىڭىز، ھەي يامان قىز، ھەي... — دېدى شائىر رەئىسنىڭ كۆلكىسىنىڭ پەسىيىشىگە ئۈلگۈرتۈپلا زۇلپىيەگە قاراپ. ④ ئېچىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: — ئۇكام كەنجىتاي، دادام، مېھرىبان ئانام بىچارىلەر، ھەي ... بۇ كۈنلەرنى كۆرەلمىدى، خەپ! ⑤ تەقەززالىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ھەي... كېچىكىپ قالىدىغان بولدۇق - تە! ⑥ يىرگىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ھەي... نېمىدېگەن سەت مەخلۇق بۇ!

**ھەيئەت** ئى [ئە] ① بىرەر ۋەزىپىنى بېجىرىشكە بەلگىلەنگەن، ئاجرىتىلغان ياكى سايلانغان كىشىلەر گۇرۇپپىسى: ئىمتىھان ئېلىش ھەيئىتى، تەكشۈرۈش ھەيئىتى. ② شۇ خىل گۇرۇپپا، تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى: ھەيئەتلەر سەھنىدىن ئورۇن ئېلىشتى.

**ھەيئەت رىياستى** يىغىننى باشقۇرغۇچى كىشىلەر گۇرۇپپىسى.

**ھەيئەتلىك** ئى. ھەيئەتكە يۈكلەنگەن ۋەزىپە، ھەيئەت ئۆتەشكە تېگىشلىك خىزمەت: ياچېيكا ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللىنىش ئارقىلىق ئۇ ياچېيكىنىڭ تەشۋىقات ھەيئەتلىكىگە تولۇقلىنىپ سايلاندى.

**ھەيتاڭھەي** ئىم [ ھەي+ تاڭ + ھەي ] سۆزىنىڭ كۈچەيتىلىپ ئېيتىلىشى: — ھەيتاڭھەي، ھەرقانچە بولسىمۇ ئۆز ۋەجىنى بىلمەي قالامدۇ؟ — دېدى ئۇ ماڭا.

**ھەيدەتمەك** «ھەيدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يىغىندا يېڭىدىن سېتىۋالغان ماشىنىنى كىمگە ھەيدىتىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى.

**ھەيدەشتۇرمەك** پ. ھەيدەش، ئىتتىرىش ۋە شۇ خىلدىكى ھەرىكەتلەرنى قىلماق، ھەيدىمەك: ئۇلار مېنى ھەيدەشتۇرۇپ سەھنىگە ئېلىپ چىقىشتى.

**ھەيدەشمەك** «ھەيدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىشەك باقارلار سىرتتا ئامبالنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغان پۇقرالارنى مەجبۇرىي ھەيدەشكەندىن كېيىن چوڭ دەرۋازىنى تاقىۋېتىشكە تۇتۇندى.

**ھەيدەكچى** ئى ① بىرەر ئىشنى قىلىشقا ھەيدەيدىغان، شۇ ئىشنىڭ قىلىنىشىنى سۈيلەيدىغان ئادەم: ھەيدەكچى ئىشكنى غىچچىدە ئېچىپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. ② بىرەر ئىش - ھەرىكەتنىڭ باشلىنىش، يۈز بېرىش ۋە ئەمەلگە ئېشىشىغا سەۋەب بولغان نەرسە: تۈرتكە، مەدەت، ئىلھام: ھەيدەكچى بولماق.

**ھەيدەكچىلىك** ئى. بىرەر ئىشنى قىلىشقا سۈيلەش ۋە ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا تۈرتكە، ئىلھام بولۇش: ھەيدەكچىلىك قىلماق.* خورما رەڭ چاپانلىق يىگىت ئاشۇنداق خىلمۇ خىل خىياللارنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە ھېيتگاھقا قانداق كېلىپ قالغىنىنىمۇ سەزمەي قالدى.

**ھەيدەلمەك** «ھەيدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: خەلچەخان ئانا ھويلىغا كىرىش بىلەن ئۆزلىرىگە تەئەللۇق بولغان تۆت پۇڭ يەرنىڭ ھەيدىلىپ، تېرىلىپ، سۆرەمدىن چىقىپ بولغانلىقىنى ئاڭلىدى.

**ھەيدىمەك** پ ① بىرەر تەرەپكە، بىرەر جايغا قاراپ مېڭىشقا قىستىماق، بېرىشقا مەجبۇر قىلماق؛ قوغلىماق: ئىشقا ھەيدىمەك. تاغقا ھەيدىمەك. ② ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرماق (ئوي - پىكىر، خىيال، ھېس - تۇيغۇ قاتارلىقلار ھەققىدە): لېكىن مۇنۇ زەي ئۇنىڭ شېرىن خىيالىنىمۇ، كۆزى يېتىپ تۇرغان پىلانلىرىنىمۇ نېرى ھەيدىۋەتتى. ③ موتورلۇق ياكى موتورسىز قاتناش ۋاسىتىلىرىنى باشقۇرۇپ ماڭدۇرماق: قېيىق ھەيدىمەك. تىراكتور ھەيدىمەك. ④ بوشاتماق، ئېلىپ تاشلىماق (ئىش، خىزمەت قاتارلىقلار ھەققىدە): ئىشتىن ھەيدىمەك. ⑤ مەخسۇس ئەسۋاب بىلەن يۇمشاق ئاغدۇرماق، تېرىماق (دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى ھەققىدە): تولۇق ھەيدىمەك. * يەر ھەيدىسەڭ كۆز ھەيدە، كۆز ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە (ماقال).

**ھەيران** I ئى <زوئول> بىر خىل قۇش، سىرتقى شەكلى قارلىغاچ ئائىلىسىدىكى قۇشلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. قۇيرۇقى ئۇزۇن بولۇپ، جىم تۇرغاندا قانىتى قۇيرۇقىدىن ئېشىپ تۇرىدۇ. ئۇچۇش سۈرئىتى تېز ۋە كۈچى كۈچلۈك كېلىدۇ. ئېگىز ئىمارەت لەمپىلىرى ياكى دەرەخ ئارىسىغا چاڭگا ياسايدۇ. ئۇچقاندا ھاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ: دېھقانچىلىق ۋە ئورمانچىلىققا پايدىلىق قۇش ھېسابلىنىدۇ.

**ھەيران** II ئى [ئە] بىرەر كۈتۈلمىگەن، ئاجايىپ، غەيرىي - تەبىئىي نەرسە ياكى ھادىسە تۈپەيلىدىن ئادەمدە پەيدا بولغان ھالىڭ - تاڭلىق؛ تەئەججۇپلىنىش، گاڭگىراش: ھەيران بولماق. ھەيران قالماق.

**ھەيرانە** سۈپ [ئە + پ] ھەيران قالغان، ھەيران بولغان: قويىنى لالە - رەيھانە، بۇلبۇل، كاككۇك مەستانە، كۆرسە ھەركىم ھەيرانە، گۈزەل ئېلى باغلىرى.

**ھەيرانچىلىق** ئى. ھەيران بولۇش تۇيغۇسى، ھەيران قېلىش، ھەيرانلىق: بۇ سۆز مېنىڭ بايىقى ھەيرانچىلىقىمنى

كۆڭلۈمدىن كۆتۈرۈۋەتتى.

**ھەيرانلىق** ئى. ھاڭ ـ تاڭ قېلىش، ھەيران قالغان ھالەت: قىز شەۋكەتنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە سورىدى.

**ھەيران ـ ھەس** قاتتىق ھەيران قېلىش، ناھايىتى تەئەججۈپلىنىش: ھەيران ـ ھەس بولماق. ھەيران ـ ھەس قالماق.

**ھەيرەت** ئى [ئە] كۈتۈلمىگەن نەرسە، ۋەقە، ھادىسە قاتارلىقلارغا ئۇچرىغاندا سېزىلىدىغان ھەيران بولۇش ھېسسىياتى، ھەيران بولۇش، ئەجەبلىنىش: ھەيرەتتە قالماق.* مېھرىبانۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيرەت ۋە غەزەپ بىلەن ئالتۇپىلاڭ كۆتۈرۈپ، بۇ سۆيىمەستىنىڭ سىرىنى ئېچىشقا نەمتۇللانى بۇيرۇيدۇ.

**ھەيز** ئى [ئە] ① <فىزىيول> جىنسىي ھۈجەيرىسى پىشىپ يېتىلگەن ئاياللارنىڭ ھەر 28 كۈندە بىر قېتىم دەۋرىي يوسۇندا بالياتقۇدىن قان كېلىش ھادىسىسى. ۋاقتى ئادەتتە ئۈچ كۈندىن يەتتە كۈنگىچە بولىدۇ: ھەيز مەزگىلى. ② شۇ مەزگىلدە كېلىدىغان قان: ھەيز كەلمەك.

**ھەيكەل** ئى [ئە] ① <گ سەن> ئادەم ياكى ھايۋان گەۋدىسىنىڭ گىپس، تاش، مېتال، ياغاچ ۋە شۇ قاتارلىق قاتتىق ماتېرىياللاردىن ياسالغان تەسۋىرى: قەھرىمانلار ھەيكىلى. ② كۆچمە. نامدا بار، ئەمما قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، ئەمەلىي ھوقۇقى يوق ئەمەلدار: ئۇنى «ۋاي باشلىق» دەپ ئاغزىڭنىڭ شۆلگەيلىرى ئېقىپ كېتىدىكەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر ھەيكەلغۇ؟!

**ھەيكەلتىراش** ئى [ئە + پ] <گ سەن> يونۇش، ئويۇش، قۇيۇش يولى بىلەن تاش، مىس، ياغاچ، گىپس قاتارلىقلاردىن ھەيكەل ياسىغۇچى سەنئەتكار.

**ھەيكەلتىراشلىق** ئى <گ سەن> «شەكىل يارىتىش سەنئىتى» نىڭ بىرى، يەنى چېكىش، ئويۇش، ياساشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئىشلەش ئۇسۇلىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. بۇنىڭدا ياسىغىلى بولىدىغان (سېغىزلاي) ياكى چەككىلى، ئويغىلى بولىدىغان (مەسىلەن، مېتال، تاش، ياغاچ قاتارلىق) ماتېرىياللار ئارقىلىق ئەمەلىي ھەجمى بولغان ئوبرازلار ياساپ چىقىلىدۇ.

**ھەيۋە** ئى [ئە] تەھدىت، قورقۇتۇش، پوپوزا: ھەيۋە قىلماق. ھەيۋە كۆرسەتمەك.* پەرىزات باياتىن بېرى تۇرسۇننىڭ ھەيۋىسىنىڭ رولى بولمىغىنىنى سېزىپ، ئۇنى قوللاش قارارىغا كەلگەنىدى.

**ھەيۋەت** ئى [ئە] كىشىدە قورقۇش ئارىلاش ئېھتىرام ۋە ئەجەبلىنىش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدىغان ئۇلۇغۋار كۆرۈنۈش؛ قىياپەت؛ داغدۇغا: قەھرىمانلار يىغىن زالىغا ھەيۋەت بىلەن كىردى.

**ھەيۋەتسىز** سۈپ. ھەيۋىتى يوق، كۆركەمسىز، كۆرۈمسىز، ۋەھىمىسىز؛ داغدۇغىسىز: مېيىت ناھايىتى ھەيۋەتسىز ئۇزىتىلدى، بۇ ئىشتىن ھەيران قېلىپ سورۇشتۇرسام، بۇ بىر ۋاپاسىز، كۆيۈمسىز ئادەمنىڭ مېيىتى ئىكەن.

**ھەيۋەتلەشتۈرمەك** «ھەيۋەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: رەھبەرلىك خىزمەت بىناسىنىڭ دەرۋازىسىنى يېڭىلاپ، تېخىمۇ ھەيۋەتلەشتۈردى.

**ھەيۋەتلەشتۈرۈشمەك** «ھەيۋەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ھەيۋەتلەشتۈرۈلمەك** «ھەيۋەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ساقچى فورمىسى ئالماشتۇرۇلۇپ، تېخىمۇ ھەيۋەتلەشتۈرۈلدى.

**ھەيۋەتلەشمەك** پ. ھەيۋەتلىك تۈسكە كىرمەك: قايتا رېمونت قىلىنغاندىن كېيىن بۇ بىنا تېخىمۇ ھەيۋەتلىشىپ كېتىپتۇ.

**ھەيۋەتلىك** سۈپ ① كاتتا، زور، كۆركەم: ھەيۋەتلىك بىنا. ھەيۋەتلىك شەھەر. ھەيۋەتلىك باغ. ② ھەيۋىتى قالتىس، بەھەيۋەت، ۋەھىمىلىك؛ داغدۇغىلىق: ھەيۋەتلىك بوران. ھەيۋەتلىك دولقۇن. ھەيۋەتلىك ئاۋاز.

**ھەيۋىلىك** سۈپ. ھەيۋىسى بار: شۇنداق ھەيۋىلىك كەلدىكى، ھەيھات.

**ھەييار** سۈپ [ئە] ① ھىيلە ـ نەيرەڭگە تولا، باشقىلارنى ئالداشقا ئۇستا؛ ھىيلىگەر، مەككار، مۇغەمبەر، قۇۋ: ھەييار ئادەم. ھەييار قىز. * ئون تازنىڭ توققۇزى ھەييار (ماقال). ② باشقىلارنىڭكىگە، تەييارغا ئىگە بولۇۋالىدىغان: تەييارغا ھەييار بولماق.

**ھەييارلارچە** رەۋ. ھەييارلارغا ئوخشاش، ھەييارلاردەك: ـــ ئەخمەق! ـــ دېدى غەيرەت كۆزلىرىنى ھەييارلارچە ئوينىتىپ تۇرۇپ.

**ھەييارلاشتۇرماق** «ھەييارلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جەمئىيەتنىڭ مۇرەككەپلىكىمۇ ئادەملەرنى ھەييارلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

**ھەييارلاشماق** پ. ھەييار ھالەتكە كەلمەك؛ قۇۋلاشماق، ھىيلىگەرلەشمەك: ئۇ قىز بالا بولغىنى بىلەن تۇرمۇشنىڭ ھەممە قازىنىدا قايناپ ھەييارلىشىپ كەتكەن بىرنېمە ئىكەن.

**ھەييارلىق** ئى. ھەييار ئادەملەرگە خاس ئىش ـ ھەرىكەت؛ مەككارلىق، ھىيلىگەرلىك، قۇۋلۇق: ھەييارلىق قىلماق.

**ھوپ** ئى. دىيال. ياتقان ئۇلاغنى قوپۇرۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھوت** ئى [ئە] <ئاستر> ← **ھوت بۇرجى**.

**ھوت بۇرچى** <ئاستر> ئېكلىپتىكىدىكى 12 بۇرجىنىڭ بىرى. بەلگىسى ئاسترونومىيەلىك ئۇزۇنلۇقى °330 تىن °360 قىچە، ئەسلىي ئورنى ھوت يۇلتۇز تۈركۈمىدە بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دەلۋە يۇلتۇز تۈركۈمىگە يۆتكەلگەن. ھەر يىلى مىلادىيە بويىچە 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قۇياش بۇ بۇرجقا كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى مەۋسۇم ئەگىز سۈيى بولىدۇ.

**ھودكىن** ئى [ئىنگ] <تېب> 1798 — 1866 ـ يىللىرى ياشىغان ئەنگلىيە دوختۇرىنىڭ نامى.

**ھودكىن كېسەللىكى** <تېب> لىمفا ئۆسمىسىنىڭ بىر خىلى. ئەنگلىيە دوختۇرى ھودكىن (Thomas Hodgkin) دەسلەپ تەسۋىرلەپ بەرگەچكە، ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**ھودۇد** ئى [ئە] ① بىرەر جاينىڭ چېكى، ئاخىرقى نۇقتىسى، ياقىسى، چېتى: مەخمۇت بۇ چاغدا چېگرا ھودۇدى كۆرۈنمەيدىغان «ئاقساي» ئۈستىڭنىڭ ئەمگىكىدە ئىدى. ② سانى، مىقدارى: ھودۇدى يوق. بۈگۈن بازارغا يىغىلغان ئادەمنىڭ ھودۇدى يوق ئىدى.

**ھودۇقتۇرماق** «ھودۇقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يىغىننىڭ مۇددەتتىن بىر كۈن بۇرۇن ئېچىلماقچى بولغانلىقى كامىلنى ھودۇقتۇرۇپ قويىدى.

**ھودۇقتۇرۇشماق** «ھودۇقتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك

دەرىجىسى: كۆپچىلىك تەرەپ ـ تەرەپتىن سوئاللار ياغدۇرۇشۇپ ئايشەمنى تېخىمۇ ھودۇقتۇرۇۋېتىشتى.

**ھودۇقتۇرۇلماق** «ھودۇقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ھودۇققاق** سۈپ. ئاسان ۋە تېز ھودۇقۇپ قالىدىغان: ھودۇقـقاق ئادەم.* ئۇنىڭ دادىسى تولىمۇ ھودۇققاق ئادەم ئىكەن، بىزنى كۆرۈپ ھودۇققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەيلا قالدى.

**ھودۇقـقاقلىق** ئى. تولا ھودۇقىدىغان مىجەز ـ خاراكتېر، قىلىق ـ ھەرىكەت: ئابلىز ئىلگىرى ئابدۇللا پۈتىنى قانداق جۇپلەپ، قانداق چاس بەرگەن بولسا، ھودۇققاقلىق بىلەن شۇنداق چاس بېرىپ تۇردى.

**ھودۇقماق** پ. نېمە قىلىشىنى بىلمەي سارasىمىگە چۈشمەك؛ تەمتىرىمەك، گاڭگىرىماق: ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىدىن بىر قەدەملا نېرىدا كۇلۇمسىرەپ تۇرغان رەھمەت مۇئەللىمنى كۆرگەندە، نېمە ئۈچۈندۇر ھودۇقۇپ كەتتى.

**ھودۇقۇشماق** «ھودۇقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: چاپارمەنلەر ھودۇقۇشۇپ قالدى ۋە ئىشىنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى پەملەپ، مىرول قىزىنىڭ ئۈزۈن چاپىنىنىڭ يېڭىدىن تارتىپ قويدى.

**ھور** ئى. سۇيۇق جىسىملارنىڭ قىزىتىلغاندىكى گاز ھالىتى، پار: ھور تۇربىنىسى. ھور ماشىنىسى. ھورغا ئايلىنىش.* يۇقىرى بېسىملىق قازان تۇيۇقسىز چىرقىراپ، كۈچلۈك ھور چىقىشقا باشلىدى، ھەممەيلەن تەمتىرەپ نېمە قىلارىمىزنى بىلمەي پايپېتەك بولۇپ كېتىشتۇق.

**ھورى بېسقماق ← ھورى بېسلماق:** ئانىدىن ئۇلۇغ نام يوق دۇنيادا، ئانا ھەرجاننىڭ پەخرى ـ غۇرۇرى. ئانا سۈتىنى ئاقلىمىغاننىڭ، بېسقماي قالماس ھەر جايدا ھورى.

**ھورى بېسلماق** مەلۇم پائالىيەت ۋە ھەرىكەتتىن توختىماق، پەسكويغا چۈشمەك، تىنچىماق، جىمىقماق.

**ھورى تۆگەپ، شورى قالماق** ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ قۇرۇق قول قالماق: ئۆيۈڭنى بېشىڭغا كىي، ھورى تۆگەپ، شورى قالغان ئۆيۈڭگە خۇشتار ئەمەسمەن.

**ھورى چىقماق** مەلۇم بىر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ سىرى، مەخپىيەتلىكى ئېچىلىپ كەتمەك، ئاشكارىلىنىپ قالماق: — بۇ گەپنىڭ زادى ھورى چىقىپ كەتمىسۇن، — دېدى ئۇ.

**ھورداتماق** «ھوردىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ھورداقخانىغا كىرىپ ئۆزىنى ھوردىتىپ چىققاندىن كېيىن خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

**ھورداشماق** «ھوردىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سوغۇقتا توڭۇپ كەتكەن بۇ ئاچا ـ سىڭىللار كىچىككىنە قوللىرىنى ئۆزئارا ھوردىششقا باشلىدى.

**ھورداق** ئى. قاينىتىلغان دورىلىق ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ھورلىرى بىلەن بەدەننى تەرلىتىپ داۋالاش ئۇسۇلى: ھورداققا چۈشمەك.* ئۇ ھورداققا كىرمەكچى بولۇپ سول تەرەپتىكى كوچىغا بۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ، تۇيۇقسىز ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن ساۋاقدىشى ئادىنىگۈل ئۇچراپ قالدى.

**ھورداقخانا** ئى. قاينىتىلغان دورىلىق ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ھورلىرى بىلەن بەدەننى تەرلىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدىغان جاي. ئورۇن: ۋىلايەت بازىرىدا ھەتتا قاھارغا ئوخشاش كىشىلەرگە ئاتاپ ھورداقخانا، ساتىراشخانا، چايخانا دېگەنگە ئوخشاش نامlاردا نۇرغۇن دۇكانلار ئېچىلغانىدى.

**ھوردالماق** «ھوردىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: گۈل دۇكىنىنىڭ ھوردالغان دېرىزىسى ئارقىسىدا بىللۇر ۋازىغا سېلىنغان ۋە سۇ تامچىلىرى شەبنەمدەك يالتىرىغان بىر دەستە قىزىلگۈل تۇراتتى.

**ھوردانماق** «ھوردىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: دوختۇر شەۋكەتكە پات ـ پات ئارىشاڭغا بېرىپ ھوردىنىپ تۇرۇش مەسلىھەتىنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر ھازىرغىچە بىر قېتىممۇ بېرىپ باقمىغانىدى.

**ھوردىماق** پ. قول ياكى باشقا بىرەر نەرسىنى ھورغا يېقىن تۇتماق، ھور ئۆتكۈزمەك: بالا قوللىرىنى ئاغزىغا تۇتۇپ ھورداشقا باشلىدى.

**ھورلاشماق** پ. ئۈستىنى ياكى ئەتراپىنى ھور قاپلىماق: ئادىل ھورلاشقان ئەينەكتىن سىرتقا قارىدى.

**ھورمۇن** ئى [ئىنگ] <بىيول> ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئىچكى ئاجراتما بەزلىرى بىۋاستە قان تەركىبىگە چىقىرىدىغان، ئورگانىزم ئۈچۈن ئالاھىدە ئۇنۇمى بار ماددىلار. ھەزىم قىلىش يوللىرىدىكى ئەزالار ۋە بالا ھەمراھى قاتارلىق ئەزالارمۇ ھورمۇن ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. ھورمۇنلارنىڭ خىزمىتى نېرۋا سىستېمىسىنىڭ كونترول قىلىشى ۋە ئۆزئارا تەسىر قىلىشى ئاستىدا، ئورگانىزملارنىڭ ھەرخىل فىزىيولوگىيەلىك ئىقتىدارى ۋە ماددا ئالمىششلىرىنى تەمىنلەپ تۇرىدۇ.

**ھورنان** ئى [ھور + نان] قاسقانغا سېلىپ، ھورداپ پىشۇرۇلىدىغان نان، جىڭموما، موما: ھورنان سالماق. ھورنان ئالماق.

**ھوسۇل** ئى [ئە] تېرىلغان زىرائەت ياكى باغۇەنچىلىكتىن ئېلىنىدىغان مەھسۇلات، ئۇنۇم: ھوسۇل ئالماق. ھوسۇل بەرمەك. ئۆتكەن يىلقى كونا بۇغدايدىنمۇ تېخى بار، بۇ يىل يەنە ياخشى ھوسۇل ئالدۇق.

**ھوسۇلچى** ئى. ھوسۇل ئالىدىغان كىشى: ۋەدىسى چىڭ يارىمنىڭ مول ھوسۇلچى بول، دەيدۇ. نەمۇنىچى بولغاندا، شۇدا بېرەي قول، دەيدۇ.

**ھوسۇلدار** سۈپ [ئە + پ] كۆپ ھوسۇل بېرىدىغان، ئۇنۇمدار: ھوسۇلدار يەر. * ئۇ بۇ كۆز يەتكۈسىز ھوسۇلدار ئېتىزلارغا ئاجايىپ زوقمەنلىك بىلەن قاراپ ئېشىكنى مېڭىشىغا قويۇۋەتتى.

**ھوسۇلدارلىق** ئى. كۆپ ھوسۇل بېرىش، ئۇنۇمدارلىق: يېشىل ئوغۇتلۇق ئۆسۈملۈك كۆپ تېرىلىپ، يەرنىڭ ھوسۇلدارلىقى ئاشۇرۇلدى.

**ھوسۇلسىز** سۈپ. ھوسۇلى يوق ياكى ئاز، ھوسۇل بەرمەيدىغان، ئۇنۇمسىز: ھوسۇلسىز يەر. ھوسۇلسىز زىرائەت.* يېشىل ئوغۇتلۇق ئۆسۈملۈك كۆپ تېرىلمىغانلىقتىن، ئېتىزلار ھوسۇلسىز يەرگە ئايلىنىپ كەتمەكتە ئىدى.

**ھوسۇللۇق** سۈپ. ھوسۇلى بار ياكى كۆپ ھوسۇل بېرىدىغان، ئۇنۇملۇك: ھوسۇللۇق يەر. ھوسۇللۇق زىرائەت.* بىرنەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق قاقاس يەرنى ھوسۇللۇق ئېتىزغا ئايلاندۇردۇم.

**ھوش** I ئىم. كالىنى قايتۇرۇش، توسۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھوش** II ئى [پ] <فىزىيول> ① كىشىنىڭ بىرەر تەسىر ياكى ھادىسىنى سېزىش، پىكىر قىلىش، ئاڭلاش قابىلىيىتى: ھوشىدىن كەتمەك. ② ئاڭ؛ ئەقىل، ئىدراك: ھوشى جايىدا. ھوشىنى يىغماق.

**ھوشسىز** سۈپ. ئاڭلاش، پىكىر قىلىش، سېزىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان، ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالغان: ھوشسىز ئادەم.

**ھوشسىزلاندۇرماق** «ھوشسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇـ

رىي دەرىجىسى: — ئۇنىڭغا خالىغان جاۋابىڭىزنى بېرىپ ئۆزىڭىزنى ئازاد قىلىڭ! مەن ئۇنىڭغا نەشە بېرىپ ھوشسىزلاندۇردۇم، — دەپتۇ ئۇ.

**ھوشسىزلاندۇرۇشماق** «ھوشسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار تۇرسۇننى قاتتىق ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇشقاندىن كېيىن ئاندىن بولدى قىلىشتى.

**ھوشسىزلاندۇرۇلماق** «ھوشسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تاشۋايمۇ ئاخشام ئېغىر تاياق زەربىسى بىلەن ھوشسىزلاندۇرۇلۇپ، ئارقا ھويلىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر گۈندىخانىغا تاشلىۋېتىلگەنىدى.

**ھوشسىزلانماق** پ. ھوشىدىن كەتمەك، خۇدىنى يوقاتماق، ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالماق: ۋەلى ئازابتىن ھوشسىزلاندى.

**ھوشسىزلىق** ئى. ھوشسىز ھالەت: — ھە، ئەسلىدە ئابايىم ئۇنىڭ بىئارام بولغىنى ھوشسىزلىق، خامۇشلۇقتىن پەيدا بولغان ئالامەتلەر ئىكەن - دە، — دېدى ئەختەم.

**ھوششەرە** ئىم. بىرەر سۆز، بىرەر ئىش - ھەرىكەتنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك قىلىنغانلىقىغا، بېجىرىلگەنلىكىگە ئېيتىلىدىغان تەشەككۇر، رازىمەنلىك؛ بارىكاللا: بۇ كۇتۇلمىگەن ئىش ھەممىنى ھەيران قالدۇردى. بىر - ئىككى سېكۇنتتەك جىمجىتلىقتىن كېيىن «ھوششەرە»، «ئەجەب ئوبدان ئىش بولدى» دېگەن گەپلەر ياڭراپ كەتتى.

**ھوشلۇق** سۈپ. ھوشى بار، ھوشى جايىدا، سەگەك: ئۇنىڭ دادىسى ياشىنىپ قالغىنى بىلەن خېلى ھوشلۇق ئادەم ئىدى.

**ھوشۇقچە** ئى. دىيال. دوپپا شاپىقىغا پاراللېل ھەم قايچىلاش قىلىپ، ئۇزۇن سىزىقچىلار ئارىسىغا بالداق شەكلىدە تىكىلگەن گۈل.

**ھوشيار** سۈپ [پ] بىرەر نەرسە ياكى ھادىسىنى تېز سېزەلەيدىغان، سەزگۈر، چېچەن، زېرەك؛ سەگەك: ھوشيار تۇرماق.

**ھوشيارلاشتۇرماق** «ھوشيارلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاخشام تاسادىپىي يۈز بەرگەن ۋەقە ساۋاقداشلارنى باشقىچە ھوشيارلاشتۇردى.

**ھوشيارلاشتۇرۇشماق** «ھوشيارلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دېلو گۇرۇپپىسىغا مەسئۇل رەھبەرلەرنىڭ كۆرسەتمىسى ساقچىلارنى تېخىمۇ ھوشيارلاشتۇرۇشتى.

**ھوشيارلاشتۇرۇلماق** «ھوشيارلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كەنتتىكى دېھقانلارغا ۋەزىيەت چۈشەندۈرۈلۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىدىيەسى ھوشيارلاشتۇرۇلۇپ، مۇقىملىق جەھەتتە ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

**ھوشيارلاشماق** پ. ھوشيار ھالەتكە كەلمەك، ھوشيار بولماق: بىر قېتىم ئۇ ۋەزىپە ئۆتەۋېتىپ، بىرنەچچە كىشىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ باشقىچە بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ ھوشيارلىشىدۇ.

**ھوشيارلىق** ئى. ھوشيار، سەزگۈر ھالەت، سەگەكلىك: ئۇلار كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ كىشىگە گوياكى بۇ ئۆينىڭ ساقچىسىدەك ھوشيارلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى.

**ھوقۇق** ئى [ئە] ① دۆلەت ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان ۋە قوغدىلىدىغان، جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى تەرتىپكە سالىدىغان قانۇن - قائىدىلەر، نورمىلار يىغىندىسى: پۇقرالىق ھوقۇقى. كىشىلىك ھوقۇقى. ② قانۇن تەرىپىدىن كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان ئىمكانىيەت، ئەرك، ئىختىيار: سايلاش ھوقۇقى. سايلىنىش ھوقۇقى، دەم ئېلىش ھوقۇقى. سىياسىي ھوقۇق. ئىشلەش ھوقۇقى. مەتبۇئات ھوقۇقى. پايدىلىنىش ھوقۇقى.

**ھوقۇقچىلىق** ئى. ھوقۇققا ۋە ھوقۇقدارلارغا خاس بولغان ھالەت: بىز ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن مۇشتۇمزور زوراۋانلىق، ئەشەددىي ھوقۇقچىلىق، ئىلىمگە قارشى زومىگەرلىك پەيدا قىلغان ئىچىنىشلىق تىراگېدىيەنىڭ پەن ئاسمىنىدىكى مەشئۇم - قاباھەتلىك سايىسىنى ئېنىق كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

**ھوقۇقخۇمار** سۈپ [ھوقۇق + خۇمار] ھوقۇقنى ياخشى كۆرىدىغان، ھوقۇق ئۈچۈن جان بېرىدىغان: ھازىر ھوقۇقخۇمار بەزى ياشلار ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ، پەسكەش قىلىقلار بىلەن شۇغۇللانماقتا.

**ھوقۇقدار** ئى [ئە + پ] ھوقۇق ئىگىسى، قولىدا ھوقۇقى بار كىشى: بەزى ھوقۇقدارلار قولىدىكى كىچىككىنە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، پۇرسەت تاپسىلا ئاممىنى خالىغانچە قاقتى - سوقتى قىلماقتا.

**ھوقۇقسىز** سۈپ. بىرەر ئىش - ھەرىكەت قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشەلمىگەن، ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان: تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە.* بۇ ساڭنىڭ ھەر ياغاچ، ھەر كېسەكىدە ھوقۇقسىز دېھقاننىڭ تەر ۋە قېنى بار.

**ھوقۇقسىزلىق** ئى. ھوقۇقتىن مەھرۇملۇق: ئەمما نەزىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق قاتلاملارغا تىكسەك، ئاجىز ئەللەردىكى بۇخىل تەسلىمچىلىك ئەڭ ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ نامراتلىقى، سىياسىتىنىڭ تۇراقسىزلىقى ياكى ھوقۇقسىزلىقى، مەرىپەت - مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەنلىكىدىن كەلگەن.

**ھوقۇقشۇناس** ئى [ئە + پ] ھوقۇق ساھەسىدە ئەمەلىي ياكى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغۇچى مۇتەخەسسىس: ھوقۇقشۇناسلارنىڭ ئېيتىشىچە، ھوقۇقخۇمار كىشىلەر كۆپىنچە ئىككى يۈزلىمىچى، ئۆگىنىشنى خالىمايدىغان خىيالپەرەس كېلەرمىش.

**ھوقۇقشۇناسلىق** ئى <قا> ھەق - ھوقۇق ھەققىدىكى پەنلەر يىغىندىسى: ھوقۇقشۇناسلىق ھازىرقى زاماندىكى يېڭىدىن تەرەققىي قىلىۋاتقان پەنلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ھوقۇقلۇق** سۈپ. ھوقۇقى بار، بىرەر ئىش - ھەرىكەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە: ھوقۇقلۇق ئورگان.* شامەخسۇت ۋاڭ يەرلىك خەلقنى خالىغىنىچە قاماش، پالاش، مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىدى.

**ھوگا** ئى. دىيال. سۇرەن، چۇقان.

**ھوگازا** ئى. دىيال. ئويۇق، ئويۇقچە، تەكچە.

**ھوگۇنا** ئى. دىيال. جەرەننىڭ تېكىسى.

**ھوڭ** ئى. دىيال. تاش ياكى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان ئېگىزلىك.

**ھولا** ئى. دىيال. يالقۇن، گۇلخان.

**ھولولوپ** سۈپ. بىرەر ئىشنى قارىسىغىلا ئىشلەيدىغان، ئالدىراڭغۇ: ئالدىراڭغۇ، ھولولوپتىن مەڭگۈ يىراق بول، سەۋر قىلساڭ سەن ئۈچۈن ئوچۇقتۇر كەڭ يول.

**ھولولوپلۇق** ئى. قارىسىغا ئىش قىلىش، ئالدىراڭغۇلۇق: ئۇنىڭ ھولولوپلۇقى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنى ھەممىدىن قۇرۇق قويدى.

**ھولۇقتۇرماق** «ھولۇقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: توينىڭ مۇددەتتىن بىر ئاي بۇرۇنغا سۈرۈلگەنلىكى مېھرايىنى

ھولۇقتۇرۇپ قويدى.

**ھولۇقتۇرۇشماق** «ھولۇقتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بەگلەر بۇ خىل پەرمانلارنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان دەرھال بەجا كەلتۈرۈشكە ئالدىراپ، چاپارمەنلەرنى تەرەپ ـ تەرەپكە ئىشقا بۇيرۇشۇپ ھولۇقتۇرۇشۇۋېتىشەتتى.

**ھولۇقتۇرۇلماق** «ھولۇقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ھولۇققاق** سۈپ. ھەر ۋاقىت ھولۇقۇپ يۈرىدىغان، ئالدىراڭغۇ، تەنتەك: ھولۇققاق ئادەم.* ئۇنىڭ ئاكىسى تولىمۇ ھولۇققاق يىگىت ئىكەن، بىزنى كۆرۈپ ھودۇققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەيلا قالدى.

**ھولۇققاقلىق** ئى. ئالدىراڭغۇلۇق، تەنتەكلىك: — ئەپەندىم!— ئىشىك تېشىدىن مۇسانىڭ ھولۇققاقلىق بىلەن توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

**ھولۇقماق** پ. ئالاقزادە بولماق، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماق، تەمتىرىمەك: يولۋاسقا يولۇقما، يولۇقساڭمۇ ھولۇقما (ماقال).

**ھولۇقۇشماق** «ھولۇقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ تۇيۇقسىز خەۋەردىن ئىشخانىدىكىلەر ھولۇقۇشۇپ كەتتۇق.

**ھومايماق** پ. چەكچەيمەك؛ ئالايماق، گۆلەيمەك: بەگ ئەلەم قىلغاندەك ياپما قاپاقلىرى بىلەن ئېلىقۇلغا دەھشەتلىك بىر ھومايدى.

**ھومىيىشماق** «ھومايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، مۇشتلىرىنى تۈگۈپ، توسما بېشىدىكى نائىنسابلارغا قاراپ ھومىيىشتى.

**ھون** ئى <ئىرق> ← **ھونلار**.

**ھوناغ** ئى. بىرەر نەرسە توغرىسىدا قىلىنىغان مۆلچەر، پەرەز، ئوي: بەزىدە مەنمۇ ئەلگە نەپ يەتكۈزسەم، بىرەر قېتىم ساۋابقا ئەرزىگۇدەك ئىش قىلسام دەپ تىلەپ كېتىمەن، لېكىن ھوناغ ھوناغقا يەتمەي مۇشۇ كۈنگە كەلدىم.

**ھونىغا كەلمەك** تازا ئەپلەشمەك، جاي ـ جايىدا بولماق.

**ھونشۇناس** ئى. ھونلارنى مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق ئومۇمىي جەھەتتىن تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىس، ئالىم.

**ھونشۇناسلىق** ئى. ھونلارنى مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق ئومۇمىي جەھەتتىن تەتقىق قىلىدىغان پەنلەر مەجمۇئەسى: دۇنيادىكى ھونشۇناسلىققا ئاساس سالغۇچى، ئۇلۇغ تارىخچى سىماچيەن ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «تارىخىي خاتىرىلەر»نىڭ «بەش پادىشاھنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن بابىدا خۇاڭدىنىڭ ھونلارنى شىمالغا قوغلىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن.

**ھونلار** ئى <ئىرق> جەنگو دەۋرىدە يەن، جاۋ، چىن پادىشاھلىقلىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىدا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەر بىلەشمىسى.

**ھونناق** ① ئى. گالغا چىقىدىغان بىر خىل يامان سۈپەتلىك يارا، قىزىلئۆڭگەچ راكى. ② سۈپ. كۆچمە. قۇۋ، ھىيلىگەر، مەككار، كۆيدۈرگە، ئىچى تار.

**ھونۇز** رەۋ [پ] يېزت. ھازىرغىچە، ھېلىغىچە، ھامان: ئۇسسۇغانغا ئۇسسۇلۇق بولغاي ھونۇز، ۋاقتىدا قوغۇن بولۇپ خەمەكلىرى.

**ھوي** ئىم ① ئادەملەرنى چاقىرىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: ھوي بالام، ئەخمەتمۇسەن، بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ ② بىرەر ئىش، نەرسىگە ھەيران قېلىش، ئەجەبلىنىشنى بىلدۈرىدۇ: — ھوي، بۇ ماجۇڭيىڭ دېگەن بەكلا ياش بىرنېمە ئىكەنغۇ، مېنىڭ كىچىك ئىنىم بىلەن تەڭمۇ نېمە؟ — دەپ پىچىرلىدى مېرول مەرگەن يېنىدا تۇرغان ھوشۇركانتۇغا.

**ھويلا** ئى. ئۆينىڭ ئالدىدىكى ئۆي تېمىغا تۇتاشتۇرۇپ تام چۆرۈپ، دەرۋازا بېكىتىلگەن بوش جاي؛ سەينا: ھويلا تېمى. تاشقىرىقى ھويلا. ئىچكىرىكى ھويلا.

**ھويلا ـ ئارام** ھويلا ۋە ھويلا ئەتراپىدىكى بەلگىلىك دائىرە: ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكى.

**ھويلىسىز** سۈپ. ھويلىسى يوق، ھويلا قىلىنمىغان، ھويلا چىقىرىلمىغان: نەچچە كۈن يول يۈرۈپ چارچاپ كەتكەن بەگزادىلەر ئاخىرى چۆلگە يېگانە سېلىنىپ قالغان ھويلىسىز ئۈچ ئېغىز ئۆي يېنىغا كېلىپ قاپتۇ.

**ھويلىلىق** سۈپ. ھويلىسى بار، ھويلا قىلىنغان: ھويلىلىق ئىمارەت.

**ھۇ** ئىم. قارغاش، سۆكۈش، غەزەپلىنىش ئىپادىلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن بىللە كېلىپ شۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ: ئۇ: — ھۇ ئىتنىڭ كۈچۈكى! — دېگىنىچە ئېتىلدى.

**ھۇجرا** ئى [ئە] يېتىپ ـ قوپۇش ئۈچۈن ئاجرىتىلغان كىچىكرەك ئۆي، ياتاق ئۆي، كىچىك ئۆي: ھېكىمنىڭ سۆزىدىن كېيىن شائىر ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىتىپ قالدى.

**ھۇجرا گېپى** ديال. توي كۈنىنىڭ ئەتىسى قىز ۋە يىگىتنىڭ دوستلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ ئۆتكۈزىدىغان مەرىكە.

**ھۇجرىداش** ئى [ئە + پ] ئۆزى بىلەن بىر ھۇجرىدا تۇرىدىغان كىشى: ئۇ قېرى ئەسلىي سودىگەر بولۇپ، ئۈرۈمچى سودا سارايلىرىنىڭ بالىخانىلىق بىرىدە بىر سودىگەر بىلەن ھۇجرىداش ئىدى.

**ھۇجرىداشلىق** ئى. بىر ھۇجرىدا بىللە ياشىغانلىق، بىللە تۇرغانلىق: ئۇلار خىزمەتكە چىققاندىن بېرى بىر ھۇجرىدا ياشىغان بولۇپ، ئەھمەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھۇجرىداشلىق مۇناسىۋەتكە ھېچقانداق كۈچ تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى.

**ھۇجرىسىز** سۈپ. ھۇجرىسى يوق، ھۇجرا سېلىنمىغان: غەيرەتنىڭ ئۆي دېگىنى ھۇجرىسىز كىچىكرەك بىر زال ئىكەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ مېنى كۈلكە قىستىدى.

**ھۇجرىلىق** سۈپ. ھۇجرىسى بار: كۆپ ھۇجرىلىق ساراي. * تۇنىكە پۇلكا تۇتقان ئادەم مېھمان قوبۇل قىلىدىغان كۆپ ھۇجرىلىق بىر سارايىنىڭ ئىچىگە كىردى.

**ھۇجۇم** ئى [ئە] ① ھەرىكەت بىلەن ئادەم ياكى نەرسىگە تاشلىنىش؛ ھەملە: بۆرىنىڭ ھۇجۇمى. ② <ھەرب> بىرەر تېررىتورىيەنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئۇنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان ياكى دەسلەپ ھەملە قىلغان دۈشمەن ئۈستىگە زور ھەربىي كۈچ بىلەن تاشلىنىش: ھۇجۇمغا ئۆتمەك. ③ كۆچمە. تەنبىھ، ھاقارەت قىلىش، سۆكۈش ۋە شۇ قاتارلىقلار بىلەن بىرەر كىشىگە بېرىلگەن زەربە: چاقچاق بىلەن قىلىنغان ھۇجۇم. ④ بىرەر چوڭ ئىش ياكى تەدبىرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قاردىتىلغان ئومۇمىي خەلق ھەرىكىتى: ئاساسىي ھۇجۇمنى بىرلىك مەھسۇلاتقا قارىتىش.

**ھۇجۇمچى** ئى ① دۈشمەن ئۈستىگە باستۇرۇپ بارغۇچى؛ ھۇجۇم قىلغۇچى. ② <تەن> ۋاسكېتبول، پۇتبول قاتارلىق توپ تۇرلىرىدە قارشى تەرەپنىڭ مۇداپىئە لىنىيەسىنى بۆسۈپ

ھۇجۇم قىلغۇچى.

**ھۇجۇملۇق** سۈپ. ھۇجۇم قىلىنغان؛ ھۇجۇم خاراكتېرىنى ئالغان: ئۇنىڭ يوشۇرۇن، قەبىھ، ھۇجۇملۇق ئەگمە سۆزلىرى ھېلىمۇ قۇلىقىم تۈۋىدە.

**ھۇررا** ئى. ئۈندەش سۆز بولۇپ، ھۇجۇم قىلىۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈۋاتقان چاغدىكى جەڭگىۋار نىداسىنى بىلدۈرىدۇ: ھۇررا توۋلىماق.

**ھۇرۇن** سۈپ. ئەمگەك قىلىشنى، ئىشلەشنى خالىمايدىغان، ئىش خۇشياقمىغان؛ يالقاۋ، ئېرىنچەك: ھۇرۇن ئېشەك يۈكنى ئېغىر كۆتۈرەر (ماقال).

**ھۇرۇنلاشتۇرماق** «ھۇرۇنلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تەييارتاپلىق ئادەمنى ھۇرۇنلاشتۇرۇۋېتىدىغان بىردىنبىر ئىچكى ئامىلدۇر.

**ھۇرۇنلاشماق** پ. ھۇرۇن، ئېرىنچەك بولۇپ قالماق؛ قىزغىنلىقىنى يوقاتماق: ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئورۇندا بىكار يېتىپ يەپ ھۇرۇنلىشىپ كەتكەن ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ بېشىغا غەم چۈشۈپتۇ.

**ھۇرۇنلۇق** ئى. ئىش خۇشياقماسلىق، ئېرىنچەكلىك: كۆزەتچى ھۇرۇنلۇق بىلەن مېڭىپ، دەرۋازىنىڭ سىرتىغا چىقتى.

**ھۇزۇر** I ئى [ئە] راھەت، پاراغەت، ئارام، لەززەت، تىنچلىق، خاتىرجەملىك: ھۇزۇر ئالماق. ھۇزۇر قىلماق.* — قاراڭ، نېمىدېگەن چىرايلىق كۆز ئايلىرى بۇ! ھەممە يەر باياشاتلىققا تولغان، مۇشۇ ئايلاردا توي قىلسا نېمىدېگەن ھۇزۇر، — دېدى ئۇ.

**ھۇزۇر** II ئى [ئە] بىرەر كىشىنىڭ قېشىدا، يېنىدا، كۆز ئالدىدا بولۇش؛ قاتنىشىش، تەشرىپ: ھۇزۇرىدا بولماق. ھۇزۇرىغا بارماق.* ئېمىلئانا مەلىكىنىڭ يىگىتكە بولغان رازىلىق بەلگىسىنى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا يوللاپتۇ.

**ھۇزۇرسىز** سۈپ. ھۇزۇرى يوق، ھۇزۇر بېغىشلىيالمايدىغان، مەززىسى يوق؛ كۆڭۈلسىز، يېقىمسىز: — گۈزەل ياشلىق باھارىڭىزنىڭ ھۇزۇرسىز، يېگانە ئۆتۈشىگە قانداق چىدىيالايسىز؟ — دېدى تۇرسۇن شادىيەنىڭ كۆزىگە بىزەڭلەرچە تىكىلىپ.

**ھۇزۇرسىزلىق** ئى. ھۇزۇرى يوقلۇق: ھەرقانداق ئىشتا خەلققە باقماي، سوغۇقچىلىق ۋە ھۇزۇرسىزلىق كېلىپ چىقىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

**ھۇزۇرلاندۇرماق** «ھۇزۇرلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالامنىڭ چىرايىدىكى لەززەت ئىپادىسىنى كۆرۈپ، يۈرىكىمنىڭ قات - قېتىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان قانداقتۇر بىر ئىللىق ئېقىم پۈتكۈل جىسمىمنى ھۇزۇرلاندۇردى.

**ھۇزۇرلاندۇرۇشماق** «ھۇزۇرلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن بۇ ئارتىسلار ئۆزلىرىنىڭ قالتىس ماھارەتلىرى ئارقىلىق تاماشىبىنلارنى قاتتىق ھۇزۇرلاندۇرۇشتى.

**ھۇزۇرلاندۇرۇلماق** «ھۇزۇرلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تەلەپ بويىچە مېھمانلار ئالدى بىلەن ھەزىلكەشلەرنىڭ ئورۇنلىشىدىكى قىزىقارلىق ئويۇندىن ھۇزۇرلاندۇرۇلدى.

**ھۇزۇرلانماق** پ. ھۇزۇرلۇق ھېس قىلماق، ھۇزۇر ئالماق، مەززە قىلماق، لەززەتلەنمەك، راھەتلەنمەك: ئۇلار گۈلزارلىقنى ئايلىنىپ ھۇزۇرلىنىپتۇ.

**ھۇزۇرلۇق** سۈپ. ھۇزۇرى بار، ھۇزۇر بېغىشلايدىغان: شاھزادە كەشنى مەيدىسىگە بېسىپ قېتىپ قاپتۇ، تاتلىق چۈشلەرگە ئوخشاش ھۇزۇرلۇق خىياللارغا پېتىپ قاپتۇ.

**ھۇزۇرلىنارلىق** سۈپ. راھەتلىنىشكە، لەززەتلىنىشكە ئەرزىيدىغان، ھۇزۇرلانغۇدەك: ھۇزۇرلىنارلىق ئىش. * ئاخشاملىرى داۋان ئۈستىدە تۇرۇپ كىچىككىنە شەھەرنىڭ كېچىلىك جامالىنى كۆرۈش تولىمۇ ھۇزۇرلىنارلىق ئىش ئىدى.

**ھۇزۇرلىنىشماق** «ھۇزۇرلانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۇ باغدا يەپ - ئىچىپ، ئويۇن - تاماشا قىلىپ راسا ھۇزۇرلىنىشتى.

**ھۇزۇر - ھالاۋەت** ھۇزۇر ۋە ھالاۋەت: ھۇزۇر - ھالاۋەتنى تەڭ كۆرمەك.

**ھۇقۇيتماق** پ. دىيال. ۋارقىرىماق، توۋلىماق، چاقىرماق.

**ھۇما** ئى [ئە] كىشىنىڭ بېشىغا قونسا، شۇ كىشى ئەڭ بەختلىك بولىدۇ دەپ قارىلىدىغان بىر خىل ئەپسانىۋى قۇش؛ بەخت قۇشى.

**ھۇۋ** تەق ① بەزى قۇشلار سايرىغاندا چىقىدىغان ئاۋاز. ② سوپىلارنىڭ ساما سالغاندىكى ئاۋازى.

**ھۇۋقۇش** ئى [ھوۋ + قۇش] بىر خىل قۇش. تېنى ئاچ قوڭۇر رەڭلىك. خىلى كۆپ، قارا سەپكۈنلىرى بار، بېشىدا مۈڭگۈزسىمان پەي - تۈكلىرى بار. كۆزى چوڭ، لېكىن يۇمىلاق، كېچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. چاشقان، قۇشقاچ قاتارلىق كىچىك ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق. دائىم كېچىلەردە قورقۇنچلۇق ئاۋاز چىقىرىپ سايرايدۇ. ئۇ يەنە «قارىغۇياپىلاق» ۋە «مۈشۈكياپىلاق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ھۇۋلاتماق** «ھۇۋلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىتنى ھۇۋلاتماق. * ئۇ ئىتنى ھۇۋلىتىپ، قەلەندەرنى قوغلىۋەتمەكچى بولۇپ باغقا قاراپ ماڭدى.

**ھۇۋلاشماق** «ھۇۋلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: توغراقلىق تەرەپتىن پات - پات بىر توپ يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇۋلاشقان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**ھۇۋلىماق** پ. «ھۇۋ - ھۇۋ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، توۋلىماق (ئىت، بۆرە ھەققىدە): سەھەر ھۇۋلىغان ئىتتىن قورق (ماقال).

**ھۇۋۇلداتماق** «ھۇۋۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ كۆلكىسى قەلبىمدە بورۇنقىدەك قۇيقۇرۇق، ئېچىرقاپ تۇرغان قاغجىراش ھېسسىياتىنى ھۇۋۇلداتمايتتى.

**ھۇۋۇلداشماق** «ھۇۋۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ھۇۋۇلدىماق** پ. قۇرۇقدىلىپ قالماق، بوشاپ شامال ئۆچۈرۈپ تۇرىدىغان ھالەتكە كېلىپ قالماق: ئۇ كۆكۈيۈن غايىب بولغان دۇنيانىڭ ئۆزى ئۈچۈنمۇ قۇرۇق ھۇۋۇلداپ قالغانلىقىنى سەزدى.

**ھۇيت** ئىم. چاقىرىش، توۋلاش، ئومۇمەن قارشى تەرەپنى ئۆزىگە قارىتىش ئىماسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز: — ھۇيت خېنىم، قاراپ قويۇپراق ماڭالا، — دېدى ئايشەم خىيال بىلەن ئۆزىنى يانداپ ئۆتۈپ كەتكەن رابىيەنىڭ ئارقىسىدىن ئاڭلىتىپ تۇرۇپ.

**ھۇيت - ھۇيت** «ھۇيت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۆچكىنىڭ دائىم ئوچۇق تۇرسا ھېچ گەپ يوق، قوينىڭ بىر قېتىم ئېچىلىپ قالسا ھۇيت - ھۇيت (ماقال).

**ھۆ** تەق. كۆڭۈل ئاينىپ قۇسۇش ئالدىدا ياكى قۇسقان ۋاقىتىدا چىقىدىغان ئاۋاز: ھۆ بولماق. ھۆ قىلماق. * سەپەرداشلىرى-

مىزدىن بەزىلىرىنىڭ ئايروپىلانغا چىقسا كۆڭلى ئېلىشىدۇ. نېمە، «ھۆ» دەپ قوشۇشقا باشلىدى.

**ھۆپۈپ** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. پەيلىرىنىڭ رەڭگى قوڭۇر، تاجىسى بار. تۇمشۇقى ئىنچىكە ۋە سەل ئەگمەچ كېلىدۇ. ھاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. دېھقانچىلىققا پايدىلىق قۇش ھېسابلىنىدۇ.

**ھۆپىگەر** ئى [ئە + پ] ھۈنەرۋەن، كاسىپ، ئۇششاق ئېلىپ-ساتار: ئۇ ئەلنەغمىچىلەرنىڭلا ئەمەس، شەھەرنىڭ نامرات ھۈنەرۋەن - كاسىپ، ھۆپىگەرلىرىنىڭمۇ دىلكەش دوستى، كۆڭلىدىكى ئادىمىگە ئايلىنىپ قالدى.

**ھۆپىگەرلىك** ئى. ھۈنەر، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش، كاسىپلىق: — قارىمامسەن، ھەربىر باغنى تېمىسقىلاپ يۈرگىنىنى، ئۇنىڭ ھۆپىگەرلىكى ئېشىپ كېتىۋاتىدىغۇ تاڭ، — دېدى ئىككى دوست بىر - بىرىگە ئەنۋەرنى ئىما قىلىشىپ تۇرۇپ.

**ھۆپىگەن** ئى. دىيال. چاشقان تېپىدىكى بىر خىل ھايۋان.

**ھۆتۈت - پۆتۈت** يوقىلاڭ، قالايمىقان گەپ.

**ھۆتۈت - پۆتۈت دېمەك** سەلب. يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلىپ، ئۇنى - بۇنى دەپ تۇرۇپ نارازىلىق بىلدۈرمەك، قارشى گەپ قىلماق: بۇ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ قارارى! بۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ ھۆتۈت - پۆتۈت دېيىشىگە ھەققى يوق!

**ھۆتۈتلىمەك** پ. ھۆتۈت - پۆتۈت دەپ يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلماق، چالۋاقىماق: — ئابلىمىت، تولا ھۆتۈتلەپ كەتتىڭ، زادى نېمە دېمەكچىسەن؟ — دېدى سادىق ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي.

**ھۆججەت** ئى [ئە] ① ھۆكۈمەت ئورگانلىرى تەرىپىدىن چىقىرىلغان رەسمىي يازما ئالاقە، ئۇقتۇرۇش قاتارلىقلار. يىغىن ھۆججىتى. ھۆججەت يەتكۈزمەك. ② بىرەر كىشىنىڭ كىملىكىنى، مەشغۇلاتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، ھوقۇقىنى تەستىقلايدىغان يازما پاكىت؛ ئىسپات: ھەيدەرخان غوجا قولىدا بوز دۆڭنى «خانلىق يەر» دەيدىغان ھۆججەت زادى يوق ئىدى. ③ سېتىش - سېتىۋېلىش، رەنىگە قويۇش، تاپشۇرۇۋېلىش، ئارىيەتكە ئېلىش، توختاملىشىش، ئىجارىگە ئېلىش قاتارلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئىسپاتلايدىغان يازما ئىسپات؛ تالون، باغاقچە قاتارلىقلار: ھۆججەت بەرمەك. ھۆججەت ئالماق. ھۆججەت يېزىپ بەرمەك. ④ <ئارخىئول> ئىلمىي، ئىجتىمائىي ياكى تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان يېزىق، سۈرەت، ئەسەر قاتارلىق يازما ماتېرىياللار.

**ھۆججەتشۇناس** ئى [ئە + پ] ھۆججەت ئىلمى، كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچى مۇتەخەسسىس: ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ تارىخى بويىچە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مۇھىم تەتقىقاتچى، تەرجىمان، ھۆججەتشۇناسلار ئەنگلىيەدە ئاز ئەمەس.

**ھۆججەتشۇناسلىق** ئى. پەننىڭ ھۆججەت ئىلمىگە ۋە كەسپىگە دائىر مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان تارمىقى: ھۆججەتشۇناسلىق ھازىرقى كۈندە باشقا پەنلەرگە ئوخشاش مۇھىم پەنلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

**ھۆججەتلەشتۈرمەك** «ھۆججەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كومپارتىيەمىز پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ قارارلىرىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ھۆججەتلەشتۈرۈپ، تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ تۇرىدۇ.

**ھۆججەتلەشتۈرۈلمەك** «ھۆججەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قۇرۇلتاي قارارلىرى بىر - بىرلەپ ھۆججەتلەشتۈرۈلۈپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى.

**ھۆججەتلەشمەك** پ. بىرەر ئىش، نەرسە ياكى ئادەم توغرۇلۇق پۈتۈشكەن پىكىرنى يېزىپ ھۆججەت ھالىتىگە كەلتۈرمەك، رەسمىيلەشتۈرمەك: ئۆينىڭ باھاسىنى توختىتىپ، شۇئان ھۆججەتلەشكەندۇق.

**ھۆججەتلىك** سۈپ. ھۆججىتى بار: ھۆججەتلىك قەرز. ھۆججەتلىك فىلىم.* كومپارتىيىمىزنىڭ 50 يىللىق مۇساپىسى ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى بىلەن ھۆججەتلىك فىلىم قىلىپ ئىشلەندى.

**ھۆدەيچى** ئى. تارس. تارىختا خان، پادىشاھ، ۋاڭ قاتارلىق ئەمەلدارلارنىڭ ھۇزۇرىغا بىرەر ھاجەت بىلەن ياكى ئەرز ئېيتىپ كەلگەنلەرنى خان، پادىشاھ، ۋاڭلارغا خەۋەر قىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ جاۋابىنى ھاجەتمەنگە يەتكۈزىدىغان ئەمەلدار.

**ھۆددە** ئى [ئە] پايدا - زىيانغا، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە ئۆزى ئىگە بولۇش شەرتى بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەت؛ كۆتۈرە: ھۆددە ئالماق. ھۆددە بەرمەك. ھۆددە قىلماق.* ھەممە ئىش ھۆددە بولغاندىن كېيىن ئىشچان بىلەن ھۇرۇننى ئايرىماقمۇ ناھايىتى ئاسان بولىدىكەن.

**ھۆددەس** رەۋ. دىيال. پەقەت، ئەسلا، زادىلا.

**ھۆددىگەر** ئى. ھۆددە ئالغۇچى، كۆتۈرەچى، كاپالەت قىلغۇچى: قوغۇنچى توختى ئاكام ھەش - پەش دېگۈچە پىلەكتىن بىر كۆكچىنى ئۈزۈپ كەلدى، ھۆددىگەر بۇنى كۆرۈپ توختى ئاكامنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپلا كەتتى.

**ھۆددىگەرلىك** ئى. ھۆددىگە ئېلىش، ھۆددىگە بېرىش: ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى.* ناھىيەدىن كادىر چىقىپ، كەسپىي ئائىلە قۇرۇپ ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويىدىكەن، دېگەن خەۋەر بىر دەمدىلا پۈتۈن يېزىغا تارقىلىپ بولدى.

**ھۆددىلەشمەك** ① «ھۆددىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② ھۆددىگە ئېلىش، توختام رەسمىيىتى تۈرگۈزماق: ھۆددىلەشكەن ئاشلىقنى ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلالايمىز.

**ھۆددىلىمەك** پ. جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالماق. كۆتۈرە قىلماق: كېپىشىرلەش، كېسىش، ھەرىلەش قاتارلىق ئىشلارنى ئادىل بىلەن زايىت ھۆددىلەپ كېتەلىدى.

**ھۆر** I [ئە] ① سۈپ. باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان، ئەركىنلىكى ئۆزىدە بولغان؛ ئازاد، ئەركىن: ھۆر ئادەم. ھۆر زامان.* گۈللەندى يېپەك يۇرتى، نۇر چاچقاچ قۇياش پارلاق، توي بولدى ئەجەب قايناق، ھۆر تاڭدا مۇقام ياڭراق. ② ئى. قۇلدارلىق جەمئىيەتتىكى قۇلدىن باشقا ئاھالىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.

**ھۆر** II ئى [ئە] مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە جەننەتتە ياشايدىغان گۈزەل قىز؛ پەرى: ئۇ ئۆزىنى خۇددى جەننەتتىكى ھۆرلەر ئارىسىدا يۈرگەندەك ھېس قىلىپتۇ.

**ھۆر - پەرى** ھۆر ۋە پەرى: شاھ سارىيى ئالتۇندىن، ياسالغانىكەن ھەيۋەتلىك، ياشايدىكەن شۇ يەردە، بىر ھۆر - پەرى سۈرەتلىك.

**ھۆر - غىلمان** ھۆر ۋە غىلمان: كەمتەر، باتۇر، تەمكىن ئۆزى، زېھنى دېگىنىز، شېرىن سۆزى، مېھرى قۇياش، نۇرلۇق يۈزى، ھۆرى - غىلمان قەشقەر قىزى.

**ھۆركىرەتمەك** «ھۆركىرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كالىنى ھۆركىرەتمەك.* قورقىدىغان ھېچنېمە يوق، ئەنۋەرنى

ھۆركىرەتكەن «تۆت سولتەك»نىڭ ئەمدى قۇيرۇقى بىر تۇتام بولغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن.

**ھۆركىرەشمەك** «ھۆركىرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قوتاندىكى بىر توپ كالىلار بەس - بەس بىلەن ھۆركىرەشتى.

**ھۆركىرىمەك** پ ① ئۈنلۈك ئاۋاز چىقارماق: بۇقا ھۆركىرەيدۇ، قۇيرۇقى تىترەيدۇ. ② كۆچمە. بىرەر ئىش تۈپەيلىدىن بىراۋغا ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىماق: مەنسۇر خۇرشىدىخانغا زەردە بىلەن ھۆركىرىدى. ③ كۆچمە. گەپنى يوغان قىلىپ، ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلماق: ھۆركىرەپ ئۆتتۇم ئەمەلىنىڭ بارىدا يولۋاس بولۇپ، قايسى كۈن چۈشتۇم شۇ ئان ئۆچتى ئۈنۈم تىمتاس بولۇپ، يا يۈرەكتىن ئالدى دەرد دوختۇرغا سۆرەشتى دەرىخ ! يا ئۈدۈل مەسچىتكە كىردىم ئەل ئارا چىقماس بولۇپ.

**ھۆرلۈك** ئى. باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولماسلىق، ئەركىنلىك، ئازادلىق: يېقىن ئىدى سەھرا ئۇنىڭ قەلبىگە، بىلىنەتتى ئاۋات يۇرتتەك، چۆل ئەمەس، چۈنكى ئۇندا كەڭ ھۆرلۈكنى ھېس قىلغان، ھاۋاسىدىن ئالغان قېنىپ ئۇ نەپەس.

**ھۆرمەت** ئى [ئە] ① ئادەم ۋە نەرسىنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىپ ئۇنى قەدىرلەش، ئۇلۇغلاش، ئەزىزلەش تۇيغۇسى؛ ئىززەت، ئېھتىرام: ۋەتەنگە ھۆرمەت. ئۆز كەسپىگە بولغان ھۆرمەت. * بۇلبۇل گۈل بار يەردە، ھۆرمەت دوست بار يەردە (ماقال). ② ئامما ئارىسىدا قازانغان ئىناۋەت؛ ئابرۇي، ئېتىبار: ھۆرمەت قىلماق. ھۆرمەت تاپماق. * كىشىنىڭ ھۆرمىتى ئۆز قولىدا (ماقال). ③ ئەر - ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ھۆرمەت قاراۋۇلى** <ھەرب> ئارمىيە تەرىپىدىن چىقىرىلغان مەلۇم قائىدە - يوسۇنلارنى ئۆتەش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىدىغان كىچىك قىسىم.

**ھۆرمەتچان** سۈپ. باشقىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ھۆرمەتنى قەدىرلەيدىغان، ياخشى كۆرىدىغان: ئالىمجان چىرايى دېگەندەك كېلىشكەن بولمىسىمۇ، لېكىن گەپ - سۆزى جايىدا، ئەدەپلىك، ھۆرمەتچان يىگىت.

**ھۆرمەتسىز** سۈپ. ھۆرمىتى يوق، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولالمىغان، ئابرۇيسىز: ھۆرمەتسىز ئادەملەر مەيلى قەيەرگە بارمىسۇن ھامان قارغىشقا قالىدۇ.

**ھۆرمەتسىزلىك** ئى. ھۆرمەت قىلالماسلىق، ئەزىزلىمەسلىك؛ ئابرۇيسىزلىق: ھۆرمەتسىزلىك قىلماق. * مېھماننى ئالدىغا چاقىرتىپ ۋاقىتنى گەپ - سۆزسىز بىھۇدە ئۆتكۈزۈشنىڭ ئۆزى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھۆرمەتسىزلىك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم - دە، جىم ئولتۇرۇشنى ئەپسىز كۆرۈپ ئاخىرى گەپ باشلىدىم.

**ھۆرمەتلەتمەك** «ھۆرمەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاتا - ئانىسى ئاينۇرغا چوڭلارنى ھۆرمەتلىتىپ ئۆگەتكەنلىكى ئۈچۈنمۇ، ئاينۇر ئۆزىدىن چوڭلارغا ھەرگىز قوپاللىق قىلمايتتى.

**ھۆرمەتلەشمەك** «ھۆرمەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئاتا - ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئىناق ياشاپ، بىر - بىرىگە يار - يۆلەكتە بوپتۇ ۋە بىر - بىرىنى ھۆرمەتلىشىپ، ھېچقانداق كۆڭۈلسىزلىك سادىر قىلىشماپتۇ.

**ھۆرمەتلەنمەك** «ھۆرمەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىنسان پسىخىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىنسانلارنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ يۇكسىلىشىگە ئەگىشىپ، ئىنسانلاردا ھۆرمەتلىنىش ئېھتىياجى تۇغۇلغان.

**ھۆرمەتلىك** سۈپ. ھۆرمىتى بار، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان، ئابرۇيلۇق: ھۆرمەتلىك مېھمان. * — ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى، راست گەپنى دېسەم، پەقەت سېنىڭ داداڭ ھۆرمەتلىك ئورمان بوۋايغىلا سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

**ھۆرمەتلىمەك** پ. ھۆرمىتىنى، ئىززىتىنى قىلماق؛ قەدىرلىمەك، چوڭ كۆرمەك: ئاتا - ئانىنى ھۆرمەتلىمەك. چوڭلارنى ھۆرمەتلىمەك.

**ھۆرمەت - ئېھتىرام** ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام: ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرمەك. * شۇڭلاشقا ئازادلىق بولۇش بىلەن تەڭ، بېشىدا كۆتۈردى ۋەتىنىم، خەلقىم. ھەر يەردە كۆرسەتتى ھۆرمەت - ئېھتىرام، ئۈستى ئەل ئىچىدە قىممىتىم - قەدرىم.

**ھۆر - ھۆر** ← **ھۆر - ھۆر يىغلىماق.**

**ھۆر - ھۆر يىغلىماق** ئۆزىنى توختىتالماي قاتتىق يىغلىماق: يۇرت شۇ سۆزنى ئاڭلاپتۇ، يۈرەك باغرىنى داغلاپتۇ، كۆكرەك كېرىپ سېيىت ئاخۇن، ئالغا ماڭغان چاغلاردا، ھەممە ھۆر - ھۆر يىغلاپتۇ.

**ھۆرۈ - پۆرۈ** ← **ھۆرۈ - پۆرۈ دېمەك.**

**ھۆرۈ - پۆرۈ دېمەك** ئورۇنسىز يوقىلاڭ گەپ - سۆزلەر بىلەن كىشىگە ھەيۋە قىلماق، قاتتىق گەپلەر بىلەن كىشى ئالدىدا يوغانچىلىق قىلماق: سەن تېخى ئۆزۈڭنى چاغلىماي، نېمە مېنىڭ ئالدىمدا ھۆرۈ - پۆرۈ دەيسەن !

**ھۆرىستان** ئى [ئە + پ] يېزىت. ھۆرلۈك، ئازادلىق دەۋر سۈرگەن جاي؛ ئازاد، ئەركىن ماكان: بارىمىز ئۆرلەش بىلەن توسقۇننى مەردلەرچە بۆسۈپ، باشچى بولغاچ پارتىيە بىزگە ھۆرىستان ئالدىدا.

**ھۆرىگۈل** ئى [ھۆر + ى + گۈل] ① <بوت> كاكتۇس ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. ئاساسىي غولى يۇملاق تۇۋرۇك شەكىللىك. تارماق شاخلىرى ياپىلاق، يوپۇرماق شەكلىدە بولىدۇ، رەڭگى يېشىل، يوپۇرمىقى بولمايدۇ. گۈلى چوڭ، ئاق رەڭلىك، تارماق شاخلارنىڭ گىرۋىكىدە ئۆسىدۇ، تولاراق كېچىسى ئېچىلىدۇ. چېچەكلەش ۋاقتى ناھايىتى قىسقا. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ھۆرىيەت** ئى [ئە] ① ئازادلىق، ئەركىنلىك: ئاز كۈن ئۆتمەي ئۈچ ۋىلايەتنى، قىلدى ئازاد ياش قەھرىمانلار، سۈندى زۇلمەت، بولدى ھۆرىيەت، راھەتلەندى قىينالغان جانلار. ② قىز - ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ھۆرىيەتپەرۋەر** سۈپ [ئە + پ] ھۆرىيەتنى، ئازادلىقنى خالايدىغان، ئۇنى ھىمايە قىلىدىغان، قوغدايدىغان: ھۆرىيەتپەرۋەر شائىر. * ئۇ بورىنى يانتۇ تۇتۇپ، باتۇر، كۈرەشچان، ھۆرىيەتپەرۋەر دېگەن سۆزلەرنى دوسكىغا چىرايلىق قىلىپ يوغان يازدى.

**ھۆرىيەتپەرۋەرلىك** ئى. ئەركىنلىك، ھۆرىيەتنى خالاش، ھىمايە قىلىش ۋە ئاشۇنداق خاھىش: — بۈگۈن بىز خەلقىمىزنىڭ باتۇر، كۈرەشچان خەلق ئىكەنلىكى ۋە ھۆرىيەتپەرۋەرلىكى توغرىسىدا سۆزلەيمىز ! — دېدى تارىخ ئوقۇتقۇچىسى ئەھمەد نىياز مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ.

**ھۆرىيەتچى** ئى. كىشىلەرنى زۇلۇمدىن، ئېزىلىشتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئازاد قىلىش يولىدا كۈرەشكۈچى: ئۇ بىر ھۆرىيەتچى بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئىسسىق - سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى.

**ھۆسن** [ئە] ① ئى. چىراي، جامال، كۆرك، گۈزەللىك: ئۇنىڭ ھۆسنى گىرىمسىز سەھنىگە چىقسىمۇ پۈتۈن زالنى نۇرلاندۇرۇۋەتكۈدەك ئىدى. ② سۈپ. چىرايلىق قىلىپ يېزىلىدىغان، نەپىس، كۆركەم، گۈزەل: ھۆسنخەت.

**ھۆسن ـ جامال** ھۆسن ۋە جامال: سادىق ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالىنى قانغۇدەكلا كۆرەلمىگىنىنى، كۆز خۇمارىدىن چىقمىغىنىنى ئۇچۇن پايپېتەك بولۇشقا باشلىدى.

**ھۆسنخەت** ئى [ھۆسن + خەت] چىرايلىق، گۈزەل، كۆركەم قىلىپ يېزىلىدىغان خەت؛ خۇش خەت.

**ھۆسنلىك** سۈپ. ھۆسن ـ جامالى كېلىشكەن، گۈزەل: گۈلباھار خېلى ھۆسنلىك بىر قىز بولۇپ چوڭ بولغانىدى.

**ھۆسۈت** ئى. دىيال. ھەسەت، قىزغىنىش.

**ھۆسلە** ئى. كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ئىپادىلىنىدىغان پوزىتسىيە، تەكەللۇپ، يېقىملىق قىلىق: ئۇياتچان قىز مېھمانغا ھۆسلە قىلىپ كېتىشنى خالىمايتتى.

**ھۆسلە ـ سۆلكەت** ھۆسلە ۋە سۆلكەت، قىزغىنلىق، خۇشخۇيلۇق: ئۇ بىزنى تولىمۇ ئىسسىق چىراي، مۇلايىم ھۆسلە ـ سۆلكەت، شېرىن سۆزلەر بىلەن قارشى ئالدى.

**ھۆكمەت** ئى [ئە] ئاھاڭلىق داستان، غەزەل: ھاپىز ساپايى قېقىپ ھۆكمەت ئېيتتى.

**ھۆكمەتچى** ئى. داستان، غەزەللەرنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇيدىغان كىشى؛ ھاپىز: ھۆكمەتچى قولىقىنى تۇتۇپ: ــــ مەن قەلەندەر شاھىمەن، ئالەم ماڭا ۋەيرانىدۇر، ــــ دەپ ھۆكمەت ئوقۇدى.

**ھۆكۈم** ئى [ئە] ① بىرەر مەسىلە ھەققىدىكى ئېنىق پىكىر، خۇلاسە: ھۆكۈم قىلماق. ② كۆچمە. بۇيرۇق، ئەمر، پەرمان: ھۆكۈمنىڭ قاتتىقلىقىدىن يېكەن قوزۇق يەرگە كىرىپتۇ (ماقال). ③ <قا> سوتنىڭ قاراپ چىقىشنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان دېلولار ئۈستىدە چىقارغان قارارى: ھۆكۈم خېتى. ھۆكۈم ئېلان قىلماق. ④ <لوگ> شەيئىلەرنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە كېسىم قىلغۇچى تەپەككۇر شەكلى. ئۇ جۈملە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ھۆكۈملەر ئاددىي ھۆكۈم ۋە قوشما ھۆكۈم دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

**ھۆكۈم سۈرمەك** ① ئۆز ھۆكۈمىنى ئۆتكۈزمەك. ھۆكۈمرانلىق قىلماق، دەۋر سۈرمەك: تۇرپاندىكى ئىدىقۇت خانلىقى بۇندىن 1133 يىل ئىلگىرى قۇرۇلۇپ، 400 يىل ھۆكۈم سۈرگەن. ② كۆچمە. بولۇۋاتقان ئىش ـ ھەرىكەت، گەپ ـ سۆز، سۆھبەت ئۆز ھالىتىنى ئۆزگەرتمەي، تەرتىپى، يۆنىلىشى بويىچە داۋاملاشماق: سۆھبىتىمىز ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئارىمىزدا خېلى ئۇزۇنغىچە ئېغىر سۈكۈت ھۆكۈم سۈردى.

**ھۆكۈما** ئى [ئە] ① تېۋىپ، دوختۇر: مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ زامانىسىدا خوتەن، يەكەن، قەشقەر تەرەپلەردىن ھۆكۈمالار تەكلىپ قىلىنىپ، قومۇلدا تېبابەتچىلىك راۋاج تاپقان. ② دانىشمەن، ئالىم، پەيلاسوپ، ئالدىن ھۆكۈم قىلغۇچى: ئەلقىسسە، پادىشاھ ھۆكۈمالارنى يەنە بىر قېتىم يىغىپ ئوغلىنىڭ بەخت ـ تەلىيىنى سورىغانىدى.

**ھۆكۈمەت** ئى [ئە] ① دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى: مەركىزىي ھۆكۈمەت. ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى. ② دۆلەت، ھاكىمىيەت: ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمەت قۇرماق. ھۆكۈمەت تەشكىللىمەك.

**ھۆكۈمەتسىز** سۈپ. ھۆكۈمىتى يوق، ھۆكۈمىتى بولمىغان، ھۆكۈمەتتىن مەھرۇم: ھۆكۈمەتسىز ھالەت. * ئۇلار يۇقىرى پايدىنى قوغلىشىپ، ئۆزئارا رىقابەتلىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ھۆكۈمەتسىز ھالەتتە تۇرىدۇ.

**ھۆكۈمەتسىزلىك** ئى ① دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئىنكار قىلىپ، ھەرقانداق تەشكىلات، ئىنتىزام ۋە نوپۇزغا قارشى تۇرۇش. ② تەشكىلىي ئىنتىزامغا بويسۇنماسلىق.

**ھۆكۈمچى** ئى. ھۆكۈم چىقارغۇچى، باھا بەرگۈچى: ئۆز ۋىجدانىم ئالدىدا تىلىم تۇتۇلۇپ قالىدىغانلا ئىش قىلمىسام، باشقىلارنىڭ تۆھمەت، ھاقارەتلىرىدىن قورقمايمەن، چۈنكى ھاياتنىڭ ئۆزى ئادىل ھۆكۈمچى.

**ھۆكۈمدار** ئى [ئە + پ] ئالىي ھوقۇق ئىگىسى، ھۆكۈمدارلىق قىلغۇچى: بۇ گەپنىڭ قانچىلىك راستلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭدا ھۆكۈمدارلاردىكى مىجەز ـ خۇلقنىڭ بىر تەرىپى ئەكس ئېتىلگەن.

**ھۆكۈمدارلىق** ئى. ئالىي ھوقۇقنى تۇتۇش، ھۆكۈمرانلىق: قاراخانىيلارنىڭ خانلىق تۈزۈمىدە «قاراخان» ئاتىلىشىدا، ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدارلىق مەنىسىگە ئىگە ئىدى.

**ھۆكۈمران** ئى [ئە + پ] ھۆكۈم يۈرگۈزگۈچى؛ ئالىي ھوقۇق ۋە ھاكىمىيەت ئىگىسى: ئەمدى بىز ئاراللار ۋە يەتتە سارايىنىڭ ھۆكۈمرانى غەيۇر شاھ ۋە ئۇنىڭ گۈزەل قىزى مەلىكە بۇدۇرغا كېلەيلى. // ھۆكۈمران سىنىپ.

**ھۆكۈمرانلىق** ئى. ھوقۇق ۋە ھاكىمىيەتنى يۈرگۈزۈش، ھۆكۈمدارلىق: ھۆكۈمرانلىق تەختى. * مەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئىجتىمائىي تۈزۈمى بىزنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان بۇ يەردە پۇلنىڭ ھۆكۈمرانلىقى خۇدانىڭ ئىرادىسىدىنمۇ كۈچلۈك ئىكەن.

**ھۆكۈملەنگۈچى** ئى <لوگ> ھۆكۈمنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، يەنى ھۆكۈمدە پىكىر ئوبيېكتىنى بىلدۈرگۈچى ئۇقۇم. مەسىلەن، «شېكەر ــــ تاتلىق نەرسە» دېگەن ھۆكۈمدە «شېكەر» دېگەن ئۇقۇم ھۆكۈملەنگۈچى بولىدۇ.

**ھۆكۈملۈك** سۈپ. ھۆكۈمگە ئىگە.

**ھۆكۈملىگۈچى** ئى <لوگ> ھۆكۈمنىڭ ئۈچ تەركىبىي قىسمىنىڭ بىرى. پىكىر ئوبيېكتىنىڭ بەلگىسى ۋە باشقا ئەھۋالىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، «مېتال ــــ توك ئۆتكۈزگۈچى جىسىم» دېگەن بۇ ھۆكۈمدە «توك ئۆتكۈزگۈچى جىسىم» دېگەن ئۇقۇم ھۆكۈملىگۈچى بولىدۇ.

**ھۆكۈمنامە** ئى [ئە + پ] <قا> سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلوغا قاراپ چىقىش نەتىجىسىدە چىقارغان يازما ھۆججىتى: شۇ كۈنى بۇ ھۆكۈمنامىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئادەملەر يامۇل تەرەپكە كەينى ـ كەينىدىن يېتىپ كېلىشمەكتە ئىدى.

**ھۆكۈنەك** ئى. دىيال. ھەرە كۆنىكى.

**ھۆڭ** تەق. قاتتىق يىغلىغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**ھۆڭرەتمەك** «ھۆڭرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھۆڭرىتىپ يىغلاتماق.* ــــ نېمىدەپ چوپچوڭ بالىنى ئەتىدىن، ـ كەچكىچە ھۆڭرىتىۋېرىسەن؟ ــــ دېدى گېزىت ئوقۇۋاتقان دادام بېشىنى كۆتۈرۈپ خاپا بولغاندەك.

**ھۆڭرەشمەك** «ھۆڭرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئەلەمدىن ھۆڭرىشىپ يىغلاپ كېتىشتى.

**ھۆڭرىمەك** پ. ھۆڭ ـ ھۆڭ قىلماق، قاتتىق ئاۋاز چىقارماق

(يىغا ھەققىدە): ئۇ ئەمدى ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى.

**ھۆكگۆرەك** ئى. چاپچىپ ھەر تەرەپكە تاشلىنىش، سەكرەش.

**ھۆكگۆرەك ئاتماق** چاپچىپ ھەر تەرەپكە تاشلانماق، سەكرىمەك: ئايتوراخان تۇيۇقسىز ھۆكگۆرەك ئېتىپ يىغا سالدى.

**ھۆكگۆرەكلىمەك** پ. ھۆكگۆرەك ئاتماق: يەنە بەزىلەر تىل — ئىنسانلاردىكى ئاغرىق ئازابىدىن ئىنجىقلاش، يىغلاش، چىرقىراش، ھۆكگۆرەك ئېتىش ياكى كۈچلۈك ھېسسىياتلار تۈرتكىسىدە تۇغما ھالەتتە سادا چىقىرىش، كۈلۈش، قاھقاھلاش ئارقىسىدا پەيدا بولغان دەيدۇ.

**ھۆكگىدە** رەۋ. بىردىنلا ئۈن سېلىپ، تۇساتتىن قاتتىق ئاۋاز بىلەن: ئۇ ھۆكگىدە يىغلىۋەتتى.

**ھۆڭ - ھۆڭ** «ھۆڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ ئېرىنى ھۆڭ - ھۆڭ يىغلاپ تىترىگىنىچە قۇچاقلىدى.

**ھۆل** سۈپ. ① سۇ يۇققان، سۇ ئىچىۋالغان، نەم: ھۆل كىيىم. ھۆل بولماق. ② يېڭى ئۈزۈلگەن ياكى يېڭى ئورۇلغان، سۈيى ياكى شىرنىسى قاچمىغان، قۇرۇمىغان: ھۆل مېۋە. ھۆل نوتا. ھۆل ياغاچ. ھۆل بېدە.

**ھۆل تامغا ئېشەك تەپكەندەك** پەقەت جايىغا چۈشمىگەن، لايىقىدا بولمىغان، قاملاشمىغان؛ داڭقان پۇتى (گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەت ھەققىدە): ھۆل تامغا ئېشەك تەپكەندەك ئاڭلانغان بۇ پەرمان تاقەتسىزلىنىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى سېھىرلىگەندەك قاتۇرۇپ قويدى.

**ھۆل تەمرەتكە** <تېب> بىر خىل تېرە كېسىلى. كۆپىنچە يۈز، ئۇرۇقدان خالتىسى ياكى تۆت مۇچىنىڭ ئېگىلىدىغان قىسمىدا پەيدا بولىدۇ. كۆپرەك نېرۋا سىستېمىسىنىڭ فۇنكسىيەسى توسالغۇغا ئۇچراش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدا، تېرە قىزىرىش، قىچىشىش، دۆڭچە ئەسۋىلەر ياكى سۇلۇق قاپارتقۇلار پەيدا بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ساقايغاندىن كېيىنمۇ يەنە ئاسانلا قايتا پەيدا بولىدۇ.

**ھۆل خىشقا دەسسىمەك** ئالدانماق، قىلتاققا چۈشمەك: سىلى، ئۆزلىرى دېسە، ئادەتتىكى ھۆرمەتقۇ دەپ ئويلاپ ھۆل خىشقا دەسسەپتىمەن.

**ھۆلتەن** ئى. دىيال. تىرىك جان.

**ھۆلچىلىك** ئى. ھۆل - يېغىن، نەملىك بىلەن تولغان، ھۆل بولۇپ كەتكەن ھالەت: ئاڭلىشىمچە ئۇ يەرلەردىمۇ ھۆلچىلىك، قۇرغاقچىلىق بولۇپ تۇرىدىكەن.

**ھۆل - قۇرۇق** ھۆل ۋە قۇرۇق: ئوچىقىمنىڭ چىشى يوق، ھۆل - قۇرۇق بىلەن ئىشى يوق (ماقال).

**ھۆللە** ئى. دىيال. بىر - بىرىنى تېپىپ ئوينايدىغان بىر خىل باللار ئويۇنى.

**ھۆللەتمەك** «ھۆللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياش ئانا يىشىدا يەرنى ھۆللەتتى. گويا ئۇ ساپسېرىق ھىجران دەشتىنى، زارى يۇلغۇندا شۇ دەم گۈللەتتى.

**ھۆللەشمەك** «ھۆللىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئاخىرقى بىرقانچە يۇتۇم سۇ بىلەن گاللىرىنى ھۆللىشىپ، يەنە ئالدىغا قاراپ ئېغىر - ئېغىر قەدەم ئېلىشقا باشلىدى.

**ھۆللەنمەك** «ھۆللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ ھۆللەنگەن لۆڭگە بىلەن يۈز - كۆزىنى سۈرتكەچ كارىۋىتىمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

**ھۆللۈك** ئى. ھۆل، نەم ھالەت؛ نەملىك: يەرنىڭ ھۆللۈك دەرىجىسى بەك يۇقىرى.

**ھۆللىمەك** پ. ھۆل قىلماق، نەم قىلماق: ھارۋىكەش يەرگە چۈشۈپ كېيىنكى ھارۋىلاردىن سۇ ئېلىپ تامىقىنى ھۆللىگەندىن كېيىن ئاندىن يېتىشىپ كېلىپ ھارۋىغا چىقتى.

**ھۆل - يېغىن** ھۆل ۋە يېغىن، قار، يامغۇر قاتارلىقلار؛ يامغۇر - يېشىن: ھۆل - يېغىن مىقدارى.

**ھۆمۈدەشمەك** «ھۆمۈدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ بىر - بىرىدىن سېمىز ئايالار ھۆمۈدىشىپ بولسىمۇ، تويتىن قالماي يېتىشىپ كېلىشمەكتە ئىدى.

**ھۆمۈدىمەك** پ. نەپسى قىسىلماق، دېمى سىقىلماق، ھاسىرىماق: ئۇلار ھەر ئىككىسى ھاسىرايتتى، ھۆمۈدەيتتى.

**ھۆ** تەق. ئايالار ئاۋاز چىقىرىپ ئۈزۈلدۈرمەي يىغلىغان چاغدا چىققان ئاۋاز: ھۆ تارتىپ يىغلىماق.

**ھۈپ** تەق. شامالسىز ۋە نەپەسنى قىيىنلاشتۇرىدىغان دەرىجىدىكى دىمىق ھەم ئىسسىق ھاۋادىن يۈز بېرىدىغان ھالەت: ھۈپ ئۆتمەك.

**ھۈپپىدە** رەۋ. «ھۈپ» قىلغان ھالدا، «ھۈپ» قىلىپ: ئۇنىڭ يۈزى ھۈپپىدە قىزاردى. رەڭمۇرەڭ گۈللەر ھۈپپىدە ئېچىلدى.

**ھۈپلەتمەك** «ھۈپلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆزۈمنى ھۈپلىتىپ قويماق.* ئۇلار بۇغدايلارنى بىر مەزگىل ھۈپلىتىپ قويغاندىن كېيىن سورۇپ تاغارلارغا قاچىلاشقا باشلىدى.

**ھۈپلىمەك** پ ① زىرائەتلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى قېلىن، زىچ بولۇپ كېتىپ، ئاپتاپ كۆرمەي، شامال تەگمەي، تىنىق ئىسسىقتا دىمىقىپ قالماق، ئىسسىق ئۇرۇپ كەتمەك: بۇ يىل ئىسسىق قاتتىق بولغانلىقتىن، بۇغدايلار ھۈپلەپ يېتىپ كەتتى. ② قىزىق ۋە تىنجىق ئاپتاپ تەسىرىدىن نەملىكى قېچىپ سولماق. ③ قىزىق، تىنجىق ئاپتاپتا ئۇزۇن تۇرۇش سەۋەبىدىن كېسەل بولماق، ئاپتاپ ئۆتمەك، ئىسسىق ئۆتمەك.

**ھۈپ - ھۈپ** «ھۈپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: چىڭقى چۈشتىكى كېۋەزلەرنىڭ ھۈپ - ھۈپ ئىسسىقىدا زادىلا چىدىغىلى بولمىدى.

**ھۈجەيرە** ئى [ئە] <بىيول> ← **كلېتكا**: ئۈسۈملۈك ھۈجەيرىسىدە ھۈجەيرە پوستى بولىدۇ.

**ھۈرپەيتمەك** «ھۈرپەيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جەرەن قوغلاپ كەلگەن ئاپقارا ئىككى ئانا بۆرە چاتقاللىق ئارىسىدىن ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، تۈكلىرىنى ھۈرپەيتكەن پېتى ئېتىلىپ چىقتى.

**ھۈرپەيمەك** پ. بىر ئىش، بىر نەرسە تۈپەيلى كەيپىياتى بۇزۇلماق، تەرىنى تۈرمەك: دەردىنى بىراقلا تۆكۈۋېتىشكە ئۇرۇن تاپالمىغان زەيتۈنە بوينىنى شاپتۇل قېقىپ قىزلارغا ھۈرپەيدى.

**ھۈرپىيىشمەك** «ھۈرپەيمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئولتۇرۇشتىكىلەر ياش يىگىتكە ھۈرپىيىشتى.

**ھۈررەك** ئى. قاتتىق ئورۇلۇش ياكى باشقا سەۋەبتىن ئادەم بەدىنىنىڭ بىرەر جايىغا چىقىدىغان نەرسە، گادا: ئۇ پېشانىسىدىكى مۇشتۇمدەك ھۈررەكنى سىلىغىنىچە قىڭغىيىپ ئۇيقۇغا كەتتى.

**ھۈررەكلەشمەك** پ. ھۈررەك ھالەتكە كەلمەك، گادا پەيدا بولماق، تومپىيىپ چىقماق: يول ئازابىدىن ئۇنىڭ پۇتلىرى ھۈررەكلەشتى.

**ھۈررەكلىك** سۈپ. ھۈررەك پەيدا بولغان، ھۈررەكلەشكەن:

ئۇ پۈتىدىكى ھۆررەكلىك قاپارتمىلارنى ئەمچىگە كۆرسەتتى.

**ھۆررەك ـ ھۆررەك** «ھۆررەك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇنىڭ يۈزلىرىگە ھۆررەك ـ ھۆررەك بىر نېمىلەر چىقىپ كېتىپتۇ.

**ھۆرمەك** پ ① كونا ئادەت بويىچە دۇئا، دۇرۇت ئوقۇپ سۈپ دېمەك، سۈپكۈچىلىمەك، دەم سالماق: ئانا قورقىنىدىن ياقىسىنى تۇتۇپ بىر نېمىلەرنى پىچىرلاپ ئوقۇپ ھۆرگىلى تۇردى. ② كۆچمە. خىرقىرىماق، خىرىس قىلماق، قاۋىماق: ئىت ھۆرەر، كارۋان يۈرەر (ماقال).

**ھۆل** ئى. ئوتنىڭ ئىسسىق تەپتى: ئوتنىڭ ئۆلى.

**ھۆمەلچاي** ئى. ئۇننى ياغدا قورۇپ، ئۇنىڭغا شېكەر، سۈ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدىغان چاي.

**ھۆممە** ئى. بال س. ئۇسسۇزلۇق، ئىچىملىك، سۇ.

**ھۈنەر** ئى [پ] ① كىشىلەر ئۆگىنىپ، ماھارىتىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق تۇرمۇشنى قامدايدىغان كەسىپ، مۇلازىمەت: ھۈنەر قىلماق. قول ھۈنەر. * ھۈنىرى بار قول ئۆلمەس (ماقال). ② ئۇستىلىق، سەنئەت، ماھارەت: ھۈنىرىنى كۆرسەتمەك. ③ چارە ـ تەدبىر، ھىيلە ـ مىكىر، ھەييارلىق: ھۈنەر ئىشلەتمەك. ④ خۇي، قىلىق: ھۈنەر چىقارماق.

**ھۈنەر ـ سەنئەت** <گ سەن> شەكىل يارىتىش سەنئىتىنىڭ بىرى. ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىرى كۈندىلىك بۇيۇملار ھۈنەر ـ سەنئىتى، يەنى زىننەتلەپ ـ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تۇرمۇش بۇيۇملىرى، مەسىلەن، بوياقچىلىق، فارفورچىلىق، ئۆي سايمانلىرى ھۈنەر ـ سەنئىتى؛ يەنە بىرى زىننەت ھۈنەر ـ سەنئىتى، يەنى مەخسۇس تاماشا قىلىپ ھۇزۇرلىنىدىغان زىننەت بۇيۇملار. مەسىلەن، پىل چىشى ئويمىچىلىقى، قاشتېشى ئويمىچىلىقى، زىننەتلىك رەسىم قاتارلىقلار.

**ھۈنەرسىز** سۈپ. ھۈنىرى يوق، ھۈنەر ئۆگەنمىگەن: ھۈنەرسىز قالماق.* ھۈنەرسىز ياشاش ھەقىقىي ئەركەكلەر ئۈچۈن ئۆلگەن بىلەن باراۋەردۇر.

**ھۈنەرلىك** سۈپ. ھۈنىرى بار، ھۈنەر ـ كەسىپ ئۆگەنگەن؛ ئۇستا: گۆھەرلىك بولۇشتىن ھۈنەرلىك بولۇش ئارتۇق (ماقال).

**ھۈنەرۋەن** ئى [پ] بىرەر ھۈنەرنى ئىگىلىگەن ئۇستا؛ كاسىپ: بۇ يىگىت سودىگەر ئەمەس، ھۈنەرۋەندەك قىلىدۇ. // شۇنداق قىلىپ، پادىشاھنىڭ بۇ گۈزەل قىزى ئاشۇ ھۈنەرۋەن يىگىتنىڭ بوپتۇ.

**ھۈنەرۋەنلىك** ئى. ھۈنەرۋەن، كاسىپلار قىلىدىغان ئىش؛ كەسىپ: چوڭ ئوغۇل ئۈچىلىسىنىڭ ھۈنەرۋەنلىكتە كامالەتكە يەتكەنلىكىنى، پادىشاھنىڭ قىزىنى سۈرىتىدىن كۆرۈپ بۇ شەھەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى بوۋايغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

**ھېجىر** ئى. سېغىز توپىدىن ياسىلىپ، خۇمداندا پىشۇرۇلغان ساپال چىنە؛ غېدىر.

**ھېجىقىز** ئى. ئەرلىك خۇسۇسىيىتىنى يوقاتقان، ئاياللارغا ئوخشاش خۇسۇسىيەتكە ئۆگىنىپ قالغان ئەر؛ بەچچە، كۆت، قوڭچى.

**ھېچ** ئال [پ] ① پەقەت بولۇشسىز جۈملىلەردىلا كېلىپ، «ئەسلا، زادى، پەقەت» مەنىسىدە مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ ياكى ھەر خىل بەلگە، سان، مىقدارى ۋاقىتلارنىڭ ھەرقانداقلىقىنى بىلدۈرىدۇ: كۆپنى بىلمىگەن ئازنى ھېچ بىلمەس (ماقال). ② بەزى سۆزلەرگە قوشۇلۇپ بىرىككەن سۆز (بىرىككەن ئالماش) ياسايدۇ: ھېچكىم. ھېچنېمە. ھېچقانداق. ھېچقايسى. ھېچقاچان.

**ھېچ بولمىسا** يۈك ← **ھېچ بولمىغاندا:** توختىماس كارۋان يولىدىن گەرچە ئاتلار بەك ئورۇق، تاپقۇسى ھېچ بولمىسا، بۇ ئىزنى بىر كۈن نەۋرىمىز، يا ئەۋرىمىز.

**ھېچ بولمىغاندا** يۈك. بولمىدى دېگەندە، ئاز دېگەندە؛ ئىلاج بولمىغان تەقدىردە: پادىشاھى ئالەم، توخۇ بېقىشنى بىلمەيدىكەنسىز، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ھېچ بولمىغاندا، 40 مېكىيانغا بىر خوراز بولمىسا بولامدۇ؟!

**ھېچ قەيەر** ھەرقانداق بىر يەر: ياخشىلىقنى ھېچكىم ھېچ قەيەردە ئۇنتۇمايدۇ ۋە ياخشىلىق يەردە قالمايدۇ.

**ھېچ كىشى** ھەرقانداق بىر كىشى، ھېچكىم: يوقسۇل بولساڭ بايلار بىلەن دوست بولما، كەمبەغەل بىلەن ھېچ كىشى دوست بولمايدۇ.

**ھېچ گەپ ئەمەس** ① ئوڭاي، ئاسان، قىيىن ئەمەس: بىر ئادەمنى كۆتۈرۈپ ئۇرۇش ئۇلارغا ھېچ گەپ ئەمەس. ② ئەجەب ئەمەس، ئەجەبلىنىشكە بولمايدۇ: قېنى بېرىپ باقايلى، ئەپلىشىپ قالسا، ھېچ گەپ ئەمەس.

**ھېچ گەپنىڭ تايىنى يوق** ھېچبىر ئىش بولمايلا، گەپ ـ سۆز ئۆتۈلمەيلا: ھېچ گەپنىڭ تايىنى يوق، ئۇنى تاشلىۋەتمەكچىمۇ؟ پەرىدەنىڭ ئۇنىڭدىن نەرى كەم.

**ھېچ گەپ يوق** ھېچ ئىش بولمايدۇ، ئەيىب ئەمەس: ئۆچكىنىڭ دائىم ئوچۇق تۇرسا ھېچ گەپ يوق، قوينىڭ بىر قېتىم ئېچىلىپ قالسا، ھۈيت ـ ھۈيت (ماقال).

**ھېچ نەرسە** ھەرقانداق بىر نەرسە، ھېچنېمە: — بالام، قورقماس ئادەمدىن ھېچ نەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، — دەپتۇ.

**ھېچ نەرسە ئەمەس** مۇھىم ئەمەس، تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق: ئۇ بىز ئۈچۈن ھېچ نەرسە ئەمەس.

**ھېچ ۋاقىت** ← **ھېچقاچان.**

**ھېچ ۋەقەسى يوق** زەرەرى يوق، ھېچ نەرسە بولمايدۇ، كارايىتى چاغلىق: — مەن توغرىسىنى سۆزلەۋاتىمەن، ھەممىمىز دېھقان ـ دە، شۇمۇ ئاسان ئەمەس! كەمچىلىكمۇ بولدى. بۇنىڭ ھېچ ۋەقەسى يوق، — دېدى بوۋاي ھېلىقى كادىرغا قاراپ.

**ھېچ ئىش كۆرمىگەن** بېشىغا كۈن چۈشمىگەن، بېشىدىن ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتمىگەن، تۇرمۇش تەجرىبىسى يوق: — ئۇكام، بۇ بالا ھېچ ئىش كۆرمىگەن، بارما، دېسەك ئۇنىمىدى، بىر خۇداغا، ئاندىن قالسا ئۆزىڭىزگە تاپشۇردۇق، باش ـ كۆزىنى سىلاپ قويارسىز، — دېدى ھاشىم ئاكام قولۇمنى قىسىپ تۇرۇپ.

**ھېچ ئىش يوق** چاتاق يوق، مەسىلە يوق: ئەنسىرىمەڭ، ئۆيدىن چىقمايلا ئولتۇرسىڭىز ھېچ ئىش يوق.

**ھېچبىر** ئال [ھېچ + بىر] ① ھەر قانداق بىر: ئۆمرۈمدە ھېچبىر خوتۇن بىلەن شۇ خىل مۇئامىلە قىلغان ئەمەسمەن. ② پەقەت، زادى: تۇرسۇن ھېچ ئىككىلەنمەيلا «بارمايمەن» دېدى.

**ھېچقاچان** ئال [ھېچ + قاچان] ھەرقانداق ۋاقىتتا، پەقەت، زادى، ئەسلا، مۇتلەق: كاۋا ھېچقاچان قوغۇن بولماس (ماقال).

**ھېچقانچە** ئال [ھېچ + قانچە] ئازغىنا، ئاز مىقداردا؛ كۆپ ئەمەس: مەيگە چۈشكەن بىلەن ھېچنەلەر كۆرۈنمەيدۇ، يار بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر ھېچقانچە بىلىنمەيدۇ.

**ھېچقانداق** ئال [ھېچ + قانداق] ھەرقانداق بىر خىلدىكى: ھېچقانداق ئادەم. ھېچقانداق ۋاقىت. // ئەمدى ئۇلارنى توساپ قېلىشقا ھېچقانداق ئامال يوق ئىدى.

**ھېچقايسى** ئال [ھېچ + قايسى] ھەرقانداق بىر، ھېچبىر: دەللاللار بازارغا كەلگەن كېنىزەكلەرنى ۋەزىرگە كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا ياقماپتۇ.

**ھېچقىسى** ئال ← **ھېچقىسى يوق.**

**ھېچقىسى يوق** ھېچ ۋەقەسى يوق، كېرەك يوق، كارى چاغلىق: — ھېچقىسى يوق، بىزمۇ ئادەم بالىسى ئەمەسمۇ، بولىۋېرىدۇ، — دەپتۇ تاز گەدىنىنى قاشلاپ.

**ھېچكىم** ئال [ھېچ + كىم] ھېچقانداق ئادەم، ھېچ كىشى، ھېچبىر ئادەم: يالغانچىنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرسىمۇ ھېچكىم ئىشەنمەس (ماقال).

**ھېچنە** ئال. جان ت. ھەر قانداق يەر، ھېچقاياق، ھېچقەيەر: بۈگۈن ھېچنەگە بارمىدىم.

**ھېچنېمە** ئال [ھېچ + نېمە] ھەرقانداق بىر نەرسە، ھېچ نەرسە: ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ھېچنېمە تاپالمىدۇق.

**ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق** بىرەر ئاساسى، سەۋەبى بولمىغان ھالدا، بىكاردىن ـ بىكارغا: ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق مۇنداق قىلىشقاق، باشلىغان ئىشىمىزنى قانداق قىلىپ باشقا ئېلىپ چىققىلى بولىدۇ؟

**ھېرىپ ـ چارچاپ** ھېرىپ ۋە چارچاپ: قەمەرۇززامانمۇ ئاچلىقتىن، ئۇسسۇزلۇقتىن ھېرىپ ـ چارچاپ، دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

**ھېرىپ ـ ئېچىپ** ھېرىپ ۋە ئېچىپ، ھېرىپ ـ چارچاپ، مىڭ تەسلىكتە، ئاران ـ ئاران: ئۇ بۇ يەرگە پىيادە ماڭغانچە ھېرىپ ـ ئېچىپ يۈرۈپ، چۈش ـ پېشىنلەردە ئاران يېتىپ كەلگەنىدى.

**ھېرىس** سۈپ [ئە] بىرنەرسىگە ئىشتىياق باغلىغان، كۆڭۈل قويغان، ئىشقىۋاز، ئامراق: ئۇ باغۋەنچىلىككە ھېرىس ۋە گۈلخۇمار ئادەم ئىدى.

**ھېرىسلىك** ئى. بىرنەرسىگە ئىشتىياق بىلەن بېرىلىش، ئىنتىلىش، قىزىقىش؛ ئامراقلىق: بوۋاي ناتونۇش يولۇچىغا ھېرىسلىك بىلەن ئۇزاق تىكىلىپ قارىدى.

**ھېرىسمەن** سۈپ. بىرەر ئىشقا ياكى بىرەر نەرسىگە ئادەتتىن تاشقىرى بېرىلىدىغان، قىزىقىدىغان، ئىنتىلىدىغان؛ مەستانە، ئامراق: ناخشىغا ھېرىسمەن. كىتابقا ھېرىسمەن.* ئۇ ئەزەلدىن كىتاب ۋە گېزىت ـ ژۇرنال ئوقۇشقا ھېرىسمەن بولۇپ، شەرەپنى ئەقىل بىلەن ھۈنەردىن، ئۇلۇغلۇقنى ئىلىم بىلەن پاراسەتتىن ئىزدەشكە تىرىشاتتى.

**ھېرىسمەنلىك** ئى. بىرنەرسىگە ئىشتىياق بىلەن بېرىلىدىغان، قىزىقىدىغان ھالەت، ئامراقلىق: چايچى ئايال چايخانىدىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان ئىككى قىزنىڭ ئارقىسىدىن ھېرىسمەنلىك بىلەن قارىغىنىچە بىرھازا تۇرۇپ قالدى.

**ھېرىقماق** پ. دىيال. ھارماق، چارچىماق.

**ھېزى** رەۋ [ئە] ھوشيار، دىققەت، پەخەس، ئاگاھ: ھېزى بولماق.

**ھېس (ھېسسى)** ئى [ئە] <پىسخول> ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيىتىنىڭ كىشى مېڭىسىدىكى ئىنكاسى: دوستلۇق ھېسسى. شادلىق ھېسسى. ھېس قىلماق.

**ھېس قىلماق** <پىسخول> دەسلەپكى تونۇشتا كەلمەك؛ سەزمەك، تۇيماق: تۇرسۇنئاي ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇقىنى ھېس قىلغاندەك ئەتراپقا قورقۇپقىنا قارىدى.

**ھېساب** [ئە] ① ئى. نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى ساناپ ئېنىقلاش، ساناش: ئاغزاكى ھېساب. ھېسابتىن ئاداشماق. ② ئى. (تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن كېلىپ) تەخمىن، چاما، مۆلچەر: مېنىڭ ھېسابىمغا قارىغاندا. ئۇنىڭ ھېسابىچە. * ئۆيدىكى ھېساب تالاغا توغرا كەلمەپتۇ (ماقال). ③ ئى. ساناق، ئېنىقلىق؛ مىقدار، سان: ئوتتۇرا ھېسابتا. ھېسابى يوق. ④ ئى. تىزىم، تىزىملىك: ياچېيكا ھېسابىدا 13 پارتىيە ئەزاسى بار. ⑤ ئى. تەۋەلىك ۋە يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن كېلىپ: 1) بىرەر كىم ياكى ماددىي بايلىق، ئوزۇق ـ تۈلۈك، پۇل: ئۇلار كىمنىڭ ھېسابىغا ياشايدۇ؟ 2) بىرەر كىم ياكى نەرسە ئۈچۈن، بىرەر كىم ياكى نەرسىنىڭ پايدىسىغا، ئورنىغا: قاسىم بۇ يىل 10 ـ ئايدىلا بىر يىللىق ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، قالغان ئىككى ئايدا بولسا كېلەر يىل ھېسابىغا ئىشلىدى. 3) بىرەر كىم ياكى نەرسە تۈپەيلى بىرەر كىم ياكى نەرسىدىن پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن: ئۇ بۇ بىر ـ ئىككى يىلدىن بېرى شىركەتنىڭ مەبلىغى ھېسابىغا بېيىدى. 4) بىرەر كىم ياكى نەرسىنىڭ بەدىلىگە، ئورنىغا: ئۇ كىشىلەرنىڭ ئوتتۇنلىرىنى يېرىپ بېرىش، سۇلىرىنى توشۇپ بېرىش ۋە مال ـ ۋارانلىرىنى بېقىپ بېرىش ھېسابىغا تىرىكچىلىك قىلاتتى. ⑥ ئى (ئورۇن كېلىش بىلەن كېلىپ) نەزەر ـ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان، ھۆرمەت قىلىنىدىغان، قەدىرلىنىدىغان ئادەم ياكى نەرسىلەر قاتارى: ئۇلار ئەينى چاغدا ئاتاقتا بار، ھېسابتا يوق كىشىلەر ئىدى. ⑦ سۈپ (يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەن ئىسىم ياكى ئالماشلارنىڭ ئالدىدا كېلىپ) مەنسۇپ، تەۋە: — بولدى، ماڭا ھېساب، — دېدى ـ دە، يىگىت بۇرۇلۇپ سېلىم ئاكىغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بولدى، سىز كېتىڭ، قالغان ئىشنى مەن سۆزلىشىمەن. ⑧ سۈپ. كۈچكە ئىگە؛ باراۋەر؛ توغرا: — دۇرۇس، ئالماسنىڭ دېگىنى ھېساب، گەپ يوق، ئالماسقا ئىشىنىمىز، — دېيىشتى قېرىنداشلار. ⑨ ئى. ھېسابات؛ ھېساب ـ كىتاب: بۇ ھېساب تۈگىدى. قايتا تىلغا ئېلىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ⑩ ئى <مات> ئارىفمېتىكا: ئۇ ھېسابقا ئۇستا ئىدى. ⑪ ئى. كۆچمە. ئىلاج، تەدبىر؛ ئىمكانىيەت: پۇل تاپقۇچە ھېساب تاپ (ماقال). ⑫ ئى. كۆچمە. نەتىجە: ئاخىرقى ھېسابتا.

**ھېساب ئەمەس** ① ئىناۋەتسىز: ئېلىقۇلنىڭ دېگىنى ھېساب ئەمەس. ② كۈپايە قىلمايدۇ: — قىزىم، پۇل تېپىشتا ھۈنەر قىلىشنىلا بىلگەن بىلەن ھېساب ئەمەس، — دېدى ئانا.

**ھېسابتا بار، ھەمدەمدە يوق** نام، ئاتاقتا بار، ئەمەلىي ئىشتا يوق: تۇغقان، تۇغقان دەيدىكەنسىلەر، ئۇنداق ھېسابتا بار، ھەمدەمدە يوق تۇغقاندىن يات ياخشى.

**ھېسابىنى ئالماق** مەسئۇلىيىتىنى، جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرمەك: مەن ئۇنىڭدىن بۇ ئىشنىڭ بەربىر ھېسابىنى ئالىمەن.

**ھېسابى يوق** ناھايىتى جىق، نۇرغۇن، سانسىز: گىلەمچىلىك كارخانىمىز ئىشقا كىرىشىپ كەتسە، ئۇنىڭدىن كېلىدىغان پايدىنىڭ ھېسابى يوق.

**ھېسابات** ئى [ئە] ① ھېسابلاش ئىشلىرى؛ ھېساب: ھەي، سىز بىر ئۆمۈر ھېسابات بىلەن شۇغۇللانغان ئادەمغۇ! ② <سودا> پۇل، مال، يۈك قاتارلىقلارنىڭ كىرىم ـ چىقىم خاتىرىسى:

ھېسابات دەپتىرى. ھېسابات تالونى. ھېسابات جەدۋىلى. ③ كۆچمە. ئۆز ئىشلىرى، بىر ەر تاپشۇرۇق قاتارلىقلارنىڭ بېجىرىلىشى ۋە شۇ قاتارلىقلار ھەققىدە رەھبەرلىك، تەشكىلات ياكى جامائەتچىلىك ئالدىدا ئاغزاكى ياكى يازما رەۋىشتە بېرىلىدىغان رەسمىي ئاخبارات؛ دوكلات: يىللىق ئىشلار ھېساباتى. * بىلىپ قوي، بىزنىڭ سەندىن ئالىدىغان ھېساباتىمىز تېخى بۇرۇنقىدەك ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ.

**ھېساب - چوت** ھېساب ئېلىش، ھېسابلاش ئىشلىرى: ھېساب - چوتنى ئاياغلاشتۇرماق.

**ھېسابچى** ئى. ھېساب قىلىدىغان، ھېسابلايدىغان ئادەم: ئەتراپىمىزدىكى ھېسابچىلار ھەممىنى ھېسابلاپ تۇرىدۇ.

**ھېسابسىز** سۈپ. ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان، ناھايىتى نۇرغۇن، سانسىز، بىھېساپ: ھېسابسىز مال. ھېسابسىز پۇل. * بۇ يەردىكى ھېسابسىز ئۈجمىلەر مەي بولۇپ، باغلاردىكى ئۆرۈكلەرمۇ ئالتۇندەك سارغىيىپ تۇراتتى.

**ھېساب - كىتاب** ھېسابلاش، ھېسابلاش ئىشلىرى: ھېساب - كىتاب قىلماق.* رازىيە ئەنە شۇ ھېساب - كىتابلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، يىگىتنىڭ قانداق ئۇسۇل بىلەن يېڭى كۆكتاتنى بالدۇر پىشۇرغانلىق توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلىماي قالدى.

**ھېسابلاتماق** «ھېسابلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ كاسسىر ئارقىلىق بۇ ئايدىكى بارلىق چىقىملارنى ھېسابلىتىپ كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

**ھېسابلاش** ئى <مات> بېرىلگەن سانلارغا ئاساسەن ماتېماتىكىلىق ئۇسۇل ئارقىلىق نامەلۇم ساننى تېپىش.

**ھېسابلاش ماشىنىسى** < فىز > ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش ئېلىپ بارالايدىغان ماشىنا. بۇنىڭ بەزىلىرى مېخانىزملارنىڭ قۇرۇلمىسىدىن ياسىلىدۇ، مەسىلەن، قول بىلەن ئايلاندۇرۇلىدىغان ھېسابلاش ماشىنىسى؛ بەزىلىرى ئېلېكترونلۇق ئېلېمېنتلاردىن ياسىلىدۇ، مەسىلەن، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى.

**ھېسابلاشماق** «ھېسابلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۈگۈن كەچقۇرۇن شاڭيۇ بىلەن ھېسابلىشىپ، ئەتە ئىككىمىز ئۆزىمىزنىڭ يېغىغا كېتىمىز. * بەزىلەر ئۆزلىرىنى ھەقىقەتنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ھېسابلىشىدۇ، ئەمما ئىجرا قىلمىغان ئادەمنىڭ نەدىمۇ قوغدىغۇچى بولۇش سالاھىيىتى بولسۇن؟

**ھېسابلاقلىق** سۈپ. ھېساب قىلىنغان، ھېسابى ئېلىنغان، ھېسابلانغان: ئۇنىڭ ئىدارىدىن ئېلىپ خەجلىگەن بارلىق پۇللىرى مالىيە بۆلۈمىدە ھېسابلاقلىق ئىدى.

**ھېسابلانماق** «ھېسابلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك، مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن بولۇپ، باشقىلارغا قارىغاندا بىلىمسىز ھېسابلىناتتى.

**ھېسابلىغۇچ** ئى <فىز> كىچىك تىپتىكى ھېسابلاش ئەسۋابلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. ھازىر كۆپرەك ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ئەسۋابلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ھېسابلىق** سۈپ ① ئۆز ئارا ھېسابلاشقان، ھېساب - كىتاب قىلىنغان، ئېلىم - بېرىمدە ئېنىق بولغان: ھېسابلىق دوست ئايرىلماس. ② ئانچە كۆپ ئەمەس، چەكلىك مىقداردا، ساناقلىق: ھېيتقىمۇ ھېسابلىق كۈن قالدى.

**ھېسابلىماق** پ ① بىرەر نەرسىنىڭ مىقدارىنى ئېنىقلىماق، ئېدىتىنى ئالماق، سانىماق: پۇلنى ھېسابلىماق، قول بىلەن ھېسابلىماق. ۋاقىتنى ھېسابلىماق. ② <مات> نامەلۇم بىر مىقدارنى ھېسابلاش يولى بىلەن ئېنىقلىماق، ھېسابلاپ تاپماق. ③ كۆچمە. باھالىماق، پەرەز قىلماق، مۆلچەرلىمەك، ئويلىماق،... دەپ قارىماق: مەن ئۇنى سىلەر دېگەندەك ئەخمەق ئادەم ئەمەس، دەپ ھېسابلايمەن.

**ھېس - تۇيغۇ** ھېس ۋە تۇيغۇ؛ ھېسسىيات: ئۇ ئويناق، جۇشقۇنلۇق ۋە سەنئەتلىك ئىلى ناخشىلىرىنى ھەربىر ئاڭلىغىنىدا يۈرەك - باغرى ھېس - تۇيغۇلارغا تولاتتى.

**ھېسداش** ئى. ھەممە شاد - خۇراملىق، غەم - قايغۇسىغا ئورتاقلاشقۇچى كىشى؛ تىلەكداش: بولۇر ھېسداش گاھى ئەل سەن بىناۋاغا، ئاغرىتىپ ئىچ سەن ناتىۋان بىداۋاغا.

**ھېسداشلىق** ئى. شادلىق ۋە غەم - قايغۇدا ئورتاق بولۇش، خەيرخاھلىق: ھېسداشلىق قىلماق. ھېسداشلىق بىلدۈرمەك.* بالا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر ھېسداشلىقنى كۆرگەندەك بولدى.

**ھېسداشمەن** سۈپ. شادلىق ۋە غەم - قايغۇدا ئورتاق بولغان، ھېسداش بولغان، خەيرخاھ، مېھرىبان: جەمئىيەتتىكى بىرەر ئورۇندا پۈت تىرەپ تۇرۇش - تۇرالماسلىقىڭىز باشقىلارغا قارىتا ھېسداشمەن بولۇش - بولالماسلىقىڭىز بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

**ھېسداشمەنلىك** ئى. شادلىق ۋە غەم - قايغۇدا ئورتاق بولۇش، ھېسداشلىق، خەيرخاھلىق: — باشقىلار بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بىللە تۇرۇش - تۇرالماسلىقىڭىز تامامەن ئۆزىڭىزنىڭ باشقىلارنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى ھېسداشمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىش - قىلالماسلىقىڭىزغا باغلىق، — دېدى ئۇ تەمكىن ھالدا.

**ھېسسىز** سۈپ. بىرەر نەرسىنى سېزىش، ھېس قىلىش قابىلىيىتىدىن مەھرۇم بولغان؛ ھېسسىياتسىز: شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟ بۇلارنىڭ نەزىرىدە بىز گويا ھېسسىز كۆتەككۇ؟

**ھېسسىي** سۈپ [ئە] ھېس - تۇيغۇغا، ھېسسىياتقا ئائىت: ھېسسىي بىلىش. ھېسسىي تۇيغۇ. ھېسسىي ئوبراز.* بۇ شېئىردىكى «قار»، «چېچەك»، «تۇرنا»، «چىمەن»، «بۇلبۇل» قاتارلىق ھېسسىي ئوبرازلارنىڭ بىر - بىرىگە شۇنداق تەبىئىي سىڭىشتۇرۇلگەنلىكى ئادەمگە ھەرگىزمۇ مەنتىقىسىزلىك ھېس قىلدۇرمايدۇ.

**ھېسسىي بىلىش** <لوگ> ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئايرىم جەھەتى، ھادىسە جەھەتى ۋە تاشقى باغلىنىشى توغرىسىدا سەزگۈ ئەزالىرىمىز ئارقىلىق ئىشقا ئاشقان بىۋاسىتە بىلىش. ھېس، ئىدراك ۋە تەسەۋۋۇرلار ھېسسىي بىلىش شەكىللىرىدۇر.

**ھېسسىيات** ئى [ئە] <پسىخول> تاشقى تەسىرگە بولغان بىرقەدەر كۈچلۈك پسىخىك ئىنكاس: ھېسسىياتى قوزغالماق. ھېسسىياتى ئېپادىلەنمەك. ھېسسىياتقا بېرىلمەك.* دەل شۇ پەيتتە، ئادىل دادىسىنىڭ ھېسسىياتىنى، قىينىلىپ بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندى.

**ھېسسىياتچان** سۈپ. بىرنەرسىدىن تېز ھەم چوڭقۇر تەسىرلىنىدىغان: ياش ۋە ھېسسىياتچان قىز ئۈچۈن يىگىت توغرىسىدا خىيال قىلىش ھەم كۆڭۈللۈك، ھەم ئازابلىق ئىش.

**ھېسسىياتچانلىق** ئى. بىرنەرسىدىن تېز تەسىرلىنىدىغان، ھېسسىياتچان ھالەت ۋە مىجەز: باھار گۈزەللىكىگە پۈركەلگەن تەبىئەت ھۆسنىگە قىزىقىشى، ھېسسىياتچانلىقى بىلەن ئۇ باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

**ھېسسىياتداش** ئى. بىرەر كىشى بىلەن بىر خىل ھېسسى-

ياتتا، بىر ئۆيدا، بىر پىكىردە بولغان كىشى: مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز قول ئاستىدىكىلەر بىلەن ھېسسىياتداش ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشتىكى ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى.

**ھېسسىياتداشلىق** ئى. ھېسسىياتى ئوخشاشلىق، ھېسسىياتتىكى بىردەكلىك: ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتداشلىق ئەتراپتىكىلەرنى ناھايىتى ھەيران قالدۇردى.

**ھېسسىياتسىز** سۈپ. توغرا، تېز ۋە چوڭقۇر ھېس قىلالمايدىغان، ھېسسىياتى يوق؛ تەسىر قىلارلىق ھېسسىيات ئىپادىلەنمىگەن: ئادەتتە، ئادەمنىڭ سىمىزى ھېسسىياتسىز كېلىدۇ دېيىشىدۇ، مېنىڭچە ئۇنداق ئەمەس.

**ھېسسىياتسىزلىق** ئى. تەسىر قىلارلىق ھېسسىيات ئىپادىلەنمەسلىك، ھېسسىياتى يوقلۇق، ھېسسىياتى بولماسلىق: ئۇلاردىكى يالغۇزلۇق زېرىكىش، ئۈمىدسىزلىك، ھېسسىياتسىزلىق، روھىي بېسىم ۋە خۇنۇكلۇك قاتارلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**ھېسسىياتلاندۇرماق** «ھېسسىياتلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — بۇ كىنو ئادەمنى تولىمۇ ھېسسىياتلاندۇرىدىكەن، — دېدى قىز ئەنۋەرنىڭ بىلىكىگە قولىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ.

**ھېسسىياتلانماق** پ. ھېسسىياتقا چۆممەك، ھېسسىياتقا كەلمەك، ھېسسىياتقا ئىگە بولماق: ناخشا ئېيتقۇچى، ساز چالغۇچى ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزى ھېسسىياتلانسا، تەسىرلىنىپ ھاياجانلانسا، شۇ چاغدىلا باشقىلار ئۇنىڭدىن لەززەت، مۇڭ ئېلىپ ھوزۇرلىنالايدۇ.

**ھېسسىياتلىق** سۈپ. ھېسسىياتى بار؛ ھېسسىياتى ئىپادىلىنىپ تۇرغان، باشقىلارغا چوڭقۇر تەسىر قىلىدىغان: ئەلانۇرنىڭ نۇرغۇن كىتاب ئوقۇغان، ھېسسىياتلىق ۋە پەزىلەتلىك قىز ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. // ئۇ شېئىرنى ناھايىتى ھېسسىياتلىق ئوقۇدى.

**ھېسسىياتلىنىشماق** «ھېسسىياتلانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تاماشىبىنلار بۇ گۈزەل قىزلارنىڭ ئۇسسۇللىرىنى كۆرۈپ ھېسسىياتلىنىشتى.

**ھېسسىيلىق** ئى. ھېس - تۇيغۇنى ئاساس قىلىش، يۈزەكىلىك: «ئاشىقلار كويى»دىكى يۇقىرىقى كۆرۈنۈش ھېسسىيلىق ھەم كونكرېتلىققا ئىگە مەنىۋى ھالەت بولۇپ، ئۇنى بىر تەرەپلىمە ھالدا ئوبيېكتىپ ھالەت دېگىلى بولمايدۇ.

**ھېس - ھاياجان** ھېس ۋە ھاياجان، ھېسسىيات: ھېس - ھاياجانغا تولغان كەيپىيات. * دادام قاتتىق ھېس - ھاياجانغا چۆمگەن ھالدا كۆلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى.

**ھېسىپ** ئى. قوينىڭ ياغلىق ئۈچەيىنىڭ ئىچىگە سۇغا ئارىلاشتۇرۇلغان گۈرۈچ، سەۋزە، جىگەر، قوينىڭ ئىچ مېيى قاتارلىقلارنى قويۇپ پىشۇرۇلغان بىر خىل يېمەكلىك: ھېسىپ قۇيماق. ھېسىپ پىشۇرماق. * ياندا ھېسىپ بولسا يېگىلى ياراپتۇ (ماقال).

**ھېشىق** سۈپ. دىيال. قېلىن، گەپ ئۆتمەيدىغان.

**ھېق** ① ئى <تېب> كېرىگەت مۇسكۇللىرىنىڭ تاسادىپىي قىسقىرىشى بىلەن سۇمۇرۇلگەن ھاۋانىڭ بوغۇزدا قىسىلىش ھالىتى. ② تەق. مۇشۇنداق ھالدا بوغۇزدىن چىققان ئاۋاز.

**ھېق تۇتماق** «ھېق - ھېق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، ھېقىلداق: بىردىن مېنىڭمۇ ئاياغلىرىمدا جان ئەۋلادى قالماي، گاللىرىم قۇرۇشقا باشلىدى، ھېق تۇتۇشقا باشلىدىم.

**ھېققىدە** رەۋ. «ھېق» قىلغان ھالدا، «ھېق» قىلىپ: گېلىم تۇيۇقسىز ھېققىدە بولۇپ كەتتى.

**ھېقىق** ئى [ئە] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. ئۇ كىرېمنىي كىسلاتالىق كوللوئىدنىڭ قېتىشمىسىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئادەتتە بىر خىل رەڭدە بولىدۇ، لېكىن تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى ھەر خىل ئوخشىمىغان رەڭدىكى قەۋەتسىمان، لېنتىسىمان، سىزىقسىمان، سىزىقلىق گۈلسىمان بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ رەڭدارلىقى ۋە كۆركەملىكى بىلەن ياقۇت ياكى ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇمى قىلىنىدۇ. ئادەتتە ھېقىقتىن ئوق قازان، ھاۋانچا قاتارلىق سانائەت بۇيۇملىرى ياسىلىدۇ.

**ھېقىقلىماق** پ. «ھېق - ھېق» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «ھېق - ھېق» قىلماق: ئۇنىڭ يارىسى يامان، ھوشسىز ھالدا ھېقىقلاپ يېتىپتۇ. قارىنىنى تىكتۈرمەكچى بولۇۋىدىم، جەرراھ بولمايدۇ، دېدى.

**ھېكايە** ئى [ئە] ① بىرەر كىم، نەرسە، ۋەقە ياكى ھادىسە ھەققىدە ئاغزاكى بېرىلىدىغان ئاخبارات ياكى مەلۇمات؛ بىرەر نەرسىنىڭ ئاغزاكى بايانى، تەپسىلاتى: ئۇ مەلىكە بەرنا بىلەن ئەقىللىق ئوتۇنچى يىگىت ۋاھىت توغرىسىدا ھېكايە باشلىدى. ② <ئەد> نەسرىي يول بىلەن يېزىلغان كىچىكرەك بەدىئىي ئەسەر.

**ھېكايە فىلىم** <كىنو> ئارتىسلارنىڭ رول ئېلىشى بىلەن مەلۇم ۋەقەلىكنى بايان قىلىش مەزمۇن قىلىنىپ ئىشلەنگەن كىنو فىلىمى.

**ھېكايىچى** ئى① ھېكايە ئېيتىدىغان، ھېكايە سۆزلەيدىغان كىشى. ② مەخسۇس ھېكايە يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى؛ يازغۇچى.

**ھېكايىچىلىق** ئى. ھېكايە يېزىش ئىشى ، كەسپى: ئۇنىڭ بۇ ھېكايىلىرى تۇرمۇش دېتاللىرىنى تاللاشتىكى ماھىرلىق، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتىكى چوڭقۇرلۇق ۋە ئىخچاملىق جەھەتلەردە ھازىرغىچە دۇنيا قىسقا ھېكايىچىلىقىنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدە تەرىپلىنىپ كەلمەكتە.

**ھېكايىلەشتۈرمەك** «ھېكايىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: باشلانغۇچ مەكتەپ تارىخ دەرسىدە ھېكايىلەشتۈرۈپ سۆزلەش، سوئال سوراپ جاۋاب ئېلىش ئۇسۇلى ئاساس قىلىنىشى كېرەك.

**ھېكايىلەشتۈرۈلمەك** «ھېكايىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇددا تەلىماتى ھېكايىلەشتۈرۈلگەن دەسلەپكى دىرامىلار ئەل ئارىسىدا تازا ئەۋج ئېلىپ، ئەينى دەۋر كىشىلىرىدە بىر خىل قىزغىنلىقنى قوزغىغان.

**ھېكايىلەشمەك** پ. ھېكايە شەكلىگە، ھېكايە ھالىتىگە كەلمەك، ھېكايىگە ئۆزگەرمەك: خەلق ئارىسىدىكى نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەر بىزگە ھېكايىلىشىپ يېتىپ كەلدى.

**ھېكماچ** ئى. دىيال. بىر كالا تارتىدىغان قوش، ساپان.

**ھېكمەت** ئى [ئە] ① ھەددىدىن زىيادە دانالىق، دانىشمەنلىك، ئەقىل - ئىدراك: ۋەتەن ئىشقى بولۇپ دەرمان ئىلىم - پەندىن گۆھەر تاپتىم، دىلىمغا سالدى ئۇستازىم ئۆمۈر مەناسى ھېكمەتنى. ② بىلىش، چۈشىنىش قىيىن بولغان يوشۇرۇن، چوڭقۇر مەنە، يوشۇرۇن سىر؛ مۆجىزە: ئۇرۇش سەنئىتى توغرىسىدىكى كىتابلاردا، بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ دېگەن ھېكمەت بار. شۇ ھېكمەت بويىچە ئىش قىلىمىز. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ھېكمەتلىك** سۈپ. دانالىق بىلەن ئېيتىلغان، چوڭقۇر مەنىلىك، مۆجىزىلىك، سىرلىق: ھېكمەتلىك سۆز. * قۇربانىنىڭ

ھېكمەتلىك چۆگۈنى ھەققىدىكى خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن مامۇت ئۇنى قولغا چۈشۈرۈشنى قەستلەپ، قۇربانىنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ.

**ھېكىم** ئى [ئە] ① ئۇستا تېۋىپ، دوختۇر: ھېكىم تەكلىپ قىلماق. ② دانىشمەن، پەيلاسوپ: مەزمۇنات ھېكىم خىزمەتكارلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاتنىڭ ئۇستىدە ئوردىغا قاراپ كېتىۋېتىپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ھېلى** رەۋ ① بۇنىڭدىن بىر ئاز ئىلگىرى ياكى بىر ئاز كېيىن، يېقىندىلا، ھازىر: بۇ يەرگە ھېلى كەلدىم. ② ھازىرقى پەيتتە، ھازىرچە: تاماق ۋاقتىغا ھېلى بالدۇر. * نادەمنىڭ كۆز يېشى توختىمىدى، ئۇنىڭ يېشى ھېلى توختار ئەمەس ئىدى. ③ جۈملىدە ئايرىغۇچى، باغلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلىپ، «گاھى، بىردەم»، «بىر بولسا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنىڭ قوللىرى تىترەپ ئالدىدىكى ھۆججەتلەرنى ھېلى ئۇ ياققا، ھېلى بۇ ياققا ئالاتتى.

**ھېلى بىكار** قارشى تەرەپكە مەلۇم تەدبىر قوللىنىلىدىغانلىق ھەققىدە ھەيۋە بىلەن ئەسكەرتىشنى بىلدۈرىدۇ: — غەلىتە گەپ قىلىسىنا، ھېلى بىكار زۇۋانىڭنى دارغا تارتىپ قويىمەن! — دېدى باجگىر ئاچچىقى كېلىپ.

**ھېلىتىن** رەۋ. تېخى ۋاقتى يېتىپ كەلمەستە، تېخى ئىش باشلانماستىن؛ ھازىردىن باشلاپ: — بۇ قىز ھېلىتىن مۇنچە قىلىدۇ، ئەگەر نىكاھىڭغا ئۆتسە، سېنى بۇلجۇتمايدىغانغا ئوخشىمامدۇ؟

**ھېلىدىن ـ ھېلى** ← **ھېلىدىن ـ ھېلىغا:** ئۇ ھېلىدىن ـ ھېلى قولتۇق تايىقىغا تايىنىپ يۈرۈپ مېھمانلارغا چاي قۇيماقچى بولاتتى.

**ھېلىدىن ـ ھېلىغا** بىردەم ـ بىردەم: ئۇ ھېلىدىن ـ ھېلىغا تۈكسىز يوغان بېشىنى قول ياغلىقى بىلەن ئېرتىپ تۇراتتى.

**ھېلىغىچە** رەۋ. ھازىرغا قەدەر، تا بۈگۈنگىچە: «ئەي ئۇلۇغ شاھ» ھېكىم ھېلىغىچە ھېچكىمگە يامانلىق قىلغىنى يوق.

**ھېلىقى** ئال. بايىقى، ئابايىقى: ھەر قېتىم قولىنى يانچۇقىغا سالغاندا ئۇرۇنۇپ تۇرغان ھېلىقى كونۋېرت ئۇنى ئېغىر خىياللارغا باشلايتتى.

**ھېلىلە** ئى [ئە] <بوت> چاھار بۇرجەك ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكىللىك ياكى سوقىچاق، گۈلى باشاقسىمان گۈل رېتىدە، گۈل تاجى يوق، گۈل كاسىسىنىڭ رەڭگى ئاق، مېۋىسى ئۇچكىلىك مېۋە، شەكلى تۇخۇمسىمان، قۇرۇغاندا بەش قىرلىق بولىدۇ. مېۋىسى دورا قىلىنىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى ۋە يۆتەلنى توختىتىش رولى بار.

**ھېلىلە قورۇق** يۈزى ھېلىلىدەك پۈرلەشكەن، قورۇق باسقان: — ھېلىقى ھېلىلە قورۇق كۆزۈمگە «ئاي» كۆرۈنۈپ، نېمىشقا كەينىمگە كىرىۋالىدىكىنە، — دېدى ئۇ قىز، خۇددى مېنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوي دېگەندەك.

**ھېلىم** ئى [ئە] يېزت. يۇمشاقلىق، مۇلايىملىق، ياۋاشلىق، تاقەتلىك ئادىتى، خۇسۇسىيىتى: شۇ يىللاردا مۇسۇلمانلارنىڭ دىلىغا شەپقەت ئورنىغا ھەسەت، ھېلىم ئورنىغا ھاماقەتلىك، ھۆرمەت ئورنىغا خۇسۇمەت، قانائەت ئورنىغا تەمە، سەۋر ئورنىغا چوڭچىلىق، ئىتتىساد ئورنىغا ئىسراپخورلۇق، ئەپۇ ئورنىغا دەھشەت ئورنىشىپ كەتكەنىدى.

**ھېلىملىق** سۈپ. يۇمشاق، مۇلايىم، ياۋاش خۇسۇسىيەتكە ئىگە ھەم شۇنداق خۇسۇسىيىتى بار؛ تاقەتلىك: ياراتقۇچى پەقەتلا تاقەت قىلالمىغاندا، ئۆزىنىڭ ھېلىملىقىنى بىر نەپەس تەرك ئېتىپ، كۆپرى بەندىلەرنى ئۇدۇللۇق جازالاپ تۇرۇۋاتاتتى.

**ھېلىمۇ** رەۋ ① ھېلىھەم، ھازىرمۇ، ھازىرغىچە: ئۇنىڭ كۆزى روشەن، نېرۋىسى ھېلىمۇ ساز ئىشلەپ تۇرۇپتۇ. ② كۆچمە. بەختىمگە يارىشا؛ ھەرنېمە بولسا: ھېلىمۇ ياخشى سەن بار ئىكەنسەن، بولمىسا ئىشىم چاتاق ئىدى.

**ھېلىھەم** رەۋ. ھازىر بولسىمۇ؛ ھېلىمۇ: — ھەي خوجاۋاپا! ئۇ چاغلاردا ئۇنىمىدىڭىز. ھېلىھەم بولسىمۇ مەن بىلەن كۆڭلىڭىزنى خۇش قىلىۋېلىڭ، — دەپتۇ مېھرى.

**ھېيت** ئى [ئە] ① ھىجرىيە ھېسابىدا ھەر يىلى شەۋۋال (10 ـ ئاي) نىڭ 1 ـ كۈنى، زۇلھەججە (12 ـ ئاي) نىڭ 10 ـ كۈنى ئىككى قېتىم كېلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي بايرىمى: روزى ھېيت. قۇربان ھېيت. ھېيت قىلماق. ② كۆچمە. ئومۇمەن بىرەر مۇۋەپپەقىيەت، غەلىبە مۇناسىۋىتى بىلەن بولىدىغان خۇشاللىق كۈن، بايرام.

**ھېيت ـ ئايەم** ھېيت ۋە ئايەم كۈنلىرى: — بۈگۈن دەرەخلەرنىڭ تۈۋىگە سۇ قۇيما! چۈنكى، بۈگۈنكىدەك ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى مۇسۇلمانلار بىر ـ بىرىنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاشقا ۋە تىنچ ـ ئامانلىق سوراشقا بارىدۇ، — دېدى دادام چۈشەندۈرۈپ.

**ھېيت ـ بايرام** ھېيت ۋە بايرام: ئۇلار ھېيت ـ بايرام، يەكشەنبىلەردە سائەتلىرىنى تاقاپ، بەتىنكىلىرىنى پارقىرىتىپ، كۆزىمىزنى قىزارتىپ يۈرۈۋاتىدۇ.

**ھېيتلاتماق** «ھېيتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نامازدىن كېيىنلا بالىلىرىمنى ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ ھېيتلىتىپ كېلىشنى نىيەت قىلدىم.

**ھېيتلاشماق** «ھېيتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كەچكىچە ھېيتلاشتى.

**ھېيتلىق** ① سۈپ. ھېيت ئۈچۈن تەييارلانغان، ھېيت ئۈچۈن ئاتالغان: ھەممە ئادەم ھېيتلىق يېمەكلىكلەرنى تەييارلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ② ئى. ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن بىراۋغا بېرىلىدىغان سوۋغا: ھېيتلىق بەرمەك. * ھېيتلاپ كەلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارقا ـ ئارقىدىن قىزىمغا ھېيتلىق بېرىشكە باشلىدى.

**ھېيتلىماق** پ. ھېيت كۈنلىرى كىشىلەر بىر ـ بىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ پەتە قىلماق: — بۈگۈن ماڭىمۇ ھېيت بوپتۇ، — دەپ پىچىرلاپ تۇراتتى ئەركىن، بىرنەچچە كىشى ھېيتلاپ كىرىپ قالدى.

**ھېيىقتۇرماق** «ھېيىقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ قىزلاردىلا بولىدىغان تەمكىنلىكلىكى، چوڭ سۈپەتلىكى، ئەقىللىقلىقى ۋە ئەخلاق ـ پەزىلىتى بىلەن ھەرقانداق قارام تەلۋىنى ھېيىقتۇراتتى.

**ھېيىقماق** پ. بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت، گەپ ـ سۆز قىلىشتىن تارتىنماق، خىجىل بولماق، قورۇنماق، ئۇيالماق: باستىنىڭ ئايخانىغا تىكىلگەن كۆزلىرى بىردىنلا يوغىناپ، كىشى ھېيىققۇدەك پارقىراپ كەتتى.

**ھېيىقىشماق** «ھېيىقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن مۇنداقلا سالاملىشىپ، گەپ ـ سۆزسىز ئۆتۈشۈپ كېتىشەتتى. ئارامخۇدا گەپلىشىشتىن ھېيىقىشاتتى.

**ھىجارىماق** پ. دىيال. ھىجايماق.

**ھىجاق** سۈپ. دىيال. ھىجىيىپ يۈرىدىغان ئادەم.

**ھىجايتماق** «ھىجايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: باياتىن ئىچكەن ئىككى رومكا هاراق ئۇنى ھىجايتىپ، كىمنى كۆرسە ئەدەپ بىلەن سالام قىلىش دەرىجىسىگە ئېلىپ كەلگەنىدى.

**ھىجايغاق** سۈپ. تولا ھىجىيىدىغان، ھىجىيىپلا يۈرىدىغان: ھىجايغاق بالا. ھىجايغاق خوتۇن. * چىشقاق بالىغا ئىت ئەگىشەر، ھىجايغاق قىزغا يىگىت ئەگىشەر (ماقال).

**ھىجايماق** پ. چىرايىدا بىر خىل يېقىمسىز كۈلكە ئىپادىسى پەيدا بولماق، كۈلۈمسىرىمەك: خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلـ

قىغا يەتكۈدەك ھىجايغان مىرزائەخمەت بوسۇغىدا پەيدا بولدى.

**ھىجران** ئى [ئە] جۇدالىق، ئايرىلىش، پىراق: ھىجران ئوتىدا كۆيمەك.* ئىككى يىلدىن بۇيان بۇ دىلكەش ئاتا ـ ئانىنىڭ ھىجران ئازابىنى پەقەت بىردىنبىر دىلنارلا بېسىپ كېلىۋاتاتتى.

**ھىجرانلىق** سۈپ. ھىجرانغا مۇپتىلا بولغان، ھىجران ئازابىنى تارتقان: ھىجرانلىق كۈن. ھىجرانلىق ئەلەم.

**ھىجرەت** ئى [ئە] ① ئۆز يۇرت ـ ماكانىدىن كېتىش: ھىجرەت قىلماق. ② <دىن> مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ مىلادىيە 622 ـ يىلىدىكى مەككىدىن مەدىنەگە كۆچۈشى. ھىجرەت يەنە ئىسلام كالېندارىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ھىجرىيە** ئى [ئە] <ئاستر> ئىسلام دىنىنىڭ تارىخىي يىلنامىسى. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ مەككىدىن مەدىنەگە كۆچكەن ۋاقتى يىلنامىنىڭ باشلىنىشى قىلىنغان، بۇ مىلادىيە 622 ـ يىلى 16 ـ ئىيۇلغا توغرا كېلىدۇ. ھىجرىيەدە بىر يىل 354 ياكى 355 كۈن، يېڭى ئاي كۆرۈنگەن كۈن ئاي بېشى بولىدۇ. تاق ئايلار 30 كۈن، جۈپ ئايلار 29 كۈن، بىر يىل 12 ئاي ھېسابلىنىدۇ. مىلادىيەگە سېلىشتۇرغاندا ھەريىلى 10 ياكى 11 كۈن پەرق قىلىدۇ. ھىجرىيەدە كەبىسە يىل، كەبىسە ئاي قوشۇلماي ھېسابلىنىدۇ.

**ھىجىيىشماق** «ھىجايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۇزۇل ـ كېسىل ئەندىشىدىن خالىي بولغاندەك بىر ـ بىرىگە بېقىپ، خۇرسەنلىك بىلەن ھىجىيىشتى.

**ھىد** ئى ① ماددىلارنىڭ كىشىلەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر كۆرسىتىش خۇسۇسىيىتى؛ پۇراق، بۇي: كاۋاپنىڭ ھىدى. ② كۆچمە. بىرەر نەرسە، ھادىسە ياكى ھالەتنىڭ بەلگىسى؛ شەپە: ئۆلۈمنىڭ ھىدى.

**ھىدىنى چىقارماسلىق** بىرەر ئىش، نەرسىنى سىر ساقلاپ، ئۇچۇرىنى، خەۋىرىنى بىلدۈرمەسلىك، شەپىسىنى چىقارماسلىق.

**ھىدايەت** ئى [ئە] ① پايدىلىق يۆنىلىش، توغرا يول تۇتۇش: ھىدايەت تاپماق. ھىدايەت قىلماق. ② ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ھىدرات** ئى [ئىنگ] <خىم> كۆپلىگەن ماددىلار ئېرىگەندە ئۇلارنىڭ مولېكۇلالىرى ئېرىتكۈچىنىڭ مولېكۇلالىرى بىلەن بىرىكىدۇ، بۇ چاغدا ھاسىل بولغان بىرىكمىلەر سۇلفاتلار دېيىلىدۇ؛ ئېرىتكۈچى سۇ بولىدىغان بولسا، ھاسىل بولغان بىرىكمىلەر ھىدراتلار دەپ ئاتىلىدۇ. ھىدراتلار تۇراقلىق ئەمەس، ئېرىتمىلىرى پارلاندۇرۇلسا، كۆپىنچە ئاجرىلىپ كېتىدۇ. ئەمما، بەزى ئېرىگەن ماددا مولېكۇلاسى بىلەن سۇ شۇ قەدەر مەھكەم بىرىككەنكى، ھەتتا ماددا ئېرىتمىدىن ئاجرىلىپ چىققاندىمۇ، سۇ ئۇنىڭ كىرىستالىدا قالىدۇ.

**ھىدراتلاشماق** پ. ھىدراتقا ئايلانماق: ھىدراتلاشقان مېتان.

**ھىدرازىن** ئى [ئىنگ] <خىم> ئانورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ بىر تۈرى. مولېكۇلا فورمۇلاسى $NH_2 - NH_2$ . ئاممىياكنىڭ رەڭسىز، ھاۋادا تۈتۈنلىگۈچى تۇغۇندىسى، سۇيۇقلۇق، دورا ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ ۋە راكېتانىڭ يېقىلغۇسى قىلىنىدۇ.

**ھىدراۋلىكا** ئى [ئىنگ] <سۇ> سۇيۇقلۇقلار (خۇسۇسەن سۇ)نىڭ تەڭپۇڭلۇقى ۋە ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ھەمدە ئۇلارنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش يوللىرىنى ئىنىقلاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پەن. ئۇ يەنە ھىدروئىستاتىكا ۋە ھىدرودىنامىكىغا بۆلۈنىدۇ.

**ھىدراۋلىكىلىق** سۈپ. ھىدراۋلىكىغا ئائىت، ھىدراۋلىكىغا ئالاقىدار بولغان ياكى ئۇنىڭ پىرىنسىپلىرى بويىچە ياسالغان: ھىدراۋلىكىلىق دامكرات.

**ھىدرو** [ئىنگ] <خىم> سۇ ۋە سۇ قۇۋۋىتىگە ئائىت ئاتالغۇلارنىڭ باش قىسمى (1 ـ تەركىبى) دە كېلىپ، سۆز ئالدى ياسىغۇچى قوشۇمچە رولىنى ئوينايدۇ ھەم سۇ، سۇ قۇرۇلۇشىغا دائىر ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ. مەسىلەن، ھىدروخىمىيە، ھىدروبىيولوگىيە، ھىدروئاكۇستىكا دېگەندەك.

**ھىدروئاكۇستىكا** ئى [ئىنگ] <فىز> سۇدا ئاۋاز دولقۇنىنىڭ شەكىللىنىشى، تارقىلىشى، قوبۇل قىلىنىشى قاتارلىقلارنى ۋە ئىشلىتىلىشىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ھىدروبىيولوگىيە** ئى [ئىنگ] <بىيول> بىيولوگىيەنىڭ سۇدا ياشىغۇچى جانلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**ھىدروتېخنىك** ئى [ئىنگ] ھىدروتېخنىكا مۇتەخەسسىسى.

**ھىدروتېخنىكا** ئى [ئىنگ] <سۇ> تېخنىكىنىڭ سۇ ۋە سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىش، سۇنىڭ زىيانلىق تەرىپىنى تۈگىتىپ، پايدىلىق ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش مەقسىتىدە سۇنى تىزگىنلەيدىغان قۇرۇلۇشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تارمىقى.

**ھىدروتېخنىكىلىق** سۈپ. ھىدروتېخنىكىغا ئائىت، ھىدروتېخنىكىغا ئاساسلانغان: ھىدروتېخنىكىلىق قۇرۇلمىلار.

**ھىدروخىمىيە** ئى [ئىنگ] ھىدرولوگىيەنىڭ سۇنىڭ تەركىبىنى خىمىيەۋى ئانالىز قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**ھىدرودىنامىكا** ئى [ئىنگ] ھىدراۋلىكىنىڭ سۇيۇقلۇقلار ھەرىكىتىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ نىسپىي ھەرىكىتىدە ئۇچرىغان باشقا جىسىملار بىلەن بولغان ئۆز ئارا تەسىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**ھىدرودىنامىكىلىق** سۈپ. ھىدرودىنامىكىغا ئائىت، ھىدرودىنامىكىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان: ھىدرودىنامىكىلىق بېسىم.

**ھىدروسفېرا** ئى [ئىنگ] يەر شارىنىڭ سۇ قاتلىمى، يەنى يەر يۈزىدىكى (ئوكيان، دېڭىز، كۆل، دەريالاردىكى) سۇلارنىڭ جەمئىيسى.

**ھىدروسىيانىد** ئى [ئىنگ] <خىم> ئانورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلاسى HCN . رەڭسىز سۇيۇقلۇق. ئاسان پارغا ئايلىنىدۇ، ئىنتايىن زەھەرلىك. سانائەتتە ئۇنىڭدىن سولياۋ ۋە بوياق ئىشلىنىدۇ، يېزا ئىگىلىكىدە ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورا قىلىنىدۇ.

**ھىدروفون** ئى [ئىنگ] <سۇ> ئاۋاز دولقۇنى ۋە ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنلىرىنىڭ سۇدىكى تارقىلىش قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن ياسالغان ھەر خىل ئاۋاز سايمانلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ھىدروفتورىد** ئى [ئىنگ] <خىم> ئانورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلاسى HF . ئۇ ھىدروگېن فتورىدنىڭ سۇدىكى

ئېرىتمىسى بولۇپ، رەڭسىز، زەھەرلىك كېلىدۇ. ھاۋاغا يولۇقسا تۇتۇن چىقىرىدۇ. چىرىتىش خۇسۇسىيىتى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئەينەك ۋە تۈرلۈك مېتاللارنى چىرىتىۋېتەلەيدۇ. ئادەتتە ئەينەك ئۈستىگە نەقىش ئويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ھىدروكاربون** ئى [لات] <خىم> ھىدروگېن ۋە كاربون: ھىدروكاربون بىرىكمىلىرى.

**ھىدروكسىد** ئى [ئىنگ] <خىم> ھىدروگېن بىلەن ئوكسىگېندىن ئىبارەت ئىككى ئېلېمېنتتىن تۈزۈلگەن بىر ۋالېنتلىق ئاتوم گۇرۇپپىسى.

**ھىدروكسىل** ئى [ئىنگ] <خىم> ھىدروگېن بىلەن ئوكسىگېندىن تۈزۈلگەن ئاتوملار گۇرۇپپىسى (OH –).

**ھىدروكسىلئامىن** ئى [ئىنگ] <خىم> ئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ بىرى. مولېكۇلا فورمۇلاسى $NH_2OH$ . ئاممىياكتىكى ھىدروگېننىڭ بىر ئاتومى ھىدروكسىل گۇرۇپپىسى بىلەن ئالماشقاندا ھاسىل بولىدۇ. ئۇ رەڭسىز، سۇ شۈمۈرگۈچى ماددا بولۇپ، 15℃ تىن تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا تۇراقلىشىدۇ، 130℃ قىچە قىزدۇرۇلسا پارتلايدۇ.

**ھىدروكلىماتولوگىيە** ئى [ئىنگ] <مېتېئور> ھاۋارايىنىڭ سۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەرىپىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ھىدروگراف** ئى [ئىنگ] <سۇ> سۇ گورىزونتىنىڭ ئۆزگىرىش جەريان سىزىقىنى سىزىدىغا ئەسۋاب.

**ھىدروگېن** ئى [گىرېك] <خىم> گاز ئېلېمېنت. بەلگىسى H (Hydrogenium). ئېلېمېنتلارنىڭ ئەڭ يەڭگىلى، رەڭسىز، پۇراقسىز، ئەڭ كۈچلۈك ئوكسىدسىزلىغۇچى. ھىدروگېننىڭ ئۈچ خىل ئىزوتوپى پىروتىيى، دىتىرىي ۋە تىرىتىيدىن ئىبارەت.

**ھىدروگېنلىق** سۇپ. تەركىبىدە ھىدروگېن بولغان، ھىدروگېنغا ئىگە: ھىدروگېنلىق باغ.

**ھىدروگېنېراتور** ئى [ئىنگ + لات] <ماشىن> سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىپ توك ھاسىل قىلىدىغان گېنېراتور.

**ھىدروگېئولوگىيە** ئى [ئىنگ] <گېئول> گېئولوگىيەنىڭ يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، ھەرىكىتى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**ھىدروگېئولوگىيەلىك** سۇپ. ھىدروگېئولوگىيەگە ئائىت، ھىدروگېئولوگىيە بىلەن ئالاقىدار بولغان: ھىدروگېئولوگىيەلىك خەرىتە.

**ھىدرولوگىيە** ئى [ئىنگ] <سۇ> تەبىئەت دۇنياسىدىكى سۇلارنىڭ ھەر خىل ئۆزگىرىشلىرى ۋە ھەرىكەت ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ھىدرولۇق** سۇپ. سۇ ۋە سۇ قۇۋۋىتىگە ئائىت، ئالاقىدار بولغان: ھىدرولۇق رادىئۇس.

**ھىدرولىز** ئى [ئىنگ] <خىم> مۇرەككەپ ماددىلارنىڭ سۇ تەسىرى بىلەن تەركىبىي قىسىملارغا ئاجرىلىشى، پارچىلىنىشى.

**ھىدرولىزلاتماق** «ھىدرولىزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ھىدرولىزلاشماق** «ھىدرولىزلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ھىدرولىزلانماق** «ھىدرولىزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ھىدرولىزلىغۇچى** سۇپ. ھىدرولىزلاش رولىنى ئوينايدىغان، ھىدرولىزلايدىغان: ھىدرولىزلىغۇچى ئېنزىم.

**ھىدرولىزلىماق** پ <خىم> مۇرەككەپ ماددىلارنى سۇ تەسىرى بىلەن تەركىبىي قىسىملارغا ئاجراتماق، پارچىلىماق: كراخمالنى ھىدرولىزلاپ گلۇكوزا ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

**ھىدرومېترىيە** ئى [ئىنگ] <سۇ> ھىدرولوگىيەنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى سۇلارنىڭ ھەر خىل ئۆزگىرىشلىرى ۋە ھەرىكەت ھادىسىلىرىنى بەلگىلەنگەن ئورۇندا، بەلگىلەنگەن ئۆلچەم ۋە ئۇسۇل بويىچە سىستېمىلىق كۆزىتىپ، ئۆلچەپ ۋە رەتلەپ، ھىدرولوگىيەلىك تەتقىقات ۋە ئەمەلىي ئىشلىتىش ئۈچۈن سانلىق مەلۇمات تەييارلايدىغان بىر تارمىقى.

**ھىدرومېخانىزم** ئى [ئىنگ] <سۇ> تۆۋەندىكى ئۈچ خىل مېخانىزم ھىدرومېخانىزمغا مەنسۇپ: (1) سۇ ئېقىنىنىڭ ئېنېرگىيەسىنى مېخانىكىلىق ئېنېرگىيەگە ئايلاندۇرىدىغان مېخانىزم. مەسىلەن، سۇ چاقپېلىكى، سۇ تۇرۇبىسى قاتارلىقلار؛ (2) ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى سۇيۇقلۇق ئارقىلىق ئۆزىتىدىغان مېخانىزم. مەسىلەن، ھىدراۋلىكىلىق دامكىرات قاتارلىقلار؛ (3) مېخانىكىلىق ئېنېرگىيەنى سۇيۇقلۇقنىڭ بېسىم ئېنېرگىيەسىگە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق سۇيۇقلۇقنى ئۆزىتىدىغان مېخانىزم. مەسىلەن، سۇ ناسوسى قاتارلىقلار.

**ھىدرومېخانىكا** ئى [ئىنگ] <فىز> سۇيۇقلۇق مېخانىكىسى. تەتقىقات ئوبيېكتى بويىچە ھىدراۋلىكا، ھىدروئىستاتىكا، ھىدرودىنامىكىلارغا بۆلۈنىدۇ.

**ھىدروئېنېرگېتىكا** ئى [ئىنگ] <سۇ> پەن ـ تېخنىكىنىڭ سۇ ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىش، خۇسۇسەن ئۇنىڭدىن ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى ھاسىل قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تارمىقى.

**ھىدروئېنېرگىيە** ئى [ئىنگ] <سۇ> سۇنىڭ ئىشلەش قابىلىيىتى . ئۇ پەقەت سۇ ئېگىزدىن پەسكە قاراپ ئاققاندىلا پەيدا بولىدۇ. سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى مانا مۇشۇ ئېنېرگىيەدىن پايدىلىنىپ توك ھاسىل قىلىدۇ. ئۇ يەنە « سۇ ئېنېرگىيەسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ھىدروئېنېرگىيەلىك** سۇپ. سۇ ئېنېرگىيەسىگە ئائىت، سۇ ئېنېرگىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان: ھىدروئېنېرگىيەلىك ناپور.

**ھىدروئىستاتىكا** ئى [ئىنگ] ھىدراۋلىكىنىڭ سۇيۇقلۇقلار بىلەن ئۇنىڭغا يولۇققان ۋە پاتۇرۇلغان جىسىملار ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**ھىدروئىستاتىكىلىق** سۈپ. ھىدروئىستاتىكىغا ئائىت، ھىدروئىستاتىكا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان: ھىدروئىستاتىكىلىق بېسىم.

**ھىدسىز** سۈپ. ھىدى يوق، پۇرىمايدىغان: ھىدسىز نەرسە، ھىدسىز يېمەكلىك.

**ھىدلاتماق** «ھىدلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: باغۋەن بوۋاي ئوقۇغۇچىلارنى ھەربىر گۈلنىڭ يېنىغا باشلاپ بېرىپ ھىدلىتىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن چۈشەندۈرۈشكە باشلايتتى.

**ھىدلاشماق** «ھىدلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: چاقماق مۆڭگۈزلۈك بىر كىچىك قوچقار سىرتتىن كىرىپ، پادىشاھنىڭ بۇقىسىنىڭ يېنىغا كەلدى، ئىككىسى ھىدلاشتى.

**ھىدلىق** سۈپ. ھىدى بار، ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان: شوخ شامال ئېلىپ كېلەر دىماقلارغا، جىگدىنىڭ شېرىن ھىدلىك پۇرىقىنى.

**ھىدلىماق** پ. ھىدىنى دىماققا تارتماق، پۇرىماق: ھامىدنىڭ خىيالى پەقەت گۈلنىلا ھىدلايتتى، گۈل سەيلىسىگىلا ئالدىرايتتى.

**ھىراۋۇل** ئى. تارىس. ۋالىي، تۇتۇق.

**ھىرلىگۇدۇڭ** سۈپ. دىيال. گومۇش، كالۋا، دەلدۇش، ھاڭۋاقتى.

**ھىسار** ئى [ئە] تارىس. قورغان، شەھەر.

**ھىساربېگى** ئى [ھىسار + بەگ + ى] تارىس. قورغان ياكى شەھەر باشلىقى.

**ھىستېرىيە** ئى [ئىنگ] <تېب> بىر خىل روھىي كېسەل- لىك. كۆپىنچە روھىي جەھەتتىكى قاتتىق غىدىقلىنىش تۈپەي- لىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

**ھىستېرىيەلىك** سۈپ. ھىستېرىيەگە ئائىت، ھىستېرىيەگە ئالاقىدار بولغان: — سىزدە پەيدا بولغان مەجبۇرىي ئىدىيە ئېڭىڭىزدا دائىم رول ئويناپ تۇرغاچقا، مېنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىم سىزدە ئەنە شۇنداق ھىستېرىيەلىك گۇمان پەيدا قىلغان گەپ، — دەپ چۈشەندۈ- رۈشكە باشلىدى پەرىدە تاھىرغا قاراپ.

**ھىك** ئى <بوت> كۈنلۈكسىمان گۈللەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مېۋىسى قوش ئاسماق مېۋە، شەكلى ياپىلاق، سوقىچاق بولىدۇ. غولىنىڭ ئوتتۇرىسىد- دىكى سۈتلۈك شىرنىسى دورا قىلىنىدۇ، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، مەددە چۈشۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**ھىڭگاڭ** سۈپ. بۆرتۈپ چىققان؛ تۇڭكاي (چىش ھەققىدە): ھىڭگاڭ چىش.

**ھىڭگان** ئى. چىشى تۆگە، قايمال.

**ھىڭگايتماق** «ھىڭگايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد- جىسى: قوي بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، قېشىدا ئاچلىقتىن قورساقلىرى چاپلىشىپ كەتكەن بىر بۆرە چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ تۇرغۇدەك.

**ھىڭگايماق** پ. يېقىمسىز ھالدا ئوچۇق كۆرۈنمەك: ئەزىز- بەگنىڭ كەيپى چاغ ئىدى، گەپ قىلمىسىمۇ ئۇنىڭ سەت چىشلىرى ھىڭگىيىپ تۇراتتى.

**ھىڭىرمەك** پ. دىيال. مىشقىرماق.

**ھىلال** ئى [ئە] ① يېزت. يېڭى چىققان ئاي، ئۈچ كۈنلۈك ئاي: گاھ بۇلۇت دېڭىزىدا ئاقار ھىلال، گاھ روجەكتىن مۆڭ ئىلكىدە باقار ھىلال. پەيتى ۋاقىت تۈن يېرىمىدىن كەتكەن ئۆتۈپ، ئەھلى يېزا ئېغىر ئۇيقۇ ئىچرە چۆكۈك. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ھىلال ئاي** <ئاستر> يېڭى چىققان ئاي، يەنى يېڭى كۆرۈن- گەن ئىككى ـ ئۈچ كۈنلۈك ئاي.

**ھىلبۇۋا** ئى <بوت> ← **ھىلبۇۋا ئوتى**.

**ھىلبۇۋا ئوتى** < بوت> زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر ئاستىدا توم يىلتىز- سىمان غولى بار، مېغىزى دورا قىلىنىدۇ. مەيدە ئېغىر- لىشىش، قۇسۇش، ئىچى سۈرۈش، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇش قاتار- لىق كېسەللەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ھىلپىرلىماق** پ. دىيال. يالتىرىماق، پارقىرىماق.

**ھىل ـ ھىل** يۇمشاق، شېرىن: ھىل ـ ھىل پىشماق.

**ھىلھىلە** سۈپ [ئە] يۇپقا نەپىس توقۇلغان: ھىلھىلە ياغلىق.

**ھىلھىلە ياغلىق** يۇپقا، نەپىس، نېپىز توقۇلغان باش ياغلىقى.

**ھىليۇن** ئى [ئە] <بوت> گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر ئاستى تۇگۈنەك يىلتىزى گۆشلۈك، غولى ئۇزۇن، ئىنچىكە، يوپۇرمىقى تەڭگد- چە شەكلىدە، گۈلى كىچىك، ئاق ياكى سېرىق ئارىلاش، مېۋد- سى شىرنىلىك مېۋە، رەڭگى قىزىل. تۇگۈنەك غولىنى يېيىش- كە بولىدۇ، دورىغا ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ، ئىسسىقنى ياندۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش، سۈيدۈك راۋانلاشتۇرۇش قاتارلىق روللارغا ئىگە.

**ھىم** I ئىم. تەئەججۈپ، شۈبھە، گۇمانسىراش، ئىشەنـ- مەسلىك قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: — ھىم، — دېدى ئۆمەر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئويلانغان ھالدا ۋە توساتتىن سوراپ قالدى، — ئەنۋەر ئاكا ھازىر ئۆيىدە بارمىكىن؟

**ھىم** II سۈپ ① مەھكەم، چىڭ: ھىم ياپماق، ھىم ئەتمەك. ② كۆچمە. دەل، ماس، خوپ: ئۇ قىش كۈنلىرى كۆپىنچە ئۈستىخد- نىغا ھىم كەلگەن قارا دۇخاۋا پەلتوسىنى كىيىپ يۈرەتتى.

**ھىمات** ئى [ئە] پاناھ بولغۇچى، ئارقا تىرەك، ھىمايە قىلغۇچى، قوغدىغۇچى، يۆلەك، يۆلەنچۈك: ھىمات بولماق. ھىماتى كۈچلۈك.* «بازاردا ئادەم بولمىسا، ئۆچكىنىڭ ئېتى ئابدۇكېرىم» بولغد- نىدەك، ئېسىل ئوغۇللىرىدىن ئايرىلغان ئەلگە ئوسمان قولىدىكى قورالنىڭ ھىماتى بىلەن «باشچى» بولۇۋالدى.

**ھىماتچى** ئى. باشپاناھ، ئارقا تىرەك بولىدىغان كىشى؛ يۆلەك، يۆلەنچۈك؛ ھىمايىچى: — ئەي خاقانلارنىڭ خاقانى، جىمى ئالەمنىڭ ھىماتچىسى، قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ دانا ئاتىسى ئۇلۇغ خاقان! مەرتىۋەڭ يۇقىرى بولغاي، — دېدى ئۇ خاقانغا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ.

**ھىماتسىز** سۈپ. باشپاناھى، ئارقا تىرىكى، يۆلەنچۈكى، پاناھى يوق: ھىماتسىز ئادەم.* ھىماتسىز بۇ ئائىلىگە ئەمدى بۆلەك چارە يوق ئىدى.

**ھىماتكار** ئى [ ئە+پ ] ئارقا تىرەك بولغۇچى، ھىمايە قىلغۇچى، قوغدىغۇچى، پاناھ بولغۇچى، ھىماتچى، ھىمايىچى، مەدەتكار: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىگىچە تۇغۇلغانلار ئالىيجاناب، خەير ـ ساخاۋەتلىك، كۈچلۈك، ساداقەتمەن، ھىماتكار كېلىدىكەن.

**ھىماتكارلىق** ئى. ئارقا تىرەك بولۇش، ھىمايە قىلىش، قوغداش، پاناھ بولۇش، مەدەت بېرىش، قوللاش: ئاخىرى ئوغلۇمنى سەمەتنىڭ ھىماتكارلىقى بىلەن دوختۇرخانىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇۋالدىم.

**ھىمالايا** ئى [سانس] <جۇغ> ئاسىيا قىتئەسىنىڭ جەنۇ- بىدىكى غەربتىن شەرققە سوزۇلغان تاغ. ئۇ غەربتە پامىر ئېگىزلىكىدىن باشلىنىپ شەرققە قاراپ جۇڭگو ـ بىرما چېگراسىغا قەدەر 2500 كىلومېتىر سوزۇلىدۇ. ئۇ جۇڭگو شىزاڭ رايونىنىڭ جەنۇبىنى، پاكىستان، ھىندىستاننىڭ شىمالىنى، نېپال، بۇتان، سىككىملەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تاغ شىمالدا يالۇزاڭبۇ دەريا ۋادىسىدىن باشلىنىپ جەنۇبىي ھىندىستان چېگراسىغا قەدەر 200 — 300 كىلومېتىر كەڭلىكتە سوزۇلىدۇ. ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇ-

رىچە ئېگىزلىكى 6000 مېتىر بولۇپ، دۇنيادا ئەڭ ئېگىز تاغ ھېسابلىنىدۇ.

**ھىمايە** ئى [ئە] ① بىرەر ئىشتا ياردەم بېرىش؛ ھامىيلىق؛ مەدەت: ھىمايە قىلماق. ② خەۋپ ـ خەتەر ياكى ھۇجۇمدىن ساقلىنىش، قوغداش، مۇھاپىزەت، مۇداپىئە: ئاددىي ئادەملەر ئۆزلىرىنى قۇتقۇزغۇچى دەپ قاراپ، ئۇنى ھىمايە قىلىدۇ.

**ھىمايىچى** ئى. بىرەر ئىشتا قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگۈچى، ياردەم بەرگۈچى، قوغدىغۇچى؛ ھامىي: باقى ئاكامنىڭ ئۆز ئالدىغا بىر تۇركۇم ھىمايىچىسى بار ئىدى.

**ھىمايىسىز** سۈپ. ھىمايە قىلىدىغان بىرەر ئادىمى، قوغدىغۇچىسى بولمىغان، ھىمايىگە، قوغدىغۇچىغا ئىگە ئەمەس: تۇنجى قېتىم ئۆزىنى ئاجىز ۋە ھىمايىسىز ھېس قىلىپ، غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدى.

**ھىمرىق ئاش** <يېم> دىيال. قولداما.

**ھىمزىرھىم** سۈپ. بىر ـ بىرىگە جىپسىلاشقان؛ ناھايىتى دەل، ماس كەلگەن؛ يوچۇق قالمىغان: ھىمزىرھىم كەلمەك. ھىمزىرھىم چۈشمەك.

**ھىملەشتۈرمەك** «ھىملەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ئەۋرىشكىنى يېڭىدىن لايىھەلىنىپ ياسالغان ھىملەشتۈرۈپ ئەۋرىشكە ئېلىش تۇرۇبىسى ئارقىلىق، ئېلىشقا توغرا كېلەتتى.

**ھىملەشتۈرۈشمەك** «ھىملەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ياغاچچى ئۇستاملار كۆپ باش قاتۇرۇش ئارقىلىق ئاخىرى ھەرىكەتچان ياغاچ ئاتنىڭ ئارقا پۇتلىرىنى ھىملەشتۈرۈشتى.

**ھىملەشتۈرۈلمەك** «ھىملەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئىمارەتنىڭ 200 كىۋادرات مېتىرلىق تورۇسى بىر ـ بىرىگە ھىملەشتۈرۈلگەن، ۋاسا جۈپ قىلىپ خۇددى شاھمات تاختىسىدەك توغرا تۆت بۇلۇڭلۇق كاتەكچىلەر چىقىرىلىپ يېپىلغانىدى.

**ھىملەشمەك** پ. ھىم ھالەتكە كەلمەك، ھىم بولماق: شۇ چاغ ئىككى لەۋ ئۆز ـ ئۆزىدىن بىر ـ بىرىگە ھىملەشتى.

**ھىملەنمەك** «ھىملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كېمە تەكتىدە بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن، ھىملەنگەن ئون نەچچە بۆلمە بار بولۇپ، ھەممىسى ياتاق ئۆيلەر ئىدى.

**ھىملىمەك** پ. بىر ـ بىرىگە جۈپلىمەك، يابىسىرىغا كەلتۈرمەك، يوچۇق قالدۇرماي ئەتمەك، جىپسىلىماق: مەدىكارلار قولمۇ قول تۇتۇش قىلىپ، تۇرۇبىنىڭ ئاغزىنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ھىملەپ قويۇپتۇ.

**ھىممەت** ئى [ئە] باشقىلارغا قىلىنىدىغان ياخشىلىق؛ ياردەم، مەرھەمەت، غەمخورلۇق، ساخاۋەت: ھىممەت كۆرسەتمەك. ھىممەت قىلماق.* كەردان شاھ بۇ ئوغۇلنىڭ مەرد، دانىشمەنلىكىگە تەھسىن ـ ئاپىرىنلار ئېيتىپ، ھىممىتىگە كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

**ھىممەت ـ ساخاۋەت** ھىممەت ۋە ساخاۋەت: مېنىڭ بۇ ئازغىنا كۆرسەتكەن ھىممەت ـ ساخاۋىتىمگە كاتتا باھا بەردى.

**ھىممەتسىز** سۈپ. بىراۋغا ياخشىلىق، ياردەم قىلمايدىغان، مەرھەمەتسىز، ساخاۋەتسىز: ھىممەتسىز قالماق.* كۆز پەسلى يېقىنلاپ كەلمەكتە مانا، مول ھوسۇل ئىشەنچى دىللاردا تولۇق. بىلىدۇ ئۇلارمۇ سىڭدۈرگەن ئەجىر، مېھنەتنى قويمايدۇ ھىممەتسىز ـ قۇرۇق.

**ھىممەتسىزلىك** ئى. باشقىلارغا ياخشىلىق، ياردەم قىلماسلىق، مەرھەمەتسىزلىك، ساخاۋەتسىزلىك: كىمكى ئىلىم، ھۈنەر پەزىلەت ئۆگىنىشتىن ئۆزىنى تارتسا، ئاجىزلىق، بىچارىلىككە رازى بولغانلىقتۇر. مۇنداق قىلىش غەيرەتسىزلىك ۋە ھىممەتسىزلىكنىڭ ئالامىتىدۇر.

**ھىممەت ـ شاپائەت** ھىممەت ۋە شاپائەت: ھاپىز موللا ئېڭەك قېقىپ تەستىقلايتتى ھەم ئۇنىڭ ھىممەت ـ شاپائىتىگە باركاللا ئېيتىپ ئولتۇراتتى.

**ھىممەتلىك** سۈپ. باشقىلاردىن ياردىمىنى ئايىمايدىغان، مەرھەمەتلىك، ساخاۋەتلىك: ـــ ئاتام ناھايىتى ھىممەتلىك مەرد پادىشاھ، سىزنى ھېچ ۋاقىتتا قۇرۇق قايتۇرمايدۇ، ـــ دېدى ئۇ.

**ھىمىرلاش** ئى. دىيال. كىشىلەر بىلەن بولغان ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق.

**ھىمىق** سۈپ. دىيال. چىڭ؛ ھىم.

**ھىنايانا** ئى [سانس] <دىن> بۇددا دىنىنىڭ ئىلگىرىكى كونا مەزھىپى. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «كىچىك كۆلۈڭگۈ (Kiqig kolunggü)» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ھىندى** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ھىندىلار ھىندىستان ئاھالىسىنىڭ ئاساسىي كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**ھىندى ئوكيان** <جۇغ> يەر شارىدىكى تۆت چوڭ ئوكياننىڭ بىرى. ئاسىيا، جەنۇبىي قۇتۇپ، ئافرىقا ۋە ئوكيانىيەلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. كۆلىمى 74 مىليون 910 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆپ قىسمى جەنۇبىي يېرىم شاردا. ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 3897 مېتىر.

**ھىندىچە** ① سۈپ. ھىندىلارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ياكى مەدەنىيىتىگە ئائىت: ھىندىچە كىيىم. ھىندىچە ئۇسسۇل. ھىندىچە ناخشا. ② ئى. ھىندى تىلى: ئۇ ھىندىچىنى ياخشى بىلىدۇ. ③ رەۋ. ھىندى تىلىنى ئىشلىتىپ، ھىندى تىلىدا: ھىندىچە سۆزلەشمەك.

**ھىندىچىنى** ئى. ئاسىيانىڭ شەرقىي جەنۇبىغا، جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئارىلىقىغا جايلاشقان يېرىم ئارال. مەمۇرىي جەھەتتىن ۋېيتنام، لائوس، كامبودژا، بېرما، تايلاند، سىنگاپور ھەم مالايشىيالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەر مەيدانى 2 مىليون 70 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر، ئاھالىسى 180 مىليوندىن ئاشىدۇ (1984). ئۇ يەنە «جۇڭگونىڭ جەنۇبىدىكى يېرىم ئارال» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ھىندىغالچەك** ئى [ھىندى + غالچەك] <بوت> ① غالچەك ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان كىچىك دەرەخ. ئادەتتە مەنزىرە ئۈچۈن ئۆستۈرۈلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**ھىيلە** ئى [ئە] ئالداش، ساختا قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئۇسۇل، ساختىلىق، نەيرەڭ: بۇ ھىيلە ئۇزۇنغا بارمايلا ئاشكارا بولۇپ قالدى.

**ھىيلە قىلماق** ھىيلە ئىشلەتمەك: خوتۇن كىشىنىڭ ھىيلىسى قىرىق ئېشەككە يۈك (ماقال).

**ھىيلە ـ مىكىر** ھىيلە ۋە مىكىر، ساختىلىق: تۇرسۇن ئۇنىڭ مىڭ خىل ھىيلە ـ مىكىر ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

**ھىيلە ـ مىكىرچى** ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكۈچى كىشى؛ ئالدامچى: ئۇ دائىم باتۇرنى ھىيلە ـ مىكىرچى دېسە نېمە دەيدىكىن، دەپ ئويلاپ قالاتتىم، بۇ گەپنىڭ تېگىگە ئەمدى يەتتىم.

**ھىيلە ـ مىكىرلىك** ھىيلە ـ مىكىر بار، ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىلگەن: چوقۇم ھىيلە ـ مىكىرلىك بىر ئىش بار.

**ھىيلە ـ نەيرەڭ** ھىيلە ۋە نەيرەڭ: ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلەتمەك. * ۋەزىرنىڭ قىزى بۇ ۋەقەلەرنى كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ قىلغان ھىيلە ـ مىكىرىسىدىن خۇش بولۇپ، «قازىغا ئەجەب ياخشى ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلەتتىم» دەپ كۈلۈۋېرىپتۇ.

**ھىيلىگەر** ئى [ئە + پ] ھىيلە ـ مىكىر، ئالدامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ساختىپەز، مەككار ئادەم: ھىيلىگەردىن تۇخۇم ئالساڭ، ئىچىدىن سېرىقى چىقماس (ماقال). // ئۇنىڭ ھىيلىگەر ئادەملىكىنى خېلى بۇرۇنلا سەزگەن.

**ھىيلىگەرلىك** ئى. ھىيلىگەرلەرگە خاس قىلىق: پالۋانلار چېرىكلەرنىڭ ھىيلىگەرلىكىنى سېزىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن چىقماقچى بولدى.

# ئو

**ئو** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ يىگىرمە بەشىنچى ھەرپى ۋە شۇ ھەرپىنىڭ نامى.

**ئوبدان** ① سۈپ. ياخشى، ئېسىل، بەلەن: قوغۇننىڭ ئوبدىنى ئۈزۈن پىلەكتە، چىشىنىڭ ئوبدىنى تۆۋەن ئېڭەكتە (ماقال). * ئوبدىنى كالا، يامىنى توڭگۇز (ماقال). ② رەۋ. راسا، دەل ۋاقتىدا، تازا، خوپ: بۇنى تېخى بىراۋغا سۆزلەپ بەرگۈم كېلىپ ئولتۇراتتىم، ئوبدان كەپسىز. // — كېلىڭ، سىڭلىم، تازىمۇ ئوبدان ۋاقتىتا كەپسىز، — دېدى ئۇ سانىيەنى قىزغىن كۈتۈپ. ③ ئىم. «بولىدۇ»، «ماقۇل»، «خوپ» دېگەن مەنىلەردە رازىلىقنى بىلدۈرىدۇ: — ئوبدان، شۇنداق قىلسۇن، — دېدى ھاپىز ئاخۇن كۈلۈمسىرەپ.

**ئوبدانچاق** ئى ← **ياخشىچاق**.

**ئوبدانچاقلىق** ئى ← **ياخشىچاقلىق**.

**ئوبدانچىلىق** ئى. ئوبدان، ياخشى ئەھۋال، ھەممە ئىشلار كۆڭۈللۈك بولغان ھالەت: كۆرسىلە بۇ ئوبدانچىلىقنى!

**ئوبدانلاشماق** پ ① ئوبدان ھالەتكە كەلمەك، ئوبدان، ياخشى بولماق: — بۇ بالىنىڭ كەپسىزلىكى تۈگەپ، ئوبدانلىشىپ قاپتۇ ئەمدى، — دېدى ئەيسا ئاكام خەيرىنساخانغا. ② ياراشماق، يارىشىپ قالماق: ئۇلار «ئىككى بالىدا گۇناھ يوق، ئوبدانلىشىپ قالسۇن» دەپ تالاي قېتىم ئادەم ئەۋەتتى.

**ئوبدانلىق** ئى. ئېسىللىق، بەلەنلىك، ياخشىلىق: ئۆزلىرىنىڭ بويلىرى يېكەن ـ قومۇشتەك، خۇيلىرىنىڭ ئوبدانلىقى ئالتۇن ـ كۈمۈشتەك.

**ئوبدانلىماق** پ. ئوبدان ھالەتكە كەلمەك، ئوبدان بولۇپ قالماق: ئۇنىڭ ئەھۋالى خېلى ئوبدانلاپ قالدى.

**ئوبراز** ئى [ر] ① ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئادەم مېڭىدىسىدىكى كۆپىيەسى: ئوبراز ئارقىلىق تەپەككۇر قىلماق. ئوبرازىغا شەك كەلتۇرمەك. ② <ئەد> يازغۇچىنىڭ كۆزىتىش، تاللاش، پىششىقلاش ۋە يۇغۇرۇشىدىن كېلىپ چىققان تۇرمۇش مەنزىرىسى.

**ئوبرازچانلىق** ئى<ئەد>ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رېئال تۇرمۇشنىڭ جانلىق، كونكرېت ۋە كىشىلەرنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنى قوزغاش، كىشىلەرنى ھاياجانلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇشى.

**ئوبرازلاشتۇرماق** «ئوبرازلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر پېداگوگ ئوقۇتۇشتا بىلىمنى مۇستەھكەملەشكە ئېتىبار بەرمەيدىغان ھادىسىلەرنى ئوبرازلاشتۇرۇپ، بىر مەست ئادەمنىڭ مىلىچمال قاچىلانغان هارۋىنى سۆرەپ ماڭغىنىغا ئوخشىتىدۇ.

**ئوبرازلاشتۇرۇش** ئى<ئەد> ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازنىڭ ئېنىقلىق، جانلىقلىق ۋە كونكرېتلىقىقا يەتكۈزۈلۈش جەريانى.

**ئوبرازلاشتۇرۇشماق** «ئوبرازلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئوبرازلاشتۇرۇلماق** «ئوبرازلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئوبرازلاشماق** پ. تىپىك، چۈشىنىشلىك ھالەتكە كەلمەك، ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلەنمەك، تىپىكلەشمەك، ئېنىق ھەم روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولماق: ئۇزۇنراق ئۆمۈر سۈرىدىغان تىل بىرەر شەيئىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان، ئوبرازلاشقان تىلدۇر، يەنى شېئىرىي تىلدۇر.

**ئوبرازلانماق** «ئوبرازلىماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەسەردە موللا زەيدىن خەلق قەھرىمانى سۈپىتىدە ئوبرازلىنىپ، ئوقۇرمەنلەرگە ناھايىتى ياخشى تەسىرات ئاتا قىلغان.

**ئوبرازلىق** سۈپ. مەلۇم ئوبرازلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان ياكى بېرىلىدىغان، ئوبرازلاشقان: ئوبرازلىق تەپەككۇر. ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر. ئوبرازلىق پىكىر. ئوبرازلىق تىل.

**ئوبرازلىماق** پ. تىپىك، چۈشىنىشلىك ھالەتكە كەلتۈرمەك، ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلىمەك، تىپىكلەشتۈرمەك، ئېنىق ھەم روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلماق: شەكلى ۋە رەڭگى كىشىلەرنىڭ كۆزىنى چاقنىتىپ، كۆڭلىگە ھۇزۇر بېغىشلاپ تۇرىدىغان ئىككى قەۋەتلىك كىچىك ئىمارەتلا بۇ يەردە تۇرىدىغان كىشىنىڭ سالاھىيىتىنى ئوبرازلاپ بېرەتتى.

**ئوبزور** ئى [ر] <ئەد> مەلۇم مەسىلە ياكى ۋەقە توغرىسىدىكى باھا ئاساسلىق بايان قىلىنىدىغان بىر خىل ئەسەر.

**ئوبزورچى** ئى. گېزىت، ژۇرناللارغا ئوبزور يېزىپ تۇرىدىغان كىشى، يازغۇچى: ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوبزورچىلىرىمىز ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

**ئوبزورچىلىق** ئى. ئوبزور يېزىپ تۇرۇش ئىشى، كەسپى: مەن ئوبزورچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بۇ ئىككى بۇرادىرىم بىلەن

ئۈچرىشىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن بەكلا خۇشال بولدۇم.

**ئوبكوم** ئى [ر] «ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى» نىڭ قىسقارتىلمىسى.

**ئوبلاست** ئى [ر] ① بىرقانچە رايون ياكى ناھىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەمۇرىي بىرلىك. ② ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ مەركىزى: ئىدارە باشلىقى ئوبلاستقا مەجلىسكە كەتكەن كۈنى ئۇلار كېلىپ قالدى.

**ئوبلاستلىق** سۈپ ① ئوبلاست دەرىجىلىك، ئوبلاستقا ۋەكىللىك قىلىدىغان؛ ئوبلاست خاراكتېرىدىكى: ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى. ② ئوبلاستقا قارايدىغان، ئوبلاستنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدا ئىش ئېلىپ بارىدىغان، ئوبلاستقا تەۋە: ئوبلاستلىق ئاياللار بىرلەشمىسى. ئوبلاستلىق تېرە ـ يۇڭ شىركىتى.

**ئوبوروت** ئى [ر] <س ئىق> تاۋارنى پۇلنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈش ھەرىكىتى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن پۇلنى قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈش ھەرىكىتى. ئۇ تاۋار ئوبوروتى بىلەن پۇل ئوبوروتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئوبوروتچىلىق** ئى. ئوبوروت قىلىش ئىشى، كەسپى: زامانىۋى ئوبوروتچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەھمىيەت بېرىپ، زەنجىرسىمان تىجارەت، ئېلېكتىرونلۇق سودا، كۆپ خىل بىرلەشمە تىرانسپورت، ئەشيا ئوبوروتى قاتارلىق يېڭىچە ئوبوروتچىلىقنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

**ئوبۇ** ئى <مۇز> ياغاچتىن ياسالغان يەللىك چالغۇ ئەسۋابى. ئۇ پى ـ پى، گەۋدە ۋە كاناي ئاغزىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ. پۇۋلەيدىغان يېرىدە قومۇش شۆپۈ-كىدىن ياسالغان ئىككى ياپراقلىق پى ـ پىسى بولىدۇ.

**ئوبۇشقا** سۈپ. ديال. قېرى.

**ئوبسىديان** ئى [ر<لات] <گېئول> ئەينەكلىك بىر خىل ئېتىلما جىنىس. پۇتۇنلەي دېگۈدەك يانار تاغ ئەينىكىدىن تەشكىللەنگەن. ئادەتتە قارا كۈل رەڭ بولۇپ، ئوچۇق ئەينەك پارقىراقلىقىغا ۋە سەدەپسىمان ئۇزۇلۇش يۈزىگە ئىگە. ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە بېزەك بۇيۇملىرىنىڭ خام ئەشياسى بولالايدۇ.

**ئوبيوم** ئى [ر] سىغىم؛ ھەجىم.

**ئوبيېكت** ئى [ر< لات] ① <پەلس> بىزدىن تاشقىرى ۋە ئېڭىمىزغا باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بارلىق ماددىي دۇنيا، مەۋجۇدىيەت. سۇبيېكتنىڭ ئەكسى. ② كىشىنىڭ پائالىيىتى، دىققەت ـ ئېتىبارى قارىتىلغان ھادىسە، نەرسە ياكى ئادەم: تەنقىدنىڭ ئوبيېكتى. ③ كۆچمە. مۇھەببەتلىشىۋاتقان ئىككى تەرەپتىن بىرى (بىر- بىرىگە نىسبەتەن): ئۇ قىزنىڭ ئوبيېكتى بارمىكەن؟

**ئوبيېكتىپ** سۈپ [ر] <پەلس> ① ئاڭدىن تاشقىرى بولغان ۋە ئاڭغا، كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ قارىشىغا بېقىنمىغان، باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، «سۇبيېكتىپ» نىڭ ئەكسى: ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت. ئوبيېكتىپ شارائىت. ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت. ئوبيېكتىپ رېئاللىق. ② نەرسە ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئەسلىي قىياپىتى بويىچە تەھلىل قىلىپ چىقىرىلغان، شەخسىي ھېسسىيات ئارىلاشتۇرۇلمىغان، بىر تەرەپلىمە-لىكتىن خالىي، دۇرۇس، ھەقىقىي: ئوبيېكتىپ باھا. ئوبيېكتىپ خۇلاسە.

**ئوبيېكتىپلىق** ئى. ئاڭدىن تاشقىرى بولۇش ۋە ئاڭغا بىۋاسىد-تە باغلىق بولماسلىق: ماركسىزم ھەرقانداق ھەقىقەتنىڭ مۇتلەق ئوبيېكتىپلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ، ھەرقانداق مەڭگۈلۈك ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىدۇ.

**ئوبيېكتىۋىزم** ئى [ر] ئوبيېكتىپ ۋەقەلىكنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ۋەقە، ھادىسە ۋە پاكىتلارنى پاسسىپ، يۈزەكى، بىر تەرەپلىمە ئىنكاس قىلىش.

**ئوپال** ئى ① <گېئول> بىر خىل مىنېرال، يەنى تەبىئىي سىلىتسىي ئوكسىد قېتىشمىسى. تەركىبى تۇراقسىز، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 34% كە يېتىدۇ. ئادەتتە كىرىستالسىز ماددا دەپ قارىلىدۇ. كۆپىنچە زىچ كاللەك، بەزىدە قوڭغۇراقسىمان ھالەتتە بولىدۇ. رەڭگى ئوخشاش ئەمەس، كۆپ ھاللاردا تۇخۇم ئېقى رەڭگىدە بولىدۇ. تەركىبىدە ئارىلاشمىلار بولغاندا ھەر خىل رەڭلەردە كۆرۈنىدۇ، ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە. كۆپ تۆشۈكلۈك كاللەكلىرى موم پارقىراقلىقىغا ئىگە، قاتتىقلىقى 5 ـــ 5.5. سۈنۈق يۈزى قۇلۇلە قېپى ھالىتىدە بولىدۇ. ② قەشقەر ۋىلايىتى كوناشەھەر ناھىيەسىگە قاراشلىق بىر يېزى-نىڭ نامى.

**ئوپپورتۇنىزم** ئى [ر<لات] <پەلس> ئىشچىلار ھەرىكىتى داۋامىدا پىرولېتارىيات سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىنى بۇرژۇئازىيە مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان، بۇرژۇئازىيە بىلەن كېلىشىم، ھەمكارلىق تۈزۈشكە، سىنىپىي كۈرەش، سوتسىيا-لىستىك ئىنقىلاب ۋە پىرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىدىن ۋاز كېچىشكە دەۋەت قىلىدىغان سىياسىي ئېقىم.

**ئوپپورتۇنىست** ئى [ر] <پەلس> ئوپپورتۇنىزم تەرەپدارى، ئوپپورتۇنىزم سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى شەخس.

**ئوپتىكا** ئى [ر<گىرېك] <فىز> فىزىكىنىڭ بىر تارمى-قى. يورۇقلۇقنىڭ پەيدا بولۇشى، تارقىلىشى ھەمدە يورۇق-لۇقنىڭ ھەر خىل ماددىلار بىلەن بولغان ئۆزئارا تەسىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

**ئوپتىكىلىق** سۈپ <فىز> ئوپتىكا ھادىسىلىرىگە ئائىت؛ ئوپتىكا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان: ئوپتىكىلىق ئەينەك. ئوپتىكىلىق زىچ مۇھىت. ئوپتىكىلىق شالاڭ مۇھىت. * بۇ كۆرۈنۈشلەر بۇگۈنكى كۈندە ئوپتىكىلىق يوللار بىلەن ئېكرانغا كۆچۈرۈلدى.

**ئوپتىمېتىر** ئى [ر<لات] <فىز> ئوپتىكىلىق قائىدىلەردىن پايدىلىنىپ ياسالغان، كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش، ئۆلچەش قاتارلىق خىزمەتلەرگە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلارنىڭ ئومۇ-مىي نامى.

**ئوپتىمىزم** ئى [ر<لات] <پەلس> كېلەچەككە، ئومۇمەن ھەربىر ئىشقا ئىشەنچ بىلەن قاراش؛ ھەربىر نەرسىنىڭ ياخشى ۋە پارلاق تەرەپلىرىنى كۆرۈشكە مايىللىق.

**ئوپتىمىست** ئى [ر] <پەلس> ئوپتىمىزم روھى بىلەن سۇغىرىلغان، ھەر نەرسىگە، ھاياتقا تولۇق ئىشەنچ بىلەن قارايدىغان، ئۇنىڭدىن زوقلىنىدىغان كىشى.

**ئوپچە** سۈپ. كوللېكتىپ بىلەن ئالاقىدار بولغان، كوللېكتىپقا مۇناسىۋەتلىك: مەن ئەمدىلا بىخ سۈرۈپ چىققان قىزغۇچ بىدىلەرنى تېرىۋېلىپ، بۆكۈمنى توشقۇزاتتىم. چۈنكى، ئۇنى ئوپچە ئاشخانىغا ئاپىرىپ تاپشۇرغىنىمىزدىن كېيىنلا كەچتە بېرىلىدىغان ئۇماچقا ئېغىز تېگەلەيتتۇق.

**ئوپقا** ئى. دىيال. ئەپكەش.

**ئوپقان** سۈپ. يەپ تويمايدىغان، ئالدىغا كەلگەننىڭ ھەممىسىنى يەپ كېتىدىغان؛ ئاچ كۆز: ئوپقان ئادەم. * مەن ساڭا ئوچۇقىنى ئېيتسام، بۇ يەر ھازىر ئادەم يۇتىدىغان ئوپقانغا ئايلىنىپ كېتىۋاتىدۇ.

**ئوپقانلىق** ئى. ئالدىغا كەلگەننىڭ ھەممىنى يېيىش، يەپ تويماسلىق.

**ئوپلىماق** پ. دىيال. ئوتلىماق (چاي).

**ئوپۇر** ئى. دىيال ① ئويمان، ئازگال. ② چاناق.

**ئوپۇر- توپۇر** ① بىرقانچە ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ جىددىي ھەم ئالدىراشلىق بىلەن قىلغان قالايمىقان ھەرىكىتىدىن ھاسىل بولغان ئاۋازلار ۋە شۇنداق ھالەت: ئابدۇللا روزى سىرتتىكى ئوپۇر - توپۇرلارغا دىققەت قىلىپ ئولتۇراتتى. ② ئالدىراپ - سالدىراپ، جىددىي ھالدا، تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇتلا: ئۇلار ئوپۇر - توپۇر يېتىپ كېلىشتى.

**ئوپۇرماق** پ. تېگىگە يەتمەك، پەملىمەك، بىلمەك: ئوقەت قىلساڭ ئوپۇرۇپ قىل.

**ئوپۇرۇلماق** «ئوپۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئوپۇل- توپۇل** ئالدىراپ - تېنەپ، ھاپىلا - شاپىلا؛ ئۇشتۇمتۇت، تۇيۇقسىز، بىردىنلا: مەن ئوپۇل - توپۇل رومكىنى كۆتۈرۈۋەتتىم.

**ئوپۇم** مىق. دىيال. يۇتۇم، ئوتلام.

**ئوپېرا** ئى [ر<لات] <ئەد> شېئىرىي خۇسۇسىيەت بىلەن دىراماتىك ۋەزىپە ئورگانىك ھالدا بىرىكىپ يېزىلغان دىراما.

**ئوپېراتسىيە** ئى [ر<لات] ① <تېب> بەزى كېسەللىكلەرنى داۋالاش مەقسىتىدە كېسەللەنگەن جايىنى خىرۇرگىيە يولى بىلەن يېرىش، كېسىش، تىكىش: ئوپېراتسىيە قىلماق. ئوپېراتسىيە ئۆيى. ②<ھەرب> بىرەر مەقسەتنى كۆزلەپ ياكى بىرەر ۋەزىپىنى بېجىرىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان جەڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ يىغىندىسى.

**ئوپېراتور** ئى [ر<لات] كىنو - فىلىملەرنى سۈرەتكە ئالغۇچى كىشى: ئوپېراتورلار ئاپپاراتلىرىنى تەييارلىشىپ تەخ بولۇشتى.

**ئوپېراتورلۇق** ئى. كىنو - فىلىملەرنى سۈرەتكە ئېلىش ئىشى ۋە كەسپى: مىرادىل ھازىرغىچە ئون نەچچە فىلىمنىڭ ئوپېراتورلۇقىنى ئىشلىگەن.

**ئوپېرالاشتۇرماق** پ. ئوپېراغا ئايلاندۇرماق، ئوپېرا شەكلىدە قايتا يېزىپ چىقماق، ئوپېراغا ئۆزگەرتمەك: شىرەنىڭ بىر چېتىدە شائىر ئۆزى ئوپېرالاشتۇرغان «لەيلى - مەجنۇن» ۋە «پەرھاد - شېرىن» كىتابلىرى يېيىقلىق تۇراتتى.

**ئوپېرالاشتۇرۇشماق** «ئوپېرالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەينى ۋاقىتتا تېيىپجان ئېلىيوف قاتارلىق ئەدىبلەر بىرلىشىپ «غېرىب - سەنەم»، «پەرھاد - شېرىن»لارنى ئوپېرالاشتۇرۇشۇپ چىقىشتى.

**ئوپېرالاشتۇرۇلماق** «ئوپېرالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ھېكايە خېلى بۇرۇنلا ئوپېرالاشتۇرۇلغانىدى.

**ئوت** I ئى. ئومۇمەن غولى ياغاچلاشمايدىغان، ئوتخور ھايۋانلار يەيدىغان ئۆسۈملۈكلەر؛ گىياھ، چۆپ: ئوتقا كەلگەن خوتۇننىڭ ئوتتۇز ئېغىز گېپى بار (ماقال)، * ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق (ماقال).

**ئوت** II ئى ① ياغاچ، گاز، ماي قاتارلىق كۆيىدىغان نەرسىلەرنىڭ بەلگىلىك ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇق چىقىرىپ كۆيۈش جەريانى، يانغىن، ئاتەش: بىر قولۇڭغا ئوت ئېلىپ يۈر، بىر قولۇڭغا سۇ (ماقال). ② <ھەرب> شىددەت بىلەن ياندۇرۇلغان، ئۈزلۈكسىز ھالدا كۆپلەپ ئېتىلغان ئوقلار: پوتەيلەر، ئاكوپلاردىكى ئەسكەرلەر توختاۋسىز ئوت ئاچماقتا ئىدى. ③ كۆچمە. تەشنالىق بىلەن سېغىنىش، ياد ئېتىش، تەقەززا بولۇش، كۈچلۈك ئىشتىياق؛ ھەددىدىن تاشقىرى قىزىقىش، مايىل بولۇش، ئامراق بولۇش، مۇھەببەت: چىرايلىقنىڭ ئوتى يامان، سەتنىڭ ھالى (ماقال). ④ كۆچمە. ئېغىر بالايىئاپەت؛ قاتتىق روھىي ئازاب، دەرد - ھەسرەت، ئاچچىق ئەلەم، ئېغىر قايغۇ - ھەسرەت: — مېنى بىر ئوتنىڭ ئىچىگە تىقىپ قويۇپتىكەنسىز، — دېدى سەلەي خېلىلا يۇمشاپ. * ئۇ يەنە ھېلىقى بىچارىنى ئوتقا ئىتتەردى.

**ئوت ئاچماق** <ھەرب> قارشى تەرەپكە قارىتىپ مىلتىق، زەمبىرەكلەرنى ئاتماق، ھۇجۇم ياكى جەڭ باشلىماق: بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بۇ زالىم تاجاۋۇزچىلارغا ئوت ئېچىش بىزنىڭ چىقىش يولىمىز.

**ئوت ئالماق** ① ئوت تۇتاشماق، ئوت يانماق، كۆيمەك: موتور گۈرۈلدەپ ئوت ئالدى. ② كۆچمە. ئوتتەك قىزارماق: ئۇنىڭ يۈزلىرى ئوت ئېلىپ، ئانار دەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

**ئوت بىلەن سۇدەك** قەتئىي چىقىشالمايدىغان، بىر - بىرىنى قاتتىق يامان كۆرىدىغان، ئۆچ - ئاداۋىتى بار كىشىلەرگە قارىتا ئىشلىتىلىدىغان ئىبارە: — ئەمەت بىلەن قاسىمنى دەمسىلەر، ئۇ ئىككىسى ئوت بىلەن سۇدەك تۇرسا، — دېدى بىرەيلەن گەپ قوشۇپ.

**ئوت بىلەن ئويناشماق** ناھايىتى خەتەرلىك، ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىشقا تۇتۇش قىلماق: سىلەر ئوت بىلەن ئوينىشىۋاتىسىلەر، مەن، نامان ئاكا، سىلەردىن خۇش بولاي، مېنى ئۆزۈڭلەرگە چاتماڭلار.

**ئوتقا ياغ چاچماق** بىرەر يامان ئەھۋالغا قارىتا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، يامان ئەھۋالنى تېخىمۇ يامان قىلىۋەتمەك: كۆپچىلىك پەرەز قىلىشقاندەك، بۇ ئېلان ئوتقا ياغ چاچتى، سەۋر - تاقەتنى تۈگىتىۋەتتى.

**ئوت قويماق** ① ئوت يېقىپ كۆيدۈرمەك، كۆيدۈرۈپ يوقاتماق: ئۇ كەپىگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. ② كۆچمە. تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتمەك، تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇرماق، تېخىمۇ يامان قىلىۋەتمەك: ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى مېنىڭ غەزىپىمگە تېخىمۇ ئوت قويۇۋەتتى. ③ كۆچمە. قىزىقىش، ئىشتىياق ياكى تەقەززالىق پەيدا قىلماق: يۈرىكىمگە ئوت قويغان كىمسەن بالام؟! دەپ زار - زار يىغلاپتۇ ئانا.

**ئوت كەتمەك** ① ئوت تۇتىشىپ كۆيۈپ كەتمەك. ② كۆچمە. تېمپېراتۇرا بەك ئۆرلەپ ئىسسىق بولۇپ كەتمەك، ھاۋا بەك

قىزىپ كەتمەك: ــ ھاۋا نېمىدېگەن ئىسسىق، ئوت كېتىپتۇ زادى، ــ دېدى ئەكبەر. ③ كۆچمە. بىرەر مالنىڭ بەك بازىرى چىقىپ كەتمەك، خېرىدارلار بەس ـ بەستە تالىشىپ سېتىۋالماق: ــ مەن ئەكەلگەن قوغۇنلارغا ئوت كەتتى، دەڭا، كىرىپ يېرىم سائەتكە قالماي ھەممىنى سېتىپ بولدۇم، ــ دېدى ئۇ كېرىلىپ كۈلۈپ. ④ كۆچمە. نەرخ ـ ھاۋا بىردىنلا ئۆرلەپ كەتمەك: يارەببىم، بۈگۈن بازارغا ئوت كېتىپتىغۇ، ئۆسۈپ كەتمىگەن ھېچنېمە قالماپتۇ. ⑤ كۆچمە. ئىشق ـ مۇھەببەت تەشنالىقى ئۆرلىمەك، ھەددىدىن ئارتۇق تەقەززا بولماق، ئىشتىياق قاتتىق ئۆرلىمەك: كاككۇكلار كېلىپ قوندى، ياپيېشىل تېرەكلەرگە. يارىمنى خىيال قىلسام، ئوت كەتتى يۈرەكلەرگە.

**ئوت ئېتىقادچىلىقى** <پەلس> قەدىمكى زاماندا ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپلەردە تارقالغان بىر خىل دىن. ھازىر ئىراننىڭ قىسمەن رايونلىرى ۋە ھىندىستاندىكى بومبايدا ئۇنىڭ ئاز ساندىكى مۇرىتلىرى بار. بۇ دىن «دۇنيانىڭ بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى مەنبەسى بار، ئۇلار كۈرەش قىلىپ تۇرىدۇ: بىر مەنبە ــ ياخشىلىق، ئۇنىڭ سىمۋولى يورۇقلۇق ئىلاھى خۇرۇمازدا، يەنە بىر مەنبە ــ يامانلىق، ئۇنىڭ سىمۋولى جاھالەت ئىلاھى ئاگروماينوس؛ ئوت ياخشىلىق ۋە يورۇقلۇقنىڭ ۋەكىللىك قىلىدۇ» دەپ قارايدۇ، شۇڭا ئۇ «مۇقەددەس ئوت» قا چوقۇنۇشنى ئاساسىي مۇراسىم قىلىدۇ.

**ئوت ئېغىز** دىيال. ئاغزى ئىتتىك.

**ئوتى بار** يېقىملىق، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان، ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان، ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان: گۈلەندەم خېلىلا ئوتى بار قىز ئىدى.

**ئوتى بېسىلماق** دەرد ـ ئەلەمى پەسكويغا چۈشمەك؛ سېغىنىشى پەسەيمەك: ــ بالىنىڭ ئوتى بېسىلغاندا ئوڭشىلىپ قالىدۇ، تۇردىخان، خاپا بولۇپ كەتمە، ــ دېدى ئۇ تەسەللى بېرىپ.

**ئوت يۈرەك** ئىنتايىن قىزغىن؛ قەھرىمان، باتۇر: بىزنىڭ ئوت يۈرەك ياشلىرىمىز ناھايىتى غايىلىك چوڭ بولۇۋاتىدۇ.

**ئوتاتماق** «ئوتىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سەمەت كېۋەزلىكنىڭ ئوتىنى ئوتىتىۋېتىش ئۈچۈن ئادەم ئىزدەپ مەدىكار بازىرىغا كەلدى.

**ئوتاچى** ئى. تارس. تېۋىپ، دوختۇر.

**ئوتاشماق** «ئوتىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئائىلە بويىچە ئېتىزغا چىقىپ، بۇغداينىڭ ئوتىنى بىر كۈندىلا ئوتىشىپ بولۇشتى.

**ئوتاق** I ئى. زىرائەت ئارىسىغا ئۈنگەن تۈرلۈك ئوت ـ چۆپلەرنى ئوتاش، يۇلۇپ تاشلاش: ئۇلار ئەتىگەندىلا ئېتىزلىققا ئوتاققا چىقىپ كەتكەنىدى.

**ئوتاق** II ئى. چارۋىچىلار ياكى كۆچمەنلەرنىڭ ۋاقىتلىق تۇرۇشى ئۈچۈن ياسالغان تۇرالغۇ، ۋاقىتلىق ئۆي: ئايدا ئوتاق بولماپتۇ، يىلدا قوشنا (ماقال).

**ئوتاقچى** ئى. زىرائەتلەردىكى ئوت ـ چۆپلەرنى ئوتايدىغان ئادەم: چۈشكە يېقىن ئوت ئوتاۋاتقان ئوتاقچىلارمۇ قايتىپ كەلدى. * پاختىزاردا ئىشلەيدۇ تىنماي، ئىشتا چېۋەر ئوتاقچى قىزلار؛ شوخ ناخشىنى ياڭرىتار كۆكتە، ئىشنى كۈيلەپ قوشاقچى قىزلار.

**ئوتالغۇ** ئى← **ئوتاق** II.

**ئوتالماق** «ئوتىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قوناقلىقتىكى ئوت بىر دەمدىلا ئوتىلىپ بولۇندى.

**ئوت ـ بوغۇز** ئوت ۋە بوغۇز، ئومۇمەن چارۋا ـ ماللار يەيدىغان تۈرلۈك يېمەكلىكلەر: 18 ھارۋىدا ئوت ـ بوغۇز، ئون ھارۋىدا يېمەك ـ ئىچمەك بار ئىدى.

**ئوتپەرەس** ئى. ئوتقا چوقۇنغۇچى: ئىراننىڭ قىسمەن جايلىرىدا ۋە ھىندىستاندىكى بومبايدا ئوتپەرەس ئادەملەر ھېلىمۇ مەۋجۇت.

**ئوتپەرەسلىك** ئى <دىن> ئوت، ئاتەش ئېتىقادچىلىقى: ئوتپەرەسلىك قەدىمكى دىنلارنىڭ بىرى بولۇپ، دۇنيادىكى قىسمەن دۆلەتلەردە خېلى كەڭ تارقالغان.

**ئوت ـ پىراق** ئوت ۋە پىراق، ئومۇمەن ئىشق ـ مۇھەببەت دەردى: مەن ۋەزىرمەن. سىزنىڭ ئوت ـ پىراقىڭىزدا كۆيۈپ يۈرگىنىمگە ئۈچ يىلدىن ئاشتى.

**ئوتتاش** ئى [ئوت + تاش] <خىم> كۆيدۈرۈلگەن ھاك بىلەن كوكسنى توك ئوچىقىغا سېلىپ قىزدۇرۇش ئارقىلىق ئېلىنىدىغان كۈل رەڭ، كاللەك ھالەتتىكى ماددا، خىمىيەۋى تەركىبى كالتسىي كاربىد ($CaC_2$)، سانائەتتە ئاتسېتىلېن ئېلىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئوتتۇرا** ① ئى. مەلۇم بىر دائىرىنىڭ دەل مەركىزىي نۇقتىسى، مەركەز: قەسىر ئوتتۇرىسىدا بىر كۆل تۇرغۇدەك. ② سۈپ. ئىسىملارنى ئېنىقلاپ «مەركىزىي، مەركىزىي قىسىمدىكى، مەركىزىگە جايلاشقان، ئارىسىدىكى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئوتتۇرا ئاسىيا. ئوتتۇرا جۇڭگو. ئوتتۇرا ئافرىقا. ئوتتۇرا قول. ئوتتۇرا ئىشىك. ③ ئى. بەلگىلىك ئۇزۇنلۇققا ئىگە نەرسىلەرنىڭ ئىككى چېتى ياكى ئۇچىدىن تەڭ ئارىلىقتا بولغان نۇقتىسى: يىراقتا كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئەسكەرلەر توسۇۋېلىپ، مىلتىقلىرىغا تايىنىپ تۇرۇشاتتى. ④ ئى. ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق نەرسىلەرنىڭ ئارىلىق قىسمى: ئۇ مەشۇقى مەلىكە بۇدۇرنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىرنى سۆيۈپتۇ. ⑤ ئى. مەلۇم بىر جايدىكى كىشىلەر ياكى نەرسىلەرنىڭ ئارىسى، قورشاۋ: ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار دەررۇ ئاسىمنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا نېمىنىدۇر دېيىشمەكچى بولۇشتى ـ يۇ، دېمىدى. ⑥ ئى. باشلىنىش بىلەن ئاخىرلىشىشى تەخمىنەن تەڭ ئۇزاقلىقتىكى ۋاقىت، يېرىم: بىر يىلى قىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىبراھىم ئاكا تۇرسۇن بىلەن گەپ تەگىشىپ قالدى. ⑦ سۈپ. ھەممە كىشى ياكى بىرنەچچە كىشى تەڭ پايدىلىنىدىغان، تەڭ شېرىك: بىرنەچچە ئىش ھايۋانلىرى، ئىككى دانە سوقا، بىردانە ئورما ماشىنىسى ۋە بىرمۇنچە ئۇششاق جابدۇقلار بىردىنلا كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىدىكى مۈلكى بولۇپ قالدى. ⑧ ئى. «ئۇ، بۇ، شۇ...» قاتارلىق كۆرسىتىش ئالماشلىرى بىلەن بىللە كېلىپ «ئەتراپ، كۆرسىتىلگەن جايغا يېقىن يەر، ئۆپچۆرە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: بۇ ئوتتۇرىدا ئۇنداق ئېسىل بىنا يوق. ⑨ سۈپ. مەلۇم بىر پائالىيەت، تۈر ياكى ھال ـ ئەھۋالغا نىسبەتەن دەرىجە جەھەتتىن يۇقىرىمۇ ئەمەس، تۆۋەن-

مۇ ئەمەس بولغان، ئارىلىقتىراق تۇرىدىغان: ئوتتۇرا مەكتەپ. * ئۇ ئوتتۇرا بويلۇق، كېلىشكەن ئادەم ئىدى. ⑩ ئى. ئىككى ياكى بىر نەچچە كىشى ئارىسى، ئارا: نادىر بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا ھېچقانداق يامان ئىش ئۆتۈلگىنى يوق. * ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ھايات - ماماتلىق كۈرىشىدۇر. ⑪ ئى. مەلۇم بىر ۋەقە ياكى ھادىسە پەيدا بولىدىغان ياكى بولغان پەيت، مەزگىل: ئوتتۇرىدىن 15 كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ⑫ ئى. مەيدان، سەھنە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئورۇن: قادىر ئورنىدىن تۇرۇپ سالماق قەدەم بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى.

**ئوتتۇرا ئەسىر** <تارىخ> مىلادىيە 476 - يىلى غەربىي رىم ئىمپېرىيەسى ئاغدۇرۇلغاندىن تارتىپ 1640 - يىلىدىكى ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىغىچە بولغان دەۋر ياۋروپادا «ئوتتۇرا ئەسىر» دەپ ئاتىلىدۇ. دۆلىتىمىز تارىخىدىكى دەۋر بۆلۈنۈشىدە ۋېي - جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالە، سۈي - تاڭ دەۋرلىرى ئوتتۇرا ئەسىر دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئوتتۇرا دولقۇن** <فىز> دولقۇن ئۇزۇنلۇقى 200 دىن 3000 مېتىرغىچە بولغان رادىيو دولقۇنى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى يەر يۈزىدە بىۋاسىتە تارقىلالايدۇ.

**ئوتتۇرا قاتلام** خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى تەۋەلىك مۇناسىۋىتى جەھەتتە ئوتتۇرا دەرىجىگە مەنسۇپ بولغان كىشىلەر توپى ۋە شۇ دەرىجىدىكى تەشكىلات ياكى گۇرۇھ: كومىتېتىمىزدىكى ئوتتۇرا قاتلام رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ئاخىرقى باسقۇچقا قەدەم قويدى.

**ئوتتۇرا قولدەك** قاۋۇل، يارامىلىق، راۋۇرۇس، ئېسىل: ئاڭلىساق، مۇشۇ قۇمباشتىنلا ئوتتۇرا قولدەك يىگىتلەردىن ئونىنى تۇتۇپ كېتىپتۇ.

**ئوتتۇرا كېچە** دىيال. تۈن كېچە، يېرىم كېچە.

**ئوتتۇرا مەكتەپ** ياش - ئۆسمۈرلەرگە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ تەربىيەسى ئېلىپ بارىدىغان مەكتەپ. ئادەتتە ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن ئالىي مەكتەپ ئارىلىقىدىكى بىر باسقۇچ.

**ئوتتۇرا ھايات ئېراسى** <گېئول> گېئولوگىيەلىك يىلنامىنىڭ ئۆتتىنچى ئېراسى. تەخمىنەن 230 مىليون يىل بۇرۇن باشلىنىپ، 67 مىليون يىل بۇرۇن ئاياغلاشقان.

**ئوتتۇرا يولدا** يېرىمىدا، تولۇق ئاخىرلاشماستىنلا، باشلىنىپ ئايىغى چىقمايلا: بۇ ئىش ئۈنچىلىك مۇھىم ئەمەس. شۇڭا ئوتتۇرا يولدا توختىتىپ قويدۇم.

**ئوتتۇرىغا چىقماق** ① مەيدانغا چىقماق، ئۆزىنى نامايان قىلماق، ئۆزىنى كۆرسەتمەك. ② سادىر بولماق، كۆرۈلمەك: ھازىر باشقا بىر ئىش سىز دېگەن ئۇ ئىشتىنمۇ جىددىيرەك بىر ئىش، ئوتتۇرىغا چىقتى.

**ئوتتۇرانچى** سۈپ. ئۈچ بالىنىڭ ئىككىنچىسى، يەنى چوڭىدىن كىچىكى ياكى كىچىكىدىن چوڭى: ئوتتۇرانچى ئوغلۇم ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتىدۇ.

**ئوتتۇرىچە** سۈپ ① ھەجىم، مىقدار، سۈپەت، دەرىجە قاتارلىقلاردا ئوتتۇرا ھال ئورۇندا تۇرىدىغان؛ ياخشىدىن تۆۋەن، ياماندىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان: پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىز مىقياسىدىن ئېيتقاندا، ئېنىرگىيە سەرپىياتى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيەدىن يەنىلا يۇقىرى. ② ئوتتۇرا ھېساب بىلەن، ئوتتۇرا ھېسابتا: پوستلاقنىڭ ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 5.2 مىللىمېتىر كېلىدۇ.

**ئوتتۇرىلاشماق** پ. يېرىملاشماق، ئوتتۇرا بولماق (سىغىم، ھەجىم ياكى مەزگىل ھەققىدە): تۈن ئوتتۇرىلاشقان بولسىمۇ، ئوغلۇمدىن ھېچ خەۋەر بولمىدى.

**ئوتتۇرىلىق** ئى ← **ئارىلىق** I : بۇ ئوتتۇرىلىقتا كەڭ كەتكەن بىر سايلىق بار ئىدى.

**ئوتتۇز** سان. ئوننىڭ ئۈچ قېتىم قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان، 29 دىن چوڭ، 31 دىن كىچىك بولغان پۈتۈن سان: 30 دانە ئالما.

**ئوتتۇز ئوغۇل** كۆپچىلىك، يىگىتلەر: مەن ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ ئالدىدا ۋەدە بەرگەنمەن، دېگىنىمنى قىلماي قويمايمەن.

**ئوتتۇزبېشى** ئى. تارس [ئوتتۇز + باش + ى] تارىختىكى ھەربىي ئەمەل نامى. ئوتتۇز ئەسكەردىن تەركىب تاپقان ھەربىي ئەترەتنىڭ باشلىقى.

**ئوتتۇزىنچى** سان. سان ياكى دەرىجە جەھەتتە 29 - دىن كېيىن، 31 - دىن بۇرۇن تۇرىدىغان؛ سان تەرتىپى «30» رەقىمى بىلەن ئىپادىلەنگەن: ئوتتۇزىنچى نومۇرلۇق ياتاق.

**ئوتتېلىيە** ئى [لات] <بوت> ← **ئوتتېلىيە ئوتى.**

**ئوتتېلىيە ئوتى** <بوت> يارلىقئوت ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك.

**ئوت - چۆپ** ئوت ۋە چۆپ، ئومۇمەن چارۋا يەيدىغان خىلمۇخىل ئوتلار: بىز ئاغىنە، ئاغىنىدارچىلىقتىن مەقسەت كىشىلەرنىڭ چارۋىلاردىن كۈتكەن ئۈمىدىدەك ھازىر ئوت - چۆپ بېرىپ، كەلگۈسىدە گۆش - ياغ شىلىۋېلىش ئەمەس.

**ئوتخانا** I ئى. ئائىلىلەردە مەخسۇس ئوت-چۆپ ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۆي؛ سامانلىق.

**ئوتخانا** II ئى <ماشىن> ئىچىدىن يانىدىغان دىۋىگاتېل، پويىز، راكېتا قاتارلىقلاردىكى يېقىلغۇلار يانىدىغان ئورۇن، بۆلەك.

**ئوت - خەس** ئومۇمەن ئوت - چۆپ قاتارىدىكى نەرسىلەر: ئوت - خەس يىغماق: بىكار قالسام ئىچىم پۇشۇپ، ئۆزۈم غەمدە يۈرىمەن. شۇڭا مەن خوتۇن بىلەن ئوغۇت، ئوت - خەس يىغىمەن.

**ئوتخور** سۈپ. ئوت - چۆپ يەيدىغان، ئوت - چۆپ بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان: ئوتخور ھايۋانلار.

**ئوتخورلۇق** ئى<زوئول> ھايۋانلارنىڭ ئۆسۈملۈكلەر بىلەنلا ئوزۇقلىنىش ئادىتى.

**ئوت - سامان** ئوت ۋە سامان، ئومۇمەن ئات - ئۇلاغلار يەيدىغان ئوت - چۆپ، سامان قاتارلىق نەرسىلەر.

**ئوتسىندۇرماق** «ئوتسىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپ ئوتسىندۇرۇپ قويۇشنى لايىق كۆردۈم - دە، دەرھال ئۆيگە باشلىدىم.

**ئوتسىنماق** پ. ئوتقا قاقلىنىپ ئىسسىنماق: ئۇ تونۇر بېشىدا ئوتسىنىپ ئولتۇرغان ھاشىمنىڭ يېنىغا كەلدى.

**ئوتسىنىشماق** «ئوتسىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار گۈلخان ئەتراپىدا ئوتسىنىشقاچ ھەر خىل ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلاشماقتا ئىدى.

**ئوتقاش** ئى. قاراڭغۇ كېچىدە يول يۈرگەندە يولنى يورۇتۇش

ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ياغاچ ياكى تۆمۈر كالتەكنىڭ ئۇچىغا مايغا چىلانغان پاختىنى ئوراپ ياسالغان ئاسان يانىدىغان نەرسە، ئوت كالتەك، مەشئەل: مەدرىسە ئىچىدىكىلەرنىڭ ئاچچىق تاپا - تەنىلىرىگە چىدىيالمىغان ئاپاق خوجا ئەمدى خوجىسى غالداندىنمۇ سوراپ ئولتۇرماي، سوپىلارنىڭ قولىدىن ياندۇرۇقلۇق تۇرغان ئوتقاشنى ئالدى - دە، دۆۋىلەنگەن ياغاچ - تاختايلارغا ئۆز قولى بىلەن ئوت ياقتى.

**ئوتقاشچى** ئى. ئوتقاش كۆتۈرۈپ ماڭغۇچى كىشى: ئۇلار ئەمدىلا تاغ باغرىغا بېرىشىغا سول تەرەپتىن قىزىل كىيىم كىيگەن، قوراللىق 500 ئوتقاشچى چېرىك ئېتىلىپ كەلدى.

**ئوتقۇيرۇق** سۈپ [ئوت+ قۇيرۇق] بالا - قازا تېرىيدىغان، قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان، جېدەل پەيدا قىلىدىغان: ئوتقۇيرۇق ئادەم.

**ئوتقۇيرۇقلۇق** ئى. قۇتراتقۇلۇق قىلىش، بالا - قازا پەيدا قىلىش ھەرىكىتى.

**ئوت - كاۋاپ** ئوت ۋە كاۋاپ، ئومۇمەن ئىنتايىن قىزىغان، كۆيگەن، ئۆرتەنگەن ھالەت.

**ئوتكۆچ** ئى [ئوت+ كۆچ] ← **ئوتكۆچ قىلماق**.

**ئوتكۆچ قىلماق** ئاشلىماق.

**ئوتلاپ قاقماق** دىيال. باخشىلار پىرە ئويۇنىغاندا پىچانغا ئوت يېقىپ، يەتتە يەردە ئوڭ - تەتۈر ئايلاندۇرماق.

**ئوتلاتماق** I «ئوتلىماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھارۋىكەش بوۋاي قارا ئۆكۈزنى ئوتلاتقىلى ئېلىپ ماڭدى.

**ئوتلاتماق** II «ئوتلىماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ماڭمۇ بىر يۇتۇم ئوتلىتىپ قويۇڭا، — دېدى يەنە بىر بالا خەلچەم ئانىغا يېلىنىپ.

**ئوتلاتماق** III «ئوتلىماق III» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىچارە موماي قىزىنى پىرىخونلارغا ئوتلىتىپمۇ كۆردى، ئەمما ھېچ پايدىسى بولمىدى.

**ئوتلاشماق** I «ئوتلىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۆمۈريول بويىدا بىر توپ قوي - قوزا، يۈرەتتى ئوتلىشىپ، ئويناقلاپ - يايراپ.

**ئوتلاشماق** II «ئوتلىماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — بىر - ئىككى رومكا ئوتلىشىپ بېرەرسەن؟ — دېدى ئۇ ئاباققا قاراپ ھېجىيىپ.

**ئوتلاشماق** III «ئوتلىماق III» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۆت - بەش پىرىخونلار ئۆزلىرىچە بىرنېمىلەرنى ئوقۇشۇپ، بالىنى ئوتلىشىشقا باشلىدى، ئەتراپتىكىلەر ئۇلارغا ئۈمىد بىلەن قارىشىپ تۇرۇشتى.

**ئوتلاق** ئى. ئوت - چۆپلەر كۆپ ئۆسكەن، ئوت - چۆپ بىلەن پۈركەنگەن جاي؛ يايلاق، چۆپلۈك: ئۇ ھوشىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ يۇمشاق ئوتلاقتا ياتقانلىقىنى سەزدى.

**ئوتلاق سالمىسى** <زوئول> سۆرەلگۈچىلەر كىلاسى، كەسلەنچۈك ئائىلىسىدىكى ھايۋان. تەن ئۇزۇنلۇقى 25 سانتىمېتىر، قۇيرۇقى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن، دۈمبىسى يېشىل قوڭۇر، قورسىقى ئاقۇچ كۈل رەڭ، تېنىنىڭ يان تەرەپلىرى يېشىل، دۈمبىسىدە ئالتە قاتار چوڭ تەڭگىچە قاسىرقى بار، ئوت - چۆپ ئارىسىدا ياشاپ، ھاشارات تۇتۇپ يەيدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبىغا تارقالغان، شىنجاڭدىمۇ بار.

**ئوتلاقچىلىق** ئى. ئوتلاق، يايلاق بەرپا قىلىش، باشقۇرۇش ئىشى، ئومۇمەن ئوتلاق بىلەن مەشغۇل بولۇش پائالىيىتى.

**ئوتلام** مىق. ئېغىزغا بىر ئالغۇدەك مىقدارنى بىلدۈرىدۇ، كۆپىنچە ئىچىملىكلەر ھەققىدە ئېيتىلىپ «يۇتۇم» بىلەن باراۋەر ئىشلىتىلىدۇ: بىر ئوتلام سۇ ئىچمەك.

**ئوتلاندۇرماق** I «ئوتلانماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئېتىنى كەڭرى كەتكەن يايلاقتا بىر ئاش پىشىم ئوتلاندۇرۇپ بولۇپ، سەپىرىنى يەنە داۋام قىلدى.

**ئوتلاندۇرماق** II «ئوتلانماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلار تۇيۇقسىز ھوشىدىن كەتكەن بۇ ناتونۇش سەپەرداشىغا ئاز - ئازدىن سۇ ئوتلاندۇرغاندىن كېيىن يىگىت ئاستا - ئاستا كۆزىنى ئېچىشقا باشلىدى.

**ئوتلاندۇرماق** III «ئوتلانماق III» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: موماي مەھەللىدىكى ھەممىگە تونۇش پىرىخوننى تەكلىپ قىلىپ نەچچە قېتىم ئوتلاندۇرغان بولسىمۇ، ئوغلىنىڭ كېسىلى يەنە ئوخشاش ھالەتتە تۇراتتى.

**ئوتلانماق** I «ئوتلىماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ چارۋىلار يىل بويى يايلاق ۋە قىشلاقلاردىلا ئوتلىناتتى.

**ئوتلانماق** II «ئوتلىماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئارىدا بىر - ئىككى ئوتلام چايمۇ ئوتلاندى.

**ئوتلانماق** III ① «ئوتلىماق III» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىچارە قىز دادىسىنىڭ گېپىگە كىرىپ پىرىخونلار تەرىپىدىن نەچچە قېتىم ئوتلانغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ھالىتىدە قىلچە ئۆزگىرىش بولمايۋاتقانلىقىنى ئاستا - ئاستا ھېس قىلىشقا باشلىدى. ② چاقناپ تۇرماق، نۇر چاچماق؛ نۇرلانماق، چاقنىماق: راستىنىلا ئەكرەمنىڭ مەڭزى ئىچىگە تارتىلىپ، ياڭىقى چىقىپ قالغانىدى. ئەمما كۆزلىرى يەنىلا يېنىپ، ئوتلىنىپ تۇراتتى.

**ئوتلۇق** I سۈپ. ئوتى بار، ئوت - چۆپلەر كۆپ ئۆسكەن، ئوت بىلەن قاپلانغان: ئۇلار تەڭرىتاغنىڭ تۆۋەن ئېتىكىدىكى سۈزۈك سۇلۇق، يۇمران ئوتلۇق گۈزەل يايلاقتا بىر كېچە تۈنىدى.

**ئوتلۇق** II سۈپ ① ئوتى بار، كۆيدۈرۈش كۈچىگە ئىگە: قان - ياش ئاققان كۆزلەردە، چاققاي بوگۈن چاقماقلار! چۈشۈپ ئوتلۇق چېقىلغان، كۆيسۇن ئەمدى چاققاقلار! ② قىزىق، ئىسسىق، ھارارەتلىك؛ كىشىگە ئىللىقلىق، خۇشاللىق بېغىشلايدىغان: ئىككى سەپداشنىڭ ئوتلۇق مەڭزى بىر - بىرىگە چىڭ چاپلاشتى. ③ نۇرلۇق، نۇر چېچىپ تۇرغان، چاقناپ تۇرغان: — ھە... — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، گويا قىزنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىنىڭ ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىشىدىن قورققاندەك، يەرگە قارىۋالدى. ④ كۆچمە. بالا - قازا، جېدەل - ماجىراغا يېقىن، خەتەرلىك، جېدەل پەيدا قىلىدىغان: خوتۇن خەقنىڭ پېشى ئوتلۇق دەپ، ئوت تۇتىشىپ بالا - قازا ياماشقىلى ئارانلا تۇرىدۇ. ⑤ كۆچمە. شىجائەتلىك، غەيرەتلىك، قايناق؛ جۇشقۇن، قىزغىن: ئۇنىڭ ئوتلۇق ياش يۈرىكى دائىم خەلق ئۈچۈن سوقۇپ تۇراتتى. ⑥ كۆچمە. كۈچلۈك روھىي ئازاب كەلتۈرىدىغان، ئەلەملىك، دەردلىك: مېنىڭ بۇ خېتىم، بەلكىم سىزنىڭ كامىل ئۈچۈن ھەسرەت-

لىنىك ياشلار تۆككەن، ئوتلۇق ئاھلار تارتقان چېغىمىزدا يېتىپ بارار.

**ئوتلۇق** III ئى. دىيال. تونۇرنىڭ كۆلىنى چىقىرىدىغان تۆشۈكى، داپخۇن.

**ئوتلىتىشماق** I «ئوتلاتماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يىگىتلەر قويلىرىنى ئوتلىتىشقاچ بىر - بىرلەپ ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى.

**ئوتلىتىشماق** II «ئوتلاتماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كارۋانلار يىگىتكە بىرنەچچە يۇتۇم سۇ ئوتلىتىشقاندىن كېيىن، ئۇ ھوشىغا كەلدى.

**ئوتلىتىشماق** III «ئوتلاتماق III» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئوتلىماق** I پ. مال - چارۋىلار ئوت - چۆپ يېمەك، ئوت بىلەن ئوزۇقلانماق: ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتنى ئوتلاشقا قويۇۋەتتى.

**ئوتلىماق** II پ. قىزىق ئىچىملىكلەرنى ئاز - ئازدىن يۇتماق؛ ئومۇمەن سۇيۇق نەرسىلەرنى ئاز - ئازدىن ئىچمەك: موماي چاينى ئىككى ئوتلاپ، نېرى ئىتتىرىپ قويۇپتۇ.

**ئوتلىماق** III پ <تېب> ئوت بىلەن ئۇچۇقلىماق: خەلق ئارىسىدىكى «ئوتلاپ قېقىش»، «پېرە ئوينىتىش» قاتارلىق خۇراپىي ئۇسۇللار ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى ئوتقا چوقۇنۇشتىن قېپقالغان ئادەتلەردۇر.

**ئوتھارۋا** ئى [ئوت + ھارۋا] كونا. پويىز.

**ئوتوفون** ئى [ر<گىرېك] <تېب> قۇلىقى ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئاۋازلارنى ئاڭلىشىغا ياردەم بېرىدىغان بىر خىل ئەسۋاب. ئۇنىڭ بەزىلىرى ئاكۇستىكىلىق پىرىنسىپ بويىچە ئاۋاز دولقۇنىنى توپلاپ قۇلاققا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ؛ يەنە بەزىلىرى ئېلېكتىر ئىلمى پىرىنسىپلىرى بويىچە ئاۋاز قوبۇللىغۇچ ياكى مىكروفون قوبۇل قىلغان ئاۋاز دولقۇنىنى چوڭايتىپ قۇلاققا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

**ئوتۇغات** ئى. تارس ① ئەمەلدارلارنىڭ باش كىيىمىگە تاقىلىدىغان مەنسەپ بەلگىسى. ② دوپپىنىڭ ئالدىغا تاقىلىدىغان زەر پۆپۈك: ئوتۇغات تاقىماق.

**ئوتۇغات مونچاق** تارس. ۋاڭلىق تۈزۈمدە گۆھەر، بېزە، تەيجىلەر كىيىدىغان تاج.

**ئوتۇغاتسىز** سۈپ. ئوتۇغاتى يوق؛ ئوتۇغات تاقالمىغان، قادالمىغان، ئوتۇغات تاقىمىغان، قادىمىغان: ئۇلار يۇقىرىنىڭ قولى، تۆۋەننىڭ خوجىسىلىق ماھىيەتلىرىنى ئۆزگەرتمىگەن ئوتۇغاتسىز ئەمەلدارلارغا نىسبەتەن ۋىجدان مۇختارىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن مەغرۇر ئىدى.

**ئوتۇقماق** پ. قوزا - ئوغلاق قاتارلىق چارۋىلارنىڭ بالىلىرى سۈتتىن ئايرىلىپ ئوت يېگۈدەك بولماق، ئوتقا كىرىشمەك.

**ئوتۇن** ئى. كېسىپ، يېرىپ ئوت قالاش ئۈچۈن تەييارلانغان ياغاچ، شاخ - شۇمبا ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر، ئومۇمەن ئوت قالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۈرلۈك ياغاچلار: ئوت بار يەردە تۈتۈن بار، سۇ بار يەردە ئوتۇن بار (ماقال).

**ئوتۇننى يۇيۇپ قالايدىغان** تازىلىق قىلدىم دەپ، بەك ئاشۇرۇۋېتىدىغان: بۇ تازا ئوتۇننى يۇيۇپ قالايدىغان بىرنېمە بولىدىغاندەك قىلىدۇ.

**ئوتۇن - چاۋار** ئوتۇن ۋە چاۋار.

**ئوتۇنچى** ئى ① جاڭگال ۋە تاغۇتاشلاردىن ئوتۇن ئەكېلىپ، ئۇنى سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان كىشى: بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا بىر ئوتۇنچى ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. ② بايلارغا مەخسۇس ئوتۇن توشۇپ بېرىدىغان مالاي: ئۆتمۈشتە باينىڭ ئوتۇنچىسى ئىدىم، بۈگۈن دۆلەتنىڭ ئورمان ئىشچىسى بولدۇم.

**ئوتۇنچىلىق** ئى. مەخسۇس ئوتۇن ئەكېلىپ سېتىش بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈش: ماڭا نىسبەتەن ئوتۇنچىلىق تولىمۇ ئېغىر، ئادەم ئىلگىرى باسمايدىغان بىر ئىش بولۇپ تۇيۇلدى.

**ئوتۇنخانا** ئى. ئوتۇن قويىدىغان ئۆي: بۇ چوڭ ئوتۇنخانىدا قاتتىق - قۇرۇق ئوتۇنلار ئېگىز - ئېگىز دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى.

**ئوتۇنلۇق** ئى. ئوتۇن بار، ئوتۇن كۆپ يەر.

**ئوتىغۇچ** ئى. توپىنى بوشىتىش ۋە ئوت ئوتاشتا ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى.

**ئوتىماق** پ. زىرائەت ئىچىدىن ئوت - چۆپلەرنى يۇلۇپ ئالماق، زىرائەتنى ئوتتىن خالىي قىلماق: — بوپتۇ قىزىم، — دېدى موماي ئاغرىنىپ ۋە ئاستا باغدىكى كۆكتاتلارنى ئوتىغىلى چىقىپ كەتتى.

**ئوتياش** ئى [ئوت + ياش] سەي - كۆكتات.

**ئوتياشچى** ئى. سەي - كۆكتات تېرىپ ساتقۇچى كىشى، سەيچى.

**ئوتياشچىلىق** ئى. مەخسۇس سەي - كۆكتات تېرىپ ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنى سېتىش ئىشى.

**ئوتياشلىق** ① ئى. ئوتياش ئۆستۈرۈلگەن، ئوتياش تېرىلغان يەر: پىراكتىكانتلار كەنتنىڭ ئوتياشلىقلىرى، باغلىرى، دەل دەرەخلىرىگە قاراشتەك يەڭگىل ئىشلارغا سېلىندى. ② سۈپ. ئوتياشلىرى بار، ئوتياش قوشۇپ قورۇلغان: ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادىتىدە قورۇلغان ئوتياشلىق تاماقلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

**ئوچ** مىق. جانت. ← **ئوچۇم**.

**ئوچا قىلماق** دىيال. قوي گۆشىنى پۈتۈن پېتى پىشۇرماق.

**ئوچاق** ئى ① ئۈچ تەرىپى تۈتاش ئېتىلىك، ئالدى تەرىپىگە ئېغىز ئېچىپ ياسالغان، ئۈستىگە قازان ئېسىلىپ، ئىچىگە ئوت يېقىلىدىغان قۇرۇلما: باينىڭ پۇلى — ئوچاقنىڭ كۈلى (ماقال). ② كۆچمە. بىرەر نەرسە پەيدا بولىدىغان، تارقىلىدىغان ياكى ئەمەلگە ئاشىدىغان جاي؛ مەنبە: كوچانىڭ سوجۇپ مۇزىكا سىستېمىسىنىڭ ئوچىقى بولۇشى تاسادىپىي ۋە ياكى يەككە - يېگانە ھادىسە ئەمەس، ئەلۋەتتە.

**ئوچاقلىق** سۈپ. ئوچاق بار، ئوچاق سېلىنغان: ئۈچ ئوچاقلىق بىر ئاشخانا.

**ئوچاقنەيزە** ئى [ئوچاق + نەيزە] ئىككى تەرىپىدىن شامال ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان تۆمۈرچىلىك ئەسۋابى.

**ئوچۇق** سۈپ ① تەرەپلىرى ھېچ نەرسە بىلەن توسۇلمىغان: ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى ئوچۇق يەرگە ھەر خىل گۈللەر تېرىلغانىدى. ② ئۈستى يېپىلمىغان ياكى كۆپ قىسمى يېپىلماي قالغان: ئالماس ئوچۇق سەيناغا چىققاندا، ئۇلار ئالماسنىڭ ئارقىسىدا ئىدى. ③ يېپىلمىغان، ئېتىلمىگەن ياكى تاقالمىغان، قۇلۇپلانمىغان، قاناتلىرى ئېچىۋېتىلگەن: ئايروپىلاننىڭ ئىشىكى تېخى ئوچۇق تۇراتتى. // دەم ئاپتۇ قاراۋۇللىرى، ئوچۇق قاپتۇ ئۆي - ھۇجرىلىرى. ④ يالىڭاچ، ئەت - تېرىلىرى كۆرۈنۈپ قالغان: ئوچۇق بەدەن. ⑤ تۈز، راۋان، توسالغۇسىز: دىلى ئوچۇقنىڭ قولى ئوچۇق، ئەل

سۆيگەننىڭ يولى ئوچۇق (ماقال). ⑥ يۇمۇلمىغان، يېپىلمىغان (كۆز، ئېغىز قاتارلىقلار ھەققىدە): ئوچۇق ئېغىز ئاچ ئۆلمەس (ماقال). // ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخىچە ئوچۇق تۇراتتى. ⑦ سۈزۈك، بۇلۇتسىز، بۇلۇت ياكى چاڭ ـ توزانلاردىن خالىي: تاشۋاي ئوچۇق ئاسمانغا زوق بىلەن تىكىلگىنىچە ئەركىن بىر نەپەس ئالدى.⑧ سۈپ. زىل، ساز، جاراڭلىق: مۇشۇنداق قىلغاندا ئاھاڭلار ئوچۇق، پاكىز چىقىدۇ. ⑨ بۇلغانمىغان، ساپ، سۈزۈك، راۋان: — ئاخشامقى كىشمىش ئۈرۈكتىن، — دېدى ئوسمان. — تومۇرىڭىزنىڭ ئوچۇق چېغىدا ئازراق يەپ باقامسىز؟ ⑩ تۈز، پاك، ھىيلە ـ مىكىردىن خالىي؛ خۇشخۇي، خۇش چاقچاق، مۇلايىم، چىقىشقاق: ئۇ تولىمۇ خۇش چاقچاق، ئوچۇق يىگىت ئىكەن. ⑪ ئېنىق، روشەن، ئاسانلا بىلگىلى، سەزگىلى بولىدىغان ھالەتتە، گەۋدىلىك: بۇ يەردە پەسىللەرنىڭ ئالمىشىشى ئوچۇق ۋە مۇقىم بولىدۇ. ⑫ ھەقىقىي، راست، توغرا؛ ئاشكارا، ئېنىق: ئۇ بۇ قېتىم ئوچۇق گېپىنى قىلدى. // مەن ئۆز پىكرىمنى ئوچۇق ئېيتتىم. ⑬ قېنىق، تۇتۇقنىڭ ئەكسى (رەڭ ھەققىدە): — قاراڭ، — دېدى ئۇ ماڭا تېخىمۇ چۈشەندۈرۈپ، — رەڭگىمۇ شۇنداق ئوچۇق، ئايالىڭىزغا ئالغاچ بارسىڭىز خۇش بولماي قالمايدۇ. ⑭ ھەممە كىشى ئۆز ئىختىيارى بويىچە قاتناشسا بولىۋېرىدىغان، خالىغانلار قاتناشسا بولىدىغان، ئادەم چەكلەنمەيدىغان: ئوچۇق يىغىن. ئوچۇق سوت. ⑮ ھېچكىمدىن يوشۇرۇلمىغان، ئوچۇق ـ ئاشكارا بولغان: ئوچۇق قارشىلىق. ئوچۇق ھەرىكەت. ئوچۇق مۇناسىۋەت.

**ئوچۇق بوغۇم** <تىل> سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بوغۇم.

**ئوچۇق خەت** بىرەر شەخس ياكى كوللېكتىپقا قارىتا يېزىلغان، ئەمما خەتنى يازغۇچى «كۆپچىلىككە ئۇقتۇرۇش زۆرۈر» دەپ، ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېلان قىلغان خەت.

**ئوچۇق دەرس** <مائار> ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، ئوقۇتۇش مېتودىنى تەتقىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان دەرس شەكلى. مۇناسىۋەتلىك ئوقۇتقۇچىلار ۋە باشقا مائارىپ خادىملىرى تەشكىللىك ھالدا ئۇنى ئاڭلاشقا قاتناشتۇرۇلىدۇ.

**ئوچۇق دېڭىز** <جۇغ> خالىغان دۆلەت ئىشلىتەلەيدىغان، ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ ئىختىيارىدا بولمىغان دېڭىز تەۋەلىكى.

**ئوچۇق سوت** <قا> مەملىكىتىمىز خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ دېلولارنى ئوچۇق ـ ئاشكارا سوت قىلىدىغان بىر خىل ئۇسۇلى. بۇنىڭدا، كەڭ ئاممىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى زور بولغان دېلولار قاراپ چىقىلىدۇ.

**ئوچۇق ئىمتىھان** <مائار> ئىمتىھان ئېلىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. بۇنىڭدا ئىمتىھانغا قاتناشقۇچىلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن ئەركىن پايدىلىنىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

**ئوچۇق ـ ئاشكارا** ئوچۇق ۋە ئاشكارا، كۆڭلىدىكىنى يوشۇرمايدىغان: ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىش قىلماق.

**ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق** ئاشكارا ھالدا، يوشۇرماستىن: ئۇ ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق قوۋۇلۇق قىلىۋاتاتتى.

**ئوچۇقچىلىق** ئى. ھېچقانداق نەرسە بىلەن توسۇلمىغان، ئىچىدە ھېچ نەرسە يوق يەر، جاي: يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئۇلار چوڭ بىر ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قېلىشتى.

**ئوچۇقلاشتۇرماق** «ئوچۇقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى، تىل ۋە ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنىنى بايان قىلغاندا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى ئوچۇقلاشتۇرۇۋېتىكەندىن كېيىن سۆز ئاساسىي مەزمۇنغا يۆتكىلىدۇ.

**ئوچۇقلاشتۇرۇشماق** «ئوچۇقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككى تەرەپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئوتتۇرىدىكى ئىختىلاپلارنى ئوچۇقلاشتۇرۇشتى.

**ئوچۇقلاشتۇرۇلماق** «ئوچۇقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنى بايان قىلىنغاندا، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ئوچۇقلاشتۇرۇۋېتىلىشى زۆرۈر.

**ئوچۇقلاشماق** پ. ئوچۇق، ئېنىق، ئاشكارا بولماق، ئايدىڭلاشماق: بۇ چىگىش مەسىلە ئوچۇقلاشتى.

**ئوچۇقلۇق** ئى. ئېنىق، ئاشكارا، ئوچۇق بولغان ھالەت: دوستۇڭنى قەدىرلە، كۆرسەت ساداقەت، بۇ يولدا قىلچىمۇ بولما ھاماقەت. توغرىلىق، ئوچۇقلۇق بولسۇن ئادىتىڭ، ئۇنىڭسىز باسىدۇ سېنى پالاكەت.

**ئوچۇقلىماق** پ. ئېنىقلىماق، ئايدىڭلاشتۇرماق، روشەنلەشتۈرمەك، يەشمەك: مەھمۇد كاشغەرىي تىل ئىلمى بويىچە ئۆلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلغان ۋە ئاخىرىدا ئۇيغۇرچە ـ تۈركچە كەلىمىلەرنى ئەرەب تىلى بىلەن ئوچۇقلاپ چۈشەندۈرىدىغان، دۇنيا بويىچە تۇنجى قوش تىللىق قامۇس — «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تۈزۈپ جاھانغا ئېلان قىلغان.

**ئوچۇق ـ يورۇق** خۇشخۇي، خۇش چاقچاق، سەممىي: قاسىم ئاكام ئابدۇلنى ئوچۇق ـ يورۇق كۈتۈۋېلىپ، پاراڭغا سېلىشقا باشلىدى.

**ئوچۇم** ① ئى. ئىككى ئالىقاننى بىرلەشتۈرۈپ، بارماقلارنى ئۆستىگە قارىتىپ سەل يىغقاندا ھاسىل بولغان بوشلۇق: ئەسئەتنىڭ ئوچۇمىدىكى تاش يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ «سىغىمى ئوچۇم كېلىدىغان»، «ئوچۇمغا باراۋەر»، «ئوچۇمغا تەڭ» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ يۈرەكنى سەگىتىدىغان مۇزدەك سۇدىن بىرنەچچە ئوچۇم ئېلىپ ئىچتى. ③ مىق. كۆچمە «بىر» سۆزى بىلەن بىرىكىپ، «بەزى، قىسمەن، ئاز ساندىكى» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: بىر ئوچۇم ئۇنسۇرلار بۇ قېتىم قەستەن چاتاق چىقاردى.

**ئوچۇملاتماق** «ئوچۇملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بوۋاي كۆزىنى يېرىم ئېچىپ يېنىدا تۇرغان ئوغلى ئارقىلىق ئېتىزنىڭ توپىسىنى ئوچۇملىتىپ ئالدۇرغاندىن كېيىن بۇرنىغا يېقىن ئېلىپ كېلىپ ھۈزۈرلىنىپ پۇراشقا باشلىدى.

**ئوچۇملاشماق** «ئوچۇملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ساياھەتچىلەر مۇزدەك بۇلاق سۈيىنى ھۇزۇرلانغان ھالدا ئوچۇملىشىپ ئىچىشىپ چاڭقىغان يۈرەكلىرىنى سەگىتىشكە باشلىدى.

**ئوچۇملانماق** «ئوچۇملىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئوچۇملىماق** پ. ئوچۇمغا ئالماق: ئۇ مۇزدەك بۇلاق سۈيىنى ئوچۇملاپ ئىچىشكە باشلىدى.

**ئوچېرك** ئى [ر] <ئەد> ئېپىك ژانىرلارنىڭ بىرى. ئۇ ۋەقە، ھادىسىلەرنى، تۇرمۇش پاكىتلىرىنى ۋە كونكرېت كىشىلەر پائالىيىتىنى ئەينەن تەسۋىرلەش بىلەن باشقا ئېپىك ژانىرلار (مەسىلەن، پوۋېست، ھېكايە) دىن پەرقلىنىدۇ.

**ئوخرەك** ئى. ئىتنىڭ ئىغىز چىشى بىلەن ئۇتتۇر چىشى ئوتتۇرىسىدىكى تۆت دانە ئۇزۇن چىشى. ئۇنىڭ ئىككىسى ئۈستىدە، ئىككىسى ئاستىدا بولىدۇ.

**ئوخشاتماق** «ئوخشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ئۇنى ئوتلۇق قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىغا ئوخشىتىمەن.

**ئوخشاش** سۈپ ① بىرەر كىشى ياكى نەرسىنى ئەسلىتىدىغان، شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان: ئوخشاش شەكىللەر. ② باراۋەر، تەڭ، پەرقسىز: ئۇ گەپلىرىنى مۇشۇ يەردە دەۋەرسىلىمۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

**ئوخشاشلاشتۇرماق** «ئوخشاشلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىز بارلىق شەھەر، ھەتتا كوچىلارنىمۇ ئامالىنىڭ بارىچە ئوخشاشلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈچەۋاتقان بولساق، ئىتالىيەلىكلەر ھەربىر چىمدىم تۇپراق، ھەربىر كوچا دوقمۇشى، بىنا ۋە ئىشىك ـ دېرىزە ئارقىلىقمۇ ئۆزگىچە خاسلىقنى نامايان قىلىشقا تىرىشماقتا ئىدى.

**ئوخشاشلاشتۇرۇشماق** «ئوخشاشلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شىركەت رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ قالاق تۈزۈملىرىنى باشقا تەرەققىي قىلغان شىركەتلەرنىڭ ئىلغار تۈزۈملىرى بىلەن ئوخشاشلاشتۇرۇشۇپ، ناھايىتى زور ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

**ئوخشاشلاشتۇرۇلماق** «ئوخشاشلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئوخشاشلاشماق** پ. ئوخشاش ھالەتكە كەلمەك، ئوخشاش بولماق: ئاخىرى ئىككى يىلدىن كېيىن مائاشىم ئۇنىڭ مائاشى بىلەن ئوخشاشلاشتى.

**ئوخشاشلىق** ئى. ئوخشاپ كېتىش، تەڭ ـ باراۋەرلىك، پەرقسىزلىك: ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئوخشاشلىق بۈگۈنكى زامان ھېكايىلىرىدىكى ئاساسىي كېسەللىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ئوخشاشماق** پ. مەلۇم بىر ئالاھىدىلىك، خاراكتېر ياكى شۇ قاتارلىق سۈپەتلىرى جەھەتتىن ئىككىنچى بىر نەرسىگە ئوخشاپ كەتمەك، ئوخشاپ قالماق: ھەر ئىككىمىز ئالىقىنىمىزغا يېزىپ باقايلى، قېنى ئوخشىشامدۇ؟

**ئوخشالماق** «ئوخشىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئوخشۇغۇ** ئى. دىيال. كىگىزدىن ياكى پاختىدىن ياسالغان كىچىك شارچە بولۇپ، قانىغا چىلانغاندىن كېيىن ئوۋ قۇشلىرىغا بېرىلىدۇ.

**ئوخشىتىش** ئى<ئەد> ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن بىرى. بۇنىڭدا، بىر ـ بىرى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ئوخشاشلىقى بولغان ئىككى نەرسىنىڭ بىرى ئارقىلىق يەنە بىرى چۈشەندۈرۈلۈپ ئوبراز يارىتىلىدۇ ياكى چوڭقۇر داۋلىلار شەرھلىنىدۇ. ئوخشىتىش ئادەتتە ئېنىق ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش ۋە ۋەكىللىك ئوخشىتىش دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

**ئوخشىتىشماق** «ئوخشاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار نىساخان پورنىڭ مىجەزىنى تاغ ھاۋاسىغا ئوخشىتىشاتتى.

**ئوخشىتىلماق** «ئوخشاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇيغۇرلاردا ئەڭ چىرايلىق قىز پەرىشتىگە ئوخشىتىلىدۇ.

**ئوخشىماق** پ ① باشقا بىرەر ئادەم ياكى نەرسىدە بار بولغان خاراكتېر ياكى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولماق، بىرەر بەلگىسى، ئالاھىدىلىكى ياكى شۇنداق سۈپەتلىرى بىلەن شۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان باشقا بىرەر نەرسە ياكى كىشىنى ئەسلەتمەك: ئوغۇل تاغىقا ئوخشار، قىز ئاغىقا (ماقال). ② «ئوخشايدۇ» شەكلىدە بىر قىسىم ئىسىم، سۈپەت، سۈپەتداشلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت، ھالەت ۋە شۇ قاتارلىقلار ھەققىدە تەخمىنىي مۆلچەرنى بىلدۈرىدۇ: كاككۇكلار كېلىپ قاپتۇ، باھار بولغان ئوخشايدۇ. كۆڭلۈم خۇش بولۇپ قاپتۇ، يارىم كەلگەن ئوخشايدۇ. ③ ناھايىتى ياخشى بولماق، كۆڭۈلدىكىدەك بولماق، ئادەتتىكىگە نىسبەتەن ناھايىتى ئېسىل بولماق: بۇ يىل پاختا بەك ئوخشىدى.

**ئوخشۇۋالماق** پ. دىيال. قېتىۋالماق؛ گىدىيىۋالماق.

**ئودوغۇچ** ئى. دىيال. تۇتۇرۇق ئوتۇن. ئوت تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن ئايرىپ ئېلىنىدىغان ئوت.

**ئودونتولوگىيە** ئى [ر<گىرېك] <تېب> چىش، چىشنىڭ تۈزۈلۈشى، يېتىلىشى ۋە ئۇنىڭدىكى كېسەللىكلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئودىكام** ئى. باللار ئويۇنىنىڭ بىر تۈرى. بۇنىڭدا يەرگە قاتار ـ قاتار ئورەك كولىنىپ، پومزەكنى دومىلىتىپ ئورەككە چۈشۈرۈپ ئوينىلىدۇ.

**ئورا** ئى ① بىرەر نەرسىنى كۆمۈش ئۈچۈن يەردىن كولانغان چوڭقۇرلۇق، ئازگال: ئورا كولىماق. ② كۆچمە. ھالاكەت، بالا ـ قازا، خەۋپ ـ خەتەر: — سەن مېنى ئورىغا ئىتتىرىۋاتىسەن! — دېدى ئۇ غەزەپتىن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

**ئورا كولىماق** ① نەرسىلەرنى كۆمۈش ئۈچۈن ئورا قازماق: مەن ئاشلىقلارنى كۆمۈش ئۈچۈن ئۆينىڭ ئىچىگە بىر ئورا كولىدىم. ② كۆچمە. بىراۋنىڭ مەنپەئەت، ئىستىقبالىنى زىيانغا ئۇچرىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماق، تۇزاق قۇرماق، گۆر كولىماق: ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا كىشىلەرگە ئورا كولاش بىلەن كۈن كەچۈرگەن.

**ئوراتماق** «ئورىماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ نېرى ـ بېرىسىنى سۇرۇشتۇرمەيلا پۇلنى ساناپ، پەلتونى ئورىتىپ سىرتقا چىقتى.

**ئوراشماق** «ئورىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاياللار باشلىرىغا رومالللىرىنى ئوراشتى.

**ئوراق** ① سۈپ. ئورالغان ھالەتتىكى، ئورالغان: ئوراق يوپۇرماقلىق شەبنەم ئوتى. ② ئى. سىرتىدىن ئورىغان، يۆگىگەن نەرسە: تايلانغان پاختىنىڭ ئورىقى.

**ئوراقسىز** سۈپ. ئورالمىغان، ئورالماي قالغان: ئوراقسىز بويۇم.* سېخ مۇدىرى يېڭىدىن ئىشلەنگەن ئوراقسىز مەھسۇلاتلارنىڭ يەردە قالايمىقان چېچىلىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەرۋايى ئۇچتى.

**ئوراقلىق** سۈپ. ئورالغان، ئوراپ قويۇلغان: ئۇ گېزىتكە ئوراقلىق نەرسىنى ئېچىپ كۆرۈۋىدى، خورما ئىكەن.

**ئورالما** سۈپ. ئورالغان ياكى ئورىلىدىغان: ئورالما جىنسىم.

**ئورالماق** I «ئورىماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پوتەينىڭ ئەتراپى ئىككى قۇر تىكەنلىك سىم بىلەن ئورالغانىدى.

**ئورالماق** II «ئورىماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇگۈن كىيگەن پوپايكامنىڭ ئاشۇ نىجىس مىخنىڭ كاساپىتىدىن ئورىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، نېرۋام ئۆرلىدى.

**ئورام** I ① ئى. يۆگەلگەن، ئورالغان نەرسە ۋە شۇنداق نەرسىنىڭ ھەربىرى: ئىشنى سىم ئوراملىرىنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشتىن باشلاش كېرەك. ② مىق. سانىلار بىلەن كېلىپ ئورالغان ياكى ئورىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر ئورام قەغەز. ئىككى ئورام تاماكا.

**ئورام** II ئى. دىيال. ئورما.

**ئوران** ئى. دىيال. لەھەت، گۆر.

**ئورانگۇتان** ئى [ر<مالايچە] <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تېنى مايمۇندىن چوڭ، ئىككى قولى ئۇزۇن، پۈتۈن تېنىدە قىزغۇچ بېغىر رەڭ تۈكلىرى بار، ساغرا قاداقچىسى يوق، مېۋە يەيدۇ، جەنۇبىي ئوكيان تاقىم ئاراللىرىدا ياشايدۇ.

**ئوراناق** «ئورىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: مېنىڭ قىزىتمام ئۆرلەپ يوتقانغا ئورىنىپ ياتقاندىم.

**ئوراي** ئى. دىيال. باشتىكى چاچنىڭ چۆرگۈلىمىسى.

**ئورەك** ئى. كىچىك ئورا: شامەخسۇت ئۇنىڭدىن قاچمەن دەپ، ئورەككە يىقىلىپ چۈشتى.

**ئوربىتا** ئى [ر<لات] ① <ئاستر> ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئالەم بوشلۇقىدىكى باشقا بىر جىسىمنىڭ تارتىش كۈچى تەسىرىدە قىلىدىغان ھەرىكەت يولى. مەسىلەن، يەرنىڭ قۇياش ئەتراپىدىكى يولى يەر ئوربىتىسى دېيىلىدۇ. ② <فىز> جىسىملارنىڭ بەلگىلىك قانۇنىيەت بويىچە قىلىدىغان ھەرىكەت يولى. مەسىلەن، ئاتومدىكى ئېلېكترون ۋە سۇنئىي ھەمراھنىڭ ھەرىكىتى بەلگىلىك ئوربىتا بويىچە بولىدۇ.

**ئوربىتىلىق** ① سۈپ. ئوربىتىسى بار، ئوربىتىغا ئىگە. ② رەۋ. ئوربىتا ئارقىلىق، ئوربىتا بىلەن: ئوربىتىلىق ئايلىنىش.

**ئورتا** ← **ئوتتۇرا.**

**ئورتاق** ① ئى. بىر ۋاقىتتا تۇغۇلۇپ بىللە چوڭ بولغان، بىللە ئۆسكەن؛ دوست، تەڭتۇش: بىلەلمىدىم بەختىم نېچۈك قارادۇر، زەمبىل كەبى جانۇ جىسمىم يارادۇر. كۆزۈم يۇمۇپ، جانىم چىقىپ بارادۇر، ئورتاقلىرىم مېنى يۆلەپ، يۈرۈڭلەر. ② سۈپ. كۆپچىلىككە تەۋە، ھەممىگە باراۋەر، كۆپچىلىككە تەئەللۇق بولغان؛ كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسىدە بار بولغان، ھەممە ئىگە بولغان: بۆرە تاپسا، تەڭ ئورتاق، قاغا تاپسا دەرەخ ئۇچىدا (ماقال). ③ سۈپ. ئوخشاش، بىردەك؛ تەڭ، پەرقسىز: ئومۇمەن ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىمۇ، قايغۇسىمۇ ئورتاق ئىدى. ④ رەۋ. بىرلىكتە، باراۋەر: بىزنىڭ ئىشلىرىغا ھەممەيلەن ئورتاق مەسئۇل بولۇشىمىز لازىم. ⑤ ئى. دېھقانچىلىقتىكى بىرەيلەن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى، بىرەيلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى چىقىرىش يولى بىلەن قىلىنغان شېرىك دېھقانچىلىق: بۇلتۇر مۇنۇ ئارقىدىكى قوشنىمىز ساقى ھاشىم باينىڭ يېرىگە ئورتاق قوغۇن تېرىغانىدى.

**ئورتاقچى** ئى. دېھقانچىلىقتا بىرى بىلەن ھەمكارلاشقۇچى، ھەمكارلىشىپ، شېرىكلىشىپ تېرىقچىلىق قىلغۇچى.

**ئورتاقچىلىق** ئى. ئورتاققا يەر تېرىش، ئورتاق يەر تېرىش: مەھەللىمىزدە يېرىنى تېرىيالماي قالغانلار بىلەن ئورتاقچىلىق قىلىدىغان قاسىم ئاتلىق بىر كىشى بار ئىدى.

**ئورتاقلاشتۇرماق** «ئورتاقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ئۈچ كىچىك شىركەت مەبلەغلىرىنى ئورتاقلاشتۇرۇپ، چوڭ شىركەت قۇرۇش پىلانىنى تۈزۈشتى.

**ئورتاقلاشتۇرۇلماق** «ئورتاقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاخىرىدا كۆپچىلىكنىڭ پىكىرلىرى ئورتاقلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن خۇلاسە چىقىرىلدى.

**ئورتاقلاشماق** پ ① ھەمدەم بولماق، شېرىك بولماق، تەڭ كۆرمەك؛ ھەمكارلاشماق، ماسلاشماق: ئۆمۈ ئاشۇ كۈلكىلەرگە ئورتاقلىشىۋاتاتتى ! ② بىردەك تونۇشقا كەلمەك، ئوخشاش قاراشتا بولماق، باشقىلارغا بىلدۈرمەك: مەن بۇ جەھەتتىكى كۆزقاراش ۋە مۇلاھىزىلىرىمنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

**ئورتاقلىق** ئى. مەلۇم شەكىل، مەلۇم بىر ئالاھىدىلىك، خاراكتېر ياكى ئوي - پىكىر جەھەتتىكى ئوخشاشلىق، بىردەكلىك: ئۇلارنىڭ مىجەز - خاراكتېرىدە ھېچقانداق ئورتاقلىق يوق ئىدى.

**ئوردا** ئى. خان، شاھ - پادىشاھلارنىڭ تۇرىدىغان جايى، تۇرالغۇسى: شاھ باشقىلارنى ئوردىدىن چىقىپ تۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ.

**ئوردا - ساراي** ئوردا ۋە ساراي قاتارلىق شاھ - پادىشاھلار تۇرىدىغان جايلار.

**ئوردان** ئى <بوت> رويان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولىدا تەتۈر ئۆسكەن تىكەنلىرى بولىدۇ، يىلتىزى سارغۇچ قىزىل بولۇپ، كونۇس شەكلىدە، يوپۇرمىقى يۈرەك ياكى تۇخۇم شەكلىدە بولىدۇ. ئايلىنىپ ئۆسىدۇ. گۈل تاجى سېرىق، مېۋىسى شارسىمان، رەڭگى قىزىل ياكى قارا كېلىدۇ. يىلتىزىنى قىزىل بوياققا ماتېرىيال قىلىشقا ياكى دورىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. قاننى جانلاندۇرۇش ۋە توختىتىش، زەھەر قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**ئوردوۋىك** ئى<ئىرق> ئەنگلىيەدە ياشىغان بىر قەدىمىي مىللەتنىڭ نامى.

**ئوردوۋىك دەۋرى** <گېئول> قەدىمىي ھايات ئېراسىنىڭ ئىككىنچى دەۋرى. تۆۋەن، ئوتتۇرا، يۇقىرى دەپ ئۈچ ئەسىرگە بۆلۈنىدۇ. 500 مىليون يىل بۇرۇن باشلىنىپ، 450 مىليون يىل بۇرۇن ئاياغلاشقان. ھايۋاناتلاردىن ئۈچ بوغۇملۇق قۇرت، قەلەم قۇرت، بېغىش پۈتلۈقلار، تىكەن تېرىلىكلەر، بىخ مارجانلار تەرەققىي قىلغان. ئۆسۈملۈكلەردىن يۇسۇنلەر تەرەققىي قىلغان. بۇ مەزگىلدە دۆلىتىمىزنىڭ كۆپلىگەن ئۆلكىلىرى سۇ ئاستىدا بولغان بولۇپ، ھاك تاش، دولومىت جىنس، تارنىشا جىنسلار تەرەققىي قىلغان. شەرتلىك بەلگىسى: O.

**ئوردوۋىك سىستېمىسى** <گېئول> ئوردوۋىك دەۋرىدە شەكىللەنگەن يەر قاتلاملىرى.

**ئوردۇ** ئى ← **ئوردۇ تىلى.**

**ئوردۇ تىلى** <تىل> پاكىستاننىڭ ھۆكۈمەت تىلى،

ھىندىستاندىمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇ تىل ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىنىڭ ھىندى تىللىرى تۈركۈمىدىكى ئوتتۇرا تىل گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. ئۇنىڭدا ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەر خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. يېزىقى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى يېزىقتۇر.

**ئوردۇچە** ئى. ئوردۇ تىلى ۋە يېزىقى: ئوردۇچە سۆزلىمەك. ئوردۇچىنى ئۆگەنمەك.

**ئوردېر** ئى [ر< نېم<فىران] <مال> پۇل ۋە ماللارنىڭ كىرىم ـ چىقىملىرى خاتىرىلىنىدىغان تىزىملىك.

**ئوردېن** ئى [ر< لات] دۆلەتكە تۆھپە قوشقان كىشىلەرگە بېرىلىدىغان بىر خىل شەرەپ مېدالى، نىشان: ئوردېن بىلەن مۇكاپاتلىماق.

**ئوردىبېگى** ئى [ئوردا + بەگ + ى] شاھ ئوردىسىنىڭ خوجىدارلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدارى.

**ئوردىلىق** سۈپ. ئوردىغا تەۋە، ئوردىغا تەئەللۇق، پادىشاھلىق: مەن بۇ يېرىمنى ئوردىلىق باغچىنى كېڭەيتىشكە سوۋغا قىلىۋەتتىم.

**ئوردىماق** پ. دىيال. چوڭقۇرلاپ كەتمەك، ئولتۇرۇشۇپ ئورىدەك بولۇپ كەتمەك، چوڭقۇرلىماق.

**ئوردىنات** ئى [ر<لات] <مات> تەكشىلىكتىكى خالىغان بىر نۇقتىدىن ئابسىسسا ئوقىغىچە بولغان ئارىلىق بۇ نۇقتىنىڭ ئوردىناتى دېيىلىدۇ.

**ئورغاق** ئى ① دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى، ئوت ـ چۆپ قاتارلىقلارنى ئورۇش ئۈچۈن مېتالدىن ھىلال ئاي شەكلىدە تىغ چىقىرىپ ياسالغان، دەستىلىك ئەسۋاب. ② كۆنچىلىكتە تېرىنى ئەيلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب.

**ئورغاقچى** ئى. ئورغاق ياسايدىغان ئۇستا.

**ئورغاقسىمان** سۈپ. شەكلى ئورغاققا ئوخشايدىغان، ئورغاق شەكىللىك: ئۇلار دۇشمەنلەرنىڭ ئارقا سېپىدە ئورغاقسىمان توسۇق ھاسىل قىلدى.

**ئورغۇزماق** «ئورماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوغلىغا تولا ساقلاپ ئۈمىدسىزلەنگەن بىچارە ئانا ئامالسىز باشقىلارنى ياللاپ بۇغدىيىنى ئورغۇزۇۋېتىش قارارىغا كەلدى.

**ئورفوگرافىيە** ئى [ر< گىرېك] كونا ← **ئىملا قائىدىسى.**

**ئوركېستىر** ئى [ر< فىران] <مۇز> مۇزىكا ئەسەرلىرىنى بىرلىكتە ئىجرا قىلىدىغان چالغۇ ئەسۋابلىرى يىغىندىسى ۋە شۇ ئەسۋابلارنى چالىدىغان مۇزىكىچىلار كوللېكتىپى: دۇخوۋوي ئوركېستىر. تارلىق چالغۇلار ئوركېستىرى. مىللىي چالغۇ ئەسۋابلار ئوركېستىرى.

**ئوركېستىرلاشتۇرماق** «ئوركېستىرلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ناخشىنى ئاتاقلىق مۇزىكانت ھېكىم ھەسەن ئوركېستىرلاشتۇرغانىدى.

**ئوركېستىرلاشتۇرۇلماق** «ئوركېستىرلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نۇرغۇنلىغان خەلق ناخشىلىرى مۇزىكانتلىرىمىز تەرىپىدىن ئوركېستىرلاشتۇرۇلۇپ، تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولدى.

**ئوركېستىرلاشماق** پ. ئوركېستىر ھالىتىگە كەلمەك؛ ئوركېستىر بولۇپ ئۇيۇشماق، تەشكىللەنمەك: بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە خەلقىمىز ئوركېستىرلاشقان ناخشىلارنى تولىمۇ ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان بولدى.

**ئوركېستىرلىق** سۈپ ① ئوركېستىرى بار، ئوركېستىرغا ئىگە: ئوركېستىرلىق مۇزىكا ئۆمىكى. ② ئوركېستىرغا ئائىت، ئوركېستىرغا ئالاقىدار بولغان: ئوركېستىرلىق چالغۇ.

**ئورگان** I ئى [ر< گىرېك] ① <بىيول> ئادەم، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ۋە ئومۇمەن جانلىق ئورگانىزملارنىڭ مەلۇم بىر فۇنكسىيەنى بېجىرىدىغان قىسمى؛ ئەزا: سېزىش ئورگىنى. ئاڭلاش ئورگىنى. ② بىرەر باشقۇرۇش سىستېمىسىغا كىرىدىغان مۇئەسسەسە، تەشكىلات؛ ئىش بېجىرگۈچى تارماق؛ ئىدارە: مەمۇرىي ئورگان. ھەربىي ئىشلار ئورگىنى. ئورگان خىزمىتى. ئورگان گېزىتى.

**ئورگان** II ئى [ر< گىرېك] <مۇز> تىللىق چالغۇ ئەسۋابى. شەكلى ئۇزۇن تۆت چاسا ساندۇققا ئوخشايدۇ، ئىچىدە مىستىن ياسالغان تىللىرى بار، ئۈستى تەرىپىگە بېسىش كۇنۇپكىلىرى ئورنىتىلغان بولۇپ، شۇ كۇنۇپكىلار بېسىلسا تىللار ھەرىكەتكە كېلىدۇ. ئاياغ تەرەپتە تەپكۈچ بولۇپ، ئاياغ بىلەن تېپىلگەندە شامال ساندۇقتا يەل پەيدا بولۇپ مىس تىللارنى تەۋرىتىپ ئاۋاز پەيدا قىلىدۇ.

**ئورگانىزم** ئى [ر< لات] <بىيول> ① ھاياتلىقى بولغان يەككە تەنلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. ئادەتتە ئۇ ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ② ئورگان: ھەرىكەت ئورگانىزمى.

**ئورگانىك** سۈپ [ر] ① ئورگانىزمغا، جانلىق مەۋجۇداتقا ئائىت، تىرىك مەۋجۇداتلار بىلەن باغلىق بولغان؛ تىرىك، جانلىق: ئورگانىك دۇنيا. ② ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چىرىشىدىن ھاسىل بولغان؛ تىرىك ئورگانىزملار مەھسۇلىدىن ئېلىنغان: ئورگانىك ماددا. ئورگانىك ئوغۇت. ③ كاربون بىرىكمىلىرىگە ئالاقىدار بولغان: ئورگانىك خىمىيە. ئورگانىك ئېنىك. ئورگانىك بوياق. ④ بىرەر كەم ياكى نەرسىنىڭ ئاجرالماس بىر قىسمى ھېسابلىنىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان؛ ئەڭ يېقىن: ئەسەر ۋەقەلىكلىرى، پېرسوناژلار ئوبرازى ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە تەبىئەت تەسۋىرلىرى بىلەن ئورگانىك بىرلىككە ئىگە بولۇشى لازىم.

**ئورگانىكلەشتۈرمەك** «ئورگانىكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئورگانىكلەشتۈرۈلمەك** «ئورگانىكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئورگانىكلەشمەك** پ. ئورگانىك ھالەتكە كەلمەك، ئورگانىك ھالەتكە ئۆزگەرمەك؛ جانلىقلاشماق: ئۇ تەدرىجىي ئورگانىكلىشىپ ئورگانىزمنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىشى ياكى ئاجراپ كېتىپ قان تومۇرلاردا كەپلەشمىلەرنى شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن.

**ئورگىنىيە** ئى [لات] <بوت> ← **ئورگىنىيە ئوتى.**

**ئورگىنىيە ئوتى** <بوت> گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تەركىبىدە يېپىشقاقلىق شىرىنسى بولىدۇ. يەر ئاستى تەڭگىچە غولى ناھايىتى چوڭ. يوپۇرمىقى كەڭ ھەم تۆمۈنە شەكىلدە بولۇپ، توپلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى ئاق، كىچىك بولۇپ، ئومۇم گۈل رېتىدە بولىدۇ، ياز ۋە كۈزدە ئېچىلىدۇ. تەڭگىچە غولى ئارقىلىق كۆپىيىدۇ.

تەڭگىچە غولىنىڭ يۇرەكنى قۇۋۋەتلەش رولى بار.

**ئورلاڭ** سۈپ. دىيال. بېقىندى، باغلاندى، قورچاق.

**ئورما** ئى. پىشىپ تەييار بولغان زىرائەتلەرنى ئورۇش، يىغىش ئىشى، پائالىيىتى: بۇغداي پىشىشى بىلەن تەڭ ئورمىمۇ باشلاندى.

**ئورماق** پ. ئورغاق، چالغا، كومبايىن قاتارلىقلار بىلەن زىرائەت ۋە ئوت - چۆپ قاتارلىقلارنى غولىدىن، تۈۋىدىن كەسمەك، ئۈزمەك: سۇلتان بىر كۈنگە ئىككى مو يەرنىڭ بۇغدىيىنى ئوردى.

**ئورمان** ئى ① ئومۇمەن دەل - دەرەخ: ئۇلار قۇملۇقتا نۇرغۇن ئورمان قويۇپ، يېشىل كارىدور بەرپا قىلدى. ② دەل - دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان چوڭ مەيدان، دەرەخلىك: يىپەك سەللىلىك يوچۇن ئادەم ئورمان ئىچىگە سالمىدەك شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكەنچە، ئىككىنچى قېتىم كۆزگە كۆرۈنمىدى.

**ئورمان بەلبېغى** بوراندىن، قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن ئۆستۈرۈلگەن، ئۇزۇن بەلباغسىمان كەتكەن دەل - دەرەخلەر.

**ئورمانچى** ئى. دەل - دەرەخ، ئورمانلارنى ئۆستۈرۈش، ئاسراش جەھەتتە بەلگىلىك تەجرىبىگە ئىگە ھەم مەخسۇس ئورمان پەرۋىش قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى، دەل - دەرەخلەرنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى.

**ئورمانچىلىق** ئى. ئورمانلارنى ئۆستۈرۈش ۋە مۇھاپىزەت قىلىش، ياغاچ ماتېرىيالى ۋە باشقا ئورمان مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرى.

**ئورمانزار** ئى ← **ئورمانلىق.**

**ئورمانزارلىق** ئى ← **ئورمانلىق.**

**ئورمانشۇناس** ئى. ئورمانچىلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى تەتقىقاتچى.

**ئورمانشۇناسلىق** ئى. ئورمانلارنى يېتىشتۈرۈش نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئورمانلاشتۇرماق** «ئورمانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھەر يىلى كۆچەت تىكىش ئارقىلىق بۇ چۆللەرنى ئورمانلاشتۇرۇش ھازىرقى مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ئورمانلاشتۇرۇشماق** «ئورمانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئورمانلاشتۇرۇلماق** «ئورمانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ زور مەبلەغ سېلىشى بىلەن شەھەردىكى ئاساسلىق يوللارنىڭ ئىككى قاسنىقى ئۈچ يىل ئىچىدە ئاساسىي جەھەتتىن ئورمانلاشتۇرۇلۇپ بولدى.

**ئورمانلاشماق** پ. ئورمان بىلەن قاپلانماق، ئورمانلىققا ئايلانماق: مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ تەشكىللىشى، ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تىرىشىشى بىلەن مەكتەپ قورۇسى ئورمانلىشىپ يېڭى تۈسكە كىردى.

**ئورمانلىق** ئى. دەل - دەرەخ كۆپلەپ ئۆستۈرۈلگەن، ئورمان بىلەن قاپلانغان جاي.

**ئورمىچى** ئى. ئورما ئورغۇچى، ئورما ئورىدىغان كىشى.

**ئورمىلىق** ئى. ئورما ئورۇلىدىغان ياكى ئورۇلۇۋاتقان جاي.

**ئورناتماق** ① «ئورنىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار بىر - بىرى بىلەن دوستلۇق ئورناتقاندى. ② كۆچمە. تىزىمغا ئالماق، تىزىمغا كىرگۈزمەك: — نوپۇسلارنى تېخى تىزىملىككە ئورنىتىپ بولمىدىم، — دېدى ئۇ قوپاللا.

**ئورناشتۇرماق** «ئورناشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يېڭى ئالغان چىراغنى مېھمانخانا ئۆيگە ئورناشتۇردۇم.

**ئورناشتۇرۇشماق** «ئورناشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: خىزمەتچىلەر يىغىن زالىغا بىردەمدىلا 20 جوزا ئورناشتۇرۇشۇپ بولۇشتى.

**ئورناشتۇرۇلماق** «ئورناشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: رەئىس سەھنىسىنىڭ تېمىغا يىغىن مەزمۇنى يېزىلغان پلاكات ئورناشتۇرۇلغانىدى.

**ئورناشماق** پ ① مۇئەييەن بىر جايدىن ئورۇن ئالماق، جايلاشماق: تۈگمەنگە يېقىن ئىككى سۇ ئارىسىغا ئورناشقان ئاشۇ پوتەي ئەڭ خەتەرلىك ھېسابلىناتتى. ② چاپلاشماق، يېپىشماق: — يۈزلىرىنى ئەجەب يۇيۇپ كەتتىلە، — دېدى ئۇ ئالدىرىغاندەك قىلىپ، — يۈزلىرىگە سېسىق پۇراقلار ئورنىشىپ قالمىغاندۇ؟ ③ ئېسىدە قالماق، ساقلانماق: بوۋاينىڭ تەسىرلىك سۆزلىرى قەلبىمىزگە چىڭ ئورناشتى.

**ئورنىتىشماق** «ئورناتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار خىزمەت جەريانىدا بىر - بىرى بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىشقانىدى.

**ئورنىتىلماق** «ئورناتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مۇنبەرگە بىرنەچچە چاسا جوزا ئورنىتىلىپ، ئەتراپىغا ئورۇندۇق قويۇلدى.

**ئورنىماق** پ ① مەلۇم بىر جايدىن ئورۇن ئالماق، ئورناشماق: دىلىمىزغا ئورنىدى، ئەخمەتجاننىڭ سۆزلىرى. ئۈمىد - ئىشەنچ نۇرىنى چاقنىتاتتى كۆزلىرى. ② بارلىققا كەلمەك، پەيدا بولماق؛ تىكلەنمەك: ئىنقىلاب جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇستەھكەم دوستلۇق ئورنىغانىدى.

**ئورۇس** ← **رۇس** II.

**ئورۇسگۈل** ئى [ئورۇس + گۈل] <بوت> ① ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقىنىڭ ئۇزۇن ساپىقى بار، شەكلى بەش بۆرجەك كېلىدۇ. گۈلى چوڭ بولۇپ، ياز پەسلىدە ئېچىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. گۈلى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**ئورۇشماق** «ئورماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەزالار كۆلكە - چاقچاق قىلىشقاچ بۇغداي ئورۇشماقتا ئىدى.

**ئورۇق** I سۈپ ① ئەت قونمىغان، سەمىرىمىگەن، سېمىز ئەمەس: ئىككى دېھقان بىر ئورۇق ئېشەكنى ھەيدەپ باجگىرنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ② يېتىلمىگەن: ئورۇق دان.

**ئورۇق ئات** كەمبەغەل، نامرات، ئارانلا تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتقان: ئاز كۆرمەي ئىلتىپات قىلىشسىلا، ئورۇق ئات ئادەممەن، ئۆششاق باللىرىم تولا.

**ئورۇق** II ئى. ئورۇش ئىشى، ئورۇش.

**ئورۇقسىز** سۈپ. ئورۇلمىغان، ئورۇلماي قالغان: ھازىرغىچە ئورۇقسىز قالغان بۇ بۇغدايلار كىمنىڭكىدۇر؟

**ئورۇقلاتماق** «ئورۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرى-

جىسى: تەنھەرىكەت ــــ بىردىنبىر تەبىئىي ئورۇقلىتىش دورىسىدۇر.

**ئورۇقلاشماق** «ئورۇقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: نۇرغۇن كىشىلەر تاماق يېمەسلىك ياكى تاماق يېيىشنىڭ قېتىم سانىنى ئازايتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئورۇقلىشىدۇ، بۇنداق قىلىش سالامەتلىككە زىيانلىق.

**ئورۇقلۇق** I ئى. سەمرىمىگەن، ئورۇق ھالەت، سەمرىمەسلىك: ئات ئورۇقلۇقتا بۇزۇلار، خوتۇن غېرىبلىقتا بۇزۇلار (ماقال). * ئۇنىڭ ئورۇقلۇقىدىن قوۋۇرغا سۆڭەكلىرىمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**ئورۇقلۇق** II سۈپ. ئورۇلغان، ئورۇپ قويۇلغان، ئورۇپ بولۇنغان: ئورۇقلۇق بۇغداي. * مېھراي ئۆز ئېتىزىدىكى ئورۇقلۇق تۇرغان بۇغداينى كۆرۈپ، بۇنى ئەسقەرنىڭ قىلغانلىقىنى جەزملەشتۈردى ـ دە، رەھمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى ئىزدەپ ئۇدۇل كەنت ئىشخانىسىغا قاراپ يول ئالدى.

**ئورۇقلىتىلماق** «ئورۇقلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئورۇقلىماق** پ. ئورۇق ھالەتكە كەلمەك: شاھزادىنىڭ ئېتى كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ كېتىپتۇ.

**ئورۇلماق** «ئورماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: 50 مو يەرنىڭ بۇغدىيى بەش كۈندىلا ئورۇلۇپ بولدى.

**ئورۇلۇق** ئى. دىيال ← **خامپا.**

**ئورۇم** مىق. زىرائەت ياكى ئوت ـ چۆپنىڭ ئورغاق بىلەن بىرلا قېتىمدا ئورۇشقا بولىدىغان بىر قىسمى: بىر ئورۇم بۇغداي.

**ئورۇن (ئورنى)** ئى ① بىرەر ئادەم، نەرسە ئىگىلەپ تۇرغان ياكى ئىگىلىشى مۇمكىن بولغان يەر، جاي، مەيدان ياكى بوشلۇق، تەكشىلىك: ئۇنىڭ كىيىملىرى، سەللىسى ئۆزى قويغان ئورۇندا تۇراتتى. ② ئادەم ياكى نەرسە ئۈچۈن تەييارلانغان ياكى بەلگىلەنگەن مەخسۇس جاي: ئۇ كارىۋاتنى يەنە ئۆز ئورنىغا جايلاشتۇردى. ③ ئۇخلاش، يېتىپ دەم ئېلىش ئۈچۈن راسلانغان يوتقان ـ كۆرپە، ياستۇق قاتارلىقلار: ــــ ئورۇن سېلىپ قويدۇم، ئەمدى ئۇخلا بالام، ــــ دېدى ئانىسى. ④ ياشاش ئۈچۈن باشپاناھ، تۇرار جاي، ماكان: كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن بۇ شەھەردىن بىرەر كىشىلىك ئورۇن تېپىلىپ قالار. ⑤ بىرەر نەرسىنىڭ مەلۇم بىر جايى، قىسمى، بۆلىكى: قول يازمىنىڭ بەزى ئورۇنلىرى تۇتۇق ئىدى. ⑥ ئىدارە ـ جەمئىيەت، ئورگان، تەشكىلات: شۇ كۈنكى تازىلىققا 68 نازارەت، ئىدارە ۋە ئورۇن قاتناشتى. ⑦ بىرەر كەسىپ، ئىش، تىجارەت تۈرلىرى بويىچە پائالىيەت داۋاملىشىدىغان جاي، يەر: تەتقىقات ئورنى. داۋالاش ئورنى. مۇلازىمەت ئورنى. ئىش ئورنى. خىزمەت ئورنى. ⑧ بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت قىلىشتىكى زۆرۈرىيەت، ھاجەت؛ ئېھتىياج ياكى شەرت ـ شارائىت: قەسەم ئىچكەنلىكىم ئۈچۈن، قارشىلىق قىلىشقا ئورۇن قالمىغانىدى. ⑨ ئىش، خىزمەت؛ ۋەزىپە: ئورنىنى ئىگىلىمەك. ئورنىغا ئادەم قويماق. ئورنىنى باسماق. ⑩ بىرەر كىشى ياكى نەرسىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى نوپۇزى: ھەر ئىككىمىز ناھىيە دەرىجىلىك ئىدارىدە ئىشلەيمىز، ئورنىمىز، مائاشىمىز، ھەتتا نام ـ ئابرۇيىمىزمۇ ئوخشاش. ⑪ مەلۇم ساھەدە ئېرىشكەن دەرىجە، نام: ئۇ تىياتىر بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان داڭلىق ئارتىس ئىدى. ⑫ بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئېجرىلىشىدىكى قولاي پۇرسەت، پەيت، مۆرىت: سۆزنى ئورنىدا ئىشلەتمەك. ⑬ تەۋەلىك، III شەخس قوشۇمچىسى ۋە يۆنىلىش، ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن كېلىپ: 1) «ئەسلىي»، «بۇرۇنقى ھالىتى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: كۆڭلى ئورنىغا چۈشمەك. ئورنىغا كەلمەسلىك. 2) «ئورنىدا، ئىزىدا، بەدىلىگە؛ ۋاكالەت» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: بىر ھەپتە قاسىمنىڭ ئورنىدا ئىشلىدىم.

**ئورۇن كېلىش** <تىل> تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ بەلگىلىك گىراماتىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئۆزى ئېقىنلىدىغان پېئىل بىلدۈرگەن ھەرىكەتنىڭ ۋاقتى، ئورنى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەپ كېلىدىغان شەكلى. ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملارنىڭ ئورۇن كېلىش شەكلى شۇ ئىسىمغا «ـدا//، ـتا//، ـدە//، ـتە» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

**ئورنىنى قىلماق** ئامالىنى، ئېپىنى، چارىسىنى تاپماق، بىرەر ئىمكانىيەت، شارائىت تېپىپ قولغا كەلتۈرمەك: 5000 يۈەننىڭ ئورنىنى قىلسام، شۇ ھامان بىر رەڭلىك تېلېۋىزور ئالاتتىم.

**ئورنى ئىسسىماق** مەلۇم بىرەر جاي ياكى ئەمەل ـ مەنسەپتە مۇستەھكەم تۇرۇپ قالماق: ئىككى ئايدىلا ئۇنىڭ ئورنى بىر ئوبدان ئىسسىپ قالدى.

**ئورنى يوق** ① ھاجەتسىز، زۆرۈر ئەمەس، ھاجىتى، زۆرۈرىيىتى يوق، ئورۇنسىز: ئۇ سابىرنىڭ قىلىقىغا رەنجىشىنىڭ زادىلا ئورنى يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ② قانداق تۆگىگەنلىكى، نېمىگە خەجلەنگەنلىكى نامەلۇم، ئورۇنسىز (پۇل ھەققىدە): بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە ئۇنىڭ ھېسابىدىن 500 يۈەننىڭ ئورنى يوق چىقتى.

**ئورۇنا** ئى. دىيال. چارۋىچىلارنىڭ دائىملىق قوش تىكىدىغان ئورنى.

**ئورۇنباسار** ئى [ئورۇن + باسار] ① بىرەر كىشىنىڭ ئىش ـ پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرغۇچى كىشى، ئىزباسار، ۋارىس، ئەڭ مۇۋاپىق شاگىرت. ② مۇئاۋىن.

**ئورۇن ـ تۆشەك** ئورۇن ۋە تۆشەك، ئومۇمەن يېتىپ ـ قوپىدىغان جاي ۋە شۇنىڭغا لازىملىق يوتقان ـ كۆرپە.

**ئورۇنجى** ئى. دىيال. پايتىما.

**ئورۇنداتماق** «ئورۇندىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىدارىدىن بۆلۈمىمىزگە چۈشۈرۈپ بەرگەن بىر ئايلىق تەتقىقات ۋەزىپىسىنى بۆلۈمدىكىلەرگە بۆلۈپ بېرىپ، 20 كۈندىلا ئورۇندىتىپ بولدۇم.

**ئورۇنداشماق** «ئورۇندىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھاشار ۋەزىپىسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇندىشىپ بولۇپ ئۆيلىرىگە قايتىشقاندىن كېيىن تۆگمەنبېشى كەنتىنىڭ دېھقانلىرى ئىدى.

**ئورۇندالماق** «ئورۇندىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۈنۈگۈن كەچتىكى كونسېرت كېچىلىكىدە جەمئىي 17 نومۇر ئورۇندالدى.

**ئورۇندۇق** ئى. ئولتۇرۇش ئۈچۈن ياغاچ، مېتال قاتارلىقلاردىن ياسالغان نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى: بازارچى ئايال

تەختىنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپتۇ.

**ئورۇندۇقلۇق** سۈپ. ئورۇندۇق بار، ئورۇندۇق قويۇلغان؛ ئورۇندۇق ئورنىتىلغان: ئۇ ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇرغان ئورۇندۇقلۇق غالتەكنى ئەكىلىپ، ئادىلنى شۇنىڭغا يۆلەپ چىقاردى.

**ئورۇندىماق** پ ① ئىش ـ ھەرىكەت، خىزمەت قاتارلىقلارنى بېجىرمەك، ئادا قىلماق، ئىجرا قىلماق، ئەمەلدە كۆرسەتمەك: مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ھېچبىر تەخىرسىزلا ئورۇنداپ پۈتتۈردۇم. ② شېئىر، ناخشا قاتارلىقلارنى ئوقۇماق، ئېيتماق، ئىجرا قىلماق: ئۇلار يول بويى قىزىل ئارمىيەنىڭ ھەربىي شېئىرىنى ئورۇنداپ ماڭدى.

**ئورۇنسىز** سۈپ ① ئورنى يوق: ئورۇنسىز قالماق. ② كۆچمە. بىھۇدە، ئارتۇقچە، ئاساسسىز، ئەھمىيەتسىز: سەن ئۇنىڭدىن ئورۇنسىز ئەنسىرەپ يۈرمە. ③ كۆچمە. شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە بولۇۋاتقان ئىش ـ ھەرىكەت، گەپ ـ سۆزگە مۇناسىۋەتسىز، باغلىنىشى يوق؛ ئەھمىيەتسىز: مەن ئورۇنسىز سۆز قىلمايدىغان ئادەملىكىمنى ئۇلارغىمۇ كۆرسەتمەكچى بولدۇم. ④ كۆچمە. ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق، پايدىسىز، ناتوغرا، نامۇۋاپىق، ئەھمىيەتسىز: — ئورۇنسىز ئىشلارغا پۇل خەجلىمە! — دېدى ئۇ ئوغلىغا تەنبىھ بېرىپ. * ئادەم بولساڭ، ھامان بىركۈنى ئورۇنسىز ئۆتكۈزگەن كۈنلەرنىڭ ئىچ ئاغرىقىنى تارتىسەن.

**ئورۇنسىزلىق** ئى. ئورۇنسىز قىلىنغان ئىش، گەپ ـ سۆز، بىھۇدىلىك: ئورۇنسىزلىق قىلماق.* ئۇ بۈگۈنكى ئىشتا تولىمۇ ئورۇنسىزلىق قىلغانىدى.

**ئورۇن ـ كۆرپە** ئورۇن ۋە كۆرپە، ئومۇمەن يېتىپ ـ قوپىدىغان جاي ۋە شۇنىڭغا لازىملىق يوتقان ـ كۆرپە.

**ئورۇنلاتماق** «ئورۇنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەمدىكى مەسىلە بۇ ۋەزىپىنى كىمگە ئورۇنلىتىش مەسىلىسى ئىدى.

**ئورۇنلاشتۇرماق** «ئورۇنلاشماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نازىر ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ قىزىمنى ئىدارىمىزگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى.

**ئورۇنلاشتۇرۇشماق** «ئورۇنلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئورۇنلاشتۇرۇلما** ئى. ئورۇنلاشقا تېگىشلىك بولغان، ئورۇنلىنىدىغان بىر قاتار ئىش ـ ھەرىكەتلەر: بۈگۈنكى يىغىندا تۈنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ خەلقئارالىق ئۈسسۇل بايرىمىدا كۆرسىتىلىدىغان كونسېرتلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلمىسى بېكىتىلدى.

**ئورۇنلاشتۇرۇلماق** «ئورۇنلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ 22 كىشى سەپنىڭ ئەڭ ئاساسلىق يەرلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

**ئورۇنلاشماق** I «ئورۇنلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى چوقۇم ئورۇنلىشىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

**ئورۇنلاشماق** II پ ① بىرەر جايغا ماكانلاشماق، شۇ جاينى ئىگىلىمەك: ئۇ 50 ـ يىللاردىلا مۇشۇ يېزىغا كېلىپ ئورۇنلاشقانىدى. ② ئومۇمەن ۋاقىتلىق تۇرالغۇ، قونالغۇ قىلىش ئۈچۈن چۈشمەك،قونالغۇ قىلماق: ئۇلار ئاتۇش مەھەللىسىدىكى جامال گايتىنىڭ سارىيىغا ئورۇنلاشتى. ③ جايلاشماق، بىنا قىلىنماق، سېلىنماق: بۇ يېزا چەت بىر جاڭگاللىقتا ئورۇنلاشقانىدى. ④ خىزمەتكە، ئىشقا ياكى ئوقۇشقا كىرمەك، مەلۇم بىر ساھەدە مۇلازىمەت قىلىشقا كىرىشمەك: ئۇ ئىككى كۈن «يول» مېڭىپلا ناھىيەلىك رادىيو ئۇزېلىغا ئورۇنلاشتى.

**ئورۇنلانماق** «ئورۇنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھەپتە ـ ئون كۈنگە قالماي ئورۇنلىنىپ بولدى.

**ئورۇنلۇق** سۈپ. ئورنى بار، يوللۇق، داۋلىلىق؛ پايدىلىق، ئەھمىيەتلىك، جايىدا، توغرا، مۇۋاپىق: ئورۇنلۇق ئىش. ئورۇنلۇق گەپ. ئورۇنلۇق خىزمەت.

**ئورۇنلىماق** پ ← **ئورۇندىماق:** ئۇ مەتباقىنىڭ بۇيرۇقىنى ياۋاشلىق بىلەن ئورۇنلىدى.

**ئورىدىماق** پ. دىيال. چوڭقۇرلاپ كەتمەك، ئولتۇرۇشۇپ ئورىدەك بولۇپ كەتمەك، چوڭقۇرلىماق.

**ئورىغۇچى** سۈپ. ئورايدىغان، ئوراش رولىنى ئوينايدىغان: ئورىغۇچى تەنچە. ئورىغۇچى يوپۇرماق. ئورىغۇچى يىپچە.

**ئورىماق** I پ ① بىرەر نەرسە بىلەن ھەممە تەرىپىنى يېپىپ يىغماق، يەلگىلىك شەكىلدە يۆگىمەك: ئۇ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن چىشىنى ئېلىپ ھېلىقى لاتىغا ئوراپ يانچۇقىغا سالدى. ② قاپلىماق، قورشىماق، تۆت ئەتراپىنى توسماق: گۈگۈم بارا ـ بارا قارا پەردىسى بىلەن زېمىننى ئورىدى. ③ ئەتراپىغا جۇغلاشماق، ئارىغا، ئوتتۇرىغا ئېلىۋالماق: قىزلار ۋاھاپنى ئورىۋېلىپ چۇرقىراشتى. ④ مەلۇم نەرسىنى يەنە بىر نەرسە ئۈستىگە يۆگىمەك، ئايلاندۇرۇپ قاتمۇقات ھالەتتە ئورۇنلاشتۇرماق: ئۇ قامچىنىڭ دەستىسىگە تاسما ئورىدى. ⑤ ياپماق، توسماق: ئۇ ئېغىز ـ بۇرنىنى ئورىۋالغان يۇڭ شارپىسى بىلەن خۇددى ھەجۋىي رەسىمگە ئوخشاپ قالغانىدى.

**ئورىماق** II پ. توقۇلمىلارنىڭ يىپ تالالىرىنى چۇۋۇماق، بۇزماق، تاراتماق: پايپىقىمنى سىم ئىلىۋېلىپ ئورىۋەتتى.

**ئوزا** I سۈپ. ئۆتۈپ كەتكەن كۈن ياكى يىلنىڭ ئالدىدىكى: ئوزا كۈن. ئوزا يىل.

**ئوزا** II (**ئوزايى**) ئى [ئە] ① ئەلپاز، تاشقى قىياپەت، تۇرق، سىرتقى كۆرۈنۈش، رەڭگىروي: — ئوزايىڭدىن قارىغاندا، بىر قىيىن ئىشقا دۇچ كەلگەندەك قىلىسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەندىن. ② كەيپىيات، روھ: قىزنىڭ ئوزايىدىن يىگىتنى ئاللىقاچان كۆرگەنلىكى سېزىلىپ تۇراتتى.

**ئوزاقى** سۈپ ← **ئوزا** I .

**ئوزاقى يىل** ئۆتكەن يىلنىڭ ئالدىدىكى يىل.

**ئوزدۇرماق** «ئوزماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئوزماق** پ. ھەممىدىن ئېشىپ چۈشمەك، ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمەك: زەر، جاۋاھىر كانى مەكتەپ سىز ئۈچۈن ئەي قىز ـ ئوغۇل، ياشلىقنىڭ قەدرىگە يېتىپ بىلىم ئالغان ئوزار.

**ئوزون** ئى [ر< گىرېك] <خىم> ئوكسىگېننىڭ ئاللوتروپىك شەكىل ئۆزگىرىشى، يەنى رەڭسىز، ئالاھىدە پۇراقلىق گاز. سۇدا ئېرىيدۇ. توك ئۆتكەندە ياكى قۇياش ئۇلترا بىنەپشە نۇرىنىڭ تەسىرىدە ھاۋادىكى ئوكسىگېن ئوزونغا ئۆزگىرىدۇ. ئادەتتە ئوكسىدلىغۇچى ۋە مىكروب ئۆلتۈرگۈچى قىلىنىدۇ.

**ئوزۇق** ئى ① ئومۇمەن يېيىشكە بولىدىغان تۇرلۇك

مەھسۇلاتلار، يېمەك ـ ئىچمەك، ئاش ـ تاماق: سەپەر ئوزۇقى. ② ئۆسۈملۈك قاتارلىقلارنىڭ ئۆسۈشى، سانائەت قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكەتلىرىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسىلەر، زۆرۈر بۇيۇملار: جىمى جانلىقلار يەردىن ئوزۇق ئېلىپ ھايات كەچۈرىدۇ. ③ كۆچمە. كۈچ، ئىلھام، مەدەت، غەيرەت: مەنىۋى ئوزۇق. روھىي ئوزۇق.

**ئوزۇق ـ تۈلۈك** ئومۇمەن ئوزۇق قىلىشقا بولىدىغان نەرسىلەر، يېمەك ـ ئىچمەكلەر.

**ئوزۇقسىز** سۈپ. ئوزۇققا ئىگە بولمىغان، ئوزۇق يوق ھالەتتە قالغان، ئوزۇقى يوق: — ئوزۇقسىز بەش كۈن قانداق ھايات ياشىغىلى بولىدۇ؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ.

**ئوزۇقشۇناس** ئى. ئوزۇقشۇناسلىق مۇتەخەسسىسى: پولۇنى تەتقىق قىلغان ئوزۇقشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، پولۇنىڭ تەركىبىدىكى سەۋزە، گۈرۈچ، گۆش، ئۆسۈملۈك مېيى ۋە تۇز قاتارلىقلار يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدىكەن.

**ئوزۇقشۇناسلىق** ئى. تۇرلۇك يېمەك ـ ئىچمەك، يەل ـ يېمىشلەرنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى، قىممىتى، ئالاھىدىلىكى، سالامەتلىككە بولغان تەسىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم ياكى شۇنداق كەسىپ: رادىل ئابلا شاڭخەيدە ئوزۇقشۇناسلىق كەسپىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئۆزىنىڭ ئۆگىنىۋاتقىنى بىلەن نېمە ئىش قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن.

**ئوزۇقلاندۇرماق** «ئوزۇقلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ھەر دائىم تاماق ۋاقتىدا ئەڭ ئاۋۋال ئاشۇ سېرىق ئاسلىنىنى ئوزۇقلاندۇراتتى.

**ئوزۇقلاندۇرۇشماق** «ئوزۇقلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بوۋاي بىلەن موماي ھەر قېتىم تاماق پىشقاندا ئالدى بىلەن ئاشۇ ئامراق نەۋرىسىنى ئوزۇقلاندۇرۇشۇپ بولۇپ، ئاندىن ئۆزلىرى ئوزۇقلىنىشاتتى.

**ئوزۇقلاندۇرۇلماق** «ئوزۇقلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاتلار ئوبدان ئوزۇقلاندۇرۇلۇپ، سەپەرگە تەخ قىلىپ قويۇلغانىدى.

**ئوزۇقلانماق** پ ① تاماق يېمەك، قورساق تويغۇزماق: مېھمانلار ھېرىپ كەتكەندۇ، ئوبدان ئوزۇقلىنىپ ئارام ئالسۇن. ② ئۆسۈملۈك ۋە شۇ قاتارلىقلار ئۆسۈشى، يۈكسىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسىلەرگە ئىگە بولماق، زۆرۈر ھاياتلىق مەنبەلىرىگە ئېرىشمەك: ئەنە قاراڭ، بۇ سۇدىن ئوزۇقلانغان قاپاق تېرەكلەرمۇ ئاسمان ـ پەلەك ئۆسۈپ كەتتى.③ ئىلھاملانماق، كۈچلەنمەك، غەيرەتلەنمەك، كۈچ ـ قۇۋۋەت ئالماق: بىز مىليونلىغان خەلقنىڭ قەلبىگە شۇڭغۇپ كىرىپ ۋە ئۇنىڭدىن ئوزۇقلىنىپ، يېڭى ـ يېڭى تېمىلاردا ھەم كۆپ، ھەم ئېسىل ئەسەرلەرنى يارىتايلى!

**ئوزۇقلۇق** ① سۈپ. ئوزۇقى بار، ئوزۇققا ئىگە، ئوزۇق بىلەن تەمىنلەنگەن: ئوزۇقلۇق ئات ھارماس (ماقال). ② سۈپ. ئوزۇق بولۇش قىممىتىگە ئىگە، ئوزۇق بولىدىغان: ئوزۇقلۇق ماتېرىياللىرىنىڭ بار بولۇشى بىلەنلا، ئىنسانلارنىڭ ئوزۇقلىنىش مەسىلىسى ھەل بولۇپ كەتمەيدۇ. ③ سۈپ. مەخسۇس ئوزۇق قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان، يېيىش ـ ئىچىشكە ئاتالغان: سېلىم تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى كۆتەك ھارۋىغا بېسىپ مەھەللىدىن چىقىپ كەتتى. ④ سۈپ. كۆچمە. مەخسۇس ئوزۇق بولىدىغان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلىدىغان: ئاممىنىڭ رايىدىن قارىغاندا، ئوزۇقلۇق ئېتىزى بېرىش ئۇلارنىڭ ئومۇمىي تەلىپىگە ئايلانغىدەك قىلاتتى. ⑤ ئى. ئوزۇق بولىدىغان، يېگىلى بولىدىغان نەرسە، ئومۇمەن يېيىش، ئىچىش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان نەرسىلەر: ئۇ بۆز توقۇيدىغان ئۈچ تال موكىسىنى خۇرجۇنغا سېلىپ، ئازراق ئوزۇقلۇق ئېلىپ، جاڭگالغا قاراپ مېڭىپتۇ.

**ئوزۇق ـ ئوقەت** ئومۇمەن يەپ ـ ئىچىدىغان نەرسىلەر، يېمەكلىكلەر.

**ئوسا** ئى ① تېرىلغۇ يەرلەرنى تېرىشتىن بۇرۇنقى سۇغىرىش، سۇ قويۇش: ئوسا قىلماق.* باشقىلارنىڭ كۆز يېشى بىلەن تىرىكلىك ئېتىزىنى ئوسا قىلىدىغانلارنىڭ ئۈرۈقى ھامان پۇچەك بولۇپ چىقىدۇ. ② تېرىشتىن بۇرۇن سۇ قويۇلغان ياكى سۇ قويۇلىدىغان يەر: ئوسىسى كېلىشمەك.

**ئوسال** سۈپ. يامان، ئەسكى، ناچار؛ بۇزۇق: ئۆيىمىزدىكى ھېلىقى شەقىقە بەك ئوسال بىر نەرسە چىقىپ قالدى.

**ئوساللاشتۇرماق** «ئوساللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: «بەش كويى ئۈچۈن بىر چوكاننى ئېرىنىڭ ئالدىدا ئوساللاشتۇرۇش ياخشى ئىش ئەمەس» دەپ ئويلىدى قەيسەر.

**ئوساللاشتۇرۇشماق** «ئوساللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئوساللاشتۇرۇلماق** «ئوساللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئوساللاشماق** پ ① ئوسال بولماق. ئوسال، يامان ھالەتكە كەلمەك، يامانلاشماق: ئۇنىڭ روھىي ھالىتى، مىجەزى رەھىمجاندىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە ئوساللىشىپ كېتىۋاتاتتى. ② مات بولماق، شەرمەندە بولماق، ئۇياتقا قالماق: — ئۆزلىرىنى چاغلىماي شىلتىڭ ئاتمىسىلا، بىكار ئوساللىشىپ قايتىپ كېتىدىلا، ئۆزىنى سورىغان شەھەر سوراپتۇ، — دەيدۇ.

**ئوساللىق** ئى. ئەسكىلىك، يامانلىق: ئوساللىق قىلماق.* ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئوساللىقىنى تىلغا ئېلىشى تېخى تۇنجى قېتىم ئىدى.

**ئوسما** ئى <بوت> ① كىرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى ئۇزۇن، يوپۇرمىقى نوۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. تۈۋىدىكىلىرىنىڭ ساپىقى بار، شەكلى سوقىچاق، غولىدا ئۆسكەنلىرى تۆمۈنە شەكلىدە بولىدۇ. گۈلى ئومۇم گۈل رېتىدە، كىچىك ۋە سېرىق رەڭلىك. مېۋىسى مۈڭگۈزسىمان مېۋە، يوپۇرمىقى بوياق ماتېرىيالى قىلىنىدۇ. يوپۇرمىقىدىن چىققان سۈيۈقلۇقتا قىزلار قېشىنى بويايدۇ. يىلتىز ۋە يوپۇرمىقى دورا قىلىنىدۇ. قىزىتمىنى قايتۇرۇش، قان توختىتىش، زەھەر قايتۇرۇش رولىغا ئىگە. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى.

**ئوسما قويماق** ئوسما سۈيىنى قاشقا مۇۋاپىق ھالەتتە سۈرمەك.

**ئوسموس** ئى [ر< گىرېك] <فىز> سۇيۇقلۇقنىڭ جىسىمنىڭ سىرتقى يۈزىدىن ئاستا ـ ئاستا ئىچىگە سىڭىپ كىرىش جەريانى.

**ئوسموسلۇق** سۈپ. سۇيۇقلۇقنىڭ سىڭىشىگە ئائىت: ئوسموسلۇق بېسىم. ئوسموسلۇق كۈچ.

**ئوسمىي** ئى [ر< گىرېك] <خىم> مېتال ئېلېمېنت.

ئېلېمېنت بەلگىسى Os(Osmium). سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 22.48. مېتاللار ئىچىدە سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى ئەڭ چوڭ، رەڭگى كۆك، كۈل رەڭ، پارقىراق، قاتتىق، لېكىن چۈرۈك. ئوسمىي بىلەن ئىرىدىينىڭ قېتىشمىسى سائەت، ئەسۋابلارنىڭ ئوقى ۋە قەلەم ئۇچىنى ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئوسۇرتماق** «ئوسۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاخشام مەستلىكتە قىلغان بولمىغۇر قىلىقلىرىم ئۇچۇن بۇگۇن ئاكام مېنى تولا تىللاپ ئوسۇرتۇۋەتتى.

**ئوسۇرغاق** سۈپ. تولا ئوسۇرىدىغان، ئوسۇرۇپلا تۇرىدىغان: ئوتتۇز ئوغلۇم بولغۇچە، ئوسۇرغاق ئېرىم بولسىچۇ (ماقال). // قورۇق تۇۋرا ئاتنى ئوسۇرغاق قىلار (ماقال). // ئوسۇرغاققا ئارپا نېنى باھانە (ماقال).

**ئوسۇرماق** پ. مەقئەتتىن يەل چىقارماق: چېرىكلەردىن بىرى قورقۇپ كەتكەنمۇ، قانداق، تۇيۇقسىزلا يۇقىرى ئاۋازدا ئوسۇرۇۋەتتى.

**ئوسۇرۇشماق** «ئوسۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ غەلىتە ئاۋازنى ئاڭلىغان باللار بىر ـ بىرىنى دورىشىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئوسۇرۇشۇشقا باشلىدى.

**ئوسۇرۇق** ئى ① مەقئەتتىن چىققان يەل. ② كۆچمە «ئەرزىمەيدۇ، ئەھمىيەتسىز» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنىڭ گېپى ئوسۇرۇققا تەڭ.

**ئوسۇرۇقىغا ئالماسلىق** قىلچە پەرۋا قىلماسلىق، زادىلا كۆزگە ئىلماسلىق، پىسەنت قىلماسلىق؛ پەس كۆرۈش، قىممىتى يوق دەپ قاراش: خوتۇنى ئۇنىڭ گېپىنى ئوسۇرۇقىغا ئالمايدۇ.

**ئوسۇڭ** ئى [خەن] <بوت> ① مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، سوقىچاق، گۈلى باشسىمان گۈل رېتىدە، رەڭگى سېرىق. غولى ۋە يوپۇرمىقى ئادەتتىكى كۆكتات ھېسابلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈك غولى.

**ئوسۇڭلۇق** ئى. ئوسۇڭ تېرىلغان ئېتىز، يەر.

**ئوسېتر** ئى [ر] <زوئول> بېلىقلارنىڭ بىر ئۇرۇقدىشى، چوڭلىرىنىڭ تەن ئۇزۇنلۇقى بەش مېتىر كېلىدۇ. تېنىدە بەش قاتار قاتتىق تەڭگىچىلىرى بار، ئېغىزى ئالدىغا ئۆسۈپ چىققان، يېرىم ئاي شەكلىدە، ئىككى تەرەپتە يالپاق بۇرۇتچىلىرى بار. ياز پەسىللىرىدە دەريا سۇلىرىغا تۇخۇم سالىدۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن دېڭىزغا قايتىپ ھايات كەچۈرىدۇ.

**ئوش** ئىم ① كالىلارنى توسۇش، ھەيدەش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ: «ئوش، ئوش...» دەپ كالىلىرىنى توسۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ② ياقتۇرماسلىق، بىزار بولۇش، نارازىلىق، ئاچچىقلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ، ئادەتتە سوزۇپراق ئېيتىلىدۇ: — ئوش، يوللىرىغا ماڭسىلا، — دېدى ھېلىقى چوكان ئەخەتنى سىلكىشلەپ.

**ئوشە** ئى. توشقان تۇتىدىغان تور.

**ئوشتۇتماق** «ئوشتۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بوۋاي ئوغلى ئارقىلىق يول بويىدىكى سۆگەتلىكتىن بىر تال چىۋىق ئوشتۇتۇپ كەلدى.

**ئوشتۇشماق** «ئوشتۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دادامنىڭ يەتتە نەزىرى بېرىلگەن كۈنى كەچتە تۇغقانلار يىغىلىپ قارامنى ئوشتۇشتى.

**ئوشتۇلماق** «ئوشتۇماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بېگىڭگە يەتكۈچە بېلىڭ ئوشتۇلار(ماقال).

**ئوشتۇماق** پ. پارچە ـ پارچە قىلماق، پارچىلىماق؛ سۇندۇرماق: يامانىنىڭ سۈيىنى ئىچكۈچە، قاپىقىنى ئوشتۇۋەت (ماقال).

**ئوششاق** ئى [ئە] <مۇز> ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ سەككىزىنچىسىنىڭ نامى: ئوششاق مۇقامى.

**ئوششاق مۇقامى** <مۇز> «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ سەككىزىنچىسى. بۇ مۇقام ئاساسەن 23 نەغمە بولۇپ، چوڭ نەغمىگە 14 نەغمە، 90 مىسرا؛ 3 داستانغا 6 نەغمە، 50 مىسرا؛ 3 مەشرەپتە 3 نەغمە، 46 مىسرا جايلاشقان.

**ئوشۇتماق** پ. دىيال. يارىلاندۇرماق.

**ئوشۇق** I سۈپ ① بەلگىلىك مىقدار ۋە ساندىن كۆپ، زىيادە، ئارتۇق: بازاردا شۇنچە تۇرۇپ باقتىم، پىيمىنى زادى يەتتە كويدىن ئوشۇق سورىمىدى. ② ئېھتىياجدىن، نورمىدىن ئاشقان؛ ئارتۇقچە، بىھۇدە، ئېشىپ كەتكەن: ئوشۇق چىقىم. ئوشۇق گەپ. // پاتەم ئوقايسىزلىنىشقا، ئۆزىنى ئوشۇق ھېس قىلىشقا باشلىدى.

**ئوشۇق** II ئى ① پۇتنىڭ پاقالچاق سۆڭىكى بىلەن تۆۋەنكى قىسمىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان، ئوڭ ـ سول ئىككى تەرەپكە بۆرتۈپ چىققان سۆڭەك: شۇ قېتىمقى جەڭدە يەر بېغىرلاپ كەلگەن بىر پاي ئوق ئۇنىڭ ئوشۇقىنى چېقىۋەتكەنىدى. ② قوي، ئۆچكە قاتارلىقلارنىڭ پاچىقى بىلەن سانىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان كىچىك سۆڭەك، ئادەتتە ئۇ قىمارۋازلارنىڭ قىمار قورالىمۇ قىلىنىدۇ.

**ئوشۇق ئوينىماق** ئوشۇق ئېتىش يولى بىلەن، ئوشۇقنى قورال قىلىپ قىمار ئوينىماق.

**ئوشۇقى ئالچۇ چۈشمەك** تەلىيى، ئامىتى ئوڭدىن كەلمەك، ئىشلىرى يۈرۈشۈپ كەتمەك، تىلىگەن تىلىكىگە يەتمەك: تاغىسىنىڭ قايتىپ كېلىشى نادىرنىڭ ئوشۇقىنى ئالچۇ چۈشۈردى.

**ئوشۇق ـ تۆشۈك** ئېھتىياجدىن كۆپ، زىيادە، ئارتۇق: زىيا ۋۇدۇن ئۇستام ئەكبەر مۇدىر كەتكەندىن كېيىن مەشرەپكە نېرى ـ بېرى قاراپ قويدى ـ دە، ئوشۇق ـ تۆشۈك گەپ قىلمايلا چىقىپ كەتتى.

**ئوشۇق ـ تۆشۈك گېپى يوق** قالايمىقان، كەلسە ـ كەلمەس گەپ قىلمايدىغان، ياۋاش، تىنچ: ئۇ ئىشقا پۇختا، ئوشۇق ـ تۆشۈك گېپى يوق بالا ئىدى.

**ئوشۇقتىن ـ ئوشۇق** بىكاردىن ـ بىكار، ئەھمىيەتسىزلا، ئورۇنسىزلا: مەن ئوشۇقتىن ـ ئوشۇق بىرمۇنچە نەرسىلەرنى ئويلاپ يۈرۈپتىمەن ئەمەسمۇ؟

**ئوشۇقچە** ① رەۋ. بىكاردىن ـ بىكار، ئارتۇقچە، ھەددىدىن كۆپ، ئەھمىيەتسىزلا: ئوشۇقچە ئاۋارە بولماق. ② سۈپ. لازىمى يوق، بىھۇدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، ئەھمىيەتسىز، قىممەتسىز: مەن بۇ ئۆيدە ئوشۇقچە ئادەمدەك قىسىلىشقا باشلىدىم. ③ سۈپ. نورمىدىن ئارتۇق، ئېشىپ قالغان، ئارتۇق: ئوشۇقچە كۈچنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەرگە سەرپ قىلىندى.

**ئوشۇقچىلىق** ئى. نەرسىلەرنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجدىن ئېشىپ قېلىشى، ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ بولۇپ كېتىشى: ماشىنىلارنىڭ ياخشىلىنىشى ئادەم ئەمگىكىنىڭ ئوشۇقچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**ئوشۇقلۇق** ئى. ئېھتىياج ۋە تەلەپتىن ئېشىپ كېتىش،

ئارتۇقلۇق: بۇ سۇ ئوشۇقلۇق قىلمايدۇ.

**ئوشۇقماق** پ. دىيال. ئالدىرىماق، تەمتىرىمەك، ھولۇقماق، چۆچۈمەك، جىددىيلەشمەك.

**ئوغا** ئى ① زەھەر: ئوغۇل بالا ئوغا يەپ سىڭدۈرەر (ماقال). *
ئوغىدىن شىپا ئىزدىمە، ئوغرىدىن ۋاپا ئىزدىمە (ماقال). ② كۆچمە.
ئاچچىق، غەزەپ: ئوغىسى قايىنىماق. ئوغىسى ئۆرلىمەك.

**ئوغچا** ئى. دىيال. باسماق، تۇزاق.

**ئوغرى** ئى. باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئىگىسىگە تۇيدۇرماي
ئېلىۋالغۇچى، ئوغرىلىغۇچى: ئوغرى گۇمانخور كېلىدۇ (ماقال).

**ئوغرى باغ تاسما** قۇشقۇننى ئۇلاش ئۇچۇن ئېگەرنىڭ ئارقا
تەرىپىگە بېكىتىلگەن تاسما.

**ئوغرى بوي** كۆرۈنۈشتە پاكاردەك كۆرۈنىدىغان، ئەمەلـ -
يەتتە ئېگىز بولغان.

**ئوغرى تۇتماق** بىرەر نەرسىنى ئوغرىلىۋالدى دەپ گۇمان
قىلماق.

**ئوغرى چىش** ياندىن چىقىپ قالغان ئوشۇق چىش.

**ئوغرى يانچۇق** كىيىمنىڭ باشقىلار ئاسان بىلمەيدىغان،
كۆرەلمەيدىغان يەرلىرىگە ئورنىتىلغان كىچىك يانچۇق.

**ئوغرى يول** كۆپ كىشىلەر بىلمەيدىغان، كىشىلەرگە تازا
تونۇشلۇق بولمىغان تار چىغىر يول.

**ئوغرىتىكەن** ئى [ئوغرى + تىكەن] <بوت> ئوغرىتىكەن
ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر
بېغىرلاپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى پەيسىمان، كىچىك يوپۇرمىقى
سوقىچاق، گۈلى كىچىك ۋە سېرىق. مېۋىسىدە قاتتىق تىكەنـ -
لەر بار. تىكەنلىك مېۋىسى دورا قىلىنىدۇ، جىگەرنى ياشار -
تىش، يەلنى تارقىتىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، قاننى
ماڭدۇرۇش، قىچىشىشنى بېسىش رولى بار.

**ئوغرىلاتماق** «ئوغرىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىـ -
جىسى: تەلئەت بەڭگى ئوغلى ئەنۋەر ئارقىلىق ئوغرىلىتىپ كەلگەن
قوشنىسىنىڭ چا خورىزىنى ھەش - پەش دېگۈچە سويۇپ قازانغا باستى.

**ئوغرىلاشماق** «ئوغرىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىـ -
جىسى: ئۇلار كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلىشىپ، ئارقىدىنلا
باشقىلارنى ئوغرى تۇتۇشقا ئادەتلىنىپ قالغان كىشىلەر ئىدى.

**ئوغرىلانماق** «ئوغرىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىـ -
جىسى: بۇ نەرسىلەر باشقا بىر يەردىن ئوغرىلانغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

**ئوغرىلىق** ئى. باشقىلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئوغرىلىۋا -
لىدىغان قىلىق، شۇنداق پەس ئىش - ھەرىكەت: ئوغرىلىق قىلماق.*
شاھ ئۇنىڭ ئوغرىلىق ۋە ئالدامچىلىقىغا قارىتا تېگىشلىك جازا بېرىپتۇ.

**ئوغرىلىقچە** رەۋ. يوشۇرۇنچە، سەزدۈرمەي، باشقىلارغا بىلىنـ -
دۈرمەي: بەزى ھاشارچىلار ئوغرىلىقچە قاچقاندا، دۈشمەنلەر ئېتىپ تاشلىدى.

**ئوغرىلىماق** پ ① باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى يوشۇرۇنچە
ئېلىۋالماق: تۈنۈگۈن يەنە بالا ئوغرىلىغان ئۈچ ئوغرى تۇتۇلدى.
② كۆچمە. چاچماق، بۆلمەك، قالايمىقانلاشتۇرماق (ئەقىل،
پىكىرگە ئوخشاش روھىي دۇنيا بىلەن مۇناسىۋەتلىك نەرسىـ -
لەر ھەققىدە): «ئوينايمىز» دېگەن بۇ سۆز مېنىڭ ئەقلىمنى ئوغرىلاپ،
تىلىمنى كېسىپ، مەيلىمنى بەند قىلماقتا ئىدى.

**ئوغرى - يالغان** ئوغرى ياكى ئوغرىغا ئوخشاشلار، ئومۇمەن
ئوغرىلىق قىلىدىغانلار.

**ئوغلاق** ئى <زوئول> ئۆچكىنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىسى.

**ئوغلاق تارتىشىش** بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنى.
بۇنىڭدا بوغۇزلانغان ئوغلاقنىڭ ئىچ باغرىنى تارتىۋەتكەندىن
كېيىن ئوتتۇرىغا تاشلىنىدۇ، نەچچە ئونلىغان ئاتلىق
ماھىرلار ئۇنى تالىشىدۇ. كىم ئۇنى بەلگىلەنگەن ئورۇنغا ئاپىـ -
رىپ تاشلىسا، ئۇتقان بولىدۇ.

**ئوغلاقچى** ئى. ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنىغا قاتناشقان ھەم
ئۇنىڭغا ماھىر كىشى: ئوغلاقچىلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ تاقىرلىغان
ئاۋازلىرى يىراقتا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**ئوغلاقلىق** سۈپ. ئوغلىقى بار، ئوغلاق تۇغقان: ئۆيدىن ئۆيگە
كۆچسەڭ، ئوغلاقلىق ئۆچكىگە زىيان (ماقال).

**ئوغلان** ئى ① ئەر، ئوغۇل؛ ئوغۇل پەرزەنت: نەسىھەت بۇ،
ئوغلانلىرىم، ئاڭلا سۆزۈم، ئۆتمۈشتە كۆپ ئىشلارنى كۆرگەن ئۆزۈم.
② باتۇر، قورقماس، مەرد يىگىت: ۋەتىنىگە مېھرى سوغلار ئوغلان
بولالماس، دۈشمىنىگە قەھرى يوقلار پالۋان بولالماس.

**ئوغلانلىق** سۈپ. مەرد ئوغۇلغا خاس، ئوغۇل بالىدا بولۇشقا
تېگىشلىك ياكى ئوغۇل بالا ئۈستىگە ئالىدىغان: ئوغلانلىق
بۇرچۇڭ ئاقلىنار ھامان، ئۆمۈر يولىدا شان - شەرەپ قۇچساڭ.

**ئوغۇ** ئى. دىيال. ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان ھاۋانچا.

**ئوغۇت** ئى. تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش
ئۈچۈن يەرلەرگە چېچىلىدىغان مال - ۋارانلارنىڭ قىغى ۋە
خىمىيەلىك ئۇسۇلدا ياسالغان شۇنداق رولغا ئىگە نەرسىـ -
لەرنىڭ ئومۇمىي نامى: ئوغۇت توپلىماق. ئوغۇت توشۇماق.

**ئوغۇتسىز** سۈپ. ئوغۇت يوق، ئوغۇت بېرىلمىگەن،
ئوغۇتلانمىغان، ئوغۇت چېچىلمىغان: ئوغۇتسىز زىرائەت، ھوسۇلـ -
سىز زىرائەت.

**ئوغۇتلاتماق** «ئوغۇتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىـ -
جىسى: ساجىدىخان موماي مەھەللىدىكى ياشلار ئارقىلىق بۇغداي يېرىـ -
نى ئوغۇتلىتىپ بولۇپ، خۇشال ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

**ئوغۇتلاشماق** «ئوغۇتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىـ -
جىسى: ئەتىياز كىرىشى بىلەنلا ئەزالار ئۆز ئېتىزلىرىنى ئوغۇتلىشىپ
بولۇپ، ئورۇق تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى.

**ئوغۇتلانماق** «ئوغۇتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى:
بۇغدايلار ئوغۇتلاندى.

**ئوغۇتلۇق** سۈپ ① ئوغۇت تۆكۈلگەن، ئوغۇت چېچىلغان،
ئوغۇتلانغان. ② ئوغۇت قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان،
ئوغۇت قىلىشقا بولىدىغان، ئوغۇت بولىدىغان: ئۇلار بۇ خىل ئاق
قالغان يەرلەرگە ئوغۇتلۇق ئۆسۈملۈك تېرىشتى.

**ئوغۇتلىماق** پ. تېرىلغۇ يەرلەر ياكى زىرائەتلەرگە ئوغۇت
چاچماق: ئۇلار بۇغداي يېرىنى نەچچە ھارۋا بىلەن بىر كۈندىلا ئوغۇتلاپ بولدى.

**ئوغۇتماق** پ. دىيال. قۇسماق، ياندۇرماق، ھۆ قىلماق.

**ئوغۇز** I ئى. تۈركىي خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى قەبىلىلىرىدىن
بىرىنىڭ نامى.

**ئوغۇز** II ئى. يېڭى تۇغقان ئاياللار ۋە ھايۋانلارنىڭ دەسلەپـ -
كى، يەنى تۇغۇپ بىرقانچە كۈن جەريانىدىكى سۈتى.

**ئوغۇز چىش** بالىلار ۋە ھايۋان بالىلىرىغا ئەڭ دەسلەپ

چىققان چىش، سۈت چىشى.

**ئوغۇل (ئوغلى)** ئى ① ئەر جىنىسقا تەۋە بولغان بالا، ئەر جىنسقا تەۋە پەرزەنت (ئاتا ـ ئانىلارغا نىسبەتەن): ئۇنىڭ ئامەت ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىكەن. ② بىر ىنچى شەخس، ئىگىلىك قوشۇمچىسى بىلەن كېلىپ پەرزەنتى بىلەن تەڭ دېمەتلىك كىشىلەرگە قارىتا قىلىنغان مۇراجىئەتنى بىلدۈرىدۇ: — ئوغلۇم، ئۇنداق قىلماڭ، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، — دېدى بوۋاي يىلىنىپ.

**ئوغۇل بالا** ① ئوغۇل. ② مەرد، قەھرىمان، غەيرەتلىك، قورقماس، باتۇر، ئالىيجاناب كىشى: قاسىم ئاكا، ئوغۇل بالا ئىكەنسىز. ③ «يارايسەن، ياخشى قىلدىڭ، سەن نوچى، مەرد ئىكەنسەن» دېگەن مەنىلەردىكى ئاپىرىن ئوقۇش سۆزى: — ئوغۇل بالا، — دېدى ئۇ ۋارقىراپ چۇقان سېلىپ، — تازا سال بۇ تازنى، سەن ئوغۇل بالا ئىكەنسەن!

**ئوغۇلچاق** ئى. كىچىك ئوغۇل بالىلارنى ئەركىلىتىش پورمىسى: — مۇشۇ كۈنلەردە ئوغۇلچاقلارنىڭ يېشى يېتىپ، سۈننەتىنى ئورۇنلاش زۆرۈر بولۇپ قالدى، — دېدى مولللا ھامىد گەپنى بۇراپ.

**ئوغۇلچە** سۈپ. ئوغۇللارغا خاس، ئوغۇللارغا ئوخشاش، ئوغۇللارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان: ئۇلار ھەتتا تۇغۇلغۇسى پەرزەنتى ئوغۇل بولسا ئوغۇلچە، قىز بولسا قىزچە ئىسىملارنىمۇ تەييارلاپ قويۇشقانىدى.// «نېمىگە ئوغۇلچە ياسىنىۋالدىلا» دېدى ئۇ قىزنى قۇچاقلاپ يىغلاپ تۇرۇپ.

**ئوغۇلچىلاپ** رەۋ ① ئوغۇلچە، ئوغۇلغا ئوخشاش: ئوغۇلچىلاپ ماڭماق. ② ئوغۇل پېتى، ئوغۇل بولۇپ: ئوغۇلچىلاپ كىرمەك.

**ئوغۇلچىلاپ كىرمەك** يىگىتلەر ئۆزى توي قىلغان قىزنىڭ ئۆيىگە بالا بولۇپ كىرمەك.

**ئوغۇلسىز** سۈپ. ئوغلى يوق، ئوغۇل پەرزەنت كۆرمىگەن ياكى ئوغۇللۇق بولمىغان: كەچتىم سېنىڭدەك مېنىڭ ئوغلۇم يوق، سەندەك ئوغۇلسىز، مېنىڭ كۆڭلۈم توق. // ئەمدى ئۇ ئوغلى قازا قىلىپ كېتىپ ئوغۇلسىز قالدى.

**ئوغۇل ـ قىز** ئوغۇل ۋە قىز: ۋەتەن ئوغۇل ـ قىزلىرى.

**ئوغۇللۇق** سۈپ ① ئوغلى بار، ئوغۇلغا ئىگە، ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن: — سىزمۇ ئۈچ ئوغۇللۇق بولغان ئادەم، بۇ ئىشلارنى بىلىشىڭىز كېرەك، — دېدى ئۇ. ② ئوغۇلغا خاس، ئوغۇلغا لايىق؛ ئوغۇللاردا بولۇشقا تېگىشلىك، ئوغۇل بالىدا بولۇش كېرەك بولغان: ئۇ دادىسىغا ئوغۇللۇق مېھرى بىلەن قارىدى، ئوبدان كۈتتى.

**ئوفتسېر** ئى [ر< لات] <ھەرب> ئارمىيەدىكى كوماندىرلار سوستاۋىغا مەنسۇپ ھەربىي خىزمەتچى، ھەربىي باشلىق.

**ئوفتسېرلىق** ئى. ئوفتسېرلارغا يۈكلەنگەن ۋەزىپە، ئەمەل.

**ئوق** I ئى ① ياغا قويۇپ ئېتىلىدىغان، ئۇچى نەيزە شەكىللىك، ئۇزۇن، ئىنچىكە تاياقچە: ساداقتىكى ئوق. ② <ھەرب> مىلتىق، تاپانچا، پىلىموت، زەمبىرەك قاتارلىقلارغا جايلاشتۇرۇپ ئېتىلىدىغان، ئېتىلغاندىن كېيىن ئۇچۇپ بېرىپ نىشانغا تېگىدىغان ۋەيران قىلىش، ئۆلتۈرۈش كۈچىگە ئىگە نەرسە: ئوق ئاتماق. ئوق ئۈزمەك. ئوققا تۇتماق.

**ئوق** II ① ئى <ماشىن> تۈۋرۈك شەكىللىك دېتال. چاق ياكى باشقا ئايلىنىدىغان بۆلەكلەر ئۇنى بويلاپ ياكى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئايلانما ھەرىكەت قىلىدۇ: ھارۋا ئوقى. چاقنىڭ ئوقى. ② ئى <مات> تەكشىلىك ياكى گېئومېتىرىيەلىك شەكىلنى سىممېتىرىيەلىك بۆلەكلەرگە بۆلىدىغان تۈز سىزىق. ③ ئى. بىرەر جىسىمنىڭ مەركىزىدىن ئۆتىدۇ دەپ پەرەز قىلىنغان تۈز سىزىق: يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىش سۈرئىتى سېكۇنتىغا 29.8 كىلومېتىر. ④ سۈپ. كۆچمە. توغرا يۆنەلگەن، ئاساسىي؛ تىك: ئوق ئېرىق. ئوق يىلتىز.

**ئوق يىلتىز** <بوت> ئۆسۈملۈكنىڭ ئەڭ باشتا ئۆسۈپ چىققان يىلتىزى. تۆرەلمە يىلتىز ئۇرۇق پوستىنى يېرىپ چىقىپ ھاسىل بولىدۇ. ئادەتتە يەردە تىك بولۇپ ئۆسىدۇ ھەمدە نۇرغۇنلىغان يان يىلتىزلارنى چىقىرىپ يىلتىز سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

**ئوق** III ئى. ئۈلۈش، تەڭ بۆلەك: ئۈچ ئوق بولۇپ ئۈلۈشمەك.

**ئوقەت** ئى [ئە] ① تىرىكچىلىك، ھاياتلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي نەرسىلەر: ئۇلارنىڭ ھال ـ ئوقىتى خېلىلا ياخشى ئىدى. ② تىرىكچىلىككە زۆرۈر بولغان ماددىي نەرسىلەرگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن قىلىنغان ئىش، پائالىيەت؛ تىجارەت: مەن بۈگۈنكى ئوقىتىمدىن خېلىلا مەمنۇن بولدۇم.

**ئوقەتچى** ئى. تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى، تىجارەتچى.

**ئوقەتچىلىك** ئى. تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش، تىجارەتچىلىك: شۇ چاغدا قوشنىمىزنىڭ مەكتەپتىن چىقىۋېلىپ ئوقەتچىلىككە كىرىشىپ كەتكەن ئوغلى كىرىپ كەلدى.

**ئوقتاش** ئى. دىيال. قىزلارنىڭ تاش ئويۇنى.

**ئوقتەك** رەۋ. ناھايىتى تېز؛ شارتتىدە: ئوقتەك يۈگۈرمەك.* جۇمەنىڭ قاتتىق ئۇسۇشى بىلەن تەڭ مۇختەرنىڭ بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى.

**ئوقچۇتماق** «ئوقچۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى باشقىلار باشلاپ قويغان سۇنى ئېقىتىدىغان نور ئەمەس، ئۆزىدىن سۇ ئوقچۇتالايدىغان بۇلاقتۇر.

**ئوقچۇماق** پ ① كۈۋەجىمەك، بۇلدۇقلاپ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلمەك، تاشماق (ھەرىكەتلىنىۋاتقان سۇيۇقلۇقلار ھەققىدە): مۇزلار ھەربىر پارچىلانغاندا سىمابتەك سۇ تامچىلىرى مۇز ئۈستىگە ئوقچۇپ چىقىپ، ئەتراپقا يېيىلاتتى. ② كۆچمە. سەكرىمەك، ئاتلاپ ئۆتمەك: بىر چاغدا ئىت قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ ياردىمى بىلەن بىرلا ئوقچۇپ ياسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋاپتۇ.

**ئوقدان** ئى ① ساداق. ② ئىچىگە ئوق سېلىپ، بەلگە ئېسىۋالىدىغان بەلباغ. كۆن قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ. ③ مىلتىق، زەمبىرەك قاتارلىقلارنىڭ ئوق تۇرىدىغان قىسمى، بۆلىكى: مىلتىقنىڭ ئوقدېنى.

**ئوق ـ دورا** ① ئوق ۋە دورا. ② <ھەرب> مىلتىق ئوقى، زەمبىرەك ئوقى، گىرانات، بومبا، مىنا قاتارلىق تالاپەتكە ئۇچرىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ياكى باشقا ئالاھىدە رولى بار پارتلايدىغان بۇيۇملارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئوقرۇق** ئى ← **سايغاق** I .

**ئوقرۇق كېسىلى** ئوقرۇق چىۋىنلىرىنىڭ كالىلارنىڭ دۈمبە تېرە ئاستى توقۇلمىلىرىدا پارازىت ياشىشىدىن بولىدىغان، زىيىنى ئېغىر سوزۇلما خاراكتېرلىك بىر خىل كېسەللىك.

**ئوقرۇقلىماق** پ. تېپچەكلىمەك، بىئارام بولماق (بۇ ھادىسە

ئوقرۇق قۇرتى كالا تېرىسىنى تېشىپ چىقىۋاتقاندا يۈز بېرىدۇ): كالا ئوقرۇقلىدى.

**ئوق ـ ساداق** ئوق ۋە ساداق.

**ئوقسىز** سۈپ. ئوق يوق، ئوق قاچىلانمىغان، ئوق سېلىنمىغان: ئۇلارنىڭ ئېسىۋالغىنى ئوقسىز مىلتىق بولۇپ، ئۇلار بۇ قورال ئارقىلىق قارىغا ئېتىش مەشىقى ئېلىپ بېرىشاتتى.

**ئوقسىمان** سۈپ. ئوققا ئوخشاش، شەكلى ئوققا ئوخشايدىغان: ئاسترونوملار يېقىنقى كۈنلەردە ئاپتونوم رايونىمىزدا ئوقسىمان يۇگەلمە بۇلۇت ھاسىل بولىدىغانلىقىنى قىياس قىلىشتى.

**ئوقلاتماق** «ئوقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر قولى يارىلانغان پولات يېنىدا يېتىپ دۈشمەنگە ئوق ئۈزۈۋاتقان سەپدىشى سادىق ئارقىلىق پىلىموتنى ئوقلىتىپ، دۈشمەنلەرنى داۋاملىق ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى.

**ئوقلاشماق** «ئوقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: جەڭچىلەر قوراللىرىنى ئوقلىشىپ جەڭگە تەييار تۇرۇشاتتى.

**ئوقلاقلىق** سۈپ. ئوق سېلىنغان: ئوقلاقلىق مىلتىق. * باتۇر دەرھال يەردە تۇرغان ئوقلاقلىق مىلتىقنى ئالدى ـ دە، ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان دۈشمەنگە قارىتىپ ئوق ئۈزدى.

**ئوقلانماق** «ئوقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سادىق تىزى بىلەن ھېكىمنىڭ گەجگىسىدىن بېسىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ قولىدىكى ئوقلانغان تاپانچىنى تارتىۋالدى.

**ئوقلۇق** سۈپ ① ئوق بار، ئوق سېلىنغان، ئوق قاچىلانغان. ② ئوق سىغىدىغان، ئوق قاچىلاشقا بولىدىغان، ئوق سالسا پاتىدىغان: ئۇ يەتتە ئوقلۇق تاپانچىسىنى ئەختەمنىڭ مەيدىسىگە تىرىدى.

**ئوقلىماق** پ ① مىلتىق، تاپانچا، ئاپتومات، ئوقيا قاتارلىق ئېتىش قوراللىرىغا ئوق سېلىپ ئاتقۇدەك قىلماق: ئۇ تۆپىلىككە يامىشىپ چىقىپ كېتىۋېتىپ ئاپتوماتنى ئوقلىدى. ② ھارۋا، ۋېلسىپىت قاتارلىق ئوق بېكىتىلىدىغان قاتناش قوراللىرىغا ئوق بېكىتمەك، ئوق ئورۇنلاشتۇرماق: بىز ئۈچ كۈن ئاۋارە بولۇپ ھارۋىنى ئوقلىغاندىن كېيىن يەنە يولغا چۈشتۇق.

**ئوقۇبەت** ئى [ئە] روھىي ياكى جىسمانىي ئازاب، جاپا ـ مۇشەققەت؛ ئېغىر قىيىنچىلىق: ئوقۇبەت بىرلە ئۆتكۈزدۈم قارا كۈننى يۈسۈپ ئوخشاش، زۇلەيخادەك ۋاپا ئەيلەپ مېنى بۇل كۈن ئېتىڭ باخ ـ باخ!

**ئوقۇبەتسىز** سۈپ. ئازاب ـ ئوقۇبىتى يوق: ئوقۇبەتسىز تۇرمۇش.* مېھراي ئەكرەم بىلەن توي قىلىپ ئوقۇبەتسىز تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىدىن سۆيۈنەتتى.

**ئوقۇبەتلىك** سۈپ. ئازابلىق، ئىنتايىن قىيىن، مۈشكۈل: ئوقۇبەتلىك تۇرمۇش.* بەش كىلومېتىردىن ئارتۇقراق ئوقۇبەتلىك سەپەردىن كېيىن ئۇلار مەنزىلگە يېتىپ كېلىشتى.

**ئوقۇتقۇچى** ئى. مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا دەرس بېرىدىغان، ئىلىم ئۆگىتىدىغان كىشى، مۇئەللىم.

**ئوقۇتقۇچىلىق** ئى. دەرس بېرىش ۋە ئۆگىتىش ئىشى، كەسپى: ئوقۇتقۇچىلىق قىلماق.

**ئوقۇتماق** «ئوقۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ساۋۇت ماڭا يازما بېغىشلىملارنى ئوقۇتاتتى، ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئۇنى ـ بۇنى سورايتتى.

**ئوقۇتۇش** ئى <مائار> مەكتەپ ياكى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم، ماھارەت ئۆگىتىش جەريانى: ئوقۇتۇش پىراكتىكىسى. ئوقۇتۇش مەشغۇلاتى.

**ئوقۇتۇلماق** «ئوقۇتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ مەكتەپتە ئانا تىل، ھېساب، ھۆسنخەت، ئەخلاق قاتارلىق دەرسلەرمۇ ئوقۇتۇلاتتى.

**ئوقۇر** ئى [پ] ھايۋانلارغا يەم ـ خەشەك بېرىش ئۈچۈن، ھايۋانلارنىڭ بويى يەتكۈدەك ئېگىزلىكتە تەكچە شەكلىدە سېلىنغان، چۆرىسىدە كىچىك توسۇق ـ تېمى بولغان قۇرۇلما: ئالمىغان ئاتقا ئوقۇر ساپتۇ (ماقال).

**ئوقۇرى ئېگىز** تەكەببۇر، ھالى چوڭ، ھاكاۋۇر: ئوقۇرى ئېگىز ئادەم.

**ئوقۇرەك** ئى <ئانات> ① يەلكىنىڭ ئۈستىدىكى ئويمان قىسمى. ② ئوقۇرەك سۆڭەك: ئوقۇرەك ئۈستى ئويمىنى.

**ئوقۇرسىمان** سۈپ. شەكلى ئوقۇرغا ئوخشاش، ئوقۇر شەكىللىك: تەرەتخانىدا ئوقۇرسىمان داستىن بىرى بارلىقى ئېسىمگە كەلدى ـ دە، شۇنى ئىشلىتىش قارارىغا كەلدىم.

**ئوقۇرلۇق** سۈپ. ئوقۇرى بار؛ ئوقۇر چىقىرىلغان ياكى ئوقۇر ھالىتىدىكى، ئوقۇرسىمان: ئوقۇرلۇق بېتون تاختا.

**ئوقۇرمەن** ئى. كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئوقۇشقا قىزىققۇچى، كىتابخان: قەدىرلىك ئوقۇرمەنلەر! يولۋاسقا ئايلانغان قوينىڭ تۇرقى ـ سىياقى مېنىڭ تەسۋىرلىگىنىم بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ.

**ئوقۇش** ئى. ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈرلۈك بىلىم ۋە ماھارەت ئىگىلەش جەريانى.

**ئوقۇشچان** سۈپ. ئوقۇغۇچىلىكى بار، ئوقۇشقا بولىدىغان، بىر ئوقۇشقا ئەرزىيدىغان: بىز ھەرقانداق بىر قەلەم ئىگىسىدىن ئوقۇشچان ئەسەر يېزىشنى تەلەپ قىلىمىز.

**ئوقۇشچانلىق** ئى. ئوقۇشقا بولىدىغان، بىر ئوقۇشقا ئەرزىيدىغان، ئوقۇغۇچىلىكى بار كىتاب ۋە شۇ قاتارلىق مەجمۇئە: بىزنىڭ شوئارىمىز خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق ۋە ئوقۇشچانلىقتۇر.

**ئوقۇشسىز** رەۋ. ئوقۇيالماي، مەكتەپكە كىرەلمەي ياكى ساۋاتلىق بولالماي: ئوقۇشسىز قالماق.* مېھرىبان ئانىلار بۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئوقۇشسىز قالغان بالىلارنىڭ قايتا مەكتەپ قوينىغا كىرىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

**ئوقۇشلۇق** ئى ① <مائار> مەخسۇس دەرسلىك سۈپىتىدە پايدىلىنىدىغان كىتاب ياكى كونسپېكت: تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقى. ماتېماتىكا ئوقۇشلۇقى. ② كىشىلەرنىڭ ياش چەكلىمىسى، كەسپى قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەرقى بويىچە نەشر قىلىنغان كىتاب، ژۇرنال قاتارلىقلار: ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقى. ياشانغانلار ئوقۇشلۇقى.

**ئوقۇشماق** «ئوقۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: جەڭچىلەر ياخراق ئاۋازلىرى بىلەن ئارمىيە مارشىنى ئوقۇشتى.

**ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش** ئوقۇغۇچىلارغا تۈرلۈك بىلىم ۋە ماھارەتنى ئۆگىتىش، ئۇلارنىڭ بۇ بىلىم ۋە ماھارەتنى ئىگىلەش جەريانى.

**ئوقۇغۇچى** ئى ① ھەر خىل مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان، ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان كىشى، ئۆگەنگۈچى: بۇ فاكۇلتېتتا 3

سىنىپ، 99 نەپەر ئوقۇغۇچى بار. ② مەلۇم بىر مەتبۇئات ياكى مەلۇم بىر ژانىرغا ئائىت كىتابلارنى دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان كىشى، ئوقۇرمەن، كىتابخان: — مەن گېزىتىڭلەرنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى بولۇپ بەرسەممۇ يېتەر، — دېدى ئۇ كەمتەرلىك بىلەن.

**ئوقۇغۇچىلىق** ئى. مەكتەپلەردە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىلىم تەھسىل قىلىش ئورۇنلىرىدا ئوقۇش، ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولۇش جەريانى.

**ئوقۇل** ئى. تارس. بىلىم يۇرتى، مەكتەپ.

**ئوقۇلداش** ئى. تارس. مەكتەپداش، ساۋاقداش.

**ئوقۇلماق** «ئوقۇماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھېيت نامىزى ئوقۇلۇپ بولۇشى بىلەن تەڭ، جامائەت مېيىتنى تالىشىپ كۆتۈرۈشكىنىچە تۇپراقبېشى تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى.

**ئوقۇماق** پ ① يېزىلغان نەرسە ياكى يازما تېكىستلەرنى قەغەز يۈزىدىكى ھەرپلەر ئاساسىدا ئەينەن ئېيتىپ بەرمەك: ئۇ بۇ گېزىتنى ئەتىگەندىن بېرى بىرنەچچە قېتىم ئوقۇپ چىققانىدى. ② ئوقۇش — يېزىشنى ئۆگەنمەك، ساۋاتلىق بولماق؛ ئوقۇش يۇرتى، مەكتەپ قاتارلىقلاردا بىلىم ئالماق، ئىلىم تەھسىل قىلماق، ئۆگەنمەك: ئوقۇماي موللا بولغان، چوقۇماي قاغا بولغان (ماقال). ③ بىرەر تېكىست ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى يادقا ئېيتىپ، تىڭشىغۇچىلارغا ئاڭلاتماق: سۆيۈمقان بىر چىنە بوزا كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئاۋۋال قوشاق ئوقۇدى. ④ ئېلان قىلماق، جاكارلىماق، ھۆكۈم قىلماق، ئېيتماق: مەتكېرەم سۆزگە چىققىدىغانلارنىڭ ئىسمىنى ئوقۇدى. ⑤ مۇناسىۋەتلىك دىنىي پائالىيەتلەرنى بەجا كەلتۈرمەك، ئۆتىمەك، توگەتمەك: ناماز ئوقۇماق. ⑥ يېڭى توي قىلىدىغان قىز — يىگىتنىڭ بىر — بىرىگە مەڭگۈلۈك ھالال جۈپ بولۇشقانلىقىنى خاس قائىدىلەر ئاساسىدا دەلىللىمەك، ئېلان قىلماق، جاكارلىماق: — غەم يېمە ئاكا، — دېدى تۆمۈر خەلپە، — نىكاھنى ئۆزۈم ئوقۇيمەن. قالغان ئىشلارمۇ ئۆز يولىدا بولۇپ كېتىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ ! ⑦ ئىزھار قىلماق، بىلدۈرمەك، دېمەك، ئېيتماق: كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدى.

**ئوقۇمباشى** ئى. تارس. دىيال. باش ئۆلىما، چوڭ ئۆلىما.

**ئوقۇمۇشلۇق** سۈپ. ساۋاتلىق، مەلۇماتلىق، بەلگىلىك بىلىم — مەلۇماتقا ئىگە: مەلىكە بەرنا ئوقۇمۇشلۇق، ئەقىللىق، زېرەك قىز ئىدى.

**ئوقيا** ئى [ئوق + ياي] قاتتىق ياغاچنىڭ ئىككى ئۇچىدىن يىپ تارتىپ ئېگىپ، يېرىم چەمبەر شەكلىدە ياسالغان، كىچىك نەيزىگە ئوخشاش ئوق ياساپ، شۇ ئوقنى سىلىپ ئاتىدىغان قەدىمكى ئۇرۇش قورالى.

**ئوقياچى** ئى. ئوقيا ئېتىش ماھىرى، ئوقيا ئېتىش ئۇستىسى، ئوقيا ئېتىشقا ئۇستا ئادەم: بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ئوقياچى ماھىرلىرىمىز بىر كۈمۈش مېدال، ئۈچ مىس مېدالغا ئېرىشتى.

**ئوق- ياراغ** ئوق ۋە ياراغ، ئومۇمەن ئوق ۋە تۈرلۈك قوراللار.

**ئوقيىلان** ئى [ئوق + يىلان] <زوئول> يىلاننىڭ بىر تۈرى. تېنى ئادەتتىكى يىلاندىن قىسقىراق بولۇپ، ئوقتەك تېز ئېتىلىدۇ.

**ئوكتاۋا** ئى [ر< لات] <مۇز> ئارىلىقى سەككىز ئاۋاز دەرىجىسىگە ئىگە ئېنتېرۋال.

**ئوكسىد** ئى [ر< گىرېك] <خىم> ← **ئوكسىدلار.**

**ئوكسىدسىز** سۈپ. ھىدروگېن بىلەن قوشۇلغان ياكى ئوكسىگېن ئاتومىنى يوقاتقان.

**ئوكسىدسىزلاندۇرماق** «ئوكسىدسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئوكسىدسىزلاندۇرغۇچى** ئى. ئوكسىدسىزلاندۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان ماددا.

**ئوكسىدسىزلاندۇرۇلماق** «ئوكسىدسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئوكسىدسىزلانماق** پ. ماددا خىمىيەۋى رېئاكسىيە جەريانىدا ھىدروگېن بىلەن قوشۇلماق ياكى ئوكسىگېن ئاتومىنى يوقاتماق.

**ئوكسىدسىزلىغۇچى** <خىم> ① سۈپ. ئوكسىدسىزلاش رولىنى ئوينايدىغان، ئوكسىدسىزلايدىغان: ئوكسىدسىزلىغۇچى ئېنزىم. ② ئى. خىمىيەۋى رېئاكسىيەدە ئېلېكترون يوقىتىدىغان ماددا.

**ئوكسىدسىزلىق** ئى. ماددىنىڭ خىمىيەۋى رېئاكسىيەدە ئوكسىدسىزلىنىشى، ئوكسىد ھاسىل قىلماسلىقى.

**ئوكسىدسىزلىنىش** ئى <خىم> ماددا ئاتومىنىڭ ئېلېكترون بىرىكتۈرۈپ ئېلىش خىمىيەۋى رېئاكسىيەسى، يەنى ماددىنىڭ ھىدروگېن بىلەن قوشۇلۇشى ياكى ئوكسىگېن ئاتومىنى يوقىتىش جەريانى.

**ئوكسىدلار** ئى <خىم> خىمىيەۋى ئېلېمېنتلارنىڭ ئوكسىگېن بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ماددا. ئۇ ئاساسلىق ۋە كىسلاتالىق ئوكسىد دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**ئوكسىدلاشتۇرماق** «ئوكسىدلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئوكسىدلاندۇرماق** «ئوكسىدلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئوكسىدلاندۇرۇلماق** «ئوكسىدلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئوكسىدلانماق** پ <خىم> بىرەر ئېلېمېنت ئوكسىگېن بىلەن بىرىكىپ شۇ ماددىنىڭ ئوكسىدىنى ھاسىل قىلماق.

**ئوكسىدلىغۇچى** سۈپ <خىم> ئوكسىد ھاسىل قىلغۇچى: ئوكسىدلىغۇچى ئېنزىم.

**ئوكسىدلىق** سۈپ. ئوكسىدلانغان، ئوكسىد ھاسىل قىلغان.

**ئوكسىدلىماق** پ <خىم> بىرەر ئېلېمېنتنى ئوكسىگېن بىلەن بىرىكتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئوكسىدىنى ھاسىل قىلماق.

**ئوكسىدلىنىش** ئى <خىم> ماددا ئاتومى ئېلېكترون يوقىتىدىغان خىمىيەۋى رېئاكسىيە، يەنى ماددىنىڭ ئوكسىگېن بىلەن بىرىكىش جەريانى.

**ئوكسىگېن** ئى [ر< گىرېك] <خىم> گاز ئېلېمېنت. ئېلېمېنت بەلگىسى O(Oxygenium). رەڭسىز، پۇراقسىز گاز، يېنىشقا ياردەم بېرىدۇ. خىمىيەلىك خۇسۇسىيىتى بەك ئاكتىپ بولۇپ، كۆپلىگەن ئېلېمېنتلار بىلەن بىۋاستە بىرىكىدۇ.

ئادەم، ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نەپەس ئېلىشىدا مۇھىم گاز ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە ئوكسىگېن گازى دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئوكسىگېنلىق** ① سۈپ. تەركىبىدە ئوكسىگېنى بار، ئوكسىگېنغا ئىگە: ئوكسىگېنلىق بىرىكمىلەر.② رەۋ. ئوكسىگېن بىلەن، ئوكسىگېن ئارقىلىق: ئوكسىگېنلىق نەپەسلىنىش.

**ئوكۇل** ئى [ر] ① بەدەنگە، تېرە ئاستىغا ئىشپىرىس ۋاستىسى بىلەن سۈيۇق دورا ماڭدۇرۇش، كىرگۈزۈش: ئۇ دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۆزىگە ئوكۇل قىلدۇرۇپ كەپتۇ. ② ئومۇمەن ئىشپىرىس ۋاستىسى بىلەن بەدەنگە، تېرە ئاستىغا كىرگۈزۈلىدىغان دورا: ئوكۇل تۈگەپتۇ. دوختۇرخانىدىن دەرھال ئوكۇل ئەكېلىش كېرەك.

**ئوكۇلخانا** ئى. دوختۇرخانىلاردا مەخسۇس كېسەللەرگە ئوكۇل سالىدىغان ئۆي.

**ئوكۇليار** ئى [ر< لات] <فىز> مىكروسكوپ، دۇربۇن قاتارلىق ئوپتىك ئەسۋابلاردىكى قارايدىغان تەرەپكە ئورنىتىلغان لىنزا.

**ئوكۇن** ئى [ر] <زوئول> بىر خىل بېلىق. تېنىنىڭ ئۈستۈنكى قىسىملىرى كۆكۈچ كۇل رەڭ، ئاستى ئاقۇچ كۇل رەڭ، تېنىنىڭ ئىككى يان تەرىپىدىكى دۈمبە پالاقچىسىدا قارا سەپكۈنلىرى بولىدۇ. يېقىن دېڭىزلاردا ياشايدۇ. كۈزنىڭ ئاخىرلىرىدا دەريا ئېغىزلىرىغا بېرىپ تۇخۇم سالىدۇ.

**ئوكيان** ئى [ر< گىرېك] <جۇغ> يەر شارى يۈزىنىڭ سۇ بىلەن يېپىلغان كەڭ ئورۇنلىرى بولۇپ، يەر شارىنىڭ 10/17 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. يەر شارىدا تىنچ ئوكيان، ئاتلانتىك ئوكيان، ھىندى ئوكيان ۋە شىمالىي مۇز ئوكيانىدىن ئىبارەت تۆت ئوكيان بار.

**ئوكيانشۇناس** ئى <جۇغ> ئوكيان ۋە دېڭىزلارنى تەكشۈرگۈچى ئالىم، ئوكيانشۇناسلىق مۇتەخەسسىسى.

**ئوكيانشۇناسلىق** ئى <جۇغ> دېڭىز سۇلىرىنىڭ فىزىكىلىق، خىمىيەلىك خۇسۇسىيىتى، دېڭىز دولقۇنى، دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە پەسىيىشى قاتارلىق ھادىسىلەرنى، شۇنداقلا دېڭىز سۈيى بىلەن دېڭىزلاردىكى ئورگانىزملارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئوكيانىيە** ئى [ر< گىرېك] <جۇغ> تىنچ ئوكياندىكى كۆپ ساندىكى ئاراللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئادەت بويىچە ئۇ ئاۋستراليە ھەم يېڭى زېلاندىيە، مىكرونېزىيە، پولىنېزىيە ۋە مېلانېزىيەدىن ئىبارەت تۆت قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئوڭ** ① سۈپ. گەۋدىنى قاق ئوتتۇرىدىن تارتىپ چاتىراققىچە تەڭ ئىككىگە بۆلگەندە، جىگەر جايلاشقان تەرەپتىكى، شۇ تەرەپكە جايلاشقان: ئوڭ كۆز. ئوڭ قۇلاق. ئوڭ كۆكسى. ئوڭ پۇت. * مەن ئوڭ ھەم سولغا قارىدىم، ئەمما ئۇ كۆرۈنمىدى. ② ئى. ئويغاق، ساق تۇرغان: ئابدۇللا بۇلارنىڭ يا چۈشى، يا ئوڭى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدى. ③ ئى. رەخت، كىگىز ـ پالاس ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يەرگە سېلىنىدىغان، كىيىلىدىغان ياكى بىرەر جايغا قويۇلىدىغان نەرسىلەرنىڭ رەڭگى ئوچۇق، قېنىق تەرىپى، ئالدى تەرىپى: رەختىنىڭ ئوڭى. داستىخاننىڭ ئوڭى. كىيىمنىڭ ئوڭى. ④ سۈپ. توغرا، مۇۋاپىق، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ئەقلىغا سىغىدىغان، ئورۇنلۇق، چاتاق ـ كاشىلىدىن خالىي: پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ (ماقال). ⑤ سۈپ. ئەقىل ـ ھوشى جايىدا، ئەقىللىق، زېرەك، ئىشنىڭ يولىنى، ئېپىنى بىلىدىغان، تىل ئۇقىدىغان؛ كاج ۋە جاھىل ئەمەس: ساراڭنىڭ ئوڭى يوق، پاشىنىڭ قوڭى (ماقال). ⑥ سۈپ. پارلاق، كۆڭۈلدىكىدەك، ئوبدان، ياخشى: ــ مەن دېمىدىممۇ... ــ دەپ ياپىراپلا كەتتى ئۇ، ــ بىچارە قىزىمنىڭ تەلىيى ئوڭ ئىكەن.

**ئوڭ بايان** <ئەد> ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ۋەقەلىك ۋە ۋەقەلىكلەر تەرەققىياتىنىڭ ئالدى ـ كەينىلىك تەرتىپى، يەنى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى.

**ئوڭ تاناسىپ** <مات> ئىككى مىقدارنىڭ بىرى (a) بىرقانچە ھەسسە چوڭايسا (ياكى كىچىكلىسە)، ئىككىنچى بىر مىقدار (b) مۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئوخشاش ھەسسە چوڭايسا (ياكى كىچىكلىسە)، بۇ ئىككى مىقدارنىڭ ئۆزگىرىش مۇناسىۋىتى ئوڭ تاناسىپ دېيىلىدۇ ۋە $b \propto a$ قىلىپ يېزىلىدۇ. بەزىدە قىسقىچە ئوڭ نىسبەتمۇ دېيىلىدۇ.

**ئوڭ كۆزدە قارىماق** توغرا، ئادىل مۇئامىلىدە بولماق؛ مېھرىبانلارچە ياخشى مۇناسىۋەتتە بولماق؛ ياخشىلىق قىلماق: دېمىسىمۇ، ئاشۇ تاش يۈرەك تەقدىر بۇ مۆمىن دېھقان ئائىلىسىگە ئوڭ كۆزدە قارىمىغان.

**ئوڭ نىسبەت** <مات> a سانىنىڭ b سانىغا بولغان نىسبىتى ئوڭ نىسبەت دېيىلىدۇ.

**ئوڭ يۈرەك دالانچىسى** <ئانات> يۈرەكنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ ئۈستۈنكى ئوڭ تەرىپىدىكى بوشلۇق.

**ئوڭ يۈرەك قېرىنچىسى** <ئانات> يۈرەكنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ ئاستىنقى ئوڭ تەرىپىدىكى بوشلۇق.

**ئوڭ يۈز** بورىچىلىقتا بورىنىڭ قومۇشنىڭ سىرتى (سىلىق تەرىپى) كەلتۈرۈلگەن يۈزى.

**ئوڭاي** سۈپ. قىيىن، مۈشكۈل ئەمەس؛ ئاسان: ئوڭاي ئىش. ئوڭاي مەسىلە. // ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان مەسىلىلەر ئوڭاي يېشىلىپ، ئېنىق ھەل بولاتتى.

**ئوڭايسىز** سۈپ. ئوڭاي بولمىغان، نامۇۋاپىق، خىجالەتلىك، بىئەپ؛ قىيىن، تەس، مۈشكۈل: پەرھات ئوڭايسىز ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاينىساغا گەپمۇ قىلماي، ئارقىسىغا يېنىپ چىقىپ كەتتى.

**ئوڭايسىزلاندۇرماق** «ئوڭايسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خىلۋەتتىكى بۇ چۈغلۇقنىڭ گېپى مېنى قاتتىق ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى.

**ئوڭايسىزلاندۇرۇشماق** «ئوڭايسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئوڭايسىزلانماق** پ. بىرەر ئىش ياكى ئەھۋالغا قارىتا ئوڭايسىزلىق، مۈشكۈللۈك، بىئەپلىك ھېس قىلماق، تەسچىلىكتە قالماق، قىيىن ھېس قىلماق: سەن مېنىڭ گېپىمگە

شۇنداق كۇلدۇڭكى، مەن ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ قالدىم.

**ئوڭايسىزلىق** ئى. ئوڭايسىزلانغان، بىئەپ ھالەت، خىجالەتچىلىك: ماھىرە ھاكىمنىڭ چىرايىدىكى ئوڭايسىزلىقنى كۆرۈپ قاقاھلاپ كۇلۇشتىن توختىدى.

**ئوڭايلاشتۇرماق** «ئوڭايلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئېلىپ كەلگەن ماشىنا نۇرغۇنلىغان مۇشكۇل ئىشلىرىمىزنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بەردى.

**ئوڭايلاشتۇرۇشماق** «ئوڭايلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئوڭايلاشتۇرۇلماق** «ئوڭايلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىشلار ئەمدى ئىزىغا چۈشۈپ ئوڭايلاشتۇرۇلۇشقا باشلىغانىدى. ئويلىمىغان يەردىن يەنە پېشكەللىك يۈز بەردى.

**ئوڭايلاشماق** پ. مۇشكۇل، تەس، قىيىن ھالەتتىن ئاسان، ئوڭاي ھالەتكە كەلمەك، ئوڭاي بولماق: ھازىر سىرتقا چىقىپ ئىش بېجىرىش ئوڭايلاشتى.

**ئوڭايلىق** ئى. قىيىن، مۇشكۇل بولمىغان ھالەت، ئاسانلىق: تەشكىل ئىككىلىمىزنى ناھىيە بازىرىغا يۆتكەپ كېلىپ تۇرمۇشىمىزغا تېخىمۇ ئوڭايلىق يارىتىپ بەردى.

**ئوڭايلىقچە** رەۋ. ئوڭايلا، ئوڭايلىق بىلەن، ئاسانلا: ئەدھەم گېپىدىن ئوڭايلىقچە يانمايتتى.

**ئوڭ ـ تەتۈر** ئوڭ ۋە تەتۈر؛ كەلسە ـ كەلمەس، قالايمىقان: زىۋىرشا ئوڭ ـ تەتۈر ۋارقىراشقا باشلىدى.

**ئوڭ ـ تەتۈرنى بىلمەك** ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتمەك، ياخشى ـ ياماننى ئايرىماق.

**ئوڭ ـ تەتۈرىنىڭ تايىنى يوق** ئوڭ دېسە ئوڭ ئەمەس، تەتۈر دېسە بەك تەتۈر ئەمەس، ساراڭ قېتىش؛ دۆت.

**ئوڭتەي ـ توڭتەي** قالايمىقان، رەتسىز، بىسەرەمجان، ئاستىن ـ ئۈستۈن: ئوڭتەي ـ توڭتەي بولماق. ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلماق.

**ئوڭچە** رەۋ. باشقىلارنى شېرىك قىلماي، ئارىلاشتۇرماي؛ ئۆز ئالدىغا، ئۆزى خالىغان تەرزدە، ئايرىم ھالدا: قېنى، ماڭا بىرنى قوي! ئۆزۈم ئوڭچىلا بىرنى ئىچەي!

**ئوڭچى** ئى. سىياسىي پارتىيە، تەشكىلات ياكى گۇرۇھلاردىكى سىياسىي جەھەتتە كونسېرۋاتىپ بولغان ئەكسىيەتچىل ئېقىمغا تەۋە كىشى.

**ئوڭچىل** سۈپ. ئوڭچىلارغا خاس، ئوڭچىلارغا مايىل، ئوڭچىلارنى ياقلايدىغان: مەن ئۇنىڭدا ئوڭچىل خاھىش بارلىقىنى ھېس قىلدىم.

**ئوڭچىللىق** ئى. ئوڭچىلارغا خاس خاھىش، گەپ ـ سۆز، ھەرىكەت: كېيىن ئۇ ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش ۋاقتىدا يېزىغا ھەيدەلدى.

**ئوڭخاي** سۈپ ① ئوڭ، بەدەننىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئەزالارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان (كىيىدىغان نەرسىلەر ھەققىدە): ئوڭخاي ئاياغ. ② قول بىلەن قىلىنىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتلەردە ئوڭ قولىنى كۆپرەك ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن، شۇنداق ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئوڭ قولى بىلەن قىلىدىغان: ئوڭخاي بالا.

**ئوڭدا** رەۋ. يۈزى، ئالدى تەرىپى يۇقىرىغا قاراپ تۇرغان، دۈمبىسى، ئارقا، كەينى تەرىپى يەرگە ياكى يەر بىلەن پاراللېل تەكشىلىككە تېگىپ تۇرغان ھالەتتە: ئۇ ئۆرۈلۈپ ئوڭدا بولۇپ، ئاسمانغا قاراپ خىيالغا پاتتى.

**ئوڭدا چۈشمەك** مەغلۇپ بولماق، يېڭىلمەك؛ خاراب بولماق، ۋەيران بولماق: — ئەپلەپ ئىش تۇت، بولمىسا ھېلىقى ھېكىم دېگىنى يامان نېمە، ئوڭدا چۈشمە يەنە، — دېدى ئۇ ئەخمەتكە نەسىھەت قىلىپ.

**ئوڭدا قويماق** زىيانغا ئۇچراتماق؛ مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يول قويماسلىق: ئۇنىڭ مەقسىتى دېھقاننى تويدۇرۇش ئەمەس، ئۆزىنىڭ شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇش ئىكەن، لېكىن ئايخان ئۇنى قاتتىق بىر ئوڭدا قويدى.

**ئوڭدا ياتماق** ئىش ـ ئوقەت قىلمايلا بىكار يۈرمەك: ئوڭدا ياتقان گىردە يەپتۇ، كەتمەن چاپقان جىگدە يەپتۇ (ماقال).

**ئوڭدا ـ دۈمدە** ئاستىن ـ ئۈستۈن، ئوڭدا ھەم دۈمدە: ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، ئۆي ئوڭدا ـ دۈمدە بولۇپ چۆرگۈلەۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

**ئوڭشاتماق** «ئوڭشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قەيسەر يېقىن ئەتراپتىكى رېمونتخانىدا ماشىنىسىنى ئوڭشىتىپ بولۇپلا بەختىنۇرغا تېلېفون ئۇردى.

**ئوڭشاشماق** «ئوڭشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ياشلار بوۋاينىڭ ئۆنىمىگىنىگە قارىماي بىللە بېرىپ، ھارۋىسىنى ئوڭشىشىپ بەردى.

**ئوڭشالماق** ① «ئوڭشىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ ماشىنىسى يېرىم سائەتتە ئاران ئوڭشالدى. ② «ئوڭشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: — خېلى ئوڭشىلىپ قالدىلىمۇ؟ — دېدى ئۇ ھېلىقى كېسەلدىن ئەھۋال سوراپ.

**ئوڭشىماق** پ ① بۇزۇلغان نەرسىلەرنى رېمونت قىلىپ تۈزىمەك، ساق، نورمال ھالىتىگە كەلتۈرمەك: ئادىل ئوتتۇن يارىتتى، بۇزۇلغان نەرسە ـ كېرەكلەر بولسا ئوڭشايتتى. ② رەتسىز، قالايمىقان نەرسە ياكى ھالەتنى رەتلىمەك، رۇس ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ ياخشىلىماق: بىرنەچچە كۈنلۈك جاپالىق كۈرەشتىن كېيىن قالايمىقانچىلىق ئاساسىي جەھەتتىن ئوڭشالدى. ③ ئىش ـ ھەرىكەت ياكى گەپ ـ سۆزدىكى ناتوغرىنى توغرىلىماق، تۈزەتمەك، مۇۋاپىقلاشتۇرماق: ئۇ قىزنىڭ رايىنى ياندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن دەرھاللا تەلەپپۇزىنى ئوڭشىۋالدى. ④ كۆچمە. ناچار، يامان ھالەتنى ياخشىلىماق، غەم، قايغۇدىن خالاس قىلماق: ئۇنىڭغا ئازراق ياردەم قىلايلى، ئۆزىنى ئوڭشىۋالسۇن. ⑤ تىنچلاندۇرماق، ياخشىلىماق، يامان، پايدىسىز تەرەپكە مېڭىشتىن توسماق، ياخشى تەرەپكە بۇرىماق: بىز ۋەزىيەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوڭشاپ، زور ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالدۇق.

**ئوڭغايماق** پ. دىيال. ئاغرىق ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئورۇقلاپ، ماغدۇرسىزلىنىپ كەتمەك، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتمەك.

**ئوڭغۇل** ئى. دىيال. پالتا، كەتمەن قاتارلىقلارنىڭ ساپ ئورنىتىدىغان ئورنى.

**ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل** ئاستىن ـ ئۈستۈن، ئېگىز ـ پەس، تەكشى ئەمەس، ئوي ـ دوڭغۇل: كەلكۈن سۈيى يولنى يالاپ، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل قىلىۋەتكەنىدى.

**ئوڭلاتماق** «ئوڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى:

ئايغىمىنىڭ چۈشۈپ قالاي دەپ قالغان پاشىنىسىنى ئوڭلىتىۋېلىش ئۈچۈن موزدۇز ئىزدەپ ئەتراپقا قاراشقا باشلىدىم.

**ئوڭلاشتۇرماق** پ. ئوڭلاش، تۈزەش قاتارلىق ئىشلارنى قىلماق: سادىق ئوغۇت خالتىلىرىنى ئوڭلاشتۇرۇپ بولۇپ، كوزۇپتىن يەرگە قايتىپ چۈشتى.

**ئوڭلاشماق** «ئوڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: چارچاپ كەتكىنىمىزگە پىسەنت قىلماي، ھەممىمىز بىرلىكتە ئەركىننىڭ ماشىنىسىنى ئوڭلىشىپ بەردۇق.

**ئوڭلانماق** ① «ئوڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: سىز بازارنى بىر ئايلىنىپ كېلىڭ، كاجىنى بازار ئوڭلايدۇ دېگەن گەپ بار، ئوڭلىنىپ كېلەرسىز، ئاڭغىچە مەن قاراپ تۇراي. ② «ئوڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ خېلى ئۇزاق تىركىشىشى نەتىجىسىدە ۋېلسىپىت ئاخىر ئوڭلاندى.

**ئوڭلۇق** سۈپ. ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان، توغرا ئىش قىلىدىغان ھەم خۇشخۇي، ئەقىللىق، گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكىتى بىلەن كىشىنى مايىل قىلىدىغان: بۇ تېۋىپ ھەققە ـ تەنمۇ پەم ـ پاراسەتلىك ۋە بەكمۇ ئوڭلۇق بىر كىشى ئىدى.

**ئوڭلىماق** پ ← **ئوڭشىماق:** ئاخۇن بەگ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇن سەر كۈمۈش تەڭگە قويۇپ: «چىڭگاڭ خوجامغا ئۆزلىرى بىرنىمە دەپ، بۇ ئىشنى ئوڭلاپ قويۇرلا» دېدى.

**ئوڭماس** سۈپ. دىيال. ئىلگىرى كەلمەس، ئىشى ئوڭغا تارتماس، پالاكەت بېسىش، تەلەيسىزلىك.

**ئوڭماق** پ. جان ت. ئوڭۇشلۇق بولماق؛ ياخشىلانماق، راۋاجلانماق، ئوڭلانماق، كۆڭۈلدىكىدەك بولماق: ئەتىگەن ئوڭمىغان كەچ ئوڭماس (ماقال).

**ئوڭۇش** ئى. مۇۋەپپەقىيەت، نەتىجە؛ روناق؛ يول، ئەپ: ئوڭۇش تاپماق.

**ئوڭۇشسىز** سۈپ. ئوڭۇش تاپمىغان، ئوڭۇشلۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغان ياكى بولمايدىغان، نەتىجىسىز، پايدىسىز؛ نامۇۋاپىق: ئوڭۇشسىز ئىش.* — بىز ئەمدى ئىشنىڭ ئوڭۇشسىز تەرىپىنىمۇ كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ باقايلى، — دېدى ئۇ سەل توختەۋېلىپ.

**ئوڭۇشسىزلىق** ئى. ئوڭۇش تاپماسلىق، مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك: بىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىساڭ، بىر ئەقىل تاپىسەن (ماقال).

**ئوڭۇشلۇق** سۈپ. مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان، مۇۋەپپەقىيەتلىك، نەتىجىلىك؛ كۆڭۈلدىكىدەك، جايىدا؛ ياخشى؛ پايدىلىق: — ئىشلىرىڭ ئوڭۇشلۇق بولغاندۇ؟ — سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن. // ئۇ ئۆزىچە بىرنېمىلەرنى پىچىرلاپ خۇدادىن ئۆز سودىسىنى ئوڭۇشلۇق قىلىشنى تىلەيتتى.

**ئول** ئال. يېزت. «ئۇ» ئالمىشىنىڭ قەدىمكى چاغدىكى فونېتىكىلىق ھالىتى ۋە شەكلى بولۇپ، مەنىسى ھازىرقى «ئۇ» سۆزى بىلەن ئوخشاش: ئول قۇش ئۇچۇپ كەلگەن پېتى شاھ ئادىلنىڭ بېشىغا قوندى.

**ئولاشتۇرماق** «ئولاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر ئۆلاغ ئوتۇن قېشىغا مىڭ كىشىنى ئولاشتۇرۇپ، ئۆرلىتىپ نەرخىنى ھەم ماجىراغا قويىدۇرغان سوغۇق.

**ئولاشتۇرۇلماق** «ئولاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئولاش ـ چولاش** ھەممەيلەن بىرلىكتە، كوللېكتىپ ھالدا، توپلاشقان پېتى: قىمارۋازلار ئولاش ـ چولاش كېلىپ بىر پارچىدىن گۆش يەپ، بىردەم پاراڭ سېلىشقاندىن كېيىن تارقاپ كېتىشتى.

**ئولاشماق** پ ① يىغىلماق، توپلاشماق: ئاياللار يىگىتنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ يۈزلىرىدىن چۈمبەردىلىرىنى ئېلىشىپتۇ. ② پەيدا بولماق، يېپىشماق: خەتنى ئوقۇغانسېرى ۋۇجۇدۇمغا تىترەك ئولىشىپ، ئۈپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالغاندەك بولدى.

**ئولاق** ئى ① ياغاچتىن ئىچى ئويۇپ ياسالغان كېمە. ② ھايۋانلارغا يەم ـ خەشەك بېرىش، تېرە ئاشلاش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىش ئۈچۈن ياغاچتىن ئىچىنى ئويۇپ ياسىغان ئوقۇر شەكىللىك سايمان: ئولاقتا مال سۇغارماق.

**ئولاڭ** ئى. دىيال. چىغىنىڭ تۈپ تەرىپىدىكى ئاقلىۋېتىلىدىغان يوپۇرماقلىرى.

**ئولان** سۈپ. دىيال. يالغۇز، يەككە، غېرىب، بىچارە؛ ئەركىن، ئىختىيارى.

**ئولپاق** ئى. كىچىك باللارنىڭ قۇلاقچىسى، تۇماق.

**ئولپاڭ** ئى ① ئاغزى كىچىك، تېگى يوغان ھەم چوڭقۇر ئازگال. ② كونىراپ ئۆيلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، ئادەم ئولتۇرمايدىغان خارابىلىك: ئولپاڭ تۆپىسى.

**ئولپان** ئى. دېھقانلاردىن ئېلىنىدىغان تۈرلۈك باج ـ سېلىق: ئولپان تاپشۇرماق. * ئەقىللىق يىگىت شاھلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن پۇقرالار ئۈستىدىكى بارلىق ئورۇنسىز ئولپانلارنى بىر يولى ئېلىپ تاشلاپتۇ.

**ئولتۇراق** سۈپ. ئادەملەرنىڭ دائىملىق ئولتۇرۇشى، ماكان قىلىشى ئۈچۈن تەييارلانغان: ئىدارىمىزدە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيى سېلىنىۋاتىدۇ.

**ئولتۇراقلاشتۇرماق** «ئولتۇراقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يېزا رەھبەرلىرى يېڭىدىن قۇرۇلغان بۇ كەنتكە 4500 ئائىلىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتۇردى.

**ئولتۇراقلاشتۇرۇلماق** «ئولتۇراقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ يەرگە بىنالار سېلىنىپ، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار نۇرغۇن ئائىلىلەر ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى.

**ئولتۇراقلاشماق** پ. مەلۇم بىر يەرنى مۇقىم تۇتۇپ، شۇ يەرگە يەرلىشىپ، ئۆي ـ جاي سېلىپ، شۇ يەردە ياشىماق: ئۇلار بىزنىڭ مەھەللىگە ئولتۇراقلاشتى.

**ئولتۇراقلىق** سۈپ. ماكان تۇتۇپ ئولتۇرغان، جايلىشىپ قالغان: ئۇ شاياڭ دېگەن يەردە ئولتۇراقلىق بولۇپ قالغان.

**ئولتۇرسا ـ قوپسا** ھەمىشە، ھەر دائىم، ھەر ۋاقىت: ئۇ ئولتۇرسا ـ قوپسا ھېلىقى بالىنىڭ غېمىنى يەپ يۈردى.

**ئولتۇرغۇچ** سۈپ. ئادەم ئولتۇرغاندا پۈتۈن بەدەننى تىرەپ تۇرىدىغان ۋە ياكى بۇ خىل ھەرىكەتلەرنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان: ئولتۇرغۇچ سۆڭەك. ئولتۇرغۇچ نېرۋا.

**ئولتۇرغۇچ سۆڭەك** <ئانات> ئادەم ئولتۇرغاندا بەدەننىڭ يۇقىرى قىسمىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان سۆڭەك. ئوڭ ۋە سولدا بىردىن بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ دوۋسۇن

سۆگىكى بىلەن قوشۇلۇپ يانپاش سۆگىكىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**ئولتۇرغۇچ سۆگەك نېرۋىسى** <ئانات> ئادەم بەدىنىدىكى ئەڭ توم ۋە ئەڭ ئۇزۇن نېرۋا، يەنى يۇلۇن نېرۋىلىرىنىڭ تۆۋەنكى مۇچىگە تارقالغان بىر ئۇچى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى تۆۋەنكى مۇچىدىكى ئېگىلمە ھەرىكەتلەرنى ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت.

**ئولتۇرغۇزماق** ① «ئولتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالىنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. ② توي كۈنى قىزنى ئۇرۇق-تۇغقان ياكى يېقىن قوشنىلىرى كۆچۈرۈپ كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا، مەلۇم جايدا دوستلىرى بىلەن كۈتمەك: يۇلتۇز ئۇنى دوستلىرى بىلەن ئۆيىدە ئولتۇرغۇزدى.

**ئولتۇرغۇزۇلماق** «ئولتۇرغۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئولتۇر- قوپ** ئولتۇرغان ھەم ئۆرە تۇرغاننىڭ ھەممىسى، شۇ يەردىكى ھەممە كىشىلەر: يولداش سادىقنىڭ باشلامچىلىقىدا ئولتۇر - قوپ ھەممىسى جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلمىغان بولسا بۇ بۇغدايلار بولمىغان بولاتتى.

**ئولتۇرماق** پ ① ئۆرە تۇرماي يەر، ئورۇندۇق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر جاي ياكى نەرسىگە ساغرىسىنى چاپلاپ جايلاشماق، ئورۇنلاشماق: ئۇلار ئېگىز ھەم بۈك - باراقسان بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ② كۆچمە. ھېچ ئىش قىلماي ۋاقىتنى بوش ئۆتكۈزمەك، بىكار تۇرماق: قاسىم ئۆيگە كىرگەندە خوتۇنى ئىشتىن كېلىپ كىنوغا ئالدىرىغاچقا، تاماقمۇ ئەتمەي ئولتۇرغانىدى. ③ كۆچمە. بىرەر جايغا بېرىپ ياكى يىغىلىپ مۇگدىشىدىغان، پاراڭلىشىدىغان، ساز چېلىپ، زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ كۆڭۈل ئاچىدىغان ئىشنى قىلماق، شۇنداق پائالىيەتكە قاتناشماق: يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن ھەممەيلەن يىغىلىپ تۇرسۇننىڭ ئۆيىدە ئولتۇردۇق. ④ كۆچمە. بىرەر ئورۇننى ماكان تۇتۇپ ئورۇنلاشماق، جايلاشماق، ھايات كەچۈرمەك، ياشىماق: — سىلى قەيەردە ئولتۇرىدىلا ؟ — دەپ سورىدى ئالىم. ⑤ تۈرلۈك قاتناش قوراللىرىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشماق، چىقماق: بىز پويىزغا ئولتۇرۇپ بېيجىڭغا باردۇق. ⑥ تاغ ياكى ئېگىزلىكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كۆرۈنمەي قالماق، پاتماق (ئاي، كۈن قاتارلىقلار ھەققىدە): كۈن ئولتۇردى. ⑦ كۆچمە (ھوقۇق - ئەمەل ياكى تەخت قاتارلىقلارغا) چىقماق، بەلگىلەنمەك، تەيىنلەنمەك: ئۇ چوقۇم سوت باشلىقلىقىدىنمۇ يۇقىرىراق مەنسەپكە ئولتۇرۇشى كېرەك ئىدى، ئۇنىڭغا ئۇۋال بوپتۇ. ⑧ ئومۇمەن ئىزىدا جىمىراق تۇرۇپ ئېلىپ بېرىلىدىغان بىرەر ئىش - ھەرىكەتكە تۇتۇش قىلماق، شۇنداق پائالىيەتنى باشلىماق: ئۇلار تاغدىن چۈشتى، ھەممىمىز بىرلىكتە تاماققا ئولتۇردۇق. ⑨ كۆچمە. قونماق: بىر جۈپ تۇمۇچۇق كېلىپ بۇلۇڭدىكى ئانارنىڭ شېخىغا ئولتۇردى. ⑩ كۈتمەك، ساقلىماق؛ ياتلىق بولماي تۇرماق (ئاياللار ھەققىدە): ئەقىدە ئۈچۈن ئون تۆت يىل ئولتۇرۇش قىز بالا ئۈچۈن ئوڭايمۇ؟ ⑪ تۈس ياردەمچىسى رولىدا پېئىلنىڭ چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن مەنىنى تەكىتلەش، تېخىمۇ كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ: ئۇ بالا ھەدەپ ئويۇنچۇقنى ئويناپ ئولتۇراتتى.

**ئولتۇرالماي قالماق** ئومۇمەن ئۆزىنىڭ نورمال روھىي ھالىتىنى يوقىتىپ ھەددىدىن ئارتۇق جىددىيلەشمەك: مەن ھاياجانلىنىپ ئولتۇرالماي قالدىم. * ئۇلارنىڭ ئۇچىلىسى ئولتۇرالماي قالدى.

**ئولتۇرۇپ قالماق** يېشى چوڭىيىپ كەتسىمۇ ئېرىدە لايىق چىقماي تۇرۇپ قالماق (قىزلار ھەققىدە): ئۇنىڭ پۈتى توكۇر بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى باشقا سەۋەبلىرى بارمۇ، ئىشقىلىپ، ھازىرغىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

**ئولتۇرۇش** بىرنەچچەيلەن بىرلىكتە ئولتۇرۇپ كۆڭۈل ئېچىش ياكى ئويۇن - تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان زىياپەت، چاي: ئۇلار بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن بىر دوستىنىڭ ياتىقىدىكى ئولتۇرۇشتا تونۇشۇپ قالغانىدى.

**ئولتۇرۇشاڭغۇ** سۈپ. ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ئولتۇرۇشۇپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان: ئولتۇرۇشاڭغۇ كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرى قىزارغان بۇ كىشى دەل بىز ئىزدەۋاتقان كىشىنىڭ ئۆزى ئىكەن.

**ئولتۇرۇشلۇق** سۈپ. ئولتۇرىدىغان ماكان تۇتۇپ ياشاپ كېلىۋاتقان، ھايات كەچۈرۈۋاتقان: ئۇ تاشۋايىنى ئارىيار مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق قىزنىچى — شىرمەھەممەتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردى.

**ئولتۇرۇشما** سۈپ. ئولتۇرۇشاڭغۇ.

**ئولتۇرۇشماق** ① «ئولتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② ئەسلىي ئورنىدىن چۆكۈپ، تۆۋەنلەپ، پەسلەپ كەتمەك، ئۆزلۈكىدىن پەسلىمەك؛ ئىچىگە كىرىپ كەتمەك: بۇ قەبرە بەك ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ.

**ئولجا** ئى ① ئۇرۇش - جەڭلەردە قارشى تەرەپتىن تارتىۋېلىنغان، غەنىيمەت ئېلىنغان بۇيۇم، نەرسە: ئولجا ئالماق. ② شىكار، ئوۋغا چىققاندا ئوۋلىغان نەرسە، ئوۋ.

**ئولجىلىق** سۈپ. ئولجا ئالغان، ئولجىغا ئېرىشكەن.

**ئولچى** ئى. تارىس. قەدىمكى ئۇيغۇر خانىدانلىقلىرىدىكى بىر خىل ئەمەل نامى.

**ئولغام** ئى. تۈگمەنچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان، چىمچىلاق قولدەك ياغاچقا چىگىلگەن، يەمنى ئازايتىش ياكى كۆپەيتىش رولىنى ئوينايدىغان تانا يىپ.

**ئولغۇما** ى. دىيال. بۇرما. بۇرىغۇچ.

**ئولغماچ** ئى. دىيال. باغلانغان ئارغامچا ياكى سىمنى چىڭىتىش ئۈچۈن ئارىسىغا قىستۇرۇپ تولغايدىغان كالتەك.

**ئولۇماق** پ. دىيال. تولغىماق، ھىمىرمەك، بارماق بىلەن چىمدىماق.

**ئولىگارخىيە** ئى [ر< گىرېك] <پەلس> ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلار ھەممىنى كونترول قىلىدىغان بىر خىل سىياسىي تۈزۈم.

**ئولىمپىك** سۈپ [ر] <تەن> خەلقئارالىق ئۇنىۋېرسال تەنھەرىكەت مۇسابىقە يىغىنى. قەدىمكى گىرېتسىيەنىڭ ئولىمپىيە كەنتىدىكى ماھارەت مۇسابىقىسىدىن كېلىپ چىققان. ھازىرقى زامان 1 - نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى 1896 - يىلى گىرېتسىيەدىكى ئافىنادا ئۆتكۈزۈلگەن، ھەر تۆت يىلدا بىر نۆۋەت ئۆتكۈزۈلىدۇ، قىشلىق تەنھەرىكەت

تۈرلىرىنىڭ مۇسابىقىسى ئايرىم ھالدا قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئوم** مىق [ر< نېم] <فىز> ئېلېكتىر قارشىلىق بىرلىكى. ئۆتكۈزگۈچتىكى ئېلېكتىر بېسىمى 1 ۋولت، ئۇنىڭدىن ئۆتكەن توك 1 ئامپېر بولغاندا، ئۆتكۈزگۈچنىڭ قارشىلىقى 1 ئوم بولىدۇ. بۇ بىرلىك گېرمانىيە فىزىكا ئالىمى ئوم (Georg Simon Ohm) نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن.

**ئومارتا** ئى. ھەسەل ھەرىسى باقىدىغان ساندۇق.

**ئوماق** سۈپ. چىرايلىق ھەم يېقىملىق، كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان، كىشىنى جەلپ قىلىدىغان: ئوماق بالا. * ئاسمىنىڭ قىزى ئۆزىگە ئوخشاش ناھايىتى ئوماق چوڭ بوپتۇ.

**ئوماقلاشتۇرماق** «ئوماقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ كىيىم ئادىلەنى تېخىمۇ ئوماقلاشتۇرۇۋەتكەنىدى.

**ئوماقلاشماق** پ. ئوماق، چىرايلىق ھالەتكە كەلمەك، چىرايلىقلاشماق: يىغىدىن كۆزلىرى قىزارغان لەيلىگۈل تولىمۇ ئوماقلىشىپ كەتكەنىدى.

**ئوماقلىق** ئى. كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان چىرايلىق، ئوماق كۆرۈنۈش، يېقىملىق سىياق: ئۇنىڭدىن بىر خىل نازۇكلۇق ۋە ئوماقلىق چىقىپ تۇراتتى.

**ئومۇت** ئى [ ئە ] تارس. قەدىمكى بىر خىل جەڭ قورالى. ئادەتتە سېپى، تاۋۇزغا ئوخشاش يۇمىلاق بېشى ھەم بېشىدا ئۇچلۇق مىخلىرى بولىدۇ.

**ئومۇرتقا** ئى <ئانات> ئادەم ۋە ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار دۈمبە قىسمىنىڭ ئاساسىي تىرىكى. ئادەمدە 33 تال ئومۇرتقا سۆڭىكى بولۇپ، خۇددى تۇۋرۇككە ئوخشاش تۇرىدۇ. ئارقا تەرىپىنىڭ مەركىزى ۋە ئوتتۇرىسىدا بىر نەيچىسى بولۇپ، ئومۇرتقا كانىلىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە يۇلۇن تۇرىدۇ.

**ئومۇرتقىسىز** سۈپ. ئومۇرتقىسى يوق، ئومۇرتقىغا ئىگە ئەمەس: ئومۇرتقىسىز ھايۋانلار.

**ئومۇرتقىسىز ھايۋانلار** <زوئول> تېنىدە ئومۇرتقا سۆڭىكى يوق بولغان ھايۋانلار. تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، پىروتوزوئا، دېڭىز بۇلۇتى تىپىدىكىلەر، كاۋاك ئىچلىكلەر، سازاڭسىمانلار، يۇمشاق تەنلىكلەر، بوغۇم ئاياغلىقلار ۋە تىكەن تېرىلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئومۇرتقىلىق** سۈپ. ئومۇرتقىسى بار، ئومۇرتقىغا ئىگە: ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار.

**ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار** <زوئول> تېنىدە ئومۇرتقا سۆڭىكى بولغان ھايۋانلار.

**ئومۇم** ئى [ئە] كۆپچىلىك، كوللېكتىپ؛ ھەممە: ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى، تەبىئىيكى، ئىشچىلار ياكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئومۇم ئېتىراپ قىلغان ۋەكىللىرى.

**ئومۇم گۈل رېتى** <بوت> گۈل رېتىنىڭ بىر خىلى. ئۇنىڭ گۈل ئوقى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان ساپاقلىق گۈللەر بولىدۇ. مەسىلەن، شەرق نەرگىسگۈلى ۋە كىرىست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ ساندىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈل رېتىگە ئوخشاش.

**ئومۇمەن** رەۋ [ئە] ئاساسىي جەھەتتىن، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا: ئوكۇل ئومۇمەن بالىغا زىيانلىق ئەمەس ئىدى، ئايال ماڭا رەھمەت ئېيتىپ، بالىنى يۆگەپ قايتىپ كەتتى.

**ئومۇمچىل** سۈپ. ئومۇمنى نەزەردە تۇتىدىغان، ئومۇمغا مايىل بولغان، ئومۇمىيەتچىل: ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار قانۇن - ئىنتىزامغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشى، ئۆزىنى قاتتىق ئىدارە قىلىشى، شەخسىيەتچىلىكنى تۈگىتىپ، ئومۇمچىل بولۇشى لازىم.

**ئومۇمچىللىق** ئى. ئومۇمنى نەزەردە تۇتۇش، ئومۇمغا مايىل بولۇش خاھىشى ۋە شۇنداق روھ.

**ئومۇملاشتۇرماق** ① «ئومۇملاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بۇ يېڭى ئۇرۇقلۇقنى يېزا بويىچە ئومۇملاشتۇرۇشنى قارار قىلغانىدى. ② <لوگ> شەيئىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بىر نۇقتىغا يىغىنچاقلىماق.

**ئومۇملاشتۇرۇشماق** «ئومۇملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۇ كەنتنىڭ تەجرىبىسىنى يېزا بويىچە ئومۇملاشتۇرۇشتى.

**ئومۇملاشتۇرۇلماق** «ئومۇملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئالدى بىلەن ئۈرۈمچى تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرۇلدى.

**ئومۇملاشماق** پ. خەلق ئارىسىغا، ئومۇمنىڭ ئىچىگە كەڭ تارقالماق؛ ئومۇمنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىپ قوللىنىشىغا، دائىملىق ھەرىكەتلىرىگە تەتبىقلىنىشىغا ئېرىشمەك: بۇ مەدەنىيەت ھەرىكىتى ئۇ چاغدا تېخى ئىشچى - دېھقانلار ئاممىسى ئارىسىغا ئومۇملىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس ئىدى.

**ئومۇملۇق** ئى. ئومۇمغا تەئەللۇق بولۇش، ئومۇمغا مەنسۇپلۇق: مەن ئۇنىڭ بۇ خىل كەمتەر، ئومۇملۇقنى كۆزدە تۇتۇش روھىدىن يەنە بىر قېتىم تەربىيە ئالدىم.

**ئومۇمىي** سۈپ [ئە] ① پۈتكۈل خەلققە، ئومۇمغا ئورتاق بولغان، كۆپچىلىكنى، ئومۇمنى ياكى شۇلارنىڭ مەسىلىلىرىنى ئۆزىگە ئوبيېكت قىلغان: ئومۇمىي يىغىن. ② جەمئىي؛ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، يىغىندى: بۇ يىلقى ئومۇمىي كىرىمىڭىز قانچىگە يەتكەندۇ؟ ③ ئومۇمىيۈزلۈك: ئەمەت ئومۇمىي مۇداپىئەگە مەسئۇل ئىدى.

**ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش** <قا> دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئەھۋال ياكى مۇكاپاتلاش، جازالاش توغرۇلۇق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ياكى خادىملارغا ئومۇمىيۈزلۈك ئۇقتۇرۇش قىلىش يۈزىسىدىن چىقارغان ھۆججەتتى.

**ئومۇمىيەت** ئى [ئە] ← **ئومۇملۇق**: بىز ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ خەلقىمىز ئومۇمىيەتنى ھېسابقا ئالىدىغان، ئىنتىزامچان خەلق.

**ئومۇمىيەتچىل** سۈپ. ئومۇمنى نەزەردە تۇتىدىغان، ئومۇمغا مايىل بولغان، كۆپچىلىك تەرەپتە تۇرىدىغان: — خەلق بىزنىڭ ئومۇمىيەتچىل بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ، — دېدى باشلىق سادىقنىڭ قولىنى سىقىپ.

**ئومۇمىيلىق** ئى. ئومۇمىي ئەھۋال، ئومۇمىي ۋەزىيەت، ئومۇمىي كەيپىيات: ئۇلار ئومۇمىيلىقنى ئاساس قىلىپ، دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، تۈرلۈك زىرائەتلەرنىڭ تېرىلغۇ پىلانىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى.

**ئومۇمىيۈزلۈك** سۈپ [ئومۇم + يۈزلۈك] ھەممىنى، بارلىقىنى نەزەرگە ياكى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ بارلىق، پۈتۈنلەي: ئومۇم-

يۇزلۇك تەربىيە.* ئۇ ھەرقانچە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، بۇنى ئومۇمىيۈزلۈك ئادەتكە ئايلاندۇرالمىدى.

**ئومۇمىيۈزلۇكلۇك** ئى. ھەممىنى، بارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىق ياكى شۇنداق ھالەت: ئىدىيە — مەدەنىيەت تەركىبلىرىنى داۋاملىق يېڭىلاپ ۋە تولۇقلاپ، ئۇنىڭ ئىلغارلىقىنى، ئومۇمىيۈزلۈكلۈكىنى، پۈتۈن مىللەت تەركىبىدىكى جەلپ قىلىش ھەم ئۇيۇشتۇرۇش قۇدرىتىنى ھەمىشە ساقلىيالايدىغان بولۇشى زۆرۈر.

**ئومۇندۇرماق** «ئومۇنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كېلىدۇ يىراقلاردىن شوخ ناخشىلار، قانچىلاپ غۇنچىلارنى ئومۇندۇرۇپ.

**ئومۇنماق** پ. ئارزۇ قىلماق، تەمە قىلماق، ئۈمىد قىلماق: — بالام، ئومۇنۇپ قالما، ئۇ يەردىن ھېچنېمە ئېلىپ كېلەلمىدىم، — دېدى ئاپىسى بالىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ.

**ئومۇنۇشماق** «ئومۇنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئون** سان <مات> توققۇزدىن كېيىن ئونبىردىن بۇرۇن كەلگەن پۈتۈن سان ۋە بۇ ساننى ئىپادىلىگەن «10» رەقىمى؛ توققۇزغا بىرنى قوشقاندا ھاسىل بولغان مىقدار: ئون ئىتتىن بىر بۆرە ياخشى (ماقال).

**ئون بېشى بولسىمۇ** ← **ئون جېنى بولسىمۇ**: ئون بېشىڭ بولسىمۇ، سەندىن قورقۇپ قېچىپ قالمايمەن.

**ئون جېنى بولسىمۇ** ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، كۈچى ناھايىتى زور بولسىمۇ: قېنى، بۇزۇپ باقە، ئەگەر بۇزىدىغان بولساڭ، ئون جېنىڭ بولسىمۇ، بۇ يەردىن ساق چىقىپ كېتەلمەيسەن.

**ئون جېنىنىڭ بىرى قالماق** بەك ماغدۇرسىزلىنىپ چارچاپ كەتمەك، ھالىدىن كەتمەك، ئارانلا جېنى قالماق: — ئۇنى بىر دېمىسىلە، — دېدى خۇرشىدىخان قوللىرىنى بېلىگە تىرەپ، — ئون جېنىمنىڭ بىرسى قالدى.

**ئون سەككىز مىڭ ئالەم** پۈتۈن دۇنيا، جىمى ئىقلىم، پۈتۈن ئالەم: — ھەممىدىن كۆڭۈل ئىتتىك، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى ئايلىنىپ چىقالايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىز.

**ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان** ياپياش؛ بېشىدىن ھېچقانداق ئىش ئۆتمىگەن، ھاياتقا ئەمدىلا كۆز ئاچقان: — ئادەم دېگەندە ئارزۇ - ھەۋەس بولىدۇ ئەمەسمۇ، مەن تېخى ياش، ئون گۈلۈمنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىدى، — دېدى ئۇ نارازىلىق بىلدۈرۈپ.

**ئونلار خانىسى** <مات> پۈتۈن ساننىڭ خانىسى، يەنى بىرلەر خانىسىدىن باشلاپ سولغا قاراپ سانىغاندا ئىككىنچى خانە.

**ئون ئىككى مۇقام** <مۇز> ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن چوڭ تىپتىكى ئەنئەنىۋى مۇزىكىسى. جەمئىي ئون ئىككى بولۇپ، ھەربىر مۇقام چوڭ نەغمە، داستان ۋە مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**ئون ئىككى مۇچەل** <ئاستر> ھەر ئون ئىككى يىل بىر قېتىم دەۋر قىلىدىغان ۋە ھەربىر يىل بىر ھايۋاننىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان يىل ھېسابلاش ئۇسۇلى. ئادەتتە بۇ ئون ئىككى يىل چاشقان، كالا، يولۋاس، توشقان، بېلىق، يىلان، ئات، قوي، مايمۇن، توخۇ، ئىت، توڭگۇز دېگەن تەرتىپ بويىچە كېلىدۇ.

**ئوناق** ئى. دىيال. پەرەز، مۆلچەر، قىياس.

**ئونەيلەن** سان. ئون كىشى، ئون ئادەم: ئۇلار بەشى باغ سەيلىسىگە كەتتى، قالغان ئونەيلەن شۇ يەردە ئولتۇردۇق.

**ئونبېشى** ئى. تارس [ئون + باش + ى] ① فېئودالىلىق كونا جەمئىيەتتە ئون ئائىلىنى باشقۇرغۇچى مەھەللە ئەمەلدارى. ② فېئودالىلىق ھەربىي تۈزۈمدە ھەر ئون چېرىككە باش بولغان، ئون چېرىكنى باشقۇرىدىغان كىچىك ھەربىي ئەمەلدار.

**ئونتولوگىيە** ئى [ر< گىرېك] <پەلس> پەلسەپىنىڭ دۇنيانىڭ مەنبەسى ياكى تەبىئىتىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**ئونلاپ** رەۋ. بىرنەچچە ئوندىن ئىبارەت، ئونلارچە: قانچە ئۆستەڭ - ئېرىقتىن ئۆتتى ئاتلاپ مەردانە، ئوتقا ئۇردى ئۆزىنى نەچچە ئونلاپ مەردانە.

**ئونلۇق** سۈپ. ئون بىرلىك، ئاساس ياكى ئۆلچەم قىلىنغان؛ ئونغا ئىگە: ئونلۇق ساناق سىستېمىسى. ئونلۇق لوگارىفما.

**ئونلۇق كەسىر** <مات> ئونلۇق ئاددىي كەسىرنىڭ بىر خىل ئالاھىدە ئىپادىلىنىش شەكلى. مەسىلەن 100/23 نى 0.23 قىلىپ يېزىشقا بولىدۇ، يەنى 1000/2357 نى 2.357 قىلىپ يېزىشقا بولىدۇ، ئوتتۇرىدىكى «.» بەلگە ئونلۇق كەسىر چېكىتى دېيىلىدۇ، ئونلۇق كەسىر چېكىتىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى سان ئونلۇق كەسىر بولىدۇ.

**ئونىنچى** سان. تەرتىپى «10» رەقىمى بىلەن بەلگىلەنگەن، تەرتىپ جەھەتتە توققۇزىنچىدىن كېيىن ئون بىرىنچىدىن بۇرۇن تۇرىدىغان؛ 10 - نومۇرلۇق: ئۇنىڭ نەتىجىسى سىنىپ بويىچە ئونىنچى ئورۇندا بولۇپ، ئەلاچى ھېسابلانمىسىمۇ، ياخشىلار قاتارىدا ئىدى.

**ئوھۇ** ئىم ① كۈتۈلمىگەن خۇشاللىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: — ئوھۇ... تاۋۇقىش، مېنىڭ كىچىك يول باشلىغۇچۇم! — دېدى باستى ئىككى قولىنى بالىغا سۇنۇپ. ② ھەيران قېلىش، تەئەججۇپلىنىش ياكى زوقلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: — ئوھۇ، مۇنداقمۇ گەپ بار دەڭ تېخى، مەن نەدىمۇ شۇنچە كۆپ پۇل تاپالايمەن! — دېدى ئۇ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

**ئوھۇي** ئىم ← **ئوھۇ**: — ئوھۇي، ماۋۇ كارامەتنى كۆرۈڭ، بەئەينى ماگىزىننىڭ ئۆزىغۇ، — دېدى قۇربان دەرۋازىدىن پۈتنى ئېلىپلا.

**ئوۋ** ئى ① ياۋايى ھايۋانلار، بېلىق، تۈرلۈك قۇش قاتارلىقلارنى تۇتۇش ئىشى، قولغا چۈشۈرۈش، ئولجا ئېلىش پائالىيىتى: باي ئوۋدىن قايتىپ كېلىپ قارىسا، مال - مۈلكى يوق، چاكىرىمۇ يوق تۇرغۇدەك. ② تۈرلۈك يوللار بىلەن تۇتۇلغان، قولغا چۈشۈرۈلگەن ياكى تۇتۇش، قولغا چۈشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىنغان تۈرلۈك ياۋايى ھايۋانلار، بېلىق ياكى قۇش قاتارلىقلار: ساتتار ئاكا ئوۋ ئىزدەپ، ئېگىز تاغلارغا نەزەر سېلىپ كەلمەكتە ئىدى. ③ كۆچمە. ئالدانغان، تۇزاققا چۈشۈرۈلگەن كىشى: تاڭ ئېتىشى بىلەنلا بۇ لەنىتى بۆۋى يەنە كوچىغا چىقىپ، چىرايلىق بىر يىگىتنى ئوۋغا ئايلاندۇرۇپ، ئۆيىگە ئەكىردى.

**ئوۋچى** ئى. ئوۋ ئوۋلاشنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇنىڭغا ماھىر، دائىم ئوۋ ئوۋلاپ تۇرىدىغان كىشى: ئۇستا ئوۋچى شىر ئاتار، قاۋۇل دېھقان بوز ئاچار (ماقال).

**ئوۋچىلىق** ئى. ئوۋ ئوۋلاش ئىشى، ئوۋ ئوۋلاش پائالىيىتى، ھەرىكىتى: — مەن ئوۋچىلىقنى ياخشى كۆرىمەن، لېكىن كېيىك بوغۇزلىغاننى يامان كۆرىمەن، — جاۋاب بەردى ئايدىڭ.

**ئوۋلاتماق** «ئوۋلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى:

موماي ئۆتكەن ھەپتە بوۋىيى ئارقىلىق ئوۋلىتىپ كەلگەن جەرەننى پارچىلاپ قازانغا سالدى.

**ئوۋلاشماق** «ئوۋلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئوۋچىلار ئۆزلىرى ئوۋلاشقان ئوۋلىرىنى سويۇشقاچ قىزىق پاراڭغا چۈشتى.

**ئوۋلانماق** «ئوۋلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۈگۈن بىر كۈندە يەتتە ئوغلاق ئوۋلانغان بولۇپ، ئوۋچىلار بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال ئىدى.

**ئوۋلىماق** پ ① ياۋايى ھايۋان، ياۋا قۇش ۋە شۇ قاتارلىقلارنى مىلتىق، قاپقان، قىلتاق، باسماق قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش ياكى تەربىيەلەنگەن ئىت، بۈركۈت، لاچىن، قارچىغا قاتار-لىقلارغا ئالدۇرۇش ئارقىلىق تۇتماق، قولغا چۈشۈرمەك: كېيىك ئوۋلاپ تاغقا چىق، يارنى ئىزدەپ باغقا چىق (ماقال). ② كۆچمە. مايىل قىلماق: بىزنىڭ كونا كىتابلىرىمىزدا «ئەل كۆڭلىنى ئوۋلىغانلار مەقسەتكە يېتىدۇ، ئەلنى ئاغرىتقانلار ھەسرەت چېكىدۇ» دېگەن گەپ بار. ③ كۆچمە. ئالدىماق، ئالداپ تۇزاققا چۈشۈرمەك: ئوۋلىيالمايتتى ئۇنىڭ ھوشيار، غۇبارسىز قەلبىنى، ناز ـ خۇشامەت، ھىيلە ـ نەيرەڭ ماھىرى، مەستانىسى.

**ئوۋۇش** ئىم. دىيال. ۋاي ـ ۋۇي، ئوھۇي (مەنسىتمەسلىكنى بىلدۈرىدۇ).

**ئوي** I سۈپ. مەلۇم بىر تەكشىلىككە نىسبەتەن چوڭقۇر، ئازگال، «دۆڭ» نىڭ ئەكسى: ئوي يەر.* ئۇ دۈشمەن ئوقىدىن ساقلى-نىش ئۈچۈن ئوي بىر يەرنى تاللاپ يېتىۋالماقچى بولۇۋاتاتتى.

**ئوي** II ئى ① بىرەر كىشى ياكى نەرسە ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىش، پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانى؛ ئۆز كۆڭلىدە، ئىچىدە قىلىنغان پىكىر، مۇلاھىزە: بايغا كۈندە بايرام، كۈندە توي، كەمبە-غەلگە كۈندە قايغۇ، كۈندە ئوي (ماقال). ② بىرەر نەرسىنى ئەسكە چۈشۈرۈش، ئېسىدە، خاتىرىسىدە ساقلاش قابىلىيىتى؛ ئەس، ئەقىل: ئۇنىڭ ئويىغا دەرھاللا ھېلىقى موللا كىشى كەلدى. ③ تەسەۋ-ۋۇر، پەرەز: ئۇنىڭ ئويىچە بولغاندا، قارىم چوقۇم ئۆزى كېلىشى كېرەك ئىدى.④ مەقسەت، نىيەت، مۇددىئا: سەن خاتا ئويدىن قايتىپ، توغرا يولغا چۈشمىگىچە ئاجرىشىشقا ھەققىڭ يوق!

**ئويپاڭ** سۈپ. مەلۇم بىر تەكشىلىككە نىسبەتەن چوڭقۇر، پەس، ئورنى تۆۋەنرەك بولغان، ئويمان: ئويپاڭ يەر.

**ئويپاڭلىق** ئى. ئويۇلغان، ئويپاڭلار بار يەر: ئويپاڭلىقتىن توپا توشۇماق.

**ئوي- پىكىر** ئوي ـ پىكىر: ئۇنىڭ كاللىسىدا ھەر خىل ئوي ـ پىكىرلەر چۆرگۈلەيتتى.

**ئويچان** سۈپ. ئويغا پاتقان، خىيال سۈرگەن، خىيالچان؛ تولا ئويلايدىغان: ــ ھە، ــ دېدى خان ئويچان ھالدا، ــ ئۇلارنى چەكلەش كېرەك.

**ئويچانلىق** ئى. خىيال سۈرگەن، ئويلانغان ھالەت؛ خىيال-چانلىق، ئويغا چۆكۈش: خىلىل ئاپئاق قار باسقان دالىغا ئويچانلىق بىلەن تىكىلگىنىچە تاماكا ئوراشقا باشلىدى.

**ئوي- چوڭقۇر** ئوي ھەم چوڭقۇر: مەن ئاتنى يولنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرىنى ئايرىماي بولۇشىغا چاپتۇردۇم.

**ئويچى** ئى. ئويغا، خىيالغا قاتتىق بېرىلگەن ياكى كۆپ ئويلايدىغان كىشى؛ خىيالپەرەس: ئوي ئويلايسەن، ئوي ئويلايسەن،

ئويچىمىدىڭ سەن. تاغ باغرىدا يېتىۋاپسەن، قويچىمىدىڭ سەن.

**ئوي- خىيال** ئوي ۋە خىيال: بىر يەكشەنبە كۈنى ئايىمگۈل زاۋۇتتىن يېنىپ ئوي ـ خىيال بىلەن بەند بولغان ھالدا كېتىۋاتاتتى.

**ئوي- دوڭغۇل** ئېگىز ـ پەس، ئاستىن ـ ئۈستۈن، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل: پىكاپ ئوي ـ دوڭغۇل يېزا يولىدا سىلكىنىپ كېتىۋاتاتتى.

**ئويدۇرما** ئى. قەستەن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان يالغان گەپ ـ سۆز، بەتنام، بوھتان؛ ئاساسى يوق يالغان سۆز: «پارتىيەگە قارشى گۇرۇھ» توغرىسىدىكى ئۈستۈمگە يۈكلەنگەن ئويدۇرمىلار يەلكەمنى بىر يوغان قورام تاش بولۇپ باستى.

**ئويدۇرماق** ① «ئويماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار جىنايەتچىلەرگە ئازگال ئويدۇردى. ② يالغاندىن گەپ تاپماق، بوھتان توقۇماق، پىتنە ـ پاسات تېرىماق؛ تۆھمەت چاپلىماق: باشلىقنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن بەزىدە خېلى چوڭ گەپلەرنىمۇ ئويدۇرۇپ چىقىمىز.

**ئويدۇرمىچى** ئى. تۆھمەتچى، تۆھمەت قىلغۇچى: رەزىل ئويدۇرمىچىلار ئويدۇرۇپ چىقارغان ئىغۋا دەستىدىن توپتوغرا 15 يىل ئازاب چەكتىم.

**ئويدۇرمىچىلىق** ئى. يالغان پاكىتلارنى ئويدۇرۇپ چىقىپ باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش قىلمىشى: ئۇنىڭ ئويدۇرمىچى-لىقى دەستىدىن بىرقانچە ئادەم خانىۋەيران بولۇپ كەتتى.

**ئويدۇرۇشماق** «ئويدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار يالغان پاكىت ئويدۇرۇشۇپ چىقىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۆزىنى بويىماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما خەلق بۇنى تېزلا سېزىۋالدى.

**ئوي- دۆڭ** ئېگىز ـ پەس، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل؛ رەتسىز، ئاستىن ـ ئۈستۈن: مەخسۇت ئۇ يەرنىڭ ئوي ـ دۆڭىنى ياخشى بىلەتتى.

**ئويرات** ئى <ئىرق> مىڭ سۇلالىسى زامانىدا مەملىكىتى-مىزنىڭ غەربىي قىسمىدا ياشىغان موڭغۇل قەبىلىلىرى. چىڭ سۇلالىسى زامانىدا ئويرات ياكى ئېلۇت دەپ ئاتالغان. ئۇلار بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسمى ھەمدە بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربى، ھازىرقى موڭغۇ-لىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان. 15 ـ ئەسىردە، بۇ موڭغۇل قەبىلىلىرى بىرمەھەل بىرلەشكەن.

**ئويغاتقۇچى** سۈپ. ئويغىتىدىغان، ئويغىتىش رولىنى ئوينايدىغان؛ ئىلھاملاندۇرىدىغان، روھلاندۇرىدىغان: ئۇلار كىشىنى ئويغاتقۇچى ئاشۇنداق قىزىق، يالقۇنلۇق سۆزلەر تەسىرىدىن ۋاقىتنىڭ قانچىلىك ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەيتتى.

**ئويغاتقۇزماق** «ئويغاتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-جىسى: موماي نەۋرىسىنى كىرگۈزۈپ قىزى مېھراينى ئويغاتقۇزدى.

**ئويغاتماق** پ ① ئۇيقۇلۇق كىشىلەرنى ئۇيقۇدىن تۇرغۇز-ماق، ئويغاق ھالەتكە كەلتۈرمەك: مەنسۇرنىڭ ئانىسى چۈقان كۆتۈ-رۈپ قوشنىلىرىنى ئويغاتماقتا ئىدى. ② كۆچمە. زۇلۇمغا، ئادالەت-سىزلىككە قارشى تۇرۇپ، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلى-دىغان چۈشەنچە ۋە روھنى پەيدا قىلماق ھەم ئۇنى كۈچلەن-دۈرمەك: كۈن ـ تۈن ھەم ئۇيقۇ يوق ۋىجدان ئازابى تېخىمۇ، ئەلنى

ئويغاتماق تىلەك ھەرتاڭدا بىر چوقان بىلەن. ③ جانلاندۇرماق، جانلىق، جۇشقۇن ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ جىمجىت، سۈكۈت ئىچىدىكى ھالەتنى جانلىق، جۇشقۇن ھالەتكە كەلتۈرمەك: ئويغىتىدۇ گۈدۈك ئۇنى سەھەرنى، داۋام قىلار ھايات يېڭى سەپەرنى. ④ پەيدا قىلماق، بار قىلماق ياكى كۈچەيتمەك، ئۆرلەتمەك؛ راۋانلاشتۇرماق، ئاچماق: بالىلارنىڭ سۈرەن - چۇقانلىرى كىشىدە يېڭى ھاياتقا خاس بىر خىل شېرىن تۇيغۇلارنى ئويغىتاتتى. ⑤ ئازاد قىلماق، خالىي قىلماق، بىكار قىلماق (ئوي - خىيال ھەققىدە): ئەكبەرنىڭ سۆزى ھاشىم ئاكىنى ئېغىر خىيالدىن ئويغاتتى.

**ئويغاق** سۈپ ① ئۇخلىمىغان، ئۇيقۇدىن خالىي: ئۇ تېخىچىلا ئويغاق ئىدى. ② كۆچمە. ھوشيار، جانلىق، يۈرەكلىك، سەزگۈر: زەپ كۆيۈمچان ئانامسەن مېنىڭ، سادىق، ئويغاق بالاڭمەن سېنىڭ.

**ئويغاقلىق** ئى. ئۇخلىماي سەگەك تۇرۇش، شۇنداق ھالەت؛ ئۇگدەك دېگىنىمىز پۈتۈنلەي ئۇخلاپ قېلىش بىلەن ئويغاقلىقنىڭ ئارىلىقىدىكى ئۇيقۇ باسقان ھالەتنى كۆرسىتىدۇ.

**ئويغانماق** پ ① ئۇيقۇدىن خالاس بولماق، ئويغاق ھالەتكە كەلمەك، ئۇيقۇدىن تۇرماق: ياسىن شىۋىرغاننىڭ ئەنسىز ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.② كۆچمە. ھەرىكەتكە كەلمەك، قوزغالماق، جانلانماق: چۆل ئويغاندى... قىزىپ كەتتى جەڭ، مۇشكۈللەرگە كۆكرەكنى كەردۇق. كوئېنلۇندىن ئېلىپ تاش ئۈستەڭ، ئابىھايات باشلاپ ئەكەلدۇق. ③ كۆچمە. پەيدا بولماق، ھاسىل بولماق، قوزغالماق، بارلىققا كەلمەك (تۇرلۇك ھېس - تۇيغۇلار ھەققىدە): مېنىڭ قەلبىمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھارارەتلىك بىر تۇيغۇ ئويغىنىشقا باشلىدى. ④ كۆچمە. ئاڭ، سەۋىيەسى ئۆسۈپ، ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى، ئەركىنلىكىنى، ئازادلىقىنى ياكى ئابرۇي - ئىناۋىتىنى قولغا كەلتۈرۈش، تىكلەش ئۈچۈن ئاتلانماق، كۈرەش قىلماق، قوزغالماق: زالىملارنىڭ زۇلۇمىغا چىدىمىغان خەلق ئاخىرى ئويغاندى. ⑤ كۆچمە. غەپلەت باسقان، روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلەشكەن ياكى ئازغان ھالەتتىن قۇتۇلۇپ نورمال ھالەتكە ئۆتمەك، ئۆزىنى ئوڭشىۋالماق، رۇسلىۋالماق: مەن سىزنىڭ تېزرەك ئويغىنىۋېلىشىڭىز ئۈچۈن مەنسۇر بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىڭىزغا يول قويىمەن!

**ئويغىتىشماق** «ئويغاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىگىمنى ئويغىتىشتى، ئۆيدىكىلەرنىڭ جىسمى ئويغاندى.

**ئويغىتىلماق** «ئويغاتماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاللىقاچان كەچ كىرىپ كەتكەنىدى، شوپۇرمۇ ئويغىتىلدى.

**ئويغىنىشماق** «ئويغانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۆۋەنكى قەۋەتنىڭ بىر قىسمىدا تۇرىدىغان خىزمەتكارلار ئاللىقاچان ئويغىنىشقانىدى.

**ئويلاتماق** I «ئويلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ بۇ سوئالى گۈلچەھرەنى بىرئاز ئويلىتىپ قويدى.

**ئويلاتماق** II پ. دىيال. قوغلىماق، سۈرمەك، قاچۇرماق.

**ئويلاشماق** ① «ئويلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز ھازىرنى كۆرۈپ، كەلگۈسىنى ئويلىشىمىز كېرەك. ② پىكىر قىلماق، مۇلاھىزە يۈرگۈزمەك، ئويلىماق: — ئاۋۋال ئۆيگە بېرىپ

ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆرەيمەن، ئاندىن بۇ ھەقتە ئويلىشىپ باقىمەن، — دېدى ئۇ كەسكىن قىلىپ.

**ئويلانماق** «ئويلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇلار كۆلگە تىكىلگىنىچە ئويلىنىپتۇ، ئەمما بىرەر ئامال تاپالماپتۇ.

**ئويلۇق** سۈپ. ئوي - مەقسىتى بار، ئويغا بېرىلگەن: يامان ئويلۇق بالا.* — بولدىلا، مومايىنى ئاۋارە قىلىپ قويىمىز، — دېدى مۇرات ئىككى ئويلۇق بولۇپ.

**ئويلىشىلماق** «ئويلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — مەسىلىنىڭ يامان تەرىپى سەل كەمرەك ئويلىشىلدىمۇ، قانداق؟ ... — دېدى ئۇ تەرىنى تۇرۇپ.

**ئويلىماق** پ. بىرەر نەرسىنى ئەسكە ئېلىپ، پىكىر قىلماق، مۇلاھىزە يۈرگۈزمەك؛ ياد ئەتمەك، ئەسلىمەك: مەن دائىم سىلەرنى، ئاشۇ قەدىرلىك، ئىللىق مەھەللىمىزنى ئويلاپ تۇرىمەن!

**ئويلىنىلماق** «ئويلانماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئالەمدىكى ئىشلارنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ تەپسىلىي ئويلىنىلغانلىقىدىندۇر.

**ئويما** ① سۈپ. ئويۇلغان، ئويۇپ ياسالغان ياكى ئويۇلغان ھالەتتىكى: ئويما رەسىم. ئويما مەتبەئە. ئويما نەقىش. ② ئى. ئويما رەسىم: ياغاچ ئويما. تاش ئويما .

**ئويمائەن** ئى. دىيال. قوينىڭ قۇلىقىنى ياي شەكلىدە ئويۇپ چىقىرىلىدىغان ئەن.

**ئويمات** ئى. دىيال ① ئون مودىن تارتىپ يۈز موغىچە كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر، تېرىلغۇ مەيدانى. ② ئوي، ئويمان، ئويمانلىق.

**ئويماتلاشماق** پ. دىيال. بۆلەك - بۆلەك تېرىلغۇ يەرلەر ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلۇپ، بىر تۇتاش، بىر گەۋدە ھالىتىگە كەلمەك، بىرلەشتۈرۈلمەك، كۆلىمى چوڭايتىلماق، مەيدانلاشتۇرۇلماق.

**ئويماق** I ئى. خۇرۇم ياكى مېتالدىن ياسالغان، بارماققا كىيىپ يىڭنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئىتتىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇم: ئورغاق تۇتۇپ ئاتاڭ قالغۇچە، ئويماق تۇتۇپ ئاناڭ قالسۇن (ماقال).

**ئويماق** II پ ① كولاپ چوڭقۇر ھاسىل قىلماق، ئويمان ھالەتكە كەلتۈرمەك: ئۇلارنىڭ ئۆيى ئالتۇنلۇقتىكى يارلىققا ئويۇپ ياسالغان گەمىلەرنىڭ بىرىدە ئىدى. ② كۆچمە. كولاش، يونۇش ياكى كېسىش يولى بىلەن بىرەر نەرسىنىڭ يۈزىگە بىرەر ئىز ياكى شەكىل چىقارماق: تامغا ئويماق. نەقىش ئويماق.

**ئويماقسىز** سۈپ. ئويمىقى يوق، ئويماق تۇتمىغان، ئىشلەتمىگەن: ئويماقسىز خوتۇن بولماس، تىغسىز ئەر بولماس(ماقال).

**ئويماقلىق** سۈپ. ئويمىقى بار، ئويماق سالغان: ئۇ ئويماقلىق قولىنى كۆرسىتىپ بىر نېمىلەرنى دەۋاتاتتى.

**ئويمان** سۈپ. ئەتراپتىكى تەكشىلىككە نىسبەتەن پەس، چوڭقۇر؛ «دۆڭ» نىڭ ئەكسى: قاراقچىلار ئالدىغا سېلىپ كەتكەن ئادەملەرنى ئويمان يولغا ھەيدەپ چۈشتى.

**ئويمانچاق** ئى. كىچىك ئويمان: تاغ جىرالىرىدىن چۈشكەن سەل سۇلىرىنىڭ ئاخىرى مۇشۇ ئويمانچاققا قۇيۇلۇپ، بىر تەبىئىي كۆل ھاسىل بولغانىكەن.

**ئويمانچە** ئى. كىچىك ئويمان، كىچىك ئوي، ئويچە: كىندىك دېگىنىمىز بالا تۇغۇلۇپ، شۇ خىل نەيچە كېسىۋېتىلگەندىن كېيىن

قورساق سىرتىدىكى قېپقالغان ئويمانچىدىن ئىبارەت.

**ئويمان- چوڭقۇر** ئويمان ھەم چوڭقۇر: كېچىدە يولنىڭ ئويمان - چوڭقۇرىنى پەرق ئېتىشمۇ تەس ئىدى.

**ئويمان- دۆڭ** ① ئويمان ۋە دۆڭ. ② ئەھۋال، شارائىتى: ئۇ بۇ يەرنىڭ ئويمان- دۆڭىنى ئوبدان بىلىدۇ، بۇرۇن بۇ يەردە خېلى ئۇزۇن تۇرغان.

**ئويمانلىق** ئى <جۇغ> تاغ ياكى ئېگىزلىكلەر بىلەن قورشالغان تۈز يەر، تۈزلەڭلىك: تارىم ئويمانلىقى. تۇرپان ئويمانلىقى. جۇڭغار ئويمانلىقى.

**ئويمىچى** ئى. تاش، ياغاچ ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەرگە تۈرلۈك گۈل، نەقىش ياكى تېكىستلەرنى ئويىدىغان ئۇستا: ماھۇت ئويمىچى كېرەم بويتاقنىڭ ئۆزىگە غەزەپ بىلەن قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، گېپىنى ئىزاھلاشقا ئۆتتى.

**ئويمىچىلىق** ئى. ئويمىچىلار قىلىدىغان كەسىپ، ھۈنەر، ئىش: ئۇنىڭ دادىسى ئويمىچىلىقتا خېلى نام چىقارغان ئادەم ئىدى.

**ئويمىكار** ئى ← **ئويمىچى**: ئاتىسى ئىدى تاشچى ھەم ئويمىكار، كېلەتتى يىللار داۋام تاشتىن قاتتىق. ھەسرەتنىڭ قايىنىمىدا ئۆزگەن ئاتا، كۆرمىدى ئۆمرىدە ھېچ خوپلۇق - شادلىق.

**ئويمىكارلىق** ئى ← **ئويمىچىلىق**: بۇ ئوردىدىن تويۇمى خېدىيوشى دەۋرىنىڭ ئوردا ئۇسلۇبى، توكۇگاۋا ئېياسۇ دەۋرىنىڭ بىناكارلىقى، توكۇگاۋا ئېمىتسۇ دەۋرىنىڭ رەسىم ۋە ئويمىكارلىقى ئەكس ئېتىپ تۇرىدىكەن.

**ئويمىكەش** ئى ← **ئويمىچى**: — بۇ توغرۇلۇق شەھەردىكى ئويمىكەشلەردىن بىر - بىرلەپ سوراشتۇرۇپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ، — دېدى ئۇ سەل توختاپ.

**ئويمىكەشلىك** ئى ← **ئويمىچىلىق**.

**ئويمىگەر** ئى ← **ئويمىچى**.

**ئويمىگەرلىك** ئى ← **ئويمىچىلىق**: ئۇلار ئۇيغۇر مېمارچىلىقىدىكى خىشگەرلىك (ئويما)، گەجگەرلىك (ئويما)، ياغاچ ئويمىگەرلىك (نەققاشچىلىق) قاتارلىق مىللىيچە نەققاشچىلىق - بېزەكچىلىك بىلەن زامانىۋى ئۇسلۇبنى زىچ بىرلەشتۈردى.

**ئويناتماق** «ئوينىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئولتۇرىسەن گۈلئايىم، قاش - كۆزۈڭنى ئوينىتىپ، كۆيدۈرىسەن نېمانچە، يۈرىكىمگە ئوت يېقىپ.

**ئويناش** ① «ئوينىماق» سۆزىنىڭ يەنە بىر ئىسىمدىشى. ② ئى. ئاشنا: ئۇ ئوينىشى سادىقنى تاپتى - دە، قايتىدىن كۆچكە ئىگە بولغاندەك ئۆزى ئۆرۈشۈپ قالغان ھېلىقى باققال يىگىتنى ئىزدەپ يۈگۈردى.

**ئويناشماق** ① «ئوينىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كوچىدا بىرمۇنچە ئۇششاق باللار ئوينىشىپ يۈرەتتى. ② چاقچاق قىلماق: بەختىيارنىڭ ئويناشقاندەك ئېيتقان بۇ سۆزلىرى مېنىڭ كۆلكەمنى قىستايتتى.

**ئويناق** سۈپ. كىشىگە شادلىق بېغىشلايدىغان، جۇشقۇن، يەڭگىل، شوخ (تۈرلۈك نەرسىلەرنىڭ ھەرىكىتى ھەققىدە): زەيتۇنەمنىڭ كۆزلىرى يەنە شۇ بۇرۇنقىدەكلا شوخ، ئويناق ئىدى.

**ئويناقلاتماق** «ئويناقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شانىياز ئېتىنى ئويناقلىتىپ يىراقلاپ كېتىۋاتقان يېزا باشلىقى نىيازغا كەينىدىن خېلىغىچە قاراپ تۇردى.

**ئويناقلاشماق** «ئويناقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شەربەت سۇلار ئويناقلىشىپ، ئۇنچە - مارجان چېچىپ كەلدى، قىرغاقلارغا ئوغۇل - قىزلار... ئۇسسۇل ئويناپ، ئېشىپ كەلدى.

**ئويناقلىق** ئى. كىشىنى جەلپ قىلارلىق دەرىجىدىكى شوخلۇق، يەڭگىل ھەم جۇشقۇنلۇق: ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەمدى چاقناپ تۇرىدىغان ئويناقلىقىدىن قالغانىدى.

**ئويناقلىماق** پ. يەڭگىل، شوخ ھەرىكەت قىلماق، ئەركىلىمەك: ئۇچقىن، ئۇچقىن كەپتىرىم، كۆك قەھرىدە پەرۋاز قىل، موللاق ئېتىپ ئويناقلاپ، كۆڭۈللەرنى خۇشال قىل.

**ئوينالماق** «ئوينىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: خەلقنىڭ تەلەپ قىلىشى ئارقىسىدا بۇ دىراما يەنە ئون مەيدان ئوينالدى.

**ئوينىغۇچ** I ئى. قوغۇننىڭ بالدۇر پىشىدىغان بىر تۈرى. چوڭلۇقى مۇشتتەك بولۇپ، يوغىنىمايدۇ؛ چىلگە: — دادا، ماڭا بىر ئوينىغۇچ ئۈزۈپ بېرە، — دەپ غەلۋە قىلغىلى تۇردى ھېلىقى كىچىك بالا.

**ئوينىغۇچ** II ئى. ئەتلەس توقۇشتا گولا تاياقچىلىرىنى يۇقىرى - تۆۋەن ئالماشتۇرۇپ بېرىدىغان غالتەك؛ موللاقچى.

**ئوينىغۇچ يىپى** ئەتلەس توقۇشتا ئوينىغۇچلارنى تۇتۇپ تۇرىدىغان يىپ.

**ئوينىماق** پ ① ئارام ئېلىش خاراكتېرىدىكى پائالىيەتلەر بىلەن مەلىكە بولۇپ، ۋاقىتنى ئويۇن - كۈلكە بىلەن ئۆتكۈزمەك؛ ئەركىن ھالدا ئۆزى خالىغان ئىشنى قىلىپ كۆڭۈل ئاچماق: قازىنىڭنىڭ قايىنىشىغا باق، بالاڭنىڭ ئوينىشىغا باق (ماقال). * كۆڭلۈك رەنجىسە، كۈلۈپ ئوينا (ماقال). ② ئۇسسۇل، تانسا، ھەر خىل تەنھەرىكەت تۈرلىرى قاتارلىقلارنى ئورۇندىماق، ئىجرا قىلماق: تۆگە ئۇسسۇل ئوينىسا، يەتتە تاختا زەدەكىنى بۇزار (مەقال). ③ سەھنە ئەسەرلىرى ياكى ئالدىن بەلگىلەنگەن بىرەر ئىش - ھەرىكەتتە مەلۇم بىر پېرسوناژنىڭ رولىنى ئالماق، شۇنىڭ رولىدا چىقماق: ئۇ بۇ دىرامىدا قازىنىڭ رولىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينىدى. ④ شوخ، يېقىملىق ھەرىكەتلەنمەك؛ كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك قىلىق - ھەرىكەتلەرنى قىلماق: تاشۋاينىڭ بارماقلىرى راۋاب پەدىلىرى ئۈستىدە ئوينايتتى. ⑤ بىرەر نەرسىنى قول ياكى مۇناسىۋەتلىك ئەزالار بىلەن تۈرلۈك شەكىلدە ھەرىكەتلەندۈرمەك، مىدىرلاتماق: ئۇ گەپ قىلماستىن چېچىنىڭ ئۇچىنى ئويناپ يەرگە قاراپ تۇراتتى. ⑥ كۆچمە. ئۇرغۇماق، مەۋج ئۇرماق، كۈۋەجىمەك: ۋۇجۇدىمىز گاڭ پولات، غەيرەت دېگەن يۈرەكتە. غەيرەت بولغاچ يۈرەكتە، كۈچ ئوينايدۇ بىلەكتە. ⑦ كۆچمە. ئەكس ئەتمەك، جىلۋە قىلماق، ئىپادىلەنمەك: ئەنۋەر بىردىنلا جانلىنىپ لەۋلىرىدە كۈلكە ئوينىدى. ⑧ كۆچمە. يات جىنسىلىكلەر بىلەن خۇپىيانە ھالدا بىللە بولماق، يوشۇرۇن ئۇچرىشىپ كۆڭۈل ئاچماق، شەھۋانىي قىلىق - ھەرىكەتلەرنى قىلماق: ئۇ بىر دېدەكنى ئويناپ قويۇپ، دېدەكنىڭ بويىدا قالغاندىن كېيىن ئۇنى خوتۇنلۇققا ئېلىۋالغان.

**ئويۇشماق** «ئويماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۇرپان خەلقى ياز كۈنلىرى كۈننىڭ ئىسسىقلىقىدىن ئاساسەن ئۆزلىرى ئويۇشۇۋالغان يەر ئاستى گەمىلىرىدە دەم ئالىدۇ.

**ئويۇق** I ئى ① تۈرلۈك نەرسە - كېرەكلەرنى قويۇش ئۈچۈن

ئۆي ۋە هويلا تاملىرىنى ئويۇش ياكى ئۆي تاملىرىغا يۆلەپ مەلۇم ئېگىزلىكتە تام قوپۇرۇش يولى بىلەن چىقىرىلغان جاي، تەكچە: ئويۇقتا ئورۇن - كۆرپە نامى بىلەن بىر قۇچاق ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەر تىزىپ قويۇلغانىدى. ② قاشتېشىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەتراپىنى كولاپ بوشىتىلغان بوشلۇق.

**ئويۇق** II ئى. دىيال. ئەندىزە، كەشتە نۇسخىسى، تەكچە.

**ئويۇقچە** ئى. كىچىك ئويۇق: ئۇ كىتابنى ئېھتىيات بىلەن ئويۇقچىدىن ئالدى ھەمدە ئاستا قويىنىغا سېلىپ ئۆيدىن چىقتى.

**ئويۇلماق** «ئويماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بوز ئېچىپ ئۆستەڭ چېپىپ، ئاشلىق تېرىلدى دەشتىگە. ئۆي سېلىپ، زاۋۇت قۇرۇپ، نەقىش ئويۇلدى بەستىگە.

**ئويۇم** مىق. مەلۇم بىر نەرسە بىلەن بىرەر تەكشىلىك يۈزىنى بىرلا قېتىم ئويۇپ ئالغاندا چىققان نەرسىنىڭ مىقدارىغا تەڭ بولغان مىقدار: بىر ئويۇم توپا.* جاپپار ئېگىز كۆرۈنگەن يەرنىڭ تۈپىسىدىن ئۈچ - تۆت ئويۇم ئېلىۋەتكەندىن كېيىن تەكشىلەنگەنلىكىگە كۆزى يېتىپ ئىشتىن قايتتى.

**ئويۇن** ئى ① كۆڭۈل ئېچىش، ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەركىن مەشغۇلات، ھەرىكەت: ئويۇننىڭ ئېزى ياخشى (ماقال). ② ئۆزئارا مۇسابىقىلىشىش، بەسلىشىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان، بەلگىلىك قائىدە - تەرتىپلەر ئاساسىدا بولىدىغان تۈرلۈك مەشغۇلات، پائالىيەت: ئۇنىڭ دوستلىرى دائىم دېگۈدەك «تاش تەرمە»، «توپ چاكىم» دېگەندەك ئويۇنلارنى ئوينايتتى. ③ كىشىلەرگە مەنىۋى جەھەتتىن زوق بېرىدىغان، توپلانغان تاماشىبىنلار ئارىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ناخشا - ئۇسسۇل، چېلىشىشقا ئوخشاش كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى: ئويۇن كۆرۈۋاتقان تاماشىبىنلار ئۇلارنى كۆرۈپلا دۈررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ④ كۆڭۈل ياساپ ياكى قىزىقچىلىق قىلىپ قىلىنغان گەپ - سۆز ياكى ھەرىكەت، چاقچاق، ھەزىل: ئويۇن قىلماق. * — بۇ ئويۇن ئەمەس ! راست شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ رەنجىگەندەك قىلىپ. ⑤ كۆچمە. ئاسان، ناھايىتى ئوڭاي ئىش، تاماشا، كۆڭۈل ئېچىش ئورنىدىكى ھەرىكەت - پائالىيەت: مۇشۇككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن (ماقال). ⑥ كۆچمە. مەلۇم بىر تەرەپكە قارشى بەلگىلىك دەرىجىدە مەخپىي ئېلىپ بېرىلغان يوشۇرۇن پائالىيەت، قەستەن باشقا مەقسەت بىلەن ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەت، ھىيلە - مىكىر، نەيرەڭ، سۇيىقەست: ھەقىقەتتە بولسا تاغدىن مەرگەن توپلاپ ئەۋەتىش تۆمۈر خەلپىنىڭ ئويۇنى ئىدى.

**ئويۇن چىقارماق** قەستەن غەيرىي ھالەت پەيدا قىلماق، ھىيلە - مىكىر ياكى قىزىقچىلىق قىلماق: ناۋادا سەن «ياق» دەپ سالساڭ نەپسىگە ھار كېلىشتىن قورقۇپ شۇنداق ئويۇننى چىقارغان چېغى.

**ئويۇندىن چىڭغا چىقماق** دەسلەپ چاقچاق قىلىشىپ، كېيىن جېدەللىشىپ قالماق.

**ئويۇن قويماق** كىشىلەرگە سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسەتمەك: ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى بۇ ناھىيەگە چىقىپ ئون نەچچە مەيدان ئويۇن قويدى.

**ئويۇن قېپى** ئويۇن - تاماشىغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كەتكەن، ئويۇن - تاماشا بىلەنلا مەشغۇل بولىدىغان، بىكار تەلەپ: زاكىر بولسا ئويۇن قېپى ئىكەن، شۇڭا مەكتەپتىمۇ ئوقۇيالماپتۇ.

**ئويۇن قىلماق** چاقچاق قىلماق، ئويناشماق: — ماڭا ئويۇن قىلغۇچە، ئۆز تەڭتۇشلىرىڭىزغا ئويۇن قىلسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدى ئاسىمە خاپا بولۇپ.

**ئويۇن كۆرسەتمەك** ① كىشىلەرگە خۇشاللىق، زوق ئاتا قىلىدىغان تۈرلۈك سەنئەت خاراكتېرىدىكى ئويۇن نومۇرلىرىنى كۆرسەتمەك؛ ئورۇنلىماق. ② كۆچمە. قۇۋلۇق - شۇملۇق قىلماق، سۇيىقەست قىلماق، ھىيلە ئىشلەتمەك: بولدى، ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ شۇنچىلىك ئويۇن كۆرسەتكەنلىرىمۇ يېتەر !

**ئويۇنپەرەس** سۈپ. ئويۇنغا ئامراق، دائىم ئويۇن - تاماشا قىلغۇسى كېلىدىغان، ئويۇن قېپى: — ماچىلدىما، ئويۇنپەرەس ئەخمەق، - دېدى دادام قولۇمنى سىلكىپ.

**ئويۇنپەز** سۈپ. دائىم ئويۇن - تاماشا قىلغۇسى كېلىپ تۇرىدىغان ياكى دائىم ئويۇن - تاماشا قىلىپ تۇرىدىغان، ئويۇنغا ئامراق، ئويۇنپەرەس؛ ئويۇن قېپى: پەرزەنتلەرنىڭ ساياق، ئويۇنپەز ئۆگىنىپ قېلىشىغا ھەرگىز پۇرسەت بەرمەسلىك كېرەك.

**ئويۇن - تاماشا** ئويۇن ۋە تاماشا: ئۇلار ئويۇن - تاماشىغا بېرىلگەندە، ئەخمەت ئۇلارنى جامائەت سورۇنلىرىدا سۆكتى.

**ئويۇنچا** ئى. كىيىمنىڭ ياقا، يەڭ قاتارلىق جايلىرىنىڭ ئويۇلغان قىسمى، ئويۇلغان جاي: يەڭ ئويۇنچىسى. ياقا ئويۇنچىسى.

**ئويۇن - چاقچاق** ئويۇن ۋە چاقچاق، ئومۇمەن چاقچاق، ئويۇن تۈسىنى ئالغان ھەر خىل گەپ - سۆز ۋە ھەرىكەتلەر: ئۇلار خۇددى توي مەرىكىسىگە كېتىۋاتقان كىشىلەردەك ئويۇن - چاقچاق بىلەن ئىلگىرىلەيتتى.

**ئويۇنچۇق** ئى ① باللارنىڭ ئوينىشى ئۈچۈن ياسالغان ھەر خىل شەكىلدىكى نەرسە، بۇيۇم: بۇ قىزچاق مومىسىنىڭ ئازابلىرىدىن خەۋەرسىز، ئۆزىنىڭ ئويۇنچۇقلىرى بىلەن ھەپىلىشىپ ئولتۇراتتى. ② كۆچمە. بىراۋنىڭ ئارزۇسىنى سۆزسىز ئىجرا قىلىدىغان، نېمە قىل دېسە شۇنى قىلىدىغان كىشى، قورچاق: سىز ئاللىقاچان باشلىقىڭىزنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟

**ئويۇنچۇقخانا** ئى. باللارنىڭ ئوينىشى ئۈچۈن ياسالغان ھەر خىل شەكىلدىكى نەرسە، بۇيۇملار قويۇلغان جاي، ئۆي، زال، ئورۇن: «قارا» ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانا جاجىسىنى يېدى.

**ئويۇنچى** ① سۈپ. ئويۇن - تاماشىغا بەك ئامراق، ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغان؛ ئويۇن قېپى: ئويۇنچى بالا. ② ئى. ئومۇمەن ھەر خىل سەنئەت نومۇرلىرى ۋە سېرك ئويۇنلىرىنى تاماشىبىنلار ئالدىدا ئويناپ كۆرسەتكۈچى ئارتىس: بىزنىڭ يېزىغا تۈرپان سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئويۇنچىلىرى كېلىپ ئۈچ مەيدان ئويۇن قويدى.

**ئويۇنخانا** ئى. ئومۇمەن تۈرلۈك ئويۇنلار ئوينىلىدىغان ياكى كۆرسىتىلىدىغان جاي، ئۆي، زال.

**ئويۇن - كۈلكە** ئويۇن ۋە كۈلكە؛ تاماشا: ئۇلار ئويۇن - كۈلكىلەردىن چارچاپ سالقىنلاش ئۈچۈن چىققانىدى.

# ئۆ

**ئۇ** I ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ يىگىرمە ئالتىنچى ھەرپى ۋە شۇ ھەرپىنىڭ نامى، يەنى شۇ ھەرپىنىڭ ئوقۇلۇشى.

**ئۇ** II ئال ① III شەخس ئالمىشىنىڭ بىرلىكى بولۇپ، ئۈستىدە سۆز بولۇۋاتقۇچىنىڭ ئادەم ياكى نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: بارات تاشۋاينىڭ قولىدىكى راۋابنى ئالىدۇ، مۆمىن ئاكا ئۇنى ھاپاش قىلىدۇ. ② سۆزلىگۈچىگە بىر ئاز يىراق بولغان ياكى سۆزلىگۈچى يىراق ھېسابلىغان ئادەم، نەرسە، ۋەقە، ھادىسە قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: — بۇ بۇگۈنكى گېزىتمۇ؟ — ياق، ئۇ كونا گېزىت. ③ ۋاقىت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، نىسبەتەن بىر ئاز ئىلگىرىكى كونكرېت ۋەقەلىكنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: ئۇ كۈنى مەن ئۇنىڭ يېرىم كېچىدە مۇشۇ باغقا كەلگىنىنى سېزىپ قالدىم.

**ئۇ ئالەم ← ئۇ دۇنيا:** كىشىگە زەررىچە بولسىمۇ نەپ بېرىدىغان كۈچ ۋە ئەقىل ـ ئىدراكنى ئۇ ئالەمگە ئېلىپ كېتىشنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

**ئۇ ئالەم ـ بۇ ئالەم ← ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا:** چوقۇم تۆلەپ بېرىڭلەر، ماڭا ئوخشاش بىر تۇل خوتۇنغا زىيان ئۇرساڭلار خۇدايىم ئۇ ئالەم ـ بۇ ئالەم كەچۈرمەيدۇ.

**ئۇ ئالەمگە ئۇزاتماق** ئۆلتۈرمەك، يوق قىلماق: زەر مانا مېنىڭ قولۇمدىكى ئۇستىرا، بۇ سېنى مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇ ئالەمگە ئۇزىتىدۇ.

**ئۇ دۇنيا** <دىن> دىنىي چۈشەنچىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۆلگەندىن كېيىن روھ ياشايدىغان جاي؛ باقىي دۇنيا، قىيامەت: — ئۇ دۇنيانى بىر كۆرەي دەپ، شۇ ياققا بېرىۋىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

**ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا** ① ھەر ئىككى دۇنيا، ھازىرقى ياشاۋاتقان دۇنيا ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى دۇنيا: سىلىدىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا خۇش بولۇپ كېتەتتىم. ② كۆچمە. ئەسلا، ھەرگىز، مەڭگۈ: — سەن قىلىۋالدىم دەپ ئويلاپ قالما، بۇ ئىشلار ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا ئېسىمدىن چىقمايدۇ، — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن.

**ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا بولۇپ كەتمەك** ياخشىلىشالمايدىغان دەرىجىدە قاتتىق ئارازلاشماق، مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي ئۈزۈلمەك: بۇ ئىككىسى گەپ تالىشىپلا ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا بولۇپ كېتىشتى، ھازىرچە بۇلارنى ياراشتۇرماق تەس.

**ئۇ شاختىن بۇ شاخقا قونماق ← شاختىن ـ شاخقا قونماق:** مەن راستىنلا چالىقۇشتەك يەنىلا ئۇ شاختىن بۇ شاخقا قونۇپ يۈرەمەنمۇ؟

**ئۇ قىلىپ ـ بۇ قىلىپ** ھەر خىل چارە ـ ئاماللارنى قوللىنىپ: دېھقانلار ئۇ قىلىپ ـ بۇ قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىرى توغاننى ئېتىپ سۇنى ئېتىزغا باشلىۋالدى.

**ئۇ كەم** سۆز بولۇۋاتقاندىن ئىلگىرىكى پەيت، مەزگىل: ئۇ كەمدە ئالىي مەلۇمات ئېلىش نەدە تۇرۇپتۇ، ئارىمىزدا بىر چەتتىن يەر ئىسلاھاتىغا قاتنىشىپ، يەنە بىر چەتتىن ساۋاتىنى چىقارغانلارمۇ بار.

**ئۇنى بىر دېمە** راست دېدىڭ؛ دېمىسىمۇ شۇنداق، ئېنىق گەپ: ۋاي ـ ۋۇي، ئۇنى بىر دېمە، ھەرقانداق ئىشنى بىر دەمدىلا تۈگىتىۋاتىدۇ. * ئۇنى بىر دېمە، ئۇ دائىم شۇنداق ئىچىۋالىدۇ.

**ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ** ھەر خىل گەپلەرنى قىلىپ، تۈرلۈك سۆزلەرنى سۆزلەپ: ھېلىم باينىڭ بۇ باغقا كۆزى چۈشۈپ، ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ يۈرۈپ، ئاخىر بېغىمنى تارتىۋالدى.

**ئۇنىڭ دوپپىسىنى بۇنىڭغا كىيدۈرمەك** بىرىنىڭ ئىشىنى باشقا بىرىنىڭ قىلىپ كۆرسىتىپ گوللىماق، بىر ۋاقىتنىڭ ئىچىدە بىرقانچە ئادەمنى ئالدىماق: خۇشامەت، ياغلىما سۆزلەرگە ئۇستا نامان تۆلكە ئۇنىڭ دوپپىسىنى بۇنىڭغا كىيدۈرۈپ، ئارىدىن نەپ ئېلىشقا ماھىر ئىدى.

**ئۇنىڭدىن كۆرە** يۇقىرىدا دېيىلگەندەك قىلغاننىڭ ئورنىدا: — ئەل بولغان بىلەنمۇ بىكار، ئۇنىڭدىن كۆرە ئاستا ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ يولىغا ماڭساق بولغۇدەك، — دېدى ليۇ جېشىن.

**ئۇ ياق ـ بۇ ياق** ئۇ ياق ۋە بۇ ياق، ئۇ تەرەپ ۋە بۇ تەرەپ: ئۇ ياق ـ بۇ ياق قىلماق.

**ئۇ ياق ـ بۇ ياق قىلماق** بىر تەرەپ قىلماق، ھەل قىلماق: — بىزمۇ بۇ شىركەتكە ئاز ئەجىر سىڭدۈرمىدۇق، ئەمدى قېرىغاندا بۇنچىلىك ئىشلارنى ئۇ ياق ـ بۇ ياق قىلالمىساق، — ئۇ بىردىن گېپىدىن توختاپ قالدى.

**ئۇ ياققا تارت ـ بۇ ياققا تارت** ھەممىسى ئۆزىنىڭ دېگىنىدە چىڭ تۇرۇش، تالاش ـ تارتىش: ئىككى كۈن بولدى. ئۇ ياققا تارت ـ بۇ ياققا تارت بىلەن بىر ۋەكىلنى سايلىيالمايۋاتىمىز.

**ئۇ يان ـ بۇ يان** ئۇ يان ۋە بۇ يان، ئۇ تەرەپ ۋە بۇ تەرەپ، يا ئۇ ياق ـ يا بۇ ياق.

**ئۇ يېرىنى ياپسا، بۇ يېرى ئېچىلماق** قىلمىشلىرىنىڭ بىرىنى يوشۇرسا، يەنە بىرى چۇۋۇلۇپ چىقماق: ئەختەم نەپسىنى ئەنە شۇنداق قويۇۋەتكەچكە، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كەلگەندە يوشۇرۇش ئۈچۈن ئۇ يېرىنى ياپسا، بۇ يېرى ئېچىلىپ، قىلغان ـ ئەتكەنلىرى ھەممىگە ئاشكارىلاندى.

**ئۇ ـ بۇ** ئۇ ھەم بۇ؛ مەلۇم بىرقانچە كىشى: ئۇ شۇنداق ئۇرغان بولسىمۇ گەپ قىلماي تۇردۇم، يولدىن ئۆتكەن ئۇ ـ بۇ كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى.

**ئۇپ** ئى. دىيال. يازنىڭ قىزىق، تىنچىق ئاپتىپى.

**ئۇپا** ئى. پەرداز قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان خۇشبۇي، ناھايىتى يۇمشاق تالقان: ئۇپا سۈرتمەك. ئۇپا قۇتىسى.

**ئۇپا ـ ئەڭلىك** يۈز ـ قول قاتارلىقلارنى پەرداز قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۇپا، ئەڭلىك، سۈرمە، يۈز مېيى قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرى: ئۇ ئەتىر ۋە ئۇپا ـ ئەڭلىك پۇرىقى بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرغان چىرايلىق قىزنى ماڭا تونۇشتۇردى.

**ئۇپراتماق** «ئۇپرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تولا پىيادە مېڭىپ ئايىغىمنىڭ پاشنىسىنى ئۇپرىتىۋەتتىم.

**ئۇپراشماق** «ئۇپرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇلار خەقنىڭ ئىشىغا نېمانچە ئۇپرىشىدىغاندۇ؟

**ئۇپراقچىلىق** سۆپ. دىيال. ئاۋارىچىلىك.

**ئۇپرىتىلماق** «ئۇپراتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نەچچە ئون كەتمەن ئۇپرىتىلىپ شۇنچىلىك كولانغان بولسىمۇ، لېكىن يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن ئۇ ساندۇق تېخىچە ئۆزىنى ئاشكارىلىمىغانىدى.

**ئۇپرىماق** پ ① ئەسۋاب، ئۇسكۇنە قاتارلىقلار سۈركىلىش ياكى كۆپ ئىشلىتىلىش سەۋەبىدىن ھەجمى، مىقدارى ئازىيىپ، كىچىكلەپ بارماق: چولاق كەتمەنلەرنى، ئۇپراپ بۇقىنىڭ ماڭلىيىدەك بولۇپ قالغان جوتۇلارنى كۆتۈرگەن كىشىلەر ھايال ئۆتمەي بۇ يەردە پەيدا بولۇشتى. ② كۆچمە. بىكار ئاۋارە بولۇپ ئارتۇقچە جاپا چەكمەك، قىينالماق، ئۆزىنى ئالدۇرماق: ئولتۇر بالام، ئولتۇر، سەن بىلەن بىزنىڭ ئۇپرىغىنىمىزدىن ئۇنىڭ پەرۋايى پەلەك، گەپ قىلساڭ يەرگە قاراپ تۇرغىنى تۇرغان.

**ئۇپۇق** ئى [ئە] ئاسمان بىلەن يەر ياكى سۇ يۈزىنىڭ كۆز يەتكۈدەك يىراقلىقتا تۇتاشقاندەك كۆرۈنىدىغان قىسمى: شىمال تەرەپتە تاغ تىزمىلىرى بارغانچە بىر تال يىپ بولۇپ ئاخىرى ئۇپۇققا چۆكۈپ كېتەتتى.

**ئۇپۇق سىزىقى** <جۇغ> گورىزونتال يۆنىلىشتە قارىغاندا، ئاسمان بىلەن يەر چېگرالىنىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان سىزىق.

**ئۇپىسمان** سۆپ. ئۇپىغا ئوخشاش ئاپئاق ۋە يۇمشاق: بوۋاي قىغدىكى ئاقۇچ ئۇپىسمان چېچەكنى ئالىقىنىغا ئېلىپ ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ قالدى.

**ئۇپىلاتماق** «ئۇپىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ـــ ساتىراشخانىغا كىرىپ ئۆزۈڭنى ئۇپىلىتىپ چىققان ئوخشىمامسەن؟ ـــ دېدىم ئايالىمنىڭ ئەپتىگە قاراپ چاقچاق ئارىلاش.

**ئۇپىلاشماق** «ئۇپىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: چوڭراق ياشتىكى تەجرىبىلىك قوشنا ئاياللاردىن بىرقانچىسى بىر يەرگە غۇژمەكلىشىپ، ئۆزئارا چاقچاقلاشقاچ بوۋاقنى ئۇپىلاشقىلى تۇردى.

**ئۇپىلانماق** «ئۇپىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بوۋاقنىڭ بويۇن ۋە تېقىملىرىدىكى ئاقتىن قارىغاندا ئۇنىڭ ھازىرلا يۇيۇلۇپ ئۇپىلانغانلىقى مەلۇم ئىدى.

**ئۇپىلىماق** پ. ئۇپا سۈركىمەك، ئۇپا بىلەن پەرداز قىلماق: سەلىمە يۈزلىرىنى ئۇپىلاپ ئەينەك ئالدىغا كەلدى.

**ئۇتتۇر** ① سۆپ. مەلۇم بىر نەرسىنىڭ ئۇدۇلى، ئالدىغا جايلاشقان، ئۇدۇل: ئۇتتۇر چىش. * مەكتەپنىڭ ئۇتتۇرىدا بىر كىچىك دۇكان بار. ② رەۋ. ھېچ يەرگە بۇرالماي، توپتوغرا، ئۇدۇل: ھويلا يۈككىدە دەرەخلىك، گۈلزارلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇتتۇرىسىدىن كەڭ تاشلار ياتقۇزۇلغان بىر يول تاكى چوڭ كۆلگىچە ئۇتتۇر باراتتى. ③ رەۋ. ئېھتىياجغا تۇشلۇق، ئۇدۇللۇق: شەھەر قىممەتچىلىك، مەن ئۇتتۇر تېپىپ، ئۇتتۇر خەجلەپ ئۆگىنىپ قېلىپ، پۇل تۇپلىيالماي قالغان ئادەم.

**ئۇتتۇر چىش** <ئانات> ئاستى ـ ئۈستى جاغىنىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى چىش. ئادەملەرنىڭ ئاستى ـ ئۈستى جاغدا تۆت تالدىن بولىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى ئىسكىنىگە ئوخشاش بولۇپ، نەرسىلەرنى كېسىشكە ماسلاشقان.

**ئۇتتۇر كەلگىنچە** قانداق توغرا كەلسە شۇنداق، بولۇشىچە: ئۇنداقتا، ئېرىشىشتە لەززەت يوق دەپ ھېچ نەرسىگە ئىنتىلمەسلىك كېرەكمۇ؟ بولۇشىغا ئۇتتۇر كەلگىنچە ياشاش كېرەكمۇ؟

**ئۇتتۇر مىجەز** دىيال. كۆڭلىدىكىنى يوشۇرمايدىغان، ھىيلىسى يوق، تۈز، ئۇدۇل ئادەم.

**ئۇتتۇرلاپ** رەۋ. ھېچ يەرگە بۇرۇلماي، ئۇدۇل، توپتوغرا: مەن كالىچىمنى ساپتىم ـ دە، ئۇتتۇرلاپ بۇ ياققا ماڭدىم.

**ئۇتتۇرلۇق** رەۋ ← **ئۇدۇللۇق:** قاۋۇل دەسلىپىدە مۇداپىئەدە تۇرۇپ قايسى يېقىنلاشسا شۇنى ئۇتتۇرلۇق ئەدەپلىگەچ، بۇ ئىككىسىنىڭ قانچىلىك گۇمپىسى بارلىقىنى بايقاپ چىقتى.

**ئۇتقۇچى** ئى. ئېرىشىشكە تېگىشلىك مۇۋەپپەقىيەت ۋە نەتىجىنى قولغا ئالغۇچى، يەڭگۈچى، قارشى تەرەپتىن ئۈستۈن كەلگۈچى: ئەگەر ئاپتوموبىل باھاسىدا مۇشۇنداق تۆۋەنلەش بولىدىغان بولسا، بۇ پىكاپلارغا قىزىققان ئىستېمالچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار پىكاپ بازارلىرىدىكى ئەڭ چوڭ ئۇتقۇچى بولۇپ قالىدۇ.

**ئۇتقۇزماق** پ. ئېرىشىشكە تېگىشلىك مۇۋەپپەقىيەت ۋە نەتىجىنى قولدىن بېرىپ قويماق، يېڭىلمەك: ئون ئىككى مىڭ! بۇنچىلىك پۇلنى ئۇ دۆۋە ـ دۆۋە ئالتۇننى ئۇتقۇزغان ياكى ئۇتقان جايدىن تاپالايدۇ.

**ئۇتقۇزۇپ قويغان قىمارۋازدەك** ناھايىتى غەمكىن، مەيۈس، پەرىشان: ھوشۇر ئىمام ئۇتقۇزۇپ قويغان قىمارۋازدەك كىگىزنى تاتىلاپ جىم ئولتۇراتتى.

**ئۇتقۇزۇشماق** «ئۇتقۇزماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى ئىككى يىللىق ئەمگىكى بەدىلىگە كەلگەن پۇللىرىنى بىر قىمارۋازغا ئۇتقۇزۇشۇپ، ئۆيىگە قايتىشتىن خىجىللىقتا چەت يۇرتلارغا مېڭىشقا تەمشەلدى.

**ئۇتماق** پ ① كۈچ سىنىشىش، مۇسابىقە، ئويۇن قاتارلىقلاردا بەسلەشكۈچى قارشى تەرەپتىن ئۈستۈن كەلمەك؛ يەڭمەك: شۇ كۈنى مەن بار كۈچۈم بىلەن غەيرەت قىلىپ ئېلىپچاقتىن ئون نەچچە قەدەم بۇرۇن پەللىگە يېتىپ بېرىپ ئون سامسا ئۇتۇۋالدىم. ② ئۆزىگە قارىتىۋالماق: كەپتىرىم كۆرۈنمەيدۇ، كەپتەرۋاز تۇتۇۋالدى. غۇنچە بويلۇق قارا كۆز كۆڭلۈمنى ئۇتۇۋالدى. ③ كۆچمە. تېجەپ قالماق، ئىقتىساد قىلماق: شۇ بويىچە رېمونت قىلىنسا، ۋاقىتتىنمۇ، كۈچتىنمۇ ئۇتىمىز.

**ئۇتوپىزم** ئى [ر<گىرېك] خىيالپەرەسلىك، خام خىياللىق: روشەنكى، ئۇتوپىزم ھوقۇق بىلەن بىرلىشىپ قالسا، ئىنسانلارنى زور بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ.

**ئۇتوپىست** ئى [ر] ئەمەلگە ئاشمايدىغان خىياللارنى قىلغۇچى، خىيالپەرەس ئادەم.

**ئۇتوپىيە** ئى [ر<گىرېك] ① توماس مور ئوتتۇرىغا قويغان خىيالىي سوتسىيالىزم تەلىماتى. ② ئەمەلگە ئاشمايدىغان خام خىيال، قۇرۇق ئارزۇ: شۇنىڭغا ئەگىشىپ بۇ خىل غايىمۇ چېكىگە

يەتكىلى بولمايدىغان گۈزەل ئۇتوپىيەگە ئايلاندى. ③ <ئەد > جەمئىيەت تۈزۈمىنىڭ كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر ئاساسىدا تەسۋىرلىگۈچى بەدىئىي ئەسەر.

**ئۇتوپىيەلىك** سۈپ. ئۇتوپىيەگە ئائىت، ئۇتوپىيە خاراكتېرىدىكى، خىيالىي: بىزنىڭ شەھەر ئەسلىدە ئىنسانلاردا بولىدىغان ياخشىلىق بىلەن يامانلىق نىسبىتىنىڭ تىمتاسلىقىدا گۈللەنگەن، قان ۋە تەشۋىشتىن خالىي ئۇتوپىيەلىك شەھەر ئىدى.

**ئۇتۇشماق** «ئۇتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۇ قېتىمقى پۇتبول مۇسابىقىسىدە قارشى تەرەپتىكىلەرنى ئۇتۇشۇپ، زەپەر قۇچۇپ قايتقان ئەزىمەتلەردۇر.

**ئۇتۇق** ئى ① ئېرىشكەن نەتىجە، مۇۋەپپەقىيەت، غەلىبە: مەن بۇ جاۋابنى بۇ قېتىمقى زىيارىتىمنىڭ مۇھىم بىر ئۇتۇقى دەپ، ئىنتايىن خۇش بولدۇم. ② خىزمەت، ئىش قاتارلىقلارنى يەكۈنلەش داۋامىدىكى ئىجابىي تەرەپلەر؛ نەتىجە: بىر ئادەمنىڭ خىزمىتىدە ئۇتۇق يەتتە ئۈلۈش، كەمچىلىك ئۈچ ئۈلۈش بولسا، ئۇنىڭ خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ياخشى بولغان بولىدۇ. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئۇتۇقسىز** سۈپ. ئۇتۇقى، نەتىجىسى يوق؛ ئۇتۇق قازىنالمىغان: بۇ ئۇتۇقسىز ئەمگەكىدىن كۆڭلى غەش بولۇپ، ئولتۇرۇشتى ئۇلار بىردەم تاشتا زوڭزىيىپ.

**ئۇتۇقلۇق** سۈپ. ئۇتۇقى، نەتىجىسى بار؛ ئۇتۇق قازىنىلغان: — دادا، بۇلارنىڭ قىلمىۋاتقان ئىشلىرىغا گۇمان بىلەن قارىماڭ، كۆپچىلىك مەسلىھەت بىلەن ئۆز تەجرىبىلىرىنى قوشۇپ قىلغاندىن كېيىن ئىش ئۇتۇقلۇق چىقىدۇ، — دېدى بالا.

**ئۇتۇلماق** «ئۇتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ نۆۋەت مەلىكە قەستەن يولنى خاتا مېڭىپ ئۇتۇلۇپتۇ.

**ئۇجاي** ئى. دىيال. جەمەت، ئەۋلاد.

**ئۇجماق** ئى. تارس. جەننەت: مەردكە مەشرەپ يارىشار شەكسىز، زەپەر بىلەن توي هامان قوشماق. چۈنكى غەيرەت ـ شىجائىتىڭدە، يارالماقتا يۇرتۇڭدا ئۇجماق.

**ئۇجۇر ـ بۇجۇر** كېلىپ چىقىش، ئىچكى ئەھۋالغا مۇناسىۋەتلىك ئۇششاق ـ چۈششەك ھەممە تەرەپلەر، ھەممە ياق، ھەممە: بىز كۈندە بىرنەچچە خىل ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىمىز، بۇ جەمئىيەتنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى تازا چۈشەندۇق.

**ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى قويماي** ھېچنېمىنى قالدۇرماي، ھەممىنى: قاسىم سورىغاندىمۇ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى قويماي سورايتتى ـ دە، ئاندىن قايتا ـ قايتا مەشىق قىلاتتى.

**ئۇجۇز** سۈپ. دىيال. ئاجىز، خار، پەس؛ ئەرزان.

**ئۇجۇزلىماق** پ. دىيال. خارلىماق، پەس كۆرمەك.

**ئۇجۇقتۇرماق** «ئۇجۇقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئەگەر سىلەر بولمىغان بولساڭلار، — دەپتۇ ۋەزىر، — بۇ هارامزادىنى شۇ يەردىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتەتتىم.

**ئۇجۇقماق** پ ① يوقالماق، ئۆلمەك، تۇنجۇقماق: ياسىن تامغا ئېسىلغان پالاقنى قولىغا ئېلىپ «ۋاققىدە» بىرنى سالغانىدى، چىۋىن دەرھال ئۇجۇقتى. ② كۆچمە. گەپ قىلالماي قالماق، جىمىپ كەتمەك: تاشۋاي بېشىنى سىلىپ ئۇجۇقۇپلا كەتتى.

**ئۇجۇقۇشماق** «ئۇجۇقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قورققىنىدىن ئۇجۇقۇشۇپلا كەتتى.

**ئۇجۇل** ئى. يىكەن غولىنىڭ باش قىسمى ئىچىدە بولىدىغان بىر خىل سېرىق ماددا، ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

**ئۇچ** I ئى ① نەرسىلەرنىڭ ئىنچىكىلەشكەن، ئۆتكۈر تەرىپى: يىڭنىنىڭ ئۇچى. بىگىزنىڭ ئۇچى. نەيزىنىڭ ئۇچى. ② يىپ، سىم، تاياق قاتارلىقلار تەرەپلىرىنىڭ بىر بېشى: ئارغامچىنىڭ ئۇچى. تاياقنىڭ ئۇچى. ③ قول، پۇت، بۇرۇن قاتارلىق ئەزالارنىڭ ئاخىرقى قىسمى: بارماقنىڭ ئۇچى. ساقالنىڭ ئۇچىنى قىرقىماق. ④ بۇرجەكلىك بۇيۇملارنىڭ بۇرجىكى: ياغلىقنىڭ ئۇچى. گالستۇكنىڭ چوڭ ئۇچى. ⑤ تىك ھالەتتىكى نەرسىلەرنىڭ يۇقىرى قىسمى، چوققىسى: تام تۈۋىدىن، دەرەخ ئۇچىدىن، ئادەم ئىچىدىن قېرىيدۇ (ماقال). ⑥ كۆچمە. باشلىنىش قىسمى، بېشى: ئۇ بىر ئاز ياقتۇرماسلىق، كەمسىتىش تەلەپپۇزى بىلەن گەپنىڭ ئۇچىنى چىقاردى. ⑦ گاڭبى قاتارلىقلارنىڭ خەت يازىدىغان، پولاتتىن ياسالغان قىسمى. ⑧ تۇخۇمنىڭ توم، يوغان بولمىغان تەرىپى: — مۇشۇنداق تۇخۇمدىن ئىككى يۈزنىڭ ئۇچ ـ پايىنكىنى ئۇرۇۋالىمەن، — دېدى. سېيىت مەشرەپكە كۆرەڭلەپ. ⑨ مىلتىق، ئاپتومات قاتارلىقلارنىڭ قولدا تۇتىدىغان قىسمىغا قارىمۇقارشى تەرىپى: مىلتىقنىڭ ئۇچىنى تەڭلىمەك.

**ئۇچ تارتماق** بوي تارتىپ ئۆسمەك، ئېگىزلىمەك، سوزۇلماق.

**ئۇچىغا چىققان** ئۆتۈپ كەتكەن؛ ئەڭ ئالدىنقى: بۇ بەگنىڭ يېنىدا ئۇچىغا چىققان بىر يامان ئوغرى بار.

**ئۇچ** II ئى. ئېگىرىش ئۈچۈن ئېتىلغان پاختىدىن تەييارلانغان پىلتا: ئۇچ ئېگىرمەك.

**ئۇچا** ئى ① ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ بەل ئومۇرتقا ئەتراپى: ئۇچىسى قىچىشقان ئېشەك تۈگمەنگە بارار (ماقال). * خوتۇن ئالدىڭ ـ ئۇچاڭغا ئوتۇن ئالدىڭ (ماقال). ② ئۈستىباش، ئۈست: يارىشىپتۇ ئەجەبمۇ، ئەتلەس كۆڭلەك ئۇچاڭغا، قاچانغىچە كېلىمەن، دىۋانىدەك كوچاڭغا.

**ئۇچىسى ئاپتاپ كۆرمەك ← دۈمبىسى ئاپتاپ كۆرمەك:** ئۇچ ـ تۆت يىل بولدى، ئەھۋال ئۆزگەردى، دېھقانلارنىڭ ئۇچىسىمۇ ئاپتاپ كۆردى.

**ئۇچىسى ئاپتاپ كۆرمىگەن** جاپا تارتمىغان؛ چېنىقمىغان: بۇگۈن ئۇچىسى ئاپتاپ كۆرمىگەن يىگىتلەرنىڭ خامان سورۇشتىكى غەيرىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرىدىغان بىر كۈن كەپتۇ.

**ئۇچىسى قىچىشسا، گەدىنىنى قاشلايدىغان ← دۈمبىسى قىچىشسا، گەدىنىنى تاتىلايدىغان:** ئۇچىسى قىچىشسا گەدىنىنى تاتىلايدىغان نەدىكى بىر نېمىلەرنى ئەۋەتكىنى نېمىسى؟

**ئۇچىسى قىچىشماق ← دۈمبىسى قىچىشماق:** ئۇچاڭ قىچىشىپ تۇرامدۇ؟ كەل بولمىسا ئوتۇن توشۇ.

**ئۇچىنى قورۇماق** توڭدۇرماق، مۇزلاتماق: ئۇچىنى قورۇيدىغان سوغۇقتا يولغا چىققان يولۇچىلار قونالغۇغا كېلىپ گۈلخان ياقتى.

**ئۇچار** ① «ئۇچماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: ئۇچار گىلەم. تىك ئۇچار ئايروپىلان. ② كۆچمە. ناھايىتى تېز يۈرىدىغان: ئۇچار ئات. * خالايىق، بەكمۇ تېز دەيدۇ ئۇچار تۇلپارنى، شۇڭقارنى، ئۇلارنى ئارقىدا تاشلاپ جەسۇر ـ مەردانە ماڭغان قىز.

**ئۇچارقانات** ئى [ئۇچار + قانات] ئۇچىدىغان قۇشلار: ئۇ يەردە تۈرلۈك ـ تۈمەن ئۇچار قانات، جان ـ جانىۋارلار جىق بولۇپلا قالماستىن، يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ بار ئىكەن.

**ئۇچارلىق** ئى. ئاسماندا ئۈچۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان قۇش قاتارلىقلار.

**ئۇچارلىق ـ تىنارلىق** ئاسماندا ئۇچىدىغان، يەردە ماڭىدىغان بارلىق جانلىقلار.

**ئۇچاستكا** ئى [ر] ① بىرەر ئىش، پائالىيەت ئۈچۈن مەخسۇس ئاجرىتىلغان يەر بۆلىكى، مەيدان: سايلام ئۇچاستكىسى. ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش ئۇچاستكىسى. ② ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ دائىرىسى، تارماق، ساھە: 20 نەچچە يىل يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق ھازىر زاۋۇت بويىچە ھەربىر سېخ، ئۇچاستكا، پەن ـ گۇرۇپپىدا مىللىي كادىرلار بار بولدى. ③ تۆمۈريول، تاشيول لىنىيەسىدىكى يول ئاسرىغۇچى ئىشچىلار تەشكىلاتى ۋە ئۇلار ئورۇنلاشقان جاي: بۇ سومكا تۆمۈريول تارماق ئۇچاستكىسى ئاشخانىسىنىڭ زاپخوزى يوقىتىپ قويغان سومكا بولۇشى مۇمكىن.

**ئۇچبېگى** ئى [ئۈچ + بەگ + ى] تارىس. تارىختا ئوتلاق، دېھقانچىلىق بېجى قاتارلىقلارنى ئالىدىغان ئەمەلدار: سايىم ئۇچبېگى قېچىپ كېتىۋېتىپ نىياز پالۋاننى ئېتىپ قويدى.

**ئۈچتۇرپان** ئى <جۇغ> شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى بىر ناھىيەنىڭ نامى.

**ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭى** <تارىخ> 1765 ـ يىلى شىنجاڭ ئۈچتۇرپاندىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىغان قوراللىق قوزغىلىڭى.

**ئۇچراتماق** ① «ئۇچرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: زىيانغا ئۇچراتماق. ② ئىلگىرى كۆرمىگەن، يولۇقمىغان ئادەم، ئەھۋال ياكى ئىشنى كۆرمەك، يولۇقتۇرماق: بىز ئايلانغان 10 نەچچە ناھىيەنىڭ ئىچىدە خۇرشىدەمدەك قىزنى ئۇچراتمىغانىدۇق.

**ئۇچراتقۇزماق** «ئۇچراتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بەن چاۋ ئۇلاردىن 25 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى سەپەرۋەر قىلدۇرۇپ، كۇچا، قاراشەھەر خانلىقلىرىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقۇزدى.

**ئۇچراشتۇرماق** «ئۇچراشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايشەمخان ھەدە «خەلق باغچىسى»دا ئەنۋەرگە رەنانى ئۇچراشتۇرۇپ قويۇپ، كېتىپ قالدى.

**ئۇچراشتۇرۇشماق** «ئۇچراشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۇچراشتۇرۇلماق** «ئۇچراشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلار ئىككىسى ھايات شاماللىرى تەرىپىدىن تولىمۇ تاسادىپىي ۋە خۇشال ھالدا ئۇچراشتۇرۇلدى.

**ئۇچراشما** سۈپ. قارىمۇقارشى تەرەپ دەلمۇدەل ياكى يۈز تۇرانە ئېلىپ بارىدىغان: ئۇچراشما جەڭ.

**ئۇچراشماق** ① «ئۇچرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئانا ـ بالا يول ئۈستىدە ئۇچراشتى. ② روبىرو كەلمەك، ئۇدۇللاشماق: دەل شۇ دەقىقىدە بەختىگۈلمۇ ئارقىغا قارىغانىدى، ئىككىسىنىڭ كۆزى ئۇچراشتى.

**ئۇچرىتىشماق** «ئۇچراشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: 20 ـ ئەسىر شۇ قەدەر ئەسەبىي قىلىقلار بىلەن تولغان ئەسىر بولدىكى، كىشىلەر مۇقەددەس كىتابلاردىكى قىيامەت تەسۋىرىنىڭ ئالامەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى رېئال تۇرمۇشتىن يەتكۈدەك ئۇچرىتىشتى.

**ئۇچرىتىلماق** «ئۇچراشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇچارە ئوبدانلا ئۇنۇم بېرىپ، دۈشمەن قوشۇنلىرى زور تالاپەتكە ئۇچرىتىلدى.

**ئۇچرىششماق** «ئۇچراشماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۇچرىماق** پ ① ئۇدۇلىدىن، قارشىسىدىن چىقماق، روبىروسىغا كېلىپ قالماق: قارىغۇ مۈشۈككە ئۆلۈك چاشقان ئۇچراپتۇ (ماقال). ② تېپىلماق، چىقماق: ئارىمىزدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلىۋالىدىغانلارمۇ ئۇچرايتتى. ③ نامايان بولماق، كۆرۈلمەك: يازنىڭ ھاۋاسى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، سەپرادىن بولغان كېسەللىكلەر كۆپرەك ئۇچرايدۇ. ④ نېسىپ بولماق، يولۇقماق: تاللاپ ـ تاللاپ تازغا ئۇچراپتۇ (ماقال). ⑤ دۇچار بولماق، دۇچ كەلمەك، يولۇقماق: پالاكەتكە ئۇچرىماق. زىيانغا ئۇچرىماق. كاشىلىغا ئۇچرىماق. غەزەپكە ئۇچرىماق. قەستكە ئۇچرىماق. تەھدىتكە ئۇچرىماق.

**ئۈچسىز** سۈپ. ئۈچى يوق، ئۈچ چىقىرىلمىغان: ئۈچسىز قەلەم.

**ئۇچقاق** سۈپ. ئاسانلا پارغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىدىغان، ئۇچۇشچان: بېنزىن ئۇچقاق كېلىدۇ.

**ئۇچقاندەك** رەۋ. ناھايىتى تېز، چاپسان: ئەركىن ئۇچقاندەك باردى ـ دە، ئادەملەر ئارىسىغا قىستالدى.

**ئۇچقورۇل** ئى. سىرتتىن باستۇرۇپ كەلگەن دۈشمەننى كۆرۈپ، ئوت يېقىپ خەۋەر بېرىش ئۈچۈن شەھەرنىڭ ئەڭ چېتىگە سېلىنغان قوغدىنىش تۇرى، مۇنارى.

**ئۇچقۇ** ئى. ئايروپىلان: كۆكسىرى ئۇچقاندا ئۇچقۇ لىككىدە، كۆز يېشىم تولدى چاناققا لىققىدە.

**ئۇچقۇچى** ئى<قاتن> ئايروپىلان، راكېتا قاتارلىقلارنى ھەيدەيدىغان كىشى.

**ئۇچقۇچىسىز** سۈپ. ئۇچقۇچىسى يوق، ئۇچقۇچى باشقۇرمايدىغان: ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان.* ئۇچقۇچىسىز رازۋېدكا ئايروپىلانى، قوراللىق تىك ئۇچار ئايروپىلان، بومباردىمانچى ئايروپىلانلار ئالدى بىلەن جەڭگە ئاتلاندى.

**ئۇچقۇچىلىق** ئى. ئايروپىلان، راكېتا قاتارلىقلارنى ھەيدەش ئىشى، كەسپى: رىزۋان ئاۋىئاتسىيە شىركىتىدە ئۇچقۇچىلىق قىلىدۇ.

**ئۇچقۇر** سۈپ ① ئۇچىدىغان، تېز ئۇچىدىغان: ئۇچقۇرپاقا. ② ئۇچقاندەك يۈرىدىغان، ناھايىتى تېز: بۇ ئات شامەخسۇتنىڭ ئوردىسىدىكى ئەڭ ئۇچقۇر ئاتلارنىڭ بىرى ئىدى. ③ كۆچمە. ئەسكە ئېلىنىشى تېز بولغان، تەسەۋۋۇردا دەرھال ئەكس ئېتىدىغان: ئۇنىڭ ئۇچقۇر خىيالى بېيجىڭنىڭ ئاجايىپ گۈزەل گۈل ـ چىمەنلىكلىرىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى.

**ئۇچقۇرلۇق** ئى. تېز ئۇچىدىغان ئىقتىدار: شۇھرەتتە لاچىننىڭ ئۇچقۇرلۇقى بار، چوققىلار ئۈستىدە ئۇنىڭ پەرۋازى. يالت قىلىپ ئۆتىدۇ قۇياش ئاستىدىن، قۇلاقتا قالىدۇ پەقەت ساداسى.

**ئۇچقۇن** ئى ① كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ چاچرىشىدىن ياكى نەرسىلەرنى سۈركەشتىن چىققان ئوت پارچىسى: تاماكا ئورىدىم، ئەمما ئىچىگە قۇم ـ توپا توشۇپ كەتكەن چاقمىقىمىدىن بىرەر تال ئۇچقۇنمۇ چىقمىدى. ② نەرسىلەرنىڭ چاچرىغان، توزۇغان ئۇششاق پارچىلىرى، زەررىچىلىرى: قاش قارايغان چاغ ھاۋا سوغۇق، ئۇششاق قار ئۇچقۇنلىرى ئۇچقۇنداپ تۇراتتى. ③ كۆچمە. سەزگۈ، ھېسسىيات، روھىي ھالەت قاتارلىقلار ئىپادىلەنگەن

كىشى سىياقىدىكى مەلۇم ئالامەت، بەلگە: مەستۇرەنىڭ كۆزلىرىدە كۈلۈمسىرەش ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى. ④ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئۇچقۇن پاقا** <زوئول> قوش ماكانلىقلار كىلاسى، پاقىلار ئائىلىسىدىكى ھايۋان. تەن ئۇزۇنلۇقى ئالتە ـ يەتتە سانتىمېتىر. چوڭلىرى توققۇز سانتىمېتىر كېلىدۇ. دۈمبىسى توپا رەڭ، سېرىق ۋە قىزىل سەپكۈنلىرى بار. تۆت ئايىغىدىمۇ توغرىسىغا جايلاشقان قارامتۇل ئالىسى بار. قورساق قىسمى سۈت رەڭگىدە، ئەركەكلىرىنىڭ ئىچكى ئاۋاز خالتىسى بولىدۇ. 1 ـ بارمىقىدىكى قاداقچىسى تەرەققىي قىلغان، بارماق ئارىلىقىدا پەنجىسى بار. تاغ باغرىدىكى تەسكەي، نەم ئورۇنلاردا ياشايدۇ. قىش پەسلىدە توپلىشىپ سۇنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى تاش ئاستىدا قىشنى ئۆتكۈزىدۇ.

**ئۇچقۇندى** ① ئى. يالقۇنلاپ كۆيگەن ئوتتىن چاچراپ چىققان پارچە، ئۇچقۇن: ئوت ئۇچقۇندىسى. ② سۈپ. شامالدا ئۇچۇپ چۈشكەن، شامالدا ئۇچۇرۇشتىن ھاسىل بولغان: ئۇچقۇندى سامان.

**ئۇچقۇنسىز** سۈپ. ئۇچقۇنى يوق، ئۇچقۇن چىقارمايدىغان، ئۇچقۇن چاچرىتمايدىغان: نېمە ئۈچۈندۇر بۈگۈن تونۇرنىڭ ئوتىمۇ خۇددى خوجايىنىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك ئۇچقۇنسىز ئاستا ھالەتتە كۆيمەكتە ئىدى.

**ئۇچقۇنلاتقۇچ** ئى <ماشىن> ئىچىدىن ياندىغان دىۋىگاتېلنىڭ ئوت ئالدۇرۇش قۇرۇلمىسى. شەكلى پۇرۇپكىغا ئوخشاش بولۇپ، سىلىندىرنىڭ ئاغزىغا ئورنىتىلىدۇ. يۇقىرى بېسىملىق توك ئۇنىڭدىن ئۆتكەندە ئۇچقۇنلىنىپ، سىلىندىر ئىچىدىكى يېقىلغۇنى پارتلىتىدۇ.

**ئۇچقۇنلاتماق** «ئۇچقۇنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۈن نۇرى ئاپئاق قارنى خۇددى كۈمۈش پارچىلىرىدەك ئۇچقۇنلاتقاچقا كۆز قامشاتتى.

**ئۇچقۇنلانماق** «ئۇچقۇنلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: تاڭدىكى قۇياش مىسالى ھەر تەرەپنى يورۇتۇپ، دەشت ـ باياۋانلار ئارا ئۇچقۇنلىنىپ گۈلخان كېلەر.

**ئۇچقۇنلۇق** سۈپ. ئۇچقۇنى بار، ئۇچقۇن چىقارغان، ئۇچقۇن چاچراتقان، ئۇچقۇنلانغان، ئۇچقۇنلىغان: ھاۋا سوغۇق بولسىمۇ، سەپەرداشلار ياققان گۈلخاننىڭ ئۇچقۇنلۇق تەپتى خۇددى يېڭى چىققان قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرىدەك، يايلاقتا ھارارەت بېغىشلايتتى.

**ئۇچقۇنلىماق** پ ① كۆيۈپ ئۇچقۇن چىقارماق، ئۇچقۇن چاچراتماق: ئوت ئۇچقۇنلاپ كۆيدى. ② كۆچمە. ئۇچقۇن ئېلىپ يېنىشقا، پەيدا بولۇشقا باشلىماق: ئۇچقۇنلاپ تۇرغان ئىنقىلاب يالقۇنى ھاسىل قىلدى. ③ ناھايىتى ئوخشاش زەررىچە ھالىتىدە ياغماق: راست دېگەندەك پۈتۈن ئەتراپنى قارا بۇلۇت قاپلاپ، قار ئۇچقۇنلاشقا باشلىدى. ④ كۆچمە. پەيدا بولماق. ئىپادىلەنمەك (سەزگۈ، ھېسسىيات، روھىي ھالەت قاتارلىقلارنىڭ بەلگىسى ھەققىدە): ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئەمدى ياش ئەمەس، غەزەپ ئۇچقۇنلايتتى.

**ئۇچلاتماق** «ئۇچلىماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قېرىنداشنى ئۇچلاتماق. * تۇرسۇنجان بادىرنى ياغاچچى ئۇستام يېنىغا ئۇچلاتقىلى ئېلىپ ماڭدى.

**ئۇچلاشماق** «ئۇچلىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئېتىز ئۇستىگە كەلگەنلەر بىردىن قوزۇق ئۇچلىشىپ ئۆزىگە ئايرىلغان قىرلارغا قېقىشقا باشلىدى.

**ئۇچلانماق** «ئۇچلىماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دېمىسىمۇ ئۇنىڭ قېرىندىشى ئۇچلىنىۋېرىپ كىچىككىنە قالغانىدى.

**ئۇچلايماق** پ. دىيال. گەۋدىلەنمەك، كۆتۈرۈلۈپ چىقماق، چوقچىيىپ چىقماق.

**ئۇچلۇق** سۈپ. ئۇچى بار، بىر تەرىپى ئىنچىكە، ئۇچلانغان: ئۇنىڭ قىسىق كۆزلىرى تېخىمۇ كىچىكلەپ، يۇملاق ئۇچلۇق تار ئېڭىكىدىكى ئۆچكە ساقىلى تىترەپ كەتتى.

**ئۇچلۇق باش** دىيال. باشقىلارنىڭ سېپىگە، ئارىسىغا سىغدىلىپ، شۇڭغۇپ، يوشۇرۇنچە كىرىۋالغان ئادەم.

**ئۇچلۇق تۇمشۇق** باشقىلاردىن ئاسان رەنجىيدىغان، باتنىغاق.

**ئۇچلىغۇچ** ئى. قېرىنداش قاتارلىقلارنى قىرىپ ئۇچلايدىغان تىغلىق ئەسۋاب.

**ئۇچلىماق** I پ ① بىر تەرىپىنى يونۇپ، قىرىپ ئىنچىكە، ئۆتكۈر قىلماق، ئۇچ چىقارماق: چاققان قول ئابدۇللا روزى ياغاچ ئۇچلاپ، چوڭ خەت ئۈچۈن بىر تال ئەپچىل قەلەم تەييارلىدى. ② سوزماق، ئۇزارتماق: قىز يىگىتنى تونۇغاندەك بولۇپ، تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ مەسخىرە بىلەن كۈلدى. ③ ئۇچ چىقارماق، ئۈلىماق: چاپاننىڭ يېڭىنى ئۇچلىماق. ④ ئۇچ ھالىتىگە كەلتۈرمەك، ئۇچ قىلماق: پاختىنى ئۇچلىماق.

**ئۇچلىماق** II پ. دىيال. تاسقىماق (ئۇننى).

**ئۇچلىنىش** ئى <گېئول> يەر قاتلاملىرى ياكى كان گەۋدىسى قېلىنلىقىنىڭ تەدرىجىي نېپىزلاپ، ئاخىرى يوقاپ كېتىش ھادىسىسى.

**ئۇچما** سۈپ. تىك، قىيا: ئۇچما تاغ. * باندىت باشلىقى كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ، ئۇچما چوققىلىق تاغلارغا تىكتى.

**ئۇچماق** پ ① قانات ياكى باشقا ۋاسىتە بىلەن كۆككە ئۆرلىمەك، ھاۋادا ھەرىكەت قىلماق: توخۇ ئۇچسا تامغا قونار، لاچىن ئۇچسا تاغقا قونار (ماقال). ② ناھايىتى تېز يۈرمەك، چاپماق: مەن قاتتىق ھودۇقۇش ئىچىدە تورمۇزنى قويۇۋېتىپ، ماينى قاتتىق باستىم. ماشىنام ئاتقان ئوقتەك ئۇچتى. ③ شامال قاتارلىق بىرەر كۈچنىڭ تەسىرىدە ھاۋادا ھەرىكەتلەنمەك، توزۇماق: پاراسەتلىك قېرىلار، شوخ شامالغا چەش باسار؛ سامان ئۇچار بىر يانغا، سەردان دانلار تاغ ياسار. ④ ھاۋادا ئېتىلىپ كەلمەك: ئوق ئادەملەرنىڭ بېشىدىن ۋىژىلداپ ئۇچۇۋاتاتتى. ⑤ سۇنۇپ، چېقىلىپ مەلۇم بىر قىسمى ئاجرىماق: چىنىنىڭ گىرۋىكى ئۇچۇپ كەتتى. ⑥ ئېگىزدىن يىقىلماق، يىقىلىپ چۈشمەك: ئەگەر گۈلچەرخان بىلەن پاتەملەر ئۇنى قولتۇقلاپ تۇرمىسا، ئۇ ھازىرلا ئارقىسىغا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك تۇراتتى. ⑦ كۆچمە. ئىختىيارسىز بېرىلىپ، تەسىرلىنىپ مەغرۇرلانماق: سىزمۇ ماختاپ قويسا ئۇچۇپ كېتىدىغان ئادەم ئىكەنسىز. ⑧ كۆچمە. ئۆزگەرمەك؛ بۇزۇلماق، يوقالماق (روھىي ھالەت، كەيپىيات قاتارلىقلار ھەققىدە): بەگنىڭ كەيپى ئۇچتى ۋە ئۆز ئېتىنىڭ ئۆلۈكىنى ئولجا قىلىپ قايتىشتىن باشقا چارە بولمىدى.

**ئۇچۇپ يۈرمەك** ھەممە يەردە ئېيتىلماق، كۆپ تارقىلىپ يۈرمەك: بۇنداق پىتنە ـ ئىغۋا ئۇچۇپ يۈرىدۇ.

**ئۇچۇشنى بىلىپ، چۈشۈشنى بىلمەسلىك** نەتىجىنىلا ئويلاپ، مەغلۇبىيەتنى ئويلىماسلىق، ئىش قىلغاندا ئاقىۋەتنى ئويلىماس-

لىق: ئۇ ئۇچۇشنى بىلىپ، چۈشۈشنى بىلمىگىنى ئۈچۈن شۇ كۈنگە قالدى.

**ئۇچمۇئۇچ** ئى. دىيال ① باراۋەر، تەڭ. ② دەلمۇدەل، ئۇدۇل. ③ بۇلۇڭ ـ پۇچقاق، ھەر جاي.

**ئۇچۇر** ئى ① ئادەم ياكى شەيئىلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى مەلۇمات، خەۋەر؛ دېرەك: ئۇچۇر ئالماق. ئۇچۇر بەرمەك. ② جاۋاب؛ جاۋاب خەت: ـــ ماقۇل، بوگۇن ئوبدانراق ئويلاپ باقاي، ئەته سىزگە ئۇچۇرىنى بېرىمەن، ـــ دېدى خالمىرزا غوۋان پېشانىسىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ. ③ <فىز> شەرتلىك بەلگىلەر ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدىغان مەلۇمات.

**ئۇچۇر ئىلمى** ئۇچۇرلارنىڭ سانلىق مىقدارى، تارقىتىلىشى، يەتكۈزۈلۈشى ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىش قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ماتېماتىكىلىق ھېسابلاشلار ئارقىلىق ئۇچۇرنىڭ يەتكۈزۈش ئىقتىدارى ۋە ئۈنۈمىنى ھېسابلاپ چىقىدىلى بولىدۇ. ئادەتتە خەۋەرلىشىش، فىزىيولوگىيە، فىزىكا قاتارلىق پەنلەردە كەڭ تۈردە قوللىنىلىدۇ.

**ئۇچۇرتماق** «ئۇچۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دەھشەتلىك پارتلاش دولقۇنى ئۆزىگە ئىلىناشقانلىكى نەرسىلەرنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ غازاڭدەك ئۇچۇرتۇپ يۈرەتتى.

**ئۇچۇرتۇشماق** «ئۇچۇرتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: خەلق مەيدانىدا بىر توپ باللار غەمسىز ھالدا لەگلەك ئۇچۇرتۇشۇپ ئويناشماقتا ئىدى.

**ئۇچۇرتۇلماق** «ئۇچۇرتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قۇم ـ بورانلىق ھاۋا رايى پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى، كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى، تەسىر كۆرسىتىش دائىرىسى بويىچە، چاڭ ـ توزان، قۇم ئۇچۇرتۇلۇش، قۇم ـ بوران دەپ ئۈچكە ئايرىلىدۇ.

**ئۇچۇرچان** سۈپ. كۆپ ئۇچۇر بېرەلەيدىغان، كۆپ ئۇچۇرغا ئىگە بولغىلى بولىدىغان، ئۇچۇر بېرىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولغان: «ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى» ناھايىتى ئۇچۇرچان گېزىتتۇر.

**ئۇچۇرچانلىق** ئى. كۆپ ئۇچۇر بېرىش، كۆپ ئۇچۇرغا ئىگە بولغىلى بولۇش، ئۇچۇر بېرىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولۇش ھالىتى: تورىنو شەھىرىدە كوچا ـ كوچىلاردا كىچىك ـ كىچىك كىتاب بوتكىلىرى ناھايىتى جىق ئىدى. بەلكىم ئۇلار كىتابخانىنىڭ چوڭلۇقىدىن كۆرە ئۇچۇرچانلىقى، تۇرمۇشقا يېقىن بولۇشىنى بەكرەك نەزەردە تۇتقان بولسا كېرەك.

**ئۇچۇرچى** ئى. ئۇچۇر ئېلىپ كەلگۈچى، ئۇچۇر يەتكۈزگۈچى كىشى: سەركەردە شەھەردىن ئەۋەتىلگەن ئۇچۇرچىدىن ئەھۋالنى ئۇقتى.

**ئۇچۇرچىلىق** ئى. ئۇچۇر يەتكۈزۈش، ئۇچۇر بېرىش كەسپى، خىزمىتى: ئۇچۇرچىلىق مىنىستىرلىقى ئالتە تۈرلۈك ساختا قىسقا ئۇچۇر تۈزىتىشنى ئېلان قىلدى.

**ئۇچۇرسىز** سۈپ. ئۇچۇر يوق، ئۇچۇرغا ئىگە بولمىغان، ئۇچۇرغا ئېرىشمىگەن: ئىككى ئايدىن بېرى دوختۇرخانىدا داۋالىنىمەن دەپ نۇرغۇن ئىشلاردىن ئۇچۇرسىز قالدىم.

**ئۇچۇرشۇناس** ئى. ئۇچۇر ئىلمى، كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچى مۇتەخەسسىس: ئۇچۇرشۇناسلارنىڭ قارىشىچە بۇنىڭدىن كېيىن دۇنيا ئىقتىسادى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلىنىدىكەن.

**ئۇچۇرشۇناسلىق** ئى. پەننىڭ ئۇچۇر ئىلمىگە ۋە كەسپىگە دائىر مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان تارمىقى: بۇ مەكتەپ بىلىمشۇناسلىق مەكتىپى، ئۇچۇرشۇناسلىق مەكتىپى ۋە ماتېرىيالشۇناسلىق (ماتېرىيال ئىلمى) مەكتىپىدىن ئىبارەت ئۈچ تارماق مەكتەپتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى قوبۇل قىلىنمايدىكەن.

**ئۇچۇرلاشتۇرماق** «ئۇچۇرلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەملىكەتلىك مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

**ئۇچۇرلاشتۇرۇشماق** «ئۇچۇرلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۇچۇرلاشتۇرۇلماق** «ئۇچۇرلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مايتاغنىڭ مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتى ئۇچۇرلاشتۇرۇلدى.

**ئۇچۇرلاشماق** پ ① بىر ـ بىرىگە ئۇچۇر يەتكۈزمەك، ئۆزئارا ئۇقۇشماق، ئۆزئارا ئالاقىلەشمەك: ـــ پات ـ پات ئۇچۇرلىشىپ تۇرايلى، ـــ دېدى ئۇ ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا قولۇمنى قويۇۋەتكۈسى كەلمىگەندەك چىڭ سىقىپ تۇرۇپ. ② ھازىرقى زامان ئۇچۇر تېخنىكىسىغا ئىگە بولماق: ئۇچۇرلىشىش ـــ دۆلىتىمىزنىڭ سانائەتلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىشىنى تېز ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا تاللىغان مۇقەررەر توغرا يولى.

**ئۇچۇرما** I سۈپ ① ئەمدىلا ئۇچۇشقا باشلىغان، ئۇچۇش دەرىجىسىگە يەتكەن، ئۇچۇش ئىقتىدارى يېتىلگەن(ئۇچار قۇش ھەققىدە): تېنىمگە جان، كۆزۈمگە نۇر، قولۇمغا شام ـ چىراغ بەردىڭ، ئۇچۇرما قۇش ئىدىم، سەندىن قاناتىم ئالدى قۇۋۋەتنى. ② كۆچمە. ياتلىق بولۇش يېشىغا يەتكەن (قىزلار ھەققىدە): ـــ ئۇچۇرما بولغان قىزلار خېلى كۆپ، ـــ دېدى ئۇ ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، ـــ ئۇلارنىڭ ئىچىدە قايسىسى ھېزىمگە باب كېلەركىن تاڭ ؟ ③ كۆچمە. ئەتراپقا تارالغان: بۇ ئۇچۇرما گەپلەر پەرھادقا يېقىپ، كۆڭلىدە راھەتلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئاغزىدا تۈزۈت قىلدى.

**ئۇچۇرما بولماق** ① قانات ـ قۇيرۇق چىقىرىپ ئۇچۇش دەرىجىسىگە يەتمەك، ئۇچۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولماق: دەل شۇئاندا ئۇچۇرما بولغان بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن تۆمۈرتۇمشۇق ئېرىق بويىدىكى ناجىگدە شېخىغا قونۇپتۇ. ② توي قىلىش، ياتلىق بولۇش يېشىغا يەتمەك: ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسى ۋە بىر ئاچىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خېلى يىللار ئىلگىرى ئۇچۇرما بولۇپ چىقىپ كېتىشكەن.

**ئۇچۇرما** II سۈپ. دىيال. تىك ۋە چوڭقۇر.

**ئۇچۇرما نان** دىيال. تونۇرنىڭ ھارارىتىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن تۇنجى قېتىم ياققان نان.

**ئۇچۇرماق** ① «ئۇچماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نېرىراقتىكى دۆڭدە بىر توپ باللار لەگلەك ئۇچۇرۇۋاتاتتى. ② ئويناتماق: لەيلىگۈل قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ ئۇنىڭغا بىر قارىدى ـ دە، قوشۇمىسىنى چىڭ تۇرۇپ كېتىۋەردى. ③ كۆچمە. ماختاپ كۆككە كۆتۈرمەك: ئاخشام ئاۋۇ ئاغزى يۇمشاق بىرى مېنى ئۇچۇرۇپ بەك مېھمان قىلىپ مەستمۇ قىلىپ قويدى.

**ئۇچۇرۇلماق** «ئۇچۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىككى مەرگەننىڭ تەييارلىقى پۇتكەندە كەپتەرلەر ئۇچۇرۇلۇپتۇ.

**ئۇچۇشچان** سۈپ. ئادەتتىكى تېمپېراتۇرىدا ئاسانلا گاز ھالىتىگە ئايلىنىدىغان: بۇ كىتابتا دورىلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدا، ئۇنىڭ شىپالىق خۇسۇسىيىتىنى كەتكۈزۈۋېتىدىغان ۋە ئۇچۇشچان، پۇراقلىق ماددىلىرىنى يوقىتىپ قويىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش تەكىتلەنگەن.

**ئۇچۇشماق** «ئۇچماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: پىشايۋان لىمىدا بوقۇلدىشىۋاتقان كەپتەرلەر ئۆگزە ئۈستىدە پىرقىراپ ئۇچۇشتى.

**ئۇچۇق** I ئى. شامال تېگىش، قىزىتما ۋە باشقا سەۋەبلەر نەتىجىسىدە لەۋلەردە پەيدا بولغان ئۇششاق ئەسۋە: سايىم چوڭنى ۋەھىمىگە سېلىپ قويغىنى خوتۇنىنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىغا چىققان ئۇچۇق ئىدى.

**ئۇچۇق تەگمەك** ① شامالداشتىن لەۋلىرىدە يارا پەيدا بولماق: ئۇ ئايال ئۇچۇق تېگىپ يېتىپ قالدى. ② كۆچمە. قورقۇپ كەيپى ئۇچماق، قورقۇنچلۇق ئەھۋالدا قالماق: بۇ دورەم ئىش چاتاق، چوقۇم ئۇچۇق تەگدى. ئەستاغپۇرۇللا! بۇ خوتۇننىڭ كەلمىگىنىنى!

**ئۇچۇق** II سۈپ. مەلۇم بىر قىسمى ئۇچۇپ كەتكەن: ئۇچۇق چىنە.

**ئۇچۇقلاتماق** «ئۇچۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئانا قىزىنى تۇيۇق غوجامغا ۋە چوڭ ئارشاڭلارغا ھەر يىلى ئاپىرىپ يۇيۇندۇراتتى، نەزىر قىلاتتى، چىراغلارغا ياغ قۇياتتى، شەيخلەرگە ئۇچۇقلىتاتتى.

**ئۇچۇقلاشماق** «ئۇچۇقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاشۇ بىر ئېغىز خاتا سۆزۈم ئۇچۇن، ساۋاقداشلىرىم مېنى خېلى ئوبدان ئۇچۇقلاشتى.

**ئۇچۇقلانماق** «ئۇچۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شەۋكەت بۇ ئىشى ئۇچۇن ئۈستىسى تەرىپىدىن ئەپچىللا ئۇچۇقلاندى.

**ئۇچۇقلىماق** پ ① كونا ئادەت بويىچە ئۇچۇق تەگكەن كىشىنى تۆت كوچا دوقمۇشىدىن، تالا ـ تۈزدىن تېرىلگەن تەرمەچ ۋە چاۋارلار بىلەن ئىسرىقلىماق. ② كۆچمە. ئەدەپلىمەك، قورقۇتۇپ ئەدىپىنى بەرمەك: ئېلىقۇل «كۆپچىلىكتىن قالغىنىم ئۇچۇن ئاسىم ھەرقاچان يەنە ئازراق ئۇچۇقلايدۇ» دەپ ئويلىغانىدى.

**ئۇچئۇن** ئى [ئۇچ + ئۇن] دىيال. بىرىنچى دەرىجىلىك ئاق ئۇن.

**ئۇچۇندۇرماق** «ئۇچۇنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئۇچۇنما** ئى. دىيال. ئاغرىق، كېسەل.

**ئۇچۇنماق** پ. شامالداپ بىتاپ بولۇپ قالماق: ئۇچۇنۇپ قالدىم.

**ئۇچلىق** ئى. ئۇلاغلارنىڭ ئۇچىسىغا توقۇلىدىغان قات ـ قات كىگىزدىن تىكىلگەن جابدۇق، توقۇم: بوۋاينىڭ ئۇچلىقىنى يېشىۋاتقان قوللىرى تىترەيتتى.

**ئۇختا** ئى. ئىشنىڭ دەل پەيتى؛ دەل جايىدا، كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ چىقىشى: ئۇختىسىغا كەلمەك.

**ئۇختىسىغا كەلمەك** بىرەر ئىشنىڭ دەل جايىدا، كۆڭۈلدىكىدەك بولۇش شارائىتى ھازىرلانماق، دەل پەيتى بولماق؛ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ چىقماق: چۈشۈم ئۇختىسىغا كەلدى.

**ئۇخلاتماق** «ئۇخلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قەلبىمدە ئۇرغۇۋاتقان خۇشاللىق ۋە ھاياجان مېنى زادى ئۇخلاتمايتتى.

**ئۇخلاشماق** «ئۇخلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كەچ بولغاندا ئىككىسى ئايرىم ـ ئايرىم ئۇخلىشىپتۇ، كۈندۈزى بولسا بىر ـ بىرىنى كۈتۈشۈپتۇ.

**ئۇخلىماق** پ ① ئۇيقۇ ھالىتىدە بولماق، ئۇيقۇغا كىرمەك: ھۇرۇن ئولتۇرۇپ ئۇخلايدۇ، يېتىپ ئىشلەيدۇ (ماقال). * مۈشۈك ئۇخلىسا، چۈشىدە چاشقان كۆرەر (ماقال). ② كۆچمە. قىشتا ھەرىكەتسىز ھالەتكە چۈشمەك (دەل ـ دەرەخ ھەققىدە): ئۆسۈملۈكلەرمۇ ھايۋانلارغا ئوخشاش قىشلىرى ئۇخلايدۇ.③ كۆچمە. خەۋەرسىز قالماق، غاپىل بولماق: يېنىمىزدا مۇشۇنداق مۇھىم ئىشلار بولۇۋاتقان تۇرۇقلۇق، بىز ئۇخلاپ يۈرۈپتىمىز.

**ئۇخلاپ چۈش كۆرگەندەك** ئويلىماي، خىيالىي: رەيھانەم ناگان ـ ناگاندا، ئۇخلاپ چۈش كۆرگەندەك بىر گەپلەرنى قىلىپ قويغىنى بىلەن، ئىغۋا، تۆھمەت، بېسىملاردىن قورقمايدىغانلىقىنى نامايان قىلغانىدى.

**ئۇخلاپ چۈشى** خام خىيال: ئۇلار خۇشال بولۇشۇپ: «ئىقلىمنىڭ بېشىمىزغا چىقمەن دېيىشى — ئۇخلاپ چۈشى» دېيىشىپ خېلى جانلىنىپ قېلىشتى.

**ئۇخلاپ چۈشىدە كۆرمىگەن** ئويلاپمۇ باقمىغان، خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن: ئۇ ئۆز ھاياتىدا زور بۇرۇلۇش بولىدىغانلىقىنى ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرمىگەنىدى.

**ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ يوق** زادىلا ئويلاپ باقمىغان، خىيالىدىمۇ يوق: بۇ يەرلەرگە كېلىش ئۇخلاپ چۈشۈمدىمۇ يوق ئىدى.

**ئۇخلاپ چۈشىگە كىرمىگەن** ← **ئۇخلاپ چۈشىدە كۆرمىگەن**: — مەنمۇ ھەيرانە ـ ھەس، بۇ تولىمۇ كۈتۈلمىگەن تاسادىپىيلىق، ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەن ئىش، — دەپ جاۋاب قايتۇردى ئالىم ئاكا.

**ئۇخلىسا چۈشىگە كىرمەيدىغان** ← **ئۇخلاپ چۈشىدە كۆرمىگەن:** قىز بالىنىڭ ئۇرۇمچى دېگەن يەرگە بېرىپ ئوقۇشى ئۇخلىسا چۈشىگە كىرمەيدىغان ئىش.

**ئۇخلىماي چۈش كۆرمەك** خام خىيال قىلماق، قۇرۇق خىيال قىلماق: «شاھلىق تاجى مېنىڭ» دەپ، ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپتۇ. خەلق بۆلەك ئويلاپتۇ، ھەر خىل پىكىر قايناپتۇ.

**ئۇد** I ئى [ئە] <مۇز> كۆپ تارلىق، شەكلى ئۈچ بۇرجەك ۋە تىرناق ياكى ناخۇن بىلەن چېلىنىدىغان بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى.

**ئۇد** II ئى [ئە] <بوت> مازارىيون ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان ئېگىز دەرەخ. يوپۇرمىقى قېلىن، پارقىراق، گۈلى ئاق. ياغىچى قاتتىق ھەم ئېغىر، رەڭگى سېرىق، خۇشبۇي پۇرىقى بار. ئىسرىق سېلىشقا ئەڭ ياخشى ماتېرىيال بولىدۇ. ياغىچى دورا قىلىنىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىش، ئاشقازاننى ياخشىلاش رولى بار. ياغىچىمۇ ئۇد دېيىلىدۇ. تىروپىك بەلباغدىن چىقىدۇ.

**ئۇدا** رەۋ [ئە] قايتا ـ قايتا، تەكرار؛ ئۈزۈلدۈرمەي: شۇنىڭدىن كېيىن ئەخمەت ئۇدا ئۈچ يەكشەنبە كۈنى زور ئۈمىد بىلەن تاغىسىنىڭ ئۆيىگە باردى.

**ئۇدار** مىق [ر] <مۇز> مۇزىكىلىق تاۋۇشنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىنى ھېسابلاشتا قوللىنىلىدىغان بىرلىك: بۇ ناخشىنىڭ ئۇدارى ناھايىتى جايىدا ئىشلىنىپتۇ. ئادەمنىڭ ئاڭلىغانسېرى ئاڭلىغۇسى كېلىدىكەن.

**ئۇدارسىز** سۈپ. ئۇدارلىرى ئېنىق ئىپادىلەنمەيدىغان، ئۇدارغا ئىگە ئەمەس: ئۇدارسىز ئاھاڭ سۈپەتسىز تاۋارغا ئوخشايدۇ.

**ئۇدارلىق** سۈپ. ئۇدارلىرى ئېنىق ئىپادىلىنىدىغان، ئۇدارغا ئىگە: تەمبۇر چېلىشتا تۆت بارمىقىمىزنى تولۇق ھەرىكەتكە كەلتۈرىمىز. ئۇنداق قىلمىغاندا بىرىكمە ئۇدارلىق ئاھاڭلارنى تولۇق چالالماي

ئاھاڭ سۇپىتى ناچارلىشىدۇ.

**ئۇدھىندى** ئى [ئۇد + ھىندى] <بوت> يۇرچاق ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان كىچىك دەرەخ. ياغىچىنىڭ ئوتتۇرىسى قىزىل، قايىنتىش ئارقىلىق قىزىل بوياق ئېلىنىدۇ. يىلتىزىدىن سېرىق بوياق ئېلىنىدۇ. قىزىل بويىقى دورا بولىدۇ، ھەيز كەلمەسلىك، سۇنۇق قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۇدۇسقىماق** پ. دىيال. بوۋاقلار ئۇخلاۋېتىپ كۈلۈپ ياكى يىغلاپ كەتمەك. جۆيلۇمەك.

**ئۇدۇق ـ بۇدۇق** ئۆز كەيپىياتىنى يوشۇرالماي تەمتىرىگەن ھالەت: مەتروزى:«سەن ئاشپەز تۇرساڭ قانداقمۇ قەھرىمان بولارسەن؟» دېۋىدى، پولات ئۇدۇق ـ بۇدۇق قىلىپ قالدى.

**ئۇدۇل** ① سۈپ. مەلۇم نەرسىنىڭ ئۇتتۇرى، ئالدىغا جايلاشقان، ئۇتتۇر: ئۇدۇل چىش. * ئالمىخانىنىڭ ئۆيلىرى ئىچكىرىدىن ـ ئىچكىرى. ئالمىخانغا سەپسېلىڭلار، ئۇدۇل چىشى تاشقىرى. ② سۈپ. ئەگرى ئەمەس، تۈز؛ تىك: توۋا دەيمەن، ئاشۇ ئون يىلغا بۇگۈن، كۆپكۈندۈز ھەممىنى باستى قارا. ئاچىمىز جەننەتكە ئۇدۇل يولنى دەپ، تاسلا قالدۇق كەتكىلى دوزاخ ئارا. ③ رەۋ. مەلۇم نىشانغا قاراپ، بۇرۇلماي، ئۇتتۇر: ئۇ شۇندىن كېيىن ھەر قېتىم بازارغا ئاتىغان ئوتۇنلىرىنى ئۇدۇل مۇشۇ ئاشخانىغا ئەكېلىدىغان بولدى. ④ رەۋ. كۆچمە. تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن؛ ئۇتتۇرلا: — بىز قاچانغىچە جىم ياتىمىز؟ — دېدى ھېلىقى كىشى گەپنى ئەگىتمەستىن ئۇدۇل سۆزلەپ.

**ئۇدۇل كەلمەك** ① باراۋەر كەلمەك، تەڭ كەلمەك: شۇ كۈنلەردە بىر چارەك قوناق قىممەت جەھەتتە بىر جىڭ گۆشكە ئۇدۇل كېلەتتى. ② ماس، مۇۋاپىق، توغرا بولۇپ چىقماق: ئەمدى بولسا بۇ قىزنىڭ مېنىڭ چېچىمنى ئالغىنىغا ھەيرانمەن. ئىش دېگەن بۇنداقمۇ ئۇدۇل كېلىپ قالغان بارمۇ؟

**ئۇدۇللاتماق** «ئۇدۇللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇگۈن باشلىقنى ئىزدىشىمدىكى ئاساسىي مەقسەت باشلىقنىڭ بار ۋاقتىدا ئۇنىڭغا يىللىق دەم ئېلىش ۋاقتىمنى ئۇدۇللىتىۋېلىش ئىدى.

**ئۇدۇللاشتۇرماق** «ئۇدۇللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۈگۈن كادىرلار بۆلۈمىگە كېلىشىمدىكى مەقسەت ئۇنىڭ بۇ ئۇنۋانى بىلەن ئىش ھەققىنى ئۇدۇللاشتۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىش ئىدى.

**ئۇدۇللاشتۇرۇشماق** «ئۇدۇللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەر يىلى يىل ئاخىرىدا مەكتىپىمىزنىڭ بىر يىللىق كىرىم ـ چىقىملىرى ئۇدۇللاشتۇرۇلىدۇ.

**ئۇدۇللاشماق** ① «ئۇدۇللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئوپېراتورلار سىنئالغۇلىرىنى سەھنىگە ئۇدۇللاشتى. ② تەڭلەشمەك، تەڭپۇڭلاشماق، بالانسلاشماق: ئۇزۇندىن بېرىقى ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ھېسابات ئاخىرى بۈگۈن ئۇدۇللاشتى.

**ئۇدۇللانماق** ① «ئۇدۇللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: خەلق ھويلىدا بولۇۋاتقان گەپ ـ سۆز، ھەرىكەتلەرنى كۆرۈش ئۈچۈن دەرۋازىغا ئۇدۇللىنىپ، ئۆز ـ ئۆزىدىن كارىدور تەرەپكە يېقىنلاپ كەلدى. ② «ئۇدۇللىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چەك ـ چېكى يوق پايانسىز ئالەم، كۈننىڭ كۆزى ئۇدۇللانغان يەر. بەلكى مۇندىن ئېزىپ ـ تېزىپ ھەم، قۇشلار ئۆتسە قانىتى كۆيەر.

**ئۇدۇللۇق** ① ئى. تۈز، ئۇدۇل، توغرا ھالەت: بىزنىڭ بەلگىلەنگەن جايغا ۋاقتىدا بارالىشىمىز تېز ماڭغانلىقىمىز ۋە يولنىڭ ئۇدۇللۇقىدىن بولدى. ② رەۋ. لازىم بولغۇچە، تاپقىنىچە؛ ئۇتتۇرلۇق، بىر تەرەپتىن: ئۇدۇللۇق ئېلىپ، ئۇدۇللۇق يېمەك. ئۇدۇللۇق تۇرمۇش كەچۈرمەك.

**ئۇدۇللىماق** پ. مەلۇم بىر نىشانغا ياكى نەرسىگە توغرىلىماق، روبىرو ھالەتكە كەلتۈرمەك: «ئات» دېدى سېيىت گاڭگۈڭ، ھارۋىدىن تۆۋەن سەكرەپ: ئات جاللات! ئۇدۇللاپ ئات! يۈرەككە ئۇدۇل چەنلەپ.

**ئۇدۇلمۇئۇدۇل** بىرى يەنە بىرىگە ئۇدۇل بولۇپ، ئۆز ئارا ئۇدۇل ھالدا: ئالىم ئىككىمىز ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلىمىز.

**ئۇدۇم** ئى [ئە] ① ئومۇم تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان تەرتىپ، ئادەت، رەسىم؛ ئەنئەنە: بالىنى بۆشۈككە سېلىش تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇدۇمىدا بىر خىل ئادەت قارىشىنى شەكىللەندۈرگەن. ② ھەربىر شەخسنىڭ ئۆزىگە خاس ئادىتى، ئىرسىيىتى؛ مەشغۇلاتى، كەسپى: قېنى، ئۇ بۈگۈنكى كۈندە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇدۇمىنى ئاپتۇمۇ، يوق، بىر كۆرۈپ باقايلى.

**ئۇدۇمچان** سۈپ. ئۇدۇمغا قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان، بويسۇنىدىغان؛ ئۆز ئۇدۇمىنى قوغدايدىغان: ئۇنىڭ دادىسى مەھەللىمىزدىكى ناھايىتى ئۇدۇمچان ئادەم ئىدى.

**ئۇدۇمچانلىق** ئى. ئۇدۇمچان كىشىلەرگە خاس بولغان ھەرىكەت، كەيپىيات، خۇسۇسىيەت ۋە شۇنداق روھ: ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياشاشقا بولغان پەلسەپىۋى قاراشلىرى ۋە ئۇدۇمچانلىق روھى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئانا ماكانغا بولغان ساداقەت ۋە مۇھەببەت بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلدى.

**ئۇدۇملاشتۇرماق** «ئۇدۇملاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار بۇ قائىدىنى ئۇزۇندىن بۇيان ئۇدۇملاشتۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى.

**ئۇدۇملاشتۇرۇشماق** «ئۇدۇملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۇدۇملاشتۇرۇلماق** «ئۇدۇملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئوغۇل بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە خەتنىسىنى قىلىش ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى خەلقلەر ئارىسىدا ئۇزاقتىن بۇرۇن ئۇدۇملاشتۇرۇلغانىدى.

**ئۇدۇملاشماق** پ. ئومۇم تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان تەرتىپ، ئادەت، رەسىم، قائىدە، ئەنئەنىگە ئايلانماق: كەپتەر بېقىش ئاكامغا ئۇدۇملىشىپ قالغانىدى.

**ئۇدۇملۇق** سۈپ. ئۇدۇمى بار، ئۇدۇم بولۇپ قالغان، ئۇدۇمغا ئايلانغان: قىلدى جەۋلان قوللىرىڭدىن مۆجىزە، بوپتۇ ئادەت بۇ ئۇدۇملۇق يەن ساڭا.

**ئۇدۇملىماق** پ. مەلۇم ئادەت، ئەنئەنە، خۇسۇسىيەتلەرنى قائىدىگە ئايلاندۇرماق، قائىدىلەشتۈرمەك؛ قائىدىگە، سىستېمىغا چۈشۈرمەك، ئۇيغۇنلاشتۇرماق: بىز يۇقىرىدا «تارىخىي تەنقىد» قىلغان ئەنئەنىۋى كالېندار ۋە سائەت بىرلىكلىرىدىكى رەقەملەرنىڭ ئۆزگىرىشچان بولۇشى ئەسلىي ئوبيېكت تاناسىپلىقىنى بۇزغۇچى رەقەملەرنى ئۇقۇملاش، ئۇدۇملاش، رىقابەتلىشىش تاكتىكىسىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

**ئۇران** I ئى [ر< گىرېك] <خىم> رادىيو ئاكتىپ مېتال

ئېلېمېنت. بەلگىسى U(Uranium). قارامتۇل كۈل رەڭ پاراشوك ھالەتتىكى ماددا ياكى كۈمۈش رەڭلىك كىرىستال، A، B ۋە Y نۇرلىرىنى تارقىتىدۇ، ئەڭ تۇراقلىق ئىزوتوپىنىڭ يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى 4 مىليارد 500 مىليون يىل. ئۇراننىڭ تەبىئەتتە تارقىلىشى ئىنتايىن ئاز، ئاتوم ئېنېرگىيەسى ھاسىل قىلىشتا قوللىنىلىدۇ.

**ئۇران** II ئى. بولۇۋاتقان گەپ - سۆز تەلەپپۇزى ۋە سۆزلىگۈچىنىڭ كەيپىياتىغا ئاساسەن قىياس قىلىنغان مەنە: ئۇ گېپىمنىڭ ئۇرانىدىن كۆڭلۈمدىكىنى چۈشەنگەن بولسا كېرەك.

**ئۇران** III ئى [ر< گىرېك] <ئاستىر> قۇياش سىستېمىسىدىكى توققۇز چوڭ پىلانېتانىڭ بىرى. قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ يىراق - يېقىنلىق تەرتىپى بويىچە سانىغاندا 7 - پلانېتا ھېسابلىنىدۇ. قۇياشنى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىش دەۋرى تەخمىنەن 84 يىل، يورۇقلۇق دەرىجىسى ئاجىزراق كېلىدۇ. ئۇنى پەقەت تېلېسكوپ ئارقىلىقلا كۆرگىلى بولىدۇ. يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 0℃ — 200℃، سىرتىدىكى ئاتموسفېرا قەۋىتىنىڭ تەركىبى ئاساسەن ھىدروگېن بىلەن مېتاندىن ئىبارەت. ئۇنىڭ يەنە سەككىز نۇر ھالقىسى ۋە بەش دانە ھەمراھى بار.

**ئۇران** IV ئى. سۈرەن، چۇقان؛ شوئار، چاقىرىق: ئۇران توۋلىماق.

**ئۇران قىچقارماق** ① چۇقان سالماق. ② كونا ئادەت بويىچە قورقۇپ كەتكەن كىچىك باللارنىڭ كەيپىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆي سىرتىدىكى بەلگىلىك ئارىلىقتا ئادەتلەنگەن چاقىرىق سۆزلىرىنى ئۈنلۈك ۋارقىرىماق.

**ئۇران - جۇرات** ئۇرۇق - جەمەت.

**ئۇرانىت** ئى [ر< گىرېك] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. كۆپىنچە توريي، راديي، ئاز ئۇچرايدىغان يەر مېتاللىرى ئارىلىشىدۇ. تەڭ ئوقلۇق كىرىستال سىستېمىسىدا. قارىماي ياكى تۆمۈر قارا رەڭلىك، سۈزۈك ئەمەس، ماي پارقىراقلىقىدا. كۈچلۈك رادىيوئاكتىپلىقى بار. ئاساسەن زور كىرىستاللىق جىنسلاردا، يۇقىرى تېمپېراتۇرلۇق ئىسسىق ئېرىتمە كان ياتقۇلىرىدا ئۇچرايدۇ. ئۇران تاۋلايدىغان مىنېراللىق خام ئەشيا ھېسابلىنىدۇ.

**ئۇرتوقاي** رەۋ [ئۇر + توقاي] ← **ئۇركالتەك**: ئۇرتوقاي قىلماق.

**ئۇر-چاپ** ئالدىغا ئۇچرىغان كۆرگەنلا كىشىنى ئۇرۇپ - چېپىپ قىرغىن قىلىش: كوچا - رەستە ۋە ئاللىقەيەرلەردە ئۇر - چاپ، تۇتقۇن قىلىشلار قايناپ كېتەتتى.

**ئۇر- چاپ قىلماق** ھەممە يەردە ئۇرۇپ - چېپىپ قىرغىن قىلماق: ئۇر - چاپ قىلماق.

**ئۇرچۇق** ئى ① يىك: مەن ئۇ يەردىن پەقەت بىر چاق، بىر ئۇرچۇق ۋە بىر كىتابنىلا تاپتىم. ② ئېگىرىش فابرىكىسىنىڭ مۇھىم دېتالى. ئۇ پىلتىدىن سوزۇلغان تالانى ئېگىرىپ پىششىقلاپ ناچىغا بەلگىلىك شەكىلدە يۆتكەيدۇ. ئادەتتە ئۇرچۇقلارنىڭ سانى ئېگىرىش فابرىكىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

**ئۇرچۇقسىمان** سۈپ. ئۇرچۇق شەكىلدىكى، ئۇرچۇققا ئوخشاش: ئۇرچۇقسىمان تەنچە.

**ئۇرچۇقلۇق** سۈپ. ئۇرچۇقى بار، ئۇرچۇق ئورنىتىلغان: 200 مىڭ ئۇرچۇقلۇق ئېگىرىش فابرىكىسى.

**ئۇر- سۇر** ئۇرۇش ۋە سۈرۈش، ئۇرۇش ۋە ھەيدەش.

**ئۇر- سۇر قىلماق** ئۇرۇپ، قوغلاپ سۈرۈپ توقاي قىلماق: يىگىتلەر ئۇلارنى ئۇر - سۇر قىلىۋەتتى.

**ئۇرغاچى** ئى. چىشى: بېلىقىنىڭ ئەركەك ياكى ئۇرغاچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن سېنى چاقىرتقۇزغانىدىم.

**ئۇرغۇ** ئى <تىل> سۆزلەردىكى بەزى تاۋۇش ياكى بوغۇملارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئېيتىلىشى.

**ئۇرغۇتماق** «ئۇرغۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ ناخشىسى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتاتتى.

**ئۇرغۇزماق** «ئۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: راھەتنىڭ بىر كاچىتى ئۈچۈن يالقۇن ئەسئەتنى قوپالمىغۇدەك قىلىپ قاتتىق ئۇرغۇزدى.

**ئۇرغۇسىز** سۈپ. ئۇرغۇسى يوق، ئۇرغۇ چۈشمىگەن: ئۇرغۇسىز بوغۇم.

**ئۇرغۇلۇق** سۈپ. ئۇرغۇغا ئىگە، ئۇرغۇ چۈشكەن؛ ئۇرغۇ بىلەن ئېيتىلىدىغان: ئۇرغۇلۇق بوغۇم.

**ئۇرغۇماق** پ ① بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىپ تۇرماق: ئۇلار دەرەخنىڭ تېگىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇلاقتىن قېنىپ سۇ ئىچىشىپتۇ. ② دولقۇنلىماق، جۇش ئۇرماق: يۈرىكىنىڭ قات - قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان مۇڭلۇق قوشاقلار ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان، ۋۇجۇدىغا غەيرەت بېغىشلايتتى. ③ كۆپچىمە. ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بارماق، ئۆرلىمەك، تاشماق: ئۇلاردىكى غەم - ئەندىشە كۆتۈرۈلۈپ، كۆرەشكە بولغان ئىشەنچ كۈچەيدى، ھەممەيلەندە غەيرەت ۋە باتۇرلۇق ئۇرغۇدى.

**ئۇركالتەك** ئى [ئۇر + كالتەك] ئۇرۇپ، كالتەكلەپ بېرىلگەن زەربە: ئۇركالتەك قىلماق.

**ئۇرماق** پ ① قول ياكى بىرەر نەرسە بىلەن زەربە بەرمەك: بىر كاچات ئۇرماق. * ئېشەكنى ئۇرغانغا ئات بولماس (ماقال). ② بىرەر نەرسىگە قاتتىق تەگكۈزمەك، مۇشتلىماق، سوقماق: مەيدىسىگە ئۇرماق. پالاق ئۇرماق. پۇتىنى يەرگە ئۇرماق. ③ تىغلىق قوراللار بىلەن كەسمەك، چاپماق؛ تىقماق، سانجىماق: دۈشمەنگە نەيزە ئۇرماق. قىلىچ ئۇرماق. ④ شىددەت بىلەن تەگمەك، ئۇرۇلماق: ئابرال تېغىدىن بولسا ئاچچىق، ئەمما ساپ ھاۋالىق تاغ شامىلى ئۇرۇپ تۇراتتى. ⑤ ئەتراپقا يېيىلماق، تارالماق: ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇرغان ھاراقنىڭ بۇسى مېنى سەسكەندۈرەتتى. ⑥ سوقماق، سالماق: بۇ چاغدا خۇشاللىقتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئاتىكەمنىڭ يۈرىكى ھەم تېز، ھەم قاتتىق ئۇرغىلى تۇردى. ⑦ سانجىپ، تىقىپ كىرگۈزمەك، سالماق: ئوكۇل ئۇرماق. ۋاكسىنا ئۇرماق. ⑧ سىگنال، شەپە بېرىش ئۈچۈن بىرەر نەرسىنى تەگكۈزۈپ ئاۋاز چىقارماق: داڭ ئۇرماق. * ھەسەن بىلەن قەمەر تاماقلىرىنى يەپ قوللىرىنى يۇيۇۋاتقاندا، بىرى دەرۋازىنى قاتتىق ئۇرۇپتۇ. ⑨ بەرمەك، سوقماق: ۋارىس، سەن ئالدىمىزدىكى تاشيول ئۈچاستكىلىرىغا تېزدىن تېلېفون ئۇرۇۋەت. ⑩ چالماق: بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن بىر ئادەمنىڭ مارىلاپ كېلىۋاتقان كۆلەڭگىسى كۆرۈندى ۋە ئۇ ئۈچ قېتىم چاۋاك ئۇردى. ⑪ بېسىپ ئىزىنى چۈشۈرمەك، باسماق: بەش كوينى بەرسىڭىز نېمە ئۈچۈن بۇ قەغەزگە تامغا ئۇرمىدىم؟ ⑫

كۆچمە. ساتماق: ھېلىقى دېھقان سېتىۋالغان ئۆكۈز ۋە بۇغدىينى تاشقورغانغا ئاپىرىپ سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا قوتاز ئەكېلىپ قاساپقا ئۇرىمەن دەيدۇ. ⑬ كۆچمە. جازاسىنى بەرمەك، جازالىماق: خۇدا ئۇرغاننى يۆلىگىلى بولماس (ماقال). * خۇدا ئۇرىمەن دېسە ئاۋۋال ئەقلىدىن ئۇرىدۇ (ماقال). ⑭ بەزى ئىسىملار بىلەن كېلىپ، ئۇلارنى پېئىللاشتۇرىدۇ: ئاھ ئۇرماق. بەرق ئۇرماق. مەۋج ئۇرماق. داد - پەرياد ئۇرماق. جۇش ئۇرماق.

**ئۇرۇپ - سوقۇپ** قول ئۇچىدىلا، بولۇشىغا، ئەپلەپ - سەپلەپ: ئىشنى ئۇرۇپ - سوقۇپ پۈتكۈزمەك.

**ئۇرۇچ** ئى. دىيال. ئۈچ.

**ئۇر - ئۇر** ھەممىلا ئادەم ئۇرۇش ياكى ھەممىلا ئادەم تەرەپتىن ئۇرۇلۇش: ئۇر - ئۇر قىلماق. ئۇر - ئۇرغا قالماق.

**ئۇرۇش** ئى. قەبىلىلەر، دۆلەتلەر ياكى ئىجتىمائىي سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى قوراللىق كۈرەش، توقۇنۇش، جەڭ: ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى. ئۇرۇش تەييارلىقى.

**ئۇرۇشپەرەس** سۈپ. ئۇرۇشنى ھەدەپ تەرغىب قىلىدىغان، ئۇرۇش قىلىشقا ئامراق، ئۇرۇشخۇمار: دۆلىتىمىزنىڭ نەچچە ئەۋلاد رەھبەرلىرى بەزى ئۇرۇشپەرەس دۆلەتلەرنى ئىزچىل ھالدا ئەيىبلەپ كەلدى.

**ئۇرۇشپەرەسلىك** ئى. دائىم ئۇرۇش - جېدەل قىلىشنى ئويلايدىغان، ئۇرۇش قىلىشقا ئامراق مىجەز، خاراكتېر، ئۇرۇشخۇمارلىق: ئۇرۇشپەرەسلىك كىشىگە ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدۇ.

**ئۇرۇش - تالاش** بىرەر نەرسىنى تالىشىپ جېدەل قىلىش ۋە ئۇرۇشۇش: — بالىلىرىم، ساندۇقۇمدىكى دۇنيانى ئۇرۇش - تالاش قىلماي ئۈچۈڭلار تەڭ بۆلۈشۈڭلار، — دەپ نەسىھەت قىپتۇ بوۋاي.

**ئۇرۇشتۇرماق** ① «ئۇرۇشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە ئۇرماق: ئەركىن نائىلاج رەھمەت بىلەن رومكا ئۇرۇشتۇردى. ③ كۆچمە. ئۇچراشتۇرماق: توختى ئاخۇن بىلەن ئالماسنىڭ شۇنداق بىر خۇسۇسىيىتى بار ئىدىكى، ئاتا - بالا ئىككىيلەن بىرنەچچە ئېغىز قىسقا گەپ ۋە بىر - ئىككى قېتىم كۆز ئۇرۇشتۇرۇش بىلەنلا بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىشەتتى.

**ئۇرۇشتۇرۇلماق** «ئۇرۇشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئالتە قول كۆتۈرۈلدى، ئالتە پىيالە بىر - بىرىگە ئۇرۇشتۇرۇلدى.

**ئۇرۇشخۇمار** ئى [ئۇرۇش + خۇمار] → **ئۇرۇشپەرەس**: مەرھۇم دىۋايىت مورو ئىككى تەرەپتىكى ئۇرۇشخۇمار ئۇنسۇرلارنى يۇمشىتىدىغان ئاجايىپ ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى.

**ئۇرۇشخۇمارلىق** ئى → **ئۇرۇشپەرەسلىك**: ئۇرۇشخۇمارلىق بەزى كىشىلەرنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بولىدىكەن.

**ئۇرۇشقاق** سۈپ. ئاسان ۋە تېز ئۇرۇشۇپ قالىدىغان، سوقۇشقاق، جېدەلخور: يەر بۇزۇلسا بۇدۇشقاق بولار، خوتۇن بۇزۇلسا ئۇرۇشقاق بولار (ماقال).

**ئۇرۇشقاقلىق** ئى. تولا ئۇرۇشىدىغان، ئۇرۇشۇشتىن يانمايدىغان مىجەز، قىلىق، ئادەت: ئۇنىڭ ئۇرۇشقاقلىقى ھەممە يەردە ئۆزىگە رەقىب تاپتى.

**ئۇرۇشماق** ① «ئۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇ ئىككىسى قوللىرىنى جوزىغا ئۇرۇشۇپ ۋارقىرىشىشقا باشلىدى. ② جەڭ، ئۇرۇشقا قاتناشماق، ئۇرۇش قىلماق، سوقۇشماق: — بۇ قېتىم ياخشى ئۇرۇشتۇق، — دېدى ئەنجانباي چوقچىيىپ تۇرغان ،

تاشقا دۇمبىسىنى تاقاپ ئولتۇرۇپ نەسىردىنگە، — يىگىتلىرىمىز جان پىدالىق قىلدى. ③ ئۇرۇش - تالاش قىلماق، جېدەللەشمەك، ماجىرالاشماق: ياخشى ئۇرۇشسا بەرگىلى نەرسە تاپالماس، يامان ئۇرۇشسا ئالغىلى نەرسە تاپالماس (ماقال).

**ئۇرۇق** ئى ① <بوت> ئوچۇق گۈللۈك ئۆسۈملۈكلەردە بولىدىغان كۆپىيىش ئورگىنىنىڭ بىرى. ئۇرۇقلىنىش جەريانىنى تاماملىغان تۆرەلمە تۈگۈنىنىڭ يېتىلىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئادەتتە ئۇرۇق پوستى، تۆرەلمە ۋە تۆرەلمە سۈتى قاتارلىق ئۈچ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇرۇق بەلگىلىك شارائىت ئاستىدا بىخلىنىپ يېڭى ئۆسۈملۈك تېنىگە ئايلىنالايدۇ: ئۇرۇق سالماق. ئۇرۇق چاچماق. ئۇرۇق تاللىماق. ② <بىيول> جانلىقلارنىڭ ئەرلىك جىنسىي بېزى ئىشلەپچىقىرىدىغان، جىنسىي ھۈجەيرىلەردىن ئىبارەت سۇيۇقلۇق؛ ئىسپېرما، مەنىي. ③ بىر ئاتا - بوۋىدىن، بىر ئەجدادتىن كېلىپ چىققان كىشىلەر؛ ئەۋلاد، قېرىنداش: — مەن ۋاڭ ئۇرۇقىدىن بولىمەن، — دېدى ئۇ كىشى. ④ <تارىخ> ئىپتىدائىي جامائەت تۈزۈمىدىكى ئۆز ئارا قان - قېرىنداش بولغان كىشىلەردىن ئىبارەت دەسلەپكى ئاساسىي تەشكىلات، ئۇيۇشما، جامائە: قەدىمكى ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە ھەربىر ئۇرۇقنىڭ ئۆزىگە خاس نامى بولغان. ئۇرۇقنىڭ نامى كۆپىنچە شۇ ئۇرۇق ئاقساقىلىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. ⑤ بىر پۈتۈن قۇرۇلمىنى تەشكىل قىلغۇچى ئوخشاش چوڭلۇقتىكى قاتتىق نەرسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرى: تەسۋىي ئۇرۇقى. شاھمات ئۇرۇقى. دامكا ئۇرۇقى.

**ئۇرۇق چاچماق** ① زىرائەت ئۇرۇقىنى تەكشى تارىتىپ تېرىماق: ھوشۇر ئاكا قوناق ئارىسىغا قاشقا بېدە ئۇرۇقىنى چېچىپ، يېشىل ئوغۇت قىلىشقا تەييارلىدى. ② كۆچمە. پەيدا قىلماق، ئۇلغايتماق، تېرىماق: قاسىم سورۇنغا كېلىپلا جېدەل ئۇرۇقىنى چاچتى.

**ئۇرۇقىنى قۇرۇتماق** ئەسلىي، ئەۋلادىنى، قېرىنداشلىرىنى يوق قىلماق، تۈگەتمەك: ئۇلار ساۋۇتلارنىڭ ئۇرۇقىنى قۇرۇتماقچى بولۇشۇۋاتىدۇ.

**ئۇرۇق - ئايماق** ئۇرۇق ۋە ئايماق؛ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بولغان ۋە بىر جايدا ياشايدىغان كىشىلەر: پەيدا بولدى ئىپتىدائىي زېمىندە، يېزا - قىشلاق، ئېكىنزار ۋە يايلاقلار. ۋاقىت بىلەن مىللەت بولۇپ يېتىشتى، ئورمانلاردا يۈرگەن ئۇرۇق - ئايماقلار.

**ئۇرۇق - ئەجداد** ئۇرۇق ۋە ئەجداد؛ بىر ئاتا - بوۋىدىن كېلىپ چىققان كىشىلەر: بىزگە بۇ ئۇرۇق - ئەجدادىمىزدىن قالغان بىر ئىرسىيەت.

**ئۇرۇق - ئەۋلاد** ئۇرۇق ۋە ئەۋلاد؛ بىر ئاتا - بوۋىدىن كېلىپ چىققان كىشىلەر: ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ زاتنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى يوق ئىكەن.

**ئۇرۇق - پۇشت** → **ئۇرۇق - ئەۋلاد**: ئۇ ئۆزىنى غوجىنىڭ ئۇرۇق - پۇشتى دەپ يۈرىدۇ.

**ئۇرۇق - تۇغقان** ئۆز ئائىلىسىنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىگە چېتىشلىق بولغان باشقا ئائىلىلەر ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرى: ئۇرۇق - تۇغقاننىڭ يىرىقى ياخشى، ئوتۇن - ياغاچنىڭ يېقىنى ياخشى (ماقال).

**ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق** ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، قېرىنداشلىق: ياسىن بىلەن بىزنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان-

چىلىقىمىز بار.

**ئۇرۇق - تۇغقانلىق** ← **ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق:** ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىقىنى پەش قىلىپ بىر بۇزۇقنى قانات ئاستىغا ئالغىنى نېمىسى.

**ئۇرۇق - جەمەت** ئۇرۇق ۋە جەمەت؛ بالا - چاقا ۋە قېرىنداشلار: — رەھمەت بالىلىرىم، بۈگۈن ئۇرۇق - جەمەت، دوست - يارانلار دەرقەمتە بولدۇق، ئۇلۇغ ئايەم كۈنى ياخشى بولدى، — دېدى ئانا.

**ئۇرۇقچا** ئى. مېۋە گۆشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مېغىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قاتتىق قىسمى: شاپتۇل ئۇرۇقچىسى. ئۇرۇقچا چاقماق.

**ئۇرۇقچى** ئى ① سورتلۇق ئۇرۇقلارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: ھاشىم ئاكام بۇ كەنتنىڭ ئۇرۇقلۇق ئېتىزىنى باشقۇراتتى ۋە كەنتكە شال ئۇرۇقىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىدىغان پېشقەدەم ئۇرۇقچىمىز ئىدى. ② ئۇرۇق سالغۇچى: ئانىسى ئۇرۇقچى قىزلىرى سۆرەمدە، ئائىلە ئىشتا، ھەربىر ئايال داڭدار مېھنەت ئارتىسكىسى.

**ئۇرۇقچىلىق** ئى ① سورتلۇق ئۇرۇقلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاش ئىشى، كەسپى: ھازىر بۇ ناھىيەدە كەسپىي ئۇرۇقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش دۇيىدىن 44 ى بار. ② ئۇرۇقداشلىق: ئاقساقاللار كېڭەشى گەرچە ئۇزاقتىن بېرى كېلىۋاتقان ئۇرۇقچىلىق ئەنئەنىسىگە بىنائەن بىرەر يېڭى باشلىقنى كۆرسىتىپ، تەستىقلىسىمۇ، ئەگەر تەڭرىقۇت ئۇنى خالىمىسا، ئاقساقاللار كېڭەشىنىڭ قارارى ئېتىبارغا ئېلىنمايتتى.

**ئۇرۇقداش** ئى ① <تارىخ> ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى قانداشلىق مۇناسىۋىتى بويىچە بىرلەشكەن كىشىلەر كوللېكتىپى. ئۇنىڭدا ئۆزئارا نىكاھلىنىش قاتتىق مەنئى قىلىنغان. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئومۇمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، مەھسۇلات كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىلىپ، كوللېكتىپ ئىستېمال قىلىنغان. ② <بىيول> بىر ئائىلىدىكى جانلىقلارنىڭ ئۆزئارا ئوخشاشلىق دەرىجىسى بويىچە ئايرىلغان گۇرۇپپىسى. مەسىلەن، مۇشۇك ئائىلىسىنىڭ مۇشۇك ئۇرۇقدىشى ۋە يولۋاس ئۇرۇقدىشىغا؛ باشاقلىقلار ئائىلىسىنىڭ شال ئۇرۇقدىشى، بۇغداي ئۇرۇقدىشى ۋە سۇلۇ ئۇرۇقدىشى قاتارلىقلارغا بۆلۈنگىنىگە ئوخشاش.

**ئۇرۇقداشلىق** ئى. جەمەتى، ئۇرۇقى بىر بولغان مۇناسىۋەت، بىر جەمەتكە تەۋەلىك.

**ئۇرۇقدان** ئى<بىيول> ① ئەر كىشى ياكى ئەركەك ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىش ئورگىنىنىڭ بىرقىسمى. ئادەم ۋە سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ ئۇرۇقدىنى ئۇرۇقدان خالتىسىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، يۇمىلاق كېلىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش رولىنى ئوينايدۇ. ② ئانىلىقنىڭ ئاستىنقى كۆپكەن قىسمى. ئۇرۇقدان تەرەققىي قىلىپ مېۋە ھاسىل قىلىدۇ، تۆرەلمە تۇگۈنى تەرەققىي قىلىپ ئۇرۇققا ئايلىنىدۇ.

**ئۇرۇقلاندۇرماق** «ئۇرۇقلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ سۈنئىي ئۇسۇلدا ئۇرۇقلاندۇرۇش بىلەن بۇقا، قوچقار تاللاپ نەسىللەندۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ تۇتۇپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

**ئۇرۇقلاندۇرۇلماق** «ئۇرۇقلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كۈزدە ئۇرۇقلاندۇرۇلغان ماللارنىڭ تۆللىرى تولۇق قاتارغا قوشۇلدى.

**ئۇرۇقلانماق** پ. ئۇرۇق قوبۇل قىلماق؛ نەسىللەنمەك: ئارال يېزىسىدا بۇ يىل 300 دىن ئارتۇق چارۋا ئۇرۇقلاندى.

**ئۇرۇقلۇق** ① سۈپ. ئۇرۇقى بار، ئۇرۇققا ئىگە: قارا ئۇرۇقلۇق تاۋۇز. ② سۈپ. ئۇرۇق قىلىشقا تەييارلانغان: ئۇ دېھقانلار بىلەن ئۇرۇقلۇق قوناق يېتىشتۈرۈش بويىچە ھۆددە توختامى تۈزدى. ③ ئى. تېرىلغان يەرگە چېچىش ئۈچۈن تەييارلانغان دان: بىر كۈنى باي بوۋاينىڭ ئىشلىگەن ھەققى ئۈچۈن كىچىككىنە يەر ۋە ئۇرۇقلۇق بېرىپتۇ.

**ئۇرۇقلۇقىمۇ يوق** ناھايىتى كەم، تېپىش ئىنتايىن قىيىن: ئۇكام، سەن تۇخۇمنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەن، تۇخۇم دېگەن بىر ئايدىن بۇيان ئۆيىمىزدە ئۇرۇقلۇقىمۇ يوق.

**ئۇرۇقلىنىش** ئى ① <زوئول> ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ ئەركەك جىنسىي ھۈجەيرىسى بىلەن چىشى جىنسىي ھۈجەيرىسىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشى. بۇ خىل جەريان بېلىق تىپىدىكى جانلىقلاردا تەن سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىشتىن سىرت، باشقا جانلىقلاردا بولسا ئانا تېنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ② <بوت> ئۆسۈملۈكلەرنىڭ جىنسلىق نەسىللىنىشىدىكى ئىسپېرما بىلەن تۇخۇمنىڭ قوشۇلۇشى.

**ئۇرۇڭقاي** سۈپ. دىيال. ياسانچۇق، مىشچان.

**ئۇرۇلدۇرماق** «ئۇرۇلماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئادەتتە تەكشۈرۈش ئاپپاراتىنى ئايىغا ئۇرۇلدۇرۇپ، سۈنىڭ بارلىقىغا مۇناسىۋەتلىك يىپ ئۇچى تېپىلسىلا، بۇ يەرنىڭ ئاستىدا مۇز قاتلىمى بار، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

**ئۇرۇلماق** ① «ئۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۇساتتىن ھۇجرا ئىشىكى ئۇرۇلدى. ② «ئۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئابلىز ۋېلىسىپىتكە ئۇرۇلۇپ يىقىلىپ چۈشتى.

**ئۇرۇنما** ① سۈپ. ئۇرۇنغان ياكى ئۇرۇنىدىغان: ئۇرۇنما تەكشىلىك. ② ئى <مات> چەمبەر بىلەن بىر نۇقتىدا كېسىشىدىغان تۈز سىزىق.

**ئۇرۇنماق** پ ① بەدەننىڭ مەلۇم قىسمىغا تېگىش ئارقىلىق شۇ نەرسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلىنمەك: ئۇنىڭ قولىغا قاتتىق بىر نەرسە ئۇرۇندى - دە، ئۇنى ئالدى. ② ئۇرۇلماق، تەگمەك: مەن كېسەلنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن پەسكە چۈشۈپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ كېسەلگە ئۇرۇنۇپ كەتتىم. ③ مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشقا كىرىشمەك، تۇتۇنماق؛ بىرەر ئامال - چارە بىلەن ئىلاج قىلماق، تىرىشماق: ئاخىر ئىشخانا مۇدىرى يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، يىغىن ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇندى.

**ئۇرۇنۇشسىز** سۈپ. ئۇرۇنماي، تەگمەي، تۇتۇنماي، تىرىشماي، ھەرىكەت قىلماي: دائىم كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىدىغىنىم ھېچقانداق ئۇرۇنۇشسىزلا، خۇددى ئالدىن كېلىشىپ قويغاندەك بىر - بىرىنىڭ قەلبىنى چۈشىنىش ئىدى.

**ئۇرۇنۇشماق** «ئۇرۇنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار نەچچە قېتىم تۇپلىشىپ جېدەل چىقىرىشقا ئۇرۇنۇشقان بولۇشسىمۇ، ئامىمىنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ، مەقسىتىگە يېتەلمىگەنىدى.

**ئۇرۋال** ئى. دىيال. بىر يىل تېرىلسا، يەنە بىر يىلى ئاق تاشلىۋېتىلىدىغان، نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىلىدىغان يەر، ئارام ئالدۇرۇلۇپ تېرىلىدىغان يەر.

**ئۇرۋالماق** پ. دىيال، ئۆكتۈرۈلمەك.

**ئۇر - يىقىت** ئۇرۇش ۋە يىقىتىش: ئۇر - يىقىت قىلماق.

**ئۇر - يىقىت قىلماق** ئۇرۇپ، دۇمبالاپ، يىقىتىپ ئەدىپىنى

بەرمەك: شۇندىن بېرى ئۇلار بۇ كەنتكە كېلىپ ئۇر ـ يىقىت قىلالمايدىغان بولدى.

**ئۇز** سۈپ ① چىرايلىق، گۈزەل: ئۇزنىڭ بالىسى ئۇز، كىشىنىڭ بالىسى تۇز (ماقال). ② ماھىر، چېۋەر: بۇ قىزنىڭ ئۆي ئىشىدا قولى ئۇز ئىكەن. * ئاز قىل، ئۇز قىل (ماقال).

**ئۇزاتقۇچى** سۈپ. ئۇزىتىدىغان، بىر ـ بىرىگە ئۇلايدىغان: ئۇزاتقۇچى تاسما.

**ئۇزاتقۇزماق** «ئۇزاتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ ھاراقنى بەكمۇ تېتىپ باققۇسى كەلدى، بىراق ماتروس ئۇنى خالىغانچە قول ئۇزاتقۇزمىدى.

**ئۇزاتماق** پ ① قولىدىكى نەرسىنى باشقا بىرىگە قولىنى سوزۇپ تۇتقۇزماق، سۇنماق: باشلىق قول يازمىنى ماڭا ئۇزاتتى ـ دە، كەسكىن ھالدا گەپ تاپىلىدى. ② بىرەر تەرەپكە قارىتىپ سوزماق، تەڭلىمەك (قول، پۇت ھەققىدە): مېۋىسىز دەرەخقە كىم باقىدۇ، مېۋىلىك دەرەخقە ھەر كىم قول ئۇزىتىدۇ (ماقال). ③ بىرەر جايغىچە ھەمراھ بولۇپ يولغا سېلىپ قويماق: مەن قايتقاندا، رىزۋان مېنى چوڭ دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ قويدى. ④ يولغا سالماق، ماڭدۇرماق: ئىشخانىدىكىلەر ئاباس بىلەن سادىققا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ئۇلارنى ئۇزاتتى. ⑤ تۇرمۇشقا چىقارماق، ئەرگە بەرمەك: قىز ئۇزاتماق. ⑥ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى پۈتكۈزۈپ دەپنە قىلماق: شاھزادە دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىپ، نەزىر ـ چىراغلىرىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. ⑦ كۆچمە. مېھمان قىلماق: — ھېلىقى گىلەم ئالىمىز دەپ يىغىپ يۈرگەن 200 يۈەن پۇلنى بۈگۈنلا بانكىدىن ئەكېلىڭ، شۇ پۇل بىلەن مېھمانلارنى ئۇزىتىۋالارمىز، — دېدى ئايالىم.

**ئۇزارتماق** «ئۇزارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۈتۈپخانا خادىملىرى چۈشتىمۇ كۈتۈپخانىنى ئاچتى، خىزمەت قىلىش ۋاقتىنى ئۇزارتتى.

**ئۇزارتىشماق** «ئۇزارتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاغىنىلەر، گەپنى ئۇزارتىشماي دەرھال ئىشىمىزغا چۈشەيلى.

**ئۇزارتىلماق** «ئۇزارتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يىغىن يېرىم كۈن ئۇزارتىلدى.

**ئۇزارماق** پ ① ئۇزۇنلۇقى، بويى، ئارىلىقى ئېشىپ ئۇزۇن ھالەتكە كەلمەك، سوزۇلماق: بىر ئازدىن كېيىن ئىككى ئادەمنىڭ سايىسى ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، بارغانچە ئۇزىراشقا باشلىدى. ② داۋام قىلىش ۋاقتى كۆپەيمەك، ئۇزۇن ۋاقىت داۋام قىلماق، ئاشماق: ۋاقىت ئۇزارغانسېرى بۇ خىل خىياللارمۇ ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرمەيدىغان بولدى. ③ كۆچمە. ھەجمى، دائىرىسى كېڭەيمەك، كۆپەيمەك: گەپ ئۇزارماق.

**ئۇزاشماق** «ئۇزىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شائىر دوستلار قۇچاقلىشىپ ئۇزاشتى.

**ئۇزاق** سۈپ ① ئارىلىقى ئۇزۇن، يىراق: ئالماس ئاتلارنىڭ ئۇزاق يەردىن توختىماي چېپىپ كەلگەنلىكىنى بىر قاراپلا بايقىدى. ② ئۇزۇن داۋام قىلىدىغان، كۆپ ۋاقىت ئالىدىغان، ۋاقتى ئۇزۇن: — مۇشۇ كەنتنىڭ ئۆزىدە كۆردۈم، — دېدى مۇئەللىم، — ئانچە ئۇزاق بولمىدى. * بىز زاھىدە توغرىسىدا ئۇزاق پاراڭلاشتۇق.

**ئۇزاققا بارماي** ئۇزۇن ئۆتمەي، تېز پۇرسەتتە: سەۋر قىلايلى، ئۇزاققا بارمايلا، بۇ ئەبلەخلەر ئەدىپىنى يەيدۇ.

**ئۇزاق قەدىمكى زامان** <گېئول> كەم دېگەندە بىر مىليارد يىل داۋام قىلغان گېئولوگىيەلىك تارىخنىڭ تۇنجى دەۋرى. بۇ دەۋردە يەر شارىنىڭ يۈزى بەكمۇ تۇراقسىز، يەر پوستىنىڭ ئۆزگىرىشى ئىنتايىن شىددەتلىك بولۇپ، ئەڭ قەدىمكى قۇرۇقلۇق ئاساسى شەكىللەنگەن، تاغ جىنسلىرى ئاساسەن تەركىبى ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان گىنېيىستىن ئىبارەت بولغان. چۆكمە جىنسلار ئىچىدە تاشقا ئايلانغان ئورگانىزملار بولمىغان، بۇ دەۋردىكى يەر قاتلىمى ئۇزاق قەدىمكى دۇنيا دەپ ئاتالغان. مەملىكىتىمىزنىڭ خۇبېي ئۆلكىسىدە مۇشۇ دەۋرگە خاس يەر قاتلىمى بار.

**ئۇزاقتىن** رەۋ. ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن، ئۇزۇندىن: بۇ گەپ ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

**ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق** ① ناھايىتى ئۇزاق، بەك يىراق: مەن سېنى ئۇزاقتىن ـ ئۇزاققا ئىزدەپ كەزمىگەن چۆل ـ جەزىرە، چىقمىغان تاغ ـ داۋان، كىرمىگەن سازلىق قالمىدى. ② ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت، خېلى ئۇزۇن: بۇ يەرگە كۆپرەك قېرىلار توپلىشىپ، ئاڭلىغان ـ بىلگەنلىرى ھەققىدە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق مۇڭدىشىدۇ.

**ئۇزاقلاشتۇرماق** «ئۇزاقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىز ئارىنى تېخىمۇ ئۇزاقلاشتۇردۇق.

**ئۇزاقلاشتۇرۇشماق** «ئۇزاقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۇزاقلاشتۇرۇلماق** «ئۇزاقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئارىلىق ئۇزاقلاشتۇرۇلغانسېرى بېرىش ـ كېلىشمۇ تەبىئىي ھالدا ئازىيىپ قالىدىكەن.

**ئۇزاقلاشماق** پ ① ئارىلىقى، مۇساپىسى بارغانسېرى ئۇزارماق، يىراقلاشماق: بىلالىدىنىنىڭ كەشىنىڭ شاقىلدىغان ئاۋازى بارغانسېرى ئۇزاقلىشىپ، ئاخىرى ئاڭلانماي قالغاندا ئۇستاز بىلەن شاگىرت تەڭلا كۈلۈۋەتتى. ② كۆچمە. ئالاقىسى سۇسلاشماق، باردى ـ كەلدىسى ئازايماق: گاھىلىرى پارتىيەدىن ئۇزاقلىشىپ، پۈتۈن پىكىر ـ زىكرى بىلەن ئائىلىسىنىڭ غېمىنى يېيىشكە كىرىشىپ كەتتى.

**ئۇزاقلىق** ئى. مۇساپىسى ئۇزۇنلۇق، يىراقلىق: يولنىڭ ئۇزاقلىقى ھەممىمىزگە ئېغىر كەلدى.

**ئۇزاقلىماق** پ. مەلۇم جايدىن يىراقلاپ بارماق، ئۇزاقلاشماق: كەتتى ئۇ، چىغىر يول بويلاپ يىراققا، كەتتى ئۇ، ئۇزاقلاپ كەيپىدىن مانا. بىلەلمەي كىملىكىنى ئايال يىراقتا، خىياللار ئىلكىدە قالدى بىرھازا.

**ئۇزاق ـ ئۇزاق** ① ئارىلىقى ناھايىتى ئۇزاق، بەك يىراق، كۆز يەتكۈسىز: ياڭراق خامان ناخشىسى، كېتەر ئۇزاق ـ ئۇزاققا؛ ئېتىز كۈيى نەغمىسى، خۇش كېلىدۇ قۇلاققا. ② خېلى ئۇزۇن بىر ۋاقىت، خېلى ئۇزۇن: ئۇنىڭ ھەر دائىم بائىمەنى كۆرگۈسى، قىز بىلەن ئۇزاق ـ ئۇزاق سۆزلەشكۈسى كېلەتتى.

**ئۇزلاشتۇرماق** «ئۇزلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ يۇرتنىڭ قىزلىرىنى شۇنچىلىك ئۇزلاشتۇرغان نېمىدۇ؟

**ئۇزلاشتۇرۇلماق** «ئۇزلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ بىنا قايتىدىن رېمونت قىلىنىپ، بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ ئۇزلاشتۇرۇلدى.

**ئۇزلاشماق** پ. بارغانسېرى ئۇز، چىرايلىق ھالەتكە كەلمەك؛ چىرايلىقلاشماق: زەيتۇنەم بوي تارتىپ ئۇزلىشىپ كەتكەندى.

**ئۇزلۇق** ئى. چىرايلىقلىق، گۈزەللىك؛ چاققانلىق، ئەپلىك ـ

لىلىك: — ۋاي ئانىكام، — دېدى ئايپاشا روزىمەتنىڭ مۇرىسىدە تۇرغان چوي-لىلارغا قاراپ، — بۇ چويلىلارنىڭ ئۇزلۇقىنى، ھەممىسىنى ساتقىلى بولارمۇ؟

**ئۇزھال** ئى [ئۇز + ھال] <مۇز> ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزد-كىسى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئالتىنچىسىنىڭ نامى: ئۇزھال مۇقا-مى.

**ئۇزۇت** سۇپ. ديال. ئۇزۇن.

**ئۇزۇن** سۇپ ① بويىغا، ئالدىغا قاراپ سوزۇلغان؛ ئارىلىقى، مۇساپىسى يىراق: ئۇزۇن يول. ئۇزۇن چاچ. ئۇزۇن مىخ. ئۇزۇن كۆڭلەك. ② ئۇزاق داۋام قىلىنىدىغان، كۆپ ۋاقىت كېتىدىغان، ئۇزاق؛ مەزمۇنى، دائىرىسى كەڭ: ئۇزۇن ماقالە. ئۇزۇن گەپ. * ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي، ئۇ ئايال يەنە كەلدى.

**ئۇزۇنغا چىق** تىل ھا. كۆزدىن يوقال، كەت: بەگ يامانلىسا ئۇ-زۇنغا چىقسۇن، بىر تاۋاق ئېشىم قازىنىمدا قالىدۇ.

**ئۇزۇن قول ← قولى ئۇزۇن:** ئىسىت، بىزمۇ دادامنىڭ ئۇزۇن قول، مەردانە كۇنلىرىدە تۇغۇلغان بولساقچۇ.

**ئۇزۇن قوللۇق** ھال - كۇنى ياخشىلىق: ئۇنىڭ كىم ئۇزۇن قوللۇق بولسا شۇنىڭكىنى توغرا دەيدىغان، قىسقا قوللۇقنى ھەمىشە ئوغرى دەيدىغان، خۇش پۇراقلىق گۈلنى بەتبۇي كەكرى دەيدىغان، سەرۋىنى سۇمباتى قىڭغىر - ئەگرى دەيدىغان يامان ئادىتى بار.

**ئۇزۇن قۇلاق ← قۇلىقى ئۇزۇن:** بۇ خەۋەر قايسىبىر ئۇزۇن قۇلاقنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق مۇددەتتىن بۇرۇن ئارخىپ ئىشكاپىدىن چىقىپ كەتتىكىن؟

**ئۇزۇن قۇلاقلىق** خەۋەر - ئۇچۇرلارنى تېز ئاڭلىۋالىدىغان ئالاھىدىلىك: شۇ كۇنلەردە مەن قىزلارغا خاس ئۇزۇن قۇلاقلىقىم بى-لەن، ئائىلىدىكىلەرنىڭ مېنى تۇرمۇشقا چىقىرىش ئۇچۇن تەييارلىق قى-لىشىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالدىم.

**ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى** گەپنىڭ بولار يېرى، قىسقىچە قى-لىپ ئېيتقاندا: — ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، مېنىڭ ئالدى - ئار-قامدا يا ئوغۇل، يا قىزدىن يەنە بىرى يوق، — دەپتۇ جۇۋازچىنىڭ قىزى.

**ئۇزۇنتۇرا** سۇپ [ئۇزۇن + تۇرا] قەددى - قامىتى ئېگىز، ئېگىز بويلۇق: ئۇزۇنتۇرا، ئېگىز بۇرۇن، ئۇچىسىغا كاستۇم، تار پۇچ-قاق بۇرۇلكا كىيگەن بۇ ئادەمنىڭ تىلىنى چۈشىنىپ بولمايتتى.

**ئۇزۇنچاق** سۇپ. ئېنىگە قارىغاندا بويى بىرئاز ئۇزۇن: يول-نىڭ نېرىقى چېتىدە ئۇزۇنچاق ئورۇندۇقتا يولغا ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرغان بىر جۇپ گەۋدە كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**ئۇزۇنچاقلىق** ئى. ئۇزۇنلۇق، سوزۇنچاقلىق: ئۇ ئۇزۇنچاقلى-قىدىن ئورۇقتەك كۆرۈنىدىغان يۈزىنى سۆھبەتداشلىرىدىن يوشۇرۇپ تۇرغاندەك ئىدى.

**ئۇزۇندىن - ئۇزۇن** ① بويىغا قاراپ بەك سوزۇلغان، ناھايى-تى ئۇزۇن: چوڭ قوشۇن ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سىپ تارتىپ، قارلىق تاغقا قاراپ راۋان بولدى. ② ئۇزۇن داۋام قىلىدىغان، خېلى ۋاقىت: موماي يەنە ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن دۇئا قىلدى.

**ئۇزۇن - قىسقا** خىلمۇخىل ئۇزۇنلۇقتىكى، ئۇزۇنلۇقى ھەر خىل، ئۇزۇن ھەم قىسقا: قۇتىنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن - قىسقا ھەر خىل مىخلار بار ئىدى.

**ئۇزۇنلۇق** ئى ① نەرسە ۋە ۋاقىتنىڭ ئەڭ ئۇزۇن ئىككى نۇقتىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقى، ئۇزۇن - قىسقىلىق دە-رىجىسى؛ بويى، ئارىلىق: دەريانىڭ ئۇزۇنلۇقى. چاچنىڭ ئۇزۇنلۇقى.

ۋاقىتنىڭ ئۇزۇنلۇقى. ② <جۇغ> يەر شارى يۈزىدىكى غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپىنىڭ گىرادۇس سانى. باشلانغۇچ مېرىدىيان 0℃ قىلىپ بەلگىلەنگەن. ئۇنىڭ شەرق تەرىپى شەرقىي ئۇزۇنلۇق، غەرب تەرىپى غەربىي ئۇزۇنلۇق دېيىلىدۇ. شەرقىي ئۇزۇنلۇق بىلەن غەربىي ئۇزۇنلۇقنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا 180° بولىدۇ. مەلۇم ئورۇندىن ئۆتكەن مېرىدىيان سىزىقى بىلەن دەسلەپكى مېرىدىيان سىزىقى ئارىسىدىكى گىرادۇس شۇ نۇقتىنىڭ ئۇزۇنلۇق گىرادۇسى بولىدۇ.

**ئۇزۇنيان** ئى [ئۇزۇن + يان] يۇگەننىڭ ئېغىزدۇرۇقتىن تەڭ يۇقىرىغا چىقىپ سول ئېڭەك بىلەن قۇلاق تۇۋىدىن ئاشۇ-رۇپ ئورىلىدىغان قىسمى.

**ئۇزىتىشماق** «ئۇزاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بالىلىرىنى ئالىي مەكتەپلەرگە ئۇزىتىشتى.

**ئۇزىتىلماق** «ئۇزاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مېھمانلار پەتنۇستا ئۇزىتىلغان پىيالىلەرگە قول سۇندى.

**ئۇزىماق** پ ① بىرەر جايدىن يىراقلىشىپ ماڭماق، يىراقلاشماق: ئاسىم بىلەن ئالماس ئىز بېسىپ شىددەتلىك قوغلاپ يۈرۈپ، ئۆز يىگىتلىرىدىن خېلى بەك ئۇزاپ كەتتى. ② بىرەر سورۇن، پائالىيەتتىن قايتماق، ياندماق؛ يولغا سېلىنماق: كۈن خېلى ئېگىلىپ، توي ئاياغلىشاي دەپ قاپتۇ. قىز ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇزاپتۇ. ③ ئاياغلاشماق، تارىماق: توي داغدۇغا بىلەن خۇشال - خۇرام چىرايلىق ئۇزىدى.

**ئۇستا** ئى [پ] ① بىرەر كەسىپ، ھۈنەر بىلەن شۇغۇللان-غۇچى مەلىكىلىك كىشى، ماھىر: ئىش ئۇستىسىدىن قورقار (ما-قال). ② مەلۇم كەسىپ، ھۈنەرنى باشقىلارغا ئۆگىتىپ يېتىش-تۈرگۈچى كىشي؛ ئۇستاز: ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت ھەر مۇقامدا يور-غىلار (ماقال). ③ كىشى ئىسىملىرىدىن كېيىن كېلىپ، شۇ كىشى-نىڭ بىرەر ھۈنەر - كەسىپتە مۇتەخەسسىس ئىكەنلىكىنى بىلدۇ-رىدۇ: سابىر ئۇستا چوڭ رېمونت گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ئىدى.

**ئۇستا كۆرگەن** بىرەر ئۇستازنىڭ قولىدا سىستېمىلىق ئۆ-گەنگەن، تەربىيە كۆرگەن: قاراڭلار، بۇ خېلى ئۇزاق زامان ئۇستا كۆرگەن ئادەمنىڭ قەلىمىدەك قىلىدۇ، بۇنى كىم يازغاندۇ؟

**ئۇستات** [پ] ① ئى. يېزت. ئۇستاز: بۇ مىسرالاردا بولغان ئىش-قى مەزمۇن، ئۇستاتلىرىنىڭ بارىنى قىلدى مەمنۇن. ② سۇپ. بىرەر ئىشتا ئۆزىنى ماھىر، ئۇستا قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدىغان ياكى ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتىدىغان: ئۇستات ئادەم. ئۇستات ئايال.

**ئۇستاتلىق** ئى ① بىرەر ئىشتا ئۆزىنى ماھىر، ئۇستا قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدىغان مۇغەمبەر مىجەز؛ ئۇستىلىق، مۇ-غەمبەرلىك: ئۇنىڭ ئۇستاتلىقىنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولامدىغان؟ كۆك كەپتەرنى كىم تۇتالمايدۇ؟ ② ئۇستىلىق، ماھىرلىق: ھېلىقى چاشقان ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى ۋە تەدبىر - چارىلەرگە ئۇستاتلىقى بىلەن دۈشمەنلىرىدىن جېنىنى ئاسراپ، بىر جاڭگالدا ئۇزۇن يىللار تىنچ ئۆ-مۈر كەچۈرۈپتۇ.

**ئۇستاز** ئى [ئە<پ] ① كەسىپ، ھۈنەر، ئىلىم قاتارلىقلارنى ئۆگەتكۈچى؛ مۇئەللىم: مەن ساۋاق ئالغان ۋاپادىن بۇ مۇھەببەت بابىدا، بىۋاپالىق رەسمىنى ئۇقتۇرمىغان ئۇستاز ماڭا. ② يولىيورۇق كۆرسەتكۈچى، تەربىيىلىگۈچى، يېتەكچى: قىلدىم بۇ يەردە كۆرەش مۇنبىرى، «ئاقسۇ گېزىتى» مەخسۇس بېتىنى. «قايىنام

ئۆركشى» دولقۇن ياسىدى، ئاڭلاپ نىمشېھىت ئۇستاز ئېتىنى.

**ئۇستازلىق** ئى. ئۇستازلار ئۆتەيدىغان ۋەزىپە، ئىش؛ ئۇستازلارغا خاس دەرىجە؛ مىجەز ـ خاراكتېر: مەكتەپ پۈتكەن كۈنى شاھى ئېرەم يەنە ئوردا ئۇستازلىقىغا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان كىشىنى مەكتەپكە مۇدەررىس قىلىپ تەيىنلىدى.

**ئۇستام** ئى. بىرەر ھۈنەر ـ كەسىپنىڭ ماھىرى بولغان ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرنى چاقىرىش، ئاتاش فورمىسى: قېنى ئېيتىپ باقسىلا ئۇستام، بالىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولدى؟

**ئۇستىخان** ئى [پ] ① بەدەن ئىسكىلىتىنىڭ ھەربىر قىسمى، سۆڭەك: ئۇستىخانلىرى ئاغرىق. ② سويۇلغان مالنىڭ گۆشى شىلىۋېلىنغاندىن كېيىنكى قىسمى: ئۇستىخان قايناتماق. ئۇستىخان غاجىماق.

**ئۇستىخان سۇرمەك** بەستى، ئۇستىخىنى يوغىنىماق، چوڭايماق: ــــ ھە، بەكرىمۇ سەن؟ ئەھۋالىڭ قانداق؟ تازىمۇ ئۇستىخان سۇرۇپسەن، سەمرىپ كەتكىنىڭنى قارا!

**ئۇستىخان سۇرۇشتۇرمەك** نەسەب ۋە ئەجدادلىرىنىڭ قانداقلىقىنى ئېنىقلىماق: شاھزادە غوجام ئۇستىخان سۇرۇشتۇرۇپ، ئۆزلەنى باش تەيجىلىككە مۇناسىپ كۆرۈپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

**ئۇستىخىنى پاك** يامان، ناشايان ئىشلارغا بېرىلمىگەن، دىيانەتلىك: ھەنىپىخان تۇل بولغىنى بىلەن ئۇستىخىنى پاك تەقۋادار ئايال ئىدى.

**ئۇستىخىنى تازا** ← **ئۇستىخىنى پاك.**

**ئۇستىخىنى چۇشۇپ قالماق** بىر يەرگە كۆنۈپ، ماسلىشىپ قالماق؛ يەرلەشمەك: ــــ قانداق تاغا، 2 ـ ئەترەتكە ئۇستىخىنىڭ چۇشۇپ قالدىمۇ؟ ــــ سورىدى توختى كەنت باشلىقى سالامدىن كېيىن.

**ئۇستىخىنى قاتقان** بىرەر ئىش بىلەن كۆپ شۇغۇللىنىپ چىنىققان، پىشقان: كەنت باشلىقى كەتمەن بىلەن ئۇستىخىنى قاتقان، باقاندەك بەش يىگىتنى توغاننى ساقلاشقا قويدى.

**ئۇستىخىنى قاتمىغان** يېتىلمىگەن، ياش، گۆدەك: سەندەك ئۇستىخىنى قاتمىغان بالىغا بىر ھارۋىنى بېرىپ، ئوتتۇنغا ئەۋەتكىلى بولامدۇ؟

**ئۇستىخانا** ئى [پ] توقۇش، بىرەر نەرسە ياساش ياكى رېمونت قىلىشقا كېرەكلىك سايمانلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەشغۇلات ئۆيى: مەتباقى قۇلۇپنى بۇزۇپ، ئۇستىخانىنىڭ ئىچىگە كىرگەنىدى.

**ئۇستىخانلىق** سۈپ ① ئۇستىخىنى بار، ئۇستىخىنىدىن ئاجرىتىلمىغان: ئۇستىخانلىق گۆش. ② ئۇستىخىنى چوڭ، ئۇستىخان سۇرگەن: بوۋاي ئۇستىخانلىق ئېگىز بوي ئادەم بولۇشىغا قارىماي، ئورۇق ئىدى.

**ئۇستىخان ـ ئۇستىخىنى** پۈتۈن بەدىنى، ھەممە ئەزايى: ئۇستىخان ـ ئۇستىخىنىدىن ئۆتۈپ كەتمەك.

**ئۇستىخان ـ ئۇستىخىنىغا سىڭمەك** كىچىكىدىن ئۆگىنىپ، ئادەتلىنىپ تاشلىيالمايدىغان دەرىجىگە يەتمەك: ئەھمەتنىڭ جېدەلخورلۇقى ئۇنىڭ ئۇستىخان ـ ئۇستىخىنىغا سىڭىپ كەتكەنىدى.

**ئۇستىخان ـ ئۇستىخىنىدىن ئۆتۈپ كەتمەك** ← **جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتمەك:** بۇ ئىنتىقام ئۇستىخان ـ ئۇستىخىنىدىن ئۆتۈپ كەتتى، بۇنى ئالمىغۇچە ئۇ تاغقا قايتمايدۇ.

**ئۇستىرا** ئى [پ] ① چاچ، ساقالنى قىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۆتكۈر پولات تىغلىق ئەسۋاب. ② گىلەمچىلىكتە گىلەمنىڭ تىۋىتىنى كېسىدىغان مەخسۇس پىچاق.

**ئۇسترلاپ** ئى [ئە< گىرېك] يېزت. ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئېگىزلىكىنى ئۆلچەشتە قوللىنىلىدىغان ئەسۋاب، پالچىلار پال ئېچىشتىمۇ قوللىنىدۇ.

**ئۇستىرىتسا** ئى [ ر< لات ] <زوئول> يۇمشاق تەنلىك ھايۋان. ئىككى قېپى بار. بىرى كىچىك، تەكشى؛ يەنە بىرى چوڭ ۋە كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. قاپچۇقىنىڭ يۈزى ئويمان ھەم چوڭقۇر. گۆشىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. گۆش، قاپچۇق، مايلىرى دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۇستىكار** [پ] ① ئى. مەلۇم ھۈنەر ـ كەسىپكە يېتەكچىلىك قىلىپ، باشقۇرغۇچى باش ئۇستا: ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىلىرىدا ئۇستىكار، ئىمكار ۋە شاگىرتلىق پەرقلىرى مەيدانغا كەلدى. ② سۈپ. مەلۇم ھۈنەر ـ كەسىپتە داڭلىق، ماھىر: پەرھات بولۇپ سۇزدى ئۇغۇل، دەريادىن قاشتاش. زۇمرەت تاشقا چەكتى شوخ گۇل، ئۇستىكار نەققاش.

**ئۇستىكارلىق** ئى ① ئۇستىلىق، ماھىرلىق: دېمىسىمۇ ئۇ مۇشۇنداق ئۇستىكارلىق بىلەن مۇشۇ بىرنەچچە ئايدىن بېرى بىرنەچچە مىڭ سومغا بىراقلا ئېرىشىپ خېلى كۆپ «كىرىم» قىلىۋالغانىدى. ② ئۇستىكارلارغا خاس بولغان ئىش، ھۈنەر: ئۇستىكارلىق دۇكىنىغا كېلىش بىلەن ھاجى ھېلىقى گاچىنىڭ يېنىدىن چىققان بەش سەر كۈمۈش تەڭگە بىلەن ئىككى تىللانى روزى ئۇستىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

**ئۇستىكارلىق قىلماق** ئۆزىنى ناھايىتى ئۇستا چاغلاپ مۇغەمبەرلىك قىلماق: ــــ نېمە، ماڭا ئۇستىكارلىق قىلىۋاتامسىز؟ ــــ دېدى ئۇ تېخىمۇ قوپاللىق بىلەن.

**ئۇستىلاشتۇرماق** «ئۇستىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قەيسەرنىڭ كىچىكىدىنلا داۋاملىق پۇتبول ئويناش بىلەن شۇغۇللىنىشى، ئۇنى تېخىمۇ ئۇستىلاشتۇرۇپ، پۇتبولچى قىلىپ يېتىلدۇردى.

**ئۇستىلاشماق** پ. بىرەر ماھارەت ئىگىلەپ ئۇستا بولۇپ يېتىشمەك، ئۇستىغا ئايلانماق؛ ماھىرلاشماق: بەزى كىشىلەر شۇنچە ئۆگىنىدۇ، شۇنچە بىلىملىك، ئۇلار ئوخشىمىغان ئىلمىي قاراش، چۈشەنچىلەرنى توپلاشقا، ئۇنى ئىزاھلاشقا ئۇستىلىشىپ كەتكەن.

**ئۇستىلىق** ئى ① بىرەر ھۈنەر ـ كەسىپنى پۇختا ئىگىلەپ بولغان ئىقتىدار، ماھىرلىق، ھۈنەرگە پىششىقلىق: شاگىرتلىقتىن ئۇستىلىققا ئۆسكىنىمگە ئالتە ئايچە بولدى. ② ماھىرلىق، ماھارەت: بۇنى ياساش ئۈچۈن خېلى چوڭ ئۇستىلىق كېرەك.

**ئۇستىلىق قىلماق** ① تەدبىر ئىشلەتمەك، پەم ـ پاراسەت بىلەن ئىش كۆرمەك: ــــ جانابلىرى سۆزدە ئۇستىلىق قىلمىغان بولسىلا، مېنىڭ چەككەن ئازابىم بوشقا كەتكەن بولاتتى، ــــ دېدى ھەيدەر. ② كۆچمە. ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلەتمەك: جالالىدىن ئۇستىلىق قىلىپ ئۆزىنىڭ قورالىنى ئىبراھىمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئىبراھىمنىڭ مىلتىقىنى يەڭگۈشلىۋالدى.

**ئۇستىلىق ئىشلەتمەك** ← **ئۇستىلىق قىلماق.**

**ئۇسساتماق** «ئۇسسىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۈگۈن چۈشتە يېگەن لەڭمەن بەك ئۇسسىتىۋەتتى.

**ئۇسساشماق** «ئۇسسىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قېنى مېھمانلار، ئۇسساشقانلا، تاۋۇزغا ئېغىز تەگكۈزۈشسىلە.

**ئۇسسۇز** سۈپ. سۇسىز، سۇغىرىلمىغان، ئۇسسىغان: ئالدى بىلەن ئۇسسۇز زىرائەتلەرنى سۇغىرايلى.

**ئۇسسۇزلۇق** ئى. سۇغا تەشنا بولۇش؛ ئۇسسىغان، چاڭقىغان ھالەت: ئۇسسۇزلۇقتا ئاغزىمىز قۇرۇپ، تىللىرىمىز بىر غېرىچ ساڭ-

گىلاپ كەتتى.

**ئۇسسۇل** ئى [ئە] <ئۇس> رىتىملىق ھەرىكەتلەر ئاساسىي ئىپادىلەش ۋاسىتىسى قىلىنىدىغان بىر خىل سەنئەت شەكلى. ئۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى، ئىدىيەسى ۋە ھېسسىيا- تىنى ئىپادىلەشكە بولىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭغا مۇزىكا تەڭكەش قىلى- نىدۇ: ئۇسسۇل ئوينىماق. ئۇسسۇلغا چۈشمەك. خەلق ئۇسسۇلى. داپ ئۇسسۇلى.

**ئۇسسۇلغا سالماق** ① ئۇسسۇلغا چۈشۈرمەك، ئۇسسۇل ئويناتماق: بىر پۇل بېرىپ ئۇسسۇلغا سالسا، ئون پۇل بېرىپ توختات- قىلى بولماس (ماقال). ② كۆچمە. كۈلكىلىك ئەھۋالغا دۇچار قىلماق، كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالدۇرماق؛ ئالدىماق: ۋاي، ھىيلىگەر، شۇنداق قىلىپ، ئۇنىمۇ ئۇسسۇلغا ساپتۇ ـ دە؟

**ئۇسسۇلچى** ئى. ئۇسسۇل سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: پاتەم بولسا ئالىلىقاچان سەنئەت ئەھلىگە، ئۇسسۇلچىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

**ئۇسسۇلچىلىق** ئى. دائىم ئۇسسۇل بىلەن مەشغۇل بولۇش ئىشى، كەسپى: ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىقىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىياتى يو- لىدا يەنىمۇ كۆپرەك ئىزدىنىشىمىز كېرەك.

**ئۇسسۇللۇق** سۈپ. ئۇسسۇلنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇس- سۇل بىلەن ئورۇنلىنىدىغان: ئۇسسۇللۇق ناخشا. ئۇسسۇللۇق تىياتىر.

**ئۇسسۇلۇق** ئى. ئۇسسۇزلۇقنى باسىدىغان ئىچىملىك: نېمە بولۇر جېنىم خېنىم، يېنىمغا كەلسەڭ. چاڭقاپ تۇرغان يۈرىكىمگە ئۇس- سۇلۇق بەرسەڭ.

**ئۇسسىماق** پ. سۇغا بولغان تەشنالىقى ئاشماق، چاڭقىماق: ئۇسسىغاندا سۇ ئىچتىم، يىراقتىكى بۇلاقتىن، ئۇمىدىمنى ئۈزمىدىم، شېرىن سۆزلۈك شۇ ياردىن.

**ئۇسقاق** ئى. دىيال. چۆمۈچ، ساپلىق.

**ئۇسقۇزماق** «ئۇسماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ قاچىسىغا تاماق ئۇسقۇزۇپ بولۇپ، ئادەم ئولتۇرمىغان شىرەدىن بىرسى- نىڭ يېنىغا كەلدى.

**ئۇسقۇزۇشماق** «ئۇسقۇزماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: چارچاپ ھالىدىن كەتكەن ھاشارچىلار سوغىدا ئېلىپ كېلىنگەن ئۇماچنى قاچىلىرىغا ئۇسقۇزۇشۇپ، خۇددى بىر كىم تارتىۋالىدىغاندەك ئىتتىك ـ ئىتتىك ئىچىشمەكتە ئىدى.

**ئۇسقۇزۇلماق** «ئۇسقۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يوغان قاچىغا لىق ئۇسقۇزۇلغان سۇيۇقئاشنىڭ ئۇستىگە ئىككى نان چىلاندى ـ دە، سوۋۇماستىنلا ھاپىلا ـ شاپىلا دېگۈچە قوشۇق ئارقىلىق ئاشقازانغا يولغا سېلىندى.

**ئۇسلۇب** ئى [ئە] ① بىرەر دەۋر، مىللەت، ئېقىم ياكى بىرەر شەخسنىڭ بەدىئىي ئەسەردە ئىپادىلەنگەن ئاساسلىق ئىدىيەۋى ئالاھىدىلىكى ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكى؛ ئىستىلى: مىللىي ئۇسلۇب. ئەرەب ئۇسلۇبىدا سېلىنغان قۇرۇلۇشلار. ② <ئەد> يازغۇچىنىڭ تىل ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىشتىكى ئۆزىگە خاس يولى، ئۇسۇلى: بەزى مۇھەررىرلەر ئەسەرنى قىزىل قەلەمى بىلەن باشتىن ـ ئاخىر ئۆزگەرتىپ چىقىدۇ. ئاپتورنىڭ ئۇسلۇبىغا ھۆرمەت قىلمايدۇ.

**ئۇسماق** پ ① سۇ، تاماق قاتارلىق نەرسىلەرنى چۆمۈچ قاتارلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق بىر قاچىدىن ئېلىپ يەنە بىر قاچىغا سالماق، بۆلمەك: قەمبەرخان ئانا دەرھال بىر چىنە ئاشنى ئۇسۇپ ئېلىپ كەلدى. ② ئاشلىق، توپا ۋە شۇ قاتارلىقلارنى تاغار، خالتا، سېۋەت، ھارۋا ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەرنىڭ ئىچىگە ئالماق، سالماق، ئورۇنلاشتۇرماق: تاغارغا قىغ ئۇسماق. * ئۇ گۈرجەك بىلەن ئات ھارۋىسىغا ئەخلەت ئۇسماقتا.

**ئۇسۇشماق** «ئۇسۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سۇغا كەلگەنلەر ئۆستەڭدىن چېلەكلىرىگە سۇ ئۇسۇشۇۋاتقاندا، بىرى تېيىلىپ سۇغا چۈشۈپ كەتتى.

**ئۇسۇل** ئى [ئە] ① بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، مەسى- لىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى، تەرتىپى، تەرىزى؛ چارە، ئامال: پىكىر قىلىش ئۇسۇلى. ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى. ئۇسۇل تاپماق. ② پا- ئالىيەت ۋە ئىش جەريانىدا شەكىللەنگەن ئۆزىگە خاس ئادەت: ئاددىيراق قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى قانداق بولسا ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

**ئۇسۇل ـ چارە** ئۇسۇل ۋە چارە: ماھىرە يەنە ئايشەمنىڭ رەسىم سىزىش ماھارىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، بىرەر مۇۋا- پىق ئۇسۇل ـ چارە تېپىش ئۇستىدە پىكىر يۈرگۈزدى.

**ئۇسۇلماق** «ئۇسماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئا- ياقلارغا ئۇسۇلغان ئۇماچلار قويۇلۇپ ئۇيۇپ قالغانىدى.

**ئۇش** سۈپ. دىيال. ئاتاقلىق، داڭلىق.

**ئۇشبۇ** ئال. مانا شۇ، مەزكۇر: ئۇشبۇ خەت كېرىيە ناھىيەسىنىڭ قالۇق ئۆستەڭ بويىدىكى ئىمىن قادىرغا تېگىدۇ.

**ئۇشت** ئىم. قوي، ئۆچكىلەرنى ھەيدەش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇشت ـ ئۇشت** «ئۇشت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ھەيدىگە- نىڭ ئالتە ئۆچكە، ئۇشت ـ ئۇشتنىڭ ئالەمنى ئالدى (ماقال).

**ئۇشتۇمتۇت** رەۋ. كۈتۈلمىگەندە، توساتتىن، تاسادىپىي، بىردىنلا: نەق شۇ چاغدا، ئۇشتۇمتۇت تاڭ ـ تۇڭ قىلىپ مىلتىق ئېتىلدى، ھەممە ئادەم ساراسىمىگە چۈشتى.

**ئۇشتۇمتۇتلۇق** ئى. تۇيۇقسىزلىق، تاسادىپىيلىق: مەتقۇر- بانباي سەل ئۇشتۇمتۇتلۇق ھېس قىلىپ: ـــ شىرمۇھەممەتنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتمەملا؟ ـــ دەپ سورىدى.

**ئۇششاق** سۈپ ① ھەربىر بۆلىكى، پارچىسى، دانىسى ناھا- يىتى كىچىك: ئوتۇن ئۇششىقى بىلەن كۆيەر (ماقال). ② ياش جە- ھەتتىن تۆۋەن، كىچىك: ئۇنىڭ كۆزى بۇ سەپنى تۈزگەن ياش يىگىت- لەر، ئاپئاق ساقال بوۋايلار، ئاياللار، مومايلار، ئۇششاق بالىلارغا تىكىل- دى. ③ كىچىك بېسىلغان، قىسقا: ساماۋارچى ئۇششاق قەدەملەر بە- لەن يورغىلاپ مېڭىپ ئالدىدا يول باشلىدى. ④ كۆچمە. ئانچە ئەھمىيە- تى، زۆرۈرىيىتى بولمىغان؛ ئاددىي: سېخلار ئۆزى بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئۇششاق ئىشلار كۈن بويى ياچېيكا يىغىنىدا سۆزلىنىپ تۇراتتى.

**ئۇششاق سۆز** ① غەيۋەت ـ شىكايەت، پىتنە: «بىز ئاياللار ئەجەب ئۇششاق سۆز، ئەجەبمۇ ئىچى تار كېلىدىكەنمىز» دەپ ئويلىدى ئادىلە. ② غەيۋەت ـ شىكايەتچى، پىتنىخور: مېنىڭ سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىڭ، مەن ئۆزۈممۇ سىزگە نەپرەتلىك قارايمەن، چۈنكى سىز پەس، ئۇششاق سۆز، يىرگىنىشلىك ئادەمسىز.

**ئۇششاق گەپ** بولمىغۇر گەپ ـ سۆز، پىتنە ـ پاسات: مەن ئۇنىڭغا ياخشى نىيەت بىلەن بەرگەن مەسلىھەتلىرىمنى تەتۈرىگە ئۆرۈپ، ئوغا ـ زەھەر قىلىپ ئۆزۈمگە قايتۇرمىغىيدى، دەپ ئەنسىرەيمەن. بۇ يەردە ئۇششاق گەپ ناھايىتى تولا ئىكەن.

**ئۇششاق ـ چۈششەك** ① پارچە ـ پۇرات: بىر كۈن ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇش بىلەن ئۆتتى. ② كۆچمە. مۇھىم

ئەمەس، ئاساسلىق بولمىغان: ئۇلار مەندىن گۇمانلىنىپ ئۇششاق ـ چۇششەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىلا تەكشۈرگىلى تۇردى.

**ئۇششاق ـ چىپە** دىيال ① ئۇششاق ـ چۇششەك. ② ئۇششاق باللار.

**ئۇششاقلاتماق** «ئۇششاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نەۋرىلەرگە ھېيتلىق بېرىش ئۈچۈن پۇللارنىمۇ ئۇششاقلىتىپ قويغانىدىم.

**ئۇششاقلاشماق** «ئۇششاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ چوڭلىرى ئوتۇننى، كىچىكلىرى كۆمۈرنى ئۇششاقلىشىپ كەچنىڭ تەييارلىقىنى قىلاتتى.

**ئۇششاقلانماق** «ئۇششاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سىڭلىم بىلەن ئىككىمىز ئۇششاقلانغان ئوتۇنلارنى بۇلۇڭغا تىزىشقا باشلىدۇق.

**ئۇششاقلىق** I ئى. كىچىك، پارچە ـ پارچە ھالەت، كىچىكلىك: خەتنىڭ ئەگرى ـ بۈگرىلىكى، ئۇششاقلىقى كۆزنى ئاسانلا تالدۇراتتى.

**ئۇششاقلىق** II ئى. دىيال. ئائىلە ئۈچۈن كېرەكلىك ئوتياش تېرىيدىغان كىچىك يەر، كۆكتاتلىق.

**ئۇششاقلىماق** پ ① ئۇششاق ھالەتكە كەلتۈرمەك، پارچە قىلماق: كۆمۈرنى ئۇششاقلاپ قالىماق. ئوتۇننى ئۇششاقلىماق. ② كىچىكلىمەك: ئەگەر تۇپراقتا ئازوت كەم بولسا، دەرەخنىڭ ئۆسۈشى ئاستىلايدۇ. يوپۇرماقلىرى ئاقىرىپ تۆكۈلۈشكە باشلايدۇ، مېۋىسى ئۇششاقلايدۇ.

**ئۇششۇق** سۈپ. ئۆكتەم، جېدەلخور، كۆكەرمە: ئۇششۇق ئادەم ئالۋاستىدىن يامان (ماقال).

**ئۇششۇقلۇق** ئى. ئۆكتەملىك، كۆكەرمىلىك، جېدەلخورلۇق: تۇرسۇنگۈل ئوغلىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا قىلغان ئۇششۇقلۇق ۋە ۋاپاسىزلىقلىرىنى ئاڭلاپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى.

**ئۇشلىماق** پ. دىيال. تۇتماق.

**ئۇغۇنۇتتە** رەۋ. دىيال. ئۇ يەردە.

**ئۇقا** ئى. بېزەك ئۈچۈن كىيىم ـ كېچەك، گەزلىمە بۇيۇملار چېتىگە تىكىلگەن جىيەك: ئۇقا تۇتقان چاپان.

**ئۇقار** ئى <زوئول> قاقىرانىڭ بىر خىلى، پەيلىرى ئاق، پۇتى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، سۇدا تۇرۇپ بېلىق، راك قاتارلىقلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. ئۇ يەنە «ئاققۇ ئات» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئۇقاسىز** سۈپ. دىيال. ئەھمىيەتسىز، تايىنى يوق، مەنىسىز.

**ئۇقاق** ئى. پاناھ: ئۇنىڭغا ئۆيلەنمەكچى بولغىنىمدا، مېنى ئۇقاق تارتىپ يېڭىساردىن چىققان دادام يول قويمىغان.

**ئۇقالىق** سۈپ. ئۇقاسى بار، ئۇقا تۇتۇلغان: ئۇقالىق چاپان.

**ئۇقاي** ئى. دىيال <زوئول> بېلىق يەيدىغان بىرخىل قۇش.

**ئۇقتۇرماق** «ئۇقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بىزنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە دارىلمۇئەللىمىنلەرگە كىرىپ ئوقۇشىمىزنى ئۇقتۇردى.

**ئۇقتۇرۇش** ئى. مەلۇم بىر ئىش ئالدىن خەۋەرلەندۇرۇلگەن يازما ياكى ئاغزاكى يوليورۇق، يەتكۈزمە: ئۇ يېزىنىڭ بۈگۈن يامغۇر ياغىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشنى ئاڭلىتىۋاتاتتى.

**ئۇقتۇرۇشنامە** ئى (ئۇقتۇرۇش + نامە) مەلۇم بىر ئىش ئالدىن خەۋەرلەندۇرۇلگەن يازما ياكى ئاغزاكى يوليورۇق، ھۆججەت، يەتكۈزمە: ئۇ ئۆزىنىڭ سانائەت ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىنغانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنامىسىنى تاپشۇرۇۋالغان چېغىدا، گويا بىرى ئۇنىڭغا پۈتكۈل دۇنيانى ھەدىيە قىلىپ بېرىۋەتكەندەكلا، ئۆزىنى قويارغا جاي تاپالماي قالغانىدى.

**ئۇقماق** پ ① مەزمۇننى، ماھىيىتىنى چۈشەنمەك، ئاڭقارماق: قائىدە ئۇقىدىغان ئادەم. ② ھېس قىلماق، سەزمەك، بىلمەك؛ خەۋەردار بولماق: مېرۇل مەرگەن ھېلىقى ئېگىز بويلۇق چېرىكتىن گەپ سوراپ ئەھۋالنى ئۇقتى.

**ئۇقۇشسىز** سۈپ. ئۇققىلى، چۈشەنگىلى بولمايدىغان؛ چۈشىنىكسىز: مۇزىكا توختىدى، ئويۇن باشقۇرغۇچى ۋاڭ ـ چۇڭ ئىچىدە ئۇقۇشسىز بىرنېمە دەپ ئېلان قىلدى.

**ئۇقۇشلۇق** سۈپ. ئۇققىلى، چۈشەنگىلى بولىدىغان؛ چۈشىنىشلىك: لۇتپۇللا مۇتەللىپ نىزامنامە لايىھەسىنى ئەنە شۇنداق قىسقا ۋە ئۇقۇشلۇق قىلىپ تۈزۈپ چىققانىدى.

**ئۇقۇشماسلىق** ئى. ئۆزئارا ياكى قارشى تەرەپكە نىسبەتەن كېلىپ چىققان ناتوغرا، خاتا چۈشەنچە، تونۇش: بىز تېخى سەندىن يامانلاپ يۈرۈپتۇق، ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ، كۆڭلۈڭگە ئالما، ئاڭلىساق قالتىس ئىش قىپسەن!

**ئۇقۇشماق** پ ① «ئۇقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ ئىشنى ھەممىلىرى ئۇقۇشتىلا، بۇ ھەقتىكى گەپ ـ سۆز ئەمدى مۇشۇ يەردە تۈگىسۇن. ② سوراپ، ھەر تەرەپلىمە ئۇقۇپ خەۋەردار بولماق، بىلمەك: ئۇلار خەلق ساقچىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن رەخمەتنىڭ قوشنىسىنى ۋە ئۇنىڭ بالىسىنى ساقچىخانىغا چاقىرىپ ئەھۋال ئۇقۇشتى. ③ ئىزدەپ، ئالاقىلىشىپ تاپماق، ھەل قىلماق: مەن دەڭ دەرۋازا تەرەپكە بېرىپ، خۇنخاي مازار تەرەپكە ماڭىدىغان ھارۋا ئۇقۇشتۇم.

**ئۇقۇشۇشماق** «ئۇقۇشماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۇقۇشۇلماسلىق** ئى ← **ئۇقۇشماسلىق:** مەن سىلەرگە مۇشۇ مېنىڭكىدەك ئۇقۇشۇلماسلىق سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن ئاجايىپ ئېچىنىشلىق بىر پاجىئەنى ئېيتىپ بېرەي.

**ئۇقۇلماق** «ئۇقماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كېچە بولغان ئىشلار خەۋەرچىلەر ئارقىلىق ئۇقۇلدى.

**ئۇقۇم** ئى <لوگ> تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي شەكىللىرىدىن بىرى. ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئومۇمىي، ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئىنسانلار بىلىش جەريانىدا ئۆزى ھېس قىلغان شەيئىلەرنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئايرىۋېلىپ، ئۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئۇقۇم ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن، «ئاق قار»، «ئاق قەغەز»، «ئاق چېچەك»، «ئاق پاختا» دېگەنگە ئوخشاش شەيئىلەردىن بىر ئومۇمىي خۇسۇسىيەتنى يەنى «ئاق» نى ئايرىۋېلىپ، «ئاق» دېگەن ئۇقۇمنى ھاسىل قىلىدۇ.

**ئۇقۇمداش** سۈپ. ئوخشاش بىر ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان، بىلدۈرگەن ئۇقۇمى بىر، ئۇقۇمى ئوخشاش بولغان: كىشىلەر «غازاڭ» بىلەن «يوپۇرماق» سۆزى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلسە بولىدۇ دېيىشىدۇ، مېنىڭچە، «غازاڭ» بىلەن «يوپۇرماق» ئۇقۇمداش سۆز ئەمەس.

**ئۇقۇمسىز** سۈپ. بەلگىلىك ئۇقۇم يوق، ئاسان چۈشەنگىلى بولمايدىغان: بۇنداق ئۇقۇمسىز گەپلەر بىلەن ئۆزىمىزنى ئاۋارە قىلمايلى، كېتەيلى.

**ئۇقۇمسىزلاشتۇرماق** «ئۇقۇمسىزلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇنداق يېزىقچىلىق ئۇسۇلى مەزمۇننى

ئۇقۇمسىزلاشتۇرۇپ، ئەسەرنى پۇچەكلەشتۇرۇپ قويىدۇ.

**ئۇقۇمسىزلاشتۇرۇشماق** «ئۇقۇمسىزلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۇقۇمسىزلاشتۇرۇلماق** «ئۇقۇمسىزلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۇقۇمسىزلاشماق** پ. ئاسان چۈشەنگىلى بولمايدىغان ھالەتكە كەلمەك، چۈشىنىكسىزلەشمەك: گۇڭگا شېئىرلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى سەنئەتنى ئۇقۇمسىزلاشقان تەجرىبە شەكلى دەپ قاراپ، ئۇسلۇب ۋە ئىپادىلەش جەھەتتىكى مەلۇم ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى.

**ئۇقۇمسىزلىق** ئى. چۈشىنىكسىزلىك: بۇ سۆز ـ نۇتۇق ئۇقۇمسىزلىقى بىلەن ھەممىنى بىزار قىلدى.

**ئۇقۇملاشتۇرۇش** ئى <ئەد> ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى كونكرېت تەسۋىر ھەم تىپىك ئوبرازنى يارىتىش كەم بولغاندا، ئابستراكت ئۇقۇمنى شەخسنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى ئورنىغا دەسسىتىدىغان بىر خىل ناچار خاھىش.

**ئۇقۇملاشماق** پ. ئۇقۇمغا ئىگە بولماق، چۈشىنىشلىك ھالەتكە كەلمەك، روشەنلەشمەك، ئېنىقلانماق: بىر قىسىم ياش شائىرلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇقۇملاشقان تىل، فورماتلاشقان شەكىل، تۇراقلاشقان ۋەزنلەر تۇپەيلىدىن كىتابخانلارنى يېڭىچە بىر بەدىئىي زوقنىڭ سەپىرىگە باشلىدى.

**ئۇقۇملۇق** سۈپ. ئاسانلا ئۇقۇقلى، چۈشەنگىلى بولىدىغان؛ ئىپادىلەيدىغان ئۇقۇمى ئېنىق: ئەنجەد ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى قىسقا، ئۇقۇملۇق قىلىپ باشتىن ـ ئاياغ ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

**ئۇقۇملىماق** پ. ئۇقۇم بەرمەك، ئۇقۇمغا ئىگە قىلماق، ئىزاھلىماق، شەرھلىمەك: بىز يۇقىرىدا «تارىخىي تەنقىد» قىلغان ئەنئەنىۋى كالېندار ۋە سائەت بىرلىكلىرىدىكى رەقەملەرنىڭ ئۆزگىرىشچان بولۇشى ئەسلىي ئوبيېكت تاناسىپلىقىنى بۇزغۇچى رەقەملەرنى ئۇقۇملاش، ئۇدۇملاش، رىقابەتلىشىش تاكتىكىسىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

**ئۇقىلىماق** پ. دىيال. بەدەننى تۇتۇپ قويماق، مۇجۇپ قويماق، ئۇۋۇلاپ قويماق.

**ئۇكا** ئى ① كىچىك ئوغۇل (ئاكىلىرىغا نىسبەتەن): ئۇكام ئۇنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلمەي ئارقىسىدىن ماڭغۇېرىپتۇ. ② ئۆزىدىن كىچىك كىشىگە بولغان مۇراجىئەتتە ياكى ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەتنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدۇ: — ئالدىرىما ئۇكا، — دېگىنىچە ئاۋۇت ئاكام ئۆز يولىغا كېتىۋەردى.

**ئۇكرائىن** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئۇكرائىنانىڭ تۇپ ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**ئۇگلېرود** ئى [ر] <خىم> ← **كاربون**.

**ئۇگۇيىا** ئى. ماۋرىتانىيەنىڭ پۇل بىرلىكى.

**ئۇگىلانماق** پ. دىيال. ئىچ ئاغرىتماق، ئىچى سىيرىلماق.

**ئۇگىلىماق** پ. دىيال. ئازراق سۇ قۇيۇلغان كاتەكچە تاشقا بەزى قاتتىق دورىلارنى سۈرۈپ، دورا ئارىلاشقان سۇنى بىمارنىڭ چېكە ۋە ئاغرىق جايلىرىغا چاپماق.

**ئۇل** ئى ① <بىن> بىنا، تام، دامبا قاتارلىقلارنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى تۇتۇپ، كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان، يەر بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان تەكتى قىسمى: ھەربىر ئىشنىڭ يولى بار، ھەممە تامنىڭ ئۇلى بار (ماقال). ② بىرەر نەرسىنىڭ ئاستى قىسمى (نان ھەققىدە): ئانا ئورنىدىن تۇرۇپ تاختا بېشىدىن پىچاق ئالدى، پىچاقنىڭ ئۇچىنى يەم بىلەن ناننىڭ ئۇلىغا تىقتى. ③ كۆچمە. كېلىش مەنبەسى، تايانچ، ئاساس: — ئەگەر مېنىڭ ئاساسىي بىر ئۇلۇم بولغان بولسا، ئەلدىكى بۇ چاكىنىلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن ئەندىشەم يوق ئىدى، — دەپ تاشلىدى لىتىپ.

**ئۇلى بوش** ① ئۇلى پۇختا ئەمەس، ئۇلى ئاجىز: ماڭا قارا، مانا بۇ يەر پوك ـ پوك قىلىۋاتىدۇ، قارىغاندا تامنىڭ ئۇلى بوش، مۇشۇ يەرنى كولاپ كۆرمەمدۇق. ② كۆچمە. ئاساسى چىڭ، پۇختا ئەمەس، ئاساسى ئاجىز (ئىلىم ـ پەن، ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە باشقا جەھەتلەردە): بۇ ئىنىمىز باشلانغۇچ مەكتەپتە ياخشى ئوقۇمىغان، ئۇلى بوش، بۇ خىزمەتنى قىلىپ كېتىشتە قىينىلىدۇ، شۇڭا ھەرقايسىلىرىنىڭ كۆپرەك ياردەم قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**ئۇلى چىڭ** ① ئۇلى مۇستەھكەم، پۇختا سېلىنغان: بۇ يەر قورغاق، ئۆيلەرنىڭ ئۇلى چىڭ، شۇڭا خېلى ئۇزۇنغىچە بەرداشلىق بەرگەن. ② كۆچمە.ئاساسى پۇختا (ئىلىم ـ پەن، ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە باشقا جەھەتلەردە): ياسىن كىچىكىدىن ئەلاچىلىقنى قولدىن بەرمىگەن، شۇڭا ئۇنىڭ بىلىمدە ئۇلى چىڭ.

**ئۇلىنى چىڭدىماق** ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملىمەك: — شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟ يېڭىدىن باشلىق بولۇپ كەلگەن كىشىگە ئادەم كېرەكتە. دەسلەپىدە تارتىدۇ، ئۇلىنى چىڭدىۋالغاندىن كېيىن تاشلايدۇ. بۇلارنىڭ نەزىرىدە بىز گويا بىر ھېسسىز كۆتەكقۇ؟

**ئۇلىنى قۇرماق** ئاساسىنى سالماق، ئىمكانىيەت پەيدا قىلىپ، شارائىت ياراتماق: بىز كەسىپ ۋە تۇرمۇشنىڭ مۇستەھكەم ئۇلىنى قۇرۇشىمىز كېرەك.

**ئۇلىنى كولىماق** يىلتىزىنى قىرقىماق، زىيان يەتكۈزمەك: ئۆزئارا بىر ـ بىرىنىڭ ئۇلىنى كولاش نەتىجىسىدە جايلار، كارخانىلار ئاز ـ تولا پايدا ئالسىمۇ، دۆلەت زور زىيانغا ئۇچرايدۇ.

**ئۇلاتماق** «ئۇلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دادىمىز ئۇلىتىپ قويغان مېۋىلەرگە ئېغىز تەگكۈزگەن جامائەت ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىشتى.

**ئۇلار** ئى <زوئول> قىرغاۋۇل ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولغان چوڭراق تاغ قۇشى. ئۇ گۆشلۈك ۋە گۆشى مەززىلىك ھەمدە كېسەلگە شىپا بولىدۇ.

**ئۇلاشتۇرما** سۈپ. بىر ـ بىرىگە ئۇلاشتۇرۇلۇپ ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئۇلاشتۇرۇلغان: ئۇلاشتۇرما مەشغۇلات.

**ئۇلاشتۇرماق** «ئۇلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇ قاتتىق كۈنلەرنىڭ قارا كېچىلىرىنى مەن كىرپىك قاقماي تاڭغا ئۇلاشتۇردۇم.

**ئۇلاشتۇرۇلماق** «ئۇلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ يېزىدىكى كەنتلەرگە بارىدىغان يوللارمۇ بىر ـ بىرىگە ئۇلاشتۇرۇلۇپ، قاتناش راۋانلاشتۇرۇلدى.

**ئۇلاشماق** ① «ئۇلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بېلىقچىلار تورنىڭ ئۈزۈلگەن يىپلىرىنى ئۇلىشىپ، يەنە بىر قېتىم سېلىشقا تەييارلاندى. ② بىرىنىڭ ئاخىرىغا بىرى تۇتاشقان، ئۇلانغان، باغلانغان ھالەتتە بولماق: پەسىل كەينىدىن پەسىل، ئىش كەينىدىن ئىش بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ كېلىۋەردى. * سۆزىنىڭ باش ـ ئايىغى ئۇلاشمىدى. ③ يېقىنلاشماق، تەڭلەشمەك: ئوتتۇز ياشقا

ئۇلاشتىڭ، مۇبارەك تويۇڭ ۋەتەن. چاقنىسۇن گـۈزەل، كۆركەم، گۆھـەر-دەك بويۇڭ ۋەتەن. ④ يېتىپ كەلمەك، يەتمەك: بۇلار چۈشكە يېقىن بىر يولغا ئۇلىشىپتۇ. ⑤ كۆچمە. ئېرىشمەك، ئىگە بولماق: نەچچە يىلدىن بېرى ئاتىمۇ، ئانىمۇ يىراق - يېقىن دېمەي ھەر تەرەپكە كىشى قويغان بولسىمۇ، دىتىغا ياققۇدەك كېلىنگە ئۇلىشالمىدى.

**ئۇلاغ** ① ئى. يەر ھەيدەش، يۈك توشۇش، مىنىش ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئات، قېچىر، ئېشەك، تۆگە، ئۆكۈز قاتارلىق ئائىلە ھايۋىنى: يەكەننىڭ بازارىغا، كىرگەندۇ ئۇلاغ، سا-مان. ئاڭلاڭلار بۇرادەرلەر، بىزنى كۆيدۈرگەن زامان. ② مىق. سانىلىدىغان نەر-سىنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر ئۇلاغ سامان. ئىككى ئۇلاغ يۇلغۇن.

**ئۇلاغسىز** ① سۈپ. ئۇلىغى يوق، ئۇلاغقا ئىگە ئەمەس: چارۋىسىز ۋە ئۇلاغسىز قالغان دېھقانلار نەدىمۇ يىراقتىن ئوغۇت يۆتكەشنىڭ ئامالىنى قىلالىسۇن؟ ② رەۋ. ئۇلاغ مىنمەي، پىيادە: ئۇلاغسىز كەل-مەك.

**ئۇلاغ - قارا** ئۇلاغ ۋە چوڭ ماللار: مەن قېرىپ ئاجىزلاپ قال-دىم، يەرلىرىمنى ئۇلاغ -قارام بولمىغاندىكىن ئاغدۇرالمىدىم.

**ئۇلاغلىق** ① سۈپ. ئۇلىغى بار، ئۇلاغ مىنگەن: قاسىم ئا-كاملارمۇ بىر يىلدىلا ئۇلاغلىق بولدى. * ئۇلاغلىق كىشىلەر ئالدى بىلەن كۆۋرۈكتىن ئۆتتى. ② رەۋ. ئۇلاغ مىنىپ، ئۇلاغ بىلەن: ئات باققۇ-چىلار ئۇلاغلىق ۋە پىيادە سەپ تارتىپ ماڭاتتى.

**ئۇلاق** ① سۈپ. باغلاش، چىگىش، يەملەش، كەپشەرلەش، تىكىش قاتارلىقلار ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان، ئۇلانغان: ئۇلاق يىپ. ئۇلاق سىم. ئۇلاق تامبال. ② ئى. نەرسىلەرنىڭ ئۇلانغان جا-يى: ئارغامچىنىڭ ئۇلىقى. * سېھىرگەر كەشمىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋىدى، ھەممەيلەن كەشمىنىڭ بوغقۇچىدىكى ئىككى ئۇلاقنى كۆرۈپ قالدى. ③ ئى <ئورم> يېتىشتۈرۈلىدىغان سورتلۇق تۈپنىڭ بىخ ياكى نوتىلىرىنى يەنە بىر تۈپكە ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشى: بوۋاي ئۇلاق ئۇلاشتا، موماي گۈل ئۆستۈرۈشتە تەڭدىشى يوق ماھىرلاردىن ئىكەن.

**ئۇلاقتۇرماق** پ. بىر تەرەپكە ئاغدۇرماق، يىقىتماق: زاكىر ئۇنىڭ دۈمبىسىگە بىر پالتا ئۇرۇپ يەرگە ئۇلاقتۇرۇپ تاشلىدى.

**ئۇلاقچى** ئى. كۆچەتلەرنى ئۇلاش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كى-شى: ئۇستا، تەجرىبىلىك ئۇلاقچىلار ئادەتتە كۈن قىزىغاندا ئۇلاق ئۇلايدۇ.

**ئۇلاقچىلىق** ئى. ئۇلاق ئۇلاش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى: باغۋەنچىلىك ئىشى ئۇرۇق تېرىش بىلەن باشلىنىپ، ئۇلاقچىلىق بىلەن راۋاجلىنىدۇ.

**ئۇلاقسىز** سۈپ. ئۇلىقى يوق، ئۇلاق ئۇلانمىغان: يوقالدى، قال-دى ئۆي شام ۋە چىراغسىز، كۆچەتمۇ قالدى سۇسىز، ئۇلاقسىز.

**ئۇلاق - قۇراق** ھەر خىل لاتىلاردىن ئۇلاپ قۇراشتۇرۇلغان: ئۇلاق - قۇراق لاتىلار.

**ئۇلاقلىق** سۈپ. بىر- بىرىگە ئۇلاپ تۇتاشتۇرۇلغان: ئۇلاقلىق يىپ.

**ئۇلاڭ** ئى. ئېگەرنى توقۇغاندا تۆشتىن، قورساقتىن تارتىپ چىگىلىدىغان تاسما: تۆش ئۇلاڭ. * ھەممە ئادەم ئاتلىرىنى توقۇپ، تۆش ئۇلاڭنى تارتىپ، تەييار بولدى دېسەكمۇ بولىدۇ.

**ئۇلانما** سۈپ. بىرىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان، ئۇلانغان ھالەتتىكى: ئۇلانما يەڭ كىيىم.

**ئۇلانماق** «ئۇلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەر خىل ئېلېكترونلۇق ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەر توك مەنبەسىگە ئۇلاندى.

**ئۇلاي** I ئى. جان ت ← **ئۇلار.**

**ئۇلاي** II ئى. دىيال. پار، ھور، بۇس.

**ئۇلتاڭ** ئى ① ئاياغ كىيىمىنىڭ يەرگە تېگىپ تۇرىدىغان قىسمى، دەسسىلىدىغان يېرى؛ تاپان، چەم: ئۇلتاڭ سالماق. ② ھارۋا چاقىنىڭ گەردىشى: چاقنىڭ ئۇلتىڭى. ③ قېيىق، قولۋاق قاتارلىقلارنىڭ تېگى.

**ئۇلتاڭسىز** سۈپ. ئۇلتىڭى يوق، ئۇلتاڭ سېلىنمىغان: سەمەت ئۇلتاڭسىز بىر ھارۋىنى بىز تەرەپكە سۆرەپ كېلىۋاتاتتى.

**ئۇلتاڭلىق** سۈپ. ئۇلتىڭى بار، ئۇلتاڭ سېلىنغان: ئوڭغۇل - دوڭغۇل تاشيولنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا بىر تۆمۈر ئۇلتاڭلىق ئەسكى ھارۋا ئالدىرىماي كېتىپ باراتتى.

**ئۇلتاماق** پ. دىيال. رېمونت قىلماق.

**ئۇلترا** سۈپ [ر< لات] دەرىجىدىن، ئادەتتىن تاشقىرى؛ زىيادە: ئۇلترا ئاساسلىق جىنس. ئۇلترا قىسقا دولقۇن.

**ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى** <فىز> ئادەم ئاڭلىيالايدىغان ئەڭ يۇقىرى چاستوتا (20 مىڭ گېرتس) دىنمۇ ئېشىپ كېتىدىغان ئاۋاز دولقۇنى. ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى تۈز سىزىق بويلاپ تارقى-لىدۇ، نىشانلىق بولىدۇ ھەمدە قايتىپ كېلەلەيدۇ، جىسىملارغا زىيان يەتكۈزىدۇ. ئۇ تۈرلۈك تېخنىكا تارماقلىرىدا، مەسىلەن، مېتاللاردىكى دەزنى تەكشۈرۈش، دېڭىز چارلىشى ھەمدە تېببىي دىياگنوز قويۇش، داۋالاش قاتارلىقلاردا كەڭ قوللىنى-لىدۇ.

**ئۇلترا قىسقا دولقۇن** <فىز> دولقۇن ئۇزۇنلۇقى 10 مېتىر-دىن 1 مېتىرغىچە (چاستوتىسى 30 مېگاگېرتستىن 300 مېگاگېرتسقىچە) بولغان رادىيو دولقۇنى. ئادەتتە ئىيونلۇق قەۋەتنى تېشىپ ئۆتەلەيدۇ ھەم قايتمايدۇ. ئاساسەن تېلېۋىزىيە ئاڭلىتىشى، خەۋەرلىشىش، رادار قاتارلىق جەھەتلەردە قوللىنى-لىدۇ.

**ئۇلترا يۇقىرى بېسىم** <فىز> ① 100 مىڭ ئاتموسفېرا بېسىمىدىن ئېشىپ كېتىدىغان بېسىم. ② 220 مىڭ ۋولتتىن يۇقىرى توك بېسىمى. ئۇلترا يۇقىرى بېسىم ئادەتتە يىراق جايلارغا توك يەتكۈزۈشتە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۇلتىماتۇم** ئى [ر< لات] <ت ئىش> بىر دۆلەت باشقا دۆ-لەتنىڭ قوبۇل قىلىشى زۆرۈر دەپ قارىغان تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان، قوبۇل قىلمىسا قوراللىق كۈچ ئىشلىتىلىدىغانلى-قى ياكى باشقا مەجبۇرلاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدىغانلىقى ئېيتىلغان دىپلوماتىك ھۆججەت. بۇنداق ھۆججەتتە مەلۇم مۇددەت ئىچىدە جاۋاب بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

**ئۇلداتماق** «ئۇلدىماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە-سى: تامنى ئۇلداتماق. * تۈنۈگۈن بەش - ئالتە ئىشلەمچى تېپىپ ئون نەچچە يىل بۇرۇن سالماقچى بولغان ئۆيۈمنىڭ تېمىنى ئۇلدىتىۋالدىم.

**ئۇلداشماق** «ئۇلدىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كۆپ ساندىكى ئائىلىلەر قورۇلىرىنىڭ تاملىرىنى ئۇلدىشىپ بولۇشقانىدى.

**ئۇلدانماق** «ئۇلدىماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قورۇ تېمى بىر ھەپتىدىلا ئۇلدىنىپ بولۇندى.

**ئۇلدىماق** I پ ① ئۇلنىڭ چۈشۈپ كەتكەن، بۇزۇلغان

يەرلىرىنى كېسەك، لايلار بىلەن پۇتۇنلىمەك؛ مۇستەھكەم -
لىمەك، چىڭىتماق: تامنى ئۇلدىماق. ② قوغۇن، تاۋۇز، كاۋا،
قاپاق قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ تۈۋىنى كولاپ، قىغ، بۇيا قاتار -
لىقلارنى كۆمۈپ ئوغۇتلىماق: قوغۇن ئۇلدىماق. تاۋۇز ئۇلدىماق.

**ئۇلدىماق** II پ. دىيال. تاشلىق يولدا تاقىسىز ھايۋانلارنىڭ
تۇيىقى ئۇپرىماق.

**ئۇلغايتماق** «ئۇلغايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى:
ئەمەت ئۇستام گەپ سورىغاچ ئوتقا كۆمۈر تاشلاپ ئۇلغايتتى.

**ئۇلغايتىشماق** «ئۇلغايتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرد -
جىسى: بىرنەچچە گەپدان ئاياللار بىر يەرگە توپلىشىۋېلىپ، گەپنى
تېخىمۇ ئۇلغايتىشقىلى تۇرۇشتى.

**ئۇلغايتىلماق** «ئۇلغايتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى:
مېھمانلارنى كۆرگەن ئاشپەز ئۇستاملار غەيرەتكە كەلدى، ئوچاقتا ئوتۇن
تاشلىنىپ ئوت تېخىمۇ ئۇلغايتىلدى.

**ئۇلغايماق** پ ① مىقدارى، ھەجمى كۆپەيمەك، ئاشماق،
زورايماق: كۆن چۈشكە يېقىنلاشقاندا، سۇ بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، گەز -
مال ۋە قەنتلەر سۇغا چىلىشىپ نابۇت بولۇش خەۋپى تۇغۇلدى. ② جىق -
لىماق، ئاۋۇماق، كۆپەيمەك: سايىم 5 - ئەترەتتە يۈز بەرگەن ماجىرا -
نىڭ ئۇلغىيىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ③ تەرەققىي قىلماق،
كېڭەيمەك: بىزنىڭ قوشۇنىمىز بارغانچە ئۇلغىيىپ بارىدۇ. ④ چوڭ -
ئايماق، يوغىنىماق، ئۆسمەك: ئۇ يېشى ئۇلغايغانسېرى، قىز - چو -
كانلارغا يوشۇرۇن كۆز سالىدىغان بولدى.

**ئۇللۇق** سۈپ. ئۇلى بار، ئۇل قويۇلغان: — يېڭى دېھقان يالغۇز
ئۆز غېمىدىلا بولمايدۇ، — دېدى تاغام خۇشاللىق بىلەن، — ئارقا تېمىڭ
ئۇللۇق بولسا، مۇشتۇمۇڭ بازغان، دېگەن ماقال بار.

**ئۇللىماق** پ ① ئۇلىنى چىڭىتماق، پۇختىلىماق. ② قوناق
قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ ئۇلىغا ئوغۇت قويۇپ ئوغۇتلىماق.

**ئۇلۇس** ئى. مىللەت؛ خەلق: بىر ئۇلۇس ئۆزىنىڭ مىللىي
ئالاھىدىلىكى بولغىنى ئۈچۈنلا، ئۆز - ئۆزىگە خاس بىر ئۇلۇس بولىدۇ.

**ئۇلۇغ** ① سۈپ. ھەجمى، ئورنى غايەت چوڭ، كاتتا: نۇرغۇن
بۇلاقلار قوشۇلۇپ، ئۇلۇغ بىر دەريا بولۇپ ئاقاتتى. ② سۈپ. بارغان -
سېرى ئۇلغايغان، شىددەتلىك، كۈچلۈك: يىگىت قاچتى ئارقى -
سىدا ئۇلۇغ ئوت، ۋە ئالدىدا بۇلۇت باسقان ئۈپۈقلار. ئايان بولدى خۇددى
كېسەل كىشىدەك، ئازاب بىلەن ئىڭراپ ياتقان كەڭ يۇرتلار. ③ سۈپ.
ھەر جەھەتتىن يۇقىرى، قۇدرەتلىك: ئۇلۇغ ۋەتەن. ئۇلۇغ خەلق. *
مۇنداق ئۇلۇغ ئەلدە تېپىلمايدىغان نېمىلەر بار؟ ④ سۈپ. ناھايىتى
ئەھمىيەتلىك، مۇھىم، بۈيۈك: پاتىمە بىلەن سونۇر بولسا كەلگۈسى -
دىكى ئۇلۇغ ئارمانلار ھەققىدە سىردىشىپ مەھەللە تەرەپكە قاراپ بىللە
مېڭىشتى. ⑤ سۈپ. ھۆرمەتكە سازاۋەر، يۇقىرى مەرتىۋىلىك،
ئالىيجاناب: — ئۇلۇغ پادىشاھىم، ئۇستىلار ئاسماندا تۇرسا، قانداق
يەتكۈزگىلى بولىدۇ، بۇ ئىش ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىكەن، — دەپتۇ
سول قول ۋەزىر. ⑥ سۈپ. غايەت ئىقتىدارلىق، تالانتلىق؛ قىلغان
خىزمىتى بىلەن خەلققە تونۇلغان، مەشھۇر: ئۇلۇغ شائىر. ئۇلۇغ
يازغۇچى. ئۇلۇغ داھىي. ⑦ ئى. (شەخس ياكى كۆپلۈك قوشۇم -
چىسى بىلەن) مەنسەپدار، باشلىق: پادىشاھ خاس ئۇلۇغلىرى بىلەن
مەلىكىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى خاس جايغا چۈشۈردى. ⑧ سۈپ.
ياشتا ۋە ھۆرمەتتە چوڭ: ئۇلۇغ بوۋا. ئۇلۇغ ئاغچا خېنىم. ⑨ سۈپ.
ناھايىتى تەنتەنىلىك، بەختكە تولغان، ئۇلۇغۋار: ئۇلۇغ ھېيت
كۈنلىرى. ئۇلۇغ بايرام. ⑩ ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئۇلۇغ بەھەڭ** دىيال. پىلە قۇرتىنىڭ تۆتىنچى قېتىم
ئۇخلاش ۋاقتى.

**ئۇلۇغ بوۋا** بوۋىسى ياكى مومىسىنىڭ دادىسى.

**ئۇلۇغ بېشى** ئى. دىيال <دېھ> ھەربىر توپ تەك
ئارىلىقىدىكى ئېرىقنىڭ يان باغرى.

**ئۇلۇغ تىنماق** چوڭ نەپەس ئالماق: ئۇ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن
ھالدا چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە ئۇلۇغ بىر تىندى.

**ئۇلۇغ موما** بوۋىسى ياكى مومىسىنىڭ ئانىسى.

**ئۇلۇغزادە** ئى. يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئۇلۇغ كىشىنىڭ پەر -
زەنتى: جاھاندا ھېچ كىشى يەتمەس مۇرادقا، مەيلى شاھ ياكى بولسۇن
ئۇلۇغزادە.

**ئۇلۇغ - كىچىك ← چوڭ - كىچىك:** ئۇلۇغ - كىچىك تىنماق.

**ئۇلۇغ - كىچىك تىنماق** ئېغىر نەپەس ئېلىپ خورسىنماق:
ئۇ ئىختىيارسىز «دادا!» دېدى - دە، تولغىنىپ تۇرۇپ بىر ئۇلۇغ - كى -
چىك تىندى.

**ئۇلۇغلاتماق** «ئۇلۇغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە -
سى: كېيىنكى چاغلاردا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بىرقانچە تاجىك
يولداشلار بىلەن ھېلىقى بۇلاقنىڭ ئاغزىنى كېڭەيتىپ ئېچىپ، سۈيىنى
خېلى ئۇلۇغلاتتۇق.

**ئۇلۇغلاشماق** «ئۇلۇغلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرد -
جىسى: ئۇيغۇرلار بۇ مازارنى «مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىگاھى» دەپ
بەكلا ئۇلۇغلىشىدۇ.

**ئۇلۇغلانماق** «ئۇلۇغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى:
بۇنداقلار ھەمىشە ۋە ئەبەدىي ئۇلۇغلىنىپ قېلىشقا، ھۆرمەتلىنىشكە
تېگىشلىك.

**ئۇلۇغلۇق** ئى. مەرتىۋە ۋە دەرىجە، يۈز - ئابرۇي جەھەتتە
كاتتىلىق، چوڭلۇق: غەيرەتسىز، ھىممەتسىز كىشى ھېچقاچان
ئۇلۇغلۇققا ئېرىشەلمەيدۇ.

**ئۇلۇغلىماق** پ. ھۆرمەتلىك كىشىلەر قاتارىدا كۆرۈپ مۇئا -
مىلە قىلماق، ھۆرمەتلىمەك، ئەزىزلىمەك: كىشىلەر بۇ شەھەرنى
خوجانەسىردىن بىرمەزگىل ياشىغان يۇرت، دەپمۇ ئۇلۇغلايدىكەن.

**ئۇلۇغ - ئۇششاق** چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش: پۈتۈن
ئۈرۈمچى ئەھلى ئەر - ئايال، ئۇلۇغ - ئۇششاق سەلدەك تەۋرىنىپ،
شىمالىي كوچىلارنى بويلاپ، غۇلجا يولىغا قاراپ ئاقماقتا ئىدى.

**ئۇلۇغۋار** سۈپ ① سالاپەتلىك، ئۇلۇغلاردا بولۇشقا تېگىش -
لىك خىسلەت چىقىپ تۇرغان: كېيىنرەك ئۇلۇغۋار قەدەم تاشلاپ
جىلۋە بىلەن كىرىپ تەختكە چىقىپتۇ. ② ناھايىتى مۇھىم، ئۇلۇغ
مەقسەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بۈيۈك: مۇشۇنداق قىلغاندا بۇ
ئۇلۇغۋار ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولىدۇ. ③ ھۆرمەتلەشكە
سازاۋەر، يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ئۇلۇغ: ئۇ ماڭا بىچارە ئەمەس،
بەلكى ئۇلۇغۋار، سۆيۈملۈك بىر كىشى بولۇپ كۆرۈندى.

**ئۇلۇغۋارلىق** ئى. بۈيۈكلۈك، ئۇلۇغلۇق: سەن ئۇنىڭ ئىش - ھەرد -
كىتىگە قارا! ئۇنىڭدىن بىر ئۇلۇغۋارلىق، شاھلىق سىياقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

**ئۇلىماق** پ ① يىپ، سىم، ئارغان قاتارلىقلارنىڭ ئۇچلىرد -
نى باغلاپ، چىگىپ بىرلەشتۇرمەك: يىپنى ئۇلىماق. سىمنى ئۇلد -
ماق. ② بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرماق، تۇتاش ھالەتكە كەلتۇر -

مەك: ۋەي، تېلېفوننى مۇدىر ئىشخانىسىغا ئۇلاپ بېرىڭە ! ③ يېتىشتۈرۈلىدىغان سورتلۇق تۇپنىڭ بىخى ياكى نوتىسىنى يەنە بىر تۇپكە ئورۇنلاشتۇرماق: مەنمۇ يېنىپ مەكتەپتىن بوۋام بىلەن ئىشلەيمەن. ئۇلاق ئۇلاپ بوۋامدەك، يېتىشمەكىنى كۆزلەيمەن. ④ كۆچمە. بىرىدىن كېيىن باشقىنى قوشۇپ داۋاملاشتۇرماق: ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاشلا كىرپىك قاقماي تۈننى تاڭغا ئۇلىغان ئوخشايدۇ. ⑤ كۆچمە. قوشماق، باغلىماق (كۆڭۈل، يۈرەك ھەققىدە): نە قىلاي، نېمە قىلاي، غېرىب كۆڭلىنى ئۇلىماي. ئەر بولسام كەتمەسمىدىم، ئىچىمگە دەردنى سولىماي. ⑥ قوشماق؛ ئۇزارتماق: نىمجان بالىسىغا ئۆمۈر ئۇلىغان، ئانىدەك مېھرىنى بېرىپ ئۆتكەنىدى. بىر تالمۇ باشاقنى قالدۇرماي ئالا، تەپتەكشى دورىلار سېپىپ ئۆتكەنىدى.

**ئۇماچ** ئى [پ] قوناق ياكى تېرىق ئۇنىنى گۆش ۋە چامغۇر قاتارلىقلار سېلىنىپ قايىنىتىلغان سۇغا چېلىپ تەييارلىنىدىغان سۇيۇق تاماق: ئۇمىچى يوق مازاردىن شەيخ قېچىپتۇ (ماقال).

**ئۇماچ قورساق** قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، بىلىمسىز، نادان: نەدىكى ئۇماچ قورساقلار بۇگۈن ئۇنى قىل، بۇنى قىل دەۋاتىدىغۇ؟

**ئۇماچخانا** ئى. جامائەت ئۇچۇن ئۇماچ ئېتىلىدىغان چوڭ قازان ئېسىلغان ئۆي: بىز «جامائەت ئاشخانىسى» دەپ ئاتالغان ئىلگىرىكى ئۇماچخانىنى تۈزەشتۈرۈپ ياشلارنىڭ مەدەنىيەت ئۆيى قىلدۇق.

**ئۇماچلىماق** پ. دىيال. ئىلەشتۇرمەك، ئارىلاشتۇرماق.

**ئۇماي** ئى. دىيال. ئوغۇل بالىنىڭ ئۇرۇقدىنى؛ ئەش، ھەمراھ.

**ئۇمتاق** ئى. دىيال. چايغا چىلاپ يۇمشىتىپ ئۇماچ ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن نان.

**ئۇمۋالىك** ئى [ر] يۇز ـ قولنى يۇيۇش ئۇچۇن تەييارلانغان جۈمەكلىك قۇرۇلما.

**ئۇن** ئى ① ئاشلىق دانلىرىنى تۈگمەندە تارتىش يولى بىلەن ھاسىل بولىدىغان توزان ھالەتتىكى تالقانسىمان ئوزۇقلۇق: بۇغداي ئۇنى. قوناق ئۇنى. تۈگمەن ئۇنى. ② كۇكۇم ـ تالقان ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن مەھسۇلات: قۇرۇتۇلغان سامساق ئۇنى.

**ئۇناتماق** «ئۇنىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئۇنايدۇ، ئۇنىتىمىز، ھازىر ئۇنىمىسا، ئاستا ـ ئاستا ئۇنىتىۋالىمىز، — دېدى مۇتەللىپ ئۇنىڭ كىيىملىرىدىكى توپا ـ چاڭنى قېقىپ تۇرۇپ.

**ئۇناشماق** «ئۇنىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاكام ئوزۇق ـ تۈلۈك ئېلىپ چىقىش ئۇچۇن كەنتكە قايتىشنى تەكلىپ قىلغاندا بەزىلەر ئۇناشمىدى.

**ئۇنتۇشماق** «ئۇنتۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇ ـ چەيلەن نىشاننى بايقاپلا ۋۇجۇدىدىكى ئاچلىق، ھارغىنلىقنى ئۇنتۇشتى.

**ئۇنتۇغاق** سۈپ. ئاسانلا ئۇنتۇپ قالىدىغان، ئەستە ياخشى ساقلىيالمايدىغان: نىماندااق ئۇنتۇغاق نېمىسەن؟* پەيغەمبەرىمىز زامانىنىڭ ئاشۇ ئۇنتۇغاق بەندىلىرى ئەمدى خوراز ئۇستىدە، ئاشۇ ئويغاتقۇچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى بۇيۇك سىيما ئۇستىدە ئىغۋا توقۇشقا، ئۇنى ئويۇنچۇق قىلىشقا كىرىشتى.

**ئۇنتۇغاقلىق** ئى. ئۇنتۇپ قېلىش ئادىتى: ئۇنتۇغاقلىقىمدىن كىتاب ئۆيدە قاپتۇ.

**ئۇنتۇق** سۈپ. دىيال. ئۇندەك، تالقان ھالەتتىكى.

**ئۇنتۇلدۇرماق** «ئۇنتۇلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايلار، يىللار ئۆتتى، تۈرلۈك ـ تۈمەن يېڭىلىقلار، دەرسلىكلەرنىڭ جىددىي تەلەپلىرى بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلدۇردى.

**ئۇنتۇلغۇسىز** سۈپ. ئۇنتۇلمايدىغان، ھەرگىز ئەستىن چىقمايدىغان؛ دائىم ئەستە ساقلىنىدىغان: ئۇ ئۆزىنىڭ قايتىپ كەلمەس ياشلىقىنى، ياشلىقتا ئۆتكەن ئۇنتۇلغۇسىز ئىشلارنى قايتا ـ قايتا ئەسلەپ، كوچىدا خېلى ئۇزاق ماڭدى.

**ئۇنتۇلماس** سۈپ. ھەرگىز ئۇنتۇلمايدىغان، كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدىغان: ئۇنتۇلماس مىنۇتلار. ئۇنتۇلماس كۈنلەر.

**ئۇنتۇلماق** «ئۇنتۇماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مانا بۇ پاجىئە يېزىنىڭ ئازابلىق تارىخىدا ئۇنتۇلمايدىغان يەنە بىر بەت بولۇپ قالدى.

**ئۇنتۇماق** پ. ئېسىدىن چىقىپ كەتمەك، ئەسلىيەلمەي قالماق: ئاشنى كۆرۈپ ئىشنى ئۇنتۇما (ماقال). * كۆرگەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما، شىرە چورۇقۇڭنى قۇرۇتما (ماقال).

**ئۇنچە** رەۋ ① بەزى سۈپەتلەرگە باغلىنىپ كېلىپ «ئۇ قەدەر، دېيەرلىك» دېگەن مەنىدە سۈپەت بىلدۈرگەن خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىكنىڭ ئاز ۋە كۈچسىزلىكىنى بىلدۈرىدۇ: كارۋان شەھەرگە يېتىپ كېلىپ ئۇنچە چوڭ بولمىغان بىر سارايغا چۈشتى. ② بەزى پېئىللار بىلەن كېلىپ «ئۇ قەدەر، بىر ئاز» دېگەن مەنىدە پېئىل بىلدۈرگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ كۈچسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: «شۇنداق» دېدىم مەن ۋە بۇ سۆزگە ئۇنچە ئېتىبارمۇ قىلمىدىم.

**ئۇنچە ـ مۇنچە** ئاز مىقداردا، بىر ئاز؛ ئاز ـ تولا، ئانچە ـ مۇنچە: ئاپام بازاردىن ئۇنچە ـ مۇنچە نەرسىلەرنى ئالغاچ كەلگەنىدى.

**ئۇنچىلا** رەۋ. ئۇقەدەر، ئۇنچىلىك دەرىجىدە: — مەتقۇرباباينىڭ دېيىشىچە، — دېدى ئېلىقۇل، — «سەھىھۇل بۇخارى» ئۇنچىلا تېپىلمايدىغان كىتابمۇ ئەمەس.

**ئۇنچىلىك** ① سۈپ. ئۇنىڭدەك، بۇنچىلىك، ئازغىنا: — مەن ئۆزۈممۇ ئۇنچىلىك گەپنى بىلىمەن، — دېدى مەخسۇت بەگ. ② رەۋ. ئۇنچە، ئۇ قەدەر، ئۇ دەرىجىدە: بىرلا ۋاقىتتا ھەم دېھقانچىلىق فاكۇلتېتىدا، ھەم سۇچىلىق فاكۇلتېتىدا ئوقۇش ئۇنچىلىك ئاسان چۈشمىدى.

**ئۇنچىۋالا** ① سۈپ. بۇنچىلىك كۆپ، شۇنچە نۇرغۇن: — قالغىنى بەك كۆپ ئىكەن، ئۇنچىۋالا قوناقنى نېمە قىلارمەن، — دېدى كىچىك ئاخۇن ئاران ئاڭلانغۇدەك ئاۋازدا. ② رەۋ. ئۇ دەرىجىدە، ئۇ قەدەر، ئۇنچىلىك: بۇ مۇنچىۋالا كۆپ تالاش ـ تارتىش قىلىنىسىمۇ بولىدىغان مەسىلە ئىدى.

**ئۇندا** ئال. ئۇ يەردە، ئۇنىڭدا: دەۋرىمىز خىسلەتكە باي، بىر قەھرىمانلىق مۇنبىرى، ئېچىلار ئۇندا تۈمەن قارلەيلىسى، مېيخوا، ئەنبىرى.

**ئۇندا ـ بۇندا** ① ئۇ يەر ـ بۇ يەردە، ئاندا ـ ساندا: ئۇنىڭ بېشىدا ئۇندا ـ بۇندا ئاقلار پەيدا بوپتۇ. ② بىرە ـ بىرە، گاھ ـ گاھ: قارىساق شۇنچە بۇك ـ باراقسان ئورمانلار كېسىلىپ، ئۇندا ـ بۇندا بىرنەچچە تۈپلا قاپتۇ.

**ئۇنداق** ① ئال. ئۇنىڭغا ئوخشاش، ئاشۇنداق: — ئۇنداق نەرسىلەرنى ئارزۇ قىلما، سىڭلىم، — دەپتۇ ئاكىسى. ② رەۋ. ئۇ كەبى، شۇنداق: ھەي ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ھېلىقى ئەكبەر مۇشۇ ئەترەتتىن كەتمەيۋاتىدۇ.

**ئۇنداقتا** ① باغل. «ئۇنداق بولسا، ئۇنداق بولغاندا» دېگەن مەنىدە ئالدىنقى جۈملە بىلەن كېيىنكى جۈملىنى شەرت ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدە باغلاپ كېلىدۇ: سىلەر ئاشلىقىڭلارنى

ئۆڭكۈردە ساقلايدىكەنسىلەر، ئۇرۇش بولۇپ قالغاندا، ئادەم ۋە هايۋانلـ-
رىڭلارنى ئېلىپ قۇملۇققا قېچىپ كىرىۋالىدىكەنسىلەر، ئۈنداقتا، باشقا
كىشىلەر ئاشلىقىڭلارنى ۋە ئادىمىڭلارنى تېپىۋالامدۇ؟ ② ئىم. خوش،
ئەمىسە: — سىز بۇ كىشىنى دەرهال ئۇرۇمچىدىكى دوختۇرخانىغا
ئاپىرىڭ، تېز قۇتقۇزۇۋالمىساق بولمايدۇ! — ئۈنداقتا سىزچۇ؟

**ئۇنداقچى - مۇنداقچى** سۆزلىگۈچى ئېيتىشنى ئەپ
كۆرمىگەن هەر خىل يامان گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىغۇچىغا
ئېيتىشتا قوللىنىدۇ: خۇلاسە چىقارماي تۇرۇپ نېمىشقا خاسىيەتكە
ئۇنداقچى - مۇنداقچى دەيدۇ؟

**ئۇنداق - مۇنداق** ① هەر خىل؛ بەزى: تېخنىكىلىق
سىناقلاردا ئۇنداق - مۇنداق ئىشلار، مەغلۇبىيەت، غەلىبىلەر بولۇپ تۇرىدۇ.
② ئادەتتىكى: هەنپە خېنىم ئۇنداق - مۇنداق ئادەمنىڭ قىزى ئەمەس
ئىدى.

**ئۇنداق - مۇنداق قىلىپ** هەر خىل چارە - ئاماللار بىلەن،
بىر ئىلاج قىلىپ: دەرۋازىدا ئاياغ تىۋىشى پەيدا بولدى ۋە ئۇنداق -
مۇنداق قىلىپ بولغۇچە «كىم سىلەر» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

**ئۇنسۇر** ئى [ئە] ① ئېلېمېنت: سۇدىن نۇرغۇنلىغان مىكرو ئې-
لېمېنتلار، تۇپراقتىن ئالتۇن، كۈمۈش، تۆچ، مىس، سىماب، كالتسىي،
كالىي، ناترىي، فوسفور، مانگان قاتارلىق 60 نەچچە ئۇنسۇر كەشىپ
قىلىندى. ② مەلۇم ئىجتىمائىي گۇرۇھ ۋەكىلى، كىشى: زىيالىي
ئۇنسۇر. ئەكسىيەتچى ئۇنسۇر. ③ جان ت. دۈشمەن: — سەن ئۇنسۇر-
نىڭ بۇ ئاشلىقتا هەققىڭ يوق! — دېدى ئامبارچى خالتىنى ئۇنىڭ
بېشىغا ئېتىپ، — ئاۋۋال قەرزىڭنى تۆلە!

**ئۇنسۇرلۇق** ئى. دۈشمەن دەپ تونۇلۇش، دۈشمەنلىك: بەزى
ئىشچىلار ئادىلغا: «ئۇ ئۇنسۇرلۇق قالپىقى بار ئادەم، يالىسى تېگىپ
قالمىسۇن، دىققەت قىل» دېمىگەن بولسا، ئۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ يېقىنراق
مۇناسىۋەت باغلىغۇسى بار ئىدى.

**ئۇنسىيە** مىق [ر< لات] ئەنگلىيە - ئامېرىكا سىستېمىسى-
دىكى ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى. بىر قاداقنىڭ 1/16 ىگە تەڭ.

**ئۇنغىچە** ئال. جان ت. ئاشۇ ۋاقىت ئارىلىقىدا، ئاشۇ ۋاقىت-
قىچە: ئەخمەت كەلسە يىغىننى باشلاپ تۇرۇڭلار، ئۇنغىچە ئۆزۈممۇ قاي-
تىپ كېلىشىم مۇمكىن.

**ئۇنغىچىلىك** ئال. جان ت. ئاشۇ ۋاقىتقا قەدەر، ئۇنغىچە:
ئۇنغىچىلىك ئۇچەيلەن، ئالدى ئۇنى قورشاۋغا. ئابدۇل تۇلكە كەلدى دۈچ،
نۇرغۇن قاتتىق سوئالغا.

**ئۇنۋان** ئى [ئە] ① ئىلمىي، كەسپىي ساهەدە ئىشلىگۈچى-
لەرنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپىدىكى ئىختىساسلىق دەرىجى-
سىنى بەلگىلەش ئۈچۈن مەخسۇس تەسىس قىلىنغان نام: پىرو-
فېسسورلۇق ئۇنۋانى. ② بىرەر شەخس ياكى كوللېكتىپنى مۇكا-
پاتلاش ئۈچۈن بېرىلگەن شەرەپلىك نام: نەمۇنىچى دېگەن ئۇنۋانىڭ
بېغىشلىدى ماڭا كۆچ - دەرمان، ۋەتەن ئوغلى بولۇپ چېگرادا، خىزمەت
قىلاي ئەمدى بىئارمان.

**ئۇنۋانسىز** سۈپ. ئۇنۋانى يوق، ئۇنۋانغا ئېرىشمىگەن: تۆۋەننىڭ
خىزمىتىگە ياردەمگە بارسىز دېگەن گەپ بىلەن مەنمۇ ئۇنۋانسىز قالدىم.

**ئۇنۋانلىق** سۈپ. ئۇنۋانى بار، ئۇنۋانغا ئېرىشكەن: ئۇنىڭ
خىزمەت ئورنىمۇ ۋىرۇس ئىلمىي لېكتورىدىن بارا - بارا تەجرىبىخانى-
نىڭ دوتسېنت ئۇنۋانلىق مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا كۆتۈرۈلگەنىدى.

**ئۇنىماق** پ. بىرەر ئىش، تەلەپ، ئىلتىماس قاتارلىقلارغا
رازى بولماق، ماقۇل بولماق، قوشۇلماق: — ماقۇل، لېكىن سەنمۇ
مېنىڭ بىر شەرتىمگە ئۇنىشىڭ كېرەك، — دېدى رۇقىيە.

**ئۇنىغانغا يونىغاندەك** ① بىرەر ئىشقا ماقۇل كەلتۈرۈۋې-
لىپ، هەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنىغانغا يونىغان-
دەك، بىرىنى چاقىرسا ئۇنى كېلەر. ② قېرىشقاندەك: ئۇنىغانغا يونى-
غاندەك، شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىردىنبىر يۆلەكچىسى، غەمگۈزارى
بولغان دادىسى هاياتتىن كۆز يۇمدى.

**ئۇنىمغانغا ئۇنىماي** قوشۇلماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، چىڭ
تۇرۇپ: بۇ ۋاقىتتا ئۇنىمىغانغا ئۇنىماي كېۋىر ئاكىنى تىراكتورنىڭ
كابىنكىسىغا چىقىرىپ قويدى.

**ئۇنىۋېرسال** سۈپ [ر] ① ئوخشىمىغان تۈر، ئوخشىمىغان
خاراكتېردىكى نەرسىلەردىن تەركىب تاپقان، كۆپ ياكى هەممە
نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، هەر تەرەپلىمە: ئۇلارنىڭ ئۆيىنى
بىر ئۇنىۋېرسال ماگىزىن دېيىشكە بولاتتى. ② بىرنەچچە ئىشنى
قىلالايدىغان؛ هەممىدىن خەۋىرى بار: ئۇنىۋېرسال ماشىنا. * مەك-
تەپ ئىچىدە ئۇنى ئۇنىۋېرسال ئوقۇتقۇچى دېيىشەتتى.

**ئۇنىۋېرساللىق** ئى. هەر تەرەپلىمىلىك، ئەتراپلىق، خىلمۇ
خىللىق، هەممىبابلىق: باشقا سەنئەت تۈرلىرىدىن پەرقلىنىپ
تۇرىدىغان بۇنداق خاس يولنى بەدىئىي ئىزدىنىشتىكى ئۇنىۋېرساللىقتىن
كەلگەن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

**ئۇنىۋېرستېت** ئى [ر< لات] ئالىي ئوقۇش يۇرتىنىڭ بىر
خىلى. كۆپىنچە، ئۇنىۋېرسال ئالىي ئوقۇش يۇرتىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئۇھ** ئىم. چارچاش، هېرىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇھ، هې-
رىپ كەتتىما. * — ئۇھ! — دەپ ئورنىدىن قوپتى هەيدەر. * ئۇھ،
نېمىدېگەن يېقىملىق كۆلۈمسىرەش بۇ!

**ئۇھ تارتماق** قاتتىق خورسىنماق، قاتتىق هەسرەتلەنمەك:
— سېنى ئوقۇتىدىغانغا نەدە پۇل، جېنىم بالام، — دېدى ئۇ چوڭقۇر ئۇھ
تارتىپ.

**ئۇھ دېمەك** ① هارغىنلىق، چارچىغانلىقنى «ئۇھ» بىلەن
ئىپادىلىمەك: تۇردى قارىي چاپىنىنى بېشىغا قويۇپ، «ئۇھ» دەپ
يېتىشىغا يېنىدا بىر ئۆلۈك يىلان پەيدا بوپتۇ. ② هاردۇقنى چىقار-
ماق، دەم ئالماق: — چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدىن پايدىلانسام، خىزمەتنىڭ
قاتلاڭچىلىقىدىن «ئۇھ» دېيىشكىمۇ ۋاقىت يوق، — دېدى ئابدۇراخمان.

**ئۇھسىنماق** پ. ئۇھ دېمەك.

**ئۇھلىماق** پ. هېرىش، چارچاش هالىتىنى «ئۇھ» دېيىش
ئارقىلىق ئىپادىلىمەك: نېمانچە ئۇھلايسەن، دادا، بۈگۈن دەم ئالغان
بولساڭ بولاتتى، بۇنچىلىك سامانىنى بىز توشۇۋېتەتتۇق.

**ئۇۋا** ئى ① بەزى ياۋايى هايۋانلار، قۇشلار ۋە هاشاراتلارنىڭ
ياشاش ۋە كۆپىيىشىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ ياسىغان جاي: قۇشقاچ
ئۇۋىسى. چاشقان ئۇۋىسى. چۈمۈلە ئۇۋىسى. ئۇۋىسىنى بۇزماق.
② كۆچمە. تۇرار جاي: — ئانا، سىلەر شۇنداق قىلىپ، 20 يىل
باققىنىمىزمۇ يېتەر، ئەمدى ئۆزۈڭگە ئۇۋا تاپ دېمەكچىمۇ؟ — دېدى
زەيتۇنەم.

**ئۇۋا ئىزدىگەن توخۇدەك** بىرەر جىددىي ئەهۋالغا، قىيىنچى-
لىققا دۈچ كېلىپ، ئامال تاپالماي جىددىيلەشكەنلىكىنى
بىلدۈرىدۇ: شۇ ئارىدا ئايپاشا، «مەن تەرەتكە چىقىپ كىرەي» دەپ
يانپىشىنى سىلاپ، ئۇۋا ئىزدىگەن توخۇدەك يورغىلاپ تالاغا ماڭدى.

**ئۇۋىسى بۇزۇلغان چۈمۈلىدەك** تىرىپىرەن بولۇپ، پىتىراپ:
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۇۋىسى بۇزۇلغان چۈمۈلىدەك ئۇياق - بۇ ياققا

تارقىلىپ كەتتى.

**ئۇۋۇسى چۇۋۇلغان ھەرىدەك ← ئۇۋۇسى بۇزۇلغان چۈمۈلىدەك:** شۇنىڭدىن كېيىن ئالتاي ئاھالىسى ئۇۋۇسى چۇۋۇلغان ھەرىدەك پېتىراپ، سارسۇمبىنى تاشلاپ ھەر يان قېچىپ كېتىشكە باشلىدى.

**ئۇۋاتماق** «ئۇۋىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: رەھىمجان ئۆيگە كىرىپ، ئىشىكنى يېپىتى - دە، چىراغنى ياقتى. ئادەتتىكىدەك، قاتتىق ناننىڭ پارچىلىرىنى ئۇۋىتىپ، قارلىغاچنىڭ ئۇۋۇسى يېنىدىكى تۆشۈككە قويۇپ قويدى.

**ئۇۋاشماق** «ئۇۋىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاياللار خامانىنىڭ بىر تەرىپىدە قوناقنىڭ ئۇرۇقلۇق باشلىرىنى ئۇۋاشماقتا ئىدى.

**ئۇۋاق** سۈپ. ئۇۋالغان، ئۇششاق پارچىلانغان: ئۇۋاق كۆمۈر. * — ھوي، بولساڭچۇ، سۇتۇڭنى قايىنات، قارىمۇچ بىلەن ئۇۋاق لازاڭدىن بەر!

**ئۇۋاقچە** ئى. ناھايىتى كىچىك، ناھايىتى ئۇششاق ئۇۋالغان، پارچىلانغان ئۇۋاق، ئۇششاق ئۇۋاق: بۇلار بەجايىكى غەربتىن ئىبارەت ماگنىت تاياقچىسىنىڭ ھەرىكىتىگە ئاساسەن قىممىرلايدىغان تۆمۈر ئۇۋاقچىلىرىغا ئوخشاپ قالدى.

**ئۇۋاقلاتماق** «ئۇۋاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەركىن ئوغلى تۇرسۇنجان ئارقىلىق ئۇۋاقلىتىپ قويغان دانلارنى كەپتەرلەرگە قارىتىپ چېچىشقا باشلىدى.

**ئۇۋاقلاشماق** «ئۇۋاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قوشنا چوكانلار بىر تەرەپتە ئولتۇرۇپ كۆممىقوناقنىڭ باشلىرىنى ئۇۋاقلاشماقتا ئىدى.

**ئۇۋاقلانماق** «ئۇۋاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەر يوغان كۆمۈرلەر كۆچتۇڭگۈر يىگىتلەرنىڭ قولىدا بىردەمدىلا ئۇۋاقلىنىپ بولۇندى.

**ئۇۋاقلىماق** پ. ئۇششاق، ئۇۋاق ھالەتكە كەلتۈرمەك، ئۇۋىماق: سادىر شۇ زاۋۇتنىڭ تاش ئۇۋاقلاش سېخىنىڭ باش تېخنىكى ئىدى.

**ئۇۋال** ئى [ئە] ① تېگىشلىك بولمىغان جازا، ئازاب، ئوقۇبەت، ناھەق ئەيىبلەش: رەنجىمەيمەن ھېچ سېنىڭدىن قوغلىغانتىڭ دەپ مېنى، ئۆزگىدە تۇرسا ئۇۋالىم، نېمىدەپ سەندىن كۆرەي. ② ئورۇنسىز، مۇشكۇلات، قىيىنچىلىق، جاپا: تىراكتورچىلارمۇ ئۆز كەسپىدىن پايدىلىنىپ دېھقانلارغا زىيان سالسا، بىچارە دېھقانلارغا نېمىدېگەن ئۇۋال.

**ئۇۋالى تۇتماق ← ئۇۋالىغا قالماق:** رومالىڭ ھاۋا رەڭدە، چىرايىڭ تولۇن ئايىم. مەندىن ئايرىلىپ كەتسەڭ، ئۇۋالىم تۇتار دائىم.

**ئۇۋالىغا قالماق** باشقىلارنىڭ قارغىش، نەپرىتىگە ئۇچرايدىغان ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئەيىبدارى بولماق، جازاسىنى تارتماق: — ئىشنىڭ باش - ئايىغىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرمەي، كۆرگەننىلا جازالاۋەرسەڭ، پۇقرالارنىڭ ئۇۋالىغا قالىمىز، — دېدى مىرغەزەپ.

**ئۇۋالى ئۆزىگە** يامان ئاقىۋىتىگە ئۆزى جاۋابكار، تېگىشلىك جازاسىنى ئۆزى تارتىدۇ: راست بىلىمەن، بەش ئايدىن بېرى، شۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرسام، نېمىشقا بىلمەيمەن؟ يالغان ئېيتسام ئۆز ئۇۋالىم ئۆزۈمگە.

**ئۇۋالچىلىق** ئى. ئۇۋال بولغان، ئورۇنسىز باشقىلارنىڭ جازاسىنى تارتىشقا گىرىپتار بولغان ھالەت، ناھەق جازالىنىش، ناھەق دەرد تارتىش: قېنىڭلار قارا سايىدا تۆكۈلسە، بالا - چاقاڭلار يېتىم قالسا، بۇ ئۇۋالچىلىقنى كىم تارتىدۇ؟

**ئۇۋاللىق** ئى. بىھۇدە پەيدا بولغان قىيىنچىلىق، ئورۇنسىز خاپىلىق: ئوسمان ئاكا كېيىنكى يىللاردا ئۇۋاللىققا ئۇچراپ، بۇ يەردىن ئايرىلىپ كەتتى.

**ئۇۋالماق** «ئۇۋىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئايلار، يىللار، ئەسىرلەر ئۆتەر، تاغلار ئۇۋىلىپ يۇلتۇزلار كۆچەر. ئىجاد - ئەجرىڭدىن چاقنىسا چولپان، ئەۋلادلار سېنى مەڭگۈ ياد ئېتەر.

**ئۇۋەت** ئى. دىيال. ئۇيات، نومۇس، ھايا.

**ئۇۋۇلاتماق** «ئۇۋۇلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بەللىرىنى ئۆزى ئۇۋۇلاپ باقتى، لېكىن يەنىلا ئىزىغا كەلمىدى. باشقىلارغا ئۇۋۇلىتىپ باقتى، ئۇمۇ بولمىدى.

**ئۇۋۇلاشماق** «ئۇۋۇلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىشىپ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇشىغا بىز يېتىپ كەلدۇق.

**ئۇۋۇلانماق** ① «ئۇۋۇلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. ② كۆچمە. بەك ئىچى ئاغرىماق؛ قاتتىق ئازابلانماق: بىچارە، دادىسىنىڭ ناھەق جازالانغانلىقىغا چىدىماي ئۇۋۇلىنىپ كەتتى.

**ئۇۋۇلىماق** پ ① بەدەننى ياكى ئۇنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى قول بىلەن بېسىپ سىلىماق، مۇجۇماق، ئىشقىلىماق: مېھرىبان ئاۋۋال بالىنىڭ يانپېشىنى بارماقلىرى بىلەن خېلىغىچە يۇمشاق ئۇۋۇلىدى. ② <تېب> قول بىلەن بەدەننى بېسىپ، سىلاپ، مۇجۇپ ياكى سىلكىپ قان ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرماق، تېرە ۋە نېرۋىلارنىڭ سەزگۈرلۈك ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرمەك. ③ قول ئالىقانلىرى بىلەن قاتتىق بېسىپ، سۈركەپ ئېزىپ، دانىمۇ دانە قىلماق، ئۇۋىماق، ئەزمەك: سادىق ئېتىزنىڭ توپىسىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ ئۇۋۇلاپ كۆردى، تۇپراقتىن چىمدىپ ئېلىپ تىلى بىلەن تېتىپ باقتى.

**ئۇۋۇلاتماق** «ئۇۋۇلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئۆز دىيارىدا دۈشمەنلىرىنى ئۆزىنىڭ ئۇۋۇلىتىۋاتقانلىقىنى تېخىچە سەزمەي يۈرگەنلىكىگە قاتتىق ئۆكۈندى.

**ئۇۋۇلاشماق** «ئۇۋۇلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھويلىدىكى تېرەكنىڭ ئۇچىدا قۇشقاچلار ئاستا - ئاستا ئۇۋۇلىشىشقا باشلىدى.

**ئۇۋۇلىق** ئى. توخۇ قاتارلىقلارنىڭ ئۇۋۇسىغا يەنە شۇ يەرگە تۇغۇش ئۈچۈن قويۇپ قويۇلىدىغان تۇخۇم: بۇ ئايالنىڭ بالىسى كېيىنكى قېتىمدا قوشنىسىنىڭ ئۇۋۇلىق ئۈچۈن كاتەككە سېلىپ قويغان تۇخۇمىنى ئوغرىلاپتۇ.

**ئۇۋۇلىماق** پ ① ئۇۋا ياساپ، ماكان تۇتۇپ ياشىماق، كۆپەيمەك (قۇشلار، يىرتقۇچلار ھەققىدە): ئۇۋۇلىدى ھۆۋقۇش، ئالۋاستى، چۆلدەرىگەن نامرات يېزىدا؛ باھارنى جۆت، ئەلنى غەم باستى، قايتتى ئىشلار كونا ئىزىغا. ② بىر جايدا ھەددىدىن ئارتۇق كۆپىيىپ كەتمەك: ئۇنىڭ چاپىنىدا پىت ئۇۋۇلىغانىدى.

**ئۇۋىماق** پ. يانجىپ، بېسىپ ئۇۋاق ھالەتكە كەلتۈرمەك، ئۇۋاقلىماق؛ دانە - دانە ھالەتكە كەلتۈرمەك: قوناق ئۇۋىماق.* ئوقۇغۇچىلار قوناق ئۇۋىغاچ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى.

**ئۇۋۇندى** ئى. نەرسىلەرنىڭ ئۇۋۇلىپ، ئۇششاقلىنىپ قالغان قالدۇقلىرى: قىرلىق قورام تاشنى تەشكىل قىلغۇچى ئۇۋۇندىلار ئادەتتە يۆتكەلمىگەن ياكى ناھايىتى قىسقا ئارىلىققا يۆتكەلگەن بولىدۇ.

**ئۇۋي** ئى. پىچىۋېتىلگەن كالا؛ ئۆكۈز: ئۇۋي ئېلىڭ، تورپاق ئېلىڭ، ساپانۇ سۆرەم تارتقۇدەك، ئات ئېلىڭ، دۇلدۇل ئېلىڭ، قوشلاپ تاغارنى ئارتقۇدەك.

**ئۇينىڭ قۇلىقىغا ساتار چالماق** ئوبيېكتقا، ئاڭلىغۇچىنىڭ ئېتىبار قىلىش - قىلماسلىقىغا قارىماي سۆزلىمەك: نادان بىلەن سۆھبەت قۇرۇش ئۇينىڭ قۇلىقىغا ساتار چالغاندەكلا بىر ئىش.

**ئۇيا** سۇپ. دىيال. تۇغقان، قېرىنداش، قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار.

**ئۇيات** ئى. مۇۋاپىقسىز سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىن ئۆكۈنۈش، خىجىل بولۇش، ئىزا تارتىش؛ نومۇس، خىجىللىق: ئۇيقۇدا ئۇيات يوق (ماقال).

**ئۇياتچان** سۇپ . ئۇيىلىشنى، ئار ـ نومۇس قىلىشنى بىلىدىغان، يۈزى تۆۋەن، تارتىنچاق: قىز بالا دېگەن ئۇياتچان، نازۇك كېلىدۇ.

**ئۇياتچانلىق** ئى. تارتىنچاقلىق، نېپىزلىك، نومۇسلۇق: رەنا ئۇياتچانلىق بىلەن يەرگە قارىۋالدى.

**ئۇياتچانئوت** ئى [ئۇياتچان + ئوت] <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تىكەنلىرى ۋە تۈكلىرى بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئىككى قايتىلانغان پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ، سېزىمچانلىقى كۈچلۈك. گۈلى سۇس قىزىل، باشسىمان گۈل رېتىمدە. چوكا مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن بوغۇم ـ بوغۇم بولۇپ تۆكۈلىدۇ. مەشھۇر مەنزىرە ئۆسۈملۈكى ھېسابلىنىدۇ.

**ئۇياتسىز** سۇپ. ئۇيىلىشنى، ئار ـ نومۇس قىلىشنى بىلمەيدىغان، تارتىنمايدىغان، نومۇسسىز: ئۇياتسىز خوتۇن ــ تۇزلىمىغان ئاش (ماقال). * ئۇياتسىز مۈشۈككە قازاننىڭ ئىشىكى ئوچۇق (ماقال).

**ئۇياتسىزلىق** ئى. نومۇسسىزلىق، قېلىنلىق: بۇ يەردە نومۇس دېگەن يوق، بۇ يەردە ئادەملەر ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئۇياتسىزلىق قىلىدۇ.

**ئۇياتسىزلارچە** رەۋ. ئۇياتسىزلارغا ئوخشاش، ئۇياتسىزلىق بىلەن: بۇلارنىڭ بۇ ئۇياتسىزلارچە قىلغان سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگە ھەرگىز چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ.

**ئۇياتقۇزماق** «ئۇياتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ــ سەت گەپ قىلمىغىن، ئادەمنى ئۇياتقۇزۇپ، ــ دېدى ماھىنۇر نۇردۇنغا خىجىل بولغاندەك يەرگە قاراپ.

**ئۇياتقۇزۇشماق** «ئۇياتقۇزماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار تىللىرىنى چىقىرىشىپ ئۇنى مازاق قىلىپ ئۇياتقۇزۇشۇشقا باشلىدى.

**ئۇياتلاندۇرماق** «ئۇياتلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: توينىڭ ئۈچىنچى كۈنىلا ئۇ بەزىبىر قىلىقسىزلىقلارنى قىلىپ، نازۇكئاينى ئۇياتلاندۇردى.

**ئۇياتلاندۇرۇشماق** «ئۇياتلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۇياتلاندۇرۇلماق** «ئۇياتلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۇياتلانماق** «ئۇياتماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئادىلە ئۇياتلىنىپ، يەر ئاستىدىن يولدىشىغا قاراپ تاتلىققىنا كۈلۈپ تۇراتتى.

**ئۇياتلىق** سۇپ ① كىشىنى ئۇيالدۇرىدىغان، خىجالەتتە قالدۇرىدىغان، ھاياسىز، شەرمەندە؛ خىجالەتلىك: ئۇياتلىق گەپ. ئۇياتلىق قىلىق. ② ئەدەپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك، ناھايىتى ھۆرمەتلىك: ئۇياتلىق مېھمان كەلگەندە نان تۆگەپتۇ (ماقال).

**ئۇياتلىق يەر** جىنسىي ئەزانىڭ سىلىقلاشتۇرۇپ ئاتىلىشى: تۇۋا... ھەنىپەكىنىڭ ئېرى قاسىموف دېگەن سېنىڭدىنمۇ سەت، بىر قۇر ئىشتان ـ چاپاننى يىرتىلسا ياماپ، ھەتتا ئۇياتلىق يەرلىرى ئېچىلىپ قالغۇچە كىيىدىغان بىرنېمە ئىكەن.

**ئۇياتماق** پ ← **ئۇيالماق**.

**ئۇيالدۇرماق** «ئۇيالماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بەرمىگەننى بېرىپ ئۇيالدۇرار (ماقال).

**ئۇيالدۇرۇشماق** «ئۇيالدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار تولا سۆزلەپ ئەمەتنى ئۇيالدۇرۇشۇۋېتىشتى.

**ئۇيالماق** پ. كىشىلەر ئالدىدا قىيىن ئەھۋالدا قالماق؛ خىجىل بولماق، ئىزا تارتماق: ئېغىز يېسە، يۈز ئۇيىلار (ماقال). * سورىغان بىلىم ئالار، ئۇيالغان كېيىن قالار (ماقال).

**ئۇيخا** ئى. دىيال. مەنە؛ تايىن.

**ئۇيسۇنلار** ئى <ئىرق> مەملىكىتىمىزدە ياشىغان قەدىمكى مىللەت. بۇ مىللەت ئەينى زاماندا چىلىيەنشەن تېغى بىلەن دۇنخۇاڭ ئارىلىقىدا ياشىغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرى 161 ـ يىللىرى ئەتراپىدا غەربكە كۆچۈپ، ھازىرقى ئىلى دەرياسى ۋادىسى بىلەن ئىسسىق كۆل ئەتراپلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىنچە غەربىي رايون تۇتۇق ھىمراۋۇلىغا قارىغان، شىمالىي ۋە جەنۇبىي خانلىقلار زامانىدا كۆكئارتىنىڭ شىمالىغا كۆچكەن. كېيىن بارا ـ بارا قوشنا مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن.

**ئۇيغۇر** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىمۇ بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ياشايدۇ.

**ئۇيغۇر تىلى** <تىل> مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئاساسىي مىللەت — ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تىلى. ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار تۈركۈمىگە كىرىدۇ. ئۇيغۇر تىلى قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى** <ئەد> ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى ۋە يېقىنقى زاماندىكى داڭلىق، تاللانغان يازما ئەدەبىيات ئەسەرلىرى. بۇلار ئاساسەن «كۆكتۈرك خاندانلىقى» دەۋرىدىن تاكى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى ئىچىدىكى ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يوقاتمايدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**ئۇيغۇر يېزىقى** <تىل> ئۇيغۇر مىللىتى قوللانغان يېزىق. ھازىر قوللىنىۋاتقىنى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئىسلاھ قىلىنغان ئۇيغۇر يېزىقىدۇر.

**ئۇيغۇرچە** ① سۇپ. ئۇيغۇرلارغا، ئۇيغۇر خەلقىگە، ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت، ئۇيغۇر خەلقىگە خاس بولغان: ئۇيغۇرچە كىيىم. ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل. ئۇيغۇرچە ناخشا. ② ئى. ئۇيغۇر تىلى، يېزىقى: گەنسۇ دېگەن سۆز، ئۇيغۇرچە «كەڭسۇ» دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن دېدىڭما؟! شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇيغۇرچىدىن خەنزۇچىغا كىرىپ ئۆزلىشىپ قالغان سۆزلەرمۇ بار ئىكەن ـ دە؟! ③ رەۋ. ئۇيغۇر تىلى، يېزىقىنى ئىشلىتىپ، ئۇيغۇر تىلى، يېزىقى ۋاسىتىسى بىلەن: ئۇيغۇرچە سۆزلىمەك. * مەن تاشقا ئولتۇردۇم ـ

ده، مۇنۇ سۆزنى ئۇيغۇرچه، خەنزۇچه قىلىپ يازدىم.

**ئۇيغۇرچىلاپ** رەۋ. ئۇيغۇرچه سۆزلەپ، ئۇيغۇر تىلىدا: مۇنداق چاغدا ئۇمۇ كۈلۈپ، ساپ ئۇيغۇرچىلاپ: «هه نېمه دەيسەن» دەپ جاۋاب بېرەتتى.

**ئۇيغۇرچىلاشتۇرماق** «ئۇيغۇرچىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بىر هېكايىنى ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغانىدى.

**ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇشماق** «ئۇيغۇرچىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: «سۇ بويىدا» رومانىنى ئىمىن تۇرسۇن، ئابلەت ئۆمەر قاتارلىق ئەدىبلىرىمىز ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇشقانىدى.

**ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلماق** «ئۇيغۇرچىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: بۇ ئەسەر ئەينى يىلىلا رۇسچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان ئىدى.

**ئۇيغۇرچىلاشماق** پ. ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا ئىپادىلەنمەك، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمه قىلىنماق: باجىننىڭ «ئائىله» رومانى ئۇيغۇرچىلاشقاندىن كېيىن نۇرغۇن ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغانىدى.

**ئۇيغۇرچىلىق** ئى. ئۇيغۇرلارغا خاس ئىش ـ هەرىكەت، خۇسۇسىيەتلەر: بىر تۇرۇپ، بۇنداق سەپەردىن سەسكىنىسەن، يەنە بىر تۇرۇپ، كىشىلەر ئارىسىدىكى تەكەللۇپسىز، سادda ئادىمىيلىكنى سېغىنىپمۇ قالىسەن. مانا بۇ جۇڭگوچىلىقتىكى ئۇيغۇرچىلىقنىڭ بىر كۆرۈنۈشى.

**ئۇيغۇرسىراتماق** «ئۇيغۇرسىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇنداق شارائىت بەزىدە ئادەمنى ئۇيغۇرسىرىتىپمۇ قوياتتى.

**ئۇيغۇرسىراشماق** «ئۇيغۇرسىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ۋەتەندىن ئايرىلغان بۇ ئۇيغۇر ياشلىرى ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇيغۇرسىرىشىپ قېلىشتى بولغاي، يېڭى تونۇشقان يەرلىك چەت ئەللىك دوستلىرى ئارقىلىق بۇ يەردە ئۇيغۇر بار ـ يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدى.

**ئۇيغۇرسىرىماق** پ. ئۇيغۇر سېغىنماق، ئۇيغۇر سېغىنىش ئارزۇسى كۈچىيىپ كەتمەك: غايەت جىق ئادەملەرنى قوينىغا ئالغان پايتەختنىڭ باشقا كوچىلىرىدا ئۇيغۇرلارنى كۆرگىلى بولمايتتى، ئۇلارنى پويىزدا ئۇچرىتىشمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى. بۇنداق هالدا كىشى ئاز ـ تولا ئۇيغۇرسىراپمۇ قالاتتى.

**ئۇيغۇرشۇناس** ئى. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى، تىل ـ يېزىقى ۋە شۇ قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس: گېرمانىيەلىك ئۇيغۇرشۇناسلار قەشقەر، خوتەنلەردە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

**ئۇيغۇرشۇناسلىق** ئى. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى، تىل ـ يېزىقى ۋە شۇ قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش ئىلمى: ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمىدە زور بۆسۈش هاسىل قىلىندى.

**ئۇيغۇرلاشماق** پ. ئۇيغۇر بولماق، ئۇيغۇرغا ئۆزگەرمەك: يەكەندە ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن ئۆزبېكلەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.

**ئۇيغۇن** تىر. مەلۇم قاراش، تەلەپ، هېسسىياتقا ماس كېلىدىغان، مۇۋاپىق؛ مەلۇم مىقدار، شەكىل، ئۆلچەمگە مۇناسىپ، باب: بۇ پىلان مەھەللىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەهۋالىغا ئۇيغۇن ئەمەس.

**ئۇيغۇنلاشتۇرماق** «ئۇيغۇنلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىزمۇ ئىدىيەمىزنى يېڭى ۋەزىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

**ئۇيغۇنلاشماق** پ. ئۇيغۇن، ماس هالەتكە كەلمەك، ئۇيغۇن بولماق، مۇۋاپىقلاشماق: دېمەك، تۇپ ئاساسىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ئامىمىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇنلاشتى.

**ئۇيغۇنلۇق** ئى. مۇۋاپىق، ماسلىق، بابلىق: فىلىمدىكى ۋەقە ـ هادىسىلەر فىلىمدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دەۋرنىڭ تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئۇيغۇنلۇق ئاشۇ ۋاقىتتىكى پەۋقۇلئاددە مۇهىت بىلەن پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ ماسلىقىدا، تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقىدا ۋە مىللىي خۇسۇسىيەتنىڭ روشەنلىكىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

**ئۇيقا ـ تۇيقا** دىيال. ۋەيران، خاراب.

**ئۇيقاش** ئى. دىيال. ماسلىشىش، قاپىيە كېلىش، قاملىشىش.

**ئۇيقاشماق** پ. دىيال. ماسلاشماق، قاملاشماق، قاپىيە كەلمەك.

**ئۇيقۇ** ئى① تورمۇزلىنىش جەريانى چوڭ مېڭه پوستلىقىغا تارىلىپ، چوڭ مېڭه پوستلىقىنىڭ تۆۋەنكى قىسىملىرىغىچه يېتىپ بارىدىغان فىزىيولوگىيەلىك هادىسه، ئۇ جىسمانىي ۋە ئەقلىي ئىقتىدارنى ئەسلىگه كەلتۈرەلەيدۇ. ② بەزى هاشارات ۋە ئۆسۈملۈك، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ قىشلىق ئۇچەك هالىتى: قىشلىق ئۇيقۇ. ③ كۆچمه. هەرىكەت ۋە شاۋقۇن ـ سۈرەن بولمىغان جىمجىت هالەت: بۇ چاغدا شەهەر ئۇيقۇدا ئىدى.

**ئۇيقۇسى ئېچىلماق** ① ئۇيقۇدىن ئويغانماق: ئۇنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلدى. ② كۆچمه. هوشيار بولماق، سەگەكلەشمەك: ئۇيقۇمىزنى ئېچىپ بىزگه ئەقىل ئۆگىتىپ قويغان سېغىنىزخانغا رەهمەت.

**ئۇيقۇچان** سۈپ ① ئۇخلاشقا ئامراق، كۆپ ئۇخلايدىغان: مەن يېقىندىن بۇيان بەك ئۇيقۇچان بولۇپ كەتتىم. ② ئۇيقۇلۇق، ئۇيقۇ باسقان: ئايشەمگۈلنىڭ ئانىسى بوسۇغىدا ئۇيقۇچان كۆزلىرى بىلەن قىزىغا ئەجەبلىنىپ قاراپ تۇراتتى.

**ئۇيقۇچى** سۈپ. كۆپ ئۇخلايدىغان، ئۇيقۇسى تولا: مىجىت قارىي ناهايىتى ئۇيقۇچى ئادەم ئىدى. ئولتۇرسىمۇ كۆزى ئۇيقۇغا كېتەتتى.

**ئۇيقۇسىراتماق** «ئۇيقۇسىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىچىملىك ئادەمنى ئۇيقۇسىرىتىپ قويىدىكەن.

**ئۇيقۇسىراشماق** «ئۇيقۇسىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كېچىچه ئۇخلىماي ئۇيقۇسىرىشىپ كەتكەن باللار ياتاققا كىردى ـ ده، ئۆزلىرىنى كارىۋاتقا ئېتىشتى.

**ئۇيقۇسىرىماق** پ. ئۇخلىغۇسى، ئۇيقۇسى كەلمەك، ئۇيقۇ باسماق: مۇتەللىپمۇ شۇ چاغدا خېلى ئۇيقۇسىراپ قالغانلىقىنى هېس قىلىشقا باشلىدى.

**ئۇيقۇسىز** سۈپ. ئۇخلىمىغان، ئۇخلىماي، ئۇخلىماستىن: هاۋا ئىسسىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئېزىلىپ، ئۇيقۇسىز كۆزلىرىنى يېرىم ئېچىپ كەلمەكتە ئىدى. * ئۇ بۇ بىرنەچچه كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى.

**ئۇيقۇسىزلىق** ئى. ئۇخلىمىغان ياكى ئۇيقۇغا قانمىغان، ئۇيقۇغا تەشنا هالەت: ئۇيقۇسىزلىق، ئاچلىق ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئېزىۋەتتى.

**ئۇيقۇلۇق** I ① سۈپ. ئۇيقۇ باسقان، ئۇيقۇسىرىغان؛ ئۇيقۇدىكى، ئۇيقۇ ئارىلاش: ــ نەگه يوقاپ كەتتىڭىز؟ ــ دېدى ئايىمخان ئۇيقۇلۇق ئاۋاز بىلەن. ② سۈپ. ئۇخلاۋاتقان، ئۇيقۇ هالىتىدىكى: ئۇيقۇلۇق ئادەمنى نېمىدەپ ۋارقىراپ ئويغىتىسەن. ③ ئى. ئۇخلىغان

ۋاقىتتىكى ھالەت. ئۇيقۇ: ئۇ قۇل بالا مېنىڭ پەرزەنتىم ئىدى، ئۆلۈپ كەتتى ئەمدى، ئۇيقۇلۇقتا ئېتىپ تاشلاپتىمەن.

**ئۇيقۇلۇق** Ⅱ ئى <ئانات> ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئاشقازىنىنىڭ ئاستىنقى تەرىپىگە جايلاشقان، كالا تىلى شەكلىدىكى بىر خىل بەز. ئۇ ھەزىم قىلىشقا ياردەملىشىدىغان ئۇيقۇلۇق سۇيۇقلۇقى، شۇنىڭدەك قەنتنىڭ ئالمىشىشىنى تەڭشەيدىغان ئىنسۇلىننى ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ.

**ئۇيقىلىماق** پ. دىيال. بەدەننى ئۇۋۇلاپ تۇتۇپ قويماق، ئۇۋۇلىماق.

**ئۇيۇتقا** ئى. دىيال. ئۇيۇتۇلغان نەرسە.

**ئۇيۇتما** سۈپ. ئۇيۇتۇپ تەييارلانغان، ئۇيۇتۇلغان: ئۇيۇتماقان. پولات ئۇيۇتما.

**ئۇيۇتماق** «ئۇيۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار خېلى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن ئەپەندىم قېتىق ئۇيۇتىدىغان تەڭنىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، پادىشاھنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىراپتۇ.

**ئۇيۇتۇشماق** «ئۇيۇتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ مەھەللىدە ئىككى ـ ئۈچ لەڭپۇڭچى ئۇستاملار بار بولۇپ، ئۇلار لەڭپۇڭلىرىنى ئاساسەن يەكەننىڭ ماش ئۇنىدا ئۇيۇتۇشاتتى.

**ئۇيۇتۇلماق** «ئۇيۇتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ماش ئۇنىدا ئۇيۇتۇلغان لەڭپۇڭ بولۇپ، تەمى ناھايىتى ئوبدان ئىدى.

**ئۇيۇشتۇرماق** ①«ئۇيۇشماق Ⅰ» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوقۇتقۇچىلار بوش ۋاقىتلاردا ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپنىڭ مۇھىتىنى ياخشىلاشقا ئۇيۇشتۇردى. ② تەشكىل قىلماق، تەشكىللىمەك: مۇئەللىم تەنتەربىيە دەرس سائىتىدە ئوقۇغۇچىلارنى يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە ئۇيۇشتۇردى. ③ يىغماق، توپلىماق: ماقالە ئۇيۇشتۇرماق.

**ئۇيۇشتۇرۇشماق** «ئۇيۇشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشقان يىغىن ـ يىغىنلىرىمۇ قانچىلىك بولاركىن تاڭ!

**ئۇيۇشتۇرۇلماق** «ئۇيۇشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلار شەھەرگە تەنتەنە بىلەن قايتقاندىن كېيىن غالىبلار شەرىپىگە نەچچە كۈن كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇلدى.

**ئۇيۇشچان** سۈپ. ئاسان ئۇيۇيدىغان، ئاسان ئۇيۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان: ھەرقانداق قان ئۇيۇشچان ماددا تىپىغا كىرىدۇ.

**ئۇيۇشچانلىق** ئى. ماددىلارنىڭ ئۇيۇشقان ھالەتكە كېلىش خۇسۇسىيىتى، ئۇيۇش ھالىتى: قاننىڭ ئۇيۇشچانلىقى ناھايىتى تېز بولۇپ، نورمال ئەھۋالدا نەچچە مىنۇتتىلا ئۇيۇپ بولىدۇ.

**ئۇيۇشقاق** سۈپ ① بىرەر مەقسەتتە تېز ھەرىكەتكە كېلىدىغان، دەرھال ئۇيۇشالايدىغان، ئىتتىپاق: بۇ زاۋۇتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھەقىقەتەن جەڭگىۋار، ئاڭلىق، ئۇيۇشقاق ياخشى كوللېكتىپ ئىكەن. ② بىر ـ بىرىگە ئاسانلا چىپىسلىشىۋالىدىغان: ئۇيۇشقاق جىسىملار.

**ئۇيۇشقاقلىق** ئى. ئۇيۇشۇش، ئۆزئارا چىپىسلىشىش، چاپلىشىش: ئىتتىپاقلىقنىڭ مېغىزى ئۇيۇشقاقلىقتۇر.

**ئۇيۇشما** ئى. بىرەر مەقسەتتە بىرلەشكەن، ئۇيۇشقان كىشىلەر ياكى تەشكىلاتلار بىرلەشمىسى؛ ئىتتىپاق، تەشكىلات: ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى. ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى.

**ئۇيۇشماق** Ⅰ پ. ئۆزئارا بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن توپلانماق، بىرلەشمەك، جەم بولماق، تەشكىللەنمەك: بىز ئىلگىرى چېچىلاڭغۇ ھەرىكەت ئېلىپ بارغان بولساق، ئەمدى ئۈچقۇنلار ئىتتىپاقىغا ئۇيۇشتۇق.

**ئۇيۇشماق** Ⅱ پ. سوغۇق ياكى قان يۇرۇشمەسلىك قاتارلىق سەۋەبلەردىن بەدەننىڭ مەلۇم جايى سەزمەس بولۇپ قالماق، ھەرىكەتلەندۇرسە قىم ـ قىم قىلىپ ئاغرىماق: ئانا تېخىچىلا جايىنامازدىن تۇرمىدى، پۇتلىرى ئۇيۇشۇپ كەتتى.

**ئۇيۇشۇشچان** سۈپ. دەرھال ئۇيۇشالايدىغان، تېز ھەرىكەتكە كېلىدىغان، ئۇيۇشقاق: خەلقىمىز تارىختىن بۇيان ناھايىتى ئۇيۇشۇشچان خەلق ئىدى.

**ئۇيۇشۇشچانلىق** ئى. ئۇيۇشۇش، بىرلىشىش، توپلىنىش، جەم بولۇش، تەشكىللىنىش: ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ۋەكىللىك قىلغاندىلا ھەقىقىي ئۇيۇشۇشچانلىق پەيدا بولىدۇ.

**ئۇيۇشۇشماق** «ئۇيۇشماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۇيۇق ـ تۇيۇق** دىيال. ۋەيران، بېزەپ، خاراب.

**ئۇيۇل** سۈپ. ئۇيۇغان، ئۇيۇپ بىر پۈتۈن، قاتقان ھالەتكە كەلگەن، مونەك: ئۇيۇل چويۇن.

**ئۇيۇلغۇ** ئى. دىيال. جاندارلارنى ئوتقا باغلاپ قويۇش.

**ئۇيۇم** ئى. نەرسىلەرنىڭ ئۇيۇپ قاتقان ھالىتى: قارىسام ئۇنىڭ ئوڭ مەڭزى ئىششىپ، ئاغزى ـ بۇرنىدا قىپقىزىل قان ئۇيۇملىرى قېتىپ قاپتۇ.

**ئۇيۇماق** پ. قويۇقلىشىپ قاتقان ھالەتكە كەلمەك، قاتماق، قاتتىقلاشماق: قېتىق ئۇيۇدى.

**ئۇيۇندى** ئى. نەرسىلەرنىڭ ئۇيۇپ قېتىپ قالغان قالدۇق قىسمى: ئۇ مەھبۇسنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەت ـ بەدەنلىرىنى قاپلاپ تۇرغان يارا ئىزلىرىنى، قېتىشىپ قالغان قان ئۇيۇندىلىرىنى كۆردى.

**ئۇيىتىشماق** «ئۇياتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قىلىپ قويغان ئىشلىرىغا قاتتىق ئۇيىتىشتى.

**ئۇيىلىشماق** «ئۇيالماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: خىجىللىقتىن ئۇيىلىشىپ تۇرغان قىزلار يۈزلىرىنى تۇتۇشۇپ يەرگە قارىشىۋالدى.

# ئۆ

**ئۆ** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ يىگىرمە يەتتىنچى ھەرپى ۋە شۇ ھەرپىنىڭ نامى.

**ئۆپتۇرمەك** «ئۆپمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئۆپچۆرە** ئى ① بىرەر نەرسە ياكى دائىرىنىڭ يېقىن ئەتراپى، چۆرىسى؛ ئەتراپ: بىنانىڭ ئۆپچۆرىسى. مەكتەپنىڭ ئۆپچۆرىسى. ② كۆپىنچە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۇرلىنىپ جۈملىدە ئېيتىلغان سان ـ مىقدارنىڭ ئۆزىنىڭ سۈبيېكتىپ پەرىزىگە، مۆلچەرىگە يېقىن، دەل ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ، زىيادە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ماشىنىدىكى كۆمۈر 6 تونىنا ئۆپچۆرىسىدە ئىدى.

**ئۆپكە** ئى ① <ئانات> ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ نەپەسلىنىش ئورگىنى. ئادەملەرنىڭ ئۆپكىسىنىڭ ئىككى قانىتى بولۇپ، كۆكرەك بوشلۇقىدا ئوڭ ـ سولدا بىردىن بولىدۇ، كانايچە بىلەن تۇتىشىدۇ. ② ھايۋانلارنىڭ ئىستېمال قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان شۇ خىل ئەزاسى: ئۆپكە قۇيماق. * ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا(ماقال).

**ئۆپكە قاقماق** دىيال. ئاچچىق قىلماق، ئاچچىقلانماق، تېردىكىپ نارازىلىق بىلدۈرمەك.

**ئۆپكەڭنى بېسۋال** «ھولۇقما، چالۋاقىما، ئېغىر بول، ئاچچىقلانما» دېگەن مەنىلەردىكى ئىبارە: — ئۆپكەڭنى بېسۋال، چالۋاقاپ كەتمە، — دېدى قاسىم.

**ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلماق** ① نەپىسى بوغۇلماق، نەپىسى قىسىلاشماق: يۈگۈرۈۋېرىپ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالاي دېگەن قۇددۇس ئۆيى ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى. ② ھودۇقماق: ئامانقۇل ئايقىزنى بىر قاراپلا تونۇدى ـ دە، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ، گەپ قىلالماي قالدى.

**ئۆپكىسى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالماق** ← **ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلماق.**

**ئۆپكىسى تۆگەپ، كانىيى قالماق** بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ كۆپ، ئاساسىي قىسمى تۈگەپ، ئازلا بىر قىسمى قېپقالماق: سەن بۇ ئىشنىڭ ئۆپكىسى تۆگەپ، كانىيى قالغاندا كەپسەن، بوپتۇ، ئەمدى قالغىنىنى سەن قىلىۋەت.

**ئۆپكىسى قۇرۇپ كەتمەك** قاتتىق تەشنا بولماق، قاتتىق ئۇسسىماق: — ئۇنىڭ ئۆپكىسى قۇرۇپ كېتىپتۇ، ئۇسسۇلۇق بەر، — دېدى ئايشىخان.

**ئۆپكىسى كۆرۈنۈپ قالماق** كارامىتى ئاشكارا بولۇپ قالماق: ئۇلار خەلقنىڭ كۆزىنى بوياپ، ئۆزىنى ھەرقانچە پەردازلىغىنى بىلەن، ئۆپكىسى كۆرۈنۈپ قالدى، خالاس.

**ئۆپكىسىنى بېسۋالماق** ئۆزىنى تۇتۇۋالماق، ئۆزىنى تەمكىن، سالماق تۇتماق، تىنچلانماق: يۇرسىلە، گەپلىرى بولسا ئۆيگە كىرىپ، بىر چىنە ئىسسىق چاي ئىچىپ، ئۆپكىلىرىنى بېسۋېلىپ دېسىلە.

**ئۆپكىسىنى ئىچىدىن قاقماق** سەزدۈرمەي ئەدىپىنى بەرمەك، بىلىندۈرمەي زەربە بەرمەك، زىيان سالماق: ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن زىۋىرشا غودۇڭشىدى: «ۋۆي ناكەس ساراڭ، نەدىكى نومۇرى ئاۋۇمايدىغان ئىشلارغا مېنى ئەۋەتىپ ئۆپكەمنى ئىچىمدىن قېقىۋاتىسەنغۇ!»

**ئۆپكىسى ئۆرۈلمەك** كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلىغۇسى كەلمەك، يىغا تۇتماق، كۆڭلى بۇزۇلماق: خۇرشىدىخان سۆزىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالمىدى، ئۇنىڭ راستىنلا ئۆپكىسى ئۆرۈلگەنىدى.

**ئۆپكىسى يوق** ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلمەيدىغان، تولىمۇ يەڭگىل، ئالدىراڭغۇ، شاتراق، شاللاق: قانداق ئۆپكىسى يوق ئاداش بۇ، سەۋر قىلىش كېرەك ئەمەسمۇ؟

**ئۆپكە ـ زاسۋي** قوي، ئۆچكە، كالا قاتارلىقلارنىڭ ئىچ يۇرۇشى: قوينىڭ ئۆپكە ـ زاسۋىينى پىچاق تەگكۈزمەي ساق ئېلىڭ، ئەتىكى مېھمانغا ئىشلىتىمىز.

**ئۆپكە ـ ھېسىپ** ئۆپكە ۋە ھېسىپ: ئۆپكە ـ ھېسىپ تەييارلىماق.

**ئۆپكىدىمەك** پ ← **ئۆپكىلىمەك**: بالا ئۆپكىدەپ تۇرۇپ ئەركىنىنىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

**ئۆپكىلەتمەك** «ئۆپكىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەينى چاغدا بۇ ئەرزىمەس ئىش ئۈچۈن دادامنى ئۆپكىلىتىپ قويغىنىمنى ئويلىسام قاتتىق پۇشايمان قىلىمەن.

**ئۆپكىلەشمەك** «ئۆپكىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ گەپنى ئاڭلىغان قوشنىلار تۇرغۇنغا ئۆپكىلەشكىنىچە سۆزلەپلا كېتىشتى.

**ئۆپكىلىك** سۈپ. ئۆپكىسى بار، ئۆپكىگە ئىگە: ئۆپكىلىك بېلىق.

**ئۆپكىلىمەك** پ ① خاپا بولماق، ئاچچىقلانماق: — قەندىل بالام! نېمىشقا تاماكا چەكمەستىن ئاۋۋال ئېيتمىدىڭ؟ — دېدى ئۇ ئۆپكىلەپ. ② كۆڭلى بۇزۇلماق، كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىماق: ئۆپكىلەپ يىغلىماق.

**ئۆپلەن** ئى. دىيال. چاشقان تىپىغا كىرىدىغان بىر خىل جانىۋار.

**ئۆپمەك** پ. ئاغزى بىلەن سۆيمەك، لېۋىنى تەگكۈزۈپ سۆيمەك: ئۆپتى مەڭزىمدىن شامال مەيىن كېلىپ، گۈل ـ چېچەكلەر تۆكتى خۇشبۇي باش ئېگىپ.

**ئۆپۈپ ـ تېتىپ** دىيال. تاماقتا كۆڭۈلشمەيلا ئاغزىنى

تەگكۈزۈپ قويۇپ.

**ئۆپۈشمەك** «ئۆپمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى:
ئارچىلار ئۆپۈشۈپ جىلۋىلەنگەندە، ۋۇجۇدۇم سىمابتەك ئاقىدۇ شۇئان.

**ئۆپۈلمەك** «ئۆپمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: لەرزان
چىقىۋاتقان شامال تەرىپىدىن ئۆپۈلگەن سېرىنگۈل ئەتراپقا تېخىمۇ
خۇشبۇي ھىد چاچماقتا ئىدى.

**ئۆپۈم** مىق. دىيال. يۇتۇم، ئوتلام.

**ئۆت** ئى<ئانات>ئۆت سۇيۇقلۇقى ساقلىنىدىغان خالتىـ
سىمان ئورگان. ئۇ جىگەرنىڭ ئوڭ ياپراقچىسى ئاستىغا
جايلاشقان بولۇپ، ئۆت يولى ئارقىلىق جىگەرگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

**ئۆت تېشى كېسىلى** <تېب>ئۆت خالتىسى ئىچىدە تاش
پەيدا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا قورساق قاتتىق
ئاغرىيدۇ. بەزىدە يەرقاننىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**ئۆت خالتىسى ياللۇغى** <تېب> باكتېرىيەلەر بىلەن
يۇقۇملىنىش ياكى خىمىيەۋى غىدىقلىنىش تۈپەيلىدىن كېلىپ
چىقىدىغان ئۆت خالتىسى ياللۇغلىنىش كېسىلى. دائىم ئۆت
تېشى كېسىلى بىلەن بىللە يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭدا ئۆتكۈر ئۆت
خالتىسى ياللۇغى تۇيۇقسىز پەيدا بولىدۇ، ئۆت تېشى كېسە-
لىگە ئوخشاش ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. سوزۇلمىسىدا ئۇزاق
مۇددەتكىچە ھەزىم قىلىش ناچارلىشىش ئالامەتلىرى يۈز
بېرىدۇ.

**ئۆتى يېرىلىپ كەتكۈدەك بولماق** قاتتىق ئاچچىقلانماق،
ئاچچىقى پەۋقۇلئاددە قاتتىق كەلمەك: چاققان ئۆيىگىزگە كېتىڭ،
ئېرىڭىزنىڭ ئۆتى يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتىپتۇ.

**ئۆتە** ① «ئۆتمەك» پېئىلىنىڭ «ئە»لىك رەۋىشدىشى. ② رەۋ.
كۆچمە. چېكىدىن ئاشقان، ئۆتۈپ كەتكەن، ھەددىدىن ئارتۇق،
ناھايىتى، ئىنتايىن: ئۆتە زالىم. ئۆتە ھەييار. ئۆتە ساراڭ.

**ئۆتەتمەك** «ئۆتىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ۋە-
زىپە ئۆتەتمەك. خىزمەت ئۆتەتمەك.

**ئۆتەشمەك** «ئۆتىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ۋەزىپە
ئۆتەشمەك. رەسمىيەت ئۆتەشمەك. ناماز ئۆتەشمەك. * جامائەت ھېيت نا-
مىزىنى ئۆتىشىپ بولۇپ، ساماغا چۈشمەكتە ئىدى.

**ئۆتەك** ئى. تاغلاردا مالچىلار بىر جايدىن يەنە بىر جايغا
كۆچكەندە قونۇپ ئۆتىدىغان، قوي قوتانلىرى ۋە ئادەم ئولتۇ-
رىدىغان ئۆيلىرى بار ئۆتەڭ: ئۇلار قايسىلا ئۆتەككە چۈشكۈن قىلغان
بولسا، مالچىلار قوي سويۇپ قىزغىن مېھمان قىلاتتى.

**ئۆتەگ** ئى. دىيال. ئىچ ئۆتۈپ قېلىش، ئىچى سۈرۈش.

**ئۆتەڭ** ئى. يولۇچىلار مەنزىل ئارىلىقىدا چۈشۈپ، قونۇپ
ئۆتىدىغان دەڭ، سارايلىرى بار جاي: — سالامەت كەلگىنىمىز
ئۆزۈم بىلەن سەكسەن يەتتە. ئېغىر يارىدارلارنى ئۆتەڭلەردە تاشلاپ
كەلدۇق، — دېدى روزىمەت بەگ.

**ئۆتەل** ئى. ئۆتۈنۈش، ئۆتۈنۈپ بېرىش: ئۆتەل قىلماق.

**ئۆتەلمەك** «ئۆتىمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: مېيىت
نامىزى ئۆتىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن مېيىتنى كۆتۈرگەن جامائەت
تۇپراقبېشى تەرەپكە قاراپ سەلدەك ئېقىشتى.

**ئۆتكەل** ئى ① ئۆتىدىغان جاي، مۇھىم ئېغىز، مۇھىم يول؛
تۇگۈن: قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ئۆتكەلدە تۇرغان ئىككى قارا-
ۋۇلى جۇۋىغا يۆگىنىپ خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ② كۆچمە. ھال-
قىلىق پەيت، مۇھىم پەيت، ھالقىلىق پۇرسەت: ئۆتكەلدىن ئۆت-
مەك. ③ كۆچمە. بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغان جەريان؛
ئىشنىڭ ھالقىسى؛ باسقۇچ: ئاپتوموبىل موتورلىرى ئادەتتە ئوتتۇرا
ۋە چوڭ رېمونتقا چۈشكەندە بىرمۇنچە تېخنىكىلىق ئۆتكەللەردىن ئۆتى-
دۇ. ④ نىشانلانغان، مۆلچەرلەنگەن ئەڭ يۇقىرى پەللە: —
ئاشلىقتا ئۆتكەلدىن ئۆتۈش — بىزنىڭ نۆۋەتتىكى بىرىنچى ۋەزىپىمىز،
— دېدى ئۇ جىددىي تۇردە.

**ئۆتكەمە** ئى. بۇغداي، قوناق قاتارلىق نەرسىلەرنى تاسقاي-
دىغان يۇملاق قاسقانلىق، كىرىچ ياكى سىم تورلۇق سايمان:
ئۆتكەمىدىن ئۆتۈپ، غەلۋىردە توختاپتۇ (ماقال).

**ئۆتكەمىدىن ئۆتكۈزمەك ← ئەلگەكتىن ئۆتكۈزمەك:** ئارقىدا
ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم سۆز قىستۇردى: بۇ نۆۋەت تېرىقنى
راسا بىر تاسقاپ، ئۆتكەمىدىن ئۆتكۈزىدىكەنلا ـ دە.

**ئۆتكەمچى** ئى. ئۆتكەمە ياسايدىغان ۋە ساتىدىغان كىشى.

**ئۆتكەن** سۈپ. ئۆتۈپ بولغان، ئىلگىرىكى؛ ئىلگىرى بولۇپ
ئۆتۈپ بولغان: ئۆتكەن ئاي. ئۆتكەن يىل. ئۆتكەن ھەپتە.

**ئۆتكەنگە سالاۋات ← ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات:** — دورغا راست
ئېيتىدۇ بالام، — دېدى مويسىپىت كىشى، ئۆتكەنگە سالاۋات، ھەممى-
مىزگە تىنچ بولغىنى ئوبدان!

**ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات** ئۆتكەن ئىش ـ ھەرىكەت ئۆتۈپ كەت-
كەن بولسۇن؛ ئۆتكەن ئىشلارنى قايتا تىلغا ئالماسلىق، تەرگى-
مەسلىك، سۈرۈشتە قىلماسلىق كېرەك: ئەر كىشىنىڭ كۆز يېشى
قىز بالىنى ئوڭايلا ئىشەندۈرۈپ قويىدىكەن، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، خا-
پىلىقىم كۆز يېشىم بىلەن تۈگىگەن ئوخشايدۇ.

**ئۆتكەن ـ كەچكەن** ① ئۆتۈپ كېتىۋاتقان، ئۆتۈۋاتقان: ئۆت-
كەن-كەچكەن يولۇچىلار. ② بۇرۇن ئۆتكەن، سادىر بولغان؛ بۇ-
رۇنقى، ئۆتكەنكى: ئۆتكەن-كەچكەن گەپلەر.

**ئۆتكەنكى** سۈپ. ئۆتۈپ كەتكەن، بۇنىدىن بۇرۇنقى، بۇرۇنقى
چاغلاردىكى: ئۆتكەنكى ئېغىر كۈنلەر. * بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئۆت-
كەنكى بىرمۇنچە ئىشلار كەلدى. * ئۇلار ئۆتكەنكى ئادەملەرگە ئوخشىمايتتى.

**ئۆتكۈر** ① سۈپ. ياخشى كېسىدىغان، تېز كېسىدىغان، ئۆ-
تىدىغان، ئىتتىك: ئۆتكۈر پىچاق. ئۆتكۈر قىلىچ. ئۆتكۈر پالتا. *
قىلىچتەك ئۆتكۈر بولما، تاياقتەك قوپال بولما (ماقال). ② سۈپ.
ئۇچى ئىنچىكە، ئۇچلۇق: ئۆتكۈر بىگىز. ئۆتكۈر نەيزە. ئۆتكۈر
تاش. ③ سۈپ. كۆچمە. ياخشى كۆرەلەيدىغان، كۆرۈش كۈچى،
ئىقتىدارى كۈچلۈك؛ سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتەلەيدىغان:
ئۆتكۈر كۆز. * كۆزۈڭ نېمىدېگەن ئۆتكۈر، ئۇنى قانداق كۆرۈۋالدىڭ؟
④ سۈپ. كۆچمە. سېزىش، بىلىش ئىقتىدارى، پىكىر قىلىش
قابىلىيىتى يۇقىرى ۋە كۈچلۈك؛ زېرەك، زېھنىلىك: ئۆتكۈر
ئوقۇغۇچى. ئۆتكۈر ئادەم. * ئادىل زېھنى ئۆتكۈر، جىگەرلىك بالا ئىدى.
⑤ سۈپ. كىشىگە چوڭقۇر تەسىر قىلىدىغان، تەسىر قىلىش
كۈچى كۈچلۈك، تەسىرلىك: ئۆتكۈر تىل. ئۆتكۈر شېئىر. *
ئۆتكۈر سۆز — ئاتقان ئوق (ماقال). ⑥ سۈپ. جىددىي، كەسكىن:
ئۆتكۈر زىددىيەت. * ئۇ ئانا ـ بالا ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈر
ئىختىلاپ مەۋجۇت ئىدى. ⑦ سۈپ. كۈچلۈك؛ ھارارەتلىك: چاۋار
ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچتى، دېرىزىدىن چۈشكەن قۇياشنىڭ ئۆتكۈر
نۇرلىرى ئۇنىڭ كۆزىگە سانجىلدى. ⑧ سۈپ. تېز تەسىر قىلى-
دىغان، تەسىر قىلىشى كۈچلۈك: ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل. ⑨

ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئۆتكۈرلەشتۈرمەك** «ئۆتكۈرلەشمەك»پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ مەسىلە ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ.

**ئۆتكۈرلەشتۈرۈشمەك** «ئۆتكۈرلەشتۈرمەك»پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار زىددىيەتنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈشۈپ، سۆھبەتنى پايدىسىز تەرەپكە باشلىماقتا ئىدى.

**ئۆتكۈرلەشتۈرۈلمەك** «ئۆتكۈرلەشتۈرمەك»پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئىش بىلەن تەڭ جەڭ ۋەزىيىتى يەنىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈلۈپ، دۈشمەننى تەلتۆكۈس يوقىتىش پىلانى تۈزۈلدى.

**ئۆتكۈرلەشمەك** پ. ئۆتكۈر بولماق، ئۆتكۈر ھالەتكە كەلمەك: ئۇ يەرنىڭ جەڭ ۋەزىيىتى بارغانسېرى ئۆتكۈرلەشتى.

**ئۆتكۈرلۈك** ئى. ئۆتكۈر، ئىتتىك ھالەت، شۇنداق ئالاھىدىلىك: بۇ يىگىت مەكتەپتىكى چاغدىلا ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى، ئۆتكۈرلۈكى بىلەن باشقىلارنى ھەيران قالدۇرغانىدى.

**ئۆتكۈزگۈچ** ① سۈپ. ئۆتكۈزۈش، توشۇش رولىنى ئوينايدىغان، ئۆتكۈزىدىغان: ئۆتكۈزگۈچ جىسىم. ئۆتكۈزگۈچ نەيچە. ② ئى<فىز> ئۆتكۈزگۈچ سىم ياكى ئۆتكۈزگۈچ جىسىم: يېرىم ئۆتكۈزگۈچ.

**ئۆتكۈزمەك** «ئۆتمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مېھراي تېزلىك بىلەن يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزدى ـ دە، تۈگمىنى قاداشقا كىرىشتى.

**ئۆتكۈزۈش** ئى① < فىز >جىسىملارنىڭ ئىسسىقلىق ياكى ئېلېكتىر ئېقىمىنى ئۆزىنىڭ بىر قىسمىدىن يەنە بىر قىسمىغا يەتكۈزۈشى. ② <فىزىيول > نېرۋا تالالىرىنىڭ سىرتقى مۇھىتتىكى تەسىرلىنىشلەرنى چوڭ مېڭە پوستلىقىغا يەتكۈزۈش ياكى چوڭ مېڭە پوستلىقىنىڭ پائالىيىتىنى ئەتراپ نېرۋىلىرىغا يەتكۈزۈش جەريانى.

**ئۆتكۈزۈشچان** سۈپ<فىز> ئۆزىدىن ئىسسىقلىق، تەۋرىنىش، ئېلېكتىر توكى ۋە شۇ قاتارلىقلارنى ياخشى ئۆتكۈزىدىغان ۋە چىقىرىدىغان؛ ئۆتكۈزۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە: ئۆتكۈزۈشچان جىسىملار.

**ئۆتكۈزۈشچانلىق** ئى. ئۆتكۈزۈش ئالاھىدىلىكى، خۇسۇسىيىتى: مىسنىڭ ئۆتكۈزۈشچانلىقى ئاليۇمىنىيدىن يۇقىرى بولىدۇ.

**ئۆتكۈزۈشمەك** «ئۆتكۈزمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلار قالغان ئۆمرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈشكەنمىش.

**ئۆتكۈزۈلمەك** «ئۆتكۈزمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: زىياپەت ئەنە شۇ باغقا تۇتاشقان چوڭ زالدا ئۆتكۈزۈلدى.

**ئۆتكۈن** ① ئى. ئۆتۈش ئۈچۈن ھازىرلانغان جاي، ئارىلىق: بۇ ئۆي ھەقىقەتەنمۇ ئارىدىكى ئۆتكۈن ئىدى. ② ئى. جىن ـ ئەرۋاھ، ئالۋاستى. ③ سۈپ. شوخ؛ يامان، ئەسكى: ئەي ئوغۇل، بەك پاۋاش بولما ۋە بەك ئۆتكۈن بولما، ئارتۇقچە پاۋاش بولساڭ، خەق سېنى باسىدۇ، زىيادە ئۆتكۈن بولساڭ، خەق سەندىن قاچىدۇ.

**ئۆتكۈن ئۆتمەك** خۇراپىي چۈشەنچىلەر بويىچە بەزى كېچىلىرى جىن ـ ئەرۋاھلار يىغىلىشىپ، نەغمە ـ ناۋا بىلەن ئۇسسۇل ئويناپ ئۆتكەندەك بىلىنمەك: ـــ مەن نەچچە قېتىم بۇ يەردە جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ جاڭ چېلىپ نەغمە قىلغانلىقىنى، ئۆتكۈن ئۆتكەنلىكىنى كۆرگەن، ـــ دېدى باخشى.

**ئۆتكۈنچى** ① ئى. بىرەر جايدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشى: سادىقنىڭ خەرىتىسىنى يىراق ـ يېقىندىن بازارغا كەلگەن دېھقانلار، ياشلار، كادىرلار، ئۆتكۈنچىلەر دائىم كۆرۈپ تۇراتتى. ② سۈپ. ئۆتۈپ كېتىدىغان؛ ۋاقىتلىق؛ بىر مەزگىللىك: ئۆتكۈنچى دەۋر. ئۆتكۈنچى باسقۇچ. ئۆتكۈنچى جەريان.

**ئۆتكۈنچى يامغۇر** < مېتېئور >يېغىش ۋاقتى نىسبەتەن قىسقا، كۈچىنىش ئۆزگىرىشى ناھايىتى چوڭ، باشلىنىشى ۋە توختىشى تۇيۇقسىز بولىدىغان بىر خىل يامغۇر. بەزىدە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چاقماق چېقىلىدۇ ۋە گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەيدۇ. كۆپىنچە ئۇ ياز كۈنلىرى ياغىدۇ.

**ئۆتمە** ① سۈپ. ئۆتكەن ياكى ئۆتىدىغان. ② ئى< فىز > ئۆتكۈزگۈچتىن ئۆتكەن توك ياكى ئىسسىقلىق قاتارلىقلار.

**ئۆتمەك** پ ① بىرەر نەرسىنىڭ ئىچىدىن، ئارىسىدىن، ئۈستىدىن ياكى يېنىدىن يۈرۈپ، ئۆچۈپ يەنە بىر تەرىپىگە يەتمەك: سۇدىن ئۆتمەك. ئېرىقتىن ئۆتمەك. دەريادىن ئۆتمەك. ئېگىزدىن ئۆتمەك. * ئېشىكىم كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈچە قازىنىم نەزىر (ماقال). ② كۆچمە. بىرەر ئارتۇق تەرىپى، ئارتۇقچىلىقى بىلەن باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرماق: ـــ خوتەن بويىچە ئۇنىڭدىن ئۆتىدىغان باي يوق، ـــ دېدى ئۇ. ③ بىرەر نەرسىنىڭ باشقا تەرىپىگە سىزىپ ياكى تېشىپ چىقماق: سۇ كاناپتىن ئۆتتى. ④ نەرسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە تېشىپ چىقماق: مىخ ئۆتمەك. * بېخىلنىڭ تېكىگە بىگىز ئۆتمەس (ماقال). ⑤ كېسىش، كىرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولماق؛ كەسمەك: لايغا ئۆتمىگەن پىچاق قولغا ئۆتەر (ماقال). * بۇ قايچا چىرايلىق بولغىنى بىلەن تىرناققا ئۆتمەيدىكەن. ⑥كۆچمە. ئىناۋەتكە ئېلىنماق، ئاقماق: بۇ پۇل بۇ يەردە ئۆتىدۇ. ⑦ كۆچمە. تەسىر قىلماق؛ ئاقماق: يالغۇزنىڭ سۆزى ئۆتمەس (ماقال). ⑧ كۆچمە. باشقا بىر تەرەپكە قوشۇلماق، باشقىلار تەرەپدارى بولماق؛ ئاغماق، مايىل بولماق: دېھقانلار بىز تەرەپكە ئۆتتى. ⑨بىرەر نەرسىگە تەسىر قىلماق، يۇقماق (كېسەللىك قاتارلىقلار ھەققىدە): قوقاق ئۆتمەك. * ئۇنىڭدىكى كېسەل ئەمدى ماڭا ئۆتتى. ⑩ بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنى قىلىشقا كىرىشمەك: مۇداپىئەگە ئۆتمەك. ھۇجۇمغا ئۆتمەك. ھەرىكەتكە ئۆتمەك. ⑪ تەلىم بەرمەك، ئۆگەتمەك: دەرس ئۆتمەك. * ـــ سەن بۈگۈن قايسى دەرسنى ئۆتتۈڭ؟ ـــ دەپ سورىدى ماڭا يېقىنراق ئولتۇرغان بىرى يەنە بىرىدىن. ⑫ قوبۇل قىلىنماق، كىرمەك: پارتىيەگە ئۆتمەك. ئىتتىپاققا ئۆتمەك. ھەربىيلىككە ئۆتمەك. ئالىي مەكتەپكە ئۆتمەك. ⑬ ۋاقىت، پەيتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن كېيىن كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئاڭلىشىلغان ۋاقىت بىرلىكىنىڭ داۋام قىلىپ تۈگىشىنى بىلدۈرىدۇ: ۋاقتى ئۆتمەك. * ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئەنۋەر شەھەرگە كىرىپ چىقماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. ⑭ ياشاپ، مەلۇم بىر ياشقا كىرىپ، ئۇنىڭدىن ھالقىماق، ئاشماق: ئۇ ھازىر 50 تىن ئۆتتى. ⑮ كۆچمە. تۇرمۇش كەچۈرمەك، ياشىماق: ئۇ بوۋاي بالىلىرى يوق، يالغۇز ئۆتىدۇ. ⑯ ئۆلمەك، ۋاپات بولماق: ئالەمدىن ئۆتمەك. * ھۆسەيىن ئاكىنىڭ ئايالى بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرى دۇنيادىن ئۆتكەنىدى. ⑰ تۈگىمەك، تامام بولماق، ئاخىرلاشماق: ياز ئۆتمەك. قىش ئۆتمەك. ئىش ئۆتۈپ كەتمەك. ⑱ چىقىۋالماق؛ جېنىنى جان ئەتمەك: قىشتىن ئۆتمەك. * ـــ شۇ قاتتىق كۈنلەردىن

قانداق ئۆتتۈڭلەر، — دەپ سورىدىم مەن ئاپامدىن. ⑲ ئۆتكۈزمەك، كەچمەك: مۇشۇ ياشقا كىرگۈچە مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار ئاز ئەمەس. ⑳ كۆز ئالدىدا پەيدا بولماق، گەۋدىلەنمەك؛ كەچمەك؛ كەزمەك: خىيالىدىن ئۆتمەك. * دادام ئېيتىپ بەرگەن بىر ۋەقە كۆز ئالدىمدىن مارجاندەك تىزىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ㉑ رازى بولماق، ئۇنىماق؛ تەستىقلانماق، ماقۇللىنماق: ئىدىيەسىدىن ئۆتمەك. كۆڭلىدىن ئۆتمەك. ماقۇللاشتىن ئۆتمەك. ㉒ بىرەر خاتاغا يول قويماق؛ خاتا قىلماق؛ سادىر بولماق، يۈز بەرمەك، ئۆتۈلمەك: ئۆزۈمدىن ئۆتكەن، قولۇمدىن كەتكەن (ماقال). ㉓ كۆچمە. كەچۈرمەك، ئەپۇ قىلماق: بىر قوشۇق قېنىدىن ئۆتمەك. * قانىنى قان بىلەن يۇغىلى بولامدۇ؟ مەن ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتۇم. ㉔ بىرەر دەرىجىگە، تەلەپكە، ئۆلچەمگە توشماق؛ دەرىجىگە توشۇپ سېتىلماق: بۇ ماللار بازارغا ئۆتمەيدۇ. ㉕ بىركىمگە، بىرەر تەرەپكە تەۋە بولماق؛ بىركىمگە تەئەللۇق بولماق، مۈلكىگە ئايلانماق: بۇ يەر ئەمدى بىزگە ئۆتتى. ㉖ تىزىلماق؛ ئېلىنماق؛ ھېسابلانماق: ئۇلار تېخى يېقىندىلا شەھەر نوپۇسىغا ئۆتتى. ㉗ ھېس قىلىنماق، سېزىلمەك، كۆرۈلمەك: قەدرى ئۆتمەك. ㉘ شاھىت بولماق، ئىسپات بولۇپ بەرمەك: ئانام يالغان گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشنى رەت قىلغان ۋە شۇ ئازابلار تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتكەن. ㉙ كۈتۈلگەن بىرەر تەلەپ ياكى چەكتىن ئاشماق، ھالقىلىق پەيتتە سىنالماق: ئۆتكەلدىن ئۆتمەك. تەكشۈرۈشتىن ئۆتمەك. ئىمتىھاندىن ئۆتمەك. سىناقتىن ئۆتمەك. ㉚ چېتىلما رەۋىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن پېئىللارغا ياندىشىپ كېلىپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ تاماملانغانلىق تۈسىنى بىلدۈرىدۇ: بولۇپ ئۆتمەك. چۈشەندۈرۈپ ئۆتمەك. ئوقۇپ ئۆتمەك. ئېيتىپ ئۆتمەك.

**ئۆتۈپ كەتكەن** چېكىدىن ئاشقان، ھەددىدىن ئاشقان، تولدىمۇ، بەكمۇ، ناھايىتى: ئۆتۈپ كەتكەن ھۇرۇن. ئۆتۈپ كەتكەن دۆت. ئۆتۈپ كەتكەن كاززاپ.

**ئۆتمۈش** ئى ① ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىت، دەۋر، زامان: ئۆتمۈش بىز ئۈچۈن ئىنتايىن ئازابلىق ئىدى. ② تارىخ؛ ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار، ھادىسىلەر ياكى ۋەقەلەر؛ بۇرۇنقى چاغلاردا بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋاللار، يۈز بەرگەن ئىشلار: شۇنداق، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈش، چۈنكى ئۇ چاغلاردا، دۇنيا بەكمۇ قاراڭغۇ ئىدى. ③ كىشى ھاياتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن قىسمى: ئۇنىڭ ئۆتمۈشى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق.

**ئۆتمىتۆشۈك** سۈپ [ئۆتمە + تۆشۈك] ئۇ تەرەپتىن قارىسا بۇ تەرەپ كۆرۈنگۈدەك دەرىجىدە تېشىلگەن، شۇ خىلدىكى نۇرغۇن تۆشۈكلەر ئېچىلغان: ئۇنىڭ گۈمبەز تاملىرى يىللارنىڭ ئۆتۈشى، بوراننىڭ يالىشى بىلەن ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەنىدى.

**ئۆتنە** ئى. بىركىمدىن قايتۇرۇش شەرتى بىلەن ئېلىنىدىغان نەرسە: بىر ئاز ئاشلىق ئۆتنە ئالاي دەپ... كىچىك ئاخۇن سۆزىنىڭ ئاخىرىنى قانداق چۈشۈرۈشنى بىلمەي توختاپ قالدى.

**ئۆتنە ئالەم** «بىرىگە كەلگەن كۈن يەنە بىرىگىمۇ كېلىدۇ» دېگەن مەنىدىكى بىرىكمە: شۇنداق، تىلىسەڭ تاپىسەن دېگەن راست ئىكەن. ھېلىقى يەجۈج - مەجۈجلەر ھەممىنى يالماپ يۈرگەن كۈنلەردىمۇ «ئۆتنە ئالەم بۇ، بىزگىمۇ نۆۋەت كېلۇر» دەپ تىلىگەنىدىم.

**ئۆتنە جاھان** ← **ئۆتنە ئالەم**: — بۇ ئۆتنە جاھان، ھېسابلىق ئالەم، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ساپ قېنى بىكار ئېقىۋەرمەيدۇ، — دېدى شائىر.

**ئۆتنە دۇنيا** ← **ئۆتنە ئالەم**: مال - دۇنياسىدىن مەغرۇرلىنىپ، ھەر كىمگە ھاقارەت كۆزى بىلەن قارايدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىمۇ تېزلا خارلىق ۋە ھاقارەتكە دۇچار بولغۇسى، چۈنكى بۇ ئۆتنە دۇنيا.

**ئۆتنە - لاپقۇت** ئۆتنە ۋە لاپقۇت: ئۆتنە - لاپقۇت قىلىشماق.

**ئۆتنە - ياغام** دىيال ← **ئۆتنە - يېرىم**.

**ئۆتنە - يېرىم** كىشىلەر ئۆزئارا بىر - بىرى بىلەن قىلىشقان ئۆتنە ئېلىش ۋە ئۆتنە بېرىشتەك ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت، ئېلىم - بېرىم: ئۆتنە - يېرىم قىلماق.

**ئۆتۈپ - تېشىپ** باشقىسى تېپىلماي؛ يېڭىلىشىپ، ئۇقۇشماي، خاتا ھالدا؛ يەنە كېلىپ: راستتىنى ئېيتقاندا، سەمەت پەرىزاتنىڭ ئۆتۈپ - تېشىپ مۇشۇ ئابلەقتەك بىر ئادەمنى «مۇلازىمەتچى» لىككە تارتقانلىقىغا بەكمۇ ئەپسۇسلاندى.

**ئۆتۈشلۈك** سۈپ. ئۆتۈپ تۇرىدىغان، ئۆتىدىغان: بوران ئاقسۇ بازىرىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى توپىغا تولدۇرۇپ، ئايرىم شامال ئۆتۈشلۈك يەرلەرنى پاكىز سۈپۈرۈۋەتكەندەك تازىلاپ قاتراڭ قىلىپ قويدى.

**ئۆتۈشمە** ① سۈپ. ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان، بىر - بىرىنىڭ ئاستى ياكى ئۈستىدىن ئۆتىدىغان؛ قايچىلاشما: ئۆتۈشمە شامال. ئۆتۈشمە يول. ئۆتۈشمە كۆۋرۈك. ② ئى. كىيىمنىڭ تۈگمىسى ئېتىلگەندىن كېيىنكى پەش گىرۋەكلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان قىسمى.

**ئۆتۈشمە قۇدا** دىيال. قايچىقۇدا.

**ئۆتۈشمە كۆۋرۈك** <قاتن> يوللارنىڭ ئىستىرېئولۇق كېسىشىدىغان جايلىرىغا سېلىنغان كۆۋرۈك. ئۇنىڭدىن ئوخشاش بولمىغان يۆنىلىشلەردىكى ئاپتوموبىللار بىرلا ۋاقىتتا ئۆتەلەيدۇ.

**ئۆتۈشمە يول** <قاتن> ئۆتۈشمە كۆۋرۈك ئارقىلىق بىر - بىرىدىن ئۆتۈشتۈرۈلگەن يول.

**ئۆتۈشمەك** «ئۆتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاسفالتلىق يوللاردا چوڭ - كىچىك ماشىنىلار ۋە ئاپتوموبىللار ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشمەكتە. * ئۇلار رەيھانەم بىلەن كونا دوستلاردەك يېقىن ئۆتۈشەتتى.

**ئۆتۈشمىلىك** سۈپ. ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان، قايچىلىشىپ تۇرىدىغان: سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ ھادىسىلەرنىڭ ئۆتۈشمىلىكىدىن كېلىپ چىققان غۇۋا كارتىنىدىن شائىرنىڭ تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئوبرازىنى كۆرىمىز.

**ئۆتۈك** I ئى. قونچى پۇتنىڭ بۇلجۇڭ گۆشى ياكى تىزىغىچە بارىدىغان، پاشنىلىق ئاياغ كىيىم: ئۆتۈك كىيمەك.

**ئۆتۈك** II ئى. دىيال. كېچىك، دەريانىڭ كېچىكى، دەريانىڭ ئۆتىدىغان يېرى.

**ئۆتۈكچان** سۈپ. ئۆتۈك كىيگەن، پۇتىدا ئۆتۈكى بار: ئۆتۈكچان ئادەم.

**ئۆتۈكچى** I ئى. ئۆتۈك تىكىدىغان ۋە ساتىدىغان كىشى.

**ئۆتۈكچى** II ئى<زوئول> بىر خىل ھاشارات، يېتىلگىنى قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك، قاتتىق قېپى بار. لىچىنكىسى ئاقۇچ سېرىق، تېنىدە ئىنچىكە تۈكچىلىرى بولىدۇ. قوغۇن - تاۋۇزنىڭ ئاساسىي زىيانددىشى، مېۋە دەرەخلىرى ۋە پۇرچاق تىپىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرمىقىنى يەيدۇ.

**ئۆتۈكلۈك** سۈپ. ئۆتۈك كىيگەن، ئايىغىدا ئۆتۈك بار.

**ئۆتۈلمەك** «ئۆتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەقىللىقنىڭ قەدرى ئەخمەقنىڭ يېنىدا ئۆتۈلەر (ماقال).

**ئۆتۈمسىز** سۈپ<تىل> مەلۇم شەيئىگە ئۆتىدىغان ھەردىكەتنى بىلدۈرمەيدىغان؛ تولدۇرغۇچى تەلەپ قىلمايدىغان: ئۆتۈمسىز پېئىللار.

**ئۆتۈمسىز پېئىل** < تىل >مەلۇم شەيئىگە ئۆتىدىغان ھەردىكەتنى بىلدۈرمەيدىغان؛ تولدۇرغۇچى تەلەپ قىلمايدىغان پېئىللار. مەسىلەن، «ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەتلىنىش ئۆگىنىشنىڭ دۈشمىنى» دېگەندىكى «قانائەتلىنىش»، «ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈش» دېگەندىكى «چۆكۈش»، «گۈل ئىشقىدا خەندان ئۇرۇپ سايرىدى بۇلبۇل» دېگەندىكى «سايرىدى» سۆزلىرىگە ئوخشاش.

**ئۆتۈملۈك** سۈپ < تىل >چۈشۈم كېلىشتە تۇرلەنگەن سۆزلەرنى ئۆزىگە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىشنى تەلەپ قىلىدىغان: ئۆتۈملۈك پېئىل.

**ئۆتۈملۈك پېئىل** <تىل> شەيئىنى بىۋاستە ئوبيېكت قىلىدىغان پېئىللار. ئۆتۈملۈك پېئىل ئۆز ئوبيېكتىنى بىلدۈرگۈچى سۆزنىڭ چۈشۈم كېلىشتە كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن، «ئىنتىزام تەربىيەسىنى كۈچەيتىش» دېگەندىكى «كۈچەيتىش»، «ۋەتەننى سۆيۈش» دېگەندىكى «سۆيۈش» سۆزلىرىگە ئوخشاش.

**ئۆتۈنچ** ئى. ئىلتىماس، ئۆتۈنۈش: سىلىگە بىر ئۆتۈنچىم بار، ئۇستام، ئۆيۈم مانا مۇشۇ يەردىلا، كۆپ ھايال قىلمايمەن، بېرىپ بىر پىيالە چېيىمنى ئىچىپ كەتسىلە، ــ دەپتۇ بالا.

**ئۆتۈنچنامە** ئى [ئۆتۈنچ + نامە] بىرەر كىشىنىڭ ئىككىنچى بىر كىشىگە بىرەر نەرسىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەققىدە يېزىپ بەرگەن ھۆججىتى: سېتىش پۇلىنى ئېلىشتا، سېتىشقا قوشۇلغان ھەمدە «شەخسىي ھەقدارلىقنى ئۆتۈنچنامىسى»نى ئىمزالىغان ھەقدارلار سالاھىيىتىنى بىلدۈرىدىغان ئىناۋەتلىك ئىسپات ۋە «شەخسىي ھەقدارلىقنى سېتىۋېلىش ئېتىراپنامىسى»نى ئېلىپ كېلىپ، پۇلنى ئالسا بولىدۇ.

**ئۆتۈنمە** سۈپ. ئۆتۈنۈپ بېرىلىدىغان ياكى ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان: تۇرسۇن بىلەن ھاشىم ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمدە يەرنى ئۆتۈنمە ھۆددە بېرىش كېلىشىمىگە تەۋە بولۇپ، بۇ كېلىشىمنى كەنت ئاھالە كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرۇش كېرەك.

**ئۆتۈنمەك** پ ① يالۋۇرۇپ تۇرۇپ ئىلتىماس قىلماق، سەممىي تەلەپ قىلماق، تۆۋەنچىلىك بىلەن سورىماق: مېنىڭ ئىشىمنى تېزرەك ھەل قىلىپ بېرىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. ② تەقدىم قىلماق، ھەقسىز ئۆتكۈزۈپ بەرمەك: مەن بۇ كىتابنى سىزگە ئۆتۈندۈم. * پادىشاھ قېرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئوغلىغا ئۆز تەختىنى ئۆتۈنۈپتۇ.

**ئۆتۈنۈشمەك** «ئۆتۈنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۆتمەك** پ. ئادا قىلماق، ئورۇنلىماق، بېجىرمەك، ئىشلىمەك: ۋەزىپە ئۆتمەك. مەجبۇرىيەت ئۆتمەك. * كىشىنىڭ تاھارىتىدە ناماز ئۆتەپتۇ (ماقال).

**ئۆتنە** ئى. دىيال. ھايۋانلارنىڭ بالا ھەمراھى، ئېشى.

**ئۆچ** ① ئى. قىساس، ئىنتىقام، ئۆچمەنلىك: ئۆچ ئالماق. ئۆچىنى چىقارماق. ② سۈپ. يامان كۆرىدىغان، ياقتۇرمايدىغان، بىزار، ئامراق ئەمەس: مەن تاتلىق يېمەكلىكلەرگە ئۆچ.

**ئۆچەكەشتۇرمەك** «ئۆچەكەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار تۇرلۇك يوللار بىلەن ئەسكەرلەرنى ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۆچەكەشتۇرۇپ، شۇلار ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا تاقابىل تۇرماقچى بولغان.

**ئۆچەكەشمەك** پ. بىركىمنىڭ مەنپەئەتىگە، شەخسىيىتىگە تېگىش ئۈچۈن ئاتايىن ياكى مەقسەتلىك ھالدا ئۇنىڭغا زىت ئىش تۇتماق؛ زىتلاشماق، ئۆچلەشمەك: بىزنىڭ سىنىپتا نىجات دەيدىغان بىرنېمە بار، مەن بىلەنلا ئۆچەكىشىدۇ.

**ئۆچكە** ئى< زوئول > سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، مۈڭگۈزىنىڭ تۈۋى قىسمى ئۈچ بۇرجەك، ئۈچى ئارقىغا قايرىلغان بولىدۇ. پۇتلىرى كۈچلۈك بولۇپ، سەكرەشكە ماھىر كېلىدۇ. تۈكلىرى تۈز بولىدۇ. ئەركىكى ساقاللىق كېلىدۇ. تېرىسىدىن خۇرۇم ئىشلىگىلى ۋە كىيىم تىككىلى بولىدۇ. سۈتى ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئۆچكە ياغلىرى ئېرىپ كەتمەك** كىشى بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ناھايىتى ئاسان يۇمشاپ مېھرىبانلىقى تۇتماق: ئابدۇللا باشقىلارنى قىيىن ئەھۋالدا كۆرسە ئىچى كۆيۈپ، ئۆچكە ياغلىرى ئېرىپ كېتىدىغان ئادەم ئىدى.

**ئۆچكە يۇلغۇن** رەڭگى سارغۇچ، ئۇششاق تۈككە ئوخشاش تىكەنلىكرەك بولىدىغان، چۇرۇك، سۇندۇرسا چورتلا سۇنىدىغان، سېرىق چېچەكلەيدىغان يۇلغۇن.

**ئۆچكە يېغىدەك** كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە، مۇئامىلىدە ناھايىتى ئاسان يۇمشايدىغان، ئېرىيدىغان ۋە ناھايىتى ئاسان قاتىدىغان: ئۆچكە يېغىدەك ئادەم.

**ئۆچكىئېمەر** ئى [ئۆچكە + ئېمەر] <زوئول> سۆرەلگۈچىلەر سىنىپى، كېلەر ئائىلىسىدىكى ھايۋان. ئۇزۇنلۇقى 3 مېتىر كېلىدۇ. دۈمبىسى قارامتۇل زەيتۇن رەڭلىك، ئاچ سېرىق سەپكۈنلىرى بار. قورساق تەرىپى سېرىق، قۇيرۇقى سەل ياپىلاق، سۇغا يېقىن جايلاردا ياشايدۇ. سۇ ئۈزەلەيدۇ، پاقا، يىلان، كىچىك قۇش قاتارلىقلارنى تۇتۇپ يەيدۇ.

**ئۆچلەشمەك** پ. ئۆچ بولۇپ قېلىشماق، زىتلاشماق، دۈشمەنلەشمەك: ئۇلارنىڭ ئائىلىرى بىر ـ بىرىگە خۇددى دۈشمەندەك ئۆچلىشىپ كەتتى.

**ئۆچلۈك** ئى. ئۆچ كۆرۈش، بىزارلىق تۇيغۇسى: ئۆچلۈك قىلماق. * ئۇنىڭ كۆڭۈلگە غەشلىك سالىدىغان قىياپىتىنى كۆرۈپ مېنىڭ ئۆچلۈكۈم كەلگەندەك بولدى.

**ئۆچمەس** ① «ئۆچمەك» پېئىلىنىڭ بولۇشسىز سۈپەتدىشى. ② كۆچمە. مەڭگۈ يوقالمايدىغان، مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان، ئۇنتۇلماس: ئۆچمەس ئىز. * ئۇ بۇنىڭ بىلەن يىراقتىكى يارىغا بولغان ئۆچمەس مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيتتى.

**ئۆچمەك** پ ① يېنىشتىن، يالقۇنجاشتىن، كۆيۈشتىن توختىماق: چىراغ ئۆچمەك. ئوت ئۆچمەك. ② يوقالماق، غايىب بولماق، يوق بولماق: ئاۋاز ئۆچمەك. * شۇ زامان ئۇنىڭ چىرايىدىكى كۈلۈمسىرەش ئۆچتى. ③ كۆچمە. ئۇنتۇلماق، ئۇنتۇلۇپ كەتمەك؛ ئەستىن، كۆڭۈلدىن كۆتۈرۈلمەك؛ يوقىماق: يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن، قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن (ماقال). * يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ «خالۋاپ» دېگەن بىر چىرايلىق يارىشىملىق نامىمۇ ئۆچتى. ④ بىرەر نەرسە يۈزىگە چىقىرىلغان بەلگە، خەت قاتارلىقلار چىقىپ كەتمەك، يوقاپ كەتمەك: خەت ئۆچمەك. ئىزى ئۆچمەك.

⑤ كۆچمە. خىرەلەشمەك، ئۆڭمەك، ئۆزگەرمەك، باشقىچە ھالەتكە كىرمەك: ئايمگۇلنىڭ رەڭگى ئۆچتى. بېشىدا باشقىچە پىكىرلەر پەيدا بولۇپ، ئەندىشىگە چۈشتى. ⑥ سەپتىن ياكى تىزىملىكتىن، ھېسابتىن چىقماق: رويخەتتىن ئۆچمەك.

**ئۆچمەن** سۈپ. ئۆچ، ئامراق ئەمەس: زىمىستان قۇزغۇنى دائىم باھارغا كۆڭلىدىن ئۆچمەن، تىرىلمەك قەستىدە قوتراپ تىنىم تاپماس ياۋۇز دۈشمەن.

**ئۆچمەنلەشتۈرمەك** «ئۆچمەنلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەمەت بىزنى قەستەن ئۆچمەنلەشتۈرۈپ قويدى.

**ئۆچمەنلەشتۈرۈشمەك** «ئۆچمەنلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئەسلىدە ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ئەسكەرلەرنى ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۆچمەنلەشتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇغۇچىلارغا تاقابىل تۇرماقچى بولغانىكەن.

**ئۆچمەنلەشتۈرۈلمەك** «ئۆچمەنلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۆچمەنلەشمەك** پ. بىر - بىرىگە ئۆچ بولۇپ قېلىشماق، دۈشمەنلەشمەك، زىتلاشماق، ئۆچلەشمەك، ئاداۋەتلەشمەك: جاڭ چۈنچياۋ ئۆزى بىلەن ئەپ بولۇشنى خالىماي، ئەكسىچە ئۆچمەنلىشىپ كېلىۋاتقان ھەم كۆڭلىگە ئارام بەرمەيۋاتقان ئادەمنىڭ ئاشۇ دېڭ شياۋپىڭ ئىكەنلىكىنى بىلدى.

**ئۆچمەنلىك** ئى. باشقىلارنىڭ قىلغان يامانلىقى، يەتكۈزگەن زىيىنى، زەرەرى قاتارلىقلار تۈپەيلى كۆڭلىدە پەيدا بولغان ئۆچلۈك ھېس-تۇيغۇسى؛ ئۆچلۈك، ئاداۋەت، غۇم: ئۆچمەنلىك قىلماق.

**ئۆچۈرتمەك** «ئۆچۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ شۇ يەردىلا بوغالتىرنى چاقىرىپ بۇرۇنقى ئەمگەك نومۇرىدىن 20 كۈننى ئۆچۈرتتى.

**ئۆچۈرگۈچ** ئى ① قېرىنداش ۋە ياكى شۇ خىلدىكى قەلەملەر بىلەن يېزىلغان خەتلەرنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ياسالغان بويۇم: — ماڭا ئۆچۈرگۈچتىن ئۈننى بەرسىلە، — دېدىم دۇكانچىغا. ② بور بىلەن يېزىلغان خەتلەرنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن، كىچىك تاختايغا كىگىز ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەرنى مىخلاش ئارقىلىق ياسالغان بويۇم ياكى شۇنىڭ رولىنى ئۆتەيدىغان باشقا نەرسە: ئۆچۈرگۈچ بىلەن دوسكىنى ئۆچۈرمەك.

**ئۆچۈرمەك** «ئۆچمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوتنى ئۆچۈرمەك. * كېتىمەن دەپ ئوتۇڭنى ئۆچۈرمە (ماقال). * تۆرەم دەرھال چىراغنى ئۆچۈرۈپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

**ئۆچۈرۈشمەك** «ئۆچۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئازاد مۇئەللىمنى كۆرگەن ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ھاپىلا - شاپىلا قوللىرىدىكى تاماكىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈشتى.

**ئۆچۈرۈلمەك** «ئۆچۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئايال يېنىك ھەرىكەت بىلەن ئۆيدىن چىقتى - دە، چىراغ ئۆچۈرۈلدى.

**ئۆچىرەت** ئى [ر] ① ئادەملەرنىڭ تىزىلىشىدىن ھاسىل بولغان رەت، قاتار: ئۆچىرەتتە تۇرماق. ئۆچىرەت بىلەن ئالماق. ② نۆۋەت: ئۆچىرىتى كەلمەك.

**ئۆچىرەتسىز** سۈپ. ئۆچىرىتى يوق، ئۆچىرەتتە تۇرمىغان، قالايمىقان، رەتسىز.

**ئۆچىرەتلىك** سۈپ. ئۆچىرىتى بار، ئۆچىرەت ھالىتىدىكى، ئۆچىرەتكە تىزىلىپ تۇرغان.

**ئۆدى** ئى. دىيال. تاغنىڭ تىكرەك كەلگەن جايى.

**ئۆدىمەك** پ. دىيال. ئاتنىڭ بىر ئالدى، بىر كەينى پۇتىنى قوشۇپ باغلىماق.

**ئۆرە** I ① سۈپ. باشقا جايغا نىسبەتەن ئېگىز، يۇقىرى: بۇ يەر بەك ئۆرە ئىكەن. ② سۈپ. تىك، يېتىۋالمىغان: ئۆرە ياقا. ئۆرە ياقىلىق چاپان. ③ رەۋ. تىك ھالەتتە، تىكلەنگەن قىياپەتتە: ئۆرە تۇرماق. ئۆرە ئولتۇرماق. ئۆرە مېڭىپ يۈرمەك.④ سۈپ. كۆچمە. باھاسى، قىممىتى جەھەتتىن يۇقىرى، ئۈستۈن؛ قىممەت: ئۆرە باھا. ⑤ گىرۋەكلىرى تىك، ياپپاڭ ئەمەس : ئۆرە چۆچەك.

**ئۆرە بولماق** ① ئۆرە، تىك ھالەتكە كەلمەك؛ تىكلەنمەك؛ قوپماق: گۈلچىمەن نازۇك بىلەكلىرى بىلەن تايىنىپ ئۆرە بولدى ۋە قولىغا دۇتارنى ئالدى. ② كۆچمە. روناق تاپماق، قەددى رۇسلانماق: بىز مۇشۇ قېتىمقى قوي تېرىسى بىلەن ئۆرە بولدۇق. ③ كۆچمە. كېسەلدىن ساقايماق، تۈزەلمەك، ياخشى بولماق: — ئاپام شۇ يىللىرى كېسەلدىن ئۆرە بولالماي قازا قىلىپ كەتكەن، — دېدى ئۇ. ④ قىممەتلەشمەك: — ۋاھ، بۇ بەك ئۆرە بولۇپ كەتتى، سېتىۋالمىغۇدەكمەن، — دېدى ئۇ.

**ئۆرە تۇرماق** ① ساق، جانلىق بولماق: — ئادەم ئاش بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ، ئاش يەۋال، — دېدى ئانا. ② كۆچمە. يۈرۈشمەك، روناق تاپماق؛ تەرەققىي قىلماق، گۈللەنمەك: ھازىرقى دۇنيا ئىلىمىي پەن بىلەن ئۆرە تۇرۇۋاتىدۇ. زامان يەنە تەرەققىي قىلىشى كېرەك. ياش - ئۆسمۈرلەر بىزنىڭ كېلەچىكىمىز، باللىرىمىز ئەلۋەتتە ئوقۇپ، بىلىم ئېلىشى كېرەك.

**ئۆرە سۆزلىمەك** چوڭ گەپ قىلماق، يوغان سۆزلىمەك، چوڭ سۆزلىمەك، پو ئاتماق، لاپ ئۇرماق: ئەركىننىڭ خىجىل بولماقتا يوق، يەنە ئۆرە سۆزلىگىنى تازا جېنىمغا تەگدى.

**ئۆرە قىلماق** ① ئۆرە، تىك ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ تىكلىمەك: ئاسىم بېشىنى سەل ئۆرە قىلىپ ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى. ② بەرپا قىلماق، بىنا قىلماق، ۋۇجۇدقا چىقارماق: — قېيىن ئاتامنىڭ ئىچ ئاغرىتىپ ئاز-تولا پۇل چاپلاپ بېرىشى بىلەن ئۆرە قىلغان ئىشەك ھارۋىمىزنى تارتىپ كەلدىڭلەر، — دېدىم مەن ھېلىقى مۇتتەھەمگە. ③ كېسەلدىن ساقايتماق: مېنىڭ تەستە ئەمدى ئۆرە قىلدىم. يەنە ئىشلىسە، ئۈزۈلۈپ قالىدۇ.

**ئۆرە كېزىك** <تېب> ئۈچەي يوللىرىدا بولىدىغان بىر خىل ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل، ئۆرە كېزىك تاياقچە باكتېرىيەسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ كېسەل ئالامەتلىرى كېزىكنىڭكىدىن سەل يېنىك، كېسەل بولۇش ۋاقتى كېزىكنىڭكىدىن سەل قىسقا بولىدۇ.

**ئۆرە يۈرمەك** سالامەت ھەرىكەت قىلماق، تۇرمۇش كەچۈرمەك: مەن مۇشۇ ئوكۇل بىلەن ئۆرە يۈرۈۋاتىمەن.

**ئۆرە** II يۆك. دىيال. خۇددى، بەئەينى: بۇ بالا ئۆرە دادىسىغا ئوخشايدىكەن.

**ئۆرە - تۆپە** قالايمىقان، رەتسىز، مالىماتاڭ.

**ئۆرەستە** سۈپ. دىيال. بىسەرەمجان، قالايمىقان.

**ئۆرەسكەل** سۈپ. دىيال. ئاجايىپ، غەلىتە، قاملاشمىغان، ئەپلەشمىگەن.

**ئۆرەنلىمەك** I  پ. ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۆرە بولماق (ئات-ئېشەكلەر ھەققىدە): تۇساتتىن ئېتىم كىشنەپ، تىزگىنىنى تارتقىنىمغا ئۇنىماي چاپچىپ ئۆرەنلىدى.

**ئۆرەنلىمەك** II  پ. دىيال. دۆۋىلىمەك، ئېگىزلەتمەك.

**ئۆرپ - ئادەت**  ئومۇمەن بىرەر خەلق ياكى مىللەتكە بىرقەدەر ئورتاق بولغان ۋە شۇ خەلق، مىللەت ئىچىدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى يوسۇن، ئادەت؛ قائىدە - يوسۇن: ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى.

**ئۆرتەتمەك** «ئۆرتىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارى يۈرىكىمنى ئۆرتىتىپ، جېنىمنى ئالغىلى تاس قالدى.

**ئۆرتەشمەك** «ئۆرتىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مۇئەللىمنىڭ ھەربىر جۈملە سۆزلىرىدىن ساۋاقداشلارنىڭ پۇشايمان ئىلكىدە ئۆرتىشىۋاتقان قەلبلىرى ئاستا - ئاستا جايىغا چۈشۈشكە باشلىدى.

**ئۆرتەلمەك** «ئۆرتىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەنسۇرنىڭ ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆرتىلىۋاتقان قەلبى ئاستا - ئاستا تەسەللى تاپتى.

**ئۆرتەنمەك** «ئۆرتىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: شۇ تاپتا ئۇ پۇشايمان، خىجىللىق ۋە ئېچىنىش ئىلكىدە ئۆرتىنىۋاتاتتى.

**ئۆرتىمەك**  پ ① كۆيدۈرمەك: بولدى ياۋۇز ئەجدىھا، قىزنى يۇتۇپ كەتمەكچى! ئۇنىڭ يۇمران تېنىنى ئۆرتەپ كاۋاپ ئەتمەكچى! ② كۆچمە. دەرد - ئەلەم بىلەن قىينىماق، ئازابلىماق: يۈرىكىنى ئۆرتىمەك. * ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆزى ھېس قىلالمايدىغان قانداقتۇر بىر يالقۇن ئۆرتىمەكتە ئىدى.

**ئۆردەك** ئى<زوئول> قۇشلارنىڭ بىر ئائىلىسى. تۇمشۇقى ياپىلاق، پۇتى قىسقا، بارماق ئارىلىقىدا پەنجىسى بار، سۇ ئۈزۈشكە ماھىر. ئۆي ئۆردىكى ۋە ياۋا ئۆردەك دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. گۆشىنى يېيىشكە، پەيلىرىدىن ياستۇق، يوتقان قىلىشقا بولىدۇ.

**ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك**  خاتالىق - كەمچىلىك، ئەيىب - نۇقسان قاتارلىقلارنى قىلچە بويىنىغا ئالمىغانلىقىنى، تەنقىد، تەنبىھلەرنىڭ تەسىر قىلمىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: قادىر خۇددى قۇمدىن سۇزۇۋېلىنغان ئالتۇنغا ئوخشايدۇ. بۇ گەپ - سۆزلەر قادىرغا قىلىنغان بىر تۆھمەت بولۇپ، ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك، ئۇنىڭغىمۇ يۇقمايدۇ.

**ئۆردەكنى قونداقتا زورلىماق**  زادى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشقا قىستىماق: مۇنداق ئۆردەكنى قونداقتا زورلايدىغان مۇنداق ئەخمەقلىقنى ئەمدى قىلما.

**ئۆردىكنى ئۇ يان، غېزىنى بۇ يان ئايرىماق** ← **ئۆردىكنى ئۇ يان، غېزىنى بۇ يان قىلماق.**

**ئۆردىكنى ئۇ يان، غېزىنى بۇ يان قىلماق**  بىرەر ئىشنى ئۇزۇل - كېسىل بىر تەرەپ قىلىۋەتمەك؛ ھەقنى ھەق، ناھەقنى ناھەق، ياخشىسىنى ياخشى، يامىنىنى يامان قىلىپ ئايرىماق: ئۇ بازار بېگى بايىقىدەك ھۆرپەيسىلا، ئارىدىكى ئىشنىڭ ئۆردىكنى ئۇ يان، غېزىنى بۇ يان قىلىپ تاشلايتتى.

**ئۆردىكنى ئۆردەك ، غېزىنى غاز قىلماق** ← **ئۆردىكنى ئۇ يان، غېزىنى بۇ يان قىلماق.**

**ئۆردەكتۇمشۇق**  ئى [ئۆردەك + تۇمشۇق] <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تېنى سېمىز، لېكىن ياپىلاق، قۇيرۇقى قىسقا ھەم كەڭ. تۇمشۇقى ئۆردەكنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشايدۇ. تۈكلىرى ئىنچىكە ھەم زىچ ، قېنىق قوڭۇر، تۇخۇم تۇغۇپ كۆپىيىدۇ، چىشىسىنىڭ ئەمچەك توپچىسى بولمايدۇ.

**ئۆركەش**  ئى ① دەريا، دېڭىز سۇلىرىنىڭ بوران تەسىرىدە داۋالغۇپ ھاسىل بولغان دولقۇننىڭ يۇقىرىغا تىك كۆتۈرۈلگەن قىسمى؛ سۇنىڭ داۋالغۇپ ئېگىز كۆتۈرۈلۈشى؛ دولقۇن: ئۇ تۆۋەندە ئۆركەش ياساپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ ھەيۋەتلىك ئېقىنىغا بىرپەس قاراپ، ئاندىن توختىغا يۈزلەندى. ② تۆگىنىڭ دۈمبىسىدە بىر ياكى ئىككىلا بولىدىغان، قېلىن ۋە يوغان ياغ قاتلىمىدىن ئىبارەت چوقچىيىپ تۇرىدىغان ئۆسمە؛ لوككا: تۆگىنىڭ ئۆركىشى. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئۆركەشلەتمەك** «ئۆركەشلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاتتىق بوران دېڭىز سۇلىرىنى ئۆركەشلەتتىدۇ.

**ئۆركەشلەنمەك** «ئۆركەشلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بارىدۇ قەلبىم خۇشال بويلاپ تۇمەن، بىللىلا ئۆركەشلىنىپ ئويناپ بەلەن.

**ئۆركەشلىك**  سۈپ ① ئۆركەشلىنىپ ئاققان، ئۆركەشلەنگەن، دولقۇنلانغان: شۇنداق قىلىپ، سال سەپەرنىڭ ئۈچىنچى كۈنى چۈشكە يېقىن ئۆركەشلىك، تېز ئاقىدىغان ئىلى دەرياسىغا چىقتى. ② ئۆركىشى بار: بىر ئۆركەشلىك تۆگە. ئىككى ئۆركەشلىك تۆگە.

**ئۆركەشلىمەك**  پ ① ئۆركەش پەيدا قىلماق، ئۆركەش ياسىماق، دولقۇن ھاسىل قىلماق، دولقۇنلىماق: مەن دەريادا تولۇپ ئېقىۋاتقان سۇغا قارىدىم، سۇ شىددەت بىلەن ئۆركەشلەيتتى. ② جۇشقۇنلانماق، جۇش ئۇرماق، جانلانماق: ئىككى ئالىقىنىمنى بېشىمغا قويۇپ تورۇسقا قاراپ ياتماقتىمەن، كاللامدا خىياللار ئۆركەشلەيتتى.

**ئۆركىمەك**  پ. دىيال. كۆكرەكنى كۆكرەككە ياكى باشقا نەرسىگە ياقماق، سۈركىمەك.

**ئۆرگۈلەي**  ① «ئۆرگۈلمەك» پېئىلىنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ مەيلىنىڭ I شەخس بىرلىكى. ② «ئايلىناي» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ: چالغان راۋابىڭدىن، ئېيتقان ناخشاڭدىن ئۆرگۈلەي يىگىت.

**ئۆرگۈنەك**  ئى< بوت > ← **ئەنجبار.**

**ئۆرگىلىۋاي**  ئى. دىيال. دوقمۇش، ئايلانما.

**ئۆرلەتمەك** «ئۆرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۇنى ئۆرلەتمەك. چاينى ئۆرلەتمەك.

**ئۆرلەش**  سۈپ. دىيال. توق (قورساق ھەققىدە).

**ئۆرلەشمەك** «ئۆرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ساۋاقداشلار بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىپ، تاغنىڭ تىك چوققىلىرىغا قاراپ ئۆرلەشمەكتە ئىدى.

**ئۆرلىمەك**  پ ① ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلمەك: توپ ئۆرلىمەك. كەپتەر ئاسمانغا ئۆرلىدى. ② بىرەر يۇقىرى تەرەپكە ياكى جايغا، دۆڭلۈك، تۆپىلىككە قاراپ يۈرمەك، چىقماق: بىز تاغ باغرىغا ئۆرلەپ ماڭدۇق. * ئۇلار سۇنىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ ئۆرلەپ كەتتى.③ كۆتۈرۈلمەك، ئاشماق: قىزىتمىسى ئۆرلىمەك. سەپراسى ئۆرلىمەك. غەزىپى ئۆرلىمەك. ④ قىممەتلىمەك، ئۆسمەك: مال باھاسى ئۆرلىمەك. بېلەت باھاسى ئۆرلىمەك. ⑤ قاينىماق: چۆگۈندىكى چاي ئۆرلىدى. ⑥ كۆپمەك، ئېچىماق: خېمىر ئۆرلىمەك. ⑦ كۆچمە. يۈكسەلمەك،

راۋاجلانماق، راۋاج تاپماق: ئۇلار داۋاملىق تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلىدى.

**ئۆرمەك** ئى. دىيال. قىلتاغار.

**ئۆرمەك چۈشىن** دىيال. ئۆمۈچۈك.

**ئۆرنەك** ئى ① باشقىلارنىڭ تەقلىد قىلىپ ياسىشىغا، قىلىشىغا، ئىشلىشىگە ئەرزىيدىغان نەرسىلەرنىڭ ئۈلگىسى ۋە شۇنداق ئۈلگە بولىدىغان نەرسە: ئۆرنەك ئالماق. ئۆرنەك قىلماق. ② باشقىلار ئەگەشسە، ئۆگەنسە ئەرزىيدىغان ئىش ياكى ھەرىكەت نەمۇنىسى ياكى باشقىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدىغان ئىلغارلىق نەمۇنىسى؛ ئۈلگە: تاشۋاي پەدە بېسىشتىن زەخمەك ئۆرۈشقۇچە زېرىكمەي ــ تېرىكمەي ئۆگەنگەتتى، ئۆزى ئىجاد قىلغان مۇزىكا ــ ئاھاڭلارنى چېلىپ ئۆرنەك كۆرسىتەتتى.

**ئۆرنەكلىك** سۈپ. ئۆرنەك بولىدىغان، ئۆرنەك قىلارلىق، ئۈلگىلىك: ماياكوۋسكىينىڭ ئىنقىلابىي شېئىرىي ئۇسلۇبى ئۇنىڭغا ئۆرنەكلىك رول ئوينىدى.

**ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ** ئۆرۈپ ھەم چۆرۈپ، ئۇيان ئۆرۈپ، بۇيان ئۆرۈپ: ئىبراھىم ئاكا ئۆزىنى يەنە دىۋانغا تاشلاپ، باياتىن ئالدى ــ ئارقىسىنى ئۆرۈپ ــ چۆرۈپ نەچچە رەت ئوقۇپ بولغان گېزىتنى يەنە قولىغا ئالدى.

**ئۆرۈتمەك** I «ئۆرۈمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تامنى ئۆرۈتمەك. * ئۇ چۈشىنى ئۆرۈتمەك بولۇپ مۇشاۋىرنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى.

**ئۆرۈتمەك** II «ئۆرۈمەك II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ چوڭ ئوغلىغا بۇيرۇپ، چىۋىقلارنى ئۆرۈتۈپ، نوغۇچەتەك توم قىلىپ تەييارلاتقۇزدى.

**ئۆرۈش** ئى. دىيال. توقۇلمىلارنىڭ ئۆرۈش يىپى.

**ئۆرۈشتۈرمەك** پ. ئۆرۈش ۋە شۇ خىلدىكى ھەرىكەتلەرنى قىلماق، ئۆرۈمەك: مەن ئۆينى يىڭنە ئاختۇرغاندەك ئاختۇردۇم، ھەتتا يوتقان ــ كۆرپە، كىگىز ــ پالاسلارنىمۇ ئۆرۈشتۈرۈپ مالىماتاڭ قىلىۋەتتىم، ئەمما ھېچنېمە تاپالمىدىم.

**ئۆرۈشمەك** I «ئۆرۈمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىزلار چاچلىرىنى ئۆرۈشتى.

**ئۆرۈشمەك** II «ئۆرۈمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كونا ئۆيلەرنى ئۆرۈشمەك. دەرەخلەرنى ئۆرۈشمەك.

**ئۆرۈك** ئى<بوت> ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى كەڭ، تۇخۇم شەكىللىك، گۈلى يالغۇز ئۆسىدۇ، ئاق ياكى شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك. ئۇچكىلىك مېۋىسى دۈگىلەك، پىشقاندا سارغىيىدۇ، تەمى تاتلىق. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ئۆرۈكچىلىك** ئى. مەخسۇس ئۆرۈك تىكىپ ئۆستۈرۈش ھەم ئۇنىڭدىن مەھسۇلات ئېلىش ئىشى، كەسپى: بۈگۈر ئۆرۈكچىلىكى بۈگۈر دېھقانلىرىنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى ئاشۇردى.

**ئۆرۈكلۈك** ① سۈپ. ئۆرۈك دەرىخى بار، ئۆرۈك دەرىخى كۆپ تىكىپ ئۆستۈرۈلگەن، ئۆرۈك تىكىلگەن: ئۆرۈكلۈك باغ. ② ئى. ئۆرۈك كۆپ تىكىلگەن يەر، ئۆرۈك كۆپ ئۆستۈرۈلگەن، ئۆرۈك ئاساس قىلىنغان باغ: ئۆرۈكلۈككە كىرمەك. ئۆرۈكلۈككە بارماق.

**ئۆرۈلمەك** I «ئۆرۈمەك I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چاچ ئۆرۈلمەك. قامچا ئۆرۈلمەك.

**ئۆرۈلمەك** II ① «ئۆرۈمەك II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تام ئۆرۈلمەك. هارۋا ئۆرۈلمەك. ئۆي ئۆرۈلمەك. ② «ئۆرۈمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر غودۇڭشىغاندەك لەۋلىرىنى قىمىرلاتقىنىچە ئارقىسىغا ئۆرۈلدى. ③ ئاغدۇرۇلماق، بىرقىسما بولۇپ قالماق: غەزەپلەنگەنلىكىدىن پاششاپ بېگىنىڭ كۆزلىرى ئۆرۈلۈپ، قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. ④ باشلانماق (يىل ھەققىدە): مانا يەنە يىل ئۆرۈلدى، قارلار ئېرىپ، مەجنۇنتاللار باھاردىن دېرەك بېرىپ نوتا سۈردى. ⑤ ئايلانماق، ئۆزگەرمەك: گۈلەمخاننىڭ قوش پۆپۈكى يەرگە سۆرەلدى، يۈرەكتىكى سېرىق سۇلار قانغا ئۆرۈلدى.

**ئۆرۈلۈپ ـ چۆرۈلۈپ** ئۆرۈلۈپ ھەم چۆرۈلۈپ، بۇ تەرەپ ئۆرۈلۈپ، ئۇ تەرەپ ئۆرۈلۈپ؛ ئۇ ياق، بۇ ياقلارنى ئايلىنىپ: ئۆرۈلەرسىز، چۆرۈلەرسىز توقۇناق بېشى بىزدە... دېگەندەك، ئۆرۈلۈپ ـ چۆرۈلۈپ يەنە كەلدىم.

**ئۆرۈم** ① ئى. تېلىنى، تالاسىنى ياكى بىرنەچچە تۇتامنى بىرگە قوشۇپ ئۆرۈلگەن ھەربىر بۆلەك؛ ئۆرۈپ تەييارلانغان نەرسە ۋە شۇ نەرسىنىڭ ئۆرۈلگەن ھالىتى: قىزنىڭ چاچلىرى ئۇزۇن، ئۆرۈمىلىرى يوغان ئىدى. ② مىق. ئۆرۈلگەن، ئۆرۈپ توقۇلغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر ئۆرۈم سامساق. ③ ئى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە، توي ـ تۆكۈن، مەشرەپلەردە ئۇسسۇل ئوينىغان كىشىنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ سازەندىلەرگە ياكى چۈشى بۇزۇلۇپ قالغان، كۆڭلىگە بىرەر ۋەھىمە كەلگەندە، ئۆزىنىڭ، بالا ـ چاقىلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ كەمبەغەل، ئاجىز ـ ئورۇقلارغا بېرىدىغان پۇل، نەرسە: ــ قىزنىڭ بېشىدىن ئوبدانراق بىرنېمىنى ئۆرۈم قىلىپ سەدىقە قىلىۋېتەيلى، ــ دېدى ئۇ ئايال.

**ئۆرۈمە** ① سۈپ. ئۆرۈلگەن، توقۇلغان ياكى ئۆرۈپ تەييارلانغان: ئۆرۈمە چاچ. ئۆرۈمە قامچا. ② ئى. «باش ـ كۆزدىن سەدىقە بولار» دېگەن مەقسەتتە كىشى بېشىدىن ئۆرىيدىغان پۇل ۋە ياكى شۇنىڭ ئورنىدىكى نەرسە: ئۆرۈمە قىلماق. * ــ غۇلامجان، ماۋۇ پۇلنى ئۆرۈمە قىلىۋەتكىنە، ــ دېدى ئۇ غۇلامغا. ③ ئى. مەشرەپ، توي ـ تۆكۈنلەردە ئۇسسۇل ئوينىغۇچىلارنىڭ بېشىدىن ئۆرۈلگەن پۇل ياكى ماددىي نەرسىلەر.

**ئۆرۈمەك** I پ ① ئۆرە، تىك ھالەتتىكى نەرسىنى يىقىتماق، غۇلاتماق: تامنى ئۆرۈمەك. ئۆينى ئۆرۈمەك. دەرەخنى ئۆرۈمەك. ② كۆچمە. بىرەر گۇرۇھ ياكى ھاكىمىيەتنى ھالاك قىلماق، تەختىدىن چۈشۈرمەك، ئاغدۇرماق: كونا ھاكىمىيەتنى ئۆرۈمەك. ③ بىرەر نەرسىنىڭ ئاستى تەرىپىنى ئۈستىگە، ئۈستى تەرىپىنى ئاستىغا توغرىلاپ قويماق: يەرنى ئۆرۈمەك. * ئالدىرىماي، مايىنىڭ تەگدىن تولىسى مانا بۇ ياقتا، دەپ چىننىنى ئۆرۈپتىكەن، چىننىڭ كەينىدىكى مايمۇ تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ. ④ بىرەر نەرسىنىڭ ئىچىنى تېشىغا، ئوڭىنى تەتۈرىگە ياكى تەتۈرىنى ئوڭغا، ئارقىسىنى ئالدىغا، ئالدىنى كەينىگە قىلماق: خالتىنى ئۆرۈمەك. يوتقاننىڭ كىرلىكىنى ئۆرۈمەك. چاپاننىڭ ئىچىنى ئۆرۈمەك. ⑤ كۆچمە. تەرجىمە قىلماق، ئاغدۇرماق: خەنزۇچىنى ئۇيغۇرچىغا ئۆرۈمەك. ⑥ كۆچمە. تەبىر بەرمەك، بايان قىلماق، چۈشەندۈرمەك: رابى ۋەت ـ ۋەت كېچە كۆرگەن چۈشىنى ئۇنىڭغا ئۆرۈپ بەردى. ⑦ بۇرىماق، ئۆزگەرتمەك: ئىشنى يامىنىغا ئۆرۈمەك.

**ئۆرۈمەك** II پ ① تال ـ تال نەرسىلەرنى ئۆز ئارا ئالماش-

تۇرۇش يولى بىلەن بىر قىلىپ توقۇماق: قامچا ئۆرۈمەك . چاچ ئۆرۈمەك . ② پۇل ياكى باشقا بىر نەرسىنى بىرەر مەقسەتتە كىشى بىشىدىن ئايلاندۇرۇپ ئۆرۈپ، نىشان قىلغان ئادەمگە بەرمەك: ئۇ داستىخاندىن بىرناننى ئېلىپ بالىلارنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ ماڭا بەردى.

**ئۆرۈملۈك** ئى. ئۆرۈم قىلىش ئۈچۈن ئاتالغان نەرسە: — ئۆرۈملۈككە بىر نەرسەڭ بارمۇ؟ — دەپ ئاستا سورىدى ئۇ ئايالدىن.

**ئۆرىتۆپە** سۈپ [ئۆرە+تۆپە] بەزىلەر ئۆرە تۇرۇپ كەتكەن ۋە بەزىلەر ئۇ يان ـ بۇ يان مېڭىپ يۈرگەن؛ رەتسىز، قالايمىقان (بىرەر جەددىيچىلىك تۈپەيلى): ئۇ گەپ قىلماستىن ئۆرىتۆپە ئادەملەر ئارىسىدا بىردەم قاراپ تۇردى.

**ئۆرىتۆپە بولماق** بەزىلىرى ئولتۇرسا، بەزىلىرى ئۆرە تۇرغان ۋە بەزىلىرى مېڭىپ يۈرگەن ھالەت شەكىللەنمەك؛ قالايمىقانلاشماق (بىرەر جەددىيچىلىك تۈپەيلى): تاشۋاي، بارات، مىرئەلىلەرنىڭ ئۆيگە كىرىشى بىلەن يىگىتلەر ئۆرىتۆپە بولۇشتى.

**ئۆرىتۆپىلىك** ئى. ئۆرىتۆپە ھالەت، قالايمىقانچىلىق: زال ئىچىدە بىردىنلا ئۆرىتۆپىلىك كېلىپ چىقتى، نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلەلمەي بوينۇمنى سوزۇپ ئەتراپقا قاراشقا باشلىدىم.

**ئۆرىدەشمەك** «ئۆرىدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىتنىڭ ئىككى ئالدى پۇتى ھەيدەرنىڭ مۈرىسىدە، ھەيدەرنىڭ ئىككى قولى ئىتنىڭ ئىككى قولتۇقىدا، ئىت بىلەن ھەيدەر ئۆرىدەشكەن پېتى تۇراتتى.

**ئۆرىدەلمەك** «ئۆرىدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۆرىدىمەك** پ ① بىرەر يۇقىرى تەرەپكە ياكى جايغا، تۆپىلىككە قاراپ يول ئالماق، يۈرمەك، بىرەر يۇقىرى تەرەپكە يۆنەلمەك: ئات ئۆرىدەپ ماڭدى. ② بىر نەرسىنى ئۆرە قىلماق؛ ئۆرە، تىك ياكى دۆۋىلەنگەن ھالەتكە كەلتۈرمەك: تاغارنى ئۆرىدىمەك. چەشنى ئۆرىدىمەك. قۇمنى ئۆرىدىمەك. ③ ئىككى ئالدى قولىنى ئېگىز كۆتۈرمەك، ئۆرە قىلماق: كۈن نۇرىدا ئىشتىكلەر پارقىرايتتى، ئاتلار چاپچىپ ئۆرىدەيتتى.

**ئۆرىلەشمەك** پ. دىيال. ھەپىلەشمەك، شۇغۇللانماق.

**ئۆز** ئال ① تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۇرلىنىپ كېلىپ، ئىش ـ ھەرىكەت شۇ قوشۇمچە بىلدۈرگەن شەخس تەرىپىدىن باشقىلارنىڭ ئارىلىشىشى بولمىغان ئەھۋالدا بېجىرىلگەنلىكىنى ياكى بېجىرىلىشىنى تەكىتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: ئەرنىڭ سۆزى ئۆلگۈچە، ئۆزى ئۆلسۇن (ماقال). * بۇ ماقالىنى ئۆزۈم يازدىم. ② تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئاڭلىشىلغان شەيئى ياكى نەرسىنى تەكىتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: ئۆزىنىڭ ئۆزىگە، توپىسى كۆزىگە (ماقال). ③ تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۇرلەنگەن ئىسىمنىڭ ئالدىدا كېلىپ، بىركىم ياكى نەرسىنىڭ تۇرلەنگەن تەۋەلىك قوشۇمچە ئاڭلاتقان شەخسكە قاراشلىق، ئۇنىڭغا خاس ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: ئۆز ئۆيۈم. ئۆز ئانىسى. ئۆز ۋەتىنى. ئۆز دوستۇم. ④ ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئىختىيارسىز سادىر بولغانلىقىنى، ئۇنى قىلىشتا، بېجىرىشتە، ئورۇنداشتا باشقىلار قاتناشمىغانلىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: سادىق ئۆزى يىقىلىپ چۈشتى. * تىراكتور ئۆزى مېڭىپ كەتتى. * تېلېۋىزور ئۆزى ئۆچۈپ قالدى. ⑤ يېقىن، بىلىدىغان، تونۇشلۇق: بۇ يەردە يات ئادەم يوق، ھەممىمىز ئۆز.

**ئۆز ئالدىغا** ① ئۆزىگە خاس؛ مۇستەقىل، مۇستەقىل ھالدا: بۇلار ئۆز ئالدىغا ئايرىم قورۇ سېتىۋاپتۇ. تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىپتۇ. ② ئۆزىچىلا، ھېچكىمنىڭ سورىقىنى ئالماي، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن: — ھەرقانداق ئادەمنىڭ بىزنى ئۆز ئالدىغا ئىشتىن توختىتىشقا ھەققى يوق، — دېدى ھېلىقى ئىشچى.

**ئۆز ئايىغىدىن ئۈركۈمەك** ئۆز ـ ئۆزىدىن خۇدۇكسىنىپ، قورقۇپ يۈرمەك: ئۆز ئايىغىدىن ئۈركۈيدىغان قورقۇنچاق ئادەم ئۇ.

**ئۆز بېشىدىن قورقماق** ئۆزىگە بىرەر جاۋابكارلىق كېلىپ جىنىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرىمەك: — ئۆز بېشىمىزدىن قورقتۇق، تەقسىر، تۇتۇپ كېلىپ، ئاندىن خەۋەر قىلايلى، — دېدۇك بىز ئۇنىڭغا.

**ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپماق** ئۆزىنى ئۆزى ھالاكەتكە تۇتۇپ بەرمەك، ئۆزى ئۆزىگە زەرەر يەتكۈزمەك: سەن مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولساڭ، بىر كۈنى ئۆز پۇتۇڭغا ئۆزۈڭ پالتا چاپىسەن.

**ئۆز تۈگمىنىگە سۇ قويماق** ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىش قىلماق، ئۆز پايدىسىغا ئىش قىلماق، ئۆزىنىڭ ئىشىنى راۋاج تاپقۇزۇش يولىدا كۈرەشمەك.

**ئۆز سەنىمىگە دەسسىمەك** ئۆزىنىڭ خاھىشى، مەيلى، ئىختىيارى بويىچە ئىش قىلماق، ئۆزى بىلگەن يولغا ماڭماق: ھەركىم ئۆز سەنىمىگە دەسسەۋەرسە ئىشلار نېمە بولۇپ كېتىدۇ؟

**ئۆز سەنىمىگە ئۇسسۇل ئوينىماق ← ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسىمەك.**

**ئۆز سۆزلۈك** كىشىنىڭ پىكرىنى ئالماي، شەخسىي پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالىدىغان: شۇڭا كېلىنلىرىدە بۇ مېھرىبان، ئەمما ئۆز سۆزلۈك مومايغا ھۆرمەت ۋە ئەيمىنىش تۇيغۇسى مەھكەم تىكلەندى.

**ئۆز قازىنىنى ئۆزى قايناتماق** ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزى قامدىماق؛ ئۆزىنىڭ كۈنىنى كۈن ئەتمەك.

**ئۆز قوينىغا ئالماق** يات كۆرمەي ئۆز كىشىلىرى قاتارىدا كۆرمەك، مېھرىبانلىق قىلماق: ئىشىك تەرەپتىرەك ئولتۇرغان بىرنەچچە ئايال خەلىچە ئانىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇشتى ۋە ئۇنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ ئورۇن كۆرسەتتى.

**ئۆز قولىقى بىلەن** بىۋاسىتە، بىۋاسىتە ھالدا: مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم.

**ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەسلىك** راست ياكى يالغان ئىكەنلىكىگە دەرھال جەزم قىلالماسلىق، دەرھال ئاڭقىرالماي ئارىسالدى بولماق: يېزا باشلىقى؟ رەپىق ئاكا ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي، كۆزىنى يوغان ئېچىپ سورىدى.

**ئۆز كۆزىگە ئۆزى ئىشەنمەسلىك** قاتتىق ھەيران قالماق: پادىشاھ گۈلنى كۆرۈپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قاپتۇ.

**ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتماق** شەخسەن ئۆز مەنپەئەتىنىلا كۆزلىمەك، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىمەك: ئۆز كۆمچىگىلا چوغ تارتىش — بىز پارتىيە ئەزالىرىنىڭ خىسلىتى ئەمەس.

**ئۆز گۇناھى ئۆزىگە** گۇناھ، سەۋەنلىك ئۆزىدىن ئۆتتى، شۇڭا دەردىنى ئۆزى تارتسۇن: بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىپسەن، ئەمدى ئۆز گۇناھىڭ ئۆزۈڭگە.

**ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولماق** دەرد ـ ئەلەمنى كىشىگە ئېيتالماي، قاتتىق ئازابلانماق: شامەخسۇت قالغان سانىنى توشقۇزالماي، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ، كېچىلىرىمۇ ئۇخلى-

يالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى.

**ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېمەك** دەردىنى، ئەلىمىنى كىشىگە ئېيتالماي ئىچ ـ ئىچىدىن قاتتىق ئازابلانماق، دەردىنى ئىچىدە بىلمەك: مۇشۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن، بىرنەچچە كۈندىن بۇيان قازىنىڭ بېشى قېتىپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ يۈرەتتى.

**ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇماق** ← **ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇماق**: — ئەنسىرىمەڭ، قان چىقارماي جان ئالىدىغان، ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇيدىغان ئۇسۇللارمۇ بار، — دېدى ئۇ خۇددى ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغاندەك قىلىپ.

**ئۆز نۆۋىتىدە** ۋاقتى كەلگەندە، پەيتى كەلگەندە: شۇنى ئۆز نۆۋىتىدە ئېيتىپ قويۇشقا بولىدۇكى، كەنجى سەنئەت نەزەرىيەلىرىنىمۇ خېلى ئۆگەنگەن.

**ئۆزى بىلگەنچە** خالىغانچە، ئۆز ئالدىغا، ئۆز مەيلىچە: بىر كىشىلا سۆزلەيدىغان ياكى ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىدىغان ئەھۋاللارغا ئەمدى يول قويۇلمايدىغان بولدى.

**ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسىمەك** خالىغىنىنى قىلماق، نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلماق، كۆڭلىدىن كەچكىنىنى قىلماق: ئۇ ئېرىدىن خەت-خەۋەر ئالالمىغاندىن كېيىن ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ يۈردى.

**ئۆزى تاغدا، كۆڭلى باغدا** پىكىر ـ خىيالى بىر يەردە ئەمەس، خىيالى بىر مەسىلىگە، ئىشقا مەركەزلەشمىگەن؛ ئۆزى بۇ يەردە بولغىنى بىلەن خىيالى پۈتۈنلەي باشقا بىر ئىشتا.

**ئۆزىدىن كەتمەك** ① ھوشىدىن كەتمەك، ھوشىنى يوقاتماق: قورقۇنچتا ئۆزۈمدىن كېتىپ قاپتىمەن، بىرھازادىن كېيىن ھوشۇمغا كەلدىم. ②ئۆزىدىن ئۆتۈلمەك، ئۆزى سەۋەبچى بولماق: بۇ ئىش ئۇنىڭ ئۆزىدىن كەتتى.

**ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشمەك** بىراۋغا زىيانكەشلىك قىلىشنى ئويلاپ، ئاخىرى ئۆزى زىيان تارتماق: ئۇلار ئۆمەر ئۇستازغا قەست قىلىمەن دەپ، ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشتى. * لېكىن ئەھۋال ئۆزگىرىپ، تاپتى بۇگۈن ھالاكەت، ئەلگە ئورا كولىغان، ئۆزى چۈشتى ئاقىۋەت.

**ئۆزىگە ئالماق** ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ياكى ئۆزى قىلمىغان بىرەر ئىشنى باشقىلار مېنى قىلدى دەپ چۈشىنىۋاتىدۇ دەپ قارىماق: — سەن بۇنى ئۆزۈڭگە ئالما، بۇنىڭ سەن بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ.

**ئۆزىگە توپا قوندۇرماسلىق** كەمچىلىك، خاتالىق قاتارلىقلارنى بىرئازمۇ ئۆز بوينىغا ئالماسلىق: ئۇ ناھايىتى سۆزمەن، زاكۇنچى ئادەم، قاراپ تۇرۇڭ، بۇ سوتتا ئۇ ئۆزىگە توپا قوندۇرماي چىقىپ كېتىدۇ.

**ئۆزىگە سۇ يۇقتۇرماسلىق** ئۆزىدە بىرەر ئىللەت، نۇقسان قاتارلىقلار بار بولسىمۇ، ئۇنى قىلچىمۇ ئېتىراپ قىلمىغانىنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرماق، ئۆزىدە بولغانلىقىغا قىلچىمۇ تەن ئالماسلىق، ئۆزىنى يېقىنمۇ كەلتۈرمەسلىك: — ئۆزۈڭگە سۇ يۇقتۇرمايۋاتىسەن ـ ھە، — دەپ ۋارقىرىدى سوراقچى ھېلىقى ۋېلىسىپىت ئوغرىسىغا قاراپ.

**ئۆزىگە قايتماق** بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلمەك، ئەسلىگە كەلمەك، ئۆزىگە كەلمەك: دەم ئېلىش، پىنسىيەگە چىقىش — غايە ـ نىشانسىزلار ئۈچۈن غېرىبلىقنىڭ ھەم ھاياتنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدىكى جان تالىشىشنىڭ باشلىنىشى بولسا، غۇرۇر ـ ئېتىقادلىقلار ئۈچۈن ئۆزىگە قايتىشنىڭ چاقىرىقنامىسى ھەمدە يېڭى بىر ھاياتلىق يولىنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

**ئۆزىگە قىلماق** «كىشىگە يامانلىق قىلسا ئاخىرى ئۆزىگە يانىدۇ، كىشىگە يامانلىق سانىسا جازاسىنى ئۆزى تارتىدۇ» دېگەن مەنىلەردىكى بىرىكمە: ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ (ماقال).

**ئۆزىگە يارىشا** ھەركىمنىڭ ھال ـ ئەھۋالى، كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە مۇۋاپىق: ئۇنىڭغا ئۆزىگە يارىشا خىزمەت بېرىش كېرەك.

**ئۆزىنى بازارغا سالماق** ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلماق: مەھەللىدىكى ئىمام ـ مەزىنلەرمۇ ئەسكى بولۇپ كەتتى. ۋاي نامەھرەم بولدى، كوچىدا ئۆزىنى بازارغا سالدى، دەپلا تۈتۈۋېلىپ قازىخانىغا ھەيدەيدۇ.

**ئۆزىنى تاشلىۋەتمەك** مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى روھىي چۈشكۈنلۈككە ئۇچراپ، ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆزىنى بولۇشىغا قويۇۋەتمەك: سىزنىڭ روھىڭىز چۈشكۈن كۆرۈنىدۇ، نېمىشقا ئۆزىڭىزنى تاشلىۋېتىسىز؟

**ئۆزىنى توختاتقان** ئېغىر ـ بېسىق؛ ئىسسىق ـ سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، مۇۋاپىق يول تاللىۋالغان، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان: ئۆزىنى توختاتقان ئادەم. ئۆزىنى توختاتقان ئايال.

**ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماسلىق** خۇشاللىقتىن ياكى خاپىلىقتىن، ئارتۇقچە ھاياجانلىنىپ ياكى قايغۇرۇپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالماق: ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆزىنى پىدائىيلىققا تىزىمغا ئالدۇرۇپ قويغانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقتىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدۇ.

**ئۆزىنى كۆرسەتمەك** ① ئۆزىنى بىلدۈرمەك، نامايان قىلماق: — مەنمۇ بىلىمەن! — دېدى يەنە بىرىمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىپ، يەر شاردىكى بەش ئىقلىم بەلبېغىنى ساناپ بېرەيمۇ؟ ② قەدرى ئۆتۈلمەك: پۇل دېگەن مانا مۇشۇنداق يەردە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ ـ دە.

**ئۆزىنىڭ ئاغزى** «ھەركىم ئۆز خالىغىنىنى دەيدۇ، ھەركىم ئۆز گېپىنى قىلىدۇ» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنداق دېگەن بولسا، ئۆزىنىڭ ئاغزى، سەن نېمانچە قىلىسەن.

**ئۆزىنىڭ بىلگىنى بىلگەن** بىشەم، تەرسا، جاھىل: ئۆزىنىڭ بىلگىنى بىلگەن، ئۇنىڭغا گەپ ئۆتمەيدۇ.

**ئۆزىنىڭ پاششىنى قورۇماق** ئۆزىنىڭلا غېمىنى يېمەك، ئۆزىنىڭلا كويىدا بولماق.

**ئۆزىنىڭ سايىسىگە مۇشت ئاتماق** ئۆزىدىن ئۆزى ئۈركۈمەك، ئۆزىدىن ئۆزى قورقماق.

**ئۆزىنى ئۇ دۇنيادا كۆرمەك** ئۆلمەك: ئەگەر بۇنىڭ چاقچاقان-چەبدەسلىكى، جەسۇرلۇقى بولمىسا، پېقىر ئۆزىنى ئۇ دۇنيادا كۆرەتتى.

**ئۆزى ھارام، كۈچى ھالال** كۈچى زۆرۈر، ئۆزى كېرەكسىز، كۈچى مۇھىم، ئۆزى ئېتىبارسىز: مېنى ئىشلىتىشنىلا بىلىسىلەر، ئۆزۈمگە قاراپمۇ قويمايسىلەر، ئۆزۈم ھارام، كۈچۈم ھالالمىكەن؟

**ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇماق** ئۆزىنىڭ قولى بىلەن ئۆزىنى جايلىماق، ئۆزىنى ئۆزىگە سالماق، ئۆزىنىڭ يولى بىلەن ئۆزىنى جايلىماق: — سەن ھودۇقما، ئۇلارنىڭ ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش كېرەك، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ.

**ئۆزئارا** سۈپ [ئۆز + ئارا] ئىككى ياكى بىرنەچچە شەخس ئوتتۇرىسىدا ياكى بىر گۇرۇھ بىلەن ئىككىنچى بىر گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان؛ بىرى يەنە بىرى بىلەن بولىدىغان: ئۆزئارا مۇناسىۋەت. ئۆزئارا سۆھبەت. ئۆزئارا كېلىشىم. ئۆزئارا ياردەم.

**ئۆزە** ئى. دىيال. ئىككى تاغ ئارىسىدىكى كەڭ يول.

**ئۆزەك** I ئى ① <بوت>ئۆسۈملۈك غولىنىڭ مەركىزىدىكى قىسمى. نېپىز پوستلۇق ھۈجەيرىلەردىن تەركىب تاپىدۇ: ئۆزەكتىن چىققان ئوت يامان، ئۆزدىن چىققان يات (ماقال). ② <ماشىن>بەزى ئۈسكۈنىلەرنىڭ مەركىزىي قىسمىغا ئورنىتىلىدىغان نېپىز دېتال: دەزمال ئۆزىكى. ③ <تىل> سۆزلەرنىڭ قوشۇمچىلارنى قوبۇل قىلىدىغان ياكى قوشۇمچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان قىسمى.

**ئۆزەك** II ئى. دىيال. يۈرەك؛ يادرو، مېغىز.

**ئۆزەن** ئى. سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن جىلغا؛ سۇ يولى: — مۇشۇ ئۆزەننى بويلاپ يۇقىرىغا ئۆرلەپ بىر يەرگە بارغاندا، توۋت تاغنىڭ تۇگۇنىدە كەڭ بىر تۈزلەڭلىك بار، — دەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ بوۋاي.

**ئۆزبەگ ـ ئۆزخان** نىمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىدىغان، ھېچكىمگە بويسۇنمايدىغان؛ ھېچقانداق تەسىرگە، چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان؛ بەك ئەركىن: ئۆزبەگ ـ ئۆزخان بولۇۋالماق. * سىلەر ئۆزبەگ ـ ئۆزخان ئىشلەۋېرىسىلەر.

**ئۆزبېشىمچى** سۈپ [ئۆز + باش + ىم + چى] باشباشتاق، ئۆزى نىمىنى خالىسا شۇنى قىلىدىغان، كىشىنىڭ گېپىگە، مەسلىھەتىگە كۆنمەيدىغان: ئۇ كىچىكىدىنلا ئۆز بېشىمچى ئىدى.

**ئۆزبېشىمچىلىق** ئى. باشباشتاقلىق؛ نىمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىدىغان، باشقىلارنىڭ گېپىگە، نەسىھەتىگە كىرمەيدىغان خاھىش، ئۆزىنىڭ خىيالىغا كەلگەنچە ئىش قىلىش ئادىتى: ئۆزبېشىمچىلىق قىلماق. ئۆزبېشىمچىلىق بىلەن ئىش قىلماق.

**ئۆزبېك** ئى<ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلغۇچى خەلق بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا قازاقىستان ۋە قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە، ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدا ياشايدۇ. ئاندىن قالسا دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىمۇ بار.

**ئۆزبېكچە** ① سۈپ. ئۆزبېكلەرنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: ئۆزبېكچە ئۇسسۇل. ئۆزبېكچە كىيىم. ئۆزبېكچە ناخشا. ② ئى. ئۆزبېك تىلى ۋە يېزىقى: ئۆزبېكچىنى بىلمەك.

**ئۆزبېكچىلەشتۈرمەك** «ئۆزبېكچىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئۆزبېك تىلى تۇغقان تىل بولغىنى بىلەن، ئۇيغۇرچە يېزىلغان ئەسەرلەرنى ھەقىقىي ئۆزبېكچىلەشتۈرۈشمۇ ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس.

**ئۆزبېكچىلەشتۈرۈشمەك** «ئۆزبېكچىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بىرمۇنچىلىغان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزبېكچىلەشتۈرۈشتى.

**ئۆزبېكچىلەشتۈرۈلمەك** «ئۆزبېكچىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن يېزىلغان بەزى ئەسەرلەر كېيىنچە ئۆزبېكچىلەشتۈرۈلىدۇ.

**ئۆزبېكچىلەشمەك** پ. ئۆزبېك تىل ـ يېزىقىدا ئىپادىلەنمەك، ئۆزبېكچىگە تەرجىمە قىلىنماق: خۇلاسە شۇ بولدىكى، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ئۆزبېك تىلىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا ئاساسەن ئۆزبېكچىلىشىپ كەتكەن.

**ئۆززە** ئى [ئە] كەچۈرۈم، ئەپۇ، ئۆزرىخاھلىق: ئۆززە ئېيتماق. * مەن ئۇنى ئاۋارە قىلغىنىم ئۈچۈن ئۆززە سوراپ خوشلىشىپ قايتتىم.

**ئۆزرىخاھلىق** ئى. قارشى تەرەپنىڭ چۈشىنىشىنى، ئەپۇ قىلىشىنى ئۆتۈنۈپ سوراش؛ ئەپۇ، كەچۈرۈم؛ ئۆتۈنچ: — كەچۈرۈڭ، مەن تاماكا چەكمەيمەن، — دەپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتتىم.

**ئۆزرىلىك** سۈپ. كەچۈرۈشكە تېگىشلىك، مۇھىم سەۋەبى بار، سەۋەبلىك: خەلىپە ھارۇن رەشىد: «ئۇ ئەلۋەتتە بىرەر ئۆزرىلىك ئىش بىلەن كېلەلمەي قالغان بولسا كېرەك. يۈر! بىز بېرىپ ئۇنى زىيارەت قىلايلى!» دەپتۇ.

**ئۆزسىنىشماق** «ئۆزسىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەھەللىدىكىلەر ئۇ يىگىتنى ئۆزسىنىشىپ، ئۆيلەپمۇ قويۇشتى.

**ئۆزسىنماق** پ. ئۆز كۆرمەك، ئۆز ئادەم دەپ بىلمەك، ئۆز ئادىمى ھېسابلىماق: مەن بۇ سۆزلەرنى ساڭا ئۆزسىنىپ ئېيتىۋاتىمەن.

**ئۆزگە** ① ئى. ئۆزىدىن باشقا كىشى؛ ناتونۇش ئادەم: ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي (ماقال). * پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا ئۆزگىگە (ماقال). ② سۈپ. ئۆزى بىلمەيدىغان، تونۇمايدىغان؛ ئۆزى بىلەن تونۇشلۇقى يوق، يات، باشقا؛ تىلغا ئېلىنغان، كۆزدە تۇتۇلغان ئادەم ياكى نەرسىدىن تاشقىرى: ۋەتەندىن ئۆزگە يارىم يوق، ۋەتەننى سۆيگىنىم بەختىم، ۋەتەن ئىشقىدا مەجنۇندەك ئۆمۈرلۈك كۆيگىنىم بەختىم.

**ئۆزگەرتمەك** «ئۆزگەرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پىلاننى ئۆزگەرتمەك. * سادىر تەمكىنلىكىنى قىلچە ئۆزگەرتمىدى.

**ئۆزگەرتىلمەك** «ئۆزگەرتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: رايونلۇق پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ نامى رايونلۇق كىچىك ئەترەتكە ئۆزگەرتىلدى.

**ئۆزگەرمەك** پ ① بىر ھالەتتىن باشقا بىر ھالەتكە ئۆتمەك، باشقىچە تۈس ئالماق، باشقىچە تۈسكە كىرمەك: ھاۋا ئۆزگەردى. چىرايى ئۆزگەردى. ② ماھىيەت جەھەتتىن ئاۋۋالقىسىغا ئوخشىمايدىغان ھالەتكە ئۆتمەك، مەزمۇنەن باشقىچە بولماق: ۋەزىيەت ئۆزگەردى. * ئون يىلدىن بۇيان جەمئىيەت خېلىلا ئۆزگەردى. ③ بىرىنىڭ ئورنىغا باشقا خىلى جارى قىلىنماق، باشقا بىر خىلى بىلەن ئالمىشىلماق؛ يەڭگۈشلەنمەك: ئۇيغۇر يېزىقى تارىختىن بۇيان بەش قېتىم ئۆزگەردى.

**ئۆزگەن** ئى. دىيال. ئاق ئۇۋاق كۆتىكى؛ ئۆزەك، تومۇر.

**ئۆزگۈ** ئى. دىيال. ئۆگزە.

**ئۆزگىچە** سۈپ. باشقىلىرىغا ئوخشىمايدىغان، ئادەتتىكىدىن باشقىچە: ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىدا مەتقۇربان يەتكۈزگەن ئەھۋالدىن ئۆزگىچە بىرنېمە يوق.

**ئۆزگىچىلىك** ئى. ئۆزگە ھالەت، ئۆزگىچە ئەھۋال، ئوخشىماسلىق؛ ئالاھىدىلىك: سېلىم باقاشتىكى ئۆزگىچىلىك زىلەينى ئويلاندۇرۇپ قويدى.

**ئۆزگىرىش** ئى ① تەرەققىيات تارىخىدا يۈز بېرىدىغان كەسكىن بۇرۇلۇش، بىر ھالەتتىن باشقا بىر ھالەتكە ئۆتۈش؛ ئۆزگىچە، باشقىچە بولۇش: ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئۆزگىرىشى. ② <بىيول>ئوخشاش تۈردىكى جانلىقلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ياكى ئوخشاش ئەۋلادلىق جانلىقلارنىڭ ئوخشىمىغان يەككە تەنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مورفولوگىيەلىك، فىزىيولوگى-

يەلىك ئالاھىدىلىك قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدىغان پەرق.

**ئۆزگىرىشچان** سۈپ ① بىر ھالەتتىن باشقا بىر ھالەتكە، بىر تۈستىن باشقا بىر تۈسكە ھەمىشە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، پات - پات ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان: ئۆزگىرىشچان ھاۋا. * ئەتىيازدا كىلىمات ئۆزگىرىشچان بولىدۇ. ② <ئېل> يۆنىلىشى ۋە قۇۋۋىتى دەۋر قىلىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان: ئۆزگىرىشچان توك. ئۆزگىرىشچان توك يولى.

**ئۆزگىرىشچان توك** <فىز> يۆنىلىشى ۋە كۈچىنىشى دەۋرلىك ئۆزگىرىدىغان توك. بۇ خىل توكنىڭ ئالاھىدىلىكى ترانسفورموتور ئارقىلىق ئېلېكتىر بېسىمىنى ئۆزگەرتىشكە بولىدىغانلىقىدا. ھازىر سانائەتتە ھەم كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۆزگىرىشچان توكنىڭ يۆنىلىشى ھەم كۈچىنىشى ئادەتتە ھەر سېكۇنتتا 50 قېتىم ئۆزگىرىدۇ.

**ئۆزگىرىشچانلىق** ئى. ئاسان ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىك، ئۆزگىرىش خۇسۇسىيىتى: داپ نوتىلىرىدىكى ئۆزگىرىشچانلىق مۇشۇ رىتىم ۋە ئۇدار مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

**ئۆزگىرىشسىز** سۈپ. ئۆزگىرىش ھاسىل قىلمايدىغان، ئۆزگىرىش پەيدا قىلمايدىغان، ئۆزگىرىش ياسىمايدىغان؛ ئۆز پېتى، ئۆز ھالىتى بويىچە: تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ئەمەلىيىتىدە بولسۇن ياكى جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ئەمەلىيىتىدە بولسۇن، كىشىلەر ئالدىن بەلگىلىگەن ئىدىيە، نەزەرىيە، پىلان، لايىھەلەر ھېچبىر ئۆزگىرىشسىز ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

**ئۆزگىرىشلىك** سۈپ. ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، ئۆزگىرىشچان: ئۇ يازغان «مۇزىكا مۇئەسسەسەسىنىڭ نەزمىلەر توپلىمى»دا ئەينى زاماندىكى ئۇزۇن نەغمىلىك، كۆپ ئۆزگىرىشلىك چەش ئۇسۇللىرى تېكىستلىرىدىن پەقەت تۆت مىسرا ئىسلا ساقلىنىپ قالغان.

**ئۆزگىرىشمەك** «ئۆزگەرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ بىر توپ بۇلبۇللار بىردەمدىلا پەرىزاتلارغا ئۆزگىرىشىپ، يىگىتنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. بۇ ئالامەتنى كۆرگەن يىگىت يەنە ھوشىدىن كېتىپتۇ.

**ئۆزلە** ئال. دىيال. سىلى، ئۆزلىرى.

**ئۆزلەشتۈرمە** سۈپ. ئۆزلەشتۈرۈلگەن ياكى ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان: ئۆزلەشتۈرمە جۈملە. * ئەگەر بىز «ياۋا گىياھ» بىلەن بودلېرنىڭ «پارىژنىڭ مەيۈسلۈكى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، لۇشۈندىكى ئۆزلەشتۈرمە ئامىللارنى تېزلا بايقايمىز.

**ئۆزلەشتۈرمەك** ① «ئۆزلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دەرسنى ئۆزلەشتۈرمەك. بىلىمنى ئۆزلەشتۈرمەك. بوز يەر ئۆزلەشتۈرمەك. ② باشقىلارنىڭكىدىن پايدىلىنىپ، شۇنىڭغا ئوخشاش قىلىپ چىقماق، باشقىلارنىڭكىنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ ئۆزىنىڭ قىلماق: ئۇلار يەنە چوڭ -كىچىك ئوپېرا - درامىلاردىن «گۈلنىسا»، «غۇنچەم»، «ھەسىنىكام ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىقمۇ؟»، «مەسلىھەت چىيى» قاتارلىقلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئوينىدى.

**ئۆزلەشتۈرۈشمەك** «ئۆزلەشمەك»پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئوقۇغۇچىلار دەرسنى ئۆزلەشتۈرۈشتىمۇ، يوق، بۇ تەرىپى ساۋۇت مۇئەللىمگە قاراڭغۇ ئىدى.

**ئۆزلەشتۈرۈلمەك** «ئۆزلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دەرس ئۆزلەشتۈرۈلمەك. * بۇنىڭدىن ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلەرنىڭ ئوبدانلا ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

**ئۆزلەشمە** سۈپ. ئۆزلەشكەن ياكى ئۆزلىشىدىغان: مەن ئۇن نەچچە يىل تىمىسقىلاپ ئىزدەنگەن بۇنداق چۈشەنچىلەر ماڭا ئاددىي ئۆزلەشمە بولغىنى بىلەن، «تەپەككۇر ھۇرۇنلۇقى» ئارقىلىق ئادەتلىنىپ كەتكەن ھەرخىل قاتلامدىكى كىتابخانلار خېلى كۆپ.

**ئۆزلەشمەك** پ ① ئۆز كىشىسى بولۇپ قالماق، ناھايىتى ئىناق، يېقىن بولۇپ كەتمەك: شائىر دۇكاندارنىڭ سەممىي پوزىتسىيەسىگە قاراپ ئوڭايلا ئۆزلىشىپ قالدى. ② يەرلىشىپ قالماق، سىڭىشمەك: ئۇ ھاردۇقى چىقىپ ئۆزلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ③ ئېغىزغا كىرمەك، مېڭىسىگە ئورناشماق، چۈشىنەرلىك بولماق؛ سىڭمەك، سىڭىپ كىرمەك: دەرس ئۆزلەشمەك. * ئىسلام ۋاستىسى بىلەن تىلىمىزغا نۇرغۇنلىغان ئەرەبىي- پارسىي سۆزلەر ئۆزلەشتى. ④ خۇددى ئۆزىنىڭكىدەك بولۇپ كەتمەك، كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشماق، سىڭىشمەك: گۈلقىزنىڭ ئەسلىي ئېتى گۈلسۈمئاي ئىدى. ئۇ تولىمۇ چىرايلىق بىر بالا بولغىنى ئۈچۈن ھەممەيلەن ئۇنى «گۈلقىز» دەپ ئەركىلىتىپ يۈرۈپ، بۇ ئىسىم ئۆزلىشىپ قالغانىدى. ⑤ كۈچ قىلماق، قۇۋۋەت بولماق، سىڭمەك: بەزى تائاملار كۆپ مىقداردا ئىستېمال قىلىنسىمۇ، لېكىن بەدەنگە ئۆزلىشىدىغان قىسمى ئاز، ئوزۇقلۇق قىممىتى تۆۋەن بولىدۇ. ⑥ ئۇنۇمدارلىقى ئېشىپ مۇنبەتلەشمەك. دېھقانچىلىق قىلىشقا مۇۋاپىقلاشماق (بوز يەر ھەققىدە): يەر ئۆزلىشىپ قاپتۇ. * ئۈچ يىلدىن بېرى يېزىمىزدا 100 مو بوز يەر ئۆزلەشتى. ⑦ تاۋلانماق (يەر ھەققىدە): باھار ئەتىگىنى، ئوسىسى تازا ئۆزلىشىپ قالغان چوڭ بىرپارچە سالا ئېتىزدا يەنە بىر كۈنلۈك جۇشقۇن ھايات باشلاندى.

**ئۆزلۈك** سۈپ ① ھەربىر كىشىنىڭ ئۆز شەخسىيىتى، تەبىئىي ھالىتى، ۋۇجۇدى ۋە بارلىقىغا ئائىت؛ ئۆزىگە خاس. ② <تىل> ئىش - ھەرىكەت باشقا بىرىگە ئۆتمەي، بەلكى سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزى ئۈستىگە چۈشىدىغان، تەۋە بولىدىغان: ئۆزلۈك ئالماش. ئۆزلۈك دەرىجە. ③ بىر - بىرىگە يېپىشىپ، بىر - بىرىنى ياخشى تۇتۇپ تۇرىدىغان، بولۇشى بار (خېمىر، لاي ۋە ئۇن قاتارلىقلار ھەققىدە): ئۆزلۈك ئۇن.

**ئۆزلۈك ئالماش** < تىل > ئالماشلارنىڭ بىر تۈرى. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆزلۈك ئالماش «ئۆز» ئىسمىنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىككەن ھالدا «ئۆزۈم، ئۆزىمىز، ئۆزۈڭ، ئۆزىڭىز، ئۆزلىرى، ئۆزۈڭلەر، ئۆزى» قاتارلىق شەكىللەردە قوللىنىلىدۇ.

**ئۆزلۈك دەرىجە**< تىل > ھەرىكەتنىڭ گىراماتىك ئىگىسىنىڭ ھەم لوگىك ئىگە، ھەم لوگىك ئوبيېكت ئىكەنلىكىنى ياكى لوگىك ئوبيېكت ھەم شۇ ھەرىكەتكە تۈرتكە بولغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل دەرىجىسى.

**ئۆزلۈكچىلىك** ئى. ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز شەخسىيىتى، تەبىئىي ھالىتى، ۋۇجۇدى ۋە بارلىقىغا ئائىت ياكى ئۆزىگە خاس ئادەت، قىلىق، خاسلىق: مەشھۇر پسىخولوگىيە ئالىمى مىنامى خىروشى «ياپونلارنىڭ پسىخىكىسى» دېگەن ئەسىرىدە، ياپونلارنىڭ پسىخىكىسى ئۈستىدە ئۆزلۈكچىلىك، بەخت، بەختسىزلىك قاتارلىق ئالتە تەرەپتىن تەھلىل يۈرگۈزۈلگەن.

**ئۆزلىرى** ئال II شەخس (بىرلىك) ئالمىشىنىڭ ھۆرمەت تۈرى بولۇپ، ئاڭلىغۇچىنى ھۆرمەت بىلەن ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ: — ئۆزلىرى كەم بولىدىلا، — دېدى ئۇ مەندىن گەپ سوراپ.

**ئۆزلىشىملىك** سۈپ. ئوڭاي ئۆزلەشتۈرگىلى بولىدىغان، ئاسان ئۆزلىشىدىغان، ناھايىتى چۈشىنىشلىك: ئۇ دەرسنى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزلىشىملىك قىلىپ ئۆتۈپ بېرىدۇ.

**ئۆز - ئۆزى** ① چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ، ھەرىكەتنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن باشلىنىپ، يەنە ئۆزىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈشىنى بىلدۈرىدۇ: ئۆز- ئۆزىنى تەنقىد. ئۆز - ئۆزىنى كۆزىتىش. ② يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ، «ئۆزى بىلەن ئۆزى، ئۆزى ئۆزىگە» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۆز- ئۆزىگە زىت. ئۆز - ئۆزىگە قارشى. ③ چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ «تاشقى كۈچتىن خالىي، ئۆزىنچىلا» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۆز - ئۆزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرماق. ئۆز- ئۆزىدىن مەلۇم بولماق. ئۆز- ئۆزىدىن يوقالماق.

**ئۆزۈمچى** سۈپ. ئۆزىنىڭكىنىلا راست، توغرا دەيدىغان، ئۆزۈمچىل: ئۇ تولىمۇ ئۆزۈمچى ئادەم ئىكەن.

**ئۆزۈمچىل** سۈپ. ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدىغان، ئۆزۈمچى: ئۆزۈمچىل ئادەم. * ئۇ ھەسەننىڭ ئۆزۈمچىل، گەدەنكەشرەك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

**ئۆزۈمچىللىك** ئى. مېنىڭلا راست دەيدىغان ئادەت، قىلىق: ئۆزۈمچىللىك قىلماق. * ھەممىلا ئىشتا ئۆزۈمچىللىك پوزىتسىيەسىدە بولۇش ياخشى ئادەت ئەمەس.

**ئۆزىچە** رەۋ ① ئۆز خاھىشىچە، ئۆز خىيالىچە: لېكىن بۇنىڭ مەنىسىنى كىچىك ئاخۇن ئۆزىچە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. ② ئىختىيارسىز: شەمسىيە ئۇنىڭ ئۇ ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈپ كەتكەنلىكىدىن بەكمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپ، ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى.

**ئۆسەك** سۈپ. ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان، يالغان ياكى قۇلاقتىن - قۇلاققا ئاڭلىنىپ ئاۋۇپ كەتكەن، بۇرمىلانغان؛ ئەپقاچتى، ئاساسى يوق: ئۆسەك گەپ. ئۆسەك سۆز. ئۆسەك سۆز ئاڭلىماق. ئۆسەك سۆز تارقالماق.

**ئۆسەكچى** ئى. ئۆسەك، يالغان - ياۋداق گەپ- سۆزلەرنى پەيدا قىلىدىغان ۋە تارقىتىپ يۈرىدىغان ئادەم؛ يالغان - ياۋداق، بولمىغۇر گەپ - سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ تارقىتىشقا ئامراق كىشى؛ سۆز-چۆچەك تارقاتقۇچى: — كىم بىلمەيدۇ، ئۇ دېگەن بىر ئۆسەكچىغۇ، — دېدى ئايخان قايىنىغان ھالدا.

**ئۆستەڭ** ئى. كىشىلەر تەرىپىدىن چېپىلغان، دەريادىن كىچىك، ئېرىقتىن چوڭ بولغان سۇ ئېقىمى، چوڭ ئېرىق: غول ئۆستەڭ. تارماق ئۆستەڭ. ئۆستەڭ چاپماق.

**ئۆستەڭچى** ئى. ئۆستەڭ چاپىدىغان كىشى: ئۆستەڭچىلەر ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن ئەقىل - ئىدراكى، كۈچ - قۇدرىتى بىلەن مەشرىقتىن مەغرىبكە سوزۇلغان چەكسىز يەر باغرىنى تىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قان-تەرى بىلەن ئىلى ۋادىسىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆستەڭنى پۈتتۈردى.

**ئۆستەڭلىك** سۈپ. ئۆستەڭگە سىغىدىغان: بىر ئۆستەڭلىك سۇ. * نەچچە ئۆستەڭلىك سۇ سايغا سىڭىپ كېتىپتۇ.

**ئۆستۈرگۈچ** ئى< بىيول > مىكرو ئورگانىزملارنى، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنىڭ توقۇلمىسىنىڭ ئۆسۈشىنى تەمىنلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئوزۇقلۇق تەركىبى، باشقا ئورگانىك ۋە ئانورگانىك ماددىلار.

**ئۆستۈرمەك** «ئۆسمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۆچەت ئۆستۈرمەك. دەرىجىسىنى ئۆستۈرمەك. مائاشىنى ئۆستۈرمەك. كادىرلىققا ئۆستۈرمەك. مال باھاسىنى ئۆستۈرمەك. سەۋىيەسىنى ئۆستۈرمەك.

**ئۆستۈرۈش** ئى ① <بىيول> تىرىك ھۈجەيرە ياكى مىكرو ئورگانىزملارنىڭ سۈنئىي ئۇسۇلدا كونترول قىلىنغان مۇھىتلاردا ئۆسۈش جەريانى. ②<ئەد> شېئىر مىسرالىرىنىڭ ئالدىنقىسىدا ئېيتىلغان ئوي - پىكىرنىڭ كېيىنكى مىسرالاردا كۈچەيتىلىپ بېرىلىشى.

**ئۆستۈرۈشمەك** «ئۆستۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇزۇن ئۆتمەي تەشكىل ئويلىشىپ، ئۇنى بۆلۈم مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈشتى.

**ئۆستۈرۈلمەك** «ئۆستۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نىزام ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ بىر ئورگىنىغا مەسئۇل كادىر قىلىپ ئۆستۈرۈلدى.

**ئۆسكىلەڭ** سۈپ ① بويى ئېگىز ئۆسكەن، بوي تارتقان، ئېگىز بويلۇق (ئادەملەر ھەققىدە): ئۆسكىلەڭ ئادەم. ئۆسكىلەڭ بالا. ② ئېگىز ئۆسكەن؛ ئۇزۇن (نەرسىلەر ھەققىدە): ئۇلار دەرەخلىق ئارىسىدىكى چىغىر يوللاردا ئۇزاق ماڭدى. ئۆسكىلەڭ ئوتلار گويا ئۇلارغا سالام بېرىشەتتى.

**ئۆسمە** ① سۈپ. ئۆسكەن ياكى ئۆسۈپ تۇرىدىغان، ئۆسىدىغان. ② ئى<تېب> جانلىقلارنىڭ مەلۇم قىسمىدىكى توقۇلما ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەت غەيرىي نورمال ئۆسۈشىدىن ھاسىل بولغان يېڭى ماددا. ئادەتتە ياخشى سۈپەتلىك ۋە يامان سۈپەتلىك ئۆسمە دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ.

**ئۆسمەك** پ ① ئۇرۇق، يىلتىز، قەلەمچە ۋە شۇنىڭدەكلەردىن ئۈنۈپ چىقماق، ئۈنۈپ راۋاجلانماق ياكى ئەسلىدىكى ھالىتىدىن ئېگىزلىمەك؛ ئايىنماق: بىر ئوبدان ئۆسكەن زىرائەتنى بىر دەمنىڭ ئىچىدە سۇ بېسىپ كەتتى. ② ھايات داۋامىدا چوڭ بولماق: ئۇ ئۆزى بىلەن بىر مەھەللىدە ئۆسكەن ھەمراھ دېگەن نامرات يىگىتنى ياخشى كۆرىدىكەن. ③ ئۇزۇن، ئېگىز بولماق؛ ئۇزۇنلىماق، ئېگىزلىمەك: ئۇنىڭ بويى خېلىلا ئۆسۈپ قالغانىدى. ④ يوغانلىماق، تەرەققىي قىلماق، چوڭايماق: بالىلار ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىگە يەتكەندە ئۇلارنىڭ بەدىنى تېز ئۆسۈپ، كۈچ - قۇۋۋىتى ئارتىدۇ. ⑤ يېتىلمەك، يېتىشمەك، پەيدا بولماق: مۇشۇ ئون يىل ئىچىدە ئابدۇكېرىم ھاجى، تۇرسۇن توختى ھاجى، ئابدۇۋايىت ھاجى قاتارلىق دوردگەرلەر ئۆسۈپ چىقتى. ⑥ ئاشماق، كۆپەيمەك، يۇقىرى كۆتۈرۈلمەك: جىرىملارنىڭ تۇتۇش نىسبىتى 95 پىرسەنتكە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 12 پىرسەنت ئۆستى. ⑦ كۆچمە. روھلانماق، شادلانماق؛ ئۆرلىمەك: كۆڭلى ئۆسمەك. ⑧ كۆچمە. ئەسلىدىكىسىدىن ئاشماق، يۇقىرى كۆتۈرۈلمەك، ئۆرلىمەك: ئورنى ئۆسمەك. ئىناۋىتى ئۆسمەك. مائاشى ئۆسمەك.

**ئۆسمۈر** ئى. ئۆسۈۋاتقان يەنى ئۆسۈپ يېتىلىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان بالا: ئۇ چاغلاردا مەن تېخى ئەمدىلا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئۆسمۈر ئىدىم.

**ئۆسمۈرلۈك** سۈپ. ئۆسمۈر يېشىدىكى، ئۆسمۈر باسقۇچىدىكى: ئۆسمۈرلۈك مەزگىل. ئۆسمۈرلۈك دەۋر. * ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بالىلىقى، ئۆسمۈرلۈكى ۋە ياشلىق چاغلىرى كەلدى.

**ئۆسمىشۇناس** ئى<تېب> ئۆسمىشۇناسلىق مۇتەخەس...

ــسىسى، ئالىمى.

**ئۆسمىشۇناسلىق** ئى<تېب> ئۆسمىنىڭ ھاسىل بولۇش سەۋەبلىرى، ئۆسۈشى، ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئۆسۈش** ئى<بىيول> جانلىقلارنىڭ مۇئەييەن تۇرمۇش شارائىتىدا ھەجمى ۋە ئېغىرلىقىنىڭ تەدرىجىي ئارتىشى. ئادەتتە ئۇ ئۆسۈش ھۈجەيرىلىرىنىڭ بۆلۈنۈپ، سانىنى ئارتتۇرۇشى ۋە چوڭىيىپ ھەجمىنى كېڭەيتىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

**ئۆسۈشمەك** «ئۆسمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۆسۈك** سۈپ. ئۆسۈپ كەتكەن، ئۇزۇن ئۆسكەن، ئۆسۈك-لۈك: ئۆسۈك ساقال. ئۆسۈك چاچ.

**ئۆسۈم** ئى<س ئىق> ئۆتنە - يېرىم پائالىيىتىدە قەرز ئالغۇچى قەرز بەرگۈچىگە تۆلەيدىغان ھەق. دىرنىڭ بەلگىلىك نىسبىتى بويىچە ھېسابلىنىدۇ.

**ئۆسۈمتە** ئى. دىيال. دەرەخلەردە پوقاقتەك چىقىپ قالىدىغان مۇدۇرچەك (كېسەللىك).

**ئۆسۈمسىز** سۈپ. ئۆسۈمى يوق، ئۆسۈم بېرىلمەيدىغان ياكى ئېلىنمايدىغان: ئۆسۈمسىز پۇل. ئۆسۈمسىز قەرز. * ئوبوروت مەبلىغى قىلىش ئۈچۈن، بانكىنىڭ تۆۋەن ئۆسۈملۈك ياكى ئۆسۈمسىز مەخسۇس قەرز بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

**ئۆسۈملۈك** I سۈپ. ئۆسۈمى بار، مەلۇم مۇددەت بويىچە ئۆ-سىدىغان: ئۆسۈملۈك قەرز. * قۇرۇلۇش بانكىسىدىن تۆۋەن ئۆسۈملۈك پۇل قەرز ئالدىم.

**ئۆسۈملۈك** II ئى<بوت> جانلىقلارنىڭ چوڭ بىر تۈركۈمى. بۇ خىل جانلىقلارنىڭ ھۈجەيرىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ھۈجەيرە پوستى بولىدۇ. ئادەتتە خىلوروفىلى بولىدۇ. كۆپچى-لىكى نېئورگانىك ماددىلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ، نېرۋىسى بولمايدۇ.

**ئۆسۈملۈك يېپىنچىسى** <بوت> مەلۇم رايوننىڭ يەر يۈزىنى قاپلاپ تۇرغان، مەلۇم زىچلىققا ئىگە بولغان نۇرغۇنلىغان ئۆ-سۈملۈكلەرنىڭ يىغىندىسى.

**ئۆسۈملۈكشۇناسلىق** ئى< بوت> ← **بوتانىكا.**

**ئۆشە** ئى. توشقان تۇتىدىغان تور: ئۆشە قويماق.

**ئۆشەمەك** پ. دىيال. قاپىقىنى تۈرمەك، دومسايماق، ئاچچىقلانماق،

**ئۆشرە** ئى [ئە] <دىن> ئىسلام دىنىدا ھەربىر ئائىلە ئۆز ئاشلىقىنىڭ ئوندىن بىرىنى دىنىي مۇئەسسەسەلەرگە ياكى كەمبە-غەللەرگە بېرىش بەلگىلەنگەن، بېرىلىدىغان مۇشۇ قىسىم ئۆشرە دېيىلىدۇ: ئۆشرىسىنى ئايرىماق. ئۆشرە بەرمەك. ئۆشرە ئالماق.

**ئۆشرە - زاكات** ئۆشرە ۋە زاكات: سايىم چوڭ ئۆيىگە يېقىنلاش-قان چاغدا، باشقا بىر سوئالنى سوراپ قالدى: قارىم، ئۆشرە - زاكاتنىڭ قانداق ساۋابى بار؟

**ئۆشرىچى** ئى. ئۆشرە يىغقۇچى.

**ئۆشنە** I ئى. مورە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى: ئىسمائىل سوپۇم ئېغىر خالتىسىنى ئۆشنىسىدىن ئېلىپ، ئىشىكنىڭ يېنىدىلا قويدى.

**ئۆشنە** II ئى [لات] <بوت> لىشايىنىكلارنىڭ بىر تۈرى. ئۆسۈملۈك تېنى يېپىسمان، دەرەخنىڭ شاخ، غوللىرىدىن تۆ-

ۋەنگە ساڭگىلاپ ئۆسىدۇ. رەڭگى كۈل رەڭ. نۇرغۇنلىغان ئىن-چىكە ھەم قىسقا يان شاخلىرى بولىدۇ. تۆۋى قىسمى بىلەن قارىغاي ياكى باشقا دەرەخلەرنىڭ قوۋزىقىغا يېپىشىۋالىدۇ. دورا قىلىنىدۇ. ئىسسىقنى تارقىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، قان توختىتىش، يۆتەل توختىتىش، بەلغەم بوشىتىش روللىرى بار.

**ئۆكەركە** سۈپ. دىيال. چىرايلىق، ئوماق.

**ئۆكتە** ئى. قارشى تەرەپنىڭ ئىش - ھەرىكىتىگە قارشى چىقىش مەقسىتىدە قىلىنغان نارازىلىق، قارشىلىشىش پائا-لىيىتى: ئۆكتە قوپماق. ئۆكتە قىلماق.

**ئۆكتەبىر** ئى [ر] < ئاستىر> ① قەدىمكى رىم خىرىستىد-يانچىلىرىنىڭ كاتتىباشلىرىدىن بىرىنىڭ نامى . ئۇ مىلادىيە كالىندارىنى تۈزۈشكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن بۇ ئاينى شۇنىڭ نامىدا ئاتىغان. ② مىلادىيە كالىندارى بويىچە 10 - ئاينىڭ نامى، ئونىنچى ئاي.

**ئۆكتەم** سۈپ. ئۇششۇقلۇق قىلىپ يۈرۈپ، باشقىلارغا ئۆز تەسىرىنى، سۆزىنى ئۆتكۈزىدىغان؛ بىشەم، ئۇششۇق: ئۆكتەم ئا-دەم. * بىز ئۇنداق ئۆكتەملەرگە قانۇننىڭ كۈچىنى كۆرسىتىپ قويىمىز.

**ئۆكتەملىك** ئى. بىشەملىك، ئۇششۇقلۇق، ئۆكتەملەرگە خاس قىلىق - ھەرىكەت: ئۆكتەملىك قىلماق. * ئۇ ئايشەمنىڭ دادىسىنىڭ قوپال مۇئامىلىسى ۋە ئۆكتەملىك بىلەن قىلغان سۆزىدىن چۆچۈپ قالدى.

**ئۆكتىچى** ئى. قارشى تەرەپنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە قارشى چىققۇچى، ئۇلار بىلەن قارشىلاشقۇچى: ئۆكتىچىلەر مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرى تىرىپولىغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاپ قېلىشى مۇمكىن. * ئۆكتىچى پارتىيە.

**ئۆكتىچىلىك** ئى. قارشى چىقىش، زوراۋانلىق قىلىش، قارشى تۇرۇش پائالىيىتى، زورلۇق: ئۆكتىچىلىك ئۆكتىچى پارتى-يەنىڭ تۈپ خاراكتېرى.

**ئۆكچە** ئى ① <ئانات> پۇتنىڭ تاپان قىسمى. ② ئاياغ كىيىمنىڭ پاشنىسى.

**ئۆكچىلىك** سۈپ. ئۆكچىسى بار، ئۆكچە چىقىرىپ تىكىل-گەن؛ پاشنىلىق: لۈكچەكلەر ئۇنى قاتتىق ئۆكچىلىك ئاياغلىرى بىلەن بىرھازا تېپىپ - دەسسىگەندىن كېيىن ياقىسىنى يىرتىپ، يۈرىكىنى تۇتۇپ كۆردى.

**ئۆكسۈتمەك** «ئۆكسۈمەك I » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-جىسى: ياغنى ئۆكسۈتمەك. گۆشنى ئۆكسۈتمەك.

**ئۆكسۈز** ئى. دىيال. يېتىم، تەمتىرەپ قالغان ئادەم.

**ئۆكسۈشمەك** «ئۆكسۈمەك II »پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۆكسۈك** سۈپ. دىيال. كەم، ئاز.

**ئۆكسۈكلۈك** ئى. دىيال. كەمنى تولدۇرىدىغان بۆلەك ياكى نەرسە.

**ئۆكسۈمەك** I پ ① مۆلچەرلەنگەن سانغا يەتمەي قالماق، كېمىيىپ قالماق: كىرىسلو ئېلىشقا پۇلۇم ئۆكسۈدى. ② تۈگىمەك، ئۈزۈلمەك، كەم بولماق: بۇ كۈنلەردە قىزنىڭ كۆزىدىن ياش ئۆكسۈ-مەيتتى.

**ئۆكسۈمەك** II پ. ئۆپكىدىمەك: ئۆكسۈپ يىغلىماق. *سىڭلىم كۆز يېشىنى ئېرتىپ، ئۆكسۈگەن پېتى سۆزدىن توختاپ قالدى.

**ئۆكۈز** ئى<زوئول> پىچىۋېتىلگەن بۇقا.

**ئۆكۈزنىڭ قۇلىقىغا تەمبۇر چالماق ← ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا راۋاب چالماق:** — نادانغا بۇنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ئۆزى ئۆكۈزنىڭ قۇلىقىغا تەمبۇر چالغاندەكلا بىر ئىش، — دېدى ئۇ زىيالىي ئەخمەتنىڭ گېپىگە قىستۇرۇپ.

**ئۆكۈزنىڭ قۇلىقىغا ساتار چالماق ← ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا راۋاب چالماق.**

**ئۆكۈزلۈك** سۈپ. ئۆكۈزى بار، ئۆكۈزگە ئىگە: توپاق چاغلىق بىرەر ئەركەك مال بېقىپ قويساق، ئۆزۈڭغا قالماي، بىر ئۆكۈزلۈك بولۇپ قالارمىز دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭمۇ جايىنى قىلىپ قويدۇق.

**ئۆكۈنچ** ئى. پۇشايمان قىلىش تۇيغۇسى تۈپەيلى مەيدانغا كېلىدىغان ئەپسۇسلىنىش، ئېچىنىش، خاپىلىق، غەمكىنلىك: ئۆكۈنچ ئىچىدە قالماق. * ئۇنىڭ قەلبىنى قانداقتۇر بىر ئۆكۈنچ چىرمىۋالغانىدى.

**ئۆكۈنچلۈك** سۈپ ① كىشىنى ئۆكۈندۈرىدىغان: ئۆكۈنچلۈك مەسىلە. ئۆكۈنچلۈك ئىش. ئۆكۈنچلۈك ۋەقە. ② ئۆكۈنچ تۇيغۇسى سىزىلىپ، چىقىپ تۇرىدىغان؛ ئۆكۈنچ ئىپادىلىنىدىغان، ئۆكۈنگەنلىكى ئۆزىدىن بىلىنىپ تۇرىدىغان: ئۆكۈنچلۈك ئاۋاز. ئۆكۈنچلۈك گەپ. * ئۇ قىز بۇ گەپنى ئۆكۈنچلۈك ئاھاڭدا قىلدى.

**ئۆكۈندۈرمەك** «ئۆكۈنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىز ئاشۇ تىلسىملارنىڭ سىرىنى ئاچار - ئاچمايلا قېرىپ كەتتۇق. مانا بۇ بىزنى ئۆكۈندۈرىدۇ.

**ئۆكۈنمەك** پ. بىرەر نەرسىدىن ياكى ئىشتىن قاتتىق پۇشايمان يېمەك، پۇشايمان قىلماق، ئەپسۇسلانماق؛ ئېچىنماق، نادامەت چەكمەك: ئۇ ئىمتىھانغا كېچىكىپ قالغىنىغا بەكمۇ ئۆكۈندى.

**ئۆكۈنۈشمەك** «ئۆكۈنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز بۇ ئىشتىن قاتتىق ئۆكۈنۈشتۇق.

**ئۆكىرەڭ** سۈپ. دىيال. ئاتنىڭ چوڭ - چوڭ سەكرەپ مېڭىشى.

**ئۆگە** ئى. تارس. دانىشمەن، ئاقىل: شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئوردا ئۆگىلىرى ئوردىدىن ھەيدىلىشكە، ئىشتىن چەتلىتىلىشكە ئۇچرىدى.

**ئۆگەتكۈچى** ئى. تەربىيە بەرگۈچى، تەلىم بەرگۈچى، ئۇستاز: شوپۇرلۇقنى ئۆگەتكۈچى مۇئەللىم يېتىپ كەلدى - دە، كۇرسانتلارغا سالام بەردى.

**ئۆگەتكۈزمەك** «ئۆگەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تەلەيباي نەچچە يىل يىغقان ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەرپ قىلىپ، مەدرىسە سالدۇرۇپ، خەلپەتكە ھەق بېرىپ، يۇرت بالىلىرىغا ئىلىم ئۆگەتكۈزۈپتۇ.

**ئۆگەتمەك** پ ① بىركىمگە بىرەر ئىش - ھەرىكەتنى قىلىش ئۇسۇلىنى، يولىنى، بىرنەرسىنىڭ، ئىش - ھەرىكەتنىڭ قائىدە - قانۇنىيىتىنى چۈشەندۈرمەك، بىلدۈرمەك: ھۈنەر ئۆگەتمەك. ناخشا ئۆگەتمەك. ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگەتمەك. ② بىرەر نەرسىنى چۈشەندۈرمەك، سىڭدۈرمەك ۋە شۇ ھەقتە تەلىم بەرمەك، ئادەتلەندۈرمەك: ئەدەپ ئۆگەتمەك. قائىدە ئۆگەتمەك. سالامغا ئۆگەتمەك. ③ يول كۆرسەتمەك، ئېيتماق: — مەن نېمە، مەن نېمە قىپتىمەن؟ — دېدى يۈسۈپچوڭ بوغۇلۇپ، — مەن ئۇنىڭغا ئېشىكنى سات دەپ ئۆگەتتىممۇ؟

**ئۆگەنچى** سۈپ. يېڭىدىن ئۆگىنىۋاتقان، تېخى خام: بولۇپمۇ ئۆگەنچى چالغۇچىلار ئۇ خىل ئۆلچەمسىز ياسالغان چالغۇلارنى ئىشلەتمەسلىكى لازىم.

**ئۆگەنمەك** پ ① بىرەر ئىش - ھەرىكەت قىلىش يولى، ئۇسۇلى ۋە بىلىم، تەجرىبە، ماھارەت قاتارلىقلارنى ئۆزلەشتۈرمەك، ئىگىلىمەك: ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەنمەك. تېخنىكا ئۆگەنمەك. ئىلىم ئۆگەنمەك. ② دىققەت ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ تەكشۈرۈپ ياخشى بىلمەك، چۈشىنىپ يەتمەك، چۈشىنىۋالماق: جەمئىيەتنى ئۆگەنمەك. تۇرمۇش ئۆگەنمەك. ③ ئىلمىي تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە بىرەر نەرسە ياكى ھادىسىنىڭ نېمىلىكىنى، خاراكتېرىنى، تەبىئىتىنى بىلمەك، تەتقىق قىلماق: ئۇيغۇر شېۋىلىرىنى ئۆگەنمەك. * ئۇ شىنجاڭغا چىقىپ ئىشلىگەن تۆت يىلنىڭ مابەينىدە تىلنىلا ئەمەس، يەرلىك خەلقنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ - ئادىتىنىمۇ پۇختا ئۆگەنگەنىكەن. ④ ئۆرنەك قىلماق، ياخشى دەپ قارالغان تەرەپلىرىنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلماق، ئۈلگە ئالماق: بىز ئۇلارنىڭ روھىدىن ئۆگىنىمىز. ⑤ بىرەر نەرسە ياكى ئىش - ھەرىكەت بىلەن دائىم شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ قالماق، ئۇنىڭغا ئادەتلەنمەك، كۆنمەك: يالغۇزلۇققا ئۆگەنمەك. * ئۇ ھەر قايسى بالىنىڭ ئۆزىگە خاس مىجەزىگە يارىشا مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەندى.

**ئۆگەي** سۈپ ① ئالدىدىكى بالىلارنىڭ ئۆز ئاتا ياكى ئاپىسى ئەمەس (بالىلارغا نىسبەتەن): ئۆگەي ئاتا. ئۆگەي ئانا. ② ھازىرقى ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بالىلارنى ئۆزى تۇغمىغان (ئاتا ياكى ئاپىغا نىسبەتەن): ئۆگەي ئوغۇل. ئۆگەي قىز. ③ بىر ئانىدىن تۇغۇلمىغان ياكى بىر ئاتىدىن بولمىغان، ئانىسى ياكى ئاتىسى باشقا (پەرزەنتلەر بىر - بىرىگە نىسبەتەن): نەچچە قېتىم ئۆلۈپلا تۈگىشەي دەپ ئويلىدىم. ئۆگەي بولسىمۇ يەنە شۇ ئىنىمغا تارتىشىپ، دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ كەلدىم. ④ كۆچمە. يات: باشقا يۇرتتىن كەلدى دەپ ئۆگەي كۆرۈپ قالارمۇ.

**ئۆگەيسىنمەك** پ. ئۆگەيلىك ھېس قىلماق، ئۆگەي كۆرمەك، ئۆگەي ھېسابلىماق: بالا ئۆگەيسىنىپ قالدى.

**ئۆگەيسىنىشمەك** «ئۆگەيسىنمەك»پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — بالىلار بەكلا جىمىغۇرلىشىپ كېتىشىۋاتىدۇ، ئۆگەيسىنىشىپ قېلىشمىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى قاسىم ئايالى سانىيەدىن.

**ئۆگەيلەتمەك** «ئۆگەيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەنمۇ ئۇنىڭ دادىسىغا ئوخشاش بالىغا بولغان ئامراقلىقىم بىلەن ئوغلۇمنى ئۆگەيلەتمەي دەپ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بويتاق ياشاپ كېلىۋاتاتتىم.

**ئۆگەيلەشمەك** «ئۆگەيلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يېڭى ئالغان ئايالىم ئۆگەيلىمىگىنى بىلەن، ئۇنىڭ بالىلىرى بالامنى ئۆگەيلىشىپ ئارام بەرمەيۋاتاتتى.

**ئۆگەيلەنمەك** «ئۆگەيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قىزىمنى جېنىمدىن ئارتۇق كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۆگەيلىنىپ قالمىسۇن دەپ قايتا ئۆيلەنمىگەنىدىم.

**ئۆگەيلىك** ئى ① ئۆز پۇشتىدىن بولمىغانلىقى، ئۆز قارىنىدىن چىقمىغانلىقى ئۈچۈن غەيرىي كۆرۈپ سوغۇق مۇئامىلە قىلىش، ئىللىق مۇئامىلە قىلماسلىق قىلمىشى: ئۆگەيلىك قىلماق. ② ياتلىق: ئۇنىڭ يىغىسى بۇ گۇناھكار دۇنيانىڭ رەھىمسىز ئۆگەيلىكى ئۈستىدىن قىلغان شىكايىتى، كۆتۈرگەن نالە - پەريادى

ئىدى.

**ئۆگەيلىمەك** پ ① ئۆگەي كۆرمەك، ئۆگەي ھېسابلىماق: بالىنى ئۆگەيلىمەك. ② يەكلىمەك، يات قاتارىدا ھېسابلىماق: بۇ بۆلۈمدىكىلەرنىڭ مېنى ئۆگەيلەيدىغانلىقىنى بىلمەن، ئەمما كېرەك يوق، ھازىر بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قالدىم.

**ئۆگزە** ئى. ئۆي ـ ئىمارەت تورۇسىنىڭ ئۈستى يۈزى، ئىما ـ رەتنىڭ تۆپىسى: ئۆينىڭ ئۆگزىسى.

**ئۆگزىسمان گۈل رېتى** <بوت> گۈل رېتىنىڭ بىر تۈرى. تۆۋەن تەرەپتىكى گۈللىرىنىڭ سېپى بىرقەدەر ئۇزۇن، ئۈستى تەرەپتىكى گۈللىرىنىڭ سېپى قىسقا بولۇپ، بارلىق گۈللەر بىر تەكشىلىكتە تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئالما، نەشپۈت، دولانىنىڭ گۈل رېتى.

**ئۆگزىلىك** سۈپ. ئۆگزىسى بار، ئۆگزىسى بولغان: ئۇلار كىچىك سېپىلغا ئوخشاپ كېتىدىغان دۈگىلەك تامنىڭ ئىچىدە تىزىلىپ قىزىل ئۆگزىلىك ئىمارەتلەرنى كۆردى.

**ئۆگسۈز** دىيال ① سۈپ. يېتىم، ئاتا ـ ئانىسى يوق. ② ئى. تەمتىرەپ قالغان ئادەم، تەمتىرەپ يۈرگەن كىشى.

**ئۆگۈ** ئى. تارس. ئۇيغۇر دۆلىتىدىكى بىر ۋىلايەتنىڭ ھۆكۈمرانىغا بېرىلىدىغان ئۇنۋان نامى.

**ئۆگۈن** رەۋ. سۆزلەۋاتقان پەيتتە ئۆتۈۋاتقان كۈننىڭ ئەتە ـ سىدىن كېيىنكى كۈن، يەنى ئەتىدىن كېيىنكى بىر كۈن: بۈگۈن ئۈنىمىسا ئەتە ئۈنا، ئەتە ئۈنىمىسا ئۆگۈنغۇ ئۈنا.

**ئۆگۈنكى** سۈپ. ئۆگۈن بولىدىغان، ئۆگۈن يۈز بېرىدىغان، ئۆگۈنلۈك: ئۆگۈنكى ئىش. ئۆگۈنكى ئەمگەك.

**ئۆگۈنلۈك** سۈپ. ئۆگۈن بولىدىغان، ئۆگۈن قىلىنىدىغان، ئۆگۈن يۈز بېرىدىغان، ئۆگۈنىگە ئاتاپ قويۇلغان: ئۆگۈنلۈك ئىش. ئۆگۈنلۈك تاماق.

**ئۆگۈنلۈككە** رەۋ. ئۆگۈنكى كۈندە، يەنى ئەتىدىن كېيىنكى كۈندە، ئۆگۈن: — شۇنداق قىلىپ ئۆگۈنلۈككە مەئىشەتكە ئۆتمەمدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

**ئۆگىتىشمەك** «ئۆگەتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەربىيلەر مەشىق جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارغا ھەرخىل قوراللارنى ئىشلى ـ تىشنى ئۆگىتىشتى.

**ئۆگىتىلمەك** «ئۆگەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — ھە، ئۇنىڭ كالىلىرى شۇنداق ئۆگىتىلگەن، — دېدى پادىچى خاتىرجەم ھالدا.

**ئۆگىنىش** ئى. ئادەمنىڭ ئىلىم ـ پەن، ھۈنەر ـ كەسىپ قا ـ تارلىقلارنى ئىگىلەش پائالىيىتى: ئۆگىنىش قىلماق.

**ئۆگىنىشمەك** «ئۆگەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىدارىدىكى ياشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنۋان ئېلىش ئۈچۈن بەس ـ بەس بى ـ لەن رۇس تىلى ئۆگىنىشتى.

**ئۆگىنىلمەك** «ئۆگەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كۇرستا بوغالتىرلىق تۈزۈمى بىلەن مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈملىرىگە دائىر بىلىملەر ئۆگىنىلدى.

**ئۆڭ** I ئى ① چىراي، يۈز، رەڭگى: ئۇلارنى ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ، قارا چاچ، 40 ياشلاردىكى خۇشخۇي بىر خانىم كۈتۈۋالدى. ② تېرىنىڭ تۈكسىز تەرىپى: ئۆڭ جۇۋا. ئۆڭ تۇماق.

**ئۆڭ تۇماق** تېرىنىڭ تۈكسىز تەرىپىنى سىرتىغا كەلتۈرۈپ تىكىلگەن، تېشى رەخت بىلەن تاشلانمىغان تۇماق.

**ئۆڭ جۇۋا** سىرتقى يۈزى رەخت بىلەن تاشلانمىغان جۇۋا: ئۇ كىرىپلا ئۇچىسىدىكى ئۆڭ جۇۋىنى سېلىۋېتىپ، ئاندىن ئوتقا يېقىنلاشتى.

**ئۆڭى ئۆچمەك** بىرەر ئىش ياكى قورقۇنچ تۈپەيلىدىن چىرا ـ يى، رەڭگى بىردىنلا بۇزۇلماق، ئۆزگەرمەك؛ تاتارماق: ئۇ ئۆڭى ئۆچكەن ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

**ئۆڭى يامان** بەدىنىگە جاراھەت چىقسا ياكى بىرنەرسە كې ـ سىۋەتسە ئاسان ساقايمايدىغان؛ ئۆڭى ناچار: ئۆڭى يامان ئادەم.

**ئۆڭ** II ئى. ئالدى، ئالدى تەرەپ: ئۇ ئىش ھازىرغىچە كۆز ئۆڭۈمدىن كەتمەيدۇ.

**ئۆڭەر** ئى. دىيال. چاپاننىڭ ئىچ ـ تاش پەشلىرى.

**ئۆڭتۈرتمەك** «ئۆڭتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئۆڭتۈرمەك** پ. ئىچىگە بىرەر نېمە قاچىلانغان نەرسىنىڭ ئاغزىنى پەسكە قاراتماق ياكى ئاغزىنى پەسكە، تەكتىنى ئۈستىگە قىلماق؛ دۈم قىلماق: چىنىنى جوزىغا ئۆڭتۈرۈپ قويماق.

**ئۆڭتۈرۈشمەك** «ئۆڭتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرى ـ جىسى: بىر نەچچە مېھمان پىيالىلىرىنى داستىخانغا ئۆڭتۈرۈشۈپ قويۇشتى.

**ئۆڭتۈرۈلمەك** «ئۆڭتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ناسىر ئارقىغا ئۆڭتۈرۈلۈپ، بېشىنى دېزىل موتورغا ئۇرۇۋالدى.

**ئۆڭدۈرمەك** «ئۆڭمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شەھە ـ رىمىزدە يامغۇر كۆپ ياغىدۇ، سىرلارنى يۇيۇپ كەتمىسىمۇ، ئۆڭدۈرۈۋېتىدۇ.

**ئۆڭسۆرۈن** سۈپ [ئۆڭ + سۆرۈن] سۆرۈن، سەت، يېقىم ـ سىز: روزىمەتنىڭمۇ چىرايى ئۆڭسۆرۈن ئىدى.

**ئۆڭسۈل** ئى. رەڭگىروي، چىراي: ئۆڭسۈلى ئۆچمەك.

**ئۆڭسۈلى ئۆچمەك** رەڭگىرويى تاتارماق، چىرايى بىردىنلا بۇزۇلماق: سىياسىي كومىسسار رادىيوگراممىنى بىر قۇر ئوقۇپ چىقتى ـ دە، ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ھالدا ئېغىر سۈكۈنات ئىچىدە ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى.

**ئۆڭسۈلى يوق** ئۆڭى ئۆچكەن، قورققان، ھولۇققان، تەشۋىشكە چۈشكەن: ئۇ قارا تەرگە چۆمۈلگەن بولۇپ، ئۆڭسۈلى يوق ئىدى.

**ئۆڭكەر** ئى. دىيال. كۆكرەكنىڭ ئىچكى قىسمى.

**ئۆڭكەيمەك** پ. دىيال. ئېڭىشمەك، دوڭغايماق.

**ئۆڭكۈر** ئى<جوغ> تاغ، تۆپىلىك قاتارلىقلاردىكى تەبىئىي ياكى سۈنئىي يوسۇندا چوڭقۇر ئويۇلغان جاي؛ غار.

**ئۆڭكۈرلۈك** سۈپ. ئۆڭكۈرى بار، ئۆڭكۈر شەكلىدە ياسال ـ غان: سەھنىنىڭ ئوڭ تەرىپى ئۆڭكۈرلۈك تام، سەككىز قىرلىق دۈگىلەك كىرىش ئورنى، ئارقىسى پېشايۋان، ئۆينىڭ پەنجىرلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

**ئۆڭكۈرمەك** پ. دىيال. دۈم قىلىپ ئارتماق.

**ئۆڭگە** ئى. تارس. ئاغىنە، دوست: مېلىڭ مىڭغا يەتكۈچە، ئۆڭگەڭ مىڭغا يەتسۇن (ماقال).

**ئۆڭگەك** سۈپ ① ناھايىتى ئاسان ئۆڭۈپ كېتىدىغان، رەڭگى پات ئۆڭىدىغان: ئۆڭگەك رەخت. ② كىشىگە ئۆڭگىلى ئارانلا تۇ ـ رىدىغان: ئۆڭگەك ئادەم.

**ئۆڭگۈل** سۈپ. دىيال. غەلىتە، بىرقىسما، بىر قانداق.

**ئۆڭلۈك** سۈپ. ئۆڭى بار، ئۆڭى بولغان: بۇغداي ئۆڭلۈك يىگىت. * سادىق ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك، قىسقا بۇرۇتى بار، قىرىق ياشلاردىكى بىر ئادەمنى تونۇۋالدى.

**ئۆڭمەك** پ ① ئەسلىدىكى رەڭگىنى يوقاتماق، ئۆزگەرمەك؛

ئۆچمەك: بۇ رەخت ئاسان ئۆڭىدۇ. ② تاتارماق، ئۆزگەرمەك، بۇزۇلماق، ئاقارماق (چىراي ھەققىدە): شەھەر باشلىقىنىڭ كىلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان قۇددۇسنىڭ چىرايى ئۆڭدى.

**ئۆڭۈپ - تاتىرىپ ← ئۆڭۈپ - ئۆچۈپ:** بۇنداق گەپلەر چىققاندا، ساۋۇتجان ئۆڭۈپ - تاتىرىپ كىتاب ئوقۇغان بولۇپ ئولتۇرۇۋالاتتى.

**ئۆڭۈپ - ئۆچۈپ** چىرايى ئۆڭۈپ ھەم تاتىرىپ: ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىردىنلا ئۆڭۈپ - ئۆچۈپ ھېچ ئولتۇرالماي قالدى.

**ئۆڭۈشمەك** «ئۆڭمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۆلەر - تىرىلىشكە قارىماي** قاتتىق ھېرىپ - چارچىشىغا، ئېغىر جەبىر - جاپا، ئېغىر ئاقىۋەتكە قېلىشىغا پەرۋا قىلماي: جېنى ئاز قالغان ئىت ئۆلەر - تىرىلىشكە قارىماي بەدەر قېچىپتۇ.

**ئۆلەرمەن** سۈپ. ئۆلەي دەپ قالغان، كۈچ - مادارىدىن كەتكەن، ئىنتايىن ئاجىز، جانسىز: ئۆلەرمەن ئادەم. ئۆلەرمەن ئات. * ئۆلەرمەن ئېشەك ئولتۇرۇپ تېپەر (ماقال). * ئۆلۈشتىن قورقما، ئۆلەرمەن بولۇپ ياشاشتىن قورق (ماقال).

**ئۆلەرمەنلىك** ئى. ئىشقا يارىماسلىق، جانسىزلىق، ئاجىزلىق.

**ئۆلەڭ** ئى. ناخشا؛ توي - تۆكۈندە ئېيتىلىدىغان بىر خىل خەلق ناخشىسى: يىراقتىن ئۆلەڭ ئاھاڭى ئاڭلىنىۋاتىدۇ. * ھاي - ھاي ئۆلەڭ، ھاي ئۆلەڭ، قىز كېلىدۇ يار سەنەم. * ھاي - ھاي ئۆلەڭ، ھاي ئۆلەڭ، تويلىشىڭدۇر، ئالتۇن بويلۇق گۈل يىگىت سىردىشىڭدۇر.

**ئۆلەڭچى** ئى. ئۆلەڭ ئېيتقۇچى كىشى: سورۇنغا پېشقەدەم ئۆلەڭچى قاسىمبېك كىرىپ كەلدى.

**ئۆلەڭلىمەك** پ. دىيال. يۆتكىمەك؛ تېرىماق.

**ئۆلەن** ئى. دىيال. خۇش پۇراق بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى، ئۇنى يېگىلى بولىدۇ.

**ئۆلەي** «ئۆلمەك» پېئىلىنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ مەيلىدىكى I شەخسنىڭ بىرلىكى.

**ئۆلەي دېمەك** قاتتىق قىينالماق، قىيىن ئەھۋالدا قالماق: ئىسسىقنىڭ دەردىدىن ئۆلەي دېدىم.

**ئۆلەي - ئۆچەي دېگەندە** ھېرىپ جېنى ئاز قالغاندا، مادارىدىن كەتكەندە: ئۆلەي - ئۆچەي دېگەندە، بىر - بىرىمىزنى يۆلەپ يۇرۇپ، خەلپە هارۇن رەشىدنىڭ سارىيىغا كەلدۇق.

**ئۆلتۈرگۈزمەك** «ئۆلتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەكسىيەتچى مەنچىڭ ھۆكۈمىتى چېرىك چىقىرىپ، نۇزۇگۇمنى تۇتۇپ كېلىدۇ ھەمدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ چېپىپ ئۆلتۈرگۈزىدۇ.

**ئۆلتۈرگۈزۈشمەك** «ئۆلتۈرگۈزمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۆلتۈرگۈزۈلمەك** «ئۆلتۈرگۈزمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۆلتۈرمەك** «ئۆلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تورپاقنى چىمدىپ ئۆلتۈرۈپتۇ(ماقال). * غەزەپلەنگەن بۆرە شۇ يەردىلا ھېيلىگەر تۈلكىنىڭ ئۆچەي - قارنىنى يېرىپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

**ئۆلتۈرۈشمەك** «ئۆلتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئادەملەر ھامان بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشەتتى.

**ئۆلتۈرۈلمەك** «ئۆلتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ بىر سوتكىلىق جەڭدە دۈشمەننىڭ 150 تىن كۆپرەك ئەسكىرى ئۆلتۈرۈلدى.

**ئۆلچەتمەك** «ئۆلچىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياغاچنى ئۆلچەتمەك. يەرنى ئۆلچەتمەك.* چۈشتىن بۇرۇن دوختۇرخانىغا بېرىپ قان بېسىمىمنى ئۆلچىتىپ كەلدىم.

**ئۆلچەش** ئى ① ئەسۋابلار ئارقىلىق بوشلۇق، ۋاقىت، تېمپېراتۇرا، تېزلىك قاتارلىقلارغا ئائىت سانلىق قىممەتلەرنى بېكىتىش. ② يەر شەكلى ۋە شەھەرلەرنىڭ ئورنىنى بەلگىلەشكىمۇ قارىتىلىدۇ.

**ئۆلچەش ئىلمى** <بىن> يەر يۈزىنىڭ ھەربىر قىسمىنىڭ ئورنى، شەكلى ۋە چوڭ - كىچىكلىكىنى ئۆلچەشنى ۋە ئۇنى قەغەزگە خەرىتە قىلىپ سىزىپ چىقىشنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئۆلچەش - سىزىش** <بىن> ئۆلچەش ئېلىپ بېرىش ۋە خەرىتە سىزىش ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئۆلچەشمەك** « ئۆلچىمەك »پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار يەر ئۆلچەشمەكتە ئىدى.

**ئۆلچەك** ئى. ئۆلچەم: ئۆينىڭ ئۆلچىكى بار، ئوتتۇرىسىدا كۆلچىكى بار (ماقال).

**ئۆلچەم** ئى ① نەرسىلەرنىڭ ھەجمى ياكى چوڭ - كىچىكلىكىنى بەلگىلىگۈچى نومۇر؛ رازمېر: كىيىم ئۆلچىمى. ئۆلچەمگە توشماق. ئۆلچەمنى تۆۋەنلەتمەك. ② شەيئىلەرنى ئۆلچەش ياكى ئۇنىڭغا باھا بېرىشتە تايىنىدىغان قانۇن - قائىدە، مىزان. ③ ئۆزى مۇۋاپىق دەپ قارىلىپ، باشقا شەيئىلەرنى سېلىشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان نەرسە ياكى شەيئى: ئۆلچەم تېشى.

**ئۆلچەم بىرلىكلىرى** شەيئىلەرنىڭ ھەجمى، چوڭ - كىچىكلىكى، ھەرىكەت ھالىتى، ئېغىرلىق ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدىغان ۋە ئومۇم تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان بىرلىكلەر. مەسىلەن، كىلوگىرام، سەر، مېتىر، سائەت، ئوم ۋە باشقىلار.

**ئۆلچەمسىز** سۈپ. ئۆلچەمگە توشمىغان ياكى توشمايدىغان، ئۆلچەم ئاساس قىلىنمىغان؛ لاياقەتسىز: ئۆلچەمسىز ئاياغ. ئۆلچەمسىز ئوق.

**ئۆلچەمشۇناس** ئى. ئۆلچەمشۇناسلىق مۇتەخەسسىسى.

**ئۆلچەمشۇناسلىق** ئى. ئۆلچەم سىستېمىسى ياكى ئۆلچەش ئۇسۇلى ھەققىدىكى پەن.

**ئۆلچەملەشتۈرمەك** «ئۆلچەملەشمەك»پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار ئالدى بىلەن كۆچەت تىكىلىدىغان يەرلەرنى تەكشى تۈزلەپ، يول، ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرى ۋە ئورمان بەلباغلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ، كۆچەتلەرنىڭ سۈپەتلىك تىكىلىشىگە ئاساس ياراتتى.

**ئۆلچەملەشتۈرۈشمەك** «ئۆلچەملەشتۈرمەك»پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ ناھىيەدىكى بازار باشقۇرۇش تارماقلىرى بازارنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۆلچەمسىز تارازىلارنى بىر تۇتاش ئۆلچەملەشتۈرۈشتى.

**ئۆلچەملەشتۈرۈلمەك** «ئۆلچەملەشتۈرمەك»پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تاۋارلار ئۆلچەملەشتۈرۈلدى.

**ئۆلچەملەشمەك** پ. ئۆلچەمگە مۇۋاپىقلاشماق، ئۆلچەملىك بولماق: تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى چوقۇم ئۆلچەملەشكەن تىلدا سۆزلەشتە، يېزىشتا باشلامچىلىق رول ئوينىشى لازىم.

**ئۆلچەملىك** سۈپ ① مۇئەييەن ئۆلچەمگە ئىگە بولغان، ئۆلچەم ئاساسىدا ئىشلەنگەن، ئۆلچەمدىكى: ئۆلچەملىك ئوغۇت.

* ئۇنداق بولسا ناھايىتى ياخشى، ئەگەر ئۆلچەملىك رەسىمنى تەلەپ قىلساڭلار بىر پارچە بېرەي. ② ئۆلچەم قىلىنغان، ئۆلچەم قىلىپ بەلگىلەنگەن: ئۆلچەملىك ۋاقىت.

**ئۆلچەملىك تىل** <تىل> مىللىي ئورتاق تىلىنىڭ پىششىقلانغان، قېلىپلاشتۇرۇلغان شەكلى، يەنى ئەدەبىي تىل.

**ئۆلچەملىك ۋاقىت** <ئاستر> ① بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەملىك ۋاقىت رايونى ئىچىدىكى ھەرقايسى جايلار ئورتاق ئىشلىتىدىغان ۋاقىت. ئادەتتە بۇ ۋاقىت رايونى ئوتتۇرىسىدىكى مېرىدىياننىڭ ۋاقتى ئۆلچەم قىلىنىدۇ. ② بىر دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ئورتاق قوللىنىدىغان ۋاقىت. ئادەتتە پايتەخت تۇرۇشلۇق ۋاقىت رايونىنىڭ ئۆلچەملىك ۋاقتى ئاساس قىلىنىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ ئۆلچەملىك ۋاقتى (بېيجىڭ ۋاقتى) شەرقىي 8 ـ ۋاقىت رايونىدىكى ئۆلچەملىك ۋاقىت بولۇپ، نۆل گىرادۇسلۇق باش مېرىدىيان جايلاشقان مەركىزىي ۋاقىت رايونىدىن سەككىز سائەت ئىلگىرى تۇرىدۇ.

**ئۆلچەنمەك** «ئۆلچىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دۇنيادا مۇھەببەتتىن ئۇلۇغ نەرسە بولمىسا كېرەك، ئۇنىڭ پاكلىقى ۋىجدان بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

**ئۆلچىمەك** پ ① نەرسىلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى، چوڭ-كىچىكلىكى، ئېغىرلىقى، ھەجمى ۋە شۇ قاتارلىقلارنى ئېنىقلىماق: سۇنىڭ مىقدارىنى ئۆلچىمەك. پاختىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچىمەك. *يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس (ماقال). * سايەڭگە قاراپ بويۇڭنى ئۆلچىمە (ماقال). ② كۆچمە. بىرەر مەسىلە ھەققىدە ئەتراپلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزمەك، ئۇنىڭ پايدىلىق ياكى زەرەرلىك تەرەپلىرىنى ھېسابقا ئالماق؛ مۆلچەرلىمەك: سابىر قاسىمنىڭ پىكرىنى ئۆلچەپ كۆرۈۋاتقاندەك قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلىنىپ تۇردى-دە، قاسىمغا قارىدى.

**ئۆلكە** I ئى. مەمۇرىي رايونلارنى بۆلۈش بىرلىكى، مەركەزگە بىۋاسىتە قارايدۇ.

**ئۆلكە** II سۈپ. ئېرىق، ئۆستەڭ سۈيى بىلەن تېرىلىدىغان، كۆكەرتىلىدىغان: ئۆلكە يەر.

**ئۆلكىلىك** سۈپ ① ئۆلكىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۆلكە دەرىجىلىك: خەتنىڭ ئاخىرىغا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ۋە باش قوماندان جىن شۇرېن دەپ قويۇلغانىكەن. ② ئۆلكىگە قاراشلىق، ئۆلكە قارىمىقىدىكى: ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن.

**ئۆلگۈچى** ئى. ئۆلگەن كىشى: كىشىلەر ئەپەندىمدىن ئۆلگۈچىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلسا، ئەپەندىم ئۇنىماپتۇ.

**ئۆلگۈدەك** رەۋ. ناھايىتى، ناھايىتى بەك، ئىنتايىن؛ قاتتىق: ئۆلگۈدەك قورقماق. ئۆلگۈدەك ئۇسساپ كەتمەك. * نۇرۇم بىلەن غۇنچەم بىر - بىرىنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرۈشەتتى.

**ئۆلگۈر** سۈپ. بىركىم ياكى نەرسىگە نىسبەتەن نارازىلىقىنى، نەپرىتىنى ئىپادىلەيدىغان، «ئۆلۈمگە لايىق، ئۆلۈمگە تېگىشلىك» دېگەن مەنىلەردىكى قارغىش سۆزى: مەن ئۇنى «ئۆلگۈر دەججال! يەنە جېدەل قىلىدىغان بولساڭ، قاماپ قويىمەن!» دەپ قورقۇتۇپ قويغانىدىم.

**ئۆلمەك** پ ① ھاياتى تۈگىمەك، ياشاشتىن توختىماق، قازا قىلماق؛ ھالاك بولماق: يېتىپ ئۆلگۈچە، ئېتىپ ئۆل (ماقال). ② يوق بولماق، يوقالماق، تۈگىمەك، تۈگەشمەك، نابۇت بولماق: يەرلەر شورلىشىپ كېتىپ زىرائەتلەر ئۆلدى. * نۇرغۇن ۋاقتىم ئۆلدى. ③ كۈچىدىن، رولىدىن قالماق؛ بىكار قىلىنماق: كىنو بېلىتى ئۆلدى. * ئەگەر پاختا، ئاشلىق بېلەتلىرى مۇشۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشلىتىلمىسە ئۆلىدۇ. ④ ئىناۋىتى، ئەھمىيىتى تۈگىمەك: شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئەمگىكىم ئۆلدى. * ئاشپەزچىلىك دېگەن ئۆلمەيدىغان ھۈنەر. ⑤ ئۆز خۇسۇسىيىتىنى، سۈپىتىنى، قەدرى - قىممىتىنى يوقاتماق؛ ئىشلەتكىلى بولمايدىغان ھالەتكە كەلمەك، چۈشۈپ قالماق: ئۆلگەن ئېلېكتىر مېيى. ئۆلگەن ھاك. ⑥ ناھايىتى قاتتىق بېرىلمەك، ئۆزىنى ئۇرماق: بالىلار كىنو دېسە ئۆلۈپ بېرىدۇ. * ئۇ بالىسى ئۈچۈن ئۆلۈپ بېرىدۇ.

**ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇماق** ئىشتىن بۇرۇن چارە - ئامال قىلماي، ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئامال ئىزدىمەك: ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇشنىڭ پايدىسى يوق. يولنىي تېپىپ كېتىشەلىسىلا مەيلىغۇ، زاھىتىمۇ يامان بالا ئەمەس.

**ئۆلۈپ تۇرماق** بىرەر نەرسىگە، ئىش - ھەرىكەتكە ھەددىدىن زىيادە بېرىلمەك؛ شۇنىڭغا يېتىشىنى ياكى قىلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلماق: كىچىك بالا دېگەن كىنو دېسە ئۆلۈپ تۇرىدۇ. *ئۇ دېگەن بىر توپ مەستانىسى، شۇڭا توپ دېسە ئۆلۈپ تۇرىدۇ.

**ئۆلمىگۈر** سۈپ «ئۆلۈشكە لايىق بولسىمۇ ئۆلمىگەن، ئۆلۈشكە تېگىشلىك تۇرۇپ ئۆلۈم كەلمىگەن، ئۆلۈشكە ھەقلىق» دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدىغان قارغىش سۆزى: ئۇن نەچچە كۈن بولدى، مېنى بۇ ئىككى ئۆلمىگۈر قاراقچى بۇلاپ بۇ يەرگە ئەكېلىۋالدى.

**ئۆلۈشمەك** «ئۆلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاپتوبۇس ياردىن چۈشۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈشتى.

**ئۆلۈك** ① ئى. ھاياتى تۈگىگەن كىشى، جانسىز تەن، ئۆلگەن ئادەمنىڭ جەسىتى؛ جەسەت: ئۆلۈكنى يۇماق. ئادەم ئۆلۈكى. * ھەركىم ئۆز ئۆلۈكى ئۈچۈن يىغلار (ماقال). ② ئى. ھايۋان، قۇرت - قوڭغۇز قاتارلىقلارنىڭ ئۆلگەن، جېنى چىققاندىن كېيىنكى تېنى؛ تاپ، مۇردا: ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەپتۇ (ماقال). ③ سۈپ. ھاياتىدىن، جېنىدىن ئايرىلغان؛ ئۆلگەن، جېنى چىققان، ھاياتى تۈگىگەن، جانسىز: ئۆلۈك ئات. ئۆلۈك ئېشەك. ④ سۈپ. كۆچمە. قارىسىغا، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئەمەس، جانلىق بولمىغان: لېكىن سىياسەتنى ئۆلۈك ھالدا قوللىنىشقىمۇ بولمايتتى. * ئۆلۈك يادلىۋالماق. ⑤ سۈپ. كۆچمە. ئاقمايدىغان، تىنىپ كەتكەن؛ بىر جايدا ئۇزۇن تۇرۇپ كەتكەن: ئۆلۈك سۇ. ⑥ سۈپ. دەسسىلىپ ناھايىتى يۇمشاق بولۇپ كەتكەن، ئۇۋاق ھەم يۇمشاق: ئۆلۈك توپا. ⑦ سۈپ. خۇنۇك؛ نۇرلۇق ئەمەس، جانسىز: ئۆلۈك كۆز.

**ئۆلۈك توپا** دەسسىلىپ ئۇۋاق، يۇمشاق بولۇپ كەتكەن توپا.

**ئۆلۈكتىن پەيشەنبىلىك تىلىمەك** قىلچە ئىمكانىيىتى يوق، قەتئىي مۇمكىن بولمايدىغان ئىشنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلماق: بۇ خۇددى ئۆلۈكتىن پەيشەنبىلىك تىلىگەندەك بىر ئىش بولدى-دە.

**ئۆلۈك سۇ** <سۇ> ئاقمايدىغان، ئايىغى چىقىرىلمايدىغان سۇ.

**ئۆلۈككە جان تىلىمەك** مۇمكىن بولمايدىغان بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن دەپ قۇرۇق ئاۋارە بولماق، مۇمكىن بولمايدىغان، ئىمكانىيىتى يوق ئىشتىن بىھۇدە ئۈمىد كۈتمەك: — سىز بۇ ئىشتىن ئۈمىد كۈتمەڭ، ئۆلۈككە جان تىلىمەڭ، پايدىسى يوق

ئۆكام، ـــ دېدى ئۇ ماڭا نەسىھەت قىلىپ.

**ئۆلۈك مال** <سودا> بېسىلىپ قالغان، سېتىلىش يولى راۋان بولمىغان كاسات مال.

**ئۆلۈكى ئارتۇق** مىڭ ھەسسە ياخشى، سېلىشتۇرۇپ مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدە ياخشى (كىشىلەرنى بىر ـ بىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا): ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن رەنانىڭ ئۆلۈكىمۇ ئارتۇق.

**ئۆلۈكىنى ئارتماق** ① قارشى تەرەپكە ئۆزىنىڭ ھەممە ئېغىرلىقىنى ئارتماق، ھەممە ئىشتا يۆلىنىۋالماق: ـــ ئۇنى ئاز دېگەندەك يەنە... ئۆلۈكۈمنى ئارتىپ خەلقئالەم ئالدىدا بېشىڭىزنى كۆتۈرەلمەس قىلىپ قويدۇم، ـــ دەپ سۆزلىگىلى تۇردى قىز. ② ئۇششۇق ـ لۇق قىلماق: ئەگەر ئۇنىڭغا تېگىپلا قويسىڭىز سىزگە ئۆلۈكىنى ئارتىدۇ.

**ئۆلۈكىنى ساتماق** ← **ئۆلۈكىنى ئارتماق**: ـــ بىزدىن پۇل تەلەپ قىلىشقا پېتىنىدىغان نەچچە جېنىڭ بار؟ ھوي ئۆلۈكىنى ساتىدىغان گاداي، ـــ دېدى ئەسكەر.

**ئۆلۈكخانا** ئى [ئۆلۈك+خانا] ئۆلۈك ساقلايدىغان، ئۆلۈكنى ۋاقىتىنچە قويۇپ قويىدىغان ئۆي: مېنى ھېلىقى ئۆلۈكخانىغا، دادامنى ئۇنىڭ يېنىدىكى ئامبارغا سولىدى. ئۇزۇن كېچە ئۇيقۇسىز ئۆتتى.

**ئۆلۈم** ئى. ئورگانىزمدىكى ھاياتىي پائالىيەتنىڭ توختىشى، تۈگىشى؛ تىرىك ئورگانىزم ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىشى؛ ھالاكەت، يوقىلىش: ئۆلۈم جازاسى. ۋاقىتسىز ئۆلۈم. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنماق.

**ئۆلۈم بۇرنىغا پۇرىماق** ئۆمرىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى، ئەجەلنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى تۇيماق، ئەجىلى توشۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلماق: ئورۇش دېگەندە ھەر مىنۇتتا ئۆلۈم بۇرنۇڭغا پۇراپ تۇرىدۇ.

**ئۆلۈم جازاسى** <قا> جىنايەتچىنى ھاياتىدىن مەھرۇم قىلىدىغان جازا.

**ئۆلۈمتۈك** سۈپ. ئۆلەر ھالەتكە يەتكەن، ئۆتە زەئىپ، نىمجان: ئۆلۈمتۈك خوتۇن. ئۆلۈمتۈك ئادەم.* كىم ئويلىسۇن، بۇ ئۆلۈمتۈك ئادەم ئارقىسىغا سەنتۈرۈلۈپ ئېرىققا دۈم چۈشتى ـ دە، باش ـ كۆزى قانغا بويالدى.

**ئۆلۈمتۈكلۈك** ئى. نىمجانلىق، زەئىپلىك، ئۆلەرمەن ھالەت: ئۇنىڭ ئۆلۈمتۈكلۈكى تۈپەيلىدىن، ئاخىر بۇ ۋەقە يۈز بەردى.

**ئۆلۈملۈك** ① ئى. مېيىتنى ئۈزىتىش ئىشى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن لازىم بولىدىغان رەخت، پۇل قاتارلىق نەرسىلەر: قاسىم ئاكا ئۆزىنىڭ ئۆلۈملۈكى ئۈچۈن ئاتاپ قويغان ئاخىرقى پۇللىرىنى زاۋۇت باشلىقىغا ئۇزاتتى. ② سۈپ. ئۆلۈم ھادىسىسى يۈز بەرگەن، ئۆلۈم چىققان: ئۆلۈملۈك ئۆي. ئۆلۈملۈك بولۇپ قالماق.

**ئۆلۈمنامە** ئى [ئۆلۈم + نامە] بىركىمنى ئۆلتۈرۈش، يوق قىلىش ھەققىدىكى ھۆكۈم ياكى بۇيرۇق؛ ئۆلۈم خەت: خەن دارىن سېپىت نوچىنىڭ قولىدىن مادوتەي يېزىپ بەرگەن ئۆلۈمنامىنى ئېلىپ ئوقۇپ، كۆڭلىدە خۇشال بوپتۇ.

**ئۆلۈم ـ يېتىم** ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن بولغان ئۆلۈم، مۇسىبەت: ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى.

**ئۆلىما ( ئۆلىماسى )** ئى [ئە] ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق تەلىماتلىرىنى بىلىدىغان، دىنىي جەھەتتىن يۇقىرى بىلىمگە ئىگە بولغان كىشى؛ دىنىي ئالىم: ئۇ 15 ياشقا كىرگەندە ھەممە كىتابلارنى ئوقۇپ، جىمى بىلىملەرنى ئىگىلەپ ئۆلىما بولۇپ يېتىشىپتۇ.

، **ئۆلىمالىق** سۈپ. ئۆلىمالاردا بولىدىغان، ئۆلىمالارغا خاس: بىر ئايدىن كېيىن «خەتمىقۇرئان» قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان كۈنۈم، مېنى كۆتۈپ تۇرغان ئۆلىمالىق شۆھرىتى، قازى مەنسەپلىرى ھەققىدە سۆزلەشتە قىلمايلا، دادامنىڭ مازىرىنى يوقلاپ روھىغا دۇئا قىلىش ئۈچۈن يەكەنگە ئاتلاندىم.

**ئۆم** سۈپ. بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدىغان، توپلىشىپ، ئىناق ياشايدىغان؛ ئىناق؛ ئىتتىپاق: ئۆم كىشىلەر. * بۇرۇن جاڭگالدا ياۋايى ھايۋانلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن، ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن شۇنداق ئۆم ئىكەنكى، ئاتا ـ بالا، ئاكا ـ ئۇكا، ئېگىچە ـ سىڭىل بولۇپ ياشايدىكەن.

**ئۆمە ـ دۆمە** دىيال. ئاددىيلا، غەيرىي رەسمىي.

**ئۆمەك** ئى. تەشكىلىي يوسۇندا مەلۇم بىر ئورتاق مەقسەت ئۈچۈن توپلاشقان كىشىلەر كوللېكتىپى ۋە شۇ كوللېكتىپ جايلاشقان ئورۇن: سەنئەت ئۆمىكى. ھال سوراش ئۆمىكى. ۋەكىللەر ئۆمىكى. تەكشۈرۈش ئۆمىكى.

**ئۆمەكلىك** سۈپ. ئۆمەك بولۇپ ئۇيۇشقان، بىرلەشكەن: ئۆمەكلىك ئىتنىڭ قۇيرۇقى دىڭ (ماقال).

**ئۆمەللەتمەك** I «ئۆمەللىمەك I » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خېمىرنى ئۆمەللەتمەك.

**ئۆمەللەتمەك** II «ئۆمەللىمەك II » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاغزىنى ئۆمەللەتمەك.

**ئۆمەللەشمەك** I «ئۆمەللىمەك I » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىزلار كېلىپ، تونۇرغا ياقىدىغان نانىنىڭ خېمىرىنى ئۆمەللەشتى.

**ئۆمەللەشمەك** II «ئۆمەللىمەك II » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئاغزىلىرىنى ئۆمەللەشتى.

**ئۆمەللەنمەك** I «ئۆمەللىمەك I »پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: خېمىر ئۆمەللەندى.

**ئۆمەللەنمەك** II «ئۆمەللىمەك II » پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: بۇ سۆز ئەزىز بەگكە سېھىردەك تەسىر قىلدى، دالاندا تۇرغان ئەسكەر ئارقىلىق جاللات چاقىرىشقا ئۆمەللەنگەن ئاغزى ئۆز زىيىنىغا ھەرىكەتلەندى ـ دە: «ئوردا بېگىگە ئېيت، ھاجىغا بىر كىمخاب تون ئاچىقىپ كىيدۈرسۇن!» دېدى.

**ئۆمەللىمەك** I پ. ئۇنىغا سۇ قۇيۇپ ئارىلاشتۇرماق: تەڭنىدىكى خېمىرنى ئۆمەللىمەك.

**ئۆمەللىمەك** II پ. ئېغىزنى مىدىرلىتىپ، گەپ قىلىشقا راسلىماق، تەمشەلمەك: نىجات ئاغزىنى نېمىدۇر دېيىشكە ئۆمەللىدى ـ يۇ، ھېچ نەرسە دېمەستىن يەرگە قارىدى.

**ئۆمچىكلىمەك** پ. دىيال. ئۆمەللىمەك II .

**ئۆمسە** سۈپ. غەلىتە، ئاجايىپ، بىرقىسىملا، بۆلەكچىلا: ھازىر شەھەردە پايلاقچىلار كۆپ، ئەگەر كوچىدا ياكى دەرۋازىنىڭ ئالدىدا يوچۇن، ئۆمسە كىشىلەرنى بايقىساڭ، كىرمەي يېنىپ چىق، سەگەك بولمىساق بولمايدۇ، ئۇكام.

**ئۆمسۈرۈن** سۈپ. دىيال. پاراكەندە، چىرايى تاتارغان.

**ئۆمكەن** ئى. دىيال. چوڭ ماللارنىڭ كۆكرىكى.

**ئۆمگەك** ئى. دىيال. لوققا، لىپىلداق، بوۋاق بالىنىڭ بېشىدىكى قاتمىغان يېرى.

**ئۆمگەن** ئى. دىيال. گۆرەن تومۇر.

**ئۆملەشتۈرمەك** «ئۆملەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خەلقنى ئۆملەشتۈرمەك. كىشىلەرنى ئۆملەشتۈرمەك. * يىگىت

پادىشاھلىق تەختكە چىققاندىن كېيىن خەلقنى ئۆملەشتۈرۈپ، بەخت يولىغا يېتەكلەپتۇ.

**ئۆملەشمەك** پ ① ئۆم بولماق، ئۆم ھالەتكە كەلمەك، جەم بولماق: زىنداندىكىلەر ئازاد قىلىنىپ، بالا- چاقىلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ خۇشال كۆرۈشۈپ ئۆملەشمەكتە. ② ئىناق، ئىتتىپاق بولماق؛ ئىتتىپاقلاشماق: شۇندىن تارتىپ ئۇلار تېخىمۇ ئۆملىشىپ، تىنچ - ئامان، خاتىرجەم ياشاشقا باشلاپتۇ.

**ئۆملۈك** ① ئى. ئىناقلىق ، ئىتتىپاق بولۇش، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىش، ئۇيۇشۇش، بىرلىشىش: ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە (ماقال). ② سۈپ . بىرلىكتە ئۆزئارا ئېلىپ بېرىلىدىغان، ھەرىكەتنىڭ ئىگىسى ئىككىدىن ئارتۇق ئادەم ياكى نەرسىدىن تەركىب تاپقان : ئۆملۈك دەرىجە.

**ئۆملۈك دەرىجە** <تىل> ئىككىدىن ئارتۇق ئادەمدىن تەركىب تاپقان گىراماتىك ئىگىنىڭ ئەسلىي ھەرىكەتنى بىر - بىرىگە قارىتىپ ياكى مۇسابىقىلىشىپ ئېلىپ بېرىشىنى ۋە ئەسلىي ھەرىكەتنىڭ ئىككىدىن ئارتۇق ئادەمدىن تەركىب تاپقان گىراماتىك ئىگە تەرىپىدىن ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدىغان دەرىجە. مەسىلەن، بېرىشتى، ئىشلىشىپ بەردىگە ئوخشاش.

**ئۆملۈك سان** <تىل> شەيئىنىڭ بىر توپىنىڭ سانىنى بىلدۈرگۈچى سۆزلەر. مەسىلەن، ئۈچەيلەن، بەشەيلەن دېگەنگە ئوخشاش.

**ئۆمۈچۈك** ئى<زوئول> بوغۇم پۇتلۇق ھايۋان. تېنى يۇمىلاق ۋە سوقچاق. تور سېلىپ ھاشارات تۇتىدۇ. ئۆيىنىڭ تورۇسلىرىدا، ئوت-چۆپ ئارىسىدا ياشايدۇ.

**ئۆمۈر** ئى [ئە] تۇغۇلغاندىن تا ئۆلگۈچە بولغان ۋاقىت، دەۋر، ھايات: ئۆمۈر بويى. ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمەك.

**ئۆمرىگە كېلىپ** تۇغۇلۇپ: باقى ئۆمرىگە كېلىپ بۇنداق ئېگەرنى ياساپ باقمىغانىكەن.

**ئۆمۈر بويى** تۇغۇلغاندىن تارتىپ تا ئۆلگۈچە، پۈتۈن ھاياتى داۋامىدا، بىر ئۆمۈر، پۈتۈن ئۆمۈر: ئۆمۈر بويى ئىشلىمەك.

**ئۆمۈر سودىسى** نىكاھ ئىشىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئېيتىلىدۇ: زەگەر قىز تەرەپ ۋەكىلىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، «توي دېگەن ئۆمۈر سودىسى» دېگەننى قوشۇپ قويدى.

**ئۆمۈرلۈك** ① سۈپ. بىر ئۆمۈر داۋام قىلىدىغان، ئۆمۈرۋايەتلىك: ئۆمۈرلۈك دوست. ئۆمۈرلۈك ئىش. ئۆمۈرلۈك كەسىپ. ئۆمۈرلۈك ھەمراھ. * يامانلىق — بىردەملىك، ياخشىلىق — ئۆمۈرلۈك (ماقال). ② رەۋ. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئۆمۈر بويى؛ ئەبەدىي: ئۇ بۇگۈن يەنە ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئۆمۈرلۈك سېتىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ③ ئى. ئۆمۈر بويى بىللە ئۆتىدىغان كىشىسى، جۈپتى (شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ): — چۈنكى ئۆز ماكانىمدا ئۆمۈرلۈكۈم سەئىدە يولۇمغا تەلمۈرۈپ قالغان، — دەپتۇ سەلەي.

**ئۆمۈرۋايەت** رەۋ [ئە] ① ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئۆمرى تۈگىگۈچە، ئۆلگەنگە قەدەر؛ تا ئۆلگۈچە: ئۆمۈرۋايەت كۆرۈشمەسلىك. ② مەڭگۈ، ئەبەدىي: ئۇ بۇ يەرگە ئۆمۈرۋايەت كەلمەيدۇ.

**ئۆمۈرۋايەتلىك** ① ئى. ئۆمۈر بويى مەشغۇل بولىدىغان ئىش، كەسىپ: لېكىن بۇ گۇندىپاي بولسا مۇشۇ ئىشنى ئەڭ ياخشى كەسىپ دەپ قاراپ، ئۆمۈرۋايەتلىككە تاللىۋالغانىدى. ② سۈپ. ئۆمۈر بويى داۋام قىلىدىغان، ئۆمۈرلۈك: بۇ — ئۆمۈرۋايەتلىك ئىش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىدىغان، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان روھ بولمىسا، بۇنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. ③ رەۋ. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن بىر ئۆمۈر، ئۆمۈر بويى، ئۆمۈرۋايەت؛ مەڭگۈ، ئەبەدىي: مەن سىزنى ئۆمۈرۋايەتلىك بەختلىك قىلىدىغانلىقىمغا ئىشىنەمسىز؟

**ئۆمۈلدۈرۈك** ئى ← **كەمەلدۈرۈك**.

**ئۆملاقمان** رەۋ. دىيال ① ئالدىراش، ئالدىراپ - تېنەپ، نېرى - بېرىسىنى ئويلىشىپ يۈرمەيلا، دەرھال. ② قالايمىقان، چېچىلاڭغۇ.

**ئۆملەتمەك** «ئۆملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالىنى ئۆملەتمەك. جەڭچىلەرنى ئۆملەتمەك.

**ئۆملەشمەك** «ئۆملىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىر چاي قاينىمى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مەست بەڭگىلەر ئۆملىشىپ تالاغا چىقىپ قارىسا، ھېلىقى خوتۇن ھېچ يەردە كۆرۈنمەپتۇ.

**ئۆملىمەك** پ. گەۋدىسىنى يەرگە تەگكۈزۈپ، پۇت بىلەن ئىتتىرىپ، قول بىلەن تارتىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەك، ماڭماق: جەڭچىلەر دۈشمەنىنىڭ سىم توساقلىرىدىن ئۆملەپ ئۆتتى.

**ئۆنجەمەس** سۈپ. دىيال. كۈن ئاتلىماي تۇغىدىغان، سىجىل، ئۇدا.

**ئۆنچە** ئى. پىشقاندىن كېيىن ئورۇۋېلىنغان، تېخى تېپىلمىگەن بۇغداي: دادام ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ، خامانغا بېرىپ ئۇلاغنىڭ ئايىغىغا ئۆنچە سېلىۋاتاتتى.

**ئۆندە** سۈپ. دىيال. يامان، قالتىس، كارامەت.

**ئۆندەرەتمەك** «ئۆندەرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شار - شۇر قىلىپ ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان سۇ سائادەتنى ئۆندەرىتىۋەتتى.

**ئۆندەرەشمەك** «ئۆندەرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۆندەرىشىپ ئويغانغان كىشىلەر ئېتىلىۋاتقان ئوقلار ئاۋازىغا قاراپ خېلىدىن بېرى كوچىلارغا چاپلانغان تەشۋىقات ۋەرەقىسىدىكى گەپلەرنىڭ بۈگۈن ھەقىقەتكە ئايلانغانلىقىغا ئىشەندى.

**ئۆندەرىمەك** پ ① ئالدىرىماق؛ تەمتىرىمەك، ھولۇقماق؛ تېنىمەك: ئۆندەرىمەي سۆزلەڭ. ② چۆچۈمەك: بالا ئۆندەرەپ ئويغىنىپ كەتتى.

**ئۆندۈلۈك** ئى. دىيال. خاتالىق، سەۋەنلىك.

**ئۆھۆ** ئىم. قاتتىق يۆتەلگەندە چىقىدىغان كۈچلۈك ھەم قىسقا ئاۋاز: ئۆھۆ، ئۆھۆ قىلىپ يۆتەلمەك.

**ئۆۋەر** ئى. دىيال. كۈنگەي.

**ئۆۋەك** ئى. دىيال. يۆلەنچۈك.

**ئۆي** ئى ① ياشاش ياكى تۈرلۈك تەشكىلات، مۇئەسسەسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ جايلىشىشى ئۈچۈن تەييارلانغان ئىمارەت، بىنا: ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي. * ئۆيگە ئوغرى كىرگەندە ئىتنىڭ سىيگۈسى كەپتۇ (ماقال). * قىزلىق ئۆيگە قىرىق ئات باغلىنار (ماقال). ② بىنا، ئىمارەت ئىچىدىكى ھەربىر خانا: يورۇق ئۆي. كەڭ ئۆي. * قىز بىر ئۆيدىن چىقىپ، ئىككىنچى بىر ئۆيگە كىرىپتۇ. ③ بىرەر ئىجتىمائىي تەلەپنى قاندۇرۇشقا قارىتىلغان مۇئەسسەسە، ساراي: مەدەنىيەت ئۆيى. دەم ئېلىش ئۆيى. باللار ئۆيى. پىيونېرلار ئۆيى. ④ ئائىلە؛ خانىدان: ئۆي تۇتماق. ئۆيى بۇزۇلماق. *قىرىق ئۆي قۇدا بولسا، قىرىق يىل قىرغىن بولماس (ماقال).

**ئۆي ئايرىماق** ئايرىم ئۆي تۇتماق، بۆلەك ئولتۇرماق.

**ئۆي بولماق** مەڭگۈ ئەر- خوتۇن بولۇپ بىللە ياشىماق، بىللە ئۆتمەك: — ئۆزىڭىز تاللاڭ، مەن بىلەن ئۆي بولامسىز ياكى ئاجرىشامسىز؟ ئۆي بولىمەن دېسىڭىز، هازىر مەن بىلەن بىللە مېڭىڭ، — دېدى سادىر گۈلخانغا.

**ئۆي تۇتماق** تۇرمۇشلۇق بولماق، ئەر - خوتۇن بولماق: ئۆي تۇتساڭ بالاغا قالدىڭ، تۇتمىساڭ تالادا قالدىڭ (ماقال).

**ئۆي تۆشۈكى** دىيال. ئۆي ئىشلىرى، ئاشخانا ئىشلىرى.

**ئۆي چېيى** يېڭى ئۆيدە ئولتۇرغانلىقى ياكى باشقا بىر ئۆيگە كۆچۈپ كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان چاي: — قاسىمجان يەكشەنبە كۈنى ئۆي چېيى ئۆتكۈزمەكچى ئىكەن، بۈگۈن تەييارلىق ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىشىمىزنى جېكىلەپ قويۇپ كەتتى، — دېدى ئۇ.

**ئۆي كۆتۈرمەك** ئۆيدىكى كىگىز - پالاس، يوتقان - كۆرپە قاتارلىقلارنى سىرتقا ئاچىقىپ قېقىپ تازىلاپ، ئۆيلەرنى سۈپۈرۈپ تازىلىق قىلماق: بۇ كۈنى ئاياللارنىڭ ئىشى تېخىمۇ كۆپ. نان - پان يېقىپ، كىر- قات يۇيۇپ، ئوچاق - تونۇر باشلىرىنى سۇۋاپ، ئۆي كۆتۈرۈپ تازىلىق قىلىدۇ.

**ئۆينى بېشىغا كىيمەك** ئۆيگە بىر كەلگۈدەك ۋارقىرىماق، ۋارقىراپ - جارقىراپ غەلۋە قىلماق: پەرهات: «بوۋام كەپتۇ، بوۋام كەپتۇ، نېمىشقا قابىلنى ئەكەلمىدىڭلار» دەپ ئۆينى بېشىغا كىيدى.

**ئۆينى پىرقىراتماق** ئائىلىنى قىينالماستىن باشقۇرماق: ئۆزى كىچىك بولغىنى بىلەن خېلى جىگىرى بار بالا ئىكەن، قاراڭلار، شۇنچە چوڭ بىر ئۆينى پىرقىرىتىۋاتىدۇ.

**ئۆينى تەۋرەتمەك ← ئۆينى چۆرگۈلەتمەك:** نىكولاي پادىشاھ يېزىلاردا ساپلا قېرى - چۆرىلەرنى قالدۇرۇپ، كۈچكە تولۇپ قاتارغا قوشۇلغان، ئۆينىڭ ئىشىنى قولىغا ئېلىپ، ئۆينى تەۋرىتىپ تۇرغان ئىشچان ياشلارنى ئەكېتىپ، يېزا تېرىقچىلىقىنى بۇزماقچى بولدى.

**ئۆينى چۆرگۈلەتمەك** پۈتۈن ئائىلىنى باشقۇرماق، بىر ئائىلىنىڭ بار - يوقىنى تېپىپ قامدىماق، باقماق: ئۇ دېگەن بىر ئۆينى چۆرگۈلىتىدىغان ئەر.

**ئۆينى ئوچاق قىلىۋەتمەك** جېدەل چىقىرىپ، ئۆينى بىر ئالماق، قالايمىقان قىلىۋەتمەك؛ جېدەل چىقىرىپ، ئۆينى بېشىغا كىيمەك.

**ئۆيگە چاشقان كىرسە يامانلاپ چىقىدۇ** ئۆينىڭ ئىچىدە كىشى يېگۈدەك ياكى كىشىگە يارىغۇدەك هېچ نەرسە يوق، ئۆينىڭ ئىچى قۇرۇق، ئىنتايىن نامرات: — كەچۈرۈڭلەر، ئۆيۈمگە باشلىيالمىدىم، چۈنكى هازىر ئۆيۈمگە چاشقان كىرسە يامانلاپ چىقىدۇ، — دېدى ئۇ ئىنتايىن خىجىل بولۇپ.

**ئۆيە** ئى. دىيال. مەڭگەن، بۇغداي پاخلى.

**ئۆي- ئەنجام** ئۆي ۋە ئەنجام: — مانا بۇ، كوممۇنىستلار مېنىڭدىن تارتىۋېلىپ يالاڭ تۆشلەرگە بۆلۈپ بەرگەن يەر - زېمىن، مال - ۋاران ۋە ئۆي - ئەنجاملارنىڭ تىزىمى، — دېدى بەگ.

**ئۆي- بىسات** ئۆي ۋە ئۆي ئىچىدىكى تۇرمۇشقا لازىم بولىدىغان بارلىق نەرسە - كېرەكلەر: مەن سىزنى نىيازنىڭ يېنىغا ئەكىرەي، ئۇنىڭ ئۆي - بىساتلىرىنى كۆرۈپ بېقىڭ، ئۇلارنى كۆرسىڭىز خۇددى جەننەتكە كىرىپ قالغاندەك بولىسىز!

**ئۆي- جاي** ئۆي ۋە ئۆينى ئۆز ئىچىگە ئالغان هويلا هەم ئۇنىڭ دائىرىسىگە كىرىدىغان باغ - ۋاران قاتارلىقلار: ئۆي - جاي قىلماق. * يېزىلارنىڭ ئۆي - جاي قۇرۇلۇشىغا ئەهمىيەت بېرىش كېرەك.

**ئۆي- سەرەمجان** ئۆي ۋە سەرەمجان: بىر قاتار ئۆي - سەرەمجانلىرىدىن باشقا ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنىڭ هەممىسى مۇشۇ ئۆينىڭ ئىچىدە تۇراتتى.

**ئۆيسەن** ئى. دىيال. ئۆي سايان، ئۆي تەرەپ.

**ئۆيسىز** سۈپ. ① ئۆيى يوق، ئۆيى بولمىغان، ئۆيگە ئىگە ئەمەس. ② ئۆيدىن ئايرىلغان: ئىچكى ئۇرۇش تۈپەيلى ئۇ يەردە ئۆيسىز پۇقرالار كۆپىيىشكە باشلىدى.

**ئۆيسىزلىك** ئى. ئۆيى يوقلۇق، ئۆيگە ئىگە بولالماسلىق، ئۆيدىن ئايرىلغانلىق: دەرۋەقە، ئۆتۈپ كەتكەن بۇ بىر ئايدىن بېرى، ئۆيسىزلىك، دوستسىزلىق ۋە پۇلسىزلىقنىڭ ئازابىنى بولۇشىچە تارتتىم.

**ئۆيسىز- ماكانسىز** ① ئۆي - ماكانى يوق، ئۆي -ماكانى بولمىغان. ② ئۆي - ماكاندىن ئايرىلغان، سەرسان.

**ئۆيلەك** ئى. دىيال. ئۆي ئورنى، ئۆي ئورنىغا تاللانغان يەر.

**ئۆيلەڭ** ئى. دىيال. سازلىق، چىملىق.

**ئۆيلەندۈرمەك** «ئۆيلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد - جىسى: جامائەت ئۇنى جاهاندىن ئەۋلادسىز كەتمىسۇن دەپ، رەۋىخان دېگەن بىر تۇل ئايالغا ئۆيلەندۈرۈپ قويغانىدى.

**ئۆيلەنمەك** ① «ئۆيلىمەك»پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى. ② بىرەر قىز ياكى ئايالنى ئۆز نىكاهىغا — خوتۇنلۇققا ئالماق، ئائىلە قۇرماق (ئەر كىشى هەققىدە): ساۋۇتخان ئۇستام ئاكىسىدىن ئىككى يىل كېيىن چولپان ئىسىملىك مەڭزى ئاناردەك يېزىلىق قىزغا ئۆيلەندى.

**ئۆيلۈك** سۈپ ① ئۆيى بار، ئۆيگە ئىگە: — هازىرچە جايلىشىپ تۇرسۇن، ئۇلار بۇ ئۆيلەردە ئۇزۇن ئولتۇرمايدۇ، كېيىن يەر كۆرسىتىپ بەرسەك، ئۆيلۈك ۋە باغ - ۋارانلىق بولۇپ قالىدۇ، — دېدىم كاتىپقا. ② ئۆي چۈشىدىغان، ئۆي سىغىدىغان: — شۇنچە كەڭ يېزىدىن مۇئەللىم پاتقۇدەك ئۆيلۈك زېمىن چىقمامدىكەن! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ. ③ ئۆيلەردىن تەشكىل تاپقان، ئۆيلەردىن ئىبارەت: يۈز ئۆيلۈك مەهەللە. * بىزنىڭ يېزىدا ئوتتۇز ئۆيلۈك ئادەم بار. ④ ئۆي تۇتقان، ئائىلە قۇرغان، توي قىلىپ ئائىلىۋى تۇرمۇش كەچۈرگەن: ئۆيلۈك بولماق.

**ئۆيلۈك- ئوچاقلىق** توي قىلغان، ئۆي ۋە خوتۇن، بالىلىرى بولغان: ئۆيلۈك - ئوچاقلىق ئادەم. ئۆيلۈك -ئوچاقلىق بولماق.

**ئۆيلىمەك** پ. خوتۇن ئېلىپ بەرمەك: ئوغۇل ئۆيلىمەك. * ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئۈچ يىلدىن كېيىن ئاتا - ئانام مېنى ئۆيلەپ قويدى.

**ئۆيلىنىشمەك** «ئۆيلەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇزۇن ئۆتمەي، مۇسانىڭ ساۋاقداشلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئۆيلىنىشتى.

**ئۆي- ماكان** ئۆي ۋە ماكان، ئۆيى جايلاشقان، ئولتۇراقلاش - قان تۇرالغۇ جايى: ئۆي - ماكاندىن ئايرىلماق.

**ئۆي- ماكانسىز** ①ئۆي - ماكانى، تۇرالغۇسى يوق، ئۆي - ماكانى، تۇرالغۇسى بولمىغان. ② ئۆي - ماكاندىن ئايرىلغان: ئۇ خوتۇن - بالىلىرىنىڭ يۈزىگە قارىيالماي، ئۆي - ماكانسىز بىر سەرگەردان بولۇپ كەتكەنىكەن.

**ئۆي- ماكانسىزلىق** ئۆي - ماكانى يوقلۇق، تۇرالغۇسى بولماسلىق: شۇنىڭ بىلەن بىز ئۆي - ماكانسىزلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتۇق.

**ئۆي- ماكانلىق** ئۆي -ماكانى بار، ئۆي- جايغا ئىگە: ئۆي - ماكانلىق كىشى. ئۆي - ماكانلىق بولۇپ قالماق.

**ئۆيمەك** پ. كۆڭلى بىرقىسما بولماق، بىئارام بولماق؛ تەشۋىشلەنمەك، ئەندىشىگە چۈشمەك، ئەنسىرىمەك: ئۇلار كۆڭلى ئۆيگەن هالدا بىر - بىرىگە قاراشتى.

**ئۆيمۇئۆي** ئۆيدىن ئۆيگە كۆچۈپ، بارچە ئۆيلەرنى ئايلىنىپ، ھەممە ئۆيلەرنى كېزىپ: ئۆيمۇئۆي ئىزدىمەك. ئۆيمۇئۆي كىرمەك. ئۆيمۇ ئۆي ھېيتلىماق.

**ئۆي- مۈلۈك** ئۆي ۋە مۈلۈك، تۇرمۇشقا كېرەكلىك بولغان نەرسىلەر: ئاچىلىرىم ئۆزلىرىگە ئۆي - مۈلۈك قىلدى، تۇرمۇش قۇردى.

**ئۆي- ئوچاقلىق** تۇي قىلغان، تۇرمۇش قۇرغان، ئۆي تۇتقان: ئۆي - ئوچاقلىق ئادەم. ئۆي - ئوچاقلىق بولماق.

**ئۆي- ئورتاقلىق** ← **ئۆي- ئوچاقلىق.**

**ئۆيۈك** ئى. دىيال. دەريانىڭ كېچىكى، دەريانىڭ ئۆتىدىغان يېرى.

**ئۆيۋاق** ئى. ئۆي ۋە ئۇنىڭ دائىرىسىدىكى باغ - ۋاران، قورۇ - جاي قاتارلىقلار: ئۆيۋاقنى سېتىۋەتمەك.

**ئۆيۋاقلىق** سۈپ. ئۆيۋاقى بار، ئۆيۋاقى بولغان: ئۆيۋاقلىق ئادەم.* ئۇنىڭ دادىسى خېلى ئوبدان ئۆيۋاقلىق ئادەمنىڭ پۇشتى بولۇپ، باياشات ئىچىدە چوڭ بولغانىدى.

**ئۆي- ئىمارەت** ئۆي ۋە ئىمارەت: ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشى.

# ئۆ

**ئۆ** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ يىگىرمە سەككىزىنچى ھەرپى ۋە شۇ ھەرپىنىڭ نامى.

**ئۆت** ئال. دىيال. ئۆيەر، ئۆياق.

**ئۆتلەتمەك** «ئۆتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەركىن ئوغلى تۇرسۇنجان ئارقىلىق ئۆتلىتىپ تەييار قىلغان قۇربانلىق قوينىڭ باش ـ پاقالچىقىنى ئۆز قولى بىلەن پاكىز يۇدى ـ دە، قازانغا سالدى.

**ئۆتلەشمەك** «ئۆتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قۇربانلىق قوينىڭ باش ـ پاقالچىقىنى ئۆتلىشىۋاتقان باللار چوڭلاردىنمۇ ئالدىراش كۆرۈنەتتى.

**ئۆتلەنمەك** «ئۆتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇزۇن ئۆتمەي، قوينىڭ باش ـ پاقالچاقلىرىمۇ باللار تەرىپىدىن ئۆتلىنىپ تەييار قىلىندى.

**ئۆتلىمەك** پ. قوي ۋە كالىنىڭ باش ـ پاقالچاقلىرىنى ئوتقا تۇتۇپ، تۈكلىرىنى كۆيدۈرۈپ تازىلىماق؛ قۇيقىلىماق: كاللا ئۆتلىمەك. باش ـ شىراق ئۆتلىمەك.

**ئۆجەن** ئى. ھايۋانلارنىڭ قۇيرۇق ئومۇرتقىسى.

**ئۆجمە** ئى <بوت> ① ئۆجمە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. مېۋىسى ئاق ياكى قارا قوڭۇر بولۇپ، تاتلىق كېلىدۇ. ئادەتتە ئىستېمال قىلىنىدۇ. يۇمران شېخى، يىلتىز پوستى، يوپۇرمىقى ۋە مېۋىسى دورا قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ئۆجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش دېمەك** ئەمگەك قىلماي، تەييارنى يەپ تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلماق: ئۆجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش دەيدىغانلارغا زادى ياخشى كۈن يوق.

**ئۆجمە كۆكۈل** ئوي ـ تۇيغۇسىنىڭ تايىنى يوق، شاختىن ـ شاخقا قونۇپ يۈرىدىغان، تۇراقسىز؛ مەۋقەسى يوق: بەزى ئۆجمە كۆكۈل كىشىلەر توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئۇلار بىلەن دوست بولۇشقا ئەرزىمەيدۇ.

**ئۆجمەڭنى تېرىپ يە** «ئىشىڭنى قىل، ئۆز ئىشىڭ بىلەن بول، ئۆزگىنىڭ ئىشى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: ئارتۇق گېپىڭنى قوي، بېرىپ ئۆجمەڭنى تېرىپ يە، يالىقىڭنى يالاپ يۈرۋەر.

**ئۆجمىلىك** ① سۈپ. ئۆجمە دەرىخى بار، ئۆجمە كۆپ ئۆستۈرۈلگەن: ئۆجمىلىك جاي. ② ئى. ئۆجمە دەرىخى كۆپ ئۆستۈرۈلگەن، ئۆجمە دەرىخى تولا يەر: بۇ يەرلەر ئون يىلدىن كېيىن ئۆجمىلىككە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

**ئۆجمىلىك باغقا كىرىپ قالماق** قايسىسىنى ئېلىپ، قايسىسىنى قويۇشنى بىلمەي قالماق: ئۇ بۇ ماگىزىنغا كىرىپ، ئۆجمىلىك باغقا كىرىپ قالغاندەك بولدى.

**ئۆجۈرە** I ئى. دىيال. جورا، جۈپ، تەڭداش.

**ئۆجۈرە** II ئى. ئىشلەنگەن ئىش، ئەمگەك؛ ئەجىر.

**ئۆجۈك** ئى. دىيال. چۈچاق.

**ئۆجۈلمەك** پ. دىيال. يەكلىمەك.

**ئۆچ** سان. ئىككىدىن كېيىن، تۆتتىن ئاۋۋال كېلىدىغان سان ۋە ساننى بىلدۈرگەن «3» رەقىمى؛ ئىككىگە بىر قوشۇلغاندا ھاسىل بولىدىغان سان.

**ئۆچ بۇلۇڭ** <مات> ئۈچ تەرەپكە ئىگە بولغان كۆپ تەرەپلىك. بۇنىڭدىكى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كېسىشىش نۇقتىسى ئۈچ بۇلۇڭنىڭ چوققىلىرى دېيىلىدۇ.

**ئۆچ تالاق** كونا ئادەت بويىچە ئەر تەرىپىدىن ئايالغا نىكاھنى بۇزغانلىقىنى، ئاجراشقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، «تالاق» قا قارىغاندا ۋەزنى تېخىمۇ ئېغىر.

**ئۆچ تالاق قىلماق** ئەر خوتۇنىغا ئۈچ قېتىم تالاق دەپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇل ـ كېسىل ئاجراشقانلىقىنى جاكارلىماق: بۈگۈنلا خېتىنى بېرىمەن. ئۈچ تالاق قىلىمەن، ـ دېدى قۇربان ئايالىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

**ئۆچ قۇتۇپلۇق لامپا** <فىز> ئۈچ دانە ئېلېكتر قۇتۇپى بولغان لامپا. ئۈچ قۇتۇپلۇق ئېلېكترون لامپا ئانود، تور قۇتۇپ، كاتودلاردىن تەشكىل تاپىدۇ؛ ئۈچ قۇتۇپلۇق كرىستال لامپا تارقاتقۇچى قۇتۇپ، ئاساس قۇتۇپ، يىغقۇچى قۇتۇپلاردىن تەشكىل تاپىدۇ.

**ئۆچ نەزىر** بىراۋ ئۆلۈپ 3 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان نەزىر: ئۈچ نەزىرىنى بەرمەك. * دادامنىڭ ئۈچ نەزىرىنى ئۆتكۈزۈپ بولۇپ تۇرۇشىمىزغا، ئىدارىدىن ئۇرغان تېز قايتىپ كېلىشىم ھەققىدىكى تېلېفوننى ئالدىم.

**ئۆچ ۋىلايەت ئىنقىلابى** <تارىخ> ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ 1944 ـ يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان مىللىي دېموكراتىك قوراللىق كۈرىشى. ئۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

**ئۆچ يۈز ئاتمىش كۈن** يىل بويى، دائىم، ھەمىشە: ـــ مەن

ساڭا ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن نامىزىمدا دۇئا قىلىمەن، — دېدى موماي.

**ئۆچەك** ئى<بىيول> بەزى جانلىقلارنىڭ شارائىت ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ھاياتلىق پائالىيىتىنى توختىتىپ قالغانغا ئوخشاش ھالەتكە كەلتۈرۈشى. مەسىلەن، يىلاننىڭ قىش پەسلىدە ھەرىكەت قىلماي ۋە ئوزۇقلانماي يېتىشى؛ ئۆسۈملۈك بىخىنىڭ قىش پەسلىدە ئۆسۈشتىن توختىشى قاتارلىقلار.

**ئۆچەككە كىرىش** <بىيول> جانلىقلارنىڭ قاتتىق سوغۇق، قاتتىق ئىسسىق، قۇرغاقچىلىق، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدىغان مەزگىللەردە ئۆچەك ھالىتىگە قەدەم قويۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئۆچەي** ئى ① <ئانات> ھەزىم قىلىش ئورگىنىنىڭ بىر قىسمى. شەكلى شىلانكىغا ئوخشاش بولۇپ، يۇقىرىقى ئۇچى ئاشقازان بىلەن، ئاستىنقى ئۇچى مەقئەت تۆشۈكى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئادەتتە كىچىك ئۆچەي ۋە چوڭ ئۆچەي دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدۇ. بەدەندە ھەزىم قىلىش ۋە سۈمۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ② ھايۋانلارنىڭ ئوزۇقلۇق سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىنىدىغان شۇ خىل ئەزاسى: ئۆچەي قۇيماق. ئۆچەي كاۋىپى.

**ئۆچەيلىرى تارتىشىپ كەتمەك** قورسىقى ئىنتايىن ئېچىپ كەتمەك: تاماق تەييار بولدىمۇ، تېز بولۇڭ، ئۆچەيلىرىم تارتىشىپ كەتتى.

**ئۆچىيى دۈمبىسىگە چاپلىشىپ قالماق ← ئۆچەيلىرى تارتىشىپ كەتمەك:** ئېسىمنى يىغىپ ئويلىسام قورساقلىرىم ئېچىپ، ئۆچىيىم دۈمبەمگە چاپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ، چاڭقاپ، گاللىرىم قۇرۇپ كېتىپتۇ.

**ئۆچىيى قىسقا** قورسىقى كىچىك، ئىچى تار: سادىق ھەمىشە: «ئايالىلارزە، ئۆچىيىڭلەر بەك قىسقا، قورساقنى كەڭ تۇتقان ياخشى، ئوقۇتقۇچى بولغان ئادەم ئۇرۇشۇپ، جېدەللىشىپ يۈرسە سەت ئەمەسمۇ؟ » دەپ ئاغزىمنى تۇۋاقلاپ قويىدۇ.

**ئۆچىيى ئۈزۈلگۈدەك** قاتتىق ۋە ئۈزۈلدۈرمەي كۈلۈپ كەتكەنلىكنى سۈپەتلەپ ئېيتقاندا قوللىنىلىدىغان ئىبارە: خاتىپ بۇلسا، ئۆچىيى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈپ مەززە قىلاتتى.

**ئۆچەي- باغىر** ① ئۆچەي ۋە باغىر. ② قورساق.

**ئۆچەي- باغرىنى سىيرىماق** ھېچنېمىسىنى قويماي يەۋەتمەك ؛ قۇرۇقداپ قويماق: ئۇنى بىز رازى بولغۇدەك كۈتۈۋالمايمىزمۇ؟ مۇبادا تاغامنى بىزنىڭ ئۆيدە ئۈچ كۈن تۇردى دېگەندىمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۆچەي ـ باغرىمىزنى سىيرىۋېتىشى تۇرغانلا گەپ!

**ئۆچەي- قېرىن** ئۆچەي ۋە قېرىن: ئۆچەي ـ قېرىنىنى چۇۋۇماق.

**ئۆچەي- قېرىنىنى تۆكمەك** ئىچىدىكى دەردىنى پۈتۈنلەي سۆزلىمەك، قورسىقىدىكى گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېيتماق: ئۇمۇ ئۆچەي ـ قېرىنىنى تۆكتى، پۇشايمان قىلىپ قوللىرىنى چىشلىدى.

**ئۆچەيلەن** سان. ئۈچ ئادەم، ئۈچ كىشى: بۇ ۋەدىنى ئاڭلىغان ئۆچەيلەن شاھنىڭ سۆزىنى رەت قىلالماي، ئۆز رازىلىقىنى بىرىشىپتۇ.

**ئۆچقات** ئى [ئۈچ + قات] <بوت> ئۆچقات ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى تۇخۇم ياكى ئۇزۇن ئېلىلىپس شەكلىدە، گۈلى دەسلەپ ئېچىلغاندا ئاق بولۇپ، كېيىن سېرىققا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، پۇراقلىق بولىدۇ. مېۋىسى قارا رەڭلىك، يوپۇرماق ۋە گۈللىرى دورا قىلىنىدۇ. ئىسسىقنى ياندۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش قاتارلىق روللارغا ئىگە. ياغىچى قاتتىق، يىلك ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۆچقۇلاق** ئى [ئۈچ + قۇلاق] <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى، كىچىك تىپتىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۈچ قۇلاقلىق مۇرەككەپ يوپۇرماق. ئۇنىڭ ئاق ئۆچقۇلاق ۋە قىزىل ئۆچقۇلاق دېگەن تۈرلىرى بار.

**ئۆچكە** ئى <بوت> بەزى مېۋىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قاتتىق شاكىلى بار قىسمى. ئىچىدە ئۇرۇقى (مېغىزى) بولىدۇ. مەسىلەن، شاپتۇل ئۆچكىسى، ئۆرۈك ئۆچكىسى دېگەندەك.

**ئۆچكېزەك** ئى [ئۈچ + كېزەك] ئانىنىڭ قورسىقىدىن بىر قېتىمدا ئارقا ـ ئارقىدىن تۇغۇلغان قېرىنداش (بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن): بۇ ئۆچكېزەك ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ ئېغىز بوشلۇقى بىر ئاز كىچىكرەك بولغاچقىمىكىن، تازا دىققەت قىلمىسا گېپىنى ئاڭقىرىشقا بولمايتتى.

**ئۆچكىلىك** سۈپ. ئىچىدە ئۆچكىسى بار، ئۆچكىسى بولىدىغان: ئۆچكىلىك مېۋە.

**ئۆچلەمچى** سۈپ. بىرەر جەريان ياكى ھادىسىدە ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرغان؛ ئۈچىنچى: ئۆچلەمچى دەۋر. ئۆچلەمچى سىستېما.

**ئۆچلەمچى دەۋر** <گېئول> ئوتتۇرا ھايات ئېراسىنىڭ بىرىنچى دەۋرى. تۆۋەن، ئوتتۇرا، يۇقىرىقى دەپ ئۈچ ئەسىرگە بۆلۈنگەن. 230 مىليون يىل بۇرۇن باشلىنىپ، 195 مىليون يىلدىن ئىلگىرى تاماملانغان. بۇ دەۋردىكى يەر قاتلاملىرى ئەڭ ئاۋۋال گېرمانىيەدە يۇقىرىقى، ئوتتۇرا، تۆۋىنى دەپ ئۆچكە بۆلۈنگەنلىكتىن «ئۆچلەمچى دەۋر» دەپ ئاتالغان.

**ئۆچلۈك** ① سۈپ. نەرسىدىن تەشكىللەنگەن، تۈزۈلگەن: ئۆچلۈك ھەيئەت. ئۆچلۈك نىرۋا. ② ئى. ئۈچ خانىلىق ياكى ئۈچ رەقەملىك نەرسە: قاغىنىڭ ئۆچلۈكى. غىشنىڭ ئۆچلۈكى.

**ئۆچۈن** تىر ① نەرسىنىڭ كىمگە، نېمىگە ئاتالغانلىقىنى، بېغىشلانغانلىقىنى ياكى كىمنىڭ، نېمىنىڭ پايدىسىغا، مەنپەئەتىگە بېجىرىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ: ھەممە نەرسە خىزمەت ئۈچۈن. ② ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ نېمە مەقسەتتە بېجىرىلىشىنى كۆرسىتىدۇ: يار ئۈچۈن يېگەن تاياقنىڭ يارىسى يوق (ماقال). ③ ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ بېجىرىلىشىدىكى ئاساس ياكى سەۋەبنى بىلدۈرىدۇ: نېمە ئۈچۈن. شۇنىڭ ئۈچۈن. * يامغۇر ياغقانلىقى ئۈچۈن كېچىكىپ قالدىم. ④ بىرەر ئىشنىڭ، مەسىلىنىڭ ياكى پىكىرنىڭ كىمگە، نېمىگە نىسبەتەن ئېيتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ: تىرىشىپ ئۆگىنىش ياشلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

**ئۈچىنچى** ① سان. رەت تەرتىپى، ئورنى ئىككىنچىدىن كېيىن تۇرىدىغان، تەرتىپ ئورنى «3» رەقىمى بىلەن بەلگىلىنىدىغان، 3 ـ نومۇرلۇق: ئۈچىنچى ئورۇندۇق. ئۈچىنچى ئورۇن. ئۈچىنچى يىل. ئۈچىنچى قېتىم. ② سۈپ. چوڭ ـ كىچىك نەرسىلەرنىڭ ئىككىنچى نومۇرلۇقتىن چوڭ، تۆتىنچى نومۇرلۇقتىن كىچىك بولغان ئۆلچىمى، رازمېرى: ئۈچىنچى كۈلۈچ.

**ئۈچى** ئى. دىيال (يېم) بېلىقنىڭ ئۆچەي يېغىنىڭ چىگىرىتكى ئۈجۈل ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان يېمەكلىك.

**ئۈچىنچى دەۋر** <گېئول> يېڭى ھايات ئېراسىنىڭ بىرىنچى دەۋرى. بۇ دەۋر كونا ئۈچىنچى دەۋر (E) ۋە يېڭى ئۈچىنچى دەۋر (N) دەپ بۆلۈنىدۇ. تەخمىنەن 67 مىليون يىل بۇرۇن باشلىنىپ، 2.5 مىليون يىل بۇرۇن تاماملانغان. بۇ دەۋردە تاغ

پەيدا بولۇش ھەرىكىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، دېڭىز، قۇرۇقلۇقلار قىياپىتىنىڭ ئۆزگىرىشى تۇراقسىز بولغان.

**ئۈچىنچى كەسىپ** <س ئىق> ئادەتتە تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش، مۇلازىمەت كەسىپلىرى، يەنى سودا، يېمەك-ئىچمەك، رېمونتچىلىق، ساياھەت ئىشلىرى، شەھەر ئىچى قاتنىشى، يۈك توشۇش، پۇل مۇئامىلىسى، سۇغۇرتا (ئىستراخوۋانىيە)، رادىيو، خەۋەرلىشىش، ئۇچۇر، مەسلىھەت بېرىش، قانۇنچىلىق ئىشلىرى، داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش، مەدەنىيەت - مائارىپ، تەنتەربىيە، پەن تەتقىقات ئىشلىرى قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئۇدۇسكىلىمەك** پ. دىيال. تەمتىرىمەك، تىمىسقىلىماق.

**ئۇدۇكلىمەك** پ. دىيال. يېقىنلاشماق، ياخشى كۆرۈشمەك.

**ئۇدۇگەن** ئى. دىيال. ئاغمىخان.

**ئۇدۇمەك** پ. ئەۋجىگە چىقماق، كۈچەيمەك (يارا، جاراھەت قاتارلىقلار ھەققىدە): جاراھىتىم بارغانسېرى ئۇدەپ كېتىۋاتاتتى.

**ئۇر** ئى. تۈلكىنىڭ ئۇۋىسى.

**ئۇرە** ئى. دىيال. ئېجىل، ئىناق.

**ئۇرە بولماق** دىيال. كۆنمەك، ئېجىل بولماق؛ ئۆگەنمەك.

**ئۇرەن** ئى ① كېلەر يىلى تېرىش ئۈچۈن ئېلىپ قويۇلغان دان؛ ئۇرۇق. ② دانلارنىڭ بىخلىنىدىغان ئورنى.

**ئۇرەنلىك** سۈپ. ئۇرۇقلۇق، ئۇرۇق قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان.

**ئۇركۈتمەك** «ئۇركۈمەك I » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاتنى ئۇركۈتمەك. * ئۇنىڭ جاراڭلىق كۈلكىسى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدىكى قۇشقاچلارنىمۇ ئۇركۈتۈۋەتتى.

**ئۇركۈتۈشمەك** «ئۇركۈتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بالىلار پوجاڭزا ئېتىشىپ، ئوغۇت توشۇۋاتقان دېھقانلارنىڭ ئېشەكلىرىنى ئۇركۈتۈشۈپ ئوينىشىۋاتاتتى.

**ئۇركۈتۈلمەك** «ئۇركۈتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاتلار ئۇركۈتۈلدى. * ئوۋ ئوۋلاشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئاسمانغا ئوق ئېتىلىپ، ياۋا توشقانلار ئۇركۈتۈلدى.

**ئۇركۈشمەك** «ئۇركۈمەك I » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنى كۆرۈپ خورجۇنغا ئوق - دورا قاچىلىۋالغان قازاقلار بەكرەك ئۇركۈشتى.

**ئۇركۈگەك** سۈپ. ئاسان ئۇركۈيدىغان، ئۇركۈگىلى ئارانلا تۇرىدىغان: ئۇركۈگەك ئات. ئۇركۈگەك قۇش.

**ئۇركۈمەك** I پ. بىرنەرسە ياكى ئەھۋالدىن بىردىنلا قورقماق، قورقۇنچلۇق ھېس قىلماق، چۆچۈمەك، قاچماق: ئۆز سايىسىدىن ئۇركۈمەك. * ئېشەكلەر ئۇنىڭ قولىدىكى تاياقنى كۆرۈپ، تېخىمۇ ئۇركۈپ، تاپۇر-تۇپۇر قىلغىلى تۇردى.

**ئۇركۈمەك** II پ. يىمىرىلمەك: ھاك ئۇركۈپتۇ.

**ئۇرگۈنە** ئى. ئۇرۇقى قارا، ئۇششاق سىركىدەك بولىدىغان، قىزىل چېچەكلەيدىغان، يوپۇرمىقى ئۈچ ئىلىك كەڭ بولىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك. ئۇنى ئاچارچىلىق كۈنلەردە ئۇن تارتىپ يېگىلى بولىدۇ.

**ئۇرمەك** پ. قاۋىماق، ھاۋشىماق: ئىش مۇشۇ يەرگە كەلگەنىكەن، ئىت ئۇرەر، كارۋان يۈرەر، دېسەڭ دەۋەر دەپ ئولتۇرغىلى بولمايدۇ.

**ئۇز** ئى. دىيال. ياغ، ماي.

**ئۇزەڭگە** ئى. ئات - ئۇلاغقا مىنگەندە، دەسسەپ چىقىش ئۈچۈن تاسما باغ ئارقىلىق ئېگەر ياكى چومغا بېكىتىپ قويۇلىدىغان جابدۇق. ئادەتتە مېتالدىن ياسىلىدۇ: ئاتتىن چۈشسە، ئۇزەڭگىدىن چۈشمەس (ماقال).

**ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرماق** قارشى تەرەپ بىلەن مەنمەنلىك تالاشماق، ئۈستۈنلۈك تالاشماق، رىقابەتلەشمەك: نادان جاھىللار بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرماستىن، بەلكى ئۇلارنى ئىمكانقەدەر ئىنساپ ۋە ئەخلاققا دەۋەت قىلىش كېرەك.

**ئۇزەڭگىلىك** ئى ① ئېگەر توقۇلغان ئاتنى مىنىپ، پۇتى بىلەن ئۇزەڭگىنى دەسسەپ ئولتۇرغاندا، پۇتىدىكى ئاياغ كىيىمىنىڭ ئۇزەڭگىگە تىرىلىپ تۇرىدىغان قىسمى. ② پۇتىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى ئۇزەڭگە بېسىپ تۇرىدىغان جايى.

**ئۇزبەر** ئى <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى پەيسىمان يېرىلىدۇ. يېرىقچە ياپراقچىلىرى تۆمۈنە شەكلىدە. گۈلى كىچىك بولۇپ، ئاچ قىزىل كېلىدۇ. پۈتۈن تېنى دورا قىلىنىدۇ.

**ئۇزچات** ئى [ ئۇز + چات ] <فىر> ۋىكلىيۇچاتېل: سۇ مۇنارى قاچىسىنىڭ ئاپتوماتىك سۇ قاچىلاش قۇرۇلمىسىغا ئورنىتىلغان ئۇزچاتنى ئاستى - ئۈستىگە بۇراش ئارقىلىق پۈتكۈل قۇرۇلمىنى ئاپتوماتىك ۋە يېرىم ئاپتوماتىك قىلىپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**ئۇزدۇرمەك** I «ئۇزمەك I » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئارغامچىنى ئۇزدۇرمەك. يىپنى ئۇزدۇرمەك.

**ئۇزدۇرمەك** II «ئۇزمەك II » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دېڭىزدا ئۇزدۇرمەك. * ئىلىم - پەن ــ ئىنسانلارنى قۇشتەك ھاۋادا ئۇچۇرتتى، بېلىقتەك سۇدا ئۇزدۇردى.

**ئۇززە** تىر. يېزىت ① ئۈستىدە، ئۈست تەرىپىدە، تۆپىسىدە: كۆك ئۇززە. يەر ئۇززە. * كىرىپ شاھ سۈپا ئۇززە ئولتۇرۇشتى، ئادەتتىكىچە دۇئا-تەكبىر قىلىشتى. ② بەزى ئىسىملارنىڭ كەينىدە كېلىپ، ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى «-دا، -دە، - تا، - تە» لەرنىڭ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: كۆتۈرمەكچى ئۇنىڭ شەنىگە بىر جام، كۆرۈلسۇن مەڭگۈ تارىخ ئۇززە نام. * ئەگەرچە بولمىساق بۇ ئىشتا ھوشيار، قىلۇر بىزنى سىياسەت ئۇززە تارمار.

**ئۇزگۈچى** سۈپ. سۇ ئۇزۈشكە ئادەتلەنگەن، سۇ ئۇزىدىغان: ئۇزگۈچى قۇشلار.

**ئۇزلۇكسىز** رەۋ. ئۇزۇلۇپ قالماي، ئۇزۇلمەي، توختىماي، داۋاملىق، ئارقا - ئارقىدىن، كەينى-كەينىدىن، ئۇدا: ئۇزلۇكسىز ئالغا باسماق. ئۇزلۇكسىز تۇردە.

**ئۇزلۇكسىزلىك** ئى. ھەممىشە بىر خىل داۋاملىشىش، داۋاملىشىپ كېلىش، ئۆزگەرمەسلىك، ئۇزۇلمەسلىك، توختىماسلىق، ئۇدالىق، ئىزچىللىق: تاللاش ۋە شاللاش تارىخنىڭ مەلۇم باسقۇچىدىكى ۋاقىتلىق ھادىسە بولماستىن، بەلكى چەكسىز داۋاملىشىدىغان ئۇزلۇكسىزلىك.

**ئۇزمەك** I پ ① كۈچ بىلەن بىرەر نەرسىنى تارتىپ پۈتۈنلەي ئاجراتماق، بۆلمەك: ئارغامچىنى ئۇزمەك. بوغقۇچنى ئۇزمەك. ② ھەر خىل مېۋە، گۈل قاتارلىقلارنى ئۆسۈملۈك تېنىدىن ئاجراتماق: ئۇزۇم ئۇزمەك. گۈل ئۇزمەك. قوغۇن ئۇزمەك. تاۋۇز ئۇزمەك. يوپۇرماق ئۇزمەك. ③ كۆچمە. تۈگەتمەك، تۆلىمەك: ئۇ بۇ

يىل يېرىدىن مول ھوسۇل ئېلىپ، گەدىنىدىكى قەرزلەرنى پۈتۈنلەي ئۈزگەندىن تاشقىرى، ئېشىنغان پۇلغا بىر ئات سېتىۋالدى. ④ بىرەر ھەرىكەت، پائالىيەتنى ئاخىرلاشتۇرماق، توختاتماق: مۇناسىۋەتنى ئۈزمەك. گەپنى ئۈزمەك. ئۈمىدنى ئۈزمەك. ئالاقىنى ئۈزمەك. ⑤ مەھرۇم قىلماق، خالىي قىلماق: ئاشلىقتىن ئۈزمەك. ⑥ ئاتماق، چىقارماق (ئوق ھەققىدە): رەجەب ساق ـ سالامەت دەرياغا چۈشتى ۋە ئارقىچىلاپ مېڭىپ قوغلاپ كېلىۋاتقانلارغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى.

**ئۈزۈپ ئېيتماق** كەسكىن گەپ قىلماق، پوس كاللىسىنى دېمەك: سىز مەندىن رەنجىسىڭىزمۇ، ئاغرىنسىڭىزمۇ مەيلى، مەن شۇنى سىزگە ئۈزۈپ ئېيتايكى، سىزنى مەن شۇ ھالىڭىزچە ھەرگىز قويۇپ بەرمەيمەن.

**ئۈزمەك** II پ ① قول ـ پۇتلىرىنى مىدىرلىتىپ سۇدا يۈرمەك، بىر تەرەپكە قاراپ ھەرىكەت قىلماق؛ سۇنى يېرىپ ئىلگىرىلىمەك: دەريادا ئۈزۈپ كېلىۋاتقان كىشى ئىككى ئىدى. ② لەيلىمەك، لەيلەپ يۈرمەك (بۇلۇت قاتارلىقلار ھەققىدە): بۇلۇتلار ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرمەكتە. * رۇقىيە بۇلۇتلار ئارىسىدا بىر يوقىلىپ، بىر پەيدا بولۇپ ئۈزۈپ يۈرگەن ئايغا قارىغىنىچە خىيالغا كېتەتتى.

**ئۈزۈتلۈك** ئى. دىيال. بىخىللىق، پىخسىقلىق.

**ئۈزۈشمەك** I «ئۈزمەك I » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كونا ئارغامچىنى كۆچىنىڭ بارىچە تارتىپ ئۈزۈشتى.

**ئۈزۈشمەك** II «ئۈزمەك II » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاسماندا بۇلۇتلار ئۈزۈشەتتى. قۇياش «قۇشتاغ» ئېتىكىگە كۆلۈپ باقماقتا ئىدى.

**ئۈزۈك** I ① سۈپ. ئۈزۈلگەن، ئۈزۈلۈپ كەتكەن، ئۈزۈلۈپ قالغان: ئۈزۈك ئارغامچا. ئۈزۈك يىپ. ئۈزۈك ياغاچ. ② ئى. بىرەر نەرسىنىڭ ئۈزۈلگەن يېرى، ئۈزۈلگەن ئۇچى: ئارغامچىنىڭ ئۈزۈكىنى ئۇلىماق. توك سىمىنىڭ ئۈزۈكى. ③ سۈپ. قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان، ئۈزۈلۈپ چىقىدىغان، سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنمايدىغان: ئۈزۈك ئاۋاز بىلەن «دوستۇم... نەگە... نەگە بارىسىز» ـ دەپ سورىدى ئۇ مەندىن. ④ سۈپ. قىسقا، ئانچە ئۇزۇن ئەمەس: ئۇلار كىچىككىنە ئۈزۈك سايدىن ئۆتۈپ، قارىيىپ تۇرغان مەھەللە دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرگەندىن كېيىن «چېپىقىر كۆز» سورىدى. ⑤ سۈپ. كۆچمە. ئازار يېگەن، سۇنۇق: ئۇ بىچارىنىڭ دىلى بەكمۇ ئۈزۈكتەك كۆرۈنىدۇ.

**ئۈزۈك تاۋۇش** <تىل> تەلەپپۇز قىلىنغاندا ھاۋا ئېقىمى ئېغىز بوشلۇقى ياكى تاماق بوشلۇقىدا مەلۇم توسالغۇغا ئۇچرايدىغان تاۋۇش. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى ب، پ، ل، م، گ، ك، خ، ج... قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**ئۈزۈك** II ئى ① كىشىلەرنىڭ قول بارماقلىرىغا سېلىش ئۈچۈن مېتالدىن ياسالغان ھالقىسىمان زىننەت بۇيۇمى: ئالتۇن ئۈزۈك. ئۈزۈك سالماق. * ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز (ماقال). ② تۆگۈتنى چەكلەش ئۈچۈن ئاياللار جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويۇلىدىغان ھالقىسىمان نەرسە: ئۈزۈك سالماق.

**ئۈزۈكچىلىك** ئى . تۇرمۇشتا كېرەكلىك بولغان يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك قاتارلىقلار يېتىشمەسلىك: ئۈكام، بۇ ئىككى يىلدىن بېرى بىزنىڭ كۈنىمىزمۇ خېلى ياخشى بولۇپ قالدى، بىراق ئۈزۈكچىلىك دېگەن يامان نېمە، بىر قىسىم كىشىلەر تېخى ئەس ـ ھوشىنى يىغىۋالغىنى يوق.

**ئۈزۈكلۈك** سۈپ ① ئۈزۈكى بار، ئۈزۈك سېلىنغان: ئۈزۈكلۈك قول. ② ئۈزۈك سوقۇشقا يېتىدىغان، ئۈزۈك چىقىدىغان: بىر ئۈزۈكلۈك ئالتۇن.

**ئۈزۈل ـ كېسىل** تەلتۆكۈس، پۈتۈنلەي، تولۇق، تامامەن، قەتئىي: مەسىلىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلماق. ئۈزۈل ـ كېسىل رەت قىلماق. ئۈزۈل ـ كېسىل تۈگەتمەك.

**ئۈزۈل ـ كېسىللىك** ئۈزۈل ـ كېسىل ھالەت؛ قەتئىيلىك: ئۇلارنىڭ ئېيتقىنى بىلەن قىلغىنى بىر ـ بىرىگە زىت، يەنى ئۇلاردا ئىنقىلابىي ئۈزۈل ـ كېسىللىك يوق.

**ئۈزۈلمە** ① ئى. ئۈزۈك ھالەت، ئۈزۈك جەريان: ھەربىر تارىخىي دەۋردىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇنىڭدىن مۇقەررەر كېلىپ چىقىدىغان ئىجتىمائىي ئۈزۈلمە شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي ۋە مەنىۋى تارىخىنىڭ ئاساسى. ② سۈپ. ئۈزۈلگەن؛ ئۈزۈلىدىغان: ئۈزۈلمە بەلباغ. ئۈزۈلمە تاغ. ③ ئى <گېئول> جىنس قاتلىمى ياكى جىنس گەۋدىسىدىكى بىر ياكى بىر گۇرۇپپىلىق يېرىلغان يۈز.

**ئۈزۈلمەك** «ئۈزمەك I »پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئارغامچا ئۈزۈلمەك. يىپ ئۈزۈلمەك. ئالاقە ئۈزۈلمەك. * يوغان سوزۇلار، ئىنچىكە ئۈزۈلەر (ماقال).

**ئۈزۈلۈپ قالماق** ① ئېغىر كەلگەنلىكى تۈپەيلى كېسەل قايتىلىنىپ، قوزغىلىپ قالماق: ـــ سەن تېخى پۈتۈنلەي ياخشى بولۇپ كەتمىدىڭ، قوم تاسقىما، ئۈزۈلۈپ قالىسەن، ـــ دېدى ئەنسارى. ② ئىقتىسادى بەك ناچارلاشماق، ئائىلىدە ئۈزۈكچىلىك يۈز بەرمەك: كېيىن دادام رەھمەتتى قازا قىلدى، ئانام كېسەل بولدى، مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن قەرزدار بولۇپ، ئۈزۈلۈپ قالدۇق.

**ئۈزۈلمەي** رەۋ. ئارقا ـ ئارقىدىن، داۋاملىق، ئىزچىل: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دېھقانلار، قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلقنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭلىرى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلدى.

**ئۈزۈلۈشچان** سۈپ. ناھايىتى ئاسان ئۈزۈلىدىغان، ئوڭاي ئۈزۈلۈپ كېتىدىغان، بوش: ئۈزۈلۈشچان يىپ. ئۈزۈلۈشچان سىم.

**ئۈزۈلۈشچانلىق** ئى ① ئۈزۈلۈش خۇسۇسىيىتى. ② <پەلس> دىيالېكتىكىدىكى بىر كاتېگورىيە. ئۇ ماددا ھەرىكىتىنىڭ نىسپىي جىملىق ۋە تارقاق ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئۈزۈلۈشمەك** ① «ئۈزۈلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② ئەر ـ ئاياللار نىكاھىنى بۇزماق، ئاجراشماق: زادى ئۈزۈلۈشمەن دەپ بىر يەرگە قايسى يۈزۈم بىلەن بارىمەن؟

**ئۈزۈم** ئى <بوت> ① ئۈزۈم ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان پېلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئالىقانسىمان يېرىلغان، گۈلى كونۇسسىمان گۈل رېتىمدە بولۇپ، كىچىك ۋە سارغۇچ يېشىل رەڭلىك، مېۋىسى يۇمىلاق ياكى ئېللىپس شەكىللىك. پىشقان چاغدا سۆسۈن ياكى سارغۇچ يېشىل رەڭدە بولىدۇ. تەمى تاتلىق، سۇلۇق، ئىستېمال قىلىنىدۇ ھەمدە ھاراق ئېچىتىشتا خام ئەشيا قىلىنىدۇ. ② شۇخىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ئۈزۈمچى** ئى ① ئۈزۈم ئۆستۈرۈش، يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇنى بېقىش، پەرۋىش قىلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىد-

دىغان ئادەم: توختى ئاكا دېگەن بىر ئۆزۈمچى، ئۇ قانداق قىلغاندا، ئۆزۈم مەھسۇلاتىنى ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. ② ئۆزۈم ساتىدىغان ئادەم، ئۆزۈم ساتقۇچى باققال.

**ئۆزۈمچىلىك** ئى. مەخسۇس ئۆزۈم تىكىپ ئۆستۈرۈش ھەم ئۇنىڭدىن مەھسۇلات ئېلىش ئىشى، كەسپى: ئۆزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللانماق. * ئۆزۈمچىلىك توقسۇ ناھىيەسىنىڭ پەيشەنبە بازار كەنتىدىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى يېڭى كەسىپ بولۇپ قالدى.

**ئۆزۈمگۈل** ئى [ئۆزۈم + گۈل] ① <بوت>ئۆزۈمگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى ھېسابلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**ئۆزۈملۈك** ① سۈپ. ئۆزۈمى بار، ئۆزۈم ئۆستۈرۈلگەن: ئۆزۈملۈك ھويلا. ئۆزۈملۈك باغ. ② ئى. ئۆزۈم ئۆستۈرۈلگەن جاي، باغ: ئۆزۈملۈك ئىچىگە كىرمەك. ئۆزۈملۈككە قارىماق.

**ئۆزۈندى** ئى<تىل> بىراۋنىڭ قىلغان ياكى يازغان ماقالە – ئەسەرلىرىدىن ئۈزۈپ ئېلىنغان پارچە.

**ئۇست (ى)** ئى ① بىرەر نەرسىنىڭ تۆپە يۈزى، تۆپىسى: ئۇستەل ئۇستى. ئىشكاپ ئۇستى. كىتابنى شىرە ئۇستىگە قويماق. ② نەرسىلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمىدىكى جاي، تۆپىسى، بېشى: تاغنىڭ ئۇستى. * شاھ قارىسا دەرەخنىڭ ئۇستىدە بىر يىلان ياتقۇدەك. ③ ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ تاشقى تەرىپى، سىرتى؛ ئۇچا: بۇ كۈنى ئۇ ئۇستىگە قارا شىپۇن دۇخاۋا كۆڭلەك، ناۋات رەڭ سارجىدىن پەلتو، پۇتىغا ئۇزۇن پاشنىلىق خۇرۇم تۇپلەي كىيىۋالغانىكەن. ④ شەخس قوشۇمچىسى ۋە يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۇرلىنىپ كېلىپ: 1) دەل بىرەر ئىش – ھەرىكەت بولۇۋاتقان پەيت، چاغ ياكى ئورۇننى بىلدۇرىدۇ: ياخشى — ئاش ئۇستىگە كېلەر، يامان — گەپ ئۇستىگە كېلەر (ماقال). 2) «...دىن تاشقىرى، ...دىن باشقا» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۆي سوغۇق بولغانىنىڭ ئۇستىگە زەي. * بۇلاڭچىلار ئۇنىڭ پۇلىنى بۇلىغانىنىڭ ئۇستىگە قاتتىق ئۇرۇۋەتتى. 3) «ئاساسىغا، بەدىلىگە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۇرىدۇ: يالالنما ئەمگەك تامامەن ئىشچىلارنىڭ ئۆز ئارا رىقابىتى ئۇستىگە قۇرۇلغان. ⑤ شەخس ۋە چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۇرلىنىپ، ئىش – ھەرىكەتنىڭ چېتىلغان ئوبيېكتى ياكى دائىرىسىنى بىلدۇرىدۇ: دۇشمەن ئۇستىدىن غەلىبە قازانماق. بىراۋ ئۇستىدىن ئەرز قىلماق. ⑥ شەخس قوشۇمچىسى ۋە ئورۇن كېلىش ياكى چىقىش كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۇرلىنىپ كېلىپ، «ھەققىدە، توغرىسىدا» دېگەن يۈكلىمىلەرنىڭ مەنىسىنى بىلدۇرىدۇ: مېنىڭ ئۇستۇمدىن ھەركۈنى ھەر ياڭزا ئىنكاسلار چىقىپ تۇرىدۇ، مەن بۇنداق ئىنكاسلارغىمۇ ئادەتلىنىپ قالدىم.

**ئۇستىدىن چۈشمەك** بىرەر ئىش – ھەرىكەت بولۇۋاتقاندا كەلمەك، كۆرمەك: «ئۇخلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، نەق ئۇستىدىن چۈشكەن ئوخشايمىز» دەپ ئويلاشتى ئۇلار.

**ئۇستىگە چۈشمەك** ① بىرەر ئىش، مەسىلە بولۇۋاتقان پەيتىنىڭ دەل ئۆزىدىلا پەيدا بولماق ياكى يېتىپ كەلمەك: بىر لۇكچەك ئۆيىدىن چىقىپ مەخسۇت بەگكە: — بېگىم، دەل ئۇستىگە چۈشتۇق، توختى، بايىمىز ئۆيدە ئىكەن، ئالماسنىڭ ئانىسىمۇ... — دېدى.

② بوينىغا چۈشمەك، زىممىسىگە چۈشمەك: ئون نەچچە يىل بۇرۇن، ئاتىسى قازا تاپقاندىن بۇيان، پۈتۈن بىر ئائىلىنىڭ غېمى ئۇنىڭ ئۇستىگە چۈشۈپ قالدى.

**ئۇستەك** ئى. ئالماشتۇرۇلىدىغان نەرسىلەردىن قايسىنىڭ قىممىتى قانچىلىك ئارتۇق بولسا، شۇ ئارتۇق قىسمى باراۋېرىدە بېرىلىدىغان نەرسە، پۇل: ئۇستەك بەرمەك. * ھېلىقى موزاينى 500 يۈەن ئۇستەك بېرىپ مۇشۇ كالىغا تېگىشتىم.

**ئۇستەل** ئى [ر] ئومۇمەن تارتمىلىق، ئۇستى تۈز، تۆت پۇت بېكىتىلگەن، ئاستىنىڭ بىر ياكى ئىككى تەرىپى ئىشكاپ شەكىللىك ياسالغان، ئائىلە ۋە ئىشخانىلاردا قويۇپ، ئۇستىدە خەت يېزىش قاتارلىق ئىشلاردا پايدىلىنىدىغان سايمان، شىرە: ئۇستەل سائىتى. * باشلىق ئۇستەلنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ مەۋلاننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

**ئۇستقۇرۇلما** ئى [ئۇست + قۇرۇلما] <س ئىق> ئىقتىسادىي بازىس ئۇستىگە قۇرۇلغان سىياسەت، قانۇن، دىن، سەنئەت، پەلسەپە قاتارلىقلارغا دائىر كۆزقاراشلار ھەمدە شۇ كۆزقاراشلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان سىياسەت، قانۇن قاتارلىق تۈزۈملەر. ئىقتىسادىي بازىس ئۇستقۇرۇلمىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇستقۇرۇلما ئىقتىسادىي بازىسنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ.

**ئۇستكى** سۈپ. ئۇستىگە، تۆپىسىگە ياكى تۆپە قىسمىغا جايلاشقان، ئۇستى يۈزى ياكى تەرىپىدىكى، يۇقىرىدىكى، تۆپىسىدىكى: ئۇستكى قەۋەت. يەرنىڭ ئۇستكى قاتلىمى. * ئۇنىڭ يېنىدا ئورۇقلاپ كەتكەن، كىيىملىرى يىرتىق، تاغاردەك كەڭ ئۇستكى كىيىم كىيگەن، ئۇستىگە قىزىل كىرپىست قادالغان شەپكە كىيگەن بىرى ئولتۇراتتى.

**ئۇستلىمە** سۈپ. ئەسلىدىكىنىڭ ئۇستىگە قوشۇلغان، كېيىن قوشۇلغان: ئۇستلىمە كاپىتال.

**ئۇستلىمەك** پ. ئەسلىدىكىنىڭ ئۇستىگە قوشماق.

**ئۇستمۇئۇست** ئۇست – ئۇستىگە، ئۇست – ئۇستىلەپ: ئۇستمۇ ئۇست چۈشۈش. * ئۇلار سامان قاچىلانغان تاغارلارنى ماشىنا ئۇستىگە ئۇستمۇئۇست باسقىلى تۇردى.

**ئۇستۇرمەك** «ئۇسمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇشۇنداق قىلغاندا، ھەم قاسىمنى ساقلاپ قالغىلى، ھەم سابىرنى تىلسىم تاغقا ئۇستۇرۇپ ئەبجىقىنى چىقارغىلى بولىدۇ.

**ئۇستۇرۇشمەك** «ئۇستۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇ ۋاقىتلاردا مەھەللىمىزدىكى بەزى شوخراق ياشلار قىلغىلى ئىش تېپىلمىغاندەك ئۆزىدىن كىچىك بالىلارنى «قايسىڭ يامان» دەپ بىر – بىرى بىلەن ئۇستۇرۇشۇپ ئويناپ، كۆڭۈللىرىنى ئېچىشاتتى.

**ئۇستۇرۇلمەك** «ئۇستۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قانۇن دوختۇرلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئارقا – ئارقىدىن تامغا ئۇستۇرۇلگەچكە، ئارقا مېڭىسى ئېغىر زەخىملىنىشكە ئۇچراپ ئېسىنى يوقىتىپتۇ.

**ئۇستۇن** سۈپ ① ئۇستى تەرىپىدىكى، ئۇستىدىكى، ئۇستۇنكى: ئۇستۇن تاش. ئۇستۇن قاپاق. ② يۇقىرى، ئۆرە، ئېگىز؛ ئارتۇق، يۇكسەك، ئالىي: دۇشمەن ئۆزىگە قارىغاندا ئۇستۇن ئايىگە ئىگە بولغان بۇ يىگىتنىڭ مۇھەببەت ئالدىدا ھودۇقۇپ قالغانلىقىدىن ئىچىدە كۈلدى. ③ جانلىق، كۆتۈرەڭگۈ: روھى ئۇستۇن. كەيپىياتى ئۇستۇن. ④ ئەرزان ئەمەس، ئۆرە، قىممەت، يۇقىرى: تەننەرخى ئۇستۇن.

**ئۈستۈن تۇرماق** يۇقىرى، ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەك؛ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرماق: مەن سىزدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىرەر ئەر كىشىنى تېخىمۇ ئۇچراتمىدىم.

**ئۈستۈن قويماق** ئۈستۈن، غالىب دەپ ھېسابلىماق؛ ئۈستۈن سانىماق، ئۈستۈن دەپ بىلمەك: ھون تەڭرىقۇتلىرى بۇ ۋاقىتلاردا ئۆزلىرىنى خەن خاندانلىقىدىن ئۈستۈن قويۇپ، خەن خاندانلىقىغا پوپوزا قىلىپ تۇراتتى.

**ئۈستۈن كەلمەك** ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولماق، ئۈستۈن ئورۇندا تۇرماق: ئەمەت كۈرۈك جان ئاچچىقىدا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى، ھەتتا گاھىدا ئامانگۇلدىن ئۈستۈن كەلگەندەك كۆرۈنەتتى.

**ئۈستۈنكى** سۈپ. ئۈستى تەرىپىدىكى، ئۈستىدىكى: ئۈستۈنكى قەۋەت. ئۈستۈنكى تېرە قۇرۇلمىسى. ئۈستۈنكى كالپۇك.

**ئۈستۈنلۈك** ئى. يۇقىرىلىق، غالىبلىق، يۈكسەكلىك، ئالىيلىق: ئۈستۈنلۈك تالاشماق. ئۈستۈنلۈك قازانماق. * ئەگەر تاغدىكى ئىسيانچىلار ئۈستۈنلۈك قازانمىغان بولسا، بۇ ئىش مۇنچىلىك چوڭىيىپ كەتمەس ئىدى.

**ئۈستباش** ئى [ئۈست + باش] ئاياغ كىيىمىدىن باشقا ئۈستىگە كىيىلىدىغان بارلىق كىيىم ـ كېچەكلەر: قورسىقى ئاچنىڭ كۆزى ئاشتا، قورسىقى توقنىڭ كۆزى ئۈستباشتا (ماقال).

**ئۈستىدە** يۈك. ھەققىدە، توغرىسىدا، توغرۇلۇق: مەن ئىككى ئىش ئۈستىدە يېزا پارتكومىغا پىكىر بەرگىلى سىزنىڭ يېنىڭىزغا كىرىۋېدىم.

**ئۈستىقۇددۇس** ئى [پ<گرېك] <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۆتكۈر پۇرايدۇ. غولى ئەگرى، كۆپ شاخلىنىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇدۇل، گۈلى كۆكۈچ سۆسۈن، شېخىنىڭ ئۇچىدا توپلىشىپ ئۆسۈپ باشاقسىمان گۈل رېتىنى شەكىللەندۇرىدۇ. گۈل رېتىدىن پۇراقلىق ماي ئېلىنىدۇ، ئادەتتە ئۇ سوپۇن ياساش ۋە زىننەت بۇيۇملىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۈستىلەپ** رەۋ. ئۈستىگە؛ ئۈستى ـ ئۈستىگە؛ تەكرار؛ قايتىدىن: دەل شۇ چاغدا گۈلخان ئۈستىلەپ كىرىدۇ. * شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۈستىلەپ يېڭى دەردلەر قوشۇلدى.

**ئۈستى ـ ئۈستىگە** ① بىرىنىڭ ئۈستىگە يەنە بىرى، ئۈستى ـ ئۈستىلەپ: تۆت تەرەپتىن ياغدۇرۇلغان ئوق زەربىسىدە دۈشمەن ئۆلۈكلىرى داۋاندىن ئىككى كىلومېتىرچە پەستىكى تار جىلغىدا ئۈستى ـ ئۈستىگە دۆۋىلىنىپ كەتتى. ② كەينى ـ كەينىدىن، ئارقا ـ ئارقىدىن تەكرار: ئۇ ئاچچىقى كېلىپ، ئەينەكنى ئۈستى ـ ئۈستىگە چاققىلى تۇردى.

**ئۈستى ـ ئۈستىلەپ ← ئۈستى ـ ئۈستىگە:** ئۇنىڭ ئاق ماتا كۆڭلىكىگە ئۈستى ـ ئۈستىلەپ ياماق سېلىنغانىدى.

**ئۈسكەك** I سۈپ. ئۈسۈشكە ئادەتلەنگەن، ئۈسىدىغان خۇيى بار: ئۈسكەك كالا. * ھېلىقى مالىمانچىلىق يىللاردا ھەر «ياۋاشلار»غا مۈڭگۈز چىقىپ، ئۈسكەك بولۇپ كېتىشتى.

**ئۈسكەك** II ئى. تامچىلارنىڭ سۇۋاق ۋاقتىدا ئىشلىتىلىدىغان ئۈچ پۇتلۇق، بىر ئۇچىنى تامغا تىرەپ قويىدىغان سايمىنى، جازا.

**ئۈسكەن** ئى. دىيال. ئۇزۇنچاق سېۋەت.

**ئۈسكۈنە** ئى [ئە] ① ئىدارە ـ جەمئىيەت، زاۋۇت ـ فابرىكا، كارخانا ۋە ئائىلىلەرگە كېرەكلىك نەرسىلەر، جاھاز: ئۆي ئۈسكۈنىلىرى. كارخانا ئۈسكۈنىلىرى. ② ھۈنەر ـ كەسىپكە زۆرۈر بولغان قورال ـ سايمانلار: ياغاچچىلىق ئۈسكۈنىلىرى. تېبابەتچىلىك ئۈسكۈنىلىرى.

**ئۈسكۈنىلەشتۈرمەك** «ئۈسكۈنىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئۈسكۈنىلەشتۈرۈلمەك** «ئۈسكۈنىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كېيىنكى چاغلاردا كارخانىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، كارخانا رەھبەرلىرى زامانىۋى ئۈسكۈنىلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇشنى قارار قىلغان.

**ئۈسكۈنىلەشتۈرۈشمەك** «ئۈسكۈنىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ زاۋۇت ئىلغار ماشىنىلار بىلەن ئۈسكۈنىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىشتا زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى.

**ئۈسكۈنىلەشمەك** پ. زۆرۈر ئۈسكۈنىلەر بىلەن تەمىن ئېتىلمەك، جاھازلاشماق: بۇ ئاددىي ياغاچچىلىق دۇكىنى ھازىر زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر بىلەن ئۈسكۈنىلەشتى.

**ئۈسكۈنىلىك** سۈپ. ئۈسكۈنىسى بار، ئۈسكۈنە ئورنىتىلغان، ئۈسكۈنە قويۇلغان: ئۈسكۈنىلىك ئۆي.

**ئۈسمەك** پ ① بېشى ياكى مۈڭگۈزى بىلەن ئادەم ۋە نەرسىلەرنى سوقماق، ئىتتەرمەك: تۇرغان تامغا ئۈسسەڭ بېشىڭ يېرىلار (ماقال). ② بۆرتمەك: ئىككى رازۋېدكىچى دەريا ئۈستىگە لەمپە بولۇپ ئۆسۈپ چىققان ئېگىز تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ماشىنىلارنىڭ كەينىدىن قاراشتى. ③ كۆچمە. دوقۇرماق: مېنىڭچە، قاتىللارنىڭ تەپتارتماستىن مۇشۇ تەرەپلەردە ئۆسۈپ يۈرگىنىدىن قارىغاندا، بىرى بولمىسا بىرى ئورمانلىقنىڭ خۇيىنى بىلىدىغان نېمىدەك قىلىدۇ. ④ كۆچمە. ئارتىپ قويماق، دۆڭگىمەك: ئۇ پۇلنى يوقىتىپ قويۇپ باشقىلارغا ئۈسۈۋاتىدۇ.

**ئۈسۈپ كىرمەك** سورىماي، رۇخسەت ئالماي ئۆزى بىلگەنچە كىرمەك: ئۇنداق سورۇنغا بىر ئاددىي ئىشچىنىڭ ئۈسۈپلا كىرىشى ئەدەپسىزلىك بولغانلىقتىن، ئىشىك تۈۋىدە بىر ئاز ساقلاپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى.

**ئۈسۈشمەك** «ئۈسمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككى قوچقار ئۈسۈشكەندە، بۆرىنىڭ قورسىقى ئاچىدۇ (ماقال).

**ئۈشتە** ئى [پ] ← **ئۈشتە قىلماق.**

**ئۈشتە قىلماق** سىلىقلىماق (پاختا يىپ، ماتا قاتارلىقلار ھەققىدە): ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەكەلگەن ماتاسىنى ئۈشتە قىلىپ بېرىپ، شۇنىڭ بىلەن جان باقىدىكەن.

**ئۈشتىگەر** ئى [پ] ئۈشتە قىلىدىغان ئادەم: زامانلارنىڭ زامانىسىدا، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ ئارىسىدا بىر ئۈشتىگەر ياشىغانىكەن.

**ئۈشرۈم** سۈپ. دىيال. قاپىقى تۈرۈك ئادەم.

**ئۈششۈتمەك** «ئۈششۈمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆينى ئىجارىگە بېرىپ، بۆرىنى ئۈششۈتكەن قېرى (ماقال). * يەنە مۇشۇنداق بىرنەچچە سائەت ياتىدىغان بولساق، بۇ سوغۇقتا پۇت ـ قولىمىزنى ئۈششۈتۈپ كېرەكتىن چىقىرىۋالغانمۇ بولاتتۇق.

**ئۈششۈك** ① ئى. كۈز ئاخىرلىشىپ، قىشنىڭ كىرىشى بىلەن يېتىپ كېلىدىغان بىر خىل سوغۇق ھاۋا ئېقىمى، ئۇ زىرائەتلەرنى ئۈششۈتۈپ كاردىن چىقىرىدۇ: ئۈششۈك چۈشمەك. ئۈششۈك تەگمەك. ئۈششۈك ئاپىتى. ② سۈپ. ئۈششۈگەن، ئۈششۈك تەگكەن: چۈنكى، ئۇنىڭ چىرايى سوغۇق شامالدا تىترەپ ئالدىمىزغا چۈشۈۋاتقان كەچ كۈزدىكى ئۈششۈك يوپۇرماقلارغا ئوخشايتتى. ③ ئى.

تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلىشى تۈپەيلىدىن ئادەم ۋە نەرسىلەردىكى توڭلاش، مۇزلاش ھەم شۇ توڭلىغان، ئۆششۈگەن يەر، نەرسە: توڭلاپ قالغان قۇلاقنى قار بىسىپ ئۆششۈكنى ياندۇرۇشنى بىز پېشقەدەم يېتەكچىلاردىن ئۆگەندۇق.

**ئۆششۈمەك** پ. سوغۇقنىڭ تەسىرىدىن ئادەم بەدىنىنىڭ بىرەر جايى ياكى زىرائەت ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى نورمال ھالىتىنى يوقاتماق؛ توڭلاپ زەخىملەنمەك: ئۇنىڭ بۇرۇن - قۇلاقلىرى ۋە ئۆششاق پۇتلىرى تامام ئۆششۈپ كەتكەنىدى.

**ئۆششىرتماق** «ئۆششىرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دەرەخ شاخلىرىنى قىروۋ بېسىپ، سوغۇق شامال ئۆششىرتىپ تۇراتتى.

**ئۆششىرتىشماق** «ئۆششىرتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: چىراغ ئۆچۈشى بىلەن تەڭ، كۇلۇب ئىچىنى ھەر خىل ئۆششىرتىشقان ئاۋازلار قاپلاشقا باشلىدى.

**ئۆششىرتىلماق** «ئۆششىرتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دوقموشتىكى بەڭباش يىگىتلەر تەرىپىدىن نەچچە قېتىم ئۆششىرتىلغان بولسىمۇ، ئۇ بىغەم قىزلار قاراپمۇ قويماي ئۆز يوللىرىغا راۋان بولۇشتى.

**ئۆششىرماق** پ «ئۆش - ئۆش» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «ئۆش - ئۆش» قىلماق: يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قىزلارنى كۆرگەن غوپۇر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن نەچچە قېتىم ئۆششىرغان بولسىمۇ، يەنىلا قىزلارنىڭ بىر قاراپ قويۇشىغا نائىل بولالمىدى.

**ئۆشكە** ئى <ماشىنا> تۆشۈك ئېچىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب. تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، بەزىلىرى قول بىلەن، يەنە بەزىلىرى توك ياكى شامال كۈچى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدۇ.

**ئۆشكۈرمەك** پ. دىيال. ئىسقىرتماق، ئۆششىرتماق.

**ئۆشكىلەتمەك** «ئۆشكىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قەيسەر ياغاچچى ئۇستام يېنىدىن ئۆشكىلىتىپ كەلگەن شاللارنى بىر - بىرىگە جىپسىلاشقا باشلىدى.

**ئۆشكىلەشمەك** «ئۆشكىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككى ياغاچچى ئۇستام بىر بولۇپ ياغاچلارنى ئۆشكىلەشتى.

**ئۆشكىلەنمەك** «ئۆشكىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ياغاچلار ئۆشكىلەندى. * ئۆشكىلىنىپ بولۇنغان ياغاچلار بىر تەرەپكە تىزىلدى.

**ئۆشكىلىمەك** پ. ئۆشكە بىلەن تەشمەك: ياغاچنى ئۆشكىلىمەك. * مۇسا ياغاچچى بۇيرۇتما ياغاچلارنى ئۆشكىلەپ بولۇپ، چۈشلۈك تاماققا ئولتۇردى.

**ئۆكە** ئى. ھۆۋقۇشنىڭ پېيى، بۇ خىل پەينى بەزى تۈركىي مىللەتلەر ئاياللىرى زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە بۆكىنىڭ ئالدى تەرىپىگە قادىۋالىدۇ: ئۆكە تاقىماق.

**ئۆكەر** ئى <ئاسترو> چوڭ ئېيىق يۇلتۇز تۈركۈمىدىكى يەتتە قاراقچى يۇلتۇزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئۆكەلىك** سۈپ. ئۆكە تاقالغان: ئۆكەلىك بۆك.

**ئۆگە** ئى ① <ئانات> سۆڭەكلەرنىڭ ئۆزئارا تۇتاشقان جايى. تۈزۈلۈشىگە قاراپ قوزغالماس، سەل قوزغىلىدىغان ۋە ھەرىكەتچان ئۆگە دەپ ئۈچكە ئايرىلىدۇ. قوزغالماس ئۆگىگە باش سۆڭىكىنىڭ ھەرقايسى ئۆگىلىرى؛ سەل قوزغىلىدىغان ئۆگىگە ئومۇرتقا تۈۋرۈكىنىڭ ئۆگىلىرى؛ ھەرىكەتچان ئۆگىگە تۆت مۇچە ئۆگىلىرى مىسال بولالايدۇ. ② كۆچمە. راكېتا، باشقۇرۇلىدىغان بومبا قاتارلىقلار قىسىملىرىنىڭ ئۆزئارا تۇتاشقان جايى، بوغۇمى.

**ئۆگدەتمەك** «ئۆگدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھارۋىنىڭ رىتىملىق غىچىرلىشى، مۆمىن ئاكامنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى مېنى ئۆگدىتىپ قوياتتى.

**ئۆگدەشمەك** «ئۆگدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھارۋىنىڭ ئۈستىدە ئون نەچچە چېرىك، بىر پار ئات چۆمۈلگەن قاپقارا تەرگە. ئۆگدىشەر ئۆگىنىپ كەتكەندەك ئۇلار، توپىلىق يوللاردا دائىم سەپەرگە.

**ئۆگدەك** ئى. پۈتۈنلەي ئۇخلاپ قېلىش بىلەن ئويغاقلىقنىڭ ئارىلىقىدىكى ئۇيقۇ باسقان ھالەت؛ ئۇيقۇسىراش: ئۆگدەك باسماق.

**ئۆگدىمەك** پ. ئۇيقۇ باسماق، ئۇيقۇسىرىماق: ئۇ ئۆگىنىشتە ۋە يىغىندا دائىم ئۆگدەپ ئولتۇرىدۇ.

**ئۆگرە** ئى ① خېمىرنى يۇپقا يېيىپ، ئىنچىكە كېسىلگەن چۆپ: ئەكبەر كەچلىكى يەڭگىسى ھەجەربۇۋىنىڭ ئاشكۆكى بىلەن پىنىنىنىڭ پۇرىقى گۈپۈلدەپ تۇرغان مەززىلىك ئۆگرە ئېشىنى تازا ھوزۇرلىنىپ ئىچتى. ② شۇنداق چۆپ بىلەن ئېتىلگەن سۇيۇق ئاش: ئۆگرە ئەتمەك. ئۆگرە ئىچمەك. * ئۆگرىنى تاشلاپ، تالقان يەپتۇ، يۇرتنى تاشلاپ، ئارمان يەپتۇ (ماقال).

**ئۆگرىچى** ئى. ئۆگرە كەسكۈچى؛ ئۆگرە ئاش ئېتىدىغان ئاشپەز: ئىش بىلمەس كەشتىچى بوپتۇ، ئاش بىلمەس ئۆگرىچى بوپتۇ (ماقال).

**ئۆگرىخانا** ئى. مەخسۇس ئۆگرە ئېتىپ ساتىدىغان ئاشخانا: بىرى بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە ئاۋۋال سول تەرەپتىكى ئۆگرىخانىغا كىرىپتۇ.

**ئۆگۈت** I ئى ① ئۇن تارتىش ئۈچۈن پاكىز تازىلانغان ئاشلىق: ئۆگۈت ئەتمەك. ② جۇۋازغا سېلىپ ياغ تارتىشقا تەييارلانغان مايلىق دان؛ يۈك.

**ئۆگۈت** II ئى. تارس. پەند - نەسىھەت.

**ئۆگۈتچى** ئى. ئۆگۈت ئەتكۈچى ئادەم.

**ئۆگۈت - نەسىھەت** پەند - نەسىھەت: بالىلارغا ئۆگۈت - نەسىھەتنى توختاتماسلىق لازىم.

**ئۆگۈجەكلىك** ئى. دىيال. ساندۇق ياساش ئۈچۈن تەييارلانغان ياغاچ.

**ئۆگۈچ** ① ئى. قولنىڭ پەنجىلىرىنى سەل ئەگكەن ۋاقتىدىكى تۇرقى: ئۆگۈچكە ئالماق. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن قوشۇلۇپ ئۆگۈچكە ئالغىلى بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر ئۆگۈچ بۇغداي. * ئۇ تاغاردىن بىرقانچە ئۆگۈچ قوناقنى ئېلىپ كەپتەرلەرگە چېچىپ بەردى.

**ئۆگۈچلىمەك** پ. ئۆگۈچىگە ئالماق: ئۇ لېگەننى سۈپۈرۈپ، بىر تال گۈرۈچمۇ قالدۇرماي ئالدىغا يىغدى ۋە ئەڭ ئاخىرقى بىر كاپام پولۇنى چىڭ ئۆگۈچلەپ ئاغزىغا سالدى.

**ئۆگىلىك** سۈپ. ئۆگىسى بار، ئۆگىسى بولغان: قول زادى قانچە ئۆگىلىك بولىدۇ؟

**ئۆگمەك** پ. دىيال. ئۇششاقلىماق، يانجىماق؛ تارتماق.

**ئۆلۈتمەك** پ. دىيال. ئۇزاقماق.

**ئۆلەشتۈرمەك** «ئۆلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ سامسىلاردىن بىرقانچىنى قاپاقتىن ئېلىپ دىۋانىلەرگە ئۆلەش-

تۇردى.

**ئۆلەشتۈرۈشمەك** «ئۆلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كەنت كادىرلىرى خىمىيەۋى ئوغۇتنى دېھقانلارغا ئۆيمۇئۆي كىرىپ ئۆلەشتۈرۈشۈپ بېرىشتى.

**ئۆلەشتۈرۈلمەك** «ئۆلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئالدى بىلەن چېك لەشكەرلىرى غىزالىنىپ، ئاندىن ئاشقان ـ تاشقان نەرسىلەر سۈرگۈنلەرگە ئۆلەشتۈرۈلۈپ بېرىلەتتى.

**ئۆلەشمەك** پ. بىر پۈتۈن ياكى بىر توپ نەرسىلەرنى بىرنەچچە كىشىلەر ئۆزئارا مەلۇم ئۈلۈش، نىسبەت بويىچە بۆلۈۋېلىش، ئۈلەشمەك: ئۇلار: «ئەگەر بۇ ئالتۇن خىش ئۈچ پارچە بولغان بولسا، ئۆلەشمەكىمىز ئوڭاي ئىدى» دېيىشتى.

**ئۆلپەت** ئى [ئە] زىياپەت، ئولتۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەردە بىللە بولىدىغان كىشى؛ ھەمسۆھبەت: ئۆلپىتىڭ قاغا بولسا، يېيىشىڭ پوق (ماقال).

**ئۆلپەتچىلىك** ئى ① ئۆلپەتلەر يىغىلىشى، ئولتۇرۇشى ياكى زىياپىتى؛ ئۆلپەتلەر ئارىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن مېھماندارچىلىق: ئۇلار بىر جوزىغا چۆكۈپ، ئۆلپەتچىلىك قىلىپ بىر ـ ئىككى رومكىدىن ئىچىشتى. ② ئۆلپەتلەرگە، دوستلارغا خاس مۇناسىۋەت: ئۆلپەتچىلىكى بار ئادەم. ئۆلپەتچىلىك قىلماق.

**ئۆلپەتلەشمەك** پ. ئۆلپەت بولماق، ئۆلپەتچىلىك قىلماق، دوستلاشماق؛ ھەمسۆھبەت بولماق: ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىن ھېسابلانغان بۇرادەرلىرى بىلەن ساراي ئۆيدە ئۆلپەتلىشىپ ئولتۇراتتى.

**ئۆلپەتلىك** ئى. ئۆلپەتچىلىك، دوستلۇق: مەن بىراۋ بىلەن ئۆلپەتلىك قىلسام، ھەتتا ئۇنىڭدىن جېنىمنىمۇ ئايىماي، كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشىمەن.

**ئۈلگە** ئى ① كىشىلەر تەقلىد قىلىدىغان، دورايدىغان، ئۆگىنىشكە، نەمۇنە قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئادەم، ئىش، نەرسە ياكى ئۇسۇل؛ نەمۇنە، تىپ: ئۈلگە بولماق. ئۈلگە ياراتماق. ئۈلگە ئالماق. ئۈلگە قىلماق.② بىر تۈردىكى نەرسىلەردىن ئېلىنغان نۇسخا، ئەۋرىشكە: بۇ ئوردىنى ئەخمەت بەگ بېيجىڭ خانلىقىنىڭ ئوردىسىنىڭ ئۈلگىسى بويىچە سالدۇرغانىدى.

**ئۈلگۈچە** سۈپ. كۆپ مىقداردا؛ ھەممىنى بىراقلا، پۈتۈنلۈكى بويىچە: ئۈلگۈچە سودا. // ئۈلگۈچە ساتماق. ئۈلگۈچە ئالماق. * بۇ مالنى بىزنىڭ بۇ يەردە ئۈلگۈچە ئالىدىغان كىشى يوق.

**ئۈلگۈچەك** ئى. كونا پاسوندىكى ئىشىكلەردە، ئىشىكنىڭ ئېچىلىپ ـ يېپىلىشى ئۈچۈن قانات يان ياغىچىنىڭ ئاستى ـ ئۈستىگە چىقىرىلغان، بىر بېشى ئىشىك بېشىغا ئويۇلغان تۆشۈككە، يەنە بىر بېشى بوسۇغىغا ئويۇلغان تۆشۈككە كىرىپ تۇرىدىغان ئوقسىمان قىسمى: ئىشىكنىڭ ئۈلگۈچىكى. * ئېقىن سۇ سېسىمايدۇ، ئىشىك ئۈلگۈچىكى چىرىمايدۇ (ماقال).

**ئۆلگۈدىمەك** پ. دىيال. يىرىكدىمەك، شالىلىماق.

**ئۆلگۈرتمەك** «ئۆلگۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ـــ مەن ئۆلگۈرتىمەن، ـــ دېدى خالمۇرات قەتئىي قىلىپ.

**ئۆلگۈرتۈلمەك** «ئۆلگۈرتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۆلگۈرچە** ئى. دىيال. ئۇن تارتىش ئۈچۈن ئالدىن تەييارلانغان ئاشلىق.

**ئۆلگۈرمەك** پ. بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنى بېجىرىشكە، قىلىشقا ئىمكانىيەت، ۋاقىت تاپماق، مۇۋەپپەق بولماق؛ يېتىشمەك: پويىزغا ئۆلگۈرۈپ بارماق. * ئۇنىڭ پۇتلىرى شۇنداق چاققان ھەرىكەت قىلاتتىكى، كۆرۈپ پەرق ئېتىشكە ئۆلگۈرگىلى بولمايتتى.

**ئۆلگۈرۈشمەك** «ئۆلگۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئوقۇغۇچىلار سەھەر تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئاشخانا تامىقىغا ئۆلگۈرۈشتى.

**ئۆلگۈرۈلمەك** «ئۆلگۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۆلگۈمەك** پ. دىيال. شالىلىماق، ئىلغىماق.

**ئۈلگىلىك** ① سۈپ. ئۈلگە بولىدىغان، ئۈلگە بولۇشقا ياكى قىلىشقا ئەرزىيدىغان: ئۈلگىلىك ئوقۇغۇچى. ئۈلگىلىك تىياتىر. ئۈلگىلىك رول ئوينىماق. ② رەۋ. ئۈلگە بىلەن، ئۈلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق: ئۈلگىلىك ئوقۇتۇش.

**ئۈلۈش** ئى ① تەقسىملىنىدىغان نەرسىنىڭ بىرەر كىشىگە تېگىشلىك قىسمى، بۆلىكى؛ ھەسسە، نېسىۋە: ئۆز ئۈلۈشىنى ئالماق. ② بىرەر چوڭ ئىشقا قىسمەن سەرپ قىلىنغان، قوشقان مېھنەت؛ ئەجىر؛ ھەسسە؛ تۆھپە: بۇ غەلىبىلەرنىڭ ئىچىدە ھەرقايسىمىزنىڭ ئۈلۈشى بار ئەمەسمۇ. ③ بىر پۈتۈن ئىش، ھەرىكەت ياكى مەسىلىنىڭ مەلۇم بۆلىكى، قىسمى: بىر ئۈلۈش مېھنەت بىر ئۈلۈش ئىقتىدارنى يېتىشتۈرىدۇ.

**ئۈلۈشكۈن** ئى. ئۆتۈپ كەتكەن كۈننىڭ ئالدىنقى كۈنى، تۈنۈگۈننىڭ ئالدىدىكى كۈن، بۈرناكۈن، ئوزاكۈن: ئۇ ئۈلۈشكۈن «غۇنچە» مۇكاپاتى مۇسابىقىسىگە قاتناشتى.

**ئۈلۈشكۈنكى** سۈپ. ئۈلۈشكۈنى بولغان، ئۈلۈشكۈندىكى: ئۈلۈشكۈنكى ئىش.

**ئۆلۈشۈك** ئى. دىيال. ئۆلۈمدە ئۆلەشتۈرىدىغان نەرسىلەر.

**ئۈلۈشيىل** ئى. ئۆتۈپ كەتكەن يىلنىڭ ئالدىنقى يىلى، ئۆتكەن يىلنىڭ ئالدىدىكى يىل، ئالدىنقى يىل، ئوزاقى يىل، ئوزا: بولۇپمۇ، ئۈلۈشيىل بولغان بىر ۋەقە بوۋاينى قاتتىق رەنجىتتى.

**ئۈلۈشيىلقى** سۈپ. ئۈلۈشيىلى بولغان، ئۈلۈشيىلىدىكى، ئوزاقى يىلىدىكى، ئوزاقى: ئۈلۈشيىلقى ئىش.

**ئۈمتۈلمەك** پ ① ئىنتىزارلىق بىلەن قارىماق، تەلپۈنمەك، تەلمۈرمەك؛ ئىنتىزار بولماق: ئۈمتۈلگەن ئەرگە دەريا ئوشۇقىغا كەلمەس (ماقال). ② تەمشەلمەك: كېيىنكىسىنى ئۇ بىلمەيتتى. تۈن يېرىمىدا ئېسىگە كېلىپ، بىر تاغ ئارىسىدىكى ئوتلاقتا ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ قوپۇشقا ئۈمتۈلدى.

**ئۆمچەيتمەك** «ئۆمچەيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دىلەيسە زاڭلىق قىلغاندەك تۇمشۇقىنى پۈرۈپ قويدى ـ دە، ئاغزىنى ئۆمچەيتىپ گەپ ئاچتى.

**ئۆمچەيتىشمەك** «ئۆمچەيتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇ ئىككىسى خۇددى بىزدىن رەنجىشكەندەك ئاغزىلىرىنى ئۆمچەيتىشتى.

**ئۆمچەيمەك** پ. رەنجىش، خاپىلىق، كۆڭلى يېرىم بولۇش ياكى نارازىلىق تۈپەيلىدىن كالپۇكىنى سەت قىلىپ پۈرۈشتۈرمەك، كالپۇكىنى بىرقىسىملا قىلماق: قەمبەرخاننىڭ ئاۋازى بوغۇلدى. ئۇنىڭ دەسلەپتە ئۆمچىيىپ، كېيىن مىشىلداپ يىغلىغىنى ئاڭلاندى.

**ئۆمچىيىشمەك** «ئۆمچەيمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دادىسىدىن بىھۇدە تىل ئىشىتكەن باللار يەرگە قارىشىپ، ئۆمچىيىشكە باشلىدى.

**ئۈممەت** ئى [ئە] <دىن> مۇھەممەد پەيغەمبەرگە ئەگەش-

كەن ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەر جامائەسى.

**ئۈمىد** ئى [پ] ① بىرەر ئىستەكنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا بولغان ئىشەنچ، ئىشەنچ بىلەن كۈتۈش؛ ئارزۇ، ئىستەك؛ نىيەت، مەقسەت: ئۈمىد ئۈزمەك. ئۈمىد كۈتمەك. ئۈمىد باغلىماق. ئۈمىدنى يەردە قويماق. * ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار (ماقال). ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئۈمىد ـ ئارزۇ** ئۈمىد ۋە ئارزۇ: مەندە نە ئۆي ـ ماكان، نە خوتۇن، بالا ـ چاقا بولسۇن؟ مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن. ئۆمرۈمنىڭ كۆنى ئېگىلدى. مەندىكى ئۈمىد ـ ئارزۇلار توزغاقتەك توزۇپ كەتتى.

**ئۈمىدپەرەس** سۈپ. ئىشقا، مەسىلىگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن قارايدىغان، ئۈمىدۋار: ئۇنىڭ دادىسى ئۈمىدپەرەس ئادەم بولۇپ، ھەرقانداق ئىشقا ئۈمىد بىلەن قارايتتى.

**ئۈمىدپەرەسلىك** ئى. ئۈمىد ـ ئارزۇ بىلەن ياشاش، ئۈمىدى بار بولۇش، ئۈمىدكە ئىگىلىك، ئۈمىدۋارلىق: ئەقىل دۇنيانى گۈزەل قىلىدۇ، بەزىدە رەزىلمۇ قىلىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى ئەقلىي روھ، شۇنداقلا بۇ مىسلىسىز كېرىزىسلەر يەنىلا شۇ ھەددىدىن ئاشقان ئەقلىي روھ ۋە ئۈمىدپەرەسلىكنىڭ مەھسۇلىدۇر.

**ئۈمىدسىز** سۈپ ① ئۈمىدى يوق، ئۈمىدسىزلەنگەن، نائۈمىد: زۆھرەم ئۈمىدسىز ھالدا كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. ② كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدى، ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى يوقاتقان، كېلەچەكتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن: ئۈمىدسىز كىشى. * ئۈمىدسىز شەيتان (ماقال).

**ئۈمىدسىزلەرچە** رەۋ. بىرەر كىشى ياكى بىرەر نەرسە، ئىشتىن ئۈمىد ئۈزگەن ھالدا؛ ئۈمىدسىزلىك بىلەن: ئۈمىدسىزلەرچە گەپ قىلماق. ئۈمىدسىزلەرچە ياشىماق.

**ئۈمىدسىزلەندۈرمەك** «ئۈمىدسىزلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن سىزنى بىر ئىشتىن ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويىمەنمىكىن، دەپ قورقىمەن.

**ئۈمىدسىزلەنمەك** پ. بىرەر كىشىگە ياكى نەرسىگە، ئىشقا بولغان ئۈمىدىنى، ئىشەنچىنى يوقاتماق، ئۈمىدىنى ئۈزمەك: سەن بۇ ئىشتىن ئۈمىدسىزلەنمە. * ئۈمىدسىزلەنمەڭ، ئىمىن ئاكا، ساقچىلار جەزمەن تاپىدۇ.

**ئۈمىدسىزلىك** ئى. ئۈمىدسىز، ئارزۇسىز يۈرۈش، ئۈمىد ـ ئارزۇسى يوقلۇق: ئۈمىدسىزلىك ئۆلۈمدىن يامان (ماقال).

**ئۈمىدسىزلىنىشمەك** «ئۈمىدسىزلەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىر ئايغىچە ئوغلىنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىغان بۇ بىچارە ئاتا ـ ئانىلار ئوغلىدىن ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدى.

**ئۈمىدلەندۈرمەك** «ئۈمىدلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ــ ۋارىسجان ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ، ــ دېدى ئەنۋەر ئاپالىنى ئۈمىدلەندۈرۈپ.

**ئۈمىدلەنمەك** پ. ئۈمىدۋار بولماق، ئۈمىد قىلماق، ئۈمىد كۈتمەك: سادىق ئابباس توغرۇلۇق ئويلاپ ئۈمىدلىنىپ قالدى، بۇ ئۈمىد ئۇنى قانائەتلەندۈرۈپ ئىشەنچكە ئىگە قىلدى.

**ئۈمىدلىك** سۈپ ① بىرەر نەرسىدىن ئۈمىد قىلىدىغان؛ ئۈمىدۋار: ئۈمىدلىك ئادەم. * سەلەي سۆز قىستۇرۇپ: ــ يەنە ئۈمىدلىك بولۇڭ! ئادەمنىڭ ئۈمىد بىلەن ياشىغىنى ياخشى، ــ دېدى. ② كېلەچەكتە ئىشەنچە بولىدىغان، كېلەچىكى پارلاق: ئۈمىدلىك سەنئەتكار. ئۈمىدلىك يازغۇچى. * بىزنىڭ ئارىمىزدا يېڭى ئۈمىدلىك مەنزىرە ئېچىلىۋاتىدۇ، سىزچە قانداق؟

**ئۈمىدۋار** سۈپ [پ] ئۈمىد، ئارزۇ ئېپادىلەيدىغان، ئىشقا، مەسىلىگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن قارايدىغان؛ ئۈمىدلىك: ئۈمىدۋار ئادەم. ئۈمىدۋار بولماق.

**ئۈمىدۋارلىق** ئى ① ئۈمىد ـ ئارزۇ بىلەن يۈرۈش، ئۈمىدى بارلىق، ئارزۇ ـ ئۈمىدكە ئىگىلىك. ② <پەلس> ئوپتىمىزم.

**ئۈن** ئى. ئادەم گەپ قىلغاندا، بىرنەرسە باشقا بىر نەرسىگە سوقۇلغاندا، تەگكەندە، نەرسە سۇنغاندا، چېقىلغاندا، پارتلىغاندا، ھەرىكەت قىلغاندا چىقىدىغان ھەرخىل ئاۋاز؛ تاۋۇش: مىلتىقنىڭ ئۈنى. ئۈن چىقارماق. ئۈنۈڭنى چىقارما. ئۈنى پۈتمەك.

**ئۈن سالماق** ئاۋازىنى بولۇشىغا چىقارماق، ۋارقىرىماق، توۋلىماق، ئۈن چىقارماق: ئايقىز بۇ پاجىئەنى كۆرۈپ، قاتتىق ئېچىنىش بىلەن ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

**ئۈن قاتماق** گەپ قىلماق، زۇۋان سۈرمەك، ئېغىز ئاچماق: سېلىمنىڭ بۇ ئوخشىتىشىغا ھېچكىم ئۈن قاتمىدى، ھەممەيلەن جىددىي كەيپىيات ئىچىدە جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى.

**ئۈنۈڭنى ئۆچۈر** «ئاۋازىڭنى چىقارما، زۇۋان سۈرمە، ئاغزىڭنى جىم قىل، گەپ قىلما» دېگەن مەنىلەردىكى قاراتما سۆز.

**ئۈنى پۈتمەك** ئاۋازى ئەسلىدىكىدەك نورمال چىقمايدىغان بولۇپ قالماق: ئۇنىڭ ئۈنى پۈتۈپ قاپتۇ، بولمىسىغۇ ناخشا ئېيتىپ بېرەتتى.

**ئۈنى ئۆچمەك** سۆزلەشتىن توختىماق، سۆز قىلىشتىن قالماق؛ جىم بولماق: كەچقۇرۇن لېتىپ ئىشتىن قايتىپ كېلىپ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتى ـ دە، ئۈنى ئۆچۈپ خۇدىنى يوقىتىپ قويدى.

**ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتمەك** سۆز قىلالماي قالماق، ئۈنى ئۆچمەك: نېمىشقا ئۈنۈڭ ئىچىڭگە چۈشۈپ كەتتى؟

**ئۈن يېتىم يەر** ئۈنىنىڭ بارچە توۋلىسا يەتكۈدەك يىراقلىق بولۇپ، ئادەتتە تەخمىنەن 5 يۈز مېتىر ئۈزۈنلۇقتىكى ئارىلىقنى كۆرسىتىدۇ: بىر ئۈن يېتىم يەردىكى دۆڭلۈكنىڭ كەينىدىن مۇرىسىگە كەتمەن سالغان ۋەيتۇنەم ناخشا ئېيتىپ چىقىپ كەلدى.

**ئۈنئالغۇ** ئى [ئۈن + ئالغۇ] <فىز> ئاۋازنى خاتىرىلەۋېلىپ، قايتا ئاڭلاشقا ئىمكانىيەت تۇغدۇرىدىغان ماشىنا. ئەڭ كەڭ قوللىنىلىدىغىنى ماگنىت لېنتىلىق ئۈنئالغۇ، ئۇ ئالماقچى بولغان ئاۋازنى ئېلېكتىر ماگنىتىغا ئايلاندۇرۇپ ماگنىت لېنتىسىنى ماگنىتلايدۇ. قايتا قويۇلغاندا، ماگنىتنى ئاۋازغا ئايلاندۇرىدۇ.

**ئۈنەك** ئى. دىيال. ئىنتىقام، قىساس.

**ئۈن ـ تىن** ئۈن ۋە شۇ خىلدىكى تاۋۇش؛ ئاۋاز، زۇۋان: ئۈن ـ تىن چىقارماستىن. ئۈن ـ تىن دېمەي.

**ئۈن ـ تىن چىقارماسلىق** ① زۇۋان سۈرمەسلىك، گەپ ـ سۆز قىلماسلىق، جىممىدە تۇرۇۋېلىش: ئۇ ئۈن ـ تىن چىقارماستىن بېشىنى لىڭشىتىپلا قويدى. ② ۋايسىماسلىق، غىدىڭ ـ پىدىڭ قىلماسلىق: ئۇلار ياسىنىدىن ئۆتكىنىپ، ئۈن ـ تىن چىقارماستىن ياخشى ئىشلىدى.

**ئۈن ـ تىن دېمەسلىك** ← **ئۈن ـ تىن چىقارماسلىق**: ھېممەت بالدۇر كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئايتىللا بۇ شوپۇر توغرىسىدا ئۈن ـ تىن دېمىدى.

**ئۈن ـ تىنى يوق** ئىز ـ دېرىكى يوق، ئىز ـ دېرەكسىز: مەن بالىلىرىمنىڭ مۇنداق ياخشى كۈنلەرگە يەتكىنىنى نەدىن بىلەي، ئۈن ـ

تىنى يوق، ئۆلۈپ كەتكەندىمۇ دەپ ئويلىدىم.

**ئۈن-تىنسىز** ① ئۈن ـ تىن يوق، ئۈن ـ تىن چىقارماي، ئاۋاز چىقارماي، شەپىسىز: لېكىن ئۇ ئۈن ـ تىنسىز يىغلاش ئارقىلىق خورمىنى يېگەنلىكىنى ئىقرار قىلغانىدى. ② كۆچمە. ئۆز ئىچىدە، ھېچكىمگە تىنماي: ئۇ نەچچە يىلدىن بېرىقى سېغىنىشلىرىنى كۆز يېشى ۋە ئۈن ـ تىنسىز تارتقان روھىي ئازابلىرىنى نېمە بىلەن مەلۇم قىلىدۇ؟ ③ ھېچبىر گەپ ـ سۆز قىلماي، زۇۋان سۈرمەي، جىممىدە: ئۇ قورقىنىدىن بېشىنى يەردىن ئۇستۇن قىلماي، ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ ياش تۆكتى. ④ جىم ـ جىملا، ئىز ـ دېرەكسىز، ئۇقتۇرۇپ قويمايلا، بىسوراقسىز؛ دەپ قويمايلا، ئۆز بېشىغا: بالا ئۈن ـ تىنسىز يوقاپ كەتتى.

**ئۈنچە** ئى. مەرۋايىت، ئۈششاق مەرۋايىت.

**ئۈنچە ـ مارجان** ئۈنچە ۋە مارجان: ئارپا ـ بۇغداي ئاش ئىكەن، ئۈنچە ـ مارجان تاش ئىكەن (ماقال).

**ئۈنچە ـ مەرۋايىت** ئۈنچە ۋە مەرۋايىت: ئۈنچە ـ مەرۋايىت سېتىۋالماق.

**ئۈنچۈك** ئى. ئاچا تۇياق ھايۋانلارنىڭ تۇياقتىن بېغىشىغىچە بولغان ئىككى تال ئۇستىخىنى.

**ئۈنچىقماس** سۈپ [ئۈن + چىقماس] ئۈن چىقمايدىغان، زۇۋان سۈرمەيدىغان، كۆپ گەپ قىلمايدىغان، ئۈندىمەس؛ گەپ قىلماس: ئۈنچىقماس ئادەم. * ئۇ بىر ئۈنچىقماس بالا بولۇپ قالدى.

**ئۈندەتمەك** «ئۈندىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پادىشاھ ئوڭ قول ۋەزىرى ئارقىلىق قازىنى ئۈندەتىپ كۆرۈپتۇ، ئەمما ھېچ ئۈنۈمى بولماپتۇ.

**ئۈندەش** ئى ① چاقىرىش، قىچقىرىش، دەۋەت قىلىش. ② <تىل> سۆزلىگۈچىنىڭ تۈرلۈك ھېسسىياتى، پوزىتسىيەسىنى ياكى چاقىرىش، ئۈندەش مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ: ئۈندەش بەلگىسى.

**ئۈندەش بەلگىسى** <تىل> تىنىش بەلگىلىرىدىن بىرى (!). ئوي ـ پىكىرنىڭ ئۈندەش ۋە بۇيرۇق تەرزدە ئاياغلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۈندەش جۈملە** <تىل> قويۇق ھېس ـ كەيپىياتنى بىلدۈرىدىغان جۈملە. مەسىلەن، «ۋايجان!»، «نېمىدېگەن ياخشى!»، «ئەجەبا، سىزمۇ كېلىپ قاپسىز!» دېگەنلەرگە ئوخشاش. يېزىق تىلىدا، ئۈندەش جۈملىنىڭ ئاخىرىغا ئۈندەش بەلگىسى (!) قويۇلىدۇ.

**ئۈندەش سۆزلەر** <تىل> ← ئىملىق سۆزلەر.

**ئۈندەشمەك** «ئۈندىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ساۋاقداشلىرىم ئۇ يەرگە مېنىمۇ بىللە بېرىشقا ئۈندەشكەن بولۇشىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر مېنىڭ زادىلا بارغۇم كەلمەيۋاتاتتى.

**ئۈندەك** ئى. ئۈندەش، چاقىرىش، دەۋەت ياكى دەۋەت قىلىش: ئەمەلىيەتتە بۇنداق نۇقسانلىرىمىز ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكۈچىلىرىمىز بىزنى ئويغاتقۇچىلار، سەگەكلىككە ئۈندىگۈچىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈندەكلىرى ھەرگىز ئورۇنسىز ئەمەس.

**ئۈندەككە كەلمەك** ① بۇركۈت، قارچىغا، قۇرغۇي، قارا قۇچقاچ، تۇمۇچۇق قاتارلىق قۇشلار باققۇچىسىنىڭ ئۈندىشىگە ئۆگەنمەك. ② كۆچمە. قولغا كەلمەك، كۆڭلىنىڭ مايىللىقى بىلەن قارشى تەرەپكە ئۆتمەك، تەلىپىگە ماقۇل بولماق: ئۇ يېقىندىن بۇيان خېلى ئۈندەككە كېلىپ قالدى.

**ئۈندەلمەك** «ئۈندىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئايالىم خىزمەتداشلىرىم تەرىپىدىن بىللە ئولتۇرۇشقا ئۈندەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۈندەشلەر رەت قىلىندى.

**ئۈندۈرمە** ئى ① ئاشلىق دانلىرىدىن ئۈنۈپ چىققان ئاق بىخ، مايسا: ئۈندۈرمە قىلماق. پۇرچاق ئۈندۈرمىسى. ② كۆچمە. مەيدانغا كېلىش، پەيدا بولۇش ئالدىدا تۇرغان بىرەر ھالەت ياكى بىر ئىش، مەسىلە؛ ھامىلە: بۇ ھال داۋۇتنىڭ قەلبىدە ھەسەت ئۈندۈرمىسى پەيدا قىلدى.

**ئۈندۈرمەك** ① «ئۈنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گۈل ئۈندۈرمەك. زىرائەت ئۈندۈرمەك. ② كۆچمە. قايتۇرۇۋالماق، تۆلىتىۋالماق، تولدۇرۇۋالماق: قەرزنى ئۈندۈرمەك. زىياننى ئۈندۈرۈۋالماق. * ئەمدى ئۇ سائەتنىڭ ئورنىغا 40 كوي ئۈندۈردى. ③ كۆچمە. بىرنەرسە ئالماق، ھاسىل قىلماق: پايدا ئۈندۈرمەك. نەپ ئۈندۈرمەك.

**ئۈندۈرۈشمەك** «ئۈندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كۆپ يىل تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى بۇ شور يەرگە گۈل ـ گىياھ ئۈندۈرۈشتى.

**ئۈندۈرۈلمەك** «ئۈندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: گۈل ئۈندۈرۈلمەك. * ئۈننىڭ كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان تارام ـ تارام ياشلىرى قەبرە يېنىغا ئالاھىدە پەرۋىش بىلەن ئۈندۈرۈلۈپ ۋايىغا يەتكۈزۈلگەن بىر تۈپ سەبدەرگۈلنىڭ ئۈستىگە توختىماستىن تۆكۈلمەكتە ئىدى.

**ئۈندىمەس** سۈپ. ئۈندىمەيدىغان، زۇۋان سۈرمەيدىغان، ناھايىتى ئاز گەپ ـ سۆز قىلىدىغان، گەپ ـ سۆزى ئاز: ئۈندىمەس ئادەم.

**ئۈندىمەك** پ. بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنى قىلىشقا، بېجىرىشكە چاقىرماق، دەۋەت قىلماق، تەشەببۇس قىلماق: مېھمانلار مۇسىبەت ئۈستىدە بولۇپ تۇرىدىغان ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئاساسەن ئانىنى كۆز يېشى قىلماسلىققا ئۈندىدى.

**ئۈندىمەي** رەۋ. ئۈن چىقارماي، زۇۋان سۈرمەي، جىممىدە: ئۈندىمەي تۇرۇپ قالماق. * ئۇ كامىلنىڭ ئۈندىمەي ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يەنە زارلىنىشقا باشلىدى.

**ئۈنسىز** ① سۈپ. ئۈنى يوق، ئۈن چىقمايدىغان، ئاۋازسىز: ئۈنسىز تاپانچا. ئۈنسىز مىلتىق. ② رەۋ. ئۈن چىقارماي، گەپ ـ سۆز قىلماي، زۇۋان سۈرمەي، جىممىدە: قىز چېچىنىڭ كېسىۋېتىلگەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ ئۈنسىز يىغلىدى.

**ئۈنلەپ** رەۋ. ئۈن چىقىرىپ، ئاۋاز چىقىرىپ: تۆتتى ئۈنلەپ قاقتى قانات خۇشامەتتە، خۇشياقمىدى خوجىسىغا شۇ سائەتتە.

**ئۈنلەتمەك** «ئۈنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پويىزنى سۆرىگەن بۇقىسى، ناغرىنى ئۈنلەتكەن چوكىسى (ماقال).

**ئۈنلەشمەك** «ئۈنلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قەپەستىكى چىرايلىق قۇشقاچلار بىر ـ بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك تويۇقسىز ئۈنلىشىپ كېتىشتى.

**ئۈنلۈك** سۈپ. يۇقىرى، كۈچلۈك، جاراڭلىق: — نېمە دەيسىز، دادامنىڭ قاتىلى ئابدۇللامۇ؟ — دېدى دۇرنەم ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن.

**ئۈنلۈكلەشمەك** پ. ئۈنلۈك بولماق، ئاۋازى يۇقىرى چىقماق: بايىقىغا قارىغاندا ئاستاراق بىر تاۋۇشتا غورۇڭ ـ غورۇڭ سۆزلىشىش ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئارىدىن ئون بەش مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتۈپ تاۋۇشلار بىر ئاز ئۈنلۈكلىشىپ كېلىشكە باشلىدى.

**ئۈنلىمەك** پ. ئۈن چىقارماق، ئاۋاز چىقارماق، توۋلىماق، سايرىماق: بىرچاغ ئاسمان كۆكىدىن، مەھەللە ياقتىن ـ تۆپىدىن،

كەپتەر كېلىپ ئۈنلەپتۇ، «ئۆيگە بار» دەپ ئۈندەپتۇ.

**ئۈنمەك** پ ① بىخلىنىپ، يىلتىز تارتىپ، يەر ئۈستىگە چىقماق (دان، ئۇرۇق ۋە ئۆسۈملۈكلەر ھەققىدە): تەرمىسەڭ ئۈنەمدۇ (ماقال). * ئۇ يەردە دەرەخلەر كۆكلەپ، گۈل ـ گىياھلار ئۈنۈپتۇ. ② كۆچمە. قېپقالماق، تۆرەلمەك (بالا ھەققىدە): قورساقتا ئۈنۈپ قالماق. قورساقتا بالا ئۈنمەك. ③ پەيدا بولماق، ھازىر بولماق، كەلمەك: بۇ ھاراقكەش نەدىن ئۈندى. * مەن كىشىلەر نامازدىن چىقماستىن بۇرۇن، بارىدىغان يېرىمگە ئۈنۈشۈم كېرەك ئىدى. ④ راۋاجلانماق، روناق تاپماق، گۈللەنمەك: ھۈنەر قىلسا ئۈنەر (ماقال).

**ئۈنۈم** ئى ① مەلۇم بىر خىل كۈچ، ئۇسۇل، چارە ياكى ئامىل، سەۋەب پەيدا قىلغان ئىجابىي نەتىجە: ئۇ پۇل ـ مال بىلەن ئالداش ئۈنۈم بەرمىگەندىن كېيىن زورلۇق بىلەن گۈلنارخاننى مېھمانخانىغا سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى. ② مەلۇم نەرسىنىڭ پايدىلىق رولى، تەسىرى: دورىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلمەك. ③ بىرەر نەرسىنى ئىشلەپچىقىرىش، تەييارلاش قابىلىيىتى؛ ئۈنۈمدارلىق، ھوسۇلدارلىق: ماشىنىنىڭ ئىش ئۈنۈمى. ئەمگەك ئۈنۈمى. ئۈنۈم نىسبىتى.

**ئۈنۈمپەرەس** سۈپ. ئىشنىڭ، مەسىلىنىڭ ئۈنۈمگە، نەتىجىسىگە قارايدىغان: ھازىرقى كىشىلەر تېخىمۇ ئۈنۈمپەرەس بولۇپ كەتتى، ئۇلار ئۆز ۋۇجۇدىدا سېتىشقا ئەرزىيدىغان ھەممە نەرسىنى بازارغا يۈزلەندۈردى، ھەتتا بەزى مىللەتلەر ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىرىنى سېتىپ خەجلىمەكتە.

**ئۈنۈمپەرەسلىك** ئى. ئىشنىڭ، مەسىلىنىڭ ئۈنۈمگە، نەتىجىسىگە قاراش ۋە شۇنداق ئادەت: ئىنسانلار سۈيىئىستېمالچىلىق ۋە ئۈنۈمپەرەسلىك پاتقاقلىرى ئىچىدە تۇنجۇقۇشقا باشلىدى.

**ئۈنۈمچىلىك** ئى. ئىشنىڭ، مەسىلىنىڭ ئۈنۈمگە، نەتىجىسىگە ئېسىلىۋالىدىغان ئادەت ۋە شۇنداق خاراكتېر: زامانلار تالاي ئىلىم دەۋرەشلىرىنى، جۈملىدىن ئەقلىچىلىك، ئۈنۈمچىلىك مۇساپىلىرىنى بېسىپ ئۆتتى.

**ئۈنۈمدار** سۈپ. ئۈنۈمى بار، ئۈنۈملۈك: ئۈنۈمدار يەر. ئۈنۈمدار ئېتىز. * ئۇ نەچچە يىل جاپالىق ئىشلەپ، شورلۇق يەرنى ئۈنۈمدار ئېتىزغا ئايلاندۇردى.

**ئۈنۈمدارلىق** ئى ① ئۈنۈم بېرىش، ئۈنۈمى بارلىق، ئۈنۈمگە ئىگىلىك. ② تۇپراقنىڭ مۇنبەتلىك دەرىجىسى: يېشىل ئوغۇتلۇق ئۆسۈملۈك كۆپ تېرىلىپ، يەرنىڭ ئۈنۈمدارلىقى ئاشۇرۇلدى. ③ مەلۇم نەرسىنىڭ ئۈنۈم، پايدا يارىتىش ئىقتىدارى، كۈچى؛ ئۈنۈمى: يېڭى چىققان يۇمران كۆكتاتلارنىڭ قان تازىلاش، قاندىكى تومۇر ماددىسىنى تولدۇرۇش ئۈنۈمدارلىقى ياخشى. ④ ئىش، خىزمەت، ئەمگەك قاتارلىقلارنىڭ بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە ئورۇنلانغان مىقدارى، نىسبىتى: ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرمەك.

**ئۈنۈمسىز** سۈپ ① ئۈنۈمى يوق، ئۈنۈمى تۆۋەن: ئۈنۈمسىز ئىش. ئۈنۈمسىز يەر. ئۈنۈمسىز ئېتىز. ② <تىل> سۆز ياساش ئىقتىدارى چەكلىك: ئۈنۈمسىز قوشۇمچىلار.

**ئۈنۈمسىزلەنمەك** پ. ئۈنۈمى يوق. ئۈنۈمى تۆۋەن ھالەتكە كېلىپ قالماق: نېمە ئۈچۈندۇر ئېتىزلار بارغانسېرى ئۈنۈمسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

**ئۈنۈمسىزلىك** ئى. ئۈنۈمى تۆۋەنلىك، ئۈنۈمى يوقلۇق: يەرنىڭ ئۈنۈمسىزلىكى. * بىز يېڭى ئىشلىگەن ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئۈنۈمسىزلىكىدىن ئاز بولمىغان زىيانلارنى تارتتۇق.

**ئۈنۈملۈك** سۈپ ① ئۈنۈمى بار، ئۈنۈمى، نەتىجىسى كۆپ: ئۈنۈملۈك چارە. ئۈنۈملۈك ئۇسۇل. ئۈنۈملۈك يول. ئۈنۈملۈك تەدبىر. ئۈنۈملۈك دورا. ② <تىل> سۆز ياساش رولى، ئىقتىدارى كۈچلۈك، كەڭ: ئۈنۈملۈك قوشۇمچىلار.

**ئۈيۈر** ① ئى. توپ، پادا: ئاتىسى باشقىنى خۇدا قوشىدۇ، ئۈيۈرى باشقىنى نوختا قوشىدۇ (ماقال). * مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، يىلقىنىڭ ھەربىر ئۈيۈرىدە بىر ئايغىر بولىدىكەن. ئايغىر ئۆز ئۈيۈرىنى يىرتقۇچلاردىن قوغدايدىكەن، ھەتتا ئۆز ئۈيۈرى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدىكەن. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: بىر ئۈيۈر يىلقا.

# ۋ

ۋ ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ يىگىرمە توققۇزىنچى ھەرپى.

**ۋابا** ئى [ئە] ① <تېب> تېز تارقىلىشچان ئۆتكۇر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئومۇمىي نامى: ۋابا تارقالماق. ② كۆچمە. ئاپەت، كۈلپەت قاتارلىق كۆڭۈلسىز ھادىسىلەر: شەرقتىن بىر سادا كەلدى، شىۋىرغان جۇت ھاۋا كەلدى. تۇتەك باسقان ئارالاردىن، سېرىق شەيتان ۋابا كەلدى.

**ۋاپا (ۋاپاسى)** ئى [ئە] دوستىغا، يارىغا ۋە يېقىن كىشىلىرىگە بولغان ساداقەت؛ كۆيۈم، سۆزىدە قەتئىي تۇرۇش، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىش: ۋاپاغا جاپا قىلماق. * چىرايلىقتا ۋاپا يوق (ماقال). * ۋاپا تاق، جاپا جۈپ (ماقال).

**ۋاپات (ۋاپاتى)** ئى [ئە] ئۆلۈم: ھېلىقى ئۆيدىكى قىز نۇردۇنىڭ ۋاپات بولغان ئۇستىسىنىڭ قىزى ئىكەن.

**ۋاپادار (ۋاپادارى)** [ئە + پ] ① سۈپ. ئەھدىسىنى بۇزمايدىغان، سۆزىگە، ۋەدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان؛ سەممىمىي، سادىق: ۋاپاسىز قېرىنداشتىن، ۋاپادار ئاشنا ياخشى (ماقال). ② ئى. سادىق ھەمراھى، جۈپتى: كۆز مۇنچىقىم، ۋاپادارىم ياخشى قال.

**ۋاپادارلىق** ئى. ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىش، سادىقلىق، سەممىيلىك، ياخشىلىق: ئۇ سېنىڭ ۋە مېنىڭ بالامنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ بىزگە ۋاپادارلىق قىلدىغۇ، سەن بۇنىمۇ چۈشەنمەمسەن؟

**ۋاپاسىز** سۈپ. ۋاپاسى يوق، ۋاپا قىلمايدىغان، كۆيۈمسىز: ۋاپاسىز ئادەم. * بۇ ۋاپاسىز قىزنىڭ قىلغان ئەلىمىنى ئويلاپ قەلبىمدە چەكسىز غەزەپ ـ نەپرەت ئۇچقۇنلىرى ياندى.

**ۋاپاسىزلىق** ئى. ۋاپاسى يوقلۇق، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلماي يۈرۈش، كۆيۈمسىزلىك: مەن ئۆزۈم ئىشەنگەن بىر يىگىتتىن چوڭ ۋاپاسىزلىق كۆردۈم.

**ۋاپالىق** سۈپ. ۋاپا قىلىدىغان، ۋاپادار: دوست دېگەننى سىناپ تۇت، شۇ چاغدا ۋاپالىق دوست تۇتالايسەن. // جۇدالىقتىن دەرد چەككەن، ۋاپالىقىم ياخشى قال.

**ۋاپۇرۇش** ئى [پ] مەخسۇس ئاياغ كىيىمى تىجارىتى قىلىدىغان سودىگەر: ئۇنىڭ دادىسى بۇ بازاردىكى ئەڭ كونا ۋاپۇرۇشلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىناتتى.

**ۋاپۇرۇشلۇق** ئى. ئاياغ كىيىمى سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىش: مېنىڭ تېرىپۇرۇشلۇق قىلىشتىن بۇرۇن خېلى ئۇزاق بىرمەزگىل ۋاپۇرۇشلۇق قىلىپ يۈرگىنىمنى بىلمەيدىغۇ؟

**ۋات** I مىق [ر<ئېنگ] <فىز> ئېلېكتىرنىڭ قۇۋۋەت بىرلىكى. ئېلېكتىر بېسىمى بىر ۋولت، ئۆتكەن توك بىر ئامپېر بولغان چاغدا، قۇۋۋەت بىر ۋات بولىدۇ.

**ۋات** II تەق ← **ۋات ـ ۋات.**

**ۋاتلىق** سۈپ. مەلۇم ۋات توك كۈچىگە ئىگە بولغان، مەلۇم ۋات توك كېتىدىغان: 15 ۋاتلىق لامپۇچكا.

**ۋاتمېتر** ئى [ر] <فىز> ئېلېكتىر توكىنىڭ قۇۋۋىتىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب. بىر فازىلىق ھەم ئۈچ فازىلىقتىن ئىبارەت ئىككى تىپلىق بولىدۇ.

**ۋات ـ ۋات** ئورۇنسىز تولا سۆزلەيدىغان، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن تولا گەپ قىلىدىغان، ۋاتىلداق: ۋات ـ ۋات ئايالىڭمۇ چىرايلىق تەسەللىسى بار.

**ۋاتېرپاس** ئى [ر گوللاند] <بىن> ← **شەيتان** II .

**ۋاتىلداتماق** «ۋاتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ـــ بۇرادەر، ئايالىڭىزنى تولا ۋاتىلداتماي بۇ يەردىن ئەكېتىڭە، ـــ دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

**ۋاتىلداشماق** «ۋاتىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاياللار ۋاتىلدىشىپ كەتتى.

**ۋاتىلداق** سۈپ. يۇقىرى ئاۋازدا تولا سۆزلەيدىغان؛ ۋاتىلداق ئادەم: ـــ ھەي ۋاتىلداق، قۇلىقىمنى ئاغرىتىپ، ئارامىمنى بۇزدۇڭ، ـــ دېدى تۇرسۇن سەپرا ئايالىغا ۋارقىراپ.

**ۋاتىلدىماق** پ. ئورۇنسىز تولا سۆزلىمەك، يۇقىرى ئاۋازدا ئورۇنسىز گەپنى جىق قىلماق: ئەمەت كۈرۈك ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ۋاتىلداپ كەتتى.

**ۋاجىپ** سۈپ [ئە] دىنىي چۈشەنچە بويىچە ئورۇندىلىشى مەجبۇرىي بولغان؛ مەجبۇرىي: ـــ پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ. كالامشەرىپتىمۇ پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولماق ۋاجىپ، دېيىلگەن، ـــ دېدى ۋەزىر.

**ۋاجىپلىق** ئى. مەجبۇرىيلىق، چوقۇم بېجىرمىسە بولماسلىق.

**ۋاچ** تەق. بەزىبىر ھەرىكەتنىڭ تېز بولۇشىدىن پەيدا بولغان ئاۋاز: تاۋۇز «ۋاچ» قىلىپ يېرىلدى.

**ۋاچچىدە** ① رەۋ. «ۋاچ» قىلىپ، «ۋاچ» قىلغان ھالدا: قولۇمدىكى تاۋۇز يەرگە چۈشۈپ ۋاچچىدە يېرىلىپ كەتتى. ② سۈپ.

كۆچمە. نۇرغۇن، جىق، تولا: پۇل دېگەن ئۇنىڭدا ۋاچچىدە.

**ۋاچ- ۋۇچ** «ۋاچ» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار:
قاسىم تاۋۇزلارنى ۋاچ - ۋۇچ قىلىپ بىردەمدىلا پىچىپ تەييار قىلدى.

**ۋاخ** مىق. قېتىم: مەن بۇگۈن بىر ۋاق تاماق يېدىم.

**ۋاخان** سۈپ. دىيال. پاكار، پەتەك.

**ۋاخلىق** ئى. ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ مىقدارنى
بىلدۈرىدۇ: بىر ۋاخلىق تاماق.

**ۋاخىنا** ئى. دىيال. شوتا، كارنۋات، ئورۇندۇق ۋە شۇ
تىپتىكى نەرسىلەرنىڭ ئارىلىقلىرىغا بېكىتىلگەن بالداق.

**ۋادەرىخ** ئىم [پ] يېزىت. ئەسسىت، ئەپسۇس: هۆركىرەپ
ئۆتتۇم ئەمەلنىڭ بارىدا يولۋاس بولۇپ، قايسى كۈن چۈشتۈم شۇئان
ئۆچتى ئۈنۈم تىمتاس بولۇپ. يا يۈرەكتىن ئالدى دەرد دوختۇرغا باردىم
ۋادەرىخ! يا ئۇدۇل مەسچىتكە كىردىم، ئەل ئارا چىقماس بولۇپ.

**ۋادەرىخا** ئىم [پ] يېزىت. ۋاي ئەسسىت، ۋاي ئەپسۇس:
ــ ۋادەرىخا، مۇنداقمۇ دەردلىك غۇلاملار بولۇرمۇ، ــ دەپتۇ پادىشاھ.

**ۋادەك** ئى [پ] ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئەتراپىنى توسۇش
ئۈچۈن ياسىلىدىغان جازا؛ سالاسۇن ۋە شۇ سالاسۇننى تەشكىل
قىلغۇچى بالداق: ئۇ ۋادەككە يېقىنلاپ كېلىپ قورۇغا نەزەر سالدى.

**ۋادەكلەتمەك** «ۋادەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە-
سى: ئەركىن قورۇنى ۋادەكلىتىۋېتىش ئۈچۈن ئۇستا ئىزدەپ سىرتقا ماڭدى.

**ۋادەكلىك** سۈپ. ۋادىكى بار، ۋادەك ئورنىتىلغان: ۋادەكلىك
پەلەمپەي.

**ۋادەكلىمەك** پ. ۋادەك بىلەن توسماق، قورشىماق: ئۇ قورۇ-
سىنى ۋادەكلىدى.

**ۋادو** ئى [خەن] <بىن> بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا خىش
پارچىلاش ۋە تام قوپۇرۇش جەريانىدا ئىشلىتىلىدىغان چەيدو
شەكىللىك تۆمۈر ئەسۋاب.

**ۋادى** ئى [ئە] <سۇ> ① بىرەر سۇ سىستېمىسىنىڭ غول
ۋە تارماق ئېقىنلىرى ئېقىپ ئۆتىدىغان پۈتۈن دائىرە. مەسى-
لەن، تارىم ۋادىسى، ئىلى ۋادىسى، ئېرتىش ۋادىسى قاتارلىقلار.
ۋادىنىڭ سۈيى ئۇنىڭ سۇ بۆلگۈچ سىزىقى ئىچىدىن يىغىلىدۇ،
قوشنا ۋادىلار ئوتتۇرىسىدىكى سۇ بۆلگۈچ سىزىقى بىلەن
چېگرالىنىدۇ. ② دەريا بويلاپ سوزۇلغان ياكى تاغلار ئارىسى-
دىكى كەڭ تۈزلەڭلىك. ئومۇمەن زىرائەت تېرىلىدىغان، دەل -
دەرەخ ئۆسىدىغان كەڭ جاي.

**ۋار** I تەق. كىشىلەر ۋارقىرىغاندا ياكى كۈچەپ سۆزلىگەن-
دە، يىغلىغاندا چىقىدىغان ئاۋاز: تۇيۇقسىز ئۆي ئىچىدىن بوۋاق با-
لىنىڭ ۋار قىلىپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى.

**ۋار** II مىق [ئىنگ] <فىز> ئىشسىز قۇۋۋەتنىڭ بىرلى-
كى. بىر ساپ ئىندۇكتىپلىق (ياكى ساپ سىغىم)نىڭ ئىككى
ئۇچىدىكى ئېلېكتر بېسىمى 1 ۋولت، ئۇنىڭدىن ئۆتكەن
ئىشسىز توك 1 ئامپېر بولسا، ئۇ هالدا ئىندۇكتىپلىق (ياكى
ساپ ئېلېكتر سىغىمى) قا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىشسىز
قۇۋۋەت 1 ۋار بولىدۇ.

**ۋاراتا** ئى [ر] <تەن> پۇتبول، مۇز توپ قاتارلىق تەنھەر-
كەتلەردە توپ مەيدانىنىڭ ئىككى بېشىغا ئورنىتىلغان دەرۋازا
رامكىسى شەكلىدىكى جازا. ئۇ توپ كىرگۈزۈش نىشانى
بولۇپ، ئارقىغا تور ئېسىلغان بولىدۇ. ئۇرۇلغان توپ كىرسە،
تور ئىچىدە سولىنىپ قالىدۇ.

**ۋاراتار** ئى [ر] <تەن> پۇتبول، مۇز توپ قاتارلىق تەنھە-
رىكەتلەردە ئۆز تەرىپىنىڭ دەرۋازىسىنى مۇداپىئە قىلغۇچى
تەنھەرىكەتچى. ئاساسىي ۋەزىپىسى ئۆز تەرىپىنىڭ ۋاراتاسىنى
بېقىپ، توپ كىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت.

**ۋاراس** تەق. قاتتىق، چۇرۇك نەرسىلەر سۇنغاندا چىقىدىغان
ئاۋاز: ياغاچ ئورۇندۇق تۇيۇقسىز ۋاراس قىلىپ سۇنۇپ، ئوتتۇرىدىن
ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى.

**ۋاراسلاتماق** «ۋاراسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە-
سى: قەيسەر ئوتۇنلارنى ۋاراسلىتىپ ئوشتۇپ، ئوچاققا سېلىشقا باشلىدى.

**ۋاراسلىماق** پ. «ۋاراس» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «ۋاراس -
ۋاراس» قىلماق: ياغاچلارنىڭ ۋاراسلاپ سۇنغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

**ۋاراس- ۋاراس** «ۋاراس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**ۋاراس- ۋۇرۇس** «ۋاراس» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى
ئاۋازلار: ئورمان ئىچىدىن ۋاراس - ۋۇرۇس قىلىپ ياغاچ سۇنغان
ئاۋازلار ئاڭلاندى.

**ۋاراق** I [ئە] ① ئى. كىتاب، گېزىت، ژۇرنال قاتار-
لىقلارنىڭ ئىككى بېتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەربىر پارچى-
سى، بۆلىكى: دەپتەرنىڭ ۋاراقلىرى تۈگەپ، ئاخىرقى بېتىلا بوش
قالغانىدى. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ مىقدارنى
بىلدۈرىدۇ: بىر ۋاراق قەغەز.

**ۋاراق** II تەق. سۈيۈق نەرسىلەر قايىنىغاندا چىقىدىغان
ئاۋاز.

**ۋاراقچە** ئى ① كىچىك ۋاراق: ئۇ خەت يېزىلغان ۋاراقچىنى قو-
لۇمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئاستا كېتىپ قالدى. ② مەلۇم مەزمۇندىكى
تەشۋىقات تېكىستى چۈشۈرۈلگەن قەغەز: كوچىدا تەشۋىقات
ۋاراقچىلىرى ئۇچۇپ يۈرەتتى.

**ۋاراقچى** ئى. ئەمەلىي ئىش قىلمايدىغان، كەچكىچە كىتاب
ئاختۇرۇپ يۈرىدىغان ئادەم: موللىنىڭ يامىنى ۋاراقچى، ئوغرىنىڭ
يامىنى قاراقچى (ماقال).

**ۋاراقلاتماق** I «ۋاراقلىماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرى-
جىسى: موماي بالىسىغا كىتابنىڭ بېتىنى ۋاراقلاتتى.

**ۋاراقلاتماق** II «ۋاراقلىماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دە-
رىجىسى: ئۇ سۇنى ۋاراقلىتىپ قايىنىتىۋاتاتتى.

**ۋاراقلاشماق** «ۋاراقلىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجى-
سى: ئۇلار كىتابلىرىنى ۋاراقلىشىپ ئولتۇراتتى.

**ۋاراقلانماق** «ۋاراقلىماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجى-
سى: ئالىم كۆڭلىدە ئۇنىڭ قولىدا شاراقشىپ ۋاراقلىنىۋاتقان لەننتى
ئەرزلەرنىڭ پاتراق ئوقۇلۇپ تۈگىشىنى تىلەيتتى.

**ۋاراقلىماق** I پ. كىتاب، گېزىت - ژۇرناللارنىڭ ھەربىر
ۋارىقىنى ئۆرۈمەك، ئاچماق: مەن خاتىرەمنى ۋاراقلىدىم، ئۇنىڭدىكى
ھەربىر سۆز ياشلىقىمنى ئەسلىتەتتى.

**ۋاراقلىماق** II «ۋاراق - ۋاراق» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق:
قازاندىكى سۇ ۋاراقلاپ قايناۋاتاتتى.

**ۋاراقلىق** سۈپ. ۋارىقى بار؛ ۋاراق كېلىدىغان: ئون ۋاراقلىق
دەپتەر.

**ۋاراق - ۋاراق** «ۋاراق II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: قازاندىكى قايناق سۇ ۋاراق - ۋاراق قايناۋاتاتتى.

**ۋاراق - ۋۇرۇق** ۋاراق قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار؛ قازاندىكى سۇ ۋاراق - ۋۇرۇق قىلىپ قايناپ تېشىپ كەتتى.

**ۋاراڭ** تەق ← **ۋاراڭ - چۇرۇڭ.**

**ۋاراڭ - چۇرۇڭ** جىق كىشىلەر تەرىپىدىن قىلىنغان تەرتىپسىز گەپ - سۆزلەر، ئاۋازلار: ھويلىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ۋاراڭ - چۇرۇڭلار ئۇنىڭ ھەيرانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى.

**ۋاراڭ - ۋاراڭ** «ۋاراڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**ۋاران** ئى [ر<لات] <زوئول> ← **ۋاران كەسلەنچۈكى.**

**ۋاران كەسلەنچۈكى** <زوئول> سۆرەلگۈچى ھايۋان. ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر ئەتراپىدا. دۈمبىسى قارا قوڭۇر، قورسىقى سەل ئۇچلۇق، تۆت پۇتى كۈچلۈك كېلىدۇ. سۇغا يېقىن جايدا ياشايدۇ، ئۇششاق ھايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، سۇ ئۈزەلەيدۇ ۋە دەرەخكە چىقالايدۇ. تېرىسىدىن خۇرۇم ئىشلىگىلى بولىدۇ. ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

**ۋارىدە** رەۋ. «ۋار» قىلىپ، «ۋار» قىلغان ھالدا: قىز ئۆزىنى ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئېتىپ ۋارىدە يىغلاپ تاشلىدى.

**ۋارس** تەق. قاتتىق نەرسىلەر سۇنغاندا چىقىدىغان ئاۋاز: تېز سۈرئەتلىك ماشىنىنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىغان ئىستولبا ۋارس قىلىپ سۇنۇپ، چوڭ يول ئۈستىگىلا ئۆرۈلدى.

**ۋارسىلداتماق** «ۋارسىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بەزى ئۇستاملار تاڭگازىنى ئېلىپ شۇ زامانلا ۋارسىلدىتىپ يەپ مەززە قىلىشتى.

**ۋارسىلدىماق** پ. «ۋارس - ۋارس» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق: ئۆي لىملىرى ۋارسىلداپ سۇنۇشقا باشلىدى.

**ۋارقىراپ - جارقىراپ** ۋارقىراپ ھەم جارقىراپ؛ قالايمىقان تولۇپ: ئۇلار بازارنى چۆرگىلەپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ ھالىدىن كېتىپتۇ.

**ۋارقىراتماق** «ۋارقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنى كەچ ئەلياتقۇغا توغرىلاپ، خەندەك يېنىدىن كېتىۋاتقان چاغدا ۋارقىراتماي بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، خەندەك ئىچىگە تاشلىۋەتتۇق.

**ۋارقىراش - جارقىراش** ۋارقىراش ھەم جارقىراش؛ قالايمىقان، ئالتاغىل تولۇلاش: ۋارقىراش - جارقىراش ئەۋجىگە چىقتى.

**ۋارقىراشماق** «ۋارقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئالتاغىل ۋارقىرىشىپ جاھاننى بىر ئالدى.

**ۋارقىرىغاق** سۈپ. تولا ۋارقىرايدىغان: بىزنىڭ زاۋۇتىمىزدىمۇ ئۇنداق ۋارقىرىغاقلاردىن يوق دەمسەن؟

**ۋارقىرىماق** پ. يۇقىرى ئاۋاز بىلەن توۋلىماق: ئەگەر راستىنگىنى ئېيتمىساڭ كاللاڭنى ئالىمەن، — دەپ ۋارقىراپتۇ شاھ.

**ۋارونكا** ئى [ر] سۇيۇقلۇق ياكى پاراشوك، دانىچە ھالەتتىكى نەرسىلەرنى ئاغزى كىچىك قاچا، بوتۇلكا قاتارلىقلارغا قۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب. ئادەتتە بىر دانە كېسىك كونۇس شەكلىدىكى قاچا بىلەن بىر دانە نەيچىدىن تۈزۈلىدۇ.

**ۋار - ۋار** «ۋار I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ ئەتراپتىكىلەرگە ۋار - ۋار ۋارقىرايتتى.

**ۋار - ۋۇر** «ۋار» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: بىزنىڭ تاماشىمىزنى كۆرۈپ تۇرغان باللار شۇ ھامان ۋار - ۋۇر ۋارقىراشتى.

**ۋارياتسىيە** ئى [ر<لات] <مۇز> ئاھاڭ شەكلىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا تېما باشتىن - ئاياغ بايان قىلىنغاندىن كېيىن، باشتىن - ئاياغ يەنە بىرقانچە قېتىم قايتا تەكرارلىنىدۇ، لېكىن ھەر قېتىمقى تەكرارلىنىشلاردا ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ. ۋارياتسىيە ئوخشاش بولمىغان ئوبرازلارنى بىرلەشتۈرۈپ ياكى بىر ئوبرازنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

**ۋارياتسىيەلەشتۈرمەك** «ۋارياتسىيەلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ كۈچا ناخشىلىرى بىلەن قەشقەر ناخشىلىرىنى ۋارياتسىيەلەشتۈرۈپ سىناپ كۆردى.

**ۋارياتسىيەلەشتۈرۈلمەك** «ۋارياتسىيەلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ سەنەم نەغمە شەكىللىرىنىڭ ئەلنەغمىلىك ئاساسى بىردەك ئىكەنلىكىنى، بىر مەنبەدىن ۋارياتسىيەلەشتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

**ۋارياتسىيەلەشمەك** پ. باشقا بىر تۈرگە، نۇسخىغا، شەكىلگە كەلمەك، ئۆزگەرمەك: ئۇنىڭ ئورۇنلايدىغىنى ۋارياتسىيەلەشكەن ئۇسسۇل بولۇپ، قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى ئىدى.

**ۋارياتسىيەلىك** سۈپ. ئۆزگىرىشچان، ئۆزگىرىدىغان: ۋارياتسىيەلىك ئۇسسۇل.

**ۋارىس** ئى [ئە] ① مىراس ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان شەخس، مىراسخور. ② كۆچمە. ئالدىنقىلارنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغۇچى، ئىزىنى باسقۇچى، ئىزباسار: سەن ئەسلىدە ئابنۇس ئارىلىنىڭ ئىگىسى، شاھ ئارمانۇسنىڭ ۋارىسى ئىدىڭ. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ۋارىسچانلىق** سۈپ. ۋارىسلىق قىلىش خۇسۇسىيىتى: توي مۇراسىمىنىڭ شەكلى ۋە قائىدە - يوسۇنى ئەڭ مۇستەھكەم بولۇپ، ۋارىسچانلىقى ئەڭ ئۇزۇندۇر.

**ۋارىسلىق** ئى ① مىراسخورلۇق، مىراس ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگىلىك. ② ئىز باسارلىق: ئالدىنقىلارنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك.

**ۋارىنە** ئى [ر] مېۋىلەرنى شېكەر قىيامى بىلەن قايىنىتىپ تەييارلايدىغان بىر خىل شېرىن يېمەكلىك؛ مۇرابba: ۋارىنە قايناتماق. ئەنجۈر ۋارىنىسى.

**ۋارىيومېتىر** ئى [ر<لات] <فىز> ئۆزگىرىشچان ئىندۇكتور.

**ۋارى - ۋارى** ① ۋارقىراش - جارقىراش: قانداق تۈگمەيدىغان ۋارى - ۋارى بۇ؟ ② جەڭگى - جېدەل: ئۇ قانداق قىلىدۇ، مېھمان چاقىراي دېسە، خوتۇنىنىڭ ئەھۋالى شۇنداق، تۆت ئادەمنى ئۇزاتقۇچە ۋارى - ۋارى.

**ۋاريانت** ئى [ر<لات] ① <تىل> ئەينى بىر فونېما بىرقانچە كونكرېت تاۋۇش ئېلېمېنتى ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىدۇ؛ بۇ بىرقانچە تاۋۇش ئېلېمېنتى ئۆز ئارا مەنە پەرقلەندۈرۈشمەيدۇ؛ مۇشۇنداق تاۋۇشلار فونېماغا نىسبەتەن ۋاريانت بولىدۇ. ② بىر خىل نەرسىنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى.

**ۋاريانتداش** سۈپ. ۋاريانت جەھەتتىن ئوخشاش، ۋاريانت جەھەتتىن پەرقلەنمەيدىغان؛ شەكىلداش: بۇ ئىتالىيەلىك يېڭى گېگېلىزمچى كىروچىنىڭ: «تارىخ ھەربىر شەخسنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت» دېگەن سۆزى بىلەن ۋاريانتداش كېلىدۇ.

**ۋاريانتداشلىق** ئى. ۋاريانتداش ھالەت، ۋاريانتداش بولۇش: بۇ ئىككى ئاتالغۇ ۋاريانتداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە.

**ۋارىيانتلاشتۇرماق** «ۋارىيانتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇيغۇرلاردا كىشى ئىسىملىرىنى قوللانغاندا بىر ئىسمىنى بىرنەچچە ۋارىيانتلاشتۇرۇپ قوللىنىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت، مەسىلەن: خەمىد، ھېمىت... لارغا ئوخشاش.

**ۋارىيانتلاشتۇرۇلماق** «ۋارىيانتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئىسمىدىن ئېلىنغان كىشى ئىسىملىرى ئۇيغۇرلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ ئىسىم كۆپىنچە «مەمەت»، «مۇھەممەت» دەپ تەلەپپۇز قىلىندى ۋە ۋارىيانتلاشتۇرۇلدى.

**ۋارىيانتلاشماق** پ. ۋارىيانت ھالىتىگە كەلمەك.

**ۋارىيانتلانماق** پ ← **ۋارىيانتلاشماق** : بۇ چۆچەك خەلقىمىز ئارىسىغا نەچچە خىل ۋارىيانتلىنىپ يېتىپ كەلدى.

**ۋارىيانتلىق** سۈپ. ۋارىيانتى بار، ۋارىيانتقا ئىگە: «ھىجاز مۇقامى» كۆپ ۋارىيانتلىق بىر خىل تۈركىي نەغمە.

**ۋاز** ئى [پ] جۈملىدە «ۋاز كەچمەك »شەكلىدە كېلىپ تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: 1) ئىگىلىك ياكى پايدىلىنىش ھوقۇقىدىن كەچمەك: ئۇ ئاتىسىدىن قالغان مىراستىن ۋاز كەچتى. 2) مەشغۇل بولۇۋاتقان ئىش - ھەرىكەتتىن، ئوي - خىيالدىن يالتايماق، يانماق: گۈزەلنىڭ بىلەن ئۇزاق مەسلىھەتلەشتۇق، ئاخىر گۈزەلئايمۇ ئوقۇشتىن ۋاز كەچتى. * ئۇ ئىلگىرىكى پىكرىدىن ۋاز كەچتى. 3) يۈز ئۆرۈمەك، تانماق: ئۇ ئاتا - ئانىسىدىن ۋاز كېچىپ يىراق يۇرتلارغا كەتتى.

**ۋاز كەچمەك** ① ئىگىلىك ياكى پايدىلىنىش ھوقۇقىدىن كەچمەك: ئۇ ئاتىسىدىن قالغان مىراستىن ۋاز كەچتى. ② مەشغۇل بولۇۋاتقان ئىش - ھەرىكەتتىن، ئوي - خىيالدىن يالتايماق، يانماق: گۈزەلئايمۇ ئاخىر ئوقۇشتىن ۋاز كەچتى. ③ يۈز ئۆرۈمەك، تانماق: كىچىككىنە مەنپەئەتنى دەپ ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن ۋاز كېچىش — ئەقىلسىزلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

**ۋازا** ئى [ر<فىران] مېۋە - چېۋە، قەنت - گېزەك سالىدىغان قاچا: ئۈستەلدىكى ۋازىدا لىق كەمپۈت بار ئىدى.

**ۋازارەت** ئى [ئە] بەزى پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ۋەزىر باشچىلىقىدىكى رەھبەرلىك ئاپپاراتى. دەرىجە جەھەتتىن مىنىستىرلىققا تەڭ.

**ۋازۇ** ئى<ئىرق> ۋازۇ مىللىتى، ئۇلار دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ ساڭيۈەن، شىمېڭ قاتارلىق جايلىرىغا؛ چەت ئەللەردىن بىرمىنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىغا ئولتۇراقلاشقان.

**ۋازېلىن** ئى [ر<فىران] <خىم> موم بىلەن مازوت (ئېغىر ماي) نىڭ ئارىلاشمىسى، يەنى سۈس سېرىق رەڭلىك يېرىم تىنىق، يېرىم قاتتىق ھالەتتىكى ماددا. چەككىلەنگەندىن كېيىن، ئاق رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. دورىگەرلىكتە سىقما ماي ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ؛ سانائەتتە داتلىشىشتىن ساقلىغۇچى ۋە سۈركىلىشنى ئازايتقۇچى ماي ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**ۋاژ** تەق. چىۋىن، ھەرە قاتارلىقلار بىر يەرگە توپلىشىۋېلىپ ھەرىكەت قىلغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**ۋاژژىدە** رەۋ. «ۋاژ» قىلىپ، «ۋاژ» قىلغان ھالدا: قوغۇننى ئەمدىلا پىچىشىم بىلەن تەڭ بىر توپ چىۋىن كېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاژژىدە ئولاشتى.

**ۋاژ- ۋاژ** ① «ۋاژ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② كۆچمە. قايناق، قايناپ تۇرغان، قىزىق: شۇندىن كېيىن بۇ تۆتەيلەن ۋاژ - ۋاژ بازاردىكى ئادەملەر ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

**ۋاژ- ۋۇژ** «ۋاژ» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: يىراقتىكى ۋاژ - ۋۇژلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دەريا بويى تىپتىنچ ئىدى.

**ۋاژىلداتماق** «ۋاژىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ۋاژىلداشماق** «ۋاژىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: داستىخان ئۈستىدە بىر توپ چىۋىن ۋاژىلدىشىپ ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى.

**ۋاژىلدىماق** پ. «ۋاژ» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «ۋاژ» قىلماق: ۋاژىلداپ يامراپ يۈرگەن چىۋىنلەر دەستىدىن جوزىدىكى تائامنىمۇ يېيىشكە كىشىنىڭ كۆڭلى تارتمايتتى.

**ۋاس** تەق. ئارغامچا، يىپ قاتارلىقلار ئۈزۈلگەندە ياكى قامچا ئۇرغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**ۋاسا** ئى [پ] <بىن> يەرلىك ئۇسۇلدا ئۆي ياپقاندا جەگىنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدىغان توغرا بالداق. لىم ئارىلىقىغا ئۆلچەپ كېسىپ، تەكشىلەپ قويۇلىدۇ.

**ۋاسا تاق** بىر ۋاسا پاتقۇدەك ئارىلىق تاشلاپ شالاڭ قويۇلغان ۋاسا.

**ۋاسا جۈپ** <بىن> بىر - بىرىگە يانداشتۇرۇپ ئارىلىق قالدۇرماي سىجىل قويۇلغان ۋاسا: ئۇ ئۆيىنى ۋاسا جۈپ قىلىپ چىرايلىق يېپىۋالدى.

**ۋاسالغۇ** ئى. ئۈجمىنىڭ قۇرۇتۇلغان مېۋىسى، قۇرۇتۇلغان ئۈجمە، ئۈجمە قېقى.

**ۋاسسال** ئى <پەلس> ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەربىي ياۋروپادا يىرىك فېئوداللارغا تەۋە بولغان كىچىكرەك فېئودال دۆلەت.

**ۋاسساللىق** سۈپ. ۋاسسالغا ئائىت، ۋاسسالغا خاس بولغان: تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ۋاسساللىق ئايرىپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويغان.

**ۋاسسىدە** رەۋ. «ۋاس» قىلغان ئاۋازنى چىقىرىپ، «ۋاس» قىلغان ھالدا: ئارغامچا ۋاسسىدە ئۈزۈلۈپ كەتتى.

**ۋاسكات** ئى. دىيال. جىلىتكە.

**ۋاسكېتبول** ئى [ر<ئىنگ] <تەن> ① توپ تۈرلىرى تەنھەرىكىتىنىڭ بىر تۈرى. بۇنىڭدا توپنى قارشى تەرەپ مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان گار ئۈستىدىكى تۆمۈر چەمبىرەككە ئېتىپ كىرگۈزۈپ نومۇرغا ئېرىشىدۇ. ئېرىشكەن نومۇر سانى كۆپلەر غەلىبە قىلغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ② ۋاسكېتبول تەنھەرىكىتىدە ئىشلىتىلىدىغان توپ. تېشى خۇرۇم، كامېرى رېزىنكىدىن قىلىنىدۇ. پۈتۈنلەي رېزىنكىدىن ياسالغان توپلارمۇ بولىدۇ.

**ۋاسكېتبولچى** ئى. ۋاسكېتبول تەنھەرىكەتچىسى، ۋاسكېتبول ئويناشقا ماھىر كىشى، توپچى: شىنجاڭ ۋاسكېتبولچىلىرى بۇ قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىدە يەنە زەپەر قۇچتى.

**ۋاس- ۋاس** «ۋاس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: سەمەت خۇددى ئاچچىقىنى ئاتتىن ئالماقچى بولغاندەك بىر ئوبدان كېتىۋاتقان ئاتنى ۋاس - ۋاس نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى.

**ۋاستە** ئى [ئە ] ① بىرەر مەقسەتكە ئېرىشىش ياكى بىرەر

ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن دەستەك بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان نەرسە، قورال؛ ئىش-ھەرىكەت قورالى: تۇرمۇش ۋاستىلىرى. قاتناش ۋاستىلىرى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى. * تىل — ئىنسانلارنىڭ ئالاقىلىشىش ۋاستىسىدۇر.② <فىز> بىر خىل ماددا ئىچىدە يەنە بىر خىل ماددا مەۋجۇت بولغاندا، ئالدىنقى ماددا كېيىنكى ماددىنىڭ ۋاستىسى بولىدۇ. بەزى دولقۇنلۇق ھەرىكەتلەردە، بۇ دولقۇننى تارقىتىدىغان ماددىلار شۇ دولقۇننىڭ ۋاستىسى بولىدۇ. ③ ئوتتۇرىدا تۇرۇپ پۈتۈشتۈرۈش رولىنى ئويناش: بىز ساتتار ئاكىنىڭ ۋاستىسى بىلەن تونۇشۇپمۇ قالدۇق.

**ۋاستىچى** ئى. بىرەر ئىشنى بېجىرىش ياكى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ۋاستە بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان شەخس؛ ۋەكىل، ئەلچى: — بۇ ئىشنى ئورۇنداشقا ئۇ ئوتتۇرىدا خالىس ۋاستىچى بولسۇن، — دېدى قاسىم.

**ۋاستىچىلىك** ئى. ئوتتۇرىدا ۋاستىچى بولۇش، ئۆزئارا تونۇشتۇرغۇچى بولۇش ئىشى: قەدىمدە بۇ جاي شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىك رول ئوينىغان.

**ۋاستىسىز** سۈپ. ۋاستىسى يوق؛ بىۋاستە، توغرىدىن — توغرا، ئۇدۇل: مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ يېزىغا قايتقاندىن كېيىن ماڭا دېھقانلار بىلەن ۋاستىسىز كەڭ ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى.

**ۋاستىلىك** ① سۈپ. ۋاستە ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان: ۋاستىلىك تەجرىبە. ② رەۋ. مەلۇم نەرسىنى ۋاستە قىلىپ، ۋاستە قىلىنغان ھالدا: ئىلغار ئەدىبلەرنىڭ مۇنەۋۋەر شېئىرلىرى تارىختا خەلق كۈرىشى بىلەن ۋاستىلىك ياكى ۋاستىسىز بىر سەپتە تۇرۇپ كەلدى.

**ۋاسدەميان** ئى [ۋاسا + دەم + يان] ئارىلىق قويۇپ تىزىلغان ۋاسا، ۋاسا تاق .

**ۋاسىل** ئى [ئە] ← **ۋاسىل بولماق.**

**ۋاسىل بولماق** يېزىت. ئېرىشمەك، يەتمەك: دېمەك، بۇ مۇددىئامۇ بولدى ھاسىل، ئەگەر قاچسا بولۇشسا يارغا ۋاسىل.

**ۋاسىلدىماق** پ. «ۋاس» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «ۋاس» قىلماق: كېمە ئارغامچىلىرى ۋاسىلداپ ئۈزۈلۈشكە باشلىدى.

**ۋاش** تەق. مەلۇم نەرسىلەرنىڭ تېز ھەرىكىتىدىن پەيدا بولغان ئاۋاز.

**ۋاشات** ئى. دىيال. غەم، ئەندىشە.

**ۋاشاق** ئى. دوغاپ ئەتكەندە مۇز چوقۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تىغلىق ئەسۋاب.

**ۋاشاڭ** ئى. قوغۇن - تاۋۇزلار ئۈزۈلۈپ ئاخىرلاشقاندا قوغۇنلۇقتىكى قالدى-قاتتى سويمىلارنى خالىغانچە ئۈزۈپ يىغىشتۇرۇش ئىشى؛ پاساڭ: ۋاشاڭ بولماق. ۋاشاڭ قىلماق. * بۈگۈن مەھەللىدىكى ئۈششاق باللار تاۋۇزلۇققا بېرىپ، تاۋۇز ۋاشاڭ قىلىپ كەلدى.

**ۋاشاڭداتماق** «ۋاشاڭدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايشەمخان قوناقلارنى ۋاشاڭدىتىپ بولۇپ، ئالدىراپقىنا ئۆيگە ماڭدى.

**ۋاشاڭداشماق** «ۋاشاڭدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى چۈشكىچە ئون مو يەرنىڭ قوناقنى ۋاشاڭدىشىپ بولۇپ، ئاندىن قايتىشتى.

**ۋاشاڭدالماق** «ۋاشاڭدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: باش قوناقنىڭ ئاخىرى ۋاشاڭدىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئېتىزلارغا قوي - كالىلار قويۇپ بېرىلدى.

**ۋاشاڭدىماق** پ. قوغۇنلۇقتىكى قوغۇن - تاۋۇزلار ئۈزۈلۈپ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قالدى - قاتتى سويمىلارنى خالىغانچە ئۈزمەك، ۋاشاڭ قىلماق: قوشنىمىزنىڭ قوغۇنلۇقىنى ۋاشاڭداپ بىر قاپ سويما تاپتىم.

**ۋاشات** ئى. دىيال. غەم، ئەندىشە.

**ۋاش- ۋاش** «ۋاش» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: شىۋىرغان ھۆركىرىمەكتە. باغ دېرىزىسىدىن ھېلىدىن - ھېلىغا ۋاش - ۋاش قىلغان ئاچچىق ئاۋاز كېلىپ تۇرىدۇ.

**ۋاش- ۋۇش** «ۋاش» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئەتراپ جىمجىت ئىدى. پەقەت 50 — 60 مېتىر يىراقلىقتا ئوتلاۋاتقان ئاتلارنىڭ ۋاش - ۋۇش قىلغان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**ۋاشلداتماق** «ۋاشىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كامىلجان قوش چىشلىق ساپاننى راسا ۋاشىلدىتىپ ھەيدەۋاتاتتى.

**ۋاشلداشماق** «ۋاشىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ۋاشىلدىماق** پ. «ۋاش-ۋاش» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «ۋاش - ۋاش» قىلماق: سادىقنىڭ تومۇرىدىكى قان ۋاشىلداپ ئۆركەشلىمەكتە، نەپىسى قىسىلماقتا.

**ۋاغجىر** سۈپ. دىيال. بۇدۇر، بۇجۇغۇر.

**ۋاق** I ئى. كېچىككەن، ۋاقتىدىن ئۆتكەن؛ ۋاقىت جەھەتتىن كېيىن: ۋاق بولماق. ۋاق قالماق.

**ۋاق** II تەق ① تاياق ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن باشقا نەرسىلەرنى ئۇرغاندا چىققان ئاۋاز. ② كەكلىك، مېكىيان قاتارلىقلار سايرىغاندا چىقارغان ئاۋاز.

**ۋاقاقلاتماق** «ۋاقاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قادىر يېڭىلىپ قالغان چار خورىزنى ۋاقاقلاتقىنىچە كۆتۈرۈپ سورۇندىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

**ۋاقاقلاشماق** «ۋاقاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۇيۇقسىز كاتەكتىكى توخۇلار ۋاقاقلىشىپ كەتتى.

**ۋاقاقلىماق** پ. «ۋاق - ۋاق» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «ۋاق - ۋاق» قىلماق: قەپەستىكى كەكلىكلەر بىر - بىرىگە قاراپ ۋاقاقلاپ سايراپ كەتتى.

**ۋاقتانىۋاق** ئى. ۋاقىت، پۇرسەت، پەيت: ۋاقتانىۋاق كەلگەندە، بىزگە خىيانەت قىلىپ، مېنىڭ بېشىمنىمۇ بىراۋغا سېتىشى چوقۇم.

**ۋاقتىدا** رەۋ. شۇ ۋاقىت، شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە، ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەي: — بولار ئىش بولدى، ئەمدى ۋاقتىدا كۆمۈۋېتىڭلار، پۇراپ كەتمىگەي يەنە، — دېدى تۆمۈر خەلپە ئاتقا مىنىۋېتىپ.

**ۋاقتى- سائىتى** پۇرسىتى، پەيتى، ۋاقتى: كۆپ ئۆتمەي شاھ مەلىكىسى ھامىلىدار بولۇپ، ۋاقتى - سائىتى يەتكەندە بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ.

**ۋاقتى- قەرەلى** ← **ۋاقتى- سائىتى** : — بارىمەن دېسە باردۇرسۇن، ۋاقتى - قەرەلى كەلگەندە ئۆزۈم بېرىپ قايتۇرۇپ كېلەرمەن، — دېدى ئۇ.

**ۋاقتىنچە** رەۋ. بىرمەزگىل، ۋاقىتلىق، ھازىرچە: ئۇلار بۇ تەدبىرنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى ۋاقتىنچە كەينىگە كېچىكتۈردى.

**ۋاقتى- ۋاقتىدا** پات - پات، ئۆز ۋاقتىدا: بىز خىزمەتلەرنى ۋاقتى — ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ تۇرۇشىمىز لازىم.

**ۋاقچە** رەۋ. كېيىن، ئالدىرىماي: ئىشچان خوتۇن سەھەر تۇرۇپ چېچىنى تارايدۇ، ھورۇن خوتۇن ۋاقچە تۇرۇپ كۆلۈڭنى كولايدۇ (ماقال).

**ۋاققىدە** رەۋ. «ۋاق» قىلىپ، «ۋاق» قىلغان هالدا: ئۇ جوزىغا ۋاققىدە بىرنى ئۇرۇپ چېچىلىپ سۆزلەپ كەتتى.

**ۋاقلىق** رەۋ. دەل ۋاقتىدىن كېيىنرەك، ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ، كېچىكىپ، كېچىكتۈرۈپ: ئىشقا ۋاقلىق بارماق. ۋاقلىق كەلمەك. * بىز بۇگۈن ئەتىگەنلىك تاماقنى ۋاقلىق يېدۇق.

**ۋاق- ۋاق** «ۋاق II » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ ۋاق - ۋاق قىلىپ يۇڭ ساۋاۋاتاتتى.

**ۋاق- ۋۇق** «ۋاق» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئۇلار« تېز بولۇڭلار، تارتىڭلار » دەپ، كەينىدىن ئىتتىرىپ، ۋاق - ۋۇق ئۇرۇپ هەيدىشىپ كېتەتتى.

**ۋاقىپ** سۈپ [ئە] بولۇپ ئۆتكەن ياكى بولىدىغان ۋەقە - هادىسىدىن، مەخپىي نەرسە، سىر قاتارلىقلاردىن خەۋىرى بولغان؛ خەۋەردار: هاتەم خەتنى ئېلىپ ئېچىپ ئوقۇپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدى.

**ۋاقىپلاندۇرماق** «ۋاقىپلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مامۇت تامغا مىخلانغان چېرتيوژ بىلەن كۆپچىلىكنى ۋاقىپلاندۇردى.

**ۋاقىپلانماق** پ. خەۋەر تاپماق، خەۋەردار بولماق، خەۋەرلەندۈرمەك: ئاق كۆڭۈل ئايال بۇنىڭدىن ۋاقىپلىنىپ، كۆزى قىيمىغان هالدا ئۆكسۈپ يىغلاپتۇ.

**ۋاقىت** ئى [ئە] ① زامانىنىڭ ئەسىرلەر، يىللار، سائەتلەر، مىنۇتلار ۋە شۇ قاتارلىقلار بىلەن ئۆلچەنگەن بۆلىكى؛ چاغ. ② ئوبيېكتىپ ۋەقە - هادىسىلەرنىڭ زاماندا قانچىلىك داۋام ئېتىپ تۇرۇشىنى بىلدۈرىدىغان بۆلىكى. ③ بىر جاينىڭ ئۆزىگە خاس زامان ئۆلچىمى: ئۇرۇمچى ۋاقتى. بېيجىڭ ۋاقتى. ④ يىل، ئاي، كۈن ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ بەلگىلىك پەيتى، كەز: ياز ۋاقتى. قىش ۋاقتى. سوغۇق ۋاقتى. ⑤ پەيت، پۇرسەت: هازىر مېنىڭ ۋاقتىم يوق. * ۋاقتىڭ بولسا كېلىپ ئولتۇرۇپ كەت. ⑥ بىرەر ئىش، ۋەقە، هادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلار سادىر بولىدىغان ياكى بولغان پۇرسەت ئارىلىقى، مەزگىل: تاماق ۋاقتى. ئىنقىلاب ۋاقتى. خىزمەت ۋاقتى. ⑦ مەلۇم مۇددەت: پاسپورتنىڭ تېخى ۋاقتى بار. <قا> دەۋا سۇبيېكتى ۋە باشقا دەۋا ئىشتىراكچىلىرى بىرلىكتە دەۋا پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىغان ۋاقىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ۋاقىتسىز** رەۋ. ۋاقتى بولماي، ۋاقتىدىن بۇرۇن؛ بىمەهەل: ۋاقىتسىز خازان بولماق. * ۋاقىتسىز كېلىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭلەر ؟

**ۋاقىتلىق** سۈپ ① بىر مەزگىللىك: پەقەت غەرب تەرەپتىكى قەشقەر دەرۋازىسىلا قېچىشقا ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن ۋاقىتلىق غورۇلاپ قويۇلغانىدى. ② رەسمىي ئەمەس، رەسمىيلەشمىگەن: ۋاقىتلىق ئىشچى.

**ۋاقىلداتماق** «ۋاقىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى : ئۇ ئېتىلىپ بېرىپ ئوچاق بېشىدىن كۆسەينى ئالدى - دە، روزىنى ۋاقىلدىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى.

**ۋاقىلداشماق** «ۋاقىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۇيۇقسىزلا بىر توپ كەكلىكنىڭ ۋاقىلداشقان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ قالدى.

**ۋاقىلدىماق** پ. «ۋاق - ۋاق» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «ۋاق - ۋاق» قىلماق: قارا نىيەت خورازنىڭ زوراۋانلىقىدىن ئاران قۇتۇلغان بىچارە مېكىيان ۋاقىلدىغىنىچە قېچىپ كەتتى.

**ۋاقىئىي** سۈپ [ئە] هەقىقەتەن يۈز بەرگەن؛ هەقىقىي، چىن، رېئال: ۋاقىئىي هېكايە. ۋاقىئىي نىكاھ.

**ۋاك** تەق. بەزى نەرسىلەرنىڭ يىمىرىلىشىدىن چىققان ئاۋاز: پىچاقنى سېلىشىم بىلەنلا قوغۇن «ۋاك» قىلىپ يېرىلىپ كەتتى.

**ۋاك دېمەك** يىغلىغەنلىكىگە تەن بەرمەك؛ بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكىنى ئىقرار قىلماق: ئۇ بىردەم ئېلىشىپ، ئاخىرى ۋاك دېدى.

**ۋاكالەت** ئى [ئە] شەخس، تەشكىلات، دۆلەت ئورگانلىرى قاتارلىقلار نامىدىن ئىش قىلىش، ۋەكىللىك هوقۇقى: هاي، مۇسۇلمانلار! مەن يۇرتىنىڭ ئاتىسى چىڭ گاڭ غوجام هەزرەتلىرىنىڭ ۋاكالەتلىرى بىلەن سىزلەردىن ئەهۋال سوراپ كەلدىم.

**ۋاكالەتچى** ئى ① بىرەر شەخسكە، تەشكىلاتقا ياكى دۆلەتكە ۋاكالىتەن ئىش بېجىرگۈچى ئادەم: ئۇ ئويۇن - تاماشىغا شۇنچىلىك ئامراق ئىدىكى، شەهەردىكى ئۈچ دۇكىنىنى ۋاكالەتچىگە، ئۆيۋاقىنى سېيىتقا تاشلاپ قويۇپلا ئىككى - ئۈچ كۈنلەپ چىقىپمۇ كېتەتتى. ② <قا> دەۋالاشقۇچىنىڭ نامىدا، دەۋالاشقۇچىغا ۋاكالىتەن مەلۇم خىلدىكى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.

**ۋاكالەتچىلىك** ئى. ۋاكالەتلىك قىلىش ئىشى: خەلق ئارىسىدا يەنە بىر خىل «ۋاكالەتچىلىك سودا» شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋاكالەتچى سودىگەر مەلۇم دەسمايە سېلىپ يېزا - قىشلاقلار تۇرمۇشىغا لازىملىق بولغان چەرچىنماللارنى سودىگەرلەردىن ئارىيەت ئېلىپ دۇكان ئاچىدۇ.

**ۋاكالەتخانا** ئى [ئە + پ] بىر دۆلەتنىڭ باشقا بىر دۆلەتتە تەسىس قىلغان ۋە شۇ دۆلەتكە ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىدىغان ئورۇن: مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ماكېدونىيەنىڭ ئالبانىيەدىكى ۋاكالەتخانىسى ۋاقىتىنچە تاقىۋېتىلدى.

**ۋاكالەتلىك** ① ئى. ۋەكىللىك، ۋەكىل بولۇش؛ كېپىللىك: ۋاكالەتلىك قىلماق. * بۇلارنىڭ هەربىرى بىردىن ئاهاڭنىڭ ئىسمىگە ۋاكالەتلىك قىلىدۇ. ② سۈپ. ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىدىغان، ۋەكىللىك قىلىدىغان: ۋاكالەتلىك ئورگان.

**ۋاكالەتنامە** ئى [ئە + پ] ۋەكىللىك هوقۇقىنى ئىسپاتلىغۇچى هۆججەت: ئۇ ئۆزى ئېلىپ كەلگەن ۋاكالەتنامىنى قارشى تەرەپ ۋەكىلىگە تاپشۇردى.

**ۋاكالىتەن** رەۋ [ئە] باشقىلارنىڭ ئورنىدا، باشقىلارغا ۋەكىل بولۇپ، باشقىلارنىڭ هاۋالىسى بويىچە: ۋاكالىتەن ئىشلىمەك. ۋاكالىتەن باشقۇرماق. * مەن قادىرغا ۋاكالىتەن سىزگە رەهمەت ئېيتىمەن.

**ۋاكسىنا** ئى [ر<لات] <تېب> ئورگانىزمدا ئىممۇنىتېت كۈچىنى هاسىل قىلالايدىغان باكتېرىيەلىك ياسالما. ئۇنى ئادەم ۋە هايۋانلارغا ئىشلەتكەندە ئۇلاردا ئىممۇنىتېتنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئالاقىدار يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**ۋاكسىنلىق** سۈپ. تەركىبىدە ۋاكسىنا مىقدارى بار، ۋاكسىنا مىقدارى بولغان: ئاپتونوم رايونىمىزدا قىممەتلىك ئېنىزىملار ۋە كۆپ ۋاكسىنلىق، تاق هۈجەيرىلىك ئاقسىللار ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئاقسىل قۇرۇلۇشى ۋە ئېنىزىم قۇرۇلۇشىدا يېڭى سەهىپە ئېچىلدى.

**ۋاككىدە** رەۋ. «ۋاك» قىلىپ، «ۋاك» قىلغان هالدا: ئۇ قوغۇن پىشقاندا، چۈنەكلەرنى ئارىلاپ قوغۇننىڭ ۋاككىدە قىلىپ ئېتىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتى.

**ۋاكۇئول** ئى [ر<لات] <بىيول> هۈجەيرە ماددىسى ئىچىدىكى كۆپۈكسىمان تۈزۈلمە. ئۇ ئەتراپىدىكى نېپىز پەردىسى ئارقىلىق هۈجەيرە ماددىسىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ۋاكۇئوللار-

نىڭ ئىچىدە سۇيۇق ماددىلار بولىدۇ.

**ۋاكۇئۇم** ئى [ر<لات] <فىز> ① ھاۋا يوق ياكى ناھايىتى ئاز ھاۋا بولغان ھالەت. ② شۇ خىل ھالەتتىكى بوشلۇق.

**ۋاكۇئۇم پومپىسى** <فىز> ھىم قاچا ئىچىدىكى گازنى مېخانىكىلىق، فىزىكىلىق ۋە خىمىيەلىك ياكى فىزوخىمىيەلىك ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ تارتىپ چىقىرىپ، قاچا ئىچىنى ۋاكۇئۇمغا ئايلاندۇرىدىغان ئۇسكۇنە.

**ۋاكۇئۇممېتىر** ئى [ر<لات+گىرېك] <فىز> گازلارنىڭ بىر ئاتموسفېرا بېسىمىدىن كىچىك بېسىمىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب. مۇتلەق ۋاكۇئۇممېتىر ۋە نىسپىي ۋاكۇئۇممېتىر دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

**ۋاگون** ئى [ر<ئىنگ] <قاتن> ① پويىزنىڭ ئادەم ۋە يۈك توشۇش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ھەربىر بۆلىكى. ② ئىش ئورنى، كان رايونى قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل توشۇش ئۇسكۇنىسى. شەكلى ۋارونكىغا ئوخشايدۇ، ئاستىدا چاقلىرى بولىدۇ. ئادەتتە رېلىس ئۈستىدە ماڭىدۇ.

**ۋاگونچاق** ئى ① كىچىك ۋاگون. ② ئەمگەك مەيدانى ۋە كانلاردا ئىشلىتىلىدىغان توشۇش قورالى. ياسىلىشى تىراپېتسىيە شەكىللىك بولۇپ، ئاستىدا چاقلىرى بار، رېلىس ئۈستىدە ماڭىدۇ.

**ۋاگونچى** ئى. ۋاگوننى باشقۇرىدىغان ۋە ھەيدەيدىغان ئادەم.

**ۋاگونلاپ** رەۋ. ۋاگونغا قاچىلاپ، ۋاگونغا تولدۇرۇپ بېسىپ، ۋاگونغا تولدۇرۇپ: نېفىتنى ۋاگونلاپ توشۇماق.

**ۋاگونلۇق** سۈپ. ۋاگونى بار، ۋاگون چېتىلغان: ئەگەر تۆمۈر يولدىن زاۋۇت تەرەپكە ئۇچۇق ۋاگونلۇق پاراۋۇز ئۆتسە، ئوقنى ئالغان بولىدۇ.

**ۋاڭ** I تەق. بىرەر نەرسىنىڭ ئېتىلىشى، يېرىلىشى، پارتلىشى ۋە تۇيۇقسىز تېگىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: مىلتىق «ۋاڭ» قىلىپ ئېتىلدى. * «ۋاڭ» قىلىپ بازغاندەك تەگكەن بىر مۇشت بىلەن تەڭ باي ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا گۈپ قىلىپ ئۇچۇپ چۈشتى.

**ۋاڭ** II ئى [خەن] ۋاڭلىق تۈزۈمىدىكى يۇقىرى مەنسەپ نامى ۋە شۇ مەنسەپكە ئىگە بولغان كىشى. بۇ مەنسەپ خان تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

**ۋاڭ - چۇڭ** قالايمىقان، ئېگىز - پەس ئاۋازلار: نىجاتنىڭ سۆزى قاقاھلاپ كۈلگەن كۆپچىلىكنىڭ ۋاڭ - چۇڭى بىلەن بۆلۈنۈپ كەتتى.

**ۋاڭشتماق** «ۋاڭشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دەريا تەرەپتە بىر قانچەيلەن سۇ چاقپەلەكنى ۋاڭشىتىپ ئۇرۇپ چاقماقتا ئىدى.

**ۋاڭشىغاق** سۈپ. تولا ۋاڭشىيدىغان، ۋاڭ - ۋاڭ قىلىدىغان ئاۋازنى چىقىرىدىغان: — ئاجايىپ بىر ۋاڭشىغاق ئىتنى بېقىپسەن، — دېدىم تۇرسۇنغا تەنە قىلىپ.

**ۋاڭشىماق** پ. «ۋاڭ - ۋاڭ» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق: ئارقا - ئارقىدىن ۋاڭشىپ ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازلىرى كەينىمىزدىكى تاغ جىلغىلىرىدا كۈچلۈك ئەكس سادا قوزغاپ قالدى.

**ۋاڭگىدە** رەۋ. ۋاڭ قىلىپ، ۋاڭ قىلغان ھالدا: تۇيۇقسىز چىققان ۋاڭگىدە ئاۋازدىن ھەممىمىز چۆچۈپ كەتتۇق.

**ۋاڭلىق** ① ئى. مەلۇم بىر تۈزۈمدىكى ھاكىمىيەت، خانلىق: ھازىر پەرىدۇن بەگنىڭ ۋەلىئەھدىسى يوق، دەپ ئوردىدا ۋاڭلىقنى تالىشىۋاتىدۇ. ② سۈپ. ۋاڭلارغا خاس؛ ۋاڭنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى، ۋاڭغا تەۋە: ۋاڭلىق تۈزۈم. ۋاڭلىق يەر.

**ۋاڭ - ۋاڭ** «ۋاڭ I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**ۋاڭ - ۋۇڭ** ۋاڭ قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: دەل شۇ چاغدا چوڭ كوچا تەرەپتىن «ۋاڭ - ۋۇڭ» قىلغان ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

**ۋاڭىلداتماق** «ۋاڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاينۇر قولىدىكى ئاپتوماتنى بەتلەپ، قارىغا نىشانلاپ ۋاڭىلدىتىپ ئېتىشقا باشلىدى.

**ۋاڭىلداشماق** «ۋاڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ۋېكلىيۇچاتېلنىڭ بېسىلىشى بىلەن تەڭلا، سېختىكى يېڭىدىن قۇراشتۇرۇلغان موتورلار ۋاڭىلدىشىپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

**ۋاڭىلدىماق** پ. «ۋاڭ - ۋاڭ» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «ۋاڭ - ۋاڭ» قىلماق: ئېگىز تۇرخۇن جىيەك تارتقان كۆك يۈزگە، سېخلار ئارا موتور ئۈنى ۋاڭىلدايدۇ.

**ۋال** تەق. ئوت، چىراغ قاتارلىقلارنىڭ بىردىنلا يېنىش، چاقناش ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ: ھاۋا گۈلدۈرلەپ «ۋال» قىلىپ چاقماق چاقتى.

**ۋالاق** تەق. قاپاق ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەردىن سۇ تۆكۈلگەندە ياكى سۆزلىگەن ۋە كۈلگەندە چىقىدىغان ئاۋاز.

**ۋالاقتەگكۇر** سۈپ [ۋالاق + تەگكۇر] ئادەمگە خۇشياقمايدىغان گەپلەرنى تولا قىلىدىغان، تولا سۆزلەيدىغان: گەپ قىلسا ۋالاقتەگكۇر دەيدۇ، گەپ قىلمىسا مۆرىمەس دەيدۇ (ماقال).

**ۋالاقتەگكۇرلۇك** ئى. تولا سۆزلەش ئادىتى: مۇھەببەت ماجىراسىدا ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرغان كىشى يامان ئاتلىق بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئاستاراق سۆزلىشى ۋە ۋالاقتەگكۇرلۇك قىلماسلىقى كېرەك.

**ۋالاقىدە** رەۋ. ۋالاق قىلىپ، ۋالاق قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ: سۇنى ۋالاقىدە تۆكمەك. * مېھراي داستىكى يۇندىنى كوچىغا قارىتىپ ۋالاقىدە تۆكۈۋېتىپ، ئارقىسىغا ياناي دەپ تۇرۇشىغا بىرەيلەن چاقىرىپ قالدى.

**ۋالاقلاتماق** «ۋالاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: موتورلارنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى ساتتارغا تۈن بويى ئارام بەرمەيدۇ. خوتۇننى ئويغىتىۋېتىپ ۋالاقلىتىدۇ.

**ۋالاقلاشماق** «ۋالاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — تولا ۋالاقلاشماي، ھارۋاڭنى ھەيدەش، — دېدى ئاتلىق چېرىك زەردە بىلەن.

**ۋالاقلىماق** پ. جىق سۆزلىمەك، گەپ ساتماق: ئۇ يېڭى دەۋرنى كونا دەۋرنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇش، تۈزۈملەرنى باشقىدىن تىكلەش توغرۇلۇق ئۇزاق ۋالاقلىدى.

**ۋالاق - ۋالاق** «ۋالاق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**ۋالاق - ۋۇلۇق** «ۋالاق» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئۇ زەھەرمەنى تىللاپ، چېچىدىن تۇتۇۋېلىپ ۋالاق - ۋۇلۇق ئۇرۇۋەتتى.

**ۋالەك** ئى. دىيال. كىچىك تۇلۇق، تۇلۇقچە.

**ۋالتورنا** ئى [ر<نېم] <مۇز> مىس بىلەن ياسالغان يەللىك چالغۇ ئەسۋابى، ۋالتورنىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، ھازىرقى دۇخوۋوي ئوركېستىر ۋە ھەربىي ئوركېستىرلاردا كۆپىنچە F كۈيلۈك، تۆت تەپكىلىك يېڭىچە ۋالتورنىلار ئىشلىتىلىدۇ.

**ۋاللاھۇئەلەم** يۇك [ئـە] «خۇدا بىلىدۇ» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: ۋاللاھۇئەلەم، شۇ تەرەپلەردە شەرىئەتكە خىلاپ گۇناھلىق ئىشلار بولۇۋاتسا كېرەك.

**ۋاللىدە** رەۋ. «ۋال» قىلىپ، «ۋال» قىلغان ھالدا: بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم ۋاللىدە يورۇپ كەتتى.

**ۋال ـ ۋال** «ۋال» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**ۋال ـ ۋۇل** «ۋال» قىلىپ يورۇش، چاقناش ھالىتى: دەل شۇ چاغدا، كوچىدا ۋال ـ ۋۇل قىلىپ يېقىلغان قول چىراغلىرىنىڭ نۇرى چاقناپ كەتتى.

**ۋالېنت** ئى [ر<لات] <خىم> بىر خىل ئېلېمېنتنىڭ بىر ئاتومى بەلگىلىك ساندىكى ھىدروگېن ئاتومى (ھەرقانداق بىر خىل بىر ۋالېنتلىق ئېلېمېنتنىڭ ئاتومى) بىلەن بىرىكىدۇ ياكى بەلگىلىك ساندىكى ھىدروگېن ئاتومى بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرىدۇ، بۇ سان شۇ ئېلېمېنتنىڭ ۋالېنتى بولىدۇ. مەسىلەن، ھىدروخلوردىكى بىر خلور ئاتومىنىڭ ۋالېنتى بىر. بىر خىل ئېلېمېنت بىر خىل ياكى بىرقانچە خىل ۋالېنتلىققا ئىگە، مەسىلەن، گۈڭگۇرت ئىككى، تۆت ۋە ئالتە ۋالېنتلىق بولىدۇ.

**ۋالېنتلىق** ① سۈپ. مۇئەييەن ۋالېنت خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان: ئىككى ۋالېنتلىق خىمىيەۋى ئېلېمېنت. ② ئى. بىرەر ئېلېمېنت ئاتومىنىڭ باشقا ئېلېمېنت ئاتوملىرى بىلەن بىرىكىش قابىلىيىتى.

**ۋالىبول** ئى [ر<ئېنگ] <تەن> ① توپ تۈرلىرى تەنھەرىكىتىنىڭ بىرى. مەيدانى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك، ئوتتۇرىغا ئېگىز سېتكا ئېسىلغان. بۇنىڭدا مۇسابىقە قىلغۇچى ئىككى تەرەپ (ھەر تەرەپتە، ئالتە ئادەمدىن بولىدۇ) مەيداننىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ، توپنى قولى بىلەن ئۇرۇپ سېتكىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈپ ئوينىشىدۇ. ② ۋالىبول تەنھەرىكىتىدە ئىشلىتىلىدىغان توپ. تېشى كالا خۇرۇمى ياكى سۈنئىي خۇرۇمدا ياسالغان، كامېرى رېزىنكە، چوڭلۇقى پۇتبولغا ئوخشايدۇ.

**ۋالىبولچى** ئى. ۋالىبول ئوينايدىغان تەنھەرىكەتچى: ئىمتىھان تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنىشى ئۇنىڭ ۋالىبولچى بولۇش ئارزۇسىغا يول ئېچىپ بەرگەندەك بولدى.

**ۋالىس** ئى [ر<فىران] <مۇز> ① ئاۋستىرىيە خەلق ئۇسسۇلىدىن كېلىپ چىقىپ تەرەققىي قىلغان تانسا ـ ئۇسسۇل مۇزىكىسى. ئۇدارى $\frac{3}{4}$ لىك بولۇپ، رىتىمى يېنىك، تېز، مېلودىيەسى راۋان كېلىدۇ. ② شۇ خىل مۇزىكىغا ئوينىلىدىغان تانسا.

**ۋالىك** ئى [ر] ھارۋىغا قوشۇلغان يان ئاتنىڭ توشۇڭىدىن ھارۋىنىڭ گەۋدىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بېشى بەلدەكلىك ياغاچ.

**ۋاللداتماق** «ۋاللىدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ قولىدىكى ئەينەك پارچىسىنى كۈن نۇرىدا ۋاللىدىتىپ ئويناۋاتاتتى.

**ۋاللداشماق** «ۋاللىدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇنىڭ ئۇرۇمچىگە تۇنجى كېلىپ ئەڭ ھەيران قالغىنى كېچىچە ئۆچمەي، ۋاللىدىشىپ يېنىپ تۇرغان رەڭگارەڭ كوچا چىراغلىرى بولدى.

**ۋاللدىماق** پ. «ۋال ـ ۋال» قىلماق، «ۋال ـ ۋال» قىلىپ نۇر چاچماق: ئۇ ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچتى ـ دە، چۆچۈپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇيقۇلۇق كۆزلىرى ۋاللىدىغان قولچىراغ شولىلىرىنى كۆرگەنىدى.

**ۋالىۋاش** سۈپ ① قالايمىقان: ئۇ چاغدا ۋالىۋاش بولۇپ كەتسەك تازىمۇ سەتچىلىك بولىدۇ. ② ئى. ئالدىراش: دادام نەچچە كۈن ۋالىۋاش بولۇپ، ھەممە نەرسىنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ يۈرۈپ، ئاخىر بۇ خالتىنى تاپتى.

**ۋالىي** ئى [ئە] ۋىلايەت باشلىقى.

**ۋالىيلىق** ① سۈپ. ۋالىيلاردا بولىدىغان، ۋالىيلارغا خاس: ئۇنىڭ ۋالىيلىق ئىمتىيازى ئاجىزلىشىپ، قۇرۇق جازا ۋە ھوقۇقسىز قورچاق ئەمەلدار بولۇپ قالدى. ② ئى. ۋالىيغا يۈكلەنگەن ئەمەل، ۋەزىپە: ۋالىيلىق قىلماق.

**ۋانادىي** ئى [ر] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى V(Vanadium). كۈمۈشتەك ئاپئاق، ئادەتتىكى تېمپېراتۇرىدا ئاسان ئوكسىدلانمايدۇ. ۋانادىي بىلەن پولاتنىڭ قېتىشمىسى ۋانادىيلىق پولات دېيىلىدۇ، سانائەتتە قوللىنىلىشى ناھايىتى كەڭ.

**ۋانكومىتسىن** ئى [ئىنگ] <تېب> ئانتىبىيوتىكلارنىڭ بىر خىلى. كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرى ۋانكومىتسىننىڭ خلورىد كىسلاتا تۇزلىرى بولۇپ، قوڭۇر رەڭلىك، پاراشوك ھالىتىدە كېلىدۇ. ئادەتتە باشقا ئانتىبىيوتىكلارنىڭ دورىغا قارشى خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيەلىرىنىڭ يۇقۇملاندۇرۇشنى داۋالاش رولىنى ئوينايدۇ.

**ۋاننا** ئى [ر] ① يۇيۇنۇش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان چوڭ، ئۇزۇن داس: ۋانىدا يۇيۇنماق. مۇنچىغا ۋاننا بېكىتمەك. ② كۆچمە. بەدەننى سۇ، ھاۋا ياكى ئاپتاپ تەسىرىدىن بەھرىمەن قىلىش يولى بىلەن داۋالاش: قۇياش ۋاننىسى. ھاۋا ۋاننىسى.

**ۋاننىلىق** سۈپ. ۋاننىسى بار، ۋاننا ئورنىتىلغان: ۋاننىلىق ئۆي.

**ۋانىل** ئى [ر<فىران < ئىسپان] <بوت> ① تۇلكىمايىقى ئائىلىسىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈك. ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدىن چىقىدۇ. مېۋىسىدىن چەككىلەپ ئېلىنغان پۇراقلىق ماتېرىيالنى ماروژنىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ۋانىلىن** ئى [ر<فىران < ئىسپان] <خىم> مۇئەتتەرنىڭ بىر خىلى. مەلۇم ئۆسۈملۈكلەر تەركىبىدە ساقلىنىدۇ. ھازىر كۆپىنچە سۈنئىي ئۇسۇلدا بىرىكتۈرۈش يولى بىلەن ئىشلىنىدۇ. ئادەتتە پەرداز بۇيۇملىرى ۋە يېمەكلىكلەرگە ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

**ۋاھ** ئىم. كىشىلەرنىڭ مەلۇم نەرسىلەرنى بەكمۇ ياقتۇرۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋاھ، ناھايىتى ياخشى ئىش ئىكەن بۇ. * ۋاھ، تازا لايىق كەلدى.

**ۋاھابىيلار** ئى<دىن> سۈننىي مەزھىپى ئىچىدىكى بىر مەزھەپ. قۇرغۇچىسى مۇھەممەد بىننى ئابدۇلۋاھاب. بۇ مەزھەپ ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ رەسمىي مەزھىپى بولۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سىرتىغا تارقالمىغان. ھەنبەلىلەرنىڭ 5 تىن 4 قىسمى ۋاھابىلەردۇر.

**ۋاھالەنكى** باغل [ئە + پ] تەڭداش، لېكىن قارىمۇقارشى

مەنىلىك جۈملىلەرنى باغلاپ، ئالدىنقى جۈملىدىكى ئۇقۇمغا نىسبەتەن كېيىنكى جۈملىدىكى ئۇقۇمدا بولىدىغان بۇرۇلۇشنى بىلدۈرىدۇ.

**ۋاھە** ئى [ئە] <جۇغ> چۆل ۋە يېرىم چۆللەردىكى دەرەخ ئۆسۈملۈكلەر رايونى، تۈزسىز سۇ بىلەن سۇغىرىلىدىغان جايلار.

**ۋاھ- ۋاھ** «ۋاھ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ۋاھ - ۋاھ! نېمىدېگەن گۈزەل جاي بۇ!

**ۋائىز** ئى [ئە] ① <دىن> دىنىي مەزمۇندا ۋەز ئېيتقۇچى، ۋەزخان. ② نەسىھەت يۈزىسىدىن تەشۋىق - تەرغىبات ئېلىپ بارغۇچى، نۇتۇق سۆزلىگۈچى كىشى؛ ناتىق.

**ۋائىزلىق** ئى. دىنىي مەزمۇندا ۋەز ئېيتىش، ۋەزخانلىق: ئۇ ۋائىزلىقتا ۋايىغا يەتكەن مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زات ئىدى.

**ۋائىزلىق قىلماق** ۋەز ئېيتماق، ۋەز خانلىق قىلماق: يېقىنقى بىرقانچە ئايدىن بېرى ئامېرىكا ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ باش ئىشتابىغا ئارقا - ئارقىدىن ئادەم ئەۋەتىپ ۋائىزلىق قىلىشقا باشلىدى.

**ۋاي** ئىم ① قاراتما سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ قاقشاش، ھەسرەتلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي دوستۇم، ئۇ كۈنلەردە مۇنداق ئىشلار كىمنىڭ بېشىغا كەلمىگەن. ② قاراتما سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، جىملەش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي سادەتخان! ئەمدى كەلدىڭىزمۇ؟ سازچىلار سىزدىن رەنجىشتى. ③ ئوڭايسىزلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي ئەپەندىم، بۇ نېمە قىلغانلىرى. ④ جىددىيلىشىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي، ئۇلار كېلىپ قالدى ! چاپسان بولۇڭلار. ⑤ ئاغرىش ئىماسىنى بىلدۈرۈپ، ئاغرىغان ئەزانى بىلدۈرىدىغان سۆزنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ: ۋاي قولۇم ! قولۇمنى دەسسىۋالدىڭ. ⑥ ۋاپات بولغان كىشى ئۈچۈن يىغلىغاندا شۇ كىشىنىڭ ئىسمى ياكى ئىسمى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن سۆزنىڭ ئالدىدا كېلىپ يىغىنى كۈچەيتىدۇ: تۇيۇقسىز يان ھويلىدىن ۋاي ئاتام، ۋاي قېرىنداشىم دېگەن يىغا ئاۋازى چىقتى.

**ۋاي ئاتام** ① باش قېتىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي ئاتام، مۇنچە كۆپ ئادەمنى نەگە پاتقۇزارمىز. ② ئەجەبلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي ئاتام، نېمانداق قاراڭغۇ ئۆي بۇ.

**ۋاي ئاللا** بىرەر ئىشتىن ھەيران قالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: ھېلىقى ئەر - خوتۇن قورقۇپ كېتىپ ۋاي ئاللا، بۇ نېمە كارامەت، دەپ ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى.

**ۋاي ئاللىيەي ← ۋاي ئاللا:** ۋاي ئاللىيەي، دېسىڭىزا، قايسى ھېلىقى؟

**ۋاي ئانام ← ۋاي ئاتام:** — ۋاي ئانام، بۇ جۇۋاينىمەككە بولۇپ بەردىمۇ نېمە، — دېدى گۈلبوستان.

**ۋاي تېخى** بىرەر ئىش - ھەرىكەتكە، سۆزگە ئانچە ئىشەنمەسلىكنى بىلدۈرىدۇ: — ۋاي تېخى، ئۇستىلىق دېگەن مانا، — دېدى غۇنچەم جاۋابەن.

**ۋاي خۇدايىمەي** ① بىرەر ئىش - ھەرىكەتتىن ئەنسىرەشنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي خۇدايىمەي، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ ② بىرەر ئىشتىن، نەرسىدىن ھەيران قېلىشنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي خۇدايىمەي، كىچىكلا قىزغۇ بۇ، كەل سىڭلىم، ساڭا نېمە بولدى؟ ③ بىرەر ئىشقا، نەرسىگە پىسەنت قىلماسلىقنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي خۇدايىمەي، پۇل كەتسە كەتمەمدۇ.

**ۋاي دېمەك** چوڭ كۆرمەك، ئەتىۋارلىماق: ۋاي دەپ قويساق ئەجەب ئۆزىنى كۆرسەتتى بۇ ئاداش.

**ۋاي سالماق** ۋايەي، ۋايجان دەپ قاقشىماق، داد-پەرياد قىلماق: باھارخان كىچىككىنە قىزىنىڭ ۋاي سالغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ يېرىلغان پۇتلىرىنى چىراغ يېغى بىلەن داغلاۋاتقانىدى.

**ۋاي قوۋۇرغام** بىركىمنى مەنسىتمەسلىك، مازاق قىلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي قوۋۇرغام، تېخى چىقىپ كېتىمەن دەپ بىزنى قورقۇتماقچىمىكەن.

**ۋاي ئىست** بىرەر ئىشقا، نەرسىگە بولغان ئېچىنىشنى بىلدۈرىدۇ: — شۇنداق قىلىپ ئەمدى مەلىكەنى ئېلىپ كېتىدىغان بولدى، ۋاي ئىست، — دېيىشىپ ھەسرەت چېكىپتۇ ئۇلار.

**ۋاي ئىستەي** «ۋاي ئىست» دېگەن بىرىكمىنىڭ كۈچەيتىلىپ ئېيتىلىشى: ۋاي ئىستەي، غۇنچەمدەك چىرايلىق، چېچەن قىز باينىڭ شۇ قوپال، ماڭقا ئوغلىغا خوتۇن بولۇپ كېتەرمۇ.

**ۋايە** ئى [پ] ← **ۋايىغا يەتمەك.**

**ۋايىغا يەتمەك** ① قۇرامىغا، بالاغەتكە توشماق: — قىزىمىزمۇ ۋايىغا يېتىپ قالدى، ئەمدى توي تەييارلىقى قىلمىساق بولماس، — دېدى بوۋاي. ② كامالەتكە يەتمەك: ئۇ ئىلىم ساھەسىدە ۋايىغا يەتكەن ئەرباب ئىدى.

**ۋايتاڭ** ئىم [ۋاي + تاڭ] جۈملىدە «پەقەتلا بىلمەيمەن، زادىلا خەۋىرىم يوق ئىكەن» دېگەندەك ئېنىقسىزلىق جاۋاب ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: — ئاپاڭ قويىنى كىم ئەكەلدى؟ دەپ سورىسا، «ۋايتاڭ» دەپ دولاڭنى چىقىرىپ تۇرغىن، — دېدىم ئۇنىڭغا.

**ۋايتاڭەي** ئىم [ۋاي + تاڭەي] «ۋايتاڭ» سۆزىنىڭ كۈچەيتىلىپ ئېيتىلىشى: — قەشقەرگە قاچان ماڭىدىكەنمىز؟ — دەپ سورىسام ئابلىكىمدىن، — ۋايتاڭەي، — دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى ئۇ.

**ۋايتوۋا** ئىم [ۋاي + توۋا] ① بىرەر نەرسىدىن ھەيران بولۇش، ئەجەبلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋايتوۋا، ئۇ قىز شۇنچە قىلىپ يۈرسىمۇ كۆز قىرىنى سېلىپ قويمىغىنىنى قارا ئۇنىڭ. ② قاتتىق قورقۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ تېخى بىر تاياق يېمەستىنلا «ۋايتوۋا» دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

**ۋايجان** ئىم [ۋاي + جان] ① ئاغرىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋايجان، بېشىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ. ② چارچاش، ئۇسساش، ئېچىرقاش قاتارلىق ھالسىزلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋايجان، بەك ھېرىپ كەتتىم. ③ قورقۇش، چۆچۈش، ھەيران قېلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋايجان، نېمىدېگەن سەت ھايۋان بۇ. ④ پىسەنت قىلماسلىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋايجان، نېمانچە قىلاتتۇق ئۇنىڭغا، يامىنى كەلسە تۆت تەڭگىنى ئارتۇق خەجلەرمىز.

**ۋايجانەي** ئىم [ۋاي + جانەي] «ۋايجان» سۆزىنىڭ كۈچەيتىلىپ ئېيتىلىشى: ۋايجانەي، پۇل - پۇل دەپ، بىز دۇكان ئاچاتتۇقمۇ؟

**ۋايجانلاتماق** «ۋايجانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دەسلىپىدە بىردىن مۇشت بىلەن بىرقانچىسىنى ۋايجانلاتقان بولسامۇ، بارا - بارا بۇ ئون نەچچە ئادەمگە تەڭ كېلەلمەي قالدىم.

**ۋايجانلاشماق** «ۋايجانلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھاشارچىنىڭ تاياق ئازابىدىن قىرقىراشلىرى، چىدىماي ۋايجانلاشلىرى ئۇلار ئۈچۈن بىر تاماشا ئىدى.

**ۋايجانلىماق** پ. «ۋايجان» دەپ ۋارقىرىماق: سىدىق قازى كالچىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىغا قارىماي ۋايجانلاپ قاچتى.

**ۋايداد** ئىم [ۋاي + داد] ۋارقىراشنى، داد ـ پەرياد سېلىشنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ۋايداد سېلىپ ئۆملىگىنىچە تالاغا چىقتى ـ دە، ئۆزىنىڭ چاپارمەنلىرىگە ۋارقىرىدى.

**ۋايدادلاتماق** «ۋايدادلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئارمىيەمىزنىڭ قاتتىق ھۇجۇمى دۈشمەنلەرنى ۋادلىتىپ، ئۇلارنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى.

**ۋايدادلاشماق** «ۋايدادلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئامىمىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن بۇ بىر توپ بۇلاڭچىلار ۋايدادلاشقىنىچە قۇيرۇقلىرىنى خادا قىلىشتى.

**ۋايدادلىماق** پ. «ۋايداد» دەپ ۋارقىرىماق، داد ـ پەرياد قىلماق: بېلىنىڭ ئاغرىشىدىن سىڭار يان بولۇپ قالغان مىجىت ۋايدادلاپ ئاران ماڭاتتى.

**ۋايساتماق** «ۋايسىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاتتىق تەگكەن بۇ مۇشت ئۇنى ۋايسىتىپ قوپالماس ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى.

**ۋايساشماق** «ۋايسىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قويۇق ئورمانلىقتا يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ، ئەتىگەندىن بېرى پىيادە ئۇزۇن يول مېڭىپ پۇتلىرى قاپىرىپ كەتكەن بەگزادىلەر ۋايساشقانلىرىچە بىردەم ئارام ئېلىۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ ماڭغىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالدى.

**ۋايسىماق** پ. قاقشىماق، زارلانماق: ئۇ ئاچچىق ئاغرىقتىن ۋايساپ تولغىنىپ يەنە بىرنەچچىنى دومىلاپ كۆلتۈك قاردا يېتىپ قالدى.

**ۋاي ـ ۋاي** «ۋاي» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: نىيسى ئېلىشتا ھاي ـ ھاي، پۇلىنى بېرىشتە ۋاي ـ ۋاي (ماقال).

**ۋايۋايلىماق** پ. «ۋاي ـ ۋاي» دەپ ۋارقىرىماق، قاقشىماق، زارلانماق: ئىمىرەمنىڭ ۋاي ـ ۋايلاپ نالە قىلىشلىرى، چىرقىراشلىرى ئانىنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى.

**ۋاي ـ ۋۇي** ① بىرەر ئىشتىن، نەرسىدىن بىزار بولۇش، خالىماسلىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي ـ ۋۇي، مۇنۇ ئاداشنىڭ مەمەدانلىقىنى. ② بىرەر نەرسىگە ھەيران بولۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ـــ ۋاي ـ ۋۇي، نېمىدېگەن گۈزەل يەر بۇ! ③ بىرەر كىمنى مەسخىرە قىلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي ـ ۋۇي، چىقىپ كېتىمەن دەپ بىزنى قورقۇتماقچىمۇ سەن؟

**ۋايىەي** ئىم ① ئاغرىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋايىەي، قولۇم! قولۇمنى ئىشىك قىسىۋالدى! ② پىسەنت قىلماسلىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋايىەي، جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان، پۇل، پۇل دەپ دۇكان ئاچاتتۇقمۇ. ③ نارازى بولۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋايىەي، كۈيۈئوغۇل ئوغۇل بولماس، كۆلدە تام بولماس، دەپتىكەن، ئۆز باغرىدىن چۈشمىگەن بالىنى بالا ئەتكىلى بولامدۇ؟

**ۋە** باغل [ئە] تەڭداش بۆلەكلەر ۋە جۈملىلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ: بۈگۈنكى يىغىنغا ئەركىن، سەمەت ۋە توختىلار قاتناشتى.

**ۋەئەلەيكۇم** ئى [ ئە] ← **ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.**

**ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام** كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا تىنچلىق ـ ئامانلىق، ھال ـ ئەھۋال سوراش يۈزىسىدىن «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن سۆزىگە جاۋابەن ئىشلىتىلىدىغان سۆز بولۇپ، لۇغەت مەنىسى «سىز ھەم تىنچ ـ ئامان بولۇڭ» دېگەنلىكتۇر: ـــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بالام، يول قاياقىقا؟ ـــ دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

**ۋەتەن** ئى [ ئە ] ① ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن جاي، يۇرت، دىيار: ۋەتىنىم غۇلجا. ۋەتىنىم قەشقەر. * بىر شەھەردە ۋەتەن تۇتۇپ تۇراي دېسەڭ، چوڭ شەھەردە تۇر. ② ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ياكى ئۆزىنى ئۇنىڭ پۇقراسى دەپ ھېسابلىغان مەملىكەت، دۆلەت: ۋەتىنىم جۇڭخۇا ئېلى، مەن ئۇنىڭ پەرزەنتىمەن.

**ۋەتەن ساتقۇچ** ۋەتىنىدىن ۋاز كېچىپ، ۋەتىنىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى باشقا ئەللەرگە سېتىپ، باشقا ئەللەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كىشى، ساتقۇن : ۋەتەن ساتقۇچ ئوغرىلارنى قىرىـ چاپ قىلايلى!

**ۋەتەنپەرۋەر** ئى [ئە + پ] ئۆز ۋەتىنىنى، خەلقىنى سۆيىدىغان، ۋەتىنىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جان پىدا قىلىدىغان كىشى: بۇ مەھبۇس پېشقەدەم ۋەتەنپەرۋەر تۇردى ئاخۇن خەلپە ئىدى.

**ۋەتەنپەرۋەرلىك** ئى. ۋەتەنگە سادىق بولۇش ۋە ئۇنى سۆيۈش ئىدىيەسى، خىسلىتى: ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز خىزمىتىمىزگە سادىق بولايلى.

**ۋەتەنداش** ئى. ۋەتىنى بىر، بىر ۋەتەندە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كىشىلەر: بۈگۈن يەنە كۆردۈم ئۇمىدنى، ۋەتىنىمدە، ۋەتەنداشلاردا.

**ۋەتەنداشلىق** ئى. بىر ۋەتەنلىك؛ بىر دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولۇش مۇناسىۋىتى: قەيسەرنىڭ تۇرۇۋالغان ئۆگىنىش ۋاقىت جەدۋىلى بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بەختىنۇر بىلەن «ۋەتەنداشلىق» قىلىپ بولالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايتتى.

**ۋەتەنسىز** سۈپ. ۋەتىنى يوق، دائىم كۆچۈپ يۈرىدىغان: ۋەتەنسىز كىشىنىڭ دىلى مەڭگۈ كىر، ئۆزگىلەر ۋەتىنى ئۆز ۋەتەنگە يات.

**ۋەتەنسىزلىك** ئى. ۋەتىنى يوقلۇق، دائىم ئۇ ئەلدىن بۇ ئەلگە كۆچۈپ يۈرۈش، مۇقىم بىر دۆلەتتە تۇرماسلىق: ئۇلار ئادەتتە زۇۋان سۈرمىگەن بىلەن ۋەتەنسىزلىك ھەسرىتىدە كۆيىدىكەن، يۇرتىنى سېغىنىدىكەن.

**ۋەتــەنلىك** سۈپ. ۋەتىنى بار، ۋەتىنى بولغان: بارا ـ بارا، يېڭىباشتىن كۆپىيىپ، بولغانىمىش ۋەتەنلىك ۋە خاقانلىق.

**ۋەتۋەرەك** I ئى ← **ۋەتۋەرىكى چىقماق.**

**ۋەتۋەرىكى چىقماق** كونىراپ، يىرتىلىپ، كېرەكسىز بولۇپ قالماق، ئەبجىقى چىقماق؛ بەربات بولماق: ئۇ ھەر قېتىم يېڭى كىيىم ئېلىپ بەرسە، بىر ئايغا قالماي ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋېتەتتى.

**ۋەتۋەرەك** II ئى. دىيال. لەگلەك.

**ۋەج** ئى [ئە] ① سەۋەب، مۇددىئا، مەقسەت؛ باھانە: ۋەج كۆرسەتمەك. ② مال ـ مۈلۈك، دەپنە ـ دۇنيا: ۋەجىڭگە بېقىپ خەجلەڭ بولسۇن (ماقال).

**ۋەجلىك** ئى. سەۋەبلىك، تۇپەيلى: شۇ ۋەجلىك ئىشىمىز ئارقىدا قالدى.

**ۋەخپە** [ئە] ① ئى. مۈلۈك ئىگىسى تەرىپىدىن مەسچىت، مەدرىسە، مازارلارنىڭ ئىختىيارىغا تەقدىم قىلىنغان مۈلۈك (يەر، سۇ، ئۆي ـ ئىمارەت، مال ـ چارۋا قاتارلىقلار): بۇ يۇرتنىڭ زاراخەتمىسىدە، مەيلى ئۇ مازار ۋەخپىسىنىڭ كىرىمى بىلەن ئۆتكۈزۈلسۇن ياكى باي، نامراتلارنىڭ نامىدا ئۆتكۈزۈلسۇن، ئوماچلا ئېتىلەتتى. ② سۈپ. مۈلۈك ئىگىسى تەرىپىدىن مەسچىت، مەدرىسە، مازارلارنىڭ ئىختىيارىغا تەقدىم قىلىنغان: ۋەخپە يەر.

**ۋەخپە ئەۋلاد** ئۆز ئەۋلادىغا ۋەخپە قىلىنغان بىرەر مەسچىت، مەدرىسە، مازارغا تېگىشلىك ئۈلۈشنى تاپشۇرىدىغان، ئەمما ساتالمايدىغان يەر.

**ۋەخپە قىلماق** بەلگىلىك مىقداردىكى يەر ـ سۇ ياكى ئۆي ـ ئىمارەت ۋە ياكى مال ـ چارۋىنى بىرەر مەسچىت، مەدرىسە ياكى مازارنىڭ ئىختىيارىغا بەرمەك: ئۇ كىشى ناھىيەمىزدىكى چوڭ خانىقاغا بەش مو يەرنى ۋەخپە قىلغانىدى.

**ۋەخپە مۇتلەق** كىم تېرىسا بولىدىغان، ئەمما بىرەر مەدرىسە، بىرەر ئورۇنغا تېگىشلىك ئۈلۈشنى تاپشۇرىدىغان يەر.

**ۋەدا** ئى [سانس] <دىن> بۇددا دىنىدىكى ئاسمان ئىلاھىنىڭ نامى.

**ۋەدە** ئى [ئە] بىرەر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن دېيىلگەن قەتئىي سۆز، لەۋز: ئەتىسى بامدات نامىزىدىن كېيىن ھاجى ئىشان ۋەدە بويىچە رابى ۋىت ـ ۋىتنى ھېسامىدىن داموللىنىڭ ئالدىغا باشلاپ ئەكىردى.

**ۋەدىسىز** سۈپ. ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان: ۋەدىسىز ئادەم. * ئۇنىڭ دادىسى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىن تارتىپلا ۋەدىسىز ئادەم ئىدى.

**ۋەدىش** ئى. دىيال. ئادەتلىنىش، كۆنۈش.

**ۋەدىلەشمەك** پ. بىر ـ بىرىگە ۋەدە بەرمەك، ئەھدىلەشمەك؛ كېلىشمەك: ئۇلار كۆزلۈككە توي قىلىشقا ۋەدىلەشتى.

**ۋەدىلىششمەك** «ۋەدىلەشمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ۋەدىلىك** سۈپ. ۋەدە قىلغان، ۋەدىلەشكەن: ۋەدىلىك سۆز ئاقتى شۇ ئايدىڭ كېچە ئاي پاتقۇچە، ئويغىتىپ يۈرتنى خوراز چىللاپ سۈزۈك تاڭ ئاتقۇچە.

**ۋەدىنامە** ئى [ئە + پ] بىرەر ئىشنى جەزمەن قىلىش ھەققىدە يېزىلغان ھۆججەت؛ يازما ۋەدە؛ ئەھدىنامە: ۋەدىنامە يازماق.

**ۋەدىئىزم** ئى [ر] <دىن> مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللار بىلەن 1500 ـ يىللار ئارىسىدا ھىندىستاننى ئىشغال قىلغان ۋە ئۆزلىرىنى «ئاريا» دەپ ئاتىغان ھىندى ـ ياۋروپا قوۋملىرى دەسلەپ ئېتىقاد قىلغان دىن. بۇ دىندا روھ ئۆلمەس دەپ قارىلىپ، ئىبادەتتە قۇربانلىق مۇراسىمى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئىلاھلىرى كۆپ بولۇپ، شۇ ئىلاھلار ئۈستىدە تۇرىدىغان يەنە بىر ئەڭ ئۇلۇغ ئىلاھ بار دەپ قارىلىدۇ.

**ۋەرەقە** ئى [ئە] ئاممىنىڭ بىلىشى ئۈچۈن تارقىتىلىدىغان، مەلۇم مەزمۇن خاتىرىلەنگەن تەشۋىقات قەغىزى: ئوقۇغۇچىلار ياتاق، سىنىپلارنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرىگە چوڭ خەتلەر بىلەن يېزىلغان ۋەرەقەلەرنى چاپلىدى.

**ۋەز** ئى [ئە] ① بىرەر مەسىلە ھەققىدە باشقىلارغا، ئاممىغا سۆزلەنگەن سۆز، نۇتۇق: ئىمامنىڭ قەبرە بېشىدا قىلغان ۋەزلىرى مۇسىبەتتىكىلەرنىڭ دىللىرىنى ئەزدى. ② پەند ـ نەسىھەت، تەربىيە: بۇ ۋەزلەر خالىقنىڭ قۇلىقىغا گويا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىناتتى.

**ۋەزچى** ئى. ۋەز ئېيتىدىغان كىشى: ئۇ يۇرت ئىچىدىكى مەشھۇر ۋەزچى ئىدى.

**ۋەزخان** ئى [ئە + پ] ۋەزچى، ۋەز ئېيتقۇچى: ۋەزچى كەلكۈن يامراش بىلەن تەڭ، ھەممە يەردە ئايئاق سەللىلىك، بىلەكلىرىگە تەسۋى ئاسقان، قوللىرىدا قۇرئان تۇتقان دۇئاگۇي ۋەزخانلار پەيدا بولدى.

**ۋەزخانلىق** ئى. ۋەز ئېيتىش ئىشى: مەسچىت سەيناسى بىلەن قەبرىلەر ئارىلىقىدىكى بوش مەيداندا مەدداھ ـ ۋائىزلار ئەتراپىغا ئادەملەرنى توپلاپ ۋەزخانلىق قىلىۋاتاتتى.

**ۋەزمىن** سۈپ [پ] ئېغىر ـ بېسىق، سالماق: رۇستەم ۋەزمىن يىگىت ئىدى.

**ۋەزمىنلەشمەك** پ. ۋەزمىن ھالەتكە كەلمەك، ۋەزمىن بولۇپ كەتمەك: ئۇ چوڭايغانسېرى ۋەزمىنلىشىپ كەتتى.

**ۋەزمىنلىك** ئى. ئېغىر ـ بېسىقلىق، سالماقلىق: — راست ئېيتىدىلا ھاجىم، — دېدى تۆمۈر خەلپە ۋەزمىنلىك بىلەن، — ئەل ـ يۇرتقا تىنچلىق كېرەك. * — قاسىم ئەپەندى توغرا ئېيتىپتۇ ھاجىم، — دېدى جامسىن دورجى ۋەزمىنلىك بىلەن.

**ۋەز ـ نەسىھەت** ۋەز ۋە نەسىھەت: ئۇ بۇنداق ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى ناھايىتى كۆپ ئاڭلىدى.

**ۋەزىپە** ئى [ئە] ① زىممىسىگە يۈكلەنگەن، ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان مەجبۇرىيەت، ئىش، خىزمەت: — ۋەزىپە ئېغىر! — دېدى ئۇ چىرايىغا يېغىنباشتىن جىددىي تۈس بېرىپ. ② مەنسەپ، ئەمەل: ۋەزىپىگە تەيىنلىمەك. ۋەزىپىگە قويماق.

**ۋەزىپىسىز** سۈپ. ۋەزىپىسى يوق، ۋەزىپە يۈكلەنمىگەن: ئابلەت بۇ قېتىم يۇرتىغا ۋەزىپىسىز كەلگەنىدى.

**ۋەزىپىلىك** سۈپ. ۋەزىپىسى بار، ۋەزىپە يۈكلەنگەن: ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىلىك خادىملىرى كۆتۈرۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشسا بولىدۇ.

**ۋەزىر** ئى [ئە] ① بەزى ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ پادىشاھ ۋە خان سارايلىرىدىكى ئالىي مەنسەپ ئىگىسى: ئوڭ قول ۋەزىر. سول قول ۋەزىر. ② بەزى شەرق مەملىكەتلىرىدىكى مىنىستىر: باش ۋەزىر. مالىيە ۋەزىرى.

**ۋەزىرئەزەم** ئى [ ئە ] تارس. باش ۋەزىر: — ۋەزىرئەزەم ئەمىر ھەزرەتلىرىنى مەسلىھەتكە چىللايدۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى خەۋەرچى.

**ۋەزىرلىك** ئى. ۋەزىرگە يۈكلەنگەن ۋەزىپە، ئەمەل: كېيىن ھەرقايسىسى بىر ھەپتىدىن ۋەزىرلىك قىلىشىدىكەن.

**ۋەزىر ـ ۋۇزرا** ۋەزىر ۋە شۇ قاتاردىكى ئەمەلدارلار: بىرچاغدا پادىشاھ نۇرغۇن ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى بىلەن بوۋاينىڭ ئۆيىگە كەپتۇ.

**ۋەزىن ( ۋەزنى )** ئى [ئە] ① ئېغىرلىق: يۈك ۋەزنى. مالنىڭ تىرىك ۋەزنى. ② كۆچمە. ئابرۇي، نوپۇز، ئېتىبار، سالماق: ئۇلار ئۆزلىرى ياراتماقچى بولغان پېرسوناژ تىلىنىڭ ۋەزنىنى كۈچەيتىشنىلا ئويلاپ، ئىشچىنى زىيالىيغا، دېھقاننى كادىرغا ئوخشاش سۆزلىتىپ قويىدۇ. ③ <ئەد> شېئىرنىڭ رىتىم ئاھاڭى ۋە تۈزۈلۈشىنى بەلگىلىگۈچى بوغۇملار سانى ۋە جايلىشىشى؛ شېئىر ئۆلچەملىرى: ئارۇز ۋەزنى. بارماق ۋەزىن. ④ <مۇز> مۇزىكا ئەسەرلىرىدە ئۇنىڭ رىتىم ئاھاڭىنى ۋە تۈزۈلۈشىنى بەلگىلىگۈچى رىتىملىق بىرىكمىلەر سانى ۋە جايلىشىشى.

**ۋەزىنسىز** سۈپ . ۋەزنى يوق ، ۋەزنى بولمىغان: ۋەزىنسىز شېئىر.

**ۋەزىنلىك** سۈپ . ۋەزنى بار ، ۋەزنى بولغان : ۋەزىنلىك شېئىر.

**ۋەزىيەت** ئى [ئە] مەۋجۇت بولغان ياكى بىرەر پەيتتە پەيدا بولغان شەرت ـ شارائىت، ئەھۋال: سىياسىي ۋەزىيەت. ئىقتىسادىي ۋەزىيەت. خەلقئارا ۋەزىيەت.

**ۋەسسالام** سۇپ [ئە] «گەپ تامام، باشقا گەپ يوق، گەپ شۇ، گەپ تۈگىدى» دېگەن مەنىدىكى سۆز: باشقا ئىلاجنى تېپىش كېرەك، ۋەسسالام.

**ۋەسۋەسە** ئى [ئە] ① غەم ـ ئەندىشە، تەشۋىش: كىشىنى ۋەھىمىگە، ھاياجانغا سالىدىغان ئوي ـ خىياللار: شۇنىڭ بىلەن شاھزادە ئوزمۇخ مەختۇمسۇلانى كۆرمەي تۇرۇپ ئىشق ۋەسۋەسىگە چۈشۈپتۇ. ② كىشىنى يولدىن ئازدۇرىدىغان گەپ ـ سۆز، ھەرىكەت: ئەرنى قىرىتىدىغان نەرسە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى.

**ۋەسۋەسىلىك** سۈپ. ۋەسۋەسە قاپلىغان، ۋەسۋەسە ئىچىدە قالغان: ۋەسۋەسىلىك خىياللار ئۇنى ئۆڭكۈرنىڭ مۇزدەك تاش تاملىرىغا چاپلاپ قويغانىدى.

**ۋەسىقە** ئى [ئە] مال ـ مۈلۈك سېتىۋالغانلىق ھەققىدىكى ھۆججەت؛ گۇۋاھنامە: بۇلغار تاشلىق قىلىن كىتابلار، قول يازمىلار ۋە كۆك ماتاغا ئوراپ قويۇلغان نۇرغۇن خەت ـ چەك، ۋەسىقىلەر ئۆز رېتى بويىچە قويۇلغانىدى.

**ۋەسقىسى يوق** سۆزىدە تۇرمايدىغان، گېپىنىڭ تايىنى يوق، تۇتۇرۇقسىز، تۇتامى يوق: ئۇ تازا ۋەسقىسى يوق نېمە ئىكەن.

**ۋەسقىسىز** سۈپ گېپىنىڭ تۇتامى يوق، تۇتۇرۇقسىز: — نېمىدېگەن ۋەسقىسىز نېمە ئۇ، — دېدى بىرى ئۇ كەتكەندىن كېيىن.

**ۋەسىل ( ۋەسلى )** ئى [ئە] ① ئۇچرىشىش، قوشۇلۇش، بىرلىشىش، ئېرىشىش(يار ھەققىدە): يارنىڭ ۋەسىل جامالىنى تىلەيدۇ نۆۋىتى، رەھمە قىلغىل مەن غېرىبقا بار ئىمكانىم ساڭا. ② دىدار، جامال: رازى ئىدىم كۆرۈپ ئۆلسەم ۋەسلىڭنى، ياشلىق ئىزىم قالغان ئەلۋەك ماكاندا. ③ كۆچمە. مال ـ مۈلۈك، بايلىق: ئوغلىغا ھەسەل ئېلىپ بېرىۋېتىپ دېھقاننىڭ ۋەسلى ئازلاپ، پۇلى تۈگەپتۇ. ④ كۆچمە. قىممىتى: ھۆسنىخاننىڭ ئون كۆڭلىكى بار، بىر كۆڭلەكچىلىك ۋەسلى يوق (ماقال).

**ۋەسىي** ئى [ئە] <قا> ۋايىغا يەتمىگەن يېتىم باللارغا غەمخورلۇق قىلىشنى ۋە ئۇلارغا مىراس قالغان مال ـ مۈلۈككە (باللار ۋايىغا يەتكۈچە) قاراپ تۇرۇشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان كىشى.

**ۋەسىيەت** ئى [ئە] ① ئۆلگۈچىنىڭ بالا ـ چاقا ياكى يېقىنلىرىغا ئېيتىپ ياكى يېزىپ قالدۇرغان تاپشۇرۇقى، نەسىھەتى: — بۇندىن كېيىن ھەر قېتىم چاي ئىچكەندە قەنت سالماي ئىچمەڭلەر، بۇ مېنىڭ ۋەسىيىتىم، — دەپتۇ بوۋاي باللىرىغا. ② <قا> ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدا يېزىپ ياكى باشقىلارغا ئاغزاكى ھاۋالە قىلىپ قويغان، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئۇسۇللار بويىچە مىراسلىرىنى ۋە باشقا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ھەمدە ئۆلگەن ۋاقتىدا كۈچكە ئىگە بولىدىغان قانۇنىي تاپشۇرۇق.

**ۋەسىيەتلىك** سۈپ. ۋەسىيەت قىلىنغان، ۋەسىيىتى بولغان: ۋەسىيەتلىك ۋارىسلىق.

**ۋەسىيەتنامە** ئى [ئە + پ] مەرھۇمنىڭ ۋارىسلىرى ياكى يېقىن كىشىلىرىگە قالدۇرغان يازما ۋەسىيىتى؛ ۋەسىيەت يېزىلغان قەغەز، ۋەسىيەت ھۆججىتى: ئۇ مەرھۇم ئانىسىنىڭ ۋەسىيەتنامىسىنى بىر ئوقۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى.

**ۋەسىيلىك** ئى<قا> ۋەسىي ئۈستىگە ئالغان ئىش، مەجبۇرىيەت: ۋەقەگە يولۇققان بالىنىڭ ھەق تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارى يوق بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بالىنىڭ ۋەسىيلىك مەجبۇرىيىتىنى ياخشى ئادا قىلالمىغاچقا، بۇ ۋەقە كېلىپ چىققان.

**ۋەسىيلىك قىلىش** <قا> ياش قۇرامىغا يەتمىگەن بالا ۋە روھىي كېسەللەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى، مال ـ مۈلكى ۋە باشقا بارلىق قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى نازارەت قىلىش ۋە قوغداش.

**ۋەششەمسى** ئى [ئە] تۇنەك كېچىلىرى ياغ كۆيدۈرۈپ ئېيىتىدىغان قوشاق: بىز چوماقنىڭ ياغقا چىلانغان بېشىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ، مەھەللىمىزدىكى ئۇششاق باللار بىلەن ۋەششەمسى قىچقىرىپ ماڭدۇق.

**ۋەقە** ئى [ئە] ① تارىختا ياكى جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن، بولۇپ ئۆتكەن ھادىسە، ئىش: شاھزادە بولغان ۋەقەنى ئاتىسىغا دەپ بېرىپتۇ. ② تاسادىپىي يۈز بەرگەن ھادىسە، كېلىشمەسلىك: كوچىدا قاتناش ۋەقەسى يۈز بېرىپتۇ.

**ۋەقەسىز** سۈپ. ۋەقە سادىر بولمىغان، ۋەقە يۈز بەرمىگەن: ۋەقەسىز بۇ ھېكايىنى قانداق مۇۋەپپەقىيەتلىك يازغىلى بولىدۇ.

**ۋەقەشۇناس** ئى [ ئە + پ] تارىختا ياكى جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن، بولۇپ ئۆتكەن ھادىسە ياكى ئىش ـ ھەرىكەتنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىس.

**ۋەقەشۇناسلىق** ئى. تارىختا ياكى جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن، بولۇپ ئۆتكەن ھادىسە ياكى ئىش ـ ھەرىكەتنى تەتقىق قىلىدىغان پەن: نەشر ئەپكارلىرىمىز ئىقتىسادىي مەجبۇرىيەت تۇپەيلىدىن، مۇشتەرىلەرنىڭ زوقىغا ۋەقەشۇناسلىق ئەسەرلىرىنى تاللاپ كۆرسىتىش ئاساسىدا ماسلاشتى.

**ۋەقەلىك** ① سۈپ. ۋەقەسى بار، مەلۇم ۋەقەگە ئىگە بولغان: ۋەقەلىك شېئىرلار. ② ئى <ئە> ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن مەلۇم تۈرمۇش بۆلىكى.

**ۋەكىل** ئى [ئە] ① بىرەر كوللېكتىپ ياكى شەخس نامىدىن ئىش بېجىرىشكە تەيىنلەنگەن ياكى سايلانغان، ئۇنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتىنى قوغداپ خىزمەت قىلىدىغان كىشى: يۈسۈپ تەيجى ۋاڭغا ۋەكىل بولۇپ كەلگەنىدى. ② بىرەر دۆلەت ياكى تەشكىلاتنىڭ ۋاكالىتى بىلەن باشقا دۆلەتتە تۇرۇپ، شۇ دۆلەت ياكى تەشكىلاتنىڭ نامىدىن ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىشكە تەيىنلەنگەن خادىم؛ ئەلچى، كونسۇل: دىپلوماتىك ۋەكىل. تۈركىيە ۋەكىلى. ۋەكىل تەيىنلىمەك. ③ <قا> كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ئىدارە، تەشكىلاتلارغا ۋاكالىتەن ھەق تەلەپ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، ھەق تەلەپ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغۇچى كىشى.

**ۋەكىللىك** ئى. ۋەكىل بولۇش؛ ۋاكالەتلىك: ھېيتگاھ جامەسى ئىسلام دىنىغا خاس ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە قەدىمىي بىنا.

**ۋەلەڭ** ئى. دىيال ① قۇلاق كەستى. ② ھارامدىن بولغان بالا.

**ۋەللەي** ئى ① باللار ئويۇنىنىڭ بىر خىلى. ئوينىغۇچىلار ئىككى تەرەپ بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 60 — 70 سانتىمېتىر، دىيامېتىرى 3 — 4 سانتىمېتىر كەلگۈدەك كالتەك ۋە 15 ~ 25 سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى بارماق توملۇقىدىكى بىر ياكى ئىككى بالىچۇق (ۋەللەي) بىلەن تۈز مەيداندا ئوينايدۇ. ② شۇ

ئويۇندا چوڭ كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ئوينىلىدىغان بالىچۇق تاياق.

**ۋەلئەھد** ئى [ئە] <تارىخ> تەخت ۋارىسى، ئورۇن باسار.

**ۋەلئەھدلىك** ئى. تەختكە ۋارىسلىق، ئورۇنباسارلىق: چوڭ ئوغلۇمنى ۋەلئەھدلىكتىن قالدۇرۇپ، كىچىك ئوغلۇمنى مىراسخور قىلاي دېسەم، رەسمىيەت ـ قائىدىگە توغرا كەلمەيدۇ.

**ۋەلىدىزىنا** ئى [ئە] ھارامدىن بولغان بالا، نىكاھسىز تۇغۇلغان بالا.

**ۋەلىي** ئى [ئە] يېزت ① قوغدىغۇچى، نازارەت قىلغۇچى، مەسئۇل بولغۇچى، باشقۇرغۇچى. ② دىنىي ئەقىدە بويىچە تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن بولىدىغان ھەرقانداق ۋەقە ـ ھادىسە ياكى غايىبانە ئىشلارنى ئالدىن بىلىدىغان ئۇلۇغ شەخس؛ ئەۋلىيا: تەركىدۇنيا ۋەلىيلەر، بىگانىلەر، بەخىر امانلىقتا ئۆتتى ناخشىدىن لەززەتلىنىپ.

**ۋەلىي نېمەت** يېزت. نېمەت ئىگىسى، نېمەت خوجىسى.

**ۋەلىيلىك** ئى. ئەۋلىيالىق، ئۇلۇغلۇق.

**ۋەلىيۇللا** ئى [ئە] ئاللانىڭ دوستى.

**ۋەنزە** ئى [خەن] بىر خىل يېمەكلىك. ئادەتتە بېلىق، گۆش قاتارلىقلارنى قىيما قىلىپ، دورا ـ دەرمەكلەرنى قوشۇپ كاللەك ھالەتكە كەلتۈرۈش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ.

**ۋاھاكازا** تىر [ئە] شۇ قاتارلىق، قاتارلىقلار: يەنە شۇ نامۇۋاپىق خىزمەت ئۇسۇلى، بۇلارنى يېپىپ تۇرغىنى زىياپەت، سوۋغات ۋەھاكازالار ...

**ۋەھدەت** ئى [ئە] يېزت. يالغۇزلۇق، بىر، بىرلىك، يېگانىلىك: نەگىلا بارمىسۇن بىر ئاسمان، بۇ ھال ھەرقانداق بىر كۆچۈش ئىلاھىي ھاكانىڭ پۇقراسى بولۇشتىن باشقا ئىش ئەمەس، دېگەن ۋەھدەت روھىنىڭ نەچچە ئەسىرلىك داۋامىنى مەيدانغا كەلتۈردى.

**ۋەھشەت** ئى [ئە] يېزت. كىشىنى ۋەھىمىگە، غەم ـ ئەندىشىگە سالىدىغان ياۋۇزلۇق، ۋەھشىيلىك، قورقۇنچ ـ دەھشەت: ۋادەرىخ، نەقىسمەت بۇ شۇنچە دەھشەت، سولغايمۇ چېچەك ئاچماي ۋىسال مۆھلەت؟! خۇدايا، ئۆزۈڭ بىر كۈچ قىلغىن ئىلتىپات، بۇ ۋەھشەت قىسمىتىدىن ئەيلە ئازاد!

**ۋەھشىي** سۈپ [ئە] ئىنسانلىق قىياپىتىنى يوقاتقان، ئۆتۈپ كەتكەن زالىم، قانخور: ۋەھشىي ئادەم. * ئۇ نېمىدېگەن ۋەھشىي ئادەم ـ ھە، ھەرقانچە ئۆزىنىڭ بالىسى بولسىمۇ كىچىك بالىنى شۇنداقمۇ ئۇرامدۇ!

**ۋەھشىيانە** ئى [ئە + پ] ۋەھشىيلەرگە خاس، ۋەھشىيلەرچە: گومىنداڭچىلار ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان كىشىلەرنى قولىدىن دەرەخكە مىخلاپ ۋەھشىيانە ھالدا ئۆلتۈرۈۋېتىپ قاچقانىكەن.

**ۋەھشىيلەرچە** رەۋ. ۋەھشىيلەرگە خاس، ۋەھشىيلەردەك، ۋەھشىيانە: ناتونۇش كىشى ئۇنىڭغا ۋەھشىيلەرچە تىكىلىپ قارىدى.

**ۋەھشىيلەشمەك** پ. ۋەھشىي ھالەتكە كەلمەك، ۋەھشىي بولماق: دۈشمەن شۇنچىلىك ۋەھشىيلەشتىكى، ئۇچراتقانىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈردى.

**ۋەھشىيلىك** ئى. ۋەھشىيانە ھەرىكەت، قىلىق، ئىش: ۋەھشىيلىك كۆچەيگەنسېرى، خەلقنىڭ قولىغا قورال ئالىدىغان كۈنى شۇنچە يېقىنلىشىدۇ.

**ۋەھىم** ئى [ئە] قورقۇنچ، ۋەھىمە: ۋەھىم قىلماق. * ئەنسىز خەۋەرلەر كىشىلەر ئارىسىدا ۋەھىمە تارقىتىپ غۇلغۇلا كۆتۈرەتتى.

**ۋەھىم يېمەك** ۋەھىمىگە چۈشمەك، ۋەھىم قىلماق، قورقماق: زاھىر رەھبەرلەرنىڭ لەۋزىنى ئالمىسا، بابلىنىپ كېتىشتىن ۋەھىم يەيتتى.

**ۋەھىمە** ئى [ئە] قاتتىق قورقۇش، غەم ـ ئەندىشە، ئەنسىزلىك نەتىجىسىدە پەيدا بولغان روھىي ھالەت: شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن ئەل ـ يۇرت خۇددى باستۇرۇپ كېلىۋاتقان دەھشەتلىك بىر كەلكۈنگە دۇچ كېلىپ قالغاندەك قاتتىق ۋەھىمە ئىچىدە قالدى.

**ۋەھىمىسىز** سۈپ. ۋەھىمىسى يوق، قورقۇش پەيدا قىلمىغان؛ تىنچ: ۋەھىمىسىز كۈنلەر. * ئۇنىڭ ۋەھىمىسىز كۈنلىرىمۇ كېلىپ قالغانىدى.

**ۋەھىملىك** سۈپ. ۋەھىمە باسقان، ۋەھىمە قاپلىغان؛ دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق: كاللامدا ھەر خىل ۋەھىملىك پىكىرلەر ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى.

**ۋەھىي** ئى [ئە] <دىن> دىنىي چۈشەنچىدە خۇدا تەرىپىدىن جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن خەۋەر، بۇيرۇق ۋە شۇ قاتارلىقلار: ھېسامىدىن داموللا «قۇرئان كەلىمىسى»، «ئاللادىن كەلگەن ۋەھىي » دەپ تۇرۇپ ئۇزاق سۆزلىدى.

**ۋەي** ئىم. چاقىرىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: — ۋەي نوۋەتچىمۇ سىز؟ رازۋېدكا بۆلۈمىگە ئۇقتۇرۇڭ، ھەممەيلەن يىغىلسۇن، ۋەزىپە بار، ھازىرلا يېتىپ بارىمەن.

**ۋەيت** ئىم ① كۈلكە ـ چاقچاقتىكى ھېس ـ ھاياجاننى بىلدۈرىدۇ. ② زاڭلىق قىلىش، مازاق قىلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ.

**ۋەيت ـ ۋەيت** «ۋەيت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئاشخانىدا باشلانغان «ۋەيت ـ ۋەيت» كۈلكىسى پۈتۈن يولۇچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

**ۋەيران** سۈپ [پ] ① پۈتۈنلەي بۇزۇلغان، خارابىگە ئايلانغان: — ئەگەر ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلمىساق، پۈتۈن تەختىمىز ۋەيران، ئۆزىمىز سەرسان بولۇپ كېتىمىز، — دەپتۇ ۋەزىرلەر. ② كۆچمە. خاراب، ئېچىنىشلىق، ئازابلانغان: قاراپ كۆردىكى ھالى بەكمۇ ۋەيران، پۈتۈنلەي قۇم، توپا ـ چاڭغا مىلەنگەن.

**ۋەيران بولماق** ① بۇزۇلماق: بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە يۈزلىگەن ئائىلىلەرنىڭ ئۆيلىرى بىر تۇتاش ۋەيران بولۇپ كەتتى. ② پۈتۈن مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلماق، سولماق: ۋەيران بولغان سودىگەر. ۋەيران بولغان ئاقسۆڭەك. ③ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىماق: ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ۋەيران بولۇپ بەدەر قاچتى. ④ خورلۇق تارتماق، خورلانماق: مەن پەقەت ئۆزۈمنىڭ ۋەيران بولغان قەلبىمنىلا ئېلىپ بارالايمەن.

**ۋەيران بولۇش** <س ئىق> كارخانىلارنىڭ سۇنۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا، كارخانا ياكى ھەقدارلار سوت ئورگانلىرىغا ئىلتىماس سۇنسا، سوت ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن، ۋەيران بولغان كارخانىنىڭ مال ـ مۈلكىنى باھاغا سۇندۇرۇپ، ھەقدارلارغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ، كەم قالغان تەرەپلىرىنى قايتا تولۇقلاپ بەرمەيدۇ.

**ۋەيرانە** [پ] ① سۈپ. بۇزۇلغان، ۋەيران بولغان، ۋەيران: مۈشۈك تاملىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، ۋەيرانە بىر ئۆينىڭ ئالدىدا توختاپتۇ. ② سۈپ. پەرىشان، روھىي چۈشكۈن: نەزەر ئۆيگە كېلىپ، قوشنىلىرىدىن بولغان ئەھۋالنى ئاڭلاپ داد ـ پەرياد سېلىپ، ۋەيرانە بولۇپ تۇرغانىكەن. ③ سۈپ. رەتسىز، چېچىلاڭغۇ، قالايمىقان: ۋەيرانە ئادەم. // ئۇ ئىلگىرىدىن ۋەيرانە يۈرىدىغان بىرنېمە. ④ ئى. ۋەيران بولغان، بۇزۇلغان، خارابىلىككە ئايلانغان جاي: پادىشاھ

ئۇنى بىللە ئوۋغا ئاچىقىپتۇ، يولدا ئۇلارغا بىر ۋەيرانىدە سايراپ تۇرغان ھۆۋقۇش ئۇچراپتۇ.

**ۋەيرانچىلىق** ئى. ۋەيران بولغان، بۇزۇلغان ھالەت: بىز شۇ چاغدىكى ۋەيرانچىلىقنى كۆرۈپ كۆزىمىزگە ئىشەنمەي قالدۇق.

**ۋەيرانلاشماق** پ. ۋەيران بولماق، ۋەيران ھالەتكە كەلمەك : ئۇنىڭ ۋەيرانلىشىپ كەتكەن ئەپتىنى كۆرۈپ ئاتا ـ ئانىسىمۇ تونۇيالماي قالغىلى تاس قالدى.

**ۋەيرانلىق** ئى ① ۋەيران بولغان جاي، ئورۇن: ئىجادكار يېڭى ئەۋلاد بىز، ۋەتەن ئىشقىدا پەرھات بىز، شۇڭا ۋەيرانلىق ئاۋات، باياۋان باغۋاران بولدى.② ۋەيران بولۇش، بۇزۇلۇش: ئاچلىق، ۋەيرانلىق نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ يېقىن ئارىدا ھالاك بولۇشى تۇرغان گەپ.

**ۋەيلۇن** ئى [ئە] دوزاخنىڭ بىرىنىڭ نامى، يەنى ئوت ئەڭ كۈچلۈك كۆيىدىغان، چوڭقۇر دوزاخ: ئەسلىدە ۋەيلۇن دېگەن دوزاخنىڭ تۈۋرۈكى سۇنۇپ كېتىپ، ئۇ شۇنىڭغا لايىق تۈۋرۈك تېپىش ئۈچۈن نۇرمەمەت سەئىدىنى ئىزدەپ كەلگەنىكەن.

**ۋودكا** ئى [ر] رۇسىيەدە ئىشلەنگەن ھاراق. ئالىي دەرىجىلىك ئىسپىرتقا سۇ قوشۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىسپىرت تەركىبى %36ـــ %60 كىچە بولىدۇ.

**ۋودوپرووۋود** ئى [ر] <سۇ> سانائەت ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن قۇرۇلغان سۇ تۇرۇبىلىرى، ناسوس پونكىتلىرى قاتارلىقلار سىستېمىسى.

**ۋودورود** ئى [ر] <خىم> ھىدروگېن: ۋودورود بومبىسى.

**ۋودورود بومبىسى** <ھەرب> يادرو قوراللىرىنىڭ بىر خىلى. ھىدروگېننىڭ ئىزوتوپلىرى بولغان دېيتېرىي بىلەن ترىتىي ماتېرىيال قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا ئالاھىدە ياسالغان ئاتوم بومبىسى پارتلىتىش قۇرۇلمىسى قىلىنىدۇ. ئاتوم بومبىسى پارتلىغاندا، ھاسىل بولغان يۇقىرى ھارارەت دېيتېرىي بىلەن ترىتىينى پولىمېرلىنىش رېئاكسىيەسىگە كىرىشتۈرۈپ ۋە گېلىي نۇكلونىنى ھاسىل قىلىپ، شىددەتلىك پارتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ۋودورود بومبىسىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ئاتوم بومبىسىنىڭكىدىن كۆپ زور بولىدۇ.

**ۋوسپالېنىيە** ئى [ر] <تېب> ← **ياللۇغ.**

**ۋوگزال** ئى [ر] <قاتن> پويىز ئىستانسىلىرىدىكى چوڭ بىنا؛ ئىستانسا ئىچى: ۋوگزال سۇپىسى. * پاراۋۇز قاتتىق بىر سىگنال بەردى ـ دە، گۇپۇلدەپ يۈرۈپ كەتتى، ئانچە ئۆتمەي قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيۇۋەتكەندەك ۋوگزال چۆلدەرەپ قالدى.

**ۋولت** مىق [ر<ئىتال] <فىز> ئېلېكتىر بېسىم بىرلىكى. بىر ئامپېر توك قارشىلىقى بىر ئوم بولغان ئۆتكۈزگۈچتىن ئۆتكەندە، ئۆتكۈزگۈچنىڭ ئىككى ئۇچىدىكى ئېلېكتىر بېسىمى بىر ۋولت بولىدۇ.

**ۋولت ـ ئامپېر** <فىز> توك قۇۋۋىتى بىرلىكى. ئۇنىڭ سانلىق قىممىتى ئېلېكتىر زەنجىرىدىكى بېسىم ۋە توكنىڭ كۆپەيتمىسىگە باراۋەر.

**ۋولتمېتىر** ئى [ر<ئىتال + گىرېك] <فىز>ئېلېكتىر زەنجىرىنىڭ ئىككى نۇقتا ئارىسىدىكى ئېلېكتىر بېسىمىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**ۋولفرام** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى W(Wolfram) . كۈل رەڭ ياكى قوڭۇر قارا رەڭلىك، قاتتىق، بىراق چۈرۈك كىرىستال. يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا چىدامىلىق. لامپۇچكا قىلى ۋە ئالاھىدە قېتىشما پولاتلارنى ئىشلەشتە قوللىنىلىدۇ.

**ۋولفراملىق** سۈپ. تەركىبىدە ياكى ئىچىدە ۋولفرام بولغان، ۋولفرامغا ئىگە: ۋولفراملىق لامپۇچكا.

**ۋولقان** ئى [ر<لات] <گېئول> ← **يانار تاغ.**

**ۋولگار** سۈپ [ر] ① ئۆتۈپ كەتكەن قوپال؛ خۇنۇك: ۋولگار سۆز. ② تولىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇلغان، ساختىلاشتۇرۇلغان، چاكىنىلاشتۇرۇلغان، بۇزۇلغان: ۋولگار ماتېرىيالىزم.

**ۋولگارىزم** ئى [ر<لات] ① <تىل> ئەدەبىي تىلدا ئىشلىتىلگەن قوپال سۆز ياكى ئىبارىلەر. ② <ئەد> ئەدەبىياتتا ھەددىدىن ئارتۇق قوپال، يىرىك سۆز ـ ئىبارىلەرنى قوللىنىش؛ ئەسەردە بەكمۇ ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىش، ساختىلاشتۇرۇپ، رېئاللىقنى بۇزۇپ، چاكىنىلاشتۇرۇپ ئىپادە قىلىش؛ چاكىنىلاشتۇرۇش.

**ۋولۋوكس** ئى [ر<لات] <بوت> يېشىل يۇسۇنلەرنىڭ بىر تىپى، ئۇرۇقدىشى، تاتلىق سۇلاردا ياشايدۇ، ئۆسۈملۈك تېنى نۇرغۇنلىغان ھۈجەيرىلەردىن تۈزۈلىدۇ. ھۈجەيرىسىدە ئىككى تال قامچا تۈكى بولىدۇ، ھەرىكەت قىلالايدۇ. جىنسىسىز ياكى جىنسلىق كۆپىيىدۇ.

**ۋولېنكا** ئى [ر] <مۇز> بىر خىل دۇخوۋوي چالغۇ. يەل خالتىسى، پۈۋلەش نەيچىسى ۋە بىرنەچچە تال تىللىق نەيچىلەردىن تۈزۈلىدۇ. ياۋروپاغا تارقالغان.

**ۋون** ئى. چاۋشيەننىڭ پۇل بىرلىكى.

**ۋوھ** ئىم. هارۋىغا قېتىلغان ئاتنى توختىتىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ.

**ۋوي** ئىم. ھەيران قېلىش، ئەجەبلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋوي نېمە قىلغىنىڭ بۇ، ئادەمنى خىجىل قىلىپ.

**ۋوي ـ ۋوي** «ۋوي» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**ۋۇ** ئىم. غەزەپ ـ نەپرەت ھېس ـ تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋۇ مۇناپىق! ئەمدى سورىمىغنى شۇ قاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ.

**ۋۇجۇد** ئى [ئە] ئادەمنىڭ پۈتۈن بارلىقى، جېنى ھەم تېنى، جىسمى، گەۋدىسى: ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇراتتى.

**ۋۇجۇدقا چىقماق** ئەمەلگە ئاشماق: يۇرتداشلار قەتئىي نىيەتكە كەلسە، بۇ ئىش جەزمەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

**ۋۇجۇدقا كەلمەك** پەيدا بولماق؛ ئەمەلگە ئاشماق: ئۈمىد ـ ئارزۇلار رېئاللىق بىلەن زىچ بىرلەشكەندىلا جەزمەن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

**ۋۇجۇدىيەت** ئى [ئە] مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بارلىق نەرسە، شەيئى، مەۋجۇدىيەت: مەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىيىتىدە باشقىچە بىر ئالىيجاناب خىسلەتنىڭ بارلىقىنى سەزگەندەك بولدۇم.

**ۋۇڭ** تەق. يىراقتىن ئاڭلانغان ۋە قولاقتىن چىققان ئاۋاز.

**ۋۇڭىلدىماق** پ. «ۋۇڭ ـ ۋۇڭ» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «ۋۇڭ» قىلماق: ئۆي ئىچىدە بىر توپ پاشىلار ۋۇڭىلداپ ئۇچۇپ يۈرەتتى.

**ۋۇي** ئىم ① ھەيران قېلىش، ئەجەبلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋۇي، سۇنۇپ كەتتىغۇ بۇ! * ۋۇي، پۇتۇمدا مېڭىپ يۈرگەن نېمە بۇ؟ ② چاقىرىش، ئەيىبلەش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋۇي،

بۇرنىغا سۇ كىرمىگەن ساراڭ، تېخى قوي باقماقچىمۇسەن؟

**ۋې** «ۋ» ھەرپىنىڭ نامى.

**ۋېبېر** مىق [ر] <فىز> ماگنىت ئېقىمىنىڭ ئەمەلىي بىرلىكى، ئەگەر ماگنىت ئىندۇكسىيە كۈچىنىشلىكى 1 تېسلا ($^{2}$مېتىر / ۋېبېر$^{1}$) بولۇپ، ماگنىت كۈچ سىزىقلىرىنىڭ يۆنىلىشىدىكى تەكشىلىككە تىك بولسا، ھەربىر كىۋادرات مېتىردىكى ماگنىت ئېقىمى 1 ۋېبېر بولىدۇ. يەنى: 1 ۋېبېر = 10 ماكسۋېل.

**ۋېچىركا** ئى [ر] توي ـ تۆكۈنلەردە بولىدىغان قىز ـ يىگىتلەرنىڭ كەچكى ئولتۇرۇشى: — سەن پەرىزاتنىڭ ئۆيىدىكى ۋېچىركىنى ئەسلەپ كۆر، — دېدى ئۇ كامىلغا.

**ۋېدا** ئى [سانس] <دىن> بىراخما دىنى ۋە ھىندى دىنىنىڭ ئەڭ قەدىمىي مۇقەددەس كىتابلىرى. تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىلىدىن 1000 ـ يىلىغىچە ئارىلىقتا كىتاب بولۇپ شەكىللەنگەن.

**ۋېدائىزم** ئى [سانس + ر] <دىن> ھىندىستاننىڭ قەدىمكى دىنلىرىدىن بىرى. تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىلى قەدىمكى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرگەن ئارىيانلارنىڭ ئېتىقادىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن كۆپ خۇدالىق دىن .

**ۋېرتۇشكا** ئى [ر] <سۇ> سۇ ئېقىنىنىڭ تېزلىكىنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب. تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ئادەتتە چاشكا شەكىللىك ۋە ئايلانما شەكىللىك ۋېرتۇشكا دېگەن تۈرلىرى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**ۋېرتىكال** سۈپ [ر<لات] <مات> تۆۋەندىن يۇقىرىغا ياكى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تىك يۆنەلگەن؛ تىك: ۋېرتىكال سىزىق. ۋېرتىكال راۋاجلانغان بۇلۇتلار.

**ۋېكتور** ئى [ر<لات] <فىز> چوڭ ـ كىچىكلىكى ھەم يۆنىلىشى بولغان فىزىكىلىق مىقدار. مەسىلەن، تېزلىك، ھەرىكەت مىقدارى، كۈچ قاتارلىق.

**ۋېكتورلۇق** سۈپ. ۋېكتورغا ئىگە، ۋېكتورنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: ۋېكتورلۇق مەيدان.

**ۋېكتورمېتىر** ئى [ر<لات] <فىز> ۋېكتورنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب.

**ۋېكسېل** ئى [ر<نېم] <مال> مەلۇم شەكىلگە ئىگە قەرز ھۆججىتى، يەنى قەرزدارنىڭ قەرزنى بەلگىلەنگەن مۇددەتتە تۆلەش توغرىسىدا بەرگەن ھۆججىتى، ئۇنىڭغا سوممىسى ئېنىق يېزىلىدۇ.

**ۋېگېتاتىپ** سۈپ [ر] <بىيول> ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئوزۇقلىنىشى، ئۆسۈشى ۋە كۆپىيىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان: ۋېگېتاتىپ نېرۋا. ۋېگېتاتىپ ئەزالار.

**ۋېلسىپىت** ئى [ر<لات] ئىككى چاقلىق بىر خىل قاتناش قورالى. ئادەم ئۈستىگە مىنىپ ئىككى پۇتى بىلەن تەپكىنى تېپىش ئارقىلىق ھەيدەيدۇ.

**ۋېلسىپىتچى** ئى ① ۋېلسىپىت بىلەن مۇسابىقىلەشكۈچى. ② ۋېلسىپىت رېمونت قىلغۇچى كىشى.

**ۋېلسىپىتلىك** ① سۈپ. ۋېلسىپىتى بار، ۋېلسىپىتكە ئىگە: ۋېلسىپىتلىك ئادەم. * ئۇ ھازىر ۋېلسىپىتلىك بولۇپ قالدى. ② سۈپ. ۋېلسىپىت مىنگەن: تار يولدا مەن بىر ۋېلسىپىتلىك ئايالنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ③ رەۋ. ۋېلسىپىتنى مىنىپ، ۋېلسىپىت مىنگەن ھالدا: ئۇ بۇ يەرگە ۋېلسىپىتلىك كەلدى.

**ۋېنا** ئى [ر<لات] <ئانات> قان سۈيۈقلۇقىنى يۈرەككە قايتۇرۇپ كېلىدىغان تومۇر. ئۇنىڭ ئىچىدىكى قان تەركىبىدە كاربون (Ⅳ) ئوكسىد كۆپرەك بولۇپ، رەڭگى توق قىزىل كېلىدۇ.

**ۋېناپورتا** ئى [ر<لات] <ئانات> ئاشقازان، ئۈچەي، تال، ئۈيقۇلۇق، ئۆت خالتىسى قاتارلىقلاردىكى ۋېنالارنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن چوڭراق ۋېنا. ئۇ يەنە جىگەرگە كىرگەندىن كېيىن نۇرغۇنلىغان كىچىك ۋېنالارغا ئايرىلىپ كېتىدۇ.

**ۋېنتۇرىمېتىر** ئى [ئىنگ] <فىز> ھىم تۇرۇبا ئىچىدىكى ئاقار جىسىملارنىڭ ئېقىش مىقدارىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب. ئۇ تار تۇرۇبا ۋە بېسىم پەرقىنى ئۆلچەيدىغان قۇرۇلمىلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

**ۋېنتىل** ئى [ر<نېم] <ماشىن> كامېر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە يەل بېرىش ياكى ماشىنىلاردا ھاۋا يۇرۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۇرۇپكا.

**ۋېنگىر** ئى<ئىرق> ۋېنگىر مىللىتى، ۋېنگىر خەلقى، ئۇلار ۋېنگىرىيەنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە رومىنىيە، سابىق يۇگوسلاۋىيە ھەم چېخوسلوۋاكىيەدىمۇ ياشايدۇ.

**ۋېنگىرچە** ① سۈپ. ۋېنگىرلارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت؛ ۋېنگىر خەلقىگە خاس بولغان: ۋېنگىرچە كىيىم. ۋېنگىرچە ئۇسسۇل. ② ئى. ۋېنگىر تىلى ياكى يېزىقى: ۋېنگىرچىنى ئۆگەنمەك. ③ رەۋ. ۋېنگىر تىلىنى ئىشلىتىپ، ۋېنگىر تىلىدا: ئۇلار ۋېنگىرچە سۆزلىشىپ كەتتى.

**ۋېنېرا** ئى [ر<لات] <ئاستر> قۇياش سىستېمىسىدىكى قۇياشقا يېقىن ئىككىنچى پىلانېتا. قۇياشنى ئومۇمىي ئايلىنىش دەۋرى 244.7 كۈن. ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش دەۋرى 243 كۈن بولۇپ، شەرقتىن غەربكە قاراپ تەتۈر ئايلىنىدۇ. ۋېنېرا چوڭ پىلانېتالار ئارىسىدىكى قۇياشقا ئەڭ يېقىن تۇرغان بىر پىلانېتا. ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا ئۇنى چولپان يۇلتۇزىمۇ دەيدۇ. ئەتىگەندە شەرقتىن ئەڭ يورۇق بولۇپ كۆرۈنىدۇ. نامازشامدا غەربتە يورۇق يۇلتۇز بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

**ۋىبراتور** ئى [ر<لات] <فىز> ئېلېكترودىنامىك ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ مېخانىكىلىق تەۋرىنىش ھاسىل قىلىدىغان قۇرۇلما. تېزلىنىشى مەلۇم بولغان مېخانىكىلىق تەۋرىنىش ھاسىل قىلالايدۇ. ئۇ ئادەتتە ئاكسېلېرومېتىرنى توغرىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. ۋىبراتور يەنە ئېلېكتروئاكوستىكىلىق ئەسۋابلارنىڭ تەۋرىنىشكە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى ئۆلچەش ۋە ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەرنىڭ دائىملىق تەۋرىنىش تەجرىبىلىرىنى ئىشلەش جەھەتلەردىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**ۋىبروگراف** ئى [ر<لات] <فىز> ئاۋاز چىقارغۇچى جىسىمنىڭ تەۋرىنىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان

ئەسۋاب.

**ۋىبرومېتىر** ئى [ر<لات + گىرېك] <فىز> جىسىمنىڭ تەۋرىنىش پارامېتىرلىرىنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب.

**ۋىت** تەق. بىر خىل يىنىك، ئىنچىكە ئاۋاز.

**ۋىتافون** ئى [ر<لات] <فىز> مىكروفون ئارقىلىق ئاۋاز سىڭدۈرىدىغان موم پەردىلىك پىلاستىنكا.

**ۋىتامىن** ئى [ر<لات] <بىيول> هايۋان ۋە ئادەملەرنىڭ ئوزۇقلىنىشى، ئۆسۈشى ئۈچۈن ئېھتىياجلىق، مىقدارى ئاز، ئورگانىك خىمىيەۋى بىرىكمە. ئۇ ئورگانىزمنىڭ ماددا ئالماشتۇرۇشى، ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ساغلاملىقىغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ۋىتامىن كەم بولۇشىدىن ئورگانىزمنىڭ فىزىيولوگىيەلىك قابىلىيىتىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى بىلەن بەزى كېسەللەرمۇ كېلىپ چىقىدۇ. ۋىتامىن ئادەتتە يېمەكلىكلەردىن قوبۇل قىلىنىدۇ. ئېھتىياجلىق مىقداردىن ئېشىپ كەتسە، بەدەندە ساقلانماستىن تاشقىرىغا چىقىرىپ تاشلىنىدۇ.

**ۋىتامىنسىز** سۈپ. تەركىبىدە ۋىتامىن يوق ياكى كەم بولغان: ۋىتامىنسىز ئوزۇقلۇق.

**ۋىتامىنلىق** ئى. تەركىبىدە ۋىتامىن بار بولغان ياكى تەركىبىدە ۋىتامىن كۆپ بولغان: «قىزىل كالا» — ۋىتامىنلىق ئىچىملىك چەكلىك شىركىتىنىڭ مەڭگۈلۈك نىشانى.

**ۋىتۋالاق** تەق. بۆدۈنە سايرىغاندا چىقىدىغان ئاۋاز: بۆدۈنەمنىڭ ماكانى يوق، نەگە بارسا ۋىتۋالاق (ماقال).

**ۋىت ـ ۋىت** ① «ۋىت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② ئۇششاق سۆزنى تولا قىلىدىغان، غەيۋەتخور: بۇ ئىش بولۇپ ئەتىسىلا كوچىنى ۋىت ـ ۋىت خوتۇنلارنىڭ سۆزى بىر ئالدى.

**ۋىتېرىت** ئى [ر<ئىنگ] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيەلىك تەركىبى $B_9CO_3$ . كىرىستاللىرى ساختا ئالتە ياقلىق قوش پىرامىدا شەكلىدە، قۇرامساقلىرى زىچ كاللەك، دانلىق، شارسىمان بولىدۇ. چۈرۈك بولىدۇ، تۇز كىسلاتاسىدا ئېرىيدۇ. كۆپ كۆپۈك هاسىل قىلىدۇ. ئىسسىق ئېرىتمىلىك كان تومۇرلىرىدا ۋە يىمىرىلىش پوستىدا ئۇچرايدۇ.

**ۋىتىر** ئى [ئە] <دىن> ← **ۋىتىر نامىزى**.

**ۋىتىر نامىزى** <دىن> ناماز خۇپتەندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ئۈچ رەكەتلىك ناماز.

**ۋىتىلداتماق** «ۋىتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئۇنى تولا ۋىتىلداتقىچە، سەن بولساڭمۇ بىردەم تىنچ ئولتۇرساڭ بولمامدۇ؟ — دېدى دادام ماڭا قاراپ.

**ۋىتىلداشماق** «ۋىتىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ گەپ ئېغىزىمدىن چىقىشى بىلەن تەڭلا قىز ساۋاقداشلىرىم نارازى بولۇپ ۋىتىلدىشىپ كېتىشتى.

**ۋىتىلداق** سۈپ. تولا ۋىتىلدايدىغان، ئۇششاق سۆزنى كۆپ قىلىدىغان: ۋىتىلداق خوتۇن. * ئايشەم مەھەللە بويىچە تونۇلغان ۋىتىلداق چوكان ئىدى.

**ۋىتىلداقلىق** ئى. تولا سۆزلەش ئادىتى: ئۇنىڭ ۋىتىلداقلىقى ئاخىر ئۆزىگە بىر بالا بولدى.

**ۋىتىلدىماق** پ. ① «ۋىت ـ ۋىت» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «ۋىت ـ ۋىت» قىلماق. ② ئورۇنسىز گەپ قىلماق، ئۇششاق سۆزلىمەك: ئاپىسىنىڭ ۋىتىلدىشىدىن بىزار بولغان قىز نائىلاج كۆڭلى تارتمىغان يىگىتكە ماقۇل بولدى.

**ۋىجدان** ئى [ئە] كىشىنىڭ ئۆز ھەرىكىتى، قىلمىشى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى ھەققىدە جەمئىيەت ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى؛ ئىنساب، دىيانەت: ۋىجدان بىلەن ئىش قىلماق. ۋىجدان بىلەن ياشىماق. * ئويلاپ باقسام ئۇنىڭ ۋىجدانى ئەسلىدە هالال بىلەن هارامنى پەرقلەندۈرەلمەس بولۇپ قالغانىكەن.

**ۋىجدان ئازابى** روھىي جەھەتتىكى ئازابلىنىش، روھىي بېسىم: ئالدىنىپ قاپقانغا چۈشۈپ قالغان بۇ ئەخمەق ئەمدى ۋىجدان ئازابىدا بىردەمدىلا هاياتىدىن ۋاز كېچىش دەرىجىسىگە يەتتى.

**ۋىجدانى بار** ھەق ـ ئادالەتنى قوللايدىغان، ناھەقچىلىككە قارشى تۇرىدىغان، ۋىجدانلىق: ۋىجدانى بار ئادەم.

**ۋىجدانى كۆتۈرمەسلىك** ۋىجدانى يول قويماسلىق: خۇشامەت قىلىشنى ۋىجدانىم كۆتۈرمەيدۇ.

**ۋىجدانى قاينىماق** ھەق ـ ئادالەت ھېسسىياتى قوزغالماق: بېشىمىزدىن تىل ـ هاقارەت، تاياق ـ توقماق كەتمىسە بۇنىڭغا ۋىجدانىڭلار قاينىمامدۇ؟

**ۋىجدانىنى ساتماق** ھەق ـ ئادالەت يولىدا ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ھېسسىياتىنى يوقاتماق: رازىيە، ئۇنىڭ پۇل ۋە دۆلىتىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش ئۈچۈن، ئار ـ نومۇسىنى، ۋىجدانىنى ساتىدۇ.

**ۋىجدانى يوق** ھەق ـ ئادالەتنى قوللىمايدىغان، ۋىجدانسىز: سەن ئۇنى بىلمەيدىكەنسەن، ئۇ ۋىجدانى يوق بىرنېمە.

**ۋىجدانەن** رەۋ [ئە] ۋىجدان بىلەن، ساپ دىللىق بىلەن: نۇرەك باخشى گۇناھسىز ئۆلۈپ كەتكەن سۆيگۈنىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ۋىجدانەن بەرگەن قەسەمگە بىنائەن، ئۆمۈرۋايەت ئۇنىڭغا قارىلىق تۇتۇپ، ئۆيلىنىش ئويىدا بولمىدى.

**ۋىجدانسىز** سۈپ. ۋىجدانى يوق، ۋىجدان بىلەن ئىش قىلمايدىغان: ۋىجدانسىز ئادەم. * كېيىن ئۇقسام، مېنى ئۇرغان ھېلىقى ۋىجدانسىز مەن ئالماقچى بولغان قىزنىڭ ئاكىسى ئىكەن.

**ۋىجدانسىزلىق** ئى. ۋىجدانى يوقلۇق ، ئىش ـ پائالىيەتتە ھەققانىيەتنى ياقلىماسلىق، نامەردلىك: لېكىن مەن بۇنداق ۋىجدانسىزلىق ئۈچۈن تۆرەلمىگەن ئوخشايمەن. * دەۋر، رېئاللىق سورىغان سوئاللاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ھەقىقىي ۋىجدانسىزلىق ھېسابلىنىدۇ.

**ۋىجدانلىق** سۈپ. ۋىجدانى بار، ۋىجدان بىلەن ئىش قىلىدىغان: ۋىجدانلىق ئادەم. * رەيھان دادىسىنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىگە، پاك ۋىجدانلىق، سەمىمىي ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى.

**ۋىجدانىي** سۈپ [ئە] ۋىجدانغا باغلىق بولغان؛ ۋىجدانغا، ئىنسابقا ئائىت: بۇ ئۆزىنى ھەقىقىي ئىنسان دەپ ئاتىغان ھەربىر كىشىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ۋىجدانىي بۇرچى.

**ۋىجىك** سۈپ. جۇغى كىچىك، بويى دىگەندەك ئۆسمىگەن ھەم ئورۇق: ۋىجىك ئادەم. * جىنچىراغنىڭ غۇۋا نۇرى مۇراتنىڭ ۋىجىك جۇغىنى ئارانلا يورۇتۇپ تۇراتتى.

**ۋىجىكلەشتۈرمەك** «ۋىجىكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇنىرىدىن خوجا ئۆپكە كېسىلى بىلەن ئاغرىغاندىن بېرى، بۇ غاجىغۇچ نىجىس كېسەل ئۇنى دېيەرلىك ئورۇقلىتىپ خېلىلا ۋىجىكلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

**ۋىجىكلەشمەك** پ. ۋىجىك ھالەتكە كەلمەك، ۋىجىك بولماق، ۋىجىكلىمەك: ئۇ كېسەل دەردىدە كۈندىن ـ كۈنگە ۋىجىكلىشىپ كەتتى.

**ۋىجىكلىك** سۈپ. ئورۇق ھەم پاكارلىق، جۇغى كىچىكلىك: رەسىمدىنلا ئۇنىڭ چۇغىنىڭ ۋىجىكلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

**ۋىجىكلىمەك** پ ← **ۋىجىكلەشمەك**: ئۇنىڭ بۇرۇنقى قامەتلىك تەقى ـ تۇرقىدىن ئەسەر قالمىدى، بارغانچە ۋىجىكلەپ، جىسمانىي كۈچ ـ قۇۋۋىتىدىن ئومۇمەن مەھرۇم بولۇپ قالدى.

**ۋىچ** تەق. قۇشقاچ، قارلىغاچ قاتارلىق قۇشلار سايرىغاندا چىققان ئاۋاز.

**ۋىچ ـ ۋىچ** «ۋىچ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**ۋىچىر** تەق. قۇشقاچ قاتارلىق قۇشلار سايرىغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**ۋىچىرلاتماق** «ۋىچىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ قەپەستىكى قۇشقاچنى ۋىچىرلاتقىنىچە تۇتۇپ ئېلىپ ماڭدى.

**ۋىچىرلاشماق** «ۋىچىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يول بويىدىكى قېرى سۆگەتكە قونۇۋالغان قۇشقاچلار شاختىن ـ شاخقا سەكرىشىپ ئۆزمەي ۋىچىرلىشاتتى.

**ۋىچىرلىماق** پ. «ۋىچىر ـ ۋىچىر» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «ۋىچىر ـ ۋىچىر» قىلىپ سايرىماق: دەرەخ شاخلىرىدىكى قۇشقاچلار خۇددى بىر ئىش ئۈستىدە گەپ تالىشىۋاتقان بالىلاردەك بەس ـ بەستە ۋىچىرلايدۇ.

**ۋىچىر ـ ۋىچىر** «ۋىچىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: باغ ئىچىدىن قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىر ـ ۋىچىر قىلىپ سايرىشىۋاتقان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**ۋىدا** ئى [ئە] ئايرىلىش، جۇدالىشىش.

**ۋىدالاشماق** پ ① مەڭگۈلۈك ئايرىلماق، ئۆلمەك: بۇ رەسىمنى مەرھۇم ئايالى سەتبەرگىگە كۆرسەتكۈسى كېلەتتى، ئەپسۇسكى ئۇ ئۇلاردىن ۋىدالاشقانىدى. ② ئۆلۈم ئالدىدا خوشلاشماق: دارغا يېقىن كەلگەندە بۇ ئوغۇل: «ئانام بىلەن ۋىدالىشىۋالسام، دەيدىغان گېپىمنى دەۋالسام» دەپ پادىشاھتىن تىلەپتۇ. ③ مېيىتنى يۇيۇشتىن بۇرۇن ئۆلگۈچىنىڭ بالا ـ چاقا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى مېيىتنىڭ يېنىغا كىرىپ رازىلىق بىلدۈرمەك، خوشلاشماق، ئۇزاتماق.

**ۋىدالىق** ئى. ئايرىلىش، خەيرلىشىش: كامىر ئىشىكى ئالدىدا قەھرىمانلار مۇتەللىپكە ئاخىرقى ۋىدالىق سۆزلىرىنى قىلدى.

**ۋىدىس** ئى [ر<لات] <بوت> ئۈزۈم ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان پېلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك. شاخلىرى ئىنچىكە، ئۇزۇن ھەم قىرلىق كېلىدۇ. يوپۇرمىقى كەڭ، تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، ئۇچتىن بەشكىچە چوڭقۇر يېرىلىدۇ. گۈل رېتى كونۇسسىمان، شىرنىلىك مېۋىسى قېنىق بىنەپشە رەڭدە بولىدۇ. غول تالالىرىدىن ئارغامچا ئەشكىلى بولىدۇ.

**ۋىراچ** ئى [ر] <تىب> مېدىتسىنا ئىلمىدىن ئالىي مەلۇماتقا ئىگە بولغان كىشى، دوختۇر: بالىلار كېسەللىكلىرى ۋىراچى.

**ۋىراچلىق** ئى<تىب> ۋىراچقا يۈكلەنگەن ۋەزىپە، خىزمەت: ۋىراچلىق قىلماق.

**ۋىرتوشكا** ئى [ر] <سۇ> ئېقىن سۇنىڭ ئېقىش سۈرئىتى بىلەن كىنېتىك ئېنېرگىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئارقىلىق سۇنىڭ ئېقىش سۈرئىتىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**ۋىرۇس** ئى [ر<لات] <بىيول> ① كېسەل مىكروبىدىن كىچىك ۋە ئېلېكترونلۇق مىكروسكوپ ئارقىلىقلا كۆرگىلى بولىدىغان بىر خىل كېسەل قوزغاتقۇچى تەنچە. مىكروب سۈزگۈچتىنمۇ ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ. چېچەك، قىزىل، مېڭە ياللۇغى، كالا ۋاباسى قاتارلىق كېسەللەرنى ئوخشاش بولمىغان ۋىرۇسلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ② <فىز> نورمال ئىشلەۋاتقان كومپيۇتېر پىروگراممىلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدىغان ۋە بۇزۇۋېتەلەيدىغان ئالاھىدە بىر خىل يوشۇرۇن ماتېرىيال — پىروگراممىلىرىنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇپ ئاتىلىشى.

**ۋىرۇسلۇق** سۈپ. ۋىرۇسى بار، ۋىرۇسى بولغان: ۋىرۇسلۇق جىگەر ياللۇغى.

**ۋىرۇسئولوگىيە** ئى [ر<لات+گىرېك] <بىيول> ۋىرۇسلارنىڭ مورفولوگىيەلىك تۈزۈلۈشى، كۆپىيىشى، ئىرسىيەت ئۆزگىرىشى قاتارلىق بىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكىنى ھەمدە ۋىرۇسلۇق كېسەللىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ۋىزا** ئى [ر<لات] <ت ئىش> ① بىر دۆلەتنىڭ ئاساسىي باشقۇرغۇچى ئورگىنىنىڭ ئۆز دۆلىتى ياكى باشقا دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ قولىدىكى پاسپورت ياكى باشقا ساياھەت گۇۋاھنامىلىرىگە، ئۆز دۆلىتىگە كىرىپ ـ چىقىشىغا قوشۇلۇپ قويغان قولى ياكى باسقان تامغىسى. ② شۇ خىل رەسمىيەتتىن ئۆتكەن پاسپورت ياكى گۇۋاھنامە.

**ۋىزۋوت** ئى [ر] كونا <ھەرب> ← **پەي**Ⅲ .

**ۋىژ** تەق. ئۆتۈپ كەتكەن ئوق ۋە سوغۇق شامال قاتارلىقلاردىن چىقىدىغان ئاۋاز.

**ۋىژژىدە** رەۋ. «ۋىژ» قىلىپ، «ۋىژ» قىلغان ھالدا: قۇلاق تۈۋىدىن ۋىژژىدە ئوق ئۆتۈپ كەتتى.

**ۋىژ ـ ۋىژ** «ۋىژ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: جاندىن ئۆتىدىغان ۋىژ ـ ۋىژ سوغۇق ئادەمنى ئۈششۈك ھەرىدەك چاقاتتى.

**ۋىژىلداتماق** «ۋىژىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: غەزىپىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ئەكرەم ئاپتوماتىنى ئوقلاپ، دۈشمەنگە قارىتىپ ۋىژىلدىتىپ ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى.

**ۋىژىلداشماق** «ۋىژىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇ تولغىنىپ، سىلجىپ ئالغا باسماقتا ئىدى، ئەتراپلىرىغا ئوقلار ۋىژىلدىشىپ چۈشۈپ تۇراتتى.

**ۋىژىلدىماق** پ. «ۋىژ ـ ۋىژ» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «ۋىژ ـ ۋىژ» قىلماق: ئۇ ھازىر ۋىژىلداپ ئۇچۇۋاتقان ئوقلار، پارتلاۋاتقان بومبىلارغا پىسەنتمۇ قىلمايدۇ.

**ۋىسال** ئى [ئە] ① ئۇچرىشىش، كۆرۈشۈش، ئېرىشىش؛ ۋەسىل (سۆيگەن يارى ھەققىدە): گاھىدا چۈشىدە چۈشەپ دىلبەرنى، ئۆتكۈزگەن ئۇيقۇسىز تالاي كېچىنى. ھامان بىر ۋىسالنىڭ شېرىن خىيالى، كۆيدۈرگەن تومۇزدەك ئۇنىڭ ئىچىنى. ② جامال، چىراي، ھۆسن: — ئەلۋەتتە، ئۇ ۋىسالىمغا ئاشىق بولغاي، — دېدى مەلىكە.

**ۋىسال تاپماق** ئۇچراشماق، جەم بولماق: مەلىكە ھۆسنەبانۇ بىلەن مۇنىرە ۋىسال تېپىپ، مۇرادلىرى ھاسىل بولدى.

**ۋىسالغا يەتمەك** ئىشق ـ مۇھەببەتكە ئېرىشمەك، مۇھەببەتكە مۇيەسسەر بولماق؛ دىدار كۆرۈشمەك: ئۇ ئاخىرى سول قول

ۋەزىرنى جىمىقتۇرۇۋېتىپ، بۇ ئايالنىڭ ۋىسالىغا يېتىش كويىغا چۈشۈپتۇ.

**ۋىسكوزا** ئى [ر<لات] <خىم> ① سۈنئىي يىپەك قىلىش ئۈچۈن سېللۇلوزىدىن تەييارلانغان قويۇق يېپىشقاق ماددا. ② يۇقىرىقى ماددىدىن تەييارلانغان سۈنئىي يىپەك. ③ شۇ خىل يىپەكتىن توقۇلغان رەخت.

**ۋىسكوزىمېتىر** ئى [ر<لات] <فىز> ئاقار جىسىملارنىڭ يېپىشقاقلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**ۋىسمان** ئى <بىيول> گېرمانىيە بىيولوگى، يەنى «يېڭى دارۋىن تەلىماتى» نىڭ ئاساسچىسى. ئۇ چىۋىنلەرنىڭ ئىۋولىيوتسىيەسى، سۇ بۈرگىسىنىڭ كۆپىيىش پائالىيەتلىرى، چاشقان قۇيرۇقىنى كېسىۋېتىشنىڭ ئىرسىيەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرى قاتارلىق جەھەتلەردە سىستېمىلىق تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان.

**ۋىسمانىزم** ئى [ر] <بىيول> ۋىسمان ئوتتۇرىغا قويغان ئىرسىيەت ۋە يېتىلىش توغرىسىدىكى تەلىمات. ئادەتتە ئۇ تەشەببۇس قىلغان نەسىل ماددىسىنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكى، كۆپىيىش ھۈجەيرىلىرى بىلەن تەن ھۈجەيرىسىنىڭ پارچىلىنىشى ھەم ئۇلارنىڭ ئىرسىي تارقىلىش جەھەتتىكى ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى ۋە ئېرىشىلگەن خۇسۇسىيەتنىڭ ئىرسىيەت قالماسلىقى قاتارلىق ئوقۇملار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ۋىسمۇت** ئى [ر<نېم] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. خىمىيەۋى بەلگىسى Bi (Bismuthum) . قاتتىق ھەم چۈرۈك. قېتىشمىسىنىڭ ئېرىش دەرىجىسى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىخەتەرلىك سىمى ۋە پار قازىنىنىڭ بىخەتەرلىك قاپقىقىنى ياساشقا بولىدۇ.

**ۋىش** تەق. قۇشقاچ، قارلىغاچ قاتارلىق قۇشلار ئۇچقاندا ياكى يىلان ماڭغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**ۋىششىدە** رەۋ. «ۋىش» قىلىپ، «ۋىش» قىلغان ھالدا: بىر توپ قارلىغاچلار باش ئۈستۈمدىن ۋىششىدە ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىشتى.

**ۋىشكا** ئى [ر] مۇنار شەكلىدىكى چوڭ، ئېگىز قۇرۇلما؛ جاھاز: پاراشۇت ۋىشكىسى. نېفىت ۋىشكىسى.

**ۋىشنۇ** ئى [سانس] <دىن> ھىندى دىنىدىكى بىر ئىلاھنىڭ نامى. ھىندى دىنىدا ۋىشنۇ دۇنيانى قوغدىغۇچى ئىلاھ دەپ قارىلىدۇ.

**ۋىش - ۋىش** «ۋىش» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: تۇيۇقسىز بىر يىلان ۋىش - ۋىش قىلىپ ماڭغىنىچە يېنىمدىلا ئۆتۈپ كەتتى.

**ۋىشىلداتماق** «ۋىشىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سەمەت ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ، بەخىرامان ھالدا كەپتەرلەرنى ۋىشىلدىتىپ ئۇچۇرۇپ ئوينىماقتا ئىدى.

**ۋىشىلداشماق** «ۋىشىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۇيۇقسىز بىر توپ چار يىلان ۋىشىلدىشىپ مېڭىشقىنىچە باغ تەرەپكە كىرىپ كېتىشتى.

**ۋىشىلدىماق** پ. «ۋىش - ۋىش» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «ۋىش - ۋىش» قىلماق: قارلىغاچلار ۋىشىلداپ پەس ئۇچماقتا ئىدى.

**ۋىق** تەق. چىۋىق قاتارلىق ئىنچىكە نەرسىلەر بىلەن يۇمشاق نەرسىلەرنى ئۇرغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**ۋىقىلداتماق** «ۋىقىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاچچىقىغا پايلىمىغان قەيسەر قېلىن يوتقانغا پۈركىنىۋالغان ئوغلىنى قولىدىكى چىۋىق بىلەن ۋىقىلدىتىپ ساۋاشقا باشلىدى.

**ۋىقىلداشماق** «ۋىقىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ۋىقىلدىماق** پ. «ۋىق - ۋىق» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «ۋىق - ۋىق» قىلماق.

**ۋىكسترېمىيە** ئى [ر<لات] <بوت> ← **ۋىكسترېمىيە چاتقىلى.**

**ۋىكسترېمىيە چاتقىلى** <بوت> مازارىيون ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ھەم ئېللىپىسسىمان تۆمۈنە شەكلىدە بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ. گۈلى سېرىق ۋە باشاقسىمان گۈل رېتىدە، ئۇچكىلىك مېۋىسى قارا رەڭدە. قوۋزاق تالالىرىدىن قەغەز ئىشلىگىلى بولىدۇ.

**ۋىكلىيۇچاتېل** ئى [ر] <فىز> ئېلېكتىر توكىنى ئۈزۈش ۋە ئۇلاش ئۈچۈن ئورنىتىلىدىغان ئەسۋاب.

**ۋىڭ** تەق. چىۋىن ئۇچقاندا ياكى ئېتىلغان ئوق ھاۋانى يېرىپ ماڭغاندا چىقىدىغان ئاۋاز: ۋىڭ قىلىپ ئۇچماق.

**ۋىڭڭىدە** رەۋ. «ۋىڭ» قىلىپ، «ۋىڭ» قىلغان ھالدا: ئوق قۇلاق تۈۋىمدىن ۋىڭڭىدە ئۆتۈپ كەتتى.

**ۋىڭ - ۋىڭ** «ۋىڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ۋىڭ-ۋىڭ قىلغان ئوق ئاۋازلىرى يېقىنلا يەردىن ئاڭلىناتتى.

**ۋىڭىلداتماق** «ۋىڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۇردى قولىدىكى ئاپتوماتتىن ۋىڭىلدىتىپ ئوق ئۈزگىنىچە دۈشمەنىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا باشلىدى.

**ۋىڭىلداشماق** «ۋىڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: چاقىرىلمىغان بىر توپ چىۋىن ئاتلىق مېھمانلارمۇ ۋىڭىلدىشىپ ئۇچۇپ كېلىشكىنىچە داستىخاندىكى نازۇ نېمەتلەرگە داخىل بولۇشماقچى بولۇشتى.

**ۋىڭىلدىماق** پ. «ۋىڭ» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «ۋىڭ» قىلماق: ئالماسنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدىن بىرنەچچە تال ئوق ۋىڭىلداپ ئۆتۈپ كەتتى.

**ۋىل** تەق. يۈزنىڭ بىردىنلا قىزىرىش، ئوتنىڭ يالقۇنجاش، سۇنىڭ ئاستا، سۇس قايناش ھالىتى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ.

**ۋىلايەت** ئى [ئە] مەملىكىتىمىزنىڭ ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلىرىدىكى بىرنەچچە ناھىيە، شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەمۇرىي تېررىتورىيە: قەشقەر ۋىلايىتى. ئاقسۇ ۋىلايىتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى.

**ۋىلايەتلىك** سۈپ. ۋىلايەتكە تەۋە بولغان، ۋىلايەت ئىلكىدىكى، ۋىلايەت قارىمىقىدىكى: ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى. ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى.

**ۋىلكا** ئى [ر] تاماق يېيىشكە ئىشلىتىدىغان ئارا شەكىللىك كىچىك بۈيۈم.

**ۋىللىدە** رەۋ. «ۋىل» قىلىپ، «ۋىل» قىلغان ھالدا: رەيھان «سادىق» دېگەن ئىسمىنى ئاڭلاپ، قورۇنغاندەك ۋىللىدە قىزاردى.

**ۋىل - ۋىل** «ۋىل» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇزۇن كەتكەن كۆز يەتمەس سايلىق خۇددى تۈتۈنسىز يالقۇن ئىچىدە كۆيۈۋاتقاندەك ۋىل - ۋىل يالىلداپ تۇراتتى.

**ۋىلىق** تەق. كىچىك بالىلارنىڭ ۋە قىزلارنىڭ يېقىملىق كۈلۈش ھالىتى.

**ۋىلىقشتماق** «ۋىلىقشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىد-

جىسى.

**ۋىلىقشىماق** پ. «ۋىلىق ـ ۋىلىق»قىلماق، ۋىلىقلىماق.

**ۋىلىققىدە** رەۋ. «ۋىلىق» قىلىپ، «ۋىلىق» قىلغان ھالدا: ئۇ ۋىلىققىدە كۈلدى، مەن ئۇنىڭ كۈلكىسىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى.

**ۋىلىقلىماق** پ. «ۋىلىق ـ ۋىلىق» قىلماق، ۋىلىقشىماق: بالا ۋىلىقلاپ كۈلۈۋەتتى.

**ۋىلىق ـ ۋىلىق** «ۋىلىق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: قىزنىڭ چىرايلىرى پۈرۈشۈپ ۋىلىق ـ ۋىلىق كۈلدى.

**ۋىلىلدىماق** پ. «ۋىل ـ ۋىل» قىلماق: خىجىل بولغىنىمدىن يۈزلىرىم ئوتتا كۆيگەندەك ۋىلىلدىدى.

**ۋىنايا** ئى [سانس] <دىن> بۇددا نوملىرىنىڭ ئۈچىنچى قىسمى. راھىبلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەمرىمەرۇپ، قائىدە ـ يوسۇنلارنى مەزمۇن قىلىدۇ.

**ۋىنتا** ئى [ر] ① <ماشىن> بۇرما، رېزبا: ۋىنتا چىقارماق. ② ئايلانما رېزبىلىق چىگىتىش دېتالى: ۋىنتا بىلەن چىگىتماق.

**ۋىنتىسى بوش** ← **ۋىنتىسى كەم**.

**ۋىنتىسى كەم** ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ئەمەس، كاللىسى تازا ئىشلىمەيدىغان؛ دۆترەك: — ئۇنىڭ ئازراق ۋىنتىسى كەم نېمە، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، — دېدى ئۇ كۆڭلۈمنى ياساپ.

**ۋىنتىلاتماق** «ۋىنتىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ماشىنىسىنىڭ چاقىنى ۋىنتىلىتىپ بولۇپ، ئاستا ھەيدىگىنىچە رېمونتخانىدىن ئايرىلدى.

**ۋىنتىلاشماق** «ۋىنتىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: رېمونتچىلار ئەڭ ئاخىرىدا تىراكتورنىڭ چاقلىرىنى ۋىنتىلىشىپ بولۇپ، ھاردۇقلىرى چىققاندەك بىر ـ بىرىگە ئىللىققىنا قاراشتى.

**ۋىنتىلانماق** «ۋىنتىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئالىلقاچان ۋىنتىلىنىپ بولۇنغان كومپيۇتېر ئىگىسىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلدى.

**ۋىنتىلىق** سۈپ. ۋىنتىسى بار، ۋىنتىغا ئىگە؛ ۋىنتا چىقىرىلغان: ۋىنتىلىق مىكرومېتىر.

**ۋىنتىلىماق** پ. ۋىنتا بىلەن چىگىتماق، ۋىنتا بېكىتمەك: ئابلىز ۋېلسىپتنى ۋىنتىلاپ بولۇپ، ماي يۇقى قوللىرىنى سۈرتۈشكە باشلىدى.

**ۋىنو** ئى [ر] ئاساسەن ئۈزۈمدىن تەييارلىنىدىغان ئىسپىرتلىق ئىچىملىك، ھاراق، مەي، شاراب: ۋىنو ئىچمەك. قىزىل ۋىنو.

**ۋىنوچىلىق** ئى. ۋىنو ياساش ئىشى: دۇنيادا ۋىنوچىلىقمۇ ئالدى بىلەن مۇشۇ رايوندا بارلىققا كەلگەن.

**ۋىنىل** ئى [ر<لات] <خىم> ئېتىلېن مولېكۇلاسىنىڭ بىر دانە ھىدروگېن ئاتومىنى ئاز يوقىتىشى ئارقىلىق كېلىپ چىققان دەپ قارىلىدىغان رادىكال گۇرۇپپىسى.

**ۋىنىلون** ئى [ر<لات] <خىم> ئاتسېتىلېن، ئېتىلېن، ئاتسېتات كىسلاتاسى ۋە فورمالدېھىدنى خام ئەشيا قىلىپ سىنتېز قىلىنغان تالا. خۇسۇسىيىتى پاختا تالاسىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، كۈچىنىشچانلىقى يۇقىرى، سۈركىلىشكە چىداملىقراق، يېنىك. ئۇ سىنتېتىك تالالار ئىچىدە سۇ سۈمۈرۈشچانلىقى كۈچلۈكرەك تالالارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. يازلىق كىيىملەرنى تىكىشكە باب كېلىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭدىن ئارغامچا، بېلىق تورى قاتارلىقلار ئىشلىنىدۇ.

**ۋىئوسكا** ئى [ر] ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە كوللېكتىپ ئورۇنلارنىڭ نامىنى يېزىپ، ئىشىك ۋە دەرۋازا بېشىغا ئېسىپ قويىدىغان جاھاز: بىر چاغدا ئابدۇراھماننىڭ كۆزى بىر دۇكاننىڭ ئىشىكىگە ئېسىقلىق تۇرغان ئىككى خىل يېزىقتا خەت يېزىلغان ھەيۋەتلىك ۋىئوسكىغا چۈشتى.

**ۋىيەي** ئىم. بۇ سۆزنى كۆپىنچە خوتۇن-قىزلار قوللىنىدىغان بولۇپ: 1) ئىزا تارتىش، ئوڭايسىزلىنىش ئىمالىرىنى بىلدۈرىدۇ: ۋىيەي، سىز بىر بويتاق، مەن بىر تۇل ئايال، قانداق مېھمان بولىمەن ئەمىسە؟ 2) نارازى بولۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋىيەي، ئۆستەڭگە دەپ باغدىن نەچچە ھارۋا شاخ كېسىپ كەتتىغۇ ... 3) چۆچۈش، قورقۇش ئىمالىرىنى بىلدۈرىدۇ: — ۋىيەي، كىم بۇ؟ — دېدى رازىيە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان كۆلەڭگىنى كۆرۈپ.

**ۋىيولېت** ئى [ر<لات] <بوت> ← **ۋىيولېت گۈلى**.

**ۋىيولېت گۈلى** <بوت> ① كىرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق ياكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

# ئې

**ئې** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئوتتۇزىنچى ھەرپى ۋە شۇ ھەرپنىڭ نامى.

**ئېپتونىي** ئى [ر<لات] <خىم> رادىيوئاكتىپلىق مېتال ئېلېمېنت. نېيترون ئارقىلىق ئۇراننى بومباردىمان قىلىش يولى بىلەن ئېلىنىدۇ. ئەڭ تۇراقلىق ئىزوتوپىنىڭ يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى تەخمىنەن 2 مىليون 200 مىڭ يىل.

**ئېپوپىيە** ئى [ر<گرېك] <ئەد> چوڭ تارىخىي ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن بەدىئىي ئەسەرلەر.

**ئېپوس** [ر<گرېك] ① بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ لىرىكا ۋە درامىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان يەنە بىر تۈرى، يەنى ۋەقەلەرنى كەڭ ھېكايە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلەيدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر مەجمۇئەسى.② خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىدە قەھرىمانلىق ۋە قەھرىمانلار ھەققىدىكى داستانلار مەجمۇئەسى. مەسىلەن، «ئوغۇزنامە» ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېپىنىك، تارىخىي ئەھۋالىنى ۋە قەھرىمانلىق خۇسۇسىيىتىنى ئەكس ئەتتۇرگۈچى ئېپوس ھېسابلىنىدۇ.

**ئېپوسچى** ئى. ئېپوس يېزىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى: ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئېپوسچىلار ئۇرۇمچىگە جەم بولۇپ ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇشتى.

**ئېپوسچىلىق** ئى. ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئېپوس يېزىش كەسپى؛ ئېپوس يېزىقچىلىقى: ئۇنىڭ بۇ ئېپوسىنى ئۇيغۇر ئېپوسچىلىقىنىڭ زامانغا خاس ۋارىيانتى دېيىشكە بولىدۇ.

**ئېپىتاكسىيە** [ر<گرېك] <فىز> يېرىم ئۆتكۈزگۈچ دېتاللىرىنى ياساش تېخنىكىسىدا يېرىم ئۆتكۈزگۈچ مونوكرىستال پەردىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. ئادەتتە گاز فازىلىق ئېپىتاكسىيە، سۇيۇق فازىلىق ئېپىتاكسىيە ۋە مولېكۇلا دەستىلىك ئېپىتاكسىيە قاتارلىق بىرقانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**ئېپىتېلىيە** ئى [ر<گرېك] <ئانات> كۆپ ھۇجەيرىلىك ھايۋانلار تېنىنىڭ يۈزىنى ۋە ئۇنىڭ بارلىق كاۋاك ئەزالىرىنىڭ ئىچكى توقۇلمىلار يۈزىنى ئوراپ تۇرىدىغان توقۇلما.

**ئېپىتىت** ئى [ر<گرېك] <ئەد> نەرسە، ھادىسىلەرنىڭ روشەن ئوبرازىنى بېرىش، شەيئىلەرنىڭ ئېنىق ھالەتلىرىنى، سۈپىتىنى گەۋدىلەندۇرۇپ تەرىپلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سۆز ياكى ئىبارە.

**ئېپى-جېپى** بىرەر جاي، ئىش، نەرسە قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، يوللىرى، ئامال ـ چارىلىرى: ئىشخانىغا بۇ يەرنىڭ ئېپى ـ جېپىنى بىلىدىغان قېرىلار توشۇپ كېتىپتۇ.

**ئېپىدە** رەۋ. لايىقىدا، مۇۋاپىق: شۇلار ئۈچۈن بىرەر ئېپىدە نەرسە ئېلىپ چىقاي دەپ بازارغا كىرسەم، بۇ نەرسە ئەرزانلا ئۇچراپ قالدى.

**ئېپىدېرما** ئى [ر<گرېك] <بىيول> ① تېرىنىڭ سىرتقى قەۋىتى. ② ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تېنى يۈزىدىكى ئەڭ دەسلەپتە ئۆسكەن قوغدىغۇچى توقۇلما. ئاددىي قەۋەتلىك رەڭسىز، تەكشى ۋە تىرىك ھۇجەيرىلەردىن قۇرۇلغان.

**ئېپىزوت** ئى [ر<گرېك] <ئەد> ① ئايرىم تۇرمۇش ھادىسىسى. ② رومان، دراما، سېنارىيە قاتارلىق بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىقا ئىگە بولغان بىر تەركىبىي قىسمى.

**ئېپىسكوپ** ئى [ر<گرېك] <دىن> خىرىستىيان دىنىي چېركاۋلىرىدىكى ئالىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋانغا ئىگە بولغان شەخس.

**ئېپىسكوپلۇق** ئى ① ئېپىسكوپ ئېرىشكەن دەرىجە، ئەمەل. ② ئېپىسكوپ قىلىدىغان ئىش، خىزمەت: بۇلتۇر رومىنىيەگە بارغىنىمدا ئۇنىڭ ئېپىسكوپلۇق قىلىۋاتقان يەرلىرىدە بولدۇم.

**ئېپىفىز** ئى [ر<گرېك] <ئانات> ئۇزۇن سۆڭەكلەرنىڭ ئىككى ئۇچىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە، سۆڭەك ئۇچى ۋە سۆڭەك غولى ئارىلىقىدا بىر قەۋەت كۆمۈرچەك پىلاستىنكىسى بولىدۇ. چوڭلاردا بۇ پىلاستىنكا قاتتىقلىشىپ ئۇچ ۋە غوللار قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

**ئېپىك** سۈپ [ر] <ئەد> ① ئېپوسقا ئائىت، ئېپوستا بولىدىغان، ئېپوستا تەسۋىرلەنگەن: ئېپىك قەھرىمان. ② ئېپوستىن ئىبارەت بولغان؛ ۋەقەلىككە ئىگە: ئېپىك داستان.

**ئېپىگراف** ئى [ر<گرېك] <ئەد> ئەسەرنىڭ ياكى شۇ ئەسەر ئىچىدىكى قىسىم، بابلارنىڭ بېشىدا كېلىپ، پۈتۈن ئەسەرنىڭ ياكى قىسىم، بابلارنىڭ مەزمۇنىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان جۈملىلەر، ئۈزۈندىلەر، شېئىرىي پارچىلار، ئەقلىيە سۆزلەر، قوشاق ۋە ماقال ـ تەمسىللەر.

**ئېپى ـ مەلە** دىيال. قولۇم ـ قوشنا.

**ئېپى ـ يەڭگە** دىيال. ئاكا ـ ئىنىنىڭ خوتۇنلىرى.

**ئېتالون** ئى [ر<فىران] <خىم> بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بىرلىكىنىڭ ئېنىق نەمۇنىسى، ئۈلگىسى.

**ئېتان** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، يەنى ئالكانلارنىڭ بىر خىلى. مولېكۇلا فورمۇلاسى رەڭسىز، پۇراقسىز، يېنىشچان گاز. تەبىئىي گازلاردا ساقلىنىدۇ. ئادەتتە ئورگانىك بىرىكمىلەرنى سىنتېزلاشتا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يېقىلغۇمۇ قىلىنىدۇ.

**ئېتانول** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، يەنى ئىسپىرتلارنىڭ بىر خىلى، مولېكۇلا فورمۇلاسى $C_2H_5OH$ . رەڭسىز يېنىشچان سۇيۇقلۇق، ئالاھىدە پۇراقى ئىگە، قەنتلىك ماددىلارنى ئېچىتىپ دىستىلەش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ، ئېتىلېندىن پايدىلىنىپمۇ ئېلىش مۇمكىن. سىنتېتىك كاۋچۇك سولياۋ ۋە بوياق قاتارلىق ماتېرىياللارنى ئىشلەشتە قوللىنىلىدۇ، يەنە خىمىيە سانائىتىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان ئېرىتكۈچى ھېسابلىنىدۇ. مىكروبلارنى ئۆلتۈرۈش رولىغا ئىگە بولۇپ، دېزىنفېكسىيەلەشكە، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئېتەك** ئى ① كىيىمنىڭ ئاستىنقى كەڭ تەرىپى: ياقىلار ئېتەك بولدى، ئېتەكلەر ياقا بولدى (ماقال). * كۈننى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولماس (ماقال). ② تاغنىڭ تۈز يەرگە يېقىن قىسمى، تاغنىڭ تۆۋەن تەرىپى: بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن ھاتەم بىر تاغ ئېتىكىدە ئارام ئالدى. ③ كۆچمە. تەۋەلىكىدىكى زېمىن، يەر؛ باغىر: ۋەتەن ئېتىكى. * مەن يەكەن، قاغىلىقنىڭ ئېتەكلىرىگە بېرىپ سەھرالارنى ئايلىنىپ، يۇرتداشلار بىلەن كۆرۈشتۈم.

**ئېتەك سالدى قىلماق** دىيال. يىغىش قىلماق، پۇل ياكى نەرسە ــ كېرەكلەرنى چىقىرىشماق.

**ئېتەك ياپماق** ← **چاپان ياپماق:** ئۇ قىزغا بۆلەكچىلا ئېتەك يېپىپ كەتتىڭ، كۆڭلۈڭ چۈشۈپ قالدىمۇ، قانداق؟

**ئېتىكىنى ياپماق** تۇرمۇشىنى يولىغا سېلىۋالماق، ھال ــ كۈنىنى ياخشىلىۋالماق: ئېسىڭنىڭ بارىدا ئېتىكىڭنى ياپ (ماقال).

**ئېتىكى ئوتلۇق** يۇرۇش ــ تۇرۇشى، گەپ ــ سۆزى، خۇلق ــ مىجەزىدىن كىشىلەر ئاسانلا سۆز ــ چۆچەك تاپىدىغان، كىشىلەر كۆزىگە ئاسان چېلىقىدىغان، تۆھمەتكە قالىدىغان: ئېتىكى ئوتلۇق ئايال. ئېتىكى ئوتلۇق بالا.

**ئېتەكلەپ** رەۋ. ئېتىكىگە سېلىپ، ئېتىكىگە قاچىلاپ: بىر توپ قىزلار باغدا ئېتەكلەپ ئالما توشۇۋاتاتتى.

**ئېتەكلىك** سۈپ. ئېتىكى بار، ئېتىكى بولغان: ئۇ قىز كەڭ ئېتەكلىك قارا ئەتلەس كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى.

**ئېتنوگراف** ئى [ر<گىرېك] بىرەر مىللەتنىڭ كېلىپ چىقىشى، تۇرمۇش ئۆرپ ــ ئادىتى، ماددىي ۋە مەنىۋى ھەمدە ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن تارتىپ رېئال ھالىتىچە كۆزىتىپ، تەتقىق قىلىدىغان شەخس.

**ئېتنوگرافىيە** ئى [ر<گىرېك] <ئەد> ① بىرەر مىللەتنىڭ كېلىپ چىقىشى، تۇرمۇش ئۆرپ ــ ئادىتى، ماددىي، مەنىۋى ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىنى بىۋاستە كۆزىتىش يولى بىلەن ئۆگىنىدىغان ساھە. ② بىرەر مىللەتنىڭ ياكى بىرەر تېررىتورىيەدىكى بىرقانچە مىللەتنىڭ تۇرمۇشى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ ــ ئادەتلىرىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ يىغىندىسى.

**ئېتنوگرافىيەلىك** سۈپ. ئېتنوگرافىيەگە ئائىت: ئېتنوگرافىيەلىك ماتېرىيال.

**ئېتنولوگىيە** ئى [ر<گىرېك] مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گەۋدىسىنى ئوبيېكت قىلغان ھالدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئېتنولوگىيەلىك** سۈپ. ئېتنوگرافىيەگە ئائىت: ئېتنولوگىيەلىك ئوچېرىك.

**ئېتنىك** سۈپ [ر] كېلىپ چىقىش جەھەتتىن بىرەر خەلققە ئائىت ياكى خاس بولغان: ئېتنىك تەركىب. ئاھالىنىڭ ئېتنىك سوستاۋى.

**ئېتېن** [ر<گىرېك] <خىم> ئەڭ ئاددىي ئالكىن. رەڭسىز، سەل ــ پەل شېرىن، سۇدا ناچار ئېرىيدىغان يېنىشچان گاز. خىمىيەۋى خۇسۇسىيىتى ئاكتىپ، ئوكسىدلىنىش، قوشۇۋېلىش ۋە پولىمېرلىنىش قاتارلىق رېئاكسىيەلەرگە ئاسان كىرىشىدۇ. ئادەتتە چالا پىشقان مېۋىلەرنى پىشۇرۇشتا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ يەنە ئېتانول، ئېتانال، پولىئېتېن قاتارلىقلارنى ئېلىشتا خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**ئېتىبار** ئى [ئە] ① بىرەر نەرسىگە قارىتىلغان دىققەت، نەزەر؛ پەرۋا: ئېتىبار قىلماق. * مۇنەۋۋەر بۇ كىشىگە ئانچە ئېتىبار بېرىپمۇ كەتمىدى. ② نەزەرگە ئېلىش: ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن بىز ئۇنى كۈتمىدۇق. ③ قەدىر ــ قىممەت، ئىززەت: سىز بالا دەردىنى تارتمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىڭىزدا ئېتىبارى يوق. ④ كۆڭۈل بۆلۈش: مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتىگە تەڭ ئېتىبار بەرمەيدىغان بولساق، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنىمۇ ياخشىلىيالمايمىز.

**ئېتىبارەن** تىر [ئە] چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «ــ دىن، ــ تىن» بىلەن تۈرلەنگەن سۆزلەردىن كېيىن كېلىپ، «بېرى، بۇيان، باشلاپ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: مەھەللىدىكىلەر ئۇنى شۇندىن ئېتىبارەن «قىزىل بۇرۇن» دەپ ئاتايدىغان بولۇشتى. * مەرھابا ئاشۇ سائەتتىن ئېتىبارەن تېخىمۇ زور غەيرەتكە كەلدى.

**ئېتىبارسىز** سۈپ. ئېتىبارى يوق، ئېتىبارى بولمىغان: تىلىغا ئىختىيار بەرسەڭ، ئەلگە ئېتىبارسىز بولىسەن (ماقال). * ئۇ ئەسلىدە تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق، كىچىككىنە بىر ئېتىبارسىز ئىش ئىدى.

**ئېتىبارسىزلىق** ئى. ئېتىبارى يوقلۇق، ئەھمىيىتى بولماسلىق: ئېتىبارسىزلىق قىلماق. * ئۇ بۇ ئىشقا دەسلەپتە ئېتىبارسىزلىق بىلەن قارىدى، تولۇق چۈشەنگەندىن كېيىن پۇشايمان قىلدى.

**ئېتىبارلىق** سۈپ. ئېتىبارى بار، ئېتىبارى بولغان: ھەرقانچە ناتىق بولساڭمۇ، ئۆز بىلگىنىڭدىن ئۆزۈڭنى تۆۋەن كۆرسەت، شۇندىلا سۆزۈڭ ئېتىبارلىق بولىدۇ.

**ئېتىراپ** ئى [ئە] بىرەر گەپ، ئىش ــ ھەرىكەت قاتارلىقلارنى توغرا دەپ بىلىش: ئەلۋەتتە، مەن ئۆزۈمنىڭ ۋەيران بولغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلىشنىمۇ خالىمايمەن.

**ئېتىراپنامە** ئى [ ئە + پ ] بىرەر گەپ، ئىش ــ ھەرىكەت قاتارلىقلارنى توغرا دەپ بىلگەنلىك، ئېتىراپ قىلغانلىق ھەققىدە يېزىلغان ھۆججەت: تىكەستە زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئېتىراپنامىسىگە ئېرىشكەن تېرىلغۇ يەر 120 مىڭ موغا يەتتى.

**ئېتىراز** ئى [ئە] بىرەر نەرسە، ئىش ــ ھەرىكەت قاتارلىقلارغا بولغان نارازىلىق، قارشىلىق: ئېتىراز بىلدۈرمەك. *

زۇبەيدە ئاتىسىنىڭ بۇ شەرتىگە ئېتىراز بىلدۈرەلمەپتۇ.

**ئېتىرازسىز** رەۋ. ئېتىراز بىلدۈرمەي، قارشىلىقسىز: ئۇ بۇ پىكىرلەرنى ئېتىرازسىز قوبۇل قىلدى.

**ئېتىرازنامە** ئى [ ئە + پ ] بىرەر نەرسە، ئىش ـ ھەرىكەت قاتارلىقلارغا بولغان نارازىلىق، قارشىلىق قىلغانلىق ھەققىدە يېزىلغان ھۆججەت: توكيو مائارىپ كومىتېتى ئەكسىيەتچىل دەرسلىكنى ئىشلىتىشنى قارار قىلغاندىن كېيىن بۇ ئىتتىپاق يەنە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئېچىپ، ئېتىرازنامە ئېلان قىلدى.

**ئېتىز** ئى. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلىدىغان، قىر بىلەن بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەن يەر: تۆگە ئېتىز بۇزسا ھېچ گەپ يوق، توخۇ پالاقلىسا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ (ماقال).

**ئېتىزلىق** ئى. ئېتىز قىلىنغان، ئېتىزغا ئايلاندۇرۇلغان يەر، ئېتىز: مۇرات ھويلىنىڭ ئارقىسىدىكى ئېتىزلىقتا بېدە ئورۇۋاتقان مەسۇم ئاتىنىڭ يېنىغا كەلدى.

**ئېتىز ـ ئېرىق** ئېتىز ۋە ئېرىق: بۇ ئەترەت كۆپ يىللاردىن بۇيان ئېتىز ـ ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەچكە، ھوسۇلى يىللاپ ئاشتى.

**ئېتىش** ئى. سوقۇش، ئۇرۇش، جەڭ: تاڭ ئاتارغا يېقىن ئېتىش باشلاندى.

**ئېتىشماق** ① «ئاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككى تەرەپنىڭ ئارىلىقى بارغانسېرى تارىيىپ، ئېتىشىش باشلاندى. ② بىر ـ بىرى بىلەن تەگىشىپ قالماق، دېيىشىپ قالماق؛ جېدەللەشمەك: ئۇزۇن بولدى ئۇلار ئېتىشىپ يۈرگىلى.

**ئېتىشمەك** I «ئەتمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كۆن پېتىشى بىلەن سېپىل دەرۋازىسىنى ئېتىشىپ بىرمۇ ئىنساننى كىرگۈزمىدى.

**ئېتىشمەك** II «ئەتمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئېتىشۋازلىق** ئى. ئوقيا، مىلتىق قاتارلىق ئېتىش قوراللىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان جەڭ؛ ئۇرۇش: ئەگەر راستتىنلا ئېتىشۋازلىق بولۇپ قالسا، قانداق قىلارمىز؟

**ئېتىقاد** ئى [ئە] ① بىرەر مەسلەككە، ئىدېئولوگىيەگە، كۆز قاراشقا؛ بىرەر كىم ياكى بىرەر نەرسىگە بولغان ئىشەنچ، ئۇنىڭغا باغلانغان ئۈمىد: گۈل دېگەنگە گۈل بولامدۇ، قاتى ـ قاتى بولمىسا، يار دېگەنگە يار بولامدۇ ئېتىقادى بولمىسا. ② خۇداغا ياكى بىرەر غەيرىي تەبىئىي كۈچكە بولغان ئىشىنىش: دىنىي ئېتىقاد. ئېتىقاد قىلماق.

**ئېتىقادچى** ئى. بىرەر گۇرۇھ، بىرەر مەسلەك، بىرەر شەخس قاتارلىقلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشى.

**ئېتىقادچىلىق** ئى. ئېتىقاد قىلىش، چىن ئەقىدىدە تۇرۇش، ئىشىنىش.

**ئېتىقادسىز** سۈپ. ئېتىقادى يوق، ئېتىقادى بولمىغان: غەنى بولسا قېرىنىغا قارىماي، بىر ئېتىقادسىز ئادەم ئىدى.

**ئېتىقادسىزلىق** ئى. ئېتىقادى يوقلۇق، ئېتىقادى بولماسلىق: ھازىرقى كۈندە گەرچە تولىمۇ ئەقىللىقلىشىپ كەتكەن بولساقمۇ، ئەمما بۇ ئەقىل ئېتىقادسىزلىقتىن قاغجىراپ كەتكەن روھىمىزنى نەمدەشكىمۇ يارىمايۋاتىدۇ.

**ئېتىقادلىق** سۈپ. مەلۇم نەرسىگە ئېتىقادى بار، ئېتىقادى بولغان: گۈل ئېچىلسا نە بولۇر، بەرگى ئېچىلسا نە بولۇر. ئېتىقادلىق

يار بىلەن، داڭلار كۆتۈرسە نە بولۇر.

**ئېتىك** سۈپ. ئېتىلگەن، تاقالغان: ئىشىك ئېتىك. دېرىزە ئېتىك. * ئۆيگە كەلسەم ئىشىك ئېتىك تۇرۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن سىرتتا بىردەم ساقلاشقا مەجبۇر بولدۇم.

**ئېتىكا** ئى [ر<لات] <پەلس> ئەخلاق ۋە ئۇنىڭ مەنبەسى، تەرەققىياتى، كىشىلەر ھەرىكىتىنىڭ مىزانى، كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە، كىشىلەرنىڭ دۆلەتكە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى تەلىمات.

**ئېتىكاپ** ئى [ئە] <دىن> مەسچىت ياكى خالىي ئىبادەت ئورۇنلىرىغا كىرىۋېلىپ قىلىدىغان بىر خىل يوشۇرۇن ئىبادەت شەكلى: ئېتىكاپتا ئولتۇرماق.

**ئېتىكاپخانا** ئى [ئە + پ] ئېتىكاپ قىلىدىغان ئۆي: تۆگىچى دەرھال مەلىكىگە بىر ئېتىكاپخانا تەييارلاپ بېرىپتۇ، مەلىكە شۇ ئېتىكاپخانىدا ئىبادەتكە ئولتۇرۇپتۇ.

**ئېتىكلىك** سۈپ. ئېتىۋېتىلگەن، تاقىۋېتىلگەن، ئېتىلگەن: سېپىل دەرۋازىسى چىڭ ئېتىكلىك ئىدى.

**ئېتىكلىق** سۈپ. ئېتىكىغا ئائىت ياكى ئېتىكا ئاساسىدا بولغان: تولستوي ھايات توغرىسىدىكى ئېتىكلىق ئىزدىنىش بىلەنلا توختاپ قالماي، بەلكى ھاياتنىڭ كېلىپ چىقىش جەريانى ۋە مەقسىتى ھەققىدىمۇ پىكىر يۈرگۈزدى.

**ئېتىل** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئېتان مولېكۇلاسى ( $CH_3CH_3$ ) دىن بىر ئاتوم ھىدروگېننى ئېلىپ تاشلىغاندا ھاسىل بولغان بىر ۋالېنتلىق رادىكال، يەنى $CH_3CH_2$ .

**ئېتىلدۇرماق** «ئېتىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئاخىرقى بىر قاپ پوجاڭزىنى ئېتىلدۇرۇپ بولۇپ ئۆيىگە كىرىپ كەتمەكچى بولدى.

**ئېتىلدۇرۇشماق** «ئېتىلدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار زالغا ئېسقلىق تۇرغان شارلارنى ئېتىلدۇرۇشۇپ ئويناشقا باشلىدى.

**ئېتىلما** سۈپ. ئېتىلىدىغان، ئېتىلىپ چىقىدىغان: ئېتىلما جىنس.

**ئېتىلماق** «ئاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بوۋاينىڭ چىرايى بارغانچە جىددىي تۈس ئالدى، ئۇ خۇددى پىلىموت ئېتىلغاندەك توختىماي سۆزلەيتتى.

**ئېتىلمەك** I «ئەتمەك I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۆشۈك ئېتىلمەك. * بەختىيارنىڭ تومپايغان قورساقلىرىغا چاپىنىنىڭ پەشلىرى يەتمىگەنلىكتىن، ئارانلا بىر تۈگمىسى ئېتىلگەنىدى.

**ئېتىلمەك** II «ئەتمەك II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىشتىن كەلسەم، ئۆيدە تاماق ئېتىلىپ بوپتۇ.

**ئېتىلېن** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، يەنى ئالكىنلارنىڭ بىر خىلى. رەڭسىز، يېنىشچان گاز. مەززىلىك پۇراققا ئىگە. نېفىت، كوكسلاردىن پايدىلىنىپ ئېلىنىدۇ. ئۇ مۇھىم سانائەت خام ئەشياسى بولۇپ، كەپشەرلەش، مېتاللارنى كېسىش ھەم مېۋىلەرنىڭ پىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئېتىلېندىيامىن** ئى [ر<گىرېك] <خىم> قويۇق ۋە يېپىشقاق، رەڭسىز سۇيۇقلۇق، خىمىيەۋى فورمۇلاسى $H_2NCH_2CH_2NH_2$ . پۇرىقى ئاممىياكنىڭكىگە ئوخشايدۇ. سۇدا ۋە ئېتانولدا ئېرىيـ

دۇ، ئېتىل ئېفىر ۋە بېنزولدا ئېرىمەيدۇ. ئىشقارلىق خۇسۇسىيىتى بار، ھاۋادىكى كاربون (Ⅳ) ئوكسىدنى سۈمۈرەلەيدۇ، شۇنىڭدەك ئانورگانىك كىسلاتالار بىلەن ئۆزئارا بىر - بىرىگە تەسىر قىلىپ، سۇدا ئېرىيدىغان تۇزلارنى ھاسىل قىلىدۇ. بوياق، كاۋچۇكنىڭ گۈڭگۈرتلىنىشىنى تېزلەتكۈچى ماددا، دورا، ئېرىتكۈچى قاتارلىقلارنى ئېلىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئېتىم** مىق. بىر قېتىم چېكىشكە يېتىدىغان (ناسۋال ھەققىدە): بىر ئېتىم ناسۋال.

**ئېتىماد** ئى [ئە] يېزت. ئىشەنچ: ئېتىماد باغلىماق. * ئۇنىڭغا نېچۈك ئېتىماد قىلغىلى بولسۇن.

**ئېتىمولوگىيە** ئى [ر<گىرېك] <تىل> ① تىلشۇناسلىقنىڭ بىر تارمىقى. سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشى، مەنبەسىنى تەتقىق قىلىدۇ. ② سۆزنىڭ مەنبەسى، كېلىپ چىقىشى، مىللەت تەۋەلىكى: «ئادەم» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى ئېنىقلىماق.

**ئېتىمولوگىيەلىك** سۈپ. ئېتىمولوگىيەسى بار، ئېتىمولوگىيە بېرىلگەن: ئېتىمولوگىيەلىك لۇغەت.

**ئېتىنىل** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئېتىن مولېكۇلاسىدىن بىر ئاتوم ھىدروگېننى چىقىرىۋەتكەندە ھاسىل بولىدىغان بىر ۋالېنتلىق رادىكال.

**ئېتىيود** ئى [ر<فىران] <مۇز> چېلىش بولغان قىيىن ئۇسۇللارنى ئاساس قىلىپ، چېلىش ماھارىتىنى ئاشۇرۇش يۈزىسىدىن ئىشلەنگەن ئاھاڭلار. ئاتاقلىق كومپوزىتورلار ئىشلىگەن ئېتىيودلار كۆپ چاغلاردا بەدىئىيلىك قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى ئاھاڭلار قاتارىغا كىرىدۇ.

**ئېتىيولوگىيە** ئى [ر<گىرېك] <تېب> مېدىتسىنانىڭ بىر تارمىقى. كېسەللىك پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىلىپ چۈشەندۈرىدۇ.

**ئېجە** ئى. دىيال. ئاچا، ھەدە.

**ئېجرىق** ئى. بىر خىل يەرلىك ئۆسۈملۈك.

**ئېجىرىم** سۈپ. ئېنىق، ئوچۇق، كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان: ئېجىرىم ئىش قىلماق.

**ئېجىرىملىق** ئى. ئېنىقلىق، ئوچۇقلۇق.

**ئېجىل** سۈپ. ئۆزئارا يېقىن، ئىناق؛ ئامراق: ئېجىل بولماق. * شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بارا - بارا ئېجىل بولۇشۇپ قالدى.

**ئېجىلغا چۈشمەك** دىيال. كۆيلىمەك، كۆيگە چۈشمەك (كالا ھەققىدە).

**ئېجىللەشتۈرمەك** «ئېجىللەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھەربىر مەجبۇرىيەت ئۆتەشتىن كېيىنكى خىزمەتداشلىق مۇناسىۋەت بۇ ئىككى ياشنى تېخىمۇ ئېجىللەشتۈرۈۋەتتى.

**ئېجىللەشمەك** پ. ئۆزئارا يېقىنلاشماق، ئىناقلاشماق، ئامراقلاشماق: زۇبەيدە بىز بىلەن شۇ قەدەر ئېجىللىشىپ كەتتىكى، ئۇ ھەر كۈنى ئېرى بىلەن تېلېفوندا قانچە مىنۇت سۆزلەشكەنلىكىنى، نېمە دېيىشكەنلىكىنى بىزگە دەپ بېرىشنى ياخشى كۆرەتتى.

**ئېجىللىق** ئى. يېقىنلىق، ئىناقلىق، ئامراقلىق: ئەلۋەتتە مۇنداق دوستلۇق - ئېجىللىق بىر - بىرىنى چۈشىنىشتىن كەلگەن.

**ئېچىتقۇ** ئى <خىم> زەمبۇرۇغلارنىڭ بىر خىلى. سارغۇچ رەڭلىك، يۇمىلاق ياكى تۇخۇم شەكىللىك. كېلىپتىكا يادروسى، سۇلۇق پۇۋەكچە قاتارلىقلاردا بولىدۇ: ھاراقنىڭ ۋە خېمىرنىڭ ئېچىشى ئېچىتقۇنىڭ ئىشلىتىلىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان خىمىيەۋى ئۆزگىرىشتۇر.

**ئېچىتقۇلۇق** ① سۈپ. ئېچىتقۇ سېلىنغان، تەركىبىدە ئېچىتقۇ بولغان: ئۇيغۇرلاردا تاماقتا قوشۇپ ئېچىتقۇلۇق ئىچىملىكلەرنى ئىچىش ئادىتى تېخى ئومۇملاشمىغان. ② ئى. كۆچمە. قۇتراتقۇلۇق، ئوتقۇيرۇقلۇق: ھوي، بۇ يەردە ئېچىتقۇلۇق قىلىپ، خەققە جېدەل تېپىپ بەرمەي، ئۆز ئىشىڭنى قىلساڭ بولمامدۇ.

**ئېچىتقۇلۇق قىلماق** ئوتقۇيرۇقلۇق قىلماق، قۇتراتقۇلۇق قىلماق: — شۇ ئەمەسمۇ! توغرا دېدىڭىز! — دېدى نەيىم قوزىباش ئېچىتقۇلۇق قىلىپ.

**ئېچىتماق** ① «ئېچىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — مانا بۇ ئۆز قولۇم بىلەن ئۈزۈم زامان ئېچىتىپ ياسىغان شېرىن قوناق ھارىقى، — دېدى ئاسىم ماڭا بىر رومكا سۇنۇپ. ② قۇتراتماق، كۈشكۈرتمەك: ئۇ ئۇنى دەپ، بۇ بۇنى دەپ ئەركىننى قاتتىق ئېچىتماقتا.

**ئېچىتىش** ئى <بىيول> جانلىقلار ياكى تەندىن ئايرىلغان فېرمېنتلارنىڭ قەنتلەرنى پارچىلاپ، سۈت كىسلاتاسى ياكى ئىسپىرت ۋە كاربون (Ⅳ) ئوكسىد قاتارلىقلارنى ھاسىل قىلىش رولى.

**ئېچىتىلماق** «ئېچىتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: زالنىڭ بۇلۇڭلىرىدا ئاشلىق ئېچىتىلىدىغان غايەت زور ياغاچ تۇڭلار بار ئىدى.

**ئېچىرقاتماق** «ئېچىرقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار روزىنى نەچچە كۈن ئاچ قويۇپ ئېچىرقىتىۋەتكەن بولغاچقا، ئۇماچنى كۆرگەن روزى قىزىقلىقىغا قارىماي بىر سۈمۈرۈپلا قاچىنى بىكار قىلدى.

**ئېچىرقاشماق** «ئېچىرقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاچلىقتىن ئېچىرقىشىپ كەتكەن ھاشارچىلار يايلار ئېلىپ كەلگەن تاماقنى چايىنمايلا يۇتۇشقا باشلىدى.

**ئېچىرقىماق** پ. قورسىقى ھەددىدىن زىيادە ئېچىپ كەتمەك، ئاچ قالماق: مېھمانلار ھەددىدىن تاشقىرى ئېچىرقاپ كەتكەنمۇ، لېگەندىن باش كۆتۈرمەي پولۇ بىلەنلا ھەپىلەشمەكتە ئىدى.

**ئېچىشتۇرماق** «ئېچىشماق Ⅱ» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: زال ئىچىنى قاپلىغان تاماكىنىڭ ئاچچىق ئىسى دىماقلارنى ئېچىشتۇراتتى.

**ئېچىشماق** Ⅰ «ئاچماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۈچ ئوغۇل مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن دەرقەمتە تۇرۇشۇپ ساندۇقنى ئېچىشتىدە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنى كۆرۈپ ھەيرانۇ ھەس قېلىشتى.

**ئېچىشماق** Ⅱ پ ① يارىلانغان ياكى جاراھەتلەنگەن جاي مەلۇم بىر نەرسىنىڭ تەسىرىدىن كۆيۈپ ئاغرىماق: ئۇنىڭ ئوق تەگكەن يېرى ئېچىشىپ ئاغرىشقا باشلىدى. ② كۆچمە. دەرد - ئەلەم، روھىي ئازاب - ئوقۇبەت تارتماق: قىزىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ بەختىنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. ③ كۆچمە. چىدىماي قالماق: بىر تاۋاق ئالتۇنغا پادىشاھنىڭمۇ بىر يەرلىرى ئېچىشقانىكەن، ئارتۇقچە گەپ قىلماپتۇ.

**ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپمەك** ① كۈشكۈرتمەك، قۇتراتماق: ئېچىشقان يەرگە تۇز سېپىپ نېمە قىلىسەن، گەپ بىلەن ئەپلەشتۈرۈپ

قويغىنىمىز ياخشى. ② ئاچچىق، خاپىلىق، غەم ـ قايغۇ، دەرد ـ ئەلەمنى ئىچىمۇ ئىغىرلاتماق، كۆچەيتمەك: ئىچىشقان يەرگە تۇز سەپكەندەك، بۇ گەپ مەدىكارلارنىڭ سۆڭەك ـ سۆڭەكىدىن ئۆتتى.

**ئېچىق** ① ئى. ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ ئېتىزلارغا سۇ باشلايدىغان ئېغىزى: بىز ئېچىق ئېتىش ئۈچۈن قومۇرۇپ كۆتۈرگەن چىمنى ئىككى ـ ئۈچ ئادەم كۆتۈرەلمەيتتى. ② سۈپ. ئېچىلغان، ئېچىۋېتىلگەن، ئوچۇق.

**ئېچىقسىز** سۈپ. دىيال. كىيىمنى ئاۋايلاپ كىيمەيدىغان (ئاياللار ھەققىدە).

**ئېچىقلىق** سۈپ. ئېچىۋېتىلگەن، ئوچۇق: ئارقا دېرىزىدىكى پەردەنىڭ بىر پارچىسى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن، دېرىزە ئېچىقلىق تۇراتتى.

**ئېچىلدۇرماق** «ئېچىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېچىلدۇردۇق مەڭگۈ تۇزۇماس، چىن دوستلۇقنىڭ بىر جۈپ گۈلىنى. يېتىلمەكتە پەرزەنتلىرىمىز بىر ـ بىرىنىڭ تۇتۇپ قولىنى.

**ئېچىلدۇرۇشماق** «ئېچىلدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باغۋەنلەر خەلق باغچىسىدا خىلمۇ خىل گۈللەرنى تېرىپ، ئۇنى يېڭى تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ مۇددەتتىن بۇرۇن ئېچىلدۇرۇشقانىدى.

**ئېچىلدۇرۇلماق** «ئېچىلدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆرۈمچىنىڭ كوچىلىرىدىكى ھەرقايسى يول ئېغىزلىرىغا تاشتەكلەر تىزىلىپ، خىلمۇ خىل گۈللەر ئېچىلدۇرۇلغانىدى.

**ئېچىلما** ① سۈپ. ئېچىلغان، ئېچىلىدىغان: ئېچىلما بايلىقلار. ② ئى <گېئول> تاغ جىنسى، يەر قاتلاملىرى، كان تومۇرلىرى ۋە كان ياتقۇلىرىنىڭ يەر ئۈستىگە ئېچىلغان قىسمى. ئېچىلما كان ياتىقىسى مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىۋاستە كۆرسەتكۈچىسىدۇر.

**ئېچىلماق** ① «ئاچماق I » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىشىك ئېچىلىپ كىمدۇر بىرى كىرىپ كەلدى. ② غۇنچە ۋە پورەك گۈل كاسىسىدا يېيىلىپ ئاشكارا بولماق، كۆركەم ھالەتكە كەلمەك: گۈل سەھەردە ئېچىلار، خىيال كېچىدە (ماقال). ③ بۇلۇتلار تاراپ ئاسمان ئېنىق كۆرۈنمەك: ھاۋا ئېچىلدى. ④ خاپىلىقى، قەھرى ـ غەزىپى يوقالماق، كەيپىياتى يۇقىرى ئۆرلىمەك: رەنا ئارسلاننى كۆرۈپ بىردىن چىرايى ئېچىلىپ، خۇشاللىقىدىن سەكرىگىنىچە كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى. ⑤ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇلماق، تېخىمۇ گۈزەل، كۆركەم بولماق، ياراشماق: بۇنى كىيىۋىدىڭ، چىرايىڭ تېخىمۇ ئېچىلىپ كەتتى.

**ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ** كەڭتاشا، ئازادە، قورۇنماي؛ ئوچۇق ـ يورۇق: قېنى پەلتويۇڭلارنى سېلىپ، ئېچىلىپ-يېيىلىپ ئولتۇرۇڭلار.

**ئېچىماق** پ. ئورگانىك ماددىلار مىكرو ئورگانىزملار تەسىرىدە پارچىلىنىپ ئۆزگەرمەك؛ سېسىماق، بۇزۇلماق: خېمىر ئېچىماق. * ئۆيگە كىرىشىم بىلەنلا ئېچىغان تاماقنىڭ سېسىق ھىدى بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى.

**ئېچىنارلىق** سۈپ. كىشىنىڭ رەھىمىنى كەلتۈرىدىغان، ئادەمنى ئېچىندۇرىدىغان، ئېچىنىشلىق: ـــ ھەي! ... مۇشۇنداق ئېچىنارلىق ئاقىۋەتنىڭ بولۇشىنى زادىلا ئويلىماپتىمەن.

**ئېچىندۇرماق** «ئېچىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ بۇ ھالى كىشىنى ئېچىندۇراتتى.

**ئېچىندۇرۇشماق** «ئېچىندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئېچىنماق** پ. ئىچ ئاغرىتماق، كۆيۈنمەك، رەھىمى كەلمەك: قاسساپنىڭ ھالىغا ئېچىنغان خالايىق بۇ قانداق ئەھۋال؟! دەپ تەرەپ ـ تەرەپتىن ۋارقىراشتى.

**ئېچىنىشلىق** سۈپ. كىشىنىڭ رەھىمىنى كەلتۈرىدىغان، ئېچىندۇرىدىغان، ئېچىنارلىق: چولپاننىڭ ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغانىدى.

**ئېچىنىشماق** «ئېچىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ـــ ھەي، بىچارە قىز! ـــ دەپ ئېچىنىشتى ھېلىقى قىزلار.

**ئېچيۇرىدا** ئى [ر<لات] <زوئول> ← **ئېچيۇرىدا قۇرتى.**

**ئېچيۇرىدا قۇرتى** <زوئول> ئومۇرتقىسىز ھايۋانلارنىڭ بىر كىلاسى. تاق جىنسلىق، تېنى ئۇزۇن كاناي شەكلىدە، بوغۇمى يوق. ئاز بىر قىسمىنىڭ قىلچىقلىرى بولىدۇ. دېڭىز ئاستىدىكى پاتقاقلىقلاردا ياشايدۇ.

**ئېخ** ئىم. سۆيۈنۈش، زوقلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ئېخ! گۈزەل دۇنيا. * ئېخ بىپايان زېمىن.

**ئېخنوكوك** ئى [ر<گىرېك] <تېب> ئىت تاسمىسىمان مەددە قۇرتىنىڭ لىچىنكىلىرى تەرىپىدىن قوزغىتىلىدىغان پارازىت كېسەللىك. يېتىلگەن قۇرت ئىت ئۈچىيىدە ياشاپ، تۇخۇملىرى تەرەت بىلەن بىللە سىرتقا چىقىرىلىدۇ. قۇرت تۇخۇمى بىلەن بۇلغانغان يېمەكلىكلەر ئارقىلىق ئادەم ياكى ئۆي ھايۋانلىرى يۇقۇملىنىدۇ. قۇرت تۇخۇملىرى جىگەر ياكى ئۆپكىگە ئورۇنلىشىپ، جىگەرنى زورايتىدۇ، جىگەر دائىرىسى ئاغرىيدۇ ياكى يۆتىلىدۇ. ئادەتتە ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالاشقا توغرا كېلىدۇ.

**ئېدەر** ئى. تۇغقان ئايالنىڭ ئۆزىنى ئاسراپ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كېتىدىغان قىرىق كۈنلۈك پەرھىز ۋاقتى: ئېدەر تۇتماق. ئېدەر ۋاقتى.

**ئېدەر تۇتماق** تۇغقان ئايال سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگۈچە قىرىق كۈن پەرھىز تۇتماق.

**ئېدەر سالماق** بالا تۇغۇلغان ئۆيگە بەلگە ئۈچۈن ئىشىك بېشىغا قىزىل لاتا ئېسىپ قويماق.

**ئېدەر قىلماق** بالا تۇغۇلۇپ مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى، جامائەتنى چاقىرىپ ياغ پۇرىتىپ بالىغا سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىمەك.

**ئېدەر ۋاقتى** بالا تۇغۇلۇپ قىرىق كۈن بولغۇچە بولغان ۋاقىت.

**ئېدېس** ئى [ر<لات] <زوئول> ← **ئېدېس پاشىسى.**

**ئېدېس پاشىسى** <زوئول> پاشىنىڭ بىر خىلى. يېتىلگىنىنىڭ رەڭگى قارا ياكى قوڭۇر، پۇتىدا ئاق رەڭلىك يوللىرى بولىدۇ، قانىتىدا داغلىرى بولمايدۇ. توختىغاندا تېنى توختىغان جايدىكى تەكشىلىك بىلەن پاراللېل ھالەتكە كېلىدۇ. لىچىنكىسى ۋە قورچىقى دەرەخ كامارلىرى ۋە ئويمان جايلاردىكى يىغىلىپ قالغان سۇ كۆلچەكلىرىدە ياشايدۇ. تۇخۇمى سۇ ئاستىغا تارقاق ھالەتتە تىنىپ قالىدۇ. ئادەتتە ئۇ تارقىلىشچان B تىپلىق مېڭە ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ۋاستىچىسى ھېسابلىنىدۇ.

**ئېدىت** ئى [ئە] ھېساب، سان: ھازىر بوزلۇق ئىچىدە ئوسا قىلىنىۋاتقان يەرنىڭ ئېدىتى يوق.

**ئېدىتلاتماق** «ئېدىتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىدارە باشلىقى ئامبارچى ئارقىلىق يوقىغان مۈلۈكلەرنى ئېدىتلىتىپ كۆرۈۋىدى، توپتوغرا 20 مىڭ يۈەنلىك بولۇپ چىقتى.

**ئېدىتلاشماق** «ئېدىتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۆلگەن چېرىكلەرنى ئېدىتلىشىپ كۆرۈۋىدى، توپتوغرا ئۈچ مىڭ چىقتى.

**ئېدىتلانماق** «ئېدىتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قاچقان جىنايەتچىلەر ئېدىتلانغاندىن كېيىن ھەر قايسى يول بۆلەكلەرگە چارلاش ئەترىتى ئەۋەتىلدى.

**ئېدىتلىق** سۈپ. سان ـ سانىقى ئېلىنغان، ھېساب ـ كىتاب قىلىنغان: ئېدىتلىق ئىش بۇزۇلماس (ماقال). * چىرايىدىن سەمىـمىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان، كىشىگە كۈلۈپلا قارايدىغان بۇ يىگىت ئۈچ سائەت داۋاملاشقان زىيارەت داۋامىدا، ئىگىلىك تىكلەش جەريانىدىكى ئەگرى ـ توقايلىقلارنى ئېدىتلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

**ئېدىتلىماق** پ. ھېسابلىماق، سانىنى ئالماق: ھاكىم زىندانبېگى، پايلاقچى ۋە گۇندىپايلارنى ئېدىتلاپ چىقتى.

**ئېدىر** ئى. تەكشىلىككە نىسبەتەن ئېگىز يەر، تۆپىلىك؛ ئېگىزلىك: ئېلىمىزدە تاغلىق رايون، ئېدىرلىقلارنىڭ كۆلىمى كەڭ بولۇپ، مەملىكەت يەر مەيدانىنىڭ 60% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.

**ئېدىرتماق** پ. دىيال. تازىلىماق.

**ئېدىرغا** ئى. دىيال. كىچىك تاغ تىزمىلىرى.

**ئېدىرلىق** ئى. ئېدىر كۆپ شەكىللەنگەن، ئېدىر كۆپ جاي: تاك كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ تەپتىدە ئېدىرلىق قىزىپ كەتكەنىدى.

**ئېرا** ئى [ر<لات] <گېئول> خەلقئارا گېئولوگىيە يىلنامىـسىدىكى ئىككىنچى دەرىجىلىك گېئولوگىيەلىك دەۋر بىرلىكى.

**ئېراتىيوم** ئى [ر<لات] <گېئول> جانلىقلارنى تۈرگە ئايرىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى بىر دەرىجە بىرلىكى.

**ئېرەكەشمەك** پ. دىيال. قىرىشماق، قارشىلاشماق، تاكاللاشماق.

**ئېرەكتە** ئى. دىيال. ئەر.

**ئېرەم** ئى [ئە] چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىدىغان گۈزەل بىر باغنىڭ نامى: نە ئىمىش بوستان، ئېرەمدۇر بارچە شاد يايرايدىغان، شىرنىسى بالدەك ئۈزۈمنى ياغ كەبى چاينايدىغان.

**ئېرەن** I ئى. پەسەنت؛ نەزەر، ئېتىبار: ئېرەن قىلماسلىق. * نېمە قىل دەيسەن، ئۇمۇ تىرىك جان بولغاندىكىن، بىر ئىشنىڭ يولىنى قىلىۋاتىدىغاندۇ، ـــ دېدى ئەخمەتباي ئانچە ئېرەن قىلماي.

**ئېرەن** II ئى [ر] <بوت> ھامامېلىس چاتقىلى ئائىلىـسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۈچكە يېرىلغان بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گىرۋەكلىرىدە ھەرەـنىڭكىدەك چىشلىرى بولىدۇ، كۈز پەسلىدە قىزىل رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. گۈلى سارغۇچ قوڭۇر، مېۋىسى قاناتلىق مېۋە. دەرىخىدىن ئېلىنغان ماينى دورىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**ئېرەنسىز** سۈپ. پەسەنت قىلمايدىغان؛ نەزەرگە، ئېتىبارغا ئالمايدىغان: شەمشىدىن بۇ سۆزلەرنى ئېرەنسىز ئۆتكۈزۈۋەتتى.

**ئېرەنسىزلىك** ئى. پەسەنت قىلماسلىق، نەزەرگە، ئېتىبارغا ئالماسلىق: ھەيدەر چاقىرىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلاپ ئېرەنسىزلىك بىلەن بېشىمنى ئاستا كۆتۈردۈم.

**ئېرەنشىمەك** پ. كۆڭۈل بۆلمەك، پەسەنت قىلماق: ئۇ بۇ ئىشلارغا ئانچە ئېرەنشىپ كەتمىدى.

**ئېرەنلىك** ئى. ئېرەن كۆپ ئۆسكەن جاي: ئەمەنلىكتە ئەر ئۆلمەس، ئېرەنلىكتە ئات ئۆلمەس (ماقال).

**ئېربىي** ئى [ر<شۋېد] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Er ( Erbium ). بىر خىل سېرەك مېتال بولۇپ، كۈمۈشتەك پارقىرايدۇ، سۇنى پارچىلىيالايدۇ.

**ئېرپان** ئى [ئە] ① بىزت. كىشىلەرنىڭ ئالىي سەۋىيەسىنى، مەدەنىيىتىنى ئاشۇرۇشقا قارىتىلغان تەلىم ـ تەربىيە؛ مەرىـپەت، مائارىپ: ئىلىم ـ بىلىم مەنبەسى نۇرى ئېرپاندۇر كىتاب، تېخنىكىسىنىڭ خەزىنىسى كەڭرى ئىمكاندۇر كىتاب. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئېرتماق** پ. سۈرتكۈچ، لاتا، قەغەز قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن نەرسىلەرنى سۈرتۈپ تازىلىماق، سۈرتمەك: قول ئېرتماق. دېرىزە ئېرتماق. جوزا ئېرتماق.

**ئېرتىشماق** «ئېرتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۈگۈنكى سىنىپ تازىلىقىدا قىز ساۋاقداشلار دېرىزىلەرنى ئېرتىشتى، بىز ئەخلەت تۆكتۇق.

**ئېرتىلماق** «ئېرتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: جوزا ـ ئورۇندۇقلار پاكىز ئېرتىلگەنىدى.

**ئېرسال** ئى [ئە] بىزت. ئەۋەتىش، يوللاش: ئىشق باغىدىن بارار بۇ نامە ئېرسالىم ساڭا، شۇ بىلەن بولغاي ئاياتكىم نامۇئەمالىم ساڭا.

**ئېرىقشماق** پ. دىيال. قىرىشماق.

**ئېرسالنامە** ئى [ئە+پ] پالنامە، پال ھەققىدە يېزىلغان پۈتۈك: ئۇ تۇگۇنچەكنى ئېچىۋىدى، تومارچە قىلىپ قاتلانغان بىر پارچە ئېرسالنامە چىقتى.

**ئېرگ** مىق [ر<گىرېك] < فىز > سانتىمېتىر، گىرام، سېكۇنت سىستېمىسىدىكى ئىش بىلەن ئېنېرگىيەنىڭ بىرلىكى. بىر ئېرگ دېگىنىمىز بىر دىنا كۈچ جىسىمنى كۈچ يۆنىلىشىدە بىر سانتىمېتىر ئارىلىققا يۆتكىگەندە ئىشلىگەن ئىشقا تەڭ بولىدۇ.

**ئېروگلىف** ئى [ر<گىرېك] <تارىخ> قەدىمكى مىسىرـلىقلار ۋە بەزى خەلقلەر يېزىقىدا پۈتۈن بىر چۈشەنچە، ئىبارە، سۆز، بوغۇم ياكى تاۋۇشنى ئىپادىلىگەن، ھايۋان، ئادەم، ھەر خىل بۇيۇم ئەسۋاب ۋە شۇ قاتارلىقلار تەسۋىرىدىن ئىبارەت بولغان بەلگە.

**ئېروگلىفلىق** سۈپ. ئېروگلىفقا ئىگە: ئېروگلىفلىق يېزىق.

**ئېروگلىفلىق يېزىق** <تىل> نەرسىلەرنىڭ شەكلىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇقۇم ئۇقتۇرۇلىدىغان يېزىق. ئۇنىڭ ھەربىر خېتىنىڭ مۇقىم ئوقۇلۇشى بولىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا رەسىملىك يېزىققا ئوخشايدۇ.

**ئېرونىيە** [ر<گىرېك] <ئەد> ھەجۋىينىڭ ياكى ھەزىل، يۇمۇرنىڭ بىر خىل كۆرۈنۈشى، ئۇ يەنە ئۆز مەنىسىدىن كۆچۈرۈلگەن سۆزلەرنىڭمۇ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭدا سۆز، ئىبارە ئەكسىچە مەنىدە، يەنى قارىمۇقارشى ھالەتتە كېلىدۇ.

**ئېرۇر** پ. كونا. «بولار، بولىدۇ» دېگەن مەنىدىكى سۆز: تۇغۇلۇپ قويىنۇڭدا ئۆستۇم شىر يۈرەك ئوغلان بولۇپ، شۇ سەۋەب

قەلبىمدە پەخرىم، شادلىقىم فونتان ئېرۇر.

**ئېرىت** ئى [ ر<گىرېك ] < تېب > كۆزنىڭ رەڭدار پەردە-سى ياللۇغلىنىش كېسەللىكى.

**ئېرىترومىتسىن** ئى [ ر<لات ] < بىيول> ئانتىبىيوتىك دورىلارنىڭ بىر خىلى، يەنى ئاق ياكى سۇس سېرىق رەڭلىك كىرىستال. ئادەتتە ئۇ ئۇزۇمسىمان شارچە باكتېرىيە، بوغما تاياقچە باكتېرىيەسى، ئۆپكە ياللۇغى، قوش شارسىمان باكتې-رىيە قاتارلىقلارنىڭ يۇقۇملاندۇرۇشىغا قارىتا داۋالاش رولىنى ئوينايدۇ.

**ئېرىتكۈچ** ئى < خىم> باشقا خىل ماددىلارنى ئېرىتىدىغان سۇيۇقلۇق. مەسىلەن، سۇ بىر خىل ئېرىتكۈچ بولۇپ، قەنت، ئاش تۇزى قاتارلىق ماددىلارنى ئېرىتىپ ئېرىتمە ھاسىل قىلىدۇ.

**ئېرىتكۈچى** سۈپ. ئېرىتىش رولىنى ئوينايدىغان، ئېرىد-تىدىغان: ئېرىتكۈچى مەنبەلىك باكتېرىيە. ئېرىتكۈچى ۋىرۇس.

**ئېرىتمە** ئى< خىم > ماددىلارنىڭ سۇيۇقلۇقتا ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان تەكشى ھالەتتىكى ئارىلاشما. مەسىلەن، قەنت سۇدا ئېرىپ قەنت ئېرىتمىسىنى (قەنت سۈيىنى) ھاسىل قىلغىنىغا ئوخشاش. پەن-تېخنىكىدا ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ماددىلاردىن تەركىب تاپقان تەكشى ئارىلاشما كۆزدە تۇتۇ-لىدۇ.

**ئېرىتمەك** «ئېرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۇز ئېرىتمەك. مۇز ئېرىتمەك. * ياخشى گەپ تاشنى ئېرىتىدۇ (ماقال). * قىزنىڭ مەنىلىك سۆزلىرى ئۇنىڭ مۇزلاپ كەتكەن قەلبىنى ئېرىتە-ۋەتتى بولغاي، قىزغا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

**ئېرىتىلمەك** «ئېرىتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇزۇندىن بۇيان ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئاداۋەت مۇزى بۈگۈن ئاخىرى كۆپچىلىك تەرىپىدىن ئېرىتىلدى.

**ئېرىش** ئى <خىم> قاتتىق، سۇيۇق ۋە گاز ھالەتتىكى ماددا مولېكۇلالىرىنىڭ باشقا سۇيۇقلۇق ئىچىگە تەكشى تارقىلىشى. مەسىلەن، شېكەرنىڭ قاچىدىكى سۇنى شېكەر سۈيىگە ئۆزگەرتكىنىگە ئوخشاش.

**ئېرىش نۇقتىسى** <فىز> كىرىستال ماددىلارنىڭ ئېرىگەن چاغدىكى تېمپېراتۇرىسى. ئوخشاش بولمىغان كىرىستاللارنىڭ ئېرىش نۇقتىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، ۋولفرامنىڭ ئېرىش نۇقتىسى 3410℃، تۆمۈرنىڭ 1535℃، مۇزنىڭ 0℃.

**ئېرىشتۇرمەك** «ئېرىشمەك II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-جىسى: مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۇرمەك. غەلىبىگە ئېرىشتۇرمەك. * ئىرىشچانلىق كىشىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۇرىدۇ.

**ئېرىشتۇرۇشمەك** «ئېرىشتۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرد-جىسى: ماۋزېدۇڭ باشچىلىقىدىكى بىرىنچى ئەۋلاد رەھبەرلەر ئىنقىلابنى غەلىبىگە ئېرىشتۇرۇشتى.

**ئېرىشتۇرۇلمەك** «ئېرىشتۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرد-جىسى: نۇرغۇن قەھرىمان ئوغلانلارنىڭ قان تۆكۈپ قۇربان بېرىشى نەتىجىسىدە ئىنقىلاب ئاخىرى غەلىبىگە ئېرىشتۇرۇلدى.

**ئېرىشچان** سۈپ. ئاسان ئېرىيدىغان، ئاسان ئېرىش خۇسۇ-سىيىتىگە ئىگە بولغان: ئېرىشچان ماددا.

**ئېرىشچانلىق** ئى<خىم> ھەر خىل ماددىلارنىڭ ئېرىت-كۈچتە ئېرىش خۇسۇسىيىتى. ئەگەر ئۆي تېمپېراتۇرىسىدىكى يۈز گىرام سۇدا بىرەر ماددا ئون گىرامدىن ئارتۇقراق ئېرىسە، بۇنداق ماددا ئېرىشچان ماددا؛ بىر گىرامدىن كەمرەك ئېرىسە، تەستە ئېرىيدىغان ماددا؛ 0.01 گىرامدىن كەمرەك ئېرىسە، ئەمەلىي جەھەتتىن ئېرىمەيدىغان ماددا دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئېرىشمە** سۈپ. ئېرىشكەن ياكى ئېرىشىدىغان: ئېرىشمە ئىممۇنىتېت.

**ئېرىشمەك** I «ئېرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئېرىشىپ، ئارتۇق گەپ قىلماستىنلا كېتىپ قېلىشتى.

**ئېرىشمەك** II پ. بىر ئىشتا كۆزلىگەن نىشانغا يەتمەك، قولغا كەلتۈرمەك، ئىگە بولماق: ئىنقىلاب غەلىبىگە ئېرىشتى.

**ئېرىشىلمەك** «ئېرىشمەك II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مېنىڭ بۇ پىلانىم چوقۇم قوللاشقا ئېرىشىلىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

**ئېرىغ** ① سۈپ. ساپ، پاكىز، تازا: ئېرىغ مال. ② رەۋ. پۈتۈنلەي، ساپلا: ئېرىغ ئۇششاق باللار كەپتۇ.

**ئېرىغ مال** ئالتۇن-كۈمۈش قاتارلىق قىممەت باھالىق نەرسىلەر: ئۇ كېنىزەك قىز بەرگەن پۇل بىلەن ئېرىغ مالنى يانچۇقىغا سايپتۇ.

**ئېرىغداتماق** «ئېرىغدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-جىسى: مەن ئۇنىڭغا ئېغىلنى ئېرىغدىتىپ بولۇپ، تامنى سۇۋاتتىم.

**ئېرىغداشماق** «ئېرىغدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرد-جىسى: ئىككى ئايال ئۆگزىنى ئېرىغدىشىپ، ئەرلەرگە ئورۇن سېلىشقا باشلىدى.

**ئېرىغدالماق** «ئېرىغدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھويلا-ئارام پاكىز ئېرىغدالدى.

**ئېرىغدىماق** پ. تازىلىماق، پاكىزلىماق: قېرىنىنى ئېرىغداپ ئاندىن قازانغا سالدىم.

**ئېرىق** ئى. قول بىلەن قېزىلغان، ئۆستەڭدىن كىچىك سۇ يولى: ئېرىق چاپماق. * يوققا نېمە يوق؟ ئېرىقتىكى سۇمۇ يوق (ماقال). * ئېرىقتىكى سۇنىڭ قەدرى يوق (ماقال).

**ئېرىقچە** ئى. كىچىك ئېرىق: باغدىكى ئېرىقچىلاردا سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئاقماقتا ئىدى.

**ئېرىقشىماق** پ. دىيال. قېرىشماق، تاكاللاشماق.

**ئېرىق-ئۆستەڭ** ئېرىق ۋە ئۆستەڭ: بۇ يېزا ئېرىق-ئۆستەڭ ياقىلىرىغا جىرىم تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشتا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى.

**ئېرىك** ئى. ئاتىلىق جىنسى ئېلىپ تاشلانغان، ئەركەكلىك ئىقتىدارى يوقىتىلغان، پىچىۋېتىلگەن قوي.

**ئېرىگۈچى** ① سۈپ. ئېرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، ئېرىيد-دىغان: ئېرىگۈچى ماددا. ② ئى <خىم> ئېرىتكۈچتە، ئېرىگەن ماددا. مەسىلەن، ئاش تۇزى سۇدىكى ئېرىتمىسىدە ئېرىگۈچى بولىدۇ.

**ئېرىڭاي** ئى. دىيال. ئالتە بارماقلىق ئادەم.

**ئېرىمە** سۈپ. ئېرىيدىغان، سۇيۇق ھالەتكە ئايلىنىدىغان: ئېرىمە ئازگال. ئېرىمە جىرا. ئېرىمە غار.

**ئېرىمەك** پ ① قاتتىق ھالەتتىن سۇيۇق ھالەتكە ئايلانماق: كۈن كۆتۈرۈلگەنسېرى يەر-جاھان ئىسسىپ، قار-مۇزلار ئېرىشكە باشلىدى. ② كۆچمە. كۆڭلى يۇمشىماق، خاپىلىقى كۆتۈرۈلۈپ

كەتمەك، رەھىمدىل بولماق: ئۇ بىردىنلا ئىرىپ خۇشخۇي بولۇپ قالدى.

**ئىرىنچەك** ① سۈپ. ئىش خۇشىياقمايدىغان، ئىشقا خۇشى يوق؛ ھۇرۇن، ياللاۋ: ئىرىنچەك ئادەم. ② ئى. ئىش خۇشياقمايدىغان، ھۇرۇن ئادەم: ئىرىنچەكنىڭ ئەتىسى تۈگىمەس (ماقال).

**ئىرىنچەكلىك** ئى. ھۇرۇنلۇق، رايى بارماسلىق، ئىش خۇشياقماسلىق: پەزىلەت ئىرىنچەكلىك بىلەن كۆزنى ئېچىپ سىڭلىسىغا قارىدى.

**ئىرىنمەك** پ. ئىش خۇشياقماسلىق، قىلىشنى خالىماسلىق، ئىرىنچەكلىك، ياللاۋلىق قىلماق : مېڭىشقا ئىرىنسەڭ، كېيىن يۈگۈرىسەن (ماقال). * ئىرىنسەڭ ئىشىڭنى كىم قىلار، ئۇيالساڭ سۆزۈڭنى كىم قىلار (ماقال).

**ئىزىتقۇ** ① ئى <مېتېئور> ئاتموسفېرادىكى نۇرنىڭ سۇنۇشى تەسىرىدە شەكىللىنىدىغان بىر خىل تەبىئىي ھادىسە. بۇ ۋاقىتتا ھاۋا ياكى يىراق جايدىكى نەرسىلەرنىڭ ئەكسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ خىل ھادىسە كۆپىنچە يازدا دېڭىز بويىدىكى جايلار ياكى چۆللەردە پەيدا بولىدۇ. بۇرۇنقى كىشىلەر ئۇنى خاتا ھالدا جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ كىشىلەرنى ئازدۇرۇشى ئۈچۈن ئىشلەتكەن ھىيلىسى دەپ قاراپ كەلگەن. ② ئى. خۇراپىي چۈشەنچىدە كىشىلەرگە ئۇچرايدىغان جىن، ئالۋاستى: ئىزىتقۇغا ئۇچرىماق. ③ سۈپ. ئازدۇرىدىغان: سەن بۇ ئىزىتقۇ گەپلىرىڭ بىلەن مېنى ھەرگىزمۇ ئالدىيالمايسەن.

**ئىزىتقۇلۇق** ئى. ئازدۇرۇش ئىشى، پائالىيىتى: ئىزىتقۇلۇق قىلىشقا بولمايدۇ.

**ئىزىق** ئى <ئانات> ئېغىز بوشلۇقىنىڭ ئارقىسى ھەم ئىككى تەرىپىدە بولىدىغان چىش. ئۇنىڭ قالپىقىدا سۆڭەككە ئوخشاش بۆرتمىلىرى بولۇپ، يېمەكلىكلەرنى ئۇۋۇتىشقا ماسلاشقان. ئادەملەرنىڭ ئىزىق چىشى ئاستى ـ ئۈستى جاغدا ئالتىدىن بولىدۇ.

**ئىزىقتۇرغۇچى** ئى. كىشىلەرنى يولدىن ئازدۇرىدىغان كىشى: دەل شۇ چاغدا ئىزىقتۇرغۇچى شەيتان پەيدا بولۇپ، ئۇنى دەيدەيگە سېلىشقا باشلىدى.

**ئىزىقتۇرماق** «ئىزىقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ دۈشمەننى بىر ئامال قىلىپ ئىزىقتۇرۇپ دەريادىن ئۆتۈۋالماقچى بولدى.

**ئىزىقماق** پ ① ئۆز نىشانىنى پەرق ئېتەلمەي قالماق؛ ئازماق، ئاداشماق: بۇ يىگىتلەر تاغنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرىنى ئاڭقىرالماي ئىزىقىپ قالغانىدى. ② كۆچمە. يامان يولغا كىرىپ قالماق، ناتوغرا ئىشلارنى قىلىپ قويماق: ـــ بالا ئەمەسمۇ، ئىزىقىپتۇ، بۇندىن كېيىن تۈزەتسىلا بولدى، ـــ دېدى بوۋاي.

**ئىزىقىشماق** «ئىزىقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار تاغ ئىچىدە ئىزىقىشىپ يولنى تاپالماي قاپتۇ.

**ئىزىلەڭگۈ** سۈپ ① گەپنى سوزۇپ، ئىنجىقلاپ قىلىدىغان؛ مىس ـ مىس: مەخسۇت بەگ مۇنداق ئىزىلەڭگۈ سۆھبەتنى ياقتۇرمايتتى. ② ئىزىلىپ، لاغايلاپ يۈرىدىغان؛ بوشاڭ، ئەزمە، ھۇرۇن: ئىزىلەڭگۈنىڭ ئىشى ئاۋۇماس (ماقال).

**ئىزىلەڭگۈلۈك** ئى. بوشاڭلىق، ئەزمىلىك، ھۇرۇنلۇق: ئىزىلەڭگۈلۈك قىلماق. * ياشلار ئۆزىگە ئىزىلەڭگۈلۈك، قورقۇنچاقلىقنى دوست تۇتماي، تىرىشچان، تېتىك، قەيسەر بولۇشى كېرەك.

**ئىزىلدۇرمەك** «ئىزىلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىزىلگۈچى** ① ئى. باشقىلارنىڭ ئىزىشىگە، قۇل قىلىنىشىغا ئۇچرىغان كىشى. ② سۈپ. باشقىلار تەرىپىدىن ئىزىلگەن، قۇل قىلىنغان: ئىزىلگۈچى سىنىپ.

**ئىزىلمەك** ① «ئەزمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىزىلگەن شاپتۇللارنىڭ سۇلىرى غوپۇرنىڭ كىيىملىرىنى شالتاق قىلىۋەتكەنىدى. ② «ئەزمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇ دائىم ئىشى يوق ئادەمدەك ئىزىلىپ يۈرىدىغان بىرنېمە.

**ئىزىلىشمەك** «ئىزىلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يايلارنىڭ تاياق ـ توقماقلىرى ئاستىدا قاتتىق ئىزىلىشكەن ھاشارچىلار كىشەنلەنگەن پۇتلىرىنى سۆرىشىپ ئاران كېتىشىۋاتاتتى.

**ئىسەدەشمەك** «ئىسەدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: گۆدەك، بىر ـ بىرىدىن ئوماق بالىلارنىڭ ئىسەدەشكەن ھالەتلىرىنى كۆرۈپ ئىچىم ئېچىشقاندەك بولۇپ كەتتى.

**ئىسەدىمەك** پ. ئۆزىنى باسالماي ئىچى ـ ئىچىدىن يىغلىماق، ئۆپكىلىمەك: ئىسەدەپ يىغلىماق. * ئۇ بىرھازادىن كېيىن يىغىسىنى ئاران توختىتىپ ئىسەدەپ سۆزلەشكە باشلىدى.

**ئىسەكىمەك** پ. مۇگدەك ياكى چالا ئۇيقۇلۇق ھالەتتە تۇرۇپ، ئىختىيارسىزلا بىرنېمىلەرنى دەپ كەتمەك ياكى ئىسەدەپ كەتمەك.

**ئىسەلەنمەك** پ. دىيال. جىن چېپىلماق، جىن ـ شەيتانلارنىڭ چاپلىشىۋېلىشىغا دۇچار بولماق.

**ئىسەلىنىشمەك** پ. دىيال. جىن چاپلاشماق.

**ئىسەن** I ئى. ئاغرىق ـ سىلاقتىن تازا، سالامەت، ساق: ئۆي ئىچى، بالا ـ چاقىلىرى ئىسەندۇ؟

**ئىسەن** II ئى. كېلەر يىل، كېلىدىغان يىل: ئىسەندە قەشقەرگە بارىمىز.

**ئىسەنچىلىك** ئى. ئامانلىق، تىنچلىق: ئىسەنچىلىك بولسا، كېلەر يىلى جەنۇبىي شىنجاڭنى بىر ئايلىنىپ كېلىش نىيىتىم بار.

**ئىسەنگىرەتمەك** «ئىسەنگىرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئادىلجاننىڭ بۇ گېپى قادىر بوۋاينى ئىسەنگىرىتىپ قويدى.

**ئىسەنگىرەشمەك** «ئىسەنگىرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۇيۇقسىز زەربىدىن ئىسەنگىرىشىپ قېلىشقان دۈشمەنلەر قول كۆتۈرۈشۈپ تەسلىم بولۇشتى

**ئىسەنگىرىمەك** پ. ھودۇقماق، گاڭگىرىماق، ساراسىمىگە چۈشمەك، ئېسىنى يوقاتماق: ۋاڭ دارىن ئىسەنگىرەپ غال ـ غال تىترەپ كەتتى.

**ئىسەنلەشمەك** پ. ئىسەنلىك سورىماق، ھال ـ ئەھۋال سورىماق: ئۇلار باش لىڭشىتىپلا ئىسەنلەشتى.

**ئىسەنلىك** I ئى. ساق ـ سالامەتلىك، ئامانلىق؛ تىنچلىق، ئاسايىشلىق، بەختەرلىك: ـــ ئۆزلىرىمۇ ئوبدان تۇردىلىمۇ ئايىمخان؟ ـــ دەپ مومايدىن ئىسەنلىك سورىدى تاشمەت ئاكا.

**ئىسەنلىك** II سۈپ. كېلەر يىلى بولىدىغان، كېلەر يىلى قىلىنىدىغان: ئىسەنلىك ئىش. * گەرچە بۇ بىزگە تەقسىم قىلىنغان ئىسەنلىك ۋەزىپە بولسىمۇ، ئەمما ھازىردىن تارتىپ تەييارلىق قىلىشقا توغرا كېلەتتى.

**ئىسەنلىككە** رەۋ. كېلەر يىلى: ئاكامنىڭ توينى ئىسەنلىككە قىلىمىز.

**ئىسپېرانتو** ئى [ر<لات] دۇنيا تىلى، بۇ تىل پولشالىق ل.

ل. زامىنخوپ (1859 ــ 1917) تەرىپىدىن ئىختىرا قىلىنغان سۈنئىي تىل بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ دۇنياۋى ئالاقىسىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن.

**ئېستېتىزم** ئى [ر] ① گۈزەللىكنى سۆيۈش، گۈزەللىككە ئىنتىلىش. ② گۈزەللىكنى، ئېستېكىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇش، گۈزەللىككىلا چوقۇنۇش؛ گۈزەللىك ھەممىدىن مۇھىم دەيدىغان قاراش.

**ئېستېتىكا** ئى [ر<گىرېك] <گ سەن> تەبىئەت دۇنياسى، جەمئىيەت ۋە سەنئەت ساھەسىدىكى گۈزەللىكنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇ ئاساسلىقى گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى، سەنئەت بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتى، سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ.

**ئېستېتىكلىق** سۈپ. ئېستېتىكىغا ئائىت، ئېستېتىكىغا خاس: ئېستېتىكىلىق كۆزقاراش.

**ئېستېر** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ بىر تۈرى. تۆۋەن دەرىجىلىك ئېستېرلار خۇش پۇراق، ئۇچۇشچان سۇيۇقلۇق؛ يۇقىرى دەرىجىلىك ئېستېرلار موم ھالەتتىكى قاتتىق ماددا ياكى ئىنتايىن يېپىشقاق سۇيۇقلۇقتۇر. ئادەتتە ئۇ ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋان مايلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

**ئېستېرلىماق** پ <خىم> ئالكوللار بىلەن كىسلاتالارنى ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە تەسىرىنى ئۆتكۈزۈپ ئېستېر ھاسىل قىلماق.

**ئېسكۇدو** ئى. پېشىل تۇمشۇقنىڭ پۇل بىرلىكى.

**ئېسكۇلۇس** ئى [ر<لات] <بوت> ئېسكۇلۇس ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. ئۇ مەشھۇر مەنزىرە ئۆسۈملۈكى بولۇپ، ياغىچى سارغۇچ ئاق، يوللىرى زىچ كېلىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭدىن نەپىس ئۆي جاھازلىرى ياسىلىدۇ.

**ئېسىركىمەك** پ. ئاسىرىماق، ئاۋايلىماق.

**ئېسكىموس** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئاساسەن گىرېنلاندىيە، كانادا ۋە ئالياسكىدىن تارتىپ سىبىرىيەگىچە بولغان رايونلارغا ئولتۇراقلاشقان.

**ئېسكىموس تىلى** <تىل> ئېسكىموسلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل قەدىمكى ئاسىيا تىللىرى سىستېمىسىنىڭ ئېسكىموس ئالېئوت تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ. گىرېنلاندىيە، كانادا ۋە ئالياسكىدىن تارتىپ تاكى سىبىرىيەگىچە بولغان رايونلاردىكى ئېسكىموسلار ئارىسىدا قوللىنىلىدۇ.

**ئېسىشماق** «ئاسماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئوچۇق دەرۋازىدىن بويۇنلىرىغا ئاپتوماتلىرىنى ئېسىشقان نادەم، باتىرغازى، ئىسھاقلار كىرىپ كەلدى.

**ئېسقلىق** سۈپ. ئېسىلغان، ئېسىپ قويۇلغان: ئۇ قوزۇقتا ئېسقلىق دورا سومكىسىغا قول ئۇزاتتى.

**ئېسكىمەك** I پ. دىيال. پۇرىماق

**ئېسكىمەك** II پ. دىيال. پۇشايمان قىلماق، ئەپسۇسلانماق.

**ئېسىل** سۈپ [ئە] ① سۈپەت جەھەتتە ئالاھىدە ياخشى، ئەڭ ئوبدان: ئېسىل بۇيۇم. ئېسىل مال. ② ياخشى خىسلەت ۋە پەزىلەتكە ئىگە بولغان، ئالىيجاناب: ئېسىل ئادەم. ئېسىل ئايال. * بۇ كىشى بەك ئېسىل ئادەم ئىكەن.

**ئېسىلدۇرماق** «ئېسىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: باخشى كېسەل كىشىنى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈغقا ئېسىلدۇرۇپ، قىبلىگە قارىتىپ يۈكۈندۈرۈپ قويغانىدى.

**ئېسىلزادە** ئى [ئە + پ] باي ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ پەرزەنتى ۋە شۇ تەبىقىدىن كېلىپ چىققان كىشى: بىزنىڭ ئۆيگە ئەزەلدىن ئۇنداق ئېسىلزادىلەر كېلىپ باقمايتتى.

**ئېسىلزادىلىك** ئى. ئېسىلزادىلەرگە خاس خۇسۇسىيەت، خاراكتېر: ئەنگلىيەدىكى سوتچىلار، كېيىنچە بەزى ئادۋوكاتلار سوتتا يالغان چاچ كىيىپ چىقىشقا باشلىغان. بۇ قائىدە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇنداق قىلىش ــ ئېسىلزادىلىك، مۇقەددەسلىك، سەلتەنەتلىكنىڭ سىمۋولىمىش.

**ئېسىللىق** سۈپ. سۈپەت جەھەتتە كىشىنى جەلپ قىلالايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە، ئەڭ ئوبدان، بەك نوچى: ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇش، قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىدىن كۆرگۈچىنى ھەۋەسلەندۈرگۈدەك بىرخىل ئۇلۇغۋارلىق، ئېسىللىق بالقىپ تۇراتتى.

**ئېسىلماق** ① «ئاسماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ دارغا ئېسىلدى. * يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن قازان ئېسىلىدۇ. ② «ئاسماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە، مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپتۇ (ماقال). * مەن شاخ ـ شۇمبىلارغا ئېسىلىپ ئۆگزىگە چىقتىم.

**ئېسىلىشماق** «ئېسىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار دادىسىغا ئېسىلىشتى.

**ئېشەك** ئى ① <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. شەكلى ئاتقا ئوخشايدۇ، ئەمما ئاتتىن كىچىكرەك. بېشى يوغان، قۇلىقى ئۇزۇن، پاچاقلىرى ئىنچىكە، مەيدىسى تارراق، قۇيرۇقىدا تۈكلىرى بولىدۇ. ئادەتتە مىنىش، يۈك توشۇش قاتارلىق مەقسەتلەر ئۈچۈن ئۆيدە بېقىلىدۇ: ياۋا ئېشەك. ئېشەك ھارۋىسى. ② كۆچمە. ھايانى بىلمەيدىغان ئادەم (بىھايا كىشىلەر ھەققىدە): بوۋاي دەرغەزەپكە كېلىپ: ــ ھۇ ئېشەك، چىق ئۆيدىن! ــ دېگىنىچە ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. ③ مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ ئېشەككە ئارتىلىدىغان يۈكنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: ــ لېكىن تاغ تېشىشتىن ئىش چىقارمىسا، 50 ئېشەك ئوتۇن پۇلىغا زىيان ـ دە، زىيان، ــ دەپ گېپىنى تۈگەتتى ئۇ.

**ئېشەك بېشى تۇتمىغان** ئىش كۆرمىگەن، ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيدىغان: ــ نېمە بولدۇڭ؟ ئېشەك بېشى تۇتمىغاندەك ئىش قىلىسەنغۇ؟ شۇنچىلىك ئىشنىمۇ قاملاشتۇرالماي، ــ دەپ سۆزلەپ كەتتى دادام.

**ئېشەك سىزىپ، مۈڭگۈز چىقىرىپ قويماق** ئەمەلىيەتكە سىغمايدىغان، قاملاشمىغان، غەلىتە ئىش قىلماق: ئىش دېگەننى جايىدا قىلسا بولىدۇ، ئېشەك سىزىپ، مۈڭگۈز چىقىرىپ قويسا بولامدۇ؟

**ئېشەك قۇلاق** گەپ ئاڭلىمايدىغان، كەپسىز: نەگە كەتتى ھېلىقى ئېشەك قۇلاق.

**ئېشەك قۇلان** <زوئول> قۇلاننىڭ بىر خىلى. شەكلى قېچىرغا بەك ئوخشايدۇ. بويى پاكار، رەڭگى ئاق ئالا، سارغۇچ ئالا، سۇر، سېرىق بولىدۇ.

**ئېشەك قېچىرى** <زوئول> ئايغىر بىلەن مادا ئېشەكنى چېتىشتۇرۇشتىن بولغان قېچىر.

**ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا راۋاب چالماق** كىشىلەرگە ئۇلار چۈشەنمەيدىغان، مۇناسىۋەتسىز گەپلەرنى قىلماق: ئۇنىڭغا بۇ گەپنى قىلىش خۇددى ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا راۋاب چالغاندەك بىر ئىش.

**ئېشەك ھاڭرىغان، داپ داراڭلىغان يەردە يۈرمەك** ئۆزى خالىغان يەردە يۈرمەك: نەچچە يىل ئېشەك ھاڭرىغان، داپ داراڭلىغان يەردە يۈرۈپ، ئالاھازەل بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە تاپا ـ تەنىسىنى بىزگە قىلامدىكەن.

**ئېشەك ئۇچىسى** تامنىڭ ئۈستىگە بېلىق سىرتى قىلىپ چىقىرىلغان شەكىل.

**ئېشكى بەش تەڭگە، توقۇمى ئون تەڭگە بولماق** ئېرىشكەن نەرسىنىڭ قىممىتىدىن سەرپ قىلغان نەرسىنىڭ قىممىتى ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتمەك: قىزىق بولدى، ئېشكى بەش تەڭگە، توقۇمى ئون تەڭگە بولدى، بۇنداق بولۇشىنى بىلسەم ئالمايدىكەنمەن.

**ئېشكى تۆت چىشلىق بولماق** ئىشى ئوڭدىن كەلمەك، تەلەيى كەلمەك: ئۇ گەپتە ئۇتتۇۋېلىپ، ئېشكى تۆت چىشلىق بولۇپ، خۇشال بولۇپ كەتتى.

**ئېشكى ئۈچ تەڭگە، توقۇمى بەش تەڭگە بولماق** → **ئېشكى بەش تەڭگە، توقۇمى ئون تەڭگە بولماق.**

**ئېشكىنى بېقىپ، تېزىكىنى تەرمەك** ئۆزىگە لايىق ئىش قىلماق: ئۇ نېمىلەر بۇنداق باغقا خوجايىنلىق قىلغۇچە ئېشكىنى بېقىپ، تېزىكىنى تېرىپ يۈرسۇن.

**ئېشەكچى** ئى. ئېشەك ئارقىلىق يۈك توشۇيدىغان كىشى: تۇرسۇن بىردەمدىلا ئۈچ ئېشەكچىنى تېپىپ كەلدى. ھېكمەت ھەر بىر بالىغا ئۈچ كۈنلۈك تۇرمۇش ئۈچۈن ئون بەش يۈەن پۇل، بەش جىڭ ئاشلىق بېلىتى تارقىتىپ بەردى.

**ئېشەكچىلىك** ئى. ئېشەك بىلەن يۈك توشۇش ئىشى: ئۇنىڭ دادىسى دېھقانچىلىقتىن بوشىغان ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ئېشەكچىلىك قىلىپ ئائىلىسىنى قامدايتتى.

**ئېشەكقومۇشى** ئى [ئېشەك + قومۇش + ى] <بوت> مۆرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، كونا يىلتىزلىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يۇمران يوپۇرمىقى ۋە گۆشلۈك يىلتىزىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

**ئېشەكقۇرتى** ئى [ئېشەك + قۇرت + ى] <زوئول> بىر خىل ھاشارات. تېنى ئېللىپىس شەكلىدە، كۈل رەڭ كېلىدۇ. 1 ـ سەزگۈ مۈڭگۈزچىسى قىسقا ھەم كىچىك، 2 ـ سەزگۈ مۈڭگۈزچىسى تەرەققىي قىلغان. مەيدە قىسمىدا يەتتە بوغۇمى بولۇپ، ھەربىر بوغۇمىنىڭ ئاخىرقى ئۇچى مۈڭگۈزدەك ئۇچلۇق كېلىدۇ. قورساق قىسمىدا ئالتە بوغۇمى بولىدۇ. ئاخىرقى بوغۇمى قۇيرۇق بوغۇمى بولۇپ، ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە كېلىدۇ. ئادەتتە ئۇ زەي، نەم جايلاردا ياشايدۇ.

**ئېشەكلىك** سۈپ ① ئېشىكى بار، ئېشىكى بولغان: شۇنداق قىلىپ، بىز بىر ئېشەكلىك بولۇپ قالدۇق. ② ئېشەك مىنگەن، ئېشەك مىنىپ، ئېشەك بىلەن: ئېشەكلىك ئادەم. // ئۇلار يۇقىرى تەرەپتىن ئاتلىق، ئېشەكلىك كېلىۋاتقان بىر توپ كىشىلەرنى كۆردى.

**ئېشەكمەدىكى** ئى [ئېشەك + مەدەك + ى] <بوت> زەمبۇرۇغلارنىڭ بىر خىلى. قالپىقىنىڭ رەڭگى قىزغۇچ بولۇپ، يۈزىدە شىلىمشىق سۇيۇقلۇق بولىدۇ ۋە سېسىق پۇرايدۇ. ئۇنى ئىستېمال قىلغىلى بولمايدۇ.

**ئېشەكيېلىمى** ئى [ئېشەك + يېلىم + ى] <تېب> بىر خىل جۇڭيى دورىسى. ئېشەك تېرىسىنى سۇدا قاينىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئادەتتە قاننى تولۇقلاش دورىسى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئېشەكيېمى** ئى [ئېشەك + يەم + ى] <زوئول> چارۋىلارنىڭ زەھەرلىك ئوت ـ چۆپ ياكى دورىلارنى يەپ قويۇشى، بەزى ھاشاراتلارنىڭ چېقىشى، شۇنىڭدەك ئاشقازان ـ ئۈچەي ياللۇغى، قەۋزىيەت بولۇش نەتىجىسىدە زەھەرلىك ماددىلارنىڭ ئۈچەي ئارقىلىق شۈمۈرۈلۈپ قانغا ئۆتۈشى بىلەن تېرىنىڭ سەزگۈرلۈكىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن بولىدىغان بىر خىل تېرە كېسىلى.

**ئېشىپ ـ تېشىپ** ① مول، كۆپ ھالدا، نۇرغۇن: يەل ـ يېمىش دېگەن بىزدە ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرىدۇ. ② ھەممىسىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ، تۈزۈكرەك ئادەم تېپىلماي: ــ ئېشىپ ـ تېشىپ سەن بىلەن ماڭىمەنمۇ؟ ــ دېدى قىز ئۇنىڭغا زەردە قىلىپ.

**ئېشىقماق** پ. دىيال. تويماق.

**ئېشىكلىك** سۈپ. ئېشىلگەن، ئېشىپ قويۇلغان: يىپىڭ ئېشىكلىك بولسا، ئىشىڭ پۈتۈكلۈك (ماقال).

**ئېشىلمەك** «ئەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۈنۈگۈن ئېشىلگەن شۇنچە يىپ تۈگىدىمۇ؟

**ئېشىنچا** سۈپ. ئاشقان، ئوشۇق: ئېشىنچا مەھسۇلات. * ئۇلار بەزى ئەزالارنىڭ قاتناش قىيىنچىلىقىدىن ساتالماي قالغان ئېشىنچا ئاشلىقىنى ئەرزان باھادا سېتىۋاپتۇ.

**ئېشىندى** ① سۈپ. ئېشىپ قالغان، ئاشقان: ئېشىندى پايدا. ② ئى <س ئىق> مەلۇم مىقداردىكى نەرسىنىڭ بىر قىسمى چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن ئېشىپ قالغان قىسمى.

**ئېشىنماق** پ ① «ئاشماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: بۇ يىل چاي ـ تۈزنىڭ خىراجىتىدىن ئېشىنىپ، 60 كوي يىغىپتىمەن. ② «ئاشماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان تۇنجى يىلى ئىككى ـ ئۈچ تاغار ئاشلىق ئېشىندى.

**ئېغىر** ① سۈپ. ماسسىسى، ۋەزنى چوڭ: ئېغىر يۈك ئارتىلغان ئات ـ ئۇلاغلار چىغىر يولدا ئاران كېتىۋاتاتتى. ② سۈپ. كۆپ كۈچ، مېھنەت، بىلىم تەلەپ قىلىدىغان، قىيىن، تەس: ۋەزىپىسى ئېغىر. خىزمىتى ئېغىر. ③ سۈپ. كۆچمە. ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىدىغان، سالماق: ئوغلۇم ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، ئېغىر بول. ④ سۈپ. كۆچمە. يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشى مۇمكىن بولغان، خەۋپلىك، خەتەرلىك: جاراھىتى ئېغىر. * ئۇنىڭ كېسىلى بەك ئېغىر ئىكەن. ⑤ سۈپ. كۆچمە. كەچۈرگۈسىز، ئادەتتىن تاشقىرى: ــ سەن ئۆز گۇناھىڭنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ⑥ سۈپ. كۆچمە. كۈن كەچۈرۈش تەس بولغان، مۇشەققەتلىك، ئازابلىق: ئېغىر ئەھۋالدا قالماق. ⑦ سۈپ. كۆچمە. دەردلىك، ھەسرەتلىك: ئۇ يولغا چىقىپ ئېغىر بىر ئۇھ تارتتى. ⑧ سۈپ. كۆچمە. بەرداشلىق بېرىش تەس بولغان: ئېغىر ئەلەم. ئېغىر كۈلپەت. ⑨ سۈپ. كۆچمە. كۆپ، جىق، زور: بەرمەس قىزنىڭ

تويلۇقى ئېغىر (ماقال). *بۇ ئۆيلەر ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بوپتۇ. ⑩ سۆپ. كۆچمە. كۈچلۈك: بۇ ئەلدە ئىرقچىلىق ئېغىر بولغاچقا، «غەيرىي ئىرقتىن كېلىپ چىققان» دەپ بۇ ئائىلىنى بىرەر ئەر ئالمىغان. ⑪ سۆپ. كۆچمە. يېگىش قىيىن، تەس بولغان: — يوشۇرمىسىلا، جانابلىرى بۈگۈن ئېغىر بىر ھالەتتىن قېچىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىلا، — دېدى مۇسەپپا ھەزرەت كۈلۈپ تۇرۇپ.⑫ سۆپ. كۆچمە. ئاڭلىمايدىغان: قۇلىقى ئېغىر. ⑬ سۆپ. كۆچمە. قوبۇل قىلىش تەس بولغان: — دادا، كۆڭۈللىرىنى چۈشىنىمەن، بۇنداق قىلىش سىلىگە ئېغىر تۇيۇلىدۇ. * بۇ ئايرىلىشنىڭ ھەر ئىككىلىمىزگە قانچە-لىك ئېغىر تۇيۇلغانلىقى ئېسىمىزدە باردۇر. ⑭ سۆپ. كۆچمە. بەزى سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ بۇ سۆزلەر ئىپادىلىگەن ھالەت دەرىجىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى ئىپادىلەيدۇ: بۇ ئازغىنا پاراڭلى-شىشتىن كېيىن يەنە خېلى ئۇزۇنغىچە ئېغىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ⑮ سۆپ. كۆچمە. جاۋاب بېرىش قىيىن بولغان، قاتتىق: ئېغىر سىناق. ⑯ رەۋ. تەس، ئاران: ئۇ ئوغلىنىڭ كەينىدىن ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ، قەدەملىرىنى ئېغىر يۆتكەپ ئاستا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

**ئېغىر ئالماق** خاپا بولماق، ھار ئالماق؛ نومۇس دەپ بىلمەك: — ھاكى! — دېدى ئۇ بىرھازادىن كېيىن، — سەن قانچە تىللىساڭمۇ مەيلى، مەن ئېغىر ئالمايمەن.

**ئېغىر ئايىغىنى يەڭگىل قىلىپ** ھۇرۇنلۇق قىلماي، ئېرىنمەي: — گەپ شۇ، ئېغىر ئايىغىڭىزنى يەڭگىل قىلىپ مۇشۇ ئىشقا بىر مېڭىشىپ بېرىڭ، — دېدى تۇرئاخۇن يېلىنغاندەك قىلىپ.

**ئېغىر بويىنى يەڭگىل قىلىپ** ← **ئېغىر ئايىغىنى يەڭگىل قىلىپ**: — ئۇكام، ئېغىر بويىڭىزنى يېنىك قىلىپ، دىككىدە بېرىپ كەلسىڭىز، — دېدى ھامائاچام ماڭا.

**ئېغىر تەگمەك** قوپال-توڭ گەپ قىلماق: سەن ئۇنىڭغا ئېغىر تەگمەي سىلىق-سىپايە بول.

**ئېغىر چۈشمەك** قىممەت توختىماق، چىقىم جىق كەتمەك: بۇ توي بىزگە بەك ئېغىر چۈشتى.

**ئېغىر سانائەت** <س ئىق> خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغا ماددىي ئەشيا، تېخنىكا ئاساسىنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان سانائەت (يېنىك سانائەتنىڭ ئەكسى).

**ئېغىر كارۋان** مىجەزى ئېغىر؛ گەپ-سۆزدە، ئىش-ھەرد-كەتتە ئاستا: تازىمۇ ئېغىر كارۋان ئاداشكەن ئۇ.

**ئېغىر كەتمەك** قوپاللىق قىلماق، گەپ-سۆزدە سەل ئاشۇ-رۇۋەتمەك: — بولدى، ئۇنداق دېمەڭ، — ئايشەم دەرھال گۈلنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى، — بۇ گېپىڭىز ئېغىر كەتتى.

**ئېغىر كەلمەك** ① ماسسىسى، ۋەزنى چوڭ كەلمەك: قارىماققا كىچىك كۆرۈنگەندەك تۇرغان بىلەن جىڭدا تارتساڭ ئېغىر كېلىدۇ. ② ھار كەلمەك: قىزنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى ماڭا بىرئاز ئېغىر كەلدى. ③ تەس تۇيۇلماق: ئۇنىڭغا ئىش خېلىلا ئېغىر كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەپچىل چارىسىدىن بەكمۇ خۇشال بولۇپ، ئالدىراپ مەكتەپكە كەتتى. ④ ئارتۇقچە بولماق، زىيادە ئېغىر تۇيۇلماق: بۇ مەزگىلدە ھاۋا خېلىلا ئىسسىپ، پاختىلىق چاپانلار ئېغىر كېلەتتى.

**ئېغىر كۆرمەك** بىئەپ ھېس قىلماق؛ ئاۋارىچىلىك دەپ بىلمەك: ئۇ ماڭا بۇ گەپنى ئېيتىشنى ئېغىر كۆردى.

**ئېغىر ھىدروگېن** <خىم> تىرىتىينىڭ بۇرۇنقى نامى.

**ئېغىر ئۈستىخان** ① ئالدىرىماي ھەرىكەت قىلىدىغان، بىرەر ئىشقا ئانچە ئالدىراپ كەتمەيدىغان ئادەم. ② دىيال. ھامىلىدار، ئىككى قات، بويىدا قالغان.

**ئېغىر ياتقۇ** كىشىلەر قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن ۋاقىت: ئېغىر ياتقۇ، پۈتۈن يېزا جىمجىتلىققا چۆمگەنىدى.

**ئېغىر-ئارتۇق** ئارتۇقچە: ئېغىر-ئارتۇق نەرسىلىرىڭنى تاشلا.

**ئېغىرئاياغ** سۆپ [ئېغىر + ئاياغ] ھامىلىدار، ئېغىربوي: ئېغىرئاياغ ئايال.

**ئېغىربوي** سۆپ [ئېغىر + بوي] ← **ئېغىرئاياغ.**

**ئېغىر-بېسىق** ئۆزىنى توختاتقان، سالماق، ئاسان چېچىلىپ كەتمەيدىغان: ئېغىر-بېسىق ئادەم. ئېغىر-بېسىق بولماق.

**ئېغىر-بېسىقلىق** ئېغىر-بېسىق بولۇش ھالىتى: بىنا بولغاندىن باشلاپلا قۇم-بوران بىلەن ئېلىشىپ كەلگەن بۇ مەھەللە ۋە ئائىلە مۇھىتى ئۇنىڭغا ئېغىر-بېسىقلىقنى بەخش ئەتتى.

**ئېغىرچىلىق** ئى. جاپا-مۇشەققەت، قىيىنچىلىق، مۇشكۈل-لۈك: تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقى.

**ئېغىرسىناق** پ. ئېغىر ھېس قىلماق، ئېغىر كەلمەك: مەن ئېغىرسىنغاندەك ئويلىنىپ قويدۇم ۋە: — ماقۇل، چۈشكەن يېرىم يىراق بولسىمۇ، بىر خەۋەر ئېلىپ ئۆتەرمەن، — دېدىم.

**ئېغىرسىنىشماق** «ئېغىرسىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئېغىرقات** سۆپ. دىيال. ئېغىرئاياغ.

**ئېغىرلاتماق** ① «ئېغىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② <قا> قانۇن بويىچە بېرىلگەن جازا ئۈستىدىن يەنە جازا بەرمەك: ئاياللارنى، بالىلارنى ئالداپ ساتقان جىنايەتچىلەر ئېغىر-لىتىپ جازالىنىشى كېرەك.

**ئېغىرلاشتۇرماق** «ئېغىرلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يولدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق چاڭ-توزان دىلبەرنىڭ قەدەم ئېلىشىنى خېلىلا ئېغىرلاشتۇرۇپ قويدى.

**ئېغىرلاشتۇرۇلماق** «ئېغىرلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەددىدىن زىيادە تاپشۇرۇق بېرىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىلمەسلىكى كېرەك.

**ئېغىرلاشماق** پ ① ماسسىسى، ۋەزنى ئاشماق: گۈركىرەپ تۇرغان شامالدا سۆگەتلەرنىڭ يامغۇردا ئېغىرلىشىپ كەتكەن شاخلىرى ساڭگىلىشىپ تۇراتتى. ② كۆچمە. قىيىنلاشماق، تەسلەشمەك: ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشى ئېغىرلاشتى. ③ كۆچمە. خەۋپلىك، خەتەرلىك بولۇپ قالماق، كۈچەيمەك، زورايماق: ئاغرىقى ئېغىرلاشماق. ئۇرۇش ئېغىرلاشتى.

**ئېغىرلىق** ئى. ئېغىر ئەھۋال، ئېغىر ھالەت: — ئۇنداق بولسا، ھەممە ئېغىرلىق ماڭىلا چۈشۈۋاتىدىغۇ؟ — دەپتۇ ھېلىقى بالا.

**ئېغىرلىق قىلماق** ① ئېغىر كەلمەك، ئېغىر تۇيۇلماق: بۇنچە نۇرغۇن يۈك ھارۋىغا ئېغىرلىق قىلىدۇ. بىر قىسمىنى ئىككىنچى نۆۋەت ئېلىپ بارسۇن. ② ئۆزىنى تۇتۇۋالماق، ئېغىر-بېسىق بولماق: بۇ ئىشتا ئۇلار بەكمۇ ئېغىرلىق قىلدى.

**ئېغىرلىماق** پ. ئېغىرلىقى ئاشماق، ئېغىرلاشماق: ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلاپ قالغان كۈنلەردە ماڭا ئوغلىغا ھەمدەم بولۇشنى تاپشۇرغانىدى.

**ئېغىرياتقۇ** ئى [ ئېغىر + ياتقۇ ] يېرىم كېچىدىن ئېشىپ،

ئادەملەر ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەن چاغ: ئۆلكىنىڭ جەنۇبىدا قىش پەسلى بۇنچە بالدۇر باشلانمايدىغان بولغاچقا، قۇياش كۆتۈرۈلۈشى بىلەنلا ھاۋا ـ جاھان ئىسسىپ، تاكى ئېغىر ياتقۇغىچە شىللە قورۇلمايتتى.

**ئېغىر ـ يېنىك** ① ئېغىر ۋە يېنىك. ② ئۇششاق ـ چۈششەك، ئادەتتىكى: ئېغىر ـ يېنىك ئىشلار.

**ئېغىز** ① ئى. ئاغىز: ئېغىز ئاچماق. ئېغىزىغا بىرنېمە سالماسلىق. ② مىق <بىن> ساناق سانلار بىلەن كېلىپ، ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ھەربىر خانىسىنى بىلدۈرىدۇ: ئۈچ ئېغىز ئۆي.

**ئېغىز ئاچماق** ① گەپ قىلماق، گەپ باشلىماق: بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، دادامدىن بۇرۇن ئانام ئېغىز ئاچتى. ② ئىپتارلىماق، ئىپتار قىلماق: ئىپتار ۋاقتى بوپتۇ، ئېغىز ئاچايلى.

**ئېغىز ئالماق** ① يارا ئۈچ چىقىرىپ تېشىلمەك، ئېچىلماق: ئۇنىڭ يارىسى ئېغىز ئالدى. ② يوشۇرۇن تۇرغان ئەھۋال ئاشكارىلانماق: بۇ ئىش ئاخىرى ئېغىز ئالدى.

**ئېغىز ئەدەبىياتى** <ئەد> ← **خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى.**

**ئېغىز بوشلۇقى** <ئانات> ھەزىم قىلىش يولىنىڭ باشلىنىش قىسمى. ئىچىدە چىش، تىل ۋە ئۈچ جۈپ چوڭ شۆلگەي بېزىنىڭ ئۆتكۈزگۈچى نەيچىلىرىنىڭ ئاغزى بولىدۇ.

**ئېغىز تامشىماق** تەمە قىلماق، قولغا چۈشۈرۈشنىڭ كويىدا بولماق: ئۇ چوكاننى ئۇندەككە كەلتۈرەلمەي، خۇددى چۆك ـ چۆك كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشىدەك ئېغىز تامشىپ پەرىشان بولاتتى.

**ئېغىز تەرجىمىسى** <تىل> ئېغىز ئارقىلىق تۇغرىدىن ـ تۇغرا قىلىنغان تەرجىمە. ئادەتتە ئۇ «يېزىق تەرجىمىسى» گە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ.

**ئېغىز تەگمەك** تېتىماق، يېمەك: گۆللۈك چەينەكتىن ئىسسىق چاي قۇيدى، بىز ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ ئولتۇرۇپ مەزەگە ئېغىز تەگدۇق.

**ئېغىز تىلى** <تىل> ← **جانلىق تىل.**

**ئېغىزدىلا قالماق** ئېغىزىدا دېيىلگەن بىلەن ھەل بولماي، ئەمەلىيلەشمەي قالماق: بولدى ئۇلارنى دېمەيلا قويۇڭ، مېنىڭ ئۇ ئىشىم ئېغىزدىلا قالدى.

**ئېغىزدىن تەگكەن** تۇغۇلۇشتىنلا شۇنداق ئۇششاق سۆز: — ھوي خەقلەر ئاۋۇ شۇمتەكنىڭ ئاغزىنى بېسىڭلار، ئېغىزىدىن تەگكەنگە قاراپ تۇرامسىلەر! — باينىڭ خوتۇنى چالۋاقاپ كەتتى.

**ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچمەك** كەڭ تارقالماق: بۇ رىۋايەت خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرىدۇ.

**ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق** ئەرزىمەس، تايىنى يوق: — قايتۇرۇپ بېرىمەن دەپ يۈرمەڭ، ئىشلىتىۋېرىڭ، ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق بىرنېمىلەر بۇ! — دېدى ئالىغاي خوتۇن.

**ئېغىزغا ئالغۇسىز** ئېيتىشقا، دېيىشكە ئۇيىلىدىغان: ئۇ ئارقىسىغا ئەگىشىۋالغان ئەرلەرنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ئېغىزغا ئالغۇسىز سەت گەپلىرىنى ئاڭلىدى.

**ئېغىزغا چىقماق** كىشىلەر ئارىسىغا تارقالماق، كىشىلەر ئارىسىدا دېيىلمەك: — يالغان گەپ ئەل ئېغىزىغا چىقامدۇ؟ — دېدى ئالىغاي خوتۇن.

**ئېغىز گارمونى** <مۇز> بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى. سىرتىدا ئىككى قۇر ئۇششاق تۆشۈكچىلىرى، ئىچىدە تۆچتىن ياسالغان نېپىز ياپراقچىسى بولۇپ، پۈۋلىگەندە يەل كۈچى بىلەن ئاۋاز چىقىرىدۇ.

**ئېغىزنى زايە قىلماق** گەپ يېمەيدىغان، ئۆز بېشىمچى ئادەملەرگە گەپ قىلىپ بىكاردىن ـ بىكار ئاۋارە بولماق: — بۇ خەق بىلەن جېدەللىشىپ ئېغىزىڭنى زايە قىلغۇچە ئۆز يولۇڭغا ماڭساڭ بولمامدۇ، — دېدى دادام ئاچچىقلاپ.

**ئېغىزنىڭ بىر قات تېرىسى سويۇلۇپ كەتمەك** بىر مەسىلە توغرۇلۇق بىركىمگە قايتا ـ قايتا سۆزلىمەك: — ۋاي ئۇكام، ساڭا تولا دەپ ئېغىزىمنىڭ بىر قات تېرىسى سويۇلۇپ كەتتىغۇ، نېمانداق قىلىسەن؟

**ئېغىزنىڭ پاشىنىسى يوق** ئېغىز دېگەندىن ھەممە گەپ چىقىدۇ، ئېغىزدىن چىقمايدىغان گەپ يوق: ئۇ « ئېغىز دېگەننىڭ پاشىنىسى يوق، ئەگەر بىرەر قاملاشمىغان سۆز ئاغزىمدىن چىقىپ كەتسە ياكى ئۇنىڭغا ياقمايدىغان سۆزلەرنى ئېيتىپ قويسام، بالاغا قالمايمەنمۇ» دەپ ئەندىشە قىپتۇ.

**ئېغىزنىڭ ئۇچىدا** چىن كۆڭلىدىن ئەمەس، مۇنداقلا: ئۇ ھەممەيلەن بىلەن ئېغىزنىڭ ئۇچىدىلا تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشتى.

**ئېغىزنىڭ يېلى** «دەپ قويسىلا بولۇپ كېتىدۇ، دەپ قويسىلا بېجىرىلىپ كېتىدۇ» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: — تۆت ئېغىز ياخشى گېپىمنى قىلىپ قويسىلا، سىلىدىن نېمە كېتىدۇ، ئېغىزلىرىنىڭ يېلى، — دەپتۇ موللامەتنىياز.

**ئېغىز ئۇششۇتمەك** يامان ئاقىۋەت كېلىدۇ دەپ قارىماق، ئېيتىشماق: — ھوي، ئېغىزلىرىنى ئۇششۇتۇپ، يەنە نېمە دەيلا، يەنە نېمە گەپ بار؟

**ئېغىزىدا تۇغۇۋالغان** ئەركە چوڭ بولغان، ئەتىۋارلىق: ئۇنىڭغا جىق گەپ قىلماڭلار، ئېغىزىدا تۇغۇۋالغان بالا ئۇ.

**ئېغىز ئىقرارى** <قا> سوت قىلىنغۇچىنىڭ دېلوغا ئالاقىدار ئىشلار ئۈستىدىكى ئاغزاكى بايانى.

**ئېغىز ئىمتىھانى** <مائار> ئىمتىھاننىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىمتىھان بەرگۈچى سوئاللارغا ئاغزاكى جاۋاب بېرىدۇ.

**ئېغىز ـ بۇرۇن** ئېغىز ۋە بۇرۇن: ئېغىز ـ بۇرۇن يالاشماق. ئېغىز ـ بۇرنىنى تۈپتۈز قىلىۋەتمەك.

**ئېغىز ـ بۇرۇن يالاشماق** بەك يېقىن بولۇشۇپ كەتمەك، يېقىنچىلىق قىلىشىپ كەتمەك: — ھازىر ئۇ بەگلەر بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ پۇقرالارنى باسىدىغان بولدى، — دېدى بوۋاي خورسىنىپ.

**ئېغىز ـ بۇرنىنى تۈپتۈز قىلىۋەتمەك** قاتتىق ئۇرۇپ باش ـ كۆزىنى يارا قىلىۋەتمەك: بۇرنى قاناپ كەتكەن ئالىغاي مۇشت ئېتىۋىدى، سادىق ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئېغىز ـ بۇرنىنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى.

**ئېغىزچە** سۈپ. ئېغىز ئارقىلىق بولىدىغان، ئاغزاكى: ئېغىزچە دوكلات. * دەرسخانىدا سورالغان سوئالغا ئېغىزچە جاۋاب بېرىش كېرەك.

**ئېغىزدۇرۇق** ئى. يۈگەننىڭ ئات ئېغىزىغا سېلىنىدىغان تۆمۈرى.

**ئېغىزلاندۇرماق** ① «ئېغىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② تۇغۇلغان بالىنى تازىلاپ ئاغزىغا بىرىنچى قېتىم يېمەكلىك سالماق: ئاخىرىدا گەپ پەرزەنتنى ئېغىزلاندۇرۇش ۋە ئىسمىنى نېمە دەپ قويۇشقا يۆتكەلدى.

**ئېغىزلاندۇرۇشماق** «ئېغىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئېغىزلاندۇرۇلماق** «ئېغىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل

دەربىجىسى: قىزىم توغۇلۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن قېيىن ئانام تەرىپىدىن ئېغىزلاندۇرۇلدى.

**ئېغىزلانماق** پ ① يېيىمەك ۋە ئىچىمەك: — قېنى، تاماقلاردىن ئېغىزلىنايلى، — دېدى ساھىبخانا. ② گەپ باشلىماق، گەپ قىلماق: — شۇنداق قىلىپ سالامەت قايتىپ كەلدىلە، — دېدى ئەھمەت قارىي ئۇزۇلۇپ قالغان گەپنى ئۇلاش ئۈچۈن ئېغىزلىنىپ.

**ئېغىزلىق** I سۈپ. بىر قانچە ئېغىزغا بۆلۈنگەن: ئىككى ئېغىزلىق ئۆي.

**ئېغىزلىق** II ئى. مال بوغۇزلايدىغان جاي.

**ئېغىزمان** ئى. ئوڭ مۆرە باشتىن سول مۆرە باشقىچە بولغان ئارىلىق، غول: ئېغىزمىنى ئاغرىماق. * ئات ـ ئېشەك ئورنىدا ھەيدەپ مېڭىلغان 1041 نەپەر خوتەنلىك تەندۇرۇس ئۇيغۇر مېھنەتكەشلىرى يۈك ئېغىر، يول يىراق، قورساق ئاچ، ئېغىزمان ئوچۇق، كەم ماغدۇر، سەپەر رەھمىسىز شارائىت ئاستىدا مەجبۇرىي يول يۈرمەكتە ئىدى.

**ئېغىشچان** سۈپ. ئاسان ئاغىدىغان، ئېغىپ كېتىدىغان، گېپىدە تۇرمايدىغان، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، مەيدانى تۇراقسىز، ئىرادىسىز، تۇتۇرۇقسىز، ئىككى يۈزلىمە: ئۇنىڭ دادىسى ھەممىگە تونۇلغان ئېغىشچان ئادەم بولۇپ، بىردەم ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلاشسا، بىردەم بۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىپ ئالدىنقىسىنىڭ غەيۋىتىنى قىلاتتى.

**ئېغىشچانلىق** ئى. ئاسان ئاغىدىغان، ئېغىپ كېتىدىغان، گېپىدە تۇرمايدىغان، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ھالەت ۋە شۇنداق خاراكتېر. مەيدانسىزلىق، ئىرادىسىزلىك، تۇتۇرۇقسىزلىق، ئىككى يۈزلىمىچىلىك: ئۇ يەنە نائەقىل خاھىش، مەنتىقە كەملىك، بىۋاستە نەزەر، ھېسسىياتچانلىق، سىمۋول ئېغىشچانلىقى قاتارلىق تەرەپلەردىن «ئومۇمغا ئېتىبار بىلەن قاراش خاھىشى»نى بايان قىلغان.

**ئېغىشماق** «ئاغماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار توغرا يولدىن ئېغىشتى.

**ئېغىل** ئى. ئات ـ ئېشەك، كالا قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنى باقىدىغان، سولايدىغان مەخسۇس ئۆي: باي بىر كۈنى ئېغىلنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا ئېشىكى ھاڭراپ قاپتۇ.

**ئېغىناتماق** «ئېغىنىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېشەكنى ئېغىناتماق. * ئۇ ئېشىكىنى ئېغىنىتىپ بولۇپ، يۈيۈپ ـ تارىۋېتىش ئۈيى بىلەن دەريا بويىغا ھەيدەپ ماڭدى.

**ئېغىناشماق** «ئېغىنىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىر توپ باللار دۆۋلەكلىك ساماندا ئېغىنىشىپ ئويناۋاتاتتى.

**ئېغىنىماق** پ. بىر ئۇيانغا، بىر بۇيانغا دومىلىماق، ئۆرۈلمەك: ئەركىن ھويلىسىدىكى كىگىز سېلىنغان سۇپىدا ئېغىناپ ياتاتتى.

**ئېفتالىت** ئى [ر] <ئېرق> ھونلارنىڭ بىر تارمىقى. 5 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرغان، كېيىن تۈركلەر تەرىپىدىن يوقىتىلىپ، قەبىلىلىرى تارقىتىۋېتىلگەن.

**ئېففۇزىيە** ئى [ر<لات] <فىز> تۆۋەن بېسىملىق گاز موليېكۇلالىرىنىڭ كىچىك تۆشۈكلەردىن قېچىپ چىقىش ھادىسىسى.

**ئېففېكت** ئى [ر<لات] <فىز> فىزىكىلىق ياكى خىمىيەلىك تەسىردىن ھاسىل بولغان ئۈنۈم. مەسىلەن، ئېلېكتىر ئېففېكتى، ئىسسىقلىق ئېففېكتى، خىمىيەلىك ئېففېكت قاتارلىقلار.

**ئېففېكتور** ئى [ر<لات] <بىيول> رېفلېكس يايىنىڭ ئاخىرقى ھالقىسى. مەركەزدىن چىققۇچى نېرۋىنىڭ ئىمپۇلسىنى قوبۇل قىلىپ ئالاھىدە ھەرىكەت پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن، قىسقىراش ياكى ئاجرىتىپ چىقىش قاتارلىقلار. مۇسكۇل توقۇلمىسى ۋە بەزلەر ئېففېكتورلاردۇر.

**ئېفېدرىن** ئى [ر<گىرېك] <خىم> بىر خىل دورا، يەنى ئورگانىك بىرىكمە. موليېكۇلا فورمۇلاسى $C_6H_5CHOH\cdot CH(CH_3)\cdot NH\cdot CH_3$. ئۇ چاكاندىدىن ئاجرىتىپ ئېلىنغان بىر خىل بىيولوگىيەلىك ئاساس بولۇپ، ئاق رەڭلىك كىرىستال ھالىتىدە كېلىدۇ. نېرۋا تۈگۈنىنى قوزغىتىش، نەپەس يولىنىڭ سىلىق مۇسكۇلىنى بوشىتىش، قان بېسىمىنى ئۆرلىتىش، ئاشقازان ۋە ئۈچەينىڭ قىمىلدىشىنى ئاجىزلىتىش قاتارلىق رولLارغا ئىگە. كىلىنىكىدا دەم سىقىلىش كېسىلى، بۇرۇن شىللىق پەردىسى ياللۇغى ۋە يەلتاشما قاتارلىقلارنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئېفىر** I ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ بىر تۈرى. بىر ئوكسىگېن ئاتومىنىڭ ئىككى ھىدرو ـ كاربون رادىكالىنى باغلاپ تۇرۇشىدىن ھاسىل بولىدۇ. كۆپچىلىكى سۇيۇقلۇق. مەسىلەن، ئېتىل ئېفىرغا ئوخشاش.

**ئېفىر** II ئى [ر<گىرېك] <فىز> بۇرۇن ئالەم بوشلۇقىدا مەۋجۇت بولىدۇ، دەپ پەرەز قىلىنغان، يورۇقلۇقنى تارقىتىدىغان بىر خىل ئېلاستىك مۇھىت. مىلادىيە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەيدان ھەققىدىكى تەتقىقاتلار، يورۇقلۇقنىڭ تارقىلىشى ۋە بارلىق ئۆزئارا تەسىرلەرنىڭ ئۆزىتىلىشى ھەر خىل مەيدانلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى پۈتۈنلەي مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئېفىر كونىراپ كەتكەن ئۇقۇم سۈپىتىدە قالدۇرۇلدى.

**ئېقتما** ئى. ئېقىپ كېلىپ يىغىلىپ قالغان نەرسىلەر.

**ئېقتماق** «ئاقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئۆستەڭگە سۇغا چىقىۋىدىم، چېلەكىمنى سۇ ئېقىتىپ كەتتى، — دېدى قىز.

**ئېقىتماي ـ تېمىتماي** بىرىنى قويماي، ھەممىسىنى، ئەينى بويىچە: ئۇ شۇ كېچىسىلا ئولتۇرۇشتا بولغان گەپ ـ سۆزلەرنى ئېقىتماي ـ تېمىتماي رازۋېدكا ئورگىنىغا يەتكۈزۈپ بولغانىدى.

**ئېقىش** «ئاقماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: ئېقىش جەريانى. ئېقىش سۈرئىتى. ئېقىش مۇساپىسى.

**ئېقىش تاپماق** يۈرۈشمەك، ئاقماق: ئوقىتى ئېقىش تاپماق. ئىشى ئېقىش تاپماق.

**ئېقىشچان** سۈپ. ئاقىدىغان، سۇيۇق ھالەتتىكى: ئېقىشچان جىسىم.

**ئېقىشچانلىق** ئى <فىز> ئېقىشچان ياكى سۇيۇلدۇرۇلغان جىسىمنىڭ ئۆز ئېغىرلىقى ياكى باشقا مېخانىكىلىق كۈچنىڭ تەسىرى بىلەن ئېقىش خۇسۇسىيىتى.

**ئېقىشماق** «ئاقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان بىر توپ خەلق خەلق مەيدانى تەرەپكە قاراپ ئېقىشتى.

**ئېقىم** ئى ① مەلۇم بىر تەرەپكە ئېقىۋاتقان سۇ، سۇيۇقلۇق،

زەررىچە، گاز ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر جەريانى: چوڭ ئېقىم. ئېلېكتىر ئېقىمى. تارماق ئېقىم. ئىسسىق ئېقىم. ھاۋا ئېقىمى. سوغۇق ئېقىم. ② شۇنداق جەريان يۆنەلگەن تەرەپ؛ يۆنىلىش: بىر كۈنى كېمە شاڭخەيدىن سۇنىڭ ئېقىمىغا قارشى مېڭىپ ۋۇخەنگە قاراپ يولغا چىقىش ئالدىدا تۇراتتى. ③ كۆچمە. ئىجتىمائىي پائالىيەت، ئىلىم ـ پەن، نەزەرىيە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ بىرەر ساھەسىدىكى يۆنىلىشى؛ قاراش: پىكىر ئېقىمى. ئېقىم مەسىلىلىرى. سىياسىي ئېقىم. ئېقىمغا قارشى تۇرماق.

**ئېقىم مەسىلىلىرى** يېقىنقى مەزگىلدىكى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەر.

**ئېقىمچان** سۈپ. ئاقىدىغان، ئېقىپلا تۇرىدىغان: ئۇ قىيانلىق دەريادەك ئېقىمچان ھەم كۆرۈنۈشكە باي بولۇپ، ۋاقىت ـ سائەتلىرىنى مىنۇتلاپ پارچىلىغاندا، ھەربىر مىنۇت تامامەن ئۆزگىچە مەنىۋى ھالەت بىلەن مەزمۇنلىنىدۇ.

**ئېقىمچانلىق** ئى. توختىماي ئېقىپلا تۇرىدىغان ھالەت: بۇ دەريانىڭ ئېقىمچانلىقىنىڭ تېزلىكىنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمنى بىرخىل سۈر باساتتى.

**ئېقىمسىز** سۈپ . ئېقىمى يوق : ئېقىمسىز رايون.

**ئېقىن** ① ئى <سۇ> ئېقىۋاتقان سۇ، سۇيۇقلۇق، ئېقىم: دەريا ئۆز ئېقىنىنى ئۆزگەرتتى. ② سۈپ. توختىماي ئېقىپ تۇرىدىغان، ئاقىدىغان، ئاقار: ئېقىن سۇ.

**ئېكە** ئى. چىشى ھايۋانلارنىڭ جىنسىي ئەزاسى، ماتكا.

**ئېكەك** ئى<ماشن> مېتاللارنى قىرىش (ئېكەكلەش) ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل قول سايمىنى ، يۈزىگە ئۈششاق بىس چىقىرىلغان بولۇپ، ياپىلاق، ئۈچ بۇلۇڭ، يۇمىلاق، چاسا قاتارلىق ھەرخىل شەكىللەردە بولىدۇ. چوڭ ـ كىچىكلىكىمۇ ئوخشىمايدۇ.

**ئېكەكلەتمەك** «ئېكەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: چۈشتىن بۇرۇن ھەسەن تۆمۈرچىنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ كەتمىنىمنىڭ بىسىنى ئېكەكلىتىپ كەلدىم.

**ئېكەكلەشمەك** «ئېكەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۆمۈرچىلىك كارخانىسىدىكى شاگىرت بالىلار ئۇستىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە يېڭىدىن سوقۇلغان قىڭراقلارنى ئېكەكلىشىۋاتاتتى.

**ئېكەكلەنمەك** «ئېكەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئېكەكلەنگەن ساپ ئالتۇننى تەڭ مىقداردىكى قەلەي بىلەن تاۋىدا قىزدۇرۇپ، ئۈستىگە مۇۋاپىق مىقداردىكى تۇز سۈيى قۇيىمىز.

**ئېكەكلىمەك** پ. ئېكەك سالماق؛ ئېكەك بىلەن ئۇپراتماق: دادام ئارىنى ئېكەكلەپ بولۇپ، ئېكەكلەش ئۈچۈن گۈرجەكنى قولىغا ئالدى.

**ئېكتوپلازما** ئى [ر<گىرېك] <زوئول> ئاددىي ھايۋانلار ھۈجەيرە ماددىسىنىڭ سىرتىدىكى سۈزۈك قىسمى. ئادەتتە ئۇ ئىچكى ماددىغا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ.

**ئېكران (ئېكرانى)** ئى [ر<فىران] <فىز> تەسۋىر چۈشۈرۈلىدىغان ۋە تۇرلۇك نۇرلىنىشلارنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ياكى ئۆزگەرتىپ بېرىدىغان قۇرۇلمىلارنىڭ ئورتاق نامى .

**ئېكرانچىلىق** ئى. ئېكرانغا ئېلىش، ئېكران ئىشلەش، ياساش، پىلانلاش ئىشى، كەسپى: شۇنداق قىلىپ، «مەمتىمىن ھوشۇر» دېگەن ئىسىم ھېكايە زوقمەنلىرى ئارىسىدا ۋە ئۇيغۇر ئېكرانچىلىقىدا بىر قىزىق نۇقتا بولۇپ قالدى.

**ئېكرانلىق** سۈپ. ئېكرانى بار، ئېكرانى بولغان: كەڭ ئېكرانلىق فىلىم.

**ئېكزوسفېرا** ئى [ر<گىرېك] <جۇغ> ئىيونوسفېرانىڭ يۇقىرىسىدىكى ئاتموسفېرا قاتلىمى.

**ئېكس** ئى [ر<گىرېك] ① گىرېك تىلى ئېلىپبەسىنىڭ يىگىرمە ئىككىنچى ھەرپى ( X )نىڭ نامى. ② <مات> نامەلۇم سانىنى ئىپادىلىگۈچى بەلگە ( X )نىڭ نامى.

**ئېكس نۇرى** <فىز> دولقۇن ئۇزۇنلۇقى ئىنتايىن قىسقا بولغان ئېلېكتىر ماگنىت دولقۇنى. ئۇ ئىنتايىن كۈچلۈك تېشىپ ئۆتۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، فوتو سۈرەت لېنتىسىغا يورۇقلۇق سەزدۇرىدۇ، بەزى ماددىلارنى يالتىراق نۇر چىقارغۇزىدۇ ھەمدە جىسىملارنى ئىيونلاشتۇرىدۇ. بەدەندىكى كىلېتكىلارغا نىسبەتەن قاتتىق بۇزغۇنچىلىق رولى بار. پەن ـ تېخنىكىدا ۋە تېببىي داۋالاشتا كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**ئېكسپرومت** ئى [ر<لات] <مۇز> ئىلھام بىلەن ئىشلەنگەن لىرىكىلىق چالغۇ ئاھاڭى. ئۇ مۇكەممەل تۈزۈلمە، ساپ شەكىل، يېقىملىق مېلودىيە، چوڭقۇر، تەسىرلىك لىرىكا بىلەن باشقا مۇزىكىلاردىن پەرقلىنىدۇ.

**ئېكسپورت** ئى [ر<ئىنگ] چەت ئەللەرگە مال ياكى كاپىتال چىقىرىش ئىشى، يەنى «ئىمپورت» نىڭ ئەكسى: ئېكسپورت قىلماق. ئېكسپورت تاۋار.

**ئېكسپوزىتسىيە** ئى [ر<لات] ① <ئەد> ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ سۇژېت باشلانغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى كىرىش قىسمى، يەنى ئەسەر قاتناشقۇچىلىرى خاراكتېرىنىڭ شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان ئىجتىمائىي مۇھىت، تۇرمۇش شارائىتى، ۋەقەلەر يۈز بەرگەن ۋە راۋاجلانغان تارىخىي شەرت ـ شارائىت قاتارلىقلارنىڭ تەسۋىرلىنىشى. ئېكسپوزىتسىيە شۇ ئەسەردىكى ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاستە تەسىر قىلالماسلىقى بىلەن سۇژېت تۈگۈنىدىن پەرق قىلىدۇ. ② <فىز> نۇر سەزگۈچى ماتېرىيالنىڭ نۇرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش جەريانى.

**ئېكسپېدىتسىيە** ئى [ر<لات] مەلۇم جاينىڭ يەر بايلىقى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارلىقلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان گېئولوگىيەلىك ياكى ئارخېئولوگىيەلىك چارلاش، تەكشۈرۈش ياكى بۇ مەقسەتلەر ئۈچۈن قىلىنىغان سەپەر.

**ئېكسپېدىتسىيەچى** ئى. ئېكسپېدىتسىيە قىلغۇچى كىشى: ئۇ ھەممىشە ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنى باشلاپ ئافرىقا ئورمانلىقىغا كىرىپ ئوۋ قىلاتتى.

**ئېكسپلاتاتسىيە** ئى [ر<فىران] <س ئىق> باشقىلارنىڭ ئەمگىكى ياكى مەھسۇلاتىنى ھەقسىز ئىگىلىۋېلىش. بۇ ئاساسلىقى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**ئېكسپلاتاتسىيەچى** ئى. ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان كىشى، ئەزگۈچى.

**ئېكسپلاتاتور** ئى [ر<فىران] <پەلس> ← **ئېكسپلاتاتسىيەچى**.

**ئېكستراكت** ئى [ر<لات] <خىم> ئېكستراكتلاش ئارقىـ

لىق ئايرىپ ئېلىنغان ماددا.

**ئېكستراكتلىماق** پ <خىم> ئارىلاشمىلارغا مەلۇم ئېرىتـ ـكۈچنى قوشۇش ئارقىلىق ئارىلاشمىلاردىكى ھەرقايسى تەركىبلەرنىڭ شۇ ئېرىتكۈچىدىكى ئېرىشچانلىقىنىڭ ھەر خىللىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى ئاجراتماق.

**ئېكسكاتور** ئى [ر<لات] <ماشىن> ھاۋا ئۆتكۈزمەس قاپقىقى بولغان قاچا. ئاستىدا قۇرۇتۇش سۈيۇقلۇقى بولىدۇ، ئادەتتە نەرسىلەرنى قۇرۇق ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئېكسكاۋاتور** ئى [ر<لات] <ماشىن> يەر كولاش، توپا قېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل مېخانىزم.

**ئېكسكۇرسىيە** ئى [ر<لات] مۇزېي، كۆرگەزمە، شەھەر ۋە گۈزەل جايلارنى كۆپچىلىك بىرلىكتە بېرىپ كۆرۈش، سەيلە ـ ساياھەت قىلىش: بىز سىنىپتىكى ساۋاقداشلار بىلەن دېھقانچىلىق مەيدانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق.

**ئېكسكۇرسىيەچى** ئى. ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچى كىشى: بۇ يەرگە كېلىدىغان ئېكسكۇرسىيەچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى.

**ئېكستون** ئى [ر<لات] <فىز> قاتتىق جىسىملاردىكى ئېلېمېنتار قوزغىلىدىغان كىۋازى زەررىچىلەر.

**ئېكلوگىت** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> ئاساسلىقى يېشىل رەڭلىك ئۇمفاتسىت بىلەن ھال كالتسىي تەركىبلىك، تۆمۈر ماگنىيلىق ئالىيۇمىن ئانارتاشتىن تەركىب تاپقان رايون دائىرىلىك ئۆزگەرگەن جىنس.

**ئېكلىپتىكا** ئى [ر<گىرېك] <ئاستر> قۇياشنىڭ بىر يىل ئىچىدە تۇرغۇن يۇلتۇزلار ئارىسىدا بېسىپ ئۆتكەن يولى، يەنى يەر شارىنىڭ قۇياشنى چۆرىدەپ ئايلىنىش ئوربىتىسىنىڭ تەكشىلىكى بىلەن ئاسمان شارى ئۆزئارا كېسىشكەندە ھاسىل بولغان چوڭ چەمبەر.

**ئېكلىپتىكلىق** سۈپ. ئېكلىپتىكىغا ئائىت، ئېكلىپتىكىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان: ئېكلىپتىكلىق كەڭلىك. ئېكلىپتىكلىق ئۇزۇنلۇق.

**ئېكولوگىيە** ئى [ر<گىرېك] <بىيول> ① جانلىقلار ئارىسىدىكى ۋە جانلىقلار بىلەن جانسىز مۇھىت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئېكولوگىيە جانلىقلار بايلىقىنى ئېچىپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش جەھەتتىكى ئاساسىي پەنلەرنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق، مېدىتسىنا قاتارلىقلار بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. ② جانلىقلارنىڭ تەبىئىي مۇھىتتىكى مورفولوگىيەلىك تۈزۈلۈشى، فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ياشاش خۇسۇسىيىتى: جانلىقلار ئېكولوگىيەسى.

**ئېكولوگىيەلىك** سۈپ. ئېكولوگىيەگە ئائىت، ئېكولوگىيەگە مۇناسىۋەتلىك: ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇق. ئېكولوگىيەلىك مۇھىت.

**ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇق** <بىيول> ئېكولوگىيەلىك سىستېمىدىكى ئورگانىزملار بىلەن مۇھىت شارائىتى ئارىسىدا ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەر ئارقىلىق ئۆزئارا تەسىر قىلىپ، ئۆز ئارا تىزگىنلەپ، ئەڭ ئاخىرىدا بىر مۇرەككەپ، بىر پۈتۈن گەۋدە شەكىللىنىدۇ. مانا بۇ ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقتۇر.

**ئېكونومايزېر** ئى [ر<ئىنگ] <فىز> ① پار قازانلىرىدا چىقىپ كېتىۋاتقان تۈتۈندىن پايدىلىنىپ سۇنى ياكى ھاۋانى ئىسسىتىش يولى بىلەن يېقىلغۇنى تېجەيدىغان قۇرۇلما. ② كاربيوراتورلاردا بېنزىننى تېجەيدىغان قىسىم.

**ئېكۋاتور** ئى [ر<لات] <جۇغ> يەر شارىنىڭ بېلىگە ئورالغان ھەمدە يەر شارىنىڭ جەنۇبىي قۇتۇپ بىلەن شىمالىي قۇتۇپىدىن تەڭ يىراقلىقتا ياتقان چەمبەر سىزىق. يەر شارى ئېكۋاتور تەكشىلىكى يەر مەركىزىدىن ئۆتۈپ، يەر ئوقىغا تىك بولىدۇ. يەر شارىنى جەنۇبىي يېرىم شار بىلەن شىمالىي يېرىم شاردىن ئىبارەت ئىككى يېرىم شارغا بۆلىدۇ. ئۇ يەنە كەڭلىك گىرادۇسلىرىغا بۆلۈشنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئېكۋاتورنىڭ كەڭلىك گىرادۇسى نۆل بولىدۇ. يەر شارى ئېكۋاتور تەكشىلىكى بىلەن ئاسمان شارىنىڭ ئۆزئارا كېسىشىشىدىن ھاسىل بولغان چوڭ چەمبەر ئاسمان ئېكۋاتورى دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئېكۋېلى** ئى. ئېكۋاتور گىۋىنېيەسىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**ئېكۋىۋالېنت** ئى [ر<لات] <خىم> ئېلېمېنتنىڭ بىر ئېغىرلىق قىسىم ھىدروگېن ياكى 8 ئېغىرلىق قىسىم ئوكسىگېن بىلەن بىرىكىشىدىغان ياكى ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان مىقدارى. ئېلېمېنتنىڭ ئاتوم ئېغىرلىقىنى ۋالېنتقا بۆلۈش ئارقىلىق ئېكۋىۋالېنتنى تېپىشقا بولىدۇ.

**ئېكىن** ئى. ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن تېرىلغان ھەر خىل زىرائەتـ ـلەر: دېھقانچىلىقتىكى ھەممە ئېكىنلەرگە بەرىكەت بېرىدىغىنى سۇ.

**ئېكىنچى** ئى. دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى، دېھقان: بەش ـ ئالتە ئېكىنچىلەر خان ئالدىغا يۇگۈرۈپ كېلىپ، ئېگىلگىنىچە خانغا تەزىم قىلىشتى.

**ئېكىنچىلىك** ئى. يەرگە زىرائەت تېرىش ئىشى، تېرىقچىلىق، دېھقانچىلىق: جەمئىيەتتىكى ئاددىي پۇقرالار تىنچ چاغلاردا چارۋىـ ـچىلىق، ئېكىنچىلىك ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى.

**ئېكىنزار** ئى. زىرائەت تېرىلغان يەر، ئېكىنلىك: ئىككى يېقى كۆز يەتكۈسىز ئېكىنزار، يازدا باقساڭ، يېشىل مەخمەل ياپقاندەك. تاۋلىنىدۇ ئۇپۇق سۆيگەن ئالتۇنزار، كۈزدە باقساڭ، زەر دېڭىزى ئاققاندەك.

**ئېكىنزارلىق** ئى. زىرائەت تېرىلغان، يەر، تېرىقچىلىق مەيدانى: ئارقىدىنلا قۇم يامغۇرى يېغىپ ئېكىنزارلىقلارنى، باغۇ بوستانلارنى كۆمۈشكە باشلاپتۇ.

**ئېكىنلىك** ئى. ئېكىن، زىرائەت تېرىلغان يەر، ئېكىنزار: يولنىڭ ئىككى تەرىپى كەڭرى كەتكەن ئېكىنلىك بولۇپ، ھەر خىل زىرائەتلەرنىڭ مەززىلىك پۇرىقى بۇرنۇڭغا گۇپۇلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

**ئېگەر** ئى. ئادەم ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئاساسەن ئاتقا توقۇلىـ ـدىغان ئالدى ۋە كەينى قېشى ئېگىز، ئوتتۇرىسى پەس جابدۇق. كۆپىنچە تېرە ۋە ياغاچتىن ياسىلىدۇ: ئات تاپقۇچە ئېگەر تاپ (ماقال).

**ئېگەرنىڭ ئارقا قېشىغا مىنمەك** ئىشنىڭ ئاخىرىغا ئۈلگۈر ـ مەك: سەنمۇ بوش كەلمىدىڭ، ھەرنېمە بولسا ئېگەرنىڭ ئارقا قېشىغا بولسىمۇ مىندىڭ.

**ئېگەر ـ توقۇم** ئېگەر ۋە توقۇم.

**ئېگەر ـ جابدۇق** ئېگەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جابدۇقلار: بۇ ئاتنىڭ ئۈستىدىكى ئېگەر ـ جابدۇقلىرىنىڭ ئۆزىلا مىڭ تىللالىق ئىكەن.

**ئېگەرچى** ئى ① ئېگەر ياسايدىغان كىشى. ② ئاقسۇ شەھەر- رىگە ۋە يەكەن ناھىيەسىگە قاراشلىق بىر يېزىنىڭ نامى.

**ئېگەرچىلىك** ئى. ئېگەر ياساش ئىشى.

**ئېگەرلەتمەك** «ئېگەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرى- جىسى: مەن بېرىپ تۆت - بەش ئاتنى ئېگەرلىتىپ كېلەي، ئۇنىڭغىچە سىلەر بۇ يەردە ئارام ئېلىپ تۇرۇڭلار.

**ئېگەرلەشمەك** «ئېگەرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرى- جىسى: ئۇلار ئالدىراپ ئاتلىرىنى ئېگەرلىشىۋاتاتتى.

**ئېگەرلەكلىك** سۈپ. ئېگەرلەنگەن، ئېگەر توقۇلغان: ناسىر ئات ئېغىلىدىن ئېگەرلەكلىك بورغۇلنى يېتىلەپ چىقتى.

**ئېگەرلەنمەك** «ئېگەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ ئېگەرلىنىپ بولغان ئېتىنى ھويلىغا قاراپ يېتىلەشكە باشلىدى.

**ئېگەرلىك** سۈپ. ئېگىرى بار، ئېگەرلەنگەن: ئۇ ئېگەرلىك ئاتنى يېتىلىۋالغانىدى.

**ئېگەرلىمەك** پ. ئات - ئۇلاغلارغا ئېگەر توقۇماق: ئەتىسى گۆشلىرىمىزنى خالتىلارغا تولدۇرۇپ، خېلى قوتازلارنى ئېگەرلىدۇق - تە، ئوتۇن ئەكېلىش ئۈچۈن بوران ئېغىزىغا قاراپ يولغا چىقتۇق.

**ئېگىچە** ئى. ھەدە، ئاچا: پادىشاھنىڭ كىچىك قىزى ئەتىسى ئەتە- گەنلىك چايغا ئاتا - ئانىسى ۋە ئېگىچىلىرىنى يەنە چاقىرىپتۇ.

**ئېگىچە - سىڭىل** ئېگىچە ۋە سىڭىل: بۇ ئېگىچە - سىڭىللار بىر قورساقتىن چۈشكەن بولسىمۇ، مىجەز - خاراكتېرىدە بىر - بىرىدىن پەرق قىلاتتى.

**ئېگىر** ئى <بوت> ① چايانئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. سۇ بويىدا ئۆسىدۇ، يەر ئاستىدا ئاچ قىزىل يىلتىزسىمان غولى بولىدۇ. يوپۇرمىقى شەمشەر شەكىللىك، گۈللۈك باشاقسىمان گۈل رېتىدە كېلى- دۇ. يىلتىزسىمان غولىنى پۇراقلىق ماتېرىيال قىلغىلى، جۇڭيىدا ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى دورا ئورنىدا ئىشلەتكىلى، سىرتتىن ئىشلىتىش ئارقىلىق چىش ئاغرىقى ۋە چىش تۈۋۋ- دىن قان چىقىش قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالىغىلى بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزسىمان غولى.

**ئېگىرتمەك** «ئېگىرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايشەم قوشنىسى ئارقىلىق گىلەمنىڭ يىپىنى ئېگىرتىپ كىرىپ، بىر - بىرلەپ يۆگەشكە باشلىدى.

**ئېگىرمەك** پ. پاختا، يۇڭ قاتارلىقلارنى سوزۇپ بۇراپ يىپ ھالىتىگە كەلتۈرمەك: كۈندۈزى ئېتىزدا ئىشلىدىم، كېچىسى يىپ ئېگىرىپ، دوپپا، كەشتە تىكىپ، پۇل تېپىپ بالىنى باقتىم.

**ئېگىرىشمەك** «ئېگىرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مومايلار يىپ ئېگىرىشكەچ قىزىق پاراڭغا چۈشۈشكەنىدى.

**ئېگىرىلمەك** «ئېگىرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قىز ھېچنېمىگە نەزەر سالماي، ئۆزىنىڭ ئۈچىنى ئېلىپ قارىسا، ئۈچلار چىرايلىق يىپ بولۇپ ئېگىرىلىپ قاپتۇ.

**ئېگىز** سۈپ ① بىرەر نۇقتا، جاي، تەكشىلىك قاتارلىقلارغا نىسبەتەن يۇقىرى: ئېگىز ئادەم. ئېگىز تاغ. ئېگىز تام. ② يۇقىرى، كۈچلۈك: ئېگىز ئاۋاز.

**ئېگىز شاخقا ئېسىلماق** قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولماي- دىغان نەرسىنى قولغا كەلتۈرمەن دەپ ئاۋارە بولماق: ئېگىز شاخقا ئېسىلىپ نېمە قىلىسىز، ئۆزىڭىزگە لايىق بىرنى تاپمامسىز؟

**ئېگىز ئوقۇردىن يەم يېمەك** ① يۇقىرىغا ئېسىلماق، ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتماق: ئۇنىڭ ئېگىز ئوقۇردىن يەم يېگۈسى كېلەرمىش، تۆۋەنگە قارىغۇچىلىكى يوق. ② باياشات ياشىماق: ئۇ خېنىم ئېگىز ئوقۇردىن يەم يەپ چوڭ بولغان، سەن بىلەن مېنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

**ئېگىز - پەس** ① ئېگىز ۋە پەس: ئېگىز - پەس تاغلار. ئېگىز - پەس يوللار. ② قالايمىقان: ئېگىز - پەس سۆزلىمەك.

**ئېگىز - پەسلىك** نامۇۋاپىقلىق، تەكشىسىزلىك؛ تۇراقسىز- لىق: ئەگەر بۇ نۇقتىنا مۇۋاپىق ھەل قىلىنمىسا، جازا يا يېنىك بولۇپ قالىدۇ، يا ئېغىر بولۇپ قالىدۇ، ياكى بولمىسا ئېگىز - پەسلىك كېلىپ چىقىدۇ.

**ئېگىزلەتمەك** «ئېگىزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرى- جىسى: — تامنى ئېگىزلىتىپ نېمە قىلىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

**ئېگىزلەشمەك** «ئېگىزلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرى- جىسى: بۇنداق چاغدا زەڭگەر ئاسمان تېخىمۇ سۈزۈلۈپ، ئادەتتىكىدىن ئېگىزلىشىپ كەتكەندەك تەسىر بېرەتتى.

**ئېگىزلەنمەك** «ئېگىزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرى- جىسى: ئۈرۈمچىدە خىزمەت بىنالىرى ئېگىزلىنىپ، 28 قەۋەتتىن ئاشقىلى تۇردى.

**ئېگىزلىك** ئى ① ئېگىز جاي، يەر، تۆپىلىك: پامىر ئېگىز- لىكى. * بۇ ئېگىزلىكنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىز ياسىغان يول بار ئىدى. ② يەر يۈزىدىن بوشلۇقتىكى مەلۇم نۇقتىغىچە بولغان ئارى- لىق: ئۈچۈش ئېگىزلىكى.

**ئېگىزلىمەك** پ. يۇقىرى كۆتۈرۈلمەك، ئۆرلىمەك؛ ئۆسمەك: ئايروپىلان بارغانچە ئېگىزلەپ ئۇچتى. * ئۇ ماڭا ئېگىزلەپ قالغاندەك كۆرۈندى.

**ئېگىشمەك** پ. «ئەگمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىر توپ ئەسكەرلەر قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، باشلىرىنى ئېگىشىپ تۇرۇشاتتى.

**ئېگىك** سۈپ. ئېگىلگەن، ئېگىلگەن ھالەتتىكى: توغرىقى توغراق ئەمەس، شاخى ئېگىك ئانار ئىكەن. يار بىلەن چۆللەرگە بارسام، چۆل ئەمەس، گۈلزار ئىكەن.

**ئېگىلەڭگۈ** سۈپ. سەل ئېگىلگەن ياكى ئاسان ئېگىلىدىغان: قوتازنىڭ پۇتى قىسقا، بېلى ئېگىلەڭگۈ كېلىدۇ.

**ئېگىلمەس** سۈپ. ئېگىلمەيدىغان: ماڭا قاراپ ئېگىلمەس باغدىكى قىزىل ئالما. مەن غېرىب بىچارىنى دوزاخ ئوتىغا سالما.

**ئېگىلمەس - سۇنماس** تىز پۈكمەيدىغان، باش ئەگمەيدىغان: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىپتىخارىنى، ئېگىلمەس - سۇنماس ئوغلانىنى داغدۇغا بىلەن قارشى ئېلىپ، بېشىدا كۆتۈرۈپ دېگۈدەك يۇرتقا ئەكېلىشتى.

**ئېگىلمەك** ① «ئەگمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئېشىك ئىلغۇچى ئېگىلگەنىدى. ② «ئەگمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: جارۇللا ئىمامنىڭ كېلىنى ھەلىمخان ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقىپ قېيىن ئانىسىغا ئېگىلىپ سالام بەردى.

**ئېگىلمەي - سۇنماي** تىز پۈكمەي، باش ئەگمەي: بىز قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ئاخىرغىچە ئېگىلمەي - سۇنماي كۆرەش قىلىمىز.

**ئېگىلىشچان** سۈپ. ئاسان ئېگىلىدىغان: ئېگىز - ئېگىز دەرەخلەر ئېگىلىشچان بولسا، قىزىل - يېشىل يوپۇرمىقى تۆكۈلۈشچان بولسا.

**ئېگىلىشچانلىق** ئى. ئېگىلىشچان خۇسۇسىيەت: ئېگىلىش- چانلىق ئۇنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى.

**ئېگىن** ئى. كىيىم، كىيىم - كېچەك: — سىز ئېگىنىڭىزنى

پېقىرغا بېرىپ، مېنىڭ ئېگىنلىرىمنى سىز كىيىڭ، ئاندىن قېيىققا چىقايلى، — دېدى ئۇ.

**ئېگىن - ئاياغ** كىيىم - كېچەك، كىيىم.

**ئېگەك** ئى <ئانات> يۈزنىڭ شۇنىڭدەك ئېغىزنىڭ ئاستىنقى قىسمى.

**ئېگەك قوشتۇرماق** ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئېگىكىنىڭ چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئېگەكنى باش بىلەن قوشۇپ تاڭماق: مۇردىنىڭ ئېگىكىنى قوۋۇشتۇرۇپ قويۇڭلار، بۇ مۇسۇلمانچىلىق.

**ئېگىكى چۈشمەك** جان چىققاندىن كېيىن ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئېگىكى ساڭگىلاپ ئاغزى ئېچىلىپ قالماق.

**ئېگىكى چۈشۈپ قالماق** ھەددىدىن زىيادە سۆزلىمەك: ئۇنىڭغا چۈشەندۇرۇپ ئېگىكىم چۈشۈپ قالاي، دېدى.

**ئېگىكىنى تىرەپ قالماق** ① غەم - قايغۇغا پاتماق، خىيالغا چۆممەك. ② ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالماق، قۇرۇق قول قالماق.

**ئېگەكلىك** سۈپ. ئېگىكى چوڭ، ئېگىكى يوغان: ئېگەكلىك ئادەم.

**ئېگىز** ئى. ئورۇۋېلىنغان زىرائەتنىڭ يەردە قالغان قىسمى: بۇغداي ئېگىزى. * يىراقتا بىرنەچچە تىراكتور ئېگىز ئاغدۇرۇۋاتاتتى.

**ئېگىز تېرىلغۇسى** بىر پارچە يەرنىڭ ئۆزىدىلا بىر يىلدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق تېرىپ يىغىۋېلىنىدىغان تېرىقچىلىق ئۇسۇلى.

**ئېگىزلىق** ئى. ئورۇۋېلىنغان زىرائەتنىڭ ئورنى: بىرنەچچە قىز - ئوغۇل ئېگىزلىقتا قويۇپ بەرگەن ماللىرىغا قارىغاچ قىرنىڭ ئۈستىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

**ئېگىش** ئى. قاتناش يولىدىكى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ياكى تۆۋەندىن يۇقىرىغا يۆنەلگەن يانتولۇق، داۋان.

**ئېگىشەڭگۈ** سۈپ. سەل ئېگىشكەن: ئېگىشەڭگۈ ئادەم. * ئابدۇرېھىم دورغا ئېلىشاڭغۇ، ساقال - بۇرۇتى كېلىشەڭگۈ، بەش مىڭ سەر كۈمۈش بەرسە، چىرىك سايان ئېگىشەڭگۈ.

**ئېگىشتۇرمەك** «ئېگىشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ يولدا ئولتۇردى - دە، غەمكىن بىر هالدا بېشىنى ئېگىشتۇرۇپ ئويلاندى.

**ئېگىشتۇرۇلمەك** «ئېگىشتۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىر توپ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى ئاممىنىڭ ئالدىدا ئېگىشتۇرۇلۇپ، تىزلاندۇرۇلدى.

**ئېگىشمە** سۈپ. ئېگىشكەن ياكى ئېگىشىدىغان: ئېگىشمە بۇلۇڭ.

**ئېگىشمەك** پ. بەدەننى ئالدىغا ئېگىپ باشنى تۆۋەن قىلماق، ئېگىلمەك: ئالدىغا ئېگىشمەك. * مۇختەر يەرگە ئېگىشكەندەك بولۇپ، ئوڭ پۇتى بىلەن جۇمەنىڭ پىچاق تۇتقان قولىغا قاتتىق بىرنى تەپتى.

**ئېلاستىك** سۈپ [ر<گىرېك] سىرتقى كۈچ تەسىر قىلغاندا ئېگىلىپ ياكى هالىتىنى ئۆزگەرتىپ، بۇ كۈچ يوقالغاندا ئەسلىي هالىتىگە قايتىدىغان. ئېگىلىشچان؛ ئەۋرىشىم؛ سوزۇلۇشچان: ئېلاستىك ماددا. ئېلاستىك تالا. ئېلاستىك ئاقسىل. ئېلاستىك توقۇلما.

**ئېلاستىكلىق** ئى . ئېلاستىك خۇسۇسىيەت، ئېلاستىك هالەت: بۇ ماشىنىنىڭ ئېلاستىكلىقى ياخشى ئىكەن، ئۇنىڭدا ئولتۇرۇپ يول يۈرسە سىلكىنمەي راھەت ھېس قىلىدىكەن.

**ئېلان** ئى [ئە] ① كۆپچىلىككە يەتكۈزۈش زۆرۈر بولغان خەۋەر؛ ئۇقتۇرۇش، جاكار: تېلېۋىزوردا كىيىم - كېچەك ئېلانى بېرىلدى. ② شۇنداق ئۇقتۇرۇش يېزىلغان قەغەز: كوچىلارغا چاپلانغان ئېلاندىن ئۇ قاتىلغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكىنى ئۇقتۇم.

**ئېلانچى** ئى. سەھنىدە ئورۇنلىنىدىغان نومۇرلارنى ئېلان قىلغۇچى كىشى: مەن زالغا كىرگەندە ئېلانچى نۇرئامىنەمنىڭ ناخشا ئېيتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

**ئېلانچىلىق** ئى. ئېلان تارقىتىش، يەتكۈزۈش ئىشى خىزمىتى: بۈگۈنكى سودا ئېلانچىلىقى ھەم ئۇنىڭدىكى ئەخلاقسىزلىقلار ئەمەلىيەتتە تامامەن پۇلنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلماقتا ئىدى.

**ئېللىپس** ئى [ر<گىرېك] <مات> تەكشىلىكتىكى بىر ھەرىكەتچان نۇقتا A دىن ئىككى قوزغالماس نۇقتا F ، $F^1$ غىچە بولغان ئارىلىقلارنىڭ يىغىندىسى بىر تۇراقلىق سانغا تەڭ بولغاندا، بۇ ھەرىكەتچان نۇقتىنىڭ تىرايېكتورىيەسى بىر ئېللىپس بولىدۇ. ئىككى قوزغالماس نۇقتا F ، $F^1$ ئېللىپسنىڭ فوكۇسلىرى دېيىلىدۇ.

**ئېللىپسلىق** سۈپ. ئېللىپسقا ئىگە، ئېللىپسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: ئېللىپسلىق پارابولائىد.

**ئېللىپسوگراف** ئى [ر<گىرېك] <مات> ئېللىپس سىزىشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئەسۋاب.

**ئېلۇنچۇن** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئېلىمىزنىڭ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى خۇلۇمبىرمىڭ رايونى ۋە خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىدە، چەت ئەللەردىن سىبىرىيەدە ياشايدۇ. ئوۋچىلىق ۋە قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

**ئېلۇنچۇنچە** ① سۈپ. ئېلۇنچۇنلەرنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: ئېلۇنچۇنچە كىيىم. ئېلۇنچۇنچە ئۇسسۇل. ② ئى. ئېلۇنچۇن تىلى. ③ رەۋ. ئېلۇنچۇن تىلىنى ئىشلىتىپ ، ئېلۇنچۇن تىلىدا: ئېلۇنچۇنچە سۆزلەشمەك.

**ئېلېكتىر** ئى [ر< گىرېك] < فىز >① زەرەتلەنگەن زەررىچىلەرنىڭ (ئېلېكترون، پىروتون ۋە باشقىلارنىڭ) ئۆزئارا تەسىرى ۋە ھەرىكىتى نەتىجىسىدە يۈز بەرگەن فىزىكىلىق ھادىسىلەر يىغىندىسى ۋە شۇ ھادىسىلەر تۈپەيلى بارلىققا كېلىدىغان ئېنېرگىيە تۇرلىرىدىن بىرى: مۇسبەت ئېلېكتىر. مەنپىي ئېلېكتىر. ئېلېكتىر توكى. ئېلېكتىر قۇۋۋىتى. ئېلېكتىر لامپىسى. ئېلېكتىر قوڭغۇراق. ② توك قۇۋۋىتى بىلەن يانىدىغان لامپا: ئېلېكتىر نۇرى.

**ئېلېكتىر پاتېفون** <ماشىن> ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچ قىلىنىدىغان ھەمدە ئېلېكتىرلىك پاتېفون بېشى ۋە ئاۋاز چوڭايتىش ئۇسكۇنىسى ئىشلىتىلىدىغان پاتېفون.

**ئېلېكتىر پاراۋۇز** <ماشىن> ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچ قىلىنىدىغان پاراۋۇز.

**ئېلېكتىر دىۋىگاتېل** <ماشىن> ئېلېكتىر مېخانىكىلىق ئېنېرگىيەگە ئايلاندۇرۇپ بېرىدىغان ماشىنا. ئۇ يېقىنقى زامان سانائىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچ قۇرۇلمىسى ھېسابلىنىدۇ.

**ئېلېكتىر قارشىلىقى** <فىز> ① جىسىمنىڭ توكنىڭ ئۆتۈ-

شىگە بولغان قارشى تەسىرى. جىسىمنىڭ ئېلېكتىر قارشىلىقى ئۇزۇنلۇق، كەسمە يۈزىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، تېمپېراتۇرا ۋە جىسىم تەركىبىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئېلېكتىر قارشىلىقىنىڭ بىرلىكى ئوم (Ω). ② شۇ خىل رولغا ئىگە دېتال.

**ئېلېكتىر قۇتۇپى** <فىز> ئېلېكتىر مەنبەسى ياكى ئېلېكتىر سايمانلىرىدىكى توكنى ئۇلاش ئورنى. باتارېيەدە سىرتقا توك چىقىرىش قۇتۇپى مۇسبەت قۇتۇپ، توك كىرگۈزىدىغان قۇتۇپى مەنپىي قۇتۇپ دېيىلىدۇ.

**ئېلېكتىر قۇۋۋىتى** <فىز> توكنىڭ بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە قىلغان ئىشى. بىرلىكى ۋات، ئەمەلىي قوللىنىش بىرلىكى كىلوۋات بولىدۇ.

**ئېلېكتىر ئىستانسىسى** <فىز> ھەر خىل تىپتىكى توك چىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىپ، باشقا شەكىلدىكى ئېنېرگىيەنى ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى قىلىپ ئۆزگەرتىدىغان زاۋۇت. ئۇ ئوت ئېلېكتىر ئىستانسىسى، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى، شامال ئېلېكتىر ئىستانسىسى، ئاتوم ئېلېكتىر ئىستانسىسى قاتارلىق بىر نەچچە خىلغا ئايرىلىدۇ.

**ئېلېكتىرلەشتۈرمەك** پ. ئىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، جىسمانىي ئەمگەكنى يېنىكلىتىش ھەم ۋاقىتنى ئۈنۈملۈك تېجەش ئۈچۈن، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە (ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا) ئېلېكتىر قۇۋۋىتىنى كەڭ دائىرىدە قوللانماق.

**ئېلېكتىرلەشتۈرۈلمەك** «ئېلېكتىرلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېزىمىز نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا پۈتۈنلەي ئېلېكتىرلەشتۈرۈلگەنىدى.

**ئېلېكتىرلەشمەك** پ . ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى بىلەن جابدۇنماق ، ئېلېكتىر تورى ھاسىل قىلماق : ئېلېكتىرلەشكەن مائارىپ. * ھازىر يېزىلارمۇ ئېلېكتىرلەشتى .

**ئېلېكتىرلەشكەن مائارىپ** <مائار> ئۈنئالغۇ، رادىيو، تېلېۋىزور، پىروېكسىيە ئاپپاراتى، كىنو قاتارلىق ئېلېكتىر ئەسۋابلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان تەلىم-تەربىيە.

**ئېلېكتىرلىك** سۈپ. ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان: ئېلېكتىرلىك قۇدۇق. ئېلېكتىرلىك توڭلىتىش ساندۇقى.

**ئېلېكتىروخىمىيە** ئى [ر] <خىم> فىزىكىلىق خىمىيەنىڭ بىر تارمىقى. ئاساسەن ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى بىلەن خىمىيەۋى ئېنېرگىيە ئارىسىدىكى ئۆز ئارا ئايلىنىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. باتارېيە، ئېلېكتىرولىز، ئېلېكتىر ئارقىلىق ھەل بېرىش، ئېلېكتىرلىك نۇسخا ئېلىش، توك بىلەن ئېرىتىش ۋە بەزى خىمىيەۋى ماددىلارنى ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېلېكتىروخىمىيەنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىدۇر.

**ئېلېكتىرود** ئى [ر<گىرېك] <فىز> ئېلېكتىر مەنبەسى ياكى ئېلېكتىر سايمانلىرىدىكى توكنى ئۇلاش ئورنى. باتارېيەدە سىرتقى توك چىقىرىش قۇتۇپى «مۇسبەت قۇتۇپ»، توك كىرگۈزىدىغان قۇتۇپى «مەنپىي قۇتۇپ» دېيىلىدۇ.

**ئېلېكتىرودىيالىز** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئېلېكتىر مەيدانىنىڭ تەسىرىدە ئىيون ئالماشتۇرغۇچى پەردىلەردىن پايدىلىنىپ، دىئېلېكتىرىك ماتېرىيال سۇيۇقلۇقىدىكى ئانىيون ۋە كاتىيونلارنى تاللاپ ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئايرىۋېلىش جەريانى.

**ئېلېكتىرودىيوگراف** ئى [ر] <تىب> ئېلېكتىروكاردىيوگرافىيە ئۇسۇلىدا ئىشلىتىلىدىغان مېدىتسىنا ئەسۋابى.

**ئېلېكتىروزاتور** ئى [ر<گىرېك] <فىز> زور مىقداردا ئىستاتىك ئېلېكتىر ھاسىل قىلىدىغان ئۈسكۈنە. مەسىلەن، ئىندۇكسىيەلىك ئېلېكتىروزاتورغا ئوخشاش.

**ئېلېكتىروسكوپ** ئى [ر<گىرېك] <خىم> جىسىمنىڭ زەرەتلىك ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرىدىغان ئەسۋاب.

**ئېلېكتىروفور** ئى [ر <گىرېك] <فىز> ئىندۇكسىيەلىك ئېلېكتىر ھاسىل قىلىش ھادىسىسىدىن پايدىلىنىپ، ئاز مىقداردا ئىستاتىك ئېلېكتىر (تىنچ ئېلېكتىر) غا ئېرىشىش قۇرۇلمىسى. بىر قاتتىق كاۋچۇك ياكى سارغۇچ قاتارلىق ئىزولياتور ماددىلاردىن ياسالغان دۈگىلەك تەخسە بىلەن ئىزولياتور تاياقچىسى بولغان بىر مېتال تەخسىدىن تەشكىل تاپىدۇ.

**ئېلېكتىروفورېز** ئى [ر<گىرېك] <فىز> ئېلېكتىرولىتتا مىنۇس زەرەتلىك كوللوئىد دانىچىلىرىنىڭ مۇسبەت قۇتۇپقا قاراپ سىلجىش ھادىسىسى. خىمىيە سانائىتى، خىمىيەۋى ئانالىز، تېببىي دورىگەرلىك، تېببىي دىياگنوز قاتارلىقلاردا قوللىنىلىدۇ.

**ئېلېكتىروكاردىيوگراف** ئى [ر] <تىب> ئېلېكتىرودىيوگرافىيەلىك تەكشۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان، يۈرەك ھەرىكىتىنىڭ ئەھۋالىنى گىرافىك شەكلىدە كۆرسىتىپ بېرىدىغان مېدىتسىنا ئەسۋابى.

**ئېلېكتىروكاردىيوگرافىيە** ئى [ر<گىرېك] يۈرەكنىڭ سېلىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدىغان ئېلېكتىر ئىمپۇلسلارنى گىرافىكا ئۇسۇلىدا يېزىپ چىقىپ، يۈرەكنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلى.

**ئېلېكتىروكاردىيوگرامما** ئى [ر] <تىب> ئېلېكتىروكاردىيوگراف ئارقىلىق يۈرەك سېلىشىنىڭ قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈلگەن گىرافىك تەسۋىرى.

**ئېلېكتىروگرافىيە** ئى [ر] <تىب> كىتاب ۋە شۇ قاتارلىق باسما بۇيۇملارنى ئېلېكتىر ۋە ماگنىت ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئىشلەش جەريانى.

**ئېلېكتىرولىت** ئى [ر<گىرېك] <خىم> سۇدىكى ئېرىتمىسىدە ياكى سۇيۇقلاندۇرۇلغاندا ئېلېكتىر ئۆتكۈزىدىغان بىرىكمىلەر، يەنى سۇدىكى ئېرىتمىسىدە ياكى سۇيۇقلاندۇرۇلغاندا ئىيونلارغا ئاجرىلىدىغان بىرىكمىلەر.

**ئېلېكتىرولىز** ئى [ر<گىرېك] <خىم> تۇز ياكى كىسلاتالارنىڭ ئېرىتمىسىدىن ئېلېكتىر توكى ئۆتۈۋاتقاندا، ئېرىتمىنىڭ تەركىبىي قىسىملارغا ئاجرىتىلىش ئۆزگىرىشى.

**ئېلېكترولىزلىماق** پ <خىم> توكنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ بىرىكمىلەرنى پارچىلىماق. مەسىلەن، سۇنى ئېلېكترولىزلىماق ھىدروگېن بىلەن ئوكسىگېن ھاسىل بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ مېتاللار، تۇزلار ۋە ئاساسلارنى ئاجرىتىپ ئالغىلى بولىدۇ. ئۇ يەنە مېتاللارنى قاپلاشتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**ئېلېكتروموتور** ئى [ر<گىرېك + لات] <فىز> ئېلېكتىر دۋىگاتېلى، ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىنى مېخانىك ئېنېرگىيەگە ئايلاندۇرىدىغان ماشىنا.

**ئېلېكتروماگنىت** ئى [ر<گىرېك] <فىز> ئۈستىگە ئورالغان ئىزولياتسىيەلەنگەن سىمدىن توك ئۆتكۈزگەندە ماگنىتلىنىدىغان تۆمۈر ياكى پولات پارچىسى، تۆمۈر ئۆزەكلىك سىم ئورالغان غالتەك.

**ئېلېكترومېتىر** ئى [ر] <فىز> ئېلېكتىر زەرەت مىقدارىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**ئېلېكترومېخانىكا** ئى [ر] <فىز> ئېلېكتىر تېخنىكىسىنىڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى بىلەن ئىشلەيدىغان ئېلېكتروموتور، ئېلېكتىر ماشىنىلار ۋە مېخانىزملارنى قۇرۇش ھەم ئۇلاردىن پايدىلىنىش نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتى ھەققىدىكى قىسمى، شۇ ھەقتىكى پەن.

**ئېلېكترون** ئى [ر<گىرېك] <فىز> تۇرلۇك ئاتوملارنى ھاسىل قىلىدىغان بىر خىل ئاساسىي زەررىچە. ماسسىسى ئىنتايىن كىچىك، مەنپىي زەرەتلىك. ئاتومدا ئاتوم يادروسىنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدۇ.

**ئېلېكترونلۇق** ① سۈپ. ئېلېكتروندىن ياكى ئېلېكترون پىرىنسىپىدىن پايدىلىنىلغان؛ ئېلېكتروندىن قىلىنغان: ئېلېكترونلۇق دېتال. ② رەۋ. ئېلېكترون ئارقىلىق، ئېلېكترون بىلەن: ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش.

**ئېلېكترونۋولت** ئى <فىز> ئاتوم فىزىكىسىدا كۆپ قوللىنىلىدىغان ئېنېرگىيە بىرلىكى، يەنى بىر ئېلېكترون ئېلېكتىر پوتېنسىياللار ئايرىمىسى بىر ۋولت بولغان ئېلېكتىر مەيدانىدىن ئۆتكەندە ئىگە بولغان ياكى كېمەيگەن ئېنېرگىيە.

**ئېلېكترونىكا** ئى [ر] <فىز> رادىيو تېخنىكىسىنى ئاساس قىلغان، ئېلېكترون ياكى ئىيوننىڭ ھاسىل بولۇشى، ئۆزگىرىشى ۋە ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئېلېكترون لامپا، تېلېۋىزور، رادىيو، مىكرومېتىر، ئاكسېلېراتور قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېلېكترونىكا تەتقىقاتىنىڭ ئوبيېكتى ھەم نەتىجىسىدۇر.

**ئېلېكتروئوگول** ئى [ر] <خىم> ① ھەر خىل كۆمۈردىن ياسالغان بۇيۇملارنىڭ ئومۇمىي نامى. ② سۈنئىي كۆمۈر ۋە گرافىتلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئېلېكتروۋۇز** ئى [ر<گىرېك] ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان پاراۋۇز.

**ئېلېكتروئېنسېفالوگراف** ئى [ر] <تېب> مېڭە پائالىيىتىنىڭ نورمال ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان مېدىتسىنا ئەسۋابى.

**ئېلېكتروئېنسېفالوگراما** ئى [ر] <تېب> ئېلېكترو ئېنسېفالوگراف ئارقىلىق مېڭە پائالىيىتىنىڭ قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈلگەن گرافىك تەسۋىرى، نېرۋا ھەرىكىتىنىڭ قەغەزگە چۈشۈرۈلگەن خەرىتىلىك كۆرسەتمىسى.

**ئېلېگىيە** ئى [ر< لات< گىرېك] <ئەد> قەدىمكى گرېتسىيەدىكى لىرىك شېئىرلارنىڭ بىر خىلى، يەنى غەمكىن، ئەلەملىك، مۇڭلۇق شېئىر.

**ئېلېمېنت** ئى [ر<لات] <خىم> ① خىمىيەۋى ئېلېمېنت. <مات> ② ئالگېبرادا بىرلەشمىنى تەشكىل قىلغۇچى ھەرقايسى بۆلەكلەر. مەسىلەن، 723، 312 دىكى 7، 2، 3، 1 لەر؛ گېئومېترىيەدە شەكىلنى ھاسىل قىلغۇچى ھەرقايسى بۆلەكلەر. مەسىلەن، ئۈچ بۇلۇڭنى ھاسىل قىلغۇچى تەرەپ ۋە بۇلۇڭلار. ③ بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغۇچى مۇرەككەپ نەرسىلەرنىڭ ياكى ھادىسىلەرنىڭ تەركىبىي قىسمى.

**ئېلېمېنتلار بەلگىسى** <خىم> ئېلېمېنتلارنى ئىپادىلەشتە قوللىنىدىغان خىمىيەۋى بەلگىلەر. خەلقئارادا ئېلېمېنتلارنىڭ بەلگىلىرى ئۈچۈن بىر تۇتاش ھالدا شۇ ئېلېمېنتنىڭ لاتىنچە نامىدىكى بىرىنچى ھەرپىنىڭ چوڭ يېزىلىشى قوللىنىلىدۇ. ئەگەر بىرقانچە ئېلېمېنتنىڭ بىرىنچى ھەرپلىرى ئوخشاش بولسا، ئىككىنچى ھەرپلىرى قوشۇلۇپ، كىچىك يېزىلىدۇ. مەسىلەن، « Cu » مىس ئېلېمېنتقا، « Ca » كالتسىي ئېلېمېنتقا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

**ئېلېمېنتلار دەۋرىي جەدۋىلى** <خىم> ئېلېمېنتلار دەۋرىي قانۇنىغا ئاساسەن، بارلىق ئېلېمېنتلارنىڭ ئاتوم رەت نومۇرى بويىچە جايلاشتۇرۇلغان جەدۋىلى. ئۇنىڭدا ئېلېمېنتلار ئوتتۇردىكى ئۆزئارا باغلىنىشلىق قانۇنىيەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

**ئېلېمېنتار** سۈپ [ر] ① ئىپتىدائىي، باشلانغۇچ: ئېلېمېنتار ماتېماتىكا. ئېلېمېنتار مەلۇمات. ② ساددا؛ ئاددىي، ناھايىتى ئاسان: ئېلېمېنتار مەسىلە. ③ ئەڭ كىچىك، ئەڭ ئۇششاق: ئېلېمېنتار زەررىچە.

**ئېلېمېنتلىق** ئى. ئېلېمېنتى بار، ئېلېمېنتى بولغان، ئېلېمېنتقا ئىگە: رايونىمىزنىڭ تېررىتورىيەسى كەڭ بولۇش بىلەن بىللە ئېلېمېنتلىق تەركىبكە باي يەر ئاستى بايلىقى ئىنتايىن مول بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

**ئېلىپ** ئى [ئە] ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ بىرىنچى ھەرپى «ا» نىڭ نامى.

**ئېلىپنى بە (تاياق) دېيەلمەسلىك ←ئېلىپنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەسلىك.**

**ئېلىپنى كالتەك دېيەلمەسلىك ← ئېلىپنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەسلىك.**

**ئېلىپنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەسلىك** ساۋاتسىزلىق، قارا قورساقلىق: مەنمۇ ئېلىپنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەي تۇرۇپ بىر ئەترەتنى چۆرگۈلىتىپ يۈرىمەنغۇ؟

**ئېلىپنىڭ سۇنۇقىنى تونۇماسلىق← ئېلىپنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەسلىك:** ئېلىپنىڭ سۇنۇقىنى تونۇمىغاندىكىن، ھۆججەتلەردىن ۋاقتىدا خەۋەردار بولالماي قالىدىكەنمەن.

**ئېلىپبە** ئى [ئە] ① بىرەر تىل - يېزىقتىكى ھەرپلەرنىڭ مەلۇم تەرتىپتە تىزىلغان يىغىندىسى: ئۇيغۇر ئېلىپبەسى.

قازاق ئېلىپبەسى. ② باشلانغۇچ مەكتەپ 1 ـ يىللىق ئوقۇغۇ ـ چىلىرىنىڭ ساۋات چىقىرىش كىتابى: باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 1 ـ يىللىقىنىڭ 1 ـ مەۋسۇمىدا ئېلىپبە، ھېساب دەرسلىرى ئۆتۈلىدۇ. ③ كۆچمە. باشلانغۇچ ساۋات: تارىخنىڭ ئېلىپبەسىنى ئەمدىرەك بىلگەندەك قىلىمەن.

**ئېلىپبە جەدۋىلى** <تىل> ئېلىپبەلىك يېزىقتا بەلگىلەنگەن ھەرپلەرنىڭ رەت تەرتىپى، نامى ۋە ئومۇمىي شەكلى كۆرسە ـ تىلگەن جەدۋەل.

**ئېلىپبەلىك** سۈپ. ئېلىپبەسى بار، ھەرپ بەلگىلىرى بولغان، ئېلىپبەسى بولغان: ئېلىپبەلىك يېزىق.

**ئېلىپتەك** سۈپ. ئېلىپكە ئوخشاش تۈپتۈز، تۈز: ئۇنىڭ ئېلىپ ـ تەك قاڭشىرى، بۇلاقتەك كۆزلىرى، ئويماقتەك ئاغزى، قوشۇما قاشلىرى ھەرقانداق ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدۇ.

**ئېلىپساتار** ئى [ئېلىپ + ساتار] تىجارەتچى، سودىگەر: 45 ياشلار چامىسىدىكى بۇ ئېلىپساتار بەكلا ئاق كۆڭۈل كىشى ئىكەن.

**ئېلىپساتارلىق** ئى. ئېلىپ ـ سېتىش يەنى سودا ئىشى: ئۇنىڭ تاغىسى ئىچكىرى ئۆلكە بىلەن ئۈرۈمچى ئوتتۇرىسىدا قاتناپ يۈرۈپ ئېلىپساتارلىق قىلاتتى.

**ئېلىپ ـ سېتىش** <سودا> سېتىۋېلىنغان نەرسىنى قايتا سېتىش مەشغۇلاتى.

**ئېلىش** I ئى <مات> ئېلىش ئەمىلى.

**ئېلىش** II ئى. دىيال. توغان، توما بېشىدا بۆلۈنگەن سۇنى باشلاش.

**ئېلىش** III ئى. دىيال. هارۋىنىڭ شوتىسى.

**ئېلىشبېشى** ئى. دىيال. دەريادىن ئۆستەڭلەرگە سۇ باشلايدى ـ غان جاي.

**ئېلىشماق** ① «ئالماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بازاردىن ئالما ئېلىشىپ قايتىشتى. ② ئۆزئارا ئۇرۇشماق؛ كۈرەش قىلماق: دۈشمەن بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىمىز. ③ رىقابەتلەشمەك؛ تەڭ تۇرماق: بۇ سودىدا سەن بىلەن ئېلىشقىنىم ئېلىشقان.

**ئېلىششى** ئى <ھەرب> جىددىي ھەم كەسكىن ھالدا ئېلىپ بېرىلغان جەڭ.

**ئېلىق** ئى. دىيال. باج، ئالۋان.

**ئېلىقماق** پ. ئارىلاشماق، يېقىن ئۆتمەك: پەرھات بىر ـ ئىككى يىلدىن بۇيان باشقىلارغا ئانچە ئېلىقمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

**ئېلىك** ئى <زوئول> بۇغىنىڭ بىر خىلى. قۇلىقى بىلەن كۆزى چوڭ، بويىنى ئۇزۇن، قۇيرۇقى قىسقا، ئارقا پۇتى ئالدى پۇتىدىن ئۇزۇن، قىشلىق تۈكى بېغىر رەڭ قوڭۇر، يازلىق تۈكى قىزغۇچ بولىدۇ. ساغرىسى ئاقۇچ كۈل رەڭ كېلىدۇ. ئەركىكىنىڭ مۈڭگۈزى بولىدۇ. يېشىل چۆپ، مېۋە ھەم موگۈلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**ئېلىك ـ سېلىك** ① تازا مىجەزى يوق، ساقسىز: ئۇ بىرنەچچە كۈن بولدى ئېلىك ـ سېلىك يۈرگىلى. ② كۈچسىز، ماغدۇرسىز: ئەزىز ئۆزىنى راۋرۇس تۇتۇشقا قانچە تىرىشقان بىلەن پۇتلىرى ئۇنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمىغان ھالدا ئېلىك ـ سېلىك ئىدى.

**ئېلىم** ئى. ئېلىش ئىشى، ئالىدىغىنى: بېرىمىدىن ئېلىمى كۆپ.

**ئېلىم ـ بېرىم** كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىش ـ بېرىش مۇناسىۋىتى: ئۇ كۆڭلى تۈز، ئەقىدىلىك ئادەم بولغاچقا، ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرىدا ھالال، قائىدە ـ يوسۇنلاردا يوللۇق ئىدى.

**ئېلىم ـ سېتىم** <قا> ئالاقىدە بىر تەرەپ (ساتقۇچى تەرەپ) مالنى ئىككىنچى تەرەپكە (سېتىۋالغۇچىغا) سېتىپ بېرى ـ دىغان، ئىككىنچى تەرەپ مالنى تاپشۇرۇۋېلىپ پۇلىنى تۆلەي ـ دىغان قانۇنىي ھەرىكەت.

**ئېلىنغۇچى** ئى <مات> بىر ساندىن ئىككىنچى بىر ساننى ئېلىۋەتكەن ۋاقىتتىكى ئەسلىدىكى سان. مەسىلەن، 2 = 5 ـ 7 ئەمىلىدىكى 7 ئېلىنغۇچىدۇر.

**ئېلىنماق** «ئالماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئالەمدىن ئۆتكەنلەر ھامان ئەسكە ئېلىنىدۇ.

**ئېلىۋەتمەك** پ ① مەلۇم بىر نەرسىنى ئىككىنچى نەرسىدىن چىقىرىۋەتمەك: ئاشقا چۈشۈپ قالغان قىلنى ئېلىۋېتىڭ. ② مەلۇم بىر نەرسىنى بىركىمگە سۇنۇپ بەرمەك: كىتابنى ماڭا ئېلىۋېتىڭ. ③ <تېب> ئورگانىزمنىڭ مەلۇم بۆلىكىنى (كېسەللەنگەن) ئوپېراتسىيە ئارقىلىق كېسىۋېتىشكە قارىتىلىدۇ.

**ئېلىۋەتكەن تىرنىقىغا تەڭ قىلماسلىق** پەقەت كۆزگە ئىلماس ـ لىق، زادىلا ياراتماسلىق: ـــ ماڭا ئىشەنمەمسىز؟ ـــ دېدى ئۇ تامدەك تاتىرىپ، ـــ ئۇ نېمە قىلسىمۇ قىلسۇن، ئۇنى سىزنىڭ ئېلىۋەتكەن تىرنىقىڭىزغا تەڭ قىلمايمەن.

**ئېمال** ئى [ر<فىران] <خىم> كىۋارتس، دالائىشپاتى، سىلىترا ( $NaNO_3$ ) ۋە ناترىي كاربوناتلارغا قوغۇشۇن بىلەن قەلەينىڭ ئوكسىدلىرىنى قوشۇپ كۆيدۈرۈش ئارقىلىق ياسال ـ غان بىر خىل ماددا. مىس ياكى كۈمۈش قاچىلارغا سۈركەپ، كۆيدۈرۈش ئارقىلىق ھەر خىل رەڭدىكى زىننەت، نەقىشلەرنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

**ئېماللىق** سۈپ. ئېمالى بار، ئېمالغا ئىگە: ئېماللىق سىر.

**ئېمان** مىق [ر<لات] <فىز> ھاۋا ياكى ئېرىتمىلەرنىڭ تەركىبىدىكى رادىيوئاكتىپ رادون پاسسىپ گازىنىڭ قويۇق ـ لۇقىنىڭ بىرلىكى ( Em ).1 ئېمان 1 لىتىر ھاۋا ياكى ئېرىتمە تەركىبىدىكى 10 كيۇرى رادونغا ياكى بىر ماخقا تەڭ .

**ئېمەن** ئى [خەن] <زوئول> ← **ئېمەن پىلىسى.**

**ئېمەن پىلىسى** <زوئول> ئۆي پىلە قۇرتىدىن سەل چوڭراق ھاشارات ، ئېمەن دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرىنى يەيدۇ . ئۇ قوشۇپ چىقارغان مەشۇت توقۇمىچىلىقنىڭ خام ئەشياسى قىلىنىدۇ .

**ئېمبارگو** ئى [ر] <ئىسپان> دۆلەت تەرىپىدىن چەت ئەل تاۋارلىرىنى كىرگۈزۈش ياكى ئاچىقىپ كېتىشنى چەكلەش ياكى چەت دۆلەتلەرگە قاراشلىق مۈلۈكنى ۋاقىتىنچە توختىتىپ تۇرۇش؛ بايقۇت.

**ئېمبرىيولوگىيە** ئى [ ر<گىرېك] <زوئول>جىنسلىق كۆپىيىدىغان جانلىقلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال تەرەققىياتى جەريا ـ نىدىكى ئۇرۇقلىنىشتىن باشلاپ يېتىلگۈچە بولغان ئارىلىق ـ تىكى ئۆزگىرىشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئادەتتە «ھايۋانلار ئېمبرىيولوگىيەسى» ۋە «ئۆسۈملۈكلەر ئېمبرى ـ يولوگىيەسى» دەپ ئايرىلىدۇ.

**ئېمبول** ئى [ر<گىرېك] <تېب> قان تومۇرغا تىقىلىپ

كەپلىشىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ماددا. قان ئۇيۇملىرى ۋە يات جىسىملارنىڭ ھەممىسى ئېمبول بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

**ئېمبولىيە** ئى [ر<گىرېك] <تېب> بەدەن سىرتىدىن قان تومۇرلارغا كىرىۋالغان ماددىلار ياكى قان تومۇر، يۈرەك ئىچىدىن ئاجراپ چۈشكەن قان ئۇيۇملىرى قان بىلەن ئېقىپ كېلىپ، كىچىك تومۇرلارغا كەپلىشىپ قېلىپ پەيدا قىلىدىغان قان تومۇر توسۇلۇش ھادىسىسى.

**ئېموتسىيە** ئى [ر<فىران] <ئەد> ھېس-تۇيغۇلار بىلەن تولغان ئېموتسىونال نۇتۇق. ئومۇمەن كىشىنىڭ ھېس-تۇيغۇسى ۋە كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنىدۇ.

**ئېموتسىونال** سۈپ [ر] <ئەد> ئېموتسىيەلەرگە، ھېس-تۇيغۇلارغا تولغان، ئېموتسىيەنى، ھېس-تۇيغۇلارنى ئىپادىلەيدىغان؛ جۇشقۇن.

**ئېمۇلسىيە** ئى [ر<لات] <خىم> بىر خىل سۇيۇقلۇقنىڭ ئۇششاق تامچىلىرىنى باشقا بىر خىل سۇيۇقلۇقتا تەكشى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان سۇيۇقلۇق. ئادەتتە ئۇ لايقىلىنىدۇ. ئۇزۇن تۇرغۇزۇلسا، ئۇلارنىڭ تەركىبىي قىسمى سېلىشتۇرما ئېغىرلىقىنىڭ ھەر خىللىقى بويىچە ئىككى قەۋەتكە بۆلۈنىدۇ.

**ئېمۇلسىيەلەشتۈرمەك** «ئېمۇلسىيەلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ماي بىلەن سويۇن سۈيىنى ئېمۇلسىيەلەشتۈرۈپ سىناپ باقتى.

**ئېمۇلسىيەلەشتۈرۈش** ئى <خىم> ئىلگىرى ئارىلاشمىغان ئىككى خىل سۇيۇقلۇقنى ئارىلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر خىل سۇيۇقلۇقنى ئۇششاق دانىچىگە ئۆزگەرتىپ باشقا بىر خىل سۇيۇقلۇق ئىچىگە تەكشى تارىتىش جەريانى. مەسىلەن، سوپۇن سۈيى بىلەن ماينى تولۇق ئارىلاشتۇرۇپ، ماينى ئۇششاق دانىچە ھالىتىگە كەلتۈرۈپ، سوپۇن سۈيىدە ئۈزۈپ يۈرىدىغان ھالغا كەلتۈرۈشكە ئوخشاش.

**ئېمولسىيەلەشتۈرۈشمەك** «ئېمۇلسىيەلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئېمۇلسىيەلەشتۈرۈلمەك** «ئېمۇلسىيەلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئېمۇلسىيەلەشمەك** پ. ئۆزئارا ئارىلاشمايدىغان ياكى ئارىلاشمىغان ئىككى خىل سۇيۇقلۇقنىڭ بىرى ئۇششاق دانىچە ھالىتىگە كەلتۈرۈلۈش ئارقىلىق يەنە بىر خىل سۇيۇقلۇقنىڭ ئىچكى قىسمىغا تەكشى تارالماق، ئارىلاشماق.

**ئېمۇلسىيەلىگۈچى** ① سۈپ. <خىم> ئېمۇلسىيەلەش رولىنى ئوينايدىغان، ئېمۇلسىيەلەيدىغان. ② ئى<خىم> ئېمۇلسىيەلەشتۈرۈلگەن ئېرىتمە. ئادەتتە سۇ بىلەن ماينىڭ ئارىلاشما سۇيۇقلۇقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى خىل تىپى بولىدۇ. بىرى سۇنىڭ ماي ئىچىگە تارىلىشى؛ يەنە بىرى ماينىڭ سۇ ئىچىگە تارىلىشى.

**ئېمۇلسىيەلىمەك** پ <خىم> بىر خىل سۇيۇقلۇقنىڭ ئۇششاق دانىچىلىرىنى باشقا بىر خىل سۇيۇقلۇق ئىچىگە تەكشى تارىتىش ئارقىلىق باشقا بىر خىل سۇيۇقلۇق ھاسىل قىلماق.

**ئېمىتمەك** «ئەممەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالا ئېمىتمەك. * ئۇنى مەن ئېمىتىپ چوڭ قىلغان. * بۇ بالىنى كىم ئېمىتتى ؟

**ئېمىتىلمەك** «ئېمىتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئېمىزەك** ئى. دىيال. ئېمىزگۈ.

**ئېمىزگۈ** ئى ① بالىلارغا سۈت، بۇلماق قاتارلىق سۇيۇق يېمەكلىكلەرنى ئىچۈرىدىغان بوتۇلكا شەكىللىك قاچا. ② بوۋاقلارنى يىغلاتماسلىق ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويۇلىدىغان، رېزىنكىدىن ھاۋا ئۆتمەيدىغان قىلىپ ياسالغان بۇيۇم.

**ئېمىشمەك** «ئەممەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ساماندىلىقتا بىر قانچە كۈچۈك بىر قانجۇقنى ئېمىشىۋاتاتتى.

**ئېمىلداش** ئى. بىر ئانىنى (بىر ئەمچەكنى) ئېمىپ چوڭ بولغان بالىلار: مەن ئۇنىڭ بىلەن ئېمىلداش بولىمەن.

**ئېمىلداشلىق** ئى. ئۆزئارا بىر ئانىنى (بىر ئەمچەكنى) ئېمىش: ئېمىلداشلىق مۇناسىۋەت. * ئۇ نەچچە ئاي جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق «ئاياللار ۋە ئېمىلداشلىق توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى يېزىپ تۈگەتتى.

**ئېن** ئى [ر<لات] <خىم> بىر تۈردىكى ئورگانىك بىرىكمىلەر. ئۇلارنىڭ كاربون — كاربون قوش باغلىق تۈزۈلۈشى ۋە تويۇنمىغانلىق خۇسۇسىيىتى بار.

**ئېنە** ئى. دىيال. ئانا، ئاپا.

**ئېنەك** ئى. دىيال. مالغا بېسىلىدىغان تامغا، ئەن.

**ئېنتالپىيە** ئى [ر<گىرېك] <فىز> تېرمودىنامىكا سىستېمىسىدىكى بىر خىل ھالەت پارامېتىرى. بەلگىسى H .

**ئېنتروپىيە** ئى [ر<گىرېك] <فىز> تېرمودىنامىكا سىستېمىسىنىڭ ھالىتىنى تەسۋىرلەيدىغان فىزىكىلىق مىقدار، يەنى مۇئەييەن شەرت ئاستىدا جەرياننىڭ داۋاملىشىش يۆنىلىشىنى ئېنىقلايدىغان بەلگە. بەلگىسى S.

**ئېنتومولوگىيە** ئى [ر<گىرېك] <زوئول> ھاشاراتلارنىڭ مورفولوگىيەلىك تۈزۈلۈشى، كىلاسسىفىكاتسىيەسى، فىزىيولوگىيەسى، كېسەللىكلىرى، زەھەرلىنىش يوللىرى، گېنېتىكىسى ۋە كۆپىيىش تەرەققىياتى قاتارلىق ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق زىيانلىق ھاشاراتلارنى كونترول قىلىش، پايدىلىق ھاشاراتلاردىن پايدىلىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى پەن.

**ئېنتېرنېت** ئى [ ئىنگ ] <فىز> جۇغراپىيەلىك ئورۇن جەھەتتىن ئوخشاش بولمىغان نۇرغۇن مۇستەقىل كومپيۇتېر ھەم ئۇنىڭ سىرتقى ئۈسكۈنىلىرىنى ئېلېكتىر كابېلى، تېلېفون سىمى ياكى سىمسىز خەۋەرلىشىش ۋاستىسى ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇپ، تور مەشغۇلات سىستېمىسىدا، تور باشقۇرۇش يۇمشاق ماتېرىيالى ھەمدە تور ئالاقە كېلىشىمىنىڭ باشقۇرۇشى، ماسلاشتۇرۇشى بىلەن، ماتېرىيال ياكى ھۆججەت بايلىقلىرىدىن ئورتاق پايدىلىنىش، ئۇچۇر يەتكۈزۈش ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان خەلقئارالىق تور ئالاقە سىستېمىسى: ئېنتېرنېتتىن ئىگىلىگەن ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكا بىلەن فىرانسىيەدە ئەرلەرنىڭ «تالاغا قاراش» نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان.

**ئېنتېرۋال** ئى [ر<لات] <مۇز> ئىككى مۇزىكىلىق ئاۋاز ئوتتۇرىسىدىكى ئاۋاز ئېگىزلىك مۇناسىۋىتى. ئادەتتە «گىرادۇس» ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئاددىي نوتىدا 1 دىن 1 گىچە ياكى 2 دىن 2 گىچە بىر گىرادۇس؛ 1 دىن 3 كىچە ياكى 2 دىن 4 كىچە ئۈچ گىرادۇس؛ 1 دىن 5 كىچە بەش گىرادۇس بولىدۇ.

**ئېندوئىسپورا** ئى [ر<لات] <بوت> بەزى تاياقسىمان باكتېرىيەلەر ھۈجەيرىسىنىڭ ئىچىدە شەكىللىنىدىغان تۇخۇمسىمان ياكى دۈگىلەك ئىسپورا. بۇ خىل ئىسپورا تەبىئىي شارائىتتا ئۇزۇن ۋاقىت ساقلىنىدۇ. مۇۋاپىق شارائىتتا ئېندوئىسپورا يېرىلىپ يېڭى باكتېرىيە ئۆسۈپ چىقىدۇ.

**ئېنزىم** ئى [ر<لات] <بىيول> جانلىقلار تېنىدىكى ھۈجەيرىلەردە ھاسىل بولىدىغان يېلىمسىمان ئورگانىك ماددا. ئاقسىلدىن تۈزۈلىدۇ. سۇدا ئېرىيدۇ. ئورگانىزمدا بولۇۋاتقان ئوكسىدلىنىش، ھەزىم قىلىش، ئېچىتىش قاتارلىق خىمىيەلىك ئۆزگىرىشلەر ئۈچۈن كاتالىزاتورلۇق رول ئوينايدۇ.

**ئېنستات** ئى [ر] <گېئول> يانتو ياقلىق پىروكسېننىڭ خىمىيەلىك تەركىبى $Mg_2 [Si_2O_6]$ تەركىبىدىكى تۆمۈرنىڭ ئېششىغا ئەگىشىپ رەڭگى كۆكۈچتىن قوڭۇر يېشىل، قوڭۇر قارىغىچە بولىدۇ. ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە. سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 3.1 — 3.5 ؛ قاتتىقلىقى 5 — 6.

**ئېنسكلوپېدىيە** ئى [ر<فىران] <تىل> ئىلىم ـ پەننىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياكى بىرەر ساھە بويىچە كەڭ، تولۇق مەلۇمات بېرىدىغان لۇغەت تىپىدىكى ئىلمىي توپلام؛ قامۇس: ئۇيغۇر ئېنسىكلوپېدىيەسى. بۈيۈك بېرىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيەسى.

**ئېنسكلوپېدىيەلىك** سۈپ. ئېنسىكلوپېدىيە خاراكتېرىگە ئىگە؛ ئېنسىكلوپېدىيەگە خاس، ئېنسىكلوپېدىيەگە تەئەللۇق: يولداشلارنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن ئېنسىكلوپېدىيەلىك لۇغەت ئىشلەش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئاخىرلاشتى.

**ئېنېرگېتىكا** ئى [ر<گىرېك] پەن-تېخنىكا، سانائەت، ئومۇمەن، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تۈرلۈك شەكىلدىكى ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىش، ئۆزگەرتىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ساھەسى.

**ئېنېرگىيە** ئى [ر<گىرېك] <فىز> ماددىلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆلچەيدىغان بىر خىل فىزىكىلىق مىقدار. ئادەتتە ماددىلارنىڭ ئىش قىلىش ئىقتىدارى دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئېنېرگىيەنىڭ ئاساسىي تىپلىرى: پوتېنسىيال ئېنېرگىيە، ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى، ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى، ماگنىت ئېنېرگىيەسى، يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسى، خىمىيەلىك ئېنېرگىيە ۋە ئاتوم ئېنېرگىيەسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بىر خىل ئېنېرگىيە يەنە بىر خىل ئېنېرگىيەگە ئۆزگىرەلەيدۇ. ئېنېرگىيەنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى قۇۋۋەت بىرلىكى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**ئېنېرگىيەچىلىك** ئى <پەلس> 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تارقىلىپ يۈرگەن بىر خىل ئىدېئالىستىك ئىدىيەۋى ئېقىم. ئۇ فىزىكىلىق ئىدېئالىزمنىڭ بىر تۈرلۈك ئىپادىسى بولۇپ، ھەرىكەت بىلەن ماددىنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىدۇ. ئېنېرگىيە تەبىئەت دۇنياسى، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇردىكى بارلىق ھادىسىلەرنى ئېنېرگىيەدىن ئىبارەت بىر نۇقتىغا يىغىنچاقلىغىلى بولىدۇ.

**ئېنتېلېفىيا** ئى [ر<گىرېك] <پەلس> ھايات كۈچ نەزەرىيەسى دېگەن ئىدېئالىستىك تەلىماتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھاياتنىڭ مەنبەسى ۋە ئاساسى بولغان سىرلىق غەيرىي ماددىي «ھاياتىي كۈچ» كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئېنىق** ① سۈپ. خاتاسى يوق، توغرا، دەل، نەق: ھېسابى ئېنىق. ۋاقتى ئېنىق. گېپى ئېنىق. ② سۈپ. جەزمەن، چوقۇم، شۈبھىسىز: بىزنىڭ بۇگۈن بۇ يەردە قونۇپ قالىدىغانلىقىمىز ئېنىق ئىدى. ③ سۈپ. مەلۇم، ئوچۇق: بۇ كىتابنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكى ئېنىق. ④ رەۋ. كۆرگىلى، ئاڭلىغىلى بولىدىغان دەرىجىدە، ئاشكارا، ئوچۇق: ئېنىق ئاڭلىماق.

**ئېنىقسىز** سۈپ. ئېنىق بولمىغان، ئېنىق ئەمەس: ئېنىقسىز تەڭلىمە. * ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتى ئۇزاقتىن بۇيان ئېنىقسىز بولۇپ كەلمەكتە.

**ئېنىقسىزلاشتۇرماق** «ئېنىقسىزلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلارمۇ باشقا ئاتا ـ ئانىلارغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ئاتا ـ ئانىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەكمۇ، يوق... دېگەندەك مەسىلىلەر يەنە بۇ ھەقتىكى ئۇقۇمنى ئېنىقسىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

**ئېنىقسىزلاشتۇرۇلماق** «ئېنىقسىزلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئېنىقسىزلاشماق** پ. ئېنىق بولمىغان، ئېنىق ئەمەس ھالەتكە كەلمەك: ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر بارغانسېرى ئېنىقسىزلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

**ئېنىقسىزلىق** ئى. ئېنىق ئەمەسلىك، مەلۇم بولماسلىق: ئېنىقسىزلىق ھېس قىلماق. * ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قارىتىلغان سىياسىتىنىڭ ئېنىقسىزلىقىغا قانداق تاقابىل تۇرۇش جۇڭگو دۇچ كەلگەن چوڭ بىر خىرىس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ئېنىقلاتماق** «ئېنىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نازىر ئىنتىزام تەكشۈرۈش خادىملىرى ئارقىلىق بۇ ئىشنى ئېنىقلىتىپ كۆرۈۋىدى، ئەھۋال ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى.

**ئېنىقلاش** ئى <قا> ماددىي ئىسپات ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغان ئىز، نەرسە ياكى جەسەتنى تەكشۈرۈش، شۇ ئارقىلىق جىنايەت پاكىتلىرىنى تېپىش ۋە تەتقىق قىلىش، جىنايەت ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش، ئاخىرىدا جىنايەتنى پاش قىلىش جەريانلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئېنىقلاشماق** «ئېنىقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: جىنايى ئىشلار رازۋېدكا خادىملىرى تېز تۇتۇش قىلىپ دېلونى ئىككى كۈندىلا ئېنىقلاشتى.

**ئېنىقلانغۇچى** ① سۈپ. ئېنىقلىنىدىغان، ئېنىقلىنىش ئوبيېكتى بولغان: ئېنىقلانغۇچى ئۇقۇم. ② ئى <تىل> جۈملىدە ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، ئۇلار تەرىپىدىن ئېنىقلىنىدىغان سۆز، مەسىلەن، «گۈزەل ۋەتەن» دىكى «ۋەتەن» سۈپەتنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، ئۇ تەرىپىدىن ئېنىقلىنىپ كەلگەن. شۇڭا بۇ يەردە «گۈزەل» سۆزى ئېنىقلىغۇچى، «ۋەتەن» سۆزى بولسا ئېنىقلانغۇچىدۇر.

**ئېنقلانماق** «ئېنقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ دېلو ئاخىرى ئېنقلاندى.

**ئېنقلىغۇچى** ① سۈپ. ئېنقلاش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان، ئېنقلايدىغان: ئېنقلىغۇچى كىشى. ئېنقلىغۇچى گۇرۇپپا. ② ئى <تىل> جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرىدىن بىرى، يەنى ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنە دائىرىسىنى چەكلەپ، ئېنقلاپ كېلىدىغان جۈملە بۆلىكى.

**ئېنقلىق** ئى. ئېنىق، ئوچۇق بولۇش: بۇ ئىشنىڭ ئېنقلىق دەرىجىسى يۇقىرى ئەمەس.

**ئېنقلىما** ① سۈپ. ئېنقلىنىدىغان؛ ئېنقلانغان: ئېنقلىما ھۆكۈم. ② ئى <لوگ> بىر خىل شەيئىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدىكى ياكى بىر ئۇقۇمنىڭ مېغىزى بىلەن ھەجمى توغرىسىدىكى ئېنىق ھەم ئىخچام چۈشەندۈرۈش، تەبىر.

**ئېنقلىماق** پ. مەلۇم بىر ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى، سەۋەب-نەتىجىسىنى تەكشۈرۈپ، سۈرۈشتۈرۈپ بىلمەك: مەن ئەينى چاغلاردىكى بىرمۇنچە ئىشلارنى بىر-بىرلەپ ئېنقلاپ، ئۆزۈمنى ئاقلىماقچى.

**ئېنمەك** پ. دىيال. ئەن سالماق، بەلگە ئۇرماق.

**ئېھ** ئىم ① قايتا-قايتا تەكرارلىنىپ ھالسىزلىنىش، ئاغرىقتىن ئازابلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: — ئېھ، ئېھ... سۇ! سۇ، جىگىرىم قۇرۇپ كەتتى، ئاھ، ۋايجان، — دەپ نالە قىلاتتى شاھزادە. ② ئېچىنىش، يالۋۇرۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: نېمىشقا؟ ئېھ خۇدا، توۋا! ئەجەبا نېمىشقا ئىكەنلىكىنى تېخىچە چۈشەنمىسىڭىز.

**ئېھتىرام** ئى [ئە] باشقىلارغا قىلىنغان يۈكسەك ھۆرمەت؛ ئىززەت - ئىكرام: ئېھتىرام بىلدۈرمەك. ئېھتىرام قىلماق.

**ئېھتىلام** ئى [ئە] چۈشىدە جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇپ مەنىي ئېقىپ كېتىش: ئېھتىلام بولماق.

**ئېھتىمال (ئېھتىمالى)** [ئە] ① ئى. ئەمەلگە ئېشىش، يۈز بېرىش، رېئاللىققا ئايلىنىش ئىمكانىيىتى، مۇمكىنلىك: ئۇنىڭ يېڭىنغا قاتنىشىش ئېھتىمالى بار.

**ئېھتىمالدىن يىراق** مۇمكىنچىلىكى ئاز، ئىمكانىيىتى يوق: ئۇنىڭ ئەتىلا يېتىپ كېلىشى ئېھتىمالدىن يىراق.

**ئېھتىمالغا يېقىن** مۇمكىن، مۇمكىنچىلىكى بار: ئۇنىڭ مۈشت كۆتۈرۈپ غوۋغا چىقىرىشى ئېھتىمالغا يېقىن.

**ئېھتىماللاشماق** پ. مۆلچەرلەنمەك، پەرەز قىلىنماق: ئۇزاققا سوزۇلۇشى ئېھتىماللىشىپ بولغان ۋە پات-پات ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىش قىيىن ئىدى.

**ئېھتىماللىق** ① «ئېھتىمال» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى. <مات> ② مەلۇم بىر ۋەقە (ھادىسە) ئوخشاش شارائىت ئاستىدا يۈز بېرىشى مۇمكىن ياكى يۈز بەرمەسلىكى مۇمكىن. يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى ئىپادىلەيدىغان مىقدار ئادەتتە ئېھتىماللىق دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ئادەتتىكى ئەھۋالدا بىر تۇخۇمدىن چىققان چۈجىنىڭ ئەركەك ياكى چىشى بولۇش ئېھتىماللىقى بولىدۇ.

**ئېھتىماللىق نەزەرىيەسى** <مات> ماتېماتىكىنىڭ بىر تارمىقى. سانلىق مىقدارلار نۇقتىسىدىن ھادىسىلەرنىڭ ئېھتىماللىق قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىدا كەڭ تۈردە قوللىنىلىدۇ.

**ئېھتىيات** ئى [ئە] يىراقنى كۆرۈپ، ئالدىنى ئېلىپ ئىش قىلىش؛ پەخەس: ئېھتىيات قىلماق.

**ئېھتىياتەن** رەۋ [ئە] ئېھتىيات ئۈچۈن، ئېھتىيات قىلىپ: گەرچە زۆرۈر بولمىسىمۇ ئېھتىياتەن بىر - ئىككى دوختۇر چاقىرماقچىمەن.

**ئېھتىياتچان** سۈپ. بىر ئىشقا ئېھتىيات بىلەن قارايدىغان، ئېھتىيات قىلىدىغان: ئېھتىياتچان ئادەم. // تېببىي خادىملار داۋالاش ئىشلىرىدا ئېھتىياتچان بولۇشى، ئاڭلىق ھالدا ئۇنۇملۇك ئۇسۇللارنى قوللىنىشى لازىم.

**ئېھتىياتچانلىق** ئى. ئېھتىيات قىلىش، بەك ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىش مىجەزى، ئادىتى: ئۇنىڭ ئېھتىياتچانلىقى ھەممە ئوقۇغۇچىلارغا نەمۇنە بولۇپ قالدى.

**ئېھتىياتسىز** رەۋ. ئېھتىيات قىلماي: ئېھتىياتسىز تۇرۇپ قاپتىمەن.

**ئېھتىياتسىزلىق** ئى. ئېھتىيات قىلماسلىق، بىپەرۋالىق: مەن ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ قاپتىمەن.

**ئېھتىياتلىق** ئى. پەخەس بولۇش، ئېھتىيات قىلىش: ئۇ ئۇ ياق - بۇ ياققا قاراپ، ئېھتىياتلىق بىلەن شورىدىن باغقا چۈشۈپتۇ.

**ئېھتىياج** ئى [ئە] بىرەر نەرسىگە بولغان تەلەپ، ھاجەت، زۆرۈرىيەت، موھتاجلىق: ئېھتىياجى چۈشمەك. ئېھتىياجىدىن چىقماق.

**ئېھتىياجسىز** سۈپ. ئېھتىياجى يوق، كېرىكى يوق: ئېھتىياجسىز مال. * ياق، بىزدە خادىملار تولۇق، ئېھتىياجسىز ئادەملەرنى ئالمايمىز.

**ئېھتىياجلىق** سۈپ. لازىملىق، لازىم بولىدىغان: ئېھتىياجلىق ماللار. // بۇ ماللار بىزگە بەك ئېھتىياجلىق بولۇۋاتىدۇ.

**ئېھرام** ئى [ئە] <دىن> ① پىرامىدا. ② ھەجگە بېرىشتىن بۇرۇن مەلۇم ۋاقىت ئەتىر سېپىش، چاچ - ساقاللىرىنى ئېلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىشلاردىن ۋاز كېچىش ۋە مىسىر، ئىراق قاتارلىق مۇسۇلمان دۆلەتلىرى چېگرالىرىغا يەتكەندىن كېيىن ئاق كىيىمگە، تىكىلمىگەن ئاق ئەن رەختلەرگە ئورىلىش. ③ شۇنداق ئاق رەختنىڭ ئۆزى.

**ئېھرامسىمان** سۈپ. ئېھرامغا ئوخشاش، ئېھرام شەكىللىك: ئۇنىڭ قارشىچە كېسەلنىڭ كارىۋىتى ئاستىغا ئېھرامسىمان مودېلنى قويۇپ قويسا كېسەل تېز ساقىيىدىكەن.

**ئېھسان** ئى [ئە] بىراۋغا قىلىنغان ياخشىلىق، خەيرلىك ئىش، ھەدىيە: ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يېتىم - يېسىرلارغا ئىنئام ۋە ئېھسانلار قىلىپ ئالەمدىن ئۆتتى.

**ئېئون** ئى [ر<گرېك] <گېئول> جاھان، ئالەم.

**ئېۋالد** ئى [ر<گرېك] < فىز >← **ئېۋالد سفېراسى**.

**ئېۋالد سفېراسى** < فىز > كىرىستالدىن ئېلاستىك چېچىلغان X نۇر دەستىلىرىنىڭ يۆنىلىشىنى ئانالىز قىلىدىغان گرافىكا ئۇسۇلىدىن چىقىرىلغان سفېرىك يۈز.

**ئېۋەن** ئى ① كەم جاي، كەمچىلىك؛ نۇقسان؛ ئەيىب: ئېۋەن قويماق. ئېۋەن تاپماق. * چىرايلىقنىڭمۇ بىر يېرىدە ئېۋىنى بولىدۇ. <ماشىن> ② دېتاللارنىڭ بەلگىلىمىدىن ئېشىپ كەتكەن ياكى بەلگىلىمىگە توغرا كەلمەيدىغان يېتەرسىز تەرىپى، قىسمى: ئېۋەن پىچىقى.

**ئېۋەنسىز** سۈپ. ئېۋىنى يوق، ئەيىبسىز: ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئېۋەنسىز تۈپلىيى پارقىراپ تۇراتتى.

**ئېۋەنلىك** سۈپ. ئېۋىنى بار، ئەيىب-نۇقسانلىق: كىچىككىنە ئېۋەنلىك ئادەملەرنى ھەددىدىن زىيادە ئەيىبلەۋېرىش ياخشى ئادەت ئەمەس.

**ئېۋفوربىيە** ئى [ر<لات] <بوت> ← **ئېۋفوربىيە چاتقىلى.**

**ئېۋفوربىيە چاتقىلى** <بوت> سۈتلۈكئوت ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال.

**ئېۋفېمىزم** ئى [ر<لات] <ئەد> توغرىدىن-توغرا ئېيتىشقا بولمايدىغان ياكى بىۋاستە ئېيتىش بىئەپ، قولايسىز بولغان سۆزلەرنى سىلىقلاشتۇرۇپ ئېيتىش ياكى دېمەكچى بولغان سۆزنى ئەينەن ئېيتماي، شۇ سۆزگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىش-ھەرىكەتلەرنى ئېيتىش ئارقىلىق دېمەكچى بولغان مەقسەتنى ئىپادىلەش. مەسىلەن، «تۇغماق» سۆزى ئورنىغا «يەڭگىمەك»، «كۆزى يورۇماق» دېگەندەك سۆزلەرنى، «ئۆلمەك» سۆزى ئورنىغا «ۋاپات بولماق، ئالەمدىن ئۆتمەك، تۈگەپ كەتمەك...» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلەتكەنگە ئوخشاش.

**ئېۋكالىپت** ئى [ر<گىرېك] <بوت> ← **ئېۋكالىپت دەرىخى.**

**ئېۋكالىپت دەرىخى** <بوت> مىرتا ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. غولى ئېگىز ھەم تۈز كېلىدۇ.

**ئېۋگلېنا** ئى [ر<لات] <زوئول> توختام سۇلاردا ياشايدىغان بىر ھۈجەيرىلىك ھايۋان. تېنى يېشىل، ئۇرچۇقسىمان، تېنىدە خلوروفىل ماددىسى بار. فوتوسىنتېز رولىغا ئىگە. ئالدى قىسمىدا قىزغۇچ كۆز توچكىسى ۋە بىر تال ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن كەلگەن قامچا تۈكى بولۇپ، ھەرىكەت ئورگىنى ھېسابلىنىدۇ.

**ئېۋگېنىكا** ئى [ر<لات] <بىيول> ئەۋلادنىڭ ئىرسىيەتلىك خۇسۇسىيىتىگە تەسىر قىلىدىغان ھەر خىل ئۇسۇللارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئېۋودىيە** ئى [ر<لات] <بوت> ← **ئېۋودىيە دەرىخى.**

**ئېۋودىيە دەرىخى** <بوت> سوزاپ ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. مېۋىسى قۇرۇق مېۋە بولۇپ، كىچىك ھەم قىزىل كېلىدۇ ۋە دورا قىلىنىدۇ. قورساق ئاغرىقى، ئىچ سۈرۈش، ھەزىم قىلىشنىڭ ناچارلىقى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈنۈمى يۇقىرى.

**ئېۋولىيوتسىيە** ئى [ر<لات] <بىيول> ① شەيئىلەرنىڭ ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، تۆۋەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دەرىجىلىككە قاراپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش جەريانى. ② جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى نەزەرىيە. ئاساس سالغۇچى كىشى ئەنگلىيەلىك بىيولوگىيە ئالىمى دارۋىن. ھازىرقى زامان بىيولوگىيە ئىلمى يەنە خىلمۇخىل دەلىل-ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاساسلىق كۆز قارىشى — «ئەڭ دەسلەپكى جانلىقلار جانسىزلاردىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. ھەر خىل جانلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەجدادى بىر، جانلىقلار تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزگىرىش، ئىرسىيەت ۋە تەبىئىي تاللىنىش ئارقىلىق تۆۋەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دەرىجىلىككە، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، تۈرلىرى ئاز بولۇشتىن كۆپ بولۇشقا قاراپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان» دېگەندىن ئىبارەت.

**ئېۋېنكي** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئاساسەن مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ خۇلۇمبېرمىڭ ناھىيەسى ۋە خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ نېخې ناھىيەسىگە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان.

**ئېۋېنكىچە** ① سۈپ. ئېۋېنكىلەرنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: ئېۋېنكىچە ئۇسسۇل. ئېۋېنكىچە ئادەت. ئېۋېنكىچە كىيىم. ② ئى. ئېۋېنكي تىلى: ئۇ ئېۋېنكىچىنى ياخشى بىلىدۇ. ③ رەۋ. ئېۋېنكي تىلىنى ئىشلىتىپ، ئېۋېنكي تىلىدا: ئۇلار ئېۋېنكىچە سۆزلىشىپ كەتتى.

**ئېيتارلىق** سۈپ. ئېيتىلىدىغان، ئېيتىدىغان، ئېيتىش كېرەك بولغان: — ئېيتارلىقىڭ يەنە باشقا گېپىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ساقچى باشلىقى سەمەتتىن.

**ئېيتايلۇق** تىر. مەسىلەن، مىسالەن: ئەگەر باشقىچە بىر شارائىتتا بولۇپ قالغان بولسام، ئېيتايلۇق، سېنىڭ ئورنۇڭدا بولۇپ قالىدىغان بولسام، مەن بۇنچىلىك ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى تارتمايتتىم.

**ئېيتقۇزماق** «ئېيتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇغداي نېنى ياخشى، ئېيتقۇزىدۇ ناخشى (ماقال).

**ئېيتقۇسىز** سۈپ. دەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان، ھەددىدىن تاشقىرى: ئۇلار تونۇگۈنكى ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئېيتقۇسىز خۇشاللىقتا چۆمگەنىدى.

**ئېيتماق** پ ① ئوي ـ پىكرىنى، مەقسىتىنى ئاغزاكى بايان قىلماق، گەپ قىلماق، دېمەك: ئاشىق ئايالىغا ئۆزىنىڭ كەلگەن يېرىنى ۋە كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ② تەلەپپۇز قىلماق: بىرەر تىلنى يېڭى ئۆگەنگەندە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى توغرا ئېيتىش كېرەك. ③ تەكلىپ قىلماق، چاقىرماق: تويغا ئېيتماق. چايغا ئېيتماق. نەزىرگە ئېيتماق. ④ بەزى ئىسىملار بىلەن كېلىپ ئۇنى پېئىللاشتۇرۇپ «يوللىماق، يەتكۈزمەك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: سالام ئېيتماق. ئۆزرە ئېيتماق. گەپ ئېيتماق.

**ئېيتقىنىڭ كەلسۇن** «دېگىنىڭدەك بولسۇن» دېگەن مەنىدىكى ياخشى تىلەكنى بىلدۈرىدىغان ئىبارە: — ئىلاھىم، ئېيتقانلىرى كەلسۇن، — دېدى شامەخسۇت.

**ئېيتماقچى** رەۋ. دېمەكچى، دەپ ئۆتمەكچى، سۆزلىمەكچى: ئۇ ئاخىرى ئەھۋالنى شاھزادىگە ئېيتماقچى بولدى.

**ئېيتىشماق** ① «ئېيتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەركىم ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئېيتىشتى. ② سەن-پەن دېيىشمەك، تاكاللاشماق، زىتلاشماق، قېرىشماق: ئۇ بىرھازا ئېيتىشىپ ئاران قۇتۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

**ئېيتىشىش** ئى <ئەد> ① ئىككى ئادەم ياكى ئىككى گۇرۇپپىنىڭ ناخشىچىلىرى ناخشا ئېيتىشتا بەسلىشىپ قارشى تەرەپنىڭ ناخشىسىغا ناخشا بىلەن جاۋاب قايتۇرىدىغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر خىل شەكلى. ② ئىككى ئادەم ياكى ئىككى گۇرۇپپا ناخشىچىلار بىر-بىرىگە جاۋاب قايتۇرۇش شەكلىدە ئورۇنلىنىدىغان ناخشا.

**ئېيتىلماق** «ئېيتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تولىمۇ ياڭراق ۋە ھېسسىياتلىق ئېيتىلغان بۇ ناخشا ھەرقانداق ئادەمگە كۈچلۈك تەسىر قىلاتتى.

**ئېينشتېين** ئى<فىز> مىلادىيە 1879 — 1955-يىللاردا ياشىغان فىزىكا ئالىمى، گېرمانىيەدە تۇغۇلغان. 1940-يىلى ئامېرىكا تەۋەلىكىگە ئۆتكەن.

**ئېينشتېين نىسپىيلىك پرىنسىپى**<فىز> تەبىئىي قانۇنلارنىڭ ھەر خىل پايدىلىنىش سىستېمىلىرىدىكى شەكىللىرىنىڭ ئوخشاش بولۇش پرىنسىپى.

**ئېينشتېينىي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت.

Es (Einsteinium). گېلىي يادروسى ئارقىلىق ئۇران قاتار-لىقلارنى بومباردىمان قىلىپ ئېلىنىدۇ. رادىيوئاكتىپلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

**ئېيىق** ئى <زوئول> بىر تۈرلۈك سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. بېشى چوڭ، قۇيرۇقى قىسقا، تۆت ئايىغى توم ھەم قىسقا، پۈت ئالىقىنى ئىنتايىن چوڭ كېلىدۇ. بارماقلىرى ئۇچىدا ئىلمەك-لىك تىرناقلىرى بولىدۇ. دەرەخقە چىقالايدۇ. ئاساسەن ھايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، مېۋە-چېۋىلەرنىمۇ يەيدۇ. تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، قوڭۇر ئېيىق، ئاق ئېيىق، قارا ئېيىق قاتارلىق تۈرلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ.

**ئېيىقتاپان** ئى [ ئېيىق + تاپان] <بوت> ئېيىقتاپان ئائىد-لىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غولluق ئۆسۈملۈك. ئۆسۈم-لۈك تۈپى زەھەرلىك بولۇپ، ئۇنى دورا قىلىشقا بولىدۇ.

**ئېيىقئۇزۇمى** ئى [ئېيىق + ئۈزۈم + ى] <بوت> ① كاكۇك-گۈل ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. مېۋىسى قارامتۇل سۆسۈن، تاتلىق، يېيىشكە بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ئېيىل** ئى. ئېگەرنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلاغنىڭ تۆش ۋە قورساق قىسمىدىن تارتىلىدىغان باغ.

# ئى

**ئى** I ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئوتتۇز بىرىنچى ھەرپى ۋە شۇ ھەرپىنىڭ نامى .

**ئى** II ئىم. «ھەي» سۆزىنىڭ سىلىقلاشتۇرۇلۇپ ھۆرمەت مەنىسىدە ئېيتىلىشى. قارشى تەرەپكە قارىتا چاقىرىق قىلىش، ئۈندەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: ۋەزىر بىركۈنى پادىشاھقا: — ئى جاھاننىڭ ئاپتىپى، ئۇلۇغ شاھىم! ھېلىقى دانىشمەننىڭ جانابلىرىنى كۆزگە ئىلماي قىلىۋاتقان ئەدەپسىزلىكلىرىگە چىداپ تۇرالمىدىم، — دەپتۇ.

**ئىئانە** ئى [ئە] ① بىرەر ئىش ياكى پائالىيەت ئۈچۈن بېرىلگەن ماددىي ياردەم: ئىئانە بەرمەك. ئىئانە قىلماق. ② ياردەم قىلىش، قوللاش مەقسىتىدە يىغىدىغان پۇل: ئۇ ئۇرۇمچىدە يۈز بېرىۋاتقان تىراگېدىيەلەرنى كۆرۈپ، بۇ بەختسىزلەرگە ئىچى ئاغرىدى ـ دە، ئىئانىگە كىرىشتى.

**ئىبادەت** ئى [ئە] ① تەڭرىگە ئىتائەت قىلىش، تەڭرىنىڭ ئەمرىنى ئورۇنداش يۈزىسىدىن قىلىنىدىغان دىنىي مەجبۇرىيەت؛ مۇراسىم، ناماز: ئىبادەت قىلماق. * ياشلىقتىكى ئىبادەت تاشقا مۆھۈر باسقاندەك، قېرىغاندا قىلغان ئىبادەت قۇمغا مۆھۈر باسقاندەك (ماقال). * ئىنساننىڭ تېنى ساغلام بولمىسا، دىنىنىڭ ئىبادەتلىرىنىمۇ قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئىبادەتگاھ** ئى [ئە + پ] ئىبادەت قىلىدىغان جاي، ئىبادەت قىلىدىغان ئۆي: ئىبراھىمنىڭ كىچىك خانىسى ھەم ياتاق، ھەم ئىبادەتگاھ ئىدى.

**ئىبادەتخانا** ئى [ئە + پ] <دىن> ھەرقايسى دىندىكى دىنىي مۇرىتلارنىڭ ئۆز تەڭرىسىگە سىغىنىپ دۇئا ـ تىلاۋەت، تۇۋا ـ ئىستىغپار ئېيتىدىغان جايى؛ ئىبادەتگاھ.

**ئىبارە** ئى [ئە] بىرەر ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان بىر ياكى بىردىن ئارتۇق سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسى، قىسقا جۈملە قاتارلىقلار: ئوبرازلىق ئىبارە. * مەسىلىنى ھەمىشە سىياسىي ئىبارىلەر بىلەن شەرھلەشكە زورۇقماسلىقىمىز لازىم.

**ئىبارەت** تىر [ئە] چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «ـ دىن، ـ تىن» بىلەن تۇرلەنگەن ئىسىملارنىڭ ئارقىسىغا تىركىلىپ كېلىپ، «تەشكىل تاپقان، تەركىب تاپقان، ئۆز ئىچىگە ئېلىنغان، بولغان؛ تۈزۈلگەن» دېگەن مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ: ئۇلارنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

**ئىبەرمەك** پ. يېزىت. ئەۋەتمەك، يوللىماق: مېنى سېنىڭ ئالدىڭغا يولغا سالغان، مانا، ئۇنىڭ ساڭا ئىبەرگەن سوۋغىسى.

**ئىبرانىي** ئى [ئە] <ئىرق> قەدىمكى يەھۇدىيلارنى كۆرسىتىدۇ.

**ئىبرەت** ئى [ ئە ] كىشىلەر ئۆلگە ئېلىشقا بولمايدىغان، ساقلىنىش ئۈچۈن ساۋاق بولىدىغان ئىش ـ ھەرىكەت، ۋەقە، ھادىسە: ئىبرەت ئالماق. ئىبرەت قىلماق. * شەھەرلىككە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن چېرىكلىرى داۋۇت ئاخۇننى تاشقىرىقى بازارنىڭ شىمالىدىكى بىر چوڭ تېرەككە ئېسىپ قويدى.

**ئىبرەتلەنمەك** پ. ئىبرەت ئالماق: مەن ئۇ ئىشتىن ئىبرەتلەندىم.

**ئىبرەتلىك** سۈپ. ئىبرەت ئېلىشقا بولىدىغان، ئىبرەت قىلىدىغان؛ تەربىيەۋى ئەھمىيىتى بار، تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە: ئىبرەتلىك سۆزلەر. ئىبرەتلىك ئەسلىمە.

**ئىبرەتنامە** ئى. بىرەر مەسىلە ھەققىدە باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن يېزىپ قالدۇرغان خەت: كۆزۈم توغرىسىدىكى ۋەقە يىغىنە بىلەن كۆزنىڭ ئېقىغا يازغۇدەك ئىبرەتنامىدۇر.

**ئىبرىي** [ئە] ئى <ئىرق> ← **ئىبرانىي**.

**ئىبلىس** ئى [ئە] ① دىنىي چۈشەنچىدە ئادەملەرنى يولدىن ئازدۇرىدىغان، يامان يولغا باشلايدىغان رەزىل مەخلۇق؛ شەيتان: «ئەنە شۇ كىشىمۇ مېنىڭ قىزلىق، ئۇيقۇسىز كېچىلىرىمنىڭ ئىبلىسى بولغانىدى؟» دەپ ئويلىدى رازىيە. ② كۆچمە. قەبىھ قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئىنتايىن ھىيلىگەر، مەلئۇن، لەنىتى، ساختىپەز (يامان ئادەم ھەققىدە): ئۇلار ھاراقنى بوتۇلكىسى بىلەنلا ئاغزىغا قۇيۇپ ئىچىۋېرىپ، مەست بولۇپ ئىبلىسقا ئوخشاپ قالدى.

**ئىبلىسلىق** ئى. شەيتانلىق، رەزىللىك؛ قەبىھلىك، ساختىپەزلىك: — شۇنداق، ئادەملەرنىڭ كاللىسىدىكى ئويىنى بىلىۋالىدىغان ئىبلىسلىقىمۇ بار، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

**ئىپادە** ئى [ئە] ① كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە ھاسىل بولغان ئوي ـ پىكىر، ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرگەن بەلگە؛ ھالەت: ئىپادە قىلماق. ئىپادە بىلدۈرمەك. * ئۇنىڭ ئىپادىسى ياخشى. ② <مات> ئۆزئارا بىرەر باغلىنىشنى بىلدۈرىدىغان فورمۇلا؛ تەڭلىمە: تۆت ئەمەللىك ئىپادە. ئالگېبرالىق ئىپادە.

**ئىپادىسىز** ① سۈپ. ئىپادىسى يوق، ئىپادە بىلدۈرمىگەن: ئۇنىڭدىن باشقا، پۈتۈنلەي ئىپادىسىز، كۈلگىنى بىلەن كۈلمىگىنىنىڭ پەرقى يوق نۇرغۇن تەلەتلەرنىمۇ ئۇ دائىم مۇشۇ ئائىلىدە ئۇچرىتىپ تۇراتتى. ② رەۋ. ئىپادە بىلدۈرمىگەن ھالدا، مەقسەتسىز: ئالمىچى ماڭا ھېچ ئىپادىسىز قاراپ تۇراتتى.

**ئىپادىلەش** <ئەد> ئەدەبىي ئىجادىيەتتە قوللىنىدىغان ھەر خىل كونكرېت ئوبراز يارىتىش ئۇسۇللىرى، ئەدەبىياتتىكى ئىپادىلەش مۇنداق بىرقانچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 1) تىلنى قانداق قوللىنىپ بايان قىلىش ۋە تەسۋىرلەش؛ 2) ھېكايە سۇژىتىنى ۋە پېرسوناژلار ئوبرازىنى قانداق تەشكىللەش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش؛ 3) مۇبالىغە، ئوخشىتىش، كۆچەيتىش، ھەجۋىيلەشتۇرۇش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قانداق قوللىنىش قاتارلىقلار.

**ئىپادىلەشمەك** «ئىپادىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەخسۇت مۇھەتى ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلار بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلۈمسىرەپ كۆپچىلىكنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەنلىكىنى ئىپادىلەشتى.

**ئىپادىلەنمەك** ① «ئىپادىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن ھەم ئېچىنىش، ھەم نارازىلىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ② «ئىپادىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن قانداقتۇر بىر سوئال ئالامىتى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

**ئىپادىلىك** سۈپ. ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە، ئىپادىلەيدىغان: ئۇنىڭ شوخ، ئىپادىلىك كۆزلىرى قىزنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى.

**ئىپادىلىمەك** پ ① ئەكس ئەتتۈرمەك، بىلدۈرمەك: سىنىپ قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئىپادىلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ. ② سۆز بىلەن بايان قىلماق، ئاڭلاتماق، تەبىر بەرمەك: قىز ئەنە شۇ كىتابلار ئارقىلىق ئۆز قەلبىنى يىگىتكە ئىپادىلەيتتى. ③ <مات> فورمۇلا ئارقىلىق تەبىر بەرمەك، بىلدۈرمەك، كۆرسەتمەك.

**ئىپار** ئى ① ئىپار كېيىكىنىڭ كىندىكىدىن، بەزى كاللارنىڭ جىنسىي بېزىدىن ئېلىنىدىغان خۇش پۇراقلىق ماددا: ئىپارنىڭ شىپالىق رولى زور. ② شۇ ماددىنىڭ خۇشبۇي ھىدى، پۇرىقى: مۇزلار ئېرىپ، كېتىپ قار، يېتىپ كەلدى گۈلباھار. زەپ ياساندى تەبىئەت، چاچتى گۈللەر خۇش ئىپار. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئىپار - ئەنبەر** ئىپار ۋە ئەنبەر.

**ئىپار - جەمبىل** ئىپار ۋە زەپەر، ئومۇمەن خۇش پۇراق ماددىلار: بۇ ئىشلاردىن كېيىن شەھرىمان شاھ خىزمەتچىلىرىگە قاراپ، قەسرىنى ئىپار - جەمبىللەر بىلەن خۇشبۇي قىلىشنى، شەھەرنى ئوبدان زىننەتلەشنى بۇيرۇق قىپتۇ.

**ئىپارچاشقان** ئى [ئىپار + چاشقان] <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. رەڭگى قارا، كۆزلىرى كىچىك، قۇلاقلىرى قىسقا، قۇيرۇقى مايماق كېلىدۇ. ئاساسەن زەيكەشلىك ۋە سۇ بويلىرىدا ياشاپ، سۇ بويىدىكى ئۆسۈملۈكلەر ئارقىلىق ھايات كەچۈرىدۇ، تېرىسىدىن كىيىم تىككىلى بولىدۇ.

**ئىپار - زەپەر** ئىپار ۋە زەپەر، ئىپار - جەمبىل: ئىپار - زەپەر پۇراپ كەتمەك.

**ئىپاركالا** ئى [ئىپار + كالا] <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. شەكلى كالىغا ئوخشايدۇ، ئەمما سەل كىچىكرەك. بېشى چوڭ ۋە كەڭ، تۆت ئايىغى قىسقا، بويىنى ۋە قۇيرۇقى ناھايىتى قىسقا كېلىدۇ. تۈكلىرى ئۇزۇن بولۇپ بېغىر رەڭدە. تېرە ئاستىدا بەز تەنچىسى بولۇپ، ئاجرىتىپ چىقارغان سۈيۈقلۇقى ئالاھىدە خۇشبۇي پۇرايدۇ. شىمالىي ئامېرىكىدىكى شىمالىي قۇتۇپ رايونىدا ياشايدۇ.

**ئىپاركېيىك** ئى [ئىپار + كېيىك] <زوئول>سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. شەكلى كېيىككە ئوخشايدۇ، ئەمما سەل كىچىكرەك، مۈڭگۈزى يوق، ئالدى پۇتى قىسقا، ئارقا پۇتى ئۇزۇن، سەكرەشكە ماھىر كېلىدۇ. قۇيرۇقى قىسقا بولىدۇ. تۈكلىرى توق قوڭۇر ياكى كۈل رەڭگە مايىل قوڭۇر كېلىدۇ. ئەركىكىنىڭ قوزۇق چىشى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئېغىز سىرتىغا چىقىپ تۇرىدۇ. كىندىكى بىلەن كۆپىيىش ئەزاسى ئوتتۇرىسىدا بەز خالتىسى بولۇپ، ئىپار ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ.

**ئىپارگۈل** ئى [ئىپار + گۈل] ① <بوت> مىرتا ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئىپارلىق** ① سۈپ. ئىپار پۇرايدىغان، ئىپار پۇرىقىغا ئىگە: سېنىڭ كۆكسۈڭدىكى گۈللۈك ياراشقان خالىغا ئوخشايدۇ، تۇمەن گۈلنىڭ ئىپارلىق خۇش پۇراقسىمان گۈزەل ھېيتكا. ② ئى. ئىپار پۇرايدىغان يەر: ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرى چىمەنزارلىق، خۇش ھاۋالىق جۇلالىق ھەم ئىپارلىق. بىر يېنىدا ئېچىلسا رەيھانگۈلى، بىر يېنىدا ئېچىلار پىچانگۈلى.

**ئىپپەت** ئى [ئە] ① ئاياللارنىڭ جىنسىي پاكلىقى. ② ۋىجدانىي پاكلىق، نومۇس، ھايا: ئىپپىتىگە تەگمەك. * ساڭا بىر سۆز قىلاي، زېھنىڭنى ئۆلچەپ كۆر قىزىم تىللا، قېنى ئېيت، قىز ئۈچۈن ئىپپەت مۇھىممۇ ياكى زەر تىللا؟ ③ قىز - ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئىپپەتسىز** سۈپ، ئىپپىتىنى ساقلىيالمىغان، نومۇسسىز: ناپاك: ئىپپەتسىز بىر قىز، مەيلى ئۇ تەڭداشسىز چىرايلىق، نازىنىن بولۇپ كەتسىمۇ، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. چۈنكى، ھاياسىز، ئىپپەتسىز گۈزەللىكنىڭ بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

**ئىپپەتلىك** سۈپ. ئىپپىتىنى ساقلىغان، نومۇسلۇق؛ پاك: قىزلار ئۆزلىرىنىڭ ئىپپەتلىك ئىكەنلىكىدىن ئۇيىلاتتى، خوتۇنلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ ۋاپادارلىقىنى يوشۇراتتى.

**ئىپپەت - نومۇس** ئىپپەت ۋە نومۇس: ئىپپەت - نومۇسنى ساقلىماق. ئىپپەت - نومۇسىغا تەگمەك.

**ئىپپەت - نومۇسلۇق** ئىپپەت ۋە نومۇسى بار، ئىپپەت - نومۇسنى يوقاتمىغان: ۋىجدانلىق ئاياللار ھەر ئىشتا سەۋرلىك، چىدامىلىق، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغۇچى ئىپپەت - نومۇسلۇق، قەلبى، كۆڭلى ساپ بولىدۇ.

**ئىپتار** ئى [ئە] <دىن> روزا كۈنلىرى شام پەيتىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئېغىز ئېچىش ئىشى: ئىپتار ۋاقتى. ئىپتار قىلماق. *ئەپەندىم روزىنىڭ ھېسابىدىن ئاداشماسلىق ئۈچۈن ھەر كۈنى ئىپتاردىن كېيىن خالتىغا بىر تاش سېلىپ قويىدىكەن.

**ئىپتارچى** ئى. ئىپتار قىلغۇچى كىشى.

**ئىپتارلىق** ئى. ئىپتار ۋاقتىدا يېيىشكە تەييارلانغان ئاش - تاماق، يېمەكلىك: ئىپتارلىق تاپماق. ئىپتارلىق يېمەك.

**ئىپتىخار** ئى [ئە] ① شان - شەرەپ كەلتۈرىدىغان، پەخىرلەنسە بولىدىغان ئىش، بىركىم ياكى نەرسە: ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىپتىخارى. ② شان - شەرەپ ھېسسى، پەخىر؛ پەخىرلىنىش: مېنىڭ شۇ تاپتا ئوسمان مۇئەللىمگە بولغان ھۆرمەت، ئىپتىخارىم يالقۇنجايتتى.

**ئىپتىخارلاندۇرماق** «ئىپتىخارلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇ-

رىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ ھەربىر خۇلاسىسى بىزنى ئادەمدە شۇ قەدەر تولۇپ تاشقان زېھنىي كۈچنىڭ بولغانلىقى بىلەن ئىپتىخارلاندۇرىدۇ.

**ئىپتىخارلانماق** پ. ئىپتىخارلىق ھېس قىلماق، پەخىرلەنمەك: ئۇ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، ئۆزىنىڭ مۇنچىۋالا ياخشى ئوغلىنىڭ بولغانلىقىدىن ئىپتىخارلاندى.

**ئىپتىخارلىق** ① سۈپ. ئىپتىخارلانسا ئەرزىيدىغان، ئىپتىخارلانسا بولىدىغان، ئىپتىخار ئىپادىلەنگەن، پەخىرلىك: مەن چەكسىز ئىپتىخارلىق ھېسسىياتىم بىلەن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، ئالدى بىلەن مۇنۇ شېئىرنى يېزىپ چىقتىم. ② ئى. ئىپتىخارلىنىش، پەخىرلىنىش: مەن بۇ ئىشتىن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ھاياجانغا، ئىپتىخارلىققا چۆمدۈم.

**ئىپتىدا** رەۋ [ئە] دەسلەپ، ئاۋۋال: ئىپتىخارلىق تۇيغۇدىن مەڭزىمدە شادلىق تامچە ياش، ئەل باھارى سەن بىلەن تارىختا بولغاچ ئىپتىدا. // ئىپتىدانى باشلايمىز، شېھىدانە خوتەندىن. باتۇرلارنى ئۆستۈرگەن، شان-شەۋكەتلىك ۋەتەندىن.

**ئىپتىدائىي** سۈپ [ئە] ① ئەڭ دەسلەپتىكى، ئەڭ يىراق قەدىمكى زاماندىكى، دەسلەپكى، باشلانغۇچ: ئىپتىدائىي دەۋر. ئىپتىدائىي مەكتەپ. ② ئەڭ ئاددىي، ساددا، يۈزەكى: بۇ خىل ئىپتىدائىي ھېسسىيات ھەممىلا كىشىدە بولىدۇ.

**ئىپتىدائىي جامائە** <پەلس> ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تارىخىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئىجتىمائىي تەشكىلات. نەچچە يۈز مىڭ يىلغا سوزۇلغان. ئۇ ئائىلىق ئۇرۇق جامائەسى ۋە ئاتىلىق ئۇرۇق جامائەسىدىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىپتىدائىي جەمئىيەت** <پەلس> ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ دەسلەپكى جەمئىيەت. ئۇ ئىپتىدائىي توپ (گۇرۇپپا) لارنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن باشلاپ ئانىلىق ئۇرۇق جامائەسى، ئاتىلىق ئۇرۇق جامائەسىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئىپتىدائىي جامائە پارچىلانغانغا قەدەر داۋام قىلغان. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تۆۋەن ھالەتتە بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولغان. كىشىلەر بىرلىكتە ئىشلەپ، بىرلىكتە ئىستېمال قىلغان، ئېكسپىلاتاتسىيە، سىنىپ بولمىغان. كېيىن ئۇنىڭ ئورنىنى قۇلدارلىق جەمئىيەت ئىگىلىگەن.

**ئىپتىدائىيلىق** ئى. ئىپتىدائىي تۈس - خۇسۇسىيەتكە ئىگىلىك، شۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇش: ئۇلارنىڭ نەغمىلىرىدە بىر خىل ئىپتىدائىيلىق چىقىپ تۇرماقتا.

**ئىپترا** ئى [ ئە ] يېزىت. تۆھمەت، بوھتان، قارا، بالا: مۇسۇلمانلارنىڭ دىلىغا ئىتتىپاق ئورنىغا نىپاق، ئادالەت ئورنىغا زۇلۇم، مۇھەببەت ئورنىغا ئاداۋەت، غەيرەت ئورنىغا ئاتالەت، مۇرۇۋۋەت ئورنىغا غەزەپ، ساخاۋەت ئورنىغا بېخىللىق، تەۋازۇ ئورنىغا كىبىر، ساداقەت ئورنىغا ئىپترا، شەپقەت ئورنىغا ھەسەت... يەرلەشتى.

**ئىپچەك** ئى. دىيال. چۇلۇۋۇر.

**ئىپرىت** ئى [ر] <خىم> ← **ئىپرىت گازى.**

**ئىپرىت گازى** <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. رەڭسىز، مايسىمان سۇيۇقلۇق. قىچا ئۇرۇقى ۋە سامساق تەمىگە ئىگە. ئىنتايىن زەھەرلىك، تېرىنى كۆيدۈرىدۇ. ئىلگىرىكى ئۇرۇشلاردا زەھەرلىك گاز ئورنىدا ئىشلىتىلگەن.

**ئىپلاس** [ئە] ① سۈپ. پاك ئەمەس، پاسكىنا: ئىپلاس نەرسە. ② سۈپ. كۆچمە. ھەرقانداق بىر ئىشقا توغرا نىيەتتە بولمايدىغان؛ رەزىل، قارا نىيەت، پەس، شەرمەندە؛ قەبىھ: ئىپلاس كىشى. * مەن سىلەرنىڭ بۇنچە ئىپلاس ئادەملەر ئىكەنلىكىڭلەرنى بىلمەپتىمەن. ③ ئى. شۇنداق ئادەم ياكى نەرسە: بۇ ئىپلاس تۇرمىدىن قاچقانىكەن.

**ئىپلاسلارچە** رەۋ. ئىپلاسلارغا خاس، ئىپلاسلارغا ئوخشاش: ئىپلاسلارچە ئىش قىلماق.

**ئىپلاسچىلىق** ئى. ئىپلاسلارغا خاس ئىش-ھەرىكەت، ئىپلاسلىق: بۇ نېمىدېگەن ئىپلاسچىلىق - ھە!

**ئىپلاسلاشماق** پ ① ئىپلاس ھالەتكە كەلمەك، مەينەت بولماق، پاسكىنا بولماق: يوللار بارغانسېرى ئىپلاسلىشىپ كەتتى. كۆچمە. پەسكەشلەرچە ئىش قىلىدىغان بولۇپ قالماق، رەزىل، پەسكەش بولۇپ قالماق، رەزىللەشمەك: ئۇ ھەددىدىن ئېشىپ ئىپلاسلىشىپ كەتتى.

**ئىپلاسلىق** ئى. رەزىللىك، پەسكەشلىك؛ مەينەت، پاسكىنىلىق، بىزەپلىك: ئۇ كۆڭۈلنى ئايلاندۇرىدىغان ئىپلاسلىق ئىچىگە چۈشتى.

**ئىپومېيە** ئى [ر<لات] <بوت> يۆگەي ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يۇمران غول، يوپۇرماقلىرىنى كۆكتات ئورنىدا ئىستېمال قىلغىلى بولىدۇ.

**ئىت** ئى ① <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. خىللىرى كۆپ. پۇراش ۋە ئاڭلاش سېزىمى ئۆتكۈر كېلىدۇ. تۈكلىرى ھەرخىل رەڭلەردە بولىدۇ. ئۇ ئادەتتە ئۆي ھايۋىنى ھېسابلىنىپ، كۆندۈرۈش ئارقىلىق ئۆي بېقىش، ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىققا ئىشلەتكىلى ياكى ھەربىي، قانۇن ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرگىلى بولىدۇ. ② <ئاستر> ئون ئىككى مۆچەلنىڭ ئون بىرىنچىسى، يەنى مۆچەل يىل ھېسابىدىكى ئون بىرىنچى يىل: ئىت يىلى .

**ئىت بورسۇق** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تۈكلىرى كۈل رەڭ، قورسىقى ۋە تۆت پۇتى قارا كېلىدۇ. بېشىدا توغرىسىغا كەتكەن ئۈچ تال يولى بولىدۇ. پۇتلىرىدا ئۇزۇن ھەم ئۆتكۈر كەلگەن تىرناقلىرى بولۇپ، توپا كولاشقا ماھىر كېلىدۇ. ئادەتتە تاغ - داللاردا ئۇۋۇا كولاپ ماكان تۇتىدۇ، كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ. مايلىرىدىن چەككىلەپ ئېلىنغان ياغ بىلەن كۆيۈك يارىسىنى داۋالىغىلى بولىدۇ.

**ئىت پوق يېمەستە** ئورنىدىن تۇرۇپ تېخى ھېچقانداق بىر ئىشقا تۇتۇش قىلمىغان چاغدا، قاق سەھەردە، ناھايىتى ئەتىگەندە: — بىركىم سېغىنىپ قالغاندەك ئىت پوق يېمەستە بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سورىدى ھېكىم نۇر.

**ئىت خۇي** ← **ئىت مىجەز:** ئىت خۇي ئادەم.

**ئىت مۇرۇن** <بوت> ← **ئازغان.**

**ئىت مىجەز** مىجەزى ئىتتەك، كىشىگە ئاسانلا ئاچچىقلىنىدىغان، ئاسان سوقۇشۇپ قالىدىغان، يۈز-خاتىر قىلمايدىغان: ئىت مىجەز ئادەم. ئىت مىجەز ئايال.

**ئىتنىڭ بالىسى** «ئادەم ئەمەس، ھايۋان» دېگەن مەنىدىكى تىل - ھاقارەت سۆزى: بۇ ئىتنىڭ بالىسىنى ماڭا تاپشۇرۇڭلار، قانداق

قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن.

**ئىتنىڭ قۇرتىدەك** ناھايىتى كۆپ، ناھايىتى جىق، مىغ ـ مىغ : بۈگۈن يەكشەنبە بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ـــ قانداق، بازارغا كىشىلەر ئىتنىڭ قۇرتىدەك يامراپ كەتكەنىدى.

**ئىتنىڭ كۈنى** خار ـ زار تۇرمۇش، ئاچ ـ توق ھايات، ئىنتا ـ يىن خارلىق: بىزنىڭ كۈنىمىز ئىتنىڭ كۈنى دېسىلە، ئىتنىڭ كۈنى.

**ئىت ئۈۋىسى** تۇرخۇننىڭ كاڭ بىلەن تۇتاشقان قىسمىنىڭ ئۇدۇلىغا ئىسسىنى راۋان ماڭدۇرۇش ئۈچۈن ئويۇلغان ئورەكچە.

**ئىت ئېيىقى** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تېنى ناھايىتى چوڭ، قۇيرۇقى قىسقا، پۇت ئالقىنى چوڭ، پەنجىلىرىدە ئىلمەكى ۋە مەيدىسىدە ھىلال ئاي شەكىللىك ئاق ئالىسى بولىدۇ، قالغان قىسمى قارا كېلىدۇ، سۇ ئۈزەلەيدۇ ۋە دەرەخكە چىقالايدۇ. گۆشى، ئۆتى ۋە يېغى دورا قىلىنىدۇ. ئالقىنى بولسا قىممەتلىك يېمەكلىك ھېسابلىنىدۇ.

**ئىت ياتقۇ** دىيال. ئىت ئۈۋىسى.

**ئىت يالىقى** «خار، پەس، پەسكەش» دېگەن مەنىلەردىكى تىل ـ ھاقارەت سۆزى: ئۆزۈڭمۇ، ئېرىڭمۇ كېسەل كۆرپىسى، ئىت يالىقى.

**ئىت يالىقىنى يالىماق** ئىتنىڭ ئورنىدا كۈن كەچۈرمەك، خار ـ زارلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزمەك: ـــ يوقال بەزگەك، ئىت يالىقىنى يالاپ كۈن ئالىدىغان بەدرەك، ـــ دېدى زەۋقى.

**ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە** ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت جەريانىدا: مەن كۈچۈم ھالال، ئۆزۈم ھارام ئادەم مەن، ئېشەكتەك ئىشلەيمەن، ئەمما ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە بەش موچەنلىك پۇل كۆرۈپ باقمىدىم، دەپ زارلاندى ئۇ.

**ئىتائەت** ئى [ئە] بىراۋنىڭ دېگىنىنى ئاڭلاش، بۇيرۇغىنىنى قىلىش، ئەمرىنى ئورۇنلاش؛ بويسۇنۇش: ئىتائەت قىلماق. * ـــ ھە، چۈشەندىم، ـــ دەپ كۆكويۇن ھەيۋەتلىك بىر ئىتائەت بىلەن جاۋاب بەردى، ـــ ئەيىب سىزدە ئەمەس.

**ئىتائەتچان** سۈپ. ئىتائەت قىلىدىغان، بويسۇنىدىغان، ئىتائەتكار: شۇ كۈنلەردە قۇناخۇننىڭ نەزىرىدە پۈتۈن ئەزالار گويا ئىتائەتچان چاكار، ئۆزى گويا سەلتەنەتلىك شاھ بولۇپ قالغانىدى.

**ئىتائەتچانلىق** ئى. كۈچلۈك ئىتائەت قىلىش، بويسۇنۇش خاراكتېرى، خۇسۇسىيىتى: ئىتائەتچانلىق بىلەن ئىش قىلماق. * ھېكىم «بېشىم بىلەن» دەپ ئىتائەتچانلىق بىلدۈرۈپ، شاھنىڭ ئالدىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

**ئىتائەتسىز** سۈپ. ئىتائەت قىلمايدىغان، بويسۇنمايدىغان: ئىتائەتسىز ئادەم. ئىتائەتسىز بالا. * ئۇ بولسا سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئىتائەتسىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى.

**ئىتائەتسىزلىك** ئى. ئىتائەت قىلماسلىق، بويسۇنماسلىق: ئۇنىڭ بۇ سۆيۈملۈك ئېتى ئۇنىڭغا ھېچقاچان مۇنداق ئىتائەتسىزلىك قىلىپ باقمىغانىدى.

**ئىتائەتكار** ئى [ئە + پ] بىركىمگە ئىتائەت قىلغۇچى، بويسۇنغۇچى كىشى: مەن بۇ ئىشتا ئەنە شۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغۇچى ئىتائەتكارمەن، دەپتۇ ئۇ.

**ئىتائەتكارانە** رەۋ. ئىتائەتكارلىق بىلەن، ئىتائەت قىلىپ، بويسۇنۇپ.

**ئىتائەتكارلىق** ئى. بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش: شۇ چاغدا مەن ئىتائەتكارلىق بىلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆيدىن سىرتقا چىقىپ كەتتىم.

**ئىتائەتلىك** سۈپ. ئىتائەت قىلىدىغان، بويسۇنىدىغان: ئىتائەتلىك بالا. * ئۇ مېھرىبان، ياخشى، ئىتائەتلىك بىر ئادەم ئىدى.

**ئىتائەتمەن** سۈپ. ئىتائەت قىلىدىغان، ئىتائەتلىك، ئىتائەتچان: قارىسام ئۇ ئاۋۋالقى مۇلايىم، ساددا، ئىتائەتمەن تۇردى ئاكامغا ھېچلا ئوخشىمايتتى.

**ئىتائەتمەنلەرچە** رەۋ. ئىتائەتمەن كىشىلەرگە خاس، ئىتائەتمەن كىشىلەرگە ئوخشاش: شەمەر ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ، ئىتائەتمەنلەرچە تەلەپپۇزدا ئاستاغىنا جاۋاب بەردى.

**ئىتائەتمەنلىك** ئى. ئىتائەتچانلىق، بويسۇنۇش: ئۇ چىرايىدىن مۇلايىملىق، ئېرىگە بولغان ئىتائەتمەنلىك تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ساددا بىر ئايال ئىدى.

**ئىتاچى** ئى. دىيال. ئىت تالاشتۇرغۇچى كىشى، ئىتۋاز.

**ئىتالغۇ** ئى [ئىت + ئال + غۇ] <زوئول>لاچىنسىمانلار ئائىلىسىگە مەنسۇپ بىر خىل يىرتقۇچ قۇش.

**ئىتالىيان** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئىتالىيەنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا شىۋېتسارىيەدىمۇ ياشايدۇ.

**ئىتالىيانچە** ① سۈپ. ئىتالىيانلارغا، ئىتالىيان خەلقىگە، ئىتالىيان تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت؛ ئىتالىيان خەلقىگە خاس: ئىتالىيانچە ئۇسسۇل. ئىتالىيانچە كىيىم. ② ئى. ئىتالىيان تىلى ۋە يېزىقى: ئىتالىيانچىنى نەدە ئۆگىنىپتىكەن؟ ③ رەۋ. ئىتالىيان تىلى ۋە يېزىقىنى ئىشلىتىپ، ئىتالىيان تىلىدا: ئىتالىيانچە سۆزلىمەك.

**ئىتپەرەس** سۈپ. ئىت دېسە جېنىنى بېرىدىغان، ئىت بېقىشقا، ئىت تالاشتۇرۇشقا بېرىلىپ كەتكەن، ئىتقا ئامراق: چى بەگلىكىدە ئىتپەرەس بىر ئادەم بار ئىكەن.

**ئىتپەرەسلىك** ئى. ئىت بېقىشقا، ئىت تالاشتۇرۇشقا ئامراقلىق: ھازىر جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئارىسىدا ئىتپەرەسلىك كېسىلى ئەۋج ئېلىپ كەتتى.

**ئىتتەرتمەك** «ئىتتەرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئازگالغا چۈشۈپ كەتكەن ماشىنامنى يولدىن ئۆتۈۋاتقانلارغا مىڭنى يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، ئاران دېگەندە ئىتتەرتىپ چىقارغۇزۇۋالدىم.

**ئىتتەرمەك** پ ① بىرەر نەرسىنى مەلۇم كۈچ بىلەن ئەسلىدىكى ئورنىدىن مەلۇم يۆنىلىشكە قارىتىپ سۈرمەك، يۆتكىمەك ياكى سۈرۈش، يۆتكەش ئۈچۈن كۈچەنمەك: ئىشىكنى ئىتتەرمەك. ھارۋا ئىتتەرمەك. * ئىتتىرىپ بەرگەننى ئىت يېمەس (ماقال). ② كۆچمە. ئارتماق، دۆڭگىمەك: جاۋابكارلىقنى باشقىلارغا ئىتتەرمەك.

**ئىتترىي** ئى [ر<خىم] <لات> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Y(Yttrium). قارامتۇل كۈل رەڭ پاراشوك ھالەتتىكى ماددا. ئادەتتە قېتىشما ۋە ئالاھىدە ئەينەكلەرنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىتتېربىي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Yb(Ytterbium). ئالاھىدە قېتىشمىلارنى ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىتتىپاق** [ئە] ① ئى. گۇرۇپپا، جەمئىيەت، سىنىپ ياكى مىللەت، دۆلەتلەرنىڭ بىرلىكتە ئىش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تۈزگەن بىرلەشمىسى؛ بىرلەشمە، ئۇيۇشما: ئىتتىپاق تۈزمەك. ② سۈپ. ئىناق، يېقىن، قويۇق: ئىتتىپاق ئائىلە. ئىتتىپاق ئۇرۇق ـ

تۇغقانلار.

**ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەر** <ت ئىش> مۇستەقىل ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ، تىنچ بىتەرەپ تۇرۇش ۋە چوڭ دۆلەتلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزمەسلىك سىياسىتىنى يولغا قويغان دۆلەتلەر.

**ئىتتىپاقچى** ئى ① ئۇيۇشۇش، بىرلىشىش كۈچىگە ئىگە كىشىلەر توپى ياكى خەلق، ئۇيۇشچانلىقتا ئىگە كۈچ: پرولېتا-رىيات بولسا يەنە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق شۈبھىسىز ئۇلۇغ ۋە مۇھىم بىر ئىتتىپاقچىغا ئىگە. ② ئۆزئارا ئىتتىپاق تۈزگەن گۇرۇھ ياكى دۆلەتلەر، ئىتتىپاقداش: مانا، كۆك دېڭىز ئۈستىدە نەچچە مىڭلىغان ئىتتىپاقچىلار ئايروپىلانلىرى ئۇچۇپ يۈرىدۇ.

**ئىتتىپاقداش** ① ئى. ئۆزئارا ئىتتىپاق تۈزۈپ ياكى ئىتتىپاققا كىرىپ بىللە ھەرىكەت قىلغۇچى، ھەمكارلىشىپ پائا-لىيەت ئېلىپ بارغۇچى گۇرۇھلار ياكى دۆلەتلەر: ئالتىنچى قېتىملىق فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاققا قاتناشقان دۆلەتلەرنىڭ ئىتتىپاقداشلار ئارمىيەسى 1814 - يىلى 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى پارىژغا كىرگەن. ② سۈپ. بىر ئىتتىپاققا، بىر بىرلەشمىگە كىرگەن: ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر.

**ئىتتىپاقداشلىق** ئى. بىر ئىتتىپاققا، بىر بىرلەشمىگە ئەزا بولۇش مۇناسىۋىتى: بۇ دۆلەتتە، ئىتتىپاقداشلىق تۈزۈمىدىن ئىبارەت دۆلەت تۈزۈلمىسى شەكلى قوللىنىلدى.

**ئىتتىپاقسىز** سۈپ. ئىتتىپاقلاشمىغان، ئىناق ئەمەس: ئىتتىپاقسىز ئادەملەر. * بىر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقسىز بولسا، بۇنداق مىللەت مەڭگۈ راۋاج تاپالمايدۇ.

**ئىتتىپاقسىزلىق** ئى. ئىتتىپاق، ئىناق بولمىغان ئەھۋال؛ ئىناقسىز ھالەت، ئىناقسىزلىق: ئىتتىپاقسىزلىقنى تۈگەتمەك. * ئۆزئارا زىددىيەت ۋە ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

**ئىتتىپاقلاشتۇرماق** «ئىتتىپاقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرماق. مىللەتنى ئىتتىپاقلاش-تۇرماق. * ئۇ شاھلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئاۋام خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش يولىنى ئىزدەپتۇ.

**ئىتتىپاقلاشتۇرۇلماق** «ئىتتىپاقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەرقايسى گۇرۇھلار ئىتتىپاقلاشتۇرۇلۇپ، ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان كۈچ ھاسىل قىلىندى.

**ئىتتىپاقلاشماق** پ. ئىتتىپاق، ئىناق بولغان ھالەتكە كەلمەك؛ ئىتتىپاق بولماق، بىرلەشمەك، ئۇيۇشماق: شۇندىن كېيىن ئۇلار بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىتتىپاقلاشتى.

**ئىتتىپاقلىق** ئى. ئۆزئارا ئىشىنىش ۋە ھۆرمەتلەش ئاساسىدا ئورنىتىلغان مۇناسىۋەت، يېقىنچىلىق: ئەر - ئايال ئوتتۇرىسى-دىكى ئىتتىپاقلىق.

**ئىتتىمەك** «ئىتتىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئۆيدىكى پىچاق، قىڭراقلارنى يېڭىدىن چاقلاپ ناھايىتى ئىتتىرىۋەتتى.

**ئىتتىرەتمەك** «ئىتتىرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىتتىرىشمەك** «ئىتتەرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە ئېچىرقاپ كەتكەن چىلبۆرە كىرىۋالغان چوڭ قوتاندىكى قوي پادىسىدەك بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغان بىئەقىل تۇتقۇنلار «مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز» دەپ بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىۋاتقۇدەك.

**ئىتتىرىلمەك** «ئىتتەرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى:

شۇ چاغدا ئىشىك ئىتتىرىلدى، مەنسۇر ئىلغۇچنى ئاچتى.

**ئىتتىك** سۈپ ① ئىش - ھەرىكىتى، سۈرئىتى تېز، چاققان: قولى ئىتتىك. ئىتتىك كەلمەك. ② كەسكىن، جىددىي: ئەكبەر شۇجىنى سالماق دەپ ئاڭلىۋىدىم. ئىتتىك دەمدۇ، قانداق؟ ③ تېز سېتىلىدىغان، بازىرى بار، بېسىلىپ قالمايدىغان: ئەمدى بىز باھاسى مۇۋاپىق، بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتلاردىن يۆتكەپ كەلدۇق. ④ كۆچمە. كېسىدىغان، كېسەلەيدىغان، ئۆتىدىغان: ئىتتىك ئورغاق. ئىتتىك پىچاق.

**ئىتتىكلەتمەك** «ئىتتىكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-جىسى: مەن بۇ يولدا كۆپ ماڭغىنىم ئۈچۈن قورقماي هارۋىنى ئىتتىك-لەتتىم.

**ئىتتىكلەشمەك** «ئىتتىكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرد-جىسى: ئۇنىڭ يۈرۈشى بارغانسېرى ئىتتىكلەشتى.

**ئىتتىكلىك** ئى ① تېزلىك، چاققانلىق: ئۇنىڭ مېڭىشىنىڭ ئىتتىكلىكىنى قارا. ② كەسكىنلىك؛ ئالدىراڭغۇلۇق: — قوغلاش كېرەك! — دېدى بىر ياش ئىتتىكلىك قىلىپ. ③ ئۆتكۈرلۈك، تىغى كۈچلۈكلۈك: پىچاقنىڭ ئىتتىكلىكى.

**ئىتتىكلىمەك** پ ① ئىتتىك، تېز ھەرىكەت قىلماق؛ تېزلەش-مەك: سۇ بارغانچە ئىتتىكلەپ ئوقتەك تېز ئاقاتتى. ② كەسكىن-لەشمەك، جىددىيلەشمەك: جېدەل كۆپەيگەنسېرى، مېنىڭ ئەزەلدىنلا تەرسا مىجەزىم خۇددى چاقلىغان پىچاقتەك ئىتتىكلەپ كەتتى. ③ تېز سېتىلىدىغان بولماق، بازىرى چىقماق: بىر ئاي بۇرۇن بازار يوق ئىدى، ھازىر مالنىڭ سېتىلىشى بىرئاز ئىتتىكلىدى. ④ ئۆتكۈر-لەشمەك: پىچاقنى بىلىسەم ئىتتىكلىدى.

**ئىتتىمەك** پ. كېسەلەيدىغان بولماق، ئۆتىدىغان بولماق، ئۆتكۈرلەشمەك، ئىتتىكلىمەك: ئۈستىرا ئىتتىمەك. * چاقچىنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ ئۆيدىكى پىچاق، قىڭراق قاتارلىقلارنى ئىتتىتىپ كېلىش ئۈچۈن بازارغا چىقتىم.

**ئىتچۈشنى** ئى [ئىت + چۈش + ى] بىرخىل ھاشارات. تېنى سەل يېپىسى، قوڭۇر سېرىق رەڭدە، بىر جۈپ قانىتى بار. ئېغىز ئاپپاراتى ئۇچلۇق، ئىت قېنىنى شورايدۇ.

**ئىتسىگەك** ئى [ئىت + سىي + گەك] <بوت> لويلا ئائىلى-سىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق يېرىم چاتقال. غولى تىك، تۈۋىدىن شاخلىنىدۇ. شاخلىرى بوغۇملۇق بولۇپ گۆشلىشىدۇ، رەڭگى يېشىل. يوپۇرماقلىرى يىگىلەپ تەڭگىچە يوپۇرماققا ئايلانغان. يوپۇرماق قولتۇقىدا قارا تۈكلىرى بولىدۇ. شورتاڭ جايلاردا ئۆسىدۇ، زەھەرلىك. ئادەتتە قۇرت ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.

**ئىتلىق** ئى. ئىتلارغا خاس خۇسۇسىيەت، قىلىق، ئىش: ئىت ئىتلىقىنى قىلمىسا كۆڭلى تىنماس (ماقال). * بۆرە قېرىسا، ئىتلىقى بار (ماقال).

**ئىت - مۇشۈك** ئىت ۋە مۇشۈك: بىر ئادەمگە ئامەت كەلسە، ئۇنىڭ ئىت - مۇشۈكلىرىمۇ ئەتلىنىپتۇ (ماقال).

**ئىت - مۇشۈك بولماق** قۇلى بولماق، خار كۆرۈلمەك: — بىر چاغلاردا ئىت - مۇشۈكۈڭ بولاي دەپ، كەينىمگە كىرىۋالغان، مانا ئەمدى، — دېدى ئۇ سۆزىنى باشلاپ.

**ئىتوت** ئى [ر] <تىيا> كىچىك تىپتىكى تىياتىر شەكلى.

ئۇنىڭدا تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ۋەقەلىكلەر ئاددىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. ئادەتتە تىياتىرنىڭ ئورۇنلاش سەنئىتىنى دەسلەپ ئۆگەنگۈچىلەر ئالدى بىلەن ئىتۇتتىن باشلايدۇ.

**ئىتئۆزۈمى** ئى [ئىت + ئۈزۈم + ئى] <بوت>① چەيزە ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، ئېللىپىس شەكىللىك، ساپىقى بار، گۈلى ئاق، مېۋىسى شىرنىلىك، پىشقاندا قارىيىدۇ. ئادەتتە ئۇنى دورا قىلىشقا بولىدۇ. سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، ياللۇغ ياندۇرۇش رولىغا ئىگە. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ئىت ـ ئېشەك** ئىت ۋە ئېشەك: ئىت ـ ئېشەكتىنمۇ خار.

**ئىتملىق** ئى. ديال. يارامىلىق.

**ئىتياڭىقى** ئى [ئىنت + ياڭاق + ى] <بوت> ① چەيزە ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، تۇخۇم شەكلىدە. گۈلى ئاق، گۈل تاجى سۇناي شەكىللىك. مېۋىسى غوزىلىق مېۋە بولۇپ، سىرتقى پوستىدا نۇرغۇن تىكىنى بار. پۈتۈن تۈپى زەھەرلىك. گۈلى، يوپۇرمىقى ۋە ئۇرۇقى ناركوز خاراكتېرلىك يۆتەل پەسەيتكۈچى ۋە ئاغرىق توختاتقۇچى دورا قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ئىجابەت** ئى [ئە] رۇخسەت، ئەمەلگە ئېشىش، تەستىق، قوبۇل، ئىجازەت: ئىجابەت بولماق. ئىجابەت قىلماق. * غېرىبنىڭ تەلىپى ئىجابەت (ماقال). * دۇنيادا ئېزىلگۈچىلەرنىڭ ئاھىدىن ئۆتكۈر نەرسە يوقتۇر، ئېزىلگۈچىنىڭ دۇئاسى ئىجابەتكە يېقىندۇر، ئۇنىڭدىن قورقماق ۋە ھەزەر قىلماق لازىم.

**ئىجابەتلىك** سۈپ. ئىجابەت قىلىنغان ياكى قىلىنىدىغان، قوبۇل كۆرۈلىدىغان، ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان: — ئۆزلىرىنىڭ ئىجابەتلىك تەدبىرلىرى بىلەن مەزكۇر يىلان ـ چايانلارنى ئۆز جايىغا قايتۇرۇپ، تىنچلاندۇرغان بولسىلا، — دېدى ئۇ موللامغا.

**ئىجابىي** سۈپ [ئە] ① قوبۇل قىلىنغانلىقىنى، ماقۇل تېپىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان: ئىجابىي باھا. ئىجابىي پىكىر. ئىجابىي مۇناسىۋەت. ② ماقۇللايدىغان، ياقلايدىغان؛ ماقۇللاشقا، ياقلاشقا، ماختاشقا سازاۋەر بولغان؛ ياخشى؛ پايدىلىق: ئىجابىي تەسىر. // ئىجابىي قارىماق. ③ ياخشى خىسلەت، پەزىلەتلەرگە ئىگە بولغان؛ ئۈلگىلىك: ئىجابىي ئوبراز. ئىجابىي پېرسوناژ. ئىجابىي قەھرىمان.

**ئىجابىيلىق** ئى. ئىجابىي، ئىلغارخۇسۇسىيەت، ئىلغارلىق: ھەرقانداق مەسىلىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىجابىيلىقى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشىمىز لازىم.

**ئىجاد** ئى [ئە] ① بىرەر نەرسىنى يېڭىدىن يارىتىش، بارلىققا كەلتۈرۈش: ئىجاد قىلماق. ② بەدىئىي، ئىلمىي ئەسەر ياكى ماددىي بايلىق يارىتىش، يارىتىلغان يېڭىلىق؛ بايلىق، ئىجادىيەت: ئۇ خەلقنىڭ ئىجادى.

**ئىجادچان** سۈپ. ئىجاد قىلىش روھىغا باي، ئىجاد قىلىش روھىغا ئىگە؛ ئىجاد قىلىشقا ماھىر: ئىجادچان سەنئەتكار. * مەرھۇم ھېكىم ھەسەن ئىجادچان مۇزىكانت بولۇپ، خەلقىمىز قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى.

**ئىجادچانلىق** ئى . مول ئىجاد قىلىش، يارىتىش روھى، ئىجاد قىلىش روھى كۈچلۈكلۈك: ئۇ ئىجادچانلىقتا باي تالانت ئىگىسىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھەممە بىلىملەردىن خەۋەردار بىلىملىك ئەرباب ئىدى.

**ئىجادچى** ئى. ئىجادكار، ئىجاد قىلغۇچى ئادەم: مەن بۇ غەزەلنىڭ ئىجادچىسىنى تونۇيمەن.

**ئىجادكار** ئى [ئە + پ] ئىجاد قىلغۇچى ئادەم، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى، ئىجادچى، ئىجادىيەتچى: ھازىر مويدىن ئاكا بىلەن بىللە ئىشلەۋاتىمىز. ئۇ ھەقىقەتەن مۇزىكا ئىجادكارى ئىكەن.

**ئىجادكارلىق** ئى. ئىجادكارلارغا خاس ۋە ئۇلاردا بولىدىغان خىسلەت، ئىدىيە، روھ ياكى ئىش ـ ھەرىكەت: — ئادەملەرنىڭ ئىجادكارلىقى جارى قىلىنمىسا، بىكار ـ دە، — دېدى ئۇ.

**ئىجادگاھ** ئى [ئە + پ] يېزت. ئىجادىيەت ماكانى، ئىجادىيەت يۇرتى: نەپىس سەنئەت ئىجادگاھى، قەغەز، ئەتلەس، گىلەم يۇرتى خوتەن ئەھلىگە گۈلدەستە گۈلى رەيھان سۇنارىم بار.

**ئىجادىي** سۈپ [ئە] ئىجاد قىلىش ۋە ئىجادىيەت بىلەن باغلىنىشلىق بولغان، ئىجادىيەت، يېڭىلىق يارىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئىجاد قىلىنغان: ئىجادىي ئەمگەك. ئىجادىي ئەسەر.

**ئىجادىيەت** ئى [ئە] ① ئىجادىي ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان پائالىيەت؛ ئىجاد: بۇنداق بولغاندا بىزنىڭ سېپىمىز بىر تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت يۇرتىغا ئايلانغۇسى. ② بىرەر ژانىر ياكى شەخسكە مەنسۇپ ئەسەرلەر يىغىندىسى: ئۇنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ئىجادىيىتى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا قالغۇسى.

**ئىجادىيەتخانا** ئى [ ئە + پ ] ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن تەييارلانغان، ئىجادىيەت قىلىش ئۈچۈن راسلانغان ئۆي: ئۇنىڭ ئىجادىيەتخانىسىدىكى چوڭ شىرەگە يېپىپ قويۇلغان تەشۋىقات رەسىمى قەغىزىدىكى ئۇسسۇل ئويناشقا تەمشىلىۋاتقان ئىككى نەپەر ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىنىڭ رەسىمى سىزىپ پۈتكۈزۈلگەنىدى.

**ئىجادىيلىق** ئى. يېڭى، ئىجادىي بولۇش، ئىجادىيەت: بۇ خىلدىكى كىشىلەر شەيئىلەرگە قىزىقىدۇ، مۇستەقىل پىكىر قىلىدۇ، ئىجادىيلىققا باي كېلىدۇ.

**ئىجارە** ئى [ئە] ① بىرەر شەخس ياكى كوللېكتىپقا تېگىشلىك ئۆي، جاي، مال ـ مۈلۈك قاتارلىق نەرسىدىن ھەق تۆلەپ ۋاقىتىنچە پايدىلىنىش: ئىجارە ئالماق. ئىجارە ھەققى. ② ۋاقىتىنچە پايدىلىنىش ئۈچۈن ئېلىنغان نەرسىگە تۆلەنگەن ھەق: ئۆي ئىجارىسى. ئىجارە تۆلىمەك.

**ئىجارىچى** ئى ← **ئىجارىكەش:** ئۇ ھازىر بىر ئىجارىچى تېپىپ، ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇشنى ئويلايتتى.

**ئىجارىسىز** سۈپ. ئىجارىسى يوق، ئىجارىسى بولمىغان، ئىجارە ئېلىنمايدىغان، ئىجارە تۆلەنمەيدىغان: بۇ شىركەت شىركەتتىكى تۆۋەن كىرىملىك كىشىلەرنى ئىجارىسىز ئۆي بىلەن تەمىنلەپ، شىركەت ئەزالىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

**ئىجارىكەش** ئى [ئە + پ] ① ئۆي ـ جايىنى، مال ـ مۈلۈك، يەر قاتارلىق نەرسىلىرىنى ئىجارىگە بېرىدىغان كىشى. ② باشقىلارنىڭ ئۆي ـ جايىنى، مال ـ مۈلۈك، يەر قاتارلىق نەرسىلىرىنى ئىجارىگە ئالغۇچى كىشى: ئابدۇللا بەگنىڭ بۇرۇن بۇ يەردە ئىجارىكەشلىرى، ئورتاقچىلىرى بار ئىدى.

**ئىجارىكەشلىك** ئى. ئۆزىنىڭ ئۆي ـ جايىنى، مال ـ مۈلۈك، يەر قاتارلىق نەرسىلىرىنى باشقىلارغا مەلۇم مۇددەت پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئىجارىگە بېرىپ تىرىكچىلىك قىلىش: ئىجارىكەشلىك قىلماق. * ئۇنىڭ چوڭ دادىسى ئىجارىكەشلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، خېلى بېيىغان ئادەم ئىدى.

**ئىجارىلىك** سۈپ. ئىجارىسى بار، ئىجارىسى بولغان. ئىجارە ئېلىنىدىغان، ئىجارە تۆلىنىدىغان: بۇ شىركەت ئۆي ـ زېمىن بازىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، تۆۋەن كىرىملىكلەرنى تۆۋەن ئىجارىلىك ئۆي بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**ئىجازەت** ئى [ئە] بىرەر ئىش ئۈچۈن بېرىلگەن رۇخسەت: ئىجازەت بەرمەك. ئىجازەت سورىماق. ئىجازەت قىلماق. * ئۇ ھۆرمەت سالىمى بەدىلىگە بېرىلگەن ئىجازەت بىلەن چىقىپ كەتتى.

**ئىجازەتسىز** رەۋ. ئىجازەت سورىمايلا، رۇخسەتسىزلا: ئۆز ئۆمرىنى باغۋەنچىلىك بىلەنلا ئۆتكۈزگەن ئاق كۆڭۈل بوۋاي، بۇ باغقا ئىجازەتسىز كىرىپ قالغانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈندى.

**ئىجازەتلىك** سۈپ. ئىجازىتى بار، ئىجازەت ئالغان، سورىغان، رۇخسەتلىك: ئۇ مۇدىر ئىشخانىسىغا ئىجازەتلىك كىرىش كېرەكلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ ھاقارەتكە قالغانلىقىنى ئەمدى ھېس قىلدى.

**ئىجتىمائىي** سۈپ [ئە] ① كىشىلىك جەمئىيەتكە، كىشىلەر پائالىيىتىگە، كىشىلەر ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ياكى ئائىت بولغان: ئىجتىمائىي تۈزۈم. ئىجتىمائىي تەرەققىيات. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت. ئىجتىمائىي فورماتسىيە. ئىجتىمائىي پەن. ② جەمئىيەتنىڭ، ئاممىنىڭ سىياسىي، مەدەنىي ۋە باشقا ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن ئىختىيارىي رەۋىشتە خىزمەت قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان: ئىجتىمائىي تەشكىلات. ئىجتىمائىي تەمىنات. ئىجتىمائىي ئىشلار. ③ ئاممىغا، ئومۇمغا تېگىشلىك، ئومۇمىي: ئىجتىمائىي مۈلۈك.

**ئىجتىمائىي ئاڭ** <پەلس> جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش جەريانىدىكى سىياسىي، قانۇن، ئەخلاق، پەلسەپە، سەنئەت، دىن قاتارلىق نۇقتىئىنەزەرلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئىجتىمائىي ئەخلاق** <پەلس> كىشىلەر ئىجتىمائىي ھاياتتا ئىتائەت قىلىشقا تېگىشلىك ئاساسىي ئەخلاق. ئۇ خۇسۇسىي پەرزلەتنىڭ تەڭدىشى بولۇپ، كوللېكتىپ، تەشكىلات، سىنىپ بىلەن ھەتتا پۈتكۈل جەمئىيەت، پۈتكۈل مىللەت ۋە دۆلەت بىلەن ئالاقىدار ئىجتىمائىي ئەخلاقنى كۆرسىتىدۇ.

**ئىجتىمائىي پەن** <مائار> ھەر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. بۇنىڭغا پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد، تارىخ، ئېستېتىكا، پسىخولوگىيە، ئەدەبىيات، سەنئەت، تىل، ئېتىكا قاتارلىقلار كىرىدۇ.

**ئىجتىمائىي تۈزۈم** <پەلس> جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت تۈزۈملىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئاساسى ئىقتىسادىي تۈزۈم، يەنى مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ جۇغلانمىسى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىقى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى جەھەتتىكى مۈلۈكچىلىك شەكلى.

**ئىجتىمائىي سۇغۇرتا** <قا> جەمئىيەت ئەزالىرىدا تۇغۇت، قېرىش، كېسەل بولۇش، ئۆلۈش، يارىلىنىش، مەجرۇھلىنىش، ئىشسىز قېلىش، ئاپەتكە ئۇچراش ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەندە ئۇلارغا سۇغۇرتا شەكلى بىلەن ماددىي ياردەم بېرىش.

**ئىجتىمائىي مائارىپ** <مائار> كۇتۇپخانا، مۇزېي، مەدەنىيەت سارىيى، كۆرگەزمە، كۇلۇب، باللار سارىيى قاتارلىق مەكتەپ ـ تىن باشقا مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئورۇنلىرى ئارقىلىق خەلق ئاممىسى ۋە ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرى.

**ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت** <پەلس> ① كىشىلەرنىڭ ئورتاق پائالىيەت جەريانىدا ئورناتقان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئاساس قىلغان ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. ② شەخسىيلەرنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ۋە دوستلۇق مۇناسىۋىتى.

**ئىجتىمائىيەت** ئى [ئە] ① ئىجتىمائىيلىق . ② <پەلس> ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ بىرى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلىرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىجتىمائىي فورماتسىيەلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، تەرەققىيات جەريانى ۋە قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

**ئىجتىمائىيلاشتۇرماق** «ئىجتىمائىيلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلغان ۋە كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىگەندىلا، يېزا ئىگىلىكىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

**ئىجتىمائىيلاشتۇرۇلماق** «ئىجتىمائىيلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىنىش ئارقىلىق ناھىيەمىزنىڭ سانائىتى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇلغان باسقۇچقا قەدەم قويدى.

**ئىجتىمائىيلاشماق** پ. ئىجتىمائىي تۈس ئالماق، جەمئىيەتكە يۈزلەنمەك، جەمئىيەتتە ئومۇملاشماق: 90 ـ يىللاردا جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى ئىجتىمائىيلىشىشقا قاراپ راۋاجلاندى.

**ئىجتىمائىيلىق** ئى. ئومۇمىي خەلق ۋە جەمئىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بولۇش، ئومۇمىيلىق: ئەخلاقىي ھېسسىيات روشەن ھالدا ئىجتىمائىيلىق ۋە تارىخىيلىققا ئىگە.

**ئىجتىھات** ئى [ئە] يېزت ① زور غەيرەت، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇرۇنۇش، تىرىشىش؛ تىرىشچانلىق: ئىجتىھات قىلماق. ② قىزىقىش، ئىشتىياق: لېكىن تاشۋاي، سەندىكى ئاجايىپ بىر ئىجتىھاتنى كۆرمەپتىمەن.

**ئىجتىھاتچان** سۈپ. ئىجتىھات قىلىدىغان، ئىجتىھاتلىق: ئىجتىھاتچان ئادەم. * ئۇ چوڭ بولغانسېرى تولىمۇ ئىجتىھاتچان بولۇپ يېتىشمەكتە ئىدى.

**ئىجتىھاتسىز** سۈپ. ئىجتىھاتى يوق، تىرىشمايدىغان: ئىجتىھاتسىز ئادەم. ئىجتىھاتسىز ئوقۇغۇچى. * ئۇنىڭ دادىسى 45 ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ، تېخىچە ئۆز يولىنى تاپالمايۋاتقان ئىجتىھاتسىز ئادەم ئىدى.

**ئىجتىھاتسىزلىق** ئى. ئىجتىھاتى يوقلۇق، تىرىشماسلىق، غەيرەتسىزلىك: ئۇنىڭ ئىجتىھاتسىزلىقىدىن قىلغان ئىشلىرى داۋاملىق كەينىگە ياناتتى.

**ئىجتىھاتلىق** سۈپ. ئىجتىھات قىلىدىغان، غەيرەتلىك، تىرىشچان، تىرىشقاق، ھەرىكەتچان: سادىر كىچىكىدىنلا ئىجتىھاتلىق ئىدى.

**ئىجرا** ئى [ئە] قارار، ھۆكۈم، تاپشۇرۇق، تەلەپ ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ بېجىرىلىشى، ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى: ئىجرا قىلماق.

**ئىجراچى** ئى ① بىرەر ئىشنى ئىجرا قىلغۇچى ئادەم؛ بېجىرگۈچى، يولغا قويغۇچى كىشى: بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىمىز پارتىيەنىڭ مائارىپ سىياسىتىنىڭ ئىجراچىلىرى. ② <تىيا> كۇي، ئۇسسۇل، چالغۇ، مۇزىكا ئەسىرى، رول ۋە شۇ قاتارلىقلارنى بېجىرگۈچى سەنئەتكار. ③ <قا> قارار، قانۇن، پەرمان، بۇيرۇق، ھۆكۈم ۋە شۇ قاتارلىقلارنى ئىجرا قىلغۇچى، ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى شەخس: سوت ئىجراچىسى.

**ئىجرائىي** سۈپ [ئە] ئىجرا قىلىدىغان، يۈرگۈزىدىغان: ئۇلار شۇ چاغدىكى گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىجرائىي ھەيئەتلىكى ياكى كاندىدات ئىجرائىي ھەيئەتلىكىگە سايلانغانىدى.

**ئىجرائىيە** ئى [ئە] ئىجرا قىلىش، بېجىرىش: ئىجرائىيە كومىتېتى.

**ئىجىر - مىجىر** ئۇششاق ھەم رەتسىز، ئۇششاق - ھەم قالايمىقان، پەرقلەندۈرۈش تەس: ئىجىر - مىجىر سىزىقلار.

**ئىجىك** ئى. دىيال. ئامراقلىق، مەستلىك.

**ئىچ** ① ئى. ئىچكى بوشلۇق: ئۆينىڭ ئىچى. زالنىڭ ئىچى. ماشىنىنىڭ ئىچى. ② ئى. نەرسىلەرنىڭ ئىچكى بۇيۇم ئېلىنىدىغان قىسمى: باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە (ماقال). ③ ئى. نەرسىلەرنىڭ ئىچكى قىسمى، ئارىسى: تاۋۇزنىڭ ئىچى. خېمىرنىڭ ئىچى. ناننىڭ ئىچى. ④ ئى. ئاشقازان، قارىن، قورساق، مەيدە: كۆكتاتلار بەدەنگە سۇيۇقلۇق يەتكۈزۈش، ئىچنى بوشىتىش خىزمىتىنىمۇ ئۆتەيدۇ. ⑤ ئى. كۆچمە. كىشىنىڭ ئىچكى، روھىي دۇنياسى؛ كۆڭۈل، يۈرەك، دىل، قەلب: يەي دېسە چىشى ئاغرىيدۇ، بېرەي دېسە ئىچى ئاغرىيدۇ (ماقال). ⑥ ئى. يېقىن كىشىسى، يات بولمىغان كىشىلەر، ئۇرۇق، جەمەت: ئون ئۇيغۇرلار ئون چوڭ ئېقىن بويىغا، توققۇز ئۇيغۇرلار توققۇز چوڭ سۇ ئېقىن بويىغا جايلىشىپ، ئىچىلىرىدىن بىردىن خان سايلاپ ھايات كەچۈرۈشكەن. ⑦ ئى. بىرەر دائىرىدىكى كەڭلىك: مەھەللە ئىچى دېگەن مەھەللە - دە، ئويۇن - كۈلكىسى بىللە، تەڭتۇش قىز - يىگىتلەرنىڭ كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. ⑧ ئى. مەلۇم ۋاقىتنى ئۆز دائىرىسىگە ئالغان ۋاقىت: كېيىنكى بىر قانچە كۈن ئىچىدە موماينى بىر قېتىممۇ كۆرەلمىدىم. ⑨ ئى. بىر توپ ئادەم ياكى نەرسىلەر ئارىسى: ئادەملەرنىڭ ئىچىدىن بىرى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ⑩ سۈپ. بىرەر نەرسىنىڭ ئىچىدە تۇرىدىغان، ئىچىدە بولىدىغان: ئىچ كۆڭلەك. ئىچ ئات. ⑪ ئى. ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كېلىپ «ئىلكىدە» دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ: ئالىم ئاكا مىننەتدارلىق سۆزى سۆزلىدى، خۇشاللىق، ئالقىش، كۈلكە، چاقچاق، تەنتەنە، ئۈمىد، ئىستەكلەر ئىچىدە «ئەدەبىيات كېچىسى» ئاخىرلاشتى.

**ئىچ ئاغرىق** دەرد - ئەلەم، قايغۇ، قاتتىق ئېچىنىش: شۇ ۋەقەدىن كېيىن سادىرنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا ئۇنىڭ ئانىسى رەۋىخان ئاغرىپ، ئالەمدىن ۋاقىتسىز ئۆتكەنىدى.

**ئىچ پەش تارتماق** ئىشق - مۇھەببەت تۇيغۇسى پەيدا بولماق، كۆڭلى چۈشمەك: ئىمامىنىڭ ئوغلىمۇ خېلىدىن بېرى گۈلشەنگە ئىچ پەش تارتىپ يۈرگەنىدى.

**ئىچ پۇشماق** زېرىكمەك، كۆڭۈلسىزلەنمەك، پەرىشان بولماق: ئون كۈن تېپتىنچ ئۆتتى، يىگىتلەرنىڭ ئىچى پۇشتى.

**ئىچ پۇشۇقى** ئىچ تىتىلداش، زېرىكىش، كۆڭلى ئېچىلماسلىق، كۆڭلىدە بىئاراملىق؛ خاپىلىق: ناھايىتى ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئىچ پۇشۇقۇم، غەم - غۇسسەم قەيەرلەرگە ئۇچۇپ كەتتىكىن، كۆڭلۈم ئېچىلىپ شېرىن كەيپ سۇرۇشكە باشلىدىم.

**ئىچ كۆيەر** شاپائەتلىك، ۋاپادار، يېقىن: ئىچ كۆيەر دوست. * ئۇنىڭ ئىچ كۆيەر بۇرادەرلىرىدىن تۆت - بەشى بار بولۇپ، بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ نەسىھەتلىرىمۇ كار قىلمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

**ئىچ كۆيۈكى** بىرنەرسىگە قىزىقىش ۋە ئىنتىلىش، ئەمما ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بىئاراملىق؛ دەرد، ئەلەم: ئۇ ئىچ كۆيۈكىدە كۈندە دېگۈدەك مەست يۈرىدىغان بولدى.

**ئىچ كۈيۈئوغۇل** ئۆيلەنگەندىن كېيىن قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئوغۇل سۈپىتىدە كىرىپ، قېيى ئاتا، قېيى ئانىلىرى بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەن كۈيۈئوغۇل: توختاپ تۇرۇڭ، ئۇنداقتا، مەن سىلەرگە ئىچ كۈيۈئوغۇل بولۇپ بارسامچۇ؟

**ئىچ كېزىك** <تېب> ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل. كېزىك تاياقچە باكتېرىيەسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا بەدەن ھارارىتى تەدرىجىي ئۆرلەپ 39℃ — 40℃ چىقىدۇ، تومۇر ئاستىلايدۇ، تال ئىششىيدۇ، ئاق قان ھۈجەيرىلىرى ئازىيىدۇ، قورساق ساھەسىگە ھال رەڭ ئەسۋە چىقىدۇ. ئېغىر بولغاندا ئۈچەي قاناش، تېشىلىش سەۋەبلىك ئۆلۈم ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ.

**ئىچ كېيىم** سىرتقى كېيىملەرنىڭ ئىچىگە كېيىلىدىغان كېيىم.

**ئىچ گۆر** تاش گۆرنىڭ ئىچىگە يان تەرەپتىن كولانغان، ئۆلۈكنى قويىدىغان گۆر.

**ئىچ مايماق** ① ماڭغان چاغدا ئىككى پۇتىنىڭ يەرگە تېگىپ تۇرغان قىسمى ئىچ تەرەپكە قارىغان پۇت ۋە ياكى شۇنداق ئادەم: ئىچ مايماقنى ئېلىپ قاچ، تاش مايماقنى تاشلاپ قاچ (ماقال). ② ۋە ھەم شۇنداق ھالەت: ئىچ مايماق ئادەم.

**ئىچى ئادىماق** ① كۆڭۈل ئازابىغا قالماق؛ ئىچى ئېچىشماق: خاپىلىق دەستىدىن ئىچىم ئاداپ كەتتى.② باشقىلارغا ھەسەت قىلماق، قىزغانماق، تارلىق قىلماق، كۆرەلمەسلىك: ئۇ قوشنىلىرىنىڭ شاللىرىنىڭ ئېتىزىغا پاتماي قالغىنىنى كۆرگەندە، ئىچى ئاداپ، كېچىلىرىمۇ ئۇيقۇسى كەلمەي يۈردى.

**ئىچى ئاغرىماق** ① رەھمى كەلمەك، كۆيۈنمەك: سارىنىڭ چۈجىگە ئىچى ئاغرىماس (ماقال). * بۇنى كۆرگەن خەلقىنىڭ ئىچى ئاغرىپ كۆزلىرىدىن ياش كېتىپتۇ.

**ئىچى بوشىماق** ① بىرەر نەرسىنىڭ ئىچى بىكار بولماق؛ قۇرۇقدالماق: قاچىنىڭ ئىچى بوشىماق. ② يۇمشىماق، سۇيۇلماق (چوڭ تەرەت ھەققىدە): بالىنىڭ ئىچى بوشىدى. ③ كۆكسى - قارنى كۆتۈرۈلمەك، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالماق، كۆڭلى ئېچىلىپ قالماق، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ يەڭگىللىك ھېس قىلماق: — دەردىمنى تۆكۈپ بولۇپ ئىچىم بوشاپ قالدى، — دېدى ئۇ.

**ئىچى بۇزۇلماق** چوڭ تەرىتى نورمالسىزلاشماق، ئىچى سۈرمەك: بالىغا نېمە قاملاشمىدىكىن - تاڭ، ئىچى بۇزۇلۇپ قاپتۇ.

**ئىچى پىششىق** كىشىگە ئىچ سىرىنى بەرمەيدىغان، سىر

ساقلايدىغان، ئاغزى چىڭ: ئىچى پىششىق ئادەم. * ماھىنۇر ناھايىتى ئىچى پىششىق قىز بولۇپ، ھەتتا بەزىدە ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ ھەيران قالدۇراتتى.

**ئىچى تار** باشقىلارنى كۆرەلمەيدىغان، ئىچى يامان، ھەسەتخور: ئاروپ ناھايىتى تۇيغۇن ھەم ئىچى تار ئادەم ئىدى. // ئىچى تارنىڭ گۆرى تار (ماقال).

**ئىچى تىت ـ تىت بولماق** جىلە بولماق، تاقەت قىلالماي قالماق: بوۋاي بۇ ئىشنى كۆرۈپ ئىچى تىت ـ تىت بولدى.

**ئىچى تىتىلدىماق** ← **ئىچى تىت ـ تىت بولماق:** ئىچىم تىتىلداپ، ئۇنىڭ يېنىمغا ئىمكانقەدەر تېزرەك كېلىشىنى ئۈمىد قىلدىم.

**ئىچىدە توڭگۇز قاترىماق** ئىچى زەھەرلىكتىن يامان ئىش قىلىشنى ئويلىماق: ئۇ ئىچىدە توڭگۇز قاترايدىغان يامان نىيەتلىك ئادەم ئىكەن.

**ئىچى دەريا** ① قورسىقى كەڭ، كەڭ قورساق؛ كىشىگە ئاداۋەت ساقلىمايدىغان: ئىچى دەريا ئادەم. ② كەڭ دائىرىلىك مەلۇماتقا ئىگە، كۆپنى بىلىدىغان، بىلىمى مول: ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن ئىچى دەريا ئادەم ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

**ئىچىدە زەھەر قاينىماق** كۆڭلىگە يامان نىيەت پۈكمەك، يامان نىيەت قىلماق: — ئۇ ئىچىدە زەھەر قاينايدىغان خوتۇن ئىكەن، — دېدى توختى ئاخۇن.

**ئىچىدىن توڭگۇز قوپماق** ← **ئىچىدە توڭگۇز قاترىماق:** دەرەخنى يىقىتقۇچە مېنى بوغۇزلاپ تاشلاشساڭ بولماسمىدى، ئىچىدىن توڭگۇز قوپقان ناكەسلەر.

**ئىچىدىن قان كەتمەك** قاتتىق ھەسەت قىلماق، ئىچى سىيرىلىپ كەتمەك: مەمتىمىن ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغاندىن كېيىن ئىچىدىن قان كەتتى.

**ئىچىدىن ياندىغان دىۋىگاتېل** <ماشىن> ئىسسىقلىق ماشىنىلىرىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا يېقىلغۇ سىلىندىر ئىچىدە كۆيۈپ، گازنىڭ كېڭىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، پورشېنىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پورشېن شاتۇننى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بۇ ھەرىكەت ماشىنا ئوقىغا يەتكۈزۈلىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭغا بېنزىن، دىزېل مېيى ۋە كۆمۈر گازى يېقىلغۇ قىلىنىدۇ.

**ئىچى زەھەر** نىيىتى بۇزۇق، يامانلىقنىلا ئويلايدىغان: ئۇ تىلى ھەسەل بولغىنى بىلەن ئىچى زەھەر ئادەم.

**ئىچى سۇرمەك** چوڭ تەرىتى سۇيۇق كەلمەك، ئىچى بۇزۇلماق: بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىچى سۇرۇشكە باشلىغانىدى.

**ئىچى سىقىلماق** ئىچى پۇشماق، زېرىكمەك، خاپا بولماق: زېرىكىشتىن ئىچى سىقىلغان ئادەملەر پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلگەنىدى.

**ئىچى سىيرىلماق** قاتتىق ئېچىنىپ ھەسرەتلەنمەك، ئىچى ئاغرىماق: قادىرنىڭ رەڭگىرويى، ئۇستىبېشىغا قاراپلا، ئۇنىڭ ئىچى سىيرىلدى.

**ئىچى غال ـ غال، ئېشى پال ـ پال** ھېچقانداق مەدەنىيەت سەۋىيەسى، بىلىمى يوق، ئەمما كۆرۈنۈشى ئاجايىپ ـ غارايىپ: ئىچى غال ـ غال، ئېشى پال ـ پال ئادەملەر ئادەتتە تەكەببۇر كېلىدۇ.

**ئىچى قاتماق** چوڭ تەرىتى قويۇقلاشماق: بالىنىڭ ئىچى قېتىپ قاپتۇ.

**ئىچى قاينىماق** ① ئاچچىقى كەلمەك، خاپا بولماق: ئۇ ئىچى قايناپ تىت ـ تىت بولغاچقا، تاماكا چېكىپ ئۇيان ـ بۇيان ماڭاتتى. ② ئۆزلۈكىدىن قوزغالماق، ئۆزىگە ئۆزى ھەيدەكچىلىك قىلماق: ئوغۇل بالا دېگەننىڭ ئازراق ۋىجدانى بولمىسا، ئازراق ئىچى قاينىمىسا قانداق بولغىنى؟

**ئىچى قوتۇر** ← **ئىچى زەھەر:** — بۇ ئىچى قوتۇر باي مېنىڭسىز ھېچ ئىش ئاقمايدۇ دېمەكچىغۇ، رەھمەت باللىرىم، خۇدايىم بەختىڭلەرنى بەرسۇن، — دېدى بوۋاي باللارغا.

**ئىچى قىزىماق** قىزغانماق، ھەسەت قىلماق: — قىزلارنىڭ كىيىملىرىنى كۆرۈپ ئىچىم قىزىدى، — دېدى زۆھرە.

**ئىچى كۆيمەك** رەھمىسى كەلمەك، كۆيۈنمەك؛ كۆڭلى بىرقىسما بولماق: مۇنداق ياۋاش، چىرايلىق مۇشۈككە كىمنىڭمۇ ئىچى كۆيمىسۇن! يولۇچى ئۇنى تۇتۇپ خورجۇنىغا ساپتۇ ـ دە، يولغا راۋان بوپتۇ.

**ئىچى كۆچلۈك** ئىچى ھەممە دەرد ـ ئەلەمنى سىغدۇرۇپ كېتەلمەيدىغان، ناھايىتى زىل: ئىچى كۆچلۈك ئېرپان سايىمنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمىگەنلىكىدىن بىئارام بولاتتى.

**ئىچىگە تىنماق** دەردىنى ھېچكىمگە ئېيتماي ئۆزى تارتماق: قاچانغىچە ئىچىڭگە تىنىپ يۈرىسەن؟

**ئىچىگە جىن كىرمەك** ئۆيىگە يېڭىدىن بىرەر يېڭى كەلمەك، كۆڭلىگە بىرەر ئىش كەچمەك: بالىنىڭ ئىچىگە جىن كىرىپ، ئاكىسىنى مات قىلماقچى بولدى.

**ئىچىگە سالماق** كۆڭلىدە يوشۇرۇن ساقلىماق: بۇ يۇرتتىن كېتەر بولدۇڭ، ئىچىمگە سىلىپ دەردنى، ئەتە يولغا چىق گاڭگۇڭ، تەييارلاپ قوياي خەتنى.

**ئىچىگە ئوت تۇتاشماق** يۈرىكىدە قىزىقىش تۇيغۇسى جۇش ئۇرماق: — ھىم، ئاجايىپ ـ غارايىپ قىزلارنى كۆرۈپ ھېلىتىندىن ئىچىڭگە ئوت تۇتىشىپ كېتىۋاتامدۇ، نېمە؟ — دەپ كۈلدى ھېلىقى كىشى.

**ئىچىگە ئوت چۈشمەك** قاتتىق قىزىقىش تۇيغۇسى پەيدا بولماق، مۇھەببەت ئوتى تۇتاشماق، ئىشق ـ مۇھەببەت ئوتىدا كۆيمەك، ئاشىق بولماق: ئۇ قىزنى كۆرۈپلا، ئىچىمگە ئوت چۈشتى.

**ئىچىگە ئوت سالماق** ھەۋىسىنى قوزغىماق، سۆيۈندۈرمەك: ئۇنىڭ ناخشىسىلا ھەرقانداق قىزنىڭ ئىچىگە ئوت سالىدۇ.

**ئىچىگە ئوت كەتمەك** ← **ئىچىگە ئوت تۇتاشماق:** — نېمە بۇ؟ — دېدى ئۇ چاينى كۆرۈپ، — ئىچىمگە ئوت كەتتى.

**ئىچىگە ئۇرماق** ئېغىر زىيان يەتكۈزمەك، ئەلەم تارتقۇزماق: — بالام، دادۇيجاڭ بىلەن زىتلىشىپ قالساڭ، باشلىق دېگەن ئىچىڭگە ئۇرىدۇ، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، — دېدى بوۋاي ھېلىقى بالىغا نەسىھەت قىلىپ.

**ئىچىگە ئۇرۇپ كەتمەك** ① كۆڭلىدە غەش پەيدا بولماق، بىئاراملىق ھېس قىلماق؛ ئىچىگە ئەپ كەتمەك، بىئاراملىق ھېس قىلىپ تۇگىشىپ كەتمەك: بوۋام ئاشۇ ناھەقچىلىق، روھىي زەربە تۈپەيلى ئىچىگە ئۇرۇپ كېتىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. ② كېسەل بولغانلىقى ياكى ئېغىر ئىشلىتىلىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلى جۇدەپ، ئورۇقلاپ ھەم ئاجىزلاپ قالماق، تۇگىشىپ كەتمەك (ئات، ئېشەك قاتارلىقلار ھەققىدە): ئېشەك ياخشى بېقىلمىغانلىقىنىڭ ئۈستىگە ئېغىر ئىشلىتىلىپ ئىچىگە ئۇرۇپ كەتتى.

**ئىچىگە يۇتماق** دەرد ـ ئەلەم، ئاچچىق، غەزەپلەرنى بىلدۈر -

مەي كۆڭلىدە ساقلىماق: باي گەپتە تۇتۇلۇپ قېلىپ، ئەلىمنى ئىچىگە يۇتۇپتۇ.

**ئىچىنى تىڭشىماق** ئۆزىنى ئۆزى دەڭسەپ كۆرمەك، ئۆزىچە كېڭەشمەك، ئۆزى بىلەن كېڭەشىپ كۆرمەك: خوجىنىيازھاجى يەنە ئىچىنى تىڭشاپ قالدى، شۇ ئارىدا، كونسۇل ئافرېسسىف باشلىق ئەربابلار كىرىپ، ماشىنىلارنىڭ تەييار بولغانلىقىنى ئېيتتى.

**ئىچىنى مۇشۇك تاتىلىغاندەك بولماق** ئىنتايىن تىت - تىت بولماق، كۆڭلىدە تىتىلدىماق: بۇ گەپنى ئاڭلىغان قەيسەرنىڭ خۇددى ئىچىنى مۇشۇك تاتىلىغاندەك بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھەممىمىز سېزىپ تۇرساقمۇ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرەلمەيۋاتاتتۇق.

**ئىچى ئۆتمەك** ئىچى سۈرمەك: — بالىنىڭ ئىچى ئۆتۈۋاتىدۇ، بارالمايمەن، — دېدى ئانا.

**ئىچى ئۆرتەلمەك** ئازابلانماق، بىئارام بولماق: دۈينىڭ تارتقان زىيىنى ئۈچۈن ئىچىم ئۆرتىلىۋاتىدۇ.

**ئىچى ئېچىشماق** ① ئىچى سىيرىلماق، ئىچى ئاغرىماق: ئۇنىڭدىن كېيىن ئېگىز ئويۇققا قارىدى، ئويۇقتىكى تۈچ ئۈزەڭگىنىمۇ سېتىپ يەپ بولغانلىقىغا ئىچى ئېچىشتى. ② رەھمى كەلمەك، ئاياپ كۆيۈنمەك: ھەر قېتىم، ھېلىقى قاناتلىرى ئاجراپ، ھالى قالمىغان ئىشىكتىن ئۆتكىنىدە ئۇنىڭ ئىچى ئېچىشاتتى.

**ئىچى ئېلىشماق** كۆڭلى ئاغدۇرۇلماق، كۆڭلى بىرقىسما بولماق: ھېيت ئاخۇن ئىچى ئېلىشىپ قورسىقىنى تۇتقىنىچە زوڭ ئولتۇرۇپ قالدى.

**ئىچى يامان** يامان نىيەتلىك، نىيىتى يامان، ھەسەتخور: ئىچى يامان ئادەم. * ئىچى يامانىنىڭ كۆڭلى خۇش بولماس (ماقال). * بۇ ئىشتىن كېيىن، ئىچى يامانلاردىن بىرقانچىسى مېنى باشلىققا چېقىشتۇرۇشقا باشلايدۇ.

**ئىچەرمەن** ئى. ھاراق ئىچىشنى ئادەت قىلغان كىشى: سۈڭ تەتەي دېگەندەكلا، نامازشام بولۇۋىدى، شەھەرلىك ياشلارنىڭ ئىچىدىكى ئىچەرمەنلەردىن بىرقانچىسى مەيخانىغا كىرىپ كېلىشتى.

**ئىچەكەشمەك** پ. يېقىن بولۇپ قالماق، ئامراق بولۇپ قالماق، ئەپ ئۆتمەك: ئۈچ ئايدىن بېرى بىللە ئىشلەپ، تۇز - تائامدا بىللە بولۇپ، ئاكا - سىڭىلدەك ئىچەكىشىپ قالغانىدۇق.

**ئىچ - باغىر** ① ئىچ ۋە باغىر. ② كۆڭلىدىكى دەردى، دەرد - ئەلىمى، كۆڭلىدىكى ھەممە گەپ، دېمەكچى بولغانلىرىنىڭ ھەممىسى: كىشىگە ئىچ - باغرىنى تۆكمەك. ئىچ - باغرىنى يارماق.

**ئىچرە** رەۋ. يېزت. ئىچىدە، ئارىسىدا: گۈزەل تۇرپان دىيارىنى تاۋاپ ئەيلەپ يېنىپ كەلدىم، ئۈزۈمزارلىق بېغى ئىچرە پۇراقلارغا قېنىپ كەلدىم.

**ئىچ - قارىن** ① ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرى. ② بىر نەرسىنىڭ ئىچى: قازان شاڭدا، باللار ئىچ - قارنىنى چۇۋۇپ تاق چاتىقىنى تاپماي قويمىدىغۇ.

**ئىچ - قارنىنى بوشاتماق** ئىچىدىكى دەردنى ياكى گەپ - سۆزنى ئېيتىش ئارقىلىق ئىچ پۇشۇقىنى چىقارماق، دەردىنى تۆكمەك: ھەممەيلەن ئۆز كۆڭۈللىرىدىكىنى ئېيتىپ، ئىچ - قارنىنى بوشىتىپ، بىر قېتىم پۇخادىن چىققاندەك بولدى.

**ئىچ - قارنىنى بىلمەك** كۆڭلىنى چۈشەنمەك، چۈشىنىش ھاسىل قىلماق: نەزىرە بىلەن لوخۇر 11 - نومۇرلۇق ئۆيدىكى زىياپەت بولۇشتىن بۇرۇنلا بىر - بىرىنىڭ ئىچ - قارنىنى بىلىپ بولۇشقانىدى.

**ئىچ - قارنىنى تۆكمەك** ئىچىدىكى دەرد - ئەلەملىرىنى ئېيتماق، دەرد تۆكمەك: بىز مېھمانغا ئىچ - قارنىمىزنى تۆكتۇق.

**ئىچ - قارنى ئېچىلماق** خاپىلىقتىن خالىي بولماق، كۆڭلى يايراپ قالماق، خۇرسەن بولماق: — قاراڭغۇ ئۆيگە چىراغ يېقىلغاندەك، ئۆزلە بىلەن ئىچ - قارنىمىز ئېچىلىپ قالدى، — دېدى رەۋشەنخان موماي.

**ئىچقويۇن** سۈپ [ئىچ + قويۇن] يېقىن، ئىناق: ئىچقويۇن بولماق.

**ئىچقويۇن - تاشقويۇن** مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن، ناھايىتى ئىناق: ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولماق. ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كەتمەك.

**ئىچكەركى** سۈپ. جان ت. ئىچ تەرەپتىكى، ئىچ تەرەپكە جايلاشقان، ئىچىدىكى، ئىچكىرىدىكى: ئىچكەركى ئۆي.

**ئىچكۈزمەك** «ئىچمەك I » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھەممىمىزنىڭ كېلىدىن ھېچنېمە ئۆتمىدى، پەقەت ئانامغا زورلاپ بىرنەچچە قوشۇق چاي ئىچكۈزدۇق.

**ئىچكۈزۈشمەك** «ئىچكۈزمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەسلىھەت بويىچە سودىگەرلەر دەڭجاغا مايلىق پولۇ ئەتكۈزۈپ مېھمانغا تازا تويغۇچە يېگۈزدى، كېيىن داستىخانغا مەجۇن ئارىلاشقان پاتاسا قويۇپ چاي ئىچكۈزۈشتى.

**ئىچكۈزۈلمەك** «ئىچكۈزمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: زەھەرلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، ھەسەل سۈيىگە توغرىغا قوشۇپ ئىچكۈزۈلۈپ، ئارقىدىن قۇستۇرۇلىدۇ.

**ئىچكۈلۈك** ئى. ئىچىملىك: ئۇ ئىچكۈلۈككە بېرىلىپ كەتتى.

**ئىچكى** سۈپ ① ئىچ قىسمىدىكى، ئىچكىرىگە جايلاشقان، ئىچىدىكى، ئىچكىرىدىكى: ئىچكى ئىشىك. ئىچكى سەۋەب. ئىچكى قەرز. ئىچكى زىددىيەت. ئىچكى قورۇلما. ② مەملىكەت، دۆلەت، تەشكىلات ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئىچىدە ئۆز ئىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان: ئىچكى ئىشلار. ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش. ئىچكى ئۆلكە. ③ كىشىنىڭ روھىي دۇنياسىغا، كەچۈرمىشلىرىگە ئائىت: ئىچكى ھېسسىيات.

**ئىچكى ئاجراتما** <بىيول> ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار تېنىدىكى بەزى ياكى ئورگانلار هورمۇن ئىشلەپ چىقىرىدۇ. بۇ هورمۇنلار كاناللاردىن ئۆتمەي، بەلكى بىۋاستە قانغا ئۆتۈش ئارقىلىق پۈتۈن ئورگانىزمغا تارقىلىپ، ئورگانىزمنىڭ ئۆسۈپ تەرەققىي قىلىشىنى ۋە فىزىيولوگىيەلىك پائالىيەتلىرىنى تەڭشەيدۇ. بۇ خىل هورمۇنلار «ئىچكى ئاجراتما» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىچكى ئامىل** <پەلس> ئادەم ۋە جانلىقلار تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىشىنىڭ ئىچكى سەۋەبى، يەنى ئىچكى زىددىيىتى. بۇ شەيئىلەر تەرەققىياتىدىكى تۈپ سەۋەبتىن ئىبارەت.

**ئىچكى ئەزا** ① <ئانات> ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ كۆكرەك بوشلۇقى ۋە قورساق بوشلۇقىدىكى ئەزالارنىڭ ئورتاق نامى. ئادەتتە ئۇ يۈرەك، ئۆپكە، ئاشقازان، جىگەر، تال، بۆرەك ۋە ئۈچەي قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ② <مات> تاناسىپتىكى بىرىنچى نىسبەتنىڭ ئاخىرقى ۋە ئىككىنچى نىسبەتنىڭ ئالدىنقى ئەزاسى. مەسىلەن، $d:c=b:a$ دىكى b ۋە c ئەزا ئىچكى ئەزا بولىدۇ.

**ئىچكى جايلار** ① <جۇغ> دۆلەت ئىچىدىكى دېڭىز بويى

رايونلىرىدىن باشقا بارلىق جايلار. ② دۆلەت ئىچىدىكى ئۆزى تۇرۇشلۇق ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىن باشقا جايلار.

**ئىچكى دۇنيا** كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس ئوي ـ پىكىرى، نىيىتى، كۆز قارىشى، ئىدىيەسى ۋە شۇ قاتارلىقلار: بۇ مەسىلە ئۇ كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا بېرىپ تاقىلىدۇ.

**ئىچكى سەۋەب** <پەلس> شەيئىلەرنىڭ ئىچكى زىددىيىتى، يەنى شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىدىكى تۈپ ئاساسىي سەۋەب.

**ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى** <تېب> داۋالاشتا ئىچكى ئەزالاردىكى كېسەللىكلەرنى ئوپېراتسىيە قىلماي، ئاساسلىق ھالدا دورا بېرىپ داۋالايدىغان بىر بۆلۈم.

**ئىچكى ھورمۇن** <گېئول> ھاشاراتلارنىڭ ئۆسۈش ـ يېتىلىش ۋە قىلىقلىرىنى تەڭشەيدىغان ئاكتىپچانلىققا ئىگە ماددا. ئۇنىڭغا مېڭە ھورمۇنى، تېرە تاشلاتقۇزغۇچى ھورمۇن، لىچىنكا مەزگىلىنى ساقلىغۇچى ھورمۇن قاتارلىقلار كىرىدۇ. ئۇلارنى ھاشارات تېنىنىڭ ئىچىدىكى ئاجرىتىپ چىقارغۇچى ئەزاسى ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. ئادەتتە ئۇ ھاشاراتلارنىڭ يېتىلىشىنى تەڭشەيدۇ ۋە تىزگىنلەيدۇ.

**ئىچكى ـ تاشقى** ① ئىچكى ۋە تاشقى: ئىتتىپاق ئەزالىرى ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ ئىچكى-تاشقى تازىلىقىنى قىلىدۇ. ② مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى، مەملىكەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا مۇناسىۋەتلىك: ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەت. ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەن كۈچلەر.

**ئىچكىرى** ① ئى. ئىچكى قىسمى، ئىچكى تەرەپ: ئۇ خۇشال ھالدا باغنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ماڭدى. ② سۈپ. ئىچكى قىسمىدىكى، ئىچكى تەرەپتىكى، ئىچىدىكى: نىغمەت ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ، جوزا ئۈستىدىكى باغاقنى قولىغا ئالدى. ③ رەۋ. ئىچ تەرەپكە قاراپ، ئىچ تەرەپنى بويلاپ؛ ئىچىگە يۈزلىنىپ: ئۇ ئۆزى ئىچكىرى كىرىپ كەتتى. ④ ئى. شىنجاڭغا نىسبەتەن شەرقتىكى ئۆلكە، شەھەرلەر: ئىككى كۈندىن كېيىن ئىچكىرىگە ماڭىدىغان بولغۇپ مېھمانخانىدىن قايتىپ كەلدىم.

**ئىچكىرى ـ تاشقىرى** ئىچكىرى ۋە تاشقىرى: ئۇنىڭ ئىچكىرى ـ تاشقىرى ئىككى ئېغىز ئۆيى بار.

**ئىچكىرىكى** سۈپ. ئىچكىرى قىسمىدىكى، ئىچىدىكى: — نۇرئامىنە كىچىك ئەمەسمۇ، ئوڭلىنىپ قالار، — دەپ قويۇپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى ئۇ.

**ئىچكىرىلەتمەك** «ئىچكىرىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەسلىي پىلان بويىچە بولغاندا بىرىنچى گورۇپپىدىكى پارتىزانلار دۈشمەننى يۈرىندىن يېتىلەپ، ئىچكىرىلىتىپ پىستىرمىمىزغا باشلاپ كىرىشى كېرەك ئىدى.

**ئىچكىرىلەشمەك** «ئىچكىرىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: چارلاش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى تەكشۈرۈش ئۈچۈن تاغ ئىچىگە تېخىمۇ ئىچكىرىلىشىپ كىرىپ كېتىشتى.

**ئىچكىرىلىمەك** پ ① ئىچ تەرەپكە قاراپ قەدەم باسماق، بارغانسېرى ئىچىگە بارماق: — خوپ! — ئەسكەر چاس بېرىپ، قازناققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى. ② ئىنچىكىلىمەك، چوڭقۇر ـ لىماق: ئۇ ياشىغان دەۋردىكى ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئەھۋاللار بىلەن ئىچكىرىلەپ تونۇشقان.

**ئىچكىنەم** ئى. دىيال. يۈرىكىم، باغرىم.

**ئىچلىك** ① سۈپ. ئىچى بار: كاۋاك ئىچلىك ھايۋان. ② ئى. كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا بەزى نەرسىلەرنىڭ ئىچىگە تارتىلىدىغان قىسمى؛ ئەستەر: بۆكنىڭ ئىچلىكى. چاپاننىڭ ئىچلىكى. ئېگەرنىڭ ئىچلىكى.

**ئىچمەك** I پ ① سۇيۇقلۇقنى ئاغزىغا ئېلىپ ياكى شۇمۇرۇپ ئىچىگە يۇتماق: سۇ ئىچمەك. چاي ئىچمەك. ② ئىسپىرتلىق ئىچىملىكنى ئىستېمال قىلماق: ھاراق ئىچمەك. * ئۇ ئىچمىسە تۇرالمايدۇ. ③ قورسىقىغا بىرنەرسە يېمەك، بىرنەرسە ئىستېمال قىلماق (سۇيۇق تاماقلارنى): ئاشنى كۆرسە ئىچىڭ تاز، ئىشنى كۆرسە قېچىڭ تاز (ماقال).

**ئىچمەك** II ئى ① توقۇمىنىڭ ئاستىغا سېلىنىدىغان نېپىز كىگىز، تەرلىك. ② تېرە جىلتىكە.

**ئىچۈرمەك** «ئىچمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كېسەلگە غىزا ئىچۈرمەك. بالىغا دورا ئىچۈرمەك.

**ئىچۈرۈشمەك** «ئىچۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىچۈرۈلمەك** «ئىچۈرمەك»پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىچ ـ ئىچ** ئىچ ۋە ئىچ؛ يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قېتى: ئىچ ـ ئىچىگە سىغماسلىق.

**ئىچ ـ ئىچىدىن** ① ھەممە ئىچكى ئەزالىرىدىن: ئىسمائىل ئاكىنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەپ چىقۋاتقان تىترەك ھەممە ئەزالىرىغا تارقىلىپ بوشاشتۇراتتى. ② چىن يۈرەكتىن، چىن كۆڭۈلدىن، كۆڭلى ـ كۆكسىدىن: مۇنداق چاغلاردا مەن ئىچ-ئىچىمدىن خۇشال-لىنىپ، بېشىم ئاسمانغا يەتكەندەك بولۇپ كېتەتتىم.

**ئىچ ـ ئىچىگە پاتماسلىق** ھەددىدىن زىيادە خۇشال بولۇپ كېتىپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماسلىق: ئەلگە بەھرى بار، يامانلارغا قەھرى بار ئۇ ئەزىم دەريالارنى كۆرسىڭىز، ئىچ ـ ئىچىڭىزگە پاتماي خۇشال بولىسىز.

**ئىچ ـ ئىچىگە سىغماسلىق** ← **ئىچ ـ ئىچىگە پاتماسلىق**: ئۇنىڭ يۈرىكىگە يەنە يېڭىدىن غەيرەت-جاسارەت ئوتى يېقىلدى. كۈتكەن كۈنلە-رىنىڭ ئاخىر يېتىپ كەلگىنىگە شادلىنىپ خۇشاللىقى ئىچ-ئىچىگە سىغمىدى.

**ئىچىشمەك** «ئىچمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار پاراڭلاشقاچ چاي ئىچىشتى.

**ئىچىشمەكلىك** ئى. ئىچىش ئىشى، ئىچىش پائالىيىتى: سورۇن ھاياسىز چاقچاق، ئىچىشمەكلىك بىلەن ئەۋجىگە چىقماقتا ئىدى.

**ئىچىشۋازلىق** ئى. نۇرغۇن ئادەمنىڭ ھاراق ئىچىشى، كۆپ ئىچىش ئىشى: توي ناھايىتىمۇ قىزىپ، ئىچىشۋازلىق تاڭ يورۇغىچە داۋاملاشتى.

**ئىچىكمەك** پ. مېھرى چۈشمەك، ئېچىل بولماق، ئامراق بولماق، يېقىن بولماق: ئۇ بۇ يىل 19 غا توشۇپ ئاشتى، چوڭ بولغان-سېرى ماڭا بەك ئىچىكىپ كېتىۋاتىدۇ.

**ئىچىكىشمەك** «ئىچىكمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەنۋەر كۆپچىلىك بىلەن ئىچىكىشىپ كەتكەنىدى.

**ئىچىلمەك** «ئىچمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: گەپ ـ سۆز بىلەن بىرمۇنچە چايمۇ ئىچىلىپ كەتتى.

**ئىچىملىك** ئى. يېۋا، ھاراق، گازلىق سۇ ياكى چاي، قەھۋە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، ئىچىشكە بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى: قىزلار داستىخاننى يىغىپ، بىرگە

ئىچىملىك ئەكەلدى.

**ئىخترا** ئى [ئە] يېڭى يېزت. پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدە بارلىققا كەلگەن يېڭىلىق؛ كەشىپ، كەشپىيات، ئىجاد: ئىخترا قىلماق. يېڭى ماشىنىلارنى ئىخترا قىلماق. * ئىنسانلار ئۆزلىرى ئويلاپ ئۆلگۈرمىگەن ئىختىرالار دۆۋىسى ئىچىدە پەن ـ تېخنىكىنى ھەممىنى ھەل قىلىشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇۋالدى.

**ئىختىراچى** ئى. ئىخترا قىلغۇچى، ئىجاد قىلغۇچى، كەشپىياتچى، ئىجادكار: خەلق ئارىسىدا نۇرغۇنلىغان ئەلنەغمىچىلەر، چالغۇ ئەسۋاب ئىختىراچىلىرى بار.

**ئىختىساس** ئى [ئە] ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا، سەنئەت ساھەلىرىدىكى ھەربىر مۇستەقىل پەن، كەسىپكە بولغان مۇتەخەسسىسلىك.

**ئىختىساسشۇناس** ئى [ ئە + پ ] ئىختىساسلىقلار ئىلمى مۇتەخەسسىسى: ئاپتونوم رايونلۇق ئىختىساسشۇناسلار سۆھبەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

**ئىختىساسشۇناسلىق** ئى <مائار> ئىختىساسلىق كىشىلەرنى بايقاش، تاللاش، تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىنى تەتقىق قىلىش قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىلغان پەن.

**ئىختىساسلاشتۇرماق** «ئىختىساسلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىش كۈتۈپ تۇرغانلارنى ئىختىساسلاشتۇرۇش خىزمىتى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەندى.

**ئىختىساسلاشتۇرۇلماق** «ئىختىساسلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزدا 700 نەپەر ئوقۇغۇچى چەت ئەلگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلىپ، ئىختىساسلاشتۇرۇلدى.

**ئىختىساسلاشماق** پ. ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا، سەنئەت قاتارلىق ساھەلەرنىڭ بىرىدە كامالەتكە يەتمەك، يۇقىرى پەللىگە چىقماق، ئىختىساس ئىگىسىگە ئايلانماق، ئىختىساسلىق بولماق: مىرسۇلتان ئەپەندى ئۇيغۇر تىلى ساھەسىدە ھەقىقىي ئىختىساسلاشقان بىر تىلشۇناس ھېسابلىنىدۇ.

**ئىختىساسلىق** سۈپ. ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا ۋە باشقا بىرەر ساھەدە ئىختىساس ئىگىسىگە ئايلانغان، ئىختىساس ئىگىسى بولغان؛ ئىختىساسلاشقان: ئىختىساسلىق كادىرلار. * مائارىپ خىزمىتىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

**ئىختىلاپ** ئى [ئە] قارىمۇ قارشىلىق، كېلىشەلمەسلىك، زىددىيەت، نىزا: ئىختىلاپ تۇغۇلماق. ئىختىلاپ پەيدا بولماق. * بۇرۇن جىمجىت ئۆتكەن بۇ ئائىلىدە يېقىندىن بۇيان بالا تۇغرۇلۇق پات ـ پات ئىختىلاپ يۈز بېرىدىغان بولۇپ قالدى.

**ئىختىلاپچى** ئى. ئىختىلاپ پەيدا قىلغۇچى شەخس، ئىختىلاپ تۇغدۇرغۇچى ئادەم: ئۇ تازىمۇ بىر ئىختىلاپچى ئىكەن.

**ئىختىلاپسىز** سۈپ. ئىختىلاپ يوق، ئىختىلاپ يۈز بەرمىگەن، ئىختىلاپ تۇغۇلمىغان؛ زىددىيەتسىز: ئىختىلاپسىز مەسىلىلەر. // ئىختىلاپسىز ھەل بولماق.

**ئىختىلاپلىق** سۈپ. ئىختىلاپ تۇغۇلغان ياكى تۇغۇلىدىغان، نىزالىق؛ ماھىيەتتە، مەزمۇندا قارىمۇقارشىلىقلار، زىددىيەتلەر بولغان: ئىختىلاپلىق مەسىلىلەر. *كۆز ئالدىمىزدىكى ئىختىلاپلىق مەسىلىلەرنى تېزدىن ھەل قىلىشىمىز كېرەك ئىدى.

**ئىختىيار** ئى [ئە] ① ئۆزلۈكىدىن بولغان، زورلۇق تۇس ئالمىغان خاھىش، ئىستەك، ئەرك، مەيل: كېلىش ئىختىيار بىلەن، كېتىش ئىجازەت بىلەن (ماقال). ② پايدىلىنىش، تەسەررۇپ ياكى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى، ئىگىلىكى: بۇ يەرلەر شەھەر ئىختىيارىدا. ئىدارە ئىختىيارىدا بولغان ئۆيلەر.

**ئىختىيارەن** رەۋ [ئە] ئىختىيارىي ھالدا؛ ئىختىيارى بىلەن، ئىختىيارىچە: سەيلە كېمىسى كۆلدە ئىختىيارەن ئۈزۈپ، خالىغان ياققا بۇرۇلسىمۇ، سەيلىچىلەرنىڭ كۆز ئالدى كېمىچى تەرىپىدىن توسۇلۇپ قالمايدىكەن.

**ئىختىيارسىز** سۈپ. خاھىشىدىن، ئىختىيارىدىن؛ تاشقىرى ئۆز ئىختىيارى ئەمەس: ئۆمەر ئىختىيارسىز قىز تەرەپكە بۇرۇلدى.

**ئىختىيارسىزلىق** ئى. ئىختىيارسىز، دىققەت ـ نەزەرسىز ھالەت: ئىختىيارسىز ئەستە قالدۇرۇش زور دەرىجىدە ئىختىيارسىزلىقتا، بىر تەرەپلىمىلىككە، تاسادىپىيلىققا ئىگە بولۇپ، پەننىي بىلىملەرنى سىستېمىلىق ئىگىلەشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

**ئىختىيارلىق** ئى. ئۆز رايى، مەيلى بويىچە يۈرۈش، ئەركىن ـ ئازادىلىك: مەركىزىي كومىتېتنىڭ يولىيورۇقىدا دېھقانلارنىڭ ئىختىيارلىق پىرىنسىپى قايتا ـ قايتا تەكىتلەنگەن.

**ئىختىيارىي** سۈپ [ئە] ① خاھىش ـ ئىستەك ئەركىگە باغلىق بولغان، كىشىنىڭ ئۆز خاھىشى بىلەن قىلىنىدىغان ياكى قىلىنغان؛ ئەركىن: ئىختىيارىي ياردەم. ئىختىيارىي ئەۋرىشكە. ② ئېنىق مەقسىتى بولغان، بەلگىلىك ئىرادە، تىرىشچانلىق لازىم بولىدىغان، ئىختىيار قىلىنغان، خالىغان، ئىستىگەن: ئىختىيارىي دىققەت. ئىختىيارىي چېتىنىش.

**ئىختىيارىيلىق** ئى. ئەركىن ـ ئازادىلىك، ئۆز رايى، مەيلى بويىچە يۈرگەن، تۇرغان ھالەت: بۇنىڭدا ھالىمىزغا بېقىپ ئىش قىلىشىمىز، ئىختىيارىيلىق، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك.

**ئىختىيول** ئى [ر<لات] <تېب> بىر خىل دورا، يەنى ئورگانىك بىرىكمە. قارىمايىنى قۇرۇق ھەيدىگەندىن كېيىن سۇلفات كىسلاتاسى ۋە ئاممىياك قوشۇپ ئىشلەنگەن يېپىشقاق ھالەتتىكى بوتقىسىمان سۇيۇقلۇق. رەڭگى قىزغۇچ بېغىر رەڭ ياكى قارا قوڭۇر كېلىدۇ. چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىغا ئىگە. تېببىي دورىگەرلىكتە قىسمەن جايدىكى ياللۇغنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىخچام** سۈپ ① تۈزۈلۈشى، قۇرۇلۇشى يىغىنچاق ھەم جايىدا؛ تۈزۈلۈشى كېلەڭسىز ۋە چېچىلاڭغۇ ئەمەس؛ يىغىنچاق، قولاي: ئىخچام ئۆي. ئىخچام ماشىنا. ② قىسقا ھەم مەزمۇنلۇق، يىغىنچاقلانغان، يىغىنچاق: ئىخچام خەت. پىكرى ئىخچام. ③ يىغىنچاق، ئىخچاملانغان: مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئىخچام قىلماق.

**ئىخچاملاتماق** «ئىخچاملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۆز تېكىستىنى كاتىپ ئارقىلىق ئىخچاملىتىپ تەييار قىلدىم.

**ئىخچاملاشتۇرماق** «ئىخچاملاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئورگانلارنى ئىخچاملاشتۇرماق. * ئىگىلىكنى تەڭشەش داۋامىدا ھەرقايسى جايلار ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى ۋە تۈرلۈك مالىيە چىقىملىرىنى زور كۈچ بىلەن ئىخچاملاشتۇردى.

**ئىخچاملاشتۇرۇشماق** «ئىخچاملاشتۇرماق»پېئىلىنىڭ

ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىنچاملاشتۇرۇلماق** «ئىنچاملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئورگانلار ئىنچاملاشتۇرۇلدى. * قوشۇمچە جازانى ئايرىم قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ. بۇ ئىنچاملاشتۇرۇلۇپ تۆۋەندىكىچە شەرھلىنىدۇ.

**ئىنچاملاشماق** ① «ئىنچاملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② ئىنچام ھالەتكە كەلمەك، ئىنچام بولماق: ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئىنچاملاشتى.

**ئىنچاملانماق** «ئىنچاملىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاپپاراتلار ئىنچاملاندى. * ئۇنىڭ «گۈلبىرا» دېگەن مۇشۇ سۆزىدە قىزغا دېمەكچى بولغان ئەڭ چوڭقۇر يۈرەك سۆزى، ئەڭ چوڭقۇر ساپ مۇھەببىتى ئىنچاملانغانىدى.

**ئىنچاملىق** ئى. ئىنچام ھالەت، يىغىنچاقلىق : ئۇ كىشىنىڭ پىكرىنىڭ ئىنچاملىقىغا ھەممەيلەن قايىل بولۇشتى.

**ئىنچاملىماق** پ. ئىنچام قىلماق، ئىنچام ھالەتكە كەلتۈرمەك، يىغىنچاقلىماق: ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى ئىنچاملىماق. ئورگانلارنى ئىنچاملىماق. ماقالىنى ئىنچاملىماق. مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئىنچاملىماق.

**ئىخراج** ئى [ئە] ① <بوت> زەھەرلىك، سۇتسىمان شىرنە چىقىرىدىغان ئوت. ② <تېب> سۈرگە دورىسى، سۈرگە: ئىخراج ئىچمەك.

**ئىخلاس** ئى [ئە] ① چىن يۈرەكتىن قىلىنغان ئىشەنچ، چىن كۆڭلىدىن بېرىلىش، ئىشەنچ بىلەن بېرىلىش؛ ئەقىدە، ئېتىقاد، مېھىر: ئىخلاس باغلىماق. ئىخلاسى قايتماق. ② كۆڭۈل قويۇش، پۈتۈن دىققىتى، زېھنى بىلەن كىرىشىش، بېرىلىش؛ ئەستايىدىللىق: ئىخلاس بىلەن كىتاب كۆرمەك. ئىخلاس بىلەن ئۆگەنمەك. * ئەكبەر مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلىدى. ③ ئەر ــ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئىخلاس قىلماق** بېرىلمەك، ئىشەنچ باغلىماق، ئەقىدە باغلىماق: كېيۈر ئاخۇن ئۇنى تولىمۇ ھۆرمەتلەيتتى ۋە ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن ئىخلاس قىلاتتى.

**ئىخلاس ــ ئەقىدە** ئىخلاس ۋە ئەقىدە: مۇتەللىپ ئۆزگىچە مىجەز ــ خۇلۇقلۇق، ئىخلاس ــ ئەقىدىگە ئىگە ئادەم.

**ئىخلاسلىق** سۈپ. ئىخلاس قىلىدىغان، چىن يۈرەكتىن ئىشەنچ بىلەن مۇھەببەت باغلىغان ياكى باغلايدىغان؛ ئىخلاسمەن؛ مۇخلىس: ئىخلاسلىق ئادەم. * ئۇ ئوقۇشقا ناھايىتى ئىخلاسلىق بالا چىقىپ قالدى.

**ئىخلاسمەن** سۈپ. چىن كۆڭلىدىن بېرىلىدىغان، چىن يۈرەكتىن ئېتىقاد قىلىدىغان: ئىخلاسمەن بەندە. مەن ئائىلە ئايالىمەن، مەنىسايىمنىڭ ھېچنېمىسى ئەمەس، ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىرىدىن بىرىمەن.

**ئىخلاسمەنلىك** ئى. چىن كۆڭلىدىن بېرىلىش، ئېتىقاد قىلىش: كېيىن بېرىپ سادىقمۇ بۇ «سىر» غا قىزىقىپ، ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئاڭلاشقا مەجبۇر بولدى.

**ئىدارە** ئى [ئە] ① بەلگىلىك تەرتىپتە باشقۇرۇش، يولغا سېلىش؛ باشقۇرۇش: ئىدارە قىلماق. دۆلەتنى ئىدارە قىلماق. ② مەلۇم بىر ئىجتىمائىي دۆلەت، مەمۇرىيەت، سودا ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ تارماقلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئىشتاتلىق خادىملىرى بولغان تەشكىلات، مۇئەسسەسە: مائارىپ ئىدارىسى. ئىدارىدە ئىشلىمەك.

**ئىدارە قىلماق** ① باشقۇرماق، تەرتىپكە سالماق: دۆلەتنى ئىدارە قىلماق. ② بەلگىلىك بىر تەرتىپتە بويسۇندۇرماق؛ تىزگىنلىمەك، باشقۇرماق: ئۆزىنى ئىدارە قىلماق. ئۆز ئىرادىسىنى ئىدارە قىلماق.

**ئىدارە ــ جەمئىيەت** ھۆكۈمەتكە قاراشلىق ئىدارە ــ ئورگان ۋە جەمئىيەت: ئىدارە ــ جەمئىيەت ئىشچى ــ خىزمەتچىلىرى. ئىدارە ــ جەمئىيەت كادىرلىرى.

**ئىدارەت** ئى [ ئە ] يېزت. باشقۇرۇش، ئىدارە قىلىش: روشەنكى، بۇ يەردىكى تەڭلىك ئىدارەت بىلەن ئىتائەتنىڭ چەك بېسىشىدىن كەلگەن.

**ئىدەلىك** سۈپ. دىيال. قاۋۇل، بۇلۇق.

**ئىددەت** ئى [ئە] ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئىتىدە ئېرىدىن ئاجراشقان ياكى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ھامىلدارلىقى ئېنىقلانغۇچە ياتلىق بولۇشى مەنئى قىلىنغان يۈز كۈنلۈك مۇددەت، پەرھىز، كۈتۈش ۋاقتى: ئىددەت تۇتماق. ئىددەت توشماق. * بۇ بالا كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادىسى قازا قىلىپ، ئۆگەي ئانىسىنىڭ قولىدا قاپتۇ. ئىددەت مۇددىتى توشار ــ توشماي ئۆگەي ئانىسىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، بىر قارا كۆڭۈل ئادەم بىلەن ئېلىپ ــ تېگىشمەكچى بولۇشۇپتۇ.

**ئىدراك** ئى [ئە] ① بىلىش، چۈشىنىش قابىلىيىتى؛ زېھىن، پەم، پاراسەت: ئەقىلنىڭ ئۆلچىمى ئىدراك (ماقال). ② <پەلس> ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ يۈزەكى ھادىسىلىرى ياكى تاشقى ئالاقىسى توغرىسىدىكى ئومۇملاشتۇرما ئىنكاس. ئۇمۇ تۇيغۇغا ئوخشاش ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئانالىزاتورلارغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىسىدا پەيدا بولىدۇ. ③ <لوگ> ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ بىر پۈتۈن ئوبرازى ۋە يۈزەكى باغلىنىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن پسىخىكىلىق جەريان. ئىدراك ھېس ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. ئەمما يەنە ھېسقا قارىغاندا مۇرەككەپرەك، مۇكەممەلرەك بولىدۇ.

**ئىدراكسىز** سۈپ. ئىدراكى، ئەقلى يوق؛ زېھنىي كۈچى تۆۋەن، ئەقىلسىز، پەمسىز: ئىدراكسىز ئادەم. *— ئۇ تولىمۇ ئىدراكسىز ئادەم ئىكەن، قاراپ تۇرۇپ نۇرغۇن پايدىدىن قۇرۇق قالدى، — دېدى چەتتە قاراپ تۇرغان بىرەيلەن.

**ئىدراكلىق** سۈپ. ئىدراكى، ئەقلى بار؛ ئەقىل، پەم بىلەن ئىش قىلىدىغان، زېھنى ئۆتكۈر، پەملىك، پاراسەتلىك: ئىدراكلىق ئادەم. ئىدراكلىق بالا. *— ئەستاغپۇرۇللا، سۇبھانالللا، مەن سېنى ئەقىل ئىگىسى، ئىدراكلىق، پەمى بار، دەپ پەرەز قىلاتتىم، — دەپ ھولۇقۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى ساتىراش.

**ئىدراكىي** سۈپ [ئە] باي ۋە مول ئەقلىي كۈچ بىلەن چوڭقۇر ھېس قىلىنغان، چوڭقۇر چۈشىنىلگەن؛ ئەقلىي: ئىدراكىي تونۇش. * تەبىئەتكە ئىستېلا خاراكتېرلىك مۇناسىۋەتتە بولغان دىن ئىدراكىي رەۋىشتە سانائەتنى راۋاجلاندۇرىدۇ.

**ئىدرەك** ئى. دىيال. تېرە ئەيلەشتە ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ قىرغۇچ.

**ئىدرەم** ئى. پەردە ياكى كۆڭلەك قاتارلىق نەرسىلەر ئۈستىگە چىقىرىلغان گۈلگە ئوخشاش سىزىقلار ياكى ياغاچ ئۈستىدىكى گۈلگە ئوخشاش سىزىقلار.

**ئىدرەملىك** سۈپ. ئىدرەمى بار، سىزىقى، سىزىقچىلىرى بولغان: ئىدرەملىك ياغاچ.

**ئىدېئال** سۈپ [ر<فىران] ھەممە جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەن، نەمۇنە بولىدىغان، كەم ـ كوتىسىز؛ غايىۋى: ئىدېئال ئوبراز. ئىدېئال مۇھىت.

**ئىدېئاللاشتۇرماق** «ئىدېئاللاشماق» سۆزىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار بۇ خىل يوسۇننى ئىدېئاللاشتۇرۇپ شەرھلەشكە ئۇرۇندى.

**ئىدېئاللاشتۇرۇشماق** «ئىدېئاللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىدېئاللاشتۇرۇلماق** «ئىدېئاللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەن ئوقۇغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپلىرى ۋەقەلىكى، تىلى ئوخشىمىغىنى بىلەن مەزمۇنى ساپلا بىر خىل، ئىدېئاللاشتۇرۇلغان، ھېسسىياتى سۇنئىي، ياسىما، قېلىپلاشقان، سەۋەب ـ نەتىجىلىك يازمىلار ئىدى.

**ئىدېئاللاشماق** پ. ئىدېئال ھالەتكە كەلمەك، ئىدېئاللىغا ئائىتلىشىپ كەتمەك: ئۇ ئاللىقاچان ئىدېئاللىشىپ كەتكەن ئىدىيەسىنى ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە مەجبۇرىي تاڭماقچى بولدى.

**ئىدېئالىزم** ئى [ر<فىران] <پەلس> پەلسەپىدىكى ئىككى چوڭ مەزھەپنىڭ بىرى. ئۇ ماددىي دۇنيانى ئاڭنىڭ، روھنىڭ مەھسۇلى؛ ئاڭ ۋە روھ بىرلەمچى، ماددا ئىككىلەمچى دەپ قارايدۇ. ئوبيېكتىپ دۇنيانى سۇبيېكتىپ ئاڭنىڭ ئىپادىلىنىشى ياكى مەھسۇلى دەپ قاراش — سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزم بولىدۇ؛ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئوبيېكتىپ روھنىڭ ئىپادىلىنىشى ياكى مەھسۇلى دەپ قاراش — ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزم بولىدۇ.

**ئىدېئالىزمچە** سۈپ. ئىدېئالىزم نۇقتىئىنەزىرى بويىچە، ئىدېئالىستلارغا ئائىت، ئىدېئالىستىك: ئىدېئالىزمچە كۆزقاراش. ئىدېئالىزمچە نەزەرىيە. * ئۇنىڭ بۇ خىل ئىدېئالىزمچە قارىشى ئىلغار پىكىرلىك مەرىپەتپەرۋەر ياشلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىماي قالمايدۇ.

**ئىدېئالىزمچى** ئى. ئىدېئالىزمنى، ئىدېئالىستىك كۆزقاراشلارنى ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيەلىرىنى ياقلىغۇچى كىشى: ئۇ ھەقىقىي بىر ئىدېئالىزمچى ئىكەن.

**ئىدېئالىزملىق** سۈپ. ئىدېئالىزمغا دائىر، ئىدېئالىزمغا خاس ياكى ئۇنىڭغا ئاساسلانغان: ئىدېئالىزملىق تارىخقاراش. ئىدېئالىزملىق پەلسەپە. ئىدېئالىزملىق دۇنياقاراش. * ئۇنىڭ بۇ قارىشى ئىدېئالىزملىق دۇنيا قاراش بولۇپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى تەربىيەلەشتە پاسسىپ رول ئوينايدۇ.

**ئىدېئالىست** ئى [ر<فىران] ① ئىدېئالىزم تەرەپدارى؛ ئىدېئالىزمنى ياقلىغۇچى، ئىدېئالىستىك پەلسەپىنى ھىمايە قىلغۇچى ئادەم؛ ئىدېئالىزمچى. ② خىيالپەرەس؛ ھەقىقەتنى بۇرمىلاپ كۆرسەتكۈچى كىشى. * ئۇلارنىڭ نەزەرىيەسى سىنىپىيلىقتىن خالىي بولغان، ئىدېئالىستىك نەزەرىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ئىدېئالىستىك** سۈپ [ر] ئىدېئالىزمغا دائىر، ئىدېئالىزمغا خاس ياكى ئۇنىڭغا ئاساسلانغان: ئىدېئالىستىك پەلسەپە. ئىدېئالىستىك دۇنياقاراش. ئىدېئالىستىك نۇقتىئىنەزەر.

**ئىدېئولوگ** ئى [ر<گىرېك] بىرەر سىنىپ، ئىجتىمائىي ـ سىياسىي تۈزۈم ياكى ئېقىم ئىدېئولوگىيەسىنىڭ، ئىدىيەسىنىڭ ھىمايىچىسى؛ مۇتەپەككۇر.

**ئىدېئولوگىيە** ئى [ر<گىرېك] <پەلس> مەلۇم سىنىپ ياكى پارتىيەنىڭ مۇئەييەن كۆزقاراش، پىكىر، ئۇقۇم، ئىدىيەلىرىنىڭ سىستېمىسى. سىياسىي كۆزقاراش، پەلسەپە، سەنئەت، دىنلارنىڭ ھەممىسى ئىدېئولوگىيەنىڭ شەكىللىرىدۇر.

**ئىدېئولوگىيەلىك** سۈپ. ئىدېئولوگىيەگە خاس، ئىدېئولوگىيەگە مۇناسىۋەتلىك، ئىدېئولوگىيەگە ئائىت: ئۇنىڭ پىكرى ئىدېئولوگىيەلىك ئۇقۇم بىلەن تولغان بولۇپ، ئاڭلىغۇچىدا غەلىتە بىر تەسىرات پەيدا قىلاتتى.

**ئىدىس** ئى [ر<لات] <زوئول> پاشىنىڭ بىر خىلى. يېتىلگىنىنىڭ تېنى قارا ياكى قوڭۇر كېلىدۇ، پۇتىدا ئاق رەڭلىك يوللىرى بولىدۇ، قانىتىدا سەپكۈن بولمايدۇ. جىم تۇرغاندا تېنى تۈزغان تەكشىلىك بىلەن پاراللېل ھالەتكە كېلىدۇ. لىچىنكىسى بىلەن قورچىقى دەرەخ كامارلىرى ياكى داس، قاچىلاردىكى تۇرۇپ قالغان سۇدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. تۇخۇمى سۇ ئاستىغا چۆكۈپ تارىلىپ كېتىدۇ. ئادەتتە ئۇ تارقىلىشچان B تىپلىق مېڭە ياللۇغى قاتارلىق كېسەللەرنىڭ ۋاستىچىسى ھېسابلىنىدۇ.

**ئىدىش** ئى. تۈرلۈك نەرسىلەرنى سېلىپ قويۇش ئۈچۈن سېغىز لايدىن، ئاغزى چوڭ، بېلى يوغان، تۈۋى سەل كىچىكرەك قىلىپ ئىشلەنگەن ئۆي جابدۇقى: سۇ ئىدىشى. ئاشلىق ئىدىشى. * ئۇ ھۇرۇنلۇق بىلەن ئوچاققا ئوت قالاپ، چاي قاينىتىش ئۈچۈن ئىدىشتىن سۇ ئالماقچى بولدى.

**ئىدىشلىق** سۈپ. ئىدىشى بار، ئىدىشى بولغان: شۇنىڭ بىلەن بىز بىر ئىدىشلىق بولۇپ قالغانىدۇق.

**ئىدىق** ① ئى. ياغاچنىڭ پورى، پور ياغاچ. ② سۈپ. پورلاشقان، پور: ئىدىق ياغاچ. ③ سۈپ. ئۆزلۈكىدىن پۇراپ، رەڭگىنى ئۆزگەرتكەن، كۆكۈرۈپ قالغان، بۇزۇلغان: ئىدىق گۆش.

**ئىدىقۇت** ئى. تارس ← **ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى.**

**ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى** <تارىخ> مىلادىيە 850 — 1250 ـ يىللاردا ئۆتكەن ۋە ھازىرقى تۇرپاندىكى ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر خانلىقى. قۇرغۇچىسى بۇقا تېكىن. بۇ خانلىقنىڭ پايتەختى ئىككى جايدا بولۇپ، بىرى قارىغۇجا شەھىرى، يەنە بىرى بەشبالىق. خانلىقنىڭ دائىرىسى شەرقتە باركۆل، شىمالدا جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى، غەربتە قاراشەھەرنىڭ غەربى، جەنۇبتا قۇرۇقتاغ قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ زېمىنى غەربتە ھازىرقى كۇچانىڭ غەربىگە، شەرقتە كەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شاجوۋ رايونى دائىرىسىگە سوزۇلغان.

**ئىدىقشىماق** پ. دىيال. تاكاللاشماق، ئېيتىشماق.

**ئىدىماق** پ ① ئۆزلۈكىدىن پۇراپ، رەڭگىنى ئۆزگەرتمەك، كۆكۈرمەك، ئېچىماق، بۇزۇلماق: ئىدىپ قالماق. ② پورلاشماق.

**ئىدىيە** ئى [ر<گىرېك] ① <پەلس> ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنىڭ تەپەككۇر نەتىجىسىدە كىشى مېڭىسىدە ئەكس ئەتكەن ئىنكاسى. ② نىيەت، مەقسەت، پىكىر: تىنچلىقنى ساقلاش ۋە

مۇستەھكەملەش ئىدىيەسى. ③ <ئەد> بىرەر بەدىئىي، ئىلمىي ياكى سىياسىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، تۈپ ماھىيىتىنى بەلگىلىگۈچى ئاساسىي پىكىر؛ غايە: ئەسەرنىڭ ئىدىيەسى. «ئويغانغان زېمىن» رومانىنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى.

**ئىدىيەدە ئازاد بولماق** كۆزقارىشى، مەپكۇرىسى، چۈشەنچىسى ئۆزى ياشىغان زامانىنىڭ تەلىپىگە لايىقلاشماق، ئۇيغۇنلاشماق: بىز ياشلار مۇتەئەسسىپلىك قىلماسلىقىمىز، ئىدىيەدە ئازاد بولۇشىمىز لازىم.

**ئىدىيەسىز** سۈپ. ھېچقانداق ئىدىيەسى يوق، ھېچقانداق ئىدىيەگە ئىگە بولمىغان، ھېچقانداق ئىدىيە سىڭدۈرۈلمىگەن: مۇستەقىل ئىدىيەسىز شەخسنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

**ئىدىيەلىك** سۈپ. ئىدىيەسى بار، ئىدىيەگە ئىگە، ئىدىيە سىڭدۈرۈلگەن: ئۇنىڭ بۇ قارارى ئىلغار ئىدىيەلىك ياشلارغا خاس پىداكارلىق روھى بىلەن ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئىپتىخارىدىن ئىبارەت ئىككى نەرسىنىڭ قوللىشىغا ئىگە ئىدى.

**ئىدىيەۋى** سۈپ ① ئىدېئولوگىيە خاراكتېرىنى ئالغان، ئىدىيە، مەپكۇرىغا ئائىت، روھىي دۇنياسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك: ئىدىيەۋى ئاڭ. ئىدىيەۋى ئېقىم. ئىدىيەۋى كۈرەش. ئىدىيەۋى يۈك. ② ئىدىيە جەھەتتىكى، ئىدىيە جۈملىسىگە كىرىدىغان: ئۇ مەسىلىگە قارىتا مېنىڭ ئىدىيەۋى تەييارلىقىم بار ئىدى.

**ئىدىيەۋىلىك** ئى. بىرەر نەرسىدە ئەكس ئەتكەن روھ، مەزمۇن، كۆزقاراش: بۇ ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋىلىكى ناھايىتى ياخشى ئىكەن.

**ئىدىيوم** ئى [ر<گرېك] <تىل> مەنىسى ئۆز تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىسىگە باغلىق بولمىغان، كۆچمە مەنىلىك سۆز، ئىبارە. مەسىلەن، قولى قىسقا، پوق قورساق، چىشىغا تەگمەك... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

**ئىدىيوملۇق** سۈپ. ئىدىيوم خاراكتېرىنى ئالغان، ئىدىيوم بولۇپ شەكىللەنگەن: ئىدىيوملۇق سۆز بىرىكمىسى.

**ئىر** I ئى. كونا. پال.

**ئىر** II ئى. كونا. جىر، كۈي، ناخشا: ئەنجۈردىن شېرىن شەربەت بېرىپ دىلغا، ئىر ئىرلاپ، جاراڭلىق ساز چېلىپ كەپسەن.

**ئىرادە** ئى [ئە] ① بىرەر مەقسەت، نىشان ۋە ئىش - ھەرىكەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كىشىدە بولىدىغان غەيرەت، مەۋقە، قەتئىيلىك: ئىرادە باغلىماق. ئىرادە تىكلىمەك. ئىرادە تۇرغۇزماق. ② خاھىش، ئىختىيار؛ قەتئىي نىيەت: راست گەپنى قىلغاندا، بۇ ئىش مېنىڭ ئىرادەمگە قارشى.

**ئىرادەت** ئى [ ئە ] يېزىت. خاھىش، نىيەت، غەيرەت، مەقسەت، مەۋقە؛ قەتئىيلىك: بۇ يەردە بوشلۇق ۋە ئىپىرلىق... ئۇلۇغ ئىرادەت توغرىسىدا گەپ قىستۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

**ئىرادىچىلىك** ئى ① <پەلس> ئىرادە ئەقىلدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ ھەمدە ئۇ ئالەمنىڭ تۈپ ئاساسى ۋە ماھىيىتى دېگەننى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىدېئالىزملىق ۋە غەيرىي ئەقىلچىلىك (غەيرىي راتسىيونالىزملىق) پەلسەپە تەلىماتى. ② <پسىخول> ئىرادە ھەممە پسىخىكىلىق ھەرىكەتنى بەلگىلەيدۇ دېگەننى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىدېئالىزملىق پسىخولوگىيە تەلىماتى.

**ئىرادىسىز** سۈپ. ئىرادىسى يوق ياكى سۇس، بوش: ئىرادىسىز ئادەم. * زاھىدە ھاياتتىن ئۈمىدىلا ۋاز كېچىپ كېتىدىغان ئىرادىسىز قىزلاردىن ئەمەس ئىدى.

**ئىرادىسىزلىك** ئى. ئىرادىسى ئاجىزلىق، سۇسلۇق، بوشاڭلىق: ئىرادىسىزلىك قىلماق. * — مەن ئىرادىسىزلىك قىلدىم، ئەمما سىزنىڭ بىخەتەرلىكىڭىزنى ئويلاپ شۇنداق قىلغانىدىم، — دېدى قادىر بىچارىلەرچە قىياپەتتە ئامىنەگە قاراپ.

**ئىرادىلىك** سۈپ. ئىرادىسى بار، ئىرادىسى كۈچلۈك: بارلىق ئىرادىلىك كىشىلەرگە ئوخشاش، ئۇ ھەممىنى ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ قولغا كەلتۈرۈشكە بەل باغلىدى.

**ئىرادىنامە** ئى [ئە + پ] بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ۋە ئۆزىنى شۇ ئىشقا ئاتىغانلىقى، ئىرادە باغلىغانلىقى ھەققىدىكى خەت: ئىرادىنامە يازماق.

**ئىراق** ئى <مۇز> ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئون ئىككىنچىسىنىڭ نامى: ئىراق مۇقامى.

**ئىراق مۇقامى** <مۇز> «ئون ئىككى مۇقام» مۇزىكىسىنىڭ ئون ئىككىنچىسى. بۇ مۇقام 8 نەغمە 102 مىسرا بولۇپ، چوڭ نەغمە 5 مۇزىكا، 76 مىسرادىن؛ 3 مەشرەپ 3 نەغمە، 26 مىسرادىن تەشكىل تاپقان.

**ئىراقىي** سۈپ. رەڭدار يىپ، يىپەكلەرنى كېستۈرۈپ، گۈللۈك قىلىپ تىكىلگەن: ئىراقىي چاپان. ئىراقىي جىيەك. ئىراقىي دوپپا.

**ئىرانگۈل** ئى [ئىران + گۈل] <بوت> ① مۈرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئىنچىكە، گۈلى ئاق ياكى قىزىل، ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**ئىراي** ئى. دىيال. ئابرۇي، ئىناۋەت.

**ئىرەكتە** ئى. دىيال. ئەركەك، ئەر.

**ئىرچى** ئى. ناخشىچى: ئۇ كىشىلەرنىڭ قارشى ئېلىش تەنتەنىسىگە رەھمەت بىلدۈردى. كېيىن ئىرچى قىزلارغا زوق بىلەن نەزەر سالدى.

**ئىرراتسىيونال** سۈپ [ر] <مات> پۈتۈن سان بىلەن ئۆلچىگىلى، ئىپادىلىگىلى ياكى ھېسابلىغىلى بولمايدىغان؛ ئارىفمېتىكىلىق ئەمەلدىن تاشقىرى يىلتىز تېپىش ئەمىلىنى تەلەپ قىلىدىغان: ئىرراتسىيونال تەڭلىمە. ئىرراتسىيونال تەڭسىزلىك.

**ئىرسا** ئى [ر<لات] <بوت> تاغ سەۋسىنىنىڭ يىلتىزى. ياپىلاق، خۇشبۇي، پوستى كۆك، بەزىلىرى قىزىل ۋە رەڭگارەڭ بولىدۇ. بوغۇملۇق كېلىدۇ. تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ. ئەزالارنى يۇمشىتىش ۋە قىزىتىش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، سېرىق ئاچچىق سۇنى سۈمۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**ئىرسق** ئى. دىيال. ھەۋەس، ئىشتىياق.

**ئىرسىي** سۈپ [ئە] <بىيول> نەسلىگە ئائىت، نەسلىدىن نەسلىگە ئۆتىدىغان، قالىدىغان؛ نەسلىي: ئىرسىي قابىلىيەت. ئىرسىي سىگنال. ئىرسىي يوشۇرۇن كۈچ. * بۇ قىزدىكى گۈزەللىك كىشىگە قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بولغان كۈسەن ئۇيغۇرلىرىدىكى ئىرسىي گۈزەللىكنىڭ بۈگۈنكى ئۇيغۇر قىزلىرى سىماسىدا قايتا نامايان بولۇۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

**ئىرسىيەت** ئى [ئە] <بىيول> جانلىق ئورگانىزملارنىڭ

جىسمانىي ۋە پىسخىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرنى ساقلاش ھەمدە نەسلىدىن نەسلىگە قالدۇرۇش قابىلىيىتى: ئىنسان ئۈچۈن ھەممىدىن ئۇستۇن تۇرىدىغىنى — ئىرسىيەت ئامىلىدۇر.

**ئىرسىيەتچانلىق** ئى <بىيول> جانلىقلارنىڭ ئەجدادىدىن قالغان ئىرسىي خۇسۇسىيەتلەرنىڭ يىغىندىسى.

**ئىرسىيەتشۇناس** ئى [ئە + پ] ئىرسىيەت ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچى مۇتەخەسسىس، ئالىم: بىراق بەزى ماتېماتىكلار ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۇستۇنرەك تۇرىدۇ، بەزى ئىرسىيەتشۇناسلارنىڭ تۆھپىسى ئۇنىڭكىدىن كۆپ.

**ئىرسىيەتشۇناسلىق** ئى. تىرىك ئورگانىزملارنىڭ جىسمانىي ۋە پىسخىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاش ۋە نەسلىدىن نەسلىگە ئۆتكۈزۈش قابىلىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن؛ ئىرسىيەت ئىلمى: ئىرسىيەتشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانماق.

**ئىرسىيەتلىك** ① سۈپ. ئىرسىيىتى بار، ئىرسىيەتكە ئىگە، ئىرسىيەتكە ئاساسلانغان: ئىرسىيەتلىك توسالغۇ. ئىرسىيەتلىك مۇناسىۋەت. ② سۈپ. نەسلىگە ئائىت، نەسلىدىن نەسلىگە ئۆتىدىغان؛ نەسلىي: ئىرسىيەتلىك بەلگىلەر. ③ رەۋ. ئىرسىيەت بىلەن بولىدىغان، ئىرسىيەت ئارقىلىق: ئىرسىيەتلىك ئۆزگىرىش. ئىرسىيەتلىك ئالدىنى ئېلىش.

**ئىرغاڭ** تەق . ماڭغاندا بىر ئۇ ياق - بىر بۇ ياق چايقىلىش ھالىتى .

**ئىرغاڭزا** ئى. دىيال. ھالقا، ھالقا زىرە.

**ئىرغاڭشتماق** «ئىرغاڭشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پادىشاھ تاشقا قاراپ بېشىنى ئىرغاڭشتىپتۇ ۋە يىگىتكە غەزەپ بىلەن ھومىيىپتۇ.

**ئىرغاڭشماق** پ. ئىككى يانغا چايقالماق، ئىرغاڭ - ئىرغاڭ قىلماق، ئىرغاڭلىماق: تۇلكە خۇشامەتچىلىك بىلەن ھىجىيىپ ۋە ئىرغاڭشىپ ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ - دە، نايناقلىغان ھالدا سۆزلەشكە باشلاپتۇ.

**ئىرغاڭلاتماق** «ئىرغاڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دەرەخنى ئىرغاڭلاتماق. * ئالما شېخىنى ئىرغاڭلاتماق. * ئىسھاق ئىككى بارمىقىنى قىسقۇچ شەكلىگە كەلتۈرۈپ بېشىنى ئىرغاڭلىتىپ، باتىرغازىغا ئىشارەت قىلدى.

**ئىرغاڭلاشماق** «ئىرغاڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بوراندا دەرەخ شاخلىرى ئىرغاڭلاشتى.

**ئىرغاڭلىماق** پ. بىر ئۇ ياققا - بىر بۇ ياققا چايقالماق، ئىرغاڭ - ئىرغاڭ قىلماق، ئىرغاڭشماق: ئۇلار دەريا لېۋىدىكى ئىرغاڭلاپ تۇرغان ياپراقسىز مەجنۇنتاللار قېشىغا كېلىپ، ئېگىز قىرغاققا چىقتى.

**ئىرغاي** ئى <بوت> ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. ياغىچى قاتتىق، ئانچە توم بولمايدۇ. ئادەتتە كىچىك سايمانلارغا ساپ قىلىنىدۇ.

**ئىرغايلىق** ① سۈپ. ئىرغىيى بار، ئىرغىيى بولغان: ئىرغايلىق تاغ. ئىرغايلىق تاغ بېلى. ئىرغايلىق جىرا. ② ئى. ئىرغاي كۆپ ئۆسىدىغان يەر: قويچى باللار ئىرغايلىقتىن ئىرغاي كېسىپ كەلدى.

**ئىرغىتماق** ① «ئىرغىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شەۋكەت تىلىنى «ماقۇل» غا ئۆمەللەۋاتقاندا، ئاتار بىرنەرسىدىن ئەندىككەندەك، بېشىنى غەلىتە ئىرغىتتى. ② چۆرۈپ تاشلىماق، كۆتۈرۈپ ياكى پىرقىرىتىپ ئاتماق: لەيلىگۈل بېشىنى سىلكىپ، يوغان ئىككى ئۆرۈم چېچىنى ئىرغىتىپ كەينىگە تاشلاپ كۆك كۆز كىشىگە قاراپ نېمىدۇر دېمەكچى بولدى.

**ئىرغىتىلماق** «ئىرغىتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بېغىشلىغان باتۇرلار ۋۇجۇدىنى بۇ جەڭگە، ئەنە ئونلاپ ماي تۇڭى ئىرغىتىلدى ئۈستەڭگە.

**ئىرغىشماق** «ئىرغىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ساي ۋە جىلغا غوللىرىدا تولۇپ ئاقار سۇ، قاراپ تۇرساڭ تەشنا دىلغا ئەجەب ياقار بۇ. ئورمانلىقتا ئىرغىشىدۇ مارال بۇغىسى، سېخىي ۋادى ئۇنىڭ كۆپتۇر قىلغان سوۋغىسى.

**ئىرغىماق** پ. سىلكىنمەك، سەكرىمەك: قادىر بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى.

**ئىرق** ئى [ئە] ① نەسىل، زات. ② تەن تۈزۈلۈشى جەھەتتە مەلۇم ئورتاق ئىرسىيەت ئالاھىدىلىكلىرى (مەسىلەن، تېرە، چاچ رەڭگى، چاچ شەكلى، كۆز رەڭگى، قان ئايرىمىسى قاتارلىق)گە ئىگە بولغان ئادەملەر توپى، بۇ ئالاھىدىلىكلەر بەلگىلىك رايوندا ئۇزاق مۇددەت تەبىئىي مۇھىتقا ماسلىشىش جەريانىدا شەكىللەنگەن. بۇ ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن، پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلار موڭغۇل ئىرقى، نېگىر ئىرقى ۋە ياۋروپا ئىرقىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئىرققا بۆلۈنىدۇ. ئىرققا ئايرىش جەھەتتە، ئاساسەن رەڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، ئىنسانلارنى سېرىق تەنلىك، قارا تەنلىك، ئاق تەنلىك ۋە قوڭۇر تەنلىك دەپ ئايرىش ئۇسۇلىمۇ بار.

**ئىرقچى** ئى. ئىرقچىلىق تەرەپدارى، ئىرقچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزگۈچى، ئىرقىي كەمسىتىش ۋە ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتىنى ياقلايدىغان، خەلققە ئىرقىي پەرق بويىچە مۇئامىلە قىلىدىغان تەرەپ.

**ئىرقچىلىق** ئى. «ئىرقلار تەڭ ئەمەس، بەزى ئىرقلار ئالىي، بەزىلىرى پەس بولىدۇ، ئالىي ئىرقلار پەس ئىرقلار ئۈستىدىن ھۆكۈمران بولۇشى تارىخىي زۆرۈرىيەتتۇر» دەپ دەۋا قىلغۇچى بۇرژۇئازىيەچە ئەكسىيەتچى نەزەرىيە، يەنى ئىرقىي كەمسىتىش سىياسىتى، ئىرقىي ئايرىمىچىلىق.

**ئىرقشۇناس** ئى [ئە + پ] ئىرق ئىلمى بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچى ئادەم؛ ئىرق ئىلمى مۇتەخەسسىسى.

**ئىرقشۇناسلىق** ئى. ئادەملەرنىڭ بەدەن ۋە رەڭگى، يۈز - كۆز، باش تۈزۈلۈشى ۋە شۇنىڭدەك نەسلىي بەلگىلىرىنىڭ بىر خىللىقى ياكى ئۆزگىچىلىكلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئىنسانلار ئىرقىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم.

**ئىرقىي** سۈپ [ئە] ئىرققا خاس، ئىرققا ئائىت: ئىرقىي بەلگىلەر. ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتى. ئىرقىي كەمسىتىش. * بىز ئەزەلدىن ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇپ كەلدۇك ھەم مەڭگۈ قارشى تۇرىمىز.

**ئىركاشا** سۈپ. دىيال. لۆم - لۆم، گومۇش.

**ئىركىت** ئى. سۇتنىڭ مېيى ئېلىۋېلىنغان بىر خىل قالدۇقى.

**ئىرلىماق** پ. جىرلىماق، ناخشا ئېيتماق: قىزلار يېرىم ئۇسسۇللۇق شوخ ھەرىكەت بىلەن ئىرلايتتى.

**ئىرماش- چىرماش** ① ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق نەرسە، سىزىق ھەم شۇ قاتارلىقلار ئۆزئارا كىرىشىپ، گىرە-

لىشىپ، ئارىلىشىپ كەتكەن: ئىرماش - چىرماش سىزىقلار. ئىرماش - چىرماش ئىزلار. ② مۇناسىۋەت جەھەتتە ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كەتكەن، مۇناسىۋىتى، ئالاقىسى ھەددىدىن زىيادە يېقىن، بىر - بىرىگە ئۆتۈشكەن: ئىرماش - چىرماش باغلىنىش. ③ ئۆزئارا چېتىشلىقى بولغان، مۇناسىۋەتلىك بولغان: ئۇ بىيولوگىيەنىڭ باشقا پەنلەر بىلەن ئىرماش - چىرماش ئالاقىسى بارلىقىنى ئاستا - ئاستا سېزىشكە باشلىدى.

**ئىرماشماق** پ. ئۆزئارا ئۆتۈشۈپ، بىرلىشىپ كەتمەك، چىرماشماق: ئاللا يارىم سەن كېۋەز بول، مەن يۆگەي بولاي. ئىرمىشىپ - چىرمىشىپ شاخىڭغا قوناي.

**ئىروزىيە** ئى [ر<لات] <گېئول> تۇپراقنىڭ، يەر پوستىنىڭ سۇ، مۇز ياكى شامال تەسىرىدە يېمىرىلىشى.

**ئىروزىيەلىمەك** پ <گېئول> سۇ، مۇز ياكى شامال قاتارلىقلار يەر پوستى، تۇپراق قاتارلىقلارنى يالاپ كەتمەك، يېمىرمەك.

**ئىرونىيە** ئى [ر] <ئەد> فورما جەھەتتىن ئىجابىي مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئارقىلىق رىتىملاش ۋە مەسخىرىلەش مەنىلىرىنى ئاڭلىتىدىغان ئىبارە.

**ئىرىدىي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Ir(Iridium). كۈل رەڭ پاراشوك ھالىتىدىكى ماددا ياكى ئاق، يالتىراپ تۇرىدىغان كاللەك ماددا. قاتتىق ۋە چۇرۇك، خىمىيەۋى خۇسۇسىيىتى تۇراقلىق، قېتىشما تەييارلاشتا ئىشلىتىلىدۇ. ئىرىدىينىڭ قېتىشمىسى تىگىل ۋە ئالتۇن قەلەم ئۇچى قىلىنىدۇ.

**ئىرىس** ئى [ر] تەركىبىگە سۈت ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدىغان كەمپۈتلەرنىڭ تۈرىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئىرىس كەمپۈت** تەركىبىگە سۈت ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدىغان كەمپۈتلەر، سۈت كەمپۈت.

**ئىرىڭ-سىرىڭ** دىيال. ھۇرۇن، ئېرىنچەك.

**ئىرىم** ئى. كۆڭۈلگە پۈككەن بىرەر ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى، بىرەر بالا - قازانىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى، ياخشىلىقنىڭ ئۆزىگە نېسىپ بولۇشى ئۈچۈن، بىرەر نەرسىنى ياكى ئىشنى شەرت قىلغان ئاساستا باشلاش: ئىرىم قىلماق. * بۇ ئىشنى نېمىدىن باشلاشنى بىلمەي تۇراتتىم. نورۇز داموللا ۋەقەسى مېنىڭ ئۈچۈن ياخشى ئىرىم بولىدىغان بولدى.

**ئىرىم قىلماق** ① كۆڭۈلدە ياخشىلىق، ئوڭۇشلۇق تىلەش مەقسىتىدە، ھەم شۇنىڭغا باشلىنىش بولۇپ قالار دېگەن نىيەت بىلەن شەرتلىك بىرەر ئىشنى بەجاغا كەلتۈرمەك، شەرتىنى سۇندۇرماق: ھېلىقى كىشىلەر قورالىرىنى تاپشۇردى. شۇ ئارىدا ئاماڭقۇل قارىياغاچقا باغلاقلىق تۇرغان ھاجەر باقىنىڭ يېنىغا كېلىپ، «ماۋۇ چوشقىنى ئىرىم قىلايلى» دەپ ئاتماقچى بولدى. ② سودىدا شۇ كۈنى بىرىنچى بىرنەرسىنى سېتىپ كىرىم قىلماق، پۇل ئالماق: — ئۇستام، جىددىي لازىم بولۇپ قالدى، ئون يۈەن بېرىپ تۇرسىلا، مەن چۈشتىن كېيىن قايتۇرسام، — دېدىم تونۇش سودىگەرگە. لېكىن سودىگەر «كەچۈرسىلە، تېخى ئىرىم قىلمىغانىدىم، ئىرىم قىلغاندىن كېيىن بەرسەم» دېدى.

**ئىرىمچىك** ئى. سۈتنى ئوتتا ئىللىتىپ، ئۇنىڭغا قېتىق قوشۇپ قاينىتىپ، سۈيىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىنكى قالدۇق قىسمى. ئۇ قىزىل ئىرىمچىك ۋە ئاق ئىرىمچىك دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ.

**ئىرىمچىكچى** ئى. ئىرىمچىك ئى. ئىرىمچىك تەييارلاش ۋە سېتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى: ئىتالىيەدىكى يۇرتلاردىن ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن ئىرىمچىكچىلەر ئۆز مىللەتلىرىنىڭ كىيىملىرىنى كىيىشىپ، ئىرىمچىكلىرىنى داڭلاپ سېتىشماقتا ئىدى.

**ئىز** ئى ① ئاياغ بىلەن يەرنى دەسسىگەندە ياكى بىرەر نەرسىنىڭ يۈزىگە سىزغاندا، جىجىغاندا، يازغاندا ياكى قول بىلەن بىرەر نەرسىنى تۇتقاندا چۈشۈپ قالغان بەلگە، ئىزنا: ئاياغنىڭ ئىزى. ئاتنىڭ ئىزى. قامچا ئىزى. تاياق ئىزى. ئىز قوغلىماق. ② بىرەر نەرسە يۈزىگە يۇقۇشتىن ھاسىل بولغان داغ: كىيىمىدىكى بۇ قان ئىزىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن، رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بۈگۈندىن تارتىپ تەكشۈرۈشنى باشلىغانىدى. ③ كۆچمە. كىشى كۆڭلىدىكى ئازاب، داغ؛ كۆڭۈلدە قېپقالغان مەنىۋى تەسىر: بۇ ئىش ئۇنىڭ يۈرىكىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇردى. ④ كۆچمە. بىرەر ۋەقەنىڭ يىپ ئۇچى: ئۇ ياقۇپ ياساۋۇلنى كۆرۈپ ياكى ئۇنىڭ قولغا چۈشكەنلىكىنى ئاڭلاپلا، ئۆز ئىزىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشقا كىرىشكەنىدى. ⑤ ئومۇمەن يول، نىشانە: يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن (ماقال). ⑥ بىرەر ئىشنى قىلىشتا ئۆزىنىڭ بۇرۇنلا تۇتۇپ كەلگەن يولى، ئۇسۇلى: خىلمۇخىل گەپلەر يۇرۇپتۇ يېزىدا، ئاشپۇزۇل ماڭىۋېرىپتۇ ئىزىدا. ⑦ ئەسلىدىكى ئورنى، ئەسلىي ھالىتى: ئىزىغا چۈشمەك. * ھاياتنىڭ ئەگرى-توقاي مۇساپىسى، ئوخشايدۇ، تىنىم تاپماس كەڭ دېڭىزغا، بەزىدە كۆتۈرۈلسە ئۇندا دولقۇن، بەزىدە چۈشەر پەسلەپ ئۆز ئىزىغا. ⑧ ئورۇن: ئۇ كىشى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىزىغا بىزنىڭ شىركەتتىن بىرسىنىڭ بالىسى ئورۇنلاشقان. ⑨ قالدۇقى، ئىزناسى: ئوغلى بارنىڭ ئۆزى بار، قىزى بارنىڭ ئىزى بار (ماقال). ⑩ تەسىرى، تەسىرىي كۈچ، تەسىر كۈچى: — خەپ توختاپ تۇر، بۇ ئورىدىن سېنىڭ ئىزىڭنى يوقاتمىسام مەن خان ئاغىچىلىق ئېتىمنى يۆتكىۋېتىمەن! — دېدى ئۇ قاتتىق ئاۋازدا. ⑪ <ئارخېئول> بۇرۇنقى زامانلاردىن قېپقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ھېسابىدىكى جاي، قەدىمىي شەھەر قاتارلىقلارنىڭ ھازىرغىچە مەلۇم دەرىجىدە ساقلانغان، ساقلىنىپ قالغان قىسمى، قالدۇقى، يادىكارلىق، ئەسەر: قەدىمكى شەھەر ئىزلىرى. خارابە ئىزلىرى. ⑫ كۆچمە. ئالدىنقى ئەۋلادلارنىڭ، پېشقەدەملەرنىڭ ياكى بىرەر شەخسنىڭ ھاياتىدا قالدۇرۇپ ئۆتكەن ئىش-ھەرىكىتى، پائالىيىتى ۋە پائالىيەت يۆنىلىشى؛ يول، مۇساپە: ئىز قالدۇرماق. باتۇرلار ئىزىدىن ماڭماق. * بىز ئالدىنقى ئەۋلادلارنىڭ ئىزىدىن بېسىپ ئالغا ماڭىمىز.

**ئىز باسماق** ① ئارقىدىن پېتىشىپلا كەلمەك، سوڭدىماق، سوڭداشماق: نىجات، تاشپولاتلار ئىز بېسىپ، ئىككى تەرەپتىن ئۆمەلەپ كېلىپ، ئىككى دانە قول بومبىسى بىلەن پوتەينى ۋەيران قىلدى. ② ئورنىنى ئالماق، ئورنىنى ئىگىلىمەك، ۋارىسى بولماق: — سەن داداڭنىڭ ئىزىنى باسقىن! — دېدى ئۇ ماڭا. * ئۇ ئۇسسۇل سەنئىتىدە ئۇستازىنىڭ ئىزىنى باستى ۋە سەھنە ھاياتىدىمۇ ئۇستازىنىڭ يولىدىن ماڭدى.

**ئىز پۇلى** سودىگەرنىڭ مالنى باشقىلاردىن توپ بويىچە ياكى پارچە سېتىۋالغان باھاسى: بولسا بولار، بولمىسا ئىز پۇلى بولار (ماقال).

**ئىزىغا چۈشمەك** ① پىيىغا چۈشمەك:ئۇنىئالغۇدىن ئاڭلانغان بۇ خۇپىيانە سۆز ئىزىغا چۈشكەن كىشىنىڭ راستىنلا ئەتكەسچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. ② نورمال ھالەتكە كەلمەك، نورمال رەۋىشتە يولغا قويۇلماق: پات يېقىندا شۇجى يەنە خىزمىتىگە ئولتۇرىدۇ، ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشىدۇ.* خۇدا خالىسا، جاھان ئوڭشىلىپ، ئىزىغا چۈشۈپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

**ئىزىغا سالماق** ① ئەسلىدىكى نورمال ھالىتىگە، تەرتىپىگە كەلتۈرمەك؛ نورمال ھالەتكە چۈشۈرمەك، نورماللاشتۇرماق: تۇرمۇشىنى ئىزىغا سالماق. ئىشنى ئىزىغا سالماق. ② شەكىللەندۈرمەك؛ پەيدا قىلماق، ياراتماق: ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئاتا-بوۋىلار ئىز سېلىپ بېسىپ ئۆتكەن تۈگىمەس ئۇزۇن يوللار مۇشۇ ئەمەسمۇ؟

**ئىزا** ئى [ئە] ئۇيىلىش تۇيغۇسى؛ ئۇيات، خىجالەت، نومۇس: ئىزا تارتماق. ئىزاغا قالماق. * ئىزا ئۆلۈمدىن قاتتىق (ماقال).

**ئىزا ـ ئاھانەت** ئىزا ۋە ئاھانەت: ئىزا ـ ئاھانەت قىلماق. ئىزا ـ ئاھانەتكە قالماق. * بۇگۈن كەچكى قەدىرسىزلىك ۋە ئىزا ـ ئاھانەتلەر ئۇنىڭ نېرۋىسىنى قايلاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى باسماقتا ئىدى. * ئۇلار ئىزا ـ ئاھانەت ئىچىدە زار ـ زار يىغلاشقا باشلىدى.

**ئىزاپى** سۈپ. دىيال. ئارتۇق، ئوشۇق، زىيادە.

**ئىزاچىلىق** ئى. ئۇيىلىش، نومۇس تۇيغۇسى، ئاھانەتلىك ئىش: ئىزاچىلىقتىن رەللە بولغان دانىيار خوجا جاللاتلىرىغا زەرب بىلەن قولىنى شىلتىدى، جاللاتلار ئەمىر مىرزا ئەلەمشاھنى مۇناردىن تاشلاپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

**ئىزافەت** ئى [ئە] <تىل> ئىسىملارنىڭ قاراتقۇچى ـ قارالمىش مۇناسىۋىتىدە باغلىنىپ كېلىشى. تەۋەلىك مۇناسىۋەت.

**ئىزافەتلىك** سۈپ . تەۋەلىك مۇناسىۋىتىدە باغلانغان : ئىزافەتلىك بىرىكمە.

**ئىزا ـ نومۇس** ئىزا ۋە نومۇس.

**ئىزاھ** ئى [ئە] ① سۆز، ئىبارە ھەم ئۇنىڭ مەنىسى ياكى ۋەقە ـ ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلارغا بېرىلگەن چۈشەندۈرۈش؛ ئىزاھات، يەشمە، شەرھ: ئىزاھ بەرمەك. بوۋاي ئىزاھ تەلەپ قىلىپ ئادىلغا قاراپ قويدى. ② تېكىستلەرنىڭ ئايرىم يېرىگە كىرگۈزۈلگەن ياكى ئايرىم مەسىلىگە بېرىلگەن چۈشەندۈرۈش؛ قوشۇمچە مەلۇمات، ئەسكەرتىش: تەرجىمان يەنە ئەسەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش جەريانىدا، كىتابخانلارنىڭ چۈشىنىشىگە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن ناھايىتى مۇكەممەل ئىزاھلارنى قوشقان.

**ئىزاھات** ئى [ئە] يىغ. ئىزاھ؛ ئىزاھلار، چۈشەندۈرۈشلەر، شەرھلەر: ئىزاھات بەرمەك. * رەيھان بۇ سۆزلەرگە ئىزاھات بەردى.

**ئىزاھاتسىز** رەۋ. ئىزاھاتى يوق، ئىزاھات بەرمەيلا: يىگىتلەر تۇرغۇننىڭ مەقسىتىنى ئىزاھسىزلا چۈشەندى.

**ئىزاھاتلىق** سۈپ. ئىزاھاتى بار، ئىزاھات بېرىلگەن، ئىزاھلانغان: شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئەجدادلارنىڭ بىلىش ساھەسىدىكى قەدەملىرى بۇرۇنقى ئەقىل ئورەكلىرىنى ئىزاھاتلىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

**ئىزاھلاتماق** «ئىزاھلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۆزنى ئىزاھلاتماق.* بۇ لۇغەتنى ئىشلەش جەريانىدا يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئاتالغۇلارنى كەسىپ تۇرى بويىچە ئايرىپ چىقىپ، شۇ كەسىپنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىگە ئىزاھلاتتۇق.

**ئىزاھلاشماق** «ئىزاھلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ بۆلۈمدىكى مۇتەخەسسىسلەر جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق تۆت ئاي ئىچىدە 10 مىڭدىن ئارتۇق سۆزلەرنى ئىزاھلاشتى.

**ئىزاھلانماق** «ئىزاھلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ يىل ئەتىيازدىن ھازىرغىچە جەمئىي بەش مىڭ لېكسىكا ئىزاھلىنىپ بولدى.

**ئىزاھلىق** سۈپ. ئىزاھى بار، مەنىسى، ماھىيىتى چۈشەندۈرۈلگەن: ئىزاھلىق لۇغەت.

**ئىزاھلىق لۇغەت** <تىل> سۆز مەنىلىرى شەرھلىنىپ، چۈشەندۈرۈپ كۆرسىتىپ بېرىلگەن لۇغەت: ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى. ئۆزبېك تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى.

**ئىزاھلىماق** پ ① سۆز ـ ئىبارە ياكى بىرەر ئىش، ۋەقە ـ ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرمەك، ئۇنىڭ مەنىسىنى، ماھىيىتىنى ئېچىپ كۆرسەتمەك، يەشمەك، شەرھلىمەك: ئۇ مېنىڭ چىرايىمدىكى غەزەپ ئارىلاش تەئەججۈپنى كۆردى بولغاي، سۆزنى ئىزاھلىدى. ② تېكىست ئىچىدىكى مەلۇم جۈملە ياكى سۆزگە ئىزاھات بەرمەك: سۆزنى ئىزاھلىماق.

**ئىزاھنامە** ئى [ئە + پ] ئىزاھ، چۈشەندۈرۈش يېزىلغان قەغەز ياكى كىتابچە: ئۇ ئىزاھنامە يېزىلغان قەغەزلەرنى بىر چەتكە ئېلىپ قويۇپ، چېرتيوژنىڭ يۆگىكىنى يېيىپ تۈزلىدى.

**ئىزەك** ئى. دىيال. بىر نەرسىنىڭ جۈپى.

**ئىزباسار** ئى [ئىز + باسار] ئالدىنقىلارنىڭ ئورنىنى دەسسەپ، ئۇلارنىڭ تۇتقان يولىنى، قىلغان ئىش ئىزلىرىنى داۋاملاشتۇرغۇچى؛ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇچى شەخس، ئادەم: ئىزباسار تەربىيەلەش. ئىزباسار يېتىشتۈرۈش. * شەۋكەت ئۇنىڭ تۇنجى ئىزباسارى بولدى.

**ئىزباسارلىق** ئى. داۋاملاشتۇرۇش، ۋارىسلىق قىلىش ئىشى، ئادىتى.

**ئىزتىراپ** ئى [ئە] يىغ. ① قاتتىق ھاياجان: شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە توساتتىن شېرىن، ئەمما غەمكىن ئىزتىراپ ئويغاندى. ② روھىي ئازاب، روھىي ئېزىلىش، ھەسرەت، سىقىلىش، ئەلەم: بۇ مىنۇتلار تاشۋاينىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئاچچىق ئىزتىراپ ۋە ئىسيان مىنۇتلىرى ئىدى.

**ئىزتىراپلىق** سۈپ. قاتتىق ئىزتىراپقا چۈشكەن، چوڭقۇر ھاياجانلانغان، ھەسرەتلەنگەن: موھتاجلىق تۈپەيلىدىن بىلىمسىز قالغان ساددا قىز گۈلسارەمۇ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى پاكلىقنىڭ كۈچى بىلەن ئۇياتچان، ئىزتىراپلىق سۆيگۈسىنى نىجاتقا بېغىشلايدۇ.

**ئىزچى** ئى ① ئىزىغا چۈشۈپ، ئىز قوغلاپ تاپقۇچى كىشى ياكى ئىزنى ياخشى بىلىدىغان ھەم شۇ ئارقىلىق بىرەر ۋەقە، ئىشنىڭ يىپ ئۇچىنى تېپىپ ئېنىقلايدىغان رازۋېدكىچى: پادىشاھ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىزچى، سىنچى، رەمچى، قۇرئەندازلارنى يىغىپ، ئۇلارنى ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشكە بۇيرۇپتۇ. ② ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى باسقۇچى، ئورنىنى ئىگىلىگۈچى ئادەم؛ ئىزباسار: ــ باللارغا بېرىلگەن بۇ ئىنقىلابىي تەربىيە، بەك جايىدا بولدى،ــ دېدى مۇنىرىدىن، شائىر دوستىنىڭ ئىزچى تەربىيەلەش يولىدا كۆرسەتكەن ئەقىل ـ پاراسىتىدىن مەمنۇن بولۇپ. ③ تارىس. شىڭ شىسەي دەۋرىدىكى «ئىزچىلار» ئەتىرىتىنىڭ ئەزاسى،

ئۇلار بىر خىل كۆك كىيىم كىيىپ، ئالا كالتەك تۇتۇپ ئامما-ۋى يىغىنلارغا چىقاتتى.

**ئىزچىل** ① سۈپ. ھەمىشە بىر خىل داۋام قىلىدىغان، داۋاملىشىپ كەلگەن، دائىملىق، ئۆزگەرمەس: بۇ ئۇنىڭ ئۈچ يىلدىن بۇيانقى ئىزچىل ئادىتى. لېكىن ئۇ بۇ ئادىتىنى ئۆزگەرتىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ. ② رەۋ. بىر تەقلىدتە، بىر يۆنىلىشتە، بىر خىل رەۋىشتە، ھەرقانداق چاغدا، ھەرقانداق جايدا بىر خىل، باشتىن - ئاخىر، ئېغىشماي: ئىزچىل ياخشى: پارتىيە سىياسىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىمىز. ③ سۈپ. بىرەر يولدىن ئېغىشماي ماڭىدىغان، دائىم بىردەك: ئىزچىل ھالدا. * مانجۇ خانلىقى قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئىزچىل ھالدا مانجۇ خانغا سادىقلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، مېھرىبانۇنى بۇگۈن يېڭىساردىن قومۇلغا ئەكەلدى. ④ سۈپ. ئۆز ئارا مەنتىقىيلىق باغلىنىشلىقى بولغان، مەلۇم قانۇنىيەت، پرىنسىپلارغا باشتىن - ئاخىر بىردەك ئەمەلىيلەشكەن، باشتىن - ئاخىر بىردەك ھەل قىلىنغان، سىستېمىلىق، مۇنتىزىم: ئىزاھلىق لۇغەتلەردە ئىزاھنىڭ ئىزچىل بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

**ئىزچىلار** ئى <تارىخ> بەزى دۆلەتلەردىكى ئۆسمۈر باللار تەشكىلاتى. ئازادلىقتىن بۇرۇنقى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىمۇ ئېلىمىزدە بۇ خىل تەشكىلات بولغان.

**ئىزچىللاشتۇرماق** «ئىزچىللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرماق. * ئىش كۆتۈپ تۇرغانلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى چوقۇم چىڭ تۇتۇپ ئىزچىللاشتۇ-رۇشىمىز كېرەك.

**ئىزچىللاشتۇرۇشماق** «ئىزچىللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ ناھىيە رەھبەرلىرى «تىل - يېزىق نىزامنا-مىسى» قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك قانۇن ۋە نىزامنامىلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇشتى.

**ئىزچىللاشتۇرۇلماق** «ئىزچىللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پارتىيەنىڭ مىللىي سىياسىتى مىللىي مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش، مىللەتلەر باراۋەر-لىكىنى تۇرغۇزۇش ئاساسىدىلا ئىزچىللاشتۇرۇلىدۇ.

**ئىزچىللاشماق** پ ① باشتىن - ئاخىر ئىزچىل، بىردەك بولماق، بىر پۈتۈن ئىشنىڭ ھەممىسىدە ئىزچىللىق، بىردەك-لىك ساقلانماق، ئىزچىل بىر خىل ھەل قىلىنماق: بىر مىللەت تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىنىڭ ياخشى - يامان تۈزۈلۈشى ئۇنىڭدىكى مەسىلىلەرنىڭ ئىزچىللىشىشىدا. ② ئىجرا قىلىنماق، ئىجرا بولماق، ئەمەلگە ئاشماق، ئەمەلىيلەشمەك: كادىرلار سىياسىتى ئىزچىللاشتى. * پارتىيەنىڭ سىياسىتى ئىزچىللاشتى.

**ئىزچىللىق** ئى. ھەمىشە بىر خىل داۋاملىشىش، داۋاملىشىپ كېلىش، ئۆزگەرمەسلىك: قابىلىيەت بىر خىل ئىندىۋىدۇئال پسىخولوگىيەلىك ئالاھىدىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ئىزچىللىق، مۇستەھكەملىكتىن ئىبارەت.

**ئىزخىر** ئى [ئە] <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، ياپىلاق، گۈلى كونۇسسىمان گۈل رېتىدە، تىروپىك بەلباغ رايونلىرىدا ئۆسىدۇ. غول ۋە يوپۇرمىقىدىن ئىزخىر مېيى ئېلىنىپ ئەتىرنىڭ خام ئەشياسى قىلىنىدۇ.

**ئىزدەتمەك** «ئىزدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: لەشكەر باشلىقلىرى لەشكەرلىرىنى ئۆيمۇئۆي ئىزدىتىپتۇ، شۇ چاغدا بىر لەشكەر ئېغىلدا تۇرغان بىر خوتۇننىڭ دەرۋازىدىن ئۆتمىگەنلىكىنى خەۋەر قىپتۇ.

**ئىزدەشتۈرمەك** پ. ئىزدەش ۋە شۇ خىلدىكى ھەرىكەتنى قىلماق، ئىزدىمەك: ئانام قاراڭغۇ ئۆيدىن قىشلىق ئايىغىمنى ئىزدەشتۈرۈپ، ئاخىرى تاپتى.

**ئىزدەشمەك** «ئىزدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — ئۇكا، ئۇستىنى ئىزدىشىپ بەرسەڭ بوپتىكەن، جىددىي ئىش بار ئىدى، — دېدى سۇلايمان.

**ئىزدەكچى** ئى. ئىزدەش ئۈچۈن مەخسۇس ئەۋەتىلگۈچى كىشى: پادىشاھ ھەر تەرەپكە ئىزدەكچى ئەۋەتىپ، جاكار سېلىپ، ھېچ دېرەك ئالالمىدى، ئاكىسى بۇنىڭغا ناھايىتى قاتتىق قايغۇردى.

**ئىزدەك - سوراق** بىرەر ئادەم ياكى ئىش، مەسىلە قاتارلىقلار ھەققىدە بىلىشكە تېگىشلىك بولغان خەۋەر، ئۇچۇر، خەت - خەۋەر، دېرەك: ئىزدەك - سوراق قىلماق.

**ئىزدەلمەك** «ئىزدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ لۇغەتنى ئىشلەش ئۈچۈن كۆپ ماتېرىيال ئىزدەلدى، قايتا - قايتا مۇھا-كىمە يىغىنلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى.

**ئىزدەنمە** ئى. بىرەر ئىشنى قىلىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىزدىنىش جەريانىدىكى بارلىق ئىش - ھەرىكەتلەر: ئۇلارنىڭ ئەمگىكى سوقرات قاتارلىقلارنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك غايىلى-رىنى پەننىي كاپالەتكە ئېرىشتۈرۈشتىكى ئىزدەنمىلىرىدۇر.

**ئىزدەنمەك** ① «ئىزدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئابلىز بۇ ھەقتە بىرەر چارە تېپىش ئۈچۈن ئىزدەنگەنىدى. ② بىر ئامالىلارنى قىلماق، چارە قىلىپ ئىزدەشمەك: ئانىنىڭ مىسكىن كۆزلىرىدە ئۈمىد ۋە كۈلكە پەيدا بولدى، ئۇ ئىزدىنىپ ئېشىنغان پۇلغا ئوغلى ئۈچۈن چىرايلىق پوسما ۋە يېڭى كىيىملەرنى ئېلىپ بەردى. ③ بىرەر ئىشنى ياخشى ئىشلەش، ۋۇجۇدقا چىقىرىش ۋە ئۆگى-نىش مەقسىتىدە ئىشتىياق بىلەن ئىزدەنمەك: ئىزدىنىپ ئۆگەن-مەك. كەسىپ ئۈستىدە ئىزدەنمەك.

**ئىز - دېرەك** ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ بار-يوقلۇقى، مەلۇم - مەلۇم ئەمەسلىكى ھەققىدە ئېلىنغان ئۇچۇر، خەۋەر، دېرەك: ئىز - دېرىكى يوق. ئىز - دېرىكىنى قىلماق. ئىز - دېرىكى بولماسلىق. ئىز-دېرىكىنى ئالماق.

**ئىز - دېرەكسىز** ئىز - دېرىكى يوق، بىرەر ئىز، ئۇچۇر قالدۇرماي، خەۋىرى بىركىمگە ئايان بولمايلا، جىممىدىلا: ھاجى توختى مەكتەپتىن ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى.

**ئىز - دېرەكلىمەك** ئىز - دېرىكىنى قىلماق، ئىز - دېرىكىنى سۈرۈشتۈرمەك: — نېمە ئاساسىڭ بار؟ — دېدى زەۋقى ئىز-دې-رەكلەپ.

**ئىزدىمەك** پ ① ئادەم ۋە نەرسىنىڭ قالدۇرغان ئىزىنى بويلاپ ماڭماق، ئىزىنى باقماق: — بىز سۇ چېچىشىپ ئوينايدىغان جىگدە بۇلاقچۇ، ئۇ يەردە مەن سىزنىڭ ئىزلىرىڭىزنى ئىزدىدىم، — دېدى شاكىر. ② ئۆزىگە لازىم بولغان بىرەر ئادەم ياكى نەرسىنى تېپىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماق، قىدىرماق: * ئۆتكەن يىلى بىركۈنى سادىق مېنى ئىزدەپ ئىشخانامغا كەپتۇ. ③ تاپماق: قۇسۇر ئىزدىمەك. نۇقسان ئىزدىمەك.

**ئىزدىنىشچان** سۈپ. ھەرقانداق ئىشنى ئىشتىياق بىلەن

ئىزدىنىپ ئىشلەيدىغان، ئەستايىدىل، تىرىشچان: ئامېرىكا پارلامېنتى كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى ھىلارى كەلىنتون ئۆزىنىڭ تور بېكىتىدە بايانات ئېلان قىلىپ، ئىزدىنىشچان كومىتېت قۇرۇپ، زۇڭتۇڭ سايلىمىغا تەييارلىق كۆرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

**ئىزدىنىشچانلىق** ئى. ئىزدىنىشچان كىشىلەرگە خاس ھەردىكەت ۋە غەيرەت: ئادەمدە ئىزدىنىشچانلىق بولىدىكەن، ھەرقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولىدۇ.

**ئىزدىنىشلىك** سۈپ. ئىزدىنىش كۈچىگە ئىگە، ئىزدەنگەن، ئىزدىنىلگەن: ئەسىرىمىزنىڭ بۇ قىسمىدا، مۇشۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلىك مۇلاھىزىمىزنى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويىماقچىمىز.

**ئىززەت** ئى [ئە] ① باشقىلارغا قىلىنىدىغان ياكى باشقىلاردىن كۆرگەن، ئېرىشكەن ھۆرمەت؛ ئېھتىرام: ئىززەت قىلماق. ئىززەت تاپماق. ② جەمئىيەت تەرىپىدىن شەكىللەنگەن ئىناۋەت، ئابرۇي، نام ـ شەرەپ، شۆھرەت، پەخىر: ۋەتەننىڭ ئىززىتى. ئىززىتىنى ساتماق. ③ ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئىززەت ـ ئابرۇي** ئىززەت ۋە ئابرۇي، ئىناۋەت: تالىپنىڭ شۇنچە ئىززەت ـ ئابرۇي بىلەن كۈتۈۋېلىنىشى روشەندە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى پەيدا قىلدى.

**ئىززەتسىز** سۈپ. ئىززىتى يوق، ئىززەت قىلىنمايدىغان ياكى ئىززىتىنى بىلمەيدىغان: ئىززەتسىز ئادەم. * ئۇنىڭ ئانىسى ئۆزىنى بىلمەيدىغان، ئىززەتسىز بىر ئايال ئىدى.

**ئىززەت ـ غۇرۇر** ئىززەت ۋە غۇرۇر: ئىززەت ـ غۇرۇرى يەرگە ئۇرۇلغان فۇگۇەننىڭ يۈزى تاتىرىپ كەتتى.

**ئىززەتلەشمەك** «ئىززەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىر ـ بىرىنى ئىززەتلىشىپ، ھۆرمەتلىشىپ كەلمەكتە.

**ئىززەتلەنمەك** «ئىززەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مېھمانلار تۈرلۈك غىزا ـ تائاملار بىلەن ئىززەتلەندى.

**ئىززەتلىك** سۈپ. ئىززىتى بار، ئىززىتى بولغان، ئىززەت ـ ھۆرمەتكە سازاۋەر؛ مۆھتەرەم، ھۆرمەتلىك: ئىززەتلىك ئادەم. * — ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى راست گەپنى ئېيتسام پەقەت سىنىڭ داداڭ ئىززەتلىك ئورمان بوۋامغىلا سىڭىشتۇرۇشقا بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

**ئىززەتلىمەك** پ. ئىززەت قىلماق، ئىززەت ـ ھۆرمەت كۆرسەتمەك، ھۆرمەت تۇيغۇسىدا قارىماق، ھۆرمەتلىمەك: سىلەر بىلەن بىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئىززىتىنى قىلىشمىساق، كىم بىزنى ئىززەتلەيدۇ؟

**ئىززەت ـ نەپس** كىشىنىڭ ئۆز ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى، ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى، پەزىلەتلىرىنى سېزىش ۋە ئۇنى قەدىرلەش ھېسسى؛ غۇرۇر: ئىززەت ـ نەپسىگە تەگمەك.

**ئىززەت ـ نەپسىگە تەگمەك** خورلىماق، غۇرۇرىغا تەگمەك، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلماسلىق: ھەر كىشىنىڭ ئىززەت ـ نەپسى بولىدۇ، كىشىنىڭ ئىززەت ـ نەپسىگە تېگىشكە بولمايدۇ.

**ئىززەت ـ ھۆرمەت** ئىززەت ۋە ھۆرمەت: ئۇ سەممىمىي ئىززەت ـ ھۆرمەت كۆرسىتىۋاتقان كىشىگە قارىدى.

**ئىززەت ـ ئېھتىرام** ئىززەت ۋە ئېھتىرام: مەھمۇد بەلخى ئۇنى ئىززەت ـ ئېھتىراملار بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. تۈرلۈك ـ تۈمەن تائاملارنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

**ئىززەت ـ ئىكرام** ئالىي ھۆرمەت ۋە ئىززەت: ئىشىكنىڭ چېكىشلىشىگە جاۋابەن ئۆيدىن چىققان ياشانغان ئاتا مېھرىبانىنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قارشى ئالدى.

**ئىزسىز** ① سۈپ. ئىزى يوق، ئىزى بولمىغان. ② رەۋ. ئىز قالدۇرماي؛ ئىز ـ دېرىكىنى ئالغىلى، تاپقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە: يىللارنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدا، تۆمۈر خەلپىنىڭ قەبرىسىمۇ ئىزسىز يوقىلىپ كەتتى.

**ئىزغىرىن** سۈپ. سوغۇق، مۇزدەك (شامال ھەققىدە): قاپقاراڭغۇ كېچە، سىرتتا ئىزغىرىن شامال، يىراقتىن نەغمە ـ ناۋا ئاۋازى كەلمەكتە.

**ئىز ـ قارىسى** ئىزناسى: شۇ يوقالغانچە بىرنەچچە ئايغىچە ئۇنىڭ بۇ ئەتراپتا ئىز ـ قارىسى كۆرۈنمىدى.

**ئىزمە** ئى. كىيىم، ياستۇق، خۇرجۇن ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەرنىڭ تۈگمە ئۆتكۈزىدىغان تۆشۈكى: ئىزمە بېكىتمەك. سومكىنىڭ ئىزمىسىنى ئەتمەك.

**ئىزمۇق** ئى <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ، ياللۇغ ياندۇرۇش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش رولى بار. ئۇنىڭدىن ئاروماتىك مايلارنى ئېلىشقىمۇ بولىدۇ.

**ئىزمۇئىز** ئىزىنى بويلاپ، ئىز بېسىپ، ئىزدىن چىقماي، ئىزىنى يىتتۈرۈپ قويماي: ئون كۈنگىچە قەمەرۇززامان قۇشنىڭ كەينىدىن ئەنە شۇنداق ئىزمۇئىز قوغلاپ مېڭىپتۇ.

**ئىزمىلەتمەك** «ئىزمىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ شاگىرتلىرى ئارقىلىق ئىزمىلىتىپ تەييار قىلغان ياستۇقلارنى چىرايلىق قاتلاپ بىر يانغا تىزىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

**ئىزمىلەشمەك** «ئىزمىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قوشنا ئاياللار يوتقان قاپلىرىنى ئىزمىلىشىپ بولۇپ، ئۇنى قاتلاپ كارىۋات ئۈستىگە چىرايلىق قىلىپ تىزىشتى.

**ئىزمىلەنمەك** «ئىزمىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كۈننىڭ ئىسسىقلىقىغا قارىماي، كېكىردەككىچە ئىزمىلەنگەن كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە يېڭىدىن سېتىۋالغان كاستۇمۇمنى كىيدىم ـ دە، ئىشىكنى تاقىدىم.

**ئىزمىلىك** سۈپ. ئىزمىسى بار، ئىزمە چىقىرىلغان، ئىزمە ئېچىلغان: ئۇ بېشىغا يازلىق ئاددىي قارا مالىخاي، ئۇچىسىغا ئىزمىلىك ئاق كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى.

**ئىزمىلىمەك** پ. ئىزمىگە ئۆتكۈزمەك ياكى ئىلماق؛ ئىزمىگە ئۆتكۈزۈش ياكى ئىلىش ئارقىلىق ئەتمەك: چىبەرقۇت تۈجۈر ـ كامىنىڭ تۈگمىلىرىنى كېكىردىكىمگىچە تاقاپ ئىزمىلەۋېتىپ ئۆزۈمنىڭ نەنى نىشانلاپ كېلىۋاتقانلىقىم گۇپپىدە يادىمغا چۈشتى.

**ئىزنا (ئىزناسى)** ئى ① ئادەم ۋە نەرسىنىڭ دەسسىگەن ياكى تەگكەن ئىزى؛ بەلگە: ئۇ كالاچ سېپىۋالغان ئاياغلىرىنى كىيىپ كونا تام ئىزناسى بىلەن يېڭى تام ئارىلىقىنى ماڭداپ چىقتى. ② قالدۇق ئىز: بۇرۇن ياسىغان يوللارنىڭ يامغۇر ـ يېشىنىدا ئىزناسى قالمىدى. ③ رەسىم ياكى جىسىمنىڭ سىرتقى گىرۋەكلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى سىزىق؛ ئومۇمىي كۆرۈنۈش: دائىرە: ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئىزناسىنى سىزىپ چىقاردى. ④ <ئارخېئول> تاش ئويما، مىس قورال قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ شەكلى ۋە ئۈستىدىكى رەسىم، يېزىق قاتارلىقلارنىڭ قەغەز يۈزىگە بېسىپ چىقىرىلغان ئىزى. ⑤ كۆچمە. دىر: ئىزناسىنى قايتۇرماق. ئىزناسىنى چىقىرالماسلىق.

**ئىزناسىز** سۈپ. ئىزناسى يوق، ئىزناسى قالمىغان؛ ئىزسىز:

ئۇ يەردىكى ئەگرى - بۈگرى كوچىلار، بىر - بىرىگە ئۆگزىلىرى تۇتىشىپ كەتكەن، تۆپە پەنجىرىلىك ئۆيلەر ئىزناسىز يوقالغان.

**ئىزناك** ئى [ر] ئىچىگە بىرەر تەسۋىر ۋە بىرەر ئورگاننىڭ ياكى ئەھمىيەتلىك ئىشنىڭ نامى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ماددىي بەلگە: خاتىرە ئىزنىكى. ئىزناك تاقىماق.

**ئىزنالىق** سۈپ. ئىزناسى بار، ئىزناغا ئىگە: ئىزنالىق سىزما.

**ئىزنە** ئى. دىيال. بۇيرۇق، ئەمىر، پەرمان.

**ئىزنىماق** پ. دىيال → **كىشنىمەك**.

**ئىزھار (ئىزھارى)** ئى [ئە] بايان قىلىش، سۆزلەش، سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش، بىلدۈرۈش: — قايتىپ كەلگىنىڭىز بەك ياخشى بولدى، — دېدى ھېسامىدىن زۆپەر خۇشاللىق ئىزھار قىلىپ.

**ئىزھارلاتماق** «ئىزھارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ دوستى مۇختەر ئارقىلىق گۈلەمبەرگە ئۆز كۆڭلىنى ئىزھارلاتقان بولسىمۇ، ئەمما رەت قىلىشقا ئۇچرىدى.

**ئىزھارلاشماق** «ئىزھارلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ساۋاقداشلىرىم ماڭا ئۆز كۆڭۈللىرىنى ئىزھارلىشىپ گۈل تىزمىلىرىنى تەقدىم قىلىشتى.

**ئىزھارلانماق** «ئىزھارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پەرھاتنىڭ بۇ خېتىدە ئاسىمەگە بولغان چىن مۇھەببىتى ئىزھارلانغانىدى.

**ئىزھارلىماق** پ. بايان قىلماق، ئىزھار قىلماق، ئېيتىپ چۈشەندۈرمەك، بىلدۈرمەك: ئۇ مىننەتدارلىقىنى ئىزھارلىغان ھالدا ئۇلارغا باش لىڭشىتىپ قويدى.

**ئىزوتروپ** ئى [ر<گىرېك] <فىز> → **ئىزوتروپىيە**.

**ئىزوتروپلۇق** سۈپ. ئىزوتروپىيەگە ئائىت، ئىزوتروپىيەگە خاس، ئىزوتروپىيەگە ئاساسلانغان: ئىزوتروپلۇق خۇسۇسىيەت.

**ئىزوتروپىيە** ئى [ر<گىرېك] <فىز> بەزى ماددىلارنىڭ ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈش، توك ئۆتكۈزۈش، كۆپۈش، نۇر قايتۇرۇش قاتارلىق فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى. ئۇنىڭ ھەرقايسى يۆنىلىشلىرىدە ئوخشاش بولىدۇ. بۇ خۇسۇسىيەت «ئىزوتروپىيە» دېيىلىدۇ. ئۇ ھەر خىل پولىكرىستال ۋە ئامورف جىسىملارنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى.

**ئىزوتروپىيەلىك** سۈپ. ئىزوتروپىيەگە ئائىت. ئىزوتروپىيەگە ئاساسلانغان ياكى ئۇنىڭغا خاس بولغان: ئىزوتروپىيەلىك خۇسۇسىيەت. ئىزوتروپىيەلىك ئۆزگىرىش.

**ئىزوتوپ** ئى [ر<گىرېك] <خىم> → **ئىزوتوپلار**.

**ئىزوتوپلار** ئى <خىم> بىرەر خىمىيەۋى ئېلېمېنت ئاتوملىرىنىڭ بىر - بىرىدىن ئاتوم ئېغىرلىق ۋە رادىيوئاكتىپلىقى بىلەن پەرق قىلىدىغان تۈرلىرى.

**ئىزوتوپلۇق** سۈپ. ئىزوتوپى بار، ئىزوتوپقا ئىگە: ئىزوتوپلۇق يۆتكىلىش. ئىزوتوپلۇق يېشى.

**ئىزوتون** ئى [ر<گىرېك] <فىز> نېيترون سانلىرى ئوخشاش بولىدىغان، لېكىن ئاتوم نومۇرلىرى ئوخشاش بولمايدىغان، شۇ سەۋەبتىن ماسسا سانلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدىغان نۇكلىدلار، مەسىلەن، $C^{613}$ بىلەن $N^{714}$ ئۆزئارا ئىزوتونلاردۇر.

**ئىزوتېرما** ئى [ر<گىرېك] <فىز> ماددىلارنىڭ ئىزوتېرمىك جەريانىدىكى بېسىمى بىلەن ھەجىمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئەگرى سىزىق. ئادەتتە ئۇ ئارقىلىق گازلارنىڭ ۋە سۇيۇقلۇقلارنىڭ ھالىتى، گاز ۋە سۇيۇقلۇقلارنىڭ فازا ئۆزگىرىشىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ئىپادىلىنىدۇ.

**ئىزوتېرمىك** سۈپ [ر] ① ئىزوتېرمىغا ئائىت، ئىزوتېرما بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان: ئىزوتېرمىك سىزىق. ② تېمپېراتۇرا ئۆزگەرمەي بىر خىل تۇرىدىغان: ئىزوتېرمىك جەريان.

**ئىزوسپىن** ئى [ر<گىرېك] <فىز> ئاتوم يادروسى ۋە ئاساسىي زەررىچىلەرنىڭ تەتقىقاتىدا قوبۇل قىلىنغان ئالاھىدە كىۋانت سانى.

**ئىزولياتسىيە** ئى [ر<فىران] <فىز> توكنى تۇسۇپ ئۆتكۈزمەسلىك. ئادەتتە ئىنتايىن يۇقىرى ئېلېكتىر قارشىلىقىغا ئىگە بولغان ماددىلار ئىزولياتسىيە قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىزولياتسىيەلەتمەك** «ئىزولياتسىيەلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىزولياتسىيەلەشمەك** «ئىزولياتسىيەلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىزولياتسىيەلەنمەك** «ئىزولياتسىيەلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىزولياتسىيەلىمەك** پ. زەرەتلىك جىسىمنى باشقا قىسىملاردىن ئايرىش تەدبىرى، ئۆتكۈزگۈچ سىمىنىڭ سىرتىغا بىر قەۋەت توك ئۆتكۈزمەس جىسىمنى قاپلاش ئارقىلىق ئۇنى توك ئۆتكۈزمەيدىغان ياكى سوقۇۋەتمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرمەك.

**ئىزولياتور** ئى [ر<فىران] <فىز> ئىسسىقلىق ياكى توكنى ئاسان ئۆتكۈزمەيدىغان جىسىم. ئادەتتە ئۇ ئىسسىقلىق ئىزولياتورى (مەسىلەن، توپا، گاز، كاۋچۇك) ۋە ئېلېكتىر ئىزولياتورى (مەسىلەن، چاقچۇق، چىرىمتال، ماي، كاۋچۇك) دەپ ئايرىلىدۇ.

**ئىزومورف** سۈپ [ر<گىرېك] <گېئول> ئىزومورفىزم خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان: ئىزومورف ماددىلار.

**ئىزومورفىزم** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> ماددا كىرىستاللاشقاندا، ئۇنىڭ كىرىستال قۇرۇلمىسىدا مەلۇم خىلدىكى ئىيون ياكى ئاتوم ئىگىلىگەن ئورنىنىڭ بىر قىسمىنى ۋاستىچى ماددىلاردىكى خۇسۇسىيىتى ئوخشىشىپ كېتىدىغان باشقا خىلدىكى ئىيون ياكى ئاتوم ئىگىلەپ بىرلىكتە كىرىستاللىشىپ، تەكشى يەككە فاتسىيەلىك ئارىلاشما كىرىستالغا (يەنى ئورۇن ئالماشقان شەكىلدىكى قاتتىق ئېرىتمە جىسىمغا) ئايلانسىمۇ، لېكىن باغ خۇسۇسىيىتىگە ۋە كىرىستال قۇرۇلمىسى شەكلىنىڭ سۈپىتىنى ئۆزگەرتمەيدىغان ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئىزومېر** ئى [ر<گىرېك] <فىز> مولېكۇلالىرىنىڭ تەشكىل تېپىشى ۋە مولېكۇلا مىقدارى پۈتۈنلەي ئوخشاش، ئەكسىچە مولېكۇلالىرىنىڭ قۇرۇلمىسى، فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى ھەم خىمىيەلىك خۇسۇسىيەتلىرى ئوخشاشمايدىغان ماددىلار.

**ئىزومېرلىنىش** ئى <خىم> ئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئۆزگەرتىدىغان، ئەمما تەركىبى ۋە مولېكۇلا ماسسىسىغا تەسىر يەتكۈزمەيدىغان خىمىيەۋى رېئاكسىيە.

**ئىزومېرىيە** ئى [ر<گىرېك] <فىز> ئىزومېرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئىبارەت بىر خىل ھادىسە.

**ئىزوئوكتان** ئى [ر<گىرېك] <خىم> مەلۇم ئوكتان ئىزومېرلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر خىلى، رەڭسىز سۇيۇقلۇق. ئىچىدىن يانىدىغان دېۋىگاتېللارنىڭ سىلىندىرى ئىچىدە كۆيگەندە پارتلاشقا بولغان قارشىلىق ياخشىراق بولغاچقا، موتورلارنىڭ ياخشى يېقىلغۇسى ھېسابلىنىدۇ.

**ئىزۋوت** ئى [ر] ئارمىيە ئىچىدە لېيەننىڭ قارىمىقىدىكى ئۈچ بەندىن تەركىب تاپقان كىچىك قوشۇن؛ پەي: ئىزۋوت كوماندىرى. * ئۇ بىر ئىزۋوت بىلەن چارلاشقا چىقىپ كەتتى.

**ئىس** ئى ① يېقىلغۇلارنىڭ كۆيۈشىدىن ھاسىل بولىدىغان، تولۇق يانمىغان، رەڭگى ئاساسەن قارا، سۇر ۋە شۇلارغا يېقىن كېلىدىغان ئىنتايىن كىچىك دانىچىلار ئارىلاشقان گاز؛ تۈتۈن: كۆمۈرنىڭ ئىسى. * ئىسنى بۇلۇت كۆرمەس، يۈندىسنى ئىت كۆرمەس (ماقال). ② ئېگىز تاغ رايونلىرىدا ھاۋا قاتلىمىنىڭ كىسلورود ئاز ھالىتى.

**ئىسپات** ئى [ئە] ① پىكىر، دەۋا، پەرەز ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ توغرىلىقىنى، ھەقىقىي ئىكەنلىكىنى ياكى يۈز بەرگەن ھادىسىنىڭ چىنلىقىنى دەلىللەيدىغان پاكىت، ھۆججەت؛ دەلىل: ئىسپات ئالماق. * سودىگەرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: — نېمە ئىسپاتىڭىز بار؟ — دەپ سوراپتۇ. ② بىرەر قائىدە ياكى دەۋانىڭ توغرىلىقىنى باشقا مەلۇم قائىدىلەر ئاساسىدا مەنتىقىي مۇلاھىزە ۋە دەلىللەر بىلەن تەستىقلاش ئۇسۇلى، سىستېمىسى: ئۇ دەۋانى قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىش ئۈچۈن ئىسپات تولۇق بولۇشى كېرەك.

**ئىسپاتسىز** سۈپ. ئىسپاتى يوق، ئىسپات بولمىغان ياكى بولالمايدىغان: ئىسپاتسىز گەپ. ئىسپاتسىز خەۋەر. * غەنىنىڭ بۇگۈنكى يىغىندا قىلغان ئىسپاتسىز سۆزى غەزىپىمنى قوزغىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

**ئىسپاتلاتماق** «ئىسپاتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دىلنار ئۆزىدىن نېمە گۇناھ ئۆتكەنلىكىنى ئىسپاتلاتماقچى بولۇپ، نىجاتنى ئىزدەپ باردى.

**ئىسپاتلاشماق** «ئىسپاتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كۆپلىگەن ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشتى.

**ئىسپاتلانماق** «ئىسپاتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تارىخىي ئاساسلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخى مىلادىيەدىن بۇرۇن باشلانغانلىقى ئىسپاتلانماقتا.

**ئىسپاتلىق** سۈپ. ئىسپاتى بار، ئىسپات بولغان ياكى بولالايدىغان، ئىسپات ـ دەلىلى توغرا ۋە ھەقىقىي، چىن: ئىسپاتلىق شەكىل.

**ئىسپاتلىماق** پ ① پىكىر، دەۋا، پەرەز ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ توغرىلىقىنى ياكى بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە ـ ھادىسىنىڭ چىنلىقىنى دەلىل، ھۆججەت، پاكىت بىلەن تەستىقلىماق، دەلىللىمەك: بۇنداق ئەھۋالدا ئارسلانوپ ئۆزىنىڭ ھەقىقەتنى قايسى پاكىت بىلەن ئىسپاتلايدۇ؟ ② بىرەر قائىدە ياكى ئىش، دەۋانىڭ توغرىلىقىنى باشقا مەلۇم قائىدىلەر ئاساسىدا مەنتىقىي مۇلاھىزە ۋە دەلىللەر بىلەن تەستىقلىماق، ئېنىقلىماق: تېئورېمىنى ئىسپاتلىماق. * زەرگەر ئۇستامۇ ئېرىنمەستىن بىر ـ بىرلەپ سىناپ كۆرۈپ، ھەممىسىنىڭ قىزىل مىس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

**ئىسپاتنامە** ئى [ئە + پ] <قا> مەزمۇنى ياكى مەنىسى ئارقىلىق دېلوغا ئالاقىدار پاكىتلارنى ئىسپاتلىغىلى بولىدىغان ھۆججەتلەر. ئۇ خەت ـ ئالاقە، ھۆججەت، ھېساب دەپتىرى، تەكشۈرۈش دوكلاتى، مەكتۇپ، توختام، تىلخەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىسپازما** ئى [ر<گىرېك] <تېب> مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ غىدىقلىنىشى تۈپەيلىدىن، مۇسكۇللار جىددىيلىشىپ غەيرىي تەبىئىي ھالدا قىسقىرايدىغان بىر خىل ھادىسە.

**ئىسپان** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى: ئۇلار ئىسپانىيەنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاھالىسى ئىسپانلاردۇر.

**ئىسپانچە** ① سۈپ. ئىسپانلارغا، ئىسپان خەلقىگە، ئىسپان تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت؛ ئىسپان خەلقىگە خاس: ئىسپانچە ئۇسسۇل. ئىسپانچە ناخشا. ئىسپانچە كىيىم. ② ئى. ئىسپان تىلى، يېزىقى: ئۇ ئىسپانچىنى ياخشى بىلىدۇ. ③ رەۋ. ئىسپان تىلى ۋە يېزىقىنى ئىشلىتىپ، ئىسپان تىلىدا: ئىسپانچە سۆزلىمەك.

**ئىسپەغول** ئى [پ] <بوت> پاقىيوپۇرماق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى باشاقسىمان گۈل رېتىدە، مېۋىسى غوزىلىق مېۋە، ئۇرۇق ۋە يوپۇرمىقى دورا قىلىنىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش ۋە سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، يوپۇرمىقىنىڭ ئىسسىقنى قايتۇرۇش يولى بار.

**ئىسپورا** ئى [ر<گىرېك] <بىيول> بەزى تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەر ھاسىل قىلىدىغان، كۆپىيىش رولى ياكى ئۇخلىتىش رولى بولىدىغان بىر خىل ھۈجەيرە، ئانىلىق تەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن يېڭى بىر يەككە تەننى شەكىللەندۈرىدۇ.

**ئىسپورت** ئى [ر<ئېنگ] ← **تەنتەربىيە.**

**ئىسپورتچى** ئى ← **تەنتەربىيەچى.**

**ئىسپورىسىز** رەۋ <بىيول> ئىسپورا ھاسىل قىلمىغان ياكى ئىسپورا دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن: ئىسپورىسىز كۆپىيىش.

**ئىسپورىلىق** سۈپ <بوت> ئىسپورىسى بار، ئىسپورا ھاسىل قىلىدىغان: ئىسپورىلىق ئۆسۈملۈك. ئىسپورىلىق يوپۇرماق.

**ئىسپورىلىقلار** ئى <زوئول> پارازىت ياشايدىغان ئاددىي ھايۋانلار. ئۇلار دەسلەپكى مەزگىللەردە پارازىت ئىگىسى بولغان ھۈجەيرىلەر ئوزۇقلۇقلارنى قوبۇل قىلىش بەدىلىگە ھايات كەچۈرىدۇ.

**ئىسپېرما** ئى [ر<گىرېك] <بىيول> ← **مەنىي.**

**ئىسپېكتىر** ئى [ر<لات] <فىز> مۇرەككەپ رەڭلىك يورۇقلۇق ئۈچ قىرلىق پىرىزما ياكى يورۇقلۇق سېتكىسىدىن ئۆتكەندە پارچىلىنىپ ھاسىل بولغان ئاددىي نۇرلارنىڭ تىزى-

لىشىدىن شەكىللىنىدىغان يورۇقلۇق بەلبېغى.

**ئىسپېكتروسكوپ** ئى [ر<لات + گىرېك] <فىز> ئىسپېكتىرنى بىۋاستە كۆزىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب. پاراللېل نۇر تۇرۇبىسى، تېلېسكوپ ۋە پىرىزمىدىن تۈزۈلىدۇ.

**ئىسپېكتروگراف** ئى [ر<لات + گىرېك] <فىز> تەركىبى مۇرەككەپ بولغان مۇرەككەپ نۇرنى ئىسپېكتىر سىزىقلىرىغا ئاجرىتىدىغان ئەسۋاب. پىرىزما ياكى دىفراكسىيەلىك نۇر سېتكىسى قاتارلىقلاردىن تۈزۈلىدۇ.

**ئىسپېكتروگرافىيە** ئى [ر<لات + گىرېك] تەركىبى مۇرەككەپ بولغان مۇرەككەپ نۇرنىڭ ئىسپېكتىر سىزىقلىرىغا ئاجرىلىش ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئىسپېكتروميتىر** ئى [ر<لات + گىرېك] <فىز> مۇرەككەپ نۇرنى پىرىزمىدىن ئۆتكۈزۈپ ۋە دولقۇن ئۇزۇنلۇقى بويىچە تارقىتىپ، ئوپتىكىلىق ئۆلچەشلەر ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بېرىدىغان بىر خىل ئۇسكۇنە.

**ئىسپىراپكا** ئى [ر] دوختۇرنىڭ كېسەلنى تەكشۈرگەندىن كېيىن كېسەلنىڭ دەم ئېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىش ئورنىغا قارىتىپ، كېسەلنىڭ ھەقىقەتەن ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن ئىسپات خېتى: ئىسپىراپكا ئالماق. ئىسپىراپكا يازماق.

**ئىسپىرال** ئى [ر<لات] ① <مات> بۇرما سىزىق. ② <زوئول> بۇرما قىل، تۈك.

**ئىسپىراللىق** سۈپ. ئىسپىرالى بار، ئىسپىرالغا ئىگە: ئىسپىراللىق تىرىخىنېللا قۇرتى.

**ئىسپىرت** ئى [ر] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، شۇنىڭدەك رەڭسىز، ئاسان ئوت ئالىدىغان سۇيۇقلۇق. ئالاھىدە پۇراققا ئىگە. ئۇنى تەركىبىدە قەنت بولغان ماددىلارنى ئېچىتىپ دىستىلەش ئارقىلىق ياكى ئېتىلىندىن ئېلىشقا بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ سىنتېتىك كاۋچۇك سولياۋ، بوياق قاتارلىقلارنىڭ خام ئەشياسى بولۇپ، خىمىيە سانائىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئېرىتكۈچى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ يەنە مىكروب ئۆلتۈرۈش رولى بولۇپ، دېزىنفېكسىيە ھەم چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش دورىسى ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**ئىسپىرتلىق** سۈپ. تەركىبىدە ئىسپىرتى بار، ئىسپىرتى بولغان: ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەر.

**ئىسپىروگىرا** ئى [ر<لات] <بوت> يۇسۇنلەرنىڭ بىرى. تاتلىق سۇدا ئۆسىدۇ، شەكلى يىپقا ئوخشايدۇ، سىرتى سىلىق كېلىدۇ. ئادەتتە توپلىشىپ ئۆسۈپ، سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقىدۇ.

**ئىسپىلت** ئى [ر] <گېيول> تەركىبىدە ناتىرىي ماددىسى مول بولغان نېگىزلىك ئېتىلما جىنس.

**ئىستاپىل** ئى [ر<ئىنگ] كېمە ياسىلىدىغان، قۇراشتۇرۇلىدىغان ۋە سۇغا چۈشۈرۈلىدىغان ئىش سورۇنى.

**ئىستاتا** ئى [ر<لات] بىرەر تېكىست، ئەسەردىن ئېنىن، سۆزمۇسۆز كۆچۈرۈپ ئېلىنغان پارچە، نەقىل.

**ئىستاتور** ئى [ ر<لات ] <ماشىن> ئېلېكتىر دۋىگاتېلى ۋە گېنېراتورنىڭ روتورغا ماسلاشتۇرۇلغان ھەم سىرتقى قاپقا مەھكەم ئورنىتىلغان قىسمى: مەن ئىستاتورنى باستىم، ماشىنا خۇددى قاناتلانغان تۇلپاردەك ئالغا چاپچىدى.

**ئىستاتىستىكا** ئى [ر<لات] ① جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك مىقدار ئۆزگىرىشلىرى ھەم ئۇلارنى ھېسابلاش ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى پەن. ② ئىجتىمائىي ھايات ۋە خەلق ئىگىلىكى تارماقلىرىدىكى مىقدار ئۆزگىرىشلىرى يۈزىسىدىن، شۇ پەن مېتودى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئومۇمىي ھېسابات ياكى مەلۇم ھادىسىلەرگە ئالاقىدار بولغان سانلىق مەلۇماتلارنى توپلاش، رەتلەش، ھېسابلاش ھەم ئۇلار ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈش. ③ بىر قاتار پەنلەردە قوللىنىلىدىغان مەخسۇس تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرى، مېتودلىرى.

**ئىستاتىستىكچى** ئى. ئىستاتىستىكا مۇتەخەسسىسى ياكى ئىستاتىستىكا بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.

**ئىستاتىستىكىلاتماق** «ئىستاتىستىكىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىستاتىستىكىلاشتۇرماق** «ئىستاتىستىكىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىستاتىستىكىلاشتۇرۇشماق** «ئىستاتىستىكىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىستاتىستىكىلاشتۇرۇلماق** «ئىستاتىستىكىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىستاتىستىكىلاشماق** پ. ئىستاتىستىكىلىق ھېسابات ھالىتىگە كەلمەك، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ھېسابلانماق.

**ئىستاتىستىكىلانماق** «ئىستاتىستىكىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىستاتىستىكىلىق** سۈپ ① ئىستاتىستىكىغا ئائىت، ئىستاتىستىكىغا ئالاقىدار بولغان: ئىستاتىستىكىلىق مەلۇمات. ② ئىستاتىستىكا مېتودلىرى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ياكى ئىستاتىستىكا مېتودلىرى ئارقىلىق توپلانغان مەلۇماتلارغا تايىنىدىغان: ئىستاتىستىكىلىق جەدۋەل.

**ئىستاتىستىكىلىماق** پ. ئىستاتىستىكا مېتودلىرى ئاساسىدا توپلاپ، رەتلەپ ھېسابلىماق ۋە ئانالىز قىلماق؛ ئومۇملاشتۇرۇپ ھېسابلىماق: پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، 1993 ـ يىلىدىن ھازىرغىچىسىنى ئىستاتىستىكىلاپ چىقسا، چوقۇم ئاۋۋالقى يەتتە يىلدىكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدۇ.

**ئىستاتىك** سۈپ [ ر ] <فىز> ھەرىكەتسىز، تۇرغۇن، تۇرغۇن ھالەتتىكى: ئىستاتىك ئېلېكتىر.

**ئىستارشىي** سۈپ [ ر ] <ھەرب> بەزى دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي ئۇنۋان نامى تەركىبىدە كېلىپ، «مىلادشىي» دىن يۇقىرى، «چوڭ» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئىستارشىي پولكوۋنىك. ئىستارشىي سېرژانت. ئىستارشىي لېيتېنات.

**ئىستاژ** ئى [ فىران ] خىزمەت قىلغان ياكى بىرەر تەشكىلاتقا قاتناشقان يىل سانى، مۇددەت: خىزمەت ئىستاژى. پارتىيەۋىلىك ئىستاژى. ئىستاژى ئۇزۇن.

**ئىستارە** I سۈپ. دىيال. پۇتىلكاشاڭ، توسالغۇ، نەسلىك، پالاكەتلىك.

**ئىستارە** II سۈپ. دىيال. كۆكەرمە، ئۇششۇق، مۇتتەھەم.

**ئىستاكان** ئى [ر] ئىچىملىكلەرنى ئىچىش ئۈچۈن ئىشلە-

تىلىدىغان، سىلىندىر شەكىللىك ئەينەك قاچا: ئۇ ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ بىر ئوتلىدى ۋە يېنىدىكى شىرەگە قويدى.

**ئىستاندارت** ئى [ر<ئىنگ] مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپەت ئۆلچىمى. مەسىلەن، مەھسۇلاتلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، ئېغىر - يېنىكلىكى، زىللىق دەرىجىسى ۋە ئىقتىدارى قاتارلىقلار.

**ئىستاندارتلىق** سۈپ. مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپەت تەلىپىگە مۇۋاپىق بولغان، ئۆلچەملىك: ئىستاندارتلىق دېتال.

**ئىستانسا** ئى [ر] ① پويىز ياكى باشقا ترانسپورت ۋاسىتىلىرى توختايدىغان جاي؛ بېكەت: پويىز ئىستانسىسى. ئايروپىلان ئىستانسىسى. ② ئالاقە، خەۋەرلىشىش ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئورۇن: رادىيو ئىستانسىسى. ھاۋا رايى ئىستانسىسى.

**ئىستانوك** ئى [ر<گىرېك] <ماشىن> مېتال ياكى باشقا ماتېرىياللارنى مېخانىكىلىق ئاساستا پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان بىر خىل ماشىنا. ئادەتتە مېتاللارنى قىرىدىغان ئىستانوكلار كۆپرەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئىستانوكچى** ئى <ماشىن> ئىستانوكتا ئىشلەيدىغان ئىشچى: ئۇنىڭ ئاكىسى شەھەرلىك لامپۇچكا زاۋۇتىدا ئىستانوكچى ئىدى.

**ئىستەك** ئى. كىشىدە بىرەر نەرسىگە بولغان ئىنتىلىش؛ تىلەك، خاھىش: نىجاتنىڭ كۆڭلىدە چايخانىغا كىرىش ئىستىكى تۇغۇلدى.

**ئىستەكسىز** سۈپ. ئىستىكى يوق، ئىستىكى بولمىغان: راستتىنى ئېيتقاندا، ئۇنى پۈتۈنلەي پىلانسىز ۋە ئىستەكسىز ئادەم دېيىشكە بولىدۇ.

**ئىستراتوسفېرا** ئى [ر<لات + گىرېك] <مېتېئور> ئاتموسفېرا قاتلىمىدىكى بىر قەۋەت. كونۋېكسىيە قاتلىمىنىڭ چوققىسىدىن يەر يۈزىگە 80 كىلومېتىر قالغۇچە ئارىلىققا جايلاشقان. ئۇنىڭ ئاستىدىن 30 — 35 كىلومېتىر كېلىدىغان جايىغىچە بولغان ئېگىزلىكتە ھاۋا تېمپېراتۇرىسىدا كۆپ ئۆزگىرىش بولمايدۇ. 35 تىن 55 كىلومېتىرغىچە بولغان قاتلام ئۇزۇن بولغاچقا، بۇ قاتلامدا تېمپېراتۇرا ئېگىزلىكنىڭ ئارتىشىغا ئەگىشىپ يۇقىرى ئۆرلەيدۇ؛ 55 كىلومېتىردىن ئېشىپ كەتكەن قاتلامدا بولسا، تېمپېراتۇرا ئېگىزلىكنىڭ ئارتىشىغا ئەگىشىپ تۆۋەنلەيدۇ.

**ئىستراتون** ئى [ر<لات] <فىز> گادروننى تەشكىل قىلىدىغان ۋە گادرونغا قارىغاندا تېخىمۇ كىچىك بولغان ئوبيېكتىپ ماددا.

**ئىستراتېگىيە** ئى [ر<گىرېك] ① <ھەرب> ئۇرۇش قىلىش سەنئىتى: ئۇرۇش ئىستراتېگىيەسى.② كۆچمە. ئىجتىمائىي، سىياسىي كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلىش سەنئىتى: ئىنقىلابىي ھەرىكەت ئىستراتېگىيەسى.

**ئىستراتېگىيەچى** ئى. ئىستراتېگىيە بەلگىلەشكە ئۇستا، ئىستراتېيەگە ماھىر، ئىستراتېگىيە بەلگىلەشنى بىلىدىغان ئادەم: بۇ ئەھۋال رۇسىيەنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا رايونلاردىمۇ زەنجىرسىمان ئىنكاس پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدىن رۇسىيەنىڭ ئىستراتېگىيەچىلىرى ئەنسىرىمەي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

**ئىستراتېگىيەشۇناس** ئى [ ر + پ ] ئىستراتېگىيەنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىس: ياپونىيەنىڭ كۆپلىگەن ئىستراتېگىيەشۇناسلىرى بۇ جاينىڭ تەۋەلىكىنى ھەتتا تەيۋەن مەسىلىسىگىچە باغلىغان.

**ئىستراتېگىيەشۇناسلىق** ئى. ئىستراتېگىيەنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان پەن.

**ئىستراتېگىيەلىك** سۈپ ① <ھەرب> ئۇرۇشنىڭ ئومۇمىي مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ياكى ئۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان؛ پۈتۈن ئارمىيەگە ئائىت: ئىستراتېگىيەلىك ئورۇن. ئىستراتېگىيەلىك قورۇلۇش. ② كۆچمە. ئومۇمىي ياكى ئاساسىي مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەھەتتە ئەھمىيىتى زور، مۇھىم بولغان، ئەھمىيەتلىك؛ ھەل قىلغۇچ: ئىستراتېگىيەلىك فاڭجېن. ئىستراتېگىيەلىك جاي.

**ئىسترونتىسي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Sr(Strontium) . كۈمۈش رەڭلىك كىرىستال بولۇپ، سوزۇلۇشچانلىقى ئىگە. ئۇنىڭ بىرىكمىلىرى يانغاندا قىزىل رەڭلىك يالقۇن پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ رەڭلىك پوجاڭزىلار ئۈچۈن خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**ئىسترۇكتۇرا** ئى [ ر< لات] نەرسىلەر تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ ئۆز ئارا باغلىق رەۋىشتە جايلىشىشى، تۈزۈلۈشى.

**ئىسترۇكتۇرلىق** سۈپ. ئىسترۇكتۇرىغا ئائىت، مۇئەييەن ئىسترۇكتۇرىغا، تۈزۈلۈشكە ئىگە بولغان: ئىسترۇكتۇرلىق تۈزۈلۈش.

**ئىستېرلكا** ئى [ر] ① سائەت ۋە تۈرلۈك ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىپ ئۆلچىنىۋاتقان نەرسىلەرنىڭ سان - مىقدارىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ۋە ئۇچى نەيزىگە ئوخشايدىغان يىڭنىسىمان سايمىنى: سائەت ئىستېرلكىسى. كومپاس ئىستېرلكىسى. ② شۇخىل شەكىلدىكى سىزىق ياكى بەلگە: يول كۆرسەتكۈچى ئىستېرلكا.

**ئىستېرلكىلىق** سۈپ. ئىستېرلكىسى بار، ئىستېرلكا ئورنىتىلغان: ئۇ يوغان كۆزلىرىنى ئۈستەل ئۈستىدىكى قىزىل ئىستېرلكىلىق سائەتكە تىكتى.

**ئىستون** ئى [ر] گېزىت - ژۇرنال قاتارلىقلار سەھىپىسىنىڭ ھەربىر بۆلىكى: «ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى»نىڭ ھەربىر بېتى ئىككى ئىستون قىلىپ تەييارلاندى.

**ئىستوۋۇل** ئى [ر] <ھەرب> مىلتىق، توپ قاتارلىق ئېتىش قوراللىرىنىڭ ئوق ئېتىلىپ چىقىدىغان نەيسىمان قىسمى: مىلتىق ئىستوۋۇلى. * ئۇ پىلىموت ئىستوۋۇلىنى بۇرىدى.

**ئىستوۋۇللۇق** سۈپ. ئىستوۋۇلى بار، ئىستوۋۇل ئورنىتىلغان: ئۇ قولتۇقىدىن پارچىلانغان ئىككى ئىستوۋۇللۇق ئوۋ مىلتىقى بىلەن ئوقداننى ئالدى.

**ئىستۇدېنت** ئى [ر] ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى.

**ئىستۇدىيە** ئى [ر<ئىتال] كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرى قاتارلىقلارنى ئىشلەش ياكى ئۇلارغا ئاۋاز بېرىش مەشغۇلاتلىرى ئۈچۈن مەخسۇس تەسىس قىلىنغان ئورۇن.

**ئىس - تۇتەك** ئىس ۋە تۇتەك: ئىس - تۇتەكلەر ئىچىدە قالماق.

**ئىس - تۈتۈن** ← **ئىس - تۇتەك:** كۆرۈندى قارىيىپ ۋەيرانە يېزا، كۆرۈندى ئىس - تۈتۈن، سۆگەت - تاللىرى. چېرىكلەر ئولتۇرغان

ھارۋىلار كىردى مەھەللىگە، قارىشار يېزا باللىرى.

**ئىستېئارىن** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ماي تەركىبىدىكى قاتتىق جىسىم، يەنى گلىتسېرىن بىلەن ئىستېئارىن كىسلاتاسىنىڭ بىرىكمىسى. ئاساسەن ھايۋانات مېيى تەركىبىدە ساقلىنىدۇ. سانائەتتە سوپۇن، شام ۋە گلىتسېرىنلار ئۈچۈن خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**ئىستېپا** ئى [ئە] ئۆز مەنسىپىدىن ياكى خىزمىتىدىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن چېكىنىش، ۋاز كېچىش، بوشىنىش: ئىستېپا سورىماق. ئىستېپا بەرمەك.

**ئىستېدات** ئى [ئە] ئىجادىي قابىلىيەت؛ لاياقەت، تالانت: يازغۇچىلىق ئىستېداتى. ئىستېدات ئىگىلىرى. * ئامانىسادىكى قابىلىيەت ۋە ئىستېدات پادىشاھنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

**ئىستېداتلىق** سۈپ. ئىجادىي قابىلىيەتكە ئىگە، قابىلىيەتلىك، تالانتلىق: ئۇ دادىسىدىنمۇ ئىستېداتلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ.

**ئىستېركۇل** ئى [ر<لات] <بوت> ← **ئىستېركۇل دەرىخى.**

**ئىستېركۇل دەرىخى** <بوت> جۇڭگو چىنارى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. ئۇرۇقى كۆپىنچە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. كېكىردەك ئاغرىش، ئاۋاز پۈتۈش ۋە يۆتەل قاتارلىقلارنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېرېئو** ئى [ر<گىرېك] مەلۇم بوشلۇقتا تۇرغان جىسىملارنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى ۋە قېلىنلىقى بويىچە ياكى بىر پۈتۈن گەۋدىسى، قۇرۇلمىسى بويىچە كۆرۈنۈشى؛ بوشلۇق.

**ئىستېرېئو كىنو** ئى [ر] كۆرۈنۈشلىرى تاماشىبىنلاردا بوشلۇق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىغان بىر خىل كىنو.

**ئىستېرېئولاشتۇرماق** «ئىستېرېئولاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىستېرېئولاشتۇرۇلماق** «ئىستېرېئولاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاخىرقى ئىككى مىسرادا «سىر» گۇگۇم پەيتىدىكى ئورمان بىلەن تەققاسلىنىپ، «تۇزەش» دېگەن پېئىل بىلەن ئىستېرېئولاشتۇرۇلغان.

**ئىستېرېئولاشتۇرۇشماق** « ئىستېرېئولاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىستېرېئولاشماق** پ. ئىستېرېئولۇق ھالەتكە كەلمەك؛ قايچىلاشماق؛ كېسىشمەك.

**ئىستېرېئولۇق** سۈپ ① بىر تەكشىلىكتە ياتمىغان، بوشلۇقتىكى: ئىستېرېئولۇق قۇرۇلما. ② بۆرتمە تەسۋىر ھاسىل قىلىپ، بىر پۈتۈن گەۋدە ياكى ئومۇمىي قۇرۇلما بويىچە كۆرۈنىدىغان: ئىستېرېئولۇق فوتوگرافىيە. ③ كىشىدە بوشلۇق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىغان: ئىستېرېئولۇق ئاۋاز.

**ئىستېرېئولۇق ئاۋاز** <فىز> كىشىدە بوشلۇق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىغان ئاۋاز. مەسىلەن، كەڭ ئېكرانلىق كىنو قويۇش زالىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە نۇرغۇنلىغان كانايلارنى ئورنىتىپ، ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلاردىكى بۇ كانايلاردىن چىقىۋاتقان ئاۋازلارنى كۆرۈنۈشتىكى شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە ماسلاشتۇرغاندا، بوشلۇقتا ئاۋاز ئۆزگىرىشى پەيدا قىلىپ، كىشىدە ئاۋازغا نىسبەتەن چىنلىق تۇيغۇسى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

**ئىستېرېئومېترىيە** ئى [ر<گىرېك] <مات> باشلانغۇچ گېئومېترىيەنىڭ بىر تارمىقى. بوشلۇقتىكى شەكىللەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**ئىستېلا ( ئىستېلاسى )** ئى [ئە] قورال كۈچى بىلەن باشقىلارنىڭ دۆلىتىنى بېسىۋېلىش، مۇستەملىكە قىلىش؛ مۇستەملىكە، ئىشغال، ئىشغالىيەت: ئىستېلا قىلماق. * ئۇ موڭغۇل ئىستېلاسىدىن كېيىنكى ئىش ئىكەن.

**ئىستېلاچى** ئى. باشقىلارنىڭ يېرىنى، مەملىكىتىنى قورال كۈچى بىلەن بېسىۋالغۇچى، ئىستېلا قىلغۇچى، مۇستەملىكىچى، ئىشغالىيەتچى.

**ئىستېلاچىلىق** ئى. باشقىلارنىڭ دۆلىتىنى، يېرىنى قورال كۈچى بىلەن بېسىۋېلىش ھەم شۇنداق مەقسەتتە ئېلىپ بارغان ئىش ـ ھەرىكەت، پائالىيەت، سىياسەت؛ ئىشغالىيەت، تاجاۋۇزچىلىق: ئىستېلاچىلىق سىياستى. ئىستېلاچىلىق يولى. * بۇ غەرب مەدەنىيىتىدىكى ئىستېلاچىلىقنىڭ يەرلىك خەلق ئۆزى تاللىۋالغان شەكىلدە يۇرگۈزۈلۈشى ئىدى.

**ئىستېمال ( ئىستېمالى )** ئى [ئە] ① <س ئىق>كىشىلەرنىڭ ماددىي ئەشيالارنى سەرپ قىلىپ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداش جەريانى. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ئىستېمالى ۋە شەخسىي ئىستېمالدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ بىر ھالقىسىدۇر. ② ئىشلىتىش، قوللىنىش، پايدىلىنىش: ئىستېمال ماللىرى. ئىستېمالدىكى سۆزلەر. ئىستېمالدىن قالغان سۆزلەر. ③ يېيىش ـ ئىچىش، قوبۇل قىلىش: گۆش ئىستېمال قىلىش. دورا ئىستېمال قىلىش.

**ئىستېمالچى** ئى. ئىستېمال قىلغۇچى، ئىشلەتكۈچى، پايدىلانغۇچى؛ سېتىۋالغۇچى، خېرىدار: ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتماق.

**ئىستېمونا** ئى [لات] <بوت> ئىستېمونا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. بەزىلىرى يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ. تۈگۈنەك يىلتىزى تېبابەتچىلىكتە بەلغەمنى تۈگىتىپ، يۆتەلنى توختاتقۇچى دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ يەنە ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورا ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستىئارە** ئى [ئە] <ئەد> ← **مېتافورا.**

**ئىستىبدات** ئى [ئە] ھاكىممۇتلەق؛ زالىم: ئىستىبدات ھاكىمىيەت. ئىستىبدات دەۋر.

**ئىستىبداتچى** ئى. ئىستىبداتلىقنى ياقلىغۇچى، زالىملىقنى ھىمايە قىلغۇچى بىرەر ئادەم ياكى گۇرۇھ، پارتىيە: ئەسكى تۇرمۇش ھەر قەدەمدە ۋەيران بولسا، بۇنى كۆرۈپ ئىستىبداتچىلار گۇمران بولسا، ئوقۇمىغان نادانلار ئەمدى ئىنسان بولسا، بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

**ئىستىبداتچىل** سۈپ. ئىستىبداتلىقنى ياقلايدىغان، ئىستىبداتلىق: ئىستىبداتچىل چىرىك نىيەتلەرنى تارمار ئەتتۇك، خار ـ زار ئەتتۇك، يەنە ئەتمەكچىمىز.

**ئىستىبداتچىلىق** ئى. ھاكىممۇتلەقلىق، زالىملىق،

ئىستىبداتلىق: ئۆمەر مىڭبېگى 20 يىلدىن بۇيان بۇ يۇرتتا يىلتىز تارتقان، ئىستىبداتچىلىقتا ئۇچىغا چىققان، قارا نىيەت، رەڭۋاز ئادەم ئىدى.

**ئىستىبداتلىق** ئى. مۇستەبىتلەر ئۆزىنىڭ ھوقۇقى، ئىمتىيازىغا ئاساسلىنىپ، ئاجىزلار، مەزلۇملار، پۇقرالار ئۈستىدىن زۇلۇم قىلىش، ئېزىش: ئىستىبداتلىق قىلماق. * بىز زۇلۇمنى، ئىستىبداتلىقنى يوق قىلىشنى خالايمىز.

**ئىستىخىيە** ئى [ر<گىرېك] ① كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىدىن، خاھىشىدىن تاشقىرى تەبىئىي ھالدا مەيدانغا كېلىدىغان، ئىدارە قىلىپ، ئۆيۈشتۇرۇپ ياكى يولغا سېلىپ بولمايدىغان ئىجتىمائىي كۈچ ياكى ھادىسە. ② <پەلس> كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنى بىلمىگەن، ئىگىلىمىگەن چاغدىكى پائالىيىتى.

**ئىستىخىيەلەشتۇرمەك** «ئىستىخىيەلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىستىخىيەلەشتۇرۇلمەك** «ئىستىخىيەلەشتۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىستىخىيەلەشمەك** پ. ئىستىخىيەلىشىپ كەتمەك، ئىستىخىيەگە ئايلانماق: 20 ـ ئەسىرگە كەلگەندە بۇ خاھىش سۇسلاشقان، ئىستىخىيەلەشكەن ۋە ئۇزۇلگەن بىر قىسمەتتە كۆزلەردىن يىتتى.

**ئىستىخىيەلىك** سۈپ. كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىدىن، خاھىشىدىن تاشقىرى تەبىئىي يوسۇندا بارلىققا كېلىدىغان، يۈز بېرىدىغان؛ نىشانسىز، ئاڭسىز: ئىستىخىيەلىك ھەرىكەت. ئىستىخىيەلىك تىرىشچانلىق.

**ئىستىراتىپ** ئى [ر<گىرېك] <مەت> قوغۇشۇن بەتنى قۇيۇپ چىقىرىدىغان قېلىپ. ئالاھىدە ئىشلەنگەن قەغەزنى تىزىلىپ بولغان بەت ئۈستىگە يېيىپ، بېسىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

**ئىستىراھەت** ئى [ئە] دەم ئېلىش، ھاردۇق ئېلىش، ئارام ئېلىش: ئىستىراھەت ئورنى. * شۇ كۈنى چۈشلۈك ئىستىراھەت ۋاقتىدا مەن مەتتوختەمنى خالىيراق بۇرجەككە تارتىپ ئاپاردىم.

**ئىستىراھەتخانا** ئى [ئە + پ] دەم ئالىدىغان جاي، ئارامگاھ: ئۇلار بىزنى بۇگۈن چۈشتىن كېيىن دالىيەن شەھىرىدىن ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى باغچۇيداۋ ئىستىراھەتخانىسىغا ئەكېتىدىغان بولدى.

**ئىستىراھەتگاھ** ئى [ئە + پ] ئىستىراھەت ئورنى، دەم ئېلىش ئورنى: ئىستىراھەتگاھقا بارماق. *كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان بۇ ئىككى دوست قىسقىغىنا مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن مەھەللە دوقمۇشىدىكى ئىستىراھەتگاھقا قاراپ كېتىشتى.

**ئىستىرپىتومىتسىن** ئى [لات] <تېب> ئانتىبىيوتىكلارنىڭ بىرى. ئاق رەڭلىك پاراشوك ھالىتىدە بولۇپ، ئاچچىق كېلىدۇ. ئۇنىڭ سىل تاياقچە باكتېرىيەسى، چۇما تاياقچە باكتېرىيەسى، چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيەسى قاتارلىقلارغا قارىتا قارشىلىق رولى بولىدۇ.

**ئىستىسقا** ئى [ئە] <تېب> قورساق بوشلۇقىغا سۇ يىغىلىپ قالىدىغان بىر خىل كېسەللىك. كۆپىنچە جىگەر قېتىش، جىگەر راكى، بەزى يۈرەك كېسەللىكلىرى، بۆرەك كېسىلى ۋە ئوزۇقلىنىش ناچارلىشىشلاردىن پەيدا بولىدۇ.

**ئىستىسنا** رەۋ [ئە] قائىدە ـ قانۇندىن، ئومۇمىي پىرىنسىپ، تەرتىپتىن ياكى قاتاردىن، ھېسابتىن تاشقىرى؛ قائىدە ـ قانۇن، ھېسابلارنىڭ سىرتىدا؛ مۇستەسنا: ئىستىسنا قىلماق. * قىزلار رۇبائىيلارنىڭ ھەربىر مىسرالىرىغا سىڭدۈرۈلگەن ئېستېتىك تۇيغۇلار، رېئاللىق بىلەن ئارزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر ـ بىرىگە بولغان ئىستىسنا قاتارلىقلارنى بەس ـ بەس بىلەن سۆزلىشەتتى.

**ئىستىغپار** ئى [ئە] <دىن> ئاللادىن گۇناھىنى كەچۈرۈشنى ئۆتۈنۈپ سوراش، تەلەپ قىلىش، قىلغان گۇناھلىرىغا تۆۋا قىلىش: گۇناھ ئەڭ ئاۋۋال ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدا كۆرۈلگەندى. بۇ زات ھەممىمىزنىڭ ئاتىسى. ئادەم ئەلەيھىسسالام گۇناھىغا پۇشايمان قىلىپ ئىستىغپار ئېيتقانىدى.

**ئىستىغنا** ئى [ ئە ] يېزت. نازلىنىش، تارتىنىش؛ ئەركىلەش: نەفسە ناز ھەم ئىستىغنا بىلەن شۇنداق باقتىكى، كامىلنىڭ جان قۇشى تەن قەپىسىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىدىغاندەك كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ ئۆزى دەلدۈگۈنۈپ كەتتى.

**ئىستىقامەت** ئى [ئە] ① <دىن> ۋاقتىنى بىرەر جايدا خۇداغا سىغىنىش، تاۋاپ قىلىپ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزۈش ياكى خۇداغا تېۋىنىش بىلەن ئۆتۈش: ئىستىقامەت قىلماق. ② بىرەر جايدا ياشاش، تۇرۇش، ھايات كەچۈرۈش؛ تىرىكچىلىك: شۇندىن كېيىن مەن «مۆھتەرەم قارى» قۇربان ئاقساقالنىڭ ئۆيىدە ئىستىقامەتتە بولۇشنى قارار قىلدىم.

**ئىستىقامەتچى** ئى. ئىستىقامەت قىلغۇچى ئادەم: ئۇ ئاشۇ تاغدىكى بىر ئىستىقامەتچى ئىكەن.

**ئىستىقبال** ئى [ئە] ① كەلگۈسىدىكى ھايات، تىرىكچىلىك يولى، كەلگۈسىدىكى چىقىش يولى: گۈزەل ئىستىقبال. * ئۇ بالىنىڭ ئىستىقبالى پارلاق ئىكەن. ② بىرەر ئىشنىڭ، نەرسىنىڭ كېلەچەكتىكى تەقدىرى؛ ئاقىۋەت: شەھەرنىڭ ئىستىقبالى. * مانا بۇ ــ ساپ دىللىق بىلەن قارا نىيەتلىكنىڭ ۋە ئىستىقبال بىلەن ھالاكەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كەسكىن بەلگىسى ئىدى. ③ ياخشى كۆرگەن، ھۆرمەت قىلىدىغان كىشىنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋېلىش؛ قارشى ئېلىش: ئىستىقبالىغا چىقماق.

**ئىستىقبالسىز** سۈپ. ئىستىقبالى، كېلەچىكى يوق، كېلەچەكىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدىغان، ئىستىقبالى ياخشى ئەمەس: ــ پۈتۈنلەي ئىستىقبالسىز بىر ئادەم بولۇپ قالدىم، ــ دېدى ئۇ ئازابلىنىپ.

**ئىستىقباللىق** سۈپ. ئىستىقبالى، كېلەچىكى پارلاق؛ كېلەچىكىدىن ياخشى ئۈمىد كۈتسە بولىدىغان، كېلەچىكى ياخشى، ئۈمىدلىك: ئىستىقباللىق ياش ئالىم. ئىستىقباللىق ياشلار.

**ئىستىقلال** ئى [ئە] باشقىلارغا تەۋە، قارام بولماي، بېقىنماي ئۆز ئەركى بىلەن ياشاش؛ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش؛ مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك، ھۆرلۈك: مىللىي ئىستىقلال. * ــ بىزگە قۇللۇق كېرەك ئەمەس، ئىستىقلال كېرەك، ــ دېدى كۆپچىلىك ئىچىدىن بىرەيلەن كۈچلۈك ئاۋازدا.

**ئىستىقلالىيەت** ئى [ئە] يېزت. مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك، ئازادلىق: ئابدۇراخمان مۆمىنوپقا ئالاھىدە بۇيرۇق بويىچە مايورلۇق ئۇنۋانى ۋە «ئىستىقلالىيەت» ئوردېنى بېرىلگەنىدى.

**ئىستىقلالىيەتچى** ئى. مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى ياكى مۇستەقىللىق، ئازادلىقنى ھىمايە

قىلىدىغان، ياقلايدىغان ئادەم: ئەخمەتجان قاسىمى سېپى ئۆزىدىن بىر ئىستىقلالىيەتچى ئىدى.

**ئىستىقلالىيەتچىلىك** ئى. ئىستىقلالنى، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، پائالىيەت ئېلىپ بېرىش، تىرىشىش ياكى مۇستەقىللىقنى، ئەركىنلىكنى ھىمايە قىلىش، قوللاش.

**ئىستىل** ئى [ر<فىران] ① ئىدىيە، خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا ئىپادىلەنگەن پوزىتسىيە؛ ھەرىكەت: بىيۇروكراتلىق ئىستىلى. ئىستىلى دۇرۇس كىشى. ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى. ② <ئەد> مۇئەييەن بىر دەۋر، بىر مىللەت، بىر ئېقىم ياكى بىر كىشىنىڭ ئەدەبىي ئەسىرىدە ئىپادىلەنگەن ئاساسىي ئىدىيەۋى ئالاھىدىلىك ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىك؛ ئۇسلۇب: رومانتىكلىق ئىستىل. كىتابىي ئىستىل. ③ بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئۇسۇلى: رەھبەرلىك ئىستىلى.

**ئىستىلىزاتسىيە** ئى [ر<فىران] <ئەد> بىرەر يازغۇچى ئىجادىغا خاس غايىۋى، بەدىئىي خۇسۇسىيەتلەرگە، ئىپادە قىلىش ئۇسۇلىغا، تىلىغا ۋە ئۇسلۇبىغا تەقلىد قىلىش.

**ئىستىلىستىكا** ئى [ر] <تىل> تىلشۇناسلىقنىڭ بىر تارمىقى. تىلدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ پىكىر ۋە ھېسسىياتنى ياخشى ئىپادىلەشنىڭ ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىستىلىستىكىلىق قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى، ئۇسۇللارنى، تىل ۋاستىلىرىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.

**ئىستىلىستىكىلىق** سۈپ. ئىستىلىستىكىغا خاس، ئىستىلىستىكىغا دائىر: ئىستىلىستىكىلىق تۈس. ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە.

**ئىستىلىي** سۈپ. ئىستىلغا ئائىت، ئىستىلغا ئالاقىدار بولغان: ــ پارتىيەنىڭ ئىستىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم، ــ دېدى ئۇ.

**ئىستىمەك** پ. ئىستەك تۇغۇلماق، ئۈمىد قىلماق، خالىماق، ئارزۇ قىلماق: ھەركىم بۇ يوكۇنۇپ ئولتۇرغان قىزنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى ئىستەيتتى.

**ئىستىمۇلىن** ئى [ر<لات] <بوت> ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە غىدىقلاش رولىنى ئوينايدىغان بىر خىل دورا. مەسىلەن، گىببېرېللىن قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**ئىستىنجا** ئى [ئە] تەرەت، بوشىنىش؛ تەرەتتىن كېيىن يۇيۇنۇش: ئىستىنجا قىلماق.

**ئىستىھزا** ئى [ئە] بىركىمنىڭ ئۈستىدىن كۈلۈش؛ مەسخىرە؛ مازاق؛ كىنايە: ئالىم باشتا ئىستىھزا بىلەن كۈلۈمسىرىدى، كېيىن چىرايىدا چوڭقۇر ھۆرمەتنى بىلدۈرىدىغان بىر خىل ئىپادە پەيدا بولدى.

**ئىستىھزاسىز** ئى. ئىستىھزا قىلمىغان، تەنە قىلماستىن؛ ئىستىھزادىن خالىي، كىنايىسىز، توغرا: ئۇنىڭ كۈلكىسى ئىستىھزاسىز، سەمىمىي ئىدى. * مۇدىر ھېچقانداق تەنە ئىستىھزاسىز، مۇلايىملىق بىلەن زىنىنەتكە پاراڭ قىلدى.

**ئىستىھزالانماق** پ. كىنايە قىلماق، مەسخىرە قىلماق: ئۇ سۆز قايتۇرۇشنى ئورۇنسىز بىلدىمۇ ۋە ياكى جاڭجالنىڭ ئۇلغىيىشىدىن قورقتىمۇ، قىسقىسى ئۇزاققىچە ئىستىھزالىنىپ قاراپ تۇردى.

**ئىستىھزالىق** سۈپ. ئىستىھزاسى بولغان، مەسخىرە قىلغانلىقى بىلىنىپ تۇرغان، كىنايىلىك، مەسخىرىلىك: زەينەپ ئاچىسىنىڭ ئىستىھزالىق يۈزىگە قارىدى ۋە ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشىنەلمىدى.

**ئىستىھكام** ئى [ئە] ① <ھەرب> مۇداپىئە ئۈچۈن قۇرۇلغان مۇستەھكەم توسۇق، تام، قەلئە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار: بارات غەزەپتىن تىترەپ كەتتى-دە، باشقىلارنىڭ توسۇشىغا قارىماي، پارتلاتقۇچنى كۆتۈرۈپ دۈشمەن ئىستىھكامىغا قاراپ ئېتىلدى. ② كۆچمە. مۇستەھكەم تايانچ، تۈۋرۈك؛ قورغان: ئىتتىپاقلىق كۈچ، بىرلىك ئىستىھكامدۇر.

**ئىستىھكامسىز** سۈپ. ئىستىھكامى يوق، ئىستىھكامغا ئىگە بولمىغان: ئىستىھكامسىز ئۇرۇش مەغلۇبىيەتلىك ئۇرۇشتۇر.

**ئىستىھكاملىق** سۈپ. ئىستىھكامى بار، ئىستىھكامغا ئىگە: ھازىرغىچە تېپىلغان ماتېرىياللار ئۇيغۇر قاغانلىقى پايتەختىنىڭ ئارخىتېكتورلۇق قىياپىتىنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شەھەرلەر ۋە سوغدلارنىڭ ئىستىھكاملىق شەھەرلىرىنىڭ بىناكارلىقى بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقىشقا ئىمكانىيەت بەرمەيۋاتىدۇ.

**ئىستىۋرا** ئى [ئە] جان ت. چوڭ ـ كىچىك ھاجەت، تەرەت: ئىستىۋرا قىلماق.

**ئىستىۋراخانا** ئى [ئە] ← **ھاجەتخانا.**

**ئىسچوت** ئى [ر] <مال> مەبلەغنىڭ مەنبەسى، ئىشلىتىلىشى، تىجارەت جەريانى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىنىڭ بوغالتىرلىق ھېساب تۈرلىرىگە ئاساسەن، ھېساب دەپتىرىدە تۈرلەر بويىچە ئېچىلغان ھېسابات.

**ئىسچوتچىك** ئى [ر] <فىز> توك مىقدارىنى كىلوۋات سائەت بىرلىك بويىچە ھېسابلايدىغان ئەسۋاب.

**ئىسچوتلۇق** سۈپ. ھېساباتلىق. ھېسابلىق: بۇ يىل 30 مىليارد يۈەن ئىسچوتلۇق زايوم تارقىتىلىدۇ.

**ئىسخېما** ئى [ر<گىرېك] ① بىنا، ئىنشائات، ماشىنا قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي تۈزۈلۈشى ۋە ھەرقايسى قىسىملار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلارنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئاددىي رەسىم. ② نەرسىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ياكى جايلىشىشىنى كۆرسىتىدىغان ئاددىي تەسۋىر، سىزما لايىھە.

**ئىسخېملىماق** پ. ئىسخېما ھالىتىگە كەلتۈرمەك، ئىسخېمىسىنى سىزماق: بىر يورۇق يۇلتۇز يېنىغا كۆرۈنمەس مەۋھۇم سوغۇق يۇلتۇزنى قاتار قىلىپ، ئارىسىغا يەردىن ئىبارەت «چېكىت»نى قويۇپ، ئاسترو فىزىكىلىق تەسەۋۋۇرنى مۇنداق ئىسخېملاپ چىقتىم.

**ئىسراپ** ئى [ئە] ئورۇنسىز زايە قىلىش ؛ بىھۇدە ياكى ئارتۇقچە سەرپ قىلىنغان چىقىم ـ خىراجەت : ئىسراپ بولماق . ئىسراپ قىلماق .

**ئىسراپچىلىق** ئى. ئورۇنسىز ياكى ئارتۇقچە سەرپ قىلىش، تاشلىۋېتىش، بىھۇدە خار، نابۇت قىلىش، بىكاردىن ـ بىكار يوق قىلىش، بىكىرىغا كەتكۈزۈش، زايە قىلىش: ئاشلىق ئىسراپچىلىقى. * ئىسراپچىلىق نەدە؟ پېشانىسى تەرلىمىگەن يەردە (ماقال). * ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ئەڭ ئېغىر ئىسراپچىلىق.

**ئىسراپخور** [ئە + پ] ① سۈپ. يېمەك ـ ئىچمەك، پۇل قاتارلىقلارنى ئورۇنسىز بۇزۇپ ـ چېچىپ زايە قىلغۇچى؛ ئارتۇقچە سەرپ قىلغۇچى: ئىسراپخور ئادەم. * ئۇنىڭ نومۇسسىز،

پىخسىق ئىكەنلىكى ۋە يەنە چوڭ ئىسراپخور ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ② ئى. ئىسراپ قىلىدىغان ياكى قىلغان كىشى: سەن ئىسراپخورلاردىن بولما، ھەتتا ئىسراپخورلار بىلەن ھەمسۆھبەتتىمۇ بولما. چۈنكى، ئامەت كەلسە بىر سەۋەب بىلەن كېلىدۇ.

**ئىسراپخورلۇق** ئى → **ئىسراپچىلىق:** ئىسراپخورلۇق قىلماق. * بىز ھەممىمىز ئىسراپخورلۇققا قارشى تۇرغۇچىلارمىز.

**ئىسرىق** ئى. ئارچا ياغىچى، ئارچا يوپۇرمىقى، ئادراسمان ياكى شۇلارنىڭ رولىنى ئوينايدىغان، كۆيدۈرسە يېقىملىق، خۇشبۇي ئىس چىقىرىدىغان نەرسىلەر: ئىسرىق سالماق.

**ئىسرىق سالماق** ① پۇراقلىق نەرسىلەرنى ئىسرىقدانغا ئېلىپ كۆيدۈرۈش ئارقىلىق دېزىنفېكسىيە قىلماق: ئانام ئىسرىق سېلىپ ئۆينىڭ سېسىق پۇرىقىنى يوقاتتى. ② خۇراپىيلىققا ئاساسەن، پۇراقلىق نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈپ، ئەرۋاھلارغا ياكى بىركىمنىڭ روھىغا ئاتاپ ئىس پۇراتماق: ئىشىكتىن چىقىش ئالدىدا ئانام دالانغا ئادراسمان بىلەن ئىسرىق سالدى.

**ئىسرىقدان** ئى. ئىچىگە ئىسرىق سېلىپ كۆيدۈرىدىغان مەخسۇس قاچا ياكى شۇنىڭ رولىنى ئوينايدىغان باشقا نەرسە: ئۇ ئىسرىقداننى توپاقنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ چاتلىرىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ، بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ سۇف - سۇفلىدى.

**ئىسرىقلاتماق** «ئىسرىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سارىخان ئانا كېلىنى ئارقىلىق ئۆيىنى ئىسرىقلىتىپ بولۇپ ئاندىن بامدات نامىزىغا ئولتۇردى.

**ئىسرىقلاشماق** «ئىسرىقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇيغۇرلاردا ھېيت - ئايەم كۈنلىرى ئەتىگەندە ئۆيىنى ئىسرىقلىشىدىغان ئادەت بار.

**ئىسرىقلانماق** «ئىسرىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ يولغا چىقىش ئالدىدا ئانىسى تەرىپىدىن تەييارلانغان ئىسرىق بىلەن ئىسرىقلاندى.

**ئىسرىقلىماق** پ ① ئىسرىق سالماق، ئىسرىق سېلىپ ئىس پۇراتماق: باقى بىر سېۋەتكە كونا تاغار، ئىككىنچىسىگە بىرپارچە كىگىز ياپتى - دە، ئېلىپ مېڭىشىغا، ئانىسى بىر سىقىم كېپەك بىلەن ئىسرىقلاپمۇ ئۈلگۈردى. ② ئىسرىققا تۇتماق: پاھ، قوللىرىڭىزنى ئىسرىقلاپ تۇرسىڭىز بولغۇدەك.

**ئىسسىتقۇ** ئى. كىشىگە كۆڭۈل رىشتىنى باغلاشقا، مېھرىنى چۈشۈرۈشكە سەۋەب بولىدۇ، دەپ قارىلىدىغان، قارىلىپ كەلگەن بىرەر ئىش - ھەرىكەت، گەپ - سۆز ياكى داخاننىڭ سۈپكۆچى قاتارلىقلار: بۇرۇندىن قالغان «ياخشى سۆز ئىسسىتقۇ، يامان سۆز سوۋۇتقۇ» دېگەن گەپ بار.

**ئىسسىتقۇچ** ئى. ئىچىگە ئىسسىق سۇ قاچىلىنىدىغان ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئىسسىتما** ئى ① زۇكام ياكى باشقا بىرەر كېسەللىك سەۋەبىدىن بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئادەتتىكى چاغدىكىسىدىن يۇقىرى ئۆرلەپ كېتىشى، قىزىتما: ئىسسىتما ئۆرلىمەك. ئىسسىتمىنى قايتۇرماق. ② كۆچمە. ئاغرىق، چىگىش خىيال: ئىمتىھان سوئالىنى كۆرۈپلا ئايگۈلنىڭ بېشىغا ئىسسىتما چۈشتى.

**ئىسسىتماق** «ئىسسىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۇنى ئىسسىتماق. تاماقنى ئىسسىتماق. * ئاتىنىڭ ھورى بالىنىڭ دولىسىنى ئىسسىتماس (ماقال). * ئېشەكنىڭ دۈمبىسىگە ئاپتاپ چۈشسە، قولۇڭنى ئىسسىت (ماقال). * بىر كىشى ياققان ئوت يۈز كىشىنى ئىسسىتار (ماقال). * ئەتكەن ئېشىڭ شۇ بولسا، ئىسسىتقان ئېشىڭ نېمە بولار (ماقال).

**ئىسسىتىش** ① <بىن> ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئىچكى تېمپېراتۇرىسىنى سوغۇق كۈنلەردە مۇۋاپىق تەڭشەپ تۇرۇش. ② <فىز> ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى بىلەن ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىنى بىرلىكتە ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر خىل ئۇسۇل. ئوت ئېلېكتىر ئىستانسىسى ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى بىلەن تەمىنلىگەندىن سىرت، ھور ماشىنىسىنىڭ ئىش قىلىپ بولغان ھور ياكى گاز تۇرۇبىسى چىقارغان كېرەكسىز گازدىن پايدىلىنىپ ھور ياكى ئىسسىق سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**ئىسسىتىشماق** «ئىسسىتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار ئوچاققا ئوت قالاپ يوغان قازاندىكى سۇنى ئىسسىتىشتى.

**ئىسسىتىلماق** «ئىسسىتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — قانچە سائەت كۆپ ئىشلىسە، ئۆزلىرىنىڭ ئىشى، — دېدى ئايالى ئىسسىتىلغان بىر چىنە ئاشنى ئېرىنىڭ ئالدىغا قويۇۋېتىپ.

**ئىسسىز** سۈپ. ئىسسى يوق ياكى ئاز، ئىسسى چىقمايدىغان ياكى كۆپ ئەمەس: ئىسسىز كۆمۈر. ئىسسىز پوروخ. * ئىسسىز كۆمۈر ئىشلىتىلگەندىن بۇيان، شەھىرىمىزنىڭ ھاۋا بۇلغىنىشى كۈندىن - كۈنگە تۆۋەنلەپ مېڭىشقا باشلىدى.

**ئىسسىق** ① سۈپ. بىرەر مەنبەنىڭ ھارارىتى، تەسىرى بىلەن ئىسسىغان، ئىللىغان ياكى قىزىغان؛ ئىللىق، قىزىق: ئىسسىق سۇ. ئىسسىق چاي. ئىسسىق نان. ئىسسىق تاماق. * ئادەمنىڭ يۈزى ئاپتاپتىن ئىسسىق (ماقال). ② سۈپ. ئىسسىقلىقنى ساقلايدىغان، ئىسسىق تۇتىدىغان: ئىسسىق كىيىم. ③ ئى. ئىسسىق تۇرغان، ئىسسىقى كەتمىگەن: مەن پۈتۈن بىر كۈن ئىسسىق ئىچمىدىم، ئاغزىمغا بىر بۇردا نان سالمىدىم. ④ ئى <فىز> جىسىم تەركىبىدىكى مولېكۇلالار ھەرىكىتى (يېنىش، خىمىيەۋى رېئاكسىيە ۋە شۇنىڭدەكلەر) نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدىغان ۋە جىسىملارنى ئىسسىتىدىغان، قىزدۇرىدىغان ئېنېرگىيە، ئىسسىقلىق، ھارارەت: ئوتنىڭ ئىسسىقى. قۇياشنىڭ ئىسسىقى. موتورنىڭ ئىسسىقى. ⑤ رەۋ. ئىللىق ئۆتكۈزۈپ، ئىللىق ئۆتكۈزگەن ھالدا: — ئاپىرىپ ئىسسىق ياتقۇزۇپ قويۇڭلار، بىرئاز ئاۋارە بولىدۇ، يىغلايدۇ، ئاندىن كېيىن ياخشى بولۇپ قالىدۇ، — دېدى دوختۇر. ⑥ سۈپ <تېب> ھارارەت ھاسىل قىلىش كۈچىگە ئىگە، مۆتىدىلدىن يۇقىرى بولۇش خاراكتېرىگە ئىگە: بۇ دورىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق. ⑦ رەۋ. قىزغىن، سەمىمىي ھالدا: ئۇ ئىلىكنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تۇرىدۇ، ئىلىك ئۇنى ئىسسىق قارشى ئالىدۇ، ئەمدى يامانلارغا ئالدانماسلىقنى جېكىلەيدۇ. ⑧ سۈپ. كۆچمە. كىشىگە ياقىدىغان، خۇش، يېقىملىق، ئىللىق؛ مۇلايىم: ئىسسىق چىراي قىز. مېھرى ئىسسىق بالا.// ئىسسىق كۆرۈنمەك.

**ئىسسىق بەلباغ** <جۇغ> جەنۇبىي، شىمالىي تىروپىك سىزىقى ئارىلىقىدىكى بەلباغ، بۇ يەرلەردە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىق ئۆزگىرىشى روشەن بولمايدۇ. چىڭقىچۈش ۋاقتىدا قۇياش يىل بويى ناھايىتى ئېگىز بولىدۇ. بۇ جايلار يەر شارى بويىچە ئەڭ ئىسسىق جاي ھېسابلىنىدۇ.

**ئىسسىق ئۆتمەك** ① ئىسسىغانلىقىنى ھېس قىلماق، ئىسسىماق: نېمىشقىدۇر دۇرنەمگە ئىسسىق ئۆتكەنىدەك ئەمەس ئىدى. ② ھەددىدىن زىيادە ئىسسىقتا يۇرگەنلىكى سەۋەبلىك، ئىسسىق چېقىشۇەتمەك، ئىسسىققا بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكى تۈپەيلى كەيپىياتىدا بىر قىسىملىق ھېس قىلماق: ئۇ ئىسسىق ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. ③ سېغىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولماق، مۇھەببەت ئورنىماق: ئۇ چاغلاردا كېچىسى ئايدىڭدا ناخشا ئېيتىپ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى بىر ـ بىرىگە يەتكۈزۈش ئادىتى بار ئىدى. يېڭىچە ئېيتقاندا «مۇھەببەت»، كونىچە ئېيتقاندا «ئۆزئارا ئىسسىق ئۆتۈپ قاپتۇ» دېگىنىمىز شۇ بولسا كېرەك.

**ئىسسىق يەللىك قىلماق** كىشىنىڭ ئۇنتۇلغىلى تۇرغان ئاداۋىتىنى، ئۆچلۈكىنى قايتىدىن قوزغىماق، ئويغاتماق؛ ئوت قۇيرۇقلۇق قىلماق.

**ئىسسىقچان** سۈپ. تەبىئىتى ئىسسىق، تەبىئىتىنىڭ ئىسسىقلىقى ئارتۇق ياكى تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل: ئىسسىقچان ئادەم. * ئۇ ئىسسىقچان ئايال بولغاچقا، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىمۇ ناھايىتى ئاسانلا زۇكامداپ قالاتتى.

**ئىسسىق ـ سوغۇق** ① ئىسسىق ۋە سوغۇق. ② تۇرمۇشنىڭ ئېغىر ـ يېنىك، ياخشى ـ يامان كۈنلىرى، تۇرمۇشنىڭ قىيىن كۈنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن جەريان: ئۇ يەنە بىر تالاي ئىسسىق ـ سوغۇقنى بېشىدىن كەچۈردى.

**ئىسسىقلىق** ئى ① قىزىقلىق، ئىسسىق ھالەت. ② <فىز> جىسىمنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مولېكۇلالارنىڭ تەرتىپسىز ھەرىكىتى چىقارغان بىر خىل ئېنېرگىيە. ماددىلار كۆيگەندە ئىسسىقلىق چىقىرىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئىسسىقلىق ئىلمى، ئىسسىقلىق مىقدارى ۋە ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىنىڭ قىسقارتىلغان نامى ئورنىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. ③ ئۇيغۇرلارنىڭ توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ۋە تۇغۇت قاتارلىق ئىشلىرىدا تەييارلىنىدىغان يۇقىرى كالورىيەلىك ئوزۇقلۇق، تائام: ئىسسىقلىق ئېلىپ بارماق. ئىسسىقلىق يەتكۈزمەك. ④ مىللىي تېبابەتتە كىشىنىڭ سوغۇقى ئېشىپ كەتكەندە مىجەزنى تەڭشەش ئۈچۈن قىلىنىدىغان تۈرلۈك دورا ـ دەرمەكلەر: ئىسسىقلىق قىلماق. ⑤ <تىب> بىر خىل تېرە كېسىلى. بۇنىڭدا، ياز كۈنلىرى تېرىگە قىزىل ياكى ئاق رەڭدىكى ئۇششاق قاپارتمىلار ئۆرلەيدۇ. ناھايىتى تاتلىق قىچىشىدۇ. كۆپىنچە تەر كۆپ چىققان، تېرە پاكىز بولماي، تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشى سەۋەبلىك پەيدا بولىدۇ.

**ئىسسىقلىق قىلماق** بەدەننىڭ تەبىئىتىنى ئىسسىققا ئۆرۈش، ئىسسىققا مايىل قىلىش ئۈچۈن بىرەر سەۋەب قىلماق ياكى دورا يېمەك، يېگۈزمەك، ئوزۇقلاندۇرماق: بالىغا ئىسسىقلىق قىلىش ئۈچۈن ياغاق يېگۈزىدۇ. * سوغۇقىڭىز ئېشىپ كېتىپتۇ، ئىسسىقلىق قىلىڭ.

**ئىسسىقىدا** رەۋ. بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ دەل بولىدىغان، بولۇشقا تېگىشلىك دەپ قارىغان ۋاقتىدا، پەيتىدە: — يۇر ئۇكا، بۇ شەھەردىن ئىسسىقىدا كېتىۋالايلى، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ.

**ئىسسىماق** پ ① تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن يۇقىرى بولماق، ھارارىتى ئاشماق، ئىللىماق، قىزىماق: ھاۋا ئىسسىماق. كۈن ئىسسىماق. ② ئىللىق ئۆتمەك، ئىللىقلىق ھېس قىلماق، ئىسسىق تۇيۇلماق: پۇتى ئىسسىماق. بەدىنى ئىسسىماق.

**ئىسسىندۇرۇشماق** «ئىسسىندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دېھقانلار سوغۇقتا توڭۇپ كەتكەن ئوقۇغۇچىلارنى ئۆي ـ ئۆيلەرگە ئېلىپ كېتىشىپ ئىسسىندۇرۇشتى.

**ئىسسىندۇرۇلماق** «ئىسسىندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دېھمانلار ئۆيگە تەكلىپ قىلىنىپ ئىسسىندۇرۇلدى.

**ئىسسىندۇرماق** «ئىسسىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بەزىلىرى ئۇنى ئۆيىگە ئەكىرىپ ئىسسىندۇرماقچى ۋە بەزىلىرى بولسا بىر چىنە ئىسسىق چاي بەرمەكچى بولاتتى.

**ئىسسىنماق** پ. ئىسسىق چىقىرىدىغان بىرەر نەرسىگە ئۆزىنى تۇتۇپ ئىللىتماق ياكى ئىسسىق تۇتىدىغان بىرنەرسىنى كىيىپ ئۆزىنى ساقلىماق؛ ئۆزىگە ئىسسىق ئۆتكۈزمەك، ئۆزىنى ئىللىقلىق، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىن ئەتمەك: ئۇلار كىيىملىرىنى كىيىشىپ، ئوت يېقىپ ئىسسىنماقچى بولۇشتى.

**ئىسسىنىشماق** «ئىسسىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئايۋاندا ئون بەشكە يېقىن قوراللىق ئەسكەرلەر كۆتەكلەردىن گۈلخان يېقىپ ئىسسىنىشىپ ئولتۇرۇشاتتى.

**ئىسفالېرىت** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. تەركىبى ZnS. سۇس سېرىق، قارا قوڭۇر رەڭلەردە بولۇپ پارقىرايدۇ، سۇزۇك ۋە يېرىم سۇزۇك كېلىدۇ. ئادەتتە سىنك تاۋلاشتىكى مۇھىم رۇدا ھېسابلىنىدۇ.

**ئىسفېرا** ئى [ر<گىرېك] <مات> شارنىڭ سىرتقى يۈزى، يەنى يېرىم چەمبەرنىڭ دىئامېتىرىنى ئوق قىلىپ ئايلاندۇرۇشتىن ھاسىل بولغان يۈز.

**ئىسفېرالىق** سۈپ <مات> ① ئىسفېراغا ئىگە ياكى ئىسفېرا شەكلىدىكى: ئىسفېرالىق ئەينەك. ② ئىسفېراغا ئائىت، ئىسفېراغا ئالاقىدار بولغان: ئىسفېرالىق تىرىگونومېترىيە.

**ئىسقات** ئى [ئە] <دىن> ① قىلغان گۇناھنى يۇيۇش ياكى بالا ـ قازانى كەتكۈزۈش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش نىيىتىدە ئاجرىتىلغان پۇل، نەرسە. ② دىنىي چۈشەنچىدە ئۆلگەن كىشىنى ئۇ ئالەمدە تارتىدىغان ئازابتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بېرىلىدىغان سەدىقە، نەرسە: ئىسقات بەرمەك.

**ئىسقاتچى** ئى. ئىسقات ئۈچۈن بېرىلگەن سەدىقىنى ئالىدىغان كىشى: ئىسقات بېرىۋېتىش نىيىتىدە ئەتراپقا قارىدىم، ئەمما يېقىن ئەتراپتا بىرمۇ ئىسقاتچى كۆرۈنمەيتتى.

**ئىسقىرتقا** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. تېنى تەخمىنەن 20cm ئۇزۇنلۇقتا، پەيلىرىنىڭ كۆپ قىسمى كۆل رەڭگە مايىل قىزىل، قانىتىنىڭ ئارقا تەرىپى يېشىل ئەتىرگۈل رەڭگىدە كېلىدۇ. توپلىشىپ ئۇۋا سالىدۇ. ئاساسەن چېتىن، گۈلچىمەن قاتارلىقلارنىڭ مېۋىسى ۋە قارا ئارچىنىڭ مېۋىسىنى ئوزۇق قىلىدۇ.

**ئىسقىرتما** ئى. كەپتەرنىڭ قۇيرۇقىغا چىگىپ قويۇلىدىغان، ھاۋادا ئۇچقاندا شامالنىڭ تەسىرىدە پۇۋلىنىپ ئاۋاز چىقىرىدىغان قوڭغۇراق.

**ئىسقىرتماق** پ. ئېغىزدا ياكى بىرەر نەرسە بىلەن ئىسقىرىق چىقارماق، پەيدا قىلماق: ئۇ ماڭا قاراپ قاتتىق بىر ئىسقىرتىپ

قويدى ـ دە، ئۇكىسىغا قاراپ كۆزىنى قىستى.

**ئىسقىرتىشماق** «ئىسقىرتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شوخراق تاماشىبىنلار بارماقلىرىنى ئېغىزلىرىغا تىقىشىپ ئىسقىرتىشقا باشلىدى.

**ئىسقىرىق** ئى. ئىسقىرتقاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**ئىسكادرون** ئى [ر<فىران] <ھەرب> بىرنەچچە پەيدىن تەشكىل تاپقان ئاتلىق ئەسكەرلەر ليەنى.

**ئىسكارلاتىنا** ئى [ر<ئىتال] <تىب> كۆمۈتا ئارقىلىق تارقىلىدىغان بىر خىل پارازىت كېسەللىكى. ئۇنى قارا بەزگەك قۇرتى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدا قىزىتىش، بۇرۇن ۋە چىش قاناش، جىگەر ھەم تال ئىششىش، كەم قانلىق ۋە ئاق قان دانىچىلىرى ئازلاپ كېتىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**ئىسكارىن** ئى [ر<شىۋېد] <گېئول> ئاساسلىقى ئوتتۇرا كىسلاتالىق بۆسمە جىنس بىلەن كاربوناتلىق جىنس (ھاك تاش، دولومىت قاتارلىق) ياكى ئوتتۇرا ئاساسلىق يانار تاغ جىنسلىرىنىڭ تېگىشىدىغان يېرى ئىسسىق تېگىشىپ ئۆزگىرىش ئاساسىدا ۋە يۇقىرى ھارارەتتە گازلاشقان ئىسسىق سۇيۇقلۇق تەسىرىدە تېگىشىپ ئالمىشىشتىن ھاسىل بولغان ئۆزگەرگەن جىنس.

**ئىسكاليار** ئى [ر<لات] ① <مات> سانلىق مىقدار. ② <فىز> چوڭ ـ كىچىكلىكى بار، ئەمما نىشانى بولمىغان فىزىكىلىق مىقدار. مەسىلەن، ھەجىم، تېمپېراتۇرا قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**ئىسكەت** ئى ① كىشىلەرنىڭ تەقى ـ تۇرقى، قامەت؛ فىگورا: ئىسكەتى كېلىشكەن يىگىت. ② نەرسىلەرنىڭ تۈزۈلۈش قۇرۇلمىسى، ھالىتى؛ فورما، نۇسخا: ئىسكەتى چىرايلىق ئۆتۈك.

**ئىسكەتسىز** سۈپ. ئىسكەتى يوق، تەقى ـ تۇرقى، چىراي ـ شەكلى كۆرۈمسىز؛ سەت: ئىسكەتسىز ئايال. * تۇيۇقسىز ئالدىمدىلا بىر مەپە توختىدى ـ دە، مەپىدىن ئىسكەتسىز بىر ئادەمنىڭ ئادىلەنى قولتۇقلاپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم.

**ئىسكەتلەتمەك** «ئىسكەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سەمەت ئاغىنىسىنىڭ تويىدا كىيىدىغان بادام دوپپىسىنى ئىسكەتلىتىپ تەييار قىلدى.

**ئىسكەتلەشمەك** «ئىسكەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككى ـ ئۈچ شاگىرت باللار تىكىلىپ بولۇپ تەييار قىلىنغان ھەرخىل دوپپىلارنى ئىسكەتلىشىپ قېلىپقا سېلىش بىلەن بەند ئىدى.

**ئىسكەتلەنمەك** «ئىسكەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۇرسۇن ئىسكەتلىنىپ تەييارلانغان تۇماقلارنى قۇرۇتماقچى بولۇپ، دۇكاننىڭ تېمىغا قېقىلغان مىخلارغا بىر ـ بىرلەپ ئىلىشقا باشلىدى.

**ئىسكەتلىك** سۈپ. ئىسكەتى بار، كۆرۈنۈشى، تەقى ـ تۇرقى جايىدا، چىرايلىق، كېلىشكەن: ئىسكەتلىك ئادەم. ئىسكەتلىك يىگىت. * ئۇ ھېلىلا بېشىغا كەمچەت تۇمىقىنى، ئۈچىسىغا موۋۇتتىن تىكىلگەن ئىسكەتلىك پەرەنجىسىنى كىيىپ، نىزامىدىننىڭ ئالدىغا بارغانىدى.

**ئىسكەتلىمەك** پ. دوپپىنى قوندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن شېكەر سۈيى بىلەن ھاۋالاندۇرۇپ، قېلىپقا سېلىپ باشقا كىيگۈدەك ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ پەرداز بەرمەك: داۋۇت ئۇستام شاگىرتلىرى ئىسكەتلەپ تەييار قىلغان دوپپىلارنى قولىغا ئېلىپ بىر ـ بىرلەپ كۆرۈپ بولۇپ رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

**ئىسكەنجە** ئى [پ] ① نەرسىلەرنى سىقىدىغان، قىسىدىغان ئەسۋاب؛ پىرېس: يۇڭنى ئىسكەنجە بىلەن تايلىماق. ② كۆچمە. قىسىش، قىيناش؛ قىيىن ـ قىستاق؛ رېجىم؛ قورشاۋ: ئىسكەنجىگە ئالماق. ئىسكەنجىدە قالماق.

**ئىسكەنجىلىمەك** پ ① بىرەر قىسقۇچ، ئومۇمەن بىرەر ۋاستە بىلەن قىسماق، قىسىپ تۇرماق. ② ئىسكەنجىگە ئالماق، ئىسكەنجە ئىچىدە تۇتماق، تىزگىنلىمەك: ئادەم ھامان ئۆزىنى ئىسكەنجىلەپ، ئۆزىنىڭ بىرەر تۇيغۇسىنىڭ ئەركىنلىك بىلەن ئاشكارىلىنىشىغا يول قويمايدۇ.

**ئىسكەنجۇل** ئى [پ] ئۈزۈم شىرنىسىگە ئاق شېكەرنى ئارىلاشتۇرۇپ قىيام قىلىش ئارقىلىق ياسىلىدىغان بىر خىل ئىچىملىك. ئۇ ئىسسىقنى قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**ئىسكىپىدار** ئى [ر] <خىم> دېۋىرقاينى دىستىللەش ئارقىلىق ئېلىنىدىغان ئۇچۇشچان ماي. رەڭسىز ياكى توق قوڭۇر بولۇپ، ئالاھىدە پۇراقا ئىگە. سىرچىلىق سانائىتىدە خام ئەشيا قىلىنىشتىن سىرت، دورىگەرلىكتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىسكىرىپكا** ئى [ر] كامانچە بىلەن چېلىنىدىغان تۆت تارلىق چالغۇ ئەسۋابى: ئىسكىرىپكا چالماق. ئىسكىرىپكا ئاۋازى.

**ئىسكىرىپكىچى** ئى. ئىسكىرىپكا چالىدىغان كىشى، ئىسكىرىپكا چالغۇچى سازاندە: ئادىل سەنئەت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ، ئۇ يەنىلا سەھنىگە چىقىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئىسكىرىپكىچىمىز.

**ئىسكىلات** ئى [ر] <بىن> ئاشلىق ياكى زور مىقداردىكى ماددىي ئەشيالار ساقلىنىدىغان ئۆي، ئامبار.

**ئىسكىلاتچى** ئى. ئىسكىلاتقا قارىغۇچى، مەسئۇل بولغۇچى ئادەم.

**ئىسكىلاتچىلىق** ئى. ئىسكىلاتقا قاراش، مەسئۇل بولۇش، باشقۇرۇش ئىشلىرى.

**ئىسكىلاتلاشتۇرماق** پ. ئىسكىلاتلارغا كىرگۈزۈپ جايلاشتۇرماق: كۈندىلىك سوقۇلغان بۇغداي شۇ كېچىسى سورۇلۇپ ـ تازىلىنىپ، ئىسكىلاتلاشتۇرۇۋېتىلمىسە بولمايتتى.

**ئىسكىلاتلاشتۇرۇلماق** «ئىسكىلاتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تىكىلىپ تەييار قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار فورمىسى زاۋۇت رەھبەرلىرىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن شۇ كۈنىلا ئىسكىلاتلاشتۇرۇلدى.

**ئىسكىلاچ** ئى ← **ئىسكىلاچ مەسە.**

**ئىسكىلاچ مەسە** كەشى بىلەن قوشۇپ تىكىلىدىغان دەستىكى ئېگىزرەك بىر خىل مەسە: ئۇنىڭ پۇتىدىكى ئىسكىلاچ مەسە ماڭغاندا، «غاچ ـ غاچ» قىلىپ ئاۋاز چىقىرىپ تۇراتتى.

**ئىسكىلىت** ئى [رگىرېك] <ئانات> ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار تېنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بەدەننى تىرەپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان سۆڭەكلەر جاھازىسى. تۇرغۇنلىغان پارچە سۆڭەك ۋە كۆمۈرچەكلەردىن تەشكىل تاپقان.

**ئىسكىمەك** پ. ھىدىنى، پۇرىقىنى بۇرنىغا تارتماق، ھىدلىماق: كىم بىلىدۇ، شامال ئىستەپ يۈرەمدۇ؟ ياكى ئەجەل سىنى ئىسكەپ كېلەمدۇ؟

**ئىسكەندە** ئى [پ] <تىب> مىللىي تېبابەتچىلىكتە دورا

ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل يىلتىز. رەڭگى ئاق سېرىققا مايىل، تەمى بىر ئاز ئاچچىق. ئەڭ ياخشىسى ناگۇردىن چىقىدۇ. تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، يۆتەل، نەپەس سىقىلىش، ئەزالاردىكى ئىششىق، بەرەس كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىش، بەدەننى، باھنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

**ئىسكىنە** ئى [پ] ياغاچنى ئويۇش، تېشىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئۇچى ياپىلاق ھەم ئۆتكۈر پولات ئەسۋاب: كەكە، ئىسكىنە، رەندە، قازان قارىسى (كۇيە)، تاناپ يىپ، ئۈچ بۇلۇڭ ۋە تۈز مېتىر قاتارلىقلار ياغاچچىلىق ئىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان سايمانلاردۇر.

**ئىسلاتماق** «ئىسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سەيدىن ئات گۆشىنى قازاق قوشنىسى قابىلبېك ئارقىلىق ئىسلىتىپ تەييار قىلدى.

**ئىسلاشماق** ① «ئىسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەن ئۇلارنىڭ قېزىنى ئىسلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم. ② ئىس سىڭىپ، يۇقۇپ قارايماق ياكى ئىس قاپلىماق، ئىس بىر ئالماق: ئۆينىڭ تام-تورۇسلىرى قاپقارا ئىسلاشقانىدى. ③ ئىسقا پۈركەنمەك، ئىس سۈمۈرمەك: ھەر دائىم قارا چىراغ ئاستىدا ئىسلىشىپ ئولتۇرۇش بىزگە مىراسمىدى؟

**ئىسلام** ئى [ئە] ① ئىسلام دىنىغا كىرىش، مۇسۇلمان بولۇش، مۇسۇلمانچىلىق: مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى ئىسلام دىنى. ئىسلام ئەقىدىسى. ئىسلام دىنىغا كىرمەك. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئىسلام دىنى** <دىن> دۇنيادىكى ئاساسلىق دىنلاردىن بىرى. يەنى ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد تەرىپىدىن مىلادىيە 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بەرپا قىلىنغان دىن. ئۇ بىر ئىلاھقا ئىشىنىدىغان ئاخىرقى دىن بولۇپ، مۇھەممەدتىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ بۇ دىنىنىڭ ئېتىقاد، ھۆكۈملىرىنى ھەر زامان، ھەر ماكانغا شۇنداقلا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئۇيغۇن بىر شەكىلگە كەلتۈردى ۋە بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە مەجبۇرىيەت قىلىپ بەردى دەپ قارايدۇ. بۇ دىن ئەينى ۋاقىتتا ئاسىيا قىتئەسىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە ئافرىقا قىتئەسىنىڭ شىمالىي قىسمىدا كەڭ ئەۋج ئالغان بولۇپ، 10 - ئەسىردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلىغان.

**ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق ھۆكۈملىرى** <دىن>ئىسلام ھۆكۈملىرىنىڭ ئۈچ تارمىقىنىڭ ئۈچىنچىسى. مۇھەممەد پەيغەمبەر: «مەن پەقەت ئەخلاقىي ۋەزىپىلەرنى تاماملاش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم»، «ئىسلامىيەت گۈزەل ئەخلاقتۇر» دېگەن. ئايەت ۋە ھەدىسلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەخلاق ھۆكۈملىرى مۇسۇلمانلارغا (1) ئىنساننىڭ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە قارىتا ۋەزىپىلىرى؛ (2) ئىنساننىڭ ئۆز شەخسىيىتىگە قارىتا ۋەزىپىلىرى؛ (3) ئىنساننىڭ ئائىلىسىگە قارىتا ۋەزىپىلىرى؛ (4) ئىنساننىڭ ۋەتەن، مىللەتكە قارىتا ۋەزىپىلىرى؛ (5) ئىنساننىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتا ۋەزىپىلىرىدىن ئىبارەت بەش تۈرلۈك ۋەزىپىنى ئورۇنداش مەجبۇرىيىتىنى يۈكلەيدۇ. بۇ ھۆكۈملەرنىڭ يىغىندىسى ئىسلامىيەتتە «شەرىئەت» ۋە «شەرئى ھۆكۈملەر» دېيىلىدۇ.

**ئىسلام دىنىنىڭ ئەمەلىي ھۆكۈملىرى** <دىن>ئىسلام ھۆكۈملىرىنىڭ ئۈچ تارمىقىنىڭ ئىككىنچىسى. «ئىبادەت» سۆزى بىلەن يەكۈنلىنىدۇ. «ئىبادەت» ئىسلامنىڭ (1) «كەلىمەئى شاھادەت» نى ئېيتىش، (2) ناماز ئوقۇش، (3) زاكات بېرىش، (4) روزا تۇتۇش، (5) ھەج قىلىشتىن ئىبارەت بەش شەرتنى ئورۇنلاشنى كۆرسىتىدۇ.

**ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقاد ھۆكۈملىرى** <دىن>ئىسلام ھۆكۈملىرىنىڭ ئۈچ تارمىقىنىڭ بىرىنچىسى. «ئىمان» سۆزىنى ئاساس قىلىدۇ. ئىمان «كەلىمەئى تەۋھىد» كە مەركەزلەشكەن. ھەدىستىن قارىغاندا، ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقاد ھۆكۈملىرى: (1) ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ روسۇلىغا؛ (2) ئاللاھنىڭ مالائىكىلىرىگە؛ (3) ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا؛ (4) ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىگە؛ (5) ئاخىرەت كۈنىگە؛ (6) قەدەرگە (ياخشىلىق يامانلىقنىڭ ئاللاھنىڭ تىلىكى، تەقدىرى ۋە يارىتىشى ئىكەنلىكىگە) چىن قەلبىي بىلەن ئىشىنىشتىن ئىبارەت ئالتە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىسلام كالېندارى** <ئاستر> ← **ھىجرىيە.**

**ئىسلام يىلنامىسى** <ئاستر> ← **ھىجرىيە.**

**ئىسلامشۇناس** ئى. ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىدىغان تەتقىقاتچى؛ ئىسلام دىنى مۇتەخەسسىسى.

**ئىسلامشۇناسلىق** ئى. ئىسلام دىنى ھەققىدىكى ئىلىم: ئىسلامشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانماق.

**ئىسلاملاشتۇرماق** «ئىسلاملاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچىلار تۇنجى قېتىم سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پادىشاھى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننى ئىسلاملاشتۇردى.

**ئىسلاملاشتۇرۇلماق** «ئىسلاملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىسلاملاشماق** پ. ئىسلام دىنىغا كىرمەك، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلماق، مۇسۇلمان بولماق: شىنجاڭ رايونىدا ئالدى بىلەن قەشقەر قاتارلىق جايلار ئىسلاملاشقانىدى.

**ئىسلامىزم** ئى [ ئە + ر ] ئىسلام دىنى: ئىسلامىزم — بىرلا خۇدا مەۋجۇت، شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتىدە خۇدا بەلگىلىگەن قانۇنىيەت بار، ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتى ئاشۇ قانۇنىيەتنىڭ توغرا ئىنكاسىدىن ئىبارەت بولۇشى لازىم، دەپ قارايدۇ.

**ئىسلامىي سۈپ** [ئە] ئىسلاملاشقان، ئىسلامدىكى، ئىسلامغا تەۋە بولغان: ئۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇرلاردىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان پارسلارنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتتە، خۇسۇسەن ئىسلامىي تىل - ئەدەبىيات ساھەسىدە بىر قەدەم ئالدىدا ماڭغان بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر شائىر ۋە يازغۇچىلار ئۆتكەنىدى.

**ئىسلامىيەت** ئى [ئە] ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام دۇنياسى ياكى ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام ئالىمى: يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئاتىغانلىقى بۇ ئۇقۇمنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنلا ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا مەۋجۇتلۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

**ئىسلاند** ئى <ئىرق> شىمالىي مۇز ئارىلىدا ياشىغۇچى بىر مىللەتنى كۆرسىتىدۇ: ئىسلاند تىلى.

**ئىسلانماق** «ئىسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىقلاس بۇۋىلەرنىڭ ئۆيى پاكار، تورۇسى ئىسلانغان بولغىنى بىلەن كۆڭۈللۈك ئىدى.

**ئىسلاھ** ئى [ئە] تۈزىتىش، تۈزىتىپ ياخشىلاش، ئەسلىدىكىسى ئاساسىدا تۈزىتىپ مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۆزگەرتىش: ئىسلاھ قىلىنغان ئەرەب ئېلىپبەسى. * ئوركېستىر مۇزىكىلىرىنىڭ ئورۇنلاش سەنئىتىدە ئۇيغۇر مىللىي چالغۇلىرىنى ئىسلاھ قىلىش

مەسلىسىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**ئىسلاھات** ئى [ئە] ئومۇمىيۈزلۈك يېڭىلاش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۆزگەرتىش؛ ئىسلاھ، يېڭىلاش: يەر ئىسلاھاتى. جەمئىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى. مائارىپ ئىسلاھاتى. ئىسلاھات ئېلىپ بارماق. ئىسلاھات قىلماق.

**ئىسلاھاتچى** ئى. ئىسلاھات تەرەپدارى؛ يېڭىلىققا، ئىلغارلىققا كۆچۈش ۋە ئۇنى يارىتىش، ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغۇچى ئادەم، ئىسلاھ قىلغۇچى كىشى: تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىنقىلابچى بولۇپلا قالماي، ئىسلاھاتچىمۇ بولۇش كېرەك.

**ئىسلاھاتچىل** سۈپ. ئىسلاھاتنى ياقلايدىغان، ئىسلاھاتنى ھىمايە قىلىدىغان، ئىسلاھاتپەرۋەر: بۇ ھېكايە زوردۇن سابىرنىڭ بۇنىڭدىن بۇرۇنقى تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەتلىرىدىن مەلۇم بولغان قاتمال ئادەتلەرگە قارشى ئىسلاھاتچىل خاھىشىنىڭ راۋاجىنى ئۆزىگە تېما قىلغان.

**ئىسلاھاتچىلىق** ئى <پەلس> مۇۋاپىق بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمنى تۈپتىن ئاغدۇرۇشقا قارشى تۇرۇپ، پەقەت ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم ئاساسىدا ئاز-تولا ياخشىلىنىش بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىدىيە: ئۇنىڭدا 80 - يىللاردىكى ياشلارغا خاس ئىلغار ئىسلاھاتچىلىق روھ بار.

**ئىسلىق** ① سۈپ. ئىسى بار، ئىسى چىقىدىغان ياكى ئىسى كۆپ: ئىسلىق كۆمۈر. ② سۈپ. ئىسلانغان، ئىسلىنىپ قارايغان: ئىسلىق تام. * ئىسلىق ئۆيۈم — ئىسسىق ئۆيۈم (ماقال). ③ ئى. ئومۇمەن ئىسرىقدان ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىچىگە ئىسرىققا ئوخشاش نەرسىلەرنى سېلىپ كۆيدۈرىدىغان نەرسە: مېڭىش ئالدىدا موماي يەنە بىر دانە ئىسلىقنى قىزىغا بېرىپتۇ - دە، — ئۇنىڭغا: كەچ كىرگەن چاغدا مۇشۇ ئىسلىق ئارقىلىق بوغچا ئىچىدىكى نەرسىلەرگە ئوت تۇتاشتۇرۇپ بىر-بىرلەپ كۆيدۈرۈۋەت، — دەپتۇ.

**ئىسلىق بىللۇر** <گېئول> ئىسى بار خىرۇستال، رەڭگى قېنىق كۈل رەڭ؛ قوڭۇر، قارا رەڭلىكلىرىنى تەركىبىدىكى كاربون پەيدا قىلىدۇ. قارا رەڭگىنىڭ قېنىق، سۇس بولۇشىنى كاربوننىڭ ئاز - كۆپلۈكى بەلگىلەيدۇ. پۈتۈنلەي قارا بولغانلىرى «قارا بىللۇر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىسلىق يېشىل** قارىراق ياكى قارىغا مايىل يېشىل.

**ئىسلىما** سۈپ. ئىسلاش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدىغان، ئىسلانغان: ئىسلىما نەقىش.

**ئىسلىماق** پ. ئىسقا تۇتماق، ئىسقا تۇتۇپ قارايتماق، ئىسلاشتۇرماق: ئۆينى ئىسلىماق. * ئوچاقنىڭ ئىسى بىردەمدىلا ئۆينى ئىسلاپ بولدى.

**ئىسمائىلتاپ** ئى. ديال. موزدۇزلۇقتا يىپنى ئىلىپ قويۇپ ئىشلىتىدىغان ئىلمەك تۆمۈر.

**ئىسمائىلىيە** ئى [ئە] <دىن> شىئە مەزھىپىنىڭ بىر تارمىقى. بۇ تارماق مەزھەپنىڭ باشلىقى ئاغاخان. بۇ مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىدىغانلار بىرقانچە مىليونغا يېتىدۇ. ئۇلار ئاساسەن ھىندىستاننىڭ بومباي رايونىغا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان.

**ئىسمىنا** ئى [ر] ① ئورۇن ئالمىشىپ ئىشلەيدىغان، ئوقۇيدىغان، دەم ئالىدىغان كىشىلەر گۇرۇپپىسىنىڭ باشقا گۇرۇپپا بىلەن ئالماشقانغا قەدەر داۋاملىشىدىغان ۋاقىت بۆلىكى: ئىسمىنا ئالماشماق. كەچلىك ئىسمىنىدا ئىشلىمەك. ② شۇ ۋاقىت داۋامىدا بىللە ئىشلەپ، بىرگە دەم ئالىدىغان كىشىلەر گۇرۇپپىسى: ئۇلار سېخلارنى ئارىلاپ قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئادىل ئىشلەيدىغان بۆلۈمنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئىسمىنىسىدىكىلەرمۇ ئىشتىن چۈشتى.

**ئىسمىنىلىق** سۈپ. ئىسمىنىلىرى بولغان، ئىسمىنىلارغا بۆلۈنگەن: ئۈچ ئىسمىنىلىق سېخ. * قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە تۆت ئىسمىنىلىق ئىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

**ئىسمىئەزەم** [ئىسىم + ى + ئەزەم] رىۋايەت، چۆچەكلەردە «ئاللاھنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىسمى» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ: يولدا بىر كەڭرى بىپايان دەريا ئۇچراپتۇ. ھاسىنى قولىغا ئېلىپ ئىسمىئەزەمنى ئوقۇپ دەرياغا كىرگەنىكەن، ھاسا كۆۋرۈك بولۇپ بېرىپتۇ.

**ئىسمى- جىسمى** ئىسمى ۋە جىسمى: ئىسمى - جىسمىغا لايىق.

**ئىسمىزات** ئى [ئىسىم + ى + زات] ئىسىم ۋە كېلىپ چىقىش مەنبەسى: — ھەي قارا باتۇر، سېنىڭ ئىسمىزاتىڭ كىم؟ نەلىك سەن؟ — دەپ سورىدى يىگىت ئۇنى چاقىرىپ.

**ئىسمىشەرىپ** ئى [ئىسىم + ى + شەرىپ] ئەزىز ھەم شەرەپلىك ئىسىم، شەرەپلىك ۋە مۇقەددەس ئىسىم: ئىسمىشەرىپلىرى كىم بولىدىكىن؟ * ئىمام ئۆزىچە ئىلتىپات قىلىپ: ئىسمىشەرىپلىرى كىم؟ قەيەردىن كەلدىلە؟ دېگەن بولسىمۇ، بوۋاي جاۋاب بەرمەي جىم ئولتۇردى.

**ئىسنا** ئى. ديال. ئۇسسۇل.

**ئىسىت** ئىم. بىرەر ئىش ياكى نەرسىگە قارىتا قاتتىق ئېچىنغانلىقنى، پۇشايمان قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: — ئىسىت، سىز بىلەن ئۆتكەن ئۆمرۈم، ئىسىت سىزگە قىلغان ئەقىدەم! — زەينەپ ئەسەبىيلەشكەن ھالدا ۋارقىرىدى.

**ئىسىم (ئىسمى)** ئى [ئە] ① كىشىلەرگە قويۇلغان شەخسىي نام، ئات: ئىسىم قويماق. * ئالدىرىغاندا ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپتۇ (ماقال). ② <تىل> ئادەم ۋە شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرۈپ كېلىپ، «كىم»، «نېمە»، «قەيەر» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلەلەيدىغان سۆز ۋە شۇنداق سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆز تۈركۈمى.

**ئىسىمداش** ئى ① ئىسمى ئوخشاش، ئوخشاش ئىسىمدىكى ئىسىمداش كىشىلەر: مەن ئۇنىڭ بىلەن ئىسىمداش. ② <تىل> پېئىلنىڭ تۈرلىنىش ئارقىلىق ئىسىم ئىقتىدارىغا ئېرىشىپ، ھەرىكەتنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان، جۈملىدە ئىسىمغا ئوخشاش قوللىنىلىدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەسىنىڭ بىرى. ئۇ ھەرىكەتنى شەيئى سۈپىتىدە ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىمداشلارنىڭ «- ش» لىق ئىسىمداش، «- ماق» لىق ئىسىمداش، «- غۇ» لۇق ئىسىمداش، پۈتكەن ھاللىق ئىسىمداش، ئىزچىل ھاللىق ئىسىمداش، پۈتمىگەن ھاللىق ئىسىمداش، سۇبيېكت ئىسىمداش دېگەن تۈرلىرى بار.

**ئىسىمداشلىق** ئى. ئىسمى ئوخشاشلىق، ئوخشاش ئىسىملىك، بىر ئىسىملىك: مەن پەقەت بىر ئايال ئۈچۈن ئۆز جېنىنى زادىلا ئايىماي قۇربان قىلغان ئاشۇ ئاشىققا ئىسىمداشلىقىمدىن پەخىرلىنەتتىم.

**ئىسىمدىماق** پ. كېسەل سەۋەبىدىن قىزىپ كەتمەك: ئۇ ئەسلىدە قاتتىق ئىسىمداپ قالغانلىقتىن خىزمەتكە كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن تېلېفون ئۇرغانىكەن.

**ئىسىمسىز** سۈپ. ئىسمى يوق، ئىسمى قويۇلمىغان، نامسىز، ئاتسىز: دۇنيادا يىلتىزسىز دەرەخ بولمىغىنىدەك، ئىسىمسىز ئادەم-

مۇ بولمايدۇ.

**ئىسىمشۇناس** ئى. مەخسۇس ئىسىم تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەتقىقاتچى.

**ئىسىمشۇناسلىق** ئى. مەخسۇس ئىسىم تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى، كەسپى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر كىشى ئىسىمشۇناسلىقى تەتقىقاتىمۇ يېڭى يۇكسىلىشلەرگە ئېرىشتى.

**ئىسىم ـ فامىلە** ئىسىم ۋە فامىلە: بىز شۇ قىزنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنى، قەيەرلىكلىكىنى بىلمەيۋاتىمىز.

**ئىسىملاشتۇرماق** «ئىسىملاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇيغۇر تىلىدا بەزى ئىملىق سۆزلەرنىمۇ ئىسىملاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە تامامەن بولىدۇ.

**ئىسىملاشتۇرۇشماق** «ئىسىملاشتۇرماق» سۆزىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىسىملاشتۇرۇلماق** «ئىسىملاشتۇرماق» سۆزىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھازىر ئۇيغۇر تىلىمىزدىكى نۇرغۇن سۈپەت سۆزلىرى ئىسىملاشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلمەكتە.

**ئىسىملاشماق** پ <تىل> ئۆزىنىڭ ئەسلىي سۆز تۈركۈمىگە خاس خۇسۇسىيىتىنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن يوقىتىپ، ئىسىمغا ئۆزگەرمەك، ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلماق، ئىسىملىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولماق: بەزى ئىملىق سۆزلەر ئىسىملىشىپ، ئىسىم رولىدا قوللىنىلىشى مۇمكىن.

**ئىسىملەنمەك** پ. ئىسىم بىلەن ئاتالماق، ئىسىم قويۇلماق: مۇشۇ خىل كىشى ئىسىملىرى ئىسىملەنگۈچىگە بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

**ئىسىملىك** ① سۈپ. ئىسمى بار؛ شۇ ئىسىم بىلەن چاقىرىلىدىغان، شۇنداق دەپ ئاتىلىدىغان: لەيلىگۈلنىڭ دادىسى بايىز كۆپ ئىسىملىك ئادەم ئىدى. ② ئى. كىشى ئىسىملىرى تىزىملانغان قەغەز ياكى دەپتەر؛ تىزىملىك، ئىسىمنامە: ئىسىملىكتىن چىقىرىۋەتمەك. ئىسىملىكتىن ئۆچۈرۈۋەتمەك.

**ئىسيان** ئى [ئە] سىنىپىي، مىللىي، ھوقۇقىي مەنپەئەتلەرنى ھىمايە قىلىپ كۆتۈرۈلىدىغان قوزغىلاڭ: ئىسيان كۆتۈرمەك. ئىسياننى باستۇرماق.

**ئىسيانچى** ئى. ئىسيان كۆتۈرگۈچى، ئىسيانكار: ھېلىقى ئالتە ئىسيانچى بىلەن سالۋار تۇماقلىق نەرسە پايپاسلاپ قۇدرەتنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈشتى.

**ئىسيانچىلىق** ئى. ئىسيان كۆتۈرۈش ئىش ـ ھەرىكىتى: ئۇلار باشقىلارغا ئەگىشىپ ئىسيانچىلىق بىلەن باش كۆتۈرگەنىكەن.

**ئىسيانكار** [ئە + پ] ① ئى. ئىسيان كۆتۈرگۈچى ئادەم، ئىسيانچى: ئىسيانكارلار جانلىنىپ، خۇشاللىق تەنتەنىلىرى قىلىشتى. ② سۈپ. ئىسيان كۆتۈرۈشكە جۈرئەتلىك، ئىسيان كۆتۈرۈش روھىغا ئىگە: ئىسيانكار خەلق. ئىسيانكار ھايات.

**ئىسيانكارانە** رەۋ [ئە + پ] ئىسيانكارلىق بىلەن، ئىسيانكارلارغا خاس ھالدا، ئىسيانكارلارغا خاس روھ بىلەن.

**ئىسيانكارلىق** ① سۈپ. ئىسيانكارلارغا خاس، ئىسيانكارلاردا بولىدىغان: بۇنىڭغا كۈچلۈك ئىسيانكارلىق روھ سىڭدۈرۈلگەن. ② ئى. ئىسيانكارلاردا بولىدىغان ۋە ئۇلارغا خاس كۈچ، ئىدىيە، نارازىلىق قاتارلىقلار: بادامخان ۋە قىزلار ئىسيانكارلىق بىلەن مىرزا ئېلى تەرەپكە سىلجىيدۇ، مىرزا ئېلى ئولتۇرغان جايىدا ئارقىسىغا داجىيدۇ.

**ئىسيانلىق** سۈپ. ئىسيان كۆتۈرۈلگەن، ئىسيان بولغان: ئۇلۇغ يەر، ئۇلۇغۋار كىشىلەر ئاڭا، ئۆگەتتى پەن ـ بىلىم قايتا تولۇقلاپ. تولدۇرۇپ ئىسيانلىق كۆنلەر ئورنىنى، چىدامدا قازدى تاغ، ئېلىپ بۇرغىنى، مەرىپەت شەربىتى ئاقتى بۇلدۇقلاپ.

**ئىش** ئى ① ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنى يارىتىش مۇددىئاسىدا ئېلىپ بېرىلغان بارلىق پائالىيەت، ئىجادىي ئەمگەك، مېھنەت ياكى مەشغۇلات، خىزمەت: ئەمەلىي ئىش. ئىلمىي ئىش. ئۆي ئىشى. ئىش كۈنى. ئىش ھەققى. ئىشتىن قالماق. * گەپنى ئاز سۆزلە، ئىشنى كۆپ كۆزلە (ماقال). * ئىش ئادەمگە باغلىق (ماقال). ② تاپشۇرۇق، ۋەزىپە: ئىشقا بۇيرۇماق. ③ مېھنەت نەتىجىسىدە يارىتىلغان نەرسە، مەھسۇلات ۋە شۇ قاتارلىقلار: ئىش ئەۋرىشكىسى. ④ پائالىيەت، مېھنەت، مەشغۇلات ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ بىرەر ساھەسى؛ كەسىپ، ھۈنەر: سۇچىلىق ئىشلىرى. مىللىي ئىشلار. ⑤ پائالىيەت، مېھنەت، مەشغۇلات ئوبيېكتى: ئىش تەقسىماتى. ئىش تەقسىم قىلماق. ⑥ زۆرۈرىيەت، ئېھتىياج: ئۇنىڭدا مۇھىم بىر ئىشىم بار. ⑦ مۇناسىۋەت ياكى مەسئۇلىيەت: — مېنىڭ كىملىكىم بىلەن سىزنىڭ ئىشىڭىز بولمىسۇن، — دېدى ئۇ. ⑧ بۇرچ، ۋەزىپە: — بۇنى قىلىش مېنىڭ ئىشىم، — دېدى ئۇ قەتئىي ھالدا. ⑨ سوت ياكى مەمۇرىي ئورگانلاردا تەكشۈرۈلۈۋاتقان مەسىلە: جىنايى ئىشلار. خىيانەتچىلىك ئىشى. ⑩ سادىر بولغان ۋەقە، ھادىسە: بىز ئۇنىڭدىن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورىدۇق. ⑪ ھالەت، ئەھۋال: ئىش چاتاق. ئىشلار قانداقراق؟ ⑫ مەخپىيەتلىك: ئەدىيالنىڭ ئىچىدىن ئەركىنىنىڭ خىرتىلداپ يىغلىشى ئاڭلاندى. ئەمدى ئىش ئاشكارىلىنىپ قالغانىدى. ⑬ ئامال، ئۇسۇل، چارە: بۇنىڭ ئىشى ئوڭاي. ⑭ ئامەت: ئىش ئوڭدىن كەلمەك. ⑮ مەقسەت، مۇددىئا: ۋەزىر ئاتتىن چۈشۈپ، نۇردۇن بىلەن كۆرۈشۈپتۇ ۋە: — قەيەردىن، نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭىز ئوغلۇم؟ — دەپتۇ ۋەزىر نۇردۇنغا. ⑯ دۇچ كېلىش، ئالدىدا تۇرغان ياكى دۇچ كەلگەن ئىجتىمائىي ئەھۋال، مەسىلە: بېشىغا ئىش كەلمەك. * ياز بار، قىش بار، ئالدىرىماڭ، ئىش بار (ماقال). ⑰ <فىز> بىر كۈچنىڭ جىسىمنى ئۆز يۆنىلىشى بويىچە سىلجىتىشى. ئۇنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى تەسىر قىلغۇچى كۈچنىڭ مىقدارىنى كۈچنىڭ يۆنىلىشىدە جىسىم سىلجىغان ئارىلىققا كۆپەيتكەنگە تەڭ.

**ئىش ئادىمى** ئىش قىلغاندا بېسىپ ئولتۇرالايدىغان، زېرىكمەي، قېتىرقىنىپ ئىشلەيدىغان ئادەم: مېنىڭچە، قۇددۇس ھاپىز ھەقىقىي بىر ئىش ئادىمى.

**ئىش بولمىدى** «ئىش ـ ھەرىكەت كاشىلىغا ئۇچرىدى» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: خوجىنىياز پالۋان، ئەمدى ئىش بولمىدى دەپ، ئاقساق بايتىلىنىڭ ئورنىغا ئالپبايىنىڭ كۈرەڭ قاشقىسىنى مىندى.

**ئىش بېشى** ئىشقا رەھبەرلىك قىلىپ تۇرغۇچى كىشى؛ سەركار: مۇندىن كېيىن جەزمەن ئاممىنىڭ ھەققانىي ئىشلىرىغا جان كۆيدۈرىدىغان، بارلىقىنى باي، مەدەنىيەتلىك يېڭى يېزا قۇرۇشقا بېغىشلىغان سادىقتەك بېجىرىم كىشىلەر ئىش بېشى بولىدۇ.

**ئىش تاپماق** ① ئىش ئىزدىمەك: بىرەر جايدىن ئىشلەيدىغان ئىش تاپاي دەۋاتىمەن. ② چاتاق چىقارماق، ھادىسە، ۋەقە تۇغدۇر -

ماق: بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ ئۆزىڭىزگە ئىش تاپماقچىمۇ سىز؟

**ئىش تارتماق** موزدۇزلۇقتا ئاياغ كېيىمنى قېلىپقا سالماق.

**ئىش تامام ـ ۋەسسالام** ھەممە تۈگەيدۇ ياكى تۈگىدى: مانا مۇشۇنداق قىلىپ بىرلا تارتىمەن، ئىش تامام ۋەسسالام. * ئەمدى مېنىڭ سەن بىلەن ھېچبىر مۇناسىۋىتىم يوق. ئىش تامام ۋەسسالام.

**ئىش تەۋرەتمەك** بىرەر ۋەقە ياكى ھەرىكەت پەيدا قىلماق، قوزغىماق: ئۇلار بۇ قېتىم خوتەندە چوڭ ئىش تەۋرەتتى.

**ئىش تۈگىمەك** ① ھەممە بەربات بولماق: بىزنىڭ تەقدىرىمىز ئاشۇ ھامۇتتەك بىرنېمىلەرنىڭ قولىغا قالغانىكەن، ئىش تۈگىدى دېگىنە. ② ھەممە ھەل بولماق.

**ئىش تېرىماق** ۋەقە پەيدا قىلماق، چاتاق چىقارماق: بالام بەك شوخ، ئۇنى بىرەر ئىش تېرىپ قويمىسۇن، دەپ ئەنسىرەيمەن.

**ئىشتىن چىقماق** كېرەككە كەلمەيدىغان بولۇپ قالماق، كېرەكسىز ھالغا كەلمەك: ــ ماشىنا ئىشتىن چىقىپتۇ، ئەمدى قانداق كېتەرمىز، ــ دېدى زۆرەم.

**ئىشتىن قالماق** ① ئىشقا، خىزمەتكە بارالماي، چىقالماي قالماق: ئۇ بىر ئاي ئىچىدە بىر كۈن ئىشتىن قالدى. ② كاردىن چىقىپ كەتمەك، كېرەكسىز ھالغا كەلمەك، ئىش قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتماق.

**ئىش چاتاق** «ئىش ـ ھەرىكەت ئاقمايدۇ، يۈرۈشمەيدۇ، كاشىلا كۆپ» دېگەن مەنىلەردىكى ئىبارە: ــ ئىم، ئىش چاتاق، تەركىبىم باي دېھقان بوپتۇ، ــ دەپ ئالاقزادە بولۇپ يۈردى يۈسۈپ چوڭ.

**ئىش چىقماق** بىرەر ۋەقە يۈز بەرمەك، مەسىلە تۇغۇلماق: ئۇلار يۈسۈپ چوڭ بىلەن قىسمەت چورۇق ئوتتۇرىسىدا ئىش چىقىپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ كەلگەنىدى.

**ئىش كاتتا** بىرنەرسە ياكى ئىشنىڭ تەسەۋۋۇردىكىدىنمۇ ئارتۇق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ: داستىخان ۋە سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرغانلارنى كۆرۈپ، «ئىش كاتتىغۇ» دېدى ئۇ.

**ئىش كۆرگەن** بېشىدىن خېلى جىق ئىش ئۆتكەن، تەجرىبىلىك: سىزمۇ ياشانغان، ئىش كۆرگەن، ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىدىغان ئايال ئىكەنسىز.

**ئىشنىڭ بېشىنى تۇتماق** ئومۇمەن بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن مەشغۇل بولماق: مەن كۆڭلۈمدە دائىم تېزرەك بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتۇپ، قەرزىمنى تۆلەپ بولۇشقا ئالدىرايتتىم.

**ئىشنىڭ تىلى** ئىشنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيىتى، ئىشلەش يوللىرى: ئىشنىڭ تىلىنى بىلمەك.

**ئىشنىڭ قىزىقى** مەسىلىنىڭ ھەيران قالارلىق تەرىپى، كۈلكىلىك قىسمى: مانا ئەمدى سابىرمۇ ئۆزىنىڭ تاشقا ئۇرۇلغان تۇخۇم ئىكەنلىكىنى سەزدى، سېزىدۇ. مانا شۇ چاغدا ئىشنىڭ قىزىقى چىقىدۇ.

**ئىشنىڭ كۆزىنى تاپماق** ئىشنىڭ ئاچقۇچى، ھەل قىلغۇچ تۈگۈنىنى چۈشىنىپ يەتمەك: يېزىمىز نېمە ئۈچۈن ئۇ يېزىدەك بولالمايدۇ؟ ئويلىغانسېرى كۆڭلۈم يورۇشقا باشلىدى، ئىشنىڭ كۆزىنى تاپتىم، كۆڭلۈمدە نۇرغۇن پىلانلار تۈزۈلدى.

**ئىشنى ئوخشاتماق** ئىش ـ ھەرىكەتنى قاملاشتۇرۇلماي، بۇزۇپ قويماق، يامانلاشتۇرماق: ــ ھىم، مانا دېمىدىممۇ، ــ دەپ ۋارقىرىدى مويدىن خوجا قىردا تۇرۇپ، ــ باقى قىزىلمۇچ ئىشنى ئوخشاتتى، ئەنە شۇ ھارۋىنىڭ شوتىسىنى بېسىپ كەتتى.

**ئىشڭنى قىل** «ئۆزۈڭنى بىل، ئۆز ئىشڭنى قىل، باشقىلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىگە ئارىلاشما» دېگەن مەنىلەردىكى ئىبارە: ــ كارىڭ بولمىسۇن، ئىشڭنى قىل! ــ ۋېلىخان بەگ ھەيۋىسىنى بۇزماستىن ۋارقىرىدى.

**ئىش يۈزىدە** ئەمەلدە، ئەمەلىيەتتە: ھە دېسىلا، ھەممىنى ئىمكانىيەتكە دۆڭگەپ، شۇ ئىمكانىيەتنى ئازراق بولسىمۇ يارىتىشقا تىرىشمىغىنىمىز، ئىش يۈزىدە بار ئىمكانىيەتكە قاراپمۇ قويمىغىنىمىزنى ئېتىراپ قىلماي ئامالىمىز يوق.

**ئىش يۈگۈرمەك** گىلەم توقۇش ئۈچۈن، ئۆرۈش يىپىنى دۇكان جازىسىغا تارتماق.

**ئىشارە** ئى [ئە] ① كۆز، قاش، قول، باش ھەرىكىتى بىلەن بېرىلگەن بەلگە، ئىما؛ ئىشارەت: ئىشارە قىلماق. * رەيھان ماقۇللۇق ئىشارىسىنى بىلدۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ② ئالامەت، بەلگە: ماتېماتىكىلىق ئىشارە.

**ئىشارەت** ئى [ئە] مەقسەت، نىشان، غەرەزنى سۆزسىز، تىلسىز ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان بەلگە؛ ئىما: ئىشارەت قىلماق. * ئەقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز (ماقال).

**ئىشارەتلەشمەك** «ئىشارەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: خەلچەم بىلەن زۆھرەخان ئىشارەتلىشىپ كېسەلنى ئېلىپ كېتىشتى.

**ئىشارەتلىك** سۈپ. ئىشارەت، بەلگىلەر ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەن ياكى كۆرسىتىلگەن: بولۇپمۇ مۇھىمى شۇكى، بالىلارغا بەلگە شەكلىدىكى رەسىملەر دەسلەپكى چېرتيوژ، ئىشارەتلىك خەرىتىلەرنى چۈشىنىدىغان بولۇشنى ئۆگىتىشى كېرەك.

**ئىشارەتلىمەك** پ. ئىشارەت ئارقىلىق بىلدۈرمەك، ئىپادىلىمەك، ئىشارەت قىلماق: خەيرۇللا قاش، كۆز، ئېڭەكلىرى بىلەن قەمەرلەرنىڭ ئۆيى تەرەپنى ئىشارەتلىدى.

**ئىشارىلىك** سۈپ. ئىشارە بىلەن بىلدۈرۈلگەن: كىشىلەر ئارىسىدا كىملەردۇر پىچىرلىشىپ ۋە ئىشارىلىك سۆزلەرنى قىلىشىپ، باشلىرىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس ھالدا سىلكىشەتتى.

**ئىشان** ئى [پ] ① ئىسلام دىنىنىڭ سوپى مەزھىپىگە مەنسۇپ دىنىي ئۆلىما، تەرغىباتچى: ئىشان قېرىپ ئۆلەر ھالغا يەتكەندە ئوغلىغا مۇنداق نەسىھەت قىپتۇ. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئىشانچىلىق** ئى. ئىشانلارغا خاس ئىش ـ ھەرىكەت: سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرىدە ئەۋج ئالغان ئىشانچىلىقنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىگە ئېلىپ كەلگەن خەتىرى مۇئەييەن جۇغراپىيەلىك ۋە ئىدېئولوگىيەلىك سەۋەبلەرگە ئىگە.

**ئىشانزادە** ئى [ پ ] ئىشاننىڭ ئوغلى: ئۇلار ھەر كۈنى قاراڭغۇ چۈشكەندە بىرنەچچە ھەمتاۋاق سوپىلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئىشان خوجا ئابدۇرېھىمنىڭ ھۇجرىسىغا جەم بولۇپ، ئىشانزادىلەرنىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن چارە ـ تەدبىرلەرنى تۈزۈشەتتى.

**ئىشانلىق** ئى. ئىشان ۋە پىرلارنىڭ ئورۇن مەرتىۋىسى ۋە ئىشى: ئىشانلىق قىلماق: ئۇنىڭ دادىسى مەھەللىمىزدىكى ئازنا مەسچىتتە ئىشانلىق قىلاتتى.

**ئىشەنچ** ئى. ھەقىقىي، چىن، راست، شەرتسىز دەپ بىلىش، ئىشىنىش؛ ئېتىقاد: ئىشەنچكە تولماق. ئىشەنچ باغلىماق. ئىشەنچ كامىل. * ئىشەنچ بولسا ياخشى ئەخلاقنىڭ ئالامىتى بولۇپ، ئاقىۋەتتە كىشىنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

**ئىشەنچى كامىل** «شۇنداقلىقىدا شەك يوق، ھەقىقەتەن

شۇنداق» دېگەندەك مەنىلەردىكى ئادەت سۆزى.

**ئىشەنچسىز** سۈپ ① ئىشىنىپ بولمايدىغان، ئىشەنگىلى بولمايدىغان، ئىشەنچلىك ئەمەس: ئىشەنچسىز ئادەم. ئىشەنچسىز دوست. ② ئۈمىد ـ ئىشەنچ يوق، ئىشەنچ قىلالمىغان، ئىشەنچسىزلىك ئىپادىلىنىپ چىقىپ تۇرىدىغان: رەۋخان ئاچا خېلىدىن كېيىن ھېزىم ئاكىغا غەلىتە بىر نەزەردە تىكىلگىنىچە ئىشەنچسىز تەلەپپۇزدا سورىدى.

**ئىشەنچسىزلىك** ئى. ئىشەنمەسلىك، دەرگۇمان:— ئانامۇ... قوشۇلدى، — دېدى ئەخمەت ئېغىر تىنىپ، ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازىدا ئىشەنچسىزلىك بار ئىدى.

**ئىشەنچلىك** ① سۈپ. ئىشەنسە، ئىشەنچ قىلسا بولىدىغان: ئىشەنچلىك ئادەم. ئىشەنچلىك خەۋەر. ئىشەنچلىك گەپ. ② رەۋ. ئىشەنچ قىلغان ھالدا، ئىشەنچ بىلەن: ئۇ كەينىگە ياندى. خىيال قۇشى مۇشۇنداق ئەجىر بىلەن كېلىدىغان كەلگۈسى بەختىيار كۈنلەر ئۈستىدە ئىشەنچلىك پەرۋاز قىلاتتى.

**ئىشەندۈرەرلىك** سۈپ. ئىشەندۈرىدىغان، قايىل قىلارلىق: ئاتابېكنىڭ سۆزلىرى كىشىنى تولۇق ئىشەندۈرەرلىك دەرىجىدە، خەتكە مۇۋاپىق ئىدى.

**ئىشەندۈرمەك** «ئىشەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ تەجرىبە بىزنى نەرسە، دۇنيا، مۇھىتنىڭ بىزگە باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەندۈرىدۇ.

**ئىشەندۈرۈشمەك** «ئىشەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار بىرى بىرنېمە دەپ، يەنە بىرى يەنە بىرنېمە دەپ يۈرۈپ، ئاخىرى مېنى ئىشەندۈرۈشتى.

**ئىشەندۈرۈلمەك** «ئىشەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەقىقەتەن سۆزلىنىش، ئىسپات كۆرسىتىلىش ئارقىلىق رۇستەم ئاخىرقى ھېسابتا ئىشەندۈرۈلدى.

**ئىشەنمەك** پ. ھەقىقىي، چىن، شەرتسىز، راست دەپ بىلمەك، ئىشەنچ قىلماق: مەنسۇر خۇرشىدىخاننىڭ سۆزلىرىدىن سەلىمەنىڭ راستىنلا بۇ يەرگە كەلمىگەنلىكىگە ئىشەندى.

**ئىشپات** ئى [ر] <جىم> سىلىتسىيىغا مەنسۇپ بەزى مىنېراللارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئىش ـ پائالىيەت** قىلىنغان ئىش ـ ھەرىكەتلەر: ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلغار ئىش ـ پائالىيەتلىرى بىلەن فابرىكىدا ناھايىتى چوڭ تەسىر قوزغىغانىدى.

**ئىشپىيون** ئى [ر<نېم] دۆلەتنىڭ مۇھىم ئاخباراتىنى ۋە ھەربىي سىرلىرىنى مەخپىي ھالدا ئىگىلەپ، ئۇنى ئوغرىلاپ باشقا مەملىكەتكە، دۈشمەن تەرەپكە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان شەخس، جاسۇس.

**ئىشپىيونلۇق** ئى ئىشپىيونلارغا يۈكلەنگەن ئىش، ۋەزىپە؛ جاسۇسلۇق: مەن مىللىي ئارمىيەنىڭ جەڭچىسى، يەنە كېلىپ باتۇر جەڭچىسى بولغان، لېكىن مەن كونىشەھەردە ئىشپىيونلۇق قىلىش ئۈچۈن قالغان ئەمەسمەن.

**ئىشتاب (ئىشتابى)** ئى [ر<نېم] ① <ھەرب> ھەربىي قىسىملارنىڭ قوماندانلىق ئورگىنى: باش ئىشتاب. پولك ئىشتابى. * بۇ ئورۇنغا يەنە باتاليون ئىشتابى جايلاشقانىدى. ② كۆچمە. يەرلىك ئورۇنلاردىكى بىرەر ئىنشائات ياكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا بىتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان فۇنكسىيەلىك ئورگان، رەھبەرلىك ئاپپاراتى: سۇ قۇرۇلۇشى قوماندانلىق ئىشتابى. ئورمان ئاسراش قوماندانلىق ئىشتابى.

**ئىشتات** I **(ئىشتاتى)** ئى [ر] <نېم> بەزى كاپىتالىستىك فېدېراتىپ دۆلەتلەردىكى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان مەمۇرىي، تېررىتورىيەلىك بىرلىك: ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى. كالىفورنىيە ئىشتاتى.

**ئىشتات** II **(ئىشتاتى)** ئى [ر<نېم] تەشكىلىي ئاپپاراتلار، ئۇنىڭدىكى خادىملارنىڭ سانى ھەمدە ئۇلارغا تەقسىملەنگەن ۋەزىپە قاتارلىقلار ھەققىدە يۇقىرىدىن پىلان بويىچە چۈشۈرۈلگەن نورما، سان: ئىشتات كەم. ئىشتات تولۇق. ئىشتاتنى قىسقارتماق. كادىرلار ئىشتاتى. ئىشتاتتىكى ئىشچى.

**ئىشتاتلىق** سۈپ. ئىشتاتقا ئىگە، ئىشتات ئىچىدىكى، ئىشتاتقا كىرگۈزۈلگەن: ۋاھىد ئەمدى ئىشتاتلىق كادىر بولۇپ قالدى، تويىمۇ قىلىنىۋالدى.

**ئىشتان** ئى [ر] تەنىنىڭ بەلدىن تۆۋەنكى قىسمىغا كىيىلىدىغان، ئۇزۇن ئىككى پاچاقلىق كىيىم؛ شىم: ئىشتان كىيمەك.

**ئىشتانغا چىقىرىۋەتمەك** قورقىنىدىن چىچىۋەتمەك، ھەددىدىن زىيادە قورقماق: كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدا شاكىرنىڭ ئىشتانغا چىقىرىۋەتكەنلىكى توغرىسىدا قىزىق گەپلەر بار.

**ئىشتىنى تىزىدىن ئاشماسلىق** نامراتلىقتىن قۇتۇلالماسلىق: ئۇ ئىشتىنى تىزىدىن ئاشماي ئالەمدىن ئۆتتى.

**ئىشتىنىغا پىت تاشلىماق** ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلماق، زىددىيەت، ئىختىلاپ تۇغدۇرماق، ئىچكى ياقتىن كۈشكۈرتۈپ زىتلاشتۇرماق: قايسى كۈنى جانابلىرى ئەقىل چىرىغىمغا ياغ قۇيغاندىن كېيىن مەن نەچچە كىشىنىڭ ئىشتىنىغا پىت تاشلىدىم، ئىشىنىمەنكى، خەلق چوقۇم تىركىشىدۇ، غوۋغا چىقىدىغانلىقى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

**ئىشتىنى ئىككى بولۇپ قالماق** ئاز ـ پاز پۇل ـ مالغا ئېرىشىپ، ھال ـ كۈنى ياخشىلانماق: ئۇنىڭ ئىشتىنى ئىككى بولۇپ قاپتۇ، شۇڭا تىلى ئۇزىراپ قالدى.

**ئىشتانباغ** ئى [ئىشتان + باغ] ئىشتاننى كۆتۈرۈپ تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈلىدىغان شوينا.

**ئىشتانبېغى بوش** ئاسان ئېرىپ كېتىدىغان، ئەخلاقى ناچار؛ شاللاق، ئىرادىسىز (ئاياللار ھەققىدە): ئۇ خوتۇننىڭ ئىشتانبېغى بوش ئىكەن دەپ ئاڭلىدىم.

**ئىشتانپايپاق** ئى [ئىشتان + پايپاق] ئۈستى ئىشتان، ئۈچى پايپاقتىن ئىبارەت بولغان ھەمدە بۇ ئىككىسى بىرىكتۈرۈپ تىكىلگەن ياكى توقۇلغان بىر خىل كىيىم. بۇنى كۆپىنچە باللار ۋە ئاياللار كىيىدۇ.

**ئىشتانچاق** سۈپ. ئىشتاندىن باشقا ھېچنېمە كىيمىگەن، پەقەت ئىشتانلا كىيگەن: ئىشتانچاق يۈرمەك.

**ئىشتانسىز** سۈپ. ئىشتىنى يوق، ئىشتان كىيمىگەن: ئىشتانسىزنىڭ چۈشىگە ئىككى غېرىچ بۆز كىرىپتۇ (ماقال).

**ئىشتانكا** ئى [ر<نېم] <تەن> ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ئەسۋابى. ئادەتتە تۆمۈر كالتەكنىڭ ئىككى ئۇچىغا تەخسىسىمان يۇمىلاق تۆمۈرلەرنى بېكىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. تەخسىلىرىنىڭ ئەڭ

ئېغىرى 25 كىلوگىرام، ئەڭ يېنىكى 1.25 كىلوگىرام كېلىدۇ.

**ئىشتان - كۆڭلەك** ئىشتان ۋە كۆڭلەك: ئىشتان - كۆڭلەك سېتىۋالماق. ئىشتان كۆڭلەكنى سالماق.

**ئىشتانگېنىسركۇل** ئى [ر<نېم] ماشىنا دېتاللىرى ۋە ھەر خىل ئىشلەنمىلەرنىڭ ئىچكى - تاشقى دىيامېتىرى ياكى ئۇلارنىڭ قېلىنلىق دەرىجىسى قاتارلىقلارنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئەسۋاب. زىللىق دەرىجىسى 0.02 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ.

**ئىشتانلىق** سۈپ ① ئىشتىنى بار، ئىشتان كىيگەن: يولنىڭ ئۇ قېتىدىكى كۆك ئىشتانلىق كىشى مېنىڭ بىر نەۋرە ئاكام بولىدۇ. ② ئىشتان بولىدىغان، ئىشتان چىقىدىغان ياكى ئىشتان تىكىشكە، كىيىشكە باب: بىر ئىشتانلىق رەخت. ئىككى ئىشتانلىق سارجا.

**ئىشتە** ئۈن. ئاياللارنىڭ بىرەرسىنىڭ قىلغان بىرەر ئىش - ھەرىكىتى، گەپ - سۆزى قاتارلىقلار كۆڭلىگە ياقماي قالغاندا نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىدىغان سۆزى: ئىشتە! نېمە قىلغىنىڭ بۇ!

**ئىشتەي** ئى [ئە] جان ت → **ئىشتىھا:** ئاش يوق - ئىشتەي يوق (ماقال). * مەسۇم مايلىرى ئېقىپ، گۆشلىرى تىترەپ تۇرغان بىر تەخسە پېتىر مانتىنى ئىشتەي بىلەن يېمەكتە ئىدى.

**ئىشتىراك** ئى [ئە] يېزت. بىرەر ئىش - ھەرىكەت، ۋەقە ياكى توي، مۇراسىم، مەجلىس، يىغىن قاتارلىقلارغا قاتنىشىش، بېرىش؛ داخىل: ئىشتىراك قىلماق. ئىشتىراك ئەتمەك.

**ئىشتىراكچى** ئى. بىرەر ئىش - ھەرىكەت، ۋەقە، يىغىن، مۇراسىم، مەرىكە، ئولتۇرۇش سورۇنلارغا ئىشتىراك قىلغۇچى، قاتناشقۇچى كىشى: مەجلىس ئىشتىراكچىلىرى. * توختىنىياز زورغا قاراشلىق ئۈچ پەيجاڭنىڭ بىرى بولغان ھوشۇر كانتومۇ ئاشۇ ئىشلارنىڭ ئىشتىراكچىسى ئىدى.

**ئىشتىك** ئى [ر] مىلتىققا ئورنىتىلغان نەيزە، تىغ: ئىشتىك سانجىماق.

**ئىشتىھا** ئى [ئە] كىشىنىڭ يېمەك - ئىچمەككە كۆڭلى تارتىشى؛ مايىللىقى: ئىشتىھا بىلەن يېمەك. * ئۇلار ئىشتىھا بىلەن كاۋاپ يېيىشتى.

**ئىشتىھاسىزلىق** ئى. ئىشتىھاسى يوقلۇق، يېيىشكە كۆڭلى تارتماسلىق: تاماقنى ئىشتىھاسىزلىق بىلەن يېمەك.

**ئىشتىھالىق** سۈپ. ئىشتىھاسى بار، ئىشتىھاسى ياخشى: ئىشتىھالىق ئادەم. * كۆزنىتىدۇ باشلىقلىرىنىڭ ئارزۇسى نە، خۇلقى - پەيلىچۇ، ئىشتىھالىق قايسى تائامغا، تەلپۈنۈشى - كۆڭۈل مەيلىچۇ.

**ئىشتىياق** ئى [ئە] بىرەر ئىش ياكى بىرەر نەرسە، ئىشقا بولغان زور قىزىقىش؛ زوق، ھەۋەس: سارىخان ئانا باغ ئارىسىدىكى بىر تاسما بوش يەرگە ئىشتىياق بىلەن گۈل ئۆستۈرۈپ، ھويلا ئىچىنى چوغدەك قىزارتتى.

**ئىشچان** سۈپ. ئىشتىن باش تارتمايدىغان، ئىشنى ياخشى كۆرىدىغان؛ ئەمگەكچان، ئەمگەك سۆيەر: ئىشچان قىز. ئىشچان يىگىت. * بۇرۇنقى زاماندا ناھايىتى ئىشچان بىر باغۋەن ئۆتكەنىكەن.

**ئىشچانلىق** ئى. ئىشچانلارغا خاس خاراكتېر، ئىشچانلارغا خاس مىجەز ياكى ھالەت، ئەمگەكچانلىق: ئۇمۇ مايسەمنى جېنىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرەتتى. ئەل - يۇرت ئارىسىدا قىزنىڭ قەيسەرلىكى، ئىشچانلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى.

**ئىشچى** ئى. جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاساسەن ئىش ھەققى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئەمگەكچى، پىشقەدەم ئىشچى؛ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى.

**ئىشچى ھەرە** <زوئول> ھەسەل ھەرىلىرى ئىچىدىكى كۆپەيىش ئورگىنى مۇكەممەل تەرەققىي قىلمىغان چىشى ھەرە. تېنى كىچىك، سېرىققا مايىل كۈل رەڭ كېلىدۇ. قانىتى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇچۇشقا ماھىر كېلىدۇ. نەشتىرى بار. قورساق قىسمىدا موم ماددىسىنى ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان موم بېزى بار، ئارقا ئىككى پۇتىدا چاڭدىنى بار. ئادەتتە ئۇ كۆنەك ياساش، گۈل چېكى ۋە گۈل شىرنىلىرىنى يىغىش، لىچىنكا ھەم ئانا ھەرىلەرنى بېقىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ، ئۇرۇقلىنالمايدۇ.

**ئىشچى - خىزمەتچى** دۆلەتنىڭ ئىشچىسى ۋە كادىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ: ئىدارە ئىشچى - خىزمەتچىلىرى.

**ئىشچى - دېھقان** ئىشچى ۋە دېھقان: ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقى.

**ئىشچىلىق** ئى. ئىشچىلارغا يۈكلەنگەن، ئىشچىلار قىلىدىغان ئىش، كەسىپ: ئىشچىلىققا قوبۇل قىلماق.

**ئىشخانا** ئى ① ئىش قىلىدىغان بىرەر جاي، ئورۇن، دۇكان، ئۆي، سېخ ۋە شۇ قاتارلىقلار: تۆمۈرچىلىك ئىشخانىسى. ② ئىش، خىزمەت قىلىنىدىغان جاي، مەمۇرىي ياكى كەسپىي ئىش بېجىرىش ئۆيى: ئىدارە ئىشخانىسى. مۇدىر ئىشخانىسى.

**ئىشداش** ئى. ئۆزى بىلەن بىللە بىر خىل ئىش، كەسپىنى ئىشلىگۈچى ياكى قىلىۋاتقان ئىش-ھەرىكىتى، كەسپى بىر خىل، ئوخشاش بولغان كىشى: ئۆيىمىزگە شەنبە، يەكشەنبە كەچلىرى رەپقەتىنىڭ ئاغىنىلىرى بىلەن مېنىڭ يېڭى ئورۇنلاشقان مەكتىپىمدىكى ئىشداشلىرىم يىغىلاتتى.

**ئىشداشلىق** سۈپ. ئىشداشلاردا بولىدىغان، ئىشداشلاردا بولۇشقا تېگىشلىك: ئۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل ئىشداشلىق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىم ئۈچۈنمۇ، قانداق، ئۇنىڭغا بىرئاز ئىچىم ئاغرىغاندەك بولۇپ قالدىم.

**ئىشرەت** ئى [ئە] كەيپ - ساپا، ئەيش، ئەيش - ئىشرەت: ئىشرەت قىلماق. ئىشرەت قىزىپ كەتمەك. * ئەي ساقىي شاراب تۇت، بىل بۇ دەم ئىلھام ماڭا ئۇلپەت، نەئىلھام، بۇ زىبا گۈل يۈز مېنىڭ بىرلە قىلۇر ئىشرەت.

**ئىشرەتپەرەس** ئى [ئە + پ] كەيپ - ساپاغا، ئەيش-ئىشرەتكە قاتتىق بېرىلگەن، ئىشرەتنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم؛ ئىشرەتخۇمار: ئۇ شۇ قىزنى قولتۇقلاپ ئەيش - ئىشرەت بەزمىلىرىگە ئەكىرىشنى ئۆزى ئۈچۈن شان - شۆھرەت ھېسابلايدۇ. ئۇ ئاجايىپ ئىشرەتپەرەس ئادەم ئىكەن.

**ئىشرەتپەرەسلىك** ئى. كەيپ - ساپاغا، ئەيش - ئىشرەتكە قاتتىق بېرىلىش ھالىتى، ئىشرەتخۇمارلىق: ئىشرەتپەرەسلىك قىلماق. * سەمەت ئىشرەتپەرەسلىككە بېرىلىپ كېتىپ، ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاسلا قالدى.

**ئىشرەتخانا** ئى [ئە + پ] ئىشرەت قىلىنىدىغان جاي، ئىشرەتگاھ: ئاتىسى ئەۋەتكەن ئالتۇن - كۈمۈشلەر يۈگۈرتتى ھەر ئاخشام ئىشرەتخانىغا، ئۆتكۈزدى ئون يىلنى بېرىلىپ شېرىپ ئىستامبۇل سەتىڭى، مەي - شارابىغا.

**ئىشرەتخۇمار** سۈپ [ئە + پ] كەيپ - ساپاغا، ئەيش - ئىشرەتكە ئامراق، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىشنى، ئەيش-ئىش-

رەت قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان: ئىشرەتخۇمار ئادەم. * ئىشرەتخۇمار كىشىلەر ھەر دائىم بۇ يەرگە كېلىپ تۇرىدىكەن.

**ئىشرەتخۇمارلىق** ئى. كەيپ ـ ساپاغا، ئەيش ـ ئىشرەتكە قاتتىق بېرىلىش ئادىتى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئامراقلىق: ئۇ ئىشرەتخۇمارلىقتا بېرىلىپ كېتىپ، بالىچاقىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغىلى قىل قالدى

**ئىشرەتگاھ** ئى [ئە + پ] ← **ئىشرەتخانا.**

**ئىشرەتلىك** سۈپ. ئەيش ـ ئىشرىتى بار، ئەيش ـ ئىشرەتكە تولغان، كەيپ ـ ساپالىق: بىز بۇنىڭدىن پىرئەۋنلەرنىڭ ئىشرەتلىك تۇرمۇشىنى ھەمدە ئېھرام قۇرۇلۇشىدىكى ئەقىلدىن ھالقىغان لاتاپەتلىك ھەيۋەتنى كۆرگەندەك بولىمىز.

**ئىشسىز** سۈپ ① قىلىدىغان ئىشى يوق، بىكار، بوش: بىلىمسىزگە ئىش يوق، ئىشسىزغا ئاش يوق (ماقال). ② ئىش، خىزمەت بىلەن تەمىنلەنمىگەن؛ ئىش، خىزمەت تاپالمىغان؛ خىزمەتسىز: ئىشسىز ئادەم. * بۇ كىشى ھازىر ئىشسىز ئىكەن، شۇڭا بۇگۈن ئۇ ئۆز ئەھۋالى توغرىسىدا ھال ئېيتىپ كەپتۇ.

**ئىشسىزلىق** ئى. ئىش، خىزمەت بىلەن تەمىنلەنمىگەن، خىزمەت تاپالمىغان ھالەت، خىزمىتى يوقلۇق: ھازىر جەمئىيەتىمىزنى ئىشسىزلىق قاپلىدى.

**ئىششەك** مىق. يېڭى جىڭدا بەش جىڭغا، كونا جىڭدا تۆت جىڭغا تەڭ كېلىدىغان ئېغىرلىق ئۆلچىمى.

**ئىششەك ـ نىمئىششەك** كىچىككىنە، ئازراقلا، ئازغىنا: ـــ ھى، .. ھى... ھى، ـــ كۈلۈپ كەتتى ئابلا ئىشەنمىگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ، ـــ چاقچاق قىلمىسىلا، ئۆزۈڭلەر بەرگەن ئىششەك ـ نىمئىششەك ئاشقا شۈكۈر ـ قانائەت قىلىپ كەلدىم.

**ئىششىتماق** «ئىششىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالا ئۇنىڭ كۆزىنى ئۇرۇپ ئىششىتتى.

**ئىششىق** ئى. ئورگانىزم توقۇلمىلىرىنىڭ تاشقى تەسىر ياكى كېسەللىك (بەدەننىڭ مەلۇم قىسمى ياللۇغلىنىش، قىزىرىش، يىرىڭداش، سۇنۇش، قاتتىق ئۇرۇلۇش قاتارلىق كېسەللىك) لەر تۈپەيلى بۆرتۈپ چىقىشى، كۆپچۈشى: ئىششىقنى ياندۇرماق.

**ئىششىماق** پ. ئورگانىزمدا ياكى ئۇنىڭ بىرەر قىسمىدا تاشقى تەسىر ياكى كېسەللىك تۈپەيلى قاپارتما ھاسىل بولماق: ماھىرەنىڭ قاپاقلىرى ئىششىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

**ئىشغال** ئى [ئە] قولغا ئېلىش، ئىگىلەش، بېسىۋېلىش، تارتىۋېلىش: شەھەرنى ئىشغال قىلماق. ئىستىھكامنى ئىشغال قىلماق. پوتەينى ئىشغال قىلماق.

**ئىشغالىيەت** ئى [ئە] ئىشغال قىلىش ئىشى، ئىگىلىۋېلىش، بېسىۋېلىش، بېسىپ كىرىش: دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى رايون. * ۋەزىيە ئالغان قىسمىمىز ئىشغالىيەت دائىرىسىدىكى تاغ ـ جىلغىلارنىڭ ھەممە يېرىنى تەكشۈردى.

**ئىشغالىيەتچى** ئى. ئىشغال قىلغۇچى: چەت ئەل ئىشغالىيەتچىلىرى دۆلىتىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، دۆلەتنى مۇنقەرز، خەلقنى خانىۋەيران قىلماقچى بولدى.

**ئىشق** ئى [ئە] ① يارغا بولغان مۇھەببەت، سۆيگۈ: ئىشق سەۋداسى. يار ئىشقىدا كۆيمەك. * ئىشقى يوق ياردىن ئىسسىق ئوچاق ياخشى (ماقال). * ئىشق ئوتى پۇۋلىگەنگە ئۆچمەس (ماقال). ② زور ئىشتىياق، مەيل: ۋەتەن ئىشقى. بىلىم ئىشقى.

**ئىشقار** ئى <خىم> ئېلېكترولىت ئىيونلانغاندا ھاسىل قىلغان مەنپىي ئىيونىنىڭ ھەممىسى ھىدروكسىل ئىيونى ( OH ) بولغان بىرىكمە.

**ئىشقارخور** سۈپ <خىم> ئىشقار يەيدىغان، ئىشقار قوبۇل قىلىدىغان.

**ئىشقارخۇمار** سۈپ <بىيول> ئىشقارنى ئۆزىگە كۆپ سىڭدۈرگەن، ئىشقارنى كۆپ قوبۇل قىلغان ياكى قوبۇل قىلىدىغان، ئىشقار قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك: غەيرىي بويلىدىغان دانىچە دېگىنىمىز بىر خىل ئىشقارخۇمار دانىچە ماددىدىن ئىبارەت.

**ئىشقارلىق** سۈپ ① ئىشقارى بار. ئىشقار ئارىلاشتۇرۇلغان: ئىشقارلىق سۇ. ئىشقارلىق بوياقلار. ② ئىشقار ۋاستىسىدە ئىشلىتىلىدىغان: ئىشقارلىق ئاككۇمۇلياتور.

**ئىشقارىي** سۈپ <خىم> ① ئىشقار ھاسىل قىلغۇچى ياكى ئىشقار ھاسىل قىلىدىغان: ئىشقارىي مېتاللار. ② ئىشقارلىق، ئىشقار خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان: ئىشقارىي ئېرىتمە.

**ئىشق ـ پىراق** ئىشق ۋە پىراق، مۇھەببەت ۋە جۇدالىق: گۇلەمبەر ئانارنى پۇراپ، خۇددى سەمەندەرنى كۆرگەندەك بوپتۇ ـ دە، ئىشق ـ پىراقى تېخىمۇ كۈچىيىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

**ئىشقسىز** سۈپ. ئىشقى يوق، ئىشقى بولمىغان: بىلكى ئابدۇللا، ئىشقسىز كىشىدىن ياخشى گىياھ، سۆيگۈ يانغان دىل ئەبەد ئەتىۋار ھېچ خار ئەمەس.

**ئىشق ـ مۇھەببەت** ئىشق ۋە مۇھەببەت، سۆيگۈ: ئىشق ـ مۇھەببەت ھېكايىسى.

**ئىشقۋاز** سۈپ [ئە + پ] مېھرى چۈشكەن، ھەۋەس قىلغان، مۇھەببەتكە بېرىلگەن، ھەۋەسمەن؛ ھېرىسمەن: ئىشقۋاز ئادەم.* تەلىيىمگە ئەھمەتجان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەن، ئىلىم ـ پەنگە ئىشقۋاز يىگىت ئىكەن.

**ئىشقۋازلىق** ئى. مېھرى چۈشۈش، ھەۋەس قىلىش ھالىتى، ھەۋەسمەنلىك؛ ھېرىسمەنلىك: ئەمەت ئۇستا كېيىنكى ئىككى يىلدا گۈللەرنى ناھايىتى ئىشقۋازلىق بىلەن بېرىلىپ پەرۋىش قىلدى.

**ئىشقىلاتماق** «ئىشقىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىشقىلاشماق** «ئىشقىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىشقىلانماق** «ئىشقىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىشقىلىپ** يۈك [ئىش + قىل + ئىپ] جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، «قانداق بولمىسۇن، قانداقلا بولمىسۇن، ھەرھالدا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: مەن سىزگە قانچىلىك كۆز يېشىم ئاققىنىنى ھېسابلاپ كۆرسەتمەكچى ئەمەسمەن، ئىشقىلىپ كۆز يېشىم ئاقمىغان بىرمۇ كۈن يوق.

**ئىشقىلىماق** پ. قول بىلەن قاتتىق بېسىپ، ھىمىرىپ سىلىماق، ھىمىرىپ ئەزمەك: نەۋرىخان ئاچىنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى، بىئارام بولغىنىدىن، كېپەك يۇقى قوللىرىنى ئىشقىلايتتى.

**ئىشقىي** سۈپ. ئىشققا ئائىت، ئىشققا خاس: شېئىرىيىتىمىزگە قارايدىغان بولساق، ئىشقىي ھەرىكەتلەر، بولۇپمۇ قىز ـ ئاياللارنىڭ مىجەز ـ خۇلقىغا ئائىت پېئىللارنىڭ بىر قارىسا ئوخشاپ كېتىدىغان، لېكىن نازۇك پەرقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى تالايلاپ ئۇچرىتىمىز.

**ئىشكاپ** ئى [ر] ئىچىگە تۈرلۈك نەرسىلەرنى سېلىپ قويىدىغان، تىك ھەم ساندۇقسىمان جاھاز.

**ئىشكالا** ئى [ر<لات] ① <ماشىن> ئۆلچىگۈچ، سائەت

قاتارلىق ئەسۋابلار ئۈستىگە ئويۇلغان ياكى سىزىلغان ھەمدە ھەر خىل مىقدارلار (رازمېر، تېمپېراتۇرا، توك بېسىمى قاتار-لىقلار)نىڭ چوڭ - كىچىكلىك دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدىغان سان - سىپىر ۋە سىزىقلار. ② مىقدار، دەرىجە، تېمپېراتۇرا، خۇسۇسىيەت ۋە شۇ قاتارلىقلارنى ئۆلچەش ياكى باھالاش ئۈچۈن قوبۇل قىلىنغان سانلار سىستېمىسى: سېلسىيە ئىشكالىسى. فارېنگېيت تېمپېراتۇرا ئىشكالىسى.

**ئىشكەل** ئى [ئە] جىنايەتچىلەرنىڭ پۇتىغا سېلىپ قۇلۇپلاپ قويۇلىدىغان، مېتالدىن ياسالغان ھالقىسىمان جازا قورالى؛ كىشەن: ئىشكەل سالماق.

**ئىشكەللەشمەك** «ئىشكەللىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرد-جىسى: جاللاتلار لۈتپۇللا قاتارلىق خەلقچىل زىيالىيلارنىڭ پۇت - قوللىرىنى ئىشكەللىشىپ، جازا مەيدانىغا ئېلىپ مېڭىشتى.

**ئىشكەللەنمەك** «ئىشكەللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرد-جىسى: پۇت - قوللىرى ئىشكەللەنگەن جىنايەتچىلەر سوت مەيدانىغا يالاپ ئېلىپ كېلىندى.

**ئىشكەللىمەك** پ. ئىشكەل سالماق، ئىشكەل سېلىپ تېز يۆرەلمەس قىلىپ قويماق: ساقچىلار ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىنى ئىشكەللىدى.

**ئىشلەپچىقارماق** پ [ئىشلەپ + چىقارماق] ئەمگەك ئارقى-لىق ماددىي بايلىق ياراتماق: بۇ زاۋۇت كۈنىگە ئوتتۇز دانە تېلېۋ-ۋىزور ئىشلەپچىقىرىدۇ.

**ئىشلەتمەك** ① «ئىشلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-جىسى: ئۇ مېنى ھەر كۈنى ئون سائەتتىن ئارتۇق ئىشلىتىدۇ. ② پايدىلانماق، قوللانماق، ئىشقا سالماق؛ رولى ۋە كۈچىنى جارى قىلدۇرماق: ئەسۋاب ئىشلەتمەك. ماتېرىيال ئىشلەتمەك. قەغەز ئىشلەتمەك. جابدۇق ئىشلەتمەك. ③ خەجلىمەك؛ سەرپ قىلماق: پۇل ئىشلەتمەك. ياغ ئىشلەتمەك. سۇ ئىشلەتمەك.

**ئىشلەشمەك** «ئىشلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۇزۇن يىللار بىللە ئىشلەشتى.

**ئىشلەمچان** سۈپ. ئىشلەشنى ياخشى كۆرىدىغان، ئەمگەك سۆيىدىغان، ئەمگەك سۆيەر، ئىشچان: بۇ بالا كىچىكىدىنلا شۇنداق ئىشلەمچان، ئەقىللىق بىر بالا بولدى.

**ئىشلەمچانلىق** ئى. ئىشلەشنى ياخشى كۆرىدىغان خۇسۇ-سىيەت، ئەمگەكنى سۆيىدىغان كەيپىيات، ئىشچانلىق: بۇ قىزنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ ئىشلەمچانلىقى ئاتا - ئانىسى ۋە قوشنىلار-نى ھەيران قالدۇراتتى.

**ئىشلەمچى** ① ئى. جىسمانىي ئەمگەك بىلەن تىرىكچىلىك قىلغۇچى ئادەم؛ مەدىكار؛ ئەمگەكچى: مېرۇل قېرىنىنىڭ چاپارمەن-لىرى ھەرىكەتكە كەلسىمۇ، ئىشلەمچىلەر بۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى. ② سۈپ. ئەمگەكچان، ئىشچان: شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئوتتۇنچى قىزى بىلەن بەخت - دۆلەتكە ئىگە بولۇپ، قىزىنى ئۆزىگە ئوخشاش ساددا بىر ئىشلەمچى يىگىتكە توي قىلىپ بېرىپ، خاتىرجەم ۋە خۇشال - خۇرام كۈن كەچۈرۈشكەنىكەن.

**ئىشلەمچىلىك** ئى. جىسمانىي ئەمگەك بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش، مەدىكارلىق: ئىكەن ئەسلىي جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا، تاغام مېنى چۈشۈرۈپتۇ قىلتاقا. شۇندىن باشلاپ قالدىم تامام كوچىدا، مەجبۇر بولدۇم ئىشلەمچىلىك قىلماققا.

**ئىشلەنمە** ئى <ماشىن> ماشىنىلىق پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدىكى ئەمگەك ئوبيېكتى.

**ئىشلەنمەك** «ئىشلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىش ئىشلىنىپ بولدى. * ئۇ پىچاقنىڭ دەستىسىگە ئىشلەنگەن چىرايلىق نەقىشلەرگە كۆز سالدى.

**ئىشلىتىشچان** سۈپ. ئىشلىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان، ئىشلىتىش ئۈنۈمى يۇقىرى، ئاسان ئىشلەتكىلى بولىدىغان: ياپونىيەدە تەتقىقات تېمىسىنىڭ ئىشلىتىشچان، ئەمەلىي قوللىنىشچان بولۇشى ئاساسىي مەقسەت ئىكەن، ئىقتىسادىي، ئىجتى-مائىي ئۈنۈمى بولمىغان ھەرقانچە ئۇلۇغ گەپنى رەت قىلىدىكەن.

**ئىشلىتىشچانلىق** ئى. ئىشلىتىش خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلى-تىش ئۈنۈمى يۇقىرىلىق: بۇ ئۈسكۈنىنىڭ ئىشلىتىشچانلىقى ناھا-يىتى ياخشى ئىكەن، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىشلەتكىلى بولىدىكەن.

**ئىشلىق** سۈپ. قىلىدىغان ئىشى بار: ئىشلىقنىڭ ئىشى پۈتەر، ئىشسىزنىڭ كۈنى ئۆتەر (ماقال).

**ئىشلىمە** ئى. ئىشلەش، ئىشلەپچىقىرىش: يۇقىرى، يېڭى تېخنى-كا كەسىپلىرىنى كۈچەپ راۋاجلاندۇرۇش، ئۈسكۈنە - جابدۇق ئىشلىمە سانائىتىنى زور كۈچ بىلەن گۈللەندۇرۇش، ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆزگەرتىش كېرەك.

**ئىشلىمەك** پ ① ئىش بىلەن مەشغۇل بولماق، ۋاقىتنى ئىش قىلىش بىلەن ئۆتكۈزمەك، ئەمگەك قىلماق، مېھنەت قىلماق: زاۋۇتتا ئىشلىمەك. كۆمۈر كانىدا ئىشلىمەك. ئېتىزدا ئىشلىمەك. * بوي ئىشلىمەس، قول ئىشلەر (ماقال). * كەمبەغەل ئىشلەپ ھارماس، باي چىشلەپ ھارماس (ماقال). ② بىرەر خىزمەتنى ئۆتىمەك، خىزمەت قىلماق، ئادا قىلماق، بېجىرمەك ياكى مۇلازىمەت قىلماق: گۈلجەننەت مۇشۇ دوختۇرخانىدا ئىشلەيدۇ. ③ بىرەر ئىشنى، ۋەزد-پىنى ھۆددىگە ئالغان ئاساستا ئىش قىلماق: مەن كېيىنچىرەك مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدىم. ④ بىرەر نەرسە ياسىماق، ياساپ چىقارماق، ھازىرلىماق: قەغەز ئىشلى-مەك. توڭلاتقۇ ئىشلىمەك. ⑤ بىرەر نەرسىنى، ئىشنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرمەك، ئىجاد قىلماق، ياراتماق، ۋۇجۇدقا چىقار-ماق: فىلىم ئىشلىمەك. * چاپلىن ئۆزىنىڭ بۇ خاس ئۇسلۇبى بىلەن 1915 - يىلدىن باشلاپ ئوتتۇز يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە قىرىق نەچچە كىنو ئىشلىدى. ⑥ قىلماق، تىكمەك: كۆڭلەككە كەشتە ئىشلىمەك. ⑦ ھەرىكەتتە بولماق، رولى بولماق، كارغا كەلمەك: بۇ ماشىنا ھازىرمۇ ئىشلەيدۇ. ⑧ ئۆز فۇنكسىيەسىنى، رولىنى، ئىقتىدا-رىنى، ۋەزىپىسىنى نورمال جارى قىلماق، ئەسلىدىكى خىزمەت ئىقتىدارىنى ساقلىماق: كاللىسى ئىشلىمەك. * ئۇنىڭ ئوڭ كۆزى ئىشلىمەيدۇ. ⑨ ئەسقاتماق، كارغا كەلمەك، رولى بولماق: سېنىڭ ھۈنىرىڭ بۇ يەردە ئىشلىمەيدۇ. * ھازىر داۋالاش كىنىشكىسى ئىشلىمەي-دىغان بولۇپ قالدى. ⑩ بىرەر ئىش، مەسىلە قاتارلىقلارنى ھازىر-لىماق، تەييارلىماق، بېجىرمەك: تاپشۇرۇق ئىشلىمەك. لايىھە ئىشلىمەك. * بۇ ئوقۇغۇچى بېرىلگەن مەسىلىنى دوسكىغا ئىشلىدى.

**ئىشمەك** ئى . ① توقۇمىنىڭ ئاستىغا ئورنىتىلغان، سېلىنغان نېپىز قىسمى؛ تەرلىك. ② قاپقاننىڭ تېگىگە قويىدىغان كىگىز.

**ئىشمەك توقۇم** توقۇمنىڭ ئاستىغا سېلىنىدىغان نېپىز توقۇم، توقۇمنىڭ تەرلىكى.

**ئىشمىر** سۈپ. دىيال. قولى ئەپلىك، چىۋەر، قولىدىن ئىش

كېلىدىغان.

**ئىش - ھەرىكەت** ئىش ۋە ھەرىكەت، پائالىيەت: ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكىتىدىن ياخشى ئادەم ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

**ئىش - ئوقەت** تىرىكچىلىك، جان بېقىش، تۇرمۇشنى قامداش يولىدا قىلىنىدىغان ھەرىكەت، ئەمگەك، تىجارەت؛ جاھاندارچىلىق: باشقا شەھەرلەرگە بېرىپ ئىش - ئوقەت قىلايلى دەپ چىقمۇدۇق، بۇ يەرگە كەلگەندە كەچ بولۇپ قالدى.

**ئىشۋاز** ئى. ئىشقا بېرىلگەن، داۋاملىق ئىشلەپ تۇرىدىغان ئادەم: — لېكىن مەن ھەر مىللەت چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش ئىشۋازلىرىدىن، — دېدى نىزام.

**ئىشۋازلىق** ئى. ئىشقا بېرىلىپ، كىرىشىپ كېتىش، ھەركۈنى دېگۈدەك باش كۆتۈرمەي ئىشلەش: ئىشۋازلىق قىلماق. * ئىشۋازلىق بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئادەمگەرچىلىكتىن قالدۇق، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىزنى ۋاقتىدا يوقلىيالمىدۇق.

**ئىشتكۈزمەك** «ئىشتىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ گېپىنى بىزگە ئىشتكۈزۈش مەقسىتىدە خېلى سۆزلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدۇق.

**ئىشتىمەك** پ ① تاۋۇش ئاڭلاش ئورگانىزمى ئارقىلىق قوبۇل قىلماق، ئاڭلىماق: گەپ ئىشتىمەك، ھاقارەت ئىشتىمەك. ② قۇلاق سالماق، تىڭشىماق: بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ دەردىنى كىم ئىشتىمەكچى؟ ③ ئاڭلاپ خەۋەر تاپماق، بىلمەك، خەۋەردار بولماق، باشقىلارنىڭ گەپ-سۆزىدىن بىلىۋالماق: — ئۇزۇندىن بېرى شۆھرەتلىرىنى ئىشتىپ يۈرمەن، قانداق قىلىپ تەقدىر - پەلەك سىلەرگە يار بەرمەيۋاتىدۇ؟ — دېدى ئۇ.

**ئىشتىشمەك** «ئىشتىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھېيت نامىزىنى ئۆتەپ بولۇشقان جامائەت سەلدىن كېيىن ئىمامنىڭ ۋەز - نەسىھەتىنى ئىشتىشكە باشلىدى.

**ئىشتىلمەك** «ئىشتىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: باغدا شىپاڭدا ياتقان خېنىمنىڭ قۇلىقىغا ناخشا ئاۋازى ئىشتىلىپ، يۈرىكىغا يۈرتىنىڭ پۇرىقى پۇرىغاندەك بوپتۇ.

**ئىشىك** ئى ① ئۆي، خانا، بىنا، ھويلىلارنىڭ كىرىپ - چىقىدىغان يېرىگە ئورنىتىلغان، ئېچىپ-يېپىپ تۇرۇشقا ماسلاشقان قۇرۇلمىسى: ئۆينىڭ ئىشىكى. ھويلىنىڭ ئىشىكى. ئىشىك قانىتى. ئىشىكنىڭ بوسۇغىسى. * لۇتپۇللا مۇتىرىدىن ئىككىلىكىنى ھېس قىلدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى. ② كۆچمە. بىر مەقسەتكە يېتىش ۋە بىرەر جايغا بېرىش ئۈچۈن يول ئېچىلغان جاي: تاتارلار بۇ يۇرتقا كېلىپ مەرىپەت ئىشىكى ئاچتى.

**ئىشىك ئاچتى** دىيال. تويدىن ئاۋۋال ئەلچىلەر قىز سوراپ كېلىپ بولغاندىن كېيىن قىز تەرەپ ماقۇل كۆرسە، ئاياللار تاۋاق كۆتۈرۈپ بارىدۇ.

**ئىشىكنى تاقىۋېلىش سىياستى** <تارىخ> بىر دۆلەتنىڭ چەت ئەل بىلەن ھېچقانداق ئالاقە قىلماسلىق ئۈچۈن، چىقىش ئېغىزلىرىنى ئېتىش ۋە دۆلەت چېگرالىرىنى قامال قىلىش ھەققىدە دۆلەت ئىچىدە يۈرگۈزگەن بىر خىل بېكىنمىچىلىك سىياستى.

**ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياستى** <س ئىق> بىر دۆلەتنىڭ چەت ئەل بىلەن تاۋار، تېخنىكا، بايلىق ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن قوللانغان سىياستى.

**ئىشىك ئۇچى** <بىن> ئىشىك ئۈستىدىكى تامغا بېلىق سىرتى شەكلىدە چىقىرىلغان نەقىش.

**ئىشىكمىز ئوچۇق** «كېلىڭ، قارشى ئالىمىز» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: — نېمە ھاجىتىڭىز چۈشسە كېلىۋېرىڭ، ئىشىكمىز ئوچۇق، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

**ئىشىكئاغىسى** ئى [ئىشىك + ئاغا + سى] تارس. بۇرۇنقى خان ئوردىسىدا تۇرۇپ ئىشىككە قارايدىغان، ئوردا ئىشىكىدىن كىرگەن خاس - ئەمەلدار ۋە باشقىلارنىڭ كىرگەن - چىقىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلىدىغان كىشى: ئابدۇللا بەگچەك — ئوردا ئىشىكئاغىسى، خانغا سادىق، قىرىق ياشلاردىكى كىشى ئىدى.

**ئىشىكباقار** ئى [ئىشىك + باقار] ئىشىككە قارىغۇچى ئادەم: ئوقۇتقۇچىلار ئىشىكباقارغا كۆز ئىشارىتى بىلەن نېمىلەرنىدۇر كۆرسەتتى.

**ئىشىكبېشى** ئى [ئىشىك + باش + ى] ئىشىك ۋە دېرىزىلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدىغان قىسقا ياغاچ.

**ئىشىكتە** ئى. دىيال. بوسۇغا تۈۋى، ئىشىك ئالدى.

**ئىشنەر - ئىشەنمەي** بىر ئىشىنىپ - بىر ئىشەنمىگەن ھالدا، دەرگۇمان، گۇمان بىلەن: زەينەپ ئىشىنەر - ئىشەنمەي ئۇنىڭغا قارىدى.

**ئىغۋا** ئى [ئە] ئارىنى بۇزۇش، ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلىش مەقسىتىدە قىلىنىدىغان يالغان گەپ - سۆز، ئويدۇرما، بوھتان ۋە شۇ قاتارلىقلار: ئىغۋا تارقاتماق. ئىغۋا توقۇماق. * بۇ ئادالەتسىز ئىش، پەسكەشلىك بىلەن ئويدۇرۇلغان ئىغۋا ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېيتقۇسىز ئازابلايتتى.

**ئىغۋاچى** ئى. ئىغۋا توقۇغۇچى، ئىغۋا پەيدا قىلغۇچى، تارقاتقۇچى ئادەم: — لېكىنزە، — دېدى دىلەيسخان ئەزىزخانغا قاراپ، — بۇ ئىغۋاچىنىڭ نىيىتى يامان. ئۇ راسا ئىشلار قىزىۋاتقان چاغدا ئىغۋا چىقارغانىكەن.

**ئىغۋاگەر** ئى [ئە + پ] ← **ئىغۋاچى**: — بىزدە ئىغۋاگەر بىلەن تۆھمەتخورنى جازالاش توغرىسىدا قانۇن تۈزۈلمىگەنىكەن، — دېدى ئەكبەر.

**ئىغۋاگەرچىلىك** ئى. قەستەن پىتنە - ئىغۋا ئويدۇرۇپ تارقىتىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئارىغا ئارازلىق، ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلىش ئىشى، قىلمىشى: ئىغۋاگەرچىلىك قىلماق. ئۇرۇش ئىغۋاگەرچىلىكى.

**ئىقبال (ئىقبالى)** ئى [ئە] كېلەچەك؛ بەخت، تەلەي، ئامەت؛ تەقدىر: ئىشچى، دېھقان، ئىنژېنېر، ئەسكەرلىككە يارايمىز. جاسارەتتە يۈكسىلىپ، ئىقبالغا شاد قارايمىز.

**ئىقبالسىرى** رەۋ. ئىقبالنى بويلاپ، ئىقبال بويىچە، ئىقبالنى كۆزلەپ: مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى نۇرلۇق كومپاس. ئۇلار مەن كۆرسەتكەن نىشان بويىچە ئىقبالسىرى ئىلگىرىلەيدۇ.

**ئىقباللىق** سۈپ. ئىستىقبالى، كېلەچىكى بار، كېلەچىكى پارلاق، پارلاق ئىستىقبالغا، كېلەچەككە ئىگە: ئىقباللىق يول. * بىز ئىقباللىق كۈنلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تۆت كۆزىمىز بىلەن كۈتمەكتىمىز.

**ئىقتىباس** ئى [ئە] <ئەد> ئەدەبىياتتا، بولۇپمۇ شېئىرىيەتتە باشقىلاردىن پايدىلىنىش ئاساسىدا يېزىلغان ئەسەر: ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «خەلق ماقالىلىرىدىن ئىقتىباسلار» دېگەن شېئىرى 1949 - يىلى يېزىلغان.

**ئىقتىدا** ئى [ئە] ئىخلاس، ئىخلاس قىلىش، باش قويۇش؛

ئەگىشىش، دوراش، تەقلىد قىلىش؛ بويسۇنۇش: ئىقتىدا قىلماق.

**ئىقتىدار** ئى [ئە] ① زېھنىي كۈچ، بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنى
مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئورۇنلاش، بەجا كەلتۈرۈش قابىلـ-
يىتى: ئىقتىدار ئىگىسى. يۈكسەك ئىقتىدار. ② كۈچ، كۈچ ـ
قۇدرەت، قادىرلىق: بۇ ماشىنىنىڭ ئىقتىدارى يۇقىرى ئىكەن.

**ئىقتىدارسىز** سۈپ. ئىقتىدارى، زېھنىي كۈچى، كۈچ ـ
قۇۋۋىتى يوق ياكى تۆۋەن، ئاجىز: ئىقتىدارسىز ئادەم. * ئۆتكەندە،
ئۇ باشلىق ئىقتىدارسىز دەپ قارىلىپ يۆتكىۋېتىلگەنىدى.

**ئىقتىدارسىزلاشتۇرماق** «ئىقتىدارسىزلاشماق» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى: شېئىر ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ،
چاۋشيەن يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن يادرو پىلانىنى تولۇق يوللاشقا ھەم بارلىق
يادرو ئەسلىھەلىرىنى «ئىقتىدارسىزلاشتۇرۇش»قا قوشۇلدى، دېدى.

**ئىقتىدارسىزلاشتۇرۇشماق** «ئىقتىدارسىزلاشتۇرماق» پېئىـ-
لىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىقتىدارسىزلاشتۇرۇلماق** «ئىقتىدارسىزلاشتۇرماق» پېئىـ-
لىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: خەلقئارا تىنچلىق تەشكىلاتىنىڭ
تەشەببۇسى بويىچە بولغاندا پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا يادرو ئەسلىھەلىرى
ئىقتىدارسىزلاشتۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى.

**ئىقتىدارسىزلاشماق** پ. ئىقتىدارىنى يوقاتماق، ئىقتىدا-
رىدىن ئايرىلماق، ئىقتىدارى ئاجىزلاشماق: تۇرسۇنجان خىزمەتتە
كۈندىن ـ كۈنگە ئىقتىدارسىزلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

**ئىقتىدارسىزلىق** ئى. ئىقتىدارى، زېھنىي كۈچى، كۈچ ـ
قۇۋۋىتى تۆۋەنلىك، ئاجىزلىق؛ ئىقتىدارى ئاجىز بولۇش: بۇ
ئىش ئۇ كىشىنىڭ ھەقىقەتەن ئىقتىدارسىزلىقىنى كۆرسىتىدۇ، خالاس.

**ئىقتىدارلاشماق** پ. ئىقتىدارغا ئىگە بولماق، ئىقتىدارى
ئۆسمەك، ئىقتىدارلىق بولۇپ يېتىشمەك: چىراغچىلىق ئىشلە-
رىدىكى رەقەملىشىش، تورلىشىش ۋە ئەقلىي ئىقتىدارلىشىش قەدە-
مىنىڭ تېزلىشىشى بىزگە چىراغچىلىق جەھەتتە تېخىمۇ يۇقىرى ۋە
يېڭى تەلەپ قويىدى.

**ئىقتىدارلىق** سۈپ. ئىقتىدارى بار، ئىقتىدارغا ئىگە،
ئىقتىدارى يۇقىرى، كۈچلۈك، قابىل: ئىقتىدارلىق ئادەم.
ئىقتىدارلىق سازەندە. * بۇ كىشىلەر ھەرقايسى فاكۇلتېتلاردا ئىشلەي-
دىغان داڭلىق، ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلار ئىدى.

**ئىقتىساد** ئى [ئە] ① <س ئىق> مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش
كۈچلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەت-
لىرىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ياكى ئىقتىسادىي تۈزۈم، ئۈستقۇ-
رۇلمىنىڭ بەرپا قىلىنىشىدىكى بازىس. ② <س ئىق> ماددىي
ۋاستىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش، ئالماشتۇرۇش، تەقسىم قىلىش
ۋە ئىستېمال قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەر، يەنى ئىشلەپچى-
قىرىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانى. ③ <س ئىق>
خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي نامى ياكى خەلق ئىگىلىكىدىكى
ھەرقايسى تارماقلار، يەنى سانائەت ئىگىلىكى، يېزا ئىگىلىكى،
سودا ئىگىلىكى قاتارلىقلار. ④ ئىقتىسادشۇناسلىق: ئىقتىساد
ئۆگەنمەك. ئىقتىسادتىن لېكسىيە سۆزلىمەك. ئىقتىسادتىن دەرس
بەرمەك. ⑤ سەرپىيات ۋە خىراجەتتىكى ئېھتىياتكارلىق، تېجەش-
لىككلىك: پۇلنى ئىقتىساد قىلماق. ئىقتىساد بىلەن ئىش كۆرمەك. ⑥
جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ياكى كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇش
سەۋىيەسى: ئىقتىسادى ياخشى ئورۇن. ئىقتىسادتا ئارقىدا قالماق. *
ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى خېلى ياخشىلىنىپ قالدى. ⑦ كۆچمە. پۇل: ئىقتىد-
سادتا قىينالماق. ئىقتىساد يېتىشمەسلىك.

**ئىقتىسادچان** سۈپ. ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىش قىلىد-
دىغان، ئىقتىسادنى تېجەپ ئىشلىتىدىغان، ئىقتىسادچىل: ئۇ
ناھايىتى ئىقتىسادچان بىر كىشى.

**ئىقتىسادچانلىق** ئى. ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىش قىلىش،
ئىقتىسادنى تېجەپ ئىشلىتىش ھالىتى، ئىقتىسادچىللىق:
ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئائىلە باشقۇرماق. ئىقتىسادچانلىق بىلەن
تۇرمۇش كەچۈرمەك.

**ئىقتىسادچى** ئى. مالىيە كەسپىدە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك
ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋانغا ئېرىشكۈچى كىشى.

**ئىقتىسادچىل** سۈپ. تېجەشلىك بىلەن ئىش قىلىدىغان،
ئىقتىسادچان: ئىقتىسادچىل ئادەم. تۇرمۇشتا ئىقتىسادچىل بولماق. *
تىرىشچان ۋە ئىقتىسادچىل بولۇپ، ئىدارىنى ئۆزىمىزنىڭ ئائىلىسى دەپ
بىلىپ، ئۆز خىزمىتىمىزنى قىزغىن سۆيۈشىمىز لازىم.

**ئىقتىسادچىللىق** ئى ① تېجەشلىك بىلەن ئىش قىلىش
ھالىتى، ئىقتىسادچانلىق. ② ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر
داۋامىدا ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى سەرپىياتى ۋە
ئۇلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش جەھەتتىكى تېجەش.

**ئىقتىسادشۇناس** ئى [ئە + پ] ئىقتىساد ئىلمى مۇتەخەس-
سىسى: ئىلگىرى دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ مەسلىھەتچىسى ھەربىي
ئالىم، سىياسىيونلار بولغان بولسا، ھازىر مەسلىھەتچىلەر ئىقتىساد-
شۇناس، جەمئىيەتشۇناسلاردىن چىقىدىغان بولدى.

**ئىقتىسادشۇناسلىق** ئى <س ئىق> ① ئىجتىمائىي ماددىي
ۋاستىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى، ئالماشتۇرۇلۇشى،
تەقسىم قىلىنىشى ۋە ئىستېمال قىلىنىشى قاتارلىق جەھەت-
لەردىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەت-
لىرى، قانۇنىيەتلىرى ھەم ئۇنىڭ تەتبىق قىلىنىشىنى تەتقىق
قىلىدىغان پەنلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇ سىياسىي ئىقتىساد،
تارماق ئىقتىسادشۇناسلىقى، دۇنيا ئىقتىسادشۇناسلىقى،
تېخنىكا ئىقتىسادشۇناسلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئال-
دۇ. ② سىياسىي ئىقتىسادنىڭ قىسقارتىلغان نامى.

**ئىقتىسادلىق** سۈپ . قول ئىلكىدە بار، ئىقتىسادى ياخشى،
باي: ئىقتىسادلىق ئائىلە. * ئۇ خېلى ئىقتىسادلىق ئائىلىدە چوڭ
بولغان بولۇپ، ئۇنچىلىك پۇللارنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەيتتى.

**ئىقتىسادۋاز** ئى [ئە + پ] ھە دېگەندە ئىقتىساد، مال ـ دۇنيا،
بايلىق يىغىشنىڭلا كويىدا بولىدىغان، شۇ ئىشنىلا ئويلايدىغان، ئىقتىسادقا ـ قوپسا
ئىقتىساد، مال ـ دۇنيا، بايلىق توپلاشقىلا بېرىلىپ كەتكۈچى
كىشى: ئۇ ئىقتىسادى ناچار ئائىلىدە چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، قانداق،
يېشى چوڭايغانسېرى بەكلا ئىقتىسادۋاز بولۇپ كەتكەنىدى.

**ئىقتىسادىي** سۈپ [ئە] ئىقتىسادقا ئائىت، ئىقتىسادقا
ئالاقىدار، ئىقتىسادقا مۇناسىۋەتلىك: ئىقتىسادىي ياردەم. ئىقتىد-
سادىي زىرائەت. ئىقتىسادىي كىرىزىس.

**ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون** <س ئىق> دۆلەت زېمىنىدا
بەلگىلىك دائىرە بەلگىلىنىپ، شۇ دائىرىدە ئالاھىدە ئىقتىد-
سادىي سىياسەتنى يولغا قويۇش ئارقىلىق چەت ئەل سودىگەر-
لىرىنى مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىدىغان، سانائەت ۋە باشقا

ئىقتىسادىي ئىشلار جانلاندۇرۇلىدىغان ئالاھىدە رايون.

**ئىقرار** ئى [ئە] تەن ئېلىش، تەن بېرىش، ئۆز ئۈستىگە، بويىنىغا ئېلىش، ئېتىراپ قىلىش: ئىقرار قىلماق. ئىقرار بولماق. * بىز دېلونى ئۇنىڭ ئىقرارىغىلا قاراپ ئەمەس، ئەمەلىي پاكىتقا ئاساسلىنىپ بىر تەرەپ قىلىمىز.

**ئىقرارنامە** ئى [ئە + پ] بىرەر ئىش، مەسىلە ياكى گۇناھ ـ قىلمىش قاتارلىقلارنى تەن ئالغانلىقى، ئېتىراپ قىلغانلىقى ھەققىدە يېزىلغان خەت: بۈگۈن كەچتە قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئىقرارنامىسىنى ماڭا ئەكېلىپ بېرىڭ.

**ئىقلىم** ئى [ئە] ① مەملىكەت؛ يەر يۈزىنىڭ بىر بۆلىكى، قىتئە (بۇرۇنقىلار يەر شارىنى يەتتە ئىقلىمغا بۆلگەن): مۇنداق نەرسە يەتتە ئىقلىمدىمۇ تېپىلمايدۇ. ② <مېتېئور> مەلۇم رايوننىڭ كۆپ يىللىق ھاۋا رايى ئالاھىدىلىكى. ③ قىز ـ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئىقلىميا** ئى [ئە] <تېب> ئالتۇن ـ كۈمۈشنى تاۋلىغان ۋە سوققاندا ئاجراپ چۈشكەن كىرى. تېبابەتچىلىكتە كۆزنى قۇۋۋەتلەش، كۆزدىكى ئاقنى ئېلىش، پەردىنى، قىچىشقاقلارنى يوقىتىش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**ئىكتى** سۈپ. دىيال. قۇۋ، ھىيلىگەر.

**ئىكرام** ئى [ئە] ① ئىززەت. ھۆرمەت، ئىززەت، ئىززەت ـ ھۆرمەت: نىيىتىڭ بولدىمۇ ھالال يا ھارام، كۆڭلۈڭدە ھۆكۈمران قايسى مۇددىئا، كىملەرگە بىلدۈردۇڭ ئىززەت ۋە ئىكرام، ۋە قايسى روھلارغا ئەيلىدىڭ دۇئا. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئىككى** سان. «2» رەقىمى ۋە شۇ رەقەم بىلەن ئىپادىلەنگەن ياكى بىرگە بىرنى قوشقاندا ھاسىل بولغان سان، مىقدار: ئىككى ئادەم. ئىككى كۆز. ئىككى قول. ئىككىنىڭ بىرى. * ئىككى سەككىز ئون ئالتە (ماقال). * گەپ بىر، قۇلاق ئىككى (ماقال).

**ئىككى ئارىلىق بولۇپ قالماق** ① ئىككى ئارىدا ھەرىكەت قىلماق، ئۇ تەرەپنىمۇ بۇ تەرەپنىمۇ تاشلىۋەتمەسلىك: بۇ بالا ئىككى ئارىلىق بولۇپ چوڭ بولدى، شۇڭا بەك ئەركە. ② ئىككى ئارىدا ئارىسالدى بولماق: يېقىندىن بېرى ئىككى ئارىلىق بولۇپ قالدىم، ئۇنىڭغا قارىسام بۇ قالىدۇ، بۇنىڭغا قارىسام ئۇ.

**ئىككى ئالەم** <دىن> دىنىي ئەركان بويىچە ئىككى دۇنيا، يەنى ياشاۋاتقان دۇنيا بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى دۇنيا: — ھەربىر كىشى ئىككى ئالەمنىڭ غېمىنى قىلىشى كېرەك، — دېدى ئەلەم ئاخۇنۇم. * — مەن يامان ئىش قىلمىدىم، ئىككىلا ئالەمدە ئەلڭ ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ يولىغا كىردىم، — دېدى سۇتۇق.

**ئىككى باشنى بىر قىلىپ قويماق** قىز بىلەن يىگىتنىڭ توينى قىلىپ ئىككىسىنى بىر ئائىلە قىلماق، بېشىنى بىر قىلىپ قويماق: ئۇنىڭغا ھازىرغىچە سەنچىلىك بىر لايىق كىشى چىققىنى يوق، مەن ئىككىڭلەرنىڭ بېشىنى بىر قىلىپ قويۇشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ يۈرگەنىدىم.

**ئىككى بىسلىق** ① ئىككى تەرىپىدە بىسى بار، ئىككى بىسى بولغان: مەن ئاتتىن چۈشۈپ قاشقىر باينىڭ مىلتىقى بىلەن ئىككى بىسلىق خەنجىرىنى قار ئىچىدىن ئېلىپ: — يولداشلار، مانا بۇلار ئۇنىڭ نەشتىرى، — دېدىم. ② ئىككى ياقلىمىلىقتا ئىگە، ئىككى يۈزلۈك، ئىككى تەرەپلىمىلىك، ئۇ يانغىمۇ ـ بۇ يانغىمۇ ياتىدىغان: ئىككى بىسلىق گەپ. * بۇ لەقەمنىڭ ئىككى بىسلىق مەنىسى بار.

**ئىككى پاختەكنى بىر چالمىدا سوقماق** پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ھەر ئىككىلا ئىشنى بىر قېتىمدىلا ئورۇنلىماق: سۇ چىقىرىش تومىسىنى ھەم سۇ چىقىرىش، ھەم سۇ تەڭشەش تومىسى قىلىپ پايدىلانغاندا، ئىككى پاختەكنى بىر چالمىدا سوققاندەك ئىش بولىدۇ. بۇ بىر كەشپىيات.

**ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلماق** تازا ئەدىپىنى يېمەك، ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشمەك: ھازىر سىلەرنىڭ ئىككى پۇتۇڭلار بىر ئۆتۈككە تىقىلىپ قالدى.

**ئىككى پۇتى گۆرگە ساڭگىلىماق** ئۆمۈرنىڭ ساناقلىق ۋاقتى قالماق، قېرىپ كەتمەك: قېرى كالا پىچاقتىن قورقماپتۇ دېگەندەك نېمىدىن قورقاتتىم، قېرىدىم، ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى.

**ئىككى پۇتى ئۆرە قالماق** ھەددىدىن ئارتۇق خاپىلىق، ئاچچىقلىنىش ياكى ھاڭ ـ تاڭ قېلىشنى بىلدۈرىدۇ: بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ھەيران بولۇپ، ئىككى پۇتى ئۆرە قالغانلارمۇ بار.

**ئىككى پۇل** ھەممىسى بىر تىيىن، ئەرزىمەس: — ھەممىسى قۇرۇسۇن، ئىككى پۇل، مەن ساڭا قول قويدۇم ئاغىنە، — دېدى سادىق ئۇنىڭ قوللىرىنى ئىككى قوللاپ چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ.

**ئىككى پۇلغا ئالمايدۇ** بەك ئەرزان، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ: بىزنىڭ مۆھۈرلىرىمىزنى دات باسىدۇ، ساتساق مىسقال تۆمۈرنى ھېچ كىشى ئىككى پۇلغا ئالمايدۇ.

**ئىككى تاشنىڭ ئارىلىقىدا يانجىلماق** ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىينالماق، تەڭلىكتە قالماق: ئۇ راستتىنلا ئىككى تاشنىڭ ئارىلىقىدا يانجىلىۋاتاتتى.

**ئىككى تايىن** ئېنىق ئەمەس، ناتايىن: ئۇ كېلەمدۇ، كەلمەمدۇ، تېخى ئىككى تايىن.

**ئىككى تايىن بولماق** ئارىسالدى بولماق، ئىككىلەنمەك: شىرمۇھەممەت ئىككى تايىنراق بولۇپ، ئالماسقا ئەگەشتى.

**ئىككى تۇغقان** ئۆزى بىلەن بىر نەۋرە: گېنېرالنىڭ ئىككى تۇغقان ئاچىسى شۇ زاماتلا ئارغىماق قوشۇلغان ياسداق مەپىسىنى ئۇنىۋانلىق مەسلىھەتچىنىڭ خوتۇنىنى ئەكېلىشكە ئەۋەتتى.

**ئىككى تىللىق** ① ئىككى خىل تىل بىلىدىغان: ئۇ ساقال ـ بۇرۇت قويۇۋالغان، خۇش پىچىم، ئىككى تىللىق سۆزمەن ئادەم ئىدى. ② كۆڭلىدە ئىككى نىيەت ئويلايدىغان، ئىككى كىشىگە ئىككى خىل گەپ قىلىدىغان؛ تىلى باشقا، دىلى باشقا: ئىككى تىللىق كىشىدىن خۇدا ساقلىسۇن.

**ئىككى دۇنيا** ① بۇ دۇنيا ھەم ئۇ دۇنيا؛ مەڭگۈ: — ئىككى دۇنيا سەن ئادىلەدەك دوستۇم يوق! — دېدىم مەن خېتىمدە ئۇنىڭغا. * ئۆلگەنلەرنىڭ مەدەتكارلىقى، تىرىكلەرنىڭ دۇئاسى بۇ يىگىتنىڭ كېسىلىگە شىپا، ھاياتىغا بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلىپ، ئىككىلا دۇنيا ئەزىز قىلغۇسى. ② ھەر جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ: ئادىل بىلەن مەمەتنى بىلىم، ئەخلاق، خۇلق جەھەتتىن ئوخشايدۇ دەيسەن، مېنىڭچە ئىككىسى ئىككى دۇنيا.

**ئىككى دۇنيا بولۇشۇپ كەتمەك** مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي ئۈزۈلمەك، تونۇشمايدىغان دەرىجىگە يەتمەك، مەڭگۈ دۈشمەنلەشمەك: شۇنداق قىلىپ، ئۇ بىر نەۋرە ئاكىسى بىلەن ئىككى دۇنيا بولۇشۇپ كەتتى.

**ئىككى دۇنيالىق** بۇ دۇنيالىق ھەم ئۇ دۇنيالىق: ئۇلار بىر ـ بىرىگە ۋاپاسىزلىق قىلماسلىق توغرىسىدا ئىككى دۇنيالىق قەسەم ئىچىشكەنىكەن.

**ئىككى سەككىز ئون ئالتە** ئاخىرقى ھېسابتا بەرىبىر

ئوخشاش، بىرلا گەپ: — ماڭا بەربىر، ئىككى سەككىز ئون ئالتە، — دېدى ئۇ كۆپچىلىككە قاراپ قويۇپ پەرۋاسىزلىق بىلەن.

**ئىككى قوشۇقتا ئاش ئىچكۈدەك بولماق** ئالدىراشچىلىق ئىچىدە تۇرماق: ئۇ خۇددى ئىككى قوشۇقتا ئاش ئىچكۈدەك بولغان ئالدىراشلىق بىلەن خامان ئېلىۋاتقان تومۇز كۈنلەر ئىدى.

**ئىككى قول** ئىككى تەرەپلىمىلىك، ھەر ئېھتىمالنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، ئىككى يۇرۇش، ھەر تەرەپلىمە: — قانداقلا بولسۇن بىزمۇ چېرىك كۈچلىرىمىزنى كۈچەيتسەك بولىدۇ، — دېدى توغرۇل سۇباشى، — ئەگەر دۈشمەن ئىككى قول ھۇجۇم قىلسا، بىزمۇ ئىككى قول تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك.

**ئىككى قولدا تۇتماق** بىرلا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ھەر ئىككىلا ئىشنى ئوخشاش ئېلىپ بارماق، چىڭ تۇتماق: ئىككى قولدا تۇتۇش — بىر قولدا يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتىنى تۇتۇش، يەنە بىر قولدا ئېغىر سانائەتنى تۇتۇش لازىم.

**ئىككى قولغا تايانماق** ئۆز ئەمگىكىگە، ئۆز كۈچىگىلا تايىنىپ ئىش قىلماق، ئۆزىدە بار بولغان ئىمكانىيەتلەردىنلا پايدىلانماق: يېڭىيەر ئۇزۇمچىلىك يېزىسىدىكى دېھقانلار ئىككى قولغا تايىنىپ بېيىدى.

**ئىككى قوللاپ** ① ئىككى قولنى تەڭلا ئىشقا سېلىپ: سوپى دېھقان ئىچ يانچۇقىدىن خەتنى ئېلىپ مىرغەزەپكە ئىككى قوللاپ سۇندى. ② خۇشال ـ خۇراملىق ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن: مەسلىھەتچى ئاغابېنىڭ تاغ ئارقىسىدىكى دوستىنىڭ ئىككى قوللاپ قارشى ئېلىشىغا ئىگە بولدى.

**ئىككى قوللۇق** بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان، ئىككى خىل: بىز بۇ جەھەتتە جەزمەن ئىككى قوللۇق تەدبىر قوللىنىشىمىز كېرەك.

**ئىككى قولىنى بۇرنىغا تىقىپ** قۇرۇق، قۇرۇق قول، قولىغا ھېچنېمە ئالماي: ئۇ ئىشلەپ پۇل تاپىمەن دەپ كەتكەن، مانا ئەمدى ئىككى قولىنى بۇرنىغا تىقىپ كەپتۇ.

**ئىككى قۇتۇپ** ① <جۇغ> يەر شارىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قۇتۇپى. ② <فىز> ئانود ۋە كاتودتىن ئىبارەت ئىككى ئېلېكتىر قۇتۇپى ياكى ماگنىتنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئىككى قۇتۇپى. ③ كۆچمە. قارىمۇقارشى ئىككى تەرەپ: ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنمەك. ئىككى قۇتۇپ قارىمۇقارشىلىقى.

**ئىككى كۆزى تۆت بولماق** قاتتىق ئىنتىزار بولماق، كۆرۈشكە ئالدىرىماق: ئۇ سېنى كۈتۈپ، ئىككى كۆزى تۆت بولدى.

**ئىككى كۆنلۈك ئۆمرى قالماق** بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىماق؛ ئۆمرىنىڭ ساناقلىق كۈنلىرى قالماق: — مەن قېرى ئادەم، ئىككى كۆنلۈك ئۆمرۈم قالدى، — دېدى لى دارېن.

**ئىككى كۈننىڭ بىرىدە** پات ـ پاتلا، دائىم دېگۈدەك: كومىسسىيونچى ئىككى كۈننىڭ بىرىدە ئاغىنىلىرى بىلەن ياكى ئۆزىمۇ خىل سوۋغىلارنى ئەكېلىپ گۈزەلئاينىڭ ئۆيىدە «ئولتۇرۇش» قىلىپ، گۈزەلئاينى بىزار قىلىۋەتكەنىدى.

**ئىككى كېمىگە دەسسىمەك** ئىككى تەرەپتە تەڭ تۇرماق، ھەر ئىككى تەرەپنى قولدىن بەرمەسلىك: ئىككى كېمىگە دەسسىگەن ئادەم ھامىنى زىيان تارتىدۇ.

**ئىككى گەپنىڭ بىرىدە** سۆزلىشىۋاتقاندا پات ـ پاتلا، قايتا ـ قايتىلاپ: ئۇ ئىككى گەپنىڭ بىرىدە شۇ قىزنى ئەكېلىپ بەرگىن دەيتتى.

**ئىككى موك بولۇپ قالماق** تۇگۈلۈپ قالماق، مۈكچىيىپ پۈكۈلمەك: مەن يېقىن بېرىپ قارىسام، ئۇ ئىككى موك بولۇپ قاپتۇ.

**ئىككى نان تاپسا، بىرىنى داپ چالماق** ئازغىنا پۇل ـ مالغا ئىگە بولۇشى بىلەن تەڭلا بەتخەجلىك قىلماق: ئۇ شۇنداق نېمە، ئىككى نان تاپسا، بىرىنى داپ چالىدۇ، شۇڭا ئىشتىنى ئىككى بولماي كېتىۋاتىدۇ.

**ئىككى ئېغىز گەپ** قىسقا، قىسقىلا: — ئەجەب بالەن كېلىپ قاپلا، سىلىگە دەيدىغان ئىككى ئېغىز گېپىم بار ئىدى، — دېدى سادىر ئالدىمنى توسۇپ.

**ئىككى ئىشتاننى بالدۇر يىرتقان** باشقا بىرىگە نىسبەتەن ياشقا چوڭ، تەجرىبىسى جىق: ئۇكام گەپ ئاڭلا، مەن سەندىن ئىككى ئىشتاننى بالدۇر يىرتقان.

**ئىككى ياقلىما** ھەر ئىككىلا تەرەپكە مايىل، ھەر ئىككى تەرەپكە تايىن، ئىككى تەرەپلىمە: ئىككى ياقلىما ھايات كەچۈرگۈچى پارازىتلار.

**ئىككى ياقلىملىق** ① ھەر ئىككىلا تەرەپكە ئېغىش، بىردە ئۇ يانغا، بىردە بۇ يانغا مايىل بولۇش، ھەر ئىككىلا تەرەپنى تەڭ قولدىن بەرمەي تۇرۇش خاھىشى. ② <پەلس> شەيئىلەرنىڭ ئۆزىدىكى زىددىيەتلىك خاراكتېر.

**ئىككى يانغا قارىماق** ① نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالماق؛ بىر قارارغا كېلەلمەي قالماق: سىلەرنىڭ قايسى بىرىڭلەردە بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق ئۇسۇل ـ چارە بولسا ئۇنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇڭلار! ھازىر ئىككى يانغا قارايدىغان ۋاقىت ئەمەس. ② بىر كىمگە قىسىنىپ قالماق: ئاشنى ئاغزىمغا ئېلىشىم بىلەن باللىرىم يادىمغا كېلىپ ئىككى يېنىمغا قاراپ قالدىم.

**ئىككى يۈزلىمە** كىشىگە ئالدىدا بىر خىل، كەينىدە بىر خىل مۇئامىلە قىلىدىغان: ئىككى يۈزلىمە ئادەم. * ھازىر جەمئىيەتتە ئىككى يۈزلىمە كىشىلەر بەك كۆپىيىپ كەتتى.

**ئىككى يۈزلىمچى** ئىككى يۈزلىمىلىك قىلغۇچى: بۇ ھۆكۈمەتكە ئالدامچى، ھىيلىگەر، ئىككى يۈزلىمچى شىڭ شىسەي باشلىق بولۇۋالغان.

**ئىككى يۈزلىمىلىك** كىشىلەرگە ئالدىدا بىر خىل، كەينىدە بىر خىل مۇئامىلە قىلىش: ئىككى يۈزلىمىلىك ئىنسان ئۈچۈن رەزىل ئىللەت.

**ئىككىقات** سۈپ [ئىككى + قات] ھامىلىدار بولغان، ھامىلىدار، ئېغىر ئاياغ: ئىككىقات ئايال. ئىككىقات بولماق.

**ئىككىلەمچى** سۈپ ① بىرەر جەريان ياكى ھادىسىدە ئىككىنچى ئورۇننى تۇتقان، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان؛ ئىككىنچى. ② ئىككىنچى قېتىم شەكىللەنگەن؛ ۋاستە ھاسىل قىلىنغان: ئىككىلەمچى كان ياتمىسى.

**ئىككىلەندۈرمەك** «ئىككىلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ بۇ گېپى مېنى ئىككىلەندۈرۈپ قويدى.

**ئىككىلەنمەك** پ. ئىككى خىيال بولماق، قەتئىي بىر پىكىرگە كېلەلمەي ئارىسالدى بولماق، تەۋرەنمەك: ئامىنە سەل ئىككىلەندى ـ يۇ، شۇ ھامان قەتئىي قارارغا كېلىپ ئىشىكنى ئاچتى ـ دە، كوچىغا چىقىپ كەتتى.

**ئىككىلىك** ① سۈپ. ئىككى بارماق قېلىنلىقىدىكى: سۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىلىك مۇز تۇتۇپتۇ. ② سۈپ. ئىككىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئىككىدىن ئىبارەت بولغان: ئىككىلىك سان. ③ سۈپ.

ئىككى، يەنى «2» رەقىمى چۈشۈرۈلگەن، يېزىلغان (قارتا ھەققىدە): ئىككىلىك تاپان. ئىككىلىك قاغا. تاپاننىڭ ئىككىلىكى. ④ ئى <ئەد> ئىككى مىسرالىق شېئىر، مەسنەۋى (شېئىر ھەققىدە).

**ئىككىنچى** سان ① تەرتىپ ئورنى 2 رەقىمى بىلەن بەلگىلەنگەن؛ نومۇرى 2 بولغان: ئىككىنچى ئۆي. ئىككىنچى كارىۋات. ئىككىنچى قاتار. ② مەلۇم تەرتىپ بويىچە ھېسابلىغاندا، ئەڭ ئالدىدىكىدىن كېيىنكى ئورۇندا تۇرغان ياكى تۇرىدىغان، بىرىنچىدىن كېيىنكى: ئىككىنچى سىنىپ. مۇسابىقىدە ئىككىنچى بولماق. ③ قايتا، قايتىدىن، باشقا مەرتە: بۇ گەپنى بۈگۈن بىر قىلدىڭ، بۇندىن كېيىن ئىككىنچى قىلما. ④ باشقا، يەنە بىر: چۈنكى بىر ئادەم ئۆزى بىلگەن بىر ئىشنى ئىككىنچى بىر ئادەمگە خۇددى ئۆزى چۈشەنگەندەك ياكى ئۆزى تەسىرلەنگەندەك قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرەلىسە، خۇشاللىق ھېس قىلىشى تەبىئىي.

**ئىككىنچى ئالەم تېزلىكى** <فىز> جىسىمنىڭ سۈنئىي سەييارە سۈپىتىدە قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەتلىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولىدىغان ئەڭ تۆۋەن تېزلىك. بۇ 11.2 Km/s بولىدۇ. بۇ تېزلىكتە جىسىم قۇياشنى چەمبەر مەركىزى قىلغان ھالدا چەمبەرلىك ھەرىكەت قىلىدۇ.

**ئىككىنچى ئاي** ← **فېۋرال.**

**ئىككىنچى جۇ** <ئاستر> دېھقانلار كالېندارى بويىچە قىشلىق كۈن - تۈن تەڭلىشىش مەۋسۇمى كىرگەندە توققۇز كۈندىن ھېسابلىنىدىغان توققۇز جۇنىڭ ئىككىنچىسى. ئۇ مىلادىيە ھېسابىدا 31 - دېكابىر ياكى 1 - يانۋاردىن باشلىنىپ، 8 - يانۋاردىن 10 - يانۋار ئارىلىقىدا ئاخىرلىشىدۇ.

**ئىككىنچىدىن** باغل. جۈملىدە ساناپ ئۆتۈلىدىغان دەرس، لېكسىيە، نۇتۇق، ۋەقە - ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئىككىنچىسىنى كۆرسىتىپ، «ئىككىنچىسى شۇكى، يەنە بىرى شۇكى» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: بۇ يېزىنىڭ بىرىنچىدىن تۇپرىقى ناچار، ئىككىنچىدىن سۈيى قىس.

**ئىككىنچىلەپ** رەۋ. باشقا قېتىم، قايتا؛ قەتئىي، ھەرگىز: مەن ساڭا بېرەي، بۇندىن كېيىن ساڭا ئىككىنچىلەپ مۇنداق سۆزنى قىلمايمەن.

**ئىككىنچىلىك** ئى ① تەرتىپ ئورنى 2 رەقىمى بىلەن بەلگىلىنىش، نومۇرى 2 بولۇش. ② <تەن>مۇسابىقىدىكى چېمپىيوندىن كېيىن تۇرىدىغان نام: ئىككىنچىلىكنى ئالماق. ئىككىنچىلىككە ئېرىشمەك.

**ئىككىيلەن** سان. ئىككى ئادەم، ئىككى كىشى: مۇھەممەت ئىمىن ھويلىغا كىرگەندىن كېيىن ئىككىيلەن بىر - بىرىگە ئۈن - تىنسىز تىكىلىپ تۇرۇشتى.

**ئىكىر - چىكىر** ئۇششاق - چۈششەك، ئۇجۇر - بۇجۇر: بەزى ئىشلارنىڭ ئىكىر - چىكىرىنى بىلمەك بەك تەس ئىكەن.

**ئىكىرلىك** ئى. دىيال. دەرد، مۇڭ، رەنج، ئەلەم.

**ئىكىندى** ئى. دىيال. دىگەر ۋاقتى.

**ئىگە** ئى ① قولىدىكى، ئىختىيارىدىكى نەرسىگە ئىگىلىك قىلغۇچى، ئىگىلىك ھوقۇقىدىن پايدىلانغۇچى؛ خوجايىن: مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك (ماقال). * ئىتنىڭ پەيلى ئىگىسىگە مەلۇم (ماقال). دۆلىتىمىز زور تەبىئىي بايلىقلارغا ئىگە. ② <تىل> جۈملىنىڭ خەۋىرى بايان قىلىدىغان ئوبيېكت، يەنى كىم ياكى نېمە دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدىغان جۈملە بۆلىكى. ③ (تەۋەلىك I شەخس قوشۇمچىسى «- م» بىلەن كېلىپ) خۇدا، تەڭرى: بۇ ئىشنى ياراتقان ئىگەم ئۆزى بىلىدۇ.

**ئىگە - چاقا** ئىگە بولغۇدەك، ئىگە بولىدىغان كىشى: ئۇ خۇددى ئىگە - چاقىسى يوق ئادەمدەك كوچىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇراتتى.

**ئىگە - چاقىسىز** ① ئىگە - چاقىسى، يۆلەنچۈكى يوق: ئىگە - چاقىسىز بالا. ئىگە - چاقىسىز بوۋاي. * شۇنىڭ بىلەن ئىگە - چاقىسىز قالغان تاشۋاي دادىسىدىن قالغان چولاق راۋابىنى چېلىپ، ئاچ - يالىڭاچ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى. ② ئىگىسى يوق، تاشلاندۇق: ئىگە - چاقىسىز ئۆي.

**ئىگەكىم** جان ت. پېئىلدىن ئاڭلىتىلغان ئىش - ھەرىكەت نەتىجىسىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ: چاقچاق، چاقچاقىمۇ يىغلامسەن، ئىككىنچى چاقچاق قىلمايمەن، قىلسام، ئۆلەي، ئىگەكىم.

**ئىگرېك** ئى [ر<لات] ① لاتىن ئالفاۋىتىدىكى ئاخىرقى ھەرپىنىڭ ئالدىدىكى «لا»ھەرپىنىڭ نامى.② <مات> شۇ ھەرپ بىلەن ئىپادىلەنگەن نامەلۇم ئىپادە.

**ئىگىچە** ئى. ئاچا، ھەدە: — بۇ مېنىڭ ئىگىچەم بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى ئۇ ئايالنى ماڭا.

**ئىگىدار** ئى. ئىگە بولغۇچى، ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى، ئىگە: شۇنىڭ بىلەن جاڭگالغا ئايلىنىپ قالغان «ئاق يەر» نىڭ كەلگۈسىدىكى ئىگىدارىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئاتا بۇ ئەقلىدىن ئازغان ئادەمگە تاپشۇردى.

**ئىگىدارچىلىق** ئى. ئىگە بولۇش، باشقۇرۇش، ئىگىلىك: ئىگىدارچىلىق قىلماق. * ئوسمان باي رەھىم ناۋايدىن كېيىن قانداق قىلىپ ئۇنىڭ بىساتىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى قولغا ئېلىش يولىدا بەزىبىر چارە ئاماللارنى ئويلاپ تاپقاندەك قىلدى.

**ئىگىدارلىق** ئى <قا> ① ئىگىدارچىلىق. ② مۈلۈككە بولغان ئەمەلىي كونتروللۇق: كونترول قىلغۇچى ئىگىدارلىق قىلغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ، كونترول قىلىنغان مۈلۈك ئىگىدارلىقىدىكى مۈلۈك دېيىلىدۇ. ئىگىدارلىقتىكى مۈلۈككە بولغان بارلىق ھوقۇق ئىگىدارلىق ھوقۇقى دېيىلىدۇ.

**ئىگىسىز** سۈپ. ئىگىسى يوق، ئىگىسى بولمىغان: ئىگىسىز مۈلۈك. ئىگىسىز مال. * ھوشىدىن كەتكەن سادىر ئېسىگە كەلگەندە، چېرىكلەرنىڭ يىراقتىكى ئىگىسىز قالغان پادا ئىچىدىن بىرقانچە سېمىز كالىلارنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

**ئىگىسىزلىك** ئى. ئىگىسى يوق، ئىگىسى بولمىغان ھالەت: تارىخچىلار ئىگىسىزلىكتىن ئىگىلىككىلىككە ئايلاندى. چېرىكلەر يەردە، مالدا ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى.

**ئىگىلەتمەك** «ئىگىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇئەللىملەر ئەستە قالدۇرۇش جەريانىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارغا ئەستە قالدۇرۇشنىڭ ياخشى ئۇسۇلىنى ئىگىلىتىپ، ئەستە قالدۇرۇش ئۈنۈمىنى ئاشۇردى.

**ئىگىلەشمەك** «ئىگىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇرۇندىن تارتىپ سىنىپتا ناچار بولۇپ كېلىۋاتقان بەزى ئوقۇغۇچىلار بىرلا سەكرەپ «ئىلغار»، «قىزىل قەلبلىك سولچى» نامىلىرىنى ئىگىلەشتى.

**ئىگىلەنمەك** «ئىگىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆي - جاي سېلىشقا بولىدىغان بوش يەرلەر ئاللىقاچان باشقىلار تەرد-

پىدىن ئىگىلىنىپ كەتكەنىدى.

**ئىگىلىك** ئى ① ئىگە بولۇش، ئىگىدارچىلىق: بۇ يەرلەر ئەمدى مىنىڭ ئىگىلىكىمدە بولىدۇ. ② ئىقتىساد، بايلىق: ئىگىلىك تىكلە-مەك. ئىگىلىك باشقۇرماق. * بىز بۇ يەرگە كېلىپ، قۇرۇق قول بىلەن ئىگىلىك تىكلىدۇق.

**ئىگىلىك باشقۇرۇش** <س ئىق> ① ئىقتىسادىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانى (جۈملىدىن ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىمات، ئالماشتۇرۇش، ئىستېمال ھالقىلىرى) ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەشكىللاتچىلىق، قوماندانلىق، نازارەتچىلىك ۋە تەڭشەش ئىشلىرى. ② كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى ئۇيۇشتۇرۇش جەريانىدا تۈزگەن تەدبىرى ۋە بازارنى ئالدىن مۆلچەرلەش ھەم تەدبىرنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا قوللانغان ئۇسۇلى ۋە تۇتقان يولى.

**ئىگىلىك كېلىش** <تىل> كېلىش كاتېگورىيەلىرىنىڭ بىرى، يەنى بەلگىلىك گىراماتىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ تەۋەلىكۈچى شەيئى ئىكەنلىكىنى، جۈملىدە كۆپىنچە ئېنىقلىغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان كېلىش. ئۇيغۇر تىلىدا ئىگىلىك كېلىش شەكلى ئىسىملارغا «ـ نىڭ» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

**ئىگىلىك ھوقۇقى** <ت ئىش> بىر دۆلەتنىڭ ئۆز تېررىتورىيەسىدە ئىگە بولغان ئالىي ھوقۇقى. دۆلەت مۇشۇ ھوقۇققا ئاساسەن، ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئىچكى ـ تاشقى سىياسىتىنى بەلگىلەيدۇ، ھەرقانداق تاشقى مۇداخىلىگە ئۇچرىمىغان ھالدا دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى بارلىق ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

**ئىگىلىمەك** پ ① ئىگە بولماق، قولغا كىرگۈزمەك، ئىشغال قىلماق: ئۆيدىكى ئاتا-ئانىدىن قالغان مۈلۈكلەرنى ئۇ ئىگىلىدى. ② كۆچمە. قاپلىماق، چۇلغىماق، باسماق، ئەكس ئەتمەك: ھاياتتىن، كىشىلەردىن بىزار بولۇشتەك بىر خىل تۇيغۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىگىلىدى. ③ تەشكىل قىلماق، تەشكىل تاپماق، تۇتماق: بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندا مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نەتىجىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ④ كۆچمە. چىڭ تۇتماق: پۇرسەت ئىگىلىمەك، پەيت ئىگىلىمەك. ⑤ كۆچمە. چۈشەنمەك، ئۇقماق، بىلمەك: ئەھۋال ئىگىلىمەك. ⑥ كۆچمە. ئۆگەنمەك، ئۆگىنىۋالماق، بىلىۋالماق، ئۆزلەشتۈرمەك؛ ئالماق: بىلىم ئىگىلىمەك. تېخنىكا ئىگىلىمەك. چەت ئەل تىلىنى ئىگىلىمەك.

**ئىڭە** ئىم. يېڭى تۇغۇلغان بالا يىغلىغاندا چىققان ئاۋاز: بوۋاق ئىڭە قىلىپ يىغلىشىغىلا ئانا ئۇنىڭ ئاغزىغا ئەمچەك سالدى.

**ئىڭەلەتمەك** «ئىڭەلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بوۋىقىنى ئىڭەلەتكىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

**ئىڭەلەشمەك** «ئىڭەلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ يېنىغىلا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بوۋاقلار ياتىقىدىن بىر توپ بوۋاقنىڭ ئىڭەلەشكەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**ئىڭەلىمەك** پ. ئىڭە ـ ئىڭە قىلماق، ئىڭە ـ ئىڭە قىلغان يىغا ئاۋاز چىقارماق: ئىككى ئايلىق بالا ئىڭەلەپ يىغلاپ ئانىنى ئالدىراتتى، ئانا تاماقنى بۇرنىغا يېگەندەك بولدى.

**ئىڭە ـ ئىڭە** «ئىڭە» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بۆشۈكتىكى بوۋاقنىڭ ئىڭە ـ ئىڭەسى مېنى ئويغاتتى.

**ئىڭراتماق** «ئىڭرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دۈشمەنلەر ياربدارلانغان ئەسىرنى ئىڭراتقىنىچە سۆرەپ سوراقخانىغا ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى.

**ئىڭراشماق** «ئىڭرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ساقچىلار يېتىپ كەلگەندە، نوچىلىق تالىشىپ ئۆزئارا سوقۇشقان بۇ كىچىك باتۇرلار ئىڭرىشىپ يولنىڭ قاسنىقىدا يېتىشاتتى.

**ئىڭراق** سۈپ. ئىڭرايدىغان، ئىڭراپ چىقىدىغان: كېسەل ياتقان دادام ماڭا ئىڭراق ئاۋازى بىلەن نەسىھەت قىلغىلى تۇردى.

**ئىڭرىماق** پ. ئىڭرىغان ئاۋاز چىقارماق، قىينالغان ھالدا ئىنچىكە ۋارقىرىماق، نالە قىلماق: بالا كېسەل ئازابىدىن ئىڭرايتتى.

**ئىڭغىرچاق** ئى. دىيال. لىڭگىرچاق.

**ئىڭگەكلىمەك** پ. دىيال. خامانغا يىغىلغان زىرائەتنى شامال ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن باغلاقتىن يېشىپ، تىتىپ بىر يەرگە قايتا توپلىماق.

**ئىڭگىلىك** ئى. دىيال. زىرە، ھالقا.

**ئىل ئاشى** دىيال. يىل نەزىر.

**ئىلاج** ئى [ئە] ئامال، چارە، تەدبىر؛ ئىمكان: ئىلاج يوق. ئىلاج قىلماق. ئىلاج تاپماق. ئىلاج قانچە.

**ئىلاجسىز** سۈپ. ئىلاجى، چارىسى، ئىمكانى يوق، نائىلاج، چارىسىز: ئىلاجسىز ئەھۋال. ئىلاجسىز قالماق. * قازى ئىلاجسىز ماقۇل بولۇپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن قايتا سوراق قىلماقچى بوپتۇ.

**ئىلاجسىزلىق** ئى. ئىلاجى، چارىسى، ئىمكانى يوق ھالەت، چارىسىزلىق، نائىلاجلىق: مەن بۇ كىشىنىڭ دېھقان ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئىلاجسىزلىق مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەلگەنلىكىنى پەملىدىم.

**ئىلاھ** ئى [ئە] <پەلس> دىن ۋە ئەپسانىلەردە ماددىي دۇنيانىڭ تەبىئەتتىن تاشقىرى تۇرىدىغان، ئادەملىك سۈپەتكە ۋە ئاڭغا ئىگە بولغان ئىگىسى دەپ قارىلىدىغان مەۋجۇتلۇق — خۇدا، تەڭرى. ئىلاھقا ئېتىقاد قىلىش ۋە چوقۇنۇش ھەممە دىنىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ.

**ئىلاھائامىن** قولنى دۇئاغا كۆتۈرگەندە ياكى سەدىقە تىلىگەندە قوللىنىلىدىغان، دۇئا ـ تىلاۋىتىنىڭ ئاللاغا يېتىشىنى تەلەپ قىلىپ ئېيتىلىدىغان تىلەك سۆزى.

**ئىلاھائامىنغا كەتمەك** بىكىرىغا كەتمەك، بىكىرىغىلا يوقىماق: بىزنىڭ دۈيدىن ئۈچ تونىنا نەشپۈت ئىلاھائامىنغا كەتتى.

**ئىلاھە** ئى [ئە] <دىن> كۆپ خۇدالىق دىنلاردىكى ئايال كىشى قىياپىتىدىكى خۇدا، سەنەم، مەبۇدە: ئۇ يەردىكى ھەممە سەت ئاياللارمۇ ئۇنىڭغا باشقىچە، قانداقتۇر، ھۆر ـ پەرى ۋە ئىلاھەلەردەك كۆرۈنەتتى.

**ئىلاھچىلىق** ئى. ئىلاھقا چوقۇنۇش، ھەممىنى ئىلاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن بولىدۇ دەپ قاراش.

**ئىلاھسىزلىق** ئى <پەلس> ھەممە دىنىي ئېتىقاد ۋە جىن ـ شەيتان توغرىسىدىكى خۇراپاتلىقلارنى ئىنكار قىلىدىغان تەلىمات. ئۇنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسى ماتېرىيالىزم.

**ئىلاھشۇناس** ئى [ ئە + پ ] ئىلاھنى، ئىلاھچىلىقنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغۇچى كىشى، ئىلاھىيەت مۇتەخەسسىسى: ئۇ بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس، ئىلاھشۇناسلارنىڭ ئىشى.

**ئىلاھشۇناسلىق** ئى. ئىلاھنى، ئىلاھچىلىقنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىش ئىشى، كەسپى: ئۇ سابىق سوۋېت

ئىتتىپاقى زېمىنىدىكى دىنىي ئىنستىتۇتنى پۇتكۈزۈپ، ئىلاھشۇناسلىق
كەسپى بويىچە يۇقىرى دەرىجىلىك ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولغان.

**ئىلاھىي** سۈپ [ئە] <دىن> خۇداغا، ئىلاھىيەتكە ئائىت،
خۇدانىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە باغلىق: ئىلاھىي كۈچ.

**ئىلاھىيەت** ئى [ئە] <پەلس> خۇدا ۋە دىن ئەقىدىلىرى
ھەققىدىكى دىنىي تەلىماتلار يىغىندىسى، يەنى تەڭرىگە مۇناسى-
ۋەتلىك بىلىملەرنى مەزمۇن قىلغان پەلسەپىنىڭ بىر تارمىقى.

**ئىلاھىيەتچى** ئى. خۇداغا، دىنغا ۋە دىنىي ئەقىدىلەر توغرى-
سىدىكى تەلىماتلارغا چوقۇنغۇچى كىشى: ھەركىم ئۆزىنىڭ
چېكىنى توغرا تونۇغاندا ئەركىنلىك قان ـ ياشسىز ھالدا ئەمەلگە ئاشى-
دۇ ـــ مانا بۇ شەرق ئىلاھىيەتچىلىرىنىڭ پىكرى.

**ئىلاھىيەتچىلىك** ئى. خۇدا، دىن ۋە دىنىي ئەقىدىلەر توغرى-
سىدىكى تەلىماتلارغا چوقۇنۇش كەيپىياتى، ئادىتى: قەدىمكى
تەبىئەت ئىلاھىيەتچىلىكى دەۋرىدە، ئۇيغۇرلار ئۆز پەرزەنتلىرىگە تەبى-
ئەتكە، جۈملىدىن ئاسمان جىسىملىرىغا، ھايۋانلارغا، گۈل ـ گىياھلار-
غا، تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ۋە سۇغا دائىر ئىسىملارنى قويغان.

**ئىلاھىيەتشۇناس** ئى. ئىلاھىيەتنى تەتقىقات ئوبيېكتى
قىلغان، ئىلاھىيەتنى تەتقىق قىلىدىغان تەتقىقاتچى: ئۇ بىزنىڭ
ئىشىمىز ئەمەس، ئىلاھىيەتشۇناسلارنىڭ ئىشى.

**ئىلاھىيەتشۇناسلىق** ئى. ئىلاھىيەتنى تەتقىقات ئوبيېكتى
قىلىش ئىشى، كەسپى: ئىلاھىيەتشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانماق.

**ئىلاھىيەتلىك** سۈپ. ئىلاھىيەتكە مۇناسىۋەتلىك، ئىلاھى-
يەتنى مەزمۇن قىلغان: بىراق، شۇبېرت سولدېرنىڭ 1896 ـ يىلى
دەل ئىلاھىيەتلىك خۇلاسە چىقىرىش ئۈچۈن نەق مۇشۇ نەزەرىيەسىنى
دەلىل كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز.

**ئىلاھىيلاشتۇرماق** «ئىلاھىيلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي
دەرىجىسى : ئۇلار يۇرتىغا بولغان مۇھەببەتنى ناھايىتى ساددىلارچە ئۆز
يۇرتىنىڭ ئەھۋالىنى ئىلاھىيلاشتۇرۇپ، گۈزەللەشتۈرۈپ تەسۋىرلەپ
ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئالدايدىغان ساختا ۋەتەنپەرۋەرلىككە ئايلاندۇرۇپ
قويمايدۇ.

**ئىلاھىيلاشتۇرۇشماق** «ئىلاھىيلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ
ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىلاھىيلاشتۇرۇلماق** «ئىلاھىيلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ
مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ۋەقە يەنە بىر تەرەپتىن، خانلىق ھوقۇقىنىڭ
سەلتەنىتى توغرىسىدىكى ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان ئەپسانىگىمۇ ئۇيغۇن
كېلىدۇ.

**ئىلاھىيلاشماق** پ. ئىلاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمەك، ئىلاھ
قىلىپ كۆرسىتىلمەك، سىرلىقلاشماق: بۇ ئىش يۇقىرىدا دېگەندەك
سۇبيېكتىپ سىياسىي غەرەزنىڭ «ئىلاھىيلاشقان» فورمىسىدىن ئىبارەت.

**ئىلاۋە** ئى [ئە] <ئەد> ئاپتور ياكى تەھرىرنىڭ ماقالە،
جۈملىدىن سۆز ـ ئىبارىلەر توغرىسىدىكى ئىزاھاتى، ئەسكەر-
تىشى ياكى دەلىل ـ ئىسپاتى.

**ئىله** باغل. يېزت. بىلەن: مەن سېنى ئايدىڭ ئەمەس، ئاي چىقمىغان
تۈندە كۈتەي، قىل ئىگە ۋەسلىڭ ئىله دۆلەت ـ مۈلۈككە، ئاخشىمى.

**ئىلەشتۈرمەك** «ئىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىد-
جىسى: ئۇ ئالدى بىلەن سامانىنى يۇمشىتىلغان توپىغا ئىلەشتۈرۈپ
بولۇپ، ئاندىن سۇ قۇيۇپ لاي ئېتىشكە باشلىدى.

**ئىلەشتۈرۈشمەك** «ئىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىد-
جىسى: ئاشپەزلەر نورۇز ئېشى ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپكە ئېسىلغان داش
قازانلارغا ئارپا، قوناق قاتارلىق ئاشلىقلارنى تۆكۈپ ئارقىدىن يوغان
چۆمۈچ بىلەن ئىلەشتۈرۈشمەكتە ئىدى.

**ئىلەشتۈرۈلمەك** «ئىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىد-
جىسى: كېپەك پاكىز يۇيۇلغان سامان بىلەن ئىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن
ئۇلارغا بېرىلسە، ئۇلاغلار تېز سەمرىيدۇ.

**ئىلەشكەك** سۈپ. باشقىلار بىلەن ئىلىشىپ ـ ئىرمىشىپ
ئۆتۈشنى، ياشاشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان، كىشى بىلەن ئەپ،
يېقىن ئۆتىدىغان: ئىلەشكەك ئادەم. * ـــ بۇ بالا چوڭ بولسا خېلى
ئىلەشكەك ئادەم بولغۇدەك، ـــ دېدى چوڭ دادام ئوغلۇمغا قاراپ.

**ئىلەشمەك** پ ① سۈيۈق ھالەتتىكى ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن
ئارتۇق نەرسىلەر بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەك، ئارىلاشماق:
قوناق ئۇنى بىلەن بۇغداي ئۇنى ئىلىشىپ قاپتۇ. ② كىشىگە ئارىلاش-
ماق، قوشۇلماق: ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان ھېچكىمگە ئىلەشمەي
غادىيىپ يۈرۈۋەردى. ③ بىرەر ئىشتا، ھېسابتا ئاداشماق: ھېسابتا
ئىلىشىپ قالماق. ④ ئەقلىدىن ئازماق، نېرۋىسى قالايمىقاند-
لىشىپ، ساراڭ بولۇپ قالماق: ئۇ بالا ئانىسىدىن كېيىن قېلىپ
ئۇزۇن ئۆتمەي ئىلىشىپ قالدى.

**ئىلەك** ئى. دەريانىڭ تارمىقى، تارماق ئېقىن: قوشنىلار بىلەن
مەسلىھەت قىلىپ، ئىلەكنىڭ نېرىسىدىكى شىۋاقلىقنى ئېچىپ شال
تېرىيلى دېيىشتۇق.

**ئىلەڭچى** ئى. جارچى، جار سالغۇچى: ئەلچىگە ئۆلۈم يوق،
ئىلەڭچىگە كۆرۈم (ماقال).

**ئىلەڭ ـ سىلەڭ** ماغدۇرسىز، جانسىز؛ تېز، چاققان ھەرىكەت
قىلىشقا ماغدۇرى يەتمىگەن: نۇرگۈل زۇكامغا بەرداشلىق بېرەلمەي
ئىلەڭ ـ سىلەڭ يۈرۈپ بۇ دۇنيادىن كەتتى.

**ئىلەڭگۈتمەك** پ. دىيال. تەۋرەتمەك، ئىرغاڭلاتماق.

**ئىلەڭگۈچ** ئى. ئىككى ئۇچىنى لەمپە ياكى ئومۇمەن ئېگىز-
رەك بىرەر نۇقتىدىكى ياغاچقا چىگىپ، باللار ئۈچۈپ ئويناش
ئۈچۈن تەييارلانغان ئارغامچا ھەم شۇنداق ئارغامچىدا ئوينالغان
باللار ئويۇنى: ئىلەڭگۈچ ئۇچماق.

**ئىلەنمەك** پ. دىيال. چاپلانماق، قوشۇلماق، باغلانماق.

**ئىلتمەك** پ. يېزت. باشلىماق، ئەگەشتۈرمەك: ئۇ مېنى ئىلتىپ
باردى.

**ئىلتىپات** ئى [ئە] كىشىلەرگە ياكى بىرەر نەرسىگە قىلىند-
غان ياخشى مۇئامىلە؛ غەمخورلۇق، مېھرىبانلىق؛ نەزەر ـ
ئېتىبار: ئىلتىپات قىلماق. ئىلتىپاتقا مۇيەسسەر بولماق. * ئۇ يىگىت-
كە بۆلەكتىن ئىلتىپات بىلەن تىكىلىپ، مۇلايىملىق بىلەن قارىدى.

**ئىلتىپاتچى** ئى. ئىلتىپات كۆرسەتكۈچى، ئىلتىپات،
غەمخورلۇق قىلغۇچى: ئۇ باشلىقنىڭ بۇيرۇقىنى باسۇرۇپ قويۇشقا
ياكى بۇرمىلاشقا پېتىنالمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ باشلىقنى ئۇنىڭ
ئىلتىپاتچىسى دېيىشكىمۇ بولاتتى.

**ئىلتىپاتسىز** سۈپ. كىشىگە ئىلتىپات قىلمايدىغان، ھىممەت-
سىز؛ قوپال: ئۇ كىشى مېنىڭ بۇ ئىلتىپاتسىز قارىشىمدىن قورۇندى.

**ئىلتىپاتسىزلىق** ئى. ھىممەتسىزلىك، قوپاللىق: ـــ ئۇ خوتۇن
كېيىنكى چاغلاردا ئۆز ئىمانىنىڭ سۇسلاشقانلىقىنى سەزمىدى، ـــ دېدى
ھېسامىدىن داموللا، ـــ يۇسۇپ چوڭ بولسا، مال ـ دۇنياغا بېرىلدى ۋە
بىزگىمۇ ئىلتىپاتسىزلىق قىلدى.

**ئىلتىپاتلىق** سۈپ. كىشىگە ئىلتىپاتى بار، كىشىگە ئىلتىپات قىلىدىغان، مەرھەمەتلىك، ھىممەتلىك: چۈنكى مەن بۇ قېتىم چوڭ ئىلتىپاتلىق خۇش خەۋەر بىلەن چىقتىم.

**ئىلتىجا** ئى [ئە] يېلىنىپ، يالۋۇرۇپ ئۆتۈنۈپ سوراش؛ مۇراجىئەت، ئىلتىماس: — خۇدا، شۇ ناتاۋان بەندەڭنىڭ ئىلتىجاسىنى قوبۇل كۆرۈپ، ئەزىز ئوغلۇم بىلەن دىدار كۆرۈشتۈرگەن بولساڭ، — دەپ ئانا خۇدادىن بالىسىنى تېزرەك تېپىۋېلىشنى تىلىدى.

**ئىلتىجالىق** سۈپ. ئىلتىجا قىلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇرغان، يالۋۇرۇپ ئۆتۈنگەنلىكى، مۇراجىئەت، ئىلتىماس قىلغانلىقى چىقىپ تۇرغان: نۇردۇن ھاكىم ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئارانلا تونۇيدىغان بۇ ھەمراھىغا ئىلتىجالىق كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرۈپ قارىدى.

**ئىلتىماس** ئى [ئە] بىرەر مۇددىئانى قاندۇرۇش، ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان يازما ۋە ئاغزاكى مۇراجىئەت، تەلەپ: ئىلتىماس قىلماق. ئىلتىماس يازماق.

**ئىلتىماسنامە** ئى [ئە + پ] يېزىلغان ئىلتىماس: — مەن بىر پارچە ئىلتىماسنامە يېزىپ يۇقىرىغا سۇندۇم، — دېدى بوۋاي.

**ئىلدام** سۈپ. تېز ھەرىكەت قىلىدىغان؛ چاققان، چاپسان: ئىلدام قەدەم تاشلىماق. ئىلدام ئېشەك.

**ئىلداملاتماق** «ئىلداملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۈرئىتىنى ئىلداملاتماق. قەدىمىنى ئىلداملاتماق. * قوچقار ئېتىنى ئىلداملىتىپ بارسا، قىلىچىنىڭ ئالدىدا بىر ئەر كىشى تۇرغىنىكەن، قوچقارنى كۆرۈشى بىلەنلا ئۇ تەتۈر ئۆرۈلۈۋالدى.

**ئىلداملاشماق** ① «ئىلداملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پارتىزانلارنىڭ پۇتلىرى شەھەرگە قاراپ تېخىمۇ ئىلداملىشىپ كېتىشتى. ② ئىلدام، تېز يۈرمەك، ئىلداملىماق: ئىلداملاشتى ئەجەبمۇ، بۇ قويلارنىڭ تۇيىقى. قارىسام كۆزۈم يەتمەس، مەھەللىلەرنىڭ يىرىقى. باشنى تەشتى يارىلاپ، ئەيسا بەگنىڭ تايىقى.

**ئىلداملىتىلماق** «ئىلداملاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇنداق قىلىپ، مۇقام ۋارىسلىرىنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشى ئىلداملىتىلدى.

**ئىلداملىق** ئى. تېز ھەرىكەت قىلىش، چاققانلىق، چاپسانلىق: ئۇلار تار كوچىلار، ئېتىز يوللىرىنى ئىلداملىق بىلەن بېسىپ، سۇبھى كۆتۈرۈلگەندە ئۈچئۇن يېزىسى ئەتراپىغا كېلىپ يەتتى.

**ئىلداملىماق** پ. ھەرىكىتى تېزلىمەك، تېزلەشمەك: ئىلداملاپ ئالدىغا ئۆتمەك. * شۇ تاپتا كۆزلىرى ئوغرى مۈشۈكنىڭكىدەك چەكچەيگەن جاڭ لىيەنجاڭ ھەرقانچە چاندۇرماي دېسىمۇ ھەرىكەتلىرى ۋە ئەتراپىقا قاراشلىرى ئاۋۇپ ئادەتتىكىدىنمۇ ئىلداملاپ باراتتى.

**ئىلدام - ئىلدام** «ئىلدام» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: سۇلتان ئېلېكتىر چىرىغىنىڭ خىرە يورۇقىدا ھۆل ئاسفالت يولدا ئىلدام - ئىلدام مېڭىپ باراتتى.

**ئىلدۇرماق** «ئىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سەيپۇللا بىر كۈن ئاۋارە بولۇپ، ئاخىرى ئاران بىر تال بېلىقنى قارمىقىغا ئىلدۇرالىدى.

**ئىلدۇرۇشماق** «ئىلدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ساقچىلار پەم ئىشلىتىپ، قاچقۇنلارنى قارماققا ئىلدۇرۇشتى.

**ئىلدۇرۇلماق** «ئىلدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يۇيۇپ تازىلانغان دېرىزە پەردىلىرى ھېيت ھارپىسىدا بالىلارنىڭ ياردىمىدە گەرىنىزنىڭ ئىلمەكلىرىگە ئىلدۇرۇلدى.

**ئىلدىرلاتماق** پ. دىيال. تەۋرەتمەك، سىلكىنمەك، ئىرغاڭلاتماق.

**ئىلغا** I ئى <تېب> مىللىي تېبابەتتە بىر خىل كېسەللىك. ئالامەتلىرى: بەدەننىڭ دۈمبە-غول قىسمىدا يىڭنىنىڭ ئۇچىدەك قىزغۇچ چېكىت پەيدا بولىدۇ؛ بەدەن بىردەم قىزىش، بىردەم مۇزلاش ھالىتىدە بولىدۇ. شۇ قىزغۇچ چېكىتنى يىڭنە بىلەن كولاپ (ئېلىپ) ئىچىدىكى قىلغا ئوخشاش ئۇزۇن، ئىنچىكە يىپنى ئۇزۇۋەتسە ئازراق قارا قان چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىمار ياخشى بولۇپ كېتىدۇ ياكى پىيازنى غولغا سۈرتۈپ، كېيىن داچەندەك بىرنەرسە بىلەن سىيرىۋەتسىمۇ بولىدۇ.

**ئىلغا** II ئى. جان ت ← **ئىلغا قىلماق**.

**ئىلغا قىلماق** ① نىشانلىماق، كۆزگە چېلىقتۇرماق، قارىسىنى كۆرمەك: ئوغرى قويۇق دەرەخزارلىق ئىچىدە تاملىرى ئاقىرىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆينى ئىلغا قىلدى. ② كۆزىگە ئىلىناشتۇرماق، پەرق قىلماق، پەرق ئەتمەك: ئادىل ئۇدۇلغا قارىدى، ئەمما ئۇدۇلغا قارىغان بىلەن ھېچنېمىنى ئىلغا قىلغىلى بولمىدى.

**ئىلغاتماق** «ئىلغىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مال ئىلغاتماق. مېۋە - چېۋە ئىلغاتماق. * باققالغا پىشقان تاتلىق قوغۇندىن ئۈچنى ئىلغىتىپ سولياۋ خالتىلارغا قاچىلاتتىم - دە، ئۆيگە تەرەپكە ماڭدىم.

**ئىلغار** سۈپ ① بىرەر ئىش - ھەرىكەت، پائالىيەتتە باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان، باشقىلارغا ئۈلگە بولىدىغان، ئاۋانگارت: ئىلغار خىزمەتچى. ئىلغار كادىر. ئىلغار شەخس. ئىلغار قوشۇن. ئىلغارلاردىن ئۆگەنمەك. ② ئىشلىتىلىشى، رولى ۋە ئىقتىدارى جەھەتتە زامانغا لايىق ياكى زاماننىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان؛ زامانىۋى: ئىلغار تېخنىكا. ئىلغار تەجرىبە. ئىلغار ماشىنا. ئىلغار تىپ. ئىلغار پەن - تېخنىكا. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئىلغارلاشتۇرماق** «ئىلغارلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تېلېۋىزور ئىنسانلارنىڭ ئۈچۈر ئىگىلەش دائىرىسى، مىقدارى، سۈرئىتىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئىلغارلاشتۇردى.

**ئىلغارلاشتۇرۇلماق** «ئىلغارلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھازىر كونا دورا نۇسخىلىرى ۋە مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرى ئىسلاھ قىلىنىپ، تېخىمۇ ئىلغارلاشتۇرۇلۇۋاتىدۇ.

**ئىلغارلاشماق** پ. ئىلغار بولماق، ئىلغار دەرىجىگە، سەۋىيەگە يەتمەك: تېخنىكىلار ئىلغارلاشتى. * يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلغارلاشقاندىن بۇيان، دېھقانلارنىڭ يۈكى يېنىكلەپ - يىلدىن - يىلغا يېنىكلەشكە قاراپ ماڭدى.

**ئىلغارلىق** ئى. ھەرقانداق ئىش - ھەرىكەت، پائالىيەتلەردە باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان، باشقىلارغا ئۈلگە بولىدىغان ھالەت، ئاۋانگارتلىق: سىنىڭ كاساپىتىڭدىن گورۇپپىمىز ئىككى قېتىم ئىلغارلىقتىن قېپقالدى.

**ئىلغاشماق** «ئىلغىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باغقا كىرگەن بىر توپ قىز - يىگىتلەر ئۆزلىرى خالىغان مېۋىلەرنى ئىلغىشىپ يېيىشمەكتە ئىدى.

**ئىلغاندى** ① سۈپ. بىر توپ نەرسىلەردىن ئىلغىنىپ قالغان، ئىلغىنىپ قېپقالغان: ئىلغاندى ئالما. ئىلغاندى مال. ② ئى. بىر توپ نەرسىلەر ئىچىدىن ئىلغىنىپ قالغان ناچار نەرسە، مال، يارامسىز نەرسىلەر: كوچىغا ئالما سېتىۋالغىلى چىقسام، ئالمىنىڭ ئىلغاندىلىرى قالغانىكەن، ئالمىدىم.

**ئىلغانماق** «ئىلغىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: داۋۇت ئاكام باققان قويلارنىڭ سېمىزلىرى ئىلغىنىپ، قۇربانلىق ئۈچۈن بازارغا سېلىندى.

**ئىلغۇ** ئى. گۆش، ياغلىق، كىيىم ـ كېچەك ۋە شۇنىڭدەك، ئومۇمەن بىرەر نەرسىنى ئىلىپ قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ھەم شۇنىڭغا راسلانغان نەرسە، ئىلمەك: ئىلغۇدا گۆشۈڭ بولسا بىركۈنى مېھمانغا يارار (ماقال).

**ئىلغۇچ** ئى. ئومۇمەن ئىلىش، ئىلىپ قويۇش ياكى ئىلىپ كۆتۈرۈش رولى بولغان نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى: ئىشكىنىڭ ئىلغۇچى. جىڭنىڭ ئىلغۇچى. كىرانىڭ ئىلغۇچى. كىيىم ئىلغۇچ.

**ئىلغىتىلماق** «ئىلغاتماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئورمانچىلارنى تەشكىللەپ كۆچەتلەر ئىلغىتىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئەتىسى كۆچەت تىكىش ئىشى رەسمىي باشلاندى.

**ئىلغىماق** پ ① تالللىماق، خىلللىماق: غىزا ئىلغىماق. ② پەرق ئەتمەك، پەرق قىلماق، پەرقلەندۈرمەك: تاڭ يورۇپ، ئاق ـ قارىنى ئىلغىغۇدەك بولغان ھامان ئەجەل ئوقلىرى شۇنداق يېغىشقا باشلىدى.

**ئىلكەشمەك** پ. دىيال. چېتىلماق، ئارىلاشماق؛ ئېرىشمەك.

**ئىلگەك** ئى ① ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى قاغىتۇمشۇقتا ئىلىپ قويىدىغان قىسمى: زەر تۇتقان قىزىل كىيىم كىيگەن دەرۋازىۋەن دەرۋازىنىڭ ئىلگەكلىرىنى شاراقلىتىپ ئاچتى. ② چاپاننىڭ ياقىسىنىڭ ئىككى ئۇچىغا ئىلىپ تۈگمىلەش ئۈچۈن تۇتۇلىدىغان ئىلمەك رولىنى ئوينايدىغان نەرسە.

**ئىلگىرى** ① رەۋ. بۇرۇن، بۇرۇنقى چاغلاردا، ئاۋۋال: مەن ئىلگىرى بۇ يەرلەرگە كېلىپ باقمىغانىدىم. ② رەۋ. ئالغا، ئالدىغا: ئىلگىرى سۈرمەك. ③ سۈپ. روناق تاپقان، تەرەققىي قىلغان، گۈللەنگەن: ـــ ئىشىڭىز ئىلگىرى باسسۇن، ـــ دېدى مېھمان ئەرشىدىن ئاكامنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ـــ ئېتىڭىز نېمە؟

**ئىلگىرى سۈرمەك** روناق تاپقۇزماق، تەرەققىي قىلدۇرماق، راۋاجلاندۇرماق: ئىشنى ئىلگىرى سۈرمەك. ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرمەك.

**ئىلگىرى كەلمەك** «تۇرمۇش ياكى بىرەر ئىشتا راۋاجلانماق، روناق تاپماق» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: ئۇ ئادەمنىڭ قىلغانلىكى ئىشى ئىلگىرى كەلمەي، چەپ بولىدۇ، ۋەھاكازا... دېگەن گەپ!

**ئىلگىرى ـ ئاخىر** ① ئىلگىرى ۋە ئاخىر: ھەممىسى بىر كەلمەي، ئىلگىرى ـ ئاخىر كېلىشتى. ② ھەممىسى بولۇپ، جەمئىي: بىز ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئون قېتىم يىغىن ئاچتۇق.

**ئىلگىرى ـ كېيىن** ① ئىلگىرى ۋە كېيىن: ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قالماق. ② ھەممىسى، جەمئىي: ئېلىمىزدە 1953 ـ يىلى ۋە 1964 ـ يىلى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم نوپۇس تەكشۈرۈلگەنىدى.

**ئىلگىرىكى** سۈپ. ئىلگىرى ئۆتۈپ بولغان، بۇرۇنقى، ئاۋۋالقى، ئۆتكەنكى: ئىلگىرىكى چاغلار بولسا، ئۇ بۇ خەتنى ئوقۇمايلا يىرتىپ تاشلىۋەتكەن بولاتتى.

**ئىلگىرىلەتمەك** «ئىلگىرىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ـــ دىققەت قىلىڭ، سىزنى تارتىمەن، ـــ رازىيە ئاتنى ئاستا ئىلگىرىلەتتى. مەن كۆپ ئازابلانمايلا ئورەكتىن چىقتىم. * ئۇنى قانداقتۇر بىر قۇدرەتلىك كۈچ زەرب بىلەن ئالدىغا ئىتتىرمەكتە، ئىلگىرىلەتمەكتە ئىدى.

**ئىلگىرىلەشمەك** «ئىلگىرىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىـ

جىسى: ئۇلار ئۆگىنىشتە بىرلىكتە ئىلگىرىلىشىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇشتى.

**ئىلگىرىلىتىلمەك** «ئىلگىرىلەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئەمەلىيەتتە، «ئامىل» ھېچ نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان بىر ئاتالغۇ، ئۇ پەقەت مەسىلىنى مۇجمەللەشتۈرىدۇ، گويا مەسىلە ھەل قىلىنىپ بولغاندەك ياكى ئالغا ئىلگىرىلىتىلگەندەك، ساختا كۆرۈنۈشلا پەيدا قىلىدۇ.

**ئىلگىرىلىك** ئى. دىيال. كۆچمە. ئاقساقال؛ گەپدان.

**ئىلگىرىلىمە** سۈپ. ئىلگىرىلەيدىغان، ئىلگىرىلەپ تۇرىدىغان: ئىلگىرىلىمە ھەرىكەت .

**ئىلگىرىلىمەك** پ ① ئالدى تەرەپكە يۈرمەك، ئالدىغا ماڭماق، ئالدى يۆنىلىشكە قاراپ مەلۇم تېزلىك بىلەن يۈرمەك: ئامبالنىڭ پوچتىسى توپنى يېرىپ، دەرۋازا تەرەپكە ئاستا ئىلگىرىلىدى. ② ئالغا باسماق، راۋاجلانماق، تەرەققىي تاپماق: ئۇ ئىدارىمىزگە كەلگەن ئۈچ يىل ئىچىدە خېلىلا ئىلگىرىلەپ كەتتى.

**ئىللا ـ بىللا** قەسەم قىلىمەنكى؛ ھەرگىز، زادىلا، قەتئىي، پەقەت: مەن ئۇنى ئىللا ـ بىللا كۆرمىدىم.

**ئىللا ـ تاۋارا** ← **ئىللا ـ بىللا**: مەن ئۇنىڭدىن مۇنداق سادا چىقار دەپ ئىللا ـ تاۋارا ئويلىماپتىكەنمەن.

**ئىللەت** ئى [ ئە ] ① بەدەندىكى دەرد، كېسەللىك، كەمتۈكلۈك؛ ئاغرىق: ساقايماس ئىللەت. كونا ئىللەت. ② بىرەر ئىشقا سەۋەب بولغان كەمچىلىك؛ ئەيىب، نۇقسان: ئىللەت تاپماق. يامان ئىللەت. ناچار ئىللەتنى تۈزەتمەك.

**ئىللەتسىز** سۈپ. ئىللىتى يوق، ئىللىتى بولمىغان، ئىللەتتىن خالىي: ئىللەتسىز ئادەم. * ئەرزان نەرسە ئىللەتسىز ئەمەس، قىممەت نەرسە ھېكمەتسىز ئەمەس (ماقال).

**ئىللەتلىك** سۈپ. ئىللىتى بار، ئىللەتتىن خالىي ئەمەس، نۇقسانلىق: ئىللەتلىك نەرسە. ئىللەتلىك ئادەم.

**ئىللېكس** ئى [ر<لات] <بوت> ئىللېكس ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، سوقىچاق، ئۇچى ئۇچلۇق، گۈلى ئاق، ئاتىلىق ۋە ئانىلىقى ئايرىم تۈپتە بولىدۇ. مېۋىسى شارسىمان، رەڭگى قىزىل كېلىدۇ. ئۇرۇقى بىلەن قوۋزىقى دورا قىلىنىدۇ.

**ئىللىتماق** «ئىللىماق I » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۈن چىقىدۇ، قۇياش ھامان ئۆز نۇرلىرى بىلەن جاھاننى ئىللىتىدۇ. * شەرىپەنىڭ قەلبىنى غالىبنىڭ سۆزى بىردىنلا ئىللىتتى.

**ئىللىتىشماق** «ئىللىتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۇ قۇچاقلىشىش ئارقىلىق ئاللىقاچان مۇزلاپ قالغان يۈرەكلەرنى ئىللىتىشماقچى بولسا كېرەك، خېلى ئۇزۇنغىچە بىر ـ بىرىنى قويۇۋېتىشمىدى.

**ئىللىتىلماق** «ئىللىتماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: مېھمانلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئالدى بىلەن بىر لېگەن ئىللىتىلغان تۇخۇم داستىخانغا كەلتۈرۈلدى.

**ئىللىق** سۈپ ① بىر ئاز ئىسسىق، ئىسسىقراق: ئىللىق فرونت. ئىللىق ئادۋېكسىيە. ئىللىق ئېقىم. ② كۆچمە. يېقىملىق، خۇش كېلىدىغان: ئىللىق سۆز. ئىللىق سۆھبەت. ئىللىق مۇئامىلە. ئىللىق تەبەسسۇم.

**ئىللىقلاشتۇرماق** «ئىللىقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇرغان ئەركىن، ھاراقنى كۆرۈپ

چىرايىنى ئىللىقلاشتۇردى.

**ئىللىقلاشتۇرۇشماق** «ئىللىقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىللىقلاشتۇرۇلماق** «ئىللىقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى

**ئىللىقلاشماق** پ. ئىللىق ھالەتكە كەلمەك، ئىللىق بولۇپ قالماق، يېقىملىقلاشماق، مۇلايىملاشماق: ئۇ ئادەتتە سۇرلۇكرەك بولسىمۇ، كۆلگەندە مۇلايىم ھەم ئىللىقلىشىپ كېتەتتى.

**ئىللىقلىق** ئى. ئىسسىق. يېقىملىق ھالەت: ھاۋانىڭ ئىللىقلىقى. كۆننىڭ ئىللىقلىقى. * ئۇنىڭ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن كەڭ ۋە ئوچۇق پېشانىسىدىن بىر خىل ئىللىقلىق يېغىپ تۇراتتى.

**ئىللىماق** I پ. بىر ئاز ئىسسىماق، ئىللىق ھالەتكە ئۆتمەك: ھاۋا ئىللىدى. * كىچىك دېرىزىدىن كۈن نۇرى غۇۋا چۈشۈپ تۇراتتى، ئۆي ئىچى خېلىلا ئىللىپ قالغانىدى.

**ئىللىماق** II پ. دىيال. پۈرىماق، ئىسكىمەك.

**ئىلماق** پ ① ئىلمەك، مىخ، ئىلغۇچ، قوزۇق ۋە شۇ قاتارلىقلارغا ئاسماق ئۆتكۈزۈپ قويماق: ئابدۇقادىر داموللا بېشىدىكى سەللىسىنى ئېلىپ تامدىكى قوزۇقلارنىڭ بىرىگە ئىلدى. ② ئۆتكۈزۈپ قويماق: ھېسامىدىن داموللا كەينىگە قايتتى، مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلدى. ③ تۇتماق، نازۇك، ئىنچىكە يېرىدىن ئالماق (گەپ - سۆز ھەققىدە): ئاباق شەۋكەتنىڭ سۆزىنى ئىلىۋالدى.

**ئىلمان** سۈپ ① ئىللىق ئۆتكەن، ئىسسىق ئۆتكەن، بىر ئاز ئىسسىغان، ئىللىق: ئىلمان سۇ. ② كۆچمە. كىشىگە، بىرەر ئىشقا، مەسىلىگە تۇتقان مۇئامىلىسى، كۆز قارىشى، ئوتتۇرىدا بولغان، ئۇ تەرەپكىمۇ، بۇ تەرەپكىمۇ مايىل ئەمەس: گۈلشاتنىڭ ئۆز سۆزى بويىچە ئېيتقاندا ئۇنىڭ مۇئامىلىسى ھامان «ئىلمان» بولۇپ كەلدى.

**ئىلمە** I سۈپ. ئادەتتە قولدا ئىشلىتىدىغان ئىلمەكلىك چوكا ياكى ھەر خىل ماشىنىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىلىپ توقۇلىدىغان، ئىلىش يولى بىلەن ئىشلىنىدىغان: ئىلمە توقۇلما.

**ئىلمە** II ئى < تىپ> ← **ئىلغا**.

**ئىلمەك** ① ئى. ئومۇمەن بىرەر نەرسىنى ئىلىشقا، ئىلىپ ئېلىشقا، ئىلىپ قويۇشقا لايىقلاشقان؛ لايىقلاشتۇرۇپ ياسالغان ئېگىك ھالەتتىكى نەرسە: ئەجەب كەلدى تېپىلىپ، ئىلمىكىمگە سېپىلىپ (ماقال). * ئىلمەكنى ئىشارەت بىلەن رۇسلىغىلى بولماس (ماقال). ② سۈپ. ئۇچى ئېگىلگەن، ئېگىك ھالەتتىكى، ئېگىك: ئىلمەك سىم. * خورىكى چوڭنىڭ تۇمشۇقى ئىلمەك (ماقال). ③ سۈپ. شۇ خىل شەكىلدىكى، ئەگمەچ: ئىلمەك قۇرت.

**ئىلمەك گەپ** قارشى تەرەپنىڭ ئارزۇسىغا، گېپىگە قارىتا قەستەن بۇراپ قىلىنغان تەتۈر سۆز: ئۇنىڭ ئاكىسى توغرۇلۇق ئېيتىلىدىغان ھەرقانداق ئىلمەك گەپلەرنى ئاڭلىغۇسى كەلمەيتتى.

**ئىلمەكلىك** سۈپ ① ئىلمىكى بار، ئىلمىكى بولغان: ئىلمەكلىك مەددە. ② ئىلمەك قىلىشقا بولىدىغان، ئىلمەك قىلىشقا يېتىدىغان: بىر ئىلمەكلىك تۆمۈر.

**ئىلمۇئېرپان** ئى [ئە] ئىلىم - بىلىم، ئىلىم ۋە ئېرپان: بولۇپ تۇرماقتادۇر، گۈللەپ نامايان، تەرەققىي قىلغان ئۇندا ئىلمۇئېرپان.

**ئىلمىنۇجۇم** [ئە] < ئاستىر > ← **ئاسترونومىيە:** تېبابەتچىلىك ئىلمىي ۋە ئىلمىنۇجۇمدا ئۇنىڭ ئالەمدە تەڭدىشى يوق ئىكەن.

**ئىلمىي** سۈپ [ئە] ① ئىلمىگە، ئىلىم - پەنگە ئائىت، ئىلىم - پەنگە ئاساسلانغان: ئىلمىي ئەسەر. ئىلمىي خۇلاسە. ئىلمىي تەجرىبە. ئىلمىي خادىم. ② ئوقۇشقا، ئوقۇش - ئوقۇتۇش، مائارىپ ئىشلىرىغا ئائىت ھەم شۇ قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان: ئىلمىي بۆلۈم. ئىلمىي مۇدىر. ئىلمىي باشقارما.

**ئىلمىيلىك** ئى. تەبىئەت، ئىجتىمائىي تۇرمۇش، تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن بولۇش: ئىلمىيلىككە بويسۇنماق. ئىلمىيلىكنى نەزەرگە ئالماق.

**ئىلھام** ئى [ئە] ① كۆتۈرەڭگۈ ئىجادىي روھ، ئىجادىي غەيرەت ۋە زوق جۇش ئۇرغان ھالەت: ئىلھام بەرمەك. ئىلھام بىلەن ئىشلىمەك. ② <ئەد>ئىجادىي پائالىيەت جەريانىدا ئاپتور ئىدىيەسىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلىشىشى، كەيپىياتىنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشى ۋە مۇناسىۋەتلىك شەيئى، ھادىسىلەرنىڭ قوزغىتىشى بىلەن پەيدا بولغان ئىجادىي قابىلىيەت: ئىلھام بىلەن يېزىلغان شېئىر. شائىرنىڭ ئىلھامى كەلمەك. ③ مەدەت، رىغبەت؛ زوق: لۇتپۇللا ئۇنىڭ چىداملىق، كەمتەر روھىدىن، قىزغىن مۇئامىلە ۋە ياردىمىدىن يېڭى پىكىر، يېڭى ئىلھام ئېلىپ قايتىپ كېلەتتى. ④ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئىلھامبەخش** سۈپ [ئە + پ] ئىلھام بەرگۈچى؛ ئىلھام بېرىدىغان، مەدەت ئاتا قىلىدىغان، مەدەت بېغىشلايدىغان، روھىنى، كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئۇرغۇتىدىغان: ئىلھامبەخش ئەتمەك. * شوخ كۈلكە، يېقىملىق ئىلھامبەخش شاد ناخشا ئېتىزلىقنى قاپلىغانىدى.

**ئىلھامچى** ئى. يېزت. ئىلھام بېغىشلىغۇچى، ئىلھام بەرگۈچى: مۇسابىقە مەيدانىنىڭ تۆت تەرىپىدە مۇسابىقە كۆرۈپ ئولتۇرغان ئىلھامچىلار، ۋاسكېتبولچىلىرىمىزغا توختىماستىن ئالقىش ياڭرىتىپ ئىلھام بەرمەكتە ئىدى.

**ئىلھاملاندۇرماق** «ئىلھاملانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ سۆزى مېنى ئىلھاملاندۇردى.

**ئىلھاملاندۇرۇشماق** «ئىلھاملاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاتا - ئانىسى ۋە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ياخشى تىلەكلىرىنى ئېيتىپ، ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇشتى.

**ئىلھاملاندۇرۇلماق** «ئىلھاملاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ مەكتەپتىكى «ئۈچتە ياخشى» ئوقۇغۇچىلار قەرەللىك ھالدا، ھەرخىل ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلىنىپ ئىلھاملاندۇرۇلدى.

**ئىلھاملانماق** پ ① ئىلھامى كەلمەك، ئىلھامى تۇتماق: ئۇ ئىلھاملانغاندا ئاز - تولا شېئىر يېزىپ قوياتتى. ② روھى ئۇرغۇماق، ئىلھام ئالماق، مەدەت ئالماق: خەلق ئۇنىڭ قورقماس باتۇرلۇقىدىن ئىلھاملاندى.

**ئىلۋە** سۈپ. دىيال. زىلۋا، ئىنچىكە.

**ئىلتماق** «ئىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۇنى ئىلىتماق. تۇخۇمنى ئىلىتماق. * قاسىم تۇخۇمنى بەك پىشۇرۇۋەتمەي، چالا ئىلىتىپ ئىچسە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالدى.

**ئىلتمەك** پ. دىيال. باشلىماق، ئەگەشتۈرمەك.

**ئىلتشماق** «ئىلتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار ئوچاققا ئوت قالاپ يوغان قازاندىكى سۇنى ئىلىتىشتى.

**ئىلتىلماق** «ئىلتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — قانچە سائەت كۆپ ئىشلىسە، ئۆزلىرىنىڭ ئىشى، — دېدى ئايالى قەيسەرنىڭ ئالدىغا بىرنەچچە ئىلىتىلغان تۇخۇمنى قويۇۋېتىپ.

**ئىلىشاڭغۇ** سۈپ. ھېساب ياكى بىرەر ئىشتا ناھايىتى ئاسان ئىلىشىپ قالىدىغان، ئىلىشىپ قالاي دەپ قالغان: ئابدۇرېھىم دورغا ئىلىشاڭغۇ، ساقال – بۇرۇتى كېلىشەڭگۈ، بەش مىڭ سەر كۆمۈش بەرسە، چىرىك سايان ئېڭىشەڭگۈ.

**ئىلىشتۇرماق** I ① «ئىلىشماق I» مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② بىرەر نەرسىنى ئىلمەك، قوزۇق ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىگە ئىلماق، ئىلىناشتۇرماق.

**ئىلىشتۇرماق** II «ئىلىشماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىشنى ئىلىشتۇرماق. مېڭىسىنى ئىلىشتۇرماق. كاللىسىنى ئىلىشتۇرماق.

**ئىلىشتۇرۇشماق** «ئىلىشتۇرماق II»پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىلىشتۇرۇلماق** «ئىلىشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قوي مېيى بىلەن سۇ مېيى ئېلىشتۇرۇلسا ئەبجەش ماي پەيدا بولىدۇ.

**ئىلىشما** سۈپ. ئالماشقان، ئالماشتۇرۇلغان ياكى ئالماشتۇرىدىغان: ئىلىشما ئىبارە.

**ئىلىشماق** I «ئىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئىشكتىن كىرىشى بىلەنلا جۇۋىلىرىنى قوزۇقلارغا ئىلىشتى.

**ئىلىشماق** II پ ① خاتا كەتكۈزمەك، خاتا قىلىپ قويماق، يېڭىلىشماق: ھېسابتا ئىلىشماق. گەپتە ئىلىشماق. ئىشتا ئىلىشماق. ② ساراڭ بولۇپ قالماق، نېرۋىسى ئىشتىن چىقماق، كاللىسى ئىشلىمەس بولۇپ قالماق: ئۇ قىزنىڭ ئىلىشىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم.

**ئىلىشمان** رەۋ. تەرتىپسىز، قالايمىقان، رەتسىز: باللار ئۆي ئىچىنى ئىلىشمان قىلىۋەتكەنىدى.

**ئىلىشمانلىق** ئى. ئىلىشمان، قالايمىقان، رەتسىز، تەرتىپسىز ھالەت: — نېمانچىۋالا ئىلىشمانلىق بۇ، — دېدى ئانام ئۆي ئىچىگە بىر قاراپ.

**ئىلىق** سۈپ. ئىلىقلىق: ئىشىك ئىلىق. * چاپان قوزۇققا ئىلىق ئىكەن.

**ئىلىقلىق** سۈپ. ئىلىپ قويۇلغان، ئىلىنغان: كىيىن ئۇ قوزۇققا ئىلىقلىق ئالا بالداق تونىنى ئېلىپ ياقىسىنىڭ ئورۇمىنى تىكىشكە باشلىدى.

**ئىلىق – ملىق** دىيال. بىرئاز ئىسسىقلىق، ئىللىق.

**ئىلىك** ئى ① قولنىڭ بېغىشىدىن ئۇچىغىچە بولغان قىسمى، قول. ② قولنىڭ ھەربىر پەنجىسى: تۆت ئىلىك تاختاي. ئىككى ئىلىك خەت. ③ ئىختىيارلىق، كونتروللۇق: دۆلەت ئىلىكىگە ئۆتمەك. ئىلىكىگە ئېلىۋالماق.

**ئىلىك ئالماق** قوبۇل قىلماق، توغرا تاپماق؛ ئېتىراپ قىلماق: سەلىمە چوڭ – كىچىك ئىشلاردا قادىر بىلەن مەسلىھەتلىشىدۇ. ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئىلىك ئالىدۇ.

**ئىلىكتەللە** ئى. دىيال. قىزنىڭ ئۆز ئانىسى تەرەپتىن يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرى، ھەققى تالىق، قىز مېلى.

**ئىلىكدىمەك** پ. دىيال. كۆزگە ئىلماق، ئېتىبارغا ئالماق، ھېسابقا ئالماق.

**ئىلىم** ئى [ئە] كىشىنىڭ ئوقۇش، ئۆگىنىش ۋە ياشاش، تەبىئەتنى بىلىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا توپلانغان، ئارتىپ بارغان بىلىمى؛ مەلۇمات، ساۋات: ئىلىم ئالماق. ئىلىم بەرمەك. ئىلىمگە بېرىلمەك. ئىلىم تەھسىل قىلماق.

**ئىلىم نوپۇزلۇقى** ئىلىم، ئىلىم – پەننىڭ ئىچىدىكى بىرەر – رىنى ياكى بىرقانچىسىنى پىششىق بىلگەن ۋە ئۇنىڭدا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەن، بىلىم ئىگىسى، ئىلىم بىلەن شۆھرەت قازانغان كىشى.

**ئىلماق** پ. چالا پىشماق؛ بىرئاز ئىسسىماق، ئىللىق ھالەتكە ئۆتمەك، ئىللىماق: ئاپتاپقا قويۇپ قويۇلغان سۇ ئاللىقاچان ئىلىغان بولسىمۇ، زىلەي تېخىچە ئۇيغۇدىن ئويغانمىغانىدى.

**ئىلمەك** پ. دىيال. ئاشلىماق.

**ئىلىم – بىلىم** ئىلىم ۋە بىلىم، ئىلىم – پەن: ئۇنىڭ نەدە، نېمە ئوقۇغانلىقىنى، ئىلىم – بىلىمدىن خەۋىرى بار – يوقلۇقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

**ئىلىمپەرۋەر** سۈپ [ئە + پ] ئىلىمنى، ئىلىم – پەننى سۆيىدىغان، تىرىشىپ، ئىزدىنىپ ئىلىم ئۆگىنىدىغان، ئىلىمنى، مەرىپەتنى ياقلايدىغان: ئىلىمپەرۋەر كىشى. ئىلىمپەرۋەر زات.

**ئىلىمپەرۋەرلىك** ئى. ئىلىمنى، ئىلىم – پەننى سۆيۈش، ئىلىم ئۆگىنىش، ئىلىمنى ياقلاش.

**ئىلىم – پەن** ① ئىلىم ۋە پەن. ② <پەلس>ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى بىلىش، ئۆزگەرتىش ۋە ياشاش ئەمەلىيىتى جەريانىدا توپلىغان بىلىمى، مەلۇماتى ياكى تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇر توغرىسىدىكى بىلىم سىستېمىسى. ئۇ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت داۋامىدا سىنىلىپ ۋە راۋاجلىنىپ بارىدۇ. ئۇ مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم ئامىلى: ئىلىم – پەنگە بېرىلمەك. ئىلىم – پەنگە ئۆزىنى بېغىشلىماق.

**ئىلىمسىز** سۈپ. ئىلىمى، مەلۇماتى يوق؛ ئوقۇمىغان، نادان: ئىلىمسىز كىشىنىڭ كۆڭلى قارادۇر، قارا كۆڭلى ئۇنىڭ باشىن يارادۇر.

**ئىلىمسىزلىك** ئى. ئىلىمى، مەلۇماتى يوقلۇق، نادانلىق: ئىنسان ئۈچۈن ئىلىمسىزلىك چوڭ ئىللەتتۇر.

**ئىلىمشۇناس** ئى [ئە + پ] ئىلىم بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى، ئىلىم ئەھلى: نېمە ئۈچۈندۇر شۇ چاغلاردا بىرمۇنچە ئادەملەر ئۆزلىرىنى بىردىنلا مىللىي ئىلىمشۇناس دېيىشقا باشلىغانىدى.

**ئىلىمشۇناسلىق** ئى. ئىلىمنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىش ئىشى، كەسپى: قىسمەن كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئىلىمشۇناسلىقتا ۋايىغا يەتكەن، دەپ ماختايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ماختىغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەقىقىي ئىلىمشۇناس بولۇشى ناتايىن.

**ئىلىمگەر** ئى [ ئە + پ ] ئىلىمنى، ئىلىم – پەننى سۆيىدىغان، ئىزدىنىپ ئىلىم ئۆگىنىدىغان، ئىلىمنى، مەرىپەتنى ياقلايدىغان ئادەم: ئىلگىرى – ئاخىر بولۇپ جاۋاب يازغانلارنىڭ سانى 400 ئەتراپىدا دەپ قارىساق، 40 تىن بىر ئىلىمگەر جاۋاب يازغان بولىدۇ.

**ئىلىمگەرلىك** ئى. ئىلىمنى، ئىلىم – پەننى سۆيۈش، ئىزدىنىپ ئىلىم ئۆگىنىش، ئىلىمنى، مەرىپەتنى ياقلاش ۋە شۇنداق روھ: ئىلىمگەرلىك ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ياشلىرىمىزنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ئىلىملىك** سۈپ. ئىلىمى، مەلۇماتى بار، بىلىم ئالغان، ئوقۇغان، مەلۇماتلىق: ئىلىملىك كىشىنىڭ ئادەملەر ئالدىدا قىممىتى بولىدۇ، ئۇ ئىككىلا دۇنيادا خار بولمايدۇ.

**ئىلىم – مەرىپەت** ئىلىم ۋە مەرىپەت، ئاڭ، بىلىم، پەن؛ ئىلغار –

لىق: مەن ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىشنى شەرەپلىك ھېس قىلىمەن.

**ئىلىم ـ مەرىپەتلىك** ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگەنگەن، ئىلىم ـ مەرىپەت يولىغا ماڭغان، ئىلىمپەرۋەر: ئىلىم ـ مەرىپەتلىك ياشلار. ئىلىم ـ مەرىپەتلىك كىشىلەر.

**ئىلىم ـ ھېكمەت** ئىلىم ۋە ھېكمەت: جامال شۇنىڭدىن كېيىن ئۆكىسى كامالدىن ئىلىم ـ ھېكمەت ئۆگىنىشكە باشلاپتۇ.

**ئىلىم ـ ئېرپان** بىلىم ۋە مەرىپەت، ئىلىم ۋە پەن: چۈنكى ئەلگە پەقەت ئىلىم ـ ئېرپان ئارقىلىقلا مۇشۇنداق ئاھۇنادامەت، زۇلۇم ـ ئاسارەتتە قېلىشنىڭ سەۋەبلىرىنى تونۇتقىلى بولىدۇ.

**ئىلىنچۇك** ئى. دىيال. ئاساس، باھانە؛ باغلىنىش؛ يۆلەنچۈك.

**ئىلىنچىق** سۈپ. دىيال. ئېلىك ـ سېلىك.

**ئىلىندۇرماق** «ئىلىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: چىتقا ئىلىندۇرماق. * بىر كۈنى ئۇ قىز كۆڭلىكىنى دەرەخ شاخلىرىغا ئىلىندۇرۇپ يىرتىۋېتىپتۇ.

**ئىلىندۇرۇشماق** «ئىلىندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىلىندۇرۇلماق** «ئىلىندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نەچچە ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان بۇ لەنىتى تىمساھ ئاخىرى قارماققا ئىلىندۇرۇلدى.

**ئىلىنماق** ① «ئىلماق»پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نادان تۈلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنار (ماقال). ② يېقىن كەلمەك، ئولاشماق: ھارغىنلىق يەتكەنلىكتىن ياستۇققا بېشىمنى قويۇشۇم بىلەنلا كۆزۈم ئۇيقۇغا ئىلىندى. ③ ئالدانماق، قىلتاققا چۈشمەك: بىراق، ئۇ قاسىمنىڭ ئۆزىدىن بالدۇرراق ئىلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ چۈشىدىمۇ ئويلىمىغانىدى.

**ئىلىنىشماق** ① «ئىلىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يول ئۈستىدە چېچىلغان قوناق پالاكلىرى، شال پاخاللىرى، چىتلارغا ئىلىنىشىپ قالغان غوزا ـ پاختىلار ئۇچۇپ يۈرەتتى. ② چىتىلماق، باغلىنىشلىق بولماق: مېنىڭ نامانغا ئىلىنىشىدىغان ھېچبىر يېرىم يوق. ③ چەككە ئارانلا دەسسىمەك، ئولاشماق: سىڭلىم بۇ يىل ئىمتىھاندا ئېرىشكەن ئاتمىش نومۇرى بىلەن تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە ئىلىنىشتى.

**ئىم** ئىم. پۇشايماننى، ئەپسۇسنى بىلدۈرىدۇ: ئەنۋەر تېز يامىشىپ ئەڭ ئېگىزدىكى ئۇۋا بار شاخقا چىققاندا سۆگەتنىڭ تۈۋىدە قاراپ تۇرۇشقان باللار «ئىم» دېيىشتى.

**ئىما** ئىم. باش ئىرغىتىپ ياكى يۈز، كۆز، قاش، قول ھەرىكىتى بىلەن قىلىنغان ئىشارەت: ـــ مانا كېلىپ قالدۇق، ـــ دېدى ھامىدىن غوجا ئۈستىغولنىڭ ئاغزىنى بېشى بىلەن ئىما قىلىپ كۆرسىتىپ.

**ئىمارەت** ئى [ئە] ئولتۇرۇش، ئىشلەش ئۈچۈن مەخسۇس سېلىنغان قۇرۇلۇش، چوڭ ئۆي؛ بىنا: ئىمارەت سالماق.

**ئىمارەتچىلىك** ئى. ئىمارەت لايىھەلەش ۋە ئۇنى سېلىش ئىشى: بۈگۈنى بىز ئۇيغۇر ئىمارەتچىلىكىنىڭ بىرخىل مىللىي ئۇسلۇبى سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىشىمىز لازىم.

**ئىمارەتلىك** سۈپ. ئىمارەت بار بولغان، ئىمارەتكە ئىگە: ئېگىز ئىمارەتلىك شەھەر. ئېگىز ئىمارەتلىك كوچا.

**ئىماژىنىزم** ئى [ر<فىران] <ئەد> ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردە تارقالغان ھازىرقى زامان شېئىرىيەت ئېقىمى. بۇ ئېقىمدىكىلەر ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ شەيئە-

لەرنى بىۋاسىتە ئىپادىلەشنى، ئىپادىلەشكە ياردىمى تەگمەيدىغان ھەرقانداق سۆزلەرنى چىقىرىپ تاشلاشنى، ئېغىز تىلى رىتىمىنى ئەنئەنىۋى رىتىم ئورنىغا دەسسىتىشنى تەشەببۇس قىلغان. دەرھال تەسىر قىلغان ئوي ـ پىكىر ۋە ھېسسىياتنىڭ قايتىدىن بىرلىششىنى ئىپادىلەش ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى.

**ئىمام** ئى [ئە] ① نامازدا جامائەتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ نامازنى باشقۇرغۇچى، ئۇلارنى ئۆزىگە ئىقتىدا قىلدۇرغۇچى دىنىي شەخس؛ ئاخۇن: ئىمامنىڭ ئۆمرىنى تىلە، مەزىنىنىڭ ئۆلۈمىنى (ماقال). ② ئىسلام دىنىنىڭ ھەرقايسى مەزھەپلىرىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ شۇ مەزھىپىگە ئاساس سالغۇچىنىڭ ھۆرمەت نامى. ③ ئىسلام دىنىدىكى مەشھۇر ئۆلىما ـ ئالىملارنىڭ ھۆرمەت نامى. ④ ئىسلام پېشۋالىرىنىڭ ئۇنۋانى. ⑤ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئىمامى ئەخپەشنىڭ ئۆچكىسى** ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پىكرى يوق، ئۆزىنىڭ باشلىقلىرى نېمە دېسە شۇنى توغرا، راست دەيدىغان ئادەم.

**ئىمامەت** ئى [ئە] ئىمام بولۇش، ئىماملىق.

**ئىمامەتچىلىك** ئى. نامازدا جامائەتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ نامازنى باشقۇرۇش، ئىمام ئۆتەشكە تېگىشلىك ئىش، ۋەزىپە؛ ئىماملىق: سىنىڭ مەدرىسەنى تۈگىتىپ بىرەر مەھەللىگە ئىمام بولۇشۇڭ تۇرغان گەپ. ئىمامەتچىلىك دېگەن رىزقى تۈگىمەيدىغانلا بىر ئىش.

**ئىماملىق** ئى. ئىمام ئۆتەشكە تېگىشلىك ئىش، ۋەزىپە؛ ئىمامەتچىلىك: ئىماملىق قىلماق: ئىمامنىياز سوپى كۈندۈزلىرى تىنىم تاپماي يۈقىرى ـ تۆۋەن قاتىراپ يۈرۈپ، مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىماملىقىنىمۇ قولىغا كىرگۈزۈۋالدى.

**ئىمان** ئى [ئە] ① <دىن> ئىسلام دىنىدا ئاللاغا، ئاللانىڭ بارلىقىغا، بىرلىكىگە بولغان ئىشەنچ، ئېتىقاد، سىغىنىش: ئىمان ئېيتماق. ئىمان كەلتۈرمەك. ② ۋىجدان: بىز ساڭا قانداق يامانلىق قىلدۇق؟ ئىمانىڭ بىلەن گەپ قىل!

**ئىمانى بۇلغانماق** مۇسۇلمانچىلىقتىن چەتلىمەك، ئىماندىن چىقماق؛ ئەقلىدىن ئازماق: ـــ ھۇ، ئىمانى بۇلغانغان مۇناپىقلار، مۇسۇلمان تۇرۇپ ئۆز ئاتىسىنىمۇ مۇشۇنداق خارلىغان بارمۇ؟ ـــ دېدى بىر چەتتە ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغان ئاقساقال بوۋاي غەزەپ بىلەن.

**ئىمانى كامىل** «ئىشەنچى تولۇق»، «تولۇق ئىشىنىدۇ»دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: ئىمانىم كامىلكى، ئۇ دېگىنىنى قىلىدۇ. * بۈگۈن ئەتىگەن مەيداندا ساقچى چاشقانلىرىدىن بىرەرى سىزنى سېزىپ قالمىغىنىغا ئىمانىڭىز كامىلمۇ؟

**ئىمانى ئۇچماق** قاتتىق غەزەپلەنمەك، ئاچچىقى تازا كەلمەك: بەزىلەرنىڭ مېنىڭ ئارقامدىن قىلغان زەھەرخەندە گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئىمانىم ئۇچتى.

**ئىمانسىز** سۈپ ① <دىن> خۇداغا ئىشەنمەيدىغان ياكى ئاللانىڭ بىرلىكىگە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەقلىقىگە پۈتمەيدىغان؛ كاپىر: مۇشتتەك تۇرۇپ ئىمانسىز موماڭدىن دۇتار چېلىشنى ئۆگىنىپسەن تېخى. ② ۋىجدانى يوق، ۋىجدانسىز، دىيانەتسىز: ۋاڭ غوجامنىڭ تاغدىكى بۇ ئىمانسىزلارنى يوقىتىشقا قانچىلىك تەييارلىقى باركىن؟

**ئىمانلىق** سۈپ ① خۇداغا ئىشىنىدىغان، ئاللانىڭ بىرلىكىگە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەقلىقلىقىگە ئىشىنىدىغان؛ مۇسۇلمان: ئۇ

ئادەتتە خېلى ئىمانلىق ئادەم بولۇپ، بەش ۋاق نامازنى زادىلا تەرك ئەتمەيتتى. ② ۋىجدانى بار، ۋىجدانلىق، دىيانەتلىك: — ئاڭلىسام، ئىمانلىق ئادەمدىن بىرى بولسىلا قىيامەت قايىم بولماسمىش، خۇدا خەلقىمىزنى ئىمانى بار يازغۇچىسىدىن ئايرىمىسۇن! — دېدى ياشانغان بىر كىشى.

**ئىما ـ ئىشارە** ← **ئىما ـ ئىشارەت:** ئادىلىنىڭ تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان چىرايىدىن چولپان ئۇچۇن قايتا ـ قايتا رەھمەت دېگەندەك ئىما ـ ئىشارە چىقىپ تۇراتتى.

**ئىما ـ ئىشارەت** باش ئىرغىتىپ ياكى يۈز ـ كۆز، قاش، قول ھەرىكىتى بىلەن قىلىنغان بەلگە، ئىشارەت: ئىما ـ ئىشارەت قىلماق. * ئۇلار ئىما ـ ئىشارەتلەر بىلەن تۆرگە چىقىپ جايلاشقاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈردى.

**ئىما ـ ئىشارەت تىلى** نۇتۇقسىز ھالدا ئىما ـ ئىشارەتلەر بىلەن مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇش ۋاستىسى؛ ئىشارەت تىلى.

**ئىما ـ ئىشارەتلىك** ئىما ـ ئىشارىتى بار، ئىما ـ ئىشارىتى بولغان.

**ئىمە تۇتماق** دىيال. تەمە قىلماق.

**ئىمپورت** ئى [ر<ئىنگ] <سودا> بىر دۆلەتنىڭ باشقا بىر دۆلەتتىن تاۋار كىرگۈزۈش پائالىيىتى.

**ئىمپۇلس** ئى [ر<لات] <فىز> ① دولقۇن مەنبەسىنىڭ يەككە، قايتىلانمايدىغان پېرتۇرباتسىيەلىك ھەرىكىتىنىڭ تارقىلىشى. ② ئېلېكتىر تېخنىكىسى ۋە ئېلېكترون تېخنىكىسىدا توك كۈچى ياكى بېسىمىنىڭ قىسقا ۋاقىتلىق داۋالغۇشى.

**ئىمپۇلسلىق** سۈپ. ئىمپۇلسى بار، ئىمپۇلسقا ئىگە: ئىمپۇلسلىق ئاۋاز.

**ئىمپېراتور** ئى [ر<لات] <تارىخ> پادىشاھلىق دۆلەتلەردە پادىشاھنىڭ، ئىمپېرىيە پادىشاھىنىڭ ئۇنۋانى ۋە شۇ ئۇنۋانغا ئىگە بولغان شەخس.

**ئىمپېراتورلۇق** سۈپ. ئىمپېراتور تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەن، پادىشاھلىق: ئىمپېراتورلۇق تۈزۈم.

**ئىمپېرىيالىزم** ئى [ر<لات] <پەلس> ← **جاھانگىرلىك.**

**ئىمپېرىيالىست** ئى [ر] <پەلس> ← **جاھانگىر.**

**ئىمپېرىيە** ئى [ر<لات] <تارىخ> تېررىتورىيەسى ئىنتايىن زور ياكى مۇستەملىكىسى بولغان پادىشاھلىق دۆلەت.

**ئىمتىلائىي** سۈپ [ئە] ← **ئىمتىلائىي كېسەللىكلەر.**

**ئىمتىلائىي كېسەللىكلەر** <تېب> تېبابەتچىلىكتە، قوزغالغاندا قىزىتما يۇقىرى ئۆرلەش، تەرلىمەسلىك، قەۋزىيەت بولۇپ قېلىش، مەيدە ۋە قورساق كۆپۈپ كېتىش قاتارلىق كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئىمتىھان** ئى [ئە] ① مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش، دەرس پىروگراممىلىرىدا بەلگىلەنگەن بىلىمنى قانچىلىك ئۆزلەشتۈرگەنلىكىنى تەكشۈرۈش، سىناپ كۆرۈش، سىناش: دۆلەت ئىمتىھانى. ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىش ئىمتىھانى. * ئىمتىھان ئالماق. ئىمتىھان بەرمەك. يىللىق ئىمتىھان. مەۋسۇملۇق ئىمتىھان. * قادىر ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىدى. ② ئومۇمەن سىناش، تەكشۈرۈش: ئىشان قولىنى شىلتىپ، «دەرۋىشكە ھۆجرىدا يېتىش ھارام، ماڭا ئۆڭكۈر ماكان بولغاي، جاپالار ئىمتىھان بولغاي، بىلىڭلەركى خالايىقلار، تاڭنا ئاخىر زامان بولغاي» دەپ، تاغ تەرەپكە يۈرۈلۈپ بىر ئۆڭكۈرگە كىرىۋالدى.

**ئىمتىھانسىز** سۈپ. ئىمتىھان ئالمىغان ياكى بەرمىگەن، ئىمتىھان ئالماي ياكى بەرمەي: ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھانسىز كىرمەك.

**ئىمتىھانلىق** سۈپ. ئىمتىھان ئېلىنىدىغان، ئىمتىھان ئارقىلىق بېرىلىدىغان ياكى قوبۇل قىلىنىدىغان: ئىمتىھانلىق مەنسەپ تۈزۈمى.

**ئىمتىياز** ئى [ئە] باشقىلاردىن ئارتۇق بەھرىمەن بولىدىغان مەنپەئەت؛ باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ھوقۇق، ئارتۇقلۇق: — يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، — دېدى ئالماس، — فېئوداللار سىنىپى ئەمگەكچى دېھقانلارنى ئېزىش، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ئىمتىيازلىرىدىن مەھرۇم بولدى.

**ئىمتىيازچىلىق** ئى. ئىمتىيازغا بېرىلىش، ئىمتىيازنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش، ئىمتىياز قوغلىشىش: ئىمتىيازچىلىق فېئودالىزمنىڭ قالدۇق تەسىرىنىڭ تېخى تازىلىنىپ بولمىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

**ئىمتىيازسىز** سۈپ. ئىمتىيازى بار، ئىمتىيازغا ئىگە بولمىغان.

**ئىمتىيازلىق** سۈپ. ھەممە ئۈچۈن بەلگىلەنگەنىدىن ئارتۇق ھەق، ھوقۇققا، ئىمتىيازلارغا ئىگە بولغان: بۇ يەردە دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى بولغان ئەمەلدارلارنىڭ ئىمتىيازلىق ئورنى مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

**ئىمزا** ئى [ئە] كىشىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىلغان ئىسىم ـ فامىلىسى ياكى قويۇلغان قول: ئىمزا قويماق. * ئۇنىڭدىكى خەتلەر ئالدىراش ـ تېنەش يېزىلغان، ئاي ـ كۈنلىرى يېزىلمىغان، ئىمزامۇ يوق ئىدى.

**ئىمزاسىز** سۈپ. ئىمزاسى يوق، ئىمزا قويۇلمىغان، ئىمزا قويۇپ تەستىقلانمىغان: ئىمزاسىز خەت. ئىمزاسىز ھۆججەت. * ئۇنىڭ قولىغا چۈشكىنى پەقەت بىر پارچە ئىمزاسىز خەتلا ئىدى، خالاس.

**ئىمزالاتماق** «ئىمزالىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شەرتنامە ئىمزالاتماق: كومىتېتىمىز رەھبەرلىكى باشقارما مەسئۇللىرى بىلەن باشقارما خادىملار ئوتتۇرىسىدا مەنىۋى مەدەنىيلىك توختامنامىسى ئىمزالاتتى.

**ئىمزالاشماق** «ئىمزالىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سۆھبەت ئاخىرىدا ئىككى تەرەپ ئۆزئارا ياردەم بېرىش مەزمۇنىدا كېلىشىم ئىمزالاشتى.

**ئىمزالانماق** «ئىمزالىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شەرتنامە ئىمزالاندى. * «ئون بىر ماددىلىق بىتىم» ئىمزالانغاندىن كېيىن تۇرپاندا بىر مۇنچە زىيالىي ياشلار مەدەنىيەت ـ مائارىپ ساھەسىدە خىزمەتكە قويۇلدى.

**ئىمزالىق** سۈپ. ئىمزاسى بار، ئىمزا قويۇلغان: بۇ «غىلاپلىق خەنجەر» ئىمزالىق بىر كىشىنىڭ مەخسۇت بەگكە يازغان خېتى ئىدى.

**ئىمزالىماق** پ. ئىمزا قويماق، ئىمزاسىنى يازماق، ئۆز ئىمزاسى بىلەن تەستىقلىماق: شەرتنامىنى ئىمزالىماق. بۇيرۇقنى ئىمزالىماق. * سەيدۇللا دورىخانىنى كۆتۈرە ئېلىش ھەققىدە دوختۇرخانا بىلەن كېلىشىم ئىمزالاشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

**ئىمزەڭگۈ** سۈپ. دىيال. ئېزىلەڭگۈ.

**ئىمكان** ئى [ئە] ← **ئىمكانىيەت:** ئىمكان بەرمەك. ئىمكان يار بەرمەك. * تۇرسۇن دادىسى قادىرغا ئىمكان يار بەرسە، ھېيتتىن بۇرۇن يېتىپ بارىدىغانلىقى ھەققىدە تېلېفون ئۇرماقچى بولدى.

**ئىمكان بار** مۇمكىنقەدەر، ئىلاجى بار: ئىمكان بار قاسىمنى تولۇق ئويغىتىپ، دۈشمەن بىلەن يۈزمۇيۈز كۆرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈ-

دۇرۇش كېرەك.

**ئىمكان بەرمەك** بىرەر ئىش، مەقسەت، تەلەپ ۋە شۇ قاتار-لىقلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، مەيدانغا، ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن يول قويماق، ئۇنىماق ياكى شەرت - شارائىت ياراتماق: شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان پالۋانلار چېرىكلەرگە ھەرىكەت قىلىشقا ئىمكان بەرمىدى.

**ئىمكانقەدەر** رەۋ [ئىمكان + قەدەر] پۈتۈن ئىمكانىيەت، كۈچىنىڭ بارىچە؛ پۈتۈن ئىمكانىيىتى، كۈچى بىلەن؛ مۇمكىنقەدەر: مەن ئۇ يەرگە ئىمكانقەدەر ۋاقىت چىقىرىپ بارىمەن.

**ئىمكانىيەت** ئى [ئە] ① ئىش - ھەرىكەت ۋە مەقسەت قاتار-لىقلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا زۆرۈر ياكى قولاي بولغان شەرت - شارائىت؛ پۇرسەت، مۇمكىنچىلىك: ئىمكانىيەت بەرمەك. ئىمكا-نىيەت ياراتماق. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە. ② <پەلس> ماتېرىيا-لىستىك دىيالېكتىكىنىڭ بىر كاتېگورىيەسى. ئادەتتە ئۇ ئەمەلگە ئاشىدىغان رېئاللىقنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىمكانىيەتسىز** سۈپ. ئىمكانىيىتى يوق، ئىمكانىيىتى بولمىغان، ئىمكانىيىتى بولمايدىغان: «ئابدۇقادىر، ۋاقىت مۇناسى-ۋىتى بىلەن بەزى نۇقتىلارنى تازا ئوچۇق ئەسكەرتىشكە ئىمكانىيەت-سىزمەن، كېيىن ئوچۇقراق سۆھبەتلىشەرمىز» دېيىلگەنىدى خەتتە.

**ئىمكانىيەتسىزلىك** ئى. ئىمكانىيىتى يوقلۇق، ئىمكانىيىتى بولماسلىق، مۇمكىنسىزلىك: ھازىرچە بەزى «ئىمكانىيەتسىزلىك-لىرىمىز» ئۇلارنى ساۋاتسىز، نادان قالدۇرۇشقا بىزنى ھېچ نەرسە مەجبۇرلىمايدۇ. * بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا ئەھلى ئىنسانلارنىڭ ئىمكانى-يەتلىك تەرەققىياتى ۋە كىشىلىك پەزىلەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش تەربى-يەسى مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلمەكتە.

**ئىمكانىيەتلىك** سۈپ. ئىمكانىيىتى بار، ئىمكانىيىتى بولغان، ئىمكانىيىتى بولىدىغان: ئىمكانىيەتلىك ئىش. ئىمكانى-يەتلىك شەرت - شارائىتلارنى ياراتماق.

**ئىملا** ئى [ئە] بىر مىللەت تىلىدىكى سۆزلەرنى توغرا، ئۆلچەملىك يېزىش: ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملاسى. ئىملا لۇغىتى. ئىملا قائىدىسى.

**ئىملا قائىدىسى** <تىل> يېزىق تىلىنىڭ يېزىلىش قائى-دىسى ۋە يېزىقنى قېلىپلاشتۇرۇش قائىدىسى . ئۇ يېزىقنىڭ توغرا يېزىلىشى ، ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇشى ، تىنىش بەلگى-لىرىنىڭ قوللىنىلىشى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ھەمدە ئېلىپ-بەلىك يېزىقلاردىكى ھەرپلەرنىڭ چوڭ - كىچىك يېزىلىش ئۆلچىمى، بوغۇم ئايرىش بەلگىلىرىنىڭ توغرا قوللىنىلىشى، بوغۇم كۆچۈرۈش قائىدىلىرى ، ئۇلاپ يېزىش قائىدىلىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىملىق** ① سۈپ. ئىما - ئىشارەت، ھېس - ھاياجاننى بىلدۈرىدىغان؛ ئىما - ئىشارەتلىك: ئىملىق سۆز. ② ئى <تىل> ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈركۈملىرىنىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئۇ ھېس - تۇيغۇ، چاقىرىق، بۇيرۇق، جاۋاب قاتارلىقلارغا ئىما (ئىشارەت) بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئىملىقلار مەنىسىگە قاراپ ھېس - تۇيغۇ ئىملىقلىرى، جاۋاب ئىملىقلىرى، بۇيرۇق - چاقىرىق ئىملىقلىرى دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**ئىملىماق** پ. ئىما بىلەن چاقىرماق ياكى كۆرسەتمەك، ئىما - ئىشارە قىلماق: كېيىن ئوردۇ ئاغىسىنىڭ ئىملىشى بىلەن، لېگەن-لەردە تاماق كۆتۈرگەن چىرايلىق قىزلار كىرىشتى.

**ئىممۇنوبىيولوگىيە** ئى [ر<لات + گىرېك] <بىيول> بىيولوگىيە پەنلىرى ئىچىدىكى بىر تارماق پەن. جانلىقلارنىڭ ئىممۇنىتېت ھادىسىلىرىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىدۇ.

**ئىممۇنوپاتولوگىيە** ئى [ر<لات + گىرېك] <تېب> ئىممۇنىتېتلىق كېسەللىكلەرنىڭ قوزغىلىش قانۇنىيەتلى-رىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئىممۇنوخىمىيە** ئى [ر<لات] <خىم> ئەمەلىي خىمىيە، بولۇپمۇ بىيوخىمىيەنىڭ تېخنىكىلىرى ۋە ئۇقۇملىرى ئارقى-لىق ئىممۇنىتېت ھادىسىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا تەسىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئىممۇنوفارماكولوگىيە** ئى [ر<لات + گىرېك] <تېب> ئىممۇنىتېت پەيدا قىلغۇچى دورىلار، ئۇلارنىڭ ئۈنۈمى، ئالاھىدىلىكى، تەسىرى ۋە داۋالاش قىممىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئىممۇنوگېماتولوگىيە** ئى [ر<لات + گىرېك] <تېب> ئىممۇنولوگىيەنىڭ نەزەرىيە ۋە مېتودىنى قوللىنىپ قاننى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئىممۇنوگېن** ئى [ر<لات] <بىيول> يېڭى تىرىك ئورگا-نىزمدىن ئېلىنىپ ياسىلىدىغان بىر خىل ئانتىگېن.

**ئىممۇنوگېنېتىكا** ئى [ر<لات + گىرېك] <بىيول> ئىممۇنولوگىيەنىڭ بىر تارمىقى. كېسەللىكلەردىكى ئىممۇ-نىتېت بىلەن ئىرسىيەت ئامىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇنا-سىۋەتنى تەتقىق قىلىدۇ.

**ئىممۇنولوگىيە** ئى [ر<لات] <بىيول> جانلىقلارنىڭ ئىممۇنىتېت رېئاكسىيەسى ۋە ئىممۇنىتېت ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئىممۇنولوگىيەلىك** سۈپ. ئىممۇنولوگىيەگە ئائىت، ئىممۇ-نولوگىيەگە ئالاقىدار بولغان: ئىممۇنولوگىيەلىك مۇداپىئە.

**ئىممۇنىتېت** ئى [ر<لات] <فىزىيول> ئورگانىزمنىڭ «ئۆزى» ۋە «يات» نىڭ تەركىبىنى پەرق ئېتىپ، يات نەرسى-لەرنى چەتكە قېقىشتىن ئىبارەت فىزىيولوگىيەلىك فۇنكسى-يەسى.

**ئىممۇنىتېتچان** سۈپ. ئورگانىزمنىڭ «ئۆزى» ۋە «يات» نىڭ تەركىبىنى پەرق ئېتىش، يات نەرسىلەرنى چەتكە قېقىشتىن ئىبارەت فىزىيولوگىيەلىك فۇنكسىيەگە ئىگە بولغان.

**ئىممۇنىتېتچانلىق** ئى. ئورگانىزمنىڭ «ئۆزى» ۋە «يات»نىڭ تەركىبىنى پەرق ئېتىش، يات نەرسىلەرنى چەتكە قېقىشتىن ئىبارەت فىزىيولوگىيەلىك فونكسىيەگە ئىگە بولغان ھالىتى: ئالىملار مۇنداق دەپ قارىغان: ئىممۇنىتېتچانلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا مەسئۇل بولغان مەلۇم بىيولوگىك گېنېتىكا ئىككىنچى X خىروموسوما ئىچىدە بولىدۇ.

**ئىممۇنىتېتلاندۇرماق** «ئىممۇنىتېتلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى؛ بۇ يېزىنىڭ چارۋىچىلىق پونكىتى قىسقىغىنا بىر يىل ئىچىدە يېزا بويىچە 5000 تۇياق قوينى

مەجبۇرىي ئىممۇنىتېتلاندۇردى.

**ئىممۇنىتېتلاندۇرۇشماق** «ئىممۇنىتېتلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىممۇنىتېتلاندۇرۇلماق** «ئىممۇنىتېتلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يەكەن ناھىيەسىدە بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان 100 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق قوي ۋە باشقا چارۋا مەجبۇرىي ئىممۇنىتېتلاندۇرۇلدى.

**ئىممۇنىتېتلانماق** «ئىممۇنىتېتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ۋىلايەت بويىچە 3 مىليون تۇياق قوي، 70 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق باشقا چارۋا مەجبۇرىي ئىممۇنىتېتلاندى.

**ئىممۇنىتېتلىغۇچى** ① سۈپ. ئىممۇنىتېت ھاسىل قىلىدىغان، ئىممۇنىتېت ھاسىل قىلىش رولىغا ئىگە. ② ئى <بىيول> ئورگانىزمدا ئىممۇنىتېت ھاسىل قىلغۇچى ماددا.

**ئىممۇنىتېتلىق** سۈپ. ئىممۇنىتېتى بار، ئىممۇنىتېتقا ئىگە: ئىممۇنىتېتلىق ئاكتىپلاشقان ھۈجەيرە؛ شىنجاڭ دۆلەتلىك سۈپەت تەكشۈرۈش ۋە ئىممۇنىتېتلىق ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈش باش ئىدارىسى مەزكۇر سۈنىڭ سۈپىتىنى ئېنىقلاپ چىقتى.

**ئىممۇنىتېتلىماق** پ. ئىممۇنىتېت ھاسىل قىلماق، پەيدا قىلماق، بارلىققا كەلتۈرمەك: ئاقسۇ ۋىلايىتىدە چارۋا مال ۋە ئۆي قۇشلىرىدىكى جىددىي يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى تۇنجى قېتىم مەجبۇرىي ئىممۇنىتېتلاش خىزمىتى نەتىجىلىك ئىشلەندى.

**ئىمىر-چىمىر** ① ئوچۇق ئەمەس، پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان؛ تۇتۇق (كۆز ھەققىدە): لېكىن ئۇنىڭ كاللىسىغا ھېچ نەرسە چۈشمىدى، كۆزلىرى ئىمىر-چىمىر بولۇپ، قاتتىق ھارغىنلىق ھېس قىلدى. ② ھەر خىل سىزىقلار، رەڭلەر ئۆزئارا قالايمىقان ھالەتتە كېسىشكەن، رەتسىز، تەرتىپسىز: ئىمىر-چىمىر خەت. خەتنى ئىمىر-چىمىر يازماق.

**ئىمىش** ① مەلۇم پاكىتلارغا ياكى باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسەن كېيىن بىلگەن ياكى يېڭىدىن بىلگەن تەرزدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان، يەنى «ئىكەن» مەنىدىكى ياردەمچى سۆز: كارىز سۈيى تاتلىق بولار ئىمىش. * ئاق ئەتىرگۈل بوغىنىم، بولدى ئېغىر جىنايەت. چۈنكى ئىمىش ئاق رەڭگىم گۈزەللىككە خىيانەت. ② جۈملىدىكى ئىشنىڭ باشقىلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتىلغانلىقىنى ھەم بۇ ئىشنىڭ سۆز بولۇۋاتقان ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: بۈگۈنكى كىنو بەك ياخشى ئىمىش. * سەن بەك ھاكاۋۇر ئىمىشسەن، ئۇ سەندىن قورقار ئىمىش. ③ ئىگە-خەۋەر مۇناسىۋىتىدىكى جۈملىلەردە خەۋەرنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ، باشقىلارنىڭ سۆز-ھەرىكىتىنى مەنسىتمەسلىك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: — بۇنداق دەيدىغانلار يەنە خېلى كۆپ ئىمىش، — دېدى خوتۇنى ئادىلنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلمىغان قىياپەتتە كىردۈۋېلىپ.

**ئىمىلەكلىمەك** پ. دىيال. پايپاسلىماق، ئالدىراپ-تېنىمەك.

**ئىن** I ئى. ھاشارات ۋە ھايۋانلارنىڭ ياتىدىغان جايى: ئېيىق ئىنى. * نېمىشقا باھار كەلسە بارچە ئادەم گۈزەللىك تۇيغۇسىغا كۆمۈلىدۇ؟ ئىنىدىن چىقىپ جىمى جان-جانىۋار، پاراغەت دەرياسىغا چۆمۈلىدۇ؟

**ئىن** II ئى. دىيال → **بۆلە.**

**ئىناق** سۈپ. دوستانە، ئېجىل: ئىناق ئائىلە جەننەتتەك گۈزەل، ئاشۇ جەننەتتە پەرزەنتتۇر مېۋە. * ئۇلار ئۇزۇن يىللار ئىناق ياشاپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

**ئىناق جەمئىيەت** دېموكراتىك بولغان، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان، ئادىل، ھەققانىي، سەمىمىي بولغان؛ ھاياتىي كۈچكە تولغان، ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق، تىنچلىق، ئامانلىق، دوستلۇق ئىلگىرى سۈرۈلگەن ۋە ئەمەلگە ئاشقان، جەمئىيەت مۇقىملىقى تەرتىپلىك بولغان، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئىناق ئۆتىدىغان جەمئىيەت.

**ئىناقسىز** سۈپ. ئىناق ئەمەس، ئىناق بولمىغان، ئۆزئارا مۇناسىۋىتى يىرىك: ئىناقسىز ئائىلە. ئىناقسىز جەمئىيەت. * ئۇ زامانلاردا خەلقنىڭ ئىناقسىز بولۇشىنى خالايدىغان ھۆكۈمرانلار ھىمىتكە ئوخشاش «ئۇششۇق نوچى»لاردىن تولىمۇ ئۇنۇملۇك پايدىلىناتتى.

**ئىناقسىزلىق** ئى. ئىناق بولالماسلىق، يىرىكلىك (مۇناسىۋەتتە): ئەگەر سۆز-چۆچەك كۆپىيىۋەرسە يولداشلار ئارىسىدا ئىناقسىزلىق پەيدا بولىدۇ.

**ئىناقلاشتۇرماق** «ئىناقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى مىللەتلەرنى تېخىمۇ ئۆزئارا ئىناقلاشتۇرۇپ، تەڭ ئالغا باستۇردى.

**ئىناقلاشتۇرۇشماق** «ئىناقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىناقلاشتۇرۇلماق** «ئىناقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەر قايسى گۇرۇھلار ئىناقلاشتۇرۇلۇپ، ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان كۈچكە ئايلاندۇرۇلدى.

**ئىناقلاشماق** پ. ئىناق بولماق، ئىناق ئۆتمەك، ئىناق-ئىتتىپاق بولماق: ھېيت — ھەممە كىشى شاد-خۇراملىققا چۆمىدىغان، ئۇرۇق-تۇغقان، ئاغىنە-بۇرادەرلەر بىر-بىرىنى يوقلايدىغان، ئارازلىشىپ قالغانلارمۇ ئىناقلىشىپ قالىدىغان كۈن.

**ئىناقلىق** ئى. ئىناق ھالەت، ئىتتىپاقلىق: ھەممە كىشى ئىتتىپاقلىققا، ئىناقلىققا ئەھمىيەت بېرىشتەك ياخشى كەيپىيات تەدرىجىي شەكىللەنمەكتە.

**ئىنئام** ئى [ئە] بىرەر تەشكىلات، كوللېكتىپ ياكى شەخس تەرىپىدىن بېرىلگەن سوۋغا؛ ھەدىيە، تارتۇق، مۇكاپات: ئىنئام بەرمەك. ئىنئام ئالماق. ئىنئام قىلماق. * جەڭچىلەرنىڭ بىر ئېغىزدىن ئاۋاز بېرىشى ئارقىلىق ئارسلان ئالاھىدە ئىنئامغا ئېرىشتى.

**ئىنانچى** ئى <تارىخ> قەدىمكى مەنسەپ ياكى ھۆرمەت نامى.

**ئىنانماق** پ. تارس. ئىشەنمەك؛ ئېتىقاد قىلماق.

**ئىناۋەت** ئى [ئە] ① خەلق ئىچىدە ئېرىشكەن ھۆرمەت، ئىززەت، ئابروي، نوپۇز: ئىناۋەت ئالتۇندىن قىممەت. ② نەزەر، ئېتىبار: ئىناۋەتكە ئالماق.

**ئىناۋەتسىز** سۈپ ① ئىناۋىتى يوق، ئىناۋىتى بولمىغان، ئىناۋەتكە ئېلىنمايدىغان: ئىناۋەتسىز ئادەم. ② كۈچتىن قالغان، كۈچكە ئىگە ئەمەس: ئىناۋەتسىز تالون.

**ئىناۋەتسىز قىلماق** كۈچتىن قالدۇرماق، بىكار قىلماق: رەھبەرلىك پىنسىيەگە چىقىش ھەققىدىكى ئىلتىماسىمنى تەستىقلاش تۇگۇل، ھەتتا ئۇنى ئىناۋەتسىز قىلىۋەتتى.

**ئىناۋەتسىزلىك** ئى. ئىناۋىتى يوقلۇق، ئىناۋىتى بولماسلىق، ئىناۋەتكە ئېلىنماسلىق؛ كۈچتىن قېلىش: بۇ باشلىقنىڭ سالغان تەستىقىنىڭ ئىناۋەتسىزلىكىنى ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن ھېس قىلىشقا باشلىدىم.

**ئىناۋەتلىك** سۈپ ① ئىناۋىتى بار، ئىناۋەتكە ئىگە بولغان:

ئىناۋەتلىك ئادەم. * شاھزادە ئامان ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە، قىدىرشاھ كاتتا توي قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىناۋەتلىك ۋەزىرىنىڭ مەلىكە گۈلچېھرە ئىسىملىك قىزىنى ئېلىپ بېرىپتۇ. ② كۈچتىن قالمى- غان، كۈچكە ئىگە، ئۆتىدىغان: ئۆتكەن قېتىمقى ئۇقتۇرۇش ھازىر- مۇ ئىناۋەتلىك، ئۇ تېخى كۈچتىن قالغىنى يوق.

**ئىنايەت** ئى [ئە] مەرھەمەت، ئىلتىپات، ياردەم، ياخشىلىق: ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن مىڭئاياغ، قىرىقئاياغ ۋە چايانلار ھالاك بولدى.

**ئىنايەتنامە** ئى [ ئە + پ ] بىرەر يۇقىرى ئورۇننىڭ بىرەر ئورۇن ياكى شەخسكە ياردەم قىلغانلىقى، ئىلتىپات كۆرسەت- كەنلىكى ھەققىدە يېزىلغان ھۆججەت، ئۇقتۇرۇش، بۇيرۇق، ئىسپات: ھۆدەيچى خانغا ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن ئىنايەتنا- مىنى كۆزىگە سۈرتتى ـ دە، ئوقۇشقا باشلىدى.

**ئىنەك** ئى. چىشى كالا، موزىيى بار چىشى كالا، سىيىر: ئىنەكنىڭ سۈتى ئاغزىدا (ماقال).

**ئىنەكپىتى** ئى [ئىنەك + پىت + ى] <بوت>← **ئابدىملىك.**

**ئىن-تاڭ** ① تارس. ئىككى خىيال، دېلىغۇل. ② ديال. ھاڭ- تاڭ.

**ئىنتايىن** رەۋ [ئە] ئۆزى ئېنىقلىماقچى بولغان سۆزنى كۈچەيتىپ، «ناھايىتى، قالتىس، بەك» دېگەن مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ: ئىنتايىن مۇھىم. ئىنتايىن جىددىي. * ئايقىز قومۇل تەۋەسىدە تۇرۇشنىڭ ئىنتايىن خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، بۇ يەردىن كېتىشكە دەرھال قوشۇلدى.

**ئىنترادا** ئى [ر<ئىتال] <مۇز> ① كىرىش خاراكتېرلىك مۇزىكىلار. ② ھەرقانداق ئاھاڭنىڭ كىرىش قىسمى.

**ئىنتوناتسىيە** ئى [ر<لات] ① <تىل> سۆزلىگۈچىنىڭ نۇتۇق مەزمۇنىغا مۇناسىۋەتلىك ھېس ـ تۇيغۇسىنى ئىپادىلى- گۈچى تەلەپپۇز ئۇسلۇبى ياكى ئاۋۇشنىڭ ئۆزگىرىشىدىن، ئېگىز ـ پەس بولۇپ تۇرۇشىدىن تەشكىل تاپقان رىتىملىق، ئاھاڭلىق نۇتۇق تۈزۈلۈشى؛ تون. ② <تىل> گىراماتىكىلىق ۋاستىلەردىن بىرى، يەنى جۈملىنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋازنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك، ئۇزۇن ـ قىسقىلىق، كۈچلۈك ـ ئاجىز- لىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۆزگىرىشلىرى. ③ <مۇز> ئاھاڭنىڭ ئەڭ كىچىك مۇستەقىل قىياپىتىگە ئىگە قىسمى. ④ <مۇز> مۇزىكا ئىجراسىدىكى ئاۋازلارنىڭ ئېگىز ـ پەسلىك مۇناسىۋىتى.

**ئىنتوناتسىيەلىك** سۈپ. ئىنتوناتسىيەسى بار، ئىنتوناتسى- يەسى بولغان: ئۇنىڭ ئىنتوناتسىيەلىك نۇتۇقى باھالىغۇچىلار، شۇنداقلا يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنى تولىمۇ قايىل قىلىۋەتتى.

**ئىنتېرفېرومېتىر** ئى [ر<لات+گىرېك] <فىز> دولقۇن ئۇزۇنلۇقى، ئىسپېكتىرنىڭ ئىنچىكە تۈزۈلۈشلىرى، سۇنۇش نىسبىتى ۋە ئىنتايىن كىچىك بولغان ئىسپېكتىر يۆتكىلىش- لىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئۆلچەپ بېكىتىدىغان بىر خىل ئەسۋاب.

**ئىنتېرفېرىن** ئى [ر<لات] <بىيول> توقۇلمىلىق تەربىيە- لەشتە ياكى ھايۋانلار ئورگانىزمىدا ۋىرۇسلارنىڭ ياكى باشقا ئىنتېرفېرىننى ئىندۇكسىيەلىگۈچى دورىلارنىڭ رولى بىلەن ھاسىل بولغان، ۋىرۇسلارنىڭ ئۆسۈشىنى چەكلىگۈچى ئېرىشچان ئاقسىل.

**ئىنتېرفېرىنسىيە** ئى [ر<لات] <فىز> ئىككى ياكى ئىككى- دىن ئارتۇق دولقۇن مەنبەسىدىن چىققان، مۇئەييەن شەرتنى قانائەتلەندۈرىدىغان دولقۇنلار بوشلۇقتا قاتلانغاندا كېسىشىش نۇقتىلىرىنىڭ ئوخشىمىغان ئورۇنلىرىدا يۈز بېرىدىغان بىر ـ بىرىنى كۈچەيتىش ياكى ئاجىزلىتىش ھادىسىسى.

**ئىنتېرفېرىنسىيەلىك** سۈپ. ئىنتېرفېرىنسىيە ھاسىل قىلىدىغان، ئىنتېرفېرىنسىيەسى بار، ئىنتېرفېرىنسىيەگە ئىگە: ئىنتېرفېرىنسىيەلىك يورۇقلۇق سۈزگۈچ.

**ئىنتېرناتسىونال** ئى [ر<لات] خەلقئارا سىياسىي تەشكىلات، يەنى پۈتۈن دۇنيا كوممۇنىستىك پارتىيەلىرى بىلەن كوممۇنىزم تەشكىلاتلىرىنىڭ خەلقئارا بىرلەشمە تەشكىلاتى. 1 ـ ئىنتېرناتسىونال 1864 ـ يىلى لوندوندا تەسىس قىلىن- غان. 3 ـ ئىنتېرناتسىونال لېنىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1919 ـ يىلى موسكۋادا قۇرۇلغان.

**ئىنتېرناتسىونالچى** ئى. ئىنتېرناتسىونال تەرەپدارى.

**ئىنتېرناتسىونالىزم** ئى [ر] <پەلس> ماركسىزمنىڭ خەلقئارا پىرولېتارىياتنىڭ ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدىكى ئىدىيەسى، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچى پىرىنسىپلىرىدىن بىرى.

**ئىنتېرناتسىونالىزملىق** سۈپ. ئىنتېرناتسىونالىزم ئىدى- يەسى سىڭگەن، ئىنتېرناتسىونالىزم روھىغا ئىگە بولغان: كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى كەلگۈسى مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇشتا چىڭ تۇرىدىغان يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەر ۋە ئىنتېرناتسىونالىزملىق روھنى جارى قىلدۇرىدىغان بولۇش لازىم.

**ئىنتېرۋال** ئى [ر<لات] <مۇز> ئىككى مۇزىكىلىق ئاۋاز ئوتتۇرىسىدىكى ئاۋازنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك مۇناسىۋىتى. ئادەتتە گىرادۇس ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**ئىنتېگرال** ئى [ر<لات] <مات> ئالىي ماتېماتىكىدا، چەكسىز سانلار يىغىندىسى سۈپىتىدە قارىلىدىغان پۈتۈن مىقدار.

**ئىنتېگراللاندۇرماق** «ئىنتېگراللانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇ- رىي دەرىجىسى.

**ئىنتېگراللاندۇرۇشماق** «ئىنتېگراللاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىنتېگراللاندۇرۇلماق** «ئىنتېگراللاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىنتېگراللانغۇچى** سۈپ. ئىنتېگراللىنىدىغان: ئىنتېگراللان- غۇچى فۇنكسىيە. ئىنتېگراللانغۇچى ئىپادە.

**ئىنتېگراللانماق** «ئىنتېگراللىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىنتېگراللىماق** پ <مات> بېرىلگەن فۇنكسىيەنىڭ دەسلەپكى فۇنكسىيەسىنى تاپماق.

**ئىنتىزار** ئى [ئە] تەقەززا بولۇش، كۈتۈش: سىزنىڭ تېزرەك قايتىپ كېلىشىڭىزگە ئىنتىزار بولغانىدىم.

**ئىنتىزارلىق** ئى. تەقەززالىق بىلەن كۈتۈش، تەقەززالىق: ئايخان موماي بۇ سوئالغا جاۋاب بەرمەيتتى، ئەمما كۆزلىرى بىلەن يىراقلارغا تەلمۈرۈپ، يورۇقلۇقنى چەكسىز سېغىنغان ئىنتىزارلىق

قەلبىنى نامايىش قىلاتتى.

**ئىنتىزام** ئى [ئە] <قا> پارتىيە، ئورگان، ھەربىي قىسىم، تەشكىلات، كارخانا قاتارلىقلار كوللېكتىپىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە خىزمەتنى نورمال ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تۈزگەن، ھەربىر كىشىنىڭ رىئايە قىلىشى زۆرۈر بولغان قائىدە ـ تەرتىپ: پولاتتەك ئىنتىزام ئاستىدا ئالتۇندەك غەلىبە ياتىدۇ.

**ئىنتىزام جازاسى** <قا> مەمۇرىي جازا ۋە پارتىيە ئىجتىمائىي تەشكىلات قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ تەشكىلىي ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا ئالاقىدار قائىدە ـ تۈزۈملەرگە ئاساسەن قوللىنىلىدىغان جازاسى.

**ئىنتىزامچان** سۈپ. ئىنتىزامغا ئاڭلىق بويسۇنىدىغان، تەرتىپلىك: ئىنتىزامچان ئوقۇغۇچى. ئىنتىزامچان كىشى. * مۇئەللىم ئىنتىزامچان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بىر ھازا ماختىغاندىن كېيىن سىنىپ يىغىنىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى ئېلان قىلىپ بولۇپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتى. * بۈگۈنكى سىنىپ يىغىنىدا ئىنتىزامچان ئوقۇغۇچىلار تەقدىرلىنىپ، ئىنتىزامسىز ئوقۇغۇچىلار تەنقىدلەندى.

**ئىنتىزامچانلىق** ئى. ئىنتىزامغا ئاڭلىق بويسۇنۇش: لەيلىگۈل ئۇلارنىڭ غايىسى، ئەمگەك جاسارىتى، ئىنتىزامچانلىقى توغرىسىدا سۆزلىدى.

**ئىنتىزامسىز** سۈپ. ئىنتىزامى يوق، ئىنتىزامغا ئەمەل قىلمايدىغان، بويسۇنمايدىغان، تەرتىپسىز: توقسۇ ناھىيەسىدە ئىنتىزامسىز كادىرلار جاجىسىنى يېدى.

**ئىنتىزامسىزلاشماق** پ. ئىنتىزامى يوق، ئىنتىزامغا ئەمەل قىلمايدىغان، بويسۇنمايدىغان ھالەتكە كەلمەك، تەرتىپسىزلەشمەك: ئوقۇتقۇچىلار تەجرىبىسىز بولسا، ئوقۇغۇچىلار ئىنتىزامسىزلىشىپ كېتىدۇ.

**ئىنتىزامسىزلىق** ئى. ئىنتىزامغا ئەمەل قىلماسلىق، بويسۇنماسلىق، تەرتىپسىزلىك: ئۇنىڭ ئىش تاشلاپ چىقىپ كەتكىنى، چېكىدىن ئاشقان ئىنتىزامسىزلىق.

**ئىنتىزاملاشتۇرماق** «ئىنتىزاملاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىدارە رەھبەرلىكى قارار چىقىرىپ، بۇ پىرىنسىپنى ئىنتىزاملاشتۇردى.

**ئىنتىزاملاشتۇرۇشماق** «ئىنتىزاملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىنتىزاملاشتۇرۇلماق** «ئىنتىزاملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تېلېۋىزوردىكى بەزى كۆرۈنۈشلەر ھەربىيلەردەك ئىنتىزاملاشتۇرۇلغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەرگەن جاۋابلىرىمۇ ئالدىن يادلانغان بولۇپ، كىشىگە بىر خىل سۈنئىي تۇيغۇ بېرىدۇ.

**ئىنتىزاملاشماق** پ. ئىنتىزامغا، قائىدىگە ئايلانماق، تەرتىپلەشمەك: ھەر كۈنى ئەتىگەندە تۇرۇپ بەدەن چېنىقتۇرۇش، ساۋاقداشلىرىم ئارىسىدا ئاستا ـ ئاستا ئىنتىزاملىششقا باشلىدى.

**ئىنتىزاملىق** سۈپ. ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، بويسۇنىدىغان: ئىنتىزاملىق سىنىپ. ئىنتىزاملىق بالا.

**ئىنتىقام** ئى [ئە] بىرەر سەۋەب ياكى دۈشمەنلىشىشتىن كېلىپ چىققان ئۆچ؛ قىساس: ئىنتىقام ئالماق. * بىز قۇدرەتنىڭ كۆڭلىدە زىياۋۇدۇن بەگنىڭ ئىنتىقامى ئوت بولۇپ يانغانلىقىنى كۆردۇك.

**ئىنتىلدۇرمەك** «ئىنتىلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى بىلىمگە ئىنتىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەر خىل ئەمەلىي مەشغۇلاتلارنى ئېلىپ باردى.

**ئىنتىلدۈرۈشمەك** «ئىنتىلدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىنتىلدۈرۈلمەك** «ئىنتىلدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىنتىلمەك** پ. بىرەر نەرسىگە، بىرەر كىمگە ۋە ياكى بىرەر مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماق؛ قىزىقماق، تەلمۈرمەك: دەرسكە ئىنتىلمەك. كېلەچەككە ئىنتىلمەك. * شەۋكەت كىچىككىنە بۇدۇرۇق قوللىرىنى سوزۇپ ئاپىسىغا ئىنتىلدى.

**ئىنتىلىشچان** سۈپ. ئىنتىلىشكە ئادەتلەنگەن؛ ئىنتىلىپ تۇرىدىغان، ئىنتىلىدىغان: ئىنتىلىشچان ھەرىكەت.

**ئىنتىلىشچانلىق** ئى. ئىنتىلىشكە ئادەتلىنىش، ئىنتىلىپ تۇرۇش، ئىنتىلىش: ئۇلار خاراكتېر جەھەتتىن باتۇرلۇق بىلەن ئالغا باسىدىغان، قىزغىن، ئىنتىلىشچانلىققا ئىگە كىشىلەردۇر.

**ئىنتىلىشمەك** «ئىنتىلمەك»پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ بىر جۈپ ياش بىر ـ بىرىگە قاتتىق ئىنتىزارلىق بىلەن ئىنتىلىشىپ تۇرۇشىغا، ئىشىك چېكىلمەستىنلا، ئۆيگە بىر ئادەم كىرىپ كەلدى.

**ئىنتىم** سۈپ [ر] يۈرەكتىكى سىر، ھېس ـ تۇيغۇ ۋە شۇ قاتارلىقلارغا ئائىت؛ يۈرەكتىكى؛ سىرلىق: ئىنتىم لىرىكا.

**ئىنتىم لىرىكا** <ئەد> شائىرنىڭ قەلبىدىكى تۇرلۇك ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى لىرىك شېئىر.

**ئىنجا** I ئى. دىيال. سادا، ئىنكاس.

**ئىنجا** II (**ئىنجاسى**) ئى ① تىككۈچىلىكتە كىيىملەرنىڭ بەل قىسمىنى ئىنچىكىرەك چىقىرىش ئۈچۈن رەختىنىڭ ئازراق يېرىنى قاتلاپ ئۈستىدىن تىكىلگەن تىكىش. ② كىيىمنى بەدەن قۇرۇلمىسىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ۋە زىننەت كىرگۈزۈش يۈزىسىدىن، كىيىمنىڭ ھەربىر مۇناسىپ ئورۇنلىرىغا ئېلىنىدىغان ھەر خىل كېسىلمە ۋە قاتلىما بۆلەكلەر.

**ئىنجا** III سۈپ. دىيال. ئورۇق، ئاۋاق، ئاجىز، زەئىپ.

**ئىنجتماق** پ. دىيال. رەنجىتمەك.

**ئىنجىق** ① ئى. بىرەر يەر ئاغرىغاندا ياكى بىرەر ئىشنى قىلىشقا ئاجىز كەلگەندىكى كۈچىنىش، چىڭقىلىش: قان سادەتخاننىڭ ماغدۇرسىز ۋۇجۇدىغا كۈچ بېغىشلىدى. ئىنجىق، تولغاق باشلاندى. ② سۈپ. ئىشنى غاچ ـ غاچ قىلمايدىغان، ھەرىكىتى ئائىستا؛ مىس ـ مىس: ئىنجىق ئادەم. ئىنجىق ئايال. ئۇ ئىنجىقنى نەدىنمۇ تاپقانسەن ؟

**ئىنجىقلاتماق** «ئىنجىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ قېتىمقى جەرىمانە مېنى خېلى ئوبدان ئىنجىقلاتتى.

**ئىنجىقلاشماق** «ئىنجىقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگەن بالىلار قورساقلىرىنى تۇتقىنىچە ئىنجىقلىشاتتى.

**ئىنجىقلىق** ئى. ئېزىلەڭگۈلۈك، لايغەزەللىك؛ مىس ـ مىسلىق: ـــ ئاقچاڭنى بىركۈنى ئالسەن، يۇقىرىنىڭ قارارىنى سەنمۇ ئاڭلىغانغۇ، تولا ئىنجىقلىق قىلمىساڭچۇ! ـــ دېدى ئۇ.

**ئىنجىقلىماق** پ ① بىرەر ئىشنى كۈچەپ قىلىش ئۈچۈن چىڭقالماق: ئايال ئىككى چېلەك سۇنى ئىنجىقلاپ ئالدى ـ دە، ئەپكەشكە تايىنىپ دېمىنى ئالدى. ② كۆچمە. بىرەر نەرسىنى بېرىش

ئېغىر كەلمەك، تەس كەلمەك: — ئالغاندا خوش ـ خوش دەپ ئالسىز، ئەمدى بېرىدىغان چاغدا ئىنجىقلايسىزغۇ، — دېدى ئاسىم.

**ئىنجىل** ئى [ئە<گىرېك] <دىن> ئاللاھتىن ئەيسا پەيغەمبەرگە ئەۋەتىلگەن دەپ قارىلىدىغان خىرىستىيان دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى.

**ئىنجىمارۇق** سۈپ. ئورۇق، ئاۋاق، ئاجىز: ئەكسىچە بۇ ئىنجىمارۇق ئايال جاھىللىق بىلەن كۆزىنى پارقىرىتىپ ئولتۇرۇۋالدى. سەپرايىمنى ئۆرلەتمە! ھازىر ئۇجۇقتۇرۇۋېتىمەن! يا ئۆلمىدى بۇ ئىنجىمارۇق، جىن تەپكەنلەر.

**ئىنجىماق** پ. دىيال. رەنجىمەك.

**ئىنچىكە** سۈپ ① توم ئەمەس، «توم» نىڭ ئەكسى، يەنى توغرا كەسمىسى، ئايلانمىسى كىچىك: ئىنچىكە ياغاچ. ئىنچىكە يىپ. * ئۇ سەۋزىنى ئىنچىكە توغراپ، پولۇ ئېتىشكە تۇتۇندى. ② كۆچمە. زىل، بوم ئەمەس: ناخشا ئىنچىكە ئاۋازدا ئېيتىلىۋاتاتتى. ③ كۆچمە. تەپسىلىي، تۇجۇپىلەپ: ھەممىلا يەردە ئىنچىكە ھېسابلاپ، ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىشقا دىققەت قىلىش لازىم. ④ كۆچمە. نازۇك: ئەدەبىي تەنقىدنى قانات يايدۇرۇش زىممىمىزدىكى مۇشكۇل ۋەزىپە، شۇنداقلا ئىنچىكە خىزمەت.

**ئىنچىكە بەل** ئادەم سۆڭەكچىنىڭ ئۇستى، يېتىم قوۋۇرغىسىنىڭ ئاستىنقى قىسمى.

**ئىنچىكە تىلى بار** ئاغزىدا دېگىنى بىلەن كۆڭلىگە پۈككىنى ئوخشىمايدىغان، راست گېپىنى بىلگىلى بولمايدىغان، كۆڭلىدە سىر ساقلايدىغان: ئۇنىڭ ئىنچىكە تىلى بارلىقىنى كىم بىلسۇن؟

**ئىنچىكە سۇۋاق** تامچىلىقتا قارا سۇۋاقنىڭ ئۇستىگە بېرىدىغان پەرداز سۇۋاق.

**ئىنچىكە ئۈچەي** <ئانات> ئۈچەينىڭ ئاشقازان چىقىرىش ئېغىزىدىن باشلاپ سوقۇر ئۈچەيگە بولغان بۆلىكى.

**ئىنچىكىلەتمەك** «ئىنچىكىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئابدۇللا دالان ئۆيگە تۈۋرۈك قىلىنىدىغان ياغاچنى تولا ئۈچلاپ ئىنچىكىلىتىۋەتتى. پىرىيوم ـ كارانتىن ئورۇنلىرى پورتتىكى قۇش زۇكمى قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كونترول قىلىش تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈردى ھەم ئىنچىكىلەشتۈردى.

**ئىنچىكىلەشتۈرمەك** «ئىنچىكىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىنچىكىلەشمەك** پ ① ئىنچىكە بولماق، ئىنچىكىلىمەك. ② نازۇك، زىل بولۇپ كەتمەك (مىجەز، خۇلق جەھەتتە). ③ ئىنچىكە ھالغا كەلمەك، ئىنچىكىلەنمەك، تەپسىلىيلەشمەك، ئۇششاقلانماق: بۇ پەن تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى ھەم تەتقىق قىلىنىدىغان تېمىلار بويىچە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، ھۆجەيرە گېنېتىكىسى، ئىممۇنىتېت گېنېتىكىسى قاتارلىق پەنلەرگە بۆلۈنۈپ، تېخىمۇ ئىنچىكىلەشتى ھەم چوڭقۇرلاشتى.

**ئىنچىكىلەنمەك** «ئىنچىكىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىنچىكىلىك** ئى. ئىنچىكە، زىل ياكى نازۇك ھالەت: بۇ ئىش ئىنچىكىلىك ۋە سەۋرچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. * مەنمۇ نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي، مۇيەسسەرنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ جىممىدە ئولتۇردۇم.

**ئىنچىكىلىمەك** پ ① توغرا كەسمىسى، ئايلانمىسى، كىچىك بولۇپ قالماق، كىچىكلىمەك: تولا تۇتۇپ رېشاتكىمۇ ئىنچىكىلەپ كېتىپتۇ. ② كۆچمە. كۆڭۈل قويماق، زېھنىنى، دىققىتىنى يىغماق: مەن ياتىقىمغا قايتىپ كېلىپ، بۇ خەتنى ئىنچىكىلەپ ئوقۇپ چىقتىم. ③ كۆچمە. سۈرۈشتۈرمەك، زىغىرلىماق: — ئەجەب ئىنچىكىلەپ سوراپ كەتتىڭىز، ئۇ ياقنى تونامسىز ـ قانداق؟ ④ كۆچمە. سىنچىلىماق، بىرمۇ بىر قارىماق: گۈلخان ئىنچىكىلەپ قاراپ: — دەل شۇ يوقالغان ئون تاغار ئەمەسمۇ، — دېدى.

**ئىندوس** ئى [لات] <بوت> ← **ئىندوس قومۇشى.**

**ئىندوس قومۇشى** <بوت> بامبۇكنىڭ بىر تۈرى. غولىنىڭ ئېگىزلىكى 1 — 1.5 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئوتتۇرىسى كاۋاك، بوغۇمى روشەن كېلىدۇ. يوپۇرمىقى كەڭ ھەم چوڭ بولۇپ، كۈز پەسلىدە گىرۋەكلىرى ئاقىرىدۇ. يوپۇرمىقىدىن ئائىلە جابدۇقلىرىنى، قالپاق قاتارلىقلارنى توقۇشقا ياكى ئۇنىڭ بىلەن زوڭزا ئوراشقا بولىدۇ.

**ئىندول** ئى [ر<لات] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلاسى $C_8H_7N$. رەڭسىز ياكى سۇس سېرىق رەڭلىك ياپراقسىمان كىرىستال. كوكس مېيى ۋە چىرىگەن ئاقسىللاردا ساقلىنىدۇ. پۇراقلىق ماتېرىيال، بوياق ۋە دورا ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىندۇكتور** ئى [ر<لات] <فىز> ئىندۇكتىپلىق تەسىرنى پەيدا قىلالايدىغان ئەسۋاب. ئادەتتە كاتۇشكىدىن تۈزۈلىدۇ. شۇڭا، يەنە «ئىندۇكتىپلىق كاتۇشكا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئىندۇكتىپ** سۈپ [ر] <فىز> ئىندۇكسىيەگە ئائىت؛ ئىندۇكسىيەگە ئاساسلانغان؛ ئىندۇكسىيە ئارقىلىق سادىر بولىدىغان، ۋۇجۇدقا كېلىدىغان: ئىندۇكتىپ رېئاكتىپ قارشىلىق.

**ئىندۇكسىيە** ئى [ر<لات] ① <لوگ> قىسمەن ھادىسىلەردىن ئومۇمىي نەتىجە چىقىرىش، ئايرىم پاكىتلاردىن ئومۇمىي خۇلاسىگە كېلىش. ② <فىز> بەزى جىسىملارغا ياكى ئېلېكتىر ماگنىت قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئېلېكتىر مەيدانى ياكى ماگنىت مەيدانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش بىلەن ئېلېكتىر ماگنىتلىق ھالىتىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشى.

**ئىندۇكسىيەلەندۈرمەك** «ئىندۇكسىيەلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىندۇكسىيەلەندۈرۈشمەك** «ئىندۇكسىيەلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىندۇكسىيەلەندۈرۈلمەك** «ئىندۇكسىيەلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىندۇكسىيەلەنمەك** «ئىندۇكسىيەلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىندۇكسىيەلىك** ئى. ئىندۇكسىيەسى بار، ئىندۇكسىيەگە ئىگە: ئىندۇكسىيەلىك ئەقلىي خۇلاسە.

**ئىندۇكسىيەلىك توك** <فىز> ئېلېكتىر ماگنىت ئىندۇكسىيەسىدىن ھاسىل بولغان توك. مەسىلەن، شەھەر ئاھالىسىنى تەمىنلەيدىغان توك ئىندۇكسىيەلىك توكتۇر.

**ئىندۇكسىيەلىمەك** پ. ئىندۇكسىيە ياكى ئىندۇكسىيە ھادىسىسىنى پەيدا قىلماق.

**ئىندۇكسىيون** سۈپ [ر] <فىز> ئىندۇكسىيەگە ئائىت؛ ئىندۇكسىيە نەتىجىسىدە پەيدا بولغان: ئىندۇكسىيون توك. ئىندۇكسىيون زەرەت.

**ئىندېكس** ئى [ر<لات] ① <ئەد> گېزىت ـ ژۇرنال، كىتاب، ئەسەرلەر، ئۇلاردىكى سۆز ـ ئىبارىلەر قاتارلىقلارنى ئۆز تۈرى بويىچە ياكى مەزمۇن ـ مەنىسى بويىچە خاتىرىلىۋېلىپ، ھەربىرىنىڭ بەت نومۇرىنى كۆرسىتىپ، بەلگىلىك رەت ـ تەرتىپ بويىچە رەتلەپ چىقىپ، كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ھازىرلانغان ماتېرىيال: كىتابلار ئىندېكسى. تۈركىي تىللار دىۋانىنىڭ ئىندېكسى. ② <مات> ئاساسەن بەلگە ئاستىغا قويۇلىدىغان ھەرپلىك ياكى سانلىق كۆرسەتكۈچ.

**ئىندېكسلىق** سۈپ. ئىندېكسى بار، ئىندېكسى ئىشلەنگەن: نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ئىندېكسلىق لۇغىتى نەشردىن چىقىپ، كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

**ئىندېن** ئى [ئىنگ] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلاسى $C_9H_8$. رەڭسىز سۇيۇقلۇق. خىمىيەۋى خۇسۇسىيىتى ئاكتىپ، ئوڭايلا پولىمېرلىنىش رېئاكسىيەسىنى پەيدا قىلىدۇ. سىنتېتىك سىمولا ئىشلەشنىڭ خام ئەشياسى. ئادەتتە باشقا سۇيۇق ھالەتتىكى ئالكانلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ، سىرنىڭ ئېرىتكۈچىسى قىلىنىدۇ.

**ئىندىكاتور** ئى [ر<لات] ① <خىم> بىر تۈردىكى خىمىيەۋى رېئاكتىپ. ئۇ ماددىلارنىڭ مەلۇم بىرىكمە، ئېلېمېنت ياكى ئىيوننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەكشۈرۈشتە ياكى شۇ ماددىنىڭ خىمىيەلىك خۇسۇسىيىتىنىڭ ئۆزگەرگەن ـ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈشتە ئىشلىتىلىدۇ. ئىندىكاتورلارنىڭ رەڭ ئۆزگىرىشى نۇرلىنىش ئۆزگىرىشى ياكى لايىقلىنىش دەرىجىسىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن پايدىلىنىدۇ. ② <فىز> تەكشۈرگۈچى ئاپپاراتلار ئاسان پەرقلەندۈرەلەيدىغان، شۇنىڭدەك ئىز كۆرسىتىشتە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ماددا. رادىيوئاكتىپ ئىندىكاتور ۋە كەم ئۇچرايدىغان تۇراقلىق ئىزوتوپ ئىندىكاتورلىرى دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**ئىندىن** ئى. ئۆگۈندىن كېيىنكى چىندىندىن بۇرۇنقى كۈن.

**ئىندىنلىق** سۈپ. ئىندىن كۈن: ئۇ ئىندىنلىققا كېلىدۇ. * ئىندىنلىققا يولغا چىقىمىز.

**ئىندىۋىد** ئى [ر] ئۆزىگە مۇستەقىل ھەربىر تىرىك نەرسە (يەنى ئورگانىزم، جانىۋار ياكى ئۆسۈملۈك).

**ئىندىۋىدلىق** ① سۈپ. ئىندىۋىدى بار، ئىندىۋىدقا ئىگە. ② رەۋ. ئىندىۋىدى بار ھالەتتە، ئىندىۋىدقا ئىگە ھالدا: ئىندىۋىدلىق يېتىلىش.

**ئىندىۋىدۇئال** سۈپ [ر] بىرەر شەخسكە خاس، شەخسىي، خۇسۇسىي: ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەت.

**ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرماق** «ئىندىۋىدۇئاللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» ناملىق ئەسەردە ئاپتور بارلىق ئەقىل ـ پاراسەتنى موللازەيدىن ئوبرازىغا ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇپ، ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىغان.

**ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇشماق** «ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇلماق** «ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئەسەردە بارلىق باتۇرلۇق، قەيسەرلىك، قەھرىمانلىق روھ باش پېرسوناژ رەيھان ئوبرازىغا ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئوقۇرمەنلەردە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ.

**ئىندىۋىدۇئاللاشماق** پ. خاسلاشماق، خۇسۇسىيلاشماق.

**ئىندىۋىدۇئاللىق** ئى ① <پسىخول> كىشىنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي شارائىت ۋە تەربىيە ئارقىسىدا شەكىللەنگەن بىرقەدەر تۇراقلىق خۇسۇسىيىتى. ② <ئەد> ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېر ئالاھىدىلىكى: ئالدىراش تۇرمۇش رىتىمى، ماددىي تەقەززالىقنىڭ تەخىرسىز ھالدىكى كۈچىيىشى، جۈملىدىن مەئىشەتپەرەسلىك تىپىدىكى مەنىۋى گادايلىقنىڭ باش كۆتۈرۈشى، ساددا، ئەخمەقانە، يارىشىمسىز، ئەگەشمە يوسۇنىۋازلىق قاتارلىقلار شەھەرلىكلەر ئىندىۋىدۇئاللىقى (خاس خاراكتېرى) نى ۋەيران قىلىۋەتتى.

**ئىندىي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى In( Indium ) . كۈمۈش رەڭدە، سوزۇلۇشچانلىققا ئىگە، قوغۇشۇندىن يۇمشاق. ئادەتتە قېتىشما ئىشلەشتە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ يەنە كۆزنىتىش چىرىغىنىڭ نۇر قايتۇرۇش ئەينىكىنىڭ نۇر قايتۇرۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرالايدۇ.

**ئىندىيان** ئى <ئىرق> ئامېرىكا قىتئەسىدىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. بۇ ئىسىمنى كولومبو [ (Gristoforo Colombo 1451–1506) ] ئامېرىكىدىكى يەرلىك ئاھالىلەرگە ئىسىم قىلىپ قويغان. كېيىن بۇ ئۇلارنىڭ رەسمىي مىللەت نامى بولۇپ قالغان. ئىندىيانلارنىڭ تېرىسى قىزىلغا مايىل قارا بولۇپ، ئىلگىرى قىزىل ئىرقتىكىلەر دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە ئولتۇراقلاشقان.

**ئىنژېنېر** ئى [ر<فىران] تېخنىك خادىملارغا بېرىلىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ياكى تېخنىكىنىڭ بىرەر ساھەسى بويىچە ئالىي مەلۇماتقا ئىگە بولغان مۇتەخەسسىس.

**ئىنژېنېرلىق** ئى. ئىنژېنېرغا يۈكلەنگەن خىزمەت، ۋەزىپە: ئىنژېنېرلىق قىلماق.

**ئىنساب** ئى [ئە] ھەرقانداق ئىشنى ئادالەت ۋە ۋىجدان بىلەن قىلىش تۇيغۇسى، قابىلىيىتى؛ توغرىلىق، ئادىللىق، ھالاللىق؛ رەھىمدىللىك : ئىنساب بىلەن ئىش قىلماق.

**ئىنسابقا كەلتۈرمەك** قائىدە ـ يوسۇنغا كۆندۈرمەك، ماقۇل كەلتۈرمەك: ئۇ كۆپچىلىككە، شاھمەتسۇت ۋاڭنىمۇ ئىنسابقا كەلتۈرۈپ، ئالۋان ـ ياساقلارنى زور دەرىجىدە ئازايتىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن چۈشەندۈردى.

**ئىنساب ـ تەۋپىق** ئىنساب ۋە تەۋپىق: ــ خۇدايىتائالادىن خامۇشقا ئىنساب ـ تەۋپىق تىلەيلى، مۇبادا يامانلىق قىلمەن دېسە، جازاسىنى خۇدايىم بەرسۇن، ــ دېدى تۆمۈر خەلپە.

**ئىنساب ـ دىيانەت** ئىنساپ ۋە دىيانەت: ــ بىز ھەممىمىز مۇسۇلمان، ئىنساب ـ دىيانەت مۇسۇلمان ئەقىدىسىنىڭ جەۋھىرى.

**ئىنسابسىز** سۈپ. ئىنسابى يوق، ئىنسابى قالمىغان: ئىنسابسىز بالا. * ــ ئىنسابسىز قوشۇق سالسا، يەتتە ئوتلاپتۇ (ماقال).

**ئىنسابسىزلىق** ئى. ئىنساب قىلماسلىق: ئىنسابسىزلىق

قىلماق. * بەزى كىشىلەر ئىنسابسىزلىق پاتقىقىغا پاتقان چاغدا ۋىجدان ئەيىنىگە قاراپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.

**ئىنسابلىق** سۈپ. ئىنسابى بار، ئىنسابىنى ئۇنتۇمىغان: داداڭ ئۆزى كەمبەغەل بولغان بىلەن كىشىنىڭ ھەققىدىن قورقىدىغان ئىنسابلىق، ئىشچان ئادەم ئىدى. ئىنسابلىقنىڭ دىلى ساپ (ماقال).

**ئىنسان** ئى [ئە] ئادەم، كىشى: ئىنسان بالىسى. دۇنيادا ناخشا ئېيتمىغان ۋە ئۇنى چىن يۈرىكىدىن سۆيۈپ ئاڭلىمىغان بىرەر ئىنسان بارمىكىن؟

**ئىنسان قېلىپىدىن چىقماق** ئادىمىيلىكىنى يوقاتماق، ۋەھشىيلىك قىلماق: ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇ ياۋۇزلار، يۇرت خەلقىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى.

**ئىنسانپەرۋەر** سۈپ [ئە + پ] ئىنسانىيەت مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان: ئىنسانپەرۋەر ئادەم.

**ئىنسانپەرۋەرلىك** ئى ① ئىنسانىيەت مەنپەئەتىنى قوغداش، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش. ② <پەلس> 14 — 16 ـ ئەسىرلەردىكى ياۋروپا ئەدەبىياتسەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدە ئىلغار مۇتەپەككۇرلار مەدرىسە پەلسەپىسى ۋە چېركاۋ ئىدىيەسىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان، ئىنسانغا خەيرخاھلىق قىلىش ۋە ھۆرمەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئىنساننى مەركەز قىلىدىغان دۇنيا قاراش.

**ئىنسانچە** رەۋ. ئىنسانغا خاس، ئىنساندەك، ئىنسانغا ئوخشاش: ھازىرقى مائارىپىمىزدا ئىقتىسادىي ئۇنۇم يارىتالمايدىغان، ئەمما ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ھەقىقىي ئىنسانچە مەزمۇنغا ئىگە قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان ئىلىملەر قوشۇمچە ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى.

**ئىنسانچىلىق** ئى. ئىنسانغا خاس تۇرمۇش، ھالەت: ئىنسانچىلىقتا بىلگەن نەرسەڭنى باشقا بىرىگە سۆزلىۋەتمىسەڭ، ئىچىڭ بوشىمىغاندەك قاپقارا بولۇپ يۈرىدىكەنسەن.

**ئىنسانشۇناس** ئى. ئىنسانشۇناسلىق ئىلمى بويىچە مۇتەخەسسىس، ئالىم: ئىنسانشۇناسلارنىڭ مەلۇماتىدىن كۆرە، ئىنسانچىلىق كۆپ ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ.

**ئىنسانشۇناسلىق** ئى <ئىرق> ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئىۋولىيوتسىيەسى ۋە ئىرقلارنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن: ئاسترونومىيەلىك ھادىسىلەرنى كۆرەي دېسەڭ ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە دىققەت قىل، ئىنسانشۇناسلىقنى چۈشىنەي دېسەڭ دۇنيانى ئايلىنىپ چىق.

**ئىنسانلارچە** رەۋ. ئىنسانلاردەك، ئىنسانلارغا ئوخشاش: — مەنمۇ بىر ئىنسان، — دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ، — ئىنسان تۇرمۇشىنى ئىنسانچە ئۆتكۈزۈشۈم لازىم.

**ئىنسانلىق** سۈپ. ئىنسانغا خاس بولغان، ئىنسانغا خاس: ئىنسانلىق بۇرچ. * باشقىلار ئۇلارنىڭ ئىنسانلىق قەدىر ـ قىممىتىنى كەمسىتىشكە يول قويمايدۇ.

**ئىنسانىي** سۈپ [ئە] ① ئىنسانغا، ئادەمگە خاس؛ ئادىمىي: يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلەت. ئىنسانىي ھۆرمەت. ئىنسانىي نام. ئىنسانىي ھوقۇق خىتابنامىسى. ② ئىنسانپەرۋەر، ئادىمىيلىككە مۇۋاپىق: بىزنىڭ قانۇنلىرىمىز جاھاندا ئەڭ ئادىل ۋە ئىنسانىيدۇر.

**ئىنسانىيەت** ئى [ئە] ئىنسانلار، ئادەملەر: ئىنسانىيەت تارىخى. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى.

**ئىنسانىيەتچىلىك** ئى. پۈتۈن ئىنسانلارغا خاس بولغان تۇرمۇش، ئىش ـ پائالىيەت: ئۆز پايدىسىنى كۆزلەپ باشقا كىشىلەرگە زىيان سېلىش — ئىنسانىيەتچىلىك ۋە ئىنساب ئەمەس.

**ئىنسانىيلاشتۇرماق** «ئىنسانىيلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تەبىئەت دۇنياسى بەزى ئىنسانلارنى ھەقىقىي ئىنسانىيلاشتۇرىدۇ، يەنە بەزىلەرنى ھايۋانلاشتۇرىدۇ.

**ئىنسانىيلاشتۇرۇلماق** «ئىنسانىيلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ئىنسانىيلاشتۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئەڭ دەسلەپتە ئىلاھ پەيدا قىلىنغان.

**ئىنسانىيلاشماق** پ. ئىنساننىڭ خاس خۇسۇسىيىتى، تەبىئىتى ئۆزىگە يۇكلەنمەك؛ ئىنسانلارغا خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولماق: بۇ چۆچەكتە تۈلكە بىلەن بۆرە ئىنسانىيلىشىپ، ئۆزئارا دوستلۇق ئورنىتىدۇ.

**ئىنسانىيلىق** ئى ① ئىنسانغا، ئادەمگە خاس بولغان ھالەت، ئادىمىيلىك: ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئىنسانىيلىقىنى يوقاتقان ھالدىكى بىچارە، چۈشكۈن، بەختسىز تەقدىرىنى تەسەۋۋۇر كۆزى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىۋاسىتە كۆزى بىلەن كۆرۈشكە باشلىدى. ② <پەلس> ئادەمدە بولىدىغان نورمال ھېسسىيات ۋە ئەقىل.

**ئىنستىتۇت** ئى [ر<لات] ① <مائار> ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىر خىلى. مەلۇم كەسپتىكى ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلىدۇ. مەسىلەن، سانائەت ئىنستىتۇتى، مۇزىكا ئىنستىتۇتى، تېببىي ئىنستىتۇت، پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى دېگەندەك. ② پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ پەنلەر بويىچە بۆلۈنگەن تەتقىقات ئورۇنلىرى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تىل تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى.

**ئىنس ـ جىن** ئىنسان ۋە جىن.

**ئىنسۇجىن** ئادەم، ئىنسان ۋە جىن ـ شاياتۇنلار: ئىنسۇجىن ئاياغ باسمىغان بىپايان چۆل ـ دەشتلەر قوينىدا ھاياتلىققا ئىزنا قويۇپ كېتىۋاتىمىز.

**ئىنسۇلىن** ئى [ر<لات] <بىيول> ئۈيقۇلۇق ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان بىر خىل ھورمۇن. ئۇ جىگەر ۋە مۇسكۇللار ئىچىدە ھايۋان ئاقسىلىنىڭ ھاسىل بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، توقۇلمىلاردىكى گىلۇكوزىنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە ئوكسىدلىنىشىنى تېزلىتىدۇ. شۇ ئارقىلىق بەدەندىكى قاننىڭ قەنت مىقدارىنى تەڭشەيدۇ. ئىنسۇلىننىڭ ئاجرىلىپ چىقىش مىقدارىنىڭ كېمىيىشى دىيابېت كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ياسالمىلىرى بىلەن دىيابېت كېسىلىنى داۋالىغىلى بولىدۇ.

**ئىنسىقتى** سۈپ. دىيال. ئېزىلەڭگۈ.

**ئىنشا** ئى [ئە] باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تۆۋەن يىللىقلىرىدا ئوقۇغۇچىلارغا توغرا، چىرايلىق يېزىشنى ئۆگىتىش مەقسىتىدە بېرىدىغان يازما مەشىق: ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ تۆۋەندىكى بىر نۇسخا خەت ئىنشا قىلىندى.

**ئىنشائات** ئى [ئە] <بىن> مەلۇم مەقسەتلەر ئۈچۈن سېلىنغان تۈرلۈك قۇرۇلۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ جاھازا ئۈسكۈنىلىرى: سۇ ئىنشائاتى. * رەسىمدە يۇلتۇزلار ئارىسىدا ئۇچۇۋاتقان راكېتالار، نېفىت ۋىشكىلىرى، پولات زاۋۇت ئىنشائاتلىرى قەد كۆتۈرۈپ

تۇرغان مەنزىرە ئەكس ئەتكەندى.

**ئىنشائاللا** يۈك [ئە] «خۇدا خالىسا» دېگەن مەنىدىكى ياخشى تىلەكنى بىلدۈرىدىغان سۆز: ئۈياتماڭ مەلىكەم، ھەرقانداق سىرىڭىز بولسا ئېيتىڭ، ئىنشائاللا بۇ رەنجى ئەلەمدىن خالاس بولغايسىز.

**ئىنفۇزورىيە** ئى [ر<لات] <زوئول> ئاددىي ھايۋانلارنىڭ بىر كىلاسى. تېنىدە تۈكچىلىرى بولۇپ، ھەرىكەت قىلىش ۋە ئوزۇقلۇق تۇتۇشتىكى ئورگىنى ھېسابلىنىدۇ.

**ئىنفىرا** سۈپ [ر<لات] <فىز> چاستوتىسى ئىنتايىن تۆۋەن؛ دولقۇن ئۇزۇنلۇقى ئادەتتىكىدىن ئۇزۇن؛ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ياكى ئاڭلانمايدىغان (نۇر، ئاۋاز قاتارلىقلار ھەققىدە): ئىنفىرا قىزىل نۇر. ئىنفىرا ئاۋاز.

**ئىنفىرا قىزىل نۇر** <فىز> دولقۇن ئۇزۇنلۇقى كۆزگە كۆرۈنىدىغان نۇرنىڭكىدىن ئۇزۇن بولغان ئېلېكتىر ماگنىت دولقۇنى. ئىسپېكتىردا قىزىل نۇرنىڭ سىرتىدا تۇرىدۇ. دولقۇن ئۇزۇنلۇقى 0.3 مىللىمېتىردىن 7700 ئانگىستىرومغىچە ئالاھىدە ياسالغان فوتو سۈرەت لېنتىسىغا يورۇقلۇق سەزدۈرىدۇ، تۇماننى يېرىپ ئۆتۈش ئىقتىدارى كۆزگە كۆرۈنىدىغان نۇردىن كۈچلۈك. ئادەتتە ئۇ ناھايىتى كۈچلۈك ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىگە ئىگە بولۇپ، سانائەتتە قىزدۇرۇشنىڭ ئىسسىقلىق مەنبەسى قىلىنىدۇ. ئۇ يەنە تەكشۈرۈش، ئۆلچەش تېبابەتچىلىك قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىنفىلتراتسىيە** ئى [ر<لات] ① سۈيۇقلۇقنىڭ تەدرىجىي سىڭىپ كىرىش ھادىسىسى. ② <فىز>بەزى سۈيۇق جىسىملار بەزى قاتتىق جىسىملار بىلەن ئۇچراشقاندا، سۈيۇق جىسىمنىڭ قاتتىق جىسىم يۈزىگە چاپلىشىۋېلىش ھادىسىسى. ③ <تېب> توقۇلما ئارىلىق بوشلۇقلىرىدا غەيرىي نورمال ياكى باشقا ماددىلارنىڭ بارلىققا كېلىشى.

**ئىنقىلاب** ئى [ئە] <پەلس> ① ئىزىلگۈچى سىنىپلارنىڭ زورلۇق كۈچ ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، كونا، چىرىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى، ئىلغار بولغان ئىجتىمائىي تۈزۈمنى بەرپا قىلىشى. ئىنقىلاب كونا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىدۇ. ② تۈپتىن قىلىنغان ئىسلاھات، ئۆزگەرتىش: ئىدىيەۋى ئىنقىلاب. تېخنىكا ئىنقىلابى. سانائەت ئىنقىلابى.

**ئىنقىلابچى** ئى. ئىنقىلاب قىلغۇچى، ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچى: سادىر پالۋان يالغۇز ئىنقىلابچىلا بولۇپ قالماي، بەلكى ۋايىغا يەتكەن خەلق قوشاقچىسى ئىدى.

**ئىنقىلابىي** سۈپ. ئىنقىلابقا ئائىت؛ ئىنقىلاب روھى بىلەن سۇغىرىلغان: ئىنقىلابىي ھەرىكەت. ئىنقىلابىي روھ. * ئۇنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن ئەزىز جېنىنمۇ ئايىماستەك ئىنقىلابىي روھى ھەممىمىزنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ.

**ئىنقىلابىيلاشتۇرماق** «ئىنقىلابىيلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ياشلارنى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر.

**ئىنقىلابىيلاشتۇرۇلماق** «ئىنقىلابىيلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ناھىيەدە ئىلمىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىش چىڭ تۇتۇلۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سىياسىي - ئىدىيەسى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇلدى.

**ئىنقىلابىيلاشماق** پ. ئىنقىلابىي روھ بىلەن سۇغىرىلماق، ئىنقىلابىي روھ بىلەن قوراللانماق: كادىرلار قوشۇنىدا ئىنقىلابىيلىشىش، بىلىم ئەھلىگە، كەسىپ ئەھلىگە ئايلىنىش، ياشلاشتۇرۇش تەلىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

**ئىنقىلابىيلىق** ئى. ئىنقىلابىي خۇسۇسىيەت، ئىنقىلابىي ئاڭ: شائىر ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى بىلەن ئىنقىلابىيلىقنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

**ئىنكار** [ئە] ① ئى. تەن ئالماسلىق، قوبۇل قىلماسلىق، تەستىقلىماسلىق؛ رەت: ئىنكار قىلماق. ② ئى <پەلس> شەيئىنىڭ ئۆزىدە بار بولغان، شەيئىلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى تەرەپ: ئىنكارنى ئىنكار قىلىش قانۇنىيىتى. ③ سۈپ. تەن ئالمىغان، قوبۇل قىلىنمىغان ياكى قىلىنمايدىغان، رەت قىلىنغان، تەستىقلانمىغان: ئىنكار تېئورېما. ئىنكار شەكىل. ئىنكار قاپىقاق. ئىنكار مەسىلە.

**ئىنكارچى** سۈپ. ئىنكار قىلغۇچى، ئىنكار قىلىدىغان: يوق... ئىنكارچى پەيلاسوپنىڭ سۆزى يادىمدا بار ئىدى، شۇڭا شۇنداق جاۋاب بەردىم.

**ئىنكارچىلىق** ئى <پەلس> ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى، مىللىي مەدەنىيىتىنى ھەتتا ھەممىنى تەھلىل قىلىپ كۆرمەي، قارىغۇلارچە ئىنكار قىلىدىغان ئىدىيەۋى خاھىش: مىللىي ئىنكارچىلىقنىڭ كۆپىيىشى، چېكىدىن ئاشقان مەنپەئەتپەرەسلىكنىڭ توسالغۇسىز يامىرىشى روھىي مەجرۇھلۇق، ماڭقۇرتلۇقنىڭ مىكروبىغا ئايلاندى.

**ئىنكاس** ئى [ئە] ① ئەينەكتە، سۇدا، ئومۇمەن يالتىراق نەرسە يۈزىدە ئەكس ئەتكەن تەسۋىر؛ ئەكس. ② <پەلس> ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئادەملەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر قىلىشىدىن پەيدا بولغان تەسۋىر؛ بىلىش، ئادەمدىكى تۇيغۇ، تەسەۋۋۇر، ئىدىيە، ئۇقۇم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ كىشىلەر مېڭىسىدە ئەكس ئېتىش شەكلىدۇر. ③ <پسخول> ھايۋان ئورگانىزمىنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇش ئىقتىدارى.

**ئىنكاس قايتۇرۇش** <بىيول> ئورگانىزملارنىڭ غىدىقلاشقا نىسبەتەن جاۋاب قايتۇرۇشى.

**ئىنكاسچان** سۈپ. ئىنكاسى تېز، تېز ئىنكاس قايتۇرالايدىغان؛ سېزىمچان، سەزگۈر: ئۆز دەۋرىنى چۈشەنمەسلىك، زامان ئۆزگىرىشلىرىگە ئىنكاسچان، سەزگۈر مۇئامىلىدە بولماسلىق بىزنىڭ نۇرغۇن تارىخىي قىسمەتلىرىمىزنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى.

**ئىنكاسچانلىق** ئى. ئىنكاسچان كىشىلەرگە خاس بولغان خاراكتېر، قابىلىيەت، سەزگۈرلۈك، سېزىمچانلىق: ئۇ مۇشۇ خىزمەت بەخش ئەتكەن ئىنكاسچانلىق بىلەن بۇ ئىمتىھانغا قاتنىشىپ باقماقچى بولدى.

**ئىنكاسسىز** سۈپ. ئىنكاسى يوق، ئىنكاس قايتۇرماي، ئىپادە بىلدۈرمەي، جاۋابسىز، ئىپادىسىز؛ قارشىلىقسىز، تەدبىرسىز، ھەرىكەتسىز: پەرىدەنىڭ گەۋدىسى ھېچقانداق سېزىمسىز ھالدا

ئۇنىڭ ئالدىدا تاشلىنىپ ياتاتتى ھەم بارلىق ھەرىكەتلەرگە ئىنكاسسىز ئىدى.

**ئىنكاسسىزلىق** ئى. ئىنكاس يوقلۇق، ئىنكاس بولماسلىق؛ ئىنكاسسىز، جاۋابسىز، ئىپادىسىز؛ قارشىلىقسىز، تەدبىرسىز، ھەرىكەتسىز تۇرۇش، ئىنكاسى يوقلۇق، ئىنكاس بىلدۈرمەسلىك: مەمەتتىكى ئىنكاسسىزلىقنى سەزگەن كەنت باشلىقىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ يەنە سۆزلەپ كەتتى.

**ئىنكۇباتور** ئى [ر<لات] تۇخۇمدىن سۈنئىي ئۇسۇلدا چۈجە چىقىرىش مەشغۇلات ئورنى، قۇرۇلمىسى: ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، كۈرۈك مېكىيان تۇخۇم باسمىسىمۇ چۈجە چىقارغىلى بولىدىكەنغۇ! ئەقلى سازراق بەندىلەر ئىنكۇباتورنى كەشىپ قىلىشتى.

**ئىنگە** ئى. تارس. خاننىڭ بالىلىرىنى ئېمىتىپ چوڭ قىلىدىغان ئايال.

**ئىنگلىز** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى: ئۇلار ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە ئاۋستىرالىيە دۆلەتلىرىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كانادا، يېڭى زېلاندىيە ۋە باشقا دۆلەتلەردىمۇ بار.

**ئىنگلىزچە** ① سۈپ. ئىنگلىزلارغا، ئىنگلىز خەلقىگە، ئىنگلىز تىل - يېزىقى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت، ئىنگلىزلارغا خاس: ئىنگلىزچە ناخشا. ئىنگلىزچە كىيىم - كېچەك. ② ئى. ئىنگلىز تىلى، يېزىقى: يېڭى كەلگەن ئىككى يات ئادەمنىڭ ئىنگلىزچە بىلىشى مۇمكىنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەندەك قىلاتتى. ③ رەۋ. ئىنگلىز تىلى، يېزىقىنى ئىشلىتىپ، ئىنگلىز تىلى، يېزىقى ۋاسىتىسى بىلەن: ئىنگلىزچە سۆزلىمەك. * مەن ئۇنىڭغا ئىنگلىزچە خەت يازدىم.

**ئىنلىماق** پ. پۈرىماق: ئوخشايدۇ يۈزۈڭ ئايغا، گۈل غۇنچىسى دەپ ئىنلاي، سەن يارىم مېنى دېسەڭ، ئۈمىدنى ئۈزمەي ئۈيناي. * گۈلدەستىخان، گۈلدەستە، سەن نېمانچە بىخەستە. سەن غۇنچىنى ئىنلاي دەپ، مەن ئالغۇزدۇم مىڭ تەستە.

**ئىنمەك** پ. يېزت. يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشمەك: بۇنىڭدىن ھالنى بىرئاز پەھم قىلدى، پېتىپ غەم پاتقىقىغا ئاتتىن ئىندى.

**ئىنېرت** سۈپ [ر<لات] <خىم> ھەرىكەتسىز، پاسسىپ: ئىنېرت گازلار.

**ئىنېرت گازلار** <خىم> ئېلېمېنتلار دەۋرىي جەدۋىلىنىڭ نۆل گۇرۇپپىسىدىكى ئېلېمېنتلار. ئۇلار گېلىي، نېئون، ئارگون، كىرىپتون، كسېنون ۋە رادوندىن ئىبارەت ئالتە خىل ئېلېمېنتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رەڭسىز، پۇراقسىز بولۇپ، سۇدا ئېرىمەيدۇ، خىمىيەۋى خۇسۇسىيەتلىرى ئىنتايىن تۇراقسىز. ئادەتتە باشقا ئېلېمېنتلار بىلەن ئاسانلىقچە بىرىكمەيدۇ، لېكىن بۇمۇ مۇتلەق ئەمەس.

**ئىنېرتسىيە** ئى [ر<لات] <فىز> جىسىمنىڭ ئۆزىدە ئەسلىدە بار بولغان ھەرىكەت ھالىتى ياكى جىمجىت ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش خۇسۇسىيىتى. مەسىلەن، مېڭىۋاتقان پاراۋۇزنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى توختىغاندىن كېيىنمۇ ئىلگىرىلەشنى شۇئان توختاتماسلىقى، جىمجىت تۇرغان جىسىمنىڭ سىرتقى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغۇچە تۇرغان ھالىتىنى ئۆزگەرتمەسلىكى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنېرتسىيەنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ.

**ئىنېرتسىيەسىز** سۈپ. ئىنېرتسىيەسى يوق، ئىنېرتسىيەگە ئىگە ئەمەس: ئىنېرتسىيەسىز سىستېما.

**ئىنېرتسىيەلىك** سۈپ. ئىنېرتسىيەسى بار، ئىنېرتسىيەسىگە ئىگە: ئىنېرتسىيەلىك سىستېما. ئىنېرتسىيەلىك پايدىلىنىش نىسبەتى.

**ئىنېرتلىق** سۈپ <خىم> باشقا ئېلېمېنت ياكى بىرىكمىلەر بىلەن ئاسان بىرىكمەيدىغان؛ ھەرىكەتسىز؛ پاسسىپ: ئىنېرتلىق ماتېرىيال. ئىنېرتلىق ماددا. ئىنېرتلىق ئېلېمېنت.

**ئىنى** ئى. ئۇكا، كىچىك ئوغۇل (ئاكىلىرىغا نىسبەتەن): ئاكا بار يەردە ئىنى يوق (ماقال).

**ئىنىكئانا** ئى. بىراۋنىڭ بالىسىنى ئېمىتىپ چوڭ قىلىپ بېرىدىغان تەربىيەچى ئايال: بىركۈنى پادىشاھ بۇ سىرنى بىلىش ئۈچۈن، قىزىنىڭ ئالدىغا ئىنىكئانىسىنى كىرگۈزۈپ، قىزىنى ياتلىق بولۇشقا كۆندۈرمەكچى بوپتۇ.

**ئىنىلىق** سۈپ. ئىنىلاردا بولىدىغان، ئىنىغا ئائىت، ئىنىغا خاس: ئىنىلىق مۇناسىۋەت.

**ئىھاتە** ئى [ئە] بىرەر جاينى ئاسراش، قوغداش ۋە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىش مەقسىتىدە ئەتراپىنى چۆرىدەپ قويغان توسما: ئىھاتە بەلبېغى. ئىھاتە ئورمانلىقى.

**ئىھتىدا** ئى [ئە] <دىن> توغرا يولغا كىرىش، توغرا يولغا يۆنىلىش.

**ئىۋا قىلماق** ديال. شامال - بوراندىن دالىدا بولغۇدەك جاي ھازىرلىماق.

**ئىۋرىق** ئى. ساپالدىن ئىشلەنگەن چۆگۈن: بىركۈنى ئۇ ئادەم مېنى قىچقىرىپ، سۇ ئەكەلگىن دەپ، جوغىسى يوق بىر ئىۋرىقنى بەردى.

**ئىۋتمەك** «ئىۋىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھېلىدىن - ھېلىغا بېشىمدىكى كىرنى ئىۋتىپ كۆزۈمگە، جاۋىغايلىرىمغا تىقىۋاتقان يامغۇرنى كىر ياغلىق بىلەن ئېرتىپ قويىمەن.

**ئىۋىق** سۈپ ① سۇ ئىچىپ يۇمشىغان، كۆپكەن، يۇمشىغان، يۇمشاق: ئىۋىق نان. ئىۋىق تېرە. ② قويۇقلاشقان، قويۇق؛ مىلىقشىغان.

**ئىۋىقلار** ئى <خىم> كوللوئىد ئېرىتمىلەرنىڭ ئىۋىقلىنىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ماددىلار. ئېقىشچان ئەمەس، ئۇلارنى ئېلاستىك ئىۋىقلار ۋە چۈرۈك ئىۋىقلار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. يارىپېلىم بىلەن سىلىكاگېل بۇ ئىككى تۈرنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

**ئىۋىقلاندۇرماق** «ئىۋىقلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئابلىز تېرىنى ئىۋىقلاندۇرۇپ بولۇپ ئاپتاپقا يېيىپ قويدى.

**ئىۋىقلاندۇرۇشماق** «ئىۋىقلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىۋىقلاندۇرۇلماق** «ئىۋىقلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ قاچىغا دۈملىنىپ ئىۋىقلاندۇرۇلغان قوناق نېنىنى ئالدىرىماي، ئىشتىھاسىزلىق بىلەن يېيىشكە باشلىدى.

**ئىۋىقلانماق** «ئىۋىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئادەتتە تاشتەك قېتىپ كەتكەن ھەرقانداق بىر تېرە ئىۋىقلانسا، پاختىدەك يۇمشاپ كېتىدۇ.

**ئىۋىقلىماق** پ. ئىۋىق ھالەتكە كەلتۈرمەك: ئايشەمخان ئىۋىقلاپ تەييار قىلىپ قويغان قوناق نېنىغا قوشۇق سېلىپ، يولدىشى سەمەت

ئاخۇننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

**ئېۋكسېنىت** ئى [ر] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. يانتۇ ياقلىق كىرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، كىرىستاللىرى تۇۋرۇكسىمان، رەڭگى قارا، بەزىدە ئاچ يېشىل ياكى ئاچ قوڭۇر بولىدۇ. سىزىق ئىزى سارغۇچ قوڭۇر ياكى قىزغۇچ قوڭۇر؛ يېرىم مېتال ياكى ماي پارقىراقلىقىدا قاتتىقلىقى 5.5 — 6.5، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 4.5 — 5.0. ئۇزۇلۇش يۈزى سەدەپ شەكلىدە، ئېلېكتروماگنىتلىقى ۋە رادىيوئاكتىپلىقى بار، گىرانىتلىق زور كىرىستال جىنسلاردا ئۇچرايدۇ.

**ئېۋمەك** پ. سۇ ياكى باشقا سۇيۇقلۇقلارنى ئۆزىگە سىڭدۇرۇپ، سۇمۇرۇپ، ھۆل بولماق، نەم تارتىپ يۇمشىماق: ئۆزىگە كېلەلمەي تۇراتتى شاڭيو، ئېۋگەن تېرىدەك كۆيۈپ ھاسىراپ، تاقىتى تاق بولغان قانخور ھەيدەرخان، تەلەتى مۇردىدەك كەتكەن قانسىراپ.

**ئېيلەك** سۈپ. دىيال. ئاشلاق، ئاشلانغان.

**ئېيولىت** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> بىر خىل كوللوئىدلىق ماددا، شۇنىڭدەك خىمىيەلىك چۆكۈش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن تاغ جىنسى. ئۇ ئادەتتە بېلىق تۇخۇمىغا ئوخشاش چوڭلۇقتىكى دانىچىلەرنىڭ سېمونتلىشىشىدىن شەكىللىنىدۇ.

**ئىيون** I ئى [ر<گىرېك] <خىم> ← **ئىيونلار**.

**ئىيون** II ئى [ر<گىرېك] <گېيول> خەلقئارا گېئولوگىيە يىلنامىسىدا داۋاملاشقان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغان بىرىنچى دەرىجىلىك گېئولوگىيەلىك دەۋر بىرلىكى.

**ئىيونلار** ئى <خىم> ئېلېكتىر زەرىتىگە ئىگە ئاتوم ياكى ئاتوملار گۇرۇپپىسى، يەنى ئاتوم(ياكى مولېكۇلا)لارنىڭ ئېلېكترونلارنى يوقىتىش ياكى قوبۇل قىلىشىدىن ھاسىل بولغان زەرەتلىك زەررىچىلەر.

**ئىيونلاشتۇرماق** «ئىيونلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۇ ئېرىتمىسى كۆپ ساندىكى تۇزلار، كۈچلۈك كىسلاتا ۋە ئىشقارلارنى ئىيونلاشتۇرالايدۇ.

**ئىيونلاشماق** پ. ئىيون ھالىتىگە كىرمەك، ئىيونغا ئۆزگەرمەك، ئىيونغا ئايلانماق: سۇدىكى ئېرىتمىسىدە پۈتۈنلەي ئىيونلىشىپ ئىيونغا ئايلىنىدىغان ئېلېكترولىت كۈچلۈك ئېلېكترولىت دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىيونلانماق** «ئىيونلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تەجرىبىلەر كۆپ ساندىكى تۇزلار، كۈچلۈك كىسلاتا ۋە كۈچلۈك ئىشقارلارنىڭ سۇدىكى ئېرىتمىلىرىدە ئىيونلىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

**ئىيونلۇق** سۈپ. ئىيونى بار، ئىيونلارغا ئىگە: ئىيونلۇق باغ. ئىيونلۇق بىرىكمە. ئىيونلۇق تەڭلىمە. ئىيونلۇق قەۋەت. * كوۋالېنتلىق بىرىكمىلەر سۇدا ئېرىتىلگەندىن كېيىن، سۇ مولېكۇلالىرىنىڭ تەسىرىدە ئىيونلۇق بىرىكمىلەرگە ئوخشاشلا پۈتۈنلەي ئىيونلىنىدۇ.

**ئىيونلۇق باغ** <خىم> مۇسبەت ۋە مەنپىي ئىيونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئېلېكتروئىستاتىك تەسىر ئارقىلىق شەكىللەنگەن خىمىيەۋى باغ. مېتاللىقى ناھايىتى كۈچلۈك ئېلېمېنتلار بىلەن مېتاللوئىدلىقى ناھايىتى كۈچلۈك ئېلېمېنتلار بىرىككەندە ئىيونلۇق باغ شەكىللىنىدۇ.

**ئىيونلىشىش** ئى ① <خىم> ئېلېكترولىتلارنىڭ سۇدا ئېرىگەندە ياكى ئىسسىقلىق تەسىرىدە سۇيۇقلانغاندا ئەركىن سىلجىيدىغان ئىيونلارغا ئاجرىلىش جەريانى. ② نېيترال ئاتوم ياكى مولېكۇلالارنىڭ تاشقى سەۋەب تۈپەيلىدىن مۇسبەت، مەنپىي ئىيونلارغا ئايلىنىش جەريانى.

**ئىيونلىماق** پ. ئىيون ھاسىل قىلماق، ئىيونلارغا پارچىلىماق: تۇرمۇشىمىزدا كۆپ ئۇچرايدىغان قىسمەن ماددىلارنى قەتئىي ئىيونلاشقا بولمايدۇ.

**ئىيونىتلار** ئى <خىم> ئېرىتمىدىكى كاتىيون ياكى ئانىيونلار بىلەن ئىيون ئالماشتۇرالايدىغان ماددىلار. ئىيونىتلار ئادەتتە كىسلاتا، ئىشقار ۋە كۆپ خىل ئېرىتكۈچىلەردە ئېرىمەيدۇ. سانائەتتە قاتتىق سۇنى يۇمشىتىش، شۇنىڭدەك ئانتىبىيوتىكلار، نادىر يەر ئېلېمېنتلىرى، ئامىنو كىسلاتالار قاتارلىقلارنى ئايرىشتا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىيۇل** ئى [ر<لات] ① قەدىمكى رىم پادىشاھلىرىدىن بىرى، ئۇ مىلادىيە كالېندارىنى تۈزۈشكە باشلامچىلىق قىلغان شەخسلەرنىڭ بىرى. شۇڭا، كالېنداردىكى 7 ـ ئاي شۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. ② مىلادىيە يىلى ھېسابىدا 7 ـ ئاينىڭ نامى.

**ئىيۇن** ئى [ر<لات] ① قەدىمكى رىم پادىشاھلىرىدىن بىرى، ئۇ مىلادىيە كالېندارىنى تۈزۈشكە باشلامچىلىق قىلغان شەخس، شۇڭا، كالېنداردىكى 6 ـ ئاي شۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. ② مىلادىيە يىلى ھېسابىدا 6 ـ ئاينىڭ نامى: بىرىنچى ئىيۇن خەلقئارا بالىلار بايرىمى.

**ئىين** ئى. ساپىقىدىن ئاجراپ ئۈۋۈلۈپ كەتكەن ئۈزۈم.

# ي

**ي** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئوتتۇز ئىككىنچى ھەرپى.

**يا** I ئى. قاتتىق ياغاچنىڭ ئىككى ئۇچىدىن يىپ تارتىپ، ئېگىپ، يېرىم چەمبەر شەكلىدە ياسالغان، كىچىك نەيزىسىمان ئوق سېلىپ ئاتىدىغان قەدىمكى ئۇرۇش قورالى؛ كامان.

**يا** II باغل [پ] ① تەڭداش جۈملە بۆلەكلىرى ياكى ئايرىم جۈملە بۆلىكى ئالدىدا كېلىپ، پىكىرنىڭ قىياس قىلىنغۇچى بۆلەكلىرىدىن بىرىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ: قوغۇنغا ئوغرى كىرسە، يا پىششىقىنى قويماس، يا خەمىكىنى (ماقال). ② سوئال جۈملە ئالدىدا كېلىپ، ئۆزىدىن بۇرۇنقى جۈملە مەنىسىگە نىسبەتەن قارىمۇقارشى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ: سۇ ئۆزى يار ئالغانمىدۇ، يا بىرەر قارا نىيەت ئۆچمەنلىك قىلغانمىدۇ؟ ③ ئىككى جۈملە ئوتتۇرىسىدا كېلىپ، كېيىنكى جۈملىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ بولۇنمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ياردەمچى سۆز ئورنىدا خىزمەت قىلىدۇ: ئوت ـ چۆپ بولمىسا نېمە بوپتۇ؟ يا بىز ئوت ئورغىلى بارمىساق.

**يا ئاق ئەمەس يا كۆك ئەمەس** بىر مەسىلىنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل بىر تەرەپ بولمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئىبارە: بۇ ئىشلار يا ئاق ئەمەس، يا كۆك ئەمەس تۇرۇۋاتىدۇ.

**يا ئاق يا قارا قىلماق** سېلىشتۇرۇپ، گۇناھلىق ياكى گۇناھسىزلىقىنى ئايرىماق، پەرقلەندۈرمەك: بۇ جالىپنىڭ ئالدىدا مېنى يا ئاق يا قارا قىلىسەن، مەن ئوينىسام، سەندەك تاتۇق بىلەن ئوينامتىم! ــــ دېدى ھەسەلخان.

**يا ئاق يا كۆك دېمەسلىك** بىرەر ئىش ياكى گەپ ـ سۆزگە قارىتا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەسلىك، لام ـ جىم دېمەسلىك: ئەركىن سوئالىمغا يا ئاق يا كۆك دېمەي قاراپ تۇردى.

**يا بايدىن چىقار يا سايرامدىن** تەۋەككۇل، بارا كۆرەرمىز: ــــ بىز دېگەندەك بولىدىغان زامانلارنى بۇ ئۆمرۇمدە كۆرسەممىكىن دەپ ئويلايتتىم، قارىغاندا، بىر ـ ئىككى يىل ئىشلەپ كۆرۈپ باقساممۇ باقاي. يا بايدىن چىقار يا سايرامدىن، ــــ دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا.

**يا گۆش ئەمەس يا بەز ئەمەس** ← **يا ئاق ئەمەس يا كۆك ئەمەس:** شۇندىن كۆپ ئۆتمەي، غوجى ئىككى ئاغىنىسىنى سەيدىن قارىيغا ئەلچىلىككە كىرگۈزدى، لېكىن ئەلچىلەر ئۇ يەردىن يا گۆش ئەمەس يا بەز ئەمەس گەپلەرنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

**يا گۆش يا بەز قىلماق** يا ئۇ يان ـ يا بۇ يان قىلماق، ئۇزۇل ـ كېسىل بىر تەرەپ قىلماق: ــــ ئۇنداق ئادەم باشتا بالىنى مەكتەپكە بەرمەيلا مۇشۇ ئېسىل ھۈنەرلىرىگە سېلىۋالماپتىكەنلا، ئەمدى ئۇنىڭ ئوقۇشىنى يا گۆش يا بەز قىلماي، ــــ دېدى نىساخان تەنە قىلغان ئاھاڭدا.

**يا ئۇنداق يا بۇنداق** ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك، خىلمۇخىل؛ بەزى يا ئۇ خىلدىكى يا بۇ خىلدىكى: يېزا ئىگىلىكىدە قولللىنىلىۋاتقان ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىمىز تېخى يېڭىدىن يولغا قويۇلۇۋاتقىنى ئۈچۈن، يا ئۇنداق يا بۇنداق مەسىلىلەرنىڭ تۇغۇلۇپ تۇرۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

**يا ئۆلۈك ئەمەس يا تىرىك ئەمەس** ماغدۇرىدىن قالغان، ماغدۇرى يوق، مادارسىز، ماغدۇرسىز، ھالسىز: تۇرسۇن مۇشۇ كۈنلەردە يا ئۆلۈك ئەمەس يا تىرىك ئەمەس ھالەتتە ياشاۋاتىدۇ.

**يا ئۆلۈم يا كۆرۈم** بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن قەتئىي بەل باغلىغانلىق، شۇ ئىشقا تەۋەككۇل قىلغانلىق مەنىسىدىكى ئىبارە: بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئاچ ـ زار جامائەت يا ئۆلۈم يا كۆرۈم دەپ، باشنى قولتۇقىغا قىسقان ھالدا كېچىسى تاغقا چىقىپ بۇغدايلارنى تاغار ـ تاغارلاپ تېپىپ كىرىشكە باشلىدى.

**يا** III ئىم [ئە] كۈچلۈك ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىلىپ، مۇراجىئەت قىلىش، ئەجەبلىنىش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ: يا ئاللا، يا رەببىم. يا ھەزرەت. يا پەرۋەردىگار. يا خۇدا.

**يا ئاللا** ① «ئى ئاللا، ئەي خۇدا، خۇدايا» دېگەن مەنىلەردە، خۇداغا مۇراجىئەتنى بىلدۈرىدۇ: ــــ يا ئاللا، ئارسلانلىرىمىزغا كۈچ ـ غەيرەتنى يار قىلغايسەن، كۆپچىلىكنى ئامان قىلغايسەن، ــــ دېدى بوۋاي نالە قىلىپ. ② ھەيران بولۇش، زوقلىنىش، ھاياجانلىنىش، تېڭىرقاش، قورقۇش، زارلىنىش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ: كەينى ـ كەينىدىن ئۈزۈلمەستىن كەلگەن جامائەت تۆت يۈز چارەك گۈرۈچنىڭ ئېشىنى چۈش ـ پېشىنگە قالماي يەپ بولدى... يا ئاللا، يۇرت دېگەن مانا شۇنداق تولا گەپ ئىكەن. * ــــ يا ئاللا، سەن بىلەن سوقۇشۇپ قېلىشتىن خۇدايىم ساقلىسۇن، ــــ دېدى سۇلايمان بەكرىگە قاراپ. * ــــ يا ئاللا، يېزىپ بولدۇم دەيدىغان ۋاقتىڭىزمۇ بولىدىكەن ـ ھە؟ ــــ دېدى زەپەر كايىغان تەلەپپۇزدا.

**يابغۇ** ئى. تارس ① قەدىمكى تۈركىي خەلقى ھەربىي ئەمەل ناملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، سول قول ۋەزىرگە تەڭ كېلىدۇ. ② تارماق، قەبىلە، بۆلەك: جۇڭگو يىلنامىلىرىدە قارلۇقلار ئۇيغۇرلارنىڭ بىر يابغۇسى (مەھكىمىسى) سۈپىتىدە باشتىن ـ ئاياغ ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە بايان قىلىنغان.

**ياپا** رەۋ. دىيال. پۇتۇنلەي، ھەممىشە.

**ياپال** سۈپ. ئۇزۇنچاقراق كەلگەن، ياپىلاق: ياپال يۈز. // ــــ

ئابدۇللا دېگەن قانچىلىك نېمىتتى، سەن ياپالىنىڭ بىر مۇشتىغا بەرداشلىق بېرەلەمدۇ ئۇ؟! — دېدى قېرى ھاراقكەش.

**ياپەن** ئى. دىيال. ھارۋىنىڭ ھارۋىكەش ئولتۇرىدىغان تاختىيى.

**ياپتا** ① سۈپ. توغرىدىن ـ توغرا ئېيتىلماي باشقا ۋاستىلەر ئارقىلىق تەگكۈزۈپ، دارىتمىلاپ، تەنە قىلىپ دېيىلگەن: ياپتا گەپ. ② ئى. قىماردا ئۇدا، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇتۇش ھالىتى: ياپتا كەلمەك. * ئوشۇقنىڭ ياپتىسى چىقتى.

**ياپتۇرماق** «ياپماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: روجەكنى ھەم ياپتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن خەتنى ئوقۇشقا باشلىغان سېيىت ھاجىنىڭ چىرايىدىكى تېيىز قورۇقلار كېڭىيىشكە، كۆزلىرى كىچىكلەشكە باشلىدى.

**ياپچان** ئى< بوت> ① مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى پەيسمان يېرىلىدۇ، يېرىقچىلىرى لېنتا شەكىللىك، قويۇق ئاق تۈكلەر بىلەن قاپلانغان. گۈلى يېشىل سېرىق، كونۇسسىمان گۈل رېتىمدە. پۈتۈن تېنى خۇشبۇي پۇرايدۇ، دورا قىلىنىدۇ، تەرلىتىش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، ئۆتنى ياخشىلاش رولى بار. ② قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**ياپراق** ئى. جان ت ① يوپۇرماق: ئۇ ئاشۇ ئالتۇن ياپراقلار ئۈستىدە، قۇملۇق قاشتا ئويناق سۇغا قاراپ ئولتۇرۇپ سومكىسىدىن يېشىل تاشلىق دەپتىرى بىلەن قەلىمىنى ئالدى ـ دە، شۇ كۈنىنىڭ خاتىرىسىنى يېزىشقا باشلىدى. ② نېپىز نەرسە: ئەمدىلا گۆشتىن بىر ياپراق كېسىشىم بىلەن پىچاق قولۇمنى كەستى.

**ياپراقچە** ئى ① كىچىك يوپۇرماق: ئۇ جىگەرنىڭ ئوڭ ياپراقچىسى ئاستىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۆت يولى ئارقىلىق جىگەرگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ② كىچىك نېپىز نەرسە.

**ياپراقسىمان** سۈپ. ياپراققا ئوخشاش، ياپراق شەكلىدىكى؛ كىچىك نېپىز: ئۇنىڭ قولىدا ياپراقسىمان بىر ئويۇنچۇق تۇراتتى.

**ياپسار** سۈپ ئارىلىقىدا بوشلۇق قالمىغان، زىچ، دەل، ھەم، جىپسا؛ ئۇدۇل، توغرا: سېمىزغىنا كەلگەن بىر دۇكاندار تۇمشۇقى ھەم ئۇچلۇق، ھەم ياپسار تىكىلگەن بىر جۈپ خەينى ئالدىمغا قويدى. * ئۇلارنىڭ بەزىدە بەرگەن باھالىرى ياپسارغا كېلىپ قالسا ئۆزلىرىچە ھۇزۇرلىنىپ بازارنى بېشىغا كىيگۈدەك ئاۋاز بىلەن كۈلۈشەتتى.

**ياپسار كەلمەك** ئۇدۇل، توغرا، مۇۋاپىق، ھەم كەلمەك، جىپسا كەلمەك: بۇ ئىككى ياغاچ تازا ياپسار كەلدى. * — قالتىس ياپسىرىغا كەلدى ـ دە، ئۆزۈڭمۇ چاققان نېمە، ئۆتكۈزۈۋەتمىدىڭ، — دېدى ئۇ مېنى ماختاپ.

**ياپسارلاتماق** «ياپسارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئابلىز ئەينەكچى ئۇستامغا ئېيتىپ، ئىشكاپنىڭ ئىشىكىنى يەنە بۇرۇنقىدەك بىر ـ بىرىگە ياپسارلىتىپ سالدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن دۇكاننى تاقاپ ئىشتىن چۈشتى.

**ياپسارلاشماق** «ياپسارلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ياپسارلانماق** «ياپسارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: توۋا دەيمەن، بەزىدە ئوخشاش ئىشلارمۇ، ئوخشاش ۋاقىتتا بىر ـ بىرىگە ياپسارلىنىپ كېلىپ قالىدىكەن.

**ياپسارلىماق** پ. ئۇدۇل كەلتۈرمەك، ماسلاشتۇرماق، مۇۋاپىقلاشتۇرماق، جىپسىلاشتۇرماق؛ تۈزلىمەك، ئوڭشىماق: ئۇ ماڭا نەدە، قانداق تېخنىكىلىق تەدبىر ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، خالىغانچە ئېيتىپ بېرىدۇ، مەن بۇلارنى بىلىۋالىمەن ـ دە، دەرھال ئۆزىمىزنىڭ ئىشلىرىغا ياپسارلايمەن.

**ياپسال** سۈپ. دىيال. تۈز ئەمەس، قىڭغىر، يانتۇ، قىيپاش.

**ياپسۇن** ئى. بالىلارنىڭ بەدىنىگە توخۇ ئېتى رەڭگىدە يوغان ـ يوغان چىقىدىغان كېسەللىك.

**ياپشاڭ** ئى <بىن> دىيال. يانتۇ يەردە سېلىنغان ئۆي.

**ياپقا** ئى. دىيال. تۈۋاق.

**ياپقاق** ئى. تۈرلۈك مېخانىزملارنىڭ مەلۇم قىسىملىرىنى چاڭ ـ توزان، نەملىك ۋە باشقا نەرسىلەردىن ساقلاش ئۈچۈن ئىشلەنگەن، ئېچىلىپ ـ يېپىلىدىغان بۇيۇم، تۆمۈر قاپقاق: ماشىنىنىڭ ياپقىقى . ياپقاقنى ئاچماق .

**ياپقۇچ** ئى. نەرسىلەرنى يېپىش، ئېتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بۇيۇم، نەرسە: كىيىم ياپقۇچ. موتور ياپقۇچ. * تاشتىن قوپۇرۇلغان تام مەشنىڭ ئۈستىدىكى ئەينەك ياپقۇچ ئاستىدىكى ئىككى لوڭقىدا كونا قەغەز گۈللەر تۇراتتى.

**ياپقۇچسىز** سۈپ. ياپقۇچى يوق، ياپقۇچ يېپىلمىغان؛ ياپقۇچ ئورنىتىلمىغان: ياپقۇچسىز ماشىنا. ياپقۇچسىز ئەينەك. * ئوچاق ئۈستىدىكى تولا ئىشلىتىلىپ ئىسلىنىپ كەتكەن ياپقۇچسىز بىر چۆگۈندە سۇ قايناۋاتاتتى.

**ياپقۇچلۇق** سۈپ. ياپقۇچى بار، ياپقۇچ يېپىلغان، ياپقۇچ ئورنىتىلغان: ياپقۇچلۇق دېرىزە. ياپقۇچلۇق چەينەك. * قائىدە بويىچە ياپقۇچلۇق پىيالىگە چاي دەملىنىپ، مۇشتۇمدەك ناۋات تاشلاندى.

**ياپما** I سۈپ. يېپىپ تۇرىدىغان: ياپما ئۆي. ياپما قاپاق. * پەقەت ئۇنىڭ ياپما قېشىلا لىكىلداپ جىم تۇرمايتتى.

**ياپما قاپاق** ساڭگىلاپ، كۆزنىڭ ئۈستىنى يېپىپ تۇرىدىغان قاپاق: سېيىت قارىي ياپما قاپاقلىرىنى لەپپىدە كۆتۈرۈپ، بالىغا قاتتىق ئالايدى.

**ياپما** II ئىم <يېم> قورداق ياكى قورۇلغان قورۇمىنىڭ ئۈستىگە بولدۇرۇلغان خېمىرنى يېپىپ، دۇملەپ پىشۇرۇلىدىغان تاماق.

**ياپماق** پ ① بىرەر نەرسىنىڭ يۈز قىسمىنى، تاشقى كۆرۈنۈشىنى، قىياپىتىنى توسماق، بىرەر نەرسە بىلەن قاپلىماق، ئەتمەك: قىز بىرنېمىلەرنى دېدى ـ دە، قوللىرى بىلەن يۈز ـ كۆزىنى ياپقىنىچە ياتاققا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ② ئوچۇق تۇرغان نەرسىنىڭ ئۈستىنى ئەتمەك، قاپلىماق، ئورىماق، چۈمكىمەك: ئاشپەزلەر ھاكىمنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ توپا باسقان قازانلىرىنى سۈرتۈپ بولۇپ، ئاشخانىنىڭ بۇلۇڭىدا يىغىلىپ تۇرغان كۆكتات شۆپۈكلىرىنى پالاس بىلەن ياپتى. ③ ئوچۇق، يېيىقلىق تۇرغان نەرسىنى يىغماق، يىغىشتۇرماق (كىتاب، دەپتەر ھەققىدە): دەپتەرنى ياپماق. گېزىتنى ياپماق. * ئۇ نىجاتنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ ژۇرنالنى ياپتى. * يېپىپ كىتابنى ئۆزۈمگە سوئال بېرىدىمەن، نەۋايى قانداق بىر ئۇلۇغ ئىنساندۇر دەيمەن. ④ ئۆي، ئىمارەت ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئۈستىنى بېكىتمەك، ئەتمەك؛ توسماق: ئېغىلنى ياپماق. كاتەكنى ياپماق. ⑤ قويماق، باسماق: ئۇ بۇ قېتىممۇ ھەر ھالدا ئارام بولۇپ قالسۇن، دېگەن ئۈمىدى بىلەن قۇددۇسنىڭ بېشىغا سوغۇق سۇغا چىلانغان ھۆل لۆڭگە ياپتى. ⑥ كۆچمە. يوشۇرماق، مەخپىي تۇتماق، سىرلىق قىلىپ كۆرسەتمەك: پوقنى ئوسۇرۇق

بىلەن ياپقىلى بولماس (ماقال). * بىخىل تاپسا يېيىپ يەيدۇ، سېخىي تاپسا ئىچىپ يەيدۇ (ماقال).

**ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ** ئىككىلىنىش، ئارىسالدى بولۇش، بىر قارارغا كېلەلمەسلىك مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىبارە: مەن دېدىمغۇ! ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ دەپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس، بۇ بەلنى مەھكەم باغلاپ ئىشلەش ۋاقتى!

**ياپىمال** ئى. تاغنىڭ پېشايۋاندەك ئالدىغا چىقىپ تۇرغان قىسمى.

**ياپىسغا** رەۋ. دىيال. ئۇدۇل، توغرا تەرىپىنى بويلاپ.

**ياپون** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئاساسەن ياپونىيەنىڭ تۈپ ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**ياپونچە** ① سۈپ. ياپونىيەگە، ياپون خەلقىگە ھەم ئۇنىڭ يېزىقى، تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: ياپونچە ئۇسسۇل. ياپونچە كىيىم. ② ئى. ياپون تىلى ۋە يېزىقى: ئۇ ياپونچىنى ياخشى بىلىدۇ. * ئۇ ياپونچە ئۆگىنىۋاتىدۇ. ③ رەۋ. ياپون تىلىنى ئىشلىتىپ، ياپون تىلىدا: ياپونچە سۆزلەشمەك.

**ياپۇرغا** ئى <دېھ> دىيال. سۆرەم.

**ياپىسغا** رەۋ. پۈتۈنلەي، ھەممىسى، تامامەن، تولۇق، تەلتۆكۈس، ئۇزۇل - كېسىل: — ئاڭلاشلارغا قارىغاندا جامالىدىن بوۋاي سوققان قىلىچ - نەيزىنى تۇتقان چېرىكلەر ياپىسغا ئۆلۈپ تۈگەپتۇ، — دېدى ئارىدىن بىرەيلەن.

**ياپىلاق** سۈپ. يېسسى ۋە يېسسىغا يېقىن كېلىدىغان، يېسسى شەكىلدىكى، يېسسى ھالەتتىكى، توم ياكى يۇمىلاق ئەمەس: ياپىلاق تۆمۈر. ياپىلاق ياغاچ. * زاھىدەنىڭ ياپىلاق يۈزى، قاڭشىرى، پەسرەك بۇرنى ۋە قارىچۇقى كىچىك كۆرۈنىدىغان كۆزلىرى شەرىخان موماىغا تونۇشتەك تۇيۇلاتتى.

**ياپىلاقلاتماق** «ياپىلاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇختەر تۆمۈرچىلىك دۇكىنىغا بېرىپ، بىر پارچە تۆمۈرنى تاللىدى - دە، ئۇنى ياپىلاقلىتىپ پالتا سوقتۇردى.

**ياپىلاقلاشتۇرماق** «ياپىلاقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پەرھات ئالىقانچىلىك بىر پارچە پولاتنى ياپىلاقلاشتۇرۇپ قىڭراق سوقۇپ چىقتى.

**ياپىلاقلاشتۇرۇشماق** «ياپىلاقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ياپىلاقلاشتۇرۇلماق** «ياپىلاقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ياپىلاقلاشتۇرۇلماق** «ياپىلاقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەرخىل چوڭلۇقتىكى پولاتلار ياپىلاقلاشتۇرۇلۇپ، قىلىچ سوقۇلدى.

**ياپىلاقلاشماق** «ياپىلاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۆمۈرچى ئۇستىلار تۆمۈرلەرنى ياپىلاقلىشىپ، ھە دەپ كەتمەن سوقۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

**ياپىلاقلانماق** «ياپىلاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئون نەچچە كونىلۇك جاراڭ - جۇرۇڭ، گۇمبا - گۇمباڭدىن كېيىن كاللەك - كاللەك مىسلار بىر قول، يېرىم قول قېلىنلىقتا ياپىلاقلاندى.

**ياپىلاقلىماق** پ. ياپىلاق ھالەتكە كەلتۈرمەك، يېسسىلىماق: ئۇلار ئاسمىنىڭ ياردىمىدە ئوقلىرىنى ئايىغان ھالدا مىلتىقتىن پايدىلىنىشنى ئۆگىنىشتى، مىلتىق يېتىشمىگەنلەر نەيزە - چوماق تەييارلاشتى، بەزىلەر لوم تۆمۈرلەرنى ياپىلاقلاپ قىڭراق - قىلىچ سوقۇشتى.

**يات** ① سۈپ. قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان، تۇغقانچىلىقى يوق: يات ئادەم. * ياتنىڭ ئوتىنى يۈۋلەپ ساقلىغىچە كۆيۈپتۇ (ماقال). * ئالدىدىكى ئۆزىنى كۆرمەي، يىراقتىكى ياتنى كۆرۈپتۇ (ماقال). ② سۈپ. تونۇشلۇقى يوق، تونۇشمايدىغان، تونۇش ئەمەس، ناتونۇش: يات كىشى. * يات يۇرتتا تورغاي سايرىماس (ماقال). ③ سۈپ. بىرەر نەرسە ياكى كىشىگە تەئەللۇق بولمىغان، مۇناسىۋەتسىز: يات ماددا. يات جىسىم. * ھازىر بەزى ئادەملەر ئۇچۇن پىرىنسىپ، ئىنسانىي بۇرچ، ئەخلاق دېگەنلەر يات بىر نەرسە بولۇپ قالدى. ④ سۈپ. كۆچمە. مۇناسىپ ئەمەس، راۋا ئەمەس؛ ھارام: يىراق: « جەزمەن ئۆز قولۇم بىلەن تاپشۇرۇشۇم كېرەك. تەقدىرگە تەن بېرىپ، قايناق تۇرمۇشتىن چەتكە چىقىشنىڭ ماڭا يات ئىكەنلىكىنى ئادىل كۆرسۇن» دەپ ئويلىدى ئۇ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ. ⑤ سۈپ. كۆچمە. مۇخالىپ، قارشى، زىت، خىلاپ: مەن قەيسەرلىك قىلىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم، ئۇ چۆچۈپ، ئاجايىپ ئوتلۇق نەزەر بىلەن يالت قىلىپ قارىدى - دە، ئۆز تەبىئىتىگە يات ھالدا مۇلايىم ۋە ئىللىق كۈلۈمسىرىدى. ⑥ رەۋ. باشقىچە، ئۆزگىچە، غەيرىي: ئىشچىلارنىڭ كۈتمىگەندە كىرىپ كېلىشى، سابىر ئۇستىنىڭ ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇشىمۇ ئۇنىڭغا يات ۋە غەلىتە بىلىنەتتى. ⑦ ئى. كۆچمە. دۈشمەن بولغان، دۈشمەنگە ئوخشاش: شاھىمىز بۇ پەرزەنتىنى ئۆز جېنىدىنمۇ ئارتۇق كۆرىدۇ. شۇڭلاشقا، 228 قاراۋۇل ئۇنى ياتلاردىن كېچە - كۈندۈز قوغداپ تۇرىدۇ.

**يات رەڭ** <گ سەن> ① رەڭسىز سىستېمىغا مەنسۇپ بولغان رەڭ. مەسىلەن، قارا، ئاق، كۈل رەڭ، ئالتۇن رەڭ، كۈمۈش رەڭلەرگە ئوخشاش. بۇلار رەڭ تۈسىنى تەڭشەش رولىنى ئوينىغاچقا، «قۇتۇلدۇرغۇچى رەڭ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ساپ ئاق ۋە ساپ قارا رەڭلەرنى تېپىش قىيىن، رەڭ ئىسپېكتىرىدا بۇنداق رەڭ خىلى يوق، شۇڭا ئاق رەڭ «ئىنفىرا رەڭ»؛ قارا رەڭ «ئۇلترا رەڭ» دەپ ئاتىلىدۇ. ② <گېئول> مىنېراللارنىڭ بىر خىل رەڭگى، يەنى سىرتتىن كەلگەن رەڭلىك ماددىلارنىڭ مېخانىكىلىق ئارىلىششى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان مىنېرالنىڭ بويالغان رەڭگى. بۇ رەڭنىڭ خىمىيەلىك مىنېرال تەركىبىنىڭ ئۆز قۇرۇلمىسى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. مەسىلەن، ساپ كىۋارتس رەڭسىز، سۈزۈك مىنېرال بولۇپ، ئارىلاشمىلار نەتىجىسىدە بىنەپشە، قىزىل گۈل رەڭ، سۈت ئاق، ئىس رەڭلەردە بولىدۇ.

**يات قىلىق** باشقىلارنىڭ دىتىغا، كۆڭلىگە ياقمايدىغان، كۆزىگە سىغمايدىغان ئىش - ھەرىكەت؛ قىلىقسىزلىق: ئېسىلىپ تۇرىسەن جىم تامدا مىخقا، ئۆگىنىپ قاپسەن يات قىلىققا.

**ياتاتۇڭ** ئى. دىيال ① بۆشۈكتەۋرەتكۈ، ياچىۋەك. ② ياچىۋەك تۇخۇمى.

**ياتاق** ئى ① ياتىدىغان جاي، ئورۇن، خانا: ئۇ خەتنى ئاشخانا ئۈستىلىگە قويۇپ، ياتاققا كىردى - دە، ياتاقتا ئىلدام يېشىنىپ، كارىۋاتقا چىقىپ ئۇخلاپ قالدى. ② مەكتەپ ياكى ئىدارە - جەمئىيەتلەردىكى ئوقۇغۇچى ياكى بويتاقلارنىڭ يېتىپ - قوپۇشى

ئۈچۈن ئاجرىتىلغان مەخسۇس ئۆي؛ بىنا: قىزلار ياتىقى. بويتاقلار ياتىقى. ③ دوختۇرخانىدا ئاغرىقلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۆي: ياتاقتا ياتماق. ياتاقتىن چىقماق.

**ياتاق يارىسى** <تېب> ئۇزاق مۇددەت ئورۇندا يېتىپ قالغان ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆرۈلەلمەيدىغان كېسەللىكلەرنىڭ توقۇلمىلىرى ئۇزاق بېسىلىپ، قان ئايلىنىش توسالغۇغا ئۇچراشتىن تېرە، مۇسكۇللار چىرىپ زېدىلىنىدىغان بىر خىل يارا. ئۇزاق ياتقانلارنىڭ ساغرىلىرىدا، سۆڭگەكلىرىدە كۆپ يۈز بېرىدۇ.

**ياتاقخانا** ئى ← **ياتاق:** باشقىلار چاي ئىچىشىۋاتاتتى. مەريەم ئۆزىنىڭ ياتاقخانىسىدىن چىقمىدى، ئۇنىڭ بېشى ئاغرىپ قالغانىدى.

**ياتاقداش** ئى. بىر ياتاقتا ياتقان ياكى ياتىدىغان كىشىلەر (بىر- بىرىگە نىسبەتەن): شۇنداق قىلىپ قەيسەر ئەمدى سىنىپ يىغىنى ھەققىدىكى ئويلىرىنى تاشلاپ، ياتاقداشلىرى ئارا بولۇپ ئۆتكەن سوئال - جاۋابلارنىڭ تېگىنى ئىزدەپ يېڭىباشتىن خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتتى.

**ياتاقداشلىق** ئى. بىر ياتاقتا يېتىش ئىشى، پائالىيىتى: باتۇر بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتاقداشلىق مۇناسىۋىتىمىز بار ئىدى.

**ياتاقسىز** سۈپ. ياتىقى يوق، ياتاق سېلىنمىغان: ياتاقسىز مەكتەپ. * ھازىر يېزىلاردىمۇ ياتاقسىز مەكتەپلەر بارغانسىرى ئازىيىپ، ياتاقلىق مەكتەپلەر كۆپىيىشكە باشلىدى.

**ياتاقلاشتۇرماق** «ياتاقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ناھىيە رەھبەرلىرى ناھىيەدىكى مەكتەپلەرنى ياتاقلاشتۇرۇپ، ناھايىتى چوڭ ئۇنۇمگە ئېرىشتى.

**ياتاقلاشماق** پ. ياتىقى بار ھالەتكە كەلمەك، ياتىقى بار بولماق: ياتاقلاشقان مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئوقۇش - ئوقۇتۇش سۈپىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى.

**ياتاقلىق** سۈپ. ياتىقى بار، ياتاق ئورۇنلاشتۇرۇلغان: ياتاقلىق مەكتەپ. ياتاقلىق مەكتەپلەرنى كۆپەيتىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاقتىنى زور دەرىجىدە تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

**ياتاڭ** ئى. دىيال. پاختا ئاتقۇچىنىڭ مۇشتىكى.

**ياتسىراتماق** «ياتسىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ئۇنى ياتسىرىتىپ قويماي ئوبدان ئوينىتىم.

**ياتسىراشماق** «ياتسىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز پاتمەدىن كېيىن بىرئاز ياتسىرىشىپ، ئىزا تارتىشىپ ئېچىلىشماي قالدۇق.

**ياتسىرىماق** پ. باشقىلارنى ئۆزىگە، ئۆزىنى باشقىلارغا يات دەپ ھېس قىلماق؛ يېتىرقىماق؛ ياتسىنماق: ئۇ مەن بىلەن ياتسىراپراق كۆرۈشتى.

**ياتسىنماق** پ ← **ياتسىرىماق:** ئەزەلدىن قايغۇسى، خۇشاللىقى بىر، بىر شاخنىڭ تۇتاشقان ئىككى بەرگى بىز، ئۆزئارا ياتسىنىپ ساقلىمىغان سىر، ئاسمانەك بىغۇبار ئوتلۇق قەلبىمىز.

**ياتقۇ** ئى. ياتىدىغان چاغ، ۋاقىت، پەيت: ئېغىر ياتقۇ. * قۇربان قىلىچ ئاتلارنىڭ يورۇشىنى تېزلىتىپ، ياتقۇدىن بۇرۇن توقسۇن بازىرىدىكى ئاقتاش سارىيىغا بېرىپ چۈشتى.

**ياتقۇزماق** ① «ياتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئادىل بالىنى ھارۋىغا ياتقۇزۇپ، دوختۇرخانىغا قاراپ ئۇچقاندەك ھەيدەپ كەتتى. ② ئورۇنلاشتۇرماق، جايلاشتۇرماق، بېكىتمەك: چىم ياتقۇزماق. تاختاي ياتقۇزماق. ③ يېيىتماق، سالماق؛ تۆكمەك: لاي ياتقۇزماق. توك ياتقۇزماق. ④ تەكشىلىمەك، تۈز ھالەتكە كەلتۈرمەك، قايرىماق، ياننتۇ قىلماق: — ئېلى ئاخۇن ئۇستام، ماۋۇ ئۆتۈكنى كۆرۈپ باقسىلا، — دېدى دادام مىخلارنى ياتقۇزۇپ بولۇپ.

**ياتقۇزۇشماق** «ياتقۇزماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككىيلەن تەڭلا كۆچەپ، شەۋكەتنى ئۆرە تۇرغۇزۇشتى ۋە ناھايىتى تەسلىكتە جايىغا ياتقۇزۇشتى.

**ياتقۇزۇلماق** «ياتقۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: خەلىچە ئانا ئۈچ ئات قوشۇلغان رېزىنكە چاقلىق ھارۋىغا ياتقۇزۇلغاندا، كۆز قىزغۇچ شولا چېچىپ، تاغ كەينىگە ئولتۇرۇپ كەتكەنىدى. * تاش ياتقۇزۇلغان مەھەللە يولىدا ئەزالار خۇشاللىق بىلەن ئويۇن - مەشرەپ قىلىشقا كېتىشىۋاتاتتى.

**ياتلاشتۇرماق** «ياتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جاھالەت ئادەمنى ئادىمىيلىك خىسلەتلەردىن ياتلاشتۇرۇپ، ھەممىگە شۈكۈر - قانائەت قىلىدىغان، ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشكە ئىنتىلمەيدىغان رايىش بەندىگە، مۆمىن قۇلغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

**ياتلاشتۇرۇشماق** «ياتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ياتلاشتۇرۇلماق** «ياتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ جايدا، ھېكايىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممە نەرسىنىڭ ياتلاشتۇرۇلغان ئىنسان روھىنىڭ بىشارەتلىرى ئىكەنلىكى سېزىلىشكە باشلايدۇ.

**ياتلاشماق** پ. يات بولۇپ كەتمەك، يات ھالەتكە كەلمەك؛ يىراقلاشماق: شۇنىڭدىن كېيىنكى ئەللىك يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار بىر - بىرىنى زادىلا ئىزدەشمەي ياتلىشىپ كېتىشكەنىدى.

**ياتلىق** ئى ① ياتلارغا خاس، ياتلارغا ئائىت خۇي، مىجەز: قىزىمنىڭ ئۆزلۈكى بار، كۈيئوغلۇمنىڭ ياتلىقى بار (ماقال). * بەزىدە، بەلكى، تولا چاغلاردا ياتلىق تونۇشۇشقا، تونۇشۇش يېقىنلىققا، يېقىنلىق دوستلۇققا، دوستلۇق مۇھەببەتكە ئورۇن بوشىتىپ بېرىدۇ. ② يات كىشىگە تەۋە؛ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق (قىز - ئاياللارغا نىسبەتەن): ياتلىق بولماق. ياتلىق قىلماق.

**ياتلىق بولماق** تۇرمۇشقا چىقماق، تالالىق بولماق، ئەرگە تەگمەك: ئۇ يىگىرمە ئالتە ياشتا، تېخى ياتلىقمۇ بولمىدى.

**ياتلىق قىلماق** تۇرمۇشقا چىقارماق، تالالىق قىلماق، ئەرگە بەرمەك: مىجىت تاغىسىنىڭ يېنىدا خەقلەرنىڭ ياتلىق قىلماقچى بولغان قىزلىرىنىڭ كىيىمىنى تىكىپ، داڭ چىقىرىۋەتتى.

**ياتلىۋىلاڭ** سۈپ. دىيال. غەلىتە، بۆلەكچىلا، غەيرىي.

**ياتما** سۈپ. ياتقان، ياتىدىغان: ياتما پاقىيوپۇرماق. ياتما جىنتىيانا.

**ياتما ئەمەن** <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقىنىڭ ئالدى يۈزى يېشىل، كەينى ئاقۇچ كۈل رەڭ بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى نەيسىمان، رەڭگى سارغۇچ، بىرئاز سۆسۈن سىزىقلىرى بار، مېۋىسى ئورۇق مېۋە. يول بويى ۋە داللاردا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. قان توختىتىش رولىغا ئىگە.

**ياتماق** پ ① بەدىنىنى يەر، كارىۋات، كۆرپە قاتارلىقلارغا يېقىپ سوزۇلماق، ئۇزارتماق: يەردە ياتماق. كۆرپىدە ياتماق. * ئالدىرىغاننىڭ ئېشكى يېتىۋاپتۇ (ماقال). * ياتار قورساق — كېتەر قورساق (ماقال). ② ئىگىلىمەك، تۇرماق، ساقلانماق: بىر دۆۋە كىتاب شىرە ئۈستىدە ياتاتتى. * ئەكبەر كەنت ئىشخانىسىغا كىرد-

ۋېتىپ، بوسۇغىدا توختاپ قالدى. ئۇستەللەرنى تـوپا باسقـان، مەشنىڭ ئوتى ئۆچكەن، پەردە ئاپئاق كۆل چېچىلىپ ياتاتتى. ③ تۇنىمەك، ئۇخلىماق: — سىزنى پادىشاھ بىلەن ئىككىمىز بىرلىكتە تاپقانىدۇق. مېنىڭمۇ سىزدە ھەققىم بار، شۇڭا بۈگۈن بىر كېچە ئىككىمىز بىللە ياتساق، — دەپتۇ ۋەزىر پەزىلەتخانغا. ④ قامالماق، سولانماق: مەن «بۇ كامېردا ياتقىلى يەتتە ئاي بولدى. بىر قېتىممۇ سوراق قىلىنمىدىم. بىكاردىن ـ بىكار شۇنچىلىكمۇ يېتىپ كەتتىما» دەپ ئويلايتتىم. ⑤ توختىماق، توختاپ قالماق؛ تۇرۇۋالماق: ئۇ دۆيجاڭ بولمايمەن دەپ يېتىۋالدى. ⑥ كۆچمە. تەئەللۇق، تەۋە بولماق؛ ماس، مۇناسىپ كەلمەك: ناخشا ۋاكاللىق مۇزىكا تۇرىگە ياتسىمۇ، ئادەتتە چالغۇچىلارنىڭ تەڭكەش قىلىشى بىلەن ئىجرا قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنى پەقەت ۋاكاللىق مۇزىكا دەپلا قاراشقا بولمايدۇ. ⑦ رەۋىش ۋە رەۋىشداشلار بىلەن بىرىكىپ، ئىش ـ ھەرىكەت ياكى ھالەتنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ: ئىشلەپ ياتماق. * — قارا چاپانلىقلار تېخىچە تىنچ ياتماي، يۇرتنى قىپچاقلارغا قارشى قوزغىماقچى بوپتۇ، ئىشنى يەنە تەدبىرسىز قارا چاپانلار قولىغا ئېلىپ مەملىكەتنى بۇزغۇنچىلىققا سالماقچى بوپتۇ، — دېدى ھامىد شاھقا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ.

**يېتىپ يېمەك** ئىشلىمەي، ئەمگەك قىلمايلا ھالاۋەتنى كۆرمەك: كەتمىنىنى مەن چاپسام، يېتىپ يەيدۇ خان غوجام (ماقال). * يوق دېسە يېتىپ يەڭ (ماقال). * يېتىپ يېگەنگە تاغ توشماس (ماقال).

**يات ـ يوپۇر** دىيال. يات، تونۇشمايدىغان.

**ياچەن** ئى. دىيال. كۆمۈش پۇل.

**ياچېيكا** ئى [ر] بىرەر چوڭ تەشكىلات تەركىبىدىكى كىچىك بىر تەشكىلىي گۇرۇپپا: ياچېيكا يىغىنى. ياچېيكا ئەزاسى. * ئۇ يول تەرەپكە قارىدى ـ دە، ۋېلىسىپتتىن چۈشۈۋاتقان ياچېيكا شۇجىسى بىلەن كۆرۈشۈپ سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردى.

**ياچى** ئى. يا ياسايدىغان ئادەم: پادىشاھ قاتتىق غەزەپلىنىپ، ياچىنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ.

**ياچىۋەك** ئى <زوئول> بىر خىل ھاشارات. پۈتۈن تېنى يېشىل ياكى توپا رەڭ، بېشى ئۈچ بۇرجەك كېلىدۇ. ھەرىكىتى چاققان. سەزگۈ مۈڭگۈزچىسى يىپسىمان، مەيدىسى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن، قانىتى ئىككى جۈپ، ئالدى پۇتى ئورغاق شەكلىدە بولىدۇ. زىيانداش ھاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ، دېھقانچىلىققا پايدىلىق.

**ياخشى** ① سۈپ. ئوبدان، بەلەن، ياماننىڭ ئەكسى: ياخشى ئادەم. ياخشى ئىش. * رەھمىسى يوق ئادەمدىن، رەھمىسى بار ئىت ياخشى (ماقال). ② رەۋ. دەل ۋاقتىدا؛ تازا، راسا، خوپ: بۈنى تېخى بىرە-رىگە سۆزلەپ بەرگۈم كېلىپ ئولتۇراتتىم، ياخشى كەپسىز.

**ياخشى بولماق** ① ياخشى ھالەت شەكىللەنمەك، ياخشىلانماق: ياشلىقىڭدىن ياخشى بول (ماقال).* ياخشى بولساڭ ئېشىڭنى يەيسەن، يامان بولساڭ بېشىڭنى يەرسەن (ماقال). * يامان كۈنلەر ياخشى بولۇر، يامان ئادەم ياخشى بولماس (ماقال). ② ساقايماق، ئەسلىگە كەلمەك، ئوڭشالماق، ياخشىلانماق: قۇددۇس كېسىلىنىڭ ھەربىر قېتىم ۋاقتىنچە ياخشى بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان چاغدا خۇددى بۈگۈنكىدەك ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ، مىللىي ئارمىيەگە قوشۇلۇۋېلىش ئۈچۈن تالاغا ماڭاتتى. ③ يارىماق، ياقماق: ھازىرقى كۈندە باشقىلارغا ياخشى بولماقمۇ قىيىن بولۇپ قاپتۇ.

**ياخشى بولۇپ قالماق** ① تۈزەلمەك، ئوڭشالماق، ياخشىلانماق، ئۆزگەرمەك: ئۇ بۇرۇن بىر ئۆتۈپ كەتكەن شاللاق نېمىتى، ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قاپتۇ. ② ئەپلىشىپ قالماق، يارىشىپ قالماق: — ئۇلار خېلى ياخشى بولۇشۇپ قالغاندۇر، — دەپ سورىدىم ئايالىمدىن.

**ياخشى كۈن** باياشات تۇرمۇش، راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇش: — كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس، خۇدايىم ياخشى كۈنلەرنى بەرسە، — دېدى روزى مۇھەممەت يەرگە كۈنجۈرە چېچىۋاتقان ئايپاشاغا كۆزىنى قىسىپ.

**ياخشى كۈننىڭ يامنى بولۇپ قالسا** ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولۇپ، بىرەر يامان ھادىسە يۈز بېرىپ قالسا: تاغاڭ مېنىڭ بىر نەۋرە ئاكام بولسىمۇ، بىر قورساقتىن چىققان قېرىندىشىم ئەمەس، ناۋادا ياخشى كۈننىڭ يامنى بولۇپ قالسا، قولىنى يۇيۇپ، قولتۇقىغا سۇرتمەيدۇ دېگىلى بولامدۇ؟

**ياخشىچاق** سۈپ. ئۆزىنى مەلۇم بىر كىشىگە شۇ كىشىنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم قىلىپ كۆرسىتىدىغان: ئۇنىڭ ياخشىچاق ئادەم ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرمامدۇ.

**ياخشىچاقلىق** ئى. ياخشى كۆرۈنۈش ھەرىكىتى، ياخشى بولۇش ئادىتى: باشلىققا ياقامدۇ، يوق ياخشىچاقلىق، ياقتۇرسا ياخشىچاقنى ئۇمۇ چاغلىق.

**ياخشىسى** يۆك «ئەڭ ئاسىنى، مۇۋاپىقى، توغرىسى» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ: ياخشىسى قوشۇنلىرىمىزنى ئېلىپ تۆۋەن تەرەپكە يۈرۈش قىلايلى ـ دە، ئاكا ـ ئىنىلەر ئارىسىنىڭ بۇزۇلۇشىنى كۈتەيلى.

**ياخشىلاشتۇرماق** «ياخشىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا نىيازنىڭ ئۆگەي ئانىسىغا تەربىيە بېرىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى ياخشىلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

**ياخشىلاشتۇرۇشماق** «ياخشىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىر نەچچە قېتىم ھەقەمسايىلەر ئارىلىشىپ يۈرۈپ، ئۇ ئىككىسىنى ياخشىلاشتۇرۇشۇپ قويۇشقانمۇ بولدى.

**ياخشىلاشتۇرۇلماق** «ياخشىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ناھىيەنىڭ جەمئىيەت تەرتىپى ياخشىلاشتۇرۇلۇپ، پۇقرالار خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىگە قىلىندى.

**ياخشىلاشماق** پ. ئەپلەشمەك، ياراشماق؛ ئىتتىپاقلاشماق، ئىناقلاشماق: ئاپالىم ئىككىمىز بەزىدە ئۇرۇشۇپ، بەزىدە ياخشىلىشىپ يۈردۇق.

**ياخشىلانماق** «ياخشىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلاندى.

**ياخشىلىق** ئى ① ياخشى ئىش، ياخشى ھەرىكەت: ياخشىلىق يېنىپ تۇرغان چىراغ (ماقال). * يامىنىنى ئېيتماي، ياخشىلىق يوق (ماقال). * ئالتۇن يەردە ياتماس، ياخشىلىق يولدا (ماقال). ② ئۆز ئىختىيارى بىلەن باشقا كىشىلەر مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتۇپ ئىش قىلىش؛ مېھرىبانلىق، غەمخورلۇق: ئۇ قۇدرەتتىن يەنە قانداقتۇر بىر ياخشىلىق كۈتكەندەك ئۇنىڭغا تىكىلدى.

**ياخشىلىقچە** رەۋ. بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرمەي، ياخشىلىق بىلەن، ئۇرۇش ـ جاڭجالسىز: نېمىشقا ئۇنچىقمايسەن؟ خام ـ خىيال قىلماي، ياخشىلىقچە ماڭا يول بەر، بولمايدىغان بولسا، يا سەن ئۆلىسەن، يا مەن ئۆلىمەن!

**ياخشىلماق** پ. بىرەر نەرسىنىڭ سۈپىتىنى، ھالىتىنى بۇرۇنقىدىن ياخشىراق ھالەتكە كەلتۈرمەك، ئۆزگەرتمەك: ئۇ مەكتەپ ۋەزىيىتىنى بۇرۇنقىغا قارىغاندا جىق ياخشىلىدى.

**ياخشى- يامان** ياخشى ۋە يامان: — خۇدايىم، ئۆزۈڭگە تاپشۇر-دۇم، يامان كۆزدىن تاشقىرى، ھەي، بىرەر ياخشى - يامانلارغا يولۇقۇپ قالمىسىلا بولاتتىغۇ، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە. * دىلدا كېزىپ جاھاننى، بايقاپ ياخشى - يامانىنى، سەندەك گۈزەل ماكانىنى، تاپتىم بىرلا مۇبارەك.

**ياد** ئى [پ] خاتىرە، ئەس: ياد ئالماق. يادىدا تۇتماق. * ئۆلگىمىز ئۇ باھادىرلىق، مەردلىك بابىدا، شۇڭلاشقىمۇ ياشار مەڭگۈ ئەلنىڭ يادىدا!

**يادا** ئى. تارس ← **يامغۇر**.

**ياداتماق** «يادىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەمنى يادىتىدىغان بەزى ھېلىقىدەك گەپلەر بولدى.

**ياداچى** ئى. دىيال. يامغۇر ياغدۇرغۇچى.

**ياداق** سۈپ. دىيال. خار.

**ياداڭ** سۈپ. ياداڭغۇ: ھېس - تۇيغۇ ئەقلىنىڭ كۈچ ۋە قۇدرىتى چولپاندەك كۆزلەردە تولۇق نامايان. ئاھ، ياداڭ چىرايى بۇغداي ئۆڭلۈك-تى، تورقىدا مەردلىك ۋە قەتئىيلىك ئايان.

**ياداڭغۇ** سۈپ. يادىغان، ياداپ كەتكەن، ئورۇق: ئۇنىڭ ياداڭغۇ، قانسىز چىرايىدىن ئۇزۇن يىل دەرد تارتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

**ياداڭغۇرىماق** ئى. دىيال. ئورۇقلاپ قالماق، ئورۇقلىماق.

**ياداڭغۇلۇق** ئى. ياداڭغۇ ھالەت، ئورۇقلۇق: مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قايتا ئۇنىڭغا سەپسالغىنىمدا، پۈتۈن كېسەللىك ئازابى گويا ئۇنىڭ ياداڭغۇلۇقىدىن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئاشۇ بىر جۈپ كۆزىگە يىغى-لىپ قالغاندەك، بىر تامچە ياش ئاستا مەڭزىنى بويلاپ ياستۇققا ئېقىپ چۈشتى.

**يادايچا** رەۋ. دىيال. تەخمىنەن، قارىسىغىلا.

**يادايـ چۇداي** دىيال. ئاددىي، غورىگىل، چۆپچۆل، قاتتىق - قۇرۇق؛ ئىلاجسىز.

**يادرو** ئى [ر] ① نەرسىلەرنىڭ ئوتتۇرا نۇقتىسى؛ قاق ئوتتۇرىسى، ئىچكى مەركىزىي قىسمى، مېغىزى: ھۇجەيرىنىڭ يادروسى. * ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ يادروسى — لوگىكىلىق تەپەككۇر قابىلىيىتى ھېسابلىنىدۇ. ② كۆچمە. بىرەر كوللېكتىپ، گۇرۇپ-پا ياكى تەشكىلاتنىڭ ئاساسىي قىسمى، مۇھىم قىسمى؛ تايانچ: پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك يادروسىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش لازىم. ③ ئاتوم يادروسى.

**يادرو رېئاكسىيەسى** <فىز> مەلۇم بىر خىل مىكرو زەررى-چە ئاتوم يادروسى بىلەن ئۆزئارا تەسىرلەشكەن چاغدا يادرونىڭ تۈزۈلۈشىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىش بىلەن يېڭى يادرو ھاسىل بولۇش ھەمدە بىر ياكى بىرنەچچە زەررىچە چىقىش جەريانى. يادرو رېئاكسىيەسى ئاتوم يادروسىنىڭ تۈزۈلۈشىنى ۋە ئاسا-سىي زەررىچىلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا تەسىرىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**يادرو ئېنېرگىيەسى** <فىز> ئاتوم ئېنېرگىيەسىنىڭ ئۆزى. چۈنكى، يادرو ئېنېرگىيەسى ئاتوم يادروسى پارچىلانغاندا ياكى سىنتېزلانغاندا (بىرىككەندە) ئاندىن قويۇپ بېرىلىدۇ.

**يادروچاق** ئى<بىيول> ھۇجەيرە يادروسىنىڭ ئىچىدىكى نۇر سۇندۇرۇش كۈچى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان شارسىمان تەنچە. ئۇ ئاقسىللىق تەنچىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان يادرو قەنت كىسلاتاسىنى سىنتېزلىغۇچى مەيدان ھېسابلى-نىدۇ. يادروچاق ھۇجەيرە بۆلۈنۈشىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە يوقىلىپ، كېيىنكى دەۋرىدە پەيدا بولىدۇ.

**يادروسىز** سۈپ. يادرو قورالالار بولمىغان، يادرو قوراللىرى يوق؛ يادرو ئىشلىتىلمىگەن: يادروسىز دۆلەت. يادروسىز ئۇرۇش.

**يادروسىزلاشتۇرماق** «يادروسىزلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇ-رىي دەرىجىسى: «يادروسىزلاشتۇرۇش»نىڭ ئۈچ پىرىنسىپى — يادرو قورالىغا ئىگە بولماسلىق، ئۇنى ياسىماسلىق، كىرگۈزمەسلىكتىن ئىبارەت.

**يادروسىزلاشتۇرۇشماق** «يادروسىزلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كۆپلىگەن دۆلەت ئۆزلىرىنى يادروسىزلاشتۇ-رۇشۇپ، دۇنيا تىنچلىقىغا تۆھپە قوشماقتا.

**يادروسىزلاشتۇرۇلماق** «يادروسىزلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پۈتۈن دۇنيا خەلقى يادروسىزلاشتۇرۇلغان خەلقئارا مۇھىتقا موھتاج.

**يادروسىزلاشماق** پ. يادرو قوراللىرىدىن خالىي بولماق، يادروسىزلانماق: يادروسىزلاشقان دۆلەت قۇرۇش — پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى.

**يادروسىزلاندۇرماق** «يادروسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇ-رىي دەرىجىسى: بۇنىڭدىن «يادروسىزلاندۇرۇشنىڭ ئۈچ پىرىن-سىپى»نىڭمۇ ئىشەنچلىك ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**يادروسىزلاندۇرۇشماق** «يادروسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يادروسىزلاندۇرۇلماق** «يادروسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: خەلقئارا تىنچلىق تەشكىلاتىنىڭ تەشەببۇسى بويىچە بولغاندا دۇنيادىكى كۆپلىگەن دۆلەت يادروسىزلاندۇرۇلغان دۆلەت-كە ئايلىنىشى كېرەك ئىدى.

**يادروسىزلانماق** پ. يادرو قوراللىرىدىن خالىي بولماق: يادروسىزلانغان دۆلەت. يادروسىزلانغان رايون: ھازىر نۇرغۇن دۆلەت يادروسىزلانغان دۆلەت قۇرۇش پىلانى ئۈستىدە ئويلاشماقتا.

**يادرولۇق** سۈپ. ئالاقىدار شەيئىلەر ئىچىدە ئەڭ مۇھىم دەپ قارالغان، ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان، ئاساسلىق، مېغىز-لىق، تۈپ: يادرولۇق مەسىلە. يادرولۇق مەزمۇن. * ئۇ بۈگۈنكى يىغىندا ناھايىتى يادرولۇق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

**يادلاتماق** «يادلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇئەللىم بىزگە ل. مۇتەللىپنىڭ «يىللارغا جاۋاب» ناملىق شېئىرىنى يادلاتتى.

**يادلاشماق** «يادلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: پەزى-لەت بىلەن نۇسرەت شېئىرلارنى يادلىشىپ بولۇشتى.

**يادلانماق** «يادلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يايلاقتا ئۆتكۈزگەن ئۇنتۇلماس شۇ كۈن، قالىدۇ ئېسىمدە «گۈزەل» ئاتىلىپ. قالىدۇ يالقۇنلۇق يۈرەك قېتىمدا، بولۇپ چىن خاتىرە مەڭگۈ يادلىنىپ.

**يادلىماق** پ ① يادىدا، ئېسىدە قالدۇرماق، ياد ئالماق: مەن ھەركۈنكى ئادىتىم بويىچە بۈگۈنمۇ سەھەر تۇرۇپ، بىر ئاز گىمناستىكا ئوينىغاندىن كېيىن ئىشىك ئالدىدىكى گۈللۈككە قاراپ ئولتۇرۇپ رۇس تىلى دەرسلىكىنى يادلاشقا باشلىدىم. ② ئەسلىمەك، سېغىنماق، ياد ئەتمەك: خاپىلىق ئىچىدە، قايمۇقۇپ يۈرگىنىمدە، مەشئەل بولۇپ ماڭا توغرا يولنى كۆرسەتكەن ئاشۇ قەيسەر ياخشى ئادەمنى چەكسىز سېغىنىش

بىلەن يادلايمەن.

**يادنامە** ئى [پ] <ئارخېئول> ① ئۆلگۈچىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى خاتىرىلەپ قەبرە ئالدىغا قويۇلغان تاش ئابىدە ۋە ئۇنىڭغا ئويۇلغان خەت، يېزىق: قۇددۇسنىڭ بىر جۈپ قوي كۆزى تېخىچىلا ئۇنتۇلماس ئوقۇغۇچىلىق هايات كۆرۈنۈشلىرى بىلەن تولغان بىر تەۋەررۈك يادنامە بەتلىرى ئۈستىدە ئوينىماقتا ئىدى. ② خاتىرە، ئەسلەتمە: ئاپرېل بايرىمى ئۈچ كۈن داۋام قىلىپ كىشىلەر قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز يادنامە بولۇپ قالدى.

**يادىتاش** ئى [يادا + تاش] <تېب> ① كېسەل ئات، كالىلار-نىڭ ئاشقازان، ئۈچەي يوللىرىدىن چىقىدىغان بىر خىل تاش. كۆپىنچە يۇمىلاق ياكى يالپاقراق يۇمىلاق بولىدۇ. چوڭلۇقى بىر خىل بولمايدۇ. كىچىكلىرى پۇرچاقتەك، چوڭلىرى مۇشتتەك، بەلكى ئۇنىڭدىن چوڭ بولىدۇ. سىرتى سۇس هاۋا رەڭ، كۇل رەڭ ۋە قارا بولىدۇ، سىلىق هەم پارقىراپ تۇرىدۇ ياكى چاينالغان ئوتنىڭ ئىزى بولىدۇ. تاشتەك قاتتىق كېلى-دۇ. كېسىلگەن يۈزىنىڭ رەڭگى بوز رەڭ بولۇپ، قات - قات سىزىقلىرى بولىدۇ. ئەينەككە ئوخشاش پارقىرايدۇ. ئادەتتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئىسسىقنى قايتۇرۇپ زەهەرنى تارقى-تىدۇ، چۆچۈشنى باسىدۇ، بەلغەمنى يۇمشىتىدۇ. ② كۆچمە. ئادەمنىڭ ئىچىدىكى ئادەمنى جىم تۇرغۇزمايدۇ دەپ پەرەز قىلىنغان نەرسە: — بالام، شەۋكەت، ئىچىڭدە يادىتېشىڭ بارمىكىن، — تاڭ؟ بىردەم ماڭساڭ نېمە بولۇپ كېتەرسەن! خەپ، ئۆيگىمۇ بارارسەن، — دەيتتى ئايال پوپوزا قىلىپ.

**يادىچى** ئى. يامغۇر ياغدۇرىدىغان سېهىرگەر: مەشهۇر يادى-چىلارنىڭ يادىتاش (ئەپسانىۋى چۈشەنچە بويىچە يامغۇر ياغدۇرۇش ئالاهىدىلىكىگە ئىگە دەپ قارىلىدىغان بىر خىل تاش) لىرىنى كۆز يېشى بىلەن ئەملەپ تۇرۇپ ئوقۇغان مۇناجاتلىرى، كارامەتچىلەرنىڭ كارامەت-لىرى ئۆز كۈچىنى يوقاتقانىدى.

**يادىكار** ئى [پ] ① بىرەر ۋەقە، هادىسە ياكى شەخسنى ئەسلىتىش ۋە كۆڭلىنى ئېلىش، تەبرىكلەش قاتارلىق تۇرلۇك مەقسەتلەر بىلەن تەقدىم قىلىنغان نەرسە، سوۋغا، نىشانە: يادى-كار قىلماق. * جىمجىتلىق ئىچىدە قولۇمدىكى سائەتنىڭ چىكىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ② ئەر - ئاياللار ئىسمى.

**يادىكارلىق** ئى ① يادىكار قىلىنىدىغان نەرسە: بۇ گۇل مەن ئويلىغاندەك نەۋباهار قۇچىقىدا ئېچىلغان تەبىئەتنىڭ سولماس يادىكار-لىقى بولماستىن، بەلكى تۈركىيەنىڭ بازارلىرىدا ساندۇقلاپ سېتىۋې-لىشقا بولىدىغان قەغەز ۋە يىپەكتىن گۈلگە تەقلىد قىلىپ ياسالغان ئەرزان باهالىق زىننەت بۇيۇمى بولۇپ چىقتى. ② تارىختىن قېپقال-غان ۋە خاتىرە سۈپىتىدە ساقلىنىدىغان نەرسىلەر: تارىخىي يادى-كارلىق. مەدەنىيەت يادىكارلىقى. ③ <ئارخېئول> قەدىمكى زاماندىن ساقلىنىپ قالغان بارلىق يادنامىلەرنىڭ ئورتاق نامى.

**يادىماق** پ. ئورۇقلىماق، ئورۇقلاپ كەتمەك: باقى قويچىغا شەرۇللا تېخىمۇ ياداپ كەتكەندەك كۆرۈندى.

**يار** I ئى [پ] ① ئەڭ يېقىن كىشى؛ دوست، بۇرادەر، ئاغى-نە: مەدەتكار بولاي، زۇلپىقار بولاي. بىرىولى دوستلار، يارغا يار بولاي. ② ئۆزئارا تونۇشقان، مۇهەببەتلەشكەن؛ مەشۇق (قىز - يىگىت هەققىدە): ۋاپادار يار. يارنى كۈتمەك. * يارنى تاپقاندا گەپ يوق، گەپنى تاپقاندا يار يوق (ماقال). *يار ئوتنىڭ يارىسى يوق، ياردىن باشقا دورىسى يوق (ماقال). ③ كۆچمە. مەدەت، ئىلهام، يار - يۆلەك: قىيىن كۈنلەردە ئۇ ماڭا يار.

**يار بولماق** مەنىۋى جەهەتتە ياردەم، مەدەت، ئىلهام بولماق؛ هەمدەم، يار - يۆلەك بولماق: بەخت يار بولماق. زەپەر يار بولماق. * جاهاندا بار بولساڭ يار بول (ماقال).

**يار قىلماق** هەمدەملەشتۈرمەك: بولما شەيدا قاش - كۆزىگە، قىل ئىلمىنى، پەننى يار، باشقا يارلار ئەگىشەر، بولساڭ ئىسەن دەيمەن يەنە.

**يار** II ئى. سۇۋە تەبىئەت هادىسىلىرىدىن شەكىللەنگەن ئىنتايىن تىك چوڭقۇرلۇق؛ ياردالڭ، قىيا: يار ئېلىپ كەتمەك. * بىتەلەيگە سۇ كەلسە، ئاللاكۇدىن يار كەتتى (ماقال). * يامان كالا ياردا مۈزلاپتۇ (ماقال).

**يار لېۋىگە بېرىپ قالماق** ئېغىر خەتەرگە يېقىنلاشماق: ئۇ هازىر يار لېۋىگە بېرىپ قالدى.

**يار** III ئى ← **يار بەرمەك**.

**يار بەرمەك** شارائىت يارىتىلماق، ئىمكانىيىتى بولماق: قېنى، ئەهۋالغا قاراپ باقارمىز، ۋاقىت يار بېرەمدۇ، يوق؟ * — يۈرە-كىمدە بىر دەرد بار، ئۆتكەن قېتىم ئەزىز ئىنىم سىلىگە ئېيتماقچى بولغانىدىم، پۇرسەت يار بەرمىدى، — دېدى ئۇ.

**يارا** ئى ① <تېب> تىغدىن، قاتتىق زەربىدىن ياكى بەدەن-دىكى ماددا ئالمىشىش هەرىكىتىنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن بەدەندە پەيدا بولىدىغان جاراهەت، زەخىم: يارا چىقماق. يارا بولماق. * ئۆكسىنىڭ ئايالى بالىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن كېچە - كۈندۈز يىغلاپ يۈز - كۆزىنى تاتىلاپ يارا قىلىۋېتىپتۇ. ② كۆچمە. كۆڭلۈك قايغۇ، روهىي ئازاب، ئەلەم، غەم؛ هەسرەت: ئانا قىزى-نىڭ بەختسىزلىكىنى ئويلىسا كونا يۈرەك يارىسى يەنە قوزغىلاتتى.

**ياراتقۇچى** ① سۈپ. يارىتىدىغان، ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان: يېڭىلىق ياراتقۇچى ئادەملەر. // تۆهپە ياراتقۇچى. ② ئى. خۇدا، ئاللاھ. ③ ئى<پەلس>گېگېلنىڭ ئىدېئالىستىك پەلسەپىسى-دىكى سىرلىق «مۇتلەق ئىدىيە».

**ياراتماق** I پ. بىرەر يېڭىلىقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەك، بەرپا قىلماق، ئىجاد قىلماق؛ تۇغدۇرماق: ئۆلمەسنى خۇدا ياراتماس (ماقال). * يارىتىش خۇدادىن، يارىلىش ئۆزۈڭدىن (ماقال).

**ياراتماق** II «يارىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن پۇتۇمنى ياراتمايمەن، پۇتۇم مېنى ياراتمايدۇ (ماقال).

**ياراشتۇرماق** I «ياراشماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-جىسى: تۆمۈر ئاتا ئىككى كەنت كىشىلىرىگە تەڭ كۆڭۈل ئېيتىپ ئۆزرىخاهلىق بىلدۈرۈپ، ئۆزئارا قول ئېلىشتۇرۇپ ياراشتۇرۇپ قويدى.

**ياراشتۇرماق** II «ياراشماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-جىسى: بىزنىڭ دىرېكتور، كىيىم - كېچەكنى سېمىزلىكىدىن دۈپدۈ-گىلەك بولۇپ قالغان بويىغا ياراشتۇرۇپ كىيىپ، رەتلىك، پاكىز يۈرىدۇ.

**ياراشتۇرۇشماق** «ياراشتۇرماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەلچىلەر ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرۇشتى.

**ياراشتۇرۇلماق** «ياراشتۇرماق I» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرد-جىسى: ئۇرۇشقۇمار ئىككى تەرەپ ئاخىرقى هېسابتا ياراشتۇرۇلدى.

**ياراشماق** I پ. ياخشىلاشماق، ئەپلەشمەك، ئىتتىپا-قلاشماق، ئىناقلاشماق، چىقىشىپ قالماق؛ كېلىشمەك: خۇماخان كۈزلۈك هوسۇل يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن ئاجرىشىپ كەتكەن ئېرى بىلەن يارىشىپ كېتىپ قالغانىدى.

**ياراشماق** II پ. ماس، مۇۋاپىق كەلمەك، ئەپلەشمەك، كېلىشمەك: ئوتتۇرا بوي، ياشلار پاسونىدا ئىشلەپ تىكىلگەن كالتە جۇۋىسى بۇ يىگىتنىڭ قاۋۇل بەستىگە خويمۇ ياراشقانىدى.

**ياراغ** ئى ① ھۇجۇم قىلىش ياكى ھىمايە قىلىش ۋە قوغدىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قورال: ئاتام ھازىر تۆمۈرچىلىك قىلىدۇ، خان ئەسكەرلىرى ئۈچۈن ياراغ ياسايدۇ. ② ئەسۋاب، ئەسلىھە: ئۆزۈم يالغانچى ئەمەس، يارىغىم يالغانچى (ماقال).

**ياراغبەردار** ئى [ ياراغ + بەردار ] قەدىمكى زاماندىكى ئوردا قورال - ياراغلىرىنى ساقلايدىغان، باشقۇرىدىغان ئەمەلدار: سەردار ئەكرەم بىر بۆلۈك كىشىلەرنى باشلاپ كېلىپ، سۇلتان بىلەن كۆرۈشتۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە تېۋىپ، زىندانبېگى ۋە ياراغبەردارمۇ بار ئىدى.

**ياراغ - جابدۇق** ھەر خىل قورال - ئەسۋابلار، قورال - ياراغ: ئەمدى ئۇلارنى ھەربىي ئىشلارنى ئۆگەنسۇن دەپ ياراغ - جابدۇق، ئات، سەرپايلار بېرىپ، بىرنەچچە يىگىتلەرنى قوشۇپ قويدى.

**ياراغدىماق** پ. تارس. لايىق كۆرمەك، خوپ كۆرمەك، ياقتۇرماق، ياراتماق: ئۇلار دەريانىڭ شاۋقۇنىغا قۇلاق سېلىپ، ئەل ئىچىدە كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىنى بايان قىلىشىپ، مۇشۇ يەرنى ياراغداپتۇ.

**ياراغسىز** سۈپ. قولىدا قورالى يوق، قوراللانمىغان؛ قورالسىز: «بىلىپ قويدۇم، بۇ تۇرسۇن ئەمەس، بەلكى ياراغسىز ئىسيانكارنىڭ بىرى ئىكەن» دەپ ئويلىدى ئەمەت. // ئۇلار زاپاس قىسمىدىكى ئاددىي ئەسكەرلەرنى ئالدىنقى سەپكە خۇددى ئادەتتىكى يولۇچىلاردەك تامامەن ياراغسىز يولغا سالغانىدى.

**ياراغسىزلاندۇرماق** «ياراغسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار خان لەشكەرلىرىنى كىچىككىنە شەپە بىلەنلا ياراغسىزلاندۇردى.

**ياراغسىزلاندۇرۇشماق** «ياراغسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سېيىت ھاجىنىڭ يىگىتلىرى بازار بېگىنىڭ ئادەملىرىنى بىر ھۇجۇم بىلەنلا ياراغسىزلاندۇرۇشۇپ، ھاجىنىڭ ئالدىغا يالاپ ئېلىپ كېلىشتى.

**ياراغسىزلاندۇرۇلماق** «ياراغسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ ياراغسىزلاندۇرۇلۇپ سۈرگۈن قىلىنغاندىن باشلاپ قاچقۇنلۇقتا ياشىدى.

**ياراغسىزلانماق** پ. يارىغىدىن ئايرىلماق، مەھرۇم بولماق، يارىغىنى تاشلىماق: ياراغسىزلانغان دۈشمەندىن ئارتۇقچە ئەندىشە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

**ياراغلىق** سۈپ. قورال تۇتقان، ئاسقان، كۆتۈرگەن؛ قوراللانغان: ياراغلىق ئادەم. * زىندانبېگى بىرقانچە ياراغلىق گۇندىپايىنى باشلاپ زىندان ئىچىگە كىرىپ كەلدى.

**ياراق** سۈپ. مۇئەييەن تەلەپلەرگە جاۋاب بېرىدىغان، بىرەر نەرسىگە ياكى بىرەر مەقسەتتە ئىشلەتسە بولىدىغان، ھەرقانداق ئېھتىياجغا يارايدىغان، يارامىلىق: ياراق مال. ياراق قوي.

**ياراقسىز** سۈپ. بىرەر تەلەپكە جاۋاب بېرەلمەيدىغان، بىرەر مەقسەت ئۈچۈن ئىشلەتكىلى بولمايدىغان، بىرەر نەرسىگە يارىمايدىغان، يارامسىز: دۆشلىك كېرەك بولسا خالىغىنىڭنى ئال، ئەمما سەن دېگەندىن بېرەلمەيمىز، ئۇنى كەسسەڭ قىسقىراپ قۇرۇلۇشقا ياراقسىز بولۇپ قالىدۇ.

**ياراقسىزلىق** ئى. يارىمايدىغان ئىللەت، نۇقسان: باتۇرنىڭ بىغەملىكىگە گۈلنۇرنىڭ دىتسىز، ياراقسىزلىقى قوشۇلۇپ بىر ئائىلىنىڭ ۋەيرانچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

**ياراقلىق** سۈپ. مۇئەييەن تەلەپلەرگە جاۋاب بېرەلەيدىغان، بىرەر نەرسىگە ياكى بىرەر مەقسەتتە ئىشلەتسە بولىدىغان: شۇنداق قىلىپ، ئىككىسى نىلقا تاغلىرىغا قاراپ يول ئالماقچى بولۇشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاقىلبېك ياراقلىق ئىككى ئات تاپماقچى بولۇپ كېلىشكەنىدى.

**يارالماق** پ ① تۇغۇلماق، دۇنياغا كۆز ئاچماق، تۆرەلمەك: خوتۇن - قىزلار پەقەت ئەرلەرنىڭ ئويۇنچۇقى بولۇش ئۈچۈنلا يارالغانمۇ؟ * ئۇ تامامەن باشقا ماتېرىيالدىن يارالغان قىز. ② كۆچمە. پەيدا بولماق، ھاسىل بولماق: ئۇ بىللە زاۋۇتتا ئىشچىلار بىلەن، يالقۇنلار ئىچىدە قىلماقتا مېھنەت؛ يارىلار ھەر مىنۇت قانچىلاپ رېكورت، بەرگەچكە پارتىيە ئىلھام ۋە مەدەت. * ياش گېئولوگ تۆگە ئۈستىدە، يۇرگۈزەتتى ئاشۇنداق پىكىر، ئۇنىڭ پىكىر - تەپەككۇرىدىن، يارىلاتتى ئوتلۇق بىر شېئىر.

**يارام** سۈپ. يارامىلىق، يارايدىغان: يارام ئات. يارام كاسىپ. * ئۇنىڭ باشلىقىغا: «يارام ھۈنەرۋەندىن كىرگۈزەي» دەپ كۇسۇرلاشلىرى بوۋاينىڭ غەزەپ قېپىنى يىرىۋەتتى.

**يارامسىز** سۈپ ① بىرەر ئىشقا، ئىستېمالغا ئىشلەتكىلى بولمايدىغان، سۈپىتىنى يوقاتقان، ئۆزگەرتكەن؛ يارىماس: يارامسىز تۆمۈر. يارامسىز مەھسۇلات. ② كۆچمە. بىرەر ئىشقا يارىمايدىغان، بىرەر ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان؛ ناقابىل، قابىلىيەتسىز: زور - زور ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئالدىدا مېڭىپ، كۆپچىلىككە يول باشلاپ كەلگەن ئادەملەر ئىدۇق، ئەمدى يارامسىز بولۇپ قالدۇقمىكىنە؟

**يارامسىزلىق** ئى. ھېچ ئىشقا يارىماسلىق، ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىق ھالىتى: باقىنىڭ تۇلكىلىكى، باشلىقىنىڭ دىتسىز، يارامسىزلىقى مانا بۇ ئۈچى بىرلىشىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن بىر ھېسابتا سەمەت ئۇتقان بولدى.

**يارامىلىق** سۈپ ① بىرەر ئىشقا، ئىستېمالغا ئىشلەتكىلى بولىدىغان، سۈپىتى يوقالمايدىغان، ئۆزگەرمىگەن: يارامىلىق مەھسۇلات. يارامىلىق ماتېرىيال. * تۇرمۇشتا ئەڭ يارامسىز نەرسە — مال - مۈلۈك، ئەڭ يارامىلىق نەرسە — ئەقىل - پاراسەت. ② كۆچمە. بىرەر ئىشقا يارايدىغان، ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان؛ قابىلىيىتى بار، قابىلىيەتلىك: ئۇ رەيھاننى ئوقۇتۇشنى، يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيەلەشنى ئۆزىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچى قىلغانىدى ۋە بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقتى.

**يارانماق** «يارىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: يارىتىش خۇدادىن، يارىنىش ئۆزۈڭدىن (ماقال).

**يارايدۇ** «يارىماق» پېئىلىنىڭ III شەخس بىلەن تۇرلەنگەن شەكلى. «بولىدۇ، ياخشى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: — سىلەرنىڭ بۇ روھىڭلار يارايدۇ، — دېدى ئابلىكىم مۇئەللىم سەمىمىي كۈلۈمسىرەپ.

**يارەن** ئى [پ] دوستلار، ئاغىنىلەر، يولداشلار، بۇرادەرلەر: ئېرپان قاتارلىق يىگىتلەر كېلىپ، بايىقى قانغا مىلىنىپ ياتقان يارەنلىرىگە پاناھ بولماقتا ئىدى.

**يار - بۇرادەر** يار ۋە بۇرادەر: ئەقىللىق ئادەم يار - بۇرادەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ سەۋر قىلىپ باتۇرلۇق كۆرسىتەلەيدۇ، تۇرلۇك غەملەرنى يېڭەلەيدۇ.

**يارتا** سۈپ. يېرىم، پارچە: يارتا قوغۇن. يارتا خالتا ئۇن. * ئىككى يارتا — بىر پۈتۈن (ماقال).

**يارتىلاتماق** «يارتىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايشەمخان ھويلىدا تۇرغان كۆتەكلەرنى بويتاق يىگىت زاھىرغا يارتىلتىپ بولۇپ، كەچلىك تاماققا تۇتۇش قىلدى.

**يارتىلاشماق** «يارتىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يىگىتلەر ئىككى كۈن قاتتىق ئىشلەش ئارقىلىق يولنى توسۇۋالغان يوغان قورام تاشنى يارتىلىشىپ بولۇشتى.

**يارتىلانماق** «يارتىلماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يوغان بىر ئاتنىڭ گۆشى قاسساپ يىگىتنىڭ چىۋەر قوللىرى بىلەن بىردەمدىلا يارتىلىنىپ تەييار قىلىندى.

**يارتىلماق** پ. يېرىم ھالەتكە كەلتۈرمەك، يېرىملاتماق؛ پارچىلىماق: سېمىز قوينى يارتىلاپ كانارىغا ئېسىۋاتقان قاسساپ ھاجىنى كۆرۈپ، قىلىۋاتقان ئىشىدىن توختىدى.

**يار ـ جانان** يار ۋە جانان: ـــ ساراڭ بولسام سىزگە ئوخشاش باغۇبوستان، يار ـ جانان دەپ جۆيلۈپ يۈرمەمتىم، ئاكا ! ـــ دېدى مەتلۈبە ئاكىسى ئەكرەمگە.

**يارچەن** ئى [خەن] تارىختا ئېلىمىزدە ئىشلىتىلگەن كۈمۈش پۇل؛ تەڭگە: ئۇ يانچۇقىنى سىلاپ باقتى. يانچۇقىدىكى يارچەنلەر قولىغا ئۇرۇنۇپ تۇراتتى.

**يارداڭ** ئى. يار بار جاي، يار: ھاشىم بوۋاي ياشلىقىدا تىنىم تاپماي ئەمگەك قىلىدىغان كۈچلۈك ئادەم بولۇپ، ئۇزۇن كەتكەن بىر يارداڭنى تىندۇرۇپ ئۈچ كۈرلۈك يەر ئاچقانىدى.

**يارداڭلىق** ئى. بىرقانچە يار بار جاي، يارداڭ جىق جاي: كىچىك ۋاقتىمدا دوستلىرىم بىلەن «جەڭ» قىلىپ ئوينايدىغان ئۆيىمىزنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى كونا يارداڭلىق يادىمغا چۈشتى.

**ياردەم** ئى ① بىرەر ئىشنى قىلىشتا ھەمكارلىشىش، قارىشىش؛ ھەمكارلىق، مەدەت: ياردەم بەرمەك. ياردەم قىلماق. * گۈلچىمەن ھوشۇر ئەلەسنىڭ ياردىمى بىلەن بازارغا ئاتاپ ئىشلىگەن رېشلىيەنىڭ يېرىمىنى ساتالىدى. ② ھەمكارلىشىش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان پۇل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ماددىي نەرسىلەر: ئۇ ئاكىسىنىڭ ياردىمى بىلەن سودىنى باشلىۋەتتى. ③ پايدىلىق تەسىر، نەپ، مەنپەئەت: مەن ئوكۇلنىڭ ياردىمى بىلەن كۈندىن ـ كۈنگە ساقىيىشقا باشلىدىم.

**ياردەمچى** ① ئى. ماددىي ياكى مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم قىلغۇچى، ياردەم بەرگۈچى، ياردەملەشكۈچى، مەدەتكار: ئۇ يالغۇز ئارسلاننىڭلا ئەمەس، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ، ئايدىڭنىڭمۇ ئىشەنچلىك ياردەمچىسى بولۇپ كەلدى. ② ئى. رەھبىرىي خادىم ئورۇنباسارى: نازىر ياردەمچىسى. رەئىس ياردەمچىسى. ③ سۈپ. قوشۇمچە پايدىلىنىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان، غەملەپ قويۇلغان، ئاجرىتىلغان، مۆلچەرلەنگەن؛ قوشۇمچە: ياردەمچى كۈچ. ياردەمچى قىسىم.

**ياردەمچى ئادۋوكات** <قا> ئەدلىيە كەسپى بويىچە بېرىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغان كىشى.

**ياردەمچى ئاگرونوم** <دېھ> دېھقانچىلىق تېخنىكىسى بويىچە بېرىلىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغان كىشى.

**ياردەمچى بوغالتىر** <مال> مالىيە ئىشلىرىغا نازارەت قىلىدىغان ۋە باشقۇرىدىغان بوغالتىرلارنىڭ ياردەمچىسى.

**ياردەمچى پېئىل** ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلمەيدىغان، باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ گىرامماتىك مەنە بىلدۈرىدىغان پېئىل.

**ياردەمچى تەتقىقاتچى** تەتقىقات كەسپى بويىچە بېرىلىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغان كىشى.

**ياردەمچى تەرجىمان** تەرجىمە كەسپى بويىچە بېرىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغان كىشى.

**ياردەمچى ترېنېر** <تەن> ترېنېرلىق كەسپى بويىچە بېرىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغۇچى كىشى.

**ياردەمچى لېكتور** <مائار> تېخنىكوم ئوقۇتقۇچىلىرىغا بېرىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغۇچى كىشى.

**ياردەمچى مۇخبىر** <مەت> ئاخباراتچىلىق كەسپى بويىچە بېرىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغۇچى كىشى.

**ياردەمچى مۇھەررىر** <مەت> نەشرىياتچىلىق كەسپى بويىچە بېرىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغۇچى كىشى.

**ياردەمچى ئىنژېنېر** <بىن> قۇرۇلۇش كەسپى بويىچە بېرىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغۇچى كىشى.

**ياردەمچىلىك** ئى. ياردەم بېرىش ئىشى، پائالىيىتى: رەھبەرلىكنىڭ تەستىقلىشى بىلەن سىناش جازىسى ياسىلىدىغان بولۇپ، ئادىلغا بىر نەپەر سېلىسار ۋە ئىككى ئىشچى ياردەمچىلىككە بېرىلدى.

**ياردەمسىز** سۈپ. ياردەم بېرىلمەي، ياردەم قىلىنماي؛ ياردەم قىلىنمىغان ۋە بېرىلمىگەن: سۇلايمان ھېچقانداق ياردەمسىزلا ئۆز ئىگىلىكىنى تىكلىۋالدى.

**ياردەملەشتۈرمەك** «ياردەملەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەزىمەتنىڭ دادىسى يالغۇز بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى ئوقۇشقا ئەۋەتمەي چارۋا بېقىشقا ياردەملەشتۈردى.

**ياردەملەشتۈرۈشمەك** «ياردەملەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەكتەپ رەھبەرلىكى ئىككى سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەشكىللەپ، دېھقانلارنىڭ ئورمىنى ۋاقتىدا ئورۇۋېلىشىغا ياردەملەشتۈرۈشتى.

**ياردەملەشتۈرۈلمەك** «ياردەملەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئىشقا ئەركىن ياردەملەشتۈرۈلدى.

**ياردەملەشمەك** پ. ياردەم، مەدەت بەرمەك، ياردەم قىلماق، ھەمكارلاشماق، ياردەمدە بولماق: سايىمقارىمۇ قۇدرەتنىڭ مەيدىسىدىن تولۇمنى يېشىشكە ياردەملەشتى.

**يار ـ دوست** يار ۋە دوست: بىللە ئويناپ، بىللە ئۆسكەن يار ـ دوستلار، ياخشى قال، مىسكىن باشقا سايە بەرگەن، بوستان باغلار ياخشى قال.

**يارسىز** سۈپ. يارى يوق، يارى بولمىغان، يار تۇتمىغان: سەن مېنى يار ئەتمىسەڭ، دۇنيادىن يارسىز ئۆتەي، كۆيگىنىمنى بىلمىسەڭ، باغرىمنى يېرىپ كۆرسىتەي.

**يارشىق** ئى. دىيال. پاسىل، چېگرا.

**يارغا** ئى. قومۇشنى يېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئۇيما ياغاچ ساپقا تۆمۈر تىغ بېكىتىلگەن سايمان.

**يارغۇزماق** «يارماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئۆيدە ئوتۇن توگەپ قالغان، نۇرنىسا قىينىلىپ قالىدۇ، ئوتۇن يارغۇزۇپ بېرەرسىز، — دېدى ئۇ ئاكىسىغا ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ.

**يارغۇزۇشماق** «يارغۇزماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىلگىرى شەھەرلىكلەر ئوتۇنلىرىنى ئۆزلىرى يارماي، يېزىلىق بەردەم يىگىتلەرنى تەكلىپ قىلىپ يارغۇزۇشاتتى.

**يارغۇزۇلماق** «يارغۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قانۇن دوختۇرى تەكلىپ قىلىنىپ، مېيىتنىڭ قورسىقى يارغۇزۇلۇپ تەكشۈرۈلگەن بولسىمۇ، ھېچقانداق غەيرىي ئەھۋال بايقالمىدى.

**يارغۇنچاق** ئى. بۇغداي، قوناق قاتارلىق دانلىق ئاشلىقلاردىن يارما يارىدىغان تاش سايمان. ئۇنىڭ يەرلىك تۈگمەنگە ئوخشاش ئاستى ـ ئۈستى ئىككى تېشى بولۇپ، يارما يارغاندا قول بىلەن چۆرۈپ ھەرىكەتلەندۈرۈلىدۇ: قىز كۈچى يەتمىسىمۇ تىنىپ ـ تىنىپ، پېشانە تەرلىرىنى سۈرتۈپ تاغارنى ئاخىر ئۆي ئوتتۇرىسىدىكى يارغۇنچاق بار سۇپىنىڭ يېنىغا ئەكەلدى.

**يارقىن** ① سۈپ. نۇر چېچىپ، پارقىراپ تۇرىدىغان؛ پارقىراق: يارقىن نۇر. * ئۇنىڭ ئۈمىد چىرىغى بارغانسېرى يارقىن پارلىماقتا ئىدى. ② سۈپ. يورۇق، ئېنىق، روشەن، ئوچۇق، ئاشكارا: يارقىن يۇلتۇز. * دىققەت بولغان يۈزلىگەن يارقىن كۆزلەر سابىرغا تىكىلىپ تۇراتتى ۋە ئۇنىڭ ئوتتەك يانغان كۆزلىرىدىن غەزەپلىك ئەلەمنى كۆرەتتى. ③ ئى. ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**يارقىنلاتماق** «يارقىنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ يوغان كۆزلىرىنى تېخىمۇ يارقىنلىتىپ، شېرىن خىياللار ئىلكىدە يىراقلارغا ئۈمىد بىلەن تىكىلدى.

**يارقىنلاشتۇرماق** «يارقىنلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاپتور بۇ ھېكايىسىدە باقى ئوبرازىنى تېخىمۇ يارقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن تەبىئەت تەسۋىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان.

**يارقىنلانماق** «يارقىنلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: مۇختەرنى كۆرگەن باھارگۈلنىڭ كۆزلىرى يارقىنلىنىپ، قىزىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تۇنجى قېتىم كۈلۈمسىرىدى.

**يارقىنلىق** ئى. يارقىن ھالەت، يارقىن كەيپىيات: تەسۋىرنىڭ چىن ۋە يارقىنلىقى — مەتىننىڭ ھوشۇر ھېكايىلىرىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**يارقىنلىماق** پ. يارقىن ھالەتكە كەلمەك، يارقىن ھالەتتە ئىپادىلەنمەك، يارقىن ئىپادە قىلىنماق: بەختىنۇرنىڭ مەڭزىلىرى قىزىرىپ، كۆزلىرى يارقىنلاپ، تەنلىرى خېلى ئەت ئېلىپ قالغانىدى.

**يارگۈل** ئى [يار + گۈل] <بوت> ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پۈتۈن تېنىدە ئاق تۈكلەر بولىدۇ، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسۈپ، ئالىقانسىمان يېرىلىدۇ. گۈلى ئومۇم گۈل رېتىدە، گۈل تاجى كىچىك، گۈل كاسىسى گۈل تاجى شەكلىدە، كۆكۈچ سۆسۈن، ئاچ قىزىل ياكى ئاق رەڭلەردە بولىدۇ. كۆرۈنۈشى ئۈچۈۋاتقان قۇشقا ئوخشايدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ، ئىسسىقنى بېسىش، ئاغرىق توختىتىش، قۇرت ئۆلتۈرۈش رولى بار.

**يارلىق** I ئى. تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن يار شەكىللىنىپ قالغان جاي؛ يارداڭلىق: «چاقماق» رازۋېدكىچىلار گۇرۇپپىسى چوڭقۇر يارلىق ئىچىدىكى سۇدىن چىقماي، مەھەللە ئىچىگە ئىلگىرىلىدى.

**يارلىق** II ئى. تارىس. بىرىكىمگە ئەمەل، ئۇنۋان ۋە شۇ قاتارلىقلار بېرىلگەنلىكى ياكى بىرەر ئىشنى ئورۇنلاش توغرىسىدىكى رەسمىي ئۇقتۇرۇش، ھۆججەت؛ پەرمان، بۇيرۇق: يارلىق پۈتمەك. يارلىق چۈشمەك. يارلىق چىقارماق. * پادىشاھ ئادىتى بويىچە ئىنئام بەرسە يارلىقنى ئۆزى يېزىپ، پېچەتلەپ، ئۇنى ئېلىپ بارىدىغان جاينى ئېيتىپ بېرىدىكەن. شۇ ۋەجىدىن دانىشمەنگىمۇ يارلىق سېلىنغان بىر لېپاپىنى ئۇزىتىپتۇ.

**يارلىقچى** ئى. يارلىقنى يەتكۈزگۈچى: دەل تۆۋەن تەرەپتىن يارلىقچى «يارلىق» دېگەن سۆز كالۋۇتۇن بىلەن كەشتىلەنگەن بۇيرۇق تۇغىنى كۆتۈرۈپ ئات چاپتۇرۇپ كەلدى.

**يارلىقئوت** ئى [يارلىق + ئوت] <بوت> يارلىقئوت ئائىلىسىدىكى سۇدا ئۆسىدىغان، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ياتما غولى ۋە چاپما يىلتىزى سۇ ئىچىدە تۇرىدۇ. يوپۇرمىقى بۆرەكسىمان ياكى يۇمىلاق بولۇپ، سۇ يۈزىدە لەيلەپ تۇرىدۇ. ياز ۋە كۈزدە گۈلى ئېچىلىدۇ. كۆپىنچە شال ئېتىزلىرى ۋە كۆللەردە ئۆسىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى بېلىق ۋە ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ يېمى قىلىنىدۇ.

**يارما** I ① سۈپ. يېرىلىدىغان، يېرىلغان: يارما شاپتۇل. يارما دەستە. ② ئى <يېم> تۈگمەن ياكى يارغۇنچاقتا تارتىلىپ بىرنەچچە پارچە قىلىنغان بۇغداي ياكى قوناق پارچىلىرى، يەنى يىرىك تارتىلغان ئۇن: نورۇز كۆجىسىگە بۇغداي يارمىسىدىن باشقا مالنىڭ بېشى ۋە پاقالچىقى، چامغۇر، گۆلە ـ قاق سېلىنىدۇ.

**يارما ئاش** <يېم> بۇغداي ياكى قوناق يارمىلىرىنى سۇدا قاينىتىپ پىشۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل تاماق.

**يارما پولۇ** <يېم> گۈرۈچ ئورنىدا بۇغداي ياكى قوناق يارمىلىرىنى ئىشلىتىپ ئېتىلگەن پولۇ.

**يارما شاپتۇل** <بوت> شاپتۇلنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسىنىڭ شەكلى سوزۇنچاق، تۇمشۇقى ئۇچلۇق بولىدۇ، پوستى ئاسان سويۇلىدۇ. تۈكلۈك كېلىدۇ. ئەسلىي رەڭگى ئاقۇچ بولۇپ، ئاپتاپ كۆرگەن تەرىپى ئوچۇق قىزىرىدۇ. ئېتى ئۈچكىسىدىن ئاجرايدۇ. ئېتىنىڭ ئۈچكىگە تۇتاشقان قىسمى قىزىلىراق، يۇمشاق، تاتلىق سۇلۇق ۋە شىرىنلىك. 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېتىلىپ، تەكشى پىشىدۇ.

**يارما ئۇلاق** <ئورم> ئۇلاق ئۇسۇلىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا ئۇلاق تۇۋىنىڭ توغرا كەسمە يۈزى بىر تەرەپتىكى ياغاچ قىسمى بىلەن قوشۇلۇپ يېرىلىپ، قىپچىنىڭ بىر ئۇچى 3 — 4 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا يانتۇ يونۇلۇپ، قىستۇرۇلىدۇ. ئاخىرىدا باغلىنىدۇ.

**يارما** II ئى <مېتېئور> ئاسماندىن ياغىدىغان ئۇششاق، ئاق ۋە سۈزۈك بولمىغان قار دانىچىسى. توپ ياكى كونۇس شەكلىدە بولۇپ، كۆپىنچە قار يېغىشتىن بۇرۇن ياكى قار ياغقان چاغدا ياغىدۇ.

**يارماق** I ئى. ئازادلىقتىن بۇرۇن ئىشلىتىلگەن، ئوتتۇرىسى تۆشۈك، سېرىق مىستىن ياكى تۇچتىن ياسالغان،

قىممىتى ئەڭ تۆۋەن بولغان پۇل: ياماق ياماپ، يارماق تاپ (ماقال). * بىلىملىك كىشى قىممەتلىك دىنار، بىلىمسىز نادان قىممىتى يوق يارماق.

**يارماق** II پ ① پالتا، ھەرە، پىچاق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تىغلىق ئەسۋابلار بىلەن بىرەر نەرسىنى بۆلەكلەرگە ئايرىماق، پارچىلىماق، تىلماق، كەسمەك: ئوتۇن يارماق. * ھەقىقەت قىلنى قىرىق يارىدۇ (ماقال). ② يارىلاندۇرماق، سۇندۇرماق، جاراھەتلەندۈرمەك: ئەگرى تاياقنىڭ ئۇچى بۇرنۇڭنى يارار (ماقال). * ئېشىنى يەپ بېشىنى يېرىپتۇ (ماقال). ③ ناھايىتى قاتتىق ئاڭلانماق، ئۇرۇلماق: قۇلاقنى يارماق. * ئۇنىڭ ئاۋازى سېھىرلىك تۈن جىمجىتلىقىنى قىسقىلا يېرىپ ئۆتتى. ④ بىرەر توپ نەرسە ئىچىدىن، ئوتتۇرىسىدىن، ئارىسىدىن بۆسۈپ ئۆتمەك، كېسىپ ئۆتمەك؛ بۆسمەك: سەپ يارماق. * مۇقام توختىشى بىلەن ھەسەن دەرۋىش ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، سورۇننى يېرىپ ئۆتۈپ، مۇقامچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ قولىدىن ساتارنى ئالدى. ⑤ كۆچمە. ناھايىتى تاتلىق، شېرىن تۇيۇلماق، سېزىلمەك، تىلدا قالماق (تاتلىق يېمەكلىكلەر ھەققىدە): شاخلىرىدا مېۋىسى، يۇلتۇز بىلەن تەڭ ئىكەن. يېسەڭ تىلنى يارىدۇ، ھەسەل بىلەن قەنت ئىكەن.

**يارماقچىلىك** سۈپ. يارماقتەك بار، يارماقتەك چوڭلۇقتىكى؛ كىچىك: — دۇرۇس... دۇرۇس... ئۇنىڭ يۈزىدە يارماقچىلىك تاتۇق بار. ئۇ بۇرۇتىنى شۇ تەرەپكە تارايلا ئولتۇرىدىكەن، — دېدى ئۇ.

**يارماقسىز** سۈپ. يارمىقى يوق، يارمىقى بولمىغان: ئۇ ئاخىرى ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ بىر يارماقسىز قالدى.

**يارماقگۈل** ئى [يارماق + گۈل] <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غولللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن. تۆت قىرلىق، يوپۇرمىقى يۈرەك ۋە بۆرەك شەكلىدە بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ. گۈلى سۆسۈن. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ، قاننى جانلاندۇرۇش، ئىسسىقنى ياندۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش رولى بار.

**يارماقلىق** سۈپ. يارماق قىممىتىدىكى: ھەسەن ئەلى مۇشۇ بەش كۈن ئىچىدە سولانغانلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا بىر يارماقلىق ئىش چىقىرالمىغىنىدەك، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىر ئىش قىلالىشىغا كۆزى يەتمەي قالدى.

**يارمىچى** ئى. يارغۇنچاقتا يارما تارتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەم: يارمىچى ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇغدايدا يارما تارتىپ بەرمەكچى بوپتۇ.

**يارمىچىلىق** ئى. يارما يېرىش ئىشى، كەسپى: دادام شۇ يىللاردا كەنتتە بەش يىل يارمىچىلىق قىلغانىدى.

**يارمىداتماق** «يارمىدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئابلىز ئايالىغا دەپ ناننى يارمىداتتى ـ دە، بىر چىنە سوغۇق سۇ بىلەن بىر دەمدىلا يەپ تۈگەتتى.

**يارمىداشماق** «يارمىدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەرقايسى ئۆيگە مەسئۇل قىلىنغان ساھىبخان ئايالالر داستىخانغا تىزىلغان نانلارنى يارمىدىشىپ، مېھمانلار ئالدىغا قويۇشاتتى. * ئەمدىلا مەكتەپ يۈزى كۆرگەن بۇ ئوماق باللار يارمىدىشىپ كىتاب ئوقۇشۇۋاتاتتى.

**يارمىدالماق** «يارمىدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: داستىكى قىزىق گۆش بىر دەمدىلا يارمىدىلىپ، تويماس قورساققا قاراپ يول ئالدى.

**يارمىدىماق** پ ① پارچە ـ پارچە قىلماق، پارچىلىماق،

يارتىلماق: ئۇ تۇخۇمدەك ياغنى يارمىداپ يۇتۇۋەتتى ـ دە، دەرھال ئىككىنچى بوتۇلكىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ، رومكىلارنى يەنە ماڭدۇرۇشقا باشلىدى. ② چالا ـ بۇلا بىلمەك، يېرىم ـ يارتا بىرنەرسە قىلماق: مەن خەنزۇچىنى تولۇق بىلمەيمەن، ئانچە ـ مۇنچە يارمىدايمەن.

**ياروۋىزاتسىيە** ئى [ر] <دېھ> تېرىشتىن ئىلگىرى زىرائەت ئۇرۇقىنىڭ مۇۋاپىق شارائىتتا 1 ـ باسقۇچلۇق يېتىلىشىنى تاماملاتقۇزۇش. مەسىلەن، كۈزگى بۇغداينىڭ ئۇرۇقى نەمدەلگەندىن كېيىن تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق ئورۇندا ساقلىنىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق مايسىنى رەتلىك ئۈندۈرگىلى، پىشىشىنى تېزلەتكىلى ۋە ئەسلىدە كۈزدە تېرىلىدىغان زىرائەتلەرنى ئەتىيازدا تېرىسىمۇ يەنىلا نورمال باشاق چىقىرالايدىغان قىلغىلى بولىدۇ.

**يارىتىشچان** سۈپ، يارىتىش روھىغا باي، يارىتىش روھىغا ئىگە؛ يارىتىشقا، بەرپا قىلىشقا، ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكە ماھىر: بۇ يىغىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېڭىلىق يارىتىشچان شىنجاڭ بەرپا قىلىش ئۈچۈن، تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**يارىتىشچانلىق** ئى. يارىتىش، ئىجاد قىلىش روھى، يارىتىش، ئىجاد قىلىش روھى كۈچلۈكلۈك: قەيسەر يارىتىشچانلىققا باي تالانت ئىگىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەر تەرەپتىن يېتىلگەن بىلىملىك يىگىت ئىدى.

**يارىتىشماق** «ياراتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ شىركەت ئىشلەپچىقىرىشتا بىر خىللا مەھسۇلات ئىشلەشتەك كونا ئۇسۇلنى چۆرۈپ تاشلاپ، مەھسۇلات تۈرىنى كۆپەيتىشتە يېڭىلىق يارىتىشتى.

**يارىتىلما** سۈپ. ياراتقان، يارىتىدىغان، يارىتىلغان: جالالىدىن رۇمىينىڭ قارىشىچە، ئىنساننىڭ يارىتىلمىسىغا تامامىي كامالەت پەزىلەتلىرى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، ئۆزلۈك روھى دەل ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ ئەزگۈ ھېس ـ تۇيغۇلارنى تونۇش، ئاشكارىلاشقا قارىتىلغان.

**يارىتىلماق** «ياراتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىر كىشى تارىخنى ئۆزىنىڭ ياراتقانلىقى، شۇنداقلا تارىخنىڭ ئۆزى ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى سەزگەندە، ئۇ پۈتۈن دۇنيانى قەلبىدە تۇتالايدۇ.

**يارىدار** ① سۈپ. بىرەر جايى ياكى ئەزاسى يارىلانغان؛ جاراھەتلىك: يارىدار ئادەم. يارىدار ئېيىق. ② سۈپ. كۆچمە. ئازابلانغان، دەردكە تولغان، يارىلانغان: ئاھ، تۆكۈلدى قانچە ـ قانچە كۆز ياشلار، چۆل ـ جەزىرە ئوتلىرىدا داغ قالدى. يارىدار دىلدىن چىققان قانچە نالىلەر، ياڭراپ ئۆتۈپ ھاۋالاردا يوقالدى. ③ ئى. بىرەر جايى ياكى ئەزاسى يارىلانغان؛ جاراھەتلەنگەن ئادەم: ئۇلار نۆۋەتلىشىپ يارىدارلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى.

**يارىدارلىق** ئى. يارىدار بولغان ھالەت، يارىلىنىش: تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يارىدارلىقى ئېسىمگە كېلىپ قالدى ـ دە، قىلىپ سالغان قوپال چاقچىقىم ئۈچۈن قاتتىق خىجىللىق ھېس قىلىپ قالدىم.

**يارىشا** تىر. ماس كېلىدىغان، مۇۋاپىق، لايىق: يىللارنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ خوتۇنى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. چاۋار بوۋاي ئۆز ھالىغا يارىشا مەرىكە قىلىپ، ئات تويىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. * پۇرسەت دېگەن ھەمىشە كېلىۋەرمەيدۇ. قىشنىڭ ئاچچىق سوغۇقىدا ئېتىز ئارىلاپ يۈرگىنىمگە يارىشا ئازراق بىرنەرسە ئالسام نېمە بولىدۇ؟

**يارىشىرىق** ئى [يارا + شىرىق] بەدەنگە چىقىدىغان تۈرلۈك

يارا، جاراھەت، بەدەنگە تەگكەن تىغ قاتارلىقلارنىڭ ئىزى.

**يارىشىق** ئى. ماس كېلىش، مۇۋاپىق بولۇش، مۇناسىپ، يارىشىش، لايىقلىشىش: يارىشىقنى قىلماق. * ئۈستەڭ يارىشىقى تال، قىزنىڭ يارىشىقى خال (ماقال). * ئورما ناخشىسى ئورمىنىڭ يارىشىقى.

**يارىشىقىدا** رەۋ. ئۆز لايىقىدا، مۇۋاپىق، ياراشقان ھالدا: ئىشنى قىلغانىكەنمىز، ئۆز يارىشىقىدا بولسۇن. ئۆتكەنكىدەك تىلەمچىدەرنىمۇ، ئۆزىمىزنىمۇ خىجىل قىلىدىغان ئىشنى قىلمىغىنىمىز ياخشى.

**يارىشىمسىز** سۈپ. ياراشمايدىغان، مۇۋاپىق كەلمەيدىغان، ياراشمىغان، نامۇناسىپ: ئۇنىڭ ئورۇنسىز ۋە يارىشىمسىز كۆلكىسى ئاۋۋال تاشپولات بىلەن قۇربانىنى، ئاندىن قىزلارنى قاتتىق كۈلدۈردى.

**يارىشىملىق** سۈپ. يارىشىدىغان، ياراشقان، چىرايلىق، ماسلاشقان، مۇۋاپىق كەلگەن: جاپپاروپ ئېگىز بوي، قەددى - قامىتى كېلىشكەن، توم قارا قاش، قاڭشارلىق، يارىشىملىق بۇرۇت قويغان، بۇغداي ئۆڭ، كۆزلىرى ھەمىشەم كۈلۈپ تۇرىدىغان خۇشخۇي ئادەم ئىدى.

**يارىغۇسىز** سۈپ. ھېچنېمىگە يارىمايدىغان، ئەرزىمەيدىغان، ئىشلەتكىلى بولمايدىغان، مۇۋاپىق كەلمەيدىغان: ئەكرەم ۋېلىسىپىت ئالىمەن دەيدۇ، روشەنگە سائەت، ئۆيىنىڭ يوتقان - كۆرپىلىرىمۇ كونىراپ مېھمانغا يارىغۇسىز بولۇپ قالدى.

**يارىلاندۇرماق** «يارىلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر تاياق ئۇنى خېلى ئېغىر يارىلاندۇردى.

**يارىلانماق** پ ① يارىدار بولماق، جاراھەتلەنمەك: ساۋۇت خېلى ئېغىر يارىلانغان بولۇپ، ئوق ئۇنىڭ يوتىسىغا تەگكەن، ئاسمىنىڭ بولسا سول مۈرىسىنى تېشىپ ئۆتكەنىدى. ② كۆچمە. ئازار يېمەك، دەردكە قالماق: مەن گۈزەل تۇرمۇشنى، شاد - خۇرام ھاياتنى قىزغىن سۆيىمەن! ئەمما يۈرىكىم يارىلانغان!

**يارىماس** سۈپ ① يارىمايدىغان، كېرەككە كەلمەيدىغان، ياراقسىز، يارامسىز: يارىماس ئەسۋاب. يارىماس پالتا. ② كۆچمە. يامان، ناچار، قەبىھ: يارىماس ئىش. يارىماس ئىللەت. * ئىختىيارسىز ھالدا ئۆتكەنكى يارىماس قىلىقلىرىم كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈپ، قەلبىمنى خىجالەتچىلىككە سالاتتى.

**يارىماسلىق** ئى. يارىمايدىغان، كېرەككە كەلمەيدىغان ھالەت: ئۇ ئوغلىنىڭ ئىشقا يارىماسلىقىنى سەزگەندىن كېيىن ئاندىن بېسىقتى.

**يارىماق** پ ① مۇئەييەن تەلەپكە ماس كەلمەك، لايىقلاشماق، ياقماق: خانغا يارىغان ئېشىم تازغا يارىماپتۇ (ماقال). * ئېشى يارىسا، قاچىسىغا قارىما، قىزى يارىسا، ئانىسىغا قارىما (ماقال). * ئۇنىڭغا ھەممىدىنمۇ بەك ياراپ كەتكىنى ئىناق كوللېكتىپ تۇرمۇش ئىدى. ② كارغا، كېرەككە كەلمەك، ئەسقاتماق: مەن كېيىن ئىشقا ياردۇدەك بولغاندا ئاتام بىلەن يېزىمىزدىكى ھاجىبايغا چاكار بولۇپ ئىشلەپ يۈرۈپ تاغدا قوي باقتىم. ③ لايىقلاشماق، مۇۋاپىق، ماس كەلمەك، ئەرزىمەك: ئەڭ كەم ھېسابلىغاندىمۇ ھەر مو يەردىن بەش مىڭ تۈپ تېرەك قەلەمچىسى ئۆستۈرسەڭ، ھەر بىرىنى بىر كويغىچە ساتساڭ، يىگىرمە مو يەرنىڭ كۆچىتى بىر ساندۇق پۇلغا يارايدۇ. ④ «جايىدا، ياخشى، بولىدۇ، لايىق، كۆڭۈلدىكىدەك ئىش قىلالايدۇ» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ: — ئوردىغا مۇشۇ خەتنى يازغان بەختىيار ئىسمىلىك بالا يارايدىكەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

**يارىيار** ئى. چاقى كۆتەك ھارۋىنىڭ چاقىدىن چوڭ بولغان ھەمدە پۇتۇنلەي ياغاچتىن ياسالغان ھارۋا: ئۇ كېيىنكى قېتىمدا توكۇر ئات قوشۇلغان يارىيار ھارۋىدا تۆت تاغار بۇغداي ئەكەلدى.

**يار - يار** ① «يار I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: شامال ئوينار رومالىڭنى چېچى قۇندۇز يار - يار، ئېتىز باغرى گويا ئاسمان، سەن بىر يۇلتۇز، يار - يار. ② توي - تۆكۈندە قىز ئۇزىتىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان ناخشىنىڭ نامى: ئۇلار يار - يار ئېيتىپ، قىزنى ئۇزىتىپ قويۇشتى.

**يار - يۆلەك** يۆلەنچۈك، تايانچ، ئىگە، تىرەك، يۆلەك: يار - يۆلەك بولماق. * بۇ بۇۋىمگە ھەر دەقىقە مەرھۇمنىڭ روھى يار - يۆلەك ئىدى.

**يارىپىلىم** ئى [يار + يېلىم] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. ئاق ياكى ئاچ سېرىق رەڭلىك بولۇپ، تارىشا ياكى دانىچە ھالىتىدە كېلىدۇ. يېرىم سۈزۈك بولىدۇ. قىزىق سۇدا ئوڭايلا ئېرىيدۇ. ئادەتتە كالا، ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىسى ۋە سۆڭىكى قايناتىلىپ ياسىلىدۇ. سانائەتتە يېپىشتۇرغۇچى رېئاكتىپ ۋە يورۇقلۇق سېزىش ماتېرىياللىرى ياسىلىدۇ. دورىگەرلىكتە قان توختىتىش دورىسى قىلىنىدۇ، ياغاچچىلىقتا ياغاچ يەملىنىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يېمەكلىك سانائىتىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**ياز** ئى. تۆت پەسىلنىڭ ئىككىنچىسى، ئەتىيازدىن كېيىنكى، كۈزنىڭ ئالدىدىكى پەسىل، مىلادىيە بويىچە تەخمىنەن 5 - مايدىن 6 - ئاۋغۇستقىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يازا** ئى. قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا خىشتىن ياسالغان چۇغۇندەك شەكىل.

**يازارمەن** ئى. يېزىش ئىشى ياكى يېزىقچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: سەھرالىق «ساۋاتسىز» يازارمەنلەرنىڭ قەدىر - قىممىتىنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بىلىۋېتىپتۇ.

**يازدۇرماق** «يازماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خەت يازدۇرماق. ھۆججەت يازدۇرماق. * ۋاڭ ئىلياز خوجىنىڭ بارلىق يەر - زېمىنىنى ئوردا دەپتىرىگە يازدۇرغاندىن كېيىن ئاتلىرىنى تاغدىن ئەكېلىپ بېقىشقىمۇ يول قويمىدى.

**يازدۇرۇشماق** «يازدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەممە سىنىپنىڭ سىنىپ مۇدىرلىرى ئوقۇغۇچىلارغا بىردىن ۋەدىنامە يازدۇرۇشتى.

**يازدۇرۇلماق** «يازدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دوسكىدىكى بۇ شېئىر ئاۋۋال ئوقۇغۇچىلارغا يازدۇرۇلۇپ، كېيىن دېكلاماتسىيە قىلدۇرۇلدى.

**يازغازىڭى** ئى [ياز + غازاڭ + ى] <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرماقلىرى ئۇزۇن، يۇمىلاق ياكى تۇخۇم شەكىللىك بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ، غول يوپۇرماقلىرىدا يۇمشاق تۈكلىرى بولىدۇ. گۈلى سۆسۈن، بەزىلىرى ئاق، يازنىڭ بېشىدا چېچەكلەپ، ئاخىرىغا كەلگەندە ئۆلىدۇ. شۇڭا، «يازغازىڭى» دەپ نام ئالغان. غولى، يوپۇرمىقى ۋە گۈل رېتى دورا قىلىنىدۇ، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، قان بېسىمنى چۈشۈرۈش رولى بار.

**يازغۇچى** ئى ① يېزىش ئىشىنى ئورۇنلىغۇچى كىشى: بۇنى يازغۇچى سىزمۇ؟ * بۇ خەتنى يازغۇچى كىم؟ ② <ئەد> بەدىئىي ئەسەر يېزىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى؛ ئەدىب: مەن يازغۇچى بولۇش مەقسىتىدە رومان يازغان ئەمەس، بەلكى ئۆتمۈشتىكى ھايات مېنى قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا مەجبۇر قىلغان.

**يازغۇچىلىق** ئى. يېزىقچىلىق ئىشى، يېزىقچىلىق كەسپى:

ئۇ تۇرمۇشنى يازغۇچىلىق دىتى بىلەن كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە.

**يازغى** ① سۈپ. يازدا بولىدىغان، يازلىق: يازغى يۇڭ. يازغى بۇغداي. ② ئى. بۇغداينىڭ ئەتىيازدا تېرىلىپ، يازدا پىشىدىغان بىر خىلى: ئاۋاتتا بۇ يىل يازغىدىن مول ھوسۇل ئېلىندى.

**يازلىق** سۈپ ① يازغا خاس، ياز ئۈچۈن بەلگىلەنگەن، يازغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلغان؛ يازغى: يازلىق تەتىل. يازلىق ساراي. يازلىق كىيىم. * بۇ يىل باھار بالدۇر كەلدى، چارۋىچىلار يازلىق يايلاققا ھەر يىلدىكىدىن بىر ئاي بۇرۇن كۆچتى. ② يازدا تېرىلىدىغان، يازدا پىشىدىغان ھەم يازدا يىغىۋېلىنىدىغان: يازلىق ئاشلىق. يازلىق مەھسۇلات. يازلىق مېۋە.

**يازلىق كۈن ـ تۈن توختىشى** <ئاستر> 24 مەۋسۇمنىڭ ئونىنچىسى. مىلادىيە يىلى 21 ـ ئىيۇندىن ياكى 22 ـ ئىيۇندىن باشلىنىدۇ. بۇ كۈندە قۇياش يازلىق كۈن ـ تۈن توختاش نۇقتىسىدىن ئۆتىدۇ، بۇ ۋاقىتتا شىمالىي يېرىم شاردا كۈندۈز ئەڭ ئۇزۇن، كېچىسى ئەڭ قىسقا بولىدۇ.

**يازلىماق** پ. بىرەر جايدا يازنى ئۆتكۈزمەك، يازدا بىرەر جايدا تۇرۇپ قالماق: مەن بۇ يىل قەشقەردە يازلاشنى نىيەت قىلدىم.

**يازما** ① سۈپ. يېزىق، خەت ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ياكى ئىپادىلىنىدىغان، يېزىلغان: يازما پىكىر. يازما ئىمتىھان. ② ئى. يېزىق، خەت ۋاسىتىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن نەرسە: مۇبارەك ئۈشبۇ يازماڭنى زەپەر يادنامىسى دەيمۇ؟

**يازماق** پ. قەغەز ياكى باشقا نەرسە يۈزىگە ھەرىپ، رەقەم قاتارلىق بەلگىلەرنى چۈشۈرمەك، يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلىمەك: نامە يازماق. خەت يازماق. ھېكايە يازماق.

**يازمۇياز** ھەر ياز، يازدىن يازغا: ھەمدە پەيدا بولسا كۆل، كۆللەردە غاز، تۇرسا ئوراپ تالى مەجنۇن يازمۇياز.

**يازمىش** ئى. يېزىت. يېزىپ قويۇلغان نەرسە؛ يازما بايان، يازما مەلۇمات، يازما خاتىرە: ئۇنىڭ يازمىشلىرىدىن ۋە سۆھبەتلىرىدىن مەلۇمكى، ئۇ ئۆزىنىڭ مىللىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان ئارتىس ئىدى.

**يازۇق** ئى. دىيال. گۇناھ؛ ئاچچىق، تۆھمەت، غەيۋەت.

**يازىچە** رەۋ. ياز مەزگىلىدە، ياز داۋامىدا، ياز بويى: يازىچە باغلاردا چۇرۇقلاشقان چۈجە خورازلار ئەمدى شوخلۇق بىلەن مېكىيان چاقىرىدىغان ياكى ئۆزىگە ئوخشاش ئۇرۇشخۇمارلار بىلەن سوقۇشىدىغان بولدى.

**ياساتتۇرماق** «ياساتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ مائارىپ ئىدارىسىگە بىرنەچچە قېتىم ئىلتىماس يېزىپ يۈرۈپ، مەكتەپكە كىچىكرەك بىر تەجرىبىخانا ياساتتۇردى.

**ياساتتۇرۇشماق** «ياساتتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يېزا رەھبەرلىرى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق يېزا دوختۇرخانىسىغا زامانغا لايىق بىر بالنىست ياساتتۇرۇشتى.

**ياساتتۇرۇلماق** «ياساتتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆي زامانغا لايىق ياساتتۇرۇلغان بولۇپ، ئادەمگە ئازادىلىك بېغىشلايتتى.

**ياساتماق** «ياسىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆي ياساتماق. هارۋا ياساتماق.

**ياساشتۇرماق** پ. ياساش، تۈزەشكە دائىر ئىشلارنى قىلماق: ئۇ كېچىلەپ تۇرا قوۋۇقلىرىنى ياساشتۇرۇپ ئىككى تەرەپتىن توستى.

**ياساشتۇرۇشماق** «ياساشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يول بويى ئورمان كۆپ بولۇپ، يەرلىك خەلقلەر يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا ئاشخانا، دۇكان قاتارلىق ھەر خىل مۇلازىمەت ئورۇنلىرىنى ياساشتۇرۇشماقتا ئىدى.

**ياساشتۇرۇلماق** «ياساشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەكتەپتىكى كونا قىرائەتخانا قايتىدىن ياساشتۇرۇلۇپ، نۇرغۇن يېڭى كىتابلار كىرگۈزۈلدى.

**ياساشماق** «ياسىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يول بويى ئارىشاڭ كۆپ بولۇپ، يەرلىك خەلقلەر ئاشۇ ئارىشاڭلار ئەتراپىغا مۇنچا ياساشماقتا ئىدى.

**ياساق** ئى. تارىس ① تۈرلۈك قانۇن. ② دۆلەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن تۈرلۈك سېلىق؛ باج، ئالۋان: ياساق تۆلىمەك. ياساق تاپشۇرماق. * ـــ تېكىن ئاغىچى ئىلىك ھاجىپ ۋە بۆرىبەگ بىلەن بىللە ياساق ئېلىش توغرىسىدا بىر يېڭى بەلگىلىمە بېكىتىپ چىققاي، ـــ دېدى خان.

**ياساقبېگى** ئى. تارىس [ياساق+بەگ+ى] دۆلەت تەرىپىدىن تۈرلۈك سېلىق، باج، ئالۋانلارنى يىغىش ئۈچۈن مەسئۇل قىلىپ بەلگىلەنگەن كىشى.

**ياساقچى** ئى. ياساق سالغۇچى، يۈكلىگۈچى، ئارتقۇچى.

**ياساقسىز** I سۈپ. ياسىقى يوق، ياسىقى بولمىغان؛ قانۇنسىز: تۆلكە ئەگەر ئۆزى ھايۋانات دۇنياسىغا پادىشاھ بولسا، ئەلنى ياساقسىز ئەلگە ئايلاندۇرىدىغانلىقى ھەققىدە كۆپ سۆزلەپتۇ.

**ياساقسىز** II سۈپ. ياساپ قويۇلمىغان، ياسالمىغان، بېزەلمىگەن، جابدۇلمىغان، بېزەكسىز: ئۇ بىزنى ئارقا ھويلىدىكى ياساقسىز، كونا ئۆينىڭ بىرىگە باشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

**ياساقلىق** سۈپ. ياساپ قويۇلغان، ياسالغان، بېزەلگەن؛ بېزەكلىك: ياساقلىق ئۆي. * مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپ ھەيران قالدى. چۈنكى، سىنىپ ئىچى پاكىز تازىلانغان بولۇپ، بايرام بولغاندەك ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەر ياساقلىق تۇراتتى.

**ياسالما** سۈپ ① قولدا ياسالغان، تەبىئىي، ئۆز ئەينى ئەمەس، سۈنئىي، ياسىما: ياسالما چاچ. ياسالما پۇت. * ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە بىر خىل ياسالما مۇلايىملىق بىلەن قاراپ چىقتى. ② <تىل> ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ياسالغان: ياسالما سۆز.

**ياسالماق** «ياسىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەتىگەن سائەت توققۇزلاردا مۇراد تاغا ئىككىمىز يېڭىدىن ياسالغان ئۆستەڭ بويىدىكى تۈپتۈز يول بىلەن كېتىپ باراتتۇق.

**ياسالمىلىق** ئى. ياسالما ھالەت، سۈنئىيلىك: ھەجەر ئاپئاق ئورنىدىن قوزغالماقچى بولدى ـ يۇ، لېكىن نېمىدىندۇر ئويلىنىپ قالدى ۋە بىردىنلا ياسالمىلىق بىلەن سىلىق سۆزلەشكە باشلىدى.

**ياسانچۇق** ئى. دائىم ياسىنىدىغان، ياسىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم: كېيىنەك پەرۋانە بولماس، ياسانچۇق مەردانە بولماس (ماقال). // ئۇنى قولتۇقلىۋالغان تولىمۇ چىرايلىق، تولىمۇ ياسانچۇق قىز بولسا بىزگە قىيا كۆزىنى سالماستىن، تاغلارغا، كەچكى شەپەققە ۋە ئاق ـ قىزغۇچ بۇلۇتلارغا قاراپ تۇراتتى.

**ياسانچۇقلۇق** ئى. دائىم ياسىنىش، ياسىنىشنى ياخشى كۆرۈش، ياسىنىپ يۈرۈش ئادىتى: ياسانچۇقلۇق قىلماق. * ھاكىم هازىر بېشىغا دوپپا، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن بولۇپ، ياسانچۇقلۇقى ئۆزگەرگەن، بىر ئاددىي كادىرغا ئوخشاپ قالغانىدى.

**ياساندۇرماق** «ياسانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يالغۇز قىزىنى ئۆزلىرى يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيدۈرۈپ، تۇزدەك ياساندۇرۇپ چوڭ قىلغان ئاتا ـ ئانىلار ئوتتۇرىسىدا خۇمارقىز مەكتەپ

يېشىغا يەتكەندە بىردىنلا كېلىشەلمەسلىك كېلىپ چىقتى.

**ياساندۇرۇشماق** «ياساندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىزلار يېڭى كېلىن دىلنارنى ياساندۇرۇشۇپ بولۇپ، ئۆزئارا چاقچاقلاشقاچ يىگىتلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈشمەكتە ئىدى.

**ياساندۇرۇلماق** «ياساندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ كېتىۋېتىپ: «تۇۋا! سېغىزخاننىڭ ئۇۋىسىدىن بۇلبۇل چىقىدۇ، دېگەندەك سەھرادىنمۇ مۇشۇنداق گۈزەللەر چىقىدىكىنە! ئەگەر ئۇرۇمچى پاسونىدا ياساندۇرۇلىدىغان بولسا...» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

**ياسانماق** پ. چىرايلىق كىيىنمەك: مەلىكە ھەر كۈنى كېچىسى ئەل ئۇخلىغاندىن كېيىن راسا ياسىنىپ، ھېلىقى يول بىلەن ئازادە يۈرۈپ، سارايدىكى ئاشىقىنىڭ يېنىغا چىقىپ، مۇھەببەتلىشىپ يۈرۈپتۇ.

**ياساۋۇل** ئى. تارس. بۇرۇنقى خان، پادىشاھ دەۋرىدە يۇقىرى مەنسەپتىكى ئەمەلدارلارغا خىزمەت قىلىدىغان قوراللىق خادىم؛ ساقچى: شاھزادە مۇشۇكىنىڭ باش ـ كۆزىنى سىلاپ ئەپۇ سوراپتۇ. شاھ تۆت ياساۋۇلنى بېلىقچى بوۋاي بىلەن ئوتۇنچى مومايىنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

**ياساۋۇللۇق** ئى. ياساۋۇل بولۇش ئىشى: شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ياساۋۇللۇق قىلمايمەن، دەپ خاپا بولۇپ كېتىپ قالدى.

**ياستۇق** ئى. ئىچىگە ماماق، توزغاق قاتارلىق يۇمشاق نەرسە سېلىنىپ تەييارلانغان، ياتقاندا باش ئاستىغا قويۇلىدىغان تۆت بۇرجەكلىك بۇيۇم.

**ياستۇقنى قىرلاپ ئۇخلىماق** ھېچ ئىش بىلەن كارى بولماي، غەمسىز، بىپەرۋا يۈرمەك: ئىسلاھات داۋامىدا ئىسلاھاتقا ماسلاشماي، ياستۇقنى قىرلاپ قويۇپ ئۇخلىغان ئادەم مەڭگۈ ئالغا باسالمايدۇ.

**ياستۇقنى قىرلاپ ياتماق** ← **ياستۇقنى قىرلاپ ئۇخلىماق:** قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار تېخى قىلىنمىدى، شۇنداق ئىكەن ياستۇقنى قىرلاپ ياتساق ئەپلەشمەس.

**ياسىداق** سۈپ. چىرايلىق ياسالغان، سەرەمجانلاشتۇرۇلغان، بېزەلگەن: ياسىداق ئۆي. ياسىداق ساراي.

**ياسىداقلىق** ئى. چىرايلىق ياسالغان كۆرۈنۈش، سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ھالەت.

**ياسىغۇچى** ① سۈپ. ياساش رولىنى ئۆتەيدىغان، ياسايدىغان: ياسىغۇچى قوشۇمچە. ياسىغۇچى فۇنكسىيە. ② ئى <مات> بەلگىلىك شەرت بويىچە ھەرىكەتلىنىپ يۈز ھاسىل قىلىدىغان تۈز سىزىق.

**ياسىق** ئى. دىيال. ۋادى، دەريا ئاققان ئارىلىق.

**ياسىما** سۈپ. تەبىئىي، ئۆز ئەينى ئەمەس، يالغان؛ سۈنئىي: ياسىما گەپ. ياسىما ھەرىكەت. * قازىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولغان ھەجەر ئاپئاق قازىنى تاپا ـ تەنە ۋە ياسىما قىلىقلار بىلەن كۈتۈۋالدى.

**ياسىماق** پ ① پەيدا قىلماق، ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەك، شەكىللەندۈرمەك؛ ئەتمەك، تەييارلىماق: ساندۇق ياسىماق. پاراخوت ياسىماق. * ياساش قىيىن، بۇزۇش ئاسان (ماقال). ② تۈزىمەك، ئوڭشىماق، رېمونت قىلماق: ياشقىنا شوپۇر يىگىت چاق ياساش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ③ ئوڭشىماق؛ تۈزەشتۈرمەك: سارىخان خۇشاللىنىپ بەختىگۈلنىڭ سەل چۇۋۇلغان چاچلىرىنى قولى بىلەن ياساشقا باشلىدى. ④ زىننەتلىمەك، بېزىمەك: ــ تۇۋا قىلدىم، مەن نېمە كويدا، بۇ نېمە ئويدا، مەن بۇنىڭ ئۆيىنى خەقنىڭ زوقى كەلگۈدەك ياساپ ئاۋارە، بۇ بولسا، ــ دېدى ئاپام خاپا بولۇپ. ⑤ ئەمىن تاپقۇزماق، خۇش قىلماق، شادلاندۇرماق: ئۇ تاپشۇرۇقنى ئېلىپ، زىندانغا باردى ـ دە، ھېلىقى ئىككىسىنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى. ⑥ كۆچمە. توقۇپ چىقارماق، ئويدۇرۇپ چىقارماق، كۆپتۈرمەك؛ ئۆزگەرتمەك (گەپ ـ سۆز ھەققىدە): ئابلەت بىرىنچى ئۇرۇشىدىنلا ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمىگەندىن كېيىن دەرغەزەپ بولۇپ، ئۆلپەتلىرىگە ئەھۋالنى باشقىچە ياساپ ئېيتتى. ⑦ بەزى ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرنىڭ ئارقىسىغا قوشۇلۇپ كېلىپ پېئىللاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ: بۇرۇلۇش ياسىماق. * گۈلچىمەننىڭ ھېسسىياتىدىكى ئۆزگىرىش، ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىمۇ ئۆزگىرىش ياسىدى.

**ياسىملىق** ئى. ياسىما ھالەت، سۈنئىيلىك: ئۇنىڭ توڭلۇقى خۇددى زىخقا ئۆتكۈزۈپ ئوتقا تۇتۇلغان سېمىز گۆشنىڭ مېيىدەك ئېرىپ بىردىنلا بوشاشتى ـ دە، كىرىپ كەلگۈچىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاچ ياسىملىق بىلەن سورىدى.

**ياسىنىشماق** «ياسانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يۇلتۇز، گۈللەيلى، قۇندۇزلارمۇ مەخسۇس تىكىلگەن تويلۇق كىيىملىرى بىلەن ياسىنىشتى.

**ياسىن** ئى [ئە] ① <دىن> قۇرئاننىڭ ئوتتۇز ئالتىنچى سۈرىسىنىڭ نامى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ياش** I سۈپ ① قېرى ئەمەس، نەۋقىران: ياش ئادەم. ياش ئايال. * ياش ۋاقتىتا قىلغان ئىبادەت تاشقا مۆھۈر باسقاندەك (ماقال). * مەن ئۇلارغا قارىدىم، ئالدىمدا مېنىڭ مەھەللىلىكلىرىمدىن ياش، قېرى بولۇپ ئوتتۇزچە كىشى تۇراتتى. ② سۈيى قۇرۇمىغان، نەملىكى تارقالمىغان؛ يېڭى: ياش كۆكتات. ③ بالاغەتكە يەتمىگەن، يېتىلمىگەن: ياش بالا. ياش قىز. * تەشۋىقىي ـ تەربىيەدە پارتىيە ـ ئىتتىپاق ئەزالىرىنى ۋە ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلىش لازىم. ④ ياشلىقتا، ياشلىق دەۋرگە خاس: ياش كۈچ. ياش كۆڭۈل. * ئۇلارنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، روھىي جەھەتتىن ئۇلار ياش ئىدى. ⑤ كۆچمە. يېتەرلىك تەجرىبىگە ئىگە بولمىغان، تەجرىبىسىز: ــ سەن تېخى ياش، ھېچ ئىش كۆرمىگەن. تاغىنىڭ ئىچىگە ئاپىرىپ باقمەن دەپ بۆرە ـ ئېيىقلارغا يەم بولۇپ يۈرمىگىن يەنە، ــ دېدى ياشانغان بىرى. ⑥ كۆچمە. يېڭىدىن پەيدا بولغان، يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن، تارىخى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان: فولكلور ئىلمى ھەقىقەتەن ياش بىر پەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى زور بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا بېسىشى ۋە جەمئىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، تېخىمۇ كەڭ ئومۇملۇققا ئىگە بولماقتا. ⑦ كۆچمە. يېڭى تەشكىللەنگەن، مۇستەھكەملەنمىگەن: ياش تەشكىلات. ياش دۆلەت. ياش پارتىيە. ⑧ كۆچمە. يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان، تىكلەنگەن: ياش كۆچەت.

**ياش** II ئى. تۇغۇلغان ۋاقىتتىن باشلاپ ھايات كەچۈرگەن، ياشىغان يىللارنىڭ سانى؛ ئۆمۈر ئۇزاقلىقى: ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا (ماقال). * يېشى ھەممىدىن چوڭراق، ئۇزۇن كەكە ساقال، ئاق يۈزلۈك، ئورۇقراق كەلگەن بىرى سۆز باشلىدى.

**ياش** III ئى. ئېغىر قايغۇ ياكى زور خۇشاللىق نەتىجىسىدە كۆزنىڭ ياش بەزلىرىدىن ئاجرىلىپ چىقىدىغان رەڭسىز سۇيۇقلۇق: ياش تۆكمەك. ياش چىقماق. * ئۇ يىغلىغان بولسا كېرەك، قاپاقلىرى ئىششىغان ۋە كۆزلىرى ياش يۇقى ئىدى.

**ياشاتماق** «ياشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى:

ئادەمنى ئۆمىد ياشىتىدۇ، غەم قاقشىتىدۇ (ماقال).

**ياشارتماق** «ياشارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مېۋە يۈرەكنى ياشارتىدۇ. * ئاخشام ياغقان يامغۇر يول بويىدىكى گۈللۈك ۋە چۆپلەرنى ياشارتىپ، تېخىمۇ قېنىق رەڭگە كىرگۈزگەندى.

**ياشارتىلماق** «ياشارتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پىلانلىق مېۋە ئېلىش ئۈچۈن ئاساسىي شاخلارنىڭ مېۋە شاخچىلىرى تەدرىجىي يېڭىلىنىپ، ياشارتىلىپ تۇرىدۇ.

**ياشارماق** پ ① ياش تۇرماق، ياش ھالەتتە كەلمەك: باللار چوڭ بولۇشنى ئويلىسا، چوڭلار ياشىرىشنى ئويلايدۇ. ② كۆكىرمەك، راۋاجلانماق، ئۆسمەك (دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلار ھەققىدە): قۇياش بۇرۇنقىدەك ئالتۇن نۇرىنى يەنە چېچىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن يەر يۈزىدىكى جىمى گۈل ـ گىياھلار، دەل ـ دەرەخلەر قايتىدىن ياشىرىپتۇ، ئادەملەرنىڭ چىرايى ئېچىلىپتۇ. ③ كۆچمە. كۆركەم ھالغا كەلمەك، گۈزەللەشمەك؛ ياشنىماق: ئازادلىقنىڭ نۇرىدىن رەڭ تۈزەپسەن چىلگىدەك، ياشىرىپسەن، گۈللەپسەن كۈندە مىڭ بار كۆرگۈدەك، ئالىم بولۇپ ئۆسۈپتۇ، تۈنۈگۈنكى ياش گۆدەك، دۈشمەنلىرىڭ قان يىغلاپ، دوستلىرىڭ شاد كۈلگۈدەك.

**ياشاشماق** «ياشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، ئۆتكەن زاماندا بىر جاڭگالدا تۈرلۈك ھايۋانلار، رەڭمۇرەڭ، خىلمۇخىل قۇشلار ئىناق، خۇشال ـ خۇرام ياشىشىدىكەن.

**ياشاڭغىراتماق** «ياشاڭغىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاڭغىچە قۇياش كۆتۈرۈلدى ـ دە، ئۇنىڭ ئۆتكۈر نۇرى كۆزلىرىمنى ياشاڭغىرىتىۋەتتى.

**ياشاڭغىرىماق** پ. دائىم ياش ئېقىپ، ياش چىقىپ تۇرماق: ئۇنىڭ ياشاڭغىراپ قالغان كۆزىدىن ياش توختىماي قۇيۇلاتتى.

**ياشانماق** پ. يېشى چوڭىيىپ قېرىلىق دەۋرىگە كەلمەك، قېرىپ قالماق: ۋېلسىپىتتە ئورۇق، بەللىرى مۈكچەيگەن بىر موماي ئولتۇرغان بولۇپ، ياشانغان بىر ئەر كىشى ۋېلسىپىتنى ئاستا ئىتتىرىپ كېلىۋاتاتتى.

**ياشسىز** سۈپ. ياش چىقمىغان، ياش بولمىغان: كېيىن چوڭقۇر، ياشسىز ئېغىر يىغا ئاڭلاندى.

**ياش ـ قۇرام** ياش ۋە قۇرام، يەنى ئۆمۈرنىڭ مەلۇم چەككە يەتكەن مەزگىلى، پەيتى: ئەمدى ئارسلان بارس تېكىنگە زوقلىنىپ قاراپ قالدى. تېكىننىڭ ياش ـ قۇرامى ئارسلاندىن كۆپ بولسا ئۈچ ـ تۆت ياش چوڭدەك كۆرۈنەتتى.

**ياش ـ قېرى** ياش ۋە قېرى، ھەر خىل ياشتىكى ئادەملەر: مەن ئۇلارغا قارىدىم. ئالدىمدا يۇرتداشلىرىمدىن ياش ـ قېرى بولۇپ قىرىقچە كىشى تۇراتتى.

**ياشلاشتۇرماق** «ياشلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھازىر كېنزىتلەردە رەھبەرلىكنى ياشلاشتۇرۇش، قېرىلار ياشىراق يولداشلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىش دېگەن گەپلەر كۆپرەك تەكىتلىنىۋاتىدۇ.

**ياشلاشماق** پ ① ياش ھالەتكە كەلمەك، ياشلىقى ئۇرغۇماق: ـــ سىلى كۈندىن ـ كۈنگە ياشلىشىپ كېتىۋاتىدىلا جۇمۇ، ـــ دېدى ئۇ ماڭا چاقچاق قىلىپ. ② ياشلار قويۇلماق، ياشلارنى قويۇش ئومۇمىيلاشماق: رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى ياشلاشتۇرۇش، بىلىم ئەھلىگە، كەسىپ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش جەھەتتە بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم.

**ياشلانماق** پ. كۆزگە ياش تولماق، كۆزنى ياش قاپلىماق: شۇ پەيتتە كېلىمنى بىرنەرسە بوغۇۋالغاندەك دېمىم سىقىلىپ، ياشلانغان كۆزلىرىم ئىختىيارسىز يۇمۇلدى.

**ياشلىق** I ① ئى. ياش ۋاقىت: ياشلىقىڭدا ئىشلە، قېرىغاندا چىشلە (ماقال). * ياشلىقنى قەدىرلىمىگەن ئادەم، بىر ئۆمۈر پۇشايمان قىلىدۇ. ② سۈپ. ياشلارغا خاس، ياشلارغا تەئەللۇق، ياشلاردا بولىدىغان؛ ياش ۋاقىتتىكى: ياشلىق غۇرۇر. ياشلىق ئىستەك. ياشلىق دەۋر.

**ياشلىق قىلماق** تەجرىبىسىزلىك قىلماق، ئويلانماي ئاددىي ئىش كۆرمەك: ـــ سادىر ياشلىق قىلىۋاتىدۇ، تاغ سۈيىنى ئەكېلىش ئۈنچىۋالا ئاسان بولسا، بۇ چاغقا ھەر كىم ئەكەلمەمدۇ، ـــ دېدى ھاشىم ئاخۇن.

**ياشلىق** II سۈپ... ياشقا كىرگەن، ياشقا تولغان؛... ياشتىكى: ئۇلار دىلشاتنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، ئۇ ئىككى ياشلىق سىڭلىسىنى ئويناتىپ ئولتۇراتتى. * شاخلىرى بەش تەرەپكە ئايرىلغان، ئالتە ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمەيدىغان بۇ قارىياغاچ مۇشۇ يېزا بىلەن بىر ياشلىق ئىدى.

**ياشلىق** III سۈپ. ياش بىلەن تولغان؛ ياش قاپلىغان؛ ياش ئېقىپ تۇرغان: ئايرىدى يۇرتتىن شۇ بىر ئېغىر سۆزۈم، كەينىمدە قالدى مېنىڭ ياشلىق كۆزۈم.

**ياشلىماق** I پ. ياش كەلتۈرمەك، ياش ئالماق، يىغلىماق: بىردەم شوپۇر دادىسىغا، بىردەم مېھرىبان ئاپىسىنىڭ تاۋۇتىغا ئېسىلىپ يىغلىغان ئوغۇل پۈتكۈل جۇمە جامائەتنىڭ باغرىنى ئېزىپ كۆزلىرىنى ياشلىماقتا ئىدى.

**ياشلىماق** II پ. دىيال. قايتىدىن ئىسسىتماق (يېمەك ـ ئىچمەك ھەققىدە).

**ياشمان** ئى. دىيال <يېم> چۆچۈتۈلگەن ياغقا ئۇۋۇلغان ناننى ئارىلاشتۇرۇپ قىلىنغان تاماق.

**ياشناتماق** «ياشنىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆمىد ياشنىتىدۇ، غەم قاقشىتىدۇ (ماقال). * ئۇنىڭ بۇرۇنقى زەيسۇدەك قەدىرسىز ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىنى ئەمدى قايتىدىن ياشنىتىدىغان ۋاقتى كېلىپ قالغانىدى.

**ياشناشماق** «ياشنىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تاڭ سۈزۈلۈپ، يورۇق چۈشكەن، كېچىدىن ياغقان يامغۇر بىلەن يېشىل دۇنيادىكى بارلىق ئۆسۈملۈكلەر يۇيۇنۇشۇپ ياشناشقانىدى.

**ياشنىماق** پ ① ياشارماق: بۈگۈن ۋەتەن گۈلزارىدا ھۆپپىدە ئېچىلىپ تۇرغان بارچە گۈللەر ئىچىدە رەيھانگۈل ئەنە ئۆزىنىڭ ئاددىيلىقى، خۇش پۇراقلىقى بىلەن تېخىمۇ كۆركەم ھۆسن ئېلىپ ياشناپ تۇرۇپتۇ. ② كۆچمە. راۋاجلىنىپ تەرەققىي قىلماق، ئىلگىرى باسماق، روناق تاپماق؛ گۈللەنمەك: قوشماق غۇنچە ـ چېچەكلەر، ئىككىمىزگە ئوخشايدۇ، گۈزەل ياشلىق ئۆمرىمىز، شۇ گۈللەردەك ياشنايدۇ.

**ياشىرىشماق** «ياشارماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر تاڭدا، ياشىرىشار باشقىدىن، ئۇلار ئۆسكەن گۈلشەنمۇ، ئويغىنىدۇ ناخشىدىن.

**ياشىماق** پ ① مەلۇم ۋاقىت ئۆمۈر كۆرمەك؛ ھايات كەچۈرمەك: كۆپ ياشىغان نېمە بىلەر، كۆپنى كۆرگەن شۇ بىلەر (ماقال). ② بىرەر يوسۇندا ھايات كەچۈرمەك، بىرەر تەرزدە تىرىكچىلىك قىلماق: مەنمۇ ئەنە ئاشۇلارنىڭ بىرى بولۇپ، پېنسىيەدە ياشاۋاتىمەن ۋە ئارامخۇدا پېنسىيە تۇرمۇشىدا، يېتەرلىك ۋاقىتقا ئىگە بولۇپ، بۇ كىتابىمنى يېزىپ چىقتىم. ③ بىرەر جايدا ھايات كەچۈرۈشكە ماسلاشماق، ئادەتلەنمەك: ئۇلار پەقەت شۇ ئابىدە تۇرىدىغان تاغدىكى غارنىڭ ئىچىدە ياشاپتۇ. * ـــ مەن ئەۋلادمۇئەۋلاد دەل ـ دەرەخ پوستىدىن ماكان تۇتۇپ ياشاپ كېلىۋاتقان قۇرت بولىمەن، ـــ دەپتۇ ئۇ گۈلگە

قاراپ. ④ بىركىمگە ئەر ياكى خوتۇن بولۇپ ھايات كەچۈرمەك، ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىدە بولماق: — سىز تېخىچە ئېنىق جاۋاب بەرمەيۋاتىسىز. ئېيتىڭا، ئىككىمىزنىڭ بىر ئائىلىدە ياشىشىمىزغا رازىمۇ سىز؟ — دېدى زۇنۇن دۇدۇقلاپ تۇرۇپ. ⑤ كۆچمە. مەۋجۇت بولۇپ تۇرماق، بار بولماق، ساقلانماق: كۈرەشچان تارىخىمىزغا بەتلەر ياراتقان ئازادلىق قۇربانلىرىنىڭ نامى خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ. ⑥ بۇيرۇق پېئىلىنىڭ 2 - ياكى 3 - شەخس فورمىسىدا كېلىپ، بىرەر كىشى ياكى نەرسىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى، ئەبەدىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى توغرىسىدىكى تىلەكنى، شۇنداقلا ماقۇللاش، سۆيۈنۈش، شادلىنىشقا ئوخشاش ھېس - تۇيغۇلارنى ئىپادىلەيدۇ: ياشا ئوغلۇم خويمۇ ئىش قىلدىڭ. * ياشىسۇن خەلق! ياشىسۇن ۋەتەن!

**ياغ** ئى. چارۋا - ماللارنىڭ ئورگانىزمىدا ياكى بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقى، دېنىدا بولىدىغان ئادەتتىكى تېمپېراتۇرىدا يۇمشاق، سۇيۇق ياكى قاتتىق ھالەتتە ئۇچرايدىغان ئورگانىك ماددا: قوي يېغى. زىغىر يېغى.

**ياغ پۇراتماق** دىنىي ئەقىدە بويىچە ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، قوۋم - قېرىنداش، پەرزەنتلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ پوشكال سېلىپ دۇئا قىلدۇرماق: شۇنداق قىلىپ ئۇلار كېلەر ھەپتىنىڭ تۆتىنچى كۈنى نىكاھ پاتىھەسى ئوقۇتۇپ، خاسىيەتلىك پەيشەنبە ئۈچۈن ياغ پۇرىتىدىغان بولۇشتى.

**ياغ تۆكۈلسە يالىغۇدەك → ماي تۆكۈلسە يالىغۇدەك:** ئۇ ئۆينى ياغ تۆكۈلسە يالىغۇدەك قىلىۋېتىپتۇ.

**ياغ چاينىماق** لەززىتىنى، ھالاۋىتىنى كۆرمەك: تەشۋىش قىلما! سەت ئىش ئەمەس خەلقىم بېيىش، ياغ چاينىسۇن ھەركىم ئىشلەپ توغرا بىر ئىش.

**ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك** ھېچقانداق خەۋپ-خەتەرگە ئۇچرىماي، ناھايىتى خاتىرجەم، ئامان - ئېسەن: بۈگۈنكى باللار خۇددى ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك راھەت ئىچىدە ياشايدۇ، ئۇلارغا ھەممە نەرسە تەييار.

**ياغاچ** ئى. دەرەخنىڭ، شۇنىڭدەك قۇرۇغان ۋە كېسىلگەن دەرەخنىڭ پوست ۋە يوپۇرمىقىدىن باشقا قىسمى: شۇ زامانلا ئالۇچا ياغىچىدىن ياسالغان غاڭزىسىنى تۇتۇپ زالدا گېنېرال پەيدا بولدى. * مەن سۇدىكى ياغاچ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قالدىم.

**ياغاچ ئات** ① <تەن> بىر خىل گىمناستىكا ئەسۋابى. شەكلى ئاتقا ئوخشايدۇ، دۈمبىسىدە ھالقا بولمايدۇ. ② <تەن> بىر خىل گىمناستىكا مۇسابىقە تۈرى. بۇنىڭدا، تەنھەرىكەتچىلەر قولى بىلەن ياغاچ ئاتقا تايىنىپ ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى ئورۇندايدۇ. رەسمىي مۇسابىقىلەردە ئاياللار توغرىسىغا قويۇلغان ياغاچ ئاتنى، ئەرلەر ئۇزۇنىسىغا قويۇلغان ياغاچ ئاتنى ئىشلىتىدۇ. ③ رىۋايەتلەردىكى ئۇچىدىغان ۋە ياغاچتىن ياسالغان ئەپسانىۋى ئات. ④ باللارنىڭ توك ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان ئويۇنچۇق ئېتى. ياغاچتىن ياسىلىدۇ.

**ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر** <بوت> غولى ياغاچلاشقان ئۆسۈملۈكلەر. مەسىلەن، تېرەك، سۆگەت قاتارلىق دەل - دەرەخلەر ۋە قىزىلگۈل، قەلەمپۇر قاتارلىق چاتقاللار.

**ياغاچ قۇلاق** قىلغان گەپنى قۇلىقىدا تۇتمايدىغان، گەپ ئاڭلىمايدىغان، گەپ ئۆتمەيدىغان: ياغاچ قۇلاق بالا. * ياغاچ قۇلاققا گەپ ئۆتمەس (ماقال).

**ياغاچ ئوشتۇماق** «يولى ئېچىلسۇن، پات - پات كېلىپ تۇرسۇن» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: — ۋاي خۇدايىمەي، كۈن قاياقتىن چىقتى، ياغاچ ئوشتۇيمۇ؟ — دېدى ھامام.

**ياغاچ - تاش** ياغاچ ۋە تاش قاتارلىق ماتېرىياللار: ئابدۇللا توي تەييارلىقىدا پۇلدىن قىسىلىپ بىر ئېغىز ئۆينىڭ ياغاچ - تېشىنى سېتىپ خەجلىمەكچى بولدى.

**ياغاچچى** ئى. ياغاچتىن ھەر خىل نەرسىلەرنى ياسايدىغان ئۇستا: قەدىمكى زاماندا بىر ياغاچچى بىلەن بىر تۆمۈرچى بولغانىكەن. ئۇلار بىر - بىرىنى مەنسىتمەي دائىم بەسلىشىدىكەن. // ئۇ ئوغلىنى مەھەللىدىكى بىر ياغاچچى يىگىتكە شاگىرتلىققا بەردى.

**ياغاچچىلىق** ئى. ياغاچتىن ھەر خىل سايمان ۋە جابدۇقلارنى ياساش ۋە ئۇلارنى رېمونت قىلىش ئىشى، كەسپى: ئۇ ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا ياغاچچىلىق قىلىپ داڭ چىقاردى.

**ياغاچلاشماق** پ <ئورم> ئۆسۈملۈك غولىنىڭ ياغاچلىق قىسمى تەرەققىي قىلىپ چىڭىماق، مەزمۇتلاشماق.

**ياغاچلىق** سۈپ. ياغىچى بار، ياغاچ ئورنىتىلغان: ئۇ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قورۇق تامغا قارىدى. تام ئېگىز، يىگىرمە ئىككى ياغاچلىق سوقما تامنىڭ ئۈستىگە ئۈچ قۇر كۆمىلاچ قويۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئازغان، جىغان تۇتۇلغانىدى.

**ياغاق** سۈپ. ئەت قونمىغان، ئورۇق، گۆشسىز: ياغاق تاپان. ياغاق يۈز. * ئۇنىڭ يۇڭلۇق ياغاق قوللىرى ئەنۋەرنىڭ كىچىككىنە بويىنىغا چىرماشتى.

**ياغاقلاشماق** پ. ئورۇقلاپ كېتىپ، چىچى ياكى تۈكى چۈشۈپ كەتمەك: ئۇنىڭ بېشىنىڭ چوققىسى ياغاقلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئاندا - ساندىلا بىرنەچچە تال ئاق چېچى تۇراتتى.

**ياغبېغىر** ئى [ ياغ + باغىر ] <يېم> دىيال. جىگەرنى پىشۇرۇپ، پىياز ۋە دورا - دەرمەكلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، چاۋا يېغىغا تۈگۈپ، چوغقا قاقلاپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل تاماق.

**ياغچى** ئى. ياغ ساتقۇچى.

**ياغچىلىق** ئى. ياغ سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى: بىزنىڭ مەھەللىدە توختى ئىسىملىك بىر بالا بولۇپ، ئاتا مىراس كەسىپ ياغچىلىق بىلەن جان باقاتتى.

**ياغدۇرماق** «ياغماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھازىرقى كىشىلەرنىڭ كۆزى ئېچىلىپ كەتتى. بۇلۇتلارنى ھەيدەپ كېلىپ يازدا يامغۇر، قىشتا قار ياغدۇرۇۋاتىدۇ.

**ياغدۇرۇشماق** «ياغدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: پوتەيلەرنى پارتلىتىشقا روتىلاردىن چىققانلار يەر بېغىرلاپ يۈرۈپ كەتتى. قالغانلار گومىنداڭ قىسمىنىڭ ئوت توچكىلىرىغا ئوق ياغدۇرۇشتى.

**ياغدۇرۇلماق** «ياغدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دۈشمەنگە ھەر خىل قوراللاردىن گويا مۆلدۈردەك ئوق ياغدۇرۇلدى.

**ياغسىراتماق** «ياغسىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ماشىنىنى ياغسىرىتىپ قويۇپسەن، بۇنداق قىلساڭ زاپچاسلار تېزلا كاردىن چىقىدۇ، — دېدى ئۇستام قولىغا كۈلۈچ ئېلىۋېتىپ.

**ياغسىراشماق** «ياغسىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — بىچارە باللار ئۇزۇندىن بېرى ياغ كۆرمەي ياغسىرىشىپ كېتىشىپتۇ، — دېدى ئاپام كۆزىگە ياش ئېلىپ.

**ياغسرىماق** پ. ئۆزىدىكى ياغ ياكى ياغ تەركىبى كېمىيىپ كەتمەك، ياغسىزلىقتىن ياغقا ئېھتىياجى چۈشمەك، ياغ تەلەپ قىلماق: هارۋىنىڭ چاقى ياغسىراپتۇ.

**ياغسىز** پ. يېغى يوق، ياغ قۇيۇلمىغان، ياغ ئىشلىتىلمىگەن، ياغلانمىغان؛ يېغى كەم: ياغسىز پولۇ. ياغسىز گۆش. * ياغسىز تائام ئېغىزغا تېتىمايدۇ (ماقال).

**ياغلاتماق** «ياغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەنۋەر ماشىنىنى ياغلىتىش ئۈچۈن رېمونتخانىغا ھەيدەپ باردى.

**ياغلار** ئى <خىم> ياغ كىسلاتاسى ۋە ئالكوهول قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان ياغ ۋە ئۇنىڭ هاسىلاتلىرى. كۆپىنچە C, H , O قاتارلىق ئۈچ خىل ئېلېمېنتتىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇلارنىڭ خىمىيەلىك تەركىبى ۋە تۈزۈلۈشىدە پەرق ناهايىتى زور، لېكىن ھەممىسى سۇدا ئېرىمەيدۇ. خىلوروفورم، ئېفىر، ئاتسېتون قاتارلىق قۇتۇپلۇقى بولمىغان ئورگانىك ئېرىتكۈچىلەردە ئېرىيدۇ. ياغلار ئاساسەن ياغ، ياغسىمان ماددىلار ۋە ئىستېرولنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ياغلاشماق** ① «ياغلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بەزىدە بىر ـ بىرىنىڭ ئېغىزلىرىنى ياغلىشىپ، بەزىدە ئۆزئارا مارىشىپ ئۆتۈشەتتى. ② ھەممە يېرىگە ياغ تەگمەك، ھەممە يېرى ياغ بولۇپ كەتمەك: ئەركىن ياغاچ تاۋاقنى تارتىپ ئېلىپ ئېمىر باقىنىڭ بېشىغا ئاتتى. ياغلىشىپ كەتكەن شاپاق دوپپا ئۇماچقا كۆمۈلدى.

**ياغلامچى** ئى. چىرايلىق، سىلىق سۆزلەر بىلەن باشقىلارنى ئالدىغۇچى؛ خۇشامەتچى: بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ شۇئان: — ياغلامچى خوتۇن بىلەن ھىيلىگەر تېۋىپ تۇتۇپ كېلىنسۇن! — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

**ياغلامچىلىق** ئى. خۇشامەتچىلىك، ئالدامچىلىق: — خەپ، توختاپ تۇر! ئەتىلا ياغلامچىلىقىڭنى كۆپچىلىك ئالدىدا يېيىۋەتمىسەم، — دەپ ۋارقىرىدىم ئۇنىڭغا.

**ياغلانماق** ① «ياغلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: قولۇڭ ياغلانسا، دوستۇڭغا سۈۋا (ماقال). ② «ياغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: بىر ۋاقىتتا ئويغىنىپ قارىسام، ياغلانغان چورۇ، قۇم غولى يوق چاپىنىمنى مېنىڭدىن سالدۇرۇۋېلىپ، ئۆزى يېپىنىپ راسا ئۇخلاۋېتىپتۇ.

**ياغلىشاڭغۇ** سۈپ. ياغ يۇققان، ياغلاشقان، ياغلىشىپ كەتكەن: ئۇ كونىراپ كەتسىمۇ ھېلىغىچە تاشلىۋېتىلمىگەن، ياغلىشاڭغۇ شاپاق دوپپىسى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈشكە باشلىدى.

**ياغلىغۇ** ئى. ديال. ياغلاش، سۈرتۈپ، تازىلاش ئۈچۈن چوكا ياغاچ ياكى تۆمۈرنىڭ ئۇچ قىسمىغا پاختا ياكى يۇمشاق نەرسە ئوراپ ياسالغان سايمان؛ پەلكۈچ، ماي سۈرتكۈچ.

**ياغلىق** I ئى ① قولنى سۈرتىدىغان بۆز، لۆڭگە، مايلىق، قول ياغلىق: تاماقتىن كېيىن ھەممىمىز ياغلىق بىلەن قولىمىزنى سۈرتۈپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتۇق. ② باشقا ئارتىدىغان بۇرجەكلىك توقۇلما بۇيۇم: يەر يۈزىنى دەپتىرىمىنىڭ ۋاراقلىرىدەك ئاپئاق قار قاپلىغان، دەل ـ دەرەخلەرنى ئانامنىڭ بېشىدىكى ئاق ياغلىقىنىڭ تىۋىتىدەك قىرىۋ باغلىغانىدى.

**ياغلىق** II سۈپ ① تەركىبىدە ياغ مىقدارى بار، ياغ ئېلىش مۇمكىن بولغان: ياغلىق دان. ياغلىق زىرائەت. ② ياغ قويۇلغان، يېغى بار، ياغ ئارىلاشتۇرۇلغان: ياغلىق توقاچ. ياغلىق تاماق.

**ياغلىق دان** <بوت> ياغنىڭ خام ئەشياسى قىلىنىدىغان زىغىر، قىچا، كەندىر، زاراڭزا قاتارلىق زىرائەت دانلىرى.

**ياغلىق قاپاق** ① مەخسۇس ياغ قاچىلىنىدىغان، ياغ ئېلىنىدىغان قاپاق: تاغار يۈدۈپ، ياغلىق قاپاق كۆتۈرگىنىچە شاكىر كىردى. ② كۆچمە. ئەسكى نام، يامان ئاتاق: ياغ ئالسىمۇ ياغلىق قاپاق، ياغ ئالمىسىمۇ ياغلىق قاپاق (ماقال). * — ئۇ ھوشىغا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ھوشىغا كېلىشىگە مەن ئىشەنمەيمەن. ئۇ ئالىمقاچان بىر ياغلىق قاپاققا ئايلىنىپ كەتتى، — دېدى كېرىم ئاخۇن ساۋىر ئاخۇنغا.

**ياغلىق ئۆرۈك** <بوت> ئۆرۈكنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسىنىڭ شەكلى يۇمىلاق، رەڭگى قىزغۇچ سېرىق، ئەتلىك، سۇ تەركىبى ئاز، تەمى تاتلىق، شىرنىلىك ۋە پارقىراق كېلىدۇ. 6 ـ ئاي ئەتراپىدا پىشىدۇ.

**ياغلىق ئۈچەي** <ئانات> قوينىڭ ئىستېمال قىلىنىدىغان چوڭ ئۈچەيى.

**ياغلىقچى** ئى. ديال. شورۋىچى، يۇمشاقباش، سولامچى.

**ياغلىققارا** ئى [ياغ + لىق + قارا] <بوت>كىرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 5 — 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى ۋە شاخلىرى قويۇق بولۇپ، ئۇششاق تۈكلەر بىلەن قاپلانغان. يوپۇرمىقى يولسىز. ئۇششاق گۈللەپ مېۋىلەيدۇ. چۆل ۋە ئېدىرلاردا، تاغ يېنى ۋە تاغ باغرىلىرىدا كۆپ ئۆسىدۇ، چارۋىلارنىڭ ياخشى يەم ـ خەشكى ھېسابلىنىدۇ.

**ياغلىقلىق** سۈپ ① ياغلىقى بار، ياغلىق ئارتقان: دەل شۇ چاغدا قىزىل ياغلىقلىق ئارزۇگۈل سۇنۇر بىلەن ئالمىشىپ تىراكتوردا سازلىقنىڭ يېڭى نەغمىسىنى يەنە ئۆز پەدىسىگە گۈركىرەتتى. ② ياغلىق تىكىش، توقۇش ئۈچۈن لايىق كېلىدىغان، شۇنىڭغا باب: ياغلىقلىق رەخت. ياغلىقلىق يىپ. * دىلبەر ياسىنغا ئاتاپ ياغلىق تىكىش ئۈچۈن ئاق تاۋاردىن بىر ياغلىقلىق كەستى.

**ياغلىقئوت** ئى [ياغ+ لىق+ ئوت] <بوت> تاشلاندۇق يەرلەردە، بەزى ئېتىزلاردا ئۆسىدىغان، يوپۇرمىقىنىڭ ئۈستى يالتىراق، ئاستى كۆل رەڭ بولغان ياۋا ئوت. بۇ ئوتنى قايناتىش ئارقىلىق سوپۇن ئىشلەشكە بولىدۇ.

**ياغلىما** سۈپ. چىرايلىق، سىلىق ئېيتىلغان، ئەمما چىن، سەمىمىي ئەمەس: ياغلىما گەپ. ياغلىما تىل. * چىن مۇھەببەت ياغلىما گەپلەرنى يامان ئالىدۇ.

**ياغلىماق** پ. ياغ سۈركىمەك، ياغ بەرمەك، ياغ قۇيماق: بۇ كىتابقا كېسەل ئادەمنى ياغلاش، دورا سۈركەش، مەلھەم چاپلاش، ھەمەلچە ئۇسۇللىرىمۇ يېزىلغان.

**ياغلىمچى** ئى. سىلىق، چىرايلىق ئېيتىلغان، ئەمما چىن، سەمىمىي بولمىغان گەپ ـ سۆزلەر بىلەن باشقىلارنى ئالدىغۇچى كىشى: — ئۇنداق ياغلىمچىنىڭ ئىسمىنى ئىككىنچى ئېغىزىڭغا ئالغۇچى بولما! — دېدى دادام خاپا بولۇپ ماڭا. // ئۇ گومىنداڭنىڭ ياغلىمچى ئاقساقاللىرىنى، كونا سىياسەتۋازلىرىنى ياخشى كۆرمەيتتى.

**ياغلىمچىلىق** ئى. سىلىق، چىرايلىق ئېيتىلغان، ئەمما چىن، سەمىمىي بولمىغان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىپ، باشقىلارنى ئالداش بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيىتى: «دوستلۇق ئۈچۈن!»، «سالامەتلىك ئۈچۈن!» دىن ئىبارەت دەبدەبىلىك ۋە تىل ياغلىمچىلىقلار

ئەخمەدنىڭ ئېغىزىدا پات ـ پات تەكرارلىنىپ تۇراتتى.

**ياغلىمىلىق** ئى. چىرايلىق، يېقىملىق سۆزلەر بىلەن باشقىلارنى ئالدايدىغان ئادەت، مىجەز: ئۇ نەگىلا بارمىسۇن تىل ياغلىمىلىق قىلىپ كۆن ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلىنىپ كەتكەنىكەن.

**ياغما** ئى <ئىرق> ئۇيغۇرلارنىڭ 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن بىر قەبىلىسى.

**ياغماق** پ ① ئۈست ـ ئۈستىلەپ چۈشمەك، تۆكۈلمەك، قۇيۇلماق: بەرىكەت ياغماق. قامچا ياغماق. قار ياغماق. * يامغۇر ياغدى ـــ ياغ ياغدى، قار ياغدى ـــ نان ياغدى (ماقال). ② ئىپادىلەنمەك، كۆرۈنمەك، بىلىنمەك، چىقماق، ئۆرلىمەك، جىلۋىلەنمەك: چىرايىدىن توپا يېغىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن مۇئەللىمى بىر ئېغىز گەپ قىلىپ بولغۇچە ئۇنىڭ قورسىقى نەچچە قېتىم كوركىراپ بولاتتى. ③ كۆچمە. ئارقا ـ ئارقىدىن، ئۈست ـ ئۈستىلەپ، توختىماي، ئۈزۈلمەي كەلمەك، كېلىپ تۇرماق: ئۆتكەن ھەپتە بىزنىڭ ئۆيگە مېھمان يېغىپ كەتتى.

**ياغى** ئى. تارس. دۈشمەن: ـــ سامانىيلار بىزگە ياغى تۇرسا، ئۇ ياقتىن بىزگە ياخشىلىق كېلەرمۇ؟ ـــ دېدى سۇتۇق بىر ئاز چۆچۈگەن ھالدا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

**ياغىلىق** ئى. تارس. دۈشمەنلىك: ـــ ئۇ بىزگە ياغىلىق قىلسا، بىزمۇ ئاڭا ياغى. ياغىغا باش ئېگىش ـــ گۇناھ، بەگ بىلگە، بۇنى بىلىشىڭىز كېرەك !ـــ دېدى باتۇر تاغا پەس، لېكىن كەسكىن ئاۋاز بىلەن.

**ياق** I ئىم. بولماسلىق، رەت قىلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ـــ ياق مۇئەللىم، بۇنداق قىلسىڭىز بىز خىجىل بولۇپ قالىمىز، ـــ دېدى سىدىق. * ـــ بىزلەرنى تونۇدىڭىزمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى ئۇلار. ـــ ياق، سىلەر كىم بولىسىلەر، ـــ دېدىم جاۋاب بېرىپ.

**ياق** II ئى ① تەرەپ، تامان: ئۇ ياق ـ بۇ ياق. * شۇ ئاندا ئەل ئىچىدىن ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرۈلدى، ئالدى ياقتىن يەنە بىر تۈركۈم لەشكەر چىقىپ كەلدى. * تۇرسۇننىڭ كۆزلىرى داۋۇتنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، دەررۇ سالاملاشتى، كېيىن باشقا ياققا بۇرۇلدى. ② كۆرسىتىش ئالماشلىرى بىلەن كېلىپ ئادەملەرنى سىپايە ئاتاپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ: ـــ بۇ ياق ئالىقانات يەن چىڭ دېگەن بولىدۇ، ـــ دېدى لىيۇ بېگىم.

**ياقا** I ① ئى. قىرغاق، بوي، لەپ، ساھىل: تۇمەن دەرياسىنىڭ ياقىلىرىدىكى سۇۋادان تېرەكلەر ئارىسىدىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن تولۇن ئاي گوياكى ئەۋلىيا ئاتىغا قاراپ كۈلگەندەك تۇراتتى. ② سۈپ. ئۆزى تۇرغان جايدىن يىراق، ئۆزگە، يات، چەت: ياقا يۇرت. * ياقا يۇرتقا چىقىپ كەتمەك. ③ ئى . كۆچمە. بىرەر خەۋپلىك، ھالاكەتلىك ۋەقە، ھادىسىنىڭ باشلىنىشىغا، سادىر بولۇشىغا ئاز قالغان ۋاقىت، پەيت، ھالەت: ـــ مۇختەر ئۆلدى، سادىقمۇ ئۆلۈم ياقىسىدا، ئەمدى سىز بىلەن ئىككىمىزلا قالدۇق، ـــ دېدى ئاتابېك ھامىدنىڭ قولىدىن تۇتۇپ.

**ياقا** II ئى < كىي >كۆڭلەك ۋە چاپان قاتارلىقلارنىڭ بويۇن ئورنى ئۈچۈن چىقىرىلغان قىسمى ۋە ئۇنىڭغا بىرىكتۈرۈپ تىكىلگەن رەخت: پوقاققا ياقا ياراشماس (ماقال). * ئاتىسى ئۆلگەننىڭ يەتتە يىل ياقىسى يىرتىق (ماقال). * ئىت ئېتەكتىن ئالار، خوتۇن ياقىدىن (ماقال).

**ياقا تۇتۇشماق** ← **ياقا سىقىشماق:** يا كېيىندىكىلەر قىرغاققا چىقالمايتتى، يا قىرغاقتىكىلەر كېمىگە چۈشەلمەيتتى. بىرلىرى كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىرىشاتتى، بىرلىرى ئۆز ئارا ياقا تۇتۇشاتتى.

**ياقا سىقىشماق** بىر ـ بىرىنى بوغۇشۇپ ئۇرۇشماق، مۇشتلاشماق: بۇندىن ئىلگىرى ئىناق ئۆتۈشىدىغان، قۇلاققا ئېغىز يېقىپ سۆزلىشىدىغان ئەر ـ خوتۇن كۆن بويى بىر ـ ئىككى قېتىم ياقا سىقىشىدىغان، ئۆينى بېشىغا كىيىپ تىللىشىدىغان بولۇپ قالدى.

**ياقا يىرتماق** باشقىلار ئۈچۈن جان كۆيدۈرمەك، ئاۋارە بولماق، جاپا چەكمەك: ئۇ بۇ كۈنلەردە كەمبەغەللەر ئۈچۈن ياقا يىرتىدىغان سوراقچى تېپىش ھەممىدىن تەس ئىكەنلىكىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى.

**ياقىسىدا گۈلەڭگۈچ ئۇچماق** ياقىسىغا ئېسىلماق، ياقىسىغا ئېسىلىپ جېدەل چىقارماق: خوتۇنى ئۇنىڭ ياقىسىدا گۈلەڭگۈچ ئۇچماقتا ئىدى. چىرايى توپىدەك تاتىرىپ كەتكەن ئابلىز قارىي نېمە دېيىشىنى بىلمەي دۇدۇقلايتتى.

**ياقىسىدىن ئالماق** ئۇرۇشقا تەييارلانماق، ئەدىپىنى بېرىشكە باشلىماق: خوتۇن ياقىدىن ئالار، ئىت ئېتەكتىن (ماقال).

**ياقىسىنى چىشلىمەك** بىرەر ئىشقا نىسبەتەن ھەيران قالماق، توۋا قىلماق؛ پۇشايمان قىلىپ قالماق: تۇغقانلار ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ھەيران قالغىنىدىن ياقىسىنى چىشلىشىپ، چۇۋۇلدىشىپ كېتىشتى.

**ياقا** III ئى. دىيال. ئىجارە (يەر ئىجارىسى).

**ياقاڭلىماق** پ. دىيال. ئىرغاڭلىماق، چايقالماق.

**ياقا ـ ياۋان** دىيال. چەت ـ ياقا.

**ياقتۇرماق** I «ياقماق I » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوت ياقتۇرماق. چىراغ ياقتۇرماق.

**ياقتۇرماق** II «ياقماق II » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ قىزنى بىرقانچە قېتىم كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قالغان قۇربان ئاخۇن سۇلايمانغا ئېلىپ بېرىمەن دەپ ئەلچى ئەۋەتتى.

**ياقتۇرماق** III «ياقماق III» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەتىسى پاتىمخانىغا سامسا ياقتۇرۇپ، ئۇن سامسىنى تاللاپ بېلىمگە تۇگۈپ، چۈش بىلەن تەڭ ناھىيە بازىرىغا باردىم.

**ياقتۇرۇشماق** «ياقتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باشقىلارمۇ بىرەر ھادىسىگە يولۇقۇپ قالارمىكىن دەپ، ئۇنىڭ بېرىشىنى ياقتۇرۇشمىدى.

**ياقلاتماق** «ياقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بۈگۈن بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئون نەپەر ئوقۇغۇچىغا دىسسېرتاتسىيە ياقلىتىپ بىر ئاز چارچاپ قالغانىدى.

**ياقلاشماق** «ياقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەلىرىنى ياقلاشماقچى بولۇشقاندا تۇيۇقسىز بىر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەردى.

**ياقلانماق** «ياقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئون بىر بىتىم خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن قانداق تېز ياقلانغان بولسا، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت تەرىپىدىن شۇنداق تېز يىرتىپ تاشلاندى.

**ياقلىغۇچى** ئى ① تەرىپىنى ئالغۇچى، قوۋۋەتلىگۈچى، ھىمايە قىلغۇچى كىشى؛ ئاقلىغۇچى: ئۇمۇ مېنى ياقلىغۇچىلارنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. ② مەخسۇس يىغىلىشتا مۇھاكىمىگە قويۇلغان تېمىدا ئىزدىنىپ مۇناسىپ دەرىجىدە ئۇنۋان ئالغۇچى: ۋاقىت توشقانلىقىنى ئىپادىلەپ قوڭغۇراق چېلىنىشى بىلەن تەڭ دىسسېرتاتسىيە ياقلىغۇچىلار زالغا يىغىلىشقا باشلىدى.

**ياقلىما** رەۋ. تەرەپتىن، جەھەتتىن، تاماندىن: ئىككى ياقلىما. ھەر ياقلىما. * بۈگۈنكى يىغىندا، بۇ خىزمەتنى ئىككى ياقلىما ئىشلەش قارار قىلىندى.

**ياقلىماق** پ ① تەرىپىنى ئالماق، قوۋۋەتلىمەك، قوللىماق،

ھىمايە قىلماق: بەزىلەر ئىلگىرى قۇلدارلارنى قانداق چىڭ تۇرۇپ ياقلىغان بولسا، ھازىرمۇ ئەڭ ئەشەددىي ئەزگۈچى زېمىندارلارنى، پۇلدار بايلارنى شۇنداق ياقلىماقتا. ② ئىلمىي ئىشتا بىرەر تېما ياكى كۆزقاراشنى تولۇق دەلىللەپ، شەرھلەپ چىقماق، ئۇنىڭ شۇنداقلىقىنى ئىسپاتلىماق: دىسسېرتاتسىيە ياقلىماق. ③ تەرەپكە بۆلۈنمەك: — ئۇنداق گۇمانلىق ئادەمنىڭ زادى ئىزىنى يوقاتماسلىق كېرەك، تېز بارغىن، ھەلەكنى تېپىپ ئىككى ياقلاپ ئىزدەڭلەر، — دېدى تىلەك جۇمەگە.

**ياقلىملىق** سۈپ. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ «خىل تەرەپ-لىك» دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ: بىر ياقلىملىق. * ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قانداقتۇر بىر خىل قورقۇنچلۇق ئىككى ياقلىملىق خاھىشى باردەك سېزىلەتتى.

**ياقما** سۈپ. ياقىدىغان، يېقىپ پىشۇرۇلىدىغان: ياقما كاۋاپ.

**ياقماق** I پ ① تۇتاشتۇرماق: تونۇرغا ئوت ياقماق. كۈجە ياقماق. * مالنى تاپقان باقسۇن، ئوتۇننى چاپقان ياقسۇن (ماقال). ② نۇر، يالقۇن، يورۇقلۇق ھاسىل قىلماق، يورۇتماق، ياندۇرماق: گۈلخان ياقماق. چىراغ ياقماق. شام ياقماق.

**ياقماق** II پ ① دىلغا، خاھىشىغا ماس، مۇناسىپ، باب، خوپ كەلمەك، ماقۇل كۆرمەك، يارىماق؛ مىجەزىگە خىل كەلمەك، توغرا كەلمەك: ئەلگە ياققان خار بولماس (ماقال). * بەرگەن ئالغانغا يېقىپتۇ، بەرمىگەن دەرىيادا ئېقىپتۇ (ماقال). * قولۇمدىن كەلگىنى كۆڭلۈمگە ياقماس، كۆڭلۈمگە ياققىنى قولۇمدىن كەلمەس (ماقال). ② پايدا قىلماق، خىل كەلمەك: بۇ دورا ماڭا ياقتى.

**ياقماق** III پ ① بىر نەرسىنى ئىككىنچى بىر نەرسىگە يېقىن ئەكېلىپ تەگكۈزمەك، چاپلىماق: كۇندۇزى گەپ قىلساڭ، ئەتراپىڭغا باق، كېچىسى گەپ قىلساڭ، قۇلاقنى قۇلاققا ياق (ماقال). ② بىر نەرسىنى ئىككىنچى بىر نەرسىنىڭ يۈزىگە چاپلاپ تۇرغۇزماق: نان ياقماق. * ناننى تونۇرغا ياق، ئاتنى ئوقۇردا باق (ماقال). ③ سۈركەپ، چېپىپ مەلۇم ئىز قالدۇرماق، پەيدا قىلماق: قوللىرىڭغا خېنە يېقىپسەن قىرمىزى، لالە ئىرۇرسەن موللا ھاپىزنىڭ قىزى.

**ياقۇت** I ئى [ئە] <گېئول> ① بىر خىل مىنېرال. خىمىيەلىك تەركىبى $Al_2O_3$. بەزىدە تەركىبىدە ئاز مىقداردا تۆمۈر، تىتان ياكى خىروم قاتارلىقلار بولىدۇ. ئۈچ ياقلىق كىرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. كىرىستالى كۆپىنچە بەل دۇمبىقىغا ئوخشايدۇ، قۇراشمىسى دانىچە، زىچ كاللەك ھالەتتە بولىدۇ، رەڭگى ئادەتتە كۆكۈچ كۆل رەڭ ياكى سارغۇچ كۈل رەڭ، سۈزۈك ھەم تەركىبىدە ئاز مىقداردا خىروم بولغان قىزىل رەڭلىكلىرى قىزىل ياقۇت، سۈزۈك ھەم تەركىبىدە تىتان بولغان كۆك رەڭلىكلىرى كۆك ياقۇت دېيىلىدۇ. تەركىبىدە تۆمۈر بولغانلىرى قوڭۇر؛ مانگان بولغانلىرى ئەتىرگۈل رەڭگىدە بولىدۇ. ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە، قاتتىقلىقى 9؛ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 3.95 ـــ 4.10. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ياقۇت** II ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ياقۇتىستان جۇمھۇرىيە-تىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**ياقۇتچە** ① سۈپ. ياقۇت خەلقىگە، ئۇلارنىڭ تىلى، يېزىقى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: ياقۇتچە ئادەت. ياقۇتچە ئۇسسۇل. ② ئى. ياقۇت تىلى ۋە يېزىقى: ئۇ ياقۇتچىنى ياخشى بىلىدۇ. ③ رەۋ. ياقۇت تىلىنى ئىشلىتىپ، ياقۇت تىلىدا: ئۇلار ياقۇتچە سۆزلىشىپ كەتتى.

**ياقۇتسىز** سۈپ. ياقۇتى يوق، ياقۇت ئورنىتىلمىغان: ئۇنىڭ سول قولىنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىدا كونا نۇسخىدىكى كىرلىشىپ كەتكەن، ياقۇتسىز بىر ئۈزۈك سېلىقلىق تۇراتتى.

**ياقۇتلۇق** سۈپ. ياقۇتى بار، ياقۇت ئورنىتىلغان: نۇسرەت تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن ئۈزۈكنى ئېلىپ بارمىقىغا سالدى ـ دە، كېيىن ئۆزىنىڭ ئاق ياقۇتلۇق ئۈزۈكىنى چىقاردى.

**ياقىسىز** سۈپ. ياقىسى يوق، ياقا ئورنىتىلمىغان: ياقىسىز كۆڭلەك. ياقىسىز يەكتەك. * ئۇ ئۈچىسىغا ياقىسىز ئۆزبېكچە تون كىيىپ، بېلىنى رەڭلىك پوتا بىلەن باغلىۋالغانىدى.

**ياقىلاتماق** «ياقىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئازادە، يورۇق بۆلۈمنىڭ تام ياقىلىتىپ قويۇلغان سافالىرىدا بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشكە قاتناشقان بارلىق خادىملار ۋە ئىدارە باشلىقلىرى ئولتۇراتتى.

**ياقىلاشماق** I «ياقىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: رازۋېدكىچىلار تام ياقىلىشىپ ئاستا ئۆمىلەشكە باشلىدى.

**ياقىلاشماق** II پ. ياقا بوغۇشۇپ ئۇرۇشماق، مۇشتلاشماق، ياقا تۇتۇشماق، ياقا سىقىشماق: ئۇ ئېرى بىلەن ياقىلىشىپ قالسا، ئېرىنىڭ يۈزسىزلىك قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىدى.

**ياقىلانماق** «ياقىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەربىي يۈرۈش قىلىش جەريانىدا ئالتە ـ يەتتە دەريا ياقىلاندى.

**ياقىلىق** سۈپ ① ياقىسى بار، ياقا ئورنىتىلغان: ئەغزەمنىڭ بويى ئىلگىرىكىدىن يەنىمۇ ئۆسكەن بولۇپ، ئۈچىسىغا يالاڭ چاپان، ئىچىدە ئۆرە ياقىلىق ئاقۇچ كۆڭلەك بار ئىدى. ② ياقا تىكىش ئۈچۈن لايىق كېلىدىغان، باب كېلىدىغان، ياقا تىكسە بولىدىغان: ئوغلۇمنىڭ يۇقىرىقى كالپۇكىنىڭ ئۈستىدە خۇددى كىچىكرەك بىر ياقىلىقنى بېكىتىپ قويغاندەك قويۇق قاپقارا بۇرۇت بار ئىدى.

**ياقىلىماق** پ. تام، يول، دەريا، ئۆستەڭ قاتارلىقلارنى بويلاپ ماڭماق، يۈرمەك: سۇ ياقىلىماق. دەريا ياقىلىماق. * تام ياقىلىساڭ تام باسار (ماقال). * ئاسمە پەرھاتقا قاراپمۇ قويماي تام ياقىلاپ كېتىپ قالدى.

**ياقىماق** پ. دىيال. چايقىماق، يۇماق.

**ياكسا** سۈپ [سانس] <دىن> ئادەم يەيدىغان، ئادەمخور.

**ياكور** ئى [ر] <فىز> ئېلېكتىر ماشىنىسىدىكى ئېنېر-گىيە ئالماشتۇرىدىغان ئورۇن، يەنى ئېلېكتىر ماشىنىسىنىڭ مۇھىم بۆلەكلىرىدىن بىرى. ئۇ ئورام گۇرۇپپىسى بىلەن كىرېمنىيلىق پولات پىلاستىنكىلارنى قاتلاشتىن ياسالغان تۆمۈر ئۆزەكتىن تۈزۈلىدۇ.

**ياكى** باغل. سۆز، سۆز بىرىكمىلىرىنى ۋە جۈملىلەرنى بىر ـ بىرى بىلەن باغلايدىغان تاللاش باغلىغۇچىسى: شەھەر ئەتراپى-دىكى دېھقانلار ئۇلاغقا مىنىپ ياكى رېزىنكە چاقلىق ئېشەك ھارۋىلىرىدا ئولتۇرۇپ ئايىغى ئۈزۈلمەي شەھەرگە قاراپ كېتىۋاتاتتى.

**ياڭاق** I ئى <بوت> ① ياڭاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى ئېللىپس شەكلىدە، ئۇچكىلىك مېۋى-سى شار شەكلىدە بولىدۇ. سىرتقى مېۋە شۆپۈكى سىلىق،

ئىچكى مېۋە شۆپۈكى قاتتىق ۋە بۇدۇر - بۇدۇر بولىدۇ. ياغىچى مەزمۇت بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھەر خىل ئۆي جاھازلىرى ياسىلىدۇ. مېۋىسىنىڭ مېغىزى ئىستېمال قىلىنىدۇ. ياغمۇ تارتىلىدۇ، دورا قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ياڭاق** II ئى ① <ئانات> قۇلاقنىڭ ئالدىدىكى چاچ ئۆسكەن جاي. ② <مۇز> قوۋۇزنى چالغاندا چىشلەپ تۇرىدىغان ئىككى يان بۆلىكى. قوۋۇزدا بىر جۈپ بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا تىل بولىدۇ.

**ياڭاقچى** ئى. ياڭاق تىكىپ ئۆستۈرۈش، يېتىشتۈرۈش، پەرۋىش قىلىش ياكى ئۇنى ئېلىپ - سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى: سەمەت دېگەن بىر ياڭاقچى ئادەم ئۆتكەن بولۇپ، بۇ ئەتراپتا ئۇنى تونۇمايدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى.

**ياڭاقچىلىق** ئى. مەخسۇس ياڭاق تىكىپ ئۆستۈرۈش ھەم ئۇنىڭدىن مەھسۇلات ئېلىش ئىشى، كەسپى: خوتەن ناھىيەسى ئەلا سورتلۇق ياڭاقچىلىق بازىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى.

**ياڭاقلىق** ① سۈپ. ياڭاق دەرىخى بار، ياڭاق دەرىخى كۆپ تىكىپ ئۆستۈرۈلگەن، ياڭاق تىكىلگەن: ياڭاقلىق باغ. ② ئى. ياڭاق كۆپ تىكىلگەن يەر، ياڭاق كۆپ ئۆستۈرۈلگەن، ياڭاق ئاساس قىلىنغان باغ: گاھىدا بۇغدايلىق، گاھىدا ياڭاقلىق كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولاتتى.

**ياڭپايلى** ئى. دىيال. يانتۇلۇق، يانتۇ يەر.

**ياڭتاۋ** ئى [خەن] <بوت> ① ئاچچىقئوت ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى پەيسىمان مورەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى تۇخۇم شەكلىدە. گۈل تاجى ياپراقچىسى ئاق ياكى سۇس سۆسۈن. گۈل كاسىسى قىزغۇچ سۆسۈن، شىرنىلىك مېۋىسى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، يېشىل ياكى سېرىق رەڭدە بولىدۇ، بەش تال قىرى بار، يېيىشكە بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ياڭراتقۇ** ئى <فىز> ئاۋازنى چوڭايتىش ۋە ئاۋاز ئۈنۈمىنى ياخشىلاپ بېرىدىغان ئېلېكترونلۇق قۇرۇلما: ئۈنئالغۇنىڭ ياڭراتقۇسى.

**ياڭراتماق** «ياڭرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئالقىش ياڭراتماق. ناخشا ياڭراتماق. * سازەندىلەر داپ، راۋاب، ساتار ۋە سايپىدلىرىنى ياڭرىتىپ، مەشرەپنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈشمەكتە ئىدى.

**ياڭراشماق** «ياڭرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇ چاغ يالغۇز ناخشىلا ئەمەس، ئوركېستىرمۇ تىنماس ياڭرىشىپ، شۇ چاغ بۇ جاي ئاۋات ۋەتەندە، بىر چىمەندەك تۇرار يارىشىپ.

**ياڭراق** سۈپ. جاراڭلاپ تۇرىدىغان؛ جاراڭلىق، ئۈنلۈك: ياڭراق سادا. ياڭراق ئاۋاز. * ئۇنىڭ ناخشا ئېيتقان چاغدىكى ياڭراق ئاۋازى ھېلىھەم قۇلاق تۈۋىمدىن نېرى كەتمەيتتى.

**ياڭراقلىق** ① ياڭراق ۋە جاراڭلىق بولۇش، جاراڭلىقلىق. ② <فىز> ئاۋازنىڭ كىشىلەرگە سېزىلىدىغان كۈچلۈك - ئاجىزلىق دەرىجىسى. ئۇ تەۋرىنىش ئامپلىتۇدىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، چاستوتىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ۋە دولقۇن شەكلىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ياڭراقلىق، تېمبىر ۋە ئاھاڭ مۇزىكىلىق ئاۋازنىڭ ئۈچ ئالاھىدىلىك پارامېتىرىدۇر.

**ياڭرىماق** پ. ئۈنلۈك، جاراڭلىق چىقماق، جاراڭلىق ئاڭلانماق، جاراڭلىماق: مېنىڭ ئىككىنچى ئوقۇم بىلەن تەڭ ئارقا تەرەپتىن ئوق ئاۋازلىرى ياڭراپ كەتتى.

**ياڭزا** ئى [خەن] بىرەر نەرسىنىڭ مەلۇم شەكىلدىكى تۈرى؛ پاسون، شەكىل: ئىككىمىز خۇددى قوي قوزىسىدىن، لەڭمەن قورۇمىسىدىن، چىغرىق پوزىسىدىن، بۇلبۇل باغدىن، كېپىنەك تاغدىن، چىراغ ياغدىن، بەڭگە غاڭزىسىدىن، خېنىم ياڭزىسىدىن ئايرىلغاندەك ئايرىلىپ كەتتۇق.

**ياڭزا - ياڭزا** خىلمۇخىل، ھەر خىل: بۇ چاغلاردا ئۇنىڭ ئەتىۋارلىق ھېلىقى ياڭزا - ياڭزا ئاتلىرى ئۆچۈپ، ئەمدىكى نامى «نۇسرەت نۆل» بولغانىدى. نۇسرەت، مانا شۇنداق نۆلدەك تۈگۈلۈپ ياتاتتى.

**ياڭزىمۇياڭزا** سۈپ. ھەر خىل، ھەرياڭزا، خىلمۇخىل، تۈرلۈك، تۈمەن: يازنىڭ بۇنداق ھاۋا ئوچۇق، تەبىئەت گۈزەللىك ھۆسنىگە تولغان يەكشەنبىلىرىدە قىزلار ياڭزىمۇياڭزا كىيىملىرىنى كىيىشىپ، كىچىك سومكىلىرىنى بىلىكىگە ئېسىشىپ كوچا ئايلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

**ياڭسۇڭ** سۈپ. دىيال. چىدىماس، نامەرد؛ ھاكاۋۇر، پوچى، ياسانچۇق.

**ياڭشىماق** پ. دىيال. كۆپ سۆزلىمەك، مەمەدانلىق قىلماق؛ سايراپ كەتمەك.

**ياڭيۇ** ئى [خەن] <بوت> ① چەيزە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق. كىچىك يوپۇرمىقى ساپاقلىق، يۇمىلاق ۋە تۇخۇمسىمان، گۈلى ئاق ياكى كۆكۈچ سۆسۈن. يەر ئاستى تۈگۈنەك غولى سېمىز ۋە يوغان، يېيىشكە بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ تۈگۈنەك غولى. ئادەتتە كۆكتات قىلىنىدۇ.

**ياڭيۇگۈل** ئى [ياڭيۇ + گۈل] <بوت> ① مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇدۇل ئۆسۈپ، پەيسىمان يېرىلىدۇ. تۈگۈنەك يىلتىزى بولىدۇ. گۈلىنىڭ رەڭگى خىلمۇخىل بولۇپ، مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**يال** ئى. ئاتنىڭ بويۇن قىلى: ھەسەن - ھۈسەندەك يىراق سوزۇلغان، ھەممە يوللارنىڭ تۈگۈنى بۇ يەر، كىشنەپ مەنزىلگە تەلپۈنۈپ تۇرغان، بوز يال تۇلپارنىڭ يۈگىنى بۇ يەر.

**يالا** ئى. باشقىلارنى قارىلاش، ئەيىبلەش مەقسىتىدە ئويلاپ چىقىرىلغان ئاساسسىز گەپ - سۆز، تۆھمەت، بەتنام، بوھتان، قارا: قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى (ماقال).

**يالاتماق** ① «يالىماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بالىسىغا تەخسىدىكى قالدۇق ھالۋىنى يالاتتى. ② <خىم> ئېلېكترون ياكى باشقا خىمىيەلىك ئۆسۈللار بىلەن بىر خىل مېتالنى يەنە بىر خىل مېتال ياكى باشقا بۇيۇملار يۈزىگە نېپىز بىر قەۋەت قىلىپ يۇقتۇرماق. مەسىلەن، ئالتۇن يالىتىش، كۈمۈش يالىتىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**يالاشماق** I «يالىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۆلتۈر ئۇلار يىللىق يېمەك - ئىچمەك، يەم - خەشەكلىرىنى غەملەپ،

هەربىر ئائىلە يەنە نەق ئىككى مىڭ تەڭگە ئارقىسىغا سىلىڭالدى. بىز كالپۇكلىرىمىزنى يالىشىپ قالدۇق.

**يالاشماق** II «يالىماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاتالمىش يۇرت كاتتىلىرى ئامبالنى يالىشىپ يامۇلغا كىرىپ كېتىشتى.

**يالاق** ئى. ئىت، مۈشۈك قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ئوزۇقلىنىدىغان قاچىسى: يالاقچى يالاق بىلەن ماڭىدۇ، تېجىمەل تاياق بىلەن ماڭىدۇ (ماقال).

**يالقىنى يالىماق** قۇللارچە خۇشامەت قىلماق: ئارتۇق گېپىڭنى قوي، بېرىپ ئۇجمەڭنى تېرىپ يە، يالقىڭنى يالاپ يۈرۈۋەر!

**يالاقچى** ئى. باشقىلارغا خۇشامەت، تەخسىكەشلىك بىلەن خىزمەت قىلىپ، ئۇلاردىن نەپ ئالىدىغان كىشى: ئون خوجايىندىن بىر يالاقچى يامان (ماقال). توخۇ تۇرنا، بۆرە قاراقچى، تۈلكە ماراقچى، سېغىزغان يالاقچى نامىنى ئالغان ئول زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن.

**يالاقچىلىق** ئى. باشقىلارغا خۇشامەت، تەخسىكەشلىك قىلىش؛ خۇشامەتچىلىك، خۇشامەتگۈيلۈق: يالاقچىلىق قىلماق. * قازىنىڭ يالاقچىلىقى ئۇنىڭ مۇغەمبەرلىك بىلەن پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

**يالاڭ** I ① رەۋ. دائىم، ھەمىشە، ھەممە ۋاقىت، نوقۇل: — سىزنىڭ ئالدىڭىزغا يالاڭ ئاشۇنداق ئادەملەر كېلىدىغان بولغاچقا، ئادەتلىنىپ قالغان گەپ ـ تە، — دېدى ئۇ مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ. ② يۈك. «پەقەت، ساپ، ئىچ، يالغۇز» قاتارلىق مەنىلەردە چەكلىنىشنى بىلدۈرىدۇ: مۇز داۋاندا قار ياغدى، تۇزلەڭدە يالاڭ يامغۇر. دەردمەنلەرگە كۈن بەرمەس، دۇۋاڭ چېرىكى قانخور.

**يالاڭ** II سۈپ ① ئەستەرلەنمىگەن ياكى ئەستىرىگە پاختا ئېلىنمىغان، نېپىز، بىر قات: يالاڭ پەشمەت. يالاڭ كىيىم. ② قىنىدىن چىقىرىلغان ياكى غىلاپسىز، قىنسىز؛ يالىڭاچ (قىلىچ، پىچاق ھەققىدە): خان ئوغۇل بىلەن سۇباشى توغرۇل بەگ ئۈچ ـ تۆت غۇلاچچە نېرىدا توختاپ، يالاڭ قىلىچىنىڭ پايىنىكىنى پېشانىلىرىگە قويۇپ ئۆزەڭگىدە تىك تۇرۇپ تەڭ ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى. ③ تاق، يالغۇز: يالاڭ پەش. يالاڭ تىرناق.

**يالاڭ ئاياغ** ① ھېچ نەرسە كىيمىگەن، ئايىغى يوق، ئاياغسىز: يالاڭ ئاياغ ماڭماق. يالاڭ ئاياغ يۈرمەك. * يالاڭ ئاياغ سۇدىن قورقماس (ماقال). ② كۆچمە. موھتاجلىقتا ياشايدىغان، باي ئەمەس، نامرات، كەمبەغەل؛ يالاڭ تۆش: — سەن يالاڭ ئاياغلارغا گۈل تېرىشنى كىم قويۇپتۇ؟! يوقات بۇ بىرنېمەڭنى! — دېدى باي.

**يالاڭ تورنىك** <تەن> ① گىمناستىكا ئەسۋابى. تىرىگۈچى ئىككى تۈۋرۈك ئۈستىگە بىر تال تۆمۈر بالداقنى ئورنىتىش ئارقىلىق ياسالغان. ② گىمناستىكا مۇسابىقە تۈرى. بۇنىڭدا تەنھەرىكەتچىلەر يالاڭ تورنىك ئۈستىدە ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى ئورۇندايدۇ.

**يالاڭ تۆش** ئارانلا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان؛ كەمبەغەل، نامرات، يوقسۇل: مەن مۇزەپپەر بەگنىڭ پادىسىنى بېقىپ يۈرگەندە، يالاڭ تۆش يېتىم، يالاڭ ئاياغ يىگىتنىڭ خان ـ پادىشاھ بولۇپ، ئادىللىق بىلەن يۇرت سوراپ، يۇرتنى گۈللەندۈرگەنلىكى توغرىسىدا سانسىز چۆچەكلەرنى ئاڭلىغانىدىم.

**يالاڭ تىرناق** <تىل> جۈملىدە قوش تىرناق ئىچىدە كەلگەن كۆچۈرمە تەركىبلەر ئېلىنىدىغان، كۆچۈرمە تەركىبلەرنىڭ قاتلام مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان، قوش تىرناققا نىسبەتەن رولى كىچىك بولغان تىنىش بەلگىسى (< >).

**يالاڭباش** سۈپ [يالاڭ + باش] بېشىغا بىرەر نەرسە كىيمىگەن، ئارتمىغان، باش كىيمىسىز: يالاڭباش، بۇغداي ئۆڭلۈك، قارا كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇرغان ئون سەككىز ياشلاردىكى ئوقۇغۇچى ئالدىدىكى شىرەنى ئىككى قولىدا چىڭ باسقان ھالدا قىزغىنلىق بىلەن سۆزلىمەكتە ئىدى.

**يالاڭباشتاق** سۈپ [يالاڭ + باش + تاق] ← **يالاڭباش:** دادىسىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كېتىپ بارغان يالاڭ ئاياغ، يالاڭباشتاق بالىغا زوقلانغان غىياسىدىن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ قالدى.

**يالاڭغىداق** سۈپ. دىيال. ھېچ نەرسە كىيمىگەن، ئايىغى يوق، ئاياغسىز.

**يالاڭقات** سۈپ [يالاڭ + قات] ئەستەرسىز، نېپىز: — ئەستەرلىك چاپانىڭ ئورنىغا يالاڭقات چاپاننى بەرسىڭىز، سىز پايدا ئالغان بولماسسىز؟ — دېدىم داۋۇتقا.

**يالاڭلىق** ئى. ئىشلىتىلمىگەن بوش يەر: يولنىڭ يار تەرىپىدىكى، يامغۇر يالاپ ئېچىلغان چوڭ بىر يالاڭلىقتا، تاملىرى ئۆرۈلۈپ چۇشۇشكە باشلىغان كونا بىر مەسچىت بار ئىدى.

**يالاڭلىماق** پ. قىنىدىن، غىلىپىدىن سۇغۇرماق: — ئىككىيلەڭنى سويىمەن ! — دەيتتى ئۇ پىچىقىنى يالاڭلاپ، بىردەم خالىققا، بىردەم رىزۋانگۈلگە يولۋاستەك ئېتىلىپ.

**يالاماق** پ. دىيال. بويلىماق.

**يالاندى** ئى. سوپۇنىنىڭ ئىشلىتىلىپ ئېشىپ قالغان قىسمى؛ نەرسىلەرنىڭ يالىنىپ قېپقالغان قالدۇقى: سەمەتنىڭ كۇچا كۆرپىسىدىن تىكىلگەن كونىراق قۇلاقچىسى بولسا ئوتتۇرىسى چاچىسىز، يالاندىدەك پارقىراپ تۇرىدىغان بېشىنى سوغۇقتىن ساقلايتتى.

**يالانماق** I «يالىماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يالانماق** II «يالىماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يان ـ ياندا يايىسى قاسىم سىلىڭىنىڭ، تۇتقۇنلار يالىنىپ كەلدۇق رەستىگە. نائىلاج قىستىشىپ ماڭدۇق باش ئېگىپ، كۆز سېلىپ ئاسفالت يولنىڭ تەكتىگە.

**ياله** ئى. دىيال. يامغۇر، سەل.

**يالپا** سۈپ. دىيال. ياپىلاق، كەڭ.

**يالپاق** سۈپ. ياپىلاق ۋە ياپىلاققا يېقىن، يېيىسى: يالپاق بۇرۇن. يالپاق يۈز. * ئۇلار بۆلۈمگە كىرگەندە ساقچى كىيىملىك يالپاق يۈز بىرەيلەن پۇقراچە كىيىنگەن ئەپەندى چىراي ئاق سېرىق بىر كىشى بىلەن نېمىلەر ھەققىدىدۇر سۆزلىشىۋاتاتتى.

**يالپاقلاتماق** «يالپاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئاياللارغا سەۋزىنى يالپاقلىتىپ تەييار قىلىپ قويغانىدى.

**يالپاقلاشماق** «يالپاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار سەۋزىنى بىردەمدە يالپاقلىشىپ بولدى.

**يالپاقلانماق** «يالپاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چامغۇر يالپاقلىنىپ توغرالغاندىن كېيىن قازانغا تاشلاندى.

**يالپاقلىماق** پ. ياپىلاق، يېيىسى ھالغا كەلتۈرمەك: ئۇ چامغۇرنى يالپاقلاپ بولغاندىن كېيىن پەمدۇر توغراشقا باشلىدى.

**يالپۇز** ئى <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تۆت قىرلىق، يوپۇرمىقى ئۇدۇل ئۆسىدۇ. گۈلى سۇس سۆسۈن. غول ۋە

يوپۇرماقلىرىدا ئېغىزدىن شامال چىقىرىدىغان خۇشبۇي تەم بولىدۇ، پۇراقلىق، دورا قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاجرىتىپ ئېلىنغان ئاروماتىك بىرىكمىنى كەمپۇت ۋە ئىچىملىكلەرگە قوشۇشقا بولىدۇ.

**يالپۇزلۇق** ① سۈپ. يالپۇز بار، يالپۇز ئۆسكەن: قېنى يامغۇردا يۇيۇلغان باغلار، ھېيۋەتلىك شەھەرنىڭ ئاۋات بازىرى؟ يالپۇزلۇق ئۆستەڭ ۋە مەر ـ مەر كۆل ئورنى، بولۇپتۇ گويا بىر سەھرا مازىرى. ② ئى. يالپۇز ئۆسكەن يەر: بىز ئەمدىلا يالپۇزلۇققا كەلگەندە، كىمدۇر بىرىنىڭ قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

**يالت** تەق. ئومۇمەن كۆز نۇرى ۋە باشقا نۇرلارنىڭ بىرەر نەرسە ئۈستىدە دەرھال پەيدا بولۇش ياكى يوقىلىش ۋە ياكى تېزلا باشقا ياققا كۆچۈش ھالىتى: مەن رەيھاننىڭ قاپقارا كۆزلىرىدە ئۆز ئېتىقادىغا گۇمانسىز ئىشىنىدىغان كىشىلەردىلا بولىدىغان بىر خىل ئۇچقۇننىڭ يالت قىلىپ چاقنىغانلىقىنى كۆردۈم.

**يالتايتماق** «يالتايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پاشاخان ئەزىزنى ساددا، گول، ياۋاش كۆردى، كۆڭلىدە شوخ ئەمەسكەن، دەپ ياراتمىدى. ھەتتا رەھىمەنى ئۇنىڭدىن يالتايتماقچىمۇ بولدى.

**يالتايغاق** سۈپ. بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتتىن ئاسان يالتىيىۋالىدىغان، يېنىۋالىدىغان؛ تولا يالتىيىپلا يۈرىدىغان: يالتايغاق ئادەم. * ـــ قانداق دېگەن يالتايغاق نېمىسەن؟ بىردەم ماقۇل دەيسەن، بىردەم يالتىيىسەن؟ ـــ دېدى سادىر رەنجىپ.

**يالتايماق** پ. بىرەر سەۋەب تۈپەيلى قىلماقچى بولغان گەپ ـ سۆز ياكى ئىش ـ ھەرىكەتتىن ۋاز كەچمەك؛ ئەسلىي ھالدىن ئۆزگىرىپ قالماق، يېنىۋالماق: مەن نامەت توغرۇلۇق ئويلاشتىن تېزلا يالتايدىم ـ دە، ئۇنىڭ يېنىدا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئۇخلاۋاتقان قۇرماش ئىسىملىك قازاق يىگىتكە قارىدىم.

**يالتتىدە** رەۋ. «يالت» قىلغان ھالدا، «يالت» قىلىپ؛ تېزلىك بىلەن، بىردىنلا: مەن قىزنىڭ ئاجايىپ كېلىشكەن ھۆسنىگە يالتتىدە قارىغىنىمدا، يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ قالدى.

**يالتىراتماق** ① «يالتىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پېشايۋانغا دېرىزىلەردىن چۈشكەن يورۇق نۇر قار دۆۋىلىرىنى يالتىرىتىپ تۇراتتى. ② <ماشىن> دېتال يۈزىگە ئىش قوشۇپ، يۇقىرى دەرىجىدە پارقىراتماق. ئادەتتە رەخت ياكى پولات سىمدىن ئىشلەنگەن يالتىرىتىش چاقى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئېلېكترولىزلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئېلىپ بارسىمۇ بولىدۇ.

**يالتىراشماق** «يالتىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەن كۆرگەن يېزىلاردا، ئوتلاقلاردا، ئادەملەر ياشاش ئۈچۈن ئالدىراشقان، سائادەت تاپقان تاغلار يۇلتۇز كەبى قۇياش ـــ قار نۇرلىرىدا يالتىراشقان.

**يالتىراق** ① سۈپ. يالتىراپ تۇرىدىغان، يالتىراش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، يالتىرايدىغان، پارقىرايدىغان، پارقىراق: يالتىراق شەبنەم. * ئۇنىڭ سەدەپتەك ئاپئاق ئۇششاق چىشلىرى ھال رەڭ لەۋلىرى ئارىسىدا يالتىرىغاندا گوياكى ئانار دانلىرى ئورنىغا سەدەپتەك يالتىراق ئۈنچىلەر پاتۇرۇپ قويۇلغاندەك تۇيۇلىدۇ. ② ئى. جوزا، ئۈستەللەرنىڭ ئۈستىگە سېلىش ئۈچۈن سولياۋدىن ئىشلەنگەن، يۈزى يالتىراپ تۇرىدىغان بىر خىل بۆيۈم. سولياۋ داستىخان.

**يالتىرغاق** سۈپ. يالتىراش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە؛ پارقىراق.

**يالتىرىماق** پ. پارقىرىماق، چاقنىماق: ياسىنىنىڭ سۆزى ئايىغلىششى بىلەن تەڭ، ئەڭگۈشتەردىن ۋال ـ ۋۇل قىلىپ بىر نۇر چاقناپتۇ ـ دە، پۈتۈن ئەتراپ نۇر بىلەن يورۇغاندەك يالتىراپ كېتىپتۇ.

**يالتىيىشماق** «يالتايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇ كۈنى مېنىڭ بارمىغانلىقىمنى بىلگەندىن كېيىن ئۇلارمۇ يالتىيىشىپتۇ.

**يالت ـ يۇلت** ① «يالت» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ھالەتلەر. ② ناھايىتى تېز، تېزلىك بىلەن: ماھىرە جىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ھېلىقى كۈنى كېچىدىكى ئىشلار گويا چاقماقتەك «يالت ـ يۇلت» قىلىپ ئۆتتى.

**يالجا** ئى. دىيال. نەتىجە، ئاقىۋەت.

**يالجىتماق** «يالجىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ـــ نېمە بولسىمۇ قۇتقۇزدۇڭ، بەگ بىزنى يالجىتمىدى، ئەمدى ئۇلارنى قويدۇرۇۋەت، ـــ دېيىشتى جامائەت ياسىن خوجىغا تەلمۈرۈشۈپ.

**يالجىشماق** «يالجىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ سودىگەرلەر ئەينى ۋاقىتتا سودىلىرىغا بىلىپ تۇرۇپ ھارام ئارىلاشتۇرۇۋېلىشقانلىقتىن، سودىدا ھازىرغىچە يالجىشمىغانىدى.

**يالجىماق** I پ ① بەرىكەت تاپماق، ئىلگىرى كەلمەك، روناق تاپماق، تەرەققىي قىلماق: يالغانچى يالجىماس، ئوغرى بېيىماس (ماقال). * ئالدىرىغان قىز ئەردە يالجىماپتۇ (ماقال). * يالجىمىساڭ يەر يۆتكە (ماقال). ② مىقدارى، ھەجمى كۆپەيمەك، ئۇلغايماق، زورايماق، ئاشماق، ئۆرلىمەك (ئوت ھەققىدە): ئوتۇڭ يالجىپ كۆيدۈرىدۇ يۈرەكنى، كۆيگەن يۈرەك بىر تۈتمىدى بىلەكنى. رەھىم قىلسا خۇدا مەندەك غېرىبقا، يېقىن قىلار يىراقتىكى تىلەكنى.

**يالجىماق** II پ. دىيال. زېرىكمەك.

**يالدىماق** پ. ئاتنىڭ يالىنى قىرقىماق.

**يالغان** سۈپ. ھەقىقەتكە زىت، ناتوغرا؛ راست ئەمەس، ئويدۇرما، ساختا، ياسالما: يالغان گەپ. يالغان جاۋاب. * كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭمۇ؟ قۇلاق ئاڭلىغان يالغان (ماقال). * يالغان راست بولماس، راست يالغان بولماس (ماقال).

**يالغانچى** ئى. يالغان گەپ قىلىدىغان، يالغان ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم، ئالدامچى: يالغانچىنىڭ راست سۆزىمۇ يالغان (ماقال).

**يالغانچىلىق** ئى. يالغان سۆزلەش ئىشى، ھەرىكىتى: يالغانچىلىق قىلماق. * شۇنداق قىلىپ پادىچى بالا يالغانچىلىقىنىڭ زىيىنىنى تازا تارتىپتۇ.

**يالغاندىن** رەۋ. يالغان، ساختا قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ساختىلىق بىلەن: ئىككىسى ئېلىشتى، بىرنەچچە مەرتەم ئېلىشىپ بولغاندىن كېيىن جاسارەت يالغاندىن يېڭىلگەندەك بولۇپ، مەيداندىن چېكىندى. شۆھرەت ئارقىدىن قوغلىدى.

**يالغانلاشتۇرماق** «يالغانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئۆز قىياپىتىنى ھەر قانچە يالغانلاشتۇرغان بىلەنمۇ، ھەقىقىي ئۆچمەنلىك يەنىلا كۆزىدىن چىقىپ تۇراتتى.

**يالغانلاشتۇرۇلماق** «يالغانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئەسەردە تارىخىي ۋەقەلىك تولىمۇ يالغانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرگە بىرخىل ئەپسۇسلىنىش تۇيغۇسى بېرىدۇ.

**يالغانلاشماق** پ. ئەسلىي ھالىتىدىن ئۆزگەرمەك، ساختا، ياسما ھالەتنى پەيدا قىلماق: مۇھەببەت قانچە دەبدەبىلىك، ۋەدە ـ قەسەملىك بولغانسېرى شۇنچە يالغانلىشىپ بارىدۇ.

**يالغان ـ ياۋىداق** ھېچقانداق ئاساسقا ئىگە بولمىغان،

پىتنە ـ پاسات، پىتنە ـ ئىغۋا: يالغان ـ ياۋىداق سۆز. «مەنغۇ ئەر كىشى، بۇنداق يالغان ـ ياۋىداقلارغا پىسەنت قىلمىساملا بولدى، ئەمما نۇربىيە قانداق قىلىدۇ؟» ئۇ شۇلارنى ئويلاپ بېشىنى قاتۇراتتى.

**يالغۇز** ① سۈپ. شېرىكى يوق، بىر ئۆزى؛ يەككە، تەنها، يېگانە: يالغۇز هويلا. * يالغۇز خىش تام بولماس (ماقال). * يالغۇز ئوتۇن يانمايدۇ، يالغۇز قويۇن ئىسسىمايدۇ (ماقال). ② يۈك. «پەقەت، بىرغىنا، بىرلا» دېگەن مەنىلەردە چەكلىنىشنى بىلدۈرىدۇ: ئىشقا كېتىدىغىنى ئىشقا كەتتى، مەكتەپكە بارىدىغىنى مەكتەپكە ماڭدى، يالغۇز ئاسىگۈللا قالدى.

**يالغۇزەك** I ئى ① قارا ئېلىكنىڭ يېنىغا جايلاشقان پالاقسىمان ياپىلاق سۆڭەك. ② ئۆزى يالغۇز، تەنها ئادەم ياكى نەرسە: ئۇ بىچارە يالغۇزەك، شۇنى ئېنىق بىلەركەن: پېشانىسىگە بىر ئۆمۈر، پۈتلىكاشاڭلار پۈتۈلگەن.

**يالغۇزەك** II ئى. تارس. نەي: شىنجاڭنىڭ بۇرغا، يالغۇزەك (نەي)، بورىيا، بالىمان، دۇمباق، غۇڭقا، بارباب، راۋاب، غېجەك قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى زۇ، چىڭ، سەي قاتارلىق چالغۇلار بىلەن بىرلىشىپ ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ مۇزىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

**يالغۇزچىلىق** ئى. يالغۇز قېلىش، يالغۇز يۈرۈش، يالغۇز هايات كەچۈرۈش: يالغۇزچىلىق تارتماق. * يالغۇزچىلىقتا بەزىدە مەنمۇ جېنىمدىن جاق تويىمەن. ئادەم بالىسى دېگەننىڭە قېرىغاندىمۇ ئەرگە ـــ خوتۇن، خوتۇنغا ـــ ئەر لازىم بولىدىكەن. * ئۇ تېخىمۇ يېتىملىك ۋە يالغۇزچىلىق كوچىسىدا ئازاب چېكىشكە باشلىدى.

**يالغۇزدىن ـ يالغۇز** ئىنتايىن يالغۇز، يالغۇزلا: ـــ يالغۇزدىن ـ يالغۇز داڭقان قايىنتىپ زېرىكمىدىلىمۇ؟ ـــ دېدى ئۇ چاقچاق قىلىپ.

**يالغۇزسىراتماق** «يالغۇزسىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ئۇنى يالغۇزسىرىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن پات ـ پات يوقلاپ تۇردۇم.

**يالغۇزسىرىماق** پ. يالغۇزلۇق هېس قىلماق، يالغۇز قالغاندەك هېسسىياتتا بولماق، يالغۇزلۇق تارتماق: ئالماس بىلەن جۇمە كۈتكۈچىسى يوق بىر ئايال بىلەن سوغۇق ئۆيدە يالغۇزسىراپ قالغان ئىككى تۇل خوتۇننى بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى سەرەمجانلاشتۇردى.

**يالغۇزلۇق** ئى. يالغۇز هالەت، يالغۇز تۇرمۇش: يالغۇزلۇقتا يەر ياخشى (ماقال).

**يالقاۋ** سۈپ. ئەمگەك قىلىشنى، ئىشلەشنى خالىمايدىغان، ئىش خۇشياقمايدىغان؛ هۇرۇن، ئېرىنچەك: يالقاۋ بالا.

**يالقاۋلاشتۇرماق** «يالقاۋلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تەييارتاپلىق ـــ ئادەمنى يالغاۋلاشتۇرۇپ قويىدىغان بىرخىل كۆرۈنمەس مىتىگە ئوخشاشتۇر.

**يالقاۋلاشماق** پ. يالقاۋ، هۇرۇن، ئىش خۇشياقماس بولۇپ قالماق؛ ئەمگەك قىزغىنلىقىنى يوقاتماق: بۇ گەپنى ئاڭلاپ نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى ئۆيدىدا بىكار يېتىپ يەپ، يالقاۋلىشىپ كەتكەن ۋەزىر ـ لەرنىڭ بېشىغا تاغ يىقىلغاندەك بولۇپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

**يالقاۋلىق** ئى. ئەمگەك قىلىشنى خالىمايدىغان ئادەت، مىجەز، هۇرۇنلۇق: يالقاۋلىق قىلماق. * يالقاۋلىق ـــ ئىنسانغا پۇشايمان ئېلىپ كېلىدۇ.

**يالقۇن** ئى ① كۆيۈۋاتقان نەرسىدىن كۆتۈرۈلگەن ئوت؛ يورۇقلۇق: تۇتۇنى كۆپ، يالقۇنى ئاز (ماقال) * بىرچاغدىن كېيىن ئۆگزىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چىقىشقا باشلاپتۇ ۋە بىردەمدىلا دەهشەتلىك يالقۇنغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**يالقۇنجاتماق** پ ← **يالقۇنلاتماق:** سۈپۈرگە مىراب بېگى بۇ چوغنى مەدەت شامىلى بىلەن يالقۇنجىتىشقا بەل باغلىدى.

**يالقۇنجىماق** پ ← **يالقۇنلىماق:** بۇ كۈنلەردە هاۋا ئىسسىق ئىدى. يەر خۇددى دەزمالدەك قىزىپ كەتكەن بولۇپ، پۈتۈن دالا تونۇرغا ئوخشاش يالقۇنجاپ تۇراتتى.

**يالقۇنلاتماق** «يالقۇنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىـ جىسى: يېتىپ كەپتۇ بىر ئەجدىها، ئاغزىدىن ئوت يالقۇنلىتىپ، دەم تارتىپلا يۇتۇۋاپتۇ، ئىككى دوستنى پالاقلىتىپ.

**يالقۇنلانماق** «يالقۇنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىـ جىسى: باي دېهقاننىڭ ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنى قايتا يالقۇنلاندى.

**يالقۇنلۇق** سۈپ ① يالقۇنلانغان، يالقۇنلىنىپ كۆيۈۋاتقان، يالقۇنلىغان، ئوتلۇق: هاۋا سوغۇق بولسىمۇ، يولۇچىلار ياققان گۈلخاننىڭ يالقۇنلۇق تەپتى خۇددى يېڭى چىققان قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرىـ دەك، يايلاقتا هارارەت بېغىشلايتتى. ② كۆچمە. قىزغىن، جۇشقۇن: يالقۇنلۇق سۆز. يالقۇنلۇق كۈي. * مەن ئىمدى يىگىرمە بەش ياشتىمەن، هاياـ تىمنىڭ مۇشۇنداق يالقۇنلۇق چېغىدا ناكار بولۇپ ياتسام مەن ئۈچۈن ئاسانمۇ؟

**يالقۇنلىماق** پ. يالقۇن هاسىل قىلماق، يالقۇن پەيدا بولماق؛ يانماق، ئوت ئالماق: تومۇز مەۋسۇمى كىرگەندىن بۇيان، ئىسسىقنىڭ هارارىتى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققانىدى. قۇياشنىڭ ئوتلۇق تەپتىدىن قىزىپ كەتكەن توپىلار ۋە تام ـ تورۇسلار گويا تونۇردەك يالقۇنلايتتى.

**ياللاتماق** «ياللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئىككى يىگىتنى ئائىلىسىگە ياللىتىپ بەردى.

**ياللاشماق** «ياللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئادەم ياللىشىپ ۋەزىپىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنلاپ بولۇشتى.

**ياللانغۇچى** ئى. باشقىلارغا ياللىنىپ ئىشلىگۈچى، ياللانغان ئادەم، ياللانما؛ مەدىكار: بەگنىڭ چاپارمەنلىرى هەرىكەتكە كەلسىمۇ، ياللانغۇچىلار ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى.

**ياللانما** سۈپ. باشقىلارغا ياللىنىپ ئىشلەيدىغان، ياللانغان: ياللانما دېهقان. ياللانما ئىشچى. * ئەمدى ئۇمۇ ئەرزىمىگەن هەق ئۈچۈن باينىڭ ئېتىزىنى ئەمگەك تەرى بىلەن يۇغۇرغۇچى ياللانما كەتمەنچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

**ياللانماق** «ياللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ قىيىنچىلىقىدا ئۇ ئاخىرى بىر جۇۋازچىغا ياللىنىپ جۇۋاز هەيدەپ تۇرمۇش كەچۈرگەن.

**ياللانمىلىق** ياللانما هالەت: هەر خىل ئەركىنلىشىش خاهىشلىـ رىنى، ياللانمىلىق نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ۋە پۇلغا قاراش ئىدىيەلىرىنى تۈگىتىش، خىزمەتنى ئاكتىپ ئىشلەيدىغان قىلىش لازىم.

**ياللۇغ** ئى<تېب> ئورگانىزم كۈچلۈك غىدىقلانغاندىن كېيىن پەيدا بولىدىغان رېئاكسىيە هادىسىسى. كۆپىنچە قىزدىـ رىش، ئىششىش، قىزىش، ئاغرىش ۋە فۇنكسىيە دەخلىگە ئۇچراشتەك ئالامەتلەر يۈز بېرىدۇ.

**ياللۇغلاندۇرماق** «ياللۇغلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەگەر سۈرمە تاش كۆزنى ياللۇغلاندۇرۇپ قويسا، كۆزنى سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇپ بېرىش، ئۇۋۇلىماسلىق، ياشاڭغىراشنى توختىـ تىۋەتمەك كېرەك.

**ياللۇغلانماق** پ <تېب> ① ئورگانىزم كۆچلۈك غىدىقلانغاندىن كېيىن شۇ جايدا رېئاكسىيە ھادىسىسى كۆرۈلمەك. ② ئورگانىزمنى مىكرو ئورگانىزملار، پارازىت قۇرت، تاشقى جاراھەت ۋە فىزىكا ـ خىمىيەلىك ئامىل قاتارلىق ھەر خىل زىيانلىق ئامىللار غىدىقلىغاندا ئورگانىزمنىڭ قىسمەن جايىدا رېئاكسىيە قايتۇرۇشتىن ئىبارەت مۇداپىئە كۆرۈش خاراكتېرلىك رېئاكسىيە يۈز بەرمەك. بۇنىڭدا، قىسمەن ئورۇندا قىزىرىش، ئىششىش، قىزىش، ئاغرىش ۋە فۇنكسىيە توسالغۇغا ئۇچراش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. پۈتۈن بەدەندە ئاق قان ھۈجەيرىلىرى كۆپىيىپ كېتىش ۋە بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ كېتىش قاتارلىق ئالامەتلەرمۇ ياندىشىپ كېلىدۇ. دەسلەپكى مەزگىلدىكى ياللۇغلىنىش قايتما بولىدۇ. ۋاقتىدا داۋالىسا تامامەن ئەسلىگە قايتىدۇ.

**ياللىغۇچى** ئى. يالاش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى: بۇگۈن بۇ مەدىكار بازىرىغا ياللانغۇچىلاردىن كۆرمىگى كەلگىنى بىلەن، ياللىغۇچىدىن ئاران بىرى كەلگەنىدى.

**ياللىق** سۈپ. يالى بار، يالى كۆپ: ناھايىتى يوغان ياللىق بىر ئات ھېلىقى كىشىنى تاشلاپ جانبېككە قاراپ چاپچىدى.

**ياللىماق** پ. مەلۇم شەرت بىلەن ھەق بېرىپ ۋاقىتلىق ئىشلەتمەك، ئىشقا سالماق: مەن يەنە باشقىلارنى ياللاپ ئولتۇرماي، يۈكنى يول يىراقلىقىغا قارىماي تەرلەپ ـ پىشىپ ئۆزۈم توشۇپ كېلىۋاتىمەن.

**يالماتماق** «يالىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۇ ئىلاھى كائىناتتىكى بارلىقنى پەقەت بۇ قېتىمقى مۇشۇ سۇغىلا يالماتماقچى بولغاندەك دەھشەتلىك ھومىيىپ تۇراتتى.

**يالماشماق** «يالىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۈچ ـ تۆت كۈندىن بېرى ئاچ قالغان بىچارە ئاتلار بېدىنى بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشقان ھالدا ئاچ كۆزلەرچە يالىشىپ يېيىشكە باشلىدى.

**يالمان** ئى. تارس. قەدىمكى زاماندا ئىشلىتىلىدىغان نەيزىسىمان ئۇرۇش قورالى: مەمەت، سەمەت ئىككىسى ئىككى يالمان كۆتۈرگىنىچە كېلىپ باتۇرنى ئۆز سېپىگە ئېلىپ كەتتى.

**يالمانچى** ئى. يالمان بىلەن قوراللانغان ئادەم: سول تەرەپتىكى ئون ئىككى يالمانچى ئارىسىدا شۇنداق بىر باتۇر سەركەردە تۇراتتى.

**يالمانقۇلاق** ئى [يالمان + قۇلاق] <بوت>سۈتلۈك ئوت ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پۈتۈن ئوتى دورا قىلىنىدۇ، قان توختىتىش، زەھەر قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**يالمانلىق** سۈپ. يالمىنى بار، يالمان تۇتقان، يالمان بىلەن قوراللانغان: ھېلىقى كىشى بىرھازا ئەسلىگەندىن كېيىن نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا قىلىچ ـ قالقانلىق، نەيزە ـ يالمانلىق، نۇرانە چىراي، شاھانە سۈپەتلىك بىر ياش يىگىتنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

**يالماۋۇز** ئى. ئەپسانىلەردىكى ھەر خىل قىياپەتكە ئۆزگىرەلەيدىغان ياكى باشقىلارنى سېھرىي كۈچى بىلەن ھەر خىل قىياپەتكە كەلتۈرەلەيدىغان ھەمدە ئالدىغا كەلگەن نەرسىنى يەپ تۈگىتىدىغان مەخلۇق؛ جادۇگەر: يەتتە باشلىق يالماۋۇز.

**يالماۋۇزلارچە** رەۋ. يالماۋۇزلارغا ئوخشاش، يالماۋۇزلاردەك: بېگىمنىڭ نەپسى تويماپتۇ يەنە، قىستاپتۇ قىزنى قوغلاپ تۇتۇشقا، يوپۇرۇلۇپ كەپتۇ چاپارمەنلىرى، يالماۋۇزلارچە قاپساپ تۇتۇشقا.

**يالىماق** پ. ئوت ـ چۆپ ۋە يېمەكلىكلەرنى يۈگەپ، پۇرلاپ ـ پۇرلاپ يۇتماق: ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن بېرى ئاچ قالغان ئېشەكلەر بېدىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يالماشقا باشلىدى.

**يالۋۇرتماق** «يالۋۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئادەمنى تولا يالۋۇرتماي ماقۇل دېسەڭ بولمامدۇ، — دېدى سەمەت سەل خاپا بولغاندەك تەلەپپۇزدا.

**يالۋۇرماق** پ. تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈنمەك، يېلىنىپ مۇراجىئەت، ئىلتىماس قىلماق: مەھەممەدجان يا قاتتىق گەپ قىلىشنى، يا يالۋۇرۇشنى بىلمەي ئولتۇرۇپلا قالدى.

**يالۋۇرۇشماق** «يالۋۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىزلار يالىڭاچ بولغانلىقىدىن ئىزا تارتىپ كۆلدىن چىقالماپتۇ ۋە كىيىملىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى سوراپ يالۋۇرۇشۇپتۇ.

**يالىتىلماق** «يالاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھۈجرىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا يۆمىلاق ئالا مەرمەر ئۈستەل قويۇلغان، ئۈستەلگە يالىتىلغان زەرلىرىنىڭ تەگدىن تولىسى ئۆچۈپ كەتكەن.

**يالچى** ئى. تۆھمەتچى؛ تۆھمەتخور: — سىز يالچى ئەمەس، يالچى ئىكەنسىز! — دېدى ئۇ ئاچچىقلانغاندەك قاشلىرىنى سوزۇپ.

**يالخور** ئى. باشقىلارغا يالا چاپلاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن كىشى، يالچى، تۆھمەتچى، تۆھمەتخور: ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن بىر يالخور.

**يالخورلۇق** ئى. باشقىلارغا يالا چاپلاش ئادىتى، تۆھمەتخورلۇق: ئۇنىڭ يالخورلۇقى ئاخىر بېشىغا چىقىدۇ.

**يالىڭاچ** سۈپ ① ئۈستىبېشىغا كىيىم كىيمىگەن، كىيىمسىز: ياغ يەپ يالىڭاچ يات (ماقال). * ھەممە كىشى ئانىدىن يالىڭاچ تۇغۇلغان (ماقال). ② كۆچمە. يوپۇرماقسىز، قاقشال: گۈللەرمۇ شۇ چاغ بولۇپ، يالىڭاچ، نومۇسچان قىزدەك ئۈيىلىپ قالدى. ③ كۆچمە. گىياھسىز، گىياھ ئۈنمىگەن: باشقا باي ـ غوجىلار يېرى «دەنلىك يەر» دېيىلەر تۆككەچكە ئۆز ئالدىغا باج. قالغان تىڭ يەرلەرنى ئاتايتتى «خام يەر»، تۇراتتى قىش ـ يېزى جىمجىت، يالىڭاچ. ④ كۆچمە. كەمبەغەل، يوقسۇل: — بۇ پۇل ئۆز ۋاقتىدا بىزدەكلەرنى بوسۇغىسىغا يولاتمايدىغان، لېكىن بىزدەك يالىڭاچلارنىڭ قان ـ تەرى بىلەن پۈتكەن ھەشەمەتلىك باي قورۇسىنىڭ پۇلى. ⑤ كۆچمە. ئوچۇق ـ ئاشكارا، ئېنىق؛ روشەن: بۇرژۇئازلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت يالىڭاچ ھالدىكى پۇل مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي ھېسسىياتى پۇل ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. ⑥ كۆچمە. قىن، غىلاپلاردىن سۇغۇرۇۋېلىنغان؛ غىلاپقا سېلىنمىغان، ئوراقسىز: ئىشىك ئېچىلغاندىن كېيىن مەسرۇر بىلەن يىگىرمە كىشى قىلىچلىرىنى يالىڭاچ ھالدا تۇتۇپ كىرىپ، شەمسۇنناھارغا سالام بېرىپتۇ. ⑦ كۆچمە. قۇپقۇرۇق، ھېچ نەرسە يوق: بايقىسام قاپتۇ يالىڭاچ ئۆي ئىچى، ھەرقاچان بىر ئوغرى ئالغان دەپتىمەن.

**يالىڭاچلاتماق** «يالىڭاچلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئاپىسى ئارقىلىق بالىنى يالىڭاچلاتتى ـ دە، تەكشۈرۈشكە كىرىشتى.

**يالىڭاچلاشماق** ① «يالىڭاچلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② يالىڭاچ ھالەتكە كەلمەك، يالىڭاچ بولماق.

**يالىڭاچلانماق** ① «يالىڭاچلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ھاشىم ئاللىقاچان يالىڭاچلىنىپ بولغانىدى. ② «يالىڭاچلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كېيىن ئۇنىڭ پات ـ پات سېزىپ تۇرغىنى يالىڭاچلانغان بەدەنلىرىگە زەھەردەك تاراسلاپ

تېگىۋاتقان سىم قامچا بولدى.

**يالىڭاچلىق** ئى. كىيىمسىز، يالىڭاچ ھالەت: تېلېۋىزوردىكى يېرىم يالىڭاچ كۆرۈنۈشلەر ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىماس بولدى. جەمئىيەتنىڭ يالىڭاچلىققا بولغان قارىشىدىن شۇ جەمئىيەتنىڭ ئېتىكا ئەخلاق سەۋىيەسىنىڭ قانچىلىكلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

**يالىڭاچلىماق** پ ① يالىڭاچ ھالەتكە كەلتۈرمەك، يالىڭاچ قىلماق: بېلىقچىلار پۈتۈن ھاراقنى قاراقچىلارغا ئىچۈرۈپ، ئۇلارنى مەست قىلىۋېتىپ، كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ يالىڭاچلاپ، بارلىق نەرسە-لەرنى كېمىگە سېلىپ مېڭىپ كېتىپتۇ. ② يوپۇرماق، غازاڭلارنى چۇشۇرۇۋەتمەك: سوغۇق، ئىزغىرىن شامال سارغايغان يوپۇرماقلارنى ئۈزۈپ چۇشۇرۇپ، دەرەخلەرنى يالىڭاچلىماقتا ئىدى. ③ قىنىدىن، غىلاپتىن چىقارماق، سۇغۇرماق، ئالماق؛ بوشاتماق: ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، قارا قول قىلىچىنى يالىڭاچلاپ كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. ④ بوش، قۇرۇق ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ بوشاتماق، قۇرۇقدىماق: ئۇنىڭدىن كېيىن نىياز ئەپەندىنىڭ كۆزلىرىگە قوللىرىنى تىقىپ، ئەل - جامائەت ئارىسىدا رەسۋا قىلىپ، ئايرىلىدىغان چېغىدا ئۆيىنى سويغان پىيازدەك يالىڭاچلاپ قويغان مۇتتەھەم خوتۇن— خەلچەملەر بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى.

**ياللىداتماق** «ياللىدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ قولىدىكى ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكنى تېخىمۇ ياللىداتماقچى بولغاندەك قول ياغلىقى بىلەن توختىماي سۈرتمەكتە ئىدى.

**ياللىداشماق** «ياللىدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئايدىڭ كېچە، ئاسمان چېھرىسىدىكى تۈركۈم - تۈركۈم يۇلتۇزلار ياللىدىشاتتى.

**ياللىدىماق** پ. «يال - يال» قىلىپ نۇر چاچماق، پارقىرىماق، چاقنىماق، يالتىرىماق: مەن شەرۋاننىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمەن. ئۇنىڭ ئىپلاسلىقلىرىنى ياللىداپ تۇرغان ئالتۇنلىرى يېپىپ تۇرالمايدۇ.

**يالىماق** I پ ① بىرەر نەرسىنى تىل ۋاسىتىسى بىلەن ئېغىزغا ئالماق؛ تىلىنى تەگكۈزمەك: تاپان يالىماق. يالاق يالىماق. * كاللار سۇ ئىچسە، موزايلار مۇز يالايدۇ (ماقال). * قېتىق ئىچكەن قۇتۇلدى، تاۋاق يالىغان تۇتۇلدى (ماقال). * بېخىل سىقىمنىڭ ئىچىنى ئايايدۇ، تېشىنى يالايدۇ (ماقال). * تىلىڭ كۆيسە تۇز يالا، ئىچىڭ كۆيسە مۇز (ماقال). ② تېگىپ، ئۆرۈلۈپ تەسىر قىلماق، سىيپىماق (ئىسسىق - سوغۇق ۋە شامال ھەققىدە): ئۇنىڭ يۈزلىرىنى شامال يالاپ سىلىقدىۋەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ③ ئاققۇزماق، يۇماق (سۇ ھەققىدە): دەريا تېرىلغۇ يەرنىڭ يېرىمىنى يالاپ بولدى. يەر ۋەيران بولۇپ تۈگىسە، ئاسماندا تېرىقچىلىق قىلامدۇق؟ ④ كۆچمە. غاجىلىماق، ئاغرىتماق (ئاياغ كىيىم ھەققىدە): ئاياغ پۇتۇمنى يالاپ كەتتى.

**يالىماق** II ( يا: لىماق ) پ. ئارىغا ئېلىپ كۆزىتىپ بىللە ماڭماق: مەلۇم بىر يۇرت باشلىقى چېگرادا مەجبۇرىيەت ئادا قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىر جىنايەتچى راھىبنى يالاپ ئېلىپ چىقىپتۇ.

**يال - يال** «يال» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**يام** ئى. دىيال. چوڭ تەشتەك.

**ياماپ - تۆشەپ** ← **ياماپ - تۆمەپ**.

**ياماپ - تۆمەپ** ① ياماپ، ياماشتۇرۇپ: باللارنىڭ كىيىمىنى ياماپ - تۆمەپ يۇرۇپ ئاران قىشتىن ئۆتتۇۋالدۇق. ② كۆچمە. ئوڭشاپ: ئۇنىڭ ماقالىسىنى ياماپ - تۆشەپ يۇرۇپ ئاران ئېلان قىلغۇزدۇق.

**ياماتماق** «ياماماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ جاي چوڭ يولغا يېقىن بولغىنى ئۈچۈن ئۆتكەن-كەچكەن كىشىلەر ياماق-چىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يىرتىلغان ئۆتۈك، ئاياغلىرىنى ياماتتىدىكەن.

**ياماشتۇرماق** پ. ياماش، يۆمەش، تىكىش قاتارلىق ھەردە-كەتلەر بىلەن شۇغۇللانماق؛ ياماماق: ئۇ كىيىملەرنى ياماشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى.

**ياماشتۇرۇشماق** «ياماشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھويلىغا كىرسەم، ھويلىغا مەھەللىمىزدىكى ئاياللار يىغىلىپ پاراڭلاشقاچ كىيىم - كېچەك ياماشتۇرۇشۇپ ئولتۇرۇشقانىكەن، ھەممىسىگە سالام بەرگەندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ كەتتىم.

**ياماشتۇرۇلماق** «ياماشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كونۇسسىمان باراڭغا ياماشتۇرۇلغان تەكلەرنىڭ قويۇق يوپۇر-ماقلىرى ئارىسىدىن شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن ئاسمان جىمىرلاۋاتقان يۇلتۇزلاردەك كۆرۈنەتتى.

**ياماشقۇچ** ئى. يامىشىپ چىقىش ئۈچۈن ئارغامچىدىن توقۇ-لۇپ ئېگىز يەرگە تارتىپ قويۇلغان ياكى تام شەكلىدە قوپۇ-رۇلۇپ ئۇ يەر - بۇر يېرىگە تۆمۈر ھالقىلار بېكىتىپ قويۇلغان تەنتەربىيە ئويۇنى: ھەربىر مەھەللىدە ئېلەڭگۈچ، سىيرىلغۇچ، لىڭگىرتاقتاق، ياماشقۇچ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىچىك بىر مەيدان بار ئىكەن.

**ياماشماق** I «ياماماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇ كۈنى مەھبۇسلار كىيىملىرىنىڭ يىرتىلغان يەرلىرىنى يامىشىپ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى ئېلىشىپ، ئاز - تولا تازىلىق قىلىشىۋالدى.

**ياماشماق** II ( يا: ماشماق ) پ ① بىرەر نەرسىگە ئېسىلىپ يۇقىرى ئۆرلىمەك، چىقماق: ماشىنىغا ياماشماق. تاغقا ياماشماق. * ئۇ جاقىلدىغان ھالدا قىرغاقتىكى مۇزغا يامىشاتتى، ئەمما چىقالمايتتى. ② ئېسىلماق، يېپىشماق: ئاغزىمدىن چىقتى، ساقىلىمغا ياماشتى (ماقال). ③ پەيدا بولماق، ھاسىل بولماق؛ ئەگىمەك، قاپلىماق، كۆرۈنمەك: ئۇنىڭ ئاۋازى غەزەپلەنگەنلىكىنىمۇ ياكى يىغا ياماشقانلىقىنىمۇ غەلىتە تىترەپ چىقتى. ④ كۆچمە. چىقىشقا تىرىشماق، ئۇرۇنماق، تەلپۈنمەك: — ئاداش، خاتىرجەم بول، مەن بۇنداق پەسكەش يول بىلەن يۇقىرىغا ياماشمىساممۇ، ھازىرقى ئورنۇم يېتىپ ئاشىدۇ، — دېدىم تۇرسۇنغا زەردە بىلەن. * ئامىنە، مەن سىزنىڭ دادىڭىزنى ئوبدان بىلىمەن، ئۇ پۈتۈن ئۆمرى يۇقىرىغا يامىشىش بىلەن ئۆتكەن ئادەم، ئۇ ئۆزىنىلا ئويلايدۇ.

**ياماق** ① ئى. بىرەر نەرسىنىڭ يىرتىلغان، تېشىلگەن ياكى ئۈزۈلگەن جايىنى ياماش، پۈتۈنلەش ئۈچۈن تەييارلانغان بۇيۇم، لاتا: ياماق سالماق. * ياخشى سۆزگە قۇلاق سال، يامان سۆزگە ياماق سال (ماقال). * ئۈستىدىكى ياماق سېلىنغان شىمى ۋە شورلىشىپ كەتكەن بەتىنكىسىگە قاراپ ئۇنى مەلۇماتلىق بىر زىيالىي دېيىشكە بولاتتى. ② ئى. ياماشقا تېگىشلىك بولغان، يامىمىسا بولمايدىغان جاي: بۇ يۇرتتا ھېچكىم باشقىلارغا ياماق ياماتمايدۇ، شۇنداقلا ھېچكىم باشقىلارنىڭ يامىقىنىمۇ يامىمايدىغان ئادەت بار ئىكەن. ③ سۈپ. ياماق سېلىنغان، يامالغان، تىكىلگەن: قوشماق ئاكا ئۆز ئۈستىدىكى ياماق يوتقاننى سوغۇقتىن لاغىلداپ تىترەۋاتقان كەنجى ئوغلى قاسىمنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويدى.

**ياماقچە** ئى. كىچىك ياماق: بىر كونا چېلەككە سېلىپ ياماقچە، دېدى ئۇ: كاساپەت تېشىلىپ قاپتۇ.

**ياماق-چۆمەك** ياماش، تىكىش قاتارلىق ئىش - ھەرد-

كەتلەر: بۇ ئىككى ئايال تۇختى ئىسىملىك كىشىنىڭ ئايالى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۈچ ئوغۇل بىلەن قېپقالغانلىقىنى، بىر يېرىم يىلدىن بۇيان تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش، ياماق ـ چۇمەك قىلىشتا بەكمۇ قىينالغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىچە ھېسداشلىق قىلىشتى.

**ياماقچى** ئى. يىرتىلغان ھەر خىل ئاياغ كىيىملەرنى ياماش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى: پادىشاھنىڭ ياساۋۇل ـ قاراۋۇللىرى بىر كوچىغا كەلسە، ھېلىقى ياماقچى ياماقچىلىق قىلىپ ئولتۇرغۇدەك.

**ياماقچىلىق** ئى. ياماق ياماش ئىشى، كەسپى: ئەھمەدجان بەش يېشىدىن باشلاپ دادىسىغا ئەگىشىپ ياماقچىلىق دۇكىنىغا بارىدىغان، دادىسىغا ياردەملىشىپ يىپ ئېشىپ، يىپ مومدايدىغان بولدى.

**ياماقلىق** ① سۈپ. ياماق سېلىنغان، يامالغان، تىكىلگەن: ياماقلىق كىيىم. ياماقلىق كۆرپە. ② ئى. يىرتىلغان، تېشىلگەن، ئۈزۈلگەن يەرنى ياماشتا ئىشلىتىلگەن بۇيۇم: ئۇ دۆۋىلەكلىك تۇرغان پۇرۇچلار ئىچىدىن ياماقلىق ئىزدىگىلى تۇردى.

**يامالماق** «يامىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چېكىدەپ چىگىلگەن سېرىق ياغلىقى رەڭگىنى يوقىتىپ ئاقىراي دەپتۇ. ئۈستىدە يامالغان بىر باسما كۆڭلەك، ئۇنىڭمۇ رەڭگىنى كۈن نۇرى يەپتۇ.

**يامان** ① سۈپ. «ياخشى» نىڭ ئەكسى، ئەسكى، ئوسال، ناچار: يامان ئادەت. يامان غەرەز. * يامان ياماندىن قورقار، كەتمەن ساماندىن (ماقال). * بارچە ياخشى، مەن يامان، بارچە بۇغداي، مەن سامان (ماقال). * يۈز دوستتىن بىر دۈشمەن يامان (ماقال). ② سۈپ. قاتتىق، كۈچلۈك: ئۇنىڭ دادىسى ئاچچىقى يامان ئادەم ئىدى. * قارىسام ھېچ كۆرۈنمەيدۇ سەمەندىن قوغان، ئەجەب قاتتىق يامان ئىكەن ياردىن ئايرىلغان. ③ سۈپ. خاراب، ناچار، ئېچىنىشلىق: لەنىتى زۇلمەت زامان، يوقسۇلنىڭ ھالى يامان، بولغۇسى ئاخىر يورۇقلۇق، يۇرت پاراۋان، ئەل ئامان. ④ سۈپ. زىيىنى بار، زىيانلىق، قورقۇنچلۇق، خەتەرلىك: تاغنىڭ ھاۋاسى شۇنداق بولىدۇ، شامال كۈنچىقىشتىن ئۆرۈپ تۇرغاندا، ھاۋادا قارا بۇلۇت بولسىمۇ قورقما، ئېچىلىپ كېتىدۇ. شامال بولمىسا، بۇنىسى يامان. ⑤ ئى. سەلبىي تەرەپ: يۇسۇپبېك ھاجى بولسا ئوغلىنىڭ بۇ سۇسلۇقىدا ئوخشاش كۆرۈنگەن ھالىنى يامانغا ئۆرىدى. ⑥ سۈپ. ئاساسى بولمىغان، قۇرۇق؛ ياردىماس، رەزىل، بولمىغۇر: — ئەي شاھزادە، بۈگۈن يەتتە كۈن بولدى، ھەر كۈنى بىر ۋەزىر ئالدىڭىزغا كېلىپ، ئايالالار خۇسۇسىدا يامان ھېكايە قىلىشىدۇ، — دەپتۇ شاتۇتى شاھزادىگە. ⑦ رەۋ. ناھايىتى، ئىنتايىن، بەك: ھاۋا يامان ئىسسىق ئىدى.

**يامانلاتماق** «يامانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئاخىرى قىزىنى ئېرىدىن يامانلىتىپ ئۆيگە ئەكېلىۋالدى.

**يامانلاشتۇرماق** «يامانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قىزلارنىڭ سالامەتلىكى ۋە بەختى ئۈچۈن كۆتۈرۈلگەن رومكىلار ئۇنىڭ كەيپىنى ياخشىلاش ئورنىغا تەتۈرىچە يامانلاشتۇرۇۋەتتى.

**يامانلاشماق** پ ① قېيىنلاشماق، مۇشكۇللەشمەك، تەسلەشمەك: ئىنچىكىلەپ سوراشنىڭ ھاجىتى يوق، بۇنىڭ بىلەن ئەھۋال يامانلىشىپ كەتمەيدۇ. ② خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماق، ئېغىرلاشماق (كېسەللىك ھەققىدە): بالىنىڭ ھالى بارغانسېرى يامانلاشتى. ③ بۇزۇلماق، ئوساللاشماق: كۈنلەر ۋە ئايلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خانئايىمنىڭ نىيىتى بارغانسېرى يامانلىشىپتۇ. ④ سوغۇقچىلىق پەيدا بولماق، ئارازلىشىپ قالماق، زىتلاشماق، يىرىكلەشمەك (كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەت ھەققىدە): ئەكبەر بىلەن مەنسۇرنىڭ قىزلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلاشقان بىلەن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلاشمىدى.

**يامانلاق** ئى. ئايالالارنىڭ ئېرىدىن ئاغرىنىپ ياكى خاپا بولۇپ قېلىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كېتىشى: ئىلھامنىڭ ئايالى ھازىرغىچە يامانلاقتا.

**يامانلاقلىق** ئى. ئايالالارنىڭ ئېرىدىن يامانلاپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋېلىشى: ئايالىڭ ھازىرغىچە يامانلاقلىقمۇ؟

**يامانلىق** ئى ① باشقىلارغا زىيان سېلىش، باشقىلارنى ئۇۋال قىلىش ئىشى، ھەرىكىتى: يامانلىق قىلماق. * ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر، يامانلىققا ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر (ماقال). * خەلق كۆزىگە ياخشىلىق بىلەن كۆرۈنگىن، يامانلىق بىلەن كۆرۈنۈشتىن ساقلان. ھېچقاچان بۇغداي كۆرسىتىپ، ئارپا ساتما. ② ئى. شوخلۇق: قارا، ئۇ بالىنىڭ يامانلىقىنى.

**يامانلىقچە** رەۋ. بىرەر كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلىپ، يامانلىق، ئەسكىلىك بىلەن، تىنچسىز: ئىشنى ياخشىلىقچە ھەل قىلىش كېرەكمۇ ياكى يامانلىقچە ھەل قىلىش كېرەكمۇ؟

**يامانلىماق** پ ① باشقىلارغا بىراۋنى قارىلاپ، يامانغا چىقىرىپ گەپ قىلماق، چېقىشتۇرماق؛ يامان گېپىنى قىلماق: كىمدۇر بىرى نېمە مەقسەت بىلەنكىن تاڭ، گۈلزارنىڭ ئاتىسىغا پازىلنى يامانلاپ بەردى. ② خاپا بولماق، ئاغرىنماق، رەنجىمەك، باتىنماق: دوستتىن يامانلىغان ئەقلىنىڭ يوقلۇقى، تاماقتىن يامانلىغان قورساقنىڭ توقلۇقى (ماقال).

**يامبۇ** ئى [خەن] <مال> جۇڭگونىڭ كونا زاماندىكى پۇلىنىڭ بىر خىلى. ئالتۇن، كۈمۈشتىن قۇيۇلغان بولۇپ، شەكلى ئات تۇيىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. تاڭ ۋە سۇڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە كۆپرەك قۇيۇلغان.

**يامبۇلۇق** سۈپ ① يامبۇسى بار، يامبۇسى كۆپ: يامبۇلۇق ئادەم. يامبۇلۇق ئائىلە. ② يامبۇغا يارايدىغان، يامبۇغا ئالىدىغان: ئون يامبۇلۇق ئات. بىر يامبۇلۇق گەپ قىلماق.

**يامچاق** ئى. گۈل. ئۆستۈرۈش ئۈچۈن قىرلىق ياكى يۇمىلاق قىلىپ ياسالغان، تېگىدە نەم ئۆتكۈزۈش تۆشۈكى بار ساپال قاچا، تەشتەك: مەن كۆلۈپ ئېچىلغان بىر تال قىزىلگۈل، يىلتىزىم ئورناشقان ئانا تۇپراققا. ئۇنىڭسىز ئېچىلىپ چاچماسمەن پۇراق، كۆچۈرسە ھەتتاكى ئالتۇن يامچاققا.

**يامداق** ئى. ديال ① چوڭ سۇپۇرگە. ② سۇپۇرگىگە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك.

**يامدىماق** پ. ديال. يامداق بىلەن سۇپۇرمەك.

**يامراتماق** «يامرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاشۇ پەرياد يامرىتىدۇ ياش، غۇنچە بويلۇق رەنا كۆزىدىن. ئاشۇ پەرياد يامرىتىدۇ ياش، ئاڭا غەمخور ئانا كۆزىدىن.

**يامراشماق** «يامرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: خوشاللىقتا چۆمگەن بوۋاي ـ مومايلارنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم يامرىشاتتى.

**يامرىماق** پ. تارىماق، يېيىلماق، كېڭەيمەك؛ تارقالماق: سۇ يامرىماق. تەبەسسۇم يامرىماق. * ئۇ يۈزىنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقىنى، بۇ كۆيۈشنىڭ ئاستا ـ ئاستا پۈتۈن بەدىنىگە يامراۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى.

**يامزال** ئى. تاغ، يار قاتارلىقلارنىڭ باغرى، يانتۇلۇق: ئۇ ھازىر تارىخ قەھرىمانلىرى پەرھاد بىلەن شېرىن ۋاپادارلىق يولىدا قۇربان

بولغان مۇقەددەس تاغنىڭ يامزىلىدا تۇراتتى.

**يامغۇر** ئى <مېتېئور> بۇلۇتتىن چۈشكەن سۇ تامچىسى. بۇلۇتتىكى سۇ تامچىلىرى يىغىلىپ ھاۋادا لەيلەپ يۈرەلەيدىغان ھالەتكە كەلگەندە يەرگە چۈشىدۇ. بۇ يامغۇر بولىدۇ.

**يامغۇرسىراشماق** «يامغۇرسىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىنەم يەرلەر يامغۇرسىرىشىپ، قاغجىراپ كېتىشكەنىدى.

**يامغۇرسىرىماق** پ. يامغۇرغا تەشنا بولماق: چۆلدىكى يامغۇر بىلەن كۆكىرىدىغان بۇ دەرەخلەر بەكمۇ يامغۇرسىراپ كەتكەنىدى.

**يامغۇرلۇق** ① سۈپ. يامغۇر ياغقان ياكى يېغىۋاتقان: يامغۇرلۇق كېچە. يامغۇرلۇق كوچا. * يامغۇرلۇق بوران شۇنداق قۇتراپ كەتتىكى، غەزەپ بىلەن گۈركىرەپ ئاپتوموبىلنى ئاغدۇرۇۋېتىدىغاندەك لىڭشىتاتتى. ② ئى. ھۆل - يېغىندا كىيىدىغان كىيىم: ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلىپ يامغۇرلۇققا ئورانغان بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. // يامغۇرلۇق چاپان.

**يامغۇر - يېشىن** يامغۇر قاتارلىق ئاسماندىن چۈشۈپ سۇ ھاسىل قىلىدىغان تەبىئىي نەملىك: كەچ كۈزنىڭ بىركۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ مەزگىلى، يامغۇر - يېشىن بولمىسىمۇ، كۈزنىڭ شامىلى بەدەننى شۈركەندۈرىدىغان دەرىجىدە سوغۇق ئىدى.

**يامغۇر - يېشىنلىق** يامغۇر - يېشىن ياغقان، يامغۇر - يېشىن يېغىۋاتقان: يامغۇر - يېشىنلىق يىللىرى ئاشلىق مول بولىدۇ، يامغۇر - يېشىن ئاز ياغقان يىللىرى ھوسۇل كەم بولىدۇ.

**يامۇل** ئى [خەن] تارس. خانلىق دەۋرىدىكى ناھىيە، ۋىلايەت، ئۆلكە دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى: يامۇل بېگى. * ئەنە شۇنداق پۇتمەس - تۈگىمەس خىياللار بىلەن كېچىچە پىيادە يۈرۈپ، چاي ۋاقتى بىلەن دوتەي يامۇلىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدىم.

**يامۇل بېگى** تارس. يامۇلنىڭ كوندىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مەسئۇل خادىم: ئۆيدىن يامۇل بېگى چىقىپ كەلدى.

**يامىماق** پ ① بىرەر نەرسىنىڭ يىرتىلغان، تېشىلگەن يېرىنى تۈزىمەك، پۇتۈنلىمەك؛ ئۇلىماق، تىكمەك: كىيىم يامىماق. ئاياغ يامىماق. * پەشنى كېسىپ، يەڭنى ياماپتۇ (ماقال). ② <بىيول> ئورگانىزمنىڭ ئىچكى توقۇلمىلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاندا، بەدەن ئىچىدىكى ئاقسىل ماددىسى ئارقىلىق توقۇلماق.

**يامىنى** يۈك. «ئەڭ قىيىنى، مۇشكۇلى، تەسى، چاتىقى» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ: يامىنى كەلسە بۇ ئىشتىن ۋاز كېچەرمەن. * يامىنى بولسا كۆرەرمىز.

**يان** ئى ① بەدەننىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرى ياكى ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا نىسبەتەن ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرى: بىر يېنىم ئاغرىۋاتىدۇ. * ئىشىكنىڭ ئىككى يېنىغا ساقچى قويىدى. ② بىركىمنىڭ ھۇزۇرى، قېشى، ئالدى: ئىت يېنىدا سۆڭەك ياتماس، سۆڭەك ياتسا، بىكار ياتماس (ماقال). * ياندىكى موللام بار مولام، يىراقتىكى موللام داموللام(ماقال). ③ كۆچمە. يانچۇق ، چۆنتەك: ئۇ ئىمزا قويۇش ئۈچۈن قەلەم ئىزدەپ يانلىرىنى سىلىدى .

**يېنى بوش** يانچۇقى قۇرۇق، پۇلسىز، كەمبەغەل: ئۇ بەزىدە يېنى بوش بولغىنى ئۈچۈن قاۋاقخانىغا كىرەلمەيتتى - دە، ئۇدۇلدىكى دوڭغاق تېرەككە يۆلىنىپ لىرانىڭ دىدارىغا تەلمۈرۈپ تۇراتتى.

**يېنى توم** ← **يېنى چىڭ**: نادىرخان «باي» بولۇپ كېلىشكەچكە ئەتكەندىن بېرى، بازار بېگىلىك مەنسىپىنى قولىغا ئالغان خاتىپنىڭ ھازىر يېنى خېلىلا توم ئىدى.

**يېنى چىڭ** پۇلى كۆپ، باي: — ئۇلارنىڭ يېنى چىڭ، يەنە كېلىپ جانلىق ئىش ھەققى ئالىدىكەن،— دېدى پاتەمخان ئامىنىخانغا.

**يېنىنى توملىماق** باي بولماق، يېنىنى چىڭدىماق: تېزرەك يېنىمىزنى توملاپ، بالىمىزنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويايلى.

**يانار** سۈپ. ياندىغان، يېنىپ تۇرىدىغان: يانار تاغ.

**يانار تاغ** <گېئول> يەر شارى ئۇستۇنكى قاتلاملىرىدىكى بېسىم ئاجىزلاشقاندىن كېيىن يەر شارىنىڭ چوڭقۇر قىسىملىرىدىكى ماگما قاتارلىق يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ماددىلار يېرىقلاردىن يەر يۈزىگە ئېتىلىپ چىقىپ شەكىللەنگەن كونۇس شەكىللىك ئېگىز تاغ.

**يانباغ** ئى [يان + باغ] قوشقۇننى كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن دۇمبىلىككە ئۇلىنىدىغان ئىككى تال يان تاسما.

**يانباغىر** ئى [يان + باغىر] تاغ ياكى ئېگىزلىكلەرنىڭ قاپتىلى، ئېتىكى: ئۇلار تاغنىڭ يانباغرىدىكى چىغىر يول بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

**يانباغىرلىماق** پ . تاغ ياكى ئېگىزلىكلەرنىڭ قاپتىلىنى بويلاپ ئىلگىرىلىمەك، ماڭماق: بىز يانباغىرلاپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدۇق.

**يانپاش** ئى <ئانات> داس سۆڭىكىنى تەشكىل قىلىدىغان چوڭ سۆڭەك. ئوڭ ۋە سول تەرەپتە بىردىن بولىدۇ. شەكلى تەرتىپسىز. ئادەتتە ئۇ يانپاش كىچىك سۆڭىكى، ئولتۇرغۇچ سۆڭەك ۋە دوۋسۇن سۆڭىكىدىن تەركىب تاپىدۇ.

**يانپاشقا ئالماق** ① مىللىيچە چېلىش ھەرىكىتىدە قارشى تەرەپنى يىقىتىش ئۈچۈن يانپاشقا تارتماق: ھېكىم سەمەتنى يانپاشقا ئېلىپ ئېتىۋىدى، سەمەت بىر ھازاغىچە ئورنىدىن تۇرالماي قالدى. ② كۆچمە. ئاجىز نۇقتىسىنى تۇتۇۋېلىپ زەربە بەرمەك: ئۇنىڭغا مېنى يانپاشقا ئالىدىغان پەيت تازا كەلگەنىدى، لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلمىدى.

**يانپاشقا چىقماق** ئاجىز يېرىدىن تۇتۇلماق: مەن كېيىنچە پۇشايمان قىلدىم، رەقىبىمنىڭ يانپېشىغا چىقىپ بەرگىنىمنى چۈشەندىم، ئۇ ئەمدى مېنىڭ بۇ خاتالىقىمدىن پايدىلىنىدۇ.

**يانپاشلاتماق** «يانپاشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دادامنى بىردەم يانپاشلىتىش ئۈچۈن قېلىن كۆرپىنىڭ ئۈستىگە يۇمشاق ياستۇق قويۇپ ئورۇن تەييارلىدىم.

**يانپاشلاشماق** «يانپاشلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: جەڭنىڭ غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىشلار خېلى ئۇزۇن داۋام قىلغاندىن كېيىن رەھمەتجاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەممەيلەن گۈلخاننى چۆرىدەپ يانپاشلاشتى.

**يانپاشلانماق** «يانپاشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سادىقنىڭ تۆرىدىشى جېنىكى بىلەن يەرنى تىرەپ يانپاشلىنىپ ياتتى.

**يانپاشلىماق** پ. بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ ياتماق، بىر يېنىنى يەرگە قويۇپ ياتماق: كېۋىر جېنىكىنى يەرگە تىرەپ بېشىنى ئالقىنىغا قويۇپ يانپاشلاپ ياتاتتى.

**يانپاي** ئى. يانتولۇق: ئېغىلنىڭ يانپاي تېمىغا يامىشىپ چىقىپ، يەنە بىر ھويلىغا سەكرىدىم.

**يانپەن** ئى [يان + پەن] ھارۋىنىڭ ھارۋىكەش ئولتۇرىدىغان تاختىيى.

**يانپۈچاق** ئى. دىيال. ياغاچ تېشىدىغان سايمان.

**يانتاق** ئى<بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. شاخلىرىدا ئۇزۇن تىكەنلىرى بولىدۇ. بۇ تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ.

**يانتاقچى** ئى. جاڭگال ۋە تاغۇتاشلاردىن يانتاق ئەكېلىپ، ئۇنى سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان كىشى: بۇ يەردە ئاران بىر ئېغىزلا ئۆي بار بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر يانتاقچى بوۋاي ئولتۇراتتى.

**يانتاقچىلىق** ئى. مەخسۇس يانتاق ئەكېلىپ سېتىش بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈش: «يانتاقچىلىق تولىمۇ ئېغىر، ئادەم ئىلگىرى باسمايدىغان بىر ئىش ئىكەن، ئۇنىڭدىن كۆرە ئوتۇنچىلىق قىلمايمەنمۇ» دەپ ئويلاپتۇ ھېلىقى يانتاقچى.

**يانتاقشېكىرى** ئى [يانتاق + شېكەر + ى] <بوت> ياز كۈنلىرى يانتاق شاخلىرىدىن ئاجرىلىپ چىققان سارغۇچ ئاق رەڭلىك شىلىمشىق سۇيۇقلۇقنىڭ قېتىشىشىدىن ھاسىل بولغان شېكەر ماددىسى. تەمى تاتلىق بولۇپ، تېبابەتچىلىكتە سوغۇقلۇق دورىسى قىلىنىدۇ.

**يانتاقلىق** ئى. يانتاق ئۆسكەن، يانتاق بىلەن قاپلانغان يەر: قويلار غەزەپكە كېلىپ، چوڭ ھايۋانلارغا قارشى جەڭگە ئۆتۈشكە تەييارلىنىش ئۈچۈن ئۆيلىرىگە كېتىپتۇ. تۈلكە غىپپىدە يانتاقلىققا سەكرەپ، قەدىمىنى چوڭ ـ چوڭ يۆتكەپ، بىر قېچىرنىڭ يېنىغا كەپتۇ.

**يانتاياق** ئى [يان + تاياق] ① تايىنىپ ماڭىدىغان تاياق: بىرىنىڭ كېيگىنى مېنىڭدەك جۇل ـ جۇل، بىرىنىڭ قولىدا بىر جۈپ يانتاياق. نەۋرىسى يېتىلەپ كېلەر ئەمانى، بىرىنىڭ قولىدا ئەرز بىر بولاق. ② كۆچمە. تايانچ، ياردەملەشكۈچى، ياردەمچى: يانتاياق بولماق.

**يانتاياقلىق** سۈپ. يانتاياق ئورنىدا؛ يۆلەنچۈكلۈك: يانتاياقلىق رول ئوينىماق.

**يانتايتماق** «يانتايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ چېلەكنى يەرگە قويۇپ كۈپنى يانتايتقانىدى، چېلەككە ئاران يېرىم چېلەك سۇ قۇيۇلدى.

**يانتايماق** پ. يانتۇلاشماق، قىڭغايماق؛ قىيسايماق: ھويلىنىڭ تېمى يانتىيىپ قاپتۇ.

**يانتوقا** ئى [يان + توقا] ئاياغ كىيىمىنىڭ ئاياغنى چىڭدىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يان تەرەپتىكى توقىسى.

**يانتوقلىق** ئى. ئىككى ياندا چېكى بار، بوغۇزىغا ئىككى يۆگەم تاسما بېكىتىلىدىغان ئايالچە ئۆتۈك.

**يانتۇ** سۈپ. تەكشىلىك ياكى تۈز سىزىققا پاراللېل ياكى تىك بولمىغان، قىڭغىر، سىڭارىيان، قىيسىق، قىيپاش: يانتۇ پاراللېل. ئالتە ياقلىق يانتۇ تەرەپ. يانتۇ تەكشىلىك. * بىز دەريا قىرىنىڭ يانتۇ تەرىپىنى بويلاپ ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتۇق.

**يانتۇق** ئى. دىيال. بېشى قىيسىق بالا.

**يانتۇلاشماق** پ. يانتۇ ھالەتكە كەلمەك، يانتۇ بولماق، قىيسايماق، قىڭغايماق: تۆپىلىك بارغانچە يانتۇلىشىپ ئېگىزلىمەكتە، ئارىلىق قىسقارماقتا.

**يانتۇلۇق** ئى ① يانتۇ ھالەت، يانتۇ كۆرۈنۈش.② <مات> بىر تۈز سىزىقنىڭ گورىزونتال سىزىق بىلەن ئۆزئارا كېسىشكەندىكى قىيسىقلىق دەرىجىسى. ئۇ كېسىشىش بۇلۇڭىنىڭ تانگېنىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ③ <بىن> يانتۇ تەكشىلىكنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بىلەن ئاخىرلىشىش نۇقتىسىنىڭ ئېگىزلىك پەرقىنىڭ شۇ نۇقتىلارنىڭ گورىزونتال ئارىلىقىغا بولغان نىسبىتى.

**يانتىيىشماق** «يانتايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يانجتماق** «يانجماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ چۈشكىچە بۇغدايلارنى يانجتتى.

**يانجىشماق** «يانجماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قوناقنى يانجىشىپ بولغاندىن كېيىن قايتىشتى.

**يانجىلماق** «يانجماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ كىرسىز سەبىي قەلبى بىمەھەل يانجىلدى.

**يانجماق** پ ① ئەزمەك، مىجىماق، ئۇۋاقلىماق: تۇمەن بويىدىكى جەڭدە قاۋۇل تۆمۈرچى ئۇنى ئاتتىن سۆرەپ چۈشۈرۈپ، چويۇن توقماق بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى يانجىپ تاشلىدى. ② كۆچمە. يوقاتماق: ئەگەر تەتۈر يول تۇتساڭ يانجىپ تاشلايمىز.

**يانچە** رەۋ. يېنىنى قىلىپ، يېنىنى قىلغان ھالدا، يانتۇ: يانچە قارىماق. * رېشىت قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى. ئۇ بوينىدىكى تىڭشىغۇچنى ئۈستەلگە قويۇپ، ئورۇندۇقتا يانچە ئولتۇردى ـ دە، چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

**يانچە ـ قىرىچە** ← **يانچە ـ قىرىچە تەگمەك.**

**يانچە ـ قىرىچە تەگمەك** قاتتىق، قوپال گەپ قىلماق؛ يىرىك مۇئامىلىدە بولماق، سوغۇق پوزىتسىيە تۇتماق: شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن خاڭدىكىلەر نەپرەت كۆزلىرىدە ماڭا نەشتەردەك قادىلىدىغان، جان ـ جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتكۈدەك قىلىپ، ماڭا يانچە ـ قىرىچە تېگىدىغان بولۇپ قېلىشتى.

**يانچۇق** ئى <كىي> كىيىمنىڭ مۇھىم، يەڭگىل نەرسىلەرنى سېلىپ يۈرۈش ئۈچۈن سىرتىغا ياكى ئىچىگە تىكىلگەن خالتا؛ چۆنتەك: يانچۇققا سالماق. يانچۇق تىكمەك. * نامراتنىڭ نېنى يانچۇقىدا (ماقال).

**يانچۇقىغا سالماق** خىيانەت قىلماق: ساقچى باشلىقى بۇ پۇلنى ئۆز يانچۇقىغا سېلىۋالدى.

**يانچۇقچى** ئى. باشقىلارنىڭ يانچۇقىدىكى نەرسىلەرنى ئوغرىلايدىغان ئادەم، ئوغرى: ئوغرىنىڭ دوستى يانچۇقچى (ماقال). * بىركۈنى ئەپەندىم شەھەر ھاكىمىنىڭ قېشىغا بىر ئىش بىلەن كېلىپ تۇرۇشىغا كىشىلەر بىر يانچۇقچىنى تۇتۇپ كىرىپتۇ.

**يانچۇقچىلىق** ئى. باشقىلارنىڭ يانچۇقىدىكى نەرسىلەرنى ئوغرىلىۋالىدىغان قىلىق، ھەرىكەت: ئۇ كىشىلىك تۇرمۇش يولىدىكى نۇرغۇن قېتىملىق ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇشلاردىن كېيىن يانچۇقچىلىق ھاياتىدىن ئاستا ـ ئاستا يىرگىنىشكە باشلىدى.

**يانچۇقلۇق** سۈپ ① يانچۇقى بار، يانچۇق ئورنىتىلغان: ئۇ ئۈچ يانچۇقلۇق كۆك سارجا چاپان كىيىۋالغانىدى. ② يانچۇق تىكىشكە بولىدىغان، يانچۇققا باب، يانچۇق تىكسە يېتىدىغان: يانچۇقلۇق رەخت.

**يانچى** ئى <پەلس> فېئوداللىق تۈزۈم شارائىتىدا ئەۋلادمۇئەۋلاد يەرگە باغلىنىپ قالغان، يانچىدارلارغا جىسمانىي جەھەتتىن بېقىنىدىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە ئېزىشىگە ئۇچرايدىغان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقارغۇچىلىرى. ئۇلار قۇللاردىن پەرقلىنىدۇ.

**يانچىدار** ئى <پەلس> يەر ئىگىلىگەن، يەرگە باغلانغان يانچىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە

قىلىدىغان فېئودال پومېشچىك.

**يانچىلىق** ئى. قۇللۇق: تارانچى تۈزۈمى ئەسلىدە جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر خەلقى ھېسابلىنىدىغان بۇ كۆچمەن چارۋىچى جۇڭغارلارنىڭ قەشقەرىيەدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدىن يانچىلىق تۈزۈم ھۆكۈمرانلىقىنى بىۋاستە يۈرگۈزگەنلىكىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى.

**يانداتماق** «ياندىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېتىمنى ئۇنىڭ ئېتىغا ياندىتىپ تۇرۇپ، گەپ باشلىدىم.

**ياندىش** سۈپ. يانمۇيان تۇرغان، يانمۇيان ئورۇناشقان: ئۇ تۇرغان ئۆي چارباغقا ياندىش بولۇپ، ئۇنىڭ بىر دېرىزىسى شۇ باغقا ئېچىلىدىكەن.

**ياندىش ئامبال** <تارىخ> قەدىمكى ئەمەل نامى. مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى مىنىستىرلىرىنىڭ مۇئاۋىن ئەمەلدارى كۆزدە تۇتۇلاتتى، ئۇنىڭ ئورنى دىۋانبېگىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى.

**ياندىش قۇربېشى** <تارىخ> قەدىمكى ئەمەل نامى. ئورنى قۇربېشىدىن (مىڭبېشىدىن) بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدۇ.

**ياندىشتۇرماق** ① «ياندىشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار تويتوغرا مەخسۇتباينىڭ قورۇسىغا كىرىپ، دەرۋازىغا ياندىشتۇرۇپ سېلىنغان لاپاس ئاستىدىكى يازلىق ئوقۇرلارغا ئاتلارنى باغلاپ جايلاشتۇردى. ② <ئەد> بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل نەرسىنى قاتار قويۇش ئارقىلىق 3 - بىر خىل مەنىنى بىلدۈرمەك.

**ياندىشما** ئى. يانمۇيان تۇرۇش، يانمۇيان قويۇلۇش: ھازىر بەزى كىتاب - ژۇرناللاردا، بولۇپمۇ ياندىشما دەرسلىك ماتېرىياللىرىدا رەسىم رەقەملىرى باتتىن كىچىك ئىنچىلاردىمۇ قوللىنىلىۋاتىدۇ.

**ياندىشماق** پ. يانمۇيان ماڭماق، يېقىنلاپ ماڭماق: ياندىشىپ تۇرماق. ياندىشىپ كەلمەك. * ياخشىغا ياندىش، ياماندىن قاچ (ماقال).

**ياندىق** ئى. ھارۋىغا ياندىپ قوشۇلىدىغان ئۇلاغ: ئىچ ئات تارتسا، ياندىق تارتماپتۇ، ئايغىر تارتسا، بايتال تارتماپتۇ (ماقال).

**ياندىقچى** ئى. باشقىلار نېمە ئىشقا بۇيرۇسا شۇنى قىلىدىغان كىشى؛ يالاقچى، غالچا: ئەھۋالنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن بايۋەچچە «قورققان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرۈر» دېگەندەك جامائەتكە ھۆركىرىگەندىن كېيىن ياندىقچىلىرىغا «تەييار بولۇش» دېگەن مەنىدە قاراپ قويدى.

**ياندىقچىلىق** ئى. باشقىلارغا ياندىقچى بولۇپ ئىشلەش، كۈن كەچۈرۈش: ياندىقچىلىق قىلماق.

**ياندىلماق** «ياندىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھويلىدىكى بۇلتۇر سېلىنغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆينىڭ يېنىدىكى بوش يېرىگە بۇ يىل يەنە ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي ياندىلدى.

**ياندۇرغا** ئى. دىيال. چىللاققا جاۋاب چىللاق.

**ياندۇرقى** سۈپ. دىيال. ۋاقىت جەھەتتىن ئۆتۈپ كەتكەن يىل ياكى كۈننىڭ ئالدىدىكى.

**ياندۇرماق** I «يانماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: رايىنى ياندۇرماق. نىيىتىدىن ياندۇرماق. * ئايشەم ئېرىنىڭ ئاچچىقىنى ياندۇرۇشقا تىرىشىپ، ئۇزۇن ئىككى ئۆرۈم تۇم قارا چېچىنى ئوڭ قولى بىلەن ئالدىغا قايرىپ، بارماقلىرى ئارىسىدا ئويىنىغاچ نازلىق كۈلدى.

**ياندۇرماق** II «يانماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوت ياندۇرماق. سەرەڭگە ياندۇرماق. * شوپۇر پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈپ، قول چىرىغىنى ياندۇرۇپ، كابىنىكىدىن چۈشتى.

**ياندۇرمىلاتماق** «ياندۇرمىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سەمەتكە بۇ شېئىرنى ياندۇرمىلىتىپ ئوقۇتقان بولسامۇ، ئەمما ئۇ تۇراقلارنى يەنىلا توغرا چىقىرالمىدى.

**ياندۇرمىلاشماق** «ياندۇرمىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۇ گەپلەرنى ياندۇرمىلىشىپ زېرىككۈچە، يەنى ئابلىز مېنى نوقۇپ قويغۇچە زۇۋان سۈرمەي، جىم تۇردۇم.

**ياندۇرمىلانماق** «ياندۇرمىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ بۇ خېتىدە «قەدىرلىكىم» دېگەن سۆز ئون نەچچە يەردە ياندۇرمىلانغانىدى.

**ياندۇرمىلىماق** پ. تەكرارلىماق، قايتىلىماق، يېنىشلىماق: ئۇ مېنىڭ بۇ گېپنى بىرنەچچە قېتىم ياندۇرمىلاپ ئېيتقىنىمغا تېرىككەندەك بولدى - دە، قىزىشىپ سۆزلەشكە باشلىدى.

**ياندۇرۇشماق** I «ياندۇرماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار توز بىلەن غاز كېيىكنىڭ دوست بولۇش ئارزۇسىنى ئۆزلىرىگە ئېيتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلەن رازىلىق بىلدۈرۈپ جاۋاب ياندۇرۇشۇپتۇ.

**ياندۇرۇشماق** II «ياندۇرماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كۈندۈزى تولۇق ئىشقا چىقاتتى، ئاخشىمى ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە ئۆزئارا ئاپتوموبىللارنىڭ چىراغلىرىنى ياندۇرۇشۇپ، كېچىچە ئاپتوموبىللارنى رېمونت قىلىشاتتى.

**ياندۇرۇق** ئى ① قوشاماچقا قوشۇلىدىغان ئۇلاغنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بېشىغا باغلىنىدىغان ئارغامچا. ② ئادەمگەرچىلىكتە قارشى تەرەپنىڭ بەرگەن، سوۋغا قىلغان نەرسە - كېرەككە جاۋابەن قايتۇرۇلغان نەرسە: كېيىن كىرگەنلەر بوش ئورۇنغا جايلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاشخانىغا بۇرۇن كىرگەنلەر ئۆزىنىڭ چېيىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، كېيىن كىرگەنلەرگە تۇتاتتى. ئارقىدىنلا كېيىن كىرگەنلەرمۇ ياندۇرۇقى قىلىپ چاي تۇتاتتى.

**ياندۇرۇقلۇق** سۈپ. يېنىپ تۇرغان، ياندۇرۇلغان: بۇ ئۆيدىكى ئۈستەل ئۈستىگە ياندۇرۇقلۇق چىراغ، چاي، قەنت ۋە تاماكىلار قويۇلغانىدى.

**ياندۇرۇلماق** I «ياندۇرماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھۆسەينەم ھەر كۈنى تورغاي ئويغىنىشتىن بالدۇر ئىشقا ھەيدەلسە، كەچ گۇگۇمدا ياكى بەزىدە ئاي يورۇقىدا ياندۇرۇلاتتى.

**ياندۇرۇلماق** II «ياندۇرماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: رۇقىيە ياندۇرۇلغان چىراغنى ئۈستەلگە قويۇپ، ئالدىراپ دېرىزىنىڭ پەردىسىنى يېپىشقا باشلىدى.

**ياندىما** سۈپ. يانداپ قويۇلىدىغان، ياندىلىدىغان: بورانلىق قۇيرۇق پالوبىلىرى، راھەت بىلىنىدىغان ياندىما رېشاتكىلىق ئايلانما پالوبىلار، قىرائەتخانا، كۇلۇب، ياتاقلار، قىسقىسى، مەن ئارىلىمىغان ھېچ يەر قالمىدى.

**ياندىماق** پ ① يېنى بىلەن ماڭماق، يېقىنلاشماق: مەن پاتىگۈلنى يانداپ ئۆتۈپ ئۆيگە كىرىپ كەتتىم. ② ياندىشتۇرماق؛ قوشماق: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كونا ئۆيلىرىگە يانداپ ئىككى ئېغىزلىق يېڭى ئۆي سېلىۋالدى.

**يانغاق** سۈپ ① گېپىدە، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان، گېپىدىن ئاسان يېنىۋالىدىغان: بىزنىڭ مەھەللىدە ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن بولۇپ، بىرىنى «ئابلا يانغاق»، بىرىنى «ھاشىم تايغاق» دەيتتى. ② ھارۋىنى ياخشى تارتمايدىغان، كەينىگە داجىيىدىغان: يانغاق ئات. يانغاق ئۆكۈز.

**يانغىن** ئى. ئوت تۇتىشىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدىغان

زور يالقۇن؛ ئوت: ئوت كەتكەن يەردە ياغلىق نەرسە قانچە كۆپ بولسا، يانغىن شۇنچە ئۇزاققا سوزۇلىدۇ.

**يانقارماق** ئى [يان + قارماق] ھارۋا ئىگىرىنىڭ قاپتىلى بىلەن بەلبېغىنىڭ ئۆز ئارا سۈركىلىپ بىر ـ بىرىنى يەپ كەتمەس ـ لىكى ئۈچۈن ئىگەرنىڭ قاپتىلىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان يۇپقا تۆمۈر.

**يانماق** I پ ① ئەسلىي كەلگەن ياكى تۇرغان يېرىگە بارماق، دەسلەپكى يېرىگە كەلمەك، قايتماق: ئۆيگە يانماق. بازاردىن يانماق. * ئاتقان ئوق يېنىپ كەلمەس (ماقال). * يېرىم كۇنىنىڭ يېنىشى يوق (ماقال). ② چېكىنمەك، قايتماق: ئەتىگەنكى مۇشتتىن يانما (ماقال). * ئۇ ئەتىگەندە سودىدىن يانسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، باھا تالاشمايلا خېرىدارنىڭ دېگىنىگە بېرىۋەتتى. ③ قارشى ـ لىق قىلماق، دېۋىنماق ، ئۆكتە قوپماق: ئوغلى نەسىھەتنى قوبۇل قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا دادىسىغا يېنىپ يولسىز تاكاللاشتى. ④ سوۋۇماق، پەسەيمەك: كەيپى يانماق. قىزىتمىسى يانماق. ⑤ قاتتىقلىق دەرىجىسى بوشىماق، چىڭلىقى يوقالماق: كاماندى ـ چىلىق چالغۇلار ئادەتتە ئاسان يېنىپ كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاۋاز مۇقىم ـ لىقى باشقا چالغۇلارغا نىسبەتەن يۇقىرى بولىدۇ. ⑥ توختىماق، ۋاز كەچمەك، قايتماق، بوشىماق: بىزنى بوزەك قىلىدىغان ئەختەم ـ بايدەك ئادەملەر بىلەن بولىدىغان كۈرەشمىز تېخى باز، كۈرەش قىلىشتىن يانمايمىز. ⑦ چۈشۈپ قالماق: ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم كېلىپ مەن يىقىلغان يەرگە يانچۇقۇمدىن يېنىپ قالغان ئوقۇغۇچىلىق كىنىشكا، تونۇش ـ تۇرۇش قەغىزى ۋە بىلەت قاتارلىقلارنى توپلىرىنى قېقىۋېتىپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

**يانماق** II پ. ئوت ئالماق، كۆيمەك: تار ۋە تۇمانلىشىپ قالغان كوچىدا خىرە ئېلېكتىر چىراغلىرى ياندى.

**يانمۇيان** بىر ـ بىرىگە يېقىن، ياندىش، بىر قاتار: يانمۇيان ماڭماق. يانمۇيان كەلمەك. * گۈلخان يېنىدىكى تاش ئۇستىدە ئەكبەر بىلەن سەلىمە يانمۇيان ئولتۇراتتى.

**يانۋار** ئى [ر<لات] <ئاستىر> ① قەدىمكى رىم خىرىستىيانلىرىنىڭ كاتتىباشلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى. مىلادىيە كالېندارىنى تۈزۈشكە بىرىنچى بولۇپ قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئاينى ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان. ② مىلادىيە يىل ھېسابى بويىچە بىرىنچى ئاي.

**ياۋ** ئى. ئۇرۇش، جەڭدىكى قارشى تەرەپ؛ دۈشمەن، رەقىب: ياۋ ياقىدىن ئالسا، ئىت ئېتەكتىن ئالار (ماقال).

**ياۋا** سۈپ ① ئۆزلەشتۈرۈلمىگەن، ئادەمگە ئۆگىتىلمىگەن: ياۋا كەندىر. ياۋا ئات. ياۋا ئېشەك. ② نورمال بولمىغان، غەيرىي: مۇسا ئۇنىڭ بۇرۇنلىرىدىكى ياۋا تۈكلەرنى قايچا بىلەن قىرقىۋەتتى. ③ كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغان، مىجەزى باشقىچە، مىجەزى غەيرىي، يېگانە: ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى سەل ياۋا كېلىدىكەن. ④ غەيرىي، يېقىمسىز (ئاۋاز ھەققىدە): ياۋا ئاۋاز.

**ياۋا كەپتەر** <زوئول> كەپتەرنىڭ بىر خىلى. تېنىنىڭ يۇقىرى قىسمى كۆل رەڭ بولۇپ، بويۇن قىسمىدا يېشىلغا مايىل قوڭۇر رەڭلىك پارقىرىقى بولىدۇ. قورساق قىسمى ئاچ كۆل رەڭ كېلىدۇ. ئۇچۇشقا ماھىر. زىرائەت دانلىرى ۋە باشقا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**ياۋاش** ① سۈپ. شوخلۇق قىلمايدىغان، ئېغىر ـ بېسىق، ئىنائەتمەن، تىنچ ياكى جىم يۈرىدىغان، رايىش، مۆمىن: ياۋاش بالا. ياۋاش كالا. * بىر ياماندىن قورق، بىر ياۋاشتىن قورق (ماقال). * مېھمان قويدىن ياۋاش (ماقال). ② سۈپ. تۆۋەن، ئاستا، بوش: سۇتۇق ئاۋازىنى ياۋاش چىقارماق بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇيرۇق ئاۋازىغا ئوخشاپ كەتتى. // ناغرا، سۇناي بىرپەس ياۋاشراق ئاھاڭدىن كېيىن بىردىنلا شوخ ئۇسسۇل ئاھاڭىغا يۆتكەلدى. ③ رەۋ. ئاستا، سۇس، يەڭگىللىگىنە: بوۋاي باشتىكى پەدە بىلەن ساتارنى ياۋاش چۈشۈردى. * ئۇلار ئازراق پىرقىرىغاندىن كېيىن بىرپەس ياۋاش ئوينى ـ دى ـ دە، يەنە پىرقىراشقا باشلىدى.

**ياۋاشلاتماق** «ياۋاشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرى ـ جىسى: — بۇنى ياۋاشلىتىدىغان ئامالنى قىلمىساق بولمايدۇ، — دېدى موللا زەيدىن ئويچان ھالدا ئايالىغا قاراپ.

**ياۋاشلاشماق** «ياۋاشلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ باللىرى بەكلا ياۋاشلىشىپ كەتتى.

**ياۋاشلانماق** ① «ياۋاشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرى ـ جىسى. ② «ياۋاشلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: شۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ ياۋاشلىنىپ قالدىم.

**ياۋاشلىق** ئى. ياۋاشلارغا خاس ئىش ـ ھەرىكەت، مۇئامىلە: ياۋاشلىق قىلماق. * بۇ چاغدا ئادىلنىڭ بۇيرۇقىغا ياۋاشلىق بىلەن بويسۇنغان سېيىت ئاكا ئەنۋەرنى ئەگەشتۈرۈپ ئىشىكنىڭ سىرتىغا چىقىپ بولغانىدى.

**ياۋاشلىماق** پ. ياۋاش بولۇپ قالماق، ياۋاش ھالەتكە كەلمەك، پەسكويغا چۈشمەك: ناخشا ئېيتىپ ئويناقلاپ ئاققان كۆمۈش دەريالار، قىش كەلگەندە ياۋاشلاپ، توختايدىكەن شوخلۇقتىن، ئاقار، ئەمما قەلبىمنىڭ دولقۇنلاپ ئوت دەرياسى، قىيان ياساپ، گۈركى ـ رەپ پەخىرلىنىش ـ زوقلۇقتىن.

**ياۋاش ـ يۇمشاق** گەپ ئاڭلايدىغان رايىش، سىلىق ـ سىپا ـ يە؛ ئوڭلۇق: ئانا تۇيۇقسىز بىر چاغلاردا قىزى باشلاپ كېلىدىغان ئاق يۈزلۈك، ياۋاش ـ يۇمشاققىنا بالىنى ئەسلەپ قالدى.

**ياۋان** ئى. شەھەرنىڭ سىرتىدىكى يەر؛ دەشت؛ چۆل، جەزى ـ رە؛ دالا: ئېگىز ـ ئېگىز داۋاننى، ئاتلىرىمغا تاپشۇردۇم. ياۋاندىكى بۆرىنى، مىلتىقىمغا تاپشۇردۇم.

**ياۋايى** سۈپ ① ئادەمگە كۆنمىگەن، كۆندۈرۈلمىگەن، تەبىـ ئەتتە ئەركىن ياشاۋاتقان (ھايۋانات ھەققىدە): ئورمان ياۋايى ھايۋان، قۇشلارنىڭ ماكانى. ② ئۆزى تەبىئىي ئۆسىدىغان ياكى ئۆسكەن (تەبىئىي ئۆسۈملۈكلەر ھەققىدە): — مۇبادا مۇشۇ ئەمگەكلىرىمىز بىلەن ياۋايى ئوتلارغا جەڭ ئېلان قىلالىساق، دېھقانلار ـ نىڭ شال ئوتاش ۋاقتىنى تېجەپ، دەردىنى يېنىكلەتكەن بولاتتۇق! — دېدى ھاشىم ئاكا خۇشاللىنىپ. ③ مەدەنىيەتنىڭ ئىپتىدائىي باسقۇچىغا خاس بولغان، قالاق، مەدەنىيەتسىز: بۇرژۇئازىيە بارلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ تېزلىكتە ياخشىلىنىشى ۋە قاتناش ئىشلىرىنىڭ ناھايىتىمۇ ئاسانلىششى ئارقىسىدا، ھەممە مىللەتلەرنى ھەتتا ئەڭ ياۋايى مىللەتلەرنى مەدەنىيەت تەرەپكە تارتتى. ④ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن چەتلىگەن؛ قەبىھ، ۋەھشىي: سەن سەنئەتنى خارلايدىغان ياۋايى تەبىئەتلىكلەرنىڭ خىلىدىنسەن!

**ياۋايىلاشتۇرماق** «ياۋايىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىنسانلار ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرگىنىگە ئوخشاشلا «ئۆي تۈلكىسى»نى ياۋايىلاشتۇرۇشمۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە قىيىنلىق دەرى ـ جىسى يۇقىرى ئىشتۇر.

**ياۋايىلاشتۇرۇشماق** «ياۋايىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك

دەرىجىسى.

**ياۋايىلاشتۇرۇلماق** «ياۋايىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شىنجاڭدا ياۋايىلاشتۇرۇلغان ئۆي تۆلكىسى ئارقىلىق چاشقان يوقىتىش يولغا قويۇلدى.

**ياۋايىلاشماق** پ. ياۋايى بولۇپ قالماق، ياۋايى ھالەتكە كېلىپ قالماق: يىللار ئۆتكەنسېرى، قۇتلۇق شۇنداق جىمغۇر، شۇنداق ياۋايىلىشىپ كەتتىكى، ھەتتا سىلىم ئاكا كىرگۈزگەن تاماق-نىمۇ يېمەيدىغان بولۇۋالدى.

**ياۋايىلىق** ئى. ياۋايىلارغا خاس ئىش - ھەرىكەت، قىلىق: گۈپۈلدەپ گۈل پۈراپ تۇرغان گۈلشەننى، ياۋايىلىق قىلدى خاراب بىر دەمدە. مەن ئويلىدىم: گۈزەللىكتىن سەسكەنگەن، يەنە بىر جاي بارمىدۇ بۇ ئالەمدە؟!

**ياۋچى** ئى < ئىرق> ← **ياۋچىلار**.

**ياۋچىلار** ئى <ئىرق> قەدىمكى قەبىلە. ئۇلار چىن، خەن دەۋرلىرىدە دۇنخۇاڭ، چىلىيەن تېغى ئارىلىقىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 177-، 176 - يىللىرى ھونلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، غەربكە كۆچۈپ، ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ساكلار تەۋە-لىكىدىكى جايلاردىن ھەتتا ئىسسىقكۆل ۋە ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىنىمۇ ئىگىلىگەن. ئۇلارنىڭ غەربكە كۆچكەن قەبىلىلىرى تارىختا ئۇلۇغ ياۋچىلار دەپ ئاتىلىدۇ. تەخمىنەن مىلادىيە 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئۇلار باكتې-رىيەلەرنىڭ شەرققە كىرىشى بىلەن يوقالغان.

**ياۋروپا** ئى <جۇغ> ياۋروپا قىتئەسى. دۇنيادىكى يەتتە قىتئەنىڭ بىرى. شىمال تەرىپى شىمالىي مۇز ئوكيانغا، غەرب تەرىپى ئاتلانتىك ئوكيانغا، جەنۇب تەرىپى ئوتتۇرا دېڭىزغا تۇتىشىدۇ. يەر كۆلىمى 10 مىليون كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. پۈتۈن قىتئەدە 700 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالە، 44 دۆلەت ۋە بىر رايون بولۇپ، دۇنيادىكى نوپۇسى زىچ رايون ھېساب-لىنىدۇ.

**ياۋروپالاشتۇرماق** «ياۋروپالاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ھازىرقى تۇرمۇشنى ياۋروپالاشتۇرۇش كويىدا بولماقتا ئىدى.

**ياۋروپالاشتۇرۇشماق** «ياۋروپالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بەزىلەر چۈشىدىمۇ، ئويغىدىمۇ تۇرمۇشنى بىر يولىلا ياۋرو-پالاشتۇرۇشۇپ ياشاشنى ئويلايدۇ، بۇ ئۇخلىماي چۈش كۆرگەنلىكتۇر.

**ياۋروپالاشتۇرۇلماق** «ياۋروپالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە دائىم ياۋروپالاشتۇرۇلغان تۇرمۇش چۈشىنى كۆرۈشكە باشلىغانىدى.

**ياۋروپالاشماق** پ. ھەممە جەھەتتىن ياۋروپانىڭكىگە ئوخشاش بولماق: ئۇ ھازىر زامانغا لايىق ياۋروپالاشقان جۈپتىن بىرنى تېپىش يولىدا ئىزدەنمەكتە ئىدى.

**ياۋروپالىق** ئى. ياۋروپا قىتئەسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ياۋروپادا ياشايدىغان ئادەم: ئۇ قىز ياۋروپالىق ئىكەن.

**ياۋزۇ** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئېلىمىزنىڭ گۇاڭشى، خۇنەن، يۈننەن، گۇاڭدۇڭ ۋە گۈيجۇ قاتارلىق ئۆلكىلەرگە تارقاق ئولتۇراقلاشقان.

**ياۋزۇچە** ① سۈپ. ياۋزۇ خەلقىگە، ئۇنىڭ تىل-يېزىقى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: ياۋزۇچە ئۇسسۇل. ياۋزۇچە ئادەت. ② ئى. ياۋزۇ تىلى. ③ رەۋ. ياۋزۇ تىلى ۋە يېزىقىنى ئىشلىتىپ، ياۋزۇ تىلىدا: ياۋزۇچە سۆزلىمەك.

**ياۋۇز** سۈپ. ئۆتۈپ كەتكەن رەھىمسىز، شەپقەتسىز، قەبىھ، رەزىل، يىرتقۇچ: ياۋۇز ئادەم. ياۋۇز دۈشمەن.

**ياۋۇزلارچە** رەۋ. ياۋۇزلارغا ئوخشاش، ياۋۇزلۇق بىلەن، ۋەھشىيلەرچە: بىر ئەبلەخ ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ، ياۋۇزلارچە ئۇنىڭغا ھومىيىپ قاراپ قويدى.

**ياۋۇزلاشماق** پ. ياۋۇز ھالەتكە كەلمەك، ياۋۇز بولماق، ۋەھشىيلەشمەك: شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كەپتۇ تاغنىڭ كەينىدىن. ياۋۇزلاشقان دۈشمەنلەر، ماتەم چىللاپ پەيلىدىن.

**ياۋۇزلۇق** ئى. ياۋۇزلارچە ئىش - ھەرىكەت، قىلىق: مەن ئۇنىڭ مېنى مەپتۇن قىلغان چىرايلىق ھەم نۇرلۇق كۆزلىرىدىن پەقەت يىرتقۇچلاردىلا بولىدىغان ياۋۇزلۇقنى كۆردۈم.

**ياۋىداق** سۈپ. ئېگەر - توقۇمسىز، ئېگەر - توقۇم توقۇل-مىغان؛ يالىڭاچ: قورقۇپ كەتكەن قۇيرۇقچىلار ئاتلىرىنى ياۋىداق مىنىپ پىتىراپ قاچماقتا ئىدى.

**ياۋىلاشتۇرماق** «ياۋىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-جىسى: ئالتاي ۋىلايىتى يايلاقتا چاشقان تۇتۇشقا ماس كېلىدىغان تۈلكىنى تاللاشتا، ئۆيدە بېقىلىدىغان تۈلكىنى ياۋىلاشتۇرۇشنى سىناق قىلىشقا باشلىدى.

**ياۋىلاشتۇرۇشماق** «ياۋىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ياۋىلاشتۇرۇلماق** «ياۋىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شىنجاڭدا ياۋىلاشتۇرۇلغان ئۆي تۈلكىسى ئارقىلىق چاشقان يوقىتىش يولغا قويۇلدى.

**ياۋىلاشماق** پ. ياۋىغا ئايلانماق: مۇشۇ كۈنلەردە بەزى كىشىلەر بەكلا ياۋىلىشىپ كېتىپتۇ.

**ياي** ئى ① ئەگمەچ، گەردىش شەكىل: ئۇ ئوقيا ياساش ئۈچۈن تاياقنى ياي قىلىپ ئەگدى. ② <مات> چەمبەر ئۈستىدىكى خالىغان ئىككى نۇقتا ئارىسىدىكى بۆلەك.

**ياياق** سۈپ. قاتناش قورالىسىز، ئۇلاغسىز: ياياق ئادەم ئاتلىق ئادەم بىلەن قانداق يۈگۈرۈشسۇن. // يايا يۈرمەك. ياياق ماڭماق.

**يايپاڭ** سۈپ. ئاستى تار، ئاغزى (ئۈستى) تەرىپى يېيىلاڭغۇ: كەڭ: يايپاڭ قازان. يايپاڭ چىنە.

**يايداڭ** سۈپ. ئۈستىگە ھېچنېمە قاچىلانمىغان، قۇرۇق: يايداڭ ھارۋا. يايداڭ ئاپتوموبىل.

**يايدۇرماق** «يايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاسترو-نومىيە كىچىك ھەۋەسكارلىرى يېقىندىن بېرى ھاللېي قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنى كۆزىتىش ئالدىدىكى تەييارلىق ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇۋەتتى.

**يايراتماق** «يايرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: زەپمۇ يايراتتى كۆڭۈلنى تاڭدا بۇلبۇل نەغمىسى، تاغدا ئاھۇ، كۆكتە قارلىغاچ، ئاق قۇ ئوينار غاز بىلەن.

**يايراشماق** «يايرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يايرىشىپ ئوتلاۋاتقان قويلار ۋە ئېشەكلەرمۇ ئىسسىققا چىدىماي دەرەخ-نىڭ سايىسىغا كېلىۋېلىشتى.

**يايرىماق** پ. ئۆزىنى ئەركىن ھېس قىلماق، مەززە قىلماق، مەمنۇن بولماق، خۇرسەن بولماق، سۆيۈنمەك: بوۋاي ھەر ۋاخ تامىقىدىن كېيىن غىڭشىپ ناخشا ئېيتقاندا، مومايىنىڭ جېنى يايراپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ.

**يايىسمان** سۈپ. يايغا ئوخشاش، يايدەك: يايىسمان باكتېرىيە. يايىسمان چىراغ. يايىسمان نۇر. يايىسمان زىخچە.

**يايغۇ** ئى. دىيال. نوغۇچ.

**يايقۇن** ئى. دىيال. سۇ تارىلىپ، يېيىلىپ ئاققان جاي.

**يايلاتماق** «يايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كارۋان خوجايىنى بۇ يەردە تۆگىلەرنى يايلىتىپ ئۈچ كۈن دەم ئالدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

**يايلاشماق** «يايلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تەلىيى كۆلگەن يېشىل يايلاقتا باق، يايلىشار سېمىز كالا، قوي، ئات ـ ئۇلاغ. ئۇندا قويچى شادلىقىدىن ئېيتسا كۈي، سالىدۇ بۇلبۇل خۇشاللىقتا قۇلاق.

**يايلاق** ئى. چارۋا ئوتلايدىغان كەڭ مەيدان؛ ئوتلاق: يايلاققا بارماق.

**يايلاقچىلىق** ئى. يايلاق، ئوتلاق بەرپا قىلىش، باشقۇرۇش ئىشى، ئومۇمەن يايلاق ۋە ئوتلاق بىلەن مەشغۇل بولۇش پائالىيىتى: ھازىر رايونىمىزدا يايلاقچىلىقنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى ئورنى بارغانسېرى مۇھىم بولماقتا.

**يايلىق** سۈپ. يايى بار، يايغا ئىگە: يايلىق لامپا. يايلىق زەرەتسىزلىنىش.

**يايلىماق** پ. ئوت ـ چۆپ يېمەك، ئوت بىلەن ئوزۇقلانماق، ئوتلىماق (چارۋىچىلار ھەققىدە): دادۇينىڭ چارۋا ماللىرى يازلىقى ئاشۇ قارىياغاچ ۋە بۇلاقنى مەركەز قىلىپ، ئەتراپتىكى ئوت ـ چۆپلۈك جىلغىلاردا يايلايتتى.

**يايما** ① سۈپ. يېيىپ سېتىلىدىغان ياكى يېيىپ قۇرۇتۇلىدىغان، يېيىلىدىغان: يايما قاق. يايما پالاس. ② ئى. يايغان نەرسە، بىرەر جايغا سېلىنغان پالاس ئۈستىگە سېتىش ئۈچۈن يېيىپ قويۇلغان ھەر خىل نەرسىلەر: ئۇ كوچىنىڭ دوقمۇشىدا يايما ئېچىپ خېرىدار چاقىرىشقا باشلىدى.

**يايما قاق** ئالما، ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلەرنى قازاندا قايناتىپ قويۇق ھالەتكە كەلتۈرگەندىن كېيىن بىر ئىلىك قېلىنلىقتا تەكشى يېيىپ قۇرۇتۇلىدىغان قاق.

**يايماق** پ ① ئوراقلىق، قاتلاقلىق، يۆگەكلىك، پۈكلەكلىك نەرسىلەرنى ئاچماق، ئېچىپ قويماق؛ سالماق: داستىخان يايماق. قۇچاق يايماق. ئېتەك يايماق. ② خېمىرنى بېسىپ، نېپىزلىتىپ كېڭەيتمەك: دالاندىكى يوغان پالاس ئۈستىدە بىرنەچچە ئاياللار سۈپرىلىرنى ئېچىپ چۆپ يايماقتا. ③ ئېچىپ، يېيىپ ئاسماق، ئاپتاپقا سالماق: كىيىم يايماق. كىر يايماق. ④ كۆچمە. تارقاتماق، كېڭەيتمەك، ئاشكارىلىماق: چەكمە يۇرەك تارىمنى، ئەلگە يايما زارىمنى. چۇشۇمدە كۆرەر بولسام، يىراقتىكى يارىمنى.

**يايمىچى** ئى. يايما يېيىپ مال ساتقۇچى، يايمىكەش: ئارىلاشما ئاھاڭلارغا ئۇشقۇرتۇپ، كەلدى ئايال يايمىچىلار ئالدىغا. ھەرىكەت قىلىپ سەھنىدىكى ئارتىستەك، قوللىرىنى يېيىپ باقتى ئۇ ئالغا.

**يايمىچىلىق** ئى. يايما يېيىپ مال سېتىش ئىشى، كەسپى؛ يايمىكەشلىك: ھۆپىگەرلەرگە تىجارەت قىلىدىغان جاي كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يەردە يايمىچىلىق قىلىشىغا، خېرىدار چىللاپ ۋارقىراپ يۈرۈشىگە يول قويماسلىق لازىم.

**يايمىكەش** ئى. يايمىچى: يايمىكەشلەر خېرىدارنى چىللاپ توۋلاپ تۇرىدۇ.

**يايمىكەشلىك** ئى. يايما يېيىپ مال سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى، كەسپى، يايمىچىلىق: ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يايمىكەشلىك قىلىپ ئۆز كارخانىسىنىڭ بېسىلىپ قالغان مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشىغا رۇخسەت قىلىندى.

**يايى** ئى. كونا جەمئىيەتتە بەگ، ھاكىملارنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى جاكارلايدىغان، بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرىدىغان كىشى: يامۇلنىڭ جۇمەش قاتارلىق بىرقانچە يايىسى ئاتلىرىنى كوچىدا بولۇشىچە چاپتۇرۇپ كەلمەكتە.

**يەپ ـ ئىچىپ** يەپ ۋە ئىچىپ: يەپ ـ ئىچىپ ئوينايدىغان ئىشرەت ماڭا لازىم ئەمەس.

**يەتتە** سان. ئالتىدىن چوڭ، سەككىزدىن كىچىك بولغان پۈتۈن سان، « 7 » رەقىمى: ئالتىگە بىرنى قوشساق يەتتە بولىدۇ. * يېتىمنىڭ ئاتىسى يەتتە (ماقال). * يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس (ماقال).

**يەتتە ئەزا** ئادەمنىڭ كۆز، بۇرۇن، قۇلاق، ئېغىز، پۇت، قول ۋە باش قاتارلىق ئاساسلىق سەزگۈ ئەزالىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**يەتتە ئەزاسى پۈتۈن** تېنى ساغلام: يەتتە ئەزايىم پۈتۈن، ئۆز كۈنۈمنى ئۆزۈم ئالالايمەن.

**يەتتە تاغنىڭ نېرىسى** دەرھال يەتكىلى بولمايدىغان، ئۇزۇن مۇساپىلىك، يىراق يەر : ــ ۋاي ـ ۋاي ـ ۋۇي، يەتتە تاغنىڭ نېرىسىدىكى يەركەنغۇ ئۇ، ــ دېدى ئايشەم ئاھ ئۇرۇپ.

**يەتتە خۇپتەن** قاراڭغۇ چۈشكەن، كېچە، ئەل ياتار ۋاقىت : ــ ئادىل مۇشۇ كۈنلەردە ئۆيگە ھەر كۈنى يەتتە خۇپتەندە كېلىدىغان بولۇپ قالدى، ــ دېدى زۇمرەت ئاپىسىغا داتلاپ.

**يەتتە نەزىر** <دىن> ئىسلام دىنىي ئادىتى بويىچە ئادەم ۋاپات بولۇپ 7 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان نەزىر.

**يەتتە ئىقلىم** پۈتۈن دۇنيا، يەر يۈزى: مەن ئۇنى ئىزدەپ يەتتە ئىقلىمنى كېزىپ چىقتىم.

**يەتتەيلەن** سان. يەتتە كىشى، يەتتە نەپەر ئادەم.

**يەتتىقاراقچى** ئى [يەتتە+قاراقچى] <ئاستر> چوڭ ئېيىق يۇلتۇز تۈركۈمىدىكى يەتتە يورۇق يۇلتۇز. تارقىلىشى چۆمۈچكە ئوخشايدۇ. ئادەتتە «يەتتىتىكەن»، «يەتتىقوزۇق» مۇ دېيىلىدۇ.

**يەتتىلىك** ① سۈپ. يۈزىگە يەتتە رەقىمى يېزىلغان، يەتتە دانە شەرتلىك بەلگە بېسىلغان: يەتتىلىك خىش. يەتتىلىك تاپان. ② ئى. شۇنداق قارتا: قاغىنىڭ يەتتىلىكى.

**يەتتىنچى** سان. ئورۇن تەرتىپى يەتتە رەقىمى بىلەن بەلگىلەنگەن؛ ئالتىنچىدىن كېيىن، سەككىزىنچىدىن ئىلگىرى: يەتتىنچى سىنىپ. يەتتىنچى كالاچ. يەتتىنچى ئۆي.

**يەتتىنچى ئاي** ← ئىيۇل.

**يەتتىنچى جۇ** <ئاستر> دېھقانلار كالېندارى بويىچە «قىشلىق كۈن ـ تۈن تەڭلىشىش» مەۋسۇمى كىرگەندە، توققۇز كۈندىن ھېسابلىنىدىغان توققۇز جۇنىڭ يەتتىنچىسى. مىلادىيە ھېسابىدا 20 ـ فېۋرالدىن 22 ـ فېۋرال ئارىلىقىدا باشلىنىپ، 28 ـ فېۋرالدىن 1 ـ مارت ئارىلىقىدا ئاخىرلىشىدۇ.

**يەتكۈچە** رەۋ. بولغۇچە، بولۇشىچە، تويغۇچە، قانغۇچە؛ بولدى

دېگۈچە: بىز ئۇنىڭ ئۇزۇن مىسرالىرىدىن ئادەتتىكى سۆز رىتىملىرىنى كىچىك بىرلىك قىلغان تەبىئىي ئۆزگىرىشچان ئىچكى رىتىملارنى يەتكۈچە تاپالايمىز.

**يەتكۈزمەك** ① «يەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: روشەنگۈل ئۇنى بۇرۇنقىدەكلا يوقلاپ، قوشنىدارچىلىقىنى يەتكۈزۈپ تۇردى. ② <قا>ئەدلىيە ئورگانلىرى مەلۇم ئۇسۇل ئارقىلىق دەۋا ھۆججىتىنى دېلودىكى دەۋاگەرگە ياكى باشقا دەۋاغا قاتناشقۇچىلارغا تاپشۇرۇپ بەرمەك.

**يەتكۈزۈشمەك** «يەتكۈزمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەھەللىدىكىلەر ئىشكىلىرىنى تاراقلىتىپ ئېچىپ، ئۆيلىرىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقاتتى ـ دە، يامغۇر گويا ئۆزىنىڭ ئۆگزىسىگىلا ياغقاندەك، قوشنىلىرىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشەتتى.

**يەتكۈزۈلمەك** «يەتكۈزمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇزۇن ئۆتمەي كېسەل دوختۇرخانىغا يەتكۈزۈلدى.

**يەتمەك** پ ① كۆزلىگەن نىشانغا، ماكانغا، مەنزىلگە ئۇلاشماق؛ بارماق: مەنزىلگە يەتمەك. قوغلاپ يەتمەك. ② ئويلىغىنى، مۆلچەرلىگىنى ۋاقىت، سان، مىقدار جەھەتتە باب كەلمەك، تەڭ بولماق: رەھبەرلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، بۇ ناھىيەدە دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ساۋات چىقىرىش نىسبىتى 90 پىرسەنتكە يەتتى. ③ كۇپايە بولماق، تەمىن ئەتمەك، قامدالماق: تۇرمۇشقا يەتمەك. ئېھتىياجغا يەتمەك. * كۆپ بولسا كېتەر، ئاز بولسا يېتەر (ماقال). ④ ھاسىل بولماق، ئەمەلگە ئاشماق، ئورۇندالماق: ئارمىنىغا يەتمەك. مۇرادىغا يەتمەك. * ئەزمە ئويلانغۇچە، تەۋەككۇلچى مەقسىتىگە يېتىپتۇ (ماقال). ⑤ ھۇزۇر ـ ھالاۋەت، پايدا ـ مەنپەئەت، پۇرسەتكە ئېرىشمەك، ئۇلاشماق: ئۇلار بۇرۇنقى ئاچ ـ يالىڭاچ تۇرمۇشتا ئۆلۈپ كەتمەي، بۈگۈنكى بەختلىك كۈنگە يەتتى. ⑥ كۆچمە. توسالغۇغا، دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىماق: مۇشۇ ئاربىدا ئالتە مىنۇتتىن ئارتۇق ماشىنا توختاش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، ئىسمېنىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا بەلگىلىك تەسىر يەتكەن. ⑦ مەلۇم چەك، مەلۇم نۇقتا، مەلۇم دەرىجىگە بارماق، تاقالماق: بالاغەتكە يەتمەك. ۋايىغا يەتمەك. * ھۆرمەتلىك دوستۇم، نېمە دېسەم بولار؟ مەن ھازىر ساقا ئوخشاش بەش ـ ئالتە كادىرغا مائاش بەرگۈدەك ھالغا يەتتىم. ⑧ كۆچمە. ئاڭلانماق، مەلۇم بولماق: بىر كۈنلىرى بۇ سۆز بېرىپ شاھزادىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ⑨ كۆچمە. ئېسىگە كەلمەك، ئويلاپ تاپماق، ھېس قىلماق: يادىغا يەتمەك. ⑩ يېيىلماق، تارقالماق، ئاڭلانماق: بۇ ۋەقە ئەمدى شەھەرگە يېتىپتۇ. * قەدىم يىپەك يولى پەقەتلا بارغان بولسا ئىرانغا، رومغا، يەتتى ھازىر بىزنىڭ بۇ گىلەم دېڭىز ئاتلاپ ۋاشىنگتونغا. ⑪ بەزى تۇرغۇن سۆزلەر بىلەن بىردەك كېلىپ ئانالىتىك پېئىللاشتۇرىدۇ: ئەجەل يەتمەك. قازا يەتمەك. ئازار يەتمەك. ⑫ بىلمەك، چۈشەنمەك: كىمكى ئۆزىنى تونۇسا، ئۆزىنىڭ قەدرىگە يەتسە، ئۆزىنىڭ كىشىلەر ئۈچۈن، جەمئىيەت ئۈچۈن، تۇرمۇش ئۈچۈن كېرەكلىكى بارلىقىنى ھېس قىلسا، بۇ كىشى ئۇنىڭ ئەڭ شاد، ئەڭ كۆڭۈللۈك كۈنىدۇر. * دوختۇر بولۇپ خەلقنىڭ شىپا بېرىپ دەردىگە، ئىشلەش ئۈچۈن يېتىمەن، ئىلىم ـ پەننىڭ قەدرىگە.

**يەتمىش** سان. ئوننىڭ يەتتە قېتىم قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان سان: يەتمىش جىڭ گۈرۈچ. يەتمىش تۇياق قوي.

**يەتمىش پۇشتى** قوۋم ـ قېرىنداش، ئۇرۇق ـ ئەۋلادى، چەددى ـ جەمەتى: شەرىخان بىلەن توختاخۇن ئىلياز خوجىنىڭ يەتمىش پۇشتىنى قارغاپ يۈرۈپ قىلمىغان سەۋەبى قالمىدى.

**يەتمىش پۇشتىنى كۆزىگە كۆرسەتمەك** قاتتىق ئەدەپلىمەك، جازاسىنى بەرمەك: ئەگەر باشقا بىرى بولغان بولسا، بۇ ئادەم قولۇڭنى كۆتۈر دېگۈچىنىڭ يەتمىش پۇشتىنى كۆزىگە كۆرسەتكەن بولاتتى.

**يەتمىشىنچى** سان. ئورۇن تەرتىپى يەتمىش سانى بىلەن بەلگىلەنگەن؛ ئاتمىش توققۇزدىن كېيىن، يەتمىش بىردىن ئىلگىرى: يەتمىشىنچى ئۆي. يەتمىشىنچى يىللار.

**يەجۇج** ئى [ئە] دىنىي قاراش بويىچە، ئاخىر زاماندا چىقىپ، ئەلگە كۆپ خارابلىق يەتكۈزىدىغان ۋە زۇلۇم سالىدىغان قوۋمنىڭ ئېگىز بويلۇقلىرى.

**يەجۇج ـ مەجۇج** رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان ئەلگە خارابلىق يەتكۈزىدىغان بىر تائىپە.

**يەدۇرمەك** پ. دىيال. بىزار قىلماق، بەزدۈرمەك.

**يەر** ئى ① قۇياش سىستېمىدا 3 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان پلانېتا: يەر شارى. يەر يۈزى. ② شۇ پلانېتا تەركىبىدىكى قۇرۇقلۇق قىسمى: يەر پلانېتانىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ③ پلانېتانىڭ سىرتقى قاتلىمى؛ پوستى: يەر قاتلىمى. يەر بايلىقى. * يەر كىشىنى يەيدۇ، كىشى يەرنى يەيدۇ (ماقال). * ئەرنىڭ ئېرى بار، يەرنىڭ يېرى بار (ماقال). ④ نەرسىلەر تۇرغان، جانلىقلار ياشاۋاتقان جاي؛ ئورۇن، ماكان: يەرگە پالاس سالماق. * كۈندۈزى مەندەك ئەر يوق، كېچىسى ياتىدىغان يەر يوق (ماقال). * توققۇز ئوغۇل كەنجى ئوغۇلغا ئەگىشىپ يولغا چىقىپتۇ. بىر چاغدا دەريانىڭ چوڭقۇر يېرىگە بېرىپ، ئېگىزدىن تۆۋەنگە بېقىپتۇ، ئۇلار كۆرۈپتۇكى، سۇنىڭ ئاستىدا بىر تالاي قوزىلار مەرىشىپ تۇرغۇدەك. ⑤ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا پايدىلىنىدىغان تۇپراق قاتلىمى، تېرىقچىلىق قىلىدىغان، ئوت ـ چۆپ ئۆستۈرۈلىدىغان جاي؛ تېرىلغۇ مەيدانى: بوز يەر. مۇنبەت يەر. شورلۇق يەر. ⑥ بىرەر نەرسە بەند قىلىپ تۇرغان، ئىگىلىگەن ئورۇن، جاي، ماكان: قانداق كەلدىڭ بۇ يەرگە توختا! قولۇڭنى كۆتەر! بىلمىدىڭمۇ بۇ يەردىن جېنىڭدىن تويغان ئۆتەر! ⑦ بىرەر مەملىكەت، دۆلەت ياكى كىشىلەرگە قاراشلىق جاي؛ زېمىن: يات يەر. ئۆزگە يەر. * بەخت تۇلپارىغا مىنگەن ئەزىزانە، مۆتىۋەر قەشقەر، ماھارەت تەختىنىڭ شاھى گۈزەل يەر، دىلسۆيەر قەشقەر. ⑧ بىرەر نۇقتا: بۇ يەردىن بەش يۈز مېتىر يىراقلىقتا يەنە بىر پارتىلىمىز بار. ⑨ بىرەر نەرسىنىڭ ياكى ئەزانىڭ ئايرىم قىسمى، بۆلىكى، جايى: ئۇلار يىرتىلىپ ساڭگىلاپ قالغان يەرنى ئۈزۈپ ئېلىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. ⑩ كۆرسىتىش ئالماشلىرى بىلەن كېلىپ، شۇ ئالماشتىن ئاڭلانغان تەرەپتىكى جاينى ئىپادىلەيدۇ: شۇ يەرگە كېلىۋىدى، باشقىلار ئۆرۈۋۆەتتى.

**يەر بېغىرلىغۇچى ھايۋانلار** <زوئول> ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ بىر كىلاسى، يەنى قۇرۇقلۇقتا ھەقىقىي ياشايدىغان ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار. بۇ خىل ھايۋانلارنىڭ تېرىسى قۇرغاق بولۇپ، تېرە بەزلىرى بولمايدۇ، ئېپىدېرمىدىن پەيدا بولىدىغان مۈڭگۈز ماددىلىق تەڭگىچىلەر بولىدۇ ياكى ئارىلاپ ھەقىقىي تېرىدىن پەيدا بولغان سۆڭەك پىلاستىنكىلىرى بولىدۇ. ئۆپكىسى بىلەن نەپەسلىنىدۇ، يۈرىكى يۈرەك ئىككى دالانچىسى ۋە بۆلۈنۈشى مۇكەممەل بولمىغان ئىككى يۈرەك قېرىنچىسىدىن تەركىب تاپىدۇ، تەن ئىچىدە ئۇزۇقلىنىدۇ،

تۇخۇم تۇغىدۇ، قۇرۇقلۇقتا كۆپىيەلەيدۇ، تېنىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۇراقسىز. كۆپ ئۇچرايدىغان تۈرلىرى كەسلەنچۈك، يىلان، تاشپاقا، تىمساھ قاتارلىقلار.

**يەر بىلەن يەكسان** بىتچىت، گۇمران؛ ھالاك قىلماق: يەر بىلەن يەكسان بولماق. يەر بىلەن يەكسان قىلماق. * — ئۇلار ئەگەر ئۇنداق قىلمىغان بولسا، ئىراق دىيارىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، تۇپراقلىرىنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ سورۇغان بولاتتىم، — دېدى ئۇ.

**يەر تەۋرەش** <گېئول> يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆزگىرىشلەر سەۋەبىدىن پەيدا بولىدىغان يەر پوستىنىڭ تەۋرىشى. پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىگە قاراپ ئۆرۈلۈشلۈك يەر تەۋرەش، يانار تاغلىق يەر تەۋرەش ۋە تۈزۈلمىلىك يەر تەۋرەش دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. پۈتكۈل يەر شارىدىكى 95% تىن ئارتۇق يەر تەۋرەش تۈزۈلمىلىك يەر تەۋرەشكە ياتىدۇ.

**يەر تەۋرەش بەلبېغى** <گېئول> يەر تەۋرىگەندە تەۋرەش مەركىزىنىڭ تارقىلىشى مەركەزلەشكەن بەلباغ. ئۇ ئادەتتە ھەرىكەتچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان گېئولوگىيەلىك تۈزۈلمە بەلبېغى ھېسابلىنىدۇ.

**يەر شارى** <ئاستر> قۇياش سىستېمىسىدىكى قۇياشقا يېقىن ئۈچىنچى پىلانېتا. شار شەكلىدە بولۇپ، سەل ياپىلاقراق كېلىدۇ. ئېكۋاتوردىكى رادىيۇسى 63782 كىلومېتىر، قۇتۇپتىكى رادىيۇسى 6356.8 كىلومېتىر، ئۆز ئوقىدا بىر قېتىم ئايلىنىش ۋاقتى بىر كېچە - كۈندۈزگە تەڭ، قۇياشنى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىش ۋاقتى بىر يىل. ئەتراپىنى ھاۋا قەۋىتى ئوراپ تۇرىدۇ. يۈزىدە قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ئىنسانىيەت، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر بولىدۇ. بىر ھەمراھى بار، ئۇ بولسىمۇ ئايدۇر.

**يەر شارى سۈنئىي ھەمراھى** <ئاستر> راكېتا ئارقىلىق يۇقىرى ئاسمان بوشلۇقىغا قارىتا ئېتىلىپ، تېزلىكى بىرىنچى ئالەم تېزلىكىگە يەتكۈزۈلگەن ھەمدە مەلۇم بىر ئوربىتىغا كىرگۈزۈلۈپ، يەر شارىنى چۆرىدەپ ئايلىنىدىغان قىلىنغان سۈنئىي ئاسمان جىسمى.

**يەر قىلماق** ئىزاغا قويماق، ئىززەت - ئابرۇيىنى تۆكمەك، رەسۋا، شەرمەندە قىلماق: ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن (ماقال).

**يەرگە قارىماق** بىرەر خاتالىق، سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن خىجىل بولماق، تەڭلىكتە قالماق، ئىزا تارتماق: قىشتىن بېرى ئەسكىلىك قىلىپ، باھار ئايلىرىدا بىرنەچچە قېتىملاپ يۇرت ئالدىدا يەرگە قارىغان ۋە ھازىرقىدەك كۆزىگە ياش ئالغان بۇ ئادەمگە ئەكبەرنىڭ كۆڭلىدە بىر خىل ھېسداشلىق پەيدا بولدى.

**يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولماق** ئىزا - نومۇستىن باش كۆتۈرەلمەي قالماق، رەسۋالاشماق، يۈزى چۈشمەك: يۈز - قوللىرىم ئوتتەك ياناتتى، ئىزا تارتقىنىمدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولاتتىم.

**يەرگە ئۇرماق** كەمسىتمەك، مەسخىرە قىلماق، ئىززەت - ئابرۇيىنى تۆكمەك، ئىناۋىتىنى چۈشۈرمەك: شاھزادىنىڭ ئۇشتۇمتۇت قايتىپ كېلىشى ۋەزىرنىڭ ئۈمىدىنى يەرگە ئۇرغانىكەن.

**يەر ياڭىقى** دىيال → **خاسىڭ**.

**يەر يۇتقۇر** ئۆلۈمگە لايىق، ئۆلگۈر: — قايسىڭ يەنە ئېغىزىڭنى «ھا» قىلىپ ئېچىشىدىكەنسەن، ئەتە ئۇزۇڭ كاجىۋا بىلەن كۆرۈشىسەن، يەر يۇتقۇرلار! — دېدى ئۇ.

**يەر يېغى** دىيال. كىرسىن.

**يەر - ئاسمان** يەر ۋە ئاسمان، پۈتۈن ئالەم، كائىنات.

**يەر - ئاي سىستېمىسى** <ئاستر> يەر شارى بىلەن ئايدىن تەشكىل تاپقان ئاسمان جىسىملىرى سىستېمىسى. يەر شارى بۇ سىستېمىنىڭ مەركىزىي ئاسمان جىسمى، يەر شارىنىڭ ماسسىسى ئاينىڭكىدىن كۆپ چوڭ، يەر شارى بىلەن ئاينىڭ ئۆزئارا تارتىشىشى نەتىجىسىدە، ئاي يەر شارى ئەتراپىدا توختىماستىن ئايلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئالەمدە ناھايىتى كىچىك ئاسمان جىسىملىرى سىستېمىسى شەكىللەنگەن.

**يەرتوزغىقى** ئى [يەر + توزغاق + ى] <بوت>قوزىقارنى، موگۇ.

**يەر - جاھان** يەتتە ئىقلىم، ئون سەككىزمىڭ ئالەم، يەر يۈزى: بۈگۈن يەر - جاھان تولىمۇ چىرايلىق ئىدى.

**يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرمەك** پۈتۈن ئالەمنى تىترەتمەك، يەر - يۈزىنى تەۋرەتمەك، لەرزىگە كەلتۈرمەك: ئالقىش سادالىرى پۈتۈن يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى.

**يەردە** يۈك. ئەھۋالدا، ھالدا، ئەھۋال ئاستىدا: قەغەز بىلەن مەتبەئە بولغان يەردە، نېمە ئۈچۈن سىياھ بىلەن قەلەم بولمايدۇ؟ توغرا، دەل ئۆزى شۇ!

**يەر - زېمىن** يەر ۋە زېمىن؛ يەر يۈزى، ھەممە جاي: يەرنىڭ ئوي - چوڭقۇرى بىلىنمەي، پۈتۈن يەر - زېمىن ئاق قار بىلەن قاپلانغانىدى.

**يەر - زېمىنلىق** يەر - جايى بار، يەر - جايغا ئىگە: مەنمۇ بۇ يەردە يەر - زېمىنلىق بولۇپ قالدىم.

**يەر - سۇ** <سۇ> ① دېھقانچىلىقتا كەم بولسا بولمايدىغان يەر بىلەن سۇدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى. ② يەر بېتىدىكى تۇپراق بىلەن سۇ ③ جاھان، دۇنيا، ئالەم.

**يەرسىرەشمەك** «يەرسىرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار دەسلەپ سەل يەرسىرەشتى، كېيىن ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قالدى.

**يەرسىرىمەك** پ. ئەسلىي ئورنىدىن باشقا بىر ئورۇنغا يۆتكەلگەندە يېڭى ئورۇندا سەل گاڭگىراپ قالماق، يېتىرقىماق، يات ھېس قىلماق: ئۇنىڭ ئۇچتۇرپاندىن ئەكەلگەن ئېشىكى بۇ يەرگە كېلىپ يەرسىرەپ قالدىمۇ، قانداق، تازا ماڭمايدىغان بولۇۋاپتۇ.

**يەرقان** ئى <تىب> كېسەل كىشىنىڭ تېرىسى، شىللىق پەردىسى ۋە كۆزىنىڭ ئېقى سارغىيىدىغان بىر خىل كېسەل ئالامىتى. قان سۇيۇقلۇقىدىكى بىلىرۇبىننىڭ ئېشىپ كېتىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. كۆپىنچە جىگەر ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان بەزى كىشىلەردە بۇ خىل ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**يەرلەشتۈرمەك** «يەرلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: غوپۇر ئۈچ - تۆت يىل جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق ئاخىرى قومۇل چىلىنىنى خوتەنگە يەرلەشتۈردى.

**يەرلەشتۈرۈشمەك** «يەرلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار نەچچە يىل جاپالىق سىناق قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى ئالتاي قويىنى قەشقەرگە يەرلەشتۈرۈشتى.

**يەرلـەشتۈرۈلمـەك** «يەرلـەشتـۈرمـەك» پېئـىلـىنـىـڭ مـەجـهـۇل دەرىجىسى: ياڭاق، چىلان، نانجىگدىلەر يـەرلـەشتۈرۈلـگەن، بۇلارنـىڭ ھەممىسىگە ئادىلىنىڭ قان ـ تەر، جاپالىق ئەجرى سىڭگەن.

**يەرلەشمەك** پ. ئۆزلـەشمـەك، مـاسـلاشماق، ئولـتـۇراقلاشمـاق، تۇراقلاشماق: ــــ بۇ قېتىم كۆچاغا بارغىنىڭىزدا بىز بىلـەن بىللـە تۇرۇڭ، ئەپلىشىپ قالسا يەرلىشىپ قېلىڭ، ــــ دېدى موللازەيدىن.

**يەرلەنمەك** پ ① ئۆي ـ جـاي، يەر ـ زېمىنغا ئىگە بولمـاق، ئېـرىشمـەك: يـەرسىز ئىدىم، يەرلەنـدىم، توقمـاق ئىدىم، پـەملەنـدىم (ماقال). ② ئـۆزلـەشمـەك، مـاسلاشماق، كـۆنمەك، سىـڭىشمـەك: تۆتىنچى يىلىغا بارغاندا كۆچەتلەر ھاۋا، تۇپراققا ماسلىشىپ يەرلىنىۋا ـ لىدۇ ـ دە، يىلتىزلىرى يەر قـاتلامـلىـرىغا چوڭـقۇرلاپ، يەر ئاسـتىدىكى نەملىكتىن پايدىلىنالايدۇ.

**يەرلىك** I سۈپ ① يېرى بار، يەرگـە ئىگە. ② شـۇ يەردىكى، شـۇ يەردە قوللىنىلىدىغان: يەرلىك خەلق. يەرلىك ئۇسسۇل. يەرلىك سۆز.

**يەرلىك ۋاقىت** <ئاستر> ھەرقايىسى ئورۇنلارنىڭ ئۇزۇنلۇق گىرادۇسى ئوخشىمىغانلىقتىن، قۇياشنىڭ ھەرقايىسى ئورۇنلار مېرىدىيانىدىن ئۆتۈش ۋاقتىمۇ ئوخشىمايدۇ. قۇياشنىڭ مەلۇم ئورۇن مېرىدىيانى ئۈستىگە نەق كەلگەن ۋاقتىـنى شۇ ئـورۇن ـ نىڭ چۈش ۋاقتى سائـەت 12 دەپ بەلگىـلىنىـدۇ. مانا شۇنـداق بېكىتىلگەن ۋاقىت يەرلىك ۋاقىت دەپ ئاتىلىدۇ.

**يەرلىك ئىقلىم** <جۇغ> قىسمەن رايون ئـاملىـنىـڭ تەسـى ـ رىگە ئۇچرايدىغان ئالاھىدە ئىقلىم. مەسىلەن، ئورمان ئىقلـى ـ مى، ۋادا ئىقلىمى، شەھەر ئىقلىمى قاتارلىقلار.

**يەرلىك** II ئى. ئۆلگەن ئادەمنى كۆمۈش ئۈچۈن تەييارلانغان جاي؛ گۆر: يەرلىك كولىماق. يەرلىكىدە قويماق.

**يەرلىك ـ سۇلۇق** يەر ۋە سۇغا ئىگە، مەنقۇلاتى بار.

**يەرلىكلەشتۈرمەك** «يەرلىكلەشمەك» پېئىلىنىـڭ مـەجبۇرىي دەرىجىسى: ماتېرىياللارغا ئـاساسلانغـاندا، يۇگوسلاۋىيە، گېـرمانىيـە، پاكىستان، لىۋان قاتارلىق ئەللەرمۇ مەلۇم ساندا تۈركىي تىلدا سۆزلـە ـ شىدىغان خەلقلەرنى يەرلىكلەشتۈرگەن.

**يـەرلىكلـەشتۈرۈلمـەك** «يـەرلىكـلـەشتۈرمـەك» پېئـىلـىنـىـڭ مـەجهۇل دەرىجىسى: 1960 ـ يىللاردىن باشلاپ، يېڭى ئالما سورتلىرى ئىلى رايونىغا يەرلىكلەشتۈرۈلدى.

**يەرلىكـلەشمـەك** پ. يـەرلـەشمـەك، يـەرلىـكـكـە ئايـلانمـاق، مـاكانلاشمـاق، ئولتـۇراقـلاشماق: ئـۇلار شـۇ بارغانچـە چاڭـئـەنـدە ئولتۇراقلىشىپ، چاڭئەنگە يەرلىكلىشىپ قالغان.

**يەرمەنكە** ئى [ر<نېم] يىلىنىڭ مەلۇم بىر ۋاقتىدا، بەلگىـ ـ لىك جايدا ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش ئۈچـۈن قۇرۇلغان مـەخسۇس تىجارەت ئورنـى؛ سـودا بازىرى: سانائەت بۇيۇملىرى يەرمەنكىسى. يەرلىك مەھسۇلاتلار يەرمـەنـ ـ كىسى. * ئۇ بەش ئۆلكىنىڭ ھەممە سايلاملىرىغا باراتتى، چوڭ يەرمـەنـ ـ كىلەرگىمۇ باراتتى.

**يەر ـ مۈلۈك** يـەر ۋە مۈلۈك، بارلىـق مەنقـۇلات: ئۇ مۇسادىـرە قىلىنغاندىن كېيىن كىمئارتۇق قىلىپ سېتىلغان ئـاقسـۆڭـەكلـەر ۋە دىنىي جەمئىيەتنىڭ يەر ـ مۈلكىدىن پايدىلىنىپ ھايانكەشلىك قىلدى.

**يەرۈجاھان** يەر ۋە جاھان، پۈتۈن ئالەم، كائىنات: پەن ئىكـەن ئېسىل قورال مەڭگۈگە ئۆلمەيدىغان، يوق ئىكەن ئىش قىلغىلى بولمـاي ـ دىغان، پەن بىلەن گۈللەيدىكەن جىمىكى يەرۈجاھان.

**يەرۈكـۆك** يەر ۋە كۆك، ئاسـمان ۋە زېمـىـن، پۈتۈن ئـالـەم، كـائىنات: ئاھ، مەرھەمەتلىك تەڭرى ! سېنىڭ ئىختىيارىڭدىكى يەرۈ ـ كۆك ئەجەبا قان رەڭگىدىن قىزىرىپ كەتكەن بولسا؟ ئاھ، قادىرخۇدا، نېمە كېرىكى بار ساڭا شۇنچە قاننىڭ؟ ھەتتا لەۋلىرىڭمۇ قانغا بويالغان!

**يەرىيولۋسى** ئى [يەر+يولۋاس+ى] <زوئول>بىر خىل ھاشارات، يەنى پەرۋانىنىڭ لىچىنكىسى، شەكلى پىلە قۇرتىغا ئوخشايدۇ، تۇپراقتا ياشايدۇ، كېچىسى ھەرىكەت قىلىپ، زىرائەتلەرنىڭ يىلتىزى ۋە يۇمران مايسىلىرىنى يەيدۇ. ئاساس ـ لىقى كېۋەزگە زىيان سالىدۇ.

**يەسلى** ئى [ر] كىچىك بالىلارنى باقىدىغان، تەربىيەلەي ـ دىغان ئورۇن: بۇ قىزنى ئەلادىن تارتىۋېلىپ بالىلار يەسلىسىگە بېرىش كېرەك.

**يەسمەن** ئى [ئە] <بوت> ① كەركىدانگۈل ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. ئادەتتە مەنزىرە ئۈسۈملۈكى قىلىنىدۇ. گۈلىنى ئىسلاش ئارقىلىق چاي ئىشلەشكە بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**يەشتۈرمەك** «يەشمەك» پېئىلىنىـڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يىگىت ئۇلارغا يولۋاسنىڭ، بۆرىنىڭ باشلىرىنى ساناپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى يەشتۈرۈپ، ئىككىسىنىڭ يانپېشىغا «پادىچى» دېگەن تامغىسىنى بېسىپ، قويۇپ بېرىپتۇ.

**يەشتۈرۈشمەك** «يەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇلاڭچىلار يولـۇچىلارنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى يەشتۈرۈشۈپ بىرمۇبىر تەكشۈرگەن بولسىمۇ، پۇلغا يارىغۇدەك بىرنەرسە تېپىشالمىدى.

**يەشتۈرۈلمەك** «يەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئارغامچا يەشتۈرۈلۈپ، باغلاقلىق قول بوشىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئېسىنى يوقاتقان ئادەمدەك ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇراتتى.

**يەشكۈچ** ئى. ئارغامچا ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ تۈگۈچلىرىنى يېشىدىغان نەرسە.

**يەشمە** I ① سۈپ. پۈتۈن تەپسىلاتنى ئـۆز ئىچىگە ئالغان، ئەتراپلىق بايان قىلىنغان، يېشىپ چۈشەندۈرۈلگەن: يەشمە خۇلاسە. ② ئى. يېشىپ چۈشەندۈرۈلگەن قىسمى، ئىزاھ، چۈشەندۈرمە ياكى يېشىپ كۆرسىتىلىش: نەزمىنىڭ يەشمىسى.

**يەشمە** II ئى <گېئول> بىر خىل مىنېرال. كىرېمنىيلىق ماددىلارنىڭ چۆكۈشى ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ. رەڭگى كۆك، بىنەپشە قىزىل، ياپيېشىل ھەمدە رەڭگارەڭ بولىدۇ. ئادەتتە قاشتېشى ئويمىچىلىقىدا ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

**يەشمەك** پ ① تېڭىقنى، چىگىلگەن چىگىشنى، بوغۇلغان يەرنى بوشاتماق، تۈگۈچنى چۇۋۇماق، باغلاقنى بوشاتماق: قولنى يەشمەك. ئارغامچىنى يەشمەك. ② سالماق، سېلىپ تاشلىماق (كىيىم ـ كېچەك ھەققىدە): كىيىمنى يەشمەك. ③ بىرەر ئىشنى، مەسىلىنى، ۋەقەنى چۈشەندۈرمەك، بىلدۈرمەك، ئىسپاتلىماق، ئۇقتۇرماق: ئۇ ماڭا يەنە نەۋايى، شىرازى شېئىرلىرىنى ئوقۇپ يېشىپ بېرەتتى. ④ بىرەر ئىش، مەسىلە ياكى ۋەقەنى ھەل قىلماق، ئېنىقلىماق، ئايدىڭلاشتۇرماق، ئاشكارىلىماق، ئاچماق: ــــ تەقسىر، مالال كۆرمەي، سىلى مېنىڭ ئورنۇمغا كېلىپ تۇرسىلا. مەن سىلىنىڭ ئورۇنلىرىغا ئۆتۈپ، بۇ قىيىن مەسىلىنى يېشەي، ــــ دەپ تەلەپ قىپتۇ موللام.

**يەشلىك** ئى [ر] نەرسە سېلىش، ساقلاش ئۈچۈن ياغاچ ياكى

قاتۇرما قەغەزدىن ياسالغان تۆت بۇرجەك بۇيۇم، ساندۇق: تۆت يەشىك ئالما. ئىككى يەشىك ئامۇت. * جامالدىن ئۇچرىغان نىمىلەرنى ئۆڭتەي - توڭتەي قىلىپ ئاختۇرۇشقا كىرىشتى ۋە ئاخىرى كارتۇات ئاستىدىن ئېغىر بىر يەشىكنى تارتىپ چىقاردى.

**يەك** سۈپ [پ] يالغۇز، تەنھا، يېگانە، بىر: يەك نەپەس.

**يەكپاي** سۈپ [پ] جۈپى يوق، جۈپى ئەمەس، باشقا - باشقا پاي؛ سىڭار پاي، بىر پاي: يەكپاي ئاياغ. يەكپاي كەش.

**يەكتا** سۈپ [پ] يېزت. تەڭدىشى يوق، مىسلى كۆرۈلمىگەن، يەككە، يېگانە: مىرغىزارلىق باغ ئارامدا، بىر گۈلى رەنا ئىدىڭ. بۇ جاھاننىڭ سەھنىسىدە، گۆھىرى يەكتا ئىدىڭ.

**يەكتاپ** رەۋ. ديال. بىر - بىرلەپ، تاق، يالغۇز.

**يەكتەك** ئى [پ] پەرىجىگە ئوخشاش ئالدى ئوچۇق، ياقىسىز تىكىلىدىغان ئەستەرسىز يالاڭ سىرتقى كىيىم: شايى يەكتەك. يەكتەك كىيمەك. * قوللىرىنى ئاستا كۆتۈرگىلى تۇرغان «ئىمام» تۇيۇقسىزلا باتۇرخاننىڭ قورسىقىغا ئۇرۇپ يىقىتتى ۋە يەكتىكىنى يېشىپ تاشلاپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى.

**يەكتىز** سۈپ [يەك + تىز] بىر پۇتىنى ئاستىغا باستۇرۇپ ئولتۇرۇش ھالىتى، سىڭارتىز: يەكتىز بولماق. يەكتىز ئولتۇرماق. * ئەشرەپ بوۋاي بىر پۇتىنى ئاستىغا باستۇرۇپ يەكتىز بولۇپ ئولتۇردى.

**يەكتىزلەنمەك** پ. بىر پۇتنى قوڭنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ ئولتۇرماق، سىڭار تىزى بىلەن ئولتۇرماق.

**يەكچەشمە** سۈپ [پ] ① بىر كۆزلۈك، بىر كۆزى كۆرمەيدىغان: يەكچەشمىنىڭ شەھىرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىسىۋال (ماقال). ② ئەپسانىلەردىكى ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆزى بار كىشىلەر: بۇ شەھەرگە ئىككى يىل ئىلگىرى يەتتە دانە يەكچەشمە كېلىپ شەھەرنى خانىۋەيران قىپتۇ.

**يەكدىل** سۈپ [پ] پىكرى، مەقسەت - مۇددىئاسى بىر، بىر نىيەت: شۇ كۈن ئاڭلاپ خەۋەرنى لەيلىمۇ تەڭ، پىسەنت قىلماي چولاققا سىلكىتىپ يەڭ، نىسايىم ھەمدە پاتەم بىرلە يەكدىل، ئورۇن ئالدى قاتار سەپ ئىچرە ئەپچىل.

**يەكدىللىق** ئى. بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىش قىلىش ئادىتى: شۇ سۆزنى پىچىرلاپ قايتتى كۈتكۈچى، مەن بىلدىم تاماقنىڭ، ئىشنىڭ تېگىنى. مەن بىلدىم، دەرد تارتقان بارچە كىشىنىڭ نىجاتلىق يولىدا يەكدىللىقىنى.

**يەكسان** سۈپ [پ] تۈز، تەڭ، باراۋەر، بىر خىل: يەكسان بولماق. يەكسان قىلماق. يەكسان ئەيلىمەك.

**يەكشا** ئى [سانس] <دىن> بۇددا دىنىدىكى ئالۋاستى.

**يەكشەنبە** ئى [پ] <ئاستىر> ھەپتىنىڭ شەنبىدىن كېيىن، دۈشەنبىدىن ئىلگىرىكى دەم ئېلىش كۈنى: ئەركىن يەكشەنبە كۈنى سەھەردە يولغا چىقتى.

**يەكشەنبىلىك** ① سۈپ. يەكشەنبە كۈنى ئېلىپ بېرىلىدىغان: ئۇلار ئۇزۇن پاراڭلىشىپ بولغاندىن كېيىن يەكشەنبىلىك دەم ئېلىشنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن لۇتپۇللا ئۆز دوستلىرىنى باغ سەيلىسىگە باشلاپ ماڭدى. ② ئى. يەكشەنبە مۇناسىۋىتى بىلەن ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرگە بېرىدىغان خىراجەت، پۇل: — نىمە يەكشەنبىلىك؟ ئۇلۇشكۈنكى ئون يۈەن قېنى؟ — دېدى ئانىسى ئوغلىغا چەكچىيىپ.

**يەككە** سۈپ [پ] ① تەنھا، يالغۇز، يېگانە: يەككە ماتېرىيال. يەككە ئوبيېكت. * مۇسا راستىنىلا ئۆزىنىڭ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ يەنە مۇسا بىلەن يەككە پاراڭلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. ② باشقىلارغا قوشۇلماي، بىرلەشمەي ئىشلەيدىغان، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ياشايدىغان: يەككە تىجارەتچى. يەككە ئىگىلىك. * مەن بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇنمۇ پىلە باققان، ئۇ چاغدا بىز يەككە ئىدۇق.

**يەككە - يېگانە** باشقىلارغا قوشۇلماي، بىرلەشمەي، تەنھا، يالغۇز، يەككە ۋە يېگانە: ھاۋاز «پوم» كۆز يېتىم يەردە يەككە - يېگانە چوقچىيىپ تۇرغان ئۆز ئۆيى — قاپاق تېرەكلىك ھويلىنى كۆرگەندە، كۆڭلى بىرقىسىملا بولۇپ قالدى.

**يەككىچىلىك** ئى. يەككە، تەنھا، يالغۇز، يىگانە ھالەت: دېمەك، يەككىچىلىكمۇ خەلقئارا تېررورلۇققا ئوخشاش بۈگۈنكى دۇنيانىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىغا تەھدىت سېلىۋاتىدۇ.

**يەككىلەنمەك** پ. يەككىلىك، يالغۇزلۇق ھېس قىلماق: ئۇ بۈگۈنكى بۇ سورۇندا ئۆزىنى خۇددى يەككىلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى.

**يەككىلىك** ئى. باشقىلارغا قوشۇلماي، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش كۆرۈش ئادىتى: بىلەمسەن، توختى ئاخۇن، پۈتكۈل ئۆي ئىچى، باي بولۇش كويىغا چۈشكەن ئائىلە. ئالدىراپ شامالنى ئەتمەستىن پەرق، يەككىلىك يولىغا كۆچكەن ئائىلە.

**يەكلەتمەك** «يەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆگەي ئانا پۇرسەت تاپسىلا بىشەم قىزى رەنا ئارقىلىق رابىيەنى يەكلىتىپ، جېدەل چىقارغۇزاتتى.

**يەكلەشمەك** «يەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەگەر بىمارنىڭ بەدىنىگە سېلىنغان بۆرەك بىر - بىرىگە ماس كەلمىسە ئۆزئارا يەكلىشىپ، يامان ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**يەكلەنمەك** «يەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: خەن خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ياۋچىلار ھونلار تەرىپىدىن يەكلىنىپ غەربكە ھەيدەلگەن.

**يەكلىمەك** پ. يات كۆرمەك، چەتكە قاقماق، كەمسىتمەك: ئېرى يەكلىگەننى ئېلى يەكلەر (ماقال).

**يەكلىمچىلىك** ئى. يەكلەش خاھىشى، يەكلەش ئىستىلى، يەكلەش ئىشى: بۇ تەيپىڭ تيەنگو ھەرىكىتى ۋە يىخېتۇەن ھەرىكىتى قاتارلىق تومتاق يەكلىمچىلىك كۆرەشلىرىدە ئىپادىلەندى.

**يەكمۇيەك** ئايرىم - ئايرىم، بىرمۇبىر: يەكمۇيەك ئېلىشماق. * ئىككىسى ھېلىقى ئۆي توغرىسىدا قاتتىق دېيىشىپ قالغاندىن بېرى بۇنداق يەكمۇيەك ئۇچرىشىپ بېقىشمىغانىدى.

**يەكۈن** ئى [ئە] بىرەر مەسىلە، ئىش ياكى نەرسە ھەققىدە يۈرگۈزۈلگەن پىكىر، مۇلاھىزىنىڭ مەنتىقىي نەتىجىسى؛ خۇلاسە، نەتىجە: يەكۈن چىقارماق: ئۇ بۇ ئەھۋالدىن قانداقتۇر بىر غەلىتىلىك ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچبىر يەكۈن چىقىرالمىدى.

**يەكۈنەن** رەۋ [ئە] يەكۈن چىقىرىپ، يەكۈن چىقارغان ھالدا، يەكۈن تەرىقىسىدە: مانا شۇ چاغدا ھەممە دىنلاردىن ھالقىپ تۇرغۇچى، بارلىق سۈپەتلەش تەدبىرلىرىدىن پاك تەبىئەت تەڭرىنىڭ مۆجىزىلىرىنى يەكۈنەن ھېس قىلىمىز.

**يەكۈنلەتمەك** «يەكۈنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىدارە رەھبەرلىكى ھەممە بۆلۈملەرنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق خىزمەتلىرىنى يەكۈنلىتىپ، كېيىنكى يېرىم يىللىق پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇردى.

**يەكۈنلەشمەك** «يەكۈنلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: خىزمەتداشلىرىم بۇ يىللىقى خىزمەتلىرىنى يەكۈنلىشىپ، كېيىنكى يىللىق پىلانلىرىنى تۈزۈشمەكتە ئىدى.

**يەكۈنلەنمەك** «يەكۈنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مۇنداق تالاش ـ تارتىش بەزىدە يېرىم كېچىگىچە سوزۇلۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن تۇرسۇن ئاخۇن تەرىپىدىن يەكۈنلىنەتتى.

**يەكۈنلىمەك** پ. بىرەر مەسىلە، ئىش ياكى نەرسە ھەققىدە خۇلاسە، نەتىجە، يەكۈن چىقارماق: بۇ سۆز ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرىنى چوڭقۇر يەكۈنلەپ، كۆڭلىنى بىردىنلا يورۇتۇۋەتتى.

**يەڭ** ئى. كىيىمنىڭ قولغا ساپىدىغان قىسمى: يەڭ قوندۇرماق. يەڭ تۇرمەك. * ئۇ ئىككى قولىنى نەگە قويۇشنى، نەگە يوشۇرۇشنى بىلمەي، بىردە ئارقىسىغا، بىردە يانچۇقىغا ۋە تۇرۇپلا يېڭىگە تىقاتتى.

**يەڭ سودىسى** ① سودىدا ئىككى كىشى قولىنى بىر-سىنىڭ يېڭىنىڭ ئىچىگە تىقىپ بارماق ئىماسى بىلەن تالىشىش ئۇسۇلى. ② كۆچمە. يوشۇرۇن، خۇپىيانە، مەخپىي ئىش ـ ھەرىكەت، مەخپىي مەسلىھەت: ـــ يەڭ سودىسى! ـــ دېدى ئۇ قولىدىكى تامغىلىق خەتنى مىجىقلاپ ۋە ئالدىراپ ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

**يەڭ ئىچىدە كېلىشمەك** يوشۇرۇن، خۇپىيانە، مەخپىي پۈتۈشمەك، بىرلىككە كەلمەك: چوڭ ئەترەت باشلىقى ھەم سېكرېتارىنىڭ ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان يەر سانىنى يوشۇرۇپ يەڭ ئىچىدە كېلىشۋېلىشى ئۇلارنىڭ خورىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى.

**يەڭ ئىچىدە سودىلاشماق** يوشۇرۇن، خۇپىيانە، مەخپىي ئىش قىلماق: ئۇلار شەھەرگە كىرىپ يەڭ ئىچىدە سودىلاشتى.

**يەڭدىمەك** پ ① بىر تەرەپكە ئاغماق، ساڭگىلىماق؛ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتماق: ئەگەر شۇ چاغدا خورجۇننىڭ بىر بېشى ئېغىر، بىر بېشى يېنىك بولۇپ يەڭدەپ كەتمىگەن بولسا، بۇ يامبۇلارنى تېرىۋالمىغان بولاتتىم. ② يەڭنىڭ ئۇچى بىلەن قوشۇپ تۇتماق، يەڭنىڭ ئۇچى بىلەن قوشۇپ ئالماق: يەڭ بىلەن يەڭدەپ چىنە، تۇتقىلى بولماسمىدى، بۇ كۆڭۈل كەتسە ئۆلۈپ، ياساتقىلى بولماسمىدى.

**يەڭگە** ئى ① ئۇكا ۋە سىڭىلغا نىسبەتەن ئاكىنىڭ ئايالى: چوڭ يەڭگە. كىچىك يەڭگە. ② توي ئاخشىمى كېلىن بىلەن يىگىتنى ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ قويىدىغان ئايال: يەڭگە بولماق. توي يەڭگىسى.

**يەڭگەن** ئى. دىيال. ئىستولبا، سىمتاناپ تۈۋرۈكى.

**يەڭگۈش** سۈپ. دىيال. باشقا، ئايرىم.

**يەڭگۈشلەتمەك** «يەڭگۈشلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: زەرگەر ئەلى ئىبنى بەككارنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزغاندىن كېيىن، يەنە بىرنەچچە قەدەم ماڭغۇزۇپتۇ. كېيىن ئۇنىڭ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىتىپتۇ.

**يەڭگۈشلەشمەك** «يەڭگۈشلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار سارايدىن بىر ئۆينى كۆتۈرىگە ئېلىپ، كەچلىك تاماق يېيىشكەندىن كېيىن ئادانى يوق ـ تاقلارغا قاراشقا قالدۇرۇپ قويۇپ، ھەممەيلەن موڭغۇلچە كىيىم يەڭگۈشلەشتى.

**يەڭگۈشلەنمەك** «يەڭگۈشلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاتابېكتىكى بايىقى چۈشەنمەسلىك بىر گۇمانغا يەڭگۈشلەندى.

**يەڭگۈشلىمەك** پ ① ئالماشتۇرماق، تېگىشمەك، يۆتكىمەك: ئۇ قايتىپ ياتىقىغا باردى ـ دە، كىيىم ـ كېچىكىنى يەڭگۈشلىدى. * بۈگۈن ئۇ «بۇرۇت» نىڭ بۇيرۇقى بويىچە ۋالىك يەڭگۈشلەۋاتاتتى. ② ئۆزگەرتمەك، يېڭىلىماق، ئالماشتۇرماق: ئاشپەز ئاغرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن كەچتە ئۇلارنىڭ تامىقىنى يەڭگۈشلەش مۇمكىن بولماي، ئۇلارغا يەنىلا چۈشتە ئەكىرگەن تاماقلاردىن ئەكىرىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

**يەڭگىتمەك** «يەڭگىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شەمشەرىخان ئاچا ئىككى يىل ئىچىدە رايون بويىچە يۈزدىن ئارتۇق ئايالنىڭ تۇغۇتىنى قوبۇل قىلىپ، سالامەت يەڭگىتتى.

**يەڭگىل** سۈپ ① يېنىك: تۆردە ئولتۇرغان قىلىچ بىلەن قۇندۇزمۇ سازچىلارغا يەڭگىل تەزىم قىلدى. * رەھمەتجان يەڭگىل تىن ئالدى. ② كۆچمە. مىجەزى ئىتتىك، قىزىققان؛ ئالدىراڭغۇ.

**يەڭگىلتەك** سۈپ. بىرەر ئىشتا مەيدانى قەتئىي ئەمەس، تۇتامى يوق، ئالدىراڭغۇ: مەن شۇ تاپتا بىر ھېكايىدىكى تۇتۇرۇقسىز، يەڭگىلتەك ۋە بەكلا سۇنئىي يارىتىلغان بىر ناچار پېرسوناژنى كۆرۈۋاتاتتىم.

**يەڭگىلتەكلىك** ئى. مەيدانسىز، تۇتامسىز خۇي، مىجەز، ئالدىراڭغۇلۇق: ـــ سەن خوتۇنلارنىڭ يەڭگىلتەكلىكىنى قىلما، مېنىڭ سوئاللىرىمغا ياخشى جاۋاب بەرسەڭ، ياخشى كۈن كۆرىسەن، بەلكى يۇرتۇڭغىمۇ قايتىشىڭ مۇمكىن، ـــ دېدى ساقچى باشلىقى ئەنۋەرگە.

**يەڭگىللەتمەك** «يەڭگىللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر مېھرىبان ئايال ئۆز قەدىردانىنىڭ ئازابىنى يەڭگىللەتكەندە، ئۇنى يېڭى ھاياتقا ئىگە قىلغاندا، قانداقمۇ شادلانماي تۇرالىسۇن؟ كۆزىگە قانداقمۇ ئۇيقۇ كەلسۇن؟

**يەڭگىللەشتۈرمەك** «يەڭگىللەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېرپاننىڭ «شەيدۇللا»دىن ئەۋەتكەن خالىسانە ياردىمىمۇ ئۇلارنىڭ يوقسۇزلۇق يۈكىنى خېلى دەرىجىدە يەڭگىللەشتۈرگەنىدى.

**يەڭگىللەشتۈرۈلمەك** «يەڭگىللەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېزىلاردا نۇرغۇن سېلىقلار ئېلىپ تاشلىنىپ، دېھقانلارنىڭ يۈكى يەڭگىللەشتۈرۈلدى.

**يەڭگىللەشمەك** پ ① «يەڭگىللىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ـــ قانداق ئاغىنىلەر، خېلى يەڭگىللىشىپ قالغانسىلەرغۇ، ـــ دېدى ئۇ. ② يەڭگىل بولۇپ قالماق، يەڭگىل ھالەتكە كەلمەك: دېھقان ئۆز دەردىنى تۆكۈپ بولۇپ، بىرئاز يەڭگىللەشكەندەك ئورنىدىن تۇردى ۋە بۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە كەتتى.

**يەڭگىللىتىلمەك** «يەڭگىللەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قارارنىڭ ھازىرقى بۇ لايىھەسىدىكى نۇرغۇن سۆزلەر ئومۇمىي ئوقتۇرۇشتىكىگە قارىغاندا كۆپ سىلىق، تېخىمۇ يۇمشاق بولدى، سۆزلەرنىڭ سالمىقىمۇ ئاز ـ تولا يەڭگىللىتىلدى.

**يەڭگىللىك** ئى ① سالمىقى يوق، يېنىك ھالەت: بۇنىڭ يەڭگىللىك دەرىجىسى ئاليۇمىنىدىن قېلىشمايدۇ. ② كۆچمە. يېنىكلىك، ئالدىراڭغۇلۇق: ئۇلار ئىدىيە جەھەتتە سەزگۈر، بىرەر ئىشقا يەڭگىللىك بىلەن قارىغۇلارچە ئىشىنىپ كەتمەيدۇ. * گېزىتمۇ ناھايىتى يەڭگىللىك بىلەن ئۇلارغا ئورۇن بېرىۋاتىدۇ.

**يەڭگىللىمەك** پ ① ئېغىرلىقى تۆۋەنلىمەك، يەڭگىل ھالەتكە كەلمەك. ② جىسمانىي، روھىي جەھەتتە تېتىكلەشمەك، يېنىكلەشمەك: قىز خىيالىدىن نەتىجە چىقارغاندەك چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ يەڭگىللىدى ۋە چىرايى ئېچىلدى. ③ ئازايماق، قىسقارماق: مەن تېخى تەكشۈرۈش ئۈستىدىكى ئادەم، گۇناھىم يەڭگىللىسىلا بولدى.

**يەڭگىلىك** ئى ① يەڭگە بولۇش ئىشى، ۋەزىپىسى: مەن بۇگۈن يەڭگىلىك قىلىدىكەنمەن. ② كۆچمە. ئۆزىدىن چوڭلارنى باشقۇردىغان خاھىش؛ چوڭچىلىق، ئاقساقاللىق: يەڭگىلىك قىلماق.

**يەڭگىمەك** پ. كۆزى يورۇماق، بوشانماق، تۇغماق: تاجىخان يەڭگىپ بىرقانچە كۈنگىچە بىرەر قېتىممۇ ئىسسىق تاماق ئىچمىگەچكە، كۆكسىگە سۈت كەلمىدى.

**يەڭلىغ** تىر. يېزت. ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەر بىلەن كېلىپ «-دەك/- تەك،... غا ئوخشاش»، «كەبى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئەگەر سەن دائىما نەپسىڭ كويىدا چوت سوقار بولساڭ، بۇ يەڭلىغ قىلمىشىڭ ھەر چاغ — سېنى، ئەل - يۇرتنى بۇلغايدۇ.

**يەڭلىك** ① سۈپ. يېڭى بار، يەڭ ئورنىتىلغان، يېڭى ئۇزۇن: ئۇسسۇلچى قىز يەڭلىك شايى كۆڭلەك كىيىپ، بېلىگە كۈمۈش گۈللۈك نەقىش كەمەر تاقىغان. ② ئى. نان يېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قول قاپ؛ رېپىدە: يەڭلىك تىكمەك. ③ ئى. ئىش ۋاقتىدا كىيىمنى ئاسراش ئۈچۈن قولنىڭ جەينىكىگىچە تاقىۋالىدىغان خالتىسىمان بۇيۇم: يەڭلىك تارتماق.

**يەڭمەك** پ. كۈچ سىنىشىش، مۇسابىقە، ھەر خىل پائالىيەتلەردە قارشى تەرەپتىن ئۈستۈن كەلمەك، غەلىبە قىلماق؛ ئۇتماق، مات قىلماق: مۇھەببەت ئۆلۈمنى يېڭەر (ماقال). * يولنى يۈرگەن يېڭىدۇ (ماقال). * كىشىلەر «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر» دېيىشىدىكەن.

**يەل** ئى ① ھاۋانىڭ يەر يۈزىنى بويلاپ ئېقىشى، ھاۋانىڭ ئاقما ھەرىكىتى؛ شامال: تەبىئەت ھۆسنىگە مەست بولۇپ كېپىنەك، ئۇچاتتى بىر ئېگىز، بىر پەستە يەلدەك. ② بەدەندىكى ھاۋا: يەل تۇرۇپ قالماق. * چېچەكنىڭ ئېتى يامان، قىزىلنىڭ يېلى يامان (ماقال). ③ نەپەس، ھور: شېئىر ئۇ ئىنسانلار قەلبىنىڭ گۈلى، گۈلگە جان، رەڭ بەرگەن شائىرنىڭ تىلى. تىل بىلەن دىل ئوخشاش بولمىسا ئەگەر، كۈي ئەمەس چىققىنى ئېغىزنىڭ يېلى.

**يەل بەرمەك** بىرەر ياخشى، يامان ئىش ئۈچۈن باشقىلارغا ئىلھام ۋە مەدەت بەرمەك ياكى قۇتراتماق: ھېلىم روسۇلنىڭ لىڭشاسىما بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقىدى - دە، ئۇنىڭغا، نېمىدىن قورقىسەن؟ ھۆكۈمەت بانكىسىنى ئوغرىلاۋاتقىنىڭ يوق ياكى بىراۋنىڭ ئېمىنى تېشىۋاتقىنىڭ يوق، دەپ يەل بەردى.

**يەل تاپان** <فىز> ① ئايىغى ئىتتىك، بىر جايدا جىم تۇرالمايدىغان، ھەرىكىتى تېز: ئۇ بەك چاققان نەرسە، شۇڭا ئۇ يەل تاپان قارى دەپ نام ئالغان. ② <فىز> ئۆزئارا نىسپىي ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئىككى جىسىمنىڭ تېگىشىش يۈزلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا گاز توشقۇزۇپ، ئۇلارنى بىۋاسىتە تېگىشمەيدىغان قىلىش ئارقىلىق سۈركىلىشنى كېمەيتىدىغان بىر خىل قۇرۇلما. تېخنىكا ۋە مېخانىكا تەجرىبىلىرىدە كۆپ قوللىنىلىدۇ.

**يەل كىندىك** <تېب> كىندىك پۈلتىيىپ چىقىپ قالىدىغان بىر خىل كېسەللىك. كۆپىنچە بوۋاق بالىلارنىڭ كۆپ يىغلاش ۋە چىڭقىلىشىدىن پەيدا بولىدۇ.

**يېلى چىقىپ كەتمەك** ئىرادە - ئىشەنچنى، غەيرىتىنى يوقاتماق، بوشىشىپ كەتمەك، روھسىزلانماق: — قوي سېنى، ئىككى رومكا ئىچەر - ئىچمەيلا يېلىڭ چىققىلى تۇردى، ھېچقانچە ھاراق

كۆتۈرەلمەيدىكەنسەن! — دېدى ئۇ.

**يەلەڭ** ئى. دىيال. ئىلەڭگۈچ.

**يەلپۈتمەك** «يەلپۈمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر توپ قاناتلىق قىزلار ئۇزۇن قىزىل - يېشىل دۇردۇنلارنى يەلپۈتۈپ، بوغدا چوققىلىرىغا قاراپ ئۇچاتتى.

**يەلپۈشمەك** «يەلپۈمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئېگىز ئايۋان ئالدىغا چەللە - باراڭ قىلىنغان، باراڭلىقنىڭ ئاستىغا كۆرپە - گىلەم سېلىنغان، ياتار ئىدى ھاۋاز بەگ چار پاقىدەك سوزۇلۇپ، يەلپۈشەتتى خېنىملار چۆرىسىدە تولغىنىپ.

**يەلپۈگۈچ** ئى. ئىسسىق كۈنلەردە سەگىش، شامالداش ئۈچۈن قۇشلارنىڭ پەيلىرىدىن ياكى باشقا نەرسىلەردىن ياسالغان، قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ شامال چىقىرىدىغان بىر خىل سايمان: دەل شۇچاغدا ئۇزۇن چاپان كىيگەن، يەلپۈگۈچ تۇتقان ئۈچ ئادەمنىڭ دۇكان ئالدىغا كېلىشى ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى تارتتى.

**يەلپۈلدەتمەك** «يەلپۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئالتە قىز ئېگىز كۆتۈرگەن قوللىرىدا ھەر رەڭدىكى نېپىز رەختلەرنىڭ بۇرجىكىدىن تۇتۇپ، يەلپۈلدىتىپ شوخ ئاياغ ئويۇنلىرىنى ئويناپ ئۆتتى.

**يەلپۈلدەشمەك** «يەلپۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەيداندا قىزىل بايراقلار يەلپۈلدىشەتتى.

**يەلپۈلدىمەك** پ. ھەر تەرەپكە ئىرغاڭلىماق، لەپەڭشىمەك، لەپىلدىمەك؛ جەۋلان قىلماق: مەيداندىكى خەلق ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن تۇغقا قارىشاتتى. تۇغ مۇنار ئۈچىدا يەلپۈلدىدى.

**يەلپۈمەك** پ. يۆپقا، ياپىلاق نەرسىلەرنى ئۇ تەرەپ - بۇ تەرەپكە ھەرىكەتلەندۈرمەك؛ يەلپۈگۈچنى ئۇ تەرەپ - بۇ تەرەپكە ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق سالقىن شامال پەيدا قىلماق: تاڭ ئۆزىنىڭ مەيىن شامىلى بىلەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى يەلپۈپ، يۈزلىرىدىن سۆيۈپ ئۆتەتتى.

**يەلپۈنمەك** «يەلپۈمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرى سەھەرنىڭ سوغۇق شامىلىدا يەلپۈنەتتى.

**يەلتاشما** ئى [يەل + تاشما] <تېب> بىر خىل تېرە كېسەللى. بۇنىڭدا قىسمەن جاينىڭ تېرىسىدە تۇساتتىن قىزىل قاپارتقۇلار پەيدا بولۇپ، قىچىشىدۇ، يېيىلىشىمۇ ناھايىتى تېز بولىدۇ، ھېچقانداق ئىز قالمايدۇ. ئادەتتە پات - پات قوزغىلىپ تۇرىدۇ. دورا، پارازىت قۇرت، قان زەردابى، باكتېرىيەلەر بىلەن يالۇغلىنىش، غىدىقلاش كۈچى كۈچلۈك بولغان ماددىلارغا، سوغۇققا ۋە ئىسسىققا يولۇقۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ خىل كېسەلنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**يەلكە** ئى. بويۇننىڭ ئارقا قىسمى؛ مۇرە، ئۆشنە: يەلكىگە ئالماق. * قاسىم جىسا شۇ گەپنى ئېيتىپ تۇرۇپ لەيلىگۈلنىڭ يەلكىسىدە يەلپۈنۈپ تۇرغان چاچلىرىدىن تۇتتى ۋە ئىككىنچى قولى بىلەن ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدى.

**يەلكەن** ئى. شامال كۈچىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن كېمە خادىسىغا ئورنىتىلغان شامال توسقۇچى لاتا: يەلكەن چىقارماق. يەلكەن ئورناتماق.

**يەلكەنلىك** سۈپ. يەلكىنى بار، يەلكەن ئورنىتىلغان: يەلكەنلىك كېمە.

**يەلكۈ** سۈپ. سۇ يىغىلغان، زەردابلاشقان، دائىم قاناپ

تۇرىدىغان، زىيدىلەنگەن: يەلكۇ كالپۇك.

**يەلكىلىك** سۇپ. يەلكىسى يوغان، يەلكىسى كېلىشكەن: ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغاندا، مۇسانىڭ كەڭ يەلكىلىك گەۋدىسى ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغانىدى.

**يەللىك** سۇپ ① يېلى بار، يېلى كۆپ: يەللىك تائام. ② يەل قاچىلانغان: يەللىك ئەسۋابلار. يەللىك چالغۇ.

**يەللىمەك** پ. دىيال. مال ـ چارۋىلارنىڭ تۇغۇتتىن ئىلگىرى يېلىنىغا سۈت كىرمەك، يېلىن سالماق.

**يەليارا** ئى [يەل+يارا] <تىب> توقۇلمىلار چىرىپ ئۆلۈشىنىڭ بىر خىل تۈرى، ئادەتتە چوڭ بىر پارچە توقۇلمىنىڭ قان «ئوزۇقلۇق» بىلەن تەمىنلىنىشى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ئاندىن باكتېرىيە كىرىپ چىرىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

**يەل ـ يېمىش** هۆل ۋە قۇرۇتۇلغان مېۋە؛ مېۋە ـ چېۋە: يەل ـ يېمىش ساتماق. * ئوغلىمىز ئىمتىهاندىن ئەلا دەرىجىدە ئۆتكەن بىلەنمۇ، جاپپارنىڭ شۇ بىر تاغار يەل ـ يېمىشى بېسىپ چۈشمىگىنىنى كۆرۈپ باقاي.

**يەم** ئى ① ئات ـ ئۇلاغلار ئۈچۈن تەييارلانغان ئوزۇقلۇق؛ بوغۇز: يەم بەرمەك. * يەرنىڭ يېمى ئوغۇت، ئاتنىڭ غېمى تۇغۇت (ماقال). ② ئۈچار قاناتلارغا بېرىلىدىغان ئوزۇق؛ دان: قۇشنى يەم بىلەن ئالدايدۇ، كىشىنى گەپ بىلەن (ماقال).

**يەم بولماق** ① ئۈچار قانات، هايۋاناتقا ئوزۇق بولماق. ② كۆچمە. بىركىم ياكى بىرەر نەرسىنىڭ ۋەيران قىلىنىشىغا، يۇتۇۋېلىنىشىغا، خاراب قىلىپ ئىگىلىۋېلىنىشىغا ئۇچرىماق ياكى شۇ تۈپەيلى ۋەيران بولماق، يوق بولماق: بىرنەچچە يۈز توما تاقاق هەش ـ پەش دېگۈچە ۋەيران بولۇپ، ئىككى قىرغاقتىكى هېسابسىز تېرىلغۇ يەر كەلكۈنگە يەم بولدى.

**يەم قىلماق** ① ئۈچارقانات، هايۋانلارغا ئوزۇق قىلماق. ② كۆچمە. يوقاتماق، ۋەيران قىلماق، تۈگەتمەك: بولسا ئالەم بىر مىنۇتلا چاڭگىلىمدا دېمىگىن، ياخشىلارنى يەم قىلاي هەر چاققىنىمدا دېمىگىن.

**يەمەك** ئى <ئىرق> ئۇيغۇرلارنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى قەبىلىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

**يەمتۈك** ئى ① ئۈچارقانات، قۇشلارغا بېرىلىدىغان ئوزۇق؛ دان: دولقۇنلار چايقار تىنماي قومۇش سالنى، شاماللار ئۈچار يەلپۈپ جىغان ـ تالنى، سامادا بىر توپ قۇزغۇن يەمتۈك ئىزدەپ، ئېگىشتى پەسكە، بىهوش تەننى كۆزلەپ. ② قەپەستە بېقىلىدىغان ئۈچارقاناتلارغا دان بېرىلىدىغان كىچىك قاچا؛ دانچۇق: ئۇ ئۆلگەن قاتىل قۇشنىڭ يەمتۈكىدىن ئۈزۈك كۆزىدەك گۆھەرنى ئېلىپ، هەددى ـ هېسابسىز سۆيۈنۈپتۇ.

**يەمچۈك** ئى. ئۈچارقانات، هايۋانات، بېلىقلارنى تۇتۇش ئۈچۈن قاپقان، قىسماق، قارماقلارغا سانجىپ قويۇلىدىغان يېمەكلىك: — ئۈچۈپ كەلگەن ۋە كەتكەن، گۈللۈككە چۈشكەن ۋە يەمچۈككە يېقىنلاشقان ئاق قۇشقاچلارنى هاياجانلىنىپ تۇرۇپ كۆزىتىش نېمىدېگەن قىزىقارلىق ـ هە؟ — دېدى ئۇ.

**يەم ـ خەشەك** ئات ـ ئۇلاغ، مال ـ ۋارانلار ئۈچۈن بېرىلىدىغان بوغۇز ۋە ئوت ـ چۆپ: يەم ـ خەشەك تەييارلىماق.

**يەملەتمەك** «يەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ماشىنىنى يول ئۈستىدىكى رېمونتخانىنىڭ ئالدىدا توختىتىپ، چاقىنى يەملەتتىم ـ دە، يەنە سەپىرىمنى داۋاملاشتۇردۇم.

**يەملەشمەك** ① «يەملىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىشچىلار هە دەپ كىتابلارنىڭ مۇقاۋىلىرىنى يەملىشىۋاتاتتى. ② يەملەنمەك، چاپلانماق، يېپىشماق: كىتاب ۋاراقلىرى بەك چىڭ يەملىشىپ كەتكەنلىكتىن ئېچىلماپتۇ.

**يەملەنمەك** «يەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: زەرگەر كېنىزەك قىز بەرگەن خەتنى ئېلىپ لېپاپىنىڭ يەملەنگەن يېرىنى پەم بىلەن ئېچىپتۇ.

**يەملىك** ① سۇپ. يەم ـ خەشەك، بوغۇز تاللىمايدىغان، نېمە بەرسە ئىشتىها بىلەن يەيدىغان (مال ـ ۋاران هەققىدە): يەملىك قوي. ② ئى. يەم قىلىشقا تەييارلانغان نەرسە.

**يەملىمەك** پ. چاپلىماق، يېپىشتۇرماق: كىتاب يەملىمەك. دېرىزە يەملىمەك. * دەرسلىك كىتابىمنىڭ تېشىنى يەملەپ بولۇپ ئەمدى تاماقىقا چىقاي دەپ تۇرسام، قەيسەر ياتاققا كىرىپ كەلدى.

**يەنە** ① رەۋ. يېڭىدىن، باشقىدىن، قايتا، تەكرار: يامغۇر يەنە ياغدى. ② يۈك. بۇنىڭدىن باشقا، بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە: بۆلا ئەمەس، هەربىر يىلنى يەنە 12 ئايغا بۆلۈپ، 12 يىلنى بىر مۇچەلگە بۆلۈپ ئۇلارغا ئۆز تىللىرىدا هەر خىل ناملار بېرىلگەن.

**يەنە دېسە، يەنە شۇ** قايتا ـ قايتا، يېنىش ـ يېنىش، تەكرار ئېيتىلغان گەپ ـ سۆز، قىلىنغان ئىش ـ هەرىكەت. : — يەنە دېسە، يەنە شۇ گەپ، بولدى قىلايلى، — دېدىم زېرىكىپ ئۇلارغا.

**يەنە كېلىپ** خۇسۇسەن، بولۇپمۇ: قىزىق ئىش، بۇنىڭ بالىسى راستىنلا يىتۈپ كەتكەنمىدى؟ يەنە كېلىپ بۇ كىچىككىنە يېزىدا ـ هە؟

**يەنجە** ئى. دېۋانىلەر تىلەپ ئالغان نەرسىلىرىنى سالىدىغان قاچا: بۇ خۇددى تۇگمەنچىنىڭ بىر سىقىم تۇزنى تىلەمچىنىڭ يەنجىسىگە تاشلىغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش.

**يەنجۈك** سۇپ. دىيال. ئېرىنچەك، بوش.

**يەنسۇق** ئى. دىيال. بۆلاقلاردا بولىدىغان قۇرتقا ئوخشاش جانىۋار، دورا ئورنىدا سۇ بىلەن تىرىكلا ئىچىلىدۇ.

**يەنى** باغل [ئە] سۆزلەنگەن سۆز ياكى بولۇنغان ئىش ـ هەرىكەتنى چۈشەندۈرۈش، ئىزاهلاش، باشقا ئىبارە بىلەن باغلاش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: — جاهاندا يوق بىركۈنى، يەنى شەنبىمۇ، يەكشەنبىمۇ، دۈشەنبىمۇ، سەيشەنبىمۇ، چارشەنبىمۇ، پەيشەنبىمۇ، جۈمەمۇ ئەمەس بىركۈنى ئېلىڭ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

**يەنىلا** رەۋ. بۇرۇنقىدەكلا، ئوخشاشلا: ئۇلار قانداق قىلغاندا ئۇنىڭ بۇ زورلۇقىدىن قۇتۇلۇشقا بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق يوشۇرۇن يىغىن ئېچىپتۇ، لېكىن يەنىلا چارە تاپالماپتۇ.

**يەنىمۇ** رەۋ. بارغانسېرى، كۈنساناپ، كۈندىن ـ كۈنگە؛ تېخىمۇ: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى يەنىمۇ كۈچەيدى.

**يەهۇدىي** ئى<ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار قەدىمدە پەلەستىندە ياشىغان خەلق بولۇپ، ئىسرائىلىيە — يەهۇدىي پادىشاھلىقىنى قۇرغان. بۇ خانلىق كېيىن رىم ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن يوقىتىلىپ، ئاهالىسى سىرتقا چېچىلىپ كېتىپ، ياۋروپا، ئامېرىكا، غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىغا تارقاق ئولتۇراقلىشىپ قالغان. 1948 ـ يىلى بىر قىسىم يەهۇدىيلار ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى (پەلەستىننىڭ بىر

قىسىم رايونلىرى) دا ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى قۇرغان.

**يەھۇدىي دىنى** <دىن> ئاساسەن يەھۇدىيلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن بىر خىل دىن. تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 8 ـ ئەسىردە ياشىغان ھەزرىتى مۇسا تەرىپىدىن تەرغىب قىلىنغان. مۇقەددەس كىتابى تەۋراتتۇر.

**يەھۇدىيچە** ① سۈپ. يەھۇدىي خەلقىگە، ئۇلارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: يەھۇدىيچە ئادەم. يەھۇدىيچە ئۇسسۇل. يەھۇدىيچە كىيىم. ② ئى. يەھۇدىي تىلى ياكى يېزىقى: ئۇ يەھۇدىيچىنى پىششىق بىلىدىكەن. ③ رەۋ. يەھۇدىي تىلىنى ئىشلىتىپ، يەھۇدىي تىلىدا: ئۇلار يەھۇدىيچە سۆزلىشىپ كەتتى.

**يەھ ـ يەھ** كەپتەرنى دانغا چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆز.

**يوبدان** ئى <يېم> ئارپا ياكى قوناق ئۇنى خېمىرىنى ئۇگرىدەك كېسىپ ئېتىلگەن سۇيۇقئاش: ئۇ چامغۇر سېلىنغان بىر چىنە يوبداننى رەھمەتنىڭ ئالدىغا قويدى.

**يوبىلېي** ئى [ر<لات] <ئەد> بىرەر شەخسنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، ئىش ـ پائالىيىتىنىڭ ياكى بىرەر تەشكىلات، مۇئەسسەسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ قۇرۇلغان ياكى پائالىيەت باشلىغانلىقىنىڭ مەلۇم يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان تەنتەنىلىك مۇراسىم.

**يوپكا** ئى [ر] ئاياللارنىڭ بەلىنىڭ تۆۋىنىگە كىيىدىغان ھەم ئايرىم تىكىلىدىغان كۆڭلىكى: سارجا يوپكا. تار يوپكا.

**يوپكىلىق** سۈپ ① ئۈستىدە يوپكىسى بار، يوپكا كىيگەن: سارجا يوپكىلىق قىز. ② يوپكا تىكىشكە باب، لايىق، يېتەرلىك: ئۇ بىر يوپكىلىق سارجا سېتىۋالدى.

**يوپۇتماق** پ. خۇپىيانە تۇتماق، يوشۇرماق، ياپماق: — ئېلىشا، سەن گەپنى يوپۇتما، قوشاقچى باشقا بىرى ئەمەس، ئۆزۈڭ، — دېدى كىمدۇر بىرى.

**يوپۇتۇشماق** «يوپۇتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قانداقتۇر بىرەر ئىشنى مەندىن يوپۇتۇشقاندەك قىلىشاتتى.

**يوپۇتۇلماق** «يوپۇتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئىش ھازىرچە دادامدىن يوپۇتۇلۇپ ئۆتۈپ كەتكىنى بىلەن، ھامان بىر كۈنى دادامنىڭ بىلىپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

**يوپۇرا** سۈپ. دىيال. ئۇدۇل، ئوتتۇرا، روبىرو، قارىمۇقارشى.

**يوپۇرغا** ئى سۆرەم: ① يوپۇرغا سالماق. ② شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى بىر ناھىيەنىڭ نامى.

**يوپۇرماق** I ئى <بوت> ئۆسۈملۈكنىڭ ۋېگېتاتىپ ئەزالىرىدىن بىرى. ئادەتتە يوپۇرماق ئالىقىنى بىلەن يوپۇرماق سېپىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئومۇمەن يېشىل ۋە ياپىلاق بولىدۇ. ئۇنىڭ گۆش ھۈجەيرىلىرىدە خلوروپلاست بولغانلىقى ئۈچۈن، كۈن نۇرىدىن پايدىلىنىپ ئوزۇقلۇق ماددا ئىشلىيەلەيدۇ. شۇڭا، يوپۇرماق ئوزۇقلۇق ئىشلەيدىغان ئەزا ھېسابلىنىدۇ.

**يوپۇرماق رېتى** <بوت> يوپۇرماقنىڭ غولدىكى جايلىشىش ئۇسۇلى. كۆپ ئۇچرايدىغان يوپۇرماق رېتى: نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن يوپۇرماق رېتى، ئۇدۇل ئۆسكەن يوپۇرماق رېتى ۋە ئايلانما ئۆسكەن يوپۇرماق رېتىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ.

**يوپۇرماق** II پ ① ئاڭلىماسقا، بىلمەسكە سالماق، بىغەم، جىم تۇرۇۋالماق: قولاقنى يوپۇرماق. * — تۆلەندى ئاخۇن ئاكا، چاققان بول، — دېدى ئۇ بوسۇغىدىن پۇتىنى ئالار ـ ئالمايلا، — تېرە كىگىزنىڭ ئۈچىدا سېغىزغان چىللاۋاتسا، قولاقلىرىڭنى يوپۇرۇپ ئولتۇرۇۋېرىدىكەنسەن. ② كۆچمە. تۈرمەك، پۈرۈشتۈرمەك: قاپاقنى يوپۇرماق. لېۋىنى يوپۇرماق. ③ كۆچمە. بېشىنى ئېگىپ تىقماق، دۈغدايماق، غەمكىنلەشمەك: ساۋۇت بىر ئاز قورقسىمۇ، لېكىن بېشىنى يوپۇرۇپ كىرىشكە مەجبۇر بولدى.

**يوپۇرماقلىق** سۈپ. يوپۇرمىقى بار، يوپۇرمىقى كۆپ، يوپۇرماق بىلەن قاپلانغان: يىڭنە يوپۇرماقلىق دەرەخ. تەڭگە يوپۇرماقلىق دەرەخ.

**يوپۇرماقلىماق** پ. يوپۇرماق چىقارماق، يوپۇرماق ئۆسمەك.

**يوپۇرۇشماق** «يوپۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۇ ئىشقا ئىپادە بىلدۈرمەي قولاقلىرىنى يوپۇرۇشۇپ ئولتۇرۇشتى.

**يوپۇرۇلماق** پ. بىرەر ئادەم ياكى نەرسىگە تاشلانماق، ئېتىلماق: ئاتلار گويا قارا بوراندەك يوپۇرۇلۇپ دۈشمەن تەرەپكە تاشلاندى.

**يوپۇق** ئى ① ئات ـ ئۇلاغنى سوغۇقتىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئۇچىسىغا يېپىپ قويۇلىدىغان يېپىنچا: ئېتىمنى توقۇپ قويدۇم، يوپۇق ياپىمەن ئەمدى. سۆيگەن ياردىن ئايرىلىپ، يالغۇز ياتىمەن ئەمدى. ② بىرەر نەرسىنىڭ ئۈچۈق تۇرماسلىقى ئۈچۈن يېپىلىدىغان پەردە: مەلىكە يوپۇقنى قايرىپ، بېشىنى مەپىدىن چىقىرىپ قارىغاندا، كۆزى زەرگەر يىگىتكە چۈشۈپ قاپتۇ.

**يوپۇقلۇق** سۈپ. يوپۇقى بار، يوپۇق يېپىلغان، يوپۇق يېپىپ تارتىلغان: قىز قارىسا، كىمخاب يوپۇقلۇق قوش ئات قوشۇلغان ئالتۇن مەپە جاراڭلاپ، بىر مەپىكەش بوۋاي ئاتلارنىڭ بوجىلىرىنى تۇتۇپ تۇرغۇدەك.

**يوتا** ئى ① تىزنىڭ يۇقىرىسىدىن سۆڭگەكچىچە بولغان ئارىلىق؛ يانپاش: يوتا سۆڭىكى. ② تاغنىڭ يانباغرى؛ بەل: بەل يوتىسى. * سابىرلار دۆڭلۈكلەر ئارىسىدىن يۈگۈرۈپ، تۇغرا كەتكەن يوتىسى قىيپاش تاغ ئۈستىگە چىقتى.

**يوتقان** ئى. ئۇخلىغاندا يېپىنىش ئۈچۈن رەختنى ئەنلەپ، ئارىسىغا پاختا قويۇپ تىكىلگەن يېپىنچا: ماموق يوتقان. تويلۇق يوتقان.

**يوتقان تېشىدىن بولغان** نىكاھسىز تۇغۇلغان، دادىسى نامەلۇم، ھارامدىن بولغان؛ ھارامزادە: — ھۇ ئاتاڭنى، يوتقان تېشىدىن بولغان! نېمە ئۈچۈن يېتىپ سۆيدۈكۈڭنى ماڭا چاچرىتىسەن! — دېدى ھاشىم ساۋۇتقا ۋارقىراپ.

**يوتقان ـ كۆرپە** ئۇخلىغاندا يېپىنىدىغان يوتقان ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەر: — بۇ كامىر سېسىپ كېتىپتۇ، سېنى باشقا كامىرغا يۆتكەپ، بۇ ئۆينى بىر ھەپتە ئېچىۋېتىمىز. يوتقان-كۆرپەڭنى ئېلىپ چىقىپ تۇر، مەن ھارۋا ئەكېلىمەن، — دېدى تۇرمە باشلىقى ئۇنىڭغا.

**يوتقانلىق** سۈپ ① يوتقىنى بار، يوتقان يېپىنغان. ② يوتقان تىكىشكە باب ، لايىق، يوتقان قىلىشقا بولىدىغان: يوتقانلىق تاۋار. ③ ئى. يوتقان تىكىشكە باب كېلىدىغان رەخت: — مېنىڭ بىر يوتقانلىقىم بار ئىكەن، — دېدى ئۇ.

**يوتۇق** I سۈپ. دىيال. يانتۇ، قىيپاش، يانباغىر.

**يوتۇق** II ئى. توشقان ئۇۋىسى.

**يوتۇقماق** پ. دىيال. كۆز قاپقىي ياكى يۈز-كۆزى ئىششىپ قالماق.

**يوچۇق** ئى ① يېرىلغان، چاك ھاسىل بولغان جاي؛ دەز، ئاراچ: ئىشىكنىڭ يوچۇقى. تامنىڭ يوچۇقى. ② كۆچمە. قۇسۇر، كەمچىلىك، نۇقسان: بۇ ئىشنى شۇنداق قىلايلىكى، باشقىلار ئىشىمىزدىن قىلچە يوچۇق تاپالمىسۇن. * ئۇ ئازراق يوچۇق تاپسىلا بىرنى ئون قىلىپ پىتنە تارقىتىدۇ.

**يوچۇق قالدۇرماسلىق** بىرەر ئىش، گەپ-سۆزدە كەتكۈزۈپ قويماسلىق، پۇرسەت، بوشلۇق، ئىمكانىيەت قويماسلىق: ئۇلار يوچۇق قالدۇرماسلىق ئۈچۈن شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا بەربىر قانۇن تورىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

**يوچۇن** سۈپ. تونۇش بولمىغان، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، ئۆزگىچە، غەلىتە: يوچۇن ئادەم. يوچۇن ئىش. يوچۇن قىلىق. * شۇ ئەسنادا ھويلا ئىشىكى تاراقلاپ ئېچىلىپ، قادىر بېدىك بىرنەچچە يوچۇن كىشىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى.

**يوخشماق** پ. دىيال. ئات ئوت يېمەستىن خامۇش بولۇپ جىم تۇرماق.

**يود** ئى [ر<گىرېك] <خىم> مېتاللوئىد ئېلېمېنت. بەلگىسى (Iodium) I. قارا قوڭۇر رەڭلىك كىرىستال. مېتال پارقىراقلىقىغا ئىگە، ئاسان سۇبلىماتسىيەلىنىپ بىنەپشە رەڭلىك پار ھاسىل قىلىدۇ. يودنىڭ ئىسپىرتتىكى ئېرىتمىسى دېزىنفېكسىيە قىلىش ۋە پوقاق كېسىلىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ. سانائەتتە بوياق ماتېرىياللىرىنى ئىشلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**يودا** سۈپ. دىيال. ئەبگاھ، سوكال، نامرات، گاداي، ئورۇق.

**يودلۇق** سۈپ. تەركىبىدە يود بار، يودا بولغان، يود ئارىلاشتۇرۇلغان، يود قوشۇلغان: كۈچا ناھىيەلىك تۇز باشقۇرۇش ئىدارىسى يېقىندا، يېزا-بازارلاردا يودلۇق تۇز ئىستېمال قىلىش توغرىسىدا كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات ئېلىپ باردى.

**يودوفورم** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. سېرىق رەڭلىك پارقىراق كىرىستال، ئالاھىدە پۇراققا ۋە تەمگە ئىگە. دورىگەرلىكتە دېزىنفېكسىيە دورىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**يودىماق** پ. دىيال. قورسىقى ئاغرىغان ئادەملەرنى تۇز، نان قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ئاشلىماق.

**يورتماق** پ. ئاتنى ئۇششاق قەدەم بىلەن تېز ھەم سىلىق ماڭدۇرماق، يەنى مېڭىشتىن تېز، يورغىلاشتىن ئاستىراق بىر خىل مېڭىشتا ماڭدۇرماق.

**يورغا** ئى. رىتىمىنى بۇزماي، بىر خىلدا ھەم سىلىق، ھەم يۈگۈرگەندەك ئىتتىك ماڭىدىغان ئات: يورغىسىغا چۈشمەك. * يورغا مىنگەن يولدىشىدىن ئايرىلار، كۆپ ياشىغان تەڭتۇشىدىن ئايرىلار (ماقال). // يورغا ئات.

**يورغىلاتماق** «يورغىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئويناقلاپ تۇرغان قارا ئات مىنگەن سادىر ئېتىنى يورغىلىتىپ كەلدى-دە، دەرھال دادىسىغا سالام بەردى.

**يورغىلاشماق** «يورغىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاق پەرتۇق تارتقان كۈتكۈچىلەر بولسا پۇت-پۇتىغا، قول-قولىغا تەگمەي يورغىلىشىپ يۈرەتتى.

**يورغىلىماق** پ ① رىتىمىنى بۇزماي، ھەم تېز، ھەم سىلىق ماڭماق: تىزگىنى بوشىتىلغان بايتال يېنىككىنە يورغىلاشقا باشلىدى. ② كۆچمە. ئىككى تېقىمىنى بىر-بىرىگە سۈركەپ تېز-تېز ئىلدام ماڭماق: يىگىت خۇش بولۇپ ئانىنىڭ قولىغا سۆيۈپتۇ ۋە ئانىسىنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، داستىخاننى قولتۇقىغا قىسىپ، خېنىملاردەك يورغىلاپ، گۈندىپاينىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

**يورۇتقۇچ** سۈپ. يورۇتۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان، يورۇتىدىغان: يورۇتقۇچ ئەسۋابلار. يورۇتقۇچ بومبا.

**يورۇتماق** ① «يورۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەزىز شۇنى ئويلاپ يۈرىكى ئېچىنغان ھالدا ياتقان يېرىدىن تۇرۇپ چىراغنى يورۇتتى. ② ئايدىڭلاشتۇرماق: يازغۇچى بۇ ئەسىرى بىلەن 19-ئەسىردىكى جەمئىيەت ئەھۋالىنى تېخىمۇ يورۇتۇپ، كىشىلەرگە تونۇشتۇردى.

**يورۇتۇشماق** «يورۇتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاتا-ئانىلىرىمىز بۇرۇن توك بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆينى جىنچىراغ ياكى شام بىلەن يورۇتۇشاتتى.

**يورۇتۇلماق** «يورۇتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئابدۇللا ئاكىنىڭ قاۋۇل بىلەن بىر يەردىن چىققان سۆزلىرى ئۇنىڭ ئىشەنچ چىرىغىدا يورۇتۇلغان قەلبىگە غەشلىك سايىسىنى تاشلىغاندەك بولدى.

**يورۇق** ① سۈپ. كۈن نۇرى يەنى ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرىدىغان، قاراڭغۇ ئەمەس: يورۇق ئۆي. ② ئى. نۇر، ئاپتاپ، ئاپتاپلىق ھالەت: يورۇق چۈشمەك. تاڭ يورۇقى. * ئۆچەر چىراغنىڭ يورۇقى يوق (ماقال). ③ سۈپ. كۆچمە. بەختلىك، شادلىق، ھۆر: يورۇق دۇنيا. يورۇق ئالەم. يورۇق كۈن. ④ سۈپ. كۆچمە. روشەن، نۇرلۇق: ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق، ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق (ماقال).

**يورۇقپەرەس** سۈپ. يورۇقنى ياخشى كۆرىدىغان، يورۇقلۇققا ئىنتىلىدىغان: يورۇقپەرەس ئۆسۈملۈكلەر. * شاپتۇل دەرىخى يورۇقپەرەس دەرەخ بولۇپ، شاخ-نوتىلىرىنىڭ ئۆسۈشچانلىقى ناھايىتىمۇ كۈچلۈك كېلىدۇ.

**يورۇقپەرەسلىك** ئى<بوت> بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يورۇقلۇققا ئىنتىلىش خۇسۇسىيىتى: بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يورۇقپەرەسلىكى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ.

**يورۇقچىلىق** ئى. ھەرقانداق دالدا، قاراڭغۇلۇقتىن خالىي، يورۇق ھالەت؛ ئوچۇقچىلىق: ھەسەن بەدرىدىن ھېچ نەرسىنى سەزمەي ئۇخلاۋېرىپتۇ، كېيىن بىر يېنىغا ئۆرۈلۈپ، كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنى يورۇقچىلىقتا كۆرۈپتۇ.

**يورۇقلاشماق** پ. يورۇشقا باشلىماق، يورۇق ھالەتكە كەلمەك: ئۆي ئىچى يورۇقلاشتى.

**يورۇقلۇق** ئى ① قاراڭغۇ بولمىغان، يورۇق ھالەت، روشەنلىك. ② <فىز> جىسىمنى يورۇتۇپ، كىشىگە جىسىمنى كۆرسىتىدىغان ماددا. مەسىلەن، قۇياش يورۇقلۇقى، چىراغ يورۇقلۇقى ۋە ئاي يورۇقلۇقى دېگەندەك. يورۇقلۇقنىڭ بوشلۇقتىكى تارقىلىش سۈرئىتى سېكۇنتىغا تەخمىنەن 300 مىڭ كىلومېتىر. ③ <فىز> يورۇقلۇق دولقۇنىنىڭ كىشىگە ھېس قىلدۇرغان كۈچلۈك-ئاجىزلىق دەرىجىسى. ④ يورۇق چۈشكەن، يورۇغان يەر، جاي: ئۇلار غار ئىچىدە مېڭى-

ۋېرىپ، ئاخىر يورۇقلۇققا قانداق چىقىپ قالغىنىنىمۇ سەزمەي قېلىشتى. ⑤ كۆچمە. ئازادلىق، ئەركىنلىك: خەلقىمىز تىنىماي كۈرەش قىلىش ئارقىلىق نەچچە مىڭ يىل خورلىغان جاھالەت زىندانىنى گۇمران قىلىپ، ئاخىر يورۇقلۇققا چىقتى.

**يورۇقلۇق يىلى** <ئاستىر> يۇلتۇزلار ئارىلىقىنى ھېسابلاشتىكى بىرلىك، يەنى يورۇقلۇقنىڭ بىر يىل ئىچىدە باسقان مۇساپىسى، ئۇ تەخمىنەن بىر تىرىليون كىلومېتىرغا تەڭ بولىدۇ.

**يورۇماق** پ ① يورۇق چۈشمەك، يورۇق ھالەتكە كەلمەك: چىراغ ياندۇرۇلدى، ئۆي ئىچى خېلى يورۇدى. ② ئاقارماق، چىقماق، ئاتماق (كۈن ۋە تاڭ ھەققىدە): بۇ چاغدا تاڭ ئوبدانلا يورۇپ، كىشىلەرنىڭ ئالدى ئىشقا يېتىپ كەلگەنىدى. ③ ئېچىلماق، شادلانماق: كۆڭلى يورۇماق. دىلى يورۇماق.

**يوسۇن** ئى. ئەزەلدىن تارتىپ كېلىۋاتقان، كىشىلەرگە سىڭىپ كەتكەن ئەنئەنىۋى ئادەت؛ رەسىم، قائىدە: كونا يوسۇن.

**يوسۇندا** تىر. ھالەتتە، تەرىقىدە، قىياپەتتە، شەكىلدە، تەرزدە: قايسى يوسۇندا ئىش قىلىش ئۆزۈڭگە باغلىق.

**يوسۇن ـ قائىدە** يوسۇن ۋە قائىدە قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئادەتلەر.

**يوسۇنلۇق** سۈپ ① يوسۇننى بىلىدىغان، يوسۇنغا ئەمەل قىلىدىغان: يوسۇنلۇق ئادەم. ② يوسۇنغا ئۇيغۇن، يوسۇن بىلەن قىلىنغان: يوسۇنلۇق ئىش.

**يوسۇنلىماق** پ. دىيال. تۈزلىمەك، تۈزەتمەك.

**يوسۇنۋاز** سۈپ. نوقۇل ھالدا بىرخىل يوسۇندا ئىش ئېلىپ بارىدىغان، يوسۇنغىلا ئېسىلىۋالىدىغان، يېڭىلىق يارىتالمايدىغان، قاتمال: يوسۇنۋاز ئادەم كۆپ چاغلاردا پەقەت ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدۇ، باشقىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىشنى خالىمايدۇ.

**يوسۇنۋازلىق** ئى. بىر خىل يوسۇن بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىش، يوسۇنغىلا ئېسىلىۋېلىش، يېڭىلىق يارىتالماسلىق، قاتماللىق: ساددا، ئەخمىقانە، يارىشىمسىز، ئەگەشمە يوسۇنۋازلىق قاتارلىقلار شەھەرلىكلەر ئىندىۋىدۇئاللىقىنى ۋەيران قىلماقتا.

**يوشۇرغۇزماق** «يوشۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەخپىرەتخان بايىقى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئوغلى ئارقىلىق يوشۇرغۇزۇپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئېرىنىڭ ئالدىغا چىقتى.

**يوشۇرغۇسىز** سۈپ. يوشۇرغىلى بولمايدىغان، يوشۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان: شەرق ئەدەبىياتىدا ماددىي مۇكاپات ۋە مەنىۋى شان ـ شۆھرەت تەمەسى بىلەن، ئۆز مىللىتىنىڭ جان كۆيەر يولباشچىسى بولۇش ئوتتۇرىسىدىكى يوشۇرغۇسىز زىددىيەت ئاشكارىلانماقتا.

**يوشۇرماق** پ. باشقىلارغا كۆرسەتمەسلىك، بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن بىر يەرگە تىقىپ قويماق، خۇپىيانە تۇتماق: ئۇ ئۆزىنىڭ سوت مەھكىمىسىگە كېلىشتىكى مەقسىتىنىمۇ يوشۇردى.

**يوشۇرۇشماق** «يوشۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار نامەلۇم بىرنەرسىنى مەندىن يوشۇرۇشماقچى بولغاندەك، قوللىرىنى ئارقىسىغا تىقىۋېلىشتى.

**يوشۇرۇقلۇق** سۈپ. يوشۇرۇلغان، يوشۇرۇپ قويۇلغان: يوشۇرۇقلۇق ئاشلىق. يوشۇرۇقلۇق مال. * قادىر كارىۋات ئاستىدا يوشۇرۇقلۇق تۇرغان نۇرغۇن كىتابلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، چۈنكى ئۇ بۇنداق ياخشى كىتابلارنى ئۆمرىدە كۆرۈپمۇ باقمىغانىدى.

**يوشۇرۇلماق** «يوشۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: خالىدەگە ئېيتماقچى بولغان سۆزلىرى ئۇنىڭ يۈرەك قېتىغا يوشۇرۇلغان بولۇپ، قانچە ئېيتىشقا تەمشىلىپمۇ ئېيتالمايۋاتاتتى.

**يوشۇرۇن** سۈپ. ئاشكارا بولمىغان، باشقىلار ئۇقمىغان، باشقىلاردىن سىر تۇتۇلغان؛ مەخپىي: يوشۇرۇن ھەرىكەت. يوشۇرۇن ئىش. يوشۇرۇن ئىشلىمەك. ئۇنىڭ يۈرىكىنى قانداقتۇر يوشۇرۇن بىر نەرسە مۇجۇپ ئازابلايتتى.

**يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش** <قا> سايلام ئۇسۇلىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا سايلىغۇچى سايلام بېلىتىنى تولدۇرغاندا باشقىلارغا ئاشكارىلىمايدۇ، سايلام بېلىتىگە ئىسمىنى يازمايدۇ ھەمدە سايلام بېلىتىنى ساندۇققا ئۆزى ئاپىرىپ تاشلايدۇ.

**يوشۇرۇن باشسىمان گۈل رېتى** <بوت> گۈل رېتىنىڭ بىر تۈرى. ئوقىنىڭ ئۇچى چوڭىيىپ، ئوتتۇرا قىسمى تۆۋەنگە ئولتۇرۇشۇپ خالتا ھاسىل قىلغان، گۈللىرى خالتا ئىچىگە جايلاشقان بولىدۇ. سىرتتىن قارىغاندا كۆرگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، ئەنجۈرنىڭ گۈل رېتىگە ئوخشاش.

**يوشۇرۇنچە** رەۋ. باشقىلارغا بىلدۈرمەي، سەزدۈرمەي، تۇيدۇرماي، مەخپىي رەۋىشتە، ئوغرىلىقچە، خۇپىيانە: مەن ھەر كۈنى باش توخۇ ئەمدىلا چىللىغان چاغدا، باشقىلاردىن يوشۇرۇنچە مەرۇپ بوۋايلارنىڭ ئۆيىگە باراتتىم.

**يوشۇرۇنماق** ① «يوشۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئىككىيلەن چوقچىيىپ تۇرغان قۇم ـ شور دۆۋىلىرىدىن بىرىنىڭ دالدىسىغا يوشۇرۇندى.② <ھەرب> دۈشمەن ئۆتۈش ئېھتىمالى بولغان جايغا ئەسكىرىي كۈچنى مەخپىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاتاكىغا ئۆتۈش پۇرسىتىنى كۈتمەك.

**يوشۇرۇنۇشچان** سۈپ. ئاسان يوشۇرۇنالايدىغان، يوشۇرۇنۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان: باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ يوشۇرۇنۇشچان خۇسۇسىيىتى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، باشقىلار ئاسان بايقىيالمايدۇ.

**يوشۇرۇنۇشچانلىق** ئى. يوشۇرۇنۇش ھالىتى، يوشۇرۇنۇش خۇسۇسىيىتى: باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا تۆمۈر يول مېخانىكىلىق ئېتىش سۈپىسى ئىشلىتىلگەچكە، كۈچلۈك يوشۇرۇنۇشچانلىققا ۋە 2 ـ قېتىم زەربە بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە.

**يوغا** ئى. قاچا ـ قومۇش قويۇش ئۈچۈن ئۆينىڭ تېمىنى ئويۇپ چىقىرىلغان جاي؛ ئويۇق، تەكچە.

**يوغا تام** ئۆي بىلەن ئۆي ئوتتۇرىسىدىكى پاكار تام.

**يوغا تامغا مىنمەك** دىيال. مەسخىرە، شاڭخو قىلىش سۆزى.

**يوغان** سۈپ ① ئىگىلىگەن ئورنى، ھەجمى ئىنتايىن كەڭ؛ چوڭ، زور: باش كىچىك، تۇماق يوغان، بەل كىچىك، غىلاپ يوغان (ماقال). ② توغرا كەسمىسى، ئايلانمىسى چوڭ؛ توم (دەرەخ، ئارغامچا، يىپ، چاچ قاتارلىق نەرسىلەر ھەققىدە): قىز يوغان ئىككى ئۆرۈم چېچىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ يەلپۈنۈپ تۇرغان ئۇچلىرىنى بېشىغا قىستۇرۇۋالغان ئەگرى تارغاق بىلەن تاراپ ماڭدى. ③ بوم (ئاۋاز ھەققىدە): ــ بارسىبەگنىڭمۇ بار، ــ دېدى قىلىچ يوغان ئاۋاز بىلەن. ④ پو، ئەمەلىيەتتىن يىراقلاشقان، لاپ (گەپ ـ سۆز ھەققىدە): يوغان گەپ.

**يوغان باش** ① بېشى باشقىلارنىڭكىدىن چوڭ، زور. ② كۆچمە. ئۆزى نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدىغان، كىشىنىڭ گېپىگە، مەسلىھەتكە كۆنمەيدىغان؛ باشباشتاق، ئۆز بېشىمچى: ئۇ كىچىكىدىنلا يوغان باش بالا ئىدى.

**يوغان بەل** ئاچېيقىنىڭ ئىنچىكە ياكى بەلنىڭ سەل يۇقىرى تەرىپى.

**يوغانچى** سۈپ. ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، چوڭچى: — سەن يوغانچى ئەمەس ئىكەنسەن، ئۇنداق بولسا، يېڭىسىنى ماڭا بېرىپ، كونىسىنى سەن سېتىۋال! — دېدى ئۇ.

**يوغانچىلىق** ئى. ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ماختىنىش ئادىتى؛ چوڭچىلىق: يوغانچىلىق قىلماق. * پىدا مۇنداق ماختاشلاردىن ھوزۇرلىناتتى. ئۆزىنىڭ چىرايلىقلىقىدىن پەخىرلىنىپ بەزىدە يوغانچىلىقمۇ قىلىپ قوياتتى.

**يوغانلىق** ئى ① چوڭلۇق، زورلۇق. ② كۆچمە. تەكەببۇرلۇق، ھاكاۋۇرلۇق: يوغانلىق قىلماق.

**يوغان ـ يالتا** يوغان ۋە يېيىلغان، چوڭ ۋە ياپىلاق.

**يوغناتماق** «يوغىنىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەسلىدە بايلارنىڭ زوۋۇلىسىنى يوغىناتقان بىزگە ئوخشاش ئەمگەكچىلەر ئىكەن.

**يوغناشماق** «يوغىنىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۈنۈگۈنكى گۆدەك باللار بۈگۈن يوغىنىشىپ، چوپچوڭلا ئادەم بولۇپ كېتىشىپتۇ.

**يوغنىتىلماق** «يوغىناتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: خوجايىنلارنىڭ خورىكى قۇربانغا ئوخشاش ئىشلەمچىلەر تەرىپىدىن يوغىنىتىلىدىغانلىقىنى ھەرگىزمۇ ئويلاپ كۆرمىگەنىكەنمەن.

**يوغىنىماق** پ ① ئىگىلىگەن ئورۇن ھەجىم جەھەتتىن كېڭەيمەك، چوڭايماق: كونا ئۆيلەر چېقىلىپ، مەيدان خېلى يوغىناپتۇ. ② ئۆسمەك، يېتىلمەك، زورايماق، چوڭلىماق: يەر ھەققىدىكى گەپكە كۆچۈشمىزدىكى سەۋەب، مۇنداق يەردە قاپاق بەك يوغىنايتتى. ③ تەسىر دائىرىسى كېڭەيمەك، زورايماق، ئەۋج ئالماق: مولللازەيدىن بەدرىدىن مەخسۇمنىڭ ئىشىنى بۇ قەدەر يوغىناپ كېتىدۇ، دەپ ئەسلا ئويلاپ كۆرمىگەنىدى.

**يوغىناپ كەتمەك** ھەددىدىن ئاشماق، ئۆز بېشىمچىلىق قىلماق، چوڭچىلىق قىلماق: ئۇ شۇنچە يوغىناپ كەتتىكى، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

**يوق** سۈپ ① مەۋجۇت ئەمەس، بارنىڭ ئەكسى: ئۇمۇ يوق، بۇمۇ يوق، ئېرىقتىكى سۇمۇ يوق (ماقال). ② بەزى جۈملىدە ئىنكار (ياق، ئەمەس) مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ: — بۇ سۆز گۈلشاتنىڭ ئاغزىدىن بىرىنچى قېتىم چىقىۋاتقىنى يوق.

**يوق دېيەرلىك** ئاز مىقداردا، ئاندا ـ ساندا، ناھايىتى ئاز: بۇ ئىدارىدە ئىشقا كېچىكىپ كېلىدىغانلار يوق دېيەرلىك.

**يوق گەپ** ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ، ئەمەلگە ئاشمايدۇ، مۇمكىن ئەمەس: قار سۈيىنى ئەكېلىشمۇ يوق گەپ.

**يوقنىڭ ئورنىدا** ئاز مىقداردا، يوق دېيەرلىك، ناھايىتى ئاز: ئۇنى يامان دېگۈچىلەر يوقنىڭ ئورنىدا.

**يوق يەردىن پۈتاق چىقارماق** قەستەن، مەقسەتلىك ھالدا چاتاق، نۇقسان، قۇسۇر، كەمچىلىك تاپماق؛ تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرمەك: ئۆمەك باشلىقى بۈگۈنمۇ ئەتەي يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىپ، ئوپېرانىڭ ئوخشۇشلۇق ئوينىلىشىغا پۈتلىكاشاڭ بولماقتا ئىدى.

**يوقاتماق** «يوقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھوشىنى يوقاتماق. ئەقلىنى يوقاتماق. * قاتتىق تاياق زەربىسىدىن ھوشىنى يوقاتقان نۇردۇن، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاران ھوشىغا كەلدى.

**يوقاشماق** «يوقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ساقچىلارنى كۆرگەن لۈكچەكلەر قۇيرۇقلىرىنى خادا قىلىشىپ، تەرەپ ـ تەرەپكە يوقاشتى.

**يوقالماق** «يوقىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ شۇ كەتكەنچە زىلەيىنىڭ كۆز ئالدىدىن مەڭگۈلۈك يوقالدى.

**يوقسۇ** باغل. ياق، ئۇنداق ئەمەس: — يوقسۇ، ئۇلار بىرنەچچە كۈن بولدى كېچىسى ئۇخلىمايدۇ، — دېدى ئۇ.

**يوقسۇز** سۈپ. كېرەكلىك نەرسىلەرگە تولۇق ئىگە بولالمىغان، موھتاجلىقتا ياشىغۇچى، نامرات، كەمبەغەل، يوقسۇل: كېيىك ئوقسىزغا يولۇقار، بالا يوقسۇزغا (ماقال).

**يوقسۇزچىلىق** ئى → **يوقسۇزلۇق:** بىز «دۇنيادا نېمە قاتتىق دېسە، يوقسۇزچىلىق قاتتىق» دەيدىغاننى بىلەتتۇق.

**يوقسۇزلاشماق** پ. نامراتلاشماق، كەمبەغەللەشمەك، موھتاج بولماق: توڭگۇز يىللىق كىشىلەر تەقدىرگە ئىشىنىدۇ، ئۇلار يوقسۇزلىشىپ قالغاندا، دۇنيادىن ئىنتايىن بىزار بولۇپ كېتىپ، ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ.

**يوقسۇزلۇق** ئى. موھتاجلىق، نامراتلىق، يوقسۇللۇق: ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئىشلەپ ھارمايدىكەن، خوتۇنى بىكار يېتىپ يوقسۇزلۇقتىن زارلايدىكەن.

**يوقسۇل** سۈپ. كەمبەغەل، نامرات، يوقسۇز: يوقسۇل ئادەم. * بەختى بايلارنىڭ زۇلمىنى كۆپ كۆرگەچكە، يوقسۇللارغا جان كۆيەر يىگىت بولۇپ ئۆسۈپتۇ.

**يوقسۇللۇق** ئى. كەمبەغەللىك، نامراتلىق، يوقسۇزلۇق: يوقسۇللۇق مەردنىڭ قولىنى باغلايدۇ (ماقال).

**يوقسىماق** پ ① بىرەر نەرسىنىڭ كەمچىلىكىدىن قىينالماق، شۇ نەرسىگە موھتاج بولماق، قىيىنچىلىق تارتماق؛ قىسىلماق. ② كۆچمە. سېغىنماق، ئويلىماق: كەلدى ـ كەتتى ئاغىنىلەرنىڭ قارارى يوق، يوقسىنغاندا كېلىشمەيدۇ، نەدىكى بىمەنە ۋاقىتلاردا كېلىپ ۋاقتىڭنى ئالىدۇ.

**يوقلاتماق** «يوقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆزۈم ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، ئاتا ـ ئانامنى يوقلىيالمىغانلىقىم ئۈچۈن، قىزىم ئارقىلىق بولسىمۇ يوقلىتىپ تۇرۇشنى ئويلىدىم.

**يوقلاشماق** «يوقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھەمىشە بىر ـ بىرىنى ئەسلىشىپ ۋە يوقلىشىپ تۇراتتى.

**يوقلاقسىز** ① سۈپ. يوقلىغۇچىسى يوق، يوقلىغۇچىسى بولمىغان: ئۇنىڭ كۆزى بىردىنلا ياتاقتىكى يوقلاقسىز كېسەللەرگە چۈشتى. ② رەۋ. يوقلىغۇچىسى بولماي، يوقلانماي: ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى يوقسۇللار يوقلاقسىز قالمىدى.

**يوقلانماق** «يوقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يەكەن ناھىيەسىدىكى ئۈچ پېشقەدەملەر ناھىيەلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرى تەرىپىدىن يوقلىنىپ تۇردى.

**يوقلۇق** ئى. مەۋجۇت ئەمەسلىك: تاماقنىڭ تەمىدىن ئۆيدە تۇزنىڭ يوقلۇقىنى بىلدىم.

**يوقلىما** ئى ① كىشىلەرنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلىش ئۈچۈن رويخەت بويىچە ئىسىم ـ فامىلىسىنى ئېيتىپ بېرىش تىزىملىكى: يوقلىما قىلماق. ② مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ

سىنىپ بويىچە تىزىملانغان ئىسىملىك خاتىرىسى، رويخەت دەپتىرى: يوقلىما دەپتىرى.

**يوقلىماق** پ. ھال ـ ئەھۋال سورىغىلى بارماق ياكى كەلمەك: كېسەلنى يوقلىماق. ئاتا ـ ئانىلارنى يوقلىماق * راھىلە مۇرات بىلەن ئۆيدە قىلىشقان مەسلىھەتى بويىچە سومكىغا ئۆيدە پىشۇرغان پېچىنە قاتارلىقلارنى سېلىپ، زۇمرەتلەرنى يوقلاشقا ماڭدى.

**يوقىلاڭ** سۇپ. تايىنى يوق، ئەرزىمەس: يوقىلاڭ گەپ. يوقىلاڭ ئىش. * ئۇ مېنىڭ كەيپىياتىمدىكى غەلىتە ھالەتنى سەزدى بولغاي، يوقىلاڭ بىر سوئالنى سورىدى.

**يوقىماق** پ. كۆزدىن غايىب بولماق، كۆزدىن نېرى كەتمەك، يوقىلىپ قالماق، يىتمەك: ھېلىقى مۇشۇك ئەجەب يوقاپ كەتتى.

**يول** ئى ① ئادەم ياكى تىرانسپورت قاتنىشى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئۇزۇن يەر بۆلىكى: تۆمۈريول. چىغىر يول. ھارۋا يولى. چوڭ يول. ② ھەرىكەت يۆنەلگەن تەرەپ، يۆنىلىش؛ نىشان: يول باشلىماق. ③ ئىشلەپچىقىرىش ۋە خەلق تۇرمۇشىغا خىزمەت قىلىدىغان سىم، تۇرۇبا قۇرۇلمىلىرى، لىنىيەسى: گاز يولى. توك يولى. يۇندى يولى. ④ سەپەر قىلىش، بىرەر ياققا بېرىش، ساياھەت: يول تەييارلىقى. يول خىراجىتى. ⑤ بېسىپ ئۆتىدىغان مەنزىل؛ مۇساپە: ئۈچ ئايلىق يول. ⑥ رەخت، قەغەز قاتارلىق نەرسىلەرگە چۈشۈرۈلگەن پاراللېل، تىك ھالەتتىكى سىزىق، ئىز: بىر يولى قارا، بىر يولى كۆك چىت. ⑦ زىرائەت، يازما، باسما ئەسەرلىرىنىڭ ھەربىر قاتارى؛ قۇر: ئۈچ يول خەت. ⑧ كۆچمە. غايىۋى يۆنىلىش، دۇنيا قاراش؛ مەسلەك، مەزھەپ: ئىككى يول كۈرىشى. ⑨ بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ۋاستىسى؛ ئۇسۇل، چارە، تەدبىر، ئامال: يول تاپماق. ⑩ ئەنئەنىۋى ئادەت، قائىدە ـ يوسۇن؛ شەرىئەت؛ قانۇن: يولدىن چىقماق. يولدىن ئازماق. ⑪ رىئايە، ھۆرمەت، ئىمكان، مەدەت، ئىجازەت: يول قويماق. ⑫ ئەقىل، مەسلىھەت: يول كۆرسەتمەك. ⑬ مەرتە، قېتىم، نۆۋەت: ئۇ ئايتۇراخان ئاچىققان ئىككى چېلەكنى قولىغا ئېلىپ، كۆلدىن بىر يول سۇ ئەكەلدى.

**يول ئاچماق** پۇرسەت ياراتماق، شەرت ـ شارائىت، ئىمكانىيەت ھازىرلىماق: رايونىمىزنى ئالساق، بۇرۇنقى يىللار يول ئېچىش تالانتىغا ئىگە، ئىلغار پىكىرلىك ئەزىمەتلەرنى دەپنە قىلىش يىللىرىدىن ئىبارەت بولدى.

**يول بولسۇن** ① سەپەرگە چىققان كىشىنىڭ سەپىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى، بەختەر سەپەر قىلىشىغا تىلەكداشلىقىنى بىلدۈرىدۇ: — خەير، يول بولسۇن، خۇداغا ئامانەت، — دېدى ئانا ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ. ② «نەگە بارىسىز؟»، «نەگە ماڭدىڭىز» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: ئات چەتكە بۇرۇلدى. شۇ چاغ كىمدۇر بىرى «روزىكا، يول بولسۇن!» دېدى.

**يولدىن ئاداشماق** ① سەپەر، نىشاندىن ئازماق، يېڭىلىشماق: ئۇلار كېچىدە يولدىن ئادىشىپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالغانىدى. ② كۆچمە. قائىدە ـ يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەتتىن چەتلىمەك، قايماق.

**يولدىن چىقماق** قانۇن ـ تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلماق: يولدىن چىقما، خاندىن قورقما (ماقال).

**يولغا چۈشمەك** ① ماڭماق، يولىنى داۋاملاشتۇرماق: ھاتەم ئەجدىھاغا ئەگىشىپ يولغا چۈشتى. ئۇلار بىر بوستانلىققا يېتىپ كەلدى. ② كۆچمە. نورماللاشماق، يۇرۇشۇپ كەتمەك: ھازىر ئىشلار خېلى يولغا چۈشتى، ياخشى كېتىۋاتىدۇ.

**يولغا سالماق** ① سەپەر ياكى ساياھەت، يۇرۇشكە ئۇزىتىپ قويماق، ماڭدۇرماق، ئەۋەتمەك: — ئاتا، ئاران بىر كەلگىنىڭدە خەۋەر ئالالماي قۇرۇقلا يولغا سېلىپ قويىدىغان بولدۇم، ئاپامغا سالام ئېيتارسەن، — دېدى ئۇ. ② كۆچمە. قويۇۋەتمەك، ئاجراشماق؛ مۇناسىۋەتنى ئۈزمەك: ئوغلىمىز بۇ يىل ئارانلا يىگىرمە ياشقا كىردى، ئەمما خوتۇنىدىن ساق ئۈچىنى يولغا سالدى.

**يولغا قويماق** ئىجرا قىلماق، قوللانماق، يۈرگۈزمەك، ئومۇملاشتۇرماق: بىز بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئوبدانراق كېڭىشىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېزرەك يولغا قويۇشنىڭ ئامالىنى قىلايلى.

**يول ئوچۇق** «كەتسەڭ كېتىۋەر، خالىغان يېرىڭگە بارىۋەر» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: — كەلسە كەلسۇن، ھېچ بولمىسا ھەشقاللا دەپ قوياي، ئالدىرىغانلار كەشىسىنى قولتۇقلاۋەرسە يول ئوچۇق، — دېدى قەمبەرنىساخان.

**يولى بار** ① قائىدە ـ يوسۇنى، چەك ـ دائىرىسى بار: — سەن ئۇنداق دېگەنبىلەن، — دېدى باي، — راپاۋەتچىلىك قىلىشنىڭ يولى بار. ② مۇناسىۋەت دائىرىسى كەڭ، ئىمكانىيىتى، ئېپى بار: ئۇنىڭ يولى بار، بۇ ئىشنى شۇ ھەل قىلالايدۇ.

**يولى ئوچۇق** ئىشى ئوڭدىن كېلىدىغان، قىلغان ئىشلىرى راۋان، يۇرۇشۇپ تۇرىدىغان: — «ئىنسان ياخشىلىقىنىڭ قۇلى» دېگەن گەپ بار، ھاجىتىڭنى راۋا قىلسا ئۇ كىشىگە تەشەككۇر بايان قىلغايسەن. يەنە بىر قېتىم ھاجىتىڭ چۈشكەندىمۇ يولۇڭ ئوچۇق، يۈزۈڭ يورۇق بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

**يولاتماق** «يولىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى (كۆپىنچە بولۇشسىز شەكىلدە كېلىدۇ): ئۆي تۇتمىغاننى ئۆيۈڭگە يولاتما (ماقال). * — بۇ يەردە تېخى رەسمىي ئىلمىي تەتقىقات باشلانماپتۇ، ئىلمىي ئادەملەرمۇ بۇ يەرگە يېقىن يولتىلمىغاندەك تۇرامدۇ، نېمە؟، دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

**يولاشماق** «يولىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — ئىككىنچى، ئۆيۈمگە يولاشما، ئەگەر بالام ئاغىنىسىزلىقتىن ئۆلىدىغان بولسىمۇ مەيلى؟ — دېدى بوۋاي بىزدىن رەنجىپ.

**يولەك** ئى. دىيال. ئارىلىق، كارىدور، قورۇنىڭ دەرۋازىسىدىن قورۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈچىلىك بېسىپ ئۆتىدىغان ئارىلىق.

**يولباشچى** ئى [يول + باش + چى] بىرەر سىنىپ، پارتىيە، گۇرۇھ ياكى ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ سىياسىي رەھبىرى؛ داھىي: ئۇلۇغ ھۆرمەتتە ئەسلەيمەن چېۋەر يولباشچى ـ رەھبەرنى، كۈرەش قۇربانى ئەخمەتجان — ۋەتەنگە جان پىدا ئەرنى.

**يولباشچىلىق** ئى. بىرەر ھەرىكەتتىكى رەھبەرلىك، باشلامچىلىق، باشقىلارنى يېتەكلەش ياكى باشلاش ئىشى: يولباشچىلىق قىلماق. * بۇ شاد ـ خۇراملىق كۆكۈيۈنىڭ يولباشچىلىق شۆھرىتى قانچىلىك يۈكسەك ئىكەنلىكىنى يېڭىدىن ئىسپات قىلاتتى.

**يولباشلىغۇچى** ئى. بىرەر قوشۇن، سەپ، كىشىلەرنىڭ توپىنىڭ ئالدىدا يول كۆرسىتىپ ماڭغۇچى؛ يولباشچى، يېتەكچى: ئۇلار جەمئىيەت ھارۋىسى چاقىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ يولباشلىغۇچى بولالمايدۇ.

**يولداش** ئى ① سەپەر، ساياھەت، يۇرۇش ئىشلىرىدا بىللە بولغان كىشى؛ ھەمراھ: ئاتېبىشىدا ئىككى كۈن تۇرغاندىن كېيىن ئۇ يەردىن قوشماق ھاجىنى ئېلىپ، جەمئىي ئۈچ كىشى يولداش بولۇپ يولغا

چىقتۇق. ② كۆچمە. جۈپتى، ھەمراھى (ئەر - ئاياللار بىر - بىرىگە نىسبەتەن): — ئۇ ياق مېنىڭ يولدىشىم، — دېدى ئايال ماڭا قاراپ. ③ مەلۇم مەقسەت - نىشان ئۈچۈن بىللە كۈرەش قىلغۇچى. ④ بەزى دۆلەتلەردىكى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىنى چاقىرىش ئادىتى: يولداش، سىز نەگە بارسىز؟ ⑤ <ئانات> ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە ھامىلە بىلەن بىللە پەيدا بولىدىغان، ھامىلىنى ئوزۇقلۇق ماددىلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان ئورگان؛ ئەش: بالىنىڭ يولدىشى. ⑥ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**يولداشلارچە** سۈپ. يولداشلاردەك، يولداشلارغا ئوخشاش: يولداشلارچە ھەمكارلىق. * كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بەلگىسى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى يولداشلارچە ھەمكارلىق ۋە ئۆزئارا ياردەمدىن ئىبارەت.

**يولداشلىق** سۈپ. يولداشلاردا بولىدىغان، يولداشلارغا خاس: يولداشلىق مۇناسىۋەت. يولداشلىق بۇرچ. * سۆزلىگۈچىنىڭ سۆز ئاھاڭىدىن يولداشلىق يۇرىقى كېلىپ ئاتابېكنىڭ دىمىقىغا ئۇراتتى.

**يولسىز** سۈپ ① يول ئېلىنمىغان، يول ياسالمىغان، يولى يوق: يولسىز داۋان. ② قائىدە - يوسۇنغا زىت، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قىلىنغان؛ ئۆكتەم، بەغەرەز: يولسىز ھەرىكەت.

**يولسىزلارچە** رەۋ. يولسىزلىق بىلەن: دوستانە نەسىھەتنى يولسىزلارچە چاپلىشىۋېلىش دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا جەزمەن ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزنى توسۇپ قويىمىز.

**يولسىزلىق** ئى. قائىدە - يوسۇنغا خىلاپ، نامۇۋاپىق سۆز - ھەرىكەت؛ ئۆكتەملىك، ئۇششۇقلۇق، بەغەرەزلىك: يولسىزلىق قىلماق. * — يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە بۇرنى قاناپتۇ دېگەندەك، قارىمامدىغان بۇ يولسىزلىقنى، يېتىملار شۇنداقمۇ بوزەك قىلىنامدۇ؟ — دېدى مۆمىن ئاكا.

**يوللاتماق** «يوللىماق»پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بوۋاي ئوغلىغا تېزرەك كېلىش ھەققىدە تېلېگراما يوللاتتى.

**يوللاشماق** «يوللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەسلىدە ئۇلار باشلىقنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى قارشى ئالىمىز دېگەن مەزمۇندا ئالاقە يوللاشقانىكەن.

**يوللانما** ئى. پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىلىدىغان خەت - چەك، ئالاقە، پوسۇلكا: پوچتا يوللانمىسى. تېز يوللانما. * ھەرقايسى ئورۇنلارغا تىل - تەرجىمە خادىملىرىنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ باشلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقى مەزمۇنىدىكى ئۇقتۇرۇش يوللاندى.

**يوللانماق** «يوللىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پوسۇلكىلار يوللاندى. * ئايروپىلان قاتنىشى بار بولسىلا تېز يوللانمىلارنىڭ ھەممىسى ئايروپىلان ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدۇ.

**يوللۇق** ① سۈپ. يولى بار، يول چۈشۈرۈلگەن: يوللۇق رەخت. ② سۈپ. كۆچمە. يولى بار، داۋلىلىق، ئورۇنلۇق، قانۇنلۇق، ھەق: يوللۇق گەپ. يوللۇق ھەرىكەت. ③ ئى. سەپەر، ساياھەت قىلىشقا، باشقىلارنى ئۇزىتىشقا تەييارلانغان لازىمەتلىك، سوۋغا: يوللۇق تۇتماق.

**يوللىماق** پ ① بىرەر نەرسە ياكى گەپ-سۆزنى بىرەر ۋاستە ئارقىلىق بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا ياكى ئادەمگە يەتكۈزمەك، ئەۋەتمەك: سوۋغا-سالام يوللىماق. ② <فىز> رادىيو تارقاتقۇچى ئاپپاراتلار رادىيو سىگناللىرىنى تارقاتماق.

**يولۇچى** ئى. سەپەرگە چىققان، يول ئۈستىدىكى ئادەم: چىمەنگۈل بىلەن سەيدىن يۇرتىدىن كېلىدىغان ناتونۇش مېھماننى تېپىش ئۈچۈن يولۇچىلارغا بىرمۇ بىر سەپسېلىشقا باشلىدى.

**يولۇقتۇرماق** «يولۇقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار سۇ ئىزدەپ يۈرۈپ، بىر كونا قۇدۇقنى يولۇقتۇرۇپ قاپتۇ.

**يولۇقماق** پ. دۇچ كەلمەك، ئۇچراشماق؛ مۇپتىلا بولماق، گىرىپتار بولماق: يامانغا يولۇقساڭ يالىسى يۇقار، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى (ماقال).

**يولۇقۇشماق** «يولۇقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سودا ئىشلىرى پۈتۈنلەي توختاپ، سودىگەرلەر چوڭ پالاكەتكە يولۇقۇشتى.

**يولۋاس** ئى ① <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تۈكلىرى سېرىق، قارا ئالىسى بار، ئاڭلاش ۋە پۇراش سېزىمى ئۆتكۈر ۋە ۋەھشىي كېلىدۇ. سۆڭىكى، قېنى ۋە ئىچكى ئورگانلىرىدىن دورا ياسىغىلى بولىدۇ. ② <ئاستر> مۇچەل يىلى ھېسابىدىكى ئۈچىنچى يىل، يەنى ئون ئىككى مۇچەلدىكى ھايۋاننىڭ ئۈچىنچىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان يىل: يولۋاس يىلى.

**يولىماق** پ ① دەسسىمەك، ئاياغ باسماق، يولۇقماق، بارماق: شۇنداق ئۇزۇن مېڭىشىپ، بىر شەھەرگە يولاپتۇ. ② كەلمەك، كىرمەك: ئول كېچە تاڭ ئاتقۇچە «قارا باتۇر»نىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ يولىمىدى.

**يوليورۇق** ئى [يول + يورۇق] بىرەر ئىشنى قانداق قىلىش ياكى نېمە قىلىش ھەققىدە بېرىلگەن كۆرسەتمە: يوليورۇق بەرمەك. يوليورۇق سورىماق.

**يول - يول** نەچچە يول، قاتار - قاتار، ئۇزۇن سىزىقلار چۈشۈرۈلگەن: يول - يول بەقەسەم.

**يوليولىقاي** رەۋ. ديال. يولدىن ئۆتكەچ.

**يومزاتماق** پ. ديال. گەپ ئەگىتمەك، سەل تەگكۈزۈپ گەپ قىلماق.

**يوناق** سۈپ. دەل، توغرا، ئۇدۇل، ماس: يوناق كەلمەك.

**يونۇتماق** «يونۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياغاچلارنى يونۇتۇپ تەييار قىلغان ۋاقتىمدا ھويلىغا ئاكام كىرىپ كەلدى.

**يونۇشماق** «يونۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دۇكانغا كىرسەم، شاگىرتلىرىم تىزىقلىق تۇرغان ياغاچلارنى تاللاپ ئېلىپ، يونۇشۇپ ئولتۇرۇشقانىكەن.

**يونۇق** سۈپ. يونۇلغان، يونۇپ ئېلىنغان: يونۇق ياغاچ. * تەييار قىلىنغان يونۇق ياغاچلارنى قولۇمغا ئېلىپ، بىرمۇبىر تەكشۈرۈشكە باشلىدىم.

**يونۇقلۇق** سۈپ. يونۇپ قويۇلغان، يونۇۋېلىنغان: يونۇقلۇق ياغاچ. * يەردە تەييار قىلىنغان بىر دۆۋە يونۇقلۇق ياغاچ ياتاتتى.

**يونۇلماق** «يونۇماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پالتىنى قاتتىق چاپمىسا دەرەخ يونۇلمايدۇ.

**يونۇماق** پ. يونۇپ مەلۇم شەكىلگە كەلتۈرمەك، شىلىماق، تاراشلىماق: يوغاننى يونۇپ يە، كىچىكنى شىلىپ يە (ماقال). * كىمدۇر بىرەيلەن خەنجەر بىلەن ياغاچنى يونۇپ كالتەك ياسىماقتا، چوماق تەييارلىماقتا ئىدى.

**يوھا** ئى ① ئۇچار قانات، جان - جانىۋار، ھاشاراتلارنى دەم تارتىپ يەيدىغان ئەپسانىۋى مەخلۇق، ئەجدىھا. ② كۆچمە. يەپ

تويماس، ئاچ كۆز.

**يۇپقا** سۇپ. قېلىن ئەمەس، نېپىز: يۇپقا كۆڭلەك. * ئۇ ئالدىراپ ماڭاتتى، ئايىغى ئاستىدىكى يۇپقا قار غاچىلدايتتى.

**يۇپۇڭ** سۇپ. دىيال. يېپىلىڭ، يۇپقا.

**يۇپۇڭ ـ يالاڭ** دىيال. كىيىم ـ كېچەكنى يۇپقا، نېپىز، يېپىلىڭ.

**يۇپىتېر** ئى [ر<لات] <ئاستر> قۇياش سىستېمىسىدىكى قۇياشقا يېقىن بەشىنچى پىلانېتا. قۇياشنى ئايلىنىش دەۋرى 11.86 يىل بولۇپ، بۇ يىل ئاسترونومىيەدە «يۇپىتېر يىلى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش دەۋرى 9 سائەت 50 مىنۇت، ئۇ توققۇز پىلانېتا ئىچىدىكى ھەجمى ئەڭ زور پىلانېتا بولۇپ، ھەجمى يەر شارى ھەجمىنىڭ 1295 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ، 14 ھەمراھى بار.

**يۇتازا** ئى [خەن] <يېم> بىر خىل يېمەكلىك. ئادەتتە بولدۇرۇلغان، مەخسۇس تەييارلانغان خېمىر نېپىزلىنىپ، يۈزىگە قوي مېيى سۈرتۈلۈپ، يۆگەپ ئۈزۈلگەندىن كېيىن قاسقاندا دۇملەپ پىشۇرۇلىدۇ.

**يۇتقالچە** سۇپ. دىيال. باشقىچە.

**يۇتقۇزماق** «يۇتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ خەت «ئەي مەردانە يىگىت، سىز ئەڭ ئېغىر ھۇجۇم پەيتىدە، مېنىڭ نامىمدىن بەش تال ئوق بىلەن بەش دۈشمەننى يەر يۇتقۇزۇپ، غەلىبە بىلەن كەلسىڭىز، مېنى تېپىۋېلىڭ، مەن سىزنىڭ» دەپ قىسقىلا يېزىلغانىدى.

**يۇتقۇزۇشماق** «يۇتقۇزماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، يۈز دۈشمەننى ئەسىرگە ئېلىشتى.

**يۇتقۇزۇلماق** «يۇتقۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ قېتىمقى جەڭدە بەش يۈز دۈشمەن ئارمىيەمىز تەرىپىدىن يەر يۇتقۇزۇلدى.

**يۇتقۇلۇق** ئى <ئانات> ھەزىم قىلىش سىستېمىسى بىلەن نەپەسلىنىش سىستېمىسىنىڭ ئورتاق يولى. بۇرۇن بوشلۇقى، ئېغىز بوشلۇقى ۋە كېكىردەك بوشلۇقىنىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقان بولىدۇ.

**يۇتقۇنچاق** ئى<ئانات> ئېغىز بوشلۇقىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئاساسەن مۇسكۇل ۋە شىلىلىق پەردىدىن تۈزۈلگەن نەيچە.

**يۇتما** ئى. دىيال. كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىن ئۆتىدىغان ئېرىق.

**يۇتماق** پ ① تاماق ۋە ئىچىملىكلەرنى ئېغىز ئارقىلىق گالدىن ئۆتكۈزمەك، يېمەك، ئىچمەك: سۇ يۇتماق. نان يۇتماق. ② ئىچىگە تارتماق، سۈمۈرمەك: ئىسنى يۇتماق. ھاۋا يۇتماق. ③ كۆچمە. تۇتۇۋالماق، باسماق (ئاچچىق، غەزەپ قاتارلىقلارنى): غەزىپىنى يۇتماق. دەردىنى يۇتماق. ④ غەرق قىلماق، ئۆلتۈرمەك، يوقاتماق: كۆز يۇمۇپ ـ ئېچىش ئارىلىقىدا ئۇلۇغ سۇ بىچارە توختىنى يۇتتى ـ دە، يۈزلىگەن باغ ۋە چىملار، باغلام ـ باغلام شاخلار يارغا تاشلاندى!

**يۇتۇشماق** «يۇتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ـــ ۋاي ئانام، مېنى دېسە، بىر ـ بىرىنى چاي قىلىپ يۇتۇشۇۋېلىشسۇن! ـــ دېدى خاسىيەت بىپەرۋالىق بىلەن.

**يۇتۇق** ئى. دىيال. توشقان ئۆۋىسى.

**يۇتۇلماق** «يۇتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سۇ يوق شارائىتتا چاينالغان قاتتىق نان مېنىڭ تەسلىكتە يۇتۇلدى.

**يۇتۇم** مىق. بىر قېتىم ئىچىشكە، ئوتلاشقا بولىدىغان ئىچىملىكلەر ھەققىدە ئېيتىلىپ «ئوتلام» سۆزى بىلەن باراۋەر قوللىنىلىدۇ: بىر يۇتۇم چاي. * ئېرى خوتۇنىغا بىر ئالايدى، پىيالىدىكى ئاخىرقى يۇتۇم چاي بىلەن ناننى تۈگەتتى.

**يۇدۇرماق** «يۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كىيىملىرىمنى يۇدۇرۇش ئۈچۈن يۇيۇش ئورنىغا ئېلىپ ماڭدىم.

**يۇدى ـ يۇقى** ① قالدى ـ قاتتى، قالدۇق، ئاخىرى، تۈگەنچىسى: بىز ئۆيگە كىرگەندە قازان ـ قومۇچ پاك ـ پاكىز يۇيۇلۇپ بولغان، تاماقتىن تۈگۈل ئۇنىڭ يۇدى ـ يۇقىمۇ قالمىغانىكەن. ② كۆچمە. بەكمۇ يېقىن ئەمەس، بىلىنەر ـ بىلىنمەس، شىرەم، يىراقىراق: كېيىن تاغ ئارقىسىدىن بارغان يۇدى ـ يۇقى بىر تۇغقىنىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، قايتىشىدا بىللە ئاچىقىپ كەتكەن.

**يۇرا** ئى [ر<لات] <جۇغ> فىرانسىيە بىلەن شىۋېيتسارىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاغنىڭ نامى.

**يۇرا دەۋرى** <گېئول> ئوتتۇرا ھايات ئېراسىنىڭ ئىككىنچى دەۋرى. تۆۋەن، ئوتتۇرا، يۇقىرى دەپ ئۈچ ئەسىرگە بۆلۈنىدۇ. تەخمىنەن 195 مىليون يىل بۇرۇن باشلىنىپ، 137 مىليون يىل بۇرۇن ئاياغلاشقان. بۇ دەۋردە تاغ پەيدا بولۇش ھەرىكىتى ۋە شىددەتلىك يانار تاغ ھەرىكىتى يۈز بەرگەن. ئۆسۈملۈكچى ھايۋانلار ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. غايەت زور دىنازاۋۇرلار، ئۇچار دىنازاۋۇرلار ھەم باشلانغۇچ قۇشلار كۆرۈلگەن، ئۆسۈملۈكلەردىن تۆمۈر دەرەخ ۋە ئاق مېۋىلىك دەرەخلەر تەرەققىي قىلغان.

**يۇرا سىستېمىسى** <گېئول> يۇرا دەۋرىدە شەكىللەنگەن يەر قاتلاملىرى.

**يۇرت** ئى ① ئاھالە، خەلق توپلىشىپ، ئولتۇراقلىشىپ ياشاۋاتقان جاي: يۇرت ئەھلى. يۇرت بېشى. يۇرت سورىماق. ② يۇرت ئاھالىسى: يۇرتقا چاي بەرمەك.

**يۇرت ـ جامائەت** يۇرت ۋە جامائەت، ئەل ـ جامائەت، يۇرت خەلقى: ئەتىسى يۇرت ـ جامائەت بۇزۇۋېتىلگەن ئۆينىڭ خارابىلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق ئېچىنىشتى.

**يۇرتچىلىق** ئى ← **يۇرتدارچىلىق**.

**يۇرتدارچىلىق** ئى. ئەل ـ يۇرت ئىچىدە بولىدىغان تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، قائىدە ـ يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەت ئىشلىرى: يۇرتدارچىلىق قىلماق.

**يۇرتداش** ئى ① بىر يۇرتتا بىللە ياشاۋاتقان ئادەم (بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن)، بىر يۇرتلۇق: بۇ ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرا بوي، ئاق يۈزلۈكى قازاق بولۇپ، غۇلجا تېكەسلىك ئىكەن، ئۇنىڭ كازىم بىلەن يۇرتداش چىققىنى تازىمۇ ياخشى بولدى. ② ۋەتەنداش.

**يۇرتداشلىق** ئى. بىر يۇرتلۇق مۇناسىۋىتى: يۇرتداشلىقنىڭ يۈزىنى قىلماق. * ئىككىمىزنىڭ يۇرتداشلىق مۇناسىۋىتىمىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئادەتتە باردى ـ كەلدىمىز كۆپرەك ئىدى.

**يۇرتلۇق** ئى ① بىر يەردە، بىر جايدا تۇغۇلۇپ ئۆسكۈچى، بىللە ياشىغۇچى؛ يۇرتداش: ياقا يۇرتلۇق. بىر يۇرتلۇق. * ئۇلار بىر يۇرتلۇق بولۇپ، پات ـ پات ئىزدىشىپ تۇراتتى. ② ۋەتەنداش.

**يۇرت ـ ماكان** يۇرت ۋە ماكان، تۇغۇلغان يېرى، ئولتۇراقلاشقان جايى، ۋەتىنى: كىشى بارسا بەدەخشانغا، كابۇل

بىلەن بىلۇرستانغا، ئاندىن نېرى يۇرت ـ ماكانغا، نامى ئۇلۇغ ئوغلان كېلۇر.

**يۇرتمۇيۇرت** يۇرت ۋە يۇرت، ھەربىر يۇرت، يۇرتتىن ـ يۇرتقا، شەھەرمۇشەھەر: تارقىتىپ پىتنىنىڭ ئۇرۇقلىرىنى، نېمەدەپ كاپىشىدىڭ ساراڭ دىۋانە. دۇمبەڭمۇ قىچىشىپ قالغاندەك سېنىڭ، يۇرتمۇيۇرت تەمتىرىگەن تەتۇر پېشانە.

**يۇرتۋاز** ئى. ئۆز يۇرتىنى، يۇرتداشلىرىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، ياخشى كۆرىدىغان، ئەمما باشقا يۇرتلۇقلارنى يەكلەيدىغان، ياقتۇرمايدىغان ئادەم: بۇ يۇرتۋازلار مۇشۇنداق قىلىپ ئاخىرى پۈتۈن مىللەتنى ئېغىر بالايىئاپەت پاتقىقىغا ئىتتىرىدۇ.

**يۇرتۋازلىق** ئى. ئۆز يۇرتىنى ۋە يۇرتداشلىرىنى ياخشى كۆرۈپ، باشقا يۇرتلۇقلارنى يەكلەش، ياقتۇرماسلىق، بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىش خاھىشى، قىلمىش: ئويلايمەن ئۇلار نېچۇن كۆرمەيدىكىن، سىناقتىن پۈتكەن تارىخ بەتلىرىنى. يۇرتۋازلىق قىلىشتىن ئاز تارتتۇقمۇ بىز، جەڭگاھتا ئادىششىنىڭ دەردلىرىنى.

**يۇرچى** ئى <ئىرق> ← **ياۋچىلار**.

**يۇرۇن** ئى. خۇراپىي ئادەت بويىچە پىرىخونلۇق قىلغاندا تۇغىنىڭ بېشىغا باغلىنىدىغان نەرسىلەر: ئارغامچىنىڭ تۈگۈلۈككە تۈتىشىدىغان يېرىگە «يۇرۇن ـ ژۇرۇن» دەپ ئاتىلىدىغان ھەر خىل رەڭدىكى رەخت پارچىلىرىنى، ئالما ياكى قارا سۆگەت نوتىلىرىغا چىگىپ قويىدۇ.

**يۇغۇچ** I ئى <بوت> ① كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇچتىن يەتتىگىچە يېرىلىدۇ، گۈلى تاق جىنسلىق، رەڭگى سېرىق كېلىدۇ، مېۋىسى ئۇزۇن، تورلىشىپ كېتىدۇ. تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ، ئائىلىلەردە قازان يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**يۇغۇچ** II ئى. چىنە ـ قاچا، قازان ـ قومۇچ يۇيىدىغان لاتا؛ دەسمال.

**يۇغۇر** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئېلىمىزنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسى سۇنەن يۇغۇر مىللىي ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ غەربىي قىسمىدا ياشايدۇ.

**يۇغۇر تىلى** <تىل> يۇغۇرلار ئىشلىتىدىغان تىل. يۇغۇرلار ئادەتتە ئىككى خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان بولۇپ، بىرى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار تۈركۈمىگە؛ يەنە بىرى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ موڭغۇل تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ. ئالدىنقىسى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ سۇنەن يۇغۇر مىللىي ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ غەربىي قىسمىدا؛ كېيىنكىسى شەرقىي قىسمىدا قوللىنىلىدۇ.

**يۇغۇرتماق** «يۇغۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىنايەتخان قىزىغا خېمىر يۇغۇرتۇپ، ئۆزى قورۇما قورۇشقا تەرەددۇت قىلدى.

**يۇغۇرچە** ① سۈپ. يۇغۇر مىللىتى، تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: يۇغۇرچە ئۇسلۇل. يۇغۇرچە كىيىم. يۇغۇرچە ئادەت. ② ئى. يۇغۇر تىلى: ئۇلار يۇغۇرچىنى ياخشى بىلىدۇ. ③ رەۋ. يۇغۇر تىلىنى ئىشلىتىپ، يۇغۇر تىلىدا: ئۇلار ئۆزئارا يۇغۇرچە سۆزلىشىپ كەتتى.

**يۇغۇرماق** پ. ئارىلاشتۇرۇپ ئەيلىمەك، قوشۇپ بىرلەشتۈرمەك: خېمىر يۇغۇرماق. * گۈلزار يۇغۇرۇۋاتقان لەڭمەن خېمىرىنى بىر چەتكە ئىتتىرىپ قويۇپ، قولىنى چايقىۋەتكەندىن كېيىن ئىشىك ئالدىغا كەلدى.

**يۇغۇرۇشماق** «يۇغۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاياللار داس ـ داستا خېمىر يۇغۇرۇشۇپ، پەرزەنت ئەسكەرلەر ئۈچۈن نان يېقىش تەييارلىقىنى باشلىۋېتىشتى.

**يۇغۇرۇلما** سۈپ. يۇغۇرۇلغان، يۇغۇرۇلىدىغان: يۇغۇرۇلما ئىرسىيەت.

**يۇغۇرۇلماق** «يۇغۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ كېلىشكەن گەۋدىسى مۇزىكا رىتىمىغا ئەگىشىپ تەڭ ھەرىكەتلىنىپ، مۇزىكا بىلەن يوغۇرۇلۇپ كەتكەندەك بىلىنەتتى.

**يۇغۇزماق** «يۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەربىيە چوپچوڭ بولۇپ قالغىنىغا قارىماي، بىكار يۈرۈپمۇ كىيىملىرىنى بىچارە ئانىسىغا يۇغۇزاتتى.

**يۇق** ئى. نەرسىلەرنىڭ يېپىشىپ قالغان قالدۇقى؛ يۇقۇزدىسى: خېمىر يۇقى. ئۇن يۇقى.

**يۇقتۇرماق** «يۇقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بەختكە قارشى ئۇ كىيىملىرىگە پاتقاق يۇقتۇرۇۋېلىپ، نائىلاج پادىشاھ سارىيى بازىرىدا ئايىغىنى مايلىتىپ، شىمىنى تازىلاتتى.

**يۇقتۇرۇشماق** «يۇقتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بەزىدە ئادەملەر بىلىپ ـ بىلمەي، بىر ـ بىرىگە ھەر خىل كېسەللەرنى يۇقتۇرۇشىدۇ.

**يۇقتۇرۇلماق** «يۇقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ كېسەل باشقا چارۋىلارغىمۇ يۇقتۇرۇلۇپ، نۇرغۇن چارۋىلارنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

**يۇققاق** سۈپ. ئاسان يۇقىدىغان، تېز يۇقىدىغان، يېپىشقاق: يۇققاق كېسەللىكلەردىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك.

**يۇقما** سۈپ. يۇقىدىغان، يۇقۇملۇق: يۇقما ئاغرىق. يۇقما ئىللەت.

**يۇقماق** پ ① باشقا نەرسىگە ئۆتمەك، باشقا نەرسىگە يېپىشماق، تەگمەك: لاي يۇقماق. ئۆردەككە سۇ يۇقماس. ② <فىز> قاتتىق جىسىم بىلەن سۇيۇقلۇق بىر ـ بىرىگە تەگكەن چاغدا ئۇلارنىڭ تېگىشىش يۈزلىرىنىڭ كېڭىيىش ھەم بىر ـ بىرىگە يېپىشىش ھادىسىسى پەيدا بولماق. ③ <تېب>كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى تەنچە بىر ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا يۆتكەلمەك.

**يۇقۇشلۇق** سۈپ ① ئاسان يۇقىدىغان: يۇقۇشلۇق توپا. ② كۆچمە. كىشىلەر بىلەن ئاسان ۋە تېز چىقىشىپ كېتىدىغان، كىشىنى يات كۆرمەيدىغان؛ چىقىشقاق، ئىلەشكەك: يۇقۇشلۇق ئادەم. يۇقۇشلۇق ئايال.

**يۇقۇشماق** «يۇقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يۇقۇم** ئى. يۇقۇش، يۇقۇملىنىش: يۇقۇم نۇقتىسىنى دېزىنفېكسىيە قىلىش، يۇقۇم نۇقتىسى ئىچىدىكى نەرسە ـ كېرەك ۋە مۇھىتنى دېزىنفېكسىيە قىلىش دېگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**يۇقۇمچان** سۈپ. تېز يۇقىدىغان، يۇقۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە؛ يۇقۇملۇق: تېز يۇقۇمچان كېسەل.

**يۇقۇمچانلىق** ئى. تېز يۇقىدىغان خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىك: بۇ كېسەل يەر شارىدا 5 ـ ئەسىردە مەلۇم بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ يۇقۇمچانلىقى 17 ـ ئەسىردىلا بايقالدى.

**يۇقۇمسىز** سۈپ. باشقىلارغا يۇقمايدىغان، تارقالمايدىغان، يۇقۇملۇق ئەمەس: يۇقۇمسىز كېسەللىك.

**يۇقۇمسىزلاندۇرماق** پ. يۇقۇشنىڭ ئالدىنى ئالماق،

يۇقمايدىغان قىلماق، دېزىنفېكسىيە قىلماق: بۇ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارغا يۇقۇمسىزلاندۇرۇش ۋاكسىنىسى ئۇرۇپ، يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئالدى.

**يۇقۇمسىزلاندۇرۇشماق** «يۇقۇمسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يۇقۇمسىزلاندۇرۇلماق** «يۇقۇمسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ناھىيە كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، چارۋىلار ۋاقتىدا يۇقۇمسىزلاندۇرۇلغانلىقتىن، زىياننىڭ ئالدى ئېلىندى.

**يۇقۇمسىزلانماق** پ. يۇقۇمسىز ھالەتكە كەلمەك، يۇقمايدىغان بولماق: ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىلىپ، چارۋىلار يۇقۇمسىزلاندى.

**يۇقۇملاندۇرماق** «يۇقۇملانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر ئادەمنىڭ مېڭىسىدە نۇرغۇن پايدىلىق بىلىم بولسىمۇ، ئەمما كاللىسىدىكى بىر نەچچە ۋىرۇس ھەممىنى يۇقۇملاندۇرۇپ، باشقا پايدىلىق بىلىملەرنىمۇ كاردىن چىقىرىپ قويىدۇ.

**يۇقۇملاندۇرۇشماق** «يۇقۇملاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يۇقۇملاندۇرۇلماق** «يۇقۇملاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يۇقۇملانماق** پ. بىرەر كېسەل يۇقماق، يېپىشماق، كېسەلگە دۇچار بولماق: گۈلگىنە ئۇنىڭغا جىددىي تىكىلىپ: — ئېغىر يارىلىنىپسىز، ئەگەر يۇقۇملانسا خەتەرلىك، قېنى تېز بولۇڭ! — دېدى.

**يۇقۇملۇق** پ. ئاسان، تېز يۇقىدىغان، يۇقۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە: يۇقۇملۇق زۇكام. * ئۇ ۋاقىتلاردا ئاقتۇ ناھىيەسىنى پات-پاتلا ئامىمۋى تۇس ئالغان يۇقۇملۇق كېسەللەر قاپلاپ كېتەتتى.

**يۇقۇندى** ئى. نەرسىلەرنىڭ ئاستىغا يېپىشىپ قالغان قالدۇق؛ سارقىندى: ئۇ يەرگە قارىۋىدى، كۆزى ئازراق ماي يۇقۇندىسىغا چۈشتى.

**يۇقۇندىسىمان** سۈپ. يۇقۇندىغا ئوخشاش، يۇقۇندى شەكلىدە: قارىسام قازاندا مايغا ئوخشاش يۇقۇندىسىمان بىرنەرسە تۇرۇپتۇ.

**يۇقىرى** ① ئى. مەلۇم بىرنەرسىنىڭ باش تەرىپى، بېشى: ئۆستەڭنىڭ يۇقىرىسى. ② سۈپ. باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، ئارتۇق، ئەلا: يۇقىرى باھا. يۇقىرى مەكتەپ. //ئۇنىڭ نەتىجىسى ھەقىقەتەن يۇقىرى بولدى. ③ ئى. ئۆينىڭ ئىشىككە يەگاھقا نىسبەتەن قارىمۇقارشى تەرەپتىكى جاي، تۆر: بەگ بالىلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، موللا زەيدىننى ھۆرمەت بىلەن يۇقىرى ئۆتكۈزدى. ④ ئى. يېتەكچى تەشكىلات، رەھبىرىي ئورگان: — سىز خەلقنىڭ ئارزۇ-تەلەپلىرىنى يۇقىرىغا يەتكۈزۈشىڭىز كېرەك ئىدى، — دېدىم ئۇنىڭغا. ⑤ ئى. ئالدىنقى، ئۆتكەنكى، بۇرۇنقى: ئۇ خەتنى چىقىرىپ، يۇقىرىدىكى ۋەقەلەرنى ئۇنىڭغا بىر-بىرلەپ بايان قىلىپ بەردى.

**يۇقىرى پالاتا** <پەلس> بەزى دۆلەتلەردىكى ئىككى تۈزۈملۈك پارلامېنتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. يۇقىرى پالاتانىڭ تۆۋەن پالاتا ماقۇللىغان قانۇن لايىھەسىنى رەت قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. پالاتا ئەزالىرى بىۋاسىتە سايلام ياكى دۆلەت باشلىقىنىڭ كۆرسىتىشى ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى تۆۋەن پالاتا ئەزالىرىنىڭكىدىن ئۇزۇنراق بولۇپ، بەزىلىرى ئۆمۈر بويى ۋەزىپە ئۆتىسە، يەنە بەزىلىرى ئەۋلادلىرىغا مىراس قالدۇرىدۇ.

**يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول** <قاتن> ئاپتوموبىللارنىڭ تېز سۈرئەتتە مېڭىشى ئۈچۈن ياسالغان تاشيول. ئادەتتە ئۇ سائىتىگە 120 كىلومېتىردىن ياكى ئۇنىڭدىن تېز سۈرئەت بىلەن يۈرۈشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

**يۇقىرىغا ياماشماق** بىرەر مەنسەپ، مەرتىۋىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماق، تىرىشماق: شېرىپجانمۇ يۇقىرىغا يامىششتا زىيابەت، سوۋغا-سالامنى پەلەمپەي قىلىۋاتامدۇ؟

**يۇقىرى ئۆرلىمەك** ① ئېگىزگە ئۇچماق، پەرۋاز قىلماق: ئۇ بىردىن مېنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ يۇقىرى ئۆرلىدى. ② كۆچمە. مەرتىۋىسى، ئورنى ئۆسمەك.

**يۇقىرى-تۆۋەن** يۇقىرى ۋە تۆۋەن، ئېگىز-پەس: ھەر قانداق ئوقۇغۇچىنىڭ ئابرۇيى ۋە ئىناۋىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى، ئۇنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئەخلاقىغا باغلىق!

**يۇقىرىقى** سۈپ ① بىرەر جاي ياكى نەرسىنىڭ ئۈستى قىسمىغا جايلاشقان، تۆپىسىدىكى، يۇقىرىدىكى، ئۈستىدىكى: ئۇ جاۋاب بېرىپ بولۇپ، پۇل خالتىسىنى كۆتۈرۈپ يۇقىرىقى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى. ② ۋاقىت جەھەتتە باشقىسىدىن ئىلگىرى بولغان، ئالدىنقى، ئاۋۋالقى، بۇرۇنقى، ئۆتكەنكى: مەن ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن ھەيرانلا قالدىم.

**يۇقىرىلاتماق** «يۇقىرىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ھەمىشە قايتىدىن ئويلىنىدۇ، ئۆزىگە ۋە ئۆز غايىسىگە قويۇلغان تەلەپنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرىلىتىدۇ.

**يۇقىرىلاشماق** «يۇقىرىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يۇقىرىلىق** ئى. يۇقىرى تۇرۇش، ئۈستۈنلۈك، ئارتۇقلۇق: ئادەتتىمۇ ئۇ ئىككىسى ئۆزئارا يۇقىرىلىق تالىشىپ پات-پات سوقۇشۇپ قالاتتى.

**يۇقىرىلىماق** پ ① ئۈستىگە، تۆپە تەرەپكە كۆتۈرۈلمەك؛ يۇقىرىغا قاراپ ئىلگىرىلىمەك: مۇشۇ يولدىن يۇقىرىلاپ ماڭساڭ مەھەللىگە بارىسەن. ② كۆچمە. ئورنى، مەرتىۋىسى ئاشماق، ئۆسمەك.

**يۇڭ** ئى. قوي، ئۆچكە، تۆگە قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن قىرقىۋېلىنىدىغان مەھسۇلات؛ موي: يۇڭ قىرقىماق. كۆزەم يۇڭ. يۇڭ ئاتماق.

**يۇڭ توقماق** سىلىق-سىپايە، يۇمشاق سۆزلەر بىلەن دەككە بېرىدىغان ئۇسۇل: باشلىق يۇڭ توقماق بىلەن كاسسىرنىڭ ئەدىپىنى بەردى.

**يۇڭداتماق** «يۇڭدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆلتۈرۈپ بولغان توخۇنىڭ پېيىنى ئاغىنىلىرىمنىڭ بىرىگە يۇڭدىتىپ بولۇپ، يۇيۇپ-تازىلاپ قازانغا سالدىم.

**يۇڭداشماق** «يۇڭدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار سېرىق توپا ئۈستىدە تۇتۇشۇپ، بىر-بىرىنى بېسىشاتتى، چاچلىرىنى يۇڭدىشاتتى.

**يۇڭدالماق** «يۇڭدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چار خوراز بوغۇزلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن، پېيى يۇڭدىلىپ، يۇيۇپ-تازىلىنىپ كورىغا سېلىندى.

**يۇڭدىماق** پ. تارتماق، يۇلماق: توخۇنى يۇڭدىماق. ساقالنى يۇڭدىماق. * ئارىمىزدا ھۆپۈپنى يۇڭدىماي يەپ تاشلايدىغان كىشىلەرمۇ يوق ئەمەس.

**يۇڭسىز** سۈپ. بەدىنىدە، ئۈستىدە تۈكى، مويى يوق؛ تاقىر:

يۈگسىز تېرە. * ئۇ شۇنداق دېگەچ خۇرجۇنىدىكى چىرايلىق قاتلانغان يۈگسىز تېرىنى ئېلىپ، تۇماقچىغا تەڭلىدى.

**يۈگلۈق** سۈپ. بەدىنىدە، ئۈستىدە يۈگى بار، يۈگى كۆپ، ئۈستى يۈڭ بىلەن قاپلانغان: يۈگلۈق قوي. يۈگلۈق تېرە. * مەن دەرەخ ئارىسىدىن «تۇلپار» تەرەپكە ئىرغاڭلاپ كېلىۋاتقان قارا يۈگلۈق، تورپاقتەك چوڭلۇقتىكى ئېيىقنى كۆرۈپ، ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدىم.

**يۈگۈزلىماق** پ. دىيال. يۈگدىماق.

**يۇلتۇز** ئى ① <زوئول> ئاسمان بوشلۇقىدىكى قۇياش ۋە ئايدىن باشقا ئاددىي كۆز ۋە دۇربۇن بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان يورۇق ئاسمان جىسمى. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**يۇلتۇز سانىماق** تۈن بويى ئۇخلىماي ياتماق، ئۇخلىيالماي چىقماق: ھېكىم شۇ قىزنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، يۇلتۇز ساناپ تاڭ ئاتقۇزاتتى.

**يۇلتۇز ئۆي** كۆپ ئېغىزلىق ئۆيلەرنىڭ ئائىلە باشلىقى ئايا - لى بىلەن تۇرىدىغان ئەڭ ئىچكىرىكى خانىسى.

**يۇلتۇزى بىر** تەقدىرى، قىسمىتى، نىكاھى بىر - بىرىگە باغلانغان (ئەر - ئاياللارنىڭ): — خۇدا ئۇلارنىڭ يۇلتۇزىنى بىر قىلغانىكەن، — دېدى موللام.

**يۇلتۇزى ئۆچمەك** بەخت - تەلىيى قاچماق، رىزقى - نېسى - ۋىسى تۈگىمەك، بۇ دۇنيادىن كەتمەك، ئۆلمەك.

**يۇلتۇزگۈل** ئى [يۇلتۇز + گۈل] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئېللىپسسىمان تۇمۇنە شەكلىدە كېلىدۇ. ئورۇق مېۋىسى تۈكلۈك بولىدۇ. يىلتىزى ۋە يىلتىز غولى دورا قىلىنىدۇ.

**يۇلتۇزلۇق** سۈپ. يۇلتۇز چىققان، يۇلتۇزلار كۆرۈنۈپ تۇرغان: سالقىن شاماللىق جىمجىت كېچىدىكى يۇلتۇزلۇق ئاسمان كۆڭلۈمگە ئارام بېرەتتى.

**يۇلدۇرماق** «يۇلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاغرىپ كەتكەن چىشىمنى يۇلدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن چىش ئاغرىقىمۇ پەسەيدى. ئۇ نىجىس چىشتىنمۇ قۇتۇلدۇم.

**يۇلدۇرۇشماق** «يۇلدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەكتەپ رەھبەرلىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، سىنىپ ۋە ئوقۇغۇچىلار ياتاقلىرىغا قالايمىقان قېقىلغان مىخلارنى يۇلدۇرۇۋې - تىشتى.

**يۇلدۇرۇلماق** «يۇلدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىر چاغلاردا ئارال يېزىسىدا ئورۇلۇشقا ئازلا ۋاقىت قالغان بۇغدايلار يۇلدۇرۇۋېتىلىپ، ئورنىغا كېۋەز تېرىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەندە دېھقانلار يىغلاپ كېتىشكەنىدى.

**يۇلغۇن** ئى <بوت> يۇلغۇن ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. كونا شاخلىرى قىزىل رەڭدە، يوپۇرمىقى تەڭگىچە شەكلىدە، گۈلى سۇس قىزىل، مېۋىسى غوزىلىق مېۋە. ئۇرۇقىدا تۈكلىرى بار. شىنجاڭدا ئۇنىڭ توققۇز خىل تۈرى بولۇپ، شور ۋە قۇرغاقچىلىققا چىداملىق كېلىدۇ، قۇمنى تىزگىنلەش ئۈنۈمى يۇقىرى.

**يۇلغۇن چېچەكى رەڭ** <گ سەن> يۇلغۇن چېچىكىگە ئوخشاش رەڭ، يەنى قىزىلغا مايىل سۇس سۆسۈن بولغان بىر خىل مۇرەككەپ رەڭ.

**يۇلغۇن مېۋىسى** <بوت> كىچىك يۇلغۇننىڭ مېۋىسى. شار شەكلىدە بولۇپ، نوقۇتتىن چوڭراق كېلىدۇ. تېبابەتچىلىكتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، ئىچ قاتۇرۇش، ئېغىزدىن ۋە بالىياتقۇدىن كېلىدىغان قانلارنى توختىتىش، ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش رولىغا ئىگە.

**يۇلغۇنلۇق** ئى. يۇلغۇن كۆپ ئۆسكەن، يۇلغۇن بىلەن قاپلانغان جاي: ئۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپلا يۇلغۇنلۇق ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولدى.

**يۇلقۇشلانماق** پ. يۇلقۇنماق: قۇيرۇقىنى قاپقان قىسىۋالغان تۈلكە تولا يۇلقۇشلىنىپ يۈرۈپ، ئاخىرى قۇيرۇقى ئۈزۈلگەندىن كېيىن قاپقاندىن قۇتۇلۇپتۇ.

**يۇلقۇنماق** پ. باغلاقتىن ياكى بىرەر نەرسىنىڭ ئىچىدىن بوشىنىش، چىقىپ كېتىش ئۈچۈن كۈچەپ ھەرىكەت قىلماق، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرماق، سىلكىنمەك: قولۇمدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كەتتى.

**يۇلقۇنۇشماق** «يۇلقۇنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئوۋچىنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ قېلىشقان بۇ بىر توپ بىچارە توشقانلار قاپقاندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ھەر تەرەپكە يۇلقۇنۇشۇپ بېقىشىپتۇ، ئەمما يەنىلا قۇتۇلالماپتۇ.

**يۇلماق** پ ① بىرەر نەرسىنى قول بىلەن سۇغۇرۇپ، قومۇ - رۇپ ئالماق: تىلىنى چىشلىۋالغان چىشىنى يۇلۇۋەتمەس (ماقال). ② كۆچمە. نەپ ئالماق، پايدا تاپماق، ئۈندۈرمەك: قازى ئىككى باينىڭ گەپلىرىنى تولۇق ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىككى ئارىدىن كۆپرەك بىرنەرسە يۇلۇش قەستىگە چۈشۈپتۇ.

**يۇلۇشماق** «يۇلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قورۇ ئىچىدە تۇتۇشۇپ قېلىشقان ئۇ ئىككى ئايال بىر - بىرىنى تىللىشاتتى، تىل قاتتىق كەتسە چاچلىرىنى يۇلۇشاتتى.

**يۇلۇن** ئى <ئانات> ئادەم ۋە ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار مەركى - زىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ بىر قىسمى. ئومۇرتقا كانىلى ئىچىگە ئورۇنلاشقان. يۇقىرىقى ئۇچى ئۇزۇنچاق مېڭە بىلەن تۇتاشقان، ئىككى ياندىن سىممېترىك ھالدا نېرۋىلار چىققان بولۇپ، قول - پۇت، گەۋدە ۋە ئىچكى ئەزاغا تارقىلىدۇ. ئۇ نۇرغۇنلىغان ئاددىي رېفلېكسلارنىڭ مەركىزىدۇر.

**يۇلۇنماق** «يۇلماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى ئۇقمايمەن، ھەر ئىككى خورازنىڭ شىللى - سىدىكى تۈكلەر يۇلۇنۇپلا قالماي، قىپقىزىل ئېچىلىپلا قالدى.

**يۇماق** پ ① مەينەت نەرسىلەرنى سۇ قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن چايقاپ پاكىزلىماق، تازىلىماق: كىر يۇماق. يۈزىنى يۇماق. ② فوتو نېگاتىپلىرىنىڭ سۈرىتىنى چىقارماق: رەسىم يۇماق. ③ كۆچمە. ياخشى ئىش قىلىپ، خىزمەت كۆرسىتىش ئارقى - لىق خاتالىقىنى تۈزەتمەك: گۇناھىنى يۇماق. ④ كۆچمە. بىرەر خاتالىق، سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇش تۈپەيلىدىن خەيرلىك، ياخشى ئىشلىرىنى يوققا چىقارماق: — مۇشۇ بىر ئىشىڭ بىلەن نەچچە يىلدىن بېرى قىلغان ياخشى ئىشلىرىڭنى يۇيۇۋەتتىڭ - دە، ئىسست، — دېدى دادىسى. ⑤ كۆچمە. بىراۋنىڭ ئېرىشكەن مۇۋەپ - پەقىيەت، نەتىجىلىرىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ زىيا - پىتىدە بولماق: بىزنىڭ قولۇم - قوشنىلار ئازغىنا بىر يېڭىلىق بولغاننى كۆرسە يۇيىمىز دەپ، ئۇن - يىگىرمە تەڭگە خەجلەتكۈزمەي

قالمايدۇ.

**يۇمچاقلىماق** پ. كۆزنى قىسىپ قويماق، كۆز ئىشارىسى قىلماق، يۇمۇشلىماق: كامال ماڭا قاراپ كۆزنى يۇمچاقلاپ قويدى.

**يۇمدۇرماق** «يۇمماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مومايلاردىن بىرى كېلىپ گۈلسۇمخاننىڭ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ يۇمدۇردى.

**يۇمدۇرۇشماق** «يۇمدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇرۇشتا قۇربان بولغان جەڭچىلەرنىڭ ئوچۇق قالغان كۆزلىرىنى سەپداشلار بىرمۇ بىر ئۇۋۇلاپ يۇمدۇرۇشاتتى.

**يۇمدۇرۇلماق** «يۇمدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قاتناش ۋەقەسىدە ئۆلۈپ كەتكەن يولۇچىلارنىڭ ئوچۇق قالغان كۆزلىرى مويسىپىتلار تەرىپىدىن ئۇۋۇلىنىپ يۇمدۇرۇلدى.

**يۇمران** سۈپ. ئۆسۈۋاتقان، بىخ ھالەتتىكى؛ قېتىشمىغان، يۇمشاق: يۇمران كۆچەت. يۇمران مايسا.

**يۇمرانلاشتۇرماق** «يۇمرانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يۈز يۇيۇش سۈيۇقلۇقى بىلەن يۈزنى يۇيۇپ بەرگەندە، ھەرخىل داغ، سەپكۈننى تازىلاپ، تېرىنى يۇمرانلاشتۇرۇپ ۋە چىڭىتىپ، قورۇقنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**يۇمرانلاشماق** پ. يۇمشاق، يۇمران ھالەتكە كەلمەك.

**يۇمشاتماق** «يۇمشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ بىر ھازا چۈشەندۈرۈشلىرى ئاخىر سادىقنىڭ قاتتىق پوزىتسىيەسىنى يۇمشىتىپ، سادىقنى بۇ ئىشتا يول قويۇشقا كۆندۈردى.

**يۇمشاشماق** «يۇمشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئابلىزنىڭ بىر ھازا چۈشەندۈرۈشلىرىدىن كېيىن قاتتىق پوزىتسىيەدىكى قىز تەرەپ ئەلچىلىرى يۇمشىشىپ، بۇ ئىشتا ئوغۇللۇق تەرەپكە يول قويۇشقا كۆنۈشتى.

**يۇمشاق** ① سۈپ. قاتتىق ئەمەس، يۇمران: يۇمشاق كۆرپە. يۇمشاق نان. ② سۈپ. يېنىك، يەڭگىل، سىلىق: يۇمشاق چارە. يۇمشاق ۋاستە. ③ ئى. ئورگانىزمنىڭ ياللۇغلىنىشىدىن تومپىيىپ چىققان جاي: يۇمشاق چۈشمەك.

**يۇمشاقباش** ئى [يۇمشاق+ باش] ئەر ـ خوتۇنچىلىقتا خوتۇنىنىڭ نومۇسسىز، ناشايان ئىشلىرىغا يول قويىدىغان، كۆرسىمۇ، بىلسىمۇ، كۆرمەسكە، بىلمەسكە سېلىپ سۈكۈت قىلىدىغان، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ يۈرىدىغان ئادەم: ـــ ئۆيدىكى ھېلىقى خېلى يۇمشاقباش، ئەتىسى ـ ئاخشىمى بىزنىڭكىنى كۆپىرەك يوقلاپ تۇرسىلا، ـــ دېدى ئاسىمخان. //يۇمشاقباش ئادەم.

**يۇمشاق قول** كىشىنى رەنجىتمەيدىغان، كۆڭلى يۇمشاق، رەھىمدىل، شەپقەتلىك: خەلىپە رەھىمدىل، يۇمشاق قول زات ئىدى.

**يۇمشاق قۇلاق ← قۇلىقى يۇمشاق:** يەنە بىر جەھەتتە، يۇمشاق قۇلاقلارنى تەربىيەلەيدىغان مائارىپتا زىيالىيلار كىچىككىدىن باشلاپ باشقىلارغا تايىنىپ چوڭ بولىدۇ.

**يۇمشاق گەدەن** بىراۋنىڭ باشقۇرۇشىغا قارشىلىق قىلمايدىغان، باشقىلار نېمە دېسە كۆنىدىغان، بوينى يۇمشاق: ـــ ھەي بېلى بوش، يۇمشاق گەدەن خۇمسى، سەن گېپىنىڭ ئۈستىدە بولمىغاندىكىن ئۇقمايسەن، ـــ دېدى ئايخان ئۇنىڭغا زەردە بىلەن.

**يۇمشاق ماتېرىيال** <فىز> كومپيۇتېردىكى تۈرلۈك تەرتىپ سىستېمىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇ تەرتىپ ـ بۇيرۇقنىڭ رەتلىك قوشۇلمىسى، يەنى كومپيۇتېرنىڭ مەسىلىلەرنى يېشىشتىكى خىزمەت تەرتىپىدۇر.

**يۇمشاقلاشتۇرماق** «يۇمشاقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بىردەم توختىۋالغاندىن كېيىن تەلەپپۇزىنى يۇمشاقلاشتۇرۇپ سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى.

**يۇمشاقلاشتۇرۇشماق** «يۇمشاقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەسەننىڭ ئارىغا كىرىپ بىر ھازا چۈشەندۈرۈشلىرىدىن كېيىن قارشى تەرەپ ۋەكىللىرى پوزىتسىيەسىنى يۇمشاقلاشتۇرۇشۇپ، يول قويۇشقا ماقۇل بولۇشتى.

**يۇمشاقلاشتۇرۇلماق** «يۇمشاقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كۆپچىلىك ئالدىدا ئىلھامنى ماختاش ئارقىلىق، ئۇنىڭ بۇرۇنقى قوپال پوزىتسىيەسى يۇمشاقلاشتۇرۇلۇپ، ئۇرۇنسىز زىددىيەتنىڭ ئالدى ئېلىندى.

**يۇمشاقلاشماق** پ. يۇمشاق ھالەتكە كەلمەك، يۇمشاق تۈس ئالماق، يۇمشىماق: ئۇنىڭ تەلەپپۇزى بايىقىدىن يۇمشاقلاشتى.

**يۇمشاقلىق** ئى. قاتتىق بولمىغان، يۇمشاق ھالەت، خاراكتېر: دۇنيادا ئارتۇق قاتتىقلىق قىلما، يالغۇز قالىسەن، ئارتۇق يۇمشاقلىق قىلساڭ قەدىرسىز بولىسەن.

**يۇمشتىلماق** «يۇمشاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بارى ـ يوق بەش پۇڭلا كېلىدىغان يەر ئالىلاقاچان يۇمشتىلىپ بولۇنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە تېرىلمىغانىدى.

**يۇمشىماق** پ ① يۇمشاق ھالغا كەلمەك، بوشىماق: توغاچلار يۇمشىدىمىكىن ؟ ② كۆچمە. پەيلىدىن، ئاچچىقىدىن يانماق؛ سىلىقلاشماق: قاسىمجاننىڭ بۇ سادda سۆزىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى يۇمشىدى.

**يۇمغاق** ئى. دىيال. يۇمىلاق قىلىپ تۈرۈلگەن يىپ، كاللەك يىپ.

**يۇمغاقسۈت** ئى [يۇمغاق + سۈت] <بوت>كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ۋە يوپۇرمىقى خۇشبۇي پۇرايدۇ، يۇمران غولى ۋە يوپۇرمىقى تەم تەڭشەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**يۇمغاقسۈتنىڭ ئۇرۇقىدەك** تازا يېقىن ئەمەس، سەل يىراقراق، شىرەم (ئۇرۇق ـ تۇغقان ھەققىدە): ھېلىقى باشلىق بىزگە يۇمغاقسۈتنىڭ ئۇرۇقىدەك تۇغقانچىلىقى بار چىقىپ قالدى.

**يۇمماق** پ. كۆز، ئېغىز، قول قاتارلىق ئېچىلىدىغان، يېپىلىدىغان نەرسىلەرنى بىر ـ بىرىگە تەگكۈزۈپ ھەم قىلماق، بىرىكتۈرمەك: كۆز يۇمماق. ئاغزىنى يۇمماق. * قىز بىر دەرەخنىڭ غولىغا يۆلىنىپ، قويۇق كىرپىكلىك كۆزلىرىنى يۇمدى.

**يۇمۇر** ئى [ر<ئىنگ] <ئەد> تۇرمۇشتىكى كۈلكىلىك، قىزىقارلىق ۋەقەلەر جۇملىدىن كىشىلەرنىڭ نۇقسانلىرى، ئۇلارنىڭ كەمچىلىك تەرەپلىرى ھەزىل ئارىلاشتۇرۇلۇپ، كۈلكىلىك ۋە قىزىق قىلىپ تەسۋىرلەنگەن بەدىئىي ئەسەر.

**يۇمۇرىغا يۇقماسلىق** قىلچە تەسىر قىلماسلىق: ـــ كۆپ سۆزلەپ ئاغزىڭنى ئۇپراتما، چۈنكى ئۇ بۇرۇنقى داۋۇت ئەمەس، ھازىر ئۇنىڭغا مىڭ سۆزلىسەڭمۇ ئۇنىڭ يۇمۇرىغا يۇقمايدۇ، ـــ دېدى ئاپام ئېغىر ئۇھ تارتىپ.

**يۇمۇرچە** رەۋ. يۇمۇردەك، يۇمۇرغا ئوخشاش، يۇمۇرغا خاس ئالاھىدىلىك بىلەن: مەمتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پىسخىك قاتلىمىدىكى يۇمۇرچە ئالاھىدىلىكنى پوئېتىك رەڭ، پەلسەپەۋىلىك ۋە تېرەن ئىجتىمائىي مەنىدارلىقتا ئىگە قىلغان.

**يۇمۇرچى** ئى. يۇمۇر يازىدىغان ھەم يۇمۇر ئېيتىدىغان كىشى، قىزىقچى: مەرھۇم يازغۇچىمىز تۇردى سامساق ئاتاقلىق يۇمۇرچى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپلىگەن ھېكايىلىرىدە قىزىقارلىق يۇمۇرلار، مەنىسى چوڭقۇر جۇملىلەر بار ئىدى.

**يۇمۇرچىلىق** ئى. يۇمۇر يېزىش، يۇمۇر ئېيتىش ئىشى: «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلى «سەبىي كۈلكىلەر» سەھىپىسى ئارقىلىق ئۇيغۇر يۇمۇرچىلىقىغا يول ئاچتى.

**يۇمۇرلۇق** سۈپ. ھەجۋىي تۈس ئالغان، كۈلكىلىك: يۇمۇرلۇق گەپ. * مەن كۈلۈپلا كەتتىم، چۈنكى ئايالىنىڭ سۆزى ھەم قىزىق، ھەم يۇمۇرلۇق بولۇپلا قالماي، بەلكى مېنىڭ كۆڭلۈمنىمۇ تاغدەك ئۆستۈرۈپ قويغانىدى.

**يۇمۇرماق** پ. دىيال. قومۇرماق، يونۇماق، ئاغدۇرماق.

**يۇمۇرىستىك** سۈپ. يۇمۇرغا ئائىت، ھەجۋىي تۈس ئالغان، كۈلكىلىك، يۇمۇرلۇق: ھەربىر شەخس ئۆز ئالاھىدىلىكى ساھەسىدىلا ئىجادىيلىقتا ئىگە بولىدۇ. بۇمۇ خۇددى نەچچە ئونلىغان ئۇيغۇر دوكتورلىرىنىڭ ھېچقايسىسى مەتىمىن ھوشۇردەك يۇمۇرىستىك يازغۇچى بولالمىغىنىدەكلا بىر ئىش.

**يۇمۇشلىماق** پ. يۇمۇش ئىشىنى بېجىرمەك، يۇمغاندەك ئىشلارنى قىلماق؛ قىسماق (كۆز ھەققىدە): ئەترەت باشلىقى ئۇنىڭغا كۆز يۇمۇشلاپ قويدى.

**يۇمۇشماق** «يۇمماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: روشەنكى، بۇ خوتۇن ـ قىزلار يۈرەك قانلىرىنى ئاققۇزۇپ بولۇپ، ئاخىرقى قېتىم جان تالىشىپ ئاندىن يىقىلغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى يۇمۇشقان.

**يۇمۇق** سۈپ. يۇمۇلغان، يۇمۇپ قويۇلغان؛ يۇمۇقلۇق: كۆزى يۇمۇق. * قار ئۈستىدە قوپال بىر گەۋدە كۆزى يۇمۇق ھالدا سۇنايلىنىپ ياتاتتى.

**يۇمۇقسىز** سۈپ. يۇمۇلمىغان، يۇمدۇرۇپ قويۇلمىغان: جەسەت كۆزلىرى يۇمۇقسىز، چىشلىرى كىرىشكەن، مۇشتلىرى تۈگۈلگەن بولۇپ، ئىچ كىيىم بىلەنلا پەگادا ياتاتتى.

**يۇمۇقلۇق** سۈپ. يۇمۇلغان، يۇمۇپ قويۇلغان: ئوسمانىنىڭ كۆزلىرى يۇمۇقلۇق، چىشلىرى كىرىشكەن بولۇپ، ھوشىدىن كېتىپ قالغانىدى.

**يۇمۇلماق** «يۇمماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ تار پېشانە ۋە ياپما قاپاقلىرى ئاستىدا پىلدىرلاپ تۇرغان كىچىك كۆزلىرى كۈلكىدىن تېخىمۇ يۇمۇلۇپ كەتتى.

**يۇمىلاتماق** «يۇمىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ــ مېنى بالا دەپ، ھە دەپ پېشانەمگە ئۇرما، ھېلى بىكار كىندىكىڭگە چۈشۈپ تۇرغان ساقىلىڭغا قارىماي، ئۆزۈڭنى يۇمىلىتىپ قويماي يەنە، ــ دېدى ئۇ ھاشىمغا دىۋەيلەپ.

**يۇمىلاچ** سۈپ. دىيال. يۇمىلاقلانغان، يۇمىلاق شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن: تىترەك قوللار خېمىر مىجىشتىن قالغاندا بىر يۇمىلاچ خېمىرنى مىجىپ، خامنى پىششىق قىلىدىغان ھەمشىرە قېنى؟

**يۇمىلاشماق** «يۇمىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بەخرامان قىياپەتتە تۇرغان ئاباس يىقىلىپ كېتەي دېگەن بولۇپ، بىر مۇدۇرۇلۇپلا باتۇرغا تۇيۇقسىز ئېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يۇمىلىشىپ قاتتىق ئېلىشىشقا باشلىدى.

**يۇمىلاق** سۈپ. ئايلانما شەكىللىك، ئايلانما؛ دۈگىلەك، دومىلاق: يۇمىلاق ئورۇندۇق. * ئامىنەنىڭ قان تېپىپ تۇرىدىغان يۇمىلاق يۈزلىرى تاتىرىپ، دائىم كۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتلىرى چاقناپ كەتتى.

**يۇمىلاق تاۋۇز** مۇستەقىل كۆز قارىشى يوق، دائىم ئېغىپ تۇرىدىغان، تۇراقسىز، مەۋقەسىز: يۇمىلاق تاۋۇز ئاداش، كىتابتا بولغان بىلەن ئەمەلىيەتتە بارمۇ زادى ئۇنداق ئادەملەر؟

**يۇمىلاقلاتماق** «يۇمىلاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بالىلارنى ئىشقا سېلىپ چۈشلۈك تاماقىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە گىلەم توقۇش ئۈچۈن تەييارلانغان يىپلارنى يۇمىلاقلىتىپ بولدى.

**يۇمىلاقلاشماق** «يۇمىلاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شاگىرت قىزلار دۆۋىلەكلىك تۇرغان يۇڭ يىپلارنى بىردەمدىلا يۇمىلاقلىشىپ تەييار قىلىشتى.

**يۇمىلاقلانماق** «يۇمىلاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىر دۆۋە قوي يۇڭى بىردەمنىڭ ئارىلىقىدا يۇمىلاقلىنىپ تەييار بولدى.

**يۇمىلاقلىق** ئى. ئايلانما، دۈگىلەك، يۇمىلاق ھالەت: ــ ئىككى قولىڭىزنىڭ يۇمىلاق يۇمىلىشىغا قاراپ، قولىڭىزغا يوشۇرۇلغان نەرسىنىڭ يۇمىلاقلىقىنى بىلدىم ـ دە، ئۆز قىياسىمنى ئېيتتىم، ــ دەپتۇ دانىشمەنىنىڭ چوڭ ئوغلى.

**يۇمىلاقلىماق** پ. يۇمىلاق ھالەتكە كەلتۈرمەك، يۇمىلاق قىلماق: سۇزۇپ گۆمدىن تاشنى ئۇ، سىلىقلاپتۇ يۈزىنى. ئاندىن چاققا بېسىپتۇ، يۇمىلاقلاپ كېسىپتۇ.

**يۇمىلانماق** «يۇمىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، توپ ـ توپ كېپەكلەر پەيدا بولدى ۋە ئۇلار يەرگە يۇمىلىنىپ كۆلگە چۆمۈلدى ـ دە، پەرىزاتقا ئايلاندى.

**يۇمىلىماق** پ ① دومىلىماق، دۈگىلىمەك: سۇ يەتتە يۇمىلىسا ھالال (ماقال). ② كۆچمە. ئاغماق، يۈز ئۆرۈمەك: ئۇنىڭ دۈشمەن تەرەپكە يۇمىلاپ كەتكىنىنى بىلىدىغان ئادەم ھازىرچە ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى.

**يۇمىنسۇ** ئى [خەن] <بوت> بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكى. توپ چىقىپ، تال ـ تال بولۇپ يوغىنايدۇ، بىر مېتىر ئەتراپىدا ئۆسىدۇ، ئاچچىق بولۇپ، ئۇلاغ يېمەيدۇ، تۇغقان ئاياللارنىڭ قورسىقىدا يەل پەيدا بولۇپ قالغاندا قايىنىتىپ ئىچىپ بەرسە ساقىيىدۇ.

**يۇم ـ يۇم** ← **يۇم ـ يۇم يىغلىماق**.

**يۇم ـ يۇم يىغلىماق** ئۈن چىقارماي ئۈزلۈكسىز ياش تۆكمەك، ئۈنسىز يىغلىماق: بوۋاي بىرھازاغىچە يۇم ـ يۇم يىغلاپ كەتتى.

**يۇنان** ئى <تارىخ> گىرېتسىيەنىڭ قەدىمكى نامى.

**يۇندۇلۇق** سۈپ. دىيال. قاسماق، پاسكىنا.

**يۇندى** ئى. قازان، چىنە ـ قاچا، كىيىم ـ كېچەك، يۈز ـ قوللارنى يۇغاندىن كېيىن ھاسىل بولغان مەينەت سۇ: يۇندى قۇدۇقى. يۇندى تۆكمەك.

**يۇندى چىراي** يۈز ـ كۆزى قارا ـ قۇرا، مەينەت: ــ بۇ سەنمۇ؟ يۈزۈڭنىمۇ دانىخورەك باسقان يۇندى چىراي بىرنېمە ئىكەنسەن! ئادەم قىياپىتىڭمۇ يوق، ــ دېدى روزى ئۇنىڭغا.

**يۇندىسىنى ئىتقا كۆرسەتمەيدىغان** كىشىلەرگە نەپ بەرمەيدىغان، ناھايىتى پىخسىق، بېخىل: ھالۋىغا سۇ يېغى ئىشلەتكىنىنى كۆرەيمۇ !؟ يۇندىسىنى ئىتقا كۆرسەتمەيدىغانلاردىنمۇ نېمە؟ ــ دېدى سەيلىخان ئايىمخانغا.

**يۇندىپۇرۇش** ئى ① ئاشخانىلاردا ياكى چوڭ ئائىلىلەردە مەخسۇس يۇندى توشۇش، تۆكۈش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان

نىدىغان ئادەم. ② كۆچمە. غالچا: — ئاپلا، ما يۈندىپۈرۈشنى، — دېدى ئۇ تاقەت قىلالماي.

**يۈندىپۈرۈشلۈق** ئى ① يۈندى تۇشۇش، يۈندى تۆكۈش ئىشى، يۈندىپۈرۈشلار قىلىدىغان ئىش: قاچانغىچە يۈندىپۈرۈشلۈق قىلىدىغاندۇ بۇ؟ ② غالچىلىق: — بۇ يەردە خەلقنىڭ يۈندىپۈرۈشلۈقىنى قىلغۇچە ئۆيدە ئولتۇرۇپ كىتابىڭنى كۆرسەڭ بولمامدۇ؟ — دېدى ماڭا ئاپام زەردە بىلەن.

**يۈندىخور** ئى. كىشىلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كۈن كەچۈرىدىغان كىشى، مالاي، غالچا: — خۇدا ساقلىسۇن، مەن ساڭا ئوخشاش غالچا، يۈندىخور كۆچۈك بىلەن تەڭلىشىشنى ئۆلۈم بىلەن باراۋەر دەپ بىلىمەن، — دېدى ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن.

**يۈندىخورلۇق** ئى. مالايلىق، غالچىلىق، يۈندىخورلۇق قىلماق: — سىلەر يەپ ـ ئىچىشنىڭ، مەن ـ زە، ھەرقايسىڭنىڭ يۈندىخورلۇقىنى قىلىدىكەنمەن ـ دە! نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بار؟ — دېدى ئادالەت خاپا بولغاندەك قىلىپ.

**يۈندىكەش** ئى. كىشىلەرنىڭ كىر ـ قېتىنى يۇيۇپ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ جان باقىدىغان ئادەم؛ چاكار، مالاي: سەمرىپ تىقىلىپ كەتكەن خوجايىن يۈندىكەشلىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ماشىنا تەرەپكە ماڭدى.

**يۈندىكەشلىك** ئى. چاكارلىق، مالايلىق: يۈندىكەشلىك قىلماق. * — سەن دۆلەتنىڭ كادىرىسەن، خىزمەت ۋاقتىدا خىزمىتىڭنى قىلماي، باشقىلارنىڭ يۈندىكەشلىكىنى قىلىشنى ساڭا كىم قويىدى؟ — دېدى باشلىق.

**يۈيما** سۈپ. يۈيۈلغان: يۈيما تاش سۇۋاق.

**يۇيۇپ ـ تاراپ** يۇيۇپ ۋە تاراپ: موللا زەيدىننىڭ ئايالى ئايىمخان قىزى سەترەمنىڭ چېچىنى يۇيۇپ ـ تاراپ ئولتۇراتتى.

**يۇيۇشماق** «يۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىز ـ يىگىتلەر قاقاھلىشىپ كۈلۈپ، مۇزدەك بۇلاق سۈلىرىدا يۈزلىرىنى يۇيۇشماقتا ئىدى.

**يۇيۇق** ① ئى. يۇيۇش، يۇيۇش ئىشى. ② سۈپ. يۇيۇلغان.

**يۇيۇقسىز** سۈپ. يۇيۇلمىغان، تازىلانمىغان؛ كىر، مەينەت، پاسكىنا: يۇيۇقسىز قاچا. يۇيۇقسىز كىيىم. * ئۇ كىر ئالغۇغا توشۇپ كەتكەن شۇنچە كۆپ يۇيۇقسىز كىيىملەرنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى.

**يۇيۇقلۇق** سۈپ. يۇيۇلغان، تازىلانغان، تازا، پاكىز: يۇيۇقلۇق چىنە. يۇيۇقلۇق كىيىم. * — نېمىشقا زېرىكىدىكەنمەن؟ يۇيۇقلۇق كىيىملىرىڭنى ئىزگە دەزمال سالدىم، تۇگمىلىرىڭنىزنى تولۇقلاپ، پۇختا قىلىپ قاداپ قويدۇم، — دېدى ئادىنىگۇل كۈلۈپ تۇرۇپ.

**يۇيۇلماق** «يۇماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — مۇشۇ ئىشىم بىرەر ساۋابقا ياراپ، گۇناھلىرىم يۇيۇلۇپ كەتكەندەك بولسا، ماڭا شۇنىڭ ئۆزى يېتىدۇ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

**يۇيۇندۇرماق** «يۇيۇنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سادىق ئىشىكتىن كىرىشى بىلەنلا، بالىلار ئۇنىڭ ئېتىگەن ئۆزلىرىنى يۇيۇندۇرۇپ قويماقچى بولغانلىقىنى ئىبسگە سالدى.

**يۇيۇندۇرۇشماق** «يۇيۇندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھورداقخانىدىكى مۇلازىملار ھەربىر خېرىدارنى ئۆزلىرىگە تەۋە ھورداقخانىغا باشلاپ كىرىپ يۇيۇندۇرۇشاتتى.

**يۇيۇندۇرۇلماق** «يۇيۇندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇ ئارىدا مەلىكە زۆھرە زىنداندىن ئازاد قىلىنىپ، ھاماما‌دا يۇيۇندۇرۇلۇپ، مەلىكە كىيىمى كىيدۈرۈلۈپ قويۇلغانىكەن.

**يۇيۇنماق** «يۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: مۇھەممەت گىمناستىكىنى تۈگىتىپ، ئېرىقتىكى سۇزۇك سۇدا يۇيۇندى.

**يۆتەل** ئى <تىب> كانايچە ۋە كانايچىلار ياللۇغلانغاندا، يات نەرسىلەر، فىزىكىلىق ياكى خىمىيەلىك نەرسىلەر غىدىقلىغاندا پەيدا بولىدىغان مۇداپىئە رېفلېكسى. يۆتەلگەندە، ئالدى بىلەن ئاۋاز يوچۇقى ھەم يېپىلىدۇ، نەپەسلىنىش مۇسكۇللىرى قىسقىراپ، ئۆپكىنىڭ ئىچكى بېسىمى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاۋاز يوچۇقى ئېچىلىپ، ئۆپكىدىكى ھاۋا ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ نەپەسلىنىش يولىدىكى يات نەرسىلەرنى تازىلاش ۋە ئاجرىتىپ چىقىرىش رولى بار. يۆتەل نەپەسلىنىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرىنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئالامىتى بولۇپ، سەۋەبلىرى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ.

**يۆتەلدۈرمەك** «يۆتەلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: زاھىر چەككەن تاماكىنىڭ ئاچچىقى مېھمانلارنى يۆتەلدۈرۈۋېتىپ، گەپنى ئۈزۈپ قويىدى.

**يۆتەللىك** سۈپ ① يۆتىلى بار، يۆتىلىدىغان ② يۆتەل پەيدا قىلىدىغان ياكى ئارىلاشقان: يۆتەللىك زۇكاما كېسىلى بارلار بۇ دورىنى ئىچكەندىن كېيىن، كېسەلنىڭ تۈزۈكسىز قاتتىق ئەدەپ كەتكەنلىكى قانداق ئىش؟

**يۆتەلمەك** پ. نەپەس يولىنىڭ غىدىقلىنىشى، قىچىشىشى ياكى كېسەللىنىشى تۈپەيلىدىن خىرىلداق ۋە شاۋقۇن ئارىلاش قېقىلىپ ـ قېقىلىپ كۆچلۈك زەرب بىلەن نەپەس چىقارماق: كېچە جىمجىتلىقنى بوزىينىڭ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ يۆتەلگەن ئاۋازى بۇزۇپ تۇراتتى.

**يۆتكەتمەك** «يۆتكىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇ ئىشتىن كېيىن نازىر قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇپ، ئۇنى باشقا ئىشخانىغا يۆتكىتىۋەتتى.

**يۆتكەشمەك** «يۆتكىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ ئىش بۇ ئادەمنى دوختۇرخانىدىكىلەرنىڭ قولىدىن كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، قادىرنى ئەتىسى ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا يۆتكەشتى.

**يۆتكەلمە** سۈپ. يۆتكىلىدىغان، يۆتكەشكە بولىدىغان، كۆچمە: يۆتكەلمە مەبلەغ.

**يۆتكەلمەك** «يۆتكىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: باشقا ئىشخانىغا يۆتكىلىش ئارزۇيۇم بولغان بولسىمۇ، لېكىن رەھبەرلىك قوشۇلمىغانلىقتىن، يەنىلا مۇشۇ ئىشخانىدا ئىشلەشكە مەجبۇر بولدۇم.

**يۆتكىگۈچى** سۈپ. يۆتكەش رولىنى ئوينايدىغان، يۆتكەش خىزمىتىنى قىلىدىغان، يۆتكەيدىغان: يۆتكىگۈچى فاكتور.

**يۆتكىلىشچان** سۈپ. يۆتكىلىپ تۇرىدىغان، يۆتكىلىدىغان: لوپنۇر كۆلى جۇڭگودىكى مەشھۇر يۆتكىلىشچان كۆل.

**يۆتكىمەك** پ ① بىرەر نەرسىنى ئەسلىي ئورنىدىن قوزغىماق، توشۇماق، كۆچۈرمەك: ئۇلار بۇ ئاشلىقنى كىچىك ئاپتوموبىل بىلەن شەھەرگە يۆتكەۋاتقانىمىش. ② كۆچمە. بۇرىماق، ئۆزگەرتمەك (گەپ ـ سۆز، چاقچاق ھەققىدە): كامالىنىڭ سۆز قىستۇرۇشى بىلەنلا كۆپچىلىك گەپنى باردىنلا توي ئۈستىگە يۆتكىدى. * ئۇ ئەمدى كۆزلىرىنى پەنجىرىدىن يۆتكىدى. ③ كۆچمە. يېڭىلىماق، ئالماشتۇرماق: كىيىم يۆتكىمەك. پەدە يۆتكىمەك.

**يۆتۈك** سۈپ. دىيال. تولۇقلىما، قوشۇمچە.

**يۆتىلشمەك** «يۆتەلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى:

مەشتىن چىققان تۈتۈننىڭ ئاچچىقىدىن ھەممىمىز يۆتىلىشىپ كېتىشتۇق.

**يۆگەتمەك** «يۆگىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇزۇندىن بېرى يېيىلماي رەڭگىنى يوقاتقان پەردىلەرنى ئەدىيالنىڭ بىرىگە يۆگىدىم ـ دە، كىر يۇيۇش دۇكىنىغا ئېلىپ ماڭدىم.

**يۆگەشتۈرمەك** پ . يۆگەش قاتارلىق ئىشلارنى قىلماق : ئۇ بوغچۇمىلىرىنى يۆگەشتۈرۈپ ئالدىراپ ئۆيدىن چىقتى .

**يۆگەشمە** سۈپ. يۆگىشىپ تۇرىدىغان، بىر ـ بىرىگە چىرماشقان، ئۆز ئارا گىرەلەشكەن: يۆگەشمە يوللار.

**يۆگەشمەك** ① «يۆگىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھە دەپ داستىخانلىرىنى يۆگىشىپ، ئۆيدىن چىقىشقا ئالدىراش ـ ماقتا. ② يۆگەلمەك: قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرى ئۇنىڭ ئەۋرىشىم بويلىرىغا يۆگەشكەنىكەن.

**يۆگەك** ئى. بوۋاقلارنى يۆگەيدىغان ياكى ئاستىغا سالىدىغان بۇيۇم؛ زاكا: ئۇلار بالىنى زەرباب يۆگەككە ئوراپ، بىر قولىغا يەتتە دانە مەرۋايىتنى باغلاپ، تاشلاپ قويۇپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

**يۆگەكلىك** سۈپ ① يۆگەلگەن، يۆگەپ قويۇلغان: يۆگەكلىك بالا. ② يۆگەك قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان، يۆگەك قىلىشقا بولىدىغان: يۆگەكلىك رەخت.

**يۆگەلمەك** «يۆگىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بولۇڭغا قېلىن كاردوندىن ياسالغان ئىككى دانە دورا ساندۇقى بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە تىكلەپ قويۇلۇپ، گۈللۈك كىليونكا بىلەن يۆگەلگە ـ نىدى.

**يۆگەم** ① سۈپ. ئورالغان، يۆگەپ قويۇلغان: يۆگەم مېتىر. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ ئورالغان ياكى يۆگىلى ـ دىغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر يۆگەم يىپ. ئىككى يۆگەم تاماكا.

**يۆگەنمەك** «يۆگىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئېرىز شۇ ئۆينىڭ يېنىغا بېرىپ دېرىزىدىن بايىقى ئىككى نەپەر قاراۋۇلنىڭ يوغان جۇۋىلارغا يۆگىنىپ، كارىۋاتتا قاتتىق ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردى.

**يۆگەي** ئى <بوت> يۆگىمەچ ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى يىپتەك ناھايىتى ئىنچىكە ھەم سېرىق. كۆپىنچە پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەر ئۈستىدە پارازىت ياشايدۇ. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىگە زىيان ـ لىق. ئۇرۇقى سارغۇچ قوڭۇر بولۇپ، دورا قىلىنىدۇ. بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش رولىغا ئىگە.

**يۆگىمە** سۈپ. يۆگىلىدىغان، يۆگەپ قويۇلىدىغان: يۆگىمە خەرىتە. يۆگىمە سۈرەت.

**يۆگىمەچ** I ① ئى <بوت> يۆگىمەچ ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، يۆگىشىپ ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئوقياسىمان بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، سېپى ئۇزۇن بولىدۇ. غوزا مېۋىسى شار شەكىللىك. يىلتىزىدىن كۆپىيىش ئىقتىدارى يۇقىرى. گۈلى دورا قىلىنىدۇ، قان توختىتىش رولىغا ئىگە. ② سۈپ. يۆگەلگەن، يۆگەلگەن ھالەت ـ تىكى: يۆگىمەچ غول.

**يۆگىمەچ** II ئى. دىيال. يۆگەم ـ يۆگەم قىلىپ قاسقاندا پىشۇرۇلىدىغان ھورنان؛ خۇاجەر.

**يۆگىمەك** پ. مەلۇم نەرسىنى بىرەر نەرسە بىلەن بەلگىلىك شەكىلدە ئورىماق: سەللە يۆگىمەك.

**يۆگىنىشمەك** «يۆگەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۆيگە كىرىپ ھەيران قالدىم، ئۆي پار بولمىغانلىقتىن مۇزلاپ كەتكەن بولۇپ، باللىرىم قېلىن يوتقانغا يۆگىنىشىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ.

**يۆلەتمەك** «يۆلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يېتىمنىڭ كۆنى قانچىدۇر، چىۋىنگە مۇنارنى يۆلەتكۈنچىدۇر (ماقال).

**يۆلەشتۈرمەك** پ. يۆلەش ۋە شۇ خىلدىكى ھەرىكەتلەرنى قىلماق: بوۋاي يېنىمغا كېلىپ مېنى يۆلەشتۈردى.

**يۆلەشتۈرۈشمەك** «يۆلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرد ـ جىسى: قوشنىلار ئۇنى يۆلەشتۈرۈشۈپ هارۋىغا ياتقۇزۇشتى ـ دە، دوختۇرخانىغا ئېلىپ مېڭىشتى.

**يۆلەشتۈرۈلمەك** «يۆلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرد ـ جىسى: بۇ قېرىلارنىڭ بەزىلىرى قارىغۇ، بەزىلىرى گاس بولۇپ، بەزد ـ لىرى قول ھاۋىسىغا ئولتۇرۇپ كىرسە، يەنە بەزىلىرى قولتۇقىدىن يۆلەشتۈرۈلۈپ يىغىنغا ئېلىپ كىرىلەتتى.

**يۆلەشمەك** «يۆلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ئۇنى كۆپ يۆلەشتى.

**يۆلەك** ئى ① بىرەر نەرسىنى يۆلەپ، كۆتۈرۈپ، تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن قويۇلىدىغان مەلۇم ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچ، تۆمۈر قاتارلىق نەرسىلەر؛ تىرەك، تۈۋرۈك، تايانچ. ② كۆچمە. يۆلەيدىغان، قوللايدىغان، ياردەم بېرىدىغان ئادەم؛ ھەمراھ، مەدەتكار، پاناھ: يۆلەك بولماق. * قوشنا بولساڭ يۆلەك بول، بولمى ـ سا بۆلەك بول (ماقال).

**يۆلەكچى** ئى. بىرەر ئىشتا قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگۈچى، مەدەت بەرگۈچى، ھىمايە قىلغۇچى؛ قوغدىغۇچى، ھامىي: يۆلەكچى بولماق. * ئايخان ئەما بولۇپ، كۇچىدىن قېلىپ باي ھاجىنىڭ ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغاندا، باشپاناھ، يۆلەكچى ئىزدەپ بارغانىدى.

**يۆلەكسىز** سۈپ. يۆلەنمىگەن، يۆلەنمەي قالغان، يۆلەپ قويۇلمىغان: دۇنيادىكى سانسىزلىغان چۈشلەر ئارىسىدا زادىلا ئۆز ئارا ئۆتۈشۈش بولمايدۇ، شۇڭا دۇنيادا ھەممە ئادەم يالغۇز، يۆلەكسىز، تەنھا ۋە غېرىب.

**يۆلەكسىزلىك** ئى. يۆلەنمەسلىك، يۆلەپ قويۇلماسلىق؛ يۆلەنمەي قېلىش: تۇرغۇننىڭ تۇرمۇش سەپىرىدىكى يۆلەكسىزلىكى ئۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان پېشكەللىكلەرنى ئېلىپ كەلدى.

**يۆلەكچىلىك** ئى. قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەش، مەدەتكارلىق، ھامىيلىق: قىزىمنى دوستلىرىمنىڭ يۆلەكچىلىكى بىلەن ناھىيەلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇۋالدىم.

**يۆلەكلىك** سۈپ. يۆلەنگەن، يۆلەپ قويۇلغان: مەن يوتقاندىن قولۇمنى چىقىرىپ بېشىمدىكى يۆلەكلىك ملتىقىمنى ئانچە ـ مۇنچە سىلاپ قوياتتىم.

**يۆلەنچۈك** ئى ① يۆلىنىدىغان نەرسە، تايانچۇق: ئۇ ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ، سىم كارىۋاتنىڭ يۆلەنچۈكىگە بېشىنى تىرەپ ئولتۇردى. ② كۆچمە. يار ـ يۆلەك بولغۇچى، ياردەمچى، ھامىي: ئوغۇل بالا ئانىنىڭ نەزىرىدە قايناق تۇرمۇش كۈرىشىدە بىرلىكتە ئوزۇپ ماڭغۇچى يۆلەنچۈك ئىدى.

**يۆلەنچۈكسىز** سۈپ. يۆلەنچۈكى يوق، يۆلەنچۈكى بولمىغان: ھەر قېتىم بۇ جاھان بىلەن خوشلاشماقچى بولغىنىمدا، ئاجىز، يۆلەن ـ چۈكسىز دادام كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى.

**يۆلەنچۈكلۈك** سۈپ. يۆلەنچۈكى بار، يۆلەنچۈك ئورنى ـ تىلغان: يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق.

**يۆلەنچى** ئى. ئارقا تىرەك، قوللىغۇچى، ھامىي: ئۇنىڭغا تاغدەك يۆلەنچى بولىدىغان دوستى قاتناش ھادىسىسىدە قازا تاپتى.

**يۆلەنچىسىز** سۈپ. يۆلەنچىسى يوق، يۆلەنچىسى بولمىغان، يار ـ يۆلەكسىز: دادام تۈرمىدە، ئانام بولسا ئاغرىقچان، ئۈكىلىرىم كىچىك، مەن بولسام ئەنە شۇ يۆلەنچىسىز قالغان ئائامنى يىلدا بىرەر قېتىملا يوقلىيالايمەن.

**يۆلەنمە** سۈپ. يۆلىنىدىغان، يۆلىنىپ ئولتۇرىدىغان: يۆلەنمە ئورۇندۇق.

**يۆلەنمەك** پ ① بىرەر نەرسىگە تىرەنمەك، تايانماق: تامغا يۆلەنمەك. ② كۆچمە. بىرەر مەقسەت ۋە نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتا بىرەر نەرسىنى مەنبە، تايانچ، ئاساس قىلماق، ئۇنىڭغا تايانماق: — ئەلۋەتتە شۇنداق، — دېدى نىزامىدىن، — ئۇرۇش قىلىشتا كۆپچىلىككە يۆلەنمەي بولمايدۇ.

**يۆلۈتمەك** پ. دىيال. ھۆللىمەك.

**يۆلىمەك** پ ① ئۆرۈلگەن، يىقىلغان ياكى ئۆرۈلۈش، يىقىلىش ئالدىدا تۇرغان نەرسىنى قول، مۇرە قاتارلىقلار بىلەن تۇرغۇزۇش، ئۆرە قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماق؛ ئۆرە قىلماق، تۇرغۇزماق: ھاكىمجان يۈگۈرۈپ بېرىپ دادىسىنىڭ بېشىنى يۆلىدى. ② تىكلىمەك، تىرەپ قويماق: قىز يەردە ياتقان ۋېلىسىپىتنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. ③ يېنىغا، ئەتراپىغا توپا قاتارلىقلارنى دۆۋىلىمەك، ئۈست ـ ئۈستىگە قويماق: ياغېۇغا توپا يۆلىمەك. قوناققا توپا يۆلىمەك. ④ كۆچمە. ياردەم بەرمەك، ھەمدەم بولماق، قوللىماق: كەمبەغەللەرنى يۆلىمەك. ⑤ كۆچمە. ئارتماق، ئىتتىرىپ قويماق، تاقىماق: قازى، بوجاڭ، شاڭيولار مىنگەن ئىدى يوغان ئات. دىنغا يۆلەپ بىزلەرنى ئەزگەنىدى قاتمۇقات.

**يۆمەپ ـ چۆمەپ** يۆمەپ ۋە چۆمەپ، يۆمەپ ۋە شۇ خىل ئىشلارنى قىلىپ: يۆمەپ ـ چۆمەپ بىردەمدىلا تۆگەتتىم.

**يۆمەتمەك** «يۆمىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يېڭىدىن ئالغان شىمنى قىسقارتقۇزۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆششاق يۆمىتىۋەتتىم.

**يۆمەشتۈرمەك** يۆمەش ۋە شۇ خىل ئىش ـ ھەرىكەتنى قىلماق: ئانام شىملىرىمنىڭ سۆكۈلگەن پۇچقاقلىرىنى بىرمۇبىر يۆمەشتۈرۈپ بولۇپ، كۆڭلەكلىرىمنىڭ تۈگمىلىرىنى تولۇقلاشقا كىرىشتى.

**يۆمەشمەك** «يۆمىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قوشنا ئاياللار قىزىق پاراڭلاشقاچ، ئالدىلىرىغا قويۇۋالغان كىيىملەرنىڭ يىرتىلغان يەرلىرىنى يۆمىشىۋاتاتتى.

**يۆمەك** ئى. يىرتىلغان كىيىم ياكى پىچىلغان رەختلەرنىڭ چاكلىرىنى تۆنەپ تىكىدىغان بىر خىل تىكىش ئۇسۇلى.

**يۆمەكلىك** سۈپ. يۆمەلگەن، يۆمەپ قويۇلغان: چاپىنىمنىڭ يىرتىلغان يېرى يۆمەكلىك تۇرىدۇ، كىمنىڭ يۆمەپ قويغانلىقىنى بىلمىدىم.

**يۆمەلمەك** «يۆمىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يۆمىمەك** پ. يىرتىلغان جاينى ياكى پىچىلغان پارچە رەختنى ئۇششاق تۆنەپ تىكمەك: جۇۋا يۆمىمەك.

**يۆنەلدۈرمەك** «يۆنەلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھارۋىكەش ئاتنى توختاتتى ـ دە، ئەتراپقا تەپسىلىي قاراپ چىققاندىن كېيىن ئاتنى ئوڭ تەرەپتىكى تاشيولغا يۆنەلدۈردى.

**يۆنەلمەك** پ. بىرەر ياققا قاراپ يۈرۈش قىلماق، ماڭماق: ئۇ ئورنىدا توختاپ يېرىم مىنۇتچە ئويلانغاندىن كېيىن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئۆي تەرەپكە يۆنەلدى.

**يۆنىلىش** ئى ① بىرەر نەرسىنىڭ ھەرىكەتتىكى يولى، ھەرىكەت نىشانى: توشقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ قاچتى. ② كۆچمە. نىشان، ئېقىم: مائارىپ يۆنىلىشى.

**يۆنىلىشچان** سۈپ. مەلۇم يۆنىلىش بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان، يۆنىلىشكە ئىگە: يۆنىلىشچان ھەرىكەت. * ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىغا تۇتقان پوزىتسىيەسى مۇستەبىتلىك، رەت قىلىش، قوپاللىق ياكى ھەددىدىن ئارتۇق ئەركىلىتىش بولسا، بالا ئاسانلا يۆنىلىشچان، قورقۇنچاق، تەرسا بولۇشتەك خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈۋالىدۇ.

**يۆنىلىشچانلىق** ئى. يۆنىلىشكە ئىگە بولۇش، يۆنىلىش خاراكتېرى: ئادەمنىڭ تېمپېرامېنتى كەيپىياتنىڭ پەيدا بولۇش سۈرئىتى، كۈچلۈكلۈكى ۋە قىلمىشىنىڭ يۆنىلىشچانلىقى ياكى جانلىقلىقى قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

**يۆنىلىشسىز** سۈپ. يۆنىلىشى يوق، يۆنىلىشى بەلگىلەنمىگەن: يۆنىلىشسىز تۈز سىزىق. يۆنىلىشسىز مىكروفون.

**يۆنىلىشلىك** سۈپ. يۆنىلىش ھاسىل قىلالايدىغان، يۆنىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، يۆنىلىشچان: تىز ۋە كۆكرىكى يەرگە ياكى يەر بىلەن ئوخشاش يۆنىلىشلىك تەكشىلىككە تېگىپ تۇرىدۇ.

**يۇەن** I ئى [خەن] جۇڭگونىڭ پۇل بىرلىكى. بىر يۇەن ئون مو ياكى يۈز پۇڭغا تەڭ.

**يۇەن** II ئى [خەن] <تارىخ> يۇەن سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۇلالە مىلادىيە 1206 ـ يىلى موڭغۇللارنىڭ بورجىگىن جەمەتىدىن بولغان تېمورچىن (چىڭگىزخان) تەرىپىدىن قۇرۇلغان ھەمدە موڭغۇللارنى مەركەز قىلغان سۇلالە. 1368 ـ يىلى ئاغدۇرۇلغان.

**يۇەنشۇەي** ئى [خەن] <ھەرب> ھەربىي ئۇنۋان. دەرىجىسى گېنېرالدىن يۇقىرى تۇرىدۇ.

**يۇەنلىك** سۈپ. يۇەن قىممىتىدىكى، يۇەنگە توغرا كېلىدىغان: مىجىت گەپ قىلماي ئىككى يۇەنلىك پۇلنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى.

**يۇدۇتمەك** «يۇدۇمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ تاغارنى ماڭا يۇدۇتۇپ، ئۆزى سالتاڭ ماڭدى.

**يۇدۇشمەك** «يۇدۇمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار خۇرجۇن ـ قاچىلىرىنى يۇدۇشۇپ، ئۇدۇل نېغمەتنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىشتى.

**يۇدۇلمەك** «يۇدۇمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تامدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ھوشىدىن كەتكەن بۇ ئادەم كەسىپداشلىرى تەرىپىدىن يۇدۇلۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلدى.

**يۇدۇمە** سۈپ. يۇدۇپ يۈرۈلىدىغان، يۇدۇلىدىغان: يۇدۇمە خەۋەرلىنىش ئاپپاراتى.

**يۇدۇمەك** پ. نەرسىنى غول ياكى دۈمبە، ئۆشنىسىگە ئارتماق، يۈكلىمەك، دۈمبىگە ئېلىپ كۆتۈرمەك: ھايال ئۆتمەي بىر جەڭچىنى يەنە بىر جەڭچى يىگىت يۇدۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

**يۇدۇمچى** ئى ① ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىدە يۇدۇپ ئىشلەيدىغان ئىشلارنى ئۈستىگە ئالغان ئەمگەكچى. ② قاتناش بېكەتلىرىدىكى يۈك قاچىلاپ، يۈك چۈشۈرگۈچى، يۈك توشۇغۇچى ئىشچى، ھامال.

**يۇرەك** ئى ① <ئانات> ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك

ھايۋانلار تېنىدىكى قان سۈيۈقلۇقىنىڭ ئايلىنىشىنى يۈرۈشتۈرىدىغان ئورگان. ئادەملەرنىڭ يۈرىكى كۆكرەك بوشلۇقىنىڭ مەركىزىدە سەل سولغىراق جايلاشقان بولۇپ، چوڭ ـ كىچىكلىكى شۇ كىشىنىڭ مۇشتىچىلىك كېلىدۇ. شەكلى شاپتۇلغا ئوخشايدۇ. ئىچىدە تۆت پارچە بوشلۇق بولۇپ، يۇقىرىقى ئىككىسى «يۈرەك دالانچىسى»، ئاستىنقى ئىككىسى «يۈرەك قېرىنچىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. يۈرەك دالانچىسى بىلەن يۈرەك قېرىنچىسىنىڭ ئۆزىراپ ـ قىسقىرىشى بىلەن قان سۈيۇقلۇقى پۈتۈن بەدەندە ئايلىنىدۇ. ② كۆچمە. نەرسىلەرنىڭ مەركىزىي قىسمى، مەركىزى: بېيجىڭ ــ ۋەتىنىمىزنىڭ يۈرىكى. ③ كۆچمە. كۆڭۈل، قەلب: يۈرىكىنى ئاغرىتماق. يۈرەك ئازابى. يۈرىكىگە ئازار بەرمەك. ④ كۆچمە. جۈرئەت، غەيرەت، جاسارەت: تاغ يۈرەك. يۈرىكى پۈتۈن. يۈرىكى قاپتەك. يۈرىكى چوڭ.

**يۈرەك پارىسى** ئەڭ قىممەتلىك ئادىمى، جاندىن ئەزىز كىشىسى: شۇ يىگىت مېنىڭ يارىم، يۈرىكىم، يۈرەك پارەم.

**يۈرەك تارىنى چەكمەك** ھاياجىنىنى ئۇرغۇتماق، ھاياجىنىنى قوزغىماق، ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئۆركەشلەتمەك: موللا زەيدىننىڭ سۆزلىرى كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چېكەتتى.

**يۈرەككە داغ قالماق** تۈگىمەس غەم ـ قايغۇغا مۇپتىلا بولماق: پاشا غوجام كەتتى دەپ، بالام، يۈرىكىمدە داغ قالدى، بالام. ئاھ بالام، ئابدۇراخمان ئاخۇنۇم، نادىرخان غوجام.

**يۈرەك جايىغا چۈشمەك** غەم ـ ئەندىشىدىن قۇتۇلۇپ كۆڭلى ئەمىن تاپماق: چاشقان كىردى سارايغا، مۈشۈك ئۇخلاپ ياتقاندا. يۈرىكى چۈشتى جايىغا، ئاسلان خورەك تارتقاندا.

**يۈرەك جىغ قىلىپ قالماق** ئۈشتۈمتۇتلا قاتتىق قورقۇپ كەتمەك، ئەندىشىگە چۈشمەك: ئۇنى كۆرگەن مەسئۇتنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى.

**يۈرەك جىغىلدىماق** قورقۇش، ئەندىشە ياكى خۇشاللىق، ھاياجاندىن يۈرىكى نورمالسىز سوقماق، يۈرەك ھەرىكىتى جىددىيلەشمەك: بۇ سۆزنى ئاڭلىغان مۇدىرنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. * يۈرىكىم جىغىلدايدۇ، يارىم كەلگەن ئوخشايدۇ.

**يۈرەك چىدىماسلىق** كۆڭلى قويماسلىق، كۆڭلى ئۇنىماسلىق، خالىماسلىق، ئىختىيار قىلماسلىق: مەخسۇمنىڭ بۇ قېچىرىنى بىكاردىن قولدىن چىقىرىۋېتىشكە كۆزى قىيمىغان، يۈرىكى چىدىمىغانىدى.

**يۈرەك قېنى سىغىمەك** جاپالىق ئەمگىكى، ئەجرى، مېھنىتى سىڭمەك، قوشۇلماق: خاتىرەم ؟ يۈرەك قېنىم سىڭگەن ھالال ئەمگىكىمنىڭ ئىسپاتىغۇ ! تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن خاتىرىنى قولۇمغا ئالدىم.

**يۈرەككە دەز كەتمەك** قورقۇنچ، ۋەھىمە، دەرد ـ ئەلەمگە دۇچار بولماق؛ خاتىرجەملىكى بۇزۇلماق: ــ راست، كېچىدە ماڭا نېمانچىلا جەبىر ـ جاپا، چاشقان شىرىققىدە قىلسا، بۇغدايغا دوم چۈشۈپ يېتىۋالىمەن، قورقۇپ يۈرىكىمگە دەز كېتەي دەپ قالدى، ــ دېدى داۋۇت سېيىتكە.

**يۈرەككە ئوت ياقماق** ① كىشىنىڭ ئىشق ـ مۇھەببىتىنى، سۆيگۈسىنى قوزغىماق: تاپالمىدىم پەرۋاز ئۇرۇپ سەندەك گۈزەل رۇخسارىنى، يۈرىكىمگە ئوت يېقىپ مىڭ پارە قىلدىڭ، سەن مېنى. ② كۈچلۈك قىزىقىش، تەلپۈنۈش، تەشنا بولۇش تۇيغۇسىنى قوزغىماق: يۈرتىمىزنى كۆرۈپ كەلگەنلەر ئۇ يەردىكى ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەپ بېرىپ، يۈرىكىمگە ئوت يېقىۋەتتى.

**يۈرەكنى ئەزمەك** ئادەمنى قاتتىق قايغۇ ـ ھەسرەتكە مۇپتىلا قىلماق، قاتتىق ئېچىندۇرماق: ئۇنىڭ ئازابلىق پىغانلىرى باشقىلارنىڭمۇ يۈرىكىنى ئېزىۋەتتى.

**يۈرەكنى تىترەتمەك** ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىنى لەرزىگە سالماق، ھاياجانلاندۇرماق: ئىككى ئوغۇل ئانىسىنىڭ يۈرەكنى تىترىتىدىغان سۆزلىرىنى تىك تۇرۇپ ئاڭلاشتى.

**يۈرەكنى زېدە قىلماق** ئېغىر دەرد ـ ئەلەمگە مۇپتىلا قىلماق، قاتتىق ئازابلىماق : ــ يۈرەكنى زېدە قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىشمايلى، ــ دېدى ئادىل ئايالى مەھبۇبەمگە قاراپ.

**يۈرەكنى كۆيدۈرمەك** ئىشق ـ مۇھەببىتىنى قوزغىماق، سۆيگۈسىنى كەلتۈرمەك : بۇنداق ئېسىل چوكان باشقا يىگىتلەرنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرمەي قالامدۇ؟ مەيلى، مېھرى ئىسسىق چوكان ئىكەن.

**يۈرەكنى ئۆرتىمەك** كىشىنى قاتتىق ئازابلىماق، ئېغىر غەم ـ قايغۇ، دەرد ـ ئەلەمگە مۇپتىلا قىلماق: ئالىم ئۇنىڭ يۈرەكنى ئۆرتىگۈدەك تىللىرىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ غەزەپلەندى.

**يۈرەكنى يارا قىلماق** ← **يۈرەكنى زېدە قىلماق.**

**يۈرەك يارىسى** دەرد ـ ئەلەم، قايغۇ ـ ھەسرەت؛ كۆڭۈل ئاغرىقى، خاپىلىق: ــ بالام، جېنىم بالام، يوق گەپلەرنى قىلىپ يۈرىكىمنى يارا قىلىۋەتتىڭ، ــ دېدى پاتەمخان ئوغلىغا.

**يۈرىكى ئارامىغا چۈشمەك** ← **يۈرىكى ئىزىغا چۈشمەك**: ۋەھىمە ئىلكىدە ياتالمايۋاتقان ئانىسىنىڭ يۈرىكى ئوغلىنى كۆرۈپ بىردىنلا ئارامىغا چۈشتى.

**يۈرىكى ئاغزىغا قاپلاشماق** قاتتىق چۆچۈپ قورقماق، ۋەھىمىگە چۈشمەك: بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەركىنىنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا قاپلاشقاندەك بولۇپ، ئۈن ـ تىن چىقىرالماي قالدى.

**يۈرىكى ئاغماق** بىرەر خەۋپ ـ خەتەرنىڭ كۆرۈلۈپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلماق، ئەنسىرىمەك، قورقماق: بىرئازدىن كېيىن قەبرە كەينىدىن قىزىل نۇر كۆرۈندى، يۈرىكىم ئاغقاندەك بولدى.

**يۈرىكى ئەمىن تاپماق** خاتىرجەم بولماق، كۆڭلى تىنماق: بەختىيارنىڭ سۆزلىرىدىن زۇلپىيەنىڭ يۈرىكى ئەمىن تاپقاندەك بولدى ـ دە، بىر جۈپ قارا كۆزىنى «لىپ» قىلىپ بەختىيارغا تىكتى.

**يۈرىكى بار** قورقماس، جاسارەتلىك: ــ سەمەت دېگەن خېلى يۈرىكى بار بىرنېمە، ئۇنى ئاسان قورقۇتالايمەن دەپ ئويلىما، ــ دېدى يەنە بىرى گەپ قوشۇپ.

**يۈرىكى پارە ـ پارە بولماق** ① ئىشق ـ مۇھەببەت ئوتىدا پۇچۇلانماق، ئازاب چەكمەك، بىراۋنىڭ ئىشقىدا كۆيمەك: ئۇنىڭ يۈرىكى پارە ـ پارە بولۇپ، بىر ئۇھ تارتتى. ② ئېغىر دەرد ـ ئەلەم، قايغۇ ـ ھەسرەت چېكىپ روھىي جەھەتتىن ئېزىلمەك، قىينالماق: بالىسىنىڭ دەردىدە يۈرىكى پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەن ئانا يەنە بۇ دەردنى قانداق كۆتۈرەلىسۇن !

**يۈرىكى پاك** ← **ئاق كۆڭۈل**: ــ سەنەۋەر دېگەن يۈرىكى پاك قىز، ئۇنداق گەپلەرگە ئىشەنمەڭلەر، ــ دېدى ھېلىقى چوكان ئۆي ئىچىدىكىلەرگە.

**يۈرىكى پوك ـ پوك** ئەندىشە، قورقۇنچىسى بار؛ روھىي ھالىتى خاتىرجەم، نورمال ئەمەس: ئەنە شۇ سۈرلۈك جاڭگالدا، زەيتۇنەم ئۆزى يالغۇز يانتاق چېپىۋاتقىنىغا بىر سائەتتىن ئاشتى، راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭمۇ يۈرىكى پوك ـ پوك، نېمە ئىلاج؟

**يۈرىكى پوكۇلدىماق** ۋەھىمە، ئەندىشە قىلماق، قورقماق: بوۋاينىڭ ئىشنى بۇزۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭ يۈرىكى پوكۇلداپ كەتتى.

**يۈرىكى پۇتۇن ← كۆڭلى پۇتۇن:** ھەرقايسىلىرى بولغاندىن كېيىن يۈرىكىمىز پۇتۇن تۇرىدۇ ـ دە.

**يۈرىكى تارتماق** ئىنتىزار بولماق، قاتتىق سېغىنماق: سېنىڭ كىمگە يۈرىكىڭ تارتىدۇ؟

**يۈرىكى توق ← كۆڭلى پۇتۇن:** ـــ ھەرقايسىلىرى ھەر دائىم يېنىمدا ھەمدەمدە بولغاندىكىن، يۈرىكىم توق تۇرىدۇ ـ دە، ـــ دېدى سادەت تەنە ئارىلاش چاقچاق قىلىپ.

**يۈرىكى توم ← يۈرىكى چوڭ:** ئۇ يۈرىكىنى توم قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىشقا تەييارلانغانىدى.

**يۈرىكى چوڭ** قورقماس، باتۇر، قەيسەر، جاسارەتلىك، غەيرەتلىك: ـــ قەيسەر خېلى ھوشيار يىگىت، يۈرىكىمۇ چوڭ، شۇ بارسۇن! ـــ دېدى ئۇ خۇشال بولۇپ.

**يۈرىكى چىقىپ كەتكىلى تاس قالماق** ھەددىدىن ئارتۇق خۇشاللىق ياكى قورقۇنچتىن يۈرىكى نورمالسىز سوقماق، روھىي جەھەتتىن ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر، ئىنكاس پەيدا بولماق: ـــ ۋاي، سېنى كۆرۈپ يۈرىكىم چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى.

**يۈرىكى چىلاشقۇدەك** قانغۇدەك، مۇرادىغا يەتكۈدەك، بولغۇدەك: قېنى تۇغقانلار! تىرىكلىكتىن نىشانە، يۈرىكىڭلەر چىلاشقۇدەك بىر يەڭلەر!

**يۈرىكىدە ئوتى بار** قىزغىن، جۇشقۇن، شوخ، ھېس ـ تۇيغۇسى كۈچلۈك: ـــ ئۇ دېگەن يۈرىكىدە ئوتى بار يىگىت جۇمۇ، ـــ دېدى ئالىم ھەۋەسلىنىپ.

**يۈرىكى زەرداب بولماق** قاتتىق دەرد ـ ئەلەم تارتىپ روھىي جەھەتتىن ئېزىلمەك، ئازابلانماق: ئاشۇ قىزنىڭ دەردىدە ئۇ بېچارىنىڭ يۈرىكى زەرداب بولغانىدى.

**يۈرىكى زەردابقا تولماق ← يۈرىكى زەرداب بولماق:** خەلقىمىزنىڭ شۇ يىللاردىكى ئەھۋالىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەملا، يۈرىكىم زەردابقا تولىدۇ.

**يۈرىكى زېدە بولماق** خاپىلىق ياكى دەرد ـ ئەلەمگە مۇپتىلا بولماق: كىملەرنىڭ يۈرىكى بولمىغان زېدە، شۇ ئەسكى زاماننىڭ قەستى تۈپەيلى.

**يۈرىكى سۇ** قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە، بەكمۇ ئەندىشىدە: قارىماسىدىن ئاسىم، ھوۋقۇشتەك كېچىسى مىدىرلايدىغان بولۇپ قالدۇق. يەنە شۇنىڭدىمۇ يۈرىكىمىز سۇ.

**يۈرىكى سۇ ئىچمەك** سۆيۈنمەك، خۇشاللىق ھېس قىلماق: ئۇنىڭ تەزىمىدىن باينىڭ يۈرىكى سۇ ئىچىپ، ئۇنى تاۋا كاۋىپى يېيىشكە تەكلىپ قىپتۇ.

**يۈرىكى سىقىلماق ← ئىچى سىقىلماق:** ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، يۈرىكىم سىقىلدى، ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدىم.

**يۈرىكى قاپتەك ← يۈرىكى چوڭ:** يۈرىكىڭىز قاپتەك ئىكەن، بەھۇزۇر ئۇخلاۋاتقىنىڭىزنى قارىڭ!

**يۈرىكى قارت قىلماق** تۇيۇقسىزلا قاتتىق چۆچۈمەك، ئۇشتۇمتۇتلا قورقۇپ كەتمەك، ئەندىشە قىلماق: ئۇنى كۆرۈپلا قوچقارنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى.

**يۈرىكى قان بولماق ← يۈرىكى زەرداب بولماق.**

**يۈرىكى قانماق** قانائەت ھاسىل قىلماق، رازى بولماق، قانماق: ئورمىنى تولا ئورۇپ، بىلىكىڭ تالدىمۇ يارىم. ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق، يۈرىكىڭ قاندىمۇ يارىم.

**يۈرىكى قىسىلماق** كۆڭلى غەش، بىرىم بولماق، خاپا بولماق: نەچچىنىڭ يۈرىكى قىسىلىپ، ئاشپەزگە غەزەپ بىلەن تىكىلىپتۇ.

**يۈرىكى قىنىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولماق** بەك قورقۇپ ئەقىل ـ ھوشىنى يوقاتماق؛ قاتتىق ھاياجانلانماق: ئۇنى كۆرۈپ خۇشاللىقتىن يۈرىكىم قىنىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولدى.

**يۈرىكى قىنىغا پاتماسلىق** ناھايىتى بەك خۇشال بولۇش، خۇشاللىقتىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قېلىش، قاتتىق ھاياجانلىنىش: سابىر جېنەستەمنى كۆرگەندىن كېيىن يۈرىكى قىنىغا پاتماي سوقۇشقا باشلىدى.

**يۈرىكىگە قول سېلىپ باقماق** چېكىپ باقماق، خاھىشىنى، مەيلىنى بىلىپ باقماق: ـــ ھازىرقى باللار بۇرۇنقىلارغا ئوخشىمايدۇ، ھەر ھالدا بۇ ئىشتا ئوغلىڭىزنىڭ يۈرىكىگە قول سېلىپ بېقىپ بىرنېمە دەڭ، ـــ دېدى ئۇ شەرىپىخانغا.

**يۈرىكىگە ئوت تۇتاشماق** مۇھەببىتى قوزغالماق، ئىشق ـ ھەۋەسى ئويغانماق، ئامراقلىقى، سۆيگۈسى كەلمەك: دىلبەرنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئوت تۇتاشتى.

**يۈرىكى مۇجۇلماق ← يۈرىكى ئېزىلمەك:** ـــ تۇرغان تۇرقۇمنى ھەممىڭلەر كۆرۈۋاتىسىلەر، بايا سىلەردىن سېيىت ھاجى دېگەننىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشىنى ئاڭلاپ، يۈرىكىم مۇجۇلۇپلا كەتتى، ـــ دېدى ئۇ.

**يۈرىكىنى ئالماق** قاتتىق قورقۇتماق، چۆچۈتمەك، قاتتىق ئەندىشە، ۋەھىمىگە سالماق: ـــ بۇ بالا ئۆتكەن يىلى يۈرىكىمنى بىر ئالغانىدى، ـــ دېدى ئۇ بىر ئاز ئىزا تارتقاندەك قىلىپ.

**يۈرىكىنى تاتىلماق** ئازابلىماق، ئىچىنى پۇشۇرماق: قېرى ھامىمىنىڭ يۈرىكىنى نېمىدۇر تاتىلاپ ئارام بەرمەيتتى.

**يۈرىكىنى توختاتماق** قورقۇنچ، ئەندىشىنى يوقاتماق، قورقمايدىغان ھالەتكە كەلمەك: ساۋۇت ئاخۇن يۈرىكىنى توختىتىپ «تەۋەككۇل» دەپ ئالغا قاراپ ماڭماقچىمۇ بولدى.

**يۈرىكىنى تۇتۇپ كۆرمەك ← يۈرىكىگە قول سېلىپ باقماق:** ئۆزۈمنى دەڭسەپ يۈرىكىمنى تۇتۇپ كۆرسەم، كۆڭلۈم ھېچقايسىسىغا تارتمىدى.

**يۈرىكىنى قاپتەك قىلماق** ھېچنېمىدىن يانمايدىغان، ئەيمەنمەيدىغان، قورقمايدىغان دەرىجىگە كەلمەك: كونا باشلىقنىڭ ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى «گۆھەر يەتكۈزۈپ بېرىش» دەپ قارىغانلىقى، ئۇنىڭ يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ قويغانىدى.

**يۈرىكىنى يېمەك** قاتتىق دەرد ـ ئەلەمگە مۇپتىلا قىلماق، ھەددىدىن ئارتۇق ئازابلىماق، روھىي جەھەتتىن قاتتىق قىينىماق: سەن زەھەرلىك چېكىملىكتە ئۆگەنگەندىن بېرى ئاتا ـ ئاناڭنىڭ يۈرىكىنى يەپ بولدۇڭ.

**يۈرىكى ئويناپ كەتمەك** بىرەر ئىشتىن قاتتىق سۆيۈنمەك، خۇشال بولماق، سۆيۈنمەك: مۇھەممەدنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن ئويناپ كەتتى. قۇياش ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدىلا دېگۈدەك تۇراتتى.

**يۈرىكى ئېچىشماق** كۆڭۈل بىئارام بولماق، ئازابلانماق، دەرد ـ ئەلەم چەكمەك: نادىرەنىڭ گەپلىرى ئەترەت باشلىقىنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى.

**يۈرىكى ئىزىغا چۈشمەك** قورقۇش، ۋەھىمە، ئەندىشىدىن

قۇتۇلماق ، كۆڭلى ئارام تاپماق: ناھىيەلىك دوختۇرخانىدىكىلەر ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، سۇلتاننىڭ يۈرىكى ئىزىغا چۈشۈپ ئەندىشىسى تارقىدى.

**يۈرىكى يارا** كۆڭلى ئىنتايىن پەرىشان، دەردى ئېغىر: كۈن ئولتۇرۇپ، ئەتراپىم يورۇقتى، قارا بولدى. يار دەردىدە جىگەر خۇن، يۈرىكىم يارا بولدى.

**يۈرىكى يايرىماق** ← **يۈرىكى ئويناپ كەتمەك**: تېخى ھېلىلا يۈرىكى خۇشاللىقتىن يايراۋاتقان رۇقىيە بىردىنلا بىرى گېلىدىن بوغۇۋالغاندەك تۇنجۇقۇپلا كەتتى.

**يۈرىكى يوغىنىماق** بىر ئىشتىن ئەيمەنمەيدىغان، قانۇن - قائىدىلەرگە بويسۇنمايدىغان بولماق، قاراملاشماق، قورقماس بولۇپ كەتمەك: مانا كۆزۈپ تۇرۇپسەن، ئۇنىڭ يۈرىكى يوغىناپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دەرىجىسىگە باردى!

**يۈرىكى يوق** قورقۇنچاق: — قويە ئۇنىڭ گېپىنى، — دېدى ئۇ قاسىمنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئۇنداق يۈرىكى يوق بىر نېمىلەر نېمىنىمۇ قىلالايتتى؟!

**يۈرىكى يېرىلماق** روھىي جەھەتتىن قاتتىق زەربە يېمەك، پەرىشان، غەم - ئەندىشىلىك بولماق: ياخشى بىلەن دوست بولساڭ، ئېچىلار چېچەكلىرىڭ. يامان بىلەن دوست بولساڭ، يېرىلار يۈرەكلىرىڭ (ماقال).

**يۈرەكئالدى** سۈپ [يۈرەك + ئالدى] بىرەر ئىشنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، قورقۇنچاق، يۈرەكسىز: يۈرەكئالدى بولماق.

**يۈرەكئالدىلىق** ئى. قورقۇنچاقلىق، جۈرئەتسىزلىك، جاسارەتسىزلىك: بىزدىكى ھازىرقى ئەھۋال نەچچە ئون يىللىق يۈرەكئالدىلىق قالدۇرۇپ كەتكەن ئىللەتنىڭ سارقىندىسى.

**يۈرەك - باغىر** ① يۈرەك ۋە بېغىر. ② كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسى، كۆڭۈل - كۆكسى، قەلبى: ئاچىسىنىڭ ئېيتقانلىرىدىن ئىچى كۆيۈپ يۈرەك - باغرى پارە - پارە بولۇۋاتقان مەلىكە شاھزادىگە تاشلىنىپ يالۋۇرۇپتۇ.

**يۈرەك - باغرى خۇن بولماق** ← **يۈرەك - باغرى قان بولماق**: ئەنە شۇنداق ئەلەملەر بىلەن يۈرەك - باغرىم خۇن بولماقتا ئىدى.

**يۈرەك - باغرىدىكىنى تۆكمەك** كۆڭلىدە بارىنىڭ ھەممىسىنى، بىرنىمۇ قويماي، پۈتۈنلەي بايان قىلماق: باۋۇدۇن ھازىر قېرىپ قالغاچقا، سىر ساقلاپ كەلگەن يۈرەك - باغرىدىكىنى شاۋۇدۇنغا تۆكۈشكە باشلىدى.

**يۈرەك - باغرى قان بولماق** قاتتىق ئازابلانماق: شاھنىڭ يۈرەك - باغرى قان بوپتۇ، ئەمما پەرزەنتلەردىن ھېچ خەۋەر بولماپتۇ.

**يۈرەك - باغرى كاۋاپ بولماق** قاتتىق ئازابلانماق، كۆڭلى ئازار يېمەك؛ ھەسرەت چەكمەك: باشقىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ «دادا، دادا» دەپ يۈگۈرۈشۈپ ئالدىغا چىققانلىقىنى كۆرگەن شاھنىڭ يۈرەك - باغرى كاۋاپ بولۇپ، ئۆيىگە پەرىشان ھالدا يېنىپ كىرىپتۇ.

**يۈرەك - باغرىنى ئەزمەك** ئىچىنى سىيرىلدۇرۇپ قاتتىق ئېچىندۇرماق، قايغۇرتماق، ھەسرەتلەندۈرمەك.

**يۈرەكزادە** سۈپ [يۈرەك + زەردە] قورقۇنچاق، يۈرەكئالدى: مەن تازا يۈرەكزادە، دېلىغۇل بولۇپ تۇرغاندا، ھويلىدا بىردىنلا ئايشەم مۇدىر پەيدا بولدى.

**يۈرەكزادىلىك** ئى. قورقۇنچاقلىق، جاسارەتسىزلىك، خەۋپسىرەش، ئەنسىرەش: تۈرمە باشلىقى يۈرەكزادىلىك بىلەن مەھبۇسلارغا قارىدى.

**يۈرەكسىز** سۈپ. يۈرىكى يوق، قورقۇنچاق، توخۇ يۈرەك: بۇنداق يۈرەكسىز ئادەملەر كېچىلىرى ھەتتا ئۆز ئۆيىدىمۇ خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدۇ.

**يۈرەكسىزلەنمەك** پ. قورقماق، قورقۇنچاقلىق قىلماق، جۈرئىتىنى يوقاتماق، ئىرادىسى بوشاپ كەتمەك، غەيرەتسىزلەنمەك: ئۇ ئاشۇلارنى ئويلاپ يەنە بىر ئاز يۈرەكسىزلەندى.

**يۈرەكسىزلىك** ئى. قورقۇنچاقلىق، توخۇ يۈرەكلىك: يۈرەكسىزلىك قىلماق. * ئۇ بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە، چىرايى تاتارغان ھالدا، يۈرەكسىزلىك بىلەن يېنىمدىن غىپپىدە ئۆتۈپ كەتتى.

**يۈرەكلىك** ① سۈپ. قورقماس، باتۇر، غەيرەت - شىجائەتلىك: بارات يۈرەكلىك ئادەم ئىدى. ② رەۋ. قورقماي تۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن: ئۇلار يىغىنلاردا قالتىس يۈرەكلىك سۆزلەيتتى.

**يۈرگۈزمەك** پ ① «يۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇئەللىم ئۆستەڭدىن ئۆزى بىر قېتىم يۈرۈپ سىناپ كۆرگەندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، ئالدى بىلەن ياشتا چوڭراق ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنى يۈرگۈزدى. ② مەلۇم ئىش ياكى پائالىيەت ئېلىپ بارماق، ئىجرا قىلماق، ئورۇنلىماق، يولغا قويماق، قىلماق: بۇ ئادەم ئەسكەرلەر ئارىسىدا يامان تەشۋىقات يۈرگۈزدى.

**يۈرگۈزۈشمەك** «يۈرگۈزمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۇ چارىنى ئالدى بىلەن قۇراشتۇرۇش سېخىدا يۈرگۈزۈشۈپ سىناق قىلىشتى.

**يۈرگۈزۈلمە** ئى. دۆلەت ھاكىمىيىتى ياكى سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش يولىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتىدە تۈزۈپ چىقىپ يۈرگۈزۈۋاتقان ھەرخىل ھەرىكەت مىزانى ياكى پىلانى، بەلگىلىمىسى، سىياسىتى، تۈزۈمى قاتارلىقلار: ئەگەر باشقىلار تەرىپىدىن تەقدىم ئېتىلگەن جەمئىيەت نۇسخىلىرى، باشقۇرۇش قۇرۇلمىلىرى ۋە ئىقتىسادىي يۈرگۈزۈلمىلەر يەرلىك خەلقنىڭ مەنىۋى ئاتموسفېراسىنىڭ مۇۋاپىق تاللىشىغا تاپشۇرۇلسا، ئۇ ھالدا جەمئىيەت تەرەققىياتى تېخىمۇ تېزلىشىدۇ.

**يۈرگۈزۈلمەك** «يۈرگۈزمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەملىكىتىمىزدە خەلق ئىچىدە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە، يەنى خەلق دېموكراتىيەسى يۈرگۈزۈلمەكتە.

**يۈرگىنى** ئى. لايىقى، توي قىلىشقا پۈتۈشكەن ئادىمى، سۆيگىنى: پەرىدەنىڭمۇ ئۆزىنىڭ يۈرگىنى بار ئىدى.

**يۈرمەك** پ ① قەدەم ئېلىپ ھەرىكەتلەنمەك، ماڭماق؛ بىر نۇقتىدىن يەنە بىر نۇقتىغا قاراپ يول ئالماق، قەدەم تاشلىماق: يولۋاسنىڭ ئارقىسىدىن يۈرسەڭ يۈر، خوتۇننىڭ ئارقىسىدىن يۈرمە (ماقال). ② ئۆزى بىلگەن يەرلەردە بولماق؛ سەيلە - ساياھەت قىلماق، كەزمەك، ئايلانماق: مېھماننى ئۆيگە چىللاپ، ئۆزى يۈرەر ئەر سوراپ (ماقال). ③ ياشىماق، ھايات كەچۈرمەك، مەۋجۇت بولۇپ تۇرماق: يامان خوتۇن ئالغۇچە، بويتاق يۈرگىن ئۆلگۈچە (ماقال). ④ بىرەرسى بىلەن بىللە بولماق، ھەمسۆھبەت بولماق، بىرگە تۇرماق: — مېنىڭ بىلەن يۈرسەڭ زېرىكىپ قالارسەن، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ سىرلىق كۈلۈپ. ⑤ شاھمات، قارتا، دامكا ۋە شۇ قاتارلىق ئويۇنلاردا ئۆز نۆۋىتىدە ھەرىكەت قىلماق، ئوينىماق، ماڭماق ياكى چۈشمەك: — قېنى يۈرە، ئەمدى مات بولمىغىنىڭنى كۆرەي! — دېدى تەلئەت پوچىلىق بىلەن كېرىلىپ. ⑥ قىز - يىگىت -

لەر توي قىلىش مەقسىتىدە ئۆزئارا دوستلاشماق، پۇتۇشمەك،
لايىقلاشماق: — باشقىلاردىن سىزنى يۇرۇۋاتقان يىگىتى بار، دەپ
ئاڭلىغانتىمغۇ؟ — دېدى ئۇ زەيتۇنەمگە. ⑦ قوزغالماق، سۇرۇلمەك:
— چىڭ تۇت، ئارقان يۇرۇپ كەتمىسۇن، — دېدى ئۇ ۋارقىراپ. ⑧
كۆچمە. باراۋەر بولماق، قىممىتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئالاھىـ
دىلىكلىرى جەھەتتىن تەڭ بولماق، ئوخشاش بولماق: مېنىڭ
ئىككى قويۇم سېنىڭ بىر موزىيىڭغا يۇرمەمدۇ؟ ⑨ پېئىللارنىڭ
چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، تۆۋەنـ
دىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: 1) ھەرىكەتنىڭ ئۇزاق داۋاملىشىـ
شى ياكى كۆپ تەكرارلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ھازىرغىچە ئۆزىگە
ئىش ئورنى ئىزدەپ يۇرىدۇ. 2) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت
بىلەن شۇغۇللىنىپ ئاۋارە بولۇش، جاپا چېكىش مەنىسىنى
بىلدۈرىدۇ: بۇنچىۋالا ئېغىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ يۇرۇشنىڭ ئۆزى
ئەخمەقلىق. 3) سۆزلىگۇچىنىڭ شۇ رەۋىشداش ياكى ئۇنىڭدىن
كېيىن كەلگەن جۇملىدە ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بولۇشىنى
زادىلا كۇتمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل جۇملىلەر تەئەجـ
جۇپلەنگەن ياكى مازاق قىلىغان تەرزدە ئېيتىلىدۇ: ئۇلار ئارقىـ
مىزدىن «بۇ ژۇرنالنى ئالەمدە يوق بىرنەرسە قىلىۋالدى» دەپ يۇرگۇـ
دەكمىش. 4) بولۇشسىز چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن
بىرىكىپ، بولۇشسىز ھەرىكەتنىڭ ئۇزاق داۋاملىشىشىنى
بىلدۈرىدۇ: سىز ئۇنىڭ جادۇگەر ئىكەنلىكىنى تېخىچىلا بايقىماي
يۇرۇۋاتىسىز.

**يۇرۇش** ① مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ «قۇر»، «تو»
دېگەندەك مىقدار ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدۇ: بىر يۇرۇش كىتاب.
ئىككى يۇرۇش كىيىم. ② ئى. توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ ۋە
شۇنىڭغا ئوخشاش مۇراسىملاردا مۇراسىم ئىگىسىگە بېرىش
ئۇچۇن ئېلىپ بېرىلغان پۇل ياكى كىيىم ـ كېچەك، رەخت
قاتارلىق سوۋغات، ئومۇمەن ماددىي سوۋغات: — يۇرۇش كۆتۈرۈپ
بارمىساق سەت تۇرا، — دېدى ئۇ تۇراخانغا. * تويىنىڭ يۇرۇشىگە ئەللىك
كىيىملىكتىن ئارتۇق رەخت چۇشۇپتۇ. ③ ئى. ئاتنىڭ بىر خىل
مېڭىش ھالىتى: مەن ئاتنىڭ يۇرۇشى بىلەن كېتىۋاتاتتىم.

**يۇرۇشى بار** ① چاي ـ مۇراسىملارغا لايىقىدا يۇرۇش،
سوۋغات ئېلىپ بارىدىغان، سوۋغات كۆتۈرۈشتىن قاچمايدىـ
دىغان: ئۇنىڭ ئانىسى مېھماندوست، يۇرۇشى بار ئايال ئىدى. ② قولىـ
دىن ئىش كېلىدىغان، ئىش قاملاشتۇرالايدىغان، ئېپى بار: —
بىزنىڭ ئوغۇلنىڭ خېلى يۇرۇشى بار جۇمۇ، — دېدى ئۇ شەرىپىگە
ئوغلىنىڭ تەرىپىنى قىلىپ. ③ مېڭىشى ياخشى، ئوبدان ماڭىدىـ
دىغان، ياخشى يۇرۇشى، مېڭىشى بار (ئات ـ ئۇلاغلار ھەققىدە):
يۇرۇشى بار ئات.

**يۇرۇشى يوق** ← **يۇرۇشسىز**: ئۇ تويغا يۇرۇشى يوقلا كەپتۇ. *
ھەجەرخان يۇرۇشى يوق خوتۇن ئىدى. * — بۇ يۇرۇشى يوق ئاتنى
كىممۇ ئالار؟ — دېدى ئۇ مەيۇسلەنگەن ھالدا.

**يۇرۇش ـ تۇرۇش** گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت، قىلىق:
يېقىندىن بۇيانقى قاسىم ئاكامنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇشى باشقىچە، بويىمۇ
بىر غېرىچ ئۆسكەندەك قىلىدۇ.

**يۇرۇشتۇرمەك** ① «يۇرۇشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىـ
جىسى: مېنىڭ ئورنۇمغا چوقۇم مۇشۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايـ
دىغان بىر كىشى دەسسىشى ۋە ئۇ كىشى ئىشلارنى ياخشى يۇرۇشتۇرۇشى
كېرەك. ② ئايلاندۇرماق، ھەرىكەتلەندۇرمەك، ماڭغۇزماق: ئاردـ
دىن ئۇزۇن ئۆتمەي ھېلىقىلاردىن بىرى ساقىيلىق قىلىپ، قەدەھ
يۇرۇشتۇرمەك بولدى.

**يۇرۇشسىز** سۇپ ① يۇرۇش ئالماي، يۇرۇش كۆتۈرمەي: ئۇ
تويغا يۇرۇشسىز قانداق بارىمىز؟ ② ئىشى قاملاشمايدىغان، ئېپى
يوق: مەخمۇت يۇرۇشسىز بالا بولۇپ قالدى. ③ ياخشى ماڭمايدىغان،
مېڭىشى، يۇرۇشى يوق (ئات ـ ئۇلاغلار ھەققىدە): يۇرۇشسىز ئات.

**يۇرۇشلەشتۇرمەك** ① «يۇرۇشلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي
دەرىجىسى: — قۇدۇقنى يۇرۇشلەشتۇرۇپ بولغۇچىلىك سۇنى بىز ھەل
قىلىپ بېرەيلى، — دەپ قوشۇمچە قىلدى مەتنىياز. ② <ماشىن>
ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرقانچە نەرسىنى بىرىكتۇرۇپ
بىر يۇرۇش قىلىشماق. ③ <س ئىق> ئوخشاش تىپتىكى
مەھسۇلاتنىڭ تۇرى، ئىستاندارتىنى دەرىجىگە ئايرىپ يۇرۇش
ھاسىل قىلىشماق.

**يۇرۇشلەشتۇرۇشمەك** «يۇرۇشلەشتۇرمەك» پېئىلىنىڭ
ئۆملۇك دەرىجىسى: بۇ يېزا رەھبەرلىرى تېمىتىپ سۇغىرىش ئۇسكۇـ
نىسىنى ھەربىر مەھەللىلەرگىچە يۇرۇشلەشتۇرۇشۇپ، ئاممىنىڭ ياخشى
باھاسىغا ئېرىشتى.

**يۇرۇشلەشتۇرۇلمەك** «يۇرۇشلەشتۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل
دەرىجىسى: — بۇ قۇدۇق دەرھال يۇرۇشلەشتۇرۇلمىسە، مانا بۇ سالا ـ
سالا يەرلىرىمىز ئاختارما قالىدۇ، — دېدى ئۇ جىددىيلىك بىلەن.

**يۇرۇشلەشمەك** پ. سىستېمىلىق، مۇكەممەل ھالەتكە
كەلمەك؛ راۋانلاشماق، تەرتىپلىك، رەتلىك بولماق: بەزى
ئىسلاھات تەدبىرلىرى يۇرۇشلەشمىگەنلىكى ئۇچۇن، دۆلەتنىڭ بىر
تۇتاش پىلانىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا دەخلى يەتكۈزىدىغان
ئەھۋاللار سەل كۆپىيىپ قالدى.

**يۇرۇشلۇك** ① ئى. سوۋغاتلىق، يۇرۇشكە ئىشلىتىلىدىغان
نەرسە: تويغا يۇرۇشلۇك ئالاي دەپ ماڭدىم. ② سۇپ. يۇرۇشى،
مېڭىشى بار، ئوبدان ماڭىدىغان (ئات ـ ئۇلاغلار ھەققىدە):
يۇرۇشلۇك ئات ئۇستىدىكى نادەم چىڭقى چۇش مەزگىلىدە يېزىغا كىرىپ
كەلدى. ③ سۇپ. يۇرۇشى بار، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، ئىش
قاملاشتۇرالايدىغان: يۇرۇشلۇك ئادەم. ④ مىق. ساناق سانلار بىلەن
كېلىپ «قۇر، تو» دېگەندەك مىقدار ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇچ
يۇرۇشلۇك بۇ بىناغا كىرىپ ـ چىقىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۇزۇلمەيتتى.

**يۇرۇشمە** ئى. يۇرۇشۇۋاتقان ياكى يۇرۇشتۇرۇلۇۋاتقان قائىدـ
دە، پىرىنسىپ، تۇزۇم، مۇناسىۋەت، بەلگىلىمە: ھەرساھەنىڭ
سەرخىللىرى بىر ـ بىرىنىڭ زوۋانىنى چۇشىنەلمەي، ئارىدىكى مېخاـ
نىزملىق يۇرۇشمە ئۇزۇلۇپ قالغان بۇ كۇنلەردە، ھەركىم ئۆزى ئۇچۇن
مەسئۇلىيەت بىلەن يىغلاشقا دۇچ كەلدى !

**يۇرۇشمەك** ① «يۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۇك دەرىجىسى:
ئۇلارنىڭ كەينىدىن باشقا مېھمانلار يۇرۇشتى. ② ئىش ـ پائالىيەتـ
لىرى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولماق، راۋانلاشماق، ئۆز ئىزىغا
چۇشۇپ نەتىجىلىك ھالدا داۋاملاشماق: كېيىنچە قۇربانىنىڭ
ئىشلىرى يۇرۇشۇپ كەتتى.

**يۇرۇك** ئى. دىيال. سېزىك.

**يۇرۇلمەك** «يۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يەردىن
ئايغا قاراپ سائەتتە يۇز كىلومېتىر تېزلىك بىلەن يۇرۇلسە، ئايغا 160

كۈندە يېتىپ بېرىشى مۇمكىن.

**يۈز** I سان . ئوننىڭ ئون قېتىم قوشۇلۇشىدىن هاسىل
بولغان سان ياكى «100» رەقىمى ۋە مۇشۇ رەقەم بىلەن ئىپادە-
لىگەن سان، مىقدار: يۈز ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا (ماقال). //
ئۇلارنىڭ سېپىدە جەڭ كۈنلىرى ھەربىرى يۈزگە تېتىغۇدەك ئەزىمەت-
لەردىن خېلىلا بار.

**يۈز** II ئى ① ئادەم بېشىنىڭ كۆز، بۇرۇن، ئېغىز قاتارلىق
ئەزالىرى ئورۇنلاشقان تەرىپى، ئالدى تەرىپى، باشنىڭ ئالدى
تەرەپتىن كۆرۈنگەن قىسمى: ئۇ ھەر كۈنى ئاشۇ بۇلاق سۈيىدە يۈزد-
نى يۇيىدىكەن. ② كۆچمە. ئابرۇي، ئىناۋەت، ھۆرمەت؛ ئىززەت:
— ساڭا يۈز كېرەك ئەمەسمۇ ؟ نېمىشقا ۋاقتىدا مەلۇم قىلمايسەن ؟
دەرھال تەكشۈرۈش ياز، — دېدى ئۇ ۋارقىراپ. ③ قىياپەت، كۆرۈ-
نۈش، ئومۇمەن كۆرگىلى بولىدىغان چىراي ـ تۇرق، گەۋدە،
جىسىم: ئادەمنىڭ يۈزىگە قارىما، سۆزىگە قارا (ماقال).④ كۆرسىد-
تىلگەن شەخسنىڭ دەل ئۆزى ياكى دەل ئۆزى بار بولغان نەق
مەيدان: گەپ يۈزدە ياخشى، ئۇسسۇل تۈزدە ياخشى (ماقال). ⑤ بىرەر
نەرسىنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپى، ئۈستى: يەر يۈزى. * ئاينىڭ يۈزد-
دىمۇ داغ بار (ماقال). ⑥ <مات> تەكشىلىك ياكى مەلۇم ماددىلار-
نىڭ سىرتىنىڭ كۆلىمى، دائىرىسى، چوڭ ـ كىچىكلىكى:
چەمبەرنىڭ يۈزى. ⑦ دەريا،ئۆستەڭ قاتارىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئۇ
ياكى بۇ تەرىپى، قېشى، قىرغىقى: بىز بىر ئامال قىلىپ تاڭ
ئاتقۇچە دەريانىڭ ئۇ يۈزىگە ئۆتۈۋالساق بولاتتى، دەيتتى ئۇ ئۇياق ـ بۇياق
مېڭىۋېتىپ. ⑧ تۆمۈر ئەسۋابلارنىڭ تىغى: پىچاقنىڭ يۈزى.
⑨ سەھىپە، بەت: — ئۇ «بۇ ئەھۋالنى گېزىت يۈزىدە ئېلان قىلىمەن»
دەيدۇ، — دېدى ئالىم ئازابلىنىپ.

**يۈز ئاچماق** ① تويى بولغان قىزنىڭ يۈزىدىكى چۈمبەردى-
سىنى بەلگىلىك قائىدىلەر بويىچە ئاچماق. ① كۆز ئالدىدا ناما-
يان بولماق، كۆرۈنمەك، گەۋدىلەنمەك، ئاشكارا بولماق: ئالدىمدا
يەنە بىر يېڭى مەنزىرە يۈز ئاچتى.

**يۈز بەرمەك** سادىر بولماق، كۆرۈنمەك، پەيدا بولماق: ئاشۇ
كۈنلەردە يۈز بەرگەن ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلارمۇ ئاز بولمىدى.

**يۈز تاپماق** ئەل ـ جامائەت ئىچىدە ھۆرمەت، ئابرۇيغا ئىگە
بولماق: ئۇلار ماتا سودىسى بىلەن تاشكەنت بازىرىدا يۈز تاپقانىدى.

**يۈز تۇتماق** يۈزلەنمەك : شاھزادە سەمى كۈندىن ـ كۈنگە بىئارام
بولۇپ ھالاك بولۇشقا يۈز تۇتتى.

**يۈز قارىماق** يۈز ـ خاتىر قىلماق، ھۆرمەت بىلدۈرمەك،
يۈزىنى قىلماق: — ئۇ دادامغا يۈز قاراپ باشقىچە گەپ قىلالماپتۇ، —
دېدى مەخسۇت قوشۇمچە قىلىپ.

**يۈز كۆتۈرۈپ يۈرمەك** باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە، كەمسىد-
تىشىگە ئۇچرىماي خاتىرجەم، نورمال ياشىماق: ئۆزلىرىگە ھاي
بەرگەنلىرى تۈزۈكمىكىن، ئەل ـ يۇرت ئىچىدە يۈز كۆتۈرۈپ يۈرگىلى
يول قالسۇن!

**يۈز كۆرۈشمەك** دىدارلاشماق، بىۋاسىتە ئۇچراشماق،
كۆرۈشمەك: ئۇلار سادىق بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، نېرى ـ بېرى
سۆزلەشكەندىن كېيىن ناھىيەلىك پارتكومغا قاراپ ماڭدى.

**يۈز كېلەلمەسلىك** مەلۇم بىر سەۋەنلىك، گۇناھ ياكى ئۇياتد-
لىق ئىش سادىر قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، قارشى تەرەپنىڭ
ئالدىدا يەرگە قاراپ قېلىش، قارشى تەرەپكە يۈرەكلىك، نورمال

مۇئامىلە قىلالماسلىق: پادىشاھ مەلىكىگە يۈز كېلەلمەي بېشىنى
تۆۋەن ساپتۇ.

**يۈز ئۆرۈمەك** بىرەر نەرسە ياكى كىشىدىن ۋاز كەچمەك،
ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت، ئىتائەت، بويسۇنۇش قاتارلىقلارنى
تەرك ئەتمەك، بىكار قىلماق، ۋاز كەچمەك: بىر يىگىتتىن يۈز
ئۆرۈپ يەنە بىر يىگىتكە كۆڭۈل بېرىش پاتىمەنىڭ چۈشەنچىسىدە ھاقا-
رەتلىك ۋە نومۇسلۇق ئىش ئىدى.

**يۈزى پولۇ** قېلىن، ئۇيالماس: — ئۇنىڭمۇ يۈزى پولۇ ئەمەستۇ، —
دېدى رازىيە.

**يۈزى تۆكۈلمەك** ئەل ئىچىدىكى ئابرۇي ـ ئىناۋىتى، ئىززەت ـ
ھۆرمىتى، نام ـ شۆھرىتى يوق بولماق: ئاشۇ بىر قېتىملىق
سەتچىلىكتىن كېيىن ئۇنىڭ يۈزى تۆكۈلدى.

**يۈزى تۆۋەن** نومۇسچان، تارتىنچاق، نېپىز: سەلىمە يۈزى
تۆۋەن، ياۋاش قىز بوپتۇ.

**يۈزى چوڭ** ئەل ئىچىدە يۇقىرى نوپۇز، ئىشەنچكە ئىگە،
ھۆرمىتى يۇقىرى، نوپۇزلۇق: — داموللامنىڭ ئەل ئىچىدە يۈزى
چوڭ، — دېدى ئۇ قوشۇمچە قىلىپ.

**يۈزى چۈشمەك** ← **يۈزى تۆكۈلمەك:** مەن بۇنداق بوزەك بولۇپ
باقمىغان، بەك يۈزۈم چۈشتى.

**يۈزى چىدىماسلىق** نومۇس قىلىش، خىجىل بولۇش، ئۇيىد-
لىش، يۈز كېلەلمەسلىك: بۇرادەرلەر، راست گەپنى قىلسام، ئۇنىڭ
پۇلىنى ئېلىشقا يۈزۈم چىدىمايدۇ، ۋىجدانىم كۆيىدۇ!

**يۈزى داپتەك** ← **يۈزى قېلىن:** — يۈزلىرى داپتەك ئىكەن جۇمۇ،
سىلىنىڭ! — دېدى ھېلىقى خوتۇن يەنە چالۋاقاپ.

**يۈزىدە تۈكى بار** نومۇسسىز، يۈزسىز، ئاسانلا يۈز ئۆرۈيد-
دىغان، يۈزى يوق: — ئەپەندىم دەپ يۈرۈپتىمىز تېخى ! — دېدى بوۋاي
ئاچچىقلىنىپ، — تازا بىر يۈزىدە تۈكى بار ئىت ئىكەن ئەمەسمۇ؟

**يۈزىدىن قېنى قاچماق** ئالاقزادە بولۇپ ياكى جىددىيلىشىپ
يامان ئىش قىلىش تەرىپىگە يۈزلەنمەك؛ قورقماق، ئالاقزادە
بولماق؛ ئاچچىقلانماق: ھويلىغا كىرىۋاتقان ساقچىلارنى كۆرۈپ، يۈزىدىن
قېنى قاچقان ھەسەن، ئارقا ئىشىكتىن قېچىپ كېتىش نىيىتىگە كەلدى.

**يۈزىدىن ئوت ياناماق** قاتتىق خىجىللىق، ئىزا ـ ئاھانەت
ھېس قىلماق، ئىزا تارتماق: خەۋپتە قالغان ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ
قالغان كىشى، بىر چاغلاردا ئۆزى باغرىنى خۇن قىلغان راھىلە ئىكەنلىد-
كىنى بىلگىنىدە ئۇنىڭ يۈزلىرىدىن ئوت يېنىشقا باشلىدى.

**يۈزىدىن ـ يۈزىگە** بىۋاسىتە ئۆزىگە، يۈزىگىلا: كىچىك ئاخۇد-
نىڭ ئۆزىمۇ بۇ لەقىمىدىن ئانچە خاپا بولۇپ كەتمەيتتى، باشقىلار يۈزد-
دىن ـ يۈزىگە «لەقۋا» دەپ چاقىرسىمۇ پەرۋا قىلمايتتى.

**يۈزى سۆرۈن** مۇز چىراي، چىرايى سوغۇق، يېقىمسىز: شۇ
ئارىدا يۈزى سۆرۈن بىرى كېلىپ، ئۇنى سىلكىشلىگەن پېتى تارتىپ ئېلىپ
كەتتى.

**يۈزى قېلىن** نومۇسسىز، ئىزا ـ ئاھانەتنى بىلمەيدىغان، ئار ـ
نومۇستىن خالىي: يۈزۈم قېلىن، كۆڭلۈم نازۇك (ماقال).

**يۈزى قىزارماق** ئىزا تارتىش، ئۇيىلىش، خىجىل بولۇش
تۈيغۇسى قوزغالماق، ئۇيالماق، ئىزا تارتماق، نومۇس قىلماق:
مەن ھازىر ئۆزۈمنىڭ دەسلەپكى تەنتەكلىكىمنى ئويلىسام يۈزۈم قىزد-
رىپ كېتىدۇ.

**يۈزى كەتمەك** يۈز ـ ئابرۇيى تۆكۈلمەك، يەرگە قاراپ

قالماق: «يۈزۈم كېتىدۇ» دەپ قورقماي، ھەقىقەتنى سۆزلەش كېرەك.

**يۈزگە چىقماق** چىرايىدا ئىپادىلەنمەك، چىرايىدا بىلىنمەك: ئۇنىڭ مۇدىرغا بولغان غەزىپى بىردىنلا يۈزىگە چىقتى.

**يۈزگە سالماق** تۈپتۈز، بىۋاستە ئۆزىگە ئېيتماق: ھازىرغىچە ھېچكىم مۇنداق گەپنى يۈزىمىزگە سالغان ئەمەس!

**يۈزگە سەت** نام ـ شەرىپى، ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە لايىق ئەمەس، ئار ـ نومۇسلۇق: چەت ئەللىك مېھمانلار سىزنى بۇ سەھرا كىيىمى بىلەن كۆرسە نېمىمۇ دەر ـ ھە؟ يەنىلا بىزنىڭ يۈزىمىزگە سەت!

**يۈزگە سۈرتمەك** سېغىنغانلىق ياكى قەدىرلىگەنلىك، ئەتىۋارلىغانلىقنى ئىشارە: ئۇ پەرىدەنىڭ سۈرىتىنى يۈزلىرىگە يېنىش ـ يېنىشلاپ سۈرتتى.

**يۈزگە قارا سۈركىمەك** قارا چاپلىماق، بوھتان قىلماق: مەيلى، نېمە دېگۈڭلەر كەلسە دەۋېرىڭلەر، ھازىر مېنى نەس باستى، ھەركىم مېنىڭ يۈزۈمگە قارا سۈركەۋېرىدۇ.

**يۈزگە قارىماسلىق** پۈتۈنلەي ياتلىشىپ، بارلىق مۇناسىۋەتنى بىكار قىلىپ، ئالاقە قىلماسلىق، ئارىلاشماسلىق: ــ ئىككىنچى يۈزۈڭگە قارىمايمەن، مۇناپىق! ــ دېدى ئۇ ئەمەتنى قوغلاپ چىقىرىپ.

**يۈزگە قارىيالماسلىق** ← **يۈز كېلەلمەسلىك**: ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن سەمەتنىڭ يۈزىگە قارىيالمايدىغان بولۇپ قالدى.

**يۈزگە قان يۈگۈرمەك** قورقۇنچ، ۋەھىمىدىن خالىي بولماق، خاتىرجەم بولماق، يۈرىكى ئىزىغا چۈشمەك: ھەممە جايدا ئىدى، زۇلىيارنىڭ يۈزىگە قان يۈگۈردى.

**يۈزگە يۈندى چاچماق** خارلىماق، ئوسال قىلماق؛ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماق، يەرگە قاراتماق: ئۇ بىرمەزگىل «خۇماخان يۈزۈمگە يۈندى چاچتى» دەپ دادخورلۇق قىلىپ يۈردى.

**يۈزنى ئاچماق** نومۇسنى، شەرم ـ ھايانى، ئىززا ـ ئاھانەتنى بىلمەيدىغان، ئۇيالمايدىغان قىلىپ قويماق: ــ سەن نەددىكى سەت گەپلەرنى قىلىپ، قىزلارنىڭ يۈزىنى ئېچىۋېتىدىغان بولدۇڭ، ــ دېدى ئايسىخان.

**يۈزنى داپتەك قىلماق** ئار ـ نومۇسنى، ئىززا ـ ئاھانەتنى بىر چەتكە قايرىپ قويماق، نومۇسسىزلىق قىلماق، قېلىنلىق قىلماق: ئۇ كىشى بىرنەچچە قېتىم ئادەم قويغاننى ئاز دەپ، يۈزىنى داپتەك قىلىپ ئوغلىنى يېتىلەپ ئۆيۈمگە ئىككى قېتىم كەلدى.

**يۈزنى دېمەك** يۈز ـ ئابرۇيىنى، ئىناۋەت ـ ھۆرمىتىنى نەزەرگە ئالماق، يۈزىگە قارىماق، يۈزىنى قىلماق: ھازىر جەمئىيەتتە بەزىدە بەزىلەرنىڭ يۈزىنى دېمەي، «پىرىنسىپ» دەپلا تۇرىۋالغان بىلەن ئىش ئاقمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

**يۈزنى سىلىۋەتمەك** ھۆرمەت، ئابروينى بىر ياققا قايرىپ قويماق، يۈزىنى قىلماسلىق: ئۇ بۇ ئىشتا يۈزىنى سىلىۋەتتى.

**يۈزنى سىلىۋېتىپ گەپ قىلماق** ئۆزىنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى، كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەپ بېقىپ، ئاندىن گەپ قىلماق: ــ ھوي، سىلىمچۇ، يۈزلىرىنى سىلىۋېتىپ گەپ قىلسىلا، ــ دېدى ئاچچىقى كەلگەن ھەنىپە يولدىشىغا.

**يۈزنى سىيپىۋەتمەك** ھۆرمەت، ئابرۇينى بىر ياققا قايرىپ قويماق: دەسلەپىدە بىر ئاز يۈز قارىدىم، كېيىن ئاچچىقىم كېلىپ يۈزۈمنى سىيپىۋېتىپ قىلىدىغان گەپنىڭ ھەممىسىنى قىلدىم.

**يۈزنى قىلماق** ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلماق، ئابرۇي، ئىناۋىتىنى ھېسابقا ئالماق، يۈز ـ خاتىر قىلماق: نەجىپنىڭ قورسىقى تويغان بولسىمۇ، مومىسىنىڭ يۈزىنى قىلىپ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەن تاماقتىن يەنە ئازراق يېدى.

**يۈزنى كۆتۈرەلمەسلىك** ئىززا ـ ئاھانەت، ئار ـ نومۇستىن ئەل ئىچىدە ئەركىن يۈرەلمەسلىك، نومۇستىن قاتتىق ئۇيىلىش: سادىق شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يۇرت خەلقى ئالدىدا يۈزىنى كۆتۈرەلمەي قالدى.

**يۈزنى يورۇق قىلماق** خىجىللىقتىن قۇتۇلدۇرماق: ــ ئوبدان بولدى قىزىم، ــ دېدى بوۋاي كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ ئەمدى يۈزۈمنى يورۇق قىلدىڭ.

**يۈزى ئوچۇق** ① گۇناھ ـ سەۋەنلىكى، ئەيىب ـ نۇقسانلىرى يوق، خەقنىڭ ئالدىدا تىل تۇتۇقى يوق. ② توي قىلغان.

**يۈزى ئوچۇق بولماق** خىجىللىق، ئىززا ـ ئاھانەتتىن خالىي بولماق: ئەگەر مۇشۇ ئىشتا نەتىجە قازىنالىسام، خىزمەتداشلىرىم ئالدىدا يۈزۈم تېخىمۇ ئوچۇق بولىدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى.

**يۈزى ئېچىلمىغان** ① چوڭلار ئارىسىدىكى بەزىبىر گەپ ـ سۆز، قىلىقلارنى بىلمەيدىغان، نېپىز، تارتىنچاق: ــ تېخى يۈزى ئېچىلمىغان قىزلارغا بۇنداق گەپلەرنى دەپ يۈرسەڭلەر قانداق بولىدۇ؟ ــ دېدى ئۇ خاپا بولۇپراق. ② توي قىلمىغان: ئۇ بويىغا يەتكەن بولسىمۇ، تېخى يۈزى ئېچىلمىغان قىز بولغاچقا، چوڭلار ئۆزى توغرۇلۇق پاراڭلىشىۋاتقاندا دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى.

**يۈزى يورۇق** خىجىل بولغۇدەك، ئىززا ـ ئاھانەتكە قالغۇدەك گۇناھى، سەۋەنلىكى ياكى قىلمىشى يوق: ئىجادىتىن ھاياتقا ئۆچمەس ئىز سالساڭ، ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا يۈزۈڭ يورۇق ئىكەن.

**يۈزى يوق** يۈزسىز، نومۇسسىز، ئىززا ـ ئاھانەتنى، ئار ـ نومۇسنى بىلمەيدىغان: دېھقاننىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ: «مۇنداقمۇ يۈزۈڭ قېلىن بولامدۇ، تۇفى... يۈزى يوق!» دەپ بورانغا قارشى تۈكۈرۈپتۇ.

**يۈز ـ ئابرۇي** يۈز ۋە ئابرۇي، نام ـ ئاتاق: ئىسرائىل ئاخۇن يۈز ـ ئابرۇيىمۇ بار، قول ـ ئىلكىدىمۇ بار ئادەم.

**يۈزئاچقۇ** ئى [يۈز + ئاچ + قۇ] تويىنىڭ ئىككىنچى كۈنى يىگىت تەرەپ قىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ۋە ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ جامائىتىنى چاقىرىپ، قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىم: بۈگۈن قىزنىڭ يۈزئاچقۇسىنى قىلماقچىكەن.

**يۈزە** سۈپ. چوڭقۇر ئەمەس، تېيىز؛ ئاددىي، ئادەتتىكى: سەن ئاشۇنداق يۈزە قاراش بىلەن كىشىلەرنى قارىلىما.// سىزنىڭ ياخشى ئىشلىگەن تەرىپىڭىزمۇ، يۈزە ئىشلەپ قويغان تەرىپىڭىزمۇ بار.

**يۈزەكى** سۈپ. چوڭقۇر، ئەتراپلىق بولمىغان، ئادەتتىكى، ئاددىي: مەن ئۇنى ئاشۇنداق يۈزەكى قاراش بىلەن خېلى ئۇزۇنغىچە كەمسىتىپ يۈردۈم. // يۈزەكى تونۇش.

**يۈزەكىلىك** ئى. چوڭقۇر، ئەتراپلىق بولماسلىق، ئاددىيلىق: تارىخ ھەققىدە يېزىلغان بۇ ماقالىنى ئوقۇغان ھەرقانداق ئادەم، ماقالىدە يۈزەكىلىكنىڭ خېلى كۆپ ئىكەنلىكىنى بىر ئوقۇپلا ھېس قىلالايدۇ.

**يۈزەلىك** ئى ① يۈزە ھالەت. ② <پەلس> شەيئىلەرنىڭ يۈزەكى ھادىسىلىرىنىلا كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى كۆرمەيدىغان پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، يەنى مېتافىزىكىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى.

**يــۈزبېشــى** ئى. تارس [يۈز + بـاش + ى] ① يـۈز ئەسكـەرگـە قوماندانلىق قىلـىدىغان ھەربىي ئەمەلدار. ② يېزىلاردا يۈز ئائىـلىنى باشقۇرغۇچى مەھەللە ئەمەلدارى، ئاقساقال: كۆپكۆك يېشىل پوتامنى، بېلىمگە باغلاپ قويىدى. تۇرسۇندەك يالاقچىنى، يۈزبېشى سايلاپ قويىدى.

**يۈزبېشىلىق** ئى. يۈزبېشىغا يۈكلەنگەن، يۈزبېشى ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپە، خىزمەت: نامان بۇرۇن يېڭىيەر يېزىسىدا ئۇزۇن يىل يۈزبېشىلىق قىلغانىدى.

**يۈزبېگى** ئى. تارس [يۈز + بەگ + ى] يۈز ئائىلىنى باشقۇرغۇچى مەھەللە ئەمەلدارى، ئاقساقال.

**يـۈزتـۇرا** رەۋ [يـۈز + تـۇر + ا] يۈزمۇيـۈز، ئۇدۇلمۇئۇدۇل: — سىلەرگە يۈزتۇرا ئېيتىپ قويا، ئەمدى سوراپ مېنى ئاۋارە قىلماڭلار، — دېدى ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ.

**يۈزتۇرانە** رەۋ [يۈز + تۇر + ا + نە] ← **يۈزتۇرا**: ئۇ ساقى بىلەن يۈزتۇرانە سۆزلەشمەكچى بولۇپ، ئۆيدىن شامالدەك چىقىپ كەتتى.

**يۈز - خاتىر** نـام - ئـابرۇي، ئـىززەت - ھـۆرمـەت، يـۈز: — ماقۇل، — دېدى كېۋىر ئاخۇن، — ھەرگىز يۈزۈڭگە قارىماسمەن دېۋە-دىم. خەير، ئاناڭنىڭ يۈز - خاتىرى.

**يۈزدەيۈز** رەۋ. يۈتۈنلەي، تامامەن، تولۇق، ھەممىسى: — سېنىڭ ھازىر دېگەنلىرىڭ يۈزدەيۈز توغرا.

**يۈزسىز** سۈپ. يـۈزى يوق، نومۇسسىز، ئـىزا - ئاھانەت، ئـار - نومۇسنى بىلمەيدىغان، ئاسانلا يۈز ئۆرۈيدىغان: — ئەمدى «ئېرىم»دەپ تۇغقان ئاناڭدىن كېچەمسەن، يۈزسىز!... — دەپ ۋارقىرىدى ھېنىپخان.

**يۈزسىزلەرچە** رەۋ. يۈزسىزلىك بىلەن، ئار - نومۇسنى چەتكە قايرىپ قويۇپ، پەسلىك بىلەن، نومۇسسىز ھالدا: ئۇ شۇنداق دېدى - دە، يۈزسىزلەرچە كېتىپ قالدى.

**يۈزسىزلىك** ئى. ئار - نومۇسنى بىلمەسلىك، نومۇس-سىزلىق: يۈزسىزلىك قىلماق: — جۆيلۈمە! — دېدىم مەن ئۇنىڭ يۈزسىزلىكىگە ئاچچىقىم كېلىپ، — بىز يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆي تۇتۇپ كېلىۋاتىمىز، يەنە ئۆي تۇتىمىز.

**يۈز - كۆز** يۈز ۋە كۆز، ئومۇمەن چىراي: — بولدى، — دېدى خاسىيەت ھاسىراپ، — يۈرىكىمنىڭغۇ بىر يەرگە يەتكۈزدىڭىز، ئەمدى يۈز - كۆزلىرىم قالسۇن!

**يۈزلەپ** رەۋ. نەچچە يۈزگە يەتكەن، نەچچە يۈز، ناھايىتى نۇرغۇن، كۆپ: تۇساتتىنلا بولۇپ پاتپاراق، چىقتى ھازا، يېتىپ كەلدى يۈزلەپ جانغا، ماتەم - قازا.

**يۈزلەپ - مىڭلاپ** ناھايىتى كۆپ، نۇرغۇن - نۇرغۇن، تولا - تولا: ئۇ شۇ كەمگىچە يۈزلەپ - مىڭلاپ سۈرەتلەرنى تارتتى.

**يۈزلەشتۈرمەك** «يۈزلەشمەك»پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاخىرىدا ئۇ ئۆزىنى ئېرى بىلەن يۈزلەشتۈرمەي ئاجرىتىۋېتىشنى سورىدى.

**يۈزلەشتۈرۈشمەك** «يۈزلەشتۈرمەك»پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قارىلىغۇچىنىڭ تەلپىگە ئاساسەن سوت كوللېگىيەسى ئۇ ئىككىسىنى يۈزلەشتۈرۈشۈپ كۆرۈۋىدى، مەسىلە بىردەمدىلا ئايدىڭلاشتى.

**يۈزلەشتۈرۈلمەك** «يۈزلەشتۈرمەك»پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىز كىچىك بىر ئۆيگە كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن يۈزلەشتۈرۈلدۇق.

**يۈزلەشمەك** پ. بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ يۈزمۇيۈز بولماق، روبىرو بولۇپ يۈز كۆرۈشمەك، يـۈز تـۇرانە ئۇچراشماق: — ئەگەر ئۇ تېنىۋالمەن دەيدىغان بولسا، شۇ تاپتىلا يۈزلىشەلەيمەن! — دەپ قوشۇپ قويدى ھېزىم.

**يۈزلەندۈرمەك** «يۈزلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياخشى ئايال ئەرلەرنىڭ قەلبىنى ئىللىتالايدۇ، شۇنداقلا ئەرلەرنى ھەقىقىي ئەرلەرگە خاس ھالدا دۇنياغا يۈزلەندۈرەلەيدۇ.

**يۈزلەندۈرۈشمەك** «يۈزلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: زاۋۇتلار توختام تۈزۈش دائىرىسىنى دۆلەت ئىچى بىلەنلا چەكلەپ قويماي، بەلكى خەلقئاراغىمۇ يۈزلەندۈرۈشۈپ ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

**يۈزلەندۈرۈلمەك** «يۈزلەندۈرمەك»پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دېھقانلار ئۈچىنچى كەسىپكە يۈزلەندۈرۈلگەندىن كېيىن ئىقتىسادىي كىرىمىمۇ ھەسسىلەپ ئېشىشقا يۈزلەندى.

**يۈزلەنمەك** پ ① بىرەر كىمگە ياكى نەرسىگە يۈزىنى قاراتماق، شۇ تەرەپكە بۇرۇلماق، قارىماق: ئۇ ئاستا بۇرۇلۇپ كۆپچىلىككە يۈزلەندى. ② بىرەر تەرەپكە قاراپ ماڭماق، يول ئالماق، قوزغالماق: قاراڭلار، سەزدىڭلەرمۇ؟ ئامبارنىڭ سۈيى بىز تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ.

**يۈزلۈك** I ① سۈپ. يۈز - چىرايى بار: ھېلىقى ئورۇق يۈزلۈك، يېشى توختىغان ئىشچى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ② سۈپ. يۈز ئابرۇيى بار، ئىززەت - ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان، ھۆرمەتلىك: ھازىر ئۇ ناھىيەدە خېلىلا يۈزلۈك رەھبىرىي كادىر. ③ ئى <مۇز> دۇتار، تەمبۇر، راۋابقا ئوخشاش سازلارنىڭ يۈز تەرىپىگە ئورنىتىش ئۈچۈن تەييارلانغان ماتېرىيال، شۇنىڭغا كېرەكلىك دەپ تەييارلانغان نەرسە. ④ ئى. كاراۋانلار قوش تىككەندە قوشنىڭ يۈزىگە ياپىدىغان كىگىز.

**يۈزلۈك** II سۈپ. 100 بىلەن ئىپادىلەنگەن، مىقدارى 100 بولغان: يۈزلۈك ئۇلۇش.

**يۈزلۈكلەشمەك** پ. دىيال. ئابرۇي تاپماق.

**يۈزلىگەن** سۈپ. نەچچە يۈزگە يېتىدىغان، بىر نەچچە يۈز: ساينىڭ ئىچى يۈزلىگەن ئوتۇن ھارۋىلىرى بىلەن تولغانىدى.

**يۈزلىگەن - مىڭلىغان** نەچچە يۈز، نەچچە مىڭغا يېتىدىغان، ناھايىتى كۆپ، نۇرغۇنلىغان: بۇلارنىڭ زۇلمىدىن يۈزلىگەن - مىڭلىغان خەلق زار - زار قاقشىماقتا.

**يۈزلىنىش** ئى. بىر مەھەل كىشىلەر ئارىسىدا ئەۋج ئالغان قىزىقىش ۋە پائالىيەت: ھازىر تويىنى رېستوراندا ئۆتكۈزۈش بىر يۈزلىنىش بولۇپ قالدى.

**يۈزلىنىشمەك** «يۈزلەنمەك»پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يۈزمۇيۈز** روبىرو، بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ: يۈزمۇيۈز سۆزلەش-مەك. * ئەگەر ئېتىز بېشىغا سەن چىقمىساڭ، ئۆزۈم چىقىمەن، ئۇلار بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ سۆزلىشىمەن، — دېدى پازىل.

**يۈزچە** سۈپ. يۈزىدىن - يۈزىگە، نەق ئۆزىگە، يۈزمۇيۈز: ئاغىچا خېنىم گەرچە ئۇنىڭ يۈزچە ھېچ نەرسە دېمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن نارازىلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

**يۈزىسىدىن** تىر. تۇپەيلىدىن، سەۋەبىدىن، توغرىسىدىن: ئۇ چاغلاردا مېنىڭ قەلبىم ئېچىنىش يۈزىسىدىن ئازابلىناتتى.

**يۈزىنچى** سان. رەت تەرتىپى «100»رەقىمى بىلەن بەلگە-لەنگەن، تەرتىپ جەھەتتە 99 - دىن كېيىن، 101 - دىن بۇرۇن تۇرىدىغان؛ 100 - نومۇرلۇق.

**يۇسۇن** ئى <بوت> سۇدا ئۆسىدىغان يېشىل ئۆسۈملۈكلەر. ئادەتتە ئۇ سۇدا ئۆسىدىغان بەلىزار ۋە كۆپۈكئوت قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يۈك** ئى ① بىر يەردىن ئىككىنچى بىر يەرگە كۆتۈرۈپ ياكى توشۇپ بېرىلىشى لازىم بولغان نەرسە: يۈك توشۇماق. يۈك ئاپتو-موبىلى. يۈك پاراخوتى. ② <فىز> ئېلېكتىر زەنجىرىگە ئۇلانغان ئۆتكۈزگۈچى ياكى ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى. مەسىلەن، ئېلېكتىر لامپىسى، ئېلېكتىر ئارقىلىق قىزىغۇچى ئەسۋابلار، ئېلېكتىر موتورى، ئېلېكتىر قارشىلىقى قاتار-لىقلار. ③ <فىز> ئېنېرگىيە ئۈسكۈنىلىرى، ماشىنىسازلىق ئۈسكۈنىلىرى ھەمدە فىزىيولوگىيەلىك توقۇلمىلار قاتار-لىقلارنىڭ بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە ئۈستىگە ئالغان خىزمەت سالمىقى. ④ <بىن> قۇرۇلۇش بۆلەكلىرىگە تەسىر قىلىدىغان كۈچ. ئورنى، مىقدارى ۋە يۆنىلىشى ئۆزگەرمەيدىغانلىرى ئىستاتىستىكىلىق يۈك؛ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىرى دىنامى-كىلىق يۈك دېيىلىدۇ. قۇرۇلۇشنىڭ ئۆز ئېغىرلىقى ئىستا-تىستىكىلىق يۈك بولىدۇ.⑤ بىرەر كىشىنىڭ بېجىرىشى ياكى ئۈستىگە ئېلىشى زۆرۈر بولغان خىزمەت، ۋەزىپە، مەجبۇرىيەت ياكى مەسئۇلىيەت؛ جاۋابكارلىق: يۈكنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرمەك. ئېغىر يۈكنى زىممىسىگە ئالماق. ⑥كۆچمە. بىئىختىيار كۆتۈرۈش ياكى بېجىرىشكە مەجبۇر بولغان، غەمگە سالىدىغان ئارتۇقچە ئىش، نەرسە: يۈك بولۇپ قالماق. ئىدىيەۋى يۈك.

**يۈك ـ تاق** سەپەرگە چىققاندا ئېلىپ ماڭغان سومكا ۋە يوتقان ـ كۆرپىگە ئوخشاش نەرسىلەر: يۈك ـ تاقىڭىزنى قويۇپ قويۇپلا مۇدىر ئىشخانىسىغا بېرىڭ، شۇ چاغدا ھەممىنى چۈشىنىسىز.

**يۈكچى** ئى. قاتناش بېكەتلىرىدە قاتناش قوراللىرىغا يۈك قاچىلاش ۋە ئۇنىڭدىن يۈك چۈشۈرۈش ئىشىنى قىلىدىغان كىشى؛ ھاممال: پىرىستاندا يۈكچىلەر ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرەتتى.

**يۈكسەك** ① سۈپ. ئېگىز، يۇقىرى؛ بۈيۈك، كاتتا: «سۇلتان ئەخمەت جامەسى»نىڭ ئەتراپىدا ئالتە يۈكسەك مۇنار بار.//ئىلىم ـ ھېكمەت ئېلىپ چىققاي سېنى يۈكسەككە ئويماندىن، ئىلىم خۇشتارىسەن ھەر چاغ ئىشىڭدا غەلىبە ـ نۇسرەت بار. ② سۈپ. كۆچمە. ئالىي، يۇقىرى، ناھايىتى چوڭ، ياخشى، ئوبدان، ئېسىل: رەھمەت سىزگە نۇربۇۋى، ئاددىي ئەمگىكىمگە يۈكسەك باھا بەردىڭىز. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**يۈكسەكلەشمەك** پ. يۈكسەك ھالەتكە كەلمەك، يۈكسەك بولماق، بۈيۈكلەشمەك، ئۇلۇغلاشماق، كاتتىلاشماق: بۇنداق ۋاقىتتىكى تەلپۈنۈش تېخىمۇ يۈكسەكلىشىپ، تېخىمۇ كۈچلۈكلىشىپ، پارتلاش دەرىجىسىگە يېتىدۇ.

**يۈكسەكلەنمەك** «يۈكسەكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مانا بۇگۈنكى كۈنلەرگە كەلگەندە قەلبىمدىكى سىزنىڭ ئاشۇ ئوبرازىڭىز تېخىمۇ يۈكسەكلىنىپ، پاكلىق ۋە ۋاپادارلىقتا مەن مەڭگۈ ئېتىقاد قىلىدىغان، چوقۇنىدىغان گىگانت ئادىمىمگە ئايلاندىڭىز.

**يۈكسەكلىك** ئى. ئېگىزلىك، بۈيۈكلۈك؛ ئالىيجاناپلىق: قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئادەمدە يۈكسەكلىك بولۇشى كېرەك.

**يۈكسەلدۈرمەك** «يۈكسەلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرى-جىسى: زوردۇن سابىر ئەنە شۇنداق ئەنئەنىنى تاپشۇرۇۋالغان ۋە ئۇنى ئۆزىگە خاس رەۋىشتە يۈكسەلدۈرگەن تالانتلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر.

**يۈكسەلدۈرۈشمەك** «يۈكسەلدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەربىر ئائىلە بۇ ئىنتىلىشنىڭ جەريان، نەتىجىسىنى ھايۋانىي ھالەتتىن ئىنسانىي پەللىگە يۈكسەلدۈرۈشۈپ، ئىنساننىڭ ھەقىقىي ئىنسانلىق ھەققى ـ ھۆرمىتى، ئىززەت ـ ئىپپىتىنى كاپا-لەتكە ئىگە قىلىشىدۇ.

**يۈكسەلدۈرۈلمەك** «يۈكسەلدۈرمەك»پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: رايونىمىزنىڭ ئورمانچىلىق خىزمىتى يۈكسەلدۈرۈلگەندىن كېيىن ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىمۇ زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

**يۈكسەلمەك** پ ① ئېگىزلىمەك، ئۆرلىمەك، يۇقىرىلىماق: كۈنسېرى قۇدرەت تېپىپ ھەم يۈكسىلىپ ئاسمان ـ پەلەك، غۇنچىلار قىستىڭ چېكەڭگە، كۆلدى دىل ـ جانىم ۋەتەن. ② كۆچمە. ئۆسمەك، راۋاجلانماق، تەرەققىي قىلماق، ياخشىلانماق: شۇنىڭدىن كېيىن ئىشلار تامام ئۆزگەردى، لاۋازىمات خىزمىتىمۇ يۈكسىلىپ كەتتى.

**يۈكسىز** سۈپ. يۈكى يوق، يۈك ئارتىلمىغان ياكى بېسىل-مىغان، بىكار، قۇرۇق: يۈكسىز ۋاگون. * ئارىمىزدىن بىرەيلەن بېرىپ ئۇزۇنغا قالماي يۈكسىز ماشىنىدىن بىرنى ئۇقۇشۇپ ئېلىپ كەلدى.

**يۈكلەتمەك** «يۈكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: لىتىپ ماشىنىسىنى يۈكلىتىپ بولۇپ يولغا چىقاي دەپ تۇرۇشىغا، ئوغلى مۇرات ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ يېتىپ كەلدى.

**يۈكلەشمەك** «يۈكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىدارە رەھبەرلىرى بۇ قېتىمقى تەتقىقات تۈرىنى ئىشلەش ۋەزىپىسىنى بىزنىڭ بۆلۈمىمىزگە يۈكلەشتى.

**يۈكلەنمەك** «يۈكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاخىرى بۇ ئىش لۇتپۇللاغا يۈكلەندى.

**يۈكلۈك** سۈپ. يۈكى بار، يۈك ئارتىلغان، يۈك بېسىلغان: يۈكلۈك هارۋا. * يۈكلۈك ماشىنىدىن بىرى ئالدىمىزغا كېلىپ تۇيۇق-سىز شىپپىدە توختىدى ـ دە، كابىنكىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ناتونۇش بىر ئادەم چۈشتى.

**يۈكلىمە** ① سۈپ. يۈكلەنگەن ياكى يۈكلەيدىغان: يۈكلىمە دولقۇن. ② ئى <تىل> سۆز تۈركۈملىرىنىڭ بىرى، يەنى سۆزلەرگە، سۆز بىرىكمىلىرىگە ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ كېلىپ، شۇ سۆز ياكى جۈملىلەرنىڭ مەنىسىنى كۈچەيتىش، ئاجىزلىتىش ياكى تەكىتلەش، سوراق قاتارلىق قوشۇمچە مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان ياردەمچى سۆزلەر. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى « ـمۇ »، « ـما »، « ـچۇ »، « ـ غۇ »، « ـقۇ »... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

**يۈكلىمەك** پ ① يۈك ئارتماق، يۈكنى ترانسپورت ۋاسىتى-لىرىنىڭ ئۈستىگە جايلاشتۇرماق: قۇللار پەرمان بويىچە، ئۇنى تۆگىگە يۈكلەپ يولغا چۈشۈپتۇ. ② كۆچمە. بىرەر ۋەزىپە ياكى ئىش تاپشۇرماق، بۇيرۇماق، زىممىسىگە قويماق: بىز ئۇلارغا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتلەرنى يۈكلەپ، ئادرېسىنى يېزىۋېلىپ بالىنى بەردۇق. ③ كۆچمە. دۆڭگىمەك، ئىتتىرىپ قويماق، قارا چاپلىماق: گۇناھ يۈكلىمەك.

**يۈكۈندۈرمەك** «يۈكۈنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرى-جىسى: ئۇ ھېلىقى بالىنى يۈكۈندۈردى ـ دە، ئۇنىڭ دۈمبىسىگە چىقىپ تۇرۇپ كېسەكلەرنى قومۇرۇشقا باشلىدى.

**يۇكۇندۇرۇشمەك** «يۇكۇندۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ساقچىلار بۇ لۈكچەكلەرنى يۇكۇندۇرۇشتى ـ دە، قوللىرى بىلەن باشلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى.

**يۇكۇندۇرۇلمەك** «يۇكۇندۇرمەك»پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئون نەچچە ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بۇ قاتىل جازا مەيدانىغا يالاپ ئېلىپ بېرىلىپ يۇكۇندۇرۇلگەندىن كېيىن مىلتىق بىلەن ئېتىپ تاشلاندى.

**يۇكۇنمەك** پ. ئىككى تىزنى جۈپلەپ يەرگە تىرەپ، كاسىنى ئىككى پۇت تاپىنىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ئولتۇرماق: بوۋاي ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ، يېڭىباشتىن يۇكۇندى.

**يۇكۇنۇشمەك** «يۇكۇنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككىسى تەڭلا قۇشبېگىنىڭ ئۇدۇلىغا يۇكۇنۇشتى.

**يۈگەن** ئى ① ئات، ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ئېغىزىغا سالىدىغان، جۆجەي، تىزگىن ۋە چۇلۋۇرلىرى بولغان، ئېغىزدا تۇرىدىغان يېرى تۆمۈردىن ياسالغان، قالغان يېرى تاسمىدىن ياسالغان بويۇم. ② كۆچمە. كونترول، تىزگىن: ئۆگەنگىن دوستۇم، تىرىشىپ ئۆگەن. ۋاقىت بويىنىغا سېلىپ سەن يۈگەن.

**يۈگەنچە** ئى. بۇغىنىڭ باش قىسمىغا يۆگەلگەن تاسما.

**يۈگەنچى** ئى. يۈگەن ياسايدىغان ۋە ساتىدىغان كىشى.

**يۈگەنسىز** سۈپ ① يۈگىنى يوق، يۈگەن سالمىغان، يۈگەنلەنمىگەن: ئۈچتۇرپاندىن ئات ئېلىپ، مىنىپ كەلدىم يۈگەنسىز. بۇ يۇرتقا مۇساپىرمەن، بىر قاراپلا بىلگەنسىز. ② كۆچمە. كونترول قىلىنمىغان، تىزگىنلەنمىگەن: يۈگەنسىز دەريا ئېقىنى ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىۋەتتى.

**يۈگەنسىزلىك** ئى. يۈگەنسىز، كونترولسىز ھالەت: بۇ ئاتنىڭ يۈگەنسىزلىكى بارغانسېرى جېنىمغا تەگمەكتە ئىدى.

**يۈگەنلەتمەك** «يۈگەنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەسمەتباي مالايلىرى ئارقىلىق ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان شاش ئاتنى يۈگەنلەتتى ـ دە، يۇقىرىقى مەھەللە تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

**يۈگەنلەشمەك** «يۈگەنلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇۋچىلار ئاتلىرىنى يۈگەنلىشىپ، يولغا چىقىشقا تەييارلىنىشتى.

**يۈگەنلەكلىك** سۈپ. يۈگەنلەنگەن، يۈگەن سېلىنغان: بۇ ئات يۈگەنلەكلىك بولۇپ، باشقۇرماق ئانچە تەسكە توختىمايتتى.

**يۈگەنلەنمەك** «يۈگەنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاياللارغا ئۆزىنى «تۇتقۇزۇپ» قويغان ئەرلەر بەئەينى يۈگەنلەنگەن ئاتقا ئوخشاشتۇر.

**يۈگەنلىك** سۈپ. يۈگىنى بار، يۈگەنلەنگەن، يۈگەن سېلىنغان: ئۇ بارغان پېتى ھېلىقى ئالتۇن يۈگەنلىك ئارغىماققا مىنىپتۇ ـ دە، ئۇچقاندەك مەيدانغا چۈشۈپتۇ.

**يۈگەنلىمەك** پ ① ئات، ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلارغا يۈگەن سالماق: ئۇ ئېتىنى يۈگەنلەپ، يولغا چىقىشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. ② كۆچمە. تىزگىنلىمەك، كونترول قىلماق، بويسۇندۇرماق، باشقۇرماق: ھازىر بىز بوي بەرمەس «ئاپەت ئېغىزى» نى يۈگەنلەشكە ئاتلاندۇق.

**يۈگۈرتمەك** ① «يۈگۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتۈپتۇ.② كۆچمە. ئەۋەتمەك، بۇيرۇماق، ماڭغۇزماق: ـــ مەنسۇرنى ھازىرلا گۆشكە يۈگۈرت! ـــ دېدى ئۇ ئالدىراش ۋارقىراپ.

**يۈگۈرگەك** سۈپ. تېز يۈگۈرىدىغان، يۈگۈرۈپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان: ئەجەبمۇ يۈگۈرگەك بالىكەنسەنغۇ؟

**يۈگۈرمەك** پ ① بىرەر يۆنىلىشكە قاراپ قەدەملىرىنى ناھايىتى تېز ئېلىپ ماڭماق، چاپماق: باللار «ئاتام كەپتۇ!»، «ئاتام كەپتۇ!» دەپ يۈگۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى. ② كۆچمە. ئالدىرىماق: يۈگۈرگەن قالار، بۇيرۇغان ئالار (ماقال). ③ كۆچمە. تېز ھەرىكەتلەنمەك: ئۇنىڭ قوللىرى پىيالىغا يۈگۈردى. ④ كۆچمە. يامرىماق، جىلۋىلەنمەك، پەيدا بولماق: بۇنى كۆرگەن ساۋۇتنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.⑤ كۆچمە. ھەرىكەتلەنمەك، تىكىلىپ، ئۇدۇللىنىپ ئۇيان ـ بۇيان ھەرىكەتلەنمەك(كۆز ھەققىدە): ئۇنىڭ كۆزلىرى تونۇش، ئەمما بەكمۇ قىسقا يېزىلغان پوچېركا ئۈستىدە يۈگۈردى. ⑥ كۆچمە. چاپلاشماق، يېپىشماق، ئېسىلىۋالماق: روزىمەت ئىشىنىڭ ئاسىنىغا يۈگۈرىدىغان، پۈتۈن يازنىڭ تولىسىنى شەھەردە ئۆتكۈزىدىغان ھۆرۈن بالا ئىدى.

**يۈگۈرۈش** ئى <تەن> چوڭ ۋە تېز ـ تېز قەدەملەر بىلەن ھەرىكەت قىلىش، چېپىش: يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى.

**يۈگۈرۈشمەك** «يۈگۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: خالايىق جان قايغۇسىغا چۈشۈپ، ئۆيىدىكىلەر تالاغا، تالادىكىلەر ئۆيلەرگە يۈگۈرۈشەتتى.

**يۈگۈرۈك** سۈپ. تېز يۈگۈرىدىغان، چاپقۇر؛ ئىتتىك، ئىلدام، تېز: يۈگۈرۈك ئات. // ئېغىز يۈگۈرۈكى باشقا، ئاياغ يۈگۈرۈكى ئاشقا (ماقال).

**يۈگۈر ـ يېتىم** ئاساسلىق بولمىغان، ئۇششاق ـ چۈششەك، قوشۇمچە ئىش ـ ھەرىكەت: زىياپەتتە يۈگۈر ـ يېتىمغا ياراپ قالغان پادىچى سۆرىتىدىكى بۇ قىز ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەيران بوپتۇ.

**يۈگۈر ـ يېتىمچى** ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى قىلغۇچى، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچى: ئۇ بىرەر ئورۇننىڭ يۈگۈر ـ يېتىمچىسىدەك قىلىدۇ.

**يۈمۈرمەك** پ. دىيال سۇندۇرماق، چاقماق.

**يۈنمۇ** ئى [خەن] <تىل> خەنزۇ تىلى خەت تاۋۇشلىرىنىڭ شىڭمۇ ۋە توندىن باشقا بۆلەكلىرى، يەنى خەت ئاھاڭىنىڭ پىنىيىندا كەلگەن ئۈزۈك تاۋۇشتىن كېيىن كەلگەن سوزۇق، ئۈزۈك تاۋۇشلار توپى. مەسىلەن، «a»، « an »، « ban »دېگەن بوغۇملاردىكى « a » ۋە «an» تاۋۇشلىرى يۈنمۇ ھېسابلىنىدۇ.

**يېپەڭ** سۈپ. دىيال① گېپى تولا، ئۇششاق سۆز ② يەڭگىل، يېنىك، شاللاق (مىجەز ـ خاراكتېرى ھەققىدە).

**يېپىشتۇرماق** «يېپىشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ساتىراش ئېھتىياتسىزلىقتىن ئەپەندىمنىڭ بېشىنىڭ بىر نەچچە يېرىنى كېسىپ قويۇپ، پاختا يېپىشتۇرۇپ قويۇپتۇ.

**يېپىشتۇرۇشماق** «يېپىشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئەينىكى سۇنۇپ كەتكەن دېرىزىلەرگە مىڭ تەسلىكتە قەغەزلەرنى يېپىشتۇرۇشۇپ بولۇپ، ئاندىن تاماققا ئولتۇرۇشتى.

**يېپىشتۇرۇلماق** «يېپىشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئابدۇللا پەنجىرىسىگە قەغەز يېپىشتۇرۇلغان ئۆيگە كىرىپ، مۇرىسىدىن يۈك ـ تاقنى يەشتى.

**يېپىشقاق** سۈپ ① يېپىشىش، چاپلىشىش خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك، چاپلاشقاق، ئاسانلا يېپىشىدىغان (تۈرلۈك نەرسىلەر

ھەققىدە): يېپىشقاق لاي. ② باشقىلاردىن يېتىر قىمايدىغان، ياتسىرىمايدىغان، چىقىشقاق: نىزام يېپىشقاق يىگىتلەردىن ئەمەس ئىدى.

**يېپىشقاقلاشتۇرماق** «يېپىشقاقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۆمۈر ئىشكىنىڭ تۆت ئەتراپىنى يېپىشقاقلاشتۇرۇپ ياسىغاندا، ئىشىك قاتتىق يېپىلغاندىمۇ ئاۋاز قاتتىق چىقمايدۇ.

**يېپىشقاقلاشتۇرۇلماق** «يېپىشقاقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پولات ئىشكىنىڭ تۆت ئەتراپى يېپىشقاقلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، ئىشىك يېپىلىپ ئۇرۇلغاندىمۇ قاتتىق ئاۋاز چىقمايدۇ.

**يېپىشقاقلاشماق** پ. يېپىشقاق ھالەتكە كەلمەك، يېپىشقاق بولماق: تۈنۈگۈنكى لاي تېنىپ، يېپىشقاقلىشىپ كېتىپتۇ.

**يېپىشقاقلىق** ئى ① ئاسانلا يېپىشىدىغان، چاپلىشىدىغان خۇسۇسىيەت، چاپلاشقاقلىق. ② <فىز> ئاقار جىسىملارنىڭ يېپىشىش خۇسۇسىيىتىنى ئۆلچەيدىغان فىزىكىلىق مىقدار. ئادەتتە ئۇ «دىنامىكىلىق يېپىشقاقلىق» ۋە «كىنېماتىك يېپىشقاقلىق» دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ③ <فىز> ئاقار جىسىملارنىڭ ئىچكى خۇسۇسىيىتى. ئاقار جىسىملارنىڭ قوشنا ئېقىش قاتلاملىرى ئارىسىدا نىسپىي سىيرىلىش پەيدا بولغاندا، قاتلاملارنىڭ تېگىشىش يۈزىدە بۇ يۈزگە پاراللېل بولغان نىسپىي سىيرىلىشقا قارشىلىق قىلىدىغان كۈچنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ.

**يېپىشماق** I «ياپماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: پۈتۈن مەھەللىدىكىلەر دەرۋازىلىرىنى مەھكەم يېپىشىپ، ئۆيلىرىگە كىرىۋېلىشتى.

**يېپىشماق** II پ ① ھىم چاپلاشماق، مەھكەم يەملىشىپ ئورناشماق، چاپلاشماق: ئۇ چاپىنىغا يېپىشىپ قالغان بىر تال يىپنى ئېلىۋەتتى. ② كۆچمە. بىر ـ بىرىگە تېگىپ تۇرماق، يېقىن تۇرماق؛ قويۇق ئالاقىدە بولماق، يېقىن مۇناسىۋەتتە بولماق: ئۇ بىزگە تازا يېپىشماي تۇرىدۇ. ③ كۆچمە. بىرەر نەرسىگە مەلۇم بىر مۇددىئا بىلەن ئېسىلىۋالماق، شۇنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالماق، پېشىگە ئېسىلماق: يېپىشقان خوتۇندىن قاچ، قاچقان خوتۇننى قوغلا (ماقال). ④ كۆچمە. تىك ياكى ئېگىز رەك نەرسىلەرگە ياماشماق: ھېلىقى بالا بارغان پېتى ھېلىقى يوغان سۆگەتكە يېپىشتى.

**يېپىششچان** سۈپ. ئاسان يېپىشىدىغان، يېپىشىش خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بولغان: ئادەم بەدىنىدىكى بەزى ھۈجەيرىلەر يېپىششچان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ.

**يېپىششچانلىق** ئى. يېپىشىش ھالىتى، يېپىشىش خۇسۇسىيىتى: ھۈجەيرىلەرنىڭ يېپىششچانلىقى ۋە ھۈجەيرە ئىقتىدارىنىڭ ساقلىنىشى قاتارلىقلاردا كالتسىي ئىيونى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**يېپىشىق** سۈپ. دىيال. بىزەڭ، يۈزى قېلىن.

**يېپىق** سۈپ ① يېپىلغان، يېپىپ قويۇلغان: ھېلىقى كىشى ئاتنى بۇلۇڭدىكى ئۈستى يېپىق ئوقۇرغا باغلاپ، خۇرجۇننى ئالدى. ② كۆچمە. مەخپىي، ئوچۇق ـ ئاشكارا ئەمەس، يوشۇرۇن: ئۇلار پالۋاننى يوقىتىۋەتسە، سىر يېپىق قېلىۋېرىدۇ، بۇركۈتبەگ يەنە بىر ئايلىنىپ كېلىپ كەنجىبەگنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ③ خالىغانلا ئادەم قاتناشسا بولمايدىغان، مەخسۇس بەلگىلەنگەن كىشىلەر قاتنىشىدىغان، ئادەم سانى چەكلىنىدىغان: يېپىق سوت.

**يېپىق بوغۇم** <تىل> ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بوغۇم. مەسىلەن، يەر، ئات، شەرق دېگەنلەردەك.

**يېپىق ئىمتىھان** <مائار> بىر خىل ئىمتىھان شەكلى. بۇنىڭدا، ئىمتىھان بەرگۈچىنىڭ ئىمتىھان ۋاقتىدا ھېچقانداق ماتېرىيالدىن پايدىلىنىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

**يېپىقلىق** سۈپ ① يېپىلغان، ھىم ئېتىلگەن، تاقالغان، تاقاقلىق، ئېتىكلىك (ئىشىك ـ دېرىزە قاتارلىقلار ھەققىدە): ئىشىك يېپىقلىق، دېرىزىدىن چىراغنىڭ غۇۋا شولىسى چۈشۈپ تۇراتتى. ② يۆگەكلىك، ئۈستىگە ئارتىقلىق ياكى تاشلاقلىق، ئۈستىگە ئوراقلىق: باھاۋۇدۇن ساندۇق ئۈستىگە يېپىقلىق بىر پارچە سولياۋنى كۆرسەتتى. //مومايىنىڭ ئۈستىدە ھېلىقى تاۋار يوتقان يېپىقلىق تۇراتتى.

**يېپىلماق** «ياپماق»پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھويلىغا كىرىشىم بىلەنلا كۆزۈمگە ۋاسا جۈپ قىلىنىپ يېپىلغان كاتتا ئۆيلەر كۆرۈندى.

**يېپىنچا** ① ئى. ئۈستىگە يېپىۋالىدىغان، يېپىنىدىغان تون ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر. ② سۈپ. ئۈستىنى يېپىش رولىنى ئوينايدىغان، ياپىدىغان: يېپىنچا قاتلام. يېپىنچا ئۆسۈملۈك.

**يېپىنچاقلاتماق** «يېپىنچاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئالىمغا كونا ئۆڭ جۇۋىسىنى يېپىنچاقلىتىپ قويىدى.

**يېپىنچاقلاشماق** «يېپىنچاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار پەلتولىرىنى يېپىنچاقلىشىپ يوگۇرگىنىچە ماشىنا تەرەپكە كەتتى.

**يېپىنچاقلانماق** «يېپىنچاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇنىڭ ئۈچىسىغا بىر خۇرۇم پەلتو يېپىنچاقلانغان بولۇپ، ئوزايىدىن بىرىيەرگە ماڭغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

**يېپىنچاقلىماق** پ. تاش كىيىمنى يېڭىنى قولغا سالپايلا كىيىۋالماق، ئۈستىگە ئارتىۋالماق: ئۇ ئۇزۇن چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ئىشىكنى ئاچتى.

**يېپىنچىسىز** سۈپ. يېپىنچا يېپىنمىغان ياكى يېپىنچىسى يوق، ھېچقانداق نەرسە يېپىنمىغان: سەمەت كېسەكنى تەكىيە قىلىپ، يېپىنچىسىز ئۇخلاشقا مەجبۇر بولدى.

**يېپىنماق** «ياپماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ياغمىغان يامغۇرغا چەكمەن يېپىنما (ماقال).

**يېتەرسىز** سۈپ. كەمچىل، تولۇق ئەمەس، كەم: مەن ساۋاقداشلاردىن ئۆزۈمنىڭ يېتەرسىز يەرلىرىمنى كۆرسىتىپ بېرىشنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

**يېتەرسىزلىك** ئى. تولۇق، مۇكەممەل ئەمەسلىك، كەملىك؛ كەمچىلىك: ئۇ مېنىڭ خوجىلىق باشقۇرۇش جەھەتتىكى نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلىرىمنى تولۇقلىدى.

**يېتەرلىك** سۈپ. تولۇق يەتكۈدەك، تولۇق، پۈتۈن؛ مۇكەممەل: ئەمدى قولىڭىزدا يېتەرلىك پۇل تۇرۇپمۇ ئوبدان سائەتتىن بىرنى ئالمىسىڭىز، ئۆزىڭىزگە سەت ئەمەسمۇ!؟

**يېتەر ـ يەتمەس** مەلۇم بىر چەككە تولۇق يەتمەي، مەلۇم بىر چەك، ۋاقىت تولۇق توشماي: بىر يىلغا يېتەر ـ يەتمەي بىر بالىلىقمۇ بولۇپ قالدىم.

**يېتەك** ① ئى. يېتەكلەپ، ئەگەشتۈرۈپ مېڭىش، يېتەكلەش. ② سۈپ. يېتەكلەپ ماڭىدىغان: يېتەك ئات.

**يېتەكچى** ئى. يېتەكلىگۈچى، يېتەكلەپ ماڭغۇچى، رەھبەر-

لىك قىلغۇچى: قوشۇن يېتەكچىسى. // يېتەكچى ئىدىيە.

**يېتەكچىلىك** ئى. يېتەكلەش، يېتەكلەش ئىشى: يېتەكچىلىك قىلماق. * مۇھىمى، بالىلار قانداق پائالىيەت ئېلىپ بارسۇن، ئۇلارغا توغرا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك.

**يېتەكلەتمەك** «يېتەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ چېلىشچىلىرىنى مەخسۇس قارانچۇق كاھقا يېتەكلىتىپ، ھەيۋە بىلەن ئېلىپ كېلەتتى.

**يېتەكلەشمەك** «يېتەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئاتلىرىنى يېتەكلىشىپ ئېچكىرىگە كىرىشتى.

**يېتەكلەنمەك** «يېتەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇلار ياخشى يېتەكلىنىپ، ئوبدان تەربىيەگە ئىگە بولدى.

**يېتەكلىمەك** پ ① باشلىماق، يول كۆرسىتىپ نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە دەۋەت قىلماق، رەھبەرلىك قىلماق: بۇ باتالىيوننى سوپى ئاخۇن سوۋۇرۇۋ شەخسەن ئۆزى موكچوكقۇرغا يېتەكلەپ ئەكەلگەنىدى. ② يېتىلىمەك؛ ئەگەشتۈرۈپ ماڭماق، يېتىلەپ ماڭماق: ئۇ سېمىز بىر كۆك ئاتنى يېتەكلىگەن پېتى ئالدىمغا كېلىپ توختىدى.

**يېتو** ئى. دىيال. ئالدىدا يېتىلەپ ماڭىدىغان ئات.

**يېتوچى** ئى. دىيال. يېتو ئاتنى يېتىلەيدىغان ئادەم.

**يېتۈك** سۈپ. يېتىلگەن، كەم ـ كوتىسىز، مۇكەممەل: يېتۈك شائىر. * روھىي قىياپەت ھەرقانچە يېتۈك بولسىمۇ، ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدىكى ماددىي قىياپەت بولمىسا، سالاپەت نۇلگە تەڭ بولىدۇ.

**يېتۈكلۈك** ئى. يېتىلگەنلىك، يېتۈكلەشكەنلىك، يېتىشكەنلىك؛ مۇكەممەللىك، مۇكەممەللەشكەنلىك: ئەرەب تىلى ئىلغار ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ يالقۇنىدا تاۋلىنىپ، كۈندىن ـ كۈنگە يېتۈكلۈك يولىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، گۈزەل، مۇقەددەس بىر تىل بولۇپ قالدى.

**يېتىپ ـ قوپماق** ماكان تۇتۇپ، شۇ يەردىلا تۇرماق، تۇرالغۇ قىلماق: ئۇمۇ يالغۇز بولۇپ، مەكتەپتە يېتىپ ـ قوپاتتى.

**يېتىپ ـ قوپۇپ** بەزىدە يېتىپ ئاندىن يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ: ئانا كېسىلىگە قارىماي ئۆي ئىشلىرىنى يېتىپ ـ قوپۇپ قىلاتتى.

**يېتىرقاتماق** «يېتىرقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇرۇن ئادەتتىكىدەك كۆرۈنىدىغان مېھرىنىسا ئەمدى ئۇنى يېتىرقىتىپ قويغانىدى.

**يېتىرقاشماق** «يېتىرقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بالىلار مەندىن يېتىرقىشىپ، يوتقاننىڭ ئىچىگە مەھكەم پۈركىنىۋېلىشقانىدى.

**يېتىرقىماق** پ. ياتسىرىماق، ئەيمەنمەك، تارتىنماق، قورۇنماق: ـــ توۋا خۇدايىم، ـــ دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، ـــ بۇ بالا ناتونۇش كىشىنى كۆرسە ئەجەب يېتىرقايدىكەن.

**يېتىشتۈرمەك** «يېتىشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار ئاخىرى بۇ يىگىتنى تېخىمۇ ۋىجدانلىق، تېخىمۇ چىداملىق باتۇر ئەزىمەت قىلىپ يېتىشتۈردى.

**يېتىشتۈرۈشمەك** «يېتىشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئاخىرى بۇ خىل سورتلۇق ئۇرۇقنى يېتىشتۈرۈشتى.

**يېتىشتۈرۈلمەك** «يېتىشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ يىل رايونىمىزدا 150 مىڭ مودىن ئارتۇق يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى.

**يېتىشسىزلىك** ئى ① كەمچىلىك، ئەيىب، نۇقسان، سەۋەنلىك، يېتەرسىزلىك: روماندا يەنە بەزى يېتىشسىزلىكلەرمۇ بار. ② يېتىشمەسلىك، كەملىك؛ تولۇق، يېتەرلىك بولماسلىق، ئازلىق قىلىش: ئاخىرى مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ قورال-ياراغ يېتىشسىزلىكىمۇ تەدرىجىي ھەل بولۇپ كەتتى.

**يېتىشكەن** سۈپ. بىرەر ساھەدە يۇقىرى پەللىگە يەتكەن، تالانتلىق، مۇكەممەللەشكەن، تاكامۇللاشقان: شاھ شەھەردىكى نامدار تېۋىپ، يېتىشكەن ئۆلىمالارنى ئوردىغا يىغىپ تومۇرىنى تۇتقۇزۇپتۇ.

**يېتىشماق** «ياتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار سوزۇلۇپ يېتىشاتتى.

**يېتىشمەك** ① «يەتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز ئاخىرى بۈگۈنكىدەك بەخت ـ سائادەتلىك كۈنلەرگە يېتىشتۇق. ② يەتمەك، يېتىشىۋالماق: مەن ئۇنى «ئارقىدا قالما، يېتىشىپ ماڭ!» دەپ پات ـ پات ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتىم.

**يېتىلەتمەك** «يېتىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بوۋاي ئۆكۈزنى سايىمغا يېتىلىتىپ، ئۆزى بىلەن مەھەللىگە ئېلىپ كەتتى.

**يېتىلەشمەك** «يېتىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كۆپچىلىك ئاتلىرىنى يېتىلىشىپ، ئۇنىڭ ئىزىدىن يولىنى داۋام قىلىشتى.

**يېتىلەك** ئى. يېتىلەش، يېتىلەپ مېڭىش، ئەگەشتۈرۈپ مېڭىش ئىشى، ھەرىكىتى: قۇربان ھەقىقەتەن يېتىلەككە ئۆگەنگەن تايدەك ياۋاش ئىدى.

**يېتىلەكلىك** سۈپ. يېتىلەنگەن، يېتىلەپ ئېلىپ مېڭىلغان: ئۇ ئارزۇگۇلنى كۆردى ـ دە، يېتىلەكلىك ئېتىنى تاشلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى.

**يېتىلەنمەك** «يېتىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قۇربانلىق ئۈچۈن ئېلىنغان قوي ئوغلۇم تەرىپىدىن يېتىلىنىپ، ئارقامدىن كەلمەكتە ئىدى.

**يېتىلدۈرمەك** «يېتىلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەمگەك ئادەمنى ھەم ساغلام قىلىدۇ، ھەم توغرا، ھالال قىلىپ يېتىلدۈرىدۇ.

**يېتىلدۈرۈشمەك** «يېتىلدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاتا ـ ئانىمىز بىزنى بېقىپ، تەربىيەلەپ، لاياقەتلىك ئادەم قىلىپ يېتىلدۈرۈشتى، ئەمما بىز ئۇلارغا نېمە قىلىپ بېرەلىدۇق؟!

**يېتىلدۈرۈلمەك** «يېتىلدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ يىل رايونىمىزدا 200 مىڭ مودىن ئارتۇق يەردە ئۈژمە كۆچىتى يېتىلدۈرۈلدى.

**يېتىلمەسلىك** ئى <بىيول> جانلىقلارنىڭ كۆپىيىش ئورگىنىنىڭ غەيرىي نورمال يېتىلىشى ياكى كۆپىيىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالماسلىقى.

**يېتىلمەك** پ. ئۆسۈپ چوڭ بولماق، تاكامۇللاشماق، مۇكەممەللەشمەك؛ ئۆسمەك: ئۇ نۇرغۇن جەھەتلەردە پۇختا يېتىلگەن پەم ـ پاراسەتلىك جۇشقۇن يىگىت ئىدى.

**يېتىلىمەك** پ ① ئەگەشتۈرۈپ ماڭماق، چۇلۋۇرىدىن تۇتۇپ ئېلىپ ماڭماق: ئۇنىڭ كەينىدىن ئاتلارنى يېتىلەپ ئاقلىبېك چىقتى. ② يېنىدا بىللە ئېلىپ يېقىن ئەگەشتۈرۈپ يۈرمەك: گۈلەمخان نەۋرىسىنى يېتىلەپ يېتىپ كەلدى. ③ كۆچمە. باشلىماق، يېتەكلىمەك: ـــ ئەلۋەتتە، ـــ دېدىم مەن، ـــ بىزنى يېتىلەپ كېتىپ بارغان ئەنە شۇ غايە.

**يېتىم** I سۈپ [ئە] ① ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلغان: يېتىم بالا. * يېتىم بۇلۇڭدا، تېرىق تۇلۇمدا (ماقال). ② كۆچمە. يالغۇز، يېگانە،

ھىمايىچىسىز، بىچارە: ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى تولىمۇ يېتىم ھېس قىلدى.

**يېتىم ئاقساقال** سەلب. ئاتىكارچى، ئورۇنسىز لا باشقىلارنىڭ گېپى ۋە ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالىدىغان، ئۆزىگە لايىق گەپ قىلمايدىغان، چېپىلغاق: ئۇ لوكچەكنىڭ ئەدىپىنى قاتتىق بېرىپ، چوڭ ـ كىچىك يېتىم ئاقساقاللارنى چۆچۈتۈپ قويماي بولمايتتى.

**يېتىم تال** <ئانات> ئادەم ۋە ھايۋانلار تېنىنىڭ باش تەرىپىدىكى ئىككى تال قىسقا قوۋۇرغا (بىر تەرەپنى ھېسابقا ئالمىغاندا).

**يېتىم تىرناق** ئەسلىي تىرناقتىن بۆلۈنۈپ بىلىنەر ـ بىلىنمەس چىقىپ قالغان تىرناق.

**يېتىم قالدۇرماق** ھىمايىسىز، ئەگەشكۈچىسىز، قوللىغۇچىسىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويماق، يالغۇز قالدۇرماق، چەتكە قاقماق: يېتىم قالدۇرۇش، دۇنيادىن ئايرىۋېتىش، ئاجىزلاشتۇرۇش، پارچىلىۋېتىش، ئاخىرىدا ئۇنى يوقىتىۋېتىش — ئامېرىكىنىڭ باشقا دۆلەتلەرگە تۇتقان يولىدۇر.

**يېتىم قول** بەش بارماقتىن باشقا ئارتۇق ئۆسۈپ قالغان ئۆسۈكچى بارماق، ئارتۇق چىقىپ قالغان بارماق.

**يېتىم قوۋۇرغا** ← **يېتىم تال**.

**يېتىم ئوچاق** كارۋانلار ۋە كۆچمەنلەر ئىشلىتىدىغان، تۆمۈردىن پۇت بېكىتىلىپ، چەمبەر شەكلىدە ياسالغان، يۆتكەپ ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولغان بىر خىل ئوچاق.

**يېتىم ئوغلاق** تىل ھا. ئاتا ـ ئانىسى يوق، باشپاناھسىز، ئىگە ـ چاقىسىز، تاشلاندۇق: — تۇل خوتۇننىڭ بالىسى، يېتىم ئوغلاق! — دېدى ئۇ ھېچ گەپتىن ـ ھېچ گەپ يوقلا.

**يېتىم** II مىق. كۆپىنچە «ئۇن، كۆز» قاتارلىق بەزى ئىسىملار بىلەن بىللە كېلىپ، «يەتكۈدەك»، «يېتىدىغان» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ ھەم ئارىلىق، ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى ئورنىدا كېلىدۇ: ئۇن يېتىم. *ئۇنىڭ كۆز يېتىم يىراقلىقتا تۇرۇپ چاقىرغىنىنى ئاڭلىغىلىمۇ بولمايتتى.

**يېتىمەك** سۈپ. سەلب «يېتىم» سۆزىنىڭ سەتلەش فورمىسى: خۇدا بۇ يېتىمەككە ئاجايىپ كۈچ ۋە ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلغانىكەن!

**يېتىمپەرۋەر** سۈپ [ئە + پ] يېتىملەرگە كۆيۈنىدىغان، يېتىملەرنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان؛ ھەر دائىم يېتىملەر تەرىپىدە تۇرىدىغان، يېتىملەرنى سۆيىدىغان: ئۇنىڭ دادىسى يېتىمپەرۋەر ئادەم بولۇپ، دائىم دارىلئېيتامغا بېرىپ يېتىملەرنى يوقلاپ تۇراتتى.

**يېتىمپەرۋەرلىك** ئى. يېتىملەرنى سۆيۈش، يېتىملەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە شۇنداق روھ: مۇھەممەت رەجەپبەگنىڭ ئەنۋەرگە بۇنچىلىك مەرھەمەت قىلغانلىقىنى كۆرۈپ بىر ئاز ھودۇققان بولسىمۇ، دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ ئاۋۋال بەگنىڭ يېتىمپەرۋەرلىكىنى، ئاندىن ئەنۋەرنىڭ پاراسەت قابىلىيىتىنى ماختىدى.

**يېتىمچى** ئى. يۇرتىدىن ئايرىلىپ مۇساپىر بولغۇچى، مۇساپىر: ئۇمۇ يېتىمچىلەرگە ئەگىشىپ مېڭىۋەردى.// يېتىمچى نەۋرىلەر.

**يېتىمچىلىك** ئى. مۇساپىرچىلىق: ئۇ يېتىمچىلىك، يالغۇزلۇقنىڭ دەردىنى تازا تارتتى.

**يېتىمخانا** ئى [ئە + پ] يېتىملەر تۇرىدىغان ئۆي، جاي، ئورۇن: ئۆتكەن زاماندىكى ئىسلام ئۆلىمالىرى ھەربىر ئىلىمگە بار ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىشتى. ئۇلار ئوقۇدى، ئوقۇتتى، مەدەنىيەت تارقاتتى، كىتابخانا، قىرائەتخانا، يېتىمخانا، كەمبەغەلخانا ۋە كېسەلخانىلارنى ئېچىشتى.

**يېتىمسىرەتمەك** «يېتىمسىرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ئۇنى يېتىمسىرىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆيۈمگە ئېلىپ كېلىۋالدىم.

**يېتىمسىرەشمەك** «يېتىمسىرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاتا ـ ئانىسىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان باللار ئۇزۇن ئۆتمەي يېتىمسىرىشىپ، جىمغۇر بولۇپ قېلىشتى.

**يېتىمسىرىمەك** پ. يېتىملىك ھېس قىلماق، يېتىملىك، يالغۇزلۇق دەردىنى تارتماق: — ئەي ئەزىز تۇپراق، — دېدى ئۇ يەردىن بىر ئوچۇم توپىنى ئېلىپ، — مەن ياقا يۇرتتا خارلىنىپ، يېتىمسىرەپ يۈرگىنىمدە سېنى كۆزۈمگە سۈرتكۈدەك بولدۇم.

**يېتىملىك** ئى ① ئاتا ـ ئانىسىزلىق، يالغۇزلۇق، باشپاناھسىزلىق: ئورۇقلۇقتا كالا ئۆلمەس، يېتىملىكتە بالا ئۆلمەس (ماقال). ② يېتىملەرگە ئوخشاش تۇرمۇش، يېتىملەرگە خاس يالغۇزلۇق، زارلىق، بىچارىلىكتە ئۆتىدىغان ھايات: بارات بىلەن تۆمۈرنىڭ تاشۋاينى يېتىملىكتىن قۇتۇلدۇرغۇسى بولسىمۇ، ئىلاجى يوق ئىدى.

**يېتىم ـ يېسىر** ئاتا ـ ئانىسىز، باشپاناھسىز، ھىمايىچىسىز قالغان ئاجىز كىشىلەر: بىزدەك تۇل خوتۇن، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلىغان رەھبەرنىڭ مەرتىۋىسى تېخىمۇ چوڭ بولار!

**يېتىنچان** سۈپ. دىيال. مېھرىبان، غەمگۇزار، كۆڭۈلچەك؛ چېچەن، ھوشيار؛ ھەممىگە يېتىشىدىغان.

**يېرىشماق** «يارماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەركىم قولىغا چىققاننى ئېلىپ مىلتىقنىڭ نەيزىسى بىلەن پىچىشاتتى ياكى ھارۋىنىڭ شوتىسىغا ئۇرۇپ يېرىشاتتى.

**يېرىق** ① ئى. يېرىلغان، ئاجرىغان جاي، چاك: ياغاچنىڭ يېرىقى. ② ئى <گېئول> تاغ جىنسلىرى تۈزۈلمىسىنىڭ بۇزۇلۇپ ۋەيران بولغان قىسمى. ③ سۈپ. يېرىلغان، چاك كەتكەن: يېرىق تاپان. يېرىق تاختاي. يېرىق يوپۇرماق.

**يېرىقچە** ئى ① نەرسىلەر يۈزىدىكى كىچىككىنە يېرىق، چاك: ياغاچ ئاپتاپتا ئۇزۇن تۇرغۇزۇلسا، يېرىقچە ھاسىل بولۇپ قالىدۇ. ② <بوت> يوپۇرماقلارنىڭ گىرۋەكلىرىدىكى ئويمانچىلار.

**يېرىقلىق** سۈپ. يېرىقى بار، يېرىلغان، بۆلۈنگەن، يېرىلىپ بولغان، يېرىپ قويۇلغان: يېرىقلىق ئوتۇن.

**يېرىلغا** ئى <بوت> تاغ تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. ئېگىزلىكى 25 مېتىر ئەتراپىدا. ئۆسۈشى تېز. نەم ۋە سۇغا چىدامسىز. ياغىچى ئاق ۋە يۇمشاق. قەغەز ـ چىلىك، بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ۋە ئائىلە سايمانلىرىنى ياساش قاتارلىقلاردا كەڭ ئىشلىتىلىدۇ. چىۋىقلىرىدا سېۋەت توقۇشقا بولىدۇ. كۆپ ھاللاردا مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**يېرىلما** سۈپ. يېرىلغان، بۆلۈنگەن، پارچىلانغان: يېرىلما بەلباغ.

**يېرىلماق** ① «يارماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە (ماقال). ② ئۈستۈنكى پوست تېرىلىرى بۆلۈنۈپ ـ بۆلۈنۈپ، سەت، قوپال ھەم بىنورمال ھالەتكە كېلىپ قالماق، ساغلاملىقىنى يوقاتماق، سەتلەشمەك (لەۋ، قول قاتارلىقلار ھەققىدە): ئۇنىڭ قوللىرى يېرىلىپ كەتكەنىدى. ③ كۆچمە. قاتتىق غەزەپلەنمەك، ئاچچىقىغا ھاي بېرەلمەي قالماق، قاتتىق چېچىلماق، ئاچچىقلانماق:

رەھىم ئايالىنىڭ بوغۇنكى ئورۇنسىز يېرىلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ يەتكەنىدى.

**يېرىلغۇدەك بولماق** ئىنتايىن قاتتىق غەزەپلەنمەك، قاتتىق غەزەپ ياكى ئەلەم ـ ھەسرەت دەستىدىن تۇرالماي، ئۆزىنى باسالماي قالماق: ئەزىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مەكتەپتە ئېچىلغان ئاتا ـ ئانىلار يىغىنىدا بېشىنى كۆتۈرەلمەي، نومۇستىن يېرىلغۇدەك بولۇشتى.

**يېرىم** سۈپ ① مەلۇم بىر نەرسىنىڭ ئىككىدىن بىرى، تەڭ ئىككىگە بۆلۈنگەندىكى بىر قىسمى: ياماندىن ئاشقان يېرىم قوشۇق (ماقال). ② بىر نەرسىنىڭ دەل ئوتتۇرىسى، ئوتتۇرا بېلى، ئوتتۇرا قىسمى: سەن يېرىم يولدا چۈشۈپ قېلىپ، نەگە بارماقچى ئىدىڭ؟ ③ تولۇق ئەمەس، كەم، چالا، يېتەرسىز، پۈتۈن ئەمەس: لەيلىگۈل كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ، غىپپىدە ئارقىسىغا ياندى. ④ كۆچمە. غەمكىن: كۆڭلى يېرىم.

**يېرىم جان** نىمجان، زەئىپ، ماغدۇرسىز؛ چالا ئۆلۈك: شاگىرت كىرسە، ئۇستىسى يېرىم جان بولۇپ، تاياق زەربىدىن تولغىنىپ ياتقۇدەك.

**يېرىم دىدار** يېرىم، يەنى ۋاستىلىك كۆرۈشۈش: خەت ـ يېرىم دىدار (ماقال).

**يېرىم قورساق بولماق** قورساقنى چالا ـ بۇلا تويغۇزماق.

**يېرىم كېچە** <ئاستر> كالېندار ھېسابىدا سوتكىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى، يەنى تۈنىنىڭ دەسلەپكى نىسپى تۈگەپ، كېيىنكى نىسپى باشلانغان ۋاقىت. ئادەتتە كېچە سائەت 11:00دىن 1:00 گىچە بولغان ۋاقىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**يېرىم ئۆتكۈزگۈچ** <فىز> توك ئۆتكۈزۈشچانلىقى ئۆتكۈزگۈچ بىلەن ئىزولياتور ئارىلىقىدا بولغان ماددىلار. مەسىلەن، گېرمانىي، كرېمنىي، سېلېن ۋە نۇرغۇنلىغان ئوكسىد، سۇلفىد قاتارلىقلار. بۇ خىل ماددىلار بىر يۆنىلىشلىك توك ئۆتكۈزۈش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ دېتېكتور، توغرىلىغۇچ، تېرموقارشىلىق، فوتوقارشىلىق ۋە كرىستال لامپا قاتارلىقلارنى ياساشقا بولىدۇ.

**يېرىم يولدا** بىرەر ئىش ـ پائالىيەت ياكى ھەرىكەت جەريانىنىڭ يېرىمىدا، ئاخىرلاشماستىنلا، تۈگىمەستە، يەكۈنى چىقماستا: يېرىم يولدا ئوقۇشنى تاشلاپ كەتسەڭ سەت تۇرىدۇ.

**يېرىملاتماق** «يېرىملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — تەڭنەڭنى يېرىملىتىپ كىرسەڭ بولمايتتىمۇ؟ قانداق ئەخلاقسىز نېمە سەن! — دەپ ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىرىدى ئۇ.

**يېرىملاشتۇرماق** ① «يېرىملاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار بىر قاپ تاماكىنى بىردەمدىلا يېرىملاشتۇرۇپ بولۇشقانىدى. ② يېرىم ھالەتكە كەلتۈرمەك، يېرىم قىلماق: بۇ يىغىلغان نەرسىلەرنى لەشكەر ۋە ئات ـ ئۇلاغلار بىر كۈن يەپ ئاران يېرىملاشتۇرۇپتۇ.

**يېرىملاشتۇرۇشماق** «يېرىملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قورۇمىلار چىقماي تۇرۇپلا، بىر بوتۇلكا هاراقنى يېرىملاشتۇرۇشۇپ بولۇشتى.

**يېرىملاشتۇرۇلماق** «يېرىملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاخىرى ئامباردىكى سۇ يېرىملاشتۇرۇلدى.

**يېرىملاشماق** پ. يېرىمى قالماق، يېرىم بولماق؛ يېرىمىغا ياكى ئوتتۇرىسىغا يەتمەك: تۈن يېرىملاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ھېچ خەۋەر بولمىدى.

**يېرىملىق** ئى ① تولۇق ئەمەسلىك، كەملىك، چالىلىق: ئىشىنىڭ يېرىملىقى. ② غەمكىنلىك: كۆڭۈلنىڭ يېرىملىقى.

**يېرىملىماق** پ. يېرىملاشماق، يېرىمى قالماق ياكى يېرىم بولماق؛ يېرىمىغا، ئوتتۇرىسىغا يەتمەك: ئامباردىكى سۇمۇ يېرىملاپ قالغانىدى.

**يېرىم ـ يارتا** تولۇق، پۈتۈن ئەمەس، سىستېمىلىق مۇكەممەل ئەمەس: ئۇلار ئۇ يەردىن ـ بۇ يەردىن ئاڭلىۋالغان يېرىم ـ يارتا مەلۇماتى بىلەن ئۆزىنى ئۆزى «يەر يۈزىدە بىرىنچى» ھېسابلايدۇ.

**يېرىندى** ئى. كۆتەكنىڭ يېرىلىپ، ئۇششاقلانغان پارچىسى: پالتا زەربىدە كۆتەكتىن يېرىندىلار ئۇچۇپ چىقاتتى.

**يېزا** ① ئاھالىسى ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جاي، مەھەللە، رايون؛ قىشلاق؛ سەھرا: ئۇ خوتۇن بالا ـ چاقىلىرى بىلەن يېزىدا تۇرىدىكەن. ② مەملىكىتىمىزنىڭ مەمۇرىي رايون بۆلۈنمىسىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلىي ئورگىنى. ئادەتتە ناھىيە ياكى ناھىيە دەرىجىلىك ئورگاننىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا يەنە كەنتلەر بولىدۇ.

**يېزا ئىگىلىكى** <ئىق> زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈش ۋە مال چارۋىلارنى بېقىشتىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرى. خەلق ئىگىلىكىدە، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق، شۇنداقلا يېزا قوشۇمچە كەسىپلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يېزا ـ بازار** يېزا ۋە بازار دەرىجىلىك ئورۇنلار: يېزا ـ بازار كارخانىسى.

**يېزا ـ بازار كارخانىسى** <س ئىق> مەملىكىتىمىز يېزىلىرىدىكى يېزا، كەنت، بازارلار قۇرغان كارخانا ھەمدە دېھقانلار بىرلىشىپ ياكى باشقا شەكىللەردە قۇرغان ھەمكارلىق كارخانىلىرى ۋە يەككە كارخانىلار.

**يېزا ـ قىشلاق** يېزا ۋە قىشلاق، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جايلار.

**يېزا ـ كەنت** يېزا ۋە كەنت دەرىجىلىك ئورۇنلار.

**يېزەك** ئى. دىيال. زەربە، دەككە.

**يېزنە** ئى. ئاچىسىنىڭ ئېرى ياكى ئېرىنىڭ ئاكىسى.

**يېزنخو** ئى [خەن] ← **يېزنخو ئەمنى**.

**يېزنخو ئەمنى** <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مەززىلىك پۇرايدۇ. ئېگىزلىكى 20 — 45 سانتىمېتىر، بىر قانچە شېخى سىڭارىيان ئۆسىدۇ، غولىنىڭ رەڭگى سۆسۈن ياكى ئازراق يېشىل، سىرتىنى ئاق تۈكلەر ئوراپ تۇرىدۇ. يوپۇرمىقى پەيسىمان تولۇق يېرىلىپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، سېپى بولمايدۇ، پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېبى دورا قىلىنىدۇ، ئىسسىقنى قايتۇرۇش، زەھەر ياندۇرۇش، تاماق ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىش رولى بار.

**يېزىداش** ئى. بىر يېزىلىق، بىر يېزىدا بىللە ھايات كەچۈرگەن كىشى.

**يېزىشماق** «يازماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئىككى ـ ئۈچ يىلغىچە بىر ـ بىرىگە ئۆزئارا خەت يېزىشىپ تۇرۇشتى.

**يېزىق** ① ئى. تىلنى (سۆزلىگەن گەپ ـ سۆزنى) خاتىرىلەي-

دىغان شەرتلىك بەلگە: ئۇيغۇر يېزىقى. ② ئى. خەت، پوچېركا، قەلەم ئىزى: بىزنىڭ ئارىمىزدا ئابلىز ئاكامنىڭ يېزىقى چىرايلىق ئىدى. ③ سۈپ. مەخسۇس خەت ـ پەت، ماقالە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى يېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، قەلەم بىلەن ئىشلەيدىغان خىزمەتلەرنى ئىشلەشتە ئىشلىتىلىدىغان: يېزىق ئۈستىلى. ④ ئى. ماقالە، ئومۇمەن مەخسۇس يېزىپ تەييارلانغان تۈرلۈك ئەسەرلەر: يېزىق تىلى.

**يېزىقچىلىق** ئى ① ھەر خىل شەكىلدىكى ئەدەبىي ئەسەر يېزىش ئىشى، تۈرلۈك يازما ئەسەرلەرنى يېزىش كەسپى: يېزىقچىلىق قىلماق. ② <مائار>مەخسۇس تۈرلۈك يازما ھۆججەت، ماتېرىيال، دوكلات ۋە تۈرلۈك ئەسەرلەرنى يېزىشنى تەتقىق قىلىدىغان ھەم ئۇنى ئۆگىتىدىغان ئىلىم: يېزىقچىلىق دەرسى.

**يېزىقسىز** سۈپ ① يېزىقى يوق، يېزىق قوللىنىلمىغان: نەتىجىدە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يېزىقسىز ۋاقىت كالېندارى (يۇلتۇز كالېندارى) پەيدا بولدى. ② خاتىرىلەنمىگەن، يېزىلمىغان، يازما شەكىلدە يېزىپ پۈتۈلمىگەن: بۇ ۋەقە ئەينى ۋاقىتتا تارىخچىلار تەرىپىدىن يېزىقسىز قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەنىدى.

**يېزىقشۇناس** ئى <تىل> يېزىقنىڭ خاراكتېرى، قۇرۇلمىسى، ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىس.

**يېزىقشۇناسلىق** ئى <تىل> تىلشۇناسلىقنىڭ بىر تارمىقى. يېزىقنىڭ خاراكتېرى، قۇرۇلمىسى، ئۆزگىرىشى ھەم تەرەققىي قىلىشىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**يېزىقلىق** سۈپ ① يېزىقى بار، ئۆز تىلىنى خاتىرىلەيدىغان خاس شەرتلىك بەلگىلىرى ــ ھەرپلەر سىستېمىسى بار بولغان، شۇنىڭغا ئىگە: تۈركىي خەلقلەر مىلادىيەدىن خېلى كۆپ ئەسىر ئىلگىرىلا يېزىق بىلەن ئۆز تىلىنى خاتىرىلەشنى بىلىپ، دۇنيادىكى يېزىقلىق قەدىمكى مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. ② خاتىرىلەكلىك، يېزىلغان، پۈتۈلگەن، خاتىرىلەنگەن: ئۇ تىزىملىكتە مېنىڭ ئىسمىممۇ يېزىقلىق ئىكەن.

**يېزىلماق** «يازماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: رەيھانىنىڭ مۇنۇ بىرپارچە خېتى 1964 ـ يىلى يېزىلىپتۇ.

**يېزىلىق** سۈپ ① يېزىدا، سەھرادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، يېزىنى ماكان تۇتقان؛ يېزىدا ئۇزاق تۇرغان ياكى يېزىدا چوڭ بولغان: ئۇ ھېلىقى يېزىلىق كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپلا قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى. ② يېزىغا تەۋە، يېزا دائىرىسىدىكى ياكى يېزا باشقۇرۇشىدىكى؛ يېزا دەرىجىلىك: يېزىلىق ئۇن پونكىتى. يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى.

**يېسسى** سۈپ. ياپىلاق، يالپاق: يېسسى پۇرچاق.

**يېسسىلاتماق** «يېسسىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جۇمە كاپكاپ تۆمۈرچىلىك دۇكىنىغا بېرىپ، بىر پارچە تۆمۈرنى تاللىدى ـ دە، ئۇنى يېسسىلىتىپ پالتا سوقتۇردى.

**يېسسىلاشتۇرماق** «يېسسىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پەرھات ئالىقانچىلىك بىر پارچە پولاتنى يېسسىلاشتۇرۇپ قىڭراق سوقۇپ چىقتى.

**يېسسىلاشتۇرۇشماق** «يېسسىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يېسسىلاشتۇرۇلماق** «ياپىلاقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەر خىل چوڭلۇقتىكى پولاتلار يېسسىلاشتۇرۇلۇپ، قىلىچ سوقۇلدى.

**يېسسىلاشماق** «يېسسىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يېسسىلانماق** «يېسسىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۆمۈرچى ئۇستىلار تۆمۈرلەرنى يېسسىلىشىپ، ھە دەپ كەتمەن سوقۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

**يېسسىلىماق** پ. يېسسى ھالەتكە كەلتۈرمەك، يالپاقدىماق، ياپىلاقلىماق: ئۇ پولات يېسسىلاش زاۋۇتىدا ئىشلەيدۇ. بىر ئايلىق جاراڭ ـ جۇرۇڭ، گۇمبا ـ گۇمباڭدىن كېيىن كاللەك ـ كاللەك مىسلار بىر سانتا، يېرىم سانتا قېلىنلىقتا يېسسىلاندى.

**يېسسىمۇق** ئى [يېسسى + مۇخ] <بوت> ① پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ياماشقۇچى غول. يۇمران چوكا مېۋىسى ئادەتتىكى كۆكتات ھېسابلىنىدۇ. ئۇرۇقى تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ، ئىسسىقنى قايتۇرۇش، تالنى قۇۋۋەتلەش رولىغا ئىگە. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ چوكا مېۋىسى ياكى ئۇرۇقى. ئادەتتە «بەسەي» مۇ دېيىلىدۇ.

**يېسسىۋېلەك** ئى [تېسسى+ پىلەك] <بوت> كىرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىگە تەۋە ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى چوڭ؛ گۈلى ئاچ سېرىق؛ سورتى كۆپ بولىدۇ. ئادەتتە كۆكتات ھېسابلىنىدۇ.

**يېسسىيان** ئى [يېسسى+ يان] <بىن> ئۆي تورۇسىنىڭ يان تەرىپىگە قويۇلغان ئوتتۇرىدىن يېرىلغان بالا ياغىچى. ئۇ ئادەتتە ئۆينىڭ تۆت تېمىنىڭ گىرۋىكىگە قويۇلىدۇ.

**يېسقاق** ئى. ئالتۇن كېنىنىڭ شېغىل قەۋەتتىن كېيىنكى ئۇيۇل تاش قىسمى.

**يېسىر** سۈپ [ئە] ئېرى ئۆلگەن، ئېرىدىن ئايرىلغان، تۇل: ئاپتوموبىل ۋەيران بولۇش، ئادەم ئۆلۈش كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يۈز بېرىدىغان ئىش، ئاپتوموبىل بىلەن مالنىڭ زىيىنى «بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان» دەپلا تۈگىتىلىدۇ، ئەمما يېسىر دېگەن نام بىر ئايال ئۈچۈن ئۆمۈربويى ھەمراھ بولىدۇ.

**يېشىرقىماق** پ. ئۇنۇمسىزلەشمەك، قۇۋۋەتسىزلەشمەك، قۇۋۋىتى يوقالماق (تېرىلغۇ يەر ھەققىدە).

**يېشىشمەك** «يەشمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەكتەپتىن قايتىپمۇ، تېپىشىدۇ ئىزدىشىپ. شۇنچە قىزغىن سۆزلىشەر، سوئاللارنى يېشىشىپ.

**يېشىق** سۈپ. دىيال. بوش، ماغدۇرى يوق؛ ھوسۇلسىز.

**يېشىل** ① ئى <گ سەن> كۆك بىلەن سېرىقنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدىغان ۋە ئوت ـ چۆپ، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان ئارا رەڭ. دولقۇن ئۇزۇنلۇقى 500 ــ 530 مىللىمىكرون بولىدۇ. ② سۈپ. شۇ خىل رەڭگە ئىگە، شۇ خىل رەڭدە بويالغان ياكى شۇ خىل رەڭ بېرىلگەن: يېشىل ياغلىق.

**يېشىل چىراغ يېقىپ بەرمەك** بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا، بولۇشىغا شارائىت يارىتىپ بەرمەك، يول

قويماق: جازانى ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشنىڭ قاتىل ئۈچۈن يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىش ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايدىڭ ئىدى.

**يېشىل ئوغۇت** <دېھ> ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يۇمران غول ـ يوپۇرماقلىرىنى يەرگە كۆمۈپ ئېچىتىش ئارقىلىق ياسالغان ئوغۇت.

**يېشىلچىلىق** ئى. يايپېشىل بولۇپ كەتكەن مەنزىرە، يايپېشىل كۆكىرىپ كەتكەن دەرەخلىك ياكى چۆپلۈك: سايىم ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، قولىدىكى تاماكىسىنى سىلكىپ تاشلىۋىدى، يېشىلچىلىق ئارىسىغا مۆكۈنۈپ ياتقان قىرى چېكەتكىمۇ سەكرەپ قاچتى.

**يېشىلقات** ئى [يېشىل + قات] <بوت> تاشيارغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى تۆمۈنە شەكىللىك، گۈلى سارغۇچ يېشىل، شىرنىلىك مېۋىسى كۆك بولىدۇ. يىلتىزى ۋە يوپۇرمىقى دورا قىلىنىدۇ. بەزگەكنى داۋالاش رولىغا ئىگە. دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبى، ھىندىستان، فىلىپپىن قاتارلىق جايلاردا ئۆسىدۇ.

**يېشىللاشتۇرماق** «يېشىللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار ئاخىرى بۇ شەھەرنى يېشىللاشتۇردى.

**يېشىللاشتۇرۇشماق** «يېشىللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئىككى يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، شەھەرنى يېشىللاشتۇرۇشۇپ بولۇشتى.

**يېشىللاشتۇرۇلماق** «يېشىللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاتۇش شەھىرىدە 73 مىڭ مو سايلىق يېشىللاشتۇرۇلدى.

**يېشىللاشماق** پ. ئوت ـ چۆپ، دەل ـ دەرەخلەر باراقسانلىشىپ يوپۇرماق چىقارماق، ئەتراپ يايپېشىل بولۇپ كەتمەك: ئۈرۈمچى شەھىرى يېشىللاشقان شەھەرگە ئايلاندى.

**يېشىللىق** ئى ① يېشىل كۆرۈنۈش، يېشىل ھالەت: — نېمە دەيسىز، كۆزىڭىز ئۇنىڭ يېشىللىقىنى سېزەلمەيۋاتامدۇ ـ يا؟ — دېدى ئالىيە ئەكرەمگە تەنە قىلغاندەك. ② يايپېشىل كۆكلەپ كەتكەن ئوت ـ چۆپ، دەرەخلەر بىلەن پۈركەنگەن ھالەت، شۇنداق مەنزىرە؛ ئوت ـ چۆپلۈك، دەل ـ دەرەخلىك: يېشىللىق زېمىننىڭ ئىكەن زىننىتى، ئاڭا گۈل قېتىلسا ئاشار قىممىتى، ئىنساننىڭ قىممىتى ئىكەن ياشلىقى ۋە لېكىن بىلىمدۇر ئىززەت ـ ھۆرمىتى.

**يېشىلمەك** «يەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تېخى يېشىلمىگەن سىرنىڭ بارلىقىدىن قاسىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى.

**يېشىم** ئى ① <ئەد> ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى زىددىيەت ـ توقۇنۇشنىڭ ھەل قىلىنىشى. سۇژىت راۋاجلىنىپ يېشىم باسقۇچىغا بارغاندا، پېرسوناژلار ھەم ۋەقەلەردىن بەلگىلىك نەتىجە چىقىرىلىدۇ، باش تېما پۈتۈنلەي ئېچىلىدۇ ۋە سۇژىتمۇ يېشىم بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ② <مات> ئالگېبرالىق تەڭلىمىدىكى نامەلۇمنىڭ قىممىتى.

**يېشىن** ئى. چاقماق.

**يېشىنمەك** «يەشمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇلار تەڭلا يېشىنىپ سۇغا سەكرەشتى.

**يېغىر** ئى ① ئات، ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىنىڭ زەخىملىنىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان يىرىڭلىق يارا، جاراھەت: ئات ئورۇق بولسىمۇ يېغىر بولمىسۇن، گۆش سۆڭەك بولسىمۇ بېغىر بولمىسۇن (ماقال). ② ئادەم بەدىنىگە چىققان ھەر خىل يارا، جاراھەت: يا بىر نۆۋەت ئاپتوبۇستا قايتقانغا بىرەر يېرى يېغىر بولۇپ قالامدۇ؟

**يېغىرىغا تەگمەك** زىتىغا تەگمەك، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، خۇدۇكلىنىدىغان ئاجىز يېرىنى ئاچماق، چىشىغا تەگمەك: ئۇلارنىڭ يېغىرىغا تېگىپ قويدۇڭمۇ، بولدى. خۇددى غالجىر ئىتتەك سېنى تالايدۇ.

**يېغىرىغا تۇز سەپمەك** غەزەپ ـ نەپرىتىنى يەنىمۇ ئۆرلەتمەك، دەرد ـ ئەلەمىنى كۈچەيتمەك: بارات مەزىنىنىڭ يېغىرىغا تۇز سېپىدىغان ئىشلار بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى.

**يېغىرىنى ياپماق** دەرد ـ ئەلەمىنى، ھەسرىتىنى ياكى ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى يوشۇرماق: ياڭ زىڭيۈەن يېغىرىنى يېپىش ئۈچۈن ئايالى ۋە باشقىلارغا: «غەربىي شىمال قوماندانلىق ئىشتابى خىزمەتكە چاقىرىپتۇ، ئەمىلىم ئۆرلىدى...» دېگەنلەرنى تارقىتىدۇ.

**يېغىردان** سۈپ. دىيال. يېغىر، جاراھەت قاپلاپ كەتكەن، بەدىنىنى يارا بېسىپ كەتكەن، جاراھەتلىرى كۆپ.

**يېغىلاشماق** پ. قاتتىق جېدەللەشمەك، ئۇرۇش ـ غوۋغا قىلىشماق: بۇ ئىش سەۋەبلىك ئىككى قوشنا قاتتىق يېغىلاشتى.

**يېغىلىق** ① سۈپ. بالا ـ قازا، جەڭگى ـ جېدەل قاپلىغان، ئاپەتلىك: يېغىلىق كۈندە يات ياخشى (ماقال). ② ئى. جەڭگى ـ جېدەل، قوزغىلاڭ: كىچىكىمدە بىزنىڭ ئاۋاتتا ھادى خەنجەر يېغىلىقى، مويدۇن پالۋان يېغىلىقى دېگەن ئۇرۇشلار بولۇپ ئۆتكەن.

**يېغىن** ئى <مېتېئور> ئاتموسفېرادىن يەر يۈزىگە قاتتىق جىسىم ياكى سۇيۇق جىسىم ھالىتىدە چۈشىدىغان سۇ. ئاساسلىق شەكىللىرى يامغۇر بىلەن قار.

**يېغىن ـ يېشىن** ھۆل ـ يېغىن، قار ـ يامغۇر ۋەچىقىن قاتارلىقلار: بۇ يىل يېغىن ـ يېشىن كۆپ بولدى.

**يېقىشلىق** سۈپ. كىشىگە ياقىدىغان، زوق بېغىشلايدىغان، ھۇزۇر بېرىدىغان، يېقىملىق: بۇلبۇل كۈيى ئاڭلانغاندەك شۇنچە گۈزەل ـ يېقىملىق، سۆز ـ ئىبارەڭ بولسۇن شۇنداق ۋەزنى بار ھەم يېقىشلىق.

**يېقىشماق** «ياقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار يوللارغا گۈلخان يېقىشىپ ئاتلىشىپ ئوينايتتى.

**يېقىقلىق** سۈپ. يېقىلغان، يېقىپ قويۇلغان، ياندۇرۇلغان: ئۇ يەردە يېقىقلىق شاممۇ بار ئىدى.

**يېقىلغۇ** ئى <خىم> ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى ۋە يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسى ھاسىل قىلىدىغان ماددىلار، ھالىتىگە ئاساسەن قاتتىق يېقىلغۇ (كۆمۈر، ياغاچ كۆمۈرى ۋە ياغاچ)، سۇيۇق يېقىلغۇ (بېنزىن، كېرسىن)، گاز يېقىلغۇ (كۆمۈر گازى، مېتان) دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىلىدۇ. يەنە يادرو ئېنېرگىيەسى پەيدا قىلىدىغان ماددىلاردىن ئۇران، پلۇتونىي قاتارلىقلارمۇ بار.

**يېقىلغۇلۇق** سۈپ. يېقىلغۇسى بار ياكى يېقىلغۇ قاچىلانغان، يېقىلغۇ قىلىشقا بولىدىغان: بۇ خىل باشقۇرۇلىدىغان بومبىدا قاتتىق يېقىلغۇلۇق راكېتا ئىتتىرگۈچى قوللىنىلغان.

**يېقىلماق** «ياقماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىككىسى تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ئۆيگە چىراغ يېقىلدى.

**يېقىم** مىق. بىر قېتىملا كۆيدۈرۈشكە بولىدىغان، ئوچاققا

بىر قېتىملا سالغىلى بولىدىغان ئوتۇن ـ ياغاچ مىقدارى: بىر يېقىم ئوتۇن. بىر يېقىم كۆمۈر.

**يېقىمسىز** سۈپ. كىشىنى بىزار قىلىدىغان، سەسكەندۈردىغان؛ كۆڭۈلسىز، سوغۇق: ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا غوپۇر ئاخۇننىڭ يېقىمسىز تەلەتى كەلدى.

**يېقىمسىزلىق** ئى. كۆڭۈلگە ياقماسلىق، سەسكەندۈرۈش؛ بىمەنىلىك: ئۇنىڭ كۈلكىسىنىڭ يېقىمسىزلىقى تولىمۇ زىتىمغا تەگكەنىدى، شۇڭا چىقىپ كەتتىم.

**يېقىملىق** سۈپ ① كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى قوزغايدىغان، كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان، زوقىنى كەلتۈرىدىغان، مېھرى ئىسسىق ؛ چىقىشقاق ، خۇشخۇي ، ئوچۇق چىراي: مەن گۈلپەيەنىڭ بۇنچىلىك يېقىملىق چوڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن ! ② قۇلاققا يېقىشلىق، تاتلىق، مۇڭلۇق ھەم تەسىرلىك؛ كىشىگە ھۇزۇر، زوق بېغىشلايدىغان (تۈرلۈك ئاۋازلار ھەققىدە): ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىملىق نەي ئاۋازى ئاڭلاندى. ③ سالقىن، ساپ، كىشىگە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت، راھەت بەخش ئېتىدىغان (ھاۋا، شامال قاتارلىقلار ھەققىدە): سەھەرنىڭ يېقىملىق ھاۋاسى كىشىنى سۆيۈندۈرەتتى.

**يېقىن** سۈپ [ئە] ① ئارىسى يىراق ئەمەس، ئارىلىقى قىسقا، بىر ـ بىرى بىلەن ئازراقلا ئارىلىق بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان: جەينەك يېقىن بولسىمۇ چىشلىگىلى بولماس (ماقال). // ئېشەك ئالساڭ يېقىندىن ئال، خوتۇن ئالساڭ يىراقتىن ئال(ماقال).② مەلۇم ۋاقىتنىڭ كېلىشىگە ئاز قالغان، ۋاقىت پەرقى ئۇزۇن بولمىغان: ئۇ چۈشكە يېقىن شەھەرگە يېتىپ كەلدى. ③ كۆچمە. ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى ياخشى، ئالاقىسى قويۇق، بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈشىدىغان، مېھرىبان: ئۇلار ئەنۋەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى قىلىشىۋالدى. // مېنىڭ سېنىڭدىن باشقا يېقىنىم يوق، مەن ساڭىلا ئىشىنىمەن. ④ بېرىش كېلىشتە كەلگەن مىقدارلارغا ۋە ئايرىم سۆزلەرگە قوشۇلۇپ كېلىپ، تەخمىن، پەرەز مەنىسىدە شۇ مىقدار ياكى شۇ ئەھۋالغا تەڭ دېگۈدەك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىلەن كۆپ پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: شۇ كۈنى مىڭغا يېقىن دۈشمەن چېرىكى ئۇشتۇمتۇت باستۇرۇپ كەلدى. ⑤ كۆچمە. كۆپ پەرقى يوق، ئاساسەن ئوخشاش، ئومۇمەن بىر خىل، باشقىچە ئەمەس: ئۇلارنىڭ پىكرى بىر ـ بىرىگە يېقىن.

**يېقىن ئارىدا** ① شۇ جايدىن يىراق بولمىغان جايدا، شۇ جايغا يېقىن يەردە، شۇ ئەتراپتا: مەن ئاتنى يېقىن ئارىدىكى بىر قورۇغا ئەكىرىپ قويغاندىن كېيىن بىز بىللە پىيادە ماڭدۇق. ② ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمىگەن مەزگىل ئىچىدە، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، پات ئارىدا: ئۇ يېقىن ئارىدا ئۇرۇمچىگە كەلمەكچى ئىكەن.

**يېقىن كەلتۈرمەسلىك** بىرەر ئىش ـ پائالىيەتكە قەتئىيلا ئارىلاشتۇرماسلىق، ھەرگىز يولاتماسلىق، ئارىلىششىنى قەتئىي توسۇش: ئۇ توينىڭ گېپى چىقسىلا «كېيىن ئوقۇش پۈتكەندە بىر گەپ بولار» دەپ بىزنى يېقىن كەلتۈرمىدى.

**يېقىن يولىماسلىق** قەتئىي ئارىلاشماسلىق، ھېچقانداق ئالاقە ياكى دوستانە مۇناسىۋەتتە بولماسلىق: — سىز يېقىنلاشمىغۇچە، مەن يېقىن يولىمايمەن، — دەپتۇ شاھزامان ئاكىسىغا.

**يېقىنچىلىق** ئى ← **يېقىنلىق**: ئەزىزخان ھەيران بولدى، ئۇ قوشنىسىدىن تۇيۇقسىزلا يېقىنچىلىق سەزدى.

**يېقىندا** رەۋ ① شۇ جايدىن ئۇزاق بولمىغان جايدا، شۇ ئەتراپتا: — يېقىندا ماگىزىن بارمۇ، قىزىم؟ — دەپ سورىدى بوۋاي. ② پات ئارىدا، يېقىن ئارىدا، ئۇزۇن بولمىغان مەزگىل ئىچىدە.

**يېقىندىن** رەۋ ① سۆزلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن سەل ئىلگىرى، سەل بۇرۇنقى مەزگىلدىن، تېخى ئۇزۇن بولمىغان ۋاقىتتىن: يېقىندىن بۇيان. يېقىندىن بېرى. ② بىۋاسىتە ھالدا؛ سەمىمىيلىك بىلەن، چىن ساداقەت بىلەن، ھەقىقىي كۆيۈنۈش، غەمخورلۇق تۇيغۇسى بىلەن: يېقىندىن ياردەملەشمەك. يېقىندىن ھەمكارلاشماق. ③ ئىنچىكە تۇردە، بىۋاسىتە ھالدا، يېنىدا تۇرۇپ، داۋاملىق كۆز تىكىپ: بىز ئۇنى يېقىندىن كۆزىتىۋاتىمىز، بىراق ھازىرغىچە ھېچقانداق باشقا غەيرىي ئەھۋاللارنى سەزمىدۇق.

**يېقىنسىنماق** پ. يېقىن كۆرمەك، يېقىن ھېس قىلماق: ھېلىلە ياغلىق چەككەن كىچىك قىزچاق، يېقىنسىنىپ شوپۇرغا گەپ باشلىدى.

**يېقىنقى** سۈپ. بۇنىڭدىن ئازراق بۇرۇنقى مەزگىللەردە مەيدانغا كەلگەن ياكى بولۇپ ئۆتكەن، يۈز بەرگەن؛ ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئۇزۇن بولمىغان: يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى ئۇنىڭ ئىپادىسى ناھايىتى ياخشى بولۇۋاتىدۇ.

**يېقىنلاتماق** «يېقىنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بېشىنى غوجىغا سەل يېقىنلىتىپ، غوجىنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى.

**يېقىنلاشتۇرماق** «يېقىنلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ قولۋاقنى قىرغاققا يېقىنلاشتۇرۇپ، يەنە شۇ سۆگەتنىڭ تۈۋىدە توختاتتى.

**يېقىنلاشتۇرۇشماق** «يېقىنلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھەممىسى قولۋاقنى قىرغاققا يېقىنلاشتۇرۇشتى.

**يېقىنلاشتۇرۇلماق** «يېقىنلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يۈك توشۇيدىغان ماشىنا يۈكنىڭ يېنىغىراق يېقىنلاشتۇرۇلدى.

**يېقىنلاشماق** پ ① بىرەر كىشى ياكى نەرسىنىڭ يېنىغا يېقىن بارماق، يېقىن كەلمەك، ئالدىغا ياكى يېنىغا يېقىنلاپ كەلمەك: — ئۇ خالتىنى سۆرەپ غۇلامغا يېقىنلاشتى. ② مەلۇم بىر ۋاقىتقا، مەزگىلگە يېتىشكە ئاز قالماق، ۋاقىت جەھەتتىن يېقىن كەلمەك، ئاز ۋاقىت قالماق: ۋاقىت چۈشكە يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ③ مىقدارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن كېيىن كېلىپ، شۇ مىقدارغا تەڭ بولۇشقا، ئۇنىڭغا يېتىشكە ئاز قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنىڭ ئانار بىلەن توي قىلىۋالغىنىغا يېرىم يىلغا يېقىنلاشتى. ④ بىرەر ئىشنى بېجىرىشكە، مۇرەسسە قىلىشقا ئاز قالماق؛ پىكىر ـ مەقسەت، كۆزقاراش جەھەتتە بىر يەرگە كېلىشكە ئاز قالماق: بۇ مۇھىم نۇقتىلاردا ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش يوللىرى تولىمۇ يېقىنلاشقانىدى. ⑤ دوستانە مۇناسىۋەتتە بولماق، قويۇق ئالاقە قىلىشىپ تۇرماق، دوستلاشماق، سىرداشلاردىن بولماق: ئۇلار بىر ئۆرۈلۈپلا ھەنىپەمنىڭ ئۆيىدىكىلەر بىلەن يېقىنلاشتى ۋە ھەنىپەمنى ماڭا تونۇشتۇردى.

**يېقىنلىق** ئى ① يېقىن بولۇش، يېقىن بولغان ھالەت: بازارنىڭ يېقىنلىقى. مۇناسىۋەتنىڭ يېقىنلىقى. ② دوستانە مۇئامىلە، دوستلۇق: يېقىنلىق قىلماق. يېقىنلىق دەرىجىسى.

**يېقىنلىماق** پ ① بىرەر كىشى ياكى نەرسىگە يېقىن بارماق، بىرەر نىشانغا يېقىن كەلمەك، يېتىشكە، تېگىشكە ئازلا ئارىلىق قالماق: قەشقەرگە يېقىنلاپ قالدۇق. ② مەلۇم ۋاقىتقا يېتىشكە ياكى مەلۇم ئىش ـ پائالىيەتنىڭ بېجىرىلىش، يۈز بېرىش ۋاقتىغا ئاز قالماق: ۋاقىت چۈشكە يېقىنلاپ قالغانىدى. ③ مىقدارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن بىللە كېلىپ، مەلۇم مىقدارنىڭ شۇ مىقدارغا تەڭ بولۇشقا ياكى يېتىشكە ئازلا قالغانلىقىنى ياكى ئاساسەن تەڭلىشىپ قېلىشقا ئاتانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: شۇنداق قىلىپ تاشۋاي 20 ياشقا يېقىنلاپ قالدى. ④ مەلۇم ئالاھىدىلىكى بىلەن مەلۇم بىر نەرسىگە ئوخشاپ قالماق ياكى شۇ نەرسىگە يېقىن شەكىلگە ئىگە بولماق، ئوخشىماق، بىردەك بولماق: بىز بۇ تاملارغا سىزىلغان سۈرەتلەردىن پىيا دەستىسىنىڭ بارغانسېرى ئۈزىراپ تەمبۇرغا يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

**يېقىن ـ يورۇق** ئومۇمەن ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەتراپتىكى ئوبدان ئۆتۈشكەن قولۇم ـ قوشنا ۋە دوست ـ يارەنلەرنىڭ ھەممىسى: بارا ـ بارا دادامنىڭ يېقىن ـ يورۇقلىرى كۆپىيىپ قالدى.

**يېقىن ـ يىراق** يېقىن ۋە يىراق، ئومۇمەن ھەممە ئەتراپ، ھەممە يەر: پارتىزانلار قوشۇنغا تەرەپ ـ تەرەپتىن، يېقىن ـ يىراقلاردىن كىشىلەر كېلىپ قوشۇلۇشقا باشلىدى.

**يېكەن** ئى <بوت> ① يېكەن ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. سۇدا ئۆسىدۇ. ئانلىق گۈللىرى زىچ توپلىشىپ ئۆسۈپ شام شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ، پىشقاندا توزغاق چىقىرىدۇ. يوپۇرمىقىدىن يەلپۈگۈچ، بورا قاتارلىقلارنى توقۇشقا بولىدۇ. گۈل چېكى قان توختىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى ياكى غولى.

**يېكەندە بۇرۇت ئالدىغان** ناھايىتى ھىيلىگەر، قۇۋ؛ ساختىپەز، بىر ئىشلارنى ئالداپ ـ سالداپ ئەپلەشتۈرىدىغان: ـــ تېخىچىلا شاڭيۇكامنى ئۇقمايدىكەنسىز ـ دە، شەرۋان ئاغىچا، ـــ دېدى باسىت، ـــ ئۇ ئاكىمىز يېكەندە بۇرۇت ئالىدۇ دېسىلە.

**يېكەنتوخۇسى** ئى [يېكەن + توخۇ + سى] <زوئول> بىر خىل قۇش. تەن شەكلى توخۇغا سەل ئوخشاپ كېتىدۇ. تۇمشۇقى سەل ئۇزۇن، قۇيرۇقى قىسقا، دۈمبىسى كۈل رەڭ قوڭۇر ۋە سەپكۈنلۈك كېلىدۇ. قانىتى قارامتۇل قوڭۇر، پۇتلىرى قىزغۇچ قوڭۇر بولىدۇ. سازلىق ۋە سۇلۇق ئېتىزلار يېنىدىكى چۆپلۈكلەردە ياشايدۇ. سۇ ئۈزەلەيدۇ.

**يېكەنچار** ئى [يېكەن + چار] <زوئول> بىر خىل بېلىق. ئۈستىدە قارا داغلىرى بار، بېشى لوخۇبېلىققا قارىغاندا سەل كىچىك كېلىدۇ. ئەڭ يوغانلىرى 5 ـــ 6 كىلوگىرام كېلىدۇ.

**يېكەنداز** ئى. ئاستىغا سېلىپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن، ئادەتتىكى كۆرپىلەردىن ئۇزۇن قىلىپ، چۆرىسىگە زىغزىق تۇتۇپ تىكىلىدىغان كۆرپە.

**يېكەنسۇندۇكى** [يېكەن + سۇندۇك + ى] <زوئول> بىر خىل قۇش. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 18 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، پەيلىرى قوڭۇر ۋە ئاق كېلىدۇ. يان تەرىپىدە ئېنىق قارا يوللىرى بولىدۇ. سۇ بويىدا ياشايدۇ. ھاشاراتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**يېكەنلىك** ئى. يېكەن كۆپ ئۆسكەن، يېكەن بىلەن قاپلانغان جاي: يېكەنلىكتىن ئازراق يېكەن ئورۇپ كەلدىم.

**يېگانە** سۈپ [پ] ① تەنھا، يالغۇز، مۇڭداشقۇدەك ياكى ھەمكارلاشقۇدەك ھېچكىم، ھېچنېمىسى يوق، بىر: ئۇ يېگانە ئۆزى بىمارغا قاراپ ئولتۇراتتى. ② مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە، ھېچكىم ياكى ھېچ نەرسە تەڭ كېلەلمەيدىغان، ھەممىدىن ئېسىل دەرىجىدە، بىرلا: شاھنىڭ بىرلا ئارزۇلۇق قىزى بار ئىكەن، ھۆسن ـ جامالدا يېگانە ئىكەن.

**يېگانىلىك** ئى. يەككە، يېگانە ھالەت، يالغۇزلۇق: ئۇ بىردىنلا يېگانىلىك ھېس قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى شۈركىنىپ كەتتى.

**يېگەك** ئى <سەلب> جىنسىي مۇناسىۋەت جەھەتتە نورمال ئەخلاق ـ قائىدىسىدىن چىقىپ كەتكەن بۇزۇق ئايال ياكى ئەر.

**يېگەن ـ ئىچكەن** ئومۇمەن يېيىلگەن، ئىچىلگەن، قورساق ئۈچۈن سەرپ بولغان، يېمەك ـ ئىچمەككە كەتكەن: ئۇلار يېگەن ـ ئىچكەنلىرىنى، كىيگەنلىرىنى ھېسابلاپ كۆرۈۋىدى، توپتوغرا ئىككى مىڭ سوم بولدى.

**يېگەن ـ ئىچكەندەك** يېگەن ـ ئىچكىنى چىرايىغا چىققان، قاۋۇل ھەم مەزمۇت، سالاپەتلىك: ئەخمەق، بۇ دېگەن چاقچاق، كۆرۈۋاتىسەنغۇ، يېگەن ـ ئىچكەندەك، سوقا ـ سەندەلدەك خوتۇن بۇ.

**يېگۈزمەك** «يېمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ـــ بولمايدۇ، ـــ دېدى ئۇ رازىيەنى توسۇپ، ـــ بۇ بالىغا ئۇنى يېگۈزسەك بولمايدۇ.

**يېگۈسىز** سۈپ. يېگىلى بولمايدىغان، يېيىشكە كۆڭۈل تارتمايدىغان (تاماق ھەققىدە): ـــ ۋىيەي، ـــ دېدى قاراپ تۇرغانلاردىن بىرى، ـــ پاسكىنا چۆمۈچنى تىقىپ بۇ ئاشنى يېگۈسىز قىلىۋەتتىغۇ؟

**يېگۈلۈك** ئى. يەيدىغان نەرسە، قورساق تويغۇدەك نەرسە، يېمەكلىك: ـــ ئەي ئاشىق، ـــ دەپتۇ مەلىكە، ـــ يەيدىغان نەرسىلەر تۈگىدى، ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ يېگۈلۈك تېپىپ كېلىڭ.

**يېڭى** ① سۈپ. كۆپ ئىشلىتىلمىگەن، تۇتۇلمىغان؛ يېقىندا ياسالغان، تىكىلگەن ياكى توقۇلغان: يېڭى قازان. يېڭى پىچاق. يېڭى ئىشىك. يېڭى كىيىم. يېڭى گىلەم. ② سۈپ. يېقىندا پەيدا بولغان، ياسالغان ياكى ئىلگىرىكىلەرگە نىسبەتەن كېيىنرەك ۋۇجۇدقا كەلگەن ھەم ئىشلىتىلىۋاتقىنىغا ئۇزۇن بولمىغان: يېڭى يول. يېڭى ئۆي. يېڭى دۇكان. يېڭى زاۋۇت. ③ سۈپ. يېقىندا ئىجاد قىلىنغان، يېقىندا ئىشلەنگەن ياكى جامائەتكە تېخى يېقىندىلا مەلۇم بولغان: يېڭى كىتاب. يېڭى دورا. يېڭى كۈي. يېڭى كەشپىيات. ④ سۈپ. ئىلگىرىكىدىن باشقا، ئىلگىرىكىدىن ئوخشىمايدىغان، پۈتۈنلەي باشقا؛ ئالاھىدە، باشقىچە: ئۇ ھەمىشە دېگۈدەك يېڭى پىكىرلىك ياخشى شېئىرلارنى يېزىپ كېلىۋاتىدۇ. ⑤ سۈپ. يېقىندا بەلگىلەنگەن، يېقىندا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان ياكى يېقىندىن بېرى يولغا قويۇلۇۋاتقان، يېقىندا ئىجرا قىلىنىدىغان (تۈرلۈك چارە ـ تەدبىر، قائىدە ـ نىزاملار ھەققىدە): يېڭى تەرتىپ. يېڭى قائىدە. يېڭى قانۇن. يېڭى چارە. يېڭى نىزام. ⑥ سۈپ. ئىلگىرىكى كىشىنىڭ ئورنىغا چىققان ياكى يېقىندا كەلگەن، كەلگىنىگە ئۇزۇن بولمىغان: يېڭى ھاكىم. يېڭى باشلىق. يېڭى ئوقۇغۇچى. يېڭى ئەسكەر. ⑦ سۈپ. يېقىندا ئىش باشلىغان، تەجرىبىسىز، خام، ئۆگەنچى: يېڭى شوپۇر. يېڭى

تېخنىك. يېڭى دوختۇر. ⑧ سۈپ. شۇ يىلى ياكى شۇ مەۋسۇمدا يېتىشكەن، شۇ يىلقى، ئۇزۇن بولمىغان ۋاقىت ئىچىدە يېتىلگەن؛ بۇزۇلمىغان، سۈپىتى، تەمى ياخشى، تەم - قۇۋۋىتى تولۇق ساقلانغان؛ تازا، پاكىز (تۈرلۈك ئۈسۈملۈك، ھايۋانات ۋە يېمەكلىكلەر ھەققىدە): يېڭى پاقلاننىڭ گۆشى. يېڭى ئۆرۈك. يېڭى تال. يېڭى كۆكتات. يېڭى ئالما. ⑨ سۈپ. ئۆتۈپ كېتىدىغان ۋاقىتنىڭ ئورنىغا كېلىدىغان، ئالدىمىزدىكى، نۆۋەتتىكى (ۋاقىت ھەققىدە): يېڭى يىل. يېڭى ئەسىر. يېڭى ئاي. يېڭى ھەپتە. ⑩ سۈپ. ناتونۇش، بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان، ئەمدىلا تونۇجى كۆرۈنۈۋاتقان: بۇ مەھەللىدە مەن ئۈچۈن يېڭى. ⑪ سۈپ. يېقىن ئۆتمۈشتە ياكى ھازىرقى دەۋر، ھازىرقى زامانغا ئائىت، شۇ دەۋرگە مەنسۇپ: يېڭى مەدەنىيەت. يېڭى تارىخ. يېڭى دېھقانچىلىق. ⑫ رەۋ. يېقىندا، ئۇزاق ئۆتمىگەن ۋاقىتتا ياكى ھازىرلا: رەپىق ئاكا يېڭى ياساتقان بۇرۇتىنى مەمنۇنىيەت بىلەن سىلاپ قويدى. ⑬ رەۋ. قايتىدىن، يېڭىباشتىن: — مەن ئەمدى ئىشنى يېڭىدىن باشلاپ كۆرەي، — دېدى ئۇمۇ بوش كەلمەي.

**يېڭى ئاي** ‹ئاستر› ① ھىجرىيە، قەمەرىيە ۋە مىلادىيە كالېندارىدىكى ئاي بېشى كۈنى. ② شۇ كۈنى كېچىسى كۆرۈنگەن ئاي، ھىلال ئاي.

**يېڭى بەت** بىرەر تارىخىي دەۋر ياكى شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرى، سەھىپىسى: يېڭى بەت ئاچماق. * يازغۇچى ئابدۇللا تالىپ «قايىنام ئۇرگىشى» رومانى ئارقىلىق ئۇيغۇر تارىخىي رومانچىلىقىدا يېڭى بەت ئاچتى.

**يېڭى پەدە** ① ‹مۇز› يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان ناخشا - مۇزىكىلار. ② كۆچمە. يېڭىچە ئۇسۇل، ئامال - چارە: يېڭى پەدىدە ئىش قىلماق. * — ھازىر قايسى ۋاقىت، ھەممە ئادەم يېڭى پەدىدە ئىش قىلىۋاتسا، بىز قوپۇپ يەنىلا كونا يولغا كىرىۋالىمىزمۇ؟ — دېدى باتۇر ئورنىدىن تۇرۇپ.

**يېڭى ھايات ئېراسى** ‹گېئول› گېئولوگىيەلىك يىلنامىنىڭ 5 - ئېراسى، 67 مىليون يىل بۇرۇن باشلىنىپ ھازىرغىچە داۋاملاشقان. بۇ ئېرا ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى دەۋر دەپ ئىككى دەۋرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى ئورگانىزملار ھازىرقى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىدۇ. ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، سۈت ئەمگۈچىلەر ئەۋج ئالغان ۋە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئاخىرقى باسقۇچتا ئادەم ئەجدادلىرى پەيدا بولغان. ئۈسۈملۈكلەردىن يېپىق ئۇرۇقلۇقلار ئاساس قىلىنغان. دۆلىتىمىزنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى يەر قاتلاملىرى ئاساسەن قۇرۇقلۇق تۈسىدىكى چۆكمىلەرنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا يۈز بەرگەن يەر پوستى ھەرىكىتى ھىمالايا ھەرىكىتى دېيىلىدۇ. شەرتلىك بەلگىسى K.

**يېڭىباشتىن** رەۋ [يېڭى+باش+تىن] قايتىدىن، ئىككىنچى قېتىم، باشقىدىن: ئادىل يەنە بايىقى يەرگە چىقىپ، يېڭىباشتىن ئولتۇردى.

**يېڭىچە** رەۋ. ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان ھالدا، يېڭى ئۇسۇلدا، يېڭى تەرتىپتە، يېڭى رەۋىشتە: شۇنداق، ئەمدى ھەممىنى پۈتۈنلەي يېڭىچە ئىشلەيدىغان گەپ. ئۇنىڭ يېڭىچە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا بولغان ئىشتىياقى بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى.

**يېڭىدىن** رەۋ. قايتىدىن، قايتا باشتىن، باشقىدىن: ئۇلار ئۆز تۇرمۇشىنى يېڭىدىن باشلىماقچى.

**يېڭىدىن - يېڭى** بىر- بىرىدىن يېڭى، ئەڭ يېڭى: ئۇ ئۆزىمۇ بۇنداق يېڭىدىن - يېڭى خەۋەرلەردىن بىرئاز ۋەھىمىگە چۈشۈپ قېلىۋاتاتتى.

**يېڭىراقتا** رەۋ. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەستە، تېخى يېقىندىلا، ھېلىلا: — يېڭىراقتا ئىككى ئوغۇللىرى كېلىپ بېشى بىلەن قانىتىنى يەپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قۇل.

**يېڭىشمەك** «يەڭمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھەممىسى ئۆز دۈشمەنلىرىنى يېڭىشىپ، غالىب ئاتالغانلاردۇر.

**يېڭىلاتماق** «يېڭىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ساھىبخانا كۈتكۈچىگە ئېيتىپ، شىرە ئۈستىدىكى قورۇمىلارنى يېڭىلاتتى.

**يېڭىلاشماق** «يېڭىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: توينىڭ ئالدىدا ھەر ئىككى تەرەپ ئۆيلىرىنى يېڭىلىشىپ ئۈلگۈرگەندى.

**يېڭىلانماق** ① «يېڭىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئەللىك يىلدا ئەل يېڭىلىنار، يۈز يىلدا قازان (ماقال). ② «يېڭىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شىرە ئۈستىدىكى سەي - زاكۇسكىلار يېڭىلاندى.

**يېڭىلتەك** سۈپ. مۇقىم مەيدان، ئېتىقادى يوق، تۇتۇرۇقسىز، تۇتامى يوق، تايىنى يوق: ئېيتىڭلا ئەزىزىمخان، سىلەر ئاياللارنىڭ كۆڭلى شۇنداق يېڭىلتەك بولامدۇ؟

**يېڭىلگەك** سۈپ. ئاسانلا يېڭىلىپ قالىدىغان، دائىم يېڭىلىپ قالىدىغان: يېڭىلگەك چېلىشقا تويماپتۇ (ماقال). * يېڭىلگەك چېلىشقا ئامراق (ماقال).

**يېڭىلماق** پ. خاتا قىلماق، ئازماق.

**يېڭىلمەس** سۈپ. قەتئىي يېڭىلمەيدىغان، ھېچقانداق توسقۇنلارغا تىسۇلمايدىغان؛ غالىب، ھەرقانداق ئىشتا غەلىبە قىلىدىغان: يېڭىلمەس قوشۇن. ئۇ قىسمىدا تۇرغان ۋاقىتتا بىر مەزگىل يېڭىلمەس چارلاش ئەترىتىدە تۇرۇپ، كېيىن توپچىلار پولكىغا ئالماشتۇرۇلغانىدى.

**يېڭىلمەسلىك** ئى. يېڭىلمەيدىغان ئىرادە، غالىبلىق: ئۇ بىر ئىش قىلغان ۋاقىتتا ئەزەلدىن يېڭىلمەسلىكنى ئۆزىگە مىزان قىلىپ ئىش باشلايتتى.

**يېڭىلمەك** «يەڭمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پادىشاھ لەشكەرلىرى يېڭىلىپ، ھەممە نەرسىلىرىنى تاشلاپ شەھەرگە قاچتى.

**يېڭىلىشماق** پ. خاتالاشماق، سەۋەنلىك سادىر قىلماق، خاتالىق ئۆتكۈزمەك؛ خاتا قىلماق: ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭىلىشقانلىقىنى قىلچىمۇ سەزمىدى.

**يېڭىلىق** ئى ① يېڭى ھالەت، يېڭى كۆرۈنۈش: ئۇ خېنىم ھەدەپ كىيىملىرىنىڭ يېڭىلىقىنى كۆز - كۆز قىلىۋاتاتتى. ② ئىلگىرى بولمىغان، يېقىندا كۆرۈلگەن نەرسە ياكى ھادىسە، يېڭى ئەھۋال، يېڭى ھادىسە: مەن مەركىزىي ئاشخانىغا بېرىپ قايتقۇچە كۈندە مىڭ خىل يېڭىلىقنى كۆرىدىغان بولدۇم. ③ يېقىندا ئاڭلانغان، يېڭى بولغان ھادىسىلەر ھەققىدىكى خەۋەر، ئۇچۇر، يېڭى خەۋەر، يېڭى مەلۇمات: شارابەت ئۇنىڭغا كۆپ يېڭىلىقلار ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. ④ جان ت. ئەتىيازدا ھەممىدىن بالدۇر پىشىدىغان مېۋىلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پىشقان مېۋىسى، ئادەتـ

تە ئاساسەن ئۇجمە قاتارلىق مېۋىلەرگە قارىتا ئېيتىلىدۇ: — دادا، ساڭا يېڭىلىق ئەكىردىم، — دېدى ئۇ قولىدا كۆتۈرۈۋالغان بەش دانە ئۇجمىنى كۆرسىتىپ.

**يېڭىلىقپەرۋەر** سۈپ. يېڭىلىققا ئىنتىلگۈچى، يېڭىلىق يارد-تىش تەرەپدارى، يېڭىلىقنى ياقلىغۇچى: يېڭىلىقپەرۋەر ياش. * يېڭىلىقپەرۋەر ياش سەيپۇڭ ئۇستاملار قىزنىڭ قاملاشقان بەستىگە قاراپ، ئۆز ھۈنىرىنى نامايان قىلغۇدەك كىيىملەرنى تىكىپ، ئۇنىڭغا كىيدۈرۈپ، مودا قىلغۇسى كېلەتتى.

**يېڭىلىقپەرۋەرلىك** ئى. يېڭىلىققا ئىنتىلىش، يېڭىلىق يارد-تىش، يېڭىلىقنى ياقلاش روھى، ئىدىيەسى: يېڭىلىقپەرۋەرلىك ھازىرقى زامان ياشلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**يېڭىلىماق** پ. بۇرۇنقىسىنى يېڭى نەرسىگە ئالماشتۇرماق، بۇرۇنقىسىنىڭ ئورنىغا يېڭىسىنى قويماق؛ يېڭى قىلماق. يېڭى ھالەتكە كەلتۈرمەك: سەيلىخان ئاچا پات - پات پىيالىلەردىكى چايلارنى يېڭىلايتتى.

**يېڭىياچە** رەۋ. يېڭىدىن، ئەمدىلا، تۇنجى قېتىم ھەم يېڭىلا: قەنتىم بارغۇ، قەنتىم بار، يانچۇقۇمدا قەنتىم بار. يېڭىياچە يار تۇتتۇم، ئايرىلماسقا شەرتىم بار.

**يېڭىياچىلىق** ئى. ئىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى، ھالىتى، يېڭى باشلىنىشى: — ئۆينى مۇشۇنچىلىكرەك قىلىۋالدۇق، — دېدى ئۇ پىيالىگە چاي قۇيۇۋېتىپ، — يېڭىياچىلىق، بىردەم پاراڭلىشايلى.

**يېلىك** سۈپ. نېپىز، يۇپقا: يېرىم باينىڭ ياتقۇسى كەلمەس، كىيىمى يوقنىڭ قوپقۇسى كەلمەس (ماقال).

**يېلىك - يالىڭاچ** كىيىمى يېلىك ۋە بەدىنى يالىڭاچ، يېلىك ۋە يالىڭاچ دېگۈدەك: ئۇلار يېلىك - يالىڭاچ ھالدا بىر - بىرىنى يۆلە-شىپ يولغا چىقىپتۇ.

**يېلىك - يوپۇق** كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ تايىنى يوق، تۈزۈك ئۈستىبېشى يوق، يېلىك -يالىڭاچ: ئەمدى ئۇلار بۇرۇنقى ئاشۇ نامرات، يېلىك - يوپۇق تۇرمۇشىنى ئۇنتۇپتۇمۇ؟

**يېلىم** ئى ① دەرەخنىڭ غولى ياكى شاخلىرىدىن سارغىيىپ چىقىپ قېتىپ قالىدىغان بىر خىل يېپىشقاق نەرسە: جىگدە يېلىمى. ئۆرۈك يېلىمى. شاپتۇل يېلىمى. ② نەرسىلەرنى بىر - بىرىگە ئۇلاش، بىرىكتۈرۈش، چاپلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يېپىشقاق سۇيۇقلۇق: يېلىم تەييارلىماق. يېلىم سۈركىمەك. يېلىم چاپىماق.

**يېلىمى ئېرىمەك** بۇرۇنقى قاتتىق پوزىتسىيەسى يۇمشىماق: جاسارەتتىن بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئادىلنىڭ يەنە يېلىمى ئېرىشكە باشلىدى.

**يېلىمسىمان** سۈپ. يېلىمغا ئوخشاش، يېلىم ھالىتىدىكى: قولۇمغا تۆكۈپ كۆرۈپ بىلدىڭكى، باك ئىچىگە يېلىمسىمان سۇيۇقلۇق قاچىلىنىپتۇ.

**يېلىملاتماق** «يېلىملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-جىسى: ئايشەم سىڭلىسىغا چېچىنى جىگدە يېلىمى بىلەن يېلىملىتىپ بولۇپ، تاشئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلدى.

**يېلىملاشماق** پ. يېلىم تۇتماق ياكى يېلىمغا ئايلانماق، يېلىم بولماق: قىزلار چاچلىرىنى يېلىملىشىپ بولۇپ، چىرايلىق ئۆرۈشكە باشلىدى.

**يېلىملانماق** «يېلىملىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ گۈزەل قىزلارنىڭ ئۆرۈك يېلىمى بىلەن يېلىملانغان چاچلىرى مەززد-لىك پۇرايتتى.

**يېلىملىق** سۈپ. يېلىمى بار، يېلىم سۈرتۈلگەن، يېلىملاند-غان: يېلىملىق لاتا.

**يېلىملىماق** پ. يېلىم سۈرتمەك، يېلىم سۈركىمەك؛ يېلىم بىلەن يېپىشتۇرماق، چاپلىماق: ئانام چېچىمنى يېلىملاپ بولۇپ چىرايلىق تارىغاندىن كېيىن قوللىرىنى يۇيۇۋېتىپ خېمىر يۇغۇرۇشقا باشلىدى.

**يېلىن** ئى <ئانات> ئايال كىشى ياكى سۈت ئەمگۈچى چىشى ھايۋانلار تېنىدە بولىدىغان سۈت ئاجرىتىش ئورگىنى، سۈت بېزى، ئەمچەك.

**يېلىن سالماق** تۇغىدىغان ھايۋانلارنىڭ يېلىنى يوغىنىماق، تولماق.

**يېلىنجاتماق** «يېلىنجىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-جىسى: سەن ئاشۇ چولپاننى يۈرەك ئوتۇڭ بىلەن يېلىنجىتىپ، بۇ زېمىننى ھامان ئۈمىدلەندۈرۈپ كەلگەن گۈزەل سۈبھى بولدۇڭ.

**يېلىنجىماق** پ ① يالقۇنلىماق، يالقۇنلاپ ئىسسىق تەپتى ئەتراپقا تارالماق، كۈچلۈك ئىسسىقلىق تارقاتماق: ئۇلار گۈگۈم چۈشۈشى بىلەنلا يىراقتا ئوت يېلىنجاۋاتقانلىقىنى كۆردى. ② كۆچمە. كۈچەيمەك، تېخىمۇ ئۇلغايماق، ئەۋجىگە چىقماق، يۇقىرى پەللىگە يەتمەك: قەلبىمدىكى بۇ ئەزىز تۇپراققا بولغان سۆيگۈ ئوتى باشقىچە يېلىند-جىدى.

**يېلىندۇرماق** «يېلىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئادىلجان ئاتا - ئانىسىنى ئىككى - ئۈچ يىل يېلىندۇرۇپ، ئاران دېگەندە بۇ يىل يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن توي قىلىشقا ماقۇل بولدى.

**يېلىندۇرۇشماق** «يېلىندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرد-جىسى: — باياتىندىن بۇيان ئادەمنى يېلىندۇرۇشقىچە بۇرۇنراق ماقۇل دېسەڭلەر بولمامدۇ؟ ھامىنى ماقۇل دەيدىغان بولغاندىكىن، — دېدىم ئۇلارغا چاقچاق قىلىپ.

**يېلىندۇرۇلماق** «يېلىندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يېلىنسىمان** پ. شەكلى يېلىنغا ئوخشاش، يېلىن شەكىل-لىك: ئۇ كۆپىنچە ئۈزۈمسىمان، بۆرەكسىمان، يېلىنسىمان، كاللەك تۇپسىمان قورامساق ھالىتىدە بولىدۇ.

**يېلىنلىق** سۈپ. يېلىنى بار؛ يېلىنى يوغان، سۈتى كۆپ: يېلىنلىق ئىنەك.

**يېلىنلىماق** پ. يېلىن سالماق، يېلىنى يوغىناپ تولماق، يېلىنى چوڭايماق: بۇ كالا بىكارچىلىقتىن سەمرىپ يېلىنلاپ كەتكەنىدى.

**يېلىنماق** پ. يالۋۇرماق، ئىلتىجا قىلماق، بىچارىلەرچە ياردەم تەلەپ قىلماق: ھالى يەتمىگەن خۇداغا يېلىنار (ماقال).

**يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ** يېلىنىپ ھەم يالۋۇرۇپ: مەن ئۇنىڭغا ھەممە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدىم.

**يېلىنىشماق** «يېلىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ بىچارە نارەسىدە باللار ئاپىسىغا ئۆزلىرىنى تاشلاپ كەتمەسلىك ھەققىدە شۇنچە يېلىنىشقان بولۇشىمۇ، بۇ تاش يۈرەك ئاپىغا قىلچە تەسىر قىلمىدى.

**يېمەك** I ئى. يەيدىغان نەرسە، يېگىلى بولىدىغان ياكى يېيىش ئۈچۈن تەييارلانغان نەرسە، يېگۈلۈك: بىر گېپىم بار دەۋالاي، دەپتۇ ئېشەك، رازىمەن ئاندىن مېنى قىلساڭ يېمەك.

**يېمەك** II پ ① تاماق ئىستېمال قىلماق، يېمەك-ئىچمەك بىلەن قورساق توقلىماق، غىزالانماق، تاماقلانماق: توخۇنى ئوغرىلىغانمۇ ئوغرى، توخۇمىنى يېگەنمۇ ئوغرى (ماقال). ② تىرىك-

چىلىك ياكى ئەيش - ئىشرەت ئۈچۈن سەرپ قىلماق، خەجلىمەك، ئىشلەتمەك: ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن خاقانىنىڭ ئوغلى ئەلى نۇرىدىن ھەممە بار-يوقىنى سېتىپ يېدى. ③ باشقىلارنىڭكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماق، خەقنىڭ ھەققىنى قانۇنسىز ھالدا ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ، ئۆز ئىشلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلماق، ئۆزىنىڭ ئىشى ئۈچۈن ئىشلىتىۋالماق: پارا يېمەك. * ئۇ ئىشقا «ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمەن» دېگەن باھانە بىلەن باشقىلاردىن 50 مىڭ يۈەن پارا يېگەنلىكى ئۈچۈن خىزمەتتىن قوغلانغانىدى. ④ كۆچمە. كاردىن چىقارماق، يوقاتماق، ئۆلتۈرمەك، سەپتىن چىقارماق: مۇزەپپەر دېگەن بۇ جاللات ئاخىرى سېنى يەپ قويىدۇ. ⑤ ئادەمنى زەخىملەندۈرەلەيدىغان ھەم كۆرگىلى، تۇتقىلى بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ نامى بىلەن بىللە كېلىپ «شۇ نەرسە بىلەن ئۇرۇلماق، تىلىنماق، زەخىملەندۈرۈلمەك؛ شۇ نەرسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىماق، زەربىسىگە ئۇچرىماق» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: تاياق يېمەك. كالتەك يېمەك. خەنجەر يېمەك. مۇشت يېمەك. كاچات يېمەك. ئوق يېمەك. پىچاق يېمەك. دەررە يېمەك. پەشۋا يېمەك. ⑥ كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدىغان، ئەمما ئادەم ياكى نەرسىلەرگە مەلۇم دەرىجىدە زىيان ياكى پايدا ئېلىپ كېلەلەيدىغان نەرسىلەرنىڭ نامى بىلەن بىللە كېلىپ، «شۇ نەرسىنىڭ زەربىسى ياكى ھۇزۇرىغا ئۇچرىماق، زىيىنى ياكى پايدىسىنى كۆرمەك، شۇ نەرسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماق» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: سوغۇق يېمەك. شامال يېمەك. ھاۋا يېمەك. ئۇششۇك يېمەك. تولغاق يېمەك. دەككە يېمەك. ⑦ كىشىنىڭ روھىي دۇنياسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىسىملار بىلەن بىللە كېلىپ، شۇ ئىسىم بىلدۈرگەن ھالەتكە مۇپتىلا بولۇشنى، شۇنداق ھالەتتە ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇشنى بىلدۈرىدۇ: غەم يېمەك. پۇشايمان يېمەك. ئازار يېمەك. ئارمان يېمەك. ۋەھىمە يېمەك. ⑧ «گەپ» سۆزى بىلەن بىللە كېلىپ «ئالماق، قوبۇل كۆرمەك، ماقۇل بولماق، قوشۇلماق» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: بۇ يەردە ھېچكىم ھېچكىمنىڭ گېپىنى يېمەيتتى. ⑨ تېرە ئاشلاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئاش بىلەن بىللە كېلىپ ئۇنى پېئىللاشتۇرۇپ «ئاشلانماق» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: توڭگۇز تېرىسى سېسىقلىقىدىن ئاش يېمەس، ئادەم تېرىسى ئۇلۇغلۇقىدىن ئاش يېمەس (ماقال). ⑩ ئۇپراتماق: تۆمۈرنى ئېكەك يەيدۇ، قاتتىقنى يۇمشاق يەيدۇ.

**يەپ قويماق** ① كىشىنىڭ ھەققىنى ئۆز ئىشى ئۈچۈن ئىشلىتىۋالماق: — ئۇ پۇلدىنمۇ ئازراق يەپ قويۇپسەن - دە، — دېدى ئۇ سەمەتكە. ② بۇرۇن ئۆگەنگەن، بىلىۋالغان نەرسىنى ئۇنتۇپ قالماق: — سەمەت سىز قۇرئاننى يەپ قويغانسىز - ھە؟ — دېدى ئۇ سەمەتكە سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ.

**يەپ كەتمەك** ① كىشىنىڭ ھەققىنى ئىشلىتىۋالماق، باشقىلارنىڭكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماق: ئۇھ، ئەجەب قوي ئىدى ... ئۇلار يەپ كېتىشتى، خۇددى مۇشۇك بالىسىنى يېگەندەك يەپ كېتىشتى. ② بۇرۇن ئۆگەنگەن ھەم بىلىپ بولغان نەرسىنى ئۇنتۇپ قالماق، بىلەلمەيدىغان بولۇپ قالماق، ئۇنتۇپ كەتمەك: ئۇ ئۇزۇن مۇددەت ئۆز كەسپىنى ئىشلەتمىگەچكە، مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرىنى ئاساسەن يەپ كەتكەنىدى. ③ نابۇت قىلماق، يوقىتىۋەتمەك، ئۆلتۈرۈۋەتمەك: — يوقسۇ بۇنىڭ دادىسىمۇ شۇڭقار ئىدى، بىراق كاج زامانىنىڭ ئاچ كۆز ھۇۋقۇشلىرى يەپ كەتتى، — دېدى ئانا.

**يەمسە ياق** يېمەك - ئىچمەكلەرنىڭ ناھايىتى مول بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ: ئۇ بۈگۈنكىدەك ھېيت - ئايەم كۈنلىرىدە ئاپاق خوجا مازىرىدا يەمسە ياق بولۇپ كېتىدىغان نەزىر - نۇسرەت، زارا خەتمىلەرنى ئېسىگە ئالدى.

**يېگىلى ئېغىز يوق** تۇرمۇشنىڭ ناھايىتى باياشات، توقچىلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئۆي دېگەندە قاپاق - قاپاقتا ياغ، يېگىلى ئېغىز يوق، قۇيماقنى تولا يەپ زېرىكىپ كەتتىم.

**يېگىنى چىرايىغا چىقمايدىغان** سەمرىمەيدىغان، خۇددى ھېچ نەرسە يېمىگەندەكلا كۆرۈنىدىغان، ئاۋاق، ئورۇق: سالام دېگەن يېگىنى چىرايىغا چىقمايدىغان جاغدا بىرنېمە.

**يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلىمەك** ئۆزى ئېرىشمىگەن پايدا، ياخشىلىق ئۈچۈن ناھەق تۆلەم تۆلىمەك؛ ناھەق جاۋابكارلىققا تارتىلماق، ناھەق قارىلانماق: ئادىلمۇ ئون بىر يىلدىن بېرى يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەۋاتامدۇ؟

**يېمەكلىك** ئى. يەپ - ئىچىش ئۈچۈن تەييارلانغان، يېگىلى بولىدىغان نەرسە، يېگۈلۈك، يېمەك: ئۇ يېمەكلىكنىڭ ئاشقان قىسمىنى يەنە گېزىتكە ئوراپ قويدى. بۇ ئەتراپ ھەر خىل يېمەكلىك دۇكانلىرى، تاماقخانىلار بىلەن تولغانىدى.

**يېمەك - ئىچمەك** يەيدىغان ھەم ئىچىدىغان نەرسىلەر، ئومۇمەن يەپ - ئىچىش ئۈچۈن تەييارلانغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى: ئۇ چاغدا ئابىدەملەرنىڭ يېمەك - ئىچمىكى تولۇق ئىدى.

**يېمىش** ئى. ھۆل - قۇرۇق مېۋە - چېۋە: سارايىنىڭ ئالدىدا يوغان بىر خوتۇن يېمىش سېتىۋاتاتتى.// يېمىش ئۆرۈك. يېمىش جىگدە.

**يېمىش جىگدە** <بوت> جىگدىنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسى يوغان، گۆشلۈك بولۇپ، تەمى ياخشى، يېيىشلىك كېلىدۇ.

**يېمىش ئۆرۈك** <بوت> پىشقاندا پەقەت يېيىلىپ تۆگەيدىغان ئۆرۈكلەر، بۇ خىل ئۆرۈكلەرنىڭ تەمى ناھايىتى تاتلىق بولۇپ پىشقاندا يېيىلىپ تۆگەيدۇ. ئاساسەن گۈلە (قاق) قىلىپ قۇرۇتمايدۇ، چۈنكى بۇ خىل ئۆرۈكلەردىن گۈلە قۇرۇتۇلسا، گۆشسىز قۇرۇيدۇ.

**يېمىشلىك** سۈپ. يېمىشى بار، مېۋىلىك: يېمىشلىك باغ: ئۇ بىزنى ھەر خىل مېۋىلىرى پىشىپ مەي باغلاپ كەتكەن بىر يېمىشلىك باغقا باشلاپ كىردى.

**يېن** مىق. ياپونىيەنىڭ پۇل بىرلىكى.

**يېنىپ - يېنىپ** قايتا - قايتا، ئارقىمۇئارقىدىن، بىرقانچە رەت: رابىخان موماي ئەركىنىنى باغرىغا بېسىپ، يۈزلىرىگە يېنىپ - يېنىپ سۆيدى.

**يېنىچە** رەۋ ① بىر يېنىنى بېسىپ، يانتۇ ھالەتتە؛ يېنىنى قىلىپ، يانتۇ بولۇپ: چورۇق ھېكىم زەمبىلدە يېنىچە ياتاتتى. ② ئىككىلا پۇتىنى بىر يانغا ساڭگىلىتىپ، بىر يانغىلا قاراپ: ئۇ ماي قاپاقلىرى ئارتىلغان ئېشەككە يېنىچە مىنىپ، راۋابنى شوخ پەدىگە چېلىپ يولىغا راۋان بولدى.

**يېنىچە - قىرىچە** يېنى بولۇپ ۋە كۆز قىرىنى سېلىپ: ئۇ

يېنىچە ـ قىرىچە قاراپ دەرەخ تۈۋىدىكى بىر گەۋدىنى كۆرۈپ قالدى.

**يېنىچلاپ** رەۋ. ← **يېنىچە.**

**يېنىشچان** سۈپ. ئاسان يانىدىغان، ئاسان ئوت ئالىدىغان؛ يانغاق: يېنىشچان گاز.

**يېنىشلاپ** رەۋ. قايتا ـ قايتىلاپ، ئارقىمۇئارقا، يېنىپ ـ يېنىپ؛ قايتا، ئىككىنچى، يەنە بىر قېتىم: ئۇ قادىر ئۇستىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بىرقانچە رەت يېنىشلاپ چاقىرغان بولسىمۇ، ھېچبىر سادا چىقمىدى.

**يېنىشماق** ① «يانماق I » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۆي تەكشۈرگۈچىلەر كەينىگە يېنىشتى.② ۋەدە، پىلان، قارارلىرىنى بىكار قىلماق: ئۇلار قۇدىلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، يوق گەپلەرنى تەگىشىپ يېنىشىپ كېتىپتۇ.

**يېنىش- يېنىشلاپ** قايتا ـ قايتىلاپ، ئارقىمۇئارقا، ئۇزۇلدۇرمەي، تەكرار، كەينى ـ كەينىدىن:— ھەسەن بالام، ئۇمىدىمىزنى يەردە قويماي ياخشى ئىشلەڭلەر،— دەيتتى لېتىپ ئاكا يېنىش ـ يېنىشلاپ.

**يېنىق** سۈپ. ياندۇرۇلغان ھالەتتە، ياندۇرۇلغان، ياندۇرۇپ قويۇلغان (چىراغ قاتارلىقلار ھەققىدە): سېخنىڭ ئالدىدىكى چوڭ چىراغمۇ دائىم يېنىق تۇراتتى.

**يېنىقلىق** سۈپ . يېنىپ تۇرغان ، ياندۇرۇپ قويۇلغان : چىراغ يېنىقلىق ئۆيدە بىر ئادەمنىڭ مېڭىپ يۈرگىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

**يېنىك** ① سۈپ. ۋەزنى ئېغىر ئەمەس، يەڭگىل: ئۇ شاھنىڭ ئۆيىدىكى ئۆزى يېنىك، باھاسى قىممەت نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. ② سۈپ. كۆچمە. مۇشەققىتى ئاز؛ بېجىرىلىشى، ئورۇنلىنىشى ئوڭاي، ئاسان: يامانلىقنىڭ يولى يېنىك، ياخشىلىقنىڭ يولى ئېغىر (ماقال). // تۇرمە ھاياتى ئۇنىڭغا خېلىلا يېنىك تۇيۇلدى. ③ سۈپ. كۆچمە. تېز ھەزىم بولىدىغان، ئاسان سىڭىدىغان (تۇرلۇك يېمەك ـ ئىچمەكلەر ھەققىدە): ئۇ توخۇ گۆشىگە ئوخشاش يېنىك ۋە مەززىلىك نەرسىلەرنى يەپ ئۇخلاشنى ياخشى كۆرەتتى. ④ سۈپ. كۆچمە. ھەرىكىتى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى چاققان: يىگىتنىڭ تاشقى قىياپىتى ئۆزگىچە، بېشىغا چاچ قويغان، چاققان، يېنىك، زىغىر رەڭ گىمناستوركىسىنىڭ ئۇستىدىن كەمەر باغلىغان. ⑤ سۈپ. كۆچمە. مىجەزى ئىتتىك، بىر ئىشلارنى چوڭقۇر ئويلىمايلا بىر تەرەپ قىلىۋېتىدىغان، ئالدىراڭغۇ، يەڭگىلتەك: بۇ سىرنى ئېرىڭدىن باشقا ھېچكىمگە بىلدۈرمىگىن، قېيىن ئاناڭمۇ يېنىك خوتۇن، بولۇپمۇ كۈندىشىڭ سەزگۈدەك بولمىسۇن. ⑥ سۈپ. كۆچمە. ئۇنچە كۈچلۈك ئەمەس بوش ھەم مۇڭلۇق: يېنىك ئاھاڭ. يېنىك مۇزىكا. يېنىك شامال. * ئابدۇۋېلى يېنىك كۈلۈپ قويدى. ⑦ سۈپ. كۆچمە <قا> دەرىجىسى ئېغىر بولمىغان، قاتتىق ئەمەس، يەڭگىل، ئادەتتىكىدەك: يېنىك جازا. يېنىك جىنايەت. ⑧ سۈپ. كۆچمە. زەخىملىنىش، بۇزۇلۇش دەرىجىسى قاتتىق ئەمەس: شۇ قېتىم يىقىلغان چاغدا ئۇنىڭ تىز سۆڭىكىدە يېنىك دەز پەيدا بولغانىكەن. // ئۇھېلىقى يېنىك زەخىملەنگەن يىگىتكە قاراپ بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى. ⑨ رەۋ. كۆچمە. روھىي جەھەتتىن ناھايىتى خاتىرجەم: تۇرسۇن ئاتا ئەتىسى ئورنىدىن ناھايىتى يېنىك تۇردى. ⑩ رەۋ. كۆچمە. كۆپ كۈچىمەيلا، كۆپ قىينالمايلا: ئاتلار سوقىلارنى يېنىك سۆرەپ كېتىپ باراتتى. ⑪ رەۋ. كۈچسىز، بوشقىنا؛ ئاستا، يەڭگىل: ھېلىقى كىشى يېنىك بىر يۆتىلىپ گېلىنى قىرىپ قويدى. * ئۇنىڭ قوللىرى يېنىك تىترەيتتى. ⑫ سۈپ. كۆچمە. ئاسان چۈشەنگىلى، ئاسانلا بىلىۋالغىلى بولىدىغان: يېنىك دەرس.

**يېنىك ئاتلېتىكا** <تەن> مېڭىش، يۈگۈرۈش، سەكرەش، ئېتىش قاتارلىق تەنھەرىكەت ماھارەتلىرىدىن تەركىب تاپقان، شەخسنى ئاساس قىلغان تەنھەرىكەت تۈرى.

**يېنىك سانائەت** <س ئىق> تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىدىغان سانائەت. ئادەتتە ئۇ توقۇمىچىلىق سانائىتى، يېمەكلىك سانائىتى ۋە دورا سانائىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يېنىك شامال** دەرىجىسى بىر- ئىككى بال ئەتراپىدىكى كىشىگە بىر خىل ھۇزۇر بېغىشلايدىغان سالقىن شامال: كەچكە يېقىن چىققان يېنىك شامال ئەمدى خېلى كۈچەيگەنىدى.

**يېنىك قورallar** <ھەرب> ئېتىش مۇساپىسى بىر قەدەر يېقىن، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولغان قوراللار. مەسىلەن، مىلتىق، ئاپتومات، پىلىموت قاتارلىقلار.

**يېنىكلەتمەك** «يېنىكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سالقىن شامال تاشۋاينى يېنىكلىتىپ، ئۇنىڭغا يەنە باشقىچە روھ ئاتا قىلدى.

**يېنىكلەشتۈرمەك** «يېنىكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوقۇتقۇچىمىز دەرسلەرنى يېنىكلەشتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقاردى. * ئەمدى ھەرقانداق بىر قىز مېنىڭ ھەسرەتلىرىمنى يېنىكلەشتۈرەلمەيدۇ.

**يېنىكلەشتۈرۈشمەك** «يېنىكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار يۈكلىرىنى يېنىكلەشتۈرۈشۈپ بولۇپ يەنە سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇشتى.

**يېنىكلەشتۈرۈلمەك** «يېنىكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى : ئۇنىڭ پوزىتسىيەسى ياخشى بولغانلىقتىن، جازا يېنىكلەشتۈرۈلگەنىدى.

**يېنىكلەشمەك** ① «يېنىكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② يېنىك بولماق، يېنىك ھالەتكە كەلمەك، يېنىكلىمەك: تېخنىكا يېڭىلاش نەتىجىسىدە ئەزالارنىڭ ئەمگەك سىجىللىقى يېنىكلەشتى.

**يېنىكلەنمەك** «يېنىكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېمەكلىك توختىتىلماي يېيىلگەنسېرى خالتىمۇ ماس ھالدا يېنىكلىنىپ بارماقتا ئىدى.

**يېنىكلىتىشمەك** «يېنىكلەتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۆشنىسىدىكى ئارتۇق نەرسىلەرنى تاشلىۋېتىش ئارقىلىق يۈكلىرىنى يېنىكلىتىشمەكتە ئىدى.

**يېنىكلىتىلمەك** «يېنىكلەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: جازا يېنىكلىتىلدى. * بۇنىڭ بىلەن كارخانىلارنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ 23 مىليون 560 مىڭ يۈەن سېلىقى يېنىكلىتىلدى.

**يېنىكلىك** ئى ① ئېغىر ئەمەسلىك، يەڭگىللىك: ئۇنىڭ جىنايىتىنىڭ يېنىكلىكى بىزگە مەلۇم. * ئۇ بۇ يەردىكى ئىشنىڭ يېنىكلىكىنى بىلەتتى. ② روھىي جەھەتتىكى خاتىرجەملىك، ئەركىن ـ ئازادە، نورمال ھالەت: خان كۆڭلى ئارام ئالغاندەك يېنىكلىك ھېس قىلىپ، چوڭقۇر نەپەس ئالدى. ③ ئاقىۋىتىنى ئويلىمايلا قىلغان ھەرىكەت، ئالدىراڭغۇلۇق، يەڭگىلتەك، تەنتەكلىك: مەخمۇت بۇ ئىشتا يېنىكلىك قىلسا بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنەتتى.

**يېنىكلىمەك** پ ① يېنىك بولۇپ قالماق، يېنىك ھالەتكە كەلمەك، ئېغىرلىقى ئازايماق: دەريادىن چىققاندا تۇز ئارتىلغان ئېشەكنىڭ يۈكى يېنىكلەپتۇ، پاختا ئارتىلغان ئېشەكنىڭ يۈكى ئېغىرلاپتۇ. ② بىرەر ئىش، پائالىيەت جەريانى قاتارلىقلار ئاسانلاشماق، ئاسان، ئوڭاي ھالەتكە كەلمەك: بوۋاينىڭ ياردىمى بىلەن ئېغىر ئىشىمىز يېنىكلەپ، بىزمۇ خېلىلا ئارام تېپىپ قالدۇق. ③ كۆچمە. ئومۇمەن ئادەمنى روھىي ياكى جىسمانىي جەھەتتىن خورىتىدىغان تۈرلۈك تۇيغۇ ياكى زەربىلەرنىڭ زىيىنى كېمەيمەك، ئادەمگە كەلتۈرگەن كۆڭۈلسىزلىكلىرى ئازايماق، زەربىسى تۆۋەنلەپ بارماق: كېسىلى يېنىكلىمەك. دەردى يېنىكلىمەك. غەمدىن يېنىكلەپ قالماق. ۋىجدان ئازابى يېنىكلىمەك. ④ روھىي جەھەتتىن خاتىرجەم، خۇش بولۇپ قالماق، ئۆزىنى يېنىك، ئەركىن ـ ئازادە ھېس قىلماق: مەن ئۇنى كۆرۈپ ناھايىتى يېنىكلەپ قالدىم.

**يېۋروپىي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Eu(Europium). سىرەك يەر مېتاللىرى ئىچىدىكى ساقلىنىش مىقدارى ئەڭ ئاز بولغان بىر خىلى. ئاتوم رېئاكسىيە قازىنىدا پىروتون سۈمۈرگۈچى قىلىنىدۇ.

**يېيىتما** ① سۈپ. يېيىتىلغان ياكى يېيىتىلىدىغان: يېيىتما خىش. ② <گ سەن> جۇڭگوچە رەسىم سىزىشتىكى بىر خىل كەسپىي ماھارەت، يەنى كۆڭلەن گۈل ـ گىياھ سىزمىلىرىنىڭ ماھارىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭدا، ئىزنا سىزىقلىرى ئىشلىتىلمەيدۇ، موي قەلەمنىڭ ئۇچى سىياھقا چىلىنىپ، قەغەز يۈزىگە سەل ـ پەل تەگكۈزۈلگەن ھامان سىياھ يېيىلىدۇ. بىرلا قەلەمدە قېنىق ـ سۇسلۇق دەرىجىسى تەڭ چىقىرىلىدۇ.

**يېيىتماق** «يايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەۋلان مېنى يېيىتىپ قويۇلغان زىغىر پاخىلى ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

**يېيىشلىك** سۈپ ① تەمى ياخشى، ئادەمنىڭ يېگۈسى كېلىدىغان: يېيىشلىك تاماق. ② نەپسى يامان، يېمەك ـ ئىچمەككە ئامراق، تويماس، تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا كۆپ خىراجەت قىلىدىغان: مېلىڭ يېيىشلىك بولسا بەردى خۇدا، خوتۇنۇڭ يېيىشلىك بولسا ئۇردى خۇدا (ماقال).

**يېيىشماق** «يايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى ئاپتاپقا يېيىشىپ بولۇپ ئۆزلىرىمۇ ئاپتاپتا بىردەم ئولتۇردى ـ دە، ئاندىن يەنە ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى.

**يېيىشمەك** «يېمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قىمىز ئىچىپ، كاۋاپ يېيىشىپ ئوبدان مېھمان بولۇشتى.

**يېيىق** سۈپ. يېيىلغان، يېيىپ قويۇلغان: ماشىنا يېيىق ئېقىننىڭ سايلىقىدىن ئۆتۈپ بولغاندىلا ئۇ كۆزىنى ئاچتى.

**يېيىق جۈملە** <تىل> جۈملە شەكىللىرىدىن بىرى، ئىگىسى بىلەن خەۋىرى كېڭەيتىلگەن ياكى باش بۆلەك بىلەن ئەگەشمە بۆلەك بىللە كەلگەن بىر خىل جۈملە.

**يېيىق سۈيى** زىرائەت تېرىلىپ ئۈنگەندىن كېيىن سىرغىتىپ قويۇلغان دەسلەپكى سۇ.

**يېيىقلىق** سۈپ. يېيىلغان، يېيىپ قويۇلغان، يېيىتىلغان: ئۇنىڭ توخۇلىرى باشقىلارنىڭ يېيىقلىق بۇغدىيىنى يەپ كېتىپتۇ. // ئۈستەلدە بۈگۈنكى يېڭى گېزىت يېيىقلىق تۇرۇپتۇ.

**يېيىلاڭغۇ** سۈپ. يېيىلىپ تۇرىدىغان: ئوڭ تەرەپ جەينەك چوققىلىق تاغ، سول تەرەپ يېيىلاڭغۇ دەريا ئىدى.

**يېيىلدۇرماق** «يېيىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار بىر قولىدىكى ياغاچ ئەندىۋا بىلەن لاينى يېيىلدۇرۇپ ماڭاتتى.

**يېيىلدۇرۇشماق** «يېيىلدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تامچى ئۇستىلارنىڭ بەزىلىرى تۆمۈر ئەندىۋا بىلەن ئۆگزىگە لاي يېيىلدۇرۇشسا، بەزىلىرى چېلەكتە لاي توشۇماقتا ئىدى.

**يېيىلدۇرۇلماق** «يېيىلدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كېڭەيتىلىپ ياسىلىۋاتقان يولدا شېغىلنىڭ ئۈستىگە قاراماي يېيىلدۇرۇلماقتا ئىدى.

**يېيىلما** سۈپ. يېيىلىپ تۇرغان، يېيىلغان ياكى يېيىتىپ قويۇلغان.

**يېيىلماق** ① «يايماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نورۇز گۈمىنىڭ بېشى مەيدانىغا ئۇزۇلۇپ چۈشۈپ، ئۇزۇن چاچلىرى تۇپراق ئۈستىگە يېيىلدى. ② كۆچمە. تارالماق، ئەتراپقا تارىلىپ ھەممە ياقنى بىر ئالماق، ھەممىگە ئاڭلانماق ياكى ھەممىگە مەلۇم بولماق: بۇ خەۋەر ھەش ـ پەش دېگۈچە پۈتۈن مەكتەپكە يېيىلدى. ③ كۆچمە. قاپلىماق، باسماق، ئەتراپنى ئۆزىنىڭ ھالىتىگە كەلتۈرمەك (نۇر ياكى قاراڭغۇلۇق ھەققىدە): ئاستا ـ ئاستا تولۇن ئاينىڭ ئاقۇچ نۇرلىرى ئەتراپقا يېيىلدى. ④ كۆچمە. خۇشال بولماق، روھىي جەھەتتىن ئازادىلىك ھېس قىلماق، خۇشال ـ خۇرام يۈرمەك: بۇنى لەيلى كۆرۈپ كۈلدى، يېيىلدى، نە كۈلدى خۇددى بىر گۈلدەك ئېچىلدى.

**يېيىلمەك** «يېمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى.

**يېيىلىپ ـ ئېچىلىپ** ناھايىتى خۇشال ـ خۇرام، ئەركىن ـ ئازادە ھالدا، ھېچقانداق غەم ـ ئەندىشە ياكى قورۇنۇشى، تارتىنىشى يوق ھالدا: ئۇ بايىقى خاپىلىقىنى ئۇنتۇغان ھالدا يېيىلىپ ـ ئېچىلىپ سۆزلەپ كەتتى.

**يېيىلىشچان** سۈپ. يېيىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، يېيىلىدىغان: سۇ يېيىلىشچان خۇسۇسىيەتكە ئىگە سۇيۇق ماددىدۇر.

**يېيىلىشچانلىق** ئى ① يېيىلىشچان بولۇش، يېيىلىشچان خۇسۇسىيەت. ② <فىز> مېتاللارنىڭ بازغانلاش ياكى بېسىشقا ئۇچرىغان چاغدا يېرىلىپ كەتمەستىن، داۋاملىق نېپىزلىنىپ يايپىلاقلىنىش خۇسۇسىيىتى. مەسىلەن، مىس، كۈمۈش، ئالتۇن، پىلاتىنا قاتارلىق مېتاللار ئەڭ مول يېيىلىشچانلىققا ئىگە.

**يېيىم** مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ شۇنچە قېتىم يېيىشقا بولىدىغان، شۇنچە قېتىم يايسا تۈگەيدىغان مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: بىر يېيىم چۆپ. ئۈچ يېيىم ئاش.

**يېيىن** ئى. سۇ يېيىلىپ ئاقىدىغان يەر.

**يىپ** ئى ① پاختا، يىپەك، چىگە، يۇڭ ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ تالاسىدىن ئىنچىكە قىلىپ ئېگىرىلگەن، تىكىش، توقۇش ماتېرىيالى: پاختا يىپ. يۇڭ يىپ. يىپ ئېگىرمەك. يىپ رەخت. ماشىنا يىپى. ② ئومۇمەن باغلاش، ئوراش ۋە شۇ قاتارلىق مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەرسە؛ شوينا، كاناپ: ئاياغ يىپى. يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەك. ③ <بىيول> بەزى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان ياكى ئۇلارنىڭ ئۆز

تېنىدە بولىدىغان تالاسىمان توقۇلما: يىپ بېزى.

**يىپ بازىرى قىلماق** باش ـ ئايىغى يوق پاراڭلار بىلەن
قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتمەك: ــ سىز بىزگە يىپ بازىرى قىلىپ
كۆرسىتىۋاتامسىز؟ ــ دېدى ئۇ دەردىنى سېكرېتاردىن ئالماقچى بولغاندەك.

**يىپ ئۇچى** بىرەر چىگىش مەسىلە، ھادىسە قاتارلىقلار
ھەققىدىكى دەسلەپكى ئۇچۇر، مەلۇمات، دەسلەپ مەلۇم بولغان
خەۋەر: ئەر ـ ئايال ئىككىسى توغرىسىدا بىرەر يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلىدىڭ-
لەرمۇ؟

**يىپ ئۆتكۈزۈپ داۋالاش** <تېب> مەقئەت ئاقمىسىنى
داۋالاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. بۇنىڭدا دورىلىق يىپ ئاقما كانىلى
ئىچىگە كىرگۈزۈلۈپ، مەقئەت تۆشۈكىدىن چىقىرىلىدۇ. دورا
يىپنىڭ ئىككى ئۇچى چىڭ چىگىلىدۇ. دورا يىپنىڭ بېسىمى ۋە
چىرىتىشى بىلەن ئاقما كانىلى تەدرىجىي ئايرىلىپ، يوقىلىدۇ.

**يىپ ئېشەلمەسلىك** ← **قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەسلىك:**
دېھقانلار راستىنىلا يامبۇدا ئىشلەك تاقىغۇدەك بوپتۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا
سىلى بىلەن بىز يىپ ئېشەلمەيدىكەنمىز.

**يىپىدىن يىڭنىسىگىچە** ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە، ھېچنېمىنى
قالدۇرماي، ھەممىسىنى: ئۇنىڭ يېنىدا ھەربىر ئىشنى يىپىدىن
يىڭنىسىگىچە ئۆگىتىدىغان دادىسى بار ئىدى.

**يىپەك** ① ئى. پىلە غوزىسىدىن ئېلىنىدىغان ئىنچىكە تالا ۋە
ئۇنىڭدىن ئېگىرىلگەن يىپ، مەشۇت: خام يىپەك. پىشۇرۇلغان
يىپەك. ② سۈپ. شۇنداق يىپلاردىن توقۇلغان رەخت، شايى ۋە
ئۇنىڭدىن تىكىلگەن: يىپەك رومال. يىپەك ياغلىق. يىپەك كۆڭلەك.

**يىپەك يولى** <تارىخ> غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە
ئېچىلغان، جۇڭگودىن غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە
ياۋروپاغا مال توشۇلىدىغان سودا يولى. بۇ يولدا جۇڭگونىڭ
يىپەك ۋە يىپەك بۇيۇملىرى چاڭئەن (ھازىرقى شىئەن) دىن
خېشى كارىدورى ئارقىلىق ھازىرقى شىنجاڭدىن ئارىسقا
(ئاسىيانىڭ غەربىدىكى قەدىمكى تۈركىي دۆلەت) ۋە غەربىي
ئاسىيا ھەم ياۋروپادىكى رىم ئىمپېرىيەسىگە توشۇلغان.

**يىپەكچى** ئى ① پىلىدىن يىپەك يىپنى چىقىرىپ، يىپەك
توقۇشقا تەييار قىلىپ بەرگۈچى. ② يىپەك رەختلەرنى توقۇ-
غۇچى ياكى يىپەك توقۇش ئىشچىسى.

**يىپەكچىلىك** ئى. پىلىدىن يىپەك چىقىرىش ئىشى ۋە
كەسپى: يىپەكچىلىك فابرىكىسى.

**يىپچە** ① ئى <بىيول> بىر خىل ئىنچىكە يىپ ياكى تالا.
مەسىلەن، يىلتىز تۈكچىسى ۋە توغرا يوللۇق مۇسكۇللارنىڭ
تۈزۈلمە بىرلىكىگە ئوخشاش. ② سۈپ. يىپقا ئوخشاش، يىپ
ھالىتىدىكى: يىپچە قۇرت.

**يىپسىز** سۈپ. يىپ يوق، يىپ ئۆتكۈزۈلمىگەن، يىپقا ئىگە
بولمىغان: يىپسىز يىڭنە.

**يىپسىمان** سۈپ. يىپقا ئوخشاش، يىپ شەكلىدىكى، يىپتەك:
يىپسىمان باكتېرىيە. يىپسىمان ھايۋان. يىپسىمان يوپۇرماق.

**يىپلاشماق** پ. يىپ پەيدا بولماق، يىپقا ئايلانماق.

**يىپلىق** سۈپ. يىپ بار، يىپ ئۆتكۈزۈلگەن ياكى يىپقا
چېتىلغان؛ يىپ بىلەن بېزەلگەن: بىز سېتىۋالغان ئىنچىكە يىپلىق
ئاق مىشكاپلار شۇ يەردە قالغانىدى.

**يىپ ـ يىڭنە** يىپ ۋە يىڭنە، يىڭنە ئىشىدا ئىشلىتىلىدىغان
ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەر: ئۇ يىپ ـ يىڭنىلىرىنى كۆتۈرۈپ
كىيىم ئىشكاپى ئالدىغا كەلدى.

**يىت** ئى. ئەرۋاھلارغا ئاتاپ مايدا پوشكال، قۇيماق سالغان
ۋاقىتتىكى مايىنىڭ ھىدى، پۇراق: يىت پۇراتماق.

**يىتتۇرمەك** «يىتمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: رۇقىيە
گويا قىممەتلىك بىر نەرسىسىنى يىتتۈرۈپ قويغان ئادەمدەك بولۇپ قالدى.

**يىتتۇرۇشمەك** «يىتتۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى:
ئۇلار ئىنسانىي ۋىجدانىنى يىتتۈرۈشكەن ئادەم قىياپىتىدىكى ھايۋانلار ئىدى.

**يىتمەك** پ. يوقالماق، يوق بولماق، غايىب بولماق: يىتكەن
پىچاقنىڭ سېپى ئالتۇن (ماقال).

**يىدىخ** سۈپ. دىيال. بۇزۇلغان، پالاق.

**يىراق** ① سۈپ. ئارىلىقى، مۇساپىسى نېرى، يېقىن
ئەمەس، ئۇزۇن: مەكتەپ بىلەن ئۆيىمىزنىڭ ئارىلىقى بەك يىراق
ئىدى. // بىراق نۇرىدىن يىگىرمە كۈن ئىچىدە ناھايىتى يىراق كەتكە-
نىكەن. ② ئى. سۆزلىگۈچى تۇرغان يەردىن ئارىلىقى، مۇساپىسى
ئۇزۇن بولغان جاي: مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ يىراقلارغا كۆز تاشلى-
دىم. ③ سۈپ. مۇساپىسى ئۇزۇن ھەم نېرى جايلاردا ئېلىپ
بېرىلغان: مەن دادامنىڭ يىراق سەپەردىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى
ئاڭلاپ، دەرھال ئۆيگە يۈگۈردۈم. ④ سۈپ. ئالاقىسى، مۇناسىۋىتى
تازا قويۇق ئەمەس: ــ ياقەي، بىز يىراق ئەمەس، كۆڭلىمىز يېقىن. //
ئويلاپ قىلساڭ سۆزۈڭنى، ئامما بولىدۇ ئامراق. يوغان تۇتساڭ ئۆزۈڭ-
نى، ئەل بولۇر سەندىن يىراق. ⑤ سۈپ. ۋاقىت جەھەتتە ئۇزاق؛
خېلى كېيىن كېلىدىغان: بۇ زالىملارنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتى-
دىغان چاغلارمۇ يىراق ئەمەس. ⑥ ئى. ئىشنىڭ كەلگۈسى، ئىش ـ
پائالىيەتنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى: يىراقنى كۆزلىمەك. يىراقنى
كۆرمەك. ⑦ سۈپ. چىقىش كېلىشتە كەلگەن ئايرىم ئىسىم ياكى
ھەرىكەتنامىلىرىدىن كېيىن كېلىپ، نەتىجىنىڭ شۇ ئىسىم
ياكى ھەرىكەتنامىنى بىلدۈرگەن ھالغا كەلمىگەنلىكىنى،
بەلكى شۇ ھالغا كېلىشتىن كۆپ تۆۋەن، كەم ئىكەنلىكىنى
بىلدۈرىدۇ: ــ بىز تېخى تەلەپتىن كۆپ يىراق، ــ دېدى ئايجامال.

**يىراق قەدىمىي ئېرا** <گېئول> گېئولوگىيەلىك يىلنا-
مىنىڭ ئىككىنچى ئېراسى. بۇنىڭدىن 2 مىليارد 400 مىليون
يىل بۇرۇن باشلىنىپ، 570 مىليون يىل بۇرۇن ئاياغلاشقان.
بۇ ئېرادا يۇسۇنلەر ۋە مىكروئورگانىزملار تەرەققىي قىلغان،
ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا ئومۇرتقىسىز ھايۋانلار تاسادىپىي كۆرۈ-
لۈشكە باشلىغان. بەك قەدىمىي ئېرا بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ
ۋاقىتلاردىكى تاغ جىنسلىرىنىڭ ئاينىش دەرىجىسى بىر قەدەر
تېيىز، شۇنداقلا بىر قىسىم ئاينىشقا ئۇچرىمىغان چۆكمە
جىنسلارنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. ئاساسىي تاغ جىنسلاردىن
تاختا جىنس، مەرمەر جىنس، دولومىت جىنس، ھاكتاش
جىنس، تارىشا جىنس، قۇم تاش جىنس، مىڭقات جىنس قاتار-
لىقلارنىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. يىراق قەدىمىي ئېرا تېمى
دۆلىتىمىزنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىنىڭ ھەرقايسى يەرلىرىگە
تارالغان. شەرتلىك بەلگىسى pt.

**يىراقنى كۆرمەك** ئىش ـ ھەرىكەت، ھادىسىنىڭ ئاقىۋە-

تىنى، نەتىجىسىنى توغرا مۆلچەرلىمەك، ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئاخىرىنى ئوبدان ئويلاپ توغرا يول تۇتماق: ياشلار يىراقنى كۆرۈشى، پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىشى، ئالغا ئىنتىلىش روھىنى ساقلىشى، ئاممىدىن ئايرىلىپ قالماسلىقى لازىم.

**يىراقنى يېقىن قىلماق** قىيىن، مۇشكۇلچىلىكلەرنى ئاسانلاشتۇرماق، ئېغىرچىلىقنى يېنىكلەشتۇرمەك، ئاسان قىلماق: مەن ئۆيۋاقامنى ئىسسىقتۇرۇپ بولغۇچە، بۇلار ماڭا قول ـ پۇت بولۇپ يىراقنى يېقىن قىلىشىپ بەردى.

**يىراقلاتماق** «يىراقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئادىنىگۇل كۇلۇپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى ـ دە، نازلانغان ھالدا ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئۆزىنى ئوبۇلنىڭ قۇچىقىدىن يىراقلاتتى.

**يىراقلاشتۇرماق** «يىراقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەردان قوپاللىق بىلەن رۇقىيەمنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇردى.

**يىراقلاشتۇرۇشماق** «يىراقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەقىلسىز باللار ئاستا ـ ئاستا ئۆزلىرىنى بۇ كەمبەغەل دادىدىن يىراقلاشتۇرۇشتى.

**يىراقلاشتۇرۇلماق** «يىراقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ بۇ ئەلنىڭ غايەت زور بايلىقىدىكى ئۇلۇشىدىن يىراقلاشتۇرۇلغان بۇ ئىككىيلەندەكلەرنىڭ، قاراڭغۇ دوقمۇشلاردىكى كەسىپلىرىنىڭ ئامالسىزلىقتىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

**يىراقلاشقۇچى** سۈپ. تەدرىجىي يىراقلىشىپ بارىدىغان، يىراقلىشىدىغان: يىراقلاشقۇچى سانلار ئارقىمۇئارقىلىقى.

**يىراقلاشماق** پ ① بىرەر نەرسە ياكى كىشىنىڭ يېنىدىن يىراققا كەتمەك، ئايرىلماق، نېرى بولماق، ئۇزاقلاشماق: ئۇ بۇلاق بېشىدىن يىراقلاشتى. * ھېلىقى ناخشا ئاۋازى بارغانسېرى يىراقلاشماقتا ئىدى. ② كۆچمە. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق، دوستلۇق ئالاقىلىرى سۇسلاشماق: مەن ئۆزۈمنىڭلا غېمىدە بولۇپ، سەندىن يىراقلىشىپ كەتتىم. ③ كۆچمە. پەرق چوڭايماق: مۇشۇ كۈنلەردە ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن كۆزقاراش جەھەتتىنمۇ خېلىلا يىراقلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

**يىراقلىق** ئى. يېقىن ئەمەسلىك، ئۇزاقلىق، يىراق بولۇش: يولنىڭ يىراقلىقى.

**يىراقلىماق** پ ← **يىراقلاشماق:** ياق، ئۇنداق ئىشلاردىن ھازىر يىراقلاپ كەتتۇق.

**يىراق ـ يېقىن** يىراق ۋە يېقىن، ھەممە ئەتراپ: تەبرىكلەپ بوۋاينى يىراق ـ يېقىندىن، ئەۋەتتى سەپداشلار يۈزلەپ سالام خەت.

**يىرتقۇچ** سۈپ ① يىرتىدىغان، ئۆتكۈر: يىرتقۇچ چىشلىقلار. ② جانلىقلار بولۇپمۇ ھايۋانلار گۆشى بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان، گۆشخور، ۋەھشىي، ياۋۇز (ھايۋانلار ھەققىدە): يىرتقۇچ ھايۋانلار. يىرتقۇچ قۇشلار.

**يىرتقۇچ قۇشلار** <زوئول> قۇشلارنىڭ بىر تۈركۈمى. بۇ خىل قۇشلارنىڭ تۇمشۇقى قىسقا ياكى ئۇچلۇق، ئۆتكۈر، ئۈستۈنكى تۇمشۇقى ئۇچلۇق ھەم ئىلمەك، قانىتى چوڭ، تاپان سۆڭىكى تەرەققىي قىلغان، ئۇچۇشقا ماھىر، پۇتلىرى قىسقا، توم ۋە مەزمۇت كېلىدۇ. بارماقلىرىدا قارماقسىمان تىرناقلىرى بولىدۇ. كۆرۈش سېزىمى ئۆتكۈر كېلىدۇ. باشقا قۇشلار ۋە كىچىك ھايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. مەسىلەن، تازقارا، بۈركۈت، سار قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**يىرتقۇچ ھايۋانلار** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار ئىچىدىكى تېنى زور، خۇسۇسىيىتى ۋەھشىي كېلىدىغان گۆشخور ھايۋانلار. مەسىلەن، يولۋاس، شىر، يىلپىز قاتارلىقلار. بۇ خىل ھايۋانلار ئادەتتە باشقا ھايۋانلارنى ئوزۇق قىلىدۇ. بەزىلىرى ئادەملەرگىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ.

**يىرتقۇچلۇق** ئى. ۋەھشىيلىك: شۇ چاغدا ئۇنىڭ رەڭگىدىن يىرتقۇچلۇقنىڭ بەلگىلىرى كۆرۈنەتتى.

**يىرتقۇزماق** «يىرتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاسىمە شەرەت ئارقىلىق خەتنىڭ ئېغىزىنى پەرھاتقا يىرتقۇزدى.

**يىرتماق** پ ① قەغەز، لاتىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى قول ياكى باشقا نەرسىلەر ۋاستىسى بىلەن پارچىلىماق، بۆلەكلەرگە ئاجراتماق، پارچە ـ پارچە قىلماق؛ بۇزماق: تۆمۈر رېشاتكا ئۇنىڭ يەڭلىرىنى يىرتىۋەتتى. ② كۆچمە. تۈرلۈك يازما توختام، كېلىشىم قاتارلىقلارنى بىكار قىلماق، ئىناۋەتسىز قىلماق، ئۇنى ئىجرا قىلىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى توختاتماق: ئۇلار سۆھبەت جوزىسىدىن ئايرىلىپلا، بىتىمنىڭ سىياھى قۇرۇمايلا بىتىمنى يىرتىپ تاشلىدى.

**يىرتىشماق** «يىرتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كىرگەن بويى كىتابلارنى يىرتىشىپ، ئوت قويۇشقا باشلىدى.

**يىرتىق** سۈپ. يىرتىلغان؛ يىرتىلىپ كاردىن چىققان، بۇزۇلغان: يىرتىق كىگىز. يىرتىق كىيىم.

**يىرتىلماق** «يىرتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى يىرتىلغانىدى.

**يىرغۇزماق** «يىرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئوغلىغا ھويلىدىكى ئۇجمە شېخىدىن يىرغۇزۇپ كەلدى ـ دە، يېڭىدىن توقۇلغان سېۋەتكە باغ ياساشقا كىرىشتى.

**يىرگەندۈرمەك** «يىرگەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ سۆزلىرى سەلىمنى يىرگەندۈرۈۋەتتى.

**يىرگەنمەك** پ. سەسكەنمەك، بىزار بولماق؛ زېرىكمەك: ياخشىدىن ئۆگەن، ياماندىن يىرگەن (ماقال).

**يىرگىنچ** ئى. سەسكىنىش، بىزار بولۇش تۇيغۇسى، بىزارلىق: ئۇ يىرتىق كىيىملەر بىلەن بىر چەتتە تۇرغان نۇرنىساغا يىرگىنچ بىلەن نەزەر سالدى.

**يىرگىنچلىك** سۈپ. كىشىنى قاتتىق بىزار قىلىدىغان، يىرگەندۈرىدىغان: بۇ ماتېرىياللار ئۇنىڭغا تۇتۇشقا بولمايدىغان يىرگىنچلىك بىر نەرسىدەك بىلىنىشكە باشلىدى.

**يىرگىنىشمەك** «يىرگەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قوشنىلارنىڭ كۆزى ئۇنىڭ يىرگىنىشلىك چىرايىغا چۈشتى ـ دە، يىرگىنىشىپ نېرى كېتىشتى.

**يىرماق** پ ① ئوتتۇرىسىنى ئاچماق، ئارىسىنى ئېچىپ كەرمەك، بۆلمەك: شاخنى يىرماق. ② كۆچمە. رەت قىلماق، ئىنكار قىلماق، ماقۇل بولماي قويماق، ئىلىك ئالماي كەتمەك (گەپ ـ سۆز ھەققىدە): مەن ئۇنىڭ گېپىنى يىرىشقا ئامالسىز ئىدىم. ③ كۆچمە. بۆلمەك، ئارىلىماق، يېرىم يولدا توختىتىپ لوقما سالماق (گەپ ـ سۆز ھەققىدە): ھارۋىكەشلەر شائىرنىڭ سۆزىنى يىرماي، جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلاشتى.

**يىرىشماق** «يىرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەھەللىدىكى ئۇششاق باللار ئۇدۇل كەلگەن دەرەخنىڭ شاخلىرىنى يىرىشىپ، ئات ئېتىپ ئويناشماقتا ئىدى.

**يىرىق** ① يىرىلغان ياكى ئاچىماقلانغان جاي: شاخنىڭ يىرىقى.

② <ئانات> سان بىلەن قورساق ئارىلىقىدىكى ئويمان ئېرىقچە.

**يىرىك** I سۈپ ① ھەجمى، ئۆلچىمى ياكى دانىچە دىيامېتىرى نىسبەتەن چوڭ؛ زور: يىرىك قۇرۇلۇش. يىرىك گۆرۈچ. يىرىك قۇم. ② كۆپ كىشىدىن تەركىب تاپقان، كۆپ سانلىق: يىرىك قوشۇن. يىرىك تەشكىلات. ③ زور ماددىي كۈچ ۋە ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولغان، كۆلىمى كەڭ؛ كەڭ كۆلەملىك: يىرىك سانائەت. يىرىك ئىگىلىك. يىرىك كارخانا. يىرىك خوجىلىق. ④ ئۆز ئىشى ۋە پائالىيىتى ياكى تەسىرى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن، شۆھرەت، ئابرۇي قازانغان؛ ئاتاقلىق، نوپۇزلۇق: يىرىك ئالىم. يىرىك ئەسەر. يىرىك ئەدىب. يىرىك شائىر. ⑤ كۆچمە. تۈز، سىلىق بولمىغان، قوپال: يىرىك تېرە. يىرىك تاختا. يىرىك قەغەز. ⑥ كۆچمە. تېخنىكىسى تۆۋەن، ئەمگەك سىجىللىقى بىر قەدەر يۇقىرى: يىرىك ئىش. يىرىك ئەمگەك. يىرىك مەشغۇلات. يىرىك ئىشلەپچىقىرىش.

**يىرىك** II ئى. دىيال. سامانىنىڭ يۇمشاق تېپىلماي قالغان قىسمى، مەنگەن.

**يىرىكچىلىك** ئى. سوغۇق مۇناسىۋەت، مۇناسىۋەتنىڭ يىراقلىشىشى: ئۇلارنىڭ ئارىسىغا يىرىكچىلىك سالغان كىم؟

**يىرىكلەشتۈرمەك** «يىرىكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كىچىككىنە بۇ ئىش مۇتەللىپ بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يىرىكلەشتۈرۈپ قويدى.

**يىرىكلەشتۈرۈشمەك** «يىرىكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن بۇ جانجىگەر ئاغىنىلەر بىر - بىرى بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئاستا - ئاستا يىرىكلەشتۈرۈشتى.

**يىرىكلەشتۈرۈلمەك** «يىرىكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇنداق قىلىپ، ھەرخىل چارىلەر قوللىنىلىپ، بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى يىرىكلەشتۈرۈلدى.

**يىرىكلەشمەك** پ ① يىرىك ھالەتكە كەلمەك: ئۇ ئات - ئۇلاغلارنىڭ ئاستىدا تۇرۇۋېرىپ يىرىكلەشكەن پاخاللارنى بىر چەتكە يىغىپ قويدى. ② كۆچمە. قوپاللاشماق، سوغۇقلاشماق؛ كۆرۈمسىزلەشمەك، سەتلەشمەك: مەن ئۇنىڭ قاتتىق بوراندا يىرىكلىشىپ كەتكەن ساقاللىرىغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم. ③ كۆچمە. سوغۇقلاشماق، تۇرلۇك ئازارلىنىش، ئاداۋەت، نىزالار سەۋەبىدىن ئارىدىكى مۇناسىۋەت يامانلاشماق، مۇناسىۋەت قوپاللاشماق: سۇلتان بۇ ئىش تۈپەيلى مەتروزى بىلەن يىرىكلىشىپ قالدى.

**يىرىكلىك** ئى ① يىرىك، زور، چوڭ ھالەت. ② <ماشىن> مەھسۇلات، ئىش تۈرى قاتارلىقلارنىڭ زىللىق ياكى سىجىللىق دەرىجىسى.

**يىرىك - يۇمشاق** يىرىك ۋە يۇمشاق، ئومۇمەن ئېغىر - يېنىك ياكى سىلىق - قوپال: ئۇ ئىشنىڭ يىرىك - يۇمشىقىنى تاللىمايدۇ، پايدا - زىيىنىنى سۈرۈشتۈرمەيدۇ.

**يىرىكلىمەك** پ. يىرىكلەشمەك: سۆزلىگەنسېرى ئۇنىڭ تەلەپپۇزى يىرىكلەپ نەپسى بوغۇلماقتا ئىدى.

**يىرىڭ** ئى <تېب> ياللۇغلانغان ئورۇندىكى ئۆلگەن توقۇلما ۋە ئۆلگەن ئاق قان ھۈجەيرىلىرى شەكىللەندۈرگەن سارغۇچ، قويۇق سۇيۇقلۇق.

**يىرىڭلىق** سۈپ. يىرىڭى بار، يىرىڭ بولغان، يىرىڭلىغان ياكى يىرىڭلايدىغان: يىرىڭلىق يارا.

**يىرىڭلىماق** پ. يىرىڭ پەيدا بولماق، يىرىڭ يىغماق: دەسلەپ يىرىڭلاش توختاي دەپ قالغانىدى، كېيىن نېمە ئىش بولدى، يەنە يىرىڭلاپ كەتتى.

**يىرىلماق** «يىرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كۆچەت ئۈلىغان يېرىدىن يىرىلغانىدى.

**يىزۇ** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى، ئۇلار يۈننەن، سىچۈەن، گۇيجۇ، گۇاڭشى قاتارلىق ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلاردا ياشايدۇ. چەت ئەللەردىن ۋيېتنام، بىرمىدىمۇ بار.

**يىزۇچە** ① سۈپ. يىزۇ مىللىتىگە، ئۇلارنىڭ تىلى، يېزىقى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: يىزۇچە ئۇسسۇل. يىزۇچە كىيىم. يىزۇچە ئادەت. ② ئى. يىزۇ تىلى: يىزۇچىنى ياخشى ئۆگەنمەك . ③ رەۋ. يىزۇ تىلى ياكى يېزىقىنى ئىشلىتىپ، يىزۇ تىل - يېزىقىدا، تىلىدا: ئۇلار يىزۇچە سۆزلەشمەكتە.

**يىغا** ئى ① كۆزدىن ياش تۆكۈش، يىغلاش: ئون كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى بار (ماقال). ② كۆچمە. دەرد - ئەلەم، ھەسرەت، بىرەر ئىشتىكى مۇشكۇلچىلىك، قىيىنچىلىق.

**يىغا - زار** يىغا ۋە زار، ئومۇمەن قايغۇلۇق ھەرىكەتلەر: ئۇلارنىڭ ئايرىلىشى قاتتىق يىغا - زار، ئېغىر جۇدالىق ۋە مۇسىبەتلىك ھېسسىيات ئىچىدە ئۆتتى.

**يىغدۇرماق** «يىغماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇئەللىم سىنىپ باشلىقى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى يىغدۇرۇپ، ھەپتىلىك ئىشلاردىن خۇلاسە چىقارماقچى بولدى.

**يىغدۇرۇشماق** «يىغدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەكتەپ خوجىلىق بۆلۈمى ئوقتۇرۇش تارقىتىپ، سىنىپ باشلىقلىرى ئارقىلىق ياتاق - ياتاقتىكى توك ئوچاقلىرىنى يىغدۇرۇشتى.

**يىغدۇرۇلماق** «يىغدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پولكوۋنىكنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن پۇقرالار بىرىيەرگە يىغدۇرۇلدى.

**يىغقان - تۆگكەن** ئۇزۇن مەزگىللەردىن بېرى يىغىپ، ئاياپ كەلگەن، ئىقتىساد قىلىپ جاپادا يىغقان، يىغىپ ئىقتىساد قىلىپ توپلىغان: قوباقنىڭ چىرايلىقى، يىغقان - تۆگكىنىنى ئېلىپ، قېچىپ كەتتى.

**يىغقۇچ** ئى. تۈرلۈك نەرسىلەرنى بىر يەرگە يىغىش رولىنى ئوينايدىغان ئەسلىھە: توزان يىغقۇچ.

**يىغقۇچى** سۈپ. تۈرلۈك نەرسىلەرنى بىر يەرگە يىغىش، مەركەزلەشتۈرۈش رولىغا ئىگە، يىغىدىغان، مەركەزلەشتۈردىغان: يىغقۇچى ئەينەك. يىغقۇچى لىنزا.

**يىغلاپ - قاقشاپ** يىغلاپ ۋە قاقشاپ، مۇشكۇللۇك دەستىدىن دەرد - ھەسرەتلىنىپ، ئازابلىنىپ، نالە - زار قىلىپ: ئاتا - ئانىسى يىغلاپ - قاقشاپ ئوغلىغا دۇئا بېرىپ، ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

**يىغلاتماق** «يىغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سېخىينىڭ كۈلكىسى بېخىلنى يىغلىتار (ماقال).

**يىغلاشماق** «يىغلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار چىڭ قۇچاقلاشقان ھالدا خېلى ئۇزۇنغىچە ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاشتى.

**يىغلا - قاقشا** ← **يىغلاپ - قاقشاپ:** ئۇمۇ يىغلا - قاقشا، ئاخىرى بىر يىلنى ئۆتكۈزدى.

**يىغلاڭغۇ** I سۈپ. تولا يىغلايدىغان، يىغىسى تولا: يىغلاڭغۇ

بالا. ئەللەي ئېيتىپ چىرايلىق، يىغلاڭغۇنى ئۇخلاتتى. دېمەك، مومام دەرسنى يۈرىكىمگە ئورناتتى.

**يىغلاڭغۇ** II ئى. ھايۋانلارنىڭ چاۋا يېغىغا چاپلىشىپ تۇردىغان نېپىز پەردىلىك ئىچىدىكى سۇيۇقلۇققا ئىگە نەرسە.

**يىغلاڭغۇلۇق** ئى. تولا يىغلايدىغان ئادەت، مىجەز؛ تولا يىغلاش: — مۇنداق يىغلاڭغۇلۇق قىلىسىڭىز، يەنە ئالتە كۈندە ئۆزىڭىزنىمۇ، مەخپىرەتخانىنىمۇ كاردىن چىقىرىۋېتىسىز. '

**يىغلامسىراتماق** «يىغلامسىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كامالىدىن بايۋەچچىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى قورقۇنچ — ئەندىشىلىرى دەرھال يۈزىگە تېپىپ چىقىپ، چىرايىنى تاتارتىپ، كۆزلىرىنى يىغلامسىراتتى.

**يىغلامسىراشماق** «يىغلامسىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ قىزلار ھاياسىز گەپلەرنى قىلىشىپ ئالدىلىرىنى توسۇشقان لۈكچەكلەرگە نېمە دېيىشلىرىنى بىلەلمەي، يىغلامسىرىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى.

**يىغلامسىرىماق** پ. بوشراق يىغلىماق، كۆزلىرىدە ياش پەيدا بولماق: ئۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي يىغلامسىراپ تۇرۇپ قالدى.

**يىغلىغاق** سۈپ. كەلسە — كەلمەس يىغلاۋېرىدىغان، كۆپ يىغلايدىغان، يىغلاڭغۇ: — نېمىگە يىغلايسەن؟ يىغلاپ ئۆگىنىپ قالساڭ، چوڭ بولغاندا تېخىمۇ يىغلىغاق، ئىشقا چىدىماس بولۇپ قالىسەن، — دېدى ئاپام مېنى بەزلىمەكچى بولغاندەك.

**يىغلىماق** پ ① ياش تۆكمەك، كۆزىدىن ياش ئاققۇزماق: قىز ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. ② كۆچمە. دەرد — ھەسرىتىنى تۆكۈپ نالە قىلماق، دەردىنى تۆكمەك: بالام ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن، سەن ياق دېسەڭ كىمگە يىغلايمەن.

**يىغلاپ كۆرۈشكۈدەك بولماق** بەك سېغىنماق، ئىنتايىن تەقەززا بولماق، ھەددىدىن ئارتۇق تەشنا بولماق: ئىچكىرىگە بارغان ئون نەچچە كۈندىن بۇيان لەڭمەن بىلەن يىغلاپ كۆرۈشكۈدەك بولۇپ كەتكەنىدىم.

**يىغلىغۇدەك بولماق** قاتتىق قايغۇ — ھەسرەتكە تولماق، ئازابلانماق، كۆڭلى يېرىم بولماق، پەرىشان بولماق: گۈلشات يىغلىغۇدەك بولۇپ ئالدىمغا كەلدى.

**يىغما** سۈپ ① تۈرلۈك قىسىملاردىن يىغىلىپ، بىر پۈتۈنلۈك تەشكىل قىلغان؛ يىغىلغان، توپلانغان، جەملەنگەن: يىغما خۇلاسە. ② يىغىلىدىغان، يىغقىلى بولىدىغان: يىغما كارىۋات.

**يىغماق** پ ① بىر يەرگە توپلىماق، جەملىمەك، بىرلەشتۈرمەك، بىر قىلماق: بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ھاتەم ھەممەيلەننى يىغدى. ② ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان ھوسۇل — زىرائەت، قەرز ۋە شۇ قاتارلىقلارنى ئوڭۇشلۇق ھالدا جەملەپ ئۆز قولىغا، ئىلكىگە ئۆتكۈزمەك، قولىغا ئالماق: قەرز يىغماق. ھوسۇل يىغماق. ③ ئاز — ئازدىن توپلاپ ئاينىتماق، كۆپەيتمەك: بۇقا بوينىغا يىغار، ئابدال قوينىغا (ماقال). ④ پۈكلىنىدىغان، قاتلىنىدىغان، يىغىلىدىغان نەرسىلەرنى قاتلاپ — پۈكلەپ يىغىق ھالەتكە كەلتۈرمەك، قاتلىماق، پۈكلىمەك: كارىۋاتنىڭ بىرىگە ئورۇن — كۆرپىلەر يىغىلغانىدى. ⑤ كۆچمە. مەلۇم بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرمەك، نۇقتىلىق قاراتماق (كۈچ، خىيال، ئەس — ھوش قاتارلىقلار ھەققىدە): كۈچىنى يىغماق. دىققىتىنى يىغماق. ھوشىنى يىغماق. ⑥ كۆچمە. مۇجەسسەملەشتۈرمەك، ئەڭ زور دەرىجىدە ئىخچاملاپ مەركەزلەشتۈرمەك (ئاساسەن گەپ — سۆز، پىكىر — مۇلاھىزە ھەققىدە): ئۇ قەلبىدىكى پۈتۈن ھېس — تۇيغۇسى بىلەن ئارزۇ — ئىستىكىنى مانا شۇ بىر جۈملە سۆزگە يىغقانىدى. ⑦ تۈرلۈك ئىش — ھەرىكەت، پائالىيەت ۋە شۇ قاتارلىقلارنى توختاتماق، يىغىشتۇرۇپ قويماق، بولدى قىلماق: ئۇ دەرھاللا دۇكىنىنى يىغىپ، ئالدىراپ ئۆيىگە قايتتى.

**يىغىپ ئېيتقاندا** ھەممە پىكىر — مۇلاھىزىنى، گەپنى خۇلاسىلىگەندە، يەكۈننى چىقارغاندا: يىغىپ ئېيتقاندا، ھەقىقەت خەلق تەرەپتە.

**يىغىپ — تۆشەپ** ① ئاز — ئازدىن يىغىپ، جەملەپ، تېرىپ — تۆشەپ: ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر يىلدىن بېرى يىغىپ — تۆشەپ تاپقان ئۈچ يۈز يۈەنلا پۇلى بار ئىدى. ② ھەممىسىنى يىغىپ، بارىنىڭ بىردىنمۇ قويماي، بار — يوقى ھەممىسىنى، بارىنى: ئۆي سەرەمجان ھېسابىتا، يوتقان كونا، كىگىز جۇل. يىغىپ — تۆشەپ ساتساقمۇ، جەم بولمايدۇ ئالتە پۇل.

**يىغىچى** سۈپ. ئۆلۈم — يېتىم ئىشلىرىدا ھازا ئېچىپ يىغلاشقا ئۇستا، يىغلاشقا ماھىر: يىغىچى ئايال. * يۇرت ئىچىدە بىرەر كىشى ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ بالا — چاقىلىرى ئالدى بىلەن ئەنە شۇ يىغىچى ئايالغا خەۋەر بېرىدۇ.

**يىغىش** ئى. ئۆز ئارا پۇل — مال چىقىرىپ جەملەش، ياردەم ۋە ئىئانە ئۈچۈن ئىقتىساد توپلاش: يىغىش قىلماق. * ھازىرقى ئاساسىي نىشانىمىز چارۋا ماللارنى ئامان — ئېسەن يىغىش ۋە ئۇلارنى ئوبدان بېقىپ، كېلەر يىللىق تۆل ئېلىشقا تولۇق كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

**يىغىشتۇرماق** پ ① يېيىلغان، چېچىلغان نەرسىلەرنى رەت — رېتى بويىچە يىغىپ، بىر يەرگە جەم قىلماق، رەتلىك توپلىماق، يىغماق: ئۇ ياتاق ئۆيگە كىرىپ ئوغلىنىڭ ئورۇنلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. ② بىرەر ئىش — پائالىيەت ئۈچۈن ۋاستە بولۇۋاتقان تۈرلۈك نەرسە — كېرەكلەرنى يىغماق، يىغىپ بىر چەتكە قويماق: ئۇلار داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى. ③ پاكىز، رەتلىك ھالەتكە كەلتۈرمەك، رەتلەپ تازىلىماق: — ماڭا ھېچ گەپ ئەمەس، — دېدى جەملە ئۆيىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ. ④ كۆچمە. ئىش — ھەرىكەت، پائالىيەتنى توختاتماق، تاشلاپ قويماق، بەرھەم بەرمەك: ئۇ كۈلكىلىرىنى يىغىشتۇردى — دە، جوزىغا بېشىنى قويۇۋېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. ⑤ كۆچمە. يوقاتماق، ۋەيران قىلماق: ئۇلار قاراقچىلارنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆتەڭنى تىنچلاندۇرۇپتۇ. ⑥ ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان نەرسىلەرنى يىغىپ، ئۆز ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالماق، ئوڭۇشلۇق ھالدا يىغىۋالماق، توپلاپ ئۆز ئىلكىگە ئالماق: — ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى بىل، — دەپ ۋارقىرىدى توختاخۇن، — بۇغدايىنى كېلىپ بىر كۈندىلا يىغىشتۇرۇپ بولىمەن. سەندەك نېمىلەرگە ئېغىرىمنى سالغۇچە ئۆلۈۋالىمەن!

**يىغىشتۇرۇشماق** «يىغىشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار پەيلىدىن يېنىشىپ، قوللىرىدىكى نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇشتى.

**يىغىشتۇرۇلماق** «يىغىشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: داستىخاندىكى يېمەكلىكلەر يىغىشتۇرۇلۇپ، يوغان تەخسىلەرگە گۆشلىرى ھىل — ھىل پىشقان شويلا كەلتۈرۈلدى.

**يىغىشماق** «يىغماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى:

بىردەمدىن كېيىن باللار ئويۇنلىرىنى يىغىشتى.

**يىغىق** سۈپ. ئىخچام، يىغىنچاق، قۇرۇلما ۋە ئىچكى قىسىملىرى ئاددىي: يىغىق جۈملە. * ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاددىي جۈملىلەر يىغىق جۈملە ۋە يېيىق جۈملە دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**يىغىق جۈملە** <تىل> باش بۆلەكلەردىن، يەنى ئىگە ۋە خەۋەردىن تۈزۈلگەن جۈملە.

**يىغىقلىق** سۈپ. يىغىلغان، يىغىپ قويۇلغان: كىگىزنىڭ ئۈستىدە يوتقان - كۆرپىلەر يىغىقلىق تۇراتتى.

**يىغىلغۇچى** سۈپ. تەدرىجىي يىغىلىپ بارىدىغان، يىغىلىدىغان: يىغىلغۇچى سانلار ئارقىمۇئارقىلىقى.

**يىغىلماق** ① «يىغماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇنداق قىلىپ، ئازلا ۋاقىت ئىچىدە بەش مىڭ تەڭگىلىك مال يىغىلدى. ② «يىغماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ۋىراچ ۋە سېستىرالار ئوپېراتسىيە ئۈستىلىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى.

**يىغىلىش** ئى . بىرەر پائالىيەت، ھەرىكەت ئۈچۈن توپلىنىپ جەم بولۇش؛ مۇراسىم، يىغىن: ھەر شەنبە كۈنى ئوچۇق يىغىلىش بولغاندا، بۇ يەر ھەمىشە ئادەمگە لىق تولۇپ كېتەتتى.

**يىغىلىشچان** سۈپ. ئاسان يىغىلىدىغان، يىغىلىش خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك، تېز يىغىلىدىغان: يىغىلىشچان خۇسۇسىيەت.

**يىغىلىشچانلىق** ئى. تېز، ئاسان يىغىلىدىغان خۇسۇسىيەت: ئۇنىڭ يىغىلىشچانلىقى تازا كۈچلۈك ئەمەس.

**يىغىلىشماق** «يىغىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەيدان ئوتتۇرىسىدىكى سەھنىگە يىغىلىشتى.

**يىغىم** ئى ① پىشقان زىرائەتلەرنى ئوروپ، يىغىش ئىشى: ئۇلار كۈزلۈك يىغىمدىن بېسىقىپلا توي قىلماقچى. ② زىرائەتلەر پىشىپ يىغىدىغان ۋاقىت، شۇ مەزگىل: ئەمدىلا ئۇھ دەپ تۇرۇشىمىزغا يازلىق يىغىم كەلدى، يەنە ئېتىزغا يۈگۈرمىسەك بولمىدى.

**يىغىم - تېرىم** دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى يىغىش ھەم ئۇنىڭ ئورنىنى تېرىش قاتارلىق دېھقانچىلىق پائالىيەتلىرى: بىز كەنتىنىڭ كۈزلۈك يىغىم - تېرىم ئەھۋالى ھەققىدە يېرىم سائەتچە پاراڭلاشتۇق.

**يىغىم - سىرىم** يىغىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پائالىيەتلەر: شەھەر ئەتراپىدا قىروۋ ئاستىدا قالغان كەنجى زىرائەتلىرىنى يىغىۋېلىشقا ئالدىراۋاتقان دېھقانلار ھە دەپ ئاخىرقى يىغىم - سىرىم ئىشى بىلەن بەند ئىدى.

**يىغىن** ئى. يىغىلىش، مەجلىس: ئۇلار رۇستەمنىڭ قورۇسىدا قەسەم بېرىش يىغىنى ئاچتى.

**يىغىنچاق** سۈپ. كېلەڭسىز ئەمەس، رەتلىك؛ ئىخچام: ئاھالىلەر خېلى يىغىنچاق جايلاشقان بۇ يېزىدا بىرەر ئەھۋال يۈز بەرسە، بىرپەسنىڭ ئىچىدىلا ھەممەيلەن ئاڭلاپ بولۇشاتتى.

**يىغىنچاقلاتماق** «يىغىنچاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئوبۇلنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىنچاقلىتىپ بولۇپ، ماشىنىغا باستى.

**يىغىنچاقلاشتۇرماق** «يىغىنچاقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلارنى ئورتاق بىر قائىدە بويىچە يىغىنچاقلاشتۇرۇش كېرەك.

**يىغىنچاقلاشتۇرۇلماق** «يىغىنچاقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: «تۆگە قۇشى روھى»غا يىغىنچاقلاشتۇرۇلغان مەنىۋى ئىللەت ھەرگىزمۇ بىرەر شەخسكە قارىتىلغان ئەمەس.

**يىغىنچاقلاشماق** ① «يىغىنچاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىنچاقلىشىپ، يولغا چىقىشقا تەييار بولۇشقانىدى. ② يىغىنچاق ھالەتكە كەلمەك، يىغىنچاقلانماق: فىلىمدە بۇ ۋەقەلىك پەقەت ئىككى كۆرۈنۈشكىلا يىغىنچاقلاشقان.

**يىغىنچاقلانماق** «يىغىنچاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇنىڭدا مەزمۇن كۆپ يىغىنچاقلانغان.

**يىغىنچاقلىق** ئى. كېلەڭسىز ئەمەسلىك، ئىخچاملىق: ئۇ كىشى ئوتتۇرىغا قويغان پىلاننىڭ ھەم قايىل قىلارلىق، ھەم يىغىنچاقلىقىغا قاراپ ھەممەيلەن خۇش بولۇپ كېتىشتۇق.

**يىغىنچاقلىماق** پ. يىغىنچاق، ئىخچام ھالەتكە كەلتۈرمەك: ئۇ بارلىق يۈرەك سۆزىنى ئەنە شۇ بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىغانىدى.

**يىغىندى** ① ئى. بىر تۈرلۈك نەرسىلەرنىڭ بىر جايغا توپلانغان ھالىتى، توپلىمى، جەمئىيسى: قانۇنلار يىغىندىسى. قارارلار يىغىندىسى. ② سۈپ. يىغىلغان، جەملەنگەن؛ قوشما؛ جەمئىي: يىغىندى تەۋرىنىش. يىغىندى كۈچ. يىغىندى تېمپېراتۇرا. يىغىندى قار. ③ ئى <مات> ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق سانلارنى قوشقاندا كېلىپ چىققان ئومۇمىي سان.

**يىغىندىلىماق** پ ① بىر تۈردىكى نەرسىلەرنى توپلاپ مۇئەييەن تەرتىپتە ئىخچاملاپ سىستېمىلىق ھالەتكە كەلتۈرمەك، توپلىماق، توپلاپ رەتكە سالماق: ئۇلار بۇ ئاخباراتلارنى ئۈچ نۇقتىغا يىغىندىلىدى. ② ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سانلارنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدىغان نەتىجىسىنى تاپماق ياكى سانلارنى ئۆزئارا قوشماق، بىرلەشتۈرۈپ قوشۇپ نەتىجە چىقارماق.

**يىغىۋېلىش** ئى [يىغىپ + ئېلىش] ① <س ئىق> ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق ئورۇن ياكى خەلق تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج، ئاشلىق قاتارلىقلارنى قانۇن بويىچە ئۆتكۈزۈۋېلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ② <قا> دۆلىتىمىزنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى قانۇنغا خىلاپ يېنىكرەك جىنايى قىلمىشى بار كىشىلەرنى ئەمگەك بىلەن تەربىيەلەش ئورۇنلىرىغا يىغىپ، مەلۇم مۇددەت تەربىيەلەپ ئۆزگەرتىش ئورنى.

**يىقىتماق** پ ① كۈچ بىلەن ئۆرۈپ، تۈرتۈپ غۇلاتماق، ياتقۇزۇپ قويماق: مىركېرەم ئۇنى يىقىتىپ قىلىچ سانجىدى. ② بۇزماق، ۋەيران قىلماق، ئۆرۈۋەتمەك، چۇۋۇپ تاشلىماق: ئۆي يىقىتماق. ③ دەل - دەرەخ، زىرائەت قاتارلىقلارنى كېسىش، ئوروش قاتارلىق ھەرىكەتلەر بىلەن يەرگە ياتقۇزماق، يەرگە غۇلاتماق: ئۇلار ئۈچ كۈندىلا پۈتۈن بىر مەيدان يەرنىڭ بۇغدىيىنى يىقىتىپ بولدى. ④ كۆچمە. ھوقۇقنى ئېلىپ تاشلىماق، ئەمەل - مەنسىپىدىن چۈشۈرمەك: ئۇ مېنىڭ قابىل ئىكەنلىكىمنى كۆرەلمەي، مېنى يىقىتماقچى. ⑤ ھالىدىن كەتكۈزمەك، روھىي ياكى جىسمانىي جەھەتتىن قاتتىق زەربە بېرىپ بىچارە ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويماق، ماغدۇرسىزلاندۇرماق: ئۈست - ئۈستىلەپ كەلگەن روھىي - ئازاب رەھىم سايىتنى يىقىتتى. ⑥ كۆچمە. يوقاتماق، ئۆلتۈرمەك: ئۇ ئوقياسى بىلەن تۆت چېرىكنى يىقىتتى. * ئۇلار بىر قېتىملىق ھەربىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، پادىشاھلىق تۈزۈمنى يىقىتتى. ⑦ كۆچمە. زىيانغا ئۇچراتماق؛ پۇل خەجلەشكە مەجبۇر قىلماق: ـــ مېنى يىقىتتىلا - دە، ـــ ئابلىز خۇشخۇي كۈلۈمسىرىدى، ـــ

بۇگۈن مەن مېهمان قىلاي، قېنى كېلىڭلەر.

**يىقتىشماق** «يىقىتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىر - بىرىنى يىقىتىشىپ، يەنە تۇرۇشۇپ، يەنە سوقۇشۇپ يۈرۈپ ئۈچ ئاي توختىماي ئېلىشىپتۇ.

**يىقىتىلماق** «يىقىتماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: قاتتىق ئېلىشىش نەتىجىسىدە، ئاخىرى قارشى تەرەپ يىقىتىلدى.

**يىقىلدۇرماق** «يېقىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — پادىشاھنى يىقىتارمىش تېخى! — سادىق ئاكا ئېغىزىنى پۈرۈشتۈردى، — پادىشاھنى يىقىلدۇرغۇچە ئۆزۈڭ يىقىلىپ ئىككى پۇتۇڭ بىر ئۆتۈككە كىرىپ قالمىسۇن يەنە.

**يىقىلماق** پ ① كۈچ بىلەن ئۇرۇلۇش، تۈرتۈلۈش ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن غۇلماق، ئۆرۈلمەك، يېتىپ قالماق: يىقىلغاننى يەر كۆتۈرەر (ماقال). ② كۆچمە. ۋەزىپە، ئەمەلدىن ئايرىلىپ قالماق: قاسىم يىقىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئورنىنى يەنىلا ئۇ ئۆزى تىكلىگەن ئاسىم ئىگىلەيدۇ. ③ كۆچمە. ماغدۇرسىزلىنىپ ھالىدىن كەتمەك: ئوغلىنىڭ دەردىدە بىچارە ئانىمۇ ئۆزىنىڭ تېتىكلىكىنى يوقىتىپ، يىقىلىپ قالايلا دەپ قالغاندى. ④ كۆچمە. مەغلۇپ بولماق، يېڭىلمەك، ئارقىدا قالماق: قاسىم يىقىلغانغا تەن بېرىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى. ⑤ كۆچمە. ھاياتلىقتىن ياكى مەۋجۇت بولۇشتىن مەھرۇم بولماق، يوقالماق: چېۋەر قولدا ئاپتومات، سايرىماقتا «تا - تا - تات». يىقىلماقتا دۈشمەنلەر، مەرگەنلەرنىڭ كۆڭلى شاد. ⑥ كۆچمە. مەلۇم مىقداردا پۇل خەجلەشكە توغرا كەلمەك، زىيان تارتماق: ئۇ بۇ قېتىم ئاز كەم مىڭ يۈەنگە يىقىلغانىدى.

**يىقىلىپ - سوقۇلۇپ** يىقىلىپ ۋە سوقۇلۇپ، ئومۇمەن شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارغا يولۇقۇپ: نەسىبە خۇددى يارىلانغان كېيىكتەك يىقىلىپ - سوقۇلۇپ يۈرۈپ سابىرنىڭ يېنىغا قېچىپ كەلدى.

**يىقىلىپ - قوپۇپ** يىقىلىپ يەنە قوپۇپ، يەنە يىقىلسا، يەنە قوپۇپ: ئۇ كەلگۈچە بىرنەچچە قېتىم يىقىلىپ - قوپۇپ، خېلى تەستە كەلگەنىدى.

**يىقىلىشماق** «يىقىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىرنەچچىسى تەڭلا يىقىلىشتى.

**يىك** ئى. يىپ ئېگىرىش ئۈچۈن چىداملىق، قاتتىق ياغاچتىن قىرىپ ياسالغان ئىككى ئۇچى ئۇچلۇق سايمان.

**يىك باسماق** ← **چاڭ باسماق.**

**يىكتەك بولۇپ كەتمەك** قىلىق - ھەرىكىتى مۇلايىملىشىپ قائىدىلىك، ئەدەپلىك، قائىدە - نىزاملارغا بويسۇنىدىغان ھالغا كەلمەك، ئەخلاقلىق بولماق، ئەدەپ - قائىدىلىك بولماق: ئۇ بالا تۇردى بوۋاينىڭ قولىدا ئىككى ئاي ئىچىدىلا يىكتەك ئادەم بولۇپ كەتتى.

**يىكچى** ئى. ياغاچ ماتېرىياللىرىدىن يىك قىرىدىغان، يىك ياسايدىغان ئۇستا.

**يىكچىلىك** ئى. يىك ياساش، يىك قىرىش ئىشى، كەسپى: ئۇنىڭ يىكچىلىكتە يىراق - يېقىنغا داڭقى كەتكەنىدى.

**يىكدان** ئى. تۇرۇم چاقتا تالام ناچىلىرىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان تۆمۈر يىكلەر ئورنىتىلغان ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىكى جازا.

**يىگ** ئى. مەلۇم يۆنىلىشتە سوزۇلغان نەرسىنىڭ تالاسى، ھەربىر قاتلام يولى، قاتلىمى: ئوتۇننىڭ يىگىنى تېپىپ تۇرۇپ يارمىسا يېرىلمايدۇ، پالتىنى ئوتۇننىڭ يىگىگە ئۇرۇش كېرەك.

**يىگلەتمەك** «يىگلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھاراق بىزدە مەدەنىيەت ئەمەس، ئاپەت، ئۇ بىزنىڭ مەسئۇلىيەت ھەم جاۋابكارلىق تۇيغۇمىزنى يىگلىتىپ، رېئاللىق ئالدىدا نېمە قىلىشنى بىلەلمەيدىغان ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويىدى.

**يىگلەش** سۈپ ① سۇيى قېچىپ قورۇلۇپ، پۈرلىشىپ قالغان، قورۇلۇپ قالغان: يىگلەش پىلەك. يىگلەش چۆپ. ② كۆچمە. ئورۇقلاپ جۇدەپ كەتكەن، ئورۇق، ئەتسىز: — سەندەك يىگلەش بەل، تەمبۇر قورساق بولغۇچە سەل سىلىنچىلىق بولغانمۇ تۈزۈك، — دېدى ئۇ چىنىدىكى قورۇمىغا مەنسىتمىگەن ھالدا قارىۋېتىپ.

**يىگلەشمەك** پ ← **يىگلىمەك:** ئۇ يىگلىشىپ كەتكەن بىر تۈپ پىلەكنى تارتىپلا يۇلۇۋەتتى.

**يىگلىمەك** پ ① سۇيى قېچىپ، قورۇلۇپ قالماق: ئۇ يىگلەپ قالغان ھەربىر مېۋىگە ئىچ ئاغرىتاتتى. ② كۆچمە. جۇدەپ ئورۇقلاپ كەتمەك: بىچارە يىگلەپ قورايدەك بولۇپ قالغاندى.

**يىگىت** ئى ① جىنسىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن يېتىلگەن ئەر، ئەركەك كىشى: ھەلىمىخان پاسىل تامدىن ئاتلاپ چۈشتى، يىگىتلەر ھەيران بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. ② ئوغۇل پەرزەنت، ئوغۇل بالا: ئەمدى بىر يىگىتكە ئاتا بولدۇم. ③ كۆچمە. قەيسەر، باتۇر، يۈرەكلىك ئادەم ياكى شۇنداق ئەركەك: بىر ئىشقا بەل باغلاپ يېرىم يولدىن قايتقان كىشىنى يىگىت دېگىلى بولامدۇ؟ ④ شەخس بىلەن تونۇلىنىپ «قىزنىڭ سۆيگەن كىشىسى، يارى، لايىقى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ قارىغۇدەك بولسا، دېگەندەك ئۆزىنىڭ يىگىتى ئىكەن. ⑤ بىرەر قوشۇنغا مەنسۇپ بولغان ئەر كىشى: ئاسىم ئۆزىنىڭ پارتىزان يىگىتلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. ⑥ ئۆزىگە نىسبەتەن ياش، ياش جەھەتتىن كىچىك بولغان ئەرلەرگە مۇراجىئەت قىلىش، چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ: ئەمىر باھاۋۇدۇن ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ سورىدى: — ئەي يىگىت! سەن نېمە ئۈچۈن مېنى ئۆلتۈرۈشكە يول قويمىدىڭ.

**يىگىت قولدىشى** تويدا تويى بولغان يىگىتكە ھەمراھ بولۇشقا بەلگىلەنگەن ئوغۇل.

**يىگىتنىڭ گۈلى** يىگىتلەرنىڭ ئەڭ ياراملىقى، ئەڭ ئېسىلى: — سەن يىگىتلەرنىڭ گۈلى سەن - دە، گۈلى! — دېدى ئۇ ئالىمغا زوقلىنىپ.

**يىگىتبېشى** ئى [يىگىت + باش + ى] ① تۈرلۈك مەرىكە، بەزمە، مەشرەپ، ئولتۇرۇشلاردا شۇ سورۇننى ئومۇميۈزلۈك باشقۇرۇپ، تەڭشەپ تۇرۇشقا بەلگىلەنگەن ئەر، يىگىتلەرنىڭ سەردارى: قىز سورۇنغا چۈشكەندە، يىگىتبېشى ئۇنىڭ يۈزىدىكى ياغلىقنى ئېلىۋەتتى. ② كونا. ئۆيلىنىدىغان يىگىتكە توي جەريانىدا ئەر - خوتۇنچىلىق ئىشلىرى ھەققىدە تەربىيە بېرىدىغان كىشى.

**يىگىتچە** سۈپ. يىگىتكە خاس، يىگىتكە ئوخشاش: ئۇنىڭدىن شىپا تاپقان بوۋاي ئېيتار: «دۇنيادا يەنە تالاي ياشار بولدۇم. يىگىتچە قۇۋۋەت كىردى بىلىكىمگە، سۆزسىزكى، يۈز ياشلاردىن ئاشار بولدۇم».

**يىگىتچىلىك** ئى. يىگىتلەرگە خاس غۇرۇر، قىلىق - ھەرىكەت؛ يىگىتلىكتە بولىدىغان تۈرلۈك ھەرىكەت، يۈرۈش - تۇرۇش.

**يىگىتلىك** ① سۈپ. يىگىتلەرگە خاس، يىگىتلەردە بولىدىغان، قەيسەر، جەسۇر: ئۇنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرى ئۇنى ئالدىغا

سۆرەپ ماڭاتتى. ② سۈپ. يىگىت يېشىدىكى، يىگىت باسقۇچىدىكى: يىگىتلىك چاغ. يىگىتلىك دەۋر. يىگىتلىك مەزگىل. ③ ئى. يىگىتلەرگە خاس بولغان مەردانىلىك، باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق، جاسارەت: ئوغلۇڭ چوڭ بولسا يىگىتلىكىڭنى ئالار، قىزىڭ چوڭ بولسا چوكانلىقىڭنى ئالار (ماقال). ④ ئى. كۆچمە. ئادەمنىڭ ياش، ئېسىل ۋاقتى: نادانلىق ئېلىپ كەتتى، يىگىتلىكتە باشىمنى. مېنىڭدەك ئېلىپ كەتكىن، ھاشىمدەك ئاداشىمنى.

**يىگىرمە** سان. ئوننىڭ ئىككى قېتىم قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان، 19 دىن چوڭ، 21 دىن كىچىك بولغان سان. «20» رەقىمى: يىگىرمە سەر كۆمۈش.

**يىگىرمە تۆت مەۋسۇم** <ئاستر> يەر شارى قۇياشنى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىققاندا ھاسىل بولغان مەۋسۇملار. بۇلار: 1) باش باھار 2) ئەگىز سۈيى 3) جانىۋارلارنىڭ ئويغىنىشى 4) ئەتىيازلىق كۈن ـ تۈن تەڭلىكى 5) چوكانتال 6) قىزىلكوس 7) باش ياز 8) سەرەتان ئىسسىقى 9) ئورما ۋاقتى 10) يازلىق كۈن ـ تۈن توختىشى 11) باش تومۇز 12) تومۇز 13) باش كۈز 14) كۈزگى تېرىم 15) ئاق شەبنەم 16) كۈزلۈك كۈن ـ تۈن تەڭلىكى 17) سوغۇق شەبنەم 18) قىرولۇ چۈشۈشكى 19) باش قىش 20) سېرىق قار 21) ئاق قار 22) قىشلىق كۈن ـ تۈن توختىشى 23) قارا سوغۇق 24) قاپاقيارىدى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ مەۋسۇملار ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە دېھقانچىلىق پەسىللىرىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**يىگىرمىنچى** سان. سان تەرتىپى ياكى دەرىجە جەھەتتىن 19 ـ دىن كېيىن، 21 ـ دىن بۇرۇن تۇرىدىغان، سان تەرتىپى «20» رەقىمى بىلەن ئىپادىلەنگەن: 20 ـ نومۇرلۇق ياتاق.

**يىگىنە** ئى. قۇلاققا ئاسىدىغان ھالقا، ساپاق: يارىمنىڭ قۇلاقىغا، يىگىنە بولاي دەيمەن. ئوڭ يانىمغا چاچ قويۇپ، دىۋانە بولاي دەيمەن.

**يىڭ** ئى [خەن] <ھەرب> ئارمىيەنىڭ ئىشتات بىرلىكى. تۈەننىڭ ئاستىدا بولىدۇ. ئۇنىڭغا بىرقانچە ليەن قارايدۇ. تۈەنگە قارىمايدىغان يىڭ مۇستەقىل يىڭ دەپ ئاتىلىدۇ.

**يىڭجاڭ** ئى [خەن] <ھەرب> يىڭنى باشقۇرىدىغان ھەربىي ئەمەلدار.

**يىڭگىلىك** ئى. كىچىك قىزلارنىڭ ئېسىشى ئۈچۈن ياسالغان ھالقا: ئۇ ھېپىزەنىڭ قۇلىقىدىكى سەھنە سۆكىسىنى ئاستا ئېلىۋېتىپ، كۆمۈش يىڭگىلىكنى سېلىپ قويدى.

**يىڭناسقۇ** ئى [يىڭنە + ئاس + قۇ] <تېب> بىر خىل كۆز كېسەللىكى. قاپاقنىڭ چۆرىسىدىكى كىرپىككە يېقىن جايدا ئۈششاق دانىچىسىمان نەرسىلەر چىقىپ، مەلۇم جاي قىزىرىدۇ ۋە ئىششىدۇ.

**يىڭناغۇچ** ئى<زوئول> بىر خىل ھاشارات. تېنى

ئىنچىكە، ئۇزۇنچاق، كۆكرەك قىسمىنىڭ كەينى تەرىپىدە ئىككى جۈپ پەردىسىمان قانىتى بار. ئېگىز ئۇچالايدۇ. سۇدا ياشايدۇ، پايدىلىق قۇرت.

**يىڭنە** ئى. تۆمۈر قاتارلىق مېتاللاردىن ياسالغان، بىر تەرىپى ئۇچلۇق ھەم ئۆتكۈر، يەنە بىر تەرىپى تومراق ھەم يىپ ئۆتكۈزگۈدەك تۆشۈك ئېچىلغان، تىكىش سايمىنى: يىڭنە كىچىك بولسىمۇ يۇتقىلى بولماس (ماقال).

**يىڭنىزىرە** ئى [يىڭنە + زىرە] ئالتۇندىن گۈل چىقىرىپ ياسالغان، قۇلاققا سالىدىغان زىننەت بۇيۇمى.

**يىڭنىلىك** سۈپ ① يىڭنىسى بار، يىڭنە بېكىتىلگەن: يىڭنىلىك تاختا. ② يىڭنە ياساشتا بولىدىغان: بەش يىڭنىلىك سىم.

**يىڭنىمىخ** ئى [يىڭنە + مىخ] ئۇچى ئۇچلۇق، تۈۋىدە كىچىك قالپىقى بار كىچىك مىخ.

**يىل** ئى ① يەر شارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىش مۇددىتى؛ يەنى ئون ئىككى ئايغا تەڭ ۋاقىت: يىل بېشى. يىل ئوتتۇرىسى. يىل ئاخىرى. * بىر مىڭ توققۇز يۈز توقسان يەتتىنچى يىل. ② بىرەر ۋەقە، ھادىسە يۈز بەرگەن كۈندىن باشلاپ ئۆتكەن ئون ئىككى ئايلىق ۋاقىت: ئۇ ئالىي مەكتەپكە كىرگىلى ئۈچ يىل بولدى. ③ ئون ئىككى ئايلىق ۋاقىت بىلەن ھېسابلىنىدىغان كالېندار سىستېمىسى: يېڭى يىل. مىلادىيە يىلى. ھىجرىيە يىلى. شەمسىيە يىلى. قەمەرىيە يىل ھېسابى. ④ <ئاستر> بىرەر پىلانېتانىڭ قۇياش ئەتراپىدا بىر قېتىم ئايلىنىپ ئۆتۈش مۇددىتى: مارس يىلى. يۇپىتېر يىلى. ⑤ مۇچەل يىل ھېسابىدىكى ئون ئىككى مۇچەلنىڭ ھەربىرى: قوي يىلى. ئات يىلى. ⑥ كىشى ئۆلگەندىن كېيىن بىر يىل توشقاندا بېرىلىدىغان نەزىر: يىلىنى قىلماق. يىلىنى بەرمەك. ⑦ كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، مۇئەييەن تەرتىپ سانلاردىن كېيىن كېلىپ، ئون يىللىق مۇددەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ: ئوتتۇزىنچى يىللار. سەكسىنىنچى يىللار.

**يىلدىن ـ يىلغا** يىللار ئۆتكەنسېرى، ۋاقىت ئۆتكەنچە: ھازىر دېھقانلار يىلدىن ـ يىلغا بېيىۋاتىدۇ.

**يىلان** ئى ① <زوئول> سۆرەلگۈچى ھايۋان. تېنى يۇمىلاق ھەم ئىنچىكە، ئۇزۇن بولىدۇ، تەڭگىچىلىرى بولىدۇ، پۇتى بولمايدۇ. بەزىلىرى زەھەرلىك، بەزىلىرى زەھەرسىز كېلىدۇ. ② <ئاستر>12 مۇچەلنىڭ بىرى، يەنى مۇچەل يىل ھېسابىدىكى ئالتىنچى يىل: يىلان يىلى .

**يىلان باغرى** يىلاننىڭ بېلىنى تولغاپ ماڭغان ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش، تولغىماچ: يىلان باغرى يول.

**يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى تۇيىدىغان** ناھايىتى ھوشيار، سەزگۈر: ئۇنىڭ سۆزى يەتتە قات يەرنىڭ تېگىدىكى يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى تۇيۇپ تۇرىدىغان سېپىست ھاجىغا ناھايىتى تېزلا تەسىر قىلدى.

**يىلانبېلىق** ئى [يىلان + بېلىق] <زوئول> بىر خىل بېلىق. تېنى يىلانغا ئوخشاش بولۇپ، تەڭگىچىلىرى بولمايدۇ. رەڭگى سارغۇچ كۈل رەڭ كېلىدۇ. ئۈستىدە قارا رەڭلىك سەپكۈنلىرى بولىدۇ. سۇ بويىدىكى پاتقاقلىقلاردا ياشايدۇ.

**يىلان ـ چايان** يىلان ۋە چايان، ئومۇمەن يىلان ۋە چايان تىپىدىكى زەھەرلىك ئۆمىلىگۈچىلەر.

**يىلانچى** ئى. يىلان باققۇچى ياكى ئويناتقۇچى كىشى.

**يىلانلىق** ئى ① يىلان ماكانلاشقان، يىلان كۆپ جاي. ② توقسۇن

ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**يىلانئوت** ئى [يىلان + ئوت] <بوت> يىلانئوت ئائىلىسىدىكى سۇغا چۆكۈپ ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى كۆپ شاخلىنىدۇ، غولىدا شالاڭ تىكەنلىرى بولىدۇ. يوپۇرمىقىدىمۇ تىكەنلىرى بولىدۇ. گۈلى تاق جىنسلىق، ئاتىلىق ـ ئانىلىقى ئايرىم تۈپتە. مېۋىسى سوقىچاق. يېشىل ئوغۇت قىلىشقا بولىدۇ.

**يىلەم** ئى. دىيال. پاختا يېپتا توقۇلغان پالاز.

**يىلپىز** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. يولۋاسقا ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. تېنىدە نۇرغۇن تەڭگىسىمان داغلىرى ياكى يوللىرى بولىدۇ. ۋەھشىي كېلىدۇ، دەرەخكە چىقالايدۇ، باشقا ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. ئادەم ۋە چارۋىغا زىيان يەتكۈزىدۇ. تۈرلىرى كۆپ.

**يىلتىز** ئى ① <بوت> يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ۋېگېتاتىپ ئەزاسى. ئۇ «ئوق يىلتىز» ۋە «چاچما يىلتىز» دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. يىلتىز ئۆسۈملۈكنى تۇپراققا مۇقىم تۇرغۇزالايدۇ، تۇپراقتىكى سۇ ۋە سۇدا ئېرىگەن ئوزۇقلۇقلارنى سۈمۈرىدۇ. بەزى يىلتىزلار يەنە ئۆزىدە ئوزۇقلۇقنى زاپاس ساقلىيالايدۇ. ② چىش، چاچ، تىرناق قاتارلىقلارنىڭ تېرە ياكى ئەت ئارىسىدىكى جايلاشقان قىسمى، تومۇرى: چىشنىڭ يىلتىزى. چاچنىڭ يىلتىزى. ③ <تىل> سۆزنىڭ ئاساسلىق، تۈپكى قىسمى: سۆز يىلتىزى. ④ كۆچمە. بىرەر نەرسىنىڭ ئاساسى، نېگىزى: يىلتىزىدىن قۇرۇتماق. ⑤ <مات> مەلۇم بىر دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەندە، ئۆز ـ ئۆزىگە كۆپەيتىلگەندە بېرىلگەن ساننى ھاسىل قىلىدىغان سان؛ رادىكال: توققۇزنىڭ كۋادرات يىلتىزى ئۈچ.

**يىلتىز تارتماق** مۇستەھكەم ئورۇنلاشماق، ئورۇنلىشىپ روناق تاپماق: ئەگەر مۇشۇ يەردە يىلتىز تارتىپ قالسىڭىز، سىزنى بېشىمىزغا ئېلىپ كۆتۈرەتتۇق، بوستان چاچلىرىڭىزغا گۈل قىستۇرۇپ قوياتتۇق.

**يىلتىز سۈرمەك** يىلتىز تارتماق: خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى دۇنياسى بارا ـ بارا كېڭىيىپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن كەڭ زېمىنغا يىلتىز سۈردى.

**يىلتىز چىقىرىش** <مات> بىر ساننىڭ يىلتىزىنى تېپىش ئەمىلى، يەنى دەرىجىگە كۆتۈرۈشنىڭ تەتۈر ئەمىلى.

**يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىماق** ئەسلى ـ نەسلىدىن تارتىپ يوقاتماق، ئۈزۈل ـ كېسىل يوق قىلماق.

**يىلتىزىدىن قۇرۇتماق** ← **يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىماق:** كۈنچىقىشتىن كۈن چىقتى، يۇرتىمىزنى يورۇتتى. بىزنى ئەزگەن زالىمنى، يىلتىزىدىن قۇرۇتتى.

**يىلتىزىغا پالتا چاپماق** قاتتىق زەربە بەرمەك، ھالاكەتكە يۈزلەندۈرمەك: — خەلقىمىز بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى كۆتۈرۈلۈپ، جاھالەتنىڭ يىلتىزىغا پالتا چاپماي قويمايدۇ، — دېدى پەرھات گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

**يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلىماق** ھاياتىنى قۇرۇتماق، يوق قىلماق: ئۇلار كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، ئاپەتنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلىدى.

**يىلتىزىنى قۇرۇتماق** ← **يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلىماق:** سەن ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلمەيسەن. ئۇ بىرى بىلەن ئېيتىشىپ قالسا، يىلتىزىنى قۇرۇتمىغۇچە توختىمايدۇ.

**يىلتىزىنى قىرقىماق** ← **يىلتىزىغا پالتا چاپماق:** ھازىر بۇ يەردە بەگنىڭ يىلتىزىنى قىرقىيدىغان يىگىتلەر پەيدا بولدى.

**يىلتىزداش** سۈپ. يىلتىزى بىر، بىر يىلتىزدىن كەلگەن: يىلتىزداش سۆزلەر.

**يىلتىزسىز** سۈپ. يىلتىزى يوق، يىلتىز تارتمىغان: دۇنيادا يىلتىزسىز ھاياتلىق مەۋجۇت ئەمەس.

**يىلتىزسىمان** سۈپ. يىلتىزغا ئوخشايدىغان، يىلتىزغا ئوخشاش: يىلتىزسىمان غول. * ئۇنىڭ مېۋىسى غوزىلىق، ئۇرۇقى قارا كېلىدۇ. تېبابەتچىلىكتە يىلتىزسىمان غولى دورا قىلىنىدۇ.

**يىلتىزلاتماق** «يىلتىزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بۇ مېۋىنى ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ بېرىپ، يىلتىزلىتىپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

**يىلتىزلاشتۇرماق** «يىلتىزلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا بۇ سانلارنى يىلتىزلاشتۇرۇپ كېلىشنى تاپشۇرۇق بەردى.

**يىلتىزلاشتۇرۇشماق** «يىلتىزلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ساۋاقداشلار بۇ سانلارنى يىلتىزلاشتۇرۇشۇپ كۆرۈپ، ئىمتىھاندىكى ئۆز جاۋابلىرىنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەشمەكتە ئىدى.

**يىلتىزلاشتۇرۇلماق** «يىلتىزلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كۆپ يىل ئىزدىنىش ئارقىلىق قومۇل چىلىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا يىلتىزلاشتۇرۇلدى.

**يىلتىزلاشماق** پ. يىلتىز تارتماق، يىلتىز سۈرمەك، يىلتىزلانماق، يىلتىزلىماق: — يوقاپ كەتتى ئەمەس، يىلتىزلاشتى، — دېدى ئادىل ئوسمانغا قاراپ.

**يىلتىزلاندۇرماق** «يىلتىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سەيدۇللا نەچچە يىل تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق بۇ مېۋىنى ئاخىر يىلتىزلاندۇردى.

**يىلتىزلاندۇرۇشماق** «يىلتىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىراق مەكتەپ چەكلەنگەن ھالدا، مائارىپنى تام بىلەن قورشىۋالماسلىقىمىز، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇنى ھەربىر قەلبتە يىلتىزلاندۇرۇشىمىز لازىم.

**يىلتىزلاندۇرۇلماق** «يىلتىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىلىم ـ پەننى، ئىلىم ئەھلىنى سۆيۈش، شۇنداقلا ۋاقىتنى قەدىرلەش ئىدىيەسى باللار قەلبىدە يىلتىزلاندۇرۇلۇشى لازىم.

**يىلتىزلانماق** «يىلتىزلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ياپونىيە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ماتېماتىكا دەرسلىكى ئابستراكت ھېسابلاش ئىپادىلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشتا يىلتىزلانغان كونكرېت مەسىلىلەر بىلەن تولغانىدى.

**يىلتىزلىق** سۈپ ① يىلتىزى بار، يىلتىز تارتقان: يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەينى چاغدىكى ياش كۆچەت ئەنە شۇنداق چوڭقۇر يىلتىزلىق دەرەخكە ئايلانغانىدى. ② <مات> يىلتىز بەلگىسى بار، يىلتىز بەلگىسى ئىچىگە ئېلىنغان: يىلتىزلىق ئىپادە.

**يىلتىزلىماق** پ. يىلتىز تارتماق: ئانا يۇرتتا يىلتىزلىدى بۇ كۆچەت، بولدى ياشلىق مېھنىتىمنىڭ زىننىتى.

**يىلداش** ئى. ئوخشاش بىر يىلدا تۇغۇلغان، يېشى تەڭ بولغان كىشىلەر: ئاپامدىن ئاڭلىسام، ئۇنىڭ بىلەن يىلداش ئىكەنمەن.

**يىلسايىن** رەۋ. يىللار ئۆتكەنسېرى، يىلدىن - يىلغا، ۋاقىت ئۆتكەنچە: بۇ يەرلەرنىڭ ئۇنۇمدارلىقى يىلسايىن تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى.

**يىلسېرى** رەۋ ← **يىلدىن - يىلغا:** ئۇ تۆت يىلدىن بېرى خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەپ، كەسىپتە يىلسېرى ئىلگىرىلىدى.

**يىلسىز** رەۋ. يىل ئۆتمەي تۇرۇپ، يىلغا توشماي تۇرۇپ، يىل بولماي تۇرۇپ: بۇلار ئەمدى يەنە ئون يىلسىز ئۆز ئەكسىگە كېلەلمىسە كېرەك.

**يىلقا** ئى <چار> ئات پادىسى؛ دالىدا بېقىلىدىغان ئات: يىلقا باقماق. * ئالتايدا يىلقىلارنىڭ سانى بارغانسېرى ئېشىپ بارماقتا.

**يىلقىچى** ئى. يىلقا باقىدىغان ئادەم: يىلقىچىلار كۆچۈش تەييارلىقىنى قىلىشماقتا ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى يىلقىچىلىق بىلەن ئائىلىسىنى قامدايدىكەن.

**يىلقىچىلىق** ئى. يىلقا بېقىش ئىشى، يىلقا بېقىش كەسپى.

**يىللاپ** رەۋ. يىل بويى، يىل ۋە يىللار داۋامىدا؛ بىر نەچچە يىل: يەرلەر هۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن يىللاپ بىر تىيىن پۇل كۆرمىگەن دېهقانلارنىڭ قولىغا پۇل كىرىپ، قورسىقى تويۇپ، كىيىم - كېچەكى يېڭىلاندى.

**يىللاپ - يىللاپ** «يىللاپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىپ كۈچەيتىلگەن شەكلى: تۇرسۇن هازىر يىللاپ - يىللاپ ئۆيگە بىر پۇڭ ئېلىپ كىرمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

**يىللىق** ① سۈپ. بىر يىلغا مۆلچەرلەنگەن؛ بىر يىل ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن ياكى بولىدىغان ئەهۋاللارغا ئائىت، كۆرسىتىلگەن يىلغا، شۇ يىلدىكى ئەهۋال - ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك: ئۇ چاغدا بىزلەردىن يىللىق ئىمتىهان ئېلىنىۋاتاتتى. ② سۈپ. مىقدار ۋە ساننى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن كېلىپ «شۇنچە يىلغا مۆلچەرلەنگەن؛ شۇنچە يىل داۋام قىلىدىغان ياكى قىلغان؛ شۇنچە يىل بولغان» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئاخىرى مېنىڭ ئۈچ يىللىق ئوقۇش ۋاقتىم توشۇپ، خىزمەتكە تەقسىم قىلىندىم. ③ ئى <مائار> مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرگەن يىل چەكلىمىسى ئاساسىدا بۆلۈنگەن دەرىجە ئايرىمىسى: 92 - يىللىق ئۇيغۇر تىلى سىنىپى. 3 - يىللىق 2 - سىنىپ. ④ ئى. يىل بويى سەرپ قىلغان مېهنىتى، ئەمگىكى ئۈچۈن بېرىلىدىغان هەق، مائاش: قوناق بىلەن يارچەنگە، بىر يىللىقىم كېتىدۇ. يەتتە يىللىق ئىش هەققىم، ماڭا پۈتۈن قايتىدۇ. ⑤ ئى. بىرەر تارىخىي ۋەقە ياكى هادىسىنىڭ كۆرسىتىلگەن ياكى سۆزلەنگەن يىلغا توشقانلىق خاتىرە كۈنى ياكى خاتىرە يىلى: ئەخمەتجان قاسىمى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى. ل. مۇتەللىپ ۋاپاتىنىڭ 50 يىللىقى.

**يىللىقچى** ئى. ئۇزۇن مۇددەتلىك ياكى يىللىق توختام بويىچە باشقىلارغا ياللىنىپ ئىشلەيدىغان كىشى، مەدىكار، خىزمەتكار: ئاسىم شەهەرشاھ هاجىلارنىڭ ئۆيىدە يىللىقچى بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەندە، ئەكبەر شۇ باينىڭ قويچىسى ئىدى.

**يىللىقچىلىق** ئى. باشقىلارغا يالللىنىش، يىللىقچى بولۇپ ئىشلەش، مەدىكارچىلىق: ئۇ بايلارنىڭ ئۆيىدە ئىككى - ئۈچ يىلدەك پادىچىلىق، يىللىقچىلىقمۇ قىلغان.

**يىللىماق** پ. يىلنى ئۆتكۈزمەك، يىلنى ئاخىرلاشتۇرماق، يىلنى چىقارماق، يىل بويى تۇرۇپ قالماق: ئۇ خەتتە ئاقسۇدا يىللايدىغانلىقىنى، هازىرچە يۇرتقا قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى يېزىپتۇ.

**يىلمۇيىل** هەر يىلى، يىللار بويى، يىللارنىڭ هەممىسىدە؛ ئۇدا، داۋاملىق: بۇ كەنتتە ئالمىدىن يىلمۇيىل مول هوسۇل ئېلىنىدى.

**يىلنامە** ئى. يىل تەرتىپى بويىچە يېزىلغان ۋەقە - هادىسىلەر تارىخى؛ يىل تەرتىپى بويىچە يېزىلغان تارىخىي خاتىرىلەر: بۇ يەردە ئېرادىن مىڭ يىل ئىلگىرى، ئۇيغۇرلار يىلنامە ياراتقانىدى. ئۆزىنىڭ يېزىقى، ئېلىپبەسىنى جىمى ئەل ئىچىگە تاراتقانىدى.

**يىلناملىق** سۈپ. يىلنامە قائىدىسى بويىچە يېزىلغان، يىلنامە ئالاهىدىلىكىگە ئىگە، يىلنامىغا ئوخشاش تەرتىپتە، يىل رېتى بويىچە يېزىلغان: يىلناملىق خاتىرە.

**يىلىك** ئى <ئانات> سۆڭەك ئىچىدىكى كاۋاكچىلارغا تولۇپ تۇرغان يۇمشاق توقۇلما. قىزىل يىلىك ۋە سېرىق يىلىك دەپ بۆلۈنىدۇ. قىزىل يىلىك قان ئىشلەپچىقىرىش رولىغا ئىگە. بەزى جانلىقلارنىڭ يىلىكىنى ئىستېمال قىلغىلى ۋە ئۇنىڭدىن ماي ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ.

**يىلىكى توشماق** ① كۈچ - قۇۋۋەتتە ۋايىغا يەتمەك، ساغلام يېتىلمەك. ② پۇل - مېلى، ئىقتىسادىي كۈچى زورايماق، ئاشماق؛ ئۇلى چىڭىماق.

**يىلىكى توق** ① تېمەن، ساغلام، كۈچ - قۇۋۋەتى بار: باينىڭ بالىسى ئەمەسمۇ؟ يىلىكى توق - تە. ② پۇل - مېلى، ئىقتىسادىي كۈچى بار، ئىقتىسادىي ئاساسى ئۇللۇق: — پۇلىمىزنى بەرگەن بولساڭلار، — دېدى بوۋاي كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، — يىلىكىمىز توقراق بولار ئىدى.

**يىلىكىدە سۇ ئىچمەك** ① قاتتىق زەربە بەرمەك، ۋەيران قىلماق، هالاك قىلماق: — تىلىۋالدىنىڭ يىلىكىدە سۇ ئىچىمەن! — دېدى قۇبدۇن زەهەرخەندىلىك بىلەن، — مېنىڭدىن ئۆتۈپ كەتكىنىنى كۆرەي ئۇنىڭ... ② باشقىلارنىڭ كۈچىدىن نومۇسسىزلارچە پايدىلانماق، باشقىلارنىڭ پايدا - مەنپەئەتىنى پەسكەشلەرچە ئۆزى ئۈچۈن ئىشلەتمەك: ئۇنداق خەقنىڭ يىلىكىدە سۇ ئىچىدىغان پىخسىقتىن ئالمىغان پۇلنى كىمدىن ئالىمىز؟!

**يىلىكى سۇيۇق** كۈچ - قۇۋۋىتى ئاز، ماغدۇرسىز، ئاجىز، ساغلام ئەمەس: ئۇ كىچىكىدە يىلىكى سۇيۇق بالا ئىدى، چوڭ بولغانسېرى ساغلاملىشىپ تەندۇرۇس بىر يىگىتكە ئايلىنىپتۇ.

**يىلىكى شورلۇق** شور پېشانە، تەلەيسىز، بەختسىز، تەقدىرى كاژ، بىتەلەي: — مېنىڭ يىلىكىم شورلۇق، مۇشۇ ئىشنىمۇ مەن قىلماي، باشقا بىرىڭلار قىلىڭلار، — دېدى ئۇ نارازى بولغاندەك قىلىپ.

**يىلىكىنى چاقماق** ۋەيران قىلماق، ئەبجەقىنى چىقارماق، هالسىزلاندۇرۇپ كاردىن چىقارماق، كۈچ - قۇۋۋىتىدىن ئايرىماق: ئۆتكەن يىلقى تەبىئىي ئاپەت دېهقانچىلىققا زور زىيان كەلتۈرۈپ، دېهقانلارنىڭ يىلىكىنى چېقىۋەتتى.

**يىلىكىنى شورىماق** قاتتىق ئەزمەك، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلماق، بوزەك قىلىپ ئەمگىكىدىن ئۆزى بىلگەنچە پايدىلانماق: هاياسىزكەشلەر خەلقنىڭ يىلىكىنى شوراش ئۈچۈن تۈرلۈك شۇملۇقلارنى قىلاتتى.

**يىلىكىنى قۇرۇتماق** ئەسل - نەسلىنى يوق قىلماق، ۋەيران قىلماق: قۇرغاقچىلىق بولسا، ئەل - يۇرتنىڭ يىلىكىنى قۇرۇتۇشقا باشلاپتۇ.

**يىلىكى ئۈزۈك** ① تېنى ساغلام ئەمەس، بەدەن قۇۋۋىتى ئاجىز، ماغدۇرى كەم. ② ئىقتىسادىي كۈچى ئاجىز، تۇرمۇش

كەچۇرۇشى تەس، كەمبەغەل، نامرات.

**يىلىكى ئۈزۈلمەك** ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىن ھالەتكە چۈشۈپ قالماق، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئىنتايىن ناچارلاشماق، نامراتلاشماق: قىيىن ئاپامنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىمىز، يەتتە ـ قىرىق نەزىرلىرىنى بېرىمىز دەپ، يىلىكىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى.

**يىلىماق** پ. دىيال. ئۇزۇن ئىككى شال (تاختاي)نىڭ بىرىنى ئەركەك، بىرىنى چىشى قىلىپ چاتماق.

**يىمىرمەك** پ ① خېمىر قاتارلىقلارنى قول بىلەن مۇجۇپ ئەيلىمەك، پىشۇرماق: خېمىرنى يىمىرمەك. ② قاتتىق نەرسىلەرنى قول ياكى مۇناسىۋەتلىك ئەسۋابلار بىلەن سىقىپ، مۇجۇپ ئېزىپ ئۇۋۇماق، ئېزىلگەن، مۇجۇلغان، ئۇۋاق ھالەتكە كەلتۈرمەك: ئۇ دېڭىز ساھىلىدا ئولتۇرۇپ، بىر قولى بىلەن تاشنى يىمىرىپ ئۇۋاپ، يەنە بىر قولىنى قۇمغا پاتۇرۇپتۇ. ③ قاش ـ كۆز، لەۋ قاتارلىق ئەزالارنى پۈرۈشتۈرمەك، پۈرمەك ياكى يېنىك تۈرمەك: ــ ھە، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ ــ دەپتۇ شاھ قاشلىرىنى يىمىرىپ. ④ كۆچمە. ئاغدۇرماق، يوقاتماق، ئاجىزلاشتۇرماق، غۇلاتماق، ۋەيران قىلماق: بىز ئاخىرى فېئودالىزم تۈزۈمىنى يىمىرىپ تاشلىدۇق.

**يىمىرىشمەك** «يىمىرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئارغامچىنى يىمىرىشمەك. خېمىرنى يىمىرىشمەك. تاشلارنى يىمىرىشمەك. لەۋلىرىنى يىمىرىشمەك.

**يىمىرىلمەس** سۈپ. ① يىمىرىلمەيدىغان، يىمىرىلىپ كەتمەيدىغان. ② مۇستەھكەم، مەزمۇت، يېڭىلمەيدىغان، ئاغدۇرۇلمايدىغان، غالىب: ــ بىز يىمىرىلمەس كۈچ بولۇپ ئۇيۇشتۇق، ــ دېدى ئەنۋەر جىددىي ھالدا.

**يىمىرىلمەك** ① «يىمىرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەشرەپ بوۋاينىڭ كۆزلىرى پارقىراپ، قېلىن كالپۇكلىرى كۈلكىدىن يىمىرىلدى. ② كۆچمە. ئاجىزلاشماق، ھالىدىن كەتمەك، ۋەيران بولماق، يوقالماق: تاملارمۇ خارابىدەك بولۇپ كەتكەن، سۇۋاقلىرى پۈتۈنلەي چۈشۈپ، يىمىرىلىشكە باشلىغانىدى. ③ كۆچمە. ۋەيران بولماق، يوقالماق، ئاغدۇرۇلماق: فېئوداللىق تۈزۈمى يىمىرىلدى.

**يىمىرىلىش** ① «يىمىرىلمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② ئى <گېئول> ئۇزۇن مۇددەتلىك شامالنىڭ يالىشى، ئاپتاپتا قېلىش، ھۆل ـ يېغىنلارنىڭ نەمدەپ يالىشى، ئورگانىزملارنىڭ بۇزۇلۇشى قاتارلىق تەسىرلەر نەتىجىسىدە، يەر پوستىنىڭ يۈزىدىكى ۋە يەر پوستىنى تەشكىل قىلغان ھەر خىل تاغ جىنسلىرىنىڭ بۇزۇلۇپ ۋەيران بولۇشى ياكى ئۆزگىرىپ كېتىشى. ③ ئى <فىز> بىر ئاتوم يادروسىنىڭ ماسسىلىرى ئوخشاشراق بولغان ئىككى يادروغا بۆلۈنۈش جەريانى. ④ ئى <فىز> رادىيوئاكتىپ نۇكلىدلارنىڭ رادىيوئاكتىپ زەررىچىلەرنى رادىياتسىيەلەپ چىقىرىش ئارقىلىق باشقا بىر خىل نۇكلىدقا ئۆزگىرىش جەريانى، تۇراقسىز ئاساسىي زەررىچىلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن يېڭى زەررىچىلەرگە ئۆزگىرىش جەريانىمۇ يىمىرىلىش دەپ ئاتىلىدۇ. ⑤ ئى <خىم> كىرىستال ھىدراتلارنىڭ ئۆي تېمپېراتۇرىسىدا ۋە قۇرغاق ھاۋادا كىرىستال سۈيىنىڭ بىر قىسمىنى ياكى ھەممىسىنى يوقىتىش ھادىسىسى.

**يىن** ئى. ھايۋانلارنىڭ قېرىنى ئىچىدىن چىقىدىغان پوق، گەندە.

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# قوشۇمچە

# ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشۇمچىلار

## I سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

### 1. تۇرغۇن سۆزلەردىن تۇرغۇن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

| قوشۇمچىلار | ياسالغان سۆزلەردىن ئۆلگە |
|---|---|
| ـ ـانە | ئاقىلانە، خالىسانە، جەسۇرانە، دوستانە، شائىرانە، باتۇرانە، مەردانە، مەيۈسانە، ۋەھشىيانە، غەيۇرانە ... |
| ـ ـەن | ئاساسەن، جاۋابەن، تامامەن، قەستەن، تەخمىنەن، خىيالەن، ھەقىقەتەن، ئومۇمەن ... |
| با ـ، بە ـ | بامەسلىھەت، بەدۆلەت، بەئەينى، بەقۇۋۋەت، بەھۇزۇر ... |
| ـ ـباز، ـ ـۋاز | دارۋاز، قىمارۋاز، تەرەپباز، خوتۇنباز، شەكىلۋاز، پاھىشىۋاز، تەركىبباز، كىتاببا‌ز، قىلىپباز، گۇرۇھۋاز، كەپتەرۋاز ... |
| ـ ـبان، ـ ـۋەن | پاسىبان، باغۋەن، سارايۋەن، دەرۋازىۋەن ... |
| بەت ـ | بەتنىيەت، بەتبەشىرە، بەتنام، بەتتەم، بەتخۇي ... |
| ـ ـبەخش | ھاياتبەخش، ئىلھامبەخش، ئارامبەخش، ھۇزۇربەخش ... |
| بى ـ | بىئارام، بىسەرەمجان، بىقارار، بىمەھەل، بىتاپ ... |
| ـ ـپەرەس | ئابرۇيپەرەس، راھەتپەرەس، مەنسەپپەرەس، خىيالپەرەس، ئۇرۇشپەرەس، پۇرسەتپەرەس، ئاپتاپپەرەس ... |
| ـ ـپەرۋەر | ئادالەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر، ئىنسانپەرۋەر، تىنچلىقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر ... |
| ـ ـپەز | ئاشپەز، سامسىپەز، مانتىپەز، كاللىپەز، ساختىپەز، زاسۇيپەز |
| ـ ـپۇرۇش | كىتابپۇرۇش، مەيپۇرۇش، چايپۇرۇش، دورىپۇرۇش، يۇندىپۇرۇش، ئەسكىپۇرۇش ... |
| ـ ـتاراش، ـ ـتىراش | تاشتاراش، ھەيكەلتىراش، قەلەمتىراش ... |
| ـ ـتاق | قىلتاق، شالتاق، تومتاق ... |
| ـ ـتاڭ، ـ ـداڭ | شورتاڭ، ئۇلتاڭ، يارداڭ، ئويداڭ ... |
| ـ ـچا | قۇلاقچا، قىزىلچا، قىيىقچا ... |
| ـ ـچە | سىزىقچە، كىتابچە، خەنزۇچە، قازاقچە، پۇقراچە، سەھراچە، يېڭىچە، چىرايلىقچە، سىزچە، مەنچە ... |
| ـ ـچان | ئاغرىقچان، ئەمگەكچان، ئىسسىقچان، سوغۇقچان، كۆڭلەكچان، ئىشچان، كۆيۈمچان، نومۇسچان، ئۇيقۇچان ... |

| | |
|---|---|
| -چى | ئاخباراتچى، ئالدامچى، ئەمگەكچى، ئەينەكچى، ئوقۇغۇچى، جەڭچى، بېلىقچى، قىزىقچى، خەۋەرچى، مەنمەنچى، گۇپپاڭچى، يالغانچى، يالاقچى، چېقىمچى ... |
| -چىل | ئەپچىل، ئىقتىسادچىل، خەلقچىل، كەمچىل، ئىزچىل، راستچىل، سولچىل، ئوڭچىل ... |
| -چىلىق، -چىلىك | دېھقانچىلىق، پاتقاقچىلىق، يىپەكچىلىك، ئارتۇقچىلىك، كەمچىلىك، ئازچىلىق، قۇرغاقچىلىق، قىيىنچىلىق، خاپىچىلىق ... |
| -خان | كىتابخان، غەزەلخان، قىرائەتخان، دۇئاخان ... |
| -خانا | ئاشخانا، تاماقخانا، دەرسخانا، دوختۇرخانا، ئىشخانا، مېھمانخانا، ھاجەتخانا، قۇشخانا، كىنوخانا، چايخانا، دورىخانا، كىتابخانا، قىرائەتخانا، تىياتىرخانا، كۇتۇپخانا ... |
| -خور | پارىخور، جازانىخور، قانخور، غەمخور، قەسەمخور، گۇمانخور، پىتنىخور، مىراسخور، زىناخور، گۆشخور، ئوتخور ... |
| -دار | بايراقدار، بېسىمدار، تاجدار، ئالاقىدار، قولدار، ئەمەلدار، چارۋىدار، خەۋەردار، چىدىمدار، قەرزدار، رەڭدار، ھازىدار، ۋاپادار، يارىدار ... |
| -داش | ئاھاڭداش، ساۋاقداش، يولداش، مەسلەكداش، پىكىرداش، چېگراداش، ۋەتەنداش، قولداش، خىزمەتداش، سەپداش، تىلەكداش، ئېمەكداش، قاپىيەداش، شەكىلداش، مەنىداش ... |
| -دان | چايدان، چوغدان، شامدان، كاۋاپدان، ئوقدان، ئۇرۇقدان، كۇلدان، گەپدان، قەدىردان، سۇدان ... |
| -دۇرۇق، -دۇرۇك، -تۇرۇق | ساقالدۇرۇق، ئېغىزدۇرۇق، بويۇنتۇرۇق، كەمەلدۇرۇك، ئۆمۇلدۇرۇك ... |
| -زار | كۆچەتزار، لالىزار، چىمەنزار، گۇلزار، ئېكىنزار، پاختىزار ... |
| -ساز | قۇلۇپساز، ماشىنىساز ( لىق )، كېمىساز ( لىق ) |
| -ستان، -ىستان | قەبرىستان، گۇلىستان، گۆرىستان ... |
| -سۇق | تاڭسۇق، خامسۇق ... |
| -سىز | ئارمانسىز، ئارسىز، ئەقىلسىز، ئاڭسىز، ئەخلاقسىز، باھاسىز، ئەدەپسىز، بىلىمسىز، تېتىقسىز، پەمسىز، تۇراقسىز، تىنىمسىز، دېرەكسىز ... |
| -سىمان | ئادەمسىمان، قالقانسىمان، باشاقسىمان، دولقۇنسىمان، گۇمبەزسىمان، قاناتسىمان، شارسىمان، زەنجىرسىمان، مايمۇنسىمان ... |

| | |
|---|---|
| ـ ـشۇناس | تارىخشۇناس، تۇپراقشۇناس، تۆرەلمىشۇناس، تىلشۇناس، قانۇنشۇناس، ئەدەبىياتشۇناس، ئۇيغۇرشۇناس، ئۆسۈملۈكشۇناس ... |
| ـ ـغى، ـ قى، ـ ـگى، ـ ـكى | يازغى، ئاخشامقى، كەچكى، كۈزگى، بۈگۈنكى، ئەتىكى، ئەتىگەنكى، تۈنۈگۈنكى، ھازىرقى، قەدىمكى، كېيىنكى، ئاخىرقى ... |
| ـ ـقىرى، ـ ـكىرى | تاشقىرى، ئىچكىرى |
| ـ ـكار، ـ ـكەر، ـ ـگەر | پاختىكار، پىداكار، جاۋابكار، تەشەببۇسكار، سەنئەتكار، گۇناھكار، ھەۋەسكار، مىسكەر، سودىگەر، زەرگەر، جادۇگەر، دەۋاگەر، دورىگەر، ھىيلىگەر، ئىغۋاگەر ... |
| ـ ـكەش | ئەپيۈنكەش، تەخسىكەش، تەنزىكەش، زىيانكەش، ھارۋىكەش، گۆرۈكەش، نەشىكەش، ھايانكەش، مېھنەتكەش، ھاراقكەش، چاڭچىلىكەش ... |
| ـ ـگاھ | قارارگاھ، سەجدىگاھ، ئارامگاھ، لەشكەرگاھ ... |
| ـ ـگۆي | خۇداگۆي، دۇئاگۆي، پارسگۆي، تۈركىيگۆي ... |
| ـ ـگىر | باجگىر، جاھانگىر ... |
| ـ ـلاپ، ـ ـلەپ | ئايلاپ، پاتمانلاپ، تاغارلاپ، خالتىلاپ، چارەكلەپ، كۆپلەپ ... |
| ـ ـلارچە، ـ ـلەرچە | ئاتىلارچە، قەھرىمانلارچە، باتۇرلارچە، بالىلارچە، مەردلەرچە، يۈزلەرچە، پەسكەشلەرچە ... |
| ـ ـلاق | بوتىلاق، تايلاق ... |
| ـ ـلىق، ـ ـلىك، ـ ـلۇق، ـ ـلۈك | ئاتاقلىق، ئاجىزلىق، ئاچلىق، ئازلىق، ئاشلىق، ئەپلىك، ئەدەپلىك، شەرەپلىك، سەمىمىيلىك، ئابرۇيلۇق، ئاچقۇچلۇق، قۇرۇقلۇق، بۇزۇقلۇق، سۈتلۈك، سەزگۈرلۈك، تەتۈرلۈك، كۆرگۈلۈك ... |
| نا ـ | ناتايىن، ناتوغرا، ناباب، نالايىق، ناماقۇل، نائۇستا، نارازى، نامەھرەم، نامۇۋاپىق، نارەسىدە ... |
| ـ ـنامە | باياننامە، تەبرىكنامە، تەزىيەنامە، تەكلىپنامە، چاقىرىقنامە، خىتابنامە، شەرتنامە، گۇۋاھنامە، نىزامنامە، ۋەدىنامە، ئەھدىنامە، توختامنامە ... |
| ھەم ـ | ھەمتاۋاق، ھەمداستىخان، ھەمدەپنە، ھەمسۆھبەت، ھەمنەپەس، ھەمدەرد ... |
| ـ ـدە | پاققىدە، غىققىدە، تىرىڭڭىدە، شاققىدە، پالاققىدە، تاراققىدە، شاراققىدە، تىرىققىدە، توككىدە، لىككىدە ... |
| ـ ـىزم، ـزم | كاپىتالىزم، سوتسىيالىزم، بۇددىزم، فېئودالىزم، ماتېرىيالىزم، كوممۇنىزم... |
| ـ ـچە | كېچىچە، يازىچە، كۈزىچە، قىشىچە ... |
| ـ ـۋى، ـ ـىي، ـ يى | ئەنئەنىۋى، پەلسەپەۋى، خىمىيەۋى، ئاساسىي، ئەخلاقىي، ئەقلىي، تارىخىي، قانۇنىي، ۋىجدانىي، ياۋايى، پىدائىي، سەھرايى، سەۋدايى .... |

## 2. تۇرغۇن سۆزلەردىن پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

| قوشۇمچىلار | ياسالغان سۆزلەردىن ئۈلگە |
|---|---|
| ــ ـا، ــ ـە، ــ ئى | بوشا ــ، ئوينا ــ، ياشا ــ، يوغىنا ــ، ئوتا ــ، چۈشە ــ، سىنا ــ، تونە ــ، تۈزە ــ، كۆچە ــ، لىپىـ ــ، بىيـ ــ(بىيىماق) |
| ــ ـار، ــ ـەر، ــ ر؛ ــ ـاي، ــ ـەي، ــ ي | ئاقار ــ، ياشار ــ، بوزار ــ، قىزار ــ، كۆكەر ــ، قىسقار ــ ... ئازاي ــ، ئالاي ــ، قاراي ــ، سارغاي ــ، تاراي ــ، كۆپەي ــ، كۆچەي ــ، پەسەي ــ ... |
| ــ ـاڭغىرا، ــ ـەنگىرە | ياشاڭغىرا ــ ، ئېسەنگىرە ــ .... |
| ــ ـرا، ــ ـرە، ــ ـىرا | ھاڭرا ــ، ئىڭرا ــ، ھۆڭرە ــ، مەرە ــ، مۆرە ــ، يالتىرا ــ، ئۆندەرە ... |
| ــ ـسىت | تەڭسىت ــ، مەنسىت ــ ، كەمسىت ــ ... |
| ــ ـسىرا، ــ ـسىرە | تۈزسىرا ــ، سۇسىرا ــ، قانسىرا ــ، مايسىرا ــ، ئەرسىرە ــ، ئەنسىرە ــ ... |
| ــ ـسىن | ئازسىن ــ، خۇدۇكسىن ــ، غېرىبسىن ــ، خورسىن ــ، ئېغىرسىن ــ، قىزىقسىن ــ ... |
| ــ ـشى | كاپشى ــ، تەمشى ــ، غۇدۇڭشى ــ، غىڭشى ــ، ھاۋشى ــ، پۇلاڭشى ــ... |
| ــ غار، ــقار، ــقىر، ــقۇر، ــكۇر | سۇغار ــ، باشقۇر ــ، ئاڭقار ــ، مىشقىر ــ، پۇشقۇر ــ، تۇكۇر ــ ... |
| ــ قىرا، ــكىرا، كىرە | پارقىرا ــ، شارقىرا ــ، غارقىرا ــ، كاركىرا ــ، گۇركىرە، ھۆركىرە ــ ... |
| ــ ـلا، ــ ـلە، ــ ـدا، ــ ـدە، ــ ـشا، ــ ـشە، ــتا، ــجا | ئالقىشلا ــ، تورلا ــ، داۋالا ــ، ئويلا ــ، مەدھىيەلە ــ، تەقدىرلە ــ، كەملە ــ جەملە ــ، ئورۇندا ــ، چىڭدا ــ، ئۇلدا ــ، ئىزدە ــ، چۆرىدە ــ، تىڭشا ــ، تەڭشە ــ، قىستا ــ، يېلىنجا ــ ... |
| ــ ـلاش، ــ ـلەش | داۋاملاش ــ، ماشىنىلاش ــ، قاراڭغۇلاش ــ، ماكانلاش ــ، قانۇنلاش ــ، گۈزەللەش ــ، سانائەتلەش ــ، تىكەنلەش ــ، رەزىللەش ــ، زەئىپلەش ــ، پۇچەكلەش ــ، مەسلىھەتلەش ــ، كېپەكلەش ــ ... |
| ــ ـلان، ــ ـلەن | شادلان ــ، قورالان ــ، روھلان ــ، مۇڭلان ــ، گۇمانلان ــ، ھالسىزلان ــ، ھوشسىزلان ــ، ئوزۇقلان ــ، غەزەپلەن ــ، ھەۋەسلەن ــ، گەۋدىلەن ــ، قانائەتلەن ــ، مەيۈسلەن ــ، كۆڭۈلسىزلەن ــ ... |
| ــ ـىرقا، ــ ئەركە | تاشىرقا ــ، ئېچىرقا ــ، يېتىرقا ــ، تېڭىرقا ــ، چۈشەكە ــ، ئۆچەكەش ... |
| ــ ـىلدا، ــ ـىلدە، ــ ـۇلدا، ــ ـۈلدە | تاقىلدا ــ، شاقىلدا ــ، پىرىلدا ــ، پىژىلدا ــ، گۈرۈلدە ــ، دۈرۈلدە ــ، لەپىلدە ــ، كۇسۇلدا ــ، پۇشۇلدا ــ، سوكۇلدا ــ، بۇژۇلدا ... |

## 3. پېئىللاردىن تۇرغۇن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

| قوشۇمچىلار | ياسالغان سۆزلەردىن ئۈلگە |
|---|---|
| -ت، -ىت، -ەت، -ۇت، -ۈت | سارقىت، چېكىت، كىيىت، بوسۇت، كۆچەت، قۇيۇت (ئۇغۇت)، تۇغۇت، قۇرۇت، تۇزۇت ... |
| -چ، -ىچ، -ۇچ، -ۈچ | تايانچ، ئىشەنچ، سۆيۈنچ، ئۆكۈنچ، تۈگۈچ، چىگىچ، تىكىچ ... |
| -چا، -چە | تامچا، سىلىنچا، يېپىنچا، بوغچا، ئېشىنچا، پۈركەنچە، چۈشەنچە، سۆيۈنچە ... |
| -داق، -دەك | قونداق، قورداق، ياسىداق، كېكىردەك ... |
| -دى | پالاندى، ساقلاندى، يۇندى، يالاندى، قېقىندى، تۇزۇندى، سۈپۈرۈندى، ئاسراندى، چىرىندى، سارقىندى، قوغلاندى، ئۈزۈندى، بېقىندى، قىرىندى ... |
| -ش، -ىش، -ۇش، -ۈش | ئوخشاش، ئوقۇش، ئۆگىنىش، كىرىش، چېلىش، كېلىش، سوقۇش، ئۇرۇش، كۆرۈنۈش ... * |
| -غا، -قا، -گە، -كە؛ -غۇ، -قۇ، -گۈ، -كۈ | سالغا، ئىلغا، تۇتقا، سوققا، سۈپۈرگە، كۆيدۈرگە، تۈرتكە، كۈلكە، ئاتالغۇ، ئوتالغۇ، يېقىلغۇ، تېرىلغۇ، تۇيغۇ، يايغۇ، تارتقۇ، ئېزىتقۇ، سەزگۈ، تەپكۈ ... |
| -غان، -قان | قورغان، چېقىلغان، تۇغقان، قاپقان ... |
| -غۇچ، -قۇچ، -گۈچ، -كۈچ | ئوتىغۇچ، ئاچقۇچ، باسقۇچ، تەپكۈچ، چەككۈچ، يەلپۈگۈچ، بوغقۇچ، تۇتقۇچ... |
| -غۇچى، -قۇچى، -گۈچى، -كۈچى | يازغۇچى، ئوقۇغۇچى، قىرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، ئوقۇتقۇچى، ياراتقۇچى، بۆلگۈچى، بۆلۈنگۈچى، كۈتكۈچى، كۆزەتكۈچى ... |
| -غۇر، -قۇر، -گۈر، -كۈر | جىمىغۇر، بولمىغۇر، ئۇچقۇر، تاپقۇر، ئۆلگۈر، سەزگۈر، ئۆتكۈر ... |
| -غۇلۇق، -قۇلۇق، -گۈلۈك | ئالغۇلۇق، قىلغۇلۇق، تارتقۇلۇق، كۆرگۈلۈك، كەلگۈلۈك ... |
| -غۇن، -قۇن، -گۈن، -كۈن، -غىن، -قىن، -كىن | تۇرغۇن، سولغۇن، قاچقۇن، ساتقۇن، توسقۇن، تۈرگۈن، سۈرگۈن، كەلكۈن، سەپكۈن، ئازغىن، يانغىن، تاشقىن، كەسكىن ... |

* بۇ سۆزلەر «ش» لىق ئىسىمداشنىڭ پۈتۈنلەي تۇرغۇن سۆزلەرگە ئايلىنىپ كەتكەنلىرىدۇر.

| | |
|---|---|
| - ق، - اق، - ۇق، - ك، - ەك، - ۈك، - غاق، - قاق، - گەك، - كەك، - ىق، - ىك | ئاقساق، باغلاق، سوراق، قورۇق، سۇلاق، قىشلاق، قالاق، تۇراق، سۇنۇق، ئۇيۇق، توسۇق، تىرەك، چىرىك، كۈزلەك، كېسەك، كۆرەك، ئۆلۈك، كۆمۈك، ئوسۇرغاق، توڭغاق، بارغاق، پاتقاق، چىچقاق، تېرىككەك، ئۈسكەك، ئۈركۈگەك، يىرتىق، قىسىق، ئېچىق، كېسىك، ئېزىك، كېچىك ، قىيىق... |
| - ڭ، - اڭ، - ەڭ | بوشاڭ، قىستاڭ، بۇلاڭ، تالاڭ، قوزغىلاڭ، ئۆتەڭ، كۆرەڭ ... |
| - ڭغۇ، - ڭگۈ، - اڭغۇ، - ەڭگۈ | ئالدىراڭغۇ، يىغلاڭغۇ، جۈدەڭگۈ، تىترەڭگۈ، سىيرىلاڭغۇ، چېچىلاڭغۇ، كۆتۈرەڭگۈ، كۆمۈرەڭگۈ، كېلىشەڭگۈ، ئېڭىشەڭگۈ ... |
| - الغۇ، - ەلگۈ | قونالغۇ، كۆنەلگۈ، تۇرالغۇ، توسالغۇ ... |
| - ام، - ەم، - م، - ىم، - ۇم، - ۈم | باغلام، تاسقام، يارام، كىرىم، چىقىم، بوغۇم، ئۇقۇم، كۆرۈم، ئۇنۇم، تۇتام، كۈزەم ... |
| - ما، - مە | ئايلانما، ئۇيۇشما، قۇرۇلما، باسما، باشقارما، تاللانما، چاچما، چاتما، دارىتما، سىزما، ئەزمە، ئەسلىمە، كۆرگەزمە، كۆرسەتمە، ئەسلەتمە، بىرلەشمە، سۈزمە، بەلگىلىمە، ئۆسمە، ئۇندۇرمە ... |
| - ماچ، - مەچ | قوتۇرماچ، قو (رۇ) ماچ، تولغىماچ، يۆگىمەچ، چۆرگۈلىمەچ، ئەگمەچ، كۆمەچ ... |
| - ماس، - مەس | ئايرىلماس، بۇزۇلماس، تۇغماس، تويماس، تېپىلماس، چىدىماس، قورقماس، ئۇنتۇلماس، يارىماس، ئەرزىمەس، ئۆلمەس، يېڭىلمەس، ئۆچمەس، كۆچمەس ... |
| - ماق، - مەك | باسماق، تېپىشماق، چاقماق، ئويماق، قىسماق، يېمەك، ئىچمەك ... |
| - مال، - مەل | قاتمال، تۇرمەل، چۇچۇمەل، تېجىمەل، سۇرمەل ... |
| - مۇر، - مۈر | يامغۇر (ياغمۇر)، ئۆسمۈر ... |
| - مۇش، - مۈش، - مىش | تۇرمۇش، ئۆتمۈش، قىلمىش، كەچمىش، ئاتالمىش، يېمىش ... |
| - ۇن، - ۈن، - ىن | تولۇن، قۇيۇن، يۇلۇن، تۈگۈن، سىغىن، يىغىن، ئېقىن، چېقىن، كېلىن ... |
| - ل، - ىل، - ال، - ەل، - ۇل، - ۈل | ئاچال، قاقشال، تۈگەل، ئۇيۇل، ئۈزۈل (ئۈزۈل - كېسىل)، چېقىل(چېقىل - چۇقۇل) |

| 4. پېئىل ۋە تۈرغۈن سۆزلەردىن تۈرغۈن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار | |
|---|---|
| قوشۇمچىلار | ياسالغان سۆزلەردىن ئۈلگە |
| ـ دۇق، ـ تۈك | تاشلاندۇق، قالدۇق، ھاردۇق، ئۆلۈمتۈك، كەمتۈك ... |
| ـ مان، ـ مەن | ئويمان، دەردمەن، سۆزمەن، ئىتائەتمەن، ھاجەتمەن، زوقمەن، ئۆچمەن، ئىلمان، ئۆلەرمەن، ئىچەرمەن، چېكەرمەن، ئاتارمەن، چاپارمەن، ئوقۇرمەن ... |
| ـ اۋۇل، ـ ۋۇل | باقاۋۇل، ياساۋۇل، قاراۋۇل، تۇتقاۋۇل، مەشقاۋۇل |
| ـ چاق، ـ چەك، ـ چۇق، ـ چۈك | تارتىنچاق، ماختانچاق، ياسانچۇق، قارانچۇق، قىزغانچۇق، يۆلەنچۈك، ئېرىنچەك، تۈگۈنچەك، كۈلگۈنچەك، قىسىلچاق، كەسلەنچۈك، يەمچۈك. سوقچاق، ئوبدانچاق، ئۇزۇنچاق، ياخشىچاق، كۆكۈلچەك، كۆلچەك، دۈمچەك، قارىچۇق، تارچۇق ... |
| 5. پېئىل ۋە تۈرغۈن سۆزلەردىن پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلار | |
| ـ ۇق، ـ ۈك، ـ ىق، ـ ىك | يولۇق ـ، بىرىك ـ، ئىچىك ـ، تېرىك ـ، جىمىق ـ، كېچىك ـ، پىشىق ـ، قىزىق ـ، بىسىق ـ، كۆنۈك ـ، تېلىق ـ ... |

## II سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار

### 1. ئىسىمنىڭ گراماتىكىلىق شەكىللىرى

| تۈرى | | | | بەلگىسى | مىساللار |
|---|---|---|---|---|---|
| سان شەكلى | بىرلىك | | | نۆل | بالا، تۇگمە، نان، ئات، قەغەز، مەكتەپ، پۇت، كۆل ... |
| | كۆپلۈك | | | - لار //- لەر | بالىلار، تۇگمىلەر، نانلار، ئاتلار، قەغەزلەر، مەكتەپلەر، پۇتلار، كۆللەر ... |
| تەۋەلىك شەكلى | 1 ـ شەخس | بىرلىك | | - م، - ىم //<br>- ۇم، - ۈم | بالام، تۇگمەم، نېنىم، ئېتىم، قەغىزىم، مەكتىپىم، پۇتۇم، كۆلۈم ... |
| | | كۆپلۈك | | - مىز //<br>- ىمىز | بالىمىز، تۇگمىمىز، نېنىمىز، ئېتىمىز، قەغىزىمىز، مەكتىپىمىز، پۇتىمىز، كۆلىمىز ... |
| | 2 ـ شەخس | ئاددىي تۈر | بىرلىك | - ڭ، - ىڭ //<br>ۇڭ، - ۈڭ | بالاڭ، تۇگمەڭ، نېنىڭ، ئېتىڭ، قەغىزىڭ، مەكتىپىڭ، پۇتۇڭ، كۆلۈڭ ... |
| | | | كۆپلۈك | -ڭلار،<br>-ىڭلەر //<br>-ۇڭلار،<br>-ۈڭلەر | بالاڭلار، تۇگمەڭلەر، نېنىڭلار، ئېتىڭلار، قەغىزىڭلەر، مەكتىپىڭلەر، پۇتۇڭلار، كۆلۈڭلەر ... |
| | | سىپايە تۈرى | بىرلىك | - ڭىز //<br>- ىڭىز | بالىڭىز، تۇگمىڭىز، نېنىڭىز، ئېتىڭىز، قەغىزىڭىز، مەكتىپىڭىز، پۇتىڭىز، كۆلىڭىز... |
| | | | كۆپلۈك | -ڭىزلار //<br>- ڭىزلەر،<br>-ىڭىزلار //<br>-ىڭىزلەر | بالىڭىزلار، تۇگمىڭىزلەر، نېنىڭىزلار، ئېتىڭىزلار، قەغىزىڭىزلەر، مەكتىپىڭىزلەر، پۇتىڭىزلار، كۆلىڭىزلەر ... |
| | | ھۆرمەت تۈرى | بىرلىك ۋە كۆپلۈك | - لىرى | بالىلىرى، تۇگمىلىرى، نانلىرى، ئاتلىرى، قەغەزلىرى، مەكتەپلىرى، پۇتلىرى، كۆللىرى ... |
| | 3 ـ شەخس | بىرلىك ۋە كۆپلۈك | | - ى // - سى | بالىسى، تۇگمىسى، نېنى، ئېتى، قەغىزى، مەكتىپى، پۇتى، كۆلى ... |

| تۈرى | | بەلگىسى | مىساللار |
|---|---|---|---|
| كېلىش شەكلى | باش كېلىش | نۆل | ياز، باش، ئۆي، كۆز ... |
| | ئىگىلىك كېلىش | ـ نىڭ | يازنىڭ، باشنىڭ، ئۆينىڭ، كۆزنىڭ ... |
| | يۆنىلىش كېلىش | ـ غا، ـ قا //ـ گە، ـ كە // ـ قە | يولغا، ئاتقا، ئۆيگە، مەكتەپ- كە، قەغەزگە، قەشقەرگە، خەلققە، باغقا ... |
| | چۈشۈم كېلىش | ـ نى | يولنى، مەكتەپنى، ئۆينى، خەلقنى ... |
| | ئورۇن كېلىش | ـ دا، ـ دە // ـ تا، ـ تە | يولدا، ئۆيدە ، ئاتتا، مەكتەپ- تە ... |
| | چىقىش كېلىش | ـ دىن // ـ تىن | يولدىن، ئۆيدىن، ئاتتىن، مەكتەپتىن ... |
| | ئوخشاتما كېلىش* | ـ دەك // ـ تەك | تاغدەك، ئۆيدەك، ئاتتەك، مەكتەپتەك ... |
| | ئورۇن ـ بەلگە كېلىش | ـ دىكى // ـ تىكى | تاغدىكى، ئۆيدىكى، ئاتتىكى، مەكتەپتىكى ... |
| | چەك كېلىش | ـ غىچە، ـ قىچە // ـ گىچە، ـ كىچە | يولغىچە، ئۆيگىچە، تاغقىچە، باشقىچە، مەكتەپكىچە ... |
| | تەخلەشتۈرمە كېلىش | ـ چە ( ـ چىلىك) | تاغچە، ئۆيچە، ئاتچىلىك، مەكتەپچىلىك ... |

ئەسكەرتىش: ئەنئەنىۋى گىراماتىكا بويىچە كېلىشلەر ئالدىنقى ئالتە خىل بىلەن چەكلىنىدۇ. بىرمۇنچە تەتقىقاتچىلار كېيىنكى تۆت خىل قوشۇمچىنىڭ جۈملىدە ئوينىغان رولىنىڭ باشقا كېلىشلەرگە ئوخشاشلىقىغا قاراپ، بۇلارنىمۇ كېلىش ئىچىگە كىرگۈزۈۋاتىدۇ. كۆپچىلىكنى كېلىشلەر ئۈستىدە مۇشۇنداق تەتقىقاتنىڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇش مەقسىتىدە بۇ جەدۋەلگە كىرگۈزۈپ قويدۇق.

## 2. ساننىڭ گىراماتىكىلىق شەكىللىرى

| تۈرى | | بەلگىسى | مىساللار |
|---|---|---|---|
| ساناق سان | | نۆل | بىر، ئىككى، بەش، ئون، ئون بىر، يۈز، ئىككى يۈز، مىڭ، ئون مىڭ، مىليون ... |
| مۆلچەر سان | | A. «ـچە»، «ـدەك // ـ تەك» قوشۇلىدۇ. B. يېقىن ئىككى سان جۈپلىنىدۇ. | بەشچە، يۈزچە، ئوندەك، مىڭدەك، بەشـتەك، بىرـئىككى، ئونـيىگىرمە، قىرىق-ئەللىك ... |
| تەرتىپ سان | | ـ نچى // ـ ىنچى | بىرىنچى، تۆتىنچى، ئالتىنچى، ئون بىرىنچى، مىڭىنچى... |
| كەسىر سان | | مەخرەجگە «ـدىن // ـتىن» قوشۇلىدۇ | ئۈچتىن ئىككى، ئوندىن ئۈچ، مىڭدىن بىر، يۈزدىن بەش ... |
| تەقسىم سان | | ـ دىن // ـتىن | بىردىن، ئوندىن، يۈزدىن، ئۈچتىن، بەشتىن |
| سۈپەت سان | | ـلىغان // ـلىگەن | مىڭلىغان، يۈزلىگەن، مىليونلىغان، تۈمەنلىگەن ... |
| رەۋىش سان | | ـلاپ // ـ لەپ | بىرلەپـئىككىلەپ، بەشلەپـئونلاپ، يۈزلەپ، مىڭلاپ، تۈمەنلەپ ... |
| كىشىلىك سان | | ـيلەن // ـ ىيلەن | يەتتەيلەن، بەشەيلەن، بىرەيلەن، ئىككىيلەن ... |
| ئالماش سان | 1 ـ شەخس | ـ مىز // ـ ىمىز | ئىككىمىز، بىرىمىز، بەشىمىز، ئونىمىز ... |
| | 2 ـ شەخس | ـ ڭلار، ـىڭلار // ـڭلەر، ـ ىڭلەر | ئىككىڭلەر، بىرىڭلەر، بەشىڭلەر، ئونىڭلار، ئالتەڭلەر ... |
| | 3 ـ شەخس | ـى // ـ سى | بىرى، ئىككىسى، بەشى، يەتتىسى ... |

| 3. سۈپەتنىڭ گرامماتىكىلىق شەكىللىرى ( دەرىجىلىك سۈپەتلەردە كۆرۈلىدۇ) | | | |
|---|---|---|---|
| تۈرى | | بەلگىسى | مىساللار |
| دەرىجە | ئەسلى دەرىجە | نۆل | يورۇق، سىلىق، ئەپچىل، سۈزۈك |
| | كېمەيتمە دەرىجە | - راق // - رەك | يورۇقراق، سىلىقراق، ئەپچىلرەك، سۈزۈكرەك |
| | ئاشۇرما دەرىجە | ئالدىدىكى سوزۇق تاۋۇشقا «پ» قوشۇلۇپ ئاندىن تولۇق ئېيتىلىدۇ | يوپيورۇق، سىپسىلىق، قاپقارا، سۈپسۈزۈك |
| | ئەركىلەتمە دەرىجە | - غىنا، -قىنا // -گىنە، - كىنە | يورۇققىنا، سىلىققىنا، ئوماققىنا، چاققانغىنا، سۈزۈككىنە، ئەپچىلگىنە ... |

## 4. پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى

| تۈرى | | قوشۇمچىسى | تەلەپپۇزى ۋە ئەمەلىسى |
|---|---|---|---|
| دەرىجە | ئەسلى دەرىجە | نۆل | ياسا ـ ، ياز ـ ، تۇت ـ ، كۆر ـ ، باشلا ـ ، قىل ـ ، يۇل ـ ، بۆل ـ ... |
| | مەجھۇل دەرىجە | ـ ل، ـ ىل // ـ ۇل، ـ ۈل، ـ ن، ـ ىن // ـ ۇن، ـ ۈن | ياسال ـ ، يېزىل ـ ، تۇتۇل ـ ، كۆرۈل ـ ، باشلان ـ ، قىلىن ـ ، يۇلۇن ـ ، بۆلۈن ـ ... |
| | ئۆزلۈك دەرىجە | ـ ل، ـ ىل // ـ ۇل، ـ ۈل، ـ ن، ـ ىن // ـ ۇن، ـ ۈن | ياسان ـ ، كىيىن ـ ، ئۇرۇن ـ ، يۇيۇن ـ ، بېزەل ـ ، ئېچىل ـ ، سوزۇل ـ ، سۈرۈن ـ ... |
| | ئۆملۈك دەرىجە | ـ ش، ـ ىش // ـ ۇش، ـ ۈش | سۆزلەش ـ ، يېزىش ـ ، تۇتۇش ـ ، كۆرۈش ـ ، كېلىش ـ |
| | مەجبۇرىي دەرىجە | ـ دۇر، ـ تۇر // ـ دۈر، ـ تۈر، ـ ت، ـ غۇز، ـ قۇز // ـ گۈز، ـ كۈز، ـ ار، ـ ۇر، ـ ۈر | تاشدۇر ـ ، باقتۇر ـ ، كىيدۈر ـ ، كەلتۈر ـ ، چىقار ـ ، ئۇچۇر ـ ، چۈشۈر ـ ، ئىشلەت ـ ، ھارغۇز ـ ، تۇتقۇز ـ ، تەرگۈز ـ ، پۈتكۈز ـ |
| تۈس | ئىمكان تۈس | ـ ا، ـ ە، ـ ي رەۋىشدىشى + ئال ـ + ـ ا، ـ ە، ـ ي رەۋىشدىشى | يازالا ـ ، كۆرەلە ـ ، ئوينىيالا ـ ، سۆزلىيەلە ـ |
| | چەكلىمىسىز تۈس | ـ ا، ـ ە، ـ ي رەۋىشدىشى + بەر ـ | يازىۋەر ـ ، كۆرىۋەر ـ ، ئويناۋەر ـ ، سۆزلەۋەر ـ ... |
| | ئۆزلۈك تۈس | «پ» لىق رەۋىشداش + ئال ـ | ياسىۋال ـ ، يېزىۋال ـ ، تۇتۇۋال ـ ، كۆرۈۋال ـ |
| | كۈچەيتمە تۈس | «پ» لىق رەۋىشداش + ئەت ـ < ئات ـ | ياسىۋەت ـ ، يېزىۋەت ـ ، ئورۇۋەت ـ ، كۆرۈۋەت ـ |
| | ئىزچىل تۈس | ـ ا، ـ ە، ـ ي لىق رەۋىشداش + يات ـ * | ياساۋات ـ ، يېزىۋات ـ ، كۆرۈۋات ـ ، سۆزلەۋات ـ ، يۇلۇۋات ـ ، قىلىۋات ـ ... |
| | تەمشەلمە تۈس | مەقسەت رەۋىشدىشى + يات ـ | ياسىغىلىۋات ـ ، يازغىلىۋات ـ ، كۆرگىلىۋات ـ ، سۆزلىگىلىۋات ـ ، قىلغىلىۋات ـ ... |
| بولۇشلۇق ـ بولۇشسىز | بولۇشلۇق | نۆل | ياسا ـ ، يېزىل ـ ، كۆرۈن ـ ، سۆزلەش ـ ، كەلتۈر ـ ، يازالا ـ ، يازىۋەر ـ ، تۇتۇۋال ـ ... |
| | بولۇشسىز | ـ ما // ـ مە | ياسىما ـ ، يېزىلما ـ ، كۆرۈنمە ـ ، سۆزلەشمە ـ ، كەلتۈرمە ـ ، يازالما ـ ، يازىۋەرمە ـ ، تۇتۇۋالما ـ ... |

* بۇ شەكىلنى « ھازىرقى زامان داۋام پېئىل شەكلى» دەيمۇ قوللىنىش ئەھۋالى بار.

## 5. پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى

| | | قوشۇمچىسى | مىساللار |
|---|---|---|---|
| سۈپەتداشلار | 1 ـ خىلى | ـ غان، ـقان // ـگەن، ـكەن | يازغان، ساتقان، كۆرگەن، كەتكەن |
| | | ـ ـاـ، ـ ـەـ، ـ ي لىق رەۋىشداش + دىغان | يازىدىغان، كۆرىدىغان، ساقلايدىغان ① |
| | 2 ـ خىلى | ـ ـار، ـ ـەر، ـ ر //س ② | يازار، ئۇچار، كۆرەر، ئويلار، ئورۇندار |
| رەۋىشداشلار | | ـ پ، ـ ىپ // ـۇپ، ـۈپ | ساقلاپ، يېزىپ، بولۇپ، كۆرۈپ ③ |
| | | ـ ـا، ـ ـە، ـ ي | يازا، كۆرە، سۆزلەي(سۆزلە) |
| | | ـ غىلى، ـقىلى // ـگىلى، ـكىلى | يازغىلى، ساتقىلى، كۆرگىلى، كۈتكىلى |
| | | ـغاچ، ـقاچ // ـگەچ، ـكەچ | يازغاچ، ساتقاچ، كۆرگەچ، كۈتكەچ |
| | | ـغاچ، ـقاچ ـگەچ، ـكەچ + يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىلىرى | يازغاچقا، ساتقاچقا، كۆرگەچكە، كۈتكەچكە |
| | | ـغۇچە، ـقۇچە // ـگۈچە، ـكۈچە | يازغۇچە، ساتقۇچە، كۆرگۈچە، كۈتكۈچە |
| | | ـ سىرى | يازغانسىرى، ساتقانسىرى، كۆرگەنسىرى، كۈتكەنسىرى |
| ئىسىمداشلار | «ش» لىق | ـش، ـىش // ـۇش، ـۈش | ساقلاش، يېزىش، بولۇش، كۆرۈش ... |
| | «ماق» لىق | ـ ماق // ـ مەك | يازماق، كۆرمەك ... |
| | «غۇ» لۇق | ـ غۇ، ـ قۇ // ـ گۈ، ـ كۈ | يازغۇ، ساتقۇ، كۆرگۈ، كەتكۈ ... |

① بۇ سۈپەتداش جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كەلگەندە، پېئىللارنىڭ زۆرۈرىيەت رايىنى ئىپادىلەيدۇ.

② بۇ سۈپەتداشنىڭ بولۇشسىز شەكلىدە «ر» ئورنىغا «س» قوللىنىلىدۇ؛ مەسىلەن: يازماس، ئۇچماس، كۆرمەس.

③ بۇ رەۋىشداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى پېئىلنىڭ بايان رايىدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: يازماپتىمەن، كۆرمەپتىمەن.

## 6. پېئىلنىڭ رايلىرى

### ① بۇيرۇق ـ تەلەپ رايى *

A شەكلى

| تۈرى | | | قوشۇمچىسى | تەلەپپۇزى ھەم ئىملاسى |
|---|---|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | | بىرلىك | ـ ـاي // ـ ـەي | يازاي، كېتەي، تۇتاي، كۆرەي، ئىشلەي... |
| 1 ـ شەخس | | كۆپلۈك | ـ ـايلى // ـ ـەيلى، ـيلى | يازايلى، كېتەيلى، تۇتايلى، كۆرەيلى، ئىشلەيلى ... |
| 2 ـ شەخس | ئاددىي تۈر | بىرلىك | نۆل | ياز، كەت، تۇت، كۆر (بۇيرۇق ئاھاڭىدا ئېيتىلىدۇ) ... |
| 2 ـ شەخس | ئاددىي تۈر | بىرلىك | ـغىن، ـقىن // ـگىن، ـكىن | يازغىن، تۇتقىن، كۆرگىن، كەتكىن ... |
| 2 ـ شەخس | ئاددىي تۈر | كۆپلۈك | ـ ڭ، ـ ىڭ // ـ ۇڭ، ـ ۇڭ + ـ لار // ـ لەر | يېزىڭلار، كېتىڭلەر، تۇتۇڭلار، كۆرۈڭلەر، ئىشلەڭلەر ... |
| 2 ـ شەخس | سىپايە تۈر | بىرلىك | ـ ڭ، ـ ىڭ // ـ ۇڭ، ـ ۈڭ | يېزىڭ، كېتىڭ، تۇتۇڭ، كۆرۈڭ، ئىشلەڭ ... |
| 2 ـ شەخس | سىپايە تۈر | كۆپلۈك | ـ ڭىز، ـىڭىز+ ـلار // ـلەر | يېزىڭىزلار، تۇتىڭىزلار، كېتىڭىزلەر، كۆرىڭىزلەر، ئىشلىڭىزلەر، كېلىڭىزلەر ... |
| 2 ـ شەخس | ھۆرمەت تۈرى | بىرلىك | شەرەت رايى قوشۇمچىسى: ـسا//ـ سە + ـلا // ـلە | يازسىلا، كەتسىلە، تۇتسىلا، كۆرسىلە، ئىشلىسىلە ... |
| 2 ـ شەخس | ھۆرمەت تۈرى | كۆپلۈك | ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى + ھۆرمەت تۈرى بىرلىك قوشۇمچىسى | يېزىشسىلا، كېتىشسىلە، تۇتۇشسىلا، كۆرۈشسىلە، ئىشلەشسىلە ... |
| 2 ـ شەخس | سەتلىمە تۈر | | ئۆملۈك دەرىجە | يېزىش، كېتىش، تۇتۇش، كۆرۈش، ئىشلەش ... |
| 3 ـ شەخس | | بىرلىك ۋە كۆپلۈك | ـ سۇن | يازسۇن، كەتسۇن، تۇتسۇن، كۆرسۇن، ئىشلىسۇن ... |

* پېئىللارنىڭ بۇيرۇق رايى پەقەت 2 ـ شەخسكىلا قارىتىلغان دەيدىغان قاراشلارمۇ بار. بىز بۇ يەردە بۇيرۇق ـ تەلەپ رايىنىڭ شەكىللىرىنى ئەنئەنە بويىچە كۆرسەتتۇق.

B شەكلى*

| تۈرى | | | قوشۇمچىسى | تەلەپپۇزى ھەم ئىملاسى |
|---|---|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | | بىرلىك | ـ غاي، ـ قاي// ـ گەي، ـكەي + ـ مەن | يازغايمەن، كەتكەيمەن، تۇتقايمەن، كۆرگەيمەن، ئىشلىگەيمەن ... |
| | | كۆپلۈك | ـ غاي، ـ قاي// ـ گەي، ـكەي + ـ مىز | يازغايمىز، كەتكەيمىز، تۇتقايمىز، كۆرگەيمىز، ئىشلىگەيمىز ... |
| 2 ـ شەخس | ئاددىي تۈر | بىرلىك | ـ غاي، ـ قاي// ـ گەي، ـكەي + ـ سەن | يازغايسەن، كەتكەيسەن، تۇتقايسەن، كۆرگەيسەن، ئىشلىگەيسەن ... |
| | | كۆپلۈك | ـ غاي، ـ قاي// ـ گەي، ـكەي + ـ سىلەر | يازغايسىلەر، كەتكەيسىلەر، تۇتقايسىلەر، كۆرگەيسىلەر، ئىشلىگەيسىلەر ... |
| | سىپايە تۈر | بىرلىك | ـ غاي، ـ قاي// ـ گەي، ـكەي + ـ سىز | يازغايسىز، كەتكەيسىز، تۇتقايسىز، كۆرگەيسىز، ئىشلىگەيسىز ... |
| | | كۆپلۈك | ـ غاي، ـ قاي// ـ گەي، ـكەي + ـ سىز + ـ لەر | يازغايسىزلەر، كەتكەيسىزلەر، تۇتقايسىزلەر، كۆرگەيسىزلەر، ئىشلىگەيسىزلەر ... |
| | ھۆرمەت تۈرى | بىرلىك | ـ غاي، ـ قاي// ـ گەي، ـكەي + ـ لا // ـلە | يازغايلا، كەتكەيلە، تۇتقايلا، كۆرگەيلە، ئىشلىگەيلە ... |
| | | كۆپلۈك | ئۈملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى + ھۆرمەت تۈرى بىرلىك قوشۇمچىسى | يېزىشقايلا، كېتىشكەيلە، تۇتۇشقايلا، كۆرۈشكەيلە، ئىشلەشكەيلە ... |
| 3 ـ شەخس | بىرلىك ۋە كۆپلۈك | | ـ غاي، ـ قاي// ـ گەي، ـكەي | يازغاي، كەتكەي، تۇتقاي، كۆرگەي، ئىشلىگەي ... |

* بۇ پېئىلنىڭ 1ـ، 2ـشەخس شەكىللىرى ئاساسەن يېزىق ئەدەبىي تىلىدىلا قوللىنىلىدۇ. بۇ پېئىلنىڭ ئاخىرىغا شەخس قوشۇمچىلىرىنى ئالغان «ئىدى» قوشۇلۇپ قوللىنىلىدۇ.

## ② شەرت رايى*

| تۈرى | | | قوشۇمچىسى | تەلەپپۇزى ھەم ئىملاسى |
|---|---|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | | ـ سا// ـ سە + ـ م | يازسام، كەتسەم، تۇتسام، كۆرسەم، ئىشلىسەم... |
| | كۆپلۈك | | ـ سا// ـ سە + ق، ـ ك | يازساق، كەتسەك، تۇتساق، كۆرسەك، ئىشلىسەك ... |
| 2 ـ شەخس | ئاددىي تۈر | بىرلىك | ـ سا// ـ سە + ـ ڭ | يازساڭ، كەتسەڭ، تۇتساڭ، كۆرسەڭ، ئىشلىسەڭ ... |
| | | كۆپلۈك | ـ سا// ـ سە + ـ ڭ + ـلار// ـلەر | يازساڭلار، كەتسەڭلەر، تۇتساڭلار، كۆرسەڭلەر، ئىشلىسەڭلەر ... |
| | سىپايە تۈرى | بىرلىك | ـ سا// ـ سە + ڭىز | يازسىڭىز، كەتسىڭىز، تۇتسىڭىز، كۆرسىڭىز، ئىشلىسىڭىز ... |
| | | كۆپلۈك | ـ سا// ـ سە + ڭىز + ـلار// ـلەر | يازسىڭىزلار، كەتسىڭىزلەر، تۇتسىڭىزلار، كۆرسىڭىزلەر، ئىشلىسىڭىزلەر ... |
| | ھۆرمەت تۈرى | بىرلىك | ـ سا// ـ سە + ـ لا// ـ لە | يازسىلا، كەتسىلە، تۇتسىلا، كۆرسىلە، ئىشلىسىلە ... |
| | | كۆپلۈك | ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى + ھۆرمەت تۈرى بىرلىك قوشۇمچىسى | يېزىشسىلا، كېتىشسىلە، تۇتۇشسىلا، كۆرۈشسىلە، ئىشلەشسىلە ... |
| | سەتلىمە تۈر | | ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى + ـ سا// ـ سە + ـ ڭ | يېزىشساڭ، كېتىشسەڭ، تۇتۇشساڭ، كۆرۈشسەڭ، ئىشلەشسەڭ ... |
| 3 ـ شەخس | بىرلىك ۋە كۆپلۈك | | ـ سا// ـ سە | يازسا، كەتسە، تۇتسا، كۆرسە، ئىشلىسە ... |

* شەرت رايىنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرىدىن كېيىن يەنە «ئىدى»، «ئىكەن» ياردەمچى پېئىللىرى قوشۇلۇپمۇ قوللىنىلىدۇ.

| ③ زۆرۈرىيەت رايى* | |
|---|---|
| قوشۇمچىسى | مىساللار |
| -غۇلۇق، -قۇلۇق // -گۇلۇك، -كۇلۇك | يازغۇلۇق، تۇتقۇلۇق، كۆرگۈلۈك، كەتكۈلۈك .. |

## ④ بايان رايى

پېئىللارنىڭ بايان رايى بايان قىلىش ئۇسۇلىغا قاراپ بىرقانچە تۈرلۈك بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇلار ھەرقايسى زامان كاتېگورىيەلىرىدە ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ. تۆۋەندىكى ھەرقايسى بايان رايلىرى مەنە ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە ئەمەس، پەقەت ياسىلىش ئالاھىدىلىكى بويىچە كۆرسىتىلدى. شەخس تۈرلىرىمۇ يۇقىرىدىكى جەدۋەللەردە كۆرسىتىلگەن تەرتىپ بويىچە ئېلىندى. پېئىللارنىڭ بولۇشسىز ۋە سوراق شەكىللىرى ئادەتتە ھەممە ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقلىرىدا بولغانلىقتىن بۇ يەردە ئايرىم كۆرسىتىلمىدى.

**1) تۈپ پېئىل (جۈملىدىن ياسالما پېئىللارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)**

يازدىم، يازدۇق، يازدىڭ، يازدىڭلار، يازدىڭىز، يازدىڭىزلار، يازدىلا، يېزىشتىلا، يېزىشتىڭ، يازدى ...

كەتتىم، كەتتۇق، كەتتىڭ، كەتتىڭلەر، كەتتىڭىز، كەتتىڭىزلەر، كەتتىلە، كېتىشتىلە، كېتىشتىڭ، كەتتى ...

تۇتتۇم، تۇتتۇق، تۇتتۇڭ، تۇتتۇڭلار، تۇتتىڭىز، تۇتتىڭىزلار، تۇتتىلا، تۇتۇشتىلا، تۇتۇشتۇڭ، تۇتتى ...

كۆردۈم، كۆردۇق، كۆردۈڭلەر، كۆردىڭىز، كۆردىڭىزلەر، كۆردىلە، كۆرۈشتىلە، كۆرۈشتۈڭ، كۆردى ...

ئىشلىدىم، ئىشلىدۇق، ئىشلىدىڭلەر، ئىشلىدىڭىز، ئىشلىدىڭىزلەر، ئىشلىدىلە، ئىشلەشتىلە، ئىشلەشتىڭ، ئىشلىدى ...

**2) رەۋىشداش ئاساسىدا ياسالغانلىرى** :**

---

* زۆرۈرىيەت رايى ھەر ئۈچ شەخسكە ئومۇمىي بولغانلىقى ئۈچۈن شەخس قوشۇمچىسى بولمايدۇ، شۇنىڭدەك زۆرۈرىيەت رايى خەۋەر بولۇپ كەلگەن جۈملىلەردە جۈملىنىڭ ئىگىسى بولمايدۇ.

زۆرۈرىيەت رايىنىڭ بولۇشسىز شەكلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى دىيالېكتلىرىدا (مەسىلەن: خوتەن دىيالېكتىدا) سىستېمىلىق رەۋىشتە كۆرۈلسىمۇ، لېكىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا تېخى ئومۇملىشىپ كەتمىدى.

** بايان رايىدا رەۋىشداشلار ئاساسىدا ياسالغان پېئىل شەكىللىرىدىن:

يازىدىكەنمەن (يازا + دۇ + ئىكەن + مەن) شەكلىدە،

يېزىپتىكەنمەن (ياز- + ئىپ + -تۇ + ئىكەن + مەن) شەكلىدە،

يېزىپتىمىشمەن (ياز- + ئىپ + -تۇ + ئىمىش + مەن) شەكلىدە،

يېزىپتۇدەكمەن (ياز- + ئىپ + -تۇ + دەك + مەن) شەكلىدە ياسالغان پېئىللار گەرچە بايان رايى مەنىسىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن بۇلارنى «ئىكەن، ئىمىش، دەك» ياردەمچىلىرى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىش لازىم دەپ قاراپ، بۇ يەردە كۆرسىتىلمىدى.

(1) يازىمەن، يازىمىز، يازىسەن، يازىسىلەر، يازىسىز، يازىسىزلەر، يازىدىلا، يېزىشىدىلا، يېزىشىسەن، يازىدۇ ...

كېتىمەن، كېتىمىز، كېتىسەن، كېتىسىلەر، كېتىسىز، كېتىسىزلەر، كېتىدىلە، كېتىشىدىلە، كېتىشىسەن، كېتىدۇ ...

تۇتىمەن، تۇتىمىز، تۇتىسەن، تۇتىسىلەر، ثۇتىسىز، تۇتىسىزلەر، تۇتىدىلا، تۇتۇشىدىلا، تۇتۇشىسەن، تۇتىدۇ ...

كۆرىمەن، كۆرىمىز، كۆرىسەن، كۆرىسىلەر، كۆرىسىز، كۆرىسىزلەر، كۆرىدىلە، كۆرۈشىدىلە، كۆرۈشىسەن، كۆرىدۇ ...

ئىشلەيمەن، ئىشلەيمىز، ئىشلەيسەن، ئىشلەيسىلەر، ئىشلەيسىز، ئىشلەيسىزلەر، ئىشلەيدىلە، ئىشلىشىدىلە، ئىشلىشىسەن، ئىشلەيدۇ ...

(2) يېزىپتىمەن، يېزىپتىمىز، يېزىپسەن، يېزىپسىلەر، يېزىپسىز، يېزىپسىزلەر، يېزىپتىلا، يېزىشىپتىلا، يېزىشىپسەن، يېزىپتۇ ...

كېتىپتىمەن، كېتىپتىمىز، كېتىپسەن، كېتىپسىلەر، كېتىپسىز، كېتىپسىزلەر، كېتىپتىلە، كېتىشىپ-تىلە، كېتىشىپسەن، كېتىپتۇ ...

تۇتۇپتىمەن، تۇتۇپتىمىز، تۇتۇپسەن، تۇتۇپسىلەر، تۇتۇپسىز، تۇتۇپسىزلەر، تۇتۇپتىلا، تۇتۇشۇپتىلا، تۇتۇ-شۇپسەن، تۇتۇپتۇ ...

كۆرۈپتىمەن، كۆرۈپتىمىز، كۆرۈپسەن، كۆرۈپسىلەر، كۆرۈپسىز، كۆرۈپسىزلەر، كۆرۈپتىلە، كۆرۈشۈپتىلە، كۆرۈشۈپسەن، كۆرۈپتۇ ...

ئىشلەپتىمەن، ئىشلەپتىمىز، ئىشلەپسەن، ئىشلەپسىلەر، ئىشلەپسىز، ئىشلەپسىزلەر، ئىشلەپتىلە، ئىشلى-شىپتىلە، ئىشلىشىپسەن، ئىشلەپتۇ ...

(3) يېزىۋىدىم، يېزىۋىدۇق، يېزىۋىدىڭ، يېزىۋىدىڭلار، يېزىۋىدىڭىز، يېزىۋىدىڭىزلار، يېزىۋىدىلا، يېزىشىۋىدىلا، يېزىشىۋىدىڭ، يېزىۋىدى ...

كېتىۋىدىم، كېتىۋىدۇق، كېتىۋىدىڭ، كېتىۋىدىڭلەر، كېتىۋىدىڭىز، كېتىۋىدىڭىزلەر، كېتىۋىدىلە، كېتىشىۋىدىلە، كېتىشىۋىدىڭ، كېتىۋىدى ...

تۇتۇۋىدىم، تۇتۇۋىدۇق، تۇتۇۋىدىڭ، تۇتۇۋىدىڭلار، تۇتۇۋىدىڭىز، تۇتۇۋىدىڭىزلار، تۇتۇۋىدىلا، تۇتۇشۇۋىدىلا، تۇتۇشۇۋىدىڭ، تۇتۇۋىدى ...

كۆرۈۋىدىم، كۆرۈۋىدۇك، كۆرۈۋىدىڭ، كۆرۈۋىدىڭلەر، كۆرۈۋىدىڭىز، كۆرۈۋىدىڭىزلەر، كۆرۈۋىدىلە، كۆرۈشۈۋىدىلە، كۆرۈشۈۋىدىڭ، كۆرۈۋىدى ...

ئىشلىۋىدىم، ئىشلىۋىدۇق، ئىشلىۋىدىڭ، ئىشلىۋىدىڭلەر، ئىشلىۋىدىڭىز، ئىشلىۋىدىڭىزلەر، ئىشلىۋىدىلە، ئىشلىشىۋىدىلە، ئىشلىشىۋىدىڭ، ئىشلىۋىدى ...

**3) سۈپەتداش ئاساسدا ياسالغانلىرى:**

(1) يازغان، كەتكەن، تۇتقان، كۆرگەن، ئىشلىگەن (بايان رايىنىڭ بۇ خىل شەكلى ئادەتتە ھەممە شەخسلەردە «-غان، -قان // -گەن، -كەن» سۈپەتدىشى ئارقىلىقلا ئىپادىلىنىدۇ. بەزىدە كەينىگە مۇۋاپىق شەخس

قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ كېلىشمۇ مۇمكىن، مەسىلەن: يازغانمەن، كەتكەنمىز، تۇتقانسەن، كۆرگەنسىز، ئىشلىگەنسىلەر ... دېگەنگە ئوخشاش.)

(2) يازغانىدىم، يازغانىدۇق، يازغانىدىڭ، يازغانىدىڭلار، يازغانىدىڭىز، يازغانىدىڭىزلار، يازغانىدىلا، يېزىشقانىدىلا، يېزىشقانىدىڭ، يازغانىدى ...

كەتكەنىدىم، كەتكەنىدۇق، كەتكەنىدىڭ، كەتكەنىدىڭلەر، كەتكەنىدىڭىز، كەتكەنىدىڭىزلەر، كەتكەنىدىلە، كېتىشكەنىدىلە، كېتىشكەنىدىڭ، كەتكەنىدى ...

تۇتقانىدىم، تۇتقانىدۇق، تۇتقانىدىڭ، تۇتقانىدىڭلار، تۇتقانىدىڭىز، تۇتقانىدىڭىزلار، تۇتقانىدىلا، تۇتۇشقانىدىلا، تۇتۇشقانىدىڭ، تۇتقانىدى ...

كۆرگەنىدىم، كۆرگەنىدۇق، كۆرگەنىدىڭ، كۆرگەنىدىڭلەر، كۆرگەنىدىڭىز، كۆرگەنىدىڭىزلەر، كۆرگەنىدىلە، كۆرۈشكەنىدىلە، كۆرۈشكەنىدىڭ، كۆرگەنىدى ...

ئىشلىگەنىدىم، ئىشلىگەنىدۇق، ئىشلىگەنىدىڭ، ئىشلىگەنىدىڭلەر، ئىشلىگەنىدىڭىز، ئىشلىگەنىدىڭىزلەر، ئىشلىگەنىدىلە، ئىشلەشكەنىدىلە، ئىشلەشكەنىدىڭ، ئىشلىگەنىدى ...

(3) يازغاندىمەن، يازغاندىمىز، يازغانسەن، يازغانسىلەر، يازغانسىز، يازغانسىزلەر، يازغاندىلا، يېزىشقاندىلا، يېزىشقانسەن، يازغاندۇ ...

كەتكەندىمەن، كەتكەندىمىز، كەتكەنسەن، كەتكەنسىلەر، كەتكەنسىز، كەتكەنسىزلەر، كەتكەندىلە، كېتىشكەندىلە، كېتىشكەنسەن، كەتكەندۇ ...

تۇتقاندىمەن، تۇتقاندىمىز، تۇتقانسەن، تۇتقانسىلەر، تۇتقانسىز، تۇتقانسىزلەر، تۇتقاندىلا، تۇتۇشقاندىلا، تۇتۇشقانسەن، تۇتقاندۇ ...

كۆرگەندىمەن، كۆرگەندىمىز، كۆرگەنسەن، كۆرگەنسىلەر، كۆرگەنسىز، كۆرگەنسىزلەر، كۆرگەندىلە، كۆرۈشكەندىلە، كۆرۈشكەنسەن، كۆرگەندۇ ...

ئىشلىگەندىمەن، ئىشلىگەندىمىز، ئىشلىگەنسەن، ئىشلىگەنسىلەر، ئىشلىگەنسىز، ئىشلىگەنسىزلەر، ئىشلىگەندىلە، ئىشلەشكەندىلە، ئىشلەشكەنسەن، ئىشلىگەندۇ ...

ئىشلەيدىغاندىمەن، ئىشلەيدىغاندىمىز، ئىشلەيدىغانسەن، ئىشلەيدىغانسىلەر، ئىشلەيدىغانسىز، ئىشلەيدىغانسىزلەر، ئىشلەيدىغاندىلا، ئىشلىشىدىغاندىلا، ئىشلىشىدىغانسەن، ئىشلەيدىغاندۇ ...

(4) يازارمەن، يازارمىز، يازارسەن، يازارسىلەر، يازارسىز، يازارسىزلەر، يازارلا، يېزىشارسەن، يازار ...

كېتەرمەن، كېتەرمىز، كېتەرسەن، كېتەرسىلەر، كېتەرسىز، كېتەرسىزلەر، كېتەرلە، كېتىشەرلە، كېتىشەرسەن، كېتەر ...

تۇتارمەن، تۇتارمىز، تۇتارسەن، تۇتارسىلەر، تۇتارسىز، تۇتارسىزلەر، تۇتارلا، تۇتۇشارسەن، تۇتار ...

كۆرەرمەن، كۆرەرمىز، كۆرەرسەن، كۆرەرسىلەر، كۆرەرسىز، كۆرەرلە، كۆرۈشەرلە، كۆرۈشەرسەن، كۆرەر ...

ئىشلەرمەن، ئىشلەرمىز، ئىشلەرسەن، ئىشلەرسىلەر، ئىشلەرسىز، ئىشلەرسىزلەر، ئىشلەرلە، ئىشلىشەرلە، ئىشلىشەرسەن، ئىشلەر ...

(5) يازاردىم، يازاردۇق، يازاردىڭ، يازاردىڭلار، يازاردىڭىز، يازاردىڭىزلار، يازاردىلا، يېزىشاردىلا، يېزىشاردىڭ، يازاردى ...

كېتەردىم، كېتەردۈك، كېتەردىڭ، كېتەردىڭلەر، كېتەردىڭىز، كېتەردىڭىزلەر، كېتەردىلە، كېتىشەردىلە، كېتىشەردىڭ، كېتەردى ...

تۇتاردىم، تۇتاردۇق، تۇتاردىڭ، تۇتاردىڭلار، تۇتاردىڭىز، تۇتاردىڭىزلار، تۇتاردىلا، تۇتۇشاردىلا، تۇتۇشاردىڭ، تۇتاردى ...

كۆرەردىم، كۆرەردۇق، كۆرەردىڭ، كۆرەردىڭلەر، كۆرەردىڭىز، كۆرەردىڭىزلەر، كۆرەردىلە، كۆرۈشەردىلە، كۆرۈشەردىڭ، كۆرەردى ...

ئىشلەردىم، ئىشلەردۇق، ئىشلەردىڭ، ئىشلەردىڭلەر، ئىشلەردىڭىز، ئىشلەردىڭىزلەر، ئىشلەردىلە، ئىشلىشەردىلە، ئىشلىشەردىڭ، ئىشلەردى ...

(6) يازاتتىم، يازاتتۇق، يازاتتىڭ، يازاتتىڭلار، يازاتتىڭىز، يازاتتىڭىزلار، يازاتتىلا، يېزىشاتتىلا، يېزىشاتتىڭ، يازاتتى ...

كېتەتتىم، كېتەتتۇق، كېتەتتىڭ، كېتەتتىڭلەر، كېتەتتىڭىز، كېتەتتىڭىزلەر، كېتەتتىلە، كېتىشەتتىلە، كېتىشەتتىڭ، كېتەتتى ....

تۇتاتتىم، تۇتاتتۇق، تۇتاتتىڭ، تۇتاتتىڭلار، تۇتاتتىڭىز، تۇتاتتىڭىزلار، تۇتاتتىلا، تۇتۇشاتتىلا، تۇتۇشاتتىڭ، تۇتاتتى ...

كۆرەتتىم، كۆرەتتۇق، كۆرەتتىڭ، كۆرەتتىڭلەر، كۆرەتتىڭىز، كۆرەتتىڭىزلەر، كۆرەتتىلە، كۆرۈشەتتىلە، كۆرۈشەتتىڭ، كۆرۈتتى ...

ئىشلەيتتىم، ئىشلەيتتۇق، ئىشلەيتتىڭ، ئىشلەيتتىڭلەر، ئىشلەيتتىڭىز، ئىشلەيتتىڭىزلەر، ئىشلەيتتىلە، ئىشلىشەتتىلە، ئىشلىشەتتىڭ، ئىشلەيتتى ...

(7) يازماقچىمەن*، يازماقچىمىز، يازماقچىسەن، يازماقچىسىلەر، يازماقچىسىز، يازماقچىسىزلەر، يېزىشماقچى، يېزىشماقچىسەن، يازماقچى ...

كەتمەكچىمەن، كەتمەكچىمىز، كەتمەكچىسەن، كەتمەكچىسىلەر، كەتمەكچىسىز، كەتمەكچىسىزلەر، كېتىشمەكچى، كېتىشمەكچىسەن، كەتمەكچى ...

(8) يازماقچىدىم، يازماقچىدۇق، يازماقچىدىڭ، يازماقچىدىڭلار، يازماقچىدىڭىز، يازماقچىدىڭىزلار، يازماقچىدىلا، يېزىشماقچىدىلا، يېزىشماقچىدىڭ، يازماقچىدى ...

كەتمەكچىدىم، كەتمەكچىدۇق، كەتمەكچىدىڭ، كەتمەكچىدىڭلەر، كەتمەكچىدىڭىز، كەتمەكچىدىڭىزلەر، كەتمەكچىدىلە، كېتىشمەكچىدىلە، كېتىشمەكچىدىڭ، كەتمەكچىدى ...

**4) ئىسىمداشتىن ياسالغانلىرى:**

يازغۇدەكمەن، يازغۇدەكمىز، يازغۇدەكسەن، يازغۇدەكسىلەر، يازغۇدەكسىز، يازغۇدەكسىزلەر، يازغۇدەكلا،

* شەخس قوشۇمچىلىرى چۈشۈپ قېلىپ ھەممە شەخسلەردە پېئىلنىڭ ئۆزىلا قوللىنىلىشى مۇمكىن. ھۆرمەت تۈرىنىڭ ئايرىم شەخس بەلگىسى كۆرۈلمەيدۇ. بۇ پېئىلنىڭ بولۇشسىز شەكلى «ئەمەس» ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

يېزىشقۇدەكلا، يېزىشقۇدەكسەن، يازغۇدەك ...

كەتكۈدەكمەن، كەتكۈدەكمىز، كەتكۈدەكسەن، كەتكۈدەكسىلەر، كەتكۈدەكسىز، كەتكۈدەكسىزلەر، كەتكۈدەكلە، كېتىشكۈدەكلە، كېتىشكۈدەكسەن، كەتكۈدەك ...

تۇتقۇدەكمەن، تۇتقۇدەكمىز، تۇتقۇدەكسەن، تۇتقۇدەكسىلەر، تۇتقۇدەكسىز، تۇتقۇدەكسىزلەر، تۇتقۇدەكلا، تۇتۇشقۇدەكلا، تۇتۇشقۇدەكسەن، تۇتقۇدەك ...

كۆرگۈدەكمەن، كۆرگۈدەكمىز، كۆرگۈدەكسەن، كۆرگۈدەكسىلەر، كۆرگۈدەكسىز، كۆرگۈدەكسىزلەر، كۆرگۈدەكلە، كۆرۈشكۈدەكلە، كۆرۈشكۈدەكسەن، كۆرگۈدەك ...

ئىشلىگۈدەكمەن، ئىشلىگۈدەكمىز، ئىشلىگۈدەكسەن، ئىشلىگۈدەكسىلەر، ئىشلىگۈدەكسىز، ئىشلىگۈدەكسىزلەر، ئىشلىگۈدەكلە، ئىشلەشكۈدەكلە، ئىشلەشكۈدەكسەن، ئىشلىگۈدەك ...

تۇتماقچىدىم، تۇتماقچىدۇق، تۇتماقچىدىڭ، تۇتماقچىدىڭلار، تۇتماقچىدىڭىز، تۇتماقچىدىڭىزلار، تۇتماقچىدىلا، تۇتۇشماقچىدىلا، تۇتۇشماقچىدىڭ، تۇتماقچىدى ...

كۆرمەكچىدىم، كۆرمەكچىدۇق، كۆرمەكچىدىڭ، كۆرمەكچىدىڭلەر، كۆرمەكچىدىڭىز، كۆرمەكچىدىڭىزلەر، كۆرمەكچىدىلە، كۆرۈشمەكچىدىلە، كۆرۈشمەكچىدىڭ، كۆرمەكچىدى ...

ئىشلىمەكچىدىم، ئىشلىمەكچىدۇق، ئىشلىمەكچىدىڭ، ئىشلىمەكچىدىڭلەر، ئىشلىمەكچىدىڭىز، ئىشلىمەكچىدىڭىزلەر، ئىشلىمەكچىدىلە، ئىشلەشمەكچىدىلە، ئىشلەشمەكچىدىڭ، ئىشلىمەكچىدى ...

# خەلقئارا تاۋۇش بەلگىلىرى

| بوغۇز تاۋۇشلىرى | بوغۇز دىۋارى تاۋۇشلىرى | كىچىك تىل تاۋۇشلىرى | تىل ئۈستى تاۋۇشلىرى: تىل ئارقىسى | تىل ئۈستى ئوتتۇرىسى | تىل ئۈستى ئالدى | تىل ئالدى تاۋۇشلىرى | تىل ئۇچى تاۋۇشلىرى: تىل ئۇچى ئارقىسى | تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى | تىل ئۇچى ئالدى | چىش ئارىلىقى | لەۋ تاۋۇشلىرى: لەۋ - چىش | قوش لەۋ | تەلەپپۇز ئورنى / تەلەپپۇز ئۇسۇلى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ʔ | | q | k | c | ȶ | | t | t | | | | p | نەپەسسىز | جاراڭسىز | پارتلىغۇچى | ئۈزۈك تاۋۇشلار |
| ʔʻ | | qʻ | kʻ | cʻ | ȶʻ | | tʻ | tʻ | | | | pʻ | نەپەسلىك | | | |
| | | G | g | ɟ | ȡ | | d | ɖ | | | | b | نەپەسسىز | جاراڭلىق | | |
| | | Gʻ | gʻ | ɟʻ | ȡʻ | | dʻ | ɖʻ | | | | bʻ | نەپەسلىك | | | |
| | | | | | tɕ | tʃ | ʈʂ | | ts | tθ | pf | | نەپەسسىز | جاراڭسىز | پارتلىغۇچى - سىيرىلاڭغۇ | |
| | | | | | tɕʻ | tʃʻ | ʈʂ | | tsʻ | tθʻ | pfʻ | | نەپەسلىك | | | |
| | | | | | dʑ | dʒ | dʐ | | dz | dð | bv | | نەپەسسىز | جاراڭلىق | | |
| | | | | | dʑʻ | dʒʻ | dʐʻ | | dzʻ | dðʻ | bvʻ | | نەپەسلىك | | | |
| | | n | ŋ | ɲ | ȵ | | η | n | | | ɱ | m | جاراڭلىق | | دىماغ | |
| | | R | | | | | | r | | | | | جاراڭلىق | | تىترەڭگۈ | |
| | | R | | | | | τ | I | | | | | جاراڭلىق | | چاقنىما | |
| | | | (χ) | ʎ | | | ɭ | l | | | | | جاراڭلىق | | قوۋۇز | |
| | | | | | | | | χ | | | | | جاراڭسىز | | قوۋۇز - سىيرىلاڭغۇ | |
| | | | | | | | | ķ | | | | | جاراڭلىق | | | |
| h | ħ | x | X | ç | ɕ | ʃ | ʂ | | s | θ | f | ɸ | جاراڭسىز | | سىيرىلاڭغۇ | |
| ɦ | ʕ | ʁ | ɣ | j | ʑ | ʒ | ʐ | | z | ð | v | β | جاراڭلىق | | | |
| | | ʁ | (W) | j (ɥ) | | | | ʎ | | | ʋ | ɥ W | جاراڭلىق | | يېرىم سوزۇق | |

| تىل ئۈستى: ئارقا / ئوتتۇرا / ئالدى | تىل ئۇچى: ئارقا / ئالدى | لەۋلەشكەن | | |
|---|---|---|---|---|
| ɯ u ɨ ʉ i y<br>ʊ I Y<br>ɤ o ɘ ɵ e ø<br>ə E<br>ʌ ɔ ɜ ɛ œ<br>e æ<br>a D ʌ a | lɥ ʅɥ | (ɥ ɥ y ʉ u)<br>(ø O)<br>(œ ɔ)<br>(D) | ئېگىز<br>سەل ئېگىز<br>سەل پەس<br>پەس | سوزۇق تاۋۇشلار |

# ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەرپلەر بىلەن خەلقئارا ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

| ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەرپلەر | خەلقئارا ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى | ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەرپلەر | خەلقئارا ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى |
|---|---|---|---|
| ئا | ɑ | ق | q' |
| ئە | ɛ | ك | k' |
| ب | b | گ | g |
| پ | p' | ڭ | ŋ |
| ت | t' | ل | l |
| ج | dʒ | م | m |
| چ | tʃ' | ن | n |
| خ | x | ھ | h |
| د | d | ئو | o |
| ر | r | ئۇ | u |
| ز | z | ئۆ | ø |
| ژ | ʒ | ئۈ | y |
| س | s | ۋ | w |
| ش | ʃ | ئې | e |
| غ | ʁ | ئى | i |
| ف | f | ي | j |

# يۇلتۇزلار ۋە بۇرجلار

## 1. يۇلتۇزلار تۈركۈمى

ئارا يۇلتۇز تۈركۈمى
ئاق قۇ يۇلتۇز تۈركۈمى
ئەجدىھا يۇلتۇز تۈركۈمى
بۇلۇڭمېتىر يۇلتۇز تۈركۈمى
بۆرە يۇلتۇز تۈركۈمى
بۈركۈت يۇلتۇز تۈركۈمى
پاتمىچۇق يۇلتۇز تۈركۈمى
پادىچى يۇلتۇز تۈركۈمى
پەرى يۇلتۇز تۈركۈمى
پېرسېي يۇلتۇز تۈركۈمى
تايغان يۇلتۇز تۈركۈمى
توز يۇلتۇز تۈركۈمى
توشقان يۇلتۇز تۈركۈمى
تۇرنا يۇلتۇز تۈركۈمى
تۈلكە يۇلتۇز تۈركۈمى
تېلېسكوپ يۇلتۇز تۈركۈمى
جەدى يۇلتۇز تۈركۈمى
جەننەت قۇشى يۇلتۇز تۈركۈمى
جەنۇبىي بېلىق يۇلتۇز تۈركۈمى
جەنۇبىي تاج يۇلتۇز تۈركۈمى
جەنۇبىي قۇتۇپ يۇلتۇز تۈركۈمى
جەنۇبىي كىرېست يۇلتۇز تۈركۈمى
جەنۇبىي ئۈچ بۇلۇڭ يۇلتۇز تۈركۈمى
جەۋزا يۇلتۇز تۈركۈمى
چايان يۇلتۇز تۈركۈمى
چوڭ ئېيىق يۇلتۇز تۈركۈمى
چوڭ ئىت يۇلتۇز تۈركۈمى
چوڭ يىلان يۇلتۇز تۈركۈمى
چىۋىن يۇلتۇز تۈركۈمى
خامېلېئون يۇلتۇز تۈركۈمى
دەلۋە يۇلتۇز تۈركۈمى
دۇلدۇل يۇلتۇز تۈركۈمى
دېلفىن يۇلتۇز تۈركۈمى
رەسسام يۇلتۇز تۈركۈمى
زىراپە يۇلتۇز تۈركۈمى
سائەت يۇلتۇز تۈركۈمى
سوۋۇر يۇلتۇز تۈركۈمى
سۇ يىلىنى يۇلتۇز تۈركۈمى
سۇمبۇل چاچ يۇلتۇز تۈركۈمى
سۇمۇرغ يۇلتۇز تۈركۈمى
سۇنبۇلە يۇلتۇز تۈركۈمى
سېتكا يۇلتۇز تۈركۈمى
سېفېي يۇلتۇز تۈركۈمى
سېكستانت يۇلتۇز تۈركۈمى
سېنتاۋر يۇلتۇز تۈركۈمى
سىركۇل يۇلتۇز تۈركۈمى
شەمشەر بېلىق يۇلتۇز تۈركۈمى
شىر يۇلتۇز تۈركۈمى
شىمالىي تاج يۇلتۇز تۈركۈمى
قاغا يۇلتۇز تۈركۈمى
قالقان يۇلتۇز تۈركۈمى

قەۋس يۇلتۇز تۈركۈمى
قۇمرا يۇلتۇز تۈركۈمى
قىئات يۇلتۇز تۈركۈمى
قىسقۇچپاقا يۇلتۇز تۈركۈمى
كارىنا يۇلتۇز تۈركۈمى
كاسسىيوپىيە يۇلتۇز تۈركۈمى
كاككۇك يۇلتۇز تۈركۈمى
كەپتەر يۇلتۇز تۈركۈمى
كومپاس يۇلتۇز تۈركۈمى
كېمە قۇيرۇق يۇلتۇز تۈركۈمى
كىت يۇلتۇز تۈركۈمى
كىچىك ئات يۇلتۇز تۈركۈمى
كىچىك شىر يۇلتۇز تۈركۈمى
كىچىك ئېيىق يۇلتۇز تۈركۈمى
كىچىك ئىت يۇلتۇز تۈركۈمى
گېركۇلېس يۇلتۇز تۈركۈمى
لىرا يۇلتۇز تۈركۈمى
مۇشۇك يۇلتۇز تۈركۈمى
مېنسا يۇلتۇز تۈركۈمى
مىزان يۇلتۇز تۈركۈمى
مىكروسكوپ يۇلتۇز تۈركۈمى
ناسوس يۇلتۇز تۈركۈمى
ھارۋىكەش يۇلتۇز تۈركۈمى
ھەمەل يۇلتۇز تۈركۈمى
ھەيكەلتىراش يۇلتۇز تۈركۈمى
ھوت يۇلتۇز تۈركۈمى
ئوچاق يۇلتۇز تۈركۈمى
ئوقيا يۇلتۇز تۈركۈمى
ئوۋچىلار يۇلتۇز تۈركۈمى
ئۇچار بېلىق يۇلتۇز تۈركۈمى
ئۈچ بۇلۇڭ يۇلتۇز تۈركۈمى
ئېرىدان يۇلتۇز تۈركۈمى
ئىسكىنە يۇلتۇز تۈركۈمى
ئىندىيان يۇلتۇز تۈركۈمى
يەلكەن يۇلتۇز تۈركۈمى
يىلان يۇلتۇز تۈركۈمى
يىلانچى يۇلتۇز تۈركۈمى

## 2. يۇلتۇزلار سىستېمىسى

ئەجدىھا يۇلتۇزلار سىستېمىسى
پەرى ئىككىنچى ئاساسىي يۇلتۇز سىستېمىلىرى گۇرۇپپىسى
پەرى يۇلتۇزلار سىستېمىسى
چوڭ ماگېللان بۇلۇتى
چىغ قالپاق يۇلتۇزلار سىستېمىسى
سۇمبۇل چاچ يۇلتۇز سىستېمىلىرى توپى
سۇنبۇلە ئادەتتىن تاشقىرى يۇلتۇز سىستېمىلىرى توپى
سۇنبۇلە يۇلتۇز سىستېمىلىرى توپى
سېيفېرت ئالتىلىك يۇلتۇزلار سىستېمىسى
شىر قوش يۇلتۇزلار سىستېمىسى
شىمالىي تاج يۇلتۇز سىستېمىلىرى توپى
قۇيۇنسىمان يۇلتۇزلار سىستېمىسى
كىچىك ماگېللان بۇلۇتى
كىچىك ئېيىق يۇلتۇزلار سىستېمىسى
گېركۇلېس يۇلتۇز سىستېمىلىرى توپى
ماففېي 1
ماففېي 2
ماگېللان بۇلۇتى
ھەيكەلتىراش يۇلتۇزلار سىستېمىسى
ئوچاق يۇلتۇزلار سىستېمىسى
ئۈچ بۇلۇڭ يۇلتۇزلار سىستېمىسى
ئىستېفان بەشلىك يۇلتۇزلار سىستېمىسى

## 3. يۇلتۇزلار تۈپى

ئالۋاستى يۇلتۇزلار تۈپى

پېرسېي a يۇلتۇزلار تۈپى

پېرسېي h يۇلتۇزلار تۈپى

پېرسېي x يۇلتۇزلار تۈپى

چايان - سېنتاۋر يۇلتۇزلار جەمئىيىتى

چوڭ ئېيىق يۇلتۇزلار تۈپى

سەۋر يۇلتۇزلار تۈپى

شولا يۇلتۇزلار تۈپى

شولا يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى

گېركۇلېس چوڭ يۇلتۇزلار تۈپى

ئوستېرخوف يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى

ئوۋچىلار يۇلتۇزلار يىغىلمىسى

ئۆكەر يۇلتۇزلار تۈپى

## 4. ئاقار يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى

ئەجدىھا ئاقار يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى

بىيېلا ئاقار يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى

پادىچى ئاقار يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى

پەرى ئاقار يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى

پېرسېي ئاقار يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى

جەۋزا ئاقار يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى

دەلۋە ئاقار يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى

سەۋر ئاقار يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى

شىر ئاقار يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى

قىئات ئاقار يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى

كاسسىيوپېيە ئاقار يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى

كىت ئاقار يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى

كىچىك ئېيىق ئاقار يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى

كىۋادرانت ئاقار يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى

لىرا ئاقار يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى

مىزان ئاقار يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى

ھەمەل ئاقار يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى

ھېيكەلتىراش ئاقار يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى

ئوۋچى ئاقار يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى

## 5. ئون ئىككى بۇرج

شىر (شىر بۇرجى)

چايان (چايان بۇرجى)

جەدى (جەدى بۇرجى)

جەۋزا (جەۋزا بۇرجى)

دەلۋە (دەلۋە بۇرجى)

قىسقۇچپاقا (قىسقۇچپاقا بۇرجى)

سەۋر (سەۋر بۇرجى)

سۇنبۇلە (سۇنبۇلە بۇرجى)

قەۋس (قەۋس بۇرجى)

مىزان (مىزان بۇرجى)

ھەمەل (ھەمەل بۇرجى)

ھوت (ھوت بۇرجى)

# يىگىرمە تۆت مەۋسۇم

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئەتىياز | مەۋسۇم | باش باھار | ئەگىز سۈيى | جانىۋارلارنىڭ ئويغىنىشى | ئەتىيازلىق كۈن - تۈن تەڭلىكى | چوكانتال | قىزىلكوس |
| | مەزگىل | 2 - ئاينىڭ 4 - ياكى 5 - كۈنى | 2 - ئاينىڭ 19 - ياكى 20 - كۈنى | 3 - ئاينىڭ 5 - ياكى 6 - كۈنى | 3 - ئاينىڭ 20 - ياكى 21 - كۈنى | 4 - ئاينىڭ 5 - ياكى 6 - كۈنى | 4 - ئاينىڭ 20 - ياكى 21 - كۈنى |
| | كۈن يەتكەن ئاسترونومىيەلىك ئۇزۇنلۇق (°) | 315 | 330 | 345 | 0 | 15 | 30 |
| ياز | مەۋسۇم | باش ياز | دان تولۇش | ئورما ۋاقتى | يازلىق كۈن - تۈن توختىشى | باش تومۇز | تومۇز |
| | مەزگىل | 5 - ئاينىڭ 5 - ياكى 6 - كۈنى | 5 - ئاينىڭ 21 - ياكى 22 - كۈنى | 6 - ئاينىڭ 6 - ياكى 7 - كۈنى | 6 - ئاينىڭ 21 - ياكى 22 - كۈنى | 7 - ئاينىڭ 7 - ياكى 8 - كۈنى | 7 - ئاينىڭ 23 - ياكى 24 - كۈنى |
| | كۈن يەتكەن ئاسترونومىيەلىك ئۇزۇنلۇق (°) | 45 | 60 | 75 | 90 | 105 | 120 |
| كۈز | مەۋسۇم | باش كۈز | كۈزگى تېرىم | ئاق شەبنەم | كۈزلۈك كۈن - تۈن تەڭلىكى | سوغۇق شەبنەم | قىرۇۋ چۈشۈشى |
| | مەزگىل | 8 - ئاينىڭ 7 - ياكى 8 - كۈنى | 8 - ئاينىڭ 23 - ياكى 24 - كۈنى | 9 - ئاينىڭ 7 - ياكى 8 - كۈنى | 9 - ئاينىڭ 23 - ياكى 24 - كۈنى | 10 - ئاينىڭ 8 - ياكى 9 - كۈنى | 10 - ئاينىڭ 23 - ياكى 24 - كۈنى |
| | كۈن يەتكەن ئاسترونومىيەلىك ئۇزۇنلۇق (°) | 135 | 150 | 165 | 180 | 195 | 210 |
| قىش | مەۋسۇم | باش قىش | تۇنجى قار | قېلىن قار | قىشلىق كۈن - تۈن توختىشى | دەلۋەدىۋانە | قاپاقياردى |
| | مەزگىل | 11 - ئاينىڭ 7 - ياكى 8 - كۈنى | 11 - ئاينىڭ 22 - ياكى 23 - كۈنى | 12 - ئاينىڭ 7 - ياكى 8 - كۈنى | 12 - ئاينىڭ 22 - ياكى 23 - كۈنى | 1 - ئاينىڭ 5 - ياكى 6 - كۈنى | 1 - ئاينىڭ 20 - ياكى 21 - كۈنى |
| | كۈن يەتكەن ئاسترونومىيەلىك ئۇزۇنلۇق (°) | 225 | 240 | 255 | 270 | 285 | 300 |

**ئىلاۋە:** جەدۋەلدە يىگىرمە تۆت مەۋسۇم ۋە ئۇنىڭ مەزگىلى (قۇياش كالېندارى مەزگىلى ۋە شۇ مەزگىلدە قۇياش يەتكەن ئاسترونومىيەلىك ئۇزۇنلۇق گىرادۇسى) ئېنىق كۆرسىتىلدى.

# قەمەرىيە ۋە شەمسىيە كالېندارى بويىچە ئايلارنىڭناملىرى

## I قەمەرىيە كالېندارى بويىچە ئايلارنىڭ ناملىرى

1. مۇھەررەم
2. سەپەر
3. رەبىيەلئەۋۋەل
4. رەبىيەلئاخىر
5. جۇمادىيەلئەۋۋەل
6. جۇمادىيەلئاخىر
7. رەجەب
8. شەئبان
9. رامىزان
10. شەۋۋال
11. زۇلقەئدە
12. زۇلھەججە

## II شەمسىيە كالېندارى بويىچە مەۋسۇم ۋە ئايلارنىڭ ناملىرى

**باھار مەۋسۇمى:**

ھەمەل (مىلادىيە 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە)
سەۋر (مىلادىيە 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگىچە)
جەۋزا (مىلادىيە 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگىچە)

**ياز مەۋسۇمى:**

سەرەتان (مىلادىيە 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنىگىچە)
ئەسەد (مىلادىيە 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنىگىچە)
سۇنبۇلە (مىلادىيە 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنىگىچە)

**كۈز مەۋسۇمى:**

مىزان (مىلادىيە 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنىگىچە)
ئەقرەب (مىلادىيە 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگىچە)
قەۋس (مىلادىيە 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگىچە)

**قىش مەۋسۇمى:**

جەدى (مىلادىيە 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە)
دەلۋ (مىلادىيە 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنىگىچە)
ھوت (مىلادىيە 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە)

# قىتئەلەر، مەملىكەتلەر، رايونلار ۋە ئۇلارنىڭ پايتەختلىرى، مەركەزلىرى ۋە پۇللىرى

| قىتئەلەر | مەملىكەتلەر، رايونلار | پايتەختلەر، مەركەزلەر | پۇللار |
|---|---|---|---|
| ئاسىيا | ئافغانىستان | كابۇل | ئافغانى |
| | ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى | ئابۇدەبى | دىرھەم |
| | ئەرمېنىيە | يېرېۋان | دىرەم |
| | ئەزەربەيجان | باكۇ | مانات |
| | باڭلادىش | داكا | تاكا |
| | بەھرەين | ماناما | دىنار |
| | بۇتان | تىمپۇ | نگۇلترۇم |
| | بىرما | رانگون | كىيات |
| | بىرۇنېي | سېرى بېگاۋان | دوللار |
| | پاكىستان | ئىسلامئاباد | رۇپىيە |
| | پەلەستىن | يېرۇسالېم | |
| | تاجىكىستان | دۇشەنبە | سامانى |
| | تايلاند | باڭكوك | باخت |
| | تۈركمەنىستان | ئاشخاباد | مانات |
| | تۈركىيە | ئەنقەرە | لىرا |
| | جۇڭگو | بېيجىڭ | يۈەن |

| قىتئەلەر | مەملىكەتلەر، رايونلار | پايتەختلەر، مەركەزلەر | پۇللار |
|---|---|---|---|
| ئاسىيا | چاۋشيەن | پىيوڭياڭ | ۋون |
| | سەئۇدى ئەرەبىستان | رىياد | رىيال |
| | سۇرىيە | دەمەشق | سۇرىيە پۇندى |
| | سىپرۇس | نىكوزىيە | پۇند |
| | سىرى لانكا | كولومبو | رۇپىيە |
| | سىككىم | گاڭتوك | رۇپىيە |
| | سىنگاپور | سىنگاپور | دوللار |
| | شەرقىي تىمور | دىلى | دوللار |
| | فىلىپپىن | مانىلا | پېسو |
| | قاتار | دوھا | رىيال |
| | قازاقىستان | ئاستانا | تەڭگە |
| | قىرغىزىستان | بىشكەك | سوم |
| | كامبودژا | فىنوم پېن | رىئېل |
| | كورېيە | سېئۇل | ۋون |
| | كۇۋەيت | كۇۋەيت | دىنار |
| | گىرۇزىيە | تىبىلىس | لارى |
| | لائوس | ۋيېنتيان | كىپ |
| | لىۋان | بېيرۇت | پۇند |
| | مالايشىيا | كۇئالا لۇمپۇر | رىڭگىت |
| | مالدىۋې | مالې | رۇفىيە |

| قىتئەلەر | مەملىكەتلەر، رايونلار | پايتەختلەر، مەركەزلەر | پۇللار |
|---|---|---|---|
| ئاسىيا | موڭغۇلىيە | ئۇلانباتور | تۆگرىك |
| | نېپال | كاتماندۇ | روپىيە |
| | ھىندونېزىيە | جاكارتا | روپىيە |
| | ھىندىستان | يېڭى دېھلى | روپىيە |
| | ئومان | مەسقات | ئومان رىيالى |
| | ئۆزبېكىستان | تاشكەنت | سوم |
| | ۋيېتنام | خانوي | دوڭ |
| | ئىراق | باغداد | دىنار |
| | ئىران | تېھران | رىيال |
| | ئىسرائىلىيە | تېل ئاۋىۋ | يېڭى شېكېل |
| | ئىيوردانىيە | ئاممان | دىنار |
| | ياپونىيە | توكيو | يېن |
| | يەمەن | سانائا | رىيال |
| ياۋروپا | ئالبانىيە | تىرانا | لېك |
| | ئاندوررا بەگلىكى | ئاندوررا | پېزېتا |
| | ئاۋستىرىيە | ۋېيېننا | ياۋرو |
| | ئەنگلىيە | لوندون | پۇند |
| | بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنا | سارايېۋو | تېگىشمە مارك |
| | بۇلغارىيە | سوفىيە | لېۋ |
| | بېلارۇسىيە | مىنسك | رۇبلى |

| قىتئەلەر | مەملىكەتلەر، رايونلار | پايتەختلەر، مەركەزلەر | پۇللار |
|---|---|---|---|
| ياۋروپا | بېلگىيە | بىريۇسسېل | ياۋرو |
| | پورتۇگالىيە | لىسبون | ياۋرو |
| | پولشا | ۋارشاۋا | زىلوتى |
| | چېخ | پىراگا | كورۇنا |
| | دانىيە | كوپېنھاگېن | كىرون |
| | رومىنىيە | بۇخارېست | ياۋرو |
| | رۇسىيە | موسكۋا | رۇبلى |
| | سان مارىنو | سان مارىنو | لىرا |
| | سېربىيە - مونتېنېگرو | بېلگراد | دىنار |
| | سىلوۋاكىيە | بىراتىسلاۋا | كورۇنا |
| | سىلوۋېنىيە | لىيۇبليانا | تولار |
| | شىۋېتسىيە | ستوكھولم | كىرونا |
| | شىۋېيتسارىيە | بېرن | فىرانك |
| | فائېرو تاقىم ئاراللىرى (دانىيە) | تورسخاۋن | كىرون |
| | فىرانسىيە | پارىژ | ياۋرو |
| | فىنلاندىيە | خېلسىنكى | ياۋرو |
| | كىرودىيە | زاگرېب | كۇنا |
| | گوللاندىيە | ئامستېردام | ياۋرو |
| | گېرمانىيە | بېرلىن | ياۋرو |
| | گىرېتسىيە | ئافېنا | ياۋرو |
| | لاتۋىيە | رىگا | لات |

| قىتئەلەر | مەملىكەتلەر، رايونلار | پايتەختلەر، مەركەزلەر | پۇللار |
|---|---|---|---|
| ياۋروپا | لىتۋانىيە | ۋىلنىيۇس | لىتاس |
| | لىچتېنشتېين بەگلىكى | ۋادۇز | فىرانك |
| | لىيۇكسېمبۇرگ | لىيۇكسېمبۇرگ | ياۋرو |
| | ماكېدونىيە | سكوپژې | دىنار |
| | مالتا | ۋاللېتتا | پۇند |
| | مولدوۋا | كىشىنېۋ | لېئۇ |
| | موناكو | موناكو | فىرانك |
| | نورۋېگىيە | ئوسلو | كىرون |
| | ئۇكرائىنا | كىيېۋ | گىرىۋنا |
| | ۋاتىكان | ۋاتىكان | لىرا |
| | ۋېنگىرىيە | بۇداپېشت | فورىنت |
| | ئىرېلاندىيە | دۇبلىن | ياۋرو |
| | ئېستونىيە | تاللىن | كىرون |
| | ئىسپانىيە | مادرىد | ياۋرو |
| | ئىتالىيە | رىم | ياۋرو |
| | ئىسلاندىيە | رېيكياۋىك | كىرونا |
| ئافرىقا | ئالجىرىيە | ئالجىر | دىنار |
| | ئانگولا | لۇئاندا | كىۋانزا |
| | بوتسۋانا | گابورون | پۇلا |

| قىتئەلەر | مەملىكەتلەر، رايونلار | پايتەختلەر، مەركەزلەر | پۇللار |
|---|---|---|---|
| ئافرىقا | بۇركىنا فاسو | ۋاگادۇگۇ | ئافرىقا فىرانكى |
| | بۇرۇندى | بۇجۇمبۇرا | فىرانك |
| | بېنىن | پورتو نوۋو | ئافرىقا فىرانكى |
| | تانزانىيە | دارېس سالام | شىللىڭ |
| | توگو | لومې | ئافرىقا فىرانكى |
| | تۇنىس | تۇنىس | دىنار |
| | جەنۇبىي ئافرىقا | پىرېتورىيە | راند |
| | جىبۇتى | جىبۇتى | فىرانك |
| | چاد | نجامېنا | ئافرىقا فىرانكى |
| | دېموكراتىك كونگو | كىنشاسا | فىرانك |
| | رېئونىيون (فىرانسىيە) | سايىنت ـ دېنى | ياۋرو |
| | رىۋاندا | كىگالى | فىرانك |
| | زامبىيە | لۇساكا | كىۋاچا |
| | زىمبابۋې | هارارې | دوللار |
| | سان تومې ۋە پىرىنسىپى | سان تومې | دوبرا |
| | سايىنت هېلېنا ۋە ئاسسېنسىيون ئارىلى (ئەنگلىيە) | جېمىستوۋن، جورجتوۋن | پۇند |
| | سومالى | مۇقدىشو | شىللىڭ |
| | سۇدان | خارتۇم | پۇند |
| | سېررالېئون | فىرېتوۋن | لېئون |
| | سېنېگال | داكار | ئافرىقا فىرانكى |
| | سېيشېل | ۋىكتورىيە | رۇپىيە |
| | سۋېزىلاند | مبابانې | لىلانگېنى |

| قىتئەلەر | مەملىكەتلەر، رايونلار | پايتەختلەر، مەركەزلەر | پۇللار |
|---|---|---|---|
| ئافرىقا | غەربىي سەھرا | لايۇئۇن | دىرھەم |
| | كامېرون | يائۇندې | ئافرىقا فىرانكى |
| | كوتېدىۋويرې | يامۇسسۇكرو | ئافرىقا فىرانكى |
| | كومورو | مورونى | كومورو فىرانكى |
| | كونگو | بىراززاۋىل | ئافرىقا فىرانكى |
| | كېنىيە | نايروبى | شىللىڭ |
| | گابون | لىبرېۋىل | ئافرىقا فىرانكى |
| | گامبىيە | بانجۇل | دالاسى |
| | گانا | ئاككرا | سېدى |
| | گىۋىنېيە | كوناكرى | فىرانك |
| | گىۋىنېيە ـ بىسسائۇ | بىسسائۇ | پېسو |
| | لېسوتو | ماسېرۇ | لوتى |
| | لىبېرىيە | مونرووۋىيە | دوللار |
| | لىۋىيە | تىرىپولى | دىنار |
| | ماداغاسقار | تاناناربۇ | ماداغاسقار فىرانكى |
| | ماراكەش | رابات | دىرھەم |
| | مالاۋى | لىلونگۋې | مالاۋى كىۋاچاسى |
| | مالى | باماكو | ئافرىقا فىرانكى |
| | ماۋرىتىئۇس | لۇئىس پورتى | رۇپىيە |
| | ماۋرىتانىيە | نوۋاكشوت | ئۇگۇييا |

| قىتئەلەر | مەملىكەتلەر، رايونلار | پايتەختلەر، مەركەزلەر | پۇللار |
|---|---|---|---|
| ئافرىقا | موزامبىك | ماپۇتو | مېتىكال |
| | مىسىر | قاھىرە | پۇند |
| | نامىبىيە | ۋىندخوك | راند |
| | نىگېر | نىيامېي | ئافرىقا فىرانكى |
| | نىگېرىيە | ئابۇجا | نايرا |
| | ئوتتۇرا ئافرىقا | بانگى | ئافرىقا فىرانكى |
| | ئۇگاندا | كامپالا | شىللىڭ |
| | ئېرىترىيە | ئاسمارا | ناكفا |
| | ئېفىيوپىيە | ئەددىس ـ ئەبېبە | بىر |
| | ئېكۋاتور گىۋىنېيەسى | مالابوئا | ئېكۋېلې |
| | يېشىل تۇمشۇق | پىرايا | ئېسكۇدو |
| ئوكيانىيە | ئامېرىكىغا قاراشلىق ساموئا | پاگو ـ پاگو | دوللار |
| | ئاۋستىرالىيە | كانبېررا | دوللار |
| | پاپۇئا يېڭى گىۋىنېيەسى | مورېسبى | كىنا |
| | پالاۋ | كورور | دوللار |
| | پىتكاير تاقىم ئاراللىرى (ئەنگلىيە) | ئادامستوۋن | دوللار |
| | توكېلاۋ (يېڭى زېلاندىيە) | فاكاۋفو | دوللار |
| | تونگا | نۇكۇئالوفا | پائانگا |

| قىتئەلەر | مەملىكەتلەر، رايونلار | پايتەختلەر، مەركەزلەر | پۇللار |
|---|---|---|---|
| ئوكيانىيە | تۇۋالۇ | فۇنافۇتى | دوللار |
| | غەربىي ساموئا | ئاپىيە | تالا |
| | سولومون تاقىم ئاراللىرى | خونىيارا | دوللار |
| | شىمالىي مارىيانا تاقىم ئاراللىرى | سايپان | دوللار |
| | فىجى | سۇۋا | دوللار |
| | فىرانسىيەگە قاراشلىق پولىنېزىيە | پاپېت | تىنچ ئوكيان فىرانكى |
| | كۇك تاقىم ئاراللىرى (يېڭى زېلاندىيە) | ئاۋارۇئا | دوللار |
| | كىرىباتى | تاراۋا | دوللار |
| | گۇئام ئارىلى (ئا ق ش) | ئاگانىيە | دوللار |
| | مارشال تاقىم ئاراللىرى | ماجۇرو | دوللار |
| | مىكرونېزىيە فېدېراتسىيەسى | كولونىيە | دوللار |
| | ناۋرۇ | يارېن رايونى | دوللار |
| | نىيۇئې ئارىلى (يېڭى زېلاندىيە) | ئالوفى | دوللار |
| | ۋاللىس ۋە فۇتۇنا تاقىم ئاراللىرى (فىرانسىيە) | ماتا ـ ئۇتۇ | تىنچ ئوكيان فىرانكى |
| | ۋانۇ ئاتۇ | ۋىلا پورتى | ۋاتۇ |
| | يېڭى كالېدونىيە (فىرانسىيە) | نۇمېئا | ياۋرو |
| | يېڭى زېلاندىيە | ۋېللىڭتون | دوللار |
| ئامېرىكا | ئارۇبا | ئورانيېستاد | فىلورىن |
| | ئارگېنتىنا | بۇئېنۇس ئايرېس | پېسو |
| | ئامېرىكا | ۋاشىنگتون | دوللار |

| قىتئەلەر | مەملىكەتلەر ، رايونلار | پايتەختلەر ، مەركەزلەر | پۇللار |
|---|---|---|---|
| ئامېرىكا | ئامېرىكىغا قاراشلىق ۋىرگىن تاقىم ئاراللىرى | چارلوت ئامالىيە | دوللار |
| | ئانتىگۋا ۋە باربۇدا | سانت جون | دوللار |
| | ئانگۋىللا (ئەنگلىيە) | ۋاللېي | پۇند |
| | ئەنگلىيەگە قاراشلىق ۋىرگىن تاقىم ئاراللىرى | رود | پۇند |
| | باربادوس | بىرىجتوۋن | دوللار |
| | باھاما | ناسسائۇ | دوللار |
| | بولىۋىيە | سۇكرې | بولىۋىيانو |
| | بېرمۇدا تاقىم ئاراللىرى (ئەنگلىيە) | ھامىلتون | پۇند |
| | بېلىز | بېلموپان | دوللار |
| | بىرازىلىيە | بىرازىلىيە | رېئال |
| | پاراگۋاي | ئاسۇنسىيون | گۇئارانى |
| | پاناما | پاناما | بالبوئا |
| | پۇئېرتو رىكو (ئا ق ش) | سان خۇئان | دوللار |
| | پېرۇ | لىما | يېڭى سول |
| | تۇركس ۋە كايكوس تاقىم ئاراللىرى (ئەنگلىيە) | كوكبۇرن توۋن | پۇند |
| | تىرىنىداد ۋە توباگو | ئىسپانىيە پورتى | دوللار |
| | چىلى | سانتىياگو | چىلى پېسوسى |
| | ھايتى | پورت - ئو - پىرىنس | گوئۇرد |
| | ھوندۇراس | تېگۇسىگالپا | لېمپىرا |
| | دومىنىكا | روسېئاۋ | دوللار |
| | دومىنىكا جۇمھۇرىيىتى | سانتو دومىنگو | پېسو |

| قىتئەلەر | مەملىكەتلەر، رايونلار | پايتەختلەر، مەركەزلەر | پۇللار |
|---|---|---|---|
| ئامېرىكا | سالۋادور | سان سالۋادور | كولون |
| | ساينت پېئېر ئارىلى ۋە مىكېلون تاقىم ئاراللىرى | ساينت پېئېر | ياۋرو |
| | ساينت كىرىستوفېر ۋە نېۋىس | باسسېتېر | دوللار |
| | ساينت لۇسىيە | كاستىرىيېس | دوللار |
| | ساينت ۋىنسېنت ۋە گىرېنادىنېس | كىڭستوۋن | دوللار |
| | سۇرىنام | پاراماربو | گىلدېر |
| | فىرانسىيەگە قاراشلىق گىۋىيانا | كايېننې | ياۋرو |
| | كايمان تاقىم ئاراللىرى (ئەنگلىيە) | جورجتوۋن | دوللار |
| | كانادا | ئوتتاۋا | دوللار |
| | كوستارىكا | سان خوسې | كولون |
| | كولومبىيە | سانتافې بوگوتا | پېسو |
| | كۇبا | ھاۋانا | پېسو |
| | گوللاندىيەگە قاراشلىق ئانتىللېس | ۋىللېمىستاد | گىلدېر |
| | گىرېنادا | ساينت جورج | دوللار |
| | گىرېنلاند | گوتخاب | كىرون |
| | گىۋاتېمالا | گىۋاتېمالا | كېتزال |
| | گىۋادېلۇپ (فىرانسىيە) | باسسې ـ تېر | ياۋرو |
| | گىۋىيانا | جورجىتوۋن | دوللار |
| | مارتىنىكا (فىرانسىيە) | فورت ـ دې ـ فىرانسىيە | ياۋرو |
| | مونتسېررات (ئەنگلىيە) | پىلىموئۇت | پۇند |

| قىتئەلەر | مەملىكەتلەر، رايونلار | پايتەختلەر، مەركەزلەر | پۇللار |
|---|---|---|---|
| ئامېرىكا | مېكسىكا | مېكسىكا | پېسو |
| | نىكاراگۇئا | ماناگۇئا | كوردوبا |
| | ئۇرۇگۋاي | مونتېۋىدېئو | يېڭى پېسو |
| | ۋېنېزۇئېلا | كاراكاس | بولىۋار |
| | ئېكۋادور | كىتو | سۇكرې |
| | يامايكا | كىڭستون | دوللار |

**ئىلاۋە:** بەزى مەملىكەتلەرنىڭ پۇل بىرلىكلىرى ئوخشاش نامدا ئاتالسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قىممەت، مىقدارلىرى ئوخشاشمايدۇ.

# ئۆلچەم بىرلىكلىرى

## 1. مېتىر سىستېمىسىدىكى ئۆلچەم بىرلىكلىرى

### ئۇزۇنلۇق

| نامى | بەلگىسى | تەڭلىك مىقدارى |
|---|---|---|
| مىكرون | $\mu$ | |
| سانتىمىللىمېتىر | cmm | 10 مىكرون |
| دېتسىمىللىمېتىر | dmm | 10 سانتىمىللىمېتىر |
| مىللىمېتىر | mm | 10 دېتسىمىللىمېتىر |
| سانتىمېتىر | cm | 10 مىللىمېتىر |
| دېتسىمېتىر | dm | 10 سانتىمېتىر |
| مېتىر | m | 10 دېتسىمېتىر |
| دېكامېتىر | dam | 10 مېتىر |
| گېكتومېتىر | hm | 100 مېتىر |
| كىلومېتىر | km | 1000 مېتىر |

### يۈز

| نامى | بەلگىسى | تەڭلىك مىقدارى |
|---|---|---|
| كىۋادرات مىللىمېتىر | $mm^2$ | |
| كىۋادرات سانتىمېتىر | $cm^2$ | 100 كىۋادرات مىللىمېتىر |
| كىۋادرات مېتىر | $m^2$ | 10,000 كىۋادرات سانتىمېتىر |
| كىۋادرات كىلومېتىر | $km^2$ | 1,000,000 كىۋادرات مېتىر |

**مەيدان**

| نامى | بەلگىسى | تەڭلىك مىقدارى |
|---|---|---|
| كىۋادرات مېتىر | $m^2$ | |
| ئار | $a$ | 100 كىۋادرات مېتىر |
| گېكتار | ha | 100 ئار |
| كىۋادرات كىلومېتىر | $hm^2$ | 100 گېكتار |

**ھەجىم**

| نامى | بەلگىسى | تەڭلىك مىقدارى |
|---|---|---|
| كۇب مىللىمېتىر | $mm^3$ | |
| كۇب سانتىمېتىر | $cm^3$ | 1000 كۇب مىللىمېتىر |
| كۇب دېتسىمېتىر | $dm^3$ | 1000 كۇب سانتىمېتىر |
| كۇب مېتىر | $m^3$ | 1000 كۇب دېتسىمېتىر |

**سىغىم**

| نامى | بەلگىسى | تەڭلىك مىقدارى |
|---|---|---|
| مىللىلىتىر | ml | |
| سانتىلىتىر | cl | 10 مىللىلىتىر |
| دېتسىلىتىر | dl | 10 سانتىلىتىر |
| لىتىر | l | 10 دېتسىلىتىر |
| دېكالىتىر | dal | 10 لىتىر |
| گېكتولىتىر | hl | 10 دېكالىتىر |
| كىلولىتىر | kl | 10 گېكتولىتىر |

## ئېغىرلىق

| نامى | بەلگىسى | تەڭلىك مىقدارى |
| --- | --- | --- |
| مىللىگىرام | mg | |
| سانتىگىرام | cg | 10 مىللىگىرام |
| دېتسىگىرام | dg | 10 سانتىگىرام |
| گىرام | g | 10 دېتسىگىرام |
| دېكاگىرام | dag | 10 گىرام |
| گېكتوگىرام | hg | 100 گىرام |
| كىلوگىرام | kg | 1000 گىرام |
| سېنتنېر | q | 100 كىلوگىرام |
| توننا | t | 1000 كىلوگىرام |

## 2. بازار سىستېمىسىدىكى ئۆلچەم بىرلىكلىرى

### ئۇزۇنلۇق

| نامى | خاۋ | لى | پۇڭ | سۇڭ | چى | جاڭ | يول |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| تەڭلىك مىقدارى | | 10 خاۋ | 10 لى | 10 پۇڭ | 10 سۇڭ | 10 چى | 150 جاڭ |

### يۈز

| نامى | كىۋادرات خاۋ | كىۋادرات لى | كىۋادرات پۇڭ | كىۋادرات سۇڭ | كىۋادرات چى | كىۋادرات جاڭ | كىۋادرات يول |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| تەڭلىك مىقدارى | | 100 كىۋادرات خاۋ | 100 كىۋادرات لى | 100 كىۋادرات پۇڭ | 100 كىۋادرات سۇڭ | 100 كىۋادرات چى | 22,500 كىۋادرات جاڭ |

### مەيدان

| نامى | خاۋ | لى | پۇڭ | مو | چىڭ |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| تەڭلىك مىقدارى | | 10 خاۋ | 10 لى | 10 پۇڭ | 100 مو |

ئېغىرلىق

| نامى | سى | خاۋ | لى | پۇڭ | مىسقال | سەر | جىڭ | دەن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تەڭلىك مىقدارى | | 10 سى | 10 خاۋ | 10 لى | 10 پۇڭ | 10 مىسقال | 10 * سەر | 100 جىڭ |

* كونا سىستېما بويىچە 16 سەر

سىغىم

| نامى | چىمدىم | قوشۇق | ئوچۇم | شىڭ | كۈرە | دادەن |
|---|---|---|---|---|---|---|
| تەڭلىك مىقدارى | | 10 چىمدىم | 10 قوشۇق | 10 ئوچۇم | 10 شىڭ | 10 كۈرە |

## 3. ئۆلچەم بىرلىكلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

ئۇزۇنلۇق سېلىشتۇرمىسى

| |
|---|
| 1 كىلومېتىر = 2 يول = 0.621 مىل = 0.540 دېڭىز مىلى<br>1 مېتىر = 3 چى = 3.281 فۇت |
| 1 يول = 0.500 كىلومېتىر = 0.311 مىل = 0.270 دېڭىز مىلى<br>1 چى = 0.333 مېتىر = 1.094 فۇت |
| 1 مىل = 1.609 كىلومېتىر = 3.219 يول = 0.868 دېڭىز مىلى<br>1 فۇت = 0.305 مېتىر = 0.914 چى |
| دېڭىز مىلى = 1.852 كىلومېتىر = 3.704 يول = 1.150 مىل |

مەيدان سېلىشتۇرمىسى

| |
|---|
| 1 گېكتار = 15 مو = 2.47 ئىنگلىز موسى |
| 1 مو * = 6.667 ئار = 0.164 ئىنگلىز موسى |
| 1 ئىنگلىز موسى = 0.405 گېكتار = 6.070 مو |

* بۇ جەدۋەلدە بىر مو 60 كىۋادرات جاڭ ھېسابىدا ئېلىندى.

ئېغىرلىق سېلىشتۇرمىسى

| |
|---|
| 1 كىلوگىرام = 2 جىڭ = 2.205 قاداق |
| 1 جىڭ = 0.500 كىلوگىرام = 1.102 قاداق |
| 1 قاداق = 0.454 كىلوگىرام = 0.907 جىڭ |

سىغىم سېلىشتۇرمىسى

| |
|---|
| 1 لىتىر = 1 شىڭ = 0.220 گاللون |
| 1 گاللون = 4.546 لىتىر = 4.546 شىڭ |

## 4. خەلقئارا بىرلىك سىستېمىسىدا ئىشلىتىلىدىغان ئونلۇق سىستېمىسىدىكى ھەسسىلىك سانلارنى ئىپادىلەيدىغان ئالدى قوشۇمچىلار ۋە بەلگىلەر

① ئالدى قوشۇمچىلار ۋە بەلگىلەر

| ئالدى قوشۇمچە | بەلگىسى | ئۇيغۇرچىسى | سانلىق قىممەت |
|---|---|---|---|
| tera | T | تېرا | $10^{12}$ |
| giga | G | گىگا | $10^{9}$ |
| mega | M | مېگا | $10^{5}$ |
| kilo | k | كىلو (مىڭ) | $10^{3}$ |
| hecto | h | گېكتو (يۈز) | $10^{2}$ |
| deca(deka) | da | دېكا (ئون) | 10 |
| deci | d | دېتسى | $10^{-1}$ |
| centi | c | سانتى | $10^{-2}$ |
| milli | m | مىللى | $10^{-3}$ |
| micro | $\mu$ | مىكرو | $10^{-6}$ |
| nano | n | نانو | $10^{-9}$ |
| pico | p | پىكو | $10^{-12}$ |
| femto | f | فېمتو | $10^{-15}$ |
| atto | a | ئاتتو | $10^{-18}$ |

### ② مىسال (مېتىر مىسال قىلىندى)

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 terametre | تېرامېتىر | = | 1tm | = | 1,000,000,000,000m | = | $10^{12}$ | مېتىر |
| 1 gigametre | گىگامېتىر | = | 1gm | = | 1,000,000,000m | = | $10^{9}$ | مېتىر |
| 1 megametre | مېگامېتىر | = | 1mm | = | 1,000,000m | = | $10^{6}$ | مېتىر |
| 1 hectokilometre | گېكتوكىلومېتىر | = | 1hkm | = | 100,000m | = | $10^{5}$ | مېتىر |
| 1 myriametre | تۈمەن مېتىر | = | 1mam | = | 10,000m | = | $10^{4}$ | مېتىر |
| 1 kilometre | كىلومېتىر | = | 1km | = | 1,000m | = | $10^{3}$ | مېتىر |
| 1 hectometre | يۈز مېتىر | = | 1hm | = | 100m | = | $10^{2}$ | مېتىر |
| 1 decametre | ئون مېتىر | = | 1dam | = | 10m | = | 10 | مېتىر |
| 1 metre | مېتىر | = | 1m | = | 1m | = | 1 | مېتىر |
| 1 decimetre | دېتسىمېتىر | = | 1dm | = | 1/10m | = | $10^{-1}$ | مېتىر |
| 1 centimetre | سانتىمېتىر | = | 1cm | = | 1/100m | = | $10^{-2}$ | مېتىر |
| 1 millimetre | مىللىمېتىر | = | 1mm | = | 1/1,000m | = | $10^{-3}$ | مېتىر |
| 1 decimillimetre | دېتسىمىللىمېتىر | = | 1dmm | = | 1/10,000m | = | $10^{-4}$ | مېتىر |
| 1 centimillimetre | سانتىمىللىمېتىر | = | 1cmm | = | 1/100,000m | = | $10^{-5}$ | مېتىر |
| 1 micromillimetre | مىكرومىللىمېتىر | = | 1$\mu$ m | = | 1/1,000,000m | = | $10^{-6}$ | مېتىر |
| 1 nanometre | نانومېتىر | = | 1nm | = | 1/1,000,000,000m | = | $10^{-9}$ | مېتىر |
| 1 picometre | پىكومېتىر | = | 1pm | = | 1/1,000,000,000,000m | = | $10^{-12}$ | مېتىر |

### ③ ئەنگلىيە، ئامېرىكىدا چوڭ سانلارنىڭ ئوقۇلۇش پەرقى

| ئىنگلىزچە | ئۇيغۇرچە | ئامېرىكىدا | ئەنگلىيەدە | | ئىنگلىزچە | ئۇيغۇرچە | ئامېرىكىدا | ئەنگلىيەدە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| million | مىليون | $10^{6}$ | $10^{6}$ | | duodecillion | دۇئودېتسىللىيون | $10^{39}$ | $10^{72}$ |
| billion | مىليارد | $10^{9}$ | $10^{12}$ | | tredecillion | تىرېدېتسىللىيون | $10^{42}$ | $10^{78}$ |
| trillion | تىرىللىيون | $10^{12}$ | $10^{18}$ | | quattuordecillion | كىۋاتتوردېتسىللىيون | $10^{45}$ | $10^{84}$ |
| quadrillion | كىۋادرىللىيون | $10^{15}$ | $10^{24}$ | | quindecillion | كىۋىندېتسىللىيون | $10^{48}$ | $10^{90}$ |
| quintillion | كىۋىنتىللىيون | $10^{18}$ | $10^{30}$ | | sexdecillion | سېكسدېتسىللىيون | $10^{51}$ | $10^{96}$ |
| sextillion | سېكستىللىيون | $10^{21}$ | $10^{36}$ | | septendecillion | سېپتېندېتسىللىيون | $10^{54}$ | $10^{102}$ |
| septillion | سېپتىللىيون | $10^{24}$ | $10^{42}$ | | octodecillion | ئوكتودېتسىللىيون | $10^{57}$ | $10^{108}$ |
| octillion | ئوكتىللىيون | $10^{27}$ | $10^{48}$ | | novemdecillion | نوۋېمدېتسىللىيون | $10^{60}$ | $10^{114}$ |
| nonillion | نونىللىيون | $10^{30}$ | $10^{54}$ | | vigintillion | ۋىگىنتىللىيون | $10^{63}$ | $10^{120}$ |
| decillion | دېتسىللىيون | $10^{33}$ | $10^{60}$ | | centillion | سېنتىللىيون | $10^{303}$ | $10^{600}$ |
| undecillion | ئۇندېتسىللىيون | $10^{36}$ | $10^{66}$ | | | | | |

# ئاتوم ئېغىرلىقى جەدۋىلى

(ئېلېمېنت بەلگىلىرى لاتىنچە ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

| ئېلېمېنت | | ئاتوم ئېغىرلىقى |
|---|---|---|
| بەلگىسى | نامى | |
| Ac | ئاكتىنىي | 227.0278 |
| Ag | كۈمۈش | 107.8682(2) |
| Al | ئاليۇمىن | 26.981539(5) |
| Am | ئامېرىتسىي | [243] |
| Ar | ئارگون | 39.948(1) |
| As | ئارسېن | 74.92159(2) |
| At | ئاستاتىن | [210] |
| Au | ئالتۇن | 196.96654(3) |
| B | بور | 10.811 |
| Ba | بارىي | 137.327(7) |
| Be | بېرىللىي | 9.012181(3) |
| Bi | بىسمۇت | 208.98037(3) |
| Bk | بېركېلىي | [247] |
| Br | بىروم | 79.904(1) |
| C | كاربون | 12.011(1) |
| Ca | كالتسىي | 40.078(4) |
| Cd | كادمىي | 112.411(8) |
| Ce | سېرىي | 140.115(4) |
| Cf | كالىفورنىي | [251] |
| Cl | خلور | 35.4527(9) |
| Cm | كىيۇرىي | [247] |
| Co | كوبالت | 58.93320(1) |
| Cr | خىروم | 51.9961(6) |
| Cs | سېزىي | 132.905443(5) |
| Cu | مىس | 63.546(3) |
| Dy | دىسپروزىي | 162.50(3) |
| Er | ئېربىي | 167.26(3) |
| Es | ئېينىشتېينىي | [252] |
| Eu | يېۋروپىي | 151.965(9) |
| F | فىتور | 18.9984032(9) |
| Fe | تۆمۈر | 55.847(2) |
| Fm | فېرمىي | [257] |
| Fr | فىرانسىي | [223] |
| Ga | گاللىي | 69.723(1) |
| Gd | گادولىنىي | 157.25(3) |
| Ge | گېرمانىي | 72.61(2) |
| H | ھىدروگېن | 1.00794(7) |
| He | گېلىي | 4.002602(2) |
| Hf | گافنىي | 178.49(2) |
| Hg | سىماب | 200.59 |
| Ho | گولمىي | 164.93032(3) |
| I | يود | 126.90447(3) |
| In | ئىندىي | 114.819 |
| Ir | ئىرىدىي | 192.217(3) |

| ئېلېمېنت | | ئاتوم ئېغىرلىقى |
|---|---|---|
| بەلگىسى | نامى | |
| K | كالىي | 39.0983(1) |
| rK | كىرىپتون | 83.80(1) |
| aL | لانتان | 138.9055(2) |
| iL | لىتىي | 6.941(2) |
| uL | لىيۇتېتسىي | 174.967(7) |
| rL | لاۋرېنتسىي | [260] |
| dM | مېندېلېۋىي | [258] |
| gM | ماگنىي | 24.3050(6) |
| nM | مانگان | 54.93805(1) |
| Mo | مولىبدېن | 95.94(1) |
| N | ئازوت | 14.00674(7) |
| Na | ناترىي | 22.989786(6) |
| Nb | نىيوبىي | 92.90638(2) |
| Nd | نىيودىم | 144.24(3) |
| Ne | نېئون | 20.1797(6) |
| Ni | نىكېل | 58.6934(2) |
| No | نوبېلىي | [259] |
| Np | نېپتۇنىي | 237.0482 |
| O | ئوكسىگېن | 15.9994(3) |
| Os | ئوسمىي | 190.23(3) |
| P | فوسفور | 30.973762(4) |
| Pa | پىروتاكتىنىي | 231.03588(2) |
| Pb | قوغۇشۇن | 207.2(1) |
| Pd | پاللادىي | 10642(1) |
| Pm | پىرومېتىي | [147] |
| Po | پولونىي | [209] |
| Pr | پىرازېئودىم | 140.90765(3) |
| Pt | پىلاتىنا | 195.08(1* ) |
| Pu | پىلۇتونىي | [244] |
| Ra | رادىي | 226.0254 |
| Rb | رۇبىدىي | 85.4678(3) |
| Re | رېنىي | 186.207 |
| Rh | رودىي | 102.90550(3) |
| Rn | رادون | [222] |
| Ru | رۇتېنىي | 101.07(2) |
| S | گۈڭگۈرت | 32.066(6) |
| Sb | ستىبىي | 121.760(1) |
| Sc | سكاندىي | 44.955910(9) |
| Se | سېلېن | 78.96 |
| Si | سىلىتسىي | 28.0855(3) |
| Sm | سامارىي | 15036(3) |
| Sn | قەلەي | 118.710(7) |
| Sr | ئىسترونتسىي | 87.62(1) |
| Ta | تانتال | 180.9479(1) |

| ئېلېمېنت | | ئاتوم ئېغىرلىقى | ئېلېمېنت | | ئاتوم ئېغىرلىقى |
|---|---|---|---|---|---|
| بەلگىسى | نامى | | بەلگىسى | نامى | |
| bT | تېربىي | 158.92534(3 | W | ۋولفرام | 183.84(3) |
| cT | تېخنېتسىي | [99] | Xe | كسېنون | 131.29(2) |
| eT | تېللۇر | 127.60(3) | Y | ئىتترىي | 88.90585(2) |
| hT | تورىي | 232.0381(1) | Yb | ئىتتېربىي | 173.04(3) |
| iT | تىتان | 47.867(1) | Zn | سىنك | 65.39(2) |
| lT | تاللىي | 204.3833(2) | Zr | سىركونىي | 91.224(2) |
| mT | تولىي | 168.93421(3) | | | |
| U | ئۇران | 238.0289(1) | | | |
| V | ۋانادىي | 20.9415(1) | | | |

**ئەسكەرتىش:**

1. ئاتوم ئېغىرلىقى 1996 - يىلىدىكى خەلقئارا ئاتوم ئېغىرلىقى جەدۋىلىدىن ئېلىنغان بولۇپ، $C^{12} = 12$ ئۆلچەم قىلىنغان.

2. ئاتوم ئېغىرلىقى تىرناق ئىچىگە ئېلىنغانلىرى رادىيوئاكتىپ ئېلېمېنتلارنىڭ يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى ئەڭ ئۇزۇن بولغان ئىزوتوپلىرىنىڭ ماسسا سانىنى كۆرسىتىدۇ.

3. ئاتوم ئېغىرلىقىنىڭ ئاخىرقى سانىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى ئارقىسىدىكى تىرناق ئىچىگە ئەسكەرتىلدى.

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى (قىسقارتىلمىسى)

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تۈزگەن)

---

**باش تۈزگۈچىلەر:** ھەمدۇللا ئابدۇرەھمان ئىمام، پەرھات نۇر، ئەسقەر ئابدۇقادىر
**تۈزگۈچىلەر:** ئابلىز ياقۇپ، غەنىزات غەيۇرانى، ئىسمائىل قادىر، ھەمدۇللا ئابدۇرەھمان ئىمام، پەرھات نۇر
ئابلىز ئەمەت، ئەسقەر ئابدۇقادىر، ئابدۇزاھىر تاھىر، ئابلىكىم رېھىمجان
**مەسئۇل مۇھەررىرلىرى:** مۇھەممەتجان مەخمۇت، ئالىمجان تاھىر
**تەكلىپلىك مۇھەررىرى:** دىلشات سۇلتان
**مۇھەررىرى:** ئەكبەر ئېلى
**مەسئۇل كوررېكتورى:** ئىلياس رەھىمى
**مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى:** ۋاڭ ياڭ
**مۇقاۋا خېتىنى يازغۇچى:** ئادىلجان ئايىت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**تېلېفون:** 0991 – 2827472
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شېڭتوڭ مەتبەئەچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى
**فورماتى:** 1230×880 مىللىمېتىر 1/16
**باسما تاۋىقى:** 91.25
**نەشرى:** 2011 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2011 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 1 — 5000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 – 7 – 228 – 13933 – 0
**باھاسى:** 220.00 يۈەن

---